شنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى جايلار تەزكرسى

# پوسكام ناهيىسى تەزكرسى

پوسكام ناهسيلك تەزكرە كومتېتى تۈزدى

شنجاڭ خەلق نەشرياتى

# 译著书话

王恩茂

مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مەسلىھەتچىلەر كومىتېتىنىڭ مۇدىرى يولداش ۋاڭ ئېنماۋنىڭ مەزكۇر كىتابقا يېزىپ بەرگەن بېغىشلىمىسى.

搞好縣誌工作，为四化建设服务。

宋汉良

一九八六.五.三.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومىنىڭ شۇجىسى يولداش سۇڭ خەنلياڭنىڭ مەزكۇر
كىتابقا يېزىپ بەرگەن بېغىشلىمىسى.

چوشقان ناسىپسىلكە يەھ دىلىم

نە زېرىم خەنزۇ تىپى نە قىمو


يا خەنزۇ ئىشلىسۇ [illegible] زادى دانىسۇ

يا شۇنداق [illegible] جوڭگو ۋە [illegible]

مەكىر چوق خەنزۇ قەلەمدا ئاۋال

تۆمۈر داۋامەت

1986.5.3.




شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى يولداش جانابىلنىڭ
مەزكۇر كىتابقا يېزىپ بەرگەن بېغىشلىمىسى.

# «پوسكام ناھىيىسى تەزكىرىسى»نى تۈزگۈچى خادىملار

باش مۇھەررىر: لىيۇ كېيى

مۇئاۋىن باش مۇھەررىرلەر: شۇ خۇڭلىي، ياڭ ئەي

ئومۇملاشتۇرۇپ تۈزگۈچى: ياڭ ئەي

تەھرىرلەر: ۋاڭ فېڭشى، جاڭ جىمىن، ھاۋاخان بارات، توختىيۇسۇپ، تۇردى

# «پوسكام ناھىيىسى تەزكىرىسى» ئۇيغۇرچە نەشرىنىڭ تەھرىرات خادىملىرى

باش مۇھەررىر: ئابدۇرۇپ ئېلى

مەسئۇل مۇھەررىر: ئابلىز ئورخۇن

تەھرىر - تەرجىمىسىگە قاتناشقۇچىلار: (ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە تىزىلدى)
ئابدۇرۇپ ئېلى، ئابلىز ئورخۇن،
سۇلايمان ھابىل، مۇھەممەت ئابدۇللا،
ھاۋاخان بارات، ئۈچقۇنجان ئۆمەر

مۇقاۋا ۋە ھۆسنخەتلەرنى ئىشلىگۈچىلەر: مەتقاسىم ئىبراھىم، ئوبۇلقاسىم مۆمىن

خەرىتە ئىشلىگۈچى: ياسىن تۇردى

تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋالغۇچىلار: قادىر ھاپىز، غوجا ئەخمەت يۇنۇس

مەسئۇل كوررېكتورلار: ھاۋاخان خوجا، ئاسىيە خوجا



سودا سارىيى



پوسكام بازىرىنىڭ شەرقىي كوچىسى



پۇسكام نېفىت - خىمىيە سانائىتى زاۋۇتى




يەكەن دەرياسى كۆۋرۈكى



ناھىيە-
لىك پارتكوم-
نىڭ خىزمەت
بىناسى





نېفىت - خىمى-
يە سانائىتى زاۋۇتى-
نىڭ كېچىلىك
مەنزىرىسى



جاڭ فۇسېن،
قېيۇم باۋۇدۇنلار
ناھىيىنى كۆزدىن
كەچۈرۈشكە كەل-
گەندە، دوكلات
ئاڭلىغاندىن كې-
يىن، ناھىيىلىك
پارتكومنىڭ رەھ-
بەرلىرى بىلەن
سەمىمىي سۆھ-
بەتلەشمەكتە



خۇياۋباڭ پوس-
كام ناھىيىسىنىڭ
ئېتىز - ئېرىق
پىلانى خەرىتىسىنى
تەكشۈرمەكتە

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومىنىڭ
شۇجىسى سۇڭ خەنلياڭ، ئاپتونوم
رايونىنىڭ رەئىسى تۆمۈر داۋامەت
پوسكام ناھىيىسىدىكى كادىرلار
بىلەن سۆھبەتلەشمەكتە





ئاپتونوم رايونلۇق
پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن
شۇجىسى جاڭ سىشۆ
پوسكام 2 ـ ئوتتۇرا مەك-
تىپىنى كۆزدىن
كەچۈرمەكتە



مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، ئاپتونوم رايونلۇق مەسلىھەتچىلەر كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ۋاڭ ئېنماۋ پوسكام ناھىيىلىك پاختا توقۇمىچىلىق فابرىكىسىنىڭ ئىش ئورنىنى كۆزدىن كەچۈرگەندە خاتىرە ئۈچۈن سۈرەتكە چۈشتى



ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ھامىدىن نىياز پوسكام ناھىيىلىك سېمونت زاۋۇتىنى كۆزدىن كەچۈرمەكتە



ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسى بادەي پوسكام ناھىيىسىنى كۆزدىن كەچۈرگەندىن كېيىن، ناھىيىدىكى رەھبەرىي كادىرلار بىلەن خوشلاشماقتا


سۇلياۋ توقۇ-
ما زاۋۇتىنىڭ
سېخىدىن بىر
كۆرۈنۈش





پاختا توقۇما-
چىلىق فابرىكىسى-
نىڭ سېخىدىن بىر
كۆرۈنۈش

گۈللۈك خىش
كارخانىسى



ئېلېكتر ئىس-
تانسىسى



ترانسفورما-
تور پونكتى



سېمونت زاۋۇ-
تى






دۇنيا بانكىسى
ئەۋەتكەن مۇتەخەس-
سىسلەر پوسكامنى
كۆزدىن كەچۈردى



مايسا كۆچۈرۈش



تراكتور بىلەن
يەر تېرىش



سالا ئېتىز

ئىپتىدائىي توغراقلىق





قەدىمكى دەرەخ

سۇ ئامبىرى



سۇ بۆلۈش تو-
مىسى





كۆۋرۈك



سۇلياۋ يوپۇق
يېپىلىپ تېرىلغان
كېۋەز مايسىلىرى




بۇغدايدىن مول
ھوسۇل ئېلىنىش
ئالدىدا



شال باشاقلىرى

يەرلىك كالا ۋە
نەسلى ياخشىلانغان
كالا



ئورمان بەلبېغى



پىلە





شاپتۇل





ئۈزۈم



ئوقۇغۇچى-
لار دەرس ئاڭلى-
ماقتا



ئوقۇتقۇچى
ۋە ئوقۇغۇچىلار



ناھىيىلىك
پارتكومنىڭ ئىشچى-
خىزمەتچىلىرى
رادىئو گىمناستىكى-
سى ئوينىماقتا



رەخت سېتىۋېلىش



بازاردىن بىر كۆرۈنۈش




مەززىلىك يېمەكلىكلەر



بېلىق تۇتۇش



دېھقانلارنىڭ
يېڭى ئۆيلىرى



مەسچىت

# كىرىش سۆز I

جۇ مىڭفاڭ

پوسكام ناھىيىسى تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي جەنۇبىدا بولۇپ، يەكەن دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىمى بىلەن تىزناپ دەرياسى قوشۇلغان دېلتىنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان. بىپايان يەرلىرى، ياپيېشىل ئوتلاقلىرى، پەلەككە تاقاشقان تېرەكلىرى، ئەلۋەك سۇلىرى پوسكامغا توپ - توپ كالا، قوي پادىلىرى، مول ئاشلىق، خۇشپۇراقلىق مېۋىلەرنى ئاتا قىلىپ، بۇ جاينى شىنجاڭنىڭ جەنۇبىدىكى ئاشلىق، پاختا بازىسىغا ئايلاندۇرغان.

ناھىيە تەۋەسىدىكى جايلار ئىلگىرى يەكەن بىلەن قاغىلىقنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان، مىنگونىڭ 10 - يىلى (1921 - يىلى) پوسكام ناھىيىسى قۇرۇلغان. ئەينى ۋاقىتتا ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ زۇلۇمى، فېئودال - پومېشچىكلارنىڭ ئېكسپىلاتاتسىيىسى دەستىدىن، خەلقنىڭ تۇرمۇشى ئىنتايىن نامراتلىقتا ئۆتەتتى. 1949 - يىل 9 - ئايدا شىنجاڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولدى. 1950 - يىل 3 - ئايدا جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى پوسكام ناھىيىسىگە كىردى، ھەر مىللەت خەلقى ئاخىرى تەقەززالىق بىلەن كۈتكەن يورۇقلۇققا ئېرىشىپ، بەختىيار، داغدام يولغا قەدەم تاشلىدى.

پوسكام خەلقى ئۆز تەقدىرىنى ئۆزگەرتىش يولىدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە قەتئىي بوشاشماي تىرىشىپ، مەزكۇر ناھىيىنىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرىدا شانلىق مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشتى. ساۋاق قىلىش، ئۈلگە قىلىش، قەدىمكىدىن ھازىرقىنى بىلىش، يىراقتىكىنى بايان قىلىش ئارقىلىق يېقىنقىنى تەتقىق قىلىش ئۈچۈن، بۇ ئۆچمەس تارىخىي تۆھپىلەرنى بۇرۇنراق، ئەينەن بايان قىلىش كېرەك ئىدى، لېكىن تۈرلۈك ئوبيېكتىپ سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن بۇ ئىش ئەمەلگە ئاشمىغانىدى. پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، مەركەزدىكى رەھبىرىي يولداشلار تەزكىرە تۈزۈش چاقىرىقىنى ئوتتۇرىغا قويدى، بىز ناھىيىنىڭ ئەھۋالىنى ئومۇميۈزلۈك چۈشىنىپ ۋە ئىگىلەپ، قۇرۇلۇش ئىشلىرىنى ياخشىلاش ئۈچۈن، 1982 - يىل 7 - ئايدا پوسكام ناھىيىسىنىڭ تۇنجى تەزكىرىسىنى تۈزۈشنى قارار قىلغاندۇق، تۆت يىل تىرىشىش ئارقىلىق، 1986 - يىلى تەزكىرىنىڭ دەسلەپكى ئورىگىنالى يېزىپ چىقىلدى. يەنە ئىككى يىل قايتا - قايتا تىزىتىش كىرگۈزۈش، ئورىگىنالنى تۆت قېتىم ئۆزگەرتىش ئارقىلىق، بۇ تەزكىرە كىتابىنى يېزىش ئىشى تاماملاندى.

بىر جاينىڭ تارىخى ئەتراپلىق خاتىرىلەنگەن «پوسكام ناھىيىسى تەزكىرىسى» دە ماركسىزم -

لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى قىبلىنامە قىلىنىپ، دىئالېكتىكىلىق ماتېرىيالىزم ۋە تارىخىي ماتېرىيالىزملىق نۇقتىئىنەزەر قوللىنىلىپ، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش پرىنسىپى بويىچە، پوسكام ناھىيىسىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، ھەربىي ئىشلار، مەدەنىيەت، مائارىپ، پەن - تېخنىكا جەھەتتىكى تەرەققىياتى ئومۇميۈزلۈك بايان قىلىنىپ ھەمدە تەبىئىي جۇغراپىيە، مىللەت، نوپۇس، ئۆرپ - ئادەت، خەلق ئەھۋالى جەھەتتىكى ئۆزگىرىشلەر ئەستايىدىل تەكشۈرۈلۈپ ۋە بايان قىلىنىپ، پوسكام ناھىيىسىنىڭ 1921 - يىلدىن 1984 - يىلغىچە بولغان ئاساسىي ئەھۋالى ئەكس ئەتتۈرۈلدى. بۇ، ناھىيىنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدىكى زور مۇۋەپپەقىيەت، بۇنى تەبرىكلەشكە ئەرزىيدۇ.

سوتسىيالىستىك يېڭى تەزكىرە روشەن ئىدىيىۋىلىككە، ئىلمىيلىككە، ماتېرىيالچانلىققا ئىگە بولۇشى، ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشكە ياردەم بېرىش رولىنى ئويناپ بېرىشى كېرەك. «پوسكام ناھىيىسى تەزكىرىسى» دە سوتسىيالىزمنىڭ ئەۋزەللىكىنى ۋە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىنى ئەكس ئەتتۈرۈش، جەمئىيەتنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات قانۇنىيىتىنى گەۋدىلەندۈرۈش، ئۈستقۇرۇلما بىلەن ئىقتىسادىي بازىس، مادداي بىلەن روھنىڭ مۇناسىۋىتىنى، بۇلارنىڭ پارتىيىنىڭ باش ۋەزىپىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرغانلىقىنى يورۇتۇپ بېرىش ئۈچۈن، قەدىمكىنى قىسقا، ھازىرقىنى تەپسىلىي يېزىش تىرىشىپ ئىشقا ئاشۇرۇلۇپ، دەۋر قىياپىتى نامايان قىلىندى. پارتىيىمىزنىڭ ئىجتىمائىي ماددىي بايلىق يارىتىشقا ئەھمىيەت بېرىپلا قالماي، ئىجتىمائىي توپنىڭ ساپاسىنى ۋە خەلق ئاممىسىنىڭ ماددىي ، مەدەنىي تۇرمۇش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشكىمۇ ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن، مەدەنىيەت، مائارىپ، پەن - تېخنىكا، سەھىيە، تەنتەربىيە، ئاخبارات، رادىئو قاتارلىق جەھەتلەردىكى تەرەققىيات ۋە ئۆزگىرىشلەرمۇ شەرھىلەپ بېرىلدى. مانا بۇ كونا تەزكىرە كىتابلىرىدا يوق مەزمۇنلاردۇر.

تارىخنىڭ ئەسلى قىياپىتىنى ئەينەن ئەكس ئەتتۈرۈش تەزكىرە كىتابىنىڭ تۈپ ۋەزىپىسى. «پوسكام ناھىيىسى تەزكىرىسى» دە ئىقتىسادىي جەھەتتىكى مەزمۇنلار بايان قىلىنغاندا، ھەم ئىشلەپچىقىرىش، ئالماشتۇرۇش، ھەم تەقسىمات، ئىستېمال يېزىلدى؛ ھەم ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەرەققىياتى، ھەم ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋىتىنىڭ ئۆزگىرىشى يېزىلدى. ھازىرقى زامان ئىجتىمائىي ئىش تەقسىماتى تۈپ ئاساس قىلىنىپ، مەزمۇنلار تۈرلەرگە بۆلۈنۈپ، باش - ئاخىرى تۇتاشتۇرۇلدى، تۈرلەر كەم قالماسلىق، مەزمۇن ئۈزۈلۈپ قالماسلىققا دىققەت قىلىنىپ، شەيئىلەرنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالى گەۋدىلەندۈرۈلدى. شەيئىلەر تەرەققىياتىنىڭ سەۋەب - نەتىجە مۇناسىۋىتىنى يورۇتۇپ بېرىش ئۈچۈن، تەزكىرە كىتابىدا، ۋەقەلەرنى بايان قىلغاندا، ئالدى بىلەن سەۋەبىنى، ئاندىن نەتىجىنى بايان قىلىشقا دىققەت قىلىنىپ، ۋەقەنىڭ تەرەققىيات جەريانى ئەكس ئەتتۈرۈلدى. قەلەم تەۋرەتكۈچىلەر ھەققانىي مەيداندا تۇرۇپ، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەپ، نەتىجىنىمۇ، سەۋەنلىكنىمۇ يېزىپ، كىتابخانلارنى شەيئىلەرنىڭ گۈللىنىشى ۋە خارابلىشىشى، ئۆرلىشى ۋە پەسىيىشىدىن ئىبارەت ئەگرى - توقاي ئۆزگىرىشنى كۆرۈۋېلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى. مۇشۇنداق ئوبيېكتىپ تارىخقا ھۆرمەت قىلىدىغان، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىدىغان، قىسمەنلىك بىلەنلا چەكلىنىپ قالمايدىغان، ياخشى - يامان، ھەق - ناھەقكە سوبيېكتىپ خىيالغا تايىنىپلا ھۆكۈم قىلمايدىغان ئىستىل — تەزكىرە تۈزۈشنىڭ ياخشى ئىستىلى ھېسابلىنىدۇ. «پوسكام ناھىيىسى تەزكىرىسى» نىڭ نەشر قىلىنىشى، شۈبھىسىزكى، بۇنىڭدىن

كېيىنكى تۆرلۈك ئىشلىرىمىزنىڭ تەرەققىياتىنى ئىنتايىن زور دەرىجىدە ئىلگىرى سۈرۈش رولىنى ئوينايدۇ. ناھىيە تەزكىرىسىنىڭ مەتبەئەگە تاپشۇرۇلۇش مۇناسىۋىتى بىلەن بىز ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى ۋە قەشقەر ۋىلايەتلىك تەزكىرە تەھرىر ئىشخانىسىنىڭ سەمىمىي غەمخورلۇقىغا، دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان پېشقەدەم ئىنقىلابىي كادىرلارنىڭ قىزغىن مەدەت بەرگەنلىكىگە، ناھىيىمىزدىكى ھەر قايسى ئىدارە - ئورۇنلارنىڭ يېقىندىن ماسلاشقانلىقىغا رەھمەت ئېيتىمىز ھەمدە ئۇلارغا سەمىمىي مىننەتدارلىق بىلدۈرىمىز.

تەزكىرە تۈزۈشتىن مەقسەت ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشكە ياردەم بېرىشتىن ئىبارەت. مەركۈر تەزكىرىدە پوسكام ناھىيىسىنىڭ تارىخى ئومۇمىيۈزلۈك بايان قىلىندى. بىز ئۆتمۈشتىكىنى ئەينەك قىلىش ئاساسىدا، بىر نىيەت، بىر مەقسەتتە، روھىمىزنى ئۇرغۇتۇپ، قەتئىي ئىرادە بىلەن ئىسلاھات ئېلىپ بېرىپ، يول ئېچىپ يېڭىلىق يارىتىپ، پوسكامنى تېخىمۇ ياخشى گۈللەندۈرۈشىمىز كېرەك.

1991 - يىل مارت

---

ئىزاھات: «كىرىش سۆز I » نىڭ ئاپتورى ناھىيىلىك پارتكومنىڭ سابىق مۇئاۋىن شۇجىسى، سىياسىي كېڭەش پوسكام ناھىيىلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى.

# كىرىش سۆز II

لى خۇەيجۇ

ناھىيىلىك پارتكوم ۋە ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ غەمخورلۇقى ۋە رەھبەرلىكىدە ، ئالاقىدار تارماقلارنىڭ قوللىشى ۋە ياردەم بېرىشى، تەزكىرە تۈزگۈچى خادىملارنىڭ جاپاغا چىداپ تىرىشىشى نەتىجىسىدە «پوسكام ناھىيىسى تەزكىرىسى» ئاخىرى كۆپچىلىك بىلەن يۈز كۆرۈشتى، بۇ. تەبرىكلەشكە ئەرزىيدىغان چوڭ ئىش.

«پوسكام ناھىيىسى تەزكىرىسى» دە پوسكام ناھىيىسىنىڭ تەشكىلىي تۈزۈلۈشى ۋە تارىخىي تەرەققىيات جەريانى، چېگرا - تېررىتورىيىسىنىڭ ئۆزگىرىشى، تاغ - دەريالىرى، يەر تۈزۈلۈشى، ماددىي بايلىقلىرىنىڭ موللىقى ۋە كەملىكى، كادىرلار ئەھۋالىنىڭ ئۆزگىرىشى، مەدەنىيىتىنىڭ مەنبەسى، ئىجتىمائىي كەيپىياتى خاتىرىلەندى؛ پوسكام ناھىيىسى قۇرۇلغاندىن بۇيانقى گۈللىنىش، چۆشكۈنلىشىش، ئۆرلەش ۋە پەسىيىش ئەھۋالى، بولۇپمۇ جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ناھىيىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە تىرىشىپ كۈرەش قىلىپ، تۈرلۈك ئىشلاردا قولغا كەلتۈرگەن شانلىق مۇۋەپپەقىيەتلىرى بايان قىلىندى. «پوسكام ناھىيىسى تەزكىرىسى» دىكى بايانلار ئارقىلىق «كوممۇنىستىك پارتىيە بولمىغان بولسا، يېڭى جۇڭگو بولمىغان بولاتتى» ۋە «جۇڭگونى سوتسىيالىزملا قۇتقۇزالايدۇ» دېگەن بۇ يىمىرىلمەس ئىككى ھەقىقەت كونكرېت ۋە جانلىق ئىسپاتلاندى. «پوسكام ناھىيىسى تەزكىرىسى» نىڭ نەشر قىلىنىشى ــ ناھىيىنىڭ ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا قوشۇلغان زور تۆھپە.

مەن 1951 - يىلى پوسكامغا كېلىپ خىزمەت قىلغان، مېنى زامانىمىزدىكى پوسكام ناھىيىسى تارىخىدىكى غايەت زور ئۆزگىرىشلەرنىڭ گۇۋاھچىلىرىدىن بىرى دېيىشكە بولىدۇ. مەن پوسكامغا ئەمدىلا كەلگەن ۋاقتىمدا، ناھىيە بازىرىنىڭ كوچىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 500 مېتىرغىمۇ يەتمەيتتى، بۇ يەردە پەقەت بىر قانچە ئاشخانا، بىر قانچە ناۋايخانا، ۋە ئىككى مىلىچ مال دۇكىنىلا بار ئىدى، كوچىلىرى چۆلدەرەپ قالغانىدى. ئىقتىسادى قالاق ئىدى، ھەربىي سەپتىن كەسىپ ئالماشتۇرغان جەڭچىلەر خەلق تۇرمۇشىنىڭ نامراتلىقىدىن ھەسرەت چېكىپ، ئۆزىمىزنى چېگرا رايونغا بېغىشلاشقا، چېگرا رايوننى گۈللەندۈرۈشكە بەل باغلىغانىدۇق.

30 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت ئۆتۈپ كەتتى، پوسكامدا يەر - جاھاننى زىلزىلىگە كەلتۈرگىدەك ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كەلدى، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتى ھەسسىلەپ ئاشتى، سانائەت يوقلۇقتىن بارلىققا كەلدى، دېھقانلارنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن كىرىمى 50 - يىللارنىڭ بېشىدىكى 30 يۈەندىن كۆپىيىپ، 1984 - يىلى 315 يۈەنگە يەتتى (1990 - يىلى 721.5 يۈەنگە

يەتتى . بۇنى كەڭ خەلق ئاممىسى ئىلگىرى ئويلايمۇ باقمىغانىدى، لېكىن ھازىر بۇلارنىڭ ھەممىسى پاكىتقا ئايلاندى. قېنى، سوتسىيالىزم باشقا ئەمەس دەپ كىم ئېيتالايدۇ؟ كومپارتىيە سوتسىيالىسنىڭ قۇرۇلۇشقا رەھبەرلىك قىلالمايدۇ دەپ كىم ئېيتالايدۇ؟

«پوسكام ناھىيىسى تەزكىرىسى» دە بۇ نۇقتا ئىنەن بايان قىلىنغان، ئۇنىڭ ئۇستىگە پاكىتلار بايان قىلىنغاندا تەجرىبىمۇ يەكۈنلەنگەن. تارىخي ساۋاقلارمۇ ھەقىقەت ئەمەلىيەتتىن ئىزدەنگەن ھالدا بايان قىلىنغان. بۇنىڭ قەدىمكىنى ئەينەك قىلىپ، ھازىرقىنى بىلىشىمىزدە، يول ئېچىپ بېشلىق يارىتىشىمىزدا پايدىسى ناھايىتى زور، شۇنداقلا بۇ، كىشىلەرگە پوسكامنى تونۇش. پوسكامنى گۈللەندۈرۈش، كېيىنكى ئەۋلادلارغا ئەجدادلىرىمىزنىڭ جاپاغا چىداپ ئىگىلىك يارىتالىقىنى چۈشەندۈرۈش جەھەتتە چىن ماتېرىيال يەتكۈزۈپ بېرىدۇ.

مەن پوسكامنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى تورلۇك قۇرۇلۇش ئىشلىرىدا، ئالدىنقىلارغا ۋارىسلىق قىلىپ. كېيىنكىلەرگە يول ئېچىش يولىدا يېڭى قەدەم تاشلاپ، تېخىمۇ زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشىگە چىن قەلبىمدىن تىلەكداشمەن.

1991 - يىل مارت

---

ئىزاھات: «كىرىش سۆز I »نىڭ ئاپتورى ج ك پ پوسكام ناھىيىلىك كومىتېتىنىڭ سابىق مۇئاۋىن شۇجىسى، سىياسي كېڭەش پوسكام ناھىيىلىك كومىتېتىنىڭ سابىق رەئىسى.

# «پوسكام ناھىيىسى تەزكىرىسى»گە مۇبارەك

## (كىرىش سۆز ئورنىدا)

سېلىم ماخسۇر

كۆرەش قىلدۇق نەر تۆكوپ توققۇز باھار - توققۇز كۈز،
تارىخ بېشىن ۋاراقلاپ، كەزدۇق تاغ، دەريا، دېڭىز.
كۆلدى شەپەق نۇرلىنىپ، ئۈزىدى كەچكى گۈگۈم،
تەزكىرىگە بېغىشلاندى، ئاشۇ چوغدەك قەلبىمىز.
ئېلىپ نارىختىن ساۋاق، كېيىنكىلەرگە يول ئاچساق،
ئەجدادلار ئىزىن بېسىپ، شان قۇچار ئەۋلادلىرىمىز.
تەزكىرىچىلەر ئەجرىدىن بىر كىتاب بولدى بىنا،
پۈتۈلدى يۇرت سىماسى، بولدى زاھىر ئەل ئارا.
تارىخ - جۇغراپىيىسى، ئىقتىساد ھەم سەنئىتى،
ئەكس ئەتتى قايتىدىن بىر توپلام بولۇپ مانا،
ئۆرلىسەك توسقۇن يېرىپ ئىقبال تاپار يۇرت يانا.

1991 - يىل مارت

ئىزاھات: «كىرىش سۆز ئورنىدا» نىڭ ئاپتورى پوسكام ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مەسلىھەتچىسى، سابىق ھاكىمى

# كىتابنىڭ تۈزۈلۈشى ھەققىدە

1. **كىتابنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى** ماركسىزم - لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنى يېتەكچى قىلىشتا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيانقى لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلەرنى ئۆلچەم قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئىدىيىۋىلىك، ئىلمىيلىك، ماتېرىيالچانلىقنى بىرلىككە كەلتۈرۈشنى تىرىشىپ ئىشقا ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت.

2. **بايانىنىڭ ۋاقىت چېكى** ئاساسلىقى 1921 - يىلى پوسكام ناھىيە بولۇپ قۇرۇلغاندىن بۇيانقى بولۇپمۇ جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن تارتىپ 1984 - يىلغىچە ناھىيە تەۋەسىدە يۈز بەرگەن ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش، تاۋار ئالماشتۇرۇش، سىياسىي تۇرمۇش، مەدەنىيەت - مائارىپ، سەھىيە، ئىجتىمائىي كەيپىيات جەھەتتىكى تۈرلۈك چوڭ ئىشلار بايان قىلىندى. بەزى ئىشلارنى بايان قىلىش ۋاقتى 1988 - يىلغىچە ئۇزارتىلدى.

3. **كىتابنىڭ قۇرۇلمىسى** قىسىم، باب، پاراگراف تارماقتىن ئىبارەت ئۈچ قاتلامغا بۆلۈندى، مەزمۇنى ئازراق بەزى ئىشلار قىسىم، باب، پاراگراف ياكى قىسىم، بابقىلا بۆلۈندى. قىسىملار ئالدى بىلەن تەبىئىي، ئاندىن ئىجتىمائىي، ئالدى بىلەن ئىقتىسادىي بازىس، ئاندىن ئۈستقۇرۇلمىنى بايان قىلىش تەرتىپى بويىچە تىزىلدى. «ئومۇمىي بايان»، «چوڭ ئىشلار» تەزكىرە كىتابىنىڭ بېشىغا قويۇلدى، قالغان مەزمۇنلار «جۇغراپىيە»، «ئىقتىساد»، «سىياسەت»، «ھەربىي ئىشلار»، «مەدەنىيەت»، «ئىجتىمائىيەت»، «شەخسلەر» دىن ئىبارەت يەتتە قىسىمغا بۆلۈندى، ئاخىرىغا «قوشۇمچە» بېرىلدى. بۇ كىتاب جەمئىي يەتتە قىسىم، 53 باب، 219 پاراگرافتىن تەركىب تاپتى.

4. **ماتېرىيال مەنبەسى** ئارخىپ، تارىخىي كىتابلاردىكى ماتېرىياللار ئاساس، ئاغزاكى ماتېرىياللار قوشۇمچە قىلىندى. كىتاب ھەجمىنىڭ چوڭىيىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن، نەقىللەرگە بىردەك ئىزاھات بېرىلمىدى. سان - سىفىر جەھەتتە، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ستاتىستىكا ئىدارىسى ئېلان قىلغان سان - سىفىرلار ئۆلچەم قىلىندى. كەسپىي تارماقلار تەمىنلىگەن سان - سىفىرلارمۇ قوللىنىلدى.

5. **بايان قىلىش ئۇسۇلى** تەزكىرە ئاساس قىلىندى، خاتىرە، تەرجىمىھال، سۈرەت، جەدۋەللەر ئۇنىڭ ئىچىگە قىستۇرۇلدى، چوڭ ئىشلار يىل تەرتىپى بويىچە بېرىلدى. قالغان قىسىملار تۈرلەرگە بۆلۈنۈپ ۋاقىت تەرتىپى بويىچە بايان قىلىندى. شەخسلەر تەرجىمىھالى ئالەمدىن ئۆتكەن (ئۆلگەن) يىلى بويىچە تىزىلدى.

6. **يېزىق ۋە جەدۋەللەر** ھازىرقى زامان خەنزۇ تىلىدا بايان قىلىش ئاساس قىلىندى، قىسمەن ماتېرىياللاردا قەدىمكى كىتابلارنىڭ ئەسلى نۇسخىسى ۋە كونا خەنزۇ ئەدەبىي تىلى قوللىنىلدى. چىڭ سۇلالىسى ۋە ئۇنىڭدىن ئىلگىرىكى تارىخىي يىل - ئايلار خەنزۇچە يېزىقتا،

مىنگو دەۋرىدىن كېيىنكى يىل - ئايلار ئەرەب رەقىمى بويىچە ئىپادىلەندى. ئۆلچەم بىرلىكلىرى ھازىر يۈرگۈزۈلۈۋاتقان، قانۇندا بېكىتىلگەن بىرلىكلەر بويىچە ھېسابلاندى. ھەر قايسى تارىخي دەۋرلەردىكى ھاكىمىيەت، ئەمەل - مەنسەبناملىرى ئەينى ۋاقىتتىكى ئاتالغۇ بويىچە ئېلىندى.

7. **تەرجىمىھال تۈرغۇزۇش پىرىنسىپى** ھايات شەخسلەرنىڭ تەرجىمىھالى بېرىلمىدى، تەرجىمىھالى بېرىلگەنلەر ئالەمدىن ئۆتكەن (ئۆلگەن) يىلى بويىچە تىزىلدى. ناھىيىمىزنىڭ ھەر قايسى ساھەلىرىدە تەسىرى بار ھايات شەخسلەر جەدۋەللەشتۈرۈش ئۇسۇلى بويىچە بايان قىلىندى.

8. **سىياسي ھەرىكەتلەرنىڭ بايان قىلىنىشى** جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىنكى سىياسي ھەرىكەتلەر مۇناسىۋەتلىك قىسىم ۋە بابلارغا كىرگۈزۈلدى، بۇلارغا كىرگۈزۈشكە مۇمكىن بولمىغان ھەرىكەتلەر «زور سىياسي ۋەقەلەر» قاتارىدا سىياسي قىسمىغا كىرگۈزۈلدى.

# مۇندەرىجە


خەرىتە

سۈرەتلىك بەت

كىرىش سۆز I ........................................ 1

كىرىش سۆز II ........................................ 4

«پوسكام ناھىيىسى تەزكىرىسى»گە مۇبارەك (كىرىش سۆز ئورنىدا) .... 6

كىتابنىڭ تۈزۈلۈشى ھەققىدە ........................................ 7

ئومۇمىي بايان ........................................ 1

چوڭ ئىشلار ........................................ 11


# بىرىنچى قىسىم جۇغراپىيە

## I باب تەشكىلىي تۈزۈلۈشى


§ 1 . تەشكىلىي تۈزۈلۈشنىڭ تەرەققىيات جەريانى ........................ 67

§ 2 . مەمۇرىي رايونلارغا ئايرىلىشى ........................ 70

§ 3 . يېزا ـ بازارلارنىڭ قىسقىچە ئەھۋالى ........................ 77

§ 4 . ناھىيىدە تۇرۇشلۇق ئورۇنلار ........................ 94

§ 5 . قىسمەن يەر ناملىرى ھەققىدە قىسقىچە ئىزاھات ........................ 96


## II باب تەبىئىي جۇغراپىيە


§ 1 . گېئولوگىيە ........................ 99

§ 2 . يەر تۈزۈلۈشى ........................ 100

§ 3 . ئىقلىمى ........................ 101

§ 4 . سۇ رايى ........................ 113

§ 5 . تۇپراق ........................ 115

§ 6 . يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەر ........................ 119
§ 7 . ھايۋاناتلار ........................ 119
§ 8 . ئاساسلىق ئاپەتلەر ........................ 121

## III باب نوپۇس

§ 1 . نوپۇسنىڭ ئۆزگىرىشى ........................ 124
§ 2 . نوپۇسنىڭ تارقىلىشى ........................ 125
§ 3 . نوپۇسنىڭ قۇرۇلمىسى ........................ 125
§ 4 . نوپۇسنى تىزگىنلەش ........................ 129

# ئىككىنچى قىسىم ئىقتىساد

## I باب ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنىڭ ئۆزگىرىشى

§ 1 . يېزىلاردىكى فېئوداللىق يەر ئىگىدارچىلىق تۈزۈمى ........................ 138
§ 2 . ئىجارە كېمەيتىش، زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش ۋە يەر ئىسلا ـ
ھاتى ........................ 140
§ 3 . يېزا ئىگىلىكىنى كوپېراتسىيىلەشتۈرۈش ........................ 146
§ 4 . خەلق گۇڭشېلىرىنىڭ قۇرۇلۇشى ........................ 149
§ 5 . ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنىڭ يولغا قويۇلۇشى ........................ 153
§ 6 . قول سانائەت ۋە خۇسۇسىيلار ئىگىلىكىدىكى سودىغا ئۆزگەرتىش
كىرگۈزۈش ........................ 157

## II باب دېھقانچىلىق

§ 1 . يەر بايلىقى ........................ 160
§ 2 . يېزا ئىگىلىكىنىڭ رايونلارغا ئايرىلىشىۋە زىرائەتلەرنىڭ ئورۇنلا ـ
شتۇرۇلۇشى ........................ 164
§ 3 . تېرىقچىلىق قۇرۇلمىسى ........................ 166
§ 4 . زىرائەت سورتلىرى ........................ 171
§ 5 . دېھقانچىلىق تېخنىكىسى ........................ 175

§ 6. ئېتىز - ئېرىق ئاساسىي قۇرۇلۇشى ........ 180
§ 7. ئىشلەپچىقىرىش جەھەتتىكى ئەمەلىي نەتىجىلەر ........ 181
§ 8. ئاپپاراتلارنىڭ تەسىس قىلىنىشى ........ 197

## III باب يېزا ئىگىلىك ماشىنا - سايمانلىرى

§ 1. يېزا ئىگىلىك ماشىنا - سايمانلىرىنىڭ ئۆزگىرىشى ........ 200
§ 2. يېزا ئىگىلىك ماشىنا - سايمانلىرىنىڭ تىپى ........ 205
§ 3. يېزا ئىگىلىك ماشىنا - سايمانلىرىنى باشقۇرۇش ........ 207

## IV باب باغۋەنچىلىك

§ 1. مېۋە - چېۋە ........ 209
§ 2. قوغۇن - تاۋۇز ........ 218
§ 3. ئوتياش ........ 225

## V باب ئورمانچىلىق

§ 1. ئاساسلىق دەرەخ تۈرلىرى ........ 238
§ 2. ئورۇق يىغىش ۋە كۆچەت يېتىشتۈرۈش ........ 240
§ 3. كۆچەت تىكىپ ئورمان بەرپا قىلىش ........ 244
§ 4. دەل - دەرەخلەرنى پەرۋىش قىلىش ۋە ئاسراش ........ 248
§ 5. ئورمان بەرپا قىلىشنىڭ ئۈنۈمى ........ 249
§ 6. ئاپپاراتلارنىڭ تەسىس قىلىنىشى ........ 251

## VI باب چارۋىچىلىق

§ 1. ئوتلاق بايلىقى ........ 252
§ 2. ئۆي هايۋانلىرى تۈرلىرى ........ 255
§ 3. نەسىل ياخشىلاش ۋە چارۋىچىلىق تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش ........ 257
§ 4. چارۋا كېسەللىكلىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاش ........ 258
§ 5. ئىشلەپچىقىرىش نەتىجىلىرى ........ 261

§ 6 . ئاپپاراتلارنىڭ تەسىس قىلىنىشى ........................................ 264

## VII باب قوشۇمچە كەسىپ

§ 1 . پىلىچىلىك ۋە ئۈجمە ئۆستۈرۈش........................................ 266
§ 2 . توخۇ بېقىش........................................ 268
§ 3 . بېلىق بېقىش ........................................ 270
§ 4 . ھەسەل ھەرىسى بېقىش ........................................ 270
§ 5 . دورا يىغىش ........................................ 271

## VIII باب سۇ ئىشلىرى

§ 1 . ئىنشائات قۇرۇلۇشى........................................ 272
§ 2 . سۇ ئېنېرگىيىسىدىن پايدىلىنىش ........................................ 277
§ 3 . كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش ........................................ 277
§ 4 . سۇ مەمۇرىيىتىنى باشقۇرۇش ........................................ 281
§ 5 . ئاپپاراتلارنىڭ تەسىس قىلىنىشى ........................................ 283

## IX باب ئېلېكتر قۇۋۋىتى

§ 1 . دىزېلىن بىلەن توك ھاسىل قىلىش ........................................ 285
§ 2 . سۇ ئېلېكتر ........................................ 285
§ 3 . ئېلېكتر قۇۋۋىتىنى باشقۇرۇش ........................................ 289

## X باب سانائەت

§ 1 . خۇسۇسىي قول سانائەت ........................................ 292
§ 2 . ناھىيە باشقۇرۇشىدىكى سانائەت ........................................ 300

## XI باب يېزا - بازار كارخانىلىرى

§ 1 . تەرەققىيات جەريانى ........................................ 315

§ 2 . مەھسۇلات مىقدارى ........................ 317
§ 3 . ئوقىنلىق كارخانىلار........................ 319

## XII باب قاتناش. پوچتا ـ تېلېگراف

§ 1 . قاتناش ........................ 326
§ 2 . پوچتا ـ تېلېگراف ........................ 332

## XIII باب سودا

§ 1 . خۇسۇسىيلار ئىگىلىكىدىكى سودا........................ 340
§ 2 . دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سودا ........................ 346
§ 3 . تەمىنات ـ سودا كوپىراتىپى سودىسى ........................ 353
§ 4 . بازار سودىسى ........................ 359
§ 5 . ماددىي ئەشيا........................ 371
§ 6 . تاشقى سودا ........................ 375
§ 7 . يېمەك ـ ئىچمەك، مۇلازىمەت كەسپى ........................ 379
§ 8 . ئاپپاراتلارنىڭ تەرەققىيات جەريانى........................ 383

## XIV باب ئاشلىق

§ 1 . ئاشلىق، ياغ سېتىۋېلىش ۋە سېتىش ........................ 384
§ 2 . ئاشلىق، ياغ يۆتكەش ........................ 393
§ 3 . ئاشلىق، ياغ ساقلاش ........................ 395
§ 4 . ئۇن، ياغ تارتىش ........................ 396
§ 5 . ئاپپاراتلارنىڭ تەرەققىيات جەريانى ........................ 397

## XV باب باج ئىشلىرى

§ 1 . مىنگو دەۋرىدىكى باجنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى ........................ 398
§ 2 . جۇڭخوا خەلق جۇمھۇرىيىتى دەۋرىدىكى باج ئىشلىرى ........................ 400
§ 3 . باج تۈزۈمى ئىسلاھاتى........................ 402

§ 4 . باجنى كېمەيتىش ۋە كەچۈرۈم قىلىش ...... 404
§ 5 . باج ئىشلىرى ئاپپاراتلىرى ...... 406

## XVI باب مالىيە

§ 1 . مالىيە تۈزۈمى ۋە مالىيەنى باشقۇرۇش ...... 407
§ 2 . مالىيە كىرىمى ...... 408
§ 3 . مالىيە چىقىمى ...... 416
§ 4 . مەلىيەدە ئۆزىنى ئۆزى تەمىنلەش نىسبىتى ...... 416
§ 5 . يەرلىك زاپاس مالىيە كۈچى ...... 417
§ 6 . ئاپپاراتلارنىڭ تەرەققىيات جەريانى ...... 419

## XVII باب پۇل مۇئامىلىسى

§ 1 . پۇل ئوبوروتى ...... 420
§ 2 . كرېدىت ...... 423
§ 3 . ئامانەت ...... 424
§ 4 . زايوم، دۆلەت خەزىنە چېكى تارقىتىش ...... 428
§ 5 . ئاپپاراتلارنىڭ تەرەققىيات جەريانى ...... 429

## XVIII باب بازار - يېزا قۇرۇلۇشى

§ 1 . ناھىيە بازىرىنىڭ قۇرۇلۇشى ...... 430
§ 2 . يېزا - كەنت قۇرۇلۇشى ...... 435
§ 3 . بىناكارلىق قۇرۇلۇشى ...... 437

## XIX باب ئىگىلىك باشقۇرۇش

§ 1 . پىلان ...... 441
§ 2 . ستاتىستىكا ...... 452
§ 3 . مال باھاسى ...... 454
§ 4 . ئۆلچەملەشتۈرۈش، ئۆلچەم ...... 462

§ 5. سودا-سانائەتنى باشقۇرۇش ........ 463
§ 6. مۇپەتتىشلىك ........ 468
قوشۇمچە ........ 470

# ئۈچىنچى قىسىم سىياسەت

## I باب جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ پۇسكام ناھىيىسىدىكى تەشكىلاتلىرى

§ 1. تەشكىلىي قۇرۇلۇشى ........ 480
§ 2. پارتىيە قۇرۇلتىيى ........ 491
§ 3. پارتىيە ئەزالىرىغا قارىتىلغان تەربىيە ........ 495
§ 4. تەشۋىقات خىزمىتى ........ 497
§ 5. ئىنتىزام تەكشۈرۈش ........ 500
§ 6. بىرلىكسەپ ........ 502

## II باب جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىنكى چوڭ - چوڭ سىياسىي ۋەقەلەردىن قىسقىچە خاتىرە

§ 1. خەلق ھاكىمىيىتىنىڭ قۇرۇلۇشى ........ 503
§ 2. ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش ........ 504
§ 3. «ئۈچكە قارشى تۇرۇش» ھەرىكىتى ........ 505
§ 4. يېزىلاردىكى سوتسىيالىستىك تەربىيە ھەرىكىتى ........ 506
§ 5. پارتىيە ئىچىدىكى ئىستىل تۈزىتىش ھەرىكىتى ۋە ئوڭچىلارغا قارشى تۇرۇش كۈرىشى ........ 508
§ 6. ئاپپاراتلارنى ئىخچاملاپ، كادىرلارنى تۆۋەنگە چۈشۈرۈش ........ 509
§ 7. چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش ........ 510
§ 8. ئوڭچىللىققا قارشى تۇرۇش ........ 511
§ 9. نۆۋەتتىكى سوتسىيالىستىك تەربىيە ........ 512

§ 10. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» ...... 514
§ 11. يېزا ئىگىلىكىدە داجەيدىن ئۆگىنىش ھەرىكىتى ...... 517
§ 12. «پاش قىلىش، تەنقىد قىلىش، ئېنىقلاش» ...... 517
§ 13. خاتا ئايرىلغان ئوڭچىلارنى تۈزىتىش ...... 518
§ 14. ناھەق، يالغان، خاتا دېلولارنى ئاقلاش ...... 519
§ 15. «بەش بولۇش، تۆت گۈزەل، ئۈچنى قىزغىن سۆيۈش» پائالىيىتى ...... 520
§ 16. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى ...... 523

## III باب جۇڭگو گومىنداڭنىڭ پوسكام ناھىيىلىك پىرقىسى

§ 1. تەشكىلىي پائالىيەتلىرى ...... 526
§ 2 مىنگو دەۋرىدىكى مۇھىم ۋەقەلەردىن قىسقىچە خاتىرە ...... 528

## IV باب مىنگو دەۋرىدىكى ناھىيىلىك كېڭەش

§ 1. ئاپپاراتلارنىڭ تەسىس قىلىنىشى ...... 531
§ 2. كېڭەشنىڭ پائالىيەتلىرى ...... 532

## V باب ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى

§ 1. ھەر نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ...... 534
§ 2. ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ...... 539
§ 3. سايلام ...... 542

## VI باب مىنگو دەۋرىدىكى پوسكام ناھىيىلىك ھۆكۈمەت

§ 1. مىنگونىڭ 10 - يىلىدىن 25 - يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى ناھىيىلىك ھۆكۈمەت ...... 546
§ 2. مىنگونىڭ 26 - يىلىدىن 33 - يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى ناھىيىلىك ھۆكۈمەت ...... 547

§ 3. مىڭگونىڭ 33 - يىلىدىن 38 - يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى ناھىيىلىك ھۆكۈمەت ........................................ 548

## VII باب جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىنكى ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى

§ 1. پوسكام ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ........................ 551
§ 2. پوسكام ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېت ........................ 553
§ 3. ئاساسلىق نەتىجىلەر ........................................ 556

## VIII باب خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى

§ 1. ئاپپاراتلارنىڭ تەسىس قىلىنىشى ........................ 558
§ 2. ھەر نۆۋەتلىك كومىتېتلار ........................................ 558
§ 3. ئاساسلىق پائالىيەتلىرى ........................................ 560

## IX باب ئاممىۋى تەشكىلاتلار

§ 1. مىنگو دەۋرىدىكى ئىجتىمائىي تەشكىلاتلار ........................ 562
§ 2. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىنكى ئاممىۋى تەشكىلاتلار ........ 565

## X باب ئەمگەك - كادىرلار ئىشلىرى

§ 1. كادىرلارنى باشقۇرۇش ........................................ 572
§ 2. ئىشچى قوبۇل قىلىش ۋە ئىشچى ئىشلىتىش ........................ 576
§ 3. ئىش ھەققى، مۇكاپات ........................................ 577
§ 4. ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ پاراۋانلىق ئىشلىرى ........................ 581

## XI باب خەلق ئىشلىرى خىزمىتى

§ 1. قۇتقۇزۇش ........................................ 583
§ 2. ئارمىيىنى ھىمايە قىلىش ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا ئېتىبار بېرىش ........................................ 585

§ 3 . ھەربىي سەپتىن قايتقان، كەسىپ ئالماشتۇرغان ۋە چېكىنگەنلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇش ........ 587
§ 4 . ئاپەتكە ئۇچرىغان خەلقنى ئورۇنلاشتۇرۇش ........ 587

## XII باب سىياسىي قانۇن

§ 1 . جامائەت خەۋپسىزلىكى ........ 588
§ 2 . تەپتىشلىك ........ 593
§ 3 . سوت ........ 594
§ 4 . ئەدلىيە مەمۇرىيىتى ........ 595

# تۆتىنچى قىسىم ھەربىي ئىشلار

## I باب ئاپپاراتلارنىڭ تەسىس قىلىنىشى

§ 1 . خەلق قوراللىق بۆلۈمى ........ 604
§ 2 . خەلق قوراللىق كومىتېتى ........ 606

## II باب خەلق ئەسكەرلىرى قۇرۇلۇشى

§ 1 . تەشكىلىي قۇرۇلۇشى ........ 607
§ 2 . خەلق ئەسكەرلىرى مەشقى ........ 609
§ 3 . خەلق ئەسكەرلىرى خىزمىتىدىكى نەتىجىلەر ........ 609
§ 4 . خەلق ئەسكەرلىرى قۇرۇلتىيى ........ 611

## III باب ھەربىي خىزمەت ئۆتەش

## IV باب پوسكامىدا تۇرغان قىسىملار

## V باب قارا سۇ لەشكەرگاھىدىكى جەڭ

§ 1 . لەشكەرگاھقا ئورۇنلىشىشنىڭ جەريانى ........ 615

§ 2. ئامىنىڭ جەڭگە ياردەم بېرىشى ........ 616
§ 3. ئۈچ ئاي بەرداشلىق بېرىش ........ 617
§ 4. ياردەمگە ئېرىشىپ مۇھاسىرىنى بۆسۈپ چىقىش ........ 618
§ 5. قاراسۇ لەشكەرگاھىدىكى جەڭ ھەققىدە شېئىر ۋە يادنامىلەر ........ 619

## VI باب تاشقورغان مىللىي ئارمىيىسىنىڭ پوسكامنى ئىشغال قىلىشى

§ 1. ناھىيە بازىرىغا قىلىنغان تۇنجى ھۇجۇم ........ 638
§ 2. پوسكامنى ئىشغال قىلىش ........ 639

# بەشىنچى قىسىم مەدەنىيەت

## I باب مائارىپ

§ 1. دىنىي مەكتەپ تەربىيىسى ........ 644
§ 2. باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپى ........ 646
§ 3. ئوتتۇرا مەكتەپ مائارىپى ........ 654
§ 4. بالىلار مائارىپى ........ 657
§ 5. ئىشتىن سىرتقى مائارىپ ........ 661
§ 6. ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىنى تەربىيىلەش ........ 663
§ 7. مائارىپ خىراجىتى ........ 665
§ 8. ئاساسلىق مەكتەپلەرنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇش ........ 667
§ 9. ئىلغار ئوقۇتقۇچىلار، نەمۇنىچى سىنىپ مۇدىرلىرىنىڭ ئىسىملىكى ........ 671
§ 10. مائارىپ باشقۇرۇش ئاپپاراتلىرى ........ 674

## II باب پەن - تېخنىكا

§ 1. پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش پائالىيىتى ........ 675
§ 2. پەن - تېخنىكا مۇۋەپپەقىيەتلىرى ........ 682
§ 3. پەن - تېخنىكا قوشۇنى ........ 685

§ 4. پەن - تېخنىكا ئاپپاراتى ........ 686

## III باب مەدەنىيەت - سەنئەت

§ 1. ئاممىۋى مەدەنىيەت ........ 688
§ 2. كىنو قويۇش ........ 692
§ 3. كىتاب تارقىتىش ........ 693
§ 4. خەلق ئەدەبىياتى ........ 696
§ 5. خەلق سەنئىتى ........ 701
§ 6. مەدەنىيەت ئاپپاراتلىرى ........ 705
§ 7. ئارخىپ ........ 706

## IV باب رادىئو، ئاخبارات، تېلېۋىزىيە

§ 1. رادىئو ........ 708
§ 2. ئاخبارات ........ 709
§ 3. تېلېۋىزىيە ........ 710

## V باب سەھىيە

§ 1. سەھىيە قوشۇنى ........ 711
§ 2. داۋالاش ........ 712
§ 3. دورا بىلەن تەمىنلەش ........ 715
§ 4. ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق ھەرىكىتى ........ 716
§ 5. يەرلىك كېسەللىكلەر ۋە يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش
ۋە ئۇنى داۋالاش ........ 718
§ 6. ئانا - بالىلار ساقلىقىنى ساقلاش ........ 720
§ 7. داۋالاش تۈزۈمى ........ 722
§ 8. ئاپپاراتلارنىڭ تەسىس قىلىنىشى ........ 722

## VI باب تەنتەربىيە

§ 1. مىنگو دەۋرىدىكى تەنتەربىيە ھەرىكىتى ........ 723

§ 2 . جۇڭخوا خەلق جۇمھۇرىيىتى دەۋرىدىكى تەنتەربىيە ھەرىكىتى...... 724

# ئالتىنچى قىسىم ئىجتىمائىيەت

## I باب مىللەت

§ 1 . مىللەتلەرنىڭ تارقىلىشى ........................................ 732
§ 2 . ئۇيغۇر ، تاجىك ، خەنزۇ ، خۇيزۇ قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى ................................................ 732
§ 3 . مىللەتلەر مۇناسىۋىتى ............................................. 736

## II باب دىن

§ 1 . ئىسلام دىنىنىڭ تارقىلىشى ........................................ 739
§ 2 . ئىسلام دىنىدىكى مەزھەبلەر........................................ 739
§ 3 . مەسچىتلەر ................................................ 741
§ 4 . مازارلار ................................................ 742

## III باب خەلقنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرى

§ 1 . ئۆرپ - ئادەت ................................................ 743
§ 2 . پوسكام ناھىيىسىدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ كىشى ئىسىملىرى ................................................ 747
§ 3 . ناچار ئۆرپ - ئادەتلەرنى ئۆزگەرتىش ................................ 748

## IV باب ئىجتىمائىي كەيپىيات

## V باب خەلق تۇرمۇشى

§ 1 . دېھقانلارنىڭ تۇرمۇشى ........................................ 763

§ 2. ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ تۇرمۇشى ...................................... 765

# يەتتىنچى قىسىم شەخسلەر

## I باب شەخسلەرنىڭ تەرجىمىھالى

## II باب شەخسلەر جەدۋىلى

قوشۇمچە ........................................................ 815
تارىخىي ماتېرىياللار ........................................................ 817
«پوسكام ناھىيىسى تەزكىرىسى»نى تۈزۈشكە دائىر ھۆججەتلەر ............ 821
«پوسكام ناھىيىسى تەزكىرىسى»نى تۈزگۈچى، ئورگىنال تەكشۈرگۈچى
خادىملارنىڭ ئىسىملىكى ........................................................ 828
ئاخىرقى سۆز ........................................................ 831
ئۇيغۇرچە نەشرىگە ئاخىرقى سۆز ........................................ 833
جەدۋەللەر ئاچقۇچى ........................................................ 835

# ئومۇمىي بايان

# ئومۇمىي بايان

شىنجاڭدىكى مۇتلەق كۆپ قىسىم ناھىيىلەرنىڭ تەۋەسىدە زور كۆلەمدە چۆل - باياۋان بار، پەقەت پوسكام ناھىيىسىلا خۇددى يېشىل مەرۋايىتتەك تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي گىرۋىكىدىكى يەكەن دەرياسى بىلەن تىزناپ دەرياسى ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان يەلپۈگۈچسىمان تىنىما تۈزلەڭلىكتە جۇلالىنىپ تۇرىدۇ، غەربىي قىسمىدىكى ئازراق چۆلنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ناھىيە تەۋەسى دەل - دەرەخ بىلەن قاپلانغان، ئېتىز يوللىرى گىرەلىشىپ كەتكەن، سۈيى ئەلۋەك، ئوت چۆپى مول، كەنتلەر بىر - بىرىگە تۇتىشىپ تۇرىدۇ. بۇ خىل ئەۋزەللىك ناھىيىنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى مۇھىم ئاشلىق، پاختا ئىشلەپچىقىرىلىدىغان رايونغا ئايلاندۇرغان. كۆكياردا نېفىت ۋە تەبىئىي گازنىڭ ئېچىلىشى، پوسكامدا نېفىت - تەبىئىي گاز تەرەققىيات شىركىتىنىڭ قۇرۇلۇشى پوسكامنى شىنجاڭنىڭ جەنۇبىدىكى رايونلار بويىچە نېفىت - خىمىيە سانائىتى بازىلىرىدىن بىرىگە ئايلاندۇردى.

پوسكام ناھىيىسىنىڭ ئورنى شەرقىي مېرىدىئان 76°55′ — 77°28′، شىمالىي پاراللېل 37°55′ — 38°11′ ئارىلىقىغا توغرا كېلىدۇ، شىمالىي ۋە غەربىي شىمالىي تەرىپى يەكەن دەرياسى ئارقىلىق يەكەن ناھىيىسى بىلەن چېگرىلىنىدۇ، شەرقىي ۋە شەرقىي جەنۇبىي تەرىپى تىزناپ دەرياسى ئارقىلىق قاغىلىق ناھىيىسى بىلەن ئايرىلىپ تۇرىدۇ، جەنۇب تەرىپى كۆكباغ يېزىسى، بۇيلۇق تاجىك مىللىي يېزىسى ئارقىلىق قاغىلىق ناھىيىسىنىڭ سېرىقئاتا ئۆستىڭىگە تۇتىشىدۇ، شەرقىي شىمالىي تەرىپى يىما يېزىسى ئارقىلىق يەكەن ناھىيىسى ئېگەرچى يېزىسىنىڭ كەنتلىرى بىلەن تۇتىشىدۇ. ناھىيىنىڭ شەرقتىن غەربكە ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 61 كىلومېتر، جەنۇبتىن شىمالغا كەڭلىكى 23 كىلومېتر، ئومۇمىي يەر مەيدانى 923.68 كۋادرات كىلومېتر كېلىدۇ (1981 - يىلى ئۆلچەپ بېكىتىلگەن). ناھىيە بويىچە 1984 - يىلدىكى يېزا توققۇز، بازار بىر، كەنت 122 ئىدى. 1985 - يىلى بىر رايون (ناھىيىنىڭ ۋەكالەتلىك ئورگىنى)، بىر بازار، بىر مىللىي يېزا كۆپەيتىپ تەسىس قىلىندى. بۇنىڭدىن باشقا يەنە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، باغۋەنچىلىك مەيدانىدىن تۆتى بار. ناھىيىنىڭ ئومۇمىي نوپۇسى 115 مىڭ 136 بولۇپ، ئۇلار ئۇيغۇر، تاجىك، خەنزۇ، خۇيزۇ قاتارلىق 15 مىللەتتىن تەركىب تاپقان. ناھىيىلىك ھۆكۈمەت پوسكام بازىرىدا.

## 1

ناھىيە تەۋەسىدە يېڭى تاش قوراللار دەۋرىگە ئائىت مەدەنىيەت مىراسلىرى ساقلانغان، بۇ يەردە بۇنىڭدىن 3000 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت ئىلگىرى يېزا ئىگىلىكى بارلىققا كەلگەن. «دەريالار تەپسىراتى ئىزاھلىرى»دا خاتىرىلىنىشىچە خەن سۇلالىسى قوشۇنلىرى بۇ يەردە بوز يەر ئۆزلەشتۈرگەن. بۇ يەر شەرقىي خەن سۇلالىسىدىن شىمالىي ۋېي سۇلالىسىغىچە ساكارائۇل

بەگلىككە تەۋە بولغان. جەنۇبىي ۋە شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدە بىر مەزگىل يەپتاللارغا بېقىندى بولغان. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە قاغىلىقنىڭ بىر قىسمى بولغان، تاڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى بۇ يەردە مەمۇرىي ئاپپارات تەسىس قىلغان. ئۇيغۇرلار غەربكە كۆچۈپ قاراخانىلار خانلىقىنى قۇرغاندا، پوسكام قاراخانىلار خانلىقىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان. لياۋ سۇلالىسىنىڭ باۋدا 4 - يىلى (1120-يىلى) يەنە غەربىي لياۋ سۇلالىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان. جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسىنىڭ جيادىڭ 11 - يىلى (1218 - يىلى) موڭغۇللارغا تەۋە بولغان. جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسىنىڭ باۋچىڭ 1-يىلى (1225 - يىلى) چاغاتاينىڭ سۇيۇرغاللىق يېرىگە ئايلانغان. يۈەن سۇلالىسىنىڭ دادې 8 - يىلى (1304 - يىلى) چاغاتاينىڭ كېيىنكى ئەۋلادى دۇۋا چاغاتاي خانلىقىنى قۇرۇپ بۇ يەرگىمۇ ھۆكۈمرانلىق قىلغان. مىڭ سۇلالىسىنىڭ جېڭدې 9 -يىلى (1514-يىلى) سەئىد قۇرغان يەكەن خانلىقىغا تەۋە بولغان. چىڭ سۇلالىسىنىڭ كاڭشى 17 - يىلى (1678-يىلى) جۇڭغار خانلىقىغا قارىغان. چىڭ سۇلالىسى چوڭ - كىچىك خوجىلارنىڭ توپىلىڭىنى تىنچىتقاندىن كېيىن، چيەنلۇڭ 24 - يىلى (1759 - يىلى) ھەربىي رابات قۇرۇپ، پوسكام ئۆڭىگە تەسىس قىلغان ھەمدە بۇ يەرگە 6 - دەرىجىلىك قازى بەگ قويۇپ ئىشلارنى ئورۇنلاشتۇرغان. چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۈ 9 - يىلى (1883 - يىلى) يەكەن بىۋاستە قاراشلىق ئايمىقى قۇرۇلۇپ، پوسكام قاغىلىقنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەن. گۇاڭشۈ 28 - يىلى ( 1902 - يىلى) پوسكام يەكەن ۋىلايىتىگە بىۋاستە قارايدىغان بولغان. گۇاڭشۈ 29 - يىلى (1903 - يىلى) يەنە قاغىلىق ناھىيىسىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلىپ، بىر نازارەتچى ۋە جاڭزا ئىشلىرىنى باشقۇرغۇچى قويۇلغان. مىنگونىڭ 10 - يىلى (1921 - يىلى) قاغىلىقتىن ئايرىلىپ چىقىپ، پوسكام ناھىيىسى بولۇپ قۇرۇلغان. پوسكام، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، قەشقەر ۋىلايىتى، 10 - رايون دۇسا ۋالىي مەھكىمىسىگە قارىغان. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، يەكەن ۋىلايىتىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان. 1956 - يىلدىن كېيىن قەشقەر ۋىلايىتىگە قارايدىغان بولدى.

پوسكام ناھىيىسى قەدىمدىن تارتىپ «يىپەك يولى» نىڭ جەنۇبىي تارمىقىدىكى مۇھىم بېكەت بولغان. ئۇ، شەرقىي شىمالدا مارالبېشى، ئاقسۇغا، غەربىي شىمالدا قەشقەرگە، شەرقىي جەنۇبتا خوتەنگە، غەربىي جەنۇبتا كەشمىرگە بارىدىغان ستراتېگىيىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە قاتناش تۈگۈنى، ھەربىي سەركەردىلەر تالىشىپ كەلگەن جاي ئىدى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنلۇڭ 22 - يىلى (1757-يىلى) چوڭ - كىچىك خوجىلار — بۇرھانىدىن ۋە خوجاجاھان توپىلاڭ قوزغىغاندا، چىڭ سۇلالىسىنىڭ چېگرىنى تىنچىتقۇچى سانغۇنى جاۋخۇي توپىلاڭنى تىنچىتىش داۋامىدا توسۇلۇپ قېلىپ، بۇ يەردە قارا سۇ لەشكەر گاھىنى قۇرۇپ، ئۈچ ئايغىچە مۇھاسىرە ئىچىدە قالغان، ئاخىرىدا ياردەمگە ئېرىشىپ مۇھاسىرىنى بۆسۈپ چىقىپ، توپىلاڭنى تىنچىتىشنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرگەن. چىڭ سۇلالىسىنىڭ داۋگۇاڭ 10 - يىلى (1830 - يىلى) 11 - ئايدا چىڭ سۇلالىسىنىڭ قوشۇنلىرى خوتەندىن پوسكامغا كېلىپ، يەكەن دەرياسى كۆۋرۈكىدە جاھانگىر خوجىنىڭ توپىلاڭچى قوشۇنىنىڭ ئادەملىرىدىن نەچچە ئوننى تىرىك تۇتۇۋالغان. چىڭ سۇلالىسىنىڭ شيەنفېڭ 7 - يىلى (1858 - يىلى) 7 - ئايدا ۋەلىخان تۆرىنىڭ توپىلاڭچى قوشۇنلىرى پوسكام ھەربىي راباتىنى مالىمان قىلغاندا، چىڭ سۇلالىسىنىڭ قوشۇنلىرى خوتەندىن چىقىپ يول بويى ئالدىنى توسۇپ زەربە بەرگەن. بۇ زور جەڭ داۋامىدا پوسكام ناھىيىسىدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق ھۆكۈمەت قوشۇنلىرىغا ياردەم بېرىپ، ۋەتەننىڭ

بىرلىكنى قوغداش ئۈچۈن مۇھىم تۆھپىلەرنى قوشقان. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ناھىيىدىكى ھەر مىللەت خەلقى قەد كۆتۈرۈپ ئازادلىققا ئېرىشتى، ئۇلار پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، مىللىي ئارازچىلىقنى تۈگىتىپ، يېڭىچە سوتسىيالىستىك مىللىي مۇناسىۋەتنى شەكىللەندۈردى. 1987 - يىلى پوسكام شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بويىچە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدا نەمۇنىچى ناھىيە بولۇپ باھالاندى. 1988 - يىلى مەملىكەت بويىچە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، تەرەققىياتىدا ئىلغار كوللېكتىپ بولۇپ باھالاندى.

## 2

پوسكام ناھىيىسىنىڭ كىلىماتى مۆتىدىل بەلباغنىڭ چوڭ قۇرۇقلۇق خاراكتېرىدىكى قۇرغاق كىلىماتىغا كىرىدۇ، ئەتىياز بالدۇر، كۈز كېچىكىپ كېلىدۇ، ياز پەسلى ئۇزۇن، قىش پەسلى قىسقا بولىدۇ، تۆت پەسىل ئېنىق پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. 3 - ئاينىڭ باشلىرىدا يەرنىڭ توڭى يېنىپ، تېرىقچىلىق باشلىنىدۇ، زىرائەت تېرىلغۇ مەۋسۇمى ئادەتتە 280 كۈن بولىدۇ (ئەڭ ئۇزۇن بولغاندا 305 كۈن، ئەڭ قىسقا بولغاندا 266 كۈن بولىدۇ). قۇياش نۇرىنىڭ ھەر كۋادرات سانتىمېتىر يەرگە چۈشكەن يىللىق ئوتتۇرىچە مىقدارى 143.5 كىلوكالورىيىگە، قۇياشنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە يورۇتۇش ۋاقتى 4435 - 4446 سائەتكە يېتىدۇ. يىللىق ئەڭ يۇقىرى تېمپېراتۇرا 38.8°C، ئەڭ تۆۋەن تېمپېراتۇرا -23°C بولىدۇ. يىللىق ئەڭ كۆپ ھۆل-يېغىن مىقدارى 94.9 مىللىمېتىرغا، يىللىق ئوتتۇرىچە ھۆل - يېغىن مىقدارى 39.6 مىللىمېتىرغا، سۇنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە پارغا ئايلىنىش مىقدارى 2320.1 مىللىمېتىرغا يېتىدۇ. ناھىيىنىڭ يېرى تۈز، بايلىقى مول. «مۇتىيەنزى تەزكىرىسى»دە يەكەن دەرياسى «قاشتېشى دەرياسى» دەپ ئاتالغان، بۇ يەر «تاغلىرى قاش تېشى بىلەن تولغان، ئورمانلىرى بۈك - باراقسان، خىلمۇ خىل قۇشلار توپلاشقان، رەڭگارەڭ گۈللەر ئېچىلىپ تۇرغان، تولىمۇ ئاۋات جاي» دېيىلگەن. ناھىيە بويىچە تېرىشقا بولىدىغان 420 مىڭ مودىن ئارتۇق يەر، ئېچىپ پايدىلىنىشقا بولىدىغان 360 مىڭ مودىن ئارتۇق يەر بار. 566 مىڭ مو ئوتلاق بار، بۇنىڭ ئىچىدە ناھىيە سىرتىدىكى ئەنئەنىۋى داۋاملىق پايدىلىنىلىدىغان ئوتلاق 400 مىڭ مو، ناھىيە تەۋەسىدىكى ئوتلاق 166 مىڭ مو، چارۋا سىغىمچانلىقى 270 مىڭ تۇياق. 115 مىڭ مو ئورمانلىق بار، بۇنىڭ ئىچىدە بەرپا قىلىنغان يېپىنچا ئورمان 112 مىڭ 200 مو، قايتا ئۆسكەن توغراق يېپىنچا ئورمىنى 2800 مو. يەكەن دەرياسىنىڭ ناھىيە تەۋەسىدىن ئۆتىدىغان قىسمى 56 كىلومېتىر، يىللىق ئوتتۇرىچە ئېقىن مىقدارى 6 مىليارد 374 مىليون كۇب مېتىر، ئۇ، ھەر يىلى ئېتىزلارنى سۇغىرىشقا 500 مىليون كۇب مېتىردىن 800 مىليون كۇب مېتىرغىچە سۇ يەتكۈزۈپ بېرىدۇ. يەر ئاستى سۈيىنى تولۇقلاش مىقدارى 500 مىليون كۇب مېتىر. ناھىيە تەۋەسىدىن بۇغداي، پاختا، شال، كۆممىقوناق، زىغىر، زارائزا ۋە ھەر خىل پۇرچاق، قوغۇن - تاۋۇز، مېۋە - چېۋە چىقىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە توشقان زەدىكى، چۈچۈك بۇيا، چاكاندا، ئالىقات قاتارلىق 20 خىلدىن ئارتۇق قىممەتلىك جۇڭيى دورا ئۆسۈملۈكى چىقىدۇ.

## 3

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى پوسكام ئۆزى ئۆزىنى تەمىنلەيدىغان

تەبىئىي ئىقتىسادىي رايون بولۇپ، فېئوداللىق جەمئىيەتنىڭ ئوتتۇرا مەزگىلىدە تۇراتتى، قۇللۇق تۈزۈمنىڭ قالدۇقلىرىمۇ تېخى مەۋجۇت ئىدى. يېزا نوپۇسىنىڭ 3.56 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدىغان فېئودال پومېشچىكلار ناھىيىنىڭ %24.04 يېرىنى ئىگىلىۋالغانىدى. ئېچىنىشلىق سىنىپىي زۇلۇم ۋە قالاق ئىشلەپچىقىرىش شەكلى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى قاتتىق چۇشەپ تۇراتتى، ئۇزۇندىن بۇيان تېرىقچىلىق ئۇسۇلى قوپال، ئىشلەپچىقىرىش سەۋىيىسى تۆۋەن ھالەتتە تۇرۇپ كەلگەنىدى. 1949 - يىلى ناھىيە بويىچە ئاشلىقنىڭ مو بېشى مەھسۇلاتى 50 نەچچە كىلوگرام ئىدى. پاختا (ساپ پاختا بويىچە ھېسابلاندى)نىڭ مو بېشى مەھسۇلاتى ئۈچ - تۆت كىلوگرامغىلا يېتەتتى، مول ھوسۇل ئېلىنغان يىللىرىمۇ يەتتە - سەككىز كىلوگرامدىن ئاشمايتتى. دېھقانلار بىر يىل جاپالىق ئەمگەك قىلسا، ھەر خىل باج، غەللە - پاراقلارنى تاپشۇرۇۋەتسە قولىدا ھېچ نەرسە قالمايتتى. بىر يىللىق كىرىمى يېڭى خەلق پۇلىغا سۇندۇرغاندا 30 يۈەندىن ئاشمايتتى. ئۇلار يىل بويى قورسىقى تويغۇدەك تاماق، ئۇچىسى ئىسسىغىدەك كىيىم كۆرمەيدىغان نامرات تۇرمۇش كەچۈرەتتى. ناھىيە بويىچە بىرمۇ زاۋۇت يوق ئىدى، تاۋار ئىگىلىكى راۋاجلانمىغانلىقتىن، بازارلار خارابلاشقانىدى. دېھقانلار قاتمۇ قات شىلىۋېلىنىشلارغا قارىتا قارشىلىق كۆرسىتەتتى ياكى پومېشچىكلارنىڭ دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى تۇرۇپ چاقاتتى ۋە ياكى قاچاتتى. لېكىن ھۆكۈمرانلار سىنىپىنىڭ قاتتىق قىيىن - قىستاقلىرى، كويزا - كىشەنلىرىنىڭ ئاسارىتى دەستىدىن، ئاخىرقى ھېسابتا يەنىلا ئېغىر زۇلۇمدىن قۇتۇلالمايتتى. 1949 - يىل 9 - ئاينىڭ 25 - كۈنى شىنجاڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولدى. ھەر مىللەت خەلقى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە، دۆلەتنىڭ زور كۈچ بىلەن ياردەم بېرىشى ئارقىسىدا، ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈپ، چاپا - مۇشەققەتكە چىداپ كۈرەش قىلىپ، سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرىدا غايەت زور مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈردى. تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 1949 - يىلى 428 مىڭ مو ئىدى، 1984 - يىلى يەنىلا 428 مىڭ مودا مۇقىم تۇرۇۋەردى. تېرىلغۇ كۆلىمى 1949 - يىلدىكى 392 مىڭ 800 مودىن، 1984 - يىلى 485 مىڭ 300 موغا يەتتى. ئاشلىق يىلمۇ يىل ئاشتى. 1984 - يىلى ناھىيە بويىچە ئومۇمىي ئاشلىق 70 مىليون 580 مىڭ كىلوگرامغا يېتىپ، 1949 - يىلدىكى 18 مىليون 972 مىڭ 500 كىلوگرام ئاشلىقنىڭ 3.7 ھەسسىسىگە توغرا كېلىپ، يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن %82.3تىن ئاشتى. بىرلىك مەھسۇلاتى 1.217 كىلوگرامغا يېتىپ، 1949 - يىلدىكى 59.65 كىلوگرامنىڭ 3.6 ھەسسىسىگە توغرا كېلىپ، يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن %76.3تىن ئاشتى. ئومۇمىي پاختا 4 مىليون 3500 كىلوگرامغا يېتىپ، 1949 - يىلدىكى 265 مىڭ كىلوگرامنىڭ 15 ھەسسىسىگە توغرا كېلىپ، يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن %07.8تىن ئاشتى، بىرلىك مەھسۇلاتى 40 كىلوگرامغا يېتىپ، 1949 - يىلدىكى 8.95 كىلوگرامنىڭ 4.7 ھەسسىسىگە توغرا كېلىپ، يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن %54.4تىن ئاشتى.

چارۋىچىلىق بىر مەزگىل بىر ئىزدا توختاپ قالغانىدى، چارۋىنىڭ سانىمۇ بەزىدە كۆپىيىپ، بەزىدە كېمىيىپ تۇراتتى. پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، ھەر خىل شەكىلدىكى چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنىڭ تەدرىجىي

ئەمەلىيلەشتۈرۈش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈشكە ئەگىشىپ، چارۋا زور ھەجىمدە كۆپەيدى. 1982 - يىلى ئومۇمىي چارۋا 205 مىڭ تۇياققا يېتىپ، 1949 - يىلدىكىدىن ئاز كەم بىر ھەسسە كۆپەيدى. يېقىنقى بىر قانچە يىلدىن بۇيان خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى ئۆسكەنلىكتىن، چارۋىنىڭ قولدىن چىقىرىلىش نىسبىتىمۇ مۇناسىپ كۆپەيدى، لېكىن 1984 - يىلدىكى ئومۇمىي چارۋا يەنىلا 182 مىڭ 400 تۇياققا يەتتى.

ئورمانچىلىق داۋاملىق راۋاجلاندى. 1949 - يىلى ناھىيە بويىچە ئاران 1 مىليون 80 مىڭ تۈپ ھەر خىل دەرەخ بار ئىدى. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغان 34 يىلدىن بۇيان، جەمئىي 165 مىڭ 400 مو يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى، كېيىن يېڭىلانغانلىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ساقلاپ قېلىنغان ئورمان كۆلىمى 112 مىڭ 200 موغا، ساقلاپ قېلىنىش نىسبىتى %67.8 كە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئېتىز - ئېرىق ئىھاتە ئورمىنى 35 مىڭ 600 مو بولۇپ، ئومۇمىي ئورمان كۆلىمىنىڭ 31.7 پىرسەنتىنى، يېقىلغۇ ئورمىنى 44 مىڭ 600 مو بولۇپ، %39.8 نى، ماتېرىيال ئورمىنى 7000 مو بولۇپ، %6.3 نى، ئىقتىسادىي ئورمان ۋە ھەر خىل مېۋىلىك باغ 11 مىڭ 500 مو بولۇپ، %10.2 نى، قۇمدىن مۇداپىئە كۆرۈلىدىغان غول ئورمان 1000 مو بولۇپ، %0.9 نى، مۇھىت ئاسراش ئورمىنى 12 مىڭ 400 مو بولۇپ، %11.1 نى ئىگىلىدى. ئۇنىڭدىن باشقا، قايتا ئۆسكەن توغراقلىق ئورمىنى 2800 مو، ھەر خىل دەل - دەرەخ 26 مىليون 136 مىڭ تۈپ بولۇپ، كىشى بېشىغا 227 تۈپتىن توغرا كەلدى. ناھىيىنىڭ ئورمان بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى %8.1 بولدى. يېزا - بازار كارخانىلىرى 1977-يىلدىن باشلاپ پوسكام نېفىت تەبىئىي گاز تەرەققىيات شىركىتى ئاساسىي قۇرۇلۇش ئېلىپ بارغان پۇرسەت تۇتۇلغاچقا، خېلى تېز تەرەققىي قىلىپ، بىناكارلىق ماتېرىياللىرى، قاتناش-ترانسپورت مەركەز قىلىنغان، يېمەك - ئىچمەك مۇلازىمىتى، يېمەكلىك پىششىقلاپ ئىشلەش، باقمىچىلىق، تېرىقچىلىق قاتارلىق كەسىپلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان يېزا - بازار كارخانىلىرى قۇرۇلمىسى يىلمۇيىل شەكىللەندى. 1984 - يىلغىچە يېزا - بازار كارخانىسى 197 گە، خادىمى 4107 گە يەتتى. يەتتە يىلدا بۇ كارخانىلار دۆلەتكە 1 مىليون 127 مىڭ يۈەن باج، يېزا (گۇڭشې) غا تەخمىنەن 2 مىليون يۈەن پايدا تاپشۇردى.

ناھىيە بازىرى ۋە يېزىلارنىڭ قۇرۇلۇشىمۇ ئۈچقاندەك تەرەققىي قىلدى. ناھىيە بازىرى بولغان پوسكام بازىرى 1965 - يىلدىن باشلاپ پىلانلىق كېڭەيتىلىپ، ئىلگىرىكى بىر كۋادرات كىلومېتىردىن 3.6 كۋادرات كىلومېتىرغا يەتكۈزۈلدى. كوچىلىرى بىردىن 11 گە كۆپەيتىلدى. بۇنىڭ تولۇقىغا ئاسفالت ياتقۇزۇلدى. ئۆي - ئىمارەت قۇرۇلۇشى 1949 - يىلدىكى 30 مىڭ 700 كۋادرات مېتىردىن 389 مىڭ كۋادرات مېتىرغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئىككى - ئۈچ قەۋەتلىك بىنا 23. ھازىر كوچا بويلىرىدىكى دەل - دەرەخلەر، يېشىل قاشالار، گۈللۈكلەر، سىماپ يالىتىلغان لامپۇچكىلار بىلەن قوشۇلۇپ كۆزنى قاماشتۇرىدۇ. ناھىيە بازىرىنىڭ پاكىزلىقى، گۈزەللىكى، ھاۋاسىنىڭ ساپلىقى كىشىنى مەھلىيا قىلىدۇ. يېزىلاردىكى «بەشتە ياخشى قۇرۇلۇش» ى جەھەتتە، 1983 - يىلغىچە 200 مىڭ مو ئۆلچەملىك سالا ئېتىز، 1736 كىلومېتىر ئۆزۈنلۇقتا 1536 رەت ئىھاتە ئورمان بەلبېغى بەرپا قىلىندى؛ تەخمىنەن 500 ئورۇندا ئاھالىلەر

مەھەللىسى سىلىندى؛ ھەر دەرىجىلىك تاشيولدىن 1500 ى ياسالدى؛ 1472 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا ھەر دەرىجىلىك ئېرىق - ئۆستەڭدىن 1425 ى ئۆزگەرتىلدى، نەتىجىدە ناھىيە بويىچە يول، ئېرىق - ئۆستەڭ، ئېتىز، ئورمانلار ئاساسەن تورلاشتۇرۇپ بولۇندى.

زامانىۋى سانائەت يوقلۇقتىن بارلىققا كەلدى، قول سانائىتى يەنىلا مۇھىم رول ئوينىماقتا. 1984 - يىلغىچە ناھىيە بويىچە سانائەت كارخانىسى 73 كە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئومۇمىي خەلق مۇلۇكچىلىكىدىكى كارخانا يەتتە، كوللېكتىپ مۇلۇكچىلىكىدىكى كارخانا 66، بۇ كارخانىلار كۆمۈر قېزىش، توك تارقىتىش، دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى ياساش، ئۇششاق مېتال بۇيۇملارنى ياساش، ئاپتوموبىل رېمونت قىلىش، بىناكارلىق ماتېرىياللىرى، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش، يېمەكلىك پىششىقلاپ ئىشلەش قاتارلىق كەسىپلەر بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 9 مىليون 610 مىڭ يۈەن بولۇپ، سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنىڭ 16.96 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. 1984 - يىلدىن باشلاپ سىرتتىن كىرگۈزۈش، ئىچكى جەھەتتە بىرلىشىش يولغا قويۇلۇپ، ۋىلايەتنىڭ ئىچى - سىرتىدىكى 15 زاۋۇت بىلەن كېلىشىم ھاسىل قىلىنىپ، زاۋۇت قۇرۇلۇپ، يېڭى مەھسۇلاتلار ئىشلەپچىقىرىلىشقا باشلىدى، گۈللۈك سېمونت خىش، يۇقىرى ئۆلچەملىك سېمونت، قاتتىقلاشتۇرۇلغان ئەينەك، پاختا يىپ ئارقا - ئارقىدىن بازارغا سېلىنىپ، شاڭخەي، قەشقەر، خوتەن، ئالى قاتارلىق جايلاردا سېتىلدى.

سانائەت، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق تەرەققىي قىلغانلىقتىن، سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى ئۇزلۇكسىز ئاشتى. 1949 - يىلى 12 مىليون 504 مىڭ 300 يۈەن بولغان بولسا، 1984 - يىلى 57 مىليون 588 مىڭ 500 يۈەنگە يەتتى؛ مالىيە كىرىمىمۇ ھەسسىلەپ كۆپەيدى. 1950 - يىلى 45 مىڭ يۈەن ئىدى، 1984 - يىلى 1 مىليون 240 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 17.5 ھەسسە كۆپەيدى.

سودا كۆنسايىن گۈللەندى. 1955 - يىلى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سودا ئورۇنلىرى ۋە تەمىنات سودا كوپېراتىپلىرىنىڭ ئومۇمىي سېتىش سوممىسى 389 مىڭ يۈەن، پايدىسى 10 مىڭ 200 يۈەن بولغانىدى، 1983 - يىلى سېتىش سوممىسى 10 مىليون 259 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 26 ھەسسە، پايدىسى 209 مىڭ يۈەنگە يېتىپ 19 ھەسسە كۆپەيدى.

مەدەنىيەت، مائارىپ، سەھىيە، پەن - تېخنىكا ئىشلىرىدىمۇ يېڭى تەرەققىيات قۇرۇلمىسى شەكىللەندى. 1949 - يىلى ناھىيە بويىچە ئاران يېڭى ئىتتىپاق ئۇيۇشمىسى باشقۇرغان ئىشتىن سىرتقى دراما ئۆمىكى، توققۇز مەكتەپ بار ئىدى، مەكتەپكە كىرگەن باللار ئوقۇش يېشىدىكى باللارنىڭ ئاران 19 پىرسەنتىگە توغرا كېلەتتى. ياش، ئوتتۇرا ياشلىقلار ئىچىدىكى ساۋاتلىقلار ياش، ئوتتۇرا ياشلىقلار ئومۇمىي سانىنىڭ تۆت پىرسەنتىنى ئىگىلەيتتى. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغان 34 يىلدىن بۇيان، ناھىيىدە مەدەنىيەت يۇرتى، كۇتۇپخانا، كىتابخانا، كىنوخانا، رادىئو ئۇزىلى، تېلېۋىزىيە كۆچەيتىش ئىستانسىسى، كىنو فىلىم تارقىتىش پونكىتى قۇرۇلدى. يېزىلاردا مەدەنىيەت پونكىتى، كىنو قويۇش ئەترىتى، رادىئو كۈچەيتىش پونكىتى قۇرۇلدى. شۇنىڭ بىلەن ناھىيىدىكى خەلق ئاممىسى كىنو، تېلېۋىزور كۆرەلەيدىغان، رادىئو

ئاڭلىيالايدىغان بولدى. ناھىيە بويىچە يېڭىدىن 34 مەكتەپ (23 باشلانغۇچ مەكتەپ، 11 ئوتتۇرا مەكتەپ) قۇرۇلۇپ، ئوقۇش يېشىدىكى 99٪ بالا مەكتەپكە كىرىش ئىمكانىيىتىگە، باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ 78 پىرسەنتى، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ 50 پىرسەنتى يۇقىرى مەكتەپلەرگە كىرىپ بىلىم ئېلىش پۇرسىتىگە ئىگە قىلىندى. ھەر مىللەت ئامما ئىلگىرىكى يىللاردىكى ساۋات چىقىرىش تەربىيىسى ئارقىلىق، بىر دەك ساۋاتسىزلىقتىن قۇتۇلدى. پوسكام ناھىيىسى ئاپتونوم رايون بويىچە «ئىشتىن سىرتقى مائارىپنى ئومۇملاشتۇرغان ناھىيە» دېگەن شەرەپلىك نامغا ئېرىشتى. يېڭىدىن 16 سەھىيە - ساقلىق ساقلاش ئاپپاراتى قۇرۇلدى، بۇلاردا 320 تىببىي خادىم ئىشلەيدۇ، بۇ ئاپپاراتلار تۈرلۈك ئىلغار داۋالاش ئۈسكۈنىلىرىنى سەپلەپ، ئۇلارنى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ جىسمانىي ۋە روھىي جەھەتتىكى سالامەتلىكى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇپ، ئۆتمۈشتىكى دوختۇر، دورا يېتىشمەيدىغان، تۇغۇلۇش، ئۆلۈشنى تەقدىردىن كۆرىدىغان قالاق ھالەتنى تۈپتىن ئۆزگەرتتى. پەننى ئومۇملاشتۇرۇش ھەققىدىكى تەشۋىقات كۈچەيتىلىپ، ئىلغار يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسى كېڭەيتىلىپ، ئىلمىي ئۇسۇلدا يەر تېرىش سەۋىيىسى ئۈزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرۈلدى.

يۇقىرىدىكى تۈرلۈك قۇرۇلۇش ئىشلىرىنى ئېلىپ بېرىش جەريانىدا، 1950 - يىلدىن 1984-يىلغىچە يۇقىرى دەرىجىلىك مەسئۇل تارماقلار ئۆز ساھەسى بويىچە سالغان مەبلەغدىن باشقا، دۆلەت پوسكام ناھىيىسىگە مالىيەدىن جەمئىي 64 مىليون 137 مىڭ يۈەن ئاجرىتىپ بېرىپ، پوسكام ناھىيىسىنىڭ تۈرلۈك سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا كۈچلۈك ياردەم بەردى.

ئىشلەپچىقىرىش راۋاجلانغانلىقتىن، خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى يىلمۇ يىل ئۆستى. 1949-يىلى دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمى 30 نەچچە يۈەن ئىدى، 1984 - يىلى 315 يۈەنگە يەتتى. ئاشلىق ئۆلچىمى 60 - يىللاردىكى كىشى بېشىغا 200 كىلوگرامدىن تۇغرا كېلىشتىن، 1984 - يىلى 613.45 كىلوگرامغا يەتتى. بەزى ئالىي دەرىجىلىك تاۋارلار دېھقان ئائىلىلىرىگە ئارقا - ئارقىدىن كىردى. 1984 - يىلدىكى ستاتىستىكىغا قارىغاندا، ناھىيە بويىچە دېھقانلار سېتىۋالغان تراكتور 42گە، قول تراكتورى 34 كە، ئاشلىق، پاختا، ياغ پىششىقلاپ ئىشلەش ماشىنىسى 275 كە، ھەر خىل ئېلېكتر ماتورى، دىزېل 91 گە، ئاپتوموبىل 21 گە، موتسىكلىت 15 كە، تېلېۋىزور 89 غا، رادىئولۇق ئۈنئالغۇ 3793 كە، كىيىم تىكىش ماشىنىسى 4460 قا، قول سائىتى 4033 كە، ۋېلسىپىت 8282 گە يەتكەن. 1988 - يىلى دېھقانلارنىڭ قولىدىكى تېلېۋىزور 2010 غا، ئۈنئالغۇ 4702 گە، رادىئو 4591 گە يەتكەن.

## 4

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن تارتىپ ھازىرغىچە پوسكام ناھىيىسىدىكى ھەر مىللەت خەلقى 1949 - يىلدىن ئىلگىرىدىكىدەك ئاچ - يالىڭاچلىق ھالەتتىن قۇتۇلۇپ، تەدرىجىي كىيىمى پۈتۈن، قورسىقى توق بولۇشتەك تۇرمۇش شارائىتىغا ئۆتۈشكە باشلىدى. 80 - يىللاردا

ھاللىق تۇرمۇشقا قاراپ قەدەم تاشلىدى. ھەر مىللەت خەلقى سوتسىيالىزمنىڭ داغدام يولىدا، پارتىيىنىڭ تۈپ ئاساسىي پرىنسىپىدا، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش فاڭجېنىدا داۋاملىق چىڭ تۇرۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىپ، ئۇنىۋېرسال ئۇستۇنلۇكنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، يېزا ئىگىلىكىنى پەن - تېخنىكىغا تايىنىپ گۈللەندۇرۇشكە ئەھمىيەت بېرىپ، يېزا ئىگىلىك سېلىنمىسىنى كۆپەيتىپ، ئىگىلىك قۇرۇلمىسىنى تەڭشەپ، پىلانلىق تاۋار ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇپ، ماددىي مەدەنىيەت ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى ياخشى تۇتۇپ، ۋەتىنىمىزنىڭ پوسكامدىن ئىبارەت گۆھەر زېمىنىنى تېخىمۇ پارلاق نۇر چېچىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلغۇسى.

# چوڭ ئىشلار

# چوڭ ئىشلار

(1921 ـ يىلدىن 1988 ـ يىلغىچە)

## مىنگو دەۋرى

### مىنگونىڭ 10 ـ يىلى (1921 ـ يىلى)

**10 ـ ئاي** 1 ـ كۈنى شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ باشلىقى ياڭ زېڭشىن قاغىلىق ناھىيىسىنىڭ پوسكام دېگەن يېرىنى ئايرىپ پوسكام ناھىيىسى قۇرۇشنى، ئۇنىڭ قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولۇشىنى تەكشۈرۈپ تەستىقلاپ بېرىش توغرىسىدا بېيجىڭدىكى مەركىزىي ھۆكۈمەتكە مەلۇمات يوللىدى.

**11 ـ ئاي** 10 ـ كۈنى تۇگۇچىيۇ ناھىيە قۇرۇشقا تەييارلىق كۆرۈش ھەيئىتىنىڭ ئەزالىق سالاھىيىتى بىلەن پوسكامغا كېلىپ ناھىيە قۇرۇشنىڭ تەييارلىق خىزمەتلىرىنى ئىشلەشكە باشلىدى.

### مىنگونىڭ 11 ـ يىلى (1922 ـ يىلى)

مەركىزىي ئىچكى ئىشلار مىنىستىرلىكى جاڭ جىڭنەننى پوسكام ناھىيىسىنىڭ ۋاقىتلىق ئامباللىقىغا تەستىقلىدى. 5 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى جاڭ جىڭنەن ۋەزىپىگە ئولتۇرۇپ، يامۇلغا ئورۇن تاللىدى. ناھىيە بىر ساناتورىيە قۇرۇپ، ئون نەپەر يېتىم بالا، ئىگە ـ چاقىسىز بوۋاي ـ مومايىنى قوبۇل قىلدى.

### مىنگونىڭ 12 ـ يىلى (1923 ـ يىلى)

يامۇلنىڭ قۇرۇلۇشى پۈتكەندىن كېيىن، لوزۇنكىلار ئېسىلىپ مۇبارەكلەندى. ئىچكىرىدىكى

ئۆلكىلەردىن تەكلىپ قىلىنغان تىياتىر ئۆمىكى بىر ئايدىن ئارتۇق ئويۇن قويدى.

## مىنگونىڭ 13 - يىلى (1924 - يىلى)

جىڭ ۋۆلىن ناھىيىنىڭ ئامباللىقىغا تەيىنلەنگەندىن كېيىن، يەكەن دەرياسىغا كەلكۈن كېلىش توپەيلىدىن ئاپەتكە ئۇچرىغان غوڭرات قاتارلىق كەنتلەرنىڭ 632.92 مو يېرىدىن ئېلىنىدىغان، چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۈ 22 - يىلىدىن مىنگونىڭ 13 - يىلىغىچە بولغان 27 يىللىق 536.17 دادەن ئاشلىقنى، 1885 جىڭ ئوت - چۆپنى كەچۈرۈم قىلىش توغرىسىدا ياڭ زېڭشىن ئارقىلىق بېيجىڭ ھۆكۈمىتىگە مەلۇمات يوللاپ، تەكشۈرۈپ تەستىقلاپ بېرىشنى ئىلتىماس قىلدى.

## مىنگونىڭ 14 - يىلى (1925 - يىلى)

ئوغرى روزى قازان، مۇھەممەت ئوتان، زايىت چاقا قاتارلىقلار 4 - يېزىنى پاراكەندە قىلغانلىقتىن، ئامبال جىڭ ۋۆلىن جەمئىيەت ئامانلىقىنى ياخشىلاش يۈزىسىدىن، بۇ ئوغرىلارنى قاتتىق جازالىدى.

زوخەيسېن ناھىيىنىڭ ئامباللىقىغا تەيىنلەنگەندىن كېيىن، زەھەرلىك چېكىملىكلەرنى چېكىش شامىلىنى توسۇش ئۈچۈن، دائىم پۇقراچە ياسىنىپ خۇپىيانە تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى.

## مىنگونىڭ 16 - يىلى (1927 - يىلى)

ئەن شۈرېن ناھىيىنىڭ ئامباللىقىغا تەيىنلەندى.

## مىنگونىڭ 17 - يىلى (1928 - يىلى)

لى لەن ئامباللىققا تەيىنلىنىپ سەككىز ئايدىن كېيىن ئاغرىپ ئۆلۈپ كەتتى.

## مىنگونىڭ 18 - يىلى (1929 - يىلى)

جىن كۈن ناھىيىنىڭ ئامباللىقىغا تەيىنلەندى.

## مىنگونىڭ 19 - يىلى (1930 - يىلى)

مادېچىڭ ئامباللىققا تەيىنلەنگەندىن كېيىن، كەمبەغەللەرگە سەدىقە بېرىپ، ھۆكۈمەتنىڭ

ئابرويىنى ئۆستوردى.

## مىنگونىڭ 20 - يىلى (1931 - يىلى)

ۋاڭ ۋېنجيې ئامباللىقتا تەيىنلىنىپ يەر بېجىنى خالىغانچە كۆپەيتكەچكە، پۇقرالار ئارقا - ئارقىدىن يوقىرىغا ئەرز قىلدى، جىن شۇرېن خەلقنىڭ ئەھۋالىغا جىددىي قاراپ، ئۇنى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاپ، تەكشۈرۈپ چارە كۆردى.

## مىنگونىڭ 21 - يىلى (1932 - يىلى)

چېن رۈبىن ئامباللىققا تەيىنلەندى. ھىندىستانلىق سودىگەرلەر يېزىلاردا زورلۇق - زومبۇلۇق قىلىپ، «ئىلاھىمىزغا ھۆرمەتسىزلىك قىلدى» دېگەن باھانە بىلەن يېزىلاردا پۇقرالارنىڭ كالا سويۇشىنى خالىغانچە توستى. ھىندىستانلىق سودىگەر ئىدرىس گىلىمنىڭ ئوغرىلىنىپ كەتكەنلىكىنى باھانە قىلىپ، گىلىمگە 400 سەر تەڭگە باھا قويۇپ، يامۇلنى تۆلەپ بېرىشكە قىستىدى.

## مىنگونىڭ 22 - يىلى (1933 - يىلى)

3 - ئاي ئىككىسۇ بازىرىدىن چاۋاربەگ، مىرامەت قازى، پوسكام بازىرىدىن غوپۇرباي، ماڭسۇربەگ ئاممىنى ناھىيىلىك يامۇلغا قورشاپ ھۇجۇم قىلىشقا قۇتراتىپ، ئامبال چېن رۈبىننى ۋە ساقچى، بىگوناھ پۇقرالاردىن بولۇپ جەمئىي 20 نەچچە كىشىنى ئۆلتۈرۈۋەتتى. خوتەننىڭ شەرقىي تۈركىستانچىلارنىڭ كاتتىبېشى شامەنسۇر پوسكامنى ئىشغال قىلىپ، ئىسراپىل داموللىنى قورچاق ھاكىملىققا، سېيىت ھاجىنى قورچاق مۇئاۋىن ھاكىملىققا تەيىنلىدى.

## مىنگونىڭ 23 - يىلى (1934 - يىلى)

سېيىت ھاجى قورچاق ھاكىم بولدى. شامەنسۇر پوسكامنى تايانچ قىلىپ يەكەنگە ھۇجۇم قىلدى.

ماخۇسەننىڭ قىسىملىرى قاغىلىققا كىرىپ ئورۇنلاشقاندىن كېيىن، يەكەن دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىكى رايونلارنى ئىگىلىۋېلىپ ياقۇپبەگنى پوسكامنىڭ ھاكىملىقىغا تەيىنلىدى. ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت تەيىنلىگەن ھاكىم مۇھەممەت ئابدۇللا توپىلاڭ تۈپەيلىدىن ۋەزىپە ئۆتىيەلمىدى.

## مىنگونىڭ 24 - يىلى (1935 - يىلى)

پوسكام يەنىلا ماخۇسەننىڭ باشقۇرۇشىدا بولدى. مەتنىياز بەگ بارلىق ھەق - تەلەپ دەۋا ئىشلىرىنى بېجىرىش ۋەزىپىسىنى تاپشۇرۇۋالدى.

## مىنگونىڭ 25 - يىلى (1936 - يىلى)

شېڭ شىسەي بىلەن ماخۇسەن تىنچلىق كېلىشىمى ئىمزالاپ، يەكەن دەرياسىنى چېگرا قىلىشنى، ئىككى تەرەپ بىر - بىرىگە چېقىلماسلىقنى بەلگىلىدى.

## مىنگونىڭ 26 - يىلى (1937 - يىلى)

شېڭ شىسەي ئەسكەر چىقىرىپ ماخۇسەنگە قارشى جازا يۈرۈشى قىلدى، ماشىنىلاشقان قىسىم پوسكامغا كىردى، يول تار بولغاچقا، تانكا ۋە برونېۋىكلار ئۆتەلمەي، يول ياقىسىدىكى پىشايۋانلىق دۇكانلارنى ئۆرۈۋەتتى.

ماخۇسەننىڭ قىسىملىرى مەغلۇپ بولدى، شېڭ شىسەي جەنۇبىي شىنجاڭنى قايتۇرۇۋالدى، ۋېن گودۇڭ ھاكىملىققا تەيىنلەندى.

ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى قۇرۇلدى. ئۇيۇشما قارىمىقىدا بىر باشلانغۇچ مەكتەپ قۇرۇلدى.

## مىنگونىڭ 27 - يىلى (1938 - يىلى)

جاڭ جىڭچىڭ ھاكىملىققا تەيىنلىنىپ، شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمىتىنىڭ ھەرىكەتلىرىگە قاتناشقان سېيىت ھاجى، ئىسراپىل داموللا، قاسىم داموللا، توختىبەگ، ھوشۇر ئەلەم، ئابدۇللا قازى، مىرامەت قازى، ماڭسۇر بەگنى قولغا ئالدى، ئارقىدىن مۇساخان توختى، ئەخلەت پاشەپ، ئابدۇۋايىت توپبېشى. قايىم پاشەپ، ھوشۇر باي قاتارلىقلارنى قولغا ئالدى.

راباتلار چېقىۋېتىلىپ، جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى سېلىندى. ھاكىملىق ۋەزىپىسىگە ئولتۇرالمىغان مۇھەممەت ئابدۇللا جىدەلخور قاۋۇل شاڭزۇڭنى ئېلىپ، پىتراپ يۈرگەن قىرغىز ئەسكەرلىرىنى باشلاپ، جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىگە ئۇشتۇمتۇت بېسىپ كىرىپ، مىلتىق، ئوق - دورا، ئات، مال - مۈلۈكلەرنى پاك - پاكىزە بۇلاپ كەتتى.

ناھىيىلىك دارىلئېتام قۇرۇلدى.

ئابدۇكېرىم ھاكىملىققا تەيىنلىنىپ، باجنى تەرتىپكە سالدى. يەرنىڭ مو سانىنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلىدى، ھادىملارنى تەشكىللەپ، توپلاڭدا ناھىيىلىك يامۇلنىڭ ئارخىپلىرى كۆيدۈرۈۋېتىلگەن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ پۇقرالار ئارىسىدىكى يەرلەرنى يوشۇرۇش قاتارلىق ئەھۋاللارنى تەپسىلى تەكشۈرۈپ، پۇقرالار ئارىسىدىكى يوشۇرۇپ قېلىنغان 8141.75 مو يۇقىرى، ئوتتۇرا، تۆۋەن دەرىجىلىك يەرنى ئېنىقلاپ چىقىپ، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مالىيە نازارىتىگە يوللىدى، نازىر جۇبىن (ماۋزېمىن) يوشۇرۇلغان يەرنىڭ بىجىنى كەڭچىلىك بىلەن بەلگىلىمە بويىچە يىغىۋېلىش، قايتا جازالىماسلىق نوغرىسىدا تەستىق چۈشۈردى.

## مىنگونىڭ 28 ـ يىلى (1939 ـ يىلى)

ئىمىن ھېيت ھاكىملىققا تەيىنلەندى. زاپاس ئاشلىق كوپىراتىپى قۇرۇلدى. ناھىيىلىك ھۆكۈمەت سودا بانكىسىغا پاي توپلاش ئۈچۈن، سودا ساھەسىدىكى زاتلارنى سەپەرۋەر قىلىپ جەمئىي 2650 يۈەن قىممىتىدىكى 53 پاي توپلىدى، بۇنىڭ قىممىتى قەشقەر تەڭگىسىگە سۇندۇرغاندا، 424 مىڭ سەر تەڭگىگە تەڭ ئىدى.

## مىنگونىڭ 29 ـ يىلى (1940 ـ يىلى)

مەنناپ ھاكىملىققا تەيىنلەندى. ئۇ ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىنى باشلاپ، پۈتۈن ناھىيىنى كۆزدىن كەچۈردى، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن، ھەر قايسى كەنتلەرنىڭ كونا بولۇق بېجى يىغىدىغان رەستە بېشى، موللىلارنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، باي، بەگلەرگە يەر بېجى تاپشۇرۇش توغرىسىدا پەرمان چۈشۈردى.

ناھىيىلىك بولۇق خېتى تەكشۈرۈش ھەيئىتى قۇرۇلدى.

ناھىيە باشقۇرۇشىدىكى خەلق مەكتىپى قۇرۇلدى.

**9 ـ ئاي** 6 ـ كۈنى يەكەن دەرياسىغا كەلگەن كەلكۈن شىددەت بىلەن ئۇرلەپ، يەكەن دەرياسى كۆۋرۈكىنى بۇزۇۋەتتى. 313 مو تېرىلغۇ يەرنى ۋەيران قىلىۋەتتى. ھاكىم مەنناپنىڭ تەكلىپى بىلەن پوسكام، يەكەن، مەكىت، قاغىلىقتىن ئىبارەت تۆت ناھىيە بىرلىشىپ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە يەكەن دەرياسى كۆۋرۈكىنى قايتىدىن ياساش ھەققىدە مەلۇمات يوللىدى.

## مىنگونىڭ 30 ـ يىلى (1941 ـ يىلى)

ناھىيىلىك مەمۇرىي ئىشلار كومىتېتى قۇرۇلدى.

ناھىيە بويىچە رايون، كەنت تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. ناھىيە ئىچىگە تاشيول ياسالدى. دورىخانا تەسىس قىلىندى، زاپاس ئاشلىق ئامبىرى سېلىندى، ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىدىكى خەلق مەكتىپى قۇرۇلدى (ئەينى چاغدا ئۇ «جاھانگىرلىككە قارشى خەلق مەكتىپى» دەپ ئاتالغانىدى).

## مىنگونىڭ 31 ـ يىلى (1942 ـ يىلى)

ناھىيىلىك مەمۇرىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ26 ـ سانلىق يىغىنىدا ناھىيىدە بەش نەپەر سۇ ئىشلىرى خادىمى تەسىس قىلىش، ھەر بىر خادىمغا، ھەر يىلى غەللە ـ پاراقتىن ئىش ھەققى ئورنىدا ئون دادەن ئاشلىق بېرىش قارار قىلىندى.

ناھىيىلىك ھۆكۈمەت رايون، كەنت باشلىقلىرىنى تەربىيىلەش كۇرسى ئاچتى.

ناھىيىلىك ھۆكۈمەت ئەسلىدىكى 1 ـ، 2 ـ، 3 ـ بۆلۈمنى «خەلق ئىشلىرى، مالىيە،

مائارىپ، تەمىرات» بۆلۈمىدىن ئىبارەت تۆت بۆلۈمگە ئۆزگەرتتى.
ئامما ھەرىكەتلەندۈرۈلۈپ، ناھىيە تاش يولىنىڭ ئىككى تەرىپىگە دەرەخ تىكىلدى.
ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى ئۇيۇشما قارىمىقىدا بەش مەكتەپ قۇردى.

## مىنگونىڭ 32 - يىلى (1943 - يىلى)

گومىنداڭنىڭ رايونلۇق پىرقىسى قۇرۇلدى.
ئەسئەت ياقۇپ ھاكىملىققا تەيىنلەندى.
پوسكام ناھىيىسى 3 - دەرىجىلىك ناھىيە قىلىپ ئايرىلىپ، 10 - رايون دۇسا ۋالىي مەھكىمىسىگە قارايدىغان بولدى.
ناھىيە بويىچە خەلق ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشقا ئايروپىلان ئىئانە قىلىش ھەرىكىتىگە قاتنىشىش توغرىسىدىكى چاقىرىققا ئاۋاز قوشۇپ، بىر ئايروپىلان ئىئانە قىلدى، بۇ ئايروپىلانغا «شىنجاڭ پوسكام» دەپ نام بېرىلدى.
يەكەن دەرياسى كۆۋرۈكى پۈتۈپ قاتناش باشلاندى.
باۋجيا تۈزۈمى يولغا قويۇلۇپ، تۆت يېزا، 61 باۋ تەسىس قىلىندى.

## مىنگونىڭ 33 - يىلى (1944 - يىلى)

قاغىلىق ناھىيىسى تەۋەسىدىكى ئۇلۇغئېرىق، ئىشتاچى، چامغۇرچى، قۇلغان، سەيلى، يىما، سېرىققۇلاق، قوزىمال، توپچاردىن ئىبارەت توققۇز كەنت پوسكامغا ئايرىپ بېرىلدى.
11-ئاينىڭ 5 - كۈنى پاسىل ئېنىق ئايرىلىپ، «غەلىبە» يېزىسى كۆپەيتىپ قۇرۇلدى. ئۇنىڭ قارىمىقىدا يەتتە باۋ تەسىس قىلىندى.
خەلق مائارىپ يۇرتى تەسىس قىلىندى.

## مىنگونىڭ 34 - يىلى (1945 - يىلى)

**3 - ئاي** 300 دىن ئارتۇق ئامما يىغىلىپ، خەلق ئەسكەرلىرى تۈەنى قۇردى.
**7 - ئاي** لۇڭ لىمىن ھاكىملىققا تەيىنلەندى.
**8 - ئاي** يەكەن دەرياسىغا كەلگەن كەلكۈن دەريا ياقىسىدىكى تالقىچى، غوڭرات، ئۇلۇغمىڭ، قارىغات، ئاقتىچى، ئۈچتۇما، قىتات، ئەگرىتېرەك، سېرىقئۆي، يۇقىرىقى گۈلباغ، تۆۋەنكى ئاراشور، يۇقىرىقى ئاراشۇر، قۇلغان، توغراق، چاقا قاتارلىق كەنتلەردىكى 66 ئائىلىلىك دېھقانىنىڭ 5 .973 مو يېرىنى ۋەيران قىلىۋەتتى. نەتىجىدە نورمىدا بەلگىلەنگەن 25 .375 دادەن باج ئاشلىقى كەچۈرۈم قىلىندى.
**12 - ئاي** تاشقورغان ئىنقىلابىي ئارمىيىسى پوسكامغا ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلىپ، ئالتە سائەت شىددەتلىك جەڭ قىلغاندىن كېيىن تاغقا چېكىندى.

## مىنگونىڭ 35 ـ يىلى (1946 ـ يىلى)

**1 ـ ئاي** 4 ـ كۈنى تاشقورغان ئىنقىلابىي ئارمىيىسى كاچۈڭدىن چىقىپ، پوسكامنى ئىشغال قىلدى. لۇڭ لىمىن يەكەنگە قېچىپ كەتتى. ئىنقىلابىي ئارمىيە ۋاقىتلىق ئىنقىلابىي مەھكىمە قۇرۇپ، قۇربان مۇپتىنى ۋالىيلىققا تەيىنلىدى. پوسكامدىن ھەربىي قىسىمغا قاتناشقان 350 تىن ئارتۇق كىشى «پوسكام ليەنى»نى قۇردى، روزىيوۋ ليەنجاڭلىقنى ئۈستىگە ئالدى.

**1 ـ ئاي** 29 ـ كۈنى ھۆكۈمەتنىڭ ياردەمچى قوشۇنى ئارقىمۇ ئارقا كېلىشكە باشلىدى، ئىنقىلابىي ئارمىيە تاغقا چېكىندى.

لۇڭ لىمىن ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت تەرىپىدىن ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاندى. جۇزەيزى مۇۋەققەت ھاكىم بولدى.

**4 ـ ئاي** گومىنداڭنىڭ ناھىيىلىك پىرقىسى قۇرۇلدى.

ئەمەت ھاكىملىققا تەيىنلەندى.

ناھىيىلىك سايلام ھەيئىتى قۇرۇلدى، مامۇت مۇدىر ھەيئەتلىككە، قادىر مۇئاۋىن مۇدىر ھەيئەتلىككە، چوڭ ئەلەم مەتنىياز، ھوشۇر قاتارلىقلار ھەيئەتلىككە تەيىنلەندى. ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بۇرھان شەھىدى پوسكامغا كېلىپ، سايلامغا نازارەتچىلىك قىلىپ، شىنجاڭ ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ مەسلىھەت كېڭىشى تۈزۈمىنى يولغا قويۇش ۋە «دېموكراتىك ئۇسۇل»دا ھاكىم سايلاش ئەھۋالىنى ئىگىلىدى.

ناھىيىلىك مەسلىھەت كېڭىشى ھەيئەت يىغىنى ئېچىپ، قۇربان مۇپتىنى ھاكىملىققا، مەمتىمىن قازىنى كېڭەش ھەيئىتىنىڭ باشلىقلىقىغا سايلىدى.

گومىنداڭنىڭ ئاتلىق لۈ 7 ـ تۇەن 4 ـ ليەنى پوسكامنى مۇداپىئە قىلىشقا كىردى.

## مىنگونىڭ 36 ـ يىلى (1947 ـ يىلى)

مۇئاۋىن ھاكىم جۇزەيزى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاندى.

**5 ـ ئاي** 24 ـ كۈنى چوڭ ئاخۇنلار ۋە يېزا ـ بازارلارنىڭ كاتتىباشلىرى ئاممىنى قۇترىتىپ نامايىش ئۆتكۈزۈپ، قۇربان مۇپتىنى ھاكىملىق، مەمتىمىن قازىنى كېڭەش ھەيئىتىنىڭ باشلىقلىق ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇشنى تەلەپ قىلدى. نەتىجىدە قۇربان مۇپتى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاندى. خۇاڭ مىيەنفۇ مۇۋەققەت ھاكىملىققا تەيىنلەندى.

**6 ـ ئاي** ناھىيىلىك پىرقىنىڭ شۇجىجاڭى ئەخمەت ئىلغار ياش مەتنىياز قۇربانىنى ئۆلتۈردى ھەم يۈنۈسخان قاتارلىق 18 نەپەر ئىلغار ياشنى قولغا ئالدى.

**9 ـ ئاي** ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ئابدۇراخمان پارا بېرىش ئارقىلىق ھاكىملىققا سايلاندى.

## مىنگونىڭ 37 ـ يىلى (1948 ـ يىلى)

گومىنداڭنىڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك پىرقىسىنىڭ شۇجىجاڭى چېن شىخاۋ پوسكامغا كەلدى.

ناھىيىدە مىللىي قوزغىلاڭ ۋەكىلى ۋە قانۇنتۇرغۇزۇش ئورنىنىڭ قانۇن چىقىرىش ھەيئىتى ئىشلىرى ئورنى قۇرۇلدى. گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتىگە يوللاش ئارقىلىق، ئاتاۋۇللا قازى مىللىي قوزغىلاڭنىڭ ۋەكىللىكىگە، ئابدۇۋايىت كاندىدات ۋەكىللىككە بېكىتىلدى.

يۇنۇسخان قاتارلىق 18 نەپەر ئىلغار ياش قويۇپ بېرىلدى.

شىنجاڭ قوزغىلاڭ جەمئىيىتىنىڭ پوسكام شۆبىسىنى ۋە ئاياللار جەمئىيىتىنى قۇرۇشقا تەييارلىق كۆرۈلدى.

يېزا - بازارلار قىسقارتىلىپ، «تىنچلىق» بازىرى، «قوزغىلاڭ» يېزىسى، «مەدەنىيەت» يېزىسى، «غەلىبە» يېزىسى تەسىس قىلىندى.

## مىنگونىڭ 38 - يىلى (1949 - يىلى)

گومىنداڭ قوشۇنىنىڭ يېڭىدىن تەشكىللەنگەن 78 - شىسى خۇڭيادۇڭ تۇەنى لۇجاڭ تاڭ جىگرەنىڭ ھەربىي تەمىناتىنى تۇتۇپ قالغانلىقىغا ئېتىراز بىلدۈرۈش ئۈچۈن، كاچۇڭدىن چىقىپ، پوسكام ئارقىلىق يەكەنگە ھۇجۇم قىلدى.

**9 - ئاي** 25 -، 26 - كۈنلىرى تاۋسىيۇ، بۇرھان شەھىدىلەر تېلېگراممىا ئارقىلىق، شىنجاڭنىڭ تىنچ يول بىلەن ھەقىقەتكە قايتقانلىقىنى جاكارلىدى. گومىنداڭنىڭ ناھىيىدىكى پارتىيە، ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى ماۋت بەگنىڭ ئۆيىدە قېچىپ كېتىش ياكى يوشۇرۇنۇۋېلىشنى مەخپىي پىلانلىدى.

**10 - ئاي** بازار - يېزا خەلقى 300 سەر تەڭگە ئىئانە قىلىپ، ئازادلىق ئارمىيىنى كۈتۈۋېلىشقا تەييارلاندى.

# جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن

## 1950 - يىلى

**1 - ئاي** يەكەن ۋىلايەتلىك ھەربىي ئىدارە قىلىش كومىتېتى چېن خاۋ قاتارلىقلارنى قالدۇرۇپ ئىشلىتىلگەن خادىملار ئۆگىنىش كۇرسى ئېچىش ئۈچۈن پوسكامغا ئەۋەتتى، بۇ كۇرستا «ئومۇمىي پروگرامما» ئۆگىنىلدى، گومىنداڭ ئەزالىرى ۋە «ئۈچ مەسىلەك» ياشلار ئىتتىپاقىنىڭ ئەزالىرى تىزىملاندى.

**3 - ئاي** ھەربىي ۋەكىل شۆيىفېڭ، سوپى سەلەي، ۋۇشىڭمىن، جاۋ يۇڭجياڭ، لى سەنجى قاتارلىق پارتىيىنىڭ تۇنجى تۈركۈمدىكى خىزمەتچى خادىملىرى پوسكامغا كېلىپ پوسكامدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ تۇنجى ياچېيكىسىنى قۇردى.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى پوسكام ناھىيىلىك كومىتېتى قۇرۇلدى، شۆيىفېڭ

شۋجىلىقتا تەيىنلەندى.

ناھىيە بويىچە ھەر مىللەت، ھەر ساھە خەلقىنىڭ تۇنجى نۆۋەتلىك خەلق ۋەكىللىرى يىغىنى چاقىرىلدى. يىغىندا خەلق دېموكراتىك ھاكىمىيىتىنىڭ قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش توغرىسىدا قارار ماقۇللاندى. سوپى سەلەي ھاكىملىققا، جىن شاڭجيې مۇئاۋىن ھاكىملىققا تەيىنلەندى.

**4 - ئاي** ناھىيە بويىچە تۇنجى قېتىملىق دېھقانلار ۋەكىللىرى يىغىنى چاقىرىلدى. يىغىنغا 115 نەپەر رەسمىي ۋەكىل، 38 نەپەر ئالاھىدە تەكلىپ قىلىنغان ۋەكىل قاتناشتى، يىغىندا ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇش، يەرلەرنى تەڭشەش، ھاكىمىيەتنى ئۆزگەرتىش. ئىشپىيونلارنى تازىلاش، خىيانەتچىلىككە قارشى تۇرۇش، ئاياللارنىڭ ھوقۇق مەنپەئىتىنى قوغداش قاتارلىق مەسىلىلەر توغرىسىدا قارار ماقۇللاندى.

**5 - ئاي** ناھىيە بويىچە باۋ - جيا تۈزۈمى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، رايون، يېزا، كەنتتىن ئىبارەت ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيەت تەشكىلاتلىرى قۇرۇلدى. رايونلۇق خەلق مەھكىمىسىدىن تۆتى. يېزىلىق ھۆكۈمەتتىن 23 ى، مەمۇرىي كەنتتىن 56 سى تەسىس قىلىندى.

ناھىيىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى، ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى قۇرۇلدى.

خەلق بانكىسىنىڭ پوسكام ناھىيىلىك ئىش بېجىرىش ئورنى ۋە ناھىيىلىك باج پونكىتى ئارقا ئارقىدىن قۇرۇلدى.

جۇڭگو يېڭى دېموكراتىك ياشلار ئىتتىپاقىنىڭ پوسكام ناھىيىلىك خىزمەت كومىتېتى. پوسكام ناھىيىلىك دېموكراتىك ئاياللار بىرلەشمىسى، پوسكام ناھىيىلىك دېموكراتىك ياشلار بىرلەشمىسى، جۇڭگو - سوۋېت دوستلۇق جەمئىيىتىنىڭ پوسكام ناھىيىلىك شۆبىسى قاتارلىق ئاممىۋى تەشكىلاتلار ئارقا - ئارقىدىن قۇرۇلدى.

**6 - ئاي** ناھىيە بويىچە 2 - قېتىملىق دېھقانلار ۋەكىللىرى يىغىنى چاقىرىلدى، يىغىندا ناھىيىلىك دېھقانلار ئۇيۇشمىسىنىڭ رەھبەرلىك ئاپپاراتى سايلام ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈلدى. مۇسا چاۋار ئۇيۇشمىنىڭ مۇدىرلىقىغا سايلاندى.

ناھىيىلىك پارتكوم يېزىلارغا كادىر ئەۋەتىپ، دېھقانلارنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ، رايونلۇق. يېزىلىق دېھقانلار ئۇيۇشمىسى قۇرۇپ، زومىگەرلەرگە، قانۇنسىز پومېشچىكلارغا قارشى كۈرەشنى قانات يايدۇردى، يەرلەرنى، دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى تەڭشەپ، سۇ ئىشلىرىدىكى بوتۇڭلۇق تۈزۈمىنى ئەمەلدىن قالدۇردى.

جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ 2 - جون 4 - شى 11 - تۇەن 2 - يىڭى پوسكامدا بوز يەر ئاچتى. شۇ يىلى 5646 مو بىنەم يەر ئاچتى.

داۋالاش ئارماقلىرى ھەر مىللەت خەلقىگە چېچەك ۋاكسىنىسى ئەملىدى.

خەلق بانكىسىنىڭ ناھىيىلىك ئىش بېجىرىش ئورنى ئەمەلىي نەرسىگە سۇندۇرۇلىدىغان «غالىبىيەت» زايومى تارقاتتى. بىر يىلدا جەمئىي 6306 پارچە زايوم تارقىتىلدى.

ناھىيىدىكى خەلق گومىنداڭنىڭ شاڭخەيىنى بومباردىمان قىلىشى تۈپەيلىدىن ئىنسىز قالغان ئىشچىلارغا 65 مىليون 190 مىڭ يۈەن (كونا خەلق پۇلى بويىچە ھېسابلاندى) پۇل ئىئانە قىلدى. غەربىي شىمال رايونىنىڭ ئىنقىلابىي قۇربانلار خاتىرە مۇنارىسىنى ياساش ئۈچۈن 79 مىليون 950 مىڭ يۈەن (كونا خەلق پۇلى بويىچە ھېسابلاندى) ئىئانە قىلدى.

**8 - ئاي** شوجىڭۋېي جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى پوسكام ناھىيىلىك كومىتېتىنىڭ

شۇجىلىقىغا تەيىنلەندى.

## 1951 - يىلى

**3 - ئاي** ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى باستۇرۇش ھەرىكىتى قانات يايدۇرۇلۇپ، گومىنداڭنىڭ يوشۇرۇنغان ئىشپىيونلىرىغا، ئەكسىيەتچىل پارتىيە - ھۆكۈمەتنىڭ تايانچ ئۇنسۇرلىرىغا ۋە زومىگەرلەرگە قاتتىق زەربە بېرىلدى.

**4 - ئاي** ناھىيىلىك سۇ ئىشلىرى ھەيئىتى قۇرۇلدى، شۇجىڭۋېي مۇدىرلىقىغا، ئابلىكىم تاش مۇئاۋىن مۇدىرلىقىغا تەيىنلەندى. ئاما تەشكىللىنىپ 12 مىڭ 500 مېتىر ئۇزۇنلۇقتا يېڭىدىن ئۆچ ئۆستەڭ چېپىلدى.

**5 - ئاي** 2000 دىن ئارتۇق ھەر مىللەت ئاما يىغىلىپ، «1 - ماي»نى تەبرىكلىدى، نامايىش ئۆتكۈزۈپ، ئامېرىكىنىڭ چاۋشيەنگە تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشى قوزغىغانلىقىغا قارشى تۇردى. ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ، چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش ھەرىكىتى بويىچە پوسكام ناھىيىلىك شۆبە جەمئىيەت قۇرۇلدى.

ناھىيە بويىچە ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ، چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش يۈزىسىدىن ئىئانە توپلاش ھەرىكىتى قوزغىلىپ كەتتى، 3 - ئايدا خەلق پۇلى ھېسابىدا 32 مىليون 396 مىڭ 50 يۈەن (يېڭى پۇلغا سۇندۇرغاندا 3239.61 يۈەن) قىممىتىدىكى ھەر خىل ماددىي ئەشيا ئىئانە قىلىندى.

ھۆكۈمەت دېھقانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇشىغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن، 35 مىڭ 963.5 كىلوگرام ئۇرۇقلۇق، 11 مىڭ 814 دېھقانچىلىق سايمىنى سېتىۋېلىشقا قەرز پۇل بەردى.

**7 - ئاي** ئوتتۇرا قاتلامدىكىلەر (كونا ھاكىمىيەتتىن قالدۇرۇپ ئىشلىتىلگەن خادىملار) نى ئېنىقلاش باشلاندى.

**9 - ئاي** يېزىلاردا ئىجارىنى، ئۆسۈمنى كېمەيتىش، زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش ھەرىكىتىنى نۇقتىدا سىناق قىلىش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلدى (بۇ ھەرىكەت قىسقارتىلىپ ئىجارە كېمەيتىپ، زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش دەپ ئاتالدى).

## 1952 - يىلى

**1 - ئاي** ناھىيە بويىچە ھەر مىللەت، ھەر ساھە خەلقىنىڭ 2 - نۆۋەتلىك ۋەكىللەر يىغىنى چاقىرىلدى، يىغىندا ئىجارە كېمەيتىش، زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش ھەرىكىتىنى نۇقتىدا سىناق قىلىش، ۋەتەنپەرۋەرلىك غەللە - پاراق ئاشلىقى تاپشۇرۇش، ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى باستۇرۇش ۋە ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش قاتارلىق خىزمەتلەر خۇلاسىلەندى.

**2 - ئاي** پارىخورلۇق، ئىسراپچىلىق، بيۇروكراتلىققا قارشى تۇرۇشتىن ئىبارەت «ئۈچكە قارشى تۇرۇش» ھەرىكىتى باشلاندى.

ناھىيىلىك سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى قۇرۇلدى، ئەخمەت روزى بىرلەشمىنىڭ باشلىقلىقىغا تەيىنلەندى، بىرلەشمىگە 2553 نەپەر ئەزا قوبۇل قىلىندى.

ناھىيىلىك تۇنجى نۆۋەتلىك ئاياللار قۇرۇلتىيى چاقىرىلدى.

ناھىيىلىك تەمىنات - سودا كوپىراتىپى قۇرۇلدى. ئورگان كادىرلىرى ئارىسىدا پاي توپلاپ مەبلەغ تەييارلاش يولغا قويۇلدى.

**3 - ئاي** جۇڭگو خەلق پىدائى قىسىملىرىنىڭ ۋەتەنگە قايتقان ۋەكىللەر ئۆمىكى ۋە چاۋشيەن خەلق ئارمىيىسىنىڭ جۇڭگونى زىيارەت قىلىش ئۆمىكى پوسكامغا كەلدى، ناھىيىدە 10 مىڭ كىشىلىك قارشى ئېلىش يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى. بازار - يېزىلاردا ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ، چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش بويىچە ئىئانە توپلاش دولقۇنى يەنىمۇ قوزغالدى.

ناھىيە بويىچە ھەر مىللەت، ھەر ساھە خەلقىنىڭ 3 - نۆۋەتلىك ۋەكىللەر يىغىنى چاقىرىلدى، يىغىندا ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ تۈرلۈك تەدبىرلىرى مۇزاكىرە قىلىندى.

ناھىيىلىك ئىشلەپچىقىرىش ھەيئىتى قۇرۇلدى، سوپى سەلەي مۇدىر ھەيئەتلىككە، شۈجىڭۆيى مۇئاۋىن مۇدىر ھەيئەتلىككە تەيىنلەندى. 51 نەپەر كادىر ئاجرىتىلىپ، ئۇلار يېزىلارغا بېرىپ، ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىشلەپچىقىرىش ھەرىكىتىگە رەھبەرلىك قىلدى، مو بېشىدا 15 كىلوگرامدىن مەھسۇلات ئاشۇرۇش شۇئارى ئوتتۇرىغا قويۇلدى، دېھقانلار ھەرىكەتلەندۈرۈلۈپ مول ھوسۇل ئېلىش بويىچە ۋەتەنپەرۋەرلىك ئەھدىنامىسى تۈزۈپ چىقىلدى.

**4 - ئاي** ناھىيە بويىچە ئىجارە كېمەيتىش، زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش ھەرىكىتى ئاخىرلاشتى.

**5 - ئاي** 13 - كۈنى يېرىم كۈن ئون بالدىن يۇقىرى بوران چىقىپ 10 مىڭ 142 مو يەردىكى ھەر خىل زىرائەتنى، 1530 تۈپ دەرەخنى ۋەيران قىلىۋەتتى.

**7 - ئاي** كادىرلار مىللىي سىياسەتنى ئۆگىنىشكە تەشكىللەندى، خەنزۇ كادىرلار ئارىسىدا چوڭ خەنزۇچىلىق خاھىشىغا قارشى تۇرۇش ئۆگىنىش ھەرىكىتى قانات يايدۇرۇلدى.

**9 - ئاي** ناھىيە بويىچە ھەر مىللەت، ھەر ساھە خەلقىنىڭ 4 - نۆۋەتلىك ۋەكىللەر يىغىنى 3 - قېتىملىق دېھقانلار ۋەكىللىرى يىغىنى چاقىرىلدى، يىغىندا «پوسكام ناھىيىسىدە يەر ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىش توغرىسىدا قارار» چىقىرىلدى. پوسكام ناھىيىلىك يەر ئىسلاھاتى كومىتېتى قۇرۇلدى.

يەر ئىسلاھاتى خىزمەت ئەترىتى يېزىلارغا بېرىپ، 4 - رايوننىڭ 5 -، 6 - يېزىلىرى، 1 - رايوننىڭ 2 -، 4 - يېزىلىرىدىكى 11 كەنتتە يەر ئىسلاھاتىنى نۇقتىدا سىناق قىلدى.

**10 - ئاي** جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى پوسكام ناھىيىلىك 1 -، 2 -، 3 -، 4-رايونلۇق كومىتېتلىرى قۇرۇلدى.

**12 - ئاي** يەر ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىلغان رايونلاردا پارتىيە تەشكىلاتى قۇرۇش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلدى، 4 - رايوننىڭ 5 - يېزىسىدا ناھىيە بويىچە تۇنجى يېزىلىق پارتىيە ياچېيكىسى قۇرۇلدى.

## 1953 - يىلى

**1 - ئاي** ناھىيىلىك پارتكوم مىللىي كادىرلارنى پىلانلىق يېتىشتۈرۈش توغرىسىدا قارار

چىقارىدى.

**2 - ئاي** ناھىيە بويىچە ھەر مىللەت، ھەر ساھە خەلقىنىڭ 5 - نۆۋەتلىك ۋەكىللەر يىغىنى چاقىرىلدى، يىغىندا 1952 - يىللىق دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى ۋە باشقا تۈرلۈك خىزمەتلەر مۇزاكىرە قىلىندى ۋە خۇلاسىلەندى. 1953 - يىللىق تۈرلۈك ئىشلەپچىقىرىش پىلانى تۈزۈپ چىقىلدى.

جۇڭگو خەلقىنىڭ چاۋشيەنگە بېرىپ ھال سوراش ئۆمىكى پوسكامغا كېلىپ يەتكۈزمە دوكلاتى بەردى.

ناھىيە، رايون، يېزىدىن ئىبارەت ئۈچ دەرىجىلىك كادىرلار يىغىنى چاقىرىلىپ، پارتىيىنىڭ ئۆتكۈنچى دەۋردىكى باش لۇشيەنى تەشۋىق قىلىندى ۋە ئىزچىل ئىجرا قىلىندى.

**3 - ئاي** ناھىيىلىك تۇنجى نۆۋەتلىك ئەمگەك نەمۇنىچىلىرى يىغىنى چاقىرىلدى، يىغىندا 1953 - يىللىق ئىشلەپچىقىرىشنى ياخشىلاشنىڭ تۈرلۈك تەدبىرلىرىنى تۈزۈپ چىقىش، مول ھوسۇل ئېلىش بويىچە ۋەتەنپەرۋەرلىك ئەمگەك مۇسابىقىسىنى قانات يايدۇرۇش مەسىلىسى مۇزاكىرە قىلىندى.

يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ھەمكارلىق گۇرۇپپىلىرىنى تەرتىپكە سېلىش باشلاندى.

**4 - ئاي** ناھىيىدە جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاساسىي قانۇنى (لايىھە) نى مۇزاكىرە قىلىش كومىتېتى قۇرۇلدى، ئاساسىي قانۇن (لايىھە) تەشۋىقاتچىلىرىنى تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىلىپ، 132 نەپەر تەشۋىقاتچى تەربىيىلەندى.

**5 - ئاي** 4 - رايوندا ياۋا توڭگۇز ئاپىتى يۈز بەردى، مۇئاۋىن ھاكىم ساڭ باۋخې رايونلۇق پارتكومنىڭ نۇجىسى دۇيۇنخې ئاممىغا باشلامچىلىق قىلىپ، يەتتە كۈندە 58 ياۋا توڭگۇزنى ئېتىپ ئۆلتۈردى.

**6 - ئاي** ناھىيە بويىچە ھەمكارلىق گۇرۇپپىسى باشلىقلىرى ۋەكىللىرىنىڭ تۇنجى قېتىملىق يىغىنى چاقىرىلىپ، ئىشلەپچىقىرىش ھەمكارلىق گۇرۇپپىلىرىدا ساقلانغان مەسىلىلەر مۇزاكىرە قىلىندى.

**8 - ئاي** ناھىيىلىك ئومۇمىي سايلام كومىتېتى قۇرۇلدى.

ناھىيە بويىچە تۇنجى سايلام خىزمىتى باشلاندى. ھەر قايسى يېزىلار يېزىلىق خەلق ۋەكىللىرىنى سايلاپ چىقىپ، يېزىلىق خەلق قۇرۇلتىيى چاقىرىپ، يېزا باشلىقى ۋە مۇئاۋىن يېزا باشلىقلىرىنى سايلاپ چىقىپ، يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈردى.

**9 - ئاي** ناھىيىدە ھۆكۈمەت پۇلى ھېسابىغا داۋالىنىشقا رەھبەرلىك قىلىش كومىتېتى قۇرۇلدى. رايوندىن يۇقىرى ھۆكۈمەت خادىملىرى ۋە ئوقۇتقۇچىلار ھۆكۈمەت پۇلىغا داۋالىنىش تۈزۈمى يولغا قويۇلدى.

**10 - ئاي** مۇسا چاۋار ھاكىملىققا تەيىنلەندى.

**12 - ئاي** ناھىيە، رايون، يېزىدىن ئىبارەت ئۈچ دەرىجىلىك كادىرلار يىغىنى چاقىرىلىپ، ئاشلىقنى بىر تۇتاش سېتىۋېلىش، بىر تۇتاش سېتىپ بېرىش مەسىلىسى مۇزاكىرە قىلىندى ۋە ئورۇنلاشتۇرۇلدى، سېتىۋېلىنىدىغان ئاشلىق ۋەزىپىسىنى 300 مىڭ كىلوگرام قىلىپ بېكىتىش، ئۇ، يېزىلاردىكى شۇ يىللىق ئارتۇق ئاشلىقنىڭ 10.4 پىرسەنتىنى ئىگىلەش، سېتىۋېلىنىدىغان ياغلىق دان ۋەزىپىسىنى 100 مىڭ كىلوگرام قىلىپ بېكىتىش، بۇ، يېزىلاردىكى شۇ يىللىق ئارتۇق ياغلىق داننىڭ 22 پىرسەنتىنى ئىگىلەش لازىملىقى بەلگىلەندى.

ناھىيىلىك ئاشلىق سېتىۋېلىشقا رەھبەرلىك قىلىش كومىتېتى قۇرۇلدى، 153 نەپەر كادىر ئاجرىتىلىپ، خىزمەت ئەترىتى ۋە خىزمەت گۇرۇپپىسى تەشكىللەندى، ئۇلار ھەر قايسى رايون، يېزىلارغا بېرىپ، ئاشلىق سېتىۋېلىش خىزمىتىنى قانات يايدۇردى.

## 1954 - يىلى

**2 - ئاي** ناھىيىلىك خەلق ۋەكىللىرىنى سايلاش خىزمىتى ئاخىرلاشتى.

ناھىيە بويىچە ئۆتكونچى دەۋردىكى باش لۇشيەننى تەشۋىق قىلىش، ئىرچىللاشتۇرۇش ئىشى باشلاندى.

ناھىيىلىك پارتكوم 1954 - يىلدىن 1957 - يىلغىچە يېزا ئىگىلىك ھەمكارلىق كوپېراتىپلىرىنى تەدرىجىي تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىقنى تەرەققىي قىلدۇرۇش پىلانىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

ناھىيە بويىچە ھەمكارلىق كوپېراتىپلىرى مەركەر قىلىنىپ، يېزا ئىگىلىكىدە مەھسۇلاتنى ئاشۇرۇش ھەرىكىتى قانات يايدۇرۇلدى، 4 - رايوننىڭ 1 - يېزىسى 1 - رايوننىڭ 4 - يېزىسىدا باشلانغۇچ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش كوپېراتىپىدىن ئىككىسى سىناق تەرىقىسىدە قۇرۇلدى. كوپېراتىپقا 28 دېھقان ئائىلىسى كىردى.

**3 - ئاي** ناھىيىلىك تۇنجى ئۆۋەتلىك ياشلار ئىتتىپاقى قۇرۇلتىيى چاقىرىلدى.

**4 - ئاي** ناھىيىلىك تۇنجى ئۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى چاقىرىلدى، قۇرۇلتايدا مۇسا چاۋارنىڭ ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ خىزمىتىدىن بەرگەن دوكلاتى ئاڭلاپ ئۆتۈلدى. مۇسا چاۋار ھاكىملىققا، لى چىڭ مۇئاۋىن ھاكىملىققا، مۇسا چاۋار، سەمەت ئىبراھىم، نۇر ھوشۇر، مۇھەممەت ئىمىن، خەن ئېنچى، دۈيۈنخې، جاڭ رونجې، بۇھاشى توختى، زۇنۇن ئابدۇللا ئابلىكىم تاش، مۇسا بارات، يۇنۇس يۇسۇپ، مۇھەممەت توختى، ساڭ ياۋخېلار ھۆكۈمەتنىڭ ھەيئەت ئەزالىقىغا، سەمەت ئىبراھىم، مۇسا چاۋار، قەمەر ھوشۇر، جۇمە كېرەم، مۇسا يوۋلار ئۆلكىلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىللىكىگە سايلاندى.

ھەر خىل يېڭى تېپتىكى يېزا ئىگىلىك سايمانلىرى كېڭەيتىلىپ، دېھقان تېخنىكلار تەربىيىلەندى، 339 مىليون 960 مىڭ يۈەن (يېڭى پۇلغا سۇندۇرغاندا 33 مىڭ 996 يۈەن) ھەر خىل قەرز پۇلى تارقىتىلىپ، دېھقانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇشىغا ياردەم بېرىلدى.

ناھىيىلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسى قۇرۇلدى.

**5 - ئاي** ناھىيە بويىچە كادىرلار مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە سىياسىتىنى ئۆگىنىشكە ئۇيۇشتۇرۇلدى.

**6 - ئاي** سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پاختىچىلىق مۇتەخەسسىسى تىتوۋ يوسكامغا كېلىپ پاختا ئۆستۇرۇش تېخنىكىسىنى ئۆگەتتى.

**11 - ئاي** ناھىيە بويىچە پۈتون يىللىق ئاشلىق سېتىۋېلىش ۋەزىپىسى %10 ئاشۇرۇپ ئورۇندالدى.

**12 - ئاي** ھەمكارلىق كوپېراتىپلىرى بويىچە 1 - قارارلىق تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىلىپ، رايون، يېزا كادىرلىرى ۋە كوپېراتىپ قۇرۇش خىزمىتىدىكى تايانچلاردىن بولۇپ 49 كىشى

تەربىيىلەندى. ئاندىن يەنە 2 ـ، 3 ـ قارارلىق كۇرسلار ئېچىلدى.

**12 ـ ئاي** يېزىدا ئىككى ئامانەت قەرز كوپىراتىپى سىناق تەرىقىسىدە قۇرۇلدى.

ناھىيە بويىچە 363 مىليون 640 مىڭ يۈەن (يېڭى پۇلغا سۇندۇرغاندا 36 مىڭ 364 يۈەن) لىك زايوم سېتىۋېلىنىپ، سېتىۋېلىش ۋەزىپىسى 73% ئاشۇرۇپ ئورۇندالدى.

ساڭ باۋخې ناھىيىلىك پارتكومنىڭ شۇجىلىقىغا تەيىنلەندى.

## 1955 ـ يىلى

**1 ـ ئاي** باشلانغۇچ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش كوپىراتىپلىرىنى قۇرۇش باشلاندى، 147 نەپەر كادىر بەش رايون، 26 يېزىغا بېرىپ، باشلانغۇچ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش كوپىراتىپىدىن 26 نى قۇردى، 677 ئائىلىلىك دېھقان كوپىراتىپقا كىردى، 2075 مو يەر كوپىراتىپقا قوشۇلدى. 14 ئامانەت قەرز كوپىراتىپى قۇرۇلدى.

**3 ـ ئاي** قاغىلىق ناھىيىسى تەۋەسىدىكى 6 ـ، 10 ـ رايونلاردىن جەمئىي 12 يېزا، 79 تەبىئىي كەنت، 9390 ئائىلە، 33 مىڭ 289 نوپۇس، 219 مىڭ 895.96 مو تېرىلغۇ يەر، 21 مىڭ 617 مو تېرىلمايدىغان يەر پوسكام ناھىيىسىگە ئايرىپ بېرىلدى.

ئازادئاۋات تاجىك مىللىي ئاپتونوم يېزىسى قۇرۇلدى.

22 ـ كونى ئاخىرىقى قىرو چۈشۈپ، كېۋەز مايسىلىرىنى زىيانغا ئۇچراتتى.

مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە ھەققىدە تەشۋىقات پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى.

**5 ـ ئاي** ئۈچ كۈن ئۈدا قاتتىق يامغۇر ياغدى، ئون ئېغىزدىن كۆپرەك ئۆي ئۆرۈلۈپ كەتتى، 10 مىڭ مودىن كۆپرەك يەردىكى كۆممىقوناق، كېۋەز مايسىلىرى ۋەيران بولدى.

**6 ـ ئاي** جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى شىنجاڭ شۆبە بيۇروسىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ ئېنماۋ ۋە شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى سەيپىدىن ئەزىزى پوسكامغا كېلىپ خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈردى.

ئاتوم قوراللىرىنى ئىشلىتىشكە قارشى تۇرۇش بويىچە ئىمزا قويۇش ھەرىكىتى قانات يايدۇرۇلدى، ناھىيە بويىچە ئاز كەم 40 كىشى ئىمزا قويدى.

**8 ـ ئاي** سەمەت ئىبراھىم ھاكىملىققا تەيىنلەندى.

**9 ـ ئاي** تەمىنات ـ سودا كوپىراتىپى پاي توپلاش دائىرىسىنى كېڭەيتتى، ناھىيە بويىچە پاي قوشقان دېھقان 3600 گە، توپلانغان پاينىڭ ئومۇمىي سوممىسى 11 مىڭ 800 يۈەنگە يەتتى.

**10 ـ ئاي** جۇڭگو يېڭى دېموكراتىك ياشلار ئىتتىپاقى پوسكام ناھىيىلىك كومىتېتى دېگەن نام جۇڭگو كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى پوسكام ناھىيىلىك كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلدى.

**11 ـ ئاي** ناھىيىلىك پارتكوم مىللىي دېموكراتىك زاتلار سۆھبەت يىغىنى چاقىرىپ، مىللىي، دىنىي سىياسەتنىڭ ئىزچىللاشتۇرۇلۇش ئەھۋالىنى مۇزاكىرە قىلدى ۋە تەكشۈردى.

**12 ـ ئاي** شەھەر ـ بازارلاردىكى كاپىتالىستىك سودا ـ سانائەت ۋە قول سانائەتكە سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈلۈشكە باشلىدى.

ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى سەيپىدىن ئەزىزى پوسكامغا كېلىپ خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈردى.

## 1956 - يىلى

**2 - ئاي** ناھىيە بويىچە يېزا ئىگىلىكىنى كوپېراتسىيىلەشتۈرۈش ئىشقا ئاشۇرۇلدى. 291 باشلانغۇچ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش كوپېراتىپى، 25 ئالىي كوپېراتىپ قۇرۇلدى، كوپېراتىپقا كىرگەن دېھقان ئائىلىسى ئومۇمىي دېھقان ئائىلىسىنىڭ 91.94 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى.

**4 - ئاي** جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى پوسكام ناھىيىلىك تۇنجى نۆۋەتلىك پارتىيە ئەزالىرى قۇرۇلتىيى چاقىرىلدى. قۇرۇلتايدا ھەمكارلىق كوپېراتىپلىرى قۇرۇلغاندىن بويانقى تۇرلۇك خىزمەتلەر تەكشۈرۈپ خۇلاسىلەندى، «پوسكام ناھىيىسىنىڭ 1956 - يىلدىن 1967 - يىلغىچە بولغان يېزا ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش پىلانى (لايىھە) مۇزاكىرە قىلىنىپ ماقۇللاندى، پارتىيىنىڭ ناھىيىلىك كومىتېتى ۋە رېۋىزىيە كومىتېتى، ۋىلايەتلىك پارتىيە ئەزالىرى قۇرۇلتىيىغا قاتنىشىدىغان ۋەكىللەر سايلام ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈلدى.

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەئىسى سەيپىدىن ئەزىزى پوسكامغا كېلىپ خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈردى.

**6 - ئاي** بەش كىشىدىن تەركىب تاپقان ناھىيىلىك ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى تازىلاشقا رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى قۇرۇلۇپ، ئىچكى قىسىمدا ئەكسىلئىنقىلابچىلارنىتازىلاش ئىشى باشلاندى.

يەكەن ۋىلايىتى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. پوسكام ناھىيىسى قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى.

**7 - ئاي** يەكەن دەرياسىغا زور كەلكۈن كېلىپ، ئۇدا ئون نەچچە كۈن داۋاملاشتى، كەلكۈننىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسى 1280 كۇب مېتىر/سېكۇنتقا يەتتى، دەريا ياقىسىدىكى 950 مودىن ئارتۇق تېرىلغۇ يەرنى سۇ بېسىپ كەتتى، سەككىز ئۆستەڭ يار ئېلىپ كەتتى. ناھىيە بويىچە 90 مىڭ ئىش كۈنى ئەمگەك سەرپ قىلىنىپ، كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش خەۋپ - خەتەردىن جىددىي قۇتقۇزۇش ئېلىپ بېرىلدى.

ناھىيىلىك پىلان كومىتېتى قۇرۇلدى.

**10 - ئاي** پىچانچى يېزىلىق ئىتتىپاق ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى ئېلى ئاۋۇتقا ئىتتىپاق مەركىزىي كومىتېتى تەرىپىدىن «مەملىكەتلىك سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئاكتىپى» دەپ نام بېرىلدى.

ناھىيىلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ پۈتۈپ ئوقۇش باشلاندى.

**11 - ئاي** ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ناھىيىلىك خەلق كومىتېتى دەپ ئۆزگەرتىلدى.

## 1957 - يىلى

**2 - ئاي** ناھىيىلىك 2 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى چاقىرىلدى، قۇرۇلتايدا سەمەت

ئىبراھىمنىڭ «ناھىيىلىك خەلق كومىتېتىنىڭ خىزمىتىدىن دوكلات»ى، لى چىڭنىڭ «پوسكام ناھىيىسىنىڭ 1957 - يىللىق خەلق ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇش پىلانى توغرىسىدا تەكلىپ» ناملىق دوكلاتى ماقۇللاندى، سەمەت ئىبراھىم ھاكىملىققا، توختىمەمەت تۇردى ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقلىقىغا سايلاندى.

3 - ئاي جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى پوسكام ناھىيىلىك كومىتېتى قۇرۇلدى، ساڭ باۋخې رەئىسلىككە، مۇھەممەتئىمىن ئەيسا، سېيىت موللا باخشى مۇئاۋىن رەئىسلىككە تەيىنلەندى.

4 - ئاي پارتىيە ئىچىدە ئىستىل تۈزىتىش ھەرىكىتى قانات يايدۇرۇلدى. كېيىن بۇ ھەرىكەت «ئوڭچىللارغا قارشى تۇرۇش» كۈرىشىگە ئۆزگەرتىلىپ ئون ئاي داۋاملاشتى، ناھىيە بويىچە تۆت كىشى ئوڭچى قىلىپ ئايرىلدى.

ناھىيە دەرىجىلىك ئورگانلاردىكى كادىرلار 4100 يۈەن پۇل ئىئانە قىلدى، بۇ پۇلغا يېزا ئىگىلىك ماشىنا سايمانلىرى سېتىۋېلىنىپ نامرات كوپىراتىپلارغا ياردەم قىلىندى.

6 - ئاي ئاز ساندىكى كوپىراتىپ ئەزالىرى بۇغداينى ئۆزى يىغىۋېلىپ، چارۋىلىرىنى قايتۇرۇۋېلىپ، كوپىراتىپتىن چېكىنىشنى تەلەپ قىلدى. مەركەزنىڭ قارارىنى ئىجرا قىلىش ئۈچۈن، ناھىيىنىڭ يېزىلىرىدا ئىككى يول ئوتتۇرىسىدىكى چوڭ ھەق - چوڭ ناھەقنى ئېنىق ئايرىش مەركەز قىلىنغان سوتسىيالىستىك تەربىيە ھەرىكىتى قانات يايدۇرۇلۇپ، كوپىراتىپتىن چېكىنىپ چىقىپ كېتىش شامىلى توسۇپ قېلىندى.

7 - ئاي ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى سوپى سەلەي ۋەزىپە بىلەن پوسكامغا كېلىپ، ناھىيىلىك پارتكومنىڭ 1 - شۇجىلىقىنى قوشۇمچە ئۈستىگە ئالدى.

شىنخۇا كىتابخانىسىنىڭ پوسكام تارماق كىتابخانىسى قۇرۇلدى.

8 - ئاي ئىبراھىم نۇر باشچىلىقىدىكى «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى پارتىزانلار ئەترىتى» دېگەن ئەكسىلئىنقىلابىي تەشكىلات پاش قىلىندى.

## 1958 - يىلى

2 - ئاي ناھىيە دەرىجىلىك ئورگانلاردىن 80 دىن ئارتۇق كادىر پىچانچى يېزىسىغا چۈشۈپ ئەمگەك بىلەن چېنىقتى.

ناھىيىلىك ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق ھەيئىتى قۇرۇلدى.

3 - ئاي سابىق ناھىيىلىك خەلق كومىتېتىنىڭ سودا - سانائەت بۆلۈمى، ناھىيىلىك سودا شىركىتى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، ناھىيىلىك سودا ئىدارىسى قۇرۇلدى.

6 - ئاي ناھىيىلىك 3 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى چاقىرىلىپ، خەلق كومىتېتىنىڭ 15 نەپەر ھەيئەت ئەزاسى سايلاپ چىقىلدى، ئابدۇرېھىم قۇدرەت ھاكىملىققا سايلاندى.

8 - ئاي ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرى ئارىسىدا يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى كۈرەش قانات يايدۇرۇلدى.

9 - ئاي 5000 كىشى ئاجرىتىلىپ، ناھىيىلىك پولات - تۆمۈر ئىشلەپچىقىرىش ئۈمىكى تەشكىللەندى، بۇ ئۆمەك ئاقتۇ ناھىيىسىنىڭ ئاپىلىق كان رايونىغا بېرىپ تۆمۈر تاۋلىدى.

خەلق گۈڭشېسى قۇرۇش ئىشقا ئاشۇرۇلۇپ، «سۇنئىي ھەمرا»، «قىزىل يۇلتۇز»،

«سەكرەپ ئىلگىرىلەش» ، «قىزىل بايراق» ، شەرق شامىلى» دىن ئىبارەت بەش خەلق گۆڭشېسى قۇرۇلدى.

يېزىلاردا جامائەت ئاشخانىلىرى قۇرۇلۇپ، گۆڭشې ئەزالىرى بىردەك ئاشخانىدىن تاماق يەيدىغان بولدى.

«شەرقىي تۈركىستان يېڭى دېموكراتىزملىق ئىسلام جەمئىيىتى» ناملىق ئەكسىلئىنقىلابىي تەشكىلات پاش قىلىندى.

**12 - ئاي** يەرلىك كېسەل - قالقانسىمان بەز ئىششىقى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈلۈپ داۋالاندى.

ئۈچ دەرىجىلىك كادىرلار يىغىنى چاقىرىلىپ، 1958 - يىللىق خىزمەتلەر خۇلاسىلەندى، نەمۇنىچى بولۇپ باھالانغان 163 كىشىگە نەتىجە يېزىلدى.

## 1959 - يىلى

**8 - ئاي** جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى پوسكام ناھىيىلىك خەلق قوراللىق بۆلۈمى قۇرۇلدى.

يەرلىك دۆلەت ئىگىلىكىدىكى پوسكام دېھقانچىلىق مەيدانى ئىككىسۇدا ئورۇن تاللاپ مەيدان قۇرۇشقا كىرىشتى.

ناھىيىلىك پارتكوم پارتىيە مەكتىپى قۇرۇلدى.

29 - كۈنى يەكەن دەرياسىغا ئۇشتۇمتۇت كەلكۈن كېلىپ، يېرىم ئاي داۋاملاشتى، كەلكۈننىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسى 2760كۇب مېتر/سېكۇنتقا يەتتى.

**9 - ئاي** ناھىيىلىك پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى قۇرۇلدى.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى رەئىسىنىڭ ئالاھىدە كەچۈرۈم قىلىش بۇيرۇقىغا ئاساسەن، ئۈچ نەپەر جىنايەتچى ئالاھىدە كەچۈرۈم قىلىندى ھەمدە بىر نەپەر ئوڭچى، بىر نەپەر يەرلىك مىللەتچىنىڭ «قالپاق» ى ئېلىۋېتىلدى.

**10 - ئاي** جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ ئون يىللىقىنى داغدۇغىلىق تەبرىكلەش يۈزىسىدىن ناھىيىنىڭ ئون يىللىق قۇرۇلۇش مۇۋەپپەقىيەتلىرى كۆرگەزمىسى ئېچىلدى.

ناھىيىلىك پارتكومنىڭ كېڭەيتىلگەن يىغىنى چاقىرىلىپ، «ئوڭچىل ئاغمىچىلىق» تەنقىد قىلىندى.

**11 - ئاي** ئۆزگەرگەن بىر تۈركۈم پومېشچىكنىڭ، باي دېھقانلارنىڭ «قالپاق» ى ئېلىۋېتىلدى.

**12 - ئاي** شەرقىي كەلكۈن باشلاش ئۆستىڭى قوماندانلىق شتابى 7000 ئەمگەكچى ئاجرىتىپ، ئۆستەڭ قۇرۇلۇشىنى باشلىۋەتتى.

## 1960 - يىلى

**1 - ئاي** سىياسىي كېڭەش پوسكام ناھىيىلىك 3 - نۆۋەتلىك كومىتېتى 1 - سانلىق يىغىن

ئۆتكۈزدى.
2 - ئاي ناھىيىلىك ئىشتىن سىرتقى مائارىپ كومىتېتى قۇرۇلدى.
ناھىيىلىك پەن - تېخنىكا كومىتېتى قۇرۇلدى.
ناھىيىلىك قەھرىمانلار ئۇچرىشىش يىغىنى چاقىرىلىپ، 504 نەپەر قەھرىمان - نەمۇنىچى، تۆھپىكار، تۆت ئىلغار ئورۇن تەقدىرلەندى ۋە مۇكاپاتلاندى.
3 - ئاي ناھىيە بويىچە ھەمكارلىشىپ داۋالىنىش تۈزۈمى يولغا قويۇلدى.
4 - ئاي ناھىيىدە «تۆتلەشتۈرۈش» (ئاپتوماتلاشتۇرۇش، يېرىم ئاپتوماتلاشتۇرۇش، ماشىنىلاشتۇرۇش، يېرىم ماشىنىلاشتۇرۇش) ھەرىكىتى ھەيئىتى قۇرۇلۇپ، ئاپتوماتلاشتۇرۇش، يېرىم ئاپتوماتلاشتۇرۇش مەركەز قىلىنغان تېخنىكا يېڭىلاش پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى.
6 - ئاي پوسكام ناھىيىسىدە خەلق ئەسكەرلىرى شىسى قۇرۇلدى.
9 - ئاي ناھىيە دەرىجىلىك ئورگانلاردىن 244 نەپەر كادىر تۆۋەنگە چۈشۈرۈلۈپ، گۆشچى ۋە ئەترەتلەرگە بولغان رەھبەرلىك كۈچەيتىلدى.
11 - ئاي ناھىيىلىك خەلق رېۋىزىيە كومىتېتى قۇرۇلدى (كېيىن ناھىيىلىك خەلق كومىتېتى رېۋىزىيە ئىشخانىسى دەپ ئۆزگەرتىلدى).
12 - ئاي يېزا خەلق گۇڭشېلىرىدا ئىشنى، مەھسۇلاتنى، تەننەرخنى ھۆددىگە بېرىش، مەھسۇلاتنى ئاشۇرغانلارنى مۇكاپاتلاش ھەمدە ئەمگەك كۈچىنى، تېرىلغۇ ئۇلاغلىرىنى، دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى، يەرنى مۇقىملاشتۇرۇش تۈزۈمى يولغا قويۇلدى.

## 1961 - يىلى

1 - ئاي ناھىيىلىك پارتكوم، ناھىيىلىك خەلق كومىتېتى بىرلىشىپ ئىش بېجىردى.
جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ پوسكام ناھىيىلىك 2 - نۆۋەتلىك پارتىيە ئەزالىرى قۇرۇلتىيى چاقىرىلدى.
ناھىيىلىك 4 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى چاقىرىلدى، قۇرۇلتايدا ناھىيىلىك خەلق كومىتېتىنىڭ خىزمەت دوكلاتى قاراپ چىقىلدى ۋە ماقۇللاندى، ئابدۇرېھىم قۇدرەت ھاكىملىققا، ئابدۇكېرىم داۋۇت ناھىيىلىك سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقلىقىغا سايلاندى.
ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەش 3 - نۆۋەتلىك كومىتېتى 2 - سانلىق يىغىن ئۆتكۈزدى.
گەنسۇ، چىڭخەي، نىڭشىيا، خېنەن قاتارلىق ئۆلكىلەردىن ئاپەتكە ئۇچراپ كەلگەن خەلقتىن 3865 كىشى ئورۇنلاشتۇرۇلدى، كېيىن يەنە 2356 كىشى ئارقا - ئارقىدىن ئورۇنلاشتۇرۇلدى.
4 - ئاي ناھىيىلىك خەلق كومىتېتىنىڭ رېۋىزىيە ئىشخانىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى.
يېزىلاردىكى جامائەت ئاشخانىلىرى تارقىتىۋېتىلدى.
5 - ئاي دۆلەت 270 مىڭ يۈەن پۇل ئاجرىتىپ، نامرات ئەترەتلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇشىغا ياردەم بەردى.
7 - ئاي يەكەن دەرياسىنىڭ سۈيى بىردىنلا ئۆرلەپ كەتتى، سۇنىڭ ئەڭ زور ئېقىن مىقدارى 6270 كۇب مېتىر/سېكۇنتقا يېتىپ، دەريا دامبىسىنىڭ نۇرغۇن جايلىرىنى بۇزۇۋەتتى ۋە يەكەن دەرياسى كۆۋرۈكىنىڭ قوزۇقلىرىنى ئېقىتىپ كەتتى، بۇنىڭ بىلەن بىر قانچە كۈن قاتناش ئۈزۈلۈپ قالدى.

**11 ـ ئاي** ناھىيە، گۇڭشې، ئەترەتتىن ئىبارەت ئۈچ دەرىجىلىك كادىرلار يىغىنى چاقىرىلىپ، «يېزا خەلق گۇڭشېلىرىنىڭ خىزمەت نىزامى» (تۈزىتىلگەن لايىھە) ئىزچىللاشتۇرۇلدى.

ناھىيىلىك پارتكومدا پەرقلەندۈرۈش خىزمىتىگە رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى ۋە پەرقلەندۈرۈش خىزمىتى ئىشخانىسى قۇرۇلۇپ، ئىلگىرىكى يىللاردا چارە كۆرۈلگەن كادىرلار پەرقلەندۈرۈلدى.

**12 ـ ئاي** پوسكام دېھقانچىلىق مەيدانى ئاپتونوم رايونىنىڭ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش سىستېمىسى بويىچە «ئىلغار ئىشلەپچىقارغۇچى ئورۇن» دېگەن نامغا ئېرىشىپ، بىر ئاپتوموبىل مۇكاپات ئالدى، بۇ، ناھىيىدە ئاپتوموبىل ئىشلىتىشنىڭ باشلىنىشى بولدى.

«سونئىي ھەمرا»، «قىزىل يۇلتۇز»، «سەكرەپ ئىلگىرىلەش»، «قىزىل بايراق»، «شەرق شامىلى»دىن ئىبارەت خەلق گۇڭشېلىرى شەھەر رايونى، يىما، گۈلباغ، سەيلى، ئىككىسۇ، نوغچى، كۆيباغ، ئاقتام، ئايكۆلدىن ئىبارەت توققۇز خەلق گۇڭشېسىغا بۆلۈندى.

## 1962 ـ يىلى

**2 ـ ئاي** جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى پوسكام ناھىيىلىك 2 ـ نۆۋەتلىك پارتىيە ئەزالىرى قۇرۇلتىيىنىڭ 2 ـ سانلىق يىغىنى چاقىرىلدى.

كۆيباغ گۇڭشېسى، ئۈلۈغئېرىق چوڭ ئەترىتى مەھسۇلات ئاشۇرغان ئورۇن بولۇپ، پوسكام ناھىيىسىگە ۋەكالىتەن ئاپتونوم رايونلۇق مەھسۇلات ئاشۇرغان ئورۇنلار سۆھبەت يىغىنىغا قاتناشتى.

يېزىلاردا ئىش ھۆددە بېرىلىدىغان، مەھسۇلات ھۆددە بېرىلمەيدىغان ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلدى.

**3 ـ ئاي** قىسمەن گۇڭشېلاردا خەلق باشقۇرۇشىدىكى خەنزۇ باشلانغۇچ مەكتەپ قۇرۇلدى.

ناھىيىلىك پارتكوم، ناھىيىلىك خەلق كومىتېتى بىرلىكتە ھال ـ ئەھۋال ئېيتىپ كەلگەنلەرنى كۈتۈۋېلىش ۋە بۇ ھەقتىكى خەت ـ چەكلەرنى قوبۇل قىلىش ئىشخانىسى قۇردى.

**6 ـ ئاي** ناھىيىلىك پارتكوم بىلەن ناھىيىلىك خەلق كومىتېتى ئاپپاراتلارنى بىرلەشتۈردى.

كۆك پىت ئاپىتى ئاز كەم 22 مىڭ مو يەردىكى بۇغداينى ۋەيران قىلدى، بۇغداي ئورنىغا كوممىقوناق تولۇقلاپ تېرىلدى.

**7 ـ ئاي** ھىندىستاننىڭ تاجاۋۇزچىلىقىغا قايتۇرما زەربە بېرىش ئۈچۈن، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ «7984» قىسمى ناھىيىمىزدە تۇرۇپ ھەرىكەتلىنىش بۇيرۇقىنى كۈتتى.

ناھىيىلىك پارتكومىنىڭ دائىمىي ئەزالىرى ۋە ھەر قايسى تارماقلاردىن 17 نەپەر رەھبىرىي كادىر گۇڭشېلارغا بېرىپ قوشۇمچە ۋەزىپە ئۆتىدى ياكى ئەترەتتە تۇرۇپ خىزمەت ئىشلىدى.

**8 ـ ئاي** گۇڭشې ئەزالىرىنىڭ قالدۇرۇق يېرى، قالدۇرۇق چارۋىسى، قالدۇرۇق ئورمىنى تەڭشەلدى ۋە كېڭەيتىپ بېرىلدى.

مەركەز ھال سوراش ئۆمىكى پوسكامغا كېلىپ، جۇڭگو ـ ھىندىستان چېگرىسىدىكى قايتۇرما زەربە بېرىش جېڭىگە قاتناشقان قىسىمدىن ھال سورىدى.

**10 ـ ئاي** ناھىيىلىك پارتكوم مىللىي سىياسەتنىڭ ئىجراسىنى تەكشۈرۈپ، «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش، مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتىگە ھۆرمەت قىلىش» توغرىسىدا قارار چىقاردى.

**11 ـ ئاي** سودا ـ سانائەت بۆلۈمى، يېمەكلىكلەر سودا بۆلۈمى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، جۇڭگو تۆرلۈك ماللار شىركىتىنىڭ شىنجاڭ پوسكام ناھىيىلىك شۆبە شىركىتى، جۇڭگو يېمەكلىكلەر شىركىتىنىڭ پوسكام ناھىيىلىك شۆبە شىركىتى، جۇڭگو توقۇمىچىلىق شىركىتىنىڭ پوسكام ناھىيىلىك توقۇلما بۇيۇملار ماگىزىنى قۇرۇلدى.

**12 ـ ئاي** پەرقلەندۈرۈش خىزمىتى ئاياغلاشتى، ناھىيە بويىچە ھەر خىل ئەنزىدىن 1371 ى پەرقلەندۈرۈلدى، 90 نەپەر ھەر دەرىجىلىك كادىر ۋە ئاممىنىڭ نامى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى.
ئۈچ خىل خادىملارنى ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتى ئاخىرلاشتى. ناھىيە بويىچە ھەر قايسى گۇڭشې، مەيدانلارغا، ئىككى يىل داۋامىدا، 112 نەپەر ئىشچى ـ خىزمەتچى ئورۇنلاشتۇرۇلدى ۋە چۈشۈرۈلدى، چېگرا رايونغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن كەلگەن ياشتىن توققۇزى، شىنجاڭغا ئۆزلۈكىدىن كەلگەنلەردىن 6221 ى ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

## 1963 ـ يىلى

**1 ـ ئاي** يېزىلاردىكى «بەشتە ياخشى قۇرۇلۇش»نىڭ تەلىپى بويىچە 28 ئىشلەپچىقىرىش چوڭ ئەترىتىنىڭ يەر، يول، ئېرىق ـ ئۆستەڭ، ئورمان بەلبېغىنى پىلانلاش خىزمىتى زەربىدارلىق بىلەن ئورۇندالدى، غول يولدىن 15 ى ياسالدى، غول ئېرىق ـ ئۆستەڭدىن ئونى يېڭىدىن چېپىلدى.
جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى «7978» قىسمى ناھىيىمىزگە كىردى.

**2 ـ ئاي** سوتسىيالىستىك تەربىيە ھەرىكىتى داۋاملىق، چوڭقۇر قانات يايدۇرۇلدى. ناھىيىلىك پارتكوم «كوللېكتىپنىڭ ئىقتىسادىي مەنپەئىتىنى قوغداشقا دائىر بەزى تۈزۈملەر توغرىسىدا قارار» چىقاردى.
ناھىيىلىك پاختا ئىشلەپچىقىرىشقا رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى، پاختا تېرىلغۇ كۆلىمىنى 20 مىڭ 652 موغا كۆپەيتىش پىلانلاندى.

**3 ـ ئاي** ناھىيە بويىچە مەھسۇلاتنى ئاشۇرۇپ ئىقتىساد قىلىش ۋە خىيانەتچىلىككە، ئوغرىلىققا، ھايانكەشلىككە، ئىسراپچىلىققا، تارقاقچىلىققا، بيۇروكراتلىققا قارشى تۇرۇشتىن ئىبارەت «بەشكە قارشى تۇرۇش» ھەرىكىتى قانات يايدۇرۇلدى.
ناھىيە بويىچە لېي فېڭدىن ئۆگىنىش پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى.

**4 ـ ئاي** ناھىيە مىقياسىدا نوپۇس 2 ـ قېتىم ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈلدى، ناھىيە بويىچە ئومۇمىي نوپۇس 85 مىڭ 576 گە يەتتى.

**8 ـ ئاي** ناھىيىلىك 5 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى چاقىرىلدى، قۇرۇلتايدا «ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلات» ئاڭلاپ ئۆتتۈلدى ۋە ماقۇللاندى، ئابدۇرېھىم قۇدرەت ھاكىملىققا، جاۋبۇڭجاڭ مۇئاۋىن ھاكىملىققا، ئابدۇكېرىم داۋۇت سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقلىقىغا سايلاندى.
ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەش 4 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 1 ـ سانلىق يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى.

**9 ـ ئاي** تاۋار ئاشلىق بىلەن تەمىنلەشنى ئازايتىش ئۈچۈن، ناھىيە بويىچە 252 نەپەر

ئىشچى - خىزمەتچى ئىخچاملاندى، 674 نەپەر شەھەر ئاھالىسى قىسقارتىلدى، خام ئەشيا يېتىشمىگەن. ئىقتىسادىي جەھەتتە زىيان تارتقان ناھىيە باشقۇرۇشىدىكى يېزا ئىگىلىك سايمانلىرىنى ياساش - رېمونت قىلىش زاۋۇتى ۋە خىمىيىۋى ئوغۇت زاۋۇتى تاقالدى.

ئومۇمىي دائىرە بويىچە ئېلىپ بېرىلغان سوتسىيالىستىك تەربىيە ھەرىكىتى ئاقتام گۇڭشېسىدا سىناق قىلىندى.

ناھىيە بازىرىدىن قارا تۈز كۆمۈر كانىغا بارىدىغان ئاددىي تاش يول ياسىلىشقا باشلىدى.

**11 - ئاي** جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ پوسكام ناھىيىلىك 3 - نۆۋەتلىك پارتىيە ئەزالىرى قۇرۇلتىيى چاقىرىلدى.

ناھىيىلىك خەلق قوراللىق كومىتېتى قۇرۇلدى. ناھىيە بويىچە پاختىدىن مول ھوسۇل ئېلىنىپ، پاختا سېتىۋېلىش ۋەزىپىسى 95% ئاشۇرۇپ ئورۇندالدى. گۇڭشې ئەزالىرىنىڭ كىرىمى 1962 - يىلدىكىدىن 14.64% كۆپەيدى.

## 1964 - يىلى

**2 - ئاي** ناھىيە بويىچە ئازادلىق ئارمىيىدىن ئۆگىنىش، داچىڭدىن ئۆگىنىش، داجەيدىن ئۆگىنىش پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى.

ناھىيىلىك سوتسىيالىستىك تەربىيە خىزمىتى ئەترىتى خانلەڭگەردە پارتىيە ئەزالىرىنى تىزىملاشنى نۇقتىدا سىناق قىلدى.

ناھىيىلىك خەلق كومىتېتىنىڭ پىلان كومىتېتى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، ناھىيىلىك مالىيە - پىلان كومىتېتى، ناھىيىلىك مال باھاسى كومىتېتى قۇرۇلدى.

**4 - ئاي** جۇڭگو يېزا ئىگىلىك بانكىسىنىڭ پوسكام ناھىيىلىك تارماق بانكىسى قۇرۇلدى.

ناھىيە بەۋەسىدە ئۇدا ھاۋا تۇتۇلۇپ يامغۇر يېغىپ، يەرلەر شورلىشىپ، 26 مىڭ مو يەردىكى كېۋەز قۇرۇپ كەتتى. يامغۇردىن كېيىن تېمپېراتۇرا ئۇشتۇمتۇت ئۆرلەپ، بۇغدايلارغا ئال پۈشەك كەتتى، ئاشلىقتىن ھوسۇل ئېلىش كۆلىمى 1963 - يىلدىكىدىن 44 مىڭ مودىن كۆپرەك ئازىيىپ كەتتى.

**7 - ئاي** ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ 1 - شۇجىسى ۋاڭ ئېنماۋ پوسكامغا كېلىپ خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈردى.

ناھىيىدە سوتسىيالىستىك تەربىيە خىزمىتى ئۆمىكى قۇرۇلدى، سوتسىيالىستىك تەربىيە ئاقتام، كوياغ گۇڭشېلىرى نۇقتا قىلىنىپ ئېلىپ بېرىلدى.

**8 - ئاي** يۇقىرىنىڭ يوليورۇقىغا ئاساسەن، ناھىيىدىكى سوتسىيالىستىك تەربىيە خىزمىتى توختىتىلدى، پوسكام ناھىيىلىك سوتسىيالىستىك تەربىيە خىزمەت ئەترىتى تەشكىل قىلىنىپ، قەشقەر كونا شەھەر ناھىيىسىگە بېرىپ سوتسىيالىستىك تەربىيە خىزمىتىنى ئىشلىدى.

**10 - ئاي** دۆلەت بايرىمى مۇناسىۋىتى بىلەن ناھىيە بويىچە خەلق ئەسكەرلىرىنىڭ ماھارەت كۆرسىتىش يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى. خەلق ئەسكەرلىرى مىلتىق، پىلىموت بىلەن قارىغا ئېتىش مۇسابىقىسى ئۆتكۈزدى ۋە سەپكە تىزىلىش بويىچە ماھارەت كۆرسەتتى.

**11 - ئاي** ناھىيىلىك يەر پىلانلاش كومىتېتى قۇرۇلدى.

**12 - ئاي** ناھىيىلىك 3 - نۆۋەتلىك پارتىيە ئەزالىرى قۇرۇلتىيىنىڭ 2 - سانلىق يىغىنى

چاقىرىلىپ، مەركەزدە 5 - ئايدا ئېچىلغان يىغىن ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ 7 - ئايدا ئاچقان خىزمەت يىغىنىنىڭ روھى يەتكۈزۈلدى، گوڭشې پارتكومى ۋە ناھىيىگە بىۋاستە قاراشلىق ئورگانلارنىڭ رەھبەرلىك بەنزىسىنى ئىنقىلابىيلاشتۇرۇش مەسىلىسى ھەل قىلىندى.

## 1965 - يىلى

**2 - ئاي** ناھىيە، گوڭشېلار ئايرىم - ئايرىم ھالدا، كەمبەغەل دېھقان، تۆۋەن ئوتتۇرا دېھقان ۋەكىللىرى يىغىنى چاقىرىپ، كەڭ كەمبەغەل دېھقان، تۆۋەن ئوتتۇرا دېھقانلارنى «ئۈچ چوڭ ئىنقىلابىي ھەرىكەت» (سىنىپىي كۈرەش، ئىشلەپچىقىرىش كۈرىشى، ئىلمىي تەجرىبە) كە پائال قاتنىشىپ، ئاپتونوم رايون قۇرۇلغانلىقىنىڭ ئون يىللىقىنى كۈتۈۋېلىشقا سەپەرۋەر قىلدى. ھەمدە ناھىيىلىك، گوڭشېلىق كەمبەغەل دېھقان، تۆۋەن ئوتتۇرا دېھقانلار جەمئىيىتىنى سايلام ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كەلتۈردى.

**3 - ئاي** ناھىيىلىك پارتكوم يېزىلاردا ئىشلەپچىقىرىشتىن ئايرىلغان كادىرلار خەلق گوڭشېسىنىڭ ئەمگىكىگە قاتناشسا، قىلغان ئىشنى باھالاپ نومۇر خاتىرىلەپ، يىل ئاخىرىدىكى تەقسىماتتا بۇ نومۇرنىڭ 70 پىرسەنتىنى كەمبەغەل دېھقان، تۆۋەن ئوتتۇرا دېھقانلار ئىچىدىكى قىيىنچىلىقى بار ئائىلىلەرگە تەقسىم قىلىپ بېرىش، 30 پىرسەنتىنى جامائەت جۇغلانمىسى قىلىش ياكى بىر تۇتاش تەقسىم قىلىش لايىھىسىگە كىرگۈزۈش توغرىسىدا قارار چىقاردى.

**6 - ئاي** ياڭ جيەنجاڭ پوسكام ناھىيىلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىلىقىغا تەيىنلىنىپ، ناھىيىلىك پارتكومنىڭ خىزمەتلىرىگە رىياسەتچىلىك قىلدى.

**8 - ئاي** ناھىيىلىك خەنزۇ باشلانغۇچ مەكتەپ قۇرۇلدى.

**10 - ئاي** ئاپتونوم رايون قۇرۇلغانلىقىنىڭ ئون يىللىقىنى تەبرىكلەش پائالىيىتىگە قاتناشقان مەركىزىي ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ 4 - شۆبە ئۆمىكى پوسكامغا كېلىپ ھال سوراش پائالىيىتى ئېلىپ باردى.

**12 - ئاي** ناھىيىلىك 6 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى چاقىرىلدى، قۇرۇلتايدا «ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلات» قاراپ چىقىلدى ۋە ماقۇللاندى، توختىمەمەت تۇردى ۋە جاڭ جەنيى مۇئاۋىن ھاكىملىقتا، ئابدۇكېرىم داۋۇت سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقلىقىغا سايلاندى.

ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەش 5 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 1 - سانلىق يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى.

## 1966 - يىلى

**1 - ئاي** جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى پوسكام ناھىيىلىك 4 - نۆۋەتلىك پارتىيە ئەزالىرى قۇرۇلتىيى چاقىرىلدى.

**2 - ئاي** ھەر دەرىجىلىك كادىرلار ئارىسىدا «پارتىيىنىڭ ياخشى كادىرى - جياۋيۇلۇ» دىن ئۆگىنىش پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى.

**5 - ئاي** ناھىيىدە «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»غا رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى، ئىدارە، ئورگانلاردىمۇ «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»غا رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىلىرى ئارقا - ئارقىدىن قۇرۇلدى.

**6 - ئاي** ناھىيە ئىچىدىكى تۇنجى ئىككى قەۋەتلىك بىنا — مۇلازىمەت بىناسى پۈتۈپ ئىشلىتىلىشكە باشلىدى.

ناھىيىلىك خەلق كومىتېتى مىچۇەن ناھىيىسىنىڭ شالچى دېھقانلىرىنى ناھىيىمىزگە كېلىپ، شال تېرىش تەجرىبىسىنى ئۆگىتىشكە، شال مايسىسى كۆچۈرۈش تېخنىكىسىنى ئومۇملاشتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى.

تېمپېراتۇرا ئۆرلەپ 38.8°C قا چىقتى.

**7 - ئاي** بىكتۇەن بىناكارلىق - قۇرۇلۇش 3 - شىسىنىڭ 23 - تۇەنى پوسكامغا كىرىپ ئورۇنلىشىپ، يەكەن دەرياسىنىڭ شەرقىي قىرغىقىدىكى كەلكۈن باشلاش باش غول ئۆستىڭىنى چېپىشقا كىرىشتى.

**8 - ئاي** ناھىيىدە ماۋجۇشى ئەسەرلىرىنى ئۆگىنىش ئاكتىپلىرى ۋە ئىلغار كوللېكتىپ ۋەكىللىرى يىغىنى چاقىرىلىپ، 250 نەپەر ئۆگىنىش ئاكتىپى، 20 ئىلغار كوللېكتىپ تەقدىرلەندى.

ناھىيىلىك «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» غا رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى خىزمەت ئەترىتى ئەۋەتىپ، ناھىيە بويىچە پۈتۈن ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى يىغىپ، ئىستىل تۈزىتىش ئېلىپ بېرىپ، مائارىپ، ئەدەبىيات - سەنئەت، سەھىيە ساھەلىرىدىكى ئاتالمىش «ئۈچ قارا يىپ» نى تۇتتى.

**10 - ئاي** مەكتەپلەردىكى قىزىل قوغدىغۇچىلار سىرت جايلارغا بېرىپ ئالاقە باغلاشقا ئاتلاندى.

## 1967 - يىلى

**1 - ئاي** ناھىيە بازىرىدىكى ھەر ساھە، ھەر كەسىپلەردىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئۆز ئىختىيارى بىلەن «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دىكى «جەڭگىۋارلار ئەترىتى»، «جەڭگىۋارلار گۇرۇپپىسى» نى تەشكىللىدى. «ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئىسيان كۆتۈرۈش قوماندانلىق شتابى»، «قىزىل قوغدىغۇچىلار ئىسيان كۆتۈرۈش قوماندانلىق شتابى» ئارقا - ئارقىدىن قۇرۇلدى.

23 - ۋە 28 - كۈنلىرى ئايرىم كادىرلار «نەق ئەكسىلئىنقىلابچى» قىلىپ قويۇلۇپ، يالاپ ئايرىلىپ تورمىگە سولاندى.

30 - كۈنى ناھىيىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرى پالەچ ھالغا چۈشۈپ قالدى، ئاممىۋى تەشكىلاتلار بىرلىشىپ پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ رەھبەرلىك ھوقۇقىنى تارتىۋالدى.

تېمپېراتۇرا 23°C - قا چۈشۈپ، مېۋىلىك دەرەخلەر ئۈششۈپ كەتتى.

**2 - ئاي** ناھىيىلىك قوراللىق بۆلۈم جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى، سوت مەھكىمىسى، تەپتىش مەھكىمىسىنى ۋاقىتىنچە ھەربىي ئىدارە قىلىش توغرىسىدا ناھىيىلىك ئوتتۇرا ئەترەتكە بۇيرۇق بەردى.

**4 - ئاي** ناھىيىلىك قوراللىق بۆلۈمدە ئىشلەپچىقىرىش ئىشخانىسى قۇرۇلدى، ئۇ پۈتۈن ناھىيىنىڭ سانائەت، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىغا رىياسەتچىلىك ۋە رەھبەرلىك قىلىدىغان بولدى.

## 1968 - يىلى

**3 - ئاي** يۇقىرىنىڭ يوليورۇقىغا ئاساسەن، ناھىيىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى، ناھىيىلىك تەپتىش مەھكىمىسى، ناھىيىلىك سوت مەھكىمىسىدە ھەربىي ئىدارە قىلىش رەسمىي

يولغا قويۇلدى.

پوسكام دېھقانچىلىق مەيدانىدا ئەلەم كۆرۈشى يۈز بەردى.

5 - ئاي سەيلى، ئاقتام قاتارلىق گۇڭشېلاردا ئىنقىلابىي كومىتېت ئارقا - ئارقىدىن قۇرۇلدى.

6 - ئاي ئاممىۋى تەشكىلاتلار گومىنداڭنىڭ قالدۇق داشقاللىرىنى تۇتۇش نامى بىلەن، زور بىر تۈركۈم رەھبەرىي كادىرلارنى ۋە بەزى ئاتالمىش «گېزەندە ئۇنسۇر»لارنى يىغىۋېلىپ تەكشۈردى.

7 - ئاي شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى بىناكارلىق - قۇرۇلۇش 3 - شىسى 23 - تۇەنىنىڭ ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنى تەشۋىق قىلىش ئەترىتى ناھىيە ئىچىدىكى ئىدارە - ئورگانلارغا كىرىپ ئورۇنلاشتى.

8 - ئاي ناھىيىلىك خەلق كومىتېتىنىڭ ئىككى تەرەپ تەشكىلاتىدىكى ئامما چوڭ بىرلىشىشنى ئىشقا ئاشۇردى.

12 - ئاي ئاپتونوم رايون نامرات ئەترەتلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇشىغا يار يۆلەك بولۇش ئۈچۈن، ناھىيىدىكى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىغا 27 مىڭ يۈەن ياردەم پۇلى ئاجرىتىپ بەردى.

## 1969 - يىلى

3 - ئاي ناھىيە ئىككى تەرەپ ئاممىۋى تەشكىلاتتىكى ئامما ئىككى قېتىم ئەلەم كۆرۈشى قىلدى.

جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى «36220» قىسىم ئارقا سەپ تەمىنات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى پاڭ لىڭ بۇيرۇققا بىنائەن ناھىيىگە خىزمەتكە كەلدى.

4 - ئاي پوسكام ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېت قۇرۇلدى، پاڭ لۇڭ مۇدىرلىققا، لىفۇ، چى بىڭيى، رېن ۋېنجاڭ، لى شۇەنجۇلار مۇئاۋىن مۇدىرلىققا تەيىنلەندى.

ناھىيىلىك دېھقانچىلىق مەيدانىدا يەنە بىر قېتىم ئەلەم كۆرۈشى يۈز بېرىپ، ئىككى كىشى پارتلاپ ئۆلدى، بىر كىشى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈلدى.

6 - ئاي ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېت خادىملارنى تەشكىللەپ يېزىغا چۈشۈرۈپ، دېموكراتىك ئىنقىلاب «ئۇزۇل - كېسىل بولماسلىق» مەسىلىسىنى تەكشۈردى، توردىن چۈشۈپ قالغان پومېشچىك، باي دېھقانلارنىڭ تەركىبىنى تولۇقلاپ ئايرىدى.

ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېت ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنى ئۆگىنىش كۇرسى ئېچىپ، ناھىيىدىكى ھەر قايسى ئاممىۋى تەشكىلاتلارنىڭ مەسئۇللىرى ۋە ئورگانلاردىكى ئىنقىلابىي رەھبەرلىك گۇرۇپپىلىرىنىڭ باشلىقلىرىنى يىغىپ، ئۆگىنىشكە ۋە تەرەپبازلىقنى تۈگىتىشكە ئۇيۇشتۇردى.

قەشقەردىن ناھىيىگە 1 - تۈركۈمدە 79 نەپەر زىيالىي ياش كېلىپ، ياسىدۇن ئورمانچىلىق مەيدانىدا ئەمگەك بىلەن چېنىقتى.

7 - ئاي ھەر دەرىجىلىك ئىنقىلابىي كومىتېتلار قۇرۇلدى.

مەكىت ناھىيىسىدىكى روزى ھېكىم ئەكسىلئىنقىلابىي گۇرۇھى پوسكام ناھىيىلىك قوراللىق

بۆلۈمگە ئوغرىلىقچە ھۇجۇم قىلدى.

**8 ـ ئاي** ناھىيىدىكى ئىككى تەرەپ ئاممىۋى تەشكىلاتتىكى ئاممىا بىرلىشىپ قوراللىق لىيەن قۇرۇپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغدىدى.

**10 ـ ئاي** ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېت «قىزىل ئاۋانگارت»، «قىزىل نۇر»، «ئەۋلادقىچە قىزىل»، «سەكرەپ ئىلگىرىلەش»، «قىزىل قوغدىغۇچى»، «قەلەم ـ ئەلەم»، «مەڭگۈ قىزىل»، «شەرق قىزاردى»، «شەرق شامىلى» قاتارلىق گۇڭشېلارنىڭ نامىنى 1 ـ دىن 9 ـ گىچە قىلىپ ئۆزگەرتىشنى قارار قىلدى.

## 1970 ـ يىلى

**2 ـ ئاي** ناھىيىلىك «7 ـ ماي» كادىرلار مەكتىپى قۇرۇلدى. ناھىيە دەرىجىلىك ئورۇنلاردىكى بىر تۈركۈم كادىرلار «7 ـ ماي» كادىرلار مەكتىپىگە چۈشۈرۈلۈپ ئەمگەك بىلەن چېنىقتۇرۇلدى.

**5 ـ ئاي** سىنىپىي قوشۇننى ئېنىقلاش، «بىرگە زەربە بېرىش، ئۈچكە قارشى تۇرۇش» (ئەكسىلئىنقىلابچىلارغا زەربە بېرىش، خىيانەتچىلىككە، ئىسراپچىلىققا، ئوغرىلىققا قارشى تۇرۇش) ھەرىكىتى قانات يايدۇرۇلدى.

**7 ـ ئاي** ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېت ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنى ئۆگىنىش كۇرسى ئېچىپ، كادىرلارنى ئازاد قىلىشقا باشلىدى.

**9 ـ ئاي** شەھەر ئاھالىلىرى تارقاقلاشتۇرۇلۇپ «بەش خىل ئۇنسۇر (پومېشچىك، باي دېھقان، ئەكسىلئىنقىلابچى ئۇنسۇر، بۇزۇق ئۇنسۇر، ئوڭچى ئۇنسۇر)»لار يېزىغا ئەۋەتىلدى.

**10 ـ ئاي** ناھىيىدە ئىككى تەرەپ ئاممىۋى تەشكىلاتلار تەرەپبازلىقنى تۈگىتىپ، ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتىپ، ئاپتونوم رايون تەرىپىدىن ئىككى تەرەپ ئىتتىپاقلىشىشتا نەمۇنىلىك ناھىيە قىلىپ تىكلەندى.

## 1971 ـ يىلى

**1 ـ ئاي** ناھىيىلىك تەمىنات ـ سودا بىرلەشمە كوپىراتىپى ئورگىنى قارىمىقىدىكى يەرلىك مەھسۇلات، پاختا ـ چىگە تىجارەت بۆلۈملىرى سودا ئىدارىسىنىڭ رەھبەرلىكىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى.

**3 ـ ئاي** جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى پوسكام ناھىيىلىك 5 ـ نۆۋەتلىك پارتىيە ئەزالىرى قۇرۇلتىيى چاقىرىلدى.

**5 ـ ئاي** ناھىيىلىك پارتكوم ناھىيە، گۇڭشې ئورگىنىدىكى پارتىيىلىك مەسئۇل كادىرلار ئۆگىنىش كۇرسى ئېچىپ، مەركەزنىڭ 4 ـ نومۇرلۇق ھۆججىتىنىڭ روھىنى يەتكۈزدى، چېن بودانى تەنقىد قىلىش، ئىستىل تۈزىتىش ھەرىكىتىنى قانات يايدۇردى.

**8 ـ ئاي** ناھىيىلىك خەلق ئەسكەرلىرى تۈەنىنىڭ مۇستەقىل يىڭى قۇرۇلدى، گۇڭشېلاردىكى خەلق ئەسكەرلىرى قوراللىق لىيەنلىرىگە قورال تارقىتىپ بېرىلدى.

**9 - ئاي** ھەر فايىسى گوڭشې، مەيدانلاردا سىملىق رادىئو ئۈزېلى قۇرۇلدى.

ناھىيىلىك پارتكوم پارتىيىلىك كادىرلار يىغىنى چاقىرىپ، 13 - سېنتەبىردە لىن بياۋنىڭ ۋەتەنگە ئاسىيلىق قىلىپ، چەت ئەلگە قاچقانلىقىغا دائىر ماتېرىيالنى يەتكۈزدى.

# 1972 - يىلى

**2 - ئاي** ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېت سانائەتكە رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى قۇردى، سېلىم ماخسۇر گۇرۇپپا باشلىقلىقىغا، لىي ماۋمىڭ، لى شۈەنجۇلار مۇئاۋىن گۇرۇپپا باشلىقلىقىغا تەيىنلەندى، بۇنىڭ بىلەن ناھىيىنىڭ يەرلىك سانائەتكە بولغان رەھبەرلىكى كۈچەيتىلدى.

**3 - ئاي** ناھىيىلىك پارتكوم ئىشچىلار، كەمبەغەل دېھقان، تۆۋەن ئوتتۇرا، دېھقانلار ۋەكىلى، ئىنقىلابىي كومىتېت كادىرلىرىدىن 473 كىشىنى قاتناشتۇرۇپ ئۆگىنىش كۇرسى ئېچىپ، لىن بياۋنىڭ ئەكسىلئىنقىلابىي سىياسىي ئۆزگىرىش قىلىش پروگراممىسىنى تەنقىد قىلدى.

ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېت مەدەنىيەت - مائارىپ ئىدارىسى بىلەن سەھىيە ئىدارىسى قوشۇۋېتىلىپ، مەدەنىيەت - مائارىپ - سەھىيە ئىدارىسى قۇرۇلدى.

**4 - ئاي** ناھىيىلىك پارتكوم ئورگان كادىرلىرى، زاۋۇت - كان ئىشچى - خىزمەتچىلىرى يىغىنى چاقىرىپ، مەركەزنىڭ ھۆججىتىنى يەتكۈزۈپ، لىن بياۋ ۋە ئۇنىڭ جاھىل مۇرتلىرىنىڭ ئەكسىلئىنقىلابىي جىنايەتلىرىنى داۋاملىق تەنقىد قىلدى.

ناھىيىلىك پارتكوم 2 - گوڭشې ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ ئوقۇغۇچىسى تۇرسۇنخان ئىمىننىڭ ئۆزىنىڭ خەۋپكە ئۇچرىشىغا قارىماي، ئوتنى ئۆچۈرۈپ، گوڭشې پاختا زاۋۇتىنىڭ مال - مۈلكىنى قۇتقۇزۇپ قالغانلىقىدەك ئىلغار ئىش - ئىزلىرىنى ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ تەقدىرلىدى.

ناھىيىلىك تەنتەربىيە كومىتېتى قۇرۇلدى.

**5 - ئاي** ناھىيىلىك پارتكوم ياشلارغا ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمەتنى كۈچەيتىش توغرىسىدا قارار چىقىرىپ، ئالاقىدار تارماقلارنىڭ كونا رومان، كونا پلاستىنكىلارنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىشنى تەلەپ قىلدى.

2 - گوڭشېنىڭ 7 - چوڭ ئەترەت 1 - ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتى يۇقىرى ئۈنۈملۈك، زەھىرى ئۆتكۈر دېھقانچىلىق دورىسى ئېتىل «1059»نى بۇغدايدىكى كۆك پىتنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى يوقىتىش ئۈچۈن ئىشلىتىش داۋامىدا، 22 كىشى زەھەرلىنىش، بىر كىشى ئۆلۈشتەك ئېغىر ۋەقە يۈز بەردى، ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېت بۇ توغرىلىق ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ، گوڭشې، ئەترەت رەھبەرلىرى ۋە ئالاقىدار كەسپىي تارماقلارنىڭ تەشۋىق - تەربىيە ۋە تېخنىكىۋى يېتەكچىلىكنى كۈچەيتىپ، مۇشۇنداق ۋەقەنىڭ قايتا سادىر بولۇشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشنى تەلەپ قىلدى.

**6 - ئاي** ناھىيىلىك پارتكوم كېڭەيتىلگەن يىغىن چاقىرىپ، لىن بياۋ پارتىيىگە قارشى گۇرۇھنى تەنقىد قىلدى ھەمدە لۇڭ شۈجىننىڭ ئېغىر خاتالىقىنى پاش قىلدى.

**8 - ئاي** ناھىيە بويىچە «يېزا ئىگىلىكىدە داجەيدىن ئۆگىنىش» يىغىنى چاقىرىلىپ، گوڭشې، ئەترەت كادىرلىرى يېڭىسار ناھىيىسىنىڭ «قىزىل بايراق» گوڭشېسى بوزغۇن 15 -

چوڭ ئەترىتى ۋە مەزكۇر ناھىيىدىكى داجەيدىن ئۆگىنىشتە ئىلغار بولغان بىر قىسىم ئورۇنلار ئېكسكۇرسىيە قىلىشقا ئويۇشتۇرۇلدى.

**9 - ئاي** 8 - گۇڭشې 5 - چوڭ ئەترەت 1 -، 4 -، 5 - ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرىنىڭ بارلىق ئەزالىرى، يەرلىرى ۋە ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرى ئايرىپ چىقىلىپ، ناھىيىلىك باغۋەنچىلىك مەيدانى قۇرۇلدى.

**11 - ئاي** ناھىيىلىك يەرلىك كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاش ھەيئىتى قۇرۇلدى. سېلىم ماخسۇر مۇدىرلىققا، رېن ۋېنجاڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىققا تەيىنلەندى.

ناھىيىلىك خەلق ئىشلىرى ئىدارىسى 37 مىڭ 500 يۈەن خەلق پۇلى، 233 مېتىر رەخت بېلىتى تارقىتىپ، يېزىلاردىكى بەشتە كاپالەتلەندۈرۈلىدىغان ئائىلە، قىيىنچىلىقى بار ئائىلە ۋە تايانچىسىز يېتىملارنى قۇتقۇزدى.

ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى.

**12 - ئاي** ناھىيىلىك پارتكوم پارتىيە مەكتىپى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى.

## 1973 - يىلى

**3 - ئاي** ناھىيىلىك 2 - نۆۋەتلىك ئىتتىپاق ۋەكىللىرى يىغىنى چاقىرىلدى.

**9 - ئاي** ئۈچەي يولى يۇقۇملۇق كېسەللىكلىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاش يۈزىسىدىن، ناھىيە بويىچە «ئۈچنى باشقۇرۇش، بىرنى يوقىتىش» پائالىيىتى پائال قانات يايدۇرۇلدى.

**12 - ئاي** ناھىيىلىك يەرلىك كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاش ھەيئىتى ناھىيىلىك يەرلىك كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاشقا رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسىغا ئۆزگەرتىلدى، ئابلىز نىياز گۇرۇپپا باشلىقلىقىغا تەيىنلەندى. ناھىيە بويىچە قالقانسىمان بەز ئىششىقى ۋە كرېتىن كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاش قانات يايدۇرۇلدى.

## 1974 - يىلى

**3 - ئاي** ناھىيە بازىرىدىكى ئورگان كادىرلىرى ئەمگەك بىلەن چېنىقىش، ئۈچۈن تۇۋ، كومگە بۆلونوپ «7 - ماي» كادىرلار مەكتىپىگە يىغىلدى.

**8 - ئاي** ناھىيە بويىچە 1 - تۈركۈم زىيالىي ياشلار ئەمگەك بىلەن چېنىقىش ئۈچۈن ناھىيىلىك ئۇرۇقچىلىق مەيدانىغا باردى.

**10 - ئاي** ناھىيىلىك پارتكوم بىلەن ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېت ئايرىلىپ ئىش بېجىرىشكە باشلىدى.

**11 - ئاي** ناھىيىلىك ئىتتىپاق كومىتېتى ياشلار - ئۆسمۈرلەر ئارىسىدا ئۆگىنىشتە ياخشى بولۇش. خىزمەتتە ياخشى بولۇش، سالامەتلىكتە ياخشى بولۇشتىن ئىبارەت «ئۈچتە ياخشى بولۇش» تەربىيىسى پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇشنى قارار قىلدى.

12 ـ ئاي ھەر قايسى گوڭشې، مەيدانلار كىچىك خىمىيىۋى ئوغۇت مەيدانلىرىنى قۇردى، ئامىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ، 2500 تونىنا كۆمۈر ئۆگۈندىسى يۆتكەپ كېلىپ، 1100 توننىدىن ئارتۇق ھەر خىل چىرىندا كىسلاتاسى ئوغۇتى ياسىدى، لېكىن ئوغۇتنىڭ تەركىبىدە ئازوت كەم بولغانلىقتىن، ئەمەلىي ئونۇمى ناچار بولدى.

## 1975 ـ يىلى

2 ـ ئاي ناھىيىلىك پارتكوم سانائەتتە داچىڭدىن، يېزا ئىگىلىكىدە داجەيدىن ئۆگىنىش بويىچە تەقدىرلەش يىغىنى چاقىردى.

5 ـ ئاي ئۆتكۈر ئۇچەي يولى يۇقۇملۇق كېسەللىكلىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاشنى كوچەيتىش يۈزىسىدىن، ناھىيە بويىچە «ئىككىنى باشقۇرۇش، بەشنى ئۆزگەرتىش (سۇنى، گەندىنى باشقۇرۇش، قۇدۇقنى، ھاجەتخانىنى، چارۋا قوتىنىنى، ئوچاقنى، مۇھىتنى ئۆزگەرتىش)» مەركەز قىلىنغان ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق ھەرىكىتى قانات يايدۇرۇلدى.

9 ـ ئاي ياڭ جيەنجاڭ پوسكام ناھىيىلىك پارتكومنىڭ شۇجىلىقىغا تەيىنلەندى.

10 ـ ئاي ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېت ناھىيىدىكى ھەر قايسى گوڭشې (مەيدان)، ئەترەتلەرنىڭ ئۇن زاۋۇتلىرى (تۈگمەنلىرى) غا ئۇنغا يود قوشۇپ، قالقانسىمان بەز ئىششىقىنىڭ چوڭىيىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش توغرىسىدا بۇيرۇق چىقاردى.

12 ـ ئاي ناھىيىلىك ياسىدۇن ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ قۇرۇلۇشى باشلاندى.

## 1976 ـ يىلى

2 ـ ئاي ناھىيىلىك پارتكوم يېزا ئىگىلىكىدە داجەيدىن ئۆگىنىش ئىشخانىسى بىلەن ناھىيىلىك ئارىپ ئىنقىلابىي ئىشخانىسى قۇرۇلدى.

3 ـ ئاي ياسىدۇندا يود قوشۇلغان تۇز زاۋۇتى قۇرۇلدى.

5 ـ ئاي ماۋزېدۇڭنىڭ «يەنئەن ئەدەبىيات ـ سەنئەت سۆھبەت يىغىنىدا سۆزلىگەن نۇتۇق» ى ئېلان قىلىنغانلىقىنىڭ 34 يىللىقىنى خاتىرىلەش ئۈچۈن، ناھىيە بويىچە سەككىز كۈن ئەدەبىيات ـ سەنئەت كۆرىكى ئۆتكۈزۈلدى.

ناھىيىلىك نېفىت شىركىتى قۇرۇلدى.

6 ـ ئاي ناھىيە يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن 1977 ـ يىلى مەملىكەت بويىچە داجەيچە ناھىيە قىلىپ قۇرۇپ چىقىلىدىغان ناھىيىلەر پىلانىغا كىرگۈزۈلدى.

7 ـ ئاي ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىكىدە داجەيدىن ئۆگىنىش خىزمەت ئۆمىكى قۇرۇلۇپ، يېزىلاردا ئاساسىي لۇشيەن تەربىيىسى قانات يايدۇرۇلدى.

8 ـ ئاي جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ «36923» قىسمى مەزكۇر ناھىيىگە ئورۇنلاشتى.

9 ـ ئاي رەئىس ماۋزېدۇڭ ۋاپات بولدى، ناھىيە خەلقى چوڭقۇر قايغۇ ئىچىدە ماتەم بىلدۈرۈش پائالىيەتلىرىنى ئۆتكۈزدى.

**10 - ئاي** ھەر مىللەت خەلقى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ «جياڭچىڭ ئەكسىلئىنقىلابىي گۇرۇھى»نى بىر يولىلا تار - مار قىلغانلىقىنى قىزغىن تەبرىكلىدى.

**12 - ئاي** ناھىيىلىك داجەيدىن ئۆگىنىش ئىشخانىسى گۇڭشې دەرىجىلىكتىن يۇقىرى 20 نەپەر رەھبىرىي كادىرنى تەشكىللەپ، سەنشى ئۆلكىسىدىكى داجەيگە، خېبېي ئۆلكىسىدىكى تۇڭخۇاغا ئېكسكۇرسىيە ۋە ئۆگىنىشكە ئەۋەتتى.

## 1977 - يىلى

**1 - ئاي** ناھىيىلىك پارتكوم ئىشكىنى ئېچىۋېتىپ ئىستىل تۈزىتىپ، ھەر قايسى تەرەپلەردىن كەڭ كۆلەمدە پىكىر ئالدى، ئاممىنى زىددىيەتلەرنى ئېچىپ تاشلاپ، پەرقلەرنى تېپىپ، تەشكىلنى پاكلاشتۇرۇشقا سەپەرۋەر قىلدى.

ناھىيىدە «سانائەتتە داچىڭدىن ئۆگىنىش» يىغىنى ئېچىلدى، يىغىندا «پوسكام ناھىيىسىنىڭ داچىڭچە كارخانىلارنى ئومۇملاشتۇرۇش پىلانى (لايىھە)» مۇزاكىرە قىلىنىپ تۈزۈپ چىقىلدى، داچىڭدىن ئۆگىنىش بويىچە 19 ئىلغار كارخانا، 208 ئىلغار شەخس باھالاپ چىقىلىپ تەقدىرلەندى.

ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك پەن - تېخنىكىسى سۆھبەت يىغىنى چاقىرىلدى، يىغىندا ناھىيە بويىچە «تۆت دەرىجىلىك يېزا ئىگىلىك پەن - تېخنىكا تورى» بەرپا قىلىش ۋە «ئۇرۇقنى ئۆلچەملەشتۈرۈش»نى يولغا قويۇشنىڭ كونكرېت لايىھىسى مۇزاكىرە قىلىنىپ تۈزۈپ چىقىلدى.

**7 - ئاي** ناھىيىلىك پارتكوم پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىش، ئىستىل تۈزىتىشكە رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى قۇرۇپ، ئۇنى پۈتۈن ناھىيىنىڭ پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىش، ئىستىل تۈزىتىش خىزمىتىگە مەسئۇل قىلدى.

**9 - ئاي** ناھىيىلىك ئېتىز - ئېرىق ئاساسىي قۇرۇلۇش كومىتېتى ۋە ئېتىز - ئېرىق ئاساسىي قۇرۇلۇش كەسپىي ئەترىتى قۇرۇلدى، ئۇ، ناھىيىنىڭ ئېتىز - ئېرىق پىلانىنى لايىھىلەش ۋە ئىش ئۈستىدە يېتەكچىلىك قىلىش خىزمىتىگە مەسئۇل بولدى.

**10 - ئاي** ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى چى گو ناھىيىگە كېلىپ خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈردى.

ناھىيىلىك ئالىي مەكتەپلەرگە ئوقۇغۇچى تولۇپ قىلىش ھەيئىتى قۇرۇلدى، ئۇ، ناھىيىنىڭ ئىمتىھان ئېلىش، ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش خىزمىتىگە مەسئۇل بولدى.

ناھىيە بويىچە 20 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم ئېتىز - ئېرىق ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا تەشكىللىنىپ 90 مىڭ مو سالا ئېتىز رەتلەندى، جەنۇبىنىڭ سوبىنى شىمالغا يۆتكەش ئۆسنىڭى چىپىلدى.

**12 - ئاي** ناھىيىدە قەھرىمانلار ئۇچرىشىش يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى، يىغىندا تەجرىبىلەر يەكۈنلەندى ۋە ئالماشتۇرۇلدى، ھەر قايسى كەسىپ ۋە ساھەلەردىن ئون نەپەر ئۈلگە، 152 ئىلغار كوللېكتىپ، 800 نەپەر ئەمگەك نەمۇنىچىسى، ئىلغار ئىشلەپچىقارغۇچى تەقدىرلەندى ۋە مۇكاپاتلاندى.

## 1978 - يىلى

**2 - ئاي** ناھىيىلىك ئاقتام سۇ ئامبىرىنىڭ توسمىسىنى يار ئېلىپ كەتكەندە، توسما

ئاسرىغۇچى خەلق ئىشچىسى ئابدۇكېرىم خەتەر ئەھۋالىنى ۋاقتىدا مەلۇم قىلدى، سۇ باشقۇرۇش پونكىتىنىڭ باشلىقى تۇنىياز توختى خەتەردىن قۇتقۇزۇش ئىشىنى تەشكىللەپ، خەۋپ - خەتەرنى ئامان - ئېسەنلىككە ئايلاندۇردى. ناھىيىلىك پارتكوم تۇنىياز توختى، ئابدۇكېرىمنى 1 - دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتتى دەپ ئەنگە ئېلىشنى، مۇھەممەت قاسىم، تۇرۇپ ھېيتىنى 2 - دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتتى دەپ ئەنگە ئېلىشنى قارار قىلدى ھەمدە پۈتۈن ناھىيە خەلقىنى ئۇلاردىن ئۆگىنىشكە چاقىردى.

**5 - ئاي** ناھىيىلىك پارتكوم سىياسەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئىشخانىسى قۇرۇپ، ناھەق، يالغان، خاتا ئەنزىلەرنى ئاقلاش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئىشىنى باشلىدى.

25-كۈنى ئۇشتۇمتۇت قاتتىق بوران چىقتى، بوراننىڭ ئوتتۇرىچە سۈرئىتى 28مېتىر/سېكۇنتقا، ئەڭ زور سۈرئىتى 31 مېتىر/سېكۇنتقايەتتى، بوران بەش سائەت داۋاملاشتى، ناھىيە بويىچە 39 مىڭ 387 مو يەردىكى كېۋەز، 16 مىڭ 915 مو يەردىكى كۆممىقوناقنى زىيانغا ئۇچراتتى.

**6 - ئاي** 4 - نۆۋەتلىك خەلق ئەسكەرلىرى ۋەكىللىرى يىغىنى چاقىرىلدى، يىغىندا خەلق ئەسكەرلىرىنىڭ «ئۈچنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش»ى بويىچە 14 ئىلغار ئورۇن، لېي فېڭدىن ئۆگىنىش بويىچە 41 نەپەر ئىلغار خەلق ئەسكىرى تەقدىرلەندى.

**7 - ئاي** ناھىيىلىك پارتكوم يېزا خىزمىتى يىغىنى چاقىرىپ، پارتىيىنىڭ يېزىلارغا قاراتقان تۈرلۈك ئىقتىسادىي سىياسەتلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈردى، گۈڭشې، ئەترەتلەرنىڭ خىزمىتىدىكى ھەر خىل ناتوغرا ئىستىللارنى تۈزەتتى. ناھىيىلىك پىلانلىق تۇغۇتقا رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى ۋە ئىشخانىسى قۇرۇلدى.

**9 - ئاي** ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ «چارۋىچىلىقنى راۋاجلاندۇرۇش فاكجېنى ۋە بىر قانچە سىياسەت توغرىسىدىكى بەلگىلىمە»سى ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، چارۋىچىلىقتا مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. «بەشنى بېكىتىش، بىرنى مۇكاپاتلاش» ۋە چارۋا، چارۋا مەھسۇلاتلىرىنى سېتىپ بېرىش ۋەزىپىسىنى ئاشۇرۇپ ئورۇندىغانلارنى باھا قوشۇپ مۇكاپاتلاش چارىسى يولغا قويۇلدى.

**10 - ئاي** ناھىيىلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى.

**11 - ئاي** يۇجياپېڭ ناھىيىلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىلىقىغا تەيىنلىنىپ، خىزمەتلەرگە رىياسەتچىلىك قىلىشقا باشلىدى.

**12 - ئاي** مەركەزنىڭ يولیورۇقىغا ئاساسەن، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دا زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان يېزا ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرى كادىرلىرىنىڭ سىياسىتى ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ، ناھەق، يالغان، خاتا ئەنزىلەر ئاقلاندى.

## 1979 - يىلى

**1 - ئاي** ناھىيىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى.

**2 - ئاي** ناھىيە بويىچە تۆت دەرىجىلىك كادىرلار يىغىنى چاقىرىلىپ، پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ قارارى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق ئۈچ دەرىجىلىك كادىرلار يىغىنىنىڭ روھى يەتكۈزۈلدى. تارىختىن ۋە «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دىن قېلىپ قالغان بەزى زور مەسىلىلەر ھەل قىلىندى، بەزى ناھەق، يالغان، خاتا ئەنزىلەر

ئۆزۈل - كېسىل ئاقلاندى.

17 ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتىدە «بەشنى بېكىتىش، بىرنى مۇكاپاتلاش»تىن ئىبارەت ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇلدى.

ناھىيىلىك خەلق قورallıق كومىتېتى قايتىدىن تەشكىللەندى.

تۆت خىل ئۇنسۇرلارنىڭ «قالپاق»ى ئېلىۋېتىلدى، خاتا ئايرىلغان ئوڭچىلار تۈزىتىلدى.

**5 - ئاي** جەنۇبىي شىنجاڭ نېفىت چارلاش بىرلەشمە جېڭگە قوماندانلىق قىلىش شتابى بازىسىنىڭ ئورنى پوسكامغا مۇقىملاشتۇرۇلدى (كېيىن نامى «پوسكام نېفىت - تەبىئىي گاز ئۆزلەشتۈرۈش شىركىتى» دەپ ئۆزگەرتىلدى، تۆۋەندىمۇ شۇنداق).

**7 - ئاي** مەزكۇر ناھىيە ئاپتونوم رايون تەرىپىدىن ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىش بازىسى قىلىپ بېكىتىلدى.

ناھىيىلىك پارتكوم ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىش بازىسى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش پىلانىنى تۈزۈپ چىقىپ، سۇ، تۇپراقنى ياخشىلاش مەركەز قىلىنغان ئېتىز - ئېرىق ئاساسىي قۇرۇلۇشىنى قانات يايدۇردى.

**10 - ئاي** ناھىيىلىك ئىتتىپاق كومىتېتى بارلىق ياشلار - ئۆسمۈرلەر ئارىسىدا «قەھرىمانلاردىن ئۆگىنىپ، يېڭى خىسلەت تىكلەش، ئىجتىمائىي ئەخلاقنى قوغداش» پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى.

**12 - ئاي** يۇقىرىنىڭ قارارىغا ئاساسەن، ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېت ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى قۇرۇلدى.

لى خۇيجۇ، توختىمۇھەممەت تۇردىلار ناھىيىلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىلىقىغا تەيىنلەندى.

## 1980 - يىلى

**1 - ئاي** ناھىيە بويىچە ئىلغار خىزمەتچىلەر ۋە ئەمگەك نەمۇنىچىلىرىنى تەقدىرلەش يىغىنى چاقىرىلدى، يىغىندا 140 نەپەر ئىلغار خىزمەتچى، 1083 نەپەر ئەمگەك نەمۇنىچىسى تەقدىرلەندى.

ھەر دەرىجىلىك كادىرلار ئارىسىدا «ئەمەلىيەت ھەقىقەتنى سىناشنىڭ بىردىن - بىر ئۆلچىمى» دېگەن تېمىدا مۇزاكىرە قانات يايدۇرۇلۇپ، ناھىيىنىڭ چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىدىكى تەجرىبە - ساۋاقلار چوڭقۇر يەكۈنلەندى.

2 - گۇڭشېدا يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى يولغا قويۇشنى نۇقتىدا سىناق قىلىش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلدى.

زىيالىي ياشلارنى ئورۇنلاشتۇرۇش چارىسى ئۆزگەرتىلدى، شەھەر بىلەن يېزىلارنى بىرلەشتۈرۈش يولغا قويۇلۇپ، كوللېكتىپ ئىگىلىكىدىكى زىيالىي ياشلار كارخانا، كەسپىي ئورۇنلىرى قۇرۇلدى.

**2 - ئاي** ناھىيىلىك پارتكوم 24 نامرات ئەترەتكە بولغان رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، سىياسەتنى كەڭ قويۇۋېتىپ، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشىنى تەڭشەپ، سېلىقنى يەڭگىللىتىپ، نامرات ئەترەتلەرنىڭ قىياپىتىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن كادىر ئەۋەتتى.

3 - **ئاي** ناھىيىنىڭ يېزىلىرىدا ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلۇپ، «بەشنى بېكىتىش، بىرنى مۇكاپاتلاش» ياكى «كىچىك ھۆددىگەرلىك»، «ئوزۇقلۇق ئاشلىق ئېتىزى» تۈزۈمى ئىجرا قىلىندى.

4 - **ئاي** ناھىيىلىك تۇپراقنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش ھەيئىتى ۋە ئۇنىڭ قارىمىقىدا ئىشخانا قۇرۇلۇپ، ناھىيە بويىچە تۇپراقنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش قانات يايدۇرۇلدى. 1982-يىل 3 - ئايدا بۇ خىزمەت ئاياغلاشتى، يېزىپ چىقىلغان تۇپراقنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش دوكلاتى ئاپتونوم رايوننىڭ مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

6 - **ئاي** ناھىيىلىك پارتكوم سىياسىي - ئىدىيىۋى خىزمەت يىغىنى چاقىردى، يىغىندا سىياسىي - ئىدىيىۋى خىزمەتنى كۈچەيتىش مەسىلىسى مۇزاكىرە قىلىندى، «پارتىيە ئىچىدىكى سىياسىي تۇرمۇشقا دائىر بىر قانچە مىزان»نى ئىزچىللاشتۇرۇش ۋە ئىجرا قىلىش توغرىسىدا بىر قانچە ماددىلىق بەلگىلىمە تۈزۈپ چىقىلدى.

8 - **ئاي** ناھىيىلىك باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ناھىيىدىكى ھەر مىللەت ئىشچى- خىزمەتچىلەرگە مەھسۇلاتنى ئاشۇرۇپ ئىقتىساد قىلىش، ئەلا سۈپەتلىك بولۇش، يۇقىرى مەھسۇلات يارىتىش مەقسەت قىلىنغان سوتسىيالىستىك ئەمگەك مۇسابىقىسىنى قانات يايدۇرۇش توغرىسىدا تەشەببۇسنامە چىقاردى.

9 - **ئاي** ناھىيە بازىرىدا سۇ تۇرۇبىسى ئورنىتىلدى.

## 1981 - يىلى

1 - **ئاي** ناھىيىلىك پارتكوم «ئوزۇقلۇق ئاشلىق ئېتىزى بويىچە ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى يولغا قويۇشقا دائىر بىر قانچە كونكرېت مەسىلە توغرىسىدا پىكىر»نى تۈزۈپ چىقىپ، ناھىيە بويىچە «ئوزۇقلۇق ئاشلىق ئېتىزى مەسئۇلىيەت تۈزۈمى»نى يولغا قويدى.

2 - **ئاي** ناھىيىلىك پارتكوم «گۇڭشې، ئەترەت كارخانىلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش توغرىسىدا بىر قانچە پىكىر»نى تۈزۈپ چىقتى، ناھىيىلىك بىناكارلىق ماتېرىياللىرى بىرلەشمە شىركىتى قۇرۇلدى.

شىنجاڭ «1 - ئاۋغۇست» يېزا ئىگىلىك شۆيۈەنى سىرتتىن ئوقۇش داشۆسىنىڭ پوسكام ناھىيىلىك سىرتتىن ئوقۇش پونكىتى قۇرۇلدى.

5 - **ئاي** ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىكىنى رايونلارغا ئايرىش، پىلانلاش ھەيئىتى ۋە ئۇنىڭ قارىمىقىدا ئىشخانا قۇرۇلدى، بۇ ئىشخانا كادىرلارنى تەشكىللەپ، ناھىيىنىڭ دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، سۇ ئىنشائاتى، چارۋىچىلىق كەسىپلىرىنى تەكشۈرۈپ رايونلارغا ئايرىشقا كىرىشتى.

7 - **ئاي** ناھىيىلىك پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى قۇرۇلدى.

8 - **ئاي** ناھىيىلىك پارتكوم بارلىق كادىرلارنى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 6 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ «دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيانقى پارتىيە تارىخىغا دائىر بىر قانچە مەسىلە توغرىسىدا قارار»نى ئۆگىنىشكە ئۇيۇشتۇردى.

ناھىيىلىك 7 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى چاقىرىلدى. توختىمۇھەممەت تۇردى ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرلىقىغا، سۇلايمان ناسىر، جاڭ خۇڭبو، ئايۇپ

ئەلەمشا، قۇربانىياز تۇردىلار ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىقىغا، تۇردىيۇسۇپ قۇربان قاتارلىق 15 كىشى ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزالىقىغا، سېلىم ماخسۇر ھاكىملىققا، ئابلىز نىياز، ئابلەت ناسىر، سۇڭ جىچى، قىمىزخان توختىنىيازلار مۇئاۋىن ھاكىملىققا، ئابدۇكېرىم داۋۇت ناھىيىلىك سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقلىقىغا، ماخسۇر ئەمەت ناھىيىلىك تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشلىكىگە سايلاندى.

ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەش 6 - نۆۋەتلىك كومىتېتى 1 - سانلىق يىغىن چاقىردى.

**9 - ئاي** ئاپتونوم رايوننىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن، ناھىيە بويىچە نوپۇسنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش قانات يايدۇرۇلدى.

**12 - ئاي** ناھىيىلىك بالىلار، ئۆسمۈرلەر خىزمىتى جەمئىيىتى قۇرۇلدى، لى خۇەيجۇ مۇدىر ھەيئەتلىككە تەيىنلەندى، ناھىيىلىك ئاياللار بىرلەشمىسى كۈندىلىك خىزمەتلەرگە مەسئۇل بولدى.

## 1982 - يىلى

**1 - ئاي** ناھىيە بويىچە «بىر تۇتاش باشقۇرۇش، مەھسۇلاتنى ئەمگەك كۈچىگە ھۆددىگە بېرىش» ئاساسلىق شەكىل قىلىنغان ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلدى.

**3 - ئاي** ناھىيىلىك پارتكوم «ئومۇمىي خەلق مەدەنىيەتلىك، ئەدەبلىك بولۇش پائالىيىتى ئېيى»غا رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى ۋە ئىشخانىسى قۇردى، بۇجياپېڭ گۇرۇپپا باشلىقلىقىغا، لى خۇەيجۇ، ئابلىز نىيازلار مۇئاۋىن گۇرۇپپا باشلىقلىقىغا تەيىنلەندى.

2 - ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى ياڭ يىچۈنگە مەملىكەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسى مەملىكەتلىك «8 - مارت قىزىل بايراقدارى» دەپ، 1 - گۇڭشې ئائىلىلىكلەر ئەترىتىگە مەملىكەتلىك «8 - مارت قىزىل بايراقدار ئورۇن» دەپ نام بەردى.

**4 - ئاي** ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى ۋاڭ ئېنماۋ ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ھامىدىن نىياز ناھىيىگە كېلىپ خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈردى. شۇجى ۋاڭ ئېنماۋ ناھىيىدىكى ھەر دەرىجىلىك كادىرلارنى پوسكام ناھىيىسىنى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى نەمۇنىچى ناھىيە قىلىپ قۇرۇپ چىقىشقا رىغبەتلەندۈردى.

**6 - ئاي** ناھىيىلىك پارتكوم 1981 - يىلى باھالانغان 24 ئىلغار پارتىيە ياچېيكىسى ۋە 195 نەپەر مۇنەۋۋەر پارتىيە ئەزاسىنى ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش ئارقىلىق تەقدىرلىدى.

ناھىيىلىك پارتكوم مىللەتلەر سىياسىتى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى ئېلىپ بېرىش ھەققىدە قارار چىقىرىپ، ناھىيە بويىچە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى.

5 - كۈنى ئۈشتۈمتۇت مۆلدۈر ئارىلاش يامغۇر ياغدى، ھۆل - يېغىن مىقدارى 23.2 مىللىمېترغا يەتتى، قوغۇن - تاۋۇز، ئوتياشلار ناھايىتى زور زىيانغا ئۇچرىدى.

**7 - ئاي** «پوسكام ناھىيىسى تەزكىرىسى» تەھرىر ھەيئىتى قۇرۇلدى. ئۇنىڭ قارمىقىدا ئىشخانا قۇرۇلۇپ، ماتېرىيال توپلاش باشلاندى.

**8 - ئاي** ناھىيىلىك پارتكوم «ئاپتونوم رايوندىكى رەھبىرىي يولداشلارنىڭ يولیورۇقىنى

ئىز چىللاشتۇرۇپ، ناھىيىنى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدا نەمۇنىچى ناھىيە قىلىپ قۇرۇپ چىقىشنى تىرىشىپ قولغا كەلتۈرۈش توغرىسىدا قارار» چىقىرىپ، ناھىيىنى ئۈچ يىلدا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە نەمۇنىچى ناھىيە قىلىپ قۇرۇپ چىقىشنى تەلەپ قىلدى.

**9 - ئاي** ناھىيىدە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە تەقدىرلەش يىغىنى چاقىرىلىپ، ناھىيە بويىچە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ئەھدىنامىسى تۈزۈپ چىقىلدى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە 11 ئىلغار كوللېكتىپ، 91 نەپەر ئىلغار شەخس، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدا ياخشى بولغان 11 ئورۇن، 52 نەپەر شەخس تەقدىرلەندى.

**11 - ئاي** ناھىيىنىڭ سۇلياۋ يوپۇق يېپىپ كېۋەز تېرىش سىنىقىدا ساپ پاختىنىڭ مو بېشى مەھسۇلاتى 110 كىلوگرامغا يېتىشتەك يۇقىرى ئۈنۈم قولغا كەلتۈرۈلدى.

**12 - ئاي** ناھىيە بويىچە «بەشتە ياخشى قۇرۇلۇش»ى قانات يايدۇرۇلدى، بىر يىلدا ناھىيىدىن گۆكشېغا، گۆكشېدىن چوڭ ئەترەتكە بارىدىغان، ئەترەت بىلەن ئەترەتنى تۇتاشتۇرۇدىغان 544 كىلومېتر ئۇزۇنلۇقتا 234 ئاساسلىق يول ياسالدى، بۇنىڭ ئىچىدە 88 يولغا شېغىل ياتقۇزۇلدى، 1 مىليون 960 مىڭ كۇب مېتر شېغىل توشۇلدى، 296 رەت ئىھاتە ئورمىنى بەرپا قىلىندى، 3500 مودىن ئارتۇق سالا ئېتىز رەتلەندى.

3 - قېتىملىق نوپۇسنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش خىزمىتى ئاياغلاشتى. ناھىيە بويىچە ئومۇمىي نوپۇس 113 مىڭ 543 كە يەتتى.

## 1983 - يىلى

**1 - ئاي** ناھىيىلىك پارتكوم «يېزىلاردا بىر تۇتاش ئىگىلىك باشقۇرۇش، ئىشنى ئائىلىلەرگە ھۆددىگە بېرىشتىن ئىبارەت ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈش توغرىسىدا بىر قانچە بەلگىلىمە»نى تۈزۈپ، كوللېكتىپ ۋە ھۆددە ئالغۇچى ئائىلىلەرنىڭ مەسئۇلىيىتى ۋە مەجبۇرىيىتىنى ئايدىڭلاشتۇردى.

ناھىيىلىك پارتكوم سىياسىي قانۇن كومىتېتى قۇرۇلدى، توختىمۇھەممەت تۇردى شۇجىلىقتا، جۇمىڭفاڭ مۇئاۋىن شۇجىلىقتا تەيىنلەندى.

ناھىيىلىك سىياسىي قانۇن خىزمىتى يىغىنى چاقىرىلدى، يىغىندا ناھىيىنىڭ جەمئىيەت ئامانلىقىنى ھەر تەرەپلىمە تۈزەش خىزمىتى مۇزاكىرە قىلىندى ۋە ئورۇنلاشتۇرۇلدى، جىنايى ئىشلار جىنايى ھەرىكەتلىرىگە قەتئىي زەربە بېرىپ، ئۈچ يىلدا جەمئىيەت ئامانلىقىنى كۆرۈنەرلىك ياخشىلاشنى قولغا كەلتۈرۈش قارار قىلىندى.

**2 - ئاي** ناھىيىلىك پارتكوم خىزمەت يىغىنى چاقىردى، يىغىندا، 1983 - يىللىق دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەركەز قىلىنغان تۆرلۈك خىزمەتلەر مۇزاكىرە قىلىنىپ ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

**4 - ئاي** ناھىيىلىك 4 - نۆۋەتلىك ئاياللار قۇرۇلتىيى چاقىرىلدى. قۇرۇلتايدا 1978 - يىلدىن 1982 - يىلغىچە ئىشلەنگەن ئاياللار خىزمىتى خۇلاسىلەندى، ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ مۇشۇ نۆۋەتلىك رەھبەرلىرى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق ئاياللار قۇرۇلتىيىغا قاتنىشىدىغان ۋەكىللەر سايلاپ چىقىلدى.

**5 - ئاي** دۆلەت ئىشلىرى كومىسسارى كاڭ شىئېن جەنۇبىي شىنجاڭ نېفىت چارلاش

قوماندانلىق شتابى بازىسىنى كۆزدىن كەچۈرگەندە پوسكامغا كېلىپ خىزمەت دوكلاتىنى ئاڭلىدى ھەمدە يوليورۇق بەردى.

ناھىيە بويىچە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى پائالىيىتى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇلدى.

**7 - ئاي** گوۋۇيۈەن سۇ - ئېلېكتر مىنىستىرلىكىنىڭ مىنىستىرى جەن جېڭيىڭ بىكتۇەننىڭ سىلىڭيۈەنى چېن شىنىڭ ھەمراھلىقىدا ناھىيىگە كېلىپ خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈردى.

**8 - ئاي** ناھىيە بويىچە بۇغدايدىن مول ھوسۇل ئېلىندى، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى يىغىن چاقىرىپ، بۇغدايدىن مول ھوسۇل ئېلىش جەھەتتىكى تەجرىبىلەرنى يەكۈنلىدى.

**11 - ئاي** ناھىيىلىك ئاپپارات ئىسلاھاتى ۋە كادىرلارنى ئورۇنلاشتۇرۇش گۇرۇپپىسى قۇرۇلۇپ، «تۆتلەشتۈرۈش» (ئىنقىلابىيلاشتۇرۇش، ياشلاشتۇرۇش، بىلىم ئەھلىگە ۋە كەسىپ ئەھلىگە ئايلاندۇرۇش) تەلىپى بويىچە، ناھىيىلىك پارتكوم، ھۆكۈمەت، خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، سىياسىي كېڭەش، ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىدىن ئىبارەت بەش رەھبەرلىك بەنزىسىنىڭ ئەزالىرى تەڭشەلدى ۋە سەپلەندى.

**12 - ئاي** ناھىيىلىك پارتكوم كېڭەيتىلگەن يىغىن ئۆتكۈزدى، يىغىندا «ئۈچ خىل ئادەم» لەرنى ئېنىقلاش ۋە مەنىۋى بۇلغىنىشنى تازىلاش مەسىلىسى مۇزاكىرە قىلىنىپ ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

ناھىيىلىك پارتىيە قۇرۇلتىيى چاقىرىلدى، قۇرۇلتايدا يوجياپېڭ، رازىق ھوشۇرلار ئاپتونوم رايونلۇق 3 - نۆۋەتلىك پارتىيە قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىللىكىگە، مەرەمخان كاندىدات ۋەكىللىككە سايلاندى.

ناھىيىنىڭ تەمىنات - سودا سىستېمىسىدا تۈزۈلمە ئىسلاھاتى يولغا قويۇلدى، كوپىراتىپنىڭ كونا ئەزالىرى قوشقان پاي سوممىسى ئېنىقلىنىپ، پاينىڭ ئۆسۈمى قايتۇرۇلدى، 10 مىڭ 396 ئەزا كۆپەيتىلىپ، 36 مىڭ 861 يۈەنلىك پاي سوممىسى قوبۇل قىلىندى، ناھىيە بويىچە 8.5% دېھقان ئائىلىسى پايغا قاتنىشىپ تەمىنات - سودا كوپىراتىپىنىڭ ئەزاسىغا ئايلاندى، كوپىراتىپ ئەزالىرىنىڭ قوشقان پاي سوممىسى 125 مىڭ 877 يۈەنگە يېتىپ، توققۇز ئاساسىي قاتلام تەمىنات - سودا كوپىراتىپىنىڭ تۇراقسىز مەبلەغ ئومۇمىي سوممىسىنىڭ 11 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى.

ناھىيە بويىچە نۇقتىلىق يار - يۆلەك بولۇنغان 67 ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتىدە كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن تەقسىمات ئالدىنقى يىلدىكى 95 يۈەندىن 162 يۈەنگە يەتتى.

يېزىلارنىڭ ئىگىلىكى ئىسلاھ قىلىنغاندىن بۇيان، باھاغا سۇندۇرۇلۇپ قايتۇرۇۋېلىنغان كوللېكتىپ مال - مۈلۈك قەرز پۇلى 3 مىليون 910 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇ ئومۇمىي قەرزنىڭ 61 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ.

## 1984 - يىلى

**1 - ئاي** دۆلەت ئىگىلىكىدىكى پوسكام سودا سارىيى يېڭى يىل كۈنى تىجارەت باشلىدى.

ناھىيىلىك پارتكوم ناھىيىلىك سىياسىي قانۇن كومىتېتىنىڭ «جەمئىيەت ئامانلىقىنى ھەر تەرەپلىمە تۈزەش خىزمىتىنى زور كۈچ بىلەن كۈچەيتىش توغرىسىدا ئورۇنلاشتۇرۇش دوكلاتى» نى تەستىقلاپ تارقىتىپ، پۈتۈن پارتىيە سەپەرۋەرلىككە كېلىپ، ئومۇمىي خەلق قاتنىشىپ،

جەمئىيەت ئامانلىقىنى ھەر تەرەپلىمە تۈزەش خىزمىتىنى يەنىمۇ ئىلگىرى سۈرۈشنى تەلەپ قىلدى.

2 - ئاي ناھىيىلىك پارتكوم دەم ئېلىشقا چىققان پېشقەدەم كادىرلارنى ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش توغرىسىدا ئوقتۇرۇش چىقىرىپ، ھەر قايسى ئورۇنلاردىن پېشقەدەم كادىرلارنىڭ ئولتۇراق ئۆي مەسىلىسىنى ياخشى ھەل قىلىشنى، ئۇلارنىڭ تۇرمۇش، ئۆگىنىشىنى ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇشنى ھەمدە پېشقەدەم كادىرلارنى مەلۇم خىزمەت ۋە ئىجتىمائىي پائالىيەتلەرگە قاتنىشىشقا تەشكىللەشنى تەلەپ قىلدى.

چوڭ ئەترەتلەرنىڭ پاچپىكا شۇجىلىرىنى نۆۋەت بىلەن تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىلدى، كۇرسانتلار مەركەزنىڭ پارتىيە ئىستىلىنى تەرتىپكە سېلىش توغرىسىدىكى قارارى ۋە مەركەزنىڭ 1 - نومۇرلۇق ھۆججىتىنى، مەدەنىيەتلىك كەنت (بازار)، مەدەنىيەتلىك ئورۇن قۇرۇشقا ئالاقىدار ھۆججەتلىرىنى ئۆگەندى.

ناھىيە بويىچە 68 گۇڭشې، ئەترەتتىكى بوشاڭ، چېچىلاڭغۇ ئىتتىپاق پاچپىكىلىرىنى تەرتىپكە سېلىش ئىشى تاماملىنىپ، «ئۈچ يىغىن، بىر دەرس» تۈزۈمى مۇكەممەللەشتۈرۈلدى، 1579 نەپەر ھەر مىللەتتىن بولغان ئىلغار ياش كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقىغا قوبۇل قىلىندى.

2 - ئاي قەشقەر ۋىلايەتلىك تەنتەربىيە كومىتېتى مەزكۇر ناھىيىدە ۋىلايەت بويىچە ئۆسمۈرلەر پۇتبول مۇسابىقىسى ئۆتكۈزدى، پوسكام ناھىيىلىك پۇتبول كوماندىسى 1 - لىككە ئېرىشتى.

3 - ئاي ۋىلايەتلىك پارتكوم يۇجياپېڭنى ناھىيىلىك پارتكومنىڭ شۇجىلىقىغا، جۇ مىڭفاڭ، قادىر ھەسەنلەرنى مۇئاۋىن شۇجىلىققا تەيىنلىدى. ناھىيە ئاپتونوم رايونلۇق دېھقانچىلىق نازارىتى تەرىپىدىن 1983 - يىللىق يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات مىقدارىنى ئاربلاپ تەكشۈرۈش، مەھسۇلاتنى مۆلچەرلەش بويىچە 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

ناھىيە بويىچە سۇلياۋ يوپۇق يېپىپ تېرىلغان كېۋەز كۆلىمى ئالدىنقى يىلدىكى 4200 مودىن 31 مىڭ 600 موغا يەتكۈزۈلدى، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى 974 توننا خىمىيىۋى ئوغۇت ئاجرىتىپ، ئۆي سۇلياۋ يوپۇق يېپىپ كېۋەز تېرىشقا ئىشلىتىشنى قارار قىلدى.

ناھىيە كۆڭشېدىن ئىبارەت ئىككى دەرىجىلىك يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسى كادىرلىرى يېزىلارغا بېرىپ، يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسىدىن دەرس ئۆتۈپ، 65% دېھقان ئائىلىسىنى سۇلياۋ يوپۇق يېپىپ كېۋەز ئۆستۈرۈش تېخنىكىسىنى ئىگىلىۋېلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى.

ناھىيىلىك 1 - باشلانغۇچ مەكتەپتىن ئادىل ياسىن قاتارلىق بەش نەپەر پىئونېر 1983 - يىللىق «مەملىكەتلىك قىزىل گالستۇكلۇقلارنىڭ كىتاب - گېزىت ئوقۇش پائالىيىتى» دە مېدالغا ئېرىشتى.

4 - ئاي ناھىيىلىك پارتكوم 219 نەپەر كادىرنى يىغىپ، ناھىيىدىكى بەش رەھبەرلىك بەنزىسى ۋە ھەر قايسى بۆلۈم، كومىتېت، ئىشخانىلارنىڭ كادىرلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇش بويىچە خەلقنىڭ رايىنى سىنىدى.

5 - ئاي ناھىيىلىك پارتكوم ئۈچ دەرىجىلىك كادىرلار يىغىنى چاقىرىپ، يىللىق ئىشلەپچىقىرىشنى ئورۇنلاشتۇردى ۋە تۇنجى تۈركۈمدىكى «كەسپىي ئائىلىلەر» نىڭ ئىسىملىكىنى بېكىتتى.

ناھىيىلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ «2 - قېتىملىق مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە تەربىيە پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش توغرىسىدا يوليورۇق سوراش دوكلاتى» نى تەستىقلاپ

تارقىتىپ، ناھىيە بويىچە دوست سىنىپ، دوست مەكتەپ، دوست ئەترەت، گۇرۇپپىلارنى بەرپا قىلىش پائالىيىتىنى ئومۇمىيۈزلۈك قانات يايدۇرۇشنى قارار قىلدى.

ناھىيىدە كارخانىلارنى تەرتىپكە سېلىشنى تەڭشەش، تولۇقلاشقا رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى، جۇمىڭفاڭ گۇرۇپپا باشلىقلىقىغا، جياڭ مىڭ مۇئاۋىن گۇرۇپپا باشلىقلىقىغا تەيىنلەندى، ناھىيىگە قاراشلىق كارخانىلار تەرتىپكە سېلىندى.

ناھىيىلىك پارتكوم ناھىيىلىك مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش ئەھۋالىنى تەكشۈردى.

**6 - ئاي** ۋىلايەتلىك پارتكوم دائىمىي كومىتېتى ليۇكېيىنى ناھىيىلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىلىقىغا تەيىنلىگەنلىك ھەققىدە تەستىق چۈشۈردى.

ناھىيىلىك سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى ئابدۇكېرىم داۋۇت ئاپتونوم رايون تەرىپىدىن سوت مەھكىمىسى خىزمىتى بويىچە مەملىكەتلىك ئىلغار كوللېكتىپلار يىغىنىغا قاتنىشىدىغان ۋەكىل بولۇپ باھالاندى.

ناھىيىلىك يەرلىك كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاشقا رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزالىرى تەڭشەلدى، قادىر ھەسەن گۇرۇپپا باشلىقلىقىغا تەيىنلەندى.

قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكوم ۋە مەمۇرىي مەھكىمە ناھىيىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ قۇرۇلمىسى جەھەتتە، ناھىيىلىك پارتكومدا توققۇز تارماق، ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ۋە سىياسىي كېڭەشتە بىردىن ئىشخانا، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىدە 25 تارماق تەسىس قىلىشنى تەستىقلىدى.

**7 - ئاي** ناھىيە بويىچە بۇغدايدىن مول ھوسۇل ئېلىندى، ئومۇمىي بۇغداي 39 مىليون 50 مىڭ كىلوگىرامغا يېتىپ، 1983 - يىلدىكىدىن 8 مىليون 550 مىڭ كىلوگرام ئاشتى. مەھسۇلاتنىڭ ئېشىش ھەجمى 28%، ئوتتۇرىچە بىرلىك مەھسۇلاتى 259.5 كىلوگرام بولۇپ، بۇ ناھىيە مەھسۇلاتنىڭ ئېشىش ھەجمى ۋە كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن بۇغداي جەھەتتە، قەشقەر ۋىلايىتى بويىچە ئالدىنقى قاتارغا ئۆتتى.

«پوسكام ناھىيىسى تەزكىرىسى» تەھرىر ھەيئىتى ئۆزگەرتىپ تەشكىللەندى، قادىر ھەسەن مۇدىرلىققا، جياڭ مىڭ، جۇمىڭفاڭ، ئابلىز نىيازلار مۇئاۋىن مۇدىرلىققا تەيىنلەندى.

**8 - ئاي** مەركەز، ئاپتونوم رايوننىڭ زىيالىيلار سىياسىتىنىڭ ئەمەلىيلىشىش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى ناھىيىمىزگە كېلىپ خىزمەتلەرنى تەكشۈردى.

ناھىيىلىك 8 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 1 - سانلىق يىغىنى چاقىرىلدى، يىغىندا سايلام ماقسۇر ھاكىملىققا، ئابدۇكېرىم داۋۇت ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقلىقىغا، ھوشۇر مەھەممەت ئېزىز ناھىيىلىك تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشلىكىگە سايلاندى. ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەش 7 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 1 - يىغىنى بىرلا ۋاقىتتا ئۆتكۈزۈلدى.

ئائىلىلەر ھۆددىگە ئېلىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، ناھىيە بويىچە مەھسۇلات نۆۋەن 40 ئەترەت ئوتتۇرا ھال ۋە يۇقىرى مەھسۇلات ئالىدىغان ئەترەتكە ئايلاندى. مو بېشى مەھسۇلاتى 150 كىلوگىرامغا يەتمەيدىغان ھالەتتىن 200 كىلوگرامدىن ئاشىدىغان ھالەتكە يەتتى.

گۈلباغ يېزىسىنىڭ قارا يۇلغۇن كەنتىدىكى ئاشلىق كەسىپىي ئائىلىسى تۇردى قادىر دۆلەتكە

16 مىڭ 400 كىلوگرام بۇغداي سېتىپ بېرىپ، ناھىيە بويىچە تاۋار ئاشلىقنى ئەڭ كۆپ سېتىپ بەرگەن دېھقان ئائىلىسى بولۇپ قالدى.

ناھىيىلىك مال دوختۇرلۇق پونكىتىنىڭ ياردەمچى مەسئۇل چارۋىچىلىق تېخنىكى غازى ئۇلۇق مەملىكەت بويىچە ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىدىكى ئىلغار پەن - تېخنىكا خىزمەتچىسى، ناھىيىلىك پەن - تېخنىكا كومىتېتىنىڭ ئاگرونومى يەن شىڭشى، يېزا ئىگىلىك تېخنىكا پونكىتىدىن مەينىگارخان ئاپتونوم رايون بويىچە ئىلغار پەن - تېخنىكا خىزمەتچىسى بولۇپ باھالاندى.

**9 - ئاي** ناھىيىلىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا يېتەكچىلىك قىلىش كومىتېتى قۇرۇلدى، يۇجياپىڭ مۇدىرلىققا تەيىنلەندى.

**10 - ئاي** ناھىيىدە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە 2 - قېتىملىق تەقدىرلەش يىغىنى چاقىرىلىپ، 16 ئورۇنغا «مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە ئىككىدە ئىلغار كوللېكتىپ» دەپ، 42 ئورۇنغا «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە نەمۇنىچى كوللېكتىپ» دەپ، ئالتە ئورۇنغا «مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى بويىچە ئۈلگىلىك كوللېكتىپ» دەپ، 220 نەپەر ئىشچى - خىزمەتچىگە «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە نەمۇنىچى شەخس» دەپ نام بېرىلدى.

**11 - ئاي** ناھىيىلىك پارتكوم ۋە ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى كوللېكتىپنىڭ چارۋىلىرىنى باھاغا سۇندۇرۇپ ئائىلىلەرگە بېرىش توغرىسىدا قارار چىقاردى.

**12 - ئاي** ئاپتونوم رايون كۆيباغ بازىرىنى قورۇشنى تەستىقلىدى.

ناھىيىدە جەمئىيەت ئامانلىقىنى ھەر تەرەپلىمە تۈزەشكە رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى، توختىمۇھەممەت تۆردى گۇرۇپپا باشلىقلىقىغا تەيىنلەندى.

ناھىيە بويىچە پاختىدىن مول ھوسۇل ئېلىندى، ئومۇمىي پاختا 79 مىڭ 300 يۈەنگە يەتتى، 71 مىڭ 500 دەن پاختا سېتىۋېلىندى. يىللىق پاختا سېتىۋېلىش ۋەزىپىسى %17 ئاشۇرۇپ ئورۇندالدى.

## 1985 - يىلى

**1 - ئاي** ناھىيىلىك پارتكوم ھەر قايسى يېزا (مەيدان) لاردا پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش جەمئىيىتى قۇرۇش توغرىسىدا قارار چىقىرىپ، يېزا (مەيدان) لاردىكى پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش جەمئىيىتىنىڭ ئەزالىرى ئادەتتە 30 دىن 50 كىشىگىچە بولۇشنى، يەتتە كىشىلىكتىن توققۇز كىشىلىككىچە كېڭەش مەجلىسى تەسىس قىلىشنى، يېزا (مەيدان) لارنىڭ شۇجىسى ياكى مۇئاۋىن شۇجىسى كېڭەش مەجلىسىنىڭ رەئىسلىكىنى ئۈستىگە ئېلىشنى تەلەپ قىلدى.

ناھىيىلىك قانۇن ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتىگە رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى.

جۇڭگو خەلق سۇغۇرتا شىركىتىنىڭ پوسكام ناھىيىلىك شۆبە شىركىتى قۇرۇلدى.

ناھىيىدىكى پوسكام يېزىسىنىڭ قاراسا كەنتى مەركەز تەرىپىدىن مەملىكەت بويىچە يېزا ئىقتىسادىنى كۆزىتىش نۇقتىسى قىلىپ بېكىتىلدى.

ناھىيىلىك پارتكوم 1985 - يىل 2 - ئايدىن باشلاپ، ناھىيىدىكى پارتىيە، ھۆكۈمەت،

ئامموۋى تەشكىلات ئورگانلىرى ۋە كەسپىي ئورۇنلاردا كادىرلارنىڭ ئىش ئورنى مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى يولغا قويۇشنى قارار قىلدى.

3 - **ئاي** ناھىيىلىك پارتكوم پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىش خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلىش گۇرۇپپىسى قۇردى، يۇجياپېڭ گۇرۇپپا باشلىقلىقىغا تەيىنلەندى.

ناھىيىلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى، رادىئو - تېلېۋىزىيە ئىدارىسى «سىنئالغۇ بۇيۇملىرى ۋە ئۇسكونىلىرىنى ئىشلىتىش، باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقاردى.

4 - **ئاي** ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى قىدىرباي پوسكامغا كېلىپ بۇيلۇق تاجىك مىللىي يېزىسىنىڭ خىزمىتىنى كۆزدىن كەچۈردى.

5 - **ئاي** ناھىيىدە ئىقتىسادىي خىزمەتكە رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى ۋە كارخانىلارنى ئىسلاھ قىلىش، تەرتىپكە سېلىشقا رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى، جۇمىڭفاڭ گۇرۇپپا باشلىقلىقىغا تەيىنلەندى.

ناھىيىلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى «بەش بولۇش، تۆت گۈزەل، ئۈچنى قىزغىن سۆيۈش، ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە نەمۇنىچى ئورۇن بەرپا قىلىش پائالىيىتىنى يەنىمۇ قانات يايدۇرۇش توغرىسىدا پىكىر» نى ئوتتۇرىغا قويدى، ناھىيىلىك پارتكوم بۇنى تەستىقلاپ تارقاتتى.

پوسكام ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى تاشقى ئىشلار ۋە مۇھاجىرلار ئىشلىرى ئىشخانىسى قۇردى.

6 - **ئاي** ناھىيىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى ۋە سىياسىي قانۇن كومىتېتى بىرلىشىپ، ئىقتىسادىي ساھەدىكى ئېغىر جىنايى ھەرىكەتلەرگە قاتتىق زەربە بېرىش پائالىيىتىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇش ھەققىدە مەخسۇس تېما بويىچە خىزمەت يىغىنى ئۆتكۈزدى.

7 - **ئاي** ناھىيە بويىچە 1 - تۈركۈمدىكى پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىش خىزمىتى ئاياغلاشتى. ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار كەڭ پارتىيە ئەزالىرى ۋە ھەر مىللەت ئاممىنى تەشكىللەپ، ناھىيە رەھبەرلىكىگە قارىتا 370 تۈرلۈك پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويدى، ناھىيىلىك پارتكوم بەش چوڭ بەنزىدىكى رەھبىرىي كادىرلارنىڭ يىغىنىنى چاقىرىپ، سېلىشتۇرۇپ، تەكشۈرۈپ كۆرۈپ، ئىش ئۇسلۇبىنى رەتكە سېلىش ۋە ياخشىلاش لايىھىسىنى مۇزاكىرە قىلىپ ئوتتۇرىغا قويدى.

ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىسى نېفىت بازىسى ئاشلىق دۇكىنىنىڭ خىزمەتچىسى پېيى فۇباۋ ئاشلىق دۇكىنىدىكى پار تۈرۈبىسى يېرىلىپ كېتىپ، سۇ چىقىپ ئاشلىق زىيانغا ئۇچراش خەۋپىگە دۇچ كەلگەن پەيتتە، قىيىنچىلىقتىن قورقماي، جاسارەت بىلەن خەۋپ - خەتەرنى يەڭدى، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ئۇنى 3 - دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتتى دەپ ئەنگە ئالدى.

باش شۇجى خۇياۋباڭ پوسكامغا كېلىپ خىزمەتلەنى كۆزدىن كەچۈردى.

8 - **ئاي** ناھىيىلىك ئۇن - سىن بۇيۇملىرىنى باشقۇرۇشقا رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى.

ناھىيىلىك زىيالىيلار سىياسىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئىشخانىسى قۇرۇلدى.

ناھىيىلىك پارتكوم كېڭەيتىلگەن يىغىن چاقىرىپ، باش شۇجى خۇياۋباڭنىڭ قەشقەرنى كۆزدىن كەچۈرگەن چاغدا بەرگەن مۇھىم يوليورۇقىنى ۋە ۋىلايەتلىك پارتكوم كېڭەيتىلگەن يىغىنىنىڭ روھىنى يەتكۈزدى ۋە ئۆگەندى.

ناھىيىدە ئىش ھەققى تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىشقا رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى.

ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى 50 مىڭ يۈەن نامراتلارغا يار يۆلەك بولۇش مەبلىغى

ئورۇنلاشتۇردى، بۇ مەبلەغ خىمىيىۋى ئوغۇت ۋە كۆنجۈرە سېتىۋېلىپ، يېزىلاردىكى نامرات، قىيىنچىلىقى بار ئائىلىلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇشىغا ياردەم بېرىش ۋە يار - يۆلەك بولۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلدى.

**9 - ئاي** ناھىيىدە باجنى كەڭ كۆلەمدە تەكشۈرۈشكە رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى. جياڭ مىڭ گۇرۇپپا باشلىقلىقىغا تەيىنلەندى، ناھىيە بويىچە باجنى تەكشۈرۈش قانات يايدۇرۇلدى.

**11 - ئاي** ناھىيىدە 3 - قېتىملىق مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە تەقدىرلەش يىغىنى چاقىرىلدى. يىغىندا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە 356 نەمۇنىچى كوللېكتىپ، 433 نەپەر نەمۇنىچى شەخس تەقدىرلەندى.

**12 - ئاي** پوسكام ناھىيىسى قەشقەر ۋىلايىتى بويىچە ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇشتا ئىلغار ئورۇن بولۇپ باھالاندى.

ناھىيىلىك پارتىيە تارىخى ماتېرىياللىرىنى توپلاش خىزمىتىگە رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ پوسكام ناھىيىلىك 6 - نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيى چاقىرىلدى، قۇرۇلتايغا 251 نەپەر رەسمىي ۋەكىل، 25 نەپەر سىرتتىن قاتنىشىدىغان ۋەكىل، بەش نەپەر ئالاھىدە تەكلىپ قىلىنغان ۋەكىل قاتناشتى، ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى چېن دېمىن ۋە ۋىلايەتلىك پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ئابدۇرېھىم قۇربانلار قۇرۇلتاينىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىغا قاتناشتى، يوجياپېڭ ئالدىنقى نۆۋەتلىك كومىتېت نامىدىن خىزمەت دوكلاتى بەردى، لوجۇن ئالدىنقى نۆۋەتلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى نامىدىن پارتىيىنىڭ ئىنتىزام تەكشۈرۈش خىزمىتىدىن دوكلات بەردى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى پوسكام ناھىيىلىك 6 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 27 نەپەر رەسمىي ئەزاسى، ئۈچ نەپەر كاندىدات ئەزاسى سايلاپ چىقىلدى.

1 - قېتىملىق ئومۇمىي ئەزالار يىغىنى چاقىرىلدى، يىغىندا يوجياپېڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى پوسكام ناھىيىلىك 6 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىلىقىغا. ليۇكېيى، قادىر ھەسەن، جۇمىڭفاڭلار مۇئاۋىن شۇجىلىققا، سېلىم ماڭسۇر دائىمىي ئەزالىققا سايلاندى.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى پوسكام ناھىيىلىك 5 - نۆۋەتلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ 1 - ئومۇمىي ھەيئەتلەر يىغىنى چاقىرىلدى، يىغىندا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى پوسكام ناھىيىلىك 5 - نۆۋەتلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ دائىمىي ئەزالىرى. شۇجىسى، مۇئاۋىن شۇجىسى سايلاپ چىقىلدى. لوجۇن شۇجىلىققا، ئىسلام ۋاھىت مۇئاۋىن شۇجىلىققا، ئابلىز نىياز قاتارلىق ئۈچ كىشى دائىمىي ئەزالىققا سايلاندى.

## 1986 - يىلى

**1 - ئاي** ناھىيىلىك 2 - نۆۋەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ يېزا ئوغلاق تارتىش تەنھەرىكەت يىغىنى يىما يېزىسىدا ئۆتكۈزۈلدى، يەكەن، قاغىلىق قاتارلىق قېرىنداش ناھىيىلەر تەكلىپ بىلەن مۇسابىقىگە قاتناشتى. مۇسابىقىگە تەخمىنەن 60 تەنھەرىكەتچى قاتناشتى.

ناھىيىلىك ئۈچ دەرىجىلىك كادىرلار يىغىنى چاقىرىلىپ، 1985 - يىللىق خىزمەتلەر

خۇلاسىلەندى، 1986 - يىللىق ۋەزىپىلەر ئورۇنلاشتۇرۇلدى، تۆت ئىلغار يېزا، 12 ئىلغار كەنت، 36 ئىلغار ئورۇن تەقدىرلەندى ۋە مۇكاپاتلاندى.

3 - ئاي پوسكام ناھىيىسى ۋىلايەت تەرىپىدىن يېزا - بازار كارخانىلىرى خىزمىتىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ بولۇپ باھالاندى.

ناھىيىلىك پارتكوم ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ، زىيالىيلارنىڭ دەم ئېلىش، ئولتۇراق ئۆي، پارتىيىگە كىرىش مەسىلىسىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى تەلەپ قىلدى.

ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ناھىيىلىك ئۆلچەملەشتۈرۈش - ئۆلچەم ئىدارىسى تەسىس قىلدى، بۆرۈنقى ئۆلچەملەشتۈرۈش - ئۆلچەم پونكىتىنىڭ نامى ناھىيىلىك ئۆلچەملەشتۈرۈش ئۆلچەمگە نازارەتچىلىك قىلىش ۋە ئۇنى تەكشۈرۈپ بېكىتىش ئورنىغا ئۆزگەرتىلدى.

4 - ئاي ناھىيىلىك پارتكوم كېڭەيتىلگەن يىغىن چاقىرىپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى سۇڭ خەنلياڭنىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 3 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 7 - ئومۇمىي يىغىنىدا سۆزلىگەن سۆزىنى يەتكۈزدى ھەمدە ناھىيىنىڭ پارتىيە ئىستىلىنى تۈزىتىش تەدبىرلىرىنى مۇزاكىرە قىلىپ ئورۇنلاشتۇردى.

5 - ئاي 1 - كۈنى ئاپتونوم رايوننىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىدىن ۋاڭ ئېنماۋ، سۇڭ خەنلياڭ، تۆمۈر داۋامەت، جانابىللار پوسكام نېفىت خىمىيە سانائىتى زاۋۇتىغا كېلىپ، خىمىيە سانائىتى زاۋۇتىنىڭ ئىش باشلاش مۇراسىمىغا قاتناشتى.

2 - كۈنى ئاپتونوم رايوننىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى ۋە مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ۋاڭ ئېنماۋ ناھىيىگە كېلىپ، ناھىيىلىك پارتكومنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە نەمۇنىچى ناھىيە قۇرۇش توغرىسىدىكى دوكلاتىنى ئاڭلىدى ھەمدە ناھىيىلىك دوختۇرخانا، ناھىيىلىك 2 - باشلانغۇچ مەكتەپ ۋە ھەربىيلەر تۇرۇشلۇق گازارمىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى.

3 - كۈنى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى قەشقەر ۋىلايەتلىك كومىتېتى، قەشقەر مەمۇرىي مەھكىمە پوسكام ناھىيىسىدە داغدۇغىلىق ئاممىۋى يىغىن ئۆتكۈزۈپ، پوسكام ناھىيىسىگە ۋىلايەت بويىچە «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدا نەمۇنىچى ناھىيە» دەپ نام بەردى. مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، ئاپتونوم رايونلۇق مەسلىھەتچىلەر كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ۋاڭ ئېنماۋ، نېفىت سانائىتى مىنىستىرلىكىنىڭ مۇئاۋىن مىنىستىرى لى تيەنشياڭ، مەسلىھەتچىسى جياۋلىرېن، ئاپتونوم رايوننىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە رەھبەرلىرىدىن سۇڭ خەنلياڭ، تۆمۈر داۋامەت، جانابىل، تاڭ گۇاڭسەي، خەلچەم ئىسلام، بەي چېڭمىڭ، جىن يۈنخۇيلار ئالاھىدە كېلىپ يىغىنغا قاتناشتى، ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى گوگاڭ ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ «پوسكام ناھىيىسىگە قەشقەر ۋىلايىتى بويىچە ‹مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدا نەمۇنىچى ناھىيە› دەپ نام بېرىش توغرىسىدىكى قارار»نى ئوقۇدى ھەمدە گۇۋاھنامە تارقىتىپ بەردى، ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ ۋالىيسى ئابدۇغوپۇر سىدىق ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمە نامىدىن لەۋھە تەقدىم قىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى جانابىل ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەبرىك تېلېگراممىسىنى ئوقۇدى، ۋاڭ ئېنماۋ، سۇڭ خەنلياڭ، تۆمۈر داۋامەت، تاڭ گۇاڭسەي، ئابدۇغوپۇر سىدىق، يوجياپېڭلار يىغىندا سۆز قىلدى.

يەكەن، قاغىلىق، گۇما، خوتەن، مەكىت قاتارلىق ناھىيىلەر ئېكسكۇرسىيە ئۆمىكى

تەشكىللەپ، ناھىيىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدۇردى.

ناھىيە تەۋەسىدە ئۇشتۇمتۇت سەككىز بال بوران چىقتى، بوران ئارىلىقتا ئەڭ كۈچەيگەندە توققۇز بالغا يەتتى، ناھىيە بويىچە 88 مىڭ مو يەردىكى كېۋەز ئاپەتكە ئۇچرىدى، بۇ، كېۋەز تېرىلغۇ كۆلىمىنىڭ 80 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. ناھىيىلىك پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى جىددىي يىغىن چاقىرىپ، ئاپەتكە تاقابىل تۇرۇش، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش خىزمىتىنى ئورۇنلاشتۇردى.

**6 - ئاي** ئاپتونوم رايون ۋە ۋىلايەتنىڭ مەجبۇرىي مائارىپنىڭ يولغا قويۇلۇشىنى تەكشۈرۈش بىرلەشمە گۇرۇپپىسى ناھىيىگە كېلىپ مەجبۇرىي مائارىپنى يولغا قويۇش خىزمىتى ئەھۋالىنى تەكشۈردى.

ئاپتونوم رايونلۇق يەكەن دەرياسى ۋادىسىنى ھەر تەرەپلىمە تەكشۈرۈش ئەترىتىدىكى 50 كىشى ناھىيىگە كېلىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى.

ۋىلايەت تەشكىللىگەن پوسكام ناھىيىسىنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىكى ئىلغار ئىش - ئىزلىرىدىن دوكلات بېرىش ئۆمىكى ناھىيىلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى تيەن ۋېيگونىڭ يېتەكچىلىكىدە، قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ ناھىيىلىرىگە بېرىپ دوكلات بەردى، بۇ ئۆمەك 15 كۈندە 25 مەيدان دوكلات بېرىپ، 7 - ئايدا ناھىيىگە قايتىپ كەلدى.

**7 - ئاي** ناھىيىدە ئىلغار پارتىيە ياچېيكىلىرى ۋە مۇنەۋۋەر پارتىيە ئەزالىرىنى تەقدىرلەش يىغىنى چاقىرىلىپ، 150 نەپەر مۇنەۋۋەر پارتىيە ئەزاسى 21 ئىلغار پارتىيە ياچېيكىسى تەقدىرلەندى.

ناھىيىلىك پارتكوم ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، خەلق ھۆكۈمىتى، سىياسىي كېڭەش، ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىرى يىغىنىنى چاقىرىپ، ئىنتىزامغا خىلاپ ھالدا ئۆي سېلىش مەسىلىسىنى مۇزاكىرە قىلىپ بىر تەرەپ قىلدى.

قەشقەر شۆبە ھەربىي رايوننىڭ خىزمەت گۇرۇپپىسى ناھىيىگە كېلىپ ئۆتكۈزۈپ بېرىش يىغىنى چاقىرىپ، خەلق قوراللىق بۆلۈمىنى يەرلىككە رەسمىي ئۆتكۈزۈپ بەرگەنلىكىنى ئېلان قىلدى.

**8 - ئاي** ناھىيىلىك پارتكوم «بەش يىلدا پوسكام ناھىيىسىنى ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدىكى ئىلغار ناھىيە قىلىپ قۇرۇپ چىقىشنى تىرىشىپ قولغا كەلتۈرۈش توغرىسىدا قارار» چىقاردى.

ناھىيە «ئۈچ شىمال» ئىھاتە ئورمىنى بەرپا قىلىشنىڭ 1 - قارارلىق قۇرۇلۇشىنى تاماملىدى. ئاپتونوم رايوننىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشى ئارقىلىق، ناھىيە ئېتىز - ئېرىق بويلىرىنى ئورمانلاشتۇرۇشتا لاياقەتلىك ناھىيە بولۇپ باھالاندى، ناھىيە بويىچە 406 مىڭ 638 مو سالا ئېتىز بويىغا پۈتۈنلەي ئورمان بەلبېغى بەرپا قىلىنىپ بولدى.

مەركىزىي كومىتېت شۇجىچۇسى يېزا سىياسىتى تەتقىقات ئىشخانىسىدىن جاڭ دىڭلۇڭ ناھىيىگە كېلىپ، يېزىلارنىڭ ئەھۋالىنى ئىگىلىدى، بۇيىلۇق يېزىسىغا بېرىپ سۆھبەت يىغىنى ئاچتى.

ناھىيىلىك پارتكوم شەھۋانىي ئۇن - سىن بۇيۇملىرىنى تەكشۈرۈش، مەنئىي قىلىشقا رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىلىرى يىغىنى چاقىرىپ، شەھۋانىي ئۇن - سىن بۇيۇملىرىنى تەكشۈرۈش، مەنئىي قىلىش توغرىسىدا بىر قانچە تەدبىر تۈزدى.

ناھىيە پوسكام يېزىسى قاراسا كەنتىنىڭ ئاشلىقنى يالغان مەلۇم قىلغانلىق مەسىلىسىنى ئومۇمىي ئوقتۇرۇش ئارقىلىق تەنقىد قىلدى.

**9 - ئاي** ئاپتونوم رايونلۇق ئىقتىساد كومىتېتى، پىلان كومىتېتىدىن ئۈچ كىشى، ۋىلايەتلىك ئىقتىساد كومىتېتىدىن ئىككى كىشى ناھىيىگە كېلىپ سېمونت زاۋۇتىنىڭ قۇرۇلۇش سۈرئىتى، سېلىنغان مەبلەغنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى ۋە 2 - ئىشلەپچىقىرىش لىنىيىسىنىڭ ئىشلەپچىقىرىشقا ئاتلىنىشى قاتارلىق مەسىلىلەرنى تەكشۈردى.

مەركىزىي كومىتېت تەشكىلات بۆلۈمىدىن بەش كىشى ناھىيىگە كېلىپ، زىيالىيلار سىياسىتىنىڭ ئەمەلىيلىشىش ئەھۋالىنى تەكشۈردى.

**10 - ئاي** ناھىيىلىك پارتكوم ئىنتىزامغا خىلاپ شەخسىي ئۆي سېلىش مەسىلىسىنى تۈزىتىش يىغىنى چاقىرىپ، ئىنتىزامغا خىلاپ ئۆي سالغان 43 كىشىنى بىر تەرەپ قىلىش پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

مەملىكەتلىك باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى شۇجىچۇسىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ جۈڭشياڭ قاتارلىق يەتتە كىشى ناھىيىگە كېلىپ خىزمەتلەرنى تەكشۈردى.

ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى شۇشياۋچېڭ ئاپتونوم رايونلۇق ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، ۋىلايەتلىك پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ كادىرلىرى بىلەن بىللە ناھىيىگە كېلىپ، ئىنتىزام تەكشۈرۈش خىزمىتىنى تەكشۈردى ھەمدە ناھىيە دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلارغا قارىتا خەلقنىڭ رايىنى سىناش ئىشىنى ئۇيۇشتۇردى.

ناھىيىلىك پىلانلىق تۇغۇتنى تەشۋىق قىلىش ۋە ئونىڭغا تېخنىكا جەھەتتىن يېتەكچىلىك قىلىش پونكىتى ۋە ناھىيىلىك ئوتلاق باشقۇرۇش پونكىتى قۇرۇلدى.

**11 - ئاي** ناھىيىلىك قاتناش ئىدارىسى قۇرۇلدى.

ناھىيىلىك 8 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 4 - سانلىق يىغىنى چاقىرىلدى، يىغىندا ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى خىزمەت يىغىنىنىڭ روھى يەتكۈزۈلدى ۋە ئۆگىنىلدى، جياڭ مىڭ پوسكام ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىقىغا، تيەن ۋېيگو، مەھەممەت ئېزىز پوسكام ناھىيىسىنىڭ مۇئاۋىن ھاكىملىقىغا سايلاندى.

ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر تىل - يېزىق خىزمىتى كومىتېتى ناھىيىگە «مىللەتلەر تىل - يېزىق خىزمىتى بويىچە ئىلغار كوللېكتىپ» دەپ نام بەردى.

ۋىلايەتلىك خەلق ئىشلىرى خىزمىتى يىغىنىدا ناھىيە ۋىلايەت بويىچە خەلق ئىشلىرى خىزمىتىدە ئىلغار ناھىيە بولۇپ باھالاندى.

**12 - ئاي** ناھىيىدىكى بەش چوڭ بەنزىنىڭ رەھبەرلىرى ئالتە خىزمەت گۇرۇپپىسىنى باشلاپ، 30 ئاساسىي قاتلام ئورۇنغا بېرىپ، 19 مەخسۇس تېما بويىچە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش پائالىيىتى ئېلىپ باردى.

ناھىيىلىك ئۇنىۋان ئىسلاھاتىغا رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى.

ۋىلايەت 3 -قېتىملىق مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە تەقدىرلەش يىغىنى چاقىردى، ناھىيىدىن بەش ئىلغار ئورۇن، يەتتە ئىلغار شەخس يىغىنغا قاتناشتى.

## 1987 - يىلى

**1 - ئاي** ئۈچ يىل تىرىشىش ئارقىلىق، ناھىيە بويىچە 22 مىڭ 600 ئائىلىك دېھقان يېڭى تېپتىكى يېقىلغۇ تېجەش ئوچىقى سالدى، ئوچاق ئۆزگەرتىش نىسبىتى %98كە، ئىشلىتىش نىسبىتى %90 كە يەتتى، بۇنىڭ بىلەن يىلىغا 791 مىڭ يۈەن ئېنېرگىيە چىقىمى تېجەپ قېلىندى. ئاپتونوم رايون، ۋىلايەت تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش ئارقىلىق، ناھىيىگە «ئوچاق

ئۆزگەرتىپ يېڭىلىغۇ تېجەشتە لاياقەتلىك ناھىيە» دەپ نام بەردى.

ناھىيىدە ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى بويىچە ئىلغار ئورۇنلارنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشقا رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى قۇرۇلۇپ، ھەر قايسى ئورۇنلارنىڭ ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋالدى، 153 ئىلغار ئورۇن، 39 نەپەر مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىكى ئىلغار شەخسنى باھالاپ چىقتى.

ۋىلايەتتە ئېچىلغان ئۈچ دەرىجىلىك كادىرلار يىغىنىدا ناھىيە ئىلغار كوللېكتىپ بولۇپ باھالاندى، يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ ئۇنۇمى كۆرۈنەرلىك بولغان كۆيباغ يېزىسى، مەھسۇلاتى مۇقىم ئېشىپ بېرىۋاتقان گۇلباغ يېزىسى ئىلغار ئورۇن بولۇپ باھالاندى.

ناھىيىلىك پارتكوم ناھىيە بازىرىدىكى ئورۇنلاردا «ئۈچتە ئەلا بولۇش، بىردىن ئۆگىنىش» ئاساسىي مەزمۇن قىلىنغان مەدەنىيەتلىك بازار بەرپا قىلىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇشنى قارار قىلدى، مۇسابىقىگە قاتناشقان 43 ئورۇن بىلەن مۇسابىقە كېلىشىمنامىسى ئىمزالاندى.

ناھىيە ئاپتونوم رايون بويىچە چولڭ چىلان ئىشلەپچىقىرىش بازىسى قاتارىغا كىرگۈزۈلدى.

**2 - ئاي** مۇئاۋىن ھاكىم جاڭ جياچى قاتارلىق ئالتە كىشى شاڭخەي، نەنجىڭ، تەيشەن، شىجياجۇاڭ، بېيجىڭ قاتارلىق جايلارغا بېرىپ، يەرلىك سانائەت ۋە يېزا - بازار كارخانىلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش توغرىسىدا ئالاقىلەشتى.

ناھىيىلىك سايلام كومىتېتى قۇرۇلۇپ، ناھىيە، يېزىلارنىڭ نۆۋەت ئالمىشىش سايلىمى خىزمىتىگە رەھبەرلىك قىلدى.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ كونكرېت ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن، ناھىيىنىڭ كەنت دەرىجىلىك پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىش خىزمىتى بىر يىل داۋاملىشىپ، 2 - ئاينىڭ 12 - كۈنى ئاياغلاشتى، تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش ئارقىلىق پۈتۈنلەي لاياقەتلىك بولدى.

**3 - ئاي** ناھىيىدە ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىغا رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى، تيەن ۋېيگو گۇرۇپپا باشلىقلىقىغا تەيىنلەندى.

ناھىيىدە يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسى زور كۈچ بىلەن كېڭەيتىلىپ، ئەسقاتىدىغان ئىختىساسلىق خادىملار كۆپ قاتلام، كۆپ خىل شەكىلدە تەربىيىلەندى، بۇلتۇردىن بۇيان ھەر خىل خادىمدىن 20 نەچچە مىڭ ئادەم (قېتىم) تەربىيىلەندى. سورتنى ياخشىلاشقا ئەھمىيەت بېرىلىپ، كېۋەز يېڭى تېخنىكا ئارقىلىق پەرۋىش قىلىنغاچقا، ناھىيە بويىچە ئومۇمىي ياختا 1986 - يىلدىكىدىن 62% ئاشتى.

**4 - ئاي** 4 - كۈنى ناھىيىلىك سېمونت زاۋۇتىنىڭ خام ئەشيا سىلىقلاش ماشىنىسىنىڭ ئۆلى ئۆلتۈرۈشۈپ كەتتى، ناھىيىلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى يۈجياپېڭ ۋە ھاكىم سېلىم ماخسۇر نەق مەيدانغا بېرىپ جىددىي يىغىن چاقىرىپ، خەۋپتىن قۇتقۇزۇش تەدبىرلىرىنى مۇزاكىرە قىلىپ تۈزۈپ چىقىپ، ئادەم كۈچى تەشكىللەپ زەربىدارلىق بىلەن خەۋپتىن قۇتقۇزۇشقا كىرىشتى.

بازار - يېزىلاردىكى ھەر قايسى سايلام رايونلىرىدا سايلام يىغىنى چاقىرىلىپ، ناھىيىلىك، يېزىلىق خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ ۋەكىللىرى سايلاندى.

ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى گوگاڭ ناھىيىگە كېلىپ، سۇ ئېلېكتر مەسىلىسىنى مۇزاكىرە قىلىپ ھەل قىلدى، ئۇ، ناھىيىدىن نېفىتتىكى ئۈچ زاۋۇتقا كېرەكلىك توكقا كاپالەتلىك قىلىشنى تەلەپ قىلدى ھەمدە يەكەن دەرياسى باشقارمىسى، نېفىت ئۆزلەشتۈرۈش شىركىتى ۋە يەكەننىڭ ئالاقىدار رەھبەرلىرىنى يىغىپ، ئېلېكتر ئىستانسىسىنى سۇ بىلەن تەمىنلەش

مەسىلىسىنى مۇزاكىرە قىلىپ ھەل قىلدى.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى قېيۇم باۋۇدۇن ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى ناھىيىگە كېلىپ خىزمەتلەرنى تەكشۈردى.

ناھىيىدە ئالاقىدار تارماقلار رەھبەرلىرىنىڭ يىغىنى چاقىرىلدى، يىغىندا مۇئاۋىن ھاكىم جاڭ جياجى ئىچكىرىدىكى تەكشۈرۈش ئەھۋالىنى دوكلات قىلدى، ناھىيىنىڭ سانائەت قۇرۇلۇش تۈرلىرى توغرىسىدا مەسلىھەتلىشىپ، يارىلىم، چۈپۈر پىششىقلاش، ياسىدۇن 1 - دەرىجىلىك ئېلېكتر ئىستانسىسى، توقۇمىچىلىق زاۋۇتىنىڭ مەھسۇلاتىنى ئۆزگەرتىش قاتارلىق تۈرلەر دەسلەپكى قەدەمدە بېكىتىلدى.

ناھىيىلىك نامراتلارغا يار - يۆلەك بولۇشقا رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى «ئىككىگە يار - يۆلەك بولۇش» خىزمىتى يىغىنى چاقىرىپ، 1986 - يىللىق «ئىككىگە يار - يۆلەك بولۇش» خىزمىتىدە ئەلا نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن 23 ئىلغار كوللېكتىپ، 22 نەپەر ئىلغار شەخس، 38 نەپەر نامراتلىقتىن قۇتۇلغان ئىلغارلار ۋەكىللىرىنى تەقدىرلىدى.

5 - ئاي ناھىيىگە «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدا نەمۇنىچى ناھىيە» دەپ نام بېرىلگەنلىكىنىڭ بىر يىللىقىنى خاتىرىلەش يىغىنى چاقىرىلدى، يىغىنغا ناھىيە بازىرىدىكى ئىدارە - ئورگانلارنىڭ بارلىق ئىشچى - خىزمەتچىلىرى، ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ قىسمەن ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلىرى، قىسمەن كوماندىر - جەڭچىلەردىن بولۇپ 5000 كىشى قاتناشتى، ناھىيىلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى يۈجياپىڭ سۆز قىلىپ، ناھىيىدىكى ھەر دەرىجىلىك كادىرلار، ھەر مىللەت ئاممىسى بىر نىيەتتە ھەمكارلىشىپ، مۇرىنى - مۇرىگە تىرەپ كۈرەش قىلىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى يېڭى سەۋىيىگە كۆتۈرۈشنى تەلەپ قىلدى

ناھىيە بويىچە ئاشلىق ۋە پاختىنى توختام بويىچە سېتىۋېلىش بىلەن مۇكاپاتقا خىمىيىۋى [illegible] بېرىلىن سېتىپ بېرىشنى بىرلەشتۈرۈش يولغا قويۇلدى.

ناھىيە بويىچە سىياسەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش خىزمىتى ئومۇمىيۈزلۈك تاماملاندى. نوقۇل يىل تىرىشىش ئارقىلىق، ناھىيە بويىچە 2137 كىشىنىڭ مەسىلىسى قايتا تەكشۈرۈلدى، قايتا تەكشۈرۈش ئارقىلىق يەكۈن ئۆزگەرتىلگەنلەر ‎%‎88نى، ئەسلىدىكى يەكۈن ساقلاپ قېلىنغانلار [illegible]نى، ئەمەلىيلەشتۈرۈش دائىرىسىگە كىرمەيدىغان، ئالاقىدار تارماقلارنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا تاپشۇرۇپ بېرىلگەنلەر ‎%‎8 نى ئىگىلىدى.

ناھىيىلىك 9 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 1 - سانلىق يىغىنى چاقىرىلدى، يىغىندا تولۇق كېڭىشىش ئارقىلىق ئارتۇق نامزاتلىق سايلام ۋە يوشۇرۇن ئاۋاز بېرىش ئۇسۇلى بويىچە توختىمەھەممەت تۇردى ناھىيىلىك 9 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرلىقىغا، ئابدۇخالىق سادىق، شۇخۇئچلىي، قىمىزخان توختىنىيازلار مۇئاۋىن مۇدىرلىققا، توختىمەھەممەت تۇردى قاتارلىق 11 كىشى دائىمىي ئەزالىققا، ئابلەت سايىت ناھىيىنىڭ ھاكىملىقىغا، تيەن ۋېيگو، مەھەممەت ئىبرىز، جاڭ جياچى، رازىق ھوشۇرلار مۇئاۋىن ھاكىملىققا. ھەسەن ئەمەت ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقلىقىغا، مەھەممەت توختىنياز ناھىيىلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشلىكىگە سايلاندى.

7 - ئاي، 14 - كۈنى سائەت 18 دىن 20 مىنۇت ئۆتكەندە، ناھىيىلىك كۆمۈر كانىنىڭ 2 - نومۇرلۇق قۇدۇقى ئۇشتۇمتۇت كەلكۈننىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراپ، بەش نەپەر كۆمۈر قېزىش ئىشچىسى قۇدۇق ئاستىدا قازا تاپتى، ناھىيىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى نەق مەيدانغا

بېرىپ خەۋپتىن جىددىي قۇتقۇزۇشقا قوماندانلىق قىلدى.

ناھىيىلىك كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش قوماندانلىق شتابى قۇرۇلدى، يوجياپىڭ باش قوماندانلىققا، ئابلەت سايىت، لىۋكېيلار مۇئاۋىن باش قوماندانلىققا تەيىنلەندى، شتاب قارىمىقىدا ئىشخانا تەسىس قىلىندى، كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش، خەۋپ - خەتەردىن قۇتۇلدۇرۇش ئىشلىرىنى كونكرېت ئورۇنلاشتۇرىدىغان بولدى.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى سوڭ خەنلياڭ قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى شۇ شياۋچېڭ بىلەن بىللە ناھىيىگە كېلىپ كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش خىزمىتىنى تەكشۈردى.

29 - كۈنى بېيجىڭ يازلىق ۋاقتى سائەت يەتتىدىن 20 مىنۇت ئۆتكەندە، ناھىيىلىك كۆمۈركان جايلاشقان تاغلىق رايوندا ئۇشتۇمتۇت كەلكۈن ئاپىتى يۈز بەردى، كەلكۈن پەللىسى يەتتە مېترغا يېتىپ، كۆمۈر كاندىكى 37 ئائىلىلىك ئىشچىنىڭ 65 ئېغىز ئۆيى سۇ ئاستىدا قالدى. سەككىز كىشى كەلكۈندە قازا تاپتى، 21 ئائىلىلىك كان ئىشچىسى ئۆي - ماكانسىز قالدى، ئاپەت تۈپەيلىدىن كېلىپ چىققان ھەر خىل زىيان خەلق پۇلى ھېسابىدا 351 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ناھىيىلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى جۇمىڭفاڭ، ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىرىدىن ئابدۇخالىق سادىق، شۇخۇچلىي قاتارلىق رەھبەرلەر ئاپەت ئەھۋالىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن كان رايونىغا بېرىپ، خەۋپ - خەتەردىن جىددىي قۇتقۇزۇش ئىشىنى تەشكىللىدى.

ناھىيىلىك 2 - ئوتتۇرا مەكتەپتىن تۆت نەپەر تەنھەرىكەتچى، بىر نەپەر تېرىنېر قەشقەر ۋىلايىتىگە ۋەكالىتەن ئاپتونوم رايون بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن 1987 - يىللىق ياش - ئۆسمۈرلەر يېنىك ئاتلېتىكا مۇسابىقىسىغا قاتنىشىپ، ئىككى تۈردە 1 - لىككە، بىر تۈردە 2 - لىككە، ئۈچ تۈردە 3 - لىككە، 16 ۋىلايەت، ئوبلاست شەھەرنىڭ ۋەكىللەر كوماندىلىرى ئىچىدە كوللېكتىپ ئومۇمىي نومۇردا 2 - لىككە ئېرىشتى.

**8 - ئاي** ئاپتونوم رايونلۇق ھال سوراش ئۆمىكى پوسكام ناھىيىلىك كۆمۈر كانىغا كېلىپ، ئاپەتكە ئۇچرىغان كۆمۈركان ئىشچىلىرىدىن ھال سورىدى.

ناھىيە بويىچە كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش، خەۋپ - خەتەردىن قۇتقۇزۇش ئىشى ۋاقتىنچە ئاياغلاشتۇرۇلدى، يېرىم ئاي ئىچىدە كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈشكە 436 مىڭ 528 ئىش كۈنى ئەمگەك كۈچى قاتناشتى، 1 مىليون 478 مىڭ 200 كۇب مېتىر چوڭ تاش، 1 مىليون 103 مىڭ 990 كۇب مېتىر ئۇششاق تاش، 15.98 تونىنا سىم، 1000 دانە چىپتا ئىشلىتىلدى، بۇنىڭدىن باشقا شاخ - شۇمبا، ئات ھارۋىسى، تراكتورلارنىڭ مەشغۇلات خىراجىتىنى قوشقاندا كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش ئۈچۈن 385 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق چىقىم قىلىندى.

ناھىيە بويىچە 887 نامرات، قىيىنچىلىقى بار ئائىلە نامراتلىقتىن قۇتۇلدى، بۇ، نامرات، قىيىنچىلىقى بار ئائىلىلەر ئومۇمىي سانىنىڭ 36 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ، نامراتلىقتىن قۇتۇلغان ئائىلىلەرنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ساپ كىرىمى 269 يۈەنگە، ئوزۇقلۇق ئاشلىقى 334.5 كىلوگىرامغا يەتتى.

ئاپتونوم رايون ناھىيىگە «كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش، كەلكۈنگە تاقابىل تۇرۇش بويىچە ئىلغار كوللېكتىپ» دەپ نام بەردى.

**9 - ئاي** ناھىيىدە يېمەكلىك مۇلازىمىتى كەسپى بويىچە يەككە تىجارەتچىلەر يىغىنى

چاقىرىلىپ يەككە تىجارەتچىلەر كەسىپ ئەخلاقى كۆز قارىشىنى كۈچەيتىشكە، جامائەت تازىلىقىغا رىئايە قىلىپ، جىگەر ياللۇغى قاتارلىق يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا ۋە ئۇنى داۋالاشقا ئەھمىيەت بېرىشكە سەپەرۋەر قىلىندى ۋە بۇ جەھەتتىن تەربىيىلەندى.

**10 - ئاي** ۋىلايەت ناھىيىگە «كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش، كەلكۈنگە تاقابىل تۇرۇش بويىچە ئىلغار كوللېكتىپ» دەپ نام بەردى.

ناھىيىلىك پارتكوم بەش چوڭ بەنزە رەھبەرلىرىنىڭ يىغىنىنى چاقىرىپ، ناھىيىدىكى جىگەر ياللۇغىنىڭ يۇقۇش ئەھۋالىنى تەھلىل قىلدى ۋە مۇزاكىرە قىلدى، ئۇنىڭ يۇقۇشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرىنى ئورۇنلاشتۇردى، شۇجى سۇڭ خەنلياڭنىڭ مۇھىم سۆزىنى يەتكۈزدى.

ناھىيىلىك پارتكوم «بەش چوڭ بەنزە» رەھبەرلىرىنىڭ يىغىنىنى چاقىردى، يىغىندا مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، ئاپتونوم رايونلۇق مەسلىھەتچىلەر كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ۋاڭ ئېنماۋنىڭ سۆزى يەتكۈزۈلدى، پوسكام ناھىيىسىنىڭ «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش توغرىسىدا قارار»ى مۇزاكىرە قىلىنىپ تۈزۈپ چىقىلىپ، ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇزاكىرە قىلىپ ماقۇللىشىغا ھەمدە ئېلان قىلىپ ئىجرا قىلىشىغا سۇنۇلدى.

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىدىن تەشكىللەنگەن كۆزدىن كەچۈرۈش گۇرۇپپىسى ناھىيىگە كېلىپ خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈردى.

ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە نەمۇنىچى ناھىيىلەرنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش گۇرۇپپىسىدىن ئالتە كىشى ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى مىڭ شۇلىننىڭ يېتەكچىلىكىدە ناھىيىگە كېلىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى خىزمىتىنى يەنىمۇ ياخشىلاش ئەھۋالىنى تەكشۈردى.

**11 - ئاي** ناھىيىلىك 9 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 2 - سانلىق يىغىنى مۇزاكىرە قىلىش ئارقىلىق «بەش يىلچە ۋاقىت سەرپ قىلىپ، ناھىيە بويىچە پۇقرالار ئارىسىدا قانۇن ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇشنى قولغا كەلتۈرۈش توغرىسىدا قارار» چىقاردى.

ناھىيىلىك 9 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 3 - سانلىق يىغىنى مۇزاكىرە قىلىش ئارقىلىق، «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى خىزمىتىنىڭ نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەپ ۋە راۋاجلاندۇرۇپ، ناھىيىدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىش توغرىسىدا قارار» چىقاردى.

ناھىيىلىك پارتكوم 6 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 3 - ئومۇمىي (كېڭەيتىلگەن) يىغىنى چاقىرىلىپ، پارتىيە 13 - قۇرۇلتىيىنىڭ روھى يەتكۈزۈلدى ۋە ئۆگىنىلدى.

ئاپتونوم رايون پوسكام ناھىيىسىگە «ئاپتونوم رايون بويىچە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدا نەمۇنىچى ناھىيە» دەپ نام بەردى، مۇئاۋىن ھاكىم تيەن ۋېيگو ناھىيىدىكى ھەر مىللەت خەلقىگە ۋەكالىتەن ئاپتونوم رايونغا بېرىپ گۇۋاھنامە ۋە تەقدىرنامە تاپشۇرۇۋالدى ھەمدە ئاپتونوم رايونلۇق 2 - قېتىملىق مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە تەقدىرلەش يىغىنىغا قاتناشتى.

**12 - ئاي** ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى شىركىتى پۈتۈن يىللىق سېتىش ۋەزىپىسىنى 4 مىليون 327 مىڭ يۈەنگە، كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ئوتتۇرىچە پايدىنى 13 مىڭ يۈەنگە يەتكۈزۈپ، ئاپتونوم رايوننىڭ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى سىستېمىسى بويىچە ئىلغار ئورۇن بولۇپ باھالاندى.

سەھىيە مىنىستىرلىكىنىڭ مىنىستىرى چېن مىنجاڭ ۋە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەئىسى تۆمۈر داۋامەت، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى جانابىل ۋە ئۇلارنىڭ ھەمراھلىرى بولۇپ 45 كىشى ناھىيىگە كېلىپ، سەھىيە خىزمىتىنى تەكشۈردى ۋە ناھىيىلىك خەلق دوختۇرخانىسى، سېمونت زاۋۇتى، نېفىت خىمىيە سانائىتى زاۋۇتىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى.

ناھىيىدىكى بەش چوڭ بەنزە رەھبەرلىرىنىڭ يىغىنى چاقىرىلدى، يىغىندا مۇئاۋىن ھاكىم تيەن ۋېيگونىڭ ئاپتونوم رايونلۇق 2 - قېتىملىق مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە تەقدىرلەش يىغىنىنىڭ روھى توغرىسىدىكى يەتكۈزمىسى ئاڭلاپ ئۆتۈلدى.

جۇڭگو خەلق قۇرۇلۇش بانكىسىنىڭ پوسكام ناھىيىلىك تارماق بانكىسى قۇرۇلدى.

ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى يېزا مائارىپى بويىچە كەسپىي خىراجەتكە قوشۇمچە ھەق يىغىش چارىسىنى تۈزۈپ چىقتى ھەمدە جايلارنىڭ ئىجرا قىلىشىنى ئۇقتۇردى.

ناھىيە، يېزا، كەنتلەر جەمئىي 509 مىڭ 473 يۈەن مەبلەغ توپلاپ، ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ 4804 كۋادرات مېتر خەتەرلىك ئۆيىنى رېمونت قىلدى.

ناھىيىلىك 9 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 2 - سانلىق يىغىنى چاقىرىلدى، يىغىنغا قاتناشقان ۋەكىللەر پارتىيە 13 قۇرۇلتىيى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق 2 - قېتىملىق مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە تەقدىرلەش يىغىنىنىڭ روھى توغرىسىدىكى يەتكۈزمىنى ئاڭلىدى، يىغىندا ۋاڭ خېتىڭ، ئابلەت سايىت، تەۋەككۇل دۆلەت ئاپتونوم رايونلۇق 7 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىللىكىگە سايلاندى.

ناھىيىلىك پارتكوم بەش يىللىق مالىيە كىرىم - چىقىمىنى ھۆددىگە بېرىش بويىچە مۇزاكىرە يىغىنى چاقىردى، يىغىندا ناھىيىنىڭ بەش يىللىق مالىيە كىرىم - چىقىمىنى ھۆددىگە بېرىشنىڭ كونكرېت لايىھىسى مۇزاكىرە قىلىندى.

ناھىيە بويىچە ئومۇمىي ئاشلىق 91 مىليون 200 مىڭ كىلوگرامغا يېتىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 1 مىليون 750 مىڭ كىلوگرام، ئومۇمىي پاختا 110 مىڭ 700 دەنگە يېتىپ، 8700 دەن، ئومۇمىي ياغلىق دان 1 مىليون 164 مىڭ 500 كىلوگرامغا يېتىپ، 214 مىڭ 500 كىلوگرام ئاشتى. يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ ئومۇمىي كىرىمى 2 مىليون 900 مىڭ يۈەنگە، كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ئوتتۇرىچە ساپ كىرىم 542 يۈەنگە يەتتى.

پوسكام ناھىيىسى قەشقەر ۋىلايىتى بويىچە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشتا ئىلغار ناھىيە بولۇپ باھالاندى.

## 1988 - يىلى

**1 - ئاي** ناھىيىلىك پارتكوم كادىر ئاجرىتىپ، تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ، ناھىيىگە بىۋاسىتە قاراشلىق ئىدارە - ئورگانلار، كارخانا، كەسپىي ئورۇنلار ۋە يېزا - بازار، مەيدانلارنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى تەكشۈرۈپ، «ئىككى مەدەنىيەت»، مەنىۋى مەدەنىيەت، پارتىيە ئىستىلىنى تۈزىتىش بويىچە ئىلغار ئورۇندىن 94 نى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە ئىلغار شەخستىن 69 نەپەرنى باھالاپ چىقتى.

ناھىيىلىك پارتكوم، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى بىرلىكتە پاختا توقۇمىچىلىق فابرىكىسى

مۇھاكىمە يىغىنى چاقىرىپ، ۋىلايەتلىك پاختا - چىگە شىركىتى بىلەن بىرلىشىپ پوسكام توقۇمىچىلىق فابرىكىسى قۇرۇشنى قارار قىلدى.

ۋىلايەتلىك پاختا - چىگە شىركىتىنىڭ جىڭلىسى گوشىڭشۇ ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرىدىن ئۈچ كىشى ناھىيىگە كېلىپ، ناھىيىلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى قاتارلىق رەھبەرلەر بىلەن پوسكام پاختا توقۇمىچىلىق فابرىكىسىنى بىرلىشىپ قۇرۇش ئىشى ئۈستىدە مەسلىھەتلىشىپ، ناھىيە 3 مىليون 500 مىڭ يۈەن، قەشقەر پاختا - چىگە شىركىتى 3 مىليون 500 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىش، باجنى تاپشۇرۇپ بولغاندىن كېيىنكى پايدىنى سالغان مەبلەغنىڭ نىسبىتى بويىچە تەقسىم قىلىش توغرىسىدا كېلىشىم ھاسىل قىلدى.

**2 - ئاي** كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى قەشقەر ۋىلايەتلىك كومىتېتى ناھىيىلىك ئىتتىپاق كومىتېتىغا «ئىلغار ئىتتىپاق كومىتېتى» دەپ نام بەردى.

ناھىيىلىك دېھقانچىلىق ئىدارىسى يېزا - مەيدان رەھبەرلىرىنىڭ كېۋەز، شال تېرىش تېخنىكىسى ئۆگىنىش كۇرسى ئاچتى.

ناھىيىلىك كان رايونى سودا شىركىتى ئاپتونوم رايوندا ئېچىلغان كارخانىلارنىڭ سىياسىي - ئىدىيىۋى خىزمىتى يىغىنىدا ئاپتونوم رايون بويىچە كارخانىلارنىڭ سىياسىي - ئىدىيىۋى خىزمىتىدە ئىلغار ئورۇن بولۇپ باھالاندى.

ناھىيىلىك پارتكوم، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ئۆچتۆما، ياسىدۇن قاتارلىق ئالتە كەنتنى شال ئىشلەپچىقىرىش بازىسى قىلىشنى، بۇ كەنتلەر ناھىيە بويىچە 400 مىڭ جىڭ گۈرۈچنى توختام بويىچە سېتىپ بېرىش ۋەزىپىسىنى ئورۇنداشقا مەسئۇل بولۇشنى مۇزاكىرە قىلىپ بېكىتتى.

**3 - ئاي** ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 3 - سانلىق يىغىنى چاقىرىلدى، يىغىندا ئاپتونوم رايونلۇق 7 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 1 - سانلىق يىغىنىنىڭ روھى يەتكۈزۈلدى، ناھىيىلىك ھۆكۈمەت ۋە خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ خىزمەت دوكلاتى، ناھىيىلىك سوت مەھكىمىسى، تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ خىزمەت دوكلاتى ئاڭلاپ ئۆتتۇلدى ۋە قاراپ چىقىلدى.

ناھىيىلىك ئاياللار بىرلەشمىسى ئاياللار خىزمىتى يىغىنى چاقىرىپ، 50 نەپەر «8 - مارت» قىزىل بايراقدارىنى، 66 نەپەر «بەشتە ياخشى ئائىلە» ۋەكىلىنى، يەتتە «8 - مارت» قىزىل بايراقدار كوللېكتىپنى تەقدىرلىدى ۋە مۇكاپاتلىدى.

ناھىيىگە بىۋاسىتە قاراشلىق ئورگانلاردىكى كادىر، ئىشچى - خىزمەتچىلەردىن 1426 كىشى مەجبۇرىي كۆچەت تىكىش پائالىيىتىگە قاتنىشىپ 10 مىڭ 300 تۈپ كۆچەت تىكتى.

ناھىيىلىك ئىتتىپاق كومىتېتى مەجبۇرىي كۆچەت تىكىش بىلەن نامراتلارغا يار - يۆلەك بولۇشنى زىچ بىرلەشتۈرۈپ، ئىتتىپاق ئەزالىرىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ، دېھقانلارغا 4500 تۈپ دولانا كۆچىتى تىكىپ بەردى.

ناھىيىلىك پارتكوم، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ماشىنا بىلەن سۇلياۋ يوپۇق يېپىش بويىچە نەق مەيدان يىغىنى چاقىرىپ، سەيلى يېزىسىنىڭ ماشىنا بىلەن سۇلياۋ يوپۇق يېپىپ كېۋەز تېرىش تېخنىكىسىنى كېڭەيتتى.

ھەر قايسى يېزا - مەيدانلاردىكى يېزا ئىقتىسادى مۇلازىمەت پونكىتلىرى دېھقانلارغا 280 توننا خىمىيىۋى ئوغۇت، 220 توننا كۈنجۈرە ئېلىپ بەردى، 136 مىڭ كىلوگرام سۈپەتلىك ئۇرۇقلۇق سېتىپ بەردى، شۇ ئارقىلىق دېھقانلار ئۈچۈن 112 مىڭ يۈەن مەبلەغ تېجەپ بېرىپ،

ئاپتونوم رايونلۇق يېزا ئىقتىسادى باش پونكىتىنىڭ ماختىشىغا ئېرىشتى.

4 - ئاي پوسكام ناھىيىلىك خەلق رادىئو ئىستانسىسى قۇرۇلدى.

ناھىيىلىك چارۋىچىلىق ئىدارىسى قەشقەر ۋىلايىتىدە چاقىرىلغان چارۋىچىلىق خىزمىتى يىغىنىدا مال دوختۇرلۇقى بويىچە كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاش خىزمىتىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ بولۇپ باھالاندى.

ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى يۇسۇپ مۇھەممەدى ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى بولۇپ 14 كىشى ناھىيىگە كېلىپ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش، يېزا - بازار كارخانىلىرى، كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش، قۇرغاقچىلىققا تاقابىل تۇرۇش جەھەتتىكى خىزمەتلەرنى تەكشۈردى.

مەملىكەتلىك مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە تەرەققىياتى بويىچە تەقدىرلەش يىغىنى بېيجىڭدا چاقىرىلدى، پوسكام ناھىيىسى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ كۆرسىتىشى، دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ تەستىقلىشى ئارقىلىق، مەملىكەت بويىچە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە تەرەققىياتى بويىچە ئىلغار كوللېكتىپ بولۇپ باھالاندى، مۇئاۋىن ھاكىم تيەن ۋېيگو ناھىيىدىكى ھەر مىللەت خەلقىگە ۋەكالىتەن بېيجىڭگە بېرىپ يىغىنغا قاتنىشىپ، تەقدىرنامە تاپشۇرۇۋالدى ھەمدە گۇرۇپپا يىغىنىدا ناھىيىنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى جەھەتتىكى ياخشى ۋەزىيىتىنى ۋە ئىش - ئىزلىرىنى تونۇشتۇردى.

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ھامىدىن نىياز بىلەن قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى شۇشياۋ چېڭ، مۇئاۋىن شۇجى تىلىۋالدى توختى ۋە ئۇلارنىڭ ھەمراھلىرى بولۇپ 12 كىشى ناھىيىگە كېلىپ، ئەتىيازلىق تېرىلغۇ، مەدەنىيەت، مائارىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى جەھەتتىكى ئەھۋاللارنى ئىگىلىدى.

5 - ئاي ناھىيىلىك ئىتتىپاق كومىتېتىغا كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى قەشقەر ۋىلايەتلىك كومىتېتى تەرىپىدىن «‹پىئونېرلار ئەترىتىنىڭ بەش بولۇش قۇرۇلۇشى› (يېتەكچىلىكى، تەشكىلى، پائالىيەت ئورنى، تۇزۇمى، پائالىيىتى بولۇش) بويىچە ئىلغار كوللېكتىپ» دەپ نام بېرىلدى.

شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەننىڭ سىياسىي كومىسسارى گوگاڭ ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى بولۇپ 16 كىشى ناھىيىگە كېلىپ ئېكسكۇرسىيە قىلدى.

ئاقسۇ، خوتەن، چىرا قاتارلىق ناھىيە (شەھەر) لەرنىڭ ئېكسكۇرسىيە ئۆمەكلىرى ناھىيىگە كېلىپ ئۆگىنىش ۋە ئېكسكۇرسىيىدە بولدى.

ناھىيىلىك 2 - ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ تەنتەربىيە مەشقى كوماندىسى ۋىلايەتتە ئۆتكۈزۈلگەن ياش - ئۆسمۈرلەرنىڭ يېنىك ئاتلېتكا تەنھەرىكەت يىغىنىغا پوسكام ناھىيىسىگە ۋەكالىتەن قاتنىشىپ، 25 تۈردە 1 - لىككە، 11 تۈردە 2 - لىككە، يەتتە تۈردە 3 - لىككە ئېرىشىپ، ۋىلايەتلىك يېنىك ئاتلېتكا مۇسابىقىسىدا ئالدىنقى قاتارغا ئۆتتى.

ناھىيىدە ناھىيىگە بىۋاسىتە قاراشلىق ئورگان كادىرلىرى يىغىنى چاقىرىلدى، يىغىندا مۇئاۋىن ھاكىم تيەن ۋېيگو مەملىكەتلىك مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە تەرەققىياتى بويىچە تەقدىرلەش يىغىنىنىڭ روھىنى يەتكۈزدى.

ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ كادىرلارنى تەكشۈرۈش - باھالاش خىزمەت گۇرۇپپىسى ناھىيىگە كېلىپ، ناھىيە دەرىجىلىك رەھبەرىي كادىرلارنى تەكشۈردى ۋە باھالىدى.

ناھىيىلىك پارتكوم بىرلىكسەپ بۆلۈمى دىنىي زاتلار ئارىسىدا قانۇن ساۋاتلىرىنى

ئومۇملاشتۇرۇش بويىچە ئۆگىنىش كۇرسى ئاچتى.

**6 ـ ئاي** ناھىيە تەشكىللىگەن 54 كىشىلىك ئېكسكۇرسىيە ئۆمىكى مارالبېشى، مەكىت، يەكەن، قاغىلىقتىن ئىبارەت تۆت ناھىيىگە بېرىپ پاختا ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالى ۋە يېزا ـ بازار كارخانىلىرىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى ۋە تەكشۈردى.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي قانۇن كومىتېتىنىڭ شۇجىسى بادەي ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى ناھىيىگە كېلىپ خىزمەتلەرنى تەكشۈردى.

پوسكام ناھىيىلىك خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنى توپلاش خىزمىتىگە رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى، ئالتە نەپەر كادىر ئاجرىتىلىپ، يېزىلارغا ئەۋەتىلىپ ناھىيىدە ۋۇجۇدقا كەلگەن خەلق چۆچەكلىرى، خەلق قوشاقلىرىنى توپلاشقا كىرىشتى.

مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، ئاپتونوم رايونلۇق مەسلىھەتچىلەر كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ۋاڭ ئېنماۋ، ئاپتونوم رايونلۇق مەسلىھەتچىلەر كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى بەي چېڭمىڭ، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى جىن يۈنخۇي ۋە شىنجاڭ ھەربىي رايوننىڭ سابىق مۇئاۋىن قوماندانى جاڭ شىچىن قاتارلىق رەھبىرىي يولداشلار ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى شۇشياۋ چېڭ ۋە ۋالىي ئابدۇغوپۇر سىدىقلارنىڭ ھەمراھلىقىدا ناھىيىگە كېلىپ خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈردى. ۋاڭ ئېنماۋ دوكلاتنى ئاڭلىغاندىن كېيىن مۇھىم يوليورۇق بېرىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، تۈرلۈك خىزمەتلەرنى بىخمۇ ياخشى ئىشلەشنى تەلەپ قىلدى.

**7 ـ ئاي** دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ئىسمايىل ئەھمەد ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ئابلايوۋ ۋە ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى شۇ شياۋچېڭ، ۋالىي ئابدۇغوپۇر سىدىقلارنىڭ ھەمراھلىقىدا ناھىيىگە كېلىپ خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈردى.

سۇڭ خەنلياڭ، تۆمۈر داۋامەت ۋە ئۇلارنىڭ ھەمراھلىرى ناھىيىگە كېلىپ، كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش خىزمىتىنى تەكشۈردى.

پوسكام ناھىيىلىك ئومۇمىي گەۋدە پىلانى كومىتېتى قۇرۇلدى، ئۇنىڭ قارمىقىدا ئىشخانا تەسىس قىلىندى. پوسكام ناھىيىسىنىڭ 1990 ـ يىلدىن 2000 ـ يىلغىچە بولغان ئىجتىمائىي تەرەققىياتى ۋە خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئومۇمىي گەۋدە پىلانىنى تۈزۈش ئىشى باشلاندى.

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى لى جيايو ناھىيىگە كېلىپ خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈردى.

**8 ـ ئاي** 1 ـ كۈنى يەكەن دەرياسىغا كەلگەن كەلكۈن كۆپىيىپ 1700 ئېقىش مىقدارىغا يەتتى، ناھىيىلىك ئۇرۇقچىلىق مەيدانىنىڭ كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش توسمىسىنىڭ ئۈچ يېرىنى كەلكۈن بۇزۇۋەتتى. ناھىيىنىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرى نەق مەيدانغا بېرىپ، 4000 دىن ئارتۇق ئاممىنى خەۋپتىن جىددىي قۇتقۇزۇشقا تەشكىللىدى.

2 ـ كۈنى ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى شۇشياۋچېڭ، جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رايوندىن جاڭ سەنمۇجاڭ ۋە ۋىلايەتنىڭ ئالاقىدار رەھبەرلىرى قەشقەردىن بىۋاسىتە پوسكام ناھىيىلىك ئۇرۇقچىلىق مەيدانىنىڭ كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش نەق مەيدانىغا كېلىپ خەتەر ئەھۋالىنى تەكشۈردى ۋە خەۋپتىن جىددىي قۇتقۇزۇشقا قوماندانلىق قىلدى ھەمدە كېچىلەپ ناھىيە

رەھبەرلىرى ۋە ئالاقىدار مەسئۇل خادىملارنىڭ جىددىي يىغىنىنى چاقىرىپ، كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش تەدبىرلىرىنى مۇزاكىرە قىلىپ ئورۇنلاشتۇردى.

4 - كۈنى يەكەندە تۇرۇشلۇق قىسىم 30 ئاپتوموبىل ئېلىپ كېلىپ، كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈشكە ياردەم بەردى.

**9 - ئاي** ناھىيە بازىرىدىكى ئورگان كادىرلىرى ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلار يىغىلىش ئۆتكۈزۈپ، ئوقۇتقۇچىلار بايرىمىنى تەبرىكلىدى، ناھىيىلىك مائارىپ ئىدارىسى مائارىپ خىزمىتىدىكى توققۇز ئىلغار ئورۇننى، 140 نەپەر ئىلغار ئوقۇتقۇچىنى تەقدىرلىدى.

پوسكام ناھىيىسىدىكى خەلق ئەسكەرلىرى زېنىت پىلىموت مەشىقىدە ۋىلايەت بويىچە 1 - لىككە ئېرىشتى.

ناھىيىلىك مال باھاسى ئىدارىسى ئالاقىدار ئورۇنلارنى تەشكىللەپ، مال - باھاسىنى كەڭ كۆلەمدە تەكشۈرۈپ، مال - باھاسىنى ئۆستۈرۈۋالغان 30 سودا دۇكىنىغا چارە كۆردى.

**11 - ئاي** ناھىيىلىك پارتكوم كېڭەيتىلگەن يىغىن چاقىرىپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى 13 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، ۋىلايەتلىك پارتكومىنىڭ يىغىنىنىڭ روھىنى يەتكۈزدى ۋە ئۆگەندى، ناھىيىنىڭ ئىقتىسادىي مۇھىتىنى تۈزەشنى كۈچەيتىش، ئىقتىسادىي تەرتىپىنى ياخشىلاشنىڭ تەدبىرلىرىنى مۇزاكىرە قىلدى.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى جاڭ سىشۆ ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى ناھىيىگە كېلىپ خىزمەتلەرنى تەكشۈردى.

يەكەن دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمىدىكى شەرقىي سۇ باشلاش ئۆستىڭى (يەتتە كىلومېتر قىسمى) نى كېڭەيتىش قۇرۇلۇشى تاماملاندى.

**12 - ئاي** ناھىيىلىك ئۇرۇقچىلىق شىركىتى، سەيلى، گۈلباغ يېزىلىرى ئاپتونوم رايون تەرىپىدىن دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقتا ئۈدا ئون يىل مول ھوسۇل ئالغان ئىلغار كوللېكتىپ بولۇپ باھالاندى، ئىككىسۇ يېزىسىدىن قادىر مەھەممەت، يىما يېزىسىدىن قاۋۇل توختى ئىلغار شەخس بولۇپ باھالاندى.

مەملىكەت بويىچە يېزا ئىقتىسادىنى كۆزىتىش نۇقتىسى -- قاراسا كەنتىنى كۆزىتىش خىزمىتى ئاپتونوم رايون بويىچە 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشىپ، ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش ئارقىلىق تەقدىرلەندى.

پوسكام ناھىيىسى يېزا ئىگىلىكىدە 11 - يىلىمۇ مول ھوسۇل ئالدى، ناھىيە بويىچە ئومۇمىي ئاشلىق 97 مىليون 138 مىڭ 160 كىلوگرامغا يېتىپ، 1987 - يىلدىكىدىن %6.5 ئاشتى؛ تاۋار پاختىدا تارىختا ئەڭ يۇقىرى سەۋىيە يارىتىلدى، ئومۇمىي پاختا 125 مىڭ دەنگە يېتىپ، %37 ئاشتى؛ ئومۇمىي چارۋا %2.6 كۆپەيدى. ناھىيە بويىچە يېزىلاردا كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن كىرىم %19.2 كۆپەيدى.

بىرىنچى قىسىم

# جۇغراپىيە

# بىرىنچى قىسىم

# جۇغراپىيە

پوسكام ناھىيىسى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ غەربىي جەنۇبىي قىسمىغا، غەربىي كۇئىنلۇن تېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە، تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي چېتىگە جايلاشقان. ئورنى شەرقىي مېرىدىئان 55′°76 ـ 28′°77، شىمالىي پاراللېل 55′°37 — 11′°38 ئارىلىقىغا توغرا كېلىدۇ. شىمالىي ۋە غەربىي ـ شىمالىي تەرىپى يەكەن دەرياسىنى پاسىل قىلىپ يەكەن ناھىيىسى بىلەن قارىشىپ تۇرىدۇ، شەرقىي ـ شىمالىي تەرىپى ئېتىز ـ دالىلار ئارقىلىق يەكەن ناھىيىسى بىلەن تۇتىشىدۇ؛ شەرقىي ۋە شەرقىي ـ جەنۇبىي تەرىپى تىزناپ دەرياسى ئارقىلىق قاغىلىق ناھىيىسى بىلەن تۇتىشىدۇ، غەربىي ـ جەنۇبىي تەرىپىمۇ قاغىلىق ناھىيىسىنىڭ چېگرىسىغا تۇتىشىدۇ.

ناھىيىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىن شەرقىي شىمالغا بولغان ئەڭ ئۇزۇن يېرى 61 كىلومېتىر، غەربىي شىمالدىن شەرقىي جەنۇبقا بولغان كەڭلىكى تەخمىنەن 14 كىلومېتىردىن 23 كىلومېتىرغىچە كېلىدۇ، ئومۇمىي كۆلىمى 923.68 كۋادرات كىلومېتىر، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 1215 ـ 1490 مېتىر، يەر شەكلى غەربىي جەنۇبتىن شەرقىي شىمالغا پەسىيىپ بارىدۇ، قەشقەر ـ خوتەن تاشيولى ناھىيە تەۋەسىنى كېسىپ ئۆتىدۇ، ناھىيە بازىرى بىلەن ئۈرۈمچىنىڭ ئارىلىقى 1692 كىلومېتىر، مەمۇرىي مەھكىمە تۇرۇشلۇق جاي قەشقەر شەھىرى بىلەن بولغان ئارىلىقى 218 كىلومېتىر.

## I باب

# تەشكىلىي تۈزۈلۈشى

## § 1. تەشكىلىي تۈزۈلۈشىنىڭ تەرەققىيات جەريانى

مىلادىدىن ئىلگىرىكى 138 ـ يىلى پوسكام غەربىي يۇرتتىكى يەكەن بەگلىكىنىڭ بىر چوڭ

كەنتى ئىدى، ئۇ زەرەپشان دەرياسى (هازىرقى يەكەن دەرياسى) نىڭ جەنۇبىي قىرغىقىغا جايلاشقانىدى. جاڭ چيەن غەربىي يۇرتقا ئەلچىلىككە كەلگەندىن كېيىن، خەن سۇلالىسى قوشۇنلىرى بۇ يەردە بوز يەر ئاچقان. خەن سۇلالىسىنىڭ يۈەنكاڭ 1 - يىلى (مىلادىدىن ئىلگىرىكى 65 - يىلى) يەكەننىڭ خانى خەن سۇلالىسىنىڭ ئەلچىلىرىنى ئۆلتۈرۈپ، خەن سۇلالىسىدىن يۈز ئۆرۈگەن، باسقاق بېگى فېڭ فېڭشى بىرمۇنچە بەگلىكلەرنىڭ لەشكەرلىرىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ جەڭ قىلىپ، يېڭى خاندانلىقنى تىكلىگەن. خەن سۇلالىسىشۈەندى رامانىسىنىڭشېنجۆ 2- يىلى (مىلادىدىن ئىلگىرىكى 60 - يىلى) خەن سۇلالىسى غەربىي يۇرت قورۇقچىبېگى تەسىس قىلغان، پوسكام يەكەن بىلەن بىللە غەربىي يۇرت قورۇقچىبېگىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان. شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ يۇڭپىڭ 4 - يىلى (61 - يىلى) ئۇدۇن يەكەن بەگلىكىنى قوشۇۋالغان، پوسكام ئۇدۇن بەگلىكىگە تەۋە بولغان. شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ يۇڭپىڭ 16 - يىلى (73 - يىلى) خەن سۇلالىسىنىڭ ئەمىرلەشكىرى بەنچاۋ ئۇدۇننى تىنچلاندۇرغان، پوسكام قايتىدىن خەن سۇلالىسىگە تەۋە بولغان. شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ جيەنچۇ 5 - يىلى (80 - يىلى) يەكەن كۈسەنگە ئەل بولغان، بۇنىڭ بىلەن پوسكاممۇ كۈسەنگە قوشۇلۇپ كەتكەن. شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ يۈەنخې 2 - يىلى (85 - يىلى) بەن چاۋ بىر مۇنچە بەگلىكلەرنىڭ لەشكەرلىرىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ يەكەننى ئېلىپ، ئۇنى مەركىزىي ھۆكۈمەتكە قايتىدىن بويسۇندۇرغان. خەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرىدىن شىمالىي ۋېي سۇلالىسىغىچە يەكەن سۇلىغا قوشۇۋېتىلگەن، پوسكام ساكارائۇل بەگلىكىگە تەۋە زېمىن بولغان. جەنۇبىي ۋە شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدە پوسكام يەپتاللارنىڭ قارىمىقىدا بولغان. پوسكام سۈي سۇلالىسى ۋە تاڭ سۇلالىسى دەۋرلىرىدە قاغىلىق بەگلىكىنىڭ بىر قىسمى بولغان، تاڭ سۇلالىسى يەكەندە مەمۇرىي ئاپپارات تەسىس قىلغان، تاڭ سۇلالىسىنىڭ گاۋزۇڭ، ۋۇزېتيەن دەۋرلىرىدە، تۈبۈتلەر پوسكام ئەتراپىدىكى رايونلارنى بىر قانچە قېتىم بېسىۋالغان. تاڭ سۇلالىسىنىڭ كەيچېڭ 5 - يىلى (840 - يىلى) دىن كېيىن، ئۇيغۇرلار بۇ جايغا كىرگەن. X ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا، قاراخانىلار خانلىقىقۇرۇلغاندا پوسكام مەركىزىي خانلىقنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان. لياۋ سۇلالىسىنىڭ باۋدا 4 - يىلى (1124 - يىلى) پوسكام يەنە غەربىي لياۋ خاندانلىقىغا تەۋە بولغان. جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسىنىڭ جيا دىڭ 11 - يىلى (1218 - يىلى)، چىڭگىزخان تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىنى بويسۇندۇرغاندا پوسكام موڭغۇللارغا قارام جاي بولغان. جەنۇبىي سۇڭسۇلالىسىنىڭباۋ چىڭ1 - يىلى (1225 - يىلى) پوسكام چاغاتاينىڭ سۇيۇرغاللىق يېرىگە ئايلانغان. يۈەن سۇلالىسىنىڭ داد‍ې 8 - يىلى (1304-يىلى) چاغاتاينىڭ كېيىنكى ئەۋلادى دۇۋا چاغاتاي خانلىقىنى قۇرۇپ، بۇ يەرگە ھۆكۈمرانلىق قىلغان. مىڭ سۇلالىسىنىڭ جېڭدې 9 - يىلى (1514 - يىلى) ناھىيە تەۋەسى سەئىدخان قۇرغان يەكەن خانلىقىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولۇپ، خان جەمەتى ئەزالىرىنىڭ سۇيۇرغاللىق يېرىگە ئايلانغان؛ چىڭ سۇلالىسىنىڭ كاڭشى 17 - يىلى (1678 - يىلى) پوسكام جۇڭغار خانلىقىنىڭ تەۋەلىكىدە بولغان. چىڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنلۇڭ 24 - يىلى (1759 - يىلى) چىڭ سۇلالىسى چوڭ - كىچىك خوجىلارنىڭ توپىلىڭىنى تىنچىتقاندىن كېيىن، پوسكامدا ھەربىي رابات قۇرۇپ، پوسكام ئۆتىڭىنى تەسىس قىلغان، شۇنداقلا 6 - دەرىجىلىك قازى بەگ قويۇپ ئىشلارنى ئورۇنلاشتۇرغان، ئۇ، يەكەن خان ئامبىلىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان. چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۈ 9 - يىلى (1883-يىلى) پوسكام قاغىلىقنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەن. چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۈ 28 - يىلى (1902 - يىلى) بىۋاسىتە قاراشلىق يەكەن

ئايمىقى ۋىلايەت دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن، پوسكام مەزكۇر ۋىلايەتنىڭ بىۋاستە باشقۇرۇشىدا بولغان. چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۇ 29 ـ يىلى (1903-يىلى) يۇقىرىقى پوسكام، تۆۋەنكى پوسكام قايتىدىن قاغىلىقنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلىپ، جاڭزا ئىشلىرىنى باشقۇرۇدىغان بىر تەكشۈرگۈچى تەسىس قىلىنغان.

مىنگونىڭ 9 ـ يىلى (1920 ـ يىلى) پوسكام قاغىلىق بىلەن بىللە خوتەن ۋىلايىتىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەن، 10 ـ يىلى يەنە قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەن.

مىنگونىڭ 10 ـ يىلى (1921 ـ يىلى) 9 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ باشلىقى ياڭ زېڭشىن پوسكام ناھىيىسى قۇرۇش توغرىسىدا بېيجىڭدىكى مەركىزىي ھۆكۈمەتكە مەلۇمات سۇنغان. مەلۇماتتا مۇنداق دېيىلگەن: «تەكشۈرۈشىمىزچە، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى قاغىلىق ناھىيىسىنىڭ پوسكام دېگەن يېرى مۇھىم يول، سودا ئىشلىرى راۋاجلانغان، ئېتىز ـ يوللىرى تۇتاشقان جاي ئىكەن، شەرقتىن غەربكە ئۇزۇنلۇقى 250 چاقىرىم، جەنۇبتىن شىمالغا كەڭلىكى 100 چاقىرىمدىن ئارتۇقراق كېلىدىكەن، ئىلگىرى گۇاڭشۇ يىللىرىدا، بۇ جايدا ناھىيە تەسىس قىلىنماقچى، ئۇنىڭ نامى ‹پوسكام ناھىيىسى› دەپ ئاتالماقچى بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئىش ئەمەلگە ئاشمىغانىكەن. بۇ جاي ئەسلىدە يەكەن ئايمىقىغا قارايدىكەن، كېيىن قاغىلىقنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان بۇ جايدا چەت ئەل سودىگەرلىرى ئاۋۇغان، ئەرز-دەۋا ئىشلىرى كۈندىن ـ كۈنگە كۆپەيگەن، بۇ يەردە تەخمىنەن 6000 ئۆيلۈك ئاھالە، 200 دىن ئارتۇق دۇكان بار ئىكەن. جەنۇب تەرىپى قاغىلىق ناھىيىسىگە 110 چاقىرىم كېلىدىكەن، بارلىق قاتنىلىق، ئوغرىلىققا دائىر مۇھىم ئەنزە ۋە بارلىق ئەرز ـ دەۋا ئىشلىرىنى ئەزەلدىن قاغىلىق ناھىيىسى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىپ كېلىۋېتىپتۇ. پوسكام بىلەن قاغىلىقنىڭ ئارىلىقى بەك يىراق بولغانلىقتىن، بۇ ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىش قىيىنغا چۈشىدىكەن، ناھىيە تەسىس قىلىشنى كېچىكتۈرۈشكە بولمايدىغاندەك تۇرىدۇ، شۇڭا پوسكامدا ناھىيە تەسىس قىلىپ بېرىلسە، نامى ‹پوسكام ناھىيىسى› دەپ ئاتالسا ھەمدە قاراقاش ناھىيىسىنىڭ ئەھۋالىدىن پايدىلىنىپ، پوسكام 3 ـ دەرىجىلىك ناھىيە قاتارىغا كىرگۈزۈلۈپ، ھەر يىلى دائىملىق، ۋاقىتلىق ئىككى خىل خىراجەت ئۈچۈن 10 مىڭ يۈەندىن كۆپرەك پۇل ئاجرىتىپ بېرىلسە» . مالىيە مىنىستىرلىكى بىلەن ئىچكى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن، 11 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى ناھىيە رەسمىي قۇرۇلۇپ، قەشقەر ۋىلايىتى (كېيىن قەشقەر مەمۇرىي رايونى دەپ ئۆزگەرتىلگەن) گە قارايدىغان بولغان.

تۈگۈچۈپ بۇيرۇققا بىنائەن ناھىيە قۇرۇلۇشىنى پىلانلاپ، يامۇل مەھكىمىسىنى سالدۇرغان. مىنگونىڭ 11 ـ يىلى (1922 ـ يىلى) 2 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى جاڭ جىڭنەن پوسكام ناھىيىسىنىڭ تۇنجى ئامباللىقىغا تەيىنلەنگەن.

مىنگونىڭ 31 ـ يىلى (1942 ـ يىلى) يەكەن مەمۇرىي رايونى تەسىس قىلىنغاندا(كېيىنكى يىلى «يەكەن ۋىلايىتى» دەپ ئۆزگەرتىلگەن) پوسكام ناھىيىسى يەكەن مەمۇرىي رايونىغا قارايدىغان قىلىپ ئۆزگەرتىلگەن.

1949 - يىلى شىنجاڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولغاندىن كېيىن، پوسكام ناھىيىسى يەكەن ۋىلايىتىگە قارايدىغان بولدى. 1956 - يىلى يەكەن ۋىلايىتى ئەمەلدىن قالدۇرۇلغاندىن تارتىپ ھازىرغىچە پوسكام ناھىيىسى قەشقەر ۋىلايىتىگە تەۋە بولۇپ كەلمەكتە.

## § 2 . مەمۇرىي رايونلارغا ئايرىلىشى

### 1 . جۇڭخۇا مىنگو دەۋرى

پوسكام ناھىيە بولۇپ قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى يۇقىرىقى پوسكام، تۆۋەنكى پوسكام ۋە مەسچىت دەپ ئۈچ جاڭزىغا بۆلۈنگەن، ئۇنىڭ قارىمىقىدا 54 چوڭ - كىچىك جاڭزا بار ئىدى.

ناھىيە قۇرۇلغاندىن كېيىن، شەرقىي جەنۇب تەرىپى تىزناپ دەرياسى ۋە بەشكەنت ئۆستىڭىنى پاسىل قىلىپ قاغىلىق ناھىيىسى بىلەن چېگرىلىنىدىغان، شىمالىي تەرىپى يەكەن دەرياسى ئارقىلىق يەكەن بىلەن قوشنا بولغان، ئۇنىڭغا تۆت جاڭزا، 53 كەنت قارايدىغان بولغان، ناھىيىنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى 369.8 كۋادرات كىلومېتىر، تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 177 مىڭ 461 مو بولۇپ، بېيجىڭ ھۆكۈمىتى ئۇنى 3 - دەرىجىلىك ناھىيە دەپ بېكىتكەن.

مەمۇرىي رايونلىرى ئۆزىگە قارايدىغان ھەر قايسى جاڭزىلارنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى ۋە نوپۇسىنىڭ ئاز - كۆپلۈكىگە قاراپ، مۇنداق ئايرىلغان:

**بازار ئىچى جاڭزىسى** ئۇنىڭغا ھازىرقى پوسكام، ئايكۆل يېزىلىرىنىڭ بىر قىسىم جايلىرى، جەمئىي 13 كەنت قارىغان؛

**يۇقىرىقى پوسكام جاڭزىسى** ئۇنىڭغا ھازىرقى ئايكۆل يېزىسىنىڭ ۋە ئۇرۇقچىلىق مەيدانىنىڭ بىر قىسىم جايلىرى، جەمئىي 13 كەنت قارىغان؛

**تۆۋەنكى پوسكام جاڭزىسى** ئۇنىڭغا ھازىرقى پوسكام، يىما، گۈلباغ يېزىلىرىنىڭ بىر قىسىم جايلىرى، جەمئىي 14 كەنت قارىغان؛

**مەسچىت جاڭزىسى** ئۇنىڭغا ھازىرقى يىما يېزىسىنىڭ كۆپ قىسىم جايلىرى، جەمئىي 13 كەنت قارىغان.

ھەر قايسى جاڭزىلارغا بىردىن شاڭيۈ (يېزا باشلىقىغا تەڭ)، ھەر قايسى كەنتلەرگە بىردىن يۈز بېشى قويۇلغان، ئۇلار مەمۇرىي ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىشقا مەسئۇل بولغان.

مىنگونىڭ 30 - يىلى (1941 - يىلى) شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت خەلق ئىشلىرى نازارىتى شىنجاڭ بويىچە ناھىيە - مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسىدىن تۆۋەن ھاكىمىيەت تەشكىلاتلىرىنى ئىسلاھ قىلىپ، رايون، كەنت تۈزۈمىنى يولغا قويۇشنى قارار قىلغان.

پوسكام ناھىيىسى ئەسلىدىكى تۆت جاڭزىنى تەرتىپ بويىچە تۆت رايونغا ئايرىغان، ھەر قايسى رايونلارغا قارايدىغان كەنتلەرنى ئاز - تولا ئۆزگەرتىپ، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت خەلق ئىشلىرى نازارىتىنىڭ ئەنگە ئېلىشىغا يوللىغان. رايونلار مۇنداق ئايرىلغان:

1 - رايون (**ئەسلىدىكى بازار جاڭزىسى**)، ئۇنىڭغا سۆگەتئېرىق، ئۇجمە ئېرىق، دارغىچى، يىما، گۈلباغ، ئايكۆل، قاراسا، قوشجىگدە، قۇتچى، چىمگەر، يۇقىرىقى قالغىئېرىق، ئاقتىچى، ئاچىمدىن ئىبارەت 13 كەنت قارىغان؛

2 - رايون (**ئەسلىدىكى يۇقىرىقى پوسكام جاڭزىسى**)، ئۇنىڭغا ئالاتلىق، قارىغات، توغراق،

پىچانچى، قۇتاي، پاختىچى، ئۈلۈغمەك، ئۈچتۇما، شەيدان، غوڭرات، پايناپ، خامپولا، تالقىچىدىن ئىبارەت 13 كەنت قارىغان؛

3 ـ رايون (**ئەسلىدىكى تۆۋەن پوسكام جاڭزىسى**)، ئۇنىڭغا قاراباغ، قىتات، ئارا مەھەللە، ئەگرىتېرەك، ئالتۇنچى، دوخما، تېتىر، تۆۋەن قالغىئېرىق، باغئېرىق، مۇغاللا، قارا يۇلغۇن، يۇقىرىقى ئاراشور، ئوتتۇرا ئاراشور، تۆۋەنكى ئاراشوردىن ئىبارەت 14 كەنت قارىغان؛

4 ـ رايون (**ئەسلىدىكى مەسچىت جاڭزىسى**)، ئۇنىڭغا يىما، دەپسەك، قارايۇلغۇن، ئوي، چاقا، ئايئېرىق، قۇمئېرىق، بادامئېرىق، سېرىقئۆي، يۇقىرىقى گۈلباغ، ئوتتۇرا گۈلباغ، تۆۋەن گۈلباغ، قارىغۇلادىن ئىبارەت 13 كەنت قارىغان.

مىنگونىڭ 32 ـ يىلى (1943 ـ يىلى) شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت يېزا، بازار، باغ ـ جيا تۈزۈمىنى يولغا قويغاندا ناھىيە تەۋەسىدىكى تۆت رايون، 53 مەمۇرىي كەنت تۆت يېزا، بىر بازار، 61 باغقا ئۆزگەرتىلگەن. ھەر قايسى يېزا ـ بازارلارنىڭ نامى ۋە ئۇنىڭغا قارايدىغان جايلار مۇنداق بولغان: «خەلق ھاياتى» (مىنشېڭ) يېزىسى، ئۇنىڭغا ھازىرقى يىما يېزىسىنىڭ كۆپ قىسىم جايلىرى قارىغان بولۇپ، 14 باغ تەسىس قىلىنغان؛ «مەدەنىيەت» (ۋېنخۇا) يېزىسى، ئۇنىڭغا ھازىرقى گۈلباغ يېزىسى قارىغان بولۇپ، 13 باغ تەسىس قىلىنغان؛ «گۈللىنىش» (فۇشىڭ) يېزىسى، ئۇنىڭغا ھازىرقى ئايكۆل ۋە پوسكام يېزىلىرىنىڭ بىر قىسىم جايلىرى قارىغان بولۇپ، 15 باغ تەسىس قىلىنغان؛ «قۇرۇلۇش» (جيەنشې) يېزىسى، ئۇنىڭغا ھازىرقى ئايكۆل، پوسكام، يىما يېزىلىرىنىڭ بىر قىسىم جايلىرى قارىغان بولۇپ، 15 باغ تەسىس قىلىنغان؛ «تىنچلىق» (خېپىڭ) بازىرى، ئۇنىڭغا ھازىرقى پوسكام ۋە ئايكۆل يېزىلىرىنىڭ بىر قىسىم جايلىرى قارىغان بولۇپ، تۆت باغ تەسىس قىلىنغان.

مىنگونىڭ 33 ـ يىلى (1944 ـ يىلى) 11 ـ ئايدا قاغىلىق ناھىيىسىگە قاراشلىق ئۇلۇغئېرىق، ئىشتاچى، چامغۇرچى، قۇلغان، سەيلى، يىما، سېرىققۇلاق، قوزىمال، توپچاردىن ئىبارەت توققۇز كەنت ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ تەستىقى ئارقىلىق پوسكام ناھىيىسىگە ئايرىپ بېرىلىپ، «غەلبە» يېزىسى كۆپەيتىپ تەسىس قىلىنغان، ئۇنىڭغا يەتتە باغ قارىغان.

بۇنىڭ بىلەن، ناھىيىگە بەش يېزا، بىر بازار، 68 باغ، 864 جيا قارايدىغان بولغان، بۇ چاغدا ناھىيىنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى 391.5 كۋادرات كىلومېتىر، تېرىلغۇ يېرىنىڭ كۆلىمى 195 مىڭ 76 مو بولۇپ، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت تەرىپىدىن 4 ـ دەرىجىلىك ناھىيە دەپ بېكىتىلگەن.

مىنگونىڭ 37 ـ يىلى (1948 ـ يىلى) شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت يېزا، بازارلارنى قىسقارتىش بۇيرۇقىنى چۈشۈرگەندە، ناھىيىلىك ھۆكۈمەت بۇيرۇققا بىنائەن، بەش يېزا، بىر بازارنى ئۈچ يېزا، بىر بازار، 52 باغقا قىسقارتقان. ئۈچ يېزا، بىر بازارغا قارايدىغان جايلار مۇنداق ئايرىلغان:

«**مەدەنىيەت» يېزىسى**، ئۇنىڭغا ئارا مەھەللە، قىتات، ئەگرىتېرەك، ئالتۇنچى، تېتىرباغ، سېرىقئۆي، دوخما، قۇمئېرىق، يىما، بادامئېرىق، مۇغاللا، ئايئېرىق، دەپسەك، ئويدىن ئىبارەت 14 باغ قارىغان؛

«**غەلبە» يېزىسى**، ئۇنىڭغا قوزىمال، چامغۇرچى، سەيلى، يىما، ئۇلۇغئېرىق، سېرىققۇلاق، خاڭدى، قارا يۇلغۇن، يۇقىرىقى گۈلباغ، ئوتتۇرا گۈلباغ، تۆۋەن گۈلباغ، يۇقىرىقى ئاراشور، ئوتتۇرا ئاراشور، تۆۋەن ئاراشوردىن ئىبارەت 14 باغ قارىغان؛

«**قۇرۇلۇش» يېزىسى**، ئۇنىڭغا پىچانچى، قارىغات، قۇتاي، پاختىچى، ئۈچتۇما، ئۈلۈغمەك،

شەيدان، غوڭرات، تالقىچى، ئايكۆل، قۇلغان، توغراق، چاقا، تۆۋەن قارايۇلغۇندىن ئىبارەت 14 باۋ قارىغان.

«تىنچلىق» بازىرى، ئۈنىڭغا كونا بازار، يېڭى بازار، سۆگەتئېرىق، دارغىچى، قاراسا، قوشجىگدە، قۇتچى، قاراباغ، ئۇجمە ئېرىق، قالغىئېرىقتىن ئىبارەت ئون باۋ قارىغان.

## 2. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى دەۋرى

1950 - يىل 3 - ئايدا پوسكام ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى قۇرۇلدى، پۈتۈن ناھىيە تۆت رايون، 23 يېزا، 56 مەمۇرىي كەنتكە ئايرىلدى.

1 - رايونغا ھازىرقى پوسكام يېزىسىنىڭ كۆپ قىسمى، جەمئىي بەش يېزا، توققۇز مەمۇرىي كەنت قارايدىغان بولدى. يېزىلارنىڭ نامى بازار، قوشجىگدە، قالغىئېرىق، سۆگەتئېرىق، قۇتچى دەپ ئاتالدى؛

2 - رايونغا ھازىرقى يىما يېزىسىنىڭ كۆپ قىسىم جايلىرى، گۈلباغ يېزىسىنىڭ بىر قىسىم جايلىرى، جەمئىي ئالتە يېزا، 16 مەمۇرىي كەنت قارايدىغان بولدى. يېزىلارنىڭ نامى ئەگرىتېرەك، تېتىرباغ، مۇغاللا، قۇمئېرىق، دەپسەڭ، توغراق دەپ ئاتالدى؛

3 - رايونغا ھازىرقى گۈلباغ يېزىسىنىڭ كۆپ قىسمى ۋە سەيلى يېزىسىنىڭ بىر قىسىم جايلىرى، جەمئىي ئالتە يېزا، 15 مەمۇرىي كەنت قارايدىغان بولدى. يېزىلارنىڭ نامى تۆۋەن گۈلباغ، ئوتتۇرا گۈلباغ، يۇقىرى گۈلباغ، ئوتتۇرا ئاراشور، يۇقىرى ئاراشور، سېرىققۇلاق دەپ ئاتالدى؛

4 - رايونغا ھازىرقى ئۆرۈكچىلىق مەيدانى ۋە ئايكۆل، پوسكام يېزىلىرىنىڭ بىر قىسىم جايلىرى، جەمئىي ئالتە يېزا، 16 مەمۇرىي كەنت قارايدىغان بولدى. يېزىلارنىڭ نامى پىچانچى، پاختىچى، غوڭرات، قۇلغان، سەيلى، قوزىمال دەپ ئاتالدى.

1953 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا باشقۇرۇشقا قولايلىق بولسۇن ئۈچۈن، ئەسلىدىكى تۆت رايون، 23 يېزا بەش رايون، 26 يېزا، 234 تەبىئىي كەنت قىلىپ ئۆزگەرتىلدى. ئەسلىدىكى 1 -، 2 - رايونغا قارايدىغان يېزىلار ئۆزگەرتىلمىدى، 3 -، 4 - رايوندىن بىر قىسىم يېزا، كەنتلەر ئايرىپ چىقىلىپ، 5 - رايون قۇرۇلدى. 3 - رايوندىن سېرىققۇلاق يېزىسى ئايرىپ چىقىلغاندىن كېيىن، 3 - رايونغا بەش يېزا قارايدىغان بولدى، 4 - رايوندىن سەيلى، قوزىمال يېزىلىرى ئايرىپ چىقىلغاندىن كېيىن، گۈلباغ يېزىسى تولۇقلاپ قۇرۇلدى، بۇنىڭ بىلەن 4 - رايونغا بەش يېزا قارايدىغان بولدى. 5 - رايونغا سېرىققۇلاق، سەيلى، قوزىمال ۋە يېڭى قۇرۇلغان كۆچەتچى، ئۇلۇغئېرىقتىن ئىبارەت بەش يېزا قارايدىغان بولدى.

1955 - يىل 2 - ئايدا يەكەن ۋالىي مەھكىمىسى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ تەستىقىنى ئالغاندىن كېيىن، قاغىلىق ناھىيىسىنىڭ 6 -، 10 - رايونغا قاراشلىق 12 يېزا، 79 تەبىئىي كەنت، 241 مىڭ 514.96 مو يەر (بۇنىڭ ئىچىدە تېرىلغۇ يەر 219 مىڭ 895.96 مو، تېرىلمايدىغان يەر 21 مىڭ 619 مو)، 33 مىڭ 776 نوپۇس پوسكام ناھىيىسىگە ئايرىپ بېرىلدى. 3 - ئاينىڭ 5 - كۈنى ئۆتكۈزۈۋېلىش - ئۆتكۈزۈپ بېرىش ئىشى تاماملانغاندىن كېيىن، بۇ رايونلار تەرتىپ بويىچە 6 - رايون، 7 - رايون دەپ ئاتالدى. 11 - ئايدا ناھىيىدىكى يەتتە رايون بەش رايونغا قىسقارتىلدى.

ئەسلىدىكى 4 - رايونغا قاراشلىق بەش يېزا ۋە ئەسلىدىكى 5 - رايونغا قاراشلىق سەيلى يېزىسى 1 - رايونغا قوشۇۋېتىلدى، 1 - رايوننىڭ قالغىئېرىق يېزىسى 2 - رايونغا ئايرىپ بېرىلدى،

بۇنىڭ بىلەن 1 - رايونغا ئون يېزا، 2 - رايونغا يەتتەيېزا قارايدىغانبولدى؛ ئەسلىدىكى 5 - رايونغا قارايدىغان قوزىمال يېزىسى 7 - رايونغا ئايرىپ بېرىلدى، قالغان ئۈچ يېزا 3 - رايونغا قوشۇۋېتىلدى، بۇنىڭ بىلەن 3 - رايونغا سەككىز يېزا قارايدىغان بولدى؛ 6 - رايون 4 - رايون قىلىپ ئۆزگەرتىلدى، ئۇنىڭغا يەنىلا بۇيىلۇق، ئاقتامجاي، ساڭ، توغراقلىق، جايتوغراق، ئالاغىر، تاغارچى، كۆكچىئېرىقتىن ئىبارەت سەككىز يېزا قارايدىغان بولدى؛ 7 - رايون 5 - رايون قىلىپ ئۆزگەرتىلدى، ئۇنىڭغا خانلەڭگەر، كۇيباغ، ئاقتام، پىيا، قوزىمالدىن ئىبارەت بەش يېزا قارايدىغان بولدى. ناھىيە بويىچە بەش رايون، 38يېزىنىڭ تېررىتور يە كۆلىمى 68. 923 كۋادرات كىلومېترغا يەتتى. ئۇنىڭدىن باشقا، ناھىيىنىڭ يەكەن، قاغىلىق ناھىيىلىرىنىڭ تاغلىق رايونلىرىدا 33. 133 كۋادرات كىلومېتر كېلىدىغان ئوتلىقى بار.

1958 - يىلى 9 - ئايدا خەلق گۇڭشېسى قۇرۇلدى. ناھىيە بويىچە بەش رايون بەش خەلق گۇڭشېسى بولۇپ قۇرۇلدى، بۇ گۇڭشېلار «سونئىي ھەمرا» (ۋېيشىڭ)، «قىزىل يۇلتۇز» (خۇڭشىڭ)، «سەكرەپ ئىلگىرىلەش» (يۆجىن)، «قىزىل بايراق» (خۇڭچى) ۋە «شەرق شامىلى» (دۇڭفېڭ) دەپ ئاتالدى، ئۇلارغا قارايدىغان جايلار ئۆزگەرتىلمىدى.

1961 - يىلى 11 - ئايدا بەش خەلق گۇڭشېسى توققۇز خەلق گۇڭشېسى قىلىپ ئايرىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، يېزا، كەنت تۈزۈمى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، 115 ئىشلەپچىقىرىش چوڭ ئەترىتى قۇرۇلدى.

**بازار گۇڭشېسى** بۇنىڭغا قاراسا، تۆۋەن قۇلغان، قوشجىگدە، قۇتچى، قاراباغ، ئۇجمە ئېرىق، يۇقىرى قالغىئېرىق، تۆۋەن قالغىئېرىق، پايناپ، سۆگەتئېرىق، دارغىچى، بازار 1 - ئەترىتى، بازار 2 - ئەترىتىدىن ئىبارەت 13 چوڭ ئەترەت قارايدىغان بولدى؛

**يىما گۇڭشېسى** بۇنىڭغا باغئېرىق، مۇغاللا، مېرپىغىل، مىڭلىق، قارىغۇلا، سېرىقئۆي، تېتىرباغ، بادامئېرىق، قۇمئېرىق، ئايئېرىق، يىما، دەپسەڭ، ئوي، توغراق، چاقا، قارا يۇلغۇن، تۆۋەن گۈلباغدىن ئىبارەت 17 چوڭ ئەترەت قارايدىغان بولدى؛

**گۈلباغ گۇڭشېسى** بۇنىڭغا ئاچما، قىتات، ئارا مەھەللە، يۇقىرى ئەگرىتېرەك، تۆۋەن ئەگرىتېرەك، تۆۋەن قارا يۇلغۇن، بازار، يۇقىرى گۈلباغ، تۈگمەنبېشى، يېڭىئاۋات، يۇقىرى ئاراشور، ئوتتۇرا ئاراشور، تۆۋەن ئاراشوردىن ئىبارەت 13 چوڭ ئەترەت قارايدىغان بولدى؛

**سەيلى گۇڭشېسى** بۇنىڭغا چامغۇرچى، مىڭلىق، قوزىمال، ئىشتاچى، تالباغ، گولباغ، يېڭىباغ، سەيلى، سېرىققۇلاق، خاڭدى، ئۇلۇغئېرىقتىن ئىبارەت 11 چوڭ ئەترەت قارايدىغان بولدى؛

**ئىككىسۇ گۇڭشېسى** بۇنىڭغا يار بۇلاق، قارا دۆڭ، توغراقلىق، يېڭىبازار، كونا بازار، تاغارچى، سىيەك، خېنى، لەڭگەر، تېتىر، توپچا، ئالاغىرخاڭدى، تۆۋەن چاقا، ئالاغىر، قۇمقىسا، باياباغدىن ئىبارەت 16 چوڭ ئەترەت قارايدىغان بولدى؛

**تۇغچى گۇڭشېسى** بۇنىڭغا يېڭىباغ، بۇيىلۇق، تۇغچى، دۆڭچاقا، دۆڭچاقاخاڭدى، خوجىلەت، ئاقتامجاي، ئوقۇرتام، لايدان، ساڭ، باش ئاچما، ئاياغ ئاچمىدىن ئىبارەت 12 چوڭ ئەترەت قارايدىغان بولدى؛

**كۇيباغ گۇڭشېسى** بۇنىڭغا رۇسۇلئېرىق، خانلەڭگەر، جىگدە جاي، سېرىم، ياسىدۇن، تېتىر، كۇيباغ، سايئېرىق، ئالاچاچباغ، شور، پىيا، خانئېرىق، قەمبەردىن ئىبارەت 13 چوڭ

ئەترەت قارايدىغان بولدى؛

**ئاقتام گۇڭشېسى** بۇنىڭغا هازا تام، قويچىئېرىق، قولتۇقئېرىق، ئاچچىقيار، ئاقتام، قوشئۆستەڭ، دۆڭباغ، توزاقچىدىن ئىبارەت سەككىز چوڭ ئەترەت قارايدىغان بولدى؛

**ئايكۆل گۇڭشېسى** بۇنىڭغا ئۇچتۇما، پىچانچى، قۇتاي، پاختىچى، ئۇلۇغمىڭ، شەيدان، غوڭرات، قاراغات، تالقىچى، قويباغ، باش قۇلغان، ئايكۆلدىن ئىبارەت 12 چوڭ ئەترەت قارايدىغان بولدى؛

1964 - يىلى پوسكام بازىرى قۇرۇلۇپ، بازار گۇڭشېسى (پوسكام) نىڭ قۇتچى چوڭ ئەترىتىنىڭ 1 -، 2 - ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرى، قاراسا چوڭ ئەترىتىنىڭ 4 - ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتى، بازار چوڭ ئەترىتىنىڭ 1 -، 2 - ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرى پوسكام بازىرىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئايرىپ بېرىلدى. 1970 - يىلى پوسكام بازىرى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى، ئۇنىڭغا قارايدىغان بەش ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتى يەنە ئەينى ۋاقىتتىكى 1 - گۇڭشېغا تەۋە قىلىندى.

1968 - يىلى توققۇز گۇڭشېنىڭ نامى قىزىل «ئاۋانگارت» (خۇڭشيەنفېڭ)، «قىزىل نۇر» (خۇڭگۇاڭ)، «ئەۋلادقىچە قىزىل» (ۋەندەيخۇڭ)، «سەكرەپ ئىلگىرىلەش» (يۆجىن)، «قىزىل قوغدىغۇچى» (خۇڭۋېي)، «قەلەم - ئەلەم» (ۋېنۋۇ)، «مەڭگۈ قىزىل» (يۇڭخۇڭ)، «شەرق قىزاردى» (دۇڭفاڭخۇڭ)، شەرق شاملى (دۇڭفېڭ) دەپ ئۆزگەرتىلدى. 1969 - يىلى يەنە رەت تەرتىپى بويىچە 1 - دىن 9 - گۇڭشېغىچە قىلىپ بېكىتىلدى.

1959 - يىلدىن 1973 - يىلغىچە ناهىيە تەۋەسىدە ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، باغۋەنچىلىك مەيدانىدىن تۆتى ئارقا - ئارقىدىن قۇرۇلدى.

1959 - يىلى ئەسلىدە ناهىيىگە قاراشلىق دېھقانچىلىق مەيدانى (1954 - يىل 3 - ئايدا پىچانچى يېزىسىدىن 400 مو يەر ئاجرىتىلىپ قۇرۇلغان) ئاساسىدا، قىزىل بايراق گۇڭشېسىنىڭ تاغدۆڭ، كۆكچىئېرىق، تاختا كۆۋرۈك، بورىخانا، قاشدۆڭدىن ئىبارەت بەش كەنتى بىلەن شەرق شاملى گۇڭشېسى (كۆيباغ) نىڭ گۈلئېرىق كەنتىدە يەرلىك دۆلەت ئىگىلىكىدىكى پوسكام دېھقانچىلىق مەيدانى قۇرۇلۇپ، مەيدان شتابى تاغدۆڭگە يۆتكەلدى، دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ ئەسلىدە ناهىيىگە قاراشلىق يەرلىرى ناهىيىلىك يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش پونكىتىنىڭ تەجرىبە بازىسى قىلىندى. 1961 - يىلى «شەرق شاملى» گۇڭشېسىنىڭ ئورمانچىلىق ئەترىتى ياسىدۇن ئورمانچىلىق مەيدانى بولۇپ قۇرۇلدى. 1972 - يىلى 7 - گۇڭشې (كۆيباغ) نىڭ ياسىدۇن چوڭ ئەترىتى ياسىدۇن ئورمانچىلىق مەيدانىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. 1979 - يىلى يەنە قايتۇرۇپ بېرىلدى. 1967 - يىلى ناهىيىلىك يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش پونكىتىنىڭ تەجرىبە بازىسى ئاساسىدا، ئايكۆل گۇڭشېسىنىڭ قارىغات چوڭ ئەترىتى قوشۇلۇپ، ناهىيىلىك ئۇرۇقچىلىق مەيدانى قۇرۇلدى. 1973 - يىلى 8 - گۇڭشې (ئاقتام) نىڭ ئاقتام چوڭ ئەترىتىگە قاراشلىق 1 -، 4 -، 5 - ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرى ناهىيىلىك باغۋەنچىلىك مەيدانى قىلىندى.

1978 - يىلى يەر ناملىرى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈلگەندە، گۇڭشېلارنى يەر نامى بىلەن ئاتاش ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى، ئۇلارنىڭ قېلىپلاشقان نامى: پوسكام، يىما، گۈلباغ، سەيلى، ئىككىسۇ،

تۇغچى، كۆيباغ، ئاقتام، ئايكۆلدىن ئىبارەت بولدى.

1980 ـ يىلى پوسكام بازىرى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى، ئۇنىڭ قارىمىقىدا بەش بازار ئاھالىلەر كومىتېتى قۇرۇلدى.

1984 ـ يىل 11 ـ ئايدا يېزا، كەنت تۈزۈمى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى، ناھىيە بويىچە نوققۇز گۇڭشې نوققۇز يېزا، 122 كەنت ئاھالىلەر كومىتېتى، 605 كەنت ئاھالىلەر گۇرۇپپىسىغا ئۆزگەرتىلدى.

1985 ـ يىل 3 ـ ئايدا بۆيلۇق تاجىك مىللىي يېزىسى قۇرۇلدى، ئۇنىڭغا ئۈچ كەنت ئاھالىلەر كومىتېتى قارايدىغان بولدى. شۇ يىلى 3 ـ ئايدا كۆيباغ بازىرى قۇرۇلدى، ئۇنىڭغا ئىككى كەنت ئاھالىلەر كومىتېتىقارايدىغانبولدى (جەدۋەل 1. 1.1. گەقاراڭ). 1985 ـ يىل 5 ـ ئايدا كۆيباغ رايونى قۇرۇلدى، ئۇنىڭغا كۆيباغ يېزىسى، بۆيلۇق تاجىك مىللىييېزىسى، كۆيباغ بازىرى قارايدىغان بولدى.

ھەر قايسى يېزا، بازار، كەنتلەرنىڭ نامى 1985 ـ يىلدىن 1987 ـ يىلغىچە ئۇمۇميۈزلۈك تەكشۈرۈلۈپ قېلىپلاشتۇرۇلدى.

**يېزا، بازار ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرى**

1 ـ 1 ـ1 ـ جەدۋەل

| يېزا، بازار نامى | كەنت ئاھالىلەر (بازار ئاھالىلەر) كومىتېتى سانى | كەنت ئاھالىلەر (بازار ئاھالىلەر) گۇرۇپپىسى سانى |
|---|---|---|
| جەمئىي | 131 | 650 |
| پوسكام يېزىسى | 13 | 74 |
| يىما يېزىسى | 18 | 100 |
| گۇلباغ يېزىسى | 13 | 81 |
| سەيلى يېزىسى | 12 | 62 |
| ئىككىسۇ يېزىسى | 17 | 77 |
| تۇغچى يېزىسى | 12 | 49 |
| كۆيباغ يېزىسى | 14 | 59 |
| ئاقتام يېزىسى | 8 | 33 |
| ئايكۆل يېزىسى | 14 | 70 |
| بۆيلۇق تاجىك مىللىي يېزىسى | 3 | 12 |
| پوسكام بازىرى | 5 | 22 |
| كۆيباغ بازىرى | 2 | 11 |

## يېزا، بازارلاردىكى كەنتلەرنىڭ نامى

1ـ2ـ1ـ جەدۋەل

| يېزا، بازار نامى | كەنت (بازار ئاھالىلەر كومىتېتى) نامى |
|---|---|
| پوسكام يېزىسى | قاراسا كەنتى، تۆۋەن قۇلغان كەنتى، قوشجىگدە كەنتى، قۇتچى كەنتى، قاراباغ كەنتى، ئۇجمە ئېرىق كەنتى، يۇقىرى قالغىئېرىق كەنتى، ئاراچاقا كەنتى، تۆۋەن قالغىئېرىق كەنتى، پايناپ كەنتى، كوچا تېرەك كەنتى، سۆگەتئېرىق كەنتى، دارغىچى كەنتى |
| يىما يېزىسى | باغئېرىق كەنتى، مۇغاللا كەنتى، مېرپىغىل كەنتى، مىڭلىق كەنتى، ئالتۇنچى كەنتى، سېرىقئۆي كەنتى، تېتىرباغ كەنتى، بادامئېرىق كەنتى، قۇمئېرىق كەنتى، ئارا ئېرىق كەنتى، چاقا كەنتى، تۆۋەن قارا يۇلغۇن كەنتى، تۆۋەن گۈلباغ كەنتى، قىزىلجاي كەنتى، يىما كەنتى، دەپسەڭ كەنتى، ئۈي كەنتى، توغراق كەنتى |
| گۈلباغ يېزىسى | ئاچما كەنتى، قىتات كەنتى، ئارا مەھەللە كەنتى، ئەگرىتېرەك كەنتى، يۇقىرى قارا يۇلغۇن كەنتى، ئارپا دۆڭ كەنتى، يۇقىرى گۈلباغ كەنتى، تۈگمەنبېشى كەنتى، ئاۋات كەنتى، يۇقىرى ئاراشور كەنتى، ئاراشور بازار كەنتى، ئوتتۇر ئاراشور كەنتى، تۆۋەن ئارا شور كەنتى |
| سەيلى يېزىسى | مىڭلىق كەنتى، قوزىمال كەنتى، تالباغ كەنتى، گۈلباغ كەنتى، ئىشناچى كەنتى، يېڭىباغ كەنتى، سەيلى كەنتى، چامغۇرچى كەنتى، يۇقىرىقى ئۆڭۈغئېرىق كەنتى، سېرىققۇلاق كەنتى، خاڭدى كەنتى، ئۆلۈغئېرىق كەنتى |
| ئىككىسۇ يېزىسى | ياربۇلاق كەنتى، قارادۆڭ كەنتى، توغراقلىق كەنتى، يېڭىبازار كەنتى، كونا بازار كەنتى، باياباغ كەنتى، تاغارچى كەنتى، سىيەك كەنتى، خېنى كەنتى، جايتوغراق كەنتى، لەڭگەر كەنتى، تېتىر كەنتى، توپچا كەنتى، ئالاغىرخاڭدى كەنتى، تۆۋەن چاقا كەنتى، ئالاغىر كەنتى، قۇمقىسا كەنتى |
| تۇغچى يېزىسى | دۆڭچاقا كەنتى، دۆڭچاقا خاڭدى كەنتى، خوجىلەت كەنتى، ئاقتامجاي كەنتى، ئوقۇرتام كەنتى، لايدان كەنتى، ساڭ كەنتى، باش ئاچما كەنتى، ئاياغ ئاچما كەنتى |
| بۆيلۇق تاجىك مىللىي يېزىسى | ئىسچىغ كەنتى، بۆيلۇق كەنتى، تۇغچى كەنتى |
| كۆيباغ يېزىسى | رۇسۇلئېرىق كەنتى، خانلەڭگەر كەنتى، جىگدە جاي كەنتى، يالغۇز باغ كەنتى، يېڭىئېرىق كەنتى، كۆيباغ كەنتى، سايئېرىق كەنتى، ئالاچاچباغ كەنتى، شوركەنتى، پىيا كەنتى، خانئېرىق كەنتى، قەمبەر كەنتى، ياسىدۇن كەنتى |
| ئاقتام يېزىسى | ھازىتام كەنتى، قويچىئېرىق كەنتى، قولتۇقئېرىق كەنتى، ئاچچىقيار كەنتى، ئاقتام كەنتى، باش توزاقچى كەنتى، ئاياغ توزاقچى كەنتى، ئوتتۇرا توزاقچى كەنتى |
| ئايكۆل يېزىسى | تۆۋەن ئۈچتۇما كەنتى، پىچانچى كەنتى، قۇتاي كەنتى، پاختىچى كەنتى، ئۆلۈغمىڭ كەنتى، تۆۋەن غوڭرات كەنتى، تالقىچى كەنتى، يۇقىرى غوڭرات كەنتى، ئاقتىچى كەنتى، قۇيباغ كەنتى، باش قۇلغان كەنتى، ئايكۆل كەنتى، ئۈچتۇما كەنتى |
| پوسكام بازىرى | كۆلبېشى ئاھالىلەر كومىتېتى، ئۆستەڭبويى ئاھالىلەر كومىتېتى، دۆڭلەڭگەر ئاھالىلەر كومىتېتى، ئاۋات ئاھالىلەر كومىتېتى، خېنى ئاھالىلەر كومىتېتى |
| كۆيباغ بازىرى | سېرىم كەنت ئاھالىلەر كومىتېتى، دۆڭمەھەللە كەنت ئاھالىلەر كومىتېتى |

**پوسكام ناھىيىسى يېزىلىرىنىڭ 1985 - يىلدىن 1988 - يىلغىچە بولغان ئاساسىي ئەھۋالى**

3.1.1- جەدۋەل

| يىللار | 1985 | 1986 | 1987 | 1988 |
|---|---|---|---|---|
| يېزا | 10 | 10 | 10 | 10 |
| بازار | 2 | 2 | 2 | 2 |
| كەنت | 129 | 130 | 129 | 130 |
| گۇرۇپپا | 623 | 618 | 612 | 615 |
| يېزا، بازارلاردىكى ئائىلە | 24617 | 24378 | 22442 | 21871 |
| يېزا، بازارلاردىكى نوپۇس | 91648 | 91183 | 87204 | 84672 |
| يېزا، بازارلاردىكى ئەمگەك كۈچى | 35725 | 35227 | 32227 | 30440 |
| بۇنىڭ ئىچىدە: ئايال ئەمگەك كۈچى | 16667 | 16110 | 14979 | 14130 |
| ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى مەيدان | 4 | 4 | 4 | 4 |
| دېھقانچىلىق مەيدانى | 1 | 1 | 1 | 1 |
| ئۇرۇقچىلىق مەيدانى | 1 | 1 | 1 | 1 |
| باغۋەنچىلىك مەيدانى | 1 | 1 | 1 | 1 |
| ئورمانچىلىق مەيدانى | 1 | 1 | 1 | 1 |
| مەيداندىكى ئائىلە | 1441 | 1468 | 1164 | i215 |
| مەيداندىكى نوپۇس | 5264 | 5439 | 4560 | 5130 |
| مەيداندىكى ئەمگەك كۈچى | 2047 | 2057 | 1998 | 2002 |
| بۇنىڭ ئىچىدە: ئايال ئەمگەك كۈچى | 949 | 899 | 885 | 876 |

# § 3. يېزا، بازارلارنىڭ قىسقىچە ئەھۋالى

## 1. بازار

### پوسكام بازىرى

پوسكام بازىرى ناھىيىنىڭ قىيپاش شىمالىي تەرىپىگە جايلاشقان، تۆت ئەتراپى پوسكام

يېزىسى بىلەن تۇتىشىدۇ، شەرق تەرىپى قەشقەر - خوتەن تاشيولىغا ياندىشىپ تۇرىدۇ، شىمالدا يەكەنگە 25 كىلومېتىر، جەنۇبتا قاغىلىققا 39 كىلومېتىر كېلىدۇ. پوسكام بازىرى — ناھىيىنىڭ سىياسىي، ئىقتىساد، مەدەنىيەت مەركىزى ۋە يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرى يىغىلىدىغان، تارقىلىدىغان جاي.

بۇ يەردە 1560 - يىلدىن ئىلگىرى بازار شەكىللەنگەن. 1921 - يىلى پوسكام ناھىيە بولۇپ قۇرۇلغاندىن كېيىن بۇ جاي بازار جايلاشقان تەۋە بولغان، كېيىن تىنچلىق بازىرىغا ئۆزگەرتىلىپ بېرىلگەن. 1950 - يىلدىن باشلاپ 1 - رايونغا تەۋە بولدى، نامى بازار يېزىسى دەپ ئاتالدى. 1958 - يىلى «سۇنئىي ھەمرا» گۇڭشېسىغا ئۆزگەرتىلدى. 1961 - يىلى بازار گۇڭشېسىغا ئۆزگەرتىلدى. 1964 - يىلى بازاربولۇپ قۇرۇلدى. 1970 - يىلى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. 1980-يىلى بازار (يېزا دەرىجىلىك بازار) ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى.

مىنگو دەۋرىدە، پوسكام ئۆستىڭىنىڭ بويىغا جايلاشقان ناھىيە بازىرىنىڭ شەرقتىن غەربكە بولغان ئۇزۇنلۇقى بىر چاقىرىمچە كېلەتتى، جەنۇبتىن شىمالغا بولغان كەڭلىكى بىر چاقىرىمغىمۇ يەتمەيتتى، بۇ جايدا ئېگىز - پەس، توپا ئادەمنىڭ ئوشۇقىغا كېلىدىغان، جەنۇبتىن شىمالغا سوزۇلغان بىرلا ئاساسىي كوچا بار ئىدى. شەرق ۋە غەرب تەرەپتىكى ئىككى كوچا ئوتتۇن ۋە ئوتياش بازىرى ئىدى، ئۇنىڭ ئىككى تەرىپىگە سېلىنغان كېسەك ئۆيلەر بىر - بىرىگە تۇتىشىپ كەتكەنىدى. تۆت كوچا ئېغىزىغا جايلاشقان گەزمال سودىگىرى ئىمىن ئاخۇننىڭ دۇكىنىنىڭ ئۇسىنىگە يەنە بىر قەۋەت ئاددى ئۆي سېلىنغانىدى، ئۇنىڭ ئەتراپى «سودا مەركىزى» گە ئايلانغانىدى. جەنۇبىي كوچىنىڭ شەرق تەرىپىدە تۆت ئاشخانا، ئىككى ناۋايخانا، بىر ساتىراشخانا ۋە ناھىيىلىك ئوغۇللار باشلانغۇچ مەكتىپى بار ئىدى، كونا ناھىيىلىك ھۆكۈمەت جەنۇبىي كوچىنىڭ بېشىغا جايلاشقان. كوچىنىڭ غەرب تەرىپىدە بىر مىلىچ ماللار دۇكىنى، بىر گەزمال دۇكىنى، ئىككى موزدۇزلۇق دۇكىنى بار ئىدى. شىمالىي كوچىنىڭ شەرق تەرىپىگە سودىگەرلەر ئۇيغۇشىمىسى ۋە ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى جايلاشقان، كوچىنىڭ غەرب تەرىپىدە ئاھالىلەرنىڭ ئولتۇراق ئۆيلىرى، ئانچە - مۇنچە موخۇركا يايمىلىرى بار ئىدى. پوسكام ئۆستىڭى كۆۋرۈكىنىڭ ئوڭ ۋە سول تەرىپىدە ئىككى دەڭ بار ئىدى. ساقچى ئىدارىسى ۋە ھۆكۈمەت نەرەپىنىڭ دېكى (قونالغۇ) ھازىرقى 3 - باشلانغۇچ مەكتەپىنىڭ ئورنىدا ئىدى.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ناھىيە بازىرىنىڭ كۆلىمى يىلدىن - يىلغا كېڭەيدى. 1984 - يىلغا كەلگەندە 3.6 كۋادرات كىلومېتىرغا يەتتى. جەنۇبتىن شىمالغا سوزۇلغان كوچا غەربىي شەرققە سوزۇلغان كوچىدىن سەل ئۇزارتىلدى، جەنۇبىي چوڭ كوچا، شىمالىي چوڭ كوچا، جەنۇبىي يېڭى كوچا، شىمالىي يېڭى كوچا، شىمالىي قاراسا كوچىسى جەنۇبتىن شىمالغا كېڭەيتىلدى، شەرقىي چوڭ كوچا، غەربىي چوڭ كوچا، ئاۋات كوچىسى، «ئىتتىپاق» كوچىسى شەرقتىن غەربكە كېڭەيتىلدى، 7.8 كىلومېتىر يولغا ئاسفالىت ياتقۇزۇلدى. 3.5 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا غول سۇ تۇرۇبىسى ياتقۇزۇلۇپ، 65% ئاھالە تۇرۇبا سۈيى ئىشلىتىدىغان بولدى. بازارنىڭ جەنۇبىي قىسمى سانائەت رايونى، ئوتتۇرا قىسمى سودا رايونى ۋە ناھىيىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرى تۇرۇشلۇق جاي، غەربىي قىسمى ۋە شەرقىي شىمالىي قىسمى دەم ئېلىشقا، پىنسىيىگە چىققان ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يېڭى تۇرالغۇ رايونى قىلىندى. بازار ئىچىدە ئىككى قەۋەتتىن تۆت قەۋەتكىچە بولغان بىنادىن 25 ى بار. پوسكام سودا سارىيى، يەرلىك مەھسۇلاتلار ئونىۋېرسال تىجارەت بىناسى، ئەمگەك مۇلازىمەت شىركىتى

بىناسى، دېھقانچىلىق مەيدانى مېھمانخانىسى، يېزا ئىگىلىك بانكىسى بىناسى، قىشلىق كىنوخانا، مەدەنىيەت يۇرتى، يېزا ئىگىلىك پەن تەتقىقاتى ئورنىنىڭ كەسپىي بىناسى، ھۆكۈمەتنىڭ ئىشخانا بىناسى قاتارلىق ئاساسلىق قۇرۇلۇشلار ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە. ناھىيىگە قاراشلىق كارخانىلاردىن يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى ياساش - رېمونت قىلىش زاۋۇتى، ئاپتوموبىل رېمونت زاۋۇتى، ئاپتوموبىل كالونى، ئۇن زاۋۇتى، ياغ زاۋۇتى، پاختا زاۋۇتى، يېمەكلىك زاۋۇتى، مېتال بۇيۇملار كوپىراتىپى، باسما زاۋۇتى بار. ئۇلاردا 321 نەپەر ئىشچى - خىزمەتچى ئىشلەيدۇ. 1984 - يىلى سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 5 مىليون 130 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ئومۇمىي خەلق مۇلۇكچىلىكى ۋە كوللېكتىپ مۇلۇكچىلىكىدىكى پارچە سېتىش ماگىزىنىدىن يەتتىسى، يەككە سېتىقچىدىن 160 ى بار بولۇپ، ئىجتىمائىي تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 26 مىليون 880 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بازارغا قاراشلىق ئىككى بىناكارلىق ئەترىتى بار.

بازار ئىچىدە ناھىيىلىك ئىككى مۇكەممەل تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ، بىر تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ، ئۈچ باشلانغۇچ مەكتەپ، بىر بالىلار باغچىسى بار. ئۇنىڭدىن باشقا، يەنە بىر ناھىيىلىك ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇرۇش مەكتىپى بار. ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپلەردىكى ئوقۇغۇچى 3110 نەپەر، ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچى 270 نەپەردىن ئاشىدۇ. بازار بويىچە تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ مائارىپى ئاساسەن ئومۇملاشتى. بازاردا ناھىيىلىك رادىئو ئۆزېلى، تېلېۋىزىيە كۆچەيتىش ئىستانسىسى، مەدەنىيەت يۇرتى، (كىتابخانا، قىرائەتخانىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)، قىشلىق، يازلىق كىنوخانا، تەنتەربىيە مەيدانى، خەلق دوختۇرخانىسى، جۇڭگو تىبابىتى ئامبۇلاتورىيىسى، بازارلىق شىپاخانا قاتارلىق مەدەنىيەت، مائارىپ، سەھىيە، تەنتەربىيە مۇئەسسەسىلىرى بار.

بازار بويىچە 3061 ئائىلە، 11 مىڭ 29 نوپۇس بار، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇرلار 7638 بولۇپ، ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 3 .69 پىرسەنتىنى، خەنزۇلار 3321 بولۇپ، %1 .30 نى، باشقا مىللەتلەر 70 بولۇپ، %6 .0 نى ئىگىلەيدۇ. بازارغا بەش ئاھالىلەر كومىتېتى، 29 ئاھالىلەر گۇرۇپپىسى قارايدۇ.

## كۇيباغ بازىرى

بۇ بازار ناھىيە بازىرىنىڭ 18 كىلومېتر غەربىي جەنۇبىغا جايلاشقان، شەرق ۋە شىمال تەرىپى كۇيباغ يېزىسىغا، جەنۇپ تەرىپى تۇغچى، بۇيلۇق تاجىك مىللىي يېزىلىرىغا تۇتىشىدۇ، غەرب تەرىپى قاغىلىق ناھىيىسى بىلەن قوشنا. ئومۇمىي كۆلىمى 83 .170 كۋادرات كىلومېتر. بازارلىق ھۆكۈمەت بازارنىڭ شەرقىدىكى 2 - كوچىنىڭ شىمالىي بېشىغا جايلاشقان، بازارغا ئىككى كەنت ئاھالىلەر كومىتېتى، 11 كەنت ئاھالىلەر گۇرۇپپىسى قارايدۇ. بازار بويىچە 1958 ئائىلە، 12 مىڭ 498 نوپۇس (1988 - يىلدىكى مەلۇمات، بۇ، پوسكام نېفىت - تەبىئىي گاز ئۆزلەشتۇرۇش شىركىتى ۋە پوسكام نېفىت - خىمىيە سانائىتى زاۋۇتىنىڭ ئىشچى - خىزمەتچىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) بار، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇرلار 3427، خەنزۇلار 8907، باشقا مىللەتلەر 164، يېزا ئىگىلىك نوپۇسى 1513، غەيرىي يېزا ئىگىلىك نوپۇسى 10 مىڭ 985.

كۇيباغ بازىرى جەنۇبىي شىنجاڭ نېفىت چارلاش قوماندانلىق شتابىنىڭ ئورنى، پوسكامغا مۇقىملاشتۇرۇلغاندىن كېيىن، مەمۇرىي جەھەتتىن باشقۇرۇش ئېھتىياجىغا ئۇيغۇنلىشىش ئۈچۈن قۇرۇلغان. نېفىت ئىشچى - خىزمەتچىلىرىنىڭ ئون نەچچە يىل جاپالىق قۇرۇلۇش قىلىشى

ئارقىلىق، بازار ئىچىگە ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 10 كىلومېتىردىن ئاشىدىغان ئاسفالىت يولدىن ئون نەچچىسى ياسالدى، 82 مىڭ كۋادرات مېتىر كېلىدىغان زاۋۇت ئۆيى، ئىشخانا بىناسى، مەكتەپ، دوختۇرخانا، ئولتۇراق ئۆي سېلىندى. بۇنىڭ بىلەن كونىباغ بازىرىدا بىنالار قويۇق ئورمانىدەك قەد كۆتۈردى، كوچىلار رەتلىك، قاتناش قولايلىق بولدى. دۆلەت ۋە كوللېكتىپ ئىگىلىكىدىكى ئالتە چوڭ سودا سارىيى، 300 دىن ئارتۇق يەككە تىجارەتچىنىڭ سودا تور - نۇقتىلىرى بازارنىڭ ھەممە يېرىنى قاپلىدى، يىللىق پۇتۇشۇش سوممىسى تەخمىنەن 12 مىليون 500 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

## 2 . يېزا

### پوسكام يېزىسى

بۇ يېزا ناھىيە بازىرىنىڭ شىمال تەرىپىگە، يېزىلىق ھۆكۈمەت پوسكام بازىرى ئىچىگە جايلاشقان. شەرق تەرىپى گۈلباغ ۋە يىما يېزىلىرى بىلەن تۇتىشىدۇ، غەرب تەرىپى ئايكۆل يېزىسى بىلەن چېگرىلىنىدۇ، شىمال تەرىپى يەكەن دەرياسى بىلەن، جەنۇب تەرىپى سەيلى يېزىسى بىلەن تۇتىشىدۇ. ئومۇمىي كۆلىمى 49.06 كۋادرات كىلومېتىر. ئۇنىڭغا 13 كەنت، 74 ئاھالىلەر گۇرۇپپىسى قارايدۇ. 2961 ئائىلە، 10 مىڭ 611 نوپۇس بار، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇرلار 10 مىڭ 249، خەنزۇلار 343، خۇيزۇلار 18، يېزا ئىگىلىك نوپۇسى 9817، غەيرىي يېزا ئىگىلىك نوپۇسى 794.

بۇ يېزا قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى، بۇ جاي بازار جاڭزىسى دەپ ئاتالغانىدى. 1941 - يىلى 1 - رايونغا ئۆزگەرتىلگەن. 1943- يىلى «تىنچلىق» بازىرى دەپ ئاتالغان. 1950- يىلى1-رايونغا ئۆزگەرتىلدى. 1958 - يىلى نامى «سوتسىيالىزمنىڭ ھەمرا» گۇڭشېسى دەپ بېكىتىلدى. 1961- يىلى پوسكام گۇڭشېسىغا، 1968 - يىلى «قىزىل ئاۋانگارت» گۇڭشېسىغائۆزگەرتىلدى. 1969- يىلى 1 - گۇڭشې دەپ ئاتالدى. 1978 - يىلى پوسكام گۇڭشېسى دېگەن نامى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. 1984 - يىلى پوسكام يېزىسىغا ئۆزگەرتىلدى.

پوسكام يېزىسىنىڭ يەر شەكلى غەربىي جەنۇبتىن شەرقىي شىمالغا تەدرىجىي پەسىيىپ بارىدۇ، دېڭىز يۈزىدىن 1260 مېتىردىن 1285 مېتىرغىچە ئېگىز؛ ئىقلىمى مۆتىدىل بەلباغنىڭ چوڭ قۇرۇقلۇق خاراكتېرىدىكى ئىنتايىن قۇرغاق ئىقلىمىغا كىرىدۇ. بۇ يېزىنىڭ تۇپرىقى لاتقىلىق تۇپراق بولۇپ، ئاشلىق، كېۋەز ئۆستۈرۈشكە باب كېلىدۇ، شۇڭا بۇ جاي ناھىيىنىڭ ئاساسلىق يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش رايونى ھېسابلىنىدۇ. يېزا بويىچە 1984 - يىلدىكى تېرىلغۇ يەر 47 مىڭ 178 مو بولۇپ، يېزا بويىچە ئومۇمىي تېرىلغۇ يەر كۆلىمىنىڭ 64.1 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. ئورمان 7718 مو، ئوتلاق، بوز يەر 2236 مو، دەريا ساھىلىدىكى يەر 2550 مو، ئەمەلىي تېرىلغۇ كۆلىمى 35 مىڭ 441 مو بولۇپ، تېرىلغۇ يەر كۆلىمىنىڭ 75.2 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. ئاساسلىق دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىدىن بۇغداي، كۆممىقوناق، شال تېرىلىدۇ، ئۇنىڭدىن باشقا ئاز مىقداردا ياغلىق دان ۋە پۇرچاق تۈرىدىكى زىرائەتلەر تېرىلىدۇ. 1949 - يىلى 2 مىليون 81 مىڭ كىلوگرام ئاشلىق، 26 مىڭ 500 كىلوگرام پاختا، 76 مىڭ كىلوگرام ياغلىق دان ئېلىنغانىدى، قولدا 13 مىڭ 454 تۇياق چارۋا قالغانىدى. 1984-يىلى ئېلىنغان ئاشلىق 7 مىليون 879 مىڭ كىلوگرامغا، قولدا قالغان چارۋا 19 مىڭ

تۇياققا يېتىپ، يېزا تارىخىدا ئەڭ يۇقىرى رېكورد يارىتىلدى.

1984 - يىلى يېزا باشقۇرغان كارخانىلار تراكتور پونكىتى، ئۇن زاۋۇتى، ماشىنا رېمونت زاۋۇتى، سوت فېرمىسى، خىش زاۋۇتى، ئاساسىي قۇرۇلۇش ئەترىتى، مېھمانخانا قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. 1982 - يىلدىن كېيىن يىللىق مەھسۇلات قىممىتى 400 مىڭ يۈەندىن ئاشىدىغان بولدى. يېزىدا يېزا ئىگىلىكىدە ئىشلىتىلىدىغان ئاپتوموبىلدىن ئۈچى، ھەر خىل تىپتىكى تراكتوردىن 43 ى (بۇنىڭ ئىچىدە چوڭ تراكتور 15، قول تراكتورى 28)، دىزېل ماتورىدىن 32 سى، بۇنىڭدىن باشقا ئېتىز - ئېرىق تېرىلغۇ مەشغۇلاتىغا ئىشلىتىلىدىغان ماشىنىدىن 51 ى بار. يېزىدىكى ئوتتۇرا مەكتەپ بىر، ئوقۇغۇچىسى 320، ئىشچى - خىزمەتچىسى 25، باشلانغۇچ مەكتەپ 12( بۇنىڭدىن بىرى خەنزۇ باشلانغۇچ مەكتەپ)، ئوقۇغۇچىسى 1216، ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچى 99. كىنو قويۇش ئەترىتىدىن بىرى، 12 مىللىمېترلىق كىنو ئاپپاراتىدىن بىرى بار. بىر رادىئو ئۇزېلى، بىر دوختۇرخانا، 14 كېسەل كارىۋىتى، 18 دوختۇر- سېستىرا، بىر ئاساسىي قاتلام تەمىنات - سودا كوپىراتىپى بار بولۇپ، ئۇنىڭ قارىمىقىدا كەنت ۋەكالەتەن سېتىش دۇكىنىدىن 20 سى تەسىس قىلىندى. بىر ياشانغانلار ساناتورىيىسى بار بولۇپ، ئۇنىڭغا 35 نەپەر ئىگە - چاقىسىز بوۋاي - موماي ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

## يىما يېزىسى

بۇ يېزا ناھىيە بازىرىنىڭ 7.7 كىلومېتر شەرقىي شىمالىغا جايلاشقان، يېزىلىق ھۆكۈمەت يىما كەنتىدە. شەرقىي - شىمالىي تەرىپى يەكەن ناھىيىسىنىڭ ئىگەرچى يېزىسى بىلەن قوشنا. جەنۇب تەرىپى گۈلباغ يېزىسى بىلەن، غەربىي - شىمالىي تەرىپى يەكەن دەرياسى بىلەن، غەربىي- جەنۇبىي تەرىپى پوسكام يېزىسى بىلەن تۇتىشىدۇ، ئومۇمىي كۆلىمى 76.92 كۋادرات كىلومېتر. ئۇنىڭغا 18 كەنت، 100 كەنت ئاھالىلەر گۇرۇپپىسى قارايدۇ، يېزا بويىچە 4065 ئائىلە، 13 مىڭ 358 نوپۇس بار، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇرلار 13 مىڭ 138، خەنزۇلار 212. يېزا ئىگىلىك نوپۇسى 12 مىڭ 320، غەيرىي يېزا ئىگىلىك نوپۇسى 1038.

يىما يېزىلىق ھۆكۈمەت يىما كەنتىدە تۇرۇشلۇق بولغانلىقى ئۈچۈن بۇ يېزا شۇ جاينىڭ نامى بىلەن ئاتالغان. ئەسلى نامى مەسچىت جاگىزىسى ئىدى. ئۇ 1941 - يىلى 3 - رايونغا ئۆزگەرتىلگەن. 1943 - يىلى يېزا - بازار، باغ -جىيا تۈزۈمى يولغا قويۇلۇپ، «خەلق ھاياتى» يېزىسىغا، 1948 - يىلى «مەدەنىيەت» يېزىسىغا ئۆزگەرتىلگەن. 1950 - يىلى تەرتىپ بويىچە 2 - رايون دەپ ئاتالدى. 1958 - يىلى نامى «قىزىل يۇلتۇز» گوڭشېسى دەپ بېكىتىلدى. 1961- يىلى يىما گوڭشېسىغا ئۆزگەرتىلدى. 1968 - يىلى «قىزىل نۇر» گوڭشېسى دەپ نام بېرىلدى. 1969 - يىلى يەنە 2 - گوڭشې دەپ ئاتالدى. 1978 - يىلى بۇرۇنقى يەر نامى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. 1984 - يىلى يىما يېزىسىغا ئۆزگەرتىلدى.

يېزا بويىچە تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 75 مىڭ 310 مو بولۇپ، يېزا ئومۇمىي كۆلىمىنىڭ 54 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. يېزا تەۋەسىدە 15 مىڭ 588 مو ئورمان، 22 مىڭ 365 مو ئوتلاق ۋە بوز يەر، 4171 مو دەريا ساھىلىدىكى يەر بار، ئاساسلىق دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىدىن بۇغداي، كۆممىقوناق، شال، كېۋەز تېرىلىدۇ. 1949 - يىلى 2 مىليون 569 مىڭ 500 كىلوگرام ئاشلىق، 28 مىڭ كىلوگرام پاختا ئېلىنغانىدى، قولدا 15 مىڭ 300 تۇياق چارۋا قالغانىدى. 1984 - يىلى ئېلىنغان ئاشلىق 8 مىليون 557 مىڭ 500 كىلوگرامغا، پاختا 704 مىڭ كىلوگرامغا، قولدا

قالغان چارۋا 24 مىڭ تۇياقنا يەتتى.

يېزا باشقۇرغان كارخانىلاردىن ئېلېكتر ئىستانسىسى، تراكتور پونكىتى، ئۇن زاۋۇتى، ياغ زاۋۇتى، ئاساسىي قۇرۇلۇش ئەترىتى قاتارلىقلار بار، بۇ ئورۇنلاردا 242 نەپەر ئىشچى - خىزمەتچى ئىشلەيدۇ، يىللىق مەھسۇلات قىممىتى 400 مىڭ يۈەندىن ئاشتى. يېزىدا يېزا ئىگىلىكىگە ئىشلىتىلىدىغان ئاپتوموبىلدىن ئونى، تراكتوردىن 57 سى، قول تراكتورىدىن 74 ى ۋە بىر- مۇنچە باشقا ھەر خىل يېزا ئىگىلىك ماشىنا - سايمانلىرى بار. يېزىدىكى ئوتتۇرا مەكتەپ بىر، باشلانغۇچ مەكتەپ 15 (بۇنىڭ بىرى خەنزۇ باشلانغۇچ مەكتەپ)، ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچىسى 234، ئوقۇغۇچىسى 1780 (بۇنىڭ ئىچىدە خەنزۇ ئوقۇغۇچى 42). يېزا بويىچە بىر دوختۇرخانا، 37 كېسەل كارىۋىتى، يەتتە نەپەر دوختۇر - سېستىرا، بىر كىنوخانا، بىر 24 مىللىمېتىرلىق كىنو ئاپپاراتى بار.

تەمىنات - سودا كوپېراتىپى قۇرغان بىر مەركىزىي ماگىزىن، 13 ئورۇندا ۋەكالىتەن سېتىش نۇقتىسى بار، ھەر دۈشەنبە كۈنى بازار بولىدۇ.

## گۈلباغ يېزىسى

بۇ يېزا ناھىيە بازىرىنىڭ 7.7 كىلومېتر شەرقىي شىمالىغا جايلاشقان. يېزىلىق ھۆكۈمەت ئاراشور بازىرىدا. شەرق تەرىپى تىزناپ دەرياسى ئارقىلىق قاغىلىق ناھىيىسى بىلەن قارشىپ تۇرىدۇ، جەنۇب تەرىپى سەيلى يېزىسى بىلەن، غەرب تەرىپى پوسكام يېزىسى بىلەن تۇتىشىدۇ، شىمال تەرىپى يىما يېزىسى بىلەن قوشنا. ئومۇمىي كۆلىمى 118.80 كۋادرات كىلومېتر (178 مىڭ 197مو). ئۇنىڭغا 13 كەنت، 81 كەنت ئاھالىلەر گۇرۇپپىسى قارايدۇ. يېزا بويىچە 3483 ئائىلە، 11 مىڭ 957 نوپۇس بار، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇرلار 11 مىڭ 895، خەنزۇلار 94. يېزا ئىگىلىك نوپۇسى 11 مىڭ 226، غەيرىي يېزا ئىگىلىك نوپۇسى 731. بۇ يېزا گۈلباغ كەنتىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان. رىۋايەتلەردە ئېيتىلىشىچە، تارىختا بۇ جاي يەكەن دەرياسى بىلەن تىزناپ دەرياسىنىڭ تۆۋەنكى ئېقىنىغا جايلاشقان بولۇپ، ئىككى دەريانىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ تۇرغاچقا، يەرلىرىنىڭ كۆپ قىسمى سازلىق ئىكەن، ياۋا توخگۆزلار گاھ پەيدا بولۇپ، گاھ غايىپ بولۇپ تۇرىدىكەن، شۇڭا كىشىلەر بۇ يەرنى «توخگۆزلۈق» دەپ ئاتىغانىكەن. 1942 - يىلى «گۈلباغ» دەپ ئۆزگەرتىلگەن. بۇ يەر يېزابولۇپ قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى تۆۋەن پوسكام جاڭزىسىغا قارايتتى، 1941 - يىلى 2 - رايون دەپ ئۆزگەرتىلگەن، 1943 - يىلى «مەدەنىيەت» يېزىسى دەپ نام بېرىلگەن. 1944 - يىلى «غالىبىيەت» يېزىسى دەپ ئايرىلغان. 1950 - يىلى تەرتىپ بويىچە 3 - رايون دەپ ئايرىلدى. 1958 - يىلى «سەكرەپ ئىلگىرىلەش» گۇڭشېسى دەپ نام بېرىلدى. 1961 - يىلى گۈلباغ گۇڭشېسىغا ئۆزگەرتىلدى. 1968 - يىلى «ئەۋلادقىچە قىزىل» گۇڭشېسى دەپ ئاتالدى. 1969 - يىلى 3 - گۇڭشې دەپ ئاتالدى. 1978 - يىلى گۈلباغ گۇڭشېسى دېگەن نامى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. 1984 - يىلى گۈلباغ يېزىسى دەپ ئاتالدى.

يېزىنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى 117.86 كۋادرات كىلومېتر، تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 39 مىڭ 380 مو بولۇپ، يېزا بويىچە ئومۇمىي كۆلەمنىڭ 50 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ، 14 مىڭ 714 مو ئورمان بار. 7280 مو يېقىلغۇ ئورمان ئوتلىقى، 3522 مو قۇم دۆۋىلىرى جايلاشقان يەر بار. يەر شەكلىنىڭ تەسىرى تۈپەيلىدىن، يېزىنىڭ كۆپ قىسىم تېرىلغۇ يەرلىرى گۇڭشېنىڭ غەربىي - جەنۇبىي قىسمىغا مەركەزلەشكەن. بۇ يېزىدا، ئاساسەن، بۇغداي، كۆممىقوناق، شال،

كېۋەز تېرىلىدۇ. بۇرۇن مەھسۇلاتى ناھايىتى تۆۋەن ئىدى. 1949 - يىلى 2 مىليون 475 مىڭ 500 كىلوگرام ئاشلىق، 34 مىڭ 500 كىلوگرام پاختا ئېلىنغانىدى. 1984 - يىلى ئاشلىق 10 مىليون 979 مىڭ كىلوگرامغا، پاختا 567 مىڭ 500 كىلوگرامغا يەتتى.

يېزا باشقۇرغان كارخانىلاردىن سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى، تراكتور پونكىتى، پاختا زاۋۇتى، ئۇن زاۋۇتى، ھەسەلچىلىك مەيدانى قاتارلىقلار بار. 1982 - يىلدىن كېيىن ھەممە ئورۇننىڭ يىللىق كىرىمى 151 مىڭ يۈەندىن يۇقىرى بولۇپ كەلدى. يېزىدا يېزا ئىگىلىكىدە ئىشلىتىلىدىغان ئاپتوموبىلدىن بەشى، ھەر خىل تراكتوردىن 51ى، قول تراكتورىدىن 18 ى، دىزېل ماتوردىن 15ى، باشقا يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىدىن 54ى بار، يېزىلاردىكى ئوتتۇرا مەكتەپ بىر، ئوقۇغۇچىسى 214، باشلانغۇچ مەكتەپ 13، ئوقۇغۇچىسى 1583، ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەردىكى ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچى 151 نەپەر، يېزىدا بىر دوختۇرخانا، 15دوختۇر-سېسترا، 40 كېسەل كارىۋىتى، بىر قىشلىق كىنوخانا، بىر كىنو قويۇش ئەترىتى، بىر 24 مىللىمېترلىق كىنو ئاپپاراتى، بىر 12 مىللىمېترلىق كىنو ئاپپاراتى بار.

تەمىنات - سودا كوپىراتىپى - پۈتۈن يېزىنىڭ سودا مەركىزى بولۇپ، ئۇنىڭ قارىمىقىدا بىر ماگىزىن، 14 ئورۇندا ۋەكالىتەن سېتىش نۇقتىسى بار، چارشەنبە كۈنى بازار بولىدۇ.

## سەيلى يېزىسى

بۇ يېزا ناھىيە بازىرىنىڭ بەش كىلومېتر جەنۇبىغا جايلاشقان. شەرق تەرىپى گۈلباغ يېزىسى بىلەن قوشنا، جەنۇب تەرىپى ئىككىسۇ يېزىسى بىلەن، غەرب تەرىپى ئاقتام يېزىسى بىلەن، شىمال تەرىپى بەشكەنت ئۆستەڭى بىلەن تۇتىشىدۇ، يېزىلىق ھۆكۈمەت چامغۇرچى كەنتىدە. ئۇنىڭغا 12 كەنت، 62 كەنت ئاھالىلەر گۇرۇپپىسى قارايدۇ. يېزا بويىچە 3212 ئائىلە، 10 مىڭ 412 نوپۇس بار، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇرلار 9862، خەنزۇلار 521. يېزا ئىگىلىك نوپۇسى 9772، غەيرىي يېزا ئىگىلىك نوپۇسى 640.

بۇ جاي يېزا بولۇپ قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى تۆۋەن پوسكام جاڭزىسىغا قارايتتى. 1941 - يىلى 3 - رايونغا قارىغان. 1943 - يىلى «مەدەنىيەت» يېزىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەن. 1944 - يىلى «غالىبىيەت» يېزىسى بولۇپ قۇرۇلغان. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن «غالىبىيەت» يېزىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، ئۇنىڭ تەۋەلىكىدىكى جايلار 3 -، 4- رايونلارغا تەۋە قىلىندى. 1953 - يىلى 5 - رايون بولۇپ قۇرۇلدى، كېيىن يەنە3-رايونغا ئايرىپ بېرىلدى. 1958 - يىلى «سەكرەپ ئىلگىرىلەش» گۇڭشېسى دەپ ئاتالدى. 1961-يىلى سەبلى قاتارلىق 14 چوڭ ئەترەت ئايرىپ چىقىلىپ، سەيلى گۇڭشېسى قۇرۇلدى. 1969-يىلى 4 - گۇڭشې دەپ ئاتالدى. 1978 - يىلى سەيلى گۇڭشېسى دېگەن نامى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. 1984- يىلى سەيلى يېزىسىغا ئۆزگەرتىلدى.

سەيلى يېزىسى يەكەن دەرياسىدىن ھاسىل بولغان تىنما تۈزلەڭلىكنىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا جايلاشقان، يېرىنىڭ غەربىي - جەنۇبىي تەرىپى ئېگىز، شەرقىي - شىمالىي تەرىپى پەس بولۇپ، بىر تەرەپكە پەسىيىپ بارىدۇ، يانتۇلۇقى 250 تىن بىر. يېزىنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى 52.69 كۋادرات كىلومېتر، تېرىلغۇيېرى 69 مىڭ 234 مو بولۇپ، يېزا ئومۇمىي كۆلىمىنىڭ 68.1 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. 1650 مو ئورمان، 8882 مو بوز يەر، 2693 مو قۇم دۆۋىلىرى جايلاشقان يەر بار. 1949 - يىلى 2 مىليون 95 مىڭ كىلوگرام ئاشلىق، 31 مىڭ 500 كىلوگرام

پاختا ئېلىنغانىدى، قولدا 10 مىڭ 42 تۇياق چارۋا قالغانىدى. 1984 - يىلى 8 مىليون 170 مىڭ كىلوگرام ئاشلىق، 462 مىڭ 500 كىلوگرام پاختا ئېلىندى، قولدا 17 مىڭ تۇياق چارۋا قالدى.

يېزا باشقۇرغان كارخانىلاردىن تراكتور پونكىتى، ئاساسىي قۇرۇلۇش ئەترىتى، ئۇن زاۋۇتى بار. يېزىدا ئاپتوموبىلدىن سەككىزى، ھەر خىل تىپتىكى تراكتوردىن 51 ى، ھەر خىل تىپتىكى دىزېل ماتوردىن 48 ى، ھەر خىل يېزا ئىگىلىك ماشىنا - سايمانلىرىدىن 45 ى بار. يېزىدىكى ئوتتۇرا مەكتەپ بىر، باشلانغۇچ مەكتەپ 13 (بۇنىڭ بىرى خەنزۇباشلانغۇچ مەكتەپ)، ئوقۇغۇچىسى 1382، ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچىسى 80. يېزىدا بىر دوختۇرخانا، ئون دوختۇر - سېسترا، 40 كېسەل كارىۋىتى، بىر كىنوخانا، بىر 28 مىللىمېترلىق كىنو ئاپپاراتى بار.

تەمىنات - سودا كوپېراتىپى قارىمىقىدا 13 ئورۇندا ۋەكالەتەن سېتىش نۇقتىسى بار. پەيشەنبە كۈنى بازار بولىدۇ.

ياشانغانلار ساناتورىيىسىدىن بىرى بولۇپ، ئۇنىڭغا 30 نەپەر ئىگە - چاقىسىز بوۋاي - موماي ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

# ئىككىسۇ يېزىسى

بۇ يېزا ناھىيە بازىرىنىڭ 12 كىلومېتر جەنۇبىغا جايلاشقان، يېزىلىق ھۆكۈمەت ئىككىسۇ بازىرىدا. شەرق تەرىپى گۈلباغ يېزىسى بىلەن قوشنا، جەنۇب تەرىپى تىزناپ دەرياسى بىلەن تۇتىشىدۇ، غەرب تەرىپى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ناھىيىلىك ئىككىسۇ دېھقانچىلىق مەيدانى بىلەن چېگرىلىنىدۇ، شىمال تەرىپى سەيلى يېزىسى بىلەن تۇتىشىدۇ، ئومۇمىي كۆلىمى 91.4 كۋادرات كىلومېتر، ئۇنىڭغا 17 كەنت، 77 كەنت ئاھالىلەر گۇرۇپپىسى قارايدۇ، يېزا بويىچە 3670 ئائىلە بار. ئۇيغۇرلار 12 مىڭ 697، خەنزۇلار 629، تاجىكلار 297؛ يېزا ئىگىلىك نوپۇسى 12 مىڭ 363، غەيرىي يېزا ئىگىلىك نوپۇسى 1262.

بۇ يەردە ھەم بۇلاق سۈيى، ھەم دەريا سۈيى بولغانلىقتىن، ئىككىسۇ دەپ ئاتالغان. بۇ يەر ئەسلىدە قاغىلىق ناھىيىسىنىڭ 6 - رايونى ئىدى. 1955 - يىل 3 - ئايدا پوسكامغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلىپ، 4 - رايون قىلىندى. 1958 - يىلى نامى «قىزىل بايراق» گۇڭشېسى دەپ بېكىتىلدى. 1968 - يىلى «قىزىل يۇلتۇز» گۇڭشېسى دەپ ئۆزگەرتىلدى. 1969 - يىلى 5 - گۇڭشې دەپ ئاتالدى. 1978 - يىلى ئىككىسۇ گۇڭشېسى دېگەن نامى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. 1984 - يىلى ئىككىسۇ يېزىسىغا ئۆزگەرتىلدى.

ئىككىسۇ يېزىسىنىڭ يېرىنىڭ غەربىي - جەنۇبىي تەرىپى ئېگىز، شەرقىي - شىمالىي تەرىپى پەس، غەربىي - جەنۇبىي تەرىپى ئاساسلىق دېھقانچىلىق رايونى ھېسابلىنىدۇ. يېزا بويىچە تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 89 مىڭ مو بولۇپ، يېزا ئومۇمىي كۆلىمىنىڭ 64.9 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. 22 مىڭ 877 مو ئوتلاق ۋە بوزيەر، 3686 مو قۇم دۆۋىلىرى بار يەر، 3113 مو ئورمان بار. ئاساسلىق دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىدىن بۇغداي، كۆممىقوناق، شال، كېۋەز، زىغىر تېرىلىدۇ. 1949 - يىلى 2 مىليون 512 مىڭ كىلوگرام ئاشلىق، 37 مىڭ 500 كىلوگرام پاختا ئېلىنغانىدى. 1984- يىلى 8 مىليون 65 مىڭ كىلوگرام ئاشلىق، 357 مىڭ 500 كىلوگرام پاختا ئېلىندى.

يېزا باشقۇرغان كارخانىلاردىن تراكتور پونكىتى، پاختا زاۋۇتى، دېھقانچىلىق سايمانلىرى زاۋۇتى، ئېلېكتر ئىستانسىسى، پىلىچىلىك مەيدانى، ئاساسىي قۇرۇلۇش ئەترىتى بار، بۇلارنىڭ يىللىق مەھسۇلات قىممىتى 630 مىڭ يۈەندىن ئاشتى. يېزىدا ئاپتوموبىلدىن 12سى، چوڭ تراكتوردىن 25ى، قول تراكتورىدىن 69ى، دىزېل ماتوردىن 18ى، دان ئايرىش ماشىنىسىدىن 17سى، توك تۈگمىنىدىن بەشى بار. يېزىدىكى ئوتتۇرا مەكتەپ بىر، ئوقۇغۇچىسى 185، باشلانغۇچ مەكتەپ 15، ئوقۇغۇچىسى 1748 (بۇنىڭ ئىچىدە خەنزۇ باشلانغۇچ مەكتەپ بىر، ئوقۇغۇچىسى 70). يېزىدا بىر مەدەنىيەت پونكىتى، بىر قىشلىق كىنوخانا، بىر 24 مىللىمېترلىق كىنو ئاپپاراتى، بىر دوختۇرخانا، 19 دوختۇر - سېسترا، 40 كېسەل كارىۋىتى بار.

ئاساسىي قاتلام تەمىنات - سودا كوپېراتىپى قارمىقىدا بىر تۈرلۈك ماللار مەركىزىي ماگىزىنى، ئون چوڭ ئەترەتتە ۋەكالىتەن سېتىش نۇقتىسى بار. يەكشەنبە كۈنى بازار بولىدۇ. بىر ياشانغانلار ساناتورىيىسى بولۇپ، ئۇنىڭغا 25 بوۋاي - موماي ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

## تۇغچى يېزىسى

بۇ يېزا ناھىيە بازىرىنىڭ 19 كىلومېتىر جەنۇبىغا جايلاشقان، يېزىلىق ھۆكۈمەت ئاقتامجاي كەنتىدە. يېزىنىڭ غەرب تەرىپى ياسىدۆن چۆلى بىلەن تۇتىشىدۇ، شىمال تەرىپى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ناھىيىلىك دېھقانچىلىق مەيدانى بىلەن قوشنا، شەرق ۋە جەنۇب تەرىپى تىزناپ دەرياسى ئارقىلىق قاغىلىق بىلەن چېگرىلىنىدۇ. ئومۇمىي كۆلىمى 75.78 كۋادرات كىلومېتىر، ئۇنىڭغا 12 كەنت، 49 كەنت ئاھالىلەر گۇرۇپپىسى قارايدۇ، يېزا بويىچە 2499 ئائىلە، 9159 نوپۇس بار، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇرلار 7432، تاجىكلار 1332، خەنزۇلار 381؛ يېزا ئىگىلىك نوپۇسى 8508، غەيرىي يېزا ئىگىلىك نوپۇسى 651.

1950 - يىلى قاغىلىق ناھىيىسىنىڭ 1 - رايونىغا قارايتتى. 1954 - يىلى 6 - رايونىنىڭ بىر قىسمى بولدى. 1955 - يىل 3 - ئايدا پوسكام ناھىيىسىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلىپ، ھازىرقى ئىككىسۇ يېزىسى بىلەن بىللە 4 - رايون قىلىندى. 1958 - يىلى «قىزىل بايراق» گۇڭشېسىغا قارايدىغان بولدى. 1961 - يىلى مۇستەقىل ئايرىپ چىقىلىپ، نامى ئۆزى تۇرۇشلۇق جاينىڭ نامى بويىچە تۇغچى گۇڭشېسى دەپ بېكىتىلدى. 1968 - يىلى «قەلەم - ئەلەم» گۇڭشېسى دەپ نام بېرىلدى. 1969 - يىلى 6 - گۇڭشې دەپ ئاتالدى. 1978 - يىلى تۇغچى گۇڭشېسى دېگەن نامى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. 1984 - يىلى تۇغچى يېزىسىغا ئۆزگەرتىلدى.

بۇ يېزىنىڭ يەر شەكلى بىر قەدەر مۇرەككەپ، يەر يۈزىنىڭ يانتۇلۇقى 150 تىن بىر دىن 250 تىن بىرگىچە بولۇپ، غەربىي - جەنۇبىي تەرىپى سەل ئېگىز، شەرقىي - شىمالىي تەرىپى پەس، شەرقىي - شىمالىي تەرىپىدە سۇ ئامبىرى ۋە سازلىقلار كۆپ، غەربىي قىسمىدا جەنۇبتىن شىمالغا سوزۇلغان خالتىسىمان قۇم دۆۋىلىرى ئارىسىدا ياپسا كەتكەن چۆللۈك بار. شىمال تەرىپى بىر قەدەر تۈز كەتكەن، يەكەن دەرياسىدىن ھاسىل بولغان تىنما تۈزلەڭلىك، بۇ جاي يېزىنىڭ ئاساسلىق زىرائەت تېرىلىدىغان رايونى ھېسابلىنىدۇ. تۇپراقنىڭ كۆپ قىسمى چۆل خاراكتېرىدىكى لاتقىلىق تۇپراق، شەرقىي - شىمالىي تەرىپىدە ئازراق سازلىق تۇپراق بار. تۇغچى ئۆستىڭى ۋە ساق ئۆستىڭى پۈتۈن سۇغىرىش رايونىنى كونترول قىلىپ تۇرىدۇ. يېزا بويىچە تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 66 مىڭ مو بولۇپ، يېزا ئومۇمىي كۆلىمىنىڭ 7.55 پىرسەنتىنى

ئېگىلەيدۇ. 4012 مو ئورمان، 12 مىڭ ئالتە مو ئوتلاق ۋە سايلىق، 10 مىڭ 280 مو قۇم دۆۋىلىرى بار يەر، 8758 مو چۆل - جەزىر بار. ئاساسلىق دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىدىن بۇغداي، كۆممىقوناق، شال، كېۋەز، زىغىر قاتارلىقلار تېرىلىدۇ. 1949 - يىلى 1 مىليون 760 مىڭ كىلوگرام ئاشلىق، 25 مىڭ كىلوگرام پاختا ئېلىنغانىدى. 1984 - يىلى 6 مىليون 249 مىڭ 500 كىلوگرام ئاشلىق، 315 مىڭ 500 كىلوگرام پاختا ئېلىندى. يېزا بويىچە قومۇش مول بولۇپ، كۆلىمى 800 مو كېلىدۇ، بىر بورىچىلىق كارخانىسى قۇرۇلغان بولۇپ، يىلىغا 12 مىڭ پارچە بورا ئىشلەپچىقىرىپ، پوسكامنى تەمىنلىگەندىن باشقا، ئۇنىڭ بورىلىرى قاغىلىق، يەكەنلەرگە سېتىلىدۇ. بۇلاق سۈيى، كۆلچەك ۋە سازلىقلاردا ھەر خىل بېلىقلار ناھايىتى كۆپ، بۇ يەر ناھىيىنىڭ ئۇقتىلىق بېلىقچىلىق رايونى ھېسابلىنىدۇ.

يېزا باشقۇرغان كارخانىلاردىن ئۇن زاۋۇتى، تراكتور پونكىتى، پاختا زاۋۇتى، ياغ زاۋۇتى، ئېلېكتر ئىستانسىسى، ئاساسىي قۇرۇلۇش ئەترىتى، بېلىقچىلىق مەيدانى قاتارلىقلار بار، ئۇلارنىڭ يىللىق مەھسۇلات قىممىتى 849 مىڭ يۈەندىن ئاشىدۇ. يېزىدا يېزا ئىگىلىكىدە ئىشلىتىلىدىغان ئاپتوموبىلدىن بەشى، ھەر خىل تىپتىكى چوڭ تراكتوردىن 21 ى، قول تراكتورىدىن 34ى، دىزېل ماتوردىن 36 سى، توك تۈگمىنىدىن 14ى، دان ئايرىش ماشىنىسىدىن 75ى، شال ئاقلاش ماشىنىسىدىن 16سى، پاختا چىقىرىش ماشىنىسىدىن بەشى، ياغ تارتىش ماشىنىسىدىن يەتتىسى، 50 كىلوۋاتلىق گېنېراتورلار گۇرۇپپىسىدىن ئۈچى بار. يېزىدىكى ئوتتۇرا مەكتەپ بىر، ئوقۇغۇچىسى170، باشلانغۇچ مەكتەپ13 ( بۇنىڭ بىرى خەنزۇ باشلانغۇچ مەكتەپ) ، ئوقۇغۇچىسى 1326 (بۇنىڭ ئىچىدە خەنزۇ ئوقۇغۇچى 42) ، ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچىسى 138. يېزىدا بىر دوختۇرخانا، 11 دوختۇر - سېسترا، 40 كېسەل كارىۋىتى، بىر كىنوخانا، بىر 24 مىللىمېترلىق كىنو ئاپپاراتى بار. ئۇنىڭدىن باشقا، رادىئو ئۇزېلى، مەدەنىيەت پونكىتى بار.

ئاساسىي قاتلام تەمىنات - سودا كوپېراتىپى قارىمىقىدا بىر مەركىزىي ماگىزىن، ئالتە جايدا ۋەكالىتەن سېتىش نۇقتىسى بار.

## كۆيباغ يېزىسى

بۇ يېزا ناھىيە بازىرىنىڭ 12.7 كىلومېتر غەربىي جەنۇبىغا جايلاشقان، شەرق تەرىپى ناھىيىلىك دېھقانچىلىق مەيدانى بىلەن، جەنۇب تەرىپى تۇغچى يېزىسى ۋە جەنۇبىي شىنجاڭ نېفىت قوماندانلىق شتابى بىلەن، غەربىي - جەنۇبىي تەرىپى ياسىدۇن چۆلى ۋە سىرىمنىڭ سېيى ئارقىلىق قاغىلىق ناھىيىسىنىڭ سىرىقئاتا ئۆستەڭى بىلەن، شىمال تەرىپى ناھىيىلىك باغۋەنچىلىك مەيدانى ۋە ئاقتام يېزىسى بىلەن تۇتىشىدۇ، غەربىي - شىمالىي تەرىپى ياسىدۇن جاڭگىلى ئارقىلىق يەكەن دەرياسى ۋە يەكەن ناھىيىسىنىڭ كاچۇڭ يېزىسى بىلەن قارىشىپ تۇرىدۇ. ئۇ، ناھىيە بويىچە ئەڭ يۇقىرى ئېقىمدىكى يېزا، يېزىلىق ھۆكۈمەت يېڭىئېرىق كەنتىدە. يېزىنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى 60.72 كۋادرات كىلومېتر، ئۇنىڭغا 15 كەنت، 59 كەنت ئاھالىلەر گۇرۇپپىسى قارايدۇ، يېزا بويىچە 2615 ئائىلە، 10 مىڭ 267 نوپۇس بار، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇرلار 7901، خەنزۇلار 1875، خۇيزۇلار212؛ يېزا ئىگىلىك نوپۇسى 9293، غەيرىي يېزا ئىگىلىك نوپۇسى 769.

كۆيباغ كوئىنلۇن تېغى باغرىغا جايلاشقانلىقتىن شۇنداق ئاتالغان. 1954 - يىلى قاغىلىق ناھىيىسىنىڭ 10 - رايونى تەۋەلىكىدە ئىدى. 1955 - يىل3 - ئايداپوسكام ناھىيىسىنىڭ5 - رايونى

قىلىپ ئايرىپ بېرىلدى. 1958 - يىلى ئالغا گۇڭشېسى دەپ ئاتالدى. 1968 - يىلى نامى «مەڭگۇ قىزىل» گۇڭشېسىغا ئۆزگەرتىلدى. 1969 - يىلى تەرتىپ بويىچە 7 - گۇڭشى قىلىپ ئايرىلدى. 1978 - يىلى كۆيباغ گۇڭشېسى دەپ ئاتالدى. 1984 - يىلى كۆيباغ يېزىسىغا ئۆزگەرتىلدى.

بۇ يېزىنىڭ يېرى بىر قەدەر تۈز. پەقەت غەربىي - جەنۇبىي تەرىپىدىكى چۆللۈك ياقىسىدىكى جايلارنىڭ يەر شەكلى ئېگىزرەك، يانتۇلۇقى 250 تىن بىر. كۆپ قىسمى چۆل خاراكتېرىدىكى لاتقىلىق تۇپراق، يەر ئاستى سۈيىنىڭ ئورنى ئالتە مېتىردىن تۆۋەن، شورنىڭ زىيىنى ئاز راق، لېكىن تۇپراق قاتلىمىنىڭ كۆپ قىسمى ئۇنۇمسىز، تۇپراقنىڭ سۈپىتى ناچارراق، شەرقىي - شىمالىي قىسمىنىڭ تۇپرىقى بىر قەدەر مۇنبەت بولۇپ، پۈتۈن يېزىنىڭ ئاساسلىق ئاشلىق، پاختا ئىشلەپچىقىرىش رايونى ھېسابلىنىدۇ. يېزىدىكى تېرىلغۇ يەر 54 مىڭ مو بولۇپ، يېزا ئومۇمىي كۆلىمىنىڭ 1 . 50 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. 4726 مو ئورمان، 9528 مو ئوتلاق ۋە بوز يەر، 12 مىڭ مو دەريا ساھىلىدىكى يەر، 33 مىڭ 996 مو ئارىلىقتىكى چۆللۈك، 2473 مو قۇم دۆۋىلىرى جايلاشقان يەر بار. يەكەن دەرياسىنىڭ شەرقىي ئۆستىڭى، جايتوغراق ئۆستىڭى، خانئېرىق ئۆستىڭى پۈتۈن سۇغىرىش رايونىنى كونترول قىلىپ تۇرىدۇ. ئاساسلىق زىرائەتلەردىن بۇغداي، كۆممىقوناق، شال، ياغلىق دان، كېۋەز قاتارلىقلار تېرىلىدۇ. 1949 - يىلى 1 مىليون 811 مىڭ كىلوگرام ئاشلىق، 29 مىڭ كىلوگرام پاختا ئېلىنغانىدى. 1984 - يىلى 8 مىليون 105 مىڭ كىلوگرام ئاشلىق، 431 مىڭ كىلوگرام پاختا ئېلىندى.

يېزا باشقۇرغان كارخانىلاردىن تراكتور پونكىتى، سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى قاتارلىقلار بار. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، جەنۇبىي شىنجاڭ نېفىت قوماندانلىق شتابى مۇشۇ جايغا ئورۇنلاشقانلىقتىن، بىناكارلىق - قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى، قاتناش - ترانسپورت ئىشلىرى تەرەققىي قىلدى. بۇ يېزا 1982 - يىلى يەنە ئىككى ئاساسىي قۇرۇلۇش ئەترىتى، ئون خىش زاۋۇتى قۇردى، بۇ كارخانىلارنىڭ يىللىق مەھسۇلات قىممىتى 2 مىليون 948 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، ناھىيە بويىچە يېزا باشقۇرغان كارخانىلارنىڭ ئالدىنقى قاتارىغا ئۆتتى. يېزىدا ئاپتوموبىلدىن توققۇزى، ھەر خىل تىپتىكى تراكتوردىن 83 ى، دىزېل ماتوردىن 16 سى. توك تۈگمىنىدىن يەتتىسى، دان ئايرىش ماشىنىسىدىن 13 ى، شال ئاقلاش ماشىنىسىدىن ئونى، پاختا چىقىرىش ماشىنىسىدىن يەتتىسى، ياغ تارتىش ماشىنىسىدىن يەتتىسى بار. يېزىدىكى ئوتتۇرا مەكتەپ بىر، ئوقۇغۇچىسى 184، باشلانغۇچ مەكتەپ 15 (بۇنىڭ ئىككىسى خەنزۇ باشلانغۇچ مەكتەپ). ئوقۇغۇچىسى 1256، ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچىسى 113. يېزىدا بىر دوختۇرخانا، 18 دوختۇر - سېستىرا، 42 كېسەل كارىۋىتى، بىر مەدەنىيەت ئۆيى، بىر كىنوخانا، بىر 24 مىللىمېتىرلىق كىنو ئاپپاراتى بار.

تەمىنات - سودا كوپىراتىپى قارىمىقىدا بەش جايدا ۋەكالىتەن سېتىش نۇقتىسى بار. بىر ياشانغانلار ساناتورىيىسى بولۇپ، ئۇنىڭغا 21 نەپەر ئىگە - چاقىسىز بوۋاي - موماي ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

## ئاقتام يېزىسى

بۇ يېزا ناھىيە بازىرىنىڭ 13 كىلومېتىر غەربىي جەنۇبىغا جايلاشقان، يېزىلىق ھۆكۈمەت سايمەھەللە كەنتىدە. يېزىنىڭ شىمال تەرىپى يەكەن دەرياسى بىلەن، شەرقىي - شىمالىي تەرىپى ئايكۆل يېزىسى بىلەن، شەرق تەرىپى سەيلى يېزىسى بىلەن، جەنۇب تەرىپى ناھىيىلىك

باغۋەنچىلىك مەيدانى ۋە كۆيباغ يېزىسى بىلەن تۇتىشىدۇ، ئومۇمىي كۆلىمى 52 .59 كۋادرات كىلومېتىر. بۇ، ناھىيە بويىچە يېرى كەڭ، ئادىمى شالاڭ، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتى تۆۋەنرەك بىر يېزا. ئۇنىڭغا سەككىز كەنت، 33 كەنت ئاھالىلەر گۇرۇپپىسى قارايدۇ، يېزا بويىچە 1341 ئائىلە، 4898 نوپۇس بار، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇرلار 4200، خەنزۇلار214، تاجىكلار 484؛ يېزا ئىگىلىك نوپۇسى 4427، غەيرىي يېزا ئىگىلىك نوپۇسى 471.

ئىلگىرى بۇ يەر قاغىلىق ناھىيىسىنىڭ 10 - رايونى تەۋەسىدە ئىدى. 1955 - يىل 3 - ئايدا پوسكام ناھىيىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلىپ، 5 - رايون قىلىندى. 1958 - يىلى كۆيباغ بىلەن قوشۇلۇپ بىر گۇڭشې قىلىپ ئايرىلدى. 1961 - يىل 11 - ئايدا كۆيباغ گۇڭشېسىدىن سەككىز چوڭ ئەترەت ئايرىپ چىقىلىپ ئاقتام گۇڭشېسى قۇرۇلدى. 1968 - يىلى «شەرق قىزاردى» گۇڭشېسى دەپنام بېرىلدى. 1969 - يىلى8 - گۇڭشېقىلىندى. 1978 - يىلى قايتىدىن ئاقتام گۇڭشېسى دەپ ئاتالدى. 1984 - يىلى ئاقتام يېزىسىغا ئۆزگەرتىلدى.

بۇ يېزىنىڭ يېرىنىڭ غەربىي - جەنۇبىي تەرىپى ئېگىز، شەرقىي - شىمالىي تەرىپى پەس، غەربىي - شىمالىي تەرىپى يەكەن دەرياسى ياقىسىدىكى تۆپىلىك، شامال ئېغىزى بولغاچقا، تۇپرىقى شېغىللىق، ئۇنۇمسىز، چۆللۈك لاتقىلىق تۇپراق. غەربىي - جەنۇبىي تەرىپىدە پارچە - پۇرات چۆللۈكلەر بار، يېزىنىڭ 5 .2 كىلومېتىر شەرقىي شىمالىدا بىر سۇ ئامبىرى بار، ئۇ، 1977- يىلى ياسالغان بولۇپ، سۇ يۈزى 1100 مو كېلىدۇ، ئۇنىڭغا 300 كۇب مېتىر سۇ قاچىلىغىلى، بۇ سۇ بىلەن 21 مىڭ مو يەرنى سۇغۇرغىلى بولىدۇ. ئىلگىرىكى يىللاردا 200 مىڭ بېلىجان سېلىنغان. غەربىي جەنۇبىي قىسمىنىڭ تۇپرىقى بىر قەدەر مۇنبەت، لېكىن يەنىلا تۆۋەن ھوسۇللۇق رايونغا كىرىدۇ. يېزىدىكى تېرىلغۇ يەر 58 مىڭ مو بولۇپ، يېزا ئومۇمىي كۆلىمىنىڭ 3. 65 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. 1988 مو بىنەم يەر، 3833 مو ئوتلاق ۋە بوز يەر بار. ئاساسلىق زىرائەتلەردىن بۇغداي، كۆممىقوناق، شال، كېۋەز، زىغىر قاتارلىقلار تېرىلىدۇ. شەرقىي ئۆستەڭ، توزاقچى ئۆستىڭى، ئاقتام ئۆستىڭى پۈتۈن سۇغىرىش رايونىنى تىزگىنلەپ تۇرىدۇ. 1949 - يىلى 916 مىڭ كىلوگرام ئاشلىق، 19 مىڭ 500 كىلوگرام پاختا ئېلىنغانىدى. 1984- يىلى 3 مىليون 143 مىڭ 500 كىلوگرام ئاشلىق، 225 مىڭ 500 كىلوگرام پاختا ئېلىندى.

يېزا باشقۇرغان كارخانىلاردىن ئاساسىي قۇرۇلۇش ئەترىتى، خىش زاۋۇتى، تراكتور پونكىتى قاتارلىقلار بار، ئۇلارنىڭ يىللىق مەھسۇلات قىممىتى 648 مىڭ يۈەندىن ئاشىدۇ. يېزىدا ئاپتوموبىلدىن ئالتىسى، ھەر خىل تىپتىكى تراكتوردىن 23 ى، دىزېل ماتوردىن 17 سى، توك تۈگمىنىدىن بەشى، شال ئاقلاش ماشىنىسىدىن سەككىزى، پاختا چىقىرىش ماشىنىسىدىن بەشى، ياغ تارتىش ماشىنىسىدىن توققۇزى بار. يېزىدىكى ئوتتۇرا مەكتەپ بىر، ئوقۇغۇچىسى 110، ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچىسى 14؛ باشلانغۇچ مەكتەپ سەككىز، ئوقۇغۇچىسى 670، ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچىسى 57. يېزىدا بىر دوختۇرخانا، 13 دوختۇر - سېسترا، 30 كېسەل كارىۋىتى، بىر كىنو قويۇش ئەترىتى، بىر 12 مىللىمېترلىق كىنو ئاپپاراتى بار.

ئاساسىي قاتلام تەمىنات - سودا كوپېراتىپى قارىمىقىدا سەككىز جايدا ۋەكالىتەن سېتىش نۇقتىسى بار.

## ئايكۆل يېزىسى

بۇ يېزا ناھىيە بازىرىنىڭ 5 .5 كىلومېتىر غەربىگە جايلاشقان. شىمال تەرىپى يەكەن دەرياسى

ئارقىلىق يەكەن ناھىيىسى بىلەن ئۇدۇل قارىشىپ تۇرىدۇ، جەنۇب تەرىپى بەشكەنت ئۆستەڭگى ئارقىلىق سەيلى يېزىسى بىلەن قارىشىپ تۇرىدۇ، غەرب تەرىپى ئاقتام يېزىسى بىلەن قوشنا، شەرق تەرىپى پوسكام يېزىسى بىلەن تۇتىشىدۇ، يېزىلىق ھۆكۈمەت ئۆچتۈما كەنتىدە. يېزىنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى 59.24 كۋادرات كىلومېتىر. ئۇنىڭغا 14 كەنت، 70 كەنت ئاھالىلەر گۇرۇپپىسى قارايدۇ. يېزا بويىچە 2225 ئائىلە، 8468 نوپۇس بار، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇرلار 7265، تاجىكلار 704، خەنزۇلار 498؛ يېزا ئىگىلىك نوپۇسى 7934، غەيرىي يېزا ئىگىلىك نوپۇسى 534.

ئايكۆل يېزىسى قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى بۇ يەر يۇقىرىقى پوسكام جاڭزىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغانىدى. 1941 - يىلى 1 - رايون قىلىپ ئايرىلغان. 1943 - يىلى نامى «قۇرۇلۇش» يېزىسىغا ئۆزگەرتىلگەن. 1950 - يىلى 4 - رايونغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. 1958 - يىلى «سۇئىي ھەمرا» گۇڭشېسىنىڭ بىر قىسمى بولدى. 1961 - يىلى ئايكۆل گۇڭشېسى بولۇپ قۇرۇلدى. 1968 - يىلى نامى «شەرق شامىلى» گۇڭشېسىغا ئۆزگەرتىلدى. 1969 - يىلى تەرتىپ بويىچە 9 - گۇڭشې قىلىپ ئايرىلدى. 1978 - يىلى ئايكۆل گۇڭشېسى دەپ ئاتالدى. 1984 - يىلى ئايكۆل يېزىسىغا ئۆزگەرتىلدى.

بۇ يېزىنىڭ يېرى بىر قەدەر تۈز، غەربىي - جەنۇبىي تەرىپى ئېگىزرەك، شەرقىي - شىمالىي تەرىپى پەسرەك. يېزا بويىچە 53 مىڭ مو تېرىلغۇ يەر، 4000 مو ئورمان، 1600 مو دەريا ساھىلىدىكى يەر، 1000 مو ئوتلاق ۋە بىنەم يەر بار. ئاساسلىق دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىدىن بۇغداي، كۆممىقوناق، شال، كېۋەز قاتارلىقلار تېرىلىدۇ، پۇرچاق تۇرىدىكى زىرائەتلەر ئازراق.

1949 - يىلى 2 مىليون 752 مىڭ 500 كىلوگرام ئاشلىق، 33 مىڭ 500 كىلوگرام پاختا ئېلىنغانىدى. 1984 - يىلى 6 مىليون 541 مىڭ 500 كىلوگرام ئاشلىق 298 مىڭ 500 كىلوگرام پاختا ئېلىنىدى.

يېزا باشقۇرغان كارخانىلاردىن تراكتور پونكىتى، خىش زاۋۇتى، ئاساسىي قۇرۇلۇش ئەترىتى بار. ئۇلارنىڭ يىللىق مەھسۇلات قىممىتى 95 مىڭ يۈەندىن ئاشىدۇ. يېزىدا ئاپتوموبىلدىن ئۈچى، ھەر خىل تىپتىكى تراكتوردىن 34ى، دىزېل ماتوردىن 42 سى، توك تۈگمىنىدىن ئۈچى، دان ئايرىش ماشىنىسىدىن 12سى، شال ئاقلاش ماشىنىسىدىن 16 سى، پاختا چىقىرىش ماشىنىسىدىن ئۈنى، ياغ تارتىش ماشىنىسىدىن 11ى بار. يېزىدىكى ئوتتۇرا مەكتەپ بىر، ئوقۇغۇچىسى 150، ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچىسى 25، باشلانغۇچ مەكتەپ 12، ئوقۇغۇچىسى 1108، ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچىسى 81، يېزىدا بىر دوختۇرخانا، 17 دوختۇر - سېسترا، 42 كېسەل كارىۋىتى، بىر كىنو قويۇش ئەترىتى، بىر 12 مىللىمېتىرلىق كىنو ئاپپاراتى بار.

ئاساسىي قاتلام تەمىنات - سودا كوپېراتىپى قارىمىقىدا سەككىز جايدا ۋەكالىتەن سېتىش نۇقتىسى بار. بىر ياشانغانلار ساناتورىيىسى بولۇپ، ئۇنىڭغا 24 ئىگە - چاقىسىز بوۋاي - موماي ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

## بۇيلۇق تاجىك مىللىي يېزىسى

بۇ يېزا ناھىيە بازىرىنىڭ 23 كىلومېتىر جەنۇبىغا جايلاشقان، يېزىلىق ھۆكۈمەت بۇيلۇق كەنتىدە. يېزىنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى 9.2 كۋادرات كىلومېتىر، ئۇنىڭغا ئۈچ كەنت، 12 كەنت

ئاھالىلەر گۇرۇپپىسى قارايدۇ، يېزا بويىچە 468 ئائىلە، 1883 نوپۇس بار، بۇنىڭ ئىچىدە تاجىكلار 872، ئۇيغۇرلار 833، خەنزۇلار 178.

بۇ يېزا قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى بۇ جاي تۇغچى يېزىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغانىدى. 1955- يىلى قاغىلىقتىن پوسكامغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. 1954 - يىلى تاجىك مىللىي ئاپتونوم يېزىسى قۇرۇلدى، كېيىن ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. 1985 - يىلى قايتىدىن تاجىك مىللىي يېزىسى بولۇپ قۇرۇلدى.

بۇ يېزىنىڭ يەر شەكلى مۇرەككەپ، غەربىي - جەنۇبىي تەرىپى ئېگىز، شەرقىي - شىمالىي تەرىپى پەس بولۇپ، تۈزۈلۈشى قىيپاش. تۇپرىقى چۆل خاراكتېرىدىكى لاتقىلىق تۇپراق، يېرى ئۇنۇمسىز، بۇ يېزا كېيىن قۇرۇلغاچقا، يېزا باشقۇرغان كارخانىلاردىن ئېلېكتر ئىستانسىسى، خىش زاۋۇتى، قۇم شېغىل زاۋۇتىلا بار، ئۇلارنىڭ يىللىق مەھسۇلات قىممىتى 30 مىڭ يۈەندىن ئاشىدۇ.

مەدەنىيەت - مائارىپ مۇئەسسەسىلىرى جەھەتتە، تۆت باشلانغۇچ مەكتەپ، 234 ئوقۇغۇچى، 14 ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچى بار.

ئىشلەپچىقىرىش ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىدىغان كارخانا، كەسپىي ئورۇنلار تېخى قۇرۇلمىدى. بارلىق ئىشلارنى تۇغچى يېزىسى ۋەكالىتەن بېجىرىدۇ.

## قوشۇمچە: ناھىيە باشقۇرغان تۆت مەيداننىڭ قىسقىچە ئەھۋالى

## دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ناھىيىلىك دېھقانچىلىق مەيدانى

بۇ مەيدان ناھىيە بازىرى (پوسكام بازىرى) نىڭ 13 كىلومېتر جەنۇبىغا جايلاشقان، شەرق تەرىپى ئىككىسۇ يېزىسى بىلەن تۇتىشىدۇ، جەنۇب تەرىپى شەرقىي كەلكۈن باشلاش باش غول ئۆستىڭى ئارقىلىق تۇغچى يېزىسى بىلەن قوشنا، غەرب تەرىپى كۆيباغ يېزىسى بىلەن چېگرىلىنىدۇ. شىمال تەرىپى سەيلى يېزىسى بىلەن قوشنا، مەيدان شتابى كۆكچىئېرىقتا. مەيداننىڭ ئومۇمىي كۆلىمى 4.92 كۋادرات كىلومېتر، ئۇنىڭغا ئالتە چوڭ ئەترەت، 18 ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتى قارايدۇ، مەيدان بويىچە تۆت مىللەت، 772 ئائىلە، 3065 نوپۇس بار، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇرلار 2507، خەنزۇلار 517، خۇيزۇلار 26، تاجىكلار 15؛ يېزا ئىگىلىك نوپۇسى 2395، غەيرىي يېزا ئىگىلىك نوپۇسى 670.

ناھىيىلىك دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ تەكتى ناھىيىلىك دېھقانچىلىق تەجرىبە مەيدانى بولۇپ، ئورنى ھازىرقى ناھىيىلىك ئورمانچىلىق مەيدانى (پىچانچى) دا ئىدى، ئۇ، 1954 - يىل 3 - ئايدا قۇرۇلغان. 1959 - يىلى كۆكدۆڭدىكى قاقاس جاڭگالنى ئېچىش ئۈچۈن، ناھىيىلىك دېھقانچىلىق تەجرىبە مەيدانىنى ئاساس قىلىپ دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ناھىيىلىك دېھقانچىلىق مەيدانى قۇرۇش قارار قىلىندى. ئاپتونوم رايونلۇق بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش نازارىتى ئەۋەتكەن بىنەم يەرلەرنى تەكشۈرۈش - ئۆلچەش ئەترىتى تەكشۈرۈپ بېكىتكەندىن كېيىن، مەيدان شتابى پىچانچىدىن ھازىرقى دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ تاغدۆڭ ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتىگە كۆچتى. 1979 -

يىلى ھازىرقى گۈلئېرىق ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتىگە كۆچتى.

1964 - يىلدىن تارتىپ، دېھقانچىلىق مەيدانى ناھىيە ۋە ئاپتونوم رايونلۇق بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش - تۈزۈش نازارىتىنىڭ قوش رەھبەرلىكىدە بولغانىدى. 1978 - يىلى مەيداننىڭ تۈزۈلمىسى تۆۋەنگە چۈشۈرۈلۈپ ناھىيىنىڭ رەھبەرلىك قىلىشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى، ھازىرغىچە ناھىيىنىڭ رەھبەرلىكىدە بولۇپ كەلمەكتە.

مەيدان بويىچە 15 مىڭ 616 مو تېرىلغۇ يەر، 612 مو سۈنئىي ئورمان، 18 مىڭ 47 مو ئوتلاق ۋە بوز يەر، 2884 مو سازلىق بار، ئىشلەپچىقىرىش شارائىتى بىر قەدەر ئەۋزەل، ئىسسىقنى خالايدىغان كېۋەز، قوغۇن - تاۋۇز، مېۋە - چېۋە ئۆستۈرۈشكە باب كېلىدۇ. لېكىن مەيداندا ئويمان - چوڭقۇر يەرلەر بىر قەدەر كۆپ بولغاچقا، يەرلىرىنىڭ كۆپ قىسمى زەي، چىملىق تۇپراق، يەر ئاستى سۈيىنىڭ ئورنى ئېگىز، شورىنىڭ زىيىنى بىر قەدەر ئېغىر.

1984 - يىلى مەيدان بويىچە 1 مىليون 556 مىڭ كىلوگرام ئاشلىق، 39 مىڭ 500 كىلوگرام پاختا ئېلىندى، يۇقىرىغا 235 مىڭ 500 كىلوگرام تاۋار ئاشلىق، 35 مىڭ كىلوگرام پاختا تاپشۇرۇلۇپ، ھەممىسىدە تارىختىكى ئەڭ يۇقىرى رېكورد بۇزۇپ تاشلاندى.

مەيداندا يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرىدىن باشقا، يەنە بورىچىلىق كارخانىسى، ئاساسىي قۇرۇلۇش ئەترىتى، خىش زاۋۇتى، يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرى زاۋۇتى قاتارلىق ئورۇنلار بار. 1982 - يىلى سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 565 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1962 - يىلدىكىدىن ئۈچ قاتلاندى.

مەيداندا ئاپتوموبىلدىن بەشى، تراكتوردىن يەتتىسى، قول تراكتورىدىن بەشى، دىزېل ماتوردىن ئالتىسى، شال ئاقلاش ماشىنىسىدىن يەتتىسى بار.

مەيداندا تۆت باشلانغۇچ مەكتەپ، 384 ئوقۇغۇچى(بۇنىڭ ئىچىدە خەنزۇ ئوقۇغۇچى42)، 20 ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچى، بىر دوختۇرخانا، تۆت دوختۇر - سېستىرا، ئون كېسەل كارىۋىتى بار.

سودا ئاپپاراتى جەھەتتە، مەيدان ئاچقان بىر ماگىزىن بولۇپ، ئۇنىڭدا مېتال بۇيۇملار، تۈرلۈك ماللار، يېمەكلىكلەر سېتىلىدۇ.

## ناھىيىلىك ئۇرۇقچىلىق مەيدانى

بۇ مەيدان پوسكام ناھىيىسى بازىرىنىڭ بەش كىلومېتىر شىمالىغا جايلاشقان، شەرق تەرىپى پوسكام يېزىسى بىلەن قوشنا، جەنۇب ۋە غەرب تەرىپى ئايكۆل يېزىسى بىلەن چېگرىلىنىدۇ، شىمال تەرىپى يەكەن دەرياسى ئارقىلىق يەكەن بىلەن قارشىپ تۇرىدۇ، مەيدان شتابى قارىغاتتا. مەيداننىڭ ئومۇمىي كۆلىمى 11.09 كۋادرات كىلومېتىر، مەيدان بويىچە 6671 مو تېرىلغۇ يەر، 1015 مو ئورمان، 800 مو ئوتلاق ۋە بوز يەر، 6671 مو دەريا ساھىلىدىكى يەر بار. ئۇنىڭغا ئالتە ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتى قارايدۇ، مەيدان بويىچە 343 ئائىلە، 1290 نوپۇس بار، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇرلار 1185، خەنزۇلار 104، خۇيزۇ بىر، يېزا ئىگىلىك نوپۇسى 1038، غەيرىي يېزا ئىگىلىك نوپۇسى 252.

مەيداننىڭ ئورنى ئەسلىدە پوسكام ناھىيىلىك دېھقانچىلىق تەجرىبە مەيدانى ئىدى، 1959-يىلدىن كېيىن ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك تېخنىكا پونكىتىنىڭ دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىنى ئۆستۈرۈش تەجرىبە بازىسى قىلىنغان. 1967 - يىلى ھازىرقى ئورۇندا ناھىيىلىك ئورمانچىلىق

مەيدانى قۇرۇلۇپ، ھازىرغىچە مەۋجۇد بولۇپ كەلمەكتە.

بۇ مەيدان ـ پوسكام ناھىيىسىنىڭ يېزا ئىگىلىكى ئۈچۈن سۈپەتلىك ئۇرۇق يېتىشتۈرۈپ بېرىدىغان بازا، شۇنداقلا ئاپتونوم رايوننىڭ كېۋەز ئۇرۇقلۇقى بازىسى ھېسابلىنىدۇ. 1984 ـ يىلدىكى دۆلەت ئىشچى ـ خىزمەتچىسى 121، ئۇرۇق يېتىشتۈرۈش ئەترىتى بىر. بۇ مەيدان يىللاردىن بۇيان دۆلەتكە 75 مىڭ كىلوگرام 108Φ كېۋەز ئۇرۇقىنى ساپلاشتۇرۇپ بەردى، 500 مىڭ كىلوگرام ئۇرۇقلۇق كۆپەيتىپ بەردى، 705 مىڭ كىلوگرام سۈپەتلىك شال ئۇرۇقلۇقى، 6 مىليون 949 مىڭ 500 كىلوگرام سۈپەتلىك كۆممىقوناق ئۇرۇقلۇقى، 9 مىليون 110 مىڭ كىلوگرام سۈپەتلىك بۇغداي ئۇرۇقلۇقى يېتىشتۈردى. 1982 ـ يىلىلا 215 مىڭ كىلوگرام «تاڭشەن» ۋە «قەشقەر 1 ـ نومۇرلۇق» سۈپەتلىك بۇغداي ئۇرۇقلۇقى، 40 مىڭ كىلوگرام 108 Φ كېۋەز ئۇرۇقلۇقى، 15 مىڭ كىلوگرام چوڭ دانلىق زىغىر ئۇرۇقلۇقى، 32 مىڭ 500 كىلوگرام «ئالتۇن مۇنار» كۆممىقوناق ئۇرۇقلۇقى، 90 مىڭ كىلوگرام ئاق قىلتىرىقلىق شال ئۇرۇقلۇقى يېتىشتۈرۈپ، ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنى 440 مىڭ يۈەنگە، كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ئوتتۇرىچە كىرىمنى 425 يۈەنگە يەتكۈزدى. بۇنىڭ بىلەن ناھىيىنىڭ يېزا ئىگىلىكىدە مەھسۇلاتنى يىلمۇ يىل ئاشۇرۇشى ئۈچۈن شارائىت يارىتىلدى، شۇنداقلا مەيداننىڭ ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ داۋاملىق مۇقىم تەرەققىي قىلىشى كاپالەتكە ئىگە قىلىندى. ھازىر مەيداندا ئاپتوموبىلدىن بىرى، تراكتوردىن ئالتىسى، يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەيدىغان ھەر خىل ماشىنىدىن 18 ى بار. مەيداندىكى باشلانغۇچ مەكتەپ بىر، ئوقۇغۇچىسى 76، مەيداندا بىر دوختۇرخانا، ئۈچ دوختۇر ـ سېستىرا، بىر تۈرلۈك ماللار ماگىزىنى بار.

## ناھىيىلىك باغۋەنچىلىك مەيدانى

بۇ مەيدان ناھىيە بازىرىنىڭ 13.5 كىلومېتىر غەربىي جەنۇبىغا جايلاشقان، مەيدان شتابى چاقا كەنتىدە. مەيداننىڭ شەرق تەرىپى كۆيباغ يېزىسىنىڭ يېڭىئېرىق كەنتى بىلەن، جەنۇب تەرىپى كۆيباغ يېزىسىنىڭ يالغۇزباغ كەنتى بىلەن، شىمال تەرىپى ئاقتام يېزىسىنىڭ ئاقتام كەنتى بىلەن تۇتىشىدۇ، غەرب تەرىپى ئاقتام يېزىسىنىڭ قولتۇقئېرىق كەنتى بىلەن قوشنا. مەيداننىڭ ئومۇمىي كۆلىمى 2.59 كۋادرات كىلومېتىر، ئۇنىڭغا تۆت ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتى قارايدۇ، مەيدان بويىچە 144 ئائىلە، 506 نوپۇس بار، بۇنىڭ ئىچىدە خەنزۇلار 270، ئۇيغۇرلار 229، موڭغۇللار ئۈچ، ئۆزبېكلەر ئىككى، تاجىك بىر، مانجۇ بىر؛ يېزا ئىگىلىك نوپۇسى 205، غەيرىي يېزا ئىگىلىك نوپۇسى 303.

بۇ مەيدان 1973 ـ يىلى قۇرۇلغان، مەيدان بويىچە 3100 مو تېرىلغۇ يەر بار، يەرلىرى تۇتاش، يەر شەكلى تۈز، كىلىماتى مۆتىدىل، كۈن نۇرى يېتەرلىك، قوغۇن ـ تاۋۇز، مېۋە ـ چېۋە ئىشلەپچىقىرىشقا باب كېلىدۇ، لېكىن تۇپرىقى ئۈنۈمسىز، سۇ ئىنشائاتى شارائىتى ناچار، ئىقتىسادى ئۆزۈكچىلىك بولغانلىقى تۈپەيلىدىن، باغۋەنچىلىك ئىشلەپچىقىرىشنى ئاساسلىق تۈر قاتارىغا كىرگۈزۈشكە ئىمكانىيەت بولمىغانىدى. 1982 ـ يىلغىچە مەيدان بويىچە 472 مو مۇقىم باغ بەرپا قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاق كىشمىش 200 مو بولۇپ، يىلىغا بىر توننا قۇرۇق ئۈزۈم ئېلىنىدۇ، نەشپۈتلۈك باغ 60 مو، ئالمىلىق باغ 50 مو، ئۆرۈكلۈك باغ 50 مو، ئانارلىق باغ 12 مو. يېزا ئىگىلىك يەنىلا ئاساسلىق ئىشلەپچىقىرىش تۈرى ھېسابلىنىدۇ، مەيدان بويىچە

كىشى بېشىغا 277 يۈەندىن كىرىم توغرا كەلدى. 1984 - يىلى 16 مىڭ كىلوگرام ئاشلىق، 8500 كىلوگرام پاختا ئېلىندى.

سانائەت قوشۇمچە كەسىپ ئىشلەپچىقىرىشى يېقىنقى يىللاردىن بۇيان راۋاجلاندى، بۇ مەيداندا ئاساسىي قۇرۇلۇش ئەترىتى، بىر خۇمدان بولۇپ، ئۇلاردا 87 ئىشچى - خىزمەتچى ئىشلەيدۇ.

مەيداندا ئاپتوموبىلدىن بىرى، تراكتوردىن ئۈچى، يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەيدىغان ھەر خىل ماشىنىدىن سەككىزى بار.

## ناھىيىلىك ئورمانچىلىق مەيدانى

بۇ مەيدان ناھىيە بازىرىنىڭ 41 كىلومېتىر غەربىي شىمالىدىكى ياسىدۇن جاڭگىلىنىڭ ئىچىگە جايلاشقان، ئۇنىڭ شەرق تەرىپى ناھىيىلىك سۇ ئېلېكتىر ئىستانسىسى بىلەن قوشنا، جەنۇب تەرىپى كۇيباغ يېزىسىنىڭ ياسىدۇن كەنتى بىلەن، غەرب تەرىپى يەكەن دەرياسى بىلەن تۇتىشىدۇ، شىمال تەرىپى شەرقىي ئۆستەڭ بىلەن قوشنا، مەيداننىڭ ئومۇمىي كۆلىمى 13.7 كۋادرات كىلومېتىر (20. مىڭ 568 مو)، بۇنىڭ ئىچىدە قايتا ئۆسكەن توغراقلىق كۆلىمى 2800 مودىن ئاشىدۇ، 105 مو كۆچەتخانا بار. مەيدان بويىچە 50 ئائىلە، 237 نوپۇس بار، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇرلار 221، تاجىكلار 15، خەنزۇ بىر، دۆلەت شتاتىدىكى رەسمىي ئىشچى - خىزمەتچى 107.

ئورمانچىلىق مەيدانىنى قۇرۇشقا 1959 - يىل 9 - ئايدا تەييارلىق قىلىنغانىدى. ئەينى چاغدا ئۇ، «ئالغا» گۇڭشېسىنىڭ بىر ئورمانچىلىق ئەترىتى بولۇپ، شۇ ئەتراپتىكى 7000 مو يەردىكى تەبىئىي توغراق، يۇلغۇنلارنى باشقۇراتتى. 1961 - يىلى «ئالغا» گۇڭشېسىدىن ئايرىلىپ چىقىپ، مۇستەقىل ئورمانچىلىق مەيدانى بولۇپ قۇرۇلۇپ، ناھىيىنىڭ رەھبەرلىكىدىكى ئومۇمخەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى كارخانا بولدى، ئۇ، ئاساسلىق كەسپىنى ھەر خىل كۆچەت يېتىشتۈرۈشكە قاراتتى. 1972 - يىلى كۇيباغ گۇڭشېسىنىڭ ياسىدۇن چوڭ ئەترىتى ناھىيىلىك ئورمانچىلىق مەيدانىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى، پۈتۈن مەيدان ئورمانچىلىق ئەترىتى ۋە دېھقانچىلىق ئەترىتىگە بۆلۈنۈپ، كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىككە ئۆزگەرتىلدى. 1979 - يىلى ياسىدۇن چوڭ ئەترىتى قايتىدىن كۇيباغ گۇڭشېسىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. ئورمانچىلىق مەيدانىنىڭ ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىك تۈزۈلمىسى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى، ئۇ، شىنجاڭ تېرىكى كۆچىتى يېتىشتۈرۈشنى ئاساسىي تۈر قىلدى. كۆپ يىل ئىگىلىك باشقۇرۇش ئارقىلىق، 1982-يىلىنىڭ ئاخىرىدا مەيداندىكى زاپاس ئورمان مىقدارى 18 مىڭ كۇب مېترغا يېتىپ، پەيدىن-پەي ناھىيىنىڭ ياغاچ ماتېرىيالى بازىسى بولۇپ قالدى.

ئورمانچىلىق مەيدانىدا كۆپ مىقداردا دورا ئۆسۈملۈكلىرى ئۆسىدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە بۆرە سامىسىقى، سېرىق يۆگەي، چۈچۈك بۇيا، چاكاندا، ئىت ياڭىقى قاتارلىقلار تېخىمۇ ئومۇميۈزلۈك تارالغان، چۈچۈك بۇيىنىڭ تارقىلىش كۆلىمى ناھايىتى زور، سۈپىتىمۇ ياخشى، غەربىي جەنۇبتىكى قۇملۇقتا قۇملۇق گىياھى دەپ ئاتىلىدىغان قىممەتلىك دورا ماتېرىيالى — توشقان زەدىكى ئۆسىدۇ. بۇنىڭ مەھسۇلاتى گەرچە كۆپ بولمىسىمۇ، مۇشۇ مەيداننىڭ ئالاھىدە مەھسۇلاتى ھېسابلىنىدۇ.

ئورمانچىلىق مەيدانىدا ئورمان ئارىلىقىغا ئاشلىق زىرائىتى تېرىش يولغا قويۇلغان، 1984-يىلى ئورمان ئارىسىغا ئاشلىق زىرائىتى تېرىلغان يەر كۆلىمى 150 موغا، ئېلىنغان ئاشلىق 49 مىڭ كىلوگرامغا، پاختا 500 كىلوگرامغا يەتتى. ئورمانچىلىق، دېھقانچىلىق ئومۇمىي

كىرىمى 74 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، تارىختىكى ئەڭ يۇقىرى قىممەت يارىتىلدى.
دەل - دەرەخنىڭ سۈپىتىنى ياخشىلاشتىمۇ كۆرۈنەرلىك ئۈنۈم ھاسىل قىلىندى. 1982 - يىلغىچە مەيدان بويىچە ئۆچتىن بىر قىسىم تەبىئىي توغراققا شىنجاڭ تېرىكى ئۇلاندى، بۇ تېرەكلەر ياخشى ئۆستى.
بۇ مەيداندا ئىككى توننىلىق گاز ئاپتوموبىلىدىن بىرى، 75 ئات كۈچىگە ئىگە زەنجىر تاپان توپا ئىتتىرىش ماشىنىسىدىن ئىككىسى، 28 ئات كۈچىگە ئىگە «شەرق قىزاردى» ماركىلىق تراكتوردىن بىرى، 75 ئات كۈچىگە ئىگە زەنجىر تاپان تراكتوردىن بىرى بار.
مەيداندا بىر باشلانغۇچ مەكتەپ، بىر دوختۇرخانا، ئىككى تىببىي خادىم، بىر مال دوختۇرى، بىر ۋەكالەتەن سېتىش دۇكىنى بار.

## § 4. ناھىيىدە تۇرۇشلۇق ئورۇنلار

### جەنۇبىي شىنجاڭ نېفىت چارلاش بىرلەشمە جېڭى قوماندانلىق شتابى

بۇ شتاب 1964 - يىلى قۇرۇلغان. 1979 - يىلى پوسكامغا كۆچۈپ كەلگەن. شتاب ناھىيە بازىرىنىڭ 18 كىلومېتر غەربىي جەنۇبىدىكى ئۆزۈنساي جاڭگىلىنىڭشىمالىي چېتىگەجايلاشقان، شەرق تەرىپى كۆيباغ يېزىسىنىڭ ئالاچاچباغ كەنتى بىلەن قوشنا، جەنۇب تەرىپى سېرىمنىڭ سېپى بىلەن، غەرب تەرىپى كۆيباغ يېزىسىنىڭ يالغۇزباغ كەنتى بىلەن، شىمال تەرىپى كۆيباغ يېزىسىنىڭ كۆيباغ كەنتى بىلەن تۇتىشىدۇ. ئومۇمىي كۆلىمى 9.8 كۋادرات كىلومېتر. يەكەن دەرياسىنىڭ شەرقىي كەلكۈن باشلاش باش غول ئۆستىڭى غەربتىن شەرققە ئېقىپ قوماندانلىق شتابىنىڭ تەۋەسىنى كېسىپ ئۆتىدۇ، ئۆستەڭنىڭ شىمال تەرىپى تۇرمۇش رايونى بولۇپ، باش شتاب مۇشۇ يەردە تەسىس قىلىنغان. ئۆستەڭنىڭ جەنۇب تەرىپى ئىشلەپچىقىرىش رايونى بولۇپ، نېفىت ئايرىش زاۋۇتى، خىمىيىۋى ئوغۇت زاۋۇتى، سۇيۇقلاشتۇرۇلغان گاز زاۋۇتى مۇشۇ يەرگە ئورۇنلاشقان.
قوماندانلىق شتابىدا 5881 نەپەر ھەر مىللەت ئىشچى - خىزمەتچى، 7323 نوپۇس بار (1984-يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى مەلۇمات).
زاۋۇت رايونىدا «بىر تۇتاش پىلانلاش، پەيدىن - پەي يولغا قويۇش» تىن ئىبارەت قۇرۇلۇش فاڭجېنىغا ئاساسەن، 1977 - يىلدىن 1984 - يىلغىچە 15 كىلومېتر ئۇزۇنلۇقتا ئون ئاسفالىت يول ياسالدى. توپا يۆتكەپ كېلىنىپ 15 مىڭ 500 تۈپ كۆچەت تىكىلىپ، كۆكەرتىش كۆلىمى 25 مىڭ كۋادرات مېترغا يەتكۈزۈلدى. 82 مىڭ كۋادرات مېتر كېلىدىغان ھەر خىل زاۋۇت، جامائەت پاراۋانلىقى، مەدەنىيەت مۇئەسسەسلىرى ۋە ئاشلىق دۇكىنى، بانكا، سودا سارىيى سېلىندى. بىر تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى قۇرۇلدى، بىر باغچا، بىر مېۋىلىك باغ بەرپا قىلىندى.
1985 - يىلى جەنۇبىي شىنجاڭ نېفىت چارلاش بىرلەشمە جېڭى قوماندانلىق شتابىنىڭ نامى شىنجاڭ نېفىت باشقۇرۇش ئىدارىسى پوسكام تەبىئىي گاز ئۆزلەشتۈرۈش شىركىتىگە ئۆزگەرتىلىپ، كۆكيار نېفىتلىكىنى ئېچىش، پوسكام نېفىت خىمىيە سانائىتى زاۋۇتىنى قۇرۇشقا بىر تۇتاش تەييارلىق كۆرۈلدى.
پوسكام نېفىت خىمىيە سانائىتى زاۋۇتىنىڭ قۇرۇلۇشى 1986 - يىل 5 - ئاينىڭ 1 - كۈنى

باشلانغانىدى. 1989 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە قۇرۇلۇش ئاساسەن پۈتتى، بۇ قۇرۇلۇشقا جەمئىي 545 مىليون 729 مىڭ 500 يۈەن (تەخمىنىي ھېساب) مەبلەغ سېلىندى. ھازىر 2330 ئىشچى - خىزمەتچى بار، بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت ئىشچى - خىزمەتچى %33.5 نى، ئايال ئىشچى - خىزمەتچى %36.2 نى، 25 ياشتىن تۆۋەن ياش ئىشچى %65 نى ئىگىلەيدۇ. خىمىيە سانائىتى زاۋۇتى 1989 - يىل 5 - ئاينىڭ 1 - كۈنى سىناق تەرىقىسىدە ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى، رەسمىي ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلگەندىن كېيىن، ھەر يىلى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئىككى ۋىلايەت، بىر ئوبلاست (قەشقەر، خوتەن ۋىلايەتلىرى، قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستى) نى 60 مىڭ توننا بېنزىن، 10 مىڭ توننا كىرسىن، 50 مىڭ توننا دىزېلىن، 10 مىڭ توننا سۇيۇقلاشتۇرۇلغان گاز، 110 مىڭ توننا ئۇرېيە، 2000 توننا سۇيۇق ئامىياك بىلەن تەمىنلەپ، شىمالنىڭ نېفتى ۋە ئوغۇتىنى جەنۇبقا يۆتكەش ئەھۋالى ئاساسەن ئۆزگەرتىلىدۇ، ھەر يىلى 70 مىليون يۈەن ترانسپورت خىراجىتىنى تېجەپ قالغىلى بولىدۇ.

نېفىت خىمىيە سانائىتى زاۋۇتى زامانىۋىلاشقان ئوتتۇرا تىپتىكى نېفىت خىمىيە سانائىتى بىرلەشمە كارخانىسى بولۇپ، تۆۋەندىكى ئون تۈرلۈك قۇرۇلۇشتىن تەركىب تاپقان.

1. **نېفىت ئايرىش سىستېمىسى** بۇ، يىللىق مىقدارى 150 مىڭ تونناغا يېتىدىغان نورمال بېسىمدا چەككىلەش قۇرۇلمىسى، يىللىق مىقدارى 60 مىڭ تونناغا يېتىدىغان كاتالىزلاپ قايتا تەڭشەش قۇرۇلمىسى، يىللىق مىقدارى 50 مىڭ تونناغا يېتىدىغان قالدۇق مايىنى نورمال بېسىمدا كاتالىزلاپ كىرېكىنلەش قۇرۇلمىسى، ماي ساقلاش - توشۇش ۋە قوشۇمچە قۇرۇلۇشلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

2. **سۇيۇقلاشتۇرۇلغان گاز قۇرۇلمىسى** بۇ، يىلىغا 150 مىڭ توننا نېفىتنى تۈراقلاشتۇرۇش قۇرۇلمىسى، يىلىغا 10 مىڭ توننا سۇيۇقلاشتۇرۇلغان گاز - يېنىك مايىنى قايتۇرۇۋېلىش قۇرۇلمىسى، سۇيۇقلاشتۇرۇلغان گازنى ساقلاش سىستېمىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

3. **خىمىيىۋى ئوغۇت زاۋۇتى** بۇ، يىلىغا 60 مىڭ توننا بىرىكمە ئامىياك ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلمىسى، يىلىغا 110 مىڭ توننا ئۇرېيە ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلمىسى، خىمىيىۋى ئوغۇتنى ساقلاش، توشۇش ۋە باشقا ياردەمچى قۇرۇلۇشلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

4. **تۇرۇبا** بۇ، كۆكيار نېفىت گازلىقىدىن نېفىت خىمىيە سانائىتى زاۋۇتىغا نېفىت ۋە گاز يەتكۈزۈپ بېرىدىغان تۇرۇبا.

5. **ئىسسىقلىق ئېلېكتر ئىستانسىسى** بۇ، ئەنگلىيەدىن كىرگۈزۈلگەن رويىرو شىركىتىنىڭ 10500 × 3 كىلوۋاتلىق گاز تۇربىنىلىق گېنېراتورلار گۇرۇپپىسى، سائەتتە 22 توننا سۇ ئىسسىتالايدىغان قالدۇق ئىسسىقلىق پار قازىنى، سائەتتە 95 توننا سۇ ئىسسىتالايدىغان سۇ ئىسسىتىش ئۈسكۈنىسى، سائەتتە 150 توننا سۇنى بىر تەرەپ قىلىش ئۈسكۈنىسى، كۈنىگە دېڭىزئاتلىغا ئىشلىتىلىدىغان 190 مىڭ ئۆلچەملىك كۇب مېتىر تەبىئىي گازنى بىر تەرەپ قىلىش سىستېمىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە گاز تۇربىنىلىق ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ يۈرۈشلەشتۈرۈلگەن توك يوللاش - تەقسىم قىلىش سىستېمىسى، ئىسسىقلىق بىلەن تەمىنلەش سىستېمىسى ۋە ياردەمچى قۇرۇلۇشلار، سائەتتە3×10توننا پار بېرىدىغان پارخانا، 1000×3 كىلوۋاتلىق دىزېلىن بېقىلغۇ قىلىنىدىغان گېنېراتور پونكىتى بار. بۇلار پۈتۈن زاۋۇتنىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغدايدىغان توك مەنبەسى ھېسابلىنىدۇ.

6. **سۇ بىلەن تەمىنلەش سىستېمىسى.**

7. **پاسكىنا سۇلارنى چىقىرىۋېتىش سىستېمىسى.**

8. **سىستېما قۇرۇلۇشى** بۇ، پۈتۈن زاۋۇتنىڭ ئومۇمىي سخېمىسى، يوللىرى، كۆكەرتىلىشى ۋە تىك يۈزلىنىشلىك جايلاشتۇرۇلۇشى، پۈتۈن زاۋۇتنىڭ ھۇنەر - سەنئىتى، ئىسسىقلىق ئېنېرگىيىسى، تۇرۇبا تورلىرى، توك بىلەن تەمىنلەش، خەۋەرلىشىش؛ 800 توچكىلىق ئاپتوماتىك تېلېفون ئارقىلىق خەۋەرلىشىش پونكىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

9. **جامائەت مۇئەسسەسىلىرى قۇرۇلۇشى** بۇ، ماشىنا رېمونت قىلىش، ئېلېكتر رېمونتى، رېمونتچىلىق، ئامبار، سىلىقلاش مېيى پونكىتى، ئاپتوموبىل ئۆيى، ئوت ئۆچۈرۈش ئاپتوموبىلى ئۆيى، ئازوت ئىشلەش قۇرۇلمىسى ۋە تەييار ماي تۇرۇبا لىنىيىسى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

10. **ئىشلەپچىقىرىشنى باشقۇرۇش ۋە تۇرمۇش پاراۋانلىق رايونى** تۇرمۇش رايونى 26 گېكتار يەرنى ئىگىلىگەن بولۇپ، بۇ يەردە جەمئىي 117 مىڭ 700 كۋادرات مېتىرلىق ئولتۇراق ئۆي ۋە جامائەت مۇئەسسەسىلىرى بار؛ ئىشلەپچىقىرىشنى باشقۇرۇش رايونى 3.85 گېكتار يەرنى ئىگىلىگەن. ئۇ، ئىشخانا بىناسى، خەۋەرلىشىش بىناسى ۋە مۇھىت ئاسراش - كۆزىتىش پونكىتى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

## شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى 3 - ئاپتوموبىل ترانسپورت شىركىتىنىڭ 3 - كالونى

بۇ كالون 1975 - يىلى پوسكام ناھىيىسى بازىرىدىكى ئاۋات كوچىسىنىڭ شىمال تەرىپىگە كۆچۈپ كەلگەن، ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى 33 مىڭ 300 كۋادرات مېتىر. بۇ كالوننىڭ 83 ئاپتوموبىلى بار (بۇنىڭ ئىچىدە غەيرىي تىجارەت ئاپتوموبىلى تۆت)، ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ماشىنا رېمونت سېخى، ئاپتوموبىل توختىتىش پونكىتى، ماي ئامبىرى، ئىشخانا، مەكتەپ قاتارلىق مۇئەسسەسىلەر بار. كالوننىڭ 1984 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىسى 317، ئومۇمىي نوپۇسى 735. بۇ كالون ترانسپورت تىجارىتى بىلەن شۇغۇللانغاندىن باشقا قوشۇمچە ئاپتوموبىل رېمونت كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ، يىللىق ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى تەخمىنەن 3 مىليون يۈەنگە يېتىدۇ، يۇقىرىغا ئۆتكۈزۈپ ھېساب بىلەن يىلىغا 120 مىڭ يۈەن پايدا تاپشۇرىدۇ.

# § 5. قىسمەن يەر نامىلىرى ھەققىدە قىسقىچە ئىزاھات

### 1. ناھىيىنىڭ نامى

بۇ ناھىيە ئۇيغۇرچە پوسكام، خەنزۇچە زېپۇ (泽普) دەپ ئاتىلىدۇ.

پوسكام دېگەن نامنىڭ مەنىسى ھەققىدە كۆپلىگەن رىۋايەتلەر بار: 1) پوسكام دېگەن نام ئۇيغۇرچە «پوست كەم» دېگەن سۆزنىڭ ئۆزگىرىشىدىن كەلگەن، ئۇ، «پوست كەم» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. يەنە بىر خىل قاراش بويىچە «پوستى كەم» دەپ چۈشەندۈرۈلۈپ، پوسكام

دېگەن نام پوست (تېرىسى) دېگەن سۆزنىڭ ئۆزگىرىشىدىن كەلگەن دېيىلگەن. خەلق رىۋايەتلىرىدە ئېيتىلىشىچە، قەدىمكى زاماندا ئىسلام دىنىنى تارقاتقۇچىلار بۇ يەردىن ئۆتكەندە، ئاممىغا ئۆزلىرىگە قوي سويۇپ ھەدىيە قىلىشنى بۇيرۇغان، ھەدىيە قىلغىنى قوي گۆشىلا بولۇپ، ئۇنىڭ تېرىسى بولمىغانلىقى ئۈچۈن، دىن تارقاتقۇچىلار «پوستى كەم» ئىكەن دېگەن، كېيىن بۇ سۆز يەر نامى بولۇپ قالغانىكەن. يەنە بىر خىل ئىزاھاتتا «پوتەي كەم» دەپ چۈشەندۈرۈلىدۇ. 2) پوسكام «پوستكايان» دېگەن سۆزنىڭ ئاھاڭ ئۆزگىرىشىدىن كەلگەن، «پوست» دېگەن سۆز «تېرە» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. «كايان» دېگەن سۆز قەدىمكى ئىران پادىشاھلىقىنىڭ كايان پادىشاھىنى كۆرسىتىدۇ. رىۋايەتلەردە ئېيتىلىشىچە، قەدىمكى زاماندىكى ئىران پادىشاھلىقىنىڭ كايان پادىشاھى قوشۇنلىرىنى باشلاپ تۇران بەگلىكى (ھازىرقى يەكەن ئەتراپلىرى) گە تاجاۋۇز قىلغان، ئىككى تەرەپ زەرەپشان دەرياسى بويى (ھازىرقى يەكەن دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ۋە يۇقىرى قىسمى) دا كەسكىن جەڭ قىلغان، تۇران بەگلىكى غەلىبە قىلغاندىن كېيىن، ئەسىرلەرنىڭ تېرىسىنى سويۇپ دەرەخكە ئېسىپ، ئۆزىنىڭ جەڭ غەلىبىسىنى كۆز - كۆز قىلغان. ئىران پادىشاھلىقىنىڭ قوشۇنلىرى يەنە بىر قېتىم تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەندە، دەرەخ شاخلىرىغا ئېسىلغان ئادەم تېرىلىرىنى كۆرۈپ، «پوستكايان» دەپ توۋلىشىپ، ئۇرۇشمايلا چېكىنگەن. كىشىلەر شۇ قېتىمقى جەڭنى خاتىرىلەش ئۈچۈن، بۇ يەرنى «پوستكايان» دەپ ئاتىغانىكەن. 3) قەدىمكى پارس تىلىدا «پوستى كان» دېگەن سۆز «يەر يۈزىدىكى كان» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. رىۋايەتلەردە ئېيتىلىشىچە، ئۇزۇن زامانلار ئىلگىرى، بۇ يەرنىڭ تۇپرىقى مۇنبەت، بايلىقى مول ئىكەن، يەكەن دەرياسىدىكى قۇم تەركىبىدە ئالتۇن بار ئىكەن، شۇڭا بۇ يەرنىڭ نامى «پوستى كان» دەپ ئاتالغانىكەن، كېيىن ۋاقىتنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن ئاھاڭى ئۆزگىرىپ «پوسكام» بولۇپ قالغانىكەن.

يۇقىرىقىلار رىۋايەتلا بولۇپ، تارىخىي ماتېرىياللار ئارقىلىق دەلىللەنمىگەن.

خەنزۇچە زېپۇ« 泽普 »(پوسكام) دېگەن سۆز خەنزۇچە زەرەپشان دەرياسى(泽勒普善河) دېگەن سۆزنىڭ قىسقارتىلىپ يېزىلىشىدىن ئىبارەت. زەرەپشان پارسچە سۆز بولۇپ، «تەركىبىدە ئالتۇن بار» ياكى «ئالتۇن تارالغان جاي» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ئۇ، « 泽普 » بىلەن ئوخشاش مەنىنى بىلدۈرىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا « 泽普 » دېگەن سۇ، سازلىق كۆپ دېگەن مەنىنىمۇ بىلدۈرىدۇ.

## 2. قىسمەن كەنتلەرنىڭ نامى

**خوتەنلىك مەھەللىسى** ئۇيغۇرچە سۆز بولۇپ، «خوتەنلىكلەر ئولتۇراقلاشقان كەنت (جاي)» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**قۇلغان** ئۇيغۇرچە سۆز بولۇپ، «قورغان» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ، رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، ئۇزۇن زامانلار ئىلگىرى، بۇ جايدا جەڭ بولۇپ، قورغان سېلىنغاچقا، بۇ جاي قورغان دەپ ئاتالغان.

**پىگەن مەھەللىسى** ئۇيغۇرچە سۆز بولۇپ، «ئىرادىلىكلەر كەنتى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**تاغارچى مەھەللىسى** ئۇيغۇرچە سۆز بولۇپ، تاغارچى ئۇستىلار كەنتى دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**دۆڭلەڭگەر** ئۇيغۇرچە سۆز بولۇپ، «دۆڭلۈكتىكى لەڭگەر» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

**پايناپ** ئۇيغۇرچە سۆز بولۇپ، «پەستىرما جاي» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. رىۋايەتلەرگە

قارىغاندا، بۇرۇن بۇ يەردە غازات بولغان، بىر دىنىي ئۆلىما بۇ يەردە يۇشۇرۇنۇپ تۇرۇپ رەقىبىگە زەربە بەرگەچكە، شۇ نام بىلەن ئاتالغانىكەن.

**ئاچلىق هويلا** ئۇيغۇرچە سۆز بولۇپ، «ئاچ قورساقلار هويلىسى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. رىۋايەتلەردە ئېيتىلىشىچە، ئىلگىرى بۇ يەردە بىر باي ئادەم ياللاپ ئۆي سالدۇرۇپ، ئۇستىلارغا قورسىقى تويغۇدەك تاماق بەرمەپتۇ، ئۇستىلار ئۇنىڭ هوقۇقىدىن قورقۇپ، ئۇنىڭغا ئۆينى ياخشى سېلىپ بېرىپتۇ - يۇ، ئارقىدىن بايىنى قاغاپ، بۇ هويلىغا ئاچلىق هويلا دەپ نام قويۇپتۇ.

**ئاچا ئېرىق** ئۇيغۇرچە سۆز بولۇپ، «ئايالLAR ئېرىقى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. رىۋايەتلەردە ئېيتىلىشىچە، ئۇزۇن زامانلار ئىلگىرى، هەمراخان ئىسىملىك بىر ئايال ئالتە ئايالنى باشلاپ كېلىپ، بىر ئېرىق چېپىپ، شۇ يەردە ماكانلاشقان، شۇنىڭ بىلەن بۇ جاي شۇ نام بىلەن ئاتالغانىكەن.

**ياندۇرما** ئۇيغۇرچە سۆز بولۇپ، «سۇنى ياندۇرۇش» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، ئىلگىرى بۇ يەرنىڭ يەر تۈزۈلۈشى ئېگىز - پەس بولۇپ، سۇغىرىش ناهايىتى قىيىن ئىكەن، ئېگىز يەرنى سۇغىرىش ئۈچۈن، دېهقانلار قىرنى ناهايىتى ئېگىز سېلىپ، سۇنى ئېگىز يەرگە مەجبۇرىي چىقىرىپ، شۇ ئەتراپتىكى دېهقانلارنىڭ چوڭقۇر مەدھىيىلىشىگە ئېرىشكەچكە بۇ جاي «ياندورما» دەپ ئاتالغانىكەن.

**ساغداق** ئۇيغۇرچە سۆز بولۇپ، «ئوقدان» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. رىۋايەتلەردە ئېيتىلىشىچە، ئۇزۇن زامانلار ئىلگىرى، بۇ يەردە جەڭ بولۇپ بىر تەرەپ مەغلۇپ بولۇپتۇ، نەۋكەرلەر جېنىنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن ئوقدانلىرىنى هەممىلا يەرگە تاشلىۋەتكەچكە، بۇ جاي «ساغداق» دەپ ئاتالغانىكەن.

**مىڭلىق** ئۇيغۇرچە سۆز بولۇپ، «مىڭ ئادەم» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. رىۋايەتلەردە ئېيتىلىشىچە، ئۇزۇن زامانلار ئىلگىرى، ئىسلام دىنى مۇرىتلىرى بىلەن غەيرىي دىندىكىلەر ئوتتۇرىسىدا مۇشۇ يەردە جەڭ بولۇپتۇ، جەڭدە مىڭ ئادەم ئۆلۈپ، مۇشۇ يەرگە دەپنە قىلىنىپتۇ، شۇنىڭ بىلەن بۇ جاي «مىڭلىق» دەپ ئاتالغانىكەن.

**تېتىرباغ** رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، ئۇزۇن زامانلار ئىلگىرى، بۇ يەر بىر كىچىك بازار بولۇپ، بازار كوچىسىنىڭ كەينىدە بىر مېۋىلىك باغ بار ئىكەن. بۇ باغنىڭ مېۋىسى پۇراقلىق ۋە تەملىك ئىكەن، يولۇچىلار بۇ مېۋىلەرنى يېگەندىن كېيىن، «تاتلىق ئىكەن» دەپ ماختايدىكەن. شۇنىڭ بىلەن بۇ باغ «تاتلىق باغ» دەپ ئاتالغان، كېيىنچە بۇ نام كەنت نامىغا ئايلانغان، كېيىن ئاهاڭ ئۆزگىرىشى بىلەن، هازىرقى نامى شەكىللەنگەنىكەن.

**دوخما** ئۇيغۇرچە سۆز بولۇپ، «قاشاڭ» («دوخمال») دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ، رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، ئۇزۇن زامانلار ئىلگىرى، بىر باي دېهقانلارنى تۈرلۈك ئالۋان - ياساق تاپشۇرۇشقا مەجبۇرلاپتۇ، دېهقانلار جىم تۇرۇۋېلىش پوزىتسىيىسى بىلەن ئېتىراز بىلدۈرۈپتۇ، باي ئىنتايىن غەزەپلىنىپ، دېهقانلارنى «دوخمال» دەپ تىللاپتۇ، كېيىنچە بۇ سۆز يەر نامى بولۇپ قالغانىكەن.

**ئودىنلىق** ئۇيغۇرچە سۆز بولۇپ، «كۆيۈپ كېتىش» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، بۇرۇن بۇ يەردە بىر كونا قەلئە بولۇپ، جەڭدە كۆيۈپ كەتكەن، بۇنى كىشىلەر «ئوردا ئالدى قانغا بويالدى» دېگەنىكەن، بۇنىڭ مەنىسى «تۈگەشتى» دېگەن بولىدۇ. كېيىن بۇ سۆزنىڭ ئاهاڭى ئۆزگىرىپ هازىرقى نام شەكىللەنگەنىكەن.

**ئوقۇرتام** ئۇيغۇرچە سۆز بولۇپ، «ئوقۇر شەكلىدىكى تام» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، بۇ جاي ئودىنلىق قەدىمكى قەلئەسىنى ساقلايدىغان ئاتلىق ئەسكەرلەرنىڭ تۇرۇشلۇق جايى بولۇپ، بۇ يەرگە تۇرغۇن ئات ئوقۇرلىرى سېلىنغاچقا، بۇ يەر شۇ نام بىلەن ئاتالغانىكەن.

**تاملىق** ئۇيغۇرچە سۆز بولۇپ، «تاملىق جاي» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ، رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، بۇرۇن بۇ يەردە بىر بازار بولۇپ، تۆت ئەتراپى سېپىل بىلەن ئورالغان، كېيىن ۋەيران بولغان. كەنت قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۇ بارا - بارا مۇشۇ كەنتنىڭ نامى بولۇپ قالغانىكەن.

**خانلەڭگەر** ئۇيغۇرچە سۆز بولۇپ، «خان (شاھ) نىڭ لەڭگىرى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. رىۋايەتلەردە ئېيتىلىشىچە، ئىلگىرى يەركەنتنىڭ خانى ئابدۇللاخان مەككىگە ھەج قىلغىلى ماڭغاندا بۇ يەردىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، بىر كېچە قونغاچقا، بۇ يەر «خانلەڭگەر» دەپ ئاتىلىپ قالغانىكەن.

**پاختا بازىرى** ئۇيغۇرچە سۆز بولۇپ، «پاختا بازىرى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، ئىلگىرى بەگلەر يەر ئىجارىسى تۆلىيەلمىگەن دېھقانلارنى مۇشۇ يەرگە يىغىپ قامچىلايدىكەن، بۇ ھالەت كىشىلەرگە پاختا ئاتقاندەك ئاڭلىنىدىكەن، شۇڭا بۇ كەنت شۇ نام بىلەن ئاتالغانىكەن.

خاڭدى خەنزۇچە سۆز بولۇپ، رىۋايەتلەردە ئېيتىلىشىچە، قىڭ شى ئىسىملىك بىر خەنزۇ پۇقرا مۇشۇ يەردە بىنەم ئېچىپ، ئېتىز بىنا قىلغاچقا، نامى «خاڭدى» دەپ ئاتالغانىكەن.

# II باب

# تەبىئىي جۇغراپىيە

## § 1. گېئولوگىيە

بۇ ناھىيە تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىي گىرۋىكىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى يېڭى ھابات گۆرۈپپىسىنىڭ 4 - دەۋرگە مەنسۇپ چۆكۈندە رايونىغا جايلاشقان. يەكەن دەرياسى سۇيىنىڭ ئۇزۇن مۇددەت ئېقىشى بىلەن، يېڭى دەۋر چۆكۈندە ماددىلىرى 800 مېتىردىن 1000 مېتىرغىچە قېلىنلىقتىكى چۆكۈندە يەر قاتلىمىنى ھاسىل قىلغان. تاغ جىنسلىرى بىلەن چۆكۈندىلەرنىڭ ئالاھىدىلىكىدىن قارىغاندا، ئۇلار روشەن بەلباغلارغا بۆلۈنۈش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە. ئۇنىڭ تەكشى يۈز يۆنىلىشىدىن قارىغاندا يەلپۈگۈچسىمان تىنمىنىڭ ئۇستىدىن چۆرىسىگە قاراپ يېيىلغان، ئۇ، شېغىل تىنغان قاتلامدىن قۇم ئارىلاش شېغىل، قۇم تىنغان قاتلامغا قاراپ سوزۇلغان؛ كوردىنات

يۇنۇلۇشى جەھەتتە، ساپ شېغىل تاشلىق قاتلامدىن تەدرىجىي قۇم ئارىلاش شېغىل قاتلام، قۇم قاتلام، قۇم - توپا قاتلام ياكى كۆپ خىل تەركىبلىك قۇرۇلمىدىن ئىبارەت تۇپراق قۇرۇلمىسىغا قاراپ سوزۇلغان. تۇپراق قۇم تۇپراقتىن يېنىك، ئوتتۇرا ھال يېڭى تۇپراققا ئۆزگەرگەن.

## § 2. يەر تۈزۈلۈشى

پوسكام يەكەن دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىمىنىڭ جەنۇبىي قىرغىقىدىكى يەلپۈگۈچسىمان تىنىمىغا جايلاشقان بولۇپ، يەر تۈزۈلۈشى غەربىي جەنۇبتىن شەرقىي شىمالغا پەسىيىپ بارىدۇ. ئورنى دېڭىز يۈزىدىن 1215 مېتىردىن 1490 مېتىرغىچە ئېگىز، يەر يۈزىنىڭ ئومۇمىي يانتۇلۇقى 250 تىن بىر، ئادەتتىكى يانتۇلۇقى 300 دىن بىردىن 500 دىن بىرگىچە، ئايرىم جايلىرىنىڭ يانتۇلۇقى 90 دىن بىر، ناھىيە تەۋەسىدە يەلپۈگۈچسىمان تۈزلەڭلىكنىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا جايلاشقان گۈلباغ يېزىسىنىڭ تۆۋەن ئارا شور كەنتى، ئىككىسۇ يېزىسىنىڭ توپچا كەنتى ۋە يەلپۈگۈچسىمان تۈزلەڭلىكنىڭ ئوڭ گىرۋىكىگە جايلاشقان تۇغچى يېزىسىنىڭ دۆڭچاقا كەنتى، دۆڭچاقا خاڭدى كەنتى، خوجىلەت كەنتى، ئاقتامجاي كەنتى قۇم دۆۋىلىرى بىلەن تۇتىشىپ كەتكەن. يەر شەكلىدىكى ئېگىز - پەسلىك پەرقى بىر قەدەر زور؛ شەرقىي قىسمى تىزناپ دەرياسىنى، شىمالىي قىسمى يەكەن دەرياسىنى بويلاپ سوزۇلغان، يەر شەكلى تۆۋەنرەك. يەكەن ۋە تىزناپ دەريالىرى ناھىيە چېگرىسىنى ئايلىنىپ ئۆتىدۇ، پوسكام ۋە بەشكەنت ئۆستەڭلىرى ناھىيە تەۋەسىدىن كېسىپ ئۆتۈپ، يەر يۈزىنى ئېغىر دەرىجىدە چېقىپ ئاقىدۇ، دەريا قىرغىقى ۋە ئۆستەڭ بويلىرىدا سايلار، پەلەمپەيلەر، دۆڭلۈكلەر، جىرالار كۆپ، ئۇلارنىڭ ئارىلىرىدا يەنە ئويمانلىق ۋە پارچە قۇملۇقلار بار. شۇڭا بۇ جايدا شور تۇپراق، چىملىق تۇپراق، زەي تۇپراق، لاتقىلىق تۇپراق ئۆز ئارا بىرىكىپ كەتكەن ھەمدە پاتقاقلىق، قۇملۇقلار يېتىلگەن.

پوسكام ناھىيىسىنىڭ يەر تۈزۈلۈشىنى يەلپۈگۈچسىمان تىنىمىنىڭ ئوتتۇرا - يۇقىرى قىسمى، يەلپۈگۈچسىمان تىنىمىنىڭ ئوتتۇرا - تۆۋەن قىسمى، يەلپۈگۈچسىمان تىنىمىنىڭ ياقىسى دەپ ئۈچكە ئايرىشقا بولىدۇ.

يەلپۈگۈچسىمان تىنىمىنىڭ ئوتتۇرا - يۇقىرى قىسمى، بۇ خىلدىكى يەرنىڭ كۆلىمى 490 مىڭ 520 مو بولۇپ، ئۇ، ئومۇمىي يەر كۆلىمىنىڭ 35.4 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. بۇ يەرنىڭ يانتۇلۇقى چوڭ، چۆللۈك، ساي كۆپ، يەر ئاستى سۈيىنىڭ ئورنى چوڭقۇر، تۇپراق شەكىللەندۈرگۈچى ئانا جىنسلار چوڭ، تۇپرىقى ئاساسەن بەلباغ خاراكتېرلىك قوڭۇر چۆل تۇپراق، ئۈنۈمسىز، شامالنىڭ يالىشى ئېغىر.

يەلپۈگۈچسىمان تىنىمىنىڭ ئوتتۇرا - تۆۋەن قىسمى، بۇ خىلدىكى يەرنىڭ كۆلىمى 576 مىڭ 572 مو بولۇپ، ئۇ، ئومۇمىي يەر كۆلىمىنىڭ 41.6 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. يەرلىرى تۈتاش، يەر تۈزۈلۈشى تۈز، يەر ئاستى سۈيىنىڭ چوڭقۇرلۇقى ئىككى مېتىردىن 11 مېتىرغىچە كېلىدۇ، بۇ پۈتۈنلەي دېھقانچىلىق ئېتىزلىرىدىن ئىبارەت. تۇپراق ھاسىل قىلغۇچى ئانا جىنسى تىنما ۋە لاتقىدىن ئىبارەت، تۇپرىقى، ئاساسەن، لاتقىلىق تۇپراق، تۇپراقتىكى تۇز تەركىبى ئاز، تۇپراق

قاتلىمى قېلىن، مۇنبەت.

يەلپۈگۈچسىمان تىنمىنىڭ چېتى، بۇ خىل يەرنىڭ كۆلىمى 318 مىڭ 567 مو بولۇپ، ئۇ، ئومۇمىي يەر كۆلىمىنىڭ 23 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. يەر تۈزلۈكى پەس، يەر ئاستى سۈيىنىڭ ئورنى ئېگىز، بەزى جايلاردا قۇم دۆۋىلىرى بار، تۇپراق تىپى مۇرەككەپ، زەي تۇپراق، چىملىق تۇپراق، سازلىق تۇپراق، كۆچمە قۇم تۇپراق ئارىلىشىپ كەتكەن، تۇپراق تەركىبىدىكى تۇز مىقدارى كۆپرەك، زەي، زور دەرىجىدە قۇملاشقان. يەلپۈگۈچسىمان تىنمىنىڭ ئۈستۈنكى قىسمى دەريا تورىدىكى سۇ سىستېمىسىغا قاراپ يېتىلگەن بولۇپ، دەرەخ شاخلىرىدەك تارقالغان؛ ئۆستەڭلەر ئۆز ئارا گىرەلىشىپ كەتكەن، يەلپۈگۈچسىمان تىنمىنىڭ يۈزى دەريا ئېقىمىنىڭ يالىشى بىلەن بۆلۈۋېتىلگەچكە I ، II دەرىجىلىك يالانما پەلەمپەي شەكىللەنگەن. I دەرىجىلىك پەلەمپەي يەرلەر بەلباغ، شىرە ھالىتىدە بولۇپ، دەريا ئېقىمىنى بويلاپ ئۈزۈك ھالەتتە تارقالغان. II دەرىجىلىك پەلەمپەي يەرلەر دەريا جىلغىلىرىنى بويلاپ ئورۇنلاشقان، ئۇنىڭ ئالدى تەرىپىدىكى يەرلەرنى ئوخشاش بولمىغان قېلىنلىقتا قۇم باسقان، شۇنداقلا يەنە تۆت مېتىردىن ئالتە مېتىرغىچە ئوخشاش بولمىغان ئېگىزلىكتىكى قۇم دۆۋىلىرى پەيدا بولغان، بۇ ھال يەر يۈزىنى ئېگىز - پەس قىلىپ قويغان.

## § 3. ئىقلىمى

### 1. تۆت پەسلى

پوسكام ناھىيىسى تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ چېتىگە جايلاشقان بولۇپ، ھۆل - يېغىن ئاز، سۇنىڭ پارغا ئايلىنىش مىقدارى كۆپ، ئىقلىمى مۆتىدىل بەلباغنىڭ چوڭ قۇرۇقلۇق خاراكتېرىدىكى قۇرغاق ئىقلىمىغا كىرىدۇ. كۈن نۇرى يېتەرلىك، ئىسسىقلىق مىقدارى مول، ئىقلىمى قۇرغاق، قۇم، بوران كۆپ، قىراۋسىز مەزگىلى ئۇزۇن. تېمپېراتۇرىنىڭ يىللىق ۋە كۈنلۈك ئۆزگىرىشى زور، ئەتىياز پەسلىدە تېمپېراتۇرا تېز ئۆرلەيدۇ، لېكىن تۇراقلىق ئەمەس، ئەتىيازدا جۇت - شىۋىرغان كۆرۈلۈپ تۇرىدۇ؛ ياز پەسلى ئۇزۇن ھەم ئىسسىق؛ كۈز پەسلى قىسقا، تېمپېراتۇرا تېز تۆۋەنلەپ كېتىدۇ؛ قىش پەسلىدىكى تۆۋەن تېمپېراتۇرىنىڭ داۋاملىشىش ۋاقتى ئۇزۇن. ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا (بەش كۈنلۈك ئوتتۇرىچە سېرىلما ھەرىكەت) 0℃ تىن تۆۋەن بولسا قىشقا، 20℃ تىن يۇقىرى بولسا يازغا، 0℃ تىن 20℃ قىچە بولسا ئەتىيازغا، 20℃ تىن 0℃ قىچە بولسا كۈزگە تەۋە بولىدۇ. تۆت پەسىلنىڭ پەرقى 1 - 2 - 1 - جەدۋەلدە كۆرسىتىلدى.

**ئەتىياز پەسلى** بوران كۆپ چىقىدۇ، قۇم ئۇچۇپ تۇرىدۇ، چاڭ - توپا، يامغۇر ياغىدۇ. بوران 4 -، 5- ئايلارغا مەركەزلەشكەن. ئىلگىرىكى يىللاردىكى يىللىق بوران چىققان كۈن ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 41 كۈنگە، بوران ئەڭ كۆپلۈك بولغاندا سەككىز بالغا يەتتى ۋە ئۇنىڭدىن ئېشىپ كەتتى، بۇ، يىللىق بوران چىققان ئومۇمىي كۈن سانىنىڭ 41 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. ھۆل-يېغىنىنىڭ پەسىللىك مىقدارى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 21.7 مىللىمېتىر بولۇپ، يىللىق ئومۇمىي ھۆل - يېغىن مىقدارىنىڭ 47 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. 3 - ئاينىڭ باشلىرىدا يەرنىڭ توڭى يېنىشقا باشلايدۇ، 3 - ئاينىڭ ئاخىرقى كۈنىدە ئاخىرقى قىراۋ چۈشىدۇ.

**پوسكام ناھىيىسىنىڭ تۆت پەسلىنى پەرق ئېتىشكە دائىر مەلۇمات**

1 ـ 2 ـ 1 ـ جەدۋەل

| ئەتىياز پەسلى | | | ياز پەسلى | | | كۈز پەسلى | | | قىش پەسلى | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| دەسلەپكى كۈنى | ئاخىرقى كۈنى | كۈن سانى | دەسلەپكى كۈنى | ئاخىرقى كۈنى | كۈن سانى | دەسلەپكى كۈنى | ئاخىرقى كۈنى | كۈن سانى | دەسلەپكى كۈنى | ئاخىرقى كۈنى | كۈن سانى |
| 19/2 | 31/5 | 102 | 1/6 | 14/9 | 106 | 15/9 | 26/11 | 73 | 27/11 | 18/2 | 84 |

**پوسكام ناھىيىسىنىڭ ھەر قايسى ئايلاردىكى ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسىغا دائىر مەلۇمات**

1 ـ 2 ـ 2 ـ جەدۋەل

| 1 | 2 | 3 | 4 | 5 | 6 | 7 | 8 | 9 | 10 | 11 | 12 | كۆپ يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| -6.4 | -1.5 | 7.8 | 15.5 | 19.8 | 23.5 | 24.9 | 23.5 | 19 | 11.7 | 3 | -4.7 | 11.4 |

ياز پەسلى كۈن نۇرى، ئىسسىقلىق، سۇ مول بولىدۇ، ئوتتۇرىچە ھۆل ـ يېغىن مىقدارى 16.6 مىللىمېتىر بولۇپ، يىللىق ھۆل ـ يېغىن مىقدارىنىڭ 36 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ.

كۈز پەسلى تېمپېراتۇرا تېز تۆۋەنلەيدۇ، تېمپېراتۇرىنىڭ كۈندىلىك پەرقى نىسبەتەن چوڭ بولىدۇ، ھۆل ـ يېغىن ئاز بولىدۇ، بوران ۋە چاڭ ـ توزان ئازىيىدۇ، 10 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا دەسلەپكى قىراۋ چۈشىدۇ، كۈزنىڭ ئاخىرلىرىدا يەر توڭلاشقا باشلايدۇ، 11 ـ ئاينىڭ ئاخىرقى ئون كۈندە دەسلەپكى قار ياغىدۇ.

قىش پەسلى ھاۋا ئوچۇق بولىدۇ، شامال كۆچى زور بولمايدۇ، قار ئاز ياغىدۇ، كۈنلۈك ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا 0℃ تىن تۆۋەن بولىدۇ، قىش پەسلىنىڭ ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى -4℃ بولىدۇ، تارىختا پەۋقۇلئاددە تۆۋەن تېمپېراتۇرا -23℃ قا چۈشكەن.

ناھىيىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى چۆللۈككە يېقىن جايلاشقان كۆيباغ، تۇغچى قاتارلىق يېزىلاردا قىش، ئەتىياز، كۈز پەسلى ئۇزۇنراق، ياز پەسلى قىسقىراق بولىدۇ، ناھىيىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىن شەرقىي شىمالىغا قاراپ ياز پەسلى تەدرىجىي ئۇزىراپ بارىدۇ.

## 2. تېمپېراتۇرىسى

يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 10.3℃ تىن 12.1℃ قىچە، كۆپ يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 11.4℃ بولدى، بىر يىلدىكى ئايلارنىڭ ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى تۆۋەندىكى جەدۋەلدە كۆرسىتىلدى:

### پوسكام ناھىيىسىنىڭ ھەر قايسى ئايلاردىكى ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسىنىڭ كۆنلۈك سىلىشتۇرما پەرقى

1 ـ 2 ـ 3 ـ جەدۋەل

| 1 | 2 | 3 | 4 | 5 | 6 | 7 | 8 | 9 | 10 | 11 | 12 | يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 11.6 | 11.7 | 13.3 | 14.7 | 14.6 | 15 | 13.8 | 13.4 | 14 | 15 | 12.4 | 9.8 | 13.2 |

بىللار ئارىلىقىدىكى تېمپېراتۇرا پەرقى چوڭ بولغاندا 1.6℃، كىچىك بولغاندا 0.1℃ بولىدۇ. كۈنلۈك ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا پەرقى 13.2℃، ھەر قايسى ئايلاردىكى ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىنىڭ كۈنلۈك پەرقى تۆۋەندىكى جەدۋەلدە كۆرسىتىلدى:

| ئاي | 1 | 2 | 3 | 4 | 5 | 6 | 7 | 8 | 9 | 10 | 11 | 12 |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| ئەڭ چوڭ قىممىتى | 25 | 21.6 | 24.5 | 22.6 | 24.5 | 22.6 | 21.7 | 23.8 | 24.1 | 22.3 | 21.8 | 22.7 |
| يۈز بەرگەن كۈن | 30 | 22 | 15 | 26 | 31 | 2 | 11 | 18 | 24 | 23 | 7 | 21 |
| يىل | 1966 | 1962 | 1977 | 1971 | 1961 | 1967 | 1971 | 1970 | 1965 | 1973 | 1973 | 1965 |

تارىختا ھەر قايسى ئايلاردىكى ئەڭ زور كۈنلۈك تېمپېراتۇرا پەرقى 1 ـ 2 ـ 4 ـ جەدۋەلدە كۆرسىتىلدى:

تارىختىكى ئەڭ يۇقىرى تېمپېراتۇرا 39.8℃ (1966 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى)، ئەڭ تۆۋەن تېمپېراتۇرا 23- ℃، تارىختىكى ياز پەسلىنىڭ ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 24℃، ئەڭ يۇقىرى تېمپېراتۇرىسى 31.8℃، يىلدا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 71 كۈن 30℃ ئىسسىق بولىدۇ ياكى ئۇنىڭدىن ئېشىپ كېتىدۇ. 30℃ تىن يۇقىرى ئىسسىق بولىدىغان كۈن ئۇزۇن بولغاندا 28 كۈن. قىسقا بولغاندا ئالتە كۈن بولىدۇ. تېمپېراتۇرا تۆۋەن (10℃ ـ تىن تۆۋەن) بولىدىغان ۋاقىت ئۇزۇنراق بولىدۇ، لېكىن تېمپېراتۇرا 20℃ ـ تىن تۆۋەن بولىدىغان قاتتىق سوغۇق كۈنلەر كۆپ بولمايدۇ. 1962 ـ يىلدىن 1982 ـ يىلغىچە بولغان 20 يىل ئىچىدە 20℃ ـ تىن تۆۋەن تېمپېراتۇرا تۆت يىل يۈز بەردى. ۋاقتى ئەڭ ئۇزۇن بولغاندا بەش كۈن داۋاملاشتى، بۇ خىل ئەھۋال كۆپرەك 1 ـ، 2 ـ ئايلاردا يۈز بەردى.

پوسكام ناھىيىسىنىڭ يىللىق يۇقىرى ـ تۆۋەن تېمپېراتۇرىسىنىڭ كۈن سانى تۆۋەندىكى جەدۋەلدە كۆرسىتىلدى:

**پوسكام ناھىيىسىنىڭ يىللىق يۇقىرى، تۆۋەن تېمپېراتۇرىسىنىڭ كۈن سانى**

1 ـ 2 ـ 4 ـ جەدۋەل

| دەرىجە ئايرىمىسى | ئوتتۇرىچە كۈن سانى | ئەڭ ئۇزۇن داۋاملاشقان كۈن | ئوتتۇرىچە دەسلەپكى مەزگىلى | ئوتتۇرىچە ئاخىرقى مەزگىلى | دەسلەپكى مەزگىلى: ئەڭ بۇرۇن | دەسلەپكى مەزگىلى: ئەڭ كېيىن | ئاخىرقى مەزگىل: ئەڭ بۇرۇن | ئاخىرقى مەزگىل: ئەڭ كېيىن |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| ≥30℃ | 70.9 | 28 | 2/5 | 3/9 | 12/4 | 27/5 | 20/8 | 24/9 |
| ≥35℃ | 6.3 | 5 | 9/6 | 19/7 | 13/4 | 19/7 | 13/4 | 19/8 |
| ≤-10℃ | 39.2 | 35 | 16/2 | 9/2 | 21/11 | 15/1 | 31/1 | 16/6 |
| ≤-20℃ | 0.7 | 5 | 2/2 | 3/2 | 17/12 | 8/2 | 12/12 | 7/2 |

ئىزاھات: يۇقىرىدىكى جەدۋەللەردىكى «كۆپ يىللىق» دېگەن سۆز 1962 ـ يىلدىن 1982 ـ يىلغىچە بولغان ۋاقىتنى كۆرسىتىدۇ.

## 3. كۈن نۇرىنىڭ چۈشۈشى

كۈن نۇرىنىڭ يىللىق چۈشۈش ۋاقتى 4435 سائەتتىن 4446 سائەتكە يېتىدۇ، 3 ـ ئايدىن 11 ـ ئايغىچە بولغان زىرائەتنىڭ ئۆسۈش مەزگىلىدىكى كۈن نۇرىنىڭ چۈشۈش ۋاقتى 3533 سائەتكە يېتىدۇ. كۈن نۇرىنىڭ يىللىق ئەمەلىي چۈشۈش ۋاقتى 2723 سائەتكە، كۆپ بولغاندا 2961.1 سائەتكە، ئاز بولغاندا 2263.3 سائەتكە يېتىدۇ. تۆت پەسىل بويىچە ئايرىغاندا مۇنداق بولىدۇ:

ئەتىياز پەسلىدە كۈن نۇرىنىڭ ئومۇمىي چۈشۈش ۋاقتى 633.8 سائەتكە، كۈن نۇرىنىڭ چۈشۈش نىسبىتى %52 كە يېتىدۇ؛ ياز پەسلىدە كۈن نۇرىنىڭ ئومۇمىي چۈشۈش ۋاقتى 843.6 سائەتكە، كۈن نۇرىنىڭ چۈشۈش نىسبىتى %65 كە يېتىدۇ؛ كۈز پەسلىدە كۈن نۇرىنىڭ ئومۇمىي چۈشۈش ۋاقتى 716 سائەتكە، كۈن نۇرىنىڭ چۈشۈش نىسبىتى %74 كە يېتىدۇ؛ قىش پەسلىدە كۈن نۇرىنىڭ ئومۇمىي چۈشۈش ۋاقتى 530 سائەتكە، كۈن نۇرىنىڭ چۈشۈش نىسبىتى %61 كە يېتىدۇ. كۈن نۇرىنىڭ يىللىق چۈشۈش نىسبىتى %61 كە يېتىدۇ. ئەتىياز پەسلىدە چاڭ ـ توزانلىق كۈن كۆپ بولغاچقا، كۈن نۇرىنىڭ چۈشۈش نىسبىتى ئەڭ تۆۋەن بولىدۇ.

ناھىيە تەۋەسىدە كۈن نۇرىنىڭئومۇمىي رادىئاتسىيەمىقدارى 143.5كىلوكالورىيە/كۋادرات سانتىمېتىر، فىزىئولوگىيىلىك رادىئاتسىيىسى 71.8 كىلو كالورىيە/كۋادرات سانتىمېتىر، نۇر ئېنېرگىيىسىدىن پايدىلىنىش نىسبىتى تەخمىنەن %0.5، بۇ جەھەتتىكى يوشۇرۇن كۈچ ناھايىتى زور.

## 4. ھۆل ـ يېغىن

### 1) يامغۇر

پوسكام ناھىيىسى بويىچە يىللىق يامغۇر مىقدارى ئەڭ كۆپ بولغاندا 94.9 مىللىمېتىرغا،

ئەڭ ئاز بولغاندا 19.4 مىللىمېترغا، ئوتتۇرىچە مىقدارى 46.1 مىللىمېترغا يېتىدۇ. يامغۇر ئەتىياز، ياز پەسلىگە كۆپرەك مەركەزلەشكەن، ئەتىيازدا بولسا 4-، 5- ئايلارغا مەركەزلەشكەن. ئىلگىرىكى يىللاردىكى ئوتتۇرىچە يامغۇرلۇق كۈن 20.2 كۈن بولدى، ئادەتتە يامغۇر ياغىدىغان ۋاقىت ئۇزۇن ئەمەس. 1962 - يىلدىن 1982 - يىلغىچە ئەڭ ئۇزۇن ياغقان بىر قېتىملىق يامغۇر بەش كۈن داۋاملاشتى. ئەتىيازدىكى يامغۇرنىڭ ئادەتتە زىيىنى كۆپ، پايدىسى ئاز، يامغۇردىن كېيىن يەردىن شور ئۆرلەپ، يەرنىڭ ئۈستى قېتىۋالىدۇ، بۇ، كېۋەز، كۆممىقوناقنىڭ ئۈسۈشىگە تەسىر يەتكۈزىدۇ.

**بىر يىلنىڭ ھەر قايسى ئايلىرىدىكى كۈن نۇرىنىڭ چۈشۈش ۋاقتى ۋە نىسبىتى**

1 - 2 - 5 - جەدۋەل

| ئاي | كۈن نۇرىنىڭ چۈشۈش ۋاقتى | كۈن نۇرىنىڭ چۈشۈش نىسبىتى (%) |
|---|---|---|
| 1 | 161.6 | 66 |
| 2 | 160.1 | 53 |
| 3 | 194.9 | 53 |
| 4 | 193.9 | 49 |
| 5 | 226.7 | 55 |
| 6 | 295.3 | 67 |
| 7 | 285 | 64 |
| 8 | 262.8 | 63 |
| 9 | 246.1 | 67 |
| 10 | 258 | 74 |
| 11 | 213.9 | 71 |
| 12 | 185.6 | 63 |
| يىللىق | 272.3 | 61 |

2) قار

يىلىغا قار ئەڭ كۆپ ياغقاندا 24.6 مىللىمېترغا يېتىدۇ. ئايرىم يىللاردا (1967 - يىلى) قار ياغمىدى. قارنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە مىقدارى 6.5 مىللىمېتر بولۇپ، يىللىق ھۆل - يېغىن مىقدارىنىڭ 14 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. كۈنلۈك ئەڭ زور قار مىقدارى 6.4 مىللىمېترغا يېتىدۇ. ئەڭ دەسلەپكى قار 11 - ئاينىڭ 17 - كۈنى، ئەڭ ئاخىرقى قار 3 - ئاينىڭ 28 -

كۈنى ياغىدۇ. قار 1 - ۋە 2 - ئايلارغا مەركەزلەشكەن، 2 - ئايدا قار ئەڭ كۆپ ياغىدۇ. يېغىلغان قارنىڭ ئىلگىرىكى يىللاردىكى ئەڭ زور قېلىنلىقى 16 سانتىمېترغا (1962 - يىل 11 - ئاينىڭ 26 - كۈنى)، ئۇدا قار توپلىنىپ تۇرىدىغان كۈن ئەڭ ئۇزۇن بولغاندا 54 كۈنگە، قارنىڭ ئوتتۇرىچە يىللىق توپلىنىپ تۇرۇش ۋاقتى 15.1 كۈنگە يېتىدۇ. قار ئەڭ دەسلەپتە 11 - ئاينىڭ 1 - كۈنى، ئەڭ ئاخىرىدا 3 - ئاينىڭ 28 - كۈنى توپلىنىدۇ، قارنىڭ توپلىنىشى كۆپىنچە ئۈزلۈكسىز بولمايدۇ.

## 5. سۇنىڭ پارغا ئايلىنىشى

سۇنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە ئومۇمىي پارغا ئايلىنىش مىقدارى 2320.1 مىللىمېتر بولۇپ، ئومۇمىي ھۆل - يېغىن مىقدارىنىڭ 53 ھەسسىسىگە باراۋەر كېلىدۇ، سۇنىڭ پارغا ئايلىنىش مىقدارى ئەڭ كۆپ بولغاندا 2564.2 مىللىمېترغا، ئەڭ ئاز بولغاندا 1992.6 مىللىمېترغا يېتىدۇ.

## 6. شامال

ناھىيە تەۋەسىدە غەربىي شىمال شامىلى كۆپ چىقىدۇ، ئۇنىڭدىن قالسا شىمال شامىلى بىلەن غەرب شامىلى چىقىدۇ. 12 - ئايدىن 1 - ئايغىچە كۈندۈزى غەربىي شىمال شامىلى، كەچقۇرۇنلىقى شەرقىي شىمال شامىلى كۆپ چىقىدۇ؛ 2 - ئايدىن 9 - ئايغىچە غەربىي شىمال شامىلى كۆپ چىقىدۇ؛ 10 - ئايدىن 11 - ئايغىچە ئەتىگەندە، كەچتە غەربىي جەنۇب ۋە شىمال شامىلى كۆپ چىقىدۇ. شامالنىڭ سۈرئىتى تېز ئەمەس، يىللىق ئوتتۇرىچە سۈرئىتى ئىككى - ئۈچ مېتر/ سېكۇنتقا يېتىدۇ. 3- ئايدىن 8- ئايغىچە شامالنىڭ ئوتتۇرىچە سۈرئىتى 2.7 - 3.1 مېتر/ سېكۇنتقا يېتىدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە 3 - ئايدىن 8 - ئايغىچە شامالنىڭ ئوتتۇرىچە سۈرئىتى 3.1 مېتر/ سېكۇنتقا يېتىدۇ. قىش پەسلىنىڭ 12 - ئېيىدا شامال سۈرئىتى ئەڭ ئاستا بولۇپ، 1.3 مېتر/ سېكۇنتقا يېتىدۇ، سۈرئىتى 15 مېتر/ سېكۇنتتىن 20 مېتر/ سېكۇنتقىچە بولغان بوران 4- ئايدىن 6- ئايغىچە چىقىدۇ. ئارىلىقتا ئەڭ كۈچەيگەن چاغدىكى پەۋقۇلئاددە قاتتىق بوراننىڭ سۈرئىتى 31 مېتر/ سېكۇنتقا يېتىدۇ. شامال سۈرئىتىنىڭ كۈنلۈك ئۆزگىرىشى جەھەتتە، چۈشتىن ئىلگىرى ئاستا، چۈشتىن كېيىن تېز، كېچىدە ئاستا، كۈندۈزى تېز بولىدۇ. بوران چىقىدىغان كۈن بىر يىلدا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ئون كۈنگە يېتىدۇ، 6- ئايدا بوران ئەڭ كۆپ بولۇپ، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 3.4 كۈنگە يېتىدۇ، كۆپ بولغاندا ئالتە كۈنگە يېتىدۇ، 4- ئايدىن 6- ئايغىچە بولغان بوران چىقىدىغان ۋاقىت بىر يىلدىكى بوران چىقىدىغان ۋاقىتنىڭ 75 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ.

## 7. زىرائەت ئىقلىمى

ناھىيە تەۋەسىدە تېرىلغۇ مەزگىلى 280 كۈنگە، ئەڭ ئۇزۇن بولغاندا 305 كۈنگە، ئەڭ قىسقا بولغاندا 266 كۈنگە يېتىدۇ. كۈنلۈك ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا مۇقىم 5℃ بولىدىغان مەزگىل 243 كۈنگە، ئەڭ ئۇزۇن بولغاندا 254كۈنگە، ئەڭ قىسقا بولغاندا 222كۈنگە يېتىدۇ. 5℃ تىن يۇقىرى بولىدىغان ھەرىكەتچان جۇغلانما تېمپېراتۇرا 4476.9℃ قا يېتىدۇ. 10℃ تىن يۇقىرى ئىسسىق بولىدىغان ۋاقىت 204 كۈنگە، ئەڭ ئۇزۇن بولغاندا 219 كۈنگە، ئەڭ قىسقا بولغاندا 179 كۈنگە، ھەرىكەتچان جۇغلانما تېمپېراتۇرا 4130.4℃ قا، ئەڭ يۇقىرى بولغاندا 4390.3℃ قا، ئەڭ تۆۋەن بولغاندا 3702℃ قا يېتىدۇ. 15℃ تىن يۇقىرى ئىسسىق بولىدىغان ۋاقىت 161 كۈنگە، ئەڭ ئۇزۇن بولغاندا 177 كۈنگە، ئەڭ قىسقا بولغاندا 126 كۈنگە، ھەرىكەتچان جۇغلانما تېمپېراتۇرا 3565℃ قا، ئەڭ يۇقىرى بولغاندا 3831.9℃ قا، ئەڭ تۆۋەن بولغاندا 2839.7

1 ـ 2 ـ 6 ـ جەدۋەل

پوسكام ناھىيىسىدىكى ئاساسلىق دەرەخ تۈرلىرىنىڭ ئىقلىمى

| دەرەخ تۈرلىرى | بىخ سۈرۈش مەزگىلى | چېچەكلەش مەزگىلى | ئۇرۇق پىشىش مەزگىلى | يوپۇرماق تاشلاش مەزگىلى | يەر توڭلاش مەزگىلى | توڭ يانغان مەزگىل |
|---|---|---|---|---|---|---|
| قاپاق تېرەك (قارا تېرەك) | 3 ـ ئاينىڭ ئاخىرى | 4 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى | 4 ـ ئاينىڭ ئاخىرى | 11 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى | 10 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى | 3 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى |
| تاغ تېرىكى | 3 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى | 3 ـ ئاينىڭ ئاخىرى | 4 ـ ئاينىڭ ئاخىرى | 11 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى | 10 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى | 3 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى |
| سۆگەت | 3 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى | 4 ـ ئاينىڭ باشلىرى | 4 ـ ئاينىڭ ئاخىرى | 11 ـ ئاينىڭ باشلىرى | 10 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى | 3 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى |
| ياڭاق | 4 ـ ئاينىڭ باشلىرى | 4 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى | 10 ـ ئاينىڭ باشلىرى | 10 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى | 10 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى | 3 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى |
| ئۇششاق يوپۇرماقلىق ئادىسسىيە | 4 ـ ئاينىڭ باشلىرى | 4 ـ ئاينىڭ ئاخىرى | 9 ـ ئاينىڭ باشلىرى | 11 ـ ئاينىڭ باشلىرى | 10 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى | 3 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى |
| ئۈجمە | 3 ـ ئاينىڭ ئاخىرى | 4 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى | 5 ـ ئاينىڭ ئاخىرى | 11 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى | 10 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى | 3 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى |
| ئاكاتسىيە | 4 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى | 5 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى | 9 ـ ئاينىڭ باشلىرى | 10 ـ ئاينىڭ ئاخىرى | 10 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى | 3 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى |
| قارىياغاچ | 4 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى | 4 ـ ئاينىڭ باشلىرى | 5 ـ ئاينىڭ باشلىرى | 11 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى | 10 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى | 3 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى |
| جىگدە | 4 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى | 6 ـ ئاينىڭ باشلىرى | 10 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى | 11 ـ ئاينىڭ ئاخىرى | 10 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى | 3 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى |
| چىنار | 5 ـ ئاينىڭ باشلىرى | | 10 ـ ئاينىڭ ئاخىرى | 11 ـ ئاينىڭ باشلىرى | 10 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى | 3 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى |
| ئۆرۈك | 3 ـ ئاينىڭ باشلىرى | 3 ـ ئاينىڭ ئاخىرى | 6 ـ ئاينىڭ باشلىرى | | 10 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى | 3 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى |

پوسكام ناھىيىسىنىڭ ئاساسلىق زىرائەتلىرىنىڭ ئۆسۈش مەزگىلىدىكى ھاۋارايى شارائىتىغا دائىر مەلۇمات

1 ـ 2 ـ 7 ـ جەدۋەل

| زىرائەتلەر | تۈرلىرى | تېرىشتىن - پىششىقچە بولغان مەزگىلدىكى ھەرىكەتچان جۇغلانما تېمپېراتۇرا | كۈن سانى | ۋەكىللىك سورتلار |
|---|---|---|---|---|
| كۆزگى بۇغداي | چىلگە بۇغداي<br>ئارا جاغدا بۇغداي<br>جاغدا بۇغداي | ≥0°C 2000_2300<br>≥0°C 2300 _ 2400<br>≥0°C 2450_2460 | 250_270<br>260_230<br>270_290 | «تاڭشەن 6898»<br>«يەكەن قىزىل كۆزگى بۇغدىيى»<br>«شىنجاڭ كۆزگىسى 2 ـ نومۇرلۇق» |
| كۆممىقوناق | چىلگە كۆممىقوناق<br>ئارا جاغدا كۆممىقوناق<br>جاغدا كۆممىقوناق | ≥10°C 2000_2300<br>≥10°C 2500 _ 2700<br>≥10°C 3000 _ 3500 | 85 _ 90<br>110 _ 120<br>140 _ 155 | «مىشا چىلگىسى»<br>«ۋۇدەنزاۋ»<br>«بەش ئايلىق سېرىق قوناق» |
| شال | چىلگە شال<br>ئارا جاغدا شال | ≥10°C 2100_ 2700<br>≥10°C دىن يۇقىرى 3600 | 100 _ 120<br>130 _ 140 | يەرلىك شال<br>«دۆلەت بايرىمى 20» |
| كېۋەز | ئارا جاغدا كېۋەز<br>ئارا جاغدا كېۋەز<br>چىلگە كېۋەز | ≥10°C 3300 _ 3700<br>≥10°C 3400 _ 3600<br>≥10°C 3000 _ 3200 | 145 _ 175<br>150 _ 160<br>135 _ 140 | قۇرۇقلۇق كېۋىزى<br>ئۇزۇن تالالىق كېۋەز 6022<br>«ئارىلاشما 2 ـ نومۇرلۇق» |

1 - 2 - 8 - جەدۋەل

پوسكام ناھىيىسىنىڭ دېھقانچىلىق پائالىيەتلىرىگە دائىر مەلۇمات

| ئايلار | ئايلىق ۋاقتى | بەش كۈنلۈك تېمپېراتۇرىنىڭ تەرتىپى | مەۋسۇم | تېمپېراتۇرا: ئايلىق | تېمپېراتۇرا: ئون كۈنلۈك | تېمپېراتۇرا: بەش كۈنلۈك | زىرائەتلەرنىڭ يېتىلىش، ئۆسۈش ئەھۋالى | ئاساسلىق دېھقانچىلىق پائالىيىتى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1 | باشلىرى | 1 | قارا سوغۇق، قاپاق ياردى | -6.2 | -7.4 | -6.9 | | ئوغۇت توپلىنىدۇ، تېرىلغۇغا تەييارلىق قىلىنىدۇ |
| | | 2 | | | | -6.7 | | |
| | ئوتتۇرىلىرى | 3 | | | -6.8 | -6.9 | | |
| | | 4 | | | | -6 | | |
| | ئاخىرلىرى | 5 | | | -5.3 | -5.2 | | |
| | | 6 | | | | -5.2 | | |
| 2 | باشلىرى | 7 | باش باھار، ئەگىز سۈيى | -1.4 | -4.2 | -4.2 | كۈزگى بۇغداي كۆكىرىشكە باشلايدۇ | ئەتىيازلىق سۇغىرىش باشلىنىدۇ ۋە ئوغۇت بېرىلىدۇ |
| | | 8 | | | | -4.1 | | |
| | ئوتتۇرىلىرى | 9 | | | -0.8 | -1.8 | | |
| | | 10 | | | | 0.5 | | |
| | ئاخىرلىرى | 11 | | | 1.1 | 0.9 | | |
| | | 12 | | | | 2.8 | | |

| | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 3 | باشلىرى | 13 | هۆت ئەتىيازلىق كۈن - تۈن تەڭلىشىدۇ | 7.8 | 4.5 | 3.7 | كۆزگى بۇغداي كۆكىرىشكە باشلايدۇ | بۇغدايغا ئوغۇت بېرىلىدۇ، ئەتىيازدا يەر ئوسا قىلىنىپ يازغى بۇغداي، زىغىر تېرىلىدۇ، بۇغدايغا ئەتىيازلىق سۇ قويۇلىدۇ. كۆممىقوناق، ئوتياش تېرىش باشلىنىدۇ |
| | | 14 | | | | 5.1 | | |
| | ئوتتۇرىلىرى | 15 | | | 8.4 | 7.3 | | |
| | | 16 | | | | 9.2 | | |
| | ئاخىرلىرى | 17 | | | 10.4 | 9.3 | | |
| | | 18 | | | | 11.5 | | |
| 4 | باشلىرى | 19 | چوكانتال قىزىل كۈس | 15.5 | 12.9 | 12.5 | چىلگە بۇغدايلار غول تارتىدۇ ئارا جاغدا ۋە جاغدا بۇغدايلار غول تارتىدۇ | ئەتىيازلىق تېرىلغۇ، ئەتىيازلىق ئوسا قىلىش، كېۋەز تېرىش. كۆك پىتنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەش باشلىنىدۇ |
| | | 20 | | | | 13.4 | | |
| | ئوتتۇرىلىرى | 21 | | | 16 | 15.4 | | |
| | | 22 | | | | 16.7 | | |
| | ئاخىرلىرى | 23 | | | 17.5 | 17.1 | | |
| | | 24 | | | | 18 | | |
| 5 | باشلىرى | 25 | باش ياز سەرەتان | 19.8 | 18.8 | 18.9 | كېۋەز، كۆممىقوناقلار ئۈنۈپ بولىدۇ، چىلگە بۇغدايلار دان تۈتىدۇ، جاغدا بۇغدايلارنىڭ چېچەكى توزۇيدۇ | ئېتىز پەرۋىشى، ئەتىيازلىق سۇغىرىش قاتارلىق ئىشلار قىلىنىدۇ |
| | | 26 | | | | 19.2 | | |
| | ئوتتۇرىلىرى | 27 | | | 19.7 | 19.2 | | |
| | | 28 | | | | 20.2 | | |
| | ئاخىرلىرى | 29 | | | 20.7 | 20.1 | | |
| | | 30 | | | | 21.4 | | |

| | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 6 | باشلىرى | 31 | ئورما ۋاقتى يازلىق كۈن-تۈن تەڭلىشىدۇ | 23.5 | 22.3 | 17.3 | كېۋەز غورىلايدۇ، چىلگە بۇغداي پىشىدۇ بۇغدايلار پىشىدۇ | ئېتىز پەرۋىشى، يازلىق يىغىم، ئېكىنلەر ئورنى تېرىلغۇسى، كېۋەز سۇغىرىش، شال تېرىش ئىشلىرى قىلىنىدۇ |
| | | 32 | | | | 17.4 | | |
| | ئوتتۇرىلىرى | 33 | | | 23.3 | 23.2 | | |
| | | 34 | | | | 23.6 | | |
| | ئاخىرلىرى | 35 | | | 24.9 | 25.0 | | |
| | | 36 | | | | 25.2 | | |
| 7 | باشلىرى | 37 | باش تومۇز تومۇز | 24.9 | 24.5 | 24.6 | كېۋەز ئېچىلىدۇ، كۆممىقوناق باش تارتىدۇ | يازلىق يىغىم، ئېشىل ئوغۇت تېرىش باشلىنىدۇ، ئېتىز پەرۋىش قىلىنىدۇ |
| | | 38 | | | | 24.6 | | |
| | ئوتتۇرىلىرى | 39 | | | 25.2 | 25.7 | | |
| | | 40 | | | | 25.1 | | |
| | ئاخىرلىرى | 41 | | | 24.9 | 25.1 | | |
| | | 42 | | | | 24.8 | | |
| 8 | باشلىرى | 43 | باش كۈز، كۈزلۈك تېرىلغۇ | 23.5 | 24.7 | 25.0 | كۆممىقوناق دان تۇتىدۇ، شال باش تارتىدۇ | ئېتىز پەرۋىش قىلىنىدۇ، ئوغۇت توپلىنىدۇ، قىشلىق ئوتياش تېرىلىدۇ |
| | | 44 | | | | 24.4 | | |
| | ئوتتۇرىلىرى | 45 | | | 23.7 | 23.6 | | |
| | | 46 | | | | 23.4 | | |
| | ئاخىرلىرى | 47 | | | 22.3 | 22.5 | | |
| | | 48 | | | | 21.8 | | |
| 9 | باشلىرى | 49 | ئاق شەبنەم چۈشىدۇ، كۈزلۈك كۈن-تۈن تەڭلىشىدۇ | 18.9 | 20.8 | 20.8 | كېۋەز ئېچىلىدۇ، كۆممىقوناق پىشىدۇ | بۇغداي تېرىلىدۇ |
| | | 50 | | | | 20.1 | | |
| | ئوتتۇرىلىرى | 51 | | | 19.1 | 19.6 | | |
| | | 52 | | | | 18.4 | | |
| | ئاخىرلىرى | 53 | | | 17 | 17.9 | | |
| | | 54 | | | | 15.8 | | |

| | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| • 10 | باشلىرى | 55 | سوغۇق شەبنەم چۈشىدۇ، قىراۋ چۈشىدۇ | 11.8 | 14.3 | 14.8 | كېۋەز، كۆممىقوناق، شال پىشىدۇ، بۇغداي مايسىلىرى چاتاق ئايرىيدۇ | كۈزگى بۇغداي تېرىلىدۇ، كۈزلۈك زىرائەتلەر يىغىۋېلىنىدۇ |
| | | 56 | | | | 13.9 | | |
| | ئوتتۇرىلىرى | 57 | | | 12 | 12.4 | | |
| | | 58 | | | | 11.5 | | |
| | ئاخىرلىرى | 59 | | | 9.2 | 10.2 | | |
| | | 60 | | | | 8.6 | | |
| 11 | باشلىرى | 61 | باش قىش، باش قار | 3.1 | 6.1 | 6.6 | بۇغدايلار چاتاق ئايرىيدۇ | كۈزلۈك زىرائەتلەر يىغىۋېلىنىدۇ، بۇغدايغا كۈزلۈك سۇ قويۇلىدۇ |
| | | 62 | | | | 5.6 | | |
| | ئوتتۇرىلىرى | 63 | | | 3.1 | 3.6 | | |
| | | 64 | | | | 7.4 | | |
| | ئاخىرلىرى | 65 | | | -0.1 | 0.8 | | |
| | | 66 | | | | -1 | | |
| 12 | باشلىرى | 67 | قاتتىق قار ياغىدۇ، قىشلىق كۈن-تۈن تەڭلىشىدۇ | -4.5 | -2.8 | -2.2 | بۇغدايلار قىشلايدۇ | بۇغدايلار كانجىلىنىدۇ، ئوغۇت توپلىنىدۇ |
| | | 68 | | | | -3.1 | | |
| | ئوتتۇرىلىرى | 69 | | | -4.6 | -3.9 | | |
| | | 70 | | | | -5.1 | | |
| | ئاخىرلىرى | 71 | | | -6.4 | -5.9 | | |
| | | 72 | | | | -6.6 | | |

قا يېتىدۇ. 20℃ تىن يۇقىرى ياكى شۇنىڭغا تەڭ بولغان تېمپېراتۇرىنىڭ داۋاملىشىدىغان ۋاقتى 97كۈنگە، ئەڭ ئۇزۇن بولغاندا 140 كۈنگە، ئەڭ قىسقا بولغاندا 62 كۈنگە يېتىدۇ. بۇ خىل شارائىت سوغۇققا چىدامىلىق كۈزگى بۇغداي ۋە ئىسسىقنى خالايدىغان كېۋەز، كۆممىقوناق، شال قاتارلىق زىرائەتلەرنىڭ ئۆسۈشىگە باب كېلىدۇ.

زىرائەت ئىقلىمىنىڭ ئۆزگىرىشى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بۇ پايدىلىق شارائىتنى بىلىشى ۋە ئىگىلىشى ئۈچۈن ئوبيېكتىپ ئاساس يەتكۈزۈپ بەردى.

ھەر مىللەت خەلقى كۆپ يىللىق ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈش، كۆزىتىش ئارقىلىق، ناھىيە تەۋەسىدىكى ئاساسلىق زىرائەتلەرنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە دائىر ھاۋارايى شارائىتىنى ھەمدە تەبىئەتنى بىلىش ئاساسىدا، تەبىئەتنىڭ قانۇنىيىتىگە ئاساسەن، ناھىيىنىڭ ئەھۋالىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان بىر يۈرۈش دېھقانچىلىق قىلىش تەرتىپىنى يەكۈنلەپ چىققان.

# § 4 . سۇ رايى

ناھىيە تەۋەسىدە ھۆل - يېغىن ئاز، سۇ رايى ئىككى دەريا ئىچىدىكى يەكەن دەرياسى بىلەن چەكلىنىدۇ.

## 1. دەريا - ئېقىن

1) يەكەن دەرياسى بۇ دەريانىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 1079 كىلومېتر، ئۇ قاراقۇرۇم تېغىنىڭ شىمالىي قىسمىدىن باشلىنىدۇ، تاغدىن چىققاندىن كېيىن، غەربىي جەنۇبتىن شەرقىي شىمالغا قاراپ ئاقىدۇ، ئۇنىڭ ناھىيە تەۋەسىدىكى ئۇزۇنلۇقى 56 كىلومېتر، بۇ دەريانىڭ كۆپ يىللىق ئوتتۇرىچە ئومۇمىي ئېقىم مىقدارى 6 مىليارد 374 مىليون كۇب مېتر، ئەڭ كۆپ ئومۇمىي ئېقىم مىقدارى 8 مىليارد 805 مىليون كۇب مېتر، ئەڭ ئاز ئومۇمىي ئېقىم مىقدارى 4 مىليارد 468 مىليون كۇب مېتر بولۇپ كەلدى؛ دەريانىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە ئېقىم مىقدارى 20.5 سېكۇنت / كۇب مېتر، ئەڭ زور كەلكۈن پەسلىنىڭ ئېقىم مىقدارى 6270 سېكۇنت/ كۇب مېتر (1961 - يىل 9 - ئاينىڭ 4 - كۈنى)، سۇ سوغۇلغان مەزگىلدىكى ئەڭ ئاز ئېقىم مىقدارى 7 .30 سېكۇنت/كۇب مېتر (1979 - يىل 1 - ئاينىڭ 31 - كۈنى) بولدى. تۆت پەسىلدىكى سۇ مىقدارىنىڭ پەرقى ناھايىتى زور، سۇ مىقدارى 3- ئايدىن 5- ئايغىچە%8. 6 نى، 6 - ئايدىن 8 - ئايغىچە %67 نى، 9 - ئايدىن 11 - ئايغىچە %20 نى، 12 - ئايدىن 2 - ئايغىچە %2. 6 نى ئىگىلەيدۇ. كۆپ يىللاردىن بۇيانقى يىللىق ئوتتۇرىچە ئېقىپ ئۆتكەن قۇم مىقدارى 27 مىليون 400 مىڭ توننىغا يەتتى، ھەر بىر كۇب مېتر سۇنىڭ تەركىبىدىكى ئوتتۇرىچە قۇم مىقدارى 031. 4 كىلوگرامغا يېتىدۇ. سۇ تەقسىماتى نىسبىتى جەھەتتە، پوسكام ناھىيىسىگە ھەر يىلى يەكەن دەرياسىدىن 800 مىليون كۇب مېتر سۇ باشلىنىدۇ، كۆپ يىلدىن بۇيان. ئەمەلىيەتتە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 550 مىليون كۇب مېتر سۇ باشلاندى، بۇنىڭ ئىچىدە 2 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن 5 - ئاينىڭ ئاخىرىغىچە باشلانغىنى 52 مىليون كۇب مېتر، 7 - ۋە 8 - ئايلاردا باشلانغىنى 250 مىليون كۇب مېتر، ئەتىيازدا سۇ يېتىشمەيدۇ، يازدا ئېشىپ قالىدۇ. ناھىيە تەۋەسىدە يەكەن دەرياسىدىن سۇ باشلىنىدىغان ئۆستەڭلەر مۇنۇلار: بىرىنچى، تۆۋەنكى شەرقىي باش غول ئۆستەڭ، ئۇنىڭ ئاستىدا بەشكەنت، پوسكام، كونا كۆكۆمەت، جايتوغراق،

دەرىجىسى ئالتە گرامدىن يۇقىرى. بىر لىتىر سۇ تەركىبىدىكى خىلور مىقدارى بىر گرامدىن يۇقىرى، ھازىرقى شارائىتتا ئۇنى يەر سۇغىرىشقا ئىشلىتىشكە زادىلا بولمايدۇ. بۇ خىل سۇ يەلپۈگۈچسىمان تىنمىنىڭ چېتىدىكى ئويمان جايلارنىڭ توختام سۇ ئازگاللىرىغا ۋە سۇ ئامبارلىرى ئەتراپىدىكى توختام سۇ ئازگاللىرىغا تارقالغان بولۇپ، كۆلىمى چوڭ ئەمەس.

بەر ئاستى سۇيىنىڭ چوڭقۇرلۇقى چوڭقۇرلۇقى ئىككى مېترغىچە بولغان يەر %22نى، 2.1 مېتردىن ئۈچ مېترغىچە بولغان يەر %23 نى ، 3.1 مېتردىن ئالتە مېترغىچە بولغان يەر %38 نى. ئالتە مېتردىن يۇقىرى يەر %17 نى ئىگىلەيدۇ. ناھىيە بويىچە ھەر يىلى يەر ئاستىدىن سىرىپ چىقىدىغان سۇ تەخمىنەن 130 مىليون كۇب مېترغا يېتىدۇ.

## 3. بۇلاق سۇيى

بۇلاق، ئاساسەن، تۇغچى، كۆيباغ يېزىلىرى ۋە دېھقانچىلىق مەيدانى تەۋەسىگە تارقالغان. جەنۇبتىن شىمالغا قاراپ ئومۇمەن بەش توپقا بۆلۈشكە بولىدۇ:

(1) ناھىيىنىڭ جەنۇبىي چېگرىسىغا جايلاشقان بۇلاق توپى، بۇ، تۇغچى يېزىسى بىلەن قاغىلىق ناھىيىسى چېگرىسىنىڭ شىمالىدىكى تىزناپ دەرياسىنىڭ قېنىغا جايلاشقان، بۇلاق سۇيىنىڭ ئېقىم مىقدارى 0.8 سېكۇنت/كۇب مېتر؛ (2) ئىشتان سالدىدىكى بۇلاق توپى، بۇ، تۇغچى يېزىسىنىڭ جەنۇبىي قىسمىنى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتىدۇ، قوشۇلغان سۇنىڭ ئېقىم مىقدارى 1.5 سېكۇنت /كۇب مېتر؛ (3) ساق سۇ ئامبىرىدىكى بۇلاق توپى، يىلىغا چىقىدىغان سۇ مىقدارى 5 مىليون كۇب مېتر بولۇپ، سۇ ئامبىرىنىڭ سۇ ساقلاش مىقدارىغا باراۋەر كېلىدۇ؛ (4) تايلاقتىكى بۇلاق توپى، بۇ، كۆيباغ يېزىسىنىڭ شور كەنتىگە جايلاشقان، قوشۇلغان سۇنىڭ ئېقىم مىقدارى 0.5 سېكۇنت /كۇب مېتر؛ (5) دېھقانچىلىق مەيدانىدىكى بۇلاق توپى، قاشدۆڭ كەنتىنىڭ بىر كىلومېتر جەنۇبىدىكى ئوتلاقتا چوڭ - كىچىك سەككىز بۇلاق، بورىخانا كەنتىنىڭ جەنۇبىدىكى قومۇشلۇق كۆل ۋە كەنتنىڭ بىر كىلومېتر غەربىدىكى ئوتلاقتا چوڭ - كىچىك توققۇز بۇلاق بار. بۇ ئىككى بۆلەك بۇلاقنىڭ قوشۇلغان سۇلىرىنىڭ ئېقىم مىقدارى 0.5 سېكۇنت/كۇب مېتر (1972 - يىلدىن ئىلگىرى چوڭ بۇلاقلاردا ئېغىرلىقى ئىككى كىلوگرامدىن ئاشىدىغان ئاق بېلىقلارنى دائىم ئۇچراتقىلى بولاتتى)، سۇيى ئىستېمال قىلىنىدىغان يەنە بىر بۇلاق بار، ئۇ. دېھقانچىلىق مەيدانى تراكتور بىلەن تېرىقچىلىق قىلىش ئەترىتى ماشىنا ئامبىرىنىڭ 300 مېتر جەنۇبىدىكى كونا مەكتەپ ئۆستىڭىنىڭ بويىغا جايلاشقان، بۇ بۇلاقنىڭ سۇيى سۈزۈك، تاتلىق.

# 5 §. تۇپراق

## 1. تۇپراق تىپى ۋە ئۇنىڭ تارقىلىشى

پوسكام ناھىيىسىنىڭ تۇپرىقى تېرىلغۇ يەر ۋە بوز يەر دەپ ئىككى چوڭ تۇپراق تىپىغا بۆلىنىدۇ. 1981 - يىلدىكى تۇپراق تەكشۈرۈش دوكلاتىغا قارىغاندا، ناھىيىنىڭ تۇپرىقى يەتتە تۇپراق تورىگە. 11 كەنجى تۇرگە، 13 تۇپراق تەۋەلىكىگە، 20 تۇپراق خىلىغا، 20 ئۆزگەرگەن تۇپراق خىلىغا بۆلۈنگەن.

يەتتە تۇپراق تورى مۇنۇلار:

**تىنغان تۇپراق** بۇ، سۇغىرىش شارائىتىدا ئۇزۇن مۇددەت تېرىقچىلىق قىلىش، ئوغۇتلاشتىن ھاسىل بولغان دېھقانچىلىق تۇپرىقى بولۇپ، كۆلىمى 400 مىڭ 815 مو، بۇ، پۈتۈن ناھىيە يەر كۆلىمىنىڭ 28.93 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. بۇ خىل تۇپراق، ئاساسەن، يەلپۈگۈچسىمان تىنمىنىڭ ئوتتۇرا ۋە ئاخىرقى قىسمىدىكى ھەر قايسى يېزا ۋە دېھقانچىلىق مەيدانى، باغۋەنچىلىك مەيدانىغا تارقالغان. بۇ خىل تۇپراقنىڭ سۈپىتى جەھەتتە يەڭگىل ۋە ئوتتۇراھال تۇپراق ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ، يەر ئاستى سۈيىنىڭ ئورنى يەر يۈزىدىن ئۈچ مېتر تۆۋەن، لاي - قۇم ئارىلاش دەريا سۈيىدىن پايدىلىنىپ سۇغىرىش ۋە تېرىقچىلىق قىلىش تارىخى ئۇزۇن. يەر يۈزى بىر قەدەر تۈز، 30 سانتىمېتىردىن ئاشىدىغان تىنغان قاتلام بار، تېرىلغۇ قەۋىتى بوش، قوڭغۇررەڭ، ئاستىدىكى ھەيدەلمە قەۋەت ئېنىق ئەمەس، يەرنىڭ قۇۋۋىتى بىر قەدەر يۇقىرى، ھەر خىل زىرائەتلەرنى ئۆستۈرۈشكە باب كېلىدۇ، يەر ئاستى سۈيىنىڭ ئورنى بىر قەدەر يۇقىرى بولغان بەزى جايلاردا تۇپراقنىڭ ئۈستى قەۋىتىدە شور ۋە ئالاچىپار داغلار پەيدا بولۇپ قالىدۇ، لېكىن زىيىنى زور ئەمەس، بۇ خىل تۇپراقنىڭ تەركىبىدىكى ئوتتۇرىچە شور مىقدارى %0.9 تىن ئاز.

تىنغان تۇپراق ئۆزىنىڭ تۇپراق خاراكتېرىگە ئاساسەن ئەت تۇپراق، قۇمساڭ تۇپراق، بەل قۇم تۇپراق، تېگى قۇم تۇپراققا بۆلۈنىدۇ.

1) ئەت تۇپراق بۇ خىل تۇپراقنىڭ تۇپراق قەۋىتى قېلىن، تىنغان قەۋىتىنىڭ قېلىنلىقى 40 ـ 80 سانتىمېتىردىن ئاشىدۇ، يەرئاستى سۈيىنىڭئورنى تۆت مېتىردىن يەتتە مېترغىچە، شورىنىڭ زىيىنى يوق. بىر مېتر چوڭقۇرلۇقتىكى تۇپراق قەۋىتىدە يەڭگىل تۇپراق ۋە ئوتتۇراھال تۇپراق ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ. رەڭگى كۈلرەڭ ياكى قوڭۇر، قەۋىتى ئېنىق ئەمەس، تىنغان قەۋىتىنىڭ سۈپىتى بىر خىل، سازاڭنىڭ ھەرىكەتلىنىش يولى ۋە پوقى بار. تۇپراق سۈپىتى بوش، توپىسى ئۇۇرغاقراق، تېرىلغۇ قەۋىتىنىڭ تەركىبىدىكى قۇۋۋەت مىقدارى يۇقىرى. ناھىيە بويىچە ئەت تۇپراق كۆلىمى 317 مىڭ 631 مو بولۇپ، ئومۇمىي يەر كۆلىمىنىڭ 22.98 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. بۇ خىل تۇپراق ھەر قايسى يېزا ۋە دېھقانچىلىق مەيدانلىرىغا تارقالغان بولۇپ، ناھىيىنىڭ ئاساسلىق تېرىلغۇ يېرى ھېسابلىنىدۇ.

2) قۇمساڭ تۇپراق بۇ، قۇم، بورانىنىڭ ھۇجۇمى شارائىتىدا، ئۇزۇن مۇددەت سۇغىرىش، تېرىقچىلىق قىلىش جەريانىدا ھاسىل بولغان تۇپراق، بۇ خىل تۇپراقنىڭ تەركىبىدە قۇم كۆپ، ئورگانىك ماددىلار ئاز، لېكىن تۇپراق قەۋىتى قېلىن، سۈپىتى بوش، يەر يۈزى تۈز، يەر ئاستى سۈيىنىڭ ئورنى تۆت مېتىردىن ئالتە مېترغىچە كېلىدۇ، ھاۋا ئۆتۈشۈپ تۇرىدۇ، سۇ سىڭىدۇ، مايسا ئاسان بىخلىنىدۇ، تولۇق ئۆسىدۇ. ناھىيە بويىچە قۇمساڭ تۇپراق كۆلىمى تەخمىنەن 20 مىڭ 64 مو بولۇپ، ئومۇمىي تېرىلغۇ يەر كۆلىمىنىڭ 1.45 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. بۇ خىل تۇپراق، ئاساسەن، سەيلى، تۇغچى ۋە ئاقتام يېزىلىرىغا تارقالغان.

3) بەل قۇم تۇپراق بۇ خىل تۇپراقنىڭ ئۈستۈنكى قەۋىتىنىڭ 30 سانتىمېتىردىن 60 سانتىمېترغىچە ئاستىدىن قۇم تۇپراق قەۋىتى چىقىدۇ. بۇ خىل تۇپراقنىڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۈستۈنكى قەۋىتى ۋە ئاستىنقى تۇپراق قەۋىتى ئادەتتە قۇم تۇپراقتىن ئوتتۇراھال ئەت تۇپراققىچە بولۇپ، تىنغان قەۋىتىنىڭ قېلىنلىقى 30 سانتىمېتىردىن 40 سانتىمېترغىچە، تېرىلغۇ قەۋىتى 12 سانتىمېتىردىن 15 سانتىمېترغىچە كېلىدۇ، تۇپراق سۈپىتى بوش بولۇپ، سۇ، ئوغۇتنى ساقلىيالايدۇ. لېكىن تەركىبىدىكى ئورگانىك ماددىنىڭ مىقدارى تۆۋەن بولغاچقا، قۇرغاقچىلىققا

بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ. ناھىيە بويىچە بەل قۇم تۇپراقنىڭ كۆلىمى 6720 مو بولۇپ، ئومۇمىي تېرىلغۇ يەر كۆلىمىنىڭ 0.48 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. بۇ خىل تۇپراق، ئاساسەن، يىما، ئاقتام ۋە ئايكۆل يېزىلىرىغا تارقالغان.

4) تېگى قۇم تۇپراق بۇ، ئۈستۈنكى قەۋىتىنىڭ 60 سانتىمېتىر تېگىدە قۇم تۇپراق قاتلىمى بار ئەت تۇپراقتىن ئىبارەت، بۇ خىل تۇپراقنىڭ سۈپىتى بوش، تېرىقچىلىق قىلىش ئاسان بولسىمۇ، لېكىن سۇ تەركىبىنى ساقلاش ئىقتىدارى ناچار. ناھىيە بويىچە تېگى قۇم تۇپراقنىڭ كۆلىمى 39 مىڭ 904 مو بولۇپ، ئومۇمىي تېرىلغۇ يەر كۆلىمىنىڭ 2.88 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. ئۇ، ئاساسەن، پوسكام، يىما، سەيلى، ئىككىسۇ ۋە تۇغچى يېزىلىرىغا تارقالغان.

**زەي تۇپراق (ئاستىدىن زەي ئۆرلەپ تۇرىدىغان يەر)** بۇ خىل تۇپراقنىڭ كۆپ قىسمى چىملىق تۇپراق، سازلىق تۇپراق ۋە شورلۇق تۇپراق ئاساسىدا كۆپ يىللاردىن بۇيان تېرىقچىلىق قىلىپ ئۆزگەرتىش ئارقىلىق ھاسىل بولغان. زەي تۇپراقنىڭ يەر ئاستى سۈيىنىڭ ئورنى يەر يۈزىدىن بىر مېتىردىن ئۈچ مېتىرغىچە تۆۋەن، تۇپىسى زەي، تەركىبىدە ئورگانىك ماددىلارنىڭ مىقدارى يۇقىرىراق، لېكىن تۇپراقنىڭ تېمپېراتۇرىسى تۆۋەن، شورلىنىش ھادىسىلىرى بولۇپ تۇرىدۇ. سۇغىرىش ۋە تېرىقچىلىق قىلىش مۇۋاپىق، زەي سۇلارنى چىقىرىۋېتىش شارائىتى ياخشى بولمىغان ئەھۋالدا، تۇپراقتا ئۈزلۈكسىز شور يىغىلىپ قېلىپ، شور تۇپراققا ئۆزگىرىپ قالىدۇ. ناھىيە بويىچە زەي تۇپراق كۆلىمى 347 مىڭ 652 مو بولۇپ، ئومۇمىي يەر كۆلىمىنىڭ 25.08 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. بۇ، ناھىيە بويىچە تېرىقچىلىق قىلىشقا بولىدىغان يەنە بىر خىل ئاساسلىق تۇپراق، ئۇ، ھەر قايسى يېزا، دېھقانچىلىق مەيدانى، ئۇرۇقچىلىق مەيدانى، ئورمانچىلىق مەيدانىغا تارقالغان. دەريا ساھىلىدىكى پەلەمپەي ئېتىز، يەلپۈگۈچسىمان تىنىمىنىڭ چېتىدىكى يەر، يەلپۈگۈچسىمان تىنىمىنىڭ ئارىسىدىكى ئويمان يەرلەر بىر قەدەر كۆپ بولغان تۇغچى، ئىككىسۇ، ئايكۆل، يىما، سەيلى، پوسكام يېزىلىرىغا ۋە دېھقانچىلىق مەيدانى، ئۇرۇقچىلىق مەيدانىغا كۆپ تارقالغان.

**چىملىق تۇپراق** بۇ، يەر ئاستى سۈيىنىڭ تەسىرىدە، چىملىق يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەر ئاستىدا تەبىئىي يېتىلگەن تۇپراقتىن ئىبارەت، بۇ خىل تۇپراقنىڭ يەر شەكلى تۈز، تۇپراق قەۋىتى قېلىن، تۇپراقنىڭ سۇ تەركىبى تولۇق، چىرىندى ماددا قەۋىتى قېلىنراق، تەركىبىدە ئورگانىك ماددىلارنىڭ مىقدارى يۇقىرى بولسىمۇ، لېكىن يەر ئاستى سۈيىنىڭ ئورنى يۇقىرى (يەر يۈزىدىن بىر مېتىردىن ئۈچ مېتىرغىچە تۆۋەن)، يەر يۈزىدىكى شور مىقدارى كۆپ. ناھىيە بويىچە چىملىق تۇپراقنىڭ كۆلىمى 159 مىڭ 498 مو بولۇپ، ئومۇمىي يەر كۆلىمىنىڭ 11.52 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. بۇ خىل تۇپراق، ئاساسەن، ئىككىسۇ يېزىسى، دېھقانچىلىق مەيدانى، ئۇرۇقچىلىق مەيدانى، كۆيباغ يېزىسىنىڭ دەريا ساھىلىدىكى يەرلىرى، دەريا بويىدىكى پەلەمپەي يەرلەر، يەلپۈگۈچسىمان تىنما ئارىسىدىكى ئويمان يەرلەر. يەلپۈگۈچسىمان تىنىمىنىڭ چېتىدىكى يەرلەرگە تارقالغان بولۇپ، ھەممىسى چۆل ئوتلاقلىرى ۋە يېقىــلغۇ ئورمان ئۆسىدىغان ئوتلاقلاردىن ئىبارەت.

**تۇزلۇق تۇپراق** بۇ خىل تۇپراقنىڭ تەركىبىدىكى ھەر خىل ئېرىشچان تۇزنىڭ ئوتتۇرىچە مىقدارى %1 تىن ئاشىدۇ، ئۇنىڭ ئاساسلىق ئالاھىدىلىكى شۇكى، يەر يۈزىدە تۇز توپلانغان، تۇز قېتىشمىلىرى پەيدا بولغان، بۇ خىل تۇپراقنىڭ تۇپىسى زەي، ئوتتۇرا، تۆۋەن قىسمىدا دات سىزىقچىلىرى، دات داغلىرى بار. ناھىيە بويىچە تۇزلۇق تۇپراق كۆلىمى 6428 مو بولۇپ،

ئومۇمىي يەر كۆلىمىنىڭ 0.46 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. ئۇ، ئاساسەن، ئىككىسۇ يېزىسى، دېھقانچىلىق مەيدانى، كۆيباغ يېزىسى ۋە ئورمانچىلىق مەيدانى قاتارلىق جايلارغا تارقالغان.

**سازلىق تۇپراق** بۇ خىل تۇپراق پەسىل خاراكتېرلىك سۇ يىغىلىپ قېلىش ياكى ئۇزۇن يىل سۇ يىغىلىپ قېلىش ھالىتىدە تۇرىدۇ، ئۇنىڭ ھاۋا ئۆتۈشچانلىقى ناچار، ئۇنىڭ ئاساسلىق ئالاھىدىلىكى شۇكى، يەر ئاستى سۈيىنىڭ ئورنى يۇقىرى بولۇپ، يەر يۈزىدە سۇ يىغىلىپ قالىدۇ، پىشمىغان ئۈنلاق قەۋىتى ياكى تورپلۇق قەۋىتى بار، قىسمەن جايلاردا تۇز قېتىشمىسى بار، گەرچە تۇپراق تەركىبىدىكى ئورگانىك ماددىلارنىڭ مىقدارى كۆپ بولسىمۇ، لېكىن مىكرو ئورگانىزملارنىڭ ھەرىكىتى ئاجىز، پارچىلىنىشى ئاستا بولغاچقا، ئۈنۈمدارلىقى تۆۋەن. ناھىيە بويىچە سازلىق تۇپراق كۆلىمى 6798 مو بولۇپ، ئومۇمىي يەر كۆلىمىنىڭ 0.4 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. بۇ خىل تۇپراق، ئاساسەن، كۆيباغ يېزىسى ۋە دېھقانچىلىق مەيدانىغا تارقالغان.

**قوڭۇر چۆل تۇپراق** بۇ، ئىنتايىن قۇرغاق ئىقلىم شارائىتىدا قۇم شېغىللىق تىنما ماددىلاردىن ھاسىل بولغان بىر خىل بەلباغ خاراكتېرلىك تۇپراقتىن ئىبارەت. بۇ خىل تۇپراق تاش ـ شېغىللىق چۆللۈك بىلەن باغلانغان، تەركىبىدىكى ئورگانىك ماددىلارنىڭ مىقدارى ئىنتايىن ئاز، يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەر شالاڭ. ناھىيە بويىچە قوڭۇر چۆل تۇپراقنىڭ كۆلىمى 339 مىڭ 107 مو بولۇپ، ئومۇمىي يەر كۆلىمىنىڭ 24.47 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. بۇ خىل تۇپراق، ئاساسەن، نوغچى، كۆيباغ، ئاقتام يېزىلىرىنىڭ چېتىگە تارقالغان.

**كۆچمە قۇم تۇپراق** بۇ، تەبىئىي ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇقنىڭ بۇزۇلۇشى، شامالنىڭ قۇملارنى ئۇچۇرۇپ كېلىشى، كۆچمە قۇمنىڭ ھەممە يەرگە يامرىشىدىن ھاسىل بولغان بىر خىل تۇپراق. ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى، يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەر شالاڭ، قۇم دۆۋىلىرى تۇتاش سوزۇلغان. ناھىيە بويىچە كۆچمە قۇم تۇپراقنىڭ كۆلىمى 54 مىڭ 742 مو بولۇپ، ئومۇمىي يەر كۆلىمىنىڭ 3.95 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. بۇ خىل تۇپراق، ئاساسەن، يىما، گۈلباغ. ئىككىسۇ، نوغچى، كۆيباغ يېزىلىرىغا ۋە دېھقانچىلىق مەيدانىغا تارقالغان.

## 2. تۇپراقنىڭ قۇۋۋىتى

پوسكام ناھىيىسىنىڭ كۆپ قىسىم يەرلىرىنىڭ تەركىبىدىكى ئورگانىك ماددا مىقدارى ئاز، ئازوت ئېلېمېنتلىرى ۋە تېز ئۈنۈم بېرىدىغان فوسفور مىقدارى تۆۋەن، ئازوت بىلەن فوسفورنىڭ نىسبىتى ماس كەلمەيدۇ. 1981 ـ يىلدىكى تۇپراقنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈشكە دائىر لابوراتورىيىلىك ماتېرىياللار ئاساسىدىكى خۇلاسە دوكلاتىغا قارىغاندا، ناھىيە بويىچە تەركىبىدىكى ئورگانىك ماددا مىقدارى %1 تىن ئاشىدىغان تېرىلغۇ يەر ئومۇمىي تېرىلغۇ يەر كۆلىمىنىڭ ئاران 22.44 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدىكەن. كۆپ قىسىم تېرىلغۇ يەرلەرنىڭ تەركىبىدىكى ئورگانىك ماددا مىقدارى 0.6 تىن %1 كىچە، بىنەم يەرلەرنىڭ تەركىبىدىكى ئورگانىك ماددا مىقدارى 0.4 تىن %1.2 كىچە ئىكەن. تەركىبىدىكى تولۇق ئازوت مىقدارى ئادەتتە 0.05 تىن %0.08 كىچە ئىكەن، بۇنىڭ ئىچىدە تەركىبىدىكى ئازوت مىقدارى %0.075 تىن تۆۋەن بولغان تېرىلغۇ يەر ئومۇمىي تېرىلغۇ يەر كۆلىمىنىڭ 92.9 پىرسەنتىنى، تەركىبىدىكى ئازوت مىقدارى %0.08 تىن تۆۋەن بولغان بىنەم يەر ئومۇمىي بىنەم يەر كۆلىمىنىڭ 82.3 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدىكەن. تۇپراق تەركىبىدىكى تولۇق فوسفور مىقدارى %0.06 ئەتراپىدا ئىكەن، كۆپ ساندىكىلىرى ئۈنۈمسىز فوسفور ئىكەن، تۇپراق تەركىبىدىكى ئۈنۈملۈك فوسفور مىقدارى ئاران 0.7 ـ 3.6ppm، تەركىبىدىكى ئۈنۈملۈك فوسفور مىقدارى 3ppm دىن ئاز بولغان تېرىلغۇ

يەر كۆلىمى ئومۇمىي تېرىلغۇ يەر كۆلىمىنىڭ 90.91 پىرسەنتىنى، تەركىبىدىكى ئۈنۈملۈك فوسفور مىقدارى 3ppmدىن ئاز بولغان يەر كۆلىمى ئومۇمىي تېرىلغۇ يەر كۆلىمىنىڭ 98.88 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدىكەن. تۇپراقتىكى تېز ئۈنۈم بېرىدىغان كالىينىڭ مىقدارى مول بولۇپ، ئادەتتە 150 - 200ppm ئارىلىقىدا ئىكەن.

## § 6. يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەر

ناھىيە تەۋەسىدە، تېرىقچىلىق رايونىدىكى دېھقانچىلىق زىرائەتلىرى ۋە سۈنئىي ئۇسۇلدا ئۆستۈرۈلگەن ئىھاتە ئورمىنى، ماتېرىيال ئورمىنى، ئىقتىسادىي ئورمان، يېقىلغۇ ئورمىنىدىن باشقا، يەنە بەش خىل ئاساسلىق يېپىنچا ئۆسۈملۈك تىپى بار.

### 1. قايتا ئۆسكەن توغراق يېپىنچا ئۆسۈملۈكلىرى

بۇ، غەربىي جەنۇبىي قىسمىدىكى يەكەن دەرياسى بويىغا يېقىن ياسىدۇن ئورمانچىلىق مەيدانىغا تارقالغان، كۆلىمى 2827 مو، يەر يۈزىنى يېپىش دەرىجىسى ئوتتۇراھال، ئورمان ئارىلىرىدا چوڭچوڭ بۇيا، يۇلغۇن، ئىت ياڭىقى ۋە باشقا ئوت - چۆپلەر ئۆسىدۇ.

### 2. چۆل يېپىنچا ئۆسۈملۈكلىرى

بۇ، ئاساسەن، يەلپۈگۈچسىمان تىنمىنىڭ يۇقىرى قىسمىدىكى ياسىدۇن ئورمانچىلىق مەيدانى ۋە كوبباغ، تۇغچى يېزىلىرىغا تارقالغان، چاكاندا، ئاق تىكەن، قارا تىكەن، ياۋتاق قاتارلىقلار ئۆسىدۇ، يەر يۈزىنى يېپىش دەرىجىسى ئىنتايىن تۆۋەن.

### 3. چىم يېپىنچا ئۆسۈملۈكلىرى

بۇ، دەريا ساھىلى، دەريا بويىدىكى پەلەمپەي يەرلەر، يەلپۈگۈچسىمان تىنمىنىڭ چېتىگە تارقالغان. شورا، پىيىزەك ئوت، ماز تىلى ئوت ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ، ئارىلىرىدا بۇيا، كۆمەك ئوت، ئىت قۇيرۇق، جىن چاتقىلى، ياۋا يىدە، ئىت ئۈزۈمى، پاقا يوپۇرمىقى، مۈز ئوت، پېچىن، غوزىلىق ياۋتاق، چىغ، يۇلغۇن، يېشىل لويلا، بور تىكەن، لوپنۇر كەندىرى، قامغاق قاتارلىقلار ئۆسىدۇ.

### 4. سازلىق يېپىنچا ئۆسۈملۈكلىرى

بۇ، ئويمان يەرلەردىكى سۇ يىغىلىپ قالغان سازلىققا تارقالغان. ئاساسەن، قومۇش، يېكەن، ئۈچ قىرلىق پىيىزەك ئوت، سۇ پىيىزى، ئۆردەك تىلى ئوت قاتارلىقلار ئۆسىدۇ.

### 5. قۇملۇق يېپىنچا ئۆسۈملۈكلىرى

بۇ، قۇم دۆۋىلىرى ۋە قۇملۇق چۆلگە تارقالغان، قۇملۇق شورىسى ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ.

ئېتىز - ئېرىق ئوت - چۆپلىرىدىن ئېتىزلىق يۆگىمىسى، قومۇش، كۆمەك ئوت، لويلا، مۈز ئوت، ئىت قۇيرۇق، ئۈچ قىرلىق پىيىزەك ئوت، غىجەك ئوت، ياۋا سۇلۇ، ماماكاپ، پاقا يوپۇرمىقى، چوڭ خوخا، بۇيا، ياۋا سۈپۈرگە، ئېمىزلىق بوز تىكىنى، سېمىز ئوت، قۇچقاچچىنلى، بۇدۇشقاق، لويلا، قىرىق بوغۇم، ئىت ياڭىقى، يالپۇز، ئىت ئۈزۈمى، شۇمبۇيا، سېرىق يۆگەي قاتارلىقلار ئۆسىدۇ.

## § 7. ھايۋانلار

پوسكام ناھىيىسى ئوتلاق دېھقانچىلىق رايونىغا تەۋە بولغاچقا، ئۆي قۇشلىرى، ئۆي

ھايۋانلىرى ۋە بېلىق، پىلە، ھەسەل ھەرىسى بېقىلغاندىن باشقا، ياۋايى ھايۋانلار كۆپ ئەمەس.

## 1. ھايۋان تۈرلىرى

ياۋا توشقان، تۈلكە، كىرپە كەڭ تارقالغان بولۇپ، ئېتىز - دالىلاردا ھەممىشە ئۇچراتقىلى بولىدۇ. ئىپار چاشقىنى (كونىلار سۇ چاشقىنى دەپمۇ ئاتايدۇ) زەي يەرلەردە، ئۆستەڭلەردە ماكان تۇتىدۇ. ئۆششاق ئۆي چاشقىنى ئىنتايىن كۆپ بولۇپ، ناھىيىنىڭ ھەممە يېرىگە تارقالغان. شەپەرەڭ كۆپ ئەمەس. 30 ـ 40 يىل ئىلگىرى دائىم ئۇچرايدىغان ياۋا چوشقىلارنىڭ نەسلى قۇرۇپ كېتەي دەپ قالدى.

## 2. قۇش تۈرلىرى

ئاساسەن قارلىغاچ، ياۋا ئۆردەك، قۇشقاچ، قاغا بار، باشقا ياۋا قۇشلاردىن قارا قۇشقاچ، ھۆپۈپ، تۆمۈر تۇمشۇق، پاختەك، كاككۇك، بېنگال بېلىق ئالغۇچى، بېلىقچى قۇش، سوپىتورغاي، قارچۇغا، مۇشۇكياپىلاق قاتارلىقلار بار.

## 3. بېلىق تۈرلىرى

ياۋا بېلىقلارنىڭ تۈرى كۆپ ئەمەس، يوغان باش بېلىق (قاسىراقسىز، تۇخۇمدېنى زەھەرلىك، گۆشكە مايىل يېمەكلىكلەرنى يەيدۇ، ئەڭ چوڭلىرىنىڭ ئېغىرلىقى تەخمىنەن 500 گرام كېلىدۇ) كۆپ، ئۇ، ئاساسەن، زەيكەشلەرگە ۋە پوسكام، بەشكەنت ئۆستەڭلىرىگە تارقالغان. سازلىقلاردا، سۇ ئازگاللىرىدا ياشاشقا ئامراق ئاق تاپان بېلىق زور مىقداردا كۆپىيىدۇ. ياۋا كارىپ بېلىقى، ئۇچلۇق تۇمشۇق بېلىق، قۇمچاق بېلىقنىڭ سانى ئازراق. ئىلگىرىكى يىللاردا كۆپ ئۇچرايدىغان شىنجاڭ ئىنچىكە قاسىراقلىق بېلىقنىڭ نەسلى قۇرۇپ كېتەي دەپ قالدى.

80 - يىللاردىن بۇيان كەلتۈرۈلگەن ئوتخور بېلىق، لاتقا بېلىقى، چىپار سوقتا بېلىق، قىزىل سومۇك بېلىقلار بېقىلىۋاتقان كۆلچەكلەردىن ئاز ساندا سىرتقا قېچىپ، تىزناپ دەرياسى ۋە يەكەن دەرياسىدا ماكان تۇتتى.

## 4. ھاشاراتلار

ئۆسۈملۈك ئاسرىغۇچى خادىملار ناھىيە تەۋەسىدىن يىغىپ رەتكە تۇرغۇزغان ھاشاراتلار 14 ئەترەت، 65 ئائىلە، 155 تۈر، بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىققا زىيانلىق ھاشارات 107 تۈر، ئامبارغا زىيانلىق ھاشارات يەتتە تۈر، كۆشەندە ھاشارات 41 تۈر.

دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىققا زىيانلىق ھاشاراتلاردىن تۇن كېپىنەكى ئائىلىسىدىكىلەر 24 تۈرگە يېتىدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە سېرىق يەر يولۋىسى، سىزىقلىق يەر يولۋىسى، غوزا قۇرتى ئاساسلىق زىيانداش ھاشاراتلار ھېسابلىنىدۇ. سانى كۆپ، ئېغىر زىيان سالىدىغان ھاشاراتلاردىن يەنە تىرىبىس ئائىلىسىدىكى كېۋەز تىرىبىسى، يوپۇرماق پىتى ئائىلىسىدىكى بۇغداي ئاچا قانات تومۇرلۇق كۆك پىتى، بۇغداي ئۇزۇن تۇمشۇق كۆك پىتى، بىدە كۆك پىتى، كېۋەز ئۇزۇن تۇمشۇق كۆك پىتى، قارىغۇ چېرپاشكا ئائىلىسىدىكى ئوت - چۆپ قارىغۇ چېرپاشكىسى، بىدە قارىغۇ چېرپاشكىسى، كىچىك سالجا ئائىلىسىدىكى ئۈزۈكسىمان كىچىك سالجا، يوپۇرماق كېپىنەكى ئائىلىسىدىكى ئالما خالتىسىمان كېپىنەكى بار.

ئامبارغا زىيان سالىدىغان ھاشاراتلاردىن پەرۋانە ئائىلىسىدىكى بىنەپشە داغسىمان ئاشلىق پەرۋانىسى ۋە ھىندىستان ئاشلىق پەرۋانىسى، مىتە ئائىلىسىدىكى ئاشلىق مىتىسى، گۆرۈچ مىتىسى ۋە گېرمانىيە سۇۋەرىكى، ھەرىسىمان مىتە بار.

كۆشەندە ھاشاراتلاردىن سەككىز ئەترەت، 16 ئائىلە، 41 تۈرى بار، بۇنىڭ ئىچىدە ئەڭ

كۆپ بولغان خانقىز ئائىلىسىدە توققۇز تۈر بار (غەيرىي خانقىز ۋە قوڭۇر داغلىق خانقىز ئەۋزەل تۈرلەردۇر). ئۇنىڭدىن قالسا، ئالتۇن كۆز ھەرە ئائىلىسى (يوپۇرماق ر ئۆلىك ئالتۇن كۆز ھەرە ۋە چىپار ئالتۇن كۆز ھەرىنىڭ سانى ئەڭ كۆپ) ۋە پىتخور چىۋىن ئائىلىسى بولۇپ، ھەر قايسىسىدا يەتتىدىن تۈر بار. ئۇنىڭدىن باشقا قارىغۇ چىرپاشكا ئائىلىسىدە پىتخور قارا چىرپاشكا قاتارلىق ئۈچ تۈر، قاسراقلىقلار ئائىلىسىدە جۇڭخۇا كەڭ يەلكىلىك قاسراقلىق ھەرە قاتارلىق ئۈچ تۈر، ئىچنېئومون ھەرە ئائىلىسىدە ئىچنېئومون ھەرە قاتارلىق ئىككى تۈر، پىلە ھەرىسى ئائىلىسىدە يەر يولۋىسى، ئۇزۇن مۇساپىلىق پىلە ھەرىسى قاتارلىق ئىككى تۈر ۋە قاسراقلىق يەر مىتىسى، نىلونسىمان پىت، داغسىمان قوش زەھەر چاچقۇچى چىۋىن، ئۈششاق كۆك پىت ھەرىسى، كىچىك يىڭناغۇچ، چوڭ يىڭناغۇچ، باچىۋەك قاتارلىقلار بار.

دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىگە زىيان سالىدىغان ھاشاراتلار ۋە ئۇلارنىڭ كۆشەندىلىرىدىن باشقا، بەنە چىۋىن (ئۆي چىۋىنى، يېشىل چىۋىن، سۇر چىۋىن قاتارلىقلار)، پاشا، كۆكۈيۈن، سوۋەرەك، چۈمۈلە قاتارلىقلار بار.

باشقا جانىۋارلاردىن سازاڭ، چارپاقا، قۇلۇلە، كەسلەنچۈك ۋە يىلان بار.

# § 8. ئاساسلىق ئاپەتلەر

## 1. قۇرغاقچىلىق

قۇرغاقچىلىق ـ ناھىيە تەۋەسىدىكى دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىنىڭ ئۆسۈشىدىكى ئاساسلىق ئاپەت. ھۆل ـ يېغىن ئاز بولغاچقا، كلىمات قۇرغاق، ئاتموسفېرانىڭ نىسبىي نەملىكى يىللىق ئوتتۇرا ھېساب بىلەن %56 بولىدۇ. ئەتىياز پەسلىدە تېمپېراتۇرا تېز ئۆرلەيدۇ، ياز پەسلىدە ھاۋا بەك ئىسسىق بولىدۇ ۋە شامال كۆپ چىقىدۇ، شۇڭا سۇنىڭ پارغا ئايلىنىشى كۈچلۈك. دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىنىڭ ئۆسۈش مەۋسۈمىدە سۇنىڭ پارغا ئايلىنىش مىقدارى ئادەتتە 1310 م. ممىلىمېتىرغا يېتىدۇ. ھۆل ـ يېغىن مىقدارى ئاز بولغاچقا، دەريا سۈيىنىڭ تاشقىن مەزگىلى ھەممىشە ئارقىغا سۈرۈلۈپ، دائىم ئەتىيازلىق قۇرغاقچىلىق بولۇپ تۇرىدۇ. ئەتىياز، كۈزدىكى زىرائەت تېرىلغۇسى ۋە بۇغداي، شالىنىڭ ئۆسۈشى دەريالارنىڭ قۇرۇپ كېتىشى بىلەن ئېغىر تەسىرگە ئۇچرايدۇ. بولۇپمۇ بۇغداي، ئۆسۈش باسقۇچىدا، ھەر يىلى ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە قۇرغاقچىلىققا ئۇچراپ تۇرىدۇ، قۇرغاقچىلىققا ئۇچرىغان يىللاردىكى ئېھتىماللىق نىسبەت % 90 تىن ئاشىدۇ. شۇ سەۋەبتىن، ئامما ئارىسىدا «ئون يىلنىڭ توققۇزى قۇرغاقچىلىق» دېگەن تەمسىل بار. قۇرغاقچىلىق تۈپەيلىدىن 1976 ـ يىلى ناھىيە بويىچە 2282 مو، 1981 ـ يىلى 1560 مو، 1984 ـ يىلى 1328 مو بۇغداي قۇرۇپ كەتتى.

## 2. بوران

بوران ـ ناھىيە تەۋەسىدە ئەتىياز، ياز پەسلىدىكى يەنە بىر ئاساسلىق ھاۋا رايى ئاپىتى. ئۇ، دائىم 4 ـ ئايدىن 9 ـ ئايغىچە بولغان ئارىلىقتا يۈز بېرىدۇ، 4 ـ، 5 ـ، 6 ـ ئايلارغا مەركەزلىشىدۇ. 6 ـ ئايدا بوران ئەڭ كۆپ چىقىدۇ، بۇ ئايدىكى بوران ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 2.3 كۈنگە يېتىدۇ، ئۇنىڭدىن قالسا، بوران كۆپ چىقىدىغان ئاي 5 ـ ئاي بولۇپ، بۇ ئايدا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 1.9 كۈنگە، 4 ـ ئايدا 1.1 كۈنگە يېتىدۇ. باشقا ئايلاردا بوران چىقىدىغان ۋاقىت ئوتتۇرا ھېساب

بىلەن بىر كۈنگە يەتمەيدۇ، يىللىق ئوتتۇرىچە بوران چىقىدىغان ۋاقىت ئون كۈن بولۇپ، بوران ئەڭ كۆپ چىققان يىللىرى 16 كۈنگە، ئەڭ ئاز چىققان يىللىرى بەش كۈنگە يېتىدۇ.

بوران كۈچى ئەڭ زور بولغاندا 11 بال (بوران سۈرئىتى 31 مېتر/سېكۇنت) غا يېتىدۇ، ئادەتتە ئالتە بال ياكى سەككىز بال (ئارىلىقتا ئەڭ كۈچەيگەن ۋاقىتتىكى سۈرئىتى17مېتر/سېكۇنت) غا يېتىدۇ. بوران دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىنىڭ ئۆسۈشىگە ناھايىتى زور زىيان كەلتۈرىدۇ. 1976- يىل 4 - ئاينىڭ 10 - كۈنى سەككىز بال بوران چىقىپ، سۈرئىتى 19 مېتر/سېكۇنتقا يېتىپ، بىر سائەت داۋاملىشىپ، 2282 مو يەردىكى بۇغدايىنى ۋەيران قىلىۋەتتى. 1976 - يىل 5 - ئاينىڭ 25 - كۈندىن 26 - كۈنىگىچە سەككىز بال بوران چىقىپ، سۈرئىتى 19 مېتر/سېكۇنتقا يېتىپ 8860 مو يەردىكى كېۋەزنى ۋەيران قىلىۋەتتى. 1977 - يىل 5 - ئاينىڭ 1 - كۈنى سەككىز بال بوران چىقىپ، سۈرئىتى 19 - 20 مېتر/سېكۇنتقا يېتىپ، 2330 مو يەردىكى بۇغدايىنى ۋەيران قىلىۋەتتى. 1978 - يىل 5 - ئاينىڭ 25 - كۈنى ئون بال بوران چىقىپ، ئەڭ تېز سۈرئىتى 31 مېتر/سېكۇنتقا، ئوتتۇرىچە سۈرئىتى 28 مېتر/سېكۇنتقا يېتىپ سەككىز سائەت داۋاملىشىپ، ناھىيە بويىچە ئومۇمىي كېۋەزنىڭ 70 پىرسەنتى زىيانغا ئۇچرىدى، زىيانغا ئۇچراش كۆلىمى 39 مىڭ 397 مو بولۇپ، بۇنىڭدىن 40% كېۋەزنىڭ يوپۇرماقلىرى قۇرۇپ، يىلتىزى ئېچىلىپ قالغاچقا، ئورنىغا كۆممىقوناق ياكى قوغۇن - تاۋۇز تېرىلدى. 16 مىڭ 915 مو يەردىكى كۆممىقوناق زىيانغا ئۇچرىدى، بۇنىڭدىن 6644 مو كۆممىقوناق قايتىدىن تېرىلدى، ئۇنىڭدىن باشقا، بوران توك سىملىرىنى ئۈزۈۋەتتى، ستولبىلارنى ئۆرۈۋەتتى، نەتىجىدە بىر نەچچە كۈن توك ئۈزۈلۈپ قېلىپ، زاۋۇتلاردا ئىشلەپچىقىرىش توختاپ قالدى، ئاھالىلەرنىڭ يورۇتۇش توكى بىر نەچچە كۈن توختاپ قالدى. 1978 - يىل 6 - ئاينىڭ 11 - كۈنى سەككىز بال بوران چىقتى، ئازا كۈچەيگەندە ئون بالغا يېتىپ، سەككىز سائەت داۋاملىشىپ، 6520 مو يەردىكى كېۋەزنى ۋەيران قىلىۋەتتى. 1983 - يىل 5 - ئاينىڭ 12 - كۈنى توققۇز بال بوران چىقىپ، 4622 مو يەردىكى كېۋەز مايسىلىرىنى ۋەيران قىلىۋەتتى، يەر شەكلى، تۇزلۇقى ۋە بوراننىڭ يۆنىلىشىگە ئاساسەن، بوران دولقۇنى ۋە رايونلارنىڭ ئاپەتكە ئۇچراش دەرىجىسى ئوخشاش بولمىدى. يەلپۈگۈچسىمان تىنىمىنىڭ يۇقىرى قىسمىدىكى كۈيباغ، ئاقتام، تۇغچى يېزىلىرىنىڭ كۆپ قىسمى، ناھىيىلىك باغۋەنچىلىك مەيدانى ۋە ئايكۆل يېزىسىنىڭ قىسمەن كەنتلىرى چۆللۈككە جايلاشقانلىقى، ئورمان بەلباغلىرى شالاڭ، يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەر ئاز بولغانلىقى ئۈچۈن، ئېغىر ئاپەت رايونى ھېسابلىنىدۇ؛ پوسكام، يىما، سەيلى، گۈلباغ يېزىلىرى يەلپۈگۈچسىمان تىنىمىنىڭ ئوتتۇرا، تۆۋەن قىسمىغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، يېنىك ئاپەت رايونى ھېسابلىنىدۇ.

### 3. كەلكۈن

يەكەن دەرياسىنىڭ كەلكۈن پەللىسى ھەر قېتىم 1000 كۇب مېتر/سېكۇنتتىن ئېشىپ كەتكەندە، دەريا بويىدىكى كەنتلەرگە تەسىر كۆرسىتىدۇ، يەرلەرنى سۇ بېسىپ كېتىدۇ، ئۆيلەر ۋەيران بولىدۇ. 1924 - يىلى غوڭران قاتارلىق جاڭزىلارنىڭ 682.92 مو يېرىنى سۇ بېسىپ ۋەيران قىلىۋەتكەن. 1940 - يىلى يەكەن دەرياسى كۆۋرۈكنى بۇزۇۋەتكەن، 313 مو يەرنى سۇ ۋەيران قىلىۋەتكەن. 1945 - يىلى غوڭران قاتارلىق 13 كەنتنىڭ 3.973 مو يېرىنى سۇ ۋەيران قىلىۋەتكەن. 1956 - يىلى جايتوغراق ۋە ئاقتام يېزىلىرىنىڭ 950 مو يەردىكى زىرائەتلىرىنى سۇ بېسىپ كەتتى، 450 مو تېرىلغۇ يېرىنى ۋەيران قىلىۋەتتى، 28 مىڭ توپ

كۆچەتنى، 1948 تال ياغاچنى سۇ ئېقىتىپ كەتتى. 48 ئېغىز ئۆينى ۋەيران قىلىۋەتتى، سەككىز ئۆستەڭ يار ئېلىپ كەتتى. 1961 - يىلى يەكەن دەرياسى كۆۋرۈكنى كەلكۈن بۇزۇۋېتىپ، قەشقەر - خوتەن تاش يولىدا قاتناش ئۈزۈلۈپ قالدى. 1977 - يىلى شەرقىي ئۆستەڭ كەلكۈندىن مۇداپىئەلىنىش توسمىسىنىڭ 300 مېتىر يېرىنى ۋەيران قىلىۋەتتى.

## 4 . يامغۇر ئاپىتى

ناھىيە بويىچە تەخمىنەن 20% تېرىلغۇ يەر شورلىشىپ كەتكەن، يەر ئاستى سۈيىنىڭ ئورنى ئېگىز، تۇپراق تەركىبىدىكى شور مىقدارى بىر قەدەر كۆپ، ئەتىيازدا يامغۇر كۆپرەك ياغسا، تۇپراق قېتىۋېلىپ، شور ئۆرلەپ قالىدۇ-دە، يېنىكرەك بولغاندا زىرائەت مايسىلىرىنىڭ ئۈنۈپ چىقىشىغا تەسىر يېتىدۇ، ئېغىرراق بولغاندا مايسىلار زور مىقداردا نابۇت بولىدۇ. 1976 - يىل 4 - ئايدا بىر پەس يامغۇر ياغقاندىن كېيىن، 2282 مو بۇغدايلىقتا شور ئۆرلەپ، مەھسۇلاتنىڭ يېرىمى كېمىيىپ كەتتى. 1981 - يىل 4 - ئايدا ھۆل - يېغىن 34.7 مىللىمېتىرغا يېتىپ، 1560 مو بۇغداينى شور نابۇت قىلىۋەتتى. 1984 - يىل 4 - ئايدا ھۆل - يېغىن 17.2 مىللىمېتىرغا يېتىپ، 1328 مو بۇغدايدىن بىر تالمۇ ھوسۇل ئېلىنمىدى.

ئەتىيازلىق يامغۇر ئاپىتىنىڭ تارقىلىشى: ناھىيىلىك دېھقانچىلىق مەيدانى، گۈلباغ، ئىككىسۇ، يىما يېزىلىرىنىڭ كۆپ قىسمى ئېغىر ئاپەت رايونى ھېسابلىنىدۇ، پوسكام، سەيلى، ئايكۆل يېزىلىرىنىڭ كۆپ قىسىم رايونلىرى ۋە تۇغچى، كۆيباغ، ئاقتام يېزىلىرىنىڭ بىر قىسىم رايونلىرى يېنىك ئاپەت رايونى ھېسابلىنىدۇ.

## 5 . مۆلدۈر

كۆپ يىللاردىن بۇيان بىر قېتىم مۆلدۈرياغدى، داۋاملاشقان ۋاقتى ئۇزۇن بولمىدى. 1985-يىل 6 - ئاينىڭ 20 - كۈنى توساتتىن يامغۇر ئارىلاش مۆلدۈر يېغىپ، ئون مىنۇتقا بارمايلا توختاپ قالغان بولسىمۇ، كېۋەز، كۆممىقوناقنىڭ يوپۇرماقلىرىنى سالپايتىۋەتتى.

## 6 . يەر تەۋرەش

ماتېرىياللاردا مۇنداق خاتىرىلەنگەن: 1902 - يىل 8 - ئاينىڭ 22 - كۈنى سائەت 11 دىن توققۇز مىنۇت ئۆتكەندە، ئاتۇشتا 8.25 بال يەر تەۋرەپ، پوسكام ناھىيىسى تەۋەسىگە تەسىر كۆرسەتكەن، ناھىيە تەۋەسى يەر تەۋرەش بويىچە 6° لۇق رايون بولغان. بەزى قوي قوتانلىرى ئۆرۈلۈپ چۈشۈپ، قويلارنى بېسىۋالغان، ئادەملەر مەزمۇت ئۆرە تۇرالمىغان، ئۆستەڭ - ئېرىقلارنىڭ سۇلىرى داۋالغۇپ تېشىپ كەتكەن، پەنەر ۋە قارا چىراغلار تەۋرىنىپ يەرگە چۈشۈپ كەتكەن، كىيىم - كېچەكلەر پۇلاڭشىپ بىر - بىرىگە ئۇرۇلغان.

1906 - يىل 3 - ئاينىڭ 2 - كۈنى يەكەندە يەر تەۋرەپ، پوسكام ناھىيىسى تەۋەسىگە تەسىر كۆرسەتكەن، يەر - زېمىن داۋالغۇپ كەتكەن.

1924 - يىل 7 - ئاينىڭ 3 - كۈنى نىيىدە 7.25 بال يەر تەۋرىگەندە، تەسىر رادىئوسى 400 - 600 كىلومېتىرغا يەتكەن ۋە پوسكام ناھىيىسى تەۋەسىگە تەسىر كۆرسەتكەن، يەر يۈزى تەۋرەپ كەتكەن، ئادەملەر قاتتىق ئۇيقۇدىن ئويغىنىپ كەتكەن.

1927 - يىل 4 - ئاينىڭ 30 - كۈنى سائەت 21 دىن 56 مىنۇت 47 سېكۇنت ئۆتكەندە، قاغىلىق، گۇمىلاردا ئالتە بال يەر تەۋرەپ، پوسكام ناھىيىسى تەۋەسىگە تەسىر كۆرسەتكەن، كىشىلەر مەزمۇت ئۆرە تۇرالمىغان، ئۆي جاھازلىرى تەۋرەپ كەتكەن.

1935 - يىل 9 - ئاينىڭ 29 - كۈنى سائەت 14 تىن 36 مىنۇت ئۆتكەندە. مارالبېشى

بىلەن ئاۋات چېگرىسىدا 5.5 بال يەر تەۋرەپ، پوسكام ناھىيىسى تەۋەسىگە تەسىر كۆرسەتكەن، كىشىلەر مەزمۇت ئۆرە تۇرالمىغان، ئۆي جاھازلىرى تەۋرەپ كەتكەن.

1944 - يىل 9 - ئاينىڭ 28 - كۈنى سائەت نۆلدىن 25 مىنۇت يەتتە سېكۇنت ئۆتكەندە، ئۇلۇغچات ناھىيىسىنىڭ جەنۇبىدا يەتتە بال يەر تەۋرەپ، پوسكام ناھىيىسى تەۋەسىگە تەسىر كۆرسەتكەن. ئۆينىڭ تېمىغا ئېسىپ قويۇلغان نەرسىلەر تەۋرىنىپ چۇشۇپ كەتكەن.

1956 - يىل 3 - ئاينىڭ 3 - كۈنى سائەت 15 تىن 12 مىنوت 24 سېكۇنت ئۆتكەندە، قاغىلىق ناھىيىسىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى چىپان رايونىدا ئالتە بال يەر تەۋرەپ، پوسكام ناھىيىسى تەۋەسىگە تەسىر كۆرسەتتى، گۈلدۈرلىگەن ئاۋاز چىقىپ، كۆللەرنىڭ سۈيى داۋالغۇپ كەتتى.

1961 - يىل 4 - ئاينىڭ 1 - كۈنى سائەت 23 تىن 18 مىنۇت 26 سېكۇنت ئۆتكەندە، پەيزاۋات بىلەن مارالبېشىنىڭ چېگرىسىدا يەتتە بال يەر تەۋرەپ، پوسكام ناھىيىسى تەۋەسىگە تەسىر كۆرسەتتى. يەر سەل - پەل تەۋرىدى.

1961 - يىل 4 - ئاينىڭ 14 - كۈنى سائەت نۆلدىن 34 مىنۇت 42 سېكۇنت ئۆتكەندە، پەيزاۋاتنىڭ قۇمكاپپا رايونىدا 6.8 بال يەر تەۋرەپ، پوسكام ناھىيىسى تەۋەسىگە تەسىر كۆرسەتتى، جىم تۇرغان كىشىلەر ئازراق تەۋرەنگەنلىكىنى ھېس قىلدى.

1972 - يىل 11 - ئاينىڭ 13 - كۈنى سائەت بىردىن 56 مىنۇت 52.9 سېكۇنت ئۆتكەندە، تاشقۇرغان ناھىيىسىدە5.9 بال يەر تەۋرەپ، پوسكام ناھىيىسى تەۋەسىگە تەسىر كۆرسەتتى، كىشىلەر مەزمۇت ئۆرە تۇرالمىغانلىقىنى ھېس قىلدى.

1977 - يىل 12 - ئاينىڭ 19 - كۈنى سائەت نۆلدىن 47 مىنۇت 15.8 سېكۇنت ئۆتكەندە، پەيزاۋات ناھىيىسىنىڭ شېكەركۆل رايونىدا ئالتە بال يەر تەۋرەپ، پوسكام ناھىيىسى تەۋەسىگە تەسىر كۆرسەتتى، كىشىلەر يەر تەۋرەۋاتقانلىقىنى سەزدى.

1980 - يىل 2 - ئاينىڭ 14 - كۈنى سائەت بەشتىن توققۇز مىنۇت 34.9 سېكۇنت ئۆتكەندە، قاغىلىق ناھىيىسىنىڭ قارا يۇلغۇن دېگەن يېرىدە ئالتە بال يەر تەۋرەپ، پوسكام ناھىيىسى تەۋەسىگە تەسىر كۆرسەتتى، كىشىلەر ئۆيلەرنىڭ سەل تەۋرىنىۋاتقانلىقىنى سەزدى.

# III باب

# نوپۇس

## § 1. نوپۇسنىڭ ئۆزگىرىشى

1921 - يىلى (مىنگونىڭ 10 - يىلى) ناھىيە قۇرۇلغان چاغدا ناھىيە تەۋەسىدە 6000 ئائىلە، 20 مىڭدىن ئارتۇق نوپۇس بار ئىدى. 1924 - يىلى (مىنگونىڭ 13 - يىلى) ئائىلە 9462 گە، نوپۇس 34 مىڭ323 كە يەتكەن. 1926 - يىلى نوپۇس 37 مىڭ 229 غا يەتكەن. 1928-يىلى

ئائىلە 10 مىڭ 155 كە يەتكەن بولسىمۇ، نوپۇس 35 مىڭ 534كە چۈشۈپ قالغان. 1944- يىل 11 - ئايدا ئەسلىدە قاغىلىق ناھىيىسىگە قاراشلىق ئۇلۇغئېرىق قاتارلىق توققۇز كەنت پوسكام ناھىيىسىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەندىن كېيىن، ناھىيە بويىچە ئائىلە 11 مىڭ 746 گە، نوپۇس 46 مىڭ 343 كە يەتكەن.

1949 - يىلى ناھىيە بويىچە ئائىلە 12 مىڭ 606 گە، نوپۇس 46 مىڭ 912 گە يەتكەن.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، خەلق خۇشال - خورام ياشاشقا باشلىدى، تىببىي دورىگەرلىك، ساقلىق ساقلاش شارائىتى تەدرىجىي ياخشىلاندى، نوپۇس يىلدىن - يىلغا كۆپەيدى. 1955 - يىلى ناھىيە بويىچە ئائىلە 13 مىڭ 979 غا، نوپۇس 51 مىڭ 79 غا يەتتى. شۇ يىلى قاغىلىقتىن پوسكامغا 9390 ئائىلە، 33 مىڭ 289 نوپۇس (بۇنىڭ ئىچىدە ئەر 17 مىڭ 104، ئايال 16 مىڭ 185) ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى، نەتىجىدە 1956 - يىلى ئائىلە 23 مىڭ 369 غا، نوپۇس 84 مىڭ 368 گە يەتتى.

1962 - يىلى ئۈچ خىل خادىمدىن 4000 دىن كۆپرەكى ئورۇنلاشتۇرۇلدى، شۇنىڭ بىلەن ناھىيە بويىچە ئائىلە 26 مىڭ 574 كە، نوپۇس 89 مىڭ 125 كە يەتتى.

1979 - يىلى جەنۇبىي شىنجاڭ نېفىت چارلاش قوماندانلىق شتابى پوسكام ناھىيىسى تەۋەسىدە ۋاقىتلىق بېكىتىپ قۇرۇلۇش باشلىدى، ئىشچى - خىزمەتچىلەر بىلەن بىللە كەلگەن ئائىلە تاۋابىئاتلىرى يىلدىن - يىلغا كۆپەيدى، شۇ جايدا ئەسلىدە ئولتۇرۇشلۇق نوپۇسمۇ ئوتتۇرا ھېساب بىلەن يىلىغا ‰12.25 كۆپىيىش نىسبىتى بىلەن كۆپىيىپ باردى، نەتىجىدە 1982 - يىلى ناھىيە بويىچە نوپۇس 113 مىڭ 543 (نوپۇسنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈشتە ئېلىنغان سان) كە يېتىپ، 1964 - يىلدىكى نوپۇسنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈشتە ئېلىنغان ساندىن 39.3% كۆپەيدى. 1984 - يىلى ناھىيە بويىچە ئومۇمىي ئائىلە 31 مىڭ 273 كە، ئومۇمىي نوپۇس 115 مىڭ 136 گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ناھىيىگە قاراشلىق نوپۇس 108 مىڭ 858؛ ناھىيىدە تۇرۇشلۇق ئورۇنلارنىڭ نوپۇسى 6278.

## § 2. نوپۇسنىڭ تارقىلىشى

1984 - يىلى ناھىيە بويىچە يېزا ئىگىلىك نوپۇسى 90 مىڭ 362 بولۇپ، ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 78.4 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى؛ بازار نوپۇسى 24 مىڭ 774 بولۇپ، ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 21.6 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. يېزا ئىگىلىك نوپۇسى ھەر قايسى يېزا، مەيدانلارغا، بازار نوپۇسى ناھىيە بازىرى بولغان پوسكام بازىرى ۋە كۆيباغ بازىرىغا تارقالغان. ناھىيە بويىچە نوپۇسنىڭ زىچلىقى جەھەتتە، ھەر بىر كۋادرات كىلومېتىر يەرگە 124.6 نوپۇس توغرا كېلىدۇ.

## § 3. نوپۇس قۇرۇلمىسى

### 1. جىنس قۇرۇلمىسى

1982 - يىلدىكى مەملىكەت بويىچە نوپۇسنى 3 - قېتىملىق ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش

## پوسكام ناھىيىسىنىڭ ئىلگىرىكى يىللاردىكى نوپۇسىنىڭ ئۆزگىرىش ئەھۋالى

1 ـ 3 ـ 1 ـ جەدۋەل

| يىللار | ئائىلە سانى | نوپۇس | | | بۇنىڭ ئىچىدە | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| | | جەمئىي | ئەر | ئایال | غەيرىي يېزا ئىگىلىك نوپۇسى | يېزا ئىگىلىك نوپۇسى |
| 1949 | 12606 | 46912 | 24650 | 22262 | 147 | 46765 |
| 1950 | 13576 | 46535 | 23176 | 23359 | 140 | 46395 |
| 1951 | 13398 | 47667 | 24311 | 23356 | 350 | 43717 |
| 1952 | 13754 | 47965 | 24661 | 23304 | 350 | 47705 |
| 1953 | 14012 | 48755 | 25081 | 23674 | 1033 | 47722 |
| 1954 | 13968 | 48498 | 25420 | 23078 | 1500 | 47807 |
| 1955 | 13979 | 51079 | 26291 | 24788 | 2374 | 48705 |
| 1956 | 23359 | 85059 | 43789 | 41270 | 2312 | 82747 |
| 1957 | 23846 | 84507 | 43078 | 41429 | 1705 | 82802 |
| 1958 | 24041 | 85871 | 43998 | 41873 | 2500 | 83371 |
| 1959 | 24061 | 82914 | 41794 | 41120 | 2997 | 79917 |
| 1960 | 23055 | 84986 | 42767 | 42219 | 4049 | 80937 |
| 1961 | 24620 | 88170 | 44363 | 43807 | 5297 | 82873 |
| 1962 | 26574 | 89125 | 44840 | 44285 | 5032 | 84093 |
| 1963 | 26871 | 85576 | 42951 | 42625 | 3783 | 81793 |
| 1964 | 26394 | 86403 | 43301 | 41302 | 4325 | 80278 |
| 1965 | 27457 | 84570 | 42426 | 42144 | 4552 | 80018 |
| 1966 | 27956 | 90497 | 46077 | 44420 | 4554 | 85943 |

| | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| 89310 | 4567 | 46097 | 47780 | 93877 | 31153 | 1967 |
| 89702 | 4865 | 46233 | 48334 | 94567 | 31271 | 1968 |
| 91541 | 5247 | 48023 | 48765 | 96788 | 31169 | 1969 |
| 92851 | 5247 | 48105 | 49993 | 98098 | 31773 | 1970 |
| 89189 | 9485 | 49181 | 49493 | 98674 | 32589 | 1971 |
| 87718 | 7956 | 47431 | 48243 | 95674 | 31405 | 1972 |
| 91311 | 5842 | 48710 | 48443 | 97153 | 32199 | 1973 |
| 90359 | 8457 | 48890 | 49926 | 98816 | 32123 | 1974 |
| 92933 | 7449 | 50316 | 50056 | 100382 | 32141 | 1975 |
| 88061 | 12882 | 50565 | 50318 | 100883 | 32638 | 1976 |
| 86671 | 13575 | 50190 | 50056 | 100246 | 31892 | 1977 |
| 88427 | 13575 | 51122 | 50880 | 102002 | 32307 | 1978 |
| 87984 | 16586 | 52032 | 52538 | 104570 | 32812 | 1979 |
| 87046 | 19848 | 53914 | 52480 | 106394 | 32869 | 1980 |
| 88130 | 18866 | 52416 | 54570 | 106986 | 31389 | 1981 |
| 92166 | 21377 | 56431 | 57112 | 113543 | 31374 | 1982 |
| 89101 | 24124 | 55787 | 57438 | 113225 | 31341 | 1983 |
| 90362 | 24774 | 57003 | 58133 | 115136 | 31273 | 1984 |

ماتېرىيالىغا قارىغاندا، ناھىيە نوپۇسى ئىچىدە ئەرلەر ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 51.95 پىرسەنتىنى، ئاياللار ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 48.05 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدىكەن. جىنس نىسبىتى 108.1 (ئاياللار=100) بولۇپ، ئاساسەن نورمال، تەشكىللەنگەن ئائىلە 30 مىڭ 64، نوپۇس 11 مىڭ 970 بولۇپ، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر بىر ئائىلىگە 3.72 نوپۇس توغرا كېلىدۇ. 117 كوللېكتىپ ئائىلە بولۇپ، ئۇنىڭدا 1573 نوپۇس بار.

## 2. مىللەت قۇرۇلمىسى

پوسكام ناھىيىسى كۆپ مىللەت توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايون. بۇ يەردە ئۇيغۇر، خەنزۇ،

تاجىك، خۇيزۇ قاتارلىق 15 مىللەت بار. 1982 - يىلدىكى نوپۇسنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈشكە دائىر سانلىق مەلۇمات مۇنداق بولدى: ئۇيغۇرلار 98 مىڭ 859 بولۇپ، ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 84.34 پىرسەنتىنى، خەنزۇلار 15 مىڭ يەتتە بولۇپ، 12.8%نى، تاجىكلار 2819 بولۇپ، 2.41% نى، باشقا 12 مىللەت نوپۇسى 524 بولۇپ، 0.45% نى ئىگىلىدى.

## 3. ياش قۇرۇلمىسى

1982 - يىلدىكى مەملىكەت بويىچە 3 - قېتىملىق نوپۇسنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش ماتېرىيالىغا قارىغاندا، ناھىيە بويىچە نوپۇسنىڭ ياش قۇرۇلمىسى مۇنداق بولدى:

نۆل ياشتىن تۆت ياشقىچە بولغانلار 15 مىڭ 527، بۇنىڭ ئىچىدە ئەر 7762، ئايال 7765؛

بەش ياشتىن توققۇز ياشقىچە بولغانلار 14 مىڭ 436، بۇنىڭ ئىچىدە ئەر 7266، ئايال 7168؛

ئون ياشتىن 14 ياشقىچە بولغانلار 12 مىڭ 502، بۇنىڭ ئىچىدە ئەر 6437، ئايال 6065؛

15 ياشتىن 19 ياشقىچە بولغانلار 10 مىڭ 368، بۇنىڭ ئىچىدە ئەر 5235، ئايال 5133؛

20 ياشتىن 24 ياشقىچە بولغانلار 10 مىڭ 48، بۇنىڭ ئىچىدە ئەر 5098، ئايال 4950؛

25 ياشتىن 29 ياشقىچە بولغانلار 11 مىڭ 43، بۇنىڭ ئىچىدە ئەر 5628، ئايال 5415؛

30 ياشتىن 34 ياشقىچە بولغانلار 8721، بۇنىڭ ئىچىدە ئەر 4629، ئايال 4092؛

35 ياشتىن 39 ياشقىچە بولغانلار 7194، بۇنىڭ ئىچىدە ئەر 3769، ئايال 3425؛

40 ياشتىن 44 ياشقىچە بولغانلار 6135، بۇنىڭ ئىچىدە ئەر 3393، ئايال 2742؛

45 ياشتىن 49 ياشقىچە بولغانلار 5413، بۇنىڭ ئىچىدە ئەر 3060، ئايال 2353؛

50 ياشتىن 54 ياشقىچە بولغانلار 3967، بۇنىڭ ئىچىدە ئەر 2182، ئايال 1785؛

55 ياشتىن 59 ياشقىچە بولغانلار 3677، بۇنىڭ ئىچىدە ئەر 2057، ئايال 1620؛

60 ياشتىن 64 ياشقىچە بولغانلار 2926، بۇنىڭ ئىچىدە ئەر 1530، ئايال 1396؛

65 ياشتىن 69 ياشقىچە بولغانلار 1821، بۇنىڭ ئىچىدە ئەر 946، ئايال 875؛

70 ياشتىن 74 ياشقىچە بولغانلار 1320، بۇنىڭ ئىچىدە ئەر 687، ئايال 633؛

75 ياشتىن 79 ياشقىچە بولغانلار 913، بۇنىڭ ئىچىدە ئەر 482، ئايال 431؛

80 ياشتىن 84 ياشقىچە بولغانلار 571، بۇنىڭ ئىچىدە ئەر 337، ئايال 234؛

85 ياشتىن 89 ياشقىچە بولغانلار 313، بۇنىڭ ئىچىدە ئەر 181، ئايال 132؛

90 ياشتىن 94 ياشقىچە بولغانلار 163، بۇنىڭ ئىچىدە ئەر 92، ئايال 71؛

95 ياشتىن 99 ياشقىچە بولغانلار 144، بۇنىڭ ئىچىدە ئەر 89، ئايال 55؛

100 ياشتىن 104 ياشقىچە بولغىنى بىر كىشى بولۇپ، ئەر.

## 4. مەدەنىيەت قۇرۇلمىسى

1982 - يىلدىكى نوپۇسنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈشتە، ناھىيە بويىچە تولۇقسىز ئوتتۇرا ۋە باشلانغۇچ مەكتەپ مەلۇماتىدىن يۇقىرى مەلۇماتقا ئىگىلەر 58 مىڭ 660 بولۇپ، ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 50.05 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. ھەر 10 مىڭ نوپۇس ئىچىدە ئالىي مەكتەپ مەلۇماتىغا ئىگىلەر 25، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ مەلۇماتىغا ئىگىلەر 512، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ مەلۇماتىغا ئىگىلەر 1389، باشلانغۇچ مەكتەپ مەلۇماتىغا ئىگىلەر 3279. ناھىيە بويىچە 12 ياش ۋە 12 ياشتىن يۇقىرى نوپۇس ئىچىدە، ساۋاتسىز ۋە چالا ساۋاتلار 32 مىڭ 561 بولۇپ، ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 27.78 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. ئىككى يىل تىرىشىش ئارقىلىق، 1984 - يىلغا

كەلگەندە، ساۋاتسىزلىق ئاساسەن تۈگىتىلدى.

### 5. كەسىپ قۇرۇلمىسى

1982 - يىلدىكى نوپۇسنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈشكە قارىغاندا، ئىشلەۋاتقان 62 مىڭ 349 كىشى ئىچىدە دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان ئەمگەكچى 48 مىڭ 354، سانائەت ئىشلەپچىقىرىشى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار 7181، مۇلازىمەت خاراكتېرىدىكى خىزمەت بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار 1000، سودا بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار 875، ئىش بېجىرگۈچى ۋە ئالاقىدار خادىملار 868، دۆلەت ئورگانلىرى، پارتىيە تەشكىلاتلىرى ۋە ئاممىۋى تەشكىلاتلار. كارخانا، كەسپىي ئورۇنلارنىڭ مەسئۇللىرى 767، ھەر خىل كەسپىي خادىملار 3304.

## § 4. نوپۇسنى تىزگىنلەش

پوسكام ناھىيىسىدە 1979 - يىلدىن باشلاپ خەنزۇلار ئارىسىدا پىلانلىق تۇغۇت يولغا قويۇلدى. 1980 - يىل 6 - ئايدا ناھىيىدە پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىگە رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى قۇرۇلۇپ، پىلانلىق تۇغۇت ئىشخانىسى تەسىس قىلىندى، ئۇنىڭغا بىر نەپەر كادىر سەپلەندى. 1982 - يىلى پىلانلىق تۇغۇت ئىشخانىسىنىڭ خىزمەتچى خادىمى ئۈچكە يەتتى. ناھىيىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى، ئاشلىق ئىدارىسى نوپۇس رەسمىيىتى بېجىرىش، ئاشلىق كېنىشكىسى تارقىتىش جەھەتتە پىلانلىق تۇغۇت ئىشخانىسى بىلەن ماسلىشىپ بۇ خىزمەتنى ياخشى ئىشلىدى. 1983 - يىل 1 - ئايدا ناھىيە بويىچە «باھار بايرىمىدىكى پىلانلىق تۇغۇت تەشۋىقاتى ئېيى» پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلۇپ، تەشۋىقات ماشىنىلىرى ئىشقا سېلىندى، تەشۋىقات رەسىملىرى چاپلاندى، ھەر قايسى ئورۇنلار ئىشچى - خىزمەتچىلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنى ھۆججەت ئۆگىنىش ۋە ئۇنى مۇزاكىرە قىلىشقا تەشكىللىدى، تۇغۇت چەكلەش تەدبىرلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈردى. ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى «ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ‹پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىگە دائىر بىر قانچە مەسىلە توغرىسىدا بەلگىلىمە› سىنى ئىزچىل ئىجرا قىلىشنىڭ كونكرېت چارىسى (سىناق نۇسخىسى)» نى تارقىتىپ، مۇكاپاتلاش - جازالاش تۈزۈمىنى ئايدىڭلاشتۇردى. 11 - ئايدا «پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتى بويىچە ئوپېراتسىيە ئېيى» پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى، تەشۋىق قىلىش، سەپەرۋەر قىلىش ئاساسىدا، 40 ياشتىن تۆۋەن 70 نەپەر تۇغۇت يېشىدىكى ئايال ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن تۇغۇت چەكلەش ئوپېراتسىيىسى قىلدۇردى، تۇغۇت يېشىدىكى باشقا ئاياللارمۇ ناھىيىنىڭ نوپۇسنىڭ تۇغۇلۇش پىلانى، تۇغۇشتا تۇغۇشقا رۇخسەت قىلىش گۇۋاھنامىسى بولۇش، پىلاندىن ئارتۇق تۇغۇلغان بالىلارنى نوپۇسقا ئالماسلىق ھەمدە بەلگىلىمە بويىچە جەرىمانە قويۇش تۈزۈمىنى ئىجرا قىلدى.

ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتى جەھەتتە، ئادەتتىكى تەشۋىقات - تەربىيە خىزمىتى باشلاندى، تۇغۇت چەكلەش جەھەتتە ئىختىيارلىق پرىنسىپى يولغا قويۇلدى. ئاپتونوم رايوننىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىگە دائىر ۋاقىتلىق بەلگىلىمىسى تارقىتىلغاندىن كېيىن، ناھىيىلىك ھۆكۈمەت بۇ خىزمەتنى ناھىيىنىڭ «ئىككى مەدەنىيەت» قۇرۇلۇشى پائالىيىتىنىڭ مەزمۇنىغا كىرگۈزدى، ناھىيە، يېزا، كەنتلەر رادىئو، قارا تاختا

## قوشۇمچە:

1979 ـ يىلدىن 1984 ـ يىلغىچە يوپۇرغا ناھىيىسىدىكى نوپۇسنىڭ تەبىئىي كۆپىيىش ئەھۋالى

1 ـ 3 ـ 2 ـ جەدۋەل

| 1984 | 1983 | 1982 | 1981 | 1980 | 1979 | يىللار / تۈرلەر | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 115136 | 113225 | 113543 | 106986 | 106394 | 104570 | ئومۇمىي نوپۇس | يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس |
| 101767 | 100891 | 99120 | 97573 | 96060 | 95322 | ئاز سانلىق مىللەت | |
| 13369 | 12334 | 15007 | 9413 | 10334 | 9248 | خەنزۇ | |
| 114180 | 13384 | 110264 | 106690 | 105482 | 103280 | ئومۇمىي نوپۇس | يىللىق ئوتتۇرىچە نوپۇس |
| 101329 | 100006 | 98346 | 96816 | 95691 | 95156 | ئاز سانلىق مىللەت | |
| 12851 | 13378 | 11918 | 9874 | 9791 | 8130 | خەنزۇ | |
| 2494 | 2526 | 3535 | 2664 | 2636 | 2385 | جەمئىي | تۇغۇلغانلار سانى (نىسبىتى) |
| 21.84 | 22.28 | 32.06 | 24.97 | 24.99 | 23.09 | ‰ | |
| 2300 | 2279 | 3303 | 2433 | 2469 | 2204 | ئاز سانلىق مىللەت | |
| 22.70 | 22.79 | 33.59 | 25.13 | 25.80 | 23.16 | ‰ | |
| 194 | 247 | 232 | 231 | 167 | 181 | خەنزۇ | |
| 15.10 | 18.46 | 19.47 | 23.39 | 17.06 | 22.26 | ‰ | |
| 1106 | 1403 | 1022 | 1498 | 1597 | 1572 | جەمئىي | ئۆلگەنلەر سانى (نىسبىتى) |
| 9.68 | 12.38 | 9.27 | 14.04 | 15.14 | 15.22 | ‰ | |
| 1072 | 1375 | 989 | 1474 | 1550 | 1554 | ئاز سانلىق مىللەت | |
| 10.58 | 13.75 | 10.06 | 15.22 | 16.20 | 16.33 | ‰ | |
| 34 | 28 | 33 | 24 | 47 | 18 | خەنزۇ | |
| 2.65 | 2.09 | 2.77 | 2.43 | 4.80 | 2.21 | ‰ | |
| 1388 | 1123 | 2513 | 1166 | 1039 | 813 | ئومۇمىي ساپ كۆپەيگىنى | تەبىئىي كۆپەيگەن نوپۇس سانى (نىسبىتى) |
| 12.16 | 9.90 | 22.79 | 10.93 | 9.85 | 7.87 | ‰ | |
| 1228 | 904 | 2314 | 959 | 919 | 650 | ئاز سانلىق مىللەتنىڭ كۆپەيگىنى | |
| 12.22 | 9.04 | 23.53 | 9.91 | 9.60 | 6.83 | ‰ | |
| 160 | 219 | 199 | 207 | 120 | 163 | خەنزۇلاردىن ساپ كۆپەيگىنى | |
| 12.45 | 16.37 | 16.20 | 20.96 | 12.26 | 20.05 | ‰ | |

## پوسكام ناھىيە بازىرىدىكى خەنزۇلارنىڭ 1980 - يىلدىن 1984 - يىلغىچە بولغان پىلانلىق تۇغۇت ئەھۋالى

1- 3- 3- جەدۋەل

| | | يىللار | 1980 | 1981 | 1982 | 1983 | 1984 |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| نوپۇس سانى | | يىلنىڭ بېشى | 2011 | 2759 | 2323 | 3108 | 3840 |
| | | يىلنىڭ ئاخىرى | 2759 | 2323 | 3108 | 3840 | 3581 |
| تۇغۇلغىنى | | ئادەم سانى | 40 | 38 | 35 | 36 | 33 |
| | | ‰ | 14.5 | 11.8 | 11 | 10.3 | 9.2 |
| | بۇنىڭ ئىچىدە | 1 - بالا | 21 | 17 | 23 | 33 | 27 |
| | | 2 - بالا | 13 | 19 | 10 | 3 | 4 |
| | | ئۈچتىن ئارتۇق | 6 | 2 | 2 | - | 2 |
| ئۆلگىنى | | ئادەم سانى | 4 | 1 | 4 | 7 | 8 |
| | | ‰ | 1.4 | 0.3 | 1 | 2 | 2.23 |
| تەبىئىي كۆپەيگىنى | | ئادەم سانى | 36 | 37 | 31 | 29 | 25 |
| | | ‰ | 13.1 | 11.5 | 10 | 8.3 | 6.94 |
| تۇغۇت چەكلەش ئەھۋالى | | توي قىلغان، تۇغۇش ئىقتىدارى بارلار | 400 | 398 | 430 | 471 | 420 |
| | | ھامىلدارلىقتىن ساقلىنىش تەدبىرى قوللانغانلار | 355 | 397 | 367 | 415 | 240 |
| | | % | 88.7 | 99.8 | 83 | 88.1 | 57.1 |
| كېچىكىپ توي قىلىش ئەھۋالى | | دەسلەپ توي قىلغان ئەر | 43 | 35 | 24 | 39 | 30 |
| | | كېچىكىپ توي قىلغانلار سانى | 35 | 29 | 17 | 35 | 30 |
| | | % | 81.3 | 82.8 | 70.8 | 89.7 | 100 |
| | | دەسلەپ توي قىلغان ئاياللار | 61 | 34 | 20 | 39 | 30 |
| | | كېچىكىپ توي قىلغانلار سانى | 44 | 12 | 15 | 31 | 23 |
| | | % | 72.1 | 35.3 | 75 | 79.5 | 76.7 |
| پىلانلىق تۇغۇت | | ئادەم سانى | | 20 | 30 | 30 | 26 |
| | | % | | 52.6 | 35.7 | 83.3 | 78.8 |
| يالغۇز پەرزەنتلىك ئەر - خوتۇنلار سانى | | | 79 | 88 | 106 | 123 | 139 |
| يالغۇز پەرزەنت گۇۋاھنامىسى ئالغانلار سانى | | | 27 | 30 | 26 | 97 | 117 |
| يالغۇز پەرزەنتلەر نىسبىتى % | | | 31.1 | 34 | 34 | 78.8 | 84.2 |

پوسكام ناھىيىسىدىكى ئائىلە ۋە نوپۇسنىڭ 1985 ـ يىلدىن 1988 ـ يىلغىچە بولغان ئەھۋالى

1 ـ 3 ـ 4 ـ جەدۋەل بىرلىكى: ئائىلە، ئادەم

| 1988 | 1987 | 1986 | 1985 | يىللار | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| 33549 | 30863 | 31164 | 29776 | ئائىلە سانى | | |
| 127414 | 125288 | 123132 | 116833 | جەمئىي | نوپۇس | ئومۇمىي جەمئىي |
| 64356 | 63534 | 62438 | 58554 | ئەر | | |
| 63058 | 61754 | 60694 | 58279 | ئايال | | |
| 34712 | 32266 | 29985 | 26693 | غەيرىي يېزا ئىگىلىك نوپۇسى | بۇنىڭ ئىچىدە | |
| 92702 | 93022 | 93147 | 90140 | يېزا ئىگىلىك نوپۇسى | | |
| 29423 | 26644 | 24387 | 19398 | بازار نوپۇسى | | |
| 97991 | 98644 | 98745 | 97435 | يېزا نوپۇسى | | |
| 105246 | 104679 | 102989 | 98856 | ئۇيغۇر | | ئومۇمىي نوپۇس ئىچىدە |
| 18745 | 17262 | 16846 | 17489 | خەنزۇ | | |
| 2915 | 2934 | 2885 | 2800 | تاجىك | | |
| 349 | 282 | 275 | 308 | خۇيزۇ | | |
| 159 | 131 | 137 | 80 | باشقا مىللەتلەر | | |

گېزىتى، رەسىم كۆرگەزمىسى، زېھىن سىناش مۇسابىقىسى، مەسلىھەت بېرىش مۇلازىمىتى قاتارلىق شەكىللەردىن پايدىلىنىپ، نوپۇس سانىنى تىزگىنلەش، ئاھالىنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈش بويىچە كەڭ كۆلەمدە تەشۋىقات ئېلىپ باردى. يېزا، بازارلاردا نوپۇسنى نىشانلىق باشقۇرۇش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلۇپ، يېزا بىلەن كەنت، كەنت بىلەن كەنت ئاھالىلەر گۇرۇپپىسى، كەنت ئاھالىلەر گۇرۇپپىسى بىلەن تۇغۇت يېشىدىكى ئاياللار ئوتتۇرىسىدا تۇغۇت توختامى تۈزۈش تۈزۈمى يولغا قويۇلدى، توختامغا ئەمەل قىلغانلار مۇكاپاتلاندى، توختامغا خىلاپلىق قىلغانلار جازالاندى. ئاققۇنلارغا نىسبەتەن، تۇغۇتنى تىزىملاش كارتىسى تولدۇرۇش، پىلانلىق تۇغۇت توختامى تۈزسە ناھىيە تەۋەسىدە ئولتۇرۇشقا رۇخسەت قىلىش، بولمىسا ۋاقىتلىق نوپۇس ۋە تىجارەت كىنىشكىسىنى بېجىرىپ بەرمەسلىك ھەققىدە تۈزۈم ئورنىتىلدى.

## ئىككىنچى قىسىم

# ئىقتىساد

# ئىككىنچى قىسىم

# ئىقتىساد

پوسكام ناھىيىسى يەكەن دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىمى بىلەن تىزناپ دەرياسى قوشۇلىدىغان دېلتىغا جايلاشقان، بۇ يەردىكى مول سۇ، تۇپراق مەنبەسى يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنى ئەۋزەل شارائىت بىلەن تەمىن ئېتىدۇ. تاش قوراللار دەۋرىدىلا بۇ ناھىيە تەۋەسىدە ئىنسانلار كۆپىيىپ ھايات كەچۈرگەن. خەن سۇلالىسى دەۋرىدە غەربىي يۇرت ئېچىلىپ، يەكەن دەرياسى ئەتراپلىرىدا ھەربىي قوشۇن تۇرغۇزۇلۇپ بوز يەر ئېچىلغان. قەدىمكى «يىپەك يولى»نىڭ تۈگۈنى بولغان پوسكام، ئىككىسۇ قاتارلىق ئۆتەڭلەردە كېلىپ - كېتىپ تۇرىدىغان سودىگەرلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيتتى. يېزا ئىگىلىكى بىلەن زىچ باغلانغان قول سانائەتمۇ خېلى تەرەققىي قىلغان. تارىختا ئۆتكەن ئېكسپلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپلارنىڭ دەھشەتلىك زۇلۇمى، كۆپ قېتىملىق ئۇرۇشلارنىڭ ئېغىر بۇزغۇنچىلىقى تۈپەيلىدىن، پوسكامنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ئاستا، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچى ئاجىز ئىدى. جۇڭگو يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلابىنىڭ غەلىبىسى ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنى زور دەرىجىدە ئۆزگەرتىش ئۈچۈن يول ئېچىپ بەردى. كەڭ دېھقانلار فېئودال ھۆكۈمرانلارنىڭ ئېكسپلاتاتسىيە قىلىشى ۋە ئېزىشىدىن قۇتۇلۇپ، سوتسىيالىستىك داغدام يولغا ماڭدى. ئالغا بېسىش داۋامىدا گەرچە ئوڭۇشسىزلىقلار يۈز بەرگەن بولسىمۇ، لېكىن جەمئىيەت ئىقتىسادىنىڭتەرەققىياتى ئىنتايىن كۆرۈنەرلىك بولدى.

پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، يېزىلاردىكى ئىقتىسادىي ئىسلاھات يېڭى گۈللىنىشنى ئېلىپ كېلىپ، دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، قوشۇمچە كەسىپ، بېلىقچىلىق ۋە باشقا ھەرقايسى كەسىپلەرنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى. پوسكام نېفىت خىمىيە سانائىتى زاۋۇتىنىڭ قۇرۇلۇشى يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ گۈللىنىشىگە بىۋاستە تۈرتكە بولۇپ، ناھىيە ۋە يېزىلارنىڭ مالىيە كىرىمىنى كۆپەيتتى. ئىلمىي ئۇسۇلدا تېرىقچىلىق قىلىش، يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئىچكى قۇرۇلمىسىنى مۇۋاپىق تەڭشەش پوسكامنىڭ ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى بەلگىلەيدىغان مۇھىم ئامىل بولۇپ قالدى. ناھىيە تەۋەسىدىكى كېۋەز تېرىشقا باب كېلىدىغان تەبىئىي شارائىتقا ئاساسەن، ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشنى بوشاشتۇرماسلىق ئالدىنقى شەرتى ئاستىدا، كېۋەز تېرىش كۆلىمى تەدرىجىي كېڭەيتىلدى، ئىقتىسادىي ئۈنۈم بىر قەدەر كۆرۈنەرلىك ئۆستى. 1984 - يىلى ناھىيە بويىچە ئېلىنغان بۇغداي 39 مىليون 215 مىڭ كىلوگرامغا يېتىپ، 1978 - يىلدىكىدىن 12 مىليون 361 مىڭ كىلوگرام ئېشىپ، بىر يېرىم قاتلاندى، بۇغداينىڭ بىرلىك مەھسۇلاتى

1978- يىلدىكى 80 كىلوگرامدىن 1984 - يىلى 258.15 كىلوگرامغا يەتتى. 1984 - يىلى كېۋەز تېرىلغۇ كۆلىمى ئومۇمىي تېرىلغۇ كۆلىمىنىڭ 24.8 پىرسەنتىنى، يارىتىلغان مەھسۇلات قىممىتى تېرىقچىلىق ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنىڭ 36.4 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. سۇ ئىنشائاتى يېزا ئىگىلىكىنىڭ جان تومۇرى. 30 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت ئىرىشىش ئارقىلىق، بىر قەدەر مۇۋاپىق سۇغىرىش سىستېمىسى بارلىققا كەلدى، يەكەن دەرياسىنىڭ كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش قۇرۇلۇشىغىلا خېلى زور كۈچ سەرپ قىلىندى. ئورمانچىلىق - بوستانلىق يېزا ئىگىلىكىنىڭ توسىقى، ئېتىز - ئېرىق، يول، ئورمان بەلبېغى قۇرۇلۇشىدا ئۇنۇم ھاسىل قىلىندى، ئورمانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى ھەر يىلى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 4.33% كۆپەيدى. چارۋىچىلىق يەنىلا بىر ئاجىز ھالقا بولۇپ، ئۇنىڭ يېزا ئىگىلىكىدە ئىگىلىگەن نىسبىتى تۆۋەنلەشكە قاراپ يۈزلەندى، بۇ ھال، مۇقەررەر ھالدا، يېزا ئىگىلىك ۋە يەرلىك سانائەتنىڭ تەرەققىياتىغا تەسىر يەتكۈزۈپ، خەلق تۇرمۇشىنىڭ ياخشىلىنىشىنى ئارقىغا سورىۋېتىدۇ. پوسكامنى ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتىن تەرەققىي قىلدۇرۇشتا، يەنىلا يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى جەھەتتە كۈچ سەرپ قىلىش لازىم.

**پوسكام ناھىيىسىنىڭ ئىلگىرىكى يىللاردىكى سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنىڭ ئۆزگىرىش ئەھۋالى**

2 - 0 - 1 - جەدۋەل　　　　　　بىرلىكى: 10 مىڭ يۈەن

| يىللار | سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى | سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى | | يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى | |
|---|---|---|---|---|---|
| | | جەمئىي | سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىدە ئىگىلىگىنى% | جەمئىي | سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىدە ئىگىلىگىنى% |
| 1949 | 1250.43 | | | 1250.43 | 100 |
| 1950 | 1313 | | | 1313 | 100 |
| 1951 | 1324.69 | | | 1324.69 | 100 |
| 1952 | 1327.54 | | | 1327.54 | 100 |
| 1953 | 1429.81 | | | 1429.81 | 100 |
| 1954 | 1526.58 | | | 1526.58 | 100 |
| 1955 | 1558.65 | | | 1558.65 | 100 |
| 1956 | 1607.96 | | | 1607.96 | 100 |
| 1957 | 1567.60 | | | 1567.60 | 100 |
| 1958 | 1709.74 | 7.6 | 0.44 | 1702.14 | 99.56 |
| 1959 | 1789.61 | 86.1 | 4.33 | 1903.51 | 95.67 |
| 1960 | 1954.01 | 173.1 | 8.86 | 1780.91 | 91.14 |

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| 93.90 | 2076.24 | 6.10 | 134.8 | 2211.04 | 1961 |
| 89.62 | 2075.46 | 10.38 | 240.4 | 2315.86 | 1962 |
| 89.41 | 2380.10 | 10.59 | 282 | 2662.10 | 1963 |
| 87.69 | 2120.39 | 12.31 | 297.7 | 2418.09 | 1964 |
| 88.44 | 2710.33 | 11.56 | 354.4 | 3064.73 | 1965 |
| 87.88 | 2807.09 | 12.12 | 387 | 3194.09 | 1966 |
| 85.82 | 2765.82 | 14.18 | 457 | 3222.82 | 1967 |
| 85.23 | 2406.95 | 14.77 | 417 | 2823.95 | 1968 |
| 89.44 | 2565.28 | 10.56 | 302.8 | 2868.08 | 1969 |
| 84.85 | 2623.11 | 15.15 | 468.5 | 3091.61 | 1970 |
| 87.48 | 2939.97 | 12.52 | 420.7 | 3360.67 | 1971 |
| 89.35 | 2696.82 | 10.65 | 321.5 | 3018.32 | 1972 |
| 92.29 | 3290.07 | 7.71 | 274.8 | 3564.87 | 1973 |
| 89.76 | 2861.74 | 10.21 | 326.4 | 3188.14 | 1974 |
| 88.62 | 2768.39 | 11.38 | 355.5 | 3123.89 | 1975 |
| 89.23 | 3090.26 | 10.77 | 372.9 | 3463.16 | 1976 |
| 88.32 | 3086.72 | 11.68 | 408.4 | 3495.12 | 1977 |
| 83.50 | 2470.80 | 16.50 | 488.3 | 2959.10 | 1978 |
| 86.28 | 2469 | 13.72 | 392.6 | 2861.60 | 1979 |
| 86.60 | 2688 | 13.40 | 415.8 | 3103.80 | 1980 |
| 84.44 | 2876.20 | 15.56 | 530.1 | 3406.30 | 1981 |
| 83.63 | 3189.60 | 16.37 | 624.2 | 3813.80 | 1982 |
| 83.59 | 3733.07 | 16.41 | 733.1 | 4466.17 | 1983 |
| 83.31 | 4797.85 | 16.69 | 960.9 | 5758.85 | 1984 |

# I باب

# ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنىڭ ئۆزگىرىشى

## § 1. يېزىلاردىكى فېئوداللىق يەر ئىگىدارچىلىق تۈزۈمى

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلۇش هارپىسىدا، پوسكام ناهىيىسىنىڭ يېزىلىرى يەنىلا فېئوداللىق يەر ئىگىدارچىلىق تۈزۈمىنىڭ ئاسارىتىدە تۇراتتى، پومېشچىكلار سىنىپى قولىدىكى هوقۇق - كۈچىدىن پايدىلىنىپ، زور مىقداردىكى يەرلەرنى ئىگىلىۋېلىپ، دېهقانلارنى ئىقتىسادىي جەهەتتىن ۋە ئىقتىسادتىن تاشقىرى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلاتتى.

### 1. يەر ئىگىلەش ئەهۋالى

يېزا نوپۇسىنىڭ تەخمىنەن 3.56 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدىغان پومېشچىكلار سىنىپى %24.04 يەرنى ئىگىلىۋالغانىدى. يېزا نوپۇسىنىڭ 92.33 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدىغان يالانما دېهقان، كەمبەغەل دېهقان، ئوتتۇرا دېهقانلار، ئۇششاق قول سانائەتچىلەر ۋە باشقا ئەمگەكچى خەلق ئاران %53.03 تېرىلغۇ يەرنى ئىگىللىگەنىدى. يەر پومېشچىكلار سىنىپىنىڭ قولىغا مەركەزلەشكەن جەريان يەنىلا داۋاملىشىۋاتاتتى. 4 - رايون 5 - يېزىدىكى پومېشچىك چاۋار بەگنىڭ ئەجدادلىرى ئىگىلىگەن يەر 1000مو بولۇپ، چاۋار بەگنىڭ قولىغا ئۆتكەندە كۆپىيىپ، 18 مىڭ موغا يەتكەن. 3- رايون 1 - يېزىدىكى پومېشچىك نىياز ئاقساقالنىڭ ئىلگىرى تۆت مولا يېرى بار ئىدى، ئۇ مۇشتۇمزورلار بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، پاششاپ، كېيىن باجگىر بولۇۋېلىپ، هوقۇقىدىن پايدىلىنىپ خەلقنى قاقتى - سوقتى قىلىپ، خەلققە زۇلۇم سېلىپ، يېرىنى 200 موغا يەتكۈزگەن. بەزى پومېشچىكلار ئۆزىنىڭ يېرىدىن تاشقىرى، ياقا يۇرتلۇق پومېشچىكلارنىڭ يېرىنى ئىجارىگە ئالاتتى ياكى هەر تۈرلۈك ۋەخپە يەرلەرنى زورلۇق بىلەن ئىگىلىۋالاتتى. 3 - رايون 1 - يېزىدىكى پومېشچىك ئابدۇكېرىم بەگ 12 مىڭ 700 مو يەرنى ئىگىلىگەن، ئەمەلىيەتتە 13 مىڭ 860 مو يەر ئىشلەتكەن.

### 2. ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىش شەكلى

1) يەرنى ئىجارىگە بېرىپ ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىش: بۇ، مۇددەتلىك ئىجارىگە بېرىش، مۇددەتسىز ئىجارىگە بېرىش (ئورتاقلىشىپ تېرىش)، يەر ئىجارىسىنى ئەمگەك بىلەن تۆلىتىۋېلىش قاتارلىقلارغا بۆلۈنەتتى.

(1) **مۇددەتلىك ئىجارىگە بېرىش** دېھقانلارغا بىرمۇ يەرنى ئىجارىگە بېرىپ، ئۇنىڭ ئىجارىسى ئۈچۈن بىر چارەكتىن بەش چارەككىچە (بىر چارەك سەككىز كىلوگرامغا تەڭ) بۇغداي يىغىۋالاتتى، كونكرېت ئىجارە مىقدارى يەرنىڭ دەرىجىسىگە قاراپ بەلگىلىنەتتى، مەيلى مول ھوسۇل ئېلىنسۇن ياكى ھوسۇل كېمىيىپ كەتسۇن، ئىجارە مىقدارى ئۆزگەرمەيتتى.

(2) **مۇددەتسىز ئىجارىگە بېرىش** پومېشچىكلار يېرىنىلا ئىجارىگە بېرىپ، ئىجارىگە بەرگەن يەرنىڭ بارلىق ھوسۇلىنى ئىجارىكەشلەر بىلەن تەڭ بۆلۈشەتتى.

(3) **يەر ئىجارىسىنى ئەمگەك بىلەن تۆلىتىۋېلىش** پومېشچىكلار دېھقانلارغا ئاز مىقداردىكى يەرنى تېرىغىلى بېرەتتى، ئۇنىڭ بەدىلىگە دېھقانلار مەلۇم ۋاقىت (ئون كۈن ئىچىدە تۆت ـ بەش كۈن) پومېشچىككە ئىشلەپ بېرەتتى.

## 2) ئەمگەكچى ياللاپ ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىش

(1) **يانچى شەكلىدىكى يىللىقچىلار** يىللىقچىلار ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر پومېشچىكنىڭ ئۆيىدە ئولتۇرۇپ، بىرنەچچە يىل ياكى نەچچە ئون يىل پومېشچىككە ئىشلەيتتى، پومېشچىك ئۇلارغا ئاز مىقداردا ئىش ھەققى بېرەتتى ياكى ئىش ھەققى بەرمەيتتى.

(2) **يىللىقنى ساتىدىغان يىللىقچىلار** دېھقانلار يەر ئىجارىسى، قەرز، ئېغىر ئالۋاننىڭ قىستىشى نۇپەيلىدىن ئۈچ ـ تۆت يىللىق ياكى بەش ـ ئالتە يىللىق مۇددەت بىلەن، پەرزەنتلىرىنى پومېشچىككە يىللىقچىلىققا تۇتۇپ بېرىپ، ئۇنىڭ ئىش ھەققىنى بىر قېتىمدىلا ئالدىن ئالاتتى، قەرزدار تۇشمىغىچە ئۇلار پومېشچىكنىڭ ئۆيىدىن ئايرىلالمايتتى. بۇنداق يىللىقچىلاردىن مال باقىدىغان بالا يىللىقچىلار كۆپ بولۇپ، بۇلارنىڭ ئىش ھەققى شۇ قەرەلدىكى ئەمگەك قىممىتىنىڭ ئۈچتىن بىر ياكى تۆتتىن بىرىگىلا توغرا كېلەتتى.

(3) **يەرنى ۋەكالىتەن تېرىپ بېرىدىغان يىللىقچىلار** دېھقانلار پومېشچىكنىڭ ئۆيىگە ئىشلىگىلى بارغاندىن كېيىن، پومېشچىك يەرنىڭ قۇۋۋىتىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن بىرقانچە مو ئەڭ ناچار يەرنى ۋەكالىتەن تېرىيدىغان يەر قىلىپ ئۇلارغا كۆرسىتىپ بېرەتتى، ۋەكالىتەن تېرىلغان يەردىن چىققان ھوسۇلنىڭ ھەممىسى ياكى يېرىمى يىللىقچىلارنىڭ ئىش ھەققى ئۈچۈن بېرىلەتتى.

(4) **دېھقانلارنىڭ ئەمگىكى ئەرزان باھادا ئۇلاغ كۈچى ۋە ماددىي نەرسىگە ئالماشتۇرۇلاتتى.**

(5) **مەدىكار ياللىناتتى.**

## 3) سۇ ئىنشائاتى بايلىقى مەنبەسىنى زورلۇق بىلەن ئىگىلىۋېلىش

پومېشچىكلار سىنىپى زور مىقداردىكى يەرلەرنى تارتىۋېلىش ئەھۋالىغا ماس ھالدا، زور مىقداردىكى سۇ بايلىقى مەنبەسىنىمۇ زورلۇق بىلەن ئىگىلىۋالاتتى. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى، ناھىيە بويىچە 36 تاش تۇگمەننىڭ سۇيى بىلەن پۈتۈن ناھىيىنىڭ 200 مىڭ مودىن كۆپرەك يېرى سۇغىرىلاتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 70% سۇنى پومېشچىكلار سىنىپى زورلۇق بىلەن ئىگىلىۋالغانىدى. ناھىيە تەۋەسىدىكى ئىككى ئۆستەڭنى تۆت مىراب چاڭگىلىغا ئېلىۋالغانىدى، بۇلارنىڭ ئۈچ نەپىرى پومېشچىك ئىدى. 49 نەپەر كۆكبېشىنىڭ نولىسى پومېشچىك ياكى پومېشچىكلارنىڭ گۇماشتىلىرى ئىدى. بۇ سۇ زومىگەرلىرى ھوقۇق كۈچىگە تايىنىپ سۇنى سېتىپ دېھقانلارنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىپ، ناھايىتى كۆپ پايدا ئالاتتى.

ھەرقېتىم سۇغىرىش مەۋسۇمى يېتىپ كەلگەندە، پومېشچىك، زومىگەرلەر چوڭ ـ كىچىك مىرابلارنى سۇ تەقسىمەپ بېرىشكە بەلگىلەپ، ئالدى بىلەن پومېشچىك، زومىگەرلەرنىڭ سۇغىرىش ئېھتىياجىنى قاندۇراتتى، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇششاق پومېشچىكلارغا، ئۇنىڭدىن قالسا ئابرويلۇق

باي دېھقانلارغا تەقسىم قىلاتتى. ھەرقايسى كەنتلەردىكى نامرات دېھقانلار ھەر قېتىم سۇغىرىش ۋاقتىدا مەلۇم مىقداردا كالا، قوي، ئاشلىق (مەسىلەن، بىر كالا، ئىككى قوي، 50 جىڭ گۆرۈچ، 200 جىڭ بۇغداي) يىغىپ پومېشچىك، زومىگەرلەرگە سوۋغا قىلغاندىن كېيىن، ئاندىن ئاز - تولا سۇغا ئىگە بولالايتتى.

4) ئىقتىسادتىن ھالقىغان ئېكسپىلاتاتسىيە

(1) پومېشچىكلار ھوقۇق كۈچىگە تايىنىپ دېھقانلارنى ئۆزىگە ھەقسىز ئەمگەك قىلىپ بېرىشكە مەجبۇرلايتتى. 4 - رايون 5 - يېزىدىكى چاۋاربەگ ھەر قېتىمقى ئوما مەۋسۇمىدە ئۆز كەنتىدىكى دېھقانلارنى ئۆزى ئۈچۈن ئەمگەك قىلىپ بېرىشكە مەجبۇرلايتتى، ھەر قېتىم مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىنغانلار تەخمىنەن 400 گە يېتەتتى. 2 - رايون 1 - يېزىدىكى پومېشچىك مەمەت شېرىپ، ئازادلىقتىن ئىلگىرىكى بەش يىللىق تولۇقسىز مەلۇماتقىلا قارىغاندا، دېھقانلارنى 1688 ئىش كۈنى ھەقسىز ئىشلەتكەن.

(2) پومېشچىكلار ھوقۇق - كۈچىگە تايىنىپ، يوقىلاڭ باھانە - سەۋەبلەر بىلەن دېھقانلارنى قاقتى - سوقتى قىلاتتى. بەزى پومېشچىكلارنىڭ ئائىلىلىرىدە ئادەم ئۆلسە، ھەر بىر ئائىلىلىك دېھقان ئۆلۈم ئۈچۈن بىرقانچە تەڭگە ھەدىيە قىلىش بەلگىلەنگەن، كىم ھەدىيە قىلمىسا، شۇ جازالىناتتى.

## § 2. ئىجارە كېمەيتىش، زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش ۋە يەر ئىسلاھاتى

### 1. ئىجارە كېمەيتىش، زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش

1951 - يىل 9 - ئاينىڭ 6 - كۈنى پوسكام ناھىيىسىدە ئىجارە كېمەيتىش، زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش ھەرىكىتى باشلاندى، بۇ ھەرىكەت يەتتە ئاي داۋاملىشىپ، 1952 - يىل 4 - ئايدا پۈتۈنلەي ئاخىرلاشتى.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى پوسكام ناھىيىلىك كومىتېتى 258 نەپەر ھەر دەرىجىلىك كادىر (بۇنىڭ ئىچىدە ئەر 233 نەپەر، ئايال 25 نەپەر، ئۇيغۇر 220 نەپەر، خەنزۇ 38 نەپەر، پارتىيە ئەزاسى 35 نەپەر، ئىتتىپاق ئەزاسى 46 نەپەر) نى تەشكىللەپ، ئۇلارنى تۆت ئوتتۇرا ئەترەتكە ئايرىپ، تۆت يېزىغا ئەۋەتىپ، دېھقانلارنىڭ ئىجارە كېمەيتىش، زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇشىغا رەھبەرلىك قىلدى. بۇ ھەرىكەتتە تەجرىبە ھاسىل قىلىش، كادىرلارنى تەربىيىلەش ئۈچۈن، بۇ ھەرىكەت، ئالدى بىلەن، 1- رايوننىڭ 2 -، 3 - يېزىلىرىدا نۇقتىدا سىناق قىلىندى، ئاندىن كېيىن ئۈچ قارارغا بۆلۈپ قانات يايدۇرۇلدى، ھەربىر قارارنىڭ ۋاقتى 45 كۈندىن 50 كۈنگىچە بولدى.

ئىجارە كېمەيتىش، زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇشنىڭ قەدەم باسقۇچلىرى ۋە ئۇسۇلى: (1) ئەھۋال ئىگىلەندى، سىياسەت تەشۋىق قىلىندى. (2) ئامما دەرد تۆكۈشكە ھەرىكەتلەندۈرۈلدى، دېھقانلار ئۇيۇشمىسى تەشكىلاتى قۇرۇلدى، يەرلەر تەكشۈرۈلۈپ مەلۇم قىلىنىپ، مەھسۇلات باھالاپ بېكىتىلدى، زومىگەر، پومېشچىكلارنىڭ جىنايەتلىرى پاش قىلىندى. ناھىيە بويىچە جەمئىي 71 نەپەر چوڭ - كىچىك زومىگەر تەنقىد، كۈرەش قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە بەش نەپىرى

باسىتۇرۇلدى، 18 نەپىرى قولغا ئېلىنىپ، قانۇن بويىچە بىر تەرەپ قىلىندى، بىر نەپىرى رىھىمغا
ئېلىندى، 47 نەپىرى تەربىيە بېرىلىپ قويۇپ بېرىلدى. كۈرەش يىغىنىغا دېھقانلاردىن 51 مىڭ
793 ئادەم (قېتىم) قاتناشتى. (3) ئىجارە كېمەيتىش، ئىجارە قايتۇرۇش، ئىجارىنى ساقلاپ
قېلىش، ھەقسىز ئەمگەك ۋە تۇتۇپ قېلىنغان ئىش ھەققىنى ھېسابلاپ تولۇقلاپ بېرىش جەھەتتە
ھېسابلاش ئارقىلىق 1 مىليون 980 مىڭ كىلوگرام ھەرخىل ئاشلىق، 612 تېرىلغۇ ئۇلىغى،
934 تۇياق قوي، 120 دانە ھەرخىل دېھقانچىلىق سايمىنى قايتۇرۇۋېلىندى. بۇ كۈرەشنىڭ
مېۋىلىرى يېزا ياكى كەنتلەردە چاقىرىلغان ئىجارە كېمەيتىش، زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش
ھەرىكىتىنىڭ غەلىبىسىنى تەبرىكلەش چوڭ يىغىنىدا دېھقانلارنىڭ نامراتلىق ئەھۋالى،
زىيانكەشلىككە ئۇچراش دەرىجىسى ۋە ئەمەلىي ئېھتىياجىغا ئاساسەن، نامرات دېھقانلارغا تەقسىم
قىلىپ بېرىلدى. بۇ غەلىبە مېۋىسىدىن بەھرىمەن بولغانلار 11 مىڭ 187 ئائىلە، 32 مىڭ 408
كىشىگە يېتىپ، ناھىيە ئومۇمىي نوپۇسىنىڭ 63.3 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. بۇنىڭدىن تاشقىرى،
145 ئائىلىلىك يومبىشچىكتىن 5809 مو، 71 ئائىلىلىك باي دېھقاندىن 693 مو، ئۇنىڭدىن
باشقا ۋەخپە يەردىن 610 مو، جەمئىي 7112 مو يەر تەگشەپ ئېلىنىپ، 1893 ئائىلىلىك دېھقانغا
تەقسىم قىلىپ بېرىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە 1049 ئائىلىلىك يالالنما دېھقانغا 3773.5 مو، 760
ئائىلىلىك كەمبەغەل دېھقانغا 2954.5 مو، 28 ئائىلىلىك ئوتتۇرا دېھقانغا 245 مو، باشقا 54
دېھقانغا 139مو يەر تەقسىم قىلىپ بېرىلدى. (4) ھەرخىل تەشكىلاتلار تەرتىپكە سېلىندى،
قۇرۇلدى ۋە مۇكەممەللەشتۇرۇلدى. دېھقانلار ئۇيۇشمىسىغا4170 ئەزا قوبۇل قىلىندى، بۇنى
ئەسلىدىكى ئۇيۇشما ئەزالىرى بىلەن قوشقاندا ئۇيۇشما ئەزاسى جەمئىي9330 نەپەرگە يەتتى،
ئۇيۇشمىغا كىرگەندېھقانلار ناھىيەئومۇمىي نوپۇسىنىڭ17.5 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. تەرتىپكە
سېلىش ئارقىلىق، دېھقانلار ئۇيۇشمىسى تەشكىلاتىغا سۇقۇنۇپ كىرىۋالغان 263 نەپەر ناپاك
ئۇنسۇر تازىلاندى. دېھقانلار ئۇيۇشمىسى قۇرۇلتىيى چاقىرىلىپ، خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ خىزمەت
ھوقۇقى ۋەكالىتەن يۈرگۈزۈلۈپ، 23 يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتى كومىتېتى، 134 نەپەر يېزا
ۋە كەنت كادىرى سايلام ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈلدى. 24 يېزىلىق ئامانلىق قوغداش ھەيئىتى،
68 ئامانلىق قوغداش گۇرۇپپىسى تەشكىللەندى.

ئىجارە كېمەيتىش، زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش ھەرىكىتىدىن كېيىن، ناھىيە بويىچە
1016 ئائىلىلىك نامرات دېھقان تەقسىم قىلىپ بېرىلگەن مېۋىسىگە 79 مىڭ 213 كەتمەن، 1074
ئورغاق، 3672 ساپان، 1202 كالا، 188 ئېشەك، 546 تاغار، 55 قول ھارۋىسى سېتىۋالدى.
ناھىيىدىكى دېھقانلار 18 مىڭ 454 ئەمگەك كۈچى سەرپ قىلىپ، 966.7 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا
481 ئېرىق، ئۆستەڭ چاپتى، 115 مىڭ 832 تۇپ ھەرخىل كۆچەت تىكتى. 1714 لايىقۇتلىشىش
گۇرۇپپىسى تەشكىللىدى.

## 2. يەر ئىسلاھاتى

ئىجارە كېمەيتىش، زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش ھەرىكىتى سىياسىي، ئىقتىسادىي جەھەتتە
فېئودال كۈچلەرنى ئاجىزلاشتۇردى، لېكىن فېئوداللىق يەر تۈزۈمىنى ئۆزگەرتەلمىدى،
يېزىلاردىكى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتى يەنىلا فېئودالىق يەر تۈزۈمىنىڭ
ئاسارىتىگە ئۇچرىدى. 1952 - يىل 9 - ئاينىڭ 11 - كۈنى ناھىيە بويىچە 3 - نۆۋەتلىك ھەر
مىللەت، ھەر ساھە ۋەكىللىرى يىغىنى چاقىرىلىپ، «پوسكام ناھىيىسىدە يەر ئىسلاھاتى ئېلىپ
بېرىش توغرىسىدا قارار» چىقىرىلدى، پوسكام ناھىيىلىك يەر ئىسلاھاتى كومىتېتى سايلام

ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈلدى. 9 - ئاينىڭ 21 - كۈنى تۆت خىزمەت ئەترىتى 4 - رايوننىڭ 4 -، 5 -، 6 - يېزىلىرى، 1 - رايوننىڭ 2 -، 4 - يېزىلىرىنىڭ 11 كەنتىگە بىرىپ نۇقتىدا سىناق ئېلىپ باردى. 12 - ئايدىن باشلاپبۇ خىزمەت ئىككىقارار قانات يايدۇرۇلۇپ، 1953- يىل 3 - ئايدا ئاياغلاشتۇرۇلدى. يەر ئىسلاھاتىغا 328 نەپەر ھەر دەرىجىلىك كادىر قاتناشتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئەر 287 نەپەر، ئايال 41 نەپەر، پارتىيىلىك كادىر 43 نەپەر، ئىتتىپاق ئەزاسى 113 نەپەر، ئاز سانلىق مىللەت 296 نەپەر، خەنزۇ 32 نەپەر.

يەر ئىسلاھاتى داۋامىدا، «كەمبەغەل دېھقان، يالالانما دېھقانلارغا تايىنىش، ئوتتۇرا دېھقانلار بىلەن ئىتتىپاقلىشىش، باي دېھقانلارنى بىتەرەپ قالدۇرۇش، فېئوداللىق ئېكسپىلاتاتسىيە تۈزۈمىنى قەدەم باسقۇچلۇق، پەرقلىق ھالدا يوقىتىش، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنى راۋاجلاندۇرۇش» تىن ئىبارەت باش لۇشيەن ۋە باش سىياسەت قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇلدى ۋە ئىجرا قىلىندى. خىزمەت ئەترەتلىرى يېزىلارغا بارغاندىن كېيىن، ئالدى بىلەن، ھەر دەرىجىلىك ھاكىمىيەت تەشكىلاتلىرى ۋە دېھقانلار ئۇيۇشمىسى، ئاياللار، ياشلار تەشكىلاتلىرىنى تەرتىپكە سالدى، ئەھۋال ئىگىلىدى، يەر ئىسلاھاتىغا دائىر سىياسەتلەرنى تەشۋىق قىلدى، پومېشچىكلار سىنىپىنىڭ بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىنى پاش قىلدى، ئاندىن كېيىن سىنىپىي تەركىب ئايرىدى. ئۆزى مەلۇم قىلىش، كۆپچىلىك قاراپ چىقىش، ئۈچ قېتىم باڭ ئېلان قىلىپ لايىھە بېكىتىش ئارقىلىق، ناھىيە بويىچە 2524 ئائىلە يالالانما دېھقان قىلىپ ئايرىلدى، بۇ، ئومۇمىي ئائىلە سانىنىڭ 18.25 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى، 6397 ئائىلە كەمبەغەل دېھقان قىلىپ ئايرىلدى، بۇ ئومۇمىي ئائىلە سانىنىڭ 46.5 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى، 3548 ئائىلە ئوتتۇرا دېھقان قىلىپ ئايرىلدى، بۇ، ئومۇمىي ئائىلە سانىنىڭ 25.79 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى، 191 ئائىلە باي دېھقان قىلىپ ئايرىلدى، بۇ، ئومۇمىي ئائىلە سانىنىڭ 1.38 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى، 245 ئائىلە ئاز يەرنى ئىجارىگە بەرگۈچى قىلىپ ئايرىلدى، بۇ، ئومۇمىي ئائىلە سانىنىڭ 1.77 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى، 329 ئائىلە پومېشچىك قىلىپ ئايرىلدى، بۇ، ئومۇمىي ئائىلە سانىنىڭ 2.38 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى، 264 ئائىلە ئۇششاق قول سانائەتچى قىلىپ ئايرىلدى، بۇ، ئومۇمىي ئائىلە سانىنىڭ 1.91 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى، 329 ئائىلە باشقا تەركىبكە ئايرىلدى، بۇ، ئومۇمىي ئائىلە سانىنىڭ 2.37 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى.

«پەرقلىق مۇئامىلە قىلىش» ۋە «كۈرەش قىلىشتا قائىدە سۆزلەش» پىرىنسىپىغا ئاساسەن، 15 نەپەر زومىگەر ۋە قانۇنسىز پومېشچىك كۈرەش قىلىندى، بۇنىڭ ئىككى نەپىرى سوتنىڭ ھۆكۈم قىلىشىغا، بىر نەپىرى ئاممىنىڭ رىجىمىغا تاپشۇرۇلدى، 12 نەپىرى قويۇپ بېرىلدى. سەپ ئېنىق ئايرىلغاندىن كېيىن، دېھقانلار ئۇيۇشمىسىنىڭ رەھبەرلىك قىلىشى بىلەن، دېھقانلار تەشكىللىنىپ، پومېشچىكلارنىڭ يەرلىرى ۋە تۇراقسىز مۈلۈكلىرى مۇسادىرە قىلىندى. ناھىيە بويىچە رجەمئىي 75 مىڭ 800 مو يەر، 4717 ئېغىز ئۆي، 875 تېرىلغۇ ئۈلىغى، 8498 چوڭ - كىچىك دېھقانچىلىق سايمىنى، 3 مىليون 110 مىڭ كىلوگرام ئاشلىق يىغىۋېلىندى ۋە مۇسادىرە قىلىندى. بۇ مېۋىلەردىن، ئۆز نۆۋىتىدە، ئىشلەپچىقىرىشقا پايدىلىق بولۇش، دېھقانلارنىڭ ئىچكى ئىتتىپاقلىقىغا ئېتىبار بېرىش پىرىنسىپىغا ئاساسەن، دېھقانلارنىڭ نامراتلىق دەرىجىسىگە قاراپ، 2498 ئائىلىلىك يالالانما دېھقانغا جەمئىي 21 مىڭ 400 مو يەر، 2299 ئېغىز ئۆي، 373

## پوسكام ناھىيىسىنىڭ يېزىلىرىدا ھەرقايسى تەبىقىدىكىلەرنىڭ يەر ئىگىلەش ئەھۋالى

2 ـ 1 ـ 1 ـ جەدۋەل

| تۈرلەر / تەبىقىلەر | يەر ئىسلاھاتىدىن ئىلگىرى | | | | | يەر ئىسلاھاتىدىن كېيىن | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | ئائىلە سانى (ئائىلە) | نوپۇس (ئادەم) | يەر (مو) | ئومۇمىي كۆلەمدە ئىگىلىگىنى % | ھەر نوپۇسقا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن توغرا كەلگىنى (مو) | ئائىلە سانى (ئائىلە) | نوپۇس (ئادەم) | يەر (مو) | ئومۇمىي كۆلەمدە ئىگىلىگىنى % | ھەر نوپۇسقا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن توغرا كەلگىنى (مو) |
| جەمئىي | 13827 | 48314 | 253146.38 | 100 | 5.24 | 13577 | 47508 | 261267.9 | 100 | 5.50 |
| پومېشچىك | 329 | 1722 | 60845.92 | 24.04 | 35.33 | 320 | 1690 | 9744.99 | 3.73 | 5.76 |
| يېرىم پومېشچىك تىپىدىكى باي دېھقان | 1 | 4 | 36.29 | 0.01 | 9.07 | 1 | 4 | 28.36 | 0.01 | 7.09 |
| باي دېھقان | 191 | 1173 | 19865.24 | 7.85 | 16.94 | 187 | 1143 | 19660.61 | 7.53 | 17.20 |
| ئاز يەرنى ئىجارىگە بەرگۈچى | 245 | 809 | 11218.01 | 4.43 | 13.87 | 233 | 775 | 8188.30 | 3.13 | 10.57 |
| ئوتتۇرا دېھقان | 3548 | 16099 | 90691.89 | 35.83 | 5.63 | 3560 | 16122 | 98641.51 | 37.75 | 6.12 |
| كەمبەغەل دېھقان | 6397 | 20334 | 54055.51 | 21.35 | 2.66 | 6205 | 19739 | 91724.19 | 35.11 | 4.65 |
| باللانما دېھقان | 2524 | 6298 | 3044.29 | 1.20 | 0.48 | 2479 | 6192 | 23978.70 | 9.18 | 3.87 |
| قول سانائەتچى | 264 | 860 | 868.57 | 0.34 | 1.01 | — | — | — | — | — |
| باشقىلار | 328 | 1015 | 770.90 | 0.31 | 0.76 | 592 | 1843 | 4447.17 | 1.70 | 214 |
| مەسچىت، يېڭى ئىتتىپاق مەكتەپ يەرلىرى | — | — | 11749.76 | 4.64 | — | — | — | 2617.57 | 1 | — |
| تەقسىم قىلىنمىغان يەرلەر | — | — | — | — | — | — | — | 2239.51 | 0.86 | — |

پوسكام ناھىيىسىنىڭ يېزىلىرىدا ئېلىپ بېرىلغان يەر ئىسلاھاتىدا يەر،
مال - مۈلۈكلەرنىڭ تەقسىم قىلىنىش ئەھۋالى

2 ـ 1 ـ 2 ـ جەدۋەل 18.5.1953

| | تەبىقىلەر / تۈرلەر | ياللانما دېھقان | كەمبەغەل دېھقان | ئوتتۇرا دېھقان | باشقىلار | مەسچىتكە قالدۇرۇلغان ۋەخپە يەر | ئومۇم ئۆچۈن قالدۇرۇلغان يەر | تەقسىم قىلىنماي ئېشىپ قالغان يەر | جەمئىي |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | يەر، مال-مۈلۈك تەقسىم قىلىپ بېرىلگەن ئائىلە | 2498 | 4491 | 1154 | 420 | | | | 8563 |
| | شۇ تەبىقىدە ئىگىلىگەن نىسبىتى % | 98.97 | 70.20 | 32.53 | 70.95 | | | | 65.56 |
| | يەر، مال-مۈلۈك تەقسىم قىلىپ بېرىلگەن ئادەم | 6194 | 15288 | 5174 | 1114 | | | | 27770 |
| | شۇ تەبىقىدە ئىگىلىگەن نىسبىتى % | 98.35 | 75.18 | 32.14 | 59.41 | | | | 62.26 |
| يەر | تەقسىم قىلىپ بېرىلگەن ئائىلە | 2472 | 4484 | 860 | 414 | | | | 8230 |
| | تەقسىم قىلىپ بېرىلگەن يەر كۆلىمى | 21364 | 24626 | 8294 | 2917 | 139 | 1617 | 650 | 59607 |
| | تەقسىم قىلىنغان ئومۇمىي كۆلەمدە ئىگىلىگىنى % | 37.35 | 43.05 | 14.50 | 5.10 | | | | |
| | ھەر نوپۇسقا توغرا كەلگىنى | 3.47 | 1.62 | 1.93 | 1.47 | | | | 2.07 |
| ئۆي | تەقسىم قىلىپ بېرىلگەن ئائىلە | 1572 | 795 | 66 | 135 | | | | 2568 |
| | ئۆي سانى | 2299 | 1232 | 153 | 174 | | | | 3858 |
| | تەقسىم قىلىپ بېرىلگەن ئۆينىڭ ئورۇن كۆلىمى (مو) | 56 | 128 | 55 | 10 | | | | 249 |
| چارۋا | تەقسىم قىلىپ بېرىلگەن ئائىلە | 429 | 400 | 24 | 7 | | | | 860 |
| | كالا | 184 | 166 | 13 | 2 | | | | 365 |
| | خېچىر | 19 | 35 | 1 | | | | | 55 |
| | ئېشەك | 170 | 139 | 11 | 4 | | | | 324 |
| | جەمئىي | 373 | 340 | 25 | 6 | | | | 744 |

| | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| دېھقانچىلىق سايمىنى | تەقسىم قىلىپ بېرىلگەن ئائىلە | 1399 | 1821 | 259 | 59 | | | | 3538 |
| | تەقسىم قىلىپ بېرىلگەن سايمان سانى | 1721 | 1858 | 306 | 78 | | | | 3963 |
| ئاشلىق | تەقسىم قىلىپ بېرىلگەن ئائىلە | 545 | 900 | 218 | 30 | | | | 1693 |
| | تەقسىم قىلىپ بېرىلگەن ئاشلىق (جىڭ) | 25252 | 30411 | 5712 | 828 | | | | 62203 |
| | ئۆي جاھازلىرى | 3858 | 3927 | 880 | 248 | | | | 8913 |
| باشقىلار | ياغاچ | 72 | 61 | 4 | | | | | 137 |
| | خىش | 1295 | 296 | 90 | | | | | 1681 |

تېرىلغۇ ئۆلىغى، 1721 چوڭ - كىچىك دېھقانچىلىق سايمىنى، 12 مىڭ 650 كىلوگرام ئاشلىق؛ 4491 ئائىلىلىك كەمبەغەل دېھقانغا جەمئىي 24 مىڭ 600 مو يەر، 1232 ئېغىز ئۆي، 340 تېرىلغۇ ئۆلىغى، 1858 دانە دېھقانچىلىق سايمىنى، 15 مىڭ 200 كىلوگرام ئاشلىق؛ 1154 ئائىلىلىك ئوتتۇرا دېھقانغا جەمئىي 8300 مو يەر، 153 ئېغىز ئۆي، 25 تېرىلغۇ ئۆلىغى، 306 دانە دېھقانچىلىق سايمىنى، 2850 كىلوگرام ئاشلىق؛ باشقا تەركىبتىكى 420 ئائىلىلىك دېھقانغا جەمئىي 2900 مو يەر، 174 ئېغىز ئۆي، ئالتە تېرىلغۇ ئۆلىغى، 78 دانە دېھقانچىلىق سايمىنى، 400 كىلوگرام ئاشلىق تەقسىم قىلىپ بېرىلدى ھەمدە يەر تەقسىم قىلىنغان دېھقان ئائىلىلىرىگە ۋاقتىدا يەر گۇۋاھنامىسى تارقىتىپ بېرىلدى. پومېشچىك ۋە دېھقانلارغا ئوخشاش دەرىجىلىك يەر تەقسىم قىلىپ بېرىلدى. يەر ئىسلاھاتى ئارقىلىق، يېزىلاردا يەرنى ئىگىدارچىلىق قىلىش ئەھۋالىدا تارىخىي خاراكتېرلىك ئۆزگىرىش بارلىققا كەلدى. پومېشچىكلارنىڭ ھەربىرى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ئىگىلىگەن 35.33 مو يەر 5.76 موغا كېمەيتىلدى، كەمبەغەل دېھقانلارنىڭ ھەربىرى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ئىگىلىگەن 2.66 مو يەر 4.65 موغا، ياللانما دېھقانلارنىڭ ھەربىرى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ئىگىلىگەن 0.48 مو يەر 3.87 موغا، ئوتتۇرا دېھقانلارنىڭ ھەربىرى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ئىگىلىگەن 5.63 مو يەر 6.12 موغا كۆپەيتىلىپ، «يەر تېرىغۇچىنىڭ يېرى بولۇش» ئىشقا ئاشۇرۇلدى.

يەرگە ئىگە بولغان دېھقانلار پائال تۈردە دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى سېتىۋېلىپ، ئوغۇت توپلاپ ۋە ئېچىتىپ، ئىشلەپچىقىرىشقا ئاتلىنىپ، ئىشلەپچىقىرىش بويىچە ۋەتەنپەرۋەرلىك مۇسابىقىسى دولقۇنىنى قوزغىۋەتتى.

يەر ئىسلاھاتى داۋامىدا، يەنە ھەر خىل تەشكىلاتلار تەرتىپكە سېلىنىش ئارقىلىق، يېزا - كەنتلەرگە يېڭىدىن 22 نەپەر كادىر ئۆستۈرۈلدى، پارتىيىگە 39 نەپەر ئەزا، ئىتتىپاققا 64 نەپەر ئەزا قوبۇل قىلىندى، يەتتە پارتىيە ياچېيكىسى، يەتتە ئىتتىپاق ياچېيكىسى قۇرۇلدى، دېھقانلار ئۇيۇشمىسىغا 14 مىڭ 586 نەپەر ئەزا قوبۇل قىلىندى، ئامانلىق ساقلاش ھەيئىتىدىن 30 ى

قۇرۇلدى. ئەزاسى 239 نەپەرگە يەتكۈزۈلدى.

## § 3. يېزا ئىگىلىكىنى كوپېراتسىيىلەشتۈرۈش

1950 - يىلى ئەتىيازدا قىسمەن دېھقانلارنىڭ تېرىلغۇ ئۆلىغى، دېھقانچىلىق سايمىنى كەمچىل بولۇش قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، دېھقانلار سەپەرۋەر قىلىنىپ، 8657 كىشىنىڭ قاتنىشىشى بىلەن 60 لاپقۇتلىشىش گۇرۇپپىسى تەشكىللەندى. كۈزدە لاپقۇتلىشىش گۇرۇپپىسى 1088 گە. ئۇنىڭغا قاتناشقان ئادەم 11 مىڭ 357 نەپەرگە يەتتى. بۇنداق لاپقۇتلىشىش گۇرۇپپىسىدا ئىش ئىشقا ئالماشتۇرۇلغانلىقتىن، يەككە ئىشلىگەن دېھقانلارنىڭ ئەمگەك كۈچى، ئىشلەپچىقىرىش سايمىنى يېتىشمەسلىك قىيىنچىلىقى دەسلەپكى قەدەمدە ھەل بولدى. 1952 - يىلى لاپقۇتلىشىش گۇرۇپپىسى 1919 غا، ئۇنىڭغا قاتناشقان ئادەم 23 مىڭ نەپەرگە يەتتى، دېمەك، ناھىيە بويىچە 93% تىن ئارتۇق ئەمگەك كۈچى لاپقۇتلىشىش گۇرۇپپىسىغا قاتناشتى. 1953 - يىلى ناھىيىلىك پارتكوم ناھىيە بويىچە لاپقۇتلىشىش گۇرۇپپىلىرىنى تەرتىپكە سېلىپ، دېھقانلارنى يېتەكلەپ، «ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن بىر - بىرىگە مەنپەئەت يەتكۈزۈش، تەڭ قىممەتتە ئالماشتۇرۇش، دېموكراتىك باشقۇرۇش» پرىنسىپىغا ئاساسەن، ھەمكارلىق گۇرۇپپىسىدىن 757 نى قۇردى. بۇنىڭ ئىچىدە يىللىق ھەمكارلىق گۇرۇپپىسى 26. ناھىيە بويىچە 45.8% دېھقان ئائىلىسى، 23.3% ئەمگەك كۈچى ھەمكارلىق گۇرۇپپىسىغا قاتناشتى. 1954 - يىلدىن 1955 - يىلغىچە، ناھىيە بويىچە ھەمكارلىق گۇرۇپپىسى 1375 كە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە يىللىق گۇرۇپپا 54، پەسىللىك گۇرۇپپا 1321، ناھىيە بويىچە 57.57% دېھقان ئائىلىسى ھەمكارلىق گۇرۇپپىسىغا كىردى. ھەمكارلىق گۇرۇپپىلىرى تەشكىللىنىشىنىڭ ئەۋزەللىكىنى نامايان قىلدى. 1 - رايوننىڭ 4 - يېزىسىدا ئادەتتىكى يەككە دېھقان ئائىلىلىرى تېرىغان كۆممىقوناقنىڭ بىرلىك مەھسۇلاتى 64 كىلوگرام، ھەمكارلىق گۇرۇپپىسىنىڭ بىرلىك مەھسۇلاتى 96 كىلوگرام بولدى. سايىم ساۋۇتنىڭ ھەمكارلىق گۇرۇپپىسى تېرىغان بۇغداينىڭ بىرلىك مەھسۇلاتى يەككە ئىشلىگەن ئائىلىلەرنىڭكىدىن 16 كىلوگرام، كۆممىقوناق 24 كىلوگرام، شال 15 كىلوگرام، پاختا سەككىز كىلوگرام يۇقىرى بولدى.

1954 - يىلىنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا، پوسكام ناھىيىسىدە يېرىم سوتسىيالىستىك خاراكتېرلىك باشلانغۇچ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش كوپېراتىپى پىلانلىق تەرەققىي قىلدۇرۇلۇشقا باشلىدى. 2 - ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا، ئۇ، ئالدى بىلەن، 1 - رايوننىڭ 4 - يېزىسى (سۆگەتئېرىق يېزىسى)، 4 - رايوننىڭ 1 - يېزىسى (پىچانچى يېزىسى) دا نۇقتىدا سىناق قىلىندى. يېرىم ئاي ۋاقىت ئىچىدە سايىم ساۋۇت ۋە ھاپىز ئىسلام يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش كوپېراتىپلىرى قۇرۇلدى، كوپېراتىپقا كىرگەن دېھقان ئائىلىسى 28 گە، ئەمگەك كۈچى 48 نەپەرگە، كوپېراتىپقا قوشۇلغان يەر 315.7 موغا، تېرىلغۇ ئۆلىغى 31 گە، دېھقانچىلىق سايمىنى 116 گە يەتتى. بۇ ئىككى كوپېراتىپ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش كوپېراتىپلىرىنىڭ ئەۋزەللىكىنى نامايان قىلدى.

يېزا ئىگىلىك كوپېراتىپلىرى تېرىغان زىرائەتلەرنىڭ مەھسۇلاتى ھەمكارلىق گۇرۇپپىسى ۋە يەككە ئىشلىگەن دېھقانلارنىڭكىدىن كۆرۈنەرلىك ھالدا يۇقىرى بولدى، كوپېراتىپنى

**پوسكام ناھىيىسىنىڭ 1954 ـ يىلدىكى كوپېراتىپ، ھەمكارلىق گۇرۇپپىسى، يەككە ئىشلىگەن ئائىلىلەرنىڭ مەھسۇلاتىنىڭ سېلىشتۇرمىسى**

2 ـ 1 ـ 3 ـ جەدۋەل

| زىرائەت خىللىرى | كوپېراتىپنىڭ مەھسۇلات مىقدارى (مو/كىلوگرام) | ھەمكارلىق گۇرۇپپىسىنىڭ مەھسۇلات مىقدارى (مو/كىلوگرام) | يەككە ئىشلىگەن ئائىلىلەرنىڭ مەھسۇلات مىقدارى (مو/كىلوگرام) |
|---|---|---|---|
| كۆممىقوناق | 120 | 96 | 64 |
| شال | 143 | 128 | 96 |
| كېۋەز | 66 | 24 | 16 |
| زىغىر | 40.5 | 32 | 24 |

ئېكسكۇرسىيە قىلدۇرغان ۋە زىيارەت قىلدۇرغانلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمىدى. شۇ يىلى ناھىيىلىك پارتكوم كوپېراتىپ قۇرۇش شەرتىنى ھازىرلىغان رايونلاردا يەنە ئالتە كوپېراتىپنى سىناق تەرىقىسىدە، بىر كوپېراتىپنى كېڭەيتىپ قۇردى.

1955 ـ يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا، ناھىيىلىك پارتكوم «تۈركۈمگە بۆلۈپ تەرەققىي قىلدۇرۇش» پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، ناھىيە بويىچە يېرىم سوتسىيالىستىك خاراكتېردىكى يېزا ئىگىلىكىنى كوپېراتىپلاشتۇرۇشنى ئۈچ قارارغا بۆلۈپ ئەمەلگە ئاشۇرۇش لايىھىسىنى تۈزۈپ چىقتى. كوپېراتىپ قۇرۇشتىن ئىلگىرى، بەش قېتىم يىللىق ھەمكارلىق گۇرۇپپىسى باشلىقلىرىنىڭ سۆھبەت يىغىنى چاقىرىلىپ، كوپېراتىپ قۇرۇش ئوبيېكتلىرىدىكى تايانچلار قاتناشتۇرۇلۇپ، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش كوپېراتىپى قۇرۇشنىڭ فاڭجېن، سىياسەتلىرى ئۆگىنىلدى: تۆت قېتىم كوپېراتىپ قۇرۇش تايانچلىرى كۇرسى ئېچىلىپ، كوپېراتىپ قۇرۇشنىڭ قەدەم باسقۇچلىرى، ئۇسۇلى ئۆگىنىلدى؛ قۇرۇش پىلانلانغان 291 كوپېراتىپقا 563 نەپەر مۇدىر ۋە مۇئاۋىن مۇدىر، 128 نەپەر بوغالتىر، 315 نەپەر يېزا ئىگىلىك تېخنىكى تەربىيىلەپ بېرىلدى. 10 ـ ئايدا 1 ـ قارارلىق كوپېراتىپ قۇرۇش خىزمىتى باشلاندى. ناھىيىلىك پارتكوم ئەسلىدە 1 ـ قاراردا 131 كوپېراتىپ قۇرۇشنى پىلانلىغانىدى، پىلاندىن سىرت كوپېراتىپ قۇرۇلىدىغان رايون، يېزىلاردىكى دېھقانلار ئارقا ـ ئارقىدىن ھال ـ ئەھۋال ئېيتقانلىقتىن، ئىلاجسىز يەنە يېڭىدىن 74 كوپېراتىپ قۇرۇلدى. يىل ئاخىرىغىچە قۇرۇلغان باشلانغۇچ كوپېراتىپ ئىلگىرىكى توققۇز كوپېراتىپنى قوشقاندا 205 كە، كوپېراتىپقا كىرگەن ئائىلە 5964 كە يېتىپ، ناھىيە بويىچە ئومۇمىي ئائىلە سانىنىڭ 26.4 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. 1956 ـ يىل 2 ـ ئايدا باشلانغۇچ كوپېراتىپ 291 گە، كوپېراتىپقا كىرگەن دېھقان ئائىلىسى 21 مىڭ 406 نەپەرگە يېتىپ، ناھىيە بويىچە ئومۇمىي دېھقان ئائىلىسىنىڭ 91.94 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. شۇنىڭ بىلەن، ناھىيە بويىچە يېرىم سوتسىيالىستىك خاراكتېردىكى يېزا ئىگىلىكىنى كوپېراتىپلاشتۇرۇش ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى.

بۇنداق يېرىم سوتسىيالىستىك خاراكتېردىكى يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش كوپىراتىپلىرى يەر ۋە باشقا ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنى بىر تۇتاش باشقۇردى ياكى ئىشلەتتى، ئىگىدارچىلىق ھوقۇقى پاي ئىگىسىگە تەئەللۇق بولدى، كوپىراتىپ ئۇنىڭغا مۇۋاپىق پايدا بەردى؛ كوپىراتىپ ئەزالىرىنىڭ خۇسۇسىي ئىگىدارلىقىدىكى ئاز مىقداردىكى ئوتلاق، پارچە - پۇرات يەرلەردىكى مېۋىلىك دەرەخ ۋە باشقا دەرەخلىرى، ئۆي قۇشلىرى، ئۇششاق دېھقانچىلىق سايمانلىرى كوپىراتىپقا پاي قىلىپ قوشۇلمىدى، كوپىراتىپ ئەزالىرى كوپىراتىپتىن چىقىپ كېتىش ئەركىنلىكىگە ئىگە قىلىندى؛ تەقسىمات جەھەتتە ئەر - ئاياللارنىڭ ئوخشاش ئىشقا ئوخشاش ھەق بېرىش، كۆپ ئىشلىگەنلەر كۆپ ھەق ئېلىش پرىنسىپى يولغا قويۇلدى، شۇڭا ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى، كوپىراتىپ قۇرۇلغان 1 - يىلى مەھسۇلات ئومۇميۈزلۈك ئاشتى. 37 كونا كوپىراتىپنىڭ 1955 - يىلدىكى ئاشلىقىنىڭ مو بېشى مەھسۇلاتى ئالدىنقى يىلدىكىدىن ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 26.5 كىلوگرام ئاشتى، 27 كوپىراتىپتا مەھسۇلات ئاشتى، يەتتە كوپىراتىپتا مەھسۇلات ئاشمىدى ياكى كەملىمىدى، ئۈچ كوپىراتىپتا مەھسۇلات كېمىيىپ كەتتى. 972 ئائىلىلىك ئەزا ئىچىدە 667 ئائىلىنىڭ كىرىمى كۆپەيدى، بۇ، كوپىراتىپقا كىرگەن دېھقان ئائىلىسىنىڭ 62.68 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ؛ 79 ئائىلىنىڭ مەھسۇلاتى ئاشمىدى ياكى كەملىمىدى، بۇ، كوپىراتىپقا كىرگەن.دېھقان ئائىلىسىنىڭ 8.13 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ؛ 226 ئائىلىنىڭ مەھسۇلاتى كېمىيىپ كەتتى، بۇ، كوپىراتىپقا كىرگەن دېھقان ئائىلىسىنىڭ 26.23 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. مەھسۇلات كېمىيىپ كېتىشىنىڭ سەۋەبى، ئاساسەن، يەردىن پىرسەنت بۆلۈشۈش ئاز، سەرپ قىلىنغان ئەمگەك ئاز بولغانلىقتىن بولدى.

ناھىيىلىك پارتكوم، قۇرۇلۇپ بولغان كوپىراتىپلارنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، ناھىيە دەرىجىلىك ئىدارىلەردىن بىر تۈركۈم كادىر ئاجرىتىپ، خىزمەت گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ، رايون، يېزا كادىرلىرىغا ھەمكارلىشىپ، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش كوپىراتىپلىرىنى تەرتىپكە سالدى؛ كوپىراتىپ ئەزالىرىغا «كوپىراتىپنى ئۆز ئائىلىسى دەپ بىلىش» توغرىسىدا ئىدىيۋى تەربىيە ئېلىپ باردى، كوپىراتىپ ئەزالىرىنىڭ تۇرمۇشىدىكى قىيىنچىلىقلارنى ھەل قىلىپ بەردى، كوپىراتىپنىڭ ھەرخىل قائىدە - تۈزۈملەرنى ئورنىتىشىغا ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈشىگە، ئىشلەپچىقىرىش پىلانلىرىنى تۈزۈشىگە، ئەمگەك كۈچلىرىنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ياردەم بەردى. شارائىتى پىشىپ يېتىلگەن رايونلاردا كوپىراتىپلارنى بىرلەشتۈرۈپ، كېڭەيتىپ، ئالىي كوپىراتىپ قۇرۇش ئۈچۈن شارائىت ھازىرلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ناھىيىلىك پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى ئىجتىمائىي كۈچلەرنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ، كوپىراتىپلارنى 199 مىڭ 986 يۈەن ھەرخىل قەرز پۇل، 6905 دانە يېڭى تىپتىكى دېھقانچىلىق سايمىنى، 12 مىڭ 732.5 كىلوگرام سۇپەتلىك ئۇرۇقلۇق بىلەن تەمىنلەپ، كوپىراتىپلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىشىنى راۋاجلاندۇرۇشىغا يار - يۆلەك بولدى.

1956 - يىلى ئەتىيازدا پوسكام ناھىيىسىدە سوتسىيالىستىك خاراكتېردىكى ئالىي يېزا ئىگىلىك كوپىراتىپىدىن 26 سى سىناق تەرىقىسىدە قۇرۇلدى. 1957 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، ناھىيە بويىچە 106 ئالىي كوپىراتىپ قۇرۇلدى، 21 مىڭ 825 دېھقان ئائىلىسى كوپىراتىپقا كىردى، بۇ، ناھىيە بويىچە ئومۇمىي دېھقان ئائىلىسىنىڭ 96.53 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ، دېمەك، ناھىيە بويىچە سوتسىيالىستىك خاراكتېردىكى يېزا ئىگىلىكىنى كوپىراتسىيىلەشتۈرۈش ئاساسەن ئەمەلگە ئاشتى. ئالىي يېزا ئىگىلىك كوپىراتىپلىرى يەردىن

پىرسەنت تەقسىم قىلىشنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىغا بولغان خۇسۇسىيلارمۇلۇكچىلىكنى كوللېكتىپ مۇلۇكچىلىككە ئۆزگەرتىشتىن ئىبارەت ئىسلاھاتنى ئورۇندىدى، لېكىن قەدەم بەك تېز، تەلەپ بەك قاتتىق بولغانلىقتىن، ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىدىن ئايرىلىپ قېلىپ، نۇرغۇن مەسىلىلەرنى قالدۇرۇپ، كېيىنكى خىزمەت جەھەتتە قىيىنچىلىقلارنى كۆپەيتىۋەتتى.

# § 4 . خەلق گۇڭشېلىرىنىڭ قۇرۇلۇشى

1958 - يىل 9 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ناھىيىنىڭ ھەرقايسى رايونلىرىدا، ئون كۈنگە يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە، ئىلگىرىكى بەش رايون ئاساسىدا «سۇنئىي ھەمراھ»، «قىزىل يۇلتۇز»، «سەكرەپ ئىلگىرىلەش»، «قىزىل بايراق»، «شەرق شامىلى» دىن ئىبارەت بەش خەلق گۇڭشېسى قۇرۇلۇپ، ناھىيە بويىچە خەلق گۇڭشېسى قۇرۇش ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى. خەلق گۇڭشېسىدا ھاكىمىيەت بىلەن گۇڭشې بىرلەشتۈرۈلدى. تەقسىمات ئۇسۇلى جەھەتتە يېرىم تەمىنات، يېرىم ئىش ھەققى ۋە مۇكاپات تۈزۈمى يولغا قويۇلدى.

قەدەم بەك تېز بولۇپ كەتكەنلىكتىن، گۇڭشې قۇرۇلۇپ ئۇزۇن[ئ]ا[م]ا[ي]لا بىرمۇنچە مەسىلىلەر كېلىپ چىقتى. تەقسىمات شەكلى جەھەتتە، ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ دەرىجىسىگە قاراپ 1 - دەرىجىلىك ئەمگەك كۈچىنىڭ ئىش ھەققى يەتتە يۈەن، 2 - دەرىجىلىك ئەمگەك كۈچىنىڭ ئىش ھەققى بەش يۈەن قىلىپ باھالىنىپ، بىرقانچە ئاي شۇ بويىچە تارقىتىلغاندىن كېيىن جىددىي ئىسراپچىلىق كۆرۈلۈپ، مالىيە مەنبەسى ئۈزۈلۈپ قالغانلىقى ئۈچۈن تارقىتىش توختىتىلىپ قويۇلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، گۇڭشې ئەزالىرىنىڭ قالدۇرۇلۇق يېرى، قالدۇرۇلۇق چارۋىسى، قالدۇرۇلۇق بېغى قايتۇرۇۋېلىندى، بەزى گۇڭشېلار كىچىك تىپتىكى ئىشلەپچىقىرىش قورال - سايمانلىرى ۋە قاچا - قۇچا، قازان - قومۇچلارنىمۇ ئومۇمنىڭ ئىختىيارىغا ئۆتكۈزۈۋالدى. 1958 - يىلى قىشتىكى زور كۆلەمدە پولات تاۋلاش ۋاقتىدا، «بىرىنچىدىن تەڭ قىلىش، ئىككىنچىدىن يۆتكەش» (يەنى گۇڭشې دائىرىسىدە كەمبەغەل بىلەن باينى تەڭ قىلىش، تەڭ تەقسىم قىلىش، ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرىنىڭ مەلۇم مۈلۈكلىرىنى ھەقسىز يۇقىرىغا يۆتكەش) تىن ئىبارەت «مال - مۈلۈكنى ئومۇمنىڭ قىلىۋېتىش شامىلى» كۆچىيىپ كەتتى. 1960- يىل 12 - ئايدىكى مەلۇماتقا قارىغاندا، تەكشۈرۈلگەن، يۆتكەلگەن ھەرخىل ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇش ۋاسىتىلىرى يەر، ئاشلىق، دەرەخ، دېھقانچىلىق سايمىنى، ئۆي، ئەمگەك كۈچى، تېرىلغۇ ئۇلىغى، ھەتتا چۆچەك (ئاياق)، ياغاچ چۆمۈچ، نوخۇم، ھالقا (زىرە) قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. ئۇلارنى نەق پۇلغا سۇندۇرغاندا 408 مىڭ يۈەن بولغان. ئەينى چاغدا، «كوممۇنىستىك ھەمكارلىق» نى يولغا قويۇش شوئارى ئاستىدا، نۇرغۇن ئورۇنلار گۇڭشېنىڭ يەرلىرىنى ئىگىسىنە ئىجارە تۆلەپ ياكى ئىجارە تۆلىمەي ئىگىلەپ ئىشلەتتى. ناھىيە دەرىجىلىك ئورگانلاردىن 18 ئورۇن پوسكام گۇڭشېسىنىڭ بازار، سۆگەنئېرىق، قاراسا، قۇتچى، ئوجمە ئېرىق، قوشجىگدىدىن ئىبارەت ئالتە چوڭ ئەترىتىنىڭ 1500 مودىن ئارتۇق يېرىنى ئىگىلەپ ئىشلەتتى. ئىككىسۇ گۇڭشېسى گۇڭشې قۇرۇشنىڭ دەسلەپىدىلا چوڭ ئەترەتلەرنىڭ 5000 تال ياغاچ ماتېرىيال ۋە 5000 دانە تاختىيىنى، تۆت مو بېغىنى، 30 ئېغىز ئۆيىنى، 4000 ئىش كۈنىنى، 18 مىڭ

400 كىلوگرام ئاشلىقنى تەڭشىدى ۋە يۆتكىدى. تەقسىمات جەھەتتە تەڭ تەقسىماتچىلىق ئېغىر بولدى، ياخشى ئىشلىگەنلەر بىلەن ياخشى ئىشلىمىگەنلەر ئايرىلمىدى، قىلغان ئىشقا نومۇر خاتىرىلەنمىدى، ئەترەت بىلەن ئەترەت ئوتتۇرىسىدىكى ھەمكارلىققا ھەق ھېسابلانمىدى. ئىگىلىك باشقۇرۇش ياخشى بولمىدى، چارۋىلار ئۆلدى، دېھقانچىلىق سايمانلىرى بۇزۇلدى. كادىرلار ئىستىلىدا دېموكراتىك بولماي، كىشىلەرنى ئۇرۇپ - تىللىدى، گۇڭشې ئەزالىرىنىڭ ئۆيلىرىنى خالىغانچە ئاخنۇردى، گۇڭشې ئەزالىرىنىڭ خۇسۇسىي ئىگىدارچىلىقىدىكى مال - مۈلۈكلىرىنى ئىگىلىۋالدى، ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش ۋاسىتىلىرى ئىنتايىن تۆۋەن دەرىجىدە باھاغا سۇندۇرۇلدى. بۇ قىلمىشلار گۇڭشې ئەزالىرىنىڭ ئەمگەك ئاكتىپچانلىقىغا ئېغىر دەرىجىدە زىيان يەتكۈزدى. خەلق گۇڭشېسىدا ساقلانغان بۇ مەسىلىلەرگە ئاساسەن، ناھىيىلىك پارتكوم1959- يىل 1 - ئايدا ھەردەرىجىلىك كادىردىن 267 نى يېزىلارغا بېرىپ گۇڭشېنى تەرتىپكە سېلىشقا ئاجراتتى. ئۇلار گۇڭشې ئەزالىرىغا سوتسىيالىستىك تەربىيە ئېلىپ بېرىشقا بىرلەشتۈرۈپ، خەلق گۇڭشېسى قۇرۇلغاندىن كېيىن كېلىپ چىققان مەسىلىلەرنى دەسلەپكى قەدەمدە ھەل قىلدى. گۇڭشې ئەزالىرىنىڭ 12 مىڭ 900 مو قالدۇرۇق يېرى، 3298 قالدۇرۇق كالىسى، سەككىز قالدۇرۇق ئېتى، 11 مىڭ 171 قالدۇرۇق ئېشىكى، 15 مىڭ 196 تۇياق قالدۇرۇق قويىنى قايتۇرۇپ بەردى، گۇڭشې ئەزالىرىدىن ئارىيەتكە ئېلىپ ئىشلىتىلگەن ئۆيلەرگە ئىجارە ھەققى بېكىتتى، گۇڭشې ئەزالىرىنىڭ بۇزۇۋېتىلگەن ۋە يوتتۇرۇۋېتىلگەن ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش ۋاسىتىلىرىنى باھاغا سۇندۇرۇپ قەرز ھۆججىتى يېزىپ بەردى.

1960 - يىلى قىشتا پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى يېزا خىزمىتىدىكى «سول» چىللىق خاتالىقىنى تۈزىتىشنى باشلىدى. 11 - ئايدا «خەلق گۇڭشېسىنىڭ نۆۋەتتىكى سىياسەت مەسىلىلىرى توغرىسىدا جىددىي يوليورۇق» نى تارقاتتى. 1961 - يىل 3 - ئايدا يەنە «يېزا خەلق گۇڭشېلىرىنىڭ خىزمەت نىزامى (دەسلەپكى لايىھە)» نى تارقىتىپ، پۈتۈن پارتىيىنى خەلق گۇڭشېلىرىنى مۇستەھكەملەش، يۇقىرى كۆتۈرۈش، تولۇقلاش ئۈچۈن تىرىشىپ ئىشلەشكە چاقىردى. 1963 - يىلغىچە، تۆۋەندىكى بىرقاتار خىزمەتلەر ئىشلىنىش ئارقىلىق، خەلق گۇڭشېسى مۇستەھكەملىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدى.

(1) بىرقانچە قېتىملىق گۇڭشېنى تەرتىپكە سېلىش داۋامىدا، «بىرىنچىدىن تەڭشەش، ئىككىنچىدىن يۆتكەش» تىن ئىبارەت «مال - مۈلۈكنى ئومۇمنىڭ قىلىۋېتىش شامىلى» نى ئېنىقلاشقا ئەھمىيەت بېرىلدى. 1959 - يىل 12 - ئايدىن 1960 - يىل 1 - ئايغىچە، خەلق گۇڭشېلىرىنى تەرتىپكە سېلىش داۋامىدا، تەڭشەلگەن، يۆتكەلگەن 1469 مو يەر، 347 ئېغىز ئۆي، 845 تېرىلغۇ ئۇلىغى، 85 دانە دېھقانچىلىق سايمىنى، 164 مىڭ 100 يۈەن باشقا تۈردىكى پۇل ئېنىقلاندى. 1960 - يىل 12 - ئايدىن 1961 - يىل 1 - ئايغىچە يەنە بىر قېتىم ئېنىقلىنىپ، 350 مىڭ يۈەن مەبلەغ قايتۇرۇپ بېرىلدى ۋە تۆلەندى. «مۈلۈكنى ئومۇمنىڭ قىلىۋېتىش شامىلى» نى ئېنىقلاش داۋامىدا، دۆلەت 348 مىڭ يۈەن پۇل ئاجرىتىپ، گۇڭشېلارنىڭ تەڭشىگەن، يۆتكىگەن پۇلنى قايتۇرۇشى ۋە تۆلىشىگە ياردەم بەردى؛ بۇنىڭ بىلەن 1961 - يىلدىن ئىلگىرىكى تەڭشەش، يۆتكەش خاتالىقى تۈزىتىلدى.

(2) كادىرلار قوشۇنى پاكلاشتۇرۇلۇپ، گۇڭشې، ئەترەتلەرنىڭ خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىك كۈچەيتىلدى. 1960 - يىل 4 - ئايدا ناھىيە بويىچە ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتى دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كادىرلار ئارىسىدا ئىستىل تۈزىتىش ھەرىكىتى قانات يايدۇرۇلۇپ، جەمئىي

1099 نەپەر كادىر ئۆگىنىشكە قاتناشتۇرۇلدى. تەكشۈرۈش ئارقىلىق، خاتالىق ئۆتكۈزگەن 227 نەپەر ئادەم ئېنىقلاندى، بۇنىڭ ئىچىدە خىيانەتچىلىك قىلمىشى بارلار 115 نەپەر (خىيانەتچى ئۇنسۇر دەپ بېكىتىلگەنلەر 19 نەپەر)، ئىسراپچىلىق خاتالىقى ئۆتكۈزگەنلەر 32 نەپەر، بيۇروكراتلىق خاتالىقى ئۆتكۈزگەنلەر تۆت نەپەر، ئەكسىلئىنقىلابچى ئۇنسۇر دەپ بېكىتىلگىنى بىر نەپەر. سىنىپى يات ئۇنسۇر ئىككى نەپەر، ئاينىپ سۈپىتى ئۆزگىرىپ كەتكەن ئۇنسۇر يەتتە نەپەر، بۇزۇق ئۇنسۇر ئۈچ نەپەر، قانۇن - ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلغان باشقا ئادەملەر 39 نەپەر. ئۇلار خىيانەت قىلغان ۋە بۇزۇپ - چاچقان نەق پۇل ۋە ماددىي نەرسىلەرنىڭ قىممىتى جەمئىي 20 مىڭ 123.52 يۈەن، بۇنىڭ ئىچىدە نەق پۇل 11 مىڭ 873.69 يۈەن، ئاشلىق 471 كىلوگرام، ئۇنى نەق پۇلغا سۇندۇرغاندا 133.85 يۈەن، چارۋا بىر تۇياق، ئۇنى نەق پۇلغا سۇندۇرغاندا 42.60 يۈەن، تاۋار 7865.76 يۈەنلىك، سايمان 39.04 يۈەنلىك، باشقىلار 55.26 يۈەنلىك، كۆپ يەپ، كۆپ ئىگىلىۋالغان نەرسىلەرنى پۇلغا سۇندۇرغاندا 113.32 يۈەن. خاتالىق ئۆتكۈزگەن بۇ كىشىلەرنىڭ كۆپ قىسمى تەربىيە ئارقىلىق خاتالىقىنى تونۇپ تۆۋە قىلىشنى خالىدى ھەمدە 11 مىڭ 294.58 يۈەن ھارام پۇلنى قايتۇردى، پارتىيە ئىنتىزامى، دۆلەت قانۇنىنى چىگنىتىش ئۈچۈن، قىلمىشى ئېغىر بولغان 40 كىشىگە چارە كۆرۈلدى.

(3) غەيرىي يېزا ئىگىلىك ئەمگەك كۈچلىرى ئېنىقلىنىپ، يېزا ئىگىلىكىنىڭ 1 - سېپى كۈچەيتىلدى. خەلق گۇڭشېسى قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە، ھەرساھە، ھەر كەسىپلەردىكى ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ نىسبەت تەڭپۇڭلۇقى بۇزۇلغانىدى، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىغا بىۋاسىتە قاتنىشىدىغان ئەمگەك كۈچى ئەسلىدە بار ئەمگەك كۈچىنىڭ يېرىمىغىمۇ يەتمەيتتى. ئېنىقلاش ئارقىلىق، سانائەت، قوشۇمچە كەسىپ، چارۋىچىلىق، سۇ ئىنشائاتىغا كېتىدىغان ئەمگەك ئازايتىلدى، چوڭ ئەترەتلەرنىڭ دېھقانچىلىققا قاتنىشىدىغان ئەمگەك كۈچى ئەمگەك كۈچلىرى ئومۇمىي سانىنىڭ 70 ـ 80 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى.

1963 - يىلى 9 - ئايدا بازار نوپۇسى قىسقارتىلىش ئارقىلىق، يەنە 2984 نەپەر ئىنچى- خىزمەتچى ۋە كادىرلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى يېزىغا قايتۇرۇلۇپ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىغا قاتناشتۇرۇلدى.

(4) كادىرلار تۆۋەنگە چۈشۈرۈلۈپ، گۇڭشې، ئەترەتلەرنىڭ رەھبەرلىكى كۈچەيتىلدى. 1960 - يىلى 9 - ئايدا 244 نەپەر ھەر دەرىجىلىك كادىر، ئىلگىرى كېيىن بولۇپ، ئۈچ تۈركۈمگە بۆلۈنۈپ تۆۋەنگە چۈشتى، بۇ، ئىشلەپچىقىرىشتىن ئايرىلغان كادىرلار ئومۇمىي سانىنىڭ 38 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە ناھىيە دەرىجىلىك كادىر ئالتە نەپەر، بۆلۈم باشلىقى دەرىجىلىك كادىر 26 نەپەر. گۇڭشېنىڭ شۇجىسى، گۇڭشې باشلىقى دەرىجىلىك كادىر 21 نەپەر، ئادەتتىكى كادىر 191 نەپەر. تۆۋەنگە چۈشۈرۈلگەن كادىرلار ئىچىدە گۇڭشېنىڭ شۇجىلىقىنى ئۈستىگە ئالغىنى بىر نەپەر، چوڭ ئەترەتنىڭ ياچېيكا شۇجىلىقىنى ئۈستىگە ئالغانلار 98 نەپەر، چوڭ ئەترەت باشلىقلىقىنى ئۈستىگە ئالغانلار 53 نەپەر، چوڭ ئەترەتنىڭ مۇئاۋىن ياچېيكا شۇجىلىقى ۋە مۇئاۋىن چوڭ ئەترەت باشلىقلىقىنى ئۈستىگە ئالغانلار ئىككى نەپەر، چوڭ ئەترەتنىڭ بوغالتىرلىقىنى ئۈستىگە ئالغانلار 57 نەپەر. بۇ كادىرلار ئەترەتلەرگە بارغاندىن كېيىن، چوڭقۇر تەكشۈرۈپ - تەتقىق قىلىپ، ئامما بىلەن مۇناسىۋەت باغلاپ، بەزى رايونلارنىڭ قالاق قىياپىتىنى ناھايىتى تېز ئۆزگەرتتى.

(5) خەلق گۇڭشېلىرىنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇشى تەدرىجىي ياخشىلاندى ۋە كۈچەيتىلدى.

خەلق كوممۇنىسى قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە، ئۈچ دەرىجە بويىچە باشقۇرۇش، ئىككى دەرىجە بويىچە ھېسابات قىلىش، تەقسىمات جەھەتتە يېرىم تەمىنات، يېرىم ئىش ھەققى تۈزۈمى يولغا قويۇلغانىدى. 1961 - يىل 8 - ئايدا يېرىم تەمىنات، يېرىم ئىش ھەققى تۈزۈمى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. 1962 - يىلى ئىشلەپچىقىرىش چوڭ ئەترەتلىرىنى ئاساسىي ھېسابات بىرلىكى قىلىش شەكلى ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرىنى ئاساسىي ھېسابات بىرلىكى قىلىشقا ئۆزگەرتىلدى. ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرى مۇستەقىل ھېسابات قىلىدىغان، پايدا - زىيانغا ئۆزى ئىگە بولىدىغان، ئىشلەپچىقىرىشنى بىۋاسىتە تەشكىللەيدىغان، كىرىم - پايدا تەقسىماتىغا مەسئۇل بولىدىغان بولدى. شۇنىڭدىن كېيىن، ئۈزلۈكسىز ئىزدىنىش ئارقىلىق، تۆتنى باشقۇرۇش (پىلان، ئەمگەك، مالىيە ۋە ماددىي ئەشيانى باشقۇرۇش) تۈزۈمى ۋە كىرىم - پايدا تەقسىم قىلىش ئۇسۇلى تەدرىجىي تاكامۇللاشتى.

**پىلاننى باشقۇرۇش** بۇنىڭدا ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرى يىل بېشىدا تۈرلۈك ئىشلەپچىقىرىش پىلانلىرىنى تۈزىدۇ، تۈرلۈك كىرىم - چىقىملارنى دەسلەپكى قەدەمدە ھېسابلاپ چىقىش ئاساسىدا دۆلەت، كوللېكتىپ ۋە شەخسلەرنىڭ ئېلىشقا تېگىشلىك تەقسىمات نىسبىتىنى تۈزۈپ چىقىدۇ، كوممۇنا ئەزالىرى، پىلانغا ئاساسەن، پۈتۈن يىللىق تۈرلۈك ئىشلەپچىقىرىش ۋەزىپىلىرىنى ئورۇندايدۇ.

**ئەمگەك باشقۇرۇش** بۇنىڭدا ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرى ئەمگەك كۈچىنىڭ جىنسى، يېشى ۋە جىسمانىي جەھەتتىن كۈچلۈك - ئاجىزلىقىغا ئاساسەن، ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ دەرىجە ئۆلچىمىنى بېكىتىپ، ئىشقا چىقىدىغان كۈن سانىنى ھېسابلاپ چىقىدۇ، ئىشقا چىقىش ئەھۋالىغا قاراپ ئىش بېكىتىش، ئىش قىلىشتا ۋەزىپە بولۇش، ۋەزىپىنى ئاشۇرۇپ ئورۇندىغانلارنى مۇكاپاتلاش، ۋەزىپىنى كەم ئورۇندىغانلارنى جازالاش ئۇسۇلى بويىچە ئەمگەك باشقۇرىدۇ.

**مالىيە باشقۇرۇش** بۇنىڭدا ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرى تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەپ، ئىقتىسادچىللىق بىلەن كوممۇنىسى باشقۇرۇش، كوممۇنىنى دېموكراتىك باشقۇرۇش فاڭجېنىنى قاتتىق ئىزچىللاشتۇرۇپ، تۈرلۈك تەكشۈرۈپ تەستىقلاش تۈزۈملىرىنى ئورنىتىپ، مالىيىنى دېموكراتىك باشقۇرىدۇ، كىرىمنى ئاشۇرۇپ، چىقىمنى تېجەپ، پۇلنى قالايمىقان خەجلەشنىڭ، قالايمىقان چىقىم قىلىشنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ.

**ماددىي ئەشيا باشقۇرۇش** بۇنىڭدا ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرى بارلىق ئاشلىق، ماددىي ئەشيالارغا ھېسابات دەپتىرى تۇرغۇزۇپ، ئامبارلارغا بۆلۈپ ساقلاپ، دەپتەردىكى ھېسابات بىلەن ماددىي ئەشيا ئوخشاش بولۇش، ئامبارغا كىرگۈزۈش ۋە ئامباردىن چىقىرىشتا رەسمىيەت بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرىدۇ.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دىن ئىلگىرى، يۇقىرىدىكى تۈزۈملەر يولغا قويۇلۇپ، ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرىنىڭ چىقىمى نىسبىي ھالدا تۆۋەنلىگەن، كوممۇنا ئەزالىرىنىڭ كىرىمى كۆپەيگەن.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» داۋامىدا، «ئۈچ ئۆز، بىر كۆتۈرە» (قالدۇرۇق يەر، ئەركىن بازار، پايدا - زىيانغا ئۆزى ئىگە بولۇش، مەھسۇلاتنى ئائىلىلەرگە كۆتۈرە بېرىش)، «نومۇرنى قوماندان قىلىش» راسا تەنقىد قىلىنىپ، تەڭ تەقسىماتچىلىق تەرغىپ قىلىنىپ، «داچەيچە ئىشلەش» (ئىشنى باھالاپ نومۇر خاتىرىلەش تۈزۈمىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش، «ئۆزى مەلۇم قىلىش، ئاممىۋى باھالاش» تىن ئىبارەت نومۇر خاتىرىلەش ئۇسۇلىنى قوللىنىش) يولغا قويۇلۇپ،

ئىگىلىك باشقۇرۇش قالايمىقانلىشىپ كېتىش ھالىتىگە چۈشۈپ قالدى.

جياڭ چىڭ ئەكسىلئىنقىلابىي گۇرۇھى تار - مار قىلىنغاندىن كېيىن، يېزىلارنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش خىزمىتىدە «تۆتنى باشقۇرۇش» تۈزۈمى تەدرىجىي ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، ھەرخىل شەكىلدىكى ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈملىرىنىڭ يولغا قويۇلۇشىغا ئەگىشىپ، ئىگىلىك باشقۇرۇش ئىلگىرىكى «تۆتنى باشقۇرۇش»تىن، تەدرىجىي ھالدا، مەھسۇلاتقا بىرلەشتۈرۈپ ئائىلىلەرگە ھۆددىگە بېرىش توختام تۈزۈمىگە ئۆزگەرتىلدى. سېتىۋالغۇچى ئورۇن گۆشچى ئەزالىرى بىلەن قەرەللىك ھېساب ئۈزۈپ، ۋاقتىدا نەقلەشتۈرىدىغان بولدى. ئىگىلىك باشقۇرۇش جەھەتتە، تاۋارلاشتۇرۇلغان ئىشلەپچىقىرىشنىڭ يېڭى ۋەزىيىتى چۆرىدىلىپ، ئىشلەپچىقىرىشتىن بۇرۇن، ئىشلەپچىقىرىش داۋامىدا، ئىشلەپچىقىرىشتىن كېيىن، پائال تۈردە، دېھقانلار ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىندى. 1984 - يىلىنىڭ ئاخىرىداناھىيە بويىچە ھەر دەرىجىلىك ھەمكارلىق ئىگىلىك باشقۇرۇش مۇلازىمەت پونكىتلىرى قۇرۇلۇپ، بۇ جەھەتتىكى خىزمەتلەر تېخىمۇ كۈچەيتىلدى.

## § 5. ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنىڭ يولغا قويۇلۇشى

1979 - يىلى ناھىيە بويىچە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ «يېزا ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىشكە دائىر بىرقانچە مەسىلە توغرىسىدا قارار (دەسلەپكى لايىھە)»، «يېزا خەلق گۇڭشېلىرىنىڭ خىزمەت نىزامى (سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇلىدىغان لايىھە)» ئەستايىدىل ئىزچىل ئىجرا قىلىنىپ، ئىش ئىگىلىك باشقۇرۇشنى تەرتىپكە سېلىشتىن باشلىنىپ، گۇڭشې، ئەترەتلەرنىڭ ئەمگەك باشقۇرۇشى بويىچە ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى ئورنىتىلدى ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈلدى. نورمىلىق باشقۇرۇش ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇلۇپ، گۇڭشې ئەزالىرىغا قالدۇرۇق يەر، قالدۇرۇق باغ، ئۆيلۈك يەر ۋە يەم - بوغۇز يېرى كۆپەيتىپ بېرىلدى. 1979 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە گۇڭشې ئەزالىرىغا جەمئىي 3609 مو قالدۇرۇق يەر، 4755 مو قالدۇرۇق باغ، 8288 مو ئۆيلۈك يەر، 1009 مو يەم - بوغۇز يېرى كۆپەيتىپ بېرىلدى، چارۋىسى يوق ئائىلىلەرگە 7483 تۇياق ھەرخىل چارۋا تارقىتىپ بېرىلدى ھەمدە كوللېكتىپ يار يۆلەك بولۇش، بانكا قەرز بېرىش شەكلى ئارقىلىق، گۇڭشې ئەزالىرىنىڭ 5000 دانە ئېشەك ھارۋىسى سېتىۋېلىشىغا ياردەم بېرىلىپ، ئۇلارنىڭ ئەمگەك ئاكتىپچانلىقى دەسلەپكى قەدەمدە ئىشقا سېلىندى.

1980 - يىل 1 - ئايدا ناھىيە بويىچە «بەشنى بېكىتىش، بىرنى مۇكاپاتلاش» (ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتىدىكى ئەمگەك كۈچىنى، يەرنى، تەننەرخنى، مەھسۇلاتنى، نومۇرنى بېكىتىش، مەھسۇلاتنى ئاشۇرغانلارنى مۇكاپاتلاش، مەھسۇلاتنى كەملەتكەنلەرنى جازالاش) ۋە «چوڭ ھۆددىگەرلىك»تىن ئىبارەت ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. «چوڭ ھۆددىگەرلىك» دېگىنىمىز — ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتى يولغا قويىدىغان مەشغۇلات گۇرۇپپىلىرى ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنىڭ بىرخىل شەكلى بولۇپ، ئۇنىڭدا ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرى مەشغۇلاتنى گۇرۇپپىلارغا بۆلۈپ ئىبلىپ بارىدۇ، گۇرۇپپىلار كىرىم - چىقىم پىلانى،

دۆلەتكە تاپشۇرۇلىدىغان سېتىۋېلىش ۋەزىپىسى ۋە باج، ئىشلەپچىقىرىش چوڭ ئەترىتى ۋە ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتىگە تاپشۇرۇلىدىغان جامائەت فوندى، پاراۋانلىق فوندى، تۇراقلىق مۇلۇكنىڭ ئۇپراش خىراجىتى، زاپاس ئاشلىق، ئۇرۇقلۇق، يەم - بوغۇز، سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشىغا ياردەم بېرىلىدىغان ئاشلىق ۋە بەشتە كاپالەتلەندۈرۈلىدىغان ئائىلە، گۇڭشې، ئەترەت كارخانىلىرىدا ئىشلەيدىغان خادىملار، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان خادىملار، ئاز ساندىكى چوڭ ئەترەت كادىرلىرىنىڭ ئوزۇقلۇق ئاشلىقىنى ھۆددىگە ئالىدۇ، ئېشىپ قالغان ئاشلىق ۋە نەق پۇلنى مەشغۇلات گۇرۇپپىلىرى ئەمگەككە قاراپ گۇڭشې ئەزالىرىغا تەقسىم قىلىپ بېرىدۇ.

شۇ يىلى 2 - ئاينىڭ 2 - كۈنى بۇ خىزمەت يىما گۇڭشېسىدا نۇقتىدا سىناق قىلىندى، كېيىن ئومۇمىي دائىرىگە كېڭەيتىلدى. ناھىيە بويىچە 675 ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتىنىڭ 306 سىدە «بەشنى بىكىتىش، بىرنى مۇكاپاتلاش» يولغا قويۇلدى، بۇ، ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرى ئومۇمىي سانىنىڭ 45.3 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. 159 ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتىدە «چوڭ ھۆددىگەرلىك» يولغا قويۇلدى، بۇ، %23.6 نى ئىگىلەيدۇ؛ 187 ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتىدە نورمىلىق باشقۇرۇش، ئىشنى كىچىك بۆلەكلەر بويىچە ھۆددىگە بېرىش يولغا قويۇلدى، بۇ، %27.7 نى ئىگىلەيدۇ؛ 23 ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتىدە «ئوزۇقلۇق ئاشلىق ئېتىزى» مەسئۇلىيەت تۈزۈمى (ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتى پۈتۈن ئەترەتتىكى ئائىلە، نوپۇسنىڭ ئاز - كۆپلۈكىگە قاراپ، ھەر بىر ئائىلىگە مەلۇم ساندا يەر بۆلۈپ بېرىدۇ، گۇڭشې ئەزالىرى بۇ يەرنى ئۆزلىرى تېرىپ، چىققان ئاشلىقنى ئۆزلىرى يەيدۇ، بۇنىڭغا ھەق ھېسابلانمايدۇ، ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتى قايتا ئوزۇقلۇق ئاشلىرنى يەنىلا كوللېكتىپ تېرىيدۇ ۋە باشقۇرىدۇ، تاپاۋەت بىر تۇتاش تەقسىم قىلىنىدۇ) يولغا قويۇلدى، بۇ، %3.4 نى ئىگىلەيدۇ.

«ئوزۇقلۇق ئاشلىق ئېتىزى» مەسئۇلىيەت تۈزۈمى نامراتلىقنى تۈگىتىپ بېيىتىش جەھەتتىكى ئەۋزەللىكنى نامايان قىلغانلىقتىن، گۇڭشې ئەزالىرى بۇ تۈزۈمنى يولغا قويۇشنى ئومۇميۈزلۈك تەلەپ قىلدى. 1981 - يىلى ناھىيە بويىچە 625 ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتىدە «ئوزۇقلۇق ئاشلىق ئېتىزى» مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلدى.

«ئوزۇقلۇق ئاشلىق ئېتىزى» مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، ئۇ، گۇڭشې ئەزالىرىنىڭ ئوزۇقلۇق ئاشلىقىنى ھەل قىلىش، ئائىلە قوشۇمچە كەسپىنى راۋاجلاندۇرۇش، كوللېكتىپنىڭ سىلىقىنى يېنىكلىتىش، يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئىچكى قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش جەھەتتە كۆرۈنەرلىك رولىنى جارى قىلدۇردى. لېكىن تېرىلغۇ يەر كۆلىمىنىڭ 75 پىرسەنتىنى ئىگىلىگەن ئومۇمنىڭ يەرلىرىدە يەنىلا نورمىلىق باشقۇرۇش ئۇسۇلى يولغا قويۇلغاچقا، گۇڭشې ئەزالىرىنىڭ ئەمگەك ئاكتىپچانلىقى داۋاملىق چۈشەپ قويۇلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، تېرىلغۇ يەرنىڭ 25 پىرسەنتى ئوزۇقلۇق ئاشلىق ئېتىزى قىلىپ ئايرىۋېتىلگەنلىكتىن، كوللېكتىپنىڭ چارۋىلىرىنىڭ يەم - بوغۇز مەنبەسى ئازىيىپ كېتىپ، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ تەرەققىياتىغا تەسىر يەتتى. ناھىيىلىك پارتكوم بۇ خىل ئەھۋالنى نەزەردە تۇتۇپ، 1982 - يىل 1 - ئايدا ناھىيە بويىچە «بىر تۇتاش ئىگىلىك باشقۇرۇش، مەھسۇلاتنى ئەمگەك كۈچىگە ھۆددىگە بېرىش» (كىچىك ھۆددىگەرلىك دەپمۇ ئاتىلىدۇ) ئاساسىي شەكىل قىلىنغان ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى يولغا قويدى. بۇ تۈزۈم يىما گۇڭشېسىدا نۇقتىدا سىناق قىلىنىپ، ئاندىن ناھىيە بويىچە 586 ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتىدە كېڭەيتىلدى. چارۋىچىلىق

ئىشلەپچىقىرىشىدا ئۈچ خىل شەكىلدىكى مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. ناھىيە بويىچە69 چوڭ ئەترەتتە «تۆمۈر قوي تۈزۈمى» يەنى، ھەربىر ئائىلە بەش قوينى ھۆددىگە ئېلىپ، ھەر يىلى 30 كىلوگرام ئېغىرلىقتىكى قويدىن بىرنى تاپشۇرۇش تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. 74 چوڭ ئەترەتتە ئوخشاش چارۋىنى تەڭ يېرىمدىن بۆلۈشۈش، 11 چوڭ ئەترەتتە چارۋا پادىسىنى ئائىلىلەرگە ھۆددىگە بېرىش تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. ئورمانچىلىق، سانائەت، قوشۇمچە كەسىپ، باغۋەنچىلىك قاتارلىقلاردىمۇ ئوخشاش بولمىغان ئەھۋالغا ئاساسەن كەسىپلەر بويىچە ھۆددىگەرلىك يولغا قويۇلدى.

1983 - يىلىنىڭ بېشىدا ناھىيىلىك پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى گوڭشې ئەزالىرىنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، ناھىيە مىقياسىدا «بىر تۇتاش ئىگىلىك باشقۇرۇش، ئائىلىلەرگە ھۆددىگە بېرىش» («چوڭ ھۆددىگەرلىك» دەپمۇ ئاتىلىدۇ) تىن ئىبارەت ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى يولغا قويدى، بۇ، قىسقارتىلىپ «مەھسۇلاتقا بىرلەشتۈرۈپ ئائىلىلەرگە ھۆددىگە بېرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى» دەپ ئاتالدى. ناھىيەبويىچە ئىشنى ئائىلىلەرگە ھۆددىگە بېرىش ئالاھىدىلىك قىلىنغان يېزا ئىگىلىك مەسئۇلىيەت تۈزۈمى ھازىرغىچە مۇقىم داۋاملىشىپ كەلمەكتە.

مەھسۇلاتقا بىرلەشتۈرۈپ ئائىلىلەرگە ھۆددىگە بېرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى يولغا قويۇشتا، كوللېكتىپ پىلاننى بىر تۇتاش تۈزۈپ، ھۆددىگەرلىك توختامى ئارقىلىق، دۆلەت چۈشۈرۈپ بەرگەن تېرىقچىلىق پىلانى، مەھسۇلات كۆرسەتكۈچى، سېتىۋېلىش ۋە كېلىشىم باھادا سېتىۋېلىش پىلانى ۋە سېتىۋېلىنىدىغان تۈپ سان ھەربىر ئائىلىگە ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى. پىلاننى بىر تۇتاش تۈزۈش، يەرنى تراكتوردا بىر تۇتاش ھەيدەش ۋە تېرىش، سۇنى بىر تۇتاش تەقسىم قىلىش، زىرائەتلەرنى بىر تۇتاش پەرۋىش قىلىش، سالا ئېتىزلارنى بىر تۇتاش تېرىش، مۇھىم تېخنىكا تەدبىرلىرىنى بىر تۇتاش قوللىنىش يولغا قويۇلدى، بۇنىڭ بىلەن، گوڭشې ئەزالىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئاكتىپچانلىقى تولۇق ئىشقا سېلىنىپ، پۈتۈن ناھىيىنىڭ تۇرلۇك ئىشلەپچىقىرىش ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئىلگىرى سۈرۈلدى. 1983 - يىلى ناھىيە بويىچە ئاشلىق، پاختا، ياغلىق داندىن ئومۇميۈزلۈك مول ھوسۇل ئېلىندى. بۇنىڭ ئىچىدە ئومۇمىي ئاشلىق ۋە پاختىدا تارىختا ئەڭ يۇقىرى سەۋىيە يارىتىلدى. ئومۇمىي ئاشلىق 53 مىليون 215 مىڭ كىلوگرامغا يېتىپ، 1982 - يىلدىكىدىن %3.14، ئومۇمىي پاختا 59 مىڭ 710 دەنگە يېتىپ، %22، ئومۇمىي ياغلىق دان 970 مىڭ كىلوگرامغا يېتىپ، %39 ئاشتى. ئىلگىرى ئىشلەپچىقىرىشتا ئارقىدا قالغان بەزى نامرات ئەترەتلەرمۇ تېز لا يېتىشىۋالدى. ئىلگىرىكى يىللاردا ئۇقتىلىق يار - يۆلەك بولۇنىدىغان، كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان تەقسىمات 100 يۇەندىن تۆۋەن بولغان 67 نامرات ئەترەتنىڭ 57 سى، بىر يىل تىرىشىش ئارقىلىق، نامرات ئەترەت دېگەن قالپاقنى چۆرۈپ تاشلىدى، 21 ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتىنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن تەقسىماتى 200 يۇەندىن ئاشتى. يىما گوڭشېسى 6 - چوڭ ئەترەت 2 - ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتىنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن تەقسىماتى 1982 - يىلدىكى 99 يۇەندىن بىراقلا 347 يۇەنگە يەتتى.

مەھسۇلاتقا بىرلەشتۈرۈپ ئائىلىلەرگە ھۆددىگە بېرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى يولغا قويۇش جەريانىدا، 1964 - يىلدىن بۇيان ناھىيىنىڭ يىرىك يېزا ئىگىلىكىنى گۈللەندۈرۈشتە شەكىللەنگەن زور كۆلەمدىكى سالا ئېتىزلىرى تېرىقچىلىق قېلىپى بىلەن تارقاق شەكىلدىكى ئائىلىلەرگە ھۆددىگە بېرىش ئوتتۇرىسىدا، ئىشلەپچىقىرىش - ئىگىلىك باشقۇرۇش جەھەتتە، بىر قەدەر گەۋدىلىك زىددىيەتلەر پەيدا بولدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشى،

قۇملۇق - چۆللۇكلەرنىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىتىنىڭ ئۆزگەرتىلىشى، چارۋىلاردىكى كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىشمۇ ھەل قىلىش قىيىن بولغان بىرمۇنچە مەسىلىلەرنى پەيدا قىلدى. ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرىدە ئۇزاق ۋاقىتتىن بۇيان شەكىللەنگەن كوللېكتىپقا چىڭ تايىنىپ ھەمكارلىشىدىغان، ئۆزئارا ياردەملىشىدىغان ئىشلەپچىقىرىش، مۇلازىمەت مۇناسىۋىتىمۇ ئاجىزلىشىشقا باشلىدى، كۆپ يىللاردىن بۇيان جۇغلانغان كوللېكتىپ ئىگىلىكىنىڭ ئەمەلىي كۈچى پارچىلىنىپ كەتتى. ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلۇشقا باشلىغان دەسلەپكى مەزگىللەردىلا، ناھىيىلىك پارتكوم، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى بۇ مەسىلىلەرگە ئەھمىيەت بېرىپ، ھەر خىل شەكىلدىكى بىر تۇتاش قىلىش بىلەن تارقاق بولۇشنى بىرلەشتۈرۈش ئۇسۇلىنى ئوتتۇرىغا قويغانىدى. كۆپ يىل ئىزدىنىش ئارقىلىق، «بەشنى بىر تۇتاش قىلىش»تىن ئىبارەت قوش قاتلاملىق باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى قېلىپىنى دېھقانلار ئاخىر قوبۇل قىلدى. 1988 - يىلغا كەلگەندە «بەشنى بىر تۇتاش قىلىش» نىڭ مەزمۇنى پىلاننى بىرتۇتاش تۈزۈش، «بەشتە ياخشى قۇرۇلۇش» نى بىر تۇتاش قىلىش، زور تېخنىكا تەدبىرلىرىنىبىر تۇتاش قىلىش. ئىشلەپچىقىرىش مۇلازىمىتى (سۇغىرىش. يەرنى تراكتوردا ھەيدەش ۋە تېرىش، كېسەللىك، ھاشارات زىيانداشلىقىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەش) نى بىر تۇتاش قىلىش، سېلىنما (سۇلياۋ يوپۇق، خىمىيىۋى ئوغۇت، دېھقانچىلىق دورىسى، ئۇرۇقلۇق ۋە باشقا خىراجەتلەر) نى بىر تۇتاش سېلىشنى ئۆز ئىچىگە ئالدى.

1984 - يىلى مەھسۇلاتقا بىرلەشتۈرۈپ ھۆددىگە بېرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى مۇستەھكەملەش ئاساسىدا، تاۋارلاشتۇرۇلغان ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن، ناھىيە بويىچە كەسپىي ئائىلە، نۇقتىلىق ئائىلىلەرگە يار - يۆلەك بولۇش ئىشى باشلاندى. يىل ئاخىرىغىچە ناھىيە بويىچە كەسپىي ئائىلە ۋە نۇقتىلىق ئائىلە 679 غا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە تېرىقچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئائىلە 649، كۆپ خىل ئىگىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئائىلە 30. ئۇلار 2 مىليون 17 مىڭ 500 كىلوگرامئاق ئاشلىق سېتىپ بېرىش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالدى، بۇ، ناھىيە بويىچە ئاق ئاشلىق سېتىپ بېرىش ۋەزىپىسىنىڭ 33 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. ھەر بىر ئائىلە سېتىپ بەرگەن ئاق ئاشلىق ئادەتتىكى دېھقان ئائىلىلىرى سېتىپ بەرگەن ئاشلىقنىڭ 13 ھەسسىسىگە توغرا كەلدى. كەسپىي ئائىلىلەرنىڭ كىرىمى ناھىيىدىكى ئادەتتىكى دېھقان ئائىلىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە سەۋىيىسىدىن %67.1 يۇقىرى بولدى، كىشى بېشىغا 526.5 يۈەندىن تەقسىمات توغرا كەلدى.

تۇردى قادىر ئاشلىق كەسپىي ئائىلىسى 1984 - يىلى 58 مو يەرنى ھۆددىگە ئېلىپ، 31 مىڭ 865 كىلوگرام ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىپ، دۆلەتكە 19 مىڭ 400 كىلوگرام ئاشلىق سېتىپ بەردى، ئۇنىڭ ئاشلىقنىڭ تاۋارغا ئايلىنىش نىسبىتى %88.60 كە، ئائىلىسىنىڭ ئومۇمىي كىرىمى 24 مىڭ 493 يۈەنگە، ساپ كىرىمى 20 مىڭ 278 يۈەنگە، كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن كىرىمى 2027.8 يۈەنگە يەتتى.

ئوسمان ھەسەن پاختا كەسپىي ئائىلىسى 1984 - يىلى 52 مو يەرنى ھۆددىگە ئېلىپ، 19 مو يەرگە كېۋەز تېرىپ، ساپ پاختىنىڭ ئوتتۇرىچە بىرلىك مەھسۇلاتىنى 123.5 كىلوگرامغا، ئومۇمىي پاختىنى 2350 كىلوگرامغا، 30 مو يەرگە بۇغداي تېرىپ، ئومۇمىي مەھسۇلاتنى 15 مىڭ 840 كىلوگرامغا، ئوتتۇرىچە بىرلىك مەھسۇلاتنى 528 كىلوگرامغا، ئېگىز ئورنىغا 15 مو كۆممىقوناق تېرىپ، ئومۇمىي مەھسۇلاتنى 4000 كىلوگرامغا، ئوتتۇرىچە بىرلىك مەھسۇلاتنى

266.5 كىلوگرامغا، ئىككى مو يەرگە شال تېرىپ، ئومۇمىي مەھسۇلاتنى 600 كىلوگرامغا، بىر مو يەرگە سېرىق پۇرچاق تېرىپ، ئومۇمىي مەھسۇلاتنى 100 كىلوگرامغا يەتكۈزدى. جەمئىي 20 مىڭ 540 كىلوگرام ئاشلىق ئالدى، بۇ، كىشى بېشىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 2050 كىلوگرامدىن، ھەر بىر ئەمگەك كۈچىگە 4110 كىلوگرامدىن توغرا كەلدى. ساپ پاختا كىشى بېشىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 235 كىلوگرامدىن، ھەر بىر ئەمگەك كۈچىگە 470 كىلوگرامدىن توغرا كەلدى. ئۇ، دۆلەتكە 5000 كىلوگرام، بازاردا 5000 كىلوگرام بۇغداي ساتتى. بۇغداينىڭ تاۋارغا ئايلىنىش نىسبىتى 48.7% كە يەتتى، 2100 كىلوگرام ساپ پاختا ساتتى. ساپ پاختىنىڭ تاۋارغا ئايلىنىش نىسبىتى 89.4% كە يەتتى. يىللىق ئومۇمىي كىرىمى 21 مىڭ يۈەنگە، ساپ كىرىمى 15 مىڭ يۈەنگە، كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن كىرىمى 1500 يۈەنگە يەتتى.

## § 6. قول سانائەت ۋە خۇسۇسىيلار ئىگىلىكىدىكى سودىغا ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈش

يېزا ئىگىلىكىگە سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈلۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ناھىيە بويىچە ناھىيىدىكى قول سانائەت ۋە خۇسۇسىيلار ئىگىلىكىدىكى سودىغىمۇ سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈلدى.

1956 - يىلى ناھىيە بويىچە 1500 ئائىلىلىك قول سانائەتچى ۋە خۇسۇسىي سودىگەر، 2055 نەپەر شۇ كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىدىغان خادىم بار ئىدى، ئۇلارنىڭ مەبلىغى 36 مىڭ 270.61 يۈەن ئىدى، بۇنىڭ ئىچىدە سودا بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئائىلە 80، خادىمى 82 نەپەر، مەبلىغى 9852.32 يۈەن ئىدى، سودىگەرلەر ئىچىدە پاختا رەخت سودىسى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئائىلە بەش، خادىمى بەش نەپەر، مەبلىغى 3609 يۈەن؛ قاسساپ ئائىلىسى 20، خادىمى 21 نەپەر، مەبلىغى 2016.50 يۈەن؛ قوشۇمچە يېمەكلىك ۋە مىلچمال سودىسى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئائىلە 43، خادىمى 44 نەپەر، مەبلىغى 3464.82 يۈەن؛ تاماكا سودىسى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئائىلە سەككىز، خادىمى سەككىز نەپەر، مەبلىغى 663 يۈەن؛ تۇخۇم ساتقۇچى ئائىلە تۆت، خادىمى تۆت نەپەر، مەبلىغى 99 يۈەن؛ يېمەك - ئىچمەك سودىسى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئائىلە 130، خادىمى 133 نەپەر، مەبلىغى 2403.70 يۈەن، بۇنىڭ ئىچىدە ناۋاي ئائىلىسى 92، خادىمى 95 نەپەر، مەبلىغى 1818.20 يۈەن؛ ئۇششاق - چۈششەك يېمەكلىك ساتقۇچى ئائىلە 38، خادىمى 38 نەپەر، مەبلىغى 585.50 يۈەن؛ مۇلازىمەتچى ئائىلىسى 15، خادىمى 16 نەپەر، مەبلىغى 585.50 يۈەن؛ قول سانائەتچى ئائىلىسى 159، خادىمى 173 نەپەر، مەبلىغى 5270.39 يۈەن؛ قول سانائەتچى ئائىلىسى ئىچىدە تۆمۈرچى ئائىلىسى 28، خادىمى 33 نەپەر، مەبلىغى 831.15 يۈەن؛ مىسكەر ئائىلىسى ئۈچ، خادىمى ئۈچ نەپەر، مەبلىغى 176 يۈەن؛ ياغاچچى ئائىلىسى 42، خادىمى 46 نەپەر، مەبلىغى 462 يۈەن؛ كۆنچى ئائىلىسى 50، خادىمى 51 نەپەر، مەبلىغى 962.34 يۈەن؛ تىككۈچى ئائىلىسى 33، خادىمى 37 نەپەر، مەبلىغى 2678.90 يۈەن؛ سوپۇنچى ئائىلىسى ئۈچ، خادىمى ئۈچ نەپەر، مەبلىغى 160 يۈەن؛ بىناكارلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئائىلە ئالتە، خادىمى ئالتە نەپەر، مەبلىغى 19.50 يۈەن؛ تامچى ئائىلىسى ئالتە، خادىمى ئالتە نەپەر، مەبلىغى 19.50 يۈەن؛ كىراكەش ئائىلىسى 20، خادىمى 24 نەپەر،

مەبلىغى 3110 يۈەن؛ ئاچچىقسۇ ئىشلەش ئائىلىسى بىر، خادىمى ئۈچ نەپەر، مەبلىغى 300 يۈەن؛ خۇيلامچى ئائىلىسى بىر، خادىمى ئىككى نەپەر. باشقا كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئائىلە ئىككى، خادىمى بەش نەپەر، مەبلىغى 300 يۈەن؛ ناھىيە بويىچە ناھىيە بازىرى ۋە ئىككىسۇ بازىرىدىن باشقا، يېزىلاردا يەنە دېھقانچىلىق قىلغاچ قوشۇمچە سودا - سانائەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان 1088 ئائىلە بار ئىدى، ئۇلارنىڭ خادىمى 1618 نەپەر، مەبلىغى 15 مىڭ 251.70 يۈەن ئىدى، بۇلارنىڭ كۆپىنچىسى ئۇششاق قول ھۈنەرۋەنلەر ئىدى، ئۇلار دېھقانچىلىقنىڭ ئالدىراش پەيتىدە دېھقانچىلىق قىلاتتى، دېھقانچىلىقنىڭ بوش پەيتىدە قوشۇمچە كەسىپ بىلەن شۇغۇللىناتتى، سودا - سانائەت بىلەن قوشۇمچە شۇغۇللىنىدىغانلارنىڭ 95 پىرسەنتى يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش كوپىراتىپىغا كىرگەنىدى.

بۇ سودا - سانائەتچىلەردىن دەسمايىسى 500 يۈەندىن 1000 يۈەنگىچە بولغانلىرى ئاران تۆت كىشى ئىدى، كۆپىنچىسىنىڭ دەسمايىسىنىڭ تايىنى يوق ئىدى، ئائىلىسىدە ئىشلەيدىغانلار ئاز، ئىستېمال قىلىدىغان نوپۇس كۆپ ئىدى، ئۇلارنىڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇلار كۆپىنچە ھاللاردا، يۆتكىلىپ يۈرەتتى، پەسىلچانلىقى كۈچلۈك ئىدى.

ناھىيىلىك پارتكوم خۇسۇسىي سودا - سانائەتچىلەرنى ئۆزگەرتىش ۋەزىپىسىنى ئورۇنداش ئۈچۈن، 1956 - يىل 2 - ئايدا خۇسۇسىي سودا - سانائەتچىلەرنى ئۆزگەرتىش لايىھىسىنى تۈزۈپ چىقتى. ناھىيىلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى ساڭ باۋخېنىڭ باشچىلىقىدا بەش كىشىلىك گۇرۇپپا قۇرۇلدى، ئۇنىڭ قارمىقىدا ئىشخانا تەسىس قىلىندى، ھەرقايسى ئورۇنلاردىن 24 نەپەر كادىر ئاجرىتىلىپ، خۇسۇسىي سودا - سانائەتچىلەرنى ئۆزگەرتىش خىزمەت ئەترىتى تەشكىللەندى، بۇ ئەترەت خۇسۇسىي سودا - سانائەتچىلەرنى ئۆزگەرتىشكە، ۋەكالىتەن سېتىش دۇكىنى، بىرلەشمە سودا دۇكىنى (گۇرۇپپىسى)، كوپىراتىپ تەشكىللەشكە مەسئۇل بولدى. سىياسەتنى تەشۋىق قىلىش، ئەھۋال ئىگىلەش ئارقىلىق، كوپىراتىپ (ماگىزىن) قۇرۇش ھەيئىتى قۇرۇلدى؛ ئىلتىماس قىلىش، ئۆزىنى مەلۇم قىلىش، كەسىپ بويىچە تەستىقلاش ئارقىلىق، كوپىراتىپ، ماگىزىن باشقۇرۇش ھەيئىتى قۇرۇلدى؛ مال - مۈلۈك ۋە مەبلەغ ئېنىقلاندى، ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئىگىلىك باشقۇرۇش خىزمىتى ئورۇنلاشتۇرۇلدى؛ رەھبەرلىك ئاپپاراتلىرى تەرتىپكە سېلىنىپ، كوپىراتىپ، ماگىزىننىڭ نىزامنامىسى بەلگىلەندى. 4 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ناھىيە ئىچى ۋە ئىككىسۇ بازىرىنىڭ خۇسۇسىي سودا - سانائەتچىلەرنى ئۆزگەرتىش ۋەزىپىسى ئاساسەن ئورۇندىلىپ بولدى. ناھىيە بويىچە قول سانائەت ئىشلەپچىقىرىش كوپىراتىپىدىن توققۇزى، ئائىلىسىدىن 153 ى قۇرۇلدى، ئۇلارنىڭ خادىمى 171 نەپەر، مەبلىغى 7905.89 يۈەن؛ قول سانائەت ئىشلەپچىقىرىش كوپىراتىپى گۇرۇپپىسىدىن ئۈچى، ئائىلىسىدىن سەككىزى قۇرۇلدى، ئۇلارنىڭ خادىمى سەككىز نەپەر، مەبلىغى 493 يۈەن؛ ھەمكارلىق سودا دۇكىنىدىن بەشى، ئائىلىسىدىن 82 سى قۇرۇلدى، ئۇلارنىڭ خادىمى 85 نەپەر، مەبلىغى 3097 يۈەن؛ ھەمكارلىق گۇرۇپپىسىدىن 15 ى، ئائىلىسىدىن 100 ى قۇرۇلدى، ئۇلارنىڭ خادىمى 103 نەپەر، مەبلىغى 3097 يۈەن؛ ۋەكالىتەن سېتىش گۇرۇپپىسىدىن ئىككىسى، ئائىلىسىدىن تۆتى قۇرۇلدى، ئۇلارنىڭ خادىمى تۆت نەپەر، مەبلىغى 2555 يۈەن؛ 29 ئائىلىنىڭ كەسپى ئۆزگەرتىلدى ياكى تىجارىتى توختىتىلدى، بۇلارنىڭ خادىمى 29 نەپەر، مەبلىغى 1054 يۈەن. 36 ئائىلە تېخى ئۆزگەرتىلمىدى، ئۇلارنىڭ خادىمى 39 نەپەر، مەبلىغى 391 يۈەن.

# II باب

# دېھقانچىلىق

پوسكام ناھىيىسى — سۇغىرىلىدىغان دېھقانچىلىق رايونى. بۇنىڭدىن 3000 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت ئىلگىرىكى جۇ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە بۇ بوستانلىقتا دېھقانچىلىق ئاساس قىلىنغان ھالدا ئاھالىلەر ئولتۇراقلاشقان، ئۇلار دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللانغاچ قوشۇمچە ئوۋچىلىق قىلاتتى. «دەريالار تەپسىراتى ئىزاھلىرى»دا خاتىرىلىنىشىچە، خەن سۇلالىسىنىڭ ۋۇدىخان زامانىسىدا يەكەننىڭ جەنۇبىدا بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈلگەن، بۇ جاي پوسكام تەۋەسىدە ئىدى. ئەينى چاغدا ئاساسەن، بۇغداي، چۇجگۇن قوناق، تېرىق، بېدە، زىغىر قاتارلىقلار تېرىلغان.

ۋېي، جىن سۇلالىلىرى، جەنۇبىي، شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدە، كېۋەز تېرىلىشقا باشلىغان. سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدە شال، كۆك پۇرچاق، كۇنجۇت قاتارلىق زىرائەتلەر كۆپەيتىپ تېرىلغان. چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە تېرىلىدىغان زىرائەت سورتلىرى بىر قەدەر تولۇقلانغان بولۇپ، بۇغداي، ئارپا، يالىڭاچ ئارپا، شال، كۆممىقوناق، كۆك پۇرچاق، يېسى پۇرچاق، كېۋەز، كۇنجۇت، زىغىر قاتارلىقلار تېرىلغان ھەمدە «ئۈچ ئۇلۇش يەرنىڭ ئىككى ئۇلۇشنى ئارام ئالدۇرۇپ، بىر ئۇلۇشنى تېرىش» تۈزۈمى يولغا قويۇلغان. زىرائەت مەھسۇلاتى جەھەتتە، مەسىلەن، بۇغدايدىن سېلىنغان ئۇرۇق مىقدارىنىڭ يەتتە ھەسسىسىدىن ئون ھەسسىسىگىچە ھوسۇل ئالغىلى بولاتتى. جۇڭخۇا مىنگو دەۋرىگە كەلگەندە پوسكام جاڭزىسى تەۋەسىدە شال، ئارپا، بۇغداي، كۆممىقوناق، ئاققوناق، كېۋەز تېرىلغان. ناھىيىنىڭ جەنۇبىدا ئۈجمە كۆپ بولغاچقا، دېھقانلار پىلە بېقىشقا ئادەتلەنگەن. بۇ جاينىڭ ئانار، ئۆرۈك، شاپتۇللىرى بەك داڭلىق ئىدى. يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى خېلى كۆلەمگە ئىگە بولغان، لېكىن ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى قاتتىق چۈشەپ قويۇلغاچقا، تەرەققىيات قەدىمى ئىنتايىن ئاستا ئىدى.

1949 ـ يىلى پوسكامدا 428 مىڭ مو تېرىلغۇ يەر (1955 ـ يىلى قاغىلىق ناھىيىسىدىن پوسكام ناھىيىسىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەن تېرىلغۇ يەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) بار ئىدى. ئاق يەر ۋە ئېگىز ئورنى تېرىلغۇ كۆلىمى 392 مىڭ 800 موغا يېتەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاشلىق زىرائىتى كۆلىمى 318 مىڭ 100 مو، كېۋەز كۆلىمى 31 مىڭ 300 مو، ياغلىق دان كۆلىمى 32 مىڭ 500 مو، باشقا زىرائەت كۆلىمى 10 مىڭ 900 مو ئىدى. شۇ يىلى ئومۇمىي ئاشلىق 18 مىليون 972 مىڭ 500 كىلوگرامغا، بىرلىك مەھسۇلاتى 59.65 كىلوگرامغا، ئومۇمىي پاختا 265 مىڭ كىلوگرامغا، بىرلىك مەھسۇلاتى 8.45 كىلوگرامغا، ئومۇمىي ياغلىق دان 615 مىڭ 500 كىلوگرامغا، بىرلىك مەھسۇلاتى 18.95 كىلوگرامغا يەتكەنىدى. جۇڭخۇا خەلق

جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە پوسكامدىن ئىبارەت بۇ قەدىمكى بوستانلىقتا چوڭقۇر ئۆزگىرىش بولدى. يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش شارائىتى زور دەرىجىدە ياخشىلاندى، ئىشلەپچىقىرىش سەۋىيىسى يىلمۇ يىل ئۆستى، خەلقنىڭ تۇرمۇشى كۈندىن - كۈنگە ياخشىلاندى، نەتىجىدە پوسكام قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ ئاساسلىق ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىلىدىغان رايونلىرىدىن بىرىگە، شۇنداقلا ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىلىدىغان بازىلىرىدىن بىرىگە ئايلاندى.

1984 - يىلى ناھىيە بويىچە 428 مىڭ 200 مو تېرىلغۇ يەر بار بولۇپ، ئاق يەر ۋە ئېكىنزئورنى تېرىلغۇ كۆلىمى 485 مىڭ 300 موغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاشلىق زىرائىتى كۆلىمى 325 مىڭ 100 مو، كېۋەز كۆلىمى 100 مىڭ مو، ياغلىق دان كۆلىمى 20 مىڭ مو، باشقا زىرائەت كۆلىمى 40 مىڭ 200 مو. ئومۇمىي ئاشلىق 70 مىليون 580 مىڭ كىلوگرامغايېتىپ، 1949 - يىلدىكىنىڭ 3.7 ھەسسىسىگە، بىرلىكمەھسۇلاتى 217.1 كىلوگرامغا يېتىپ، 1949-يىلدىكىنىڭ 3.6 ھەسسىسىگە توغرا كەلدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئومۇمىي بۇغداي 39 مىليون 215 مىڭ كىلوگرامغا يەتتى، ئۇنىڭ ئاشلىق ئومۇمىي مەھسۇلاتى قۇرۇلمىسىدىكى نىسبىتى 1978-يىلدىكى 26% تىن 55.6% كە يەتتى؛ ئومۇمىي پاختا 4 مىليون 3500 كىلوگرامغا يېتىپ، 1949-يىلدىكىنىڭ 15 ھەسسىسىگە، بىرلىك مەھسۇلاتى 40 كىلوگرامغا يېتىپ، 1949 - يىلدىكىنىڭ 4.7 ھەسسىسىگە توغرا كەلدى؛ ئومۇمىي ياغلىق دان 954 مىڭ 500 كىلوگرامغا، بىرلىك مەھسۇلاتى 47.75 كىلوگرامغا يەتتى. ناھىيە بويىچە كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن يىللىق ئاشلىق 613 كىلوگرامغا، يېزىلاردا كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن يىللىق ئاشلىق 781 كىلوگرامغا يېتىپ، ناھىيە قەشقەر ۋىلايىتى بويىچە ئالدىنقى قاتارغا ئۆتتى. دۆلەتكە 11 مىليون 23 مىڭ كىلوگرام تاۋار ئاشلىق يەتكۈزۈپ بېرىلدى.

## § 1. يەر بايلىقى

پوسكام 1921 - يىلى ناھىيە بولۇپ قۇرۇلغاندا، يەر كۆلىمى 553 مىڭ 900 مو بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە تېرىلغۇ يەر 177 مىڭ 500 مو ئىدى. 1936 - يىلى تېرىلغۇ يېرى 174 مىڭموغا چۈشۈپ قالغان. 1943 - يىلى 184 مىڭ 900 موغا يەتكەنىدى. 1944 - يىلى قاغىلىق ناھىيىسىدىن پوسكام ناھىيىسىگە 22.2 كۋادرات كىلومېتىر يەر ئايرىپ بېرىلگەن، شۇنىڭ بىلەن پوسكامنىڭيەر كۆلىمى587 مىڭ300 موغا، تېرىلغۇيېرى 380مىڭ موغا يەتكەن. 1948 - يىلى تېرىلغۇ يەر 214 مىڭ موغا چۈشۈپ قالغان. 1949 - يىلى يەنە 228 مىڭ 900 موغا (1955 - يىلى قاغىلىق ناھىيىسىدىن ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەن يەر كۆلىمىنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ) يەتتى. تېرىلغۇ يەر كۆلىمى ئومۇمىي يەر كۆلىمىنىڭ ئاران 38.98 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى.

1950 - يىلدىن كېيىن خەلق ھۆكۈمىتى بوز يەر ئېچىپ، تېرىلغۇ يەر كۆلىمىنى كېڭەيتىشنى تەشەببۇس قىلدى. 1955 - يىلى قاغىلىق ناھىيىسىدىن پوسكام ناھىيىسىگە يەنە 532.5 كۋادرات كىلومېتىر يەر ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى، نەتىجىدە يەر كۆلىمى 1 مىليون 385 مىڭ 700 موغا (ئومۇمىي كۆلەم) يەتتى، تېرىلغۇ يەر كۆلىمىمۇمۇناسىپ ھالدا كېڭەيدى. 1955 - يىلى

ناھىيە بويىچە تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 433 مىڭ 300 موغا يەتتى. 1959 - يىلى 455 مىڭ700 موغا يەتتى. 1964 - يىلى يېزىلاردا «بەشتە ياخشى» قۇرۇلۇشى قانات يايدۇرۇلۇپ، يول، ئېرىق-ئۆستەڭ، ئورمان بەلباغلىرى قىسمەن تېرىلغۇ يەرنى ئىگىلىدى، بۇنىڭ بىلەن تېرىلغۇ يەر كۆلىمى يىلدىن - يىلغا ئازىيىپ كەتتى. 1965 - يىلى ناھىيە بويىچە تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 455 مىڭ 100 موغا، 1979 - يىلى 430 مىڭ موغا چۈشۈپ قالدى. پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، يېزىلاردىكى ئىقتىسادىي ئىسلاھات چوڭقۇر راۋاجلىنىپ، كۆپ خىل ئىگىلىك گۈللەندى، دېھقانلار ئاساسىي ھۆجۇمنى ئاشلىقنىڭ بىرلىك مەھسۇلاتىغا قارىتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، باغ، ئورمان، ئوت - چۆپ كۆلىمىنى كېڭەيتتى، نەتىجىدە دېھقانچىلىق تېرىلغۇ يەر كۆلىمى داۋاملىق ئازىيىپ باردى. 1984 - يىلى ناھىيە بويىچە تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 422 مىڭ 800 موغا چۈشۈپ قالدى.

1981 - يىلى ناھىيىلىك تۇپراقنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش ئىشخانىسى ناھىيە تەۋەسىدىكى يەرلەرنى تەكشۈرۈپ، ئىلمىي ئۇسۇلدا ھېسابلاش ئارقىلىق، پوسكام ناھىيىسى تەۋەسىنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى 1 مىليون 385 مىڭ 700 مو، ناھىيە سىرتىدىكى ئوتلاق كۆلىمى 400 مىڭ مو ئىكەنلىكىنى تەھقىقلىدى. ناھىيە تەۋەسىدىكى يەر ئىچىدە، دېھقانچىلىق تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 674 مىڭ مو بولۇپ، ئومۇمىي يەر كۆلىمىنىڭ 48.64 پىرسەنتىنى، دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن يەر %64.74 نى، نۆۋەتلەشتۈرۈلۈپ ئارام ئالدۇرۇلىدىغان يەر 50 مىڭ 600 مو بولۇپ، دېھقانچىلىق تېرىلغۇ يەر كۆلىمىنىڭ 7.5 پىرسەنتىنى، ئېتىز ئارىسىدىكى ئېرىقلارئىگىلىگەن يەر 26 مىڭ 400 مو بولۇپ، دېھقانچىلىق تېرىلغۇ يەر كۆلىمىنىڭ 3.9 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ، بۇ يەرلەرنىڭ ھەممىسى يەلپۈگۈچسىمان تىنمىنىڭ تۆۋەن قىسمىدىكى كونا سۇغىرىلىدىغان بوستانلىققا مەركەزلەشكەن، بۇ يەرلەر ئاساسەن سۇغىرىلىدۇ. ئاساسلىقى، ئاشلىق، كېۋەز تېرىلىدۇ؛ ئورمان يېرىنىڭ كۆلىمى 69 مىڭ 500 مو بولۇپ، ئومۇمىي يەر كۆلىمىنىڭ 5.01 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ، بۇ، ئېتىز - ئېرىق ئەتراپىدىكى ئورمان بەلبېغى ۋە بۆلەكلەر بويىچە بەرپا قىلىنغان ئورمانلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ياسىدۇندا ئورمان، ئاساسەن، بۆلەكلەربويىچە بەرپا قىلىنغان، ھەممە يېزىدا، ئاساسەن، ئېتىز- ئېرىق ئەتراپىدىكى ئورمان بەلبېغى بەرپا قىلىنغان؛ باغ كۆلىمى 13 مىڭ400 مو بولۇپ، ئومۇمىي يەر كۆلىمىنىڭ 0.06 97.0پىرسەنتىنى، ئۈجمىزارلىق كۆلىمى800مو بولۇپ، ئومۇمىي يەر كۆلىمىنىڭ 0.25 پىرسەنتىنى، كۆچەتخانا كۆلىمى 3500 مو بولۇپ، ئومۇمىي يەر كۆلىمىنىڭ 0.25 پىرسەنتىنى، ئوتلاق، بىنەم يەر كۆلىمى 146 مىڭ 700 مو بولۇپ، ئومۇمىي يەر كۆلىمىنىڭ 10.59 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ؛ ئېرىق - ئۆستەڭ، جىلغىلار ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى 39 مىڭ 500 مو بولۇپ، ئومۇمىي يەر كۆلىمىنىڭ 2.85 پىرسەنتىنى، جۈملىدىن جىلغىلار ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى 14 مىڭ 100 مو بولۇپ، ئېرىق، ئۆستەڭ ئىگىلىگەن يەر كۆلىمىنىڭ 35.70 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ، بۇلار، ئاساسەن، سىرقانچە سۇ باشلاش غول ئۆستەڭ، سۇ قايدۇرۇش ئۆستەڭى ۋە كەلكۈننىڭ چېقىشىدىن پەيدا بولغان ئازگاللاردىن ئىبارەت؛ سۇ ئامبىرى، كۆلچەكلەر كۆلىمى 12 مىڭ 400 مو بولۇپ، ئومۇمىي يەر كۆلىمىنىڭ 0.89 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە سۇ كۆلىمى 4100 مو، قومۇشلۇق كۆل كۆلىمى 400 مو؛ يول كۆلىمى 22 مىڭ 400 مو بولۇپ، ئومۇمىي يەر كۆلىمىنىڭ 1.62 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ؛ يېزىلاردىكى مەھەللىلەر ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى 37 مىڭ 800 مو بولۇپ، ئومۇمىي يەر

كۆلىمىنىڭ 2.73 پىرسەنتىنى، بازار، زاۋۇت، مەكتەپ، ئورگان، ھەربىي قىسىم تۇرۇشلۇق جايلارنىڭ يەر كۆلىمى 16 مىڭ 100 مو بولۇپ، ئومۇمىي يەر كۆلىمىنىڭ 1.16 پىرسەنتىنى، قۇم دۆۋىلىرى بار يەر كۆلىمى 25 مىڭ 200 مو بولۇپ، ئومۇمىي يەر كۆلىمىنىڭ 1.82 پىرسەنتىنى، دەريا - ئېقىن ۋە دەريا ساھىلى كۆلىمى 59 مىڭ 300 مو بولۇپ، ئومۇمىي يەر كۆلىمىنىڭ 4.28 پىرسەنتىنى، تاش - شېغىللىق ساي كۆلىمى 253 مىڭ 300 مو بولۇپ، ئومۇمىي يەر كۆلىمىنىڭ 18.28 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ؛ باشقا يەرلەرنىڭ كۆلىمى 11 مىڭ 800 مو بولۇپ، ئومۇمىي يەر كۆلىمىنىڭ 0.85 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ، بۇ يەرلەر، ئاساسەن، خومدان، مازارلىق قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلگەن يەرلەردىن ئىبارەت.

ئالاقىدار تارماقلار مەخسۇس كەسپىي خادىملارنى تەشكىللەپ، تۇپراققا دائىر ماتېرىياللارنى ئومۇمىيۈزلۈك باھالاپ، بۇ يەرلەرنى تۆۋەندىكى يەتتە دەرىجىگە ئايرىپ چىقتى:

1 - دەرىجىلىك يەر بۇ خىل يەرنىڭ كۆلىمى 100 مىڭ 400 مو (ئومۇمىي كۆلىمى) بولۇپ، ناھىيە بويىچە ئومۇمىي يەر كۆلىمىنىڭ 7.25 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. تۇپراق تىپى، ئاساسەن، لاتقىلىق تۇپراق (ئەت تۇپراق، قۇملۇق ئەت تۇپراق)، لاتقىلىق زەي تۇپراق (ئەت تۇپراق) تىن ئىبارەت، ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى، تۇپراق قاتلىمى قېلىن بولۇپ، بىر مېتىردىن ئاشىدۇ، ئۇنۇمسىز قاتلىمى يوق، سۇپىتى مۇۋاپىق. قۇم، يېپىشقاق، قېتىشقاق ئەمەس. يەر تۈزلۈكى تەكشى، يىمىرىلىش ھادىسىسى ۋە شورلىشىش خەۋپى يوق، سۇغىرىش ۋە زەي سۈنى چىقىرىۋېتىش مەلۇم دەرىجىدە كاپالەتكە ئىگە. تۇپراقنىڭ قۇۋۋىتى بىرقەدەر يۇقىرى، سۇ ۋە ئوغۇتنى ساقلاش ئىقتىدارى ياخشى.

2 - دەرىجىلىك يەر بۇ خىل يەرنىڭ كۆلىمى 372 مىڭ 700 مو بولۇپ، ناھىيە بويىچە ئومۇمىي كۆلەمنىڭ 26.9 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. تۇپراق تىپى لاتقىلىق تۇپراق (قۇملۇق ئەت تۇپراق، ئوتتۇرىسى قۇم تۇپراق، تېگى قۇم تۇپراق) تىن ئىبارەت، ئۇ، يېنىك دەرىجىدە شورلاشقان زەي تۇپراق، لاتقىلىق زەي تۇپراق (تېگى قۇم تۇپراق، ئوتتۇرىسى قۇم تۇپراق) تىن ئىبارەت. تۇپراق قاتلىمى قېلىن بولۇپ، بىر مېتىردىن ئاشىدۇ. لېكىن بۇ خىل يەرنىڭ سۇپىتى قۇمساگراق بولغاچقا، سۇغىرىش، زەي سۈنى چىقىرىۋېتىش مۇئەسسەسەلىرى مۇكەممەل ئەمەس، يېنىك دەرىجىدە يىمىرىلىش ياكى يىمىرىلىشنىڭ يوشۇرۇن تەھدىتى مەۋجۇت، شورلىشىش تەھدىتى ياكى يېنىك دەرىجىدە شور بېسىپ كېتىش ھادىسىسىگە ئۇچراپ تۇرىدۇ.

3 - دەرىجىلىك يەر بۇ خىل يەرنىڭ كۆلىمى 308مىڭ800مو بولۇپ، ناھىيە بويىچە ئومۇمىي كۆلەمنىڭ 22.29 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. تۇپراق تىپى لاتقىلىق تۇپراق (قۇملۇق ئەت تۇپراق، تېگى قۇم تۇپراق)، يېنىك شورلاشقان زەي تۇپراق، ئوتتۇراھال شورلاشقان زەي تۇپراق، لاتقىلىق قوڭۇر رەڭ چۆل تۇپراق (ئەت تۇپراق، ئوتتۇرىسى قۇم تۇپراق، تېگى قۇم تۇپراق، تېگى سېغىز تۇپراق)، لاتقىلىق قۇم تۇپراقتىن ئىبارەت، بۇ خىل يەرنىڭ تۇپراق قاتلىمى1-، 2 - دەرىجىلىك يەرلەرگە قارىغاندا نېپىز، تۇپراق سۇپىتى قۇمساگراق، سۇغىرىش ۋە زەي سۇلارنى چىقىرىۋېتىش مۇئەسسەسەلىرى مۇكەممەل ئەمەس، قۇرغاقچىلىق ياكى سۇ يىغىلىپ قېلىش تەھدىتىگە ئۇچراپ تۇرىدۇ، ئوتتۇراھال دەرىجىدە يىمىرىلگەن، يېنىك، ئوتتۇراھال دەرىجىدە شور بېسىپ كەتكەن، سۇ ۋە ئوغۇتنى ساقلاش ئىقتىدارى ناچار.

4 - دەرىجىلىك يەر بۇ خىل يەرنىڭ كۆلىمى 101 مىڭ 500 مو بولۇپ، ناھىيە بويىچە ئومۇمىي كۆلەمنىڭ 7.32 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. تۇپراق تىپى ئوتتۇراھال شورلاشقان زەي

تۇپراق، لاتقىلىق قوڭغۇر رەڭ چۆل تۇپراق (قۇم ئۆتكۈزۈشچان تۇپراق) ، لاتقىلىق قۇم تۇپراق، ئېغىر دەرىجىدە شورلاشقان زەي تۇپراقتىن ئىبارەت. بۇ خىل تۇپراقنىڭ توسالغۇ قاتلىمى بار بولۇپ. ئۇنىڭ سۈپىتى بەك قۇم بولغاچقا، تېرىقچىلىق قىلىش جەھەتتىكى ئىقتىدارى ناچار، ئوتتۇراھالدىن يۇقىرى دەرىجىدە يېمىرىلگەن، ئاددىيلا سۇغىرىش، زەي سۇلارنى چىقىرىۋېتىش مۇئەسسەسىلىرى بار، قۇرغاقچىلىق ۋە زەي سۇ يىغىلىپ قېلىشنىڭ زىيىنىغا كۆپرەك ئۇچرايدۇ.

5 ـ دەرىجىلىك يەر بۇ خىل يەرنىڭ كۆلىمى 164 مىڭ 400 مو بولۇپ، ناھىيە بويىچە ئومۇمىي كۆلەمنىڭ 11.87 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. تۇپراق تىپى شورلاشقان چىملىق تۇپراق ۋە شورلاشقان سازلىق تۇپراقتىن ئىبارەت. بۇ خىل يەرنىڭ توسالغۇ قاتلىمى بار بولۇپ، شورلىشىپ كېتىش خەۋپى ئېغىرراق، زەي سۈنى چىقىرىۋېتىش شارائىتى ياخشى ئەمەس، يەر شەكلى ئېگىز-پەس، يەر يۈزىدە شالاڭ ياكى زىچ قۇم دۆۋىلىرى بار.

6 ـ دەرىجىلىك يەر بۇ خىل يەرنىڭ كۆلىمى 4400 مو بولۇپ، ناھىيە بويىچە ئومۇمىي كۆلەمنىڭ 0.32 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. تۇپراق تىپى يېرىم مۇقىملاشقان قۇم تۇپراق ۋە شور تۇپراقتىن ئىبارەت.

7 ـ دەرىجىلىك يەر بۇ خىل يەرنىڭ كۆلىمى 262 مىڭ 800 مو بولۇپ، ناھىيە بويىچە ئومۇمىي كۆلەمنىڭ 18.97 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. تۇپراق تىپى شېغىللىق قوڭغۇررەڭ چۆل تۇپراق بولۇپ، ھەممىسى شېغىللىق سايدىن ئىبارەت.

بۇنىڭدىن باشقا، سۇ ئامبىرى كۆلىمى 11 مىڭ 300 مو، دەريا ـ ئېقىن، دەريا ساھىلىدىكى يەرلەر 59 مىڭ 300 مو بولۇپ، دەرىجىگە كىرگۈزۈلمىدى.

ئۆزۈندىن بۇيان، ناھىيىدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئۆز يېرىنىڭ ئەھۋالىغا يارىشا ئىش كۆرۈپ، ئارتۇقچىلىقلارنى جارى قىلدۇرۇپ، يېتەرسىزلىكلەردىن ساقلىنىپ، ھەرخىل تۇپراقنىڭ ئەۋزەللىكىنى جارى قىلدۇرۇپ، يەردىن مۇۋاپىق پايدىلاندى.

1 ـ، 2 ـ دەرىجىلىك يەرلەرنىڭ ھەممىسى دېھقانچىلىق قىلىنىدىغان يەر بولۇپ، ناھىيىنىڭ ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىش بازىسى ھېسابلىنىدۇ، بۇ يەرلەرگە، ئاساسەن، بۇغداي، كۆممىقوناق، كېۋەز تېرىلىدۇ. 1978 ـ يىلدىن ئىلگىرى ئىشلەپچىقىرىش شەكلى قالاق بولۇپ، يەرلەردىن تالان ـ تاراج شەكلىدە پايدىلىنىلغاچقا، يەرنى ئىشلىتىش بىلەن قوۋۋەتلەندۈرۈشنىڭ نىسبەت مۇناسىۋىتى بۇزۇلۇپ، تۇپراقنىڭ قۇۋۋىتى تۆۋەنلەپ كەتكەنىدى. 1979 ـ يىلدىن بۇيان ئىلمىي ئۇسۇلدا تېرىقچىلىق قىلىنىپ، مەھەللىۋى ئوغۇت كەڭ كۆلەمدە، خىمىيىۋى ئوغۇت ئارىلاپ بېرىلگەچكە، تۇپراقنىڭ قۇۋۋىتى ئېشىپ، زىرائەت مەھسۇلاتى يىلدىن ـ يىلغا ئاشتى. 3 ـ دەرىجىلىك يەرلەرمۇ دېھقانچىلىق قىلىنىدىغان يەر بولۇپ، بۇ يەرلەرگە شال ۋە ياغلىق زىرائەت كۆپ تېرىلىدۇ. دېھقانلار شورنى تىزگىنلەش ئۈچۈن، كۆپلەپ زەيكەش چېپىپ ياكى شور ئۈستىگە لاي چۈشۈرۈپ، ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشتى، نەتىجىدە بۇ خىل يەرلەرمۇ تەدرىجىي ياخشىلاندى.

4 ـ دەرىجىلىك يەرگە گەرچە بىر قىسىم زىرائەتلەر تېرىلسىمۇ، لېكىن بۇ يەرلەر، ئاساسەن، ئورمانچىلىق ۋە چارۋىچىلىققا ئىشلىتىلىدۇ. 5 ـ، 6 ـ دەرىجىلىك يەرلەر پۈتۈنلەي ئورمانچىلىق ۋە چارۋىچىلىققا ئىشلىتىلىدۇ. 7 ـ دەرىجىلىك يەرگە، 60 ـ يىللاردا لاي چۈشۈرۈلۈپ زىرائەت تېرىلغانىدى، كېيىن پۈتۈنلەي تاشلىۋېتىلدى.

1977 ـ يىلى جەنۇبىي شىنجاڭ نېفىت بازىسىنىڭ مۇشۇ ناھىيە تەۋەسىدە تۇرۇشى بېكىتىلدى، بۇ بازا 14 مىڭ 700 مو يەر ئىشلەتتى. يېزا ـ بازار كارخانىلىرى راۋاجلىنىپ،

بىناكارلىق ماتېرىياللىرى ئىشلەپچىقىرىشى كەڭ كۆلەمدە قانات يايدۇرۇلدى، نەتىجىدە شېغىللىق، قۇملۇق سايلارمۇ ئىشلىتىلدى.

## § 2 . يېزا ئىگىلىكىنىڭ رايونلارغا ئايرىلىشى ۋە زىرائەتلەرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى

ھەر مىللەت دېھقانلىرى يەر شەكلى، يەر تۈزۈلۈشى، ھاۋا كىلىماتى، تۇپراقنىڭ سۈپىتى جەھەتتىكى پەرق ۋە تۇپراقنىڭ قۇۋۋىتى، يەر ئاستى سۈيى ئورنىنىڭ يۇقىرى - تۆۋەنلىكىگە قاراپ، ئۇزۇن زامانلاردىن بۇيان، ئۆز يېرىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا يارىشا، يەرلەرنى ئوخشاش بولمىغان بىرقانچە تېرىقچىلىق رايونىغا ئايرىغان، يەلپۈگۈچسىمان تىنىمىنىڭ ئۈستىدىكى رايونلارنى باغلىق دان، ئورمانچىلىق، ھۆل، قۇرۇق مېۋە رايونى، ئوتتۇرىسىدىكى يەرلەرنى ئاشلىق، كېۋەز تېرىلىدىغان رايون، چېتىدىكى يەرلەرنى شالچىلىق رايونى قىلغان.

1981 - يىلى ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىكىنى رايونلارغا ئايرىش ئىشخانىسى ناھىيە تەۋەسىدىكى تارىختا شەكىللەنگەن، يېزا ئىگىلىكى بويىچە ئايرىلغان رايونلارنى تەكشۈرگەندىن كېيىن، رايونلارنى ئىلمىي ئۇسۇلدا ئايرىش پرىنسىپىغا ئاساسەن، ناھىيە بويىچە يېزا ئىگىلىكىنى رايونلارغا ئايرىشنى يېڭىباشتىن يولغا قويۇپ، پۈتۈن ناھىيىنى تۆت ئۇنىۋېرسال يېزا ئىگىلىك رايونىغا ئايرىپ چىقتى.

### 1 . ناھىيىنىڭ يۇقىرى تەرىپىگە جايلاشقان غەربىي - جەنۇبىي چۆل ياقىسىدىكى ئېگىز جايلاردىكى ئاشلىق، كېۋەز، ياغلىق دان ئىشلەپچىقىرىش رايونى ۋە مېۋىلىك دەرەخ، ئورمانچىلىق مۇھاپىزەت رايونى

بۇ رايون ناھىيىنىڭ غەربىي - جەنۇبىي قىسمىدىكى يەلپۈگۈچسىمان تىنىمىنىڭ يۇقىرى قىسمىغا جايلاشقان بولۇپ، تۇپرىقى ناھايىتى ئاز شورلاشقان، ئورنى دېڭىز يۈزىدىن 1315 مېتىردىن 1490 مېتىرغىچە ئېگىز. غەربىي - شىمالىي قىسمىنىڭ يەكەن دەرياسىنى بويلاپ سوزۇلغان ئۇزۇنلۇقى 38 كىلومېتىر كېلىدۇ، غەربىي - جەنۇبىي قىسمى چوڭ چۆللۈك، شەرقىي قىسمى ناھىيىنىڭ مەركىزىي رايونى بولۇپ، ئۇنىڭغا تۇغچى، كۆيباغ، ئاقتام، ئايكۆل يېزىلىرىنىڭ 24 كەنتى ۋە ناھىيىلىك ئورمانچىلىق مەيدانى، باغۋەنچىلىك مەيدانى قارايدۇ. يەر كۆلىمى (غەربىي جەنۇب تەرەپتىكى چوڭ چۆللۈك ۋە دەريا ساھىلى بوينىڭ سىرتىدا) 255 مىڭ 300 مو بولۇپ، ناھىيە بويىچە ئومۇمىي يەر كۆلىمىنىڭ 22.82 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. تېرىلغۇ يەر 141 مىڭ 700 مو بولۇپ، ناھىيە بويىچە تېرىلغۇ يەر كۆلىمىنىڭ 21.05 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. تۇپراق تىپى لاتقىلىق قوڭۇر رەڭ چۆل تۇپراق ۋە لاتقىلىق تۇپراقتىن ئىبارەت. تۇپراق قاتلىمى بىرقەدەر نېپىز، تۇپراق قۇرۇلمىسى ناچار. قۇرغاق، تۇپراقنىڭ قۇۋۋىتى ئىنتايىن تۆۋەن، ئەتىيازدا قۇرغاقچىلىق، سۇ قىس بولىدۇ، بۇ، ناھىيىنىڭ 3 - دەرىجىلىك يېرى ھېسابلىنىدۇ. بىرلىك مەھسۇلات تۆۋەن، بۇ رايوندا ئولتۇراقلاشقان نوپۇس 10 مىڭ 900 بولۇپ، ناھىيە بويىچە يېزا ئىگىلىك نوپۇسىنىڭ 12.51 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ،

ھەر بىر يېزا ئىگىلىك نوپۇسىغا 13 مودىن تېرىلغۇ يەر توغرا كېلىدۇ، جەنۇبىي شىنجاڭ نېفىت بازىسى مۇشۇ رايوننىڭ غەربىي قىسمىغا جايلاشقان.

دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى: بۇغداي %37.59 نى، شال %6.4 نى، كۆممىقوناق %28.2 نى، كېۋەز %15 نى، قوغۇن - تاۋۇز، ئوتياش %0.1 نى، ياغلىق دان %4.8 نى، سەي %0.01 نى، باغ %4.3 نى ئىگىلەيدۇ. ئومۇمىي چارۋا 19 مىڭ 597 تۇياق. بۇ ناھىيە بويىچە ئاساسلىق زىغىر چىقىدىغان رايون.

## 2. ناھىيىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا جايلاشقان يەلپۈگۈچسىمان تىنىمىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى كېۋەز، ئاشلىق (كۆممىقوناق، بۇغداي)، باغۋەنچىلىك، پىلە - ئۈجمىچىلىك رايونى

بۇ رايون توققۇز يېزىنىڭ 91 كەنتى ۋە بىر دېھقانچىلىق مەيدانىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئورنى دېڭىز يۈزىدىن 1235 مېتىردىن 1315 مېتىرغىچە ئېگىز. بۇ رايون ناھىيە بازىرىنىڭ ئەتراپىغا، يەكەن - قاغىلىق تاشيولىنىڭ بويىغا جايلاشقان. غەربىي جەنۇب تەرىپى ئېگىز، شەرقىي شىمال تەرىپى پەس، يەر ئاستى سۈيىنىڭ ئورنى تۆت مېتىردىن تۆۋەن. يەر يۈزىنىڭ يانتۇلۇقى 250 تىن بىر، يەر شەكلى تۈز. تۇپراق تىپى، ئاساسەن لاتقىلىق تۇپراق، زەي تۇپراقمۇ بار. يەرلىرى ئۆزلەشتۈرۈپ كەتكەن، بىنەم يەر ناھايىتى ئاز. تۇپراق قاتلىمى قېلىن، تۇپراقنىڭ سۈپىتى مۇۋاپىق. شورنىڭ زىيىنى ناھايىتى ئاز. بىرلىك مەھسۇلاتى يۇقىرى، بۇ رايون ناھىيىنىڭ ئاساسلىق ئاشلىق، پاختا رايونى ھېسابلىنىدۇ. باغۋەنچىلىك، پىلە - ئۈجمىچىلىكنىڭ سالمىقى زور، باغ كۆلىمى 8000 مو بولۇپ، ناھىيە بويىچە باغ كۆلىمىنىڭ 60 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ؛ يەر كۆلىمى 502 مىڭ 600 مو بولۇپ، ناھىيە بويىچە ئومۇمىي يەر كۆلىمىنىڭ 44.92 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 348 مىڭ 300 مو بولۇپ، ناھىيە بويىچە تېرىلغۇ يەر كۆلىمىنىڭ 51.68 پىرسەنتىنى، نوپۇسى 52 مىڭ 500 بولۇپ، ناھىيە بويىچە يېزا ئىگىلىك نوپۇسىنىڭ 60.34 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. ئاھالىنىڭ زىچلىقى جەھەتتە، ھەر بىر كۋادرات كىلومېتىر يەرگە 159 ئادەم توغرا كېلىدۇ، بۇ، پۈتۈن ناھىيىنىڭ ئوتتۇرىچە سەۋىيىسىدىن %42 چوڭ. ھەر بىر يېزا ئىگىلىك نوپۇسىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 6.63 مو تېرىلغۇ يەر توغرا كېلىدۇ. ئاشلىقى ناھىيە بويىچە %62.19 نى، پاختىسى ناھىيە بويىچە %64.80 نى، تاۋار ئاشلىقى ناھىيە بويىچە %62.19 نى ئىگىلەيدۇ. ھەر نوپۇسقا توغرا كەلگەن تەقسىمات 1980 - يىلى 121.40 يۈەنگە يېتىپ، پۈتۈن ناھىيىنىڭ ئوتتۇرىچە سەۋىيىسىدىن %5.3 يۇقىرى بولدى.

زىرائەتلەرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى: بۇغداي %35.20 نى، كۆممىقوناق %25.20 نى، شال %7.7 نى، كېۋەز %21 نى، قوغۇن - تاۋۇز، ئوتياش %1.4 نى، ياغلىق دان %1.90 نى، سەي %0.1 نى، باغ %7.5 نى ئىگىلەيدۇ. ئومۇمىي چارۋا 74 مىڭ 813 تۇياق.

## 3. ناھىيىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى تىزناپ دەرياسى بويىدىكى رەي يەرلەرگە جايلاشقان كېۋەز، ئاشلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونى

بۇ رايون گۈلباغ، ئىككىسۇ يېزىسىنىڭ بىر قىسمى ۋە ناھىيىلىك دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ كۆپ قىسمىنى، جەمئىي 29 كەنتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئورنى دېڭىز يۈزىدىن 1225 مېتىردىن 1280 مېتىرغىچە ئېگىز، يەر كۆلىمى 274 مىڭ 700 مو بولۇپ، ناھىيە بويىچە يەر كۆلىمىنىڭ 24.55 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە تېرىلغۇ يەر كۆلىمى 136 مىڭ 700 مو بولۇپ،

ناهىيە بويىچە تېرىلغۇ يەر كۆلىمىنىڭ 20.5 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. نوپۇسى 17 مىڭ 100 بولۇپ، ناهىيە بويىچە يېزا ئىگىلىك نوپۇسىنىڭ 19.63 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. ھەر بىر يېزا ئىگىلىك نوپۇسىغا 7.99 مودىن تېرىلغۇ يەر توغرا كېلىدۇ. تۇپراق تىپى، ئاساسەن، زەي تۇپراق ۋە چىملىق تۇپراقتىن ئىبارەت. قۇم تۇپراق، شور تۇپراق ۋە سازلىق تۇپراقمۇ بار. يەر ئاستى سۈيىنىڭ ئورنى يۇقىرى، شورنىڭ خەۋپى ئېغىرراق، يەرنىڭ قۇۋۋىتى تۆۋەن. 1980- يىلى كىشى بېشىغا 90.6 يۇەندىن كىرىم توغرا كېلىپ، پۈتۈن ناهىيىنىڭ ئوتتۇرىچە سەۋىيىسىدىن %21.7 تۆۋەن بولدى، بۇ، ناهىيە بويىچە بىرقەدەر نامرات رايون.

زىرائەتلەرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى: بۇغداي %30.6 نى، كۆممىقوناق %33.7 نى، شال %10.6 نى، كېۋەز %18.8 نى، قوغۇن - تاۋۇز، ئوتياش %1.1 نى، ياغلىق دان %1.5 نى، بىدە %0.1 نى ئىگىلەيدۇ. ئومۇمىي چارۋا 32مىڭ 539 تۇياق، بۇ رايوننىڭ ئوتلاق، بىنەم يەر بايلىق مەنبەسى مول، ئۇ، جەمئىي 84 مىڭ مو بولۇپ، ناهىيە بويىچە ئوتلاق، بىنەم يەر ئومۇمىي كۆلىمىنىڭ 53 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ.

## 4 . ناهىيىنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى يەكەن دەرياسىنىڭ بويىغا جايلاشقان كېۋەز، شال تېرىلىدىغان يۇقىرى ھوسۇللۇق تېرراسا (پەلەمپەي) رايون

بۇ رايون پوسكام، يىما، ئايكۆل يېزىلىرىنىڭ يەتتە كەنتىنى ۋە ناهىيىلىك ئۇرۇقچىلىق مەيدانىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ئورنى دېڭىز يۈزىدىن 1215 مېتىردىن 1260 مېتىرغىچە ئېگىز، يەر كۆلىمى 86 مىڭ 300 مو بولۇپ، ناهىيە بويىچە يەر كۆلىمىنىڭ 7.5 پىرسەنتىنى، تېرىلغۇ يېرى 46 مىڭ 300 مو بولۇپ، ناهىيە بويىچە تېرىلغۇ يەر كۆلىمىنىڭ 6.88 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. تۇپراق تىپى، ئاساسەن، يېنىك دەرىجىدە شورلاشقان زەي تۇپراقتىن ئىبارەت، ئازراق بىر قىسىم يەرلىرىدە شور بېسىپ كېتىش خەۋپى مەۋجۇت. بۇ رايوننىڭ يەرلىرى دەريا بويىدىكى تېرراسا يەرلەرگە جايلاشقان بولغاچقا، زەي سۇلارنى چىقىرىۋېتىش ئىنتايىن راۋان. تۇپراق قاتلىمى قېلىن، تۇپراقنىڭ قۇۋۋىتى بىرقەدەر يۇقىرى، ئاشلىق، پاختىنىڭ بىرلىك مەھسۇلاتىمۇ يۇقىرى. پاختىنىڭ بىرلىك مەھسۇلاتى پۈتۈن ناهىيىنىڭ ئوتتۇرىچە سەۋىيىسىدىن %60، ئاشلىقنىڭ %32 يۇقىرى، جۈملىدىن شالنىڭ بىرلىك مەھسۇلاتى پۈتۈن ناهىيىنىڭ ئوتتۇرىچە سەۋىيىسىدىن %69 يۇقىرى. نوپۇسى 6700 بولۇپ، ناهىيە بويىچە يېزا ئىگىلىك نوپۇسىنىڭ 7.6 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. ھەر بىر يېزا ئىگىلىك نوپۇسىغا 7.02 مودىن تېرىلغۇ يەر توغرا كېلىدۇ. ئومۇمىي چارۋا 15 مىڭ تۇياق. بۇ، ناهىيە بويىچە ئەڭ باي رايون.

# § 3 . تېرىقچىلىق قۇرۇلمىسى

تېرىقچىلىق جەھەتتە، ئەنئەنىۋى زىرائەتلەردىن، ئاساسەن ئاشلىق، كېۋەز، ياغلىق داندىن ئىبارەت ئۈچ تۈرلۈك زىرائەت تېرىلىدۇ. مۇشۇ ئەسىرنىڭ 40 - يىللىرىدا ئاشلىق زىرائىتى ئومۇمىي تېرىلغۇ يەر كۆلىمى بولغان 189 مىڭ مو يەرنىڭ تەخمىنەن 77.4 پىرسەنتىنى، جۈملىدىن بۇغداي كۆلىمى %43.77 نى، كۆممىقوناق كۆلىمى %42.2 نى، شال كۆلىمى %11.26 نى، باشقا قارا ئاشلىق زىرائىتى كۆلىمى %2.77 نى ئىگىلىگەن، كېۋەز تېرىلغۇ

كۆلىمى ئومۇمىي تېرىلغۇ يەر كۆلىمىنىڭ 12.3 پىرسەنتىنى، زىغىر تەخمىنەن %8.4 نى ئىگىلىگەنىدى.

مۇشۇ ئەسىرنىڭ 50 - يىللىرىدا ئاشلىقنى تۇتقا قىلىش تەكىتلەنگەنلىكتىن، ئاشلىق تېرىلغۇ كۆلىمى بەك كېڭەيتىۋېتىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە يەنە كۆممىقوناق تېرىلغۇ كۆلىمى بەك كۆپ بولۇپ كېتىپ، يېزا ئىگىلىك ئىقتىسادىي ئۇنۇمىنىڭ ئۆسۈشىگە بىۋاسىتە تەسىر يەتتى. 1958- يىلى ناھىيە بويىچە يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 17 مىليون 21 مىڭ 400 يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە تېرىقچىلىقنىڭ مەھسۇلات قىممىتى %74.94 نى ئىگىلەپ، 1949 - يىلدىكىدىن %40.12 ئۆستى، تېرىقچىلىق كەسپىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئاشلىق زىرائىتى يەنە ئومۇمىي تېرىلغۇ كۆلىمىنىڭ 80 پىرسەنتىدىن كۆپرەكىنى، ئىقتىسادىي زىرائەت ئومۇمىي تېرىلغۇ كۆلىمىنىڭ ئاران 15 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. يېزا ئىگىلىك ئىقتىسادىنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن، 1959 - يىلى تېرىقچىلىق قۇرۇلمىسى تەڭشەلدى. تۇپراقنى ياخشىلاش، يەرنىڭ قۇۋۋىتىنى ئاشۇرۇش چىقىش قىلىنىپ، شال تېرىلغۇ كۆلىمى 1958 - يىلدىكى 78 مىڭ مودىن 96 مىڭ موغا كېڭەيتىلدى. لېكىن تېرىقچىلىق ئۇسۇلى قالاق بولغانلىقتىن، مەھسۇلاتى تۆۋەن، ئۇنۇمى ناھايىتى ئاز بولدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە يەرلەر بىكار قويماي تېرىلىۋېرىپ، ئۈچ يىلدىن كېيىن شال تېرىلغۇ كۆلىمى يەنىلا تەخمىنەن 50 مىڭ موغا چۈشۈپ قالدى. 1963 - يىلى ناھىيىلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى ساڭ باۋخې ناھىيىلىك پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ يىغىنىغا رىياسەتچىلىك قىلىپ، كېۋەز كۆلىمىنى كېڭەيتىشنى كۈچەپ تەشەببۇس قىلدى، دائىمىي كومىتېت يىغىن ئاخىرىدا كېۋەزنى 80 مىڭ موغا كېڭەيتىشنى قارار قىلدى. يىما گۈڭشېسىنىڭ پارتكوم شۇجىسى ۋاڭ چىڭبىڭ كېۋەز كۆلىمىنى كېڭەيتىش ۋەزىپىسىنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئۈستىگە ئېلىپ، گۈڭشېنىڭ كېۋەز كۆلىمىنى 1962 - يىلدىكى 7500 مودىن 13 مىڭ 500 موغا كېڭەيتتى. شۇ يىلى يىما گۈڭشېسىنىڭ ئومۇمىي پاختىسى 479 مىڭ كىلوگرامغا يېتىپ، 1962 - يىلدىكى ئومۇمىي پاختىنىڭ 2.8 ھەسسىسىگەتەڭلەشتى؛ بىرلىك مەھسۇلاتى 1962- يىلدىكى 22.65 كىلوگرامدىن 35.5 كىلوگرامغا يەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئاشلىق 1962 - يىلدىكىدىن 131 مىڭ 500 كىلوگرام ئاشتى، نەتىجىدە يىما گۈڭشېسى بىر سەكرەپلا ناھىيە بويىچە ئىلغار ئورۇن بولۇپ، «باشلامچى» دېگەن نامغا ئېرىشتى. ئاشۇ قېتىمقى تەڭشەش ئارقىلىق، ناھىيە بويىچە ئىقتىسادىي زىرائەت كۆلىمىنىڭ ئومۇمىي تېرىلغۇ كۆلىمىدە ئىگىلىگەن نىسبىتى %21.15 كە ئۆستۈرۈلدى.

پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، ناھىيىلىك پارتكوم ۋە ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى يېزىلاردىكى كەسىپ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەشنىڭ مۇھىملىقىنى تېخىمۇ تونۇپ يېتىپ، 1979 - يىل 2 - ئايدا بۇغداي تېرىلغۇ كۆلىمىنى مۇقىملاشتۇرۇپ، ئاساسىي ھۆجۇمنى بىرلىك مەھسۇلاتقا قارىتىپ، ئومۇمىي مەھسۇلاتنى ئاشۇرۇش. كېۋەز تېرىلغۇ كۆلىمىنىڭ مۇۋاپىق كېڭەيتىشتىن ئىبارەت ستراتېگىيىلىك فاڭجېننى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ فاڭجېننى ئىزچىل ئىجرا قىلىش ئۈچۈن، ناھىيىلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى يۈجياپىڭ پۈتۈن ناھىيىنىڭ خىزمەتلىرىنى تۇتقاندىن سىرت، بۇغداي ئىشلەپچىقىرىشنى ياخشى تۇتۇشقا كۆپرەك ئەھمىيەت بەردى. ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېتنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى سۇڭ جىچى ناھىيىنىڭ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش خىزمىتىگە مەسئۇل بولۇپ، خىزمەتنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى بۇغداي ئىشلەپچىقىرىشقا قويدى. ھەريىلى كۈزگى بۇغداي تېرىشتىن ئىلگىرى،

رەھبەرلەر يېزىلارغا بېرىپ، نۇقتا تۇتۇپ، ئالدىن ناھىيە بويىچە كۆزگى بۇغداي تېرىش نەق مەيدان يىغىنى چاقىرىپ، نۇقتىدىكى تەجرىبىلەرنى كېڭەيتتى. يىل ئاخىرىدا خۇلاسە قىلغاندا بۇغداي ئىشلەپچىقىرىشتا ئىلغار بولغان گۇڭشې، مەيدان، ئەترەتلەر تەقدىرلەندى ۋە مۇكاپاتلاندى. بۇغداي ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسى جەھەتتە، بىر تەرەپتىن يېشىل ئوغۇت تېرىپ يەرنىڭ قۇۋۋىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، ئەلا سورتلۇق ئۇرۇقلۇقلارنى تاللاپ تېرىش، ئوغۇتنى ئۇرۇققا ئارىلاشتۇرۇپ تېرىش، چۈنەك تارتىپ قوشۇمچە ئوغۇت بېرىش، «ئۈچ ئۈچلۈك تېرىقچىلىق تۈزۈمى»نى يولغا قويۇش، مۇقىم، يۇقىرى مەھسۇلاتلىق ئېتىزلارنى تېرىش قاتارلىق بىر قاتار تەدبىرلەر قوللىنىلدى، يەنە بىر تەرەپتىن ناھىيىلىك دېھقانچىلىق ئىدارىسىنىڭ باشلىقى جۇجاۋبىڭ، يېزا ئىگىلىك تېخنىكا پونكىتىنىڭ باشلىقى يەن شىڭشى يېزا ئىگىلىك تېخنىكا خادىملىرىنى باشلاپ يېزىلارغا بېرىپ مول ھوسۇللۇق بۇغداي ئېتىزلىرىنى ھۆددىگە ئالدى. ئالتە يىل بوشاشماي تىرىشىش ئارقىلىق، 1984 - يىلى ناھىيە بويىچە ئومۇمىي بۇغداي 39 مىليون 215 مىڭ كىلوگرامغا يېتىپ، 1978 - يىلدىكى 12 مىليون 361 مىڭ كىلوگرام مەھسۇلاتتىن بىر ھەسسە ئاشتى. بۇغداينىڭ بىرلىك مەھسۇلاتى 1978 - يىلدىكى 80 كىلوگرامدىن 258.15 كىلوگرامغا يەتتى. ئومۇمىي ئاشلىق 1978 - يىلدىكى 47 مىليون 795 مىڭ 500 كىلوگرامدىن 70 مىليون 580 مىڭ كىلوگرامغا يەتتى. پاختا 4 مىليون 3500 كىلوگرامغا يېتىپ، 1978 - يىلدىكى ئومۇمىي ساپ پاختىنىڭ ئۈچ يېرىم ھەسسىسىگە توغرا كەلدى. يېزا ئىگىلىك ئىقتىسادىي ئۇنۇمى ئۈزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرۈلدى.

بىرقانچە يىلدىكى تېرىقچىلىق قۇرۇلمىسى ئەھۋالى

2 . 2 . 1 - جەدۋەل

| يىللار | ئاشلىق | | پاختا | | ياغلىق دان | | باشقىلار | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | ئىگىلىگەن كۆلىمى % | ئىگىلىگەن مەھسۇلات قىممىتى % | ئىگىلىگەن كۆلىمى % | ئىگىلىگەن مەھسۇلات قىممىتى % | ئىگىلىگەن كۆلىمى % | ئىگىلىگەن مەھسۇلات قىممىتى % | ئىگىلىگەن كۆلىمى % | ئىگىلىگەن مەھسۇلات قىممىتى % |
| 1980 | 74.8 | 61.4 | 18.2 | 31.8 | 4 | 2.4 | 3 | 4.4 |
| 1981 | 69.4 | 56 | 22.8 | 34 | 4 | 2 | 4 | 8 |
| 1984 | 66.3 | 59.6 | 24.8 | 36.4 | 5 | 2.8 | 3.9 | 1.2 |

يۇقىرىدىكى جەدۋەلدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، 1980 - يىلدىن كېيىن ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىلغۇ كۆلىمى كېڭىيىپ، مەھسۇلات قىممىتى ئاشقان، ئاشلىق زىرائىتى تېرىلغۇ كۆلىمى ئازايغان بولسىمۇ، لېكىن ئاشلىقنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى يەنىلا يۇقىرى ئۆرلەشكە قاراپ يۈزلەنگەن.

ئاشلىقنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئاق ۋە قارا ئاشلىقنىڭ نىسبەت مۇناسىۋىتىدىمۇ ئۆزگىرىش بولدى. دېھقانلارنىڭ ئاشلىق ئىستېمال قىلىشى قارا ئاشلىقنى ئاساس قىلىش (تەخمىنەن 75% نى ئىگىلەش) تىن ئاق ئاشلىقنى ئاساس قىلىش (تەخمىنەن 75% نى ئىگىلەش) قا ئۆزگەردى.

**1980 ـ يىلدىن 1984 ـ يىلغىچە بولغان ئاق ئاشلىق بىلەن قارا ئاشلىقنىڭ سېلىشتۇرمىسى**

2 ـ 2 ـ 2 ـ جەدۋەل بىرلىكى: 10 مىڭ كىلوگرام

| يىللار | ئومۇمىي ئاشلىق | ئاق ئاشلىق مىقدارى | ئاق ئاشلىق ئىگىلىگەن نىسبىتى % | قارا ئاشلىق مىقدارى | قارا ئاشلىق ئىگىلىگەن نىسبىتى % |
|---|---|---|---|---|---|
| 1980 | 4952 | 1829.35 | 41.1 | 2622.65 | 58.9 |
| 1981 | 4687 | 2141.5 | 45.8 | 2540.5 | 54.2 |
| 1984 | 7058 | 4575.45 | 64.8 | 2432.55 | 35.2 |

**1949 ـ يىلدىن 1984 ـ يىلغىچە بولغان تېرىقچىلىق ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى**
**(1980 ـ يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلاندى)**

2 ـ 2 ـ 3 ـ جەدۋەل بىرلىكى: 10 مىڭ يۈەن

| يىللار | يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى | تېرىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى | تېرىقچىلىق ئىگىلىگەن نىسبىتى % |
|---|---|---|---|
| 1949 | 1250.43 | 910.27 | 72.8 |
| 1950 | 1313 | 957.03 | 72.89 |
| 1951 | 1324.69 | 962.62 | 72.67 |
| 1952 | 1327.54 | 953.81 | 71.85 |
| 1953 | 1429.81 | 1047.98 | 73.3 |
| 1954 | 1526.58 | 1120.94 | 73.43 |
| 1955 | 1558.65 | 1142.90 | 73.33 |
| 1956 | 1607.96 | 1164.38 | 72.41 |
| 1957 | 1567.60 | 1120.73 | 71.49 |
| 1958 | 1702.14 | 1275.56 | 74.94 |
| 1959 | 1903.51 | 1469.90 | 77.22 |
| 1960 | 1780.91 | 1339.89 | 75.23 |
| 1961 | 2076.24 | 1558.27 | 75.05 |

| | | | |
|---|---|---|---|
| 75.23 | 1561.32 | 2075.46 | 1962 |
| 76.15 | 1812.33 | 2380.10 | 1963 |
| 84.66 | 1795.04 | 2120.39 | 1964 |
| 77.92 | 2111.95 | 2710.33 | 1965 |
| 79.01 | 2217.89 | 2807.09 | 1966 |
| 78.82 | 2180.08 | 2765.82 | 1967 |
| 78.9 | 1882.15 | 2406.95 | 1968 |
| 77.13 | 1978.47 | 2565.28 | 1969 |
| 76.14 | 1997.32 | 2623.11 | 1970 |
| 74.33 | 2185.21 | 2939.97 | 1971 |
| 67.58 | 1822.61 | 2696.82 | 1972 |
| 74.07 | 2436.87 | 3290.07 | 1973 |
| 72.37 | 2071.174 | 2861.74 | 1974 |
| 74.19 | 2053.85 | 2768.39 | 1975 |
| 74.40 | 2299.29 | 3090.26 | 1976 |
| 75.92 | 2343.30 | 3086.72 | 1977 |
| 85.05 | 2101.20 | 2470.82 | 1978 |
| 82.50 | 2036.80 | 2469 | 1979 |
| 85.26 | 2292 | 2688 | 1980 |
| 85 | 2444.60 | 2876.20 | 1981 |
| 82.81 | 2640 | 3189.60 | 1982 |
| 84.03 | 3137.07 | 3733.07 | 1983 |
| 86.46 | 4148.66 | 4797.95 | 1984 |

# 4 § . زىرائەت سورتلىرى

## 1 . بۇغداي

بۇغداي بۇ ناھىيىنىڭ ئاساسلىق ئاشلىق زىرائىتى، 1964 - يىلدىن باشلاپ يىللىق تېرىلغۇ كۆلىمى 150 مىڭ مو ئەتراپىدا بولۇپ، ناھىيە بويىچە تېرىلغۇ كۆلىمىنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمىنى ئىگىلەپ كەلدى.

ئاساسلىق يەرلىك سورتلار:

1. **ئەنجان كۈزگىسى** بۇ، قىزىل كۈزگى بۇغداي دەپمۇ ئاتىلىدۇ، پوسكام ناھىيىسىدە ئۆستۈرۈلىدىغان ئاساسلىق سورت بولۇپ، ئوتتۇرا ئاسىيادىن كەلتۈرۈلگەن، ئۈنۈمسىز يەرگە تېرىشقا، قۇرغاق ھاۋاغا، قۇرغاقچىلىققا چىداملىق، ئاق كۈزگىدىن ئون كۈن ئەتراپىدا بۇرۇن پىشىدۇ. مەھسۇلاتى بىرقەدەر يۇقىرى، ھاۋاسى قۇرغاق رايونلاردا ئۆستۈرۈشكە باب كېلىدۇ، لېكىن دېنى ئاسان تۆكۈلۈپ كېتىدۇ، شامال، بورانغا تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارى ئاجىز.

2. **قارا باسما** قارا كۈزگى بۇغداي دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇ سورت قاغىلىقنىڭ 1 - رايوندىكى قارا باسما دېگەن يېزىدە دۇنياغا كەلگەن، قۇرغاقچىلىققا، سوغۇققا، ئۈنۈمسىز يەرگە تېرىشقا چىداملىق، دېنى تۆكۈلۈپ كەتمەيدۇ، دېنىنى ئايرىش تەسرەك، مايسىسى كۆپ سۇ خالىمايدۇ. بۇ سورت قۇرغاق رايونلاردا تېرىشقا باب كېلىدۇ، مەھسۇلاتى يۇقىرى، لېكىن نۆۋەن تېمپېراتۇرىغا ماسلىشالمايدۇ.

3. **ئاق كۈزگى** قۇرغاقچىلىققا، شورغا چىداملىق، سۇ، ئوغۇتى مول يەرنى خالايدۇ، قىزىل كۈزگى بۇغدايغا قارىغاندا قۇرغاقچىلىققا چىداملىق، كېيىن پىشىدۇ، تۆۋەن تېمپېراتۇرىغا ۋە ئەتىيازنىڭ سوغىقىغا بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ، دېنى تۆكۈلۈپ كەتمەيدۇ، كېسەللىك، ھاشاراتلارنىڭ زىيانداشلىقىغا تاقابىل تۇرالايدۇ، ئۇ، يەرلىك ئەلا سورت.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئەسلىدىكى يەرلىك سورتلار تەدرىجىي شاللاپ چىقىرىۋېتىلىپ، «ئۇكرائىنا 0246»، «ئوكرائىنا 83»، «ئۇكرائىنا84»، «باقبۇق»، «شىمالىي جۇڭگو 1873026»، «يېزا ئىگىلىك داشۆسى 139»، «فۇربان 1 - 3 - 1»، «شىنجاڭ كۈزگىسى — 2»، «قەشقەر — 1 (1975)»، «تاڭشەن 6898» قاتارلىق ئەلا سورتلار تەدرىجىي كېڭەيتىلدى، كېيىنكى ئىككى خىل سورت ناھىيىنىڭ 80 - يىللاردىكى ئاساسلىق سورتلىرى بولۇپ قالدى، بولۇپمۇ «تاڭشەن 6898» ناھايىتى تېز ئومۇملىشىپ، 1980 - يىلدىكى 800 مودىن 1984 - يىلى 90 مىڭ موغا يەتتى.

1. **«ئۇكرائىنا 0246»** ئەسلىدە ئۇكرائىنانىڭ سورتى بولۇپ، باشقى بادروق، قىلتىرىقى ئۇزۇن، شاكىلى ئاق، پوستى قىزىل، بۇ سورت كۈزگى بۇغداي تىپىغا كىرىدۇ، سېرىق ئال چۇشۇش كېسەللىكى، ئاق توزان كېسەللىكىگە تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارى خېلى كۈچلۈك، لېكىن قارا كۈيە كېسەللىكى ۋە تارقىلۇچان قارا كۈيە كېسەللىكىگە تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارى ئاجىز، ئۇ، ئوغۇت، سۇ يېتەرلىك شارائىتتا ئۆستۈرۈشكە باب كېلىدۇ. شۇ جايدا قارا باسما بىلەن ئەنجان قىزىل كۈزگىسىنىڭ مەھسۇلاتىدەك يۇقىرى بولمايدۇ، قۇرغاقچىلىققا، سوغۇققا، قۇرغاق ھاۋاغا، شورغا بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ، دېنى ئاسان تۆكۈلۈپ كېتىدۇ، قىشلاش ئىقتىدارى ناچار،

ئامما بۇ سورتنى تېرىشنى خالىمايدۇ. بۇ، 50 - يىللارنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە كېڭەيتىلگەن بۇغداي سورتى بولۇپ، 1956 - يىلى 21 مىڭ 500 مو يەرگە تېرىلغان. 60 - يىللاردا شاللىنىۋېتىلدى.

2. «**باقبۇق**» باشقى بادروق، قىلتىرىقى ئۇزۇن، دېنى ئاسان تۆكۈلۈپ كەتمەيدۇ، ئۇنۇمسىز تۇپراقتا بەرداشلىق بېرەلەيدۇ، ئال چۈشۈش كېسەللىكىگە ئاسان يولۇقىدۇ، ئارا پىشار ۋە كېيىن پىشىدىغان سورت، **مەھسۇلاتى** بىرقەدەر يۇقىرى، لېكىن سۈپىتى ناچار، پۈتۈن ئۆسۈپ يېتىلىش مەزگىلى 265 كۈن، غولى ئىنچىكە ھەم ئېگىز بولغاچقا، ئاسان يېتىۋېلىپ، **مەھسۇلاتنىڭ** ئېشىشىغا تەسىر يەتكۈزىدۇ. ئۇ، ناھىيىنىڭ 60 -، 70 - يىللاردىكى ئاساسلىق سورتى.

3. «**قەشقەر — 1**» بۇ، ئاراپىشار ۋە كېيىن پىشىدىغان سورت، باشقى چوڭ، دېنى قىزىل، قىلتىرىقى ئاق، باشقى يىڭ شەكىللىك، 1000 تال دان ئېغىرلىقى يۇقىرى، ئارتۇقچە سۇ، ئوغۇتقا چىداملىق، ئەڭ يۇقىرى مو بېشى مەھسۇلاتى 500 كىلوگرامدىن ئاشىدۇ، سۈپىتى ناچارراق، يېتىشىپ كېتىشكە، كېسەللىك، ھاشاراتلارغا تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارى كۈچلۈك، ئۆسۈپ يېتىلىش مەزگىلى 261 كۈن.

4. «**تاغشەن 6898**» **بۇ**، بالدۇر پىشىدىغان سورت بولۇپ، ئېگىز ئورنى تېرىلغۇسىغا يەرنى بورۇن بوشىتىپ بېرىدۇ، يېتىۋالمايدۇ، ئەڭ يۇقىرى مو بېشى مەھسۇلاتىنى 400 كىلوگرامدىن ئاشۇرغىلى بولىدۇ، باشقى بادروق، قىلتىرىقى يوق، دېنى ئاق، ئاسانراق تۆكۈلۈپ كېتىدۇ، پىشقاندىن كېيىن بورانغا دۇچ كەلسىلا دېنى بەك تۆكۈلۈپ كېتىدۇ، سۈپىتى بىرقەدەر ياخشى، ئۆسۈپ يېتىلىش مەزگىلى 248 كۈن.

يازغى بۇغداينىڭ تېرىلغۇ كۆلىمى كۆپ ئەمەس، ئۇنى دېھقانلار قالدۇرۇق يەرلىرىگە كۆپرەك تېرىيدۇ، ئاساسلىق يەرلىك سورتلاردىن ئاق يازغى، قارا يازغى. قىزىل يازغى، سېرىق يازغىلار تېرىلىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، يوپۇغا ناھىيىسىدىن كەلتۈرۈلگەن «بادام»، يەكەن ناھىيىسىدىن كەلتۈرۈلگەن يازغى بۇغداي، دېھقانلار گەنسۇدىن ئېلىپ كەلگەن قىزىل غوللۇق، قىزىل باشاقلىق يازغى بۇغدايلارمۇ بار.

## 2 . كۆممىقوناق

كۆممىقوناق ناھىيىنىڭ يەنە بىر ئاساسلىق ئاشلىق زىرائىتى بولۇپ، 50 - يىللاردىن ئىلگىرى تېرىلغۇ كۆلىمى بۇغدايدىن قالسا 2 - ئورۇندا تۇراتتى. 50 - يىللارنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە، كۆممىقوناق ناھىيە تەۋەسىدىكى ئاشلىق زىرائىتى كۆلىمى جەھەتتە 1 - ئورۇنغا ئۆتتى. تېرىلىدىغان سورتلار 1956 - يىلدىن ئىلگىرى مۇشۇ يەردىكى ئاساسلىق يەرلىك سورتلار بولۇپ، «بەش ئايلىق سېرىق جاغدا كۆممىقوناق»، «يەرلىك ئاق كۆممىقوناق»، «يەكەن ئات چىشلىق ئاق كۆممىقونىقى»، «يەرلىك تۆت ئايلىق سېرىق چىلگە كۆممىــــقوناق»، «ئاق كۆممىقوناق»، «نارىنجى»، «مىشا چىلگىسى»، «پەيزاۋاتنىڭ پورجاغدىســـى» ۋە «ئالتۇن خانىش» قاتارلىق سورتلار بار ئىدى. 1965 - يىلدىن كېيىن، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، «گوما ئاق كۆممىقونىقى»، «چاۋشيەن ئات چىشلىق ئاق كۆممىقونىقى»، «دۇڭخلىڭ ئات چىشلىق ئاق كۆممىقونىقى»، «ئالتۇن مۇنار»، كۆممىقوناقنىڭ يەككە شالغۇت سورتــــى «تەيخاڭ ئاق كۆممىقونىقى»، «ۋۇدەنزاۋ» يەككە شالغۇت سورت سېرىق، ئاق كۆممىقوناق قاتارلىق سورتلار كېڭەيتىلدى.

1. «**بەش ئايلىق سېرىق جاغدا كۆممىقوناق**» بۇ، جاغدا كۆممىقوناق سورتى بولۇپ، تۆپى

يوغان، ئېگىز، باشقى ئۇزۇنراق، قاتتىق دانلىق سورت، سۈپىتى ياخشى، ماسلىشىشچانلىقى كۈچلۈك، مەھسۇلاتى ئوتتۇراھال، ئۆسۈپ يېتىلىش مەزگىلى160 كۈندىن 180كۈنگىچە. 1965- يىلدىن ئىلگىرى، بۇ سورت كۆممىقوناق تېرىلغۇ كۆلىمىنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكىنى ئىگىلىگەنىدى.

2. «ئات چىشلىق ئاق كۆممىقوناق» بۇ سورت، ئاساسەن، يەكەن، مەكىتتىن كەلتۈرۈلگەن، 3 - ئاينىڭ ئاخىرىدىن 4 - ئاينىڭ 10 - كۈنىگىچە تېرىلىدۇ، 9 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا پىشىدۇ، مەھسۇلاتى يۇقىرى، سۇ، ئوغۇتنى كۆپ تەلەپ قىلىدۇ. تۈپى ئېگىز، غولى يوغان، باشاقنىڭ ئورنى ئېگىزرەك، شال رايونىدا ياخشىراق ئۆسىدۇ.

3. «تەيخاڭ ئاق كۆممىقونىقى» بۇ، يەككە شالغۇت سورت بولۇپ، مو بېشى مەھسۇلاتىنى 500 كىلوگرامدىن ئاشۇرغىلى بولىدۇ. ئارتۇقچە سۇ، ئوغۇتقا چىدامىلىق، تۈپى ئوتتۇراھال، باشاق ئورنى ئېگىزرەك، غولى يوغان، سۈپىتى ياخشى، ماسلىشىشچانلىقى كۈچلۈك، قارا كۈيە كېسەللىكىگە ئاسان يولۇقىدۇ، ئۆسۈپ يېتىلىش مەزگىلى 120 كۈندىن ئاشىدۇ.

4. «ۋۇدەنزاۋ» بۇ، يەككە شالغۇت سورت بولۇپ، مەھسۇلاتى يۇقىرى، بالدۇر پىشىدۇ، سۇ. ئوغۇتقا چىدامىلىق، ئېگىز ئورنىغا تېرىشقا ۋە يازلىق تېرىمغا ماس كېلىدىغان كۆممىقوناقنىڭ شالغۇتلاشتۇرۇلغان ئەلا سورتى، ئۆسۈپ يېتىلىش مەزگىلى 110 كۈندىن 120 كۈنگىچە. دېنى سېرىق، سۈپىتى ئادەتتىكىچە.

5. «دۈڭلىڭ ئات چىشلىق ئاق كۆممىقونىقى» بۇ، دېنى ئات چىشىسىمان ئاق كۆممىقوناق سورتى بولۇپ، غولى يوغان، ئېگىز، باشقى بوغان، ئۇزۇن، دېنىنىڭ رەت سانى «ئالتۇن خانىش» سورتىدىن ئاز، دېنى يوغان، ئۆسۈپ يېتىلىش مەزگىلى تەخمىنەن 120 كۈندىن 140 كۈنگىچە، ئارا پىشار ۋە كېيىن پىشىدىغان سورت بولۇپ، نەملىككە بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ.

6. «ئالتۇن مۇنار» بۇ، چىلگە قوناق سورتى بولۇپ، ئۆسۈپ يېتىلىش مەزگىلى 90 كۈن، ئېگىز ئورنىغا تېرىلىدىغان كۆممىقوناقنىڭ ئاساسلىق سورتى، تۈپى ئوتتۇراھال، سەل پاكارراق، سۈپىتى سەل ناچار.

## 3 . شال

شالنىڭ تېرىلىش تارىخى ئۇزۇن. 1956 - يىلدىكى تېرىلغۇ كۆلىمى ئاق بەرگە ۋە ئېگىز ئورنىغا تېرىلىدىغان ئاشلىق زىرائىتى كۆلىمىنىڭ 20 . 17پىرسەنتىنى ئىگىلىگەنىدى. 1979- يىلى ئاق يەرگە ۋە ئېگىز ئورنىغا تېرىلغان كۆلىمى 69 مىڭ 300 موغا يەتتى. 1984- يىلى 35 مىڭ 800 مو يەرگە تېرىلدى. ئاساسلىق سورتلاردىن «شىتەي» (چېتىق) ، «ئاق پۆيۈك» ، «قىزىل قىلتىرىق» ، «قاراقىلتىرىق» تىن ئىبارەت تۆت سورت بار ئىدى. 1980- يىلدىن كېيىن، «نەنجىاڭ سىستېمىسىدىكى3-62» ، «پاكار، مول ھوسۇل — 2» ، «جۇڭگېڭ—129» دىن ئىبارەت ئۈچ يېڭى سورت كەلتۈرۈلدى، لېكىن كۆلىمى ئانچە زور ئەمەس.

ئاساسلىق سورتلار:

1. «شىتەي» بۇ سورتنىڭ ناھىيىدە تېرىلغىنىغا تەخمىنەن 108 يىلدىن 128 يىلغىچە بولدى، ئۇ، ئارا پىشار سورت بولۇپ، ئۆسۈپ يېتىلىش مەزگىلى 120 كۈن، بالدۇر تېرىشقا لايىق، مول ھوسۇللۇق، ئادەتتىكى مول ھوسۇللۇق ئېتىزلارنىڭ مەھسۇلاتىنى 300 كىلوگرامدىن ئاشۇرغىلى بولىدۇ، تۈپى ئېگىز، باشقى يوغان، چاتاقلاش ئىقتىدارى كۈچلۈك، يېتىۋالىدۇ، ئوغۇتقا، شورغا چىدامىلىق، گۈرۈچ نىسبىتى يۇقىرى، گۈرۈچى ئاق، دېنى يوغان، سۈپىتى

1 - دەرىجىلىك بولۇپ، قەشقەر ۋىلايىتى بويىچە ئەلا سورتلارنىڭ بىرى، ناھىيىدىكى ئاق يەرگە تېرىلىدىغان شالنىڭ ئاساسلىق سورتى ھېسابلىنىدۇ.

2. **«ئاق پۆپۈك»** بۇ سورتنىڭ ناھىيە تەۋەسىدە ئۆستۈرۈلگىنىگە 200 يىلدىن ئاشتى. بۇ، مول ھوسۇللۇق چىلگە شال بولۇپ، ئۆسۈپ يېتىلىش مەزگىلى 100 كۈن ئەتراپىدا، ئۇنۇمسىز تۇپراقتا، شورغا چىداملىق، دېنى ئاسان تۆكۈلۈپ كېتىدۇ، ئاسان يېتىۋالىدۇ، شال ۋاباسى كېسەللىكىگە ئاسان يولۇقىدۇ، دېنى ئۇششاق، ئاق كېلىدۇ.

3. **«قىزىل قىلتىرىق»** بۇ سورتنىڭ ئۆسۈش مەزگىلى قىسقا بولۇپ، تەخمىنەن 90 كۈندە پىشىدۇ. باشقى ئۇششاق، گۈرۈچى قىزىل، 7 - ئاينىڭ 10 - كۈنىدىن بۇرۇن تېرىلىپ بولسا بولىدۇ، بۇ، ناھىيە تەۋەسىدە ئېڭىز ئورنىغا تېرىلىدىغان ئاساسلىق شال سورتى ھېسابلىنىدۇ.

## 4. ئېڭىز ئورنىغا تېرىلىدىغان زىرائەت سورتلىرى

ئېڭىز ئورنىغا تېرىلىدىغان زىرائەتلەر ئىچىدە كۆممىقوناق ئاساس قىلىنىدۇ. شال 2 - ئورۇندا تۇرىدۇ، ماش، ئارپا، سېرىق پۇرچاق، تېرىق قاتارلىقلارمۇ تېرىلىدۇ.

1. **شال** «قىزىل قىلتىرىق» شال ئاساسلىق سورت ھېسابلىنىدۇ، «ئاق پۆپۈك» شال 2- ئورۇندا تۇرىدۇ، 7 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن بۇرۇن تېرىلىدۇ. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان بالدۇر پىشىدىغان بۇغداي — «تاڭشەن 6898» كەڭ كۆلەمدە تېرىلغاچقا، تېرىلغۇ مەزگىلى بۇرۇنقىدىن يېرىم ئايدىن كۆپرەك ئىلگىرى سۈرۈلدى، ئادەتتە 7 - ئاينىڭ باشلىرىدا تېرىپ بولغىلى بولىدۇ.

2. **كۆممىقوناق** ئۈچ ئايلىق چىلگە قوناق ئاساسلىق سورت ھېسابلىنىدۇ، «ئالتۇن مۈنار»، «ۋۋدەنزاۋ» سورتلىرىمۇ بار.

3. **ماش** ئادەتتە كۆممىقوناق بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ تېرىلىدۇ. يېشىل دانلىق ماش ئاساسلىق سورت ھېسابلىنىدۇ، قارا دانلىق ۋە سېرىق دانلىق ماش 2 - ئورۇندا تۇرىدۇ، قارا دانلىق ماش سېرىق دانلىق ماشتىن كېيىن پىشىدۇ، مەھسۇلاتى تۆۋەن، لېكىن كۆپى ئارىلاش بولغاچقا، مەھسۇلاتى يۇقىرى ئەمەس، ئېڭىز ئورنىغا تېرىلىدىغان ماش ھەمىشە باسۇرۇلۇپ كۆزگى بۇغدايغا يېشىل ئوغۇت قىلىنىدۇ.

## 5. ئىقتىسادىي زىرائەتلەر

(1) كېۋەز

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى، يەرلىك كېۋەز سورتى تېرىلغاچقا، مەھسۇلاتى يۇقىرى ئەمەس ئىدى. 1953 - يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىدىن «C 3178» كېۋەز ئۇرۇقلۇقى كەلتۈرۈلۈپ، يەرلىك سورتنىڭ ئورنىغا دەسسىتىلدى. 1956 - يىلدىن كېيىن «108Φ» (فەرغانە 108 - نومۇرلۇق كېۋەز سورتى) كەلتۈرۈلدى. 1962 - يىلى يەنە «C 1470» كېۋەز سورتى كېڭەيتىلدى. بۇ سورتنىڭ سۈپىتى ۋە مەھسۇلاتى «108 Φ» غا يەتمىگەنلىكتىن، بارا - بارا شاللىۋېتىلدى.

(2) زىغىر

زىغىر ناھىيىدىكى ياغلىق دان زىرائىتىنىڭ ئاساسلىق سورتى بولۇپ، مو بېشى مەھسۇلاتى تەخمىنەن 50 كىلوگرامغا يېتىدۇ. ئاساسلىق سورتى «قىزىل پوستلۇق زىغىر»، «چوڭ دانلىق زىغىر»، «قارا زىغىر» دىن ئىبارەت. يەنە ئاز مىقداردا چىلگە زىغىر بولۇپ، ئۇ، «ئابلىكىم زىغىرى» دەپ ئاتىلىدۇ، بۇ، ئاق زىغىردىن ئىبارەت. 1983 - يىلى ناھىيە بويىچە زىغىر تېرىلغۇ كۆلىمى 18 مىڭ 900 موغا، ئېلىنغان ئومۇمىي زىغىر 973 مىڭ كىلوگرامغا يەتتى.

### 6 . يېشىل ئوغۇت زىرائىتى

پوسكام ناھىيىسىدە يېشىل ئوغۇت زىرائىتى 1978 - يىلدىن باشلاپ تەرەققىي قىلدۇرۇلدى. شۇ يىلى يېشىل ئوغۇت تېرىلغان يەر كۆلىمى 30 مىڭ موغا يەتكەنىدى. 1980 - يىلى 42 مىڭ موغا يەتتى. 1984 - يىلى 55 مىڭ موغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە قاشقا بېدە 24 مىڭ موغا، ئېگىز ئورنىغا تېرىلغان يېشىل ئوغۇت 31 مىڭ مو. بۇ، تۇپراقنىڭ قۇۋۋىتىنى ئاشۇرۇشتا كۆرۈنەرلىك رول ئوينىدى.

ئاساسلىق سورتلىرى:

1 . قاشقا بېدە

بۇ. پۇرچاق ئائىلىسىدىكى ئۆسۈملۈك بولۇپ، يىلتىزىدا تۈگۈنەك باكتېرىيە پەيدا قىلىپ، ئاتموسفېرادىكى ئازوتنى مۇقىملاشتۇرىدۇ. غولى، يوپۇرمىقى تەركىبىدىكى ئازوتنىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسمى ئاتموسفېرادىن، ئۈچتىن بىر قىسمى تۇپراقتىن كېلىدۇ. قاشقا بېدىنى تەھلىل قىلىشتىن قارىغاندا، ئۇنىڭ ھۆل غولى ۋە يوپۇرمىقى تەركىبىدە ئازوت %0.6، فوسفور %0.11، كالىي %0.42 ئىكەن. قۇر ئارىلىرىغا تېرىلغان قاشقا بېدىدىن ئادەتتە بىر مو يەردىن 1000 كىلوگرامدىن 1500 كىلوگرامغىچە ھۆل ئوت - چۆپ ئالغىلى بولىدۇ. ئۇنىڭ تەركىبىدە توققۇز كىلوگرام ئەتراپىدا ئازوت بولۇپ، 19.5 كىلوگرام ئۇرېيە، 2500 كىلوگرام سوپەتلىك قىغ بىلەن باراۋەر كېلىدۇ. ئۇ، ياخشى يېشىل ئوغۇت زىرائىتى ھېسابلىنىدۇ. 1984 - يىلى ناھىيە بويىچە قۇر ئارىلىرىغا تېرىلغان قاشقا بېدە كۆلىمى 24 مىڭ موغا يەتتى.

2 . يۇلغۇن كەندىرى

«قۇياش كەندىرى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇ، پۇرچاق ئائىلىسىگە كىرىدۇ. بىر يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك، ئۇنىڭ غولى تۈز بولۇپ، 1.67 مېتىردىن 2.2 مېتىرغىچە ئۆسىدۇ. تەھلىلگە قارىغاندا، يازدا تېرىلغان يۇلغۇن كەندىرىنىڭ تەركىبىدە، ئازوت %2.17، فوسفور %0.52، كالىي %1.80 بولىدىكەن. بۇ، سۈپەتلىك يېشىل ئوغۇت ھېسابلىنىدۇ. 1988 - يىلى ناھىيە بويىچە يۇلغۇن كەندىرى تېرىلغۇ كۆلىمى 5000 موغا يەتتى.

3 . ماش

بۇ. پۇرچاق ئائىلىسىگە كىرىدۇ، يىلتىز قىسمىدا تۈگۈنەك بار، ئۇ، ھاۋادىكى ۋە تۇپراقتىكى ئەركىن ئازوتنى مۇقىملاشتۇرۇپ، ئۇنى تۇپراق قوبۇل قىلالايدىغان ھالەتكە كەلتۈرىدۇ. ئۇ، ئازوتتىن ئۆزى پايدىلىنىپلا قالماستىن، بەلكى تۇپراقنىڭ قۇۋۋىتىنى ئاشۇرىدۇ، مۆلچەرلىنىشچە، 15 مو يەردىكى ماش 50 كىلوگرام ئازوتنى مۇقىملاشتۇرالايدۇ. بۇ، ياخشى يېشىل ئوغۇت ھېسابلىنىدۇ.

4 . بېدە

بۇ. قەدىمكى زىرائەت، ناھىيىدە، ئاساسەن بىنەپشە چېچەكلەيدىغان بېدە تېرىلىدۇ. بېدە چارۋىلارنىڭ ياخشى يەم - بوغۇزى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يەرنىڭ قۇۋۋىتىنى ئاشۇرىدىغان ئەڭ ياخشى زىرائەت. 1980 - يىلى ناھىيەبويىچە 1600 مو يەرگە بېدە تېرىلغانىدى. 1984- يىلى 7000 موغا يەتتى.

## § 5 . دېھقانچىلىق تېخنىكىسى

### 1 . تېرىقچىلىق تۈزۈمى

يىلدا بىر قېتىم ھوسۇل ئېلىش ناھىيىنىڭ ئەنئەنىۋى تېرىقچىلىق تۈزۈمىدىن ئىبارەت.

نۆۋەتلەشتۈرۈپ تېرىش تۈزۈمىمۇ بار. ئادەتتە ئەسلى يەر بۇغداي — كۆممىقوناق — كېۋەز — شال ـ زىغىردىن ئىبارەت تەرتىپ بويىچە نۆۋەتلەشتۈرۈپ تېرىلاتتى. 50 - يىللاردىن كېيىن ئېگىز ئورنى تېرىلغۇ كۆلىمىنىڭ يىلدىن - يىلغا كېڭەيتىلىشى بىلەن، بىر يىلدا ئىككى قېتىم ھوسۇل ئېلىش ياكى ئىككى يىلدا ئۈچ قېتىم ھوسۇل ئېلىش تۈزۈمى ئورنىتىلدى. 1956 - يىلدىكى مەلۇماتقا قارىغاندا، ناھىيە بويىچە ئىككى يىلدا ئۈچ قېتىم ھوسۇل ئېلىنىدىغان يەر تەخمىنەن 55 مىڭ مو بولۇپ، ناھىيىنىڭ ئومۇمىي تېرىلغۇ يەر كۆلىمىنىڭ 12.7 پىرسەنتىنى ئىگىلىگەن. 60 -، 70 - يىللاردا نوقۇل ھالدا، ئاشلىقنى كۆپ ئېلىش قوغلىشىلىپ، ئېگىز ئورنى تېرىلغۇ كۆرسەتكۈچى كۆپەيتىلىپ، پۈتۈن ناھىيىنىڭ ئېگىز ئورنى تېرىلغۇ كۆلىمى بۇغداي تېرىلغۇ كۆلىمىنىڭ 63.3 پىرسەنتىگە يەتكۈزۈلدى. 1979 - يىلدىن كېيىن ئېگىز ئورنى تېرىلغۇ كۆلىمى ئومۇمىي يەر كۆلىمىنىڭ ئوتتىن بىر قىسمىغا چۈشۈپ قالدى.

## 2. تېرىش - ئۆستۈرۈش تېخنىكىسى

ئەنئەنىۋى دېھقانچىلىق قورال - سايمانلىرى قالاق بولۇپ، ئۇرۇقنى ئۇزە سېلىش، چېچىپ تېرىش ئەۋج ئالغان، تېخنىكىلىق باشقۇرۇش تەدبىرلىرىمۇ يوق ئىدى.

50 - يىللاردىن كېيىن، تۈرلۈك ئىلغار تېرىش - ئۆستۈرۈش تېخنىكىلىرى يىلمۇ يىل ئومۇملاشتى.

1) كېۋەز

ئاساسەن ئۇرۇقنى ئىلمان سۇغا چىلاش، ئۇرۇققا دورا ئارىلاشتۇرۇش، ئۈچىنى ئۈزۈش، يان شاخلىرىنى پۇتاش، پەيتى تاللاپ تېرىش قاتارلىق تېخنىكا تەدبىرلىرى ئومۇملاشتۇرۇلدى. 1960 - يىلى مەكىت ناھىيىسىدىن 100 نەچچە كېۋەز تېرىش ماھىرى ناھىيىگە كېلىپ تېخنىكا دەرسى ئۆتۈشكە تەكلىپ قىلىندى، شۇنىڭ بىلەن پوسكام دېھقانلىرىنىڭ كېۋەز تېرىش تېخنىكىسى ئۆستى. 60 - يىللاردا مۇۋاپىق قويۇق تېرىش، ئىلمىي ئۇسۇلدا ئوغۇتلاش تېخنىكىسى كېڭەيتىلدى. ئوغۇت مەركەزلەشتۈرۈلۈپ، ھۇجۇم نىشانى غۇنچىنى، غورىنى كۆپەيتىشكە قويۇلدى، نوجۇپىلەپ پەرۋىش قىلىشقا بىرلەشتۈرۈلۈپ، مۇۋاپىق سۇغىرىش، ۋاقتىدا ئۈچىنى ئۈزۈش، ئاخىرقى مەزگىلدە سۈيىنى توختىتىش قاتارلىق تېخنىكا تەدبىرلىرى ئومۇملاشتۇرۇلدى، نەتىجىدە پاختا مەھسۇلاتى زور دەرىجىدە ئاشتى.

1982 - يىلى سۇلياۋ يوپۇق يېپىپ كېۋەز تېرىش تەجرىبىسى باشلاندى. 1983 - يىلى سۇلياۋ يوپۇق يېپىپ كېۋەز تېرىلغان كۆلەم 5000 موغا كېڭەيتىلدى. 1984 - يىلى 32 مىڭ موغا يەتكۈزۈلدى. سۇلياۋ يوپۇق يېپىپ كېۋەز تېرىغاندا يەرنىڭ نەملىكى ساقلىنىدۇ، كېۋەز قۇرغاقچىلىققا تاقابىل تۇرالايدۇ، بالدۇر ئېچىلىدۇ، مەھسۇلاتى يۇقىرى بولىدۇ. 1982 - يىلى ناھىيە بويىچە 4000 مو يەرگە سۇلياۋ يوپۇق يېپىلىپ سىناق تەرىقىسىدە كېۋەز تېرىلدى، پاختىنىڭ ئوتتۇرىچە مو بېشى مەھسۇلاتى 110 كىلوگرامغا يەتتى.

2) بۇغداي

ئاساسەن قۇرلاپ تېرىش، ئۇرۇققا دورا ئارىلاشتۇرۇش، ئۇرۇقنى ئوغۇت بىلەن بىللە سېلىش، مۇقىم ۋە يۇقىرى ھوسۇللۇق ئېتىز بەرپا قىلىش، «ئەۋج ئۈچلۈك تۈزۈم»نى يولغا قويۇش قاتارلىق تېرىقچىلىق تۈزۈلمىسىنى ئىسلاھ قىلىش تەدبىرلىرى ئومۇملاشتۇرۇلدى.

**(1) مۇقىم ۋە يۇقىرى ھوسۇللۇق ئېتىز بەرپا قىلىش** 1977 - يىلى ناھىيىلىك پارتكوم بۇ شوئارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئۈچتىن بىر قىسىم يەردىن ئۈچتىن ئىككى قىسىم ھوسۇل ئېلىشنى

تەلەپ قىلىپ، ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشتى. 1984 - يىلى مۇقىم ۋە يۇقىرى ھوسۇللۇق بۇغداي ئېتىزى 1981 - يىلدىكى 41 مىڭ مودىن 55 مىڭ موغا كۆپەيدى، ئوتتۇرىچە بىرلىك مەھسۇلات 1981 - يىلدىكى 155 كىلوگرامدىن 341.5 كىلوگرامغا، ئېلىنغان ئومۇمىي بۇغداي 18 مىليون 880 مىڭ كىلوگرامغا يەتتى، 36.7% يەردىن ئېلىنغان بۇغداي ئومۇمىي بۇغداينىڭ 48 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى.

(2) **«ئۈچ ئۆچلۈك تۈزۈم»** 1979 - يىلى ناھىيىلىك پارتكوم «تېرىقچىلىق تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىش، ئېگىز ئورنى تېرىلغۇسىنى قىسقارتىپ، يېشىل ئوغۇت تېرىش كۆلىمىنى كېڭەيتىش، (ئۈچ ئۈچلۈك تۈزۈم) نى تەدرىجىي يولغا قويۇش. يەرنىڭ قۇۋۋىتىنى تېز ئەسلىگە كەلتۈرۈش» فاڭجېنىنى ئوتتۇرىغا قويدى. «ئۈچ ئۈچلۈك تۈزۈم» دېگىنىمىز بۇغداي كۆلىمىنىڭ ئۈچتىن بىرىگە ئېگىز ئورنى زىرائىتى تېرىش، ئۈچتىن بىرىگە يېشىل ئوغۇت تېرىش، ئۈچتىن بىرىنى شودىگەرلەش، لاي ئېقىتىپ تۈزلەش دېگەندىن ئىبارەت. بىر قانچە يىل تىرىشىش ئارقىلىق، 1984 - يىلى ناھىيە بويىچە ئېگىز ئورنى تېرىلغۇ كۆلىمى بۇغداي كۆلىمىنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمىغا قىسقارتىلدى، يېشىل ئوغۇت كۆلىمى يىلمۇ يىل كۆپەيتىلدى، نەتىجىدە يەرنىڭ قۇۋۋىتى تەدرىجىي ئەسلىگە كەلدى.

3) كۆممىقوناق

ئاساسەن كۇادرات شەكلىدە ئورەك ئېچىپ تېرىش، قۇرلاپ تېرىش، مۇۋاپىق قويۇق تېرىش، ئۇرۇقنى تۇجۇپىلەپ تاللاش، كولتىۋاتسىيە قىلىش، ئوتاش، خىمىيىۋى ئوغۇتنى چوڭقۇر سېلىش قاتارلىق دېھقانچىلىق تېخنىكا تەدبىرلىرى ئومۇملاشتۇرۇلدى.

1958 - يىلدىن باشلاپ كۇادرات شەكلىدە كاتەك ئېچىپ تېرىش، ئوغۇتنى ئۇرۇق بىلەن بىللە سېلىش يولغا قويۇلدى. مەركەزلەشتۈرۈش بىلەن تارقاقلاشتۇرۇش بىرلەشتۈرۈلگەن نۇ خىل ئوغۇتلاش ئۇسۇلىنىڭ يولغا قويۇلۇشى، ئەينى چاغدىكى ئوغۇت يېتىشمىگەن ئەھۋالدا، كۆممىقوناق مەھسۇلاتىنى ئاشۇردى. 1959 - يىلى كۆممىقوناقنىڭ بىرلىك مەھسۇلاتى 100.55 كىلوگرامغا يېتىپ، 1958 - يىلدىكىدىن 30.1 كىلوگرام ئاشتى.

**مۇۋاپىق قويۇق تېرىش** دېھقانلار كۆممىقوناقنى يۇپقا تېرىپ بىر مو يەردە ئاران [illegible]00 تۈپ مايسا قالدۇراتتى، بەزىلىرى بونسا كۆپرەك شاخ يىغىۋېلىش ئۈچۈن، بىر مو يەردىكى مايسىنى 4000 تۈپتىنمۇ ئاشۇرۇۋېتەتتى. مۇۋاپىق قويۇق تېرىش يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، بىر مو يەردە 2500 تۈپ مايسا قالدۇرىدىغان بولدى.

**قۇرلاپ تېرىش** 1960 - يىلدىن كېيىن كۆممىقوناقنى قۇرلاپ تېرىش تەشەببۇس قىلىنىپ، كۆممىقوناق ئېتىزلىرىنى پەرۋىش قىلىش سەۋىيىسى ئۆستۈرۈلدى.

**ئۇرۇقنى تۇجۇپىلەپ تاللاش** ئۇرۇق تاللاش خىزمىتى 50 - يىللاردا ئومۇملاشتۇرۇلغانىدى، كۆممىقوناق يىغىۋېلىنغاندىن كېيىن خاماندا شۇ سورتنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئىگە بولغان، بىردەك پىشقان، دان قۇرلىرى تەكشى، دېنى تولۇق كۆممىقوناق باشاقلىرى تاللىۋېلىنىدۇ، تېرىشتىن بۇرۇن دېنى قول بىلەن ئۈۋۈلاپ ئېلىنىدۇ، باشاقنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى دېنى ئۇرۇقلۇق قىلىنىدۇ.

4) شال

ناھىيە تەۋەسىدە شال قەدىمدىن تارتىپ چېچىپ تېرىلىپ كەلگەنىدى. 1960 - يىلى شال كۆچۈرۈش ئومۇملاشتۇرۇلدى، لېكىن يەر كۆپ، ئادەم ئاز بولغانلىقتىن شال كۆچۈرۈش

داۋاملاشتۇرۇلمىدى. ئاساسەن، يەرنى تۈزلەش، شورنى ئېقىتىش، ئۇرۇقنى تۇجۇپىلەپ تاللاش، سۇغا چىلاپ بىخلاندۇرۇش، مۇۋاپىق ئوغۇتلاش، كۆمەكنى سۇغا باسۇرۇپ يوقىتىش، كولتىۋاتسىيە قىلىپ، ئوتىنى ئوتاش قاتارلىق تېخنىكىلار كېڭەيتىلدى.

**ئۇرۇقنى تۇجۇپىلەپ تاللاش** ناھىيە بويىچە ئۇرۇقنى لاي سۇ ۋە تۇز سۈيىدە تاللاش، پۇچەك دان ۋە ھەر خىل ئوت - چۆپ ئۇرۇقلىرىنى شاللاپ چىقىرىۋېتىش، تولغان داننى ئايرىۋېلىپ ئۇرۇقلۇق قىلىش ئۇسۇلى قوللىنىلدى.

**ئۇرۇقنى چىلاپ بىخلاندۇرۇش** ئۇرۇقنى بۇرۇنراق ئۈنۈپ چىقىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش ئۈچۈن، ئۇرۇق ئۈچ كۈندىن بەش كۈنگىچە سۇغا چىلاپ قويۇلۇپ، ئۇنىڭ سۈنى تولۇق قوبۇل قىلىشىغا ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىلىدۇ، ئادەتتە ئۇرۇق بىخلىنىپ ئۈچى ئاقارغاندا تېرىلىدۇ، مۇشۇنداق بىر نەرىپ قىلىنغان ئۇرۇق تېرىلغاندىن كېيىن تېز يىلتىز تارتىدۇ. ئېتىزغا سۇ كىرگەندە سۇ ئۇرۇقنى بىر يەرگە يىغىۋېتەلمەيدۇ.

**كولتىۋاتسىيە قىلىپ ئوتىنى ئوتاش** شال ئېتىزلىرىدا ئوت - چۆپلەر ئاسان ئۈنۈپ قالىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئېتىزدا ئۇزۇن مۇددەت سۇ تۇرغاچقا، تۇپراق قېتىۋالىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن مۇۋاپىق پەيتتە كولتىۋاتسىيە قىلىپ ئوتىنى ئوتاشقا توغرا كېلىدۇ. شال يىلتىزىنىڭ ياخشى يېتىلىشى، شال مايسىلىرىنىڭ باراخسان ئۆسۈشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن، ناھىيە بويىچە 50 - يىللارنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە شال ئېتىزلىرىنى ئوتاش ئومۇملاشتۇرۇلدى، ئوت، ئادەتتە 8 - ئايدا ئوتىلىدۇ، ئوتاشتا پۇتىدا دەسسەپ تۇرۇپ ئوتنى قول بىلەن يۇلۇش ئۇسۇلى قوللىنىلغانىدى. 1984 - يىلدىن باشلاپ خىمىيىلىك ئۇسۇلدا ئوت - چۆپ يوقىتىش دورىسى ئىشلىتىلدى.

## 3 . ئۆسۈملۈك ئاسراش

مىنگو دەۋرىدە، دېھقانلار زىرائەتلەردىكى كېسەللىك ۋە ھاشارات زىيانداشلىقىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەشتە يەرلىك ئۇسۇل قوللىناتتى، شېڭ شىسەي ھاكىمىيەت بېشىدا تۇرغان چاغلاردا كېسەللىك ۋە ھاشارات زىيانداشلىقىنىڭ ئاران بىر - ئىككى قېتىم ئالدى ئېلىنغان ۋە ئۇ تىزگىنلەنگەن. 1943 - يىلى (مىنگونىڭ 32 - يىلى) ناھىيە تەۋەسىدىكى بۇغدايلاردا ئېغىر دەرىجىدە ئال كېسەللىكى پەيدا بولغان، ناھىيىلىك ھۆكۈمەت يەكەن ۋىلايىتىگە مەكتۇپ يوللاپ، ئاپەت ئەھۋالىنى مەلۇم قىلغان. يەكەن ۋىلايىتى تەكشۈرۈپ قۇتقۇزۇۋېلىشقا دەرھال ئادەم ئەۋەتكەن. بىر ھەپتىدىن كېيىن 360 مو يەردىكى ئال كېسەللىكى تىزگىنلەنگەن، 500 مودىن ئارتۇق يەردىكى يەر يولۋىسى يوقىتىلغان.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، پارتىيە ۋە خەلق ھۆكۈمىتى كېسەللىك ۋە ھاشارات زىيانداشلىقىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەش خىزمىتىگە ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىپ، زور مىقداردا دېھقانچىلىق دورىسى، دورا چېچىش ماشىنىسى تولۇقلاپ، ئاساسلىق دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىدىكى كېسەللىك ۋە ھاشارات زىيانداشلىقىنى تىزگىنلىدى. 1984 - يىلى ناھىيىدە ئۆسۈملۈك ئاسراش شىركىتى قۇرۇلدى ھەمدە كۆزىتىش، ئاسراش، كارانتىن قىلىش، ئالدىنى ئېلىش ۋە تىزگىنلەش ئاپپاراتلىرى تەسىس قىلىندى، يەتتە نەپەر ئۆسۈملۈك ئاسراش خادىمى سەپلەندى، يېزا - مەيدانلاردىمۇ ئۆسۈملۈك ئاسراش كەسپى ئەترەتلىرى قۇرۇلدى. 1984 - يىلى 180 دانە تۇمانلاتقۇچ - چاڭداتقۇچ، 360 دانە ھەرخىل ئۈپۈرسكىۋاتىل (دورا پۈركۈگۈچ) بار بولدى. شۇ يىلى 14.5 توننا دېھقانچىلىق دورىسى ئىشلىتىلىپ، 294 مىڭ 948 مو

(قېتىم) بەردىكى كېسەللىك ۋە ھاشارات زىيانداشلىقىنىڭ ئالدى ئېلىندى.

## (1) كېۋەزدە بولىدىغان ئاساسلىق كېسەللىك، ھاشارات زىيانداشلىقى، ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەش ئۇسۇلى

قىزىل ئۆمۈچۈك، قىزىل كېۋەز پىتى، غوزا قۇرتى، يەر يولۋىسى، كېۋەز كۆك پىتى قاتارلىقلار ناھىيە تەۋەسىدە پاختا ئىشلەپچىقىرىشتىكى چوڭ دۈشمەن ھېسابلىنىدۇ، بولۇپمۇ يەر يولۋىسى، كېۋەز تىرپى قۇرتى، كېۋەز كۆك پىتىنىڭ زىيىنى ھەممىدىن زور. 1976 ـ يىل 6 ـ ئايدا ناھىيە بويىچە 32 مىڭ 900 مو كېۋەزلىكتە كېۋەز كۆك پىتى زىيانداشلىقى يۈز بەردى. ئالدىنى ئېلىش ۋە تىزگىنلەش ئۇسۇلى جەھەتتە، 1950 ـ يىلدىن كېيىن، «666» ۋە «223 ئىمولسىيىلەشتۈرگۈچى دورا» قاتارلىقلار كېڭەيتىلىپ، ھاشارات زىيانداشلىقىنىڭ ئالدى ئېلىنغان ۋە تىزگىنلەنگەنىدى. 1960 ـ يىلدىن كېيىن ئالدىن كۆزىتىپ ئالدىن مەلۇمات بېرىش قانات يايدۇرۇلدى ھەمدە «1059»، «1605» قاتارلىق زەھەرى ئۆتكۈر دېھقانچىلىق دورىلىرى ئىشلىتىلدى.

1978 ـ يىلدىن كېيىن، يېڭى تىپتىكى دېھقانچىلىق دورىسى «ئوكسىدلانغان لوگو»، «706» كېڭەيتىلىپ ئىشلىتىلدى، بۇنىڭ ئۈنۈمى ناھايىتى ياخشى بولدى. بۇ دورىلارنى ئىشلەتكەندە ھەم ئارىلاشتۇرۇلىدىغان سۇ ئازىيىپ، ئەمگەك كۈچى تېجەپ قېلىندى، ھەم زىيانداش ھاشاراتلار يوقىتىلدى، كېسەللىك زىيانداشلىقىغا قارىتا سولفات كىسلاتاسى ئارقىلىق تۆۋىتىدىن ئايرىش، كۆپ زەمبۇرۇغلۇق پرودىگوزىنغا ئۇرۇقنى چىلاش ياكى زىرائەتلەرنى ئالماشتۇرۇپ تېرىش ئۇسۇلى قوللىنىلدى.

## (2) بۇغدايدا بولىدىغان ئاساسلىق كېسەللىك، ھاشارات زىيانداشلىقى، ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەش ئۇسۇلى

بۇغدايدا بولىدىغان ئاساسلىق زىيانداش ھاشارات — كۆك پىتتىن ئىبارەت. 50 ـ يىللاردىن كېيىن كۆك پىت «606» بىلەن يوقىتىلدى. بۇنىڭدا ماشىنا بىلەن دورا چېچىشتىن تاشقىرى، يەنە 1960 ـ يىل 5 ـ ئايدا، 1976 ـ يىل 5 ـ ئايدا ئايروپىلان بىلەن چاڭدىتىپ كۆك پىت تىزگىنلەندى، بۇنىڭ ئۈنۈمى ياخشى بولدى. ئاساسلىق كېسەللىكلەردىن قىل قۇرت كېسەللىكى، ئال كېسەللىكى، (سېرىق ئال چۈشۈش كېسەللىكى، تاياقچىسىمان ئال كېسەللىكى، يوپۇرماق ئال كېسەللىكىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) بار. 1977 ـ يىلى 8494 مو يەردىكى بۇغدايدا ئال كېسەللىكى پەيدا بولدى.

**ئالدىنى ئېلىش، تىزگىنلەش ئۇسۇلى** 1. كېسەللىك، ھاشارات زىيانداشلىقىغا تاقابىل تۇرالايدىغان سورتلار تاللاندى؛ 2. ئۇرۇققا دورا ئارىلاشتۇرۇپ تېرىلدى؛ 3. باكتېرىيىگە قارشى دورا ئىشلىتىلدى؛ 4. زىرائەتنىڭ ئۆسۈشى كۈچەيتىلىپ، كېسەللىككە تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارى ئۆستۈرۈلدى.

## (3) كۆممىقوناقتا بولىدىغان ئاساسلىق كېسەللىك، ھاشارات زىيانداشلىقىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەش ئۇسۇلى

ئاساسلىق زىيانداش ھاشاراتلار يەر يولۋىسى، كۆممىقوناق كېپىنىكى، كۆممىقوناق ئۆزەك قۇرتى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت، بولۇپمۇ يەر يولۋىسىنىڭ زىيىنى ئەڭ زور. 1976 ـ يىلى 27 مىڭ 400 مو يەردىكى كۆممىقوناق يەر يولۋىسىنىڭ زىيىنىغا ئۇچرىدى. ئۇنىڭ زىيىنى ئەۋج

ئېلىپ، زور كۆلەمدىكى كۆممىقوناق ئېتىزلىرى ئالا بولۇپ قالدى. ناھىيىدە 80 - يىللاردىن بۇيان دېفتېرىكس ئارىلاشتۇرۇلۇپ قورۇلغان كونجۇرە ئارقىلىق ھاشارات لىچىنكىلىرى ئۆلتۈرۈلدى، بۇنىڭ ئۈنۈمى ناھايىتى ياخشى بولدى.

كۆممىقوناقتا بولىدىغان كېسەللىك، ئاساسەن، قاراكۈيە كېسەللىكى، قارىئاسما كېسەللىكىدىن ئىبارەت. بۇ كېسەللىك يەرگە كۆپ يىل بىر خىل زىرائەتنى تېرىۋېرىشتىن پەيدا بولىدۇ.

**ئالدىنى ئېلىش، تىزگىنلەش ئۇسۇلى** 1. كېسەللىككە تاقابىل تۇرالايدىغان سورتلار تاللاندى؛ 2. ئۇرۇققا 50‰ لىك سىرلىسان ئارىلاشتۇرۇلۇپ تېرىلدى، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان كۆپ باكتېرىيىلىك پىرمودىگوزىن ئۇرۇققا ئارىلاشتۇرۇپ تېرىلدى؛ 3. كېسەللىك پەيدا بولغان مايسىلار يۇلۇۋېتىلىپ، كۆممىقوناقلىقتىن يىراق جايغا ئاپىرىپ چوڭقۇر كۆمۈۋېتىلدى؛ 4. بىر خىل زىرائەتنى ئۇدا تېرىشتىن ساقلىنىلىپ، مۇۋاپىق نۆۋەتلەشتۈرۈپ تېرىلدى.

**تەبىئىي ئاپەت** ئاساسەن، قۇم، بوران، مۆلدۈردىن ئىبارەت. ئۇنىڭدىن قالسا قۇشلارنىڭ زىيىنى بولۇپ، قاغا، قۇشقاچنىڭ زىيىنى بەك ئېغىر، ئۇنىڭدىن باشقا ئىتمۇ زىيان سالىدۇ. ئازادلىقتىن ئىلگىرى، ياۋا چوشقىنىڭ زىيىنى ئىنتايىن ئېغىر ئىدى، ئازادلىقتىن كېيىن، پارتىيە ۋە خەلق ھۆكۈمىتى ئاممىنى تەشكىللەپ، ياۋا چوشقىنى يوقىتىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى. 1961 - يىلغا كەلگەندە ناھىيە تەۋەسىدە ياۋا چوشقا پاك - پاكىزە يوقىتىلدى، ئىت بېقىشتىمۇ ھەقىقىي يولغا قويۇشقا بولىدىغان باشقۇرۇش تەدبىرلىرى قوللىنىلدى.

## § 6. ئېتىز - ئېرىق ئاساسىي قۇرۇلۇشى

ناھىيىنىڭ ئېتىز - ئېرىق قۇرۇلۇشىنىڭ تارىخى ئۇزۇن. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، يېزا ئىگىلىكى كوپېراتسىيىلەشتۈرۈلۈش ئارقىلىق، ئېتىز - ئېرىق ئاساسىي قۇرۇلۇشى يېڭى باسقۇچقا قەدەم قويدى. 1964 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم «بىكتۇدىن يۇلۇلۇشى، گۇڭشې ئالاھىدىلىكى بويىچە، ئومۇميۈزلۈك پىلانلاپ، پەيدىن - پەي ئەمەلگە ئاشۇرۇش»تىن ئىبارەت ستراتېگىيىلىك تەدبىرنى ئوتتۇرىغا قويدى، ناھىيىلىك پارتكوم، ناھىيىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسەن، «سۇ ئىنشائاتىنى مەركەز، سالا ئېتىز قۇرۇلۇشىنى ئاساس، بەشتە ياخشى قۇرۇلۇش، نى مەزمۇن قىلىش»تىن ئىبارەت ئېتىز - ئېرىق سۇ ئىنشائاتى فاڭجېنىنى بەلگىلىدى. 1964 - يىل 10 - ئايدا ناھىيە بويىچە ئېتىز - ئېرىق ئاساسىي قۇرۇلۇشى بىلەن كەڭ شۇغۇللىنىش دولقۇنى قوزغالدى. 1966 - يىل 1 - ئايغىچە ناھىيە بويىچە 149.9 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا 46 غول ۋە تارماق ئېرىق - ئۆستەڭ، 294.9 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا 318 سۇغىرىش ئېرىقى، 175.5 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا 81 زەيكەش، 125 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا 208 سۇ چىقىرىۋېتىش ئېرىقى چېپىلدى؛ 97 سېمونت چۈشۈرگە قاپقىسى، 40 سېمونت كۆۋرۈك، 21 سېمونت ئازما، 197 سېمونت سۇڭگۈچ، 471.4 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا ئاساسىي يول، 225.5 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا 266 تراكتور يولى يېڭىدىن ياسالدى، كۆلىمى 92 مىڭ 500 مو كېلىدىغان 355 پارچە سالا ئېتىز رەتلەندى، 559 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا 340 ئىھاتە ئورمان بەلبېغى بەرپا قىلىندى.

لېكىن يوقىرىدىكى قۇرۇلۇشلارنى قىلىش داۋامىدا، ناھىيىدە بىر پۈتۈن پىلان بولمىغاچقا، ھەرقايسى گوڭشې (مەيدان) لار ئۆز ئالدىغا ئىش كۆردى، ئۇنىڭ ئۈستىگە رەھبەرلىك جەھەتتە، ھەممە باشلىق ئۆز ئالدىغا بۇيرۇق چۈشۈرگەچكە، پىلان كەينى - كەينىدىن ئۆزگەرتىلىپ، گوڭشې ئەزالىرىنىڭ ئېتىز - ئېرىق ئاساسىي قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىش ئاكتىپلىقىغا تەسىر يەتتى. گوڭشې ئەزالىرى: «ئىشلەشتىنغۇ قورقمايمىز، ئىشىمىزنىڭ بىكارغا كېتىشىدىن قورقىمىز» دېيىشتى.

1976 - يىلى مەركىزىي كومىتېتنىڭ يېزا ئىگىلىكىدە داجەيدىن ئۆگىنىش توغرىسىدىكى يوليورۇقىغا ئاساسەن، ناھىيە بويىچە يەنە بىر قېتىم ئېتىز - ئېرىق ئاساسىي قۇرۇلۇشى دولقۇنى قوزغالدى. ناھىيىلىك ئېتىز - ئېرىق ئاساسىي قۇرۇلۇش ھەيئىتى قۇرۇلدى، ئۇنىڭ قارىمىقىدا كەسپىي پىلانلاش ئەترىتى قۇرۇلۇپ، ناھىيىنىڭ ئومۇمىي گەۋدە پىلانى خەرىتىسى تۈزۈپ چىقىلدى. ناھىيىلىك پارتكوم ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەردىن قۇرۇلۇشنى مۇشۇ خەرىتە بويىچە ئېلىپ بېرىشنى، ئۇنى ئۆزگەرتمەسلىكنى تەلەپ قىلدى. 1976 - يىلدىن باشلاپ ھەر يىلى ناھىيە بويىچە 15 مىڭدىن 30 مىڭغىچە ئەمگەك كۈچى (ئومۇمىي ئەمگەك كۈچىنىڭ تەخمىنەن 40 - 70 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ) قۇرۇلۇشقا ئاتلاندى. 1983 - يىلغىچە 200 مىڭ مو ئۆلچەملىك سالا ئېتىز، 1786 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا 1536 ئېھاتە ئورمان بەلبېغى بەرپا قىلىندى، ھەر دەرىجىلىك يولدىن 1500 ى ياسالدى، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 1472 كىلومېتىر كېلىدىغان ھەر دەرىجىلىك ئېرىق - ئۆستەڭدىن 1425 ى ئۆزگەرتىلدى، ناھىيە بويىچە بىر قەدەر چوڭراق بولغان پوسكام ئۆستىڭى، بەشكەنت ئۆستىڭى، جابنوغراق ئۆستىڭىدىن باشقا، قالغان ھەرقايسى يېزا - مەيدانلار تەۋەسىدە يېڭى ئېرىق - ئۆستەڭ سىستېمىسى شەكىللەندى، ناھىيىنىڭ ئېتىز - ئېرىق، ئۆستەڭ قىياپىتى زور دەرىجىدە يېڭىلاندى.

1983 - يىلى يىما گوڭشېسى 7.8 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا ئۆلچەملىك غول ئېرىق - ئۆستەڭ چېپىپ، ناھىيە تەۋەسىدە ئېرىق - ئۆستەڭلەرنى ئۆلچەملەشتۈرۈش قۇرۇلۇشى ئۈچۈن يېڭى يول ئېچىپ بەردى.

# § 7 . ئىشلەپچىقىرىش جەھەتتىكى ئەمەلىي نەتىجىلەر

## 1 . ئىشلەپچىقىرىش مىقدارى

جۇڭخۇا مىنگو دەۋرىدە بۇ جەھەتتە سىستېمىلىق خاتىرە قالدۇرۇلمىغان، ھۆكۈمەتنىڭ ئارخىپلىرىدا پەقەتلا تۆۋەندىكى بىرقانچە يىلدىكى مەھسۇلات خاتىرلەنگەن. 2 - 2 - 5 - جەدۋەلدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، شۇ يىللاردا ناھىيە بويىچە ئاشلىق تېرىلغۇ كۆلىمى 146 مىڭ 600 مو بولۇپ، ئومۇمىي ئاشلىق 7 مىليون 413 مىڭ كىلوگرامغا، ئوتتۇرىچە مو بېشى مەھسۇلاتى 50.5 كىلوگرامغا، كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ئاشلىق 200.3 كىلوگرامغا يەتكەن. ئومۇمىي بۇغداي ئومۇمىي ئاشلىقنىڭ 48.46 پىرسەنتىنى، كۆممىقوناق 40.2% نى، شال 10.14% نى، ئوششاق قارا ئاشلىق 1.2% نى ئىگىلىگەن.

ناھىيە بويىچە ئىقتىسادىي زىرائەت كۆلىمى 42 مىڭ 657 مو، كېۋەزنىڭ مو بېشى مەھسۇلاتى 23.3 كىلوگرام، ساپ پاختىغا سۇندۇرغاندا 7.75 كىلوگرام بولغان.

مىنگو دەۋرىدىكى بىرقانچە يىلدىكى دېھقانچىلىق زىرائەتلىرى مەھسۇلاتىنىڭ مىقدارى

2 ـ 2 ـ 4 ـ جەدۋەل بىرلىكى: 10 مىڭ كىلوگرام

| يىللار | ئومۇمىي مەھسۇلاتى | | |
|---|---|---|---|
| | ئاشلىق | كېۋەز (چىگىتلىك پاختا) | ياغلىق دان |
| 1943 | 741.3 | 54.4 | 32 |
| 1944 | 730 | 45 | — |
| 1945 | 974.45 | 25.35 | 31.35 |
| 1946 | 481 | 49.05 | 17.7 |
| 1947 | 507.05 | 29.35 | 66.5 |
| 1948 | 1038.85 | 35.75 | 73.95 |

1943 ـ يىلدىكى دېھقانچىلىق زىرائەتلىرى مەھسۇلاتىنىڭ مىقدارى

2 ـ 2 ـ 5 ـ جەدۋەل

| زىرائەت نامى | يەر كۆلىمى (مو) | ئۇرۇق مىقدارى (چارەك) | ئېلىنغان مەھسۇلات (چارەك) | جىڭغا سۇندۇرۇلغىنى |
|---|---|---|---|---|
| بۇغداي | 64165 | 64156 | 449030 | 3592240 |
| كۆممىقوناق | 61865 | 15948 | 273460 | 2979680 |
| شال | 16503 | 14259 | 93935 | 751480 |
| تېرىق | 1157 | 162 | 2986 | 23840 |
| ئارپا | 760 | 767 | 4182 | 33456 |
| ماش | 1867 | 337 | 3134 | 25072 |
| پۇرچاق | 275 | 91 | 890 | 7120 |

ئىزاھات: بىر چارەك 16 جىڭ (سەككىز كىلوگرام) غا تەڭ.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت بىرقاتار تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى، بۇ ئارىلىقتا گەرچە ئوبيېكتىپ شارائىتنىڭ تەسىرى، سىياسەتتىكى سەۋەنلىك تۈپەيلىدىن، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش تەرەققىياتىدا بىرقانچە قېتىم ئۆرلەپ، بىرقانچە قېتىم پەسىيىش بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئومۇمەن ئېيتقاندا يەنىلا راۋاجلاندى.

1943 - يىلدىكى ئىقتىسادىي زىرائەتلەرنىڭ مەھسۇلات مىقدارى

2 - 2 - 6 - جەدۋەل

| زىرائەت نامى | يەر كۆلىمى (مو) | ئۇرۇق مىقدارى (چارەك) | ئېلىنغان مەھسۇلات (چارەك) | جىڭغا سۇندۇرۇلغىنى |
|---|---|---|---|---|
| پاختا | 23278 | 9280 | 68054 | 108870 |
| زىغىر | 16067 | 1298 | 39980 | 639700 |
| بىدە | 1725 | 210 | — | 142000 |
| باشقىلار | 1587 | | | |

ئىزاھات: پاختا چىگىتلىك پاختىنى كۆرسىتىدۇ.

ناھىيىنىڭ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش تەرەققىياتى جەريانىغا نەزەر تاشلىغىنىمىزدا، ئۇنى بەش باسقۇچقا ئايرىشقا بولىدۇ.

(1) 1949 - يىلدىن 1955 - يىلغىچە

پارتىيىمىز يېزىلاردا ئىجارە كېمەيتىش، زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش، يەر ئىسلاھاتى، يېزا ئىگىلىكنى كوپېراتسىيىلەشتۈرۈش ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىش ئارقىسىدا، تۈرلۈك يېزا سىياسەتلىرى خەلقنىڭ كۆڭلىگە يېقىپ، پۈتۈن ناھىيىنىڭ دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى داۋاملىق يۇقىرى ئۆرلىدى. ئاشلىق 1949 - يىلدىكى 18مىليون 972 مىڭ500 كىلوگرامدىن1955 - يىلى 22 مىليون 586 مىڭ 500 كىلوگرامغا يەتتى، دېمەك، ئالتە يىلدا 19%، يىلىغا 2.9% تىن ئاشتى، پاختا 265 مىڭ كىلوگرامدىن 369 مىڭ 500 كىلوگرامغا يېتىپ، 48.9%، يىلىغا 6.9% تىن ئاشتى؛ ياغلىق دان615 مىڭ 500 كىلوگرامدىن 848 مىڭ كىلوگرامغا يېتىپ، 37.8%، يىلىغا 5.5% تىن ئاشتى.

(2) 1956 - يىلدىن 1960 - يىلغىچە

پارتىيىمىز سوتسىيالىستىك كوللېكتىپ يېزا ئىگىلىكىگە رەھبەرلىك قىلىشتا تەجرىبىسى كەمچىل بولغانلىقتىن، باشلانغۇچ كوپېراتىپ مۇستەھكەملەنمەي تۇرۇپلا، ئۇنى ئالىي كوپېراتىپقا ئۆزگەرتىشكە ئالدىراپ كەتتى، ئارقىدىنلا ناھايىتى قىسقا ۋاقىت ئىچىدە خەلق گۇڭشېسى قۇرۇلدى. «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش»، يۇقىرى كۆرسەتكۈچ بېكىتىش، ئاشلىق سېتىۋېلىش كۆرسەتكۈچىنى يۇقىرى بېكىتىش يولىغا قويۇلدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە، «مولوكنى ئومۇمنىڭ قىلىۋېتىش شاملى»، «مۇبالىغىچىلىك شاملى» ئەۋج ئالدى، بۇ ھال يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ساغلام راۋاجلىنىشىغا تەسىر يەتكۈزدى، ئاشلىق، پاختا، ياغلىق دان گەرچە ئازراق ئاشقان بولسىمۇ، لېكىن ئىقتىسادىي ئۈنۈمى يۇقىرى بولمىدى.

(3) 1961 - يىلدىن 1966 - يىلغىچە

بۇ مەزگىلدە، پارتىيىمىز ئاساسىي زېھنىي كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ، خەلق ئىگىلىكىنى تەڭشەپ، ئەمەلىي خىزمەت داۋامىدىكى «سول» خاتالىقنى تۈزەتتى. ناھىيىنىڭ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىدا ئومۇميۈزلۈك تەرەققىي قىلىش ھالىتى شەكىللەندى. ئاشلىق، پاختا

مەھسۇلاتىدا تارىختىكى ئەڭ يۇقىرى سەۋىيە يارىتىلدى. ياغلىق دان كېمىيىپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن پاختا مەھسۇلاتى ئاشقانلىقتىن، ئەمەلىيەتتە ياغ مەھسۇلاتى يەنىلا ئاشتى.

| يىللار | ئاشلىق (5000 كىلوگرام) | پاختا (5000 كىلوگرام) | ياغلىق دان (5000 كىلوگرام) |
|---|---|---|---|
| 1960 - يىلى | 5021.1 | 101.1 | 220.2 |
| 1955 - يىلدىكىدىن ئاشقىنى ۋە كېمەيگىنى (%) | 11.15 | 28.14 | 29.83 |
| يىللىق ئېشىش نىسبىتى (%) | 2.14 | 5.08 | 5.36 |

| يىللار | ئاشلىق (5000 كىلوگرام) | پاختا (5000 كىلوگرام) | ياغلىق دان (5000 كىلوگرام) |
|---|---|---|---|
| 1966 - يىلى | 6958 | 467.8 | 178.6 |
| 1960 - يىلدىكىدىن ئاشقىنى ۋە كەملىگىنى (%) | 38.6 | 362.7 | — 18.9 |
| يىللىق ئېشىش نىسبىتى (%) | 5.6 | 29.09 | — 3.43 |

(4) 1967 - يىلدىن 1976 - يىلغىچە

ئون يىللىق «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» داۋامىدىكى ئىنتايىن «سول» لۇشيەن تۈپەيلىدىن، ئەمگەكتە قاراپ تەقسىم قىلىش ۋە گۈڭشې ئەزالىرىنىڭ ئائىلە قوشۇمچە ئىگىلىكى بىلەن شۇغۇللىنىشقا يول قويۇش قاتارلىق سىياسەتلەر كاشىلىغا ۋە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى ئۇزۇن مەزگىل بىر ئىزدا توختاپ قېلىپ ئالغا باسالمىدى، ئاشلىقتا داۋاملىق ئېشىش ھالىتى ساقلاپ قېلىنغاندىن باشقا، پاختا، ياغلىق دان كەملەپ كەتتى.

| يىللار | ئاشلىق (5000 كىلوگرام) | پاختا (5000 كىلوگرام) | ياغلىق دان (5000 كىلوگرام) |
|---|---|---|---|
| 1976 - يىلى | 8200 | 399.8 | 146 |
| 1966 - يىلدىكىدىن ئاشقىنى ۋە كەملىگىنى (%) | 17.8 | — 14.5 | — 18.2 |
| يىللىق ئېشىش نىسبىتى (%) | 1.7 | — 1.6 | — 2 |

2 . 2 . 7 - جەدۋەل

پوسكام ناھىيىسىنىڭ ئىلگىرىكى يىللاردىكى دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات مىقدارى

بىرلىكى: 5000 كىلوگرام

| يىللار | ئاشلىق زىرائىتى: ئومۇمىي جەمئىي | شال | بۇغداي: جەمئىي | بۇغداي: كۈزگى بۇغداي | بۇغداي: يازغى بۇغداي | قارا ئاشلىق: جەمئىي | قارا ئاشلىق: كۆممەقوناق | قارا ئاشلىق: ئاق قوناق | قارا ئاشلىق: ئارپا | قارا ئاشلىق: چوچگون قوناق | قارا ئاشلىق: باشقا قارا ئاشلىق | پۇرچاق | ئىقتىسادىي زىرائەت: كېۋەز: جەمئىي | كېۋەز: بۇنىڭ ئىچىدە ئۇزۇن تالالىق كېۋەز | ياغلىق دان | قىزىلچا | كەندىر تورۇلەر | تاماكا |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1949 | 3794.5 | 597.7 | 1229.7 | 1229.7 | — | 1967.1 | 1907.6 | — | 9.2 | — | 50.3 | — | 53 | — | 123.1 | — | — | 0.3 |
| 1950 | 3934.2 | 590.3 | 1309.6 | 1309.6 | — | 2034.3 | 1979 | — | 9.5 | — | 45.8 | — | 60.9 | — | 158 | — | — | 0.3 |
| 1951 | 3930 | 604.5 | 1293.7 | 1293.7 | — | 2031.8 | 1968 | — | 10.2 | — | 53.6 | — | 54.1 | — | 160 | — | — | 0.2 |
| 1952 | 4023.8 | 584.3 | 1365.1 | 1362.1 | 3 | 2074.4 | 2004.6 | — | 12.3 | — | 57.5 | — | 46.8 | | 132.8 | | — | 1.5 |
| 1953 | 4323.5 | 633.9 | 1415.3 | 1407.3 | 8 | 2274.3 | 2218.6 | | 12.3 | — | 43.4 | — | 54.9 | — | 175.6 | — | — | 1.5 |
| 1954 | 4401.1 | 640.3 | 1459.5 | 1453 | 6.5 | 2301.3 | 2251.4 | — | 10.3 | — | 39.6 | — | 79.2 | | 165.6 | | — | 1.6 |
| 1955 | 4517.3 | 740.1 | 1473.3 | 1468.3 | 5 | 2303.9 | 2223.3 | — | 10.1 | — | 70.5 | — | 78.9 | — | 169.6 | — | — | 1.8 |
| 1956 | 4435.9 | 720.8 | 1407.6 | 1403.7 | 3.9 | 2307.5 | 2197.4 | — | 8.1 | — | 102 | — | 89.5 | | 186.2 | — | — | 0.7 |
| 1957 | 4416.5 | 682.3 | 1381.9 | 1379.9 | 2 | 2352.3 | 2251 | — | 4.7 | — | 96.6 | — | 80.5 | | 200.8 | — | — | 0.3 |
| 1958 | 5400.3 | 859.7 | 2017.3 | 2015.2 | 2.1 | 2523.3 | 2319 | — | 9.7 | — | 1946 | — | 53.5 | | 212.8 | | — | 0.3 |
| 1959 | 6227.1 | 543.4 | 2191.8 | 2127.5 | 64.3 | 2491.9 | 2394.1 | — | 6.5 | — | 91.3 | — | 58 | | 231.6 | — | — | 0.5 |
| 1960 | 5021.1 | 801.5 | 2070.6 | 2065.1 | 5.5 | 2149 | 2089.9 | — | 5.1 | — | 54 | — | 101.1 | | 220.2 | | | 0.8 |
| 1961 | 6177.1 | 798.9 | 2139.2 | 2139 | 0.2 | 3238.8 | 3162.4 | 1.5 | 4.3 | — | 70.6 | 0.2 | 132.6 | | 219.1 | 2.9 | 2.1 | 3 |
| 1962 | 5794.3 | 633.5 | 1772.1 | 1771.7 | 0.4 | 3388.3 | 3316.9 | 0.7 | 21.1 | 0.9 | 48.7 | 0.4 | 182.7 | | 211.2 | — | — | 2.6 |
| 1963 | 6119 | 557.2 | 2102.3 | 2101.5 | 0.8 | 3459.5 | 3377.3 | — | 10.5 | — | 71.7 | — | 312.8 | 1.4 | 162.7 | 0.1 | 0.4 | 1.3 |
| 1964 | 6147.4 | 607.2 | 2425.1 | 2424.8 | 0.3 | 3115 | 3009.5 | — | 13.9 | — | 91.6 | 0.1 | 311.5 | 4.1 | 155 | 0.4 | 0.4 | 1.5 |

| | | | | | | | | | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 0.7 | 0.2 | 0.1 | 182.2 | 0.1 | 449.7 | 0.4 | 107.2 | — | 14 | — | 3167.9 | 3289.1 | 0.8 | 2527.5 | 2528.3 | 429.7 | 6247.5 | 1965 |
| 0.3 | 0.1 | — | 178.6 | 5.6 | 467.8 | 5.8 | 57.7 | — | 13 | — | 3924.9 | 3995.6 | 0.3 | 2508.7 | 2509 | 447.6 | 6958 | 1966 |
| 0.2 | — | — | 152.2 | 1.5 | 446.3 | 0.2 | 52.7 | — | 7.7 | — | 3765.8 | 3826.2 | 0.2 | 2721.5 | 2721.7 | 530 | 7078.1 | 1967 |
| — | — | — | 144.9 | — | 375.1 | 2.9 | 50.4 | — | 4.4 | — | 3296.9 | 3351.7 | — | 1928.7 | 1928.7 | 450 | 5733.3 | 1968 |
| — | — | — | 181.8 | 3.1 | 391.3 | 0.5 | 51 | — | 6.8 | — | 3486.3 | 3544.1 | — | 2316.1 | 2316.1 | 559.7 | 6420.4 | 1969 |
| | — | | 164 | — | 309.9 | 13 | 47.8 | — | | — | 4298.3 | 4346.1 | — | 2519.5 | 2519.5 | 562.8 | 7441.4 | 1970 |
| 0.2 | 0.1 | 19 | 169.4 | — | 408.8 | 106 | 94.1 | — | 24.5 | 1.3 | 4381.4 | 4501.3 | 0.5 | 2696.6 | 2697.1 | 513.3 | 7817.7 | 1971 |
| 2 | — | 9.2 | 155.4 | — | 259.3 | 46 | 120.4 | — | 17.8 | 1.9 | 4022.6 | 4161.8 | 0.6 | 2430.5 | 2431.1 | 396.1 | 7033 | 1972 |
| 2 | — | 7.7 | 169 | 4.1 | 4944 | 59.4 | 52.9 | — | 17.5 | 18.7 | 4756.7 | 4845.8 | 3.4 | 2627.5 | 2630.9 | 592.5 | 8128.6 | 1973 |
| | | | 158.3 | 4.6 | 373.2 | 38.1 | 35 | — | 8 | 161 | 4282 | 4486 | — | 2192.6 | 2192.6 | 572.9 | 7289.6 | 1974 |
| 0.1 | 0.1 | | 148.7 | — | 247.2 | 1.2 | 5.7 | — | 13.6 | 242.9 | 4411.1 | 4673.3 | 5.4 | 2191.8 | 2197.2 | 754.4 | 7626.1 | 1975 |
| 1 | 1.7 | — | 146 | — | 399.8 | 33.7 | 32.7 | 11.3 | 15.7 | 52.4 | 4848.9 | 4961 | 2.9 | 2569 | 2571.9 | 633.4 | 8200 | 1976 |
| 1.8 | | 1.1 | 101.3 | 1.5 | 391.8 | — | 125.7 | — | 31.3 | 19.5 | 5804.4 | 5980.9 | 11.2 | 2161.1 | 2172.3 | 950.9 | 9104.1 | 1977 |
| 8.3 | — | 2.3 | 120.2 | 3.6 | 231.9 | — | 91.6 | — | 43.9 | 6.2 | 5952.6 | 6094.3 | 15.8 | 2456.4 | 2472.2 | 992.6 | 9559.1 | 1978 |
| 0.1 | | 0.1 | 137.9 | 29.6 | 232.6 | 19.1 | 59.3 | | 2.3 | 1.9 | 557.5 | 5221 | 63.4 | 2511.7 | 2575.1 | 942.9 | 8758.1 | 1979 |
| | — | — | 156 | 21.7 | 341.4 | 46.7 | 0.6 | — | 6.6 | 0.9 | 5190.4 | 5198.5 | 7.8 | 2780.7 | 2788.5 | 870.2 | 8903.9 | 1980 |
| | — | — | 124.6 | | 400.5 | — | 30 | — | — | — | 5116.5 | 5154.5 | — | 3539.4 | 3539.4 | 680.6 | 9374.5 | 1981 |
| 0.6 | — | — | 140 | | 489.2 | — | 35.7 | — | — | 0.4 | 4755 | 4791.1 | 1 | 3931 | 3932 | 676.9 | 9400 | 1982 |
| — | — | — | 194.6 | | 597.1 | 26.7 | 67.8 | — | 5.8 | — | 4725.6 | 4799.2 | 1.9 | 4998.1 | 5000 | 918 | 10743.9 | 1983 |
| | | | 190.9 | | 800.7 | | 57.3 | | — | — | 4907.8 | 4965.1 | | 7843 | 7843 | 1307.9 | 14116 | 1984 |

2 - 2 - 8 - جەدۋەل پوسكام ناھىيىسى بويىچە ئىلگىرىكى يىللاردىكى كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ئاشلىق، پاختا، ياغلىق دان، چارۋا

بىرلىكى: ئادەم، 5000 كىلوگرام، 0.5 كىلوگرام، 10 مىڭ تۇياق، تۇياق

| يىللار | ئومۇمىي نوپۇس | بۇنىڭ ئىچىدە يېزا ئىگىلىك نوپۇسى | تۆت چوڭ كۆرسەتكۈچ | | | | 1. ئاشلىق | | 2. پاختا | | 3. ياغلىق دان | | 4. چارۋا | | ئىزاھات |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | | ئاشلىق | پاختا | ياغلىق دان | چارۋا | ئومۇمىي نوپۇسقا | يېزا ئىگىلىك نوپۇسىغا | ئومۇمىي نوپۇسقا | يېزا ئىگىلىك نوپۇسىغا | ئومۇمىي نوپۇسقا | يېزا ئىگىلىك نوپۇسىغا | ئومۇمىي نوپۇسقا | يېزا ئىگىلىك نوپۇسىغا | |
| 1949 | 78968 | 70992 | 3794.5 | 53 | 123.1 | 10.86 | 480.5 | 534.1 | 6.7 | 7.5 | 15.6 | 17.3 | 1.4 | 1.5 | |
| 1950 | 79824 | 71024 | 3934.2 | 60.9 | 158 | 11.63 | 492.9 | 533.9 | 7.6 | 8.6 | 19.8 | 22.2 | 1.5 | 1.6 | |
| 1951 | 80956 | 72510 | 3930 | 54.1 | 160 | 11.92 | 485.4 | 542 | 6.7 | 7.5 | 19.8 | 22.1 | 1.5 | 1.6 | |
| 1952 | 81344 | 73814 | 4023.8 | 46.8 | 132.8 | 12.35 | 494.7 | 545.1 | 5.8 | 6.3 | 16.3 | 18 | 1.5 | 1.7 | |
| 1953 | 82044 | 73917 | 4323.5 | 54.9 | 175.6 | 12.75 | 527 | 584.9 | 6.7 | 7.4 | 21.4 | 23.8 | 1 | 1.7 | |
| 1954 | 82596 | 73639 | 4401.1 | 79.2 | 165.6 | 13.71 | 532.8 | 597.7 | 9.6 | 10.8 | 20.2 | 22.5 | 1.7 | 1.9 | |
| 1955 | 84368 | 75930 | 4517.3 | 78.9 | 169.6 | 14.04 | 535.4 | 594.9 | 9.4 | 10.4 | 20.1 | 22.3 | 1.7 | 1.8 | |
| 1956 | 85059 | 76553 | 4435.9 | 89.5 | 186.2 | 14.82 | 521.5 | 579.5 | 10.5 | 11.7 | 21.9 | 24.3 | 1.7 | 1.9 | |
| 1957 | 84507 | 76599 | 4416.5 | 80.5 | 200.8 | 14.75 | 522.6 | 576.6 | 9.5 | 10.5 | 23.8 | 26.2 | 1.7 | 1.9 | |
| 1958 | 85871 | 83371 | 5400.3 | 53.5 | 212.8 | 13.26 | 628.7 | 647.5 | 6.2 | 6.4 | 24.8 | 25.5 | 1.5 | 1.6 | |
| 1959 | 82914 | 79917 | 6227.1 | 58 | 231.6 | 12.82 | 751 | 779.4 | 7 | 7.3 | 27.9 | 29 | 1.5 | 1.6 | |
| 1960 | 84986 | 80937 | 5021.1 | 101.1 | 220.2 | 12.72 | 590.8 | 620.7 | 11.9 | 12.5 | 25.9 | 27.2 | 1.5 | 1.6 | |
| 1961 | 88170 | 82873 | 6177.1 | 132.6 | 219.1 | 14.18 | 700.6 | 745.1 | 15 | 16 | 24.8 | 26.4 | 1.6 | 1.7 | |

| | | | | | | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | 1.8 | 1.7 | 25.1 | 23.7 | 21.7 | 20.5 | 689 | 650.3 | 15.13 | 211.2 | 182.7 | 5794.3 | 84093 | 89125 | 1962 |
| | 2.2 | 2 | 20.8 | 19 | 39.9 | 36.5 | 780.5 | 715 | 17.04 | 162.7 | 312.8 | 611.9 | 78363 | 85576 | 1963 |
| | 2.3 | 2.1 | 20 | 18.3 | 40.3 | 36.8 | 794.2 | 726.6 | 17.47 | 155 | 311.5 | 6147.4 | 77427 | 84603 | 1964 |
| | 2.5 | 2.2 | 23.9 | 21.5 | 59 | 53.2 | 819.9 | 738.7 | 18.71 | 182.2 | 449.7 | 6247.5 | 70231 | 84570 | 1965 |
| | 2.4 | 2.1 | 22.6 | 19.7 | 59.1 | 51.7 | 878.2 | 768.9 | 18.58 | 178.6 | 467.8 | 695.8 | 79242 | 90497 | 1966 |
| | 2.1 | 1.8 | 19.1 | 16.2 | 55.9 | 47.5 | 885.9 | 754 | 17.05 | 152.2 | 446.3 | 7078.1 | 79937 | 93877 | 1967 |
| | 2.2 | 1.9 | 17.8 | 15.3 | 46.1 | 39.7 | 704.4 | 606.3 | 17.73 | 144.9 | 375.1 | 5733.5 | 81440 | 94567 | 1968 |
| | 2 | 1.7 | 22.2 | 18.8 | 47.8 | 40.4 | 783.9 | 663.3 | 16.51 | 181.8 | 391.3 | 5420.4 | 81935 | 96788 | 1969 |
| | 2 | 1.7 | 19.3 | 16.7 | 36.4 | 31.6 | 874.4 | 758.6 | 16.72 | 164 | 509.9 | 7441.4 | 85125 | 98098 | 1970 |
| | 2 | 1.8 | 19.5 | 17.2 | 47.1 | 41.4 | 900.7 | 792.3 | 17.44 | 169.4 | 408.8 | 7817.7 | 86850 | 98674 | 1971 |
| | 2.1 | 1.9 | 18.2 | 16.2 | 30.4 | 27.1 | 824.7 | 735.3 | 17.91 | 155.4 | 259.3 | 7035 | 85254 | 95674 | 1972 |
| | 2.1 | 1.8 | 19.9 | 17.4 | 58.3 | 50.9 | 958.6 | 836.7 | 17.46 | 169 | 494.4 | 8128.6 | 84839 | 97153 | 1973 |
| | 1.8 | 1.6 | 18.3 | 16 | 43.1 | 37.8 | 842.7 | 737.7 | 15.69 | 158.3 | 373.2 | 7289.6 | 86464 | 98816 | 1974 |
| | 1.7 | 1.5 | 17.2 | 14.8 | 40.1 | 34.6 | 879.6 | 759.7 | 15.1 | 148.7 | 347.2 | 7620.1 | 86739 | 100382 | 1975 |
| | 1.7 | 1.5 | 16.9 | 14.5 | 46.2 | 39.8 | 948 | 812.8 | 14.83 | 146 | 399.8 | 8200 | 86458 | 100883 | 1976 |
| | 1.8 | 1.6 | 11.8 | 10.1 | 45.6 | 39.1 | 1058.6 | 908.2 | 15.72 | 101.3 | 391.8 | 9104.1 | 86030 | 100246 | 1977 |
| | 1.9 | 1.6 | 13.8 | 11.8 | 26.6 | 22.7 | 1095 | 937.1 | 16.3 | 120.2 | 231.9 | 9559.1 | 87303 | 102002 | 1978 |
| | 2 | 1.7 | 15.9 | 13.2 | 26.7 | 22.2 | 1006.7 | 837.5 | 17.5 | 137.9 | 232.6 | 8758.1 | 87046 | 104570 | 1979 |
| | 2.2 | 1.8 | 17.9 | 14.7 | 39.2 | 32.1 | 1023.4 | 836.8 | 18.8 | 156 | 341.4 | 8903.9 | 87001 | 106394 | 1980 |
| | 2.25 | 1.85 | 14.1 | 11.6 | 45.4 | 37.4 | 1063.7 | 876.2 | 19.8 | 124.6 | 400.5 | 9374 | 88130 | 106986 | 1981 |
| | 2.2 | 1.81 | 15.2 | 12.3 | 53.1 | 43.1 | 1019.2 | 827.9 | 20.5 | 140 | 489.2 | 9466 | 92166 | 113547 | 1982 |
| | 2.2 | 1.75 | 21.8 | 17.2 | 67 | 52.7 | 1205.8 | 948.9 | 19.83 | 194.6 | 597.1 | 10743.9 | 89101 | 113225 | 1983 |
| | 2 | 1.6 | 21.1 | 16.6 | 88.6 | 69.5 | 1562.3 | 1226.9 | 18.24 | 190.8 | 800.7 | 14116 | 90362 | 115136 | 1984 |

(5) 1977 - يىلدىن 1984 - يىلغىچە

پارتىيىمىز ماركسىزملىق توغرا لۇشيەننى يېڭىباشتىن بەلگىلەپ، فالايمىقانچىلىقنى ئوڭشىدى، تورلۇك خىزمەتلەردە جۇشقۇن كەيپىيات بارلىققا كەلدى. بولۇپمۇ پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى خىزمەتنىڭ «سول» خاتالىقنى ۋاقتىدا تۈزىتىپ، يېزىلارغا قارىتىلغان ئىقتىسادىي سىياسەتلەرنى كەڭ قويۇۋېتىپ، تورلۇك شەكىلدىكى ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈملىرىنى يولغا قويغانلىقتىن، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن كەڭ يول ئېچىلىپ، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى تېز تەرەققىي قىلدى. 1984 - يىلى ناھىيە بويىچە ئاشلىق 7 مىليون 58 مىڭ كىلوگىرامغا، پاختا 4 مىليون 3500 كىلوگىرامغا، ياغلىق دان 954 مىڭ 500 كىلوگىرامغا يېتىپ، ئاشلىق 1976 - يىلدىكىدىن %72 يەنى يىلىغا %7 تىن، پاختا ئىككى ھەسسە يەنى يىلىغا %9 تىن، ياغلىق دان %30.8، يىلىغا %3.4 تىن ئاشتى.

## 2. مەھسۇلات قىممىتى

مىڭگو دەۋرىدىكى مەھسۇلات قىممىتىنى ئىسپاتلايدىغان ماتېرىيال يوق.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئىشلەپچىقىرىش مىقدارى ئۈزلۈكسىز ئۆستى، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتىمۇ ئۈزلۈكسىز ئاشتى. 1949 - يىلى ناھىيە بويىچە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتى 9 مىليون 102 مىڭ 700 يۈەن بولغانىدى. 1955 - يىلى 11 مىليون 429 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، ئالتە يىلدا %25.56، يىلىغا %3.9 تىن ئاشتى؛ 1960 - يىلى 13 مىليون 398 مىڭ 900 يۈەنگە يېتىپ، 1955 - يىلدىكىدىن %17.24، يىلىغا %3.2 تىن ئاشتى؛ 1966 - يىلى 22 مىليون 178 مىڭ 900 يۈەنگە يېتىپ، 1960 - يىلدىكىدىن %65.53، يىلىغا %8.8 تىن ئاشتى؛ 1976 - يىلى 22 مىليون 992 مىڭ 900 يۈەنگە يېتىپ، 1966 - يىلدىكىدىن %3.67، يىلىغا %0.36 تىن ئاشتى. 1984 - يىلى 41 مىليون 486 مىڭ 600 يۈەنگە يېتىپ، 1976 - يىلدىكىدىن %80.43، يىلىغا %7.7 تىن ئاشتى.

تېرىقچىلىقنىڭ مەھسۇلات قىممىتىنىڭ يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتىدىكى سالمىقىمۇ يىلمۇ يىل ئاشتى. 1949 - يىلى تېرىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى يېزائىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنىڭ 72.8 پىرسەنتىنى ئىگىلىگەنىدى، 1955 - يىلى %73.33 كە، 1960 - يىلى %75.23 كە، 1966 - يىلى %79.01 كە يەتتى. 1976 - يىلى %74.40 كە چۈشۈپ قالدى. 1984 - يىلى يەنە %86.46 كە يەتتى. (2 - 2 - 9 - جەدۋەلگە قاراڭ)

## 3. ئىقتىسادىي ئۈنۈم

يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتى گەرچە يىلمۇ يىل ئاشقان بولسىمۇ، لېكىن ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ۋە فالاق ئىشلەپچىقىرىش شەكلىنىڭ تەسىرى تۈپەيلىدىن ناھىيە يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈمى ئىزچىل تۆۋەن بولۇپ كەلدى، ئومۇمىي كىرىم كۆپەيدى. ئومۇمىي خىراجەتمۇ ھەسسىلەپ كۆپەيدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە خىراجەتنىڭ كۆپىيىش سۈرئىتى تېز، كىرىمنىڭ كۆپىيىش سۈرئىتى ئاستا بولدى.

1984 - يىلى يېزا ئىگىلىك كىرىمى 41 مىليون 511 مىڭ 100 يۈەنگە يېتىپ، 1963 - يىلدىكىنىڭ 4.75 ھەسسىسىگە توغرا كەلدى، ئومۇمىي خىراجەت 13 مىليون 477 مىڭ 100 يۈەنگە يېتىپ، 1963 - يىلدىكىنىڭ 6.96 ھەسسىسىگە توغرا كەلدى. بۇنى يىللارغا بۆلۈپ

كۆرۈپ باقايلى: (2 ـ 2 ـ 10 ـ جەدۋەلگە قاراڭ)

**پوسكام ناھىيىسىنىڭ ئىلگىرىكى يىللاردىكى يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتىنىڭ ئەھۋالى**

2 ـ 2 ـ 9 ـ جەدۋەل

| تۈرلەر / يىللار | يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى (10 مىڭ يۈەن) | تېرىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى | | يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىدە ئىگىلىگەن نىسبىتى (%) |
|---|---|---|---|---|
| | | سومىمىسى (10 مىڭ يۈەن) | ئالدىنقى يىلدىكىدىن ئاشقىنى (%) | |
| 1949 | 1250.43 | 910.27 | | 72.8 |
| 1950 | 1313 | 957.03 | 5.14 | 72.89 |
| 1951 | 1324.69 | 962.62 | 0.58 | 72.67 |
| 1952 | 1327.54 | 953.81 | -0.92 | 71.85 |
| 1953 | 1429.81 | 1047.98 | 9.87 | 73.3 |
| 1954 | 1526.58 | 1120.94 | 6.96 | 73.43 |
| 1955 | 1558.65 | 1142.90 | 1.96 | 73.33 |
| 1956 | 1607.96 | 1164.38 | 1.88 | 72.41 |
| 1957 | 1567.60 | 1120.73 | -3.75 | 71.49 |
| 1958 | 1702.14 | 1275.56 | 13.82 | 74.94 |
| 1959 | 1903.51 | 1469.90 | 15.24 | 77.22 |
| 1960 | 1780.91 | 1339.89 | -8.84 | 75.23 |
| 1961 | 2076.24 | 1558.27 | 10.30 | 75.05 |
| 1962 | 2075.46 | 1561.32 | 0.20 | 75.23 |
| 1963 | 238.10 | 1812.33 | 16.08 | 76.15 |
| 1964 | 2120.39 | 1795.04 | -0.95 | 84.66 |
| 1965 | 2710.33 | 2111.95 | 17.15 | 77.92 |
| 1966 | 2807.09 | 2217.89 | 5.02 | 79.01 |
| 1967 | 2765.82 | 2180.08 | -1.7 | 78.82 |
| 1968 | 2406.95 | 1822.15 | -16.42 | 78.9 |
| 1969 | 2565.28 | 1974.47 | 8.58 | 77.13 |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| 1970 | 2623.11 | 1997.32 | 0.95 | 76.14 |
| 1971 | 2939.97 | 2185.21 | 9.41 | 74.33 |
| 1972 | 2696.82 | 1822.61 | -16.59 | 67.58 |
| 1973 | 3290.07 | 2436.87 | 33.70 | 74.07 |
| 1974 | 2861.74 | 2071.17 | -15.01 | 72.37 |
| 1975 | 2768.39 | 2053.85 | -0.84 | 74.19 |
| 1976 | 3090.26 | 2299.29 | 11.95 | 74.40 |
| 1977 | 3086.72 | 2343.30 | 1.91 | 75.92 |
| 1978 | 2470.80 | 2101.20 | -10.33 | 85.05 |
| 1979 | 2469 | 2036.80 | -3.06 | 82.50 |
| 1980 | 2688 | 2292 | 12.53 | 85.26 |
| 1981 | 2876.20 | 2444.60 | 6.66 | 85 |
| 1982 | 3189.60 | 2640 | 7.99 | 82.81 |
| 1983 | 3733.07 | 3137.07 | 18.83 | 84.03 |
| 1984 | 4797.95 | 4148.66 | 32.25 | 86.46 |

ئەسكەرتىش: يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى، تېرىقچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 1980 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلاندى.

خىراجەت ئۈزلۈكسىز ئاشقانلىقتىن، دېھقانچىلىق زىرائەتلىرى مەھسۇلاتىنىڭ ئېشىش سۈرئىتىمۇ ئاستا بولدى. ناھىيە بويىچە يېزا ئىگىلىكىدە تەننەرخ بىلەن كىرىم ئىزچىل ئوڭ تاناسىپ بولۇپ كەلدى. 1980 - يىلى 1:1.53 بولۇپ، قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ ئوتتۇرىچە سەۋىيىسىنىڭ ئاران 79 پىرسەنتىگە، ئاپتونوم رايوننىڭ ئوتتۇرىچە سەۋىيىسىنىڭ 74 پىرسەنتىگە تەڭ بولدى.

ئۈزلۈكسىز كۆپىيىۋاتقان يېزا ئىگىلىك خىراجىتىنى بېرىش ئۈچۈن، يېزىلاردا جامائەت جۇغلانمىسى كۆپەيتىلدى. 1981 - يىلدىن ئىلگىرى يېزىلاردىكى جامائەت جۇغلانمىسى ساپ كىرىمنىڭ 11 پىرسەنتىدىن كۆپرەكىنى ئىگىلەپ كەلگەنىدى. 1984 - يىلى 6.9% كە چۈشۈپ قالدى.

يېزىلاردىكى جامائەت جۇغلانمىسى نىسبىتىنىڭ كۆپىيىشى بىلەن، دېھقانلارنىڭ كىرىمى

تەسئىي ھالدا كېمىيىپ كەتتى. 60 - يىللاردا گۆڭشې ئەزالىرىنىڭ تەقسىمات قىسمى ئومۇمىي كىرىمىنىڭ ئاران تەخمىنەن 50 پىرسەنتىنى ئىگىلەيتتى، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە تەخمىنەن %45 كە چۈشۈپ قالدى. پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنىڭ بولغا قويۇلۇشى بىلەن، كىرىم نىسبىتى تەدرىجىي ئۆرلىدى. 1981 - يىلى %48.4 كە، 1984 - يىلى %60.1 كە يەتتى.

پوسكام ناھىيىسىنىڭ بىر قانچە يىلدىكى يېزا ئىگىلىك كىرىمى ۋە يېزا ئىگىلىك خىراجىتىنىڭ سېلىشتۇرمىسى

2 - 2 - 10 - جەدۋەل بىرلىكى: 10 مىڭ يۈەن

| يىللار | يېزا ئىگىلىك كىرىمى | يېزا ئىگىلىك خىراجىتى | خىراجەتنىڭ كىرىمدە ئىگىلىگىنى (%) |
|---|---|---|---|
| 1963 | 873.3 | 193.64 | 22.17 |
| 1966 | 1204.18 | 394.22 | 32.74 |
| 1976 | 1313.27 | 457 | 34.8 |
| 1980 | 1647.79 | 664.39 | 40.32 |
| 1981 | 1798.31 | 747.74 | 41.58 |
| 1983 | 3142.75 | 1064.57 | 33.87 |
| 1984 | 4151.11 | 1347.71 | 32.47 |

پوسكام ناھىيىسىنىڭ يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ تاۋارغا ئايلىنىش نىسبىتى

2 - 2 - 11 - جەدۋەل بىرلىكى: 10 مىڭ يۈەن

| يىللار | ئومۇمىي كىرىم | سېتىلغان مەھسۇلات | |
|---|---|---|---|
| | | كىرىم | تاۋارغا ئايلىنىش نىسبىتى |
| 1978 | 1657.1 | 521 | 31.4 |
| 1979 | 1886.62 | 721 | 38.2 |
| 1980 | 2101.43 | 769 | 36.6 |
| 1981 | 2383.6 | 1017 | 43.7 |
| 1982 | 2668.71 | 1184 | 44.4 |
| 1983 | 3396.83 | 1891.9 | 55.7 |
| 1984 | 4432.82 | 2336.4 | 52.7 |

پوسكام ناھىيىسىدىكى يېزا خەلق گۇڭشېلىرىنىڭ ئاساسىي ھېسابات بىرلىكى جەھەتتىكى كىرىم - چىقىم ئەھۋالى

2 . 2 . 12 جەدۋەل — بىرلىكى: 10 مىڭ يۈەن

| باشقا خىراجەت | باشقۇرۇش خىراجىتى | بېلىقچىلىق خىراجىتى | قوشۇمچە كەسىپ خىراجىتى | چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىش خىراجىتى | ئورمانچىلىق ئىشلەپچىقىرىش خىراجىتى | دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىش خىراجىتى | جەمئىي خىراجەت | باشقا كىرىم | بېلىقچىلىق كىرىمى | قوشۇمچە كىرىم | چارۋىچىلىق كىرىمى | ئورمانچىلىق كىرىمى | دېھقانچىلىق كىرىمى | ئومۇمىي كىرىم | يىللار |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| بۇنىڭ ئىچىدە | | | | | | | | | | | | | | | |
| 12.52 | — | — | 25.02 | — | — | 97.19 | 134.73 | 6.52 | | 18.43 | 1.66 | — | 993.48 | 1026.09 | 1958 |
| 0.26 | 3.18 | | 6.55 | 1.44 | | 120.27 | 131.7 | 3.17 | | 50.76 | 8.72 | — | 582.76 | 645.41 | 1959 |
| 1.83 | 2.83 | | 6.69 | 3.09 | — | 131.44 | 145.88 | 4.45 | — | 76.83 | 13.83 | — | 589.69 | 684.80 | 1960 |
| 9.23 | 4.1 | — | 27.72 | 8.7 | — | 146.29 | 196.04 | 10.8 | — | 90.43 | 36.38 | — | 720.74 | 858.35 | 1961 |
| 5.34 | 5.86 | | 14.45 | 9.24 | | 197.35 | 232.24 | 8.81 | | 84.73 | 27.57 | — | 739.41 | 858.52 | 1962 |
| 10.19 | 3.86 | — | 3.96 | 7.84 | — | 193.64 | 219.49 | 11.63 | — | 34.99 | 21 | — | 873.3 | 940.92 | 1963 |
| 9.21 | 6.93 | — | 12.91 | 8.89 | — | 254.98 | 292.95 | 13.68 | — | 74.47 | 22.44 | — | 849.31 | 959.9 | 1964 |
| 10.1 | 9.57 | — | 13.89 | 9.49 | — | 336.91 | 379.96 | 15.64 | — | 64.59 | 19.66 | — | 1002.71 | 1102.6 | 1965 |
| 6.57 | 10.46 | — | 14.01 | 11.61 | — | 394.22 | 436.87 | 12.07 | — | 66.19 | 16.99 | — | 1204.18 | 1299.43 | 1966 |
| 6.91 | 9.13 | | 13.65 | 15.57 | | 385.75 | 431.01 | 9.89 | | 70.85 | 21.18 | — | 1211.65 | 1313.57 | 1967 |

| | | | | | | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 6.78 | 9.99 | — | 16.89 | 18.66 | — | 333.62 | 385.94 | 9.1 | | 72.96 | 26.68 | — | 1007.21 | 1115.95 | 1968 |
| 6.73 | 8.1 | — | 21.16 | 17.68 | — | 335.62 | 389.29 | 11.56 | — | 75.3 | 31.43 | — | 1122.07 | 1240.36 | 1969 |
| 6.59 | 6.86 | — | 21.83 | 18.88 | — | 357.51 | 411.67 | 10.87 | — | 74.04 | 26.75 | — | 1235.05 | 1346.71 | 1970 |
| 10.11 | 8.54 | — | 25.43 | 24.09 | — | 436.46 | 504.63 | 19.75 | — | 86.79 | 37.36 | — | 1298.05 | 1441.95 | 1971 |
| 9.77 | 6.14 | — | 27.72 | 35.43 | — | 389.13 | 468.19 | 18.44 | — | 96.91 | 45.41 | — | 1061.67 | 1222.43 | 1972 |
| 16 | 7.77 | — | 31.44 | 33.07 | — | 418.23 | 506.51 | 20.8 | — | 101.25 | 38.55 | — | 1487.84 | 1648.44 | 1973 |
| 15.06 | 8.31 | — | 36.93 | 31.75 | — | 418.19 | 510.24 | 21.06 | — | 109.79 | 38.05 | — | 1225.22 | 1394.12 | 1974 |
| 18.9 | 8.61 | — | 31.65 | 28.64 | 8.21 | 428.68 | 524.69 | 30.6 | — | 94.4 | 38.17 | 20.29 | 1250.83 | 1434.29 | 1975 |
| 18.8 | 6.49 | — | 11.59 | 22.61 | 7.71 | 457 | 524.2 | 23.17 | 0.03 | 37.56 | 28.75 | 17.05 | 1313.27 | 1419.83 | 1976 |
| 24.94 | 9.97 | 0.01 | 34.72 | 29.04 | 12.31 | 510.31 | 621.30 | 30.63 | 0.01 | 101.21 | 33.37 | 39.32 | 1435.94 | 1640.48 | 1977 |
| 33.29 | 10.66 | — | 42.78 | 31.94 | 9.92 | 573.59 | 702.18 | 63.56 | — | 133.37 | 39.39 | 37.03 | 1387.85 | 1661.1 | 1978 |
| 33.62 | 9.79 | 0.02 | 72.33 | 39.02 | 12.19 | 624.62 | 791.59 | 94.22 | — | 179.56 | 56.72 | 48.74 | 1507.38 | 1888.62 | 1979 |
| 43.45 | 9.56 | 0.02 | 113.64 | 29.95 | 16.78 | 664.39 | 877.79 | 93.23 | — | 239.37 | 64.38 | 56.66 | 1647.79 | 2101.43 | 1980 |

پوسكام ناھىيىسىدىكى يېزا خەلق كوممۇنىلىرىنىڭ ئاساسىي ھېسابات بىرلىكى بويىچە دارامەت تەقسىمات ئەھۋالى

2 ـ 2 ـ 13 ـ جەدۋەل

بىرلىكى: 10 مىڭ يۈەن

| يىللار | ساپ كىرىم | (1) دۆلەت بېجى | (2) كوللېكتىپقا قالدۇرۇلغىنى | باشقىلار: جامائەت فوندى | ئىشلەپچىقىرىش فوندى | زاپاس ئاشلىق فوندى | پاراۋانلىق فوندى | باشقا فوند | (3) كوممۇنا ئەزالىرىغا تەقسىم قىلىنغىنى | تەقسىماتقا قاتناشقان ئائىلە | تەقسىماتقا قاتناشقان ئادەم | تەقسىماتقا قاتناشقان ئەمگەك كۈچى | كىشى بېشىغا توغرا كەلگىنى (يۈەن) | ھەر بىر ئەمگەك كۈچىگە توغرا كەلگىنى (يۈەن) |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1958 | 880.51 | 71.02 | 355.27 | 264.59 | — | — | 90.68 | — | 454.22 | 23018 | 77401 | 47800 | 58.68 | 95.02 |
| 1959 | 513.71 | 92.25 | 58.25 | 42.58 | | | 15.67 | | 363.21 | 21917 | 74629 | 38081 | 48.66 | 95.37 |
| 1960 | 538.91 | 100.59 | 19.14 | 10.14 | — | — | 9 | — | 419.18 | 21917 | 74629 | 38508 | 56.10 | 108.85 |
| 1961 | 662.31 | 63.28 | 47.1 | 35.01 | — | — | 12.09 | — | 551.93 | 22656 | 73534 | 38605 | 75.58 | 144.48 |
| 1962 | 626.27 | 66.72 | 51.26 | 41.57 | — | — | 9.69 | — | 508.29 | 23500 | 75240 | 39739 | 67.6 | 128.1 |
| 1963 | 721.43 | 62.31 | 80.2 | 71.09 | — | — | 9.11 | — | 578.92 | 23878 | 74743 | 39878 | 77.5 | 145 |
| 1964 | 666.95 | 66.63 | 74.1 | 65.83 | — | — | 8.27 | — | 526.22 | 24022 | 73077 | 40463 | 85.7 | 155 |
| 1965 | 722.62 | 65.63 | 85.95 | 75.88 | — | — | 10.07 | — | 571.04 | 24096 | 72608 | 39844 | 78.66 | 143.48 |
| 1966 | 730.01 | 68.85 | 89.05 | 67.37 | 8.93 | 1.17 | 11.57 | — | 572.12 | 25173 | 75607 | 42020 | 75.68 | 136.22 |
| 1967 | 882.56 | 70.26 | 117.15 | 106.16 | — | — | 10.99 | — | 695.15 | 24430 | 74125 | 41118 | 93.94 | 169.55 |
| 1968 | 862.56 | 72.57 | 101.73 | 86.34 | 3.44 | — | 11.95 | — | 688.26 | 24141 | 73704 | 41108 | 93.39 | 163.87 |

| | | | | | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 133.51 | 85.86 | 42883 | 76736 | 26041 | 658.54 | — | 8.54 | 5.21 | 24.16 | 84.02 | 121.93 | 70.6 | 851.07 | 1969 |
| 157.18 | 87.28 | 44710 | 80485 | 27196 | 702.61 | — | 9.52 | — | — | 151.24 | 160.67 | 71.76 | 935.04 | 1970 |
| 163.02 | 95.08 | 46399 | 79850 | 27458 | 759.18 | — | 11.96 | 16.62 | 11.54 | 68.08 | 108.2 | 69.94 | 937.32 | 1971 |
| 133.52 | 76.03 | 45190 | 79363 | 27182 | 603.36 | — | 8.11 | 9.04 | 8.46 | 50.92 | 76.53 | 74.37 | 754.26 | 1972 |
| 202.7 | 112.06 | 45292 | 81942 | 27477 | 918.24 | — | 13.11 | 16.52 | 23.47 | 76.43 | 129.53 | 74.16 | 1121.93 | 1973 |
| 158.52 | 84.77 | 44546 | 83300 | 27644 | 706.14 | — | 9.34 | 9.52 | 13.08 | 72.7 | 104.95 | 73.09 | 884.18 | 1974 |
| 153.73 | 83.74 | 44206 | 83788 | 27607 | 701.68 | — | 12.51 | 8.73 | 21.38 | 91.56 | 134.19 | 73.75 | 909.61 | 1975 |
| 156 | 80.7 | 43648 | 84435 | 27638 | 681.85 | 25.62 | 12.02 | 14.01 | — | 93.24 | 144.89 | 68.89 | 895.63 | 1976 |
| 178 | 92.5 | 43764 | 84298 | 27353 | 780.56 | — | 14.45 | 15.84 | 26.48 | 107.42 | 164.19 | 74.04 | 1018.79 | 1977 |
| 178 | 90.36 | 42956 | 84723 | 27254 | 765.15 | — | 11.74 | 11.63 | 14.54 | 77.35 | 115.29 | 74.58 | 955.02 | 1978 |
| 202 | 103 | 42457 | 83029 | 26991 | 857.2 | 3.55 | 17.05 | 8.29 | 27.64 | 94.68 | 151.21 | 86.62 | 1095.03 | 1979 |
| 229 | 115 | 41696 | 82888 | 26381 | 954.97 | 3.56 | 20.25 | 7.09 | 35.99 | 118.16 | 185.05 | 83.62 | 1223.64 | 1980 |

# § 8 . ئاپپاراتلارنىڭ تەسىس قىلىنىشى

## 1 . مىنگو دەۋرىدىكى يېزا ئىگىلىك ئاپپاراتلىرى

ياڭ زېڭشىن، جىن شۇرېن دەۋرىدە ناھىيىلىك ھۆكۈمەتتە يېزا ئىگىلىكىنى مەخسۇس باشقۇرىدىغان ئاپپارات يوق ئىدى.

شېڭ شىسەي دەۋرىدە يەنى 1938 - يىلى ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ 2 - بۆلۈمى مالىيە ۋە سودىنى ئاساسلىق باشقۇراتتى. ئەينى چاغلاردىكى سودا يېزا ئىگىلىكىگە قارىتا ئېبتىلغانىدى، لېكىن 2 - بۆلۈم ئەمەلىيەتتە مالىيەنى ئاساسىي ئىش قاتارىدا تۇتقاچقا، سودا ئىسمى بار، جىسمى يوق خىزمەتكە ئايلىنىپ قالغانىدى. 1942 - يىلى ناھىيىلىك ھۆكۈمەت ئىچىدە بىرنەچچە يېزا ئىگىلىك بېتەكچىسى قويۇلغان، كېيىن قۇرۇلۇش بۆلۈمى تەسىس قىلىنغان، ئۇ، يېزا ئىگىلىك، سۇ ئىنشائاتى قاتارلىق ئىشلارنى باشقۇرغان.

گومىنداڭ ھۆكۈمىتى دەۋرىدە ناھىيىلىك ھۆكۈمەتتە قۇرۇلۇش بۆلۈمى تەسىس قىلىنغان، بۇ بۆلۈم پۇسكام ئۆستىڭىنى چېپىشقا مەسئۇل بولغاندىن باشقا، ئىشلەپچىقىرىش بىلەن ئەزەلدىن كارى يوق ئىدى، پەقەت غەللە - پاراق، باج يىغىدىغان چاغدىلا باج ئىدارىسىنىڭ خىزمىتىگە ياردەملىشەتتى.

## 2 . جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى دەۋرىدىكى يېزا ئىگىلىك ئاپپاراتلىرى

50 - يىللارنىڭ دەسلىپىدە، خەلق ھۆكۈمىتىدە قۇرۇلۇش بۆلۈمى تەسىس قىلىندى، ئۇ، يېزا ئىگىلىك، سۇ ئىنشائاتى قاتارلىق ئىشلارنى باشقۇردى. 1954 - يىلى يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش پونكىتى قۇرۇلدى. 1955 - يىلى ناھىيىلىك پارتكومدا يېزا خىزمىتى بۆلۈمى تەسىس قىلىندى. 1959 - يىلى ناھىيىلىك ھۆكۈمەت قارمىقىدا تەسىس قىلىنغان قۇرۇلۇش بۆلۈمى، سۇ ئىشلىرى بۆلۈمى ۋە يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش پونكىتى، ئورمانچىلىق پونكىتى، ئورمانچىلىق خىزمىتى پونكىتى، مال دوختۇرلۇق پونكىتى، بىرلەشتۈرۈلۈپ يېزا ئىگىلىك - چارۋىچىلىق ئىدارىسى قۇرۇلدى، ئۇنىڭ قارمىقىدا قۇرۇلۇش، سۇ ئىنشائاتى، دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، ئورمانچىلىق، ھاۋارايى، مال دوختۇرلۇق بۆلۈمچىسىدىن ئىبارەت ئالتە بۆلۈمچە تەسىس قىلىندى، ئۇلارغا جەمئىي 48 كادىر سەپلەندى. 1962 - يىلى يېزا ئىگىلىك - چارۋىچىلىق ئىدارىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، ئەسلىدىكى يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش پونكىتى، مال دوختۇرلۇق پونكىتى، ئورمانچىلىق پونكىتى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى، يېڭىدىن دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق بۆلۈمى كۆپەيتىلدى، ئۇنىڭغا جەمئىي يەتتە ئادەم سەپلەندى. ناھىيىلىك پارتكومىيېزا خىزمىتى بۆلۈمىنى ئەمەلدىن قالدۇردى. 1964- يىلى يەنە يېزا خىزمىتى بۆلۈمىنى كۆپەيتىپ تەسىس قىلدى. 1967 - يىل 6 - ئايدىن كېيىن دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق بۆلۈمى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. ناھىيىلىك خەلق قوراللىق بۆلۈمى «ئۈچ تەرەپ بىرلەشكەن» ئىشلەپچىقىرىش ئىشخانىسى قۇرۇپ، پۈتۈن ناھىيىنىڭ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنى باشقۇردى.

1969 - يىلى ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېت قۇرۇلدى، ئۇنىڭ قارمىقىدا

ئىشلەپچىقىرىشقا قوماندانلىق قىلىش گۇرۇپپىسىنىڭ دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق گۇرۇپپىسى تەسىس قىلىندى، ئۇ، ناھىيىنىڭ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىغا مەسئۇل بولدى. 1970 - يىلى ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېت يېزا ئىگىلىك ئىدارىسى تەسىس قىلدى، ئۇ، دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، سۇ ئىشلىرى، چارۋىچىلىق ئىشلىرىغا مەسئۇل بولدى. 1973 - يىلى يېزا ئىگىلىك ئىدارىسىدىن سۇ ئېلېكتر گۇرۇپپىسى ۋە پىلانلاش ئەترىتى ئايرىپ چىقىلىپ، سۇ ئېلېكتر ئىدارىسى قۇرۇلدى.

يېزا ئىگىلىك ئىدارىسى قارمىقىدىكى ئورۇنلار:

(1) ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك تېخنىكا پونكىتى

بۇ پونكىت 1954 - يىلى قۇرۇلغان. ئۇنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى دېھقانلار ئارىسىدا يېڭىچە دېھقانچىلىق قورال - سايمانلىرىنى كېڭەيتىش، دېھقان تېخنىكلارنى تەربىيىلەشتىن ئىبارەت بولدى. بۇ پونكىت 1957 - يىلىنىڭ بېشىغىچە جەمئىي ئۈچ قارار تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىپ، 1203 نەپەر كۇرسانتنى تەربىيىلىدى، ناھىيە بويىچە پېشقەدەم دېھقانلارنى توققۇز قېتىم يېزا ئىگىلىكى بويىچە ئۆلگىلىك ئورۇنلارنى ئېكسكۇرسىيە قىلىشقا تەشكىللىدى، ئېكسكۇرسىيىگە جەمئىي 1600 ئادەم (قېتىم) قاتناشتى. دېھقانلاردىكى يېڭىچە دېھقانچىلىق قورال - سايمانلىرىنى ۋە يېڭى تېرىقچىلىق ئۇسۇلىنى قوللىنىشنى خالىمايدىغان مۇتەئەسسىپلىك ئىدىيىسىنى تۈگىتىش جەھەتتە كۆپلىگەن خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. 1959 - يىلى يېزا ئىگىلىك تېخنىكا پونكىتىنىڭ نامى يېزا ئىگىلىك پەن - تەتقىقات ئورنىغا ئۆزگەرتىلدى. 1962 -يىلى يېزا ئىگىلىك پەن- تەتقىقات ئورنى ئورۇقچىلىق مەيدانىغا ئۆزگەرتىلدى، شۇ يىلى نامى يەنە يېزا ئىگىلىك تېخنىكا پونكىتىغا ئۆزگەرتىلدى، 1967 - يىلى يېزا ئىگىلىك تېخنىكا پونكىتى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. 1971 - يىلى ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېت قارمىقىدا يېزا ئىگىلىك پەن تەتقىقات گۇرۇپپىسى تەسىس قىلىندى. 1974 - يىل 1 - ئايدا يېزا ئىگىلىك پەن تەتقىقات گۇرۇپپىسى يېزا ئىگىلىك پەن- تەتقىقات پونكىتىغا ئۆزگەرتىلدى، ئۇنىڭغا 21 خادىم سەپلەندى، ئۇ، يېزا ئىگىلىك ئىدارىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە خىزمەت ئىشلىدى. 1976 - يىلى يېزا ئىگىلىك پەن - تەتقىقات پونكىتى يەنە يېزا ئىگىلىك تېخنىكا پونكىتىغا ئۆزگەرتىلدى.

پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك تېخنىكا پونكىتى تەجرىبە قىلىش، ئۈلگە كۆرسىتىش، كېڭەيتىش، تەربىيىلەشتىن ئىبارەت تۆتنى بىرلەشتۈرۈش ۋە ئىشلەپچىقىرىشقا، ئاممىغا، ئاساسىي قاتلامغا يۈزلىنىش يۆنىلىشىدە چىڭ تۇردى، يېزا ئىگىلىك تېخنىكا خادىملىرى ئېتىز بېشىغا بېرىپ، كەڭ كادىرلار ۋە ئامما بىلەن بىرلىكتە بۇغداي ئىشلەپچىقىرىشى ۋە ئۇنى تېرىش - ئۆستۈرۈش تېخنىكىسى ئۈستىدە ئىزدىنىش، سۇلياۋ يوپۇق يېپىپ كېۋەز تېرىش تېخنىكىسى بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىش ۋە ئۇنى كېڭەيتىش، يېشىل ئوغۇت تېرىلغۇ كۆلىمىنى كېڭەيتىش، خىمىيىۋى ئوغۇتنى مۇۋاپىق ئىشلىتىش، پەۋقۇلئاددە تۆۋەن سىغىمچانلىقتا دورا چېچىش قاتارلىق جەھەتلەردە كۆپلىگەن خىزمەتلەرنى ئىشلىدى، 11 تۈرلۈك پەن - تېخنىكا نەتىجىسى ۋىلايەتنىڭ يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

(2) ئۇرۇقچىلىق پونكىتى (ئۇرۇقچىلىق شىركىتى)

بۇ پونكىت 1958 - يىلى قۇرۇلغان. ئۇنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى يېزىلاردىكى گۆڭشې،

ئەترەتلەرنى سوپەتلىك ئۇرۇقلۇق بىلەن تەمىنلەشتىن ئىبارەت. 1959 ـ يىلى 6 ـ ئايدا ئۇرۇقچىلىق پونكىتى دېھقانچىلىق ـ چارۋىچىلىق ئىدارىسىغا قوشۇۋېتىلىپ، دېھقانچىلىق ـ چارۋىچىلىق ئىدارىسىنىڭ قارمىقىدا ئۇرۇقچىلىق بۆلۈمچىسى تەسىس قىلىندى. شۇ يىلى ناھىيىلىك پارتكوم ئۇرۇق باشقۇرۇش كومىتېتى قۇرۇپ، ئۇرۇقچىلىق خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكنى كۈچەيتتى. 1962 ـ يىل 4 ـ ئايدا ناھىيىلىك ئۇرۇقچىلىق پونكىتى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. 1979 ـ يىل 4 ـ ئايدا ناھىيىلىك ئۇرۇقچىلىق شىركىتى قۇرۇلدى.

ئۇرۇقچىلىق شىركىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، پائال تۈردە ئۇرۇقلۇق كەلتۈرۈپ، ئۇرۇقلۇق يېتىشتۈرۈپ، بەش يىلدا ناھىيىنىڭ ھەرقايسى گۇڭشې، مەيدانلىرىنى 714 مىڭ 877.5 كىلوگرام ھەر خىل سوپەتلىك ئۇرۇقلۇق بىلەن تەمىنلىدى. بۇنىڭ ئىچىدە سوپەتلىك بۇغداي ئۇرۇقى «تاڭشەن 6898»، «قەشقەر ـ 1». كۆممىقوناقنىڭ يەككە شالغۇت سورتى «تەيخاڭ ئاق كۆممىقونىقى»، «ۋۇدەنزاۋ»، كېۋەز سورتى «Φ 108» نىڭ ئەسلى ئۇرۇقلۇقى پۈتۈن ناھىيىنىڭ ئاشلىق، كېۋەزدىن ھەر يىلى مەھسۇلاتىنى ئاشۇرۇشىدا كۆرۈنەرلىك رول ئوينىدى.

# باب III

# يېزا ئىگىلىك ماشىنا ـ سايمانلىرى

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى، يەرلەر كونىچە شەكىلدە يەنى بۇقۇسىغا ئىككى كالا قوشۇپ ھەيدىلەتتى. ئۇرۇق چېچىپ تېرىلاتتى، بۇغداينىڭ دېنى كالىنى خامان قىتىش، كۆممىقوناقنىڭ دېنى دۈمبا بىلەن سوقۇش ئارقىلىق ئايرىۋېلىناتتى، ئاشلىقنى توشۇشتا ئېشەك ۋە ياغاچ هارۋا ئىشلىتىلەتتى، ئېتىز ـ ئېرىقلارغا قىغ توشۇش، ئېغىلنىڭ قىغىنى چىقىرىشقا ئوخشاش ئىشلاردا، قىغنى تاغارغا ئۇسۇپ يۈدۈش، ئاياللار كۆينىكىنىڭ ئېتىكىگە ئېلىپ توشۇش قاتارلىق ئۇسۇللار قوللىنىلاتتى. 50 ـ يىللاردا يېڭىچە دېھقانچىلىق قورال ـ سايمانلىرى ئومۇملاشتۇرۇلدى. 60 ـ يىللاردا تراكتور ۋە يورۇشلەشكەن ماشىنا سايمانلار ئىشلىتىلىشكە باشلىدى. 1970 ـ يىلدىن 1980 ـ يىلغىچە تراكتوردا تېرىلغان ۋە نىرىسلانغان يەر كۆلىمى ئومۇمىي تېرىلغۇ كۆلىمىنىڭ يېرىمىدىن ئاشتى. 1979 ـ يىلى تراكتوردا تېرىلغان يەر كۆلىمى ئومۇمىي تېرىلغۇ كۆلىمىنىڭ 49.4 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. 1980 ـ يىلدىن كېيىن يېزىلاردا مەھسۇلاتقا بىرلەشتۈرۈپ ئائىلىلەرگە ھۆددىگە بېرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلدى، بۇنىڭ بىلەن دېھقانچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ مەشغۇلات مىقدارى تۆۋەنلەشكە قاراپ يۈزلەندى. 1984 ـ يىلى تراكتوردا ھەيدەلگەن يەر ئومۇمىي يەر كۆلىمىنىڭ 28 پىرسەنتىنى، تراكتوردا تىرنىلانغان يەر 28.01% نى، تراكتوردا تېرىلغان يەر 14.50% نى ئىگىلىدى.

# § 1. يېزا ئىگىلىك ماشىنا ـ سايمانلىرىنىڭ ئۆزگىرىشى

## 1. ئەنئەنىۋى يېزا ئىگىلىك قورال ـ سايمانلىرى

ئەنئەنىۋى دېھقانچىلىق قورال ـ سايمانلىرى، ئاساسەن، ياغاچتىن ياسىلىدۇ. تۆمۈردىن ياسالغان يېزا ئىگىلىك قورال ـ سايمانلىرىدىن ئاران ئۈچ ـ تۆت خىلىلا بار، تۆمۈردىن ياسالغان كەتمەن ئاساسلىق يېزا ئىگىلىك سايمىنى بولۇپ، ئۇ، يەر ئاغدۇرۇش، يەر تۈزلەش، ئۇرۇق سېلىش، كولتىۋاتسىيە قىلىش، ئوتاش، ئورۇش (كۆممىقوناقنى) ۋە يەر سۇغىرىش، ئۆستەڭ چېپىشقا ئىشلىتىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا تۆۋەندىكى دېھقانچىلىق سايمانلىرى بار:

**يەر تۈزلەشكە ئىشلىتىلىدىغان دېھقانچىلىق سايمانلىرى** زەمبىل، ياغاچ چاقلىق قول هارۋىسى.

**يەر ھەيدەشكە ئىشلىتىلىدىغان دېھقانچىلىق سايمانلىرى** بوقۇسا، ياغاچ سۆرەم، تال چىۋىق سۆرەم.

**ئورۇش، يىغىۋېلىشقا ئىشلىتىلىدىغان دېھقانچىلىق سايمانلىرى** ئورغاق، ياغاچ تىرنا، ئارغامچا.

**خامان تېپىشكە ئىشلىتىلىدىغان دېھقانچىلىق سايمانلىرى** ياغاچ ئارا، ياغاچ گۈرجەك، سۈپۈرگە، غەلۋىر، ئۆتكەمە، سەكسەنپۇت، تاش تۇلۇق، شامالدۇرغۇچ.

**ترانسپورتقا ئىشلىتىلىدىغان دېھقانچىلىق سايمانلىرى** ياغاچ هارۋا، تاغار.

**ئاشلىق. يەم ـ بوغۇز پىششىقلاپ ئىشلەشكە ئىشلىتىلىدىغان يېزا ئىگىلىك سايمانلىرى** تۈگمەن، جادا.

## 2. يېڭىچە يېزا ئىگىلىك سايمانلىرى

مىنگونىڭ 29 ـ يىلى (1940 ـ يىلى) مەنناپ هاكىملىقتا تەيىنلەنگەن ۋاقىتتا، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن 51 دانە يېڭىچە يېزا ئىگىلىك ماشىنا ـ سايمىنىنى كىرگۈزۈپ، ناھىيە تەۋەسىدە كېڭەيتكەن. تۆمۈردىن ياسالغان بۇ دېھقانچىلىق ماشىنا ـ سايمانلىرى ئېغىر، زاپچاسلىرى بولمىغاچقا، تۆت يىل ئىشلىتىلگەندىن كېيىن يىغىشتۇرۇۋېتىلگەن. 1943 ـ يىلى ناھىيە بويىچە سوۋېت ئىتتىپاقىدا ياسالغان قوش چاقلىق، قوش چىشلىق ساپاندا 9244 مو يەر ھەيدەلگەن، 14 مىڭ يەتتە مو يەر تۆمۈر تىرنىدا تىرنىلانغان، 150 مو يەرگە سيالكىدا بۇغداي تېرىلغان، 121 مو يەرگە سيالكىدا كېۋەز تېرىلغان، 2582 مو يەر كولتىۋاتوردا يۇمشىتىلغان ۋە ئۇنىڭ ئوتى ئوتالغان، 7796 مو يەرگە قىر ساپىنى بىلەن قىر سېلىنغان، 295 مو يەردە چاڭداتقۇچ بىلەن زىيانداش هاشاراتلار يوقىتىلغان.

50 ـ يىللاردىن باشلاپ خەلق ھۆكۈمىتى كونىچە يېزا ئىگىلىك قورال ـ سايمانلىرىنى يېڭىلاشقا ئەھمىيەت بېرىپ، يېڭىچە يېزا ئىگىلىك قورال ـ سايمانلىرىنى كۈچەپ كېڭەيتتى. 1954 ـ يىلدىن باشلاپ، بەش سۈڭگۈلۈك ۋە يەتتە سۈڭگۈلۈك ساپان، 23 ـ، 28 ـ نومۇرلۇق بوقۇسا، بەش قۇرلۇق، ئون قۇرلۇق سيالكا، ئۈلاغ كۈچى بىلەن سۆرىتىلىدىغان تىرنا ۋە كولتىۋاتورنى ئارقا ـ ئارقىدىن كېڭەيتتى. 1956 ـ يىلى يەنە قوش چاقلىق، تاق چىشلىق ساپان، (ئاتقا سۆرىتىلىدىغان ئورما ماشىنىسى) «ئازاد» ماركىلىق سۇ چاقپىلىكىنى كېڭەيتتى. 1958 ـ يىلى

قەشقەر ساپىنى كەلتۈرۈلدى، ئۇ، يېنىك، ئەپچىل، چاققان بولغاچقا، 23 -، 28 - نومۇرلۇق بوقۇسا، قوش چاقلىق، تاق چىشلىق، قوش چاقلىق قوش چىشلىق ساپانلار تەدرىجىي شاللىنىۋېتىلدى. ئاتقا سۆرىتىلىدىغان ئورۇش- يىغىش ماشىنىسى، «ئازاد» ماركىلىق سۇ چاچقۇچلىكى ناھىيىنىڭ ئەھۋالىغا ئۇيغۇن كەلمىگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇلارمۇ شاللىنىۋېتىلدى. 1960 - يىلى ناھىيە بويىچە يېڭىچە يېزا ئىگىلىك قورال - سايمانلىرى 4234 كە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە قەشقەر ساپىنى 2706، ئون قۇرلۇق سىيالكا 790، ئاتقا سۆرىتىلىدىغان ئورۇش - يىغىش ماشىنىسى 37، ئۇلاغ كۈچى بىلەن سۆرىتىلىدىغان كولتىۋاتور 701 بولۇپ، ئېھتىياج ئاساسەن قاندۇرۇلدى.

يېڭىچە يېزا ئىگىلىك قورال - سايمانلىرىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن، 1955 - يىلى ناھىيىلىك بانكا يېزا ئىگىلىك قورال - سايمانلىرىنى سېتىۋېلىشقا 25 مىڭ 400 يۈەن قەرز پۇل تارقاتتى. ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك تېخنىكا پونكىتى ئۈلگە كۆرسىتىپ كېڭەيتىش بىلەن تېخنىكا جەھەتتە تەربىيىلەشنى بىرلەشتۈرۈش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، 1956 - يىلى يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش كوپىراتىپلىرىغا 816 نەپەر تېخنىك يېتىشتۈرۈپ بەردى. ناھىيە، رايون، يېزا، گۇڭشېلاردىكى ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەر يېڭىچە يېزا ئىگىلىك قورال - سايمانلىرىنى ئىشلىتىشنى باشلامچىلىق بىلەن ئۆگىنىپ، ئېتىزلىقلاردا دېھقانلارغا ئۈلگە كۆرسىتىپ، ئىشلىتىش ئۇسۇلىنى ئۆگەتتى. يېزا ئىگىلىك تېخنىكا پونكىتى 1954 - يىلدىن باشلاپ ناھىيىلىك دېھقانچىلىق مەيدانىنى ئۈلگە كۆرسىتىش نۇقتىسى قىلىپ، يەر ھەيدەش، تىرنىلاش، سۆرىتىش، تېرىشتىن تارتىپ يىغىۋېلىشقىچە بولغان ئىشلاردا پۈتۈنلەي يېڭىچە يېزا ئىگىلىك قورال - سايمانلىرى ئىشلىتىپ، ئاشلىقنىڭ بىرلىك مەھسۇلاتىنى 200 - 300 كىلوگرامغا يەتكۈزۈشتىن ئىبارەت يۇقىرى مەھسۇلات رېكوردىنى يارىتىپ، ناھىيە بويىچە يېڭىچە يېزا ئىگىلىك قورال - سايمانلىرىنى كېڭەيتىشتە ئۈلگىلىك رول ئوينىدى. 1957 - يىلى ناھىيە بويىچە يېڭىچە ساپان بىلەن ھەيدەلگەن يەر 166 مىڭ موغا يېتىپ، ئومۇمىي ھەيدەلگەن يەر كۆلىمىنىڭ 38 پىرسەنتىنى، سىيالكا بىلەن ئۇرۇق سېلىنغان يەر 176 مىڭ موغا يېتىپ، ئومۇمىي تېرىلغۇ يەر كۆلىمىنىڭ 40 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. 1960 - يىلى يېڭىچە يېزا ئىگىلىك قورال - سايمانلىرى ئومۇمىيۈزلۈك ئىشلىتىلىشكە باشلىدى.

ئادەم تاغار يۆدىدىغان، خامان ئۇلاغ كۈچى بىلەن تېپىلىدىغان قالاق ئىشلەپچىقىرىش شەكلىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن، ناھىيىنىڭ ھەر نۆۋەتلىك رەھبەرلىرى يېزا ئىگىلىك سايمانلىرىنى يېڭىلاشقا ئەھمىيەت بەردى. ترانسپورت قوراللىرى جەھەتتە، 1959 - يىلى ھارۋىلارغا شارىكلىق قازان ئىشلىتىش تەشەببۇس قىلىندى. 1968 - يىلى ئەپكەش سېۋەت كېڭەيتىلدى. 1977 - يىلى دېھقان ئائىلىلىرىنىڭ، ترانسپورت جەھەتتە، رېزىنكە چاقلىق قول ھارۋىسىنى ئومۇملاشتۇرۇشى ئوتتۇرىغا قويۇلدى. لېكىن ماددىي شارائىت چەكلىك بولغانلىقتىن، بۇنى تولۇق كېڭەيتىشكە ئىمكانىيەت يار بەرمىدى. ئۇلاغ كۈچى بىلەن خامان تېپىش، دۆمبا بىلەن قوناق سوقۇشتىن ئىبارەت قالاق ئۇسۇلنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن، 1957 - يىلى 4 - رايون تاجىك مىللىي يېزىسىنىڭ كۆممىقوناقنىڭ دېنىنى ئاتقا دەسسىتىپ ئايرىش ئۇسۇلى كېڭەيتىلدى. 60 - يىللاردا تاش تۇلۇق كەلتۈرۈلۈپ خامان تېپىلگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئۈنۈمى بولمىغانىدى. 70 - يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە يېزا ئىگىلىك ماشىنا - سايمانلىرىنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، ماشىنىدا دان ئايرىش ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى.

پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، يېزىلاردا ھەرخىل شەكىلدىكى مەھسۇلاتقا بىرلەشتۈرۈپ ھۆددىگە بېرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. دېھقانلار ئىش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، ئۇلاغقا سۆرىتىلىدىغان رېزىنكە چاقلىق ھارۋىلارنى بەس - بەستە سېتىۋالدى. 1979 - يىلى ناھىيە بويىچە رېزىنكە چاقلىق ھارۋا 9395 كە، 1984 - يىلى 19 مىڭ 153 كە يېتىپ، ترانسپورتنى ھارۋىلاشتۇرۇش ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى.

## 3 . يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى

1960 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش نازارىتى ناھىيىلىك دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق مەيدانىغا ئۈچ دانە (رەت - 25، يوتېز - 35، شەرق قىزاردى - 54) تراكتور ئاجرىتىپ بەردى، بىردانە («گاز» ماركىلىق 2.5 توننىلىق) ئاپتوموبىل مۇكاپات بەردى، شۇنىڭ بىلەن ماشىنا بىلەن يەر ھەيدەش ئەترىتى قۇرۇلۇپ، ناھىيىنىڭ دېھقانچىلىقنى ماشىنىلاشتۇرۇشنىڭ مۇقەددىمىسى باشلاندى. 1963 - يىلى دۆلەت ناھىيىگە ئون دانە «شەرق قىزاردى - 54» تىپلىق تراكتور (بۇنىڭ ئىچىدە يىما گۇڭشېسىغا سېتىپ بېرىلگىنى تۆت، گۈلباغ گۇڭشېسىغا سېتىپ بېرىلگىنى ئۈچ، ئىككىسۇ گۇڭشېسىغا سېتىپ بېرىلگىنى ئۈچ) نى مۇكاپات تەرىقىسىدە سېتىپ بەردى، شۇنىڭ بىلەن بىللە گۇڭشېلاردا تراكتور ئەترەتلىرى قۇرۇلدى، بۇ ئەترەتلەر گۇڭشېلارنىڭ ئىگىدارچىلىقىدا بولدى. 1965 -يىل5 -ئايدا پوسكام ناھىيىلىك ماشىنا- تراكتور پونكىتى قۇرۇلدى، ئاپتونوم رايونلۇق دېھقانچىلىق نازارىتى، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، 15 دانە تراكتور ئاجرىتىپ بەردى، بۇنىڭ ئىچىدە «شەرق قىزاردى - 54» تىپلىق تراكتور 11، «شەرق قىزاردى- 54» تىپلىق توپا ئىتتىرىش ماشىنىسى بىر، «تۇلپار - 28» تىپلىق زەنجىر تاپان تراكتور ئۈچ. يۇرۇشلەشتۈرۈلىدىغان ماشىنا - سايمان ۋە «ئازاد» ماركىلىق ئاپتوموبىلدىن بىرنى ئاجرىتىپ بەردى. 1970 - يىلى ناھىيە بويىچە چوڭ، ئوتتۇرا تىپتىكى تراكتور 42 گە، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 1849 ئات كۈچىگە يەتتى. شۇ يىلى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى گۇڭشېنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلىپ، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ناھىيىلىك تراكتور پونكىتى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى، ماشىنا، تراكتور شوپۇرلىرى ماشىنا، تراكتورلار بىلەن بىللە ھەرقايسى گۇڭشېلارغا چۈشۈرۈلدى. 1971- يىلى ھەرقايسى گۇڭشېلاردا تراكتور پونكىتى قۇرۇلدى.

70 - يىللاردا يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ناھايىتى تېز كۆپەيدى، بولۇپمۇ1978 -يىل1-ئايدا «1980 - يىلى يېزا ئىگىلىكنى ماشىنىلاشتۇرۇشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش» شۇئارى ئوتتۇرىغا قويۇلغاندىن كېيىن، يېزا ئىگىلىكنى ماشىنىلاشتۇرۇش سەۋىيىسى تېز ئۆستى. 1980- يىلىغا كەلگەندە، ناھىيە بويىچە چوڭ، ئوتتۇرا تىپتىكى تراكتور 300 گە، كىچىك تىپتىكى تراكتور 175 كە، يېزا ئىگىلىكتە ئىشلىتىلىدىغان ئاپتوموبىل 51 گە، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش ماشىنىسى 320 گە، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 33 مىڭ ئات كۈچىگە يەتتى. چوڭ، ئوتتۇرا تىپتىكى تراكتورلارنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى1970 - يىلدىكىنىڭ 71 ھەسسىسىگە، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى1970- يىلدىكىنىڭ 17.8 ھەسسىسىگە توغرا كەلدى. ھەر 10 مىڭ مو تېرىلغۇ يەرگە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن يەتتىدىن چوڭ، ئوتتۇرا تىپتىكى تراكتور توغرا كەلدى. چوڭ، ئوتتۇرا تىپتىكى تراكتورغا سۆرىتىلىدىغان يېزا ئىگىلىك سايمىنى 354 كە يېتىپ، چوڭ، ئوتتۇرا تىپتىكى ھەر بىر تراكتورغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 1.2 دىن يۇرۇشلەشتۈرۈلىدىغان ۋە سۆرىتىلىدىغان يېزا ئىگىلىك سايمىنى توغرا كەلدى. يېزا ئىگىلىك

پوسكام ناھىيىسىنىڭ ئىلگىرىكى يىللاردىكى يېزا ئىگىلىك ماشىنا ـ سايمانلىرىنىڭ ئەھۋالى

2 ـ 3 ـ 1 ـ جەدۋەل

| يىللار | دېھقانچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى (ئات كۈچى) | تراكتور ۋە دېھقانچىلىق ئاپتوموبىلى (دانە) | | | | تراكتورغا سۆرىتىلىدىغان دېھقانچىلىق سايمانلىرى (دانە) | | | | | دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش ماشىنىلىرى | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | چوڭ، ئوتتۇرا تىپتىكى تراكتور | كىچىك تىپتىكى تراكتور | دېھقانچىلىق ئاپتوموبىلى | جەمئىي | تراكتورغا سۆرىتىلىدىغان ساپان | تراكتورغا سۆرىتىلىدىغان تىرنا | تراكتورغا سۆرىتىلىدىغان كولتىۋاتور | تراكتورغا سۆرىتىلىدىغان سىيالكا | جەمئىي | ئۈن تارتىش ماشىنىسى | پاختا چىقىرىش ماشىنىسى | ياغ تارتىش ماشىنىسى |
| 1960 | 114 | 3 | — | — | 3 | — | 1 | — | 1 | 2 | — | — | — |
| 1961 | 114 | 3 | — | 1 | 4 | 2 | 1 | — | 1 | 4 | — | — | — |
| 1962 | 114 | 3 | — | 1 | 4 | 2 | 1 | — | 2 | 5 | 1 | 3 | — |
| 1963 | 240 | 6 | — | 1 | 7 | 4 | 2 | — | 2 | 8 | 1 | 3 | — |
| 1964 | 534 | 13 | · | 1 | 14 | 12 | 2 | · | 2 | 16 | 1 | 4 | — |
| 1965 | 1548 | 27 | — | 3 | 20 | 13 | 8 | — | 9 | 30 | 3 | 4 | — |
| 1966 | 1020 | 29 | — | 4 | 33 | 25 | 13 | — | 11 | 49 | 5 | 4 | 4 |
| 1967 | 1910 | 32 | — | 5 | 37 | 29 | 20 | — | 11 | 60 | 6 | 4 | 4 |

| | | | | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 4 | 3 | 7 | 77 | 16 | — | 29 | 32 | 39 | 5 | — | 34 | 1984 | 1968 |
| 5 | 3 | 7 | 80 | 16 | — | 32 | 32 | 45 | 5 | 2 | 38 | 1649 | 1969 |
| 5 | 30 | 31 | 82 | 16 | — | 34 | 32 | 50 | 6 | 2 | 42 | 1849 | 1970 |
| 7 | 38 | 32 | 88 | 15 | 6 | 24 | 43 | 78 | 6 | 3 | 69 | 3122 | 1971 |
| 11 | 34 | 43 | 81 | 11 | 6 | 21 | 43 | 89 | 6 | 6 | 77 | 3122 | 1972 |
| 10 | 33 | 61 | 92 | 12 | 3 | 18 | 59 | 99 | 6 | 11 | 82 | 4257 | 1973 |
| 14 | 42 | 72 | 86 | 12 | 4 | 19 | 51 | 103 | 6 | 13 | 89 | 4547 | 1974 |
| 16 | 33 | 78 | 119 | 41 | 6 | 25 | 47 | 180 | 38 | 31 | 111 | 5059 | 1975 |
| 21 | 43 | 82 | 155 | 48 | 24 | 20 | 63 | 185 | 38 | 22 | 125 | 6453 | 1976 |
| 65 | 59 | 167 | 190 | 67 | 25 | 26 | 72 | 205 | 30 | 30 | 145 | 7453 | 1977 |
| 38 | 65 | 207 | 256 | 86 | 33 | 51 | 86 | 260 | 27 | 47 | 186 | 11553 | 1978 |
| 33 | 68 | 213 | 332 | 122 | 45 | 53 | 112 | 387 | 27 | 137 | 223 | 23046 | 1979 |
| 49 | 88 | 183 | 354 | 134 | 49 | 90 | 119 | 558 | 51 | 175 | 300 | 33000 | 1980 |
| 47 | 88 | 190 | 449 | 186 | 52 | 91 | 122 | 578 | 58 | 172 | 337 | 34567 | 1981 |
| 59 | 74 | 238 | 417 | 165 | 37 | 86 | 129 | 603 | 75 | 154 | 374 | 36237 | 1982 |
| 98 | 78 | 290 | 503 | 198 | 39 | 94 | 139 | 729 | 78 | 187 | 464 | 43202 | 1983 |
| 100 | 87 | 367 | 509 | 253 | 43 | 118 | 155 | 794 | 76 | 257 | 461 | 48424 | 1984 |

ماشىنا سايمانلىرى گەرچە كۆپەيگەن بولسىمۇ، لېكىن نوقۇل ھالدا سان قوغلىشىلىپ، باشقۇرۇشقا سەل قارالغانلىقتىن يېزائىگىلىك ماشىنا - سايمانلىرىنىڭ بۇزۇلۇشى كۆپ، ئۇلاردىن پايدىلىنىش ئاز بولدى، بەزى تراكتورلارغا يۈرۈشلەشتۈرۈلىدىغان ماشىنا - سايمانلار يېتىشمىگەچكە، ئۇلار ترانسپورت ئۈچۈن ئىشلىتىلدى.

1981 - يىلى يېزىلاردا مەھسۇلاتقا بىرلەشتۈرۈپ ئائىلىلەرگە ھۆددىگە بېرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلۇپ، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇش ھوقۇقى گۇرۇپپىدىن ئەترەتكە چۈشۈرۈپ بېرىلدى. ناھىيە بويىچە 337 چوڭ، ئوتتۇرا تىپتىكى تراكتوردىن گۇرۇپپا باشقۇرۇۋاتقىنى %21.96 نى، ئەترەت باشقۇرۇۋاتقىنى %74.18 نى، شەخسلەر باشقۇرۇۋاتقىنى %3.86 نى ئىگىلىدى. يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى دېھقانلارنىڭ ھويلا - ئارام ئىگىلىكىگە ئىشلىتىشكە رۇخسەت قىلىنغاندىن كېيىن، دېھقانلارنىڭ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى سېتىۋېلىش ئاكتىپلىقى ئۆستى، لېكىن ترانسپورتقا ئىشلىتىلىدىغان چوڭ، ئوتتۇرا تىپتىكى چاقلىق تراكتور، كىچىك تۆت چاقلىق تراكتور ۋە يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەيدىغان ماشىنىلارغا ئانچە ئېتىبار بېرىلمىدى. 1984 - يىلى ناھىيە بويىچە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 48 مىڭ 400 ئات كۈچىگە، چوڭ، ئوتتۇرا تىپتىكى تراكتور 461 گە، جۈملىدىن شەخسلەرنىڭ ئىلكىدىكىسى 68 گە، كىچىك تىپتىكى تراكتور 257 گە، جۈملىدىن شەخسلەرنىڭ ئىلكىدىكىسى 215 كە، يېزا ئىگىلىكىدە ئىشلىتىلىدىغان ئاپتوموبىل 76 گە، تراكتورغا سۆرىتىلىدىغان يېزا ئىگىلىك سايمىنى 569 غا، يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەيدىغان ماشىنا 554 كە، ناھىيە بويىچە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى جەھەتتىكى تۇراقلىق مۈلۈكنىڭ ئومۇمىي قىممىتى 11 مىليون 539 مىڭ يۈەنگە، تىجارەتتىن يارىتقان پايدىسى 203 مىڭ 700 يۈەنگە يەتتى.

## § 2 . يېزا ئىگىلىك ماشىنا - سايمانلىرىنىڭ تىپى

ناھىيە بويىچە 1984 - يىلدىكى ئاساسلىق دېھقانچىلىق ماشىنا - سايمانلىرىنىڭ تىپلىرى تۆۋەندىكىچە:

### 1 . تراكتور

717 دانە، جەمئىي 24 مىڭ 500 ئات كۈچىگە تەڭ؛

«شەرق قىزاردى — 75» (زەنجىر تاپان)، 67 دانە، 5025 ئات كۈچىگە تەڭ؛

«شەرق قىزاردى — 54» (زەنجىر تاپان)، ئىككى دانە، 108 ئات كۈچىگە تەڭ؛

«شەرق قىزاردى — 60» (زەنجىر تاپان، توپا ئىتتىرىش ماشىنىسى بار)، 42 دانە، 2520 ئات كۈچىگە تەڭ؛

«تۆمۈر ئۆكۈز — 55»، 146 دانە، 8030 ئات كۈچىگە تەڭ؛

«شەرق قىزاردى — 28»، 173 دانە، 4844 ئات كۈچىگە تەڭ؛

«مول ھوسۇل — 35»، ئالتە دانە، 210 ئات كۈچىگە تەڭ؛

«شاڭخەي — 50»، تۆت دانە، 200 ئات كۈچىگە تەڭ؛

«شەرق شامىلى — 12» (قول تراكتورى)، 70 دانە، 840 ئات كۈچىگە تەڭ؛

كىچىك تۆت چاقلىق تراكتور (12، 15 تىپلىق) ، 207 دانە، 2727 ئات كۈچىگە تەڭ؛

## 2 . تراكتورغا سۆرىتىلىدىغان يېزا ئىگىلىك سايمانلىرى

«35 -- 5 L» تىپلىق، ئېغىر تىپتىكى تراكتور سۆرەيدىغان بەش چىشلىق سوقا، بۇ، «شەرق قىزاردى — 75» ياكى «شەرق قىزاردى — 54» تىپلىق تراكتورغا سەپلىنىدۇ؛

«30 -- 3 — LXT» تىپلىق، ئۈچ چىشلىق ئاسما سوقا، بۇ، «تۆمۈر ئۆكۈز — 55» تىپلىق تراكتورغا سەپلىنىدۇ؛

«30 -- 2 — LXT» تىپلىق، ئىككى چىشلىق ئاسما سوقا، بۇ، «شەرق قىزاردى—28» تىپلىق تراكتورغا سەپلىنىدۇ؛

تراكتورغا سۆرىتىلىدىغان قوش چىشلىق ساپان، بۇ، 12 ياكى 15 ئات كۈچىگە تەڭ كىچىك تۆت چاقلىق تراكتورغا سەپلىنىدۇ؛

«3 . 4 — PY» تىپلىق، تراكتورغا سۆرىتىلىدىغان دىسكىلىق تىرنا، بۇ، «شەرق قىزاردى — 75» تىپلىق تراكتورغا سەپلىنىدۇ؛

«2 . 2 — PEQ» تىپلىق، ئېغىر تىپتىكى تراكتورغا سۆرىتىلىدىغان كاماك دىسكىلىق تىرنا، بۇ، «شەرق قىزاردى — 75» تىپلىق تراكتورغا سەپلىنىدۇ؛

«3 1 . 0 — PZD » تىپلىق، مىق چىشلىق تىرنا، بۇ، «شەرق قىزاردى — 28» تىپلىق تراكتورغا سەپلىنىدۇ؛

«24 -- BC » تىپلىق تراكتورغا سۆرىتىلىدىغان ئاشلىق زىرائىتى تېرىيدىغان سىيالكا، بۇ، «شەرق قىزاردى — 28» تىپلىق ياكى «تۆمۈر ئۆكۈز — 55» تىپلىق تراكتورغا سەپلىنىدۇ؛

«24 -- ZBF» تىپلىق، تراكتورغا سۆرىتىلىدىغان، ئاشلىق زىرائىتى ئۇرۇقىغا ئوغۇت ئارىلاشتۇرۇپ سېلىش سىيالكىسى، بۇ، «شەرق قىزاردى — 28» تىپلىق ياكى «تۆمۈر ئۆكۈز -- 55» تىپلىق تراكتورغا سەپلىنىدۇ؛

«15 — BEX» تىپلىق، ئۇرۇققا ئوغۇت ئارىلاشتۇرۇپ سالغىلى بولىدىغان ئاسما سىيالكا، بۇ، «شەرق قىزاردى -- 28» تىپلىق ياكى «تۆمۈر ئۆكۈز -- 55» تىپلىق تراكتورغا سەپلىنىدۇ؛

«9 ، 7 — TB» تىپلىق، تراكتورغا سۆرىتىلىدىغان سىيالكا، بۇ، 12 ياكى 15 ئات كۈچىگە تەڭ، كىچىك تۆت چاقلىق تراكتورغا سەپلىنىدۇ؛

«لياۋنىڭ -- 1» تاق ئاچىدىغان ئاسما كولتىۋاتور، بۇ، «تۆمۈر ئۆكۈز — 55» تىپلىق تراكتورغا سەپلىنىدۇ؛

«2 . 4 ZW» تىپلىق، تراكتورغا سۆرىتىلىدىغان كولتىۋاتور، بۇ، «تۆمۈر ئۆكۈز — 55» تىپلىق تراكتورغا سەپلىنىدۇ.

## 3 . باشقا ماشىنا ـ سايمانلار

«18 -- WFB» تىپلىق، يۈدمە شەكىللىك ماتورلۇق چاڭدىتىپ پاراشوك چېچىش ماشىنىسى، بۇ، «40 YZ» تىپلىق بېنزىن ماتورغا سەپلىنىدۇ؛

«4 . 5 -- TY» تىپلىق كۆممىقوناق دېنىنى ئايرىش ماشىنىسى، بۇ، سەككىز -- ئون ئات كۈچىگە تەڭ، دىزېل ماتورغا سەپلىنىدۇ؛

«632 — IN» تىپلىق شال ئاقلاش ماشىنىسى، بۇ، 20 ئات كۈچىگە تەڭ دىزېل ماتورغا

سەپلىنىدۇ:

«20 - 18» تىپلىق، 150 تىپلىق ئۆن تارتىش ماشىنىسى، بۇ، 12 ئات كۈچىگە تەڭ دىزېل ماتور ياكى 4.5 كىلوۋاتلىق ئېلېكتر ماتورغا سەپلىنىدۇ.

# § 3. يېزا ئىگىلىك ماشىنا - سايمانلىرىنى باشقۇرۇش

## 1. ئاپپاراتلارنىڭ تەرەققىيات جەريانى

1965 - يىلدىن 1969 - يىلغىچە ناھىيىلىك تراكتور پونكىتى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى رېمونت قىلىش، خادىملارنى تەربىيىلەش، مەشغۇلات مىقدارىنى تەكشۈرۈپ بېكىتىش قاتارلىق كەسىپلەرنى ئومۇمىيۈزلۈك باشقۇردى. 1970 - يىلى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇش ۋەزىپىسى ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك ئىدارىسىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. 1975 - يىل 5 - ئايدا ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش ئىدارىسى قۇرۇلدى، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇش، بىخەتەرلىك تەربىيىسى ئېلىپ بېرىش، تېخنىكا جەھەتتىن تەربىيىلەش قاتارلىق خىزمەتلەرنى يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش ئىدارىسى بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇردى.

1981 - يىلى ئۇ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقنى ماشىنىلاشتۇرۇش بۆلۈمىگە ئۆزگەرتىلدى. 1984 - يىل 6 - ئايدا ناھىيىلىك دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقنى ماشىنىلاشتۇرۇش ئىدارىسى دېگەن نامى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى، ئۇنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرىنى سىناق قىلىش، ئۈلگە كۆرسىتىش، كېڭەيتىش ۋە باشقۇرۇش، تېخنىكا خادىملىرىنى تەربىيىلەش، بىخەتەرلىك نازارەتچىلىكىنى يولغا قويۇش، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى ياساش ۋە ئۇنىڭ بىلەن تەمىنلەشنى تەشكىللەش، مالىيە نازارەتچىلىكىنى كۈچەيتىش، يېزا، مەيدانلاردىكى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇش، مۇلازىمەت قىلىش پونكىتلىرىغا كەسپىي جەھەتتە رەھبەرلىك قىلىشتىن ئىبارەت بولدى. 1984 - يىلى ئىدارە ئىچىدە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى شوپۇرلىرىنى تەربىيىلەش كۇرسى ۋە بىخەتەرلىكنى نازارەت قىلىش، باشقۇرۇش پونكىتى تەسىس قىلىنىپ، 14 نەپەر كەسپىي نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش خادىمى سەپلەندى. كارخانىلاردىن يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى ياساش، رېمونت قىلىش زاۋۇتى، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى بىلەن تەمىنلەش شىركىتى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقنى ماشىنىلاشتۇرۇش ئىدارىسىغا قارايدىغان بولدى.

## 2. يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇش

يېزا ئىگىلىك ماشىنا - سايمانلىرى ئىشلىتىلگەن دەسلەپكى مەزگىلدە، ناھىيىلىك تراكتور پونكىتى كۇرس ئېچىپ، شوپۇرلۇق ۋە رېمونتچىلىق تېخنىكىسىنى ئۆگەتتى. ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش ئىدارىسى 1979 - يىلدىن 1984 - يىلغىچە ھەر خىل تەربىيىلەش كۇرسىدىن 25 قارار ئېچىپ، 1863 ئادەم (قېتىم) نى تەربىيىلىدى. 1984 - يىلغىچە ھەر خىل يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى خادىمى 1053 (1950 - يىلدىكىنىڭ 151 ھەسسىسىگە توغرا كېلىدۇ) كە يېتىپ، ھەممىسى ئۇنۋان ۋە كىنىشكا ئالدى، بۇنىڭ ئىچىدە كىنىشكا ئالغان تراكتورچى 787، باشقا يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى خادىمى 262. 1984 - يىلى يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش ئىدارىسىنىڭ نازارەت قىلىش، باشقۇرۇش پونكىتى ناھىيە، يېزا، كەنتلەردىكى ھەر قايسى ماشىنا گۇرۇپپىلىرى بىلەن، ئايرىم - ئايرىم ھالدا، 520 پارچە بىخەتەرلىك ھۆددىگەرلىك توختامى ئىمزالىدى، 850 پارچە بىخەتەرلىك ئەھدىنامىسى تۈزدى، شۇنىڭ بىلەن

پوسكام ناھىيىسىنىڭ بىر قانچە يىلدىكى ئېتىز - ئېرىق مەشغۇلاتىنىڭ ماشىنىلىشىش دەرىجىسىگە دائىر مەلۇمات

2 - 3 - 2 - جەدۋەل

| يىللار | تراكتوردا ھەيدەلگەن يەر ( % ) | تراكتوردا تېرىلغان يەر ( % ) | تراكتوردا ئۇرۇق سېلىنغان يەر ( % ) | ئىزاھات |
|---|---|---|---|---|
| 1973 | 15.3 | 15.3 | 0.5 | جەدۋەلدىكى سانلار شۇ يىلدىكى ماشىنىلىشىش دەرىجىسىنىڭ پىرسەنتىدىن ئىبارەت. مەسىلەن، 1980 - يىلى ناھىيە بويىچە تراكتوردا ھەيدەلگەن يەر 68.2 دېگىنىمىز ئۇنىڭ شۇ يىلدىكى دېھقانچىلىق زىرائەتلىرى ئومۇمىي كۆلىمىنىڭ 68.2 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ |
| 1974 | 13.7 | 13.7 | 0.1 | |
| 1975 | 36.6 | 36.6 | 4.7 | |
| 1976 | 56.2 | 56.2 | 15.1 | |
| 1977 | 62.7 | 62.7 | 24 | |
| 1978 | 63.1 | 63.1 | 24.1 | |
| 1979 | 64.3 | 64.3 | 49.4 | |
| 1980 | 68 2 | 68.2 | 34 | |
| 1981 | 36.30 | 36.30 | 13.75 | |
| 1982 | 28.40 | 28.40 | 14.10 | |
| 1983 | 29.10 | 29.10 | 14.23 | |
| 1984 | 28.01 | 28.01 | 14.50 | |

ناھىيە بويىچە ئىلگىرى ھەر يۈز تراكتور بويىچە كۆرۈلگەن ۋەقەدە 1.4 ئادەم ئۆلگەن بولسا، ھازىر 0.8 ئادەمگە چۈشتى.

**مالىيىنى باشقۇرۇش** 1979 - يىلدىن باشلاپ «يەككە ماشىنىلار بويىچە ھېسابات قىلىش، كۆپ ئىشلىگەنلەر كۆپ ئېلىش» يولغا قويۇلۇپ، كەڭ تراكتور مۇلازىمىتى خادىملىرىنىڭ ئاكتىپچانلىقى ئىشقا سېلىنىپ، تراكتورلارنىڭ ساق تۇرۇش نىسبىتى يىلمۇ يىل ئۆستى، ماي سەرپىياتى تۆۋەنلىدى. 1980-يىلى ناھىيە بويىچە تراكتورلارنىڭ ساق تۇرۇش نىسبىتى 85.8% بولدى. ئېتىز - ئېرىق مەشغۇلاتىنىڭ ماشىنىلىشىش دەرىجىسى جەھەتتە: تراكتور بىلەن ھەيدەلگەن يەر 68%كە، بۇغداينىڭ ماشىنىدا تېرىلىش نىسبىتى 74%كە، كېۋەزنىڭ ماشىنىدا تېرىلىش نىسبىتى 42%كە، كۆممىقوناقنىڭ ماشىنىدا تېرىلىش نىسبىتى 14%كە يەتتى؛ كۆممىقوناقنىڭ ماشىنىدا كولتىۋاتسىيە قىلىنىش نىسبىتى 5%، كېۋەزنىڭ ماشىنىدا كولتىۋاتسىيە قىلىنىش نىسبىتى 1.5% بولدى؛ تراكتورلار 1 مىليون 948 مىڭ 600 ئۆلچەملىك مو يەردە مەشغۇلات ئېلىپ باردى، ھەر بىر ئۆلچەملىك موغا سەرپ قىلىنغان ماي 0.59 كىلوگرام، تەننەرخ 0.80 يۈەن بولدى. 1981 - يىلى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئەترەتنىڭ ئىگىدارلىقىغا چۈشۈرۈپ بېرىلگەندىن كېيىن، «تراكتورلارنى ھۆددىگە بېرىش، ئىشقا بىرلەشتۈرۈپ ھەق ھېسابلاش» مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلدى، قىسمەن يېزا ئىگىلىك

ماشىنىلىرى باھاغا سۇندۇرۇلۇپ ئائىلىلەرگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. يەرلەر ھۆددىگە بېرىپ باشقۇرۇلغاندىن كېيىن، دېھقانلار تەننەرخنى ھېسابلاشقا ئەھمىيەت بېرىدىغان بولغانلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە پۈتۈن سالا ئېتىزلار پارچىلىنىپ كېتىپ، تراكتور بىلەن بىر تۇتاش تېرىقچىلىق قىلىش قولايسىز بولۇپ قالغانلىقى ئۈچۈن، ناھىيە بويىچە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ ئېتىز - ئېرىق مەشغۇلات مىقدارى زور ھەجىمدە تۆۋەنلەپ كەتتى.

# IV باب

# باغۋەنچىلىك

پوسكام ناھىيىسىنىڭ كىلىماتى مۆتىدىل، سۇ مەنبەسى مول، كۈن نۇرىنىڭ چۈشۈشى يېتەرلىك، كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ تېمپېراتۇرا پەرقى زور بولۇپ، قوغۇن - تاۋۇز، مېۋە - چېۋىلەرنىڭ ئۆسۈشىگە باب كېلىدۇ. تارىختا ئۆرۈك، شاپتۇل، ئامۇت، ئالما، ياڭاق، تاۋۇز، قوغۇن كۆپ چىقاتتى، بۇ مېۋىلەر ناھايىتى تەملىك بولۇپ، «يىپەك يولى»نىڭ جەنۇبىي لىنىيىسىدە داڭ چىقارغانىدى. چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن چۈن يۈەن دېگەن كىشىنىڭ «غەربىي يۇرتتا كۆرگەن ئاڭلىغانلىرىم» دېگەن ئەسىرىدە «يەكەندىن چىقىدىغان گۈرۈچ، ئاشلىق، قوغۇن - تاۋۇز، مېۋە - چېۋىلەر جەنۇبىي شىنجاڭ بويىچە ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدىكەن» دېيىلگەن. دېڭ زەنشيەنىڭ «قاغىلىق - ئورۇمچى سەپەر خاتىرىلىرى» دېگەن ئەسىرىدە «پوسكام جاڭزىسى ئەتراپىدىن چىقىدىغان . . . ئانار، ئۆرۈك، ياڭاقلار مەشھۇر ئىكەن» دېيىلگەن. قوغۇن - تاۋۇز، مېۋە - چېۋە بۇ يەردىكى دېھقانلارنىڭ تۇرمۇش مەنبەسىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولۇپ، ھويلا - ئارام ئىگىلىكى شەكلىنى ئالغان مېۋە - چېۋە ئىگىلىكى، بىر تەرەپتىن، دېھقانلارنىڭ قىسمەن ئىشلەپچىقىرىش مەبلىغىنى ھەل قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن، دېھقانلار ئاشلىقىنىڭ يېتىشمىگەن قىسمىنى تولۇقلايدۇ، نۇرغۇنلىغان نامرات دېھقانلار سېرىقتال مەزگىلىدە ئۈجمە، ئۆرۈك بىلەن قورساق تويغۇزىدۇ. 50 - يىللاردىن كېيىن باغۋەنچىلىك دۆلەت پىلانىغا كىرگۈزۈلدى، دېھقانلار پارچە - پۇرات مېۋىلىك كۆچەت قويغاندىن باشقا، دۆلەت، كوللېكتىپمۇ پىلانلىق ھالدا زور كۆلەمدە باغ بەرپا قىلىپ، مېۋە - چېۋە ئىشلەپچىقىرىشنى تېخىمۇ زور تەرەققىياتقا ئېرىشتۈردى.

## § 1. مېۋە - چېۋە

### 1. مېۋىلىك دەرەخ سورتلىرى

**(1) ئالما**

ناھىيە تەۋەسىدە ئەسلىدە بار بولغان ئالما دەرەخلىرىنىڭ كۆپ قىسمى چېكىنىپ

كەتكەن بولۇپ، مېۋىسى كىچىكلەپ، سۈپىتى ناچارلىشىپ كەتكەنىدى. 1966 - يىلى «ئالتۇن مارشال»، «قىزىل يۇلتۇز»، «دۆلەت شەرىپى»، «كۆك بانان»، «ھىندى ئالمىسى»، «مۇز ئالما»، «قىزىل قاشتېشى»، «رەڭدار ئالما»، «بۈيۈك دۆلەت شەرىپى»، «تاتلىق ئالما»، «جۇگۇاڭ ئالمىسى»، «قىزىل ئالما»، «فىنول ئالمىسى»، «سۆگەت قاشتېشى»، «ياغلىق ئالما» قاتارلىق ئەلا سورتلۇق ئالمىلار ئارقا - ئارقىدىن كەلتۈرۈلۈپ، ئىلگىرىكى ئۇششاق مېۋىلىك ئالمىنىڭ ئورنىنى ئالدى، ئۇلارنىڭ ھەر قايسىسى ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە.

«ئالتۇن مارشال» مېۋىسى يوغان، شەكلى كونۇسسىمان، پوستى نېپىز، پوستىنىڭ رەڭگى سېرىق-يېشىل، ئېتى ئاچ سېرىق، چىڭ، چۈچۈك ۋە تەملىك. 10 - ئاينىڭ باشلىرىدا پىشىدۇ، ساقلاشقا ۋە توشۇشقا چىداملىق، ياندۇرقى يىلى 3 - ئايغىچە ساقلىغىلى بولىدۇ.

«قىزىل يۇلتۇز» مېۋىسى يوغان، شەكلى كونۇسسىمان، رەڭگى قېنىق قىزىل، پىشقاندا قىزغۇچ بىنەپشىرەڭ كىرىدۇ، ئېتى چۇرۇك، تاتلىق ھەم پۇراقلىق. 9 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا پىشىدۇ، ساقلاشقا ۋە توشۇشقا چىدامسىز.

«دۆلەت شەرىپى» مېۋىسىنىڭ چوڭلۇقى ئوتتۇراھال، شەكلى سەل يۇمىلاق ياكى يۇمىلاق. پوستىنىڭ رەڭگى سېرىق - يېشىل، قىزىل شەپەقسىمان ۋە سۇس قىزىل يولى بار، ئېتى چۇرۇك، تاتلىق، پۇراقلىق، 10 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا پىشىدۇ، ساقلاشقا ۋە توشۇشقا ئىنتايىن چىداملىق، ياندۇرقى يىلى 4 -، 5 - ئايلارغىچە ساقلىغىلى بولىدۇ.

«كۆك بانان» مېۋىسى يوغان، شەكلى قىسقا كونۇسسىمان، پوستىنىڭ رەڭگى سېرىق - يېشىل، مېۋىسىنىڭ يۈزىدە ئازراق كۆمۈشرەڭ خال بار، ئېتى چىڭ، پۇراقلىق، تاتلىق، يېيىشلىك، 10 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا پىشىدۇ، ساقلاشقا ۋە توشۇشقا چىداملىق، ياندۇرقى يىلى 3 - ئايغىچە ساقلىغىلى بولىدۇ.

«ھىندى ئالمىسى» مېۋىسى يوغان، شەكلى سوقىچاق ياكى ياپىلاق يۇمىلاق، كۆپىنچىسىنىڭ شەكلى قىيپاشراق، تېگىنىڭ رەڭگى سېرىق - يېشىل، مېۋىسىنىڭ كۈن نۇرى چۈشكەن تەرىپى قىزغۇچ، ئېتى قاتتىق ھەم تاتلىق، 10 - ئاينىڭ ئاخىرىدا پىشىدۇ، ساقلاشقا ۋە توشۇشقا چىداملىق، ياندۇرقى يىلى 4 -، 5 - ئايلارغىچە ساقلىغىلى بولىدۇ.

«جۇگۇاڭ ئالمىسى» مېۋىسى ئوتتۇراھال، شەكلى سوقىچاق ياكى يۇمىلاقراق، تېگىنىڭ رەڭگى سېرىق - يېشىل، مېۋىسىنىڭ كۈن نۇرى چۈشكەن تەرىپىدە قىزىل شەپەقسىمان ياكى قېنىق قىزىل سىزىقچىلىرى بار. ئېتى نېپىز، چىڭ، تاتلىق، يېيىشلىك، 7 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا پىشىدۇ، ساقلاشقا ۋە توشۇشقا چىدامسىز.

«قىزىل قاشتېشى ئالمىسى» مېۋىسىنىڭ چوڭلۇقى ئوتتۇراھال، شەكلى ياپىلاق، يۇمىلاق، يۈزى قىزغۇچ بىنەپشىرەڭ، ئېتى چىڭ ۋە چۇرۇك، سۇلۇق، بەك چۈچۈمەل. 9 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا پىشىدۇ، ساقلاشقا چىدامسىز.

«قىزىل ئالما» مېۋىسى چوڭ، شەكلى كونۇسسىمان، رەڭگى ئاچ سېرىق، ئېتى چۇرۇك، تاتلىق-چۈچۈكلىكى مۇۋاپىق. 9 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا پىشىدۇ، ساقلاشقا چىدامسىز.

(2) ئامۇت

ئىلگىرى ئامۇت سورتلىرىدىن پەقەتلا «سېرىق ئامۇت»، «ئۆرۈك يوپۇرماقلىق ئامۇت» بولۇپ، سورتى ناچار، ئۆستۈرۈلۈش كۆلىمى ئاز ئىدى. 1966- يىلدىن كېيىن «كورلا نەشپۈتى»، «داڭشەن ئامۇتى»، «لەيياڭ ئامۇتى»، «ئالما نەشپۈتى»، «قوتۇر ئامۇت»، «سۇلۇق نەشپوت»،

«قىشلىق ئامۇت»، «شىنبۇجى نەشپۈتى»، «پىزەك ئامۇت»، «چىپان نەشپۈتى»، «ئۆردەكىسمان ئاموت» ۋە ياپونىيىنىڭ چىلگە سورتى «ئېرگوڭبەي»، «چاڭشىلاڭ» قاتارلىقلار ئارقا ـ ئارقىدىن كەلتۈرۈلدى، نەتىجىدە، ناھىيىنىڭ ئامۇت سورتى يېڭىلاندى.

**«كورلا نەشپۈتى»** مېۋىسى ئوتتۇراھال، ئېتى يۇمشاق، چۈرۈك، سۇلۇق، مېۋىسىنىڭ ئۇرۇق توگونچىكى كىچىك، خۇشپۇراق، سوپىتى ئەسلى چىققان جايدىكىگە يەتمەيدۇ. 9 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا پىشىدۇ، ساقلاشقا چىدامىلىق، ياندۇرقى يىلى 3 ـ، 4 ـ ئايلارغىچە ساقلىغىلى بولىدۇ.

**«داڭسەن ئامۇتى»** مېۋىسى يوغان، ئېتى يىرىكرەك، چۈرۈك، سۇلۇق، تاتلىق. 9 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا پىشىدۇ، ياندۇرقى يىلى 3 ـ، 4 ـ ئايلارغىچە ساقلىغىلى بولىدۇ.

**«لەيياڭ ئامۇتى»** ئېتى يۇمشاق، چۈرۈك، سۇلۇق، خۇشپۇراق، تاش ھۈجەيرىلىرى ئاز. 9 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا پىشىدۇ، ياندۇرقى يىلىغىچە ساقلىغىلى بولىدۇ.

**«قونۇر ئامۇت»** مېۋىسىنىڭ چوڭلۇقى ئوتتۇراھال، ئېتى يۇمشاق، سۇلۇق، تاتلىق، ناھايىتى پۇراقلىق، 8 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا پىشىدۇ، ساقلاشقا چىدامسىز.

**«ئۆردەكىسمان ئامۇت»** (يالى) مېۋىسىنىڭ چوڭلۇقى ئوتتۇراھال، ئېتى يۇمشاق، سۇلۇق، تاتلىق، تەملىك، 9 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا پىشىدۇ، ساقلاشقا چىدامسىز.

**«پىزەك ئامۇت»** مېۋىسى چوڭ، ئېتى چۈرۈك، سۇلۇق، ئۇرۇق توگونچىكى كىچىك، تاش ھۈجەيرىسى كۆپ، تاتلىق، ساقلىغاندىن كېيىن خۇشبۇي پۇرايدۇ. 9 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا پىشىدۇ، ساقلاشقا چىدامىلىق.

**«چىپان نەشپۈتى»** مېۋىسىنىڭ چوڭلۇقى ئوتتۇراھال، ئېتى ئاق، يۇمشاق ھەم بوش، سۇلۇق، تاش ھۈجەيرىلىرى كۆپ، پۇراقلىق، ئۇرۇق توگونچىكى ئوتتۇراھال، سوپىتى ئەسلى چىققان جايدىكىدىن كېيىنلا تۇرىدۇ. 9 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا پىشىدۇ، ساقلاشقا چىدامسىز.

(3) **ئۈزۈم**

ئاساسلىق ئۆستۈرۈلىدىغان سورتلاردىن «قەشقەرى خۇسەينى»، «كىشمىش ئۈزۈم»، «ئات باغرى ئۈزۈم»، «مۇناقى ئۈزۈم»، «قاپاق ئۈزۈم»، «خوتەن قىزىل ئۈزۈمى»، «ئالتۇن قوڭغۇراق». «قىزىل گۈل ئۈزۈم» دىن ئىبارەت سەككىز خىل سورت بار، يەنە «قارا ئۈزۈم» سورتلىرىمۇ كەلتۈرۈلدى.

**«قەشقەرى خۇسەينى»** مېۋىسىنىڭ ساپىقى ۋە دانىسى يوغان، پوستى نېپىز، ئېتى چۈرۈك، كۆپىنچىسىنىڭ ئۇرۇقى بار، ئۈزۈم دانىسى قىزغۇچ بىنەپشىرەڭ، 9 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا پىشىدۇ، ساقلاشقا، توشۇشقا چىدامىلىق.

**«كىشمىش ئۈزۈم»** ساپىقىنىڭ چوڭلۇقى ئوتتۇراھال، چىچىلىپ تۇرىدۇ، دانىسى ئۇششاق، پوستى نېپىز. ئېتى چۈرۈك، ئىنتايىن تاتلىق. ئۇرۇقى يوق، دانىسىنىڭ رەڭگى يېشىل، سوپىتى ئەسلى چىققان جايدىكىدىن ناچار، 9 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا پىشىدۇ، ساقلاشقا چىدامىلىق.

**«ئات باغرى ئۈزۈم»** ساپىقى يوغان، شەكلى سوقىچاقراق، چىچىلىپ تۇرىدۇ، دانىسى يوغان، شەكلى ئېللىپسقا ئوخشايدۇ، پوستى نېپىز، ئېتى چۈرۈك، سۇلۇق، دانىسى قېنىق يېشىل، ئۇرۇقى بار. 9 ـ ئاينىڭ باشلىرىدا پىشىدۇ، ساقلاشقا ۋە توشۇشقا چىدامسىز.

**«مۇناقى ئۈزۈم»** ساپىقى يوغان، دانىسى زىچراق، سوقىچاق، پوستى قېلىن، تاتلىق، ئېتى

چۈرۈك، سۇلۇق، رەڭگى ئاچ يېشىل، مېۋىسىنىڭ كۈن نۇرى چۈشكەن تەرىپىدە سەل - پەل قىزىل سىزىقچىلار بار، ئۇرۇقى بار. 9 - ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا پىشىدۇ، ساقلاشقا ۋە توشۇشقا چىدامىلىق، سۈپىتى سەل ناچار.

«قاپاق ئۈزۈم» ساپىقى ۋە دانىسى يوغان، پوستى نېپىز، ئېتى چۈرۈك، سۇلۇق، تاتلىق. دانىسىنىڭ رەڭگى ئاچ يېشىل، ئۇرۇقى بار. 9 - ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا پىشىدۇ، ساقلاشقا ۋە توشۇشقا چىدامىلىق.

«خوتەن قىزىل ئۈزۈمى» ساپىقى يوغان، دانىسى زىچ، دانىسىنىڭ چوڭلۇقى ئوتتۇراھال، يۇمىلاق، پوستى قېلىن، تەمىنىڭ چۈچۈمەللىكى ۋە تاتلىقلىقى مۇۋاپىق، ئېتى يۇمشاق، دانىسىنىڭ تېگى ئاچ سېرىق، يۈزى قىزىل، 9 - ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا پىشىدۇ، ساقلاشقا ۋە توشۇشقا چىدامىلىق.

«قىزىل گۈل ئۈزۈم» ساپىقىنىڭ چوڭلۇقى ئوتتۇراھال، دانىسى يوغان، قىزغۇچ بىنەپشىرەڭ، مېۋىسى قىزىل گۈل پۇرايدۇ، سۇلۇق، تاتلىق، 9 - ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا پىشىدۇ، ساقلاشقا ۋە توشۇشقا چىدامىلىق.

«ئالتۇن قوغۇراق ئۈزۈم» ساپىقى يوغان، دانىسى زىچ، يوغان، سۇلۇق، ئېتى چۈرۈك، تاتلىق، دانىسىنىڭ رەڭگى يېشىل، 9 - ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا پىشىدۇ، ساقلاشقا ۋە توشۇشقا چىدامسىز.

(4) شاپتۇل

ئاساسلىق سورتلىرىنىڭ كۆپىنچىسى سىرتتىن كەلتۈرۈلگەن بولۇپ، «ئۈزۈن ساقلىغىلى بولىدىغان چوڭ شاپتۇل»، «چۈشياڭمېي»، «سۇلۇق چىلگە شاپتۇل»، «ئالماس چىلگە شاپتۇل»، «تەكى توقچاق شاپتۇل»، «سېرىق ئەتشاپتۇل»، «ئاق شاپتۇل»، «شىرنىلىق شاپتۇل» قاتارلىقلار بار. ئامما، ئەمەلىيەت داۋامىدا، تاللاپ يېتىشتۈرگەن سورتلارنى پارچە - پۇرات يەرلەرگە تىكىپ ئۆستۈردى، لېكىن بۇلارنىڭ كۆپىنچىسى ياغلىق شاپتۇل ۋە شىنجاڭ شاپتۇلى سىستېمىسىغا كىرىدۇ.

«ئۈزۈن ساقلىغىلى بولىدىغان چوڭ شاپتۇل» مېۋىسى يوغان، شەكلى يۇمىلاقراق، پوستى سېرىق-يېشىل، مېۋىسىنىڭ كۈن نۇرى چۈشكەن تەرىپى قىزغۇچ، پوستى سەل قېلىن، ئېتى قاتتىقراق، پوستى، ئۆچكىسى ئاجرايدۇ، ئېتى سۇترەڭ، ئۆچكىسى سەل قىزىل، تاتلىق. 7 - ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا پىشىدۇ، ساقلاشقا ۋە توشۇشقا چىدامىلىق.

«ئاق شاپتۇل» مېۋىسى يوغان، شەكلى يۇمىلاقراق، پوستىنىڭ رەڭگى سېرىق - ئاق، مېۋىسىنىڭ كۈن نۇرى چۈشكەن تەرىپى قىزغۇچ، ئېتى سۇترەڭ، ئۆچكىسى سەل قىزىل، ئېتى قاتتىقراق، تاتلىق، يېپىشلىك، ئۆچكىسى ئاجرىمايدۇ، 8 - ئاينىڭ باشلىرىدا پىشىدۇ، ساقلاشقا ۋە توشۇشقا چىدامىلىق.

«چۈشياڭمېي» مېۋىسى يوغان، شەكلى يۇمىلاقراق، پوستى سېرىق - يېشىل، مېۋىسىنىڭ كۈن نۇرى چۈشكەن تەرىپى قىزغۇچ، ئېتى يۇمشاق، سۇلۇق، تاتلىق، بەك پۇراقلىق، پوستى، ئۆچكىسى ئاجرايدۇ، 7 - ئاينىڭ باشلىرىدا پىشىدۇ، ساقلاشقا ۋە توشۇشقا چىدامسىز.

«سۇلۇق چىلگە شاپتۇل» مېۋىسىنىڭ چوڭلۇقى ئوتتۇراھال، پوستى سېرىق - يېشىل ۋە سېرىق ئاق، قىزىل شەپەقسىمان رەڭدە، ئېتى يۇمشاق، سۇلۇق، تاتلىق، پۇراقلىق، ئۆچكىسى ئاجرىمايدۇ، 7 - ئاينىڭ باشلىرىدا پىشىدۇ، ساقلاشقا ۋە توشۇشقا چىدامسىز.

«تەكى توقچاق شاپتۇل» مېۋىسى كىچىكرەك، شەكلى ياپىلاق ياكى يۇمىلاق، مېۋىسىنىڭ ئۆچى

تور، پوستى ۋە ئېتى ئاچ يېشىل، يۇمشاق، سۇلۇق، تاتلىق، مېغىزى ئاچچىق، ئۇچكىسى كىچىك، پوستى، ئۇچكىسى ئاسان ئاجرايدۇ، توكلۇك، 7 - ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا پىشىدۇ. ساقلاشقا ۋە توشۇشقا چىداملىق.

«سېرىق ئەتشاپتول» مېۋىسىنىڭ چوڭلۇقى ئوتتۇراھال، شەكلى كونۇسسىمان، ئۇچى توز، پوستى ۋە ئېتى سېرىق، سۇلۇق، تاتلىق، پوستى، ئۇچكىسى ئاجرىمايدۇ، توكلۇك. مېغىزى ئاچچىق. 10 - ئاينىڭ باشلىرىدا پىشىدۇ، ساقلاشقا ۋە توشۇشقا چىداملىق.

«قىزىل ئەتشاپتول» مېۋىسىنىڭ چوڭلۇقى ئوتتۇراھال. تېگى ئاچ سېرىق - يېشىل، كۈن نۇرى چۈشكەن تەرىپى يېرىم قىزىل، ئېتى ئاچ يېشىل، سۇلۇق، تاتلىق، پۇراقلىق، مېۋىسى تەتور تۇخۇمسىمان، شەكلى ياپىلاق، ئۇچى ئۇچلۇق، پوستى، ئۇچكىسى ئاجرىمايدۇ، مېغىزى ئاچچىق، 10 - ئاينىڭ باشلىرىدا پىشىدۇ، ساقلاشقا ۋە توشۇشقا چىداملىق.

(5) ئۆرۈك

دائىم ئۇچرايدىغان ئالتە خىل سورت بار.

«ئاق قوم ئۆرۈك» مېۋىسى يوغان، ئېتى يۇمشاق، سۇلۇق، تاتلىق، مېغىزى ئاچچىق، 6 - ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا پىشىدۇ، ساقلاشقا ۋە توشۇشقا چىدامسىز، بۇ، سىرتتىن كەلتۈرۈلگەن سورت.

«ئالتۇن سېرىق ئۆرۈك» مېۋىسى يوغان، ئېتى سېرىق، سۇلۇقراق، چۇچۇمەلرەك، مېغىزى تاتلىق، پوستى توكلۇك، 6 - ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا پىشىدۇ، ساقلاشقا ۋە توشۇشقا چىدامسىز، بۇ، سىرتتىن كەلتۈرۈلگەن سورت.

«جانانى ئۆرۈك» مېۋىسىنىڭ چوڭلۇقى ئوتتۇراھال، يۇمىلاقراق، پوستى سىلىق، توكسىز، تېگى سېرىق، كۈن نۇرى چۈشكەن تەرىپى شەپەقسىمان، ئېتى يۇمشاق، سۇلۇق، تاتلىق، ئۇچكىسى ئاجرايدۇ، مېغىزى تاتلىق، 7 - ئاينىڭ باشلىرىدا پىشىدۇ، ساقلاشقا ۋە توشۇشقا چىدامسىز.

«خوۋەينى ئۆرۈك» مېۋىسى يوغان، شەكلى سوقىچاق، پوستىنىڭ رەڭگى سېرىق، ئېتى ئاچ سېرىق، پوستى سىلىق، توكسىز، ئېتى قېلىن، ئوتتۇراھال سۇلۇق، تاتلىق، ئۇچكىسى ئاجرايدۇ، مېغىزى تاتلىق، 8 - ئاينىڭ باشلىرىدا پىشىدۇ، ساقلاشقا ۋە توشۇشقا خېلى چىداملىق.

«ئاق ياغلىق ئۆرۈك» مېۋىسى كىچىكرەك، شەكلى كونۇسسىمان، پوستى ئاق، مېۋىسىنىڭ كۈن نۇرى چۈشكەن تەرىپى سەل قىزغۇچ، سۇلۇق، تاتلىق، ئېتى ئاق، ئۇچكىسى ئاجرىمايدۇ، پوستى سىلىق، توكسىز، مېغىزى تاتلىق ۋە سەل پۇراقلىق، 7 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا پىشىدۇ، ساقلاشقا ۋە توشۇشقا چىدامسىز.

«قارا يوپۇرماق ئۆرۈك» مېۋىسى ئۇششاق، شەكلى سوقىچاق كونۇسسىمان، مېۋىسىنىڭ تېگى سېرىق، پوستى قىزىل ياكى يېرىم قىزىل، سۇلۇق، تاتلىق، مېغىزى پۇراقلىق، تاتلىق، توكسىز. 7 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا پىشىدۇ، ساقلاشقا ۋە توشۇشقا چىدامسىز.

(6) ياڭاق

«شاكىلى نېپىز ياڭاق» مېۋىسىنىڭ شەكلى ياپىلاقراق يۇمىلاق، ئۇچى ئۇچلۇق، مېۋىسىنىڭ چوڭلۇقى ئوتتۇراھال، 30 نەچچە دانىسى 500 گرام كېلىدۇ، مېۋىسى سىلىق، شاكىلى نېپىز. 10 - ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا پىشىدۇ.

«قەغەز ياڭاق» مېۋىسى يوغان، ئۇچى ئۇچلۇق، شاكىلىنىڭ تۇتاشقان سىزىقى تەكشى ۋە سىلىق، ھەر بىر دانىسىنىڭ ئېغىرلىقى تەخمىنەن 12 گرام كېلىدۇ، شاكىلى قەغەزدەك نېپىز،

تۈز ھەم سىلىق، 9 - ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا پىشىدۇ.

«چىلگە ياڭاق» مېۋىسى ئازراق، مېۋىسىنىڭ شەكلى كەڭ، ياپىلاق يۇمىلاق شەكىلدە، 9- ئاينىڭ باشلىرىدا پىشىدۇ.

«مول ھوسۇللۇق ياڭاق» مېۋىسىنىڭ شەكلى ياپىلاق يۇمىلاق، ئۈچى سەل ئۇزۇنراق، تۈتاشقان سىزىقى سەل ئۆرلەپ چىققان، 30 نەچچىسى 500 گرام كېلىدۇ، مېۋىسى سىلىق، 9 - ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا پىشىدۇ.

يۇقىرىدا ئېيتىلغان مېۋىلىك دەرەخ تۈرلىرى ناھىيىدىكى ئاساسلىق سورتلاردىن ئىبارەت، بۇلاردىن باشقا يەنە ئاز ئۇچرايدىغان ياغاچ غوللۇق، ياغلىق دەرەخ تۈرلىرى ۋە باشقا سۈپەتلىك مېۋىلىك دەرەخلەردىن بادام، پىستە، ئانار، ئالۇچا، خېنەنىنىڭ «لىڭباۋ چىلىنى»، «شىنجېڭ بوز چىلىنى»، «توخۇ يۈرىكسىمان چىلان»، خېبېينىڭ «زەنخۇاڭ» چوڭ چىلىنىمۇ ئاندا - ساندا ئۇچرايدۇ.

## 2 . مېۋىلىك دەرەخلەرنى ئۆستۈرۈش تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلۇشنىڭ ئالدى - كەينىدە، ناھىيە تەۋەسىدىكى مېۋىلىك دەرەخلەر كۆپىنچە پارچە - پۇرات يەرلەردە ئۆستۈرۈلەتتى، بۆلەكلەر بويىچە بەرپا قىلىنغان باغ كۆپ ئەمەس ئىدى، پەرۋىش قىلىش ئىنچىكە ئەمەس ئىدى، مېۋىلىك دەرەخلەر ئارىلاش، قېلىن ئۆستۈرۈلەتتى. مېۋىگە كىرگەندىن كېيىن، ۋاقتى - قارارىدا پەرۋىش قىلىنماي، ئۆز مەيلىگە قويۇۋېتىلەتتى، نەتىجىدە دەرەخ شاخلىرى قالايمىقانلىشىپ، ئۇنىڭ فوتوسىنتېزى ناچارلىشىپ كېتەتتى - دە، مېۋە بېرىش نىسبىتى، مەھسۇلات مىقدارى تۆۋەن، سۈپىتى ناچاربولاتتى. 50- يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، ھاشارات زىيانداشلىقىنى ئازايتىپ، دەرەخنىڭ مېۋە بېرىش نىسبىتىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، قېرى دەرەخلەرنىڭ قوۋزىقىنى سويۇش ئۇسۇلى كېڭەيتىلدى. ئارقىدىن مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ ياۋا شېخىنى چاتاش، رەتلەش، ئۇلاش، دورا چېچىش قاتارلىق تېخنىكىلار كېڭەيتىلدى

سورتنى ياخشىلاش ئۈچۈن، 1965 - يىلى ئامۇت، ئالما، شاپتۇل قاتارلىق مېۋىلەرنىڭ ئەلا سورتلىرى كەلتۈرۈلدى. 1975 - يىلى چوڭ چىلان كۆچىتى كەلتۈرۈلدى. 70 - يىللارنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە، ناھىيىلىك ئورمانچىلىق ئىدارىسى كونا باغلارنى ئۆزگەرتتى. 1984 - يىلى ئۆزگەرتىلگەن باغ كۆلىمى 200 مودىن ئاشتى. باغۋەنلەرنىڭ پەرۋىش قىلىش تېخنىكىسىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، 1978 - يىلدىن 1984 - يىلغىچە ناھىيە بويىچە يەتتە قارار تېخنىك تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىلىپ، 350 تېخنىك تەربىيىلەندى.

## 3 . ئىشلەپچىقىرىش جەھەتتىكى ئەمەلىي نەتىجىلەر

1948 - يىلى ناھىيە بويىچە 299 مىڭ 3,20 تۈپ ھەر خىل مېۋىلىك دەرەخ بار ئىدى. بۇنىڭ ئىچىدە كۆلىمى ئون مودىن ئاشىدىغان باغ 13 بولۇپ، كۆلىمى 250 مو كېلەتتى. جۈملىدىن كۆلىمى ئەڭ چوڭلىرى 60 مولۇق باغ بولۇپ، بۇلارنىڭ ھەممىسى پومېشچىكلارنىڭ ئىگىدارچىلىقىدا ئىدى.

خەلق ھۆكۈمىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، سىياسەت بەلگىلىنىپ، تەدبىر قوللىنىلىپ، باغۋەنچىلىك ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەرەققىياتى قوغدالدى. يەر ئىسلاھاتىدا «پومېشچىكلار ئۆزى

**پوسكام ناھىيىسى بويىچە 1948 - يىلدىكى ھەر خىل مېۋىلىك دەرەخلەرگە دائىر مەلۇمات**

2 - 4 - 1 - جەدۋەل

| مېۋىلىك دەرەخ خىللىرى | بىرلىكى | سانى | مېۋىلىك دەرەخ خىللىرى | بىرلىكى | سانى |
|---|---|---|---|---|---|
| ئۆرۈك | تۈپ | 71974 | قارا ئۆرۈك | تۈپ | 894 |
| شاپتۇل | تۈپ | 74578 | ئۈششاق چىلان | تۈپ | 2389 |
| ئانار | تۈپ | 1269 | ئالما | تۈپ | 9385 |
| ئامۇت | تۈپ | 44426 | ئەنجۈر | تۈپ | 344 |
| ئۈزۈم | تۈپ | 79901 | گىلاس | تۈپ | 8507 |
| ياڭاق | تۈپ | 2299 | بادام | تۈپ | 184 |
| بېيە | تۈپ | 3170 | جەمئىي | تۈپ | 299320 |

باشقۇرغان ياكى ئادەم ياللاپ باشقۇرغان باغلارغا، چوڭ - كىچىك بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بىردەك تېگىشكە بولمايدۇ، تەقسىم قىلىشقا تېگىشلىك يەردىن ئېشىپ كەتكەنلىرىنىمۇ ئېلىنۇېلىشقا بولمايدۇ» دەپ بەلگىلەندى. يېزا ئىگىلىكىنى كوپېراتسىيىلەشتۈرۈش ھەرىكىتى داۋامىدا «بىر ئائىلىنىڭ باغ كۆلىمى ئىككى مودىن ئاشمىسا، بىردەك كوپېراتىپقا پاي قىلىپ قوشۇلمايدۇ. ئىككى مودىن ئاشسا، ئاشقان قىسمى كوپېراتىپقا پاي قىلىپ قوشۇلىدۇ، لېكىن يەنىلا ئەسلى ئىگىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا ھۆددىگە بېرىلىشى كېرەك» دەپ بەلگىلىنىپ، دېھقانلارنىڭ مېۋە - چېۋە ئىشلەپچىقىرىش ئاكتىپلىقى ئىشقا سېلىنىپ، مېۋە - چېۋە ئىشلەپچىقىرىشى پۈختا قەدەم بىلەن راۋاجلاندۇرۇلدى. 1958 - يىلىغا كەلگەندە، ناھىيە بويىچە باغ كۆلىمى 3543 موغا، ئېلىنغان مېۋە 761 مىڭ 500 كىلوگىرامغا يەتتى. 1964 - يىلى ناھىيە بويىچە «بەشتە ياخشى قۇرۇلۇشى» كەڭ نۇردە ئېلىپ بېرىلىپ، سالا ئېتىزلارنى رەتلەش ئۈچۈن كۆپلىگەن مېۋىلىك دەرەخلەر كېسىۋېتىلدى، نەتىجىدە مېۋە - چېۋە ئىشلەپچىقىرىشى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراپ، باغ كۆلىمى بىراقلا 1433 موغا، ئېلىنغان مېۋە 521 مىڭ كىلوگىرامغا چۈشۈپ قالدى. 1965 - يىلى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ يېزىلاردىكى قوشۇمچە كەسىپ ئىشلەپچىقىرىشىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇش توغرىسىدىكى يوليورۇقى ئىزچىل ئىجرا قىلىنىپ. كوللېكتىپ باشقۇرىدىغان قوشۇمچە كەسىپنىڭ پۈتكۈل قوشۇمچە كەسىپ ئىشلەپچىقىرىشىدا ئىگىلەيدىغان سالمىقىنى پائال. پىلانلىق كۆپەيتىش پرىنسىپىغا ئاساسەن، گۆشىي، ئەترەتلەر بەزى باغۋەنچىلىك مەيدانلىرىنى يېڭىدىن قۇردى، ناھىيىلىك پارتكوم يەنە مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: «يېزا خەلق گۆشىيلىرىنىڭ خىزمەت نىزامى (تۈزىتىلگەن لايىھىسى)» دە بەلگىلەنگەن ھويلا ئارام قوشۇمچە كەسىپى تۈرگە مەنسۇپلا تۈربولىدىكەن، ئۇنى گۆشىي ئەزالىرىنىڭ باشقۇرۇشىغا يول قويۇش ۋە ئۇنىڭغا ئىلھام بېرىش كېرەك، قالايمىقان ئارىلىشىۋېلىشقا ۋە چەكلىمە قويۇشقا بولمايدۇ. بۇنىڭ نەتىجىسىدە مېۋە - چېۋە ئىشلەپچىقىرىشى

يەنە يىلدىن - يىلغا ئۆرلىدى. 1973 - يىلى ناھىيىلىك باغۋەنچىلىك مەيدانى قۇرۇلدى، ھەر
قايسى گۇڭشې مەيدانلاردىمۇ باغۋەنچىلىك مەيدانلىرى قۇرۇلدى، باغ كۆلىمى يەنە 1000 مودىن
ئارتۇق كۆپەيدى. پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن،
تۈرلۈك ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈملىرى يولغا قويۇلدى، بۇنىڭ بىلەن مېۋە - چېۋە
ئىشلەپچىقىرىشى تېز راۋاجلاندى. 1981 - يىلى مېۋىلىك باغ كۆلىمى 13 مىڭ 401 مو (گۇڭشې
ئەزالىرىنىڭ قالدۇرۇق بېغىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) غا يېتىپ، ئومۇمىــــي تېرىلغۇ يەر
كۆلىمىنىڭ ئۈچ پىرسەنتىنى ئىگىلىدى، ئېلىنغان ئومۇمىي مېۋە 1 مىليون 220 مىڭ 500
كىلوگرامغا يېتىپ، كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ھۆل مېۋە 14 كىلوگرامغا، باغ كىرىمى 48.
3 يۈەنگە يەتتى، چوڭ ئەترەتلەرنىڭ باغ كۆلىمى جەھەتتە كۆلىمى 500 مودىن ئاشىدىغان باغ
بىر، 300 مودىن ئاشىدىغان باغ ئۈچ، 150 مودىن ئاشىدىغان باغ ئون، 100 موغا يەتمەيدىغان
باغ 138، بۇنىڭ ئىچىدە ئالمىلىق باغ 3878 مو بولۇپ، ئومۇمىي باغ كۆلىمىنىڭ 28.9
پىرسەنتىنى، شاپتۇللۇق باغ 3728 مو بولۇپ، %27.8نى، ئامۇتلۇق باغ 3000 مو بولۇپ،
%22.4نى، ئۆرۈكلۈك باغ 1700 مو بولۇپ، %12.7نى، ئۈزۈملۈك باغ 716 مو بولۇپ،
%5.4نى، باشقا مېۋىلىك باغ 379 مو بولۇپ، %2.8نى ئىگىلەيدۇ. 1984 - يىلى باغ كۆلىمى
14 مىڭ 360 موغا، ئېلىنغان مېۋە 905 مىڭ كىلوگرامغا يەتتى. باغ ئىچىدە ئالمىلىق باغ
7127 مو بولۇپ، %49.6نى، شاپتۇللۇق، ئۆرۈكلۈك باغ 5809 مو بولۇپ، %40.5نى،
ئۈزۈملۈك باغ 916 مو بولۇپ، %6.4نى، باشقا مېۋىلىك باغ 508 مو بولۇپ، %3.5نى
ئىگىلەيدۇ.

پوسكام ناھىيىسى بويىچە باغ كۆلىمى، مېۋە - چېۋە مىقدارى

2 - 4 - 2 - جەدۋەل

| يىللار | باغ كۆلىمى (مو) | مېۋە مىقدارى (5000 كىلوگرام) | بۇنىڭ ئىچىدە | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | | ئۆرۈك | شاپتۇل | ئامۇت | ئالما | ئۈزۈم | ياڭاق | ئانار | باشقىلار |
| 1949 | 2435 | 151.6 | 75.2 | 50.2 | 8.1 | 10.2 | 2.7 | 1.9 | 0.4 | 2.9 |
| 1950 | 2385 | 145.5 | 46.6 | 81.2 | 8.9 | 1.2 | 7.5 | 2.9 | 0.3 | 2.9 |
| 1951 | 2624 | 184.3 | 98.6 | 63.8 | 13.3 | 0.3 | 3.7 | 1.3 | 0.4 | 2.9 |
| 1952 | 2911 | 277.3 | 62.9 | 189.8 | 5.5 | 1.5 | 10.4 | 4 | 0.3 | 2.9 |
| 1953 | 2775 | 246.5 | 133.3 | 84.3 | 18.8 | 0.4 | 4.5 | 1.9 | 0.4 | 2.9 |
| 1954 | 2691 | 326.3 | 90.8 | 193.5 | 8.2 | 2.3 | 17.3 | 5.9 | 0.3 | 8 |
| 1955 | 2779 | 361.5 | 189.1 | 122.3 | 29 | 0.5 | 8.4 | 2.9 | 6.4 | 2.9 |
| 1956 | 2788 | 392.4 | 112.9 | 236 | 10.2 | 2.7 | 20.1 | 7.3 | 0.3 | 2.9 |
| 1957 | 2832 | 522.4 | 344.1 | 76.1 | 88.5 | 2.2 | 3.5 | 4.6 | 0.4 | 3 |
| 1958 | 3543 | 159.2 | 54.2 | 67.3 | 1.7 | 6.9 | 16.9 | 7.4 | | 4.8 |

| | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 4.2 | | 6.9 | 18.5 | 6.3 | 1.6 | 72.5 | 49.9 | 159.9 | 3592 | 1959 |
| 4.6 | | 7.6 | 18.2 | 6.3 | 1.6 | 78.5 | 53.7 | 170.5 | 3406 | 1960 |
| 4.8 | | 7.6 | 19.6 | 6.6 | 1.6 | 72.3 | 61.3 | 173.2 | 3533 | 1961 |
| 4.9 | | 8 | 19.1 | 6.8 | 1.7 | 72.3 | 53.9 | 166.7 | 4188 | 1962 |
| 14.2 | | 8.1 | 12.1 | 6.7 | 1.7 | 74.8 | 55.3 | 172.9 | 4549 | 1963 |
| 6.1 | | 1.1 | 14.4 | 2.9 | | 44.2 | 36.6 | 105.3 | 1433 | 1964 |
| 3.4 | | 4.2 | 15.8 | 2 | | 45.4 | 52.8 | 123.6 | 1760 | 1965 |
| 3.9 | | 3.4 | 19.4 | 2.5 | 1.1 | 69.4 | 54.3 | 154 | 1788 | 1966 |
| 19.4 | | 5.5 | 24.2 | 4 | 1.4 | 94.3 | 90 | 233.3 | 1930 | 1967 |
| 2.6 | | 5.6 | 14 | 2.9 | 10.2 | 67.6 | 67 | 169.9 | 2980 | 1968 |
| 19.2 | | 4.1 | 15 | 1.8 | 8.5 | 91.5 | 76 | 216.1 | 3270 | 1969 |
| 12 | | 3.9 | 12.3 | 1.3 | 0.7 | 132.5 | 73.7 | 236.4 | 3309 | 1970 |
| 2.5 | | 2 | 4.5 | 0.8 | 0.4 | 63.4 | 44.2 | 117.8 | 3123 | 1971 |
| 7.4 | | 2.9 | 15.5 | 7.1 | 8.5 | 134.5 | 35.7 | 211.6 | 4934 | 1972 |
| 5.7 | | 4.2 | 24.8 | 1.9 | 0.9 | 151.2 | 57.3 | 246 | 8299 | 1973 |
| | | 1.9 | 125.8 | 3 | 19.1 | 60 | 4.1 | 213.9 | 6747 | 1974 |
| 8.6 | | 2.5 | 11.3 | 8.5 | | 60.2 | 32 | 123.1 | 4421 | 1975 |
| 3.6 | | 1.4 | 50.1 | 44.7 | 12.5 | 210.8 | 39.4 | 362.5 | 5007 | 1976 |
| 3.1 | | 2.5 | 100.8 | 53 | 59 | 116 | 38.6 | 373.5 | 5362 | 1977 |
| 6 | | 0.1 | 8.6 | 12.9 | 26.2 | 64.8 | 36 | 154.6 | 6344 | 1978 |
| 0.7 | | 0.8 | 15.7 | 17.9 | 29.1 | 73.8 | 28.3 | 166.3 | 6984 | 1979 |
| 5.7 | | 0.5 | 27.4 | 21.4 | 38.3 | 101.8 | 49.5 | 244.6 | 6586 | 1980 |
| 3.7 | | 0.9 | 24.5 | 15.4 | 37.6 | 80.8 | 41.7 | 204.6 | 13401 | 1981 |
| 4.7 | | 0.9 | 26.3 | 23.3 | 55.1 | 83.7 | 36.3 | 230.3 | 7371 | 1982 |
| 3.1 | | 1.4 | 21.4 | 36.9 | 98.9 | 86.1 | 55.8 | 303.6 | 10270 | 1983 |
| 12.8 | | 1 | 15.1 | 21.5 | 52.3 | 53.5 | 25 | 181.2 | 14360 | 1984 |

# § 2. قوغۇن - تاۋۇز

## 1. سورتى

### 1) قوغۇن

قوغۇننىڭ 50 خىل سورتى بار بولۇپ، ئاساسلىقلىرى 18 خىل. بۇلار كۈزلۈك قوغۇن ۋە يازلىق قوغۇن دەپ ئىككى چوڭ تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

كۈزلۈك قوغۇن سورتلىرى:

**(1) «ئاق چۈرۈك»**

پەيزاۋات ناھىيىسىدىن كەلتۈرۈلگەن. بۇ، قوغۇننىڭ شەكلى تۇخۇمسىمان، ئادەتتىكى بىر قوغۇننىڭ ئېغىرلىقى ئىككى كىلوگرام كېلىدۇ، ئۇ، تورلاشمايدۇ، پىشقاندىن كېيىن شاپىقى ئاقىرىدۇ ۋە ئۈرۈك رەڭگىگە كىرىدۇ، قوغۇننىڭ سىرتى تۈز، سىلىق، بۇرنى كىچىك، تۈز ھەم يۇمىلاق. ئېتىنىڭ قېلىنلىقى 3.5 سانتىمېتر، رەڭگى ئۈرۈك رەڭگىدە، ئېتى چۈرۈك، تاتلىق، تەركىبىدە 15.5% ئېرىشچان قاتتىق ماددا بار.

**(2) «تۆمۈررەڭ شاپاق»**

قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسىدىن كەلتۈرۈلگەن. بۇ قوغۇننىڭ شەكلى تۇخۇمسىمان، ئادەتتىكى بىر قوغۇننىڭ ئېغىرلىقى 2.5 كىلوگرام، ئەڭ چوڭلىرىنىڭ ئېغىرلىقى بەش كىلوگرام كېلىدۇ، شاپىقى سېرىق - يېشىل، تېگىنىڭ رەڭگى توق يېشىل، سېرىق داغلىرى بار، بۇرنىدا ئون تال قارامتۇل يېشىل يولى بار، قوغۇننىڭ بۇرنى كىچىك، تۈز ھەم يۇمىلاق، سىرتىدا تۈكى يوق، شاپىقىنىڭ قېلىنلىقى 0.8 سانتىمېتر، ئېتىنىڭ قېلىنلىقى تۆت سانتىمېتر، رەڭگى توق قىزىل، ئېتى چۈرۈك، تاتلىق، سۇلۇق، تەركىبىدە 14.8% ئېرىشچان قاتتىق ماددا بار.

**(3) «ئاق كۆكچى»**

پەيزاۋات ناھىيىسىدىن كەلتۈرۈلگەن. بۇ قوغۇننىڭ شەكلى تۇخۇمسىمان، ئادەتتىكى بىر قوغۇننىڭ ئېغىرلىقى ئىككى كىلوگرام، ئەڭ چوڭلىرىنىڭ ئېغىرلىقى ئۈچ كىلوگرام كېلىدۇ، شاپىقى كۆپكۆك، پىشقاندا شاپىقىنىڭ تېگى كۆپكۆك رەڭگە كىرىدۇ، بۇرنى سېرىق - يېشىل رەڭ ئالىدۇ. قوغۇننىڭ سىرتى تۈز، سىلىق، قىر يولى يوق، قوغۇننىڭ بۇرنى كىچىك، تۈز ھەم يۇمىلاق، تۈكسىز، شاپىقىنىڭ قېلىنلىقى 0.8 سانتىمېتر، ئېتىنىڭ قېلىنلىقى 3.5 سانتىمېتر كېلىدۇ، رەڭگى ئاق، ئېتى يۇمشاق، تاتلىق، تەركىبىدە 12.5% ئېرىشچان قاتتىق ماددا بار.

**(4) «ئەنجان قوغۇنى»**

سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كەلتۈرۈلگەن. بۇ قوغۇننىڭ شەكلى تۇخۇمسىمان، ئادەتتىكى بىر قوغۇننىڭ ئېغىرلىقى تۆت كىلوگرام، ئەڭ چوڭلىرىنىڭ ئېغىرلىقى يەتتە كىلوگرام كېلىدۇ، شاپىقىنىڭ رەڭگى سېرىق - يېشىل، قوغۇننىڭ بۇرنىدا سېرىق رەڭ كۆپرەك، ساپاق تەرىپىنىڭ كۆپرەك قىسمى يېشىل، قويۇق تورلىشىدۇ، سىرتى تۈز، سىلىق، قىر يولى يوق، بۇرنى كىچىك، تۈز ھەم يۇمىلاق، تۈكسىز، شاپىقىنىڭ قېلىنلىقى بىر سانتىمېتر، ئېتىنىڭ قېلىنلىقى ئالتە سانتىمېتر كېلىدۇ، رەڭگى ئاق، چۈرۈك، سۇلۇق، تاتلىق، تەركىبىدە 10.5% ئېرىشچان

قاتتىق ماددا بار.

(5) «مەنچاقچى»

يوپۇغا ناھىيىسىدىن كەلتۈرۈلگەن. بۇ قوغۇننىڭ شەكلى تۇخۇمسىمان، ئادەتتىكى بىر قوغۇننىڭ ئېغىرلىقى ئۈچ كىلوگرام، ئەڭ چوڭلىرىنىڭ ئېغىرلىقى تۆت كىلوگرام كېلىدۇ. قوغۇننىڭ تېگى سېرىق - يېشىل، ئون تال قارامتۇل يېشىل رەڭلىك ئۈزۈك ھەم تۇتاش كەڭ يولى بار، قويۇق تورلىشىدۇ، قوغۇننىڭ سىرتى تۈز، سىلىق، بۇرنى كىچىك، تۈز ھەم يۇمىلاق. پىشقان قوغۇننىڭ تۈكى يوق، شاپىقىنىڭ قېلىنلىقى بىر سانتىمېتىر، ئېتىنىڭ قېلىنلىقى تۆت سانتىمېتىر كېلىدۇ. رەڭگى ئاچ يېشىل، ئېتى يۇمشاق، سۇلۇق، تاتلىق، تەركىبىدە 8.5% ئېرىشچان قاتتىق ماددا بار.

(6) «ئاقچى»

بەكەن ناھىيىسىدىن كەلتۈرۈلگەن. بۇ، قوغۇننىڭ شەكلى تۇخۇمسىمان، ئادەتتىكى بىر قوغۇننىڭ ئېغىرلىقى ئىككى كىلوگرام، ئەڭ چوڭلىرىنىڭ ئېغىرلىقى ئۈچ كىلوگرام كېلىدۇ. شاپىقى ئاچ سېرىق، پىشقان قوغۇننىڭ شاپىقىدا ئالاچىپار داغ بولمايدۇ، شالاڭ تورلىشىدۇ، قوغۇننىڭ سىرتى تۈز، سىلىق، قىر - يولى يوق، تۈكسىز، بۇرنى كىچىك، تۈز ھەم يۇمىلاق، شاپىقىنىڭ قېلىنلىقى بىر سانتىمېتىر، ئېتىنىڭ قېلىنلىقى 4.5 سانتىمېتىر كېلىدۇ، رەڭگى ئاق، ئېتى يۇمشاق، سۇلۇق، تاتلىق، تەركىبىدە 5.5% ئېرىشچان قاتتىق ماددا بار.

(7) «ئورال»

ناھىيىنىڭ يەرلىك سورتى. قوغۇننىڭ شەكلى تۇخۇمسىمان، ئادەتتىكى بىر قوغۇننىڭ ئېغىرلىقى بەش كىلوگرام، ئەڭ چوڭىنىڭ ئېغىرلىقى ئون كىلوگرام كېلىدۇ، سويمىسىنىڭ رەڭگى يېشىل، توق يېشىل، رەڭلىك تورسىمان سىزىقچىلىرى بولىدۇ، شاپىقىنىڭ سىرتىدا شالاڭ تۈكلىرى بار، پىشقاندا سېرىق - يېشىل رەڭگە كىرىدۇ، توق يېشىل رەڭلىك رېتسىز سىزىقچىلىرى بار، خېلى قويۇق تورلىشىدۇ، كۆپ قىسمى شالاڭراق تورلىشىدۇ، قوغۇننىڭ سىرتى تۈز، سىلىق، تۈكى يوق، بۇرنى كىچىك، تۈز ھەم يۇمىلاق، توغرا كەسمە يۈزى يۇمىلاق. شاپىقىنىڭ قېلىنلىقى 1.1 سانتىمېتىر، ئېتىنىڭ قېلىنلىقى 5.5 سانتىمېتىر كېلىدۇ، رەڭگى ئاچ يېشىل، ئېتى يۇمشاق، سۇلۇق، تاتلىق، پۇراقسىز، تەركىبىدە 6.8% ئېرىشچان قاتتىق ماددا بار. بۇ قوغۇن 4 - ئاينىڭ باشلىرىدا تېرىلىدۇ، 4 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئۈنۈپ چىقىدۇ، 7 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا چېچەكلەيدۇ، 8 - ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا پىشىشقا باشلايدۇ.

(8) «چارچۇرۇك»

ناھىيىنىڭ يەرلىك سورتى. بۇ قوغۇننىڭ چوڭ - كىچىكلىكى ئوتتۇراھال. شەكلى تۇخۇمسىمان. بىر قوغۇننىڭ ئېغىرلىقى ئالتە كىلوگرام، ئەڭ چوڭلىرىنىڭ ئېغىرلىقى سەككىز كىلوگرام كېلىدۇ، شاپىقىنىڭ سىرتى قونۇر، قويۇق تورلىشىدۇ. شاپىقىنىڭ رەڭگى سېرىق، تېگى قارامتۇل يېشىل، سىزىقچىلىرى ياكى ئالاچىپار تورلىرى بولىدۇ، شاپىقىنىڭ قېلىنلىقى 0.8 سانتىمېتىر كېلىدۇ، قاتتىق، ساپىقى چىڭ، ئېتى بەش سانتىمېتىر كېلىدۇ، رەڭگى ئاق، ئېتى يۇمشاق، سۇلۇق، تاتلىق، ئازراق پۇرايدۇ، سۈپىتى ناھايىتى ياخشى، تەركىبىدە 13.2% ئېرىشچان قاتتىق ماددا بار، بۇ قوغۇن 4 - ئاينىڭ باشلىرىدا تېرىلىدۇ، 4 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئۈنۈپ چىقىدۇ، 7 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا چېچەكلەيدۇ، 8 - ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا پىشىشقا باشلايدۇ.

(9) «جاغدا قوغۇن»

ناھىيىنىڭ يەرلىك سورتى، بۇ قوغۇننىڭ شەكلى سوقىچاق شەكىلدە، ئادەتتىكى بىر قوغۇننىڭ ئېغىرلىقى بەش كىلوگرام، ئەڭ چوڭلىرىنىڭ ئېغىرلىقى سەككىز كىلوگرام كېلىدۇ، شاپىقىنىڭ رەڭگى ساپسېرىق، ئۈزۈنىسىغا كەتكەن قىنىق، قويۇق، رەتسىز يولى بولىدۇ، قوغۇننىڭ بۇرنى تۈز ھەم سىلىق، سىرتى پارقىراق، تۈكى يوق، شاپىقىنىڭ قېلىنلىقى 1.3 سانتىمېتىر، ئېتىنىڭ قېلىنلىقى 2.7 سانتىمېتىر كېلىدۇ، رەڭگى يېشىل، ئېتى يۇمشاق، سۇلۇق، تاتلىق، پۇرىمايدۇ، تەركىبىدە 12.9% ئېرىشچان قاتتىق ماددا بار. بۇ قوغۇن 4 - ئاينىڭ 1 - كۈنى تېرىلىدۇ، 4 - ئاينىڭ 10 - كۈنلىرى ئۈنۈپ چىقىدۇ، 8 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا چېچەكلەيدۇ، 9 - ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا پىشىدۇ.

يازلىق قوغۇن سورتلىرى:

1. «‹7831› قوغۇن»

بۇ قوغۇن قەشقەر ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك پەن تەتقىقات ئورنى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ باغۋەنچىلىك تەتقىقات ئورنىدىن كەلتۈرۈلگەن. قوغۇننىڭ شەكلى تۇخۇمسىمان بولۇپ، چوڭلۇقى 16×24 سانتىمېتىر كېلىدۇ. قوغۇن شەكلىنىڭ كۆرسەتكۈچى 1.38، ئادەتتىكى بىر قوغۇننىڭ ئېغىرلىقى ئىككى كىلوگرام، ئەڭ چوڭلىرىنىڭ ئېغىرلىقى ئۈچ كىلوگرام كېلىدۇ، شاپىقىنىڭ ۋە تېگىنىڭ رەڭگى سېرىق - يېشىل، ئالدىنقى يېرىمىدا سېرىق رەڭ كۆپرەك، بۇرنى ئەتراپىدا ئۇن تال تۇتۇقراق سۇس يېشىل رەڭلىك يوللىرى بار، خېلى قويۇق تورلىشىدۇ، سىرتى تۈز، سىلىق، بۇرنى كىچىك، تۈز ھەم يۇمىلاق، پىشقان قوغۇننىڭ تۈكى يوق، ساپىقى 1×0.7 سانتىمېتىر، توغرا كەسمە يۈزى يۇمىلاقراق، رەڭگى ئاچ - يېشىل، ساپاق قىسمى يوغىنىمايدۇ، شاپىقىنىڭ قېلىنلىقى 0.5 سانتىمېتىر، ئېتىنىڭ قېلىنلىقى 3.5 سانتىمېتىر كېلىدۇ، رەڭگى ئاق، يۇمشاق، سۇلۇق، تاتلىق، تەركىبىدە 15.8% ئېرىشچان قاتتىق ماددا بار. قوغۇننىڭ توغرا كەسمە يۈزى يۇمىلاق، ئېتى ئاق، ئۇرۇق كاۋىكى 8×15 سانتىمېتىر، ئۇرۇقى 1.3×0.5 سانتىمېتىر كېلىدۇ، قوغۇننىڭ شەكلى تۇخۇمسىمان، شاپىقىنىڭ رەڭگى سېرىق - ئاق.

2. «ئاق چارچۇرۇك»

پەيزاۋات ناھىيىسىدىن كەلتۈرۈلگەن. بۇ قوغۇننىڭ شەكلى تۇخۇمسىمان، چوڭلۇقى 17×21 سانتىمېتىر، قوغۇن شەكلىنىڭ كۆرسەتكۈچى 1.28، ئادەتتىكى بىر قوغۇننىڭ ئېغىرلىقى ئىككى كىلوگرام كېلىدۇ، سويمىسىنىڭ ئالا - چىپار يولى بولمايدۇ، پىشقان قوغۇننىڭ شاپىقى ئاقىرىدۇ ۋە ئۆرۈك رەڭگە كىرىدۇ، سىرتى تۈز، سىلىق، ئۇن تال ئاچ- يېشىل رەڭلىك يولى بار، بۇرنى يوغان، تۈز ھەم يۇمىلاق، سويمىسىنىڭ تۈكى يوق، ساپىقى 5×0.8 سانتىمېتىر كېلىدۇ، توغرا كەسمە يۈزى يۇمىلاق شەكىلدە بولۇپ، رەڭگى ئاچ يېشىل، ساپاق قىسمى يوغىنىمايدۇ، شاپىقىنىڭ قېلىنلىقى 0.5 سانتىمېتىر، ئېتىنىڭ قېلىنلىقى 3.5 سانتىمېتىر كېلىدۇ، رەڭگى ئۆرۈك رەڭگىدە، چۇرۇك، تاتلىق، تەركىبىدە 17% ئېرىشچان قاتتىق ماددا بار. توغرا كەسمە يۈزى يۇمىلاق، ئېتى ئۆرۈك رەڭگىدە، ئۇرۇق كاۋىكى 8×15 سانتىمېتىر، ئۇرۇقى 1.2×0.5 سانتىمېتىر، شەكلى تۇخۇمسىمان، شاپىقىنىڭ رەڭگى سېرىق - ئاق.

3. «قىزىل چار چۇرۇك»

بۇ، كۆپ يىللاردىن بۇيان پوسكام ناھىيىسىدە كەڭ كۆلەمدە ئۆستۈرۈلگەن سورت. بۇ قوغۇننىڭ شەكلى تۇخۇمسىمان، چوڭلۇقى 14×28 سانتىمېتىر، قوغۇن شەكلىنىڭ كۆرسەتكۈچى

ئىككى، ئادەتتىكى بىر قوغۇننىڭ ئېغىرلىقى ئىككى كىلوگرام، ئەڭ چوڭلىرىنىڭ ئېغىرلىقى تۆت كىلوگرام كېلىدۇ. شاپىقى ۋە تېگى ئۆرۈك رەڭگىدە، ئالدىنقى يېرىمىدا سېرىق رەڭ كۆپرەك، سىرتىدا توق يېشىل رەڭلىك، ئۇزۇك ۋە تۇتاش ئالا - چىپار داغلىرى بار، تورلاشمايدۇ، قوغۇننىڭ سىرتى تۈز، سىلىق، بۇرنى كىچىك، تۈز ھەم يۇمىلاق، پىشقان قوغۇننىڭ تۈكى يوق، توغرا يۈزى يۇمىلاقراق، رەڭگى ئاچ يېشىل، ساپاق تەرىپى يوغىنىمايدۇ. شاپىقىنىڭ قېلىنلىقى 0.6 سانتىمېتىر، ئېتىنىڭ قېلىنلىقى 3.5 سانتىمېتىر بولۇپ، ئۆرۈك رەڭگىدە، ئېتى چورۇك، سۇلۇق، تاتلىق، تەركىبىدە 17% ئېرىشچان قاتتىق ماددا بار. قوغۇننىڭ توغراكەسمە يۈزى يۇمىلاق، ئۇرۇقكاۋىكى 7×19 سانتىمېتىر، ئۇرۇقى 0.5×1.4 سانتىمېتىر كېلىدۇ. شەكلى تۇخۇمسىمان، شاپىقىنىڭ رەڭگى سېرىق - ئاق.

4. «نەۋرە»

بۇ. ناھىيىنىڭ يەرلىك سورتى. قوغۇننىڭ شەكلى سوقىچاق، ئادەتتىكى بىر قوغۇننىڭ ئېغىرلىقى ئىككى كىلوگرام، ئەڭ چوڭلىرىنىڭ ئېغىرلىقى بەش كىلوگرام كېلىدۇ، سويمىسىنىڭ رەڭگى يېشىل بولۇپ، ئون تال روشەن سىزىقچىسى بولىدۇ، سىرتىدا بىر قەدەر قويۇق ئاق تۈكى، ئون تال تېيىز يولى بار، قوغۇننىڭ بۇرنى كىچىك، تۈز بولىدۇ، شاپىقىنىڭ قېلىنلىقى 0.8 سانتىمېتىر، ئېتىنىڭ قېلىنلىقى تۆت سانتىمېتىر كېلىدۇ، رەڭگى ئۆرۈك رەڭگىدە. ئېتى يۇمشاق، سۇلۇق، تاتلىق، پۇراقلىق، تەركىبىدە 11.6% ئېرىشچان قاتتىق ماددا بار. بۇ قوغۇن 4 - ئاينىڭ باشلىرىدا تېرىلىدۇ، 4 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئۈنۈپ چىقىدۇ. 6 - ئاينىڭ باشلىرىدا چېچەكلەيدۇ، 7 - ئاينىڭ 5 - كۈنلىرى ئەتراپىدا پىشىشقا باشلايدۇ.

5. «ھاماچى»

بۇ قوغۇن يېكەنسار ناھىيىسىدىن كەلتۈرۈلگەن. ئۇنىڭ شەكلى تۇخۇمسىمان، ئادەتتىكى بىر قوغۇننىڭ ئېغىرلىقى تۆت كىلوگرام، ئەڭ چوڭلىرىنىڭ ئېغىرلىقى سەككىز كىلوگرام كېلىدۇ، رەڭگى سېرىق - يېشىل، پىشقان قوغۇننىڭ تېگىنىڭ رەڭگى سېرىق - يېشىل، زىچ، قېنىق يېشىل رەڭلىك ئالا - چىپار داغلىرى، ئون تال كەڭ، قېنىق سېرىق - يېشىل رەڭلىك قىر - يولى بولىدۇ، ئوتتۇراھال تورلىشىدۇ، ئىككى بېشى كىچىك، سىرتى تۈز، سىلىق، بۇرنى كىچىك، تۈز ھەم يۇمىلاق. تۈكى يوق، شاپىقىنىڭ قېلىنلىقى بىر سانتىمېتىر، ئېتى ئالتە سانتىمېتىر كېلىدۇ، رەڭگى ئۆرۈك رەڭگىدە، ئېتى چورۇك، تاتلىق، تەركىبىدە 11.4% ئېرىشچان قاتتىق ماددا بار. سوپىتى ئوتتۇراھال. بۇ قوغۇن 4 - ئاينىڭ باشلىرىدا تېرىلىدۇ، 4 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئۈنۈپ چىقىدۇ، 6 - ئاينىڭ باشلىرىدا چېچەكلەيدۇ، 7 - ئاينىڭ ئاخىرىدا پىشىشقا باشلايدۇ.

6. «سېرىق چىلگە»

بۇ، ناھىيىنىڭ يەرلىك سورتى. بۇ قوغۇننىڭ شەكلى يۇمىلاقراق، ئادەتتىكى بىر قوغۇننىڭ ئېغىرلىقى بىر كىلوگرام، ئەڭ چوڭلىرىنىڭ ئېغىرلىقى ئۈچ كىلوگرام كېلىدۇ، سويمىسى يېشىل رەڭدە قېنىق يېشىل، ئېنىق يوللىرى بولىدۇ، شاپىقىنىڭ ئۈستىدە ئوتتۇراھال زىچلىقتا ئاق تۈكى بولىدۇ، پىشقاندا شاپىقى ياپيېشىل بولىدۇ، كەڭ سېرىق يولى، شالاڭ، ئاق تۈكلىرى بار. قوغۇننىڭ سىرتى تۈز. سىلىق، بۇرنى يوغان ھەم تۈز، يۇمىلاق بولىدۇ، شاپىقىنىڭ قېلىنلىقى 0.5 سانتىمېتىر، ئېتىنىڭ قېلىنلىقى 3.2 سانتىمېتىر كېلىدۇ، رەڭگى ئاقۇش يېشىل، ئېتى يۇمشاق، ئانچە سۇلۇق ئەمەس، تاتلىق، پۇراقلىق، تەركىبىدە 7.8% ئېرىشچان قاتتىق ماددا بار. بۇ قوغۇن 4 - ئاينىڭ 1 - كۈنى تېرىلىدۇ، 4 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئۈنۈپ

چىقىدۇ، 5 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا چېچەكلەيدۇ، 6 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا پىشىشقا باشلايدۇ.

7. «پوستىپياز»

بۇ، ئاھىيىنىڭ يەرلىك سورتى. بۇ قوغۇننىڭ شەكلى تۇخۇمسىمان، ئادەتتىكى بىر قوغۇننىڭ ئېغىرلىقى 4.5 كىلوگرام، ئەڭ چوڭلىرىنىڭ ئېغىرلىقى بەش كىلوگرام كېلىدۇ، پىشقان قوغۇننىڭ رەڭگى سېرىق ـ يېشىل بولىدۇ، سېرىق رەڭ ئۈستىدە قېنىق يېشىل رەڭلىك داغ ۋە رەتسىز كەڭ يوللىرى بار، قوغۇننىڭ بۇرنى ۋە ساپىقىنىڭ چۆرىسىدە توغرىسىغا كەتكەن خېلى رىچ نورلىرى بولىدۇ، قوغۇننىڭ بۇرنى كىچىك، تۈز ھەم يۇمىلاق، تۈكى يوق، شاپىقىنىڭ قېلىنلىقى 1.5 سانتىمېتر، ئېتىنىڭ قېلىنلىقى بەش سانتىمېتر كېلىدۇ، رەڭگى ئاچ يېشىل، ئېتى يۇمشاق، ئوتتۇراھال سۇلۇق، تاتلىق، تەركىبىدە %11.2 ئېرىشچان قاتتىق ماددا بار.

8. «چىلگە چارچۇرۇك»

بۇ، ئاھىيىنىڭ يەرلىك سورتى. بۇ قوغۇننىڭ شەكلى تۇخۇمسىمان، ئادەتتىكى بىر قوغۇننىڭ ئېغىرلىقى ئۈچ كىلوگرام، ئەڭ چوڭلىرىنىڭ ئېغىرلىقى تۆت كىلوگرام كېلىدۇ، رەڭگى يېشىل، توق ۋە ئاچ يېشىل ئارىلاش ئالا ـ چىپار داغلىرى، شالاڭ ئاق تۈكلىرى بار، پىشقاندا تېگىنىڭ رەڭگى سېرىق ـ يېشىل بولىدۇ، توق يېشىل رەڭلىك رەتسىز ئۈزۈك ۋە تۇتاش كەتكەن تاسمىسىمان ئالا چىپار داغلىرى بار، سىرتى تۈز، سىلىق، تۈكى يوق، بۇرنى كىچىك، تۈز ھەم يۇمىلاق، شاپىقىنىڭ قېلىنلىقى 0.5 سانتىمېتر، ئېتىنىڭ قېلىنلىقى 3.5 سانتىمېتر كېلىدۇ. رەڭگى ئاق، ئېتى چۇرۇك، سۇلۇق، تاتلىق، پۇراقسىز، تەركىبىدە %11.4 ئېرىشچان قاتتىق ماددا بار. بۇ قوغۇن 4 ـ ئاينىڭ باشلىرىدا تېرىلىدۇ، 4 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئۈنۈپ چىقىدۇ. 6 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا چېچەكلەيدۇ، 7 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنلىرى ئۆپچۆرىسىدە پىشىشقا باشلايدۇ.

9. «پىگەن»

بۇ، ئاھىيىنىڭ يەرلىك سورتى. بۇ قوغۇننىڭ شەكلى ئۇرچۇقسىمان، ئادەتتىكى بىر قوغۇننىڭ ئېغىرلىقى 2.5 كىلوگرام، ئەڭ چوڭلىرىنىڭ ئېغىرلىقى تۆت كىلوگرام كېلىدۇ، پىشقان قوغۇننىڭ رەڭگى سېرىق ـ يېشىل، يېشىل رەڭ ئۈستىدە رەتسىز سېرىق تاسمىسىمان داغلار بار. قوغۇننىڭ سىرتى تۈز، سىلىق، شالاڭ تۈكى ۋە نۇرغۇن تېيىز يوللىرى بار، قوغۇننىڭ بۇرنى كىچىك، دىقماق كېلىدۇ، ئۇچى يۇمىلاق، شاپىقىنىڭ قېلىنلىقى 0.8 سانتىمېتر، ئېتىنىڭ قېلىنلىقى ئۈچ سانتىمېتر كېلىدۇ، رەڭگى ئاچ يېشىل، ئېتى چۇرۇك، سۇلۇق، تاتلىق، پۇراقسىز، تەركىبىدە %11.5 ئېرىشچان قاتتىق ماددا بار. بۇ قوغۇن 4 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى تېرىلىدۇ، 4 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا ئۈنۈپ چىقىدۇ، 6 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا چېچەكلەيدۇ، 8 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا پىشىشقا باشلايدۇ.

2) تاۋۇز

تاۋۇزنىڭ جەمئىي 20دىن ئارتۇق سورتى بولۇپ، ئاساسلىقلىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

(1) «سۇدۇك» (چىلگە تاۋۇز)

بۇ سورت خېنەندىن كەلتۈرۈلگەن. بالدۇر پىشىدۇ، بۇ تاۋۇزنىڭ تۇنجى ئانىلىق چېچىكى ئېچىلغاندىن باشلاپ، 25 — 28 كۈندە تاۋۇز پىشىدۇ، 6 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا بازارغا كىرىدۇ. بۇ تاۋۇزنىڭ شەكلى سوقىچاق، تېگى يېشىل، يېشىل رەڭ ئۈستىدە 16 تال كەڭ يولى بار، شاپىقىنىڭ قېلىنلىقى بىر سانتىمېترچە كېلىدۇ، ئېتى توق قىزىل، چۇرۇك، قۇمسىمان، تاتلىق. تەركىبىدىكى قەنت مىقدارى 10تىن %13كە يېتىدۇ، بىرتاۋۇزنىڭ ئېغىرلىقىتۆت ـ بەش

كىلوگرام كېلىدۇ، مو بېشى مەھسۇلاتى 4000 — 5000 كىلوگرامغا يېتىدۇ. قويۇق تېرىشقا باب كېلىدۇ، بىر مو يەردە 1200 تۈپتىن 1400 تۈپكىچە مايسا قالدۇرۇلىدۇ. بۇ سورتنى تاۋۇز تېرىغۇچى دېھقانلار ياخشى كۆرىدۇ. يېتەرسىزلىكى: ۋاقتىدا ئۈزۈۋېلىنمىسا، ئاسان بۇزۇلۇپ قالىدۇ، كېسەللىككە تاقابىل تۇرالمايدۇ.

(2) «شىڭچىڭخوڭ»

بۇ سورت پەيلۇ دېھقانچىلىق مەيدانىدىن كەلتۈرۈلگەن. مايسىسى دەسلەپتە ئاستىــراق ئۆسىدۇ، پېلەك تارتقاندىن كېيىن تېز ئۆسىدۇ، تاۋۇزنىڭ شەكلى ئۇزۇنچاق، شاپىقى نېپىزرەك، رەڭگى يېشىل، ئۈستىدە تورسىمان توق يېشىل رەڭلىك ئالاچىپار سىزىقچىلىرى بار، ئېتى ئاچ قىزىل، يۇمشاق، بەك تاتلىق، تەركىبىدىكى قەنت مىقدارى 11تىن 13.5%كە يېتىدۇ، سۈپىتى ئىنتايىن ياخشى، ئۇرۇقى قارا، بېغىررەڭ، بىر تاۋۇزنىڭ ئېغىرلىقى بەش كىلوگرامدىن 7.5 كىلوگرامغىچە كېلىدۇ، مو بېشى مەھسۇلاتى 5000 كىلوگرامدىن ئاشىدۇ، «شۇدۇڭ» تاۋۇزىغا قارىغاندا ئون كۈندىن 12 كۈنگىچە كېيىن پىشىدۇ. يېتەرسىزلىكى: پېلىكىگە ئاسان تاۋۇز چۈشمەيدۇ. تاۋۇز كىچىك ۋاقتىدا ساپىقى ناھايىتى چۈرۈك بولىدۇ، كېسەللىككە تاقابىل تۇرالمايدۇ.

(3) «شيۇجېڭجۇيىغا قارشى 3 ـ نومۇرلۇق»

بۇ سورت پەيلۇ دېھقانچىلىق مەيدانىدىن كەلتۈرۈلگەن. ئوتتۇراھال ۋە جاغدا سورت، پېلىكى باراقسان ئۆسىدۇ، چاتاق ئايرىش ئىقتىدارى كۈچلۈك، چۈشكەن تاۋۇزنىڭ ئەي بولۇش نىسبىتى يۇقىرى، ھەر بىر تۈپ پېلەككە بىرلا ۋاقىتتا ئىككى تاۋۇز چۈشىدۇ (بىر تۈپتە ئىككى تاۋۇز قالدۇرۇلمايدۇ)، ئانىلىق چېچەك ئېچىلغاندىن تارتىپ، تاۋۇز پىشقانغا قەدەر 38 كۈندىن 40 كۈنگىچە ۋاقىت كېتىدۇ. بۇ تاۋۇزنىڭ شەكلى يۇمىلاق مارجانسىمان، شاپىقى نېپىز، رەڭگى قارا ـ يېشىل، ئۈستىدە ئىنچىكە قارا يوللىرى بار، پىشقاندا شاپىقىدا شام پاراشوكى پەيدا بولىدۇ. ئېتىنىڭ رەڭگى ئوچۇق قىزىل، ناھايىتى چۈرۈك، تاتلىق، تەركىبىدىكى قەنت مىقدارى 11 تىن 12% كە يېتىدۇ. ئۇرۇقى ئۇششاق، قىزىل، بىر تاۋۇزنىڭ ئېغىرلىقى ئالتە كىلوگرامدىن سەككىز كىلوگرامغىچە كېلىدۇ، ساقلاشقا چىدامىلىق. ئۇزۇن يولدا توشۇشقا مۇۋاپىق كېلىدۇ، ماسلىشىشچانلىقى كۈچلۈك، كېسەللىككە تاقابىل تۇرالايدۇ، قۇم ـ ئەت تۇپراقتا ئۇدا تېرىشقا بولىدۇ.

## 2 . كېسەللىك، زىيانداش ھاشارانلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەش

قوغۇن ئىشلەپچىقىرىشىدا دائىم كۆرۈلىدىغان كېسەللىك، زىيانداش ھاشاراتلاردىن ئاق تور كېسەللىكى، پېلەك قۇرۇپ كېتىش كېسەللىكى، ۋىرۇس كېسەللىكى، پارازىت ئۆسۈملۈك شۇمبۇيا، يەر يولۋىسى، كۆك پىت قاتارلىقلار بار.

تاۋۇزدا بولىدىغان پېلەك سولىشىپ قۇرۇپ كېتىش كېسەللىكى ھەر يىلى يۈز بېرىپ تۇرىدۇ، تاۋۇز چۈشكەندىن كېيىن، پېلەك كۈندۈزى سولىشىپ قالىدۇ، ئاخشىمى ئەسلىگە كېلىدۇ، بىر قانچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن پۈتۈنلەي قۇرۇپ كېتىدۇ، ئالدىنى ئېلىــش، تىزگىنلەش ئۇسۇلى: 1) «شيۇجېڭجۇيىغا قارشى 3 ـ نومۇرلۇق» تاۋۇزغا ئوخشاش كېسەللىككە تاقابىل تۇرالايدىغان سورتلار تالLاپ ئۆستۈرۈلىدۇ؛ 2) سۇغىرىشقا دىققەت قىلىنىدۇ، چۈشكەن تاۋۇزنىڭ ئېغىرلىقى بىر ـ ئىككى كىلوگرام بولغاندا، چۈشتىن كېيىن سۇ قويۇلىدۇ، سۇ تېيىز

قويۇلىدۇ، چۈشتە سۇ قويۇلمايدۇ؛ 3) كېسەللىك كۆرۈلگەن پىلەك دەرھال يۇلۇۋېتىلىپ، دېزىنفىكسىيە قىلىنىدۇ؛ 4) يەر نۆۋەتلەشتۈرۈپ تېرىلىدۇ ياكى باشقا زىرائەتلەرنىڭ ئورنىغا تېرىلىدۇ.

## 3. ئىشلەپچىقىرىش جەھەتتىكى ئەمەلىي نەتىجىلەر

مىنگو دەۋرىگە ئائىت سانلىق مەلۇمات يوق.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، بازار ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن، قوغۇن - تاۋۇز ئىشلەپچىقىرىش، ئىزچىل تۈردە، ئىشلەپچىقىرىش پىلانىغا كىرگۈزۈلدى، قوغۇن تېرىلغۇ كۆلىمى تەخمىنەن 3000 مو بولۇپ كەلدى.

پوسكام ناھىيىسىنىڭ ئىلگىرىكى يىللاردىكى قوغۇن - تاۋۇز تېرىلغۇ كۆلىمىگە دائىر مەلۇمات

2 - 4 - 3 - جەدۋەل بىرلىكى: 10 مىڭ مو

| يىللار | تېرىلغۇ كۆلىمى | يىللار | تېرىلغۇ كۆلىمى | يىللار | تېرىلغۇ كۆلىمى |
|---|---|---|---|---|---|
| 1949 | 0.49 | 1961 | 0.40 | 1973 | 0.46 |
| 1950 | 0.53 | 1962 | 0.63 | 1974 | 0.33 |
| 1951 | 0.53 | 1963 | 0.64 | 1975 | 0.34 |
| 1952 | 0.46 | 1964 | 0.42 | 1976 | 0.31 |
| 1953 | 0.47 | 1965 | 0.38 | 1977 | 0.41 |
| 1954 | 0.58 | 1966 | 0.33 | 1978 | 0.43 |
| 1955 | 0.38 | 1967 | 0.33 | 1979 | 0.59 |
| 1956 | 0.40 | 1968 | 0.36 | 1980 | 0.46 |
| 1957 | 0.59 | 1969 | 0.35 | 1981 | 0.30 |
| 1958 | 0.35 | 1970 | 0.30 | 1982 | 0.26 |
| 1959 | 0.39 | 1971 | 0.37 | 1983 | 0.23 |
| 1960 | 0.40 | 1972 | 0.37 | 1984 | 0.35 |

50 - يىللاردىن 70 - يىللارغىچە، قوغۇن - تاۋۇز تېرىيدىغان دېھقانلار، قوغۇن - تاۋۇز تېرىشتا ئۇرۇقنى بىر تەرەپ قىلمايتتى، پىلەكنى پۇتاش، تاراش، باسۇرۇش ئىشلىرىنى قىلماي، پىلەكنى بولۇشىغا قويۇۋېتەتتى، شۇڭا مەھسۇلاتى يۇقىرى ئەمەس ئىدى. 80 - يىللاردىن باشلاپ، قوغۇن - تاۋۇز تېرىيدىغان بەزى دېھقانلار بىڭتۇەندىكى دېھقان ئىشچىلارنىڭ قوغۇن - تاۋۇز تېرىش جەھەتتىكى ئىلغار تېخنىكىسىنى ئۆگەندى، ناھىيە تەۋەسىدە ئۇرۇق تاللاش، ئۇرۇقنى سوغۇق سۇغا ۋە ئىسسىق سۇغا چىلاش، بىخلاندۇرۇش، پىلەكنىڭ هارام شاخلىرىنى چاتاش، پىلەكنى

باستۇرۇش، پىلەكنى يۆگەش، قوغۇننىڭ تېگىگە بىر نەرسە قويۇش قاتارلىق تېخنىكا تەدبىرلىرى كېڭەيتىلدى، نەتىجىدە قوغۇننىڭ سۈپىتى، مەھسۇلاتى ئۈزلۈكسىز ئۆستى.

**1981 ـ يىلدىن 1984 ـ يىلغىچە ئېلىنغان قوغۇن ـ تاۋۇز مىقدارىغا دائىر مەلۇمات**

بىرلىكى: 10 مىڭ كىلوگرام (ئومۇمىي مەھسۇلات)، كىلوگرام (بىرلىك مەھسۇلات) 2 ـ 4 ـ 4 ـ جەدۋەل

| يىللار | قوغۇن تاۋۇز تۈرى | | | بۇنىڭ ئىچىدە: قوغۇن | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| | كۆلىمى | ئومۇمىي مەھسۇلاتى | بىرلىك مەھسۇلاتى | كۆلىمى (مو) | ئومۇمىي مەھسۇلاتى | بىرلىك مەھسۇلاتى |
| 1981 | 3000 | 220.5 | 735 | 2340 | 200.55 | 857 |
| 1982 | 2600 | 210.45 | 809.5 | 2028 | 173.9 | 857.5 |
| 1983 | 2300 | 218.05 | 948 | 1800 | 201.65 | 1120.5 |
| 1984 | 3500 | 207.8 | 593.5 | 2700 | 160.25 | 593.5 |

1975 ـ يىلى ناھىيە بويىچە 3400 مو قوغۇن ـ تاۋۇز تېرىلىپ، بىرلىك مەھسۇلاتى 500 كىلوگرامغا، ئومۇمىي مەھسۇلاتى 1 مىليون 700 مىڭ كىلوگرامغا يەتتى. 1981 ـ يىلى 3000 مو قوغۇن ـ تاۋۇز تېرىلىپ، ئومۇمىي مەھسۇلاتى 2 مىليون 205 مىڭ كىلوگرامغا، بىرلىك مەھسۇلاتى 735 كىلوگرامغا يېتىپ، 1975 ـ يىلدىكىدىن %47 ئاشتى.

سۈپەتلىك ئۇرۇقلۇق تاللاپ تېرىلدى، بۇنىڭ ئۈنۈمى تېخىمۇ كۆرۈنەرلىك بولدى. 1981ـ يىلى خېنەننىڭ «شىجىنتاۋ»، «شۇدۇڭ»، خېبېينىڭ «مەنتاڭخۇڭ»، پەيلۇ دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ «شيۇجېڭخۇيىغا قارشى 3 ـ نومۇرلۇق»، «40 ـ نومۇرلۇق»، «شىڭجىڭخۇڭ»، بېيجىڭ يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ «چىڭفېڭ»، «جۇڭيۇ 6 ـ نومۇرلۇق» قاتارلىق تاۋۇز سورتلىرى كەلتۈرۈلدى. تۇجۇپىلەپ ئۆستۈرۈلگەچكە، تاۋۇزلار بازارغا بالدۇر كىردى، سۈپىتى ئەڭ ياخشى بولدى، تەركىبىدىكى قەنت مىقدارى مۇيۇقىرى بولدى (11تىن %13كىچە)، بۇ تاۋۇزلار خوتەن، قەشقەر قاتارلىق جايلارغا سېتىلدى.

# 3 § . ئوتياش

پوسكام ناھىيىسىدە ئوتياش تېرىش ئۇزۇن تارىخقا ئىگە. بۇ جايدا ئوتياش سورتلىرىدىن چامغۇر، سەۋزە، تۇرۇپ، يېسىۋىلەك (بەسەي)، چىڭسەي، سامساق، قىزىلمۇچ، پىياز، پېدىگەن (چەيزە)، شوخلا، كانىۋال پۇرچىقى، يېسى پۇرچاق، پالەك، يۇمغاقسۇت (ئاش كۆكى) ئۇسۇڭ (سۇڭزا)، كۇدە، تەرخەمەك، جاڭدۇ، ياڭيۇ، تاتلىق ياڭيۇ، كاللەكبەسەي، سۇڭپىياز، سەي كاۋىسى، جاقماكاۋا، كۆك كاۋا، ئاچچىق كاۋا، ئاغىچا (يۇغۇچ)، چېچەكسەي، قىچا قاتارلىقلار بار.

80 ـ يىللاردىن بۇيان، خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنىڭ ئۆسۈشىگە ئەگىشىپ، ئوتياش ئۈچۈچىلىقتا ئۆستۈرۈلۈشتىن سۇلياۋ لاپاس ۋە چوڭ تىپتىكى پارنىكلاردا ئۆستۈرۈلىدىغان بولدى. كودە، تەرخەمەك، چىڭسەي، سەي كاۋىسى قاتارلىقلار تۆت پەسىلنىڭ ھەممىسىدە تېپىلىدۇ. قىزىل مۇچ، پېدىگەن، شوخلا بالدۇر يەنى 3 ـ ئاينىڭ ئاخىرى، 4 ـ ئاينىڭ باشلىرى بازارغا كىرىدىغان بولدى.

**1981 ـ يىلدىن 1984 ـ يىلغىچە بولغان ئوتياش كۆلىمى ۋە مەھسۇلات مىقدارىغا دائىر مەلۇمات**

2 ـ 4 ـ 5 ـ جەدۋەل

| يىللار | كۆلىمى (10 مىڭ مو) | مەھسۇلاتى (10 مىڭ كىلوگرام) |
|---|---|---|
| 1981 | 0.5 | 207.5 |
| 1982 | 0.69 | 204 |
| 1983 | 0.62 | 205.5 |
| 1984 | 0.86 | 291 |

## 1. سورت بايلىقى

### 1) يىلتىز غول تۈرىدىكىلەر

(1) تۇرۇپ بۇنىڭ «ئەتىيازلىق تۇرۇپ»، «ئاق تۇرۇپ»، «سوقا تۇرۇپ»، «ئىچى قىزىل تۇرۇپ»تىن ئىبارەت تۆت خىل سورتى بار.

(2) سەۋزە بۇنىڭ «سېرىق سەۋزە»، «قىزىل سەۋزە»دىن ئىبارەت ئىككى خىل سورتى بار.

(3) چامغۇر بۇنىڭ «قىزىل چامغۇر»، «ئاق چامغۇر»دىن ئىبارەت ئىككى خىل سورتى بار.

### 2) پېسۇيلەك تۈرىدىكىلەر

(1) پېسۇيلەك بۇنىڭ «چوڭ ئۆزەكلىك (شىڭزىلىق) پېسۇيلەك»، «ئۆرىمە ئۆزەكلىك پېسۇيلەك»، «جوخوا گۈلىسىمان ئۆزەكلىك پېسۇيلەك»، «چوڭ كۆتەكلىك پېسۇيلەك»تىن ئىبارەت تۆت خىل سورتى بار.

(2) ياغلىق پېسۇيلەك بۇنىڭ «ياغلىق قارا پېسۇيلەك» سورتى بار.

### 3) پېدىگەن تۈرىدىكىلەر

(1) پېدىگەن بۇنىڭ تيەنجىننىڭ «قاپاق پېدىگەن»ى، «ئاق پېدىگەن»، «يۇمىلاق سۆسۈن پېدىگەن»، «چىراغ يولۇسى پېدىگەن»، «شىنجاڭنىڭ ئۇزۇن پېدىگەن»ىدىن ئىبارەت بەش خىل سورتى بار.

(2) شوخلا بۇنىڭ دانىيىنىڭ «چىلگە شوخلا»سى، شىنجاڭنىڭ «چوكا شوخلا»سى، «مول ھوسۇللۇق قىزىل شوخلا»، «يېزا ئىگىلىك داشۆسى — 24» شوخلىسى، «سىپترود يوللۇق چاتقاللىق شوخلا»، «زاۋقېن 2 ـ نومۇرلۇق» شوخلىدىن ئىبارەت ئالتە خىل سورتى بار.

(3) قىزىلمۇچ بۇنىڭ «ئۈچلۈق قىزىلمۇچ»، «مۇڭگۈزسىمان قىزىلمۇچ»، «سۇمى

قىزىلموۋچى» ، «قاپاق مۇچ»تىن ئىبارەت تۆت خىل سورتى بار.

4) پۇرچاق تۈرىدىكىلەر:

(1) يېسى پۇرچاق بۇنىڭ «باراڭلىق پۇرچاق» ، «پاكار يېسى پۇرچاق»تىن ئىبارەت ئىككى خىل سورتى بار.

(2) جاڭدۇ بۇنىڭ «قىزىل پوستلۇق جاڭدۇ» ، «كۆك پوستلۇق جاڭدۇ» ، «قىزىل تومشۇقلۇق جاڭدۇ»دىن ئىبارەت ئۈچ خىل سورتى بار.

5) كاۋا ـ قاپاق تۈرىدىكىلەر

(1) تەرخەمەك بۇنىڭ «ئۈچ يوپۇرماقلىق چىلگە تەرخەمەك» ، «تيەنجىن تەتقىقاتى 2 ـ نومۇرلۇق» ، «تيەنجىن تەتقىقاتى 3 ـ نومۇرلۇق»تىن ئىبارەت ئۈچ خىل سورتى بار.

(2) سەي كاۋىسى بۇنىڭ «ئاق شاپاقلىق سەي كاۋىسى» ، «يېشىل شاپاقلىق سەي كاۋىسى» «پىلەكلىك سەي كاۋىسى»دىن ئىبارەت ئۈچ خىل سورتى بار.

(3) چاقما كاۋا بۇنىڭ «چاقما كاۋا» (ئەنجان كاۋىسى) ، «مانتا كاۋىسى» (سېرىق كاۋا) دىن ئىبارەت ئىككى خىل سورتى بار.

(4) ئاچا (يۇغۇچ) بۇنىڭ «قىرلىق ئاچا» ، «يىپلىق ئاچا»دىن ئىبارەت ئىككى خىل سورتى بار.

(5) «ئاچچىق كاۋا»

(6) «كۆك كاۋا» (تەكيە كاۋا)

6) كاللەكبەسەي تۈرىدىكىلەر

كاللەكبەسەي بۇنىڭ «مول ھوسۇللۇق كاللەكبەسەي» ، «چوڭ گۆللۈك» ، «چوڭ غوللۇق كاللەكبەسەي» ، «يوغان باشلىق كاللەكبەسەي» ، «ئۇششاق باشلىق» ، «يۇمىلاق غوللۇق كاللەكبەسەي» ، «چەلەڭ كاللەكبەسەي»دىن ئىبارەت ئالتە خىل سورتى بار.

7) ئۈسۈڭ

«غولى ئىشلىتىلىدىغان ئۈسۈڭ» ، بۇنىڭ «ئۈچلۈق يوپۇرماقلىق ئۈسۈڭ» ، «يۇمىلاق يوپۇرماقلىق ئۈسۈڭ»دىن ئىبارەت ئىككى خىل سورتى بار.

8) يېشىل يوپۇرماقلىق تۈرىدىكىلەر

(1) پالەك بۇنىڭ «ئۈچلۈق يوپۇرماقلىق پالەك» ، «يۇمىلاق يوپۇرماقلىق پالەك» ، «كاناداچوڭ پالىكى» (قارىياغاچ چېچەكسىمان پالەك) دىن ئىبارەت ئۈچ خىل سورتى بار.

(2) چىڭسەي بۇنىڭ «كاۋاك غوللۇق چىڭسەي» ، «ئۆزەك چىڭسەي» ، «ئۇششاق چىڭسەي» دىن ئىبارەت ئۈچ خىل سورتى بار.

(3) يومغاقسۇت

(4) ئارپابەديان

9) پىياز ـ سامساق تۈرىدىكىلەر

(1) كۆدە بۇنىڭ «يەرلىك كۆدە» ، «خەنجۇڭ كۆدىسى» دىن ئىبارەت ئىككى خىل سورتى بار.

(2) سۇڭپىياز بۇنىڭ «چوڭ سۇڭپىياز» ، «ئىنچىكە سۇڭپىياز» دىن ئىبارەت ئىككى خىل سورتى بار.

(3) پىياز بۇنىڭ «چاتاقلايدىغان پىياز» ، «قىزىل پوستلۇق پىياز» دىن ئىبارەت ئىككى خىل سورتى بار.

(4) سامساق بۇنىڭ «ئاق پوستلۇق سامساق» ، «قىزىل پوستلۇق سامساق»تىن ئىبارەت

ئىككى خىل سورتى بار.

**10) يىلتىز تۈگۈنەك تۈرىدىكىلەر**

(1) ياڭيۇ

(2) كۆك چېچەك ياڭيۇ (ياڭچياڭ)

(3) چېچەكگۈل (شەنيۆ)

**11) باشقىلار**

(1) خۇشپۇراق چۈلۈك

(2) سېرىق بېدە

(3) موگۇ بۇنىڭ «تۈز موگۇ»، «قۇيرۇقلۇق موگۇ» دىن ئىبارەت ئىككى خىل سورتى بار.

**ئاساسلىق ئوتياش تۈرلىرى ۋە سورتلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى**

(1) يېسىۋىلەك

| ئىسمى . | ئەسلى چىققان جاي ۋە تېرىلغان جاي | ئاساسلىق ئالاھىدىلىكى ۋە خۇسۇسىيىتى | ئارتۇقچىلىقى ۋە يېتەرسىزلىكى |
|---|---|---|---|
| چوڭ ئۆزەكلىك يېسىۋىلەك (ئاق يېسىۋىلەك) | 1971 - يىلى خېنەن ئۆلكىسىنىڭ شاڭچيۇ دېگەن يېرىدىن كەلتۈرۈلگەن. ناھىيە بازىرى ئەتراپىدا ئاز مىقداردا تېرىپ ئۆستۈرۈلدى | جاغدا، ئۆسۈش مەزگىلى 105 كۈن، ئېگىزلىكى 30 سانتىمېتر، يېيىلىش دائىرىسى 40 × 60 سانتىمېتر، سىرتقى يوپۇرمىقى تۇخۇمسىمان، ساغۇچ يېشىل، ئەڭ چوڭ يوپۇرمىقىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 40 سانتىمېتر، كەڭلىكى 33 سانتىمېتر، يوپۇرماق ساپىقى بىلەن ئوتتۇرىسى 22 سانتىمېتر، يوپۇرماق شارچىسى تەتۈر تۇخۇمسىمان، ئۇچى تۈز ھەم يۇمىلاق، ئۆزىكى چىڭ، پىشۇرۇپ يېيىشكە باب | يۇمشاپ كېتىش، چىرىش كېسەللىكىگە ئاسان گىرىپتار بولىدۇ |
| ئۆرۈلمە ئۆزەكلىك يېسىۋىلەك | يەرلىك سورت، ناھىيىنىڭ ھەممە يېرىدە تېرىلىدۇ | ئاراجاغدا، ئۆسۈپ يېتىلىش مەزگىلى 190 كۈن، ئېگىزلىكى 60 سانتىمېتر، يېيىلىش دائىرىسى 60×76 سانتىمېتر، يوپۇرماق شارچىسى ئۇزۇنچاق نور شەكلىدە، شارچىسىنىڭ ئۇچى تۈز، يۇمىلاق، تولغان، ئۆرۈلمە ئۆزەكلىك، چىڭلىقى ئوتتۇراھال، يوپۇرماق شارچىسىنىڭ ئېغىرلىقى ئۈچ كىلوگرام، سىرتقى يوپۇرمىقىنىڭ ئېغىرلىقى 1.3 كىلوگرام، ساپ ئوتياش نىسبىتى 70% | چىرىش كېسەللىكى ۋە قۇرۇۋسمان پاختىلىنىش كېسەللىكىگە بىر قەدەر تاقابىل تۇرالايدۇ |
| جوخۋاگۇلسىمان ئۆزەكلىك يېسىۋىلەك | 1983 - يىلى كەلتۈرۈلگەن، ناھىيىنىڭ ھەممە يېرىدە تېرىلىدۇ | ئاراجاغدا، ئۆسۈپ يېتىلىش مەزگىلى 100 كۈن ئەتراپىدا، ئېگىزلىكى 46 سانتىمېتر، يېيىلىش دائىرىسى 60×65 سانتىمېتر، سىرتقى يوپۇرمىقى تۇخۇمسىمان، يوپۇرماق شارچىسىنىڭ ئۇچى تۈز، يۇمىلاق ئۆزىكى سىرتقا ئۆرۈلىدۇ، شۇنداقلا چىڭ، يوپۇرماق شارچىسىنىڭ تالالىرى ئىنچىكە، ئاز، سۈپىتى ياخشى، ئېغىرلىقى 3.5 كىلوگرام، سىرتقى يوپۇرمىقى 1.8 كىلوگرام، ساپ ئوتياش نىسبىتى 67% | يۇمشاپ چىرىش كېسىلىگە بىر قەدەر تاقابىل تۇرالايدۇ |

(2) تۇرۇپ، سەۋزە، چامغۇر

| ئىسمى | ئەسلى چىققان جاي ۋە تېرىلغان جاي | ئاساسلىق ئالاھىدىلىكى ۋە خۇسۇسىيىتى | ئارتۇقچىلىقى ۋە يېتەرسىزلىكى |
|---|---|---|---|
| ئىچى قىزىل تۇرۇپ | 1973 - يىلى ئۈرۈمچىدىن كەلتۈرۈلگەن (ئەسلى چىققان جايى تيەنجىن) ناھىيە بويىچە ئاز تېرىلىدۇ | بېشى قىسقا، يۇمىلاق، سوقا، يەردىن چىقىپ تۇرغان قىسمى يېشىل، يەر ئاستىدىكى قىسمى ساغۇچ يېشىل ياكى ساغۇچ ئاق، ئۈچ يىلتىزى توق قىزىل، ئېتى ئوچۇق قىزىل ۋە قىزغۇچ ئىككى خىل بولىدۇ، تاتلىق، چۈرۈك، سۈپىتى ياخشى | كېسەللىككە تاقابىل تۇرالايدۇ، ساقلاشقا چىدامىلىق، خام يېيىشكە بولىدۇ |
| سوقا تۇرۇپ | بېيجىڭدىن كەلتۈرۈلگەن، ناھىيە بازىرى ئەتراپىدا تېرىلىدۇ | بېشى سوقىچاق، يىلتىزىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 45 سانتىمېتىر، دىئامېتىرى 9.5 سانتىمېتىر، بىر باش تۇرۇپنىڭ ئېغىرلىقى 2.5 كىلوگرام، بېشىنىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسمى يەردىن چىقىپ تۇرىدۇ. يەردىن چىقىپ تۇرغان قىسمى سىلىق، رەڭگى ساغۇچ - يېشىل، يەر ئاستىدىكى قىسمى ئاق | كېسەللىككە تاقابىل تۇرالايدۇ، ساقلاشقا چىدامىلىق، خام ۋە پىشۇرۇپ يېيىشكە ياكى چىلاشقا بولىدۇ |
| ئاق تۇرۇپ | يەرلىك سورت، ناھىيىنىڭ ھەممە يېرىدە تېرىلىدۇ | بېشى ياپىلاق، يۇمىلاق شارسىمان، ئۇزۇنلۇقى بەش سانتىمېتىر، دىئامېتىرى يەتتە سانتىمېتىر، پوستى ئاق، ئېتىمۇ ئاق، بىر باش تۇرۇپنىڭ ئېغىرلىقى 100 گرام كېلىدۇ. بۇ، چىلگە سورت بولۇپ، ئۆسۈپ يېتىلىش مەزگىلى 60 كۈن | خام ۋە پىشۇرۇپ يېيىشكە، چىلاشقا بولىدۇ |
| ئەتىيازلىق تۇرۇپ | يەرلىك سورت، ناھىيىنىڭ ھەممە يېرىدە تېرىلىدۇ | بېشى قىسقا، يۇمىلاق، كونۇسسىمان، ئۇزۇنلۇقى 16 سانتىمېتىر، پوستى قىزغۇچ بىنەپشە رەڭ، ئېتى ئاق، بىر باش تۇرۇپنىڭ ئېغىرلىقى 200 گرام كېلىدۇ، ئېتى چۈرۈك، يۇمشاق، ئاچچىق تەم ئاز، سۇلۇق، سۈپىتى ياخشى، ئەتىيازدا بالدۇر چىقىدۇ، ئۆسۈپ يېتىلىش مەزگىلى 55 كۈن | خام ياكى پىشۇرۇپ يېيىشكە بولىدۇ |
| سېرىق سەۋزە | يەرلىك سورت، ناھىيىنىڭ ھەممە يېرىدە تېرىلىدۇ | بېشى سوقىچاق كونۇسسىمان، پوستى ساغۇچ - ئاق، ئۇزۇنلۇقى 12 سانتىمېتىر، دىئامېتىرى تۆت سانتىمېتىر، بىر باش سەۋزىنىڭ ئېغىرلىقى 50 گرام، ئېتى ساغۇچ - ئاق، پۈتۈنلەي يەر ئاستىدا ئۆسىدۇ، ئېتى چۈرۈك سۇلۇق، تاتلىق، سۈپىتى ئەلا، ئۆسۈپ يېتىلىش مەزگىلى 120 كۈن | ئىسسىققا قۇرغاقچىلىققا چىدامىلىق، كېسەللىك، ھاشارەتلەرگە تاقابىل تۇرالايدۇ؛ ساقلاشقا چىدامىلىق، خام، پىشۇرۇپ يېيىشكە، چىلاشقا بولىدۇ |

| | | | |
|---|---|---|---|
| قىزىل سەۋزە | يەرلىك سورت، ناھىيىنىڭ ھەممە يېرىدە تېرىلىدۇ | بېشى ئۇزۇنچاق، كونۇسسىمان، ئۇزۇنلۇقى 18 سانتىمېتر، دىئامېترى تۆت سانتىمېتر، بىر باش سەۋزىنىڭ ئېغىرلىقى 60 گرام، پوستى توق قىزىل، ئېتىمۇ توق قىزىل، چۇرۇك، سۇلۇق، تاتلىق | ئىسسىققا، قۇرغاقچىلىققا چىداملىق، كېسەللىك، ھاشاراتلارغا تاقابىل تۇرالايدۇ. ساقلاشقا چىداملىق. خام ۋە پىشۇرۇپ يېيىشكە، چىلاشقا بولىدۇ |
| چامغۇر | يەرلىك سورت، ناھىيىنىڭ ھەممە يېرىدە تېرىلىدۇ | بېشى يۇمىلاق، كونۇسسىمان، ئۇزۇنلۇقى تۆت سانتىمېتر، دىئامېترى ئالتە سانتىمېتر، تۆتتىن بىر قىسمى يەردىن چىقىپ تۇرىدۇ، بىر باش چامغۇرنىڭ ئېغىرلىقى 150 گرام كېلىدۇ، پوستى قىزغۇچ بىنەپشەرەڭ، ئېتى ئاق، چىڭ، تەركىبىدە سۇ مىقدارى ئاز، تاتلىق | سوغۇققا چىداملىق، كېسەللىككە تاقابىل تۇرالايدۇ، ھاشاراتلارنىڭ زىيانداشلىقىغا ئاسان ئۇچرايدۇ |

(3) شوخلا، پېدىگەن، مۇچ

| ئىسمى | ئەسلى چىققان جاي ۋە تېرىلغان جاي | ئاساسلىق ئالاھىدىلىكى ۋە خۇسۇسىيىتى | ئارتۇقچىلىقى ۋە يېتەرسىزلىكى |
|---|---|---|---|
| دانىيىنىڭ چىلگە شوخلىسى | 1977 - يىلى پەيلۇ دېھقانچىلىق مەيدانىدىن كەلتۈرۈلگەن، ناھىيىنىڭ ھەممە يېرىدە تېرىلىدۇ | تۈپ ئېگىزلىكى تەخمىنەن 50 سانتىمېتر، غولىنىڭ توملۇقى 13 سانتىمېتر، شوخلىنىڭ شەكلى شاپتۇلسىمان، بىر دانىسىنىڭ ئېغىرلىقى 50 گرام كېلىدۇ، رەڭگى قىزغۇچ، سىلىق - پارقىراق، ئېتىنىڭ قېلىنلىقى 0.5 سانتىمېتر، رەڭگى ئاچ - قىزىل، تەركىبىدە 5.7% ئېرىشچان قاتتىق ماددا بار، چۇچۇمەل، چىلگە سورت، مايسا كۆچۈرۈلۈپ تەخمىنەن 45 كۈندىن كېيىن پىشىدۇ | سوغۇققا چىدايدۇ، ئىسسىققا چىدىمايدۇ |
| «زاۋفېن 2 - نومۇرلۇق» شوخلا | 1983 - يىلى ئۈرۈمچى شەھىرىدىن كەلتۈرۈلگەن. ناھىيە بازىرى ۋە نېفىت بازىسىنىڭ ئەتراپىدا تېرىلىدۇ | تۈپى يېرىم پېلەك خاراكتېرىدە، غولى ئۆسۈپ چېكىگە يەتكەندە، ئۆزلۈكىدىن توختايدۇ، تۈپ ئېگىزلىكى تەخمىنەن 60 سانتىمېتر، شوخلىنىڭ شەكلى يۇمىلاق، رەڭگى توق قىزىل، بىر دانىسىنىڭ ئېغىرلىقى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 120 گرام كېلىدۇ. تەركىبىدە 5.4% ئېرىشچان قاتتىق ماددا بار، ئاراجاغدا سورت، تېرىلىپ 90 كۈندە پىشىدۇ | ۋىرۇسلۇق كېسەللىكلەرگە تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارى بىر قەدەر كۈچلۈك |

| | | | |
|---|---|---|---|
| چوكا شوحلا | يەرلىك سورت، ناھىيىنىڭ ھەممە يېرىدە تېرىلىدۇ | غولى يېرىم يېلەك خاراكتېرىدە، ئۆسۈشتىن توختىمايدۇ، توپ ئېگىزلىكى ئىككى مېتىردىن ئاشىدۇ، ئاساسىي غولىنىڭ 9 - بوغۇمىدا تۇنجى چېچەك ئېچىلىدۇ، كېيىن ھەر ئۈچ بوغۇم تاشلاپ بىر چېچەك ئېچىلىدۇ، شوخلىنىڭ شەكلى يۇمىلاق، بىر دانىسىنىڭ ئېغىرلىقى 25 گرام كېلىدۇ، تەركىبىدە 5.2% ئېرىشچان قاتتىق ماددا بار، ئاراجاغدا سورت. سۈپىتى خېلى ياخشى | سىرغۇققا چىداملىق، ئىسسىققا تاقابىل تۇرالايدۇ، كېسەللىك زىيانداش ھاشاراتلارغا تاقابىل تۇرالايدۇ، ماسلىشىشچانلىقى كۈچلۈك، مەھسۇلاتى تۆۋەن |
| تيەنجىننىڭ قاپاق پېدىگىنى | 1975 - يىلى تيەنجىندىن كەلتۈرۈلگەن، ناھىيە بازىرىنىڭ ئەتراپىدا تېرىلىدۇ | جاغداسورت، توپ ئېگىزلىكى 70 سانتىمېتىر، يېيىلىش دائىرىسى 76 سانتىمېتىر، بولۇق ئۆسىدۇ، مېۋىسى يۇمىلاق شارسىمان، بىر دانىسىنىڭ ئېغىرلىقى 750 گرام كېلىدۇ، رەڭگى قىزغۇچ بىنەپشەرەڭ، پوستى قېلىن، ئېتى يۇمشاق، يۇمران، مېۋىسى يوغان، ئورۇقى ئاز، سۈپىتى ياخشى | |
| ئاق پېدىگەن | 1973 - يىلى يەكەن ناھىيىسىدىن كەلتۈرۈلگەن، ناھىيە بازىرى ئەتراپىدا تېرىلىدۇ | ئاراجاغدا سورت، توپ ئېگىزلىكى 70 سانتىمېتىر، يېيىلىش دائىرىسى 80 سانتىمېتىر، مېۋىسى يۇمىلاقراق، شارسىمان، بىر دانىسىنىڭ ئېغىرلىقى تەخمىنەن 250 گرام كېلىدۇ، پوستى ئاق، ئېتى يۇمشاق، يۇمران، سۈپىتى ياخشى، ئورۇقى ئاز | يۇقىرى تېمپېراتۇرىغا چىداملىق، كېسەللىككە تاقابىل تۇرالايدۇ |
| ئۇزۇن پېدىگەن | يەرلىك سورت، ناھىيىنىڭ ھەممە يېرىدە تېرىلىدۇ | چىلگە سورت، توپ ئېگىزلىكى 1.1 مېتىر، يېيىلىش دائىرىسى 86 سانتىمېتىر، مېۋىسى ئۇزۇنچاق، ئوتتۇرىچە ئۇزۇنلۇقى 20 سانتىمېتىردىن 25 سانتىمېتىرغىچە، بىر دانىسىنىڭ ئېغىرلىقى 100 گرام كېلىدۇ، بىنەپشەرەڭ، ئېتى يۇمران، سۈپىتى ئوتتۇراھال، ئورۇقى كۆپ | ساغىرىپ يېگىلەش كېسەللىكىگە تاقابىل تۇرالايدۇ، ماسلىشىشچانلىقى كۈچلۈك |
| ئۇچلۇق مۇچ | يەرلىك سورت، ناھىيىنىڭ ھەممە يېرىدە تېرىلىدۇ | چىلگە سورت، توپ ئېگىزلىكى 80 سانتىمېتىر، خېلى بولۇق ئۆسىدۇ، مېۋىسى ئۇششاق، ئۇچى بەرگە ساڭگىلايدۇ، ئۇزۇنلۇقى 9.5 سانتىمېتىر، ئەڭ كەڭ يېرىنىڭ دىئامېتىرى ئىككى سانتىمېتىر كېلىدۇ، شەكلى قىسقا قوي مۈڭگۈزسىمان، كۆك ۋاقتىدا توق يېشىل، پىشقاندا قىپقىزىل بولىدۇ، ئېتى نېپىز، ئاچچىق | ئىسسىققا، قۇرغاقچىلىققا چىداملىق، ئادەتتە كېسەللىك زىيانداشلىقى كۆرۈلمەيدۇ |

| | | | |
|---|---|---|---|
| مۈڭگۈزسىمان موچ | 1982 - يىلى باشقا جايدىن كەلتۈرۈلگەن | چىلگە سورت، تۈپ ئېگىزلىكى 60 سانتىمېتىر، بولۇق ئۆسىدۇ، مېۋىسىنىڭ ئۇچى يەرگە ساڭگىلايدۇ، شەكلى قوي مۈڭگۈزىگە ئوخشايدۇ، ئۇزۇنلۇقى 17.5 سانتىمېتىر كېلىدۇ، كۆك ۋاقتىدا ياپ - يېشىل بولىدۇ، پىشقاندا قىپقىزىل بولىدۇ، ئۇچى ئىنچىكە، ئۇچلۇق، ئۆسىدە قورۇلغان قىر يوللار پەيدا بولىدۇ، بىر دانىسىنىڭ ئېغىرلىقى 50 گرام كېلىدۇ، ئېتى يۇمران، ئاچچىق | |
| سومى موچى | 1975 - يىلى پەيلۇ دېھقانچىلىق مەيدانىدىن كەلتۈرۈلگەن، ناھىيىدىكى خەنزۇ ئەترەتلىرىدە تېرىلىدۇ | ئارا جاغدا سورت، تۈپ ئېگىزلىكى 58 سانتىمېتىر، مېۋىسىنىڭ شەكلى سوقىچاق كونۇسسىمان، ئۇزۇنلۇقى 23 سانتىمېتىر، كۆك ۋاقتىدا ساغۇچ يېشىل بولىدۇ، ئېتىنىڭ قېلىنلىقى 0.2 سانتىمېتىر، بىر دانىسىنىڭ ئېغىرلىقى 50 گرام كېلىدۇ، ئېتى يۇمران، سەل تاتلىق، ئازراق ئاچچىق تەم ئارىلاشقان | |
| قاپاق موچ | يەرلىك سورت، ناھىيىنىڭ ھەممە يېرىدە تېرىلىدۇ | ئارا جاغدا سورت، تۈپ ئېگىزلىكى 50 سانتىمېتىر، بولۇق ئۆسىدۇ، مېۋىسى تۆت چاسا پانۇس شەكلىدە، ئۇچى ئويمان، يۈزىدە قىر يوللار بار، ئېتىنىڭ قېلىنلىقى 0.3 سانتىمېتىر، بىر دانىسىنىڭ ئېغىرلىقى 125 گرام كېلىدۇ، تاتلىق، سۇلۇق، ئېتى يۇمران | خام يېيىشكە بولىدۇ، قورۇتۇشقا بولمايدۇ، ۋىرۇس كېسەللىكىگە تاقابىل تۇرالمايدۇ |

(4) پىياز، سۇڭپىياز، سامساق، كۇدە

| ئىسمى | ئەسلى چىققان جاي ۋە تېرىلغان جاي | ئاساسلىق ئالاھىدىلىكى ۋە خۇسۇسىيىتى | ئارتۇقچىلىقى ۋە يېتەرسىزلىكى |
|---|---|---|---|
| پوستى ئاق بىنەپشەرەڭ پىياز | يەرلىك سورت، ناھىيىنىڭ ھەممە يېرىدە تېرىلىدۇ | تۈپ ئېگىزلىكى 60 سانتىمېتىر، تەخسىسىمان، غولى ياپىلاقراق، يۇمىلاق، پوستى ئاق ياكى بىنەپشەرەڭ، بىر دانىسىنىڭ ئېغىرلىقى تەخمىنەن 150 گرام كېلىدۇ، ئېتى يۇمران، تالالىرى ئاز، ئاچچىق تەمى بار، ئازراق تاتلىق، سۈپىتى ئەلا | سوغۇققا، ساقلاشقا چىداملىق |

| | | | |
|---|---|---|---|
| سېرىق پوستلۇق پەياز | تىيەنجىندىن كەلتۈرۈلگەن، ئايكۆل يېزىسىدا تېرىلىدۇ | تۈپ ئېگىزلىكى 67 سانتىمېتىر، تەڭگىسىمان غولى ياپىلاقراق، يۇمىلاق شار شەكلىدە، پوستى سېرىق، ئېتى ئاق، تەڭگىچە ئېتى قېلىن، چىڭ، بەك پۇراقلىق، چۈچۈمەل، سۈپىتى ئەلا، شارسىمان غولىنىڭ ئېغىرلىقى 250 گرام | ساقلاشقا چىداملىق، مەھسۇلاتى يۇقىرى |
| سوئېپىياز | يەرلىك سورت، ناھىيىنىڭ ھەممە يېرىدە تېرىلىدۇ | تۈپ ئېگىزلىكى 90 سانتىمېتىردىن 100 سانتىمېتىرغىچە، ئاق قىسمىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 40 سانتىمېتىر، توملۇقى 2.5 سانتىمېتىر كېلىدۇ، يۇمىلاق نور شەكلىدە، ئاچچىقراق، ئېتى بوش، سۈپىتى ئەلا | سوغۇققا تاقابىل تۇرالايدۇ، قىشتا ساقلاش ئاسان |
| قىزىل پوستلۇق سامساق | يەرلىك سورت، ناھىيىنىڭ ھەممە يېرىدە تېرىلىدۇ | تۈپ ئېگىزلىكى تەخمىنەن 50 سانتىمېتىر، بېشى يۇمىلاق، شار شەكلىدە، پوستى قىزغۇچ بىنەپشەرەڭ، بىر باش سامساقنىڭ بەش - ئالتە چىشى بار، بىر باش سامساقنىڭ ئېغىرلىقى تەخمىنەن 50 گرام كېلىدۇ، ئېتى چۈرۈك، بەك پۇراقلىق، سۈپىتى ياخشى | خام ۋە پىشۇرۇپ يېيىشكە، چىلاشقا بولىدۇ، كېسەللىككە تاقابىل تۇرالايدۇ، ساقلاشقا، توشۇشقا چىداملىق |
| ئاق پوستلۇق سامساق | يەرلىك سورت، ناھىيىنىڭ ھەممە يېرىدە تېرىلىدۇ | تۈپ ئېگىزلىكى 40 سانتىمېتىر، بېشىنىڭ ئېگىزلىكى ئۈچ سانتىمېتىر، دىئامېتىرى تۆت سانتىمېتىر، ھەر بىر باش سامساقنىڭ بەش - ئالتە چىشى بار، سامساق چىشلىرىنىڭ پوستى ئاق، بىر باش سامساقنىڭ ئېغىرلىقى تەخمىنەن 25 گرام كېلىدۇ، ئېتى چۈرۈك، خېلى ئاچچىق | خام يېيىشكە، چىلاشقا بولىدۇ، ساقلاشقا، توشۇشقا چىداملىق |
| يەرلىك كۆدە | يەرلىك سورت، ناھىيىنىڭ ھەممە يېرىدە تېرىلىدۇ | تۈپ ئېگىزلىكى 40 سانتىمېتىر، يوپۇرمىقىنىڭ شەكلى تارتاسمىسىمان، رەڭگى سەل ئاقۇش يېشىل، يوپۇرمىقى يۇمران، تالاسى ئاز، بەك پۇراقلىق، سۈپىتى ئەلا | سوغۇققا، ئىسسىققا چىداملىق |
| خەنجۇڭ كۆدىسى | 1981 - يىلى قەشقەر شەھەرلىك ئۇرۇقچىلىق شىركىتىدىن كەلتۈرۈلگەن، ناھىيە بازىرى ئەتراپىدا تېرىلىدۇ | تۈپ ئېگىزلىكى تەخمىنەن 80 سانتىمېتىر، يوپۇرمىقى قېلىن، كەڭلىكى 0.5 سانتىمېتىر، يوپۇرمىقىنىڭ سۈپىتى يۇمران، تالاسى ئاز، بەك پۇراقلىق سۈپىتى ياخشى | |

(5) ئوسۇڭ، پالەك

| ئىسمى | ئەسلى چىققان جاي ۋە تېرىلغان جاي | ئاساسلىق ئالاھىدىلىكى ۋە خۇسۇسىيىتى | ئارتۇقچىلىقى ۋە يېتەرسىزلىكى |
|---|---|---|---|
| ئۇچلۇق يوپۇرماقلىق ئوسۇڭ | يەرلىك سورت، ناھىيىنىڭ ھەممە يېرىدە تېرىلىدۇ | تۆپ ئېگىزلىكى 50 سانتىمېتىردىن 60 سانتىمېتىرغىچە، يېيىلىش دائىرىسى 50 سانتىمېتىر، يوپۇرمىقى يېشىل، خەنجەرسىمان، يوپۇرمىقىنىڭ يۈزى تۈز، ئەمما ئاندا - ساندا قورۇقلار ۋە شام پاراشوكى بار، ئەڭ چوڭ يوپۇرمىقىنىڭ ئۇزۇنلۇقى26 سانتىمېتىر، كەڭلىكى سەككىز سانتىمېتىر، تېنى تاياقسىمان، ئۈستى ئىنچىكە، ئادەتتىكىلىرىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 45 سانتىمېتىر، بىر تېلىنىڭ ئېغىرلىقى تەخمىنەن 800 گرام، پوستى ئاقۇش يېشىل، ئېتى توقراق يېشىل، ئېتى چىڭ، چۇرۇك، سۈپىتى ئوتتۇراھال | |
| يۇمىلاق يوپۇرماقلىق ئوسۇڭ | يەرلىك سورت، ناھىيىنىڭ ھەممە يېرىدە تېرىلىدۇ | چىلگە سورت، تۆپ ئېگىزلىكى 60 سانتىمېتىر، يېيىلىش دائىرىسى 45 سانتىمېتىر، يوپۇرمىقى ئۇزۇنچاق تەتۈر تۇخۇمسىمان، يوپۇرمىقىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 24 سانتىمېتىر، كەڭلىكى ئون سانتىمېتىر، ئالدىنقى بۆلىكى يۇمىلاق، يوپۇرمىقىنىڭ يۈزىدە ئاندا - ساندا قورۇقلار ۋە شام پاراشوكى بار، تېنى كونۇسسىمان، بوغۇم ئارىلىقى زىچراق، ئېتىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 40 سانتىمېتىر، بىر تال ئوسۇڭنىڭ ئېغىرلىقى بىر كىلوگرام كېلىدۇ، ئاسان يېرىلمايدۇ | سوغۇققا چىداملىق |
| ئۇچلۇق يوپۇرماقلىق پالەك | يەرلىك سورت، ناھىيىنىڭ ھەممە يېرىدە تېرىلىدۇ | تۆپ ئېگىزلىكى 28 سانتىمېتىر، يېيىلىش دائىرىسى 35 سانتىمېتىر، يوپۇرمىقى ئوقيا شەكلىدە، چوڭ يوپۇرمىقىنىڭ ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 20 سانتىمېتىر، كەڭلىكى ئون سانتىمېتىر كېلىدۇ، ئۇرۇقى رومبا شەكلىدە بولۇپ تىكەنلىك، ئوق يىلتىزى قىزغۇچ، تاتلىق، يوپۇرمىقىنىڭ ئېتى نېپىزرەك، تالاسى ئاز، سۈپىتى ئوتتۇراھال | سوغۇققا چىدايدۇ، ئىسسىققا چىدىمايدۇ |
| يۇمىلاق يوپۇرماقلىق پالەك | يەرلىك سورت، ناھىيىنىڭ ھەممە يېرىدە تېرىلىدۇ | تۆپ ئېگىزلىكى 32 سانتىمېتىر، يېيىلىش دائىرىسى 35 سانتىمېتىر، يوپۇرمىقىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 16 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 12 سانتىمېتىر، يوپۇرمىقىنىڭ رەڭگى قېنىق يېشىل، يۈزى تۈز، سىلىق، قوشۇمچە ئۆسمىلىك يوق، يوپۇرمىقىنىڭ شەكلى تۇخۇمسىمان، ئېتى قېلىن، يۇمشاق، يۇمران، تالاسى ئاز، تاتلىق، سۈپىتى ئەلا | |

(6) كاللەكبەسەي (لەنخۇا بەسەي)

| ئىسمى | ئەسلى چىققان جاي ۋە تېرىلغان جاي | ئاساسلىق ئالاھىدىلىكى ۋە خۇسۇسىيىتى | ئارتۇقچىلىقى ۋە يېتەرسىزلىكى |
|---|---|---|---|
| ئۇششاق كاللەك بەسەي | 1980 - يىلى خېبېي ئۆلكىسىدىن كەلتۈرۈلگەن، ناھىيىنىڭ ھەممە يېرىدە تېرىلىدۇ | ئارا جاغدا سورت، ئۆسۈپ يېتىلىش مەزگىلى تەخمىنەن 110 كۈن، تۈپ ئېگىزلىكى 30 سانتىمېتر، يېيىلىش دائىرىسى 40 سانتىمېتردىن 50 سانتىمېترغىچە، يوپۇرمىقى خېلى تىك، ئەڭ چوڭ يوپۇرمىقىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 41 سانتىمېتر، كەڭلىكى 33 سانتىمېتر كېلىدۇ، سىرتقى يوپۇرمىقى تەتۈر تۇخۇمسىمان، رەڭگى كۆلرەڭ، يوپۇرماق شارچىسىنىڭ ئېگىزلىكى 20 سانتىمېتر، دىئامېترى 30 سانتىمېتر، شارچىنىڭ ئېغىرلىقى 3.8 كىلوگرام، سىرتقى يوپۇرمىقى 700 گرام، چىڭ تۈگىدۇ، يوپۇرماق شارچىسى تۈز، سۈپىتى ياخشى | |
| يوغان كاللەكبەسەي | 1981 - يىلى يىنچۈەندىن كەلتۈرۈلگەن، نېفىت بازىسى ئەتراپىدا تېرىلىدۇ | ئاراجاغدا سورت، ئۆسۈپ يېتىلىش مەزگىلى 110 كۈن، تۈپ ئېگىزلىكى 40 سانتىمېتر، يېيىلىش دائىرىسى 90×60 سانتىمېتر، يوپۇرماق شارچىسى ياپىلاق، يۇمىلاق، ئۈستى تۈز، شارچىنىڭ ئېگىزلىكى 23 سانتىمېتر، دىئامېترى 39 سانتىمېتر، ئېغىرلىقى ئالتە كىلوگرام، سىرتقى يوپۇرمىقى 2.6 كىلوگرام كېلىدۇ، چىڭ تۈگىدۇ، سۈپىتى ياخشى | |
| مول ھوسۇللۇق كاللەك بەسەي | 1984 - يىلى قەشقەر شەھىرىدىن كەلتۈرۈلگەن، ناھىيىنىڭ ھەممە يېرىدە تېرىلىدۇ | چىلگە سورت، ئۆسۈپ يېتىلىش مەزگىلى 90 كۈن، يېيىلىش دائىرىسى 65×60 سانتىمېتر، يوپۇرماق شارچىسى ياپىلاق، يۇمىلاق، دىئامېترى 24 سانتىمېتر، ئېگىزلىكى 13 سانتىمېتر، شارچىنىڭ ئېغىرلىقى 3.5 كىلوگرام كېلىدۇ، چىڭ تۈگىدۇ، رەڭگى ئاچ يېشىل | |

(7) سەي كاۋىسى

| ئىسمى | ئەسلى چىققان جاي ۋە تېرىلغان جاي | ئاساسلىق ئالاھىدىلىكى ۋە خۇسۇسىيىتى | ئارتۇقچىلىقى ۋە يېتەرسىزلىكى |
|---|---|---|---|
| ئاق شاپاقلىق سەي كاۋىسى | يەرلىك سورت، ناھىيىنىڭ ھەممە يېرىدە تېرىلىدۇ | تۈپى پاكار بولۇپ، غۇژمەك ئۆسىدۇ، زىچ تېرىشقا باب كېلىدۇ، كاۋىنىڭ شەكلى سوقىچاق، ئۇزۇنلۇقى 40 سانتىمېتر، دىئامېترى 15 سانتىمېتر، ئادەتتىكى بىر كاۋىنىڭ ئېغىرلىقى تۆت - بەش كىلوگرام، ئەڭ چوڭلىرىنىڭ ئېغىرلىقى توققۇز كىلوگرام كېلىدۇ. شاپىقى ئاق، ئون تال قىر يولى بار، بۇرنى تۈز، يۇمىلاق، كىندىك قىسمى ئويمان، ئېتى ئىككى - ئۈچ سانتىمېتر، رەڭگى ئاق، ئېتى يۇمشاق، تالاسى ئاز، سۈپىتى بىر قەدەر ياخشى | |

(8) (كاۋا)

| ئىسمى | ئەسلى چىققان جاي ۋە تېرىلغان جاي | ئاساسلىق ئالاھىدىلىكى ۋە خۇسۇسىيىتى | ئارتۇقچىلىقى ۋە يېتەرسىزلىكى |
|---|---|---|---|
| چاقما كاۋا . | يەرلىك سورت، ناھىيىنىڭ ھەممە يېرىدە تېرىلىدۇ | جاغدا سورت، مايىسى باراقسان ئۆسىدۇ، كاۋىنىڭ شەكلى ياپىلاق، يۇمىلاق، بىر دانىسىنىڭ ئېغىرلىقى ئالتە كىلوگرام كېلىدۇ، شاپىقى سېرىق ياكى كۆك، روشەن قىر - يوللىرى بار، بۇرنى ئويمان، ئېتى ئاچ سېرىق، ئېتىنىڭ قېلىنلىقى تۆت - بەش سانتىمېتر كېلىدۇ، ئانچە سۇلۇق ئەمەس، پىشۇرۇلسا تەمى تاتلىق بولىدۇ، سۈپىتى ياخشى | |

# V باب

# ئورمانچىلىق

بۇ ناھىيە سۈنئىي ئۇسۇلدا ئورمان بەرپا قىلىنغان رايون. ھەر مىللەت خەلقى ھويلا - ئاراملىرىنىڭ ئالدى كەينىگە، ئېرىق - ئۆستەڭ، ئېتىز بويلىرىغا كۆچەت تىكىپ ئورمان بەرپا

پوسكام ناھىيىسىنىڭ ئىلگىرىكى يىللاردىكى ئورمانچىلىق مەھسۇلات قىممىتىگە دائىر مەلۇمات

2 ـ 5 ـ 1 ـ جەدۋەل بىرلىكى: 10 مىڭ يۈەن

| يىللار | مەھسۇلات قىممىتى | يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىدە ئىگىلىگەن نىسبىتى (%) | يىللار | مەھسۇلات قىممىتى | يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىدە ئىگىلىگەن نىسبىتى (%) |
|---|---|---|---|---|---|
| 1949 | 58.41 | 4.67 | 1967 | 128.54 | 4.65 |
| 1950 | 54.74 | 4.17 | 1968 | 114.75 | 4.77 |
| 1951 | 51.73 | 3.90 | 1969 | 141.08 | 5.50 |
| 1952 | 52.31 | 3.94 | 1970 | 137.64 | 5.25 |
| 1953 | 50.43 | 3.53 | 1971 | 156.69 | 5.33 |
| 1954 | 50.35 | 3.30 | 1972 | 149.04 | 5.53 |
| 1955 | 46.93 | 3.01 | 1973 | 192.06 | 5.84 |
| 1956 | 53.53 | 3.33 | 1974 | 236.37 | 8.26 |
| 1957 | 53.60 | 3.43 | 1975 | 198.68 | 7.18 |
| 1958 | 70.35 | 4.13 | 1976 | 263.68 | 8.53 |
| 1959 | 70.35 | 3.70 | 1977 | 162.79 | 5.27 |
| 1960 | 71.90 | 4.04 | 1978 | 195.30 | 7..90 |
| 1961 | 107.65 | 5.18 | 1979 | 179.70 | 7.28 |
| 1962 | 107.19 | 5.16 | 1980 | 150.60 | 5.60 |
| 1963 | 133.15 | 5.59 | 1981 | 147.40 | 5.12 |
| 1964 | 83.02 | 3.91 | 1982 | 171.60 | 5.34 |
| 1965 | 116.35 | 4.29 | 1983 | 189.26 | 5.07 |
| 1966 | 106.52 | 3.80 | 1984 | 257.91 | 5.38 |

قىلىشقا ئادەتلەنگەن. 1949 ـ يىلى ناھىيە بويىچە ئورمانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 584 مىڭ 100 يۈەن (1980 ـ يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلاندى، تۆۋەندىمۇ شۇنداق) بولۇپ، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنىڭ 4.67 پىرسەنتىنى ئىگىلىگەنىدى. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، پارتىيە ۋە خەلق ھۆكۈمىتى كۆچەت تىكىپ ئورمان بەرپا قىلىشقا ئىنچىل ئەھمىيەت بېرىپ، دېھقانلارنىڭ پارچە ـ پۇرات يەرلەرگە كۆچەت تىكىشىنى تەشەببۇس قىلغاندىن باشقا، يەنە ئاممىنى بۆلەكلەر بويىچە ئورمان بەرپا قىلىشقا سەپەرۋەر قىلدى،

جەمئىي 165 مىڭ 400 مو يەردە 26 مىليون 136 مىڭ تۈپ ئورمان بەرپا قىلىندى، ساقلىنىپ قېلىنىش كۆلىمى 112 مىڭ موغا، ساقلىنىپ قېلىنىش نىسبىتى %8.67كە، ناھىيىنىڭ ئورمان بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى %1.8كە يەتتى. ئورمانچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 2 مىليون 579 مىڭ 100 يۈەن بولۇپ، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنىڭ 38.5 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى، يەنى يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن %33.4تىن ئېشىپ باردى.

# § 1. ئاساسلىق دەرەخ تۈرلىرى

## 1. دەرەخ تۈرلىرى

ناھىيىدىكى دەل - دەرەخ ۋە چاتقال 23 ئائىلە، 30 ئۇرۇقداش، 52 خىل. دەرەخ خىللىرى خېلى كۆپ، بۇنىڭ ئىچىدە سانى كۆپ، تارقىلىش دائىرىسى كەڭ بولغانلىرى سۇۋادان تېرەك، قاپاق تېرەك، تاغ تېرىكى، توغراق، جىگدە، سۆگەت، ئۈجمە، قارىياغاچ، كىچىك يوپۇرماقلىق ئادىسسىيە، چۈلۈك ۋە شاپتۇل، ئۆرۈك، ئالما، ئامۇت، ياڭاق قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. 50- يىللاردا زاراڭ، ئامورپا، تۇخۇمەك كەلتۈرۈلگەنىدى. 60 -، 70 - يىللاردا بوز تېرەك، چوڭ چىلان، كاۋاۋچىن دەرىخى، پىندىق ياڭاق، مايلىق كورنۇس، ئالبىزىيە دەرىخى، خۇشپۇراق چۈلۈك، دولانا، جىن چاتقىلى، قىزىل زاراڭ كەلتۈرۈلدى. 80 - يىللاردا قارائارچا، ئاق شاكال، ئالىقات، پاۋلونىيە، چىنار ۋە كىچىك يوپۇرماقلىق تېرەك قاتارلىقلار ۋە ئون نەچچە خىل شالغۇت تېرەك كۆپەيتىلدى.

## 2. ئاساسلىق دەرەخ تۈرلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە ئىشلىتىلىشى

**سۇۋادان تېرەك** بۇ، يەرلىك دېھقانلارئۇزۇندىن بۇيان ئۆستۈرۈپ كېلىۋاتقان، تېز ئۆسىدىغان دەرەخ تۈرى، ئۇنىڭ غولى تۈز، تىك، ئېگىزلىكى تەخمىنەن 18 مېترغا يېتىدۇ، تىكىپ 20 يىلدىن كېيىن كېسىدىغان ۋاقىتتا كۆكرەك دىئامېترى 40 سانتىمېتردىن ئاشىدۇ، بۇ تېرەك كۆپرەك ئۆي سېلىش، ئۆي جاھازلىرى، دېھقانچىلىق سايمانلىرى ياساشقا ئىشلىتىلىدۇ.

**سۆگەت** ئاساسلىقى ئاق سۆگەت، مەجنۇنتال، سېرىق قوۋزاقلىق سۆگەت، قىزىل قوۋزاقلىق سۆگەت قاتارلىقلار بار، دېھقانچىلىق رايونلىرىدا ئاق سۆگەت كۆپ تىكىلىدۇ. ئۇ، تەخمىنەن %90نى ئىگىلەيدۇ. بۇ سۆگەت قەلەمچە قىلىپ تىكىلىپ كۆپەيتىلىدۇ، ئۇ، كۆپرەك يېقىلغۇ قىلىنغاچقا، ھەر تۆت - بەش يىلدا بىر قېتىم نۆۋەت بىلەن كېسىلىدۇ، شۇڭا ئېگىز، يوغان ئاق سۆگەت ناھايىتى ئاز بولىدۇ، ئادەتتىكى سۆگەتنىڭ ئېگىزلىكى يەتتە - سەككىز مېتر، كۆكرەك دىئامېترى 36 سانتىمېتردىن 42 سانتىمېترغىچە كېلىدۇ.

**جىگدە** بۇ، نان جىگدە ۋە قاغا جىگدىسى دەپ ئىككى خىلغا بۆلۈنىدۇ، قورغاقچىلىققا، شورغا چىداملىق، ماسلىشىشچانلىقى كۈچلۈك بولۇپ، مېۋىسىنى يېيىشكە بولىدۇ. يېقىلغۇ ئورمىنى تۈرىگە كىرىدۇ.

**ئۈجمە** ئاق ئۈجمە، قارا ئۈجمە ئاساس قىلىنىدۇ، ئاق ئۈجمە ناھىيىنىڭ ھەممە يېرىدە ئۆستۈرۈلىدۇ، يوپۇرمىقىدا پىلە بېقىلىدۇ، مېۋىسىنى يېيىشكە بولىدۇ، تەمى ناھايىتى ياخشى، ئۇنىڭ ياغىچىدا ھەر خىل جاھاز - سايمانلارنى ياسىغىلى بولىدۇ. قارا ئۈجمىنىڭ يوپۇرمىقى

قىرناق، ئۇنىڭدا دورا ياساشقا بولىدۇ، غولى ئېسىل ياغاچ ماتېرىيالى ھېسابلىنىدۇ.

**كىچىك يوپۇرماقلىق ئادىسسىيە** بۇنىڭ ماسلىشىشچانلىقى كۈچلۈك، ھەر قايسى يېزا - مەيدانلاردا دېگىدەك پارچە - پۇرات يەرلەرگە تىكىپ ئۆستۈرۈلىدۇ، ئادەتتە ئېگىزلىكى 15 مېتىردىن 18 مېتىرغىچە، كۆكرەك دىئامېترى 38 سانتىمېتىردىن 46 سانتىمېتىرغىچە كېلىدۇ، ياغىچى قاتتىق، ئۆي جاھازلىرى ياساشقا ئىشلىتىلىدۇ.

**توخۇمەك** بۇ، تېز ئۆسىدۇ، لېكىن ھاشاراتلارنىڭ زىيانداشلىقىغا ئاسان ئۇچرايدۇ، زەي يەردە ئۆستۈرۈشكە بولمايدۇ، ئادەتتە 15 يىلدىن 18 يىلغىچە ئۆمۈر كۆرىدۇ، ئېگىزلىكى 15 مېتىر كېلىدۇ، ياغىچى قاتتىق، دېھقانچىلىق سايمانلىرى ياساشقا باب كېلىدۇ.

**چىنار** بۇ، قەلەمچە قىلىپ تىكىش ياكى ئۇرۇقىنى تېرىش ئارقىلىق كۆپەيتىلىدۇ، دەرەخ تاجىسى يېيىلىپ ئۆسىدۇ، چاتاشقا چىدامىلىق، سۇ، ئوغۇت مول يەرگە تىكىلسە تېز ئۆسىدۇ، مەنزىرە دەرىخى قىلىشقا باب كېلىدۇ، ياغىچى چىڭ، سىزىقچىلىرى شالاڭ بولۇپ ئېسىل ئۆي جاھازىسى ماتېرىيالى ھېسابلىنىدۇ.

**پوسكام ناھىيىسىدىكى دەل - دەرەخ ۋە چاتقال تۈرلىرىنى تەكشۈرۈشكە دائىر مەلۇمات**

2 ـ 5 ـ 2 ـ جەدۋەل

| ئائىلە ئىسمى | دەرەخ تۈرلىرى |
|---|---|
| ئارچا ئائىلىسى | تەڭرىتاغ شەمشادى، شىنجاڭ ئارچىسى، ياپىلاق ئارچا، قارا ئارچا |
| تېرەك، سۆگەت ئائىلىسى | قاپاق تېرەك، تاغ تېرىكى، سۇۋادان تېرەك، توغراق، قارا سۆگەت، مەجنۇنتال، كۆك قوۋزاقلىق سۆگەت، كانادا تېرىكى، ئەۋرىشىم سۆگەت، سېرىق قوۋزاقلىق سۆگەت، قىزىل قوۋزاقلىق سۆگەت |
| ياڭاق ئائىلىسى | ياڭاق |
| قارىياغاچ ئائىلىسى | قارىياغاچ |
| ئۈجمە ئائىلىسى | قارا ئۈجمە، ئاق ئۈجمە، چېقىر ئۈجمە |
| چىنار ئائىلىسى | فرانسىيە چىنارى، ئەنگلىيە چىنارى |
| ئازغان ئائىلىسى | قارا ئۇرۇقلۇق ئازغان، ئۆرۈك، شاپتۇل، ئامۇت، ئالما، بادام، بېھى، گىلاس، دولانا، ئەنجۈر |
| پۇرچاق ئائىلىسى | سوپۇن دەرىخى، تۆخۈمەك، ئامورپا، ئالبىزىيە دەرىخى |
| مىلىيە ئائىلىسى | خۇشپۇراق چۈلۈك |
| خوزور ئائىلىسى | ئۇششاق چىلان، چوڭ چىلان |
| يۇلغۇن ئائىلىسى | يۇلغۇن |
| توغراق ئائىلىسى | قاغا جىگدىسى، نان جىگدە |

| | |
|---|---|
| قاشقا بەدە ئائىلىسى | كىچىك يوپۇرماقلىق ئادىسسىيە |
| ئاچچىق چۈلۈك ئائىلىسى | چۈلۈك |
| سۆگەت گۈل ئائىلىسى | سۆگەتگۈل |
| ساپىن ئائىلىسى | پىندىق ياڭاق |
| پېدىگەن ئائىلىسى | ئالىقات |
| هامامىل ئائىلىسى | ئىرەن دەرىخى، قىزىل زاراڭ |
| ئۈزۈم ئائىلىسى | ئۈزۈم |
| ئانار ئائىلىسى | ئانار |
| سوزاپ ئائىلىسى | كاۋاۋچىن دەرىخى |
| چوقا ئائىلىسى | پاۋلونىيە دەرىخى |
| جىن چاتقىلى ئائىلىسى | جىن چاتقىلى |

## § 2 . ئۇرۇق يىغىش ۋە كۆچەت يېتىشتۈرۈش

### 1 . ئۇرۇق يىغىش

يەرلىك دېھقانلار ئەزەلدىن ئۇرۇق يىغىش ئۇرۇق يىغىش ۋە كۆچەت يېتىشتۈرۈشكە ئادەتلەنگەن. ئۇلار كۆپىنچە هاللاردا ياڭاق، ئۈجمە، جىگدە، شاپتۇل، ئۆرۈك ئۇرۇقلىرىنى يىغىپ، ئۇنى تېرىپ كۆچەت يېتىشتۈرۈشكە ئامراق. 1956 - يىلى ناھىيە بويىچە 1425 كىلوگرام ئۇرۇق يىغىۋېلىنىپ، 71 مو يەرگە شاپتۇل، ئۆرۈك تېرىلدى. 1958 - يىلى 42 مىڭ 51 كىلوگرام ئۇرۇق يىغىۋېلىنىپ، 2102 مودىن كۆپرەك يەرگە شاپتۇل، ئۆرۈك، ياڭاق تېرىلدى. 1960- يىلى 76 مىڭ كىلوگرام ئۇرۇق يىغىۋېلىنىپ، 3800 مو يەرگە شاپتۇل، ئۆرۈك تېرىلدى لېكىن تېخنىكا قالاق، پەرۋىش قىلىش ناچار بولغاچقا، ئەي بولۇش نىسبىتى تۆۋەن بولدى. 1964 - يىلدىن كېيىن، جىنسسىز كۆپەيتىش تېخنىكا سەۋىيىسىنىڭ ئۆسۈشىگە، ئەلا سورتلارنىڭ كېڭەيتىلىشىگە ئەگىشىپ، ئۇرۇق يىغىش مىقدارى ئازىيىپ، ئۇرۇق كەلتۈرۈش كۆپەيدى، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كۆچەتخانىلار ھەر يىلى 100 كىلوگرامدىن ئارتۇق ئالما ئۇرۇقى، نەچچە توننا چوڭ چىلان ئۇرۇقى كەلتۈرۈپ، يەر تاللاپ تېرىدى، ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ئاز مىقداردا كاشتان، دولانا، پىندىق ياڭاق، چىنار، مايلىق قارىغاي، ياپىلاق ئارچا، قارائارچا ئۇرۇقلىرىنى سېتىۋېلىپ، ئۇلارنى تېرىپ تەجرىبە قىلدى.

## 2 . كۆچەت يېتىشتۈرۈش

(1) دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كۆچەتخانىلاردا كۆچەت يېتىشتۈرۈش دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كۆچەتخانىلاردا كۆچەت يېتىشتۈرۈش 1950 - يىلدىن باشلاندى، بۇنىڭغا دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كۆچەتخانىلار مەسئۇل بولدى. دەسلەپكى مەزگىلدە شاپتۇل، ئۆرۈك، ئالما كۆپرەك تېرىلدى، تېرەك كۆچىتى ناھايىتى ئاز مىقداردا يېتىشتۈرۈلدى، كېيىن ياغاچ ماتېرىياللىرىغا بولغان ئېھتىياج ئاشقاچقا، قەلەمچە قىلىپ تىكىپ كۆچەت يېتىشتۈرۈشتىن ئىبارەت ئەنئەنىۋى ئۇسۇل تەجرىبە قىلىندى. بۇنىڭ ئەي بولۇش نىسبىتى ناھايىتى تۆۋەن بولدى. 1956 - يىلى تېرەك كۆچىتى يېتىشتۈرۈش كۆچەتخانىلارنىڭ مۇھىم ۋەزىپىسى قىلىنىپ، تەدرىجىي ھالدا، كىچىك كۆچەتخانىلاردا قەلەمچە قىلىپ تىكىپ يېتىشتۈرۈش ئۇسۇلى قوللىنىلدى، بۇنىڭ تۇتۇش نىسبىتى %40كە يەتتى، بىر مو يەردىن 4000 تۈپتىن كۆپرەك كۆچەت ئېلىندى. 1961 - يىلى ياسىدۇن ئورمانچىلىق مەيدانىدا كۆچەتخانا قۇرۇلدى، بۇ كۆچەتخانىمۇ قەلەمچە قىلىپ تىكىپ تېرەك كۆچىتى يېتىشتۈرۈشكە باشلىدى، ئىككى كۆچەتخانىنىڭ قەلەمچە قىلىپ تىكىپ تېرەك كۆچىتى يېتىشتۈرگەن يېرى 8 . 223 موغا، بىر يىلدا ئالغان كۆچىتى 1 مىليون 86 مىڭ 400 تۈپكە، ئەي بولۇش نىسبىتى تەخمىنەن %60كە يەتتى. 1964 - يىلى يېزىلاردا «بەشتە ياخشى قۇرۇلۇش»ى قانات يايدۇرۇلغاچقا تېرەك، كۆچىتى يېتىشمىدى، ئورمانچىلىق تېخنىكا خادىملىرى تەجرىبە قىلىش ئارقىلىق، «قەلەمچىنى بۇرۇن كېسىش، بۇرۇن چىلاش، دەل پەيتىدە تىكىش، تۇجۇپىلەپ پەرۋىش قىلىش»تىن ئىبارەت ئۆستۈرۈش تېخنىكا تەدبىرىنى ۋاقتىدا يەكۈنلەپ ئۇنى ئىشلەپچىقىرىشتا كېڭەيتتى، نەتىجىدە كۆچەتلەرنىڭ تۇتۇش نىسبىتى %80كە، بىر مو يەردىن ئېلىنغان كۆچەت 6000 — 7000تۈپكە يەتتى. 1976 -يىلدىن1984- يىلغىچە كۆچەتلەرنىڭ تۇتۇش نىسبىتى ئىزچىل %90، بىر مو يەردىن ئېلىنغان كۆچەت تەخمىنەن 8000 تۈپ ئەتراپىدا بولۇپ كەلدى. 1981 - يىلى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كۆچەتخانا چىنار، ياپىلاق ئارچا، قارىياغاچ، پاۋلونىيە قاتارلىق دەرەخ خىللىرىنى يېتىشتۈرۈشنى تەجرىبە قىلىپ مۇۋەپپەقىيەت قازاندى. بىر يىلدا تېرىلغان چىنارنىڭ ھەر كۋادرات مېتىر يەردىن چىققان كۆچىتى 82 تۈپكە، كۆچەتنىڭ ساقلىنىپ قېلىش نىسبىتى %60تىن كۆپرەككە يەتتى.

1965 - يىلدىن 1984 - يىلغىچە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كۆچەتخانىلار ھەر خىل كۆچەتتىن تەخمىنەن 62 مىليون 10 مىڭ تۈپ يېتىشتۈردى، بۇنىڭ ئىچىدە تېرەك كۆچىتى 61 مىليون 560 مىڭ تۈپ، جىگدە كۆچىتى 150 مىڭ تۈپ، قارىياغاچ كۆچىتى 60 مىڭ تۈپ، ئالما كۆچىتى 120 مىڭ تۈپ، باشقا كۆچەتلەر 120 مىڭ تۈپ، بۇنىڭ بىلەن ناھىيىنىڭ ھەر خىل كۆچەتكە بولغان ئېھتىياجى ئاساسەن قاندۇرۇلدى، شۇنداقلا باشقا ناھىيىلەرنىڭ ئورمانچىلىق قۇرۇلۇشىغىمۇ ياردەم بېرىلدى. 1957 - يىلى يەكەنگە 7000 تۈپ ياڭاق كۆچىتى يۆتكەپ بېرىلدى. 1958 - يىلى قەشقەر شەھىرىنى كۆكەرتىش ئۈچۈن 54 مىڭ تۈپ كۆچەت يەتكۈزۈپ بېرىلدى. 1981 - يىلى خوتەنگە 40 مىڭ تۈپتىن ئارتۇق تېرەك كۆچىتى يەتكۈزۈپ بېرىلدى.

(2) كوللېكتىپ كۆچەت يېتىشتۈرۈش يېزا ئىگىلىكىنى كوپېراتسىيىلەشتۈرۈش مەزگىلىدە، كوپېراتىپلار ھەر يىلى تەخمىنەن 1000 مودىن1500 موغىچە يەردەكۆچەت يېتىشتۈرەتتى. 1961- يىلدىن باشلاپ كۆچەت يېتىشتۈرۈلگەن يەر 2000 مودىن ئاشتى، ئەمما تېخنىكا ئۆتكىلىدىن ئۆتەلمىگەنلىكى، ياخشى پەرۋىش قىلىنمىغانلىقى تۈپەيلىدىن، كۆچەتلەرنىڭ تۇتۇش نىسبىتى يۇقىرى بولمىغانىدى. 70 - يىللاردا تۆت دەرىجىلىك كۆچەت يېتىشتۈرۈش تورى

قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئورمانچىلىق پونكىتىنىڭ تېخنىكا خادىملىرى دائىم يېزىلارغا بېرىپ يېتەكچىلىك قىلدى، بۇنىڭ بىلەن كۆچەتلەرنىڭ تۇتۇش نىسبىتى ئۈزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. 1980- يىلى كۆچەتلەرنىڭ تۇتۇش نىسبىتى %80 كە، يىللىق كۆچەت (ئاساسەن تېرەك كۆچىتى) تەخمىنەن 12 مىليون تۈپكە يەتتى.

پوسكام ناھىيىسى بويىچە ئىلگىرىكى يىللاردا كۆچەت يېتىشتۈرۈلگەن يەر كۆلىمى

2 ـ 5 ـ 3 ـ جەدۋەل

| يىللار | كۆچەت يېتىشتۈرۈلگەن يەر كۆلىمى (مو) | | يىللار | كۆچەت يېتىشتۈرۈلگەن يەر كۆلىمى (مو) | |
|---|---|---|---|---|---|
| | جەمئىي | بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت ئىگىلىكىدىكىسى | | جەمئىي | بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت ئىگىلىكىدىكىسى |
| 1949 | 1474 | | 1967 | 2445 | 120 |
| 1950 | 1227 | | 1968 | 2136 | 120 |
| 1951 | 1219 | | 1969 | 2467 | 120 |
| 1952 | 1176 | | 1970 | 2144 | 125 |
| 1953 | 1136 | | 1971 | 2670 | 120 |
| 1954 | 1048 | 14.5 | 1972 | 2361 | 140 |
| 1955 | 939 | 34.1 | 1973 | 2632 | 150 |
| 1956 | 1043 | 56.3 | 1974 | 2808 | 160 |
| 1957 | 1088 | 98.2 | 1975 | 2479 | 200 |
| 1958 | 1360 | 149.5 | 1976 | 4339 | 290 |
| 1959 | 1496 | 35 | 1977 | 2560 | 230 |
| 1960 | 1513 | 40 | 1978 | 3403 | 260 |
| 1961 | 2793 | 34 | 1979 | 2958 | 280 |
| 1962 | 2592 | 38 | 1980 | 4624 | 287 |
| 1963 | 3141 | 80 | 1981 | 2366 | 290 |
| 1964 | 409 | 120 | 1982 | 3210 | 200 |
| 1965 | 2043 | 125 | 1983 | 3962 | 205 |
| 1966 | 2135 | 105 | 1984 | 4241 | 286 |

## 3 . كۆچەت يېتىشتۈرۈش تېخنىكىسى

1) دەرەخ تۈرلىرىنى كەلتۈرۈش

ناھىيىلىك كۆچەتخانا 1979 - يىلى تۆت كىلوگرام پىندىق ياڭاق ئۇرۇقى كەلتۈرۈپ، ئۇنى قىش پەسلىدە نەم قۇمغا كۆمۈپ ساقلاپ، 1980 - يىل 4 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا سىناق نەرىقىسىدە تېرىپ، كۆچەت يېتىشتۈردى، يىل ئاخىرىدا يېتىشتۈرۈلگەن 450 تۈپ كۆچەت داۋاملىق كۆچەتلىكتە قالدۇرۇلۇپ چوڭايتىلدى. 1982 - يىلنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، ئەسلىدىكى كۆچەتلىكتىن ئۈچ كىلوگرام ئۇرۇق ئېلىندى. 1983 - يىلى ئەتىيازدا چوڭ كۆچەتلەر كۆچەتخانىدىن چىقىرىلغاندا ئوتتۇرىچە ئېگىزلىكى ئىككى مېترغا، يىلتىزىنىڭ دىئامېترى1.5 سانتىمېترغا يەتتى، بۇ كۆچەتلەر ناھىيىلىك پارتىيە مەكتىپىنىڭ يېرىگە مەركەزلەشتۈرۈپ تىكىلدى. كۆچەتلەرنىڭ تۇتۇش نىسبىتى %70كە يەتتى.

1981 - يىلى ئەتىيازدىن بۇيان، ناھىيىلىك ئورمانچىلىق بۆلۈمى، ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ، شاڭخەي، سۇجۇ، بېيجىڭ، نەنجىڭ شەھەرلىرى ۋە شەنشى ئۆلكىسىدىن چىنار ئۇرۇقى كەلتۈرۈپ، ئۇقتىدا تېرىپ تەجرىبە قىلدى. پەن - تېخنىكا كادىرلىرى ۋە تەجرىبە قىلىشقا قاتناشقان خادىملارنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى ئارقىلىق، 1981 - يىلى بىر فۇڭ تەجرىبە ئېتىزىدا ئۈنگەن كۆچەت 5400 تۈپكە، يىل ئاخىرىدا ئېلىنغان كۆچەت 3200 تۈپكە، كۆچەتنىڭ ساقلىنىپ قېلىش نىسبىتى %60كە يەتتى. شۇ يىلى يېتىشتۈرۈلگەن كۆچەتلەرنىڭ ئېگىزلىكى 40 سانتىمېتردىن 80 سانتىمېترغىچە بولدى. 1982 - يىلى ئۇرۇقتىن ئۆستۈرۈلگەن قىسمەن كۆچەتلەرنى تاللاپ قەلەمچە قىلىپ تىكىپ كۆپەيتىش تەجرىبىسى ئېلىپ بېرىلدى، بولارنىڭ تۇتۇش نىسبىتى شۇ يەردىكى سېلىشتۇرما ئەنگلىيە چىنارىدىن ئون ھەسسىدىن كۆپرەك يۇقىرى بولدى. 1983 - يىلى كۆچەت يېتىشتۈرۈش نۇقتىلىرىغا كېڭەيتىلىپ، جەمئىي 1.1 مو يەرگە قەلەمچە قىلىپ تىكىلىپ، شۇ يىلى 31 مىڭ 500 تۈپ كۆچەت ئېلىندى.

1984 - يىلى ئەتىيازدا، ناھىيىلىك ئورمانچىلىق پونكىتى شىمالىي شىنجاڭدىن ئىككى كىلوگرام ئاق شاكال ئۇرۇقى كەلتۈرۈپ، ئۇنى ئىككى فۇڭ يەرگە تەجرىبە قىلىپ تېرىدى، بۇنىڭ ئىچىدە بالدۇر تېرىلغان بىر فۇڭ يەردىكى ئۇرۇقلارنى قۇشلار يېۋالغاچقا، بىر تۈپمۇ كۆچەت چىقمىدى، كېيىن تېرىلغان بىر فۇڭ يەردە، 12 مىڭ تۈپتىن ئارتۇقراق كۆچەت ساقلاپ قېلىندى.

2) كۆچەت يېتىشتۈرۈش تېخنىكىسى

**(1) قەلەمچە قىلىپ تىكىش ئارقىلىق سۇۋادان تېرەك كۆچىتى يېتىشتۈرۈش** ناھىيىدىكى ئورمانچىلىق تېخنىكا خادىملىرى 1956 - يىلدىن 1976 - يىلغىچە سۇۋادان تېرەكنى جىنسسىز كۆپەيتىپ كۆچەت يېتىشتۈرۈش تېخنىكىسى بويىچە تەجرىبە ئېلىپ بېرىپ مۇۋەپپەقىيەت قازاندى.

**(2) تېرىپ كۆچەت يېتىشتۈرۈش** ئۇرۇق تېرىلىشتىن بۇرۇن سۇدا لەيلىتىپ تاللاش ئۇسۇلى قوللىنىلىپ، پوچەك ئۇرۇقلار چىقىرىۋېتىلىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن دانلىق ئۇرۇقلار C 40لۇق ئىسسىق سۇغا ئۈچ كۈن چىلىنىدۇ، ھەر كۈنى بىر قېتىم يۇيۇپ شاللىنىپ سۇيى يەڭگۈشلىنىدۇ، ئۇرۇق ماك بولغاندا، تەكشى تۈزلەنگەن يەرگە تېرىلىدۇ، 4 - ئاينىڭ14 - كۈنىنىڭ ئالدى - كەينىدە ئۇرۇق سېلىش باشلىنىدۇ. ئۇرۇق سېلىشتىن ئىلگىرى كۆچەت يېتىشتۈرۈلىدىغان يەر قاندۇرۇپ ئۇسا قىلىنىدۇ ۋە ئاساسىي ئوغۇت بىلەن يېتەرلىك ئوغۇتلىنىدۇ. كېيىن يەر چوڭقۇر ئاغدۇرۇلۇپ، ئوبدان تۈزلىنىپ، ئاستىنىڭ كەڭلىكى 60 سانتىمېتر، ئۈستىنىڭ كەڭلىكى 40

سانتىمېتر، ئېگىزلىكى 12 سانتىمېتر، ئارىلىقى 50 سانتىمېتر قىر ياسىلىدۇ، ئۇرۇق قىر ئۈستىگە قۇرلاپ تېرىلىدۇ، قۇر ئارىلىقى 20 سانتىمېتر قويۇلىدۇ، بىر فۇڭ يەرگە بىر كىلوگرام ئۇرۇق سېلىنىدۇ. ئۇرۇق سېلىنىپ بولغاندىن كېيىن، ئۈستى ئىككى سانتىمېتر قېلىنلىقتا قۇم تۇپراق بىلەن كۆمىلىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن تۇپراقنىڭ تېمپېراتۇرىسىنى ئاشۇرۇش، نەملىكىنى ساقلاش ئۈچۈن ئۈستىگە سۇلياۋ يوپۇقتىن لاپاس ياسىلىدۇ، لاپاسنىڭ ئېگىزلىكى 30 سانتىمېتر بولىدۇ، 15 كۈندىن كېيىن ئۇرۇق بىخلىنىپ ئۈنۈشكە باشلايدۇ، بىر ئايدىن كېيىن پۈتۈنلەي ئۈنۈپ بولىدۇ، شۇنىڭ بىلەن يوپۇق ئېلىۋېتىلىدۇ. كۆچەت ئۈنۈپ چىققاندىن كېيىن ۋاقتىدا سۇغىرىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، قۇشلارنىڭ زىياندا شلىقىنىڭ ئالدى ئېلىنىدۇ. كۆچەتلەر ئۆسۈپ يېتىلىش مەزگىلىدە، يەنى 6 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن 8 - ئاينىڭ ئاخىرلىرىغىچە، سۇغىرىشقا بىرلەشتۈرۈلۈپ، ئىككى قېتىم بىرىكمە ئوغۇت بىلەن قوشۇمچە ئوغۇتلىنىدۇ. شۇ يىلى 11 - ئاينىڭ باشلىرىدا كۆچەتنىڭ ئوتتۇرىچە ئېگىزلىكى 23 سانتىمېترغا، ئەڭ ئېگىزلىرى 32 سانتىمېترغا يېتىدۇ. كۆچەتلەرنى قىشتىن بىخەتەر ئۆتكۈزۈشكە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، تۇپراق توڭلاشتىن ئىلگىرى، بىر قېتىم توڭ ياتقۇزۇلىدۇ ھەمدە ھاۋارايىدىن ئالدىن بېرىلگەن مەلۇماتقا ئاساسەن، كۆچەتلەر توپا بىلەن كۆمۈلۈپ، ئۈششۈپ كېتىشنىڭ ئالدى ئېلىنىدۇ.

**(3) توكلۇك پاۋلونىيىنىڭ يىلتىزىنى كۆمۈپ كۆچەت يېتىشتۈرۈش** توكلۇك پاۋلونىيە چوقا ئائىلىسى پاۋلونىيە ئۇرۇقدىشىغا كىرىدۇ. ئۇنىڭ ئۇرۇقى، يىلتىزى ۋە غولىنى كۆپەيتىش ماتېرىيالى قىلىشقا بولىدۇ، ئۇنى يىلتىزىدىن كۆپەيتسە تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ. ئۇنىڭ ماسلىشىشچانلىقى كۈچلۈك، پەرۋىش قىلىش ئاسان، تېز ئۆسىدۇ، لېكىن سۇ بېسىپ كېتىشتىن قورقىدۇ. ئون يىللىق پاۋلونىيە دەرىخىنىڭ ئېگىزلىكى 12 مېترغا، كۆكرەك دىئامېترى 40 سانتىمېتردىن كۆپرەككە يېتىدۇ، چېچىكى ۋە مېۋىسىنى دورا قىلىشقا بولىدۇ. يوپۇرمىقى ئۆي ھايۋانلىرىنىڭ ياخشى يەم -بوغۇزى ھېسابلىنىدۇ. يوپۇرمىقى يوغان، توكلۇك بولۇپ، زور مىقداردىكى ئىس - تۈتەك ۋە چاڭ-توزانلارنى سۈمۈرۈۋېلىپ، مۇھىتنى ساپلاشتۇرىدۇ، ئۇ، ئېتىز-ئېرىق ئىھاتە ئورمىنى بەرپا قىلىشتىكى ياخشى دەرەخ ھېسابلىنىدۇ، پاۋلونىيە دەرىخىنىڭ ياغىچىنى قۇرۇلۇشقا، ئۆي جاھازلىرى، چالغۇ ئەسۋابلىرى ياساشقا ئىشلىتىشكە بولىدۇ.

ناھىيىلىك كۆچەتخانا 1980 - يىل 3 - ئايدا يەكەن ناھىيىلىك ئورمانچىلىق پەن - تېخنىكا ئورنىدىن پاۋلونىيە دەرىخىنىڭ 700 تال يىلتىزىنى كەلتۈرۈپ، كۆچەت يېتىشتۈرۈشنى تەجرىبە قىلدى، ئۇنىڭ كۆكلەش نىسبىتى %94كە يەتتى. 9- ئايدا ئوتتۇرىچە تۈپ ئېگىزلىكى6 . 4 مېترغا يەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە ئىككى يىللىق توكلۇك پاۋلونىيە دەرىخىنىڭ كۆچىتى كەلتۈرۈلۈپ، تۈز يەرگە تىكىلدى، تۇتۇش نىسبىتى %97كە يەتتى.

## § 3 . كۆچەت تىكىپ ئورمان بەرپا قىلىش

### 1 . پارچە - پۇرات يەرلەرگە كۆچەت تىكىش

ھەر مىللەت دېھقانلىرى ھويلا - ئاراملىرىنىڭ ئالدى - كەينىگە، ئېتىز باشلىرى، ئېرىق بويلىرىغا پارچە - پۇرات كۆچەت تىكىشكە ئادەتلەنگەن. چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە، ناھىيە تەۋەسىدە

**پوسكام ناھىيىسى بويىچە ئىلگىرىكى يىللاردىكى پارچە - پۇرات يەرلەرگە كۆچەت تىكىش ئەھۋالى**

2 . 5 . 4 - جەدۋەل بىرلىكى: 10 مىڭ تۈپ

| يىللار | پارچە - پۇرات تىكىلگەن كۆچەت | يىللار | پارچە - پۇرات تىكىلگەن كۆچەت |
|---|---|---|---|
| 1949 | 31.9 | 1967 | 134.5 |
| 1950 | 38.2 | 1968 | 127.8 |
| 1951 | 36.6 | 1969 | 184.5 |
| 1952 | 37.8 | 1970 | 199.6 |
| 1953 | 39.1 | 1971 | 206.7 |
| 1954 | 40.9 | 1972 | 211.1 |
| 1955 | 43 | 1973 | 306.8 |
| 1956 | 47.5 | 1974 | 427.5 |
| 1957 | 46.7 | 1975 | 336.7 |
| 1958 | 48.2 | 1976 | 379.2 |
| 1959 | 57.1 | 1977 | 225.3 |
| 1960 | 62.5 | 1978 | 312 |
| 1961 | 45.6 | 1979 | 3.59 |
| 1962 | 63.7 | 1980 | 230.2 |
| 1963 | 90.7 | 1981 | 282.7 |
| 1964 | 193.1 | 1982 | 338.2 |
| 1965 | 125.3 | 1983 | 276.3 |
| 1966 | 101.1 | 1984 | 524.3 |

ئۈجمە، قارىياغاچ، تېرەك، سۆگەت، شاپتۇل، ئۆرۈك، ئالما، ئانار، بېھى قاتارلىق دەرەخلەر بولۇپ، ئۇلارنى كۆپىنچە، دېھقانلار تىكىپ ئۆستۈرەتتى. 1943 - يىلدىن 1948 - يىلغىچە ناھىيە بويىچە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر يىلى389 مىڭ تۈپتىن كۆچەت تىكىلگەن، دېھقانلارپارچە - پۇرات يەرلەرگە تىككەن كۆچەت %70نى ئىگىلىگەن. 1948 - يىلى ناھىيە بويىچە ھەر خىل دەرەخ 1 مىليون 89 مىڭ 39 تۈپكە يەتكەن، بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانلارنىڭ خۇسۇسىي ئىگىدارلىقىدىكىسى

844 مىڭ 826 تۈپ.

50 - يىللاردىن كېيىن، «كۆچەتنى كىم تىكسە شۇنىڭ ئىلكىدە بولۇش» سىياستى ئىجرا قىلىنىپ، دېھقانلار ئاكتىپ تۈردە كۆچەت تىكىشكە ئىلھاملاندۇرۇلدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، تۈرلۈك تەدبىرلەر قوللىنىلىپ، دېھقانلارنىڭ كۆچەت تىكىش جەھەتتىكى ھوقۇق - مەنپەئىتى قوغدالغاچقا، پارچە - پۇرات يەرلەرگە تىكىلگەن كۆچەتلەر يىلدىن - يىلغا كۆپەيدى. 1984 - يىلى ناھىيە بويىچە دېھقانلار پارچە - پۇرات يەرلەرگە تىككەن كۆچەت 5 مىليون 243 مىڭ تۈپكە يېتىپ، 1949 - يىلدىكىدىن 17 ھەسسە كۆپەيدى.

## 2. بۆلەكلەر بويىچە ئورمان بەرپا قىلىش

مىنگونىڭ 29 - يىلى (1940 - يىلى) ھاكىم مەنناپ ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەندىن كېيىن. ناھىيە بازىرى بويىچە ھەر ساھەدىكى ئاممىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ، كوچىنىڭ ئىككى ياقىسىغا 10 مىڭ تۈپتىن ئارتۇق تېرەك كۆچىتى تىكتۈرگەن، ئاممىغا رەھبەرلىك قىلىپ، يەكەن دەرياسىنىڭ بويىغا جىگدە ئورمان بەلبېغى بەرپا قىلغانىدى.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1956 - يىلى ئامما ھەرىكەتلەندۈرۈلۈپ، كەڭ كۆلەملىك، كوللېكتىپ ھالدا كۆچەت تىكىپ ئورمان بەرپا قىلىش پائالىيىتى باشلاندى. 1959 - يىلى ناھىيە بويىچە جەمئىي 370 مىڭ ئىش كۈنى سەرپ قىلىنىپ، 19 مىڭ 700 مو يەرگە 10 مىليون 639 مىڭ تۈپ كۆچەت تىكىلدى. 1964 - يىلى يېزىلاردا «بەشتە ياخشى قۇرۇلۇش»ى كەڭ تۈردە ئېلىپ بېرىلىشقا باشلىدى، بۇنىڭ بىلەن ئورمان بەلبېغى بەرپا قىلىش سوتسىيالىستىك يېڭى يېزا قۇرۇشنىڭ مۇھىم ئۆلچەملىرىدىن بىرى بولۇپ قالدى. ھەر قايسى خەلق گوڭشېلىرى ئەستايىدىل پىلانلاپ، پائال ئىشقا كىرىشىپ، 1966 - يىلغىچە ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 559 كىلومېتىر كېلىدىغان 340 رەت ئىھاتە ئورمان بەلبېغى بەرپاقىلدى. 1978- يىلى پوسكام ناھىيىسى «ئۈچ شىمال» (غەربىي شىمال، شىمالىي جۇڭگو، شەرقىي شىمال) ئىھاتە ئورمىنى سىستېمىسى قۇرۇلۇشى پىلاندىكى ناھىيىلەرنىڭ بىرى قىلىندى. ناھىيىدىكى ئورمانچىلىق تارماقلىرى يۇقىرىنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، ناھىيىنىڭ «ئۈچ شىمال» ئىھاتە ئورمىنى سىستېمىسى قۇرۇلۇشىنىڭ 1 - قارارلىق (1980 - يىلدىن 1985 - يىلغىچە) پىلانىنى ئەستايىدىل تۈزۈپ چىقتى. 1981 - يىلى ناھىيە بويىچە يېزا ئىگىلىكى رايونلارغا ئايرىلدى، ئورمانچىلىق تارماقلىرى «ئۈچ شىمال» ئىھاتە ئورمىنى سىستېمىسى قۇرۇلۇشىنىڭ ۋاقىتىدا ئورۇندىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، ناھىيىنىڭ ئورمانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنى تېخىمۇ تەپسىلىي ھالدا رايونلارغا ئايرىدى، ناھىيە تەۋەسىدىكى رايونلارنىڭ ئوخشاش بولمىغان تەبىئىي شارائىتىغا ئاساسەن، تەبىئىي بايلىق مەنبەلىرىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، جايلارنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ ئىش قىلىپ، ئاپەتكە قاراپ مۇداپىئە كۆرۈپ، يەرلەرنىڭ، دەل - دەرەخلەرنىڭ ئەھۋالىغا مۇۋاپىق ھالدا ئىھاتە ئورمىنى قۇرۇلۇشىنى ياخشى ئېلىپ بېرىشقا ئەھمىيەت بېرىپ، پۈتۈن ناھىيىنى ئالتە رايونغا ئايرىدى. ھەر قايسى رايونلار ئومۇميۈزلۈك پىلان تۈزۈپ، پىلانىنى دائىرىلەر بويىچە يولغا قويدى، ئاۋۋال ئاسىنىنى، كېيىن قىيىنىنى يولغا قويدى، بىر بۆلەكنى يولغا قويسا، شۇ بۆلىكىنى پەرۋىش قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ھەر قايسى رايونلار ئورمانلىق يېپىنچا ئۆسۈملۈكلىرىنى ئاسراشقا، كۆچەتنى مۇۋاپىق يەرگە تېكىشكە، تېرەك، سۆگەت، جىگدىنى ئاساس قىلغان ھالدا بۆلەكلەر بويىچە بەرپا قىلىنغان ئورماننى كۆپەيتىشكە ئەھمىيەت بەردى، ئورمان تورلىرىنى ماسلاشتۇرۇش جەھەتتە دەل - دەرەخ بىلەن چاتقال ئورمىنىنى بىرلەشتۈرۈپ

تېكىشكە ئەھمىيەت بەردى ھەمدە كىشمىش ئۈزۈم، چوڭ چىلان، ياڭاق، بادام، ئۆرۈك، نان جىگدە قاتارلىق ئىقتىسادىي ئورمانلارنى پائال كۆپەيتتى. يېزا - مەيدانلار ئورمان بەرپا قىلىش داۋامىدا، سالا ئېتىزلارنىڭ بويىدىكى ئورمان بەلبېغى ئىگىلىگەن يەر نىسبىتىنى8 % — 10 ئەتراپىدا، ئورمان تورى كۆلىمىنى 200 مو ئەتراپىدا كونترول قىلدى. ئورمان بەلباغلىرىنىڭ رولىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن، سالا ئېتىز ۋە ئېرىق - ئۆستەڭ بويلىرىغا سۆگەت، ئۈجمە، ئامورپا، پاۋلونىيە دەرىخى قاتارلىقلارنى تىكىپ ئۆستۈرۈپ، ئورمان بەلبېغىنىڭ مۇداپىئە ئۈنۈمى ۋە ئىقتىسادىي ئۈنۈمىنى ئۆستۈردى. 1978 - يىلدىن 1984 - يىلغىچە، ناھىيە بويىچە، سۈنئىي ئۇسۇلدا بەرپا قىلىنغان «ئۈچ شىمال» ئىھاتە ئورمىنى كۆلىمى 86 مىڭ موغا يېتىپ، پىلاننىڭ % 70تىن كۆپرەكى ئورۇندالدى. «ئۈچ شىمال» ئىھاتە ئورمانلىقىدىن سىرت بەرپا قىلىنغان سۈنئىي ئورمان 21 مىڭ موغا، بۇ ئىككى تۈرنى قوشقاندا جەمئىي 107 مىڭ موغا، ساقلاپ قېلىنغان كۆلەم 81 مىڭ موغا يەتتى، ساقلاپ قېلىنىش كۆلىمى 1949 - يىلدىن 1979 - يىلغىچە ساقلاپ قېلىنغان كۆلەمنىڭ 2.6 ھەسسىسىگە توغرا كەلدى.

**پوسكام ناھىيىسىنىڭ بۆلەكلەر بويىچە ئورمان بەرپا قىلىش ئەھۋالى**

2 - 5 - 5 - جەدۋەل بىرلىكى: مو

| يىللار / كۆلىمى / ئورمان تۈرى | 1949 - 1977 | | | 1978 - 1984 | | | ئومۇمىي جەمئىي | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | بەرپا قىلىنغان ئورمان كۆلىمى | ساقلاپ قېلىنغان ئورمان كۆلىمى | ساقلاپ قېلىنىش نىسبىتى % | بەرپا قىلىنغان ئورمان كۆلىمى | ساقلاپ قېلىنغان ئورمان كۆلىمى | ساقلاپ قېلىنىش نىسبىتى % | بەرپا قىلىنغان ئورمان كۆلىمى | ساقلاپ قېلىنغان ئورمان كۆلىمى | ساقلاپ قېلىنىش نىسبىتى % |
| جەمئىي | 58143 | 31476 | 54.1 | 107267 | 80750 | 75.2 | 165410 | 112226 | 67.8 |
| ئېتىز - ئېرىق ئىھاتە ئورمىنى | 20944 | 16267 | 77.6 | 23142 | 19325 | 83.5 | 44086 | 35592 | 80.7 |
| قۇمدىن مۇداپىئە كۆرۈلىدىغان غول ئورمان | 205 | 88 | 42.9 | 1180 | 910 | 77.1 | 1385 | 998 | 72.1 |
| ماتېرىيال ئورمىنى | 7750 | 2139 | 27.6 | 6075 | 4903 | 80.7 | 13825 | 7042 | 50.9 |
| يېقىلغۇ ئورمىنى | 9996 | 4065 | 40.6 | 59833 | 40561 | 67.7 | 69829 | 44626 | 63.9 |
| ئىقتىسادىي ئورمان (مېۋە ۋە ئۈجمىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) | 9391 | 2706 | 28.8 | 10058 | 8795 | 87.4 | 19448 | 11501 | 59.1 |
| چىنار ئورمىنى | 9857 | 6210 | 63 | 6979 | 6212 | 89 | 16836 | 12422 | 73.8 |

ئىزاھات: ناھىيە بويىچە يەنە 2827 مو يەردە قايتا كۆكلىگەن تەبىئىي توغراق ئورمىنىبار.

# § 4. دەل - دەرەخلەرنى پەرۋىش قىلىش ۋە ئاسراش

مىنگو دەۋرىدە ناھىيىدە مەخسۇس ئورمانچىلىق ئىشلىرىنى باشقۇرۇدىغان ئاپپارات بولمىغاچقا، دەل - دەرەخلەر ئېغىر دەرىجىدە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرايتتى. يەكەن دەرياسى بويىدىكى تەبىئىي توغراق ئورمىنى خالىغانچە كېسىپ تۈگىتىلىپ، ياسىدۇن توغراق ئورمانلىقىلا قالغانىدى.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيەت تەشكىلاتلىرى دەل - دەرەخلەرنى ئاسراشقا ئەھمىيەت بەرگەن بولسىمۇ، لېكىن بەزى جايلاردا دەل - دەرەخلەرنى قالايمىقان كېسىدىغان ھادىسىلەر يەنىلا تۈگىمىدى. كۆچەت ئەتىيازدا تىكىلسە، كۈز ۋە قىشتا قۇرۇپ قالىدىغان، ھەر يىلى ئورمان بەرپا قىلىنسىمۇ ئورمان كۆرگىلى بولمايدىغان ھادىسىلەر ناھايىتى ئېغىر بولدى. بەزى جايلار ئوتتىن مۇداپىئە كۆرۈشكە ئەھمىيەت بەرمەي، زور زىيان كېلىپ چىقتى. 1954 - يىلى ياسىدۇن ئورمان رايونىدا بىر قېتىم ئادەم كەلتۈرۈپ چىقارغان ئوت ئاپىتى يۈز بېرىپ، 2500 تۈپ توغراق، 1000 تۈپ تۇخۇمەك كۆيۈپ كەتتى. بۇ ساۋاقلار قوبۇل قىلىنىپ، 1970 - يىلدىن ئېتىبارەن ناھىيە بويىچە ھەر قايسى گۇڭشې، ئەترەتلەردە ئورمانچىلىق ئەترىتى، ئورمانچىلىق گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى، ئورمان باققۇچى قويۇلدى، دېھقانلار ھەرىكەتلەندۈرۈلۈپ «ئورمان ئاسراش ئەھدىنامىسى» تۈزۈپ چىقىلدى، بىر تۈپ دەرەخ كەسسە، ئون تۈپ كۆچەت تىكىش، نوتا ئورمانلاردا مال بېقىشنى مەنئىي قىلىش، خىلاپلىق قىلغۇچىلارغا جەرىمانە قويۇش بەلگىلەندى. 1979 - يىلى دۆلەت «ئورمان قانۇنى»نى ئېلان قىلدى، ھەر قايسى گۇڭشې، مەيدانلار، ئۆز رايونىنىڭ ئەھۋالىغا ئاساسەن، دەل - دەرەخلەرنى ئاسراش جەھەتتە قاتتىق تەدبىر تۈزدى. 1981 - يىلى ئورمانچىلىق بويىچە ئۈچنى بېكىتىش (يەرنى، ئورمانغا ئىگىدارلىق قىلىش ھوقۇقىنى، مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى بېكىتىش) يولغا قويۇلۇپ، ئورمانغائىگىدارلىق قىلىش ھوقۇقى مۇئەييەنلەشتۈرۈلۈپ، ئورمانچىلىق مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. 1982- يىلى ناھىيىلىك ئورمانچىلىق ئىدارىسى دەل - دەرەخلەرنى كېسىشتە تەستىقلاش رەسمىيىتىنى قاتتىق ئىجرا قىلىش، ناھىيىنىڭ ئورمانچىلىقنى باشقۇرۇش تارمىقى نەق مەيدانغا ئادەم ئەۋەتىپ تەكشۈرۈپ كۆرگەندىن كېيىن، ئاندىن كېسىش مىقدارىنى بېكىتىپ بېرىشنى بەلگىلىدى ھەمدە كەسكەندىن كېيىن شۇ يىلى يىغىلاشقا دائىر كونكرېت تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى.

ناھىيە تەۋەسىدە دەل - دەرەخلەرگە زىيان سالىدىغان ئاساسلىق زىيانداش ھاشاراتلار 32 خىلغا يېتىدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە يوپۇرماق قېتى كېپىنىكى، باھار موچى قۇرتى، قالقانلىق قاسراقلىق تېرەك قۇرتى، ئالتۇن قوڭغۇزنىڭ زىيىنى ناھايىتى زور. ئاساسلىق كېسەللىك زىيانداشلىقى 14 خىل بولۇپ، تېرەك يوپۇرمىقىدا بولىدىغان ئال كېسەللىكى، تېرەك چىرىش كېسەللىكىنىڭ زىيىنى ئىنتايىن زور.

تېخنىكا كۈچى يېتىشمىگەنلىكتىن، دەل - دەرەخلەردە بولىدىغان كېسەللىك ھاشارات زىيانداشلىقىنىڭ ئالدىنى ئېلىش خىزمىتى تېخى قانات يېيىپ كېتەلمىدى.

# § 5 . ئورمان بەرپا قىلىشنىڭ ئۈنۈمى

## 1 . ئېكولوگىيىلىك ئۈنۈمى ۋە ئىقتىسادىي ئۈنۈمى

ئىھاتە ئورمىنى ۋە يېقىلغۇ ئورمىنى بەرپا قىلىنىپ، شامالدىن مۇداپىئە كۆرۈلدى، قۇم تۇراقلاشتۇرۇلدى، يەر ئاستى سۈيىنىڭ ئورنى تۆۋەنلىدى، ئېكولوگىيىلىك مۇھىت ياخشىلاندى، ئاشلىق ۋە كېۋەز زىرائىتىنىڭ ئۆسۈشى ئۈچۈن ياخشى شارائىت يارىتىلدى. ئاقتام يېزىسى ئاچچىقيار كەنتىنىڭ 2 ـ ئاھالىلەر گۇرۇپپىسى يەكەن دەرياسى بويىغا يېقىن بولغاچقا، ئىلگىرى دائىم بوران، قۇم ئاپىتىگە ئۇچراپ تۇراتتى. 1958 ـ يىلى 400 مو تېرىلغۇ يەر قۇم ئاپىتىگە ئۇچراپ ئاق تاشلىنىپ قالغانىدى. 1978 ـ يىلى 40 مو يەردىكى كېۋەزنى بوران، قۇم ۋەيران قىلىۋېتىپ، 12 ئائىلىلىك دېھقان بۇ يەردىن كۆچۈپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى. 1980 ـ يىلى «ئۈچ شىمال» ئىھاتە ئورمىنى قۇرۇلۇشى پىلانىنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، بۇ كەنتتىكى دېھقانلار يەكەن دەرياسى بويىغا ئۇزۇنلۇقى 4.5 كىلومېتر، كەڭلىكى 25 مېتر كېلىدىغان، قۇمدىن مۇداپىئە كۆرۈش غول ئورمان بەلبېغى بەرپا قىلدى، تۆت يىلدىن كېيىن بۇ ئورمان بەلبېغىدىكى تېرەكلەر چوڭىيىپ، ئېگىزلىكى ئالتە — سەككىز مېترغا، كۆكرەك دىئامېترى ئالتە ـ ئون سانتىمېترغا يەتتى، جىگدە دەرەخلىرى باراقسان ئۆسۈپ ئاينىدى. ئورمان بەلبېغىنىڭ شامالغا قارشى تەرىپىدە بىر ـ ئىككى مېتر ئېگىزلىكتە قۇم دۆۋىسى ھاسىل بولدى، دېمەك، بوراندىن مۇداپىئە كۆرۈش، قۇمنى تۇراقلاشتۇرۇشنىڭ دەسلەپكى ئۈنۈمى كۆرۈلدى. بۇ يەردە ئولتۇراقلاشقان دېھقانلارنىڭ تۇرمۇشى يىلدىن ـ يىلغا ياخشىلاندى. 1984 ـ يىلى كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ئاشلىق 924 كىلوگرامغا يېتىپ، 1980 ـ يىلدىكىنىڭ 2.8 ھەسسىسگە تەڭ كەلدى، كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن پاختا 75 كىلوگرامغا يېتىپ، 1980 ـ يىلدىكىدىن %60 ئاشتى. ئىلگىرى باشقا جايلارغا كۆچۈپ كەتكەن 12 ئائىلىلىك دېھقانلارنىڭ ھەممىسى قايتىپ كەلدى. يىما يېزىسىنىڭ چاقا كەنتىدە ئىلگىرى ئاز كەم 1000 مو شورلۇق چۆل بار ئىدى. 1976 ـ يىلى بۇ جاي يېقىلغۇ ئورمىنى رايونى قىلىپ ئايرىلىپ، جىگدە كۆچىتى تىكىلدى، سەككىز يىل پەرۋىش قىلىش، ئاسراش ئارقىلىق، بۇ جاي ھازىر ناھىيە بويىچە ئەڭ ياخشى قوش قەۋەت ئوتلاق بولۇپ قالدى.

كۆچەت تىكىپ ئورمان بەرپا قىلىش ئارقىلىق زور مىقداردا ياغاچ ماتېرىيال توپلاندى، بۇنىڭ بىلەن دېھقانلارنىڭ كىرىمى كۆپەيدى. مەلۇماتقا قارىغاندا، 1949 ـ يىلدىن 1984 ـ يىلغىچە ناھىيە بويىچە كېسىلگەن ياغاچ ماتېرىيال 40 مىڭ 400 كۇب مېتىر بولۇپ، 1984 ـ يىلدىكى باھا بويىچە ھېسابلىغاندا 4 مىليون يۈەندىن كۆپرەك نەق پۇل كىرىم قىلىنغان. سۈۋادان تېرەكنىڭ ماتېرىيالى تېز كۆپەيدى. ناھىيىلىك ئورمانچىلىق پونكىتىنىڭ 1976 ـ يىلى تەكشۈرۈپ ئۆلچەپ ھېسابلىشىچە، 19 يىللىق 41 تۈپ سۈۋادان تېرەكنى كەسكەندىن كېيىن، ياغاچ ماتېرىيالىنىڭ ئومۇمىي جۇغلانمىسى 23.69 كۇب مېترغا يەتكەن، بىر تۈپ تېرەكتىن ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 0.58 كۇب مېتىر ياغاچ ماتېرىيالى چىققان، بىر تۈپ تېرەك يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 0.0304 كۇب مېتىر ئۆسكەن. 1981 ـ يىلدىكى سېتىۋېلىش باھاسى بويىچە ھېسابلىغاندا، ھەر بىر تۈپ سۈۋادان تېرەكتىن يىلىغا 4.28 يۈەن مەبلەغ يىغىلغان. 1981 ـ يىلى ناھىيە بويىچە بار تېرەك 10 مىليون 873 مىڭ تۈپكە، ئومۇمىي مەبلەغ زاپىسى 46 مىليون 536

مىڭ يوەنگە بەتكەن.

## 2 . دەل ـ دەرەخلەرنىڭ ساقلىنىپ قېلىش مىقدارى

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغان 35 يىلدىن بۇيان، ناھىيە بويىچە جەمئىي 165 مىڭ 400مو يەردە ئورمان بەرپا قىلىندى. يېڭىلانغان ۋە كېسىپ پايدىلىنىلغانلىرىدىن باشقا، 1984ـ يىلى ساقلىنىپ قېلىش كۆلىمى 112 مىڭ 200 موغا، ساقلىنىپ قېلىش نىسبىتى%67كە

**1982 ـ يىلدىكى دەرەخ تۈرلىرىنىڭ تەركىبى**

2 ـ 5 ـ 6 ـ جەدۋەل بىرلىكى: 10 مىڭ تۈپ

| دەرەخ تۈرلىرى / تەركىبى | تېرەك | جىگدە | سۆگەت | تۇخۇ-مەك | ئۈجمە | ياڭاق | باشقىلار | جەمئىي |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| تۈپ سانى (10 مىڭ تۈپ) | 1087.3 | 773.1 | 190.4 | 2.8 | 38.4 | 4.45 | 181.55 | 22.78 |
| نىسبىتى% | 47.7 | 33.9 | 8.4 | 0.1 | 1.7 | 0.2 | 8 | 100 |

**پوسكام ناھىيىسىنىڭ 1949 ـ يىلدىن 1984 ـ يىلغىچە بولغان ياغاچ ماتېرىيالى كېسىش ئەھۋالى**

2 ـ 5 ـ 7 ـ جەدۋەل بىرلىكى: كۇب مېتىر

| يىللار | كېسىلگەن ياغاچ ماتېرىيالى | يىللار | كېسىلگەن ياغاچ ماتېرىيالى |
|---|---|---|---|
| 1949 | 130 | 1967 | 856 |
| 1950 | 154 | 1968 | 895 |
| 1951 | 185 | 1969 | 1079 |
| 1952 | 215 | 1970 | 1281 |
| 1953 | 264 | 1971 | 1389 |
| 1954 | 279 | 1972 | 1542 |
| 1955 | 387 | 1973 | 1738 |
| 1956 | 403 | 1974 | 2394 |
| 1957 | 491 | 1975 | 2280 |
| 1958 | 1856 | 1976 | 1876 |
| 1959 | 573 | 1977 | 1583 |
| 1960 | 402 | 1978 | 1600 |
| 1961 | 458 | 1979 | 1535 |
| 1962 | 543 | 1980 | 1716 |
| 1963 | 674 | 1981 | 2361 |
| 1964 | 1072 | 1982 | 2537 |
| 1965 | 1056 | 1983 | 2154 |
| 1966 | 754 | 1984 | 1691 |

يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئىپتىز - ئىبرىق ئىھاتە ئورمىنى 35 مىڭ 600 مو بولۇپ، ئورمان ئومۇمىي كۆلىمىنىڭ 31.7 پىرسەنتىنى، يېقىلغۇ ئورمىنى 44 مىڭ 600 مو بولۇپ، 39.8%نى، ماتېرىيال ئورمىنى 7000 مو بولۇپ، 6.3%نى، ئىقتىسادىي ئورمان 11 مىڭ 500 مو بولۇپ، 10.2%نى، قۇمدىن مۇداپىئە كۆرۈلىدىغان غول ئورمان 1000 مو بولۇپ، 0.9%نى، مۇھىت ئاسراش ئورمىنى 12 مىڭ 500 مو بولۇپ، 11.1%نى ئىگىلەيدۇ، بۇنىڭدىن باشقا يەنە 2800 مو يەردە قايتا كۆكلىگەن توغراق ئورمىنى بار. ناھىيە بويىچە جەمئىي 26 مىليون 136 مىڭ توپ ھەر خىل دەرەخ بار بولۇپ، كىشى بېشىغا 227 تۈپتىن توغرا كېلىدۇ.

## § 6. ئاپپاراتلارنىڭ تەسىس قىلىنىشى

ئورمانچىلىق خىزمىتىنى ئىلگىرى يېزا ئىگىلىك ئىدارىسى باشقۇراتتى. ناھىيىلىك ئورمانچىلىق بۆلۈمى 1981 - يىلى قۇرۇلدى، 1984 - يىلى ئورمانچىلىق ئىدارىسى دەپ ئۆزگەرتىلدى. ئۇنىڭ ئالتە نەپەر كادىرى بار.

ئورمانچىلىق ئىدارىسىنىڭ قارىمىقىدا ئورمانچىلىق خىزمىتى پونكىتى (قىسقارتىپ ئورمانچىلىق پونكىتى دەپ ئاتىلىدۇ)، ئورمانچىلىق مەيدانى، كۆچەتخانا، ياغاچ ماتېرىياللىرىنى باشقۇرۇش پونكىتى، ئاساسىي قاتلام ئورمانچىلىق باشقۇرۇش پونكىتى قاتارلىق ئورۇنلار بار.

**ئورمانچىلىق پونكىتى** بۇ پونكىت 1956 - يىل 4 - ئاينىڭ 20 - كۈنى قۇرۇلغان. ئۇ ناھىيە بازىرىنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان. 1984 - يىلى ئىشچى - خىزمەتچىسى 16 نەپەرگە يەتتى. بۇ پونكىت ئورمانچىلىق تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش، دەل - دەرەخلەرنىڭ سوپەتلىك ئۆرۈقلۇقىنى كەلتۈرۈپ كۆچەت يېتىشتۈرۈش ۋە ئورمانچىلىق كەسپى بويىچە ئىلمىي تەجرىبە ئېلىپ بېرىش قاتارلىق خىزمەتلەرگە مەسئۇل بولىدۇ.

**ئورمانچىلىق مەيدانى** بۇ مەيدان 1960 - يىلى قۇرۇلغان، ئۇ، ناھىيە بازىرىنىڭ 42 كىلومېتىر غەربىي جەنۇبىدىكى ياسىدۇن جاڭگىلى (ساي) نىڭ ئىچىگە جايلاشقان. ئورنى شەرقىي ئۆستەڭ باش تۇمىسىنىڭ يۇقىرى ئېقىمىنىڭ يەكەن دەرياسى ئېغىزىغا تۇتىشىدىغان جايدا بولۇپ، يەر شەكلى خۇددى ئۇرچۇقسىمان يېرىم ئارالغا ئوخشايدۇ. كۆلىمى 13.7 كۋادرات كىلومېتىر (20 مىڭ 600 مو)، بۇنىڭ ئىچىدە قايتا كۆكلىگەن توغراق ئورمانلىقى 2000 مو، سۈنئىي ئورمانلىق 3300 مو، يۇلغۇنلۇق 1000 مو، مېۋىلىك باغ 120 مو، كۆچەتخانا 105 مو، ئورمانچىلىق مەيدانىدا سۇۋادان تېرەك كۆچىتى يېتىشتۈرۈش ئاساس قىلىنىدۇ. 1982 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئورمان زاپىسى 18 مىڭ كۇب مېترغا يەتتى. بۇ مەيداننىڭ 1984 - يىلدىكى كادىرى تۆت نەپەر، ئىشچى - خىزمەتچىسى 101 نەپەر، بۇنىڭ ئىچىدە ۋاقىتلىق ئىشچى 28 نەپەر.

**كۆچەتخانا** بۇ كۆچەتخانا 1956 - يىلى قۇرۇلغان. ئۇ، ناھىيە بازىرىنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان، بۇ يەردە كۆچەت يېتىشتۈرۈش ئاساس قىلىنىدۇ. يەر كۆلىمى 440 مو، بۇنىڭ ئىچىدە كۆچەتخانا 118.8 مو، ئالمىلىق باغ 105 مو، نەشپۈتلۈك باغ 90 مو، ئۈزۈملۈك باغ بەش مو، ئۆرۈك ۋە شاپتۇللۇق باغ 210 مو (1984 - يىل)، 1984 - يىلدىكى ئىشچى - خىزمەتچىسى 54 نەپەر، بۇنىڭ ئىچىدە توققۇز نەپىرى ۋاقىتلىق ئىشچى.

**ياغاچ ماتېرىياللارنى باشقۇرۇش پونكىتى** بۇ پونكىت 1978 - يىلى قۇرۇلغان. ئۇنىڭ 1984 - يىلدىكى ئىشچى - خىزمەتچىسى يەتتە نەپەر، ئۇ، ئاساسلىقى، ناھىيە بويىچە ياغاچ ماتېرىيالى

سېتىۋېلىش ۋە سېتىش كەسپىگە مەسئۇل بولىدۇ.

**يېزا ـ مەيدان ئاساسىي قاتلام ئورمانچىلىق باشقۇرۇش پونكىتى** بۇ پونكىت 1982 ـ يىلى قۇرۇلغان، ئۇ، ئاساسلىقى، دەل ـ دەرەخ پەرۋىش قىلىش ۋە كۆچەت يېتىشتۈرۈپ، ئورمان بەرپا قىلىشقا تېخنىكا جەھەتتىن يېتەكچىلىك قىلىشقا مەسئۇل بولىدۇ.

# VI باب

# چارۋىچىلىق

پوسكام ناھىيىسىنىڭ چارۋىچىلىقى ئۇزۇن تارىخقا ئىگە، مىنگو دەۋرىدە يېزىلاردىكى چارۋىچىلىق مەھسۇلات قىممىتى يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنىڭ تەخمىنەن 20 پىرسەنتىنى ئىگىلەيتتى. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، يېڭى تىپتىكى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ كېڭەيتىلىشىگە ئەگىشىپ، چوڭ چارۋا، ئات ـ ئۇلاغلار ئازىيىپ كەتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە، تېرىقچىلىق كەسپىنىڭ تەرەققىي قىلىشى بىلەن، چارۋىچىلىق مەھسۇلات قىممىتىنىڭ يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىدە ئىگىلىگەن سالمىقى تۆۋەنلەشكە قاراپ يۈزلەندى. 1980 ـ يىلدىكى ھېسابلاشقا قارىغاندا، دېھقانلارنىڭ ئائىلە چارۋىچىلىقىدىن قىلغان كىرىمى، ئىزچىل تۈردە، ئائىلە ئومۇمىي كىرىمىنىڭ تەخمىنەن 20 پىرسەنتىنى ئىگىلىگەن. ئۇزۇندىن بۇيان، تۇرلۇك شارائىتنىڭ چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن، پۈتۈن ناھىيىنىڭ چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى بىر مەھەل ئۆرلەپ، بىر مەھەل پەسىيىپ باردى. بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، سىياسەت جەھەتتىكى سەۋەنلىكتىن باشقا، بوز يەر ئېچىلىپ ئاشلىق تېرىلىپ، ئوتلاق كۆلىمى قىسقىراپ كەتتى، يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىدىن تولۇق پايدىلىنىلمىدى، مال پادىلىرىنىڭ قۇرۇلمىسى مۇۋاپىق بولماي قالدى، نەسىل ئارىلىشىپ كەتتى، ئاۋۇش مىقدارى تۆۋەن، باشقۇرۇش قالاق بولدى، بۇلارنىڭ ھەممىسى مۇھىم ئامىللاردۇر.

## § 1 . ئوتلاق بايلىقى

ناھىيە تەۋەسىدە ئوتلاق بايلىقى كوپ ئەمەس، پەقەت شورلاشقان چىملىق ئوتلاقلارلا بار، تاغ ئۈستى ئوتلاقلىرى ناھىيە سىرتىدىكى كوئىنلۈن تاغلىق رايونىغا جايلاشقان.

### 1 . تاغ ئۈستى ئوتلىقى

بۇ، تارىختىن قېپقالغان تاغ ئۈستى ئوتلىقى بولۇپ، كوئىنلۈن تاغ رايونىغا جايلاشقان. ئۇ، قاغىلىق، يەكەن، ئاقتۇلارغا قاراشلىق رايونلارغا تەۋە، ئومۇمىي كۆلىمى 400 مىڭ مو،

**پوسكام ناھىيىسىنىڭ ئىلگىرىكى يىللاردىكى چارۋىچىلىق مەھسۇلات قىممىتىگە دائىر مەلۇمات**

2 ـ 6 ـ 1 ـ جەدۋەل

| يىللار | چارۋىچىلىق مەھسۇلات قىممىتى (10 مىڭ يۈەن) | يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىدە ئىگىلىگەن سالمىقى (%) | يىللار | چارۋىچىلىق مەھسۇلات قىممىتى (10 مىڭ يۈەن) | يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتىدە ئىگىلىگەن سالمىقى (%) |
|---|---|---|---|---|---|
| 1949 | 280.45 | 22.43 | 1967 | 455.4 | 16.47 |
| 1950 | 299.93 | 22.84 | 1968 | 468.25 | 19.46 |
| 1951 | 309.04 | 23.33 | 1969 | 443.63 | 17.29 |
| 1952 | 319.92 | 24.10 | 1970 | 485.20 | 18.50 |
| 1953 | 329.90 | 23.07 | 1971 | 594.83 | 20.23 |
| 1954 | 353.69 | 23.17 | 1972 | 721.16 | 20.74 |
| 1955 | 367.12 | 23.55 | 1973 | 657.67 | 19.99 |
| 1956 | 388.15 | 24.14 | 1974 | 550.08 | 19.22 |
| 1957 | 391.17 | 24.96 | 1975 | 511.62 | 18.48 |
| 1958 | 353.82 | 20.79 | 1976 | 523.05 | 16.93 |
| 1959 | 361.56 | 18.99 | 1977 | 576.83 | 18.69 |
| 1960 | 367.52 | 20.64 | 1978 | 170.60 | 16.90 |
| 1961 | 408.72 | 19.69 | 1979 | 248.60 | 10.07 |
| 1962 | 405.25 | 19.53 | 1980 | 237 | 8.82 |
| 1963 | 432.82 | 18.18 | 1981 | 270.20 | 9.39 |
| 1964 | 240.23 | 11.33 | 1982 | 292.20 | 9.16 |
| 1965 | 479.73 | 17.7 | 1983 | 208.31 | 5.58 |
| 1966 | 480.58 | 17.12 | 1984 | 263.59 | 5.49 |

ئىزاھات: چارۋىچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 1980 ـ يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلاندى.

مال بېقىشقا بولىدىغان كۆلىمى 100 مىڭ مو، دېڭىز يۈزىدىن 3000 مېتىردىن 4000 مېتىرغىچە ئېگىز، يىللىق ھۆل ـ يېغىن مىقدارى 100 مىللىمېتىر ئۆپچۆرىسىدە بولىدۇ، يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەر سۇرايى شارائىتىغا قاراپ بۆلەكلەر بويىچە جايلاشقان، ئوت ـ چۆپلەر تۆت

سانتىمېتىردىن 14 سانتىمېتىرغىچە ئۆسىدۇ، بىر مو ئوتلاقتىن 150 كىلوگرامدىن 375 كىلوگرامغىچە هۆل ئوت - چۆپ چىقىدۇ، بۇ ئوتلاقتا تەخمىنەن 20 مىڭ تۇياق چارۋىنى باقىلى بولىدۇ. ناھىيە تەۋەسىدە قىشلاق كەمچىل بولغانلىقى ئۈچۈن، قوي - ئۆچكە پادىلىرى ھەر يىلى 5 - ئاينىڭ باشلىرىدا تاغقا ئەپچىقىلىپ، 9 - ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا تاغدىن قايتۇرۇپ كېلىنىدۇ، دېمەك، تاغ ئۈستى ئوتلىقىدىن پەقەت 120 كۈنلا پايدىلىنىشقا بولىدۇ، بۇ، پەسىللىك ئوتلاق بولغاچقا، ئەمەلىيەتتە ھەر يىلى60 مىڭ تۇياقتىن 70 مىڭ تۇياققىچە قوي - ئۆچكىنى ئېلىپ چىقىپ باقىلى بولىدۇ.

## 2 . شورلاشقان چىملىق ئوتلاق

بۇ خىل ئوتلاق ناھىيە تەۋەسىدىكى يەكەن، تىزناپ دەرياسى بويلىرىدىكى پەلەمپەيسىمان پەس جايلار، سازلىقلارنىڭ گىرۋەكلىرى ۋە قۇرۇپ كەتكەن دەريا قىنىنىڭ سۇ ئورنى يۇقىرىراق يەرلىرىگە جايلاشقان، كۆلىمى 140 مىڭ مو كېلىدۇ. ئۆسۈملۈك تەركىبى، كۆپىنچە، شورغا چىداملىق، كۆپ يىللىق ۋە بىر يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈكلەردىن ئىبارەت، يەر ئاستى سۈيىنىڭ ئورنى تۆۋەنرەك بولغان جايلاردا، ئاساسەن، پاكار غوللۇق قومۇش، يانتاق، قامغاق، چوچوك بۇيا، يۇلغۇن ئۆسىدۇ، يەر ئاستى سۈيىنىڭ ئورنى يۇقىرىراق ۋە يەر ئاستى سۈيى يەر ئۈستىگە چىقىپ تۇرىدىغان يەرلەردە قىياق، ماماكاپ، چۆلرەيھىنى، پىيزەك، مۈزئوت، ئىت قۇيرۇق، چىغىرتماق، بېسلغاق قاتارلىقلار ئۆسىدۇ. سازلىقلاردا، ئېرىق - ئۆستەڭ بويلىرىدا يەكەن ۋە بۆلەكلەر بويىچە قومۇش ئۆسىدۇ. يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەرنىڭ قاپلاش نىسبىتى 30 — % 50كە يېتىدۇ، بىر مو ئوتلاقتىن 50 كىلوگرامدىن 80 كىلوگرامغىچە هۆل ئوت - چۆپ چىقىدۇ، بۇ، ناچار ئوتلاق قاتارىغا كىرىدۇ.

## 3 . يېقىلغۇ ئورمىنى ئوتلىقى

بۇ خىل ئوتلاق 1978 - يىلدىن بۇيان تەدرىجىي ئۆزگەرتىپ قۇرۇلدى (ئەسلىدە چىملىق ئوتلاقنىڭ بىر قىسمى ئىدى)، ئۇنىڭ 1981 - يىلدىكى كۆلىمى 26 مىڭ مو ئىدى، مۇۋاپىق پەيتتە سۇ قويۇپ تۇرۇلغاچقا، يېپىنچا ئۆسۈملۈك بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى %80تىن ئاشتى، يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەرنىڭ تەركىبى ياخشىلاندى، مۈزئوت، سۇتلۇك ئوت قاتارلىق مال بېقىش قىممىتى بىر قەدەر يۇقىرى ئوت - چۆپ تەركىبى كۆپەيدى. بۇ ئوتلاقتىكى ئوت - چۆپلەر 30 سانتىمېتىردىن 40 سانتىمېتىرغىچە ئۆسىدۇ، بىر مو ئوتلاقتىن 500 كىلوگرامدىن 750 كىلوگرامغىچە هۆل ئوت - چۆپ چىقىدۇ.

بۇلاردىن باشقا، ناھىيە تەۋەسىدە 1600 مو يەردە بىدە بار، ئۇنى يىلدا ئۈچ قېتىم ئورۇۋالغىلى بولىدۇ، بىر مو يەردىن 300 كىلوگرامدىن 400 كىلوگرامغىچە بىدە چىقىدۇ. زىرائەتلەرنىڭ شاخ - شۇمبىلىرى 90 مىليون كىلوگرامغا يېتىدۇ، ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش ئۈنۈمىنى %40 بويىچە ھېسابلىغاندا، 90 مىڭ تۇياق قوي - ئۆچكىنى باقىلى بولىدۇ. ئېتىز- ئېرىق بويلىرى، ئېتىز ئارىسىدىكى بىنەم يەرلەردە ھەر خىل ئوت - چۆپلەرقويۇق ئۆسىدۇ، مانا بۇلارمۇ ئۆي ھايۋانلىرىنى بېقىشتىكى ياخشى ئوتلاق ھېسابلىنىدۇ. ناھىيە بويىچە ئېتىزئارىلىرى، ئېرىق- ئۆستەڭ بويلىرىدىكى ئوتلۇق يەر 2600 مو بولۇپ، 2600تۇياق قوي- ئۆچكىنى باقىلى بولىدۇ، ئېتىز - ئېرىقلاردىكى ئوت - چۆپ جەھەتتە، ھەر بەش مو يەرگە بىردىن قوي - ئۆچكە ھېسابلىغاندا، يىلىغا120 مىڭ تۇياق قوي - ئۆچكىنى باقىلى بولىدۇ. ناھىيە بويىچە 22 مىليون 700 مىڭ تۈپ ھەر خىل دەل - دەرەخ بار، ئۇنىڭ غازاڭلىرى بىلەن 10

مىڭ تۇياق قوي - ئۆچكىنى باقىلى بولىدۇ.

**يەم - بوغۇز مەنبەسى ۋە چارۋا سىغدۇرۇش ئىقتىدارىغا دائىر تەخمىنىي ھېسابات ئەھۋالى**

2 . 6 . 2 - جەدۋەل

| تۈرى | سانى | چارۋا سىغدۇرۇش ئىقتىدارى (بىرلىكى: بىر قوي - ئۆچكە) |
|---|---|---|
| تاغ ئۈستىدىكى چۆل ئوتلاق | 100 مىڭ مو | 20 مىڭ تۇياق |
| شورلاشقان چىملىق ئوتلاق | 140 مىڭ مو | 10 مىڭ تۇياق |
| يېقىلغۇ ئورمىنى ئوتلىقى | 26 مىڭ مو | 20 مىڭ تۇياق |
| زىرائەت شاخ - شۇمبىسى | 90 مىلىيون كىلوگرام | 90 مىڭ تۇياق |
| ئېتىز بويلىرىدىكى ئوت - چۆپ | | 2600 تۇياق |
| ئېتىزلىقتىكى ئوت - چۆپلەر | بەش مو يەرگە بىر قوي-ئۆچكە | 120 مىڭ تۇياق |
| دەل - دەرەخ غازىڭى | | 10 مىڭ تۇياق |
| جەمئىي | | 272 مىڭ 600 تۇياق |

# § 2 . ئۆي ھايۋانلىرىنىڭ تۈرلىرى

پوسكام ناھىيىسىدە، ئاساسەن، ئات، كالا، ئېشەك، تۆگە، خېچىر، قوي، ئۆچكە، چوشقا قاتارلىق ئۆي ھايۋانلىرى بار.

**ھەر خىل ئۆي ھايۋانلىرىنىڭ 1983 - يىلدىكى تەركىب سېلىشتۇرمىسى تۆۋەندىكىچە:**

| تۈرى | سانى (10 مىڭ تۇياق) | ئومۇمىي چارۋا ئىچىدە ئىگىلىگەن نىسبىتى (%) |
|---|---|---|
| كالا | 3.11 | 15.69 |
| ئات | 0.17 | 0.86 |
| ئېشەك | 1.9 | 9.59 |
| خېچىر | 0.02 | 0.1 |
| تۆگە | 0.06 | 0.30 |
| قوي | 11.45 | 57.77 |
| ئۆچكە | 2.89 | 14.58 |
| چوشقا | 0.22 | 1.11 |

ئوتتۇرا ھېساب بىلەن كىشى بېشىغا 0.5 تۇياق چوڭ چارۋا، 1.2 تۇياق ئۇششاق چارۋا توغرا كېلىدۇ.

**كالا** بۇ. يەرلىك كالا بولۇپ، ئىش ئۇلىغى تىپىدىكى ئۆي هايۋىنى هېسابلىنىدۇ، يىرىك يەم - بوغۇزغا چىدامىلىق، ئىقتىسادىي قىممىتى يۇقىرى ئەمەس، يېشىغا تولغان بۇقىنىڭ ئېگىزلىكى 120 سانتىمېتىردىن 130 سانتىمېتىرغىچە، ئىنەكنىڭ 110 سانتىمېتىردىن 120 سانتىمېتىرغىچە بولىدۇ. ئۆكۈز قوشقا، هارۋىغا قېتىلىدۇ، ئىنەك تۇغدۇرۇشقا ۋە سۈت ئېلىشقا ئىشلىتىلىدۇ، شەخسلەرنىڭ ئىنەكنى تۇغدۇرۇش نىسبىتى %80كە يېتىدۇ، بىر ئىنەكتىن ئەڭ كۆپ بولغاندا كۈنىگە 1.5 كىلوگرامدىن 2.5 كىلوگرامغىچە سۈت چىقىدۇ.

**ئات** ئاتنىڭ بويى سەل ئېگىز، كۆكرىكى نىسبەتەن تار، بېشىنىڭ چوڭ - كىچىكلىكى نورمال، كۆزى يوغان، بۇرنىنىڭ تۆشۈكى كىچىكرەك، بويىنى سەل يۇقىرىغا قارايدۇ، دۈمبىسى سەل ئويمان، پاچىقى قىڭغىر، تۇيىقى تاجىسىمان يۇمىلاق هەم چوڭ، گەۋدىسىنىڭ يېتىلىشى تەكشى، نىسبەتەن هەيۋەتلىكرەك كېلىدۇ، چىلان تورۇق ئات كۆپ. ئات، ئاساسەن، مىنىشكە، هارۋىغا قېتىشقا، دېهقانچىلىق سايمانلىرىنى سۆرىتىشكە ئىشلىتىلىدۇ. ئايغىر ۋە بايتال كۆپىنچە تۆت چىشلىق بولغاندا نەسىللىنىشكە باشلايدۇ، لېكىن بەزى بايتاللار ئىككى چىشلىقتىن ئاشسىلا نەسىللەندۇرۇلىدۇ. ئايغىر، بايتاللارنىڭ كۆپىنچىسى 12 چىشلىق بولغاندا نەسىللەندۇرۇشكە بولمايدۇ. بايتال كۆپىيىش يېشىدا ئادەتتە ئالتە - يەتتىنى قۇلۇنلايدۇ.

**ئېشەك** ئېشەكنىڭ ئېگىزلىكى 110 سانتىمېتىر ئەتراپىدا بولۇپ، رەڭگى كۆپىنچە كۈلرەڭ كېلىدۇ، يىرىك يەم - بوغۇزغا چىدامىلىق، ئاز كېسەل بولىدۇ، ئەمگەككە چىدامىلىق، يۈك كۆتۈرۈش - تارتىش ئىقتىدارى كۈچلۈك، خاراكتېرى يۇۋاش، ئۇ، ئائىلىدە ئاساسلىق ئىش ئەمگەككە ۋە قاتناشقا ئىشلىتىلىدىغان قورال هېسابلىنىدۇ.

**خېچىر** ئېشەك خېچىرى ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ، ئاز ساندا ئات خېچىرىمۇ بار، تېنى مەزمۇت، كېسەللىككە تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارى كۈچلۈك، ئات ۋە ئېشەكتىن ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرىدۇ. ئىشلەش ئىقتىدارى كۈچلۈك، هارۋا قېتىش ۋە يۈك ئارتىشقا باب كېلىدۇ.

**تۆگە** بۇ يەردىكى تۆگىلەر قوش لوككىلىق بولۇپ، يېشىغا يەتكەن نار تۆگىنىڭ ئېغىرلىقى 500 كىلوگرامدىن 600 كىلوگرامغىچە، چىشى تۆگىنىڭ ئېغىرلىقى 400 كىلوگرامدىن 500 كىلوگرامغىچە كېلىدۇ، هەر بىر تۆگىدىن ئوتتۇرا هېساب بىلەن 3.5 — 5.5 كىلوگرام تىۋىت چىقىدۇ. تۆگىنىڭ ماسلىشىشچانلىقى كۈچلۈك، 150 كىلوگرامدىن 200 كىلوگرامغىچە يۈك ئارتىشقا بولىدۇ، 1000 كىلوگرامدىن 1500 كىلوگرامغىچە يۈكنى تارتالايدۇ.

**قوي** قوينىڭ نەسلى قاغىلىقنىڭ يېرىم ئىنچىكە يۇڭلۇق قويىدىن ئىبارەت، ئۇ، ئىنتايىن قۇرغاق، ئوت - چۆپنىڭ سۈپىتى ياخشى بولمىغان مۇهىتتا شەكىللەنگەن، قويرۇقىنىڭ چوڭ - كىچىكلىكى ئوتتۇراهال، قىش پەسلىدىكى ناچار بېقىش شارائىتىغا ماسلىشالايدۇ، پۇتلىرى بىجىرىم، هەرىكىتى چاققان، بېشى قارا، تېنى ئاق بولىدۇ، قوشقارلىرىنىڭ بوغان ئەگرى مۈڭگۈزى بار، قىسمەن ساغلىقلىرىنىڭمۇ مۈڭگۈزى بولىدۇ. يېشىغا يەتكەن قوشقارنىڭ ئېغىرلىقى 40 كىلوگرامدىن 50 كىلوگرامغىچە كېلىدۇ، يىلىغا بىر كىلوگرام يۇڭ چىقىدۇ. يېشىغا يەتكەن ساغلىقنىڭ ئېغىرلىقى 20 كىلوگرامدىن 40 كىلوگرامغىچە كېلىدۇ، يىلىغا 800 گرام يۇڭ چىقىدۇ، ئۇنىڭ يۇڭى پارقىراق، ئىنتايىن ئەۋرىشىم بولۇپ، گىلەمنىڭ ئاساسلىق خام ئەشياسى هېسابلىنىدۇ. قوينىڭ بورداپ ئۆلتۈرۈلۈش نىسبىتى %40 — 42 بولىدۇ، گۆشىنىڭ سۈپىتى يۇقىرى، كاۋاپ تازا ئوخشايدۇ.

**ئۆچكە** ئۆچكىنىڭ يەمەكلىك تېپىپ يېيىش ئىقتىدارى كۈچلۈك، ئۇنى بېقىش ئاسان، بىر

ئۆچكىدىن يىلىغا 200 گرام چۇپۇر، 50 گرام تىۋىت چىقىدۇ، جۇغى كىچىك، سۈتى ئاز، ئىقتىسادىي قىممىتى يۇقىرى ئەمەس.

**چوشقا** چوشقا نەسلى ئىچىدە يوركشىر چوشقىسى، ئۇكرائىنانىڭ شالغۇت چوشقىسى كۆپ، رەڭگى ئاق، يۈزى ئىنچىكە، ئۇزۇن، تۇمشۇقى قىسقا، بېشى سەل ئويمان، قۇلىقى كىچىك بولۇپ، ئالدىغا قىڭغىيىپ تۇرىدۇ، گەۋدىسى ئۇزۇن بولىدۇ، بورداlغان چوشقىنىڭ ئېغىرلىقى تەخمىنەن 110 كىلوگرام، سويۇلۇش نىسبىتى %70 بولىدۇ.

# § 3 . نەسىل ياخشىلاش ۋە چارۋىچىلىق تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش

## 1 . نەسىل ياخشىلاش

ئۆي هايۋانلىرىنىڭ نەسلىنى ياخشىلاش خىزمىتى 50 - يىللاردىن كېيىن باشلانغان بولۇپ، ئاساسەن، ئات، كالا، قوينىڭ نەسلىنى ياخشىلاش خىزمىتى ئىشلەندى.

1) **ئات** ئاساسەن، موڭغۇلكۇرەدىن نەسلى ئۆزگەرتىلگەن ئىلى ئاتلىرى كەلتۈرۈلدى، 1962-يىلدىن باشلاپ، ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ، 12 ئات كەلتۈرۈلۈپ، تەبىئىي نەسىللەندۈرۈلگەن بولسىمۇ، ئۈنۈمى يۇقىرى بولمىدى.

2) **كالا** 1960 - يىلدىن باشلاپ، ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ، ئالاتاۋ، شىنجاڭ قوڭۇر كالىسى، ئالاكالا كەلتۈرۈلۈپ، تەبىئىي نەسىللەندۈرۈلگەن بولسىمۇ، ئۈنۈمى يۇقىرى بولمىغانىدى. 1981 - يىلى توڭلىتىلغان دانچە ئىسپېرما كەلتۈرۈلۈپ ناھىيە مىقياسىدا توڭلىتىلغان ئىسپېرما بىلەن ئۇرۇقلاندۇرۇپ كالىنىڭ نەسلىنى ياخشىلاش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلدى، ھازىر شالولەي، سىممىنتال، قوڭۇر كالا ۋە ئالا كالا شالغۇتلاشتۇرۇلۇپ، 4000دىن ئارتۇق مۇزاي تۇغدۇرۇلدى، بۇ، ئاممىنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا ئېرىشتى.

3) **قوي** 1958 - يىلى شىنجاڭ ئىنچىكە يۇڭلۇق قويى، 1967 -يىلى قاراكۆل قويى، 1969-يىلى چوڭ قۇيرۇقلۇق قوي كەلتۈرۈلدى. 1984 - يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ چارۋىچىلىقنى رايونلارغا ئايرىشىغا ئاساسەن، پوسكام ناھىيىسى قاغىلىقنىڭ يېرىم ئىنچىكە يۇڭلۇق قويىنى كۆپەيتىش بويىچە نۇقتىلىق ناھىيە قىلىپ بېكىتىلدى. ھازىر يېرىم ئىنچىكە يۇڭلۇق قوي 40 مىڭ تۇياققا يەتتى. يەرلىك نەسىلدىن تاللاپ يېتىشتۈرۈش ئاساس قىلىنىپ، يېرىم ئىنچىكە يۇڭلۇق قوينىڭ نەسلىنى ساپلاشتۇرۇش، نەسلىنى تاللاپ يېتىشتۈرۈش خىزمىتى ئىشلەندى.

4) **چوشقا** 1971 - يىلى خۇنەننىڭ نىڭشيا دېگەن يېرىدىن «نىڭشيا چوشقىسى»، 1972-يىلى جياڭسۇنىڭ خۇەييەن دېگەن يېرىدىن «شىنخۇەي چوشقىسى» كەلتۈرۈلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن «يوركشىر چوشقىسى»، ئۇزۇن تەنلىك ئاق چوشقا، «دىڭشيەن چوشقىسى» ئارقىمۇ-ئارقا كەلتۈرۈلدى. 1984 - يىلى ناھىيە تەۋەسىدىكى چوشقىلارنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ تېنىدە يۇقىرىدىكى نەسىللەرنىڭ قان سىستېمىسى بار بولدى.

## 2 . چارۋىچىلىق تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش

1) **سۈنئىي ئۇرۇقلاندۇرۇش تېخنىكىسى** 50 - يىللاردا ئات ۋە قوينىڭ نەسلىنى ياخشىلاش سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇلغانىدى. 1975 - يىلدىن 1979 - يىلغىچە سۈنئىي ئۇرۇقلاندۇرۇش

تېخنىكىسىدىن پايدىلىنىلىپ، 150 تۇياق ئېشەك خېچىرى كۆپەيتىلدى. 1981 - يىلى توڭلىتىلغان ئىسپېرما بىلەن ئۇرۇقلاندۇرۇش تېخنىكىسى كىرگۈزۈلدى. 1984 - يىلى توڭلىتىلغان ئىسپېرما بىلەن ئات، كالا ئۇرۇقلاندۇرۇلدى، ناھىيە بويىچە ئۈچ يىلدا 8375 ئات ۋە كالا توڭلىتىلغان ئىسپېرما بىلەن ئۇرۇقلاندۇرۇلدى.

**2) مال دوختۇرلۇقى جەھەتتىكى كىلىنىكا تېخنىكىسى** 1965 - يىلدىن باشلاپ، ناھىيىلىك مال دوختۇرلۇق پونكىتىدا مال دوختۇرلۇقى بويىچە تاشقى كېسەللىك ئوپېراتسىيىسى يولغا قويۇلۇپ، قەۋزىيەت، قورسىقىنى يېرىپ تۇغدۇرۇش، چۇقۇق قاتارلىق كېسەللىكلەر داۋالاندى. گويۇسەي يازغان «قەۋزىيەتنى ئوپېراتسىيە قىلىپ داۋالاشتىن ئۈچ مىسال» دېگەن ئىلمى ماقالە «شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئىلمى» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىندى. بۇ تېخنىكا بەزى يېزىلىق مال دوختۇرلۇق پونكىتلىرىدا كېڭەيتىلىپ قوللىنىلدى.

**3) مال دوختۇرلۇقى بويىچە كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاش تېخنىكىسى** ناھىيىلىك مال دوختۇرلۇق پونكىتى قىسمەن كىلىنىكىلىق لابوراتورىيە تۈرلىرىنى يولغا قويۇپ، كالىلاردىكى ھالقىسىمان تەيلورتىللارىيوز كېسەللىكىنىڭ كالىچىلىقتىكى چوڭ زىياندىش كېسەللىك ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈردى. پارازىت قۇرتلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى يوقىتىش جەھەتتە، 1979 - يىلدىن باشلاپ نىترو خلوروفىنول، پىپېرازىنى ستراس، گاممىكسىمان يېڭى دورا ئەنئەنىۋى كونا دورىلارنىڭ ئورنىغا دەسسىتىلدى. بۇنىڭ بىلەن ئالدىنى ئېلىش، داۋالاشنىڭ ئۈنۈمى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. ناھىيە بويىچە ھەر يىلى 900 مىڭ — 950 مىڭ تۇياق (قېتىم) چارۋىدىكى ھەر خىل يۇقۇملۇق كېسەللىكنىڭ ئالدى ئېلىندى ۋە ئۇ داۋالاندى.

**4) ئىلمىي ئۇسۇلدا چارۋا بېقىش** 1958 - يىلى سىلوسلانغان يەم - بوغۇز تېخنىكىسى كېڭەيتىلدى. 1983 - يىلدىن باشلاپ ئارىلاشما ۋە بىرىكمە يەم - بوغۇز كېڭەيتىلدى.

# § 4 . چارۋا كېسەللىكلىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاش

## 1 . يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر

ناھىيە بويىچە چارۋا ۋە ئۆي قۇشلىرىدا بولىدىغان ئاساسلىق يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر 33 خىل بولۇپ، زىيىنى بىر قەدەر زور يۇقۇملۇق كېسەللىكلەردىن كۆيدۈرگە، ئاقسىل كېسەللىكى، قوي چېچىكى، بروتسىزوت، تېتانۇس، تولغاق، چوشقا ۋاباسى، چوشقا تىلمىسى، توخۇ ۋاباسى، توخۇ خولېراسى قاتارلىقلار بار. ئاقسىل كېسەللىكى ئاساسەن تىزگىنلەندى. قوي چېچىكى بەش يىلدىن بۇيان كۆرۈلمىدى. كۆيدۈرگە ھەر يىلى تارقاق ھالەتتە يۈز بېرىپ تۇرىۋاتىدۇ، بۇ كېسەللىك، كۆپىنچە، ئۆزۈل - كېسىل ئالدى ئېلىنمىغانلىقى، ۋاكسىنا تولۇق سېلىنمىغانلىقى تۈپەيلىدىن يۈز بېرىدۇ، ھەر يىلى ناھىيىلىك مال دوختۇرلۇق پونكىتى ئامبۇلاتورىيىسى تەكشۈرگەندە كۆيدۈرگە كېسەللىكى بىلەن ئاغرىغان چارۋىدىن ئون - 20سى چىقىدۇ. چوشقا ۋاباسى ۋە چوشقا تىلمىسى، يېقىنقى بەش يىلدىن بۇيان، چوشقا بېقىش مىقدارىنىڭ ئازىيىشىغا ئەگىشىپ يوشۇرۇن ھالەتكە ئۆتتى. توخۇ ۋاباسى پات - پاتلا ئېغىر دەرىجىدە يۈز بېرىپ ۋابا كېسەللىكىنىڭ مەنبەسى بولۇپ قالدى، بروتسىللىيوز كېسەللىكىنىڭ تاياقچە باكتېرىيىسىنى

تەكشۈرگەندە، مۇسبىلىق نىسبىتى %0.8 بولۇپ چىقتى.

1) كۆيدۈرگە بۇ كېسەللىك ناھىيە بويىچە تارقاق ھالەتتە يۈز بېرىدۇ، ھەر خىل چارۋىلاردا دېگىدەك كۆرۈلىدۇ. بۇ كېسەللىكنىڭ ئاساسلىق ئالامەتلىرى: چارۋىلار ئۇشتۇمتۇت كېسەل بولۇپ يىقىلىدۇ، نەپىسى تېزلىشىدۇ، شىللىق پەردىسى كۆكىرىدۇ، پۈتۈن بەدىنى تىترەيدۇ، بۇرنىدىن قان كېلىدۇ، كېسەللىك كۆرۈلۈپ بىر سائەتكە بارمايلا چارۋا ئۆلىدۇ. 1950 ـ يىلدىن 1982 ـ يىلغىچە ناھىيە بويىچە جەمئىي 2836 تۇياق چارۋىدا مۇشۇ خىل كېسەللىك كۆرۈلدى، 1535 تۇياق چارۋا ئۆلدى، بۇ كېسەللىك ئون گوڭشېدا، 650 ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتىدە يۈز بەردى. 1952 ـ يىلدىن 1983 ـ يىلغىچە جەمئىي 4 مىليون 500 مىڭ تۇياق چارۋىغا كۆيدۈرگە ۋاكسىنىسى سېلىندى.

2) ئاقسىل كېسەللىكى بۇ، بىر خىل جىددىي خاراكتېرلىك يۇقۇملۇق كېسەللىك بولۇپ، كالا، قويلارغا كۆپرەك يۇقىدۇ، بۇ كېسەللىك بىلەن يۇقۇملانغان چارۋىنىڭ ئېغىز بوشلۇقى ۋە تۇيىقىدا سۇلۇق قاپارتقۇلار پەيدا بولىدۇ، كېسەللىك، ئاساسەن، ئۆچكە، ئاشقازان ۋە نەپەس يوللىرى ئارقىلىق يۇقىدۇ، چارۋىلارنىڭ ئۆلۈش نىسبىتى يۇقىرى بولمايدۇ. 1950 ـ يىلدىن كېيىن بۇ كېسەللىك ناھىيە بويىچە 13 قېتىم يۈز بەردى. 573 مىڭ تۇياق چارۋىدا بۇ خىل كېسەللىك كۆرۈلدى، 1246 تۇياق چارۋا ئۆلدى. بۇ كېسەللىك 1958 ـ يىلى يۈز بەرگەندىن كېيىن ئارىلىقتا 22 يىل ئۆتۈپ 1981 ـ يىل 1 ـ ئايدا يەنە يۈز بەردى، بۇ، 0 تىپلىق ۋىرۇستىن پەيدا بولغان بولۇپ، 42 تۇياق چارۋا ئۆلدى. 1981 ـ يىلى كېسەللىك يۈز بېرىشنىڭ ئاساسلىق سەۋەبى شۇ بولدىكى، پوسكام ناھىيىلىك دۆلەت ئىگىلىكى دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ بىر نەپەر بىناكارلىق ئىشچىسى ئالىي رايوندىن 30 تۇياق قوي ئېلىپ كەلگەن، بۇ قويلاردىكى كېسەللىك دېھقانچىلىق مەيداندىكى بىر قوتان كالىغا يۇققان. كېسەللىك يۈز بەرگەندىن كېيىن، ۋىلايەت ۋە ناھىيىنىڭ رەھبەرلىرى بۇ ئىشقا ئىنتايىن ئەھمىيەت بەردى، ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيسى زۇلال ياقۇپ كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش خىزمىتىنى شەخسەن ئۆزى ئورۇنلاشتۇردى، ناھىيىنىڭ ھاكىمى سېلىم ماخسۇر كېسەللىك يۈز بەرگەن نەق مەيدانغا بېرىپ تەكشۈرۈپ، خىزمەتلەرگە ھەيدەكچىلىك قىلدى، 15 نەپەر گوڭشې ئەزاسىنى ئاجرىتىپ بەش ئورۇندا كارانتىن ئېغىزى قۇرۇپ، كېسەللىك مەنبەسىنى ئۈزۈپ تاشلىدى، 165 نەپەر مال دوختۇرى ۋە خىزمەتچى خادىمنى مۇداپىئە خىزمىتىگە قاتنىشىشقا تەشكىللىدى، دۆلەت ئاجرىتىپ بەرگەن ۋاكسىنا ئوكۇلىدىن باشقا، جەمئىي 15 مىڭ يۈەن خىراجەت، 1350 ئەمگەك كۈچى سەرپ قىلىنىپ، 15 كۈن بىرلەشمە جەڭ قىلىش ئارقىلىق، ناھىيە بويىچە 168 مىڭ 726 تۇياق چارۋىغا مۇداپىئە ۋاكسىنىسى سېلىنىپ، كېسەللىك تىزگىنلەندى.

3) بىروتزوت كېسەللىكى بۇ كېسەللىك 1965 ـ يىلى دىئاگنوز قويۇلۇپ ئېنىقلاندى. ئۇ، تارقاق ھالەتتە يۈز بېرىدۇ. 1965 ـ يىلدىن 1979 ـ يىلغىچە جەمئىي 1577 تۇياق چارۋىغا يۇقۇپ، 1271 تۇياق چارۋا ئۆلدى، ئۆلۈش نىسبىتى %81كە يەتتى. بىروتزوت كېسەللىكى جىددىي خاراكتېرلىك يۇقۇملۇق كېسەللىك، ئۇ، چارۋىلاردا ئۇشتۇمتۇت كۆرۈلىدۇ، چارۋىلار ناھايىتى تېزلا ئۆلىدۇ، بۇ كېسەللىك بىلەن يۇقۇملانغان چارۋىنىڭ چىشلىرى كىرىشىپ قالىدۇ، نەپەس ئېلىشى قىيىنلىشىدۇ، مۈڭگۈزى ياچاقتەك ئىگىلىپ قالىدۇ، قورسىقى ئېسىلىدۇ، نېرۋىسى ۋە مايىقى سۇيۇق، سېسىق بولىدۇ، ئازراق قىزىيدۇ، ئۆلۈشتىن بۇرۇن يېتىۋېلىپ يەرنى قاشلايدۇ، بەزىلىرىنىڭ بۇرنىدىن ۋە تەرىتى بىلەن قان ئارىلاش كۆپۈك كېلىدۇ، ۋاكسىنا سېلىنسا، بۇ

كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ.

4) **قوزىلاردا بولىدىغان تولغاق** بۇ كېسەللىك ناھىيە بويىچە يېزىلاردا ھەر يىلى يۈز بېرىپ تۇرىدۇ، ناھىيە بويىچە 21 يىللىق ستاتىستىكىا ماتېرىيالىغا قارىغاندا، 3160 تۇياق قوزىدا بۇ خىل كېسەللىك كۆرۈلگەن، 692 تۇياق قوزا ئۆلگەن.

5) **قوي چېچەكى** بۇ كېسەللىك 1952 ـ يىلدىن 1984 ـ يىلغىچە جەمئىي 27 قېتىم يۈز بەردى. 11 مىڭ 52 تۇياق چارۋا كېسەل بولدى، 255 تۇياق چارۋا ئۆلدى.

## 2 . پارازىت قۇرت كېسەللىكلىرى

بۇ خىل كېسەللىكنەر ئۆي ھايۋانلىرىنىڭ قىشتىن ئۆتۈپ ئەتىيازدا ئۆلۈشىدىكى ئاساسلىق سەۋەبلەرنىڭ بىرى، تاغدا بېقىلغان قويلار، ئاساسەن، ئۆپكە قىل قۇرتى، ئۆچەي ـ ئاشقازان يىپچە قۇرتى، بروتسىللىيوز قۇرتىنىڭ زىيىنىغا ئۇچرايدۇ، مەسىلەن، تاسمىسىمان دىگىتلىكىيوز يىپچە قۇرتىنىڭ پارازىتلىق دەرىجىسى بىر قويدا تۆتتىن 138 گىچە، شاپىرىت يىپچە قۇرتىنىڭ دەرىجىسى بىر قويدا 853 دانە، سىكرىبەبىن قۇرتىنىڭ دەرىجىسى بىر قويدا 27 مىڭ 832 دانە بولىدۇ. تۈزلەڭلىكتە بېقىلغان قويلار، ئاساسەن، بېغىر قۇرتىنىڭ زىيىنىغا ئۇچرايدۇ، پوسكام ناھىيىلىك دېھقانچىلىق مەيدانىدىكى قويلارنىڭ بۇ خىل قۇرت بىلەن يۇقۇملىنىش نىسبىتى %100كە يېتىدۇ، ئۇ، ئات، ئېشەكلەرگىمۇ يۇقىدۇ. تەكشۈرۈشكە قارىغاندا، قويلارنىڭ تېنىدە پارازىتلىق تۈرمۇش كەچۈرىدىغان گىلىمىت (مەددە قۇرتى) تىن تاسما قۇرت كىلاسى بەش خىل، جىگەر شورىغۇچىلار كىلاسى بەش خىل، يىپچە قۇرت كىلاسى 15 خىل بولۇپ، جەمئىي 25 خىلى بايقالغان. يەرلىك كالىلاردىكى يوشۇرۇن يۇقىدىغان ھالقىسىمان تەيلور تىللارىيوز كېسەللىكى دائىم باشقا جايلاردىن كەلتۈرۈلگەن نەسىللىك كالىلارنىڭ ئۆلۈشىگە سەۋەبچى بولىدۇ. قوتۇر كېسەللىكى تىزگىنلەندى.

1) **بېغىر قۇرتى كېسەللىكى** ناھىيە تەۋەسىدە قويلار كۆپىنچە يەر ئاستى سۈيىنىڭ ئورنى يۇقىرى، لىمانلىق قۇلۇلىسى كۆپىيىدىغان سازلىق ئوتلاقلاردا بېقىلىدۇ. گەرچە ھەر يىلى تەدبىر قوللىنىلىپ، بۇ خىل كېسەللىكنىڭ ئالدى ئېلىنغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ يەنىلا تىزگىنلەنمىدى، ئۇ، بولۇپمۇ گۈلباغ، سەيلى، ئىككىسۇ يېزىلىرى، دېھقانچىلىق مەيدانىدا ئەڭ كۆپ تارالدى. بۇ كېسەللىكنىڭ، ئاساسەن، نىترو ـ خلورو فىنول بىلەن ئالدى ئېلىندى. 1952 ـ يىلدىن 1984 ـ يىلغىچە جەمئىي 58 مىڭ 156 تۇياق قوي مۇشۇ كېسەللىك بىلەن يۇقۇملىنىپ، 4321 تۇياق قوي ئۆلدى.

2) **ئۆچەي ـ ئاشقازان يىپچە قۇرتى كېسەللىكى** بۇ كېسەللىكنىڭ يۇقۇش نىسبىتى %45 بولۇپ، ناھىيە بويىچە جەمئىي 66 مىڭ 29 تۇياق چارۋا مۇشۇ كېسەللىك بىلەن يۇقۇملاندى، بۇ، چارۋىچىلىقنىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈمىگە تەسىر يەتكۈزدى.

3) دىكتاليوز **(ئۆپكە قىل قۇرتى)** بۇ كېسەللىكنىڭ يۇقۇش نىسبىتى %24 بولۇپ، جەمئىي 45 مىڭ 352 تۇياق چارۋا مۇشۇ كېسەللىك بىلەن يۇقۇملاندى، 871 تۇياق چارۋا ئۆلدى.

4) **تاسما قۇرت** بۇ، تۆت خىلغا بۆلۈنىدۇ، يۇقۇش نىسبىتى 15 —% 16 بولۇپ، جەمئىي 32 مىڭ 486 تۇياق چارۋا مۇشۇ كېسەللىك بىلەن يۇقۇملاندى، 598 تۇياق چارۋا ئۆلدى.

## 3 . زەھەرلىنىش

1955 ـ يىلدىن باشلاپ ھەر يىلى چارۋىلاردا زەھەرلىنىش ئەھۋالى كۆرۈلدى، جەمئىي 1653 تۇياق چارۋا زەھەرلىنىپ كېسەل بولدى، 609 تۇياق چارۋا ئۆلدى.

1) قىچا كۆنجۈرىسىدىن زەھەرلىنىش 1979 - يىلى يىما گۆڭشىسى 17 - چوڭ ئەترەتنىڭ كالىلىرى قىچا كۆنجۈرىسىنى يەپ زەھەرلىنىپ، 13 كالا ئۆلدى.

2) كالىلارنىڭ خوسول (دېھقانچىلىق دورىسى) قالدۇقىدىن زەھەرلىنىشى 1978 - يىلدىن 1979 - يىلغىچە يىما گۆڭشىسىدا كالىلار خوسول قالدۇقىدىن زەھەرلىنىپ، 83 كالا ئۆلدى.

# § 5 . ئىشلەپچىقىرىش نەتىجىلىرى

1921 - يىلى ناھىيە بويىچە ئومۇمىي چارۋا تەخمىنەن 40 مىڭ 300 تۇياق بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە قوي - ئۆچكە تەخمىنەن 28 مىڭ 200 تۇياق ئىدى. 1943 - يىلى ئومۇمىي چارۋا 96 مىڭ 640 تۇياققا يېتىپ، كىشى بېشىغا 2.6 تۇياق چارۋا توغرا كەلگەنىدى. 1948 - يىلى ناھىيە بويىچە ئومۇمىي چارۋا 59 مىڭ 600 تۇياققا چۈشۈپ قېلىپ، 1943 - يىلدىكىنىڭ 57 پىرسەنتىگە توغرا كەلگەن.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، پارتىيە ۋە خەلق ھۆكۈمىتى چارۋىچىلىقنىڭ تەرەققىياتىنى قوغداش توغرىسىدا كۆپلىگەن سىياسەتلەرنى، مەسىلەن، چارۋىلارنى، بولۇپمۇ يېشىغا يەتكەن چىشى چارۋىلارنى قالايمىقان سويۇشنى قاتتىق مەنئى قىلىش؛ مەھسۇلاتنى ئاشۇرۇپ، چارۋىلارنى ئاسراش بويىچە ۋەتەنپەرۋەرلىك ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرۇش، چارۋا مەھسۇلاتلىرىنى سېتىش يوللىرىنى ھەل قىلىش، چارۋا مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋېلىش ئاپپاراتلىرىنى تەسىس قىلىش، چارۋا مەھسۇلاتلىرى سودىسىنى پائال قانات يايدۇرۇش؛ چارۋا مەھسۇلاتلىرى بىلەن سانائەت، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى ئوتتۇرىسىدىكى سېلىشتۇرما باھانى مۇۋاپىق تەڭشەش؛ مال دوختۇرلۇق ئاپپاراتلىرىنى تەسىس قىلىپ، چارۋىچىلىقنى پۇختا ئىدارە بىلەن راۋاجلاندۇرۇش قاتارلىق سىياسەتلەرنى تۈزۈپ چىقتى. 1949 - يىلى ناھىيە بويىچە ھەر خىل چارۋا 108 مىڭ 600 تۇياق (1955 - يىلى قاغىلىقنىن ئايرىپ بېرىلگەن ئىككى رايوننىڭ چارۋىسىمۇ قوشۇپ ھېسابلاندى) ئىدى. 1956 - يىلغا كەلگەندە، ئومۇمىي چارۋا 148 مىڭ 200 تۇياققا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە كالا 24 مىڭ 900 تۇياق، ئات 2600، ئېشەك 21 مىڭ، قوي 72 مىڭ تۇياق، ئۆچكە 27 مىڭ 700 تۇياق. 1960 - يىلى چارۋا 127 مىڭ 200 تۇياققا چۈشۈپ قالدى. بۇنىڭ ئاساسلىق سەۋەبى شۇكى، 1) 1958 - يىلى كەڭ كۆلەمدە پولات - تۆمۈر تاۋلاش ۋە سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىلغان مەزگىلدە، ئۇزۇن يوللۇق ترانسپورتتا بىر تۈركۈم چارۋىلار ئۆلدى، بولۇپمۇ ئېشەك كۆپلەپ ئۆلۈپ كەتتى؛ 2) 1958 - يىلى چارۋىچىلىقتا ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈش جەريانىدا، گۆڭشې ئەزالىرىغا بولغان ئىدىيىۋى تەربىيە يېتەرلىك بولمىغانلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە، يېزا ئىگىلىكىنى كوپىراتسىيىلەشتۈرۈش ۋاقتىدا چارۋىلار باھاغا سۇندۇرۇلغاندا باھا تۆۋەنرەك بولۇپ قالغانلىقى ئۈچۈن، چارۋىلارنى تارقىتىۋېتىش، يۆتكىۋېتىش، سويۇۋېتىش ھادىسىلىرى كېلىپ چىقتى؛ 3) چارۋىچىلىقتا ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈشتە، چارۋا شەخسلەر مۈلۈكچىلىكىدىن بىۋاسىتە ئىشلەپچىقىرىش چوڭ ئەترەتلىرى مۈلۈكچىلىكىگە ئۆزگەرتىلدى، ئىگىلىك باشقۇرۇشنى ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرى ئۈستىگە ئالدى، بۇ، ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرىنىڭ چارۋا بېقىش ئاكتىپچىللىقىغا تەسىر يەتكۈزدى. بىر مەزگىل، گۆڭشې ۋە چارۋىچىلىق مەيدانلىرىنىڭ كىرىم تەقسىماتىنى گۆڭشىلا

بىۋاستە ئىگىلەپ تۇرغاچقا، ئىشلەپچىقىرىش بىلەن تەقسىمات ئوتتۇرىسىدا زىددىيەت كېلىپ چىقتى. 1961 - يىلدىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ خەلق گۇڭشېلىرىدىكى «ئۈچ قالدۇرۇق» توغرىسىدىكى بەلگىلىمىسى ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، گۇڭشې ئەزالىرىنىڭ چارۋىچىلىقنى تەرەققىي قىلدۇرۇشىغا يول قويۇلدى ھەمدە كوللېكتىپنىڭ چارۋىلىرىدىن گۇڭشې ئەزالىرىغا بىر تۇركۇم چارۋا تەقسىم قىلىپ بېرىلدى، شۇنىڭ بىلەن گۇڭشې ئەزالىرىنىڭ چارۋا بېقىش ئاكتىپچانلىقى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى، چارۋا سانى كۆپىيىشكە باشلىدى. 1961 - يىلى ناھىيە بويىچە شەخسلەرنىڭ قويى 17 مىڭ 600 تۇياق ئىدى، 1962 - يىلى 8 - ئاينىڭ ئاخىرىدا 25 مىڭ تۇياققا يېتىپ، 7400 تۇياق ساپ كۆپىيىپ %2 . 4 ئاشتى. 1965 - يىلى ناھىيە بويىچە ئومۇمىي چارۋا 187 مىڭ 100 تۇياققا يېتىپ، تارىختىكى ئەڭ يۇقىرى سەۋىيىگە يەتكەنىدى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلانغاندىن كېيىن، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى تۆۋەنلەشكە باشلىدى. 1976 - يىلى ئومۇمىي چارۋا 148 مىڭ 300 تۇياق بولۇپ، 1965 - يىلدىكىدىن 38 مىڭ 800 تۇياق، يەنى %20.74 كېمىيىپ كەتتى.

پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، ھەر خىل شەكىلدىكى چارۋىچىلىق مەسئۇلىيەت تۈزۈملىرى تەدرىجىي ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈلدى. چارۋىلار ئائىلىلەرگە ھۆددىگە بېرىلىپ، گۇڭشې ئەزالىرىنىڭ چارۋا بېقىش ئاكتىپچانلىقى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى، نەتىجىدە ناھىيە بويىچە چارۋىنىڭ ئاۋۇش، ئەي بولۇش، قولدىن چىقىرىلىش، تاۋارغا ئايلىنىش نىسبىتى ئىلگىرىكىدىن ئۆستى.

1979 - يىلى ناھىيە بويىچە ئومۇمىي چارۋا 178 مىڭ تۇياققا، 1982 - يىلى 205 مىڭ تۇياققا يېتىپ، 1949 - يىلدىكىدىن ئازكەم بىر ھەسسە كۆپەيدى. 1983 - يىلى ئومۇمىي چارۋا 198 مىڭ 300 تۇياق بولۇپ، 1982 - يىلدىكىدىن سەل كېمەيگەن بولسىمۇ، لېكىن چوڭ چارۋا ۋە ئۇنىڭ قولدىن چىقىش نىسبىتى كۆپەيدى.

1984 - يىلى ناھىيە بويىچە چارۋىچىلىق كەسپىي ئائىلىسى ۋە نۇقتىلىق ئائىلە 215كە يەتتى.

**1949 - يىلدىن 1984 - يىلغىچە بولغان چارۋىغا دائىر مەلۇمات**

2 - 6 - 3 - جەدۋەل بىرلىكى: 10 مىڭ تۇياق

| يىللار | جەمئىي | كالا | ئات | ئېشەك | خېچىر | تۆگە | چوشقا | ئۆچكە | قوي |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1949 | 10.86 | 1.65 | 0.16 | 1.57 | | | | 2.17 | 5.31 |
| 1950 | 11.63 | 1.71 | 0.17 | 1.65 | | | | 2.21 | 5.89 |
| 1951 | 11.92 | 1.80 | 0.18 | 1.70 | | | | 2.24 | 6 |
| 1952 | 12.35 | 1.89 | 0.19 | 1.80 | | | | 2.43 | 6.04 |
| 1953 | 12.75 | 1.98 | 0.21 | 1.90 | | | | 2.51 | 6.15 |
| 1954 | 13.71 | 2.20 | 0.22 | 1.98 | | | | 2.56 | 6.75 |

| | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 6.85 | 2.65 | | | | 2.02 | 0.23 | 2.29 | 14.04 | 1955 |
| 7.20 | 2.77 | | | | 2.10 | 0.26 | 2.49 | 14.82 | 1956 |
| 7.47 | 2.81 | | | | 1.90 | 0.25 | 2.32 | 14.75 | 1957 |
| 6.61 | 2.74 | 0.01 | | | 1.40 | 0.21 | 2.29 | 13.26 | 1958 |
| 6.95 | 2.49 | 0.03 | | | 0.90 | 0.17 | 2.28 | 12.82 | 1959 |
| 6.85 | 2.72 | 0.14 | | | 0.89 | 0.17 | 1.95 | 12.72 | 1960 |
| 7.32 | 3.61 | 0.26 | | | 0.82 | 0.17 | 2.09 | 14.18 | 1961 |
| 8.10 | 3.62 | 0.19 | | | 0.86 | 0.18 | 2.12 | 15.13 | 1962 |
| 9.49 | 4.06 | 0.06 | 0.01 | | 0.95 | 0.20 | 2.27 | 17.04 | 1963 |
| 9.55 | 4.17 | 0.06 | 0.01 | | 1.01 | 0.22 | 2.45 | 17.47 | 1964 |
| 9.92 | 4.57 | 0.09 | 0.01 | | 1.24 | 0.23 | 2.55 | 18.71 | 1965 |
| 9.61 | 4.50 | 0.13 | 0.01 | | 1.34 | 0.25 | 2.74 | 18.58 | 1966 |
| 8.71 | 3.99 | 0.21 | 0.01 | | 1.31 | 0.27 | 2.55 | 17.05 | 1967 |
| 9.21 | 4.04 | 0.18 | 0.02 | | 1.43 | 0.28 | 2.57 | 17.73 | 1968 |
| 8.40 | 3.71 | 0.19 | 0.03 | | 1.38 | 0.27 | 2.53 | 16.51 | 1969 |
| 8.26 | 3.74 | 0.48 | 0.04 | | 1.45 | 0.29 | 2.46 | 16.72 | 1970 |
| 8.30 | 3.73 | 1.23 | 0.05 | | 1.48 | 0.28 | 2.37 | 17.44 | 1971 |
| 8.11 | 3.61 | 2.16 | 0.06 | | 1.46 | 0.25 | 2.26 | 17.91 | 1972 |
| 8.01 | 3.76 | 1.64 | 0.06 | 0.01 | 1.46 | 0.24 | 2.28 | 17.46 | 1973 |
| 7.40 | 3.21 | 1.21 | 0.08 | 0.01 | 1.39 | 0.22 | 2.17 | 15.69 | 1974 |
| 7.28 | 2.94 | 0.98 | 0.11 | 0.01 | 1.38 | 0.24 | 2.16 | 15.10 | 1975 |
| 7.25 | 2.60 | 1.12 | 0.12 | 0.02 | 1.34 | 0.21 | 2.17 | 14.83 | 1976 |
| 7.44 | 2.75 | 1.43 | 0.12 | 0.02 | 1.57 | 0.20 | 2.19 | 15.72 | 1977 |
| 7.68 | 2.78 | 1.63 | 0.15 | 0.02 | 1.60 | 0.20 | 2.24 | 16.30 | 1978 |
| 8.69 | 3.25 | 1.47 | 0.15 | 0.03 | 1.61 | 0.19 | 2.40 | 17.79 | 1979 |
| 10.67 | 3.40 | 0.13 | 0.20 | | 1.70 | 0.20 | 2.50 | 18.80 | 1980 |
| 11.54 | 3.24 | 0.16 | 0.14 | 0.03 | 1.84 | 0.17 | 2.68 | 19.80 | 1981 |
| 11.86 | 3.44 | 0.14 | 0.11 | 0.02 | 1.87 | 0.17 | 2.89 | 20.50 | 1982 |
| 11.45 | 2.89 | 0.22 | 0.06 | 0.02 | 1.91 | 0.17 | 3.11 | 19.83 | 1983 |
| 10.76 | 2 | 0.19 | 0.04 | 0.02 | 1.83 | 0.16 | 3.24 | 18.24 | 1984 |

ئىزاھات: سېلىشتۇرۇشقا قولايلىق بولسۇن ئۈچۈن، 1944 - يىلدىن 1954 - يىلغىچە بولغان سان ئىچىگە 1955 - يىلى قاغىلىق ناھىيىسىدىن پوسكام ناھىيىسىگە ئايرىپ بېرىلگەن 6 - رايون بىلەن 10 - رايوندىكى چارۋىلارنىڭ سانىمۇ كىرگۈزۈلدى.

**1981 ـ يىلدىن 1984 ـ يىلغىچە ناھىيە بويىچە چارۋىنىڭ ئاۋۇش، ئەي بولۇش، قولدىن چىقىرىلىش، تاۋارغا ئايلىنىش نىسبىتى**

2 ـ 6 ـ 4 ـ جەدۋەل

| يىللار | ئاۋۇش، ئەي بولۇش نىسبىتى% | قولدىن چىقىرىلىش نىسبىتى % | تاۋارغا ئايلىنىش نىسبىتى % | ئۆلۈش نىسبىتى % |
|---|---|---|---|---|
| 1981 | 57.78 | 12.63 | 7.58 | 6.09 |
| 1982 | 41.96 | 13.02 | 6.29 | 5.66 |
| 1983 | 36.59 | 15 14 | 3.78 | 7.41 |
| 1984 | 46.89 | 30.76 | 15.90 | 5.43 |

ئازادلىقتىن ئىلگىرىكى سىر قانچە يىلدىكى چارۋىغا دائىر مەلۇمات

2 ـ 6 ـ 5 ـ جەدۋەل

بىرلىكى: تۇياق

| يىللار | جەمئىي | ئات | كالا | قوي | ئۆچكە | ئېشەك | خېچىر | تۆگە | نەسىللىك قوي |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1941 | 62995 | 350 | 10645 | 34019 | 10555 | 7392 | 4 | 30 | |
| 1942 | 88079 | 622 | 19453 | 40544 | 19273 | 7568 | | 38 | 23 |
| 1943 | [illegible] | 711 | 21618 | 45937 | 19681 | 8623 | | 46 | 22 |
| 1944 | 90146 | | | | | | | | |
| 1945 | 50962 | 420 | 8400 | 29400 | 6300 | 6300 | | 21 | 121 |
| 1946 | 66132 | 670 | 10767 | 38278 | 7668 | 8686 | 5 | 29 | 29 |
| 1947 | 54838 | 1450 | 10440 | 29710 | | 13200 | 16 | 22 | |
| 1948 | 59631 | 352 | 12008 | 28973 | 10888 | 7399 | 4 | 7 | |

# § 6 . ئاپپاراتلارنىڭ تەسىس قىلىنىشى

1942 ـ يىلى ناھىيىلىك ھۆكۈمەتتە بىر نەپەر چارۋىچىلىق يېتەكچىسى تەسىس قىلىنغانىدى. 1944 ـ يىلى چارۋىچىلىق يېتەكچىسى چارۋىچىلىق تېخنىكىغا ئۆزگەرتىلگەن. 1948 ـ يىلى قۇرۇلۇش بۆلۈمى تەسىس قىلىنغان، ئۇ، دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، سۇ ئىشلىرى قاتارلىق خىزمەتلەرنى ئاساسلىق باشقۇرغان.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىدە قۇرۇلۇش

بۆلۈمى تەسىس قىلىندى. ئۇ، چارۋىچىلىق خىزمىتىنى قوشۇمچە باشقۇردى. 1959 - يىلى مال دوختۇرلۇق پونكىتى دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق ئىدارىسىغا قوشۇۋېتىلىپ، ئىدارە قارىمىقىدا چارۋىچىلىق بۆلۈمچىسى تەسىس قىلىندى. بۇنىڭغا بەش شتات سەپلەندى. 1962 - يىلى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىدارىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، مال دوختۇرلۇق پونكىتى ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ، يېڭىدىن دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق بۆلۈمى تەسىس قىلىندى، ئۇنىڭغا يەتتە شتات سەپلەندى. 1966 - يىلى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلانغاندىن كېيىن، خەلق كومىتېتى ئورگىنى پالەچ ھالغا چۈشۈپ قالدى. 1969 - يىلى ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېت قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئىشلەپچىقىرىشقا قوماندانلىق قىلىش گۇرۇپپىسى تەسىس قىلىندى، ئۇ، پۈتۈن ناھىيىنىڭ دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، سۇ ئىشلىرى قاتارلىق خىزمەتلىرىگە مەسئۇل بولدى. 1970 - يىلى ئىنقىلابىي كومىتېت ئىشلەپچىقىرىشقا قوماندانلىق قىلىش گۇرۇپپىسىنىڭ قارىمىقىدا يېزا ئىگىلىك مۇلازىمىتى ئىدارىسى قورۇلدى، ئۇ، چارۋىچىلىق خىزمىتىنى قوشۇمچە باشقۇردى. 1971 - يىلى يېزا ئىگىلىك مۇلازىمىتى ئىدارىسى يېزا ئىگىلىك ئىدارىسىغا ئۆزگەرتىلدى ھەمدە چارۋىچىلىق خىزمىتىنى قوشۇمچە باشقۇردى. 1981 - يىلى ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېت ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى، ئۇنىڭ قارىمىقىدا چارۋىچىلىق ئىدارىسى تەسىس قىلىندى. 1984 - يىلى چارۋىچىلىق ئىدارىسى چارۋىچىلىق بۆلۈمىگە ئۆزگەرتىلدى.

چارۋىچىلىق بۆلۈمى قارىمىقىدىكى ناھىيىلىك مال دوختۇرلۇق پونكىتى 1958 - يىلى قۇرۇلغان، پونكىت قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە ئالتە نەپەر خىزمەتچىسى بولۇپ، ئۈسكۈنىلىرى ئاددىي ئىدى، ئۇ ئاددىي مال دوختۇرلۇق خىزمىتىنىلا قانات يايدۇرالايتتى. 1984 - يىلى ناھىيىلىك مال دوختۇرلۇق پونكىتىدىكى مال دوختۇرى توققۇزغا يەتتى، بۇ پونكىتتا ئىككى توڭلاتقۇ، ئىككى ئىسسىتقۇ، بىر لابوراتورىيە ئۆيى، بىر ئاپتوموبىل، بىر كىچىك ئىشىكى سۇيۇق ئازوت ئاپتوموبىلى بار بولدى، ھەر خىل لابوراتورىيە ئۈسكۈنىلىرى بىر قەدەر تولۇقلاندى. ھەر قايسى يېزا، مەيدانلاردىمۇ مال دوختۇرلۇق پونكىتىدىن 11ى تەسىس قىلىندى. ھازىر پۈتۈن مال دوختۇرلۇق خادىمى 45 نەپەرگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئالىي تېخنىكوم ئوقۇغۇچىسى بىر نەپەر، تېخنىكوم ئوقۇغۇچىسى 24 نەپەر، ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىپ ئىختىساسلىق بولغانلار 18 نەپەر.

## VII باب

# قوشۇمچە كەسىپ

ناھىيە بويىچە پىلىچىلىك، بېلىقچىلىق، ھەسەل ھەرىسى بېقىش ۋە دورا يىغىشتىن ئىبارەت كەسىپلەر بار. تارىخىي ماتېرىياللار ئارقىلىق ئىسپاتلىنىشىچە، پىلىچىلىك 1000 يىلدىن ئارتۇق

تارىخقا ئىگە قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلات قىممىتىنىڭ يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىدە ئىگىلىگەن نىسبىتى 1978 - يىلدىن ئىلگىرى تەخمىنەن 1% ئىدى، 1984 - يىلى 2.65% كە يەتتى.

# 1 § . پىلىچىلىك ۋە ئۈجمە ئۆستۈرۈش

## 1 . ئۈجمە تىكىش

ناھىيە تەۋەسىدە ئۈجمە بايلىقى مول، دېھقانلار ئۆيلىرىنىڭ ئالدى - كەينىگە، ئېتىز - ئېرىق بويلىرىغا ئۈجمە تىكىشكە ئادەتلەنگەن. بۇ جايدا ئۈجمىنىڭ ئاق ئۈجمە، ئەركەك ئۈجمە، قارا ئۈجمە، چېقىر ئۈجمە. شاتۇت قاتارلىق بىر قانچە خىلى بار. ئاق ئۈجمىنىڭ يوپۇرمىقى چوڭ، سۈپىتى ياخشى بولۇپ، كەڭ كۆلەمدە تىكىلىدۇ. خاتىرىلەرگە قارىغاندا، 1948 - يىلى ناھىيە بويىچە 142 مىڭ تۈپ ئۈجمە بار ئىكەن. 1955 - يىلى خۇنەن ئۈجمىسى كەلتۈرۈلۈپ، سىناق تەرىقىسىدە ئۈجمىلىك بەرپا قىلىندى، شۇ يىلى تەكشۈرگەندە، 136 مىڭ 600 تۈپ ئۈجمە دەرىخى بارلىقى ئېنىقلانغان. 1956 - يىلى 202 مىڭ تۈپكە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە يۇپورمىقىنى يىغىشقا بولىدىغان ئۈجمە دەرىخى 104 مىڭ 100 تۈپ. 1960 - يىلى يېزىلاردا جامائەت ئاشخانىلىرى قۇرۇلۇپ، كۆپ مىقداردىكى ئۈجمە كېسىلىپ ئوتۇن قىلىندى؛ 1970 - يىللاردىكى «داجەيدىن ئۆگىنىش» ھەرىكىتى داۋامىدا، يەر رەتلەش تۈپەيلىدىن بىر تۈركۈم پارچە - پۇرات ئۈجمىلەر كېسىۋېتىلدى. 1974 - يىلدىكى تەكشۈرۈشتە، 114 مىڭ 400 تۈپ ئۈجمە بارلىقى ئېنىقلاندى. يوپۇرمىقىنى يىغىشقا بولىدىغان 24 مىڭ 800 تۈپ ئۈجمە ئىچىدە، چوڭ ئۈجمە 11 مىڭ 900 تۈپنى ئىگىلەيدۇ. 1979 - يىل 9 - ئايدىكى مەلۇماتقا قارىغاندا، جەمئىي ئۈجمە 161 مىڭ 400 تۈپكە يەتكەن، بۇنىڭ ئىچىدە يېڭىدىن تىكىلگەن ئۈجمە 69 مىڭ تۈپ، 1982- يىلدىن باشلاپ، ئۈجمە، كۆپىنچە، سالا ئېتىز، ئېرىق - ئۆستەڭ بويلىرىغا تىكىلدى. 1984- يىلى ئۈجمە 248 مىڭ تۈپكە يەتتى.

ئۈجمە كۆچىتى يېتىشتۈرۈشتە، ئىلگىرى، ئۇرۇقى ئارقىلىق كۆپەيتىش ۋە ئۇلاش ئاساس قىلىناتتى، 1978 - يىلدىن باشلاپ، ئاق ئۈجمە قەلەمچە قىلىپ تىكىلىپ كۆچەت يېتىشتۈرۈلىدىغان بولدى. دېھقانلار ئەمەلىي كۆكلىگەن ئۈجمە كۆچىتىنى مۇقىملاشتۇرۇپ، تۇتقاندىن كېيىن ئىككى - ئۈچ يىلدا يەنە بىخ ئۇلاق قىلدى، يېقىنقى بىر قانچە يىلدا ئېرىق- ئۆستەڭ بويلىرىغا تىكىلىپ كۆكلەپ چىققان ئۈجمىنىڭ بىر قىسمى ئۇلانمىدى، بۇ، ئۇنىڭ يېتىلىشى ۋە يوپۇرمىقىدىن پايدىلىنىشقا تەسىر يەتكۈزدى. خۇنەن ئۈجمىسى خالتا ئۇلاق قىلىنىپ كۆپەيتىلدى، ئۇنىڭ سانى كۆپ ئەمەس. 1984 - يىلى ئۈجمىزارلىقتىكى ئۈجمىلەرنىڭ كۆپى ئاق ئۈجمىدىن ئىبارەت بولدى.

## 2 . پىلە بېقىش

پوسكام ناھىيىسى چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە جەنۇبتىكى سەككىز شەھەرنىڭ بىرى بولغان يەكەنگە قارايتتى. ئۇ ۋاقىتلاردا «جەنۇبتىكى سەككىز شەھەرنىڭ پىلىچىلىكى، يىپەكچىلىكى ناھايىتى تەرەققىي قىلغان» ئىدى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۇ دەۋرىنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا زوزۇڭتاڭ قەشقەر پىلىچىلىك - ئۈجمىچىلىك ئىدارىسى تەسىس قىلغان. گۇاڭشۇ 33 - يىلى

(1907 - يىلى) پەرمانبەردار ۋاڭ شۈەن جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ پىلىچىلىك - ئۈجمىچىلىكىنى تەكشۈرگەن. ئۇنىڭ ئەزاسى جاۋگۈيخۇا جەنۇبتىكى سەككىز شەھەرنى كېزىپ نەق مەيداندا يېتەكچىلىك قىلغان. گۇاڭشۈ 34 - يىلى (1908 - يىلى) قاغىلىق ناھىيىسى (ھازىر پوسكام ناھىيىسىگە قارايدىغان قىسمى) دە 50 توننىدىن ئارتۇق پىلە غوزىسى ئىشلەپچىقىرىلغان. مىنگونىڭ 31 - يىلى (1942 - يىلى) سوۋېت ئىتتىپاقى شىنجاڭدا پىلىچىلىكنى ياخشىلاشقا ياردەم بېرىدىغان مۇتەخەسسىسلىرىنى ئېلىپ چىقىپ كەتكەن ھەمدە پىلە ئۇرۇقى بىلەن تەمىنلەشنى توختاتقاندىن كېيىن، مەملىكەت بويىچە مەشھۇر پىلىچىلىك مۇتەخەسسىسى جاۋخۇڭجى قاتارلىق 40چە كىشى، ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ، جەنۇبىي شىنجاڭغا كېلىپ پىلىچىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇلار جۇڭگونىڭ ئۆزگەرتىلگەن سۈپەتلىك پىلە سورتى. شالغۇتلاشتۇرۇلۇپ بېرىكتۈرۈلگەن ئەتىيازلىق پىلە سورتى «چياگوي × خۇاچى» (ئوڭ - تەتۈر شالغۇت)، يازلىق، كۈزلۈك پىلە سورتى «خۇاليۇ × خۇاچى»، «خۇاليۇ × جۇڭنۇڭ — 29» ئۇرۇقلۇقىنى ئىشلەپچىقىپ كېڭەيتكەن، مىنگونىڭ 32 - يىلى (1943 - يىلى) پوسكام ناھىيىسىدە بىر ئۈلگىلىك پىلىخانا، ئۈچ ئۈلگىلىك پىلە باققۇچى ئائىلە بارلىققا كەلگەن. شۇ يىلى ئون يەرگە ئۈجمە كۆچىتى تىكىلگەن، ياندۇرقى يىلى 526 قۇتا پىلە بېقىش ئىشى ئورۇنلاشتۇرۇلغان. مىنگونىڭ 35 - يىلى (1946 - يىلى) مىنگو ھۆكۈمىتىنىڭ سىياسىتىدە ئۆزگىرىش بولۇپ، جاۋخۇڭجى قاتارلىقلار شىنجاڭنىڭ پىلىچىلىك پىلانى ۋە كونكرېت تەدبىرلىرىنى داۋاملىق يولغا قويۇشقا ئامالسىز قالغان، شۇنىڭدىن كېيىن دېھقانلار پىلە بېقىشتىن مەنپەئەت ئالالماي، پىلە باققاندىن كۆرە پىلە ئۇرۇقىنىڭ پۇلىنى تۆلەشكە رازى بولغان، شۇنىڭ بىلەن پىلىچىلىك ئاقماي قالغان.

50 - يىللاردا ئەتىيازلىق پىلە سورتى «يۈنخەن × خۇاجيۇ» (ئوڭ - تەتۈر شالغۇت)، يازلىق، كۈزلۈك پىلە سورتى «يۈنۇېن × خۇاشى» (ئوڭ - تەتۈر شالغۇت) ئۇرۇقى كېڭەيتىلىپ، پىلە بېقىش تېخنىكىسى ۋە ئۇنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى ياخشىلاندى. 1955 - يىلدىن باشلاپ پىلە قۇرتىنىڭ تۇخۇمدىن چىقىشىنى تېزلىتىش جەھەتتە ئىلمىي ئۇسۇل قوللىنىلدى، پىلىخانىلارنى، پىلە بېقىش سايمانلىرىنى دېزىنفېكسىيە قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىلدى، پىلە كېسەللىكلىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاشقا دىققەت قىلىندى؛ 1957 - يىلى 180 قۇتا كۈزلۈك پىلە سىناق تەرىقىسىدە بېقىلدى، ياندۇرقى يىلى 1648 قۇتىغا يەتكۈزۈلدى؛ 1959- يىلى 6001 قۇتا پىلە بېقىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە كۈزلۈك پىلە 1531 قۇتا؛ 1960 - يىلدىن باشلاپ پىلە قۇرتى لىچىنكىلىرىنى قۇرۇتۇشتىن ساقلاش قەغىزىدە بېقىش تېخنىكىسى كېڭەيتىلدى. 80 - يىللاردا سۇلياۋ يوپۇق يېپىپ بېقىشقا ئۆزگەرتىلدى، چوڭ بولغان پىلە قۇرتلىرى ئۈجمىنىڭ نوتىسى ۋە نەم يوپۇرمىقى بىلەن بېقىلدى. 1982 - يىلى «شىنخەن × شىنجيۇ» (ئوڭ - تەتۈر شالغۇت) ئومۇمىيۈزلۈك كېڭەيتىلدى، ئۇنىڭدىن كېيىن، ئۇششاق پىلە قۇرتلىرىنى بىر يەردە بېقىش، پىلىگە قاراپ پىلە پەتنۇسى ۋە پىلە تورى تارقىتىش ئىشى پائال كېڭەيتىلدى.

1954 - يىلى 400 كىلوگرامدىن ئارتۇق پىلە غوزىسى ئېلىنغانىدى، 1955 - يىلى 19 مىڭ 900 كىلوگرام، 1956 - يىلى 32 مىڭ 700كىلوگرام، 1957 - يىلى 45 مىڭكىلوگرام، 1958- يىلى 31 مىڭ 700 كىلوگرام، 1959 - يىلى 44 مىڭ 200 كىلوگرام پىلە غوزىسى ئېلىندى. ئۇنىڭدىن كېيىن يوپۇرماق بىلەن تەمىنلەيدىغان ئۈجمە دەرەخلىرى زور مىقداردا ئازىيىپ كەتتى. 1960 - يىلدىن 1966 - يىلغىچە مەھسۇلات مىقدارى 12 مىڭ كىلوگرامدىن

22 مىڭ 500 كىلوگرامغىچە بولۇپ كەلدى. 1966 - يىلدىن كېيىن، بىر مەھەل ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشقا ئەھمىيەت بېرىلىپ، ئۈجمە دەرىخى يېتىشتۈرۈشكە سەل قارالدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە پىلە غوزىسىنىڭ باھاسى ئۇزۇن مۇددەت تۆۋەن بولۇپ كەلدى، غوزا مەھسۇلاتى تۆۋەنلەپ كەتتى. 1976 - يىلى ھاشاراتلارنى تىزگىنلەش ئۈچۈن ئايروپىلاندا دوراچېچىلغانلىقتىن، پىلە بېقىلمىدى. 1981- يىلى مەھسۇلات 3600 كىلوگرامغا چۈشۈپ قالدى، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۈچ يىلدا ئەسلىگە كېلىپ، 1984 - يىلى ئومۇمىي پىلە غوزىسى 11 مىڭ كىلوگرامغا يەتتى، لېكىن غوزا ئەڭ يۇقىرى بولغان 1957 - يىلدىكى بىلەن بولغان پەرقى يەنىلا چوڭ بولدى.

## § 2 . توخۇ بېقىش

پوسكام ناھىيىسىدىكى دېھقان ئائىلىلىرىنىڭ تولىسى توخۇ باقىدۇ. ئۇنىڭ كۆپى يەرلىك نەسىل. 1949 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا، ناھىيە بويىچە 46 مىڭ توخۇ بار ئىدى. 1950 - يىلدىن 1952 - يىلغىچە، ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەت دېھقانلارنى تەشكىللىنىپ، توخۇ بېقىش ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشقا چاقىردى. 1952 - يىلى ناھىيە بويىچە 2589 ئادەمنىڭ قاتنىشىشى بىلەن، توخۇ بېقىش گۇرۇپپىسىدىن 34ى قۇرۇلدى. ئۇلارنىڭ يىللىق كىرىمى 4824 يۈەن (يېڭى خەلق پۇلى بويىچە ھېسابلاندى) گە يەتتى. 1957- يىلى ناھىيىلىك توخۇ-ئۆردەك فېرمىسىقۇرۇلدى. 1958 - يىلى بۇ فېرما تۇخۇم باسۇرۇپ، 3500 چۈجە چىقىرىپ، 3000نى ئۆزى باقتى. توخۇ-ئۆردەك فېرمىسى مەخسۇس تۇخۇم باسۇرۇپ چۈجە چىقىرىش بىلەن شۇغۇللىنىپ، بىر يىلدا 3500 چۈجە چىقاردى. 1962 - يىلى توختىتىپ قويۇلدى.

1984 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ناھىيە بويىچە ئومۇمىي توخۇ 180 مىڭغا، تۇخۇم 291 مىڭ كىلوگرامغا، گۆش 25 مىڭ كىلوگرامغا يەتتى. 1985 - يىلى بازار ئاھالىلىرىنىڭ تۇخۇمغا بولغان ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن، ناھىيىلىك چارۋىچىلىق ئىدارىسى بىر توخۇ فېرمىسى قۇردى، كۆيباغ يېزىسى 10 مىڭ تۇخۇم بېرىدىغان بىر توخۇ فېرمىسى قۇرۇپ، تۇخۇم بىلەن تەمىنلەش جەھەتتىكى جىددىيلىكنى دەسلەپكى قەدەمدە پەسەيتتى. شۇ يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئومۇمىي توخۇ 216 مىڭغا، تۇخۇم 129 مىڭ 900 كىلوگرامغا، گۆش 98 مىڭ 500 كىلوگرامغا يەتتى.

**نەسلى** 50 - يىللاردىن باشلاپ، سوگورى چار، ئاۋستىرالىيە قارىسى، روكىر قاتارلىق نەسىللىك توخۇلار ئارقا - ئارقىدىن كەلتۈرۈلدى. 1985 - يىلى ناھىيىلىك چارۋىچىلىق ئىدارىسى «چارشالغۇت — 579» نى كەلتۈردى. يېزىلاردىكى يەرلىك توخۇ نەسلى يەنىلا كۆپ سانىنى تەشكىل قىلىدى. ناھىيە بويىچە نەسىللىك توخۇ تەخمىنەن %40نى ئىگىلىدى.

**تۇخۇلاردا بولىدىغان كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاش** ناھىيە تەۋەسىدە تارقىلىدىغان توخۇ كېسەللىكلىرىدىن يالغان ۋابا، خولېرا، ئاق چىچقاق قاتارلىقلار بار. 1970- يىللاردىن ئىلگىرى ئۈنۈملۈك ئالدىنى ئېلىش ۋە داۋالاش ۋاسىتىلىرى كەمچىل بولغاچقا، توخۇلار ۋاباغا ئۇچراپ، كۆپلەپ ئۆلۈپ كېتەتتى. 80 - يىللاردىن كېيىن، ناھىيىدىكى مال دوختۇرلۇق تارماقلىرى ھەر يىلى توخۇلارنىڭ يالغان ۋاباسى ۋاكسىنىسىنى سېتىۋېلىپ، توخۇ ۋاباسىنىڭ ئالدىنى ئالدى.

**يېرىم ماشىنىلاشقان توخۇ فېرمىسى** 1985 - يىل 5 - ئايدا ئىككى ئورۇندا يېرىم

ماشىنىلاشقان، كاتەكتە توخۇ بېقىش فېرمىسى قۇرۇلدى. بۇ فېرمىلاردا توخۇنىڭ «چارشالغۇت-579» نەسلى ئاساس قىلىنىدى.

**ناھىيىلىك چارۋىچىلىق ئىدارىسىنىڭ توخۇ فېرمىسى** بۇ فېرمىنىڭ 214 ئىشچى - خىزمەتچىسى بار. ئۇنىڭغا 142 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىدى. فېرما ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى 14 مىڭ كۋادرات مېتىر. فېرمىدا ئۈچ رەت تۇخۇم توخۇسى كاتىكى، ئۈچ رەت يېتىلگەن چۈجە كاتىكى، ئىككى رەت چۈجە كاتىكى، بىر رەت ئىنكوباتۇر بار. 1985 - يىلى ئومۇمىي تۇخۇم توخۇسى 3700گە، گۆش توخۇسى 1000غا، ئومۇمىي تۇخۇم 5000 كىلوگرامغا، گۆش 3000 كىلوگرامغا، يىللىق كىرىم 40 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

**كۈيباغ يېزىلىق توخۇ فېرمىسى** بۇ فېرما ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى 27 مىڭ كۋادرات مېتىر بولۇپ، تۆت رەت تۇخۇم توخۇسى كاتىكى، ئۈچ رەت يېتىلگەن چۈجە كاتىكى، بىر رەت نەسىللىك توخۇ كاتىكى، بىر رەت چۈجە كاتىكى، بىر رەت ئىنكوباتۇر بار. تۇخۇم توخۇسى كاتىكى يېرىم ئوچۇق شەكىلدىكى دېرىزىلىك كاتەك بولۇپ، توخۇ پۈتۈن پەلەمپەيلىك كاتەكتە بېقىلىدۇ. 1985-يىلى ئومۇمىي تۇخۇم توخۇسى 10 مىڭغا، تۇخۇم 15 مىڭ كىلوگرامغا، گۆش 6000 كىلوگرامغا، يىللىق كىرىم 78 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

**1980 - يىلدىن 1985 - يىلغىچە بولغان توخۇ بېقىش ئەھۋالى**

2 - 7 - 1 - جەدۋەل بىرلىكى: 10 مىڭ دانە، كىلوگرام

| يىللار | يىل ئاخىرىدىكى توخۇ | تۇخۇم مىقدارى | گۆش مىقدارى |
|---|---|---|---|
| 1980 | 11 | 40000 | 10000 |
| 1981 | 11.5 | 60000 | 8000 |
| 1982 | 10.5 | 60000 | 20000 |
| 1983 | 13.5 | 75000 | 12000 |
| 1984 | 18 | 29200 | 25000 |
| 1985 | 21.6 | 129900 | 98500 |

1981 - يىلى ناھىيە بويىچە توخۇ باققۇچى كەسپىي ئائىلىدىن ئىككىسى بارلىققا كەلدى. ئۇلار 560 توخۇ بېقىپ، 1000 كىلوگرام تۇخۇم ئالدى. 1984 - يىلى ناھىيە بويىچە توخۇ باققۇچى كەسپىي ئائىلە 12گە، ئۇلار باققان توخۇ 21 مىڭغا، ئالغان ئومۇمىي تۇخۇمى 6000 كىلوگرامغا يەتتى.

## § 3 . بېلىق بېقىش

ناھىيە تەۋەسىدە بېلىق بېقىلىدىغان سۇ يۈزى 15 مىڭ موغا يېتىدۇ. 60 - يىللاردىن باشلاپ، ئاق ئامۇر بېلىقى، لاقا بېلىق، خاپانباشبېلىق، قىزىل قۇيرۇق سوموك بېلىق، قارالىش بېلىقى قاتارلىقلارنىڭ بېلىجانلىرى شۇنداقلا كالا پاقىسى بېقىلغانىدى.

1962 - يىلى ساڭ سۇ ئامبىرىغا بېلىجان سېلىندى. 1965 - يىلدىن ئېتىبارەن بېلىق تۇتۇلۇشقا باشلىدى، يىللىق مەھسۇلاتى بىرتوننا ئەتراپىدا بولدى. 1977 - يىلىئاقتام سۇئامبىرى پۈتۈپ بېلىجان سېلىنىپ بېقىلغاندىن كېيىن، ئىككى ئامباردىن يىلىغا ئىككى توننا بېلىق تۇتۇلدى. 1979 - يىلىناھىيە بويىچە ئېلىنغان بېلىق 6000كىلوگرامغا يەتتى. 1980- يىللارنىڭ باشلىرىدا ناھىيىلىك دېھقانچىلىق مەيدانى ۋە سەيلى، كۆيباغ، ئايكۆل، يىما قاتارلىق يېزىلاردا سۇغا سېلىنغان بېلىجان 100 مىڭدىن ئاشتى. 1984 - يىلى ناھىيە بويىچە 7300 مو سۇ يۈزىدە بېلىق بېقىلدى، سۇنىڭ تېمپېراتۇرىسى تۆۋەن، سۇدىكى ئوزۇقلۇق ماددىلار ناچار بولغاچقا، كۆپ ساندىكى بېلىقلار ئوزۇقلىنالماي، چىقىدىغان بېلىقنىڭ مىقدارى يۇقىرى بولمىدى. 1980 - يىلدىن 1984 - يىلغىچە جەمئىي 31 مىڭ كىلوگرامدىن ئارتۇق بېلىق ئېلىندى.

## § 4 . ھەسەل ھەرىسى بېقىش

ناھىيە تەۋەسىدە ھەسەل مەنبەسى مول. ئاساسلىق ھەسەل مەنبەسى ئۆسۈملۈكلىرىدىن ئۆرۈك، شاپتۇل، نەشپۈت، ئالما، تۇخۇمەك، كېۋەز، بىدە، قاشقا بىدە، ئاپتاپپەرەس، قوغۇن تۈرىدىكى ئۆسۈملۈكلەرنىڭ چېچەكلىرىۋە ياۋا گۈل - گىياھ قاتارلىقلار بار. لېكىن چېچەك مەزگىلىنىڭ تارقىلىشى ئوخشاش بولمىغانلىقى، ئاپتاپپەرەس كۆپ تېرىلمىغانلىقى ئۈچۈن، 7 - ئايدىن كېيىن ھەسەل مەنبەسى يېتىشمەيدۇ نەتىجىدە، ھەرە باققۇچى ئائىلىلەر يېڭىشەھەر قاتارلىق جايلارغا كۆچۈپ بېرىپ ھەرە بېقىشقا مەجبۇر بولىدۇ.

ھەرە بېقىش 1960 - يىلى باشلانغان، شۇ يىلى ناھىيىلىك دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق ئىدارىسى ئىتالىيىدىن 40 توپ ھەرە كەلتۈرۈپ سىناق تەرىقىسىدە باقتى. 1962 - يىلى يىما، گۈلباغ، ئىككىسۇ گۇڭشېلىرى ھەرە باقتى، ھەرە توپى 100دىن ئاشتى. كېيىن خادىملارنىڭ يۆتكىلىپ تۇرۇشى، ياخشى باشقۇرۇلمىغانلىقى تۈپەيلىدىن، 1970 - يىلى ھەرە بېقىش توختىتىلدى. 1979 - يىل 5 - ئايدا ھەرە بېقىش ماھىرى لۇ يېخۇڭ تەكلىپ قىلىندى، شۇ يىلى ئىتالىيىدىن 34 توپ ھەسەل ھەرىسى كەلتۈرۈلۈپ، 1500 كىلوگرام ھەسەل ئېلىندى. 1981 - يىلى ھەرە 70 توپقا، ئېلىنغان ھەسەل 3500 كىلوگرامغا يەتتى، ئۈچ نەپەر شاگىرت تەربىيىلەندى، ئۈلار گۈلباغ، سەيلى ۋە ئايكۆل يېزىلىرىدا ھەسەل ھەرىسى باققۇچى كەسپىي ئائىلىلەردىن بولۇپ قالدى. 1984 - يىلى ناھىيە بويىچە 300 توپ ھەسەل ھەرىسى بېقىلىپ، 15 مىڭ كىلوگرام ھەسەل ئېلىندى.

بۇ يەردە بېقىلغان ھەسەل ھەرىسى جەھەتتە، ئىتالىيە ھەرىسىنىڭ ئىپادىسى ئەڭ ياخشى بولدى.

ھەسەل ھەرىلىرىدە بولىدىغان كېسەللىكلەردىن ئامېرىكا قىتئەسىنىڭ يۇمران مايسىلارغا چۈشىدىغان سېسىش كېسەللىكى، خالتىلىق قۇرت كېسەللىكى قاتارلىقلار بار.

## § 5 . دورا يىغىش

ناھىيە تەۋەسىدە دورا ماتېرىياللىرى بايلىقلىرىدىن توشقان زەدىكى، چۇچۇك بۇيا، زاراڭزا، چاكاندا، سېرىق يۇگەي، پاقا يوپۇرمىقى، ئالقات، شۇمبۇيا، قىرىق بوغۇم، قۇشقاچتىل، قومۇش، مامكاپ، ئوغرى تىكەن، بۇدۇشقاق، ئىت ياڭىقى، يالپۇز، ئىتئۈزۈمى، چوڭ خوخا، بۇيا، ياۋا سوپۇرگە، بوز تىكەن، سېمىز ئوت، لوپنۇركەندىرى، يانتاق، شاپتۇل مېغىزى، ئاچچىق ئۆرۈك مېغىزى قاتارلىقلار بار. بۇنىڭ ئىچىدە چۇچۇك بۇيا، زاراڭزىنىڭ يىغىلىش مىقدارى ئەڭ كۆپ، ئۇلارنى ناھىيىلىك تاشقى سودا ئىدارىسى، دورا شىركىتى ھەر يىلى سېتىۋالىدۇ. 1984 - يىلى 68 مىڭ 500 كىلوگرام چۇچۇك بۇيا سېتىۋېلىندى. ناھىيىلىك دوختۇرخانىمۇ بىر قىسىم جۇڭيى دورا ماتېرىيالىنى سېتىۋالىدۇ، مىللىي تېبابەت شىپاخانىلىرىمۇ دائىم تۇرلۇك دورا ئۆسۈملۈكلىرىنى يىغىدۇ.

# VIII باب

# سۇ ئىشلىرى

ناھىيە سۇغىرىلىدىغان دېھقانچىلىق رايونىغا تەۋە. ھەر مىللەت ئەمگەكچى خەلقى بۇ بوستانلىقنى ئېچىشنىڭ دەسلىپىدىلا ئاددىي سۇ باشلاش قۇرۇلۇشلىرىنى ئېلىپ بارغان. چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى دەۋرلىرىدە ئۈچ چوڭ ئۆستەڭ سىستېمىسى شەكىللەنگەن. «شىنجاڭنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى» دە «1911 - يىلى پوسكامدا ئىككى ئاساسىي غول ئۆستەڭ بولۇپ، ئۇنىڭ بىرى تۆۋەنكى پوسكام ئۆستىڭى دەپ ئاتىلىدۇ، ئۇرنى قاغىلىق ناھىيە بازىرىنىڭ 165 چاقىرىم غەربىي شىمالىدا بولۇپ، قاشتېشى دەرياسى ئېغىزى (يەكەن دەرياسى ئېغىزى) دىن باشلىنىدۇ، ئۇزۇنلۇقى 150 چاقىرىم، كەڭلىكى ئىككى گەز كېلىدۇ، 46 تارمىقى بار»، يەنە بىرى «بەشكەنت ئۆستىڭى دەپ ئاتىلىدۇ، ئورنى قاغىلىق ناھىيە بازىرىنىڭ 150 چاقىرىم غەربىي شىمالىدا بولۇپ، يەكەن دەرياسىدىن باشلىنىدۇ، ئۇزۇنلۇقى 280 چاقىرىم، كەڭلىكىنىڭ بەزى جايلىرى تۆت گەز، بەزى جايلىرى بەش گەز كېلىدۇ، 25 تارمىقى بار» دەپ خاتىرىلەنگەن. بۇ ئىككى غول ئۆستەڭ بىلەن 259 مىڭ 700 مو تېرىلغۇ يەر (ئەينى چاغدا پوسكام ناھىيىسى قاغىلىق ناھىيىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا قارايتتى) سۇغىرىلغان. 1921 - يىلى پوسكام ناھىيە بولۇپ قۇرۇلغاندىن كېيىن، بەزى كىچىك ئۆستەڭلەر بىرلەشتۈرۈلۈپ، تۆت غول ئۆستەڭ، 18 كىچىك ئۆستەڭ چېپىلغان. 1943 - يىلغا كەلگەندە، ناھىيە بويىچە ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 1628 چاقىرىم

كېلىدىغان. 194 مىڭ 842 مو يەرنى سۇغارغىلى بولىدىغان ئالتە غول ئۆستەڭ، 82 تارماق ئۆستەڭ بار بولغان.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، خەلق ھۆكۈمىتى ئاممىنى سەپەرۋەر قىلىپ ۋە تەشكىللەپ ئېرىق - ئۆستەڭلەرنى ئۆزلۈكسىز رەتلىدى ۋە رېمونت قىلدى. يېڭىدىن ئىككى سۇ ئامبىرى ۋە يورۇشلەشكەن ئىنشائات ياسىلىپ، سۇغىرىلىدىغان يەر كۆلىمى 100 مىڭ مودىن كۆپرەك كېڭەيتىلدى، سۇ ئېنېرگىيىسىدىن پايدىلىنىپ، 13 ئورۇندا سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى، بىر ئورۇندا ئوتتۇرا تىپتىكى سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى، 17 ئورۇندا تۈگمەن ۋە سۇ سوقىسى قۇرۇلدى.

يەكەن دەرياسى يېزا ئىگىلىكىنى مول سۇ مەنبەسى بىلەن تەمىنلەيدۇ، شۇنداقلا ناھىيىدىكى ھەر مىللەت خەلقىگە چەكسىز ئاپەتلەرنىمۇ ئېلىپ كېلىدۇ. كەلكۈن ئاپىتى مۇنبەت ئېتىزلارنى ۋەيران قىلىپ، زور مىقداردا ئادەم كۈچى، ماددىي كۈچ ۋە مالىيە كۈچىنى خورىتىپ، ناھىيىنىڭ يېزا ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇدىغان زاپاس كۈچىنى ئاجىزلاشتۇرىدۇ.

## § 1. ئىنشائات قۇرۇلۇشى

### 1. ئېرىق - ئۆستەڭ قۇرۇلۇشى

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشىغا ئەھمىيەت بەردى. 1950 - يىلى ناھىيىلىك سۇ ئىشلىرى ھەيئىتى قۇرۇلدى، ئۇ پۈتۈن ناھىيىنىڭ سۇ ئىشلىرىنى باشقۇردى ھەمدە خەلق ئاممىسىنى سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىشقا سەپەرۋەر قىلدى ۋە تەشكىللىدى. 1953 - يىلغىچە 2 مىليون 100 مىڭ ئىش كۈنى سەرپ قىلىنىپ، 42 ئۆستەڭ بىرلەشتۈرۈلدى، يېڭىدىن 59 ئۆستەڭ چېپىلدى؛ 429 ئورۇندا چۆشۈرگە ياسالدى، 183 بۇلاق قېزىلدى، 99 توسما ياسالدى. 1953 - يىلدىن 1957 - يىلغىچە ناھىيە بويىچە يەنە ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 1494 كىلومېتر كېلىدىغان2139چوڭ-كىچىك ئېرىق - ئۆستەڭ چېپىلدى. 201 ئورۇندا تۇما ياسالدى، 70ئورۇندىكىچوڭ- كىچىك توسما رېمونت قىلىندى ۋە تولۇقلاندى. بۇ سەككىز يىل داۋامىدا، سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشىدا پىلانلاش كەمچىل، قارىغۇلارچە ئىش كۆرۈش كۆپرەك بولدى، بەزى توسمىلار ھەر يىلى رېمونت قىلىنسا، ھەر يىلى بۇزۇلۇپ، زور مىقداردا ئادەم كۈچى، ماددىي كۈچ ئىسراپ بولدى. 1958-يىلى ناھىيە بويىچە تېخىمۇ زور كۆلەملىك سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشى دولقۇنى قوزغالدى. 1959-يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە يېڭىدىن بەش سۇ ئامبىرى ياسالدى، 292چوڭ - كىچىك سۇغىرىش ئېرىق-ئۆستىڭى چېپىلدى، 4824كونا ئېرىق - ئۆستەڭ رەتلەندى ۋە رېمونت قىلىندى، 3857چوڭ-كىچىك سۇ ئىنشائاتى يېڭىدىن ياسالدى ۋە رېمونت قىلىندى، 2 مىليون 815 مىڭ كۇب مېتر توپا قېزىلدى، 3 مىليون 988 مىڭ ئىش كۈنى سەرپ قىلىنىپ، سۇغىرىلىدىغان كۆلەم 273 مىڭ مو كۆپەيتىلدى.

1958 - يىلى قىشتىن 1960 - يىلى ئەتىيازغىچە، پوسكام ناھىيىسى ئاساس قىلىنىپ، يەكەن، مەكىت، قاغىلىق ناھىيىلىرى بىرلىكتە تەخمىنەن 1 مىليون ئىش كۈنى سەرپ قىلىپ، ئۇزۇنلۇقى 13 كىلومېتر كېلىدىغان، لايىھەدىكى ئېقىم مىقدارى 60 كۇب مېتر/سېكۇنت

بولغان، يەكەن دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمىدىكى شەرقىي باش غول تاش ئۆستەڭنى ياساپ چىقتى.

1963 - يىلى ئاقتام، جايتوغراق، توغراقلىق تارماق ئۆستەڭلىرىنى ئۆزگەرتىپ ياساش قۇرۇلۇشى پىلان بويىچە ئورۇندالدى. ئۇنىڭدىن باشقا، تۇغچى ئۆستىڭىنى ئۆزگەرتىپ ياساشنىڭ 1 - قارارلىق قۇرۇلۇشى ۋە تالقىچى ئۆستىڭىنى ئۆزگەرتىپ ياساش قۇرۇلۇشى ئورۇندالدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 1768 كىلومېتر كېلىدىغان 738 چوڭ - كىچىك ئېرىق - ئۆستەڭ رەتلەندى ۋە رېمونت قىلىندى، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 648 كىلومېتر كېلىدىغان 944 ھەر دەرىجىلىك سۇ چىقىرىۋېتىش ئېرىقى ۋە 152 ئورۇندىكى ئىنشائات رەتلەندى ۋە رېمونت قىلىندى.

كېيىن، يېزىلاردىكى «بەشتە ياخشى قۇرۇلۇش» نىغا بىرلەشتۈرۈلۈپ، 800 مىڭ ئىش كۈنى سەرپ قىلىنىپ، 1450 كىلومېتر ئۇزۇنلۇقتىكى 1400 چە تارماق ئېرىق - ئۆستەڭ، ئوق ئېرىق، ئېرىقچە ۋە زەيكەش ئۆزگەرتىپ ياسالدى. يۇقىرىدا ئېيتىلغان ئېرىق - ئۆستەڭلەر ياسالغانلىقتىن، 1984 - يىلغىچە ناھىيە بويىچە بىر قەدەر چوڭراق بولغان پوسكام، بەشكەنت، جايتوغراق ئۆستەڭلىرىدىن باشقا، قالغان يېزىلارنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئۆستەڭلەر ئاساسەن يېڭىلاندى، ناھىيە بويىچە ئۆستەڭ سىستېمىسىدىن پايدىلىنىش كوئېففېتسېنتى تەخمىنەن 4 . 0 بولدى.

1984 - يىلى سۇغىرىش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش، سۇغىرىش كۆلىمىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن، ناھىيە بويىچە 53 مىڭ مو ئۆلچەملىك سۇغىرىش رايونى بەرپا قىلىندى، 7 . 28 كىلومېتر ئۇزۇنلۇقتا سۇلىياۋ يوپۇق يېپىلىپ، تاش ياتقۇزۇلۇپ سۇ سىڭمەس ئۆستەڭ، 68 ئورۇندا بېتون سۇڭگۈچ ۋە كۆۋرۈك، چۈشۈرگە قاتارلىق ئىنشائاتلار ياسالدى، 8 . 96 كىلومېتر ئۇزۇنلۇقتا 140 زەيكەش چېپىلدى ۋە رەتلەندى، بۇنىڭ ئىچىدە يېڭىدىن چېپىلغان زەيكەش 11 بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى 30 كىلومېتر. ناھىيە بويىچە ئومۇمىي سوغىرىش كۆلىمى 787 مىڭ موغا، ئۈنۈملۈك سۇغىرىش كۆلىمى 428 مىڭ موغا يېتىدۇ.

## 2 . غول ئۆستەڭلەرنىڭ قىسقىچە ئەھۋالى

1) **تۆۋەن شەرقىي باش غول ئۆستەڭ** بۇ ئۆستەڭنىڭ قۇرۇلۇشى 1958 - يىلى باشلانغانىدى، ئۇنىڭغا پوسكام ئاساس قىلىنغان ھالدا پوسكام، يەكەن، قاغىلىق، مەكىتتىن ئىبارەت تۆت ناھىيە قاتناشتى. بۇ ئۆستەڭنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 13 كىلومېتر، ئۆستىنىڭ كەڭلىكى 24 مېتر، تېگىنىڭ كەڭلىكى 12 مېتر، چوڭقۇرلۇقى 5 . 3 مېتر، ئېقىم مىقدارى 60 كۇب مېتر/سېكۇنت. بۇ، غول تاش ئۆستەڭ بولۇپ، 1960 - يىلى ئەتىيازدا پۈتۈپ سۇ باشلاندى. ئۇ، ناھىيىنىڭ سۇ باشلىنىدىغان تايانچ غول ئۆستىڭى، بۇ ئۆستەڭ ئارقىلىق سۇغىرىلىدىغان يەر كۆلىمى 523 مىڭ مو بولۇپ، ناھىيە بويىچە سۇغىرىلىدىغان يەر كۆلىمىنىڭ 4 . 66 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ.

2) **جەنۇبنىڭ سۈيىنى شىمالغا يۆتكەش ئۆستىڭى** بۇ ئۆستەڭ جەنۇبتا تۇغچى يېزىسىنىڭ ئاياغئاچما كەنتىدىن باشلىنىپ، شىمالدا گۈلباغ يېزىسىنىڭ ئارا مەھەللە كەنتىگە بارغاندا پوسكام ئۆستىڭى بىلەن تۇتىشىدۇ، ئۆستەڭنىڭ يېڭىدىن چېپىلغان قىسمى 17 كىلومېتر، كونا ئۆستەڭدىن پايدىلىنىلغان قىسمى 16 كىلومېتر، جەمئىي ئۇزۇنلۇقى 33 كىلومېتر. ئۆستەڭنىڭ ئۈستىنىڭ كەڭلىكى ئون مېتر، تېگىنىڭ كەڭلىكى 5 . 2 مېتر، چوڭقۇرلۇقى 9 . 1 مېتر، ئېقىم مىقدارى ئىككى كۇب مېتر/سېكۇنت، ئۆستەڭنىڭ يېڭىدىن چېپىلغان قىسمىدا 40 ئورۇندا كۆۋرۈك، سۇڭگۈچ، چۈشۈرگە قاتارلىق ئاساسلىق ئىنشائاتلار ياسالدى. بۇ ئۆستەڭ ئارقىلىق

يىما يېزىسى ۋە گۈلباغ يېزىسى ئەگرىتېرەك كەنتىنىڭ 460 مىڭ مو تېرىلغۇ يېرى سۇغىرىلىدۇ، بۇ ئۆستەڭ 1975 - يىلى ئۆلچەپ بېكىتىلىپ، 1977 - يىلى چېپىلىشقا باشلىغانىدى. 1980- يىلى پۈتتى. جەمئىي 800 مىڭ ئىش كۈنى سەرپ قىلىنىپ، 380 مىڭ كۇب مېتىر توپا قېزىلدى، ئۇنىڭغا ئازكەم 1 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت سالغان مەبلەغ 200 مىڭ يۈەن.

1984 - يىلى پوسكام ناھىيىسىنىڭ ئۆستەڭ سىستېمىسىدىكى چوڭ غول ئۆستەڭلەردىن تۆۋەن شەرقىي باش غول ئۆستەڭ، شەرقىي كەلكۈن باشلاش باش غول ئۆستىڭى بار بولدى.

**تۆۋەن شەرقىي باش غول ئۆستەڭ** بۇ، ئۆستەڭگە بەشكەنت ئۆستىڭى، پوسكام ئۆستىڭى، كونا كۆكۆمەت ئۆستىڭى، ئاقتام ئۆستىڭى ۋە جايتوغراق ئۆستىڭى قارايدۇ. بۇنىڭ ئىچىدىكى بەشكەنت ئۆستىڭىگە توزاقچى ئۆستىڭى، سول ھازىتام ئۆستىڭى، ئوڭ ھازىتام ئۆستىڭى، قۇلغان ئۆستىڭى، يوسا ئۆستىڭى، ئاچما ئۆستىڭى، يۇقىرىقى قارايۇلغۇن ئۆستىڭى، تۆۋەن قارايۇلغۇن ئۆستىڭىدىن ئىبارەت سەككىز تارماق ئۆستەڭ قارايدۇ.

پوسكام ئۆستىڭىگە تالقىچى ئۆستىڭى، يۇقىرى غوڭرات ئۆستىڭى، تۆۋەن غوڭرات ئۆستىڭى، ئاقتىچى ئۆستىڭى، ئايكۆل ئۆستىڭى، قۇيباغ ئۆستىڭى، شەيدان ئۆستىڭى، پاختىچى ئۆستىڭى، ئوچتۇما ئۆستىڭى، قاراسا ئۆستىڭى، قۇتچى ئۆستىڭى، قاراباغ ئۆستىڭى، قالغىئېرىق ئۆستىڭى، سۆگەتئېرىق ئۆستىڭى، دارغىچى ئۆستىڭى، باغئېرىق ئۆستىڭى، موغاللا ئۆستىڭى، مېرپىغىل ئۆستىڭى، تېتىرباغ ئۆستىڭى، قۇمشىرىق ئۆستىڭى، دەپسەڭ ئۆستىڭى، ئوي ئۆستىڭى، ئارامەھەللە ئۆستىڭى، ئەگرىتېرەك ئۆستىڭىدىن ئىبارەت 24 تارماق ئۆستەڭ قارايدۇ.

**شەرقىي كەلكۈن باشلاش باش غول ئۆستىڭى** بۇ ئۆستەڭگە توغچى ئۆستىڭى، كۆيباغ ئۆستىڭى قارايدۇ.

توغچى ئۆستىڭىگە يەنە توغچى ئۆستىڭى بىلەن ساڭ ئۆستىڭىدىن ئىبارەت ئىككى ئۆستەڭ قارايدۇ.

كۆيباغ ئۆستىڭىگە سېرىم ئۆستىڭى، كۆيباغ ئۆستىڭى، سايئېرىق ئۆستىڭىدىن ئىبارەت ئۈچ تارماق ئۆستەڭ قارايدۇ.

بۇنىڭدىن باشقا، يەنە يەكەن دەرياسىدىن بىۋاسىتە سۇ باشلىنىدىغان ياسىدۇن ئۆستىڭى، پىچانچى ئۆستىڭى، قارىغات ئۆستىڭى، پايناپ چاقا ئۆستىڭىدىن ئىبارەت تۆت ئۆستەڭ بار.

بىر بۇلاق سۈيى ئۆستىڭى بولۇپ، ئۇ، ئالاغىر ئۆستىڭى، جەنۇبنىڭ سۈيىنى شىمالغا يۆتكەش ئۆستىڭى، ئىتتىپاق ئۆستىڭىنى سۇ بىلەن تەمىنلەيدۇ.

## 3 . سۇ ئامبىرى

1) **ساڭ سۇ ئامبىرى** بۇ سۇ ئامبىرى توغچى يېزىسىنىڭ ئىككى كىلومېتىر شەرقىگە جايلاشقان، يۇقىرى، ئوتتۇرا، تۆۋەن ئۈچ سۇ ئامبىرىدىن تەركىب تاپقان، ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى 5000 مو، سۇ يۈزى 2400 مو، دامبىسىنىڭ يۈزىنىڭ كەڭلىكى ئون مېتىر، نورمال سۇ ئورنى ئۈچ مېتىر، ئادەتتىكى سۇنىڭ چوڭقۇرلۇقى 16 مېتىر، ئامبارنىڭ ئومۇمىي سىغىمچانلىقى 10 مىليون كۇب مېتىر، ئۈنۈملۈك سىغىمچانلىقى 8 مىليون كۇب مېتىر، ئەمەلىيەتتە 5 مىليون كۇب مېتىر سۇ قاچىلىغىلى بولىدۇ. ئامبارنىڭ شەرقىگە 65 مېتىر ئۇزۇنلۇقتا سۇ باشلاش سۇڭگۈچى ئورنىتىلغان، بۇ ئامبارنىڭ سۈيىدىن 59 مىڭ مو يەر مەنپەئەتلىنىدۇ.

ساڭ سۇ ئامبىرى ئەسلىدە تەبىئىي قومۇشلۇق كۆل بولۇپ، شۇ يەردىكى بۇلاق سۈيىنى سۇ مەنبەسى قىلاتتى. 1959 - يىلى دامبا ياساش قۇرۇلۇشى باشلىنىپ، 1961 - يىلى پۈتتۈرۈلۈپ سۇ قاچىلاندى، بۇنىڭغا 600 مىڭ ئىش كۈنى سەرپ قىلىندى. 1980 - يىلدىن ئىلگىرى چۇشۇرگە ئېغىزى ئۆزگەرتىلدى، 840 مېتر دامبىنىڭ يۈزىنى كېڭەيتىش قۇرۇلۇشى (پۈتونلەي تاش ياتقۇزۇلدى) تاماملاندى. ئامباردىن يىلىغا 750 كىلوگرام بېلىق ئالغىلى بولىدۇ، ئۇ، ناھىيىنىڭ ئەڭ زور سۇ ساقلاش قۇرۇلۇشى ھېسابلىنىدۇ.

**ناھىيە بويىچە سۇ ئىنشائاتىغا مەبلەغ سېلىش جەھەتتىكى تولۇقلىما ياردەم پۇلى**

2 . 8 . 1 - جەدۋەل

| يىللار | سېلىنغان ئومۇمىي مەبلەغ (10 مىڭ يۈەن) | يىللار | سېلىنغان ئومۇمىي مەبلەغ (10 مىڭ يۈەن) |
|---|---|---|---|
| 1958 | 6.08 | 1973 | 38.6 |
| 1959 | 6.08 | 1974 | 17 |
| 1960 | 〃 〃 | 1975 | 19.5 |
| 1961 | 〃 〃 | 1976 | 11.5 |
| 1962 | 〃 〃 | 1977 | 23.3 |
| 1963 | 〃 〃 | 1978 | 31.8 |
| 1964 | 4.2 | 1979 | 45 |
| 1965 | 8 | 1980 | 29.9 |
| 1966 | 7.5 | 1981 | 43.7 |
| 1967 | 1 | 1982 | 84.8 |
| 1968 | 1 | 1983 | 64.1 |
| 1969 | 1.5 | 1984 | 51 |
| 1970 | 4.2 | | |
| 1971 | 15.1 | | |
| 1972 | 15 | | |

ئىزاھات: ناھىيە بويىچە سۇ ئىنشائاتىغا سېلىنغان مەبلەغ جەھەتتىكى ياردەم ناھىيە، ۋىلايەت، ئاپتونوم رايون بەرگەن ياردەمنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

2) **ئاقتام سۇ ئامبىرى** بۇ سۇ ئامبىرى ئاقتام يېزىسىنىڭ 2.5 كىلومېتر شىمالىغا جايلاشقان، ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى 4000 مو، سۇ يۈزى 1000 مو، ئامبارنىڭ ئومۇمىي

سىغىمچانلىقى 10 مىليون كۇب مېتىر، ئوتتۇرا تىپتىكى سىغىمچانلىقى 5 مىليون كۇب مېتىر، ئەمەلىيەتتە 3 مىليون كۇب مېتىر سۇ قاچىلىغىلى بولىدۇ، دامبىسىنىڭ ئېگىزلىكى ئون مېتىر، دامبا يۈزىنىڭ كەڭلىكى بەش مېتىر، ئۇزۇنلۇقى 4000 مېتىر، ئادەتتە سۇنىڭ چوڭقۇرلۇقى ئالتە مېتىر، ئۇنىڭغا توزاقچى ئۆستەڭنىڭ سۈيى قويۇلىدۇ، بۇ ئامبارنىڭ سۈيى بىلەن سۇغىرىلىدىغان يەر كۆلىمى 40 مىڭ مو، ئۇنىڭدىن، ئاساسلىقى، سەيلى يېزىسى پايدىلىنىدۇ. بۇ سۇ ئامبىرىنىڭ قۇرۇلۇشى 1973 - يىلى باشلانغانىدى. 1977 - يىلى پۈتۈپ سۇ قاچىلاندى، جەمئىي 2 مىليون ئىش كۈنى سەرپ قىلىندى.

## 4 . زەيكەش سىستېمىسى

پوسكام ناھىيىسى يەكەن دەرياسى بىلەن تىزناپ دەرياسىنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقانلىقتىن، يەر ئاستى سۈيىنىڭ ئورنى ئېگىزرەك. 1958 - يىلدىكى مەلۇماتقا قارىغاندا، شورلۇق يەر ئومۇمىي تېرىلغۇ يەر كۆلىمىنىڭ 55 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدىكەن، گۈلباغ، ئىككىسۇ يېزىلىرى ۋە دېھقانچىلىق مەيدانىدا شور زىيان سالىدىغان يەر كۆلىمى ئومۇمىي تېرىلغۇ يەر كۆلىمىنىڭ 68 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ، ناھىيىنىڭ باشقا يېزا، مەيدانلىرىدىمۇ ئاز - تولا شورلاشقان يەرلەر بار. يەرنى شور بېسىپ كېتىشنى تىزگىنلەش ئۈچۈن، ناھىيە بويىچە 496 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا غول، تارماق، ئوق زەيكەش ۋە سۇ چىقىرىۋېتىش ئېرىقى چېپىلدى. 1984 - يىلى ناھىيە بويىچە شورلۇق يەر كۆلىمى تەخمىنەن 130 مىڭ مو بولۇپ، ناھىيە بويىچە تېرىلغۇ يەر كۆلىمىنىڭ 19.31 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئېغىر دەرىجىدە شورلاشقان يەر تەخمىنەن %10نى ئىگىلەيدۇ. ئاساسلىق غول زەيكەشتىن بەشى بار.

1) **پايناپ زەيكىشى** بۇ زەيكەشنىڭ ئۇزۇنلۇقى 21 كىلومېتىر، چىقىرىلىدىغان زەي سۇ مىقدارى ئۈچ كۇب مېتىر/سېكۇنت، بۇ، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن چېپىلغان تۇنجى غول زەيكەش، بۇ زەيكەشتىن مەنپەئەتلىنىدىغان يەر كۆلىمى 50 مىڭ مو.

2) **تۆۋەن گۈلباغ زەيكىشى** بۇ زەيكەشنىڭ ئۇزۇنلۇقى 13 كىلومېتىر، چىقىرىلىدىغان زەي سۇ مىقدارى ئىككى كۇب مېتىر/سېكۇنت، بۇ، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن چېپىلغان 2 - غول زەيكەش، بۇ زەيكەشتىن مەنپەئەتلىنىدىغان يەر كۆلىمى 30 مىڭ مو.

3) **يىلقى زەيكىشى** بۇ زەيكەشنىڭ ئۇزۇنلۇقى 15 كىلومېتىر، چىقىرىلىدىغان زەي سۇ مىقدارى ئىككى كۇب مېتىر/سېكۇنت، بۇ زەيكەشتىن مەنپەئەتلىنىدىغان يەر كۆلىمى 20 مىڭ مو، بۇ زەيكەشنىڭ ئوتتۇرا ئېقىمى قەدىمكى تەبىئىي زەيكەش بولۇپ، يۇقىرى، تۆۋەن ئېقىملىرى يېڭىدىن چېپىلغان.

ئۇنىڭدىن باشقا، يەنە ئاچچىقيار، تاغارچى زەيكىشىدىن ئىبارەت ئىككى قەدىمكى تەبىئىي زەيكەش بار.

يېزا، مەيدانلار زەيكەشلەرنى ئوبدان ئاسرىمىغانلىقى، باشقۇرۇشقا ئەھمىيەت بەرمىگەنلىكى، سۇغىرىشقىلا ئەھمىيەت بېرىپ، زەي سۇلارنى چىقىرىۋېتىشكە ئەھمىيەت بەرمىگەنلىكى ئۈچۈن، زەيكەشلەر تىنىپ كېتىپ، زەي سۇلار راۋان چىقىپ كېتەلمىدى. بەزىلەر زەيكەشتە تۈگمەن چۆرگەچكە، زەي سۇ يوللىرىدا سۇنئىي توساق پەيدا بولدى. بەزىلەر زەيكەشنى كۆلچەك قىلىۋالغاچقا، زەيكەشنىڭ زەي سۇلارنى چىقىرىۋېتىش، شورنى تىزگىنلەش رولى تولۇق جارى قىلدۇرۇلمىدى. مانا بۇلار كىشىلەرنىڭ دىققەت - ئېتىبارىنى قوزغىدى.

1978 - يىلدىن 1984 - يىلنىڭ ئاخىرىغىچە ماشىنىلاشقان قۇدۇقتىن 18ى قېزىلىپ، قۇدۇق سۈيى بىلەن سۇغىرىلىدىغان يەر كۆلىمى 1300 موغا يەتكۈزۈلدى.

## § 2. سۇ ئېنېرگىيىسىدىن پايدىلىنىش

ناھىيە تەۋەسىدىكى سۇ ئورنىنىڭ پەرقى زور، سۇ ئېنېرگىيە مەنبەسى مول، ھەر مىللەت خەلق ئاممىسى خېلى بۇرۇنلا سۇ ئېنېرگىيىسىدىن پايدىلىنىپ تۈگمەن، سوقا چۆرۈپ، ئۇلارنى تۇرمۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرغان. 1921 - يىلى ناھىيە بويىچە 2 - دەرىجىلىك تۈگمەندىن ئالتىسى، 3 - دەرىجىلىك تۈگمەندىن 23ى، 4 - دەرىجىلىك تۈگمەندىن 51ى، 5 - دەرىجىلىك تۈگمەندىن 42سى، 6 - دەرىجىلىك تۈگمەندىن 14ى، 7 - دەرىجىلىك تۈگمەندىن بەشى، يەنى جەمئىي 141 تاش تۈگمەن، 128 سوقا بار ئىدى. 1944 - يىلى تۈگمەن ۋە سوقا 291 گە يەتكەن. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، 50 - يىللاردا يېڭىدىن 17 تاش تۈگمەن چۆرۈلدى. 70 - يىللارغا كەلگەندە، ناھىيە بويىچە تۈگمەن ۋە سوقا 308گە يەتتى. ئېلېكتر قۇۋۋىتى ئىشلىرىنىڭ راۋاجلىنىشىغا، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ كېڭەيتىلىپ ئىشلىتىلىشىگە، ئېرىق - ئۆستەڭلەرنىڭ ئۆزگەرتىلىشىگە ئەگىشىپ، 80 - يىللارغا كەلگەندە، كۆپ ساندىكى تۈگمەن، سوقىلار بۇزۇۋېتىلدى. تۈگمەن، سوقا چۆرۈلگەندىن باشقا، سەيلى يېزىسىدىكى دېھقان ناسىرجان 1954- يىلى سۇ كۈچى بىلەن ماڭىدىغان بىر پاختا زاۋۇتى ۋە بىر جۇۋاز قۇردى.

1959 - يىلى كىچىك تىپتىكى سۇ ئېلېكتر ئىشلىرى راۋاجلىنىشقا باشلىدى. 1984 - يىلغىچە ناھىيە بويىچە 14 ئورۇندا كىچىك تىپتىكى سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى ئارقا - ئارقىدىن قۇرۇلدى. ئۇلارنىڭ گېنېراتورلىرىنىڭ ئومۇمىي سىغىمچانلىقى 5846 كىلوۋاتقا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە نورمال مېڭىۋاتقىنى توققۇز بولۇپ، گېنېراتورلىرىنىڭ سىغىمچانلىقى 5535 كىلوۋاتقا يېتىدۇ، ئۇلار ھاسىل قىلغان توك مىقدارى 11 مىليون 500 مىڭ كىلوۋاتقا يەتتى، بۇنىڭ بىلەن ناھىيە بويىچە 83.3% ئائىلە توك ئىشلىتىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدى.

## § 3. كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش

### 1. كەلكۈننىڭ سەۋەبلىرى

يەكەن دەرياسى ناھىيىنى سۇ مەنبەسى بىلەن تەمىنلەيدۇ، لېكىن يەكەن دەرياسى تاغ ئۈستىدىكى يامغۇر ۋە قار سۇلىرى ئارقىلىق سۈيى تولۇقلىنىدىغان دەريا بولغانلىقتىن، ھاۋا تېمپېراتۇرىسىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ، ھەر يىلى 6 -، 7 -، 8 - ئايلاردا كەلكۈن ئاپىتى پەيدا بولىدۇ.

يەكەن دەرياسىدا كەلكۈن پەيدا بولۇشتا مۇنداق ئۈچ تۈرلۈك سەۋەب بار: كەلكۈن بىرىنچى، قارنىڭ ئېرىشىدىن، ئىككىنچى، قاتتىق يامغۇر يېغىشتىن، ئۈچىنچى، توسمىنىڭ يار ئېلىپ كېتىشىدىن پەيدا بولىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە خەۋپى ئەڭ زور بولىدىغىنى توسمىنى يار ئېلىپ كېتىشتىن پەيدا بولىدىغان كەلكۈندۇر. ئالاقىدار تارماقلار يەكەن دەرياسىدا مۇزنىڭ ئېرىشىدىن پەيدا بولىدىغان كەلكۈننى تەكشۈرۈپ شۇنى ئىسپاتلىدىكى، يەكەن دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىمىنىڭ ئاساسلىق تارمىقى بولغان گۈلجىن دەرياسىنىڭ يۇقىرىسىدا بىر مۇز ئامبىرى بولۇپ، ئۇ، ئىندىرا مۇز كۆلى دەپ ئاتىلىدۇ. كۆل دامبىسىنىڭ ئېگىزلىكى تەخمىنەن 70 مېتىردىن ئاشىدۇ. كۆلگە ئەڭ كۆپ بولغاندا تەخمىنەن 260 مىليون كۇب مېتىر سۇ سىغىدۇ، مۇبادا دامبا يار ئېلىپ كەتسە، ئېقىم مىقدارى سېكۇنتىغا نەچچە مىڭ ھەتتا نەچچە ئون مىڭ كۇب مېترغا يېتىدىغان

يەكەن دەرياسىنىڭ ئىلگىرىكى يىللاردىكى كەلكۈن پەللىسىنىڭ ئېقىم مىقدارى

2 ـ 8 ـ 2 ـ جەدۋەل

| تەرتىپى | ۋاقىت تەرتىپى بويىچە تىزىلىشى | | ئېقىم مىقدارىنىڭ ئاز ـ كۆپلۈكى بويىچە تىزىلىشى | |
|---|---|---|---|---|
| | يىللار | ئېقىم مىقدارى (كۇب مېتىر/سېكۇنت) | يىللار | ئېقىم مىقدارى (كۇب مېتىر/سېكۇنت) |
| 1 | 1880 | 9140 | 1880 | 9140 |
| 2 | 1897 | 5120 | 1961 | 6270 |
| 3 | 1917 | 3000 | 1897 | 5120 |
| 4 | 1932 | 3920 | 1978 | 4700 |
| 5 | 1953 | 1390 | 1971 | 4570 |
| 6 | 1954 | 1710 | 1984 | 4570 |
| 7 | 1955 | 1240 | 1932 | 3920 |
| 8 | 1956 | 1280 | 1968 | 3020 |
| 9 | 1957 | 1120 | 1917 | 3000 |
| 10 | 1958 | 1320 | 1977 | 2670 |
| 11 | 1959 | 2460 | 1959 | 2460 |
| 12 | 1960 | 1300 | 1964 | 2450 |
| 13 | 1961 | 6270 | 1973 | 2220 |
| 14 | 1962 | 1300 | 1979 | 1960 |
| 15 | 1963 | 1690 | 1965 | 1770 |
| 16 | 1964 | 2450 | 1954 | 1710 |
| 17 | 1965 | 1770 | 1963 | 1690 |
| 18 | 1966 | 1530 | 1974 | 1650 |
| 19 | 1967 | 1550 | 1982 | 1600 |
| 20 | 1968 | 3020 | 1967 | 1560 |
| 21 | 1969 | 1330 | 1983 | 1560 |
| 22 | 1970 | 1000 | 1966 | 1530 |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| 23 | 1971 | 4570 | 1976 | 1520 |
| 24 | 1972 | 1270 | 1981 | 1500 |
| 25 | 1973 | 2220 | 1953 | 1390 |
| 26 | 1974 | 1650 | 1975 | 1340 |
| 27 | 1975 | 1340 | 1969 | 1330 |
| 28 | 1976 | 1520 | 1958 | 1320 |
| 29 | 1977 | 2670 | 1960 | 1300 |
| 30 | 1978 | 4700 | 1962 | 1300 |
| 31 | 1979 | 1960 | 1980 | 1300 |
| 32 | 1980 | 1300 | 1956 | 1280 |
| 33 | 1981 | 1500 | 1972 | 1270 |
| 34 | 1982 | 1600 | 1955 | 1240 |
| 35 | 1983 | 1560 | 1957 | 1120 |
| 36 | 1984 | 4570 | 1970 | 1000 |

كەلكۈن پەيدا بولىدۇ.

XX ئەسىرنىڭ 50 - يىللىرىدىن ئىلگىرى، يەكەن دەرياسىدا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر 15 يىلدىن 20 يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا بىر قېتىم دامبا يار ئېلىپ كېتىش خاراكتېرىدىكى كەلكۈن يۈز بېرىپ تۇراتتى. يېقىنقى 30 نەچچە يىلدىن بۇيان دامبا يار ئېلىپ كېتىش خاراكتېرىدىكى كەلكۈن ئاپىتىنىڭ قېتىم سانى كۆپىيىپ (سەۋەبى تېخى تەكشۈرۈپ ئېنىقلانمىدى) ئىككى يىلدىن تۆت يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا بىر قېتىم يۈز بېرىپ تۇردى. كەلكۈن ناھىيە خەلقىگە ئېغىر يۈك پەيدا قىلدى. ناھىيىدىكى پېشقەدەم سۇ ئىشلىرى خادىملىرىنىڭ مۆلچەرلىشىچە، 1958 - يىلدىن ئىلگىرى، يەكەن دەرياسىنىڭ ئەڭ كەڭ يېرى ئاران بىر كىلومېتر كېلىدىكەن، ھازىر ئەڭ كەڭ يېرى ئۈچ كىلومېتىرغا يەتتى. دەريا قىنى شەرقىي قىرغاقتا 300 مېتىردىن كۆپرەك سۈرۈلۈپ كىرىپ، كۆپلىگەن تېرىلغۇ يەرلەرنى سۇ بېسىپ كەتتى، ناھىيە خەلقى كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش ئۈچۈن چىقارغان ئەمگەك كۈچى، ماددىي كۈچ ۋە مەبلەغ ئۆزىنىڭ كۆتۈرۈش ئىقتىدارىدىن زور دەرىجىدە ئېشىپ كەتتى.

## 2 . كەلكۈنگە تاقابىل تۇرۇپ، خەۋپتىن قۇتقۇزۇش

مىنگو دەۋرىدە، كەلكۈن ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن، ھۆكۈمەت مەكتۇب سۇنۇپ، ئاپەت ئەھۋالىنى مەلۇم قىلىپ، يېزا ئاقساقاللىرىنىڭ ئاشلىق، ئوت - خەسنى كەچۈرۈم قىلىۋېتىشىنى تەلەپ قىلىپلا ئىشنى بولدى قىلاتتى.

خەلق ھۆكۈمىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، خەلق ئاممىسىنىڭ ھاياتى، مال - مۈلكىنىڭ

بىخەتەرلىكىنى قوغداش ئۈچۈن، تولۇق تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئاساسىدا، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 37.5 كىلومېتر كېلىدىغان 23 كەلكۈن تىزگىنلەش نۇقتىسى قۇرۇلدى. بۇنىڭ ئىچىدە يەكەن دەرياسى بۆلىكىدىكىسى 21.5 كىلومېتر، تىزناپ دەرياسى بۆلىكىدىسىكى 16 كىلومېتر. كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش بويىچە نۇقتىلىق رايون بەش، هەر قېتىم كەلكۈن ئاپىتى يۈز بەرگەندە مەخسۇس ئاپپارات قۇرۇلدى، پارتىيە هۆكۈمەت رەهبەرلىرى شەخسەن ئۆزى رىياسەتچىلىك قىلىپ، زور مىقداردا ماددىي ئەشيا ئاجرىتىپ، ئورگان كادىرلىرى ۋە خەلق ئاممىسىنى كەلكۈنگە تاقابىل تۇرۇش، خەۋپتىن قۇتقۇزۇشقا سەپەرۋەر قىلدى ۋە تەشكىللىدى. هەر دەرىجىلىك رەهبەرلەرمۇ 1 - سەپكە ئۆزى بېرىپ، خەلق ئاممىسى بىلەن بىرلىكتە كۈرەش

**پوسكام ناهىيىسىنىڭ 1973 - يىلدىن 1984 - يىلغىچە كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش ئەهۋالىغا دائىر مەلۇمات**

2 - 8 - 3 - جەدۋەل

| يىللار | ياسالغان دامبىنىڭ ئۇزۇنلۇقى (مېتر) | سەرپ قىلىنغان ماددىي ئەشيا: قورام تاش (كۇب مېتر) | شېغىل تاش (كۇب مېتر) | سېمونت (توننا) | پولات چىۋىق (توننا) | سىم (توننا) | ياغاچ (تال) | شاخ-شۇمبا | ئىشلىتىلگەن هارۋا (قېتىم) | قاتناشقان ئەمگەك كۈچى (ئىش كۈنى) | سەرپ قىلىنغان مەبلەغ (يۈەن) | بۇنىڭ ئىچىدە، سۇ ئىشلىرى تارماقلىرى چىقارغان نەق پۇل (يۈەن) |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1973 | 3570 | 23036 | 5800 | | | 29 | 1805 | 23825 | 544 | 49550 | 132050 | 39000 |
| 1974 | 2803 | 25187 | 10300 | | | 50 | 3717 | 63600 | 1428 | 87226 | 226883 | 26800 |
| 1975 | 2680 | 21633 | 1300 | | | 47 | 2299 | 78920 | 1451 | 86200 | 221385 | 26100 |
| 1976 | 1967 | 21772 | | | | 25.5 | 5766 | 88642 | 684 | 75727 | 260450 | 35000 |
| 1977 | 4211 | 31027 | 1306 | | | 41 | 2605 | 41406 | 4605 | 91206 | 205227 | 20600 |
| 1978 | 418 | 47600 | 10900 | | | 62 | 50899 | 76000 | 6906 | 132600 | 297130 | 22900 |
| 1979 | 6710 | 148258 | 15700 | 150 | 30 | 38 | 1899 | 27817 | 2199 | 106440 | 215147 | 55400 |
| 1980 | 2045 | 7720 | | 17 | | 24.5 | 1674 | 22467 | 6861 | 82370 | 230283 | 68370 |
| 1981 | 3743 | 21878 | 11927 | | | 27 | 2738 | 19708 | 2350 | 40013 | 93486 | 20000 |
| 1982 | 2986 | 26610 | 3113 | | | 16.7 | 1225 | 19267 | 14200 | 68500 | 477602 | 25250 |
| 1983 | 15940 | 45000 | 18250 | | | 20.4 | 10800 | 56503 | 46637 | 88100 | 743143 | 41208 |
| 1984 | 10409 | 137147 | | | | 33.6 | 4231 | 1402341 | 76923 | 192499 | 13140661 | 61152 |

قىلىپ، كەلكۈن ئاپىتى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان زىياننى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ئەڭ تۆۋەن دەرىجىگە چۈشۈردى. 1956 - يىل 8 - ئايدا كەلكۈن سۇيى تېشىپ كەتكەندە، ناهىيىدە ناهىيىلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى سالى باۋخې ۋە هاكىم سەمەت ئىبراهىم باشچىلىقىدا كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش قوماندانلىق شتابى قۇرۇلۇپ، بارلىق ئورگان كادىرلىرى ۋە 9000دىن ئارتۇق ئەمگەكچى

كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش ۋاقتىمىزغا بېرىپ كەلكۈنگە تاقابىل تۇرۇشقا سەپەرۋەر قىلىندى. كادىرلار يۇك - تاقلىرىنى ئىش مەيدانىغا ئېلىپ بېرىپ، ئەمگەكچىلەر بىلەن بىللە تاماق يەپ، بىللە يېتىپ - قوپۇپ، كەلكۈن بىلەن ئون كۈن ئېلىشىش ئارقىلىق، ئاخىرى خەۋپ - خەتەرنى تۈگەتتى. كۆپ يىل تىرىشىش ئارقىلىق، ناھىيە بويىچە 29 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈلىدىغان مەزمۇت توسما ياسىلىپ، دەريا سۈيىنىڭ شەرقىي قىرغاقنى يالاپ كېتىش خەۋپى ئازايتىلدى.

1973 - يىلدىن 1984 - يىلغىچە ناھىيە بويىچە كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈشكە 635 مىڭ 464 كۇب مېتىر تاش، 167 توننا سېمونت، 30 توننا پولات چىۋىق، 414.7 توننا سىم، 89 مىڭ 158 تال يەنى 891.58 كۇب مېتىر ياغاچ ماتېرىيال، 558 مىڭ 389 ئۆلاغ شاخ - شۇمبا، 164 مىڭ 788 (قېتىم) هارۋا، 1 مىليون 100 مىڭ 431 ئەمگەك كۈچى، 41 مىليون 416 مىڭ 852 يۈەن مەبلەغ سەرپ قىلىندى.

يەكەن دەرياسىنى تىزگىنلەپ، كەلكۈن ئاپىتىنى ئازايتىش ئۈچۈن، دۆلەت ئارقا - ئارقىدىن مەبلەغ سېلىپ، شەرقىي ئۆستەڭ باش توسمىسىنى، شەرقىي كەلكۈن باشلاش باش غول ئۆستىڭىنى ياسىدى. 1982 - يىل 7 - ئايدا يەنە يەكەن دەرياسىنىڭ كاچۇڭ سۇ باشلاش تۇگۈن قۇرۇلۇشى باشلىنىپ، 1988 - يىلى پۈتتۈرۈلدى. بۇ قۇرۇلۇش سىستېمىلىرىنىڭ ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللىشىشى بىلەن، يەكەن دەرياسىدىكى كەلكۈن سۈيىنىڭ خەۋپى قىسمەن ئازايتىلدى. سۈنى تىزگىنلەش جەھەتتە مۇكەممەل ئىلمىي پىلان كەمچىل بولغانلىقتىن، كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش يەنىلا پاسسىپ ئورۇندا تۇرۇپ كەلدى، بەزى توسمىلار يىلدا ياسالسا، يىلدا بۇزۇلۇپ تۇردى.

## § 4. سۇ مەمۇرىيىتىنى باشقۇرۇش

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى، سۇ ئىشلىرى هوقۇقى پومېشچىكلار ۋە سۇ زومىگەرلىرىنىڭ قولىدا ئىدى. كەمبەغەل دېھقانلار سۇ ئىشلىتىشتە ئۇلارنىڭ ئورۇنلاشتۇرىشىغا بويى سۇنۇشقىلا مەجبۇر بولاتتى. سۇ زومىگەرلىرىنىڭ كۈشكۈرتىشى ئارقىسىدا، دائىم سۇ تالىشىپ قاتتىق ماجرا تۇغۇلاتتى. 1947 - يىلى غوڭراتنىڭ مىراب بېگى بىلەن ناھىيىنىڭ باش مىراب بېگى ئوتتۇرىسىدا هوقۇق ماجراسى يۈز بېرىپ، هەر قايسى تەرەپ 100 دىن ئارتۇق ئادەمنى توپلاپ ئۇرۇشۇپ، ئوندىن ئارتۇق ئادەم يارىلانغانىدى.

50 - يىللاردىن كېيىن، خەلق هۆكۈمىتى سۇ زومىگەرلىكىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، هەر دەرىجىلىك سۇ ئىشلىرى تەشكىلاتلىرىنى قۇرۇپ، تۈرلۈك سۇ ئىشلىتىش تۈزۈملىرىنى تۈزۈپ، سۇ ئىشلىرىنى بارا - بارا مۇۋاپىقلاشتۇردى. ناھىيىلىك سۇ ئېلېكتر ئىدارىسى سۇ باشقۇرۇش بۆلۈمچىسىنىڭ رەھبەرلىكىدىكى ئۈچ سۇ باشقۇرۇش پونكىتى هەر قايسى يېزا - مەيدانلارنىڭ سۇغىرىش ۋە سۇ ئىشلىتىش ئىشلىرىنى بىۋاستە باشقۇردى، هەر قايسى يېزا - مەيدانلاردىكى سۇ باشقۇرۇش گۇرۇپپىلىرى كەنتلەرنىڭ سۇ ئىشلىتىشىگە مەسئۇل بولدى، هەر قايسى تارماق ئۆستەڭلەرنىڭ ئۆستەڭ بېشىدا سۇ ئۆلچەش نۇقتىلىرى تەسىس قىلىندى. يېزا - مەيدانلارنىڭ سۇ باشقۇرۇش گۇرۇپپىلىرى سۈنى هەر كۈنى بىر قېتىم ئۆلچەپ، ئۆلچەش نەتىجىسىنى هەر

قايسى سۇ باشقۇرۇش پونكىتلىرىغا ۋە ئىدارىنىڭ سۇ باشقۇرۇش بۆلۈمچىسىگە مەلۇم قىلىپ تۇردى، ئىدارە بۇنى ئومۇملاشتۇرۇپ، ھەر قايسى يېزا - مەيدانلارغا سۇنى تەڭشەپ تەقسىم قىلىپ بەردى. كەنتلەرنىڭ سۇ باشقۇرۇش خادىملىرى ئوق ئېرىق ۋە سۇغىرىش ئېرىقلىرىنىڭ بېشىغا ئورنىتىلغان سۇ ئۆلچەش توسمىسى ئارقىلىق، كەنتنىڭ سۇغىرىش مىقدارىنى ۋاقىت ۋە توغرا كەسمە يۈزى بويىچە ھېسابلىدى. 1981 - يىلدىن ئىلگىرى مو سانى بويىچە ھەق ئېلىناتتى. قانچىلىك سۇ ئىشلىتىشتىن قەتئىينەزەر، بىر مو يەر ئۈچۈن 52 .0 يۈەندىن 53 .0 يۈەنگىچە سۇ ھەققى ئېلىناتتى. 1982 - يىلدىن ئېتىبارەن، سۇنى پىلانلىق ئىشلىتىش يولغا قويۇلۇپ، كۇب مېتىر بويىچە ھەق ئېلىنىدىغان بولدى، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن بىر مو يەر ئۈچۈن 1.5 يۈەن سۇ ھەققى ئېلىندى. سۇغىرىش ئۇسۇلى جەھەتتە، ئېتىز - ئېرىق قۇرۇلۇشىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، چۆنەكلەپ سۇغىرىش، تاختىلاپ سۇغىرىش، تەدرىجىي ھالدا، باسۇرۇپ سۇغىرىش، سۇنى ئېتىزدىن - ئېتىزغا چىقىرىپ سۇغىرىش ئۇسۇلىنىڭ ئورنىنى باستى.

سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشىنى باشقۇرۇش جەھەتتە، ئىلگىرىكى ياساپلا قويۇپ كارى بولماسلىقتەك ساۋاق قوبۇل قىلىنىپ، 1978 - يىلدىن باشلاپ «كىم ياسىسا شۇ باشقۇرۇش، شۇ مەنپەئەتلىنىش» تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دىن ئىلگىرى، ناھىيە بويىچە يېزىلاردا «بەشتە ياخشى قۇرۇلۇش» ى ئېلىپ بېرىش داۋامىدا، بىر تۈركۈم خېلى ياخشى سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشلىرى ياسالغان بولسىمۇ، كېيىن باشقۇرىدىغان ئادەم بولمىغانلىقتىن ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئاساسەن بىكار بولۇپ كەتتى. پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشى مۇنتىزىملىشىشقا قاراپ ماڭدى. 1984-يىلىلا ناھىيە بويىچە يېڭىدىن 68 ئورۇندا كۆۋرۈك، سۇڭگۈچ، تۇما ياسالدى. بۇ قۇرۇلۇشلارنىڭ رولىنى ئۈزۈنغىچە، ئۈنۈملۈك جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن، باشقۇرۇش ئاپپاراتلىرى تەسىس قىلىنىپ ۋە باشقۇرۇش تۈزۈملىرى ئورنىتىلىپ، ھەر بىر ئىنشائاتقا قاراشقا مەخسۇس ئادەم بولۇش، سۇ باشلاشتىن ئىلگىرى ۋە سۇ توختىغاندىن كېيىن قۇرۇلۇشنىڭ مۇكەممەللىك نىسبىتىنى تەكشۈرىدىغان مەخسۇس ئادەم بولۇش، سۇ ياقىلاش داۋامىدا سۇ نەگە بارسا سۇ باشقۇرغۇچى خادىملار سۇ بىلەن بىللە شۇ يەرگە بېرىپ، سۇ باشقا يەرگە كېتىش، سۇ ئوغرىلاش ھادىسىلىرى كۆرۈلسە، دەرھال كەسكىن توسۇش، ئىنشائاتتا مەسىلە كۆرۈلسە، دەرھال يېزا - مەيدانلارغا ئادەم ئەۋەتىپ ئۆز ۋاقتىدا رېمونت قىلىشنى ئۆتكۈزۈش ئىشقا ئاشۇرۇلدى.

كەڭ دېھقانلار ھۆكۈمەتنىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇپ، سۇ ئىشلىتىش ئەھدىنامىسىنى ئەستايىدىل تۈزۈپ، سۇنى تېجەپ ئىشلىتىشكە ئەھمىيەت بەردى. 1961 - يىل 10 - ئايدا ناھىيىلىك پارتكوم، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى جايلاردىكى دېھقانلار تۈزگەن سۇ ئىشلىتىش ئەھدىنامىسىغا ئاساسەن، «پوسكام ناھىيىسىنىڭ سۇ ئىشلىرى ئەھدىنامىسى (ئۈچ چوڭ ئىنتىزام، سەككىز دىققەت)» نى ئومۇملاشتۇرۇپ تۈزۈپ چىقتى. 23 يىل داۋامىدا، بۇ ئەھدىنامە سۇ باشقۇرۇش كادىرلىرى ۋە دېھقانلارنىڭ سۇ تەقسىم قىلىش ۋە سۇ ئىشلىتىشنىڭ ھەرىكەت مىزانى بولۇپ قالدى.

ئۈچ چوڭ ئىنتىزام

1. بارلىق سۇنى تەڭشەپ بېرىشكە سۇ ئىشلىرى تارماقلىرى مەسئۇل بولۇش، سۇ تالاشماسلىق، سۇ ئوغرىلىماسلىق، سۇنى زورلۇق بىلەن ئىگىلىۋالماسلىق؛

2. ھەر دەرىجىلىك سۇ ئىشلىرى تارماقلىرى سۇ تەقسىم قىلىشتا ئادىل بولۇش، يۈز قارىماسلىق، پارا ئالماسلىق؛

3. يېڭىدىن ياسىلىدىغان بارلىق ئىنشائاتلارنى تەستىقتىن ئۆتكۈزۈش، باشقا ئورۇنلارنىڭ مەنپەئىتىگە دەخلى - تەرۈز يەتكۈزمەسلىك.

سەككىز دىققەت

1. ماجىرا توغۇلسا كېڭىشىپ بىر تەرەپ قىلىش، ئۇرۇشۇشقا، قول سېلىشقا، ئىتتىپاقلىقنى بۇزۇشقا قارشى تۇرۇش؛

2. يۇقىرى ئېقىمدىكىلەر تۆۋەن ئېقىمدىكىلەرگە ئېتىبار بېرىش؛

3. ھازىر بار ئىنشائاتلارنى دائىم رېمونت قىلىپ تۇرۇش، توسما يار ئېلىپ كېتىپ، سۇ قېچىپ كەتسە چوڭ ئىسراپچىلىق بولىدۇ؛

4. كۆپ تەرەپ مەنپەئەتلىنىدىغان ئىنشائاتلاردا ماتېرىيال تەقسىماتى مۇۋاپىق بولۇش؛

5. سۇنى كۆندۈزدە تۇتۇپ، كېچىدە قويۇپ بېرىشكە قارشى تۇرۇش، تىرىشچانلىق بىلەن ئۆزە سۇغىرىشنى كېڭەيتىش؛

6. تاشۇرۇپ سۇغىرىش، سۇنى ئېتىزدىن - ئېتىزغا چىقىرىپ سۇغىرىشنى ئۆزگەرتىپ، چۆنەكلەپ، ئاختىلاپ سۇغىرىپ، تۇپراقنى ياخشىلاش؛

7. سۇ قويۇش گۇرۇپپىلىرىنى ئوبدان تەشكىللەپ، مەسئۇلىيەتچانلىقنى ئۆستۈرۈش؛

8. سۇنى پىلانلىق ئىشلىتىشنى كەڭ يولغا قويۇش، تېجەپ قالغان سۇنى ئۆزىگە قالدۇرۇش.

## 5 § . ئاپپاراتلارنىڭ تەسىس قىلىنىشى

چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە، سۇ ئىشلىرىنى باشقۇرۇدىغان بەگلەر بار ئىدى، بۇ ئەنئەنە مىنگونىڭ 30 - يىللىرىغىچە داۋاملاشقان. 1942 - يىلى (مىنگونىڭ 31 - يىلى) شۇ چاغدىكى ناھىيىلىك مەمۇري ئىشلار ھەيئىتىنىڭ 26 - سانلىق يىغىنىدا قارار چىقىرىلىپ، ناھىيىدە بەش نەپەر سۇ ئىشلىرى خادىمى تەسىس قىلىنغان، ھەر بىر ئادەمگە يىلىغا ئون دەندىن كۆپرەك غەللە-پاراق ئاشلىقى بېرىلگەن.

1951 - يىلى ناھىيىدە ۋاقىتلىق سۇ باشقۇرۇش ئاپپاراتى - سۇ ئىشلىرى ھەيئىتى تەسىس قىلىندى، ئۇنىڭ قارىمىقىدا سۇ تەقسىم قىلىش گۇرۇپپىسى، سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشى گۇرۇپپىسى، تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى تەسىس قىلىندى. 1956 - يىل 7 - ئايدا سۇ ئىشلىرى بۆلۈمى تەسىس قىلىندى، ئۇنىڭغا تۆت شتات بېرىلدى. 1959 - يىلى سۇ ئىشلىرى بۆلۈمى دېھقانچىلىق. چارۋىچىلىق ئىدارىسى بىلەن بىرلەشتۈرۈلدى، ئۇنىڭ قارىمىقىدا سۇ ئىشلىرى بۆلۈمچىسى تەسىس قىلىندى، ئۇنىڭغا 11 شتات بېرىلدى. 1962 - يىلى سۇ ئىشلىرى بۆلۈمى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلانغاندىن كېيىن، ئاپپاراتلار پالەچ ھالەتكە چۈشۈپ قالدى. 1969 - يىلى سۇ ئىشلىرى سىستېمىسى بويىچە ئىنقىلابىي كومىتېت قۇرۇلدى، ئۇ. ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېت ئىشلەپچىقىرىشقا قوماندانلىق قىلىش گۇرۇپپىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە خىزمەتلەرنى قانات يايدۇردى. 1970 - يىلى ئىشلەپچىقىرىشقا قوماندانلىق قىلىش گۇرۇپپىسىنىڭ قارىمىقىدا سۇ ئىشلىرى ئىدارىسى قۇرۇلدى. 1973 - يىل 12 - ئايدا دېھقانچىلىق ئىدارىسىدىن سۇ - ئېلېكتر گۇرۇپپىسى ۋە پىلانلاش ئەترىتى ئايرىپ چىقىلىپ، سۇ ئېلېكتر

ئىدارىسى قۇرۇلدى. 1982 ـ يىلى سۇ ئېلېكتر بۆلۈمىگە ئۆزگەرتىلدى. 1984 ـ يىلى يەنە سۇ ئېلېكتر ئىدارىسى دېگەن نامى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. سۇ ئېلېكتر ئىدارىسىدا مەخسۇس سۇ باشقۇرۇش بۆلۈمچىسى، قۇرۇلۇش بۆلۈمچىسى قۇرۇلدى، بۇلار سۇ ئىشلىرى ۋە سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشىنى باشقۇردى. ھەر قايسى غول ئۆستەڭلەردە سۇ باشقۇرۇش پونكىتى ، يېزىلاردا سۇ ئىشلىرىنى باشقۇرۇش گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى، كەنتلەردە ئىشلەپچىقىرىشتىن ئايرىلمىغان سۇ ئىشلىرى خادىمى سەپلەندى.

# IX باب

# ئېلېكتر قۇۋۋىتى

سۇ كۈچىدىن پايدىلىنىپ، كىچىك سۇ ئېلېكتر ئىستانسىلىرىنى قۇرۇش بۇ ناھىيىنىڭ يەرلىك سانائىتىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىدىن بىرى. بۇ ناھىيە سۇ كۈچىدىن پايدىلىنىپ تارقىتىلغان توك مىقدارى جەھەتتە قەشقەر ۋىلايىتى بويىچە 2 ـ ئورۇندا تۇرىدۇ. ناھىيىدە كىچىك سۇ ئېلېكتر ئىستانسىلىرىنى قۇرۇش 1958 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا باشلانغانىدى. ئۇ چاغدا 20 كىلوۋاتلىق سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسىدىن بىرى قۇرۇلغانىدى. 1963 ـ يىلى يەنە سىغىمچانلىقى 96 كىلوۋات بولغان قۇلغان سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى قۇرۇلدى، ئارقىدىن ئىككىسۇ، گۇلباغ يېزىلىرىدا ئىككى سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى قۇرۇلدى. بۇ سۇ ئېلېكتر ئىستانسىلىرىنىڭ ئۈسكۈنىلىرى ئاددىي (قۇلغان سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسىدىن باشقا، قالغان ئۈچ سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ سۇ تۇرۇبىسى پوتونلەي ياغاچتىن ياسالغان) بولغانلىقتىن، 60 ـ يىللارنىڭ ئاخىرىدا پوتونلەي كاردىن چىقتى. 70 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدا ناھىيە باشقۇرۇشىدا دىزېلىن ئېلېكتر ئىستانسىسى قۇرۇلدى، ئارقىدىن كىچىك سۇ ئېلېكتر ئىستانسىلىرى يامغۇردىن كېيىنكى بامبۇك نوتىسىدەك تېز كۆپەيدى. سەيلى يېزىسىدا سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى قۇرۇلۇپ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلگەندىن كېيىن، يىما، ئايكۆل، توغچى، ئىككىسۇ، كۆيباغ يېزىلىرى، ناھىيىلىك دېھقانچىلىق، ئۇرۇقچىلىق مەيدانلىرى، ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا، سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى قۇردى. 1979 ـ يىلى ناھىيىلىك سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى پۈتۈپ توك تارقىتىشقا باشلىدى. 1984 ـ يىلى سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى 14 كە، گېنېراتورلارنىڭ ئومۇمىي سىغىمچانلىقى 5846 كىلوۋاتقا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە نورمال مېخانىزاتقانلىرى توققۇز، گېنېراتورلارنىڭ سىغىمچانلىقى 5535 كىلوۋات، بېسىم ئۆرلەتكۈچى ترانسفورماتور توققۇز، تەقسىملىگۈچى ترانسفورماتور 200، يۇقىرى بېسىملىق توك لىنىيىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 457 كىلومېتىر، بۇنىڭ ئىچىدە 35 كىلوۋولتلۇق يۇقىرى بېسىملىق توك لىنىيىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 47 كىلومېتىر، 10 كىلوۋولتلۇق يۇقىرى بېسىملىق توك لىنىيىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 410 كىلومېتىر، تۆۋەن بېسىملىق توك لىنىيىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 685 كىلومېتىر. 1984 ـ يىلى ناھىيە بويىچە 11 مىليون 500 مىڭ

كىلوۋات سائەت توك تارقىتىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە يېزا ـ مەيدانلار تارقاتقان توك 465 مىڭ كىلوۋات سائەت.

1982 ـ يىلى يېزا ـ مەيدانلارنىڭ ھەممىسىدە توك بار بولدى، %94 كەنتكە توك سىمى تارتىلدى. ناھىيە بويىچە توك ئىشلەتكەن ئائىلە 26 مىڭ 148 گە يېتىپ، ئومۇمىي ئائىلە سانىنىڭ 83.3 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى.

سۇ ئېلېكتر ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى ناھىيىنىڭ سانائەت، يېزا ئىگىلىك تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى، شۇنداقلا جەنۇبىي شىنجاڭ نېفىت بازىسىنىڭ قۇرۇلۇشىغا ياردەم بەردى.

ھەر دەرىجىلىك سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسىلىرىنى قۇرۇشقا زور مىقداردا مالىيە كۈچى، ماددىي كۈچ سەرپ قىلىندى، لايىھىلەش مۇۋاپىق بولمىغانلىقتىن، بەش ئورۇندىكى سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى كېرەكتىن چىقىپ، 373 مىڭ يۈەن زىيان بولدى.

# § 1. دىزېلىن بىلەن توك ھاسىل قىلىش

ناھىيىلىك ئوت ئېلېكتر ئىستانسىسى 1970 ـ يىلى پۈتۈپ، 1971 ـ يىلى توك تارقاتتى، ئۇنىڭ ئورنى ناھىيىلىك ياغ زاۋۇتىنىڭ ئىچىدە بولۇپ، 84 كىلوۋاتلىقتىن ئىككى دىزېل گېنېراتور گۇرۇپپىسى بار ئىدى، بۇ گېنېراتور گۇرۇپپىلىرى، ئاساسەن، ناھىيە بازىرىنى يورۇتۇشقا ۋە ناھىيىلىك ياغ زاۋۇتىنىڭ ئىشلەپچىقىرىشىغا كېرەكلىك توكنى يەتكۈزۈپ بېرىدۇ، بۇ ئىستانسىدا 24 نەپەر ئىشچى ـ خىزمەتچى بار ئىدى.

1971 ـ يىلى ئىستانسا ئەمدىلا قۇرۇلغاندا تەننەرخ يۇقىرى بولۇپ قېلىپ، 16 مىڭ 900 يۈەن زىيان چىققاندى. 1972 ـ يىلى زىيان تۈگىتىلىپ پايدا ئېلىنىشقا باشلىدى. 1979 ـ يىلى جەمئىي 123 مىڭ يۈەن پايدا ئېلىنىپ، ھەر كىلوۋات سائەت توك ھەققى 1971 ـ يىلدىكى 0.8 يۈەندىن 0.3 يۈەنگە چۈشتى.

1979 ـ يىلى ناھىيىلىك سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى پۈتۈپ توك تارقىتىشقا باشلىدى، شۇنىڭ بىلەن ئوت ئېلېكتر ئىستانسىسى ئىشتىن توختىدى، ئۈسكۈنە ۋە خادىملىرى سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسىغا قوشۇۋېتىلدى.

# § 2. سۇ ئېلېكتر

## 1. ناھىيىلىك سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى

بۇ ئىستانسا پوسكام ناھىيە بازىرىنىڭ 28 كىلومېتر غەربىي جەنۇبىغا جايلاشقان، شەرقتە كۆمۈركان تاشيولىغا يېقىن، غەربتە ياسىدۆن ئورمانچىلىق مەيدانى بىلەن قوشنا، شىمالىي ۋە جەنۇبىي قىسمى ياسىدۆن ـ باغچىلىدىن ئىبارەت.

3×1000 كىلوۋاتلىق، سۇ باشلاپ كېلىپ توك ھاسىل قىلىش شەكلىدىكى بۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى يەكەن دەرياسى تاغدىن چىققاندىن كېيىنكى تۇنجى چوڭ سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى، ئۇ. پوسكام ۋە جەنۇبىي شىنجاڭ نېفىت بازىسىغا ۋە سانائەت، يېزا ئىگىلىكىگە كېرەكلىك توكنى

يەتكۈزۈپ بېرىدۇ، سۇنىڭ لايىھەدىكى سەكرەش پەللىسى 12.5 مېتر، بىر گېنېراتورغا كېرەكلىك سۇ مىقدارى 17.2 كۇب مېتر/سېكۇنت، ئاساسلىق قۇرۇلۇش تۈرلىرىدىن سۇ باشلىنىدىغان ئۆستەڭ بېشى ۋە سۇ باشلاش دامبىسى، سۇ باشلاش ئۆستىڭى (ئۇزۇنلۇقى 1950 مېتر)، ئالدىنقى بېسىم كۆلچىكى، ئېستانسا ئۆيى، ئاياغ ئۆستەڭ (ئۇزۇنلۇقى 2000 مېتر) ۋە چۈشۈرگە ئۆستىڭى (ئۇزۇنلۇقى 800مېتر)، 28 كىلومېتر ئۇزۇنلۇقتا يۇقىرى بېسىملىق توك يەتكۈزۈش لىنىيىسى، ئېلېكتر ئەسۋابى، ئۇسكۇنىلەر قۇراشتۇرۇلمىسى بار. ئومۇمىي قۇرۇلۇش مىقدارىنى ھېسابلىغاندا، ئورۇندالغان توپا، تاش 875 مىڭ كۇب مېتر، تىزىلغان تاش 4100 كۇب مېتر، قۇيۇلغان بېتون 7000 كۇب مېتر، ئۇسكۇنىلەرنى قۇراشتۇرۇشقا كەتكەن ئەمگەك 22 مىڭ 900 ئىش كۈنى، تارتىلغان 350 مىڭ ۋولتلۇق يۇقىرى بېسىملىق توك يەتكۈزۈش لىنىيىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 28 كىلومېتر، كەتكەن ئەمگەك مىقدارى 826 مىڭ ئىش كۈنى، ئىشلىتىلگەن سېمونت 2600 توننا، پولات ماتېرىيال 300 توننا، ياغاچ ماتېرىيالى 1300 كۇب مېتر، ئېلېكتر ئېستانسىسى قۇرۇلۇشىغا سېلىنغان ئومۇمىي مەبلەغ 7 مىليون 915 مىڭ 800 يۈەن، كەتكەن ئەمگەك 2 مىليون ئىش كۈنى.

بۇ سۇ ئېلېكتر ئېستانسىسىنى قۇرۇش دوكلاتى 1974 - يىلى يۇقىرىغا يوللاپ تەستىقلىتىلغاندىن كېيىن، شۇ يىلى قىشتا قۇرۇلۇشنى باشلاشقا تەييارلىق قىلىنىپ، ئېستانسىنىڭ ئالدىنقى بېسىم كۆلچىكىنىڭ ئۇلى قېزىلىشقا باشلىغانىدى. 1975 - يىل 12 - ئاينىڭ 21 - كۈنى 5000 دىن ئارتۇق تايانچ خەلق ئەسكىرى ۋە ئەمگەكچى نەق مەيدانغا بېرىپ رەسمىي ئىش باشلىدى. 1978-يىلغىچە ئېستانسا ئۆيىنىڭ قۇرۇلۇشى، سۇ باشلىنىدىغان ئۆستەڭ بېشى ۋە سۇ باشلاش دامبىسى پۈتتى؛ 1978 - يىلدىن 1979 - يىلغىچە گېنېراتورلار سىناق قىلىندى. 1979 - يىل 7 - ئايدا 1 - گېنېراتورلار گۇرۇپپىسى رەسمىي توك تارقىتىشقا باشلىدى. 1980 - يىل 10 - ئايدا 2 - گېنېراتورلار گۇرۇپپىسى توك تارقىتىشقا باشلىدى. 1981 - يىل 7 - ئايدا 3 - گېنېراتورلار گۇرۇپپىسى توك تارقىتىشقا باشلىدى.

سۇ ئېلېكتر ئېستانسىسى نورمال ئىشقا كىرىشكەندىن كېيىن، تارقىتىلغان توك مىقدارى يىلمۇ يىل كۆپەيدى. 1982 - يىلى تارقىتىلغان توك 5 مىليون 150 مىڭ كىلوۋات سائەتكە، يىللىق مەھسۇلات قىممىتى 470 مىڭ يۈەنگە، پايدىسى 190 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 1983 - يىلى تارقىتىلغان توك 9 مىليون 76 مىڭ كىلوۋات سائەتكە، يىللىق مەھسۇلات قىممىتى 930 مىڭ يۈەنگە، پايدىسى 493 مىڭ 500 يۈەنگە يەتتى.

1984 - يىلى تارقىتىلغان توك 11 مىليون 40 مىڭ كىلوۋات سائەتكە يەتتى. توك بىلەن تەمىنلەش دائىرىسى يەتتە يېزا، ئۈچ مەيدان، پوسكام نېفىت بازىسى، يەكەن دەرياسىنىڭ شەرقىي ئۆستەڭ بېشى، كاچۇڭ ئۆستەڭ بېشى، يەرلىكتە تۇرۇشلۇق ئارمىيە قاتارلىق ئورۇنلارغىچە كېڭەيدى.

توكنىڭ ئەڭ زور كۆتۈرۈشچانلىقى 2500 كىلوۋاتتىن كۆپرەككە، يىللىق مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليون 225 مىڭ يۈەنگە (1984 - يىلدىكى باھا)، 1980 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا 717 مىڭ 300 يۈەنگە، پايدىسى 541 مىڭ يۈەنگە، ئومۇمىي خادىملارنىڭ ئوتتۇرىچە ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقى 10 مىڭ 742 يۈەنگە يەتتى. 100 يۈەنلىك مەھسۇلات قىممىتى 35.9 يۈەن تۇراقسىز مەبلەغنى ئىگىلىدى. 100 يۈەن مەھسۇلات قىممىتى 44.2 يۈەن پايدا بىلەن تەمىنلىدى. سۇ ئېلېكتر ئېستانسىسىدا ھازىر ھەر خىل ئۇسكۇنىدىن 38 ى بار، بۇنىڭ

ئىچىدە سۇ تۇربىنىلىق گېنېراتورلار گۇرۇپپىسى ئۈچ، ئاساسلىق ترانسفورماتور بەش، يۇقىرى بېسىملىق ۋىكلىيۇچاتېل شكابى 25، ئۆي سىرتىدىكى مايلىق ۋىكلىيۇچاتېل بەش، ئاپتوموبىل ئۈچ. تۇراقلىق مۇلۇكىنىڭ ئەسلى قىممىتى 1 مىليون 336 مىڭ يۈەن، ساپ قىممىتى 1 مىليون 88 مىڭ يۈەن؛ ئومۇمىي قۇرۇلۇش كۆلىمى 7463 كۋادرات مېتىر، بۇنىڭ ئىچىدە ئىشلەپچىقىرىش رايونىنىڭ قۇرۇلۇش كۆلىمى 4143 كۋادرات مېتىر، ئىستانسىدىكى ئىشچى - خىزمەتچى 118 نەپەر، ۋاقىتلىق ئىشچى - خىزمەتچى ئون نەپەر.

## 2. يېزا - مەيدان ئېلېكتر ئىستانسىلىرى

### 1) ئىككسۇ يېزىلىق ئېلېكتر ئىستانسىسى

بۇ ئىستانسا جايتوغراق كەنتىدىكى جايتوغراق ئۆستىڭىگە قۇرۇلغان، گېنېراتورلىرىنىڭ ئومۇمىي سىغىمچانلىقى 110 كىلوۋات ($55 \times 2$). ئۇ، 1978- يىلى پۈتتۈرۈلۈپ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلگەن، سۇنىڭ لايىھەدىكى سەكرەش پەللىسى 4.5 مېتىر، ئېقىن مىقدارى تۆت كۇب مېتىر/ سېكۇنت، سېلىنغان مەبلەغ 160 مىڭ يۈەن، بىر كىلوۋات توك ئۈچۈن سېلىنغان مەبلەغ 1454 يۈەن، توك يەتكۈزۈش لىنىيىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 15 كىلومېتىر، لايىھەدىكى يىللىق توك تارقىتىش مىقدارى 600 مىڭ كىلوۋات سائەت.

### 2. ئىككسۇ يېزىلىق 2 - دەرىجىلىك ئېلېكتر ئىستانسىسى

بۇ ئىستانسا توغراقلىق دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ سۇ چىقىرىۋېتىش ئۆستىڭىگە قۇرۇلغان، گېنېراتورلىرىنىڭ ئومۇمىي سىغىمچانلىقى 75 كىلوۋات، سۇنىڭ لايىھەدىكى سەكرەش پەللىسى 7.5 مېتىر، ئېقىن مىقدارى 1.5 كۇب مېتىر/سېكۇنت، سېلىنغان مەبلەغ 250 مىڭ يۈەن، ئۇ، 1984 - يىل 1 - ئايدا پۈتتۈرۈلۈپ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى، يىللىق توك تارقىتىش مىقدارى 100 مىڭ كىلوۋات سائەت.

### 3. بۇيلۇق تاجىك مىللىي يېزىلىق ئېلېكتر ئىستانسىسى

بۇ ئىستانسا تۇغچى يېزىسىنىڭ ئوقۇرتام كەنتىدە بولۇپ، ئۇنىڭغا بۇلاق سۈيى ئىشلىتىلىدۇ، گېنېراتورلىرىنىڭ ئومۇمىي سىغىمچانلىقى 75 كىلوۋات، سۇنىڭ لايىھەدىكى سەكرەش پەللىسى 7.5 مېتىر، ئېقىن مىقدارى 1.69 كۇب مېتىر/سېكۇنت، سېلىنغان ئومۇمىي مەبلەغ 245 مىڭ يۈەن، بىر كىلوۋات توك ئۈچۈن سېلىنغان مەبلەغ 3260 يۈەن. بۇ ئىستانسا 1973 - يىلى پۈتۈپ توك تارقاتتى، توك يەتكۈزۈش لىنىيىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئالتە كىلومېتىر، يىللىق توك تارقىتىش مىقدارى 150 مىڭ كىلوۋات سائەت.

### 4. تۇغچى يېزىلىق 2 - دەرىجىلىك ئېلېكتر ئىستانسىسى

بۇ ئىستانسا لايدان كەنتىدە بولۇپ، بۇلاق سۈيىدىن پايدىلىنىلىدۇ، گېنېراتورلىرىنىڭ ئومۇمىي سىغىمچانلىقى 75 كىلوۋات، سۇنىڭ لايىھەدىكى سەكرەش پەللىسى 7.5 مېتىر، ئېقىن مىقدارى 1.69 كۇب مېتىر /سېكۇنت، سېلىنغان ئومۇمىي مەبلەغ 245 مىڭ يۈەن، بىر كىلوۋات توك ئۈچۈن سىلىنغان مەبلەغ 3000 يۈەن، ئۇ، 1977 - يىلى پۈتۈپ توك تارقاتتى، توك يەتكۈزۈش لىنىيىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئالتە كىلومېتىر، يىللىق توك تارقىتىش مىقدارى 140 مىڭ كىلوۋات سائەت.

### 5. تۇغچى يېزىلىق 3 - دەرىجىلىك ئېلېكتر ئىستانسىسى

بۇ ئىستانسا باش ئاچما كەنتىدە بولۇپ، بۇلاق سۈيىدىن پايدىلىنىلىدۇ، گېنېراتورلىرىنىڭ ئومۇمىي سىغىمچانلىقى 150 كىلوۋات ($75 \times 2$)، سۇنىڭ لايىھەدىكى سەكرەش پەللىسى بەش

مېتر، ئېقىن مىقدارى 2.5 كۇب مېتر/سېكۇنت، سېلىنغان مەبلەغ 225 مىڭ يۈەن، بىر كىلوۋات توك ئۈچۈن سېلىنغان مەبلەغ 3000 يۈەن، ئۇ، 1983 - يىلى پۈتتۈرۈلۈپ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلگەن، يىللىق توك تارقىتىش مىقدارى 200 مىڭ كىلوۋات سائەت، توك يەتكۈزۈش لىنىيىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 30 كىلومېتر.

**6. كۆيباغ يېزىلىق سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى**

بۇ ئىستانسا شور كەنتىدە بولۇپ، بۇلاق سۈيىدىن پايدىلىنىلىدۇ، گېنېراتورلىرىنىڭ ئومۇمىي سىغىمچانلىقى 50 كىلوۋات، سۇنىڭ لايىھەدىكى سەكرەش پەللىسى 7.5 مېتر، ئېقىن مىقدارى 1.2 كۇب مېتر/سېكۇنت، سېلىنغان مەبلەغ 97 مىڭ يۈەن، بىر كىلوۋات توك ئۈچۈن سېلىنغان مەبلەغ 1940 يۈەن، توك يەتكۈزۈش لىنىيىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئون كىلومېتر، يىللىق توك تارقىتىش مىقدارى 60 مىڭ كىلوۋات سائەت.

**7. دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ناھىيىلىك دېھقانچىلىق مەيدانى سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى**

بۇ ئىستانسا مۇشۇ مەيداننىڭ بورىخانا كەنتىدە بولۇپ، شەرقىي كەلكۈن باشلاش ئۆستىڭىنىڭ 300 مېتر غەربىگە جايلاشقان، گېنېراتورلىرىنىڭ ئومۇمىي سىغىمچانلىقى 150 كىلوۋات (2×75)، سۇنىڭ لايىھەدىكى سەكرەش پەللىسى 7.5مېتر، ئېقىن مىقدارى 1.5 كۇب مېتر/سېكۇنت، سېلىنغان مەبلەغ 228 مىڭ يۈەن، بىر كىلوۋات توك ئۈچۈن سېلىنغان مەبلەغ 3000 يۈەن، ئۇ، 1977 - يىلى پۈتۈپ توك تاقاتتى. توك يەتكۈزۈش لىنىيىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئۈچ كىلومېتر، يىللىق توك تارقىتىش مىقدارى 100 مىڭ كىلوۋات سائەت.

يۇقىرىدىكى يەتتە سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ ھەممىسى بۇلاق سۈيىدىن پايدىلىنىپ توك ھاسىل قىلىدۇ، سۇ مەنبەسى مۇقىم بولۇپ نورمال ئىشلەيدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا يەنە، ئالتە سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى كېيىنكىتىن چىقتى ياكى سۇ بولمىغانلىقتىن توختاپ قالدى.

**گۈلباغ يېزىلىق سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى**

بۇ ئىستانسا ئوتتۇرا ئاراشور كەنتىدە بولۇپ، گېنېراتورلىرىنىڭ ئومۇمىي سىغىمچانلىقى 50كىلوۋات،سۇنىڭ لايىھەدىكى سەكرەش پەللىسى بەش مېتر،ئېقىن مىقدارى1.6كۇب مېتر/ سېكۇنت، سېلىنغان مەبلەغ 103 مىڭ يۈەن، بىر كىلوۋات توك ئۈچۈن سېلىنغان مەبلەغ 2060 يۈەن، توك يەتكۈزۈش لىنىيىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئالتە كىلومېتر، ئۇ، 1977 - يىلى پۈتۈپ توك تارقاتتى، سۇ مەنبەسى يېتىشمىگەچكە ھەر يىلى ئاران ئۈچ ئاي توك تارقىتالايدۇ.

**پوسكام ناھىيىسى قۇلغان سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى**

بۇ ئىستانسا پوسكام يېزىسىنىڭ قۇلغان كەنتىگە يەنى قەشقەر - خوتەن تاشيولىدىكى بەشكەنت كۆۋرۈكىنىڭ غەربىگە جايلاشقان. گېنېراتورلىرىنىڭ ئومۇمىي سىغىمچانلىقى96كىلوۋات(2×48)، بۇ ئىستانسىنىڭ قۇرۇلۇشى 1959 - يىلى باشلىنىپ، 1962 - يىلى پۈتكەنىدى، ئۇنىڭغا 360 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنغان، ئۇ، 1973 - يىلى كېيىنكىتىن چىقتى.

**يىما يېزىلىق سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى**

بۇ ئىستانسا مىرپىغىل كەنتىدە بولۇپ، گېنېراتورلىرىنىڭ ئومۇمىي سىغىمچانلىقى 50 كىلوۋات، سۇنىڭ لايىھەدىكى سەكرەش پەللىسى7.5مېتر، ئېقىن مىقدارى1.2كۇب مېتر/ سېكۇنت، سېلىنغان مەبلەغ 80 مىڭ يۈەن، بىر كىلوۋات توك ئۈچۈن سېلىنغان مەبلەغ 1600 يۈەن، توك يەتكۈزۈش لىنىيىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئۈچ كىلومېتر، ئۇ، 1975 - يىلى پۈتتۈرۈلۈپ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلگەنىدى، ھازىر سۇ بولمىغانلىقتىن كېيىنكىتىن چىقتى.

**سەيلى يېزىلىق سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى**

بۇ ئىستانسا چامغۇرچى كەنتىدە بولۇپ، گېنېراتورلىرىنىڭ ئومۇمىي سىغىمچانلىقى 55 كىلوۋات، سۇنىڭ لايىھەدىكى سەكرەش پەللىسى 4.5 مېتر، ئېقىن مىقدارى ئىككى كۇب مېتر/ سېكۇنت، سېلىنغان مەبلەغ 108 مىڭ يۈەن، بىر كىلوۋات توك ئۈچۈن سېلىنغان مەبلەغ 1960 يۈەن، توك يەتكۈزۈش لىنىيىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئالتە كىلومېتر، ئۇ، 1971 - يىلى پۈتۈپ توك تارقاتقاندى. ئاقتام سۇ ئامبىرى ياسىلىپ، ئۆستەڭ بېشى باشقا يەرگە يۆتكىۋېتىلگەچكە، سۇ توختاپ قېلىپ كېرەكتىن چىقتى.

**ئايكۆل يېزىلىق سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى**

بۇ ئىستانسا ئايكۆل يېزىسىغا يېقىن جايدا (جەنۇب تەرەپتە) بولۇپ، گېنېراتورلىرىنىڭ ئومۇمىي سىغىمچانلىقى 55 كىلوۋات، سۇنىڭ لايىھەدىكى سەكرەش پەللىسى 5.2 مېتر، ئېقىن مىقدارى 1.79 كۇب مېتر/سېكۇنت، سېلىنغان مەبلەغ 80 مىڭ يۈەن، بىر كىلوۋات توك ئۈچۈن سېلىنغان مەبلەغ 2450 يۈەن، توك يەتكۈزۈش لىنىيىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى تۆت كىلومېتر، ئۇ، 1975 - يىلى پۈتۈپ توك تارقاتقاندى، ئۆستەڭ باشقا جايغا يۆتكەلگەچكە كېرەكتىن چىقتى.

**ناھىيىلىك ئۇرۇقچىلىق مەيدانى سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى**

بۇ ئىستانسا قارىغاتىنىڭ غەربىي جەنۇبىدا بولۇپ، گېنېراتورلىرىنىڭ ئومۇمىي سىغىمچانلىقى 55 كىلوۋات، سۇنىڭ لايىھەدىكى سەكرەش پەللىسى ئالتە مېتر، ئېقىن مىقدارى 1.55 كۇب مېتر/سېكۇنت، سېلىنغان مەبلەغ 105 مىڭ يۈەن، بىر كىلوۋات توك ئۈچۈن سېلىنغان مەبلەغ 1900 يۈەن، توك يەتكۈزۈش لىنىيىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئالتە كىلومېتر. ئۇ، 1978 - يىلى پۈتۈپ توك تارقاتقاندى، ھازىر سۇ بولمىغانلىقتىن كېرەكتىن چىقتى.

## § 3 . ئېلېكتر قۇۋۋىتىنى باشقۇرۇش

پوسكام ناھىيىسىدە ئېلېكتر قۇۋۋىتىنى بىر تۇتاش باشقۇرىدىغان مەخسۇس ئاپپارات تەسىس قىلىنمىغان، ناھىيە بازىرىدا ناھىيىلىك سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ توك بىلەن تەمىنلەش سېخى بار. ئۇ، سىرتقا قارىتا توك بىلەن تەمىنلەش ئورنى دەپ ئاتىلىدۇ، يېزا (مەيدان) لارنىڭ توكىنى شۇ يېزا (مەيدان) لار ئۆزى باشقۇرىدۇ.

### 1 . ناھىيىلىك سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ باشقۇرۇلۇشى

ئېلېكتر ئىستانسىسى توك تارقاتقان دەسلەپكى مەزگىلدە، باشقۇرۇش تەجرىبىسى كەمچىل، تېخنىكا سەۋىيىسى تۆۋەن، ئۈسكۈنىلىرى مۇكەممەل بولماسلىق قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، دائىم توك توختاپ قېلىپ، خەلقنىڭ ئىشلەپچىقىرىشى ۋە تۇرمۇشىغا ناھايىتى زور قولايسىزلىقلارنى كەلتۈرەتتى. ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈمىمۇ ناھايىتى تۆۋەن ئىدى. 1979 - يىل 10 - ئايدىن 1981 - يىلغىچە بۇ ئىستانسا 38 مىليون 150 مىڭ كىلوۋات سائەت توك تارقىتىپ، 363 مىڭ يۈەن كىرىم قىلدى، 486 مىڭ يۈەن چىقىم قىلدى، 123 مىڭ يۈەن زىيان تارتتى، بۇنىڭدىن رەھبەرلەر ۋە ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئومۇميۈزلۈك خاتىرجەم بولالمىدى، خىزمەتتە ئىلگىرىلەش بولمىدى. 1981 - يىل 9 - ئايدا ناھىيىلىك پارتكوم ئېلېكتر ئىستانسىسىنى باشقۇرۇشتا ساقلانغان مەسىلىلەرگە ئاساسەن، ۋاڭ چىڭبىننى ئىستانسىنىڭ باشلىقلىقىغا يۆتكەپ، ئېلېكتر قۇۋۋىتىنى باشقۇرۇشتىكى قالاقلىقنى ئۆزگەرتىشنى قارار قىلدى.

ۋالڭ چىڭبىن ناھىيىلىك پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ قوللىشى بىلەن ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ تەشكىلىي قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، ھەر قايسى سېخلارنىڭ رەھبەرلىرىنى تولۇقلاپ، تېخنىكا تايانچىلىرىنى زور كۈچ بىلەن تەربىيىلەپ، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈردى ھەمدە ئىستانسىنىڭ تۈرلۈك باشقۇرۇش تۈزۈملىرىنى ئورناتتى ۋە مۇكەممەللەشتۈردى. ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، ئېلېكتر قۇۋۋىتى ئىشلەپچىقىرىشى، بىخەتەر مەشغۇلات ئېلىپ بېرىش، تەكشۈرۈپ رېمونت قىلىش، توك تەقسىملەش دىسكىسىنى بىخەتەر باشقۇرۇشتىن ئىبارەت تۆت تۈرلۈك تېخنىكا قائىدىسىنى يېزىپ چىقتى، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى مۇكاپاتلاش - جازالاش نىزامى ۋە مەمۇرىي ئىشلار، مالىيە ئىشلىرى، ماتېرىيال - ئۈسكۈنە، توك بىلەن تەمىنلەش تىجارىتى، توك سائىتى بويىچە ھەق خاتىرىلەش، توك سائىتى ئورنىتىپ ئاندىن توك بېرىش، ئىستانسىنى ماگدۇرۇش، ئىش ئۆتكۈزۈپ بىرىش - ئۆتكۈزۈۋېلىش، توك ئوغرىلاش، يوقلىما قىلىش قاتارلىق سەككىز تۈرلۈك باشقۇرۇش تۈزۈمىنى تۈزدى، بۇنىڭ بىلەن تۈرلۈك خىزمەتلەردە رىئايە قىلىدىغان قائىدە - تۈزۈم بار بولدى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئىش ئورنى مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ، 1972 - يىل 7-ئاينىڭ 7 - كۈنى سۇ ئېلېكتر مىنىستىرلىكى تۈزگەن توك بىلەن تەمىنلەش ۋە توك ئىشلىتىش قائىدىسىنى قەتئىي ئىجرا قىلىپ، ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، ئىگىلىك باشقۇرۇش، ئىستانسا قىياپىتى، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ تۇرمۇشى ۋە ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ روھى قىياپىتىنى تېز ئۆزگەرتىپ، ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى يىلمۇ يىل ئۆستۈردى.

1984 - يىلى بۇ ئىستانسا تارقاتقان توك 11 مىليون 40 مىڭ كىلوۋات سائەتكە يېتىپ، پىلاندىن 36%. 10 ئاشتى، بۇ، 1980 - يىلدىكىنىڭ توققۇز ھەسسىسىگە تەڭ كەلدى؛ كىرىم 1 مىليون 225 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، پىلاندىن 98%. 300 ئاشتى، بۇ، 1982 - يىلدىكىنىڭ 7. 2ھەسسىسىگە تەڭ كەلدى؛ پايدا540مىڭ يۈەنگە يەتتى. 1984-يىلى بۇ ئىستانسا ئاپتونوم رايون بويىچە كىچىك سۇ ئېلېكتر ئىستانسىلىرى ئىچىدە ئىلغار كارخانا بولۇپ باھالاندى.

ناھىيىلىك سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى تۈزۈم جەھەتتىن باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، توك بىلەن تەمىنلەش سىستېمىلىرىنى مۇكەممەللەشتۈردى، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، بىر ئورۇندا سىغىمچانلىقى 2500 كىلوۋولت - ئامپېرلىق توك بىلەن تەمىنلەش سېخى، بىرئورۇندا 2500 كىلوۋولت - ئامپېرلىق ترانسفورماتور پونكىتىنى ئۆزگەرتىپ قۇراشتۇردى ۋە ئورناتتى. 47 كىلومېتر ئۇزۇنلۇقتا 35 كىلوۋولتلۇق يۇقىرى بېسىملىق توك سىمى، 200 كىلومېتر ئۇزۇنلۇقتا، ئون كىلوۋولتلۇق تۆۋەن بېسىملىق توك سىمى تارتتى. ئىشلىتىلىدىغان توكنى بىۋاستە تەمىنلەيدىغان توك ۋە ئۇلاپ تەمىنلەيدىغان توك دەپ ئىككى خىلغا ئايرىپ، ناھىيە بازىرى، پوسكام، كۆيباغ، ئاقتام، ئايكۆل قاتارلىق يېزىلار ۋە ئۇرۇقچىلىق مەيدانى، ئورمانچىلىق مەيدانى، باغۋەنچىلىك مەيدانى، شۇ يەردە تۇرۇشلۇق ھەربىي قىسىم، شەرقىي ئۆستەڭ بېشىنى بىۋاستە تەمىنلىنىدىغان توك بىلەن تەمىنلىدى. گۈلباغ، يىما، سەيلى يېزىلىرى ۋە نېفىت بازىسىنى ھەر قايسى ترانسفور ماتور پونكىتلىرى توك بىلەن تەمىنلەپ، توك يەتكۈزۈش لىنىيىسىنىڭ زىيانغا ئۇچرىشىنى ئازايتتى، ئېلېكتر ئىستانسىسى توكنىڭ راۋان بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، لىنىيىلەرنى رېمونت قىلىشنى كۈچەيتىپ، ناھىيە بازىرى، ھەر قايسى يېزا (مەيدان) لار نېفىت بازىسى قاتارلىق ئورۇنلارغا بارىدىغان لىنىيىلەرنى توك بىلەن تەمىنلەش ئورنى بىۋاستە ئاسراشنى، يېزا ئاھالىلىرى ئىشلىتىدىغان توك يەتكۈزۈلىدىغان لىنىيىلەرنى ھەر

قايسى يېزا (مەيدان) لار ئۆزى ئاسراشنى؛ توك بىلەن تەمىنلەش ئورنى توك لىنىيىلىرىنى قەرەللىك رېمونت قىلغاندىن باشقا، ھەر قېتىم بوران چىققاندا توك لىنىيىلىرىنى زەربىدارلىق بىلەن تەكشۈرۈپ رېمونت قىلىپ، توك بىلەن نورمال تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلىشنى بەلگىلىدى.

1984 - يىلى يېزىلاردا ئىشلىتىلگەن بىر كىلوۋات سائەت توكقا 0.12 يۈەن، ناھىيە بازىرىنى يورۇتۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن بىر كىلوۋات سائەت توكقا 0.25 يۈەن، سانائەتكە ئىشلىتىلگەن بىر كىلوۋات سائەت توكقا 0.125 يۈەن توك ھەققى ئالدى.

### 2. يېزا (مەيدان) لاردىكى توكنىڭ باشقۇرۇلۇشى

يېزا (مەيدان) لاردىكى سۇ ئېلېكتر ئىستانسىلىرى يېزا (مەيدان) لار باشقۇرغان سانائەت كارخانىلىرى تۈرىگە كىرگەچكە، ئۇنى، ئادەتتە، يېزا (مەيدان) لار بىۋاسىتە باشقۇردى. بۇ جەھەتتە مەسئۇلىيەت تۈزۈمى ۋە ھۆددىگەرلىك بولغا قويۇلدى، پايدا - زىيانغا ئۆزى مەسئۇل بولدى.

# X باب

# سانائەت

مۇشۇ ئەسىرنىڭ 50 - يىللىرىدىن ئىلگىرى، پوسكام بازىرى ۋە يېزىلىرىدا بەزى قول سانائەت دۇكانلىرى ۋە يەككە قول سانائەتچىلەرلا بار ئىدى، خام ئەشيا، مەبلەغ كەمچىل، سايمانلار ۋە تېخنىكا قالاق بولغانلىقتىن، ئىشلەپچىقىرىش تەرەققىياتى چەكلىمىگە ئۇچراپ تۇراتتى. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، قول سانائەت ئىشلەپچىقىرىشى ئەسلىگە كەلدى ۋە راۋاجلاندى، يېزا ئىگىلىكى، قول سانائەت ۋە كاپىتالىستىك سودا - سانائەتكە سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈش دولقۇنىدا، قول سانائەتچىلەر پارتىيىنىڭ «تەشكىللىنەيلى» دېگەن چاقىرىقىغا ئاكتىپ ئاۋاز قوشۇپ، جەمئىي 12 قول سانائەت ئىشلەپچىقىرىش كوپېراتىپى (گۇرۇپپىسى) نى تەشكىللىدى، خادىمى 179 نەپەرگە، مەبلىغى 8400 يۈەنگە يەتتى. قالغان قول سانائەتچىلەرنىڭ بەزىلىرى دۆلەت ئىگىلىكى ياكى تەمىنلەش - سېتىش سودىسىغا قاتناشتى، بەزىلىرى يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش كوپېراتىپىغا كىردى.

1958 - يىلدىكى «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش» مەزگىلىدە، ناھىيە بويىچە يەرلىك سانائەت بىلەن كەڭ شۇغۇللىنىپ، يەتتە قول سانائەت كارخانىسى قۇرۇلدى. ئۇلارنىڭ بىللە سو ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 76 مىڭ يۈەن (1980 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلاندى، تۆۋەندىمۇ شۇنداق) گە، ئىشچى - خىزمەتچىسى 393 نەپەرگە يەتتى. 1965 - يىلى ناھىيە بويىچە سانائەت كارخانىسى 17 گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى كارخانا بەش، كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىكىدىكى كارخانا 12. بۇ كارخانىلارنىڭ سانائەت ئومۇمىي

مەھسۇلات قىممىتى 3 مىليون 544 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1958 - يىلدىكىنىڭ 6 . 46 ھەسسىسىگە توغرا كەلدى. 1976 - يىلى ناھىيە بويىچە سانائەت كارخانىسى 35 كە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى كارخانا 11، قول سانائەت كوپېراتىپى تۆت، گوڭشېلار قۇرغان كارخانا 20، بۇ كارخانىلارنىڭ سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 3 مىليون 729 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1965- يىلدىكىدىن185مىڭ يۈەن كۆپىيىپ، %2 . 5 ئاشتى، دېمەك يىلىغا%46 . 0 تىن ئېشىپ باردى.

پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، سانائەت ئىشلەپچىقىرىشىدىكى ئۆزۈن مۇددەت ئالغا باسماي بىر ئىزدا توختاپ قېلىش ھالىتىدەك ۋەزىيەت ئۆزگەرتىلدى. 1984 - يىلى سانائەت كارخانىسى 73 كە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى كارخانا يەتتە، كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىكىدىكى كارخانا 66، بۇ كارخانىلارنىڭ سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 9 مىليون 610 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1976 - يىلدىكىنىڭ 2 . 6 ھەسسىسىگە توغرا كەلدى، دېمەك، يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن % 56 . 12 تىن ئېشىپ باردى. سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى سانائەت ۋە يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنىڭ 69 . 16 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. سانائەت مەھسۇلاتلىرىدىن 43 مىڭ تونىنا كۆمۈر، 11 مىليون 500 مىڭ كىلوۋات سائەت توك، 25 مىڭ 600 دانە تۆمۈردىن ياسالغان كىچىك دېھقانچىلىق سايمىنى، 11 مىڭ دانە قاغالتىر بۇيۇم، 41 مىليون 560 مىڭ دانە خىش، 3 . 494 تونىنا سۇ يېغى، 4519 تونىنا ئۇن، 8 . 24 تونىنا پىرەنىك، 4 . 30تونىنا پېچىنە، 2 . 4 تونىنا جياڭيۇ، 2 . 107 تونىنا ئاچچىقسۇ ئىشلەپچىقىرىلدى، 93 مىڭ دەن پاختا چىقىرىلدى، 6400 قۇر كىيىم - كېچەك، 589 پارچە كىگىز، 6 . 37 كۋادرات مېتىر گىلەم ئىشلەپچىقىرىلدى، 22 ئاپتوموبىل چوڭ رېمونت قىلىندى، 30 ئاپتوموبىل ئوتتۇرا دەرىجىدە رېمونت قىلىندى، سەككىز تراكتور چوڭ رېمونت قىلىندى، 11 تراكتور ئوتتۇرا دەرىجىدە رېمونت قىلىندى. بۇ مەزگىل نەھىيىنىڭ سانائىتى ئەڭ ياخشى باشقۇرۇلغان مەزگىل بولدى. 1984 - يىلى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سانائەت كارخانىلىرىنىڭ ھەممىسى پايدا ئالدى. يىلىغا 30 مىڭ تونىنا سېمونت ئىشلەپچىقىرىلىدىغان ناھىيىلىك سېمونت زاۋۇتىنىڭ قۇرۇلۇشىغىمۇ پائال تەييارلىق كۆرۈلىۋاتىدۇ.

# § 1 . خۇسۇسىي قول سانائەت

## 1 . تەرەققىيات جەريانى

چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە، ناھىيە ئىچىدە نۇرغۇن كىچىك قول سانائەتچىلەر، يەنى تۆمۈرچى، ياغاچچى، زەرگەر، مىسكەر، كۆن - خۇرۇمچى، پاختا ئاتقۇچى، بوياقچى، موزدۇز، دوپپىچى، كىگىزچى، گىلەمچى، خۇمدانچى، ئالتۇن چايقىغۇچى قاتارلىقلار بار ئىدى. ئۇ چاغلاردا بەزى قول سانائەت دۇكانلىرى مەيدانغا كەلگەنىدى، دۇكاندا ئىككىدىن بەشكىچە ئادەم ياللىنىپ ئىشلەيتتى، كۆپ بولغاندىمۇ 15 تىن ئېشىپ كەتمەيتتى، ھۈنەرۋەنلەرنىڭ ئۆيلىرىنىڭ ئالدى تەرىپى كۆپىنچە كارخانا ۋە دۇكان، ئارقا تەرىپى ئولتۇراق ئۆي قىلىناتتى. ئۇلار ھەم ئىشلەپچىقارغۇچى، ھەم ساتقۇچى ئىدى، بەزىلىرى ھەم قول سانائەت بىلەن، ھەم قوشۇمچە

دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىناتتى، ئىشلەپچىقارغان مەھسۇلاتلىرىنىڭ كۆپىنچىسى شۇ جايدا سېتىلاتتى. ماشئۇگرە (پىنتوزا)، ئاچچىقسۇ، ئەتلەس قاتارلىق مەھسۇلاتلىرى چەت ئەل سودىگەرلىرى تەرىپىدىن سېتىۋېلىنىپ ئېكسپورت قىلىناتتى.

مىنگو دەۋرىدە، قول سانائەت ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ تەرەققىياتى ئاستىلاپ قالغان. 1943-يىلى ناھىيە بويىچە جەمئىي 21 كەسىپ، 1272 نەپەر ھەر خىل قول سانائەتچى بار ئىدى.

**پوسكام ناھىيىسىنىڭ 1943 - يىلدىكى خوسۇسىيلار ئىگىلىكىدىكى يەككە قول سانائىتىنى تەكشۈرۈشكە دائىر مەلۇمات**

2 ـ 10 ـ 1 ـ جەدۋەل

| قول سانائەت تۈرلىرى | ئائىلە سانى | ئادەم سانى: بۇنىڭ ئىچىدە: ناھىيە بازىرىدىكىسى | ئادەم سانى: بۇنىڭ ئىچىدە: يېزىلاردىكىسى | قول سانائەت تۈرلىرى | ئائىلە سانى | ئادەم سانى: بۇنىڭ ئىچىدە: ناھىيە بازىرىدىكىسى | ئادەم سانى: بۇنىڭ ئىچىدە: يېزىلاردىكىسى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| باپكار | 400 | 50 | 350 | تېرە ئاشلىغۇچى | 17 | 7 | 10 |
| كىگىزچى، گىلەمچى | 67 | 15 | 52 | جۇۋازچى | 170 | 12 | 158 |
| تىككۈچى | 67 | 17 | 50 | پاختائاتقۇچى | 101 | 26 | 75 |
| موزدۇز | 40 | 8 | 32 | چىغرىقچى | 200 | 30 | 170 |
| دوپپىچى | 20 | 7 | 13 | ياغاچچى | 70 | 15 | 55 |
| بوياقچى | 45 | 25 | 20 | تامچى | 80 | 5 | 25 |
| مىسكەر | 14 | 10 | 4 | قەغەز ياسىغۇچى | 1 | 1 | - |
| تۆمۈرچى | 10 | 4 | 6 | خويلامچى | 1 | 1 | - |
| زەرگەر | 7 | 3 | 4 | قاداقچى | 1 | 1 | - |
| خۇمدانچى | 1 | 1 | - | سىرچى | 1 | 1 | - |
| بورچى | 10 | - | 10 | جەمئىي | 1272 | 238 | 1034 |

1948 ـ يىلى قول سانائەتچىلەر 14 كەسىپ بىلەن شۇغۇللانغان، بۇ كەسىپلەرنىڭ خادىمى 2022 نەپەرگە يەتكەن. 1944 ـ يىلى قاغىلىقتىن پوسكامغا توققۇز كەنت ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەچكە، بۇ كەسىپلەرنىڭ خادىملىرىمۇ مۇناسىپ كۆپەيگەن. تەپسىلاتى 295 ـ بەتتىكى 2 ـ 10 ـ 2 ـ جەدۋەلدە كۆرسىتىلدى.

50 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدا، ناھىيىلىك پارتكوم ۋە ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش خىزمىتىنى تۇتۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئالاقىدار تارماقلار قول سانائەتچىلەرگە قارىتا خام ئەشيا بىلەن تەمىنلەش، پىششىقلاپ ئىشلەيدىغان مالنى بېكىتىش، قەرز پۇل تارقىتىش، باج نىسبىتىنى ئازايتىش قاتارلىق بىر قاتار

تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، ئۇلارنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا يار - يۆلەك بولدى. 1952 - يىلى يەككە قول سانائەتچى 2519 نەپەرگە يېتىپ، 1948-يىلدىكىدىن 6%. 24كۆپەيدى. قىسمەن قول سانائەتچىلەرگە يەر ئىسلاھاتىدا يەر بۆلۈپ بېرىلگەچكە، ئۇلار قول سانائەتنى تاشلاپ دېھقانچىلىق قىلدى، نەتىجىدە بۇ، ئاممىنىڭ ئىشلەپچىقىرىشى، تۇرمۇشىغا قولايسىزلىقلارنى كەلتۈردى. 1954 - يىلى ناھىيە بويىچە 1208 ئائىلە، 1653 كىشى باپكارلىق، كىگىزچىلىك، گىلەمچىلىك، تېرىچىلىك، بوياقچىلىق، شال ئاقلاش، تۆگمەنچىلىك، جۇۋازچىلىق، قوشۇمچە يېمەكلىك پىششىقلاپ ئىشلەش، تۆمۈرچىلىك، ياغاچچىلىق قاتارلىق كەسىپلەر بىلەن شۇغۇللاندى. 1956-يىل 4 - ئايدا پارتىيە خۇسۇسىيلار ئىگىلىكىدىكى يەككە قول سانائەتكە سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش كىرگۈزدى، يەككە قول سانائەتچىلەر پارتىيىنىڭ «تەشكىللىنەيلى» دېگەن چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇپ، ناھىيىلىك قول سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى قۇردى، ئۇنىڭ قارمىقىدا توققۇز قول سانائەت ئىشلەپچىقىرىش كوپىراتىپى، ئۈچ كوپىراتىپ تەسىس قىلىندى، 179 نەپەر خادىم سەپلەندى، شۇ يىلدىكى سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 165 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يېزىلارغا تارقاقلاشقان 1618 نەپەر قول سانائەتچى شۇ يەردىكى يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش كوپىراتىپلىرىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن، بۇرۇنقى كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىپ، يېزا ئىگىلىكى ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلدى. خەلق گۇڭشېسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، بەزى قول سانائەت مۇلازىمەت تور - نۇقتىلىرى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. 1965 - يىلغىچە ناھىيە بويىچە ئاران 85 نەپەر يەككە قول سانائەتچى قالدى، ئۇلار تىككۈچىلىك، تۆمۈرچىلىك، قۇيمىچىلىق، مىسكەرلىكتىن ئىبارەت تۆت خىل كەسىپ بىلەن شۇغۇللاندى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دا، يەككە قول سانائەتچى ئائىلىلىرى كاپىتالىزمنىڭ قۇيرۇقى دەپ قارىلىپ چەكلەندى. پارتىيە11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، يەككە ئىگىلىك، دۆلەت ئىگىلىكى ۋە كوللېكتىپ ئىگىلىكنىڭ تولۇقلىمىسى قاتارىدا يەنە تەدرىجىي تەرەققىي قىلدۇرۇلۇشقا باشلىدى. 1984 - يىلى ناھىيە بويىچە يەككە قول سانائەت كەسپىي ئائىلىسى 215 كە، خادىمى 359 غا، سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 105 مىڭ 700 يۈەنگە يەتتى. ئۇلار تىككۈچىلىك، تۆمۈرچىلىك، ياغاچچىلىق، تۆگمەنچىلىك، جۇۋازچىلىق، شال ئاقلاش، پاختا چىقىرىش، پاختا ئېتىش، رېمونتچىلىق، موزدۇزلۇق، كۆنچىلىك، تېرە ئاشلاش، كىگىزچىلىك، گىلەمچىلىك، بورىچىلىق قاتارلىق كەسىپلەر بىلەن شۇغۇللاندى.

## 2 . كەسىپلەر

### 1) قوشۇمچە يېمەكلىك پىششىقلاش

چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە، توختىھاجى قوشۇمچە يېمەكلىك پىششىقلاش دوكىنى ئاچقان. مىنگو دەۋرىدە توختىھاجىنىڭ دۇكىنىدىن باشقا، يەنە ئىككى هاراق دۇكىنى، بىر ماتاڭ دۇكىنى ئېچىلغان، بۇ دۇكانلاردا، ئاساسلىقى، جياڭيۇ، ئاچچىقسۇ، هاراق، ئۇن، ماشئۇگرە، ماتاڭ قاتارلىقلار ئىشلەپچىقىرىلاتتى. 50 - يىللارنىڭ باشلىرىدا بۇ دۇكانلار ئارقا - ئارقىدىن ئىشتىن توختىدى.

### 2) بوياقچىلىق

بوياقچىلىق ماتېرىيالى ئۆز جايىدىن چىقىدۇ، مەشغۇلاتى ئاددىي. چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا، مەششاھاجى ناھىيە بويىچە تۇنجى بوياقچىلىق دۇكىنى ئاچقان، ئۇ بويىغان رەختلەر ناھايىتى ئالقىشقا ئېرىشكەن. 1943 - يىلى بوياقچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار 45

نەپەرگە يەتكەن، بۇنىڭ ئىچىدە ناھىيە بازىرىدىكىسى 25 نەپەر، يېزىدىكىسى 20 نەپەر. 1946-يىلى ئازىيىپ 30 كىشى قالغان. 1950 - يىلدىن كېيىن، بوياقچىلىق تەرەققىي قىلىشقا باشلىدى. 1955 - يىلى ئالدىنقى يېرىم يىلدا ناھىيە بويىچە بوياقچى ئائىلىسى 87 گە، خادىمى 107 نەپەرگە، ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 61 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ماشىنىدا بويالغان ھەر خىل

**پوسكام ناھىيىسىنىڭ 1948 - يىلدىكى قول سانائەتنى تەكشۈرۈشكە دائىر مەلۇمات**

2 - 10 - 2 - جەدۋەل

| قول سانائەت كەسىپىنىڭ تۈرلىرى | ئائىلە سانى | ئادەم سانى: بۇنىڭ ئىچىدە ئۇستىلار | ئادەم سانى: بۇنىڭ ئىچىدە شاگىرتلار | دەسمايىسى (10 مىڭ يۈەن) | مەھسۇلات مىقدارى: بىرلىكى | مەھسۇلات مىقدارى: سانى | ئەسكەرتىش |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| كىگىزچىلىك، گىلەمچىلىك | 97 | 42 | 55 | 45800 | پارچە | 101 | شۇ چاغدا 9750 يۈەنگە ئاران [illegible] جىلىك [illegible] بولاتتى |
| باپكارلىق | 794 | 493 | 301 | 252800 | دانە | 9560 | |
| ناغار توقۇش | 42 | 24 | 18 | 33500 | دانە | 133 | |
| دوپپىچىلىق | 155 | 65 | 90 | 71300 | دانە | 794 | |
| بەلباغ توقۇش | 42 | 13 | 29 | 6800 | دانە | 93 | |
| تۆمۈرچىلىك | 75 | 30 | 45 | 27800 | دانە | 269 | |
| قازانچىلىق | 9 | 1 | 8 | 1000 | دانە | 15 | |
| كۆنچىلىك | 340 | 152 | 188 | 168400 | پارچە | 440 | |
| تېرە ئاشلاش | 88 | 34 | 54 | 78000 | پارچە | 261 | |
| تىككۈچىلىك | 164 | 62 | 102 | 96500 | قۇر | 402 | |
| موزدۇزلۇق | 2 | 1 | 1 | 1000 | جۈپ | 8 | |
| تامچىلىق | 62 | 31 | 31 | 86800 | ئېغىز | 78 | |
| ياغاچچىلىق | 148 | 58 | 90 | 65600 | دانە | 294 | |
| قەغەز ئىشلەش | 4 | 1 | 3 | 2100 | 500تاختا | 16 | |
| جەمئىي | 2022 | 1007 | 1015 | 937400 | | | |

رەخت ۋە گۈللۈك رەختلەرنىڭ بازارنى ئىگىلىشىگە ئەگىشىپ، بوياقچىلىق ئارقا - ئارقىدىن توختاپ قالدى.

**3) توقۇمىچىلىق**

توقۇمىچىلىق پاختا توقۇمىچىلىق ۋە يىپەك توقۇمىچىلىق دەپ ئىككى تۈرگە ئايرىلىدۇ.

پاختا توقۇمىچىلىق ئاياللار كۆپىنچە يىپ ئىگىرىپ، رەخت توقۇيتتى. يەنە مەخسۇس توقۇمىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان باپكارلار بولۇپ، ئۇلار خام توقۇيتتى، بۇ، «گەزمال» دەپ ئاتىلاتتى، ھەر بىر خامنىڭ كەڭلىكى بىر چىدىن ئاشاتتى، ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن ئالتە - يەتتە مېتىر بولۇپ، تېگى يىرىك ھەم بوش ئىدى، توقۇلغان خاملار شۇ يەردىكى خەلقنى كىيىم - كېچەك جەھەتتىن تەمىنلىگەندىن سىرت، يەنە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئەنجان قاتارلىق جايلىرىغا سېتىلاتتى. 1943 - يىلى باپكارلار ئائىلىسى 423 كە يەتكەنىدى، بۇنىڭ ئىچىدە ناھىيە بازىرىدىكىسى 67، يېزىلاردىكىسى 367؛ 1948 - يىلى باپكار ئائىلىسى كۆپىيىپ 836 گە، مەھسۇلات مىقدارى 9653 توپقا يەتتى. 1955 - يىلىنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا جەمئىي 358 ئائىلە، 465 كىشى قالدى، ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 169 مىڭ 800 يۈەن بولدى.

يېپەكچىلىك مىنگو دەۋرىدە، يىپەك رەخت توقۇش دۇكىنىدىن بەشى بار ئىدى، سادىق ھاجىنىڭ دۇكىنى مىنگونىڭ دەسلەپكى يىللىرى تىجارەت باشلىغان. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە مەتنىياز ئەلەم، سىدىق ئاخۇن، ھوشۇر ئاقسافال، توختاش ئاخۇن ئاچقان تۆت دۇكان بار ئىدى. بۇ دۇكانلار شۇ يەردىن چىققان پىلە غوزىسىنى خام ئەشيا قىلاتتى. ئەتلەس، بەقەسەم شايى، فۇچۇ قاتارلىقلارنى توقۇيتتى. مەھسۇلاتلىرىنىڭ كۆپىنچىسىنى ھىندىستان سودىگەرلىرى سېتىۋالاتتى. ئازادلىقتىن كېيىن، بۇ خىل دۇكانلار ئارقا - ئارقىدىن ئىشتىن توختىدى.

توقۇمىچىلىق جەھەتتە يەنە تاغار توقۇش قاتارلىقلارمۇ بار.

**4) مېتالچىلىق**

بۇ، مۇشۇ جاينىڭ ئەنئەنىۋى كەسپى، بۇ كەسىپتىكىلەر تۆمۈر، مىس، كۈمۈشتىن ئەسۋاب، زىننەت بۇيۇملىرىنى ياسايدۇ. 1943 - يىلى ناھىيە بويىچە ئون تۆمۈرچى، 14 مىسكەر، يەتتە زەرگەر بار ئىدى. 1948 - يىلى 75 تۆمۈرچى، توققۇز قۇيمىچى بار ئىدى، مىسكەر، زەرگەرنىڭ سانى ئېنىق ئەمەس، ئۇلار شۇ يىلى 15 چۆيۈن قازان، 269تۆمۈر سايمان (كەتمەن، پالتا، كەكە قاتارلىقلار) ئىشلەپچىقارغان. مىسكەر، زەرگەرلەر، ئاساسەن، شۇ يەردىكى مىللەتلەر ياخشى كۆرىدىغان ئاپتۇۋا، چىلاپچا، پەتنۇس، لىگەن، ئالتۇن - كۈمۈش ھالقا، بىلەيزۈك قاتارلىق تۇرمۇش بۇيۇملىرى ۋە زىننەت بۇيۇملىرىنى ياسايتتى. مەھسۇلاتلىرى نەپىس بولۇپ، مىللىي تۈسى قويۇق ئىدى. 1958 - يىلى بۇ ئۇستىلارنىڭ كۆپىنچىسى قول سانائەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ مېتالچىلىق كوپىراتىپىغا كىردى. 1965 - يىلى ناھىيە بويىچەئارانلا ئالتە يەككە تۆمۈرچى، ئىككى مىسكەر قالدى. پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، يەككە تىجارەتچىلەر كۆپەيدى. 1984 - يىلى ناھىيە بويىچە تۆمۈرچى ئائىلىسىدىن 12سى، مىسكەر ئائىلىسىدىن تۆتى، زەرگەر ئائىلىسىدىن ئىككىسى بار بولدى.

**5) ئاشلىق، پاختا، ياغ پىششىقلاپ ئىشلەش كەسپى**

بۇ جايدا سۇ ئېنېرگىيىسى بايلىق مەنبەسى مول بولغاچقا، تۇرمۇشقا كېرەكلىك ئۇن، گۈرۈچ ئەزەلدىن پۇتۇنلەي تۈگمەن، سوقا بىلەن پىششىقلاپ ئىشلىنەتتى، سۇ يېغى جۇۋازدا تارتىلاتتى. 1943 - يىلى ناھىيە بويىچە 170 جۇۋازچى، تەخمىنەن 300 تۈگمەنچى، سوقا باشقۇرغۇچى بار ئىدى. پاختا چىقىرىشتا پۈتۈنلەي ئىككى قولغا تايىنىلاتتى. 1943 - يىلى 300 ئادەم مۇشۇ كەسىپ بىلەن شۇغۇللىناتتى. 1948 - يىلىغا كەلگەندىمۇ بۇ جەھەتتە زور ئۆزگىرىش بولمىغانىدى. 1955 - يىلىنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا ناھىيە بويىچە تۈگمەنچى ئائىلىسى 320 گە، خادىمى 339 نەپەرگە، سوقا باشقۇرغۇچى ئائىلىسى 89 غا، خادىمى 96 نەپەرگە، جۇۋازچى

ئائىلىسى 169 غا، خادىمى 223 نەپەرگە يەتتى. پاختا زاۋۇتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، يەككە پاختا ئاتقۇچىلار ئازايدى. سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى جەھەتتە ئۇنىڭ 662 مىڭ يۈەن، گۈرۈچنىڭ 83 مىڭ يۈەن، سۇ يېغىنىڭ 28 مىڭ يۈەن بولدى. 1984 - يىلى ناھىيە بويىچە ئاشلىق، پاختا، ياغ پىششىقلاپ ئىشلىگۈچى يەككە تىجارەتچى ئائىلىسى 23 كە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇن تارتقۇچى ئائىلە 13 (ئۇن تارتىش ماشىنىسى ئىشلىتىدۇ)، پاختا چىقارغۇچى ئائىلە يەتتە (پاختا چىقىرىش ماشىنىسى ئىشلىتىدۇ)، ياغ تارتقۇچى ئائىلە ئۈچ (جۇۋاز ئىشلىنىدۇ)

6) كۆن - خۇرۇمچىلىق، تېرىچىلىك

بۇ ناھىيىنىڭ كۆن - خۇرۇمچىلىق، تېرىچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىش تارىخى ئۇزۇن. كالا، قوي تېرىسىدىن ئىشلەنگەن كۆن - خۇرۇمدىن تۇرلۇك جۇۋا، ئۆتۈك - مەسە، كالاچ، بەتىنكە، ئىگەر - جابدۇق قاتارلىقلار تىكىلىدۇ ۋە ياسىلىدۇ. 1943 - يىلى ناھىيە بويىچە كۆن - خۇرۇم ئىشلەيدىغان، تېرە ئاشلايدىغانلار 57 نەپەر ئىدى. 1948 - يىلى كۆن - خۇرۇم ئىشلەيدىغانلار 2340 نەپەرگە، تېرە ئاشلايدىغانلار 288نەپەرگە يەتكەن. شۇ يىلى كالا، قوي تېرىسىدىن 440 پارچە كۆن-خۇرۇم ئىشلەنگەن، 261جۇۋا تىكىلگەن. 1955- يىلنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا كۆن-خۇرۇمچىلىق، تېرىچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئائىلىدىن 57سى، خادىمدىن 87سى بار بولۇپ، مەھسۇلات قىممىتى 65 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 1956 - يىلى خۇسۇسىيلار ئىگىلىكىدىكى قول سانائەتكە سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈش ھەرىكىتى داۋامىدا، ئۇستىلارنىڭ كۆپىنچىسى قول سانائەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ تېرە، كۆن - خۇرۇم كوپېراتىپىغا كىردى. ناھىيە بويىچە 1984 - يىلدىكى يەككە كۆن - خۇرۇم ئىشلەش ئائىلىسى يەتتە، تېرىچى ئائىلىسى15.

7) تىككۈچىلىك

1950 - يىلدىن ئىلگىرى، كىيىم تىكىش ماشىنىسى بولمىغاچقا، كىيىم - كېچەك قولدا تىكىلەتتى. 1943 - يىلى 67 نەپەر تىككۈچى بار ئىدى. 1948 - يىلى كۆپىيىپ 164 كە يەتكەن. 1956 - يىلى قول سانائەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ تىككۈچىلىك كوپېراتىپى قۇرۇلغاندىن كېيىن، يەككە تىككۈچىلەرنىڭ بىر قىسمى تىككۈچىلىك كوپېراتىپىغا كىردى. 1965 - يىلى ناھىيە بويىچە تىككۈچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدىغان يەككە تىجارەتچى ئائىلىسى 17گە يەتتى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» داۋامىدا، يەككە تىككۈچىلەر بىردەك گۇڭشېنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرىگە يىغىۋېلىنىپ، كوللېكتىپنىڭ قوشۇمچە ئىشلەپچىقىرىش تۈرىگە كىرگۈزۈلدى. 1984 - يىلى ناھىيە بويىچە يەككە تىككۈچى ئائىلىسى 46 گە، خادىمى 72 نەپەرگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە جياڭسۇ، جېجياڭدىن كەلگەن تىككۈچى 21 نەپەر، ئۇلارنىڭ تىككەن كىيىمى چىرايلىق، پاسونى يېڭى بولۇپ، ئىستېمالچىلارنىڭ قارشى ئېلىشىغا ئېرىشتى.

8) كىگىزچىلىك، گىلەمچىلىك

كىگىز ۋە گىلەم مۇشۇ جايدىكى خەلقنىڭ تۇرمۇشىدا كەم بولسا بولمايدىغان بۇيۇم، كىگىز بۇيۇملاردىن كىگىز پايپاق، پىما، كىگىز قاتارلىقلار بار. گىلەم يەرگە سالىدىغان گىلەم ۋە تامغا ئاسىدىغان گىلەم دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ. ئۇنىڭغا مۇشۇ يەرنىڭ يىرىك يۇڭى خام ئەشيا قىلىنىدۇ. گىلەمنىڭ تېگى چىڭ، چىدامىلىق، رەڭگى كۆركەم، نەقىشلىرى قويۇق مىللىي پۇراققا ئىگە. 1943 - يىلى ناھىيە بويىچە 62 نەپەر كىگىزچى، بەش نەپەر گىلەمچى بار ئىدى. 1948 - يىلى كىگىزچى 94 كە يەتكەن، ئۈچ نەپەر گىلەمچى قالغان. 1954 - يىلى ناھىيە

بويىچە 23 كىگىزچى ئائىلىسى، 33 نەپەر كىگىزچى بار ئىدى. 1955-يىلىنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا كىگىزچى ئائىلىسى 26 گە، كىگىزچى 36 نەپەرگە، ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 19 مىڭ يۈەنگە يەتتى. گىلەمچى ئازىيىپ كەتتى. 1956 - يىلى كۆپ ساندىكى كىگىزچى ئۇستىلار قول سانائەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ تېرە، كۆن - خۇرۇم كوپېراتىپىغا كىردى. 1984-يىلى يەككە كىگىزچى ۋە گىلەمچى ئائىلىلىرى كۆپەيدى، ناھىيە بويىچە بەش كىگىزچى ئائىلىسى، ئالتە گىلەمچى ئائىلىسى بار بولدى.

9) تامچىلىق، ياغاچچىلىق

خەلق ئارىسىدا سېلىنغان قۇرۇلۇشلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك توپا، ياغاچ قۇرۇلمىلىق بولىدۇ، تامچىلارنىڭ ھۈنەر - سەنئەت سەۋىيىسى تۆۋەن بولغاچقا، پەقەت كېسەك تام، لاي تامنىلا ئېتەلىيتتى. ئۇلار ئاي شەكىللىك ئەندۇۋىنى كۆتۈرۈۋېلىپ، يۇرتمۇ يۇرت، ئۆيمۇ ئۆي يۈرۈپ تۇرمۇش كەچۈرەتتى. ياغاچچىلىق جەھەتتە ھۈنەر - سەنئەتكە ماھىر نۇرغۇنلىغان ئۇستىلار بار ئىدى. 1943 - يىلى يەكەن دەرياسى كۆۋرۈكىنى ياسىغاندا، بۇ ناھىيىنىڭ ياغاچچىلىرى ئۆزىنىڭ ماھارىتىنى نامايان قىلغانىدى. بەزى ياغاچچى ئۇستىلار ئۆينىڭ خا(لىم)، تۈۋرۈكلىرىگە نەقىش ئويۇاتتى، ئۇلارنىڭ تېخنىكىسى كامالەتكە يەتكەنىدى.

1943 - يىلى ناھىيە بويىچە 70 نەپەر ياغاچچى، 30 نەپەر تامچى بار ئىدى. 1948 - يىلى ياغاچچى 148 گە، تامچى 62 گە يەتكەن. 1954 - يىلى يەككە ياغاچچى ئائىلىسى 94 كە، خادىمى 122 نەپەرگە يەتتى، تامچى يۈزدىن ئاشتى. 1956 - يىلى كۆپ ساندىكى تامچى، ياغاچچىلارقول سانائەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ بىناكارلىق كوپېراتىپىغا كىردى. پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنىڭ ئۆسۈشىگە، بازارلاردا قۇرۇلۇشلارنىڭ ئەۋج ئېلىشىغا ئەگىشىپ، يەككە تامچى، ياغاچچى ئۇستىلار كۆپەيدى. ناھىيە بويىچە 1984 - يىلدىكى ياغاچچى ئائىلىسى 37، تامچى ئائىلىسى 20.

## 3. دۇكان

1) توختىھاجىنىڭ قوشۇمچە يېمەكلىكلەر دۇكىنى

بۇ، ناھىيىدە ئەڭ بۇرۇن تىجارەت باشلىغان ھەم بۇرۇنلا داڭقى چىققان دۇكان، ئۇ، ماتاڭ، ئاچچىقسۇ، ماشئۇگرە دۇكانلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، ناھىيە بازىرىدىكى پوسكام ئۆستىڭىنىڭ بويىغا جايلاشقان.

ماتاڭ دۇكىنى بۇ دۇكان 1881 - يىلى ئېچىلغان بولۇپ، ناھىيىدىكى تۇنجى ماتاڭ دۇكىنى ھېسابلىنىدۇ، ئۇنىڭدا ئىككى ئادەم ياللىنىپ ئىشلەيتتى، ماتاڭ ئاقئۇششاق خام ئەشيا، ئارپا خېمىرتۇرۇچ قىلىنىپ ئىشلىنەتتى، 100 جىڭ ئاقئۇششاققا سەككىز جىڭ ئارپا قوشۇلۇپ، 80 كىلوگرام ماتاڭ ئېلىناتتى. ماتاڭنىڭ رەڭگى ئاق، ئۆزى چۈرۈك، تاتلىق ئىدى.

1876 - يىلى ئاچچىقسۇ دۇكىنى ئېچىلغان، دۇكاندا ئىككى ئادەم ياللىنىپ ئىشلەيتتى، ئاچچىقسۇ مۇشۇ يەردىن چىقىدىغان ئارپا، تۇپان خېمىر تۇرۇچ، كېپەك خام ئەشيا قىلىنىپ ئىشلىنەتتى. ئاچچىقسۇ قاپاققا قاچىلىنىپ، قاپاقنىڭ ئاغزى مەھكەم ئېتىلىپ ساقلىناتتى، رەڭگى تازا، تەمى ياخشى بولۇپ، قەشقەر، خوتەنلەرگە سېتىلاتتى. قەشقەرنىڭ دوتىيىمۇ ئىسمىنى ئاتاپ تۇرۇپ مۇشۇ يەردە ئىشلەنگەن تازا ئاچچىقسۇنى سېتىۋالاتتى.

1886 - يىلى ماشئۇگرە دۇكىنى ئېچىلغان، بۇ دۇكاندا ئىككى ئادەم ياللىنىپ ئىشلەيتتى، بۇ دۇكاندا مۇشۇ يەردىن چىقىدىغان ماش خام ئەشيا قىلىنىپ ماشئۇگرە، ماش ئۇنى

ئىشلەپچىقىرىلاتتى، كۈنىگە 200جىڭدىن ئارتۇقراق ماشىئۇگىرە ئىشلەپچىقىرىلاتتى. بۇ ماشىئۇگىرە مۇشۇ جايدا سېتىلغاندىن باشقا، سىرت جايلارغا ئاپىرىپ سېتىلاتتى.

توختىماجىنىڭ دۇكىنى 1957 ـ يىلى تىجارەتتىن توختىدى.

**2) ۋاڭ خۇڭجىنىڭ هاراق چىقىرىش دۇكىنى**

بۇ دۇكاننىڭ خوجايىنى خەنزۇ بولۇپ، گەنسۇلۇق، ئاتا ـ بوۋىسى گاۋتەي ناھىيىسىدىن. بۇ دۇكان مىنگو يىللىرىدا ئېچىلغان بولۇپ، يىمەكلىكلەر شىركىتىنىڭ رەسىمخانىسىنىڭ ئورنىدا ئىدى، دۇكاننىڭ كۆلىمى 60 كۋادرات مېتىر كېلەتتى. مۇشۇ يەردىن چىقىدىغان كۆممىقوناق خام ئەشيا، ئارپا ئېچىتقۇ قىلىنىپ، پارچە ئاق هاراق ئىشلەپچىقىرىلاتتى. بىر يىلدا 1000 جىڭ ئاق هاراق ئىشلەپچىقىرىلاتتى، بۇ هاراق ئاساسەن، مۇشۇ يەردە سېتىلاتتى. بۇ دۇكان 1956 ـ يىلى تىجارەتتىن توختىدى.

**3) مەششاھاجىنىڭ بوياقچىلىق دۇكىنى**

مەششاھاجى چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا بۇ يەردە تۇنجى بوياقچىلىق دۇكىنى ئاچقان، بۇ دۇكان ھازىرقى مەسچىتنىڭ يېنىدا ئىدى. بۇ دۇكاندا جەمئىي ئون ئېغىزدىن ئارتۇق ئۆي، سەككىز چوڭ بوياق كۈپى بار ئىدى، 12 ئادەم ياللىنىپ ئىشلەيتتى، بوياقچى ئائىلىسىدىكى ئۈچ ئەمگەك كۈچىنى قوشقاندا، جەمئىي 15 نەپەر ئىشچى بار ئىدى، بوياقچىلىق دۇكىنىنىڭ تىجارەت دائىرىسى مۇنداق ئىدى: بىرىنچى، پىششىقلاپ ئىشلەش. دېھقانلار ئەكىلىپ بەرگەن خامنى شۇ ۋاقىتتا ئېقىۋاتقان سېرىق، سۆسۈن رەڭدە بوياپ، ئۈستىگە ھەر خىل گۈللەرنى بېسىپ بېرەتتى: ئىككىنچى، خامنى كۆپلەپ سېتىۋېلىپ، ئۇنىڭغا تۈركۈمگە بۆلۈپ ھەر خىل گۈللەرنى بېسىپ ساتاتتى؛ ئۈچىنچى، سېتىۋالغان خامنى پىششىقلاپ ئىشلەيتتى. مەششاھاجى بوياش سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، چەت ئەل سودىگەرلىرى ئارقىلىق ھىندىستاندىن «نىل» دەپ ئاتىلىدىغان، رەڭنى تۇراقلاشتۇرۇدىغان بىر خىل دورا سېتىۋېلىپ ئۇنى بوياققا ئارىلاشتۇراتتى، بۇ خىل ئۇسۇلدا بويالغان رەختنىڭ رەڭگى ئوچۇق، جۇلالىق، ئۆڭمەيدىغان بولغاچقا، ئۇنى خېرىدارلار باخشى كۆرەتتى. ئۇنىڭ مەھسۇلاتلىرى يەكەن، قاغىلىق قاتارلىق جايلاردا ئېتىلىك سېتىلاتتى. بۇ دۇكان 1956 ـ يىلى تىجارەتتىن توختىدى.

**4) سادىق ھاجىنىڭ يىپەك توقۇمىچىلىق دۇكىنى**

بۇ دۇكان مىنگونىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا ئېچىلغان، دۇكاندا ئوندىن ئارتۇق ئادەم ياللىنىپ ئىشلەيتتى، بۇ دۇكان سۆگەتئېرىق كەنتىدە ئىدى، دۇكاندا ئۈچ چوڭ قازان، دىئامېتىرى بەش مېتىر كېلىدىغان، ياغاچتىن ياسالغان بىر يىپەك تارتىش چاقى، تۆت توقۇش ماشىنىسى بار ئىدى. ئاساسەن مۇشۇ جايدىن چىقىدىغان پىلە غوزىسى خام ئەشيا قىلىناتتى. مەشۇت، ئەتلەس، بەقەسەم، فۇچۇ، يىپەك يىپ قاتارلىقلار ئىشلەپچىقىرىلاتتى. بۇ دۇكاندا ئىشلەپچىقىرىلغان يىپەك يىپنىڭ ئالىي دەرىجىلىكلىرىنىڭ كۆپىنچىسى ھىندىستانلىق سودىگەرلەرگە ۋە سەئۇدى ئەرەبىستانىغا ھەج ـ تاۋاپ قىلىش ئۈچۈن بارىدىغانلارغا سېتىپ بېرىلەتتى. توقۇلغان يىپەك رەختلەرنى بىر نەپەر مال ساتقۇچى يىل بويى ئات بىلەن ھەر قايسى جايلارغا ئاپىرىپ ساتاتتى. بۇ دۇكان 1952 ـ يىلى تىجارەتتىن توختىدى.

**5) مەتنىياز ئەلەمنىڭ يىپەك توقۇلما بۇيۇملىرى دۇكىنى**

بۇ دۇكان مىنگو يىللىرىدا ئېچىلغان بولۇپ، ناھىيە بازىرىدا ئىدى، دۇكاندا 12 ئادەم ياللىنىپ ئىشلەيتتى، ئۈچ مال سېتىش دۇكىنى بار ئىدى. بۇ دۇكاندا ئاساسەن، مەشۇت، ئەتلەس

ئىشلەپچىقىرىلاتتى، بۇلارنى چەت ئەل سودىگەرلىرى سېتىۋېلىپ، ھىندىستان، ئافغانىستان قاتارلىق دۆلەتلەرگە ئاپىرىپ ساتاتتى. بۇ دۇكان 1956 - يىلى تىجارەتتىن توختىدى.

**6) ئالتۇن چايقاش مەيدانى**

چاڭ سۇلالىسىدىن مىنگونىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىگىچە، يەكەن دەرياسى ئەتراپىدىكى غوڭرات، تالقىچى، ئۇلۇغمىڭ، توغراق، شەيدان، قۇتاي قاتارلىق كەنتلەردىن 50 نەپەردىن ئارتۇق دېھقان، دېھقانچىلىقنىڭ ئارىسال ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ، يەكەن دەرياسىدا ئالتۇن چايقىغانىدى. 1860 - يىلى غوڭرات كەنتىدىن سەمەت باي بىر ئالتۇن چايقاش مەيدانى ئېچىپ، 17 نەپەر ئىشچى ياللىغان، ھەر بىر ئىشچى كۈنىگە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ئىككى - ئۈچ لىدىن ئارتۇق ئالتۇن چايقىغان. ئېلىنغان ساپ ئالتۇننىڭ كۆپ قىسمىنى فرانسىيە سودىگەرلىرى سېتىۋالاتتى، يەنە بەزى نامرات دېھقانلار قاغىلىق ئالتۇن كانىغا بېرىپ ئالتۇن كولىغان، بۇ ئالتۇن كانى كوئىنلۇن تېغىدا ئىدى، ئالتۇن چايقاش نۇقتىلىرى يەكەن دەرياسىنىڭ يۇقىرى، ئوتتۇرا ۋە تۆۋەن ئېقىملىرىغا تارقالغان بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى 1000 چاقىرىمدىن ئاشاتتى. 1945-يىل 5 - ئايدا قاغىلىق ئالتۇن كانىدىن يەتتە سەر تۆت مىسقال تۆت فۇڭ ئالتەلى ئالتۇن ئېلىنغان. بىر سەر ئالتۇننىڭ باھاسى 6000 يۈەن بولغان (شۇ ۋاقىتتا بىر دەن ئاشلىقنىڭ باھاسى 700 يۈەن ئىدى). ئالتۇن چايقىغۇچىلار ۋە ئالتۇن چايقاش مەيدانى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى ئىشتىن توختىغان.

## § 2. ناھىيە باشقۇرۇشىدىكى سانائەت

ناھىيە باشقۇرۇشىدىكى سانائەت ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى سانائەت ۋە كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىكىدىكى سانائەت دەپ ئايرىلىپ، ئايرىم - ئايرىم ھالدا، ناھىيىلىك سانائەت، قاتناش، ئاشلىق، تەمىنات - سودا، سۇ ئېلېكتر، يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش، 2 - يېنىك سانائەت قاتارلىق ئىدارە (كوپىراتىپ) لەرگە قارايدۇ.

### 1. ناھىيە باشقۇرۇشىدىكى ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى سانائەت

1958 - يىلى يەرلىك سانائەت بىلەن كەڭ كۆلەمدە شۇغۇللىنىش دولقۇنىدا، ناھىيە بويىچە تۇنجى ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى 20 كىلوۋاتلىق سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى قۇرۇلدى. 1959-يىلى يېزا ئىگىلىك سايمانلىرى زاۋۇتى، ئوغۇت زاۋۇتى ئارقا - ئارقىدىن قۇرۇلدى. قول سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى قارمىقىدىكى تىككۈچىلىك كوپىراتىپى، كۆن - خۇرۇم كوپىراتىپى، مېتال بۇيۇملار كوپىراتىپى شۇ يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىككە ئۆزگەرتىلدى. 1960 - يىلى ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى سانائەت كارخانىسى يەتتىگە، ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليون 265 مىڭ يۈەن (1980 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلاندى، تۆۋەندىمۇ شۇنداق) گە يېتىپ پۈتۈن ناھىيە سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنىڭ 73 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. 1962 - يىلى ئىلگىرىكى قول سانائەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى تىككۈچىلىك كارخانىسى، كۆن - خۇرۇم كارخانىسى، مېتال بۇيۇملار كارخانىسىنىڭ كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىكىدىكى خاراكتېرى يەنە ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى، ئۇلار قول سانائەتچىلەر بىرلەشمىسىگە تەۋە بولۇپ تۇرۇۋەردى. 1963 - يىلى گۈزمۈ 1958 - يىلى ئاچقان

كىچىك كۆموركان ئاساسىدا ناھىيىلىك كۆموركان قۇرۇلۇپ، شۇ يىلى 226 تونىنا كۆمۈر ئېلىندى. 1965 - يىلى ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى سانائەتتىن كۆمۈركان، سۇ ئېلېكتىر ئىستانسىسى، پاختىنا زاۋۇتى، شال ئاقلاش زاۋۇتى، يېمەكلىك زاۋۇتىدىن ئىبارەت بەش كارخانا بار بولۇپ، ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 3 مىليون 255 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، ناھىيە بويىچە سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنىڭ 91.8 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى، بۇ كارخانىلارنىڭ ئىشچى-خىزمەتچىسى 227 نەپەرگە، يىل ئاخىرىدىكى تۇراقلىق مۈلكىنىڭ ئەسلى قىممىتى 460 مىڭ 600 يۈەنگە، ساپ قىممىتى 339 مىڭ 700 يۈەنگە، يىل ئاخىرىدىكى تۇراقسىز مەبلىغى 46 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 1966 - يىلى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلانغاندىن كېيىن، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سانائەت توختاپ قېلىش ھالىتىگە چۈشۈپ قالدى، سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى نەزىدەئۆرلەپ، بەزىدە پەسىيىپ تۇردى. 70 - يىللاردا بەش كىچىك سانائەتنى راۋاجلاندۇرۇش دولقۇنىدا، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سانائەت يەنە تەرەققىي قىلدى. 1970 - يىلى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى رېمونت قىلىش - ياساش زاۋۇتى قۇرۇلدى. قەنت زاۋۇتى قۇرۇشقا تەييارلىق كۆرۈلدى. 1971 - يىلى ياغ زاۋۇتى، 1972 - يىلى سېمونت زاۋۇتى، تۇز زاۋۇتى، 1973 - يىلى يېمەكلىك زاۋۇتى قۇرۇلدى. 1974 - يىلى 1600×3 كىلوۋاتلىق سۇ ئېلېكتىر ئىستانسىسىنىڭ قۇرۇلۇشى باشلاندى. 1975 - يىلى ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى سانائەت كارخانىسىدىن سەككىزى، يەنى، كۆمۈركان، ئېلېكتىر ئىستانسىسى، ياغ زاۋۇتى، ئۇن زاۋۇتى، پاختىنا زاۋۇتى، يېمەكلىك زاۋۇتى، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى رېمونت قىلىش - ياساش زاۋۇتى، سېمونت زاۋۇتى بار بولدى، سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 2 مىليون 995 مىڭ يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىسى 513كە، تۇراقلىق مۈلۈكىنىڭ ئەسلى قىممىتى 2 مىليون 213 مىڭ يۈەنگە، ساپ قىممىتى 1 مىليون 513 مىڭ يۈەنگە، ئومۇمىي خادىملارنىڭ ئوتتۇرىچە ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقى 5838 يۈەنگە، نورمىلىق تۇراقسىز مەبلەغنىڭ يىل ئاخىرىدىكى ئەمەلىي ئىشلىتىلگىنى 624 مىڭ يۈەنگە، پايدا سوممىسى 189 مىڭ 300 يۈەنگە يەتتى. 1984 - يىلى ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى سانائەت كارخانىسىدىن كۆمۈركان، سۇ ئېلېكتىر ئىستانسىسى، ياغ زاۋۇتى، ئۇن زاۋۇتى، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىرېمونت قىلىش - ياساش زاۋۇتى، يېمەكلىك زاۋۇتى، ئاپتوموبىل رېمونت زاۋۇتىدىن ئىبارەت يەتتە كارخانا بار بولدى، ئۇلارنىڭ ئىشچى - خىزمەتچىسى 529 غا يەتتى. سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 4 مىليون 187 مىڭ يۈەنگە يېتىپ پۈتۈن ناھىيە سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنىڭ 43.6 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى، يارىتقان پايدىسى 969 مىڭ 700 يۈەنگە، تۇراقلىق مۈلكىنىڭ ئەسلى قىممىتى 3 مىليون 992 مىڭ 900 يۈەنگە، ساپ قىممىتى 3 مىليون 99 مىڭ يۈەنگە، نورمىلىق تۇراقسىز مەبلىغىنىڭ پۈتۈن يىللىق ئوتتۇرىچە قالدۇقى 715 مىڭ 800 يۈەنگە يەتتى.

1958 - يىلدىن 1984 - يىلغىچە ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى سانائەت كارخانىلىرى بىر مەزگىل كۆپىيىپ، بىر مەزگىل ئازىيىپ تۇردى، لېكىن سانائەت ئۈسكۈنىلىرى يوقلۇقتىن بارلىققا كەلدى. قول بىلەن ھەرىكەتلەندۈرۈلىدىغان ئۈسكۈنىلەردىن ماشىنىلاشقان ئۈسكۈنىلەرگە تەرەققىي قىلدى. ئۈسكۈنىلەرمۇ ئۈزلۈكسىز كۆپىيىپ باردى. كۆمۈركان 1975 - يىلى كۆمۈر قېزىشنى يېرىم ماشىنىلاشتۇردى. ياغ زاۋۇتى، ئۇن زاۋۇتى، ئېلېكتىر ئىستانسىسى، يېزا ئىگىلىك ماشىنا - سايمانلىرىنى رېمونت قىلىش - ياساش زاۋۇتى، ئاپتوموبىل رېمونت زاۋۇتىنىڭ زامانىۋىلىشىشى كۈندىن - كۈنگە مۇكەممەللىشىشكە قاراپ يۈزلەندى.

## 2 . ناھىيە باشقۇرۇشىدىكى كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىكىدىكى سانائەت

1956 - يىلى ناھىيە بويىچە خۇسۇسىيلار ئىگىلىكىدىكى يەككە قول سانائەتكە سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈلدى. يىل ئاخىرىغىچە، قول سانائەت كوللېكتىپ

تەشكىلاتىدىن جەمئىي 12 سى قۇرۇلدى، بۇنىڭ ئىچىدە قول سانائەت ئىشلەپچىقىرىش كوپىراتىپى توققۇز، قول سانائەت ھەمكارلىق گورۇپپىسى ئۈچ، 179 ئادەم كوپىراتىپقا كىردى، بۇ تەشكىلاتلارنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 165 مىڭ 200 يۇەنگە يەتتى. 1957 - يىلى تەمىنات سودا كوپىراتىپى پاختا زاۋۇتى قۇردى، ناھىيە پاختا زاۋۇتى، كۆن - خۇرۇم ئىشلەش كوپىراتىپى، مېتال بۇيۇملار كوپىراتىپى، تىككۈچىلىك كوپىراتىپى، موزدۇزلۇق كوپىراتىپى، ياغاچچىلىق كوپىراتىپى، تامچىلىق كوپىراتىپىدىن ئىبارەت كوللېكتىپ ئىگىلىكىدىكى سانائەت كارخانىلىرىنى قۇردى، ئۇلارنىڭ سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 297 مىڭ يۇەنگە يەتتى (1958 - يىلى پاختا زاۋۇتى ئومۇمىي خەلق مۇلۇكچىلىكىگە ئۆزگەرتىلدى) . ئۇلار ئاساسەن تۆمۈردىن ئىشلەنگەن كىچىك دېھقانچىلىق سايمىنى، قاڭالتىر بۇيۇم، خۇرۇم ئاياغ كىيىم، كىگىز، كۆن - خۇرۇم، كىيىم - كېچەك قاتارلىقلارنى ئىشلەپچىقاردى. 1965 - يىلى ناھىيە باشقۇرۇشىدىكى كوللېكتىپ مۇلۇكچىلىكىدىكى سانائەت كارخانىسىدىن مېتال بۇيۇملار كوپىراتىپى، تىككۈچىلىك كوپىراتىپى، كۆن - خۇرۇم كوپىراتىپى، دوپپىچىلىق گورۇپپىسى، بىناكارلىق كوپىراتىپىدىن ئىبارەت بەش كارخانا قالدى، ئۇلارنىڭ سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 244 مىڭ 800 يۇەنگە، تۇراقلىق مۈلۈكىنىڭ ئەسلى قىممىتى 268 مىڭ يۇەنگە، ساپ قىممىتى 178 مىڭ يۇەنگە، ئومۇمىي پايدا سوممىسى 7000 يۇەنگە يەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن، ناھىيە باشقۇرۇشىدىكى كوللېكتىپ مۇلۇكچىلىكىدىكى سانائەت كارخانىلىرى مۇقىم راۋاجلىنىش ھالىتىدە تۇرۇپ كەلدى. ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ۋەزىيىتىنىڭ تەرەققىياتىغا ئۇيغۇنلىشىش، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشكىنى سىرتقا ئېچىۋېتىش، جانلاندۇرۇش فاڭجېنىنى ئىزچىللاشتۇرۇش ئۈچۈن، قىسمەن كوللېكتىپ مۇلۇكچىلىكىدىكى كارخانىلار تەرتىپكە سېلىندى. 1983 - يىلى ناھىيىلىك پاختا زاۋۇتىنىڭ كوللېكتىپ مۇلۇكچىلىك خاراكتېرى يەنە ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. 1984 - يىلى ناھىيە باشقۇرۇشىدىكى كوللېكتىپ مۇلۇكچىلىكىدىكى سانائەت كارخانىسى يەتتىگە يەتتى، بۇلار پاختا زاۋۇتى، كۆن - خۇرۇم كوپىراتىپى، تىككۈچىلىك كوپىراتىپى، مېتال بۇيۇملار كوپىراتىپى، ئۇنىۋېرسال زاۋۇت، باسما زاۋۇتى، خىش زاۋۇتىدىن ئىبارەت، بۇ كارخانىلارنىڭ سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 2 مىليون 628 مىڭ 500 يۇەنگە، ئومۇمىي پايدا سوممىسى 31 مىڭ 100 يۇەنگە، يىل ئاخىرىدىكى تۇراقلىق مۈلكىنىڭ ئەسلى قىممىتى 741 مىڭ يۇەنگە، ساپ قىممىتى 680 مىڭ يۇەنگە، نورمىلىق تۇراقسىز مەبلىغىنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە قالدۇق سوممىسى 228 مىڭ يۇەنگە يەتتى.

## 3 . ئىقتىسادىي ئۈنۈم

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن بۇيان، ناھىيە باشقۇرۇشىدىكى سانائەتنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى ۋە پايدىسى ناھايىتى تېز كۆپەيدى. 1953 - يىلى ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 76 مىڭ يۇەن ئىدى، 1984 - يىلى 6 مىليون 846 مىڭ 300 يۇەنگە يېتىپ، 1958-يىلدىكىنىڭ 90 ھەسسىسىگە توغرا كەلدى. 1975 - يىلدىكى پايدىسى 197 مىڭ يۇەن ئىدى، 1984 - يىلى 1مىليون 800 يۇەنگە يېتىپ، 1975 - يىلدىكىنىڭ بەش ھەسسىسىگە توغرا كەلدى.

1984 - يىلى ناھىيە باشقۇرۇشىدىكى ئومۇمىي خەلق مۇلۇكچىلىكىدىكى سانائەت كارخانىلىرىنىڭ ئومۇمىي پايدا سوممىسى 969 مىڭ 700 يۇەنگە، مەھسۇلات قىممىتىنىڭ پايدا نىسبىتى %2.23كە، مەبلەغنىڭ پايدا نىسبىتى %25كە، ئومۇمىي خادىملارنىڭ ئوتتۇرىچە

ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقى 7915 يۈەنگە، 100 يۈەنلىك مەھسۇلات قىممىتىدىن يارىتىلغان پايدا 23.2 يۈەنگە، 100 يۈەنلىك تۇراقلىق مۈلۈكتىن يارىتىلغان پايدا 24.3 يۈەنگە، 100 يۈەن ئايلانما مەبلەغدىن يارىتىلغان پايدا 135.5 يۈەنگە يەتتى، 100 يۈەنلىك مەھسۇلات قىممىتى تۇراقسىز مەبلەغنىڭ 17.1 يۈەننى ئىگىلىدى، 100 يۈەنلىك تۇراقلىق مۈلۈكتىن يارىتىلغان مەھسۇلات قىممىتى 104.9 يۈەنگە، ھەر بىر ئىشچى ياراتقان پايدا 1833.1 يۈەنگە، نورمىلىق تۇراقسىز مەبلەغنىڭ ئوبوروت قېتىم سانى 7.0 قېتىمغا يەتتى، ئوبوروت كۈن سانى 54كۈن بولدى. ناھىيە باشقۇرۇشىدىكى كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىكىدىكى سانائەت كارخانىلىرىنىڭ ئومۇمىي پايدا سوممىسى 31 مىڭ 100 يۈەنگە، مەھسۇلات قىممىتىنىڭ پايدا نىسبىتى 1%كە، مەبلەغنىڭ پايدا نىسبىتى 2%كە، ئومۇمىي خادىملارنىڭ ئوتتۇرىچە ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقى 13 مىڭ 142.5 يۈەنگە يەتتى، 100 يۈەنلىك مەھسۇلات قىممىتىدىن يارىتىلغان پايدا بىر يۈەن، 100 يۈەنلىك تۇراقلىق مۈلۈكتىن يارىتىلغان پايدا 2.2 يۈەن، 100 يۈەن تۇراقسىز مەبلەغدىن يارىتىلغان پايدا 12.3 يۈەن، 100 يۈەنلىك مەھسۇلات قىممىتى ئىگىلىگەن تۇراقسىز مەبلەغ 8.7 يۈەن، 100 يۈەنلىك تۇراقلىق مۈلۈكتىن چىققان مەھسۇلات قىممىتى 1152.8 يۈەن، ھەر بىر ئىشچى ياراتقان پايدا 140.5 يۈەن، نورمىلىق تۇراقسىز مەبلەغنىڭ ئوبوروت قېتىم سانى 2.2 قېتىم، ئوبوروت كۈن سانى 160 كۈن بولدى.

### 4. كەسىپلەر

#### 1) ماشىنىسازلىق سانائىتى

1970 ـ يىلى ئەسلىدىكى ناھىيىلىك تراكتور پونكىتى ئاساسىدا، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى رېمونت قىلىش ـ ياساش زاۋۇتى قۇرۇلدى. 1978 ـ يىلى ئاپتوموبىل رېمونت زاۋۇتى قۇرۇلدى. 1984 ـ يىلغا كەلگەندە، ماشىنىسازلىق سانائىتى كارخانىسىدىن مۇشۇ ئىككىسىلا بار بولدى، ئىشچى ـ خىزمەتچىسى 101 نەپەرگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئىنژېنېر، تېخنىكا خادىمى تۆت نەپەر، بۇ كارخانىلارنىڭ تۇراقلىق مۈلكىنىڭ ئەسلى قىممىتى 1 مىليون 80 مىڭ 500 يۈەن، ساپ قىممىتى 1 مىليون 49 مىڭ 900 يۈەن بولدى؛ سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 47 مىڭ 700 يۈەن بولۇپ، ناھىيە باشقۇرۇشىدىكى سانائەت ئورۇنلىرىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنىڭ 6.97 پىرسەنتىنى، ياراتقان پايدىسى 72 مىڭ 300 يۈەن بولۇپ، ناھىيە باشقۇرۇشىدىكى سانائەت ئورۇنلىرى ياراتقان پايدىنىڭ 7.22 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى.

سانائەت ئۈسكۈنىلىرى 1984 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا مېتال يونۇش ستانوكىدىن 26سى بار بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە 80 ـ يىللاردىكى ستانوك تۆت، 70 ـ يىللاردىكى ستانوك 20، 60 ـ يىللاردىكى ستانوك ئىككى، ئىشلىتىلگىنى 23، ئىشلىتىلمىگىنى ئۈچ. مېتال يونۇش ستانوكى ئىچىدە، قىرىش ستانوكى ئون، تېشىش ستانوكى بەش، تۆشۈك يونۇش ستانوكى ئۈچ، يونۇش ستانوكى ئىككى، رەندىلەش ستانوكى ئۈچ، سىلىقلاش ستانوكى ئۈچ. بازغانلاش ئۈسكۈنىسىدىن تۆتى، ئېغىرلىق كۆتۈرۈش ئۈسكۈنىسىدىن ئىككىسى، كەپشەرلەش، كېسىش ئۈسكۈنىسىدىن يەتتىسى، ئېرىتىش پېچىدىن بىرى، يۈك ئاپتوموبىلىدىن ئۈچى، ھەر خىل تەجرىبە ئۈسكۈنىسىدىن ئۈچى بار.

#### 2) كۆمۈر سانائىتى

1963 ـ يىلى 1958 ـ يىلى گۇخشى ئاچقان كىچىك كۆمۈر كان ئاساسىدا، 977 مىڭ يۈەن

مەبلەغ سېلىنىپ كۆمۈركان قۇرۇلدى. كۆمۈرنىڭ زاپىسى 1 مىليون 240 مىڭ توننا ئىكەنلىكى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاندى، بۇ كان ناھىيە بازىرىنىڭ غەربىدىكى قارا قۇرۇم تاغ باغرىدىكى قارا تۈزغا جايلاشقان، ئورنى دېڭىز يۈزىدىن 2100 مېتىر ئېگىز. كۆمۈركان دەسلەپتە قۇرۇلغاندا، ئاران 50 نەچچە ئىشچى-خىزمەتچىسى بار ئىدى، كۆمۈر پۇتۇنلەي ئادەم كۈچىگە تايىنىپ قېزىلاتتى، يۈدۈپ توشۇلاتتى، يىللىق كۆمۈر مىقدارى ئاران 200 نەچچە توننا ئىدى. 1975 - يىلى كۆمۈر قېزىش يېرىم ماشىنىلاشتى. 1984 - يىلى كان قۇدۇقى بەشكە، ئىشچى - خىزمەتچىسى 208نەپەرگە. جۈملىدىن مۇقىم ئىشچى 58نەپەرگە، ئىنژېنېر ۋە تېخنىكا خادىمى ئالتە نەپەرگە يەتتى. ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە ئىش ھەققى سوممىسى 1538.5 يۈەن، تۇراقلىق مۈلۈكىنىڭ ئەسلى قىممىتى 786 مىڭ يۈەن، ساپ قىممىتى 299 مىڭ 600 يۈەن بولدى. يىللىق كۆمۈر مىقدارى 43 مىڭ توننىغا يېتىپ، 1980 - يىلدىكىنىڭ 7.2 ھەسسىسىگە توغرا كەلدى. سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 924 مىڭ 500 يۈەن بولۇپ، ناھىيە باشقۇرۇشىدىكى سانائەت ئورۇنلىرىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنىڭ50.13پىرسەنتىنى، يارىتىلغان پايدا 179 مىڭ 600 يۈەن بولۇپ، ناھىيە باشقۇرۇشىدىكى سانائەت ئورۇنلىرى ياراتقان پايدا ئومۇمىي سوممىسىنىڭ 17.94 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەتكە تاپشۇرغان پايدىسى 51 مىڭ يۈەن.

سانائەت ئۈسكۈنىلىرى 1984 - يىلى ئومۇمىي قۇۋۋىتى 507 كىلوۋات كېلىدىغان ئېنېرگىيە ماشىنىسى، كان قۇدۇقىدىن كۆمۈر تارتىش چىغرىقىدىن ئونى، بەلباغسىمان توشۇش ماشىنىسىدىن ئالتىسى، كان ھارۋىسىدىن 40ى، ئىچىدىن ياندىغان گېنېراتورلار گۇرۇپپىسىدىن بەش يۈرۈش، ئومۇمىي قۇۋۋىتى 225 كىلوۋات كېلىدىغان دېئوگاتىلدىن 11ى، ترانسفورماتوردىن يەتتىسى، مەركەزدىن قاچما شەكىللىك شامال ئۆتكۈزۈش ماشىنىسىدىن يەتتىسى، سۇ ئاستى ناسوسىدىن ئۈچى، قىرىش ستانوكىدىن بىرى، كەپشەرلەش ماشىنىسىدىن بىرى، گىردىن بىرى، يۈك ئاپتوموبىلى، قۇتقۇزۇش ئاپتوموبىلى، دالا ئاپتوموبىلىدىن تۆتى بار بولدى. كۆمۈر كانىدىكى ئۈسكۈنىلەر ئىچىدە 70 - يىللاردىكى ئۈسكۈنىلەر بارلىق سانائەت ئۈسكۈنىلىرىنىڭ 90 پىرسەنتىنى. 80 - يىللاردىكى ئۈسكۈنىلەر %10نى ئىگىلەيدۇ.

**3) پاختا چىقىرىش سانائىتى**

1957 - يىلى ناھىيىلىك پاختا زاۋۇتى قۇرۇلدى. 1984 - يىلى ئىشچى - خىزمەتچىسى 33 نەپەرگە يەتتى، زاۋۇت ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى 1900 كۋادرات مېتىر، تۇراقلىق مۈلكىنىڭ ئەسلى قىممىتى 529 مىڭ يۈەن، ساپ قىممىتى 430 مىڭ يۈەن، سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 2 مىليون 85 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، ناھىيە باشقۇرۇشىدىكى سانائەت ئورۇنلىرىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنىڭ 30.45 پىرسەنتىنى، پايدىسى 100 يۈەن بولۇپ، ناھىيە باشقۇرۇشىدىكى سانائەت ئورۇنلىرى ياراتقان ئومۇمىي پايدا سوممىسىنىڭ 0.01 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى.

سانائەت ئۈسكۈنىلىرى 1984 - يىلى تۆت دانە پاختا چىقىرىش ماشىنىسى بار بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە80- يىللاردىكى ماشىنا ئىككى، 50 - يىللاردىكى ماشىنا ئىككى. 70 - يىللاردىكى تىنىت ئايرىش ماشىنىسىدىن ئۈچى، پاختا تايلاش ماشىنىسىدىن ئىككىسى بار، بۇنىڭ بىرى 80 - يىللاردىكى ماشىنا، بىرى 50 - يىللاردىكى ماشىنا.

4) ئاشلىق، ياغ سانائىتى

1966 - يىلى ئۇن زاۋۇتى قۇرۇشقا تەييارلىق كۆرۈلگەنىدى. 1967 - يىلى زاۋۇت پۈتۈپ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتى. كېيىن 1973 - ۋە 1985 - يىللىرى كېڭەيتىلدى. 1967 - يىلى ياغ زاۋۇتى قۇرۇشقا تەييارلىق كۆرۈلۈپ، 1971 - يىلى زاۋۇت پۈتتۈرۈلۈپ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى. ئۇن زاۋۇتى ۋە ياغ زاۋۇتىنىڭ 1984 - يىلدىكى ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى 38 مىڭ 200 كۋادرات مېتىر، قۇرۇلۇش كۆلىمى 5500 كۋادرات مېتىر، ئىشچى - خىزمەتچىسى 76 نەپەر. تۇراقلىق مۈلۈكىنىڭ ئەسلى قىممىتى 650 مىڭ يۈەن، ساپ قىممىتى 526 مىڭ يۈەن. ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليون 915 مىڭ 900 يۈەن بولۇپ، ناھىيە باشقۇرۇشىدىكى سانائەت ئورۇنلىرىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنىڭ 27.98 پىرسەنتىنى، پايدىسى 171 مىڭ 700 يۈەن بولۇپ، ناھىيە باشقۇرۇشىدىكى سانائەت ئورۇنلىرىنىڭ پايدا سوممىسىنىڭ 17.17 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى.

سانائەت ئۈسكۈنىلىرى 1984 - يىلى ئۇن زاۋۇتىدا 70 - يىللاردىكى ستانوكتىن بىرى، شامالدۇرغۇچتىن يەتتىسى بار بولدى، بۇنىڭ تۆتى 80 - يىللاردىكى، ئۈچى 70 - يىللاردىكى شامالدۇرغۇچ. ئۇن تارتىش ماشىنىسىدىن 26 سى بار بولدى، بۇنىڭ 13ى 80 - يىللاردىكى ماشىنا، ئالتىسى 70 - يىللاردىكى ماشىنا، يەتتىسى 60 - يىللاردىكى ماشىنا. مەخسۇس ئاشلىق، ياغنى شامالدىتىشقا ئىشلىتىلىدىغان شامالدۇرغۇچتىن 19ى بار بولدى، بۇنىڭ 16سى 80 - يىللاردىكى، ئۈچى 70 - يىللاردىكى شامالدۇرغۇچ. 70 - يىللاردىكى ئېلېكتر قۇۋۋىتى ترانسفورماتورى بار بولدى. ئاساسلىق بەش گىر بار بولۇپ، بۇنىڭ بىرى 70 - يىللاردىكى گىر، ئىككىسى 60 - ۋە 70 - يىللاردىكى گىر. ئىچىدىن يانىدىغان گېنېراتورلار گۇرۇپپىسىدىن بىرى بار بولدى، بۇ، 70 - يىللاردا ئىشلەنگەن مەھسۇلات. 1984 - يىلى ياغ زاۋۇتىدا 70 - يىللاردا ئىشلەنگەن بىر دانە سۇ تۇرۇبىلىق پار قازىنى بار بولدى. سەككىز دانە (يۈرۈش) ياغ تارتىش ماشىنىسى بار بولۇپ، بۇنىڭ بىرى 70 - يىللاردا ئىشلەنگەن، يەتتىسى 60 - يىللاردا ئىشلەنگەن. بىر دانە 80 - يىللاردا ئىشلەنگەن ئېلېكتر قۇۋۋىتى ترانسفورماتورى، يەتتە دانە 60 - يىللاردا ئىشلەنگەن گىر، ئۈچ دانە (يۈرۈش) 70 - يىللاردا ئىشلەنگەن ياغ چەككىلەش ئۈسكۈنىسى بار بولدى.

5) قوشۇمچە يېمەكلىك سانائىتى

دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ قوشۇمچە يېمەكلىك زاۋۇتى 1962 - يىلى قۇرۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭغا 47 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنغانىدى. بۇ زاۋۇت پوسكام بازىرىنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى پوسكام ئۆستىڭىنىڭ بويىغا جايلاشقان، ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى 4000 كۋادرات مېتىر، قۇرۇلۇش كۆلىمى 1500 كۋادرات مېتىر، پېشقەدەم ئىشچى سوپى ئاخۇن بۇ ناھىيىدىكى هاراق، ئاچچىقسۇ، جياڭيۇ، ماشئوگىرە، كىراخمال، ۋە ماتاڭ ئىشلەپچىقىرىدىغان ئاتاقلىق ماھىر بولۇپ، 50 نەچچە يىللىق ئىشلەپچىقىرىش تەجرىبىسىگە ئىگە، ئۇنىڭ يېتەكچىلىكىدە، بۇ زاۋۇتنىڭ مەھسۇلاتى 50 -، 60 - يىللاردا ئالدىنقى ئورۇندا تۇردى، دېمەك، ئۇ، ناھىيە خەلقىنى قوشۇمچە يېمەكلىك بىلەن تەمىنلەشكە تۆھپە قوشتى. 70 - يىللاردىن باشلاپ، ئىشلەپچىقىرىش يېرىم ماشىنىلاشتى، خام ئەشيا جەھەتتە ماش باشقا ناھىيىلەردىن سېتىۋېلىنغاندىن باشقا، قالغان كۆممىقوناق، سېرىق پۇرچاق، كېپەك ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىسى تەرىپىدىن پىلانلىق يەتكۈزۈپ بېرىلدى. بۇ زاۋۇتنىڭ 1984 - يىلدىكى ئىشچى - خىزمەتچىسى 14 نەپەر، بۇنىڭ ئىچىدە مۇقىم ئىشچى 11 نەپەر، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق

ئوتتۇرىچە ئىش ھەققى 1071.40 يۈەن، سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 247 مىڭ يۈەن، پايدىسى 22 مىڭ يۈەن. زاۋۇت قۇرۇلغاندىن بۇيان، ھەر يىلى پايدا ئېلىپ، مەيدانغا 20ـ30 مىڭ يۈەن پايدا تاپشۇرۇپ كەلدى.

ناھىيىلىك يېمەكلىك زاۋۇتى 1973 ـ يىلى يېمەكلىك گۇرۇپپىسى ئاساسىدا قۇرۇلغان بولۇپ، ئاساسەن ئاچچىقسۇ، جياڭيۇ، پىرەنىك، پېچىنە، بولكا قاتارلىقلارنى ئىشلەپچىقىرىدۇ. بۇ زاۋۇتنىڭ 1984 ـ يىلدىكى ئىشچى ـ خىزمەتچىسى 31 نەپەر، ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى 13 مىڭ 300 كۋادرات مېتىر، قۇرۇلۇش كۆلىمى 1900 كۋادرات مېتىر، تۇراقلىق مۈلكىنىڭ ئەسلى قىممىتى 140 مىڭ يۈەن، ساپ قىممىتى 103 مىڭ يۈەن، سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 152 مىڭ 600 يۈەن بولۇپ، ناھىيە باشقۇرۇشىدىكى سانائەت ئورۇنلىرىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنىڭ 2.23 پىرسەنتىنى، پايدىسى 5200 يۈەن بولۇپ، ناھىيە باشقۇرۇشىدىكى سانائەت ئورۇنلىرىنىڭ ئومۇمىي پايدا سوممىسىنىڭ 0.52 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى.

**سانائەت ئۇسكۇنىلىرى** 80 ـ يىللاردا ئىشلەنگەن ئىنفرا قىزىل نۇرلۇق قىزىتقۇچتىن بىرى بار.

**6) مېتال بۇيۇملار سانائىتى**

1956 ـ يىلى مېتال بۇيۇملار كوپېراتىپى قۇرۇلغان بولۇپ، 38 نەپەر ئىشچى ـ خىزمەتچىسى بار ئىدى، بۇ كوپېراتىپ، ئاساسەن، تۆمۈردىن ئىشلەنگەن كىچىك دېھقانچىلىق سايمانلىرى، قاڭالتىر بۇيۇملارنى ئىشلەپچىقىراتتى، بۇ كوپېراتىپنىڭ 1984 ـ يىلدىكى ئىشچى ـ خىزمەتچىسى 36 نەپەر، تۇراقلىق مۈلكىنىڭ ئەسلى قىممىتى 193 مىڭ يۈەن، ساپ قىممىتى 189 مىڭ يۈەن. سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 131 مىڭ 700 يۈەنگە يېتىپ، ناھىيە باشقۇرۇشىدىكى سانائەت ئورۇنلىرىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنىڭ 1.92 پىرسەنتىنى، پايدىسى 1000 يۈەنگە يېتىپ، ناھىيە باشقۇرۇشىدىكى سانائەت ئورۇنلىرىنىڭ ئومۇمىي پايدا سوممىسىنىڭ0.1 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى.

**سانائەت ئۇسكۇنىلىرى** 1984 ـ يىلى 70 ـ يىللاردا ئىشلەنگەن ئۈچ دانە مېتال يونۇش ستانوكى، بىر دانە يەل بازغان، بىر دانە يۈك ئاپتوموبىلى بار بولدى.

**7) مەتبەئەچىلىك سانائىتى**

1962 ـ يىلى باسما زاۋۇتى قۇرۇلۇپ، ئاساسەن، مەشق دەپتىرى، تالون، ھېساب دەپتىرى قاتارلىقلارنى باسقانىدى. بۇ زاۋۇتنىڭ 1984 ـ يىلدىكى ئىشچى ـ خىزمەتچىسى 19 نەپەر، ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى 2100 كۋادرات مېتىر، قۇرۇلۇش كۆلىمى 1000 كۋادرات مېتىر، تۇراقلىق مۈلكىنىڭ ئەسلى قىممىتى 105 مىڭ يۈەن، ساپ قىممىتى 83 مىڭ يۈەن، سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 127 مىڭ 800 يۈەن بولۇپ، ناھىيە باشقۇرۇشىدىكى سانائەت ئورۇنلىرىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنىڭ 1.87 پىرسەنتىنى، پايدىسى 12 مىڭ 800 يۈەن بولۇپ، ناھىيە باشقۇرۇشىدىكى سانائەت ئورۇنلىرىنىڭ ئومۇمىي پايدا سوممىسىنىڭ 1.28 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى.

**سانائەت ئۇسكۇنىلىرى** 1984 ـ يىلى 70 ـ يىللاردا ئىشلەنگەن بىر دانە ھەرپ قۇيۇش ماشىنىسى، تۆت دانە بېسىش ماشىنىسى بار بولدى، بۇنىڭ بىرى 80 ـ يىللاردا، بىرى 60 ـ يىللاردا، ئىككىسى 70 ـ يىللاردا ئىشلەنگەن. 70 ـ يىللاردا ئىشلەنگەن كىتاب تۈپلەش ماشىنىسىدىن بىرى، 80 ـ يىللاردا ئىشلەنگەن ياڭزا بېسىش ماشىنىسىدىن بىرى، 60 ـ يىللاردا ئىشلەنگەن قەغەز كېسىش ماشىنىسىدىن بىرى بار بولدى.

**8) تىككۈچىلىك سانائىتى**

1956 - يىلى تىككۈچىلىك كوپىراتىپى قۇرۇلغان بولۇپ، 38 نەپەر ئىشچى - خىزمەتچىسى بار ئىدى. بۇ كوپىراتىپ، ئاساسەن، خېرىدارلار ئەكىلىپ بەرگەن رەختلەردىن كىيىم - كېچەك ۋە شەپكە قاتارلىقلارنى تىكەتتى. شۇ يىلى ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 101 مىڭ يۈەنگە، تىككەن كىيىم - كېچەكى 3597 قۇرغا يەتكەنىدى. 1965 - يىلى ئىشچى - خىزمەتچىسى 53 نەپەرگە، ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 124 مىڭ 500 يۈەنگە، تۇراقلىق مۈلكىنىڭ ئەسلى قىممىتى 163 مىڭ 600 يۈەنگە، ساپ قىممىتى 120 مىڭ 900 يۈەنگە، تىككەن كىيىم - كېچەكى 10 مىڭ 973 قۇرغا يەتتى. 1978 - يىلى ئىشچى- خىزمەتچىسى 63 نەپەر، تۇراقلىق مۈلكىنىڭ ئەسلى قىممىتى 33 مىڭ 500 يۈەن، ساپ قىممىتى 33 مىڭ 500 يۈەن، سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 87 مىڭ يۈەن، پايدىسى 1600 يۈەن، تىككەن كىيىم - كېچەكى 6242 قۇر. ھەر خىل شەپكە 1956 دانە بولدى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئىگىلىك باشقۇرۇشى ۋەزىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئېھتىياجىغا يېتىشەلمەي، خادىملىرى زور دەرىجىدە قىسقارتىلىۋېتىلدى. 1984 - يىلى ئاران 17 ئادىمى قالغان بولۇپ، باسما زاۋۇتىغا قوشۇۋېتىلدى.

سانائەت ئۈسكۈنىلىرى 1984 - يىلدىكى 70 - يىللاردا ئىشلەنگەن ئوتتۇرا سۈرئەتلىك تۆز تاختىلىق كىيىم تىكىش ماشىنىسى 15 دانە.

**9) بىناكارلىق ماتېرىياللىرى سانائىتى**

1981 - يىلى ماشىنىلاشقان خىش زاۋۇتى قۇرۇلدى، بۇ زاۋۇتنىڭ ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى 107 مىڭ كۋادرات مېتىر، قۇرۇلۇش كۆلىمى 1200 كۋادرات مېتىر، 1984 - يىلدىكى ئىشچى-خىزمەتچىسى 72 نەپەر، تۇراقلىق مۈلكىنىڭ ئەسلى قىممىتى 180 مىڭ يۈەن، ساپ قىممىتى 172 مىڭ يۈەن، سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 143 مىڭ 400 يۈەن بولۇپ، ناھىيە باشقۇرۇشىدىكى سانائەت ئورۇنلىرىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنىڭ 2.1 پىرسەنتىنى، پايدىسى 16 مىڭ 200 يۈەن بولۇپ، ناھىيە باشقۇرۇشىدىكى سانائەت ئورۇنلىرىنىڭ ئومۇمىي پايدا سوممىسىنىڭ 1.62 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى.

سانائەت ئۈسكۈنىلىرى ئايلانما خۇمداندىن بىرى، خىش قۇيۇش ماشىنا گورۇپپىسىدىن بىرى، دىزېل ماتورىدىن بىرى، ئېلېكتر قۇۋۋىتى ترانسفور ماتورىدىن بىرى، تراكتوردىن ئىككىسى بار. يۇقىرىدىكى ئۈسكۈنىلەرنىڭ ھەممىسى 80 - يىللاردا ئىشلەنگەن.

**10) ئېلېكتر قۇۋۋىتى سانائىتى**

1958 - يىلى ناھىيىلىك سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى قۇرۇلغان بولۇپ، گېنېراتورلىرىنىڭ سىغىمچانلىقى 20 كىلوۋات ئىدى، سۇ تورۇبىسى ياغاچتىن ياسالغان بولغاچقا، ناھىيە بازىرىدىكى ئىدارىلەرنىلا يورۇتالايتتى. بۇ ئىستانسا 1963 - يىلى كېرەكتىن چىققانىدى. 1963 - يىلى سىغىمچانلىقى 2 × 48 كىلوۋاتلىق سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى قۇرۇلۇپ، 1973 - يىلى كېرەكتىن چىقتى. 1970 - يىلى سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى سانائەت ئىشلەپچىقىرىشى ۋە تۇرمۇشقا كېرەكلىك توك جەھەتتىكى ئېھتىياجنى قاندۇرالمىغاچقا، سىغىمچانلىقى 84 كىلوۋاتلىق ئوت ئېلېكتر ئىستانسىسىدىن يەنە بىرى قۇرۇلدى. 1979 - يىلى ناھىيىلىك ياسىدۇن سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئوت ئېلېكتر ئىستانسىسى تاقىۋېتىلدى. 1984 - يىلى سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى 11 مىليون 40 مىڭ كىلوۋات سائەت توك تارقاتتى، سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 1980 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا، 717 مىڭ 300 يۈەن بولۇپ، ناھىيە باشقۇرۇشىدىكى سانائەت ئورۇنلىرىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنىڭ 10.48 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى، بۇنى ھازىرقى باھا بويىچە ھېسابلىغاندا 1 مىليون 225 مىڭ يۈەن بولىدۇ

## پوسكام ناھىيىسىنىڭ ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى

2 ـ 10 ـ 3 ـ جەدۋەل

| تۈرى \ يىللار سانى | | 1958 | 1959 | 1960 | 1961 | 1962 | 1963 | 1964 | 1965 | 1966 | 1967 | 1968 | 1969 |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| كۆمۈر (10مىڭ توننا) | | - | - | 0.07 | 0.45 | - | 0.02 | 0.12 | 0.21 | 0.05 | 0.14 | 0.14 | 0.1 |
| تارقىتىلغان توك | جەمئىي 10مىڭ كىلوۋات سائەت | - | 1.2 | 3 | 2.3 | 3.7 | 8.1 | 7.7 | 8.6 | 8.1 | 7 | 0.7 | 0.62 |
| | بۇنىڭ ئىچىدە: سۇ ئېلېكتر | - | 1.2 | 3 | 2.3 | 3.7 | 8.1 | 7.7 | 8.6 | 8.1 | 7 | 0.7 | 0.62 |
| سېمونت (توننا) | | - | - | - | - | - | - | - | - | - | - | - | - |
| تۆمۈردىن ياسالغان كىچىك دېھقانچىلىق سايمىنى | جەمئىي 10 مىڭ دانە | - | 0.68 | - | 0.32 | 1.8 | 1.12 | 0.71 | 0.69 | 0.26 | 0.9 | 0.8 | 0.46 |
| | بۇنىڭ ئىچىدە كەتمەن | - | - | - | 0.14 | 1.3 | - | 0.59 | 0.2 | - | 0.7 | 0.7 | 0.38 |
| خىش | | - | - | - | - | - | - | - | 16.7 | 39.6 | - | - | - |
| ئىچىملىك، هاراق (توننا) | | | | | | | | | | | | | |
| ئاچچىقسۇ (توننا) | | | | | | | | | | | | | |
| جياڭيۇ (توننا) | | | | | | | | | | | | | |
| تۇز (توننا) | | | | | | | | | | | | | |
| پىرەنىك (توننا) | | | | | | | | | | | | | |
| پېچىنە (توننا) | | | | | 2.1 | - | - | - | - | - | - | - | - |
| سۇ يېغى | | | | | 70.7 | 70.8 | 51 | 51 | 72.2 | 56.4 | 50 | 50 | 55 |

| | | | | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | ئۇن (تونا) | | | | 1052.2 | 1242 | 1060 | 1359 | 1184.2 | 1724 | 49 | 49 | 141 |
| | پاختا (10مىڭ دەن) | | | | | | | | 2.58 | | | | |
| ئاپتوموبىل- رېمونتقىلىش | چوڭ رېمونت (دانە) | | | | | | | | | | | | |
| | ئوتتۇرا رېمونت (دانە) | | | | | | | | | | | | |
| تراكتور رېمونت قىلىش | كىچىك رېمونت (دانە) | | | | | | | | | | | | |
| | ئوتتۇرا رېمونت (دانە) | | | | | | | | | | | | |
| | كۆن - خۇرۇم (پارچە) | - | - | - | - | - | - | - | - | - | - | - | - |
| | خۇرۇم ئاياغ كىيىم (جۈپ) | - | 3600 | 5700 | 2949 | 6200 | 1500 | 371 | | 100 | 1000 | 2000 | 1150 |
| | گىلەم (كۋادرات مېتر) | | | 160 | 215 | 537 | 143 | - | - | - | - | - | - |
| | كىيىم - كېچەك (قۇر) | | | | 817 | - | 5306 | 120016 | 13300 | 15500 | 1900 | - | - |

| سانى / تۈرى | يىللار | 1970 | 1971 | 1972 | 1973 | 1974 | 1975 | 1976 | 1977 | 1978 | 1979 | 1980 |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | كۆمۈر (10مىڭ تونا) | 0.26 | 0.49 | 0.54 | 0.82 | 1.28 | 2.01 | 1.85 | 1.60 | 1.4 | 1.98 | 1.6 |
| تارقىتىلغان توك | جەمئىي (10 مىڭ كىلوۋات) | 5.75 | 9.96 | 20.24 | 21.04 | 23.59 | 39.35 | 51 | 55.5 | 60.23 | 122.7 | 205 |
| | بۇنىڭ ئىچىدە: سۇ ئېلېكتر | 4.6 | 0.95 | 0.2 | 0.9 | 5.5 | 16.34 | 24 | 27 | 33.53 | 104.3 | 195 |
| | سېمونت (تونا) | - | - | - | - | - | - | 20 | 160 | 1009 | 1213 | 1230 |
| تۆمۈردىن ياسالغان كىچىك دېھقانچىلىق سايمىنى | جەمئىي (10مىڭ تونا) | 11.1 | 0.29 | 0.59 | 0.42 | 0.43 | 0.7 | 1.1 | 0.56 | 0.96 | 0.46 | 0.23 |
| | بۇنىڭ ئىچىدە كەتمەن | - | 0.2 | 0.52 | 0.3 | - | 0.7 | 0.93 | 0.6 | - | 0.4 | 0.23 |

| | | | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| خىش | | - | - | - | 29 | - | 28.6 | 12 | 212 | 319.9 | 1012 | 1100 |
| ئېچىملىك، هاراق (توننا) | | | | | 17 | 27 | 20 | 26 | 19.2 | 26 | 19.8 | 5.7 |
| ئاچچىقسۇ (توننا) | | | | | | | 38 | 69 | - | 63 | 65.4 | 73.4 |
| جياڭيۇ (توننا) | | | | | 61 | | 29 | 42 | - | 25.1 | 24.8 | 21.4 |
| تۇز (توننا) | | | | | | | | | | | | |
| پىرەنىك (توننا) | | | | | 51 | - | 4 | 16 | 54 | 17 | 6.7 | 15.8 |
| پېچىنە (توننا) | | - | - | - | - | - | 120 | 9 | - | 26 | 31.9 | 34 |
| سۇ يېغى (توننا) | | - | 218 | 273 | 206.8 | 155 | 134 | 450 | 291.1 | 370 | 281.6 | 259.7 |
| ئۇن (توننا) | | 846 | 1296.4 | 953 | 1222 | 1290 | 1415 | 1769 | 2343 | 3060 | 2464 | 2693 |
| پاختا (10مىڭ دەن) . | | | 4.12 | 3.9 | 3.4 | 5.2 | 4.4 | 3.2 | 3.7 | 3.2 | 1.6 | 2.5 |
| ئاپتوموبىل رېمونت قىلىش | چوڭ رېمونت (دانە) | - | - | - | - | - | 4 | 4 | 10 | 6 | 4 | 14 |
| | ئوتتۇرا رېمونت (دانە) | | | | | | 2 | - | 9 | 12 | 30 | 10 |
| تراكتور رېمونت قىلىش | كىچىك رېمونت (دانە) | | | | | | 11 | 35 | 21 | 19 | 9 | 38 |
| | ئوتتۇرا رېمونت (دانە) | | | | | | 8 | - | 23 | 16 | | - |
| كۆن - خۇرۇم (پارچە) | | 2000 | 665 | 2530 | 837 | 1197 | 1385 | 1132 | 1849 | 1304 | 1442 | 1383 |
| خۇرۇم ئاياغ كىيىم (جۈپ) | | 8000 | 1978 | 2900 | 3050 | 4030 | 1577 | 591 | 5621 | 3228 | 2779 | 2620 |
| گىلەم (كۋادرات مېتىر) | | - | - | - | - | - | - | 308 | 336 | 395 | 395 | 108 |
| كىيىم - كېچەك (قۇر) | | - | - | - | 10759 | 11700 | 7185 | 1207 | 339 | 6551 | 8203 | 6472 |

پوسكام ناھىيىسىنىڭ 1958 - يىلدىن 1984 - يىلغىچە بولغان سانائەت كارخانىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى ئەھۋالى

2 - 10 - 4 - جەدۋەل

بىرلىكى: 10 مىڭ يۈەن

| يىللار | كارخانا سانى | بۇنىڭ ئىچىدە | | | سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى (1980 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا) | بۇنىڭ ئىچىدە | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | ئومۇمىي خەلق مۇلۇكچىلىكىدىكى كارخانا | قول سانائەت كارخانىسى | يېزا - بازار كارخانىسى | | ئومۇمىي خەلق مۇلۇكچىلىكىدىكى | كوللېكتىپ مۇلۇكچىلىكىدىكى | ئىشلەپچىقىرىلغان ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى | ئىشلەپچىقىرىلغان تۇرمۇش ۋاستىلىرى | ئېغىر سانائەت | يېنىك سانائەت |
| 1958 | 7 | - | 7 | | 7.6 | - | 7.6 | 2.8 | 4.8 | 0.6 | 7 |
| 1959 | 14 | - | 14 | | 86.1 | - | 86.1 | 8.9 | 77.2 | 6.2 | 79.9 |
| 1960 | 13 | 7 | 4 | 2 | 173.1 | 126.5 | 46.6 | 52.1 | 121 | 12.3 | 160.8 |
| 1961 | 13 | 7 | 4 | 2 | 134.8 | 123.6 | 11.2 | 15.6 | 119.2 | 9.5 | 125.3 |
| 1962 | 19 | 8 | 5 | 6 | 240.4 | 185.3 | 55.1 | 47.9 | 192.5 | 20.2 | 220.2 |
| 1963 | 19 | 8 | 5 | 6 | 282 | 229.3 | 52.7 | 34.5 | 247.5 | 20.3 | 261.7 |
| 1964 | 16 | 5 | 11 | | 297.7 | 243.4 | 54.3 | 49.2 | 248.5 | 22.9 | 274.8 |
| 1965 | 17 | 5 | 12 | | 354.4 | 325.5 | 28.9 | 96.4 | 258 | 29.7 | 324.7 |
| 1966 | 10 | 4 | 6 | | 387 | 339.8 | 47.2 | 43 | 344 | 29.4 | 351.6 |
| 1967 | 10 | 4 | 6 | | 457 | 374.7 | 82.3 | 51.1 | 405.9 | 34.2 | 422.8 |
| 1968 | 10 | 4 | 6 | | 417 | 374.3 | 42.7 | 64.4 | 352.6 | 31 | 386 |
| 1969 | 10 | 4 | 6 | | 302.8 | 258.9 | 43.9 | 31.8 | 271 | 32.9 | 269.9 |

| | | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1970 | 13 | 5 | 4 | 4 | 468.5 | 412.9 | 55.6 | 46.9 | 421.6 | 47.6 | 420.9 |
| 1971 | 13 | 6 | 3 | 4 | 420.7 | 343.9 | 76.8 | 63.2 | 357.5 | 63.2 | 357.5 |
| 1972 | 17 | 7 | 3 | 7 | 321.5 | 268.4 | 53.1 | 50.9 | 270.6 | 41.3 | 280.2 |
| 1973 | 18 | 7 | 3 | 8 | 274.8 | 239.3 | 35.5 | 49.5 | 225.3 | 42.1 | 232.7 |
| 1974 | 18 | 7 | 3 | 8 | 326.4 | 272.4 | 54 | 66.1 | 260.3 | 66.1 | 260.3 |
| 1975 | 21 | 8 | 4 | 9 | 355.5 | 299.5 | 56 | 114 | 241.5 | 78.9 | 276.6 |
| 1976 | 35 | 11 | 4 | 20 | 372.9 | 317.6 | 55.3 | 88.3 | 284.6 | 74 | 298.9 |
| 1977 | 32 | 9 | 4 | 19 | 408.4 | 318.5 | 89.9 | 106.1 | 302.3 | 94.5 | 313.9 |
| 1978 | 52 | 12 | 4 | 36 | 488.3 | 345.5 | 142.8 | 165.7 | 322.6 | 144.4 | 343.9 |
| 1979 | 56 | 14 | 4 | 38 | 392.6 | 259.9 | 132.7 | 190.5 | 202.1 | 162.6 | 230 |
| 1980 | 65 | 13 | 4 | 48 | 415.8 | 306.3 | 109.5 | 178.3 | 237.5 | 178.3 | 237.5 |
| 1981 | 67 | 10 | 4 | 53 | 530.1 | 407.9 | 122.2 | 179.9 | 350.2 | 179.9 | 350.2 |
| 1982 | 66 | 9 | 4 | 53 | 624.2 | 479 | 145.2 | 212.3 | 411.9 | 212.3 | 411.9 |
| 1983 | 66 | 9 | 4 | 53 | 733.1 | 560.8 | 172.3 | 272.5 | 460.6 | 272.5 | 460.6 |
| 1984 | 73 | 7 | 6 | 60 | 961 | 418.7 | 542.3 | 450.4 | 510.6 | 450.4 | 510.6 |

## پوسكام ناھىيىسىنىڭ 1981 - يىلدىن 1984 - يىلغىچە بولغان ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارىغا دائىر مەلۇمات

2 - 10 - 5 - جەدۋەل

| 1984 | 1983 | 1982 | 1981 | سانى / يىللار / تۈرى | |
|---|---|---|---|---|---|
| 4.3 | 3.3 | 2.3 | 1.8 | كۆمۈر (10مىڭ توننا) | |
| 1150.1 | 970.4 | 582.3 | 285.6 | جەمئىي (10مىڭ كىلوۋات سائەت) | تارقىتىلغان توك |
| 1150.1 | 970.4 | 582.3 | 283.6 | بۇنىڭ ئىچىدە: سۇ ئېلېكتر | |
| | | | 380 | سېمونت (توننا) | |
| 2.56 | 0.32 | 0.2 | - | جەمئىي (10مىڭ دانە) | تۆمۈردىن ياسالغان كىچىك دېھقانچىلىق سايمىنى |
| 0.7 | 0.22 | 0.2 | | بۇنىڭ ئىچىدە كەتمەن | |
| 4156 | 829 | 938 | 855 | خىش (10مىڭ دانە) | |
| 107.2 | 91 | 90 | 74.2 | ئاچچىقسۇ (توننا) | |
| 4.2 | 3.9 | 9 | 12.6 | جياڭيۇ (توننا) | |
| 24.8 | 18.7 | 33.7 | 16.4 | پىرەنىك (توننا) | |
| 30.4 | 24.4 | 33.2 | 26.8 | پېچىنە (توننا) | |
| 494.3 | 439.6 | 377.4 | 329.4 | سۇ يېغى (توننا) | |
| 4519 | 6839 | 3618 | 2683 | ئۇن (توننا) | |
| 9.3 | 5.7 | 5.7 | 3 | چىقىرىلغان پاختا (توننا) | |
| 22 | 16 | 5 | 4 | چوڭ رېمونت (دانە) | ئاپتوموبىل رېمونت قىلىش |
| 30 | 41 | 14 | 20 | ئوتتۇرا رېمونت (دانە) | |
| 3 | 6 | 33 | 45 | چوڭ رېمونت (دانە) | تراكتور رېمونت قىلىش |
| 11 | | | 39 | ئوتتۇرا رېمونت (دانە) | |
| 37.6 | 43.6 | .... | .... | گىلەم (كۋادرات مېتىر) | |
| 859 | 1545 | .... | .... | كىگىز (پارچە) | |
| 6354 | 3258 | 3648 | 4739 | كىيىم - كېچەك (قۇر) | |
| 1.1/13.3 | 1.3/20.2 | .... | .... | قاڭالتىر بۇيۇم (10 مىڭ دانە/توننا) | |

(تەپسىلاتى «ئىقتىساد» قىسمىنىڭ IX باب «ئېلېكتر قۇۋۋىتى» بابىدا كۆرسىتىلدى) .

**11) باشقا سانائەت**

2 - يېنىك سانائەت ئىدارىسىنىڭ ئۈنۈۋېرسال زاۋۇتىنىڭ تەكتى كۆن - خۇرۇم كوپىراتىپى ئىدى. ئۇنىڭ 1984 - يىلدىكى ئىشچى - خىزمەتچىسى 17 نەپەر، تۇراقلىق مۈلكىنىڭ ئەسلى قىممىتى 121 مىڭ يۈەن، ساپ قىممىتى 92 مىڭ يۈەن، سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 136 مىڭ 100 يۈەن. پايدىسى 1000 يۈەن، ئاساسلىق ئىشلەپچىقىرىش تۈرلىــــرى پاختا چىقىرىش، ئۇن تارتىشتىن ئىبارەت. تەمىنات - سودا كوپىراتىپىنىڭ تاشقى سودا مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاش زاۋۇتى، گىلەم ۋە كىگىز قاتارلىقلارنى ئىشلەپچىقىرىدۇ.

1984 - يىلى ئىككى زاۋۇتنىڭ سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 171 مىڭ 100 يۈەن بولۇپ، ناھىيە باشقۇرۇشىدىكى سانائەت ئورۇنلىرىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنىڭ 2.5 پىرسەنتىنى، پايدىسى 1000 يۈەن بولۇپ، ناھىيە باشقۇرۇشىدىكى سانائەت ئورۇنلىرىنىڭ ئومۇمىي پايدا سوممىسىنىڭ 0.1 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى.

سانائەت ئۈسكۈنىلىرى 80 - يىللاردا ئىشلەنگەن تالقانلاش ماشىنىسىدىن يەتتىسى، 70 - يىللاردا ئىشلەنگەن پاختا چىقىرىش ماشىنىسىدىن بىرى بار.

# XI باب

# يېزا - بازار كارخانىلىرى

ناھىيىدە يېز - بازار كارخانىلىرى 1958 - يىلدىن باشلاپ قۇرۇلغان. يەرلىك سانائەت بىلەن كەڭ تۈردە شۇغۇللىنىش دولقۇنىدا، ھەر قايسى يېزا (مەيدان) لار يېزا باشقۇرۇشىدىكــــى كارخانىدىن 34 نى قۇرغانىدى، مەبلەغ، خام ئەشيا، تېخنىكا كاپالەتكە ئىگە بولالمىغانلىقتىن 1959 - يىلى بۇ كارخانىلارنىڭ كۆپىنچىسى تاقىلىشقا مەجبۇر بولدى. ئۇنىڭدىن كېيىــــن «ئاشلىقنى تۇتقا قىلىپ، دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلــىق، قوشۇمچە كەسىــــــپ، بېلىقچىلىقنى ئومۇميۈزلۈك راۋاجلاندۇرۇش» فاڭجېنىنىڭ ئىزچىللاشتۇرۇلۇشىغا ئەگىشىپ، يېزا (مەيدان) لار يېزا ئىگىلىك ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىدىغان يېزا ئىگىلىك ماشىنا - سايمانلىرىنى رېمونت قىلىش، يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش كارخانىلىرىنى ئارقا - ئارقىدىن قۇردى، لېكىن ئېگىز - پەسلىك زور بولدى. 1977 - يىلى جەنۇبىي شىنجاڭ نېفىت چارلاش بىرلەشمە جېڭگە قوماندانلىق قىلىش شتابى پوسكامغا ئورۇنلىشىپ، ئاساسىي قۇرۇلۇش ئېلىپ بارغاندىن كېيىن، يېزا - بازار كارخانىلىرى ئاندىن تېز تەرەققىي قىلىشقا باشلىدى. 1977 - يىلدىن 1984 - يىلغىچە بىناكارلىق ماتېرىياللىرى، قاتناش - ترانسپورت مەركەز قىلىنغان، يېمەك - ئىچمەك مۇلازىمىتى سودا يېمەكلىكلىرىنى تەييارلاش، باقمىچىلىق، تېرىقچىلىق قاتارلىق كەسىپلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ يېڭــى قۇرۇلمىسى شەكىللىنىپ، نېفىت بازىسى قۇرۇلۇشىغا ياردەم بېرىلدى، دۆلەت ۋە كوللېكتىپنىڭ

كىرىمى كۆپەيدى. يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ كىرىمى، پايدىسى قەشقەر ۋىلايىتى بويىچە ئالدىنقى قاتاردىن ئورۇن ئالدى.

## 1 § . تەرەققىيات جەريانى

1958 - يىلى ناھىيە بويىچە ھەر قايسى يېزا - مەيدانلاردا يېزا - بازار كارخانىسىدىن 34ى قۇرۇلدى، ئاساسلىق تۈرلىرىدىن باكتېرىيىلىك ئوغۇت ياساش، پاختا چىقىرىش، ياغ تارتىش، خىش پىشۇرۇش، يېزا ئىگىلىك سايمانلىرىنى رېمونت قىلىش، سوپۇن ئىشلەش، قۇرۇق مېۋە پىششىقلاش، يەم - بوغۇز پىششىقلاپ ئىشلەش قاتارلىقلاربار ئىدى. مەبلەغ، خام ئەشيا يېتىشمىگەنلىكى، تېخنىكا كاپالەتكە ئىگە بولمىغانلىقى ئۈچۈن، 1959 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، %90 كارخانا تاقىلىشقا مەجبۇر بولدى. 60 - يىللاردا ناھىيىدىكى يېزا - بازار كارخانىلىرىدىن بەش تراكتور پونكىتىدىن باشقىلىرى ئاساسەن توختاپ قېلىش ھالىتىگە چۈشۈپ قالدى. 70 - يىللارنىڭ باشلىرىدا يېزا - بازار كارخانىلىرى يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەشنى دەۋر قىلغان ھالدا تەرەققىي قىلىشقا باشلىدى. تۆغچى يېزىسى كىچىك سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسىنى تايانچ كارخانا قىلىپ، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، يېزا ئىگىلىك ماشىنا - سايمانلىرىنى رېمونت قىلىش، پاختا چىقىرىش، شال ئاقلاش، يەم - بوغۇز پىششىقلاپ ئىشلەش، بورا توقۇش، خىش پىشۇرۇش، گىلەم توقۇش، يېمەكلىك ئىشلەش قاتارلىق كارخانىلارنى قۇردى، لېكىن پۈتۈن ناھىيىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، تەرەققىيات تولىمۇ تەكشۈكسىز بولدى، كۆپ قىسىم يېزىلار يەنىلا باشلىنىش باسقۇچىدا تۇردى.

1979 - يىلى جەنۇبىي شىنجاڭ نېفىت چارلاش بىرلەشمە جېڭگە قوماندانلىق قىلىش شتابى پوسكامغا ئورۇنلىشىپ، كەڭ كۆلەمدە ئاساسىي قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىپ، سانائەت كارخانىلىرىنى قۇرۇپ، يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ راۋاجلىنىشى ئۈچۈن شارائىت يارىتىپ بەردى، شۇنىڭ بىلەن يېزا - بازار كارخانىلىرى پۈتۈن ناھىيە خەلق ئىگىلىكىنىڭ مۇھىم تۈۋرۈكىدىن بىرى بولۇپ قالدى.

1978 - يىلى ناھىيە بويىچە يېزا - بازار كارخانىسى 213كە، خادىمى 2100نەپەرگە، ئومۇمىي كىرىمى 3 مىليون 370 مىڭ يۈەنگە، پايدىسى 350 مىڭ يۈەنگە يەتكەنىدى. 1979 - يىلى كارخانا 434 كە، خادىمى 5200 نەپەرگە، ئومۇمىي كىرىمى 4 مىليون 800 مىڭ يۈەنگە، پايدىسى 550 مىڭ يۈەنگە يەتتى، ئومۇمىي كىرىمى ناھىيە بويىچە يېزا، كەنت، مەھەللىدىن ئىبارەت ئۈچ دەرىجىلىك ئورۇننىڭ ئومۇمىي كىرىمىنىڭ 22 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە خىش پىشۇرۇش، بىناكارلىق كىرىمى 1 مىليون 350 مىڭ يۈەندىن ئاشتى. 1980 - يىلى كارخانا 450 كە، ئومۇمىي كىرىمى 5 مىليون 350 مىڭ يۈەنگە، پايدىسى 1 مىليون 685 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 1981 - يىلى بەزى كىچىك خىش پىشۇرۇش خۇمدانلىرى ئىشلەپچىقىرىشتىن توختىغاچقا، كارخانا 120 گە چۈشۈپ قالدى، ئومۇمىي كىرىمى 7 مىليون 250 مىڭ يۈەن، پايدىسى 1 مىليون 310 مىڭ يۈەن بولدى. 1982 - يىلى كارخانا يەنە 216 گە، ئومۇمىي كىرىمى 11 مىليون 310 مىڭ يۈەنگە، پايدىسى 3 مىليون 931 مىڭ يۈەنگە يەتتى. كىرىمنىڭ كۆپىيىشىدىكى سەۋەب شۇ بولدىكى، ئاساسلىقى يېزىلاردا بىناكارلىق قۇرۇلۇش ئەترەتلىرى قۇرۇلدى، ناھىيە بويىچە

### يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ 1978 - يىلدىن 1984 - يىلغىچە بولغان ئاساسىي ئەھۋالى

2 ـ 11 ـ 1 . جەدۋەل

| تۈرى / سانى / يىللار | كارخانا | كارخانا خادىمى (نەپەر) | ئومۇمىي كىرىم (10مىڭ يۈەن) | پايدا (10مىڭ يۈەن) | باج سوممىسى (10مىڭ يۈەن) |
|---|---|---|---|---|---|
| 1978 | 213 | 2100 | 337 | 35 | 3.5 |
| 1979 | 434 | 5200 | 480 | 55 | 4.1 |
| 1980 | 450 | 3500 | 535 | 168.5 | 5.2 |
| 1981 | 405 | 3203 | 725 | 131 | 10.5 |
| 1982 | 216 | 4422 | 1131 | 393.1 | 20 |
| 1983 | 200 | 4334 | 1310 | 336.5 | 55.4 |
| 1984 | 197 | 4107 | 1211.32 | 257.3 | 44 |

### يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ 1984 - يىلدىكى ئاساسىي ئەھۋالى

2 ـ 11 ـ 2 . جەدۋەل

| تۈرى / سانى / كەسىپلەر | كارخانا ئورۇن | | | كارخانا خادىمى (نەپەر) | | | ئومۇمىي كىرىم (10مىڭ يۈەن) | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | جەمئىي | يېزا قۇرغىنى | كەنت قۇرغىنى | جەمئىي | يېزا قۇرغىنى | كەنت قۇرغىنى | جەمئىي | يېزا قۇرغىنى | كەنت قۇرغىنى |
| جەمئىي | 203 | 87 | 116 | 4147 | 3165 | 982 | 977.03 | 806.56 | 170.47 |
| يېزا ئىگىلىك كارخانىسى | 27 | 11 | 16 | 433 | 111 | 322 | 50.85 | 23.39 | 27.46 |
| سانائەت كارخانىسى | 123 | 43 | 80 | 1785 | 1303 | 482 | 771.37 | 675.7 | 95.67 |
| قاتناش ترانسپورت | 28 | 10 | 18 | 253 | 87 | 166 | 56.88 | 22.96 | 33.92 |
| بىناكارلىق | 13 | 13 | - | 1596 | 1596 | - | 66.42 | 66.42 | - |
| باشقا كارخانىلار | 6 | 5 | 1 | 40 | 34 | 6 | 15.71 | 9 | 6.71 |
| بۇنىڭ ئىچىدە: سودا | | | - | | | | | | |
| يېمەك ئىچمەك | 3 | 3 | - | 25 | 25 | - | 5.66 | 5.66 | - |
| مۇلازىمەتچىلىك | 3 | 2 | 1 | 15 | 9 | 6 | 10.14 | 3.43 | 6.71 |

بەش بىناكارلىق ئەترىتى نېفىت بازىسىدا قۇرۇلۇشلارنى ھۆددە ئالدى. 1983 - يىلدىكى كارخانا 200 بولۇپ، ئومۇمىي كىرىمى 13 مىليون 100 مىڭ يۈەنگە، پايدىسى 3 مىليون 635 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

1984 - يىلى ناھىيىلىك يېزا - بازار كارخانىلىرى ئىدارىسى يېزىلارغا ماسلىشىپ، بىر قىسىم كارخانىلارنى تەرتىپكە سېلىپ، ئىگىلىكى ياخشى باشقۇرۇلمىغان، ئېغىر زىيان تارتقان كارخانىلارنى تاقىدى، ئىشتىن توختاتتى، بىرلەشتۈرۈۋەتتى، كەسپىنى ئۆزگەرتتى، تەرتىپكە سېلىش ئارقىلىق، ناھىيە بويىچە ئومۇمىي يېزا - بازار كارخانىسى 197 گە، خادىمى 4107 نەپەرگە چۈشۈپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن كارخانا باشقۇرۇش سەۋىيىسى ئۆسكەنلىكى، تەننەرخ تۆۋەنلىگەنلىكى، ئىش ئۈنۈمى يۇقىرى كۆتۈرۈلگەنلىكى ئۈچۈن، ناھىيە بويىچە كارخانىلارنىڭ ئومۇمىي كىرىمى يەنىلا 12 مىليون 110 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، ئالدىنقى يىلدىكى سەۋىيىگە يېقىنلاشتى، پايدىسى 2 مىليون 570 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن سەل تۆۋەن بولدى. ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىدىن ئۇزۇنچاق خىشنىڭ مىقدارى، سۈپىتى ئوخشاشلا ئۆستى. ئۇزۇنچاق خىش 37 مىليون 421 مىڭ دانىگە يېتىپ، 1983 - يىلدىكىدىن 9 مىليون 427 مىڭ دانە كۆپەيدى. يېزىلار يەنە 1 مىليون يۈەندىن كۆپرەك مەبلەغ توپلاپ، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، چوڭ پارنىكتىن ئىككىنى شۇنداقلا ئۇن زاۋۇتى، توخۇ فېرمىسى، ئىسسىقلىق ساقلىغۇچى ماتېرىياللار بىرلەشمىسى زاۋۇتى، ماشىنىلاشقان بىرلەشمە خىرمان، شېغىل كارخانىسى، شېغىل - تاش ماتېرىياللار كارخانىسى، گۈزەل سەنئەت بۇيۇملىرى باسما زاۋۇتى، ئىنفرا قىزىل نۇرلۇق دوخوپكا بىلەن يېمەكلىك پىشۇرۇش زاۋۇتى، سوغۇق ئىچىملىك سېخى قىلدى.

1978 - يىلدىن 1984 - يىلغىچە ناھىيە بويىچە يېزا - بازار كارخانىلىرى دۆلەتكە جەمئىي 1 مىليون 127 مىڭ يۈەن باج، يېزا (گۇڭشې)لارغا تەخمىنەن 2 مىليون يۈەن پايدا تاپشۇردى. كويباغ يېزىسى ئەسلىدە ناھىيىدىكى بىر قەدەر نامرات يېزا ئىدى، نېفىت - خىمىيە سانائىتىنىڭ ئىسما كىرىشىشىگە ئەگىشىپ، بىناكارلىق ماتېرىياللىرى، بىناكارلىق، باقمىچىلىق، تېرىقچىلىقنى راۋاجلاندۇرۇشقا ئەھمىيەت بەرگەنلىكتىن، بىر سەكرەپلا ناھىيە بويىچە ئەڭ باي يېزىغا ئايلاندى. 1980 - يىلى يېزا بويىچە كارخانا 31 گە، ئۇلارنىڭ ئومۇمىي كىرىمى 1 مىليون 612 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 1984 - يىلى تەرتىپكە سېلىش ئارقىلىق، كارخانىدىن 19ى قالغان بولسىمۇ، ئومۇمىي كىرىمى 4 مىليون 998 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، مۇشۇ يېزىدىكى ئۈچ دەرىجىلىك ئورۇنلار ئومۇمىي كىرىمىنىڭ 38 پىرسەنتىنى، ناھىيە بويىچە يېزا - بازار كارخانىلىرى ئومۇمىي كىرىمىنىڭ 41.3 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى، پايدىسى 949 مىڭ يۈەنگە يەتتى، يالغۇز يېزىلىق بىناكارلىق ئەترىتىنىڭ 1978 - يىلدىن 1984 - يىلغىچە يېزىلىق ھۆكۈمەتكە تاپشۇرغان باشقۇرۇش خىراجىتى 681 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

## §2. مەھسۇلات مىقدارى

يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلاتلىرى ، ئاساسەن، خىش، ھاك، ئاچچىقسۇ، جياڭيۇ،

پىچىنە - پىرەنىك، ماشئۇگرە، ھەسەل، كىراخمال، بورا، ئېلېكتر قۇۋۋىتى، تۆمۈردىن ياسالغان كىچىك دېھقانچىلىق سايمانلىرىدىن ئىبارەت. ئۇنىڭدىن باشقا، ئۈن، سۇ يېغى، تۇز، پاختا قاتارلىقلار بار. خىش ئەڭ كۆپ ئىشلەپچىقىرىلىدۇ. 1984 - يىلى 37 مىليون 421 مىڭ دانە خىش ئىشلەپچىقىرىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ماشىنىدا قۇيۇلغىنى %90نى ئىگىلەيدۇ. ماشىنىدا قۇيۇلغان خىشنىڭ سۈپىتى ياخشى بولۇپ، بارا - بارا قولدا قۇيۇلغان خىشنىڭ ئورنىنى باستى. پاختا چىقىرىش كەسپىدە، ئۇسكۈنە كونا، ماشىنىلىشىش سەۋىيىسى تۆۋەن، خادىملارنىڭ تېخنىكا ساپاسى ناچار بولۇش قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، چىقىرىلغان پاختىنىڭ سۈپىتى ناچار، بۇ جىددىي ھەل قىلىشنى كۈتۈپ تۇرماقتا. ئاچچىقسۇ، جياڭيۇنىڭ سۈپىتىنىمۇ ئۆستۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ، ماشىنىدا قۇيۇلغان خىش، ماشئۇگرە قوشنا ناھىيىلەرگە ئېلىپ بېرىلىپ سېتىلغاندىن سىرت، باشقا مەھسۇلاتلار ناھىيىدىلا سېتىلىدۇ.

**پوسكام ناھىيىسىدىكى يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ 1984 - يىلدىكى ئاساسلىق مەھسۇلاتلىرى**

2 ـ 11 ـ 3 ـ جەدۋەل

| مەھسۇلات تۈرى | ھېسابلاش بىرلىكى | جەمئىي | يېزىلار قۇرغان كارخانا | كەنتلەر قۇرغان كارخانا |
|---|---|---|---|---|
| تارقىتىلغان توك | 10مىڭ كىلوۋات سائەت | 41.1 | 41.1 | - |
| تۆمۈردىن ياسالغان دېھقانچىلىق سايمانلىرى | 10مىڭ دانە | 0.11 | 0.09 | 0.02 |
| خىش | 10مىڭ دانە | 3742.1 | 3696.1 | 40 |
| تۇز | توننا | 6 | | 6 |
| تارتىلغان ئۈن، ياغ | 10 مىڭ كىلوگرام | 419.7 | 355 | 64.7 |
| بۇنىڭ ئىچىدە: ئۈن | 10مىڭ كىلوگرام | 400.9 | 346.35 | 54.55 |
| گۈرۈچ | 10 مىڭ كىلوگرام | 16.55 | 7.15 | 9.4 |
| سۇ يېغى | 10مىڭ كىلوگرام | 2.25 | 1.5 | 0.75 |
| چىقىرىلغان پاختا | 10مىڭ كىلوگرام | 2.15 | 2.15 | - |
| پۈتكەن ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى | 10 مىڭ كۋادرات مېتىر | 2.8 | 2.8 | - |
| ئىشلەپچىقىرىلغان ئاشلىق | 10مىڭ كىلوگرام | 12.95 | 12.95 | - |

# § 3 . نۇقتىلىق كارخانىلار

## 1 . بىناكارلىق، بىناكارلىق ماتېرىياللىرى كەسپى

### 1) كۆيباغ يېزىلىق قۇرۇلۇش ئەترىتى

بۇ ئەترەت 1977 - يىلى قۇرۇلغان. دەسلەپتە 20 نەپەر ئىشچى - خىزمەتچىسى، بىر دانە دىسكىلىق ھەرسى، ئۈچ دانە غالتەك ھارۋىسى، 20 دانە كەتمەن ۋە گۈرجەكى بار ئىدى، ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 160 مىڭ يۈەن ئىدى. 1984 - يىلى ئىشچى - خىزمەتچىسى 310 نەپەرگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە تېخنىكا خادىمى سەككىز نەپەر، ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 2 مىليون 800 مىڭ يۈەنگە، يېزىغا تاپشۇرغان باشقۇرۇش ھەققى 137 مىڭ يۈەنگە، مۇقىم مۈلۈكىنىڭ ئومۇمىي قىممىتى 2 مىليون 500 مىڭ يۈەنگە، تۇراقسىز مەبلىغى 200 مىڭ يۈەنگە، پۈتكۈزگەن ئۆي كۆلىمى 10 مىڭ كۋادرات مېترغا يەتتى.

ئاساسلىق ئۈسكۈنىلىرى 1984 - يىلى بەش يۈك ئاپتوموبىلى، بىر تراكتور، تۆت دانە 400 مىللىمېترلىق بېتون لاي ئېتىش ماشىنىسى، يەتتە دانە سېمونت لاي ئېتىش ماشىنىسى، تۆت يۈرۈش 20 مېترلىق كېشەكسىمان تاختىپەر بار. بۇ قۇرۇلۇش ئەترىتى ناھىيە ئىچى ۋە سىرتىدا 70 مىڭ كۋادرات مېتردىن كۆپرەك قۇرۇلۇشنى ھۆددە ئېلىپ، 16 مىليون 440 مىڭ يۈەن مەھسۇلات قىممىتى، 3 مىليون 550 مىڭ يۈەن پايدا ياراتتى، بۇنىڭ ئىچىدە يېزىغا تاپشۇرغان باشقۇرۇش ھەققى 671 مىڭ يۈەن، بۇ ئەترەت ئۇدا ئۈچ يىل قەشقەر ۋىلايىتىدىكى يېزا - بازار كارخانىلىرى بويىچە ئىلغار كوللېكتىپ بولۇپ باھالاندى، ئۇلار ھازىر تۆت قەۋەتلىك بىنا قۇرۇلۇشىنى ئۈستىگە ئالالايدىغان ئورۇن بولۇپ قالدى. 1985 - يىلى بۇ كارخانىنىڭ دەرىجىسى ئۆستۈرۈلۈپ، پوسكام ناھىيىلىك 3 - بىناكارلىق - قۇراشتۇرۇش شىركىتى قىلىندى.

### 2) ئىككىسۇ يېزىلىق قۇرۇلۇش ئەترىتى

بۇ ئەترەت 1979 - يىلى كۈزدە قۇرۇلغان بولۇپ، 32 نەپەر ئىشچى - خىزمەتچىسى بار، بۇ ئەترەت گۇڭشې ئامانەت - قەرز كوپىراتىپىدىن بېرىلگەن 1000 يۈەن قەرز پۇلغا ئۈچ غالتەك ھارۋا، 46 كەتمەن، گۈرجەك، جوتو سېتىۋېلىپ، شۇ يىلى نېفىت بازىسىدىن كۆلىمى 1200 كۋادرات مېتر كېلىدىغان تۆت ئوتياش ئورىسىنى ھۆددە ئالدى. 1980 - يىلى ئىشچى - خىزمەتچىسى 80 نەپەرگە، ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 200 مىڭ يۈەنگە، گۇڭشېغا تاپشۇرغان باشقۇرۇش ھەققى 10 مىڭ 500 يۈەنگە يەتكەنىدى، 1984 - يىلى ئىشچى - خىزمەتچىسى 300 نەپەرگە، ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليون 650 مىڭ يۈەنگە، يېزىلىق ھۆكۈمەتكە تاپشۇرغان باشقۇرۇش ھەققى 85 مىڭ يۈەنگە، يىل ئاخىرىدىكى تۇراقسىز مەبلىغى 350 مىڭ يۈەنگە، مۇقىم مۈلكىنىڭ ئومۇمىي قىممىتى 1مىليون 200 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 1979 - يىلدىن 1984 - يىلغىچە يېزىغا تاپشۇرغان باشقۇرۇش ھەققى 418 مىڭ يۈەنگە، پۈتكۈزگەن ئۆي كۆلىمى 26 مىڭ كۋادرات مېترغا يەتتى.

ئاساسلىق ئۈسكۈنىلىرى 1984 - يىلى ئۈچ يۈرۈش 20 مېترلىق كېشەكسىمان تاختىپەر، ئۈچ يۈك ئاپتوموبىلى، ئىككى تراكتور، تۆت دانە 400 مىللىمېترلىق بېتون لاي ئېتىش ماشىنىسى، توققۇز دانە سېمونت لاي ئېتىش ماشىنىسى بار بولدى.

3) كۆيباغ يېزىلىق ماشىنىلاشقان خىش زاۋۇتى

بۇ زاۋۇت 1973 ـ يىلى قۇرۇلغان. دەسلەپتە زاۋۇت قۇرۇلغاندا 13 نەپەر ئىشچى ـ خىزمەتچىسى، يىلىغا 400 مىڭ دانە خىش پىشۇرىدىغان بىر خۇمدان بولۇپ، ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 40 مىڭ يۈەن ئىدى. 1983 ـ يىلى بىر ئايلانما خۇمدان سېلىندى. 1984-يىلى ئىشچى-خىزمەتچىسى 220 نەپەرگە يەتتى، پىشۇرۇلغان خىش 13 مىليون 200 مىڭ دانىگە يېتىپ، 1973 ـ يىلدىكىنىڭ 30 ھەسسىسىگە تەڭلەشتى، ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 574 مىڭ يۈەن بولۇپ، 1978 ـ يىلدىكىنىڭ 24 ھەسسىسىگە توغرا كەلدى، يۇقىرىغا تاپشۇرغان باج سوممىسى 96 مىڭ يۈەنگە، پايدىسى 68 مىڭ يۈەنگە، تۇراقلىق مۈلكىنىڭ ئومۇمىي قىممىتى 461 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇ زاۋۇتتا كونىگە 40 مىڭدىن 50 مىڭغىچە خىش قۇيالايدىغان ئىككى ئىشلەپچىقىرىش لىنىيىسى، «شەرق شاملى» ماركىلىق بىر يۈك ئاپتوموبىلى، بىر توپا ئىتتىرىش ماشىنىسى، ئىككى چوڭ، ئوتتۇرا تراكتور، 50 كىلوۋاتلىق ئىككى گېنېراتورلار گۇرۇپپىسى بار، زاۋۇت قۇرۇلغاندىن تارتىپ 1984 ـ يىلغىچە 250 مىڭ يۈەن پايدا يارىتىلدى، دۆلەتكە 166 مىڭ يۈەن باج تاپشۇرۇلدى، ھازىر بۇ كارخانا پۇسكام ناھىيىسى بويىچە ماشىنىدا خىش قۇيۇش ئۈنۈمى ئەڭ ياخشى بولغان كارخانا بولۇپ قالدى.

بۇ زاۋۇتتا ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرگە ئىشقا قاراپ ھەق بېرىش تۈزۈمى يولغا قويۇلدى، 1984 ـ يىلى كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ئىش ھەققى 1442.30 يۈەنگە يەتتى.

4) سەيلى يېزىلىق ماشىنىلاشقان خىش زاۋۇتى

بۇ زاۋۇت 1983 ـ يىلى قۇرۇلغان، ئۇنىڭغا 520 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنغان. 1984-يىلى 8 مىليون 700 مىڭ دانە خىش ئىشلەپچىقاردى، سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 378 مىڭ يۈەنگە، يۇقىرىغا تاپشۇرغان باشقۇرۇش ھەققى 30 مىڭ يۈەنگە، ياراتقان بېجى 34 مىڭ يۈەنگە، پايدىسى 63 مىڭ يۈەنگە يەتتى، ھازىر زاۋۇتتىكى ئېنېرگىيە ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 573 كىلوۋاتقا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 320 كىلوۋاتلىق ئېلېكترماتور ئالتە، 160 كىلوۋاتلىق گېنېراتور بىر، 164 كىلوۋاتلىق دىزېل ماتور بىر، يەنە بىر ئاپتوموبىل، بىر ئايلانما خۇمدان، ئىككى يۆرۈش خىش قۇيۇش ماشىنىسى بار.

1984 ـ يىلى بۇ زاۋۇتنىڭ ئىشچى ـ خىزمەتچىسى 145 نەپەرگە يەتتى، زاۋۇتتا ئىشقا قاراپ ھەق بېرىش تۈزۈمى يولغا قويۇلدى، كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن يىللىق ئىش ھەققى 711.3 يۈەنگە يەتتى.

5) كۆيباغ يېزىلىق بىناكارلىق ماتېرىياللىرى زاۋۇتى

بۇ زاۋۇت 1981 ـ يىلى قۇرۇلغان، ئۇنىڭغا 1 مىليون 105 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنغان. 1984 ـ يىلى بۇ زاۋۇتنىڭ ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى 6250 كۋادرات مېترغا، ئۆي ئىمارەت كۆلىمى 3600 كۋادرات مېترغا، پىشۇرۇلغان خىش 5 مىليون 400 مىڭ دانىگە، سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 235 مىڭ يۈەنگە، يۇقىرىغا تاپشۇرۇلغان باشقۇرۇش ھەققى 17 مىڭ يۈەنگە پايدىسى 21 مىڭ يۈەنگە يەتتى، ھازىر بۇ زاۋۇتتا ئومۇمىي قۇۋۋىتى 1008 كىلوۋات كېلىدىغان ئېنېرگىيە ماشىنىسى، ئىككى دىزېل ماتور، ئىككى ترانسفور ماتور، بىر توپا ئىتتىرىش ماشىنىسى، بىر ئاپتوموبىل، بەش تراكتور، ئىككى يۆرۈش خىش قۇيۇش ماشىنىسى، بىر ئايلانما خۇمدان بار.

1984 ـ يىلى بۇ زاۋۇتنىڭ ئىشچى ـ خىزمەتچىسى 310 نەپەرگە يەتتى، زاۋۇتتا ئىشقا

قاراپ ئىش ھەققى بېرىش تۈزۈمى يولغا قويۇلدى، كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن يىللىق ئىش ھەققى 639.50 يۈەنگە يەتتى.

**6) يېزا - بازار كارخانىلىرى ئىدارىسىنىڭ ماشىنىلاشقان خىش زاۋۇتى**

بۇ زاۋۇت 1981 - يىلى قۇرۇلغان، ئۇنىڭغا 180 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنغان، ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى 106 مىڭ 667 كۋادرات مېتىر، ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 1182 كۋادرات مېتىر، بۇ زاۋۇت 1984 - يىلى 5 مىليون 500 مىڭ دانە خىش ئىشلەپچىقاردى، سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 240 مىڭ يۈەنگە، يۇقىرىغا تاپشۇرغان باشقۇرۇش ھەققى 14مىڭ يۈەنگە، يۇقىرىغا تاپشۇرغان بېجى 18 مىڭ يۈەنگە، پايدىسى 23 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

بۇ زاۋۇتتا 1984 - يىلى ئومۇمىي قۇۋۋىتى 354 كىلوۋات كېلىدىغان ئېنېرگىيە ماشىنىسى بار بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە دىزېل ماتور بىر، ترانسفور ماتور بىر، ئاپتوموبىل ئىككى، تراكتور ئىككى، ئايلانما خومدان بىر، خىش قۇيۇش ماشىنىسى بىر.

زاۋۇتنىڭ 1984 - يىلدىكى ئىشچى - خىزمەتچىسى 45 نەپەرگە يەتتى، زاۋۇتتا ئىشقا قاراپ ئىش ھەققى بېرىش تۈزۈمى يولغا قويۇلدى، كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن يىللىق ئىش ھەققى 1155.6 يۈەنگە يەتتى.

**7) يىما يېزىلىق تراكتور پونكىتىنىڭ خىش زاۋۇتى**

بۇ زاۋۇت 1980 - يىلى قۇرۇلغان، ئۇنىڭغا 267 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنغان. ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى 42 مىڭ 624 كۋادرات مېتىر، ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 2100 كۋادرات مېتىر. 1984 - يىلى 8 مىليون 700 مىڭ دانە خىش ئىشلەپچىقىرىلدى، سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 65 مىڭ يۈەنگە، پايدىسى 20 مىڭ يۈەنگە يەتتى. زاۋۇتتا 31 ئېلېكتر ماتور، بىر ستانوك، بىر كەپشەرلەش ماشىنىسى، بىر يەرلىك خومدان، 22 نەپەر ئىشچى - خىزمەتچى بار بولۇپ، ئىشقا قاراپ ئىش ھەققى بېرىش تۈزۈمى يولغا قويۇلدى، كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن يىللىق ئىش ھەققى 736.40 يۈەنگە يەتتى.

## 2. پىششىقلاپ ئىشلەش كەسپى

**1) ئىككىسۇ يېزىلىق پاختا زاۋۇتى**

بۇ زاۋۇت 1970 - يىلى قۇرۇلغان، ئۇنىڭغا 153 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنغان، ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى 5330 كۋادرات مېتىر، ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 960 كۋادرات مېتىر. 1980 - يىلى چىقىرىلغان پاختا 320 توننىغا، سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 36 مىڭ يۈەنگە، پايدا 7000 يۈەنگە يەتكەندى. 1984 - يىلى چىقىرىلغان پاختا 330 توننىغا، ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 56 مىڭ يۈەنگە، يۇقىرىغا تاپشۇرۇلغان باشقۇرۇش ھەققى 15 مىڭ يۈەنگە، پايدىسى 15 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

سانائەت ئۈسكۈنىلىرى 1984 - يىلى ئىككى دىزېل ماتور، 25 ئېلېكتر ماتور، تۆت پاختا چىقىرىش ئۈسكۈنىسى بار بولدى. ھازىرقى پاختا چىقىرىش ئۈسكۈنىلىرىنىڭ ھەممىسى 70-يىللاردىكى مەھسۇلات بولۇپ، يېڭىلاشقا توغرا كېلىدۇ، زاۋۇتتا 31 نەپەر ئىشچى - خىزمەتچى بار بولۇپ، ئىشقا قاراپ ھەق بېرىش تۈزۈمى يولغا قويۇلدى، ئىشلەپچىقىرىش مەزگىلىدە كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن يىللىق ئىش ھەققى 523 يۈەنگە يەتتى.

**2) يىما يېزىلىق پاختا زاۋۇتى**

بۇ زاۋۇت 1969 - يىلى قۇرۇلغان، ئۇنىڭغا 153 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنغان، ئىگىلىگەن

يەر كۆلىمى 31 مىڭ 302 كۋادرات مېتر، ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 5328 كۋادرات مېتر، 1980 - يىلى چىقىرىلغان پاختا 256 تونىنغا، ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 68 مىڭ يۈەنگە، يۇقىرىغا تاپشۇرۇلغان باشقۇرۇش ھەققى 15 مىڭ يۈەنگە، پايدا 23 مىڭ يۈەنگە يەتكەنىدى. 1984-يىلى چىقىرىلغان پاختا 574 تونىنغا، ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 89 مىڭ يۈەنگە، يۇقىرىغا تاپشۇرۇلغان باشقۇرۇش ھەققى 7000 يۈەنگە، پايدا 34 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

ئۈسكۈنىلىرى 78 ئات كۈچىگە تەڭ ئىككى دىزېل ماتور بار. ئۈچ پاختا چىقىرىش ئۈسكۈنىسى بار بولۇپ، بۇنىڭ بىرى 80 - يىللاردا ئىشلەنگەن تېز ئايرىش ماشىنىسى، بىرى 60 - يىللاردا ئىشلەنگەن پاختا چىقىرىش ماشىنىسى.

زاۋۇتتا 1984 - يىلى 29 نەپەر ئىشچى - خىزمەتچى بار بولۇپ، ئىشقا قاراپ ھەق بېرىش تۈزۈمى يولغا قويۇلغان، ھەر يىلى ئىشلەپچىقىرىش مەزگىلىدە كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن يىللىق ئىش ھەققى 827.50 يۈەنگە يېتىدۇ.

**3) ئاقتام يېزىلىق پاختا زاۋۇتى**

بۇ زاۋۇت 1972 - يىلى قۇرۇلغان، ئۇنىڭغا 46 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنغان، ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى 39 مىڭ 960 كۋادرات مېتر، ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 440 كۋادرات مېتر، 1980-يىلى چىقىرىلغان پاختا 175 تونىنغا، ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 19 مىڭ يۈەنگە، پايدا 4000 يۈەنگە يەتتى. 1984 - يىلى چىقىرىلغان پاختىدىن قىلىنغان كىرىم 44 مىڭ يۈەنگە، پايدا 11 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

ئۈسكۈنىلىرى 104 ئات كۈچىگە ئىگە ئۈچ دىزېل ماتور، ئالتە پاختا چىقىرىش ماشىنىسى بار بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە 80 - يىللاردا ئىشلەنگەن پاختا چىقىرىش ماشىنىسى بىر، تېز ئايرىش ماشىنىسى بىر، پاختا تايلاش ماشىنىسى بىر، باشقا ئۈسكۈنە بىر، 70 - يىللاردا ئىشلەنگەن پاختا چىقىرىش ماشىنىسى بىر، پاختا تايلاش ماشىنىسى بىر. زاۋۇتتا 19 نەپەر ئىشچى-خىزمەتچى بار بولۇپ، ئىشلەپچىقىرىش مەزگىلىدە كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن يىللىق ئىش ھەققى 378.9 يۈەنگە يەتتى.

**4) يىما يېزىلىق ئۇن - ياغ زاۋۇتى**

بۇ زاۋۇت 1971 - يىلى قۇرۇلغان، ئۇنىڭغا 155 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنغان، ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى 19 مىڭ 980 كۋادرات مېتر، ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 2375 كۋادرات مېتر، 1980 - يىلى تارتىلغان ئۇن 1520 تونىنغا، جۈملىدىن بۇغداي ئۇنى 1200 تونىنغا، كۆممىقوناق ئۇنى 320 تونىنغا، تارتىلغان سۇ يېغى 18 تونىنغا، ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 69 مىڭ يۈەنگە، پايدا 14 مىڭ يۈەنگە يەتكەنىدى، 1984 - يىلى تارتىلغان ئۇن 1100 تونىنغا، جۈملىدىن بۇغداي ئۇنى 900 تونىنغا، كۆممىقوناق ئۇنى 200 تونىنغا، تارتىلغان سۇ يېغى 15 تونىنغا، ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 60 مىڭ يۈەنگە، پايدا 15 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

ئۈسكۈنىلىرى بەش دانە ئۇن تارتىش ماشىنىسى بار، بۇنىڭ ئىچىدە 80 - يىللاردا ئىشلەنگەن ماشىنا بىر، 70 - يىللاردا ئىشلەنگەن ماشىنا تۆت، كىچىك ياغ تارتىش ماشىنىسىدىن ئىككىسى، ئۇنىڭدىن باشقا تېز ئايرىش ماشىنىسىدىن ئىككىسى بار. زاۋۇتتا 22 نەپەر ئىشچى - خىزمەتچى بار بولۇپ، ئىشقا قاراپ ئىش ھەققى بېرىش تۈزۈمى يولغا قويۇلدى، ئىشلەپچىقىرىش مەزگىلىدە كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن يىللىق ئىش ھەققى 732.30 يۈەنگە يەتتى.

5) سەيلى يېزىلىق ئۇن، پاختا زاۋۇتى

بۇ زاۋۇت 1980 - يىلى قۇرۇلغان. ئۇنىڭغا 226مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنغان، ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى 8092 كۋادرات مېتىر، ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 762 كۋادرات مېتىر. 1984 - يىلى چىقىرىلغان پاختا 300 تونىنغا، تارتىلغان ئۇن 1000 تونىنغا، ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 47 مىڭ يۈەنگە، پايدا 10 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

ئۈسكۈنىلىرى بىر پاختا چىقىرىش ماشىنىسى، بىر تۆۋەت ئايرىش ماشىنىسى، ئۈچ پاختا تاپلاش ماشىنىسى، بەش ئۇن تارتىش ماشىنىسى بار. زاۋۇتتا 28 نەپەر ئىشچى - خىزمەتچى بار بولۇپ، ئىشقا قاراپ ئىش ھەققى بېرىش تۈزۈمى يولغا قويۇلدى، ئىشلەپچىقىرىش مەزگىلىدە كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن يىللىق ئىش ھەققى 336.4 يۈەنگە يەتتى.

6) تۇغچى يېزىلىق ماشىنىگىرە زاۋۇتى

بۇ زاۋۇت 1975 - يىلى قۇرۇلغان، ئۇنىڭ كەڭ كېسىلگەن ماشىنىگىرىسىنىڭ ۋىلايەت بويىچە داڭقى بار. 1980 - يىلى تۇراقلىق مۈلكىنىڭ ئەسلى قىممىتى 35 مىڭ يۈەنگە يەتتى، ئۈچ تونىنا ماشىنىگىرە، ئىككى تونىنا كراخمال، بىر تونىنا ئاچچىقسۇ ئىشلەپچىقىرىلدى. ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 10 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 1984 - يىلى تۇراقلىق مۈلكىنىڭ ئەسلى قىممىتى 31 مىڭ يۈەن بولدى، تۆت تونىنا ماشىنىگىرە، ئۈچ تونىنا كراخمال ئىشلەپچىقىرىلدى، ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 13 مىڭ يۈەنگە يەتتى، زاۋۇتتا تۆت نەپەر ئىشچى خىزمەتچى بار بولۇپ، كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن يىللىق ئىش ھەققى 1500 يۈەنگە يەتتى.

**پوسكام ناھىيىسىنىڭ 1984 - يىلدىكى ئاساسلىق يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ ئىسىملىكى**

**1. مۇستەقىل ھېسابات قىلىدىغان كارخانىلار**

2 - 11 - 4 - جەدۋەل

| باشقۇرغۇچى ئورۇن | كارخانا ئىسمى | جايلاشقان ئورنى |
|---|---|---|
| پوسكام يېزىسى | تراكتور پۈككۈچىنىڭ رېمونت زاۋۇتى | ناھىيە بازىرىدا |
| يىما يېزىسى | پاختا زاۋۇتى | يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايدا |
| يىما يېزىسى | ئۇن، ياغ زاۋۇتى | يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايدا |
| يىما يېزىسى | تراكتور پۈككۈچىنىڭ خىش زاۋۇتى | يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايدا |
| يىما يېزىسى | سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى | يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايدا |
| گۈلباغ يېزىسى | ئۇن زاۋۇتى | يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايدا |
| گۈلباغ يېزىسى | پاختا زاۋۇتى | يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايدا |
| گۈلباغ يېزىسى | سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى | ئوتتۇرا ئاراشور كەنتىدە |
| سەيلى يېزىسى | ئۇن، پاختا زاۋۇتى | يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايدا |
| سەيلى يېزىسى | ماشىنىلاشقان خىش زاۋۇتى | |
| ئىككىنچى يېزىسى | قۇرۇلۇش ئەترىتى | كۆيباغ بازىرىدا |

| | | |
|---|---|---|
| ئىككىسۇ يېزىسى | تىراكتور پونكىتىنىڭ خىش زاۋۇتى | يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىدا |
| ئىككىسۇ يېزىسى | دېھقانچىلىق سايمانلىرى رېمونت زاۋۇتى | يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىدا |
| ئىككىسۇ يېزىسى | پاختا زاۋۇتى | يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىدا |
| ئىككىسۇ يېزىسى | ئېلېكتر ئىستانسىسى | 1 ـ ئىستانسا جايتوغراق كەنتىدە 2 ـ ئىستانسا توغراقلىق كەنتىدە |
| تۆغچى يېزىسى | پاختا زاۋۇتى | يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىدا |
| تۆغچى يېزىسى | تىراكتور پونكىتى | يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىدا |
| تۆغچى يېزىسى | سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى | 2 ـ ئىستانسا لايدان كەنتىدە 3ـئىستانسا باش ئاچما كەنتىدە |
| كۆيباغ يېزىسى | قۇرۇلۇش ئەترىتى | كۆيباغ بازىرىدا |
| كۆيباغ بازىرى | ماشىنىلاشقان خىش زاۋۇتى | يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ ئەتراپىدا |
| كۆيباغ يېزىسى | بىناكارلىق ماتېرىياللىرى زاۋۇتى | يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىنىڭ ئەتراپىدا |
| ئاقتام يېزىسى | پاختا زاۋۇتى | يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايىدا |
| يېزا ـ بازار كارخانىلىرى ئىدارىسى | تەمىنات سودا شىركىتى | كۆيباغ بازىرىدا |
| يېزا ـ بازار كارخانىلىرى ئىدارىسى | ماشىنىلاشقان خىش زاۋۇتى | ئايكۆل يېزىسىدا |
| ناھىيىلىك دېھقانچىلىق مەيدانى | يېمەكلىك پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتى | ناھىيە بازىرىدا |
| ناھىيىلىك دېھقانچىلىق مەيدانى | سودا سارىيى | كۆيباغ بازىرىدا |
| ناھىيىلىك دېھقانچىلىق مەيدانى | مېھمانخانا | ناھىيە بازىرىدا |
| ناھىيىلىك دېھقانچىلىق مەيدانى | قۇرۇلۇش ئەترىتى | كۆيباغ بازىرىدا |

## 2 . مۇستەقىل ھېسابات قىلمايدىغان كارخانىلار

| باشقۇرغۇچى ئورۇن | كارخانا ئىسمى | جايلاشقان ئورنى |
|---|---|---|
| پوسكام يېزىسى | ئۇن زاۋۇتى | ناھىيە بازىرىدا |
| گۈلباغ يېزىسى | خىش زاۋۇتى | |

| | | |
|---|---|---|
| تۆغچى يېزىسى | بورا توقۇش مەيدانى | چاقا كەنتىدە |
| تۆغچى يېزىسى | ماشىئوگرە زاۋۇتى | يېزىدا |
| بۈيلۇق تاجىك مىللىي يېزىسى | بورا توقۇش مەيدانى | تۆغچى يېزىسىنىڭ چاقا كەنتىدە |
| بۈيلۇق تاجىك مىللىي يېزىسى | سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى | تۆغچى يېزىسىنىڭ ئوقۇرتام كەنتىدە |
| كۆيباغ يېزىسى | سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى | شور كەنتىدە |
| كۆيباغ يېزىسى | دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى رېمونت قىلىش زاۋۇتى | |
| ئاقتام يېزىسى | ئۇن زاۋۇتى | يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايدا |
| ناھىيىلىك دېھقانچىلىق مەيدانى | بورا توقۇش كارخانىسى | بورىخانا كەنتىدە |
| ناھىيىلىك دېھقانچىلىق مەيدانى | سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى | بورىخانا كەنتىدە |
| ناھىيىلىك ئۇرۇقچىلىق مەيدانى | تراكتور پونكىتىنىڭ ئۇن زاۋۇتى | مەيدان شتابى تۇرۇشلۇق جايدا |
| يېزا ـ بازار كارخانىلىرى ئىدارىسىنىڭ تېرىقچىلىق مەيدانى | ماشىئوگرە زاۋۇتى | سەبلى يېزىسىدا |
| پوسكام يېزىسى | قۇرۇلۇش ئەترىتى | ناھىيە بازىرىدا |
| بىما يېزىسى | قۇرۇلۇش ئەترىتى | يېزىلىق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايدا |

# XII باب

# قاتناش. پوچتا ـ تېلېگراف

مىنگو دەۋرىدە، پوسكام ناھىيىسىدىكى بىردىن ـ بىر تاشيول غول لىنىيىسى قەشقەر ـ خوتەن تاشيولىنىڭ يەكەن دەرياسى كۆۋرۈكىدىن بەشكەنت ئۆستىڭى كۆۋرۈكىگىچە بولغان 11 كىلومېترلىق قىسمىدىن ئىبارەت ئىدى. قالغان يوللارنىڭ ھەممىسى يېزا بىلەن يېزا ئوتتۇرىسىدىكى كىچىك يوللار ئىدى، بۇ يوللارغا قارايدىغان مەخسۇس ئادەم بولمىغاچقا، ئېگىز ـ پەس، ئويمان ـ دۆڭ بولۇپ، ئىنتايىن ناچار ئىدى، بولۇپمۇ ۋە مال توشۇشتا تۇنلەي ئات ـ ئېشەك ۋە ياغاچ ھارۋىغا تايىنىلاتتى. ھارۋا بىلەن قەشقەرگە بېرىش ئۈچۈن بەش كۈندىن

كۆپرەك ۋاقىت كېتەتتى. 1925 ـ يىلى پوچتا ۋەكالەتخانىسى قۇرۇلغان بولسىمۇ، لېكىن كەسپىي تىجارەت مىقدارى كۆپ ئەمەس ئىدى، ئۇلارنىڭ تىجارىتى پەقەت ھۆكۈمەت ئالاقىسى، خەت ـ چەكلەرنى يوللاپ بېرىش ۋە پوچتا ماركىلىرىنى ۋەكالىتەن سېتىش بىلەنلا چەكلىنەتتى، يەتكۈزۈپ بېرىش كەسپىنى بېجىرمەيتتى.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، پارتىيە ۋە خەلق ھۆكۈمىتى تاشيول قاتنىشى ۋە پوچتا ـ تېلېگراف ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا ئىنتايىن ئەھمىيەت بەردى. 35 يىلدىن بۇيان، يەرلىك ئورۇنلار 1 مىليون يۈەندىن كۆپرەك مەبلەغ سېلىپ، 1668.5 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا ھەر دەرىجىلىك يول ياسىدى، 592.2 مېتىر ئۇزۇنلۇقتا تۆت مەزمۇت كۆۋرۈك سېلىندى؛ 643 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا پوچتا يولى، 243 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا تېلېگرامما خەۋىرى لىنىيىسى ئېچىلدى، تېلېفون لىنىيىسى 310 جۈپ كىلومېتىرغا، تېلېفون سىغىمچانلىقى 450 توچكىغا يەتتى. پوچتا ـ تېلېگراف كەسپىدە گېزىت ـ ژۇرناللارغا مۇشتىرى قوبۇل قىلىش، خەت ـ چەك يەتكۈزۈش، پوسۇلكا يوللاش، پۇل پېرېۋوت قىلىش، تېلېگرامما قاتارلىقلار يولغا قويۇلدى.

## § 1 . قاتناش

### 1 . يول

1) **پوچتا يولى** پوسكام ناھىيىسى قەدىمكى «يىپەك يولى» دىكى بىر ئۆتەڭ ئىدى. 1911ـ يىلى پوسكام ئۆتىڭىدە بىر نەپەر ئۆتەڭ پوتوكچىسى، تۆت نەپەر ھارۋىكەش، سەككىز ئات بار ئىدى. پوسكام ئۆتىڭىدىن يەكەنگىچە 61 چاقىرىم، قاغىلىققىچە 110 چاقىرىم كېلەتتى.

2) **كېچىك** چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە، يەكەن دەرياسى كۆۋرۈكى سېلىنمىشتىن ئىلگىرى، پاينايتا كەڭلىكى ئون چاقىرىم كېلىدىغان بىر كېچىك تەسىس قىلىنغان، بۇ كېچىك يەتتە تارماق ئېقىنغا بۆلۈنگەن، چوڭراق تارماق ئېقىندىن ئىككىسى بار بولۇپ، سۇيى تېزراق ئاققاچقا، ئات ئۆتەلمەيتتى، شۇڭا ئۇلارغا كېمە ئورۇنلاشتۇرۇلغان. بىر قېتىم ئۆتۈش ئۇچۇن بىر يېرىم سائەت ۋاقىت كېتەتتى.

3) **يېزا يوللىرى** مىنگو دەۋرىدە، ھەر قايسى كەنتلەرنى بىر ـ بىرىگە تۇتاشتۇرىدىغان چىغىر يوللار، يېزىلار ئارىسىدا ھارۋا قاتنايدىغان يوللار بار ئىدى، لېكىن يوللار ئېگىز ـ پەس، ئەگرى-بۈگرى ئىدى، شال مايسىسى كۆچۈرۈلىدىغان پەسىلدە يوللار پاتقاق بولۇپ كەتكەچكە، يول يۈرۈش ئىنتايىن قۇلايسىز ئىدى، باشقا جايلارغا بېرىشتا قەشقەر ـ خوتەن يولىدىن پايدىلىناتتى، بۇ يول بىلەن قاغىلىق ۋە يەكەنگە بارغىلى بولاتتى، ئەگەرچى يولى بىلەن ناھىيىنىڭ «خەلق ھاياتى» يېزىسىدىن ئۆتۈپ، يەكەننىڭ ئەگەرچى بازىرىغا بارغىلى بولاتتى، لېكىن يول ناھايىتى ناچار ئىدى.

50 ـ يىللاردا ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى خەلق ئاممىسىنى تەشكىللەپ يېڭى يول ياسىدى. 1956 ـ يىلغىچە ئاددىي يولدىن 431 ى ياسالدى، چوڭ كۆۋرۈكتىن 12 سى سېلىندى ھەمدە ناھىيە بازىرىدىن 2 ـ ۋە 3 ـ رايونغا بارىدىغان ئاددىي تاشيول ياسالدى. 1959 ـ يىلى 59 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا ئاددىي تاشيول، 43 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا ھارۋا يولى يېڭىدىن ياسالدى ۋە رېمونت

قىلىندى. 519 ئورۇندا چوڭ - كىچىك كۆۋرۈك ۋە سۇغۇگۇچ يېڭىدىن ياسالدى ۋە رېمونت قىلىندى، شۇنىڭ بىلەن، ناھىيە بويىچە ئاپتوموبىل، هارۋا قاتنايدىغان مۇسابە 203 كىلومېتىرغا يېتىپ، ناھىيە بازىرى مەركەز قىلىنغان، گۇڭشېدىن باشقۇرۇش رايونىغا، باشقۇرۇش رايونىدىن ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتىگە بارىدىغان، تەرەپ - تەرەپكە تۇتىشىدىغان يول تورى ئاساسەن شەكىللەندى. 1964 - يىلدىن 1966 - يىلغىچە «بەشتە ياخشى قۇرۇلۇش» دولقۇنى قوزغىلىپ، ئەسلىدىكى غول، تارماق يوللار يەنە بىر قېتىم ئۆزگەرتىلدى، ئۇزۇنلۇقى 471.4 كىلومېتىر كېلىدىغان 154 ئاساسلىق غول يول تۈزلەندى، كېڭەيتىلدى ۋە يول ئۇلى كۆتۈرۈلدى. بۇنىڭ ئىچىدە ناھىيە بازىرىدىن يېزا - مەيدانلارغا بارىدىغان ئاساسلىق يوللارنىڭ ھەممىسىگە شېغىل ياتقۇزۇلدى. ئۇنىڭدىن باشقا، 225.5 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا 266 تېرىقچىلىق ماشىنىسى يولى يېڭىدىن ياسالدى. 1978 - يىلدىن كېيىن، يەنە يېزا بىلەن يېزا ئارىلىقىدىكى يوللار ئارقا - ئارقىدىن ياسالدى، 1984 - يىلغىچە ناھىيە بويىچە كەنت دەرىجىلىك تاشيولنىڭ ئۇزۇنلۇقى 870 كىلومېتىرغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە شېغىل ياتقۇزۇلغان يول 99 كىلومېتىرغا، ئېتىز - ئېرىق يولى 1393.5 كىلومېتىرغا يەتتى، بۇنىڭ بىلەن ناھىيە بويىچە 96% يېزا (مەيدان)، كەنتكە ماشىنا قاتنىيالايدىغان بولدى.

4) **تاشيول** مىنگو دەۋرىدە بۇ ناھىيىدە 11 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا تاشيول بار ئىدى. 1953-يىلى خەلق باشقۇرۇش، دۆلەت ياردەم بېرىش شەكلى قوللىنىلىپ، قەشقەر - خوتەن تاشيولىنىڭ پوسكامدىكى بۆلىكى ياسالدى. 1963 - يىلدىن باشلاپ، كۆمۈر كانىغا بارىدىغان تاشيول، پوسكام-مەكىت تاشيولى، پوسكام - كۆيباغ بازىرى تاشيولى قاتارلىق غول تاشيوللار ئارقا - ئارقىدىن ياسالدى. 1978 - يىلدىن 1980 - يىلغىچە 24 مىڭ ئىش كۈنى سەرپ قىلىنىپ، قەشقەر - خوتەن تاشيولىنىڭ پوسكامدىكى بۆلىكى رېمونت قىلىندى، يول ئۇلى كۆتۈرۈلدى. 1984-يىلغىچە ناھىيە بويىچە غول تاشيول سەككىزگە، ئۇزۇنلۇقى 264.5 كىلومېتىرغا يېتىپ، ناھىيىنىڭ سىرت بىلەن بولغان ئالاقىسى تۇتاشتۇرۇلدى.

**قەشقەر - خوتەن تاشيولىنىڭ پوسكام بۆلىكى** بۇ يول شىمالدا يەكەن دەرياسىدىن باشلىنىپ، تىزناپ دەرياسىغا تۇتىشىدۇ، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 24 كىلومېتىر. 1981 - يىلى بۇ يولغا ئاسفالىت ياتقۇزۇلۇپ، دۆلەت دەرىجىلىك تاشيول قاتارىغا ئۆتكۈزۈلدى، بۇ يول سەيلى، ئىككىسۇ يېزىلىرىدىن ئۆتىدۇ.

**كۆمۈركان تاشيولى** بۇ يول 1965 - يىلى ياسالغان، ناھىيە بازىرىدىن كۇئېنلۇن تېغى ئىچىدىكى قارا تۈزگە بارىدۇ، بۇ يول 1982 - يىلى ئومۇمىيۈزلۈك رېمونت قىلىندى، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 87 كىلومېتىر، بۇنىڭ ئىچىدە ناھىيە تەۋەسىدىكى 42 كىلومېتىر قىسمىغا شېغىل ياتقۇزۇلدى. بۇ يول ئايكۆل، ئاقتام، كۆيباغ يېزىلىرى ۋە باغۋەنچىلىك مەيدانىدىن ئۆتىدۇ. 1984 - يىلدىكى ترانسپورت مىقدارى 10 مىليون 120 مىڭ توننىغا يەتتى.

**پوسكام - مەكىت تاشيولى** بۇ يول 1965 - يىلى ياسالغان، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 102 كىلومېتىر، 23 كىلومېتىر قىسمىغا شېغىل ياتقۇزۇلدى، ئۇ، يىما يېزىسىدىن ئۆتىدۇ.

**پوسكام بازىرى - كۆيباغ بازىرى تاشيولى** بۇ يول 1967 - يىلى ياسالغان بولۇپ، پۈتۈنلەي شېغىل ياتقۇزۇلغان. ئۇنى يېزا ئىگىلىك 3 - شىسى ياسىغان، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 31 كىلومېتىر، بۇ يولغا 1981 - يىلى جەنۇبىي شىنجاڭ نېفىت چارلاش بىرلەشمە جېڭى قوماندانلىق شتابى ئاسفالىت ياتقۇزدى، بۇ تاشيول شەرقىي ئۆستەڭنىڭ شىمالىي قىرغىقىنى بويلاپ سوزۇلۇپ،

دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ناھىيىلىك دېھقانچىلىق مەيدانىدىن ئۆتەتتى، كېيىن قەشقەر - خوتەن تاشيولىغا تۇتاشتۇرۇلدى. بۇ تاشيول پۈتكەندىن كېيىن، ئىككىسۇ، توغچى يېزىلىرى ۋە دېھقانچىلىق مەيدانىدىكى دېھقان (ئىشچى - خىزمەتچى) لارنىڭ نېفىت بازىسىغا بېرىپ دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى سېتىشىغا زور دەرىجىدە ئاسانلىق تۇغۇلدى.

**پوسكام بازىرى - يىما يېزىسى تاشيولى** بۇ يول 1965 - يىلى ياسالغان، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى توققۇز كىلومېتىر، كەڭلىكى سەككىزمېتىر، شېغىل ياتقۇزۇلغان.

**پوسكام بازىرى - گۈلباغ يېزىسى تاشيولى** بۇ يول 1965 - يىلى ياسالغان، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى توققۇز كىلومېتىر، كەڭلىكى سەككىز مېتىر، شېغىل ياتقۇزۇلغان.

**پوسكام بازىرى - ئورمانچىلىق مەيدانى تاشيولى** بۇ يول 1965 - يىلى ياسالغان، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 42 كىلومېتىر، كەڭلىكى سەككىز مېتىر، شېغىل ياتقۇزۇلغان.

**پوسكام بازىرى - ئۇرۇقچىلىق مەيدانى تاشيولى** بۇ يول 1965 - يىلى ياسالغان، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى ئالتە كىلومېتىر، كەڭلىكى سەككىز مېتىر، شېغىل ياتقۇزۇلغان.

**پوسكام بازىرى - دېھقانچىلىق مەيدانى تاشيولى** بۇ يول 1965 - يىلى ياسالغان، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 15 كىلومېتىر، كەڭلىكى سەككىز مېتىر، شېغىل ياتقۇزۇلغان.

**پوسكام بازىرى - توغچى يېزىسى تاشيولى** بۇ يول 1965 - يىلى ياسالغان، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 25 كىلومېتىر، كەڭلىكى سەككىز مېتىر، بۇنىڭ ئىچىدە توغچى يېزىسى تەۋەسىدىكى بۆلىكىنىڭ ئۇزۇنلۇقى سەككىز كىلومېتىر، شېغىل ياتقۇزۇلغان، بۇ يول بىلەن توغچى يېزىسىدىن غەربكە تۆت كىلومېتىر ماڭسا بۇيلۇق تاجىك مىللىي يېزىسىغا بارغىلى بولىدۇ.

5) كۆۋرۈك

**يەكەن دەرياسى كۆۋرۈكى** بۇ كۆۋرۈك دەسلەپتە چىڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنلۇڭ يىللىرىدا سېلىنغان. ئەسلى ئورنى ھازىرقى يەكەن دەرياسى كۆۋرۈكىنىڭ 350 مېتىر غەربىي جەنۇبىدا ئىدى. 1916 - يىلى قايتىدىن سېلىنغان. 1933 - يىلى ۋەيران بولغان. 1942 - يىلى پوسكام، يەكەن، قاغىلىق، مەكىتتىن ئىبارەت تۆت ناھىيە مەبلەغ توپلاپ، چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە سېلىنغان ئەسلى نۇسخىسى بويىچە قايتىدىن سالغان، كۆۋرۈك قۇرۇلۇشى 1942 - يىل 5 - ئاينىڭ 14-كۈنى باشلىنىپ، 1943 - يىل 6 - ئاينىڭ ئاخىرىدا پۈتۈپ ماشىنا قاتناشقا باشلىغان، بۇ، شۇ ۋاقىتتا شىنجاڭ بويىچە ئەڭ ئۇزۇن كۆۋرۈك ئىدى. كۆۋرۈكنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 1557 مېتىر بولۇپ، تۆت چوڭ كۆۋرۈكنىڭ تۇتاشتۇرۇلۇشىدىن ھاسىل بولغان، جەمئىي 78 سۇغۇچلۇك بولۇپ، ھەر بىر سۇغۇچنىڭ دىئامېتىرى 20 مېتىر كېلەتتى، كۆۋرۈكنىڭ ئىككى تەرىپىگە ۋادەك ئورنىتىلغان، ئىككى بېشىدا خاتىرە راۋىقى بولۇپ، ئۈستىگە «جەنۇبتا كۇئېنلۇندىن چىقىپ، شىمالدا بىپايان چۆل - جەزىرىگە كىرىپ كېتىمىز» دەپ يېزىلغانىدى. بۇ كۆۋرۈكنى سېلىشنى تۆت ناھىيىدىن 25 مىڭ ئەمگەكچى ئۈستىگە ئالغان، دەي شۆۋېن قۇرۇلۇش تېخنىكى بولغان، كۆۋرۈكنىڭ خام چوتتىكى خىراجىتى 5 مىليون 154 مىڭ يۈەن بولغان، جەمئىي 1 مىليون 388 مىڭ ئىش كۈنى كەتكەن، بۇنىڭ ئىچىدە يەكەننىڭ 807 مىڭ ئىش كۈنى، پوسكامنىڭ 177 مىڭ ئىش كۈنى، قاغىلىقنىڭ 339 مىڭ ئىش كۈنى، مەكىتنىڭ 65 مىڭ ئىش كۈنى. 58 مىڭ ئىش كۈنى ياغاچچى، 14 مىڭ ئىش كۈنى تۆمۈرچى، 16 مىڭ 600 تال چوڭ - كىچىك ياغاچ، 93 مىڭ ھارۋا شاخ - شۇمبا، 45 مىڭ جىڭ تۆمۈر، 326 دانە چوڭ ئارغامچا، كۆۋرۈكنىڭ قوزۇقىنى قاقىدىغان ئېغىرلىق بېسىم ماشىنىسىغا 1500 جىڭ

سۇ يېغى سەرپ قىلىنغان.

يەكەن دەرياسىنىڭ يېڭى كۆۋرۈكى بۇ كۆۋرۈكنىڭ قۇرۇلۇشى 1961 ـ يىلى باشلىنىپ، 1964 ـ يىلى پۈتتۈرۈلۈپ قاتناش باشلانغان. ئۇ، پولات چىۋىق ۋە بېتون تاختا قۇرۇلمىلىق بولۇپ، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 540 مېتىر، 24 سۇڭگۈچ، 23 تۈۋرۈك بار، ھەر بىر سۇڭگۈچنىڭ دىئامېترى 22.5 مېتىر، كۆۋرۈكنىڭ كەڭلىكى توققۇز مېتىر، كۆۋرۈك ۋادىكىنىڭ ئېگىزلىكى 0.9 مېتىر، ئۇنىڭدا ئېغىر تىپتىكى ئاپتوموبىل قاتنىيالايدۇ، بۇ كۆۋرۈكنى شىنجاڭ قاتناش نازارىتى 308 ـ يول ياساش ئەترىتىنىڭ كۆۋرۈك قۇرۇلۇش ئەترىتى سالغان. ئۇ، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى مۇھىم كۆۋرۈك بولۇپ، قەشقەر بىلەن خوتەننى تۇتاشتۇرىدىغان تۈگۈن.

پوسكام ئۆستىڭى كۆۋرۈكى بۇ كۆۋرۈك ناھىيە بازىرىنىڭ بىر يېرىم كىلومېتىر شەرقىي شىمالىغا جايلاشقان بولۇپ، قۇتچى كەنتىدە، ئۇ، پوسكام ئۆستىڭىنى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتىدۇ، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 23 مېتىر، كەڭلىكى يەتتە مېتىر، ئۇ، پولات چىۋىقلىق، بېتون قۇرۇلمىلىق كۆۋرۈك. 1980 ـ يىلى ئىش باشلىنىپ، 1981 ـ يىلى پۈتتى.

بەشكەنت ئۆستىڭى كۆۋرۈكى بۇ كۆۋرۈك ناھىيە بازىرىنىڭ 3.7 كىلومېتىر جەنۇبىدىكى ئۈلۈغئېرىق كەنتىدە، بەشكەنت ئۆستىڭىنى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتىدۇ. كۆۋرۈكنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 13 مېتىر، كەڭلىكى 9.5 مېتىر، پولات چىۋىقلىق، بېتون قۇرۇلمىلىق كۆۋرۈك. ئۇ، 1981-يىلى سېلىندى.

شەرقىي كەلكۈن باشلاش باش غول ئۆستىڭى كۆۋرۈكى بۇ كۆۋرۈك ناھىيە بازىرىنىڭ 2.16كىلومېتىر جەنۇبىدىكى ئىككىسۇ يېزىسىنىڭ ياربولاق كەنتىدە، شەرقىي كەلكۈن باشلاش غول ئۆستىڭىنى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتىدۇ. كۆۋرۈكنىڭ ئۇزۇنلۇقى 24 مېتىر، كەڭلىكى سەككىز مېتىر، پولات چىۋىقلىق، بېتون قۇرۇلمىلىق كۆۋرۈك. ئۇنىڭ قۇرۇلۇشى 1968- يىلى باشلىنىپ، 1971- يىلى پۈتتۈرۈلۈپ قاتناش باشلاندى.

6) **تاشيول ئاسراش** 1961 ـ يىلى يەكەن تاشيول ئاسراش ئۇچاستىكىسى پوسكام داۋەنى، ئارقىدىن ئىككىسۇ داۋەنى قۇرۇلدى. 1962 ـ يىلى ناھىيىدە يول ئاسراش ئەترىتى قۇرۇلۇپ، كۆمۈركان تاشيولى، پوسكام ـ مەكىت تاشيولىنى ئاسراپ كەلدى. 1984 ـ يىلى ناھىيە قارىمىقىدىكى يول ئاسراش ئىشچىلىرى 28 نەپەرگە يېتىپ، ئاسرىلىدىغان تاشيول ھەر بىر ئىشچىغا ئىككى كىلومېتىردىن توغرا كەلدى.

## 2 . ترانسپورت

### 1) ترانسپورت قوراللىرى

ئەنئەنىۋى ترانسپورت قوراللىرى ئات، ئېشەك، ياغاچ ھارۋا، مەپىدىن ئىبارەت ئىدى. 1943 ـ يىلى ناھىيە بويىچە ترانسپورتقا ئىشلىتىلىدىغان 30 ئات، 3210 ئېشەك، 171 تاق ئاتلىق ھارۋا، ئۈچ قوش ئاتلىق ھارۋا، 15 دانە تاق ئاتلىق مەپە بولۇپ، ئۇلار، ئاساسەن، قىسقا يوللۇق ترانسپورت ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغانىدى. 1944 ـ يىلى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت پوسكامنىڭ غەللە ـ پاراق ئاشلىقىنى ئۇرۇمچىگە توشۇشنى بەلگىلىگەن، نەتىجىدە ئاشلىق توشۇشقا ئىشلىتىلگەن بىرەريۈز ئېشەك، ئاتنىڭ ھەممىسى زىيانغا ئۇچرىغان، شۇنىڭدىن كېيىن ئۇزۇن يوللۇق ترانسپورت قايتا راۋاج تاپالمىغان.

50 ـ يىللاردا ناھىيىدىكى سودا سىستېمىسى مال يۆتكەشتە پۈتۈنلەي ياغاچ ھارۋىغا تايىناتتى. 60 ـ يىللاردا رېزىنكە چاقلىق ھارۋا ۋە ئاپتوموبىل بارلىققا كەلدى. 1961 ـ يىلى ئاپتونوم

رايونلۇق بىر يەر ئۆزلەشتۈرۈش نازارىتى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ناھىيىلىك دېھقانچىلىق مەيدانىغا ئىمپورت قىلىنغان بىر گاز ئاپتوموبىلى مۇكاپات بەردى، شۇنىڭ بىلەن، ناھىيىدە ئاپتوموبىل يوق بولۇشتىن ئىبارەت تارىخقا خاتىمە بېرىلدى. 1966 - يىلى ناھىيە بويىچە ئۈچ يۈك ئاپتوموبىلى بار بولۇپ، تونناژى 14.5 تونىنا كېلەتتى، بىر كىچىك ماشىنا بار ئىدى. 1969- يىلى يۈك ئاپتوموبىلى بەشكە، تونناژى 22.5 تونىنغا يەتتى، كىچىك ماشىنا يەنىلا بىر پېتى تۇرۇۋەردى. سودا سىستېمىسىنىڭ ماللىرى، ئاشلىقلىرى پۈتۈنلەي ئاپتوموبىل بىلەن توشۇلدى. 1976 - يىلى ناھىيە بويىچە يۈك ئاپتوموبىلى 57 گە، تونناژى 259 تونىنغا يەتتى، 38 ئورۇندۇقلۇق بىر ئاپتوبۇس، ئۈچ قۇتقۇزۇش ئاپتوموبىلى، ئىككى كىچىك ماشىنا بار بولدى. پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، ترانسپورت قوراللىرى خېلى تېز تەرەققىي قىلدى. 1984 - يىلى ناھىيە بويىچە ھەر خىل ئاپتوموبىل 183 كە، ئومۇمىي تونناژى 600 تونىنغا يەتتى. ئومۇمىي ئاپتوموبىل ئىچىدە يۈك ئاپتوموبىلى 151، ئاپتوبۇس بىر، قۇتقۇزۇش ئاپتوموبىلى تۆت، كىچىك تىپتىكى ماتورلۇق قاتناش ۋاسىتىلىرى 24. بۇنىڭدىن باشقا ناھىيە بويىچە يەنە ترانسپورتقا ئىشلىتىلىدىغان چوڭ ۋە ئوتتۇرا تراكتوردىن 353 ى بار. بۇنىڭ ئىچىدە يەككە ئائىلىلەرنىڭ 68. كىچىك تىراكتوردىن 256 سى بار، بۇنىڭ ئىچىدە يەككە ئائىلىلەرنىڭ 215، خۇسۇسىيلارنىڭ ئاپتوموبىلىدىن 19ى بار. يېزىلاردىكى ترانسپورت قوراللىرى جەھەتتە ئاپتوموبىل، تراكتوردىن باشقا يەنە رېزىنكە چاقلىق ھارۋىدىن 818ى، ئېشەك ھارۋىسىدىن 19 مىڭ 153 ى بار، تەپسىلاتى 2 - بەتتىكى 331 - 12 - 1 - جەدۋەلدە كۆرسىتىلدى.

**2) ترانسپورت كارخانىلىرى**

**1) ناھىيىلىك ئاپتوموبىل كالونى (دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانا)**

بۇ كالون 1969 - يىلى قۇرۇلغان. ئەينى چاغدا بۇ كالونىنىڭ بىر يۈك ئاپتوموبىلىدىن باشقا، يەنە يىما گۇڭشېسى ۋە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ناھىيىلىك دېھقانچىلىق مەيدانىدىن يۆتكەپ كېلىنگەن ئىككى ئاپتوموبىلى، 25 نەپەر ئىشچى - خىزمەتچىسى بار ئىدى.

1971 - يىلى بەش تراكتور (قىزىل ئۆكتەبىر - 40) كۆپەيتىلدى. 1975 - يىلى ئاپتوموبىلىدىن يەتتىسى، 15 نەپەر ئىشچى - خىزمەتچى بار ئىدى، شۇ يىلدىكى يۈك توشۇش مىقدارى 88.6 تونىنغا يەتتى. 1978 - يىلدىن كېيىن، ئاپتوموبىل كالونىدا زور تەرەققىياتلار بارلىققا كەلدى.

1984 - يىلى ئاپتوموبىل 21 گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە نورمال قاتنىيالايدىغان ئاپتوموبىل 14. كالوندا 25 نەپەر ئىشچى - خىزمەتچى بار، ئاددىي ئىش ئۆيلىرىنىڭ كۆلىمى 160 كۋادرات مېترغا، تۇراقلىق مۈلۈكنىڭ ئومۇمىي قىممىتى 240 مىڭ يۈەنگە، يىللىق كىرىمى 500 مىڭ يۈەنگە، توشۇغان يۈك مىقدارى 5231 تونىنغا يەتتى.

**2) ئۇلاغ كۈچى ترانسپورت ئەترىتى (دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانا)**

بۇ كارخانا 1970 - يىلى قۇرۇلغان. ئەينى چاغدا 20 ئات ھارۋىسىنى تەشكىللەپ قىسقا يوللۇق ترانسپورت بىلەن شۇغۇللاندى، ئىشچىلىرىغا مۇقىم ئىش ھەققى بېرىلگەنىدى، تەننەرخ يۇقىرى، پايدىسى تۆۋەن بولۇپ، كىرىم چىقىمنى قاپلىيالمىغاچقا، كېيىن تارقىتىۋېتىلدى.

**3) ترانسپورت مىقدارى**

**(1) يولۇچى توشۇش** ناھىيىلىك قاتناش ترانسپورت بېكىتى 1965 - يىلى قۇرۇلغان بولۇپ، ئىككى نەپەر ئىشچى - خىزمەتچىسى بار ئىدى. ھەپتىدە بىر قېتىم قەشقەرگە نۆۋەتچى ئاپتوبۇس قاتنايتتى. 1966 - يىلى ھەپتىدە ئۈچ قېتىمغا، 1979 - يىلى ھەپتىدە يەتتە قېتىمغا ئۆزگەرتىلدى. 1984 - يىلى يەنە پوسكام - ئۇرۇمچى لىنىيىسى ئېچىلىپ، ھەپتىدە ئۈچ قېتىم

**پوسكام ناھىيىسىنىڭ ئىلگىرىكى يىللاردىكى ماتورلۇق قاتناش ۋاستىلىرىغا دائىر مەلۇمات**

2 ـ 12 ـ 1 ـ جەدۋەل

| كىچىك تىپتىكىسى | ئالاھىدە ئاپتوموبىل | | | ئاپتوبۇس | | پىرىتسىپ | | يۈك ئاپتوموبىلى | | تۈرى / سانى / يىللار |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| ماشىنا | كىمىران | قۇتقۇزۇش ئاپتوموبىلى | جەمئىي | ئورۇن | دانە | توننازى | دانە | توننازى | دانە | |
| | | | | | | | | 2.5 | 1 | 1961 |
| | | | | | | | | 2.5 | 1 | 1962 |
| | | | | | | | | 2.5 | 1 | 1963 |
| | | | | | | | | 4 | 1 | 1964 |
| 1 | | | | | | | | 3 | 2 | 1965 |
| 1 | | | | | | | | 14.5 | 4 | 1966 |
| 1 | | | | | | | | 14.5 | 4 | 1967 |
| 1 | | | | | | | | 18.5 | 5 | 1968 |
| 1 | | | | | | | | 22.5 | 6 | 1969 |
| 1 | | | | | | | | 22.5 | 6 | 1970 |
| 1 | | | | | | | | 33 | 8 | 1971 |
| 1 | | | | | | | | 33 | 8 | 1972 |
| 2 | | | | | | | | 37 | 9 | 1973 |
| 2 | | | | | | | | 41 | 10 | 1974 |
| 2 | | | | | | | | 81 | 21 | 1975 |
| 2 | | 3 | | 38 | 1 | | | 259 | 57 | 1976 |
| 2 | | 3 | | 38 | 1 | | | 271 | 60 | 1977 |
| 2 | | 3 | | 38 | 1 | | | 282.5 | 65 | 1978 |
| 3 | | 4 | | 38 | 1 | | | 312.5 | 70 | 1979 |
| 6 | | 4 | | 38 | 1 | | | 417 | 97 | 1980 |
| 7 | | 4 | | 38 | 1 | | | 533 | 126 | 1981 |
| 8 | 2 | 4 | 6 | 38 | 1 | 210 | 5 | 591.5 | 138 | 1982 |
| 14 | 2 | 4 | 6 | 38 | 1 | 48 | 12 | 675 | 155 | 1983 |
| 24 | 2 | 4 | 5 | 114 | 3 | 22 | 11 | 600 | 151 | 1984 |

ئاپتوبۇس قاتنايدىغان بولدى، ئۇنىڭدىن باشقا، يوسكامدىن يەكەنگە، قاغىلىققا، مەكىتكە قاتنايدىغان نۆۋەتچى ئاپتوبۇسلار بار. 1984 - يىلى توشۇلغان يولۇچى 64 مىڭ ئادەم(قېتىم) گە، يولۇچى توشۇشتىن قىلىنغان كىرىم 123 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

(2) يۈك توشۇش 1950 - يىلدىن ئىلگىرى، قاتناش قولايسىز، ترانسپورت قورالرى قالاق بولغاچقا، يىللىق يۈك توشۇش مىقدارى ئىنتايىن ئاز ئىدى. كۆپىنچىسى تېرە، يۇڭ، پاختا، توقۇلما بۇيۇملار، پىلە غوزىسى قاتارلىق يەرلىك ئالاھىدە مەھسۇلاتلار ئىدى. 1950 - يىلدىن كېيىن، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت ترانسپورت ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ئەھمىيەت بەردى. 1956 - يىلى ناھىيە بويىچە ئات ھارۋىلار تەشكىللىنىپ ترانسپورت كوپېراتىپى قۇرۇلدى، كوپېراتىپنىڭ 20 نەپەر ئىشچى - خىزمەتچىسى بار بولدى. 1959 - يىلى ئۇلاغ كۈچى ترانسپورت ئەترىتىدىن 32 سى، ترانسپورت بىلەن قوشۇمچە شۇغۇللىنىدىغان ئەترەتتىن 146 سى تەشكىللەندى، ئۇلارنىڭ خادىمى 2319 نەپەرگە، شۇ يىلى توشۇلغان يۈك مىقدارى 53 مىڭ توننىغا، يۈك ئوبوروت مىقدارى 210 مىڭ توننا/كىلومېترغا يەتتى. 1974 - يىلى ھەر قايسى ئورۇنلار ئاپتوموبىل سېتىۋېلىپ ترانسپورت شارائىتىنى ياخشىلىدى، يۈك توشۇش مىقدارى يىلدىن - يىلغا كۆپەيدى. 1984 - يىلغىچە بولغان ئون يىلدا ناھىيە بويىچە توشۇلغان يۈك مىقدارى تەخمىنەن 133 مىڭ توننىغا، يۈك ئاپتوموبىللىرىنىڭ قاتنىغان مۇساپىسى تەخمىنەن 33 مىليون 215 مىڭ توننا/كىلومېترغا يەتتى. ناھىيە بويىچە پەقەت 1984 - يىلى توشۇلغان يۈك مىقدارى 52 مىڭ 310 توننىغا، يۈك ئوبوروت مىقدارى 3 مىليون توننا/كىلومېترغا يەتتى.

# § 2. پوچتا - تېلېگراف

## 1. ئاپپاراتنىڭ تەسىس قىلىنىشى

پوسكام ناھىيىسىدە 1925 - يىلى پوچتا ۋەكالەتخانىسى قۇرۇلغان، ئۇنىڭ كەسپى تىجارەت دائىرىسى خەت - چەكلەرنى تارقىتىپ بېرىش، پوچتا ماركىسىنى ۋەكالىتەن سېتىش بىلەن چەكلىنەتتى، بۇ كەسىپنى بىر كىچىك سودىگەر قوشۇمچە بېجىرەتتى. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، كونا پوچتا ۋەكالەتخانىسىنىڭ تىجارىتى توختىتىلىپ، ھۆكۈمەتنىڭ بىر نەپەر خەۋەرچىسى پوچتا ماركىسىنى سېتىش كەسپىنى ۋەكالىتەن بېجىردى، خەت سېلىش ئۈچۈن يەكەن ناھىيىلىك پوچتىخانىغا بېرىشقا توغرا كېلەتتى. 1953 - يىل 8 - ئاينىڭ 28 - كۈنى پوسكام ناھىيىلىك پوچتىخانا قۇرۇلۇپ، يالغۇز جىمى تىجارەتكە مەسئۇل بولدى. 1955 - يىل 11 - ئايدا نامى پوچتا - تېلېگراف ئىدارىسىغا ئۆزگەرتىلدى، ئىشچى - خىزمەتچىسى ئون نەپەرگە يەتتى. 1971 - يىل 1 - ئايدا پوچتا - تېلېگراف ئىدارىسى، پوچتا ئىدارىسى ۋە تېلېگراف ئىدارىسى دەپ ئايرىلدى. 1973 - يىلى بىرلەشتۈرۈلۈپ، پوچتا - تېلېگراف ئىدارىسى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. 1984 - يىلى ئىدارە بويىچە ئىشچى - خىزمەتچى 105 كە يەتتى، ئىدارىدە ئاپپارات سىم يوللىرى گۇرۇپپىسى، تېلېفون ئىشلىرى گۇرۇپپىسى، پوچتا گۇرۇپپىسى، تېلېگراممىا گۇرۇپپىسى، تارقىتىش ۋە بەتكۈزۈپ بېرىش گۇرۇپپىسى، ئىگىلىك باشقۇرۇش گۇرۇپپىسى، ئارقا سەپ تەمىنات گۇرۇپپىسى تەسىس قىلىندى.

بۇ ئىدارىگە كۆيباغ بازارلىق تارماق ئىدارە، ئىككىسۇ، كۆيباغ، سەيلى، ئايكۆل، گۈلباغ،

ئاقتام، توغچى، يىما، يوسكام قاتارلىق پوچتا - تېلېگراف پونكىتلىرى قارايدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە ئىككىسۇ، كۆيباغ پوچتا - تېلېگراف پونكىتى 1956 - يىلى سەيلى، ئابكۆل، ئاقتام، توغچى، يىما. پوسكام پوچتا - تېلېگراف پونكىتلىرى، ئايرىم - ئايرىم هالدا، 1959 - ۋە 1976 -يىللىرى قۇرۇلدى. گولباغ پوچتا - تېلېگراف پونكىتى 1956 - يىلى قۇرۇلغان، لېكىن كەسىپى تىجارەت مىقدارى كۆپ بولمىغاچقا 1957 - يىل 5 - ئايدا ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى، كېيىن يەنە ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى، كۆيباغ بازارلىق تارماق ئىدارە 1984 - يىلى قۇرۇلدى.

## 2 . پوچتا ئىشلىرى

1) ئۈسكۈنىلىرى

1953 - يىلى پوچتا قاتنىشى ئۇچون ئېشەك، ئات، ياغاچ هارۋا ئىشلىتىلەتتى. 1955 - يىلى نۇقسىرى دەرىجىلىك پوچتا - تېلېگراف باشقۇرۇش ئىدارىسى ئىككى ۋېلسىپىت سەپلەپ بەردى. 1965 - يىلى يەنە 16 ۋېلسىپىت سەپلەپ بەردى، بۇنىڭ بىلەن ۋېلسىپىت 18 گە يەتتى، بۇنىڭ ئونى خەت - چەك يەتكۈزۈپ بېرىشكە ئىشلىتىلدى.

1970 - ۋە 1974 - يىللىرى ئىككى چاقلىق موتسىكلىتتىن بىردىن سەپلەپ بېرىلدى. 1980 - يىلى بىر پوچتا ئاپتوموبىلى سەپلەندى. 1984 - يىلغىچە ئىدارە بويىچە پوچتا ئاپتوموبىلى ئىككىگە، ۋېلسىپىت 43 كە، موتسىكلىت ئىككىگە، پوچتا خەت ساندۇقى 1953 - يىلدىكى بىردىن 1984 - يىلى 17 گە يەتتى.

پوسكام ناهىيىسىنىڭ بىر قانچە يىلدىكى پوچتا قورال - سايمانلىرىغا دائىر مەلۇمات

2 - 12 - 2 - جەدۋەل

| نۇرلەر | بىرلىكى | 1953 | 1955 | 1965 | 1975 | 1980 | 1981 | 1982 | 1983 | 1984 |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| پوچتا ئاپتوموبىلى | دانە | | | | | 1 | 1 | 2 | 2 | 2 |
| پوچتا موتسىكلىتى | // | | | | 2 | 2 | 1 | 1 | 2 | 2 |
| فون تراكتورى | // | | | | 1 | 1 | 1 | 1 | 1 | 1 |
| ۋېلسىپىت | // | | 2 | 18 | 21 | 20 | 18 | 19 | 21 | '3 |
| پوچتا خەت ساندۇقى | // | 1 | 4 | 10 | 10 | 17 | 17 | 17 | 17 | 17 |

2) پوچتا ئىشلىرىدىكى ئالماشتۇرۇش مىقدارى

خەت - ئالاقە، پوسۇلكا، پېرېۋوت قىلىش، تارقىتىش پوچتا ئىشلىرىدىكى نۆپ چوڭ ئاساسىي كەسىپ هېسابلىنىدۇ. 1953 - يىلى ناهىيە بويىچە تارقىتىلغان، هەق هېسابلانمىدىغان خەت - ئالاقە 2105 پارچىگە، پوسۇلكا 36 گە، پېرېۋوت چېكى 224 پارچىگە، مۇشتىرى بولۇنغان گېزىت - ژۇرنال 11 مىڭ 567 نۇسخىغا يەتكەنىدى. 1955 - يىلى ئاساسىي قورۇلۇش پوتوپ، تىجارەت ئىشخانىسى، تارقىتىش ئىشخانىسى تەسىس قىلىندى، هەق هېسابلانمىدىغان خەت - ئالاقە 6102 پارچىگە، پوسۇلكا 135كە، پېرېۋوت چېكى 762 پارچىگە، تارقىتىلغان گېزىت - ژۇرنال 96 مىڭ 924 نۇسخىغا يەتتى. 1957 - يىلى تېلېگراممىا ئارقىلىق پۇل پېرېۋوت قىلىش، مۇھىم

مەخپىي خەت - ئالاقىلەرنى يوللاش، ژۇرناللارنى باھاسىغا كاپالەتلىك قىلىپ پارچە سېتىش قاتارلىق كەسىپلەر يولغا قويۇلدى، ئىدارىدىكى خىزمەتچى خادىملار «تېز، توغرا، بىخەتەر، قولايلىق بولۇش» نى پوچتا ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ يېتەكچى فاڭجېنى قىلىپ، خىزمەت پوزىتسىيىسىنى پائال ياخشىلاپ، خىزمەت تۈزۈمىگە قاتتىق رىئايە قىلىپ، شۇ يىلى قوبۇل قىلىنغان ھەق ھېسابلىنىدىغان خەت- ئالاقىنى 9535 پارچىگە، پوسۇلكىنى 218 گە، پېرېۋوت چېكىنى 1245 پارچىگە، مۇھىم مەخپىي ھۆججەت ئالاقىنى425پارچىگە، تارقىتىلغان گېزىت- ژۇرنالنى 26 مىڭ 634 نوسخىغا يەتكۈزدى. 1961 - يىلى پوچتا - تېلېگراف خىزمىتىدە تەڭشەش فاڭجېنى ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، كاپالەت بىلەن بېجىرىلىدىغان خەت - ئالاقە كەسپى توختىتىلدى، خەلقئارا خەت - ئالاقە كەسپى قىسقارتىلدى، ھەر قايسى كەسىپ تۈرىدىكى خادىملارنىڭ ئىش ئورنى مەسئۇلىيەت تۈزۈمى ئورنىتىلىپ، پۈتۈن يىللىق قوبۇل قىلىنغان ھەق ھېسابلىنىدىغان خەت ئالاقە 41 مىڭ 117 پارچىگە، پوسۇلكا 1483 كە، پېرېۋوت چېكى 1816 پارچىگە، مۇھىم مەخپىي ئالاقە - ھۆججەت 1503 پارچىگە، تارقىتىلغان گېزىت - ژۇرنال 410 مىڭ 600 نۇسخىغا يەتكۈزۈلدى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دا، پوچتا - تېلېگراف، خەت - ئالاقە ئىشلىرى يەنىلا نورمال يۈرۈشۈپ تۇردى. 1970 - يىلى قوبۇل قىلىنغان ھەق ھېسابلىنىدىغان خەت - چەك 95 مىڭ 768 پارچىگە، پوسۇلكا 2201 گە، پېرېۋوت چېكى 6881 پارچىگە، مۇھىم مەخپىي خەت - ئالاقە 708 پارچىگە، تارقىتىلغان گېزىت - ژۇرنال 869 مىڭ 700 نۇسخىغا يەتتى. 1978 - يىلدىن كېيىن، يېزىلارنىڭ تاۋار ئىگىلىكى كۈنسېرى جانلاندى، خەت - ئالاقە، تېلېگراما، تېلېفوندىن پايدىلىنىپ سىرت بىلەن ئالاقىلىشىدىغانلار بارغانسېرى كۆپەيدى. ناھىيىلىك پوچتا - ئىدارىسى كۆيباغ بازارلىق تارماق ئىدارىنى كۆپەيتىپ تەسىس قىلىپ، ئىش ئورنى مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى يولغا قويغاندىن باشقا، يۇقىرىنىڭ تەلىپى بويىچە، بارلىق ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى 15 تۈرلۈك سۆپەت تەلىپى بويىچە تەكشۈردى، بىر - بىرىنى تەربىيىلەش، ئۆز ئارا ياردەم بېرىش، ئۆز ئارا ئۆگىنىش ئارقىلىق، ھەممىسى ئۆلچەمگە يەتكۈزۈلدى، بۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ مۇلازىمەت سۈپىتى يەنىمۇ ئۈستۈرۈلۈپ، كەسپىي خىزمەت مىقدارى زور دەرىجىدە ئاشۇرۇلدى. 1984 - يىلى ئىدارە بويىچە قوبۇل قىلىنغان ھەق ھېسابلىنىدىغان خەت - چەك 296 مىڭ 858 پارچىگە يېتىپ، 1953 - يىلدىكىنىڭ 141 ھەسسىسىگە، پوسۇلكا 4789غا يېتىپ، 1953 - يىلدىكىنىڭ 153 ھەسسىسىگە، پېرېۋوت چېكى 34 مىڭ 562 پارچىگە يېتىپ، 1953-يىلدىكىنىڭ 154 ھەسسىسىگە توغرا كەلدى. مۇھىم مەخپىي خەت - ئالاقە 1177 پارچىگە، مۇشتىرى بولۇنغان ھەر خىل گېزىت - ژۇرنال 35 مىڭ 505 نۇسخىغا يەتتى، جەمئىي تارقىتىلغان گېزىت - ژۇرنال 2 مىليون 953 مىڭ نۇسخىغا يېتىپ، 1953 - يىلدىكىنىڭ 255 ھەسسىسىگە توغرا كەلدى.

### 3) پوچتا يولى

(1) غول پوچتا يولى 1953 - يىلى ناھىيىدىن يەكەنگە بارىدىغان بىر غول پوچتا يولى بار ئىدى، ھەپتىدە پوچتا ئات ھارۋىسى ئىككى نۆۋەت قاتنايتتى. 1954 - يىلى ھەپتىدە ئىككى نۆۋەت ئاپتوموبىل قاتنايدىغان بولدى. 1956 - يىلى ھەپتىدە ئۈچ نۆۋەت، 1959 - يىلى كۈندە بىر نۆۋەت قاتنايدىغان بولدى. 1984 - يىلى غول پوچتا يولى ئىككىگە يەتتى، بۇنىڭ بىرى پوسكامدىن يەكەنگە بارىدىغان يول بولۇپ، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 27 كىلومېتر، يەنە بىرى پوسكامدىن قاغىلىققا بارىدىغان يول بولۇپ، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 36 كىلومېتر.

(2) يېزا، كەنت پوچتا يولى 1954 - يىلى يېزا، كەنت پوچتا يولىدىن ئىككىسى بولۇپ، بىرى ناھىيىلىك پوچتىخانىدىن چىقىپ 2 -، 3 - رايونلارغا باراتتى، يەنە بىرى 1 -، 4 -، 5 - رايونلارغا باراتتى، پوچتا يولىنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 80 كىلومېتىر بولۇپ، پوچتا يوللانمىلىرى ھەپتىدە ئىككى قېتىم توشۇلاتتى. 1956 - يىلى يېڭىدىن بەش ئورۇندا پوچتا - تېلېگراف پونكىتى قۇرۇلۇپ، پوچتا يولىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 238 كىلومېتىرغا يەتتى، يېزا پوچتالىيونلىرى ئىلگىرىكى ئىككى نەپەردىن بەش نەپەرگە يەتتى، پوچتا يوللانمىلىرىنىڭ توشۇلۇش ۋاقتى ئىلگىرىكى ھەپتىدە ئىككى نۆۋەتتىن ھەپتىدە ئۈچ نۆۋەتكە ئۆزگەرتىلدى. 1959 - يىلى ناھىيىلىك پوچتىخانا ئىلگىرىكى پوچتا يوللانمىلىرىنى ھەپتىدە ئۈچ نۆۋەت توشۇشنى كۈندە توشۇشقا ئۆزگەرتتى ھەمدە پوچتا قاتناش قوراللىرىنى يېڭىلىدى، بۇنىڭ بىلەن %57.5 پوچتا يولىدا نۆۋەتچى ئات ھارۋىسى قاتنىشى ۋېلسىپىت قاتنىشىغا ئۆزگەرتىلدى. 1965 - يىلى ناھىيە بويىچە پوچتا يولىنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 414 كىلومېتىرغا يېتىپ، پوچتا يول - تورلىرى توققۇز گۇڭشې، ئىككى مەيدان، 117 چوڭ ئەترەت، 21 يېزا باشلانغۇچ مەكتىپىگە تۇتاشتى، پوچتا يوللانمىلىرىنى يەتكۈزۈپ بېرىش قېتىمى جەھەتتە، توققۇز گۇڭشې، بىر مەيداندىكى %41 چوڭ ئەترەتكە كۈندە بىر قېتىم، %30 چوڭ ئەترەتكە ئىككى كۈندە بىر قېتىم، %29 چوڭ ئەترەتكە ئۈچ كۈندە بىر قېتىم يەتكۈزۈپ بېرىش ئىشقا ئاشۇرۇلدى، %88 پوچتا يولىدا پوچتا يوللانمىلىرى ۋېلسىپىت بىلەن توشۇلىدىغان بولدى. 1971 - يىلى يەنە چەت، يىراق چوڭ ئەترەتلەرگە خەت-چەك يەتكۈزۈش پوچتا لىنىيىسى ئېچىلىپ، ناھىيە بويىچە پوچتا يولىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 475 كىلومېتىرغا يەتكۈزۈلدى. 1984 - يىلى پوچتا تورلىرى ناھىيىدىكى ھەر قايسى يېزا، بازار، مەيدان ۋە پۈتۈن چوڭ ئەترەتلەرنى قاپلىدى. پوچتا قوراللىرى جەھەتتە ئاپتوموبىللىشىش، ۋېلسىپىتلىشىش ئىشقا ئاشۇرۇلدى، ناھىيە بويىچە شەھەر - يېزا پوچتا يوللىرىنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 643 كىلومېتىرغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاپتوموبىل پوچتا يولى 57 كىلومېتىر، ۋېلسىپىت پوچتا يولى 586 كىلومېتىر بولۇپ، ئالتە لىنىيىگە بۆلۈنۈپ يەتكۈزۈپ بېرىلدى. بۇلار:

(1) پوسكام - ئىككىسۇ - دېھقانچىلىق مەيدانى؛ (2) پوسكام - يىما - گۈلباغ؛ (3) پوسكام-ئايكۆل؛ (4) پوسكام - كۆيباغ - ئاقتام؛ (5) پوسكام - تۇغچى - بۇيلۇق؛ (6) پوسكام-ناھىيە بازىرى - پوسكام يېزىسى.

## 3. تېلېگراف ئىشلىرى

### 1) ئۈسكۈنىلىرى

1955 - يىلى ناھىيىلىك پوچتىخانىدا قول بىلەن چۆرۈپ توك ئالدۇرۇلىدىغان 55 تىپلىق گېنېراتوردىن ئىككىسى، خەۋەرلىشىش ئاپپاراتىدىن بىرى، خەۋەر قوبۇل قىلىش ئاپپاراتىدىن بىرى بار ئىدى. 1956 - يىلى شەھەر تېلېفونى كوممۇتاتورىدىن بىرى كۆپەيتىلدى. 1958 -، 1959 - يىللىرى يېزا تېلېفونى كوممۇتاتورىدىن يەتتىسى كۆپەيتىلدى. 1965 - يىلى يېزا تېلېفونى كوممۇتاتورىدىن يەنە ئۈچى كۆپەيتىلدى، ئۇلارنىڭ ئومۇمىي سىغىمچانلىقى 270 توچكا بولۇپ، 127 يەككە تېلېفون ئاپپاراتى ئورنىتىلدى. 1978 - يىلدىن كېيىن ئۈسكۈنىلەر يىلمۇ يىل كۆپەيدى. 1984 - يىلغا كەلگەندە بەش تېلېئاپتوگراف ماشىنىكىسى ، ئۈچ قىسقا دولقۇنلۇق خەۋەرلىشىش ماشىنىسى، بىر تېلېفون يىغىنلىرىنىڭ ئاخىرقى ئاپپاراتى، ئىككى دانە ئۈچ يوللۇق يوكلىمە دولقۇنلۇق تېلېفون ئاپپاراتى بار بولدى. تېلېفون لىنىيىسىنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى

243 ستولبا كىلومېتىرغا، 310 جۈپ كىلومېتىرغا، شەھەر ئىچى تېلېفونى كوممۇتاتورلىرىنىڭ ئومۇمىي سىغىمچانلىقى 250 توچكىغا، يېزا تېلېفونى كوممۇتاتورلىرىنىڭ ئومۇمىي سىغىمچانلىقى 320 توچكىغا يەتتى.

**1979 - يىلدىن 1984 - يىلغىچە بولغان ئاساسلىق تېلېگراف ئۈسكۈنىلىرى**

2 - 12 - 3 - جەدۋەل

| تۈرلەر | بىرلىكى | 1979 | 1980 | 1981 | 1982 | 1983 | 1984 |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| تېلېئاپتوگراف ماشىنىسى | دانە | | 2 | 2 | 2 | 5 | 5 |
| قىسقا دولقۇنلۇق خەۋەرلىشىش ماشىنىسى | دانە | 3 | 3 | 3 | 3 | 3 | 3 |
| ئۇزۇن يوللۇق كوممۇتاتور | دانە | 1 | 1 | 1 | 1 | 1 | 1 |
| كوممۇتاتورنىڭ ئومۇمىي سىغىمچانلىقى | توچكا | 100 | 200 | 200 | 250 | 250 | 250 |
| يېزا كوممۇتاتورنىڭ ئومۇمىي سىغىمچانلىقى | توچكا | 330 | 330 | 300 | 300 | 300 | 320 |
| تېلېفون يىغىنلىرىنىڭ ئاخىرقى ئۈچ ئاپپاراتى | دانە | 1 | 1 | 1 | 1 | 1 | 1 |
| ئۈچ يوللۇق يۈكلىمە دولقۇنلۇق تېلېفون ئاپپاراتى | دانە | | 2 | 2 | 2 | 2 | 2 |
| ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون لىنىيىسى | دانە | 4 | 4 | 6 | 6 | 6 | 6 |
| يېزا تېلېفون لىنىيىسى | جۈپ كىلومېتىر | 463 | 463 | 459 | 347 | 310 | 310 |
| تېلېفون لىنىيىسىنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى | ستولبا كىلومېتىر | 384 | 384 | 376 | 290 | 243 | 243 |

ئىزاھات: كوممۇتاتورلارنىڭ ھەممىسى ماگنىت شەكىللىك ئاپپاراتتىن ئىبارەت.

2) تېلېگىراما

1955 - يىل 2 - ئايدا ناھىيە ئىچىدە خەنزۇچە تېلېگراما يوللاش كەسپى باشلاندى، شۇ يىلى 297 پارچە تېلېگراما يوللاندى. 1957 - يىل 1 - ئاينىڭ 25 - كۈنى ئۇيغۇرچە تېلېگراما يوللاش كەسپى باشلاندى. تۈرلۈك ئىشلارنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، تېلېگراما يوللاش مىقدارىمۇ ئۈزلۈكسىز كۆپەيدى. 1957 - يىلى 1287 پارچە، 1961 - يىلى 3801 پارچە يوللانغانىدى 1984 - يىلى 9937 پارچىگە يەتتى.

3) تېلېفون

(1) ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون

1957 - يىل 10 - ئايدا سىملىق تېلېفون كەسپى باشلىنىپ، قەشقەر بىلەن پوسكام ئوتتۇرىسىدا ھەر كۈنى بىر سائەت تېلېفون ئالاقىسى يولغا قويۇلدى. تېلېفون ئادەتتىكى تېلېفون ۋە جىددىي تېلېفون دەپ ئىككىگە ئايرىلدى. 1958 - يىلى پوسكام بىلەن قەشقەر ئوتتۇرىسىدىكى

تېلېفون ئالاقىسىنىڭ ۋاقتى ئىككى سائەتكە ئۇزارتىلدى ھەمدە پوسكام بىلەن يەكەن، پوسكام بىلەن قاغىلىق ئوتتۇرىسىدا ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون ئالاقىسى باشلاندى.

1984 - يىلى ناھىيىلىك پوچتا - تېلېگراف ئىدارىسى ئاپتونوم رايوننىڭ ئىچى ۋە سىرتىدىكى ھەر قانداق جاي بىلەن تېلېفوندا ئالاقىلىشالايدىغان بولدى.

(2) بازار ئىچى تېلېفونى

1956 - يىل 10 - ئايدا ناھىيىلىك پوچتا - تېلېگراف ئىدارىسى بازار ئىچى تېلېفون سىمى تارتىپ، 20 توچكىلىق كوممۇتاتوردىن بىرنى ئورناتتى، بازار ئىچى تېلېفونى كەسپىنى باشلىغانىدى. شۇ يىلى بازار ئىچى تېلېفونىدىن 1058 يۈەن كىرىم قىلدى. 1965-يىلى بازار ئىچى تېلېفون لىنىيىلىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك رەتلەپ، ئىگىرىكىدەك تېلېفون سىملىرىنى ئۆينىڭ ئۆگزىسىدىن، دەرەخ ئارىلىرىدىن ئۆتكۈزۈلگەن، ئۇزۇنىسىغا ۋە توغرىسىغا ئۆتۈشتۈرۈپ قالىدىغان ئۇلاپ كاشىلا پەيدا قىلىدىغان ھادىسىلەرنى ئۆزگەرتىپ، تېلېفون ئالاقىسى سۈپىتىنى ئۆستۈردى. 1970 - يىلى بازار ئىچى تېلېفونىنىڭ ئومۇمىي سىغىمچانلىقى 100 توچكىغا، ئەمەلىيەتتە ئىگىلىگىنى 70 توچكىغا، بازار ئىچى تېلېفون سىم يولىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 7.6 ستولبا كىلومېتىرغا، 56 جۈپ كىلومېتىرغا، كابېلىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 8.0 تاسما كىلومېتىرغا يەتكەنىدى. 1984 - يىلى بازار ئىچى تېلېفونىنىڭ ئومۇمىي سىغىمچانلىقى 250 توچكىغا، ئەمەلىيەتتە ئىگىلىگىنى 151 توچكىغا، يەككە تېلېفون ئاپپاراتى 134 كە، سىم يولىنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى ئالتە ستولبا كىلومېتىرغا، 15 جۈپ كىلومېتىرغا، كابېلىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 7.2 تاسما كىلومېتىرغا يەتتى.

(3) يېزا تېلېفونى

1957 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق پوچتا - تېلېگراف باشقۇرۇش ئىدارىسى ناھىيە ئىچى تېلېفونى قۇرۇلۇش ئەترىتىنىڭ 4 - قۇرۇلۇش ئەترىتى يېزىلارغا يەتتە يول بويىچە جەمئىي 55 ستولبا كىلومېتىر، 55.1 جۈپ كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا تېلېفون سىمى تارتتى، 5 - رايون (ھازىرقى ئىككىسۇ يېزىسى)غا ئون توچكىلىق تېلېفون كوممۇتاتورى، ھەر قايسى رايونغا يەككە تېلېفون ئاپپاراتىدىن سەككىزنى ئورناتتى. بۇنىڭ بىلەن ناھىيە بويىچە بەش رايون، ئۈچ يېزا تېلېفوندا ئالاقىلىشىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولۇپ، ناھىيىنىڭ يېزىلىرىغا تېلېفون بارالمايدىغان تارىخقا خاتىمە بېرىلدى. 1958 - يىلى ناھىيىلىك پوچتىخانا يېزا تېلېفونى كەسپىنى يولغا قويۇپ، تۆت گۇڭشېغا تېلېفون كوممۇتاتورى، 22 چوڭ ئەترەتكە تاق ئاپپارات ئورنىتىپ، ھەممە گۇڭشېدا باش ئاپپارات بولۇشنى ئىشقا ئاشۇردى، 18.8% چوڭ ئەترەتتە يەككە ئاپپارات بار بولدى. يېزا تېلېفون سىم يولى 111 ستولبا كىلومېتىرغا، 141 جۈپ كىلومېتىرغا يەتتى. 1964 - يىلى يەنە بەش گۇڭشې (مەيدان)غا تېلېفون كوممۇتاتورىدىن بەشى ئورنىتىلدى. 1965 - يىلغا كەلگەندە ناھىيە بويىچە ھەر قايسى گۇڭشې (مەيدان)لارغا ئومۇمىي سىغىمچانلىقى 270 توچكىلىق تېلېفون كوممۇتاتورىدىن 11ى، يەككە ئاپپاراتتىن 127 سى ئورنىتىلىپ، ھەممە چوڭ ئەترەتلەر تېلېفوندا ئالاقىلىشالايدىغان بولدى. شۇ يىلى يېزا تېلېفونى ھوججىتى 7000 پارچىگە، يېزا تېلېفونى سىم يولىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 192 ستولبا كىلومېتىرغا يەتتى. 1970 - يىلدىن 1974 - يىلغىچە ناھىيىلىك پوچتىخانا پۈتكۈل يېزا تېلېفونى سىم يولىنى قايتىدىن ئوڭشاپ ۋە ئۆزگەرتىپ، ئەسلىدىكى ئۈچ گۇڭشې، بىر دېھقانچىلىق مەيدانى، ئىككى سۇ باشقۇرۇش تارمىقى ۋە ناھىيىلىك پارتىيە مەكتىپىگە بارىدىغان، ئوتتۇرىدا ئۇلىنىدىغان سىم

يولىنى بىۋاسىتە بارىدىغان سىم يولىغا ئۆزگەرتىپ، يېڭىدىن 31.3 ستولبا كىلومېتىر، 177 جۈپ كىلومېتىر تېلېفون سىمى تارتتى، 1059 تال ياغاچ ستولبىنى سېمونت ستولبىغا ئۆزگەرتتى. 1979 ـ يىلى ناھىيە بويىچە يېزا تېلېفونى سىم يولى 276.5 كىلومېتىرغا، 251.3 جۈپ كىلومېتىرغا يېتىپ، ناھىيىنىڭ ھەممە ئەترەتلىرى تېلېفوندا ئالاقىلىشالايدىغان بولدى. 1984 ـ يىلى ناھىيىلىك پوچتىخانىدىكى يېزا تېلېفونى كوممۇتاتورلىرىنىڭ ئومۇمىي سىغىمچانلىقى 321 توچكىغا، ئەمەلىيەتتە ئىگىلىگىنى 153 توچكىغا، يېزىلاردىكى تېلېفون ئىشلەتكۈچىسى 272 گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە گۇڭشې دەرىجىلىكتىن تۆۋەن ئابونىچى 167. يېزا تېلېفون سىم يولى 188.6 ستولبا كىلومېتىر، 210.4 جۈپ كىلومېتىرغا قىسقاردى، بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، كۆپ ساندىكى ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرىدىكى تېلېفون ئۈسكۈنىلىرى ئېلىۋېتىلدى.

# XIII باپ

# سودا

پوسكام ناھىيە بازىرى ئورۇنلاشقان جاي تارىختا يەكەن دەرياسىنىڭ جەنۇبىي قىرغىقىدىكى مۇھىم ھەربىي رابات بولۇپ، سودا بىر قەدەر راۋاجلانغان. ئىككىسى بازىرىنىڭمۇ خېلى داڭقى بار ئىدى. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سودا ۋە ھەمكارلىق كوپېراتىپلىرى سودىسى تەدرىجىي بارلىققا كەلدى. خۇسۇسىيلار ئىگىلىكىدىكى سودىغا سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈلۈپ، ئۇمۇ دۆلەت ئىگىلىكى ۋە ھەمكارلىق كوپېراتىپلىرى سودىسى يولىغا سېلىندى. 35 يىلدىن بۇيان، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سودا بىلەن ھەمكارلىق كوپېراتىپلىرى سودىسىدا ئىش تەقسىم قىلىۋېلىپ ھەمكارلىشىپ ئىشلەش جەھەتتە كۆپ قېتىم ئۆزگىرىشلەر بولدى. 1 ـ قېتىملىق ئىش تەقسىماتىدا، ئاساسەن، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سودىنىڭ ھەمكارلىق كوپېراتىپلىرى سودىسىغا بولغان كەسپىي رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىش، تىجارەت جەھەتتە قولايلىق يارىتىپ بېرىش، باھادا ئېتىبار بېرىش ئارقىلىق، ھەمكارلىق كوپېراتىپلىرى سودىسىنىڭ مۇستەھكەملىنىشى ۋە راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئۇنى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سودىنىڭ ياردەمچىسىگە ئايلاندۇرۇش مەقسەت قىلىنغانىدى. 1953 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئىككى تەرەپ تىجارەت ئوبيېكتىغا ئاساسەن ئىش تەقسىم قىلدى، يەنى، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ۋە يەرلىك دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ئورۇنلار ئىشلەپچىقارغان مەھسۇلاتلارنى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سودا ئورۇنلىرى سېتىۋالىدىغان، خۇسۇسىيلار ئىگىلىكىدىكى كارخانىلارنىڭ پىششىقلاپ ئىشلىگەن ماللىرىنى زاكاز قىلىش دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سودا ئورۇنلىرىنىڭ پىلانى بويىچە بولىدىغان، قول سانائەت مەھسۇلاتلىرىنى سودا كوپېراتىپلىرى سېتىۋالىدىغان بولدى، ئىش تەقسىم قىلىنىشىۋېلىنغاندىن كېيىن، ئاساسىي قاتلام كوپېراتىپلىرى پارچە ساتىدىغان سانائەت بۇيۇملىرى

ئاساسەن، شۇ يەردىكى ياكى يېقىن ئەتراپتىكى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سودا ئورۇنلىرىدىن كىرگۈزۈلىدىغان قىلىپ ئۆزگەرتىلدى، قول سانائەت مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش، مال زاكاز قىلىش، سېتىۋېلىش ۋە توپ تارقىتىش، پارچە سېتىش، تەمىنلەش، ئېكسپورت قىلىش كەسپىگە سودا كوپېراتىپىلا بىر تۇتاش مەسئۇل بولدى، كوپېراتىپلار قول سانائەت مەھسۇلاتلىرىنى سېتىشتا قىيىنچىلىققا دۇچ كەلگەندە، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سودا ئورۇنلىرى ئۇلارنى قوللىدى، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سودا ئورۇنلىرى سانائەت بۇيۇملىرى، بازىرى ئىتتىك ماللار ۋە قىس تاۋارلار بىلەن تەمىنلەشتە ھەمكارلىق كوپېراتىپلىرىغا ئالدىن ئېتىبار بەردى، بۇ قېتىمقى ئىش تەقسىماتى ھەر ئىككى تەرەپنىڭ سېتىۋېلىش خىزمىتىدە پىلانچانلىقنى كۈچەيتىپ، مال مەنبەلىرىنى ئېچىپ، سانائەت، يېزا ئىگىلىكى ۋە خەلق تۇرمۇشى ئۈچۈن تېخىمۇ ياخشى مۇلازىمەت قىلىپ، قول سانائەتنى كوپېراتسىيىلەشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش ۋە خۇسۇسىيلار ئىگىلىكىدىكى سودىغا سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈشكە، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، توپ تارقىتىش ئاپپاراتلىرىنىڭ قاتمۇ - قات بولۇشى تۈپەيلىدىن كېلىپ چىقىدىغان ئادەم كۈچى، ماددىي كۈچ، ترانسپورت جەھەتتىكى ئىسراپچىلىقنى ئازايتىپ، سوتسىيالىستىك سودا ئىگىلىكىنى ياخشىلاشقا پايدىلىق بولدى.

1954 - يىل 7 - ئايدا دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سودا ئورۇنلىرى بىلەن كوپېراتىپ سودا ئورۇنلىرى 2 - قېتىم ئىش تەقسىم قىلدى، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سودا ئورۇنلىرى، دۆلەت پىلانىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، شەھەر بازارلىرى سودىسىغا رەھبەرلىك قىلىش، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سودا ئورۇنلىرى بىلەن خۇسۇسىيلار ئىگىلىكىدىكى سودا ئورۇنلىرى تىجارىتىنىڭ سالمىقىنى ئىگىلەش، باھانى بىر تۇتاش بەلگىلەش ۋە خۇسۇسىي سودىنى ئۆزگەرتىش قاتارلىق ئىشلارغا مەسئۇل بولدى. كوپېراتىپ سودا ئورۇنلىرى يېزا بازارلىرى سودىسىغا رەھبەرلىك قىلىش. دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سودا ئورۇنلىرى بىلەن خۇسۇسىيلار ئىگىلىكىدىكى سودا ئورۇنلىرىنىڭ سالمىقىنى ئىگىلەش، يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋېلىش، باھانى ئىگىلەش ۋە يېزىلاردىكى خۇسۇسىي سودىنى ئۆزگەرتىش قاتارلىق ئىشلارغا مەسئۇل بولدى. ئىش تەقسىماتىغا ئاساسەن، شەھەر، زاۋۇت، كان رايونلىرىدىكى ئىستېمال (تەمىنات - سودا) كوپېراتىپلىرى پۈتۈنلەي دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سودا ئورۇنلىرىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سودا ئورۇنلىرىنىڭ يېزىلاردىكى ئاشلىق سېتىۋېلىش ئورگانلىرىدىن باشقا، سېتىۋېلىش ئورگانلىرىنىڭ ھەممىسى كوپېراتىپقا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى، كوپېراتىپ سودىسىنىڭ پۈتۈن كۈچى يېزىلارغا قارىتىلدى، بۇ قېتىمقى ئىش تەقسىماتى تەمىنات - سودا كوپېراتىپلىرىنىڭ يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋېلىشنى، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سودىغا بولغان رەھبەرلىكنى يەنىمۇ كۈچەيتىشتە، خۇسۇسىيلار ئىگىلىكىدىكى سودىنى ئۆزگەرتىپ، يېزا بىلەن شەھەر ئوتتۇرىسىدا ماددىي ئەشيا ئالماشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈشتە مۇھىم رول ئوينىدى.

3 - قېتىملىق ئىش تەقسىماتى تاۋارغا ئاساسەن ئېلىپ بېرىلدى. 1956 - يىلى خۇسۇسىيلار ئىگىلىكىدىكى سودىنى ئۆزگەرتىش ئاساسەن ئورۇندالغاندىن كېيىن، سانائەت بۇيۇملىرىنىڭ يېزىلارغا ئۆز ۋاقتىدا يېتىپ بېرىشىغا قولايلىق بولۇش ئۈچۈن، يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبىرىي ئورگانلار دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سودا تارماقلىرىنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشتا ئىشلىتىلىدىغان سانائەت بۇيۇملىرى ۋە بىر قىسىم ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرى (مېتال بۇيۇملار، قاتناش - ئېلېكتر بۇيۇملىرى، خىمىيە سانائىتى بۇيۇملىرى، نېفىت) نى سېتىۋېلىش ۋە ئۇلار بىلەن تەمىنلەشكە

مەسئۇل بولىدىغانلىقىنى، تەمىنات - سودا كوپىراتىپلىرىنىڭ يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرى (ئاشلىق، ياغلىق دان بۇنىڭ سىرتىدا) ۋە يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرى (چوڭ تىپتىكى دېھقانچىلىق سايمانلىرى ۋە سۇ ئىنشائاتى قورال - سايمانلىرى جەھەتتە ئايرىم بەلگىلىمە چىقىرىلدى) نى سېتىۋېلىپ ئۇنىڭ بىلەن تەمىنلەشكە ۋە كېرەكسىز بۇيۇملارنى سېتىۋېلىشقا مەسئۇل بولىدىغانلىقىنى، ئاساسىي قاتلام كوپىراتىپلىرىنىڭ يېزىلاردىكى دەسلەپكى بازارلارنى كۈندىلىك تۇرمۇشتا ئىشلىتىلىدىغان سانائەت بۇيۇملىرى ۋە قوشۇمچە يېمەكلىك بىلەن قىسمەن ياكى تولۇق تەمىنلەشنى ئۈستىگە ئالىدىغانلىقىنى بەلگىلىدى. بۇ قېتىمقى ئىش تەقسىماتى ئارقىلىق، تىجارەت جەھەتتىكى ئىش تەقسىماتىنىڭ مۇۋاپىق بولماسلىقىدەك ھادىسىلەر ئاساسەن ھەل قىلىندى، بۇ، بازار بىلەن يېزا ئوتتۇرىسىدا مال ئالماشتۇرۇش ۋە بازار ئېھتىياجىغا مۇۋاپىقلىشىشنىڭ ئېھتىياجىغا پايدىلىق بولدى.

4 . قېيىنلىق ئىش تەقسىماتى، سانائەت بۇيۇملىرى ئوبوروتى جەھەتتىكى بازار - يېزىلارغا تاۋار تەقسىم قىلىشنى، بازار-يېزىلارنى بىر تۇتاش ئىچمۇئىچ پىكى تۈزۈلمىسىگە ئۆزگەرتىشتىن ئىبارەت بولدى. 1982 - يىل 8 - ئايدا ناھىيىلىك سودا ئىدارىسى بىلەن ناھىيىلىك تەمىنات - سودا كوپىراتىپى سۆھبەت يىغىنى چاقىرىپ، سانائەت بۇيۇملىرىنى يېزىلارغا چۈشۈرۈشنىڭ ئەھمىيىتىنى ئايدىڭلاشتۇردى ھەمدە ئۇنى ئىجرا قىلىشنىڭ كونكرېت چارىلىرىنى بەلگىلىدى. ناھىيىلىك سودا شىركىتى مالنى توپ تارقىتىش نۇقتىسى بىلەن چەكلەپ قويماي، تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئاساسىي قاتلام كوپىراتىپلارغا مال يەتكۈزۈپ بەردى، ئۇلارنىڭ تاللاپ سېتىۋېلىشىغا يول قويدى، يېزىلاردا سېتىشقا لايىق كەلمەيدىغان، لېكىن بۇزۇلمىغان تاۋارلارنى ئاساسىي قاتلام كوپىراتىپلىرىنىڭ قايتۇرۇپ بېرىشىگە، ئالماشتۇرۇشىغا يول قويدى، ئاساسىي قاتلام كوپىراتىپلىرى تاللاپ سېتىۋېلىشنى خالىمىغان تاۋارلانى ئۇلارغا ۋەكالىتەن سېتىشقا بەردى، تاۋارنى ئالدىن بېرىپ، پۇلنى كېيىن ئالدى، تۈتۈپ قېلىش نىسبىتىنى كېمەيتىپ، پۇل ئايلىنىش سۈرئىتىنى ئۆزلەشتۈرۈپ بەردى.

پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، خۇسۇسىيلار ئىگىلىكىدىكى يەككە سودا تەرەققىي قىلىپ، يېزا - بازار سودىسى كۈندىن - كۈنگە جانلاندى.

## § 1 . خۇسۇسىيلار ئىگىلىكىدىكى سودا

1921 - يىلى پوسكام ناھىيە بولۇپ قۇرۇلغاندا، ناھىيە بويىچە بەش سودا دۇكىنى، ئالتە ئاشخانا، 15 گۆش دۇكىنى، ئىككى ماناڭخانا، بىر ئاچچىقسۇ دۇكىنى، بىر ھاراق دۇكىنى، 62 ناۋايخانا. ئۈچ كىچىك لەڭپۇڭخانا، ئىككى مىلىچمال يايما دۇكىنى، بىر جۇڭيى دورىخانىسى بار ئىدى، ھەر بازار كۈنى يەكەن ، قاغىلىقلىق كىچىك سودىگەرلەر بازارغا كېلەتتى. سودىگەرلەرنىڭ دەسمايىسى كۆپلىرىنىڭ 20 مىڭ يۈەندىن ئاشاتتى، ئازلىرىنىڭ بىر قانچە مىڭ يۈەنگە يېتەتتى. ئەتلەس، گەزمال، دۇخاۋا، يوڭ رەخت، مارجان، قاما، قەنت، فار - فۇر قاچا - قۇچا، نېفىت، سەرەڭگە، بوياق ماتېرىيالى قاتارلىق بىر قىسىم تاۋارلار سوۋېت ئىتتىپاقى، ھىندىستان، ئىراندىن كەلتۈرۈلەتتى. يەرلىك تاۋارلاردىن شايى، يەرلىك ئالاھىدە مەھسۇلاتلار بار ئىدى، يىلدا كۆپ پايدا ئالغانلارنىڭ پايدىسى 5000 يۈەندىن ئاشاتتى، ئېكسپورت

قىلىنىدىغان تاۋارلار، ئاساسەن، تېرە، يۇڭ، قوي ئۈچەيى، پاختا، پىلە غوزىسى، گەرمال، پاكىز قاتارلىقلاردىن ئىبارەت ئىدى. شېڭ شىسەي دەۋرىدە (1933 - يىلدىن 1944 - يىلغىچە)، يوپۇرغا ناھىيىسى ئۇرۇش مالىمانچىلىقىغا ئۇچرىغاچقا، سودا دۇكانلىرى نورمال تىجارەت قىلالمىدى. بازارلار كۈندىن - كۈنگە خارابلىشىپ كەتكەن. 1942 - يىل 11 - ئايدا شېڭ شىسەي سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولغان سودا ئالاقىسىنى ئۈزگەندىن كېيىن، مال مەنبەلىرى ئازىيىپ، سودا تېخىمۇ چېكىنىپ كەتكەن. 1949 - يىلى ناھىيە بازىرىدا ئاران بىر سودا دۇكىنى، ئۈچ مەللىچمال يايما دۇكىنى، ئون نەچچە ناۋايخانا، تۆت ئاشخانا، بىر گۆش دۇكىنى، ئىككى ھاراق دۇكىنى، بىر گۆرۈخانا، تۆت لەڭپۇڭخانا، بىر ئاچچىقسۇ دۇكىنى بار ئىدى، قالغانلىرى كىچىك سودا، يايما ئورۇنلىرى ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا، يېزا - كەنت بازارلىرىدا بەش كىچىك سودا دۇكىنى بولۇپ، سودىگەرلەر ئەرزان ئېلىپ، قىممەت سېتىپ، بىسىمدارلىق قىلىپ، بازار باھاسىنى ئۆستۈرۈپ، كۆپ پايدا ئېلىپ ياشىقلارنى شىلىۋالاتتى، بەزى تاۋارلاردىن چىققان پايدا 100٪ كە يېتەتتى. ھالبۇكى يېزا ئىگىلىك، چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرى ۋە يەرلىك ئالاھىدە مەھسۇلاتلارنىڭ باھاسى تۆۋەن، سېتىش يوللىرى راۋان ئەمەس ئىدى، بىر قوي تېرىسىگە ئاران بىر قاپ سەرەڭگە تېگىشكىلى بولاتتى، دېھقانلار بازارمۇ بازار يۈرۈپ تۇخۇم، قوي يۇڭىغا كۈندىلىك تۇرمۇشتا ئىشلىتىلىدىغان بۇيۇملارنى تېگىشەتتى، تاۋار ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتى تولىمۇ ئارقىدا ئىدى.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا يوپۇرغىدا تۇرغان چەت ئەل سودىگەرلىرى

2 - 13 - 1 - جەدۋەل

| ئىسىم - فامىلىسى | دۆلەت تەۋەلىكى | تىجارەت تۈرى | تىجارەت قىلغان ۋاقتى |
|---|---|---|---|
| ئىدرىسباي | ھىندىستان | تاۋار، چاي، بوياق ماتېرىيالى | گۇاڭشۇ يىللىرىدىن 1933 - يىلغىچە |
| كوشۇباي | ھىندىستان | تاۋار، چاي، بوياق ماتېرىيالى | چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرىدىن 1933 - يىلغىچە |
| گاڭگوباي | ھىندىستان | تاۋار، چاي، بوياق ماتېرىيالى | چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرىدىن 1933 - يىلغىچە |
| سوپىزرباي | ھىندىستان | تاۋار، چاي، بوياق ماتېرىيالى | چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرىدىن 1933 - يىلغىچە |
| مامۇتجان | ھىندىستان | تاۋار، چاي، بوياق ماتېرىيالى | چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرىدىن 1933 - يىلغىچە |
| ئىسرائىلجان | ھىندىستان | تاۋار، چاي، بوياق ماتېرىيالى | چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرىدىن 1933 - يىلغىچە |

پوسكام ناھىيىسى يويچىمىنگو دەۋرىدىكى ئاساسلىق سودىگەرلەر

جەدۋەل 2 ـ 13 ـ 2

| ئىسىم - فامىلىسى | تىجارەت تۈرى | مال مەنبەسى | تىجارەت قىلغان ۋاقتى |
|---|---|---|---|
| داۋۇت ئاخۇن | تاۋار - دۇردۇن، گەزمال | سوۋېت ئىتتىپاقى، ھىندىستان، ئىران | 1911 ـ 1949 |
| توختىمەت ئاخۇن | تاۋار - دۇردۇن، گەزمال | سوۋېت ئىتتىپاقى، ھىندىستان، ئىران | 1912 ـ 1933 |
| ئايۇپ بوسۇرغا | تاۋار - دۇردۇن، گەزمال | سوۋېت ئىتتىپاقى، ھىندىستان، ئىران | 1912 ـ 1933 |
| سادىق ھاجى | تاۋار - دۇردۇن، گەزمال | سوۋېت ئىتتىپاقى، ھىندىستان، ئىران | 1912 ـ 1947 |
| ئىسرائىلجان | تاۋار - دۇردۇن، گەزمال | سوۋېت ئىتتىپاقى، ھىندىستان، ئىران | 1912 ـ 1933 |
| نىزامىدىن ئاخۇن | يېمەك - ئىچمەك | | 1912 ـ 1933 |
| ھوشۇر ئاخۇن | يېمەك - ئىچمەك | | 1912 ـ 1933 |
| بارات ئاخۇن | يېمەك - ئىچمەك | | 1912 ـ 1933 |
| تۇردى ئاخۇن | يېمەك - ئىچمەك | | 1912 ـ 1933 |
| مارەك ئاخۇن | يېمەك - ئىچمەك | | 1912 ـ 1933 |
| ئايۇپ ئاخۇن | يېمەك - ئىچمەك | | 1912 ـ 1933 |
| قادىر ئىسلام | گۆش | يەرلىك مەھسۇلات | 1912 ـ 1933 |
| توختى ھاجى | ئاچچىقسۇ، ماتاڭ، ماشئۇگرە، ماش ئۇنى | يەرلىك مەھسۇلات | 1871 ـ 1957 |
| ھىمىتخان | ھاراق | يەرلىك مەھسۇلات | 1912 ـ 1933 |
| ئابدۇكېرىم ئاخۇن | ماتاڭ | يەرلىك مەھسۇلات | 1912 ـ 1933 |
| قۇناجى | گۆش | يەرلىك مەھسۇلات | مىنگونىڭ دەسلەپكى دەۋرىدىن 1933 ـ يىلغىچە |

| | | | |
|---|---|---|---|
| سوپۇرگەنىياز ئاخۇن | گۆش | يەرلىك مەھسۇلات | مىنگونىڭ دەسلەپكى دەۋرىدىن 1933 - يىلغىچە |
| ئوسمان ئاخۇن | گۆش | يەرلىك مەھسۇلات | مىنگونىڭ دەسلەپكى دەۋرىدىن 1933 - يىلغىچە |
| مۇسائاخۇن | گۆش | يەرلىك مەھسۇلات | مىنگونىڭ دەسلەپكى دەۋرىدىن 1933 - يىلغىچە |
| توختى ئاخۇن | گۆش | يەرلىك مەھسۇلات | مىنگونىڭ دەسلەپكى دەۋرىدىن 1933 - يىلغىچە |
| ھوشۇر موللا | گۆش | يەرلىك مەھسۇلات | مىنگونىڭ دەسلەپكى دەۋرىدىن 1933 - يىلغىچە |
| سېيىت ئاخۇن | گۆش | يەرلىك مەھسۇلات | مىنگونىڭ دەسلەپكى دەۋرىدىن 1933 - يىلغىچە |
| توختىنىياز ئاخۇن | گۆش | يەرلىك مەھسۇلات | مىنگونىڭ دەسلەپكى دەۋرىدىن 1933 - يىلغىچە |
| توختى سوپى | گۆش | يەرلىك مەھسۇلات | مىنگونىڭ دەسلەپكى دەۋرىدىن 1933 - يىلغىچە |
| قاسىم ئاخۇن | گۆش | يەرلىك مەھسۇلات | مىنگونىڭ دەسلەپكى دەۋرىدىن 1933 - يىلغىچە |
| سوپىباي | گۆش | يەرلىك مەھسۇلات | مىنگونىڭ دەسلەپكى دەۋرىدىن 1933 - يىلغىچە |
| نىياز ئاخۇن | گۆش | يەرلىك مەھسۇلات | مىنگونىڭ دەسلەپكى دەۋرىدىن 1933 - يىلغىچە |
| ئەيسا ئاخۇن | گۆش | يەرلىك مەھسۇلات | مىنگونىڭ دەسلەپكى دەۋرىدىن 1933 - يىلغىچە |
| ئىساق ئاخۇنۇم | جۇڭيى دورىلىرى، تەمخورۇچ | يەرلىك مەھسۇلات | مىنگونىڭ دەسلەپكى دەۋرىدىن 1933 - يىلغىچە |
| سېيىت ئاخۇن ئاقساقال | گۆش | يەرلىك مەھسۇلات | مىنگونىڭ دەسلەپكى دەۋرىدىن 1933 - يىلغىچە |
| ئىمىن ئاخۇن | گەزمال، تاۋار - دوردۇن، مىلچىمال | يەرلىك مەھسۇلات | 1933 - 1956 |
| يۇسۇپ ئاخۇن | گەزمەل، تاۋار - دوردۇن | يەرلىك مەھسۇلات | 1933 - 1944 |
| تۇرۇپ بوسۇرغا | گەزمەل، تاۋار - دوردۇن | يەرلىك مەھسۇلات | 1933 - 1944 |
| ھوشۇر موللا | گەزمەل، تاۋار - دوردۇن | يەرلىك مەھسۇلات | 1933 - 1944 |
| ھېيىت ئاخۇن | گەزمەل، تاۋار - دوردۇن | يەرلىك مەھسۇلات | 1933 - 1944 |
| قاۋۇل ھاجى | گەزمەل، تاۋار - دوردۇن | يەرلىك مەھسۇلات | 1933 - 1937 |
| ۋاڭ خۇگجى | گۇرۇخانا، ھاراق، ئوتياش | يەرلىك مەھسۇلات | 1933 - 1956 |
| بارات ئاخۇن | يېمەك - ئىچمەك | | 1933 - 1944 |
| ياقۇپ ئاخۇن | يېمەك - ئىچمەك | | 1933 - 1944 |
| تۇردى ئاخۇن | يېمەك - ئىچمەك | | 1933 - 1944 |
| ھېيىت موللا | جۇڭيى دورىلىرى | يەرلىك مەھسۇلات | 1933 - 1944 |
| ھېيىت پاچاق | جۇڭيى دورىلىرى | يەرلىك مەھسۇلات | 1933 - 1944 |

بازارلاردىكى خۇسۇسىي سودىنىڭ 1955 ـ يىلدىكى ئەھۋالى

2 ـ 13 ـ 3 ـ جەدۋەل بىرلىكى: يۈەن

| تارماقلارنىڭ ئىسمى | | سانى | خادىمى | دەسمايىسى | تىجارەت سوممىسى | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| | | | | | 1954 ـ يىلى | 1955 ـ يىلنىڭ ئالدىنقى يېرىمى |
| يېمەكلىك | كالا، قوي گۆشى | 10 | 12 | 2100 | 27900 | 14400 |
| | قوشۇمچە يېمەكلىك، ملىچمال | 21 | 28 | 4000 | 20900 | 18200 |
| | باشقىلار | 10 | 17 | 800 | 16000 | 18200 |
| | جەمئىي | 41 | 57 | 6900 | 64800 | 44600 |
| توقۇلما بۇيۇم | پاختا رەخت | 16 | 19 | 3900 | 95000 | 40800 |
| | تاۋار ـ دۇردۇن، يۇڭ توقۇلما | | | | | |
| باشقا كۈندىلىك تۇرمۇشتا ئىشلىتىلىدىغان تۈرلۈك ماللار | | 6 | 6 | 100 | 11900 | 6500 |
| ملىچمال سودىسى (ئۆچەي، تېرە، يۇڭ) | | 1 | 1 | 100 | 1400 | 700 |
| جەمئىي | | 64 | 83 | 11000 | 173100 | 92600 |

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ھۆكۈمەت خۇسۇسىيلار ئىگىلىكىدىكى سودىغا يار ـ يۆلەك بولغاچقا، سودا بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار كۈندىن ـ كۈنگە كۆپەيدى. 1951ـ يىل 12 ـ ئايدا ناھىيە بويىچە خۇسۇسىي سودا بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار 409 غا يەتتى، ئۇنىڭ ئىچىدە كىچىك سودىگەر 33 نەپەر، ناۋاي 63 نەپەر، ئاشپەز 17 نەپەر، رەۋەندە 132 نەپەر، پاختا ـ رەخت سودىگىرى 14 نەپەر، قاسساپ 54 نەپەر، يايمىچى 50 نەپەر، كاۋاپچى ئون نەپەر، تاماكىچى 26 نەپەر، ئوتىياشچى ئون نەپەر، خۇسۇسىي سودا بازارلاردا ھۆكۈمران ئورۇننى ئىگىلىدى. 1951ـ يىلى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سودا ماگىزىنلىرى قۇرۇلغاندىن كېيىن، خۇسۇسىيلار ئىگىلىكىدىكى سودىنىڭ تىجارەت سوممىسى تەدرىجىي تۆۋەنلىدى. 1955 ـ يىلى ئالدىنقى يېرىم يىلدا، خۇسۇسىيلار ئىگىلىكىدىكى سودىنىڭ تىجارەت سوممىسىنىڭ ناھىيە بويىچە سودا تىجارەت سوممىسىدا ئىگىلىگەن نىسبىتى 1950 ـ يىلدىكى 100% تىن 40% كە چۈشتى.

1956 ـ يىلى ئەتىيازدا خۇسۇسىيلار ئىگىلىكىدىكى سودىغا سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈش ئاياغلاشتى. ناھىيە بويىچە خۇسۇسىي سودا بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئورۇندىن بىرى،

خادىمدىن بىرى، خۇسۇسىي يېمەك ـ ئىچمەك تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئورۇندىن بەشى، خادىمدىن بەشى قالغانىدى.

پارتىيە 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش، جانلاندۇرۇش سىياسىتى ئىزچىل ئىجرا قىلىنىپ، يەككە سودا ـ سانائەتچىلەر يېڭىباشتىن بارلىققا كەلدى ھەمدە تېز تەرەققىي قىلدى. 1981 ـ يىلى ناھىيە بويىچە يەككە سودا ـ سانائەتچى ئائىلىسى 45 كە، خادىمى 250 نەپەرگە يەتكەنىدى. 1984 ـ يىلى يەككە سودا ـ سانائەتچى ئائىلىسى 1007 گە، خادىمى 1636 نەپەرگە بەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە تۇرلۇك مال تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار 405 نەپەر، يېمەك ـ ئىچمەك مۇلازىمىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار 276 نەپەر، مېتال بۇيۇملارنى رېمونت قىلىدىغانلار60 نەپەر، بۇلارنىڭ مەبلىغىنىڭ ئومۇمىي سوممىسى 1 مىليون 146 مىڭ يۈەنگە، يىللىق تىجارەت سوممىسى 1 مىليون 74 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، ئىجتىمائىي سېتىش ئومۇمىي سوممىسىنىڭ تۆت پىرسەنتىنى ئىگىلىدى.

**خۇسۇسىيلار ئىگىلىكىدىكى يېمەك ـ ئىچمەك كەسپىنىڭ 1955 ـ يىلدىكى ئەھۋالى**

2 ـ 13 ـ 4 ـ جەدۋەل — بىرلىكى: يۈەن

| تۈرلەر | | | سانى | خادىمى | دەسمايىسى | تىجارەت سوممىسى: 1954 ـ يىلى | تىجارەت سوممىسى: 1955 ـ يىلىنىڭ ئالدىنقى يېرىمى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| بازار | دۇكاندار | ئاشخانا ۋە كىچىك يېمەكلىك دۇكىنى | 51 | 155 | 2500 | 145300 | 108200 |
| | | باشقىلار | 2 | 9 | 700 | 3900 | 2000 |
| | بايمىچى | ئۇن يېمەكلىكلىرى | 4 | 7 | 200 | 5200 | 3600 |
| | | باشقىلار | 30 | 54 | 1400 | 39500 | 23500 |
| | جەمئىي | | 87 | 225 | 4800 | 193900 | 137300 |
| يېزا ـ كەنتلەر | دۇكاندار | ئاشخانا ۋە كىچىك يېمەكلىك دۇكىنى | 51 | 93 | 1600 | 46800 | 35300 |
| | | باشقىلار | | | | | |
| | بايمىچى | ئۇن يېمەكلىكلىرى | 2 | 4 | 100 | 1000 | 800 |
| | | باشقىلار | 7 | 7 | 300 | 9800 | 5500 |
| | جەمئىي | | 60 | 104 | 2000 | 57600 | 41600 |
| ئومۇمىي جەمئىي | | | 147 | 329 | 6800 | 251500 | 178900 |

# § 2 . دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سودا

## 1 . دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سودىنىڭ بارلىققا كېلىشى

1950 ـ يىلى ئەتىيازدا، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ 2 ـ جۇن ئارقا سەپ تەمىنات بۆلۈمىنىڭ قاغىلىقتا تۇرۇشلۇق مال سېتىۋېلىش پونكىتى دائىم پوسكامغا سەييارە گۇرۇپپىلارنى ئەۋەتىپ، قوي يۇڭى، قوي تېرىسى قاتارلىق چارۋا مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋېلىپ، كۈندىلىك تۇرمۇشتا ئىشلىتىلىدىغان تۇرلۇك ماللارنى سېتىپ بېرەتتى. 1950 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 23ـ كۈنى سابىق يەكەن ۋىلايەتلىك شۆبە سودا شىركىتى يەكەن ناھىيىسىنىڭ قوشراپ يېزىسىدىن بىر سېتىۋېلىش گۇرۇپپىسىنى پوسكامغا يۆتكەپ كېلىپ، چارۋا مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋالدى ۋە سودا ماگىزىنى قۇرۇشقا تەييارلىق قىلدى. ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ياردىمىدە، 1951ـ يىل1ـ ئايدا يەكەن ۋىلايەتلىك شۆبە سودا شىركىتىنىڭ پوسكام ناھىيىلىك سودا ماگىزىنى رەسمىي تىجارەت باشلاپ، قوي يۇڭى، قوي تېرىسى، قوي ئۆچكىيى قاتارلىق چارۋا مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋېلىش، تۇرلۇك ماللارنى سېتىپ بېرىشكە مەسئۇل بولدى، ئۇلار دائىم يېزىلارغا بېرىپ سەييارە تىجارەت قىلاتتى. ئۇلار ساتىدىغان تاۋارلار شېكەر، بولاق قەنت، چاقماق قەنت، قۇتىلىق قەنت، ئۆتۈك، سەرەڭگە، قاچا، داۋلىن قەغىزى، ئاق قەغەز، قېرىنداش، مەشق دەپتىرى، كىرسىن، برېزېنت، چىلەك، تاۋار ـ دۇردۇن قاتارلىقلار بولۇپ، 100 خىلدىن ئاشاتتى. مال كىرگۈزگەندە، ئىككى ياغاچ هارۋا كىرا قىلىپ، مالنى يەكەندىن پوسكامغا يۆتكەيتتى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، سېتىۋالغان چارۋا مەھسۇلاتلىرىنى يەكەن يۇڭ زاۋۇتىغا ئاپىرىپ بېرەتتى. پۈتكۈل سېتىۋېلىش، سېتىش كەسپىي بۆلۈمىنىڭ ھېساباتىنى يەكەن شۆبە سودا شىركىتى بىر تۇتاش قىلاتتى.

## 2 . دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سودىنىڭ تەرەققىياتى

1 ـ بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە، ناھىيە بويىچە سانائەت، يېزا ئىگىلىكىدە خېلى زور تەرەققىياتلار بارلىققا كەلدى، ئىجتىمائىي تاۋارلارنىڭ ئوبوروت مىقدارى يىلمۇ يىل كۆپەيدى. 1955ـ يىلى پوسكام ناھىيىلىك تارماق سودا شىركىتى قۇرۇلۇپ، توپ تارقىتىش كەسپى قانات يايدۇرۇلدى، تاۋارلارنىڭ سېتىلىش سوممىسى يىلمۇ يىل كۆپەيدى. 1955 ـ يىلدىن 1958 ـ يىلغىچە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سودا بويىچە يارىتىلغان پايدا 110 مىڭ 300 يۈەنگە يېتىپ، پۈتۈن ناھىيىنىڭ سودا سېپى بويىچە يېتەكچى ئورۇندا تۇردى. 1958ـ يىلى ناھىيە بويىچە سودا تور ـ نۇقتىسىدىن سەككىزى تەسىس قىلىنىپ، بىر تۇتاش ھېسابات يولغا قويۇلدى، سودا ئىدارىسى ھەر قايسى كەسپلەر بويىچە سېتىۋېلىش، سېتىش، يۆتكەش، ساقلاش خىزمىتىنى ۋە ئاساسىي قاتلام تەمىنات ـ سودا كوپىراتىپلىرىنى بىۋاسىتە باشقۇردى. ئىككى يۇرۇش تۈزۈمنى يولغا قويۇپ، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سودا بىلەن ھەمكارلىق كوپىراتىپى (ئاساسىي قاتلام كوپىراتىپى) سودىسىنى ئايرىم ـ ئايرىم هالدا، ئومۇملاشتۇرۇپ يۇقىرىغا مەلۇم قىلدى. شۇ يىلى 12 ـ ئايدا گوۋۇيۈەن «ئىككىنى تۆۋەنگە چۈشۈرۈش» (خادىملارنى، مەبلەغنىتۆۋەنگە چۈشۈرۈش)، «ئۈچنى بىرلىككە كەلتۈرۈش، بىرنى ھۆددىگە بېرىش» (سىياسەتنى، پىلاننى، تۇراقسىز مەبلەغنى

باشقۇرۇشنى بىرلىككە كەلتۈرۈش، مالىيە ۋەزىپىسىنى ھۆددىگە بېرىش) توغرىسىدا قارار ئېلان قىلدى. يۇقىرىنىڭ يوليورۇقىغا ئاساسەن، يېزا ئاساسىي قاتلام تەمىنات - سودا كوپېراتىپىنىڭ مەبلىغى، تاۋىرى، خادىمى، تىجارىتىدىن ئىبارەت تۆت تۈر بويىچە باشقۇرۇش ھوقۇقى پۈتۈنلەي خەلق گۇڭشىلىرىغا چۈشۈرۈلۈپ، گۇڭشې مالىيە - سودا بۆلۈمىنىڭ رەھبەرلىكىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. ئاساسىي قاتلام تەمىنات - سودا كوپېراتىپلىرى گۇڭشېنىڭ تەمىنلەش - سېتىش بۆلۈمى قىلىندى، ئۇ، ھەم گۇڭشېنىڭ تەركىبىي قىسمى، ھەم سودا تارماقلىرىنىڭ ئاساسىي قاتلام ئورنى بولۇپ، گۇڭشېنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى تاۋارلارنى تەقسىم قىلىش ۋە گۇڭشې سىرتىدىكى ئورۇنلار بىلەن تاۋار ئالماشتۇرۇشقا مەسئۇل بولدى. بۇ قېتىمقى سودا تۈزۈلمە ئىسلاھاتىدا، ھەم سودا ئاپپاراتى، خادىملار، سېتىۋېلىش ۋە سېتىش ھوقۇقى تۆۋەنگە چۈشۈرۈلدى، ھەم تاۋارلارنىڭ باھاسىنى ئۆزگەرتىش ھوقۇقى، ئاساسىي قۇرۇلۇش ۋە مۇلۇكنى پايدىلىنىش ھوقۇقى، سودا پىلانى ۋە مال - مۈلۈك باشقۇرۇش ھوقۇقى قاتارلىقلارمۇ تۆۋەنگە چۈشۈرۈلدى. بۇ قېتىمقى ئۆزگىرىش زور، بەك ئۈشتۈمتۇت بولغانلىقتىن، كارخانىلار بىلەن ئۇزۇندىن قانات يايدۇرۇلغان مۇناسىۋەت ئۈزۈلۈپ قالدى، نەتىجىدە توغرىسىغا تەرەققىي قىلدۇرۇلغان مۇناسىۋەت تېخى ئورنىتىلمىغانلىقى، كونا قائىدە - تۈزۈملەر تاشلىۋېتىلگەنلىكى، يېڭى تۈزۈم تېخى ئورنىتىلمىغانلىقى ئۈچۈن تاۋار ئوبوروتى ۋە ئىگىلىك باشقۇرۇشتا بىر مەھەل قالايمىقانچىلىق يۈز بەردى. 1959 - يىلدىن ئېتىبارەن، ناھىيە يۇقىرىنىڭ يوليورۇقى بويىچە، خەلق گۇڭشىلىرىغا چۈشۈرۈپ بېرىلگەن سودا جەمئىيىتىكى «تۆت ھوقۇق» نى يەنە ناھىيىلىك سودا ئىدارىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈۋالدى.

دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سودا بىلەن ھەمكارلىق كوپېراتىپلىرى سودىسى بىرلەشتۈرۈلگەندىن كېيىن، يېزىلاردىكى سودا خىزمىتى ئاجىزلاپ قالدى، ئىگىلىك باشقۇرۇش بۇرۇنقىغا يەتمىدى، دېھقانلار بىلەن بولغان مۇناسىۋەت يىراقلاشتى، تاۋار ئوبوروتى ئاساسەن دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سودىدىن ئىبارەت بىرلا يول بىلەن چەكلىنىپ قالدى، سودا تارماقلىرى باشقۇرۇش ھوقۇقىنى تۆۋەنگە چۈشۈرۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا، كەسپىي شىركەتلەرنىڭ يۇقىرى بىلەن تۆۋەن ئوتتۇرىسىدىكى رەھبەرلىك مۇناسىۋىتىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇۋەتتى، شۇنىڭ بىلەن، قاتلاممۇ - قاتلام قامال قىلىنغان، سىزىپ بەرگەن سىزىقتىن چىقالمايدىغان ئەھۋال كېلىپ چىقتى، بازار بىلەن يېزا ۋە رايونلار ئوتتۇرىسىدىكى ئىقتىسادىي مۇناسىۋەت ئۈزۈلۈپ قېلىپ، نۇرغۇن تاۋار بىلەن تەمىنلەشتە جىددىيلىك يۈز بەردى. 1960 - يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن باشلاپ «تەڭشەش، مۇستەھكەملەش، تولۇقلاش، ئۆستۈرۈش» تىن ئىبارەت فاڭجېن ئىزچىللاشتۇرۇلدى، سودا تارماقلىرى مال مەنبەسىنى پائال تەشكىللەپ، ئاساسىي قاتلامغا يۆزلىنىپ، يېزىلارنى ئالدىن تەمىنلىدى. ئاساسىي قاتلام تەمىنات - سودا كوپېراتىپلىرىغا قارىتا، ئامبار زاپىسى، مال مەنبەسى، مال تەقسىماتى جەھەتتە ئاشكارا بولۇپ، توپ تارقىتىش نۇقتىسى، تىجارەت ۋاقتى جەھەتتە چەكلەپ قويماي، ئۇلارنىڭ تاللاپ سېتىۋېلىشىغا قولايلىق يارىتىپ بەردى، نەتىجىدە گۇڭشې - مەيدانلارنى مال بىلەن تەمىنلەشتە كۆرۈنەرلىك ئۆزگىرىش بارلىققا كېلىپ، تاۋار بىلەن تەمىنلەش مىقدارى زور دەرىجىدە ئاشتى، تاۋار تۈرلىرى كۆپەيدى، پۈتكۈل بازارلاردا گۈللىنىش مەنزىرىسى بارلىققا كەلدى. يېزا سودىسىنى دېھقانلارنىڭ تۇرمۇشى ۋە يېزا ئىگىلىكى ئۈچۈن تېخىمۇ ياخشى خىزمەت قىلدۇرۇش مەقسىتىدە، 1962 - يىلى ناھىيىلىك تەمىنات - سودا كوپېراتىپى ۋە ھەر قايسى گۇڭشىلاردىكى ئاساسىي قاتلام تەمىنات - سودا كوپېراتىپلىرى يەنە

ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ، ناھىيىلىك تۇرلۇك ماللار شىركىتى ۋە يېمەكلىك شىركىتى قۇرۇلۇپ، مەمۇرىيەت بىلەن كارخانا بىرلەشكەن سودا ئىدارىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى.

تۇرلۇك ماللار شىركىتى كۈندىلىك تۇرمۇشتا ئىشلىتىلىدىغان تۇرلۇك ماللار، مېتال بۇيۇملار، قاتناش - ئېلېكتىر بۇيۇملىرى، كىيىم - كېچەك ، رەخت تىجارىتى بىلەن شۇغۇللانغاندىن باشقا، يەنە ناھىيە بويىچە كۈندىلىك تۇرمۇشتا ئىشلىتىلىدىغان تۇرلۇك ماللارنى توپ تارقىتىش كەسپىنى بىر تۇتاش باشقۇردى.

يېمەكلىك شىركىتى ماگىزىن قۇرۇپ، تاماكا، ھاراق، قەنت تىجارىتى بىلەن شۇغۇللانغاندىن باشقا، يەنە بىر چوشقا فېرمىسى، بىر قوي فېرمىسى، ئىككى ئاشخانا، بىر ساتىراشخانا، بىر يېمەكلىك زاۋۇتى قۇرۇپ، ناھىيە بازىرىدىكى كادىرلار، ئاھالىلەرنى گۆش بىلەن تەمىنلەپ، يېمەك - ئىچمەك مۇلازىمىتى خىزمىتىنى قانات يايدۇردى.

1964 - يىل 2 - ئايدا تۇرلۇك ماللار شىركىتى بىلەن يېمەكلىك شىركىتى بىرلەشتۇرۇلۇپ، ناھىيىلىك سودا شىركىتى قىلىندى، ئۇ، يېمەكلىك، يېمەك - ئىچمەك مۇلازىمىتى، پارچە سېتىش دۇكىنى قۇرۇپ، مۇستەقىل ھېساباتنى يولغا قويدى.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە، قائىدە - تۈزۈملەر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراپ، كارخانا باشقۇرۇش قالايمىقانلىشىپ كەتتى، مۇلازىمەت سۈپىتى تۆۋەنلەپ، بازار سودىسى يەنە بىر مەزگىل توختىتىۋېتىلىپ، پەقەت دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سودىلا قېلىپ قالدى، سودىدىكى ئەمەلدارلىق ئىستىلى كوندىن - كۈنگە ئېغىرلىشىپ، بازارلارنى تەمىنلەشتە جىددىيلىك يۈز بەردى، ئۇنىڭ ئۈستىگە، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ قاتناش - ترانسپورت لىنىيىسى ئۈزۈن بولۇپ، ئاپتوموبىللارنىڭ ئوبوروتى جىددىيلىشىپ، ماددىي ئەشيالارنى يۆتكەپ كېلىشتە قىيىنچىلىق تۇغۇلدى، سودا جەھەتتىكى ئامبار زاپىسى قۇرۇقدىلىپ قالدى. 1968 - يىلى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى شىركەتلەر تاۋار سېتىۋالمىدى، سودا قەرز پۇلىنى ئىشلىتەلمەيلا قالماستىن، بەلكى 195 مىڭ يۈەن پۇلنى بانكىغا ئامانەت قويدى. 1971 - يىلى قىش پەسلى يېتىپ كېلىش ئالدىدا، ناھىيە بويىچە پاختا رەختنىڭ ئامبار زاپىسى كىشى بېشىغا ئاران نەچچە ئون سانتىمېتىردىن توغرا كەلدى. 1972-يىلى داخىيەندىن تۇرلۇك تاۋارلار يۆتكەپ كېلىندى. سودا كەسپىدىكى كەڭ ئىشچى - خىزمەتچىلەر ھاردىم - تالدىم دېمەي، تىرىشىپ ئىشلىدى. نەتىجىدە سودا ئەھۋالى ياخشىلاندى. 1975 - يىلى تاۋارلارنىڭ سېتىلىشى 1966 - يىلدىكىدىن 74.6% ئاشتى.

پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، سودا خىزمىتى تەدرىجىي مۇنتىزىملاشتى، سودا، يېمەكلىك قاتارلىق كەسپىي شىركەتلەر ئارقا - ئارقىدىن ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. 1978 - يىل 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن ئېتىبارەت، پوسكام ناھىيىسى دۆلەت تەرىپىدىن «ئۈچ جەھەتتە ئېتىبار بېرىلىدىغان ناھىيە» قاتارىغا كىرگۈزۈلۈپ، تۇراقسىز مەبلەغ، پايدىدىن قالدۇرۇلىدىغان پىرسەنت، باھا ياردەم پۇلىدىن ئىبارەت ئۈچ جەھەتتە ئېتىبار بېرىش سىياسىتىدىن بەھرىمەن قىلىندى، شۇنىڭ بىلەن بازار - يېزا خەلقىنىڭ سېتىۋېلىش كۈچى ئۈزلۈكسىز ئېشىپ، سودا خىزمىتى بىر بالداق ئۆرلىدى، كونا «تۆت بۇيۇم» (قول سائىتى، ۋېلسىپىت، رادىئو، كىيىم تىكىش ماشىنىسى) يېزىلاردا ئاساسەن ئومۇملاشتى، يېڭى «تۆت بۇيۇم» (تېلېۋىزور، ئۈنئالغۇ، كىرئالغۇ، موتسىكلىت) مۇ دېھقان ئائىلىلىرىگە كىرىشكە باشلىدى.

## 3 . كەسپىي شىركەتلەر

1) ناھىيىلىك سودا شىركىتى 1964 - يىلى قۇرۇلغان، ئۇنىڭ تەكتى سودا ماگىزىنى،

تارماق سودا شىركىتى ئىدى. 1964 ـ يىلى ئومۇمىي سېتىۋېلىش سوممىسى 2 مىليون 556 مىڭ يۈەن، سېتىلىنىش سوممىسى 3 مىليون 735 مىڭ يۈەن(بۇ لىڭ ئىچىدە توپ سېتىلىش سوممىسى 2 مىليون 821 مىڭ يۈەن، پارچە سېتىلىش سوممىسى 914 مىڭ يۈەن)، ئومۇمىي پايدا سوممىسى 58 مىڭ يۈەن بولدى. سېتىلغان تاۋار 4295 خىلغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە تۇرلۇك ماللار 1522 خىل، مەدەنىيەت بۇيۇملىرى 521 خىل، مېتال، ئېلېكتر سايمانلىرى 867 خىل، نېفىت مەھسۇلاتى 13 خىل، يېمەكلىك 84 خىل، پاختا رەخت 433 خىل، تاۋار ـ دورىدۇن 193 خىل، ئىلمە توقۇلما بۇيۇم 662 خىل. بۇ ساھەنىڭ 156 نەپەر ئىشچى ـ خىزمەتچىسى بار.

1985 ـ يىلى 4 مىليون 51 مىڭ يۈەنلىك مال سېتىۋېلىندى، 6 مىليون 656 مىڭ يۈەنلىك مال سېتىلدى، 125 مىڭ يۈەن پايدا ئېلىندى. سېتىلغان بۇيۇملار 4304 خىلغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە تۇرلۇك ماللار، مەدەنىيەت بۇيۇملىرى 1555 خىل، مېتال بۇيۇملار، خىمىيە سانائىتى بۇيۇملىرى، قاتناش ئېلېكتر سايمانلىرى 1010 خىل، ئىلمە توقۇلما بۇيۇم، كىيىم ـ كېچەك 1739 خىل. بۇ ساھەنىڭ 87 نەپەر ئىشچى ـ خىزمەتچىسى بار.

پوسكام ناھىيىلىك سودا شىركىتىنىڭ بىر قانچە يىلدىكى تىجارەت ئەھۋالى

2 ـ 13 ـ 5 ـ جەدۋەل — بىرلىكى: نەپەر، 10 مىڭ يۈەن

| يىللار | تۇراقلىق مەبلەغ: ئۆزىدە بار مەبلەغ | تۇراقلىق مەبلەغ: قەرز پۇل | تۇراقلىق مەبلەغ | ئومۇمىي سېتىۋېلىش سوممىسى | ئومۇمىي سېتىش سوممىسى | ئومۇمىي پايدا سوممىسى | خىراجەت نىسبىتى % | مەبلەغ ئوبوروتى (قېتىم) | ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقى (يۈەن/ئادەم) | ئىشچى-خىزمەتچى سانى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1964 | 53.2 | 54.2 | 10.7 | 255.6 | 373.5 | 5.8 | | | 23942 | 156 |
| 1966 | 84.5 | 55.8 | 15.2 | 345.5 | 372.5 | 4.99 | 5.66 | 2.56 | 27390 | 136 |
| 1968 | 78.2 | 49.5 | 10.6 | 325.9 | 451.1 | 4.95 | 5.01 | 5.42 | 30897 | 146 |
| 1972 | 67.5 | 9.7 | 7.7 | 359.2 | 374.78 | 6.87 | 4.4 | 4.02 | 58559 | 64 |
| 1975 | 66.5 | 185.9 | 26.6 | 636.2 | 642 | 11.08 | 4.6 | 2.52 | 91714 | 70 |
| 1977 | 69 | 249.1 | 29 | 438.2 | 487.3 | 5.29 | 4.42 | 1.52 | | |
| 1980 | 78 | 76.7 | 34 | 351.7 | 468.2 | 5.4 | 4.01 | 2.95 | 62427 | 75 |
| 1983 | 53 | 111.5 | 35.3 | 386.3 | 297.5 | 2.8 | 4.7 | 1.76 | 49583 | 60 |
| 1984 | 58 | 75.5 | 82.8 | 509.5 | 397 | —44.6 | 5.21 | 2.93 | 68448 | 58 |
| 1985 | 73.2 | 180.7 | 94.4 | 405.1 | 665.6 | 12.5 | 3.9 | 2.21 | 76506 | 87 |

2 ) كان رايونى سودا شىركىتى 1982 - يىل 8 - ئايدا قۇرۇلغان. 1980 - يىلى ناھىيىلىك سودا شىركىتى پوسكام نېفىت بازىسىنىڭ قۇرۇلۇشىغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن، كەسپىي خادىملارنى ئەۋەتىپ، نېفىت بازىسىنى كۈندىلىك تۇرمۇشتا ئىشلىتىلىدىغان ھەر خىل بۇيۇملار بىلەن تەمىنلىدى، شۇ يىللىق پارچە سېتىلىش سوممىسى 114 مىڭ 900 يۈەنگە يەتتى. 1981-يىلى ئۇنىۋېرسال سودا دۇكىنى قۇرۇلدى. 1982 - يىلى كان رايونى سودا شىركىتى قۇرۇلدى، ئۇنىڭ تۇراقسىز مەبلىغى 639 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئۆزىدە بار مەبلەغ 200 مىڭ يۈەن (ناھىيىلىك سودا ئىدارىسى ئاجرىتىپ بەرگىنى 50 مىڭ يۈەن، ناھىيىلىك سودا شىركىتى ئاجرىتىپ بەرگىنى 150 مىڭ يۈەن)، بانكىدىكى قەرز ئالغان مەبلەغ 300 مىڭ يۈەن، تۇراقلىق مەبلەغ 40 مىڭ يۈەن، ئومۇمىي سېتىۋېلىش سوممىسى 676 مىڭ يۈەن، سېتىش سوممىسى 1مىليون 513 مىڭ يۈەن، ئومۇمىي پايدا سوممىسى 31 مىڭ 500 يۈەن، سېتىلغان تاۋار 4200 خىل. بۇ شىركەتنىڭ 23 نەپەر ئىشچى - خىزمەتچىسى بار ئىدى.

1985 - يىلى سېتىۋېلىش سوممىسى 2 مىليون 747 مىڭ يۈەنگە، سېتىش سوممىسى 3 مىليون 752 مىڭ يۈەنگە، پايدىسى 126 مىڭ 600 يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىسى 39 نەپەرگە يەتتى. شىركەت قۇرۇلغاندىن بۇيان، كەسپىي تىجارەت دائىرىسى يىلمۇ يىل كېڭىيىپ، ھەر خىل ئىقتىسادىي كۆرسەتكۈچلەر ھەر يىلى ئاشۇرۇپ ئورۇندىلىپ، ئىقتىسادىي ئۈنۈمى ناھىيە بويىچە سودا كارخانىلىرى ئىچىدە ئالدىنقى قاتاردا تۇرۇپ كەلدى.

**پوسكام ناھىيىسى كان رايونلۇق سودا شىركىتىنىڭ 1982 - يىلدىن 1988 - يىلغىچە بولغان تىجارەت ئەھۋالى**

2 ـ 13 ـ 6 - جەدۋەل — بىرلىكى: نەپەر، 10 مىڭ يۈەن

| يىللار | تۇراقسىز مەبلەغ: ئۆزىدە بار مەبلەغ | تۇراقسىز مەبلەغ: قەرز پۇل | تۇراقسىز مەبلەغ | ئومۇمىي سېتىۋېلىش سوممىسى | سېتىش ئومۇمىي سوممىسى | ئومۇمىي پايدا سوممىسى | خىراجەت نىسبىتى % | مەبلەغ ئوبوروتى (قېتىم) | ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقى (يۈەن/ئادەم) | مەبلەغنىڭ پايدا نىسبىتى (%) | ئىشچى خىزمەتچى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1982 | 20 | 29.9 | 4 | 67.6 | 151.3 | 31.15 | 3.5 | 2.26 | 65783 | 16.1 | 23 |
| 1983 | 20 | 43.5 | 7.6 | 283.5 | 279.1 | 11.73 | 5.5 | 3.93 | 87205 | 14.5 | 32 |
| 1984 | 20 | 38 | 9.6 | 266.4 | 329.5 | 7.47 | 6.9 | 4.1 | 96912 | 4.1 | 34 |
| 1985 | 20.3 | 60 | 31.2 | 274.7 | 375.2 | 12.66 | 7.8 | 2.99 | 96217 | 8.1 | 39 |
| 1986 | 20.8 | 75 | 56.4 | 465.7 | 534.7 | 16.83 | 6.1 | 4.17 | 95483 | 9.1 | 56 |
| 1987 | 23.1 | 95 | 65.4 | 446.7 | 545.6 | 14.43 | 7.8 | 3.6 | 104929 | 6.6 | 52 |
| 1988 | 30 | 113 | 66.4 | 539.9 | 552.1 | 14.57 | 9.2 | 3.05 | 100380 | 5.9 | 55 |

3) ناھىيىلىك يېمەكلىك شىركىتى 1962- يىلى قۇرۇلغان. 1964 - يىلى تۇرلۇك ماللار شىركىتى بىلەن بىرلەشتۇرۇلۇپ سودا شىركىتى قىلىندى. 1971 - يىلى يېمەكلىك شىركىتى ئەسلىگە كەلتورۇلدى، ئۇنىڭغا قوي فېرمىسى، چوشقا فېرمىسى قارايدىغان بولدى. 1972 - يىلى يېمەكلىك زاۋۇتى قۇرۇلدى.

شىركەتنىڭ 1971 - يىلدىكى تۇراقسىز مەبلىغى 152 مىڭ يۈەن ئىدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئۆزىدە بار مەبلەغ 110 مىڭ يۈەن، بانكىدىن ئېلىنغان قەرز پۇل 42 مىڭ يۈەن، تۇراقلىق مەبلەغنىڭ جۇغلانمىسى 62 مىڭ يۈەن؛ ئومۇمىي سېتىۋېلىش سوممىسى 340 مىڭ يۈەن، سېتىش سوممىسى796 مىڭ يۈەن، ئامبار زاپىسىنىڭ ئومۇمىي سوممىسى 150 مىڭ يۈەن، ئومۇمىي پايدا سوممىسى 63 مىڭ يۈەن. كەسىپي دائىرىسى گۆش، قوشۇمچە يېمەكلىكلەر ۋە يېمەك - ئىچمەك مۇلازىمىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شىركەتنىڭ ئىشچى - خىزمەتچىسى 51 نەپەر ئىدى.

1985 - يىلى تۇراقلىق مەبلىغى 130 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئۆزىدە بار مەبلەغ 310 مىڭ يۈەن، بانكىدىن ئالغان قەرز پۇل 180 مىڭ يۈەن، تۇراقلىق مەبلەغنىڭ جۇغلانمىسى 52 مىڭ يۈەن، سېتىۋېلىش سوممىسى 1 مىليون 156 مىڭ يۈەن، سېتىش سوممىسى 1 مىليون 390 مىڭ يۈەن، پايدىسى 14 مىڭ يۈەن. شىركەتتىكى ئىشچى - خىزمەتچى 58 نەپەرگە يەتتى.

**پوسكام ناھىيىلىك يېمەكلىك شىركىتىنىڭ 1971 - يىلدىن - 1985 - يىلغىچە بولغان تىجارەت ئەھۋالى**

2 . 13 . 7 - جەدۋەل — بىرلىكى: نەپەر، 10 مىڭ يۈەن.

| يىللار | تۇراقلىق مەبلەغ: ئۆزدە بار مەبلەغ | تۇراقلىق مەبلەغ: قەرز پۇل | تۇراقلىق مەبلەغ | ئومۇمىي سېتىۋېلىش سوممىسى | ئومۇمىي سېتىش سوممىسى | ئومۇمىي پايدا سوممىسى | خىراجەت نىسبىتى (%) | مەبلەغ ئوبوروتى (قېتىم) | ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقى (يۈەن/ ئادەم) | مەبلەغنىڭ پايدا نىسبىتى (%) | ئىشچى - خىزمەتچى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1971 | 11 | 4.2 | 6.2 | 34 | 79.6 | 6.3 | 14.5 | — | 11373 | 2.4 | 51 |
| 1973 | 15 | 3.9 | 12.2 | 53 | 71 | | 17.4 | 2.8 | 11833 | 0.98 | 60 |
| 1976 | 17 | 2 | 17 | 53 | 65 | -4.8 | 11 | 2.4 | 8904 | 0.5 | 73 |
| 1978 | 9.6 | 11.5 | 22 | 79 | 96 | -1.4 | 12.7 | 3.8 | 15238 | -2.9 | 63 |
| 1980 | 13 | 21 | 30 | 90 | 109 | | 38 | 2.9 | 11596 | 0.06 | 94 |
| 1981 | 11 | 8 | 29 | 99 | 125 | 1.2 | 9.5 | 3.6 | 24510 | 2.4 | 51 |
| 1982 | 13 | 25 | 30 | 121 | 147 | 1.5 | 14 | 3.8 | 17711 | 2.1 | 83 |
| 1983 | 13 | 22 | 31 | 107 | 146 | 0.9 | 14 | 2.8 | 17590 | 1.1 | 83 |
| 1984 | 13 | 22 | 30 | 94 | 145 | 0.8 | 8.2 | 4 | 19079 | 1.2 | 76 |
| 1985 | 13 | 18 | 52 | 115.6 | 139 | 1.4 | 11.5 | 3.2 | 23966 | 1.5 | 58 |

4) ناھىيىلىك نېفىت شىركىتى 1976 - يىلى قۇرۇلغان. ئۇنىڭ شۇ يىللىق ئومۇمىي سېتىۋېلىش سوممىسى 490 مىڭ يۈەنگە، سېتىش سوممىسى 632 مىڭ يۈەنگە، پايدا سوممىسى 700 يۈەنگە، تۇراقلىق مەبلىغى 23 مىڭ يۈەنگە يەتكەنىدى، ئۇ، بېنزىن، كىرسىن، دىزېلىن، ئاپتول، سىلىقلاش مېيى قاتارلىقلارنى سېتىش تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىناتتى، 18 نەپەر ئىشچى-خىزمەتچىسى بار ئىدى. 1984 - يىلى سېتىۋېلىش سوممىسى 1 مىليون 490 مىڭ يۈەنگە، سېتىش سوممىسى 1 مىليون 640 مىڭ يۈەنگە، پايدىسى 12 مىڭ 600 يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىسى 29 نەپەرگە يەتتى.

**پوسكام ناھىيىلىك نېفىت شىركىتىنىڭ بىر قانچە يىلدىكى تىجارەت ئەھۋالى**

2 - 13 - 8 - جەدۋەل　　　　بىرلىكى: نەپەر، 10 مىڭ يۈەن

| يىللار | تۇراقلىق مەبلەغ: ئۆزىدە بار مەبلەغ | تۇراقلىق مەبلەغ: قەرز پۇل | تۇراقلىق مەبلەغ | ئومۇمىي سېتىۋېلىش سوممىسى | ئومۇمىي سېتىش سوممىسى | پايدا سوممىسى | خىراجەت نىسبىتى (%) | مەبلەغ ئوبوروتى (قېتىم) | ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقى (ئادەم/يۈەن) | ئىشچى - خىزمەتچى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1976 | 9.5 | - | 2.3 | 49 | 63.2 | 0.07 | 18.9 | 3.06 | 35111 | 18 |
| 1978 | 15.6 | - | 21.8 | 57 | 74 | 1.4 | 18 | 4 | 34762 | 21 |
| 1980 | 15.6 | - | 28.2 | 78 | 105.7 | 3 | 16 | 3.9 | 34097 | 31 |
| 1981 | 15.6 | - | 29.4 | 91 | 139.5 | 5 | 14.1 | 4 | 41029 | 34 |
| 1982 | 15.6 | — | 30.9 | 100 | 138 | 3.5 | 15.8 | 3.99 | 41818 | 33 |
| 1983 | 15.6 | - | 35.9 | 126 | 150.5 | 1.4 | 14.08 | 4 | 45606 | 33 |
| 1984 | 13.6 | - | 35.9 | 149 | 164.4 | 1.3 | 13.5 | 4 | 56690 | 29 |
| 1985 | 13.6 | - | 39.4 | 131.5 | 160 | 2 | 9.93 | 3.6 | 59259 | 27 |
| 1987 | 13.6 | - | 70.3 | 164 | 255.6 | 20.5 | 10.05 | 4.4 | 82452 | 31 |

5) مېتال بۇيۇملار شىركىتى 1981 - يىلى قۇرۇلغان. ئۇنىڭ شۇ يىلدىكى تۇراقسىز مەبلىغى 252 مىڭ يۈەن ئىدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئۆزىدە بار مەبلەغ 180 مىڭ يۈەن، بانكىدىن ئېلىنغان قەرز پۇل 72 مىڭ يۈەن ئىدى. شۇ يىلى ئومۇمىي سېتىش سوممىسى 732 مىڭ يۈەنگە، ئومۇمىي پايدا سوممىسى 15 مىڭ يۈەنگە يەتكەنىدى. 510 خىل مېتال بۇيۇم، خىمىيە سانائىتى بۇيۇمى، 300 خىل ئېلېكتر سايمانلىرى تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىناتتى. 20 نەپەر ئىشچى - خىزمەتچىسى بار ئىدى.

1984 - يىلى سېتىۋېلىش سوممىسى 1 مىليون 340 مىڭ يۈەنگە، سېتىش سوممىسى 1 مىليون 486 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 16 مىڭ يۈەن زىيان كۆرۈلدى، سېتىلغان تاۋارلاردىن خىمىيە-سانائىتى بۇيۇمى 700 خىلغا، ئېلېكتر سايمانلىرى 300 خىلغا، ئىشچى - خىزمەتچىسى 22

نەپەرگە يەتتى. يىل ئاخىرىدا تاۋارلارنىڭ باھاسى چۈشۈرۈلۈپ، بىراق مالغا چىقىرىلىپ بىر تەرەپ قىلىنغانلىقتىن زىيان كۆرۈلدى. بۇ شىركەت 1985 - يىلى سودا شىركىتىگە قوشۇۋېتىلدى.

**پوسكام ناھىيىلىك مېتال بۇيۇملار شىركىتىنىڭ 1981 - يىلدىن 1984 - يىلغىچە بولغان تىجارەت ئەھۋالى**

2 - 13 - 9 - جەدۋەل بىرلىكى: نەپەر، 10 مىڭ يۈەن

| يىللار | تۇراقسىز مەبلەغ: ئۆزىدە بار مەبلەغ | تۇراقسىز مەبلەغ: قەرز پۇل | تۇراقلىق مەبلەغ | ئومۇمىي سېتىۋېلىش سوممىسى | ئومۇمىي سېتىش سوممىسى | ئومۇمىي پايدا سوممىسى | خىراجەت نىسبىتى (%) | مەبلەغ ئوبوروتى (قېتىم) | ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقى (ئادەم/يۈەن) | ئىشچى - خىزمەتچى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1981 | 18 | 7.2 | - | 61.1 | 73.2 | 1.5 | 5.1 | 2.8 | 36600 | 20 |
| 1982 | 18 | 2.1 | - | 78.7 | 93.3 | 2.4 | 4 | 2.7 | 49105 | 19 |
| 1983 | 18 | 5.3 | 5.2 | 112.4 | 120.7 | 3.4 | 4.3 | 3.73 | 60350 | 20 |
| 1984 | 18 | 0.3 | 5.2 | 134 | 148.6 | -1.6 | 4.8 | 4.29 | 67545 | 22 |

# 3 § . تەمىنات - سودا كوپېراتىپى سودىسى

## 1 . تەمىنلەش - سېتىش كەسپى

1952 - يىلى ناھىيىلىك تەمىنات - سودا كوپېراتىپى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۇ، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سودىنىڭ كۈچلۈك ياردەمچىسىگە ئايلىنىپ، بازار - يېزا ئوتتۇرىسىدا ماددىي ئەشيا ئالماشتۇرۇش، مال باھاسىنى مۇقىملاشتۇرۇش، خەلقنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇش ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشتا ناھايىتى زور رول ئوينىدى. تەمىنات - سودا كوپېراتىپى قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە، مەبلەغ توپلاش، پاي توپلاش پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى. 1952 - يىلى پۈتۈن ناھىيىدىكى ئورگان - ئورۇنلاردىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەر 510 پاي قوشتى، 510 يۈەن مەبلەغ توپلاندى، ئۇنىڭدىن باشقا، ناھىيىلىك مالىيە ئىدارىسى بىر قىسىم مەبلەغ ئاجرىتىپ بەردى. تەمىنات - سودا كوپېراتىپىنىڭ شۇ يىللىق سېتىۋېلىش - سېتىش سوممىسى 10 مىڭ يۈەنگە يەتتى. كوپېراتىپ كوپېراتىپ ئەزالىرى ئۈچۈن خىزمەت قىلىش فاڭجېنى بويىچە، يېزىلارغا يۈزلىنىپ، يېزا ئىگىلىكى ئۈچۈن خىزمەت قىلدى. 1953 - يىلى 5259 دېھقانچىلىق سايمىنى بىلەن تەمىنلىدى، سېتىۋېلىش - سېتىش سوممىسى 50 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 1954 - يىلى پاي قوشقان كوپېراتىپ ئەزاسى 2348 گە، پاي سوممىسى 9136.8 يۈەنگە، ئومۇمىي سېتىش سوممىسى 260 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 1955 - يىلى ئاساسىي قاتلام كوپېراتىپلىرى ئىلگىرىكى ئىككىدىن ئەشكە، ئۇلارنىڭ يىللىق سېتىۋېلىش سوممىسى 585 مىڭ يۈەنگە، سېتىش سوممىسى 770 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 1957 - يىلى سېتىۋېلىش سوممىسى 1 مىليون 610 مىڭ يۈەنگە، سېتىش سوممىسى 1 مىليون 920 مىڭ يۈەنگە يەتتى. شۇ يىلى پاختا زاۋۇتى قۇرۇلۇپ، بىر

## پوسكام ناھىيىسىنىڭ بىر قانچە يىلدىكى پاختا سېتىۋېلىش باھاسى

2 ـ 13 ـ 10 ـ جەدۋەل

بىرلىكى: دەن/يۈەن

| يىللار | 1952 | 1955 | 1957 | 1962 | 1972 | 1978 | 1979 | 1980 | 1984 |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| مەركىزىي باھا | 60 | 70 | 70 | 81 | 101 | 115 | 138.3 | 153.1 | 145.8 |

## پوسكام ناھىيىسى 1954 ـ يىلدىن 1984 ـ يىلغىچە سېتىۋالغان پاختىنىڭ مىقدارى ۋە سۈپىتى

2 ـ 13 ـ 11 ـ جەدۋەل

| يىللار | سېتىۋېلىنغان تاۋار پاختا (دەن) | بۇنىڭ ئىچىدە: ئۇزۇن تالالىق پاختا | ئوتتۇرىچە پاختا چىقىش نىسبىتى | ئوتتۇرىچە دەرىجىسى | ئوتتۇرىچە تالا ئۇزۇنلۇقى (مىللىمېتىر) | يىللار | سېتىۋېلىنغان تاۋار پاختا (دەن) | بۇنىڭ ئىچىدە: ئۇزۇن تالالىق پاختا | ئوتتۇرىچە پاختا چىقىش نىسبىتى | ئوتتۇرىچە دەرىجىسى | ئوتتۇرىچە تالا ئۇزۇنلۇقى (مىللىمېتىر) |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1954 | 551 | | | | | 1955 | 1448 | | | | |
| 1956 | 4930 | | | | | 1957 | 5570 | | | | |
| 1958 | 6300 | | | | | 1959 | 4447 | | | | |
| 1960 | 11343 | | | | | 1961 | 12282 | | | | |
| 1962 | 15107 | | | | | 1963 | 30277 | 416 | | | |
| 1964 | 30194 | 655 | | | | 1965 | 44943 | 227 | | | |
| 1966 | 46262 | 660 | | | | 1967 | 42580 | 369 | | | |
| 1968 | 30552 | 71 | | | | 1969 | 23406 | 3 | | | |
| 1970 | 40296 | 14 | | | | 1971 | 38706 | | | | |
| 1972 | 24517 | | | | | 1973 | 48589 | | | | |
| 1974 | 35425 | | | | | 1975 | 34667 | | | | |
| 1976 | 38321 | | | | | 1977 | 36543 | | | | |
| 1978 | 20708 | 149 | | | | 1979 | 21481 | 3672 | | 1.74 | 26.34 |
| 1980 | 33482 | | | 1.84 | 26.40 | 1981 | 40686 | | | 2.51 | 26.23 |
| 1982 | 47200 | | | 2.6 | 26.3 | 1983 | 54971 | | | 2.39 | 26.7 |
| 1984 | 71843 | | | 2.13 | 26.8 | | | | | | |

يىلدا 5570 دەن پاختا سېتىۋالدى؛ شۇنىڭدىن كېيىن پاختا سېتىۋېلىش، پاختا چىقىرىش ۋە سېتىش كوپېراتىپنىڭ مۇھىم كەسپى بولۇپ قالدى.

1983 - يىلغا كەلگەندە ناھىيە بويىچە جەمئىي يەتتە پاختا سېتىۋېلىش پونكىتى تەسىس قىلىندى. سېتىۋېلىنغان پاختىنىڭ ئاز قىسمى ناھىيىدە قالدۇرۇلغاندىن باشقا، قالغىنى ئاساسەن ئاپتونوم رايونلۇق تەمىنات - سودا كوپېراتىپىغا يۆتكەپ بېرىلدى.

1957 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ناھىيە بويىچە تەمىنات - سودا كوپېراتىپىغا پاي قوشقان كوپېراتىپ ئەزاسى 13 مىڭ 991 نەپەرگە، پاي سوممىسى 89 مىڭ يۈەنگە يەتتى. كوپېراتىپ ئۆزىدىكى مەبلەغنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، قۇرۇق مېۋە ۋە كېرەكسىز بۇيۇملارنى سېتىۋېلىش كەسپىنى كېڭەيتتى. 1956 - يىلى ناھىيە بويىچە ياڭاق، گۈلە، ئۆرۈك مېغىزى، ئۈششاق چىلان، گازىر، ئانار، قۇرۇق ئۈزۈمدىن ئىبارەت يەتتە خىل قۇرۇق مېۋە سېتىۋېلىندى. 1957 - يىلى سېتىۋېلىنغان قۇرۇق مېۋە ۋە كېرەكسىز بۇيۇملارنىڭ تۈرى 16 خىلغا يەتتى.

1958 - يىلى كوپېراتىپ سودا ئىدارىسىغا قوشۇۋېتىلىپ، يېرىم سوتسىيالىستىك خاراكتېردىن ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىگە كۆتۈرۈلدى. شۇ يىلى تەمىنات - سودا كوپېراتىپىنىڭ سودا تور - نۇقتىلىرى ناھىيىنىڭ ھەر قايسى ئەترەتلىرى (يەنى ھازىرقى كەنت) گىچە كېڭەيدى.

1962 - يىل 1 - ئايدا تەمىنات - سودا كوپېراتىپى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ قارىمىقىدا پاختا - چىگە بۆلۈمى ۋە يەرلىك مەھسۇلاتلار بۆلۈمى قۇرۇلۇپ، پۈتۈن ناھىيىنىڭ پاختا ۋە يەرلىك مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋېلىش - سېتىش كەسپىنى ئۈستىگە ئالدى. يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى بىلەن تەمىنلەش جەھەتتە، «سۈپەتتە بىرىنچى، رېمونت قىلىش - سەپلىمە سەپلەشتە بىرىنچى، كىچىك دېھقانچىلىق سايمانلىرى بىلەن تەمىنلەشتە بىرىنچى» دېگەن فاڭجېن ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، شۇ يىلى تەمىنلەنگەن يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنىڭ ئومۇمىي قىممىتى 408 مىڭ 500 يۈەنگە، كىچىك دېھقانچىلىق سايمانلىرى 25 مىڭغا، خىمىيىۋى ئوغۇت 303 توننىغا، دېھقانچىلىق دورىسى 3.7 توننىغا يەتتى.

پوسكام ناھىيىسىنىڭ بىر قانچە يىلدىكى ئاساسلىق يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى بىلەن تەمىنلەش ئەھۋالى

2 - 13 - 12 - جەدۋەل

| يىللار / ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى | 1958 | 1962 | 1966 | 1970 | 1980 | 1984 |
|---|---|---|---|---|---|---|
| خىمىيىۋى ئوغۇت (توننا) | 25 | 303 | 1281 | 1211 | 2995 | 3241 |
| دېھقانچىلىق دورىسى (توننا) | 1 | 3.7 | 3.7 | 13.4 | 10.6 | 9.7 |
| يېرىم ماشىنىلاشقان دېھقانچىلىق سايمىنى (دانە) | 350 | 529 | 397 | 200 | 36 | 116 |
| تۆمۈردىن ياسالغان كىچىك دېھقانچىلىق سايمىنى (دانە) | - | 16082 | | | | 2208 |
| دېھقانچىلىقتا ئىشلىتىلىدىغان سۇلياۋ يوپۇق (توننا) | | | | | | 207 |

1976 - يىلى تاۋارلارنىڭ ئومۇمىي سېتىۋېلىنىش سوممىسى 8 مىليون 348 مىڭ يۈەن، سېتىلىش سوممىسى 9 مىليون 787 مىڭ يۈەن، پايدا 442 مىڭ يۈەن بولغانىدى. پارتىيە11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، تەمىنات - سودا كوپىراتىپ ئىشلىرىدا يېڭى جانلىنىش بارلىققا كەلدى. 1983 - يىل 4 - ئاينىڭ 10 - كۈنى ناھىيىنىڭ ئاساسىي قاتلام كوپىراتىپلىرىدا تۈزۈلمە ئىسلاھاتى باشلاندى. سەككىز ئاي جاپالىق ئىشلەش ئارقىلىق، 12 - ئاينىڭ 30 - كۈنى بۇ خىزمەت ئاياغلاشتۇرۇلدى. ناھىيە بويىچە توققۇز ئاساسىي قاتلام تەمىنات - سودا كوپىراتىپىدا تۈزۈلمە ئىسلاھاتى تەشۋىقاتى، مالىيەنى ئېنىقلاش، پاينى ئېنىقلاش، پايدا تەقسىم قىلىش، كوپىراتىپقا پاي قوشۇش دائىرىسىنى كېڭەيتىش قاتارلىق خىزمەتلەر ئىشلەندى، جەمئىي 10 مىڭ 787 پايچىك ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى، بۇ، كونا كوپىراتىپ ئەزالىرى سانىنىڭ 77 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى، پاي سوممىسى 69 مىڭ 688 يۈەنگە، نەقلەشتۈرۈلگەن پايدا 22 مىڭ 743 يۈەنگە يەتتى. پاي ئېنىقلىنىپ، پايدا تەقسىم قىلىنىپ، پاينىڭ ئۆسۈمى نەقلەشتۈرۈلۈپ كوپىراتىپ ئەزالىرىنىڭ مەنپەئىتى قوغدالدى، تەمىنات - سودا كوپىراتىپىنىڭ ئامما ئارىسىدىكى ئىناۋىتى ئۆستۈرۈلدى، يېڭى كېڭەيتىش ئۈچۈن يول ئېچىلدى. ئامما كوپىراتىپقا كىرىشنى ئاكتىپ تەلەپ قىلدى؛ ئەسلىدە 9662 ئائىلە قوبۇل قىلىش پىلانلانغانىدى، ئەمەلىيەتتە كوپىراتىپقا كىرگەن ئائىلە 10 مىڭ 396 گە، پاي 10 مىڭ 425 كە، پاي سوممىسى 36 مىڭ 861 يۈەنگە يەتتى. 1983 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ئاساسىي قاتلام كوپىراتىپلىرىنىڭ ئەزاسى 21 مىڭ 183 ئائىلىگە يېتىپ، ناھىيە بويىچە 24 مىڭ 900 دېھقان ئائىلىسىنىڭ 85 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. پاي 127 مىڭ 820 گە، پاي سوممىسى 118 مىڭ 733 يۈەنگە يېتىپ، ئاساسىي قاتلام كوپىراتىپلىرىنىڭ تۇراقسىز مەبلىغىنىڭ 11 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. پاينى كېڭەيتىش خىزمىتى ئۇتۇقلۇق ئورۇندىلىپ، تەمىنات - سودا كوپىراتىپلىرىنىڭ ھەمكارلىق ئىگىلىكىنىڭ تەركىبى كۈچەيتىلدى، تەمىنات - سودا كوپىراتىپلىرى بىلەن دېھقانلارنىڭ مۇناسىۋىتى قويۇقلاشتى، ھەر قايسى ئاساسىي قاتلام كوپىراتىپلىرى، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، كوپىراتىپ ئەزالىرى قۇرۇلتىيى چاقىرىپ، دېموكراتىك سايلامنى يولغا قويۇپ، يېڭى تەمىنات - سودا كوپىراتىپلىرىنىڭ كېڭەشىش ھەيئىتى ۋە نازارەت قىلىش ھەيئىتىنى قۇردى، نەتىجىدە كوپىراتىپنىڭ تەشكىلىي جەھەتتىكى ئاممىۋىلىقى، باشقۇرۇش جەھەتتىكى دېموكراتىكلىقى، تىجارەت جەھەتتىكى جانلىقلىقى ناھايىتى تېز ئەسلىگە كەلدى.

1984 - يىلى تەمىنات - سودا كوپىراتىپى سىستېمىسى بويىچە ئومۇمىي سېتىۋېلىش سوممىسى26 مىليون 362 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 60.2%، سېتىش سوممىسى 16 مىليون 951 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 3.67%، پايدا 525 مىڭ 200 يۈەنگە يېتىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 6.53% ئاشتى، 5265 توننا خىمىيىۋى ئوغۇت، 11 توننا دېھقانچىلىق دورىسى، 6.9 توننا دېھقانچىلىقتا ئىشلىتىلىدىغان سۇلياۋ يوپۇق، 14 مىڭ ئوتتۇرا ۋە كىچىك تىپتىكى دېھقانچىلىق سايمىنى يەتكۈزۈپ بېرىلدى.

## 2 . كەسپىي شىركەتلەر

### 1) پاختا - چىگە شىركىتى

بۇ شىركەت 1959 - يىل 9 - ئايدا قۇرۇلغان بولۇپ، شۇ يىلى ئومۇمىي سېتىۋېلىش سوممىسى 505 مىڭ يۈەن، سېتىش سوممىسى 174 مىڭ يۈەن، ئومۇمىي پايدا سوممىسى 16

مىڭ يۈەن بولغانىدى، يەتتە نەپەر ئىشچى - خىزمەتچىسى بار ئىدى. 1984 - يىلى سېتىۋېلىش سوممىسى 10 مىليون 912 مىڭ يۈەنگە، سېتىش سوممىسى 10 مىليون 406 مىڭ يۈەنگە، پايدىسى 279 مىڭ يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىسى 192 نەپەرگە يەتتى. 1988 - يىلى سېتىۋېلىش سوممىسى 17 مىليون 567 مىڭ يۈەنگە، سېتىش سوممىسى 21 مىليون 300 مىڭ يۈەنگە، پايدىسى 569 مىڭ يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىسى 279 نەپەرگە يەتتى.

پوسكام ناھىيىلىك پاختا - چىگە شىركىتىنىڭ بىر قانچە يىلدىكى تىجارەت ئەھۋالى

2 . 13 . 13 - جەدۋەل — بىرلىكى: نەپەر، 10 مىڭ يۈەن

| يىللار | تۇراقسىز مەبلەغ: ئۆزىدە بار مەبلەغ | تۇراقسىز مەبلەغ: قەرز پۇل | تۇراقلىق مەبلەغ | ئومۇمىي سېتىۋېلىش سوممىسى | ئومۇمىي سېتىش سوممىسى | ئومۇمىي پايدا سوممىسى | خىراجەت نىسبىتى (%) | مەبلەغ ئوبوروتى (قېتىم) | ماتېرىيالنىڭ پايدا نىسبىتى | ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقى (ئادەم/يۈەن) | ئىشچى - خىزمەتچى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1959 | 6.7 | 60.3 | 2.5 | 50.5 | 17.4 | 1.6 | 17.8 | 0.28 | 0.3 | 24857 | 7 |
| 1963 | 12.6 | 216.1 | 8.7 | 158.4 | 66.8 | 1.2 | 12.6 | 0.4 | 0.51 | 7678 | 87 |
| 1965 | 31.6 | 341.6 | 9.3 | 360.3 | 456.4 | 5.2 | 20.6 | 1.3 | 1.39 | 23405 | 195 |
| 1970 | 90 | 511.5 | 12.2 | 586.4 | 643.5 | 20.2 | 9.9 | 1.06 | 3.27 | 49500 | 130 |
| 1975 | 109 | 187.4 | 38.1 | 281.1 | 612.3 | 53.2 | 4.46 | 1.92 | 14.94 | 91388 | 67 |
| 1980 | 127.6 | 360.4 | 65.1 | 487.9 | 461.8 | 18.2 | 5.29 | 0.85 | 2.98 | 26090 | 177 |
| 1984 | 126.1 | 911.7 | 124.1 | 1091.2 | 1040.6 | 27.9 | 8.12 | 0.92 | 2.21 | 54198 | 192 |
| 1985 | 126.1 | 1401 | 127.5 | 1365.8 | 884 | 23.9 | 7.18 | 0.55 | 1.38 | 48043 | 184 |
| 1987 | 128.5 | 1471 | 200 | 1381.7 | 1987.6 | 73.8 | 9.09 | 1.23 | 1.21 | 82132 | 242 |
| 1988 | 128.5 | .120 | 224 4 | 1756.7 | 2130 | 56.9 | 10.3 | 0.93 | 1.53 | 76344 | 279 |

2) بەرلىك مەھسۇلات، كۈندىلىك بۇيۇملار ۋە مېۋە - چېۋە شىركىتى

بۇ شىركەت 1959 - يىلى 9 - ئايدا قۇرۇلغان. ئۇنىڭ 1962 - يىلدىكى ئومۇمىي سېتىۋېلىش سوممىسى 867 مىڭ يۈەن، سېتىش سوممىسى 530 مىڭ يۈەن، ئومۇمىي پايدا سوممىسى 14 مىڭ 500 يۈەن بولغانىدى، 30 نەپەر ئىشچى - خىزمەتچىسى بار ئىدى. 1984 - يىلى سېتىۋېلىش سوممىسى 489 مىڭ يۈەنگە، سېتىش سوممىسى 544 مىڭ يۈەنگە، پايدىسى 3100 يۈەنگە يەتتى. 28 نەپەر ئىشچى - خىزمەتچىسى قالدى. 1988 - يىلى سېتىۋېلىش سوممىسى 1 مىليون 784 مىڭ يۈەنگە، سېتىش سوممىسى 2 مىليون 11 مىڭ يۈەنگە، پايدىسى 26 مىڭ يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىسى 30 نەپەرگە يەتتى.

پوسكام ناھىيىسىنىڭ بىر قانچە يىلدىكى يەرلىك مەھسۇلات، كۈندىلىك بۇيۇملار ۋە مېۋە - چېۋە تىجارىتى ئەھۋالى

2 - 13 - 14 - جەدۋەل بىرلىكى: نەپەر، 10 مىڭ يۈەن

| يىللار | تۇراقسىز مەبلەغ | | تۇراقلىق مەبلەغ | ئومۇمىي سېتىۋېلىش سوممىسى | ئومۇمىي سېتىش سوممىسى | ئومۇمىي پايدا سوممىسى | خىراجەت نىسبىتى (%) | مەبلەغ ئوبوروتى (قېتىم) | مەبلەغنىڭ پايدا نىسبىتى (%) | ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقى (يۈەن/ئادەم) | ئىشچى - خىزمەتچى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | ئۆزىدە بار مەبلەغ | قەرز پۇل | | | | | | | | | |
| 1962 | - | 52 | .... | 86.7 | 53 | 1.45 | 6.6 | 1 | 3.6 | 17667 | 30 |
| 1965 | 2.8 | 27.9 | .... | 95 | 118.8 | 1.1 | 9.5 | 3.86 | 11.7 | 31263 | 38 |
| 1970 | 27 | 28 | 3.1 | 75 | 80.4 | -3.6 | 8.3 | 1.46 | 6.4 | 20100 | 40 |
| 1975 | 31 | 19 | 15 | 86 | 96 | 1.2 | 7.5 | 7.5 | 3.5 | 22326 | 43 |
| 1980 | 35 | 33.4 | 26.7 | 158.8 | 176.8 | 5.5 | 5.6 | 5.6 | 9.6 | 37617 | 47 |
| 1984 | 17.6 | 17.5 | 16.4 | 48.9 | 54.4 | 0.31 | 14 | 14 | 3.9 | 19428 | 28 |
| 1985 | 17.6 | 43.7 | 18.3 | 56.4 | 72 | 1.4 | 18.7 | 18.7 | 4.1 | 28800 | 25 |
| 1986 | 17.6 | 51 | 18.26 | 128 | 100.6 | 0.8 | 13.2 | 13.2 | 3.2 | 33533 | 30 |
| 1987 | 18.2 | 44.7 | 18.26 | 80.1 | 106.9 | 1.2 | 12.8 | 12.8 | 2.2 | 34484 | 31 |
| 1988 | 18.3 | 36.4 | 18.26 | 178.4 | 201.1 | 2.6 | 7.15 | 7.15 | 7.5 | 67033 | 30 |

3) ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى شىركىتى

بۇ شىركەت 1981 - يىل 9 - ئايدا قۇرۇلغان. ئۇنىڭ شۇ يىللىق ئومۇمىي سېتىۋېلىش سوممىسى 708 مىڭ يۈەن، سېتىش سوممىسى 1 مىليون 150 مىڭ يۈەن، ئومۇمىي پايدا سوممىسى 25 مىڭ يۈەن بولغانىدى، 21 نەپەر ئىشچى - خىزمەتچىسى بار ئىدى. 1984 - يىلى سېتىۋېلىش سوممىسى 5 مىليون 308 مىڭ يۈەنگە، سېتىش سوممىسى 5 مىليون 460 مىڭ يۈەنگە، پايدىسى 122 مىڭ يۈەنگە، ئىشچى - خىزمەتچىسى 22 نەپەرگە يەتتى. 1988 - يىلى سېتىۋېلىش سوممىسى 6 مىليون 194 مىڭ يۈەنگە، سېتىش سوممىسى 6 مىليون 711 مىڭ يۈەنگە، پايدىسى 70 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ئىشچى - خىزمەتچىسى 22 پېتى تۇرۇۋەردى.

**پوسكام ناھىيىسىنىڭ 1981 ـ يىلدىن 1988 ـ يىلغىچە بولغان ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى تىجارىتى ئەھۋالى**

2 ـ 13 ـ 15 ـ جەدۋەل    بىرلىكى: نەپەر، 10 مىڭ يۈەن

| يىللار | ئۆزىدە بار مەبلەغ (ئوراقسىز مەبلەغ) | قەرز پۇل (ئوراقسىز مەبلەغ) | ئوراقلىق مەبلەغ | ئومۇمىي سېتىۋېلىش سوممىسى | ئومۇمىي سېتىش سوممىسى | ئومۇمىي پايدا سوممىسى | خىراجەت نىسبىتى (%) | مەبلەغ ئوبوروتى (قېتىم) | مەبلەغنىڭ پايدا نىسبىتى (%) | ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقى (يۈەن/ئادەم) | ئىشچى ـ خىزمەتچى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1981 | 17.4 | 7 | 13 | 70.8 | 115 | 25 | 4.6 | 2.25 | 8 | 54767 | 21 |
| 1982 | 17.7 | 8.9 | 13 | 117 | 130.7 | 2.7 | 3.8 | 4.4 | 6.4 | 59409 | 22 |
| 1983 | 17.7 | 41 | 13 | 187 | 156 | 3.56 | 4.04 | 3.8 | 7.5 | 70909 | 22 |
| 1984 | 17.7 | 73.8 | 12 | 530.8 | 546 | 12.2 | 5.5 | 5.8 | 15.7 | 24010 | 22 |
| 1985 | 17.7 | 68.5 | 12.6 | 493.4 | 378.9 | 9.9 | 8.05 | 4.4 | 14.2 | 164739 | 23 |
| 1986 | 17.7 | 42.8 | 20.6 | 438 | 510.8 | 6.7 | 8 | 8.4 | 11.6 | 243238 | 21 |
| 1987 | 17.8 | 160.5 | 28.2 | 449 | 376 | 4 | 6.4 | 2.8 | 3.3 | 163478 | 23 |
| 1988 | 17.7 | 221 | 29.4 | 619.4 | 671.1 | 7 | 7.2 | 3.8 | 4 | 305045 | 22 |

# § 4 . بازار سودىسى

## 1 . مىنگو دەۋرىدىكى بازار سودىسى

1948 ـ يىلى ناھىيە بويىچە «تىنچلىق» بازىرىدىكى كونا بازار، «غالىبىيەت» يېزىسىدىكى ئوتتۇرا ئاراشور بازىرى، «مەدەنىيەت» يېزىسىدىكى قىزىل مەسچىت بازىرى بار ئىدى، بۇ بازارلارغا كىرىدىغان مەھسۇلاتلارنىڭ كۆپىنچىسى يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرى، ھەر خىل يېمەكلىكلەر ئىدى. ئۇ چاغلاردا بازارلارنى سودا ـ سانائەتچىلەر ئۇيۇشمىسى باشقۇراتتى، لېكىن ھوقۇق كەسىپداشلار ئۇيۇشمىسىنىڭ بوتۇڭلىرى ۋە مەككار سودىگەرلەرنىڭ قولىدا ئىدى، ئۇلار بېسىمدارلىق، ھايانكەشلىك، زورلۇق ـ زومبۇلۇق قىلىپ، ئۇششاق تىجارەتچى، ئېلىپ ـ ساتارلار ۋە كەڭ ئىستېمالچىلارنى قاقتى ـ سوقتى قىلاتتى.

## 2 . جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى دەۋرىدىكى بازار سودىسى

### 1) بازارلار

1954 ـ يىلدىن ئىلگىرى ناھىيە بويىچە ناھىيە بازىرى، يىما، گۈلباغدىن ئىبارەت ئۈچ بازار بار ئىدى. ناھىيە بازىرى چارشەنبە كۈنى، يىما بازىرى دۈشەنبە كۈنى، گۈلباغ بازىرى

يەكشەنبە كۈنى بولاتتى.

**يوسكام ناھىيىسىنىڭ 1948 - يىلدىكى بازارلىرىنىڭ ئەھۋالى**

2 - 13 - 16 - جەدۋەل

| يېزا - بازار ئىسمى | بازار ئىسمى | بازار بولىدىغان كۈن | بازار ئاھالىسى: ئائىلە | بازار ئاھالىسى: ئادەم | دۇكان | ئادەتتىكى كۈنلىرى: ئاشخانا | ئادەتتىكى كۈنلىرى: دۇكان | ئادەتتىكى كۈنلىرى: ئاشخانا | ئادەتتىكى كۈنلىرى: دۇكان | بازار كۈنىدىكى ئادەم |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| «مەدەنىيەت» يېزىسى | قىزىل مەسچىت | دۈشەنبە | 80 | 350 | 8 | 2 | 3 | 6 | 11 | 2450 |
| «غالىبىيەت» يېزىسى | ئاراشور | يەكشەنبە | 85 | 600 | 15 | 5 | 7 | 12 | 23 | 2880 |
| «تىنچلىق» بازىرى | كونا بازار | چارشەنبە | 230 | 920 | 26 | 13 | 30 | 20 | 42 | 12500 |

1955 - يىلى قاغىلىق ناھىيىسىنىڭ 6 -، 10 - رايونلىرى پوسكامغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەندىن كېيىن، ناھىيە بويىچە بازار بەشكە يەتتى، يەنى ئىككىسۇ (جۈمە كۈنى بازار بولاتتى) ۋە كۆيباغ (يەكشەنبە كۈنى بازار بولاتتى) قوشۇلدى. ناھىيە بازىرى، ئىككىسۇ بازىرى 10 مىڭ كىشىلىك چوڭ بازارلار ئىدى، قالغان بازارلارنىڭ كۆلىمى كىچىكرەك ئىدى. بازار كۈنى 3000 چە ئادەم يىغىلاتتى.

1958 - يىلى «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش» مەزگىلىدە، بازارلار تاقىلىپ قالدى. 1961 - يىلى ناھىيە بويىچە ناھىيە بازىرى بىلەن ئىككىسۇ بازىرى قويۇۋېتىلدى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە، ناھىيە بازىرى، ئىككىسۇ بازىرى يەكشەنبە كۈنى بولىدىغان بولدى. 1980 - يىلدىن كېيىن بەش بازار ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى، ئىككى بازار كۆپەيتىلدى. 1984 - يىلغا كەلگەندە، ناھىيە بويىچە ناھىيە بازىرى، ئىككىسۇ، كۆيباغ، يىما، گۈلباغ، سەيلى، تۇغچى قاتارلىق بازارلار مەيدانغا كەلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ناھىيە بازىرى، ئىككىسۇ بازىرى، كۆيباغ بازىرى 10 مىڭ كىشىلىك چوڭ بازارلار بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

**2) سودا - سېتىق**

50 - يىللاردا ئىشلەپچىقىرىش سەۋىيىسى تۆۋەن، دېھقانلارنىڭ قولىدا پۇل كەمچىل بولغاچقا، ئۆلار، كۆپىنچە، مالنى - مالغا ئالماشتۇراتتى، بازار سودىسى بويىچە يىللىق پۇتۇشۇش سوممىسى ئانچە كۆپ ئەمەس ئىدى. بازارغا كىرگەن مەھسۇلاتلارنىڭ كۆپىنچىسى يېمەكلىك، ئاشلىق، چارۋا قاتارلىق يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرى ئىدى. 1955 - يىلدىن كېيىن ئاشلىق، چارۋىنى بازارغا ئېلىپ كىرىشكە رۇخسەت قىلىنمايدىغان بولدى. يېزا ئىگىلىكى كوپېراتسىيىلەشتۈرۈلگەندىن كېيىن، ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، بازارغا كىرىدىغان يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرى. يەرلىك ئالاھىدە مەھسۇلاتلار. تۈرلۈك ماللار كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە كۆپىيىپ، 100 خىلدىن ئاشتى. 1960 - يىلى ئەتراپىدا بازار سودىسى سۇسلىشىپ قالدى. 1961 - يىلى بازارلار قويۇۋېتىلگەندىن كېيىن، بازار سودىسى تەدرىجىي

**1980 - يىلى پوسكام ناھىيىسىنىڭ يېزىلىرىدىكى بازارلاردا پۈتۈشۈلگەن سودا سوممىسى ئەھۋالى**

2 . 13 . 17 - جەدۋەل

سومما بىرلىكى: يۈەن

| مەھسۇلات ئىسمى | ئۆلچەم بىرلىكى | باھا قويۇش ئۆلچىمى | بازار باھاسى | تاختاي باھاسى | پۈتۈشۈش مىقدارى | پۈتۈشۈش سوممىسى |
|---|---|---|---|---|---|---|
| جەمئىي | | | | | | 240062.47 |
| 1 . ئاشلىق تۈرىدىكىلەر جەمئىي | 0.5 كىلوگرام | | | | 843605 | 270345.32 |
| بۇنىڭ ئىچىدە: گۈرۈچ | 0.5 كىلوگرام | ئوتتۇراھال | 0.60 | 0.20 | 210286 | 126171.6 |
| بۇغداي | 0.5 كىلوگرام | ئوتتۇراھال | 0.35 | 0.18 | 76586 | 26805.1 |
| كۆممىقۇناق | 0.5 كىلوگرام | ئوتتۇراھال | 0.15 | 0.09 | 283381 | 42507.15 |
| ماش | 0.5 كىلوگرام | ئوتتۇراھال | 0.25 | 0.235 | 10058 | 2514.5 |
| سېرىق پۇرچاق | 0.5 كىلوگرام | ئوتتۇراھال | 0.40 | 0.27 | 2308 | 923.2 |
| بۇغداي ئۇنى | 0.5 كىلوگرام | ئوتتۇراھال | 0.40 | 0.157 | 108379 | 43351.6 |
| كۆممىقوناق ئۇنى | 0.5 كىلوگرام | ئوتتۇراھال | 0.18 | 0.10 | 150374 | 27067.32 |
| تېرىق | 0.5 كىلوگرام | ئوتتۇراھال | 0.45 | 0.20 | 2233 | 1004.85 |
| 2 . ياغلىق دان تۈرىدىكىلەر جەمئىي | | | | | 54764.94 | 94208.51 |
| بۇنىڭ ئىچىدە: قىچا | 0.5 كىلوگرام | ئوتتۇراھال | 1.3 | | 443 | 575.9 |
| زىغىر | 0.5 كىلوگرام | | 1.56 | 1.08 | 22294.9 | 34780.11 |
| ئاپتاپپەرەس | 0.5 كىلوگرام | ئوتتۇراھال | 1 | 0.40 | 7046 | 7046 |
| سۇ يېغى | 0.5 كىلوگرام | پەرلىك ئاساسلىق مەھسۇلات | 2 | 0.69 | 21292 | 42584 |
| زىغىر يېغى | 0.5 كىلوگرام | | 2.50 | 0.91 | 3689 | 9222.5 |

| | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| 3 . پاختا ـ تاماكا، چىگە تۈرىدىكىلەر | | | | | | 70455.2 |
| بۇنىڭ ئىچىدە: پاختا | 0.5 كىلوگرام | ئىشلىغان پاختا | 1.40 | 1.60 | 17807 | 24929.8 |
| خام | 0.333 مېتىر | ئوتتۇراھال | 1 | | 155.4 | 155.4 |
| يىپ تاغار | دانە | ئوتتۇراھال | 5 | 4 | 3500 | 17500 |
| موخوركا | 0.5 كىلوگرام | ئوتتۇرا ھال | 2.50 | 11148 | | 27870 |
| 4. گۆش، تۇخۇم تۈرىدىكىلەر جەمئىي | | | | | 184219.74 | 336007.36 |
| بۇنىڭ ئىچىدە: چوشقا گۆشى | 0.5 كىلوگرام | ئوتتۇراھال | 1.80 | 1.22 | 10664 | 19195.2 |
| كالا گۆشى | 0.5 كىلوگرام | ئوتتۇراھال | 1.70 | 0.80 | 31665 | 53830.5 |
| قوي گۆشى | 0.5 كىلوگرام | ئوتتۇراھال | 2 | 0.92 | 62783 | 125566 |
| تۇخۇم | 0.5 كىلوگرام | ئوتتۇراھال | 2 | | 7077 | 14154 |
| توخۇ | 0.5 كىلوگرام | ئوتتۇراھال | 1.50 | | 54858 | 82287 |
| چوشقا يېغى | 0.5 كىلوگرام | ئوتتۇراھال | 3 | | 1722 | 5166 |
| كالا يېغى | 0.5 كىلوگرام | ئوتتۇراھال | 1.7 | | 3522.74 | 5988.66 |
| قوي يېغى | 0.5 كىلوگرام | | 2.50 | 1.35 | 11928 | 29820 |
| 5. سۇ مەھسۇلاتلىرى تۈرىدىكىلەر جەمئىي | | | | | 3273 | 6546 |
| بۇنىڭ ئىچىدە: يېڭى بېلىق | 0.5 كىلوگرام | يەرلىك ئاساسلىق مەھسۇلات | 2 | 1 | 3273 | 6546 |
| 6. ئوتياش تۈرىدىكىلەر | | | | | 600214.67 | 125034 |
| 1) يېڭى ئوتياش تۈرىدىكىلەر | | | | | 590579.67 | 100798.8 |
| تۇرۇپ | 0.5 كىلوگرام | يەرلىك ئاساسلىق مەھسۇلات | 0.10 | 0.08 | 66217 | 6621.7 |

| | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| بېسۇئلەك | 0.5 كىلوگرام | يەرلىك ئاساسلىق مەھسۇلات | 0.10 | 0.06 | 47797 | 4779.7 |
| كۈدە | 0.5 كىلوگرام | يەرلىك ئاساسلىق مەھسۇلات | 0.15 | | 7416.67 | 1112.50 |
| پالەك | 0.5 كىلوگرام | يەرلىك ئاساسلىق مەھسۇلات | 0.20 | | 13881 | 2776.2 |
| كاللەك بەسەي | 0.5 كىلوگرام | يەرلىك ئاساسلىق مەھسۇلات | 0.10 | | 107665 | 10766.5 |
| سۇڭپىياز | 0.5 كىلوگرام | يەرلىك ئاساسلىق مەھسۇلات | 0.15 | | 106058 | 15908.7 |
| ساماساق | 0.5 كىلوگرام | يەرلىك ئاساسلىق مەھسۇلات | 0.50 | | 38646 | 19323 |
| ياڭيۇ | 0.5 كىلوگرام | يەرلىك ئاساسلىق مەھسۇلات | 0.30 | 0.12 | 8751 | 2625.3 |
| مۇچ | 0.5 كىلوگرام | يەرلىك ئاساسلىق مەھسۇلات | 0.20 | | 69961 | 13992.2 |
| پېدىگەن | 0.5 كىلوگرام | يەرلىك ئاساسلىق مەھسۇلات | 0.15 | | 199.09 | 2986.35 |
| شوخلا | 0.5 كىلوگرام | يەرلىك ئاساسلىق مەھسۇلات | 0.20 | | 46139 | 9227.8 |
| جاڭدۇ | 0.5 كىلوگرام | | 0.30 | | 10664 | 3199.2 |
| پىياز | 0.5 كىلوگرام | | 0.15 | | 40067 | 6010.05 |
| سەۋزە | 0.5 كىلوگرام | | 0.20 | | 7349 | 1469.8 |
| 2) قۇرۇتۇلغان، چىلاڭغان ئوتياش | 0.5 كىلوگرام | | | | 9694 | 24235 |
| قۇرۇتۇلغان مۇچ | 0.5 كىلوگرام | | | | 9694 | 24235 |
| 7. قۇرۇق - ھۆل مېۋە-چېۋە تۈرىدىكىلەر-جەمئىي | | | | | 1285641 | 253230.3 |
| بۇنىڭ ئىچىدە: ئالما | 0.5 كىلوگرام | | 0.20 | | 44743 | 8948.6 |
| ئامۇت | 0.5 كىلوگرام | | 0.40 | 0.20 | 60845 | 24338 |

| | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| قوغۇن | 0.5 كىلوگرام | | 0.15 | 0.25 | 579830 | 86974.5 |
| تاۋۇز | 0.5 كىلوگرام | | 0.20 | 0.20 | 480781 | 96156.2 |
| چىلان | 0.5 كىلوگرام | | 1 | 0.90 | 1499 | 1499 |
| شاپتۇل | 0.5 كىلوگرام | | 0.20 | | 61114 | 12222.8 |
| ئۆرۈك | 0.5 كىلوگرام | | 0.20 | | 11118 | 2223.6 |
| ئۈزۈم | 0.5 كىلوگرام | | 0.60 | 0.30 | 26398 | 15838.8 |
| ياڭاق | 0.5 كىلوگرام | | 1 | 0.80 | 3168 | 3168 |
| قۇرۇتۇلغان ئۈزۈم | 0.5 كىلوگرام | | 1 | 0.80 | 8087 | 8087 |
| گۈلە (ئۆرۈك قېقى) | 0.5 كىلوگرام | | 0.60 | 0.30 | 2753 | 1651.8 |
| غاق (شاپتۇل قېقى) | 0.5 كىلوگرام | | 0.40 | 0.30 | 5305 | 2122 |
| 8. كۆندىلىك بۇيۇم جەمئىي | | | | | | 44898.7 |
| بۇنىڭ ئىچىدە: سوپۇرگە | دانە | | 0.50 | 0.36 | 6313 | 3156.5 |
| سېۋەت | دانە | | 0.80 | | 640 | 512 |
| بورا | پارچە | | 2.20 | 1.90 | 18741 | 41230.2 |
| 9. ئوتۇن، سامان جەمئىي | | | | | | 65899 |
| بۇنىڭ ئىچىدە: ئوتۇن | ئۇلاغ | يېرىلغان ئوتۇن | 5 | | 11564 | 57820 |
| قۇرۇق سامان | ئۇلاغ | | 2 | | 4034 | 8079 |
| 10. يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى جەمئىي | | | | | | 42813.08 |
| 1) يەم - بوغۇز | | | | | | 1323.28 |

| | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| تۇپى | 0.5 كىلوگرام | ئوتتۇراھال | | | | |
| كىيدىك | 0.5 كىلوگرام | ئوتتۇراھال | 0.14 | 0.10 | 9452 | 1323.28 |
| 2) كىچىك دېھقانچىلىق سايمىنى | | | | | | 41489.8 |
| ئەپكەش | دانە | | 0.50 | | 520 | 260 |
| قىغ سېۋىتى | دانە | | 0.80 | | 1159 | 927.2 |
| تۆمۈر گۈرجەك | دانە | | 1.20 | | 650 | 780 |
| جوتو | دانە | | 1.80 | | 7 | 12.6 |
| كەتمەن | دانە | | 4.50 | | 8780 | 39510 |
| 11. تىرىلغۇ ئۆلىغى جەمئىي | | | | | 3546 | 537000 |
| بۇنىڭ ئىچىدە: كالا | | | 300 | | 198 | 239400 |
| ئات | | | 400 | | 96 | 38400 |
| خېچىر | | | 800 | | 56 | 44800 |
| قوتاز | | | 500 | | 16 | 8000 |
| ئېشەك | | | 80 | | 2580 | 206400 |
| 12. ئۆي ھايۋانلىرى جەمئىي | | | | | 7575 | 406035 |
| بۇنىڭ ئىچىدە: كىران چوشقىسى | | ئوتتۇراھال | 200 | | 33 | 660 |
| قوي | | ئوتتۇراھال | 60 | | 6195 | 371700 |
| قوزا | | | 25 | | 1347 | 33675 |
| 13. باشقا تۈردىكىلەر جەمئىي | | | | | | 138150 |
| بۇنىڭ ئىچىدە: ياغاچ | | | 150 | | 914.9 | 137235 |
| جۇڭخۇا دورا ماتېرىيالى | | | 0.20 | | 4575 | 915 |

**1984 - يىلى پوسكام ناھىيىسىنىڭ يېزىلىرىدىكى بازارلاردا پۈتۈشۈلگەن سودا سوممىسى ئەھۋالى**

2 - 13 - 18 - جەدۋەل

بىرلىكى: يۈەن

| تاۋار ئىسمى | بىرلىكى | باھا قويۇش ئۆلچىمى | بازار باھاسى | | پۈتۈشۈش مىقدارى | پۈتۈشۈش سوممىسى |
|---|---|---|---|---|---|---|
| | | | ئاي ئاخىردىكى باھا | ئايلىق ئوتتۇرىچە باھا | | |
| جەمئىي | | | | | | 9581105 |
| 1. ئاشلىق جەمئىي | | | | | 4315760 | 1127214.8 |
| بۇنىڭ ئىچىدە: 1) گۈرۈچ | 0.5 كىلوگرام | ئوتتۇراھال | 0.45 | 0.47 | 285900 | 134373 |
| 2) بۇغداي | 0.5 كىلوگرام | ئوتتۇراھال | 0.27 | 0.27 | 2834500 | 765315 |
| 3) كۆممىقوناق | 0.5 كىلوگرام | ئوتتۇراھال | 0.15 | 0.14 | 605000 | 84700 |
| 4) سېرىق پۇرچاق | 0.5 كىلوگرام | ئوتتۇرا ھال | 0.30 | 0.29 | 51320 | 14882.8 |
| 5) قىزىل ماش | 0.5 كىلوگرام | ئوتتۇراھال | 0.39 | 0.36 | 22710 | 8175.6 |
| 6) ماش | 0.5 كىلوگرام | ئوتتۇراھال | 0.27 | 0.24 | 144580 | 34699.2 |
| 7) بۇغداي ئۇنى | 0.5 كىلوگرام | ئوتتۇراھال | 0.40 | 0.40 | 79250 | 31700 |
| 8) كۆممىقوناق ئۇنى | 0.5 كىلوگرام | ئوتتۇراھال | 0.17 | 0.18 | 256540 | 46177.2 |
| 9) تېرىق | 0.5 كىلوگرام | ئوتتۇراھال | 0.20 | 0.20 | 35960 | 7192 |
| 2. ياغلىق دان جەمئىي | | | | | 241750 | 229408.8 |
| بۇنىڭ ئىچىدە: 1) خۇاسىڭ | 0.5 كىلوگرام | شاكاللىق خۇاسىڭ | 0.95 | 0.95 | 19420 | 13449 |
| 2) خۇاسىڭ مېغىزى | 0.5 كىلوگرام | ئوتتۇراھال | 1.50 | 1.50 | 2000 | 3000 |
| 3) زىغىر | 0.5 كىلوگرام | ئوتتۇراھال | 0.47 | 0.47 | 59600 | 28012 |

| | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| 4) ئاپتاپپەرەس | 0.5 كىلوگرام | ئوتتۇراھال | 0 65 | 0.62 | 22290 | 13819.8 |
| 5) سۇ يېغى | 0.5 كىلوگرام | يەرلىك ئاساسلىق مەھسۇلات | 1.20 | 1.20 | 138440 | 166128 |
| 3. پاختا، چىگە، تاماكا جەمئىي | | | | | | 898740.9 |
| 1) خام | 0.333 مېتر | | | | | |
| 2) يىپ تاغار | دانە | ئوتتۇراھال | 5.25 | 5.20 | 99740 | 51864.8 |
| 3) موخۇركا | 0.5 كىلوگرام | ئوتتۇراھال | 1.85 | 1.85 | 168230 | 311225.5 |
| 4) پاختا | 0.5 كىلوگرام | ئوتتۇراھال | 1.35 | 1.33 | 51780 | 68867.4 |
| 4. گۆش، تۇخۇم، ئۆي قۇشلىرى جەمئىي | | | | | 913407 | 1877066.3 |
| 1) چوشقا گۆشى | 0.5 كىلوگرام | ئوتتۇراھال سۆڭەكلىك | 1.50 | 1.50 | 107035 | 160552.5 |
| 2) كالا گۆشى | 0.5 كىلوگرام | ئوتتۇراھال سۆڭەكلىك | 2 | 1.95 | 355704 | 693622.8 |
| 3) قوي گۆشى | 0.5 كىلوگرام | ئوتتۇراھال سۆڭەكلىك | 2.45 | 2.40 | 282990 | 679176 |
| 4) تۇخۇم | 0.5 كىلوگرام | يېڭى تۇخۇم | 2.05 | 2.05 | 100396 | 205811 |
| 5) توخۇ | ئىككى - ئۈچ جىڭلىق توخۇ | | 2.20 | 2.24 | 14990 | 33577.6 |
| 6) كالا يېغى | | | 1.80 | 1.80 | 35292 | 63525.6 |
| 7) قوي يېغى | | | 2.40 | 2.40 | 17000 | 40800 |
| 5. سۇ مەھسۇلاتلىرى جەمئىي | | | | | 51260 | 71764 |
| 1) بېلىق | 0.5 كىلوگرام | يېڭى بېلىق | 1.35 | 1.40 | 51260 | 71764 |
| 6. ئوتياش تۈرلىرى جەمئىي | 0.5 كىلوگرام | | | | 3432027 | 524863.03 |
| يېڭى ئوتياش | | | | | 3411598 | 497283.88 |

| | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| 1) تۇرۇپ | 0.5 كىلوگرام | ئوتتۇراھال | 0.09 | 0.09 | 529140 | 47622.6 |
| 2) يېسىۋىلەك | 0.5 كىلوگرام | ئوتتۇراھال | 0.60 | 0.70 | 381600 | 26712 |
| 3) كۆدە | 0.5 كىلوگرام | ئوتتۇراھال | 0.15 | 0.18 | 68750 | 12375 |
| 4) پالەك | 0.5 كىلوگرام | ئوتتۇراھال | 0.12 | 0.13 | 48200 | 6266 |
| 5) چىڭسەي | 0.5 كىلوگرام | ئوتتۇراھال | 0.13 | 0.11 | 134150 | 14756.5 |
| 6) تەرخەمەك | 0.5 كىلوگرام | ئوتتۇراھال | 0.16 | 0.15 | 165490 | 24823.5 |
| 7) پىدىگەن | 0.5 كىلوگرام | ئوتتۇراھال | 0.11 | 0.14 | 186400 | 26096 |
| 8) كاللەك بەسەي | 0.5 كىلوگرام | ئوتتۇرا ھال | 0.07 | 0.08 | 210710 | 16856.8 |
| 9) ياڭيۇ | 0.5 كىلوگرام | ئوتتۇراھال | 0.23 | 0.26 | 179488 | 46666.88 |
| 10) سۇڭپىيار | 0.5 كىلوگرام | ئوتتۇراھال | 0.13 | 0.15 | 116930 | 17539.5 |
| 11) پىياز | 0.5 كىلوگرام | ئوتتۇراھال | 0.16 | 0.17 | 231740 | 39395.8 |
| 12) سامساق | 0.5 كىلوگرام | ئوتتۇراھال | 0.54 | 0.55 | 55410 | 30475.5 |
| 13) مۇچ | 0.5 كىلوگرام | ئوتتۇراھال | 0.27 | 0.19 | 252760 | 48024.4 |
| 14) شوخلا | 0.5 كىلوگرام | ئوتتۇراھال | 0.22 | 0.20 | 290640 | 58128 |
| 15) سەۋزە | 0.5 كىلوگرام | ئوتتۇراھال | 0.12 | 0.12 | 401050 | 48126 |
| 16) باشقىلار | 0.5 كىلوگرام | ئوتتۇراھال | 0.20 | 0.21 | 159140 | 33419.4 |
| قۇرۇتۇلغان ۋە چىلانغان ئوتياش | 0.5 كىلوگرام | | | | 20429 | 27579.15 |
| 17) قۇرۇتۇلغان مۇچ | 0.5 كىلوگرام | ئوتتۇراھال | 1.30 | 1.35 | 20429 | 27579.15 |
| چىچەكسەي | 0.5 كىلوگرام | ئوتتۇراھال | | | | |

| | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| مور | 0.5 كىلوگرام | ئوتتۇراھال | | | | |
| 7. قۇرۇق - ھۆل مېۋە - چېۋە جەمئىي | | | | | 2511184 | 611750 |
| 1) ئالما | 0.5 كىلوگرام | ئوتتۇراھال | 0.25 | 0.23 | 286000 | 65780 |
| 2) ئامۇت | 0.5 كىلوگرام | ئوتتۇراھال | 0.20 | 0.21 | 258080 | 54196.8 |
| 3) ئۈزۈم | 0.5 كىلوگرام | ئوتتۇراھال | 0.40 | 0.37 | 327280 | 121093.6 |
| 4) تاۋۇز | 0.5 كىلوگرام | ئوتتۇراھال | 0.20 | 0.17 | 568360 | 96621.2 |
| 5) قوغۇن | 0.5 كىلوگرام | ئوتتۇراھال | 0.15 | 0.16 | 838370 | 134139.2 |
| 6) شاپتۇل | 0.5 كىلوگرام | ئوتتۇراھال | 0.15 | 0.15 | 48146 | 7221.9 |
| 7) ئۆرۈك | 0.5 كىلوگرام | ئوتتۇراھال | 0.20 | 0.20 | 17690 | 3538 |
| 8) چىلان | 0.5 كىلوگرام | قۇرۇق چىلان | 0.90 | 0.94 | 12840 | 12069.6 |
| 9) ياڭاق | 0.5 كىلوگرام | ئوتتۇراھال | 0.85 | 0.89 | 32640 | 29049.6 |
| 10) قۇرۇق ئۈزۈم | 0.5 كىلوگرام | ئوتتۇراھال | 1.05 | 1.10 | 57108 | 62818.8 |
| 11) گۈلە | 0.5 كىلوگرام | ئوتتۇراھال | 0.37 | 0.39 | 64670 | 25221.3 |
| 8. كۆندىلىك بۇيۇم جەمئىي | | | | | | 94179.2 |
| 1) سۈپۈرگە | دانە | سۈپۈرگە | 0.68 | 0.72 | 25610 | 18439.2 |
| 2) سېۋەت | دانە | ئوتتۇراھال | 1.25 | 1.30 | 34850 | 45305 |
| 3) بورا | پارچە | يالغۇز كىشىلىك | 17 | 17 | 191 | 3247 |
| 4) ئەلگەك، غەلۋىر، ئۆتكەمە | دانە | ئوتتۇراھال | 3 | 2.80 | 9710 | 27188 |
| 9. ئوتۇن، سامان تۈرىدىكىلەر جەمئىي | | | | | 201112 | 1135783.6 |

| | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| 1) ئوتۇن | ئۇلاغ | يېرىلغان ئوتۇن | 8.50 | 8.20 | 106050 | 869610 |
| 2) قوزۇق سامان | ئۇلاغ | ئوتتۇراھال | 2.75 | 2.80 | 95062 | 266173.6 |
| 10. يەم - بوغۇز، دېھقانچىلىق سايمانلىرى جەمئىي | | | | | | 232232 |
| يەم - بوغۇز تۈرىدىكىلەر | | | | | 783152 | 41725.3 |
| 1) توپان | 0.5 كىلوگرام | | 0.16 | 0.15 | 208402 | 31260.3 |
| 2) كېپەك | 0.5 كىلوگرام | | 0.15 | 0.14 | 74750 | 10465 |
| كىچىك دېھقانچىلىق سايمانلىرى | 0.5كىلوگرام | | | | | 190506.7 |
| 3) ئەپكەش | دانە | ئوتتۇراھال | 1 | 1.20 | 6110 | 7332 |
| 4) قىغ سېۋىتى | دانە | ئوتتۇراھال | 1 | 1 | 4000 | 4000 |
| 5) بورا | پارچە | ئوتتۇراھال بورا | 2.40 | 2.75 | 19526 | 53696.5 |
| 6) جوتۇ | دانە | ساپسىز | 2.85 | 2.96 | 7210 | 21341.6 |
| 7) كەتمەن | دانە | ساپسىز | 4.35 | 4.20 | 18323 | 76956.6 |
| 8) باشقىلار | دانە | | 1.80 | 1.80 | 15100 | 27180 |
| 11. چوڭ چارۋا جەمئىي | | | | | 10644 | 1995585 |
| 1) كالا | | ئوتتۇراھال كۆچى بار | 315 | 325 | 4258 | 1383850 |
| 2) ئات | | ئوتتۇراھال كۆچى بار | 330 | 325 | 338 | 109850 |
| 3) خېچىر | | ئوتتۇراھال كۆچى بار | 390 | 390 | 310 | 120900 |
| 4) ئېشەك | | ئوتتۇراھال كۆچى بار | 58 | 63 | 5665 | 356895 |

| | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| 5) تۆگە | | ئوتتۇراھال كۆچى بار | 310 | 330 | 73 | 24090 |
| 12. ئۇششاق ئۆي ھايۋانلىرى جەمئىي | | | | | 688268 | 782517.35 |
| بۇنىڭ ئىچىدە: 1) گۆش چوشقىسى | 0.5 كىلوگرام | ئوتتۇراھال | | | | |
| 2) چوشقا كوچىكى | 0.5 كىلوگرام | 20 ـ 30 جىڭ | 1.45 | 1.42 | 1730 | 2456.6 |
| 3) قوي | 0.5 كىلوگرام | 20 ـ 30 جىڭ | 1.15 | 1.15 | 542055 | 623363.25 |
| 4) قوزا | 0.5 كىلوگرام | 10 ـ 15 جىڭ | 1.20 | 1.20 | 22370 | 26844 |
| 5) باشقىلار | 0.5 كىلوگرام | | 1.10 | 1.05 | 123670 | 129853.5 |

گۆللىنىشكە باشلىدى. 1966 ـ يىلى بازارغا كىرگەن مەھسۇلاتلار 750 خىلدىن ئاشتى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە، ئاشلىق، پاختا، ياغلىق دانىنى تۈتۈش نوقۇل ھالدا تەكىتلىنىپ، دېھقانلارنىڭ قوغۇن ـ تاۋۇز، ئوتياش تېرىشى چەكلەندى، بازارغا كىرگەن مەھسۇلاتلار بىر خىللا بولۇپ، مال ناھايىتى قىس، باھاسى قىممەت بولۇپ كەتتى. بىر جىڭ سۇ يېغى 3.50 يۈەن بولدى، بىر مېتر دۇخاۋا 30 ئېشىپ كەتكەنىدى، بىر يۈەنگە ئاران تۆت تۇخۇم سېتىۋالغىلى بولاتتى.

پارتىيە 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، بازار سودىسى كۈندىن ـ كۈنگە گۈللەندى. 1980 ـ يىلى بازار سودىسى بويىچە پۇتۇشۇش سوممىسى 2 مىليون 400 مىڭ يۈەن بولغانىدى. 1981 ـ يىلى 3 مىليون 450 مىڭ يۈەنگە، 1982 ـ يىلى 8 مىليون 911 مىڭ يۈەنگە، 1983 ـ يىلى 8 مىليون 991 مىڭ يۈەنگە، 1984 ـ يىلى 9 مىليون 581 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 1984 ـ يىلى بازارغا كىرگەن مەھسۇلاتلار 380 خىلغا يەتتى، دېھقانلار ئۆزلىرى ئىشلەپچىقارغان ئاشلىق، پاختا، ياغ، چارۋا، قوغۇن ـ تاۋۇز، مېۋە ـ چېۋە، ئوتياشتىن باشقا، يەنە مەملىكىتىمىزنىڭ ھەر قايسى چوڭ شەھەرلىرىدىن كەلتۈرۈلگەن سانائەت بۇيۇملىرى، يەرلىك ئاز سانلىق مىللەت ئاممىسى ياخشى كۆرىدىغان ئەنئەنىــۋى قول ھۈنەر ـ سەنئەت بۇيۇملىرى، تەمى ھەر خىل يېمەكلىك قاتارلىقلار بار بولدى. بازار باھاسى مۇقىملىق ئىچىدە تۆۋەنلىدى. 1984 ـ يىلدىكى باھا بىلەن 1980 ـ يىلدىكى باھانى سېلىشتۇرغاندا، بىر جىڭ بۇغداي 0.50 يۈەندىن 0.30 يۈەنگە، بىر تۇخۇم 0.25 يۈەندىن 0.15 يۈەنگە، بىر جىڭ سۇيېغى ئىككى يۈەندىن 1.20 يۈەنگە چۈشتى. ھەر خىل رەخت، تاۋار ـ دۇردۇنلار دۆلەت باھاسى بىلەن ئوخشاش بولدى، بەزىلىرى دۆلەت باھاسىدىن تۆۋەنرەك بولدى.

## § 5 . ماددىي ئەشيا

### 1 . ئاپپاراتى

1958 ـ يىلى ناھىيىلىك پىلان كومىتېتى ئىچىدە ماددىي ئەشيا گۇرۇپپىسى قۇرۇلغان

بولۇپ، ئوچ نەپەر ئىشچى - خىزمەتچىسى بار ئىدى، ئۇ، ئاساسەن، سېمونت، پولات ماتېرىيال، ئەينەك، توك سىمى، چىگە تاغار قاتارلىق ماددىي ئەشيالار تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىناتتى، مالىيە ئىشلىرىنى ۋىلايەتلىك ماددىي ئەشيا ئىدارىسى بىر تۇتاش باشقۇراتتى. يىللىق سېتىش سوممىسى 200 مىڭ يۈەندىن كۆپرەككە يېتەتتى، تىجارەتتە ئازراق پايدا ئالاتتى. 1971 - يىل 3-ئايدا ماددىي ئەشيا گۇرۇپپىسى دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى بىلەن تەمىنلەش پونكىتىغا قوشۇلۇپ، نامى دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى - ماددىي ئەشيا بىلەن تەمىنلەش پونكىتى دەپ ئۆزگەرتىلدى. 1979 - يىلى ماددىي ئەشيا ئىدارىسى قۇرۇلدى، ئىشچى - خىزمەتچىسى يەتتىگە يەتتى. 1984 - يىل 6 - ئايدا تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىلغاندا، نامى ماددىي ئەشيا شىركىتىگە ئۆزگەرتىلدى؛ ئىشچى - خىزمەتچىسى 12 نەپەرگە يەتتى، ئۇنىڭ قارمىقىدا مالىيە - بوغالتىرلىق ۋە كەسپىي ئىشلاردىن ئىبارەت ئىككى بۆلۈمچە تەسىس قىلىندى. مالىيە باشقۇرۇش هوقۇقى بۇرۇن يەرلىك مالىيەدە ئىدى، 1982 - يىلدىن باشلاپ ۋىلايەتلىك ماددىي ئەشيا ئىدارىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى.

## 2 . تىجارەت كەسپى

ماددىي ئەشيا شىركىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئاساسەن، بىناكارلىق ماتېرىياللىرى، مېتال بۇيۇملار، ماشىنا ۋە ئېلېكتر ئۈسكۈنىلىرى، خىمىيە سانائىتى ۋە يېنىك سانائەت مەھسۇلاتلىرى تىجارىتى بىلەن شۇغۇللاندى. 1979 - يىلى ئومۇمىي سېتىۋېلىش سوممىسى 700 مىڭ يۈەن، سېتىش سوممىسى 800 مىڭ يۈەن، يىللىق پايدىسى 7000 يۈەن بولغانىدى. 1984 - يىلى يىللىق ئومۇمىي سېتىۋېلىش سوممىسى 930 مىڭ يۈەنگە، سېتىش سوممىسى 1 مىليون 40 مىڭ يۈەنگە، پايدىسى 8000 يۈەنگە يەتتى. مال كىرگۈزۈش يوللىرى، ئاساسەن، ۋىلايەتلىك ماددىي ئەشيا ئىدارىسى پىلانغا ئاساسەن يۆتكەپ بەرگەن ھەر خىل ماددىي ئەشيادىن ئىبارەت بولدى، ماددىي ئەشيا شىركىتى ئۆزىمۇ مال مەنبەسى تاپتى.

ناھىيىلىك ماددىي ئەشيا شىركىتى قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە، ئىقتىسادىي ئۇنۇم نەزەرگە ئېلىنماي، قارىغۇلارچە مال كىرگۈزۈلگەچكە، دۆلەتكە خېلى زور زىيان بولغانىدى. 1980 - يىلى بۇ شىركەت رۇمىنىيىنىڭ سۈپىتى ناچار ئاپتوموبىلىدىن ئوننى كىرگۈزگەنىدى، بۇ ئاپتوموبىللارنىڭ ئىككىسى بىراقلا چىقىپ كەتتى، بەشىنى باھاسىنى چۈشۈرۈپ ساتتى، شۇنىڭ بىلەن جەمئىي 80 مىڭ يۈەندىن ئارتۇقراق زىيان بولدى. 1983 - يىلى بىراقلا چىقىرىۋېتىلگەن ماشىنا ۋە ئېلېكتر ئۈسكۈنىلىرىنىڭ قىممىتى 360 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ئۇنىڭدىن باشقا، يەنە باشقۇرۇش ياخشى بولماسلىق، مۇلازىمەت پوزىتسىيىسى ناچار بولۇش قاتارلىق ئەللەتلەر ساقلانغانلىقتىن، ماددىي ئەشيا خىزمىتى ئۆزۈنغىچە تەرەققىي قىلالمىدى. 1984 - يىلى ئامبارغا كىرگۈزۈش ۋە ئامباردىن چىقىرىش رەسمىيىتى تۈزۈپ چىقىلىپ، مۇئامىلە ھېساباتى، ئامبار زاپىسى ئېنىقلاندى، ئىدارىنىڭ مەنقۇلاتى نەقلەشتۈرۈلدى، تىجارەت يۆنىلىشى جەھەتتە ئاز پايدا ئېلىپ، كۆپ سېتىش، تېز كىرگۈزۈپ، تېز چىقىرىش پرىنسىپى بويىچە، ماددىي ئەشيا ئوبوروتى تېزلىتىلىپ، شۇ يىللىق سېتىۋېلىش، سېتىش ۋەزىپىسى ئومۇمىيۈزلۈك ئاشۇرۇپ ئورۇندالدى.

ناھىيە بويىچە سانائەت، يېزا ئىگىلىكى ۋە خەلقنىڭ تۇرمۇشىغا زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغان نېفىت، كۆمۈر، ياغاچ قاتارلىق ماددىي ئەشيالارنى نېفىت شىركىتى، كۆمۈركان، ياغاچ شىركىتى باشقۇردى.

پوسكام ناھىيىسىنىڭ بىر قانچە يىلدىكى ماددىي ئەشيا سېتىش ئەھۋالى

2 ـ 13 ـ 19 ـ جەدۋەل بىرلىكى 10 مىڭ يۈەن

| نۇرى \ يىللار سانى | 1979 | 1980 | 1981 | 1982 | 1983 | 1984 |
|---|---|---|---|---|---|---|
| ئومۇمىي سېتىۋېلىش سوممىسى | 70 | 102 | 81 | 141 | 117 | 93 |
| كىرگۈزۈلگەن مالنىڭ ئومۇمىي سوممىسى | 4 | 5.1 | 7.5 | 8.1 | 5.8 | 7.4 |
| سېتىلغان مالنىڭ ئومۇمىي سوممىسى | 80 | 96 | 114 | 148 | 100 | 104 |
| باشقۇرۇش، ئىشلىتىش | 0.4 | 0.6 | 2.2 | 1.4 | 1.6 | 1 8 |
| خىراجەت نىسبىتى (%) | 11 | 12 | 11 | 10.3 | 11 | 12 |
| ئومۇمىي پايدا سوممىسى | 0.7 | -2.5 | 1 | 0.9 | 0.8 | 0 8 |
| قالدۇق سوممىسى | 57 | 69.5 | 39 | 41 | 21.8 | 20 |

1) بىناكارلىق ماتېرىياللىرى

بىناكارلىق ماتېرىياللىرى، ئاساسلىقــى سېمونت، ئەن ياغاچ، ماي قەغەز، ئەينەك، پېرىسلانغان تاختا، قارامايدىن ئىبارەت. پارتىيە 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، ناھىيىنىڭ ئاساسىي قۇرۇلۇشى خېلى تېز تەرەققىي قىلدى، بولۇپمۇ بازار قۇرۇلۇشى جۇش ئۇرۇپ تەرەققىي قىلىپ، بىناكارلىق ماتېرىياللىرىغا بولغان ئېھتىياج كۈندىن ـ كۈنگە كۆپەيدى، ماددىي ئەشيا تارماقلىرىمۇ يولنى كەڭ ئېچىپ، تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلدى.

پوسكام ناھىيىسىنىڭ بىر قانچە يىلدىكى ئاساسلىق بىناكارلىق ماتېرىياللىرىنى سېتىش ئەھۋالى

2 ـ 13 ـ 20 جەدۋەل

| نۇرى \ يىللار سانى | بىرلىكى | 1965 | 1975 | 1979 | 1980 | 1981 | 1982 | 1983 | 1984 |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| سېمونت | توننا | 171 | 83 | 277 | 524 | 600 | 1353 | 488 | 780 |
| ئەينەك | ئۆلچەملىك ساندۇق | | | 17 | 488.4 | 623.8 | 202.1 | 497 | 846.5 |
| گۈللۈك ئەينەك | ئۆلچەملىك ساندۇق | | | | 49.5 | | | | |
| ماي قەغەز | يۆگەم | | | 200 | 400 | 900 | 1042 | 1558 | 1329 |
| پېرىسلانغان تاختا | پارچە | | | 500 | – | 800 | – | 1500 | 500 |
| ياغاچ | كۇب مېتىر | 768 | 296 | 134 | 276 | 100 | 200 | 225 | 300 |
| چاقچۇق | 1000 دانە | | | | | | | | 5000 |
| پەركە | تاختا | | | | | | | | 500 |
| قاراماي | توننا | | | | 4 | 1 | 4 | 2 | 5 |

**2) مېتال، ماشىنا ۋە ئېلېكتر ئۈسكۈنىلىرى، خىمىيە سانائىتى، يېنىك سانائەت ماتېرىياللىرى**

مېتال تۈرىدىكى مەھسۇلاتلاردىن سىنىكلەنگەن پولات تاختا، سوغۇق پىروكاتلانغان پولات تاختا، قارا تۈنىكە، يۇگەم تۈنىكە، ياپىلاق تۆمۈر، ئۈچبۇرجەك تۆمۈر، يۇمىلاق تۆمۈر، چاسا تۆمۈر، تۈنىكە نور قاتارلىق 44 خىل مەھسۇلات بار. ماشىنا ۋە ئېلېكتر ئۈسكۈنىلىرى تۈرىدىكى مەھسۇلاتلاردىن قازان، ئۈشكە، توك ئۈشكىسى، ئۆزگىرىشچان توكلۇق ئېلېكتر ماتور، رېزىنكە تاسما، سېمونت لاي ئېتىش ماشىنىسى، تەۋرەتكۈچ، قوزۇقسىمان تەۋرەتكۈچ، كەپشەر چوكىسى، رېزىنكە قاپلىق ئالىيۇمىن سىم، ئېلېكتر كەپشەر ماشىنىسى، ئاپتوموبىل قاتارلىق 89 خىل مەھسۇلات بار؛ خىمىيە سانائىتى ۋە يېنىك سانائەت مەھسۇلاتلىرىدىن ئاق پالما ئارغامچىسى، چىگە تاغار، ئويغۇچى ناترىي، ساپ ئىشقار، بالون قاتارلىق 84 خىل مەھسۇلات بار.

**پوسكام ناھىيىسىنىڭ بىر قانچە يىلدىكى ئاساسلىق مېتال، ماشىنا ۋە ئېلېكتر ئۈسكۈنىلىرى، يېنىك سانائەت ۋە خىمىيە سانائىتى ماتېرىياللىرىنى سېتىش ئەھۋالى**

2 ـ 13 ـ 21 ـ جەدۋەل

| سانى / يىللار / تۈرى | بىرلىكى | 1965 | 1975 | 1979 | 1980 | 1981 | 1982 | 1983 | 1984 |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| چويۈن | توننا | 3.1 | 32 | 13 | | 8 | | 18 | 20 |
| پولات ماتېرىيال | توننا | 14.2 | 137 | 142 | 451 | 430 | 499 | 257 | 496 |
| رەڭلىك مېتال | كىلوگرام | | 21 | 50 | 400 | 127 | 500 | 500 | 200 |
| خىمىيە سانائىتى مەھسۇلاتى | توننا | | | 7 | 18 | 3 | 11 | 608 | 710 |
| ئاپتوموبىل | دانە | | | | 10 | 4 | 14 | 1 | 6 |
| بالون | دانە | | | 40 | 60 | 70 | 40 | 30 | 30 |
| چىگە تاغار | دانە | | | 15000 | 5000 | 500 | 300 | 200 | 500 |

3) نېفىت

1964ـ يىلدىن ئىلگىرى ئائىلىدە ئىشلىتىلىدىغان كىرسىننى تەمىنات ـ سودا كوپىراتىپى ساتتى. 1964 ـ يىلى سودا ئىدارىسى بېنزىن، دىزېلىن، كىرسىن، ئاپتۇل قاتارلىقلارنى ساتىدىغان بولدى. 1975 ـ يىلى بۇ مەھسۇلاتلارنى سېتىش نېفىت شىركىتىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى.

4) كۆمۈر

1965 ـ يىلدىن ئىلگىرى بۇ ناھىيىدە كۆمۈرنىڭ يىللىق سېتىلىش مىقدارى 100 توننىغىمۇ يەتمەيتتى. بازار ـ يېزا خەلقى تۇرمۇشتا ئاساسەن ئوتۇن قالايتتى، ھەر قايسى ئورۇنلار ئىسسىنىشقا ئىشلىتىش ئۈچۈن كانسۇ كۆمۈر كانىدىن كوكس سېتىۋالاتتى. 1961 ـ يىلى ناھىيە بويىچە 216 توننا كوكس سېتىلغانىدى. 1964 ـ يىلى 20 توننا كوكس سېتىلدى. 70 ـ يىللاردا ناھىيىلىك كۆمۈر كانىنىڭ كۆمۈر قېزىش مىقدارى يىلمۇ يىل ئۆرلەپ، كۆمۈرنىڭ يىللىق

سېتىلىش مىقدارى 10 مىڭ توننىدىن ئاشتى. 1984 ـ يىلى سېتىلىش مىقدارى 40 مىڭ توننىغا يەتتى.

پوسكام ناھىيىسىنىڭ بىر قانچە يىلدىكى ئاساسلىق نېفىت مەھسۇلاتلىرىنى سېتىش ئەھۋالى

2 ـ 13 ـ 22 ـ جەدۋەل بىرلىكى: توننا

| تۈرى \ يىللار \ سانى | 1958 | 1965 | 1970 | 1975 | 1980 | 1982 | 1983 | 1984 |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| بېنزىن | 4 | 24.1 | 280 | 134 | 435 | 606 | 619 | 619 |
| دىزېلىن | | 57 | 180 | 716 | 1456 | 1671 | 1913 | 1840 |
| كېرسىن | 17 | 108 | 107 | 137 | 16 | 21 | 31 | 42 |
| سىلىقلاش مېيى | | | | | 12 | 13 | 12 | 10 |
| ئاپتول | | | | | 82 | 109 | 106 | 102 |

پوسكام ناھىيىسى بويىچە كۆمۈرنىڭ بىر قانچە يىلدىكى سېتىلىش ئەھۋالى

2 ـ 13 ـ 23 ـ جەدۋەل بىرلىكى: توننا

| تۈرى \ يىللار \ مىقدارى | 1961 | 1965 | 1970 | 1976 | 1980 | 1981 | 1982 | 1983 | 1984 |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| كۆمۈر | - | 2100 | 1500 | 20100 | 16000 | 18000 | 23000 | 33000 | 43000 |
| كوكس | 216 | 6.5 | 160 | - | - | 2 | 4 | 15 | 20 |

## § 6 . تاشقى سودا

### 1 . ئاپپاراتى

1960 ـ يىل 6 ـ ئايدا ناھىيىلىك سودا ئىدارىسىنىڭ تاشقى سودا بۆلۈمى ئاساسىدا ناھىيىلىك تاشقى سودا شىركىتى قۇرۇلدى، ئۇنى ناھىيىلىك خەلق كومىتېتى بىۋاسىتە باشقۇردى. شىركەتتە 84 نەپەر ئىشچى ـ خىزمەتچى بار ئىدى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دا ئاپپاراتلار پالەچ ھالەتكە چۈشۈپ قالدى. 1975 ـ يىل 4 ـ ئايدا تاشقى سودائىدارىسى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. 1984 ـ يىلى مەمۇرىيەت بىلەن كارخانىنى ئايرىش يولغا قويۇلغاندا، ئۈ، چاي ـ چارۋا مەھسۇلاتلىرى شىركىتىگە ئۆزگەرتىلىپ، تەمىنات ـ سودا كوپىراتىپىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. ئۇنىڭ قارىمىقىدا توققۇز سېتىۋېلىش پونكىتى قۇرۇلدى، 48 نەپەر ئىشچى ـ خىزمەتچىسى بار بولدى.

## 2 . تىجارەت ئەھۋالى

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى، بۇ ناھىيىنىڭ تاشقى سودىسىدا، ئاساسەن، چارۋا مەھسۇلاتلىرى، پىلە غوزىسى، پاختا، يىپەك قاتارلىق مەھسۇلاتلار ئېكسپورت قىلىناتتى، مىقدارى كۆپ ئەمەس ئىدى. ئۇ چاغلاردا دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىلىش يوللىرى راۋان ئەمەس ئىدى، شۇڭا «يەرلىك مەھسۇلاتلار تاشلىۋېتىلىدىغان»، «قوينىڭ ئۇچەيلىرى ئىتقا بېرىلىدىغان» ئەھۋال پەيدا بولغانىدى. بەزى هايانكەش سودىگەرلەر پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، مەھسۇلاتلىرىنى ئەرزان باھادا سېتىۋېلىپ، دېھقانلارنى شىلىۋالاتتى. ئۇ چاغلاردا بىر قىسىم دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرى قەشقەر «يوشىن» يەرلىك مەھسۇلاتلار شىركىتى (1947 - يىلى تاقىۋېتىلگەن) نىڭ يەكەن شۆبىسى تەرىپىدىن سېتىۋېلىناتتى. 1948- يىلى ناھىيە بويىچە ئاران 5305.5 كىلوگرام قوي يۇڭى، 50 كىلوگرام تۆگە يۇڭى، 351 پارچە كالا تېرىسى، 4163 پارچە قوي تېرىسى، 120 پارچە ئۆچكە تېرىسى، 13 پارچە ئات تېرىسى، 64 پارچە قوزا تېرىسى، 87 تال ئۇچەي، 26 كىلوگرام قوي يېغى، 2350 كىلوگرام پاختا، 7584 كىلوگرام پىلە غوزىسى سېتىۋېلىنغانىدى.

**پوسكام ناھىيىسىنىڭ 1971 - يىلدىن 1984 - يىلغىچە بولغان تاشقى سودا تىجارىتى ئەھۋالى**

2 - 13 - 24 - جەدۋەل　　　　بىرلىكى: 10 مىڭ يۈەن

| يىللار | كىرىم | تەننەرخ ۋە چىقىم | پايدا (زىيان) |
|---|---|---|---|
| 1971 | 31.17 | 32.98 | —1.81 |
| 1972 | 20.46 | 22.36 | —1.90 |
| 1973 | 33.43 | 35.93 | —2.51 |
| 1974 | 30.25 | 33.24 | —2.99 |
| 1975 | 24.79 | 30.97 | —6.18 |
| 1976 | 27.66 | 31.58 | —3.91 |
| 1977 | 27.30 | 31.41 | —4.12 |
| 1978 | 30.07 | 32.17 | —2.01 |
| 1979 | 31.41 | 32.29 | —8.73 |
| 1980 | 27.78 | 30.75 | —2.97 |
| 1981 | 23.66 | 28 | —4.34 |
| 1982 | 23.70 | 32.15 | —8.45 |
| 1983 | 21.33 | 27.76 | —6.42 |
| 1984 | 23.47 | 34.75 | —11.29 |

يۇسكام ناھىيىسىنىڭ 1958 - يىلدىن 1984 - يىلغىچە بولغان ئاساسلىق چارۋا مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋېلىشقا دائىر مەلۇمات

2 - 13 - 25 - جەدۋەل

| تۈرى / مىقدارى / يىللار | قوي يۇڭى | چۇپۇر | ئۆچكە تىۋىتى | تۆگە يۇڭى | كالا تېرىسى | قوي تېرىسى | ئۆچكە تېرىسى | ئۈچەي | پىلە غوزىسى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | تونна | توننا | توننا | توننا | يۈز پارچە | يۈز پارچە | يۈز پارچە | 10 مىڭ تال | توننا |
| 1958 | 77 | 4 | 1 | | 25 | 303 | 91 | 2.7 | . . . |
| 1959 | 77 | 4 | 1 | | 33 | 191 | 53 | . . . | . . . |
| 1960 | 78 | 6 | 1 | | 29 | 133 | 57 | 1.55 | 19.5 |
| 1961 | 54 | 3 | 2 | | 12 | 37 | 33 | 0.82 | 12.1 |
| 1962 | 37 | 4 | 5 | | 8 | 80 | 43 | 0.93 | 11.9 |
| 1963 | 38 | 2 | 1 | | 6 | 57 | 34 | 0.91 | 12.1 |
| 1964 | 40 | 3 | 1 | 0.01 | 7 | 83 | 44 | 1.68 | 21.5 |
| 1965 | 49 | 3 | 1 | 0.01 | 9 | 61 | 38 | 1.56 | 20.9 |
| 1966 | 53 | 3 | 1 | 0.02 | 15 | 101 | 49 | 1.78 | 19.7 |
| 1967 | 44 | 2 | 1 | 0.03 | 20 | 83 | 68 | 1.73 | 25.2 |
| 1968 | 48 | 2 | - | 0.04 | 12 | 59 | 42 | 1.38 | 37.4 |
| 1969 | 45 | 2 | 2 | 0.05 | 16 | 59 | 53 | 1.16 | 13.5 |
| 1970 | 48 | 2 | 1 | 0.07 | 21 | 77 | 53 | 0.89 | 11 |
| 1971 | 42 | 2 | 1 | 1.3 | 19 | 58 | 61 | 1.1 | 12.2 |
| 1972 | 36 | 2 | 1 | 1.2 | 20 | 48 | 39 | 1.04 | 8 |
| 1973 | 35 | 2 | 1 | 1.6 | 19 | 14 | 29 | 1.01 | 3 |
| 1974 | 39 | 2 | 1 | 1.1 | 19 | 88 | 91 | 1.04 | 0.7 |
| 1975 | 39 | 1 | 1 | 2.2 | 20 | 100 | 84 | 1.15 | 1.8 |
| 1976 | 34 | 1 | 1 | 2.9 | 20 | 91 | 79 | 1.34 | 0.8 |
| 1977 | 39 | 1 | 1 | 2.7 | 18 | 87 | 63 | 1.58 | 0.9 |
| 1978 | 32 | 1 | 1 | 3.5 | 20 | 88 | 66 | 0.72 | 2.5 |
| 1979 | 29 | 1 | 1 | 3.5 | 12 | 60 | 51 | 1.15 | 1.4 |

| | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1980 | 27 | 1 | 1 | 1.4 | 11 | 59 | 42 | 0.8 | 1.7 |
| 1981 | 23 | 1 | 1.4 | 1 | 13 | 79 | 42 | 1.3 | 4 |
| 1982 | 20 | 2.5 | 1.4 | 1.5 | 10.81 | 164 | 55 | 1.65 | 6 |
| 1983 | 22 | 2 | 0.9 | 2 | 13.76 | 78 | 50 | 1.35 | 9 |
| 1984 | 12 | 2.5 | 0.5 | 1.5 | 26.56 | 51 | 30 | 0.76 | 11 |

**پوسكام ناھىيىسىنىڭ 1971 ـ يىلدىن 1984 ـ يىلغىچە بىر قانچە خىل يەرلىك ئالاھىدە مەھسۇلاتنى ئېكسپورت قىلىش ئەھۋالى**

2 ـ 13 ـ 26 ـ جەدۋەل　　　　بىرلىكى: كىلوگرام، كۋادرات مېتر

| مەھسۇلات نامى / مىقدارى / يىللار | گىلەم (كۋادرات مېتر) | چۈچۈك بويا | زىرە | زاراڭزا | ئېكسپورت قىلىنغان رايون |
|---|---|---|---|---|---|
| 1971 | | 7312 | | 32830 | |
| 1972 | | 4765 | | 21235 | |
| 1973 | | 960 | | 58035 | |
| 1974 | | 511 | | 35910 | |
| 1975 | 88.7 | 1081 | | 24640 | |
| 1976 | 281.3 | 3440 | 366 | 34120 | |
| 1977 | 395 | 1000 | 148 | 40660 | يۇقىرى دەرىجىلىك تاشقى سودا تارماقلىرى ئورۇنلاشتۇرغان |
| 1978 | 376 | 2040 | 313 | 4201 | |
| 1979 | 405 | 32080 | 102 | 1 | |
| 1980 | 68.8 | 47880 | 900 | 21000 | |
| 1981 | 273.8 | 9880 | 1 | | |
| 1982 | 282.5 | 6045 | 380 | | |
| 1983 | 125 | 4040 | 5026 | | |
| 1984 | 47 | 68538 | 9080 | | |

1951 ـ يىلى يەكەن سودا شىركىتى پوسكامغا سېتىۋېلىش گۇرۇپپىسى ئەۋەتىپ، يەرلىك مەھسۇلات ۋە چارۋا مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋالدى. پوسكام سودا شىركىتىنىڭ ماگىزىنى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۇ، يەرلىك مەھسۇلات ۋە چارۋا مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋالىدىغان بولدى.

شۇنىڭدىن كېيىن، تاشقى سودىنىڭ سېتىۋېلىش كەسپىنى تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپى بېجىرىدىغان بولدى. 1958 ـ يىلى ئۇ، يەنە سودا ئىدارىسىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى، ئۇ، ئاساسەن، قوي يۇڭى، تىۋىت، ئۆچكە، قوي تېرىسى، كالا تېرىسى، پىلە غوزىسى، چوچۇك بويا، زىرە، زاراڭزا چېچىكى قاتارلىقلارنى سېتىۋالاتتى. ئۇنىڭدىن باشقا، يەنە ئېشەك، ئات، ئىت، قوزا، تۆگە، كالا، توشقان، تۈلكە تېرىلىرى، قاما، ئاتنىڭ يايلى ۋە قۇيرۇقى، چوشقا يايلى، ئابدىمىلىك، شايى، يىپەك، پاختا قاتارلىقلارنىمۇ سېتىۋالاتتى. سېتىۋېلىنغان يەرلىك مەھسۇلات ۋە چارۋا مەھسۇلاتلىرىنىڭ ناھايىتى ئاز قىسمى ناھىيىنىڭ ئۆزىدە ئىشلىتىلىشكە قالدۇرۇلغاندىن باشقا، قالغانلىرى ۋىلايەتلىك تاشقى سودا ئىدارىسىنىڭ قارىمىقىدىكى يۇڭ زاۋۇتى ۋە ئۇنىۋېرسال زاۋۇتقا يۆتكەپ بېرىلەتتى، يەنە بىر قىسىم مەھسۇلاتلارنى ئاپتونوم رايونلۇق تاشقى سودا تارماقلىرى بىۋاسىتە ئىچكى ئۆلكىلەرگە يۆتكەپ بېرەتتى ياكى ئېكسپورت قىلاتتى.

تاشقى سودا ئاپپاراتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، مالىيە تۈزۈمى جەھەتتە بىر تۇتاش كىرىم قىلىپ بىر تۇتاش چىقىم قىلىش، يەنى چىققان پايدىنى پۈتۈنلەي يۇقىرىغا تاپشۇرۇش، زىياننىڭ ئورنىنى پۈتۈنلەي تولدۇرۇپ بېرىش يولىغا قويۇلدى، شۇنىڭ ئۈچۈن بەزى مىقدارى كۆپ چارۋا مەھسۇلاتلىرى (مەسىلەن، كالا، ئۆچكە تېرىسى قاتارلىقلار) نىڭ باھاسى جەھەتتە سىياسەت بويىچە زىيانغا سېتىش يولىغا قويۇلدى، ئادەتتە 3 : 7 نىسبەت بويىچە زىيانغا سېتىلدى، مەسىلەن، كالا تېرىسىنىڭ بىر كىلوگىرامىنىڭ سېتىۋېلىنىش باھاسى بىر يۈەن بولسا، 0.70 يۈەندىن يۆتكەپ بېرىلدى. تاشقى سودا تىجارەت ئەھۋالىغا دائىر مەلۇماتتىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، سېتىۋېلىنغاندىن كېيىن زىيانغا سېتىپ بېرىلىدىغان مەھسۇلاتلار كۆپەيگەنسېرى زىيانمۇ شۇنچە كۆپ، ئەكسىچە بولسا زىيان ئاز بولدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە، مال مەنبەسىنى تەشكىللەش ۋە ئىگىلىك باشقۇرۇش ياخشى بولمىغانلىقتىن، ھەر يىلى زىيان كۆرۈلدى. 1984 ـ يىلى زىيان كۆپرەك بولدى. يۇقىرىدا ئېيتىلغان سەۋەبلەردىن باشقا، دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققان خادىملارغا چىقىم قىلىنغان خىراجەتمۇ زىيان كۆرۈلۈشنىڭ سەۋەبى بولدى. بىر تۇتاش كىرىم قىلىپ، بىر تۇتاش چىقىم قىلىش تۈزۈمى 1984 ـ يىلغىچە داۋاملاشتى.

## § 7 . يېمەك ـ ئىچمەك، مۇلازىمەت كەسپى

### 1 . يېمەك ـ ئىچمەك كەسپى

تور ـ نۇقتىلىرى 1921 ـ يىلى پوسكام ناھىيە بولۇپ قۇرۇلغاندا، يېمەك ـ ئىچمەك كەسپى بويىچە جەمئىي 71 دۇكان بار ئىدى. 1949 ـ يىلى 18 دۇكان قالغان. 1951 ـ يىلى ناھىيە بويىچە 17 ئاشخانا، 63 ناۋايخانا، ئون نەچچە كىچىك ئاشپۇزۇل بارلىققا كەلدى. 1956 ـ يىلى خۇسۇسىي سودا ـ سانائەتكە سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈش ئاياغلاشقاندىن كېيىن، ناھىيە بازىرىدىكى ئۈچ خۇسۇسىي ئاشخانا بىرلەشتۈرۈلۈپ، بىر مىللىي ئاشخانا قۇرۇلدى، ئاشخانىدا 23 نەپەر ئىشچى ـ خىزمەتچى بار ئىدى؛ تۆت ناۋايخانا بىرلەشتۈرۈلۈپ بىر ناۋايخانا قۇرۇلدى، ناۋايخانىدا 13نەپەر ئىشچى ـ خىزمەتچى بار ئىدى، ئۇلارنى تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپى باشقۇراتتى. 1957 ـ يىلى تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپىنىڭ خەنزۇ ئاشخانىسى قۇرۇلدى، ئۇنىڭدا بەش نەپەر ئىشچى ـ خىزمەتچى بار ئىدى. ناھىيە بويىچە 13 يېمەك ـ ئىچمەك دۇكىنى بولۇپ،

41 نەپەر ئىشچى - خىزمەتچى بار ئىدى. 1965 - يىلى ناھىيە بويىچە ھۆكۈمەت ئىگىلىكىدىكى يېمەك - ئىچمەك دۇكىنى 16 گە، ئىشچى - خىزمەتچىسى 36 نەپەرگە، يېمەك - ئىچمەك كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان يەككە تىجارەتچىلەرنىڭ دۇكىنى 21 گە، خادىمى 25 نەپەرگە يەتكەنىدى. 1980 - يىلى ھۆكۈمەت ئىگىلىكىدىكى يېمەك - ئىچمەك دۇكىنى 19 غا، ئىشچى - خىزمەتچىسى 112 نەپەرگە، يەككە يېمەك - ئىچمەك دۇكىنى ئونغا، خادىمى 15 نەپەرگە يەتتى. 1984 - يىلى ھۆكۈمەت ئىگىلىكىدىكى يېمەك - ئىچمەك دۇكىنى 34 كە، ئىشچى - خىزمەتچىسى 61 نەپەرگە، يەككە يېمەك - ئىچمەك دۇكىنى 251 گە، خادىمى 489 نەپەرگە يەتتى.

سېتىلىدىغان يېمەكلىك تۈرلىرى مىللىي ئاشخانىدا، ئاساسەن، پولو، لەغمەن، سۈيۇقئاش، بولاق مانتا، سامسا، پېتىر مانتا، يۇتازا قاتارلىقلار بار ئىدى. قورۇمىلار، كۆپىنچە، كالا، قوي گۆشىدە قورۇلاتتى. پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن ئىلگىرى، ئاساسىي قاتلام تەمىنات - سودا كوپىراتىپ ئاشخانىلىرى يۇقىرىدىكى ئاساسىي ۋە قوشۇمچە يېمەكلىك تىجارىتى بىلەن شۇغۇللانغاندىن باشقا يەنە زاغرا نېنى، ئۆتياش شورپىسى قاتارلىقلارنى ساتاتتى.

خەنزۇ ئاشخانىسىنىڭ ئاساسىي يېمەكلىكلىرى ھورنان، ئاقئاش، گاڭپەن، پىلتە قۇيماق (1964 - يىلدىن باشلاپ ئېتىلگەن)، ياغلىق قاتلىما قاتارلىقلار ئىدى. قورۇمىلىرى 20 خىلدىن ئاشاتتى. سوغۇق سەيلەر كۆپ ئەمەس ئىدى، ئىستېمالچىلار، كۆپ بولغاندا، بىر خىلدىن تۆت خىلغىچە قورۇما بۇيرۇتاتتى. 1984 - يىلدىن كېيىن، خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنىڭ ئۆسۈشىگە ئەگىشىپ، ئاشخانىلاردا گۆش، بېلىق، توخۇ - ئۆردەك، دورا - دەرمانلار بىلەن تەييارلانغان، ياغدا پىشۇرۇلغان يېمەكلىكلەر ۋە قورۇمىلار تولۇق بولۇپ، تۈرى 150 تىن ئاشتى، زىياپەتلەرنى ھۆددە ئېلىش كەسپى يولغا قويۇلدى، ئادەتتە ھەر بىر شىرەگە قويۇلىدىغان قورۇما ۋە سوغۇق سەيلەرنىڭ تۈرى 16 دىن 20 گىچە بولدى. 1986 - يىلدىن كېيىن ئارقا - ئارقىدىن تىجارەت باشلىغان «پەرىشتىلەر راۋىقى ئاشخانىسى»، «سېرىق تۈرنا راۋىقى ئاشخانىسى»، «مول ھوسۇل ئاشخانىسى» بىر قېتىمدا ئالتىدىن 12 شىرەلىككىچە بولغان زىياپەتلەرنى ئۈستىگە ئالالايدىغان بولدى. تەملىك، قولايلىق يېمەكلىكلەردىن زىخ كاۋىپى، سامسا، ياغلىق توقاچ، لەڭپۇڭ قاتارلىقلار بار بولدى.

ئىقتىسادىي ئۈنۈمى 1972 - يىلى ناھىيە بازىرىدىكى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ئاشخانا (مىللىي، خەنزۇ ئاشخانا) دا 43 نەپەر ئىشچى - خىزمەتچى بولۇپ، يىللىق تىجارەت سوممىسى 189 مىڭ 600 يۈەن، ئومۇمىي پايدا نىسبىتى %42.2، خىراجەت نىسبىتى %32.2، ئومۇمىي پايدا سوممىسى 13 مىڭ 300 يۈەن بولغانىدى. 1978 - يىلى يىللىق تىجارەت سوممىسى 277 مىڭ 200 يۈەن، ئومۇمىي پايدا سوممىسى 121 مىڭ يۈەن، ساپ پايدا نىسبىتى %43.7، خىراجەت نىسبىتى %30.9، ئومۇمىي پايدا سوممىسى 14 مىڭ 100 يۈەن بولدى.

1980 - يىلدىن كېيىن، يېمەك - ئىچمەك كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان يەككە تىجارەتچىلەر يىلدىن - يىلغا كۆپىيىپ، دۆلەت ۋە كوللېكتىپ ئىگىلىكىدىكى يېمەك - ئىچمەك تىجارىتى سوممىسى يىلدىن - يىلغا تۆۋەنلەپ كەتتى. 1981 - يىلى مىللىي، خەنزۇ ئاشخانىسىنىڭ تىجارەت سوممىسى 221 مىڭ 300 يۈەنگە، تارتقان زىيىنى 2000 يۈەنگە يەتكەنىدى. 1983 - يىلى تىجارەت سوممىسى تۆۋەنلەپ 133 مىڭ يۈەنگە چۈشۈپ قالدى، تارتقان زىيىنى 4000 يۈەنگە يەتتى. 1987 - يىلى تىجارەت سوممىسى 126 مىڭ 400 يۈەنگە، تارتقان زىيىنى 7000 يۈەنگە

يەتتى. 1988 - يىلى ئىگىلىك باشقۇرۇش خىزمىتى كۈچەيتىلىپ، شۇ يىللىق تىجارەت سوممىسى 121 مىڭ يۈەنگە يەتكۈزۈلدى، زىيانمۇ، پايدىمۇ كۆرۈلمىدى.

ئاسسىي قاتلام تەمىنات - سودا كوپېراتىپلىرىنىڭ يېمەك - ئىچمەك كەسپى بويىچە 1957 - يىللىق تىجارەت سوممىسى 44 مىڭ يۈەن، ئومۇمىي پايدا سوممىسى 4800 يۈەن بولغانىدى. 1960 - يىللىق تىجارەت سوممىسى 58 مىڭ يۈەن، پايدىسى 6000 يۈەن بولدى. 1988 - يىللىق تىجارەت سوممىسى 29 مىڭ يۈەن، پايدىسى 5000 يۈەن بولدى.

يېمەك - ئىچمەك كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان يەككە تىجارەتچىلەر سەككىز سائەتلىك تىجارەت ۋاقتى بىلەن چەكلىنىپ قالمىغانلىقى، مۇلازىمەت پوزىتسىيىسى ياخشى بولغانلىقى، تاماق - قورۇمىلىرىنىڭ تۈرى كۆپ بولغانلىقى ئۈچۈن، ئومۇمەن، ئۇلارنىڭ تىجارەت ئەھۋالى ياخشىراق بولدى. 1984 - يىلى يېمەك - ئىچمەك كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان يەككە تىجارەتچىلەرنىڭ قولىدىكى مەبلىغى 65 مىڭ يۈەن، يىللىق تىجارەت سوممىسى 200 مىڭ يۈەن، پايدىسى 50 مىڭ يۈەن بولغانىدى. 1988 - يىلى قولىدىكى مەبلىغى 80 مىڭ يۈەنگە، تىجارەت سوممىسى 2 مىليون 940 مىڭ يۈەنگە، پايدىسى 290 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

ناھىيە بويىچە 1954 - يىلدىن 1985 - يىلغىچە يېمەك - ئىچمەك كەسپى بويىچە يېمەكلىكلەرنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىس 11 مىليون 530 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن يىلىغا 360 مىڭ يۈەندىن توغرا كەلدى.

## 2 . مۇلازىمەتچىلىك

1) **مېھمانخانا** جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلۇش ھارپىسىدىن 1965 - يىلغىچە ناھىيە بويىچە بىرمۇ مېھمانخانا يوق ئىدى. 1966 - يىلى ناھىيە بازىرىدا بىر مۇلازىمەت بىناسى (خەلق ھۆكۈمىتىگە بىۋاسىتە قارايتتى) سېلىندى، ئۇنىڭدا 96 كارىۋات، سەككىز نەپەر مۇلازىمەتچى بار ئىدى. 1984 - يىلى دۆلەت ۋە كوللېكتىپ ئىگىلىكىدىكى مېھمانخانا بەشكە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ناھىيە بازىرىدىكىسى تۆت، نېفىت بازىسىدىكىسى بىر، مۇلازىمەتچىسى 15 نەپەر، كارىۋات 240؛ 1988 - يىلى دۆلەت ۋە كوللېكتىپ ئىگىلىكىدىكى مېھمانخانا ۋە ساراي ئالتىگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ناھىيە بازىرىدىكىسى تۆت، نېفىت بازىسىدىكىسى ئىككى، مۇلازىمەتچىسى 23 نەپەر. بۇنىڭدىن باشقا، خۇسۇسىيلار ئىگىلىكىدىكى سارايدىن ئالتىسى بار بولۇپ، ئۇلاردا 150 كارىۋات، 23 نەپەر مۇلازىمەتچى بار، ئۇلارنىڭ يىللىق تىجارەت سوممىسى 164 مىڭ يۈەنگە يېتىدۇ.

2) **ساتىراشلىق** 1949 - يىلدىن 1950 - يىلغىچە ناھىيە بازىرىدا بەش ساتىراشلىق يايما دۇكىنى، بەش نەپەر ساتىراش بار ئىدى. 1956 - يىلى ناھىيىلىك تەمىنات - سودا كوپېراتىپى بىر مىللىي ساتىراشخانا قۇردى، ئۇنىڭدا تۆت نەپەر ئىشچى - خىزمەتچى بار ئىدى. 1958 - يىلى بۇ ساتىراشخانا دۆلەت ئىگىلىكىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى، ئىشچى - خىزمەتچىسى بەش نەپەرگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە بىر خەنزۇ ساتىراش ئۇستا بار ئىدى. 1960 - يىلى مىللىي، خەنزۇ ساتىراشخانا دەپ ئىككىگە ئايرىلدى، مىللىي ساتىراشخانىدا بەش نەپەر ئىشچى - خىزمەتچى، خەنزۇ ساتىراشخانىدا تۆت نەپەر ئىشچى - خىزمەتچى ئىشلەيدىغان بولدى. خۇسۇسىي ساتىراش يەتتە نەپەرگە يەتتى.

1988 - يىلى ناھىيە بازىرىدا دۆلەت ئىگىلىكىدىكى مىللىي ساتىراشخانىدىن بىرى، ئىشچى - خىزمەتچىدىن تۆتى قالدى. خەنزۇ ساتىراشخانا 1987 - يىلى تىجارەتنى توختاتتى. ناھىيە بويىچە

خوسوسىي ساتىراشخانا 42 گە، خادىمى 65 نەپەرگە، يىللىق تىجارەت سوممىسى 90 مىڭ يۇەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە بازاردىكىسى 18، خادىمى 34 نەپەر، يېزا بازارلىرىدىكىسى 24، خادىمى 31 نەپەر.

1958 - يىلدىن ئىلگىرى، ساتىراشلارنىڭ تېخنىكا سەۋىيىسى تۆۋەن بولغاچقا، ئەرلەرنىڭ چاچ پاسونى جەھەتتە بۆلۈنمە چاچ، تۈز چاچ دېگەن ئىككىلا شەكىل بار ئىدى. ئاياللارنىڭ چېچىنى ياساش كەسپى يولغا قويۇلمىغانىدى.

1982 - يىلدىن كېيىن، ناھىيە تەۋەسىگە سىرتتىن كەلگەن يەككە ساتىراش ئۇستىلار كۆندىن - كۈنگە كۆپەيدى. نەتىجىدە يېڭىچە چاچ پاسونلىرى، يەنى شامالدىتىپ قۇرۇتۇش، سوغۇق بۇدرە قىلىش، توكتا بۇدرە قىلىش قاتارلىق يېڭىچە ئۇسۇللار بارلىققا كەلدى. ئاياللارنىڭ چاچ پاسونى ئۇزۇن چاچ ۋە قىسقا چاچ دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ. ئۇزۇن چاچ پاسونى جەھەتتە مۆرىنى يېپىپ تۇرىدىغان چاچ پاسونى، موگۇسىمان پاسون، دولقۇنسىمان پاسون، ئوقۇغۇچىلار پاسونى، تەبىئىي پاسون، شارقىراتماسىمان پاسون، مودا پاسون (ئادەتتە سىم شەكىللىك دەپ ئاتىلىدۇ) قاتارلىقلار بار؛ قىسقا چاچ پاسونى جەھەتتە، ياشلار پاسونى، ئوقۇغۇچىلار پاسونى، چوڭ دولقۇنسىمان پاسون، تەنھەرىكەتچىلەر پاسونى، بوستانسىمان پاسون، ئۇزۇمسىمان پاسون، گۈلسىمان پاسون، گۈللىسىمان پاسۇن، پوجاڭزىسىمان پاسون، ئۆرىمە پاسون، ئۈچار تەخسە شەكىللىك پاسون قاتارلىقلار بار.

ئەرلەرنىڭ چاچ پاسونى ئادەتتىكى تۈز پاسون، بۆلۈنمە پاسون، يۇدمە پاسوندىن باشقا، ئادەتتە ياشلارنىڭ چاچ پاسونى ياشلار پاسونى، چولپانسىمان پاسون، پوجاڭزىسىمان پاسون، چاچراتمىسىمان پاسون، دولقۇنسىمان پاسون ۋە تەبىئىي پاسون قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

3) **سۈرەتچىلىك** 1959 - يىلى ناھىيە بازىرىدا دۆلەت ئىگىلىكىدىكى بىر سۈرەتخانا، بىر نەپەر سۈرەت تارتقۇچى بار ئىدى. 1985 - يىلى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سۈرەتخانىدىن بىرى، كوللېكتىپ ئىگىلىكىدىكى سۈرەتخانىدىن بىرى، ئاساسىي قاتلام تەمىنات - سودا كوپېراتىپى يېزا بازىرىدا قۇرغان سۈرەتخانىدىن ئىككىسى بار بولدى.

1988 - يىلى ناھىيە بازىرىدا كوللېكتىپ باشقۇرغان سۈرەتخانا ئىككىگە، ئىشچى - خىزمەتچىسى تۆتكە، تەمىنات - سودا كوپېراتىپى يېزا بازىرىدا قۇرغان سۈرەتخانا بىرگە، ناھىيە بويىچە خوسوسىيلار ئىگىلىكىدىكى سۈرەتخانا ئۈچكە، خادىمى بەش نەپەرگە، جۈملىدىن بازاردىكىسى ئىككىگە يەتتى.

1987 - يىلدىن ئىلگىرى تارتىلغان سۈرەتلەر پۈتۈنلەي رەڭسىز ئىدى. 1987 - يىلدىن كېيىن، 2 - يېڭى سانائەت ئىدارىسىنىڭ سۈرەتخانىسى، مەدەنىيەت يۇرتىنىڭ سۈرەتخانىسى رەڭلىك سۈرەت تارتىش، كۆپەيتىش كەسپىنى باشلىدى.

4) **رېمونتچىلىق** 1965 - يىلى ناھىيە بازىرىدا يەككە ئىگىلىكتىكى رېمونتخانىدىن بىرى بار ئىدى. 1984 - يىلى كوللېكتىپ ئىگىلىكىدىكى رېمونتخانا ئىككىگە، ئىشچى - خىزمەتچىسى تۆت نەپەرگە؛ خوسوسىيلار ئىگىلىكىدىكى رېمونتخانا 60 قا، رېمونتچى 88 نەپەرگە، ئۇلارنىڭ يىللىق تىجارەت سوممىسى 43 مىڭ يۇەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە ناھىيە بازىرىدىكى رېمونتخانا 28، خادىمى 35 نەپەر، يېزا بازىرىدىكى رېمونتخانا 32، خادىمى 29.

1988 - يىلى كوللېكتىپ ئىگىلىكىدىكى رېمونتخانىدىن بىرى، ئىشچى - خىزمەتچىدىن بىرى بار بولدى. يەككە رېمونتخانا 103 كە، خادىمى 148 نەپەرگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە بازاردىكى

رېمونتخانا 47، خادىمى 80 نەپەر؛ يېزا بازاردىكى رېمونتخانا 56، خادىمى 68 نەپەر، ئولارنىڭ ئۆزىدە بار مەبلىغى 60 مىڭ يۈەنگە، يىللىق تىجارەت سوممىسى 260 مىڭ يۈەنگە يەتتى. كەسىپلەر بويىچە ئايرىغاندا، ئىشلەپچىقىرىش خاراكتېرىدىكى رېمونتخانا 12 گە، خادىمى 22 نەپەرگە، يىللىق تىجارەت سوممىسى 10 مىڭ يۈەنگە؛ ئائىلە ئېلېكتر سايمانلىرى رېمونتخانىسى 19غا، خادىمى 33 نەپەرگە، يىللىق تىجارەت سوممىسى 40 مىڭ يۈەنگە، سائەت رېمونتخانىسى 13 كە، خادىمى 15 نەپەرگە، تىجارەت سوممىسى 30 مىڭ يۈەنگە، ۋېلسىپىت رېمونتخانىسى 59 غا، خادىمى 79 نەپەرگە، تىجارەت سوممىسى 150 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

## § 8. ئاپپاراتلارنىڭ تەرەققىيات جەريانى

### 1. دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سودا ئاپپاراتلىرى

1950 - يىلى 11 - ئاينىڭ 23 - كۈنى يەكەن ۋىلايەتلىك سودا شىركىتى قوشراپتىن بۆ ناھىيىگە بىر سېتىۋېلىش گۇرۇپپىسى يۆتكەپ كېلىپ، چارۋا مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋالدى ۋە سودا ماگىزىنى قۇرۇشقا تەييارلىق قىلدى. 1951 - يىلى 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنى يەكەن ۋىلايەتلىك شۆبە سودا شىركىتىنىڭ پوسكام ناھىيىلىك سودا ماگىزىنى قۇرۇلدى. 1955 - يىلى ناھىيىلىك سودا ماگىزىنى ئاساسىدا پوسكام ناھىيىلىك تارماق سودا شىركىتى قۇرۇلدى. 1958 - يىلى 4 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ناھىيىلىك خەلق كومىتېتىنىڭ سودا - سانائەت بۆلۈمى بىلەن تارماق سودا شىركىتى بىرلەشتۈرۈلۈپ، پوسكام ناھىيىلىك سودا ئىدارىسى قۇرۇلدى. 1958 - يىلى 6 - ئايدا ناھىيىلىك تەمىنات - سودا كوپېراتىپى، چارۋا مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋېلىش ئورنى، 1 - رايونلۇق تەمىنات - سودا بىرلەشمە كوپېراتىپى سودا ئىدارىسىغا قوشۇۋېتىلدى، ئۇنىڭ قارىمىقىدا كاتىبات، بوغالتېرلىق - ستاتىستىكا، كەسپىي يېتەكچىلىك، سودا - سانائەتكە ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈش بۆلۈمچىلىرى تەسىس قىلىندى؛ سانائەت بۇيۇملىرى بۆلۈمى، دېھقانچىلىق قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرى بۆلۈمى، چارۋا مەھسۇلاتلىرى بۆلۈمى مەزكۇر ئىدارىغا قارايدىغان بولدى. 1962 - يىلى 1 - ئايدا ناھىيىلىك تەمىنات - سودا كوپېراتىپى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى.

1962 - يىلى 11 - ئايدا سودا ئىدارىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، تۇرلۇك ماللار شىركىتى، يېمەكلىك شىركىتى ۋە توقۇلما بۇيۇملار ماگىزىنى قۇرۇلدى، ناھىيىلىك خەلق كومىتېتىنىڭ سودا - سانائەت بۆلۈمى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى.

1964 - يىلى 2 - ئايدا تۇرلۇك ماللار شىركىتى بىلەن يېمەكلىك شىركىتى قوشۇۋېتىلىپ، سودا شىركىتى قۇرۇلدى.

1964 - يىلى 3 - ئايدا ناھىيىلىك سودا ئىدارىسى ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ، ناھىيىلىك خەلق كومىتېتىنىڭ سودا - سانائەت بۆلۈمى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى، سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش خىزمىتى يېڭىدىن تەسىس قىلىنغان مالىيە، ئىقتىساد، پىلان كومىتېتىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى.

1966 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا سودا ئىدارىسىنىڭ مەمۇرىي ئورگىنى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» تۈپەيلىدىن پالەچ ھالەتكە چۈشۈپ قالدى.

1970 - يىلى 10 - ئايدا سودا ئىدارىسى قۇرۇلدى، ئۇنىڭ قارىمىقىدا سودا شىركىتى، يېمەكلىك شىركىتى، پاختا - چىگە بۆلۈمى، يەرلىك مەھسۇلاتلار بۆلۈمى تەسىس قىلىندى. 1976 - يىلى 8 - ئايدا تەمىنات - سودا كوپېراتىپى بىلەن سودا ئىدارىسى ئايرىلدى. 1984 - يىلى سودا

شىركىتى، يېمەكلىك شىركىتى، نېفىت شىركىتى، مېتال بۇيۇملار شىركىتى ۋە نېفىت بازىسى كان رايونلۇق سودا شىركىتى سودا ئىدارىسىغا قارايدىغان بولدى.

### 2. تەمىنات - سودا كوپىراتىپى ئاپپاراتى

بۇ ئاپپارات 1952 - يىلىنىڭ بېشىدا قۇرۇلغان، ئۇ چاغدا ئۇنىڭ ئىككى نەپەر ئىشچى - خىزمەتچىسى بار ئىدى. 1953 - يىلى يىما، گۇلباغدىن ئىبارەت ئىككى ئاساسىي قاتلام تەمىنات - سودا كوپىراتىپى، 1955 - يىلى پوسكام، ئىككىسۇ، كۆيباغ تەمىنات - سودا كوپىراتىپلىرى، شۇ يىلى ناھىيىلىك تەمىنات - سودا بىرلەشمە كوپىراتىپى قۇرۇلدى.

1958 - يىل 6 - ئايدا تەمىنات - سودا بىرلەشمە كوپىراتىپى ناھىيىلىك سودا ئىدارىسىغا قوشۇۋېتىلدى.

1962 - يىل 1 - ئايدا ناھىيىلىك تەمىنات - سودا بىرلەشمە كوپىراتىپى ۋە ئۇنىڭ قارىمىقىدىكى كوپىراتىپلار ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ، يېڭىدىن سەيلى، تۇغچى، ئاقتام، ئايكۆلدىن ئىبارەت تۆت ئاساسىي قاتلام كوپىراتىپى قۇرۇلدى. ناھىيىلىك كوپىراتىپ قارىمىقىدا كاتىبات، بوغالتېرلىق - ستاتىستىكا بۆلۈمچىلىرى، كەسپىي بۆلۈمچە تەسىس قىلىنىدى ھەمدە كوپىراتىپقا يەرلىك مەھسۇلات بۆلۈمى، پاختا - چىگە بۆلۈمى قارايدىغان بولدى.

1970 - يىلى تەمىنات - سودا كوپىراتىپى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، يەنە سودا ئىدارىسىغا قوشۇۋېتىلدى.

1976 - يىل 8 - ئايدا تەمىنات - سودا كوپىراتىپى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى، ئۇنىڭغا يەرلىك مەھسۇلات شىركىتى ۋە پاختا - چىگە شىركىتى قارايدىغان بولدى.

1984 - يىل 5 - ئايدا تەمىنات - سودا بىرلەشمە كوپىراتىپى قۇرۇلدى، ئۇنىڭغا توققۇز ئاساسىي قاتلام تەمىنات - سودا كوپىراتىپى ۋە پاختا - چىگە شىركىتى، يەرلىك مەھسۇلات شىركىتى، ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرى شىركىتى قارايدىغان بولدى.

ناھىيە بويىچە تەمىنات - سودا سىستېمىسىدىكى سېتىۋېلىش ۋە سېتىش ماگىزىنى 35 كە، كەنتلەردىكى سېتىش نۇقتىلىرى 24 كە، ۋەكالىتەن سېتىۋېلىش، ۋەكالىتەن سېتىش نۇقتىسى 57 گە، سەييارە سېتىش گۇرۇپپىسى 38 گە، يېمەك - ئىچمەك مۇلازىمەت تور - نۇقتىسى 47 گە، ئۇلارنىڭ ئىشچى - خىزمەتچىسى 456 نەپەرگە يەتتى.

# باب X Ⅳ

# ئاشلىق

## § 1 . ئاشلىق، ياغ سېتىۋېلىش ۋە سېتىش

### 1 . مىنگو دەۋرىدىكى ئاشلىق، ياغ سېتىۋېلىش ۋە سېتىش

مىنگو دەۋرىدە ناھىيىدىكى بازارلاردا ئاشلىق، ياغ بازىرى بار ئىدى، دېھقانلار مالىنى مالغا ئالماشتۇرغاندىن باشقا، يەنە ئاز ساندىكى ئاشلىق سودىگەرلىرى ئاشلىق، ياغ سودىسى بىلەن

شۇغۇللىناتتى، ئۇلار يېڭى ئاشلىق بازارغا كىرگەن پەسىلدە دېھقانلارنىڭ ئاشلىقىنى تۆۋەن باھادا، كىچىك نارازىدا سېتىۋېلىپ بېسىۋېلىپ، سېرىقتال مەزگىلدە باھانى ئۆستۈرۈپ سېتىپ، ناھايىتى كۆپ پايدا ئالاتتى. بەزى رەستە ئاقساقاللىرى ئاشلىق سودىسىدىن ئىبارەت بۇ چوڭ ھوقۇقنى چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋېلىپ، دېھقانلارغا زىيان سالاتتى. ئاشلىق باھاسى بىلەن سانائەت بۇيۇملىرى باھاسى ئوتتۇرىسىدىكى پەرق ناھايىتى زور ئىدى، مەسىلەن، 1947 - يىل 3 - ئايدا بىر چارەك (16 جىڭ) بۇغدايغا ئاران ئون قاپ سەرەڭگە تېگىشكىلى بولاتتى.

## 2 . جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى دەۋرىدىكى ئاشلىق، ياغ سېتىۋېلىش ۋە سېتىش

1) ئاشلىق سېتىۋېلىش جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئاشلىق تارماقلىرى ئاشلىقنىڭ باھاسىنى مۇقىملاشتۇرۇپ، ھەربىي ۋە خەلقنىڭ ئىستېمالىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، 1953 - يىل 7 - ئايدىن ئېتىبارەن، بازاردىن ئاشلىق سېتىۋېلىشقا باشلىدى. ئۇ چاغلاردا بەزى ئاشلىق سودىگەرلىرى يېزىلارغا بېرىپ ئاشلىقنى يۇقىرى باھادا سېتىۋالغاچقا، بىر قىسىم دېھقانلار ئېشىنچە ئاشلىقنى دۆلەتكە سېتىپ بېرىشكە كۆزى قىيماي، باھانىڭ ئۆرلىشىگە قاراپ تۇردى، نەتىجىدە بازاردا ئاشلىق قەھەتچىلىكى يۈز بەردى. 1953 - يىل 10 - ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى شىنجاڭ شۆبە بيۇروسى شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى ناھىيىلىرىگە 12 - ئايدا پۈتۈن پارتىيە ھەرىكەتكە كېلىپ، ئومۇمخەلق قول تەۋرىتىپ، پۈتۈن كۈچ بىلەن ئاتلىنىپ، ئاشلىق تارماقلىرىنىڭ ئاشلىق سېتىۋېلىشىغا ياردەملىشىپ، ئاشلىق بازىرىنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش توغرىسىدا يوليورۇق بەردى. بۇ خىزمەتنى ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن، ناھىيىدە ئاشلىق سېتىۋېلىش - سېتىش ئىشخانىسى قۇرۇلدى ھەمدە 12 - ئاينىڭ 23 - كۈنى ناھىيە، رايون، يېزىدىن ئىبارەت ئۈچ دەرىجىلىك كادىرلار يىغىنى چاقىرىلىپ، ئاشلىقنى بىر تۇتاش سېتىۋېلىش ۋە بىر تۇتاش سېتىش سىياسىتى تەشۋىق قىلىندى ۋە ئىزچىللاشتۇرۇلدى. ناھىيىلىك پارتكوم 23 نەپەر كادىر ئاجرىتىپ، 12 خىزمەت گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ، ئۇلارنى يېزىلارغا ئەۋەتىپ، سىياسەتنى تەشۋىق قىلدى ۋە ئاشلىق سېتىۋالدى. ناھىيىنىڭ ھاكىمى مۇسا چاۋار بازاردا كۆپ قېتىم ئاممىغا ئاشلىقنى بىر تۇتاش سېتىۋېلىش، بىر تۇتاش سېتىش سىياسىتىنى تەشۋىق قىلدى. ناھىيىلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى ساڭ باۋخې نەگىلا بارسا شۇ يەردە سىياسەت سۆزلىدى. ناھىيە رەھبەرلىرىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، رايون، يېزا كادىرلىرى بىلەن خىزمەت گۇرۇپپىسى بىرلىكتە ئامما ئارىسىغا بېرىپ، چوڭ يىغىنلاردا چۈشەندۈرۈپ، كىچىك يىغىنلاردا سۆھبەتلىشىپ، ئاممىغا ئاشلىقنى بىر تۇتاش سېتىۋېلىش، بىر تۇتاش سېتىشنىڭ ئاشلىق بازارلىرىنى مۇقىملاشتۇرۇشتىكى ئەھمىيىتىنى تونۇتۇپ، ئۇلارنىڭ كاللىسىدىكى غەم - ئەندىشىلەرنى تۈگىتىپ، ناھىيە بويىچە ۋەتەنپەرۋەرلىك ئاشلىقى تاپشۇرۇش دولقۇنىنى قوزغىۋەتتى. 1953 - يىلى ناھىيە بويىچە سېتىۋېلىنغان ئاشلىق 3 مىليون 795 مىڭ كىلوگرامغا يەتتى، ئېشىنچە ئاشلىقنى سېتىپ بەرگەن ئائىلە يېزىلاردىكى ئومۇمىي ئائىلىنىڭ 58.8 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى.

1955 - يىلى ئاشلىق ۋەزىيىتىنى يەنىمۇ تۇراقلاشتۇرۇپ، دېھقانلارنىڭ ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشىنى راۋاجلاندۇرۇشىغا ئىلھام بېرىش ئۈچۈن، يېزىلاردا ئاشلىقتا «ئۈچنى

بېكىتىش» (مەھسۇلاتنى، سېتىۋېلىشنى، سېتىشنى بېكىتىش) يولغا قويۇلدى. شۇ يىلى 5 مىليون 210 مىڭ كىلوگرام ئاشلىق سېتىۋېلىندى.

1957 - يىل 10 - ئايدا گوۋۇيۈەن ئاشلىقنى بىر تۇتاش سېتىۋېلىش، بىر تۇتاش سېتىش توغرىسىدا قوشۇمچە بەلگىلىمە ئېلان قىلىپ، يېزىلاردىن ئاشلىق سېتىۋېلىش داۋامىدا «ئۈچنى بېكىتىش»نى يولغا قويۇش بىلەن بىر تۇتاش سېتىۋېلىش، بىر تۇتاش سېتىشنى بىرلەشتۈرۈپ، ئاشلىقنى ھەددىدىن ئارتۇق سېتىۋېلىشتىن ساقلىنىشنى تەلەپ قىلدى. شۇ يىلى 5 مىليون 205 مىڭ كىلوگرام ئاشلىق سېتىۋېلىندى.

1958 - يىلى ئاشلىق تارماقلىرى «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش» ۋەزىيىتىگە ئۇيغۇنلىشىش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن سېتىۋېلىپ، ئاندىن گۆشكۈچي ئەزالىرىنىڭ ئوزۇقلۇق ئاشلىقىنى ئورۇنلاشتۇرۇش چارىسىنى يولغا قويۇپ، بىر يىلدا 8 مىليون 610 مىڭ كىلوگرام ئاشلىق سېتىۋالدى، ئاشلىق ھەددىدىن ئارتۇق سېتىۋېلىنغانلىقتىن، قىسمەن گۆشكۈچي ئەترەتلىرىنىڭ ئاشلىقى ئېغىر دەرىجىدە كەملىدى، ئەڭ گەۋدىلىك بولغىنى شۇكى، «شەرق شاملى» گۆشكۈچېسى (ھازىرقى ئايكۆل يېزىسى) دا گۆشكۈچي بويىچە پەقەت تۆتلا يېزا ئىگىلىك كوپىراتىپىدا ئوزۇقلۇق ئاشلىق قالدۇرۇلغاندىن باشقا، قالغان يېزا ئىگىلىك كوپىراتىپلىرىنىڭ ئاشلىقى بىر دەك كەملىدى. 1959 - يىلى يەنە ئاشۇرۇپ سېتىۋېلىش سىياسىتى داۋاملىق يولغا قويۇلۇپ، 9 مىليون 500 مىڭ كىلوگرام ئاشلىق سېتىۋېلىندى. ياندۇرقى يىلى ئەتىيازدا، دېھقانلارغا 4 مىليون 5000 كىلوگرام ئاشلىق قايتۇرۇپ سېتىپ بېرىلدى. 1960 - ۋە 1961 - يىللىرى سېتىۋېلىنغان ئاشلىق گەرچە ئازىيىپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن يېزىلاردا جامائەت ئاشخانىسى تۇزۇمى (1961- يىل 4 - ئايدا تارقىتىۋېتىلدى) يولغا قويۇلۇپ، ئاشلىق ئېغىر دەرىجىدە ئىسراپ بولۇپ كەتتى، بۇ ئىككى يىلدا جەمئىي 7 مىليون 530 مىڭ كىلوگرام ئاشلىق قايتۇرۇپ سېتىپ بېرىلدى.

1965 - يىلدىن ئېتىبارەن دۆلەت ئاشلىق سېتىۋېلىشتا «بىر بېكىتىپ ئۈچ يىلغىچە ئۆزگەرتمەسلىك» سىياسىتىنى يولغا قويدى. ناھىيىنىڭ ئاشلىق سېتىۋېلىش توپ كۆرسەتكۈچى 1 مىليون كىلوگرام قىلىپ بېكىتىلدى، بۇ سىياسەت ئۇدا ئالتە يىل ئىجرا قىلىندى، ئاشلىقنى ھەددىدىن ئارتۇق سېتىۋېلىش ئەھۋالى ئاساسەن كۆرۈلمىدى. 1971 - يىل 8 - ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى ئاشلىقنى «بىر بېكىتىپ بەش يىلغىچە ئۆزگەرتمەسلىك»نى قارار قىلدى. ناھىيىنىڭ ئاشلىق سېتىۋېلىش توپ كۆرسەتكۈچى 1 مىليون 100 مىڭ كىلوگرام قىلىپ بېكىتىلىپ، ئاشۇرۇلغان قىسمىنىڭ باھاسى %50 ئۆستۈرۈلدى.

1979 - يىلى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ئاشلىق سېتىۋېلىش كۆرسەتكۈچىنى 1971 - يىلدىن 1975 - يىلغىچە بولغان «بىر بېكىتىپ بەش يىلغىچە ئۆزگەرتمەسلىك» ئاساسىدا داۋاملىق مۇقىملاشتۇرۇشنى تەلەپ قىلدى. سانائەت، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى ئالماشتۇرۇش جەھەتتىكى باھا پەرقىنى كېچىكلىتىش ئۈچۈن، ئاشلىقنىڭ باھاسى 1979 - يىلى يازلىق ئاشلىق بازارغا كىرگەن كۈندىن باشلاپ %20 ئۆستۈرۈلدى، ئاشقان قىسمىغا مۇشۇ ئاساستا يەنە %50 باھا قوشۇپ بېرىلدى. بۇ سىياسەت يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، دېھقانلارنىڭ كىرىمى كۆرۈنەرلىك كۆپەيدى، لېكىن دۆلەت تاۋار ئاشلىق بىلەن تەمىنلەشتە يەنىلا تاختاي باھاسىنى يولغا قويدى. 1984 - يىلى ناھىيە بويىچە 11 مىليون 23 مىڭ كىلوگرام ئاشلىق سېتىۋېلىندى. دېمەك، بۇ يىل جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، بۇ ناھىيىنىڭ ئاشلىقتا دۆلەتكە قوشقان تۆھپىسى ئەڭ كۆپ بولغان بىر يىل بولدى.

**پوسكام ناھىيىسىنىڭ ئىلگىرىكى يىللاردىكى ئاشلىق، ياغلىق دان سېتىۋېلىش ئەھۋالى**

2 ـ 14 ـ 1 ـ جەدۋەل

بىرلىكى: 5000 كىلوگرام

| يىللار | ئاشلىق | | ياغ | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | جەمئىي | بۇنىڭ ئىچىدە: بۇغداي | ئومۇمىي ياغ | جەمئىي ياغلىق دان | زىغىر | چىگىت | باشقىلار |
| 1953 | 759 | 23 | | | | | |
| 1954 | 732 | 1 | | | | | |
| 1955 | 1044 | 1 | | | | | |
| 1956 | 1068 | 565 | | | | | |
| 1957 | 1041 | 465 | | | | | |
| 1958 | 1722 | 602 | 408 | 127 | 126 | 1 | 5 |
| 1959 | 1900 | 961 | 64.6 | 182 | 182 | | |
| 1960 | 1540 | 966 | 40.8 | 130 | 129 | | 1 |
| 1961 | 1438 | 851 | 37.6 | 121 | 118 | | 3 |
| 1962 | 1620 | 715 | 31.9 | 105 | 102 | | 3 |
| 1963 | 1671 | 864 | 23.5 | 104 | 61 | 42 | 1 |
| 1964 | 1488 | 796 | 24 | 96 | 65 | 30 | 1 |
| 1965 | 1309 | 1091 | 27.6 | 80 | 76 | 3 | 1 |
| 1966 | 1478 | 933 | 49.2 | 245 | 80 | 164 | 1 |
| 1967 | 1457 | 986 | 37.8 | 205 | 45 | 157 | 3 |
| 1968 | 1081 | 672 | 12.9 | 43 | 39 | | 4 |
| 1969 | 1371 | 771 | 16 | 54 | 47 | | 7 |
| 1970 | 1589 | 855 | 18 | 75 | 48 | 24 | 3 |
| 1971 | 1675 | 844 | 38 | 245 | 47 | 195 | 3 |
| 1972 | 1359 | 778 | 46 | 275 | 41 | 232 | 2 |
| 1973 | 1749 | 791 | 22 | 116 | 34 | 75 | 7 |
| 1974 | 1651 | 750 | 43 | 265 | 33 | 227 | 5 |
| 1975 | 1610 | 780 | 27 | 178 | 28 | 140 | 10 |

| | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 11 | 189 | 25 | 225 | 32 | 826 | 1692 | 1976 |
| 4 | 224 | 14 | 242 | 33 | 752 | 1872 | 1977 |
| 8 | 166 | 12 | 186 | 25.3 | 813 | 2100 | 1978 |
| 11 | 477 | 9 | 497 | 62.2 | 804 | 1862 | 1979 |
| 9.6 | 0.5 | 7.9 | 18 | 4.4 | 701 | 349.8 | 1980 |
| 8.7 | 155.2 | 10.4 | 174.3 | 24 | 3754.7 | 1395 | 1981 |
| 18.2 | 152.3 | 14.1 | 184.6 | 26.3 | 859.5 | 1455 | 1982 |
| 20 | 174 | 16 | 211 | 31 | 1017 | 1533 | 1983 |
| 10 | 296 | 23 | 329 | 44 | 1996 | 2404.6 | 1984 |

2) ئاشلىق، ياغ سېتىش

1957 - يىلى 10 - ئايدا شەھەر - بازار ئاھالىلىرىنى ئاشلىق بىلەن نورمىلىق تەمىنلەش (ئادەمنىڭ چوڭ كىچىكلىكىگە قاراپ نورما بەلگىلەش)، سۇ يېغىنى ئادەمگە قاراپ، ھەر بىر كىشىگە ھەر ئايدا بىر جىڭدىن بېرىش يولغا قويۇلدى. بۇنىڭ بىلەن بازار - يېزىلاردىكى ئاشلىق، ياغنىڭ سېتىلىش مىقدارى ئۈنۈملۈك تىزگىنلىنىپ، بازار ئاھالىلىرىنىڭ تۇرمۇشتىكى ئىستېمال ئېھتىياجىغا كاپالەتلىك قىلىندى.

پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، يېزىلاردا ھەر خىل شەكىلدىكى ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى تەدرىجىي يولغا قويۇلۇپ، يېزا ئىگىلىكىدە ئۇدا مول ھوسۇل ئېلىندى. تاۋار ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىنى يەنىمۇ ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن، ئاشلىق، ياغنى سېتىشتا كۆپ يوللۇق تىجارەت ئۇسۇلى قوللىنىلدى. ئاشلىق تارماقلىرى بازار ئاھالىلىرىنى نورمىلىق تەمىنلەشنى يولغا قويغاندىن باشقا، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سودا، تەمىنات - سودا كوپېراتىپى، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەيدان (فېرما) لىرى، يېزىلاردىكى باشقا ھەمكارلىق سودا ئورۇنلىرى ۋە يەككە ئائىلىلەر ئاشلىق ۋە ياغنى ئەركىن ئېلىپ - ساتالايدىغان، بازارغا كىرەلەيدىغان، ناھىيە سىرتىغا چىقالايدىغان بولدى، دۆلەت ئورگانلىرى، خەلق تەشكىلاتلىرى، ھەربىي قىسىم، زاۋۇت - كان، مەكتەپلەرنىڭ، يېزا - بازارلىرىغا بېرىپ، ئاشلىق، ياغ سېتىۋېلىشىغا رۇخسەت قىلىندى. يېمەك - ئىچمەك مۇلازىمىتى، قوشۇمچە يېمەكلىك كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلارنىڭمۇ، يېزا بازارلىرىغا بېرىپ، ئاشلىق، ياغ سېتىۋېلىپ، ئۇنى خام ئەشيا قىلىپ پىششىقلاپ ئىشلىشىگە رۇخسەت قىلىندى. دېھقانلار دۆلەت چۈشۈرۈپ بەرگەن ئاشلىق، ياغلىق دان سېتىپ بېرىش ۋەزىپىسىنى ئورۇنداپ بولغاندىن كېيىن، ئېشىنچە ئاشلىق ۋە ياغلىق داننى ئۆز ئالدىغا بىر تەرەپ قىلالايدىغان بولدى.

1984 - يىلدىن باشلاپ، بازار ئاھالىلىرى، ئوزۇقلۇق ئاشلىق جەھەتتە، پۈتۈنلەي بۇغداي ئۇنى ۋە گۈرۈچتىن ئىبارەت ئاق ئاشلىق بىلەن تەمىنلەندى. 1984 - يىلى جەمئىي 5 مىليون

443 مىڭ 500 كىلوگرام ئاشلىق سېتىلدى.

**يوسكام ناھىيىسىنىڭ 1953 ـ يىلدىن 1984 ـ يىلغىچە بولغان ئاشلىق، ياغ سېتىش ئەھۋالى**

2 ـ 14 ـ 2 ـ جەدۋەل — بىرلىكى: 5000 كىلوگرام

| يىللار | ئاشلىق | | | بازارلاردا سېتىلغان ياغ |
|---|---|---|---|---|
| | جەمئىي | بۇنىڭ ئىچىدە | | |
| | | بازارلاردا سېتىلغىنى | يېزىلارغا قايتۇرۇپ سېتىلغىنى | |
| 1953 | 121 | 121 | - | - |
| 1954 | 164 | 164 | - | - |
| 1955 | 157 | 157 | - | - |
| 1956 | 562 | 456 | 106 | - |
| 1957 | 624 | 498 | 120 | 2 |
| 1958 | 800 | 380 | 420 | 31 |
| 1959 | 1309 | 508 | 801 | 12.3 |
| 1960 | 1360 | 560 | 800 | 13.6 |
| 1961 | 1093 | 387 | 706 | 10.4 |
| 1962 | 598 | 340 | 258 | 7.7 |
| 1963 | 657 | 321 | 336 | 9.1 |
| 1964 | 616 | 381 | 235 | 11.1 |
| 1965 | 793 | 450 | 343 | 11.5 |
| 1966 | 709 | 528 | 181 | 9.5 |
| 1967 | 451 | 444 | 7 | 10.5 |
| 1968 | 891 | 860 | 31 | 13 |
| 1969 | 856 | 835 | 21 | 16 |
| 1970 | 776 | 771 | 5 | 14 |
| 1971 | 550 | 547 | 3 | 19 |
| 1972 | 621 | 614 | 7 | 32 |
| 1973 | 655 | 635 | 20 | 25 |
| 1974 | 730 | 730 | - | 19 |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| 1975 | 781 | 752 | 29 | 27 |
| 1976 | 830 | 745 | 85 | 23 |
| 1977 | 841 | 770 | 71 | 25 |
| 1978 | 824 | 758 | 66 | 19.8 |
| 1979 | 937 | 937 | - | 33.7 |
| 1980 | 942 | 880 | 62 | 31.4 |
| 1981 | 886.5 | 866.5 | - | 25.4 |
| 1982 | 919.2 | 919.2 | - | 36.5 |
| 1983 | 988.1 | 988.1 | - | 32 |
| 1984 | 1088.7 | 1088.7 | - | 26.5 |

**3) ئاشلىق، ياغنى كېلىشىم باھادا سېتىۋېلىش ۋە كېلىشىم باھادا سېتىش**

1980 ـ يىلى ئاشلىق ئىدارىسى ئاشلىق، ياغنى كېلىشىم باھادا سېتىۋېلىش، كېلىشىم باھادا سېتىش شىركىتى قۇرۇپ، ئاشلىق بازىرىنى تەڭشەشكە قاتنىشىشقا باشلىدى. «بازاردىكى ئاشلىق باھاسىغا قاراپ ئىش كۆرۈش، بازار باھاسىدىن سەل تۆۋەنرەك سېتىش» پرىنسىپى ئاستىدا، بازارنىڭ ئېھتىياجىنى، يۈزلىنىشىنى ئاكتىپ ئىگىلەپ، باھانىڭ پىشاڭلىق رولىدىن جانلىق پايدىلاندى. بازاردا ئاشلىق باھاسى ئۆرلىگەندە، ئاشلىقنى ۋاقتىدا يۆتكەپ كېلىپ سېتىپ، ئاشلىقنىڭ باھاسى چۈشكەندە ئاشلىقنى كۆپلەپ سېتىۋېلىپ، دېھقانلارنىڭ مەنپەئەتىنى قوغداپ، ئاشلىقنىڭ ئەرزان بولۇپ قېلىشىنىڭ دېھقانلارنىڭ ئاكتىپلىقىغا تەسىر يەتكۈزۈشىدىن ساقلاندى، بازار باھاسىنى تەڭشىدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئاشلىق سودا كارخانىلىرىنىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈمىنى ئۈستۈردى، زىيىنىنى ئازايتتى، جۇغلانمىنى كۆپەيتتى.

**پوسكام ناھىيىسىنىڭ 1981 ـ يىلدىن 1984 ـ يىلغىچە بولغان ئاشلىق، ياغنى كېلىشىم باھادا سېتىۋېلىش ۋە سېتىش ئەھۋالى**

2 ـ 14 ـ 3 ـ جەدۋەل بىرلىكى: 5000 كىلوگرام، 10 مىڭ يۈەن

| يىللار | كېلىشىم باھادا سېتىۋېلىنغىنى | | | كېلىشىم باھادا سېتىلغىنى | | | پايدىسى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | ئاشلىق | ياغ | باشقىلار | ئاشلىق | ياغ | باشقىلار | |
| 1981 | 38 | 17.1 | 35.4 | 30.8 | 15.9 | 26.8 | 1.8 |
| 1982 | 47 | 27 | 42 | 21 | 26.2 | 14.1 | - |
| 1983 | 58.6 | 7 | 15.7 | 47.1 | 6.4 | 16.4 | 3.2 |
| 1984 | 121.7 | 6.6 | 8.6 | 76.4 | 81.2 | 5.3 | 8.6 |

### 4) يەم - بوغۇز ئاشلىقنى سېتىش

يېزىلاردىكى باقمىچىلىق كەسپىنىڭ يەم - بوغۇز ئاشلىقى، ئاساسەن، قالدۇرۇق ئاشلىق ئارقىلىق ھەل قىلىنىدى. يېمەكلىك شىركىتى باقمىچىلىق مەيدانىنىڭ سويۇلىدىغان چارۋىلىرى، قاتناش - ترانسپورت ئۇلاغلىرى، ھەربىي قىسىمنىڭ تەمىناتىغا كېرەكلىك يەم - بوغۇز ئاشلىقنى تۈرلەرگە بۆلۈپ، نورما بەلگىلەپ، پىلانلىق يەتكۈزۈپ بەردى. 1985 - يىلى يەم - بوغۇز شىركىتى قۇرۇلدى، بۇ شىركەت ئىشلەپچىقارغان ئارىلاشما يەم - بوغۇز يەرلىك ئورۇنلار ۋە ھەربىي قىسىمنىڭ توخۇ فېرمىسى، توخۇ باقىدىغان كەسپىي ئائىلىلەرگە يەتكۈزۈپ بېرىلدى.

**پوسكام ناھىيىسىنىڭ ئىلگىرىكى يىللاردىكى يەم - بوغۇز ئاشلىقى ۋە قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنى سېتىش ئەھۋالى**

2 - 14 - 4 - جەدۋەل بىرلىكى: 5000 كىلوگرام

| يىللار | كۆممىقوناق | كېپەك |
|---|---|---|
| 1956 | 42.7 | 28.2 |
| 1957 | 75.8 | 49.4 |
| 1958 | 5.2 | 14.3 |
| 1959 | 30.8 | 22.5 |
| 1960 | 23.4 | 29.4 |
| 1961 | 20 | 13.2 |
| 1962 | 35.4 | 46.3 |
| 1963 | 33.1 | 27.7 |
| 1964 | 53.3 | 31.9 |
| 1965 | 106.3 | 38.2 |
| 1966 | 66 | 67.2 |
| 1967 | 82 | 90 |
| 1968 | 21.1 | 39.9 |
| 1969 | 91.8 | 53.4 |
| 1970 | 48.9 | ... |
| 1971 | 59 | ... |
| 1972 | 79.8 | ... |
| 1973 | 64 | ... |

| | | |
|---|---|---|
| 1974 | 50.6 | 24.6 |
| 1975 | 28.5 | 10.2 |
| 1976 | 49.7 | 34.8 |
| 1977 | 70.1 | 20.2 |
| 1978 | 66.6 | 36.1 |
| 1979 | 135.8 | 44.7 |
| 1980 | 141.9 | 79.7 |
| 1981 | 36.3 | 96.2 |
| 1982 | 47.4 | 109.6 |
| 1983 | 53.6 | 92.6 |
| 1984 | 76.8 | 90.9 |
| 1985 | 45.6 | 55.7 |
| 1986 | 67.8 | 168.1 |
| 1987 | 48.2 | 218.6 |
| 1988 | 182.4 | 193.5 |

## قوشۇمچە: يەم - بوغۇز شىركىتى

بۇ شىركەت 1986 - يىلى قۇرۇلغان، ئۇنىڭ تەكتى ئاشلىق ئىدارىسى ياغ زاۋۇتىنىڭ يەم-بوغۇز پىششىقلاپ ئىشلەش سېخى ئىدى، ئۇنىڭغا 134 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنغان، بۇنىڭ ئىچىدە سانائەت ئىشلەپچىقىرىشىغا سېلىنغان مەبلەغ 116 مىڭ يۈەن. شىركەت پوسكام بازىرى شىمالىي قاراسا كوچىسىنىڭ شەرق تەرىپىگە جايلاشقان؛ ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى 847 كۋادرات مېتىر، ئۆي ئىمارەت كۆلىمى 721 كۋادرات مېتىر، بۇنىڭ ئىچىدە سانائەتكە ئىشلىتىلىدىغان ئۆي كۆلىمى 409 كۋادرات مېتىر.

شىركەتتە سانائەت ئۈسكۈنىلىرىدىن ئومۇمىي قۇۋۋىتى 54 كىلوۋات كېلىدىغان ئېنېرگىيە ماشىنىسى، تۆۋەن بېسىملىق ۋېكلىيۇچاتىل ئىشكابىدىن بىر يۈرۈش، مەخسۇس ئۇۋۇتىش ئۈسكۈنىسىدىن ئىككىسى، ماتېرىيال ئارىلاشتۇرغاندا ئىشلىتىلىدىغان تارازىدىن بىرى، ئارىلاشتۇرۇش ماشىنىسىدىن بىرى، يەم - بوغۇز ئىشلەش ئۈسكۈنىسىدىن بىر يۈرۈش، گىردىن ئۈچى بار، بۇ مەھسۇلاتلارنىڭ ھەممىسى 80 - يىللارنىڭ ئادەتتىكى سەۋىيىسىدە ئىشلەنگەن.

1986 - يىلى ئىشچى - خىزمەتچىسى 11 نەپەرگە، سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 90 مىڭ يۈەن (1980 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلاندى) گە، ئومۇمىي پايدا سوممىسى 20 مىڭ يۈەنگە، ئىشلەپچىقىرىلغان ئارىلاشما يەم - بوغۇز 513 توننىغا يەتكەندى. 1989 - يىلى ئىشچى - خىزمەتچىسى 13نەپەرگە، سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 130

مىڭ 200 يۈەنگە، ئومۇمىي پايدا سوممىسى 19 مىڭ 200 يۈەنگە، مەھسۇلات مىقدارى 434 تونىنغا يەتتى.

**يەم - بوغۇز شىركىتىنىڭ 1985 - يىلدىن 1988 - يىلغىچە بولغان ئاساسىي ئەھۋالى**

2 - 14 - 5 - جەدۋەل

| يىللار | سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى (10 مىڭ يۈەن) | | ئومۇمىي پايدا سوممىسى (10 مىڭ يۈەن) | مەھسۇلات مىقدارى (توننا) | ئىشچى - خىزمەتچى (نەپەر) |
|---|---|---|---|---|---|
| | 1980 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا | ھازىرقى باھا | | | |
| 1985 | 9 | 9.3 | 2 | 513 | 11 |
| 1986 | 18.3 | 19 | 1.28 | 620 | 11 |
| 1987 | 12.2 | 13.3 | 0.1 | 406 | 10 |
| 1988 | 23 | 29.1 | 2.2 | 769 | 11 |

## § 2. ئاشلىق، ياغ يۆتكەش

پوسكام ناھىيىسى قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىش بازىلىرىدىن بىرى. ئۇ، 1953 - يىلدىن 1984 - يىلغىچە بولغان 32 يىلدا دۆلەتنى كۆپ مىقداردىكى تاۋار ئاشلىق بىلەن تەمىنلىدى. ھەر يىلى قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ باشقا ناھىيە (شەھەر) لىرىنى، قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستىنى، خوتەن ۋىلايىتى قاتارلىق جايلارنى ئاشلىق بىلەن تەمىنلىدى. 1961 - يىلى تېخى گەنسۇ ئۆلكىسىگىمۇ ئاشلىق يۆتكەپ بەردى.

**پوسكام ناھىيىسىنىڭ 1953 - يىلدىن 1984 - يىلغىچە سىرتقا ئاشلىق، ياغ يۆتكەش ئەھۋالى**

2- 14 - 6 - جەدۋەل — بىرلىكى: 5000 كىلوگرام

| يىللار | ئاشلىق | | ياغ |
|---|---|---|---|
| | جەمئىي | بۇنىڭ ئىچىدە: بۇغداي | |
| 1953 | 1 | 1 | |
| 1954 | 67 | 57 | |
| 1955 | 37 | 37 | |
| 1956 | 624 | 418 | |
| 1957 | 648 | 332 | |
| 1958 | 404 | 263 | 10.7 |

| | | | |
|---|---|---|---|
| 5.2 | 160 | 210 | 1959 |
| 4.4 | 298 | 354 | 1960 |
| 29.8 | 708 | 998 | 1961 |
| 16.5 | 491 | 795 | 1962 |
| 20 | 500 | 1114 | 1963 |
| 15 | 634 | 771 | 1964 |
| 12.5 | 805 | 816 | 1965 |
| 37 | 414 | 560 | 1966 |
| 35.5 | 147 | 510 | 1967 |
| 0.2 | 330 | 800 | 1968 |
| 3.4 | 188 | 548 | 1969 |
| - | 252 | 613 | 1970 |
| 11 | 274 | 765 | 1971 |
| 23 | 338 | 915 | 1972 |
| 14 | 378 | 930 | 1973 |
| 12 | 518 | 1630 | 1974 |
| 2 | 286 | 839 | 1975 |
| 6 | 153 | 759 | 1976 |
| 20 | 290 | 1208 | 1977 |
| 1.4 | 220 | 1163 | 1978 |
| 0.7 | 185 | 1034 | 1979 |
| 1.6 | 119.2 | 6134 | 1980 |
| 1.6 | 160.2 | 673.8 | 1981 |
| 2.4 | 186 | 655.9 | 1982 |
| - | 550 | 695 | 1983 |
| - | 1178 | 1277 | 1984 |

# § 3 . ئاشلىق، ياغ ساقلاش

تاۋار ئاشلىقنى ساقلاش شەكلى، ئاساسەن، ئامباردا ساقلاشتىن ئىبارەت. 50 - يىللاردا ناھىيىدە ئامبار ئاز بولغانلىقتىن، كۆپىنچە ھۆكۈمەت ۋە خەلقنىڭ ئۆيلىرى ئارىيەت ئېلىنىپ ئاشلىق ساقلىناتتى، ئارىيەت ئېلىنغان ئۆيلەرنىڭ شارائىتى ناچار، تېگى نەم بولغانلىقى، شامالدىتىش ئۈسكۈنىلىرى بولمىغانلىقى ئۈچۈن، دائىم ئاشلىق سېسىپ سۈپىتى ئۆزگىرىپ كېتەتتى ياكى چاشقان ۋە قۇشلارنىڭ زىيىنىغا ئۇچراپ تۇراتتى. 1955 - يىل 10 - ئايدا يۇقىرى دەرىجىلىك ئاشلىق تارماقلىرى ناھىيىگە كېلىپ تەكشۈرگەندە، بىخەتەر ساقلانغان ئاشلىقنىڭ نىسبىتى ساقلانغان ئومۇمىي ئاشلىقنىڭ ئون پىرسەنتىگىمۇ يەتمىگەنىدى.

1955 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا 2 مىليون 500 مىڭ كىلوگرام ئاشلىق سىغىدىغان بىر ئاشلىق ئامبىرى يېڭىدىن سېلىندى، لېكىن بۇنىڭ بىلەن ئاشلىق ساقلاش مەسىلىسى تامامەن ھەل بولۇپ كېتەلمىدى، نەتىجىدە ھۆكۈمەت ۋە خەلقنىڭ ئۆيلىرىنى داۋاملىق ئىجارە ئېلىپ ئىشلىتىشكە توغرا كەلدى. 60 - يىللاردىن 70 - يىللارغىچە ناھىيىلىك ئاشلىق ئامبىرى ۋە ئاساسىي قاتلام ئاشلىق پونكىتلىرى ئارقا - ئارقىدىن قۇرۇلۇپ، ئاشلىق ساقلاش ئېھتىياجى ئاساسەن قاندۇرۇلدى. 1984 - يىلى ئامبارلارنىڭ سىغىمچانلىقى 24 مىليون كىلوگرامغا، يىللىق ئەڭ يۇقىرى ساقلىنىش مىقدارى 8 مىليون كىلوگرامغا، ئوتتۇرىچە ساقلىنىش مىقدارى 3 مىليون 500 مىڭ كىلوگرامغا يەتتى.

1984 - يىلى پوسكام ناھىيىسى ئاپتونوم رايونلۇق ئاشلىق نازارىتى تەرىپىدىن «تۆتتىن خالىي» (قۇرتتىن، زەھەرلىنىشتىن، چاشقاننىڭ زىيانداشلىقىدىن، ۋەقەدىن خالىي) ئامبارغا ئىگە ناھىيە بولۇپ باھالاندى.

**پوسكام ناھىيىسىنىڭ 1953 - يىلدىن 1984 - يىلغىچە بولغان ئاشلىق، ياغ ساقلاش ئەھۋالى**

2 - 14 - 7 - جەدۋەل بىرلىكى: 5000 كىلوگرام

| يىللار | ئاشلىق | ياغ |
|---|---|---|
| 1953 | 340 | |
| 1954 | 736 | |
| 1955 | 813 | |
| 1956 | 783 | |
| 1957 | 729 | 31 |
| 1958 | 1329 | 54 |
| 1959 | 829 | 7.4 |
| 1960 | 1606 | 19.2 |

| | | |
|---|---|---|
| 17.7 | 858 | 1961 |
| 13.4 | 795 | 1962 |
| 24.3 | 620 | 1963 |
| 16.7 | 705 | 1964 |
| 20.2 | 495 | 1965 |
| 23.1 | 706 | 1966 |
| 17.5 | 106 | 1967 |
| 17.1 | 508 | 1968 |
| 14.5 | 522 | 1969 |
| 21 | 660 | 1970 |
| 27 | 1043 | 1971 |
| 28 | 979 | 1972 |
| 14 | 1254 | 1973 |
| 17 | 569 | 1974 |
| 15 | 583 | 1975 |
| 18 | 717 | 1976 |
| 9 | 575 | 1977 |
| 6.8 | 727 | 1978 |
| 37 | 601 | 1979 |
| 9.5 | 554.5 | 1980 |
| 11.3 | 576.2 | 1981 |
| 2.4 | 656.1 | 1982 |
| 4 | 868 | 1983 |
| 14 | 749 | 1984 |

## § 4 . ئۈن، ياغ تارتىش

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى، پوسكام ناھىيىسىدە ئۈن پۈتۈنلەي

تۆگمەندە تارتىلاتتى، گۆرۈچ سوقمىدا ئاقلىناتتى، ياغ جۇۋازدا تارتىلاتتى. 1921 - يىلى 141 تاش تۈگمەن، 128 سوقا بولۇپ، پۈتۈن ناھىيىنىڭ ئۇننى تارتىش، گۆرۈچنى ئاقلاش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغانىدى.

50 - يىللارنىڭ دەسلىپىدە، ئۇن، ياغ يەنىلا كونا ئۇسۇلدا تارتىلدى، 1953 - يىلى ناھىيە بويىچە 179 تاش تۈگمەن بار ئىدى، بۇنىڭ ئىچىدە 80 تاش تۈگمەن نورمال ماڭاتتى، بۇ تۈگمەنلەردە يىلىغا 6 مىليون 910 مىڭ كىلوگرام ئۇن تارتىلاتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاشلىق تارماقلىرى ئۈچۈن ئۇن تارتىلىدىغىنى 15 تاش بولۇپ، يىلىغا 1 مىليون 728 مىڭ كىلوگرام ئۇن تارتىلاتتى. 1955 - يىلى تۈگمەن 293 تاشقا، نورمال ماڭىدىغىنى 110 تاشقا، يىللىق ئۇن تارتىش ئىقتىدارى 9 مىليون 500 مىڭ كىلوگرامغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاشلىق تارماقلىرى ئۈچۈن ئۇن تارتىلىدىغىنى 51 تاش بولۇپ، ئۇن تارتىش مىقدارى 4 مىليون 405 مىڭ كىلوگرامغا يېتەتتى.

1966 - يىلى ناھىيىلىك ئاشلىق تارمىقى كۈنىگە 500 خالتا ئۇن تارتىدىغان، كىچىك تىپتىكى پولات تۈگمەن ئاساس قىلىنغان بىر ئۇن زاۋۇتىنى يېڭىدىن قۇرۇپ، 1967 - يىلى رەسمىي ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈردى. 1973 - يىلى كۈنىگە 750 خالتا ئۇن تارتىدىغان، 125 تىپلىق پولات تۈگمەن ئاساس قىلىنغان بىر ئۇن زاۋۇتىنى يېڭىدىن قۇردى، شۇنىڭدىن ئېتىبارەت، پوسكام ناھىيىسىنىڭ بازارلىرىدىكى ئاھالىلەرنىڭ «سۇ تۈگمىنى ئۇنى» يەيدىغان تارىخىغا خاتىمە بېرىلدى. 1984 - يىلى يەنە كۈنىگە 2000 خالتا ئۇن تارتىدىغان زامانىۋىلاشقان بىر سېخ يېڭىدىن قۇرۇلدى، ئۇنىڭغا جەمئىي 570 مىڭ يۈەندىن كۆپرەك مەبلەغ سېلىندى، بۇ سېخ 1985 - يىل 12 - ئايدا رەسمىي ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى. 1984 - يىلى يېزا (مەيدان) لارنىڭ ھەممىسىدە كىچىك پولات تۈگمەن بارلىققا كېلىپ، مۇتلەق كۆپ ساندىكى دېھقانلارنىڭ «سۇ تۈگمىنى ئۇنى» يېيىش تارىخىمۇ خاتىمە بېرىلدى.

1967 - يىلى 200 تىپلىق ياغ تارتىش ماشىنىسى ئاساس قىلىنغان، كۈنىگە 10 تونىنا ياغلىق داننى بىر تەرەپ قىلالايدىغان بىر ياغ زاۋۇتى قۇرۇلدى، بۇ زاۋۇتقا 300 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، ئۇ، 1971 - يىلى رەسمىي ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى. ياغ زاۋۇتىنىڭ ئاساسلىق مەھسۇلاتلىرى چىگىت يېغى، زىغىر يېغى، زاراڭزا يېغىدىن ئىبارەت.

## § 5 . ئاپپاراتلارنىڭ تەرەققىيات جەريانى

1921 - يىلى ناھىيە قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە، ناھىيىلىك مەھكىمىنىڭ ھېسابات ئىشخانىسى غەللە - پاراق يىغىۋېلىشنى قوشۇمچە باشقۇرغان. 1937 - يىلى شېڭ شىسەي جەنۇبىي شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن، ناھىيىلىك ھۆكۈمەت باج، غەللە - پاراق بۆلۈمى تەسىس قىلىپ، غەللە - پاراق ئاشلىقلىرىنى يىغىۋېلىش ئىشلىرىنى بىر تۇتاش باشقۇرغان.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1953 - يىلى ناھىيىلىك ھاۋ ھۆكۈمىتى ئاشلىق بۆلۈمى تەسىس قىلدى. 1958 - يىلى ناھىيىلىك ئاشلىق بۆلۈمى بىلەن ئاشلىق ئامبىرى بىرلەشتۈرۈلۈپ، ئاشلىق ئىدارىسى قۇرۇلدى، بۇ چاغدا 43 نەپەر ئىشچى - خىزمەتچىسى بار ئىدى. 1959 - يىلى ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ قارىمىقىدا كاتىبات، بوغالتېرلىق - ستاتىستىكا،

تىجارەت، ساقلاش - توشۇش - باشقۇرۇش، پىششىقلاپ ئىشلەش بۆلۈمچىلىرى تەسىس قىلىندى، 1984 - يىلى ئىدارە قارىمىقىدا كادىرلار - كاتىبات، مالىيە - بوغالتىرلىق، كەسپىي ئىشلار - ستاتىستىكا، يېزا ئىگىلىك باشقۇرۇش، ساقلاش - توشۇش - باشقۇرۇش، ئاساسىي قۇرۇلۇش بۆلۈمچىلىرى تەسىس قىلىندى، ئىدارە بويىچە ئىشچى - خىزمەتچى 271 نەپەرگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر 167 نەپەر، خەنزۇ 103 نەپەر، تاجىك بىر نەپەر.

ئاشلىق ئىدارىسىغا ھەر قايسى يېزا، مەيدان ئاشلىق پونكىتلىرى قارايدىغان بولدى، ئۇلار، ئاساسەن، شۇ يېزا - مەيدانلارنىڭ ئاشلىق، ياغنى سېتىۋېلىش، ساقلاش، باشقۇرۇش ۋە تاۋار ئاشلىق بىلەن تەمىنلەش ئىشلىرىنى ئۈستىگە ئالدى.

يىما يېزىلىق ئاشلىق پونكىتى 1957 - يىلى قۇرۇلغان. ئۇنىڭ 1984 -يىلدىكى ئىشچى-خىزمەتچىسى ئون نەپەر.

گۈلباغ يېزىلىق ئاشلىق پونكىتى 1957 - يىلى قۇرۇلغان. ئۇنىڭ 1984 - يىلدىكى ئىشچى - خىزمەتچىسى 11 نەپەر. ئىككىسۇ يېزىلىق ئاشلىق پونكىتى 1953 - يىلى قۇرۇلغان، ئۇ، ناھىيىلىك دېھقانچىلىق مەيدانىنى ئاشلىق، ياغ بىلەن تەمىنلەش ئىشىنىمۇ ئۈستىگە ئالغان. ئۇنىڭ 1984 - يىلدىكى ئىشچى - خىزمەتچىسى 16 نەپەر.

تۇغچى يېزىلىق ئاشلىق پونكىتى 1961 - يىلى قۇرۇلغان، 1962 - يىل 10 - ئايدا ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان، 1963 - يىلى يەنە ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن، ئۇ، بۈيلۇق تاجىك مىللىي يېزىسىنى ئاشلىق، ياغ بىلەن تەمىنلەش ئىشىنىمۇ ئۈستىگە ئالغان. ئۇنىڭ 1984 - يىلدىكى ئىشچى - خىزمەتچىسى ئون نەپەر.

كۆيباغ يېزىلىق ئاشلىق پونكىتى 1953 - يىلى قۇرۇلغان؛ ئۇ، ئاقتام يېزىسىنىڭ ئاشلىق، ياغ ئىشلىرىنىمۇ ئۈستىگە ئالغان، ئۇنىڭ 1984 - يىلدىكى ئىشچى - خىزمەتچىسى 12 نەپەر.

بۇنىڭدىن باشقا، بەش ئاشلىق دۇكىنى تەسىس قىلىنغان، بۇنىڭ ئىچىدە بىر مەركىزىي ئاشلىق دۇكىنى بار، بۇلار ناھىيە بازىرى ۋە كۆيباغ بازىرىنى تاۋار ئاشلىق بىلەن تەمىنلەشنى ئۈستىگە ئالغان.

ئاشلىق ئىدارىسىغا قاراشلىق ئۇن زاۋۇتى، باغ زاۋۇتى، كېلىشىم باھاشىركىتىۋە يەم- بوغۇز شىركىتى بار. 1981 - يىلى جەنۇبىي شىنجاڭ نېفىت چارلاش قوماندانلىق شتابى بازىسىدا بىر ئاشلىق پونكىتى تەسىس قىلىندى.

# XV باب

# باج ئىشلىرى

## §1. مىنگو دەۋرىدىكى باجنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

مىنگونىڭ 16 - يىلى (1927 - يىلى) مىنگو ھۆكۈمىتى دۆلەت بېجى بىلەن يەرلىك باجنى

ئايرىشنى ۋە ئۇنىڭ ئۆلچىمىنى ئېلان قىلغان.

شۇ چاغدىكى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ بەلگىلىمىسىگە ئاساسەن، ناھىيىدە ئېلىنغان دۆلەت بېجى مۇنۇلاردىن ئىبارەت:

1. **ئاشلىق، سامان بېجى** يۇقىرى دەرىجىلىك يەرلەرنىڭ ھەر موسىدىن تۆت شىڭ بەش ئۇچۇم ئاشلىق، بەش جىڭ سامان، ئوتتۇرا دەرىجىلىك يەرلەردىن ئۈچ شىڭ ئاشلىق، ئۈچ جىڭ سامان، تۆۋەن دەرىجىلىك يەرلەردىن بىر شىڭ ئاشلىق، ئىككى جىڭ سامان ئېلىناتتى. ئاز مىقداردا ئاشلىق ئېلىنغاندىن باشقا، قېلىپ قالغان قىسمى ئۈچۈن ئاشلىق پۇلغا سۇندۇرۇلۇپ پۇل ئېلىناتتى.

2. **ھۆكۈمەت ئىجارىسى** ھۆكۈمەتنىڭ يەرلىرىنىڭ ھەر موسىدىن بىر كۈرىدىن ئىككى كۈرىگىچە ئاشلىق يىغىۋېلىناتتى.

3. **ھۆكۈمەت چىقىمىغا تۆلىنىدىغان پۇل** 1900 - يىلدىكى تۆلەم ئۈچۈن شىنجاڭ بويىچە ھەر يىلى 400 مىڭ سەر تەڭگە ئالۋان چېچىلاتتى، ھەر قايسى ناھىيىلەر بىر دادەن ئاشلىققا ھۆكۈمەت چىقىمى ئۈچۈن بىر مىسقال بەش پۇڭ تەڭگە قوشۇپ يىغىۋالاتتى.

4. **تۈگمەن، جۇۋاز بېجى** يۇقىرى دەرىجىلىك تۈگمەن ۋە جۇۋازنىڭ ھەر بىرىدىن يىلىغا تۆت سەر، ئوتتۇرا دەرىجىلىك تۈگمەن ۋە جۇۋازدىن ئۈچ سەر، تۆۋەن دەرىجىلىك تۈگمەن ۋە جۇۋازدىن ئىككى سەر بەش مىسقال تەڭگە باج ئېلىناتتى.

5. **سوقا بېجى** 1 - دەرىجىلىك سوقىدىن يىلىغا ئىككى سەر تەڭگە، 2 - دەرىجىلىك ۋە ئۇنىڭدىن تۆۋەنلىرىدىن تەرتىپ بويىچە كېمەيتىپ باج ئېلىناتتى.

6. **توختام بېجى** يەر - زېمىن، ئۆيلەرنى ئېلىپ ساتقانلاردىن ھەر بىر سەر پۇل ئۈچۈن ئۈچ پۇڭ تەڭگە باج ئېلىناتتى.

7. **تۇز بېجى** ئاشلىق بىلەن بىللە تۇزدىنمۇ قوشۇمچە تۆت مىسقال تەڭگە باج ئېلىناتتى.

8. **تۇتاش ئېلىنىدىغان باج** تۇتاش ئېلىنىدىغان باج سودىگەرلەرگە ھۆددىگە بېرىلىپ، 100 دىن ئۈچ نىسبەت بويىچە باج ئېلىنغان، كېيىن 100 دىن بەش نىسبەت بويىچە باج ئېلىنىدىغان بولغان.

9. **قومۇش بېجى** ھۆكۈمەتنىڭ بىنەم يەرلىرىدە ئۆسكەن قومۇشلار بورا توقۇغۇچىلارغا بېرىلىپ ئۇنىڭدىن قومۇش بېجى ئېلىناتتى.

ناھىيىدە ئېلىنغان يەرلىك باج تۆۋەندىكىچە:

1. **«2.5» خۇسۇسىي خوراش چىقىمى** بىردادەن ئاشلىق ئۈچۈن ئىككى كۈرە بەش شىڭ خوراش ئاشلىقى بېجى قوشۇپ ئېلىناتتى.

2. **سامان بېجى** 100 جىڭ ساماندىن بەش مىسقال تەڭگە باج ئېلىناتتى.

3. **تۇياق بېجى** ئات، كالا، قوي ئۈچۈن بىردەك باج ئېلىناتتى، باج نىسبىتى %4 ئىدى.

4. **ياغ بېجى** 100 جىڭ سۇ يېغى ئۈچۈن ئىككى ياكى تۆت مىسقال تەڭگە باج ئېلىناتتى.

5. **ئۆلچەم - تارازا بېجى** ئاشلىق ئېلىپ سېتىش جەھەتتە، بىر سەر تەڭگىگە ئۈچ پۇڭ تەڭگە باج ئېلىناتتى.

مىنگونىڭ 1 - يىلىدىن 22 - يىلىغىچە (1912 - يىلدىن 1933 - يىلغىچە) ناھىيىدە ھۆددە باج تۈزۈمى يولغا قويۇلغان، يۇقىرىدىكى باجلارنى يامۇل قاسىم ئاخۇنغا ھۆددىگە بېرىپ، ئۇنىڭغا يۇقىرى بەلگىلىگەن باج سوممىسى بويىچە باج يىغىش ۋەزىپىسىنى ئورۇنداشنى بۇيرۇغان،

ئۇنىڭدىن باشقا ياموۇل باجنى قوشۇپ يىغىشقا ئادەم ئەۋەتىپ، چۆنتەكنى توشقۇزۇپ پۇقرالارنى شىلىۋالغان.

مىنگونىڭ 27 ـ يىلى (1938 ـ يىلى) ھۆددە باج تۈزۈمى ۋە ئۆلچەم ـ تارازا بېجى، «2.5» خۇسۇسىي خوراش چىقىمى، قان بېجى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، كۆكتۆل ئېچىش بېجى، تاماكا، ھاراق ئالاھىدە بېجى، ئاشلىق بازىرى بېجى، ئۆي بېجى، يول ئاسراش بېجى، تىجارەت بېجى قاتارلىقلار كۆپەيتىلگەن.

مىنگونىڭ 31 ـ يىلى (1942 ـ يىلى) قان بېجى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن. يەر بېجىغا يېڭى بەلگىلىمە چىقىرىلغان، يەنى بىر مو يەر ئۇچۇن يۇقىرى دەرىجىلىك يەرگە تۆت شىڭ، ئوتتۇرا دەرىجىلىك يەرگە ئۈچ شىڭ، تۆۋەن دەرىجىلىك يەرگە ئىككى شىڭ ئاشلىق باج تاپشۇرۇش بەلگىلەنگەن.

مىنگونىڭ 33 ـ يىلى (1944 ـ يىلى) ناھىيىدە ئېلىنغان باج 13 خىلغا، باج سوممىسى 8 مىليون 861 مىڭ يۈەن (يەر بېجى ۋە تۈياق بېجى بۇنىڭ سىرتىدا) گە يەتكەن.

ئىلگىرىكى يىللاردا ئېلىنغان باج سوممىسى ھۆكۈمەت خادىملىرى، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ مائاشى ۋە ئاز ساندىكى جامائەت ئىشلىرى خىراجىتىگە قالدۇرۇلغاندىن باشقا، قالغان قىسمى پۈتۈنلەي ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە تاپشۇرۇلغان.

**1944 ـ يىلى ئەمەلىي يىغىۋېلىنغان باج سوممىسى**

2 ـ 15 ـ 1 ـ جەدۋەل بىرلىكى: 10 مىڭ يۈەن

| باج تۈرى | باج سوممىسى | باج تۈرى | باج سوممىسى |
|---|---|---|---|
| توختام بېجى | 138.2 | قان بېجى | 44.4 |
| ئاشلىق بازىرى بېجى | 120.3 | كۆكتۆل ئېچىش بېجى | 2.3 |
| ئۆي بېجى | 3.2 | تۇز بېجى | 0.9 |
| چارۋا بېجى | 276.5 | زىيابەت بېجى | 5.9 |
| ماركا بېجى | 45 | باشقا باج | 9.1 |
| تىجارەت كېنىشكىسى بېجى | 93.7 | جەرىمانە | 22.8 |
| كېنىشكىدىن پايدىلىنىش بېجى | 6.5 | | |
| تىجارەت بېجى | 117.3 | جەمئىي | 886.1 |

## § 2. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى دەۋرىدىكى باج

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، باج «ئاممىدىن ئېلىپ، ئاممىغا ئىشلىتىلدى». دەسلەپتە دېھقانچىلىق بېجىدىن باشقا، سودا ـ سانائەت بېجى، سودا ـ سانائەت

## پوسكام ناھىيىسىنىڭ 1950 ـ يىلدىن 1984 ـ يىلغىچە بولغان باج ئەھۋالى

2 ـ 15 ـ 2 ـ جەدۋەل — بىرلىكى: 10 مىڭ يۈەن

| تۈرى / كىرىم / يىللار | جەمئىي | سودا ـ سانائەت بېجى | سودا ـ سانائەت تاپاۋەت بېجى | قان بېجى | چارۋا ئېلىم ـ سېتىم بېجى | بازار سودىسى بېجى | ماشىنا ـ كېمە كېمىشكىسى بېجى | دۆلەت كارخانىلىرى تاپاۋەت بېجى | بىناكارلىق بېجى | مال، ماددىي ئەشيا بېجى | تاۋار ئۆبوروتى بېجى | ماركا بېجى | ئۆسۈم تاپاۋەت بېجى | سودا ـ سانائەت بىر تۇتاش بېجى | مەدەنىي كۆڭۈل ئېچىش بېجى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1950 | 4.3 | 0.4 | 0.2 | 0.3 | 0.3 | | | | | 0.6 | | 2.5 | | | |
| 1951 | 5.4 | 0.6 | 0.5 | 0.8 | 1.1 | | | | | 2.3 | | 0.1 | | | |
| 1952 | 12.1 | 0.8 | 0.5 | 1.2 | 2.6 | | | | | 2.6 | | 4.1 | | | 0.3 |
| 1953 | 15.3 | 5.5 | 0.5 | 1.6 | 1.6 | | | | | 4.7 | 1.4 | 0.05 | 0.006 | | |
| 1954 | 22.10 | 7.7 | 1.4 | 2.8 | 2 | | | | | 6.4 | 1.8 | 0.05 | 0.02 | | |
| 1955 | 43.22 | 19.5 | 2.4 | 4.3 | 3.4 | | | | | 8.2 | 5.3 | 0.1 | 0.02 | | |
| 1956 | 36.19 | 15 | 0.2 | 3.9 | 2 | | | | | 9.2 | 5.3 | 0.5 | 0.09 | | |
| 1957 | 40.98 | 13.9 | 4.3 | 3.4 | 3.2 | | | | | 8.9 | 6.6 | 0.6 | 0.03 | | 0.05 |
| 1958 | 33.02 | | 1 | 4.7 | 1.6 | | | | | | | | 0.06 | 25.6 | 0.06 |
| 1959 | 37.25 | | | 2.9 | 0.7 | | | | | | | | | 33.6 | 0.05 |
| 1960 | 41.47 | | 0.4 | 3 | 0.9 | | | | | | | | | 37.1 | 0.07 |
| 1961 | 35.09 | | | 2.2 | 1.1 | | | | | | | | | 31.7 | 0.09 |
| 1962 | 44.29 | | 3.6 | 3.3 | 2.1 | 1 | 0.07 | | | | | | | 34.14 | 0.08 |
| 1963 | 47.79 | | 3.7 | 3.7 | 2.2 | 3 | 0.1 | | | | | | | 35 | 0.09 |
| 1964 | 45.32 | | 6.4 | 2.6 | 1.7 | 1.7 | 0.02 | | | | | | | 32.8 | 0.1 |
| 1965 | 45.3 | | 6.4 | 2.6 | 1.7 | 1.7 | 0.02 | | | | | | | 32.8 | 0.08 |
| 1966 | 33.6 | 23.9 | 4.8 | 2.8 | 1.3 | 0.8 | | | | | | | | | |
| 1967 | 32.4 | 24.9 | 2.5 | 3.4 | 0.9 | 0.7 | | | | | | | | | |

| | | | | | | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | | | | | | | | 0.7 | 0.8 | 3 | 1.4 | 20.6 | 26.5 | 1968 |
| | | | | | | | | | 0.7 | 0.6 | 2.6 | 1.6 | 19.4 | 24.9 | 1969 |
| | | | | | | | | | 0.4 | 1 | 2.8 | 1.4 | 19.6 | 25.2 | 1970 |
| | | | | | | | | | 0.9 | 0.8 | 2.1 | 2.7 | 21 | 27.5 | 1971 |
| | | | | | | | | 0.08 | 1.2 | 1 | 3 | 1.9 | 27.3 | 34.48 | 1972 |
| | | | | | | | | | 1.4 | 1.2 | 2.4 | 2 | 32.9 | 39.9 | 1973 |
| | | | | | | | | | 1.5 | 1.5 | 1.2 | 5.5 | 34.4 | 44.1 | 1974 |
| | | | | | | | | | 1.3 | 1.2 | 0.9 | 7.4 | 37.7 | 48.5 | 1975 |
| | | | | | | | | | 1.3 | 1 | 1.1 | 8 | 40.1 | 51.5 | 1976 |
| | | | | | | | | | 1.3 | 1.3 | 1.1 | 8.3 | 41.1 | 53.1 | 1977 |
| | | | | | | | | | 1.6 | 1.4 | 1 | 8.4 | 43.6 | 56 | 1978 |
| | | | | | | | | | 1.6 | 1.5 | 0.8 | 8.8 | 149.1 | 61.8 | 1979 |
| | | | | | | | | | 1.1 | 1.4 | 1.1 | 2.8 | 50.9 | 57.3 | 1980 |
| | | | | | | | | | | | 1.3 | 1.4 | 49.8 | 52.5 | 1981 |
| | | | | | | | | | | | 1.6 | 1.2 | 64.2 | 67 | 1982 |
| | | | | | | | 0.03 | | | 2.6 | 1.8 | 4 | 72.4 | 80.83 | 1983 |
| | | | | | | 5.9 | 0.04 | | | 5.3 | 2.9 | 1.8 | 75 | 90.94 | 1984 |

تاپاۋەت بېجى، قان بېجى، چارۋا ئېلىم - سېتىم بېجى، مال - ماددىي ئەشيا بېجى، ماركا بېجى بار ئىدى، كېيىن سودا - سانائەت بىر تۈتاش بېجى، مەدەنىي كۆڭۈل ئېچىش بېجى قوشۇلدى. 1965 - يىلى سودا - سانائەت بىر تۈتاش بېجى، مەدەنىي كۆڭۈل ئېچىش بېجى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. 1950 - يىلى ناھىيە بويىچە ئومۇمىي باج سوممىسى 43 مىڭ يۈەن ئىدى. 1984- يىلى 909 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

# § 3. باج تۈزۈمى ئىسلاھاتى

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ھەر قايسى دەۋرلەردىكى سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋەزىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، باج تۈزۈمىدە بىر قانچە قېتىم زور

ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلدى.

1. 1950 - يىل 1 - ئايدا مەمۇرىي ئىشلار كېڭىشى «مەملىكەت بويىچە باج سىياسىتىنى يولغا قويۇشنىڭ تەپسىلىي پرىنسىپلىرى» نى ئېلان قىلىپ، دېھقانچىلىق بېجىدىن باشقا، مەملىكەت بويىچە ئېلىنىدىغان باجنى 14 تۈرگە بىرلىككە كەلتۈردى. ناھىيىدە ئەمەلىيەتتە ئېلىنىۋاتقان باج مال - ماددىي ئەشيا بېجى، سودا - سانائەت بېجى، تاپاۋەت بېجى، ماركا بېجى، قان بېجى. چارۋا ئېلىم - سېتىم بېجى، تىجارەت بېجى، ئۆسۈم تاپاۋەت بېجى، ۋاقىتلىق سودا بېجىدىن ئىبارەت توققۇز تۈردىن ئىبارەت ئىدى.

2. 1953 - يىل 1 - ئايدا ئەسلىدىكى سودا - سانائەت بېجىغا تۆۋەندىكىدەك ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈلدى. (1) تاۋار ئوبوروتى بېجى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇلدى، ئەسلىدىكى مال - ماددىي ئەشيا بېجى، تىجارەت بېجى تاۋار ئوبوروت بېجى بىلەن بىرلەشتۈرۈۋېتىلدى. (2) مال - ماددىي ئەشيا بېجىغا ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈلدى، سودا - سانائەت تىجارەت بېجى مال - ماددىي ئەشيا بېجى بىلەن بىرلەشتۈرۈۋېتىلدى. (3) ئالاھىدە ئىستېمال بېجى مەدەنىي كۆڭۈل ئېچىش بېجىغا ئۆزگەرتىلدى. تۈزىتىلگەندىن كېيىنكى سودا - سانائەت بېجى 12 تۈرلۈك بولۇپ، ناھىيىدە سەككىز خىل باج ئېلىنىدىغان بولدى.

3. 1958 - يىل 9 - ئايدا باج تۈزۈمى ئىسلاھ قىلىنىپ، سودا - سانائەت بىر تۇتاش بېجى يولغا قويۇلدى. ئەسلىدىكى ئېلىنىپ كېلىۋاتقان تاۋار ئوبوروت بېجى، تىجارەت بېجى، ماركا بېجى سودا - سانائەت بىر تۇتاش بېجى بىلەن بىرلەشتۈرۈلدى، ناھىيە بويىچە سودا - سانائەت بىر تۇتاش بېجى، سودا - سانائەتتاپاۋەت بېجى، پايدا تاپاۋەت بېجى، قان بېجى، چارۋا ئېلىم - سېتىم بېجى، مەدەنىي كۆڭۈل ئېچىش بېجىدىن ئىبارەت ئالتە تۈرلۈك باج يولغا قويۇلدى.

4. 1973 - يىلى مەملىكەت بويىچە سودا سانائەت بېجى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇلدى، ئەسلىدىكى سودا - سانائەت بىر تۇتاش بېجى، شەھەرلەردىكى ئۆي، يەر، مۈلۈك بېجى، ماشىنا - كېمە ئىشلىتىش كىنىشكىسى بېجى سودا سانائەت بېجى بىلەن بىرلەشتۈرۈۋېتىلدى. ناھىيىدە سودا - سانائەت بېجى، سودا - سانائەت تاپاۋەت بېجى، قان بېجى، چارۋا ئېلىم - سېتىم بېجى، بازار سودىسى بېجىدىن ئىبارەت بەش تۈرلۈك باج يولغا قويۇلدى.

5. 1983 - يىل 9 - ئايدا ناھىيىدە تۇنجى بىللىق پايدىنى باجغا ئۆزگەرتىش تۈزۈمى يولغا قويۇلدى، كارخانىلاردا پايدىدىن ۋە ھۆددىدىن پىرسەنت قالدۇرۇش تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. 1984 - يىل 10 - ئايدا پايدىنى باجغا ئۆزگەرتىشنىڭ 2 - قەدەملىك ئىسلاھاتى ۋە سودا - سانائەت بېجى تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىش يولغا قويۇلدى. ناھىيە بويىچە سانائەت، قاتناش، سودا، تەمىنات، سودا، تىببىي دورىگەرلىك، ماددىي ئەشيا، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى، مەدەنىيەت - مائارىپ قاتارلىق 17 ساھە ۋە تارماقتا پايدىنى باجغا ئۆزگەرتىش يولغا قويۇلدى. دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلار يۇقىرىغا تاپشۇرۇپ كېلىۋاتقان پايدا دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلارنىڭ تاپاۋەت بېجىغا، ئەسلىدىكى سودا - سانائەت بېجى مەھسۇلات بېجى، تىجارەت بېجى، ئاشقان قىممەت بېجى ۋە تۇز بېجىغا ئۆزگەرتىلدى. ناھىيىدە بۇ باجلار بەلگىلىمە بويىچە تولۇق يىغىۋېلىنىدى.

باج نىسبىتى جەھەتتە باج يىغىۋېلىش باشلانغان چاغدىكى سەۋىيە ئاساسەن ساقلاپ قېلىنىدى، لېكىن بەزى تۈرلەر ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالىغا ئاساسەن مۇۋاپىق تەڭشەلدى.

پوسكام ناھىيىسى بويىچە سودا ـ سانائەت جەھەتتىكى باج تاپشۇرۇلىدىغان ئاساسلىق تۈرلەر ۋە باج نىسبىتىنىڭ ئۆزگىرىش ئەھۋالى

2 ـ 15 ـ 3 ـ جەدۋەل

| باج تاپشۇرۇلىدىغان تۈرلەر | 1953 ـ يىلدىكى باج نىسبىتى% | 1958 ـ يىلدىكى باج نىسبىتى% | 1973 ـ يىلدىكى باج نىسبىتى% | 1984 ـ يىلدىكى باج نىسبىتى% |
|---|---|---|---|---|
| يەرلىك كۆك تاماكا | | 40 | 20 | 20 |
| خام | 4 | 12 | 12 | 12 |
| گىلەم | 1.5 | 6 | 5 | 5 |
| كالا خورۇمى | 3 | 40 | 15 | 10 |
| خورۇمماللار | | 20 | 15 | 12 |
| قوي يۇڭى، ئۆچكە تىۋىتى | 1 | 10 | 10 | 10 |
| ئېلېكتىر قۇۋۋىتى | 1 | 5 | 5 | 5 |
| قاتناش ترانسپورتى | 2 | 2.5 | 3 | 3 |
| كۆمۈر | 2 | 7.5 | 3 | 4 |
| مېۋە شېكىرى | 25 | 2.7 | 30 | 30 |
| سۈرەتخانا، ساتىراشخانا، مۇنچا | 2.5 | 3 | 3 | 3 |
| چارۋا ئېلىم ـ سېتىم بېجى | 5 | 5 | 5 | 5 |
| قان بېجى | 10 | 8 | 4 | 4 |
| كىگىز پايپاق | 3 | 12 | 12 | 15 |
| تاغار | | 8 | 8 | 5 |

# § 4 . باجنى كېمەيتىش ۋە كەچۈرۈم قىلىش

دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ئاشلىق كارخانىلىرىنىڭ دۆلەت بەلگىلىگەن مۇقىم باھا بويىچە ساتقان ئاشلىقى ۋە سۇ يېغىنىڭ كىرىمىدىن ئېلىنىدىغان باج كەچۈرۈم قىلىنىدى. يېزا ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىغا مەدەت بېرىش ئۈچۈن، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى شىركىتى ساتقان يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ۋە ئۇنىڭ سەپلىمىلىرىدىن كىرگەن كىرىمدىن ئېلىنىدىغان باج كەچۈرۈم قىلىنىدى. ئاساسىي قاتلام تەمىنات ـ سودا كوپىراتىپلىرى ساتقان، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىدىغان خىمىيۋى ئوغۇت، دېھقانچىلىق دورىسى، سۇلياۋ يوپۇق قاتارلىق مەھسۇلاتلار ۋە دىزېلىن، بېنزىن، ئاپتولغا ئېلىنىدىغان باج كەچۈرۈم قىلىنىدى. ئاساسىي قاتلام-

**1985 - يىلدىن - 1988 - يىلغىچە بازار - يېزىلاردىكى كەسپلەر**
**بويىچە باج كەچۈرۈم قىلىش ئەھۋالى**

2 - 15 - 4 - جەدۋەل بىرلىكى: 10 مىڭ يۈەن

| باج كەچۈرۈم قىلىنغان ئورۇنلار | باج تۈرى | 1985 - يىلى | 1986 - يىلى | 1987 - يىلى | 1988 - يىلى |
|---|---|---|---|---|---|
| ئايكۆل يېزىلىق خىش زاۋۇتى | مەھسۇلات بېجى | 1.5 | 3.8 | 7.19 | 6.84 |
| | بازار قۇرۇلۇشى بېجى | 0.02 | 0.04 | 0.07 | 0.07 |
| ئەمگەك مۇلازىمەت شىركىتى ماگىزىنى | تىجارەت بېجى | 0.45 | 0.51 | - | - |
| | بازار قۇرۇلۇشى بېجى | - | - | - | - |
| نېفىت شىركىتى | تىجارەت بېجى | - | - | - | 1.64 |
| | بازار قۇرۇلۇشى بېجى | - | - | - | 0.08 |
| يېمەكلىك شىركىتىنىڭ | ئاشقان قىممەت بېجى | - | - | - | 0.45 |
| يېمەكلىك ئىشلەش زاۋۇتى | بازار قۇرۇلۇشى بېجى | - | - | - | 0.02 |
| ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ يېمەكلىك شىركىتى | ئاشقان قىممەت بېجى | - | - | - | 0.18 |
| | بازار قۇرۇلۇشى بېجى | - | - | - | 0.01 |
| ماددىي ئەشيا شىركىتى | تىجارەت بېجى | 1.17 | 1.57 | 1.22 | 1.26 |
| | بازار قۇرۇلۇشى بېجى | 0.06 | 0.08 | 0.06 | 0.06 |
| يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى شىركىتى | تىجارەت بېجى | 16.72 | 16.85 | 23.78 | 26.94 |
| | بازار قۇرۇلۇشى بېجى | 0.84 | 0.84 | 1.19 | 1.35 |
| يەم - بوغۇز شىركىتى | تىجارەت بېجى | 0.53 | 0.59 | 0.38 | 0.86 |
| | بازار قۇرۇلۇشى بېجى | 0.03 | 0.03 | 0.02 | 0.04 |
| جەنۇبىي يېڭى كوچا سودا سارىيى | تىجارەت بېجى | - | - | - | 0.40 |
| | بازار قۇرۇلۇشى بېجى | - | - | - | 0.02 |
| جەمئىي | | 21.32 | 24.31 | 33.91 | 40.22 |

تەمىنات - سودا كوپېراتىپلىرىنىڭ يىللىق پايدىسى 3000 يۈەنگە يەتمىگەنلىرىدىن باج ئېلىنمىدى. يېزىلاردا قۇرۇلغان كىچىك تىپتىكى سۇ ئىنشائاتى مۇئەسسەسەلىرىدىن ئېلىنىدىغان باج كەچۈرۈم

قىلىندى، يېزىلاردىن بازارغا ئېلىپ كىرىلگەن مەھسۇلاتلاردىن ئېلىنىدىغان باج كەچۈرۈم قىلىندى. مەدەنىيەت - مائارىپ، سەھىيە ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا پايدىلىق بولسۇن ئۈچۈن، مەدەنىيەت يۈرتى ۋە ئىشچىلار ئۆيۈشمىسى كۇلۇبى ساتقان بېلەتتىن قىلىنغان كىرىم، داۋالاش، ساقلىق ساقلاشتىن قىلىنغان كىرىم، پەن - تەتقىقات ئورۇنلىرى تەمىنلىگەن تېخنىكىدىن قىلىنغان كىرىمدىن ئېلىنىدىغان باج ۋاقتىنچە كەچۈرۈم قىلىندى.

## § 5 . باج ئىشلىرى ئاپپاراتلىرى

### 1 . ناھىيىلىك باج ئىدارىسى

1935 - يىلى پوسكام ناھىيىسىدە باج ئىدارىسى تەسىس قىلىنغان. 1944 - يىلى نامى باج يىغىش ئورنى دەپ ئۆزگەرتىلگەن. 1948 - يىلى يەنە باج ئىدارىسى دەپ ئاتالغان.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1950 - يىلى باجخانا قۇرۇلدى، بۇ چاغدا تۆت نەپەر خىزمەتچى خادىمى بار ئىدى. 1953 - يىلى باج ئىدارىسى قۇرۇلدى. 1958 - يىلى باج ئىدارىسى مالىيە بۆلۈمى بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈپ مالىيە ئىدارىسى قىلىندى.

1962 - يىلى يازدا يەنە ئايرىلدى، باج ئىدارىسىنىڭ قارمىقىدا كادىرلار - كاتىبات، باج يىغىش، بوغالتېرلىق - ستاتىستىكىدىن ئىبارەت ئۈچ بۆلۈمچە تەسىس قىلىندى. 1970 - يىل 11 - ئايدا ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېت ئىشلەپچىقىرىشقا قوماندانلىق قىلىش گۇرۇپپىسى قارمىقىدا مالىيە - باج ئىدارىسى تەسىس قىلىندى. 1975 - يىلى باج ئىدارىسى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. 1984 - يىلى ئىشچى - خىزمەتچىسى 35 نەپەرگە يەتتى.

### 2 . يېزا - بازار باجخانىلىرى

1) **ئىككىسۇ يېزىلىق باجخانا** بۇ باجخانا 1955 - يىلى قۇرۇلغان. 1984-يىلى ئىشچى-خىزمەتچىسى توققۇز نەپەرگە يەتتى، ئۇ، ئىككىسۇ، سەيلى، تۇغچى، بۇيلۇق يېزىلىرى ۋە دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ باج يىغىش خىزمىتىنى باشقۇرۇدۇ.

2) **گۇلباغ يېزىلىق باجخانا** بۇ باجخانا 1955 - يىلى قۇرۇلغان. 1984 - يىلى ئىشچى - خىزمەتچىسى ئالتە نەپەرگە يەتتى، ئۇ، گۇلباغ، يىما يېزىلىرىنىڭ باج يىغىش خىزمىتىنى باشقۇرۇدۇ.

3) **كۆيباغ يېزىلىق باجخانا** بۇ باجخانا 1962 - يىلى قۇرۇلغان. 1984- يىلى ئىشچى - خىزمەتچىسى ئالتە نەپەرگە يەتتى، ئۇ، كۆيباغ، ئاقتام يېزىلىرى، ئورمانچىلىق، باغۋەنچىلىك مەيدانلىرىنىڭ باج يىغىش خىزمىتىنى باشقۇرۇدۇ.

4) **پوسكام يېزىلىقباجخانا** بۇ باجخانا 1953 - يىلى قۇرۇلغان. 1984 - يىلى ئىشچى - خىزمەتچىسى بەش نەپەرگە يەتتى، ئۇ، پوسكام، ئايكۆل يېزىلىرى، ئۇرۇقچىلىق مەيدانىنىڭ باج يىغىش خىزمىتىنى باشقۇرۇدۇ.

5) **كۆيباغبازارلىق باجخانا** بۇ باجخانا 1982 - يىلى قۇرۇلغان. 1984 - يىلى ئىشچى - خىزمەتچىسى ئالتە نەپەرگە يەتتى، ئۇ، كۆيباغ بازىرىنىڭ باج يىغىش خىزمىتىنى باشقۇرۇدۇ.

# XVI باب

# مالىيە

## 1§ . مالىيە تۈزۈمى ۋە مالىيەنى باشقۇرۇش

### 1 . تۈزۈم

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى، پوسكام ناھىيىسىنىڭ مالىيە تۈزۈلمىسىدە بىر تۈتاش كىرىم قىلىپ، بىر تۈتاش چىقىم قىلىش تۈزۈمى ئىزچىل قوللىنىلىپ كەلگەنىدى، يەنى ناھىيىلىك ھۆكۈمەت ھەر يىلى يىغىۋالغان ئالۋان - سېلىق ۋە ھەر خىل باجلارنى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە تاپشۇراتتى، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ناھىيە تەكشۈرۈپ بېكىتكەن ھۆكۈمەت خىزمەتچى خادىملىرىنىڭ سانىغا ئاساسەن ئايمۇ ئاي مائاش تارقىتىپ بېرەتتى.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە، كىرىم - چىقىمدا ئىككى لىنىيىلىك تۈزۈم، يەنى ناھىيە مالىيە كىرىمىنى پۈتۈنلەي ئۆلكىنىڭ خەزىنىسىگە تاپشۇرۇدىغان، مالىيە چىقىمىنى ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى بىر تۈتاش تەكشۈرۈپ ئاجرىتىپ بېرىدىغان تۈزۈم يولغا قويۇلغانىدى. ناھىيىنىڭ مالىيە كىرىمى بىلەن مالىيە چىقىمى ئوتتۇرىسىدا ھېچ قانداق مۇناسىۋەت يوق ئىدى. مالىيە چىقىمى ئايلار بويىچە تەكشۈرۈلۈپ جەدۋەللەشتۈرۈلۈپ ھېسابتىن كۆتۈرۈۋېتىلگەندىن باشقا، يىل ئاخىرىدىكى نەقچوت جەھەتتە ھەر قايسى ئورۇنلارنىڭ ئەسلى ھوججىتى توپلىنىپ ساندۇققا قاچىلىنىپ ئۆلكىنىڭ تەكشۈرۈشىگە يوللاپ بېرىلەتتى. 1953 - يىلى دۆلەت پىلانلىق، زور كۆلەملىك ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش دەۋرىگە قەدەم قويدى، بۇنىڭ بىلەن بىر تۈتاش رەھبەرلىك قىلىش، كىرىم - چىقىمنى ئايرىش، دەرىجىگە ئايرىپ باشقۇرۇشتىن ئىبارەت مالىيە تۈزۈلمىسى يولغا قويۇلدى. يەرلىك ئورۇنلاردا يىغىلىدىن يولغا قويۇلغان ماركا بېجى، ئۆسۈم تاپاۋەت بېجى، قان بېجى، چارۋا ئېلىم - سېتىم بېجى، ئۆي، يەر، مۈلۈك بېجى، مەدەنىي كۆڭۈل ئېچىش بېجى ۋە يەرلىك دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلارنىڭ كىرىمى، كەسپىي كىرىم ۋە باشقا كىرىم ۋىلايەت، ناھىيىلەرگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلىپ، ۋىلايەت، ناھىيىلەرنىڭ كىرىمى قىلىندى. ۋىلايەت، ناھىيىلەر باشقۇرغان دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلارغا سېلىنغان مەبلەغ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش كەسپىي خىراجىتى، ئىجتىمائىي، مەدەنىيەت - مائارىپ كەسپىي خىراجىتى، مەمۇرىي باشقۇرۇش خىراجىتى ۋە باشقا چىقىملارغا ۋىلايەت، ناھىيىلەر مەسئۇل بولدى. شۇنىڭ بىلەن، ۋىلايەت، ناھىيىلەرنىڭ مالىيە ھوقۇق دائىرىسى مۇۋاپىق كېڭەيدى. 1958 - يىلى كىرىمگە قاراپ چىقىمنى بېكىتىش، كىرىم چىقىمدىن كۆپ بولسا يۇقىرىغا تاپشۇرۇش، چىقىم كىرىمدىن ئېشىپ كەتسە قوشۇمچە ياردەم بېرىشتىن ئىبارەت مالىيە تۈزۈلمىسى يولغا قويۇلدى. ئاپتونوم رايون 1963 - يىل 12 - ئايدا گوۋۇيۈەن تارقاتقان «مىللىي ئاپتونومىيىلىك

جايلارنىڭ مالىيە باشقۇرۇشنى ياخشىلاش توغرىسىدا بەلگىلىمە (دەسلەپكى لايىھە) » گە ئاساسەن، 1964 - يىلى ۋىلايەت، ناھىيە، شەھەرلەرنىڭ مالىيەنى تەڭشەش ھوقۇق دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، ئەسلىدە ئاپتونوم رايونغا تاپشۇرۇپ كېلىۋاتقان ھەر خىل كىرىمنى پۈتۈنلەي تۆۋەنگە ئايرىپ بەردى، زاپاس خىراجەتنى ئومۇمىي كىرىمنىڭ ئۈچ پىرسەنتى بويىچە ئورۇنلاشتۇردى، يىل ئاخىرىدا تېجەپ قېلىنغان مەبلەغ ئاپتونوم رايونغا تاپشۇرۇلمايدىغان بولدى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە «كىرىمگە قاراپ چىقىمنى بېكىتىش، كىرىم چىقىمدىن كۆپ بولسا يۇقىرىغا تاپشۇرۇش، چىقىم كىرىمدىن ئېشىپ كەتسە قوشۇمچە ياردەم بېرىش» تىن ئىبارەت مالىيە تۈزۈلمىسى داۋاملىق يولغا قويۇلدى. 1978 - يىلدىن باشلاپ «كىرىم چىقىمنى تەكشۈرۈپ بېكىتىش، ئومۇمىي سوممىا بويىچە ھېسابلاش، ئارتۇق قىسمىنى يۇقىرىغا تاپشۇرۇش، يەتمىگەن قىسمىغا قوشۇمچە ياردەم بېرىش» يولغا قويۇلدى. 1980 - يىلى «كىرىم - چىقىمنى بېكىتىش، كىرىم بىلەن چىقىمنى بىر - بىرىگە چېتىش، ئاشۇرغان كىرىمدىن پىرسەنت ئايرىش، ئاشۇرۇپ قالغان قىسمىنى قالدۇرۇپ ئىشلىتىش، بۇ تۈزۈمنى يىلدا بىر قېتىم بېكىتىش» يولغا قويۇلدى. 1985 - يىلدىن ئېتىبارەن، مالىيە ھۆددىگەرلىك تۈزۈمى، يەنى 1984 - يىلدىكى ئاساستا كىرىم - چىقىمنى تەكشۈرۈپ بېكىتىش، يەتمىگەن قىسمىغا قوشۇمچە ياردەم بېرىش، ئاشۇرۇپ قالغان قىسمىنى قالدۇرۇپ ئىشلىتىش يولغا قويۇلدى.

### 2 . مالىيە باشقۇرۇش

مىنگو دەۋرىدە، ناھىيىدىكى مالىيە تارماقلىرىنىڭ ۋەزىپىسى كىرىم - چىقىم ھېساباتى ۋە پۇل، ئاشلىق كاسسىسىنى باشقۇرۇشتىن ئىبارەت ئىدى. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، دۆلەتنىڭ مالىيە تارماقلىرىغا تاپشۇرغان ۋەزىپىسى پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرى، كارخانا، كەسپىي ئورۇنلارغا كېرەكلىك خىراجەتنى تەكشۈرۈپ بېكىتىش بولۇپلا قالماستىن بەلكى يەنى مەھسۇلاتنى ئاشۇرۇپ، ئىقتىساد قىلىش، كىرىمنى ئاشۇرۇپ، چىقىمنى تېجەش پرىنسىپىغا ئاساسەن، ھەر خىل قائىدە - تۈزۈملەرنى ئورنىتىپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، باشقۇرۇش ۋە نازارەتچىلىكنى كۈچەيتىشتىن ئىبارەت بولدى. مەمۇرىي، كەسپىي خىراجەت چىقىمى - مالىيە چىقىمىنىڭ مۇھىم بىر تەرىپى، شۇڭا مالىيە تارماقلىرى، چىقىمنى قىسقارتىپ، خىراجەتنى ئازايتىپ، قۇرۇلۇشقا سېلىنىدىغان مەبلەغنى كۆپەيتىش ئۈچۈن، ئوخشاش بولمىغان تارىخىي مەزگىللەردىكى ئەھۋالغا ئاساسەن، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، خادىمنى، سوممىنى بېكىتىش، قانچىلىك يوللانسا شۇنچىلىق ئاتچوت قىلىش، كىرىم - چىقىم خام چوتىنى ھۆددىگە بېرىش، كەم قىسمىغا قوشۇمچە ياردەم بېرىپ نورما بەلگىلەپ ھۆددىگە بېرىش، تېجەپ قالغىنىنى ئۆزىگە قايتۇرۇش قاتارلىق تۈزۈملەرنى يولغا قويۇپ، ھەم دۆلەتنىڭ فونكسىيىلىك ئورگانلىرىنىڭ رولىنىڭ نورمال جارى قىلدۇرۇلىشىغا كاپالەتلىك قىلدى، ھەم ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشقا كۈچلۈك ياردەم بەردى. سانائەت - قاتناش، سودا كارخانىلىرى تەرەققىي قىلغاندىن كېيىن، مالىيە تارماقلىرى يەنە ئىگىلىك ھېساباتىنى پائال يولغا قويۇپ، ئامبارلارنى قەرەللىك ئېنىقلاپ، تۇراقسىز مەبلەغنى تەكشۈرۈپ بېكىتىپ، ماددىي ئەشيانىڭ بېسىلىپ قېلىشىنى ئازايتىپ، مەبلەغ ئوبوروتىنى تېزلىتىپ، زىياننى تۈگىتىپ، پايدىنى كۆپەيتىشتە نازارەتچىلىك قىلىش، باشقۇرۇش رولىنى ئوينىدى.

## § 2 . مالىيە كىرىمى

مىنگو دەۋرىدە، ناھىيىنىڭ مالىيە كىرىمى، ئاساسەن، يەر بېجى ۋە تۈرلۈك ناملاردىكى

باجدىن ئىبارەت ئىدى. 1943 - يىلى ناھىيە بويىچە 18 تۈرلۈك باج ئېلىنغان بولۇپ، سوممىسى 598 مىڭ 200 يۈەنگە يەتكەنىدى، بۇنىڭ ئىچىدە يەر بېجىنى پۇلغا سۇندۇرغاندا 250 مىڭ يۈەن بولۇپ، بارلىق مالىيە كىرىمىنىڭ 41.8 پىرسەنتىنى ئىگىلىگەنىدى.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، مالىيە كىرىمىنىڭ مەنبەسى، ئاساسەن، دېھقانچىلىق بېجى، سودا - سانائەتكە دائىر ھەر خىل باج ۋە ناھىيە باشقۇرۇشىدىكى كارخانىلارنىڭ كىرىمىدىن ئىبارەت بولدى.

1950 - يىلدىن 1984 - يىلغىچە پۈتۈن ناھىيىنىڭ مالىيە كىرىمى جەمئىي 38 مىليون 299 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ھەر خىل باج كىرىمى 33 مىليون 829 مىڭ يۈەن بولۇپ، ئومۇمىي كىرىمنىڭ 88.33 پىرسەنتىنى، كارخانا كىرىمى ۋە باشقا كىرىم 4 مىليون 470 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، ئومۇمىي كىرىمنىڭ 11.67 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. ھەر خىل باج كىرىمى ئىچىدە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق بېجى 19 مىليون 640 مىڭ يۈەنگە يېتىپ ھەر خىل باج كىرىمىنىڭ 58.06 پىرسەنتىنى، سودا - سانائەتكە دائىر ھەر خىل باج 14 مىليون 189 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، ھەر خىل باج كىرىمىنىڭ 41.94 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى.

35 يىلدىن بۇيان، دېھقانچىلىق بېجى ناھىيە بويىچە ئومۇمىي مالىيە كىرىمىنىڭ 51.28 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. ناھىيىدىكى مالىيە تارماقلىرى دېھقانچىلىق بېجىنى يىغىۋېلىش ئۈچۈن، مەلۇم ساندا كادىر سەپلەپ، بۇ خىزمەت بىلەن ئۇزاق مۇددەت شۇغۇللاندى، ئاساسلىق رەھبەرلەر ئۆزى ئورۇنلاشتۇرۇش، تەكشۈرۈش ۋە يەكۈنلەشنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇپ كەلدى ھەمدە بىر مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى بۇ خىزمەتنى تەقسىم قىلىنىۋېلىپ ئۇزاق مۇددەت باشقۇردى.

1950 - يىلدىن 1984 - يىلغىچە دېھقانچىلىق بېجىدا «نىسبەتكە قاراپ باج ھېسابلاش، قانۇن بويىچە كېمەيتىش، كەچۈرۈم قىلىش» ۋە «مەھسۇلات ئاشقاندا باجنى كۆپەيتمەسلىك، ئىشلەپچىقىرىشقا ئىلھام بېرىش، سېلىقنى مۇقىملاشتۇرۇش»تىن ئىبارەت باجنى يېنىكلىتىش سىياسىتى ئىزچىل ئىجرا قىلىندى. يېزىلارنىڭ ئىقتىسادىي تۈزۈلمىسى گەرچە يەككە ئىگىلىكتىن يېزا ئىگىلىكىنى كوپېراتسىيىلەشتۈرۈش، خەلق گۇڭشېسى، مەھسۇلاتقا بىرلەشتۈرۈپ ھۆددىگە بېرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىگە ئۆتۈشتىن ئىبارەت تارىخىي خاراكتېرلىك زور ئىسلاھاتنى باشتىن كەچۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن دېھقانچىلىق بېجىنى يىغىشتىن ئىبارەت تۈپ سىياسەت ئۆزگەرمىدى. 1950 - يىلى پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت يېزىلارنىڭ ئىقتىسادىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ ۋە راۋاجلاندۇرۇپ، دېھقانلارنى تۇرمۇشتا خاتىرجەم قىلىش، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشىلاش، دېھقانلارغا ئۆزىنى ئوڭشىۋېلىش پۇرسىتى يارىتىپ بېرىش ئۈچۈن، «ئومۇمىي مىقدار بويىچە پىروگرېسسىپ باج» تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ، ئادەتتىكى مەھسۇلات بويىچە ھېسابلىغاندا ھەر بىر يېزا ئىگىلىك نوپۇسى ئۈچۈن بىر يىلدا كىرىم قىلىنغان ئوتتۇرىچە ئاشلىق 71 كىلوگرامدىن ئاشمايدىغانلاردىن باجنى كەچۈرۈم قىلىش، 75 كىلوگرامدىن ئاشقانلاردىن دېھقانچىلىق كىرىمى بېجىنىڭ 40 تۈرلۈك دەرىجىسى، 37 تۈرلۈك باج نىسبىتى بويىچە، ئاشقان ھەر 25 كىلوگرامغا بىر دەرىجە باج ئۆستۈرۈشنى ھەمدە ئىجارە كىرىمىنىڭ 50 كىلوگرامىنى 60 كىلوگرام بويىچە ھېسابلاش، ئىجارىكەش دېھقانلارنىڭ كىرىمىنىڭ 50 كىلوگرامىنى 40 كىلوگرام بويىچە ھېسابلاشنى بەلگىلىدى، يۇقىرىدىكى پىروگرېسسىپ باجنى ناھىيە بويىچە ھەر قايسى تەبىقىدىكىلەرنىڭ ئۈستىگە ئېلىش نىسبىتى ئومۇمەن مۇنداق بولدى: كەمبەغەل دېھقانلارنىڭ ئادەتتە %8 ئەتراپىدا، ئوتتۇرا دېھقانلارنىڭ %13 ئەتراپىدا، باي دېھقانلارنىڭ %20 ئەتراپىدا، پومېشچىكلارنىڭ %30 ئەتراپىدا بولدى. ئەڭ يۇقىرى بولغاندا %50 تىن ئېشىپ كەتمىدى، ئايرىم چوڭ پومېشچىكلارنىڭ %80 تىن ئېشىپ كەتمىدى. شۇ يىلى ناھىيە بويىچە دېھقانچىلىق

پوسكام ناھىيىسىنىڭ ئىلگىرىكى يىللاردىكى مالىيە كىرىم ئەھۋالى

2 . 16 . 1 . جەدۋەل — بىرلىكى: 10 مىڭ يۈەن

| يىللار \ كىرىم تۈرى | ئومۇمىي جەمئىي | ئالدىنقى يىلدىكى قالدۇق | دۆلەت بەرگەن ياردەم | ناھىيىنىڭ ئۆزىنىڭ كىرىمى: جەمئىي | كارخانا كىرىمى | سودا - سانائەتكە دائىر ھەرخىل باج | دېھقانچىلىق بېجى | چارۋىچىلىق بېجى | باشقا باج |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1950 | 13.4 | | 8.9 | 4.5 | | 4.3 | 0.2 | | |
| 1951 | 18.4 | | 7.7 | 10.7 | | 5.4 | 5.3 | | |
| 1952 | 41.7 | | | 41.7 | | 14.6 | 27.1 | | |
| 1953 | 54.2 | | 4.6 | 49.6 | | 15.2 | 29.1 | 0.4 | 4.9 |
| 1954 | 67.6 | | | 67.6 | | 22.1 | 37.4 | 0.4 | 7.7 |
| 1955 | 89.2 | | | 89.2 | | 43.2 | 37.3 | 0.5 | 8.2 |
| 1956 | 80.1 | | -4.8 | 84.9 | | 38.2 | 40.2 | 0.5 | 6 |
| 1957 | 92.5 | | | 92.5 | | 40.9 | 47 | 0.6 | 4 |
| 1958 | 128 | | 12.9 | 115.1 | 0.1 | 33 | 72 | 2.9 | 7.1 |
| 1959 | 173.1 | 43.8 | 4 | 125.3 | 1.5 | 37.3 | 80.5 | 3 | 3 |
| 1960 | 175.6 | 5.9 | 38.7 | 131 | 1.5 | 41.5 | 82 | 3 | 3 |
| 1961 | 134.5 | | 50.9 | 83.6 | -6.2 | 35.2 | 49.3 | 2.8 | 2.5 |
| 1962 | 206.5 | | 117.6 | 88.9 | -11.6 | 44.2 | 50.4 | 2.6 | 3.3 |
| 1963 | 223.2 | 13.2 | 103.2 | 106.8 | 1.6 | 47.6 | 51.6 | 1.7 | 4.3 |
| 1964 | 241.8 | 5.6 | 132.4 | 103.8 | -0.3 | 45.7 | 52.4 | 1.9 | 4.1 |
| 1965 | 247 | 11.2 | 130.6 | 105.2 | 3.9 | 45.3 | 49.8 | 2.1 | 4.1 |
| 1966 | 222.4 | 8.9 | 112.5 | 101 | 0.6 | 33.7 | 58.3 | 2 | 6.4 |
| 1967 | 277.6 | 11.6 | 158.9 | 107.1 | 1 | 31.7 | 60.6 | 2.1 | 11.7 |
| 1968 | 240.3 | 10.8 | 133 | 96.5 | 0.6 | 26.5 | 60.6 | 2.1 | 6.7 |
| 1969 | 279 | 55.3 | 154.3 | 69.4 | -19.8 | 24.9 | 60.6 | 2.3 | 1.4 |
| 1970 | 317.6 | 57.6 | 169.4 | 90.6 | -2.3 | 25.2 | 60.6 | 2.3 | 4.8 |
| 1971 | 354.5 | 50.8 | 169.6 | 134.1 | 39.4 | 27.5 | 60.6 | 2.3 | 4.3 |

| | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1972 | 395.5 | 110.1 | 188.2 | 97.2 | -10.5 | 34.4 | 60.6 | 2.1 | 10.6 |
| 1973 | 433.4 | 123.1 | 162.2 | 148.1 | 40.9 | 39.9 | 60.5 | 1.9 | 4.9 |
| 1974 | 421 | 116 | 144.3 | 160.7 | 45.4 | 47.1 | 59.4 | 1.9 | 6.9 |
| 1975 | 472.2 | 120.9 | 152.6 | 198.7 | 66.9 | 48.5 | 59.9 | 1.9 | 21.5 |
| 1976 | 409.1 | 64.1 | 204.7 | 140.3 | 4.3 | 51.5 | 59.9 | 1.9 | 22.7 |
| 1977 | 612 | 71.9 | 385.6 | 154.5 | 35 | 53 | 58.9 | 1.9 | 5.7 |
| 1978 | 707.7 | 58.8 | 484 | 164.9 | 41.4 | 56.1 | 58.3 | 2 | 7.1 |
| 1979 | 651.4 | 82.8 | 420.2 | 148.4 | 5.9 | 66.8 | 69.9 | 2.3 | 8.5 |
| 1980 | 649.8 | 43.7 | 470.9 | 135.2 | | 57.4 | 73 | 0.5 | 4.3 |
| 1981 | 658.7 | 60.5 | 478.8 | 119.4 | -1.2 | 52.6 | 65.6 | 0.5 | 1.9 |
| 1982 | 764.2 | 49.1 | 559.1 | 156 | 16.7 | 67 | 69.2 | 0.5 | 2.6 |
| 1983 | 820.4 | 87.3 | 549.8 | 183.3 | 25.4 | 81.2 | 71.2 | 0.5 | 5 |
| 1984 | 920.6 | 87.7 | 708.9 | 124 | -34.6 | 85.2 | 70.8 | 0.5 | 2.1 |

پوسكام ناھىيىسىنىڭ ئىلگىرىكى يىللاردىكى دېھقانچىلىق بېجىنى يىغىۋېلىش ئەھۋالى

2 ـ 16 ـ 2 ـ جەدۋەل

بىرلىكى: 10 مىڭ يۈەن

| يىللار | دېھقانچىلىق بېجى ۋەزىپىسى (قوشۇمچە باجمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) | ئەمەلىي ئورۇندالغىنى (قوشۇمچە باجمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) | ۋەزىپىدە ئىگىلىگەن نىسبىتى% | دېھقانچىلىق ئومۇمىي كىرىمى | دېھقانچىلىق بېجىنىڭ دېھقانچىلىق ئومۇمىي كىرىمىدىكى نىسبىتى% | قانۇن بويىچە كېمەيتىلگىنى ۋە كەچۈرۈم قىلىنغىنى | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | | | | | ئاپەت تۈپەيلىدىن كېمەيتىلگىنى ۋە كەچۈرۈم قىلىنغىنى | ئىجتىمائىي جەھەتتىن كېمەيتىلگىنى ۋە كەچۈرۈم قىلىنغىنى |
| 1950 | 23.7 | 23.7 | 100 | 372.7 | 6.36 | | 0.1 |
| 1951 | 28.6 | 28.5 | 99.7 | 371.1 | 7.68 | | 0.1 |
| 1952 | 27.5 | 27.5 | 10 | 372.3 | 7.39 | | |
| 1953 | 29.1 | 29.1 | 10 | 405.4 | 718 | | |
| 1954 | 48.1 | 48 | 99.8 | 415.3 | 11.56 | | 0.1 |
| 1955 | 49.4 | 49.2 | 99.6 | 429.6 | 11.45 | 0.1 | 0.1 |
| 1956 | 53.3 | 53 | 99.4 | 500 | 10.60 | 0.2 | 0.1 |
| 1957 | 58.4 | 58.4 | 100 | 442.5 | 13.2 | | |
| 1958 | 91.5 | 91.5 | 100 | 993.48 | | | |
| 1959 | 90.5 | 90.2 | 99.7 | 582.16 | 15.5 | 0.1 | 0.2 |

| | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 0.2 | 0.1 | 15.5 | 589.69 | 99.7 | 91.6 | 91.9 | 1960 |
| | 0.8 | 7.9 | 7207.4 | 98.6 | 56.1 | 56.9 | 1961 |
| | 1.3 | 7.6 | 739.41 | 97.9 | 56 | 57.3 | 1962 |
| 0.4 | | 5 | 873.3 | 99.3 | 56.8 | 57.2 | 1963 |
| 0.1 | | 8 | 849.3 | 99.8 | 57.6 | 57.7 | 1964 |
| 0.3 | 0.5 | 5.4 | 1002.71 | 98.6 | 54.6 | 55.4 | 1965 |
| 0.4 | 0.5 | 5.5 | 1204.18 | 98.7 | 66.7 | 67.6 | 1966 |
| 0.6 | 0.4 | 5.5 | 1211.65 | 98.5 | 66.7 | 67.7 | 1967 |
| 8 | | 6.6 | 10072.1 | 98.8 | 667 | 67.5 | 1968 |
| 4 | 5 | 6 | 11220.7 | 98.7 | 671 | 680 | 1969 |
| 7 | 6 | 5.4 | 2350.5 | 98.1 | 667 | 680 | 1970 |
| 6 | 4 | 5.1 | 12980.5 | 98.5 | 667 | 677 | 1971 |
| 6 | 4 | 6.5 | 10616.7 | 98.5 | 667 | 677 | 1972 |
| 6 | 5 | 4.5 | 14878.4 | 98.4 | 667 | 678 | 1973 |
| 8 | 13 | 5.3 | 12252.2 | 96.9 | 6.55 | 676 | 1974 |
| 10 | 7 | 5.3 | 12508.3 | 97.5 | 6.59 | 676 | 1975 |
| 3 | 4 | 5 | 13132.7 | 99 | 659 | 666 | 1976 |
| 5 | 12 | 4.5 | 14359.4 | 97.4 | 648 | 665 | 1977 |
| 8 | 15 | 4.6 | 13878.5 | 96.5 | 641 | 664 | 1978 |
| 22 | 23 | 5.1 | 15073.8 | 94.5 | 769 | 814 | 1979 |
| 30 | 35 | 4.5 | 16477.9 | 92 | 744 | 809 | 1980 |
| 35 | 50 | 14 | 17983.1 | 89.5 | 722 | 87 | 1981 |
| 20 | 30 | 3.4 | 22156.8 | 93.8 | 761 | 811 | 1982 |
| 10 | 20 | 2.5 | 31427.5 | 96.3 | 783 | 813 | 1983 |
| 10 | 24 | 1.9 | 41511.1 | 95.8 | 778 | 812 | 1984 |

بىجى ئۇچۇن بىغىۋېلىنغان ئاشلىق 1 مىليون 269 مىڭ 500 كىلوگرام (قوشۇمچە ئېلىنغىنىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) ، پۇلغا سۇندۇرغاندا 237 مىڭ يۈەن بولۇپ، شۇ يىللىق (1950 ـ يىللىق) دېھقانچىلىق ئومۇمىي كىرىمىنىڭ 6.36 پىرسەنتىگە تەڭلىشىپ، گوۋويۈەن تەكشۈرۈپ بېكىتكەن شىنجاڭنىڭ دېھقانچىلىق بېجىنىڭ دېھقانچىلىق ئومۇمىي كىرىمىدە ئىگىلىگەن نىسبىتى 13% بولىدۇ دېگەن تەلەپتىن تۆۋەن بولدى.

1953 ـ يىلدىكى يەر ئىسلاھاتىدىن كېيىن، يېزىلاردىكى سىنىپلار ۋە ئىقتىسادىي ئەھۋالنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئاساسەن، پەرقى ئازراق بولغان ئومۇمىي مىقدار بويىچە پىروگېيسلىك باج يولغا

قويۇلدى.

باجنىڭ باشلىنىش چېكى 90 كىلوگرام بولۇپ، بۇ چەكتىن ئېشىپ كەتكەنلەردىن 27 تۈرلۈك باج دەرىجىسى، 26 تۈرلۈك باج نىسبىتى بويىچە باج ئېلىندى. دۆلەتنىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش ھەمدە يېزا ئىگىلىكىنى كوپىراتسىيىلەشتۈرۈش تۈزۈمىنى مۇستەھكەملەشكە، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە پايدا يەتكۈزۈش ئۈچۈن، 1956 - يىلى ئىلگىرى يولغا قويۇلغان پىروگرېسسىپلىك باج تۈزۈمى بىكار قىلىنىپ، ناھىيە تەۋەسىدىكى يېزا ئىگىلىك كوپىراتىپلىرىدا رايونلار بويىچە نىسبەتلىك باج تۈزۈمى سىر تۇتاش يولغا قويۇلدى. پوسكام ناھىيىسىنىڭ ئوتتۇرىچە باج نىسبىتى %12.43 بولدى. «ئادىل، مۇۋاپىق بولۇش، سېلىق مۇقىم بولۇش، مەھسۇلات ئاشسا باجنى كۆپەيتمەسلىك» سىياسىتى داۋاملىق قوللىنىلىپ، دېھقانچىلىق كىرىمى باجنىڭ ئوبيېكتى قىلىندى، ئادەتتىكى يىلدىكى مەھسۇلات مىقدارى باھالاپ بېكىتىلگەندىن كېيىن، ئۇ، مەلۇم مەزگىلگىچە ئۆزگەرتىلمەي، دېھقانلارنىڭ سېلىقى مۇقىملاشتۇرۇلۇپ، يېزا ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ئىلھام بېرىلدى.

1971 - يىلى ناھىيىدە «بىر بېكىتىپ بەش يىل ئىجرا قىلىش»تىن ئىبارەت دېھقانچىلىق بېجى سىياسىتى يولغا قويۇلدى.

پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، دېھقانلارنىڭ سېلىقىنى يەڭگىللىتىش ئۈچۈن، 1979 - يىلدىن باشلاپ، باج ئېلىش چېكىدىن تۆۋەن بولغان ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرىدىن ئېلىنىدىغان دېھقانچىلىق بېجى كەچۈرۈم قىلىندى (باج ئېلىنىشنىڭ باشلىنىش چېكى كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ئوزۇقلۇق ئاشلىق 160 كىلوگرام، دېھقانچىلىق كىرىمى 40 يۈەن بولۇش كېرەك دەپ بەلگىلەنگەن). 1984 - يىلغىچە مۇتلەق كۆپ قىسىم دېھقانلارنىڭ كىيىم - كېچەك، يېمەك - ئىچمەك مەسىلىسى ئاساسەن ھەل قىلىندى، يېزىلاردا مەھسۇلاتقا بىرلەشتۈرۈپ ئائىلىلەرگە ھۆددىگە بېرىشتىن ئىبارەت مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، دېھقانچىلىق بېجىنى ئائىلە بويىچە ھېسابلاش شەكلى قوللىنىلدى. ئاپتونوم رايوننىڭ قارارى بويىچە، دېھقانچىلىق بېجىدا، باج ئېلىش چېكىنى بەلگىلەش چارىسى توختىتىلىپ، «بىر بېكىتىپ بەش يىل ئىجرا قىلىش» تۈزۈمى داۋاملىق يولغا قويۇلدى.

1955 - يىلى دېھقانچىلىق بېجى دېھقانچىلىق ئومۇمىي كىرىمىنىڭ 11.45 پىرسەنتىنى ئىگىلىگەنىدى. 1984 - يىلى %1.9 كە چۈشۈرۈلۈپ، %9.55 يەڭگىللىتىلدى. بۇ ئارىلىقتا 1959 - ۋە 1960 - يىللىرى سول سىياسەتنىڭ تەسىرى تۈپەيلىدىن، دېھقانچىلىق بېجى ھەددىدىن زىيادە ئېغىرلاشتۇرۇۋېتىلگەنىدى. مالىيە تارماقلىرى تەكشۈرۈش ئارقىلىق، ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە ئاپەت تەسىرىگە ئۇچرىغان گۇڭشې، ئەترەتلەردىن ئېلىنىدىغان باجنى ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدىگەن ھالدا، سىياسەت بويىچە كېمەيتتى ۋە كەچۈرۈم قىلدى. 35 يىلدىن بۇيان، جەمئىي كېمەيتىلگەن ۋە كەچۈرۈم قىلىنغان ئاشلىق 1 مىليون 590 مىڭ كىلوگرامغا، پۇلغا سۇندۇرغاندا 522 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، ئومۇمەن 1956 - يىللىق باج كىرىمىگە تەڭلەشتى.

چارۋىچىلىق بېجى جەھەتتە، 1950 - يىلدىن 1980 - يىلغىچە ناھىيە بويىچە ھەر يىلى يىغىۋېلىنغان باج سوممىسى قويغا سۇندۇرۇلۇپ، 1500 تۇياق قوي ھېسابلاندى، بۇنى خەلق پۇلىغا سۇندۇرغاندا 21 مىڭ يۈەن بولۇپ، خەزىنىگە كىرگۈزۈلگەن دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق بېجى سوممىسىنىڭ تەخمىنەن ئۈچ پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. 1980 - يىلدىن كېيىن ئىشلەپچىقىرىش

پوسكام ناھىيىسىنىڭ ئىلگىرىكى يىللاردىكى مالىيە چىقىمى ئەھۋالى

2 ـ 16 ـ 3 ـ جەدۋەل

بىرلىكى: 10 مىڭ يۇەن

| تۈرى / يىللار | ئومۇمىي جەمئىي | يۇقىرىغا تاپشۇرۇش چىقىمى | مۇشۇ يىللىق ئومۇمىي چىقىم | ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش خىراجىتى | بۇنىڭ ئىچىدە: ئاساسىي قۇرۇلۇش | دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، سۇ ئىشلىرى، چارۋىچىلىق | تۇراقسىز مەبلەغ | سانائەت، قاتناش، سودا | بەش كىچىك كارخانىنىڭ تېخنىكا ئۆزگەرتىش خىراجىتى | ئۈچ تۈرلۈك تېخنىكا خىراجىتى | ئىجتىمائىي، مەدەنىيەت، سەھىيە، پەن - تېخنىكا | ئېتىبار بېرىش، نەپىقە بېرىش ۋە باشقا ئىجتىمائىي خىراجەت | مەمۇرىي باشقۇرۇش خىراجىتى | شەھەر ئاھالىلىرىنى يېزىلارغا چۈشۈرۇش، بازارلاردىكى ياشلارنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش | باشقا چىقىم |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1950 | 13.4 | | 13.4 | | | | | | | | 1.4 | | 12 | | |
| 1951 | 18.4 | | 18.4 | | | | | | | | 1.9 | | 16.5 | | |
| 1952 | 41.7• | .9.2 | 50.9 | | | | | | | | 8 | | 42.9 | | |
| 1953 | 54.2 | | 54.2 | | | | | | | | 12.3 | | 41.9 | | |
| 1954 | 55.2 | | 55.2 | | | | | | | | 13.4 | | 42.5 | | |
| 1955 | 89.2 | 35.1 | 54.1 | 2.9 | | 2.9 | | | | | 18.3 | | 32.9 | | |
| 1956 | 80.1 | | 80.1 | 7.9 | | 7.3 | | 0.6 | | | 31.2 | | 41 | | |
| 1957 | 92.7 | 13.9 | 78.8 | 4.8 | 0.3 | 4.5 | | | | | 33.1 | | 40.5 | | 0.4 |
| 1958 | 128 | 43.8 | 84.2 | 12.5 | 0.2 | 10.1 | | 2.2 | | | 31.5 | | 39.8 | | 0.4 |
| 1959 | 173.1 | 5.6 | 167.5 | 85.3 | 23.8 | 37.8 | | 22.7 | 0.3 | 0.7 | 38.2 | | 43.9 | | 0.1 |
| 1960 | 161 | 13.2 | 147.8 | 42.5 | 22.5 | 17.5 | | 2.2 | | 0.3 | 46.2 | | 59 | | 0.1 |
| 1961 | 134.5 | | 134.5 | 54.2 | 23.2 | 22.8 | | 7.9 | | 0.3 | 42.9 | | 36.4 | | 1 |
| 1962 | 206.6 | 96.4 | 110.2 | 25 | 0.3 | 24.5 | | | | 0.2 | 52.7 | | 31.2 | | 1.3 |
| 1963 | 223.2 | 103.5 | 119.7 | 27.4 | | 27.4 | | | | | 50.6 | | 35.2 | | 6.5 |
| 1964 | 241.8 | 105.1 | 136.7 | 24.1 | 3 | 19.1 | | 2 | | | 58 | | 44.3 | | 10.3 |

| | | | | | | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 2.1 | | 46.3 | | 55.9 | | | 2.4 | | 34.8 | 5.5 | 42.7 | 147 | 100 | 247 | 1965 |
| 3.7 | | 40.7 | | 64.5 | | | 3.6 | | 9.2 | 0.1 | 12.9 | 121.8 | 100.6 | 222.4 | 1966 |
| 2.9 | | 32.8 | | 72.6 | | | 9.9 | | 9.9 | | 19.8 | 128.1 | 149.5 | 277.6 | 1967 |
| 6.2 | | 34.4 | | 56 | | 2 | | 6 | 9.2 | 13.1 | 30.3 | 126.9 | 113.4 | 240.3 | 1968 |
| | 3.6 | 43.3 | 2.3 | 49.5 | | | | | 7.2 | 8.4 | 15.6 | 114.3 | 164.7 | 279 | 1969 |
| 10.7 | 7.5 | 41.2 | 2 | 51.7 | | | | | 15.4 | 66.5 | 81.9 | 195 | 122.6 | 317.6 | 1970 |
| 6.6 | 22.8 | 49.2 | 3.7 | 71.1 | | 4 | | 16.3 | 15.1 | 55.6 | 91 | 244.4 | 110.1 | 354.5 | 1971 |
| 2 | 3.1 | 56.2 | 4.4 | 101.3 | 0.3 | | 4.4 | 3 | 22.4 | 64.8 | 94.9 | 261.9 | 133.6 | 395.5 | 1972 |
| 5.4 | 3.5 | 56.5 | 4 | 117.8 | | | 1.8 | 20 | 40.5 | 65.3 | 127.6 | 314.8 | 118.6 | 433.4 | 1973 |
| 3 | 10.6 | 52.9 | 4.6 | 109.9 | 0.2 | 5.4 | 0.3 | 3.1 | 22.2 | 56.3 | 87.5 | 268.5 | 152.5 | 421 | 1974 |
| 3.2 | 9.3 | 55.4 | 5.5 | 121.6 | 2.1 | 4 | 0.3 | 2 | 61.4 | 44.5 | 114.3 | 309.3 | 162.9 | 472.2 | 1975 |
| 3 | 9.5 | 63.9 | 7.1 | 127.2 | 0.2 | 18 | 0.9 | 1 | 72.4 | 87.2 | 179.7 | 390.4 | 74.9 | 465.3 | 1976 |
| 2.4 | 15.7 | 67.2 | 8.4 | 142.9 | 0.1 | 15 | 1.4 | 16.7 | 264.2 | 21.2 | 318.6 | 555.2 | 65.8 | 621 | 1977 |
| 2.9 | 10.2 | 76 | 10.1 | 169.5 | 0.5 | 3 | 24 | 10 | 134 | 172.3 | 343.8 | 612.5 | 95.2 | 707.7 | 1978 |
| 15.2 | 2.6 | 88.5 | 10.1 | 176.2 | 2 | 1.9 | 11.2 | 3 | 124.7 | 171.1 | 313.9 | 606.5 | 44.9 | 651.4 | 1979 |
| 7.2 | 3.7 | 104.5 | 11 | 211.8 | | | 8.9 | 1.1 | 143.1 | 98 | 251.1 | 589.3 | 60.5 | 649.8 | 1980 |
| 54.6 | 0.3 | 111.1 | 15.6 | 230.3 | 1.2 | 9.5 | 15.4 | 1 | 139 | 30 | 196.1 | 608 | 50.7 | 658.7 | 1981 |
| 71.2 | 17.3 | 108.4 | 11.4 | 263.4 | 1.7 | 8.5 | 3.8 | 20 | 158.1 | 4 | 196.1 | 667.8 | 96.4 | 764.2 | 1982 |
| 22.5 | 21 | 152.9 | 15.7 | 279.2 | 0.1 | 11.5 | 13.8 | | 175.1 | 26.5 | 227.9 | 719.2 | 101.2 | 820.4 | 1983 |
| 28.9 | 11 | 192.8 | 12.8 | 350.5 | | 33.5 | 7 | | 205.8 | 63.6 | 312 | 908 | 12.6 | 920.6 | 1984 |

ئەترەتلىرى باج تاپشۇرۇش ئوبيېكتى قىلىنىپ چارۋىچىلىق كىرىمى 500 يۈەندىن ئاشسا ئاندىن باج تاپشۇرۇشى بېكىتىلدى، ناھىيە بويىچە باج ئېلىش شەرتىگە توشىدىغان ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتى 161 بولۇپ، ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرى ئومۇمىي سانىنىڭ 24.17 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى.

## § 3 . مالىيە چىقىمى

1950 - يىلدىن 1984 - يىلغىچە ناھىيە مالىيەسىنىڭ ئومۇمىي چىقىمى 114 مىليون 350 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، چىقىم كىرىمدىن 76 مىليون 60 مىڭ يۈەن ئارتۇق بولدى، مالىيەدىكى كەم سوممىنى دۆلەت يىلغا بۆلۈپ تولۇقلاپ بەردى، ناھىيىنىڭ مالىيەدە ئۆزىنى ئۆزى تەمىنلەش نىسبىتى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن %49.33 بولدى. مالىيە چىقىمى تۈرلىرى ئىچىدە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش خىراجىتى 333 مىليون 500 مىڭ يۈەن بولۇپ، ئومۇمىي چىقىمنىڭ 19.29 پىرسەنتىنى، ئىجتىمائىي، مەدەنىيەت، مائارىپ، سەھىيە خىراجىتى 326 مىليون 300 مىڭ يۈەن بولۇپ، ئومۇمىي مالىيە چىقىمىنىڭ 78.26 پىرسەنتىنى، مەمۇرىي باشقۇرۇش خىراجىتى 202 مىليون 400 مىڭ يۈەن بولۇپ، ئومۇمىي مالىيە چىقىمىنىڭ 7.17 پىرسەنتىنى باشقا جەھەتتىكى چىقىملار 281 مىليون 200 مىڭ يۈەن بولۇپ، ئومۇمىي مالىيە چىقىمىنىڭ 24.59 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى.

ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش چىقىمى ئىچىدە، يېزا ئىگىلىكىگە ئىشلىتىلگەن ھەر خىل مەبلەغ 163 مىليون 700 مىڭ يۈەن بولۇپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش چىقىمىنىڭ 1.49 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. بۇ، پۈتۈنلەي سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشى، ئىلمىي تەجرىبە، يېزا ئىگىلىك پەن - تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش، سۈپەتلىك ئۇرۇقلۇق يېتىشتۈرۈش، چارۋىنىڭ نەسلىنى ياخشىلاش، ئوتلاق قۇرۇلۇشى قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلدى.

## § 4 . مالىيەدە ئۆزىنى ئۆزى تەمىنلەش نىسبىتى

35 يىلدىن بۇيان، ناھىيىدىكى مالىيە تارماقلىرى «شۇ يىللىق مالىيە كىرىم - چىقىمىنى شۇ يىلى تەڭپۇڭلاشتۇرۇش، ئازراق ئېشىنچا قالدۇرۇش» فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇپ، ھەر يىللىق كىرىم - چىقىمنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، قىزىل رەقەم سادىر قىلمىدى. ناھىيىدىكى مالىيە تارماقلىرى كىرىمنى ئاشۇرۇپ، چىقىمنى تېجەپ، باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، مالىيە كىرىمىنىڭ ئېشىش سۈرئىتىنى خەلق ئىگىلىكى تەرەققىياتىنىڭ سۈرئىتىدىن سەل تېزلەتتى. 1983 - يىلى ناھىيە بويىچە ئومۇمىي كىرىم 18 مىليون 330 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1950 - يىلدىكى كىرىمنىڭ 47 ھەسسىسىگە توغرا كەلدى دېمەك، يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن %46.5 تىن ئېشىپ باردى. 1983 - يىلى ناھىيە بويىچە سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 44 مىليون 899 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1950 - يىلدىكى سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنىڭ 5.63 ھەسسىسىگە توغرا كەلدى، دېمەك، يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن %4.5 تىن ئېشىپ باردى. لېكىن سانائەت، يېزا ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىي

قىلىشىغا. مەبلەغ سېلىش دائىرىسىنىڭ كېڭىيىشىگە، مەمۇرىي خىراجەتنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، مالىيە چىقىمىنىڭ كۆپىيىش سۈرئىتىمۇ تېزلىشىپ باردى، بۇ، پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن تېخىمۇ كۆرۈنەرلىك بولدى. 1983 - يىلى ناھىيە بويىچە ئومۇمىي چىقىم 71 مىليون 920 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1950 - يىلدىكى چىقىمىنىڭ 40.2 ھەسسىسىگە توغرا كەلدى، دېمەك، چىقىم يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 11.84٪ تىن ئېشىپ باردى. مالىيە چىقىمىنىڭ ئېشىش سۈرئىتى مالىيە كىرىمىنىڭ ئېشىش سۈرئىتىدىن زور دەرىجىدە ئېشىپ كېتىپ، ئۆزىنى ئۆزى تەمىنلەش نىسبىتى تۆۋەنلەپ كەتتى، بۇ، ناھىيىنىڭ سانائەت، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتىنىڭ يىلمۇ يىل، پۇختا قەدەم بىلەن ئېشىش ئەھۋالى بىلەن تامامەن بىردەك بولۇپ كېتەلمىدى. 1983 - يىلى ناھىيىنىڭ مالىيە جەھەتتە ئۆزىنى ئۆزى تەمىنلەش نىسبىتى 25.48٪ بولدى، قالغان قىسمىدا پۈتۈنلەي دۆلەتنىڭ قوشۇمچە ياردىمىگە تايىنىلدى. 1984 - يىلى مالىيە جەھەتتە ئۆزىنى ئۆزى تەمىنلەش نىسبىتى ئاران 13.66٪ بولدى. بۇنداق ئەھۋالنىڭ كېلىپ چىقىشىنىڭ سەۋەبلىرى ناھايىتى كۆپ، ئاساسلىقى، ناھىيە دەرىجىلىك ئىگىلىكنىڭ تەرەققىيات سەۋىيىسى يۇقىرى بولمىدى، مالىيە مەنبەسى مول ئەمەس. يەنە بىر جەھەتتىن، بۇ، ھەر قايسى مەزگىلدىكى مالىيە خام چوتىنى باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەنمۇ مۇناسىۋەتلىك، يۇقىرى دەرىجىلىك ئورۇنلار يەرلىكنىڭ مالىيە ھوقۇقىنى مۇۋاپىق كېڭەيتىشنى قارار قىلغاندا، يەرلىك مالىيە كىرىمى كۆپرەك بولدى، ئۇنىڭ ئەكسىچە بولغاندا، بىر ئىزىدا توختاپ قالدى ياكى تۆۋەنلەپ كەتتى. 1975 - يىلى يۇقىرى دەرىجىلىك ئورۇنلار يەرلىك مالىيە كۈچىنى كېڭەيتىشنى قارار قىلغانىدى. شۇ يىلى ناھىيە بويىچە سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 1974 - يىلدىكىدىن ئاران 1.25٪ ئېشىپ، ئازادلىقتىن كېيىن ھەر يىلى ئېشىپ بېرىۋاتقان ئوتتۇرىچە سۈرئەتتىن تۆۋەن بولغان بولسىمۇ، لېكىن مالىيە كىرىمى 1 مىليون 987 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، ئىلگىرىكى يىللار ئىچىدە ئەڭ يۇقىرى رېكورد يارىتىلغانىدى. شۇ يىلى كارخانىلارنىڭ كىرىمى 669 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، ناھىيە بويىچە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلارنىڭ پايدا - زىيىنى بالانس قىلىنغاندىن كېيىن دۆلەتكە تاپشۇرۇلغان پايدا ئەڭ كۆپ بولغان بىر يىل بولدى.

# 5 §. يەرلىك زاپاس مالىيە كۈچى

يەرلىك زاپاس مالىيە كۈچىنىڭ مەنبەسى ئالدىنقى يىلدىكى زاپاس خىراجەت، ئاشقان كىرىمدىن قالدۇرۇلغان پىرسەنت، يەرلىك مالىيەنىڭ ئىشلىتىشىگە قالدۇرۇلغان پىرسەنت، يەرلىك مالىيەنىڭ ئىشلىتىشىگە قالدۇرۇلغان ھەر خىل يەرلىك باج ۋە شۇ يىلدىكى چىقىم قالدۇقى قاتارلىق تەرەپلەردىن كېلىدۇ. 1958 - يىلدىن باشلاپ «بىر تۇتاش كىرىم قىلىش، بىر تۇتاش چىقىم قىلىش» تىن ئىبارەت خام چوت باشقۇرۇش چارىسى ئۆزگەرتىلىپ، «كىرىم تۈرى بويىچە پىرسەنت ئايرىش» تىن ئىبارەت يېڭى چارە يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، ناھىيە دەرىجىلىك مالىيە يەرلىك زاپاس مەبلەغكە ئىگە بولۇشقا باشلىدى ھەمدە يەرلىك سانائەت ۋە يېزا ئىگىلىكىنى چەكلىك مەبلەغ بىلەن تەمىنلەپ، يەرلىكتىكى بەزى ئالاھىدە چىقىمنى ئۇقتىلىق ھەل قىلىش شارائىتىمۇ تۇغۇلدى. 1958 - يىلدىن 1984 - يىلغىچە ناھىيىلىك يەرلىك زاپاس مالىيە كىرىمى 6 مىليون 891 مىڭ يۈەنگە، چىقىمى 6 مىليون 769 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 1984 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى ساپ قالدۇقى 122 مىڭ يۈەن بولدى.

22 يىل داۋامىدا، يەرلىك زاپاس مالىيە چىقىمى، ئىشلىتىلىش يوللىرىغا ئاساسەن،

تۆۋەندىكىدەك ئورۇنلاشتۇرۇلدى:

يەرلىك سانائەت، قاتناشقا سېلىنغان مەبلەغ 4 مىليون 35 مىڭ يۈەن بولۇپ، ئومۇمىي چىقىمنىڭ 59.6 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. بۇ، ئاساسەن، ئېلېكتر ئىستانسىسى، سېمونت زاۋۇتى قۇرۇلۇشىغا ئىشلىتىلدى؛

يېزا ئىگىلىكىگە ياردەم بېرىلگەن پۇل 211 مىڭ يۈەن بولۇپ، ئومۇمىي چىقىمنىڭ 3.1 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى؛

**پوسكام ناھىيىسىنىڭ ئىلگىرىكى يىللاردىكى زاپاس مالىيە كۆچىنىڭ كىرىم - چىقىم ئەھۋالى**

2 ـ 16 ـ 4 ـ جەدۋەل بىرلىكى: 10 مىڭ يۈەن

| يىللار | جەمئىي كىرىم | جەمئىي چىقىم | يىل ئاخىردىكى ساپ قالدۇقى |
|---|---|---|---|
| 1958 | 43.8 | - | 43.8 |
| 1959 | -24.7 | 17.5 | 1.6 |
| 1960 | 7.6 | 9.2 | - |
| 1961 | 0.2 | - | 0.2 |
| 1962 | 7.6 | - | 7.8 |
| 1963 | 3.6 | 6.2 | 5.2 |
| 1964 | 6 | - | 11.2 |
| 1965 | 0.6 | 6.2 | 5.6 |
| 1966 | 4.5 | 2.1 | 8 |
| 1967 | 40.5 | - | 48.5 |
| 1968 | -48.5 | - | - |
| 1969 | 8.3 | -23.6 | 31.9 |
| 1970 | 45.2 | 9 | 68.1 |
| 1971 | 53.8 | 12 | 109.9 |
| 1972 | 29.5 | 17.4 | 122 |
| 1973 | 21.9 | 48.6 | 95.3 |
| 1974 | 39.8 | 38.6 | 96.5 |
| 1975 | 57.3 | 45.5 | 108.3 |
| 1976 | 20.9 | 67.1 | 62.1 |
| 1977 | 31.5 | 41.6 | 52 |

| | | | |
|---|---|---|---|
| 1978 | 100.6 | 77.3 | 75.3 |
| 1979 | 39 | 81.2 | 33.1 |
| 1980 | 34 | 59.4 | 7.7 |
| 1981 | 31.6 | 34.3 | 5 |
| 1982 | 51.1 | 21.1 | 35 |
| 1983 | 47.2 | 37.1 | 45.1 |
| 1984 | 36.2 | 69.1 | 12.2 |

مەدەنىيەت، مائارىپ، سەھىيە، پەن، تەتقىقات ئىشلىرىغا بېرىلگەن قوشۇمچە ياردەم پۇل 310 مىڭ يۈەن بولۇپ، ئومۇمىي چىقىمنىڭ 4.6 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى؛

ناھىيە بازىرى رېمونتىغا، جامائەت ئىشلىرىغا سېلىنغان مەبلەغ 364 مىڭ يۈەن بولۇپ، ئومۇمىي چىقىمنىڭ 5.4 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى؛

مەمۇرىي باشقۇرۇش خىراجىتى ئۈچۈن بېرىلگەن قوشۇمچە ياردەم 1 مىليون 849 مىڭ يۈەن بولۇپ، ئومۇمىي چىقىمنىڭ 27.3 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى، بۇ، ئاساسەن، مەمۇرىي ئورگانلارنىڭ ئۆيلىرىنى رېمونت قىلىش، شۇ يىل ئىچىدە كۆپەيگەن مەمۇرىي خادىملارنىڭ ئىش ھەققى چىقىمى ئۈچۈن ئىشلىتىلدى.

## § 6 . ئاپپاراتلارنىڭ تەرەققىيات جەريانى

پوسكام ناھىيە بولۇپ قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە، ناھىيىلىك يامۇلدا ھېسابات ئىشخانىسى تەسىس قىلىنغان. 1937 - يىلى ناھىيىلىك ھۆكۈمەتتىكى 2 - بۆلۈم مالىيەنى باشقۇرغان. 1941 - يىلى مالىيە بۆلۈمى مەخسۇس تەسىس قىلىنغان.

1950 - يىلى ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىدە مالىيە بۆلۈمى تەسىس قىلىندى، ئۇنىڭدا يەتتە نەپەر كادىر بار ئىدى. 1958 - يىلى مالىيە بۆلۈمى بىلەن باج بۆلۈمى بىرلەشتۈرۈلۈپ، مالىيە ئىدارىسى قىلىندى، ئۇنىڭ قارمىقىدا كاتىبات، باج - غەللە - پاراق، پىلان - بوغالتېرلىق، گۇڭشېلارنىڭ مالىيە ئىشلىرى بۆلۈمچىلىرى تەسىس قىلىندى، ئۇلارنىڭ كادىرلىرى 46 گە يەتتى. 1962 - يىلى يەنە مالىيە بۆلۈمى ۋە باج ئىشلىرى بۆلۈمى دەپ ئايرىلدى. 1970 - يىل 11 - ئايدا ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېتنىڭ ئىشلەپچىقىرىشقا قوماندانلىق قىلىش گۇرۇپپىسى قارمىقىدا مالىيە - باج ئىدارىسى تەسىس قىلىندى، ئۇنىڭغا 15 كادىر سەپلەپ بېرىلدى. 1975 - يىلى ئىشلەپچىقىرىشقا قوماندانلىق قىلىش گۇرۇپپىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى؛ مالىيە ئىدارىسىغا ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېت بىۋاسىتە رەھبەرلىك قىلدى. 1981 - يىل 8 - ئايدا ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېت ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىگە ئۆزگەرتىلدى، ھۆكۈمەتتە مالىيە ئىدارىسى تەسىس قىلىندى. 1984 - يىلى مالىيە ئىدارىسىنىڭ كادىرى 24 نەپەرگە يەتتى.

1958 - يىلدىن ئىلگىرى، ھەر قايسى رايونلۇق مەھكىمىلەردە بىردىن مالىيە ياردەمچىسى

قويۇلغانىدى. خەلق گومىندىڭ گۇڭشېسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، گۇڭشې باشقۇرۇش كومىتېتى قارىمىقىدا مالىيە يارىدەمچىسى تەسىس قىلىندى. ئۇلار ئاساسلىقى، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق بېجىنى يىغىش خىزمىتىنى ئىشلىدى.

ناھىيىلىك مالىيە ئىدارىسىنىڭ ئاساسلىق كەسپى مالىيە خام چوتى، كارخانىلارنىڭ مالىيە ئىشلىرىنى باشقۇرۇش، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق بېجىنى يىغىۋېلىش، ئومۇمنىڭ مۈلكىنى باشقۇرۇشتىن ئىبارەت. 1976 ـ يىلدىن كېيىن مالىيەنى تەكشۈرۈش، نازارەت قىلىش، قۇرۇلۇش بانكىسىنىڭ خىزمەت بۆرچىنى ۋەكالەتەن ئادا قىلىش، يېزا ئىگىلىك مالىيە ئىشلىرى قاتارلىق كەسپلەر ئارقا ـ ئارقىدىن قوشۇلدى.

# باب X Ⅶ

# پۇل مۇئامىلىسى

## § 1 . پۇل ئوبوروتى

پوسكام ناھىيىسى «يىپەك يولى» نىڭ جەنۇبىي لىنىيىسىدىكى مۇھىم يول بويىغا جايلاشقان. قەدىمدىن تارتىپ ئىشلىتىلگەن پۇللارنىڭ خىلى ناھايىتى كۆپ. خەن سۇلالىسى دەۋرىدە، ئىككى يېرىم مىسقاللىق مېتال پۇل ئىشلىتىلگەن. كېيىن تاڭ سۇلالىسىنىڭ مېتال پۇلىمۇ ئىشلىتىلگەن. يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە، «جۇڭتۇڭ» قەغەز پۇلى بىلەن «جىيۈەن» قەغەز پۇلى ئىشلىتىلگەن. چىڭ سۇلالىسى ۋە مىنگو دەۋرىدە، «پۇل»، يارماق، تۈڭپۇر، تىللا، تەڭگە، يامبۇ قاتارلىق مېتال پۇللار، قەغەز پۇللاردىن چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئەجدىھا سۈرەتلىك قەغەز پۇلى، چىڭ سۇلالىسىنىڭ 1853 ـ يىلى تارقىتىلغان قەغەز پۇلى، قەشقەر پۇلى، «فابى»، گوەنجىن، تىزا ۋە ئۆلكە پۇلى قاتارلىقلار ئىشلىتىلگەن. ئۇنىڭدىن باشقا، يەنە روسىيە پۇلى، روسىيە ئاقچىسى، ھىندىستان پۇلى (رۇپىيە) ئىشلىتىلگەن. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، خەلق پۇلى ئىشلىتىلدى. پۇل ئوبوروتىنى ئۇنۇملۇك تىزگىنلەش ئۈچۈن، نەق پۇل باشقۇرۇش ۋە ھەر خىل راسچوت تۈزۈمى يولغا قويۇلدى.

### 1 . مېتال پۇل

#### 1) مىس پۇل

(1) پۇن بۇ، چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە، مۇشۇ ناھىيىدە ئىشلىتىلگەن بىر خىل پۇل. ئۇ، قىزىل مىستىن قۇيۇلغان، «شاپتۇل مېغىزى پۇل» دەپمۇ ئاتالغان. 50 تىيىن بىر تەڭگە بولۇپ، يارماقتىن كىچىك ئىدى، ئۆزى قېلىن، ئوتتۇرىسىدا تۆشۈكى يوق، شەكلى شاپتۇلغا ئوخشايتتى. بىر يۈزىگە پارسچە «يەكەن» دېگەن خەت ئويۇلغان، يەنە بىر يۈزىگە تود يېزىقى يەنى ئويرات يېزىقى بىلەن «سۇۋان ئارابدان» ياكى «غالدان سېرىن» دېگەن خەت ئويۇلغان، بۇ، ئەينى

چاغدىكى ئۆيرات كاتتىباشلىرىنىڭ ئىسمى ئىدى، ئۇ پۇل بىر مىسقال تۆت پۇڭ، بىر مىسقال بەش پۇڭ كېلەتتى.

(2) يارماق چيەنلۇڭ 24 ـ يىلى (1759 ـ يىلى) چېگرىنى تىنچلاندۇرغۇچى سانغۇن جاۋخۇي چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىگە مەلۇم قىلىپ، يەكەندە «پۇل»نى يىغىۋېلىپ، چاسا تۆشۈكلۈك يۇمىلاق شەكىلدىكى يارماقنى قۇيدۇرغان، بىر پۇل ئىككى مىسقال ئېغىرلىقتا بولۇپ، ئۇنىڭ ئولڭ يۈزىدە «چيەنلۇڭ تۇڭباۋ»، كەينى يۈزىدە «يەكەن» دېگەن خەت (سول تەرىپىگە مانجۇچە، ئولڭ تەرىپىگە ئۇيغۇرچە) يېزىلغانىدى، 50 تىيىن يارماق بىر سەر تەڭگە ھېسابلىناتتى، كېيىن، «جياچىڭ تۇڭباۋ» ۋە «گۇاڭشۇ تۇڭباۋ» دېگەن يارماقلار ئارقا ـ ئارقىدىن بازاردا ئىشلىتىلگەن.

(3) تۇڭپۇر بۇ، چىڭ سۇلالىسىدىن بۇيان قۇيۇلغان ھەر خىل مىس پۇللارنىڭ ئومۇمىي ئاتىلىشىدىن ئىبارەت. بۇ پۇل چاسا تۆشۈكلۈك يۇمىلاق شەكىلدىكى يارماققا ئوخشىمىغانلىقى، ئوتتۇرىسىدا تۆشۈكى بولمىغانلىقى ئۈچۈن، كونىلار «تۇڭپۇر» دەپ ئاتاپ ئادەتلەنگەن. ئۇنىڭ 100 دانىسى بىر تەڭگىگە تەڭ كېلەتتى. ئون تىيىنلىق، 20 تىيىنلىق دېگەندەك ھەر خىل قىممەتكە ئىگە ئىدى. بەش تۇڭپۇر بىر پۇل ھېسابلىناتتى. 1935 ـ يىلى مىنگو ھۆكۈمىتى «فابى» دېگەن پۇلنى تارقاتقان، ياندۇرقى يىلى بىر يېرىم پۇڭلۇق ۋە يېرىم پۇڭلۇق مىس پۇل تارقاتقان.

2) كۆمۈش پۇل

(1) چىڭ سۇلالىسى تەڭگىسى بۇ پۇل چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە بازاردا ئىشلىتىلگەن. مىنگونىڭ تۇنجى يىلى (1912 ـ يىلى) سۈن جۇڭشەننىڭ يانچە چۈشكەن يېرىم سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن، دۆلەت قۇرۇلغانلىقىنى خاتىرىلەش پۇلى، مىنگونىڭ 3 ـ يىلى (1914 ـ يىلى) يۈەن شىكەينىڭ باش سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن تەڭگە (ئادەتتە ئۇ «يۈەن خاپاناشنىڭ تەڭگىسى» دەپ ئاتالغان) مۇشۇ ناھىيىدە ئىشلىتىلگەن. 1935 ـ يىلى مىنگو ھۆكۈمىتى سەرنى يۈەنگە ئۆزگەرتىپ، ھەر بىر تەڭگىنىڭ ئومۇمىي ئېغىرلىقىنىڭ 26.6971 گرام بولۇشىنى، تەركىبىدە 23 گرام ساپ كۆمۈش بولۇشىنى بەلگىلىگەن. 1935 ـ يىلى «فابى» ئىشلىتىلگەندىن كېيىن، تەڭگىنى ئىشلىتىش توختىتىلغان. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشتىن كېيىن، تەڭگە يەنە بازارلاردا پەيدا بولۇپ، تاكى 1949 ـ يىلغىچە ئىشلىتىلگەن.

(2) تەڭگە بۇ، ياقۇپبەگ جەنۇبىي شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلغاندا قۇيۇلغان بىر خىل تەڭگە بولۇپ، شەكلى يۇمىلاق، ئوتتۇرىسىدا چاسا تۆشۈكى يوق ئىدى، 50 پۇل بىر تەڭگىگە، 25 تەڭگە بىر تىللاغا، 40 تىللا بىر يامبۇغا تەڭ كېلەتتى.

(3) قەشقەر تەڭگىسى گۇاڭشۇ 18 ـ يىلى (1892 ـ يىلى) قەشقەرنىڭ دوتىيى لى ز ۇڭبىڭ بىر مىسقال، ئىككى مىسقال، ئۈچ مىسقال ئېغىرلىقتا خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە خەت چۈشۈرۈلگەن ئۈچ خىل تەڭگە قۇيدۇرغان. كېيىن يەنە بەش مىسقال ئېغىرلىقتا تەڭگە قۇيدۇرغان، دېمەك، ئۇ، جەمئىي تۆت خىل تەڭگە قۇيدۇرغان. بۇ تەڭگىلەرنىڭ بىر يۈزىگە «گۇاڭشۇ تەڭگىسى» دېگەن خەت ۋە پۇلنىڭ قىممىتى يېزىلغان، يەنە بىر يۈزىگە گۈل چۈشۈرۈلگەن، ئوتتۇرىسىغا ئۇيغۇرچە خەت يېزىلغان.

(4) يامبۇ بۇ، ئۈچ خىل بولۇپ، ئېغىرلىقى 50 سەر كېلەتتى. ئوتتۇراھال چوڭلۇقتىكىسىنىڭ ئېغىرلىقى ئون سەر كېلەتتى. كىچىكىنىڭ ئېغىرلىقى بىر سەردىن بەش سەرگىچە كېلەتتى. ئۇنىڭدىن باشقا، ئېغىرلىقى بىر سەردىن تۆۋەن پارچە كۆمۈشمۇ بار ئىدى.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى دەۋرلىرىدە، پۇل ئوبوروتىدا شياڭچىڭ تەڭگىسى ئۆلچەم قىلىنغان.

## 2 . قەغەز پۇل

(1) **كىچىك ئەجدىها سۈرەتلىك پۇل** بۇ، گۇاڭشۇ 34 - يىلى (1908 - يىلى) شىنجاڭنىڭ پەرمانبەردارى تارقاتقان ھۆكۈمەت پۇلى («كىچىك ئەجدىها سۈرەتلىك پۇل» دەپ ئاتىلىپ كەلگەن) ئىدى.

(2) **چوڭ ئەجدىها سۈرەتلىك پۇل** مىنگونىڭ 2 - يىلى (1913 - يىلى) شىنجاڭنىڭ مالىيە مەھكىمىسى تارقاتقان «شىنجاڭ مالىيە خەزىنە ھۆكۈمەت پۇلى» (چوڭ ئەجدىها سۈرەتلىك پۇل) دەپ ئاتىلىپ كەلگەن. ئۇنىڭ ئوڭ يۇزىگە شار ئويناۋاتقان ئىككى ئەجدىھانىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن، ئۇنىڭ بىرى 400 تىيىنلىق بولۇپ، بىر سەر تەڭگىگە تەڭ ئىدى.

(3) **قەشقەرنىڭ گۈللۈك پۇلى** بۇ، گۇاڭشۇ 14 - يىلى قەشقەرنىڭ دوتىيى يەن ياۋلىڭ ھۆكۈمەت پۇلى ئىدارىسى تەسىس قىلىپ باستۇرغان قەغەز پۇل.

(4) **قەشقەر پۇلى** بۇ، قەشقەر، خوتەنلەردە ئىشلىتىلگەن بىر خىل قەغەز پۇل. ھەر بىرى 400 تىيىنلىق بولۇپ، بىر سەر شياڭپىڭ تەڭگىسىگە تەڭ كېلەتتى. ئۇنى مىنگونىڭ 20 - يىلى (1931 - يىلى) شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مالىيە نازارىتى تارقاتقان، شىنجاڭنىڭ ھەممە يېرىدە ئۆتمەيتتى. ھەر بىرىنىڭ قىممىتى 400 تىيىن قىزىل داچەن پۇلنىڭ قىممىتىگە تەڭ كېلەتتى، ئۇ، بىر سەر تەڭگىگە ئايرىۋاشلىناتتى.

ناھىيىدە يەنە مىنگو ھۆكۈمىتى 1935 - يىل 11 - ئاينىڭ 4 - كۈنى تارقاتقان فابى، 1942 - يىل 4 - ئايدا تارقاتقان «گوەنجىن» ۋە 1948 - يىل 8 - ئاينىڭ 19 - كۈنى تارقاتقان «تىزا» دىن ئىبارەت ئۈچ خىل قەغەز پۇل ئىشلىتىلگەن.

جۇڭگو، روسىيە «داۋشېڭ» بانكىسى 1913 - يىلدىن باشلاپ، ئىلگىرى كېيىن بولۇپ، شىنجاڭدا تارقاتقان قەغەز پۇللارمۇ ناھىيىدە ئىشلىتىلگەن.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتىن زىيانغا ئۇچراتماسلىق ئۈچۈن، ناھىيىدە كونا پۇللار يەنە داۋاملىق ئىشلىتىلگەنىدى. 1951 - يىل 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ، ناھىيىدە جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ قەغەز پۇلى - يەنى خەلق پۇلى تارقىتىلىشقا باشلىدى. 1955 - يىل 3 - ئاينىڭ 1 - كۈنى يېڭى خەلق پۇلى تارقىتىلىپ، كونا خەلق پۇلى تېگىشىپ بېرىلدى، 10 مىڭ يۈەن كونا پۇلغا بىر يۈەن يېڭى پۇل تېگىشىپ بېرىلدى. 1957 - يىل 12 - ئاينىڭ 1 - كۈنى بىر پۇڭلۇق، ئىككى پۇڭلۇق، بەش پۇڭلۇق مېتال پۇل تارقىتىلىپ، پۇڭلۇق مېتال پۇل بىلەن ئوخشاش قىممەتتىكى پۇڭلۇق قەغەز پۇلنىڭ قىممىتى تەڭ بولىدۇ دەپ بەلگىلەندى. 1964 - يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىدا بېسىلغان بىر يۈەنلىك، ئۈچ يۈەنلىك، ئون يۈەنلىك خەلق پۇلى يىغىۋېلىنىپ، تېگىشىپ بېرىلدى.

1955 - يىلدىن 1984 - يىلغىچە ناھىيىدە جەمئىي تارقىتىلغان خەلق پۇلى 354 مىليون 4000 يۈەنگە، خەزىنىلەشكىنى 302 مىليون 778 مىڭ يۈەنگە، ساپ تارقىتىلغىنى 51 مىليون 726 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ئىلگىرىكى يىللاردىكى تارقىتىلىش يوللىرى، ئاساسلىقى، ئامانەت - قەرز چىقىمى (ئامانەت ۋە ئامانەت قەرز كوپېراتىپلىرى ئارقىلىق ئېلىنغان نەقپۇل)، ئىش ھەققى خاراكتېرلىك چىقىم، يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋېلىش چىقىمى ئارقىلىق بولىدى. خەزىنىلەشتۈرۈشتە تاۋارلارنى سېتىش ئاساسىي يول، ئامانەت قەرزنى يىغىۋېلىش قوشۇمچە يول بولىدى.

## § 2 . كرېدىت

### 1 . سودا - سانائەت كرېدىتى

ناھىيىلىك خەلق بانكىسى دەسلەپتە قۇرۇلغاندا، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سودا ۋە تەمىنات - سودا كوپېراتىپى سودىسىنىڭ ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا پائال مەدەت بەردى، ھەر قايسى دەۋرلەردىكى كونكرېت ئەھۋالغا ئاساسەن، ۋاقتىدا قەرز پۇل بەردى. 1956 - يىلى كرېدىت خىزمىتى رايونلۇق تەمىنات - سودا كوپېراتىپلىرىغا چۈشۈرۈلۈپ، چارۋا مەھسۇلاتلىرىنى ۋە پاختا سېتىۋېلىش ئۈچۈن پۇل تارقىتىش چارىسى يولغا قويۇلدى. 1958 - يىلى ھەر قايسى كارخانا ئورۇنلىرى «ئامانەت قويۇش بىلەن قەرز ئېلىشنى بىرلەشتۈرۈش» ئۇسۇلىنى يولغا قويۇپ، زۆرۈر بولمىغان رەسمىيەتلەرنى قىسقارتىپ، كارخانىلارنىڭ مەبلەغ باشقۇرۇش ئاكتىپلىقىنى ئۆستۈردى. 1959 - يىلى مەبلەغنى نورما بەلگىلەپ باشقۇرۇش يولغا قويۇلۇپ، پۇل قەرز ئالغان ئورۇنلارنىڭ مەبلىغى ئېنىقلاندى، سودا - سانائەت كارخانىلىرىدا نامۇۋاپىق ئىگىلىۋېلىنغان مىليون 137 مىڭ يۈەن مەبلەغ ئېنىقلاندى، 698 مىڭ يۈەن مەبلەغ قايتۇرۇۋېلىندى، بۇ قايتۇرۇۋېلىشقا تېگىشلىك پۇلنىڭ 61.38 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ.

1958 - يىلى ناھىيە باشقۇرغان سانائەت ئىشلىرى باشلاندى، بانكا سانائەت كارخانىلىرىغا 108 مىڭ يۈەن قەرز بەردى. كېيىن سانائەت ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، بانكا ۋاقتى - ۋاقتىدا قەرز پۇل بېرىپ تۇردى. 1966 - يىلى سانائەتكە بېرىلگەن قەرز پۇل 1 مىليون 215 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە، سودا - سانائەت كرېدىتىنى باشقۇرۇش خىزمىتى بوشاشتۇرۇۋېتىلدى.

پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، ناھىيە بويىچە سانائەت، يېزا ئىگىلىكى تېز تەرەققىي قىلىپ، تاۋارلارنىڭ ئوبوروت مىقدارى كۆپەيدى. بانكا ئۆزىنىڭ بۇيان ساقلىنىپ كېلىۋاتقان قەرزگە ئەھمىيەت بېرىپ، ئامانەتكە سەل قاراشتەك بۇ تەرەپلىمىلىك خاھىشلارنى ئۆزگەرتىپ، بىر تۇتاش پىلانلاش، دەرىجىگە ئايرىپ باشقۇرۇش، ئامانەت بىلەن قەرزنى بىر - بىرىگە چېتىش، پەرقلىق سان بويىچە ھۆددىگە بېرىش چارىسىنى يولغا قويدى. 1979 - يىلى سودا - سانائەتكە بېرىلىدىغان تۈرلۈك قەرز پۇل ۋەزىپىسى ئورۇندىغاندىن باشقا، كىچىك سۇ ئېلېكتر ئىستانسىلىرىنىڭ ئۈسكۈنىلىرىنى سېتىۋېلىشقا 350 مىڭ يۈەن قەرز بېرىپ، ناھىيىلىك سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ 2 -، 3 - نومۇرلۇق گېنېراتورلار گۇرۇپپىسىنى قۇراشتۇرۇۋېلىشقا مەدەت بەردى. 1983 - يىلىدىن باشلاپ كارخانىلارنىڭ تۇراقسىز مەبلىغى يەنە بىر تۇتاش باشقۇرۇلدى. 1984 - يىلى سانائەتكە 515 مىڭ يۈەن، سودىغا 5 مىليون 87 مىڭ يۈەن قەرز پۇل بېرىلدى.

### 2 . يېزا ئىگىلىك كرېدىتى

يېزا ئىگىلىك كرېدىتىنىڭ كۆپىنچىسىدە ماددىي نەرسە ئاساس قىلىنىدۇ. 1952 - يىلى يېزا ئىگىلىكىگە 32 مىڭ يۈەن (يېڭى خەلق پۇلىغا سۇندۇرۇلدى، تۆۋەندىمۇ شۇنداق) قەرز پۇل

بېرىلدى، بۇنىڭ 750 يۈەنگە ماددىي نەرسە، يەنى 12 تېرىلغۇ كالىسى، 150 كەتمەن، 20 ساپان، 40 ئورغاق سېتىۋېلىنىپ، دېھقانلارغا قەرز بېرىلدى. 1955 - يىلى بانكا قىسمەن كەمبەغەل دېھقان، تۆۋەن ئوتتۇرا دېھقانلارنىڭ كوپېراتىپقا كىرىشىنى قوللاش ئۈچۈن، نامرات دېھقانلارغا 18 مىڭ يۈەن ھەمكارلىق پاي فوندى قەرز پۇلىنى ۋاقتىدا تارقاتتى. ياندۇرقى يىلى يەنە نامرات دېھقانلارغا 240 مىڭ يۈەن ھەمكارلىق پاي فوندى قەرز پۇلى تارقاتتى. بۇنىڭدىن باشقا، يەنە ئەتىيازلىق تېرىلغۇ، ئۇرۇقلۇق، ئوزۇقلۇق ئاشلىقى ئۈچۈن قەرز پۇل تارقاتتى، بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق سايمانلىرى ئۈچۈن بېرىلگەن قەرز پۇل 25 مىڭ يۈەن، ئۇرۇقلۇق ئۈچۈن بېرىلگەن قەرز پۇل 107 مىڭ يۈەن.

1962 - يىلى كرېدىت خىزمىتى رايونلۇق تەمىنات - سودا كوپېراتىپلىرىغا چۈشۈرۈپ بېرىلىپ، دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋېلىش ئۈچۈن قەرز پۇل تارقىتىش ئۇسۇلى يولغا قويۇلدى (كېيىن بۇ «زاكالەت پۇلى» دەپ ئۆزگەرتىلدى).

1952 - يىلدىن 1984 - يىلغىچە بولغان 32 يىلدا، بانكىنىڭ يېزا ئىگىلىكىگە تارقاتقان ھەر خىل قەرز پۇلى جەمئىي 17 مىليون 384 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئۆسۈمسىز قەرز پۇل 670 مىڭ يۈەن بولۇپ، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن يىلىغا 543 مىڭ يۈەن قەرز پۇل تارقىتىلدى، ئۇنىڭدىن باشقا، 60 ـ، 70 - يىللاردا يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 400 مىڭ يۈەن زاكالەت پۇلى تارقىتىلىپ، ناھىيە بويىچە يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 943 مىڭ يۈەن مەبلەغ يېزا ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ئىشلىتىلدى. بۇ مەبلەغنىڭ كۆپ قىسمى شۇ يىلى ئىشلىتىلىدىغان خىمىيىۋى ئوغۇت، دېھقانچىلىق دورىسى، دېھقانچىلىق سايمانلىرى قاتارلىق ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنى، چوڭ، ئوتتۇرا تىپتىكى يېزا ئىگىلىك ماشىنا - سايمانلىرىنى سېتىۋېلىشقا، يېزا - بازار كارخانىلىرىغا يار - يۆلەك بولۇشقا ئىشلىتىلدى.

بانكا يەنە ئالاقىدار سىياسەتلەرگە ئاساسەن، نامرات دېھقانلارنىڭ 210 مىڭ يۈەن ھەمكارلىق پاي فوندى قەرزىنى كەچۈرۈم قىلدى، قايتۇرۇش ئىقتىدارى يوق ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرىنىڭ 64 مىڭ يۈەن قەرز پۇلىنى كېمەيتتى ۋە كەچۈرۈم قىلدى. ئامانەت - قەرز كوپېراتىپى 9300 ئائىلىلىك گۆڭشې ئەزاسىدىن 21 مىڭ 900 يۈەن قەرز پۇلىنى كەچۈرۈم قىلدى.

## § 3 . ئامانەت

50 - يىللارنىڭ باشلىرىدا، ناھىيىلىك خەلق بانكىسى مالغا سۇندۇرۇلىدىغان ۋە دىرى، قىممىتى ساقلاپ قېلىنىدىغان ئامانەتتىن ئىبارەت بىر خىل كەسىپنى يولغا قويغانىدى. كېيىن يەنە مىقدارى بەلگىلەنگەن ئامانەت ۋە مۇكاپاتلىق ئامانەتنى يولغا قويدى. خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنىڭ ئۆسۈشىگە ئەگىشىپ، قەرەلسىز، قەرەللىك، پىلانلىق ئامانەتتىن ئىبارەت ئۈچ خىل ئامانەت تۈرىنى يولغا قويدى. 1950 - يىلدىن 1955 - يىلغىچە مەخسۇس ئامانەت كادىرى يوق ئىدى، ئامانەت سوممىسى ناھايىتى ئاز ئىدى. 1956 - يىلدىن كېيىن، مەخسۇس ئامانەت كادىرى سەپلەندى، كەسپىي تىجارەت مىقدارى يىلدىن - يىلغا ئاشتى. 1956 - يىلى ناھىيە بازىرىدا بانكىغا ئامانەت قويۇلغان پۇل 1955 - يىلدىكىدىن بىر ھەسسە ئاشتى. ئۇنىڭدىن كېيىن، ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، يېزا - كەنتلەرنىڭ ئامانەت كەسپىي مىقدارىمۇ تەدرىجىي ئاشتى.

**پوسكام ناھىيىسىنىڭ 1950 ـ يىلدىن 1984 ـ يىلغىچە بولغان ئومۇملاشقان**
**كرېدىتىنىڭ قالدۇقى (مەبلەغ مەنبەسى)**

2 ـ 17 ـ 1 ـ جەدۋەل بىرلىكى: 1000 يۈەن

| يىللار | جەمئىي | كارخانىلار ئامانەت قويغان پۇل | بازارلاردا ئامانەت قويۇلغان پۇل | يېزىلاردا ئامانەت قويۇلغان پۇل | باشقا ئامانەت پۇل |
|---|---|---|---|---|---|
| 1950 | 90 | | | | 90 |
| 1951 | 295 | 6 | 4 | | 285 |
| 1952 | 164 | 211 | 167 | | — 214 |
| 1953 | 561 | 71 | 316 | | 174 |
| 1954 | 1816 | 490 | 343 | | 983 |
| 1955 | 1519 | 16 | 49 | 15 | 1519 |
| 1956 | 2134 | 151 | 97 | 89 | 1797 |
| 1957 | 2798 | 190 | 125 | 356 | 2127 |
| 1958 | 3878 | 74 | 206 | 294 | 3304 |
| 1959 | 5450 | 103 | 272 | 52 | 5023 |
| 1960 | 6076 | 123 | 359 | 127 | 5467 |
| 1961 | 5873 | 104 | 339 | 383 | 5047 |
| 1962 | 5083 | 894 | 267 | 268 | 5654 |
| 1963 | 5220 | 1375 | 484 | 618 | 2743 |
| 1964 | 5209 | 1253 | 414 | 548 | 2994 |
| 1965 | 6667 | 1933 | 351 | 668 | 3715 |
| 1966 | 7124 | 288 | 562 | 842 | 5432 |
| 1967 | 8031 | 382 | 815 | 844 | 5990 |
| 1968 | 7690 | 578 | | 850 | 6262 |
| 1969 | 10176 | 454 | 792 | 702 | 8228 |
| 1970 | 8689 | 560 | 780 | 772 | 6577 |
| 1971 | 6965 | 529 | 827 | 658 | 4551 |
| 1972 | 6418 | 506 | 829 | 524 | 4559 |

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| 1973 | 8470 | 764 | 1018 | 1638 | 5050 |
| 1974 | 6720 | 722 | 1183 | 1070 | 3745 |
| 1975 | 8111 | 586 | 985 | 1099 | 5441 |
| 1976 | 9092 | 678 | 1012 | 1003 | 6399 |
| 1977 | 9856 | 784 | 1125 | 1050 | 6897 |
| 1978 | 7982 | 1061 | 1202 | 1198 | 4521 |
| 1979 | 3821 | 997 | 1484 | 1266 | 74 |
| 1980 | 10118 | 1320 | 2105 | 1530 | 5163 |
| 1981 | 11545 | 2060 | 2832 | 1992 | 4661 |
| 1982 | 14576 | 2351 | 3512 | 2578 | 6135 |
| 1983 | 14275 | 3352 | 4345 | 3242 | 3336 |
| 1984 | 24477 | 3854 | 5769 | 4570 | 10284 |

**پوسكام ناھىيىسىنىڭ 1950 - يىلدىن 1984 - يىلغىچە بولغان ئۆنۈۋېرسال كرېدىتىنىڭ قالدۇقى**
**(مەبلەغنىڭ ئىشلىتىلىشى)**

2 - 17 - 2 - جەدۋەل بىرلىكى: 1000 يۈەن

| يىللار | جەمئىي | سانائەتكە بېرىلگەن قەرز | يېزا ئىگىلىكىگە بېرىلگەن قەرز | سودىغا بېرىلگەن قەرز | باشقىلار | ئىزاھات |
|---|---|---|---|---|---|---|
| 1950 | 90 | | | | 90 | «باشقىلار» دېگەن كاتەكچىنىڭ ئىچىدىكى سان 1. نەق پۇل قالدۇقى؛ 2. باشقا قەرز پۇل؛ 3. يەككە سودا - سانائەتچىلەرگە بېرىلگەن قەرز پۇلنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ |
| 1951 | 295 | | | 5 | 290 | |
| 1952 | 164 | | | 32 | 132 | |
| 1953 | 577 | | | 5 | 572 | |
| 1954 | 1816 | | | 397 | 1419 | |
| 1955 | 1599 | 1 | 1428 | 21 | 149 | |
| 1956 | 2134 | 2 | 1470 | 395 | 276 | |
| 1957 | 2798 | | 2293 | 334 | 171 | |
| 1958 | 3878 | 108 | 3274 | 292 | 204 | |
| 1959 | 5450 | 134 | 4807 | 343 | 166 | |

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| 164 | 484 | 5158 | 270 | 6076 | 1960 |
| 225 | 246 | 5004 | 398 | 5873 | 1961 |
| 250 | 192 | 3374 | 1267 | 5083 | 1962 |
| 367 | 131 | 4191 | 531 | 5220 | 1963 |
| 311 | 250 | 4868 | 30 | 5459 | 1964 |
| 239 | 190 | 5606 | 832 | 6867 | 1965 |
| 223 | 357 | 5329 | 1215 | 7124 | 1966 |
| 343 | 226 | 5633 | 1829 | 8031 | 1967 |
| 295 | 146 | 6576 | 1549 | 8566 | 1968 |
| 254 | 139 | 9783 | | 10176 | 1969 |
| 407 | 155 | 6152 | 1975 | 8689 | 1970 |
| 354 | 151 | 6458 | | 6963 | 1971 |
| 303 | 127 | 5746 | 248 | 6418 | 1972 |
| 525 | 76 | 7538 | 331 | 8470 | 1973 |
| 474 | 75 | 6014 | 157 | 6720 | 1974 |
| 513 | 143 | 7077 | 378 | 8111 | 1975 |
| 6160 | 233 | 3530 | 69 | 9992 | 1976 |
| 4974 | 525 | 4181 | 176 | 9856 | 1977 |
| 545 | 1095 | 5912 | 431 | 7983 | 1978 |
| 1801 | 2710 | 1518 | 502 | 6531 | 1979 |
| 22685 | 1530 | 1520 | 670 | 26405 | 1980 |
| 30337 | 960 | 1629 | 329 | 33255 | 1981 |
| 31773 | 980 | 2152 | 344 | 35254 | 1982 |
| 62198 | 2310 | 2146 | 229 | 66883 | 1983 |
| 66693 | 2110 | 5807 | 515 | 74405 | 1984 |

1979 - يىلدىن كېيىن، بانكىلار ئۆسۈم نىسبىتىدىن ئىبارەت بۇ پىشاڭنىڭ رولىدىن پايدىلىنىپ، ئامانەت جەلب قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىپ، ئىلگىرىكى مەمۇرىي ۋاستە ۋە سىياسىي سەپەرۋەرلىككىلا تايىنىدىغان ئۇسۇلنى ئۆزگەرتتى. 1984 - يىلى ناھىيە بويىچە بازار - يېزىلاردا بانكىدا ئامانەت قويۇلغان پۇلنىڭ قالدۇقى 10 مىليون 339 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، ناھىيە بويىچە كىشى بېشىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 90 يۈەندىن توغرا كەلدى.

## § 4 . زايوم، دۆلەت خەزىنە چېكى تارقىتىش

### 1 . زايوم

1950 - يىلى خەلق ھۆكۈمىتى خەلقنىڭ غەلىبىسىنى مالغا سۇندۇرۇش زايومى تارقاتتى، ناھىيىگە 4000 پارچە زايوم ۋەزىپىسى تەقسىم قىلىنغانىدى. ئەمەلىيەتتە 6300 پارچە زايوم سېتىلدى. 1954 - يىل 1 - ئايدا دۆلەت ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش زايومى تارقىتىشنى باشلىغانىدى، تارقىتىش 1959 - يىلى توختىتىلدى.

**پوسكام ناھىيىسىنىڭ 1954 - يىلدىن 1958 - يىلغىچە بولغان زايوم تارقىتىش ئەھۋالى**

2 - 17 - 3 - جەدۋەل

| يىللار | ۋەزىپە | ئەمەلىي ئورۇندالغىنى | ۋەزىپىدە ئىگىلىگەن نىسبىتى% |
|---|---|---|---|
| 1954 | 21097 | 36364 | 172.36 |
| 1955 | 36072 | 39060 | 108.28 |
| 1956 | 51774 | 51992 | 100.42 |
| 1957 | 50000 | 45000 | [illegible] |
| 1958 | 46000 | 45280 | 98.43 |

**پوسكام ناھىيىسىنىڭ 1981 - يىلدىن 1984 - يىلغىچە بولغان دۆلەت خەزىنە چېكى تارقىتىش ئەھۋالى**

2 - 17 - 4 - جەدۋەل　　　　بىرلىكى: يۈەن

| يىللار | ۋەزىپە | | | ئورۇندالغىنى | | | ۋەزىپىدە ئىگىلىگەن نىسبىتى % |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | جەمئىي | كوللېكتىپ | شەخس | جەمئىي | كوللېكتىپ | شەخس | |
| 1981 | 59000 | 59000 | | 64610 | 64610 | | 109.5 |
| 1982 | 114000 | 38000 | 76000 | 129110 | 39650 | 89460 | 113.25 |
| 1983 | 146000 | 26000 | 120000 | 153455 | 26200 | 127255 | 105.11 |
| 1984 | 148000 | 28000 | 120000 | 155445 | 28000 | 127445 | 105.13 |

### 2. دۆلەت خەزىنە چېكى

1981 ـ يىلى دۆلەت خەزىنە چېكى تارقىتىش باشلاندى. ئۇنى ھەر قايسى ئورگانلار ئاكتىپ سېتىۋالغاندىن باشقا، شەخسلەرمۇ ئاكتىپ سېتىۋالدى.

## § 5. ئاپپاراتلارنىڭ تەرەققىيات جەريانى

ئازادلىقتىن ئىلگىرى، ناھىيىدە پۇل مۇئامىلىسى ئاپپاراتى يوق ئىدى، پۇل مۇئامىلىسى كەسپى يەكەن سودا بانكىسى ئارقىلىق بېجىرىلەتتى. 1950 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى پوسكام ناھىيىلىك خەلق بانكىسىنىڭ ئىش بېجىرىش ئورنى قۇرۇلدى، ئۇ چاغدا يەتتە نەپەر ئىشچى-خىزمەتچىسى بار ئىدى. 1951 ـ يىل 7 ـ ئايدا ئىش بېجىرىش ئورنى جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ پوسكام ناھىيىلىك تارماق بانكىسى دەپ ئۆزگەرتىلدى. 1964 ـ يىلى پوسكام ناھىيىلىك تارماق بانكا پوسكام ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك بانكىسىنى ئايرىپ قۇردى. 1965 ـ يىلى يېزا ئىگىلىك بانكىسى يەنە خەلق بانكىسىنىڭ پوسكام ناھىيىلىك تارماق بانكىسى بىلەن بىرلەشتۈرۈلدى. 1979 ـ يىلى يېزا ئىگىلىك بانكىسىنىڭ پوسكام ناھىيىلىك تارماق بانكىسى يەنە ئايرىلدى. 1984 ـ يىلى ناھىيىلىك سودا ـ سانائەت بانكىسى تەسىس قىلىنىپ، خەلق بانكىسى بىلەن بىرلىكتە ئىش بېجىردى. ناھىيىلىك سودا ـ سانائەت بانكىسى ۋە خەلق بانكىسىنىڭ يىل ئاخىرىدىكى ئىشچى ـ خىزمەتچىسى 36 نەپەرگە، يېزا ئىگىلىك بانكىسىنىڭ ئىشچى ـ خىزمەتچىسى 70 نەپەرگە، ھەر قايسى ئاساسىي قاتلام ئامانەت ـ قەرز كوپېراتىپلىرى، تىجارەت پونكىتلىرىدىكى ئىشچى ـ خىزمەتچى 120 نەپەرگە، پۇل مۇئامىلىسى سىستېمىسىدىكى ئىشچى ـ خىزمەتچى 226 نەپەرگە يەتتى.

بانكا قارىمىقىدىكى تىجارەت پونكىتى، ئامانەت ـ قەرز كوپېراتىپى يېزا ئىگىلىك بانكىسىغا قارايدۇ.

بانكا تىجارەت پونكىتلىرى 1954 ـ ۋە 1965 ـ يىللىرى قۇرۇلغان. 1984 ـ يىلى بىر يېزىدا بىردىن، جەمئىي توققۇز تىجارەت پونكىتى بار بولدى.

يېزىلاردىكى ئامانەت ـ قەرز كوپېراتىپلىرى كوللېكتىپ مۇلۇكچىلىكىدە بولۇپ، 1954 ـ ۋە 1955 ـ يىللىرى قۇرۇلغان. 1965 ـ يىلى توققۇز گۇڭشېدا بىرلەشمە كوپېراتىپ قۇرۇلدى. 1984 ـ يىلى توققۇز گوڭشېدىكى بىرلەشمە كوپېراتىپ قارىمىقىدا 52 تارماق كوپېراتىپ قۇرۇلدى.

# XVIII باب

# بازار ـ يېزا قۇرۇلۇشى

1964 ـ يىلدىن ئىلگىرى، ناھىيە بازىرىنىڭ ئۆيلىرى ۋەيرانە، يوللىرى تار، ھەر قايسى

يېزا - بازارلار تۇرۇشلۇق جايلارنىڭ ئۆيلىرى تارقاق، رەتسىز، دېھقانلارنىڭ ئۆيلىرى ئۆستەڭ ۋە يول بويلىرىدا ئىدى.

1965 - يىلى يېزىلاردا «بەشتە ياخشى قۇرۇلۇش»ى قانات يايدۇرۇلدى، نەتىجىدە ناھىيە بازىرىنىڭ قىياپىتىدە تۈپتىن ئۆزگىرىش بولدى، يېزىلارنىڭ قۇرۇلۇشىدىمۇ يېڭى تەرەققىيات باشلاندى، بازار بولىدىغان ئورۇن ئىلگىرىكى بەشتىن ئونغا يەتتى، قۇرۇلۇشى رەتلىك بىر تۈركۈم ئاھالىلەر نۇقتىسى يېڭىدىن بەرپا قىلىندى.

## § 1. ناھىيە بازىرىنىڭ قۇرۇلۇشى

### 1. يول

مىنگو دەۋرىدە، ناھىيە بازىرىدا بىرلا ئاساسىي كوچا بار ئىدى، ئۇ، قەشقەر - خوتەن تاشيولىنىنىڭ بىر بۆلىكى ئىدى، ئۇنىڭغا شېغىل ياتقۇزۇلغانىدى، كوچىنىڭ كەڭلىكى ئون مېتىرچە كېلەتتى، قالغان كوچىلار ئويمان - دۆڭ. تار ھەم ئەگرى - بۈگرى توپا يول ئىدى.

1965 - يىلى ناھىيە بازىرىنىڭ كوچىلىرى كېڭەيتىلدى، ئاساسلىق كوچىلارغا شېغىل ياتقۇزۇلدى، ھەر تەرەپكە سوزۇلغان تۆت كوچا ياسالدى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دا كوچا قۇرۇلۇشى توختاپ قالدى. 1979 - يىلى بازار قۇرۇلۇشى تارماقلىرى ناھىيە بازىرى قۇرۇلۇشىنىڭ ئومۇمىي گەۋدە پىلانىنى تۈزۈپ چىقتى 1981 - يىلى مۇئاۋىن ھاكىم جۇمىگۇلنىڭ باشچىلىقىدا بازار قۇرۇلۇشىغا رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى قۇرۇلۇپ، پىلانلىق ھالدا قۇرۇلۇش باشلاندى، شۇ يىلنىڭ ئاخىرىدا 300 مىڭ يۈەن مەبلەغ تەييارلاندى. 1982 - يىلنىڭ بېشىدا ناھىيە بازىرىدا تۇنجى ئاسفالت كوچا ياسالدى. شۇنىڭدىن كېيىن ھەر يىلى پىلان بويىچە قۇرۇلۇش قىلىندى. 1984 - يىلغىچە ناھىيە بازىرىدا جەنۇبتىن شىمالغا سوزۇلغان قاراسا كوچىسى، جەنۇبىي يېڭى كوچا، شەرقتىن غەربكە سوزۇلغان ئىتتىپاق كوچىسى، ئاۋات كوچىسى پۈتتۈرۈلدى. ناھىيە بازىرىنىڭ شىمالىدا سۆگەتئېرىق، شەيدان، كوچا تېرەك، ئۈجمە ئېرىق كوچىلىرى ياسالدى، ناھىيە بازىرىنىڭ كوچىلىرى قوش لىنىيىلىك كېسىشمە شەكىلگە كىردى. بۇنىڭ ئىچىدە، شەرقىي، غەربىي، جەنۇبىي، شىمالىي كوچىلارغا، شۇنداقلا يېڭى كوچا، قاراسا كوچىسى. شەرقىي ئاۋات كوچىسى، ئىتتىپاق كوچىسىغا ئاسفالت ياتقۇزۇلدى، بۇ كوچىلارنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 7.8 كىلومېتىر كېلىدۇ.

### 2. ئۆي - ئىمارەت

ئىلگىرى ناھىيە بازىرىنىڭ كوچىلىرىنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى كېسەك ئۆيلەر پاكار ھەم تارقاق، رەتسىز ئىدى، بازار ئىچىدە خىش، ياغاچ قۇرۇلمىلىق ئىمارەتتىن بىرسىمۇ يوق ئىدى، ئاھالىلەر ھەر قايسىسى ئۆزلىرىنىڭ ئۆي ۋە تىجارەت ئېھتىياجىغا ئاساسەن ئۆي سېلىپ، تۆت كىچىك مەركەزنى شەكىللەندۈرگەنىدى. ناھىيە بازىرىنىڭ ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 30 مىڭ 700 كۋادرات مېتىر ئىدى، بۇنىڭ ئىچىدە ھۆكۈمەت ئۆيلىرىنىڭ كۆلىمى 1100 كۋادرات مېتىر، شەخسلەرنىڭ ئۆيلىرىنىڭ كۆلىمى 28 مىڭ 200 كۋادرات مېتىر، باشقا ئۆيلەرنىڭ كۆلىمى 1400 كۋادرات مېتىر ئىدى.

1950 - يىلدىن 1984 - يىلغىچە يېڭى سېلىنغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 389 مىڭ كۋادرات

مېترغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 50 - يىللاردا سېلىنغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 17 مىڭ 600 كۋادرات مېتر، 60 - يىللاردا سېلىنغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 73 مىڭ 200 كۋادرات مېتر، 70 - يىللاردا سېلىنغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 147 مىڭ 800 كۋادرات مېتر، 80 - يىللاردا سېلىنغان ئۆي - ئىمارەت كۆلىمى 150 مىڭ 400 كۋادرات مېتر. 1984 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ئىككى - ئۈچ قەۋەتلىك بىنا 23كە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئۈچ قەۋەتلىك بىنا بەشتە.

ئاساسلىق قۇرۇلۇشلار

**ناھىيىلىك كۇلۇب** بۇ كۇلۇب چوڭ غەربىي كوچىغا جايلاشقان بولۇپ، شىمالدىن جەنۇبقا سوزۇلغان، ئۇنىڭغا 45 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنغان، 1956 - يىلى ئىش باشلىنىپ، 1957 - يىلى پۈتتۈرۈلگەن. ئۇنىڭ قۇرۇلۇش كۆلىمى 1248 كۋادرات مېتر بولۇپ، 1200 تاماشىبىن سىغاتتى. ئۇ، كېسەك، ياغاچ قۇرۇلمىلىق بولۇپ، ئۈستىنى توغان، بۇمىلاق خا كۆتۈرۈپ تۇراتتى، ئىككى تەرىپىدە سەككىز ئېغىز يان ئۆي بار ئىدى، كۇلۇبنىڭ ئىچىدە 72 كۋادرات مېترلىق سەھنە، كىنو قويۇش ئۆيى، فىلىم ساقلاش ئۆيى بار ئىدى. ئۇ، 1968 - يىلى خەنەرنىڭ ئۆيلەر قاتارىدا چېقىۋېتىلدى.

**ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مېھمانخانا بىناسى** بۇ بىنا تۆت كوچىنىڭ شەرقىي جەنۇبىي بۇرجىكىگە جايلاشقان بولۇپ، قىشلىق كىنوخانىنىڭ ئۇدۇلىدا. ئۇنىڭ قۇرۇلۇش كۆلىمى 1353.6 كۋادرات مېتر، ئىشلىتىلىش كۆلىمى 907 كۋادرات مېتر، قوشۇمچە مۇئەسسەسەلەرنىڭ كۆلىمى 103.9 كۋادرات مېتر، 1965 - يىلى ئىش باشلىنىپ، 1966 - يىلى پۈتتۈرۈلۈپ ئىشلىتىلىشكە تاپشۇرۇلغان. بۇ بىنا ئىككى قەۋەتلىك بولۇپ، تەكشىلىكتىكى كۆرۈنۈشى چېدىر شەكلىدە، ئۈستىدىن چۈشكەن ئېغىرلىقنى توغرا تام كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ، ئۇ، كېسەك - ياغاچ قۇرۇلمىلىق بولۇپ، 24 ئېغىز ياتاق بار، 96 ئادەم سىغىدۇ. ئۈستىنكى ۋە ئاستىنقى قەۋەتتە بىردىن خېلى چوڭ تاماق زالى ۋە مەجلىسخانا بار. بىنا ئىچىدىكى تۆت تەرىپى ئادەتتىكىدەك سۇۋالغان، تام سۇۋاق بىلەن قىر چىقىرىپ بېزەلگەن. بىنانىڭ تاشقى تەرىپى زەڭگەر رەڭلىك دوغاب بىلەن بەل ئېگىزلىكىدە سۇۋالغان، بىنانىڭ رەڭگى بېشىدىن توختىماي كىشىگە كېسەك - ياغاچ قۇرۇلمىلىق تۇيغۇ بەرمەيدۇ.

**قىشلىق كىنوخانا** بۇ كىنوخانا تۆت كوچىنىڭ غەربىي شىمالىي بۇرجىكىگە جايلاشقان بولۇپ، ھۆكۈمەتنىڭ مېھمانخانا بىناسىنىڭ ئۇدۇلىدا. قۇرۇلۇش كۆلىمى 1356.6 كۋادرات مېتر. ئۇ، خىش بېتون قۇرۇلمىلىق بولۇپ، ئۈدتى ئوقۇرسىمان بېتون تاختا بىلەن يېپىلغان. ئۈستىدىن چۈشكەن ئېغىرلىقنى قوش بېتون ئەگمە كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ، ئۇنىڭ قۇرۇلۇشى 1973 - يىلى باشلىنىپ، 1978 - يىلى پۈتتۈرۈلۈپ ئىشلىتىشكە تاپشۇرۇلغان. زالنىڭ كۆلىمى 568 كۋادرات مېتر بولۇپ، 1021 ئورۇندۇق بار. زالدا سەھنە ۋە يان سەھنە بار. سەھنە 11 مېتر ئىچكىرى كىرگۈزۈلگەن، ئۇنىڭغا دېكوراتسىيە رايونى ۋە تورۇس چىراغ رايونى سەپلەنگەن. سەھنە ئۈستىنىڭ ئىككى تەرىپىدە ئاسما كۆۋرۈك، سەھنە ئالدىنىڭ ئۈستى تەرىپىدە چىراغ ئوقۇرى بار، زال ئىچىگە يورۇتۇش سىستېمىسىنىڭ باش قاپقىقى ئورنىتىلغان، رەڭدار چىراغ ۋە نۇر يىغقۇچى چىراغلارنىڭ يورۇتۇشى ياخشى، بۇ زال ئادەتتىكى ئويۇنلارنىڭ ئېھتىياجىدىن چىقالايدۇ. يان تامغا بېكىتىلگەن ئاۋاز ئايرىش ماتېرىيالىنىڭ سۈپىتى ياخشى بولمىغاچقا، ئاۋازنىڭ ئاڭلىنىشى ناچارراق.

كىنو قويۇش بىناسىدا فىلىم ساقلاش، توك تەقسىملەش، فىلىم يۆگەش ئۆيى، ئىشخانا

قاتارلىق قوشۇمچە مۇئەسسەسىلەر بار.

**يېزا ئىگىلىك پەن - تېخنىكا پونكىتىنىڭ كەسپىي بىناسى** بۇ بىنا جەنۇبىي چوڭ كوچىنىڭ شەرق تەرىپىدە بولۇپ، شەرقتىن غەربكە سوزۇلغان، كوچىغا 40 مېتىر كېلىدۇ، ئۇنىڭ قۇرۇلۇش كۆلىمى 1260 كۋادرات مېتىر، ئۇنىڭغا 220 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنغان. 1980- يىلى ئىش باشلىنىپ، 1981 - يىلى ئىشلىتىشكە تاپشۇرۇلغان، بىنا خىش - بېتون قۇرۇلمىلىق بولۇپ، « E » شەكلىدە سېلىنغان، ئۇ، ئىككى قەۋەتلىك بولۇپ، ئۈستىدىن چۈشكەن ئېغىرلىقنى توغرا تام كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ. ئاساسلىق ئىشخانىلىرىنىڭ كەڭلىكى تۆت مېتىر، ئۇزۇنلۇقى بەش مېتىر، بىنانىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىي بېشىدا مەجلىسخانا، تەجرىبىخانا بار، ئىچ كارىدورلۇق، كارىدورنىڭ كەڭلىكى 1.7 مېتىر، بىنا ئىشىكىنىڭ ئۇدۇلىغا ئۈچ ئەگمىلىك پەلەمپەي جايلاشتۇرۇلغان، سىرتقى تېمى يۇيۇلما تاش بىلەن سۇۋالغان، ئاقۇش كۆك رەڭدە بولۇپ، بەل ئېگىزلىكىدە ئاق رەڭدە بويالغان، رەڭگى كۆزگە سىڭىشلىك ۋە ئوچۇق، كىشىلەرگە ئاۋاتلىق ئىچىدىكى جىمجىتلىق ۋە ئارامبەخش تۇيغۇسىنى بېرىدۇ.

**يېزا ئىگىلىك بانكىسى بىناسى** بۇ بىنا جەنۇبىي چوڭ كوچىنىڭ شەرقىدە بولۇپ، شەرقتىن غەربكە سوزۇلغان، ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى 400 كۋادرات مېتىر، قۇرۇلۇش كۆلىمى 696.5 كۋادرات مېتىر. 1980 - يىلى ئىش باشلىنىپ، 1981 - يىلى ئىشلىتىشكە تاپشۇرۇلغان. بۇ بىنا خىش - بېتون قۇرۇلمىلىق، ئىككى قەۋەتلىك بولۇپ، 1 - قەۋىتىنىڭ جەنۇب، شىمال تەرىپىگە تىجارەت زالى، 2 - قەۋىتىگە ئىشخانا ۋە مەجلىسخانا ئورۇنلاشتۇرۇلغان. يېپىق شەكىللىك توز كارىدور ئورۇنلاشتۇرۇلغان. شامال ئۆتۈشىشى ئادەتتىكىدەك، پەلەمپىيى ئىككى ئەگمىلىك، ئىچى ئادەتتىكىچە سۇۋالغان، ئۆي ئاستىغا بېتون ياتقۇزۇلغان، تامنىڭ ئاستى تەرىپى سىرلانغان، تورۇسقا ئاۋاز شۈمۈرىدىغان كالتىسىيلىق كۆپتۈرمە سۇلياۋ پەنەركە ئورنىتىلغان، بىنانىڭ ئوڭ تەرىپى ئاچ يېشىل يۇيۇلما تاش بىلەن زىننەتلەنگەن، بىنانىڭ شەكلى سىممېترىك ھالدا جايلاشتۇرۇلغان، بۇ بىنا ئىخچام، چوڭ سۈپەت.

**مەدەنىيەت يۇرتى بىناسى** بۇ بىنا شىمالىي چوڭ كوچىنىڭ غەربىي تەرىپىدە بولۇپ، كىنوخانا بىلەن بىر قاتارغا جايلاشقان. قۇرۇلۇش كۆلىمى 1000 كۋادرات مېتىر، 1981 - يىلى ئىش باشلىنىپ، 1982 - يىلى ئىشلىتىشكە تاپشۇرۇلغان. تەكشىلىكتىكى كۆرۈنۈشى «L» شەكلىدە. بۇ بىنا ئۈچ قەۋەتلىك بولۇپ، 1 - قەۋىتىدە قىرائەتخانا، كۆڭۈل ئېچىش ئۆيى، 2 - قەۋىتى كىتاب ئامبىرى ۋە كىتاب ئارىيەت ئېلىش، رەسىم سىزىش ئۆيى، 3 - قەۋىتى ئىشخانا ۋە مەجلىسخانا بار. بۇ بىنا سىممېترىك قىلىنماي ئەركىن لايىھىلەنگەن، ئوڭ تەرىپىنىڭ كۆرۈنۈش ئىخچام، يورۇق، ئازادە، جايلاشتۇرۇلۇشى بەكمۇ جايىدا، تېمى كۆركەم يۇيۇلما تاش بىلەن سۇۋالغان، پۈتۈن بىنا جانلىق، تەبىئىي، ئازادە كۆرۈنىدۇ. ئۆيلىرىنىڭ ئىچى ئوتتۇرىھال زىننەتلەنگەن، بەكمۇ تىنچ، ئازادە.

**ئەمگەك مۇلازىمەت شىركىتى بىناسى** بۇ بىنا ئۈچ قەۋەتلىك بولۇپ، شەرقىي چوڭ كوچىنىڭ يېڭى كوچىسىدىكى تۆت كوچىنىڭ شەرقىي جەنۇبىي بۇرجىكىگە جايلاشقان، ئۇ، خەلق ھۆكۈمىتى بىناسى بىلەن يول ئارقىلىق ئايرىلىپ تۇرىدۇ، ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى 480 كۋادرات مېتىر، قۇرۇلۇش كۆلىمى 1205.8 كۋادرات مېتىر، 1982 - يىلى ئىش باشلىنىپ، 1983 - يىلى ئىشلىتىشكە تاپشۇرۇلغان. ئۇنىڭ 1 - قەۋىتى تىجارەت زالى، سوغۇق ئىچىملىكلەر دۇكىنى، ساتىراشخانا، 2 - قەۋىتىدە ئون ئېغىز ئىشخانا بار، ئىشخانىلارنىڭ كەڭلىكى تۆت مېتىر،

ئۇزۇنلۇقى بەش مېتىر. بىنانىڭ ئىككى بېشىغا 56 كۋادرات مېتىرلىق ئىككى ئېغىز دەرسخانا، 3 - قەۋىتىگە 70 كۋادرات مېتىرلىق مەجلىسخانا ئورۇنلاشتۇرۇلغان، پەلەمپىيى تىجارەت ئۆيىگە يېقىن. بىنانىڭ ئىچى يورۇق، ئازادە، چوڭ سوپەت، سىرتقى تېمىنىڭ زىننەتلىنىشى يېقىملىق، شامال ئۆتۈشى ياخشى.

ھۆكۈمەت ئىشخانا بىناسى بۇ بىنا شەرقىي چوڭ كوچىنىڭ يېڭى كوچىسىدىكى تۆت كوچىنىڭ شەرقىي شىمالىي بۇرجىكىدە بولۇپ، شىمالدىن جەنۇبقا سوزۇلغان، ئۇنىڭ قۇرۇلۇش كۆلىمى 2200 كۋادرات مېتىر، 1981 - يىلى ئىش باشلىنىپ، 1983 - يىلى ئىشلىتىشكە تاپشۇرۇلغان. بىنانىڭ تەكشىلىكتىكى كۆرۈنۈشى نۇپتوز، بىر قىسمى ئۈچ قەۋەتلىك، بىنا خىش - بېتون قۇرۇلمىلىق، ئۈستىدىن چۈشكەن ئېغىرلىقنى توغرا تام كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ، ئىچ كاردورلۇق. 1 - قەۋەتتە كەڭلىكى 3.6 مېتىر، ئۇزۇنلۇقى 4.5 مېتىر كېلىدىغان 24 ئېغىز ئىشخانا بار، 2 - ، 3 - قەۋەتلىرىدىكى چوڭ - كىچىك سەككىز ئېغىز مەجلىسخانىدىن باشقا ئۆيلەرنىڭ ھەممىسى ئىشخانا. پەلەمپىيى بىنانىڭ ئىشىكىگە ئۇدۇل ئورۇنلاشتۇرۇلغان، بىنانىڭ ئوڭ تەرىپى توغرىسىغا ۋە تىك ئورۇنلاشتۇرۇلغان سايىۋەن تاختىسى بىلەن بۆلۈنگەن، بۇ بىنا ئۆزگىچە، لېكىن شامال ئۆتۈشى، يورۇق چۈشۈشى بىر قەدەر ياخشى.

سودا سارىيى بىناسى بۇ بىنا چوڭ تۆت كوچىنىڭ غەربىي جەنۇبىي بۇرجىكىدە بولۇپ، يەرلىك مەھسۇلاتلار ئۇنىۋېرسال مۇلازىمەت بىناسىغا ئۇدۇل جايلاشقان، بىنانىڭ قۇرۇلۇش كۆلىمى 1983.1 كۋادرات مېتىر بولۇپ، 1985 - يىلى پۈتۈپ ئىشلىتىلگەن. ئاساسىي بىنا ئۈچ قەۋەتلىك، ئىككى تەرىپى ئىككى قەۋەتلىك، 1 - قەۋىتىنىڭ دەل ئوتتۇرىسىغا ئاساسىي ئىشىك، ئىككى تەرىپىگە ئۇزۇن ئەينەكلىك دېرىزە ئورۇنلاشتۇرۇلغان. بىنانىڭ ئوڭ تەرىپى تىك يوللۇق، ھەر بىر دېرىزىسىنىڭ ئارىلىقىدىكى تامنىڭ چوڭ - كىچىكلىكى ئوخشاش، سىممېترىك ھالەتتە. تامغا ساغۇچ سۇترەڭ سۇۋالغۇ بېرىلگەن. بىنانىڭ گەۋدىسى قۇيما بېتون تۈۋرۈك قۇرۇلمىلىق، تۈۋرۈك تورى 4 × 4.8 مېتىر. ئالدىن تەييارلانغان بېتون تاختا ئىشلىتىلگەن. ئاستىغا ئادەتتىكى بىلەنمە تاش ياتقۇزۇلغان، تورۇسقا كالتىسىلىق كۆپتۈرمە سۇلياۋ پەنەركە ئورنىتىلغان، يورۇق چۈشۈشى، شامال ئۆتۈشى بىر قەدەر ياخشى، بىنانىڭ 1 - ، 2 - ، 3- قەۋەتلىرىنىڭ ھەممىسى تىجارەت زالى، ئاساسەن، تۈرلۈك ماللار، توقۇلما بۇيۇملار، مېتال بۇيۇملار، يېمەكلىكلەر، قاتناش ئېلېكتر سايمانلىرى قاتارلىقلار سېتىلىدۇ. خېرىدارلارنىڭ كىرىپ - چىقىشىغا قولايلىق بولسۇن ئۈچۈن، بىنانىڭ ئوتتۇرىسىغا ۋە ئىككى بېشىغا پەلەمپەي ئورۇنلاشتۇرۇلغان، بۇ ئارقىلىق تارقاقلاشتۇرۇش ئىقتىدارى بىر قەدەر ئاشۇرۇلغان. رەتلىك ۋە ئېگىز قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان سودا سارىيى بىناسىنىڭ يارقىن تۈسى يېقىملىق ۋە چوڭ سوپەت، ماسلىق سېلىنىشتۇرما ئۇنۇمى بىر قەدەر ياخشى. ئەتراپتىكى قۇرۇلۇشلارغا سېلىشتۇرغاندا تېخىمۇ ياراشقان. ئۇ، بىر پۈتۈن گەۋدە بولۇپ، كۆزگە ئالاھىدە تاشلىنىپ تۇرىدۇ.

دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ مۇلازىمەت بىناسى بۇ بىنا كىچىك تۆت كوچىنىڭ غەربىي شىمالىي بۇرجىكىدە بولۇپ، ئەمگەك مۇلازىمەت شىركىتى بىناسىغا ئۇدۇل جايلاشقان. قۇرۇلۇش كۆلىمى 1304 كۋادرات مېتىر. ئۇ، 1984 - يىلى پۈتۈپ ئىشلىتىلگەن، بىنانىڭ تەكشىلىكتىكى كۆرۈنۈشى «L» شەكلىدە، خىش - بېتون قۇرۇلمىلىق، بىنانىڭ ئاساسىي قىسمى تۆت قەۋەتلىك، ئىككى تەرىپى ئىككى، ئۈچ قەۋەتلىك، كاردورى ئەينەكلىك پۈتۈن دېرىزىلىك ۋە ياغاچ دېرىزىلىك، يورۇق يېتەرلىك چۈشىدۇ، كاشىلا ئاز، ئاساسىي بىنادا ئاسما

بالكون بار، ئۆيلەرنىڭ ئىچى ئاق، ئىرق تەرىپىنىڭ ئىمزاسى روشەن. بۇ بىنا ئىخچام، چوڭ سۇپەت. 1 - قەۋىتىدە تىجارەت زالى، ئاشخانا قاتارلىقلار بار، 2 ، 3 - قەۋەتلىرىدە 20 ئېغىز مېھمانخانا ئۆيى بار بولۇپ، 80 ئادەم سىغىدۇ. بىنانىڭ پەلەمپىيى ئاساسىي بىنادىكى دالانغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ، ئايلىنىپ ئۈستىگە چىقىدۇ، ئاساسىي بىنانىڭ تىك كۆرۈنۈش لايىھىسى مۇۋاپىـــق بولىغانلىقىنى، ئۇنىڭ قۇرۇلۇش كۆلىمىدە خېلى زور ئىسراپچىلىق كېلىپ چىققان، ئۇنىڭ ئۈستىگە بىنانىڭ ئارقا قىسمى ئورۇنلاشتۇرۇش ئىقتىدارى ناچار بولۇپ قالغان.

يەرلىك مەھسۇلاتلار ئۇنىۋېرسال مۇلازىمەت بىناسى بۇ بىنا چوڭ تۆت كوچىنىڭ شەرقىي شىمالىي بۇرجىكىدە بولۇپ، سودا سارىيىغا ئۇدۇل جايلاشقان، قۇرۇلۇش كۆلىمى 1179 كۋادرات مېتىر بولىدۇ. 1984 - يىلى پۈتۈپ ئىشلىتىلگەن. بىنانىڭ تەكشىلىكتىكى كۆرۈنۈشى «L» شەكلىدە، تۆت تەرىپىنىڭ كۆرۈنۈشى توغرا بولۇق ۋە چاقماقلىق قىلىپ بېزەلگەن، تام ئاچ قىزغۇچ رەڭدە، دېرىزە بىلەن سۇۋالغان، نامىنىڭ رامكا - ياپقۇچلىرى سېلىشتۇرما ئۇنۇمى بىر قەدەر ياخشى، ئىچى - سىرتى قۇرۇلمىلىق، بىر قىسمى تۆت قەۋەتلىك، ئىككى بېشى ئىككى، ئۈچ قەۋەتلىك بولۇپ، ئۆزئارا ئۆتىشىشى تۇرىدۇ. 1 - قەۋىتىنىڭ پەلەمپەي جايلاشقان دالاندىن باشقا جايلىرى تىجارەت زالى، 2 - قەۋىتىدىمۇ تىجارەت ئۆيلىرى بار، قالغانلىرى ئىشخانا ۋە مېھمانخانا قىلىنغان.

3) جامائەت مۇئەسسەسەلىرى

1) تۇرۇبا سۈيى

1979 - يىلى ناھىيە بازىرىدا تۇنجى تۇرۇبا سۈيى قۇدۇقى كولىنىپ، سۇ بىلەن تەمىنلەش باشلانغان. 1984 - يىلى 2 - قۇدۇق كولاندى. هازىر 50 كۇب مېتىرلىق سۇ مۇنارىسىدىن ئىككىسى بار، تۇلارنىڭ ئېگىزلىكى 20 مېتىر، ماشىنىلاشقان قۇدۇقنىڭ چوڭقۇرلۇقى 40 مېتىر، يەرئاستى ئاساسىي تۇرۇبىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 3.5 كىلومېتىر بولۇپ، يىلىغا 100 مىڭ توننا سۇ تەمىنلىيەلەيدۇ. ئوتتۇرا ھېساب بىلەن كۈنىگە 270 توننا سۇ چىقىرىلىدۇ، بۇ سۇ بىلەن 100 ئائىلە تەمىنلىنىدىغان بولىدۇ، بۇ، ناھىيە بازىرىدىكى سۇ بىلەن تەمىنلەشكە تېگىشلىك ئائىلىنىڭ 63 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ.

2) كوچا چىراغلىرى

1979 - يىلدىن ئىلگىرى، كوچا بويلىرىدا ئون نەچچە كوچا چىرىغى بار ئىدى. 1982- يىلى مەبلەغ توپلىنىپ، ئاساسىي كوچىلارغا 73 تال سېمونت ستولبا، 73 دانە يۇقىرى ناترىيلىق، يۇقىرى سىماپلىق لامپۇچكا ئورنىتىلدى.

3) بازار تېلېفونى («قاتناش، پوچتا - تېلېگراف» دېگەن بابقا قاراڭ).

4) بازارنى كۆكەرتىش

1980 - يىلدىن ئېتىبارەن، كوچىلارنىڭ ئىككى تەرىپىگە، ئىدارە - ئورگان قورۇلىرىنىڭ ئىچىگە 8400 تۈپ پاۋلونىيە دەرىخى، مەجنۇنتال، 1600 مېتىر ئۈزۈملۈكتا يېشىل تام بەرپا قىلىش ئۈچۈن تىكىلدى، 16 مىڭ كۋادرات مېتىر گۈللۈك ياسالدى. 1983 - يىلى يەنە يېشىل تام بەرپا قىلىش ئۈچۈن 3200 مېتىر ئۈزۈملۈكتىكى يەرگە سېدە تىكىلدى، 9900 كۋادرات مېتىر يەرگە گۈللۈك ياسالدى. 1984 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، ناھىيە بازىرىدا كۆكەرتىلگەن يەر

كۆلىمى جەمئىي 850 موغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئومۇم ئۇچۇن كۆكەرتىلگەن يەر 520 مو، ئاھالىلەر كىشى بېشىغا كۆكەرتكەن يەر كۆلىمى 51.3 كۋادرات مېتىر.

# 2 § . يېزا - كەنت قۇرۇلۇشى

## i . سودا بازىرى

1950 - يىلدىن ئىلگىرى، ناھىيىدە ئۈچ ئورۇندا يېزا سودا بازىرى، يەنى ئىككىسۇ بازىرى، قىزىل مەسچىت بازىرى، گۈلباغ بازىرى بار ئىدى. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ھاكىمىيەت قۇرۇلمىسىنىڭ ئۆزگىرىشى، يېزا بازارلىرى سودىسىنىڭ ئېھتىياجىغا ئەگىشىپ، سەيلى بازىرى، تۇغچى بازىرى، كۆيباغ بازىرى، ئاقتام بازىرى يېڭىدىن بەرپا قىلىندى. بۇ بازارلار ھەر قايسى يېزىلارنىڭ يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرى يىغىلىدىغان ۋە تارقىلىدىغان جايى بولۇپ قالدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئىككىسۇ، يىما، گۈلباغ قاتارلىق سودا بازارلىرى دەسلەپكى سودا بازىرى كۆلىمىگە ئىگە بولدى.

ئىككىسۇ بازىرى بۇ بازار 1800 - يىلدىن ئىلگىرى بەرپا قىلىنغان، ئۇ چاغدا بۇ يەر ھۆكۈمەتنىڭ ۋەكالەت ئاپپاراتلىرى تۇرۇشلۇق جاي، شۇنداقلا يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرى يىغىلىدىغان ۋە تارقىلىدىغان جاي ئىدى. مىنگو دەۋرىدە، ئۇزۇنلۇقى 200 مېتىردىن ئاشمايدىغان كوچىدا يېزىلىق مەھكىمە ۋە بىر باشلانغۇچ مەكتەپ، بىر مەسچىت، 30 نەچچە ئائىلىنىڭ يېزا ئاھالىسىنىڭ تۇرالغۇ ئۆيلىرىدىن باشقا ئۆي - ئىمارەت يوق ئىدى. بىر نەچچە ئائىلىنىڭ يايمىچى بۇ يەردە يايما دۇكىنى ئاچاتتى. ئۇلارنىڭ مۇقىم دۇكىنى يوق ئىدى، بازارغا ئاھالىسى 100 گە يەتمەيتتى. ھەر شەنبە كۈنى بازار بولاتتى.

يېزا ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا، ناھىيىدىكى كارخانا، كەسپىي ئورۇن، نارماقلارنىڭ قۇرۇلۇشىغا ئەگىشىپ، ئىككىسۇ بازىرى كۈندىن - كۈنگە جانلاندى. 1984 - يىلى بۇ بازار ناھىيە بويىچە 3 - چوڭ بازار بولۇپ قالدى. بۇ بازارنىڭ كوچىلىرىنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئىلگىرىكى 200 مېتىردىن بىر كىلومېتىرغا، ئاھالىسى 2000دىن كۆپرەككە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە يېزا ئىگىلىك ئاھالىسى 1200دىن، غەيرىي يېزا ئىگىلىك ئاھالىسى 800دىن ئاشىدۇ ئۆي - ئىمارەت جەھەتتە يېزىلىق ھۆكۈمەتتىن باشقا، يەنە يېزا ئىگىلىك بانكىسىنىڭ ئىش بېجىرىش ئورنى، پوچتا - تېلېگراف پونكىتى، تەمىنات - سودا كوپىراتىپى، تاشقى سودا سېتىۋېلىش پونكىتى، يول ئاسراش ئۇچاستىكىسى، پاختا زاۋۇتى، ئوتتۇرا مەكتەپ، باشلانغۇچ مەكتەپ قاتارلىق ئىش بېجىرىش، تىجارەت قىلىش، ئىشلەپچىقىرىش، ئوقۇتۇش مۇئەسسەسىلىرى بار، بازاردىكى قۇرۇلۇشلارنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى 10 مىڭ كۋادرات مېتىردىن ئاشىدۇ. ئادەتتىكى ۋاقىتلاردا بازار ئانچە قىزىمايدۇ. بازار كۈنى بۇ يەرگە ئادەم پاتماي قالىدۇ، بازارغا كەلگەنلەر 10 مىڭغا يېتىدۇ. بازارغا نەچچە يۈز خىل مال مەركەزلىشىدۇ، پۈتۈشۈش سوممىسى 20 مىڭ يۈەندىن ئاشىدۇ.

يىما بازىرى بۇ بازار 1925 - يىلى ئەتراپىدا بەرپا قىلىنغان. دەسلەپتە يېزا ئورگىنى قىزىل مەسچىتتە بولۇپ، «قىزىل مەسچىت بازىرى» دەپ ئاتىلاتتى. 1941 - يىلى رايونلۇق مەھكىمە يىما كەنتىدە قۇرۇلغان، شۇنىڭ بىلەن بازارمۇ يىما كەنتىگە كۆچۈپ بېرىپ، «يىما بازىرى» دەپ ئاتالغان. مىنگو دەۋرىدە، بۇ يەردە ئۆي - ئىمارەت كۆپ ئەمەس ئىدى، بىر توپا يول بازارنىڭ

ئۈنتۈرىسىدىن كېسىپ ئۆتەتتى، كوچىنىڭ بېشىغا يالغۇز يېزىلىق مەھكىمە ئورۇنلاشقانىدى. يول ياقىسىدا خەلقنىڭ 20 نەچچە ئېغىز پاكار، كونا ئۆي بار بولۇپ، بۇ يەردە ئۇزۇنلۇقى 200 مېتىردىن ئاشىدىغان بىر بازار شەكىللەنگەنىدى. بازاردا ئۈچ ئاشخانا، تۆت ناۋايخانا، بىر گۆش دۇكىنى، ئىككى دورا - دەرمان يايمىسى بار ئىدى. 1950 - يىلدىن كېيىن بۇ بازار ئىككى يەرگە يۆتكەلدى، ئەڭ ئاخىرىدا ئۆستەڭبېشى كەنتىگە مۇقىملاشتى. 20 نەچچە يىل قۇرۇلۇش قىلىش ئارقىلىق، بۇ بازار دەسلەپكى قەدەمدە بازار كۆلىمىگە ئىگە بولدى. ئۇزۇنىسىغا ۋە توغرىسىغا بىر كىلومېتىر كېلىدىغان كوچىدا يېزىلىق ھۆكۈمەت، ناھىيىدىكى كارخانا، كەسپىي ئورۇنلار ۋە تارماق ئاپپاراتلاردىن يېزا ئىگىلىك بانكىسىنىڭ تىجارەت پونكىتى، پوچتا تېلېگراف پونكىتى، مال دوختۇرلۇق پونكىتى بار، بۇنىڭدىن باشقا يەنە ئوتتۇرا مەكتەپ، باشلانغۇچ مەكتەپ، دوختۇرخانا، تەمىنات - سودا كوپېراتىپىنىڭ ماگىزىنى، كۇلۇب، پاختا زاۋۇتى قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ ئىمارەتلىرى بار، يايمىچىلار يىل بويى تۆت كوچىدا يايما دۇكىنى ئاچىدۇ، بازار كۈنى پۈتۈن بازارنى يايما دۇكىنى قاپلاپ كېتىدۇ، بازارغا كىرگەن دېھقانلار 2000دىن ئاشىدۇ، پۈتۈشۈلگەن سودا سوممىسى 6000 — 7000 يۈەنگە يېتىدۇ. بازاردىكى غەيرىي يېزا ئىگىلىك نوپۇسى 1984 - يىلى 100گە يەتتى.

**گۈلباغ بازىرى** بۇ بازار «ئاراشور بازىرى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇ، 1750 - يىلدىن ئىلگىرى بەرپا قىلىنغان بولۇپ، كونا «يىپەك يولى» دىكى سودا كارۋانلىرىنىڭ چۈشۈپ تاماق يەيدىغان، قونىدىغان جايى ئىدى. 1949 - يىلدىن ئىلگىرى كوچىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 200 مېتىرچە بولۇپ، خۇددى قولتۇق تايىقىغا ئوخشايتتى. بۇ بازاردا ئون سودا ماگىزىنى، ئۈچ ئاشخانا، بەش ناۋايخانا، ئىككى گۆش دوكىنى، ئۈچ مېھمانخانا، بىر ئويۇنخانا بار ئىدى. 1934 - يىلدىن ئىلگىرى خەنزۇلار ئاچقان ئۈچ گۆرۈخانا، بىر ئورۇندا ھىندىستانلىق سودىگەرلەر تىجارەت قىلىدىغان سودا دۇكىنى بار ئىدى. بازار كۈنى ئادەتتە بازارغا بېرىپ سودا قىلىدىغان ياكى تاماشا قىلىدىغانلار 2000 دىن ئاشاتتى.

1950 - يىلدىن كېيىن، گۈلباغ بازىرىنىڭ قىياپىتى يېڭىلاندى. 1984 - يىلغىچە خەلقنىڭ ئىلگىرىكى كونا ئۆيلىرى پۈتۈنلەي چېقىۋېتىلىپ، يېزىلىق ھۆكۈمەت، بانكا تىجارەت پونكىتى، پوچتا - تېلېگراف پونكىتى، كۇلۇب، تەمىنات - سودا كوپېراتىپىنىڭ ماگىزىنى، ئوتتۇرا مەكتەپ، پاختا زاۋۇتى قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ ئۆي - ئىمارەتلىرى يېڭىدىن سېلىندى. پىلان بويىچە سېلىنغان ئاھالىلەر ئولتۇراق ئۆيلىرى شەرقىي، غەربىي، جەنۇبىي، شىمالىي كوچىلارغا رەتلىك جايلاشتى. سېلىنغان قۇرۇلۇشنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى 10 مىڭ كۋادرات مېتىردىن ئاشىدۇ. بازاردىكى ئاھالە ئىلگىرىكى 100 نەچچە كىشىدىن كۆپىيىپ 2000دىن ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە غەيرىي يېزا ئىگىلىك ئاھالىسى 200دىن ئاشىدۇ. بازار كۈنى تىزىلغان ماللار خىلمۇ خىل بولۇپ، كۆزنى قاماشتۇرىدۇ. ئۇزۇنىسىغا ۋە توغرىسىغا 1.5 كىلومېتىر كېلىدىغان كوچا ھەر خىل يايمىلار بىلەن لىق تولۇپ كېتىدۇ، بازارغا كىرگەن ئادەم ھەممىشە تەخمىنەن 5000 — 6000غا، بازاردا پۈتۈشۈلگەن سودا سوممىسى 10 مىڭ يۈەندىن كۆپرەككە يېتىدۇ.

## 2 . ئاھالىلەر نوقتىسى

ئىلگىرى دېھقانلارنىڭ ئۆيىنىڭ كۆپىنچىسى ئېرىق - ئۆستەڭ ۋە يول بويلىرىغا سېلىنغان بولۇپ، پۈتۈنلەي كېسەك - ياغاچ قۇرۇلمىلىق ئىدى. ئۆينىڭ شەكلى جەھەتتە، ئالدىغا ئىشىك، تورۇسقا تۈڭلۈك قويۇلاتتى، بىر ئۆي يورۇق، بىر ئۆي قاراڭغۇ ياكى بىر ئۆي يورۇق، ئىككى

ئۆي قاراڭغۇ ئىدى، تېمى لايدىن قوپۇرۇلاتتى. ئۈستى ئوت - خەس بىلەن يېپىلاتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە لاي سېلىنىپ سوغۇقتىن مۇداپىئە كۆرۈلەتتى، ئۆينىڭ ئېگىزلىكى ئىككى - ئۈچ مېتىردىن ئاشمايتتى، سىرتقى كۆرۈنۈشى پاكار ھەم ئاددىي ئىدى. 1964 - يىلى يېزىلاردا «بەشتە ياخشى قۇرۇلۇش»ى قانات يايدۇرۇلغاندىن كېيىن، يېڭى سېلىنغان ئۆيلەر كېسەك - ياغاچ قۇرۇلمىلىق بولسىمۇ، لېكىن بىردەك دېرىزە قويۇلىدىغان بولدى، نەتىجىدە شامال ئۆتۈشەلەيدىغان، كۈن نۇرى چۈشەلەيدىغان، كەڭ، يورۇق، ئازادە بولدى. 1964 - يىلدىن 1968 - يىلغىچە ئون ئۇرۇنغا مۇشۇ خىلدىكى ئاھالىلەر نۇقتىسى بەرپا قىلىنىپ، جەمئىي 428 ئېغىز ئۆي سېلىندى. 1984 - يىلغىچە بەرپا قىلىنغان ئاھالىلەر نۇقتىسى 500دىن ئاشتى. تەخمىنەن 21 مىڭ ئېغىزدىن ئارتۇق ئۆي سېلىندى، بۇ ئۆيلەرنىڭ كۆلىمى تەخمىنەن 525 مىڭ كۋادرات مېتىر بولۇپ، %80 دېھقان، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، يېڭى ئاھالىلەر نۇقتىسىغا كۆچۈپ كەلدى.

3 . **يېزا يوللىرى** («قاتناش. پوچتا - تېلېگراف» دېگەن بابقا قاراڭ)

## § 3 . بىناكارلىق قوشۇنى

ناھىيە بازىرىنىڭ قۇرۇلۇش ئېھتىياجىغا ئۇيغۇنلىشىش ئۈچۈن، 50 - يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ناھىيىلىك بىناكارلىق ئەترىتى تەشكىللەنگەن، 1959 - يىلى ئىشچى - خىزمەتچىسى 105 نەپەرگە يەتكەندى. 1962 - يىلى قول سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى بىناكارلىق كوپېراتىپى قۇردى. ئۇنىڭ 56 نەپەر ئىشچى - خىزمەتچىسى بار ئىدى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دا ناھىيىلىك بىناكارلىق ئەترىتى تارقىتىۋېتىلدى. 1978 - يىلى ناھىيىلىك بىناكارلىق ئەترىتى قايتىدىن تەشكىللەندى. 1983 - يىلى بىناكارلىق ئەترىتى ئاساسىدا بىناكارلىق شىركىتى قۇرۇلدى.

ناھىيىلىك بىناكارلىق شىركىتى يەرلىك دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانا بولۇپ، 1978 - يىل 9 - ئايدا قۇرۇلغان، ئۇنىڭ 30 نەپەر ئىشچى - خىزمەتچىسى بولۇپ، شۇ يىلى 15 مىڭ يۈەن قەرز پۇلنى كارخانىنىڭ ئايلانما مەبلىغى قىلىپ، سايماننى ئىشچىلار ئۆزى ئەكىلىپ ئىش باشلىغانىدى. 1979 - يىلى ئىشچى - خىزمەتچىسى 40 نەپەرگە، شۇ يىلى ئىش باشلىغان قۇرۇلۇش كۆلىمى 2571 كۋادرات مېتىرغا، پۈتتۈرگەن قۇرۇلۇش كۆلىمى 2271 كۋادرات مېتىرغا يەتتى، بۇ، ئىش باشلانغان قۇرۇلۇشنىڭ 88 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ، ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 103 مىڭ يۈەنگە، پايدىسى 26 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 1984 - يىلى ئىشچى - خىزمەتچىسى 285 نەپەرگە يەتتى، ئۇنىڭ قارىمىقىدا ئىككى قۇرۇلۇش قىلىش ئەترىتى تەسىس قىلىندى. 1 - ئەترەتتە 85 نەپەر ئىشچى - خىزمەتچى، 2 - ئەترەتتە 200 نەپەر ئىشچى - خىزمەتچى بار، ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 3 مىليون 958 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1979 - يىلدىكىنىڭ 38 ھەسسىسىگە، پايدىسى 130 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1979 - يىلدىكىنىڭ بەش ھەسسىسىگە توغرا كەلدى. تۇراقسىز مەبلىغى 200 مىڭ يۈەنگە يەتتى. پۈتتۈرگەن قۇرۇلۇش كۆلىمى 13 مىڭ 500 كۋادرات مېتىرغا

پوسكام ناھىيە بازىرىدىكى ئومۇم ئۈچۈن ئىشلىتىلىۋاتقان بىنالار

2 ـ 18 ـ 1 ـ جەدۋەل

| ئىسمى | قاراشلىق ئورۇن | ئورنى | قۇرۇلۇش كۆلىمى (كۋادرات مېتىر) | سېلىنغان مەبلەغ (10 مىڭ يۈەن) | قەۋەت سانى (قەۋەت) | پۈتكەن ۋاقتى |
|---|---|---|---|---|---|---|
| ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى مېھمانخانىسى | ھۆكۈمەت | چوڭ تۆت كوچىدا | 1353.6 | 20.3 | 3 | 1966 |
| پوسكام يېزىلىق مېھمانخانا | پوسكام يېزىسى | شەرقىي چوڭ كوچىنىڭ شەرقىي ئېغىزىدا | 1405.6 | 21.2 | 3 | 1975 |
| قىشلىق كىنوخانا | مەدەنىيەت ئىدارىسى | چوڭ تۆت كوچىدا | 1356.6 | 31.2 | 2 | 1978 |
| 2 ـ يېنىك سانائەت ئىدارىسىنىڭ تىجارەت بىناسى | 2 ـ يېنىك سانائەت ئىدارىسى | شىمالىي چوڭ كوچىدا | 432 | 9.9 | 2 | 1979 |
| دېھقانچىلىق تېخنىكا پونكىتىنىڭ كەسپىي بىناسى | دېھقانچىلىق تېخنىكا پونكىتى | جەنۇبىي چوڭ كوچىدا | 1260 | 22 | 2 | 1981 |
| بانكا تىجارەت بىناسى | سودا ـ سانائەت بانكىسى | غەربىي چوڭ كوچىدا | 376.5 | 6.6 | 2 | 1980 |
| مەدەنىيەت يۇرتى بىناسى | مەدەنىيەت ئىدارىسى | شىمالىي چوڭ كوچىدا | 1000 | 19.6 | 3 | 1982 |
| ئەمگەك مۇلازىمەت شىركىتىنىڭ تىجارەت بىناسى | ھۆكۈمەت | كىچىك تۆت كوچىدا | 1205.8 | 27.7 | 3 | 1983 |
| ھۆكۈمەتنىڭ ئىشخانا بىناسى | ھۆكۈمەت | كىچىك تۆت كوچىدا | 2200 | 61.3 | 3 | 1983 |
| دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ مۇلازىمەت بىناسى | دېھقانچىلىق مەيدانى | كىچىك تۆت كوچىدا | 1304 | 26.1 | 3 | 1984 |
| دوختۇرخانىنىڭ ئاياللار تاشقى كېسەللىكلەر بىناسى | سەھىيە ئىدارىسى | جەنۇبىي چوڭ كوچىدا | 1524.3 | 35.1 | 2 | 1984 |
| بانكا تىجارەت بىناسى | يېزا ئىگىلىك بانكىسى | جەنۇبىي چوڭ كوچىدا | 696.5 | 16 | 2 | 1981 |
| دوختۇرخانىنىڭ دورا ياساش بىناسى | سەھىيە ئىدارىسى | جەنۇبىي چوڭ كوچىدا | 290 | 6.7 | 2 | 1984 |
| يەرلىك مەھسۇلاتلار شىركىتىنىڭ مۇلازىمەت بىناسى | تەمىنات سودا كوپېراتىپى | چوڭ تۆت كوچىدا | 1179 | 23.6 | 3 | 1984 |
| باج ئىدارىسىنىڭ ئىشخانا بىناسى | باج ئىدارىسى | جەنۇبىي يېڭى كوچىدا | 1535.2 | 35.3 | 3 | 1985 |

| | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| سۇ ئېلېكتر ئىدارىسىنىڭ ئىشخانا بىناسى | سۇ - ئېلېكتر ئىدارىسى | جەنۇبىي يېڭى كوچىدا | 1297 | 29.8 | 3 | 1985 |
| سودا - سانائەت ئىدارىسىنىڭ ئىشخانا بىناسى | سودا - سانائەت ئىدارىسى | جەنۇبىي يېڭى كوچىدا | 988.7 | 19.4 | 3 | 1985 |
| 2 - باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ئوقۇتۇش بىناسى | مائارىپ ئىدارىسى | شەرقىي چوڭ كوچىدا | 1534 | 35.3 | 2 | 1985 |
| 1 - ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ تەجرىبىخانا بىناسى | مائارىپ ئىدارىسى | جەنۇبىي چوڭ كوچىدا | 620 | 14.3 | 2 | 1985 |
| كۆمۈركان باشقۇرۇش ئورنىنىڭ ئىشخانا بىناسى | كۆمۈركان باشقۇرۇش ئورنى | غەربىي چوڭ كوچىدا | 1028.6 | 25.5 | 4 | 1985 |
| مال دوختۇرلۇق پونكىتىنىڭ ئامبۇلاتورىيە بىناسى | چارۋىچىلىق ئىدارىسى | شەرقىي ئازات كوچىسىدا | 657.5 | 11.7 | 2 | 1985 |
| پوسكام سودا سارىيى | سودا ئىدارىسى | چوڭ تۆت كوچىدا | 1983.1 | 40 | 3 | 1985 |
| ئورمانچىلىق ئىدارىسىنىڭ ئىشخانا بىناسى | ئورمانچىلىق ئىدارىسى | جەنۇبىي چوڭ كوچىدا | 698.8 | 16.1 | 2 | 1985 |
| يېمەكلىك شىركىتىنىڭ تىجارەت بىناسى | يېمەكلىك شىركىتى | كىچىك تۆت كوچىدا | 1552.2 | 27.2 | 3 | 1985 |
| سېمونت زاۋۇتىنىڭ ئىشخانا بىناسى | سېمونت زاۋۇتى | ناھىيە بازىرىنىڭ جەنۇبىدا | 1750 | 40.3 | 3 | 1986 |
| ناھىيىلىك پارتكومنىڭ ئىشخانا بىناسى | ناھىيىلىك پارتكوم | شەرقىي چوڭ كوچىدا | 2860 | 65.8 | 4 | 1986 |
| دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى ئىدارىسىنىڭ ئىشخانا بىناسى | دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى ئىدارىسى | شەرقىي ئىتتىپاق كوچىسىدا | 1230 | 33.2 | 3 | 1986 |
| 3 - ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئوقۇتۇش بىناسى | مائارىپ ئىدارىسى | شەرقىي ئىتتىپاق كوچىسىدا | 2366 | 63.9 | 4 | 1986 |
| پوسكام يېزىسىنىڭ مۇلازىمەت بىناسى | پوسكام يېزىسى | شىمالىي چوڭ كوچىدا | 1437 | 38.8 | 3 | 1987 |
| پوچتا - تېلېگراف بىناسى | پوچتا - تېلېگراف ئىدارىسى | شىمالىي چوڭ كوچىدا | 1987 | 59 | 3 | 1987 |
| رادىئو - تېلېۋىزىيە ئىدارىسىنىڭ بىناسى | رادىئو - تېلېۋىزىيە ئىدارىسى | شەرقىي چوڭ كوچىدا | 771.9 | 20.8 | 4 | 1987 |
| «خەلققە پايدا يەتكۈزۈش» سودا سارىيى | سودا شىركىتى | جەنۇبىي چوڭ كوچا | 1273 | 25 | 2 | 1987 |
| سۇغۇرتا شىركىتىنىڭ ئىشخانا بىناسى | سۇغۇرتا شىركىتى | شەرقىي ئىتتىپاق كوچىسىدا | 1100 | 18.5 | 3 | 1987 |

| | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| تەكشۈرۈش پونكىتىنىڭ بىناسى | تەكشۈرۈش پونكىتى | شەرقىي ئىتتىپاق كوچىسىدا | 653 | 17.6 | 2 | 1988 |
| ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ ئىشخانا بىناسى | ئاشلىق ئىدارىسى | شەرقىي ئاۋات كوچىسىدا | 1538 | 41.5 | 3 | 1988 |
| 1 ـ باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ئوقۇتۇش بىناسى | مائارىپ ئىدارىسى | شەرقىي ئىتتىپاق كوچىسىدا | 1350 | 30 | 3 | 1989 |
| سوت مەھكىمىسىنىڭ بىناسى | سوت مەھكىمىسى | شىمالىي چوڭ كوچىدا | 408 | 10 | 2 | 1989 |
| تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپىنىڭ ئىشخانا بىناسى | تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپى | غەربىي چوڭ كوچىدا | 1419 | 36 | 3 | 1989 |
| دوختۇرخانىنىڭ ئامبۇلاتورىيە بىناسى | سەھىيە ئىدارىسى | جەنۇبىي چوڭ كوچىدا | 2550 | 75 | 4 | 1990 |
| 2 ـ ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئوقۇتۇش بىناسى | مائارىپ ئىدارىسى | شەرقىي چوڭ كوچىدا | 2150 | 58.1 | 3 | 1990 |
| بانكىنىڭ تىجارەت بىناسى | قۇرۇلۇش بانكىسى | شەرقىي چوڭ كوچىدا | 600 | 24 | 3 | 1990 |
| دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى شىركىتىنىڭ تىجارەت بىناسى | دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى شىركىتى | شەرقىي چوڭ كوچىدا | 1136 | 26.1 | 3 | 1986 |
| تېرىقچىلىق مەيدانىنىڭ تىجارەت بىناسى | يېزا ـ بازار كارخانىلىرى ئىدارىسى | جەنۇبىي يېڭى كوچىدا | 1380 | 30 | 3 | 1989 |

يېتىپ، ئىش باشلانغان قۇرۇلۇش كۆلىمىنىڭ 75 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى.

**ئاساسلىق ئۈسكۈنىلىرى** 1984 ـ يىلى 400 مىللىلېترلىق بىتون لاي ئېتىش ماشىنىسىدىن ئىككىسى، قۇم لاي ئېتىش ماشىنىسىدىن بىرى، چىغرىق ماشىنىسىدىن ئۈچى، دوگىلەك ھەرىدىن بىرى، تۆت توننىلىق يۈك ئاپتوموبىلىدىن بىرى، تراكتوردىن بىرى بار بولدى.

بىناكارلىق شىركىتىنىڭ ئىچكى قىسمىدا كوللېكتىپ مۆلۈكچىلىكى بويىچە باشقۇرۇش ئۇسۇلى بولغا قويۇلغان. 1983 ـ يىلدىن ئىلگىرى ئىش ھەققىنى ھۆددىگە بېرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلغانىدى. 1983 ـ يىلدىن باشلاپ ئىشنى، ماتېرىيالنى ھۆددىگە بېرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلدى، تېخنىكا جەھەتتىن تەربىيىلەشكە ئەھمىيەت بېرىلگەنلىكتىن، ھازىر ئۈچ قەۋەتلىك تۇرالغۇ بىنالارنى سېلىش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالالايدىغان بولدى. شىركەت قۇرۇلغاندىن كېيىن، ناھىيە بازىرى تەۋەسىدە 26 بىنا سالدى، ئۇنىڭ سۈپىتى ئىشەنچلىك بولغاچقا، ئىشلەتكۈچىلەرنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى.

ناھىيىلىك بىناكارلىق شىركىتىدىن باشقا، ناھىيە ئىچىدە يەنە 2 ـ، 3 ـ، 5 ـ بىناكارلىق قۇراشتۇرۇش شىركىتى بار، ئۇلارنى يېزا ـ بازارلار باشقۇرىدۇ («يېزا ـ بازار كارخانىلىرى» دېگەن بابقا قاراڭ)

# XIX باب

# ئىگىلىك باشقۇرۇش

## 1§ . پىلان

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1955 - يىلدىن باشلاپ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىلدى. ئوخشاشمىغان ئەھۋالغا قاراپ، ئۇزۇن، ئوتتۇرا، قىسقا مەزگىللىك پىلان تۈزۈپ چىقىلدى، بۇ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈشتە ئاكتىپ رول ئوينىدى. بۇ ئارىلىقتا «سول» ئىدىيىنىڭ كاشىلىسى تۈپەيلىدىن، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشتا ئەگرى - توقايلىقلار بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئومۇمەن ئېيتقاندا، خەلق ئىگىلىكىنىڭ پىلانلىق، نىسبەت بويىچە تەرەققىي قىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىندى. بولۇپمۇ پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، ناھىيىنىڭ 6 - بەش يىللىق پىلانى ئوڭۇشلۇق يولغا قويۇلدى. 1984 - يىلغىچە 6 - بەش يىللىق پىلاندىكى تۈرلۈك ئىقتىسادىي كۆرسەتكۈچلەر ئاشۇرۇپ ئورۇندالدى. يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئىچكى قۇرۇلمىسى تەڭشىلىپ، سانائەت ئاساسى كۈچەيتىلدى، ئاساسىي قۇرۇلۇش بىر قەدەر زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشىپ، پۈتۈن ناھىيىنىڭ ئىگىلىكىدە پىلانلىق ئىگىلىك ئاساس، بازار ئارقىلىق تەڭشەش قوشۇمچە قىلىنغان يېڭى ئىقتىسادىي تۈزۈلمە تەدرىجىي شەكىللەندى.

### 1 . پىلان ئاپپاراتى

ناھىيىلىك پىلان كومىتېتى 1956 - يىل 6 - ئايدا قۇرۇلغان بولۇپ، يەتتە كىشىدىن تەركىب تاپقان. ئۇ، ناھىيىلىك خەلق كومىتېتىنىڭ تەركىبىي قىسمى بولۇپ، كونكرېت كەسپىنى پىلان - ستاتىستىكا بۆلۈمى بېجىرەتتى، ئۇ، ناھىيىلىك خەلق كومىتېتىنىڭ بىۋاسىتە رەھبەرلىكى ۋە يۇقىرى دەرىجىلىك پىلان كومىتېتلىرىنىڭ كەسپىي يېتەكچىلىكىنى قوبۇل قىلاتتى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» داۋامىدا، ئۇنىڭ ئاپپاراتى پالەچ ھالەتكە چۈشۈپ قالدى. خەلق ئىگىلىكى پىلانى ئۈچ تەرەپ بىرلەشكەن ئىشلەپچىقىرىش ئىشخانىسى ۋە ئىنقىلابىي كومىتېت ئىشلەپچىقىرىشقا قوماندانلىق قىلىش گۇرۇپپىسى تەرىپىدىن تۈزۈلدى. 1975 - يىل 6 - ئايدا پىلان كومىتېتى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى 1984 - يىلى تۆت نەپەر ئىشچى - خىزمەتچىسى بار بولدى. ئۇنىڭ ۋەزىپىسى پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ فاڭجېن، سىياسەتلىرىگە ئاساسەن، تەكشۈرۈش - تەتقىق قىلىش ئارقىلىق، پۈتۈن ناھىيىنىڭ خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنىڭ ئۇزۇن، ئوتتۇرا، قىسقا مەزگىللىك پىلانىنى ياخشى تۈزۈپ چىقىپ، جەمئىيەتتىكى ئومۇمىي تەمىنات بىلەن ئومۇمىي ئېھتىياجنى ئومۇملاشتۇرۇپ تەڭشەشنى ياخشى ئېلىپ بېرىش، پىلاننىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈشتىن ئىبارەت.

## پوسكام ناھىيىسىنىڭ بىر قانچە يىلدىكى پىلاننى ئىجرا قىلىش ئەھۋالى

2 . 19 . 1 - جەدۋەل

| تۈرلەر | ھېسابلاش بىرلىكى | 1959 - يىلى | | | 1965 - يىلى | | | 1978 - يىلى | | | 1984 - يىلى | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | پىلان | ئەمەلىيەتتىكىسى | پىلاننىڭ ئورۇندىلىش نىسبىتى | پىلان | ئەمەلىيەتتىكىسى | پىلاننىڭ ئورۇندىلىش نىسبىتى | پىلان | ئەمەلىيەتتىكىسى | پىلاننىڭ ئورۇندىلىش نىسبىتى | پىلان | ئەمەلىيەتتىكىسى | پىلاننىڭ ئورۇندىلىش نىسبىتى |
| 1. سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى | 10 مىڭ يۈەن | | 1989.61 | | | 3064.73 | | | 2959.10 | | 6466.4 | 5758.85 | 89.1% |
| يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى | 10 مىڭ يۈەن | | 1903.51 | | | 2710.33 | | | 2470.30 | | 5643.7 | 4797.95 | 85 |
| بۇنىڭ ئىچىدە: دېھقانچىلىق | 10 مىڭ يۈەن | | 1469.90 | | | 2111.95 | | | 2101.20 | | 4043.7 | 4148.66 | 102.6 |
| ئورمانچىلىق | 10 مىڭ يۈەن | | 70.35 | | | 116.35 | | | 195.30 | | 846.1 | 257.91 | 30.5 |
| چارۋىچىلىق | 10 مىڭ يۈەن | | 361.56 | | | 479.73 | | | 170.60 | | 502.7 | 263.59 | 52.4 |
| قوشۇمچە كەسىپ | 10 مىڭ يۈەن | | 1.7 | | | 2.3 | | | 3.7 | | 250 | 127.03 | 50.08 |
| بېلىقچىلىق | 10 مىڭ يۈەن | | | | | | | | | | 1.2 | 0.76 | 63.3 |
| باشقىلار | 10 مىڭ يۈەن | | | | | | | | | | | | |
| سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى | 10 مىڭ يۈەن | | 86.1 | | | 354.4 | | | 488.3 | | 822.7 | 960.9 | 116.8 |
| بۇنىڭ ئىچىدە: ئېغىر سانائەت | 10 مىڭ يۈەن | | 6.2 | | | 29.7 | | | 144.4 | | 323.5 | 450.4 | 139.2 |
| يېنىك سانائەت | 10 مىڭ يۈەن | | 79.2 | | | 324.7 | | | 343.9 | | 499.2 | 510.5 | 102.3 |
| ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى سانائەت | 10 مىڭ يۈەن | | | | | 325.5 | | | 345.5 | | 572.5 | 418.7 | 73.1 |

| | | | | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| كوللېكتىپ مۇلۇكچىلىكىدىكى سانائەت | 10 مىڭ يۈەن | | 86.1 | | | 28.9 | | | 142 | | 250.2 | 542.3 | 216.7 |
| يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ ئومۇمىي كىرىمى | 10 مىڭ يۈەن | | | | | | | | 337 | | | 1211.32 | |
| 2. سانائەت، يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئاساسىي كۆرسەتكۈچى | | | | | | | | | | | | | |
| 1) يېزا ئىگىلىك | | | | | | | | | | | | | |
| ئومۇمىي ئاشلىق | 10 مىڭ كىلوگرام | 7972.5 | 3113.55 | 39.05 | 3078.55 | 3123.75 | 101.5 | | | | 5500 | 7058 | 128.3 |
| بۇنىڭ ئىچىدە: بۇغداي | 10 مىڭ كىلوگرام | 1800 | 1095.9 | 60.88 | 1206.35 | 1264.15 | 104.8 | | | | 2750 | 3921.5 | 142.6 |
| شال | 10 مىڭ كىلوگرام | 3600 | 771.7 | 21.43 | 357.6 | 214.85 | 60.1 | | | | 500 | 653.95 | 130.8 |
| كۆممىقوناق | 10 مىڭ كىلوگرام | 2550 | 1197.5 | 46.94 | 1499.15 | 1583.95 | 105.7 | | | | 2175 | 2453.9 | 112.8 |
| باشقىلار | 10 مىڭ كىلوگرام | | 48.9 | | 15.45 | 60.8 | 393.5 | | | | 75 | 28.65 | 38.2 |
| ئومۇمىي پاختا | 10 مىڭ دەن | 1.6 | 0.58 | 36.3 | 4.66 | 4.5 | 96.4 | | 2.32 | | 7.2 | 8 | 111.2 |
| ئومۇمىي ياغلىق دان | 10 مىڭ كىلوگرام | 240.45 | 115.8 | 48.2 | 80.15 | 91.2 | 113.7 | | 60.1 | | 95 | 95.45 | 100.5 |
| يىل ئاخىردىكى چارۋا | 10 مىڭ تۇياق | 19.05 | 12.52 | 67.3 | 19.06 | 18.71 | 98.2 | | 16.3 | | 20.66 | 18.24 | 88.3 |
| چارۋىنىڭ قولدىن چىقىرىلىش نىسبىتى | % | | | | | | | | | | 4.6 10 مىڭ تۇياق | | |
| شۇ يىلى پارچە - پۇرات تىكىلگەن كۆچەت | 10 مىڭ تۇپ | | 57.1 | | | 125.3 | | | 312 | | 200 | 524.3 | 262.2 |
| يىل ئاخىردىكى ئەمەلىي كۆچەتلىك كۆلىمى | مو | | 1496 | | | 2043 | | | 3403 | | 5000 | 4241 | 84.8 |
| يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى | ئات كۈچى | | | | | | | | | | | 5175.2 | |

| | | | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| دېھقانچىلىقتا ئىشلىتىلىدىغان چوڭ ـ ئوتتۇرا تراكتور | دانە | | | | 17 | | | 186 | | 500 | 482 | 96.4 |
| كىچىك تراكتور | دانە | | | | | | | 47 | | 250 | 257 | 102.8 |
| تراكتورغا سۆرىتىلىدىغان سايمان | دانە | | | | 30 | | | 256 | | 620 | 544 | 87.7 |
| 2) سانائەت | | | | | | | | | | | | |
| ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتى | | | | | | | | | | | | |
| كۆمۈر | 10 مىڭ توننا | | | | 0.21 | | | 1.4 | | | 3.2 | |
| تارقىتىلغان توك | 10 مىڭ كىلوۋات سائەت | 1.2 | | | 8.6 | | | 60.23 | | 1200 | 1150.06 | 95.8 |
| خىش | 10 مىڭ دانە | | | | 16.7 | | | 319.9 | | 3000 | 4156 | 138.5 |
| ئۇن | توننا | | | | 1184.2 | | | 3060 | | 3000 | 4519.1 | 150.6 |
| سۇيېغى | توننا | | | | 72.15 | | | 370 | | 3000 | 494.28 | 164.8 |
| گۈرۈچ | توننا | | | | 162.6 | | | 259 | | | 84 | |
| پىرەنىك | توننا | | | | 8.36 | | | 17 | | 80 | 24.8 | 31 |
| پېچىنە | توننا | | | | | | | 26 | | | 30.43 | |
| سېمونت | توننا | | | | 1009 | | | | | 1000 | | |
| تۆمۈردىن ياسالغان كىچىك دېھقانچىلىق سايمانلىرى | 10 مىڭ دانە | 0.68 | | | 0.69 | | | 0.96 | | 0.15 | 2.56 | 1606.7 |
| چىقىرىلغان پاختا | 10 مىڭ دەن | | | | 2.6 | | | 3.2 | | | 9.3 | |
| رېمونت قىلىنغان ئاپتوموبىل (چوڭ) | دانە | | | | | | | 6 | | | 2.2 | |

| | | | | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| رېمونت قىلىنغان ئاپتوموبىل (ئوتتۇرا) | دانە | | | | | | | | 12 | | | 30 | |
| رېمونت قىلىنغان تراكتور (چوڭ) | دانە | | | | | | | | 19 | | | 8 | |
| رېمونت قىلىنغان تراكتور (ئوتتۇرا) | دانە | | | | | | | | 16 | | | 11 | |
| 3. مالىيە كىرىم . چىقىمى | | | | | | | | | | | | | |
| مالىيە كىرىمى | 10 مىڭ يۈەن | | 125.3 | | | 14.1 | | 129.84 | 164.9 | 127 | 658.6 | 124 | 18.8 |
| مالىيە چىقىمى | 10 مىڭ يۈەن | | 167.5 | | | 147 | | | 612.5 | | 903.5 | 908 | 100.5 |
| 4. ئىجتىمائىي تاۋارلار. نىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى | 10 مىڭ يۈەن | | 481 | | | 662 | | | 1371 | | 1748.8 | 2688 | 153.7 |
| 5. سېتىۋېلىنغان يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتى | | | | | | | | | | | | | |
| ئاشلىق | 10 مىڭ كىلوگرام | | 2208 | | | 1351 | | | 2100 | | 2000 | 2200 | 110 |
| پاختا | 10 مىڭ دەن | | 0.54 | | | 4.48 | | | 2.27 | | 5.2 | 7.47 | 143.6 |
| ياغ | 10 مىڭ كىلوگرام | | 36 | | | 14.5 | | | 13 | | 19 | 29.5 | 155.3 |
| 6. چارۋا مەھسۇلاتىنىڭ ئومۇمىي قىممىتى | 10 مىڭ يۈەن | | | | | | | | | | 20 | | |
| 7. ئۇراقلىق مۈلۈككە سېلىنغان مەبلەغ | 10 مىڭ يۈەن | | 39.06 | | | 60.92 | | | 236.3 | | 806.14 | 188 | 23.3 |
| بۇنىڭ ئىچىدە: دۆلەت سالغان مەبلەغ | 10 مىڭ يۈەن | | 36.26 | | | 45.17 | | | 103.5 | | 219.34 | | |
| يەرلىك ئورۇنلار سالغان مەبلەغ | 10 مىڭ يۈەن | | 2.78 | | | 15.75 | | | 123.83 | | 418.96 | 22 | 5.3 |
| كارخانىلار ئۆزى توپلىغان مەبلەغ | 10 مىڭ يۈەن | | | | | | | | 8.97 | | 167.84 | 166 | 98.9 |

| | | | | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 8. ئەمگەك ئىش ـ ھەققى | | | | | | | | | | | | | |
| توققۇز چولڭ تارماقتىكى، ئىشچى ـ خىزمەتچى | ئادەم | | | | | 3524 | | | 5652 | | | 4675 | |
| توققۇز چولڭ تارماقتىكى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ ئىش ھەققى | 10 مىڭ يۈەن | | | | | 135.48 | | | 267.63 | | | 495.87 | |
| 9. مائارىپ | | | | | | | | | | | | | |
| ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكـ. تەپ ئوقۇغۇچىسى | ئادەم | | 14194 | | | 13693 | | | 18208 | | 20113 | 17660 | 87.8 |
| ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكـ. تەپ ئوقۇتقۇچىسى | ئادەم | | 372 | | | 501 | | | 981 | | | 1266 | |
| 10. سەھىيە | | | | | | | | | | | | | |
| كېسەل كارىۋىتى | دانە | | 35 | | | 110 | | | 397 | | 410 | 372 | 907 |
| دوختۇر، سېستىرا | ئادەم | | 33 | | | 76 | | | 159 | | 248 | 262 | |
| 11. مەدەنىيەت | | | | | | | | | | | | | |
| كىنوخانا | | | 1 | | | 1 | | | 1 | | | 2 | |
| سەنئەت ئۆمىكى | | | | | | | | | | | | 1 | |
| مەدەنىيەت يۇرتى | | | 1 | | | 1 | | | 1 | | | 1 | |
| 12. نوپۇس | | | | | | | | | | | | | |
| يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس | ئادەم | | 82914 | | | 84570 | | | 102002 | | | 115136 | |
| تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى | ‰ | | | | | | | | | | | | 12.16 |

## 2 . پىلان تۈزۈش

خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات پىلانى تۈزۈشنىڭ ئومۇمىي پرىنسىپى پىلاندا ناھىيىنىڭ ئەمەلىيىتىنى چىقىش قىلىپ، ئوبيېكتىپ ئىقتىسادىي قانۇنىيەت ۋە تەبىئىي قانۇنىيەتكە رىئايە قىلىش، پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇشتىن ئىبارەت.

### 1) يىللىق پىلان

1953 ـ يىلدىن 1984 ـ يىلغىچە ناھىيە تۈزگەن يىللىق پىلانلار بىر قەدەر كونكرېت ۋە تەپسىلىي بولدى. ئۇلارنىڭ مەزمۇنى يېزا ئىگىلىك پىلانى، سانائەت ئىشلەپچىقىرىش پىلانى (1959 ـ يىلدىن باشلاپ تۈزۈلگەن)، تۇراقلىق مۈلۈككە مەبلەغ سېلىش پىلانى (1960 ـ يىلدىن باشلاپ تۈزۈلگەن)، سودا پىلانى، مالىيە كىرىم ـ چىقىم پىلانى، ئەمگەك ـ ئىش ھەققى پىلانى (1961 ـ يىلدىن باشلاپ تۈزۈلگەن)، نوپۇس پىلانى (1956 ـ يىلدىن باشلاپ تۈزۈلگەن)، ماددىي ئەشيا پىلانى (1960 ـ يىلدىن باشلاپ تۈزۈلگەن)، مەدەنىيەت ـ مائارىپ، ساقلىق ساقلاش پىلانى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

تۈزۈلگەن يىللىق پىلانلاردىن 1953 ـ يىلدىن 1955 ـ يىلغىچە، 1961 ـ يىلدىن 1966 ـ يىلغىچە ۋە پارتىيە 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيانقى ھەر قايسى يىللاردىكى پىلان ئەمەلىيەتكە بىر قەدەر ئۇيغۇن بولۇپ، خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتتا ئاكتىپ رول ئوينىدى. 1956 ـ يىلدىن 1960 ـ يىلغىچە ۋە «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» داۋامىدا تۈزۈلگەن يىللىق پىلانلار «سول» ئىدىيىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقتىن، ئەمەلىيەتتىن ئايرىلىپ، يۇقىرىراق تۈزۈلۈپ قالدى. بولۇپمۇ ئۆچ يىللىق «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش» مەزگىلىدە، نوقۇل ھالدا يۇقىرى كۆرسەتكۈچ قوغلىشىلدى، مەسىلەن، 1959 ـ يىللىق ئىشلەپچىقىرىش پىلانى تۈزۈلگەندە، ئومۇمىي ئاشلىق 795 مىليون كىلوگرام، پاختا 800 مىڭ كىلوگرام، ياغلىق دان 2 مىليون 400 مىڭ كىلوگرام قىلىپ قويۇلغان، بۇ، ئەمەلىيەتتىن بەك يىراقلىشىپ كەتكەنلىكتىن، ئۇنى ئورۇنداش تەسكە چۈشۈپ، پىلاننىڭ كەسكىنلىكى ۋە يېتەكچى خاراكتېرى يوققا چىقتى.

### 2) بەش يىللىق پىلان

پوسكام ناھىيىسى ئەنئەنىۋى يېزا ئىگىلىك ناھىيىسى، ھەر قايسى بەش يىللىق پىلانلارنىڭ ئومۇمىي قۇرۇلمىسى ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىش ئاساسىي گەۋدە قىلىنغان ھالدا تۈزۈلگەن. 1 ـ بەش يىللىق پىلاننى يۇقىرى دەرىجىلىك پىلان تارماقلىرى ۋەكالىتەن تۈزۈپ بەرگەن. 2 ـ بەش يىللىق پىلاندىن 6 ـ بەش يىللىق پىلانغىچە ھەممىسىنى ناھىيىنىڭ پىلان تارمىقى تۈزدى. بۇنىڭ ئىچىدە 2 ـ بەش يىللىق پىلان «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش»نىڭ مەھسۇلى بولۇپ، ئىقتىسادىي قانۇنىيەتكە ئېغىر دەرىجىدە خىلاپلىق قىلىنغان بولۇپ، يېتەكچى ئەھمىيىتى يوق ئىدى. 3 ـ بەش يىللىق پىلاندىن 6 ـ بەش يىللىق پىلانغىچە بولغان پىلانلار «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە تۈزۈلگەن (بۇنىڭ ئىچىدە 6 ـ بەش يىللىق پىلان 1976 ـ يىلدىن 1985 ـ يىلغىچە بولغان ئون يىللىق ئومۇمىي پىلاننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ). شۇ چاغدىكى ۋەزىيەتكە ئۇيغۇنلىشىش ئۈچۈن، پىلاندىكى كۆرسەتكۈچلەر سەل يۇقىرى بولۇپ قالغان، لېكىن بۇنىڭ ئىچىدىكى 5 ـ ۋە 6 ـ بەش يىللىق پىلانلارنىڭ قىسمەن مەزمۇنلىرى بىر قەدەر ياخشى تۈزۈلگەن، مەسىلەن، يەرلىك سانائەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇش جەھەتتە، ئېنېرگىيە سانائىتىدە كۆمۈر، ئېلېكتر

پوسكام ناھىيىسىنىڭ 6 ـ بەش يىللىق پىلانىنى ئىجرا قىلىش ئەھۋالى

2 ـ 19 ـ 2 ـ جەدۋەل

| تۈرى | ھېسابات بىرلىكى | 6 ـ بەش يىللىق پىلاننىڭ مەزگىل ئاخىرىدىكى سانى | 1984 ـ يىلى ئورۇندالغىنى | مەزگىل ئاخىرىدا ئىگىلىگەن نىسبىتى% |
|---|---|---|---|---|
| سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى | 10 مىڭ يۈەن | 1200 | 960.9 | 80.1 |
| ئومۇمىي ئاشلىق | 10 مىڭ كىلوگرام | 7500 | 7058 | 94.1 |
| ئومۇمىي پاختا | 10 مىڭ دەن | 100 | 80 | 80 |
| ئومۇمىي ياغلىق دان | 10 مىڭ كىلوگرام | 200 | 95.4 | 47.7 |
| يىل ئاخىرىدىكى چارۋا | 10 مىڭ تۇياق | 25 | 18.24 | 73 |
| شۇ يىلى بەرپا قىلىنغان ئورمان كۆلىمى | 10 مىڭ مو | 1 | 0.68 | 68 |
| شۇ يىلى پارچە تىكىلگەن كۆچەت | 10 مىڭ تۈپ | 320 | 524.3 | 163.8 |
| ئەمەلىي يېتىشتۈرۈلگەن كۆچەتنىڭ يىل ئاخىرىدىكى كۆلىمى | 10 مىڭ مو | 0.8 | 0.42 | 52.5 |
| يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى | ئات كۈچى | 15000 | 54752 | 365 |
| دېھقانچىلىقتا ئىشلىتىلىدىغان چوڭ، ئوتتۇرا تراكتور | دانە | 390 | 482 | 123.6 |
| كىچىك تراكتور | دانە | 240 | 257 | 107.1 |
| تراكتورغا سۆرىتىلىدىغان سايمان | دانە | | 544 | |
| كۆمۈر | 10 مىڭ توننا | 5 | 3.2 | 64 |
| تارقىتىلغان توك | 10 مىڭ كىلوۋات سائەت | 4200 | 1150.06 | 27.4 |
| خىش | 10 مىڭ دانە | 300 | 4156 | 1385.3 |
| ئۈن | توننا | 2000 | 4519.1 | 226 |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| سۇ يېغى | توننا | 500 | 494.28 | 98.9 |
| گۆرۈچ | توننا | | 84 | |
| ھەر خىل پىچىنە - پىرەنىك | توننا | 150 | 55.23 | 36.8 |
| تۆمۈردىن ياسالغان كىچىك دېھقانچىلىق سايمىنى | 10 مىڭ دانە | 45 | 256 | 56.9 |
| چىقىرىلغان پاختا | 10 مىڭ دەن | 9.5 | 9.3 | 97.9 |
| چوڭ رېمونت قىلىنغان تراكتور | دانە | 300 | 8 | 2.7 |
| چوڭ رېمونت قىلىنغان ئاپتوموبىل | دانە | | 22 | |
| مالىيە كىرىمى | 10 مىڭ يۈەن | 206 | 124 | 60.2 |
| مالىيە چىقىمى | 10 مىڭ يۈەن | 658 | 908 | 138 |
| سودىدا ئومۇمىي سېتىۋېلىنغىنى | 10 مىڭ يۈەن | 905 | 2044 | 225.9 |
| سودىدا ئومۇمىي سېتىلغىنى | 10 مىڭ يۈەن | 914 | 2498 | 273.3 |
| سېتىۋېلىنغان يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتى | | | | |
| ئاشلىق | 10 مىڭ كىلوگرام | 1850 | 1100 | 59.5 |
| پاختا | 10 مىڭ دەن | 9.68 | 7.47 | 77.2 |
| ياغلىق دان (ياغ) | 10 مىڭ كىلوگرام | 69 | 29.5 | 42.8 |
| تۇراقلىق مۈلۈككە سېلىنغان مەبلەغ | 10 مىڭ يۈەن | 340 | 188 | 55.3 |
| ئەمگەك، ئىش ھەققى | | | | |
| ئومۇمىي ئىشچى - خىزمەتچى | ئادەم | 5105 | 4675 | 91.6 |
| ئىش ھەققى ئومۇمىي سوممىسى | 10 مىڭ يۈەن | 410 | 495.87 | 120.9 |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| مائارىپ | | | | |
| ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى | ئادەم | 25238 | 17660 | 70 |
| سەھىيە | | | | |
| كېسەل كارىۋىتى | دانە | 360 | 372 | 103.3 |
| دوختۇر، سېستىرا | ئادەم | 261 | 262 | 100.4 |
| مەدەنىيەت | | | | |
| كىنوخانا | | 2 | 2 | 100 |
| سەنئەت ئۆمىكى | | | 1 | |
| مەدەنىيەت يۇرتى | | | 1 | |
| يىل ئاخىرىدىكى نوپۇس | 10 مىڭ ئادەم | 11.8 | 11.5 | 97.5 |

قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش تەلەپ قىلىنغان. يىلىغا 11 مىليون كىلوۋات سائەتتىن ئارتۇق توك تارقىتىدىغان ناھىيىلىك سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى، يىلىغا 30 مىڭ توننىدىن ئارتۇق كۆمۈر ئىشلەپچىقىرىدىغان كۆمۈركان مۇشۇ مەزگىلدە قۇرۇلغان ياكى ئۆزگەرتىلگەن. 1984 - يىلغىچە 6 - بەش يىللىق پىلاندىكى ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىش كۆرسەتكۈچىنىڭ 94.1 پىرسەنتى، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئومۇمىي قۇۋۋىتىنىڭ 365 پىرسەنتى ئورۇندالدى، ئەمما سانائەتنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۆرسەتكۈچى بەك يۇقىرى بولۇپ كەتكەچكە، كۆمۈر پىلانىنىڭ 64 پىرسەنتى، ئېلېكتر قۇۋۋىتى پىلانىنىڭ 27.4 پىرسەنتى ئورۇندالدى. پەقەت خىش ئىشلەپچىقىرىشتىلا پىلان 13.8 ھەسسە ئورۇندالدى. 6 - بەش يىللىق پىلاندا يەنە ناھىيىنىڭ يېزا ئىگىلىكىنى رايونلاشتۇرۇش، تۇپراقنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش، يېزا ئىگىلىكىنىڭ تەبىئىي بايلىق مەنبەسىنى تەكشۈرۈش ۋە سانائەتنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش قاتارلىق خىزمەتلەر ئورۇندالدى.

**3) ئۇزۇن مەزگىللىك پىلان**

پوسكام ناھىيىسىدە 1974 - يىلى دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، قوشۇمچە كەسىپ، بېلىقچىلىقنىڭ ئون يىللىق (1976 - يىلدىن 1985 - يىلغىچە) ئومۇمىي پىلانى تۈزۈلۈپ، 1977 - يىلى تەكشۈرۈپ بېكىتىلىپ ئىجرا قىلىنغانىدى. 1983 - يىلى يەنە 1980 - يىلدىن 2000 - يىلغىچە بولغان يىراق كەلگۈسى پىلانى تۈزۈپ چىقىلدى. بۇ

ئۇزۇن مەزگىللىك پىلان ستراتېگىيىلىك خاراكتېرگە ئىگە بولۇپ، ئۇنىڭدا بىر قەدەر ئۇزۇنراق بولغان مەزگىل ئىچىدە ناھىيە دەرىجىلىك ئىگىلىك ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ ستراتېگىيىلىك نىشانى، ستراتېگىيىلىك قەدەم - باسقۇچلىرى، ستراتېگىيىلىك مۇھىم نۇقتىسى، ئىگىلىك تەرەققىياتىنىڭ سۈرئىتى ۋە زور نىسبەت مۇناسىۋىتى قاتارلىقلار ئوتتۇرىغا قويۇلغان. بۇ، ناھىيىنىڭ ماكرولۇق ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا مۇئەييەن يېتەكچى ئەھمىيەتكە ئىگە.

## 3 . پىلان تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتى

ھازىر يولغا قويۇلۇۋاتقان پىلان تۈزۈلمىسى يۈكسەك دەرىجىدە مەركەزلەشتۈرۈلگەن، مەمۇرىي باشقۇرۇش ئاساس قىلىنغان پىلانلىق باشقۇرۇش تۈزۈمى بولۇپ، ئاساسلىقى، يۇقىرىدىن چۈشۈرۈلگەن بۇيرۇق خاراكتېرلىك كۆرسەتكۈچكە تايىنىلىپ، قوشۇمچە مەمۇرىي ئۇسۇل قوللىنىلىپ باشقۇرۇلىدىغان ئىگىلىكتىن ئىبارەت. ئىلگىرى پىلانلىق باشقۇرۇش بەك كۆپ، بەك ئۆلۈك قىلىۋېتىلىپ، بازار مېخانىزمىنىڭ رولىغا سەل قارالغانىدى. پارتىيە 13 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، پىلان تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى مەملىكەتلىك پىلان كومىتېتى ئورگىنىنىڭ فۇنكسىيىسىنى ئۆزگەرتىشكە قويۇلۇپ، بۇيرۇق خاراكتېرلىك پىلاننىڭ دائىرىسى تەدرىجىي كىچىكلىتىلدى، يىللىق پىلاندا يېتەكچى خاراكتېرلىك پىلان كېڭەيتىلدى، بۇيرۇق خاراكتېرلىك پىلاندا، ئاساسلىق پىلان كۆرسەتكۈچى دۆلەت تەقسىم قىلىدىغان ۋە بىر تۇتاش يۆتكەپ بېرىدىغان ماددىي ئەشيادىن ئىبارەت بولدى. ناھىيە دەرىجىلىك پىلاندا، يېتەكچى خاراكتېرلىك پىلانىنى تۈزۈش ۋە يولغا قويۇشقا تەشكىللەش پىلانى ئىجرا قىلىشنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنى قىلىندى.

1) **سانائەت پىلانى** بۇنىڭدا يېتەكچى خاراكتېرلىك پىلانغا كىرگۈزۈلگەن مەھسۇلاتلار، ئەمەلىيەت چىقىش قىلىنىپ، دۆلەتنىڭ ئالاقىدار سىياسەتلىرى ۋە يۇقىرىدىن چۈشۈرۈلگەن يېتەكچى خاراكتېرلىك پىلاندىن پايدىلىنىلىپ ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ، ئاساسلىق مەھسۇلات جەھەتتە سان كۆرسەتكۈچى چۈشۈرۈلىدۇ، باشقا مەھسۇلات جەھەتتە مەھسۇلات قىممىتى كۆرسەتكۈچى چۈشۈرۈلىدۇ.

2) **يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش پىلانى** بۇ، يېقىنقى بىر قانچە يىلدا، كەسىپ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەشنى گەۋدىلەندۈرۈپ، تېرىقچىلىقنىڭ ئىچكى قىسمىدا ئىقتىسادىي زىرائەتلەر (كېۋەز) نىڭ نىسبىتىنى تەدرىجىي كېڭەيتىپ، ھەر يىلى يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى ۋە مەھسۇلات مىقدارى بويىچە يېتەكچى خاراكتېرلىك پىلانىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ناھىيىلىك پارتكوم ۋە ھۆكۈمەتنىڭ تەكشۈرۈپ تەستىقلىشىدىن ئۆتكۈزگەندىن كېيىن، يېزا (مەيدان)، بازارلارغا چۈشۈرۈلىدىغان پىلاندىن ئىبارەت.

3) **ئاساسىي قۇرۇلۇش** باشقۇرۇش جەريانىدا، ئۆز مەيلىگە قويۇۋېتىش ئەھۋالى تۈگىتىلىپ، تۇراقلىق مۈلۈككە سېلىنىدىغان مەبلەغنىڭ ئومۇمىي مىقدارى ۋە مەبلەغ سېلىش قۇرۇلمىسى پىلانلىق تىزگىنلىنىپ، ئاساسىي قۇرۇلۇش تۈرلىرى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇلدى. ئالاقىدار بەلگىلىمىلەر بويىچە، تەكشۈرۈپ تەستىقلاش رەسمىيىتى چىڭىتىلدى، ھەر قايسى ئورۇنلار ئۆزلىرى مەبلەغ توپلىغان ئاساسىي قۇرۇلۇش تۈرلىرىنى ناھىيىلىك پىلان كومىتېتى، مالىيە، مۇپەتتىشلىك، قۇرۇلۇش بانكىسى، شەھەر قۇرۇلۇش تارماقلىرى بىلەن بىرلىكتە ئورتاق تەكشۈرۈپ تەستىقلاپ، ئاساسىي قۇرۇلۇش كۆلىمى ئۈنۈملۈك تىزگىنلەندى.

# § 2 . ستاتىستىكا

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى، ستاتىستىكا خىزمىتىگە ناھىيىلىك ھۆكۈمەت مەسئۇل بولاتتى، ئاساسلىق ستاتىستىكا مەلۇمات جەدۋەللىرىنى ھاكىم ئىمزا قويۇپ يۇقىرىغا يوللايتتى.

1954 - يىل 10 - ئايدا ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىدە ستاتىستىكا بۆلۈمى تەسىس قىلىندى، ئۇنىڭدا ئىككى كادىر بار ئىدى. ستاتىستىكا ماتېرىياللىرىنى ۋاقتىدا توغرا ئىگىلەش ئۈچۈن، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ستاتىستىكا مەلۇمات جەدۋەللىرىنى قالايمىقان تارقىتىشنى توسۇش توغرىسىدا ھۆججەت چۈشۈرۈپ، تارماقلارنىڭ ئۆز ئالدىغا قانۇنسىز مەلۇمات جەدۋىلى تارقىتىشنى قاتتىق مەنئى قىلدى. 1955 - يىل 4 - ئايدا ناھىيىلىك پارتكوم ۋە ھۆكۈمەت «ستاتىستىكا خىزمىتىگە بولغان تەشكىلىي رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، ستاتىستىكا ماتېرىياللىرىنىڭ سۈپىتىنى زور كۈچ بىلەن ئۆستۈرۈش توغرىسىدا بىرلەشمە يوليورۇق» تارقاتتى. ستاتىستىكا تارماقلىرى ئەمەلىي خىزمەت داۋامىدا، مەركەزنىڭ «سانىنى ئازايتىش، سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش، مۇھىم نۇقتىنى ئىگىلەش، پۇختا قەدەمدە ئالغا بېسىش»تىن ئىبارەت ستاتىستىكا خىزمىتىنىڭ فاڭجېنىنى زور كۈچ بىلەن ئىزچىللاشتۇرۇپ، ستاتىستىكا ماتېرىياللىرىنىڭ ئىشەنچلىكلىكى، ئىلمىيلىكى، ئىشلىتىلىشچانلىقىنى تەدرىجىي ئۆستۈردى.

1958 - يىلى ستاتىستىكا قوشۇنى زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلىپ، گۇڭشې، چوڭ ئەترەت، ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتى، ناھىيە بازىرىدىكى كارخانا، كەسپىي ئورۇنلارنىڭ ھەممىسىدە مەخسۇس ۋە قوشۇمچە ستاتىستىكا خادىملىرى بار بولدى، شۇنىڭ بىلەن ناھىيە دەرىجىلىك ستاتىستىكا تورى ئاساسەن شەكىللەندى. 60 - يىللارنىڭ دەسلەپكى ۋە ئوتتۇرا مەزگىللىرىدە ستاتىستىكا تارماقلىرى «ئۇزۇن يىغىن ئېچىش، قىسقا ۋاقىت تەربىيىلەش» ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، ھەر دەرىجىلىك ستاتىستىكا خادىملىرىنى نۇقتىلىق تەربىيىلەپ، ستاتىستىكا خادىملىرىنىڭ كەسپىي سەۋىيىسىنى ئۆستۈردى. 1964 - يىلى ناھىيىلىك پىلان كومىتېتى مالىيە - ئىقتىساد - پىلان كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلدى، ستاتىستىكا بۆلۈمى ئايرىم تەسىس قىلىندى (ئۇنىڭدىن ئىلگىرى، 1956 - يىلى ناھىيىلىك پىلان كومىتېتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ستاتىستىكا بۆلۈمى بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈپ، پىلان - ستاتىستىكا بۆلۈمى دەپ ئاتالغانىدى) . «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە، ستاتىستىكا تارماقلىرى پالەچ ھالەتكە چۈشۈپ قالدى، نەتىجىدە نۇرغۇن بىرىنچى قول ماتېرىيال كۆيۈپ ۋە يوقاپ كەتتى.

1975 - يىلى ناھىيىلىك پىلان كومىتېتى ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ، ستاتىستىكا خادىملىرى ئۆز ئورنىغا قايتۇرۇلدى، ستاتىستىكا خىزمىتى پىلان كومىتېتىنىڭ خىزمەت دائىرىسىگە كىرگۈزۈلدى. 1982 - يىل 1 - ئايدا ستاتىستىكا خىزمىتى پىلان كومىتېتىدىن ئايرىلىپ، مۇستەقىل ستاتىستىكا بۆلۈمى قۇرۇلدى، ئۇ، ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئىش بېجىرىش تارماقلىرىدىن بىرىگە ئايلاندى. 1984 - يىلى ستاتىستىكا ئىدارىسى دەپ ئاتالدى، خىزمەتچى خادىمى بەش نەپەرگە يەتتى.

پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش سىياسىتىنىڭ ئىزچىل ئىجرا قىلىنىشىغا ئەگىشىپ. ستاتىستىكا خىزمىتىمۇ، باشقا خىزمەتلەرگە ئوخشاش، بارغانسېرى ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەرنىڭ ئەھمىيەت بېرىشىگە ئېرىشتى. 1983 - يىل 12 - ئايدا «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ستاتىستىكا قانۇنى» ئېلان قىلىندى. 1984 - يىل 1 - ئايدا گوۋۇيۈەن «ستاتىستىكا خىزمىتىنى كۈچەيتىش توغرىسىدا قارار»نى چۈشۈرۈپ، ستاتىستىكا خىزمىتىنى «ئادەم ئارقىلىق باشقۇرۇش»تىن تەدرىجىي ھالدا «قانۇن ئارقىلىق باشقۇرۇش»قا، ئىلگىرىكى «بېكىنمە ھالەت»تىن «ئوچۇق ھالەت»كە قاراپ مېڭىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى. ستاتىستىكا تارماقلىرى ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش، ئەھۋالنى ئەينەن ئىنكاس قىلىش، ئايرىم رەھبەرلەرنىڭ سۇبيېكتىپ ئىرادىسىگە باغلىنىپ قالماسلىقتا چىڭ تۇرۇپ، پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىنىڭ تەدبىر بەلگىلىشىدە مۇھىم «مەسلىھەتچى»، «ياردەمچى» بولۇپ، پارتىيە ھۆكۈمەت ۋە جەمئىيەت ئۈچۈن خىزمەت قىلىش جەھەتتە كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى.

ناھىيىنىڭ ستاتىستىكا خىزمىتىدە باشتىن - ئاخىر يېزا ئىگىلىكى مۇھىم نۇقتا قىلىندى، سودا ستاتىستىكىسى 2 - ئورۇندا تۇردى. 1958 - يىلدىن كېيىن، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، سانائەت ئاساسىي قۇرۇلۇشى، ماددىي ئەشيا قاتارلىق ستاتىستىكا تۈرلىرى تەدرىجىي يولغا قويۇلدى. 1984 - يىلى ستاتىستىكا (1) ئومۇمخەلق ئىگىلىكى. (2) كوللېكتىپ ئىگىلىك، (3) ھەمكارلىق ئىگىلىك، (4) شېرىك ئىگىلىك، (5) يەككە ئىگىلىك، (6) مالىيە، پۇل مۇئامىلىسى، (7) نوپۇسنى ئۆز ئىچىگە ئالدى، ستاتىستىكىنىڭ مەزمۇنى ئىجتىمائىي ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى، مىللىي دارامەت، سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى، ئىجتىمائىي تاۋارلارنى سېتىۋېلىش كۈچى، ئىجتىمائىي تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى، ئاساسىي قۇرۇلۇش مەلۇمات جەدۋىلى، ئەمگەك، ئىش ھەققى مەلۇمات جەدۋىلى، ماددىي ئەشيا مەلۇمات جەدۋىلى، يېزا ئىگىلىك مەلۇمات جەدۋىلى. سانائەت ئىشلەپچىقىرىش مەلۇمات جەدۋىلى، تاۋار ئوبوروتى مەلۇمات جەدۋىلى، مالىيە كرېدىتى، كىرىم - چىقىمنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇش مەلۇمات جەدۋىلى، سېلىنما، ھاسىلاتنى تەكشۈرۈش مەلۇمات جەدۋىلى، ستاتىستىكا تەھلىلى دوكلاتىنى ئۆز ئىچىگە ئالدى.

دۆلەت ۋە يۇقىرىنىڭ بىر تۇتاش بەلگىلىمىسىگە ئاساسەن، ئون كۈنلۈك، ئايلىق، پەسىللىك، يېرىم يىللىق، بىر يىللىق قەرەللىك مەلۇمات جەدۋەللىرى ئىشلەندى. مەلۇمات جەدۋەللىرىنىڭ سۈپەت تەلىپىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، 1962 - يىلدىن باشلاپ، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارىنى نۇقتا بېكىتىپ نۇسخا ئېلىپ تەكشۈرۈش قانات يايدۇرۇلدى ھەمدە ئەمگەك، ئىش ھەققىنى ھەر ئايدا پىلان كومىتېتى تەكشۈرۈپ تەستىقلاش تۈزۈمى ۋە يېزا ئىگىلىكىگە دائىر يىللىق مەلۇماتنى كوللېكتىپ قاراپ چىقىش تۈزۈمى مۇكەممەللەشتۈرۈلدى. 1966 - يىلى ستاتىستىكىلىق تارىخىي ماتېرىياللارنى يىغىش، رەتلەش خىزمىتى ئىشلەنگەندى. بۇ خىزمەت «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»نىڭ كاشىلىسى تۈپەيلىدىن، ئۈزۈلۈپ قالغانىدى،

1983 - يىلى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى.

## § 3. مال باھاسى

كونا جۇڭگودا ئىشلەپچىقىرىش سەۋىيىسى تۆۋەن، ماددىي ئەشيا كەمچىل، سودا راۋاجلانمىغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھۆكۈمران سىنىپلار قەغەز پۇل (فابى، گوۋنجىن، تىنزا) نى قالايمىقان تارقىتىۋەتكەنلىكتىن، پۇلنىڭ قىممىتى ئۈزلۈكسىز چۈشۈپ، باھا بىر كۈندە نەچچە قېتىم ئۆرلەپ، خەلق تۇرمۇشىغا ئىنتايىن زور قىيىنچىلىق كەلتۈرگەنىدى. 1943 - يىلى بىر جىڭ گۈرۈچ 0.93 يۈەن (فابى ھېسابىدا، تۆۋەندىمۇ شۇنداق)، بىر جىڭ بۇغداي 0.56 يۈەن، بىر جىڭ كۆممىقوناق 0.38 يۈەن بولغان. 1947 - يىلى بىر جىڭ گۈرۈچ 118.75 يۈەن، بىر جىڭ بۇغداي 75 يۈەن، بىرجىڭ كۆممىقوناق 43.75 يۈەن بولغان. 1948 - يىلى بىر جىڭ گۈرۈچ 1000 يۈەن، بىر جىڭ بۇغداي 625 يۈەن، بىر جىڭ كۆممىقوناق 437.5 يۈەن بولغان. 1949 - يىل 2 - ئايغا كەلگەندە بىر جىڭ گۈرۈچنىڭ باھاسى 5 مىليون يۈەنگە، بىر جىڭ بۇغداينىڭ باھاسى 2 مىليون 500 مىڭ يۈەنگە، بىر جىڭ كۆممىقوناقنىڭ باھاسى 2 مىليون 187 مىڭ 500 يۈەنگە يەتكەن.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە، ناھىيىدە مەخسۇس مال باھاسىنى باشقۇرۇش ئاپپاراتى يوق ئىدى. دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سودا تارماقلىرى ۋە تەمىنات سودا كوپېراتىپلىرى ئىچىدە مەخسۇس مال باھاسى خادىمى قويۇلغانىدى، ئۇ، ئۆز تارمىقىنىڭ مال باھاسى خىزمىتىنى باشقۇراتتى، بازاردىكى مال باھاسىنى سودا - سانائەت بۆلۈمى باشقۇراتتى. 1959 - يىلى ناھىيىلىك مال باھاسى كومىتېتى قۇرۇلۇپ، بىر نەپەر مەخسۇس كادىر قويۇلدى. 1975 - يىلى ناھىيىلىك پىلان كومىتېتى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن، ئۇ، مال باھاسى خىزمىتىنى قوشۇمچە باشقۇردى. 1984 - يىلى ناھىيىلىك مال باھاسى ئىدارىسى قۇرۇلۇپ، دۆلەتنىڭ مال باھاسى سىياسىتىنىڭ ئىجرا قىلىنىشىغا، يەرلىك ئورۇنلارنىڭ سانائەت مەھسۇلاتلىرى باھاسىنى تەكشۈرۈپ بېكىتىش، سېلىشتۇرۇپ مەلۇم قىلىش، كارخانىلارنىڭ توپ ۋە پارچە سېتىلىدىغان ماللىرىنىڭ باھاسىنى تەڭشەش بىلەن مەخسۇس شۇغۇللىنىپ، مال باھاسىنى باشقۇرۇشنى ئۆز ئىزىغا سالدى.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغان 35 يىلدىن بۇيان، ئايرىم قىسقا مەزگىلدە مال باھاسى سەل ئۆرلەپ قالغاندىن باشقا، قالغان يىللاردا مال باھاسى ئاساسەن مۇقىم بولۇپ كەلدى. 1952 - يىلدىن 1984 - يىلغىچە بولغان 32 يىلدا، ناھىيىنىڭ تاۋارلارنى پارچە سېتىش باھا كۆرسەتكۈچى 8.1% ئەتراپىدا ئۆرلەپ، يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 1.87% ئەتراپىدا ئېشىپ باردى.

### 1. مال باھاسىنى باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى دۇنياغا كەلگەن دەسلەپكى مەزگىلدە، بەزى قانۇنسىز سودىگەرلەر ۋاقىتلىق قىيىنچىلىق يۈز بەرگەن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، تاۋارلارنى بېسىۋېلىپ ۋە ئۇلارنىڭ باھاسىنى ئۆستۈرۈپ سېتىپ، بازارنى قالايمىقان قىلىۋەتكەنىدى. ئاساسلىق باشقۇرغۇچى تارماقلار، مال باھاسىنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ بازارنى تۇراقلاشتۇرۇش ئۈچۈن،

دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سودا ۋە تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپلىرى سودىسىنىڭ ئوبوروت ساھەسىدىكى يادرولۇق ئورنىنى كۈچەيتتى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، مال باھاسىنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، قانۇنسىز سودىگەرلەرنىڭ ھايانكەشلىك ھەرىكەتلىرىگە زەربە بەردى. دۆلەت پىلانى، خەلق تۇرمۇشىغا ئالاقىدار بولغان 1 ـ، 2 ـ، 3 ـ خىل ئاساسلىق تاۋارلار ۋە ئەمگەك مۇلازىمىتى ھەققى ئېلىش قائىدىلىرىنى ئاھىيىدىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتى بىۋاسىتە باشقۇردى. بۇ سىياسەت تاكى 1964 ـ يىلغىچە داۋاملىشىپ كەلگەندى. ئۇنىڭدىن كېيىن، گوۋۇيۈەننىڭ بەلگىلىمىسىگە ئاساسەن 1 ـ، 2 ـ خىلدىكى يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىغا قارىتا پىلانلىق باھا يولغا قويۇلدى. دۆلەت پىلانى ئورۇندالغاندىن كېيىن، بەزى مەھسۇلاتلارنى كېلىشىم باھادا سېتىشقا يول قويۇلدى، 3 ـ خىلدىكى يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىغا قارىتا كېڭىشىپ باھا بېكىتىش يولغا قويۇلدى، بەزى پارچە ـ پۇرات بەرلىك سانائەت بۇيۇملىرى ۋە ئەمگەك مۇلازىمىتى ھەققىگە قارىتا مۇقىم باھا يولغا قويۇلدى.

1976 ـ يىلدىن ئىلگىرى، 1 ـ، 2 ـ، 3 ـ خىلدىكى يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋېلىش، سېتىش باھاسى جەھەتتە دۆلەتنىڭ تاختاي باھاسى بىر تۇتاش ئىجرا قىلىناتتى. 1 ـ، 2 ـ، 3 ـ خىلدىكى سانائەت بۇيۇملىرىنىڭ زاۋۇتتىن چىقىش باھاسى، توپ باھاسى، پارچە سېتىلىش باھاسىنى دۆلەت بەلگىلەيتتى. 1979 ـ يىل 4 ـ ئايدا پىلان ئارقىلىق تەڭشەش بىلەن بازار ئارقىلىق تەڭشەشنى بىرلەشتۈرۈش، پىلان ئارقىلىق تەڭشەشنى ئاساس قىلىش پرىنسىپىغا ئاساسەن، 3 ـ خىل يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتى ۋە 3 ـ خىل سانائەت مەھسۇلاتىنىڭ باھاسىنى يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى سودا ئورنى ۋە سانائەت مەھسۇلاتلىرى سودا ئورنى كېڭىشىپ بېكىتىدىغان بولدى.

1984 ـ يىلى پاختا، بۇغداينىڭ پىلاندىن ئاشۇرۇپ سېتىپ بېرىلگەن قىسمىنىڭ 30 پىرسەنتىگە تاختاي باھاسى بويىچە، 70 پىرسەنتىگە ئۆستۈرۈلگەن باھا بويىچە پۇل بېرىلدى. 1981 ـ يىلى قىسمەن 3 ـ خىلدىكى ئۇششاق تاۋارلارنىڭ بىر تۇتاش باھاسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، تۇراقسىز باھا يولغا قويۇلدى. 1984 ـ يىلى قىسمەن 2 ـ، 3 ـ خىلدىكى ئۇششاق تاۋارلار سودىسىدا تۇراقسىز باھا ۋە كېلىشىم باھا يولغا قويۇلدى.

1) يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى باھاسى

1979 ـ يىلدىن ئىلگىرى، مۇھىم تۇرمۇش بۇيۇملىرى جەھەتتە دۆلەت بىر تۇتاش تۈزگەن پىلانلىق باھا يولغا قويۇلغان، يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرى جەھەتتە بىر تۇتاش سېتىۋېلىپ، بىر تۇتاش سېتىش، قىممەت ئېلىپ ئەرزان سېتىش يولغا قويۇلغانىدى. بىر تۇتاش سېتىۋېلىنىدىغان مەھسۇلاتلار: بۇغداي، كۆممىقوناق، شال، گۈرۈچ، سېرىق پۇرچاق، كېۋەز، پاختا، چىگىت، ياغلىق دان، سۇ يېغى، كۈنجۈرە، چوشقا، كالا، قوي، كالا تېرىسى، قوي تېرىسى، تۆگە يۇڭى، قوي يۇڭى، قارا گازىر، ئاق گازىر، ياغاچ ماتېرىيالى قاتارلىق 73 خىل. بىر تۇتاش سېتىپ بېرىلىدىغان مەھسۇلاتلار: بۇغداي ئۇنى، كۆممىقوناق ئۇنى، گۈرۈچ، ماش، باقىلا (دادۇر)، سۇ يېغى، پاختا، كېپەك، چوشقا گۆشى، قوي گۆشى، كالا گۆشى، ياغاچ ماتېرىيالى قاتارلىق 102 خىل.

1984 ـ يىلى پاختىنىڭ پىلاندىن ئاشۇرۇلغان قىسمىنىڭ 20 پىرسەنتى تاختاي باھاسى بويىچە، 80 پىرسەنتى ئۆستۈرۈلگەن باھا بويىچە سېتىۋېلىندى. كالا، قوينىڭ پىلاندىن ئاشۇرۇلغان قىسمىنىڭ 30 پىرسەنتىنى تاختاي باھاسى بويىچە، 70 پىرسەنتىنى ئۆستۈرۈلگەن

باھا بويىچە سېتىۋېلىش ھەر ئىككىسىنى %50تىن قىلىپ سېتىۋېلىشقا ئۆزگەرتىلدى. ئاشلىقنىڭ پىلاندىن ئاشۇرۇلغان قىسمىنىڭ 30 پىرسەنتى تاختاي باھاسى بويىچە، 70 پىرسەنتى ئۆستۈرۈلگەن باھا بويىچە سېتىۋېلىندى، كالا، قوي، ئۆچكە تېرىلىرى، ئۆچكە تىۋىتى، تۆگە يۇڭى، چۈپۈر بېكىتىلگەن تۈپ سان بويىچە سېتىۋېلىندى.

2) سانائەت مەھسۇلاتلىرى باھاسى

1962 - يىلى ناھىيە بويىچە زور مىقداردىكى سانائەت بۇيۇملىرىنى سېتىش جەھەتتە قەشقەر شەھىرىنىڭ سېتىش باھاسى يولغا قويۇلدى، زىيان چىقسا دۆلەت قوشۇمچە ياردەم بەردى. قوغدىلىدىغان باھا يولغا قويۇلغان ئاساسلىق تاۋارلار قاچا، قەغەز، مەشق دەپتىرى، پاپىرۇس، قەنت، چاي، خىمىيىۋى ئوغۇت، دېھقانچىلىق ماشىنا - سايمانلىرى، ئاپتوموبىل، دىزېلىن، بېنزىن، كىرسىن، دورا، قول سائىتى، ۋېلسىپىت، ئاياغ كىيىم، چويۇن قازان، ئائىلە ئېلېكتر سايمانلىرى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. 1978 - يىلى قوغدىلىدىغان باھا بىلەن بىر تۇتاش باھا بىللە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان قىلىپ ئۆزگەرتىلدى. بۇنداق باھا يولغا قويۇلغان تاۋارلار پاپىرۇس، قەنت، چاي، خىمىيىۋى ئوغۇت، دېھقانچىلىق ماشىنا - سايمانلىرى، ترانسپورت قوراللىرى، دىزېلىن، بېنزىن، كىرسىن، ۋېلسىپىت، چويۇن قازان، پولات ماتېرىيال، سېمونت، ئويغۇچى ناترىي، مېتال بۇيۇملار، قاتناش ئېلېكتر سايمانلىرى، هاراق، قىسمەن ئىلمە توقۇلما بۇيۇملار، قىسمەن توقۇلما بۇيۇملاردىن ئىبارەت. 1981 - ۋە 1984 - يىللىرى 542 مەھسۇلات (خىل) نىڭ باھاسى قويۇۋېتىلدى، باشقا مەھسۇلات (خىل) لاردا بىر تۇتاش باھا يولغا قويۇلدى.

3) غەيرىي تاۋار ھەققى

1984 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا، يۇقىرى دەرىجىلىك مال باھاسى تارماقلىرى سۇ ھەققى، توك ھەققى، توشۇش باھاسى، يولۇچى بېلەتى باھاسى، كىنو بېلەتى باھاسى، تېلېفون ھەققى، ئاپتوموبىل، تراكتورلارنىڭ رېمونت ھەققى، ئوقۇش ھەققى، يېمەك - ئىچمەك، مۇلازىمەت ھەققى، ياتاق ھەققى، يول ئاسراش ھەققى قاتارلىقلارنى بىر تۇتاش باشقۇردى. ئاپتوموبىل توختىتىش ھەققى، ئۆي ئىجارىسى، سىمكار ھەققى قاتارلىق 14 خىل ئىش تۈرىنى ناھىيە ئىچىدە باھا بېكىتىپ باشقۇردى.

## 2. باھانى تەڭشەش

1950 - يىلدىن كېيىن، 1959 -، 1979 -، 1981 -، 1983 - يىللىرى جەمئىي تۆت قېتىم باھا تەڭشەلدى، باھانىڭ تەڭشىلىش دەرىجىسى زور، تۈرى كۆپ، دائىرىسى كەڭ بولدى.

1) يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنىڭ باھاسىنى تەڭشەش

1979 - يىلى سانائەت ۋە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ «قايچىسىمان پەرق» ىنى كىچىكلىتىش ئۈچۈن، 32 خىل يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتىنىڭ سېتىۋېلىنىش باھاسى تەڭشەلدى. ئاشلىق ئاساس قىلىنغان ھالدا، باھانىڭ تەڭشىلىش نىسبىتى %18 بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە 50 كىلوگرام بۇغداينىڭ سېتىۋېلىنىش باھاسى 51. 13 يۇەندىن 90. 16 يۇەنگە ئۆستۈرۈلدى، ئۆسۈش نىسبىتى %25 بولدى؛ 50 كىلوگرام چىگىتنىڭ سېتىۋېلىنىش باھاسى سەككىز يۇەندىن ئون يۇەنگە ئۆستۈرۈلدى، ئۆسۈش نىسبىتى %25 بولدى، 50 كىلوگرام كالىنىڭ سېتىۋېلىنىش باھاسى 60. 45 يۇەندىن 62 يۇەنگە ئۆستۈرۈلدى، ئۆسۈش نىسبىتى %29 بولدى. سەككىز خىل ئاساسلىق قوشۇمچە يېمەكلىكنىڭ پارچە سېتىلىش باھاسى دۆلەتنىڭ بەلگىلىمىسىگە ئاساسەن ئۆستۈرۈلدى. ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ تۇرمۇشىغا تەسىر

يەكەن ۋىلايىتىنىڭ بازارلىرىدىكى مال باھاسىنىڭ 1951 - يىلدىن 1955 - يىلغىچە بولغان
ئۆرلەش - چۈشۈش نىسبىتىنىڭ سېلىشتۇرمىسى

2 - 19 - 3 - جەدۋەل

بىرلىكى: يۈەن (يېڭى خەلق پۇلى)

| مەھسۇلات ئىسمى | بىرلىكى | 1951 - يىلدىكى يەككە باھا | 1952 - يىل يەككە باھا | 1952 - يىل 1951 - يىلدىكى باھانىڭ پىرسەنتى | 1953 - يىل يەككە باھا | 1953 - يىل 1952 - يىلدىكى باھانىڭ پىرسەنتى | 1954 - يىل يەككە باھا | 1954 - يىل 1953 - يىلدىكى باھانىڭ پىرسەنتى | 1955 - يىل يەككە باھا | 1955 - يىل 1954 - يىلدىكى باھانىڭ پىرسەنتى | 1955 - يىل 1951 - يىلدىكى باھانىڭ پىرسەنتى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| بۇغداي | 0.5 كىلوگرام | 0.803 | 0.0725 | 90.29 | 0.1064 | 146.76 | 0.1090 | 102.44 | 0.1090 | 100 | 135.74 |
| كۆممىقوناق | 0.5 كىلوگرام | 0.0448 | 0.0615 | 137.28 | 0.0625 | 101.63 | 0.0616 | 98.56 | 0.0545 | 88.47 | 121.65 |
| پاختا | 0.5 كىلوگرام | 0.855 | 0.80 | 93.57 | 0.90 | 112.5 | 0.95 | 105.56 | 1.10 | 115.79 | 128.66 |
| قوي گۆشى | 0.5 كىلوگرام | 0.4845 | 0.60 | 123.84 | 1 | 166.67 | 0.95 | 95 | 0.95 | 100 | 196.1 |
| قوي يۇڭى | 0.5 كىلوگرام | 0.415 | 0.735 | 177.11 | 0.80 | 108.84 | 1 | 125 | 1 | 100 | 240.96 |
| قوي تېرىسى | پارچە | 1.43 | 1.50 | 104.9 | 1.60 | 106.67 | 2.50 | 156.25 | 2.50 | 100 | 174.83 |
| كالا تېرىسى | پارچە | 21.4 | 25 | 116.82 | 35 | 140 | 43 | 122.86 | 45 | 104.65 | 210.28 |
| سۇ يېغى | 0.5 كىلوگرام | 0.68 | 0.65 | 95.59 | 0.80 | 123.1 | 1 | 125 | 1.15 | 115 | 169.12 |
| خام | گەز | 1.28 | 1.50 | 117.19 | 2.30 | 153.33 | 2.80 | 121.74 | 2.80 | 100 | 218.75 |
| خۇابجى | مېتر | 1.60 | 1.68 | 105 | 1.71 | 101.79 | 1.69 | 98.83 | 1.75 | 103.55 | 109.38 |
| ئاق شېكەر | 0.5 كىلوگرام | 1.31 | 1.30 | 99.24 | 1.931 | 148.56 | 2.015 | 104.34 | 1.35 | 67 | 103.1 |
| خىش چاي | دانە | 10.04 | 9 | 89.64 | 13 | 144.44 | 13 | 100 | 10 | 76.92 | 99.6 |
| تۆمۈر | 0.5 كىلوگرام | — | — | — | 1.1755 | — | 2.025 | 172.26 | 1.25 | 61.73 | — |

2 ـ 19 ـ 4 ـ جەدۋەل

بىر قانچە يىلدىكى ئاساسلىق يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىۋېلىنىش باھاسى ۋە كۆرسەتكۈچ سانى

بىرلىكى. 50 كىلوگرام/يۈەن

| مەھسۇلات / باھا / يىللار | 1956 ـ يىلى | 1960 ـ يىلى | 1963 ـ يىلى | 1970 ـ يىلى | 1978 ـ يىلى | 1984 ـ يىلى | كۆرسەتكۈچ سان (1956 ـ يىلدىكى باھا 100 ھېسابلاندى) 1956 ـ يىلى | 1960 ـ يىلى | 1963 ـ يىلى | 1970 ـ يىلى | 1978 ـ يىلى | 1984 ـ يىلى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| بۇغداي | 24 | 23 | 24.6 | 26.8 | 23.5 | 24.4 | 100 | 96 | 103 | 112 | 98 | 102 |
| شال | 19 | 19 | 21 | 24.6 | 23 | 26.2 | 100 | 100 | 111 | 129 | 121 | 138 |
| كۆممىقوناق | 17.4 | 16.4 | 16.6 | 14.4 | 13.7 | 14.8 | 100 | 94 | 95 | 83 | 79 | 85 |
| پاختا | 199.8 | 199.8 | 199.8 | 153 | 162.3 | 100 | 100 | 100 | 100 | 100 | 77 | 81 |
| زىغىر | 43.2 | 43.2 | 44.4 | 44.4 | 48 | 56 | 100 | 100 | 103 | 103 | 111 | 130 |
| چوشقا | 102 | 142 | 142 | 142 | 137.6 | 150 | 100 | 139 | 139 | 139 | 135 | 147 |
| قوي | 53 | 60 | 57 | 57 | 57 | 61.20 | 100 | 113 | 108 | 108 | 108 | 115 |
| كالا | 37 | 37.1 | 42 | 42 | 45.6 | 62 | 100 | 100 | 114 | 114 | 123 | 168 |

بىر قانچە يىلدىكى ئاساسلىق يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىلىش باھاسى

2 ـ 19 ـ 5 ـ جەدۋەل

بىرلىكى: 0.5 كىلوگرام/يۈەن

| يىللار / باھا / مەھسۇلات ئىسمى | 1962 ـ يىلى | | 1965 ـ يىلى | | 1976 ـ يىلى | | 1980 ـ يىلى | | 1982 ـ يىلى | | 1984 ـ يىلى | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | تاختاي باھاسى | بازار باھاسى | تاختاي باھاسى | بازار باھاسى | تاختاي باھاسى | بازار باھاسى | تاختاي باھاسى | بازار باھاسى | تاختاي باھاسى | بازار باھاسى | تاختاي باھاسى | بازار باھاسى |
| بۇغداي ئۇنى | 0.137 | | 0.157 | 0.75 | 0.157 | 0.60 | 0.157 | 0.35 | 0.157 | 0.30 | 0.157 | 0.28 |
| گۈرۈچ | | | 0.20 | 0.90 | 0.20 | 0.70 | 0.20 | 0.45 | 0.20 | 0.35 | 0.20 | 0.35 |
| كومىقوناق ئۇنى | 0.093 | | 0.091 | 0.36 | 0.091 | 0.30 | 0.091 | 0.25 | 0.091 | 0.20 | 0.091 | 0.25 |
| سۇ يېغى | | — | 0.68 | 1.50 | 0.68 | 1 | 0.68 | 0.80 | 0.80 | 1 | 0.68 | 1.20 |
| قوي گۆشى | 0.84 | — | 0.59 | 1.20 | 0.59 | 0.89 | 0.81 | 1.10 | 0.81 | 1.36 | 0.81 | 1.45 |
| ئۆچكە گۆشى | — | — | 0.59 | 1.20 | 0.62 | 0.90 | 0.75 | 1.10 | 0.75 | 1.20 | 0.81 | 1.45 |
| كالا گۆشى | — | — | 0.56 | 1.10 | 0.52 | 0.86 | 0.69 | 1.10 | 0.79 | 1.10 | 0.79 | 1.30 |
| چوشقا گۆشى | — | — | 0.93 | 1.26 | 1.01 | 1.21 | 1.05 | 1.30 | 1.15 | 1.30 | 1 | 1.40 |

2 . 10 . 6 ـ جەدۋەل

بىر قانچە يىلدىكى ئاھالىلەر ئېھتىياجلىق سانائەت بۇيۇملىرىنىڭ باھاسى ۋە كۆرسەتكۈچ سانى

| مەھسۇلات ئىسمى | ئۆلچىمى | بىرلىكى | باھاسى (يۈەن) | | | | كۆرسەتكۈچ سانى (1972 ـ يىلدىكىسى 100 بويىچە ھېسابلاندى) | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | | 1972 ـ يىلى | 1980 ـ يىلى | 1982 ـ يىلى | 1984 ـ يىلى | 1972 ـ يىلى | 1980 ـ يىلى | 1982 ـ يىلى | 1984 ـ يىلى |
| شېكەر | ئاق شېكەر | كىلوگرام | 1.94 | 1.94 | 1.94 | 1.94 | 100 | 100 | 100 | 100 |
| تۇز | بولاق تۇز | كىلوگرام | 0.30 | 0.32 | 0.35 | 0.35 | 100 | 107 | 117 | 117 |
| پاپىرۇس | «بۇغدا» ماركىلىق | پاشكا | 3.60 | 4 | 5.20 | 5.20 | 100 | 111 | 144 | 144 |
| ئاق رەخت | خاسا | مېتىر | 0.71 | 0.86 | 0.86 | 1.09 | 100 | 121 | 121 | 154 |
| سەرەڭگە | «تەڭرىتاغ» | بولاق | 0.20 | 0.20 | 0.20 | 0.30 | 100 | 100 | 100 | 150 |
| سوپۇن | «كۇئىنلۇن» | دانە | 0.30 | 0.40 | 0.45 | 0.55 | 100 | 133 | 150 | 183 |
| كىرسىن | | كىلوگرام | 0.80 | 0.90 | 0.90 | 1.12 | 100 | 113 | 113 | 140 |
| خىمىيىۋى ئوغۇت | ئۈرېيە | تونna | 360 | 450 | 450 | 630 | 100 | 125 | 125 | 175 |
| تاغار | چىگە تاغار | دانە | 1.70 | 2.20 | 2.50 | 3.10 | 100 | 129 | 147 | 182 |
| ئاچچىقسۇ (يەرلىك مەھسۇلات) | | كىلوگرام | 0.26 | 0.30 | 0.30 | 0.30 | 100 | 115 | 115 | 115 |
| جىياڭيۇ (يەرلىك مەھسۇلات) | | كىلوگرام | 0.40 | 0.46 | 0.50 | 0.50 | 100 | 115 | 125 | 125 |

يەتكۈزۈپ قويماسلىق ئۈچۈن، ھەر ئايدا ھەر بىر ئىشچى - خىزمەتچىگە سەككىز يۈەن مال باھاسى ياردەم پۇلى تارقىتىپ بېرىلدى.

**2) سانائەت بۇيۇملىرىنىڭ باھاسىنى تەڭشەش**

1959 - يىلى لەنجۇ - شىنجاڭ تۆمۈر يولى شىنجاڭغا تۇتاشتى، بۇ مۇناسىۋەت بىلەن يۇقىرى دەرىجىلىك مال باھاسى تارماقلىرىنىڭ يوليورۇقىغا ئاساسەن، ناھىيە بويىچە توققۇز تۈرگە نەۋە 5000 خىلدىن كۆپرەك تاۋارنىڭ باھاسى چۈشۈرۈلدى. باھانىڭ چۈشۈش نىسبىتى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن %4.002 بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە تۇرلۇك ماللارنىڭ %4.02، مەدەنىيەت بۇيۇملىرىنىڭ %2.61، ئىلمە توقۇلما بۇيۇملارنىڭ %6.26، خەلق تۇرمۇشىغا كېرەكلىك سايمانلارنىڭ %4.83، يىپەك رەختنىڭ %3.51، پاپىروسنىڭ %2.78 چۈشتى.

1983 - يىلى رەخت، كىيىم - كېچەكنىڭ باھاسى تەڭشەلدى، ئاق رەختنىڭ باھاسى %22، بويالغان رەختنىڭ باھاسى %20، گۈللۈك رەختنىڭ باھاسى %24، رەڭلىك توقۇلما رەختنىڭ باھاسى %11 ئۆستۈرۈلدى، تىرىلېن - پاختا ئارىلاش توقۇلغان رەڭلىك رەختنىڭ باھاسى %29، تىرىلېن - پاختا ئارىلاش توقۇلغان رەختنىڭ باھاسى %3، ئوتتۇرا تالالىق رەڭلىك رەختنىڭ باھاسى %36، ئوتتۇرا تالالىق رەڭلىك توقۇلمىنىڭ باھاسى %22 چۈشۈرۈلدى؛ ئىچ مايكا (سۇنئىي تالادىن، يۇڭدىن توقۇلغان مەھسۇلاتنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ، تۆۋەندىمۇ شۇنداق) نىڭ باھاسى %12.9، پاختا - يۇڭ كۆڭلەك ۋە شىمنىڭ باھاسى %10، تازىلىق كۆڭلىكى ۋە تازىلىق شىمىنىڭ باھاسى %18.5 ئۆستۈرۈلدى، ئىچ مايكىنىڭ توپ سېتىلىش باھاسى بىلەن پارچە سېتىلىش باھاسى ئوتتۇرىسىدىكى پەرق %1 ئۆستۈرۈلدى.

**3) قەنت، تاماكا، هاراقنىڭ باھاسىنى تەڭشەش**

1981 - يىلى «بۇغدا كۆلى» ماركىلىق پاپىروسنىڭ بىر قېپىنىڭ پارچە سېتىلىش باھاسى 0.40 يۈەندىن 0.52 يۈەنگە ئۆستۈرۈلدى، ئۆسۈش نىسبىتى %30 بولدى. «كوئىنلۇن» ماركىلىق ئاق هاراقنىڭ بىر جىڭلىق بوتۇلكىغا قاچىلانغىنىنىڭ پارچە سېتىلىش باھاسى 2.17 يۈەندىن 2.39 يۈەنگە ئۆستۈرۈلدى، ئۆسۈش نىسبىتى %10 بولدى. كەمپۈتنىڭ ھەر كىلوگرامىنىڭ پارچە سېتىلىش باھاسى 2.74 يۈەندىن 3.15 يۈەنگە ئۆستۈرۈلدى، ئۆسۈش نىسبىتى %15 بولدى.

## 3. مال باھاسىنى تەكشۈرۈش

ناھىيىدە مال باھاسىنى تەكشۈرۈش 1964 - يىلى باشلانغانىدى. تەمىنات - سودا كوپىراتىپى سىستېمىسىدا باھانى تەكشۈرۈش نۇقتىدا سىناق قىلىنىپ، جىڭدا كەم بېرىش، دەرىجە ۋە باھانى چۈشۈرۈش، باھادىن پايدىلىنىپ خىيانەتچىلىك - ئوغرىلىق قىلىش قاتارلىق مەسىلىلەر تەكشۈرۈپ چىقىلدى. باھانى تەكشۈرۈش ئارقىلىق، پاختىنىڭ باھاسى جەھەتتە ئاز بېرىلگەن 100 مىڭ يۈەندىن كۆپرەك پۇل دېھقانلارغا قايتۇرۇپ بېرىلدى. 1965 - يىلى ناھىيىدە باھا تەكشۈرۈش ئىشخانىسى قۇرۇلۇپ، ناھىيە بويىچە ھەر قايسى سودا ماگىزىنلىرىدىكى سانائەت بۇيۇملىرىنىڭ باھاسى بىر قېتىم تەكشۈرۈلدى ۋە تەڭشەلدى، جەمئىي 3141 خىل مەھسۇلاتنىڭ باھاسى تەكشۈرۈلدى ۋە تەڭشەلدى. 1966 - يىلى مال باھاسىنى تەكشۈرۈش خىزمىتى داۋاملىق ئىشلەندى. بۇ خىزمەتنىڭ ئاساسلىق ئوبيېكتى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سودا ۋە تەمىنات - سودا

كوپېراتىپى سودىسىدىن ئىبارەت بولدى. بازاردىكى ھايانكەشلىك ھەرىكەتلىرىگە زەربە بېرىلدى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە، مال باھاسىنى تەكشۈرۈش خىزمىتى ئاساسىي جەھەتتىن ئۈزۈلۈپ قالدى. 1982 - يىلى مال باھاسىنى تەكشۈرۈش ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، بازاردىكى مالنىڭ پارچە سېتىلىش ئەھۋالى، توپ تارقىتىش ھالقىلىرى، توشۇش باھاسى، ماددىي ئەشيا، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى باھاسى تەكشۈرۈلۈپ، ئىنتىزامغا خىلاپ بولغان 67 مىڭ يۈەندىن كۆپرەك پۇل تەكشۈرۈپ چىقىلىپ ھەممىسى قايتۇرۇۋېلىنىپ مالىيەگە تاپشۇرۇلدى.

## § 4. ئۆلچەملەشتۈرۈش، ئۆلچەم

### 1. ئاپپاراتى

مىنگو دەۋرىدە، ناھىيىدە ئۆلچەملەشتۈرۈش، ئۆلچەم ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان ئاپپارات يوق ئىدى. 1976 - يىل 5 - ئايدا پوسكام ناھىيىلىك ئۆلچەملەشتۈرۈش، ئۆلچەم ئىشلىرىنى باشقۇرۇش پونكىتى قۇرۇلدى. ئۇنىڭ تۆت نەپەر ئىشچى - خىزمەتچىسى بار ئىدى. 1984 - يىلى ئىشچى - خىزمەتچىسى يەتتە نەپەرگە يەتتى.

### 2. ئۆلچەم باشقۇرۇش

1) سودا كەسپىدىكى ئۆلچەملەرنى باشقۇرۇش

ناھىيىلىك ئۆلچەم پونكىتى 1976 - يىلى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۆلچەش ئەسۋابلىرىنى باشقۇرۇشنى ئۆز خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى قىلىپ، قەرەلسىز ھالدا ئۆلچەش ئەسۋابلىرىنى تەكشۈرۈپ، رېمونت قىلىپ تۇردى. پونكىت قۇرۇلغاندىن بۇيان، ھەر خىل ئۆلچەش ئەسۋابىدىن جەمئىي 2024 (دانە) نى تەكشۈرۈپ رېمونت قىلدى، 173 دانە ياغاچ چوكىلىق جىڭ ياسىدى، يەر گىرىدىن ئۈچنى ئورناتتى، جىڭ تېشىدىن 2275نى كۆپەيتتى ھەمدە ئالاقىدار تارماقلار بىلەن بىرلىكتە، ھەر يىلى ناھىيىنىڭ بازار - يېزىلىرىدىكى ئۆلچەش ئەسۋابلىرىنى كەڭ تۈردە تەكشۈرۈپ، ئۆلچەملىك بولمىغان ھەر خىل كونا تارازا - جىڭدىن 350نى بىكار قىلىپ، دۆلەت رۇخسەت قىلغان ياغاچ ۋە ئاليۇمىن چوكىلىق تارازا - جىڭنى ئومۇملاشتۇرۇپ، ئىستېمالچىلارنىڭ مەنپەئەتىنى قوغدىدى. ناھىيىلىك ئۆلچەم پونكىتى ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، تۆت قېتىم ۋىلايەتلىك ئۆلچەم ئىدارىسى تەرىپىدىن «ئىلغار ئۆلچەم پونكىتى» بولۇپ باھالاندى.

1978 - يىلدىن باشلاپ، ئۆلچەم پونكىتى يەنە ناھىيىلىك پاختا - چىگە شىركىتى، ئاشلىق ئىدارىسىغا ياردەملىشىپ، يېڭى پاختا ۋە ئاشلىق بازارغا كىرىشتىن ئىلگىرى، ئاساسىي قاتلام سېتىۋېلىش پونكىتلىرىنىڭ ئۆلچەش ئەسۋابلىرىنى تەكشۈرۈپ، رېمونت قىلىپ، دۆلەتنىڭ ۋە گۇڭشې ئەزالىرىنىڭ مەنپەئەتىنى قوغدىدى.

2) سانائەتتىكى ئۆلچەملەرنى باشقۇرۇش

1977 - يىلى ئۆلچەم پونكىتى ناھىيە دەرىجىلىك ئۇزۇنلۇق ئۆلچىمى، ئىسسىقلىق تېخنىكىسى ئۆلچەش ئەسۋابى، مېخانىكا، ئېلېكتر، ماگنىت، فىزىكا، خىمىيە قاتارلىقلارغا دائىر مىقدارلارنى ئۆلچەش، يەتكۈزۈش ئۆلچەملىرىنى بېكىتىشكە تەييارلىق قىلدى ھەمدە شۇ يىلى ئېلېكتر ماگنىت مىقدارىنى ھېسابلاش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇپ، بىر فازىلىق توك سائىتىدىن

20نى تەكشۈرۈپ رېمونت قىلدى. 1978 - يىلى ئۆزئۇنلۇق ئۆلچىمى، مىخانىكا ئۆلچىمى قاتارلىقلارنى تەكشۈرۈپ بېكىتتى، ئۇنىۋېرسال ئۆلچەش ئەسۋابىدىن 70 نەچچىنى، قان بېسىم ئۆلچىگۈچتىن 30 نەچچىنى، ھەر خىل ئېلېكتر ماگنىت ئۆلچەش ئەسۋابىدىن 230 خىلنى تەكشۈردى ۋە رېمونت قىلدى.

1979 - يىلدىن 1984 - يىلغىچە، سانائەتتىكى ئۆلچەم جەھەتتە، ئېلېكتر ماگنىت ئۆلچەش خىزمىتى نۇقتىلىق تۇتۇلۇپ، بىر فازىلىق ۋە ئۈچ فازىلىق توك سائىتىدىن 952سى، ئۇنىۋېرسال ئۆلچەش سائىتىدىن يەتتىسى، توك بېسىمىنى، توك ئېقىمىنى ئۆلچەش سائىتىدىن سەككىزى تەكشۈرۈلدى ۋە رېمونت قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ھەر خىل ئۆزئۇنلۇق ئۆلچەش ئەسۋابىدىن 305ى تەكشۈرۈپ بېكىتىلدى ۋە رېمونت قىلىندى.

### 3 . ئۆلچەملەشتۈرۈش

#### 1) دېھقانچىلىق جەھەتتىكى ئۆلچەملەشتۈرۈش

1977 - يىلى ناھىيىلىك ئۆلچەم پونكىتى يېزا ئىگىلىك پەن - تېخنىكا تارماقلىرى ۋە مەكتەپلەرنىڭ زىچ ماسلىشىشى ئارقىسىدا، تۆت گۇڭشې (1 -، 5 -، 6 -، 8 -)، ئىككى مەيدان (ئورۇقچىلىق مەيدانى، دېھقانچىلىق مەيدانى) غا ئادەم ئەۋەتىپ، تۇپراقنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش بويىچە سىناق خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇپ، 86 مىڭ مو يەردىكى ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە بولغان 1 -، 2 -، 3 - خىل تۇپراقنىڭ تەركىبىدىكى ئۇنۇملۇك ئازوت، فوسفور، كالىينىڭ ئوزۇقلۇق مىقدارىنى ۋە تۇپراق تەركىبىدىكى تۇز مىقدارى، تۇپراقنىڭ كىسلاتالىشىش، ئىشقارلىشىش دەرىجىسىنى نۇقتىلىق ھالدا ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈپ، ئىلمىي تېرىقچىلىق قىلىش ئۈچۈن ئاساس يەتكۈزۈپ بەردى.

1977 - يىلدىن كېيىن، ئورۇقلۇقنى ئۆلچەملەشتۈرۈش كەسپى قانات يايدۇرۇلدى، ۋىلايەتتە ئېچىلغان بۇغداي ئورۇقلۇقنى ئۆلچەملەشتۈرۈش يىغىنىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان بۇغداي ئەلا سورتىنىڭ سەككىز ئۆلچىمى شۇ يەرنىڭ ئالاھىدىلىكى بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈپ، بۇغداينىڭ «شىمالىي جۇڭگو 187»، «ئۇكرائىنا 84»، «قەشقەر 1 - نومۇرلۇق» سورتلىرى، كۆممىقوناقنىڭ «دۇڭلىڭ ئاق ئات چىشى قونىقى»، «ئالتۇن مۇنار»، «خوتەن سېرىقى» سورتلىرى، ئېگىز ئورنى كۆممىقونىقىنىڭ «ۋۇدەنزاۋ» سورتى، شالنىڭ «ئاق پۆپۈكلۈك شال» سورتى، كېۋەزنىڭ «Φ 108» سورتى پوسكام ناھىيىسىدە ئۇستۇنلۇكنى ئىگىلەيدىغان دېھقانچىلىق زىرائەت سورتلىرى قىلىپ بېكىتىلدى.

#### 2) سانائەت جەھەتتىكى ئۆلچەملەشتۈرۈش

ئۆلچەم پونكىتىدا ئۇسكۇنە ۋە تېخنىكا خادىمى كەمچىل بولغانلىقتىن، بۇ كەسىپ تېخى قانات يايدۇرۇلمىدى.

## § 5 . سودا - سانائەتنى باشقۇرۇش

### 1 . ئاپپاراتلارنىڭ تەرەققىيات جەريانى

1953 - يىلى ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىدە بازار باشقۇرۇش كومىتېتى قۇرۇلۇپ، سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ ماسلىشىشى ئارقىسىدا، بازار باشقۇرۇش خىزمىتى قانات

يايدۇرۇلغانىدى. 1954 - يىلى بازار باشقۇرۇش كومىتېتى ئاساسىدا سودا - سانائەت بۆلۈمى قۇرۇلدى. 1958 - يىلى سودا - سانائەت بۆلۈمى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، سودا - سانائەتنى باشقۇرۇش خىزمىتىگە سودا ئىدارىسى مەسئۇل بولدى. 1961 - يىلى يەنە بازار باشقۇرۇش كومىتېتى قۇرۇلدى. 1962 - يىلى سودا - سانائەت بۆلۈمى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى، بازار باشقۇرۇش كومىتېتى ئۇنىڭ قارىمىقىدا بولدى. 1964 - يىلى سودا - سانائەت بۆلۈمى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، سودا - سانائەتنى مالىيە - ئىقتىساد - پىلان كومىتېتى قوشۇمچە باشقۇردى. 1969 - يىلى ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېتتا بازار باشقۇرۇش ئىشخانىسى (كېيىن بازار باشقۇرۇش كومىتېتى دەپ ئۆزگەرتىلگەن) تەسىس قىلىندى. 1975 - يىلى سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى (تۆۋەندە قىسقارتىلىپ سودا - سانائەت ئىدارىسى دەپ ئاتالدى) قۇرۇلۇپ، بازار باشقۇرۇش كومىتېتى بىلەن بىرلىكتە ئىش بېجىردى. 1976 - يىلى بازار باشقۇرۇش كومىتېتى سودا - سانائەت ئىدارىسىغا قوشۇۋېتىلدى. 1984 - يىلى سودا - سانائەت ئىدارىسى ئىچىدە كادىرلار - كاتىبات، كارخانىلارنى تىزىملاش، بازار باشقۇرۇش، ئىقتىسادىي توختام بۆلۈمچىلىرى تەسىس قىلىندى، ئىشچى - خىزمەتچىسى 37 گە يەتتى.

**ئۇنىڭ قارىمىقىدىكى ئاپپاراتلار** كۆيباغ بازارلىق سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش شۆبە ئىدارىسى (1984 - يىلى قۇرۇلغان. ئۇنىڭ تەكتى 1981 - يىلى قۇرۇلغان سودا - سانائەت پونكىتى ئىدى)، ئىككىسۇ سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش پونكىتى (1975 - يىلى قۇرۇلغان)، گۈلباغ سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش پونكىتى (1984 - يىلى قۇرۇلغان)، پوسكام بازارلىق سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش پونكىتى (1981 - يىلى قۇرۇلغان).

## 2 . باشقۇرۇشنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە، ناھىيىدىكى سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش تارماقلىرى پارتىيىنىڭ مەركىزىي خىزمىتىگە زىچ بىرلەشتۈرۈپ، ئاساسلىقى، ھەر خىل سودا - سانائەتچى كەسپىي ئائىلىلەرگە تىجارەت كىنىشكىسى تەستىقلاش، تارقىتىش خىزمىتىنى تۇتتى، ئۇلار ناھىيە بويىچە 1500 ئائىلىلىك خۇسۇسىي سودا - سانائەتچىنىڭ توغرا سودا - سېتىق بىلەن شۇغۇللىنىشىنى قوللىدى ۋە قوغدىدى، بازار سودىسىنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، ئۆلچەش ئەسۋابلىرىنى قەرەللىك نورىدە تەكشۈرۈپ تۇردى، تىجارەت كىنىشكىسى يوق سودا سېتىقچىلارنىڭ سودىسى ۋە قالايمىقان بازار سودىسىنى ئەمەلدىن قالدۇردى. ئاشلىقنى بىر تۇتاش سېتىۋېلىش، بىر تۇتاش سېتىش يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش تارماقلىرىنىڭ خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى ئاشلىق ھايانكەشلىكىگە ھەرىكەتلىرىگە زەربە بېرىشكە قارىتىلىپ، دۆلەتنىڭ ئاشلىقنى بىر تۇتاش سېتىۋېلىش، بىر تۇتاش سېتىش خىزمىتىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئىشلىنىشىگە كاپالەتلىك قىلىندى. شۇنىڭدىن كېيىن، دۆلەت ئىقتىسادىنىڭ ئۈزلۈكسىز زورىيىشىغا ئەگىشىپ، سودا - سانائەتنى باشقۇرۇش تارماقلىرى پارتىيىنىڭ خۇسۇسىي سودا - سانائەتچىلەرگە قاراتقان پايدىلىنىش، چەكلىمە قويۇش، ئۆزگەرتىش فاڭجېنىنى ئىزچىل ئىجرا قىلىپ، ھەر خىل ھەمكارلىق سودا دۇكانلىرى ۋە ھەمكارلىق كوپېراتىپلىرىنى قۇردى.

1958 - يىلى بازار سودىسى تاقىلىپ، سودا - سانائەتنى باشقۇرۇش تارماقلىرى ئەمەلدىن قالدۇرۇلغانىدى. 1961 - يىلدىن كېيىن بازار سودىسى تەدرىجىي قويۇۋېتىلدى، شۇنىڭ بىلەن

سودا - سانائەتنى باشقۇرۇش تارماقلىرىمۇ ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. سودا - سانائەتنى باشقۇرۇش تارماقلىرى «بوش قويۇۋېتىپ باشقۇرۇش، باشقۇرۇپ تۇرۇپ بوش قويۇۋېتىش»، «باشقۇرىمەن دەپ ئۆلۈك قىلىۋالماسلىق، جانلىق قىلىمەن دەپ قالايمىقانچىلىق چىقارماسلىق» پرىنسىپىغا ئاساسەن، خىزمەتلەرنى قانات يايدۇرۇپ، بازار سودىسىنىڭ گۈللىنىشىنى ئىلگىرى سۈردى. 1966 - يىلغىچە، يەنى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»نىڭ ھارپىسىغىچە، ناھىيە بويىچە بازار سودىسى ئىنتايىن جانلانغان، مال باھاسى ئاساسەن مۇقىم بولغان، بازارغا كىرگەن مەھسۇلاتلارنىڭ تۈرى 150تىن ئاشقانىدى.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»نىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە، سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش خىزمىتى ئاساسەن پالەچ ھالەتكە چۈشۈپ قالدى.

1969 - يىلى ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېت قۇرۇلغاندىن كېيىن، بازار باشقۇرۇش ئىشخانىسى تەسىس قىلىنىپ، سودا - سانائەتنى باشقۇرۇش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلدى، ئۇ چاغدا ئىنتايىن «سول» لۇشيەننىڭ تەسىرى ئارقىسىدا، بازار باشقۇرۇش، ئاساسەن، «يېزا ئىگىلىكىدە داجەيدىن ئۆگىنىش» ھەرىكىتىگە ماسلاشتۇرۇلۇپ، گۆكۈشى ئەزالىرىنىڭ بازارغا بېرىشى چەكلەندى، ئۇلار ھەممىلا يەردە «بازاردىن قوغلاندى»، گۆكۈشى ئەزالىرىنىڭ يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرى خالىغانچە مۇسادىرە قىلىندى، بازار سودىسى «كاپىتالىزمنى پەيدا قىلىدىغان تۇپراق» دەپ قارىلىپ ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. تاۋار ئوبوروتى توسۇلدى، يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنى ئالماشتۇرۇش يوللىرى ئېتىلىپ قالدى، ناھىيە بويىچە بىرمۇ يەككە سودا - سانائەتچى قالمىدى.

پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش خىزمىتى ئىزىغا چۈشتى، سىرتقا قارىتا ئېچىۋېتىش، ئىچكى قىسىمدا جانلاندۇرۇش سىياسىتىنىڭ ئىزچىل ئىجرا قىلىنىشىغا ئەگىشىپ، سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش تارماقلىرىنىڭ ئاساسلىق فونكسىيىسى پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي سىياسەتلىرى، قانۇنلىرى، قانۇن - پەرمانلىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇش ۋە ئىجرا قىلىش، سودا - سانائەت كارخانىلىرىغا قارىتا ئىقتىسادىي نازارەتچىلىكنى يولغا قويۇش، يەككە سودا - سانائەتچى كەسپىي ئائىلىلەرگە يار - يۆلەك بولۇش ۋە ئۇلارنى باشقۇرۇش، ئۇلارنىڭ قانۇنلۇق تىجارىتىنى قوغداپ، قانۇنسىز ھەرىكەتلەرنى چەكلەش، ئىجتىمائىي ئىقتىسادىي تەرتىپنى قوغداپ، دۆلەت پىلانىنىڭ ئورۇندىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىش، ئىشلەپچىقىرىشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئوبوروتنى جانلاندۇرۇپ، ئىگىلىكنى گۈللەندۈرۈشتىن ئىبارەت بولدى. سودا - سانائەتنى باشقۇرۇش تارماقلىرى تىجارەت كېنىشكىسىنى تىزىملاپ تارقىتىش، ئىقتىسادىي توختاملارنى ئىمزالاش، ئېلان، تاۋار ماركىلىرىنى باشقۇرۇش، بازارنى تەرتىپكە سېلىش خىزمەتلىرىنى قانۇن بويىچە ئىشلىدى.

### 1) كارخانىلارنى تىزىملاش ۋە باشقۇرۇش

1981 - يىلى ناھىيىلىك سودا - سانائەت ئىدارىسى ناھىيە بويىچە سودا - سانائەت كارخانىلىرىنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈپ تىزىملىدى 1982 - يىلى ئالدىنقى يىلدىكى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈپ تىزىملاش ئاساسىدا كېنىشكا تارقىتىش خىزمىتىنى ئىشلىدى. 1982 - يىل 12 - ئاينىڭ ئاخىرىدىكى مەلۇماتقا قارىغاندا، ناھىيە بويىچە كېنىشكا تارقىتىلغان دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ۋە كوللېكتىپ ئىگىلىكىدىكى سودا - سانائەت كارخانىسى 269 غا يەتكەن، بۇنىڭ ئىچىدە سانائەت

كارخانىسى 142، سودا كارخانىسى 58، يېمەك - ئىچمەك كارخانىسى 22، مۇلازىمەت كارخانىسى 28، بىناكارلىق كارخانىسى 18، قاتناش - ترانسپورت كارخانىسى بىر، ئۇلارنىڭ ئومۇمىي مەبلىغى 22 مىليون 614 مىڭ يۈەن ئىكەن. كارخانىلارنى تىزىملاش، كېنىشكا تارقىتىش خىزمىتى ئارقىلىق، ئىنتىسادىي نوپۇس تۇرغۇزۇلۇپ، كارخانىلارنى نازارەت قىلىش، باشقۇرۇشقا قولايلىق يارىتىلدى.

1984 - يىلى گوۋيۈەن 1982 - يىل 8 - ئاينىڭ 9 - كۈنى تارقاتقان «سودا - سانائەت كارخانىلىرىنى تىزىملاش، باشقۇرۇش نىزامى» ۋە دۆلەت سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى تارقاتقان «‹سودا - سانائەت كارخانىلىرىنى تىزىملاش، باشقۇرۇش نىزامى›نى يولغا قويۇشنىڭ تەپسىلىي پرىنسىپلىرى»نىڭ روھىغا ئاساسەن، ناھىيىدىكى سودا - سانائەت كارخانىلىرىنىڭ تىجارەت كېنىشكىسىنى تەكشۈرۈش، ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش، تەرتىپكە سېلىش، تىجارەت كېنىشكىسى تارقىتىش، يەكۈنلەش خىزمىتى ئىشلەندى، ناھىيە بويىچە تىزىملانغان، كېنىشكا تارقىتىلغان سودا - سانائەت كارخانىسى 187گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئومۇمخەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى كارخانا 59، كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىكىدىكى كارخانا 128؛ كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىكىدىكى كارخانىلار ئىچىدە يېزا - بازار كارخانىسى 78، خادىمى 3720 نەپەر. ئىقتىسادىي تەرتىپنى قوغداش ئۈچۈن، تىزىملاتماي ئۆزى بىلگەنچە تىجارەت قىلغان، كارخانا نامىنى، تەۋەلىك مۇناسىۋىتىنى، ئىگىلىك خاراكتېرىنى، تىجارەت دائىرىسىنى ئۆزگەرتكەن ۋە قەرەلىدە كېنىشكا يەكۈنلىمىگەن 16 كارخانىغا تەنقىد - تەربىيە بېرىش، ئۇلارنىڭ ھېساباتىنى تولۇقلىتىش، جەرىمانە قويۇش قاتارلىق چارىلەر كۆرۈلۈپ، قانۇنلۇق تىجارەت قوغداپ قېلىندى، قانۇنسىز تىجارەت چەكلەندى.

**2) ئىقتىسادىي توختامنى باشقۇرۇش**

ناھىيىلىك سودا - سانائەت ئىدارىسى 1981 - يىلدىن باشلاپ، ئىقتىسادىي توختام ئىمزالاش خىزمىتىنى تەدرىجىي قانات يايدۇردى، شۇ يىلى بىر ئىقتىسادىي توختام قوبۇل قىلىنىپ ئىمزالاندى. 1982 - يىلى ئون ئىقتىسادىي توختام، 1984 - يىلى ئۈچ ئىقتىسادىي توختام ئىمزالاندى.

**3) ئېلان ۋە تاۋار ماركىسىنى باشقۇرۇش**

1982 - يىلدىن بۇيان، سودا - سانائەت ئىدارىسى ئېلان، تاۋار ماركىلىرىغا دائىر نىزام ۋە قائىدە - تۈزۈملەرنى تەشۋىق قىلىپ، ئىستېمالچىلارنى يالغانچىلىق قىلىپ ئالدىغان ئېلاندىن سەككىزنى ئاڭلىتىش ۋە چاپلاشنى چەكلىدى. 1984 - يىلى سودا - سانائەت ئىدارىسىنىڭ تەستىقى ئارقىلىق ئۈچ ئېلان ئاڭلىتىلدى ۋە چاپلاندى.

**4) بازار سودىسىنى باشقۇرۇش**

بازار باشقۇرۇش داۋامىدا، ھايانكەشلىك ھەرىكەتلىرىگە زەربە بېرىش، تاۋار ئوبوروتىدىكى ناتوغرا ئىستىللارنى توسۇش ئۇزاق مۇددەتلىك خىزمەت. سودا - سانائەت ئىدارىسى بىر تەرەپتىن تاۋار ئوبوروتى يوللىرىنى راۋانلاشتۇرسا، يەنە بىر تەرەپتىن ھايانكەشلىك ھەرىكەتلىرىگە قاتتىق زەربە بەردى. 1982 - يىلى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىنغان قانۇن - ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلىش دېلوسى 72گە، جەرىمانە ئېلىنغان، مۇسادىرە قىلىنغان پۇل 3200 يۈەنگە يەتتى. 1983 - يىلى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىنغان قانۇن - ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلىش دېلوسى 103كە، جەرىمانە ئېلىنغان ۋە مۇسادىرە قىلىنغان پۇل 2000 يۈەنگە يەتتى. 1984 - يىلى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىنغان قانۇن - ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلىش دېلوسى 267گە، جەرىمانە ئېلىنغان ۋە مۇسادىرە

**ناھىيە بويىچە 1981 ـ يىلدىن 1984 ـ يىلغىچە يەككە سودا ـ سانائەتچىلەرگە تارقىتىلغان كىنىشكىغا دائىر مەلۇمات**

2 ـ 19 ـ 7 ـ جەدۋەل

| يىللار / سانى / تۈرى | 1980 | 1982 | 1983 | 1984 |
|---|---|---|---|---|
| تارقىتىلغان كىنىشكا (دانە) | 145 | 298 | 414 | 1007 |
| خادىم (نەپەر) | 250 | 477 | 687 | 1636 |
| دەسمايىسى (10 مىڭ يۈەن) | 2.4 | 9.8 | 16.9 | 114.6 |
| يىللىق تىجارەت سوممىسى | 2.6 | 8.8 | 195 | 107.4 |

**ناھىيە بويىچە 1981 ـ يىلدىن 1984 ـ يىلغىچە يېزا ـ بازار كارخانىلىرىغا تارقىتىلغان كىنىشكىغا دائىر مەلۇمات**

2 ـ 19 ـ 8 ـ جەدۋەل

| يىللار / سانى / تۈرى | 1981 | | 1982 | | 1983 | | 1984 | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | تارقىتىلغان كىنىشكا (دانە) | خادىم (نەپەر) | تارقىتىلغان كىنىشكا (دانە) | خادىم (نەپەر) | تارقىتىلغان كىنىشكا (دانە) | خادىم (نەپەر) | تارقىتىلغان كىنىشكا (دانە) | خادىم (نەپەر) |
| سانائەت | 109 | 1600 | 141 | 1927 | 43 | 1013 | 63 | 1249 |
| بىناكارلىق | 1 | 70 | 6 | 315 | 9 | 982 | 19 | 2389 |
| سودا | 1 | 1 | 5 | 10 | 2 | 2 | — | — |
| يېمەك ـ ئىچمەك | 11 | 72 | 18 | 58 | 6 | 18 | 4 | 11 |
| مۇلازىمەت | 4 | 69 | 11 | 75 | 1 | 5 | 1 | 5 |
| رېمونتچىلىق | — | — | 3 | 8 | 4 | 8 | 1 | 66 |

قىلىنغان پۇل 2000 يۈەنگە يەتتى. دەسلەپتە 1400 يۈەن بازار باشقۇرۇش خىراجىتى يىغىلدى. ھايانكەشلىك ۋە قانۇنغا خىلاپلىق قىلىش دېلولىرىنى بىر تەرەپ قىلىش ئارقىلىق، ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تەرتىپ قوغداپ قېلىندى، بازاردىكى مال باھاسى مۇقىملاشتۇرۇلدى، قانۇنىي تىجارەت ۋە ئىستېمالچىلارنىڭ مەنپەئىتى قوغداپ قېلىندى.

سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش تارماقلىرى سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش خىزمىتىنى يەنىمۇ ياخشىلاش ئۈچۈن كادىرلار ۋە ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئارىسىدا «غايىلىك، ئەخلاقلىق، مەدەنىيەتلىك، ئىنتىزامچان» بولۇشتىن ئىبارەت «تۆت بولۇش» تەربىيىسىنى، سودا- سانائەت كارخانىلىرى ۋە يەككە سودا - سانائەتچىلەر ئارىسىدا «قانۇن - ئىنتىزامغا رىئايە قىلىش، مەدەنىيەتلىك سودا قىلىش، قىزغىن مۇلازىمەت قىلىش، ئىناۋەتنى ساقلاش، ئىتتىپاقلىشىش» بويىچە باھالاش پائالىيىتىنى، بازار باشقۇرۇشتا «باشقۇرۇشتا ياخشى بولۇش، تەشۋىق قىلىشتا ياخشى بولۇش، مۇلازىمەتتە ياخشى بولۇش، تازىلىقتا ياخشى بولۇش، تەرتىپ ياخشى بولۇش» تىن ئىبارەت «بەشتە ياخشىبولۇش» پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇپ، سودا - سانائەتنى باشقۇرۇشنىڭ بازار - يېزا ئىقتىسادىنى گۈللەندۈرۈش، ماددىي ئەشيا ئالماشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش، سانائەت، يېزا ئىگىلىكىگە مەدەت بېرىش داۋامىدىكى نازارەتچىلىك، باشقۇرۇش، ماسلاشتۇرۇش، يېتەكلەش، مۇلازىمەت قىلىش رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، تۈرلۈك ئوبوروت يوللىرى، كۆپ خىل تىجارەت شەكلى، كۆپ خىل ئىقتىسادىي تەرتىپ بىللە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان سوتسىيالىستىك ئىگىلىكنىڭ تېخىمۇ تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈردى.

## § 6 . مۇپەتتىشلىك

### 1 . ئاپپاراتى

1984 - يىل 5- ئايدا ناھىيىلىك مۇپەتتىشلىك ئىدارىسى قۇرۇلدى، بۇ چاغدا ئۇنىڭ شتاتى يەتتە. ئەمەلىي بار ئادىمى بەش نەپەر ئىدى. 1988 - يىلى كادىرى ئالتە نەپەرگە يەتتى.

ئۇنىڭ قارىمىقىدا 1987 - يىل 6 - ئاينىڭ 17 - كۈنى كۈيباغ بازارلىق مۇپەتتىشلىك شۆبە ئىدارىسى قۇرۇلدى.

### 2 . نازارەتچىلىك

1984 - يىل 8 - ئايدا يۇقىرىنىڭ بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن، ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك بانكىسى، مالىيە ئىدارىسى قاتارلىق تارماقلارنىڭ پائال ماسلىشىشى ئارقىسىدا، ناھىيىلىك سۇ ئېلېكتر ئىدارىسىنىڭ مالىيە كىرىم - چىقىم ھېساباتى سىناق تەرىقىسىدە تەكشۈرۈلدى، مۇھىم نۇقتا 1983 - يىللىق ھەر خىل مالىيە كىرىم - چىقىمىغا قارىتا مۇپەتتىشلىك قىلىشتىن ئىبارەت بولدى. سىناق تەرىقىسىدە تەكشۈرۈش ئارقىلىق، مەسىلە بار مەبلەغدىن 250 مىڭ يۈەن تەكشۈرۈپ چىقىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئۆزى خالىغانچە بىراكقا چىقىرىپ ھېسابتىن كۆتۈرۈۋەتكەن ماددىي ئەشيا پۇلى 79 مىڭ 400 يۈەن، ئۆزى خالىغانچە ھېسابتىن كۆتۈرۈۋەتكەن مال - مۈلۈك زىيىنىغا دائىر پۇل 60 مىڭ يۈەن، پىلاندىن سىرت قۇرۇلۇش قىلىپ يۆتكەپ ئىشلىتىلگەن بىناكارلىق ماتېرىياللىرى پۇلى 56 مىڭ 100 يۈەن، يۆتكەپ ئىشلىتىلگەن مەخسۇس تۈر خىراجىتى 8000 يۈەن، ئورۇنلار ئوتتۇرىسىدا سۆرۈۋېتىلگەن ھۆكۈمەت قەرز پۇلى 39 مىڭ 600 يۈەن، شەخسلەر سۆرۈۋەتكەن قەرز پۇل 3900 يۈەن، بىر قېتىمدىلا ئۆزى خالىغانچە ھېسابتىن كۆتۈرۈۋەتكەن خىراجەت 1700 يۈەن، مېھمان چاقىرىش،

سوۋغا تەقدىم قىلىشقا ئىشلىتىلگەن ھۆكۈمەت پۇلى 1300 يۈەن. تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغان 250 مىڭ يۈەن ئىنتىزامغا خىلاپ پۇل ئۈستىدە مۇپەتتىشلىك ئىدارىسى تۈرلەر بويىچە بىر تەرەپ قىلىش پىكرىنى ۋە تۈزىتىش چارىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى، سۇ ئېلېكتىر ئىدارىسى بۇنى تامامەن قوبۇل قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

سىناق نەتىجىسىدە تەكشۈرۈش خىزمىتى ئاياغلاشقاندىن كېيىن، سۇ ئېلېكتىر ئىدارىسىنىڭ تەكتى يەنىمۇ ئېنىقلىنىپ، خەزىنە زاپىسىنى باشقۇرۇش جەھەتتىكى قالايمىقانچىلىق ھادىسىلىرى ئۆزگەرتىلدى، مۇپەتتىشلىك ئىدارىسى 10 - ئاينىڭ 12 - كۈنىدىن باشلاپ، سۇ ئېلېكتىر ئىدارىسىنىڭ ماسلىشىشى ئارقىسىدا، سۇ ئېلېكتىر ئىدارىسىنىڭ ئامبىرىنى يەنە داۋاملىق تەكشۈرۈپ، جەمئىي 1 مىليون 209 مىڭ 600 يۈەنلىك ھەر خىل مال - مۈلۈكنى، بىراقلا چىقىرىلىپ ھېساباتتىن كۆتۈرۈۋېتىلگەن 51 مىڭ يۈەنلىك ماددىي ئەشيانى، باھا قويۇلمىغان 1800 خىلدىن كۆپرەك ماتېرىيالنى ئېنىقلاپ چىقتى، مۇپەتتىشلىك ئىدارىسى ساقلانغان مەسىلىلەرنى نەزەردە تۇتۇپ، سۇ ئېلېكتىر ئىدارىسىنىڭ ئامبارغا كىرگۈزۈش رەسمىيىتى ۋە پۇختا ھېسابات تۈزۈمىنى ئورنىتىۋېلىشىغا ياردەملىشىپ، تەكتى ئېنىق بولماسلىق، مال - مۈلۈك ئېنىق بولماسلىقتەك قالايمىقان ھالەتنى ئۆزگەرتتى.

1985 - يىلدىن 1988 - يىلغىچە، مۇپەتتىشلىك ئىدارىسى يەنە 149 ئورۇن ئۈستىدە مۇپەتتىشلىك قىلىپ، ئىنتىزامغا خىلاپ 5 مىليون 687 مىڭ 100 يۈەننى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلدى، ئىنتىزامغا خىلاپ 814 مىڭ 900 يۈەن پۇلنى مالىيەگە تاپشۇردى، 42 مىڭ 500 يۈەن باجنى تولۇقلاپ يىغدى.

**1984 - يىلدىن 1988 - يىلغىچە بولغان مۇپەتتىشلىك خىزمىتى ئەھۋالى**

2 - 19 - 9 - جەدۋەل بىرلىكى: 10 مىڭ يۈەن

| يىللار | مۇپەتتىشلىك قىلىنغان ئورۇن | تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغان سومما | | | دېلو نەتىجىسى | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| | | جەمئىي | ئىنتىزامغا خىلاپ پۇل | باشقا پۇل | مالىيەگە تاپشۇرۇلغىنى | تولۇقلاپ تاپشۇرۇلغان باج |
| 1984 | 1 | 25 | 25 | — | — | — |
| 1985 | 14 | 186.6 | 120.3 | 66.3 | 22.2 | 2.95 |
| 1986 | 13 | 301.5 | 107.9 | 193.6 | 29.3 | 0.8 |
| 1987 | 38 | 60.1 | 60.1 | — | 24.2 | 3.54 |
| 1988 | 84 | 20.5 | 20.5 | — | 1.25 | — |
| جەمئىي | 150 | 593.7 | 333.8 | 259.9 | 76.95 | 7.29 |

## قوشۇمچە

### پوسكام ناھىيىسىنىڭ 1985 ـ يىلدىن 1988 ـ يىلغىچە بولغان تېرىلغۇ يەر كۆلىمى ۋە مەھسۇلات مىقدارى

2 ـ 20 ـ 1 ـ جەدۋەل

| تۈرلەر | ئۆلچەم بىرلىكى | 1985 | 1986 | 1987 | 1988 |
|---|---|---|---|---|---|
| يىل بېشىدىكى تېرىلغۇ يەر | 10 مىڭ مو | 42.28 | 40.84 | 40.24 | 38.84 |
| مۇشۇ يىل ئىچىدە كۆپەيگىنى | 10 مىڭ مو | 0.08 | 0.12 | — | 0.33 |
| مۇشۇ يىل ئىچىدە كېمەيگىنى | 10 مىڭ مو | 1.52 | 0.72 | 1.40 | 1.05 |
| يىل ئاخىرىدىكى تېرىلغۇ يەر | 10 مىڭ مو | 40.84 | 40.24 | 38.84 | 38.12 |
| يىل ئاخىرىدىكى تېرىلغۇ يەر كۆلىمى ئىچىدە | | | | | |
| مۇلۇكچىلىك خاراكتېرى بويىچە ئايرىغاندا: ئومۇمخەلق مۇلۇكچىلىكىدىكىسى | 10 مىڭ مو | 1.97 | 1.98 | 2.02 | 1.99 |
| كوللېكتىپ مۇلۇكچىلىكىدىكىسى | 10 مىڭ مو | 35.13 | 34.50 | 33.46 | 32.70 |
| دېھقانلارنىڭ ئۆزىگە قالدۇرۇلغىنى | 10 مىڭ مو | 3.62 | 3.64 | 3.24 | 3.37 |
| باشقىلار | 10 مىڭ مو | 0.12 | 0.12 | 0.12 | 0.06 |
| دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىنىڭ ئاق يەر ۋە ئېكىن ئورنى تېرىلغۇ كۆلىمى | 10 مىڭ مو | 47.08 | 47.17 | 46.25 | 45.44 |
| ئاشلىق زىرائىتى كۆلىمى | 10 مىڭ مو | 32.76 | 30.64 | 28.83 | 28.16 |
| بۇغداي | 10 مىڭ مو | 15.44 | 15.50 | 15.17 | 15.16 |
| شال | 10 مىڭ مو | 2.29 | 1.94 | 1.95 | 2.27 |
| قارا ئاشلىق | 10 مىڭ مو | 15.03 | 13.20 | 11.71 | 10.73 |
| سانائەت خام ئەشياسى زىرائىتى كۆلىمى | 10 مىڭ مو | 10.06 | 11.99 | 13.81 | 14.06 |
| كېۋەز | 10 مىڭ مو | 8.58 | 10.67 | 12.17 | 12.49 |
| ياغلىق دان | 10 مىڭ مو | 1.48 | 1.32 | 1.64 | 1.57 |
| باشقا زىرائەتلەر | 10 مىڭ مو | 4.26 | 4.54 | 3.61 | 3.22 |
| ئوتياش | 10 مىڭ مو | 1.17 | 1.17 | 1.09 | 1.19 |
| قوغۇن ـ تاۋۇز | 10 مىڭ مو | 0.86 | 1.12 | 0.78 | 0.62 |
| بېدە | 10 مىڭ مو | 0.87 | 0.96 | 0.64 | 0.74 |

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| تاتلىق باڭيۇ تۈرىدىكىلەر | 10 مىڭ مو | 0.01 | 0.01 | — | — |
| يېشىل ئوغۇت | 10 مىڭ مو | 1.35 | 1.15 | 1.06 | 0.64 |
| باشقىلار | 10 مىڭ مو | — | — | 0.04 | 0.03 |
| دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىنىڭ ئاق يەر ۋە ئېگىز ئورنى تېرىلغۇ كۆلىمى | | | | | |
| ئاشلىق | تونا | 78279 | 81252 | 82227 | 84730 |
| شال | تونا | 4035 | 674.8 | 5674.8 | 6976 |
| بۇغداي | تونا | 43104 | 45495 | 47013 | 47763 |
| قارا ئاشلىق | تونا | 31140 | 32083 | 29988 | 29991 |
| سانائەت خام ئەشياسى زىرائەتى | تونا | × | × | × | × |
| پاختا | تونا | 4017 | 5140 | 5536 | 6483 |
| ياغلىق دان | تونا | 920 | 951 | 1165 | 1152 |
| قىزىلچا | تونا | — | 9 | — | 10 |
| تاماكا | تونا | — | 2.3 | — | |
| ئوتياش | تونا | 3916 | 3606 | 5153 | 10557 |
| قوغۇن . تاۋۇز | تونا | 4138.5 | 6111.1 | 4149 | 6920 |
| بۇنىڭ ئىچىدە: قوغۇن | تونا | 3391 | 4371 | 3147 | 3970 |
| تاتلىق باڭيۇ تۈرىدىكىلەر | تونا | 36 | 29 | 21 | 22 |
| بىدە | تونا | 1078 | 2078 | 2158 | 2157 |

**يوسكام ناھىيىسىنىڭ 1985 - يىلدىن 1988 - يىلغىچە بولغان خەلق ئىگىلىكى تەرەققىياتى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات ئەھۋالى**

2 . 20 . 2 - جەدۋەل

| تۈرى | ئۆلچەم بىرلىكى | 1985 | 1986 | 1987 | 1988 |
|---|---|---|---|---|---|
| سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى | 10 مىڭ يۈەن | 6147.1 | 7438.6 | 8836.5 | 9213.6 |
| سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى | 10 مىڭ يۈەن | 1044 | 1590.7 | 2440.6 | 2569 |

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| ئېغىر سانائەت ۋە يېنىك سانائەت تەرتىپى بويىچە ئايرىغاندا | 10 مىڭ يۈەن | 436.1 | 564.7 | 607.5 | 646.6 |
| يېنىك سانائەت | 10 مىڭ يۈەن | 607.9 | 1026 | 1833.1 | 1922.4 |
| مۇلۇكچىلىك بويىچە ئايرىغاندا: ئومۇمخەلق مۇلۇكچىلىكىدىكىسى | 10 مىڭ يۈەن | 434.8 | 619.2 | 621.2 | 765 |
| كوللېكتىپ مۇلۇكچىلىكىدىكىسى | 10 مىڭ يۈەن | 609.2 | 971.2 | 1819.4 | 1804 |
| (1) يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى | 10 مىڭ يۈەن | 5103.1 | 5847.9 | 6395.9 | 6644.6 |
| بۇنىڭ ئىچىدە: تېرىقچىلىق | 10 مىڭ يۈەن | 4383.5 | 4935.8 | 5202.2 | 5528.4 |
| ئورمانچىلىق | 10 مىڭ يۈەن | 307.8 | 333.1 | 293.6 | 212.3 |
| چارۋىچىلىق | 10 مىڭ يۈەن | 366.9 | 486.4 | 733.6 | 728.3 |
| قوشۇمچە كەسىپ | 10 مىڭ يۈەن | 44.1 | 89.9 | 154 | 161.4 |
| بېلىقچىلىق | 10 مىڭ يۈەن | 0.8 | 2.7 | 12.5 | 14.2 |
| ئومۇمىي ئاشلىق | توننا | 78279 | 81252 | 82227 | 84730 |
| بۇنىڭ ئىچىدە: بۇغداي | توننا | 43104 | 45495 | 47013 | 47763 |
| شال | توننا | 4035 | 3674 | 5226 | 6976 |
| قارا ئاشلىق | توننا | 31140 | 32083 | 29988 | 29991 |
| ئومۇمىي پاختا | توننا | 4017 | 5140 | 5336 | 6483 |
| ئومۇمىي ياغلىق دان | توننا | 920 | 951 | 1165 | 1152 |
| يىل ئاخىرىدىكى چارۋا | 10 مىڭ تۇياق | 18.59 | 19.21 | 20.33 | 20.5 |
| بۇنىڭ ئىچىدە: چوڭ چارۋا | 10 مىڭ | 5.53 | 5.83 | 6.26 | 6.31 |
| ئۇششاق چارۋا | 10 مىڭ تۇياق | 13.06 | 13.38 | 14.07 | 14.49 |
| چارۋىنىڭ قوردىن چىقىرىلىش نىسبىتى | % | 23.17 | 31 | 30.2 | 32.5 |
| ئومۇمىي گۆش | توننا | 891 | 1011 | 1041 | 1367 |
| تاۋارغا ئايلىنىش نىسبىتى | % | 47.4 | 13.4 | 12.2 | 51.6 |

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| شۇ يىلى پارچە تىككەن كۆچەت | 10 مىڭ تۇپ | 541.3 | 408.2 | 341.5 | 273.3 |
| يىل ئاخىرىدىكى ئەمەلىي يېتىشتۈرۈلگەن كۆچەت | مو | 3429 | 4450 | 1274 | 1923 |
| شۇ يىلى بەرپا قىلىنغان ئورمان كۆلىمى | 10 مىڭ مو | 2.30 | 1.28 | 0.48 | 1.10 |
| بۇنىڭ ئىچىدە: ماتېرىيال ئورمىنى | 10 مىڭ مو | 3818 | 831 | 419 | 1367 |
| ئىقتىسادىي ئورمان | مو | 302 | 1351 | 1611 | 594 |
| ئىهاتە ئورمىنى | مو | 7143 | 5960 | 299 | 2001 |
| يېقىلغۇ ئورمىنى | مو | 9039 | 4710 | 2426 | 7036 |
| باشقا ئورمان | مو | 2681 | — | — | — |
| يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى | ئات كۈچى | 42561 | 44879 | 42840 | 53312 |
| دېهقانچىلىقتا ئىشلىتىلىدىغان ئوتتۇرا تىپتىكى تراكتور | دانە | 446 | 456 | 475 | 490 |
| كىچىك تىپتىكى تراكتور | دانە | 262 | 376 | 458 | 548 |
| تراكتورغا سۆرىتىلىدىغان دېهقانچىلىق سايمىنى | دانە | 582 | 599 | 548 | 622 |
| دېهقانچىلىقتا ئىشلىتىلىدىغان يۈك ئاپتوموبىلى | دانە | 84 | 90 | 58 | 40 |
| دېهقانچىلىقتا ئىشلىتىلگەن خىمىيىۋى ئوغۇت | تونىنا | 4414 | 4461 | 4216 | 5835 |
| شۇ يىلى تراكتوردا تېرىلغان ئەمەلىي يەر كۆلىمى | 10 مىڭ مو | 15.46 | 15.55 | 12.20 | 12.39 |
| شۇ يىلى تراكتوردا تېرىلغان كۆلەم | 10 مىڭ مو | 15.63 | 15.06 | 14.36 | 15.29 |
| شۇ يىلى زىرائەتنى ماشىنىدا يىغىۋېلىنغان ئەمەلىي يەر كۆلىمى | 10 مىڭ مو | 0.07 | 0.30 | 0.33 | 0.57 |
| (2) سانائەت: ئاساسلىق مەھسۇلات مىقدارى | | | | | |
| كۆمۈر | 10 مىڭ تونىنا | 4.43 | 4.24 | 3.34 | 4.11 |
| تارقىتىلغان توك | 10 مىڭ كىلوۋات سائەت | 1263.9 | 1573.9 | 1566 | 1986 |
| سېمونت | 10 مىڭ تونىنا | — | — | 0.69 | 1.55 |

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| خىش | 10 مىڭ دانە | 4185 | 5616 | 6200 | 4235 |
| ئۇن | توننا | 4343.5 | 9703 | 6971 | 6027 |
| قارا ئاشلىق | توننا | — | 35 | 38 | 37 |
| سۇ يېغى | توننا | 404.3 | 666 | 991 | 918 |
| گۈرۈچ | توننا | 35 | 72 | — | 16 |
| بىرىكمە يەم - بوغۇز | توننا | — | 1191 | 451 | 1069 |
| تۆمۈردىن ياسالغان كىچىك دېھقانچىلىق سايمىنى | 10 مىڭ دانە | 0.91 | 25 | 0.17 | 0.48 |
| ئاپتوموبىل رېمونتى: چوڭ رېمونت | دانە | 3 | 5 | 6 | 5 |
| ئوتتۇراھال رېمونت | دانە | 36 | — | 50 | 20 |
| تراكتور رېمونتى: چوڭ رېمونت | دانە | 6 | 17 | 6 | 1 |
| ئوتتۇراھال رېمونت | دانە | 15 | — | 6 | 4 |
| چىقىرىلغان پاختا | توننا | 2521 | 3488 | 4982 | 4435 |
| تۇرۇبا سۇيى | 10 مىڭ توننا | — | 16.8 | 18.8 | 25.7 |
| تەمىنلەنگەن تۇرۇبا سۇيى | 10 مىڭ توننا | — | 15.4 | 18.1 | 24.1 |
| ماش ئۇنى | توننا | 13.67 | — | 25.1 | 20 |
| ماشئۇگرە | توننا | 3.83 | — | 3.4 | 9.3 |
| جياڭيۇ | توننا | 1.5 | — | 0.6 | 3.7 |
| ئاچچىقسۇ | توننا | 121 | 154.3 | 147.6 | 144.7 |
| بولكا | توننا | 25 | | 151.8 | 181.9 |
| پېچىنە | توننا | 31 | — | — | — |
| كىيىم - كېچەك | قۇر | 1258 | 1827 | 1532 | 2032 |
| ئومۇمىي ياغاچ ماتېرىيالى (جەمئىيەتتىكى ياغاچ مىقدارى) | كۇب مېتر | 4236 | 6697 | 1237 | 4678 |
| بۇنىڭ ئىچىدە: ياغاچ | كۇب مېتر | 4236 | 6697 | 1237 | 4678 |
| باسما بۇيۇم | توننا | — | 15 | 27 | 60 |
| گۈللۈك سېمونت خىش | 10 مىڭ دانە | — | — | 35 | 45 |
| رادىياتور | گۇرۇپپا | — | — | 1100 | 3113 |

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| قۇيۇلغان تۆمۈر تۇرۇبا سەپلىمىسى | توننا | — | — | 70 | 75 |
| «815» سۇۋالغۇ | توننا | — | — | 55 | 50 |
| تۆمۈردىن ياسالغان بۇيۇملار | توننا/دانە | — | 11562/190 | 11645/97 | 5407/48 |
| يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ ئومۇمىي كىرىمى | 10 مىڭ يۈەن | 1851.6 | 2540 | 2947 | 3294 |
| بۇنىڭ ئىچىدە: كوللېكتىپ كارخانا | 10 مىڭ يۈەن | 1600.8 | 1914.5 | 2114 | 2338 |
| يەككە كارخانا | 10 مىڭ يۈەن | 250.8 | 625.5 | 833 | 956 |
| (3) مالىيە - سودا | | | | | |
| مالىيە كىرىمى | 10 مىڭ يۈەن | 272.1 | 322.9 | 450.8 | 533.7 |
| مالىيە چىقىمى | 10 مىڭ يۈەن | 948.2 | 1670.7 | 1520.6 | 1848.3 |
| ئىجتىمائىي تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى | 10 مىڭ يۈەن | 2774 | 4332.6 | 4530.6 | 5128 |
| سېتىۋېلىنغان ئىجتىمائىي يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرى | 10 مىڭ يۈەن | 1749 | 2574 | 2859 | 3531 |
| ئاشلىق | توننا | 13775 | 11093 | 16166 | 14931 |
| پاختا | توننا | 3517 | 7057 | 4555 | 6420 |
| سۇ بېغى | توننا | 330 | 342 | 525 | 459 |
| چارۋا مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئومۇمىي قىممىتى | 10 مىڭ يۈەن | | 229.8 | 335 | 487 |
| دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرى بازىرىدا يىللىق پۈتۈشۈش سوممىسى | 10 مىڭ يۈەن | 926 | 1062 | 1119 | 1612 |
| بانكىنىڭ يىل ئاخىرىدىكى ئامانەت قالدۇقى | 10 مىڭ يۈەن | 2385 | 3286 | 4084 | 6563 |
| بانكىنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قەرز پۇل قالدۇقى | 10 مىڭ يۈەن | 2422 | 2703 | 3037 | 4282 |
| يىل ئاخىرىدىكى ئامانەت قالدۇقى | 10 مىڭ يۈەن | 1165 | 1687 | 2544 | 3464 |

**1985 ـ يىلدىن 1988 ـ يىلغىچە پوسكام ناھىيىسى بويىچە كىشى بېشىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن توغرا كەلگەن ئاشلىق، پاختا، ياغلىق دان، چارۋا**

2 ـ 20 ـ 3 ـ جەدۋەل

| يىللار | | 1985 | 1986 | 1987 | 1988 |
|---|---|---|---|---|---|
| 1 . ئاشلىق (كىلوگرام) | ئومۇمىي نوپۇسقا توغرا كەلگىنى | 670 | 659.9 | 656.3 | 6.65 |
| | يېزا ئىگىلىك نوپۇسىغا توغرا كەلگىنى | 867.95 | 872.3 | 883.95 | 914 |
| 2 . پاختا (كىلوگرام) | ئومۇمىي نوپۇسقا توغرا كەلگىنى | 34.4 | 41.75 | 44.2 | 50.9 |
| | يېزا ئىگىلىك نوپۇسىغا توغرا كەلگىنى | 44.6 | 55.2 | 59.5 | 69.95 |
| 3 . ياغلىق دان (كىلوگرام) | ئومۇمىي نوپۇسقا توغرا كەلگىنى | 7.85 | 7.7 | 9.3 | 9.05 |
| | يېزا ئىگىلىك نوپۇسىغا توغرا كەلگىنى | 10.2 | 10.2 | 12.5 | 12.45 |
| 4 . چارۋا (تۇياق) | ئومۇمىي نوپۇسقا توغرا كەلگىنى | 0.8 | 0.8 | 0.8 | 0.8 |
| | يېزا ئىگىلىك نوپۇسىغا توغرا كەلگىنى | 1.05 | 1.05 | 1.1 | 1.1 |

# ئۈچىنچى قىسىم

# سىياسەت

# ئۈچىنچى قىسىم

# سىياسەت

پوسكام ناھىيىسى تەۋەسى خەن سۇلالىسى دەۋرىدىن تارتىپلا جۇڭگو زېمىنىغا تەۋە ئىدى، تارىختىكى مەركىزىي ھاكىمىيەتلەر بۇ يەرنى ئەمەلدار قويۇپ باشقۇرغان، بەزى چاغلاردا يەرلىك ھاكىمىيەتكە قارىغان بولسىمۇ، يەنىلا مەركىزىي سۇلالىلەر بىلەن ئالاقىنى ساقلاپ كەلگەن. چيەنلۇڭ شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن، پوسكام يەكەن خان ئامبىلىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان ھەمدە يەرلىكنىڭ ئىشلىرىغا بەگلەر مەسئۇل قىلىنغان، شىنجاڭ ئۆلكە بولۇپ قۇرۇلغاندا، ھەربىي مەھكىمە تۈزۈمى ۋە بەگلىك تۈزۈمى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، ئۆلكە، مەھكىمە، ئايماق، ناھىيە تەسىس قىلىنغان. پوسكامنىڭ سىياسىي تۈزۈمىدە مەملىكەتنىڭ باشقا جايلىرىدىكىگە ئوخشاشلا، يۇقىرى قاتلام دىندارلار ئىمتىيازغا ئىگە ئىدى، ئۇلار خەلقنىڭ ئەرز-دەۋا ئىشلىرىنى سورايتتى. بەگلەر گەرچە ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئورنىغا شاڭيولار پۇقرالارنى شىلىۋالاتتى. بۇ ئىللەت مىنگو دەۋرىگىچە داۋاملىشىپ كەلگەن. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، خەلق قەد كۆتۈرۈپ، ئازاد بولدى، فېئوداللىق تۈزۈم بىكار قىلىنىپ، خەلق قۇرۇلتايلىرى خوجايىنلىق ھوقۇقىنى يۈرگۈزدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى پوسكام ناھىيىلىك كومىتېتى ۋە ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنى، فاڭجېنى، سىياسەتلىرىنى ۋە مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلتۈرۈلگەن قانۇن - پەرمانلارنى ئىزچىل ئىجرا قىلىپ، ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ ۋە ئۇلارغا تەربىيە بېرىپ، سوتسىيالىستىك يېڭىچە تۇرمۇشنى بەرپا قىلدى، ئىقتىساد، مەدەنىيەت، مائارىپ، سەھىيە قاتارلىق تۈرلۈك ئىشلارنى راۋاجلاندۇردى. جامائەت خەۋپسىزلىكى، تەپتىش، سوت مەھكىمىسى قاتارلىق خەلق دېموكراتىيىسى دىكتاتۇرىسى قوراللىرى ھاكىمىيەتنى مۇستەھكەملەش، ئامانلىقنى قوغداش، جىنايى ئىشلار ۋە ئەكسىلئىنقىلابىي دېلولارنى رازۋېتكا قىلىپ پاش قىلىش، تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىش، ھۆكۈم چىقىرىش، خەلقنىڭ ئەرز - دەۋا ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىش، خەلقنىڭ دېموكراتىك ھوقۇقىغا كاپالەتلىك قىلىش جەھەتتە غايەت زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. ھەر قايسى ئاممىۋى تەشكىلاتلارمۇ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرىدا مۇھىم تۆھپىلەرنى قوشتى. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، ئارمىيە بىلەن خەلقنىڭ ئىتتىپاقلىقىدا ۋە ھەر مىللەت خەلقى ئوتتۇرىسىدا باراۋەرلىك، ھەمكارلىقتىن ئىبارەت يېڭىچە مۇناسىۋەت ئورنىتىلدى. 30 نەچچە يىلدىن بۇيان، پوسكام ناھىيىسى نامرات، قالاق ھالەتتىن دەسلەپكى قەدەمدە گۈللەنگەن يېڭى باسقۇچقا كىردى، سوتسىيالىستىك ماددىي مەدەنىيەت ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى داۋامىدا، داۋاملىق راۋاجلىنىش ئۈچۈن پۇختا ئاساس سالدى.

پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت خەلق ئاممىسىنىڭ كۆڭلىنى - كۆڭگە ئۆسۈۋاتقان ماددىي ۋە مەنىۋى ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن، ھۆكۈمەت ئىشىدا پاك بولۇش ۋە ھۆكۈمەت ئىشىغا ياردەم بېرىش قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتتى، پارتىيە ئەزالىرى ۋە ھەر دەرىجىلىك كادىرلارغا جان - دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش روھىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئورگاننىڭ ئىش بېجىرىش ئۈنۈمىنى ئىرىشىپ يۇقىرى كۆتورۇش توغرىسىدا تەربىيە بېرىپ، ناھىيىنىڭ تۈرلۈك ئىشلىرىغا بولغان رەھبەرلىكنى ھەقىقىي تۈردە كۈچەيتىپ، ئۇنىڭ ئىجتىمائىي ئۈنۈمى ۋە ئىقتىسادىي ئۈنۈمىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرمەكتە.

# I باب

# جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ پوسكام ناھىيىسىدىكى تەشكىلاتلىرى

## § 1 . تەشكىلىي قۇرۇلۇشى

### 1 . ئاپپاراتلارنىڭ تەسىس قىلىنىشى

1937 - يىلدىن 1942 - يىلغىچە جۇڭگو كوممۇنىستلىرى شىنجاڭدا ئۈنۈملۈك خىزمەتلەرنى ئىشلىگەن، ماۋزېمىن پوسكام ناھىيىسىنىڭ مالىيە خىزمىتىگە ئىككى قېتىم تەستىق سېلىپ، ئىنقىلابىي كۈچلەرنىڭ زورىيىشىغا تەسىر كۆرسەتكەن.

1950 - يىل 3 - ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ تۇنجى تۈركۈمدىكى خىزمەتچى خادىملىرى پوسكام ناھىيىسىگە كېلىپ دېموكراتىك ھاكىمىيەت قۇرۇش خىزمىتىنى قانات يايدۇردى. 3 - ئاينىڭ ئاخىرىدا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى پوسكام ناھىيىلىك كومىتېتى قۇرۇلدى. شۆيفېڭ ناھىيىلىك پارتكومنىڭ شۇجىلىقىنى ئۈستىگە ئالدى. 4 - ئايدا لى سەنجى، ۋۇشىڭمىن، جاۋيۈڭجياڭ، سوپى سەلەيلەر بۇيرۇقىا بىنائەن يېزىلارنىڭ تۆت رايونىدا پارتىيىنىڭ رايونلۇق كومىتېتىنى قۇردى. ناھىيە بازىرىدا ناھىيىلىك پارتكوم ئورگىنى ئاساس قىلىنغان ھالدا پوسكام ناھىيىسى بويىچە تۇنجى پارتىيە ياچېيكىسى قۇرۇلدى.

ناھىيىلىك پارتكومدا دەسلەپتە تەشكىلات بۆلۈمى ۋە تەشۋىقات بۆلۈمى تەسىس قىلىندى.

1952 - يىلى بىرلىكسەپ بۆلۈمى ۋە ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى كۆپەيتىپ تەسىس قىلىندى. شۇ يىلى يېزىلاردا پارتىيە تەشكىلاتى قۇرۇش نۇقتىدا سىناق قىلىنىپ، 4 - رايوننىڭ 5 - يېزىسى (ھازىرقى ئايكۆل يېزىسىنىڭ پىچانچى كەنتى) دا پوسكام ناھىيىسى بويىچە تۇنجى يېزا پارتىيە ياچېيكىسى قۇرۇلدى. شۇنىڭدىن كېيىن، پارتىيە تەشكىلاتى قۇرۇش خىزمىتى ئومۇمىيۈزلۈك قانات يايدى. 1953 - يىلنىڭ ئاخىرىغىچە ناھىيە بويىچە پارتىيە ياچېيكىسىدىن

12 سى قۇرۇلدى. 1956 - يىلى ناھىيىلىك تۇنجى نۆۋەتلىك پارتىيە قۇرۇلتىيى چاقىرىلغاندا، پارتىيىنىڭ ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرى كۆپىيىپ، رايكوم بەشكە، باش ياچېيكا ئىككىگە، ياچېيكا 53 كە يەتتى. ناھىيىلىك پارتكومدا كاتىبات ئىشخانىسى، يېزا خىزمىتى بۆلۈمى (1954-يىلى تەسىس قىلىنغان)، مالىيە - سودا بۆلۈمى (1956 - يىلى تەسىس قىلىنغان) كۆپەيتىپ تەسىس قىلىندى، ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى رىۋىزىيە كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلدى. 1958-يىلى خەلق گۇڭشېسى قۇرۇلۇپ، ناھىيە بويىچە بەش رايون بەش خەلق گۇڭشېسىغا ئۆزگەرتىلىپ، گۇڭشې پارتكومى تەسىس قىلىندى، يېزىلار چوڭ ئەترەتكە ئۆزگەرتىلىپ، پارتىيە ياچېيكىسى قۇرۇلدى. 1961 - يىلغىچە ناھىيە بويىچە 115 چوڭ ئەترەتنىڭ 112 سىدە پارتىيە ياچېيكىسى قۇرۇلدى، بۇ، ئومۇمىي چوڭ ئەترەتنىڭ 97.4 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ؛ 227 ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتىدە پارتىيە گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى، بۇ، ئومۇمىي ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرىنىڭ 44.3 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ؛ 63 كىچىك ئەترەتتە پارتىيە ئەزاسى يوق ئىدى، بۇ، ئومۇمىي ئەترەتنىڭ 10.3 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. 1965 - يىلى ناھىيە بويىچە توققۇز خەلق گۇڭشېسى، 115 چوڭ ئەترەتنىڭ ھەممىسىدە پارتكوم ۋە پارتىيە ياچېيكىسى قۇرۇلدى. ناھىيىگە بىۋاستە قاراشلىق ئورۇنلاردا پارتىيە ياچېيكىسىدىن 27 سى ھەم ناھىيە دەرىجىلىك ئورگانلار پارتكومى قۇرۇلدى. بۇ چاغدا ناھىيىلىك پارتكومنىڭ قارمىقىدا ئىشخانا (1959 - يىلى كاتىبات ئىشخانىسىدىن ئۆزگەرتىلگەن)، تەشكىلات بۆلۈمى، تەشۋىقات بۆلۈمى، بىرلىكسەپ بۆلۈمى (1962-يىل 5-ئايدا ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، 1964-يىلى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن)، يېزا خىزمىتى بۆلۈمى (1962-يىل 5 - ئايدا ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، 1964 - يىلى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن)، رىۋىزىيە كومىتېتى تەسىس قىلىندى. ئۇنىڭدىن باشقا، 1958-يىلى سانائەت-قاتناش بۆلۈمى تەسىس قىلىنىپ، 1962 - يىل 5 - ئايدا ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» نىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە — 1966 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا، ناھىيىلىك پارتكوم ۋە ھەر دەرىجىلىك ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ پائالىيىتى توختاپ قالدى.

1969 - يىل 4 - ئايدا ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېت قۇرۇلۇپ، ناھىيىلىك پارتكوم ۋە خەلق كومىتېتىنىڭ خىزمەت ھوقۇقىنى يۈرگۈزدى. 1970 - يىل 1 - ئايدا جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رايونلۇق پارتكومنىڭ تەستىقى ئارقىلىق، پوسكام ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېت پارتىيە يادرو گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى.

1971 - يىل 2 - ئايدا ناھىيىلىك 5 - نۆۋەتلىك پارتىيە قۇرۇلتىيى چاقىرىلىپ، ناھىيىلىك يېڭى پارتكوم سايلام ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈلدى، ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېت پارتىيە يادرو گۇرۇپپىسى شۇنىڭ بىلەن ئەمەلدىن قالدى. ھەر قايسى گۇڭشې (مەيدان) لاردىمۇ ئارقا-ئارقىدىن پارتىيە قۇرۇلتىيى چاقىرىلىپ، يېڭى پارتكوم سايلام ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈلدى؛ چوڭ ئەترەتلەردە پارتىيە ياچېيكىسى يېڭىباشتىن قۇرۇلدى. 1972-يىلغىچە ناھىيە بويىچە يېڭىدىن قۇرۇلغان ئاساسىي قاتلام پارتكومى 12 گە، باش ياچېيكا سەككىزگە، پارتىيە ياچېيكىسى 176 گە يەتتى. ئۇنىڭدىن كېيىن، ئىككى باش ياچېيكا، 63 پارتىيە ياچېيكىسى ئارقا-ئارقىدىن قۇرۇلدى. 1984 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا، ناھىيە بويىچە ئاساسىي قاتلام پارتكومى 12 گە، باش ياچېيكا ئونغا، پارتىيە ياچېيكىسى 239 غا يەتتى.

1984 - يىلى مەركەزنىڭ يوليورۇقى بويىچە، ناھىيىلىك پارتكومنىڭ ئىش بېجىرىش

ئاپپاراتلىرى تەڭشىلىپ، ناھىيىلىك پارتكوم قارىمىقىدا ئىشخانا (ئارخىپ بۆلۈمىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)، تەشكىلات بۆلۈمى، تەشۋىقات بۆلۈمى، بىرلىكسەپ بۆلۈمى، يېزا خىزمىتى بۆلۈمى، سىياسىي - قانۇن كومىتېتى، ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، پارتىيە تارىخى ۋە تەزكىرە ئىشخانىسى، پېشقەدەم كادىرلار ئىدارىسى تەسىس قىلىنىدى.

گۇڭشې، ئەترەتلەردە گوۋۇيۈەنىنىڭ يېزا - بازارلاردا ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيەت تەشكىلاتلىرىنى قۇرۇش توغرىسىدىكى يوليورۇقى بويىچە، ناھىيىدىكى توققۇز خەلق گۇڭشېسى توققۇز يېزىغا، 115 چوڭ ئەترەت 122 كەنتكە ئۆزگەرتىلدى. ھەر قايسى يېزىلاردا يېزىلىق پارتكوم، كەنتلەردە پارتىيە ياچېيكىسى قۇرۇلدى. پارتىيە ئەزاسى ئۈچتىن ئاشقان ئورگانلاردىمۇ پارتىيە ياچېيكىسى قۇرۇلدى.

1975 - يىلدىن 1984 - يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا، ناھىيىلىك پارتكومدا يېزا ئىگىلىكىدە داجەيدىن ئۆگىنىش ئىشخانىسى، سانائەتتە داچىڭدىن ئۆگىنىش ئىشخانىسى، مالىيە - سودا ئىشخانىسى، پاش قىلىش، تەنقىد قىلىش، تەكشۈرۈش ئىشخانىسى، سىياسەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئىشخانىسى، ئىقتىسادىي ساھەدىكى جىنايى ھەرىكەتلەرگە زەربە بېرىش ئىشخانىسىدىن ئىبارەت ۋاقىتلىق خىزمەت تارماقلىرى تەسىس قىلىنىدى.

## 2 . پارتىيىگە ئەزا قوبۇل قىلىش

1950 - يىلى پوسكام ناھىيىسىدە تۇنجى قېتىم ئىككى نەپەر ئاز سانلىق مىللەت خادىمى پارتىيىگە قوبۇل قىلىنىدى. يەر ئىسلاھاتى ھەرىكىتى داۋامىدا، پارتىيىگە 60 نەپەر يېڭى ئەزا قوبۇل قىلىنىدى. يېزا ئىگىلىكىنى كوپېراتسىيىلەشتۈرۈش ھەرىكىتى داۋامىدا پارتىيىگە 354 نەپەر يېڭى ئەزا قوبۇل قىلىنىدى. 1956 - يىلغىچە ناھىيە بويىچە پارتىيە ئەزاسى 654 نەپەرگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەتتىن بولغان پارتىيە ئەزاسى 612 نەپەر؛ ئەر پارتىيە ئەزاسى 610 نەپەر، ئايال پارتىيە ئەزاسى 44 نەپەر. ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش مەزگىلىگە قەدەم قويۇلغاندا، پارتىيە تەشكىلاتى قۇرۇش خىزمىتى تۈزۈملەشتى. ھەر قايسى ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرى پارتىيىگە كىرىشنى تەلەپ قىلغان ئاكتىپلارنى ئۇزۇن مۇددەت سىناش ۋە تەربىيىلەشكە ئەھمىيەت بەردى، پارتىيىگە كىرىشنى تەلەپ قىلغان ئاكتىپلارنى تەربىيىلەش، سىناش بويىچە ھەر خىل تۈزۈملەرنى ئورنىتىپ، ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئالاقە باغلاشقا مەخسۇس ئادەم بەلگىلەپ، قەرەللىك تۈردە يىغىن ئېچىپ، پارتىيىگە كىرىشنى تەلەپ قىلغان ئاكتىپلارنىڭ ئەھۋالىنى تەھلىل قىلىپ، ھەر خىل ئۇنۇملۇك شەكىللەرنى قوللىنىپ، ماركسىزم - لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى، پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنى، پارتىيىگە دائىر ئاساسىي بىلىملەر توغرىسىدا تەربىيە ئېلىپ بېرىپ، ئۇلارنى جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئوبيېكتىپ قانۇنىيىتىنى چۈشىنىش، ئۆزىنىڭ كۆرەش نىشانىسىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش، مۇستەھكەم كوممۇنىستىك ئېتىقادنى تىكلەش، پارتىيە ئەزالىرى ئۆلچىمى بويىچە ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى. ھەر قايسى ئاساسىي قاتلام پارتكوملىرى پارتىيە ئەزالىرىنى تەكشۈرۈپ تەستىقلىغاندا، بىر يىلدىن يۇقىرى تەربىيىلىنىشنى باشتىن كەچۈرگەن بولۇش، سىياسىي جەھەتتىن قاتتىق تەكشۈرۈش، يۇقىرى دەرىجىلىك پارتكوم ئادەم بەلگىلەپ ئۇنىڭ بىلەن سۆھبەتلىشىشتە چىڭ تۇردى، شۇ ئارقىلىق پارتىيە ئەزالىرىنىڭ سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلدى.

1957 - يىلدىن 1965 - يىلغىچە ناھىيە بويىچە پارتىيىگە 1014 نەپەر ئەزا قوبۇل قىلىنىدى، بۇنىڭ ئىچىدە %93 پارتىيە ئەزاسى يېزىلاردىكى سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش داۋامىدا نەمۇنىلىك،

باشلامچىلىق رول ئوينىدى، پارتىيىنىڭ 7% يېڭى ئەزاسى قانۇن - ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلغانلىقتىن، ئۇلارغا چارە كۆرۈلدى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلانغاندىن كېيىن، تەشكىلىي جەھەتتە ئەزا قوبۇل قىلىش توختاپ قالدى. 1971 - يىلى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى تەشكىلىي تۈرمۇشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، پارتىيىگە يېڭى ئەزا قوبۇل قىلىشنى يەنە باشلىدى. 1978 - يىلدىكى مەلۇماتقا قارىغاندا، ناھىيە بويىچە يەتتە يىل داۋامىدا پارتىيىگە 914 نەپەر يېڭى ئەزا قوبۇل قىلىنغان، ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى ھەر قايسى سەپلەردىكى قەھرىمان-نەمۇنىچىلەر ۋە تايانچلاردۇر. پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، پارتىيىگە ئەزا قوبۇل قىلىشنىڭ مۇھىم نۇقتىسى ھەر قايسى كەسىپ ۋە تارماقلاردىكى بىر قەدەر يۇقىرى سىياسىي ساپاغا ۋە كەسپىي قابىلىيەتكە ئىگە بولغان ئىشلەپچىقىرىش، خىزمەت تايانچلىرىغا قارىتىلىپ، پارتىيىگە زىيالىيلار ئارىسىدىن ئەزا قوبۇل قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىلدى. 1984 - يىلى ناھىيە بويىچە پارتىيىگە قوبۇل قىلىنغان تېخنىكومدىن يۇقىرى مەلۇماتقا ئىگە زىيالىي 148 نەپەرگە يەتتى.

1984 - يىلى ناھىيە بويىچە جەمئىي پارتىيە ئەزاسى 3046 نەپەرگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە رەسمىي پارتىيە ئەزاسى 2932 نەپەر، كاندىدات پارتىيە ئەزاسى 114 نەپەر؛ ئاز سانلىق مىللەتتىن بولغان پارتىيە ئەزاسى 2753 نەپەر؛ ئەر پارتىيە ئەزاسى 2662 نەپەر، ئايال پارتىيە ئەزاسى 384 نەپەر.

## 3. پارتىيە ياچېيكىسى خىزمىتى

ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار پارتىيىگە ئەزا قوبۇل قىلىش ۋە پارتىيە ياچېيكىلىرىنى قۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ياچېيكىنىڭ تۈرلۈك خىزمەت تۈزۈملىرىنى، بولۇپمۇ «ئۈچ يىغىن، بىر دەرس» تۈزۈمى (ئۈچ يىغىن — ياچېيكا چوڭ يىغىنى، ياچېيكا ھەيئەتلىرى يىغىنى، پارتىيە گۇرۇپپىسى يىغىنى، بىر دەرس — پارتىيە دەرسى) نى ئورنىتىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىپ، جايلاردىكى پارتىيە ياچېيكىلىرىدىن ھەر ئايدا بىر قېتىم پارتىيە ئەزالىرى چوڭ يىغىنى چاقىرىپ، پارتىيىنىڭ فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى ئۆگىنىپ، ياچېيكا خىزمىتىنى مۇزاكىرە قىلىپ تۇرۇشنى، ياچېيكىنىڭ ھەيئەتلىرى يىغىنىنى ئەڭ ئاز دېگەندىمۇ يېرىم ئايدا بىر قېتىم چاقىرىپ، پارتىيە ئەزالىرى ۋە ئاممىنىڭ ئىدىيىۋى ئەھۋالىنى مۇزاكىرە ۋە تەھلىل قىلىپ، پارتىيە ئەزالىرى ۋە ئاممىغا ئىدىيىۋى تەربىيىنى كۈچەيتىشنىڭ ئۇسۇلى ۋە تەدبىرلىرىنى تۈزۈپ چىقىشنى، پارتىيە گۇرۇپپىلىرىنىڭ ھەر يېرىم ئايدا بىر قېتىم يىغىن چاقىرىپ، پارتىيە ئەزالىرىنى پارتىيىگە دائىر ئاساسىي بىلىملەرنى ئۆگىنىشكە، پارتىيە ئىچىدە تەنقىد ۋە ئۆز - ئۆزىنى تەنقىدنى قانات يايدۇرۇشقا تەشكىللىشىنى تەلەپ قىلدى. ناھىيىلىك پارتكوم ئىلگىرىكى يىللاردىكى بىر قانچە قېتىملىق پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىش ئارقىلىق، ياچېيكىلارنى ئۈزلۈكسىز تەرتىپكە سالدى. 1971 - ۋە 1984 - يىللىرىدىكى پارتىيە ئەزالىرىنى تىزىملاش ئارقىلىق، پارتىيە ئەزالىرى قوشۇنىنى ئېنىقلاپ، 31 نەپەر ناپاك ئۇنسۇرنى تازىلىۋەتتى. ھەر قايسى ياچېيكىلارنى تەرتىپكە سېلىش ئارقىلىق، ئۇلارنىڭ جەڭگىۋار قورغانلىق رولىنى زور دەرىجىدە كۈچەيتتى. مەلۇماتقا قارىغاندا، بىر قانچە قېتىملىق پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىشتىن ئىلگىرى، تۈزۈمى مۇكەممەل بولمىغان، جەڭگىۋار قورغانلىق رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرالمىغان ياچېيكىلار ناھىيە بويىچە ئومۇمىي ياچېيكىنىڭ تۆتتىن بىرىنى ئىگىلىگەن، تەرتىپكە سېلىنغاندىن كېيىن، تۈزۈمى مۇكەممەل بولغان، رولىنى بىر قەدەر جارى قىلدۇرغان ياچېيكىلار تېز كۆپىيىپ، ئومۇمىي

ياچېيكىنىڭ تەخمىنەن 60 پىرسەنتىنى ئىگىلىگەن، خىزمىتى ناچار ياچېيكىلار 10% كە كېمەيگەن. ناھىيىلىك پارتكوم «بەشتە ياخشى ياچېيكا» لارنى سېلىشتۇرۇپ باھالاش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇپ، ئىلغارلارنى تەقدىرلەپ، ئارقىدا قالغانلارغا تۈرتكە بولۇشقا ئەھمىيەت بەردى. 1959 ـ يىلدىن 1984 ـ يىلغىچە «بەشتە ياخشى ياچېيكا» لارنى سېلىشتۇرۇپ باھالاش پائالىيىتى جەمئىي 18 قېتىم قانات يايدۇرۇلدى، ھەر يىلى باھالاپ چىقىلغان «بەشتە ياخشى ياچېيكا» 30 دىن ئاشتى، ئۇلار چوڭ يىغىندا تەقدىرلەندى ھەمدە مۇشۇ ئاساستا ۋىلايەت ۋە ئاپتونوم رايوندا ئېچىلىدىغان «بەشتە ياخشى ياچېيكا» لارنى تەقدىرلەش يىغىنىغا قاتنىشىدىغان ۋەكىللەر باھالاپ چىقىلدى. بەزى يىللىرى ئىلغار ياچېيكىلارنىڭ خىزمەت تەجرىبىلىرىنى ئالماشتۇرۇش بويىچە نەق مەيدان يىغىنى چاقىرىلدى، مۇشۇ ئارقىلىق، پارتىيىنىڭ تەشكىلىي قۇرۇلۇشى ئىلگىرى سۈرۈلدى.

پوسكام ناھىيىسىدىكى پارتىيە تەشكىلاتلىرى ۋەپارتىيە ئەزالىرىغا دائىر مەلۇمات

3 ـ 1 ـ 1 ـ جەدۋەل (1)

| يىللار | پارتكوم | باش ياچېيكا | ياچېيكا | پارتىيە ئەزاسى | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| | | | | جەمئىي | رەسمىي | كاندىدات |
| 1950 | 4 | | | 6 | 6 | |
| 1951 | 4 | | 1 | 13 | 9 | 4 |
| 1952 | 4 | | 6 | 61 | 43 | 18 |
| 1953 | 5 | | 12 | 112 | 62 | 50 |
| 1954 | 5 | | 16 | 167 | 93 | 74 |
| 1955 | 7 | | 38 | 392 | 178 | 214 |
| 1956 | 5 | 2 | 53 | 654 | 300 | 354 |
| 1957 | 5 | 2 | 58 | 800 | 540 | 260 |
| 1958 | 5 | 3 | 57 | 825 | 663 | 162 |
| 1959 | 7 | 20 | 83 | 1210 | 710 | 500 |
| 1960 | 7 | 34 | 133 | 1394 | 761 | 633 |
| 1961 | 11 | | 141 | 1623 | | |
| 1962 | 10 | | 149 | 1617 | 1462 | 155 |

| | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| 57 | 1510 | 1567 | 153 | | 10 | 1963 |
| 81 | 1512 | 1593 | 151 | | 11 | 1964 |
| 94 | 1511 | 1605 | 153 | | 11 | 1965 |
| 120 | 1516 | 1636 | 158 | 2 | 12 | 1966 |
| | | 1888 | 153 | 7 | 10 | 1971 |
| | | 1950 | 176 | 8 | 12 | 1972 |
| | | 2255 | 182 | 7 | 12 | 1973 |
| | | 2445 | 193 | 7 | 12 | 1974 |
| | | 2501 | 195 | 3 | 13 | 1975 |
| | | 2634 | 209 | 2 | 15 | 1976 |
| 46 | 2646 | 2692 | 216 | 2 | 16 | 1977 |
| 109 | 2650 | 2759 | 219 | 2 | 16 | 1978 |
| 152 | 2712 | 2864 | 234 | 2 | 16 | 1979 |
| 127 | 2765 | 2892 | 233 | 9 | 12 | 1980 |
| 209 | 2793 | 3002 | 228 | 8 | 11 | 1981 |
| 67 | 2938 | 3005 | 233 | 10 | 11 | 1982 |
| 68 | 2923 | 2991 | 232 | 11 | 11 | 1983 |
| 114 | 2932 | 3046 | 239 | 10 | 12 | 1984 |

## پوسكام ناھىيىسىدىكى پارتىيە تەشكىلاتلىرى ۋە پارتىيەئەزالىرىغا دائىر مەلۇمات

3 ـ 1 ـ 2 ـ جەدۋەل (2)

| يىللار | جىنسى | | مىللىتى | | | | يېشى | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | ئەر | ئايال | خەنزۇ | ئۇيغۇر | تاجىك | باشقىلار | 25تىن تۆۋەن | 26—30 | 31—45 | 46دىن يۇقىرى |
| 1950 | 6 | | 4 | 2 | | | 3 | 3 | | |
| 1951 | 13 | | 9 | 4 | | | 3 | 10 | | |
| 1952 | 57 | 4 | 32 | 29 | | | 28 | 33 | | |
| 1953 | 102 | 10 | 39 | 71 | | 2 | 48 | 62 | | 2 |
| 1954 | 157 | 10 | 33 | 132 | | 2 | 74 | 93 | | |
| 1955 | 366 | 26 | 39 | 351 | | 2 | 133 | 255 | | 4 |
| 1956 | 610 | 44 | 42 | 605 | 6 | 1 | 181 | 471 | | 2 |
| 1957 | 747 | 53 | 67 | 721 | 10 | 2 | 220 | 320 | 258 | 2 |
| 1958 | 759 | 66 | 72 | 739 | 13 | 1 | 238 | 321 | 258 | 8 |
| 1959 | 1102 | 108 | 84 | 1104 | 22 | | 338 | 405 | 457 | 10 |
| 1960 | 1266 | 128 | 84 | 1283 | 27 | | 409 | 498 | 477 | 10 |
| 1961 | 1452 | 171 | 102 | 1490 | 31 | | 354 | 587 | 676 | 6 |
| 1962 | 1444 | 173 | 110 | 1465 | 42 | | 300 | 539 | 752 | 26 |
| 1963 | 1400 | 167 | 440 | 1041 | 21 | 2 | 244 | 472 | 814 | 37 |
| 1964 | 1435 | 158 | 111 | 1435 | 45 | 2 | 291 | 469 | 787 | 46 |
| 1965 | 1443 | 162 | 127 | 1437 | 45 | | 152 | 634 | 774 | 45 |
| 1966 | 1495 | 141 | 135 | 1470 | 31 | | 115 | 420 | 1003 | 98 |
| 1971 | 1660 | 218 | 153 | 1673 | 48 | 4 | 124 | 707 | 1001 | 46 |
| 1972 | 1731 | 219 | 166 | 1737 | 41 | 6 | 773 | 1125 | 52 | |

| | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 80 | 1260 | 765 | 150 | 7 | 58 | 1993 | 197 | 271 | 1984 | 1973 |
| 107 | 1334 | 811 | 193 | 3 | 55 | 2186 | 201 | 297 | 2148 | 1974 |
| 120 | 1376 | 846 | 159 | 2 | 56 | 2236 | 207 | 313 | 2188 | 1975 |
| 114 | 1307 | 1002 | 211 | 6 | 65 | 2334 | 229 | 334 | 2300 | 1976 |
| 130 | 1440 | 966 | 156 | 6 | 67 | 2366 | 253 | 367 | 2325 | 1977 |
| 153 | 1481 | 967 | 158 | 6 | 67 | 2426 | 260 | 356 | 2403 | 1978 |
| 210 | 1728 | 818 | 108 | 7 | 72 | 2483 | 292 | 356 | 2508 | 1979 |
| 839 | 1239 | 742 | 72 | 6 | 69 | 2512 | 305 | 360 | 2532 | 1980 |
| 1001 | 1195 | 722 | 84 | 6 | 71 | 2622 | 303 | 381 | 2621 | 1981 |
| 1063 | 1175 | 719 | 48 | 7 | 71 | 2629 | 298 | 371 | 2634 | 1982 |
| 1109 | 1132 | 712 | 38 | 7 | 61 | 2634 | 289 | 365 | 2626 | 1983 |
| 1211 | 1572 | 222 | 41 | 7 | 75 | 2671 | 293 | 384 | 2662 | 1984 |

ئىزاھات: 1971 ـ يىلدىن 1977 ـ يىلغىچە بولغان پارتىيە ئەزالىرىنىڭ يېشى ھەققىدىكى مەلۇمات 25 ياشتىن تۆۋەنلەر، 25 ياشتىن 35 ياشقىچە بولغانلار، 36 ياشتىن 55 ياشقىچە بولغانلار، 56 ياشتىن يۇقىرىلار دەپ تۆت گىراپىغا بۆلۈندى.

## پوسكام ناھىيىسىدىكى پارتىيە تەشكىلاتلىرى ۋەپارتىيە ئەزالىرىغا دائىر مەلۇمات

3 ـ 1 ـ 3 ـ جەدۋەل (3)

| كەسپى | | | | مەدەنىيەت سەۋىيىسى | | | | | يىللار |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| باشقىلار | ئىشچى | كادىر | دېھقان-چارۋىچى | ساۋاتسىزلار | باشلانغۇچ مەكتەپ | تولۇقسىز ئوتتۇرا | تېخنىكوم ۋە تولۇق ئوتتۇرا | ئالىي تېخنىكوم | |
| | | 6 | | 2 | 4 | | | | 1950 |
| | | 12 | 1 | 1 | 8 | 4 | | | 1951 |
| | | 55 | 6 | 4 | 42 | 13 | 2 | | 1952 |
| | | 88 | 24 | 26 | 72 | 12 | 2 | | 1953 |
| | | 91 | 76 | 76 | 82 | 9 | | | 1954 |
| | | 135 | 257 | 208 | 147 | 35 | 2 | | 1955 |
| 6 | 1 | 178 | 469 | 333 | 274 | 45 | 2 | | 1956 |

| | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 9 | 8 | 243 | 540 | 374 | 353 | 66 | 7 | | 1957 |
| 8 | 7 | 248 | 562 | 344 | 392 | 80 | 9 | | 1958 |
| 8 | 29 | 278 | 895 | 554 | 547 | 100 | 9 | | 1959 |
| 9 | 29 | 291 | 1065 | 608 | 675 | 101 | 10 | | 1960 |
| | 41 | 359 | 1223 | 726 | 758 | 125 | 13 | 1 | 1961 |
| | 29 | 366 | 1222 | 684 | 803 | 112 | 17 | 1 | 1962 |
| 2 | 85 | 341 | 1139 | 801 | 639 | 109 | 16 | 2 | 1963 |
| | 72 | 368 | 1153 | 854 | 600 | 118 | 19 | 2 | 1964 |
| 3 | 78 | 365 | 1159 | 853 | 614 | 114 | 21 | 3 | 1965 |
| 1 | 51 | 361 | 1223 | 815 | 661 | 135 | 21 | 4 | 1966 |
| | 53 | 335 | 1493 | | 1557 | 261 | 57 | 3 | 1971 |
| | 72 | 410 | 1388 | | 1689 | 200 | 55 | 6 | 1972 |
| | 100 | 441 | 1714 | | 1865 | 285 | 91 | 14 | 1973 |
| | 145 | 453 | 1847 | | | | | | 1974 |
| | 112 | 453 | 1936 | | | | | | 1975 |
| | 138 | 492 | 2004 | | | | | | 1976 |
| | 127 | 486 | 2079 | | | | | | 1977 |
| | 128 | 485 | 2146 | 1025 | 890 | 575 | 241 | 28 | 1978 |
| | 184 | 479 | 2201 | 1043 | 1001 | 514 | 269 | 37 | 1979 |
| 325 | 241 | 474 | 1852 | 982 | 1112 | 454 | 298 | 46 | 1980 |
| 401 | 204 | 486 | 1911 | 1055 | 1004 | 523 | 366 | 54 | 1981 |
| 436 | 189 | 482 | 1898 | 1041 | 1014 | 528 | 370 | 52 | 1982 |
| 380 | 169 | 534 | 1908 | 983 | 1017 | 543 | 394 | 54 | 1983 |
| 101 | 233 | 842 | 1870 | 986 | 1025 | 558 | 411 | 66 | 1984 |

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى پوسكام ناھىيىلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى ۋە مۇئاۋىن شۇجىسى بولغانلارنىڭ ئىسىملىكى

## 1 . ناھىيىلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى بولغانلار

| ئىسىم . فامىلىسى | جىنسى | مىللىتى | يۇرتى | ۋەزىپە ئۆتىگەن ۋاقتى |
|---|---|---|---|---|
| شۆيىمىڭ | ئەر | خەنزۇ | شەنشى ئۆلكىسىنىڭ زىجۇ ناھىيىسىدىن | 1950 . يىل 3 . ئايدىن 1950 . يىل 8 . ئايغىچە |
| شۇجىڭۋېي | ئەر | خەنزۇ | شەنشى ئۆلكىسىنىڭ شاۋيى ناھىيىسىدىن | 1950 . يىل 8 . ئايدىن 1954 . يىل 11 . ئايغىچە |
| ساڭ باۋخې | ئەر | خەنزۇ | شەندۇڭ ئۆلكىسى نىڭجىن ناھىيىسىدىن | 1954 . يىل 12 . ئايدىن 1965 . يىل 8 . ئايغىچە |
| سوپى سەلەي | | | شىنجاڭ يوپۇغا ناھىيىسىدىن | 1957 . يىل 7 . ئايدىن 1959 . يىل 3 . ئايغىچە ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى قوشۇمچە پوسكام ناھىيىلىك پارتكومنىڭ 1 . شۇجىسى بولغان. |
| ياڭ جيەنجاڭ | ئەر | خەنزۇ | گەنسۇ ئۆلكىسى گەنگۇ ناھىيىسىدىن | 1965 . يىلدىن 1967 . يىلغىچە مۇئاۋىن شۇجىلىق ۋەزىپىسى بىلەن خىزمەتلەرگە رىياسەتچىلىك قىلغان |
| پاڭ لۇڭ | ئەر | خەنزۇ | شەنشى ئۆلكىسى لىڭشى ناھىيىسىدىن | 1971 . يىل 4 . ئايدىن 1975 . يىل 8 . ئايغىچە |
| ياڭ جيەنجاڭ | ئەر | خەنزۇ | گەنسۇ ئۆلكىسى گەنگۇ ناھىيىسىدىن | 1975 . يىل 9 . ئايدىن 1978 . يىل 11 . ئايغىچە |
| يۇجياپىڭ | ئەر | خەنزۇ | گەنسۇ ئۆلكىسى جيۇچۈەن ناھىيىسىدىن | 1978 . يىل 11 . ئايدىن 1984 . يىلغىچە |

## 2. ناھىيىلىك پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى بولغانلار

| ئىسىم - فامىلىسى | جىنسى | مىللىتى | يۇرتى | ۋەزىپە ئۆتىگەن ۋاقتى |
|---|---|---|---|---|
| ساڭ باۋخې | ئەر | خەنزۇ | شەندۇڭ ئۆلكىسى نىڭجىن ناھىيىسىدىن | 1953 - يىل 5 - ئايدىن 1954 - يىل 12 - ئايغىچە |
| لى جىڭتۇڭ | ئەر | خەنزۇ | شەنشى ئۆلكىسى ۋېنشۈي ناھىيىسىدىن | 1956 - يىلدىن 1958 - يىل 2- ئايغىچە |
| ئابدۇرېھىم قۇدرەت | | | شىنجاڭ قەشقەر كونا شەھەر ناھىيىسىدىن | 1957 - يىل 3 - ئايدىن 1965 - يىل 4 - ئايغىچە |
| ياڭ شۇگۇاڭ | ئەر | خەنزۇ | خېنەن ئۆلكىسى شىنشيەن ناھىيىسىدىن | 1960 - يىلدىن 1967 - يىل 1 - ئايغىچە |
| قاسىم غازى | | | شىنجاڭ قاغىلىق ناھىيىسىدىن | 1960 - يىل 2 - ئايدىن 1966 - يىل 4 - ئايغىچە |
| لى چىڭ | ئەر | خەنزۇ | شەنشى ئۆلكىسى جىېشيۇ ناھىيىسىدىن | 1959 - يىل 1 - ئايدىن 1963 - يىل 2 - ئايغىچە |
| ياڭ جيەنجاڭ | ئەر | خەنزۇ | گەنسۇ ئۆلكىسى گەنگۇ ناھىيىسىدىن | 1965 - يىل 7 - ئايدىن 1967 - يىل 1 - ئايغىچە |
| ئابلىز نىياز | | | شىنجاڭ پوسكام ناھىيىسىدىن | 1965 - يىل 9 - ئايدىن 1967 - يىل 1 - ئايغىچە، 1971 - يىل 4 - ئايدىن 1975 - يىل 12 - ئايغىچە |
| سېلىم ماڭسۇر | | | شىنجاڭ پوسكام ناھىيىسىدىن | 1971 - يىل 4 - ئايدىن 1984 - يىل 4 - ئايغىچە |
| لى خۇيجۇ | ئەر | خەنزۇ | شەنشى ئۆلكىسى شىشيەن ناھىيىسىدىن | 1979 - يىل 12 - ئايدىن 1984 - يىل 4 - ئايغىچە |
| توختى مەمەت تۇردى | | | شىنجاڭ پوسكام ناھىيىسىدىن | 1979 - يىل 12 - ئايدىن 1984 - يىل 4 - ئايغىچە |
| جۇمىڭفاڭ | ئەر | خەنزۇ | جېجياڭ ئۆلكىسى پىڭخۇ ناھىيىسىدىن | 1984 - يىل 4 - ئاي |
| قادىر ھەسەن | | | شىنجاڭ يەكەن ناھىيىسىدىن | 1984 - يىل 4 - ئاي |

قوشۇمچە

## 1985 ـ يىلدىن 1989 ـ يىل 3 ـ ئايغىچە ناھىيىلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى ۋە مۇئاۋىن شۇجىسى بولغانلارنىڭ ئىسىملىكى

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى پوسكام ناھىيىلىك 6 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتى

شۇجىسى: يۇجياپېڭ

مۇئاۋىن شۇجىلىرى: ليۇكېيى، قادىر ھەسەن، جۇمىڭفاڭ، رازىق ھوشۇر

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى پوسكام ناھىيىلىك 7 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتى

شۇجىسى: ليۇكېيى

مۇئاۋىن شۇجىلىرى: رازىق ھوشۇر، تيەن ۋېيگو.

## § 2. پارتىيە قۇرۇلتىيى

### 1 ـ نۆۋەتلىك پارتىيە قۇرۇلتىيى

بۇ قۇرۇلتاي 1956 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى ئېچىلىپ، 4 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى يېپىلدى. قۇرۇلتايغا 114 نەپەر رەسمىي ۋەكىل قاتناشتى، بۇنىڭ ئىچىدە خەنزۇ 21 نەپەر، ئۇيغۇر 92 نەپەر، قازاق بىر نەپەر. توققۇز ۋەكىل قاتناشمىدى، 23 ۋەكىل سىرتتىن قاتناشتى.

قۇرۇلتاينىڭ ۋەزىپىسى ئالتە يىلدىن بۇيانقى، بولۇپمۇ كوپېراتسىيىلەشتۇرۇش ھەرىكىتىدىن بۇيانقى پارتىيىنىڭ تۈرلۈك خىزمەتلىرىنى تەكشۈرۈش ۋە خۇلاسىلەش، ناھىيىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى 12 يىلدىكى (1956 ـ يىلدىن 1967 ـ يىلغىچە) يېزا ئىگىلىك تەرەققىيات پىلانى لايىھىسىنى مۇزاكىرە قىلىش ۋە بېكىتىش، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى پوسكام ناھىيىلىك 1 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتى، پارتىيىنىڭ رىۋىزىيە كومىتېتى ۋە يۇقىرى دەرىجىلىك پارتىيە قۇرۇلتىيىغا قاتنىشىدىغان ۋەكىللەرنى سايلام ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت بولدى.

ساڭ باۋخې ناھىيىلىك پارتكوم نامىدىن قۇرۇلتايدا «پوسكام ناھىيىسىنىڭ ئالتە يىلدىن بۇيانقى خىزمەتلىرىدىن ئاساسىي خۇلاسە ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى خىزمەتلەر توغرىسىدا پىكىر» دېگەن تېمىدا دوكلات بەردى؛ لى چىڭ «پوسكام ناھىيىسىنىڭ 1956 ـ يىلدىن 1967 ـ يىلغىچە بولغان يېزا ئىگىلىك تەرەققىياتى پىلانى» توغرىسىدا دوكلات بەردى. قۇرۇلتايغا قاتناشقان ۋەكىللەر تولۇق مۇزاكىرە قىلىش ئارقىلىق، بۇ ئىككى دوكلاتنى بىردەك ماقۇللىدى ھەمدە مۇناسىپ ھالدا قارار چىقاردى. قۇرۇلتايدا 15 كىشى ناھىيىلىك پارتكومنىڭ ئەزالىقىغا سايلاندى، ئۇلار مۇنۇلار: ئابدۇرېھىم قۇدرەت، تۇرسۇن توختى، دۇيۇنخې، لى جىڭتۇڭ، ساڭ باۋخې، لى چىڭ، سەمەت ئىبراھىم، فاڭ مىڭيۈەن، توختى مەمەت تۇردى، لى شۇنگاڭ، قۇدرەت ئىسمائىل، تاڭ رۇڭخۇا، قوۋان جۇمە، قاسىم غازى، سېيىتنىساخان.

قۇرۇلتايدا ناھىيىلىك پارتكومنىڭ رىۋىزىيە كومىتېتى سايلام ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈلدى. ئۇ، تۇرسۇن توختى، سەمەت ئىبراھىم، دۇيۇنخې، لى جىڭتۇڭ، توختى مەمەت تۇردىدىن ئىبارەت بەش كىشىدىن تەركىب تاپتى. يەنە ۋىلايەتلىك پارتىيە قۇرۇلتىيىغا قاتنىشىدىغان 24 نەپەر ۋەكىل سايلاپ چىقىلدى.

1 - قېتىملىق ئومۇمىي ئەزالار يىغىنى چاقىرىلدى، يىغىندا ساڭ باۋخې، لى جىڭتۇڭ، لى چىڭ، سەمەت ئىبراھىم، دۇيۇنخې، ئابدۇرېھىم قۇدرەت، قۇدرەت ئىسمائىلدىن ئىبارەت يەتتە كىشىدىن تەركىب تاپقان ناھىيىلىك پارتكوم دائىمىي كومىتېتى سايلام ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈلدى.

## 2 - نۆۋەتلىك پارتىيە قۇرۇلتىيى

بۇ قۇرۇلتاي 1961 - يىل 3 - ئاينىڭ 10 - كۈنى ئېچىلىپ، 16 - كۈنى يېپىلدى. قۇرۇلتايغا 149 رەسمىي ۋەكىل قاتناشتى، بۇنىڭ ئىچىدە خەنزۇ 27 نەپەر، ئۇيغۇر 117 نەپەر، تاجىك بەش نەپەر، يەتتە نەپەر ۋەكىل قاتناشمىدى، 23 نەپەر ۋەكىل سىرتتىن قاتناشتى.

قۇرۇلتاينىڭ ۋەزىپىسى 1 - نۆۋەتلىك پارتىيە قۇرۇلتىيىدىن كېيىنكى بەش يىلدىن بۇيانقى خىزمەتلەرنى خۇلاسىلەش، 1961 - يىللىق دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق پىلانىنى تۈزۈپ چىقىش، پىلاننى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ تەدبىرلىرىنى مۇزاكىرە قىلىش، پارتىيە 8 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 9 - ئومۇمىي يىغىنى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ كېڭەيتىلگەن يىغىنى، يەرلىك پارتكوم كېڭەيتىلگەن يىغىنىنىڭ روھىنى يەتكۈزۈش، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى پوسكام ناھىيىلىك 2 - نۆۋەتلىك كومىتېتى ۋە رېۋىزىيە كومىتېتىنى سايلام ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت بولدى.

ساڭ باۋخې جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى پوسكام ناھىيىلىك 1 - نۆۋەتلىك كومىتېتى نامىدىن خىزمەت دوكلاتى بېرىپ، پوسكام ناھىيىسىنىڭ 1961 - يىللىق دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق پىلان كۆرسەتكۈچىنى ئوتتۇرىغا قويدى. 3 - ئاينىڭ 15 - كۈنى قارار ماقۇللىنىپ، پۈتۈن پارتىيە ۋە پۈتۈن ناھىيىدىكى ھەر مىللەت خەلقى جاپا - مۇشەققەتكە چىداپ كۈرەش قىلىش، ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈشتىن ئىبارەت ئىنقىلابىي روھنى جارى قىلدۇرۇپ، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشتىن ئىبارەت خىزمەت ئىستىلىدا چىڭ تۇرۇپ، ناھىيىلىك پارتكومنىڭ خىزمەت دوكلاتىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان ۋەزىپىلەرنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن تىرىشىشقا چاقىرىلدى.

قۇرۇلتايدا دېموكراتىيە تولۇق جارى قىلدۇرۇلۇپ، 2 - نۆۋەتلىك كومىتېت سايلام ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈلدى، ساڭ باۋخې، ئابدۇرېھىم قۇدرەت، تاڭ رۇڭخۇا، دۇيۇنخې، ليۇبىڭ، توختى مەمەت تۇردى، جاۋيۇڭجياڭ، ياڭ شۇگۇاڭ، گاۋفۇيۇن، لى چىڭ، ليۇسۇنشىن، قاسىم غازى، چېن شۇرۇڭ، قۇۋان جۇمە، فاڭ مىڭيۈەن، تۇرسۇن قۇۋان، تۇرسۇن يۇسۇپلەر كومىتېت ئەزالىقىغا سايلاندى.

يەتتە كىشى ناھىيىلىك رېۋىزىيە كومىتېتىنىڭ ئەزالىقىغا سايلاندى، ئۇلار مۇنۇلار: ياڭ شۇگۇاڭ، توختى مەمەت تۇردى، ليۇسۇنشىن، ليۇبىڭ، تاڭ رۇڭخۇا، تۇرسۇن قۇۋان، مىجىت ئىسمائىل.

1 - قېتىملىق ئومۇمىي ئەزالار يىغىنىدا ساڭ باۋخې، لى چىڭ، ئابدۇرېھىم قۇدرەت، قاسىم غازى، ياڭ شۇگۇاڭ، دۇيۇنخې، توختى مەمەت تۇردى، جاۋ يۇڭجياڭلار ناھىيىلىك پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزالىقىغا سايلاندى. شۇجىچۇ تەسىس قىلىنىپ، ساڭ باۋخې 1 - شۇجىلىققا، لى چىڭ، ئابدۇرېھىم قۇدرەت، قاسىم غازى، ياڭ شۇگۇاڭلار شۇجىلىققا تەيىنلەندى.

## 3 ـ نۆۋەتلىك پارتىيە قۇرۇلتىيى

بۇ قۇرۇلتاي 1963 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى ئېچىلىپ، 23 ـ كۈنى يېپىلدى، قۇرۇلتايغا 135 نەپەر رەسمىي ۋەكىل قاتناشتى، 36 نەپەر ۋەكىل سىرتتىن قاتناشتى، يەنى جەمئىي 171 نەپەر ۋەكىل قاتناشتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر 126 نەپەر، تاجىك سەككىز نەپەر، خەنزۇ 37 نەپەر.

قۇرۇلتاينىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى ناھىيىلىك پارتكومنىڭ خىزمەت دوكلاتىنى مۇزاكىرە قىلىش ۋە ماقۇللاش، بۇنىڭدىن كېيىنكى خىزمەت ۋەزىپىلىرىنى بەلگىلەش، 3 ـ نۆۋەتلىك كومىتېت ۋە پارتىيىنىڭ رېۋىزىيە كومىتېتىنى سايلاپ چىقىشتىن ئىبارەت بولدى.

قۇرۇلتاي مەزگىلىدە، ياڭ شۇگۇاڭ 2 ـ نۆۋەتلىك كومىتېت ۋە رېۋىزىيە كومىتېتى نامىدىن «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى پوسكام ناھىيىلىك كومىتېتىنىڭ خىزمىتىدىن دوكلات» ۋە «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى پوسكام ناھىيىلىك كومىتېتى رېۋىزىيە كومىتېتىنىڭ خىزمىتىدىن دوكلات» بەردى. جاۋيۈڭجياڭ ناھىيە بويىچە مالىيە ـ سودا ۋە سانائەت ـ قاتناش خىزمىتى ھەققىدە، ليۇسۇنشىن پارتىيىنىڭ تەشكىلات خىزمىتى ھەققىدە سۆز قىلدى. قۇرۇلتايغا قاتناشقان ۋەكىللەر ئەستايىدىل مۇزاكىرە قىلىش ئارقىلىق، ناھىيىلىك پارتكومنىڭ خىزمەت دوكلاتىغا بىردەك قوشۇلدى. قۇرۇلتايدا قارار چىقىرىلىپ، بارلىق پارتىيە ئەزالىــــرى ۋە ناھىيىدىكى ھەر مىللەت خەلقى يېزا ئىگىلىكىنى ئاساس قىلىش ئىدىيىسىنى تىكلەپ، جاپا ـ مۇشەققەتكە چىداپ كۈرەش قىلىش، جاسارەت بىلەن ئىشلەشتىن ئىبارەت ئىنقىلابىي روھنى ۋە ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش ئىستىلىنى جارى قىلدۇرۇپ، بۇنىڭدىن كېيىنكى تۈرلۈك ۋەزىپىلەرنى ئورۇنداش ئۈچۈن تىرىشىشقا چاقىرىلدى.

قۇرۇلتايدا 3 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتنىڭ ئەزالىرى سايلام ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈلدى. ئۇلار مۇنۇلار: ساڭ باۋخې، قاسىم غازى، ياڭ شۇگۇاڭ، ئابدۇرېھىم قۇدرەت، توختى مەمەت تۇردى، جاۋيۈڭجياڭ، ليۇسۇنشىن، تاڭ رۇڭخۇا، ليۇبىڭ، تۇرسۇن قۇۋان، تۇرسۇن يۇسۇپ، چېن شۇرۇڭ، گاۋ فۇيۈن، فاڭ مىڭيۈەن، ۋۇگوچىڭ، ۋېي شىڭمىڭ.

يەتتە كىشى رېۋىزىيە كومىتېتىنىڭ ئەزالىقىغا سايلاندى، ئۇلار مۇنۇلار· ياڭ شۇگۇاڭ، ليۇسۇنشىن، ليۇبىڭ، تاڭ رۇڭخۇا، قۇۋان نىياز تۇردى، تۇرسۇن قۇۋان، مىجىت ئىسمائىل.

ناھىيىلىك پارتكومنىڭ 1 ـ قېتىملىق ئومۇمىي ئەزالار يىغىنى چاقىرىلىپ، ساڭ باۋخې، قاسىم غازى، ياڭ شۇگۇاڭ، ئابدۇرېھىم قۇدرەت، جاۋيۈڭجياڭلار ناھىيىلىك پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزالىقىغا سايلاندى.

## 4 ـ نۆۋەتلىك پارتىيە قۇرۇلتىيى

بۇ قۇرۇلتاي 1966 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى ئېچىلىپ، 1 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى يېپىلدى. قۇرۇلتايغا 170 نەپەر رەسمىي ۋەكىل قاتناشتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر 136 نەپەر، خەنزۇ 31 نەپەر، تاجىك ئۈچ نەپەر، ئەمەلىيەتتە قۇرۇلتايغا 147 نەپەر رەسمىي ۋەكىل قاتناشتى، 47 نەپەر ۋەكىل سىرتتىن قاتناشتى.

قۇرۇلتاينىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى ناھىيىلىك پارتكومنىڭ ئىككى يىلدىن بۇيانقى خىزمەتلەرگە دائىر دوكلاتىنى مۇزاكىرە قىلىش ۋە ماقۇللاش، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم كېڭەيتىلگەن

يىغىنىنىڭ روھىنى يەتكۈزۈش، ناھىيىنىڭ 3 ـ بەش يىللىق پىلانىنى ئورۇنلاشتۇرۇش، پارتىيە قۇرۇلۇشى، ئىنقىلاب ئىز باسارلىرىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش، ماۋزېدۇڭ ئەسەرلىرىنى ئۆگىنىش، خەلق ئەسكەرلىرى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش قاتارلىق خىزمەتلەرنى مۇزاكىرە قىلىش، ئومۇمىي دائىرىلىك سوتسىيالىستىك تەربىيىنى ئورۇنلاشتۇرۇش، 4 ـ نۆۋەتلىك كومىتېت ۋە رېۋىزىيە كومىتېتىنى سايلام ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت بولدى.

ياڭ شۇگۇاڭ ناھىيىلىك پارتكوم نامىدىن خىزمەت دوكلاتى بەردى، قۇرۇلتاي بۇ دوكلاتقا بىردەك قوشۇلدى ھەمدە قارار ماقۇللاپ، پۈتۈن ناھىيىدىكى پارتىيە ئەزالىرى ۋە ھەر مىللەت كادىر، ئاممىنى ماۋزېدۇڭ ئەسەرلىرىنى ئىخلاس بىلەن ئۆگىنىپ، ئۇرۇش تەييارلىقىنى ۋە خەلق ئەسكەرلىرى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، سىنىپىي كۈرەش، ئىشلەپچىقىرىش كۈرىشى، ئىلمىي تەجرىبىدىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ ئىنقىلابىي ھەرىكەتنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇپ، سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشنىڭ يېڭى دولقۇنىنىڭ يېتىپ كېلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە چاقىردى.

قۇرۇلتايدا 15 كىشى 4 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتنىڭ ئەزالىقىغا سايلاندى، ئۇلار مۇنۇلار: ياڭ شۇگۇاڭ، ليۇسۇنشىن، تاڭ رۇڭخۇا، ليۇبىڭ، مىجىت ئىسمائىل، ياڭ جيەنجاڭ، قاسىم غازى، توختى مەمەت تۇردى، ئابلىز نىياز، جاڭ جەنيى، ۋېي چىسەي، چېن شۇرۇڭ، تۇرسۇن قۇۋان، لېي ماۋمىڭ، تۇرسۇن يۇسۇپ.

يەتتە كىشى رېۋىزىيە كومىتېتىنىڭ ئەزالىقىغا سايلاندى، ئۇلار مۇنۇلار: ياڭ شۇگۇاڭ، ليۇسۇنشىن، تاڭ رۇڭخۇا، تۇرسۇن قۇۋان، لېي ماۋمىڭ، مەھەممەت توختىنىياز، قۇۋاننىياز تۇردى.

ناھىيىلىك پارتكومنىڭ 1 ـ قېتىملىق ئومۇمىي ئەزالار يىغىنى چاقىرىلىپ، ياڭ جيەنجاڭ، قاسىم غازى، ياڭ شۇگۇاڭ، ئابلىز نىياز، توختى مەمەت تۇردى، جاڭ جەنيى، ۋېي چىسەيلەر ناھىيىلىك پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزالىقىغا سايلاندى.

## 5 ـ نۆۋەتلىك پارتىيە قۇرۇلتىيى

بۇ قۇرۇلتاي 1971 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى ئېچىلىپ، 3 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى يېپىلدى. قۇرۇلتايغا 206 نەپەر رەسمىي ۋەكىل قاتناشتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر 149 نەپەر، خەنزۇ 51 نەپەر، تاجىك ئالتە نەپەر.

قۇرۇلتاي مەزگىلىدە، ياڭ لۇڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى پوسكام ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېتى يادرو رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى نامىدىن قۇرۇلتايدا «9 ـ قۇرۇلتاي» نىڭ «ئىتتىپاقلىق. غالىبىيەت بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، رەئىس ماۋېدۇڭنىڭ ئىنقىلابىي لۇشيەنىنى بويلاپ غەلىبىلىك ئالغا باسايلى» دېگەن تېمىدا دوكلات بەردى. قۇرۇلتايغا قاتناشقان ۋەكىللەر بۇ دوكلاتنى مۇزاكىرە قىلىپ ماقۇللىدى ھەمدە «ئىدىيە ۋە سىياسىي لۇشيەن جەھەتتە بىر قېتىم تەربىيە ئېلىپ بېرىش توغرىسىدا قارار» نى مۇزاكىرە قىلىپ ماقۇللىدى، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى ماۋېدۇڭنىڭ پەلسەپە ئىدىيىسىنى جانلىق ئۆگىنىپ، جانلىق ئىشلىتىشنى بارلىق خىزمەتلەرنىڭ ئالدىغا قويۇپ، يېزا ئىگىلىكىدە داجەيدىن، سانائەتتە داچىڭدىن ئۆگىنىش ئاممىۋى ھەرىكىتىنى داۋاملىق چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، پارتىيىنىڭ بىر تۇتاش رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىپ، ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىك بەنزىلىرىنىڭ ئىدىيىۋى قۇرۇلۇشى ۋە تەشكىلىي

قۇرۇلۇشىنى ياخشى تۇتۇپ، پارتىيىنىڭ «9 - قۇرۇلتاي» دا ئوتتۇرىغا قويغان تورلۇك جەڭگىۋار ۋەزىپىلىرىنى تىرىشىپ ئورۇنداشقا چاقىرىلدى.

قۇرۇلتايدا 21 كىشى 5 - نۆۋەتلىك كومىتېتنىڭ ئەزالىقىغا سايلاندى، ئۇلار مۇنۇلار: پاڭ لۇڭ، ياڭ جيەنجاڭ، بارات رەخمەت، سېلىم ماخسۇر. ئايشەم ياسىن، تۇردى يۇسۇپ قۇۋان، ئاباس تۇنىياز، چېن دېباڭ، جاۋيۇچۇەن، لى بىڭ، جاڭ جىبىن، ئەن سىشياڭ، قۇۋاننىياز تۇردى، ۋاڭ چىڭبىن، لى خۇەيجۇ، ليۇسۇنشىن، رېن ۋېنجاڭ، لى شۇەنجۇ، تۇرسۇننىسا توختىنىياز، بۇخەلچىخان، نىياز ئابدۇۋايىت، تۇنىسا ئىمىن.

ناھىيىلىك پارتكومنىڭ 1 - قېتىملىق ئومۇمىي ئەزالار يىغىنىنىڭ سايلىشى ھەمدە ئاپتونوم رايونلۇق ئىنقىلابىي كومىتېت پارتىيە يادرو رەھبەرلىك گورۇپپىسىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن، دائىمىي كومىتېت پاڭ لۇڭ، ياڭ جيەنجاڭ، سېلىم ماخسۇر، بارات رەخمەت، ئايشەم ياسىن، تۇردى يۇسۇپ قۇۋان، ئاباس تۇنىيازلاردىن تەركىب تاپتى.

# § 3. پارتىيە ئەزالىرىغا قارىتىلغان تەربىيە

## 1 . دائىملىق تەربىيە

پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئىدىيىۋى ئېڭىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، ئۇلارنى ئىشلەپچىقىرىش كۈرىشى ۋە ئەمەلىي خىزمەت داۋامىدا ئاڭلىق تۈردە چېنىقىپ، لاياقەتلىك پرولېتارىيات ئاۋانگارت جەڭچىلىرىدىن بولۇپ ئۆسۈپ يېتىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش ئۈچۈن، يەر ئىسلاھاتىدىن كېيىن، ناھىيىلىك پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمى ۋە تەشۋىقات بۆلۈمى پارتىيە ئەزالىرىغا قارىتىلغان تەربىيىنى مۇنتىزىم كەسىپ دائىرىسىگە كىرگۈزدى، ئوخشاش بولمىغان تارىخىي دەۋردىكى مەركىزىي خىزمەتلەرگە ئاساسەن، پىلان تۈزۈپ، دائىمىي خاراكتېرلىك پارتىيە دەرسى تەربىيىسىنى قانات يايدۇردى. تەربىيىنىڭ مەزمۇنى پارتىيە نىزامنامىسىدىن باشقا، ھەر قايسى دەۋرلەردە مەركەز ۋە ئاپتونوم رايون شەكىللەندۈرگەن قارارلار، چۈشۈرگەن ھۆججەتلەر ۋە دىئالېكتىك ماتېرىيالىزم ساۋاتلىرىدىن ئىبارەت بولدى. تەربىيە شەكلى جەھەتتە، پارتىيە دەرسى ئۆتۈش، ئۆگىنىش كۇرسى ئېچىشتىن باشقا، پارتىيە ئەزالىرى دائىم كوللېكتىپ ئۆگىنىشكە تەشكىللەندى. 1977 - يىلدىن كېيىن، پارتىيە ئەزالىرى ئارىسىدا قىزىل بايراق مۇسابىقىسى، خىزمەت كۆرسىتىش، نەمۇنىچى بولۇش، مۇنەۋۋەر پارتىيە ئەزاسى بولۇشنى قولغا كەلتۈرۈش پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلۇپ، پارتىيە ئەزالىرى «قىزىللىشىش، ئىختىساسلىشىش» پىلانىنى تۈزۈپ چىقىشقا، مۇنەۋۋەر پارتىيە ئەزاسى مەتتۇردى توختى (ئىلگىرىكى ئىككىسۇ گۇڭشېسى ياربۇلاق چوڭ ئەترىتى ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى) دىن ئۆگىنىشكە چاقىرىلدى. پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، جەمئىيەت ۋەزىيىتىنىڭ تەرەققىيات تەلىپىگە ئاساسەن، پارتىيە ئەزالىرىنى نۆۋەت بىلەن تەربىيىلەشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىلدى، ناھىيىلىك پارتكوم گۇڭشې دەرىجىلىك پارتىيىلىك كادىرلارنى، چوڭ ئەترەت ياچېيكا شۇجىلىرىدىن يۇقىرى كادىرلارنى، گۇڭشې پارتىيە ئەزالىرىنى نۆۋەت بىلەن تەربىيىلەشكە مەسئۇل بولدى. 1981 - يىلدىن 1983 - يىلغىچە ناھىيە بويىچە ھەر خىل تىپتىكى پارتىيە ئەزالىرىنى تەربىيىلەش كۇرسىدىن سەككىز قارار، گۇڭشېلار بويىچە تەربىيىلەش كۇرسىدىن 48

قارار ئېچىلىپ، ياچېيكا شۇجىلىرى ۋە ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىدىن جەمئىي 369 ئادەم (قېتىم) . پارتىيە ئەزالىرىدىن 6422 ئادەم (قېتىم) تەربىيىلەندى. نۆۋەت بىلەن تەربىيىلەش داۋامىدا، پارتىيە ئەزالىرى ۋە كادىرلار پارتىيە نىزامنامىسى، پارتىيە ئىچىدىكى تۇرمۇشقا دائىر مىزان، پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 6 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ قارارى، 12 - قۇرۇلتاي ھۆججەتلىرى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم چۈشۈرگەن باشقا مۇھىم ھۆججەتلەرنى ئۆگىنىشكە نۇقتىلىق تەشكىللىنىپ، كەڭ پارتىيە ئەزالىرىغا پارتىيە نىزامنامىسىنى ئەستايىدىل ئىجرا قىلىش، پارتىيە ئىچىدىكى تۇرمۇشقا دائىر مىزانغا ئەمەل قىلىش، ناتوغرا ئىستىللارنى تۈزىتىپ، سىياسىي جەھەتتە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن بىردەكلىكنى ساقلاش، پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 6 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ قارارى ئارقىلىق پۈتۈن پارتىيىنىڭ ئىدىيە ۋە ھەرىكىتىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش، سوتسىيالىستىك ۋەتىنىمىزنى قىزغىن سۆيۈش، پارتىيىنىڭ مىللەتلەر سىياسىتىنى نەمۇنىلىك بىلەن ئىجرا قىلىش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى بۇزۇدىغان سۆز - ھەرىكەتلەرگە قارشى تۇرۇش توغرىسىدا تەربىيە بېرىلدى.

ئاز سانلىق مىللەتتىن بولغان پارتىيە ئەزالىرىغا قارىتا ئالاھىدە دىئالېكتىك ماتېرىيالىزم ۋە ئاتېئىزم تەربىيىسى ئېلىپ بېرىلىپ، ئۇلاردىن ماركسىزم - لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىگە قەتئىي ئېتىقاد قىلىش، دىنىي ۋە خۇراپىي ھەرىكەتلەرگە قاتناشماسلىق تەلەپ قىلىندى.

1980 - يىلدىن 1984 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ناھىيە بويىچە سەككىز قېتىم مۇنەۋۋەر پارتىيە ئەزالىرىنى سىلىشتۇرۇپ باھالاش پائالىيىتى ئېلىپ بېرىلىپ، 1054 نەپەر مۇنەۋۋەر پارتىيە ئەزاسى باھالاپ چىقىلدى.

بۇ بىر قاتار تەربىيە ئارقىلىق، پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئىدىيىۋى ئېڭى ئۈزلۈكسىز ئۆستى، ئۇلار يېزىلاردىكى ئىسلاھات ھەرىكىتىگە ئاكتىپ قاتنىشىدىغان كەڭ دېھقانلار ئاممىسىنى يېتەكلەپ يېزىلاردىكى سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش بىلەن پائال شۇغۇللىنالايدىغان بولدى، يېزا ئىگىلىكىنى كوپېراتسىيىلەشتۈرۈش ھەرىكىتىدە ئۇلار تايانچلىق رول ئوينىدى. پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، ئۇلار يېزىلارنىڭ تاۋار ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇپ، يېزىلارنىڭ نامرات قىياپىتىنى ئۆزگەرتىشتە باشلامچى بولدى. گۈلباغ يېزىسىنىڭ يۇقىرى قارا يۇلغۇن كەنتىدىكى پارتىيە ئەزاسى تۇردى قادىر 1984 - يىلى 58 مو يەرنى ھۆددە ئېلىپ، 30 مىڭ 365 كىلوگرام ئاشلىق ئېلىپ، دۆلەتكە 19 مىڭ 400 كىلوگرام ئاشلىق سېتىپ بەردى، ئاشلىقنىڭ تاۋارغا ئايلىنىش نىسبىتى % 63.88 كە، يىللىق ئومۇمىي كىرىمى 24 مىڭ 493 يۈەنگە، دەسمايە چىقىمىنى چىقىرىۋەتكەندە، ساپ كىرىمى 20 مىڭ 278 يۈەنگە، كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن كىرىمى 2027.08 يۈەنگە يەتكۈزدى. نۇرغۇنلىغان پارتىيە ئەزالىرى ئۆزى بېيىغاندىن كېيىن، تېخى نامراتلىق ھالىتىدە تۇرغان دېھقان قېرىنداشلىرىغا يار - يۆلەك بولۇشنى ئۇنتۇپ قالمىدى. 1984-يىلى ئايكۆل يېزىسىدىكى 156 نەپەر پارتىيە ئەزاسى 308 نامرات ئائىلىنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن ھۆددە ئېلىپ، بىر يىل ئىچىدە 173 ئادەم ۋە ئۇلاغ كۈچى، 50 ئۇلاغ يەم - بوغۇز ياردەم قىلدى، 51 مىڭ 600 كىلوگرام ھەر خىل ئۇرۇقلۇق ۋە ئوزۇقلۇق ئاشلىق ئۆتنە بەردى؛ 52 يۈەن نەق پۇل ياردەم قىلدى، 390 مو كۆممىقوناقنى ياردەملىشىپ تېرىشىپ بەردى.

### 2 . پارتىيە مەكتىپى تەربىيىسى

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى پوسكام ناھىيىلىك كومىتېتىنىڭ پارتىيە مەكتىپى 1959-يىل 8 - ئايدا قۇرۇلغان، ئۇ ناھىيىلىك پارتكومنىڭ رەھبەرلىكىدە، ناھىيىدىكى پارتىيىلىك كادىرلارنى ماركسىزم - لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى، ئېقىم مەسىلىلىرىگە دائىر سىياسەت جەھەتتىن ۋە كەسپىي جەھەتتىن تەربىيىلىدى.

1960 - يىلدىن باشلاپ 1965 - يىلنىڭ ئاخىرىغىچە، پارتىيە مەكتىپى يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن بەش قارارىدىن جەمئىي 30 نەچچە قارار ھەر خىل تەربىيىلەش كۇرسى ۋە ئۆگىنىش كۇرسى ئېچىپ، خەلق گوڭشېلىرىنىڭ ئۈچ دەرىجىلىك كادىرلىرى، ناھىيە دەرىجىلىك ئورگانلاردىكى كادىرلاردىن بولۇپ 3470 تىن ئارتۇق ئادەم (قېتىم) نى تەربىيىلىدى.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» جەريانىدا پارتىيە مەكتىپى ئىشتىن توختىتىپ قويۇلدى. ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېت قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1970 - يىل 8 - ئايدا «7 - ماي» كادىرلار مەكتىپى قۇرۇلدى، ئەسلىدىكى ناھىيىلىك پارتكوم پارتىيە مەكتىپىنىڭ ئۇسكۇنە ۋە خادىملىرى «7 - ماي» كادىرلار مەكتىپىگە قوشۇۋېتىلدى.

1972 - يىل 12 - ئايدا ناھىيىلىك پارتكوم پارتىيە مەكتىپى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. 1975-يىلى پوسكام ناھىيىلىك «7 - ماي» يېزا ئىگىلىك داشۆسى قۇرۇلدى. ئۇ ۋاقىتتا ناھىيىلىك پارتكوم پارتىيە مەكتىپى، «7 - ماي» كادىرلار مەكتىپى، «7 - ماي» يېزا ئىگىلىك داشۆسى بىر ئورۇندا بولۇپ، بىرلىكتە ئىش بېجىردى، ئۇلارنىڭ ۋەزىپىسى ناھىيە بويىچە پارتىيىلىك كادىرلار ۋە يېزىلاردىكى كەسپىي، تېخنىكا خادىملىرىنى تەربىيىلەشتىن ئىبارەت بولدى.

1973 - يىلدىن 1978 - يىلنىڭ ئاخىرىغىچە، پارتىيە مەكتىپى سەككىز قارار ھەر خىل ئۆگىنىش كۇرسى جۈملىدىن ئىككى قارار پارتىيە ئەزالىرىنى تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىپ، 236 ئادەم (قېتىم) پارتىيە ئەزاسىنى تەربىيىلىدى، تەربىيىلەش ئوبيېكتى چوڭ ئەترەتلەرنىڭ ياچېيكا شۇجىلىرى، ياچېيكا ئەزالىرىدىن ئىبارەت بولدى؛ ئالتە قارار نەزەرىيە ئۆگىنىش كۇرسى ئېچىپ، 576 ئادەم (قېتىم) نى تەربىيىلىدى، بۇنىڭ تەربىيىلەش ئوبيېكتى گوڭشې كادىرلىرى، چوڭ ئەترەت شۇجىلىرى، ياچېيكا ئەزالىرىدىن ئىبارەت بولدى. 1979-يىلى «7- ماي» يېزا ئىگىلىك داشۆسى ۋە «7 - ماي» كادىرلار مەكتىپى ئىشتىن توختىتىلدى.

پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، پارتىيىلىك كادىرلارغا قارىتىلغان نەزەرىيىۋى تەربىيە ۋە ئۇلارنى تەربىيىلەش خىزمىتى كۈچەيتىلدى. 1979-يىلدىن 1983 - يىلنىڭ ئاخىرىغىچە پارتىيە مەكتىپى جەمئىي سەككىز قارار ھەر خىل تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىپ، ھەر دەرىجىلىك پارتىيىلىك كادىردىن 1100 دىن ئارتۇق ئادەم (قېتىم) نى تەربىيىلىدى.

## § 4 . تەشۋىقات خىزمىتى

### 1 . ئاممىۋى تەشۋىقات

پارتىيىنىڭ ھەر قايسى دەۋرلەردىكى مەركىزىي ۋەزىپىلىرىنى دەۋر قىلىپ، كەڭ خەلق

ئاممىسىغا تەشۋىقات - تەربىيە ئېلىپ بېرىش — پارتىيىنىڭ تەشۋىقات خىزمىتىنىڭ مۇھىم ۋەزىپىسىدىن ئىبارەت بولدى. ئىجارە كېمەيتىش، زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش، يەر ئىسلاھاتى مەزگىللىرىدە، خىزمەت ئەترىتىنىڭ كادىرلىرى ۋە دېھقانلار ئۇيۇشمىسىنىڭ كادىرلىرى كەمبەغەل دېھقان، يالالنما دېھقانلار يىغىنى، ئوتتۇرا دېھقانلار يىغىنىغا ئوخشاش ھەر خىل يىغىنلارنى دائىم ئېچىپ، پارتىيىنىڭ سىياسەتلىرىنى تەشۋىق قىلىپ، ئاممىنى تەربىيىلىدى. يېزا ئىگىلىكىنى كوپېراتسىيىلەشتۇرۇش ھەرىكىتىدىن كېيىن، يېزىلارنىڭ ۋەزىيىتىدە يېڭى ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كەلدى، جايلار ناھىيىلىك پارتكومنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، دائىمىي خاراكتېرلىك تەشۋىقات ئاپپاراتلىرىنى قۇرۇشقا باشلىدى، رايكوملاردا تەشۋىقات گەنسىلىرى تەسىس قىلىنغاندىن باشقا، ھەر قايسى رايونلاردا سىياسەتنى تەشۋىق قىلىشقا يېتەكچىلىك قىلىش پونكىتلىرى قۇرۇلدى، تەشۋىقاتقا رايكوم شۇجىسى قوماندانلىق قىلدى، رايكومنىڭ تەشۋىقات گەنسىسى كونكرېت مەسئۇل بولۇپ، ئۆز رايونىنىڭ ئاممىۋى تەشۋىقات خىزمىتىنى قەرەللىك تۇردە ئورۇنلاشتۇردى. 23 يېزىدا تەشۋىقات گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى، رايكوملار 276 نەپەر يېزا، كەنت كادىرى ۋە پارتىيە، ئىتتىپاق ئەزاسى، ئاكتىپنى تەكشۇرۇپ تەستىقلاپ، پارتىيىنىڭ تەشۋىقاتچىلىقىغا قويۇلدى. ئۇلار رادىئو (تۇنكە كاناي)، قارا تاختا گېزىتى ئارقىلىق، قەرەلسىز ھالدا، ئاممىغا پارتىيىنىڭ فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى تەشۋىق قىلىپ تۇردى. ھەر قايسى يېزا ئىگىلىك كوپېراتىپلىرىدىمۇ مۇئاۋىن سىياسىي ئەترەت باشلىقى قويۇلۇپ، يېزا ئىگىلىك كوپېراتىپلىرىنىڭ سىياسىي خىزمەت تۈزۈمى (كوپېراتىپ ئەزالىرىنىڭ دېموكراتىك تۇرمۇش يىغىنى تۈزۈمى، ئۆگىنىش تۈزۈمىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) ئورنىتىلدى، گېزىت ئوقۇش گۇرۇپپىلىرى تەشكىل قىلىندى، قارا تاختا گېزىتى چىقىرىلىپ، رادىئو پونكىتلىرى قۇرۇلۇپ (تۇنكە كانايدا ياخشى ئادەم، ياخشى ئىشلار تەقدىرلىنىپ)، پارتىيىنىڭ سىياسەتلىرى چوڭقۇر تەشۋىق قىلىندى.

1957 - يىلدىن كېيىن، سىنىپىي كۈرەشنى تۇتقا قىلىش تەكىتلىنىپ، بازار - يېزىلاردا دائىمىي خاراكتېرلىك سوتسىيالىستىك تەربىيە ھەرىكىتى قانات يايدۇرۇلۇپ، ئۆتمۈشتىكى ئازاب-ئوقۇبەتنى ئەسلەش بۈگۈنكى بەختىيار تۇرمۇشنىڭ قەدرىگە يېتىش، ئۆتمۈش بىلەن بۈگۈنكى كۈننى سېلىشتۇرۇش، باھالاپ سېلىشتۇرۇشتا مۇسابىقىلىشىش ئاممىنىڭ ئۆز - ئۆزىنى تەربىيىلىشىدىكى ئاساسلىق شەكىلگە ئايلاندى. تەربىيە ئارقىلىق، ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ سوتسىيالىزمنى، كوممۇنىستىك پارتىيىنى قىزغىن سۆيۈش ئىدىيىۋى ئېڭى ئۈزلۈكسىز ئۆستى، لېكىن بەزى جەھەتتە سىياسەت چەك - چېگرىسى ئېنىق بولمىغانلىقتىن، ئاممىنىڭ ھېسسىياتىغا زىيان يەتكۈزۈپ قويۇلدى. پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، پارتىيىنىڭ ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشتىن ئىبارەت ئېسىل ئەنئەنىسى ۋە ئىستىلى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. يېزا مەدەنىيەت پونكىتلىرى، مەدەنىيەت ئۆيلىرى قۇرۇلدى، سىملىق رادىئو دېھقانلارنىڭ ئۆيلىرىگە كىردى، بۇنىڭ بىلەن پارتىيىنىڭ سىياسەتلىرى جەھەتتىكى تەشۋىقات يەنىمۇ كۈچەيدى، ئاممىغا سوتسىيالىستىك تەربىيە، ۋەتەنپەرۋەرلىك، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە «بەش بولۇش، تۆت گۈزەل، ئۈچنى قىزغىن سۆيۈش» تەربىيىسى ئېلىپ بېرىلغاندىن باشقا، ئامما لېي فېڭدىن ئۆگىنىپ، يېڭى خىسلەت يارىتىش ۋە ھەر خىل ساغلام بولغان مەدەنىي كۆڭۈل ئېچىش، تەنتەربىيە پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇرۇشقا تەشكىللەندى.

## 2 . نەزەرىيىۋى تەربىيە

كادىرلارغا قارىتىلغان نەزەرىيىۋى تەربىيە 1954 - يىلدىن باشلاپ ئۆز يولىغا چۈشۈشكە باشلىدى ھەمدە تەدرىجىي تۈزۈملەشتى. ناھىيە دەرىجىلىك ئورگانلاردا خىزمەتتىكى كادىرلارنىڭ نەزەرىيە ئۆگىنىش ھەيئىتى قۇرۇلدى، ئۇ، پۈتۈن ناھىيىدىكى كادىرلارنىڭ ئۆگىنىشىنى بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇشقا مەسئۇل بولدى. ھەر قايسى ئورۇنلاردىن ئۆگىنىشكە قاتنىشىدىغان 281 نەپەر كادىر 16 ئۆگىنىش گۇرۇپپىسى قىلىنىپ، ھەر كۈنى ئەتىگەندە ئىككى سائەت ئۆگىنىش قىلدى.

1955 - يىلى كادىرلارنىڭ ئىشتىن سىرتقى سىياسىي مەكتىپى ئېچىلدى، ناھىيە دەرىجىلىك ئورگانلاردىن ئۆگىنىشكە قاتنىشىدىغان 292 نەپەر كادىر 21 ئۆگىنىش گۇرۇپپىسىغا بۆلۈندى، 12نەپەر دوكلات بەرگۈچى، ئون نەپەر ئوقۇتقۇچى (ئالتە نەپىرى خەنزۇ، تۆت نەپىرى ئۇيغۇر)، سەككىز نەپەر يېتەكچى (تۆت نەپىرى خەنزۇ، تۆت نەپىرى ئۇيغۇر) تەكلىپ قىلىنىپ، ئۆگىنىش پىلانى تۈزۈلۈپ، كادىرلار مۇنتىزىم تەلەپ بويىچە نەزەرىيە جەھەتتىن تەربىيىلەندى.

يېزىلاردا رايون، يېزا كادىرلىرى «15 لىك» تۈزۈم (ئون كۈن خىزمەت قىلىش، ئىككى كۈن ئۆگىنىش، ئۈچ كۈن ئورگاندىكى كەسپىي ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىش)نى يولغا قويدى، ئۆگىنىش مەزمۇنى پارتىيىنىڭ ئۆتكۈنچى دەۋردىكى باش لۇشيەنى، پارتىيىنىڭ بىر تۇتاش سېتىۋېلىش، بىر تۇتاش سېتىپ بېرىش سىياسىتىدىن ئىبارەت بولدى. ئىشتىن سىرتقى سىياسىي مەكتەپ ئېچىلغاندىن كېيىن، مەركىزىي كومىتېت تەشۋىقات بۆلۈمى تۈزگەن «ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ساۋاتىغا دائىر ئوقۇشلۇق»، «سىياسىي ئىقتىسادقا دائىر ساۋات»، «پەلسەپە ساۋاتىغا دائىر ئوقۇشلۇق» ۋە ئۇنىڭ ئارىسىغا قىستۇرۇلۇپ «رەئىس ماۋزېدۇڭنىڭ يېزا ئىگىلىكىنى كوپېراتسىيىلەشتۈرۈش مەسىلىسى توغرىسىدا» دېگەن دوكلاتى، پارتىيە 7 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 6 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ يېزا ئىگىلىكىنى كوپېراتسىيىلەشتۈرۈش مەسىلىسى توغرىسىدىكى قارارى، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ 1 - بەش يىللىق پىلانى، رەئىس ماۋزېدۇڭنىڭ ئالىي دۆلەت ئىشلىرى يىغىنىدا سۆزلىگەن سۆزى، پارتىيە 8 - قۇرۇلتىيىنىڭ ھۆججەتلىرى ۋە «خەلق گېزىتى» تەھرىر بۆلۈمى، «قىزىلبايراق» تەھرىر بۆلۈمى يازغان، پرولېتارىيات دىكتاتۇرسى بايان قىلىنغان «ياشىسۇن لېنىنىزم» قاتارلىق سەككىز پارچە ماقالە ئۆگىنىلدى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دىكى ئون يىل داۋامىدا، كادىرلار ماۋزېدۇڭ ئەسەرلىرى ۋە «كوممۇنىستىك پارتىيە خىتاپنامىسى»، «گوتا پروگراممىسىغا تەنقىد» قاتارلىق ماركس، لېنىن ئەسەرلىرىنى ئۆگىنىشكە تەشكىللەندى ھەمدە ئىككى قېتىم رەئىس ماۋزېدۇڭ ئەسەرلىرىنى ئۆگىنىش ئاكتىپلىرىنى تەقدىرلەش يىغىنى چاقىرىلىپ، بىر تۈركۈم ئۆگىنىش ئاكتىپلىرى تەقدىرلەندى.

«جياڭ چىڭ ئەكسىلئىنقىلابىي» گۇرۇھى تار - مار قىلىنغاندىن كېيىن، كادىرلار «پارتىيىنىڭ تۆت ئاساسىي پرىنسىپى»، «پارتىيىنىڭ سىياسىي تۇرمۇشىغا دائىر بىر قانچە مىزان»، «پارتىيىنىڭ دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيانقى پارتىيە تارىخىغا دائىر بىر قانچە مەسىلە توغرىسىدىكى قارارى»، «پارتىيە نىزامنامىسى»، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاساسىي قانۇنى» قاتارلىقلارنى ئۆگىنىشكە تەشكىللەندى. 1982 - يىلدىن كېيىن، كادىرلار «دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما»، «چېن يۈن ماقالىلىرىدىن تاللانما» ۋە ئەمەلىيەت ھەقىقەتنى سىناشنىڭ بىردىن بىر ئۆلچىمى، تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش، بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈشكە قارشى تۇرۇش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش قاتارلىقلارغا دائىر ماقالىلەرنى ئۆگىنىشكە

تەشكىللەندى.

# § 5 . ئىنتىزام تەكشۈرۈش

ناھىيىلىك پارتكوم ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى 1952 - يىل 2 - ئاينىڭ 8 - كۈنى قۇرۇلدى، ناھىيىلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى شوجىڭۋېي شۇجىلىقنى قوشۇمچە ئۈستىگە ئالدى، خۇچاڭشۈەن. ۋاڭ زىلياڭ، سۈي رۇخۇالار ئەزا بولدى، كېيىنكى ناھىيىلىك پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمى قوشۇمچە باشقۇردى. شۇ يىلى 10 - ئايدا خادىملارنى يۆتكەشتە، ناھىيىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ ئەزالىرى تەڭشەلدى، شوجىڭۋېي يەنىلا ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ شۇجىلىقنى قوشۇمچە ئۈستىگە ئالدى، سۈي رۇخۇا، خۇچاڭشۈەن، سۈپى سەلەي، لى جىڭتۇڭ، مۇسا چاۋار، خۇاڭ تەيگۇاڭلار ئەزا بولدى، خۇاڭ تەيگۇاڭ ئىنتىزام تەكشۈرۈش گەنسىلىكىگە تەيىنلەندى. 1954 - يىل 8 - ئايدا يەنە تەڭشىلىپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى خەنۇبېي شىنجاڭ رايونلۇق كومىتېتى تەشكىلات بۆلۈمى، ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى ساڭ باۋخېنى ناھىيىلىك پارتكومنىڭ شۇجىلىقىغا، قوشۇمچە ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ شۇجىلىقىغا، مۇسا چاۋار، سەمەت ئىبراھىم، لى چىڭ، دۇيۈنخېلارنى ئەزالىققا تەيىنلىدى. 1956-يىلى ناھىيىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى رىۋىزىيە كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلىپ، ناھىيىلىك تۇنجى نۆۋەتلىك پارتىيە قۇرۇلتىيىدا سايلام ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈلدى. 1966-يىلى ئۇنىڭ خىزمىتى توختىتىپ قويۇلدى. 1979 - يىل 2 - ئايدا ئاپپارات ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ، يەنىلا ناھىيىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى دەپ ئاتالدى.

ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، پارتىيىنىڭ ھەر قايسى دەۋرلەردىكى مەركىزىي خىزمىتىگە بىرلەشتۈرۈلۈپ، كەڭ پارتىيە ئەزالىرىغا پارتىيە ئىنتىزامى، دۆلەت قانۇنىغا رىئايە قىلىش توغرىسىدا تەربىيە ئېلىپ بېرىلدى، ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلىشقا دائىر كۆپلىگەن دېلولار بىر تەرەپ قىلىنىپ، پارتىيە ئىچىگە سوقۇنۇپ كىرىۋالغان ئاز ساندىكى دۈشمەن ئۇنسۇرلار ۋە ئاينىپ سۈپىتى ئۆزگەرگەن ئۇنسۇرلار تازىلىنىپ، پارتىيە ئىنتىزامى، دۆلەت قانۇنى قوغدىلىپ، پارتىيىنىڭ جەڭگىۋارلىقى كۈچەيتىلدى. يېزا ئىگىلىكىنى كوپېراتسىيىلەشتۈرۈش مەزگىلىدە، ئاساسەن، مەيدانىنى يوقىتىش، كەمبەغەل دېھقانلارنى چەتكە قېقىش، ئوتتۇرا دېھقانلار بىلەن ئىتتىپاقلاشماسلىق، پومېشچىك ۋە بۇزۇق ئۇنسۇرلارنى قانات ئاستىغا ئېلىش، خىزمەت ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ زەربە بېرىپ، ئۆچ ئېلىش، خىيانەتچىلىك. ئوغرىلىق قىلىش قاتارلىقلارغا دائىر دېلولار تەكشۈرۈلدى، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، 45 نەپەر پارتىيە ئەزاسى بىر تەرەپ قىلىندى، بۇنىڭ 14 نەپىرى پارتىيىدىن چىقىرىلدى، ئۈچ نەپىرى پارتىيە ئىچىدە سىناشقا قالدۇرۇلدى، 15 نەپىرىگە پارتىيە ئىچىدە ئاگاھلاندۇرۇش بېرىلدى، ئالتە نەپىرىنىڭ كاندىدات پارتىيە ئەزالىق سالاھىيىتى ئېلىپ تاشلاندى، يەتتە نەپىرىنىڭ پارتىيە ئىچىدىكى ۋەزىپىسى ئېلىپ تاشلاندى، گوڭشې قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئاساسەن، مەجبۇرىي بۇيرۇقچىلىق، خىيانەتچىلىك، ئوغرىلىق قىلىش، بۇزۇپ - چېچىپ ئىسراپ قىلىش، يالغانچىلىق قىلىش، يوشۇرۇش، بۆلۈشۈۋېلىش، زەربە بېرىپ ئۆچ ئېلىش، تۇرمۇشتا چىرىكلىشىش، ئەخلاقتا بۇزۇلۇش قاتارلىقلارغا دائىر دېلولار تەكشۈرۈلدى. ئەينى چاغدا «سولچىللىق» نىڭ

تەسىرىگە ئۇچراش تۇپەيلىدىن، چەكسىز تۇتقىغا كۆتۈرۈش، خاتالىقنى مۇبالىغىلەشتۈرۈۋېتىش، چارە ئېغىر بولۇپ كېتىش قاتارلىق ھەقىقەت ئەمەلىيەتتىن ئىزدەلمەسلىك ھادىسىلىرى يۈز بەردى. 1961 ـ يىلىلا ناھىيە بويىچە 96 نەپەر پارتىيە ئەزاسىغا چارە كۆرۈلدى، بۇ، ئومۇمىي پارتىيە ئەزالىرىنىڭ 7 .5 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ، بۇنىڭ 23 نەپىرى پارتىيىدىن چىقىرىلدى. 23 نەپىرى پارتىيە ئىچىدە سىناشقا قالدۇرۇلدى، 37 نەپىرىگە پارتىيە ئىچىدە ئاگاھلاندۇرۇش بېرىلدى، 13 نەپىرىنىڭ پارتىيە ئىچىدىكى ۋەزىپىسى ئېلىپ تاشلاندى، بىر مۇنچە يولداشلار رەنجىتىلدى. 1962 ـ يىلى ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى يۇقىرىنىڭ يوليورۇقىنى ئىجرا قىلىپ، ئىلگىرى بىر تەرەپ قىلىنغان دېلولار ۋە تەنقىد قىلىنغان، چارە كۆرۈلگەن پارتىيىلىك كادىرلار ۋە ئاممىغا قارىتا بىرقېتىم ئەستايىدىل، كەسكىن، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدىگەن ھالدا پەرقلەندۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، خاتا چارە كۆرۈلگەن 72 نەپەر پارتىيىلىك كادىرنىڭ نامىنى ۋە ۋەزىپىسىنى ئەسلىگە كەلتۈردى. پارتىيىنىڭ ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشتىن ئىبارەت خىزمەت ئىستىلى ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ، پارتىيە ئەزالىرىغا قارىتىلغان تەربىيە كۈچەيتىلگەنلىكتىن، 1962 ـ يىلدىن كېيىن، پارتىيە ئەزالىرىنىڭ پارتىيە ئىنتىزامىغا خىلاپلىق قىلىشىغا دائىر دېلولار يىلمۇ يىل ئازايدى. 1966 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە بولغان تۆت يىل ئىچىدە، ناھىيە بويىچە بىر تەرەپ قىلىنغان پارتىيە ئەزاسى 128 نەپەرگە يېتىپ، ناھىيە بويىچە ئومۇمىي پارتىيە ئەزالىرىنىڭ 8 .7 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. پارتىيە 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى پارتىيە نىزامنامىسىدىكى بەلگىلىمىگە ئاساسەن، بىر تەرەپتىن، پارتىيە ئەزالىرىغا پارتىيە ئىنتىزامى تەربىيىسى ئېلىپ بېرىشقا ئەھمىيەت بەردى، يەنە بىر تەرەپتىن، ھوقۇقىغا تايىنىپ ئۆز كۆمىچىگە چوغ تارتىش، پارا ئېلىش، كىشىلىك ھوقۇققا دەخلى ـ تەرۇز يەتكۈزۈش قاتارلىقلارغا دائىر دېلولارنى ئەستايىدىل تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلدى. 1984 ـ يىلغىچە ھەر خىل دېلودىن 34ى بىر تەرەپ قىلىندى، 30 نەپەر پارتىيە ئەزاسىغا چارە كۆرۈلدى، بۇنىڭ توققۇز نەپىرى پارتىيىدىن چىقىرىلدى، سەككىز نەپىرى پارتىيە ئىچىدە سىناشقا قالدۇرۇلدى، ئون نەپىرىگە پارتىيە ئىچىدە ئاگاھلاندۇرۇش بېرىلدى، بىر نەپىرىنىڭ پارتىيە ئىچىدىكى ۋەزىپىسى ئېلىپ تاشلاندى، ئىككى نەپىرىگە مەمۇرىي جەھەتتە چارە كۆرۈلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، تارىختىن قېلىپ قالغان دېلودىن 82 سى قوبۇل قىلىنىپ، ئەستايىدىل قايتا تەكشۈرۈلۈش ئارقىلىق، پارتىيىدىن چىقىرىلغان 12 نەپەر پارتىيە ئەزاسىنىڭ پارتىيىۋىلىكى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى، ئىككى نەپىرىگە پارتىيە ئىچىدە كۆرۈلگەن چارە ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى، كۆرۈلگەن چارە بەك ئېغىر بولۇپ كەتكەن يەتتە نەپەر پارتىيە ئەزاسىغا كۆرۈلگەن چارە يېنىكلىتىلدى، ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى ئىنتىزامغا خىلاپ ھالدا خۇسۇسىي ئۆي سالغانلارنىمۇ تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلدى، ئالاقىدار تارماقلار بىلەن بىرلىكتە، 259 نەپەر دۆلەت ئىشچى ـ خىزمەتچىسىنىڭ ئىنتىزامغا خىلاپ ھالدا خۇسۇسىي ئۆي سېلىش مەسىلىسىنى تەكشۈرۈپ چىقتى، بۇنىڭ ئىچىدە پارتىيىلىك كادىر 131 نەپەر، ناھىيە دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىر ئىككى نەپەر، بۆلۈم دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىر 39 نەپەر. سىياسەت، بەلگىلىمىلەر بويىچە، ئۇلار كۆپ ئىگىلىۋالغان 191 مو تېرىلغۇ يەر، كەم تۆلىگەن 78 مىڭ يۈەندىن كۆپرەك پۇل قايتۇرۇۋېلىندى، خاتالىقى ئېغىر بولغان ئىككى نەپەر كادىرغا پارتىيە ئىچىدە چارە كۆرۈلدى. ناھىيىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى ناھىيىلىك پارتكومنىڭ يوليورۇقىغا ئاساسەن، ئىقتىسادىي ساھەدىكى جىنايى ھەرىكەتلەرگە زەربە بېرىش

كۆرىشىگىمۇ قاتناشتى، ناھىيىنىڭ ئىقتىسادىي ساھەدىكى جىنايى ھەرىكەتلەرگە زەربە بېرىش ئىشخانىسى بىلەن ھەمكارلىشىپ، ئىقتىسادىي ساھەدىكى ھەر خىل جىنايى ئىشلار دېلوسىدىن 46 نى پاش قىلدى ۋە تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلدى، جىنايەتكە چېتىلىدىغان 398 مىڭ 164.20 يۈەننى ئېنىقلاپ چىقىپ، 181 مىڭ 528.42 يۈەن ھارام پۇلنى قايتۇرۇۋالدى. بۇ دېلوغا چېتىشلىق پارتىيە ئەزالىرىنى كەسكىن، ئەستايىدىل بىر تەرەپ قىلىپ، يەتتە نەپەر پارتىيە ئەزاسىنى پارتىيىدىن چىقاردى، ئىككى نەپەر پارتىيە ئەزاسىنى پارتىيە ئىچىدە سىناپ كۆرۈشكە قالدۇردى، بەش نەپەر پارتىيە ئەزاسىغا پارتىيە ئىچىدە ئاگاھلاندۇرۇش بەردى.

## § 6. بىرلىكسەپ

پوسكام ناھىيىسىدىكى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى ئىتتىپاقلىشىشقا بولىدىغان بارلىق ۋەتەنپەرۋەر دېموكراتىك زاتلار ۋە يۇقىرى قاتلام دىنىي زاتلار بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ، پارتىيىنىڭ ھەر قايسى دەۋرلەردىكى مەركىزىي ۋەزىپىسىنى تېخىمۇ ياخشى ئورۇنداش ئۈچۈن، بىرلىكسەپ خىزمىتىگە ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىپ كەلدى. دېموكراتىك ھاكىمىيەت قۇرۇلۇش مەزگىلىدە، يېڭى خەلق دېموكراتىك ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، گومىنداڭنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغان ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زات مەمتىمىن ئەيسا قاتارلىق ئۈچ نەپەر دېموكراتىك، يۇقىرى قاتلام دىنىي زات قوبۇل قىلىنىپ، ناھىيىلىك ھەر مىللەت، ھەر ساھە ۋەكىللىرى يىغىنىغا قاتناشتۇرۇلدى. يەر ئىسلاھاتى ھەرىكىتى داۋامىدا، بىر نەپەر دىنىي زات، ئىككى نەپەر ئاڭلىق پومېشچىك ناھىيىلىك يەر ئىسلاھاتى كومىتېتىغا، يەر ئىسلاھاتىغا رەھبەرلىك قىلىدىغان كوللېكتىپ رەھبەرلىككە قاتناشتۇرۇلدى ھەمدە ئون نەپەر ئاڭلىق پومېشچىك ۋە 20 نەپەر باي دېھقاننى يەر ئىسلاھاتى ھەرىكىتى داۋامىدا قوغداش ئوبيېكتى قىلىش، سىياسىي جەھەتتە كۆرەش، تەنقىد قىلماسلىق، ئۆتكەلدىن قوغداپ ئۆتكۈزۈش، ئىقتىسادىي جەھەتتە مال مۈلكىنى ئالدى بىلەن قالدۇرۇپ قويۇپ كېيىن تەقسىم قىلىش، ئۇلارغا ئېتىبار بېرىش بەلگىلەندى؛ 11 نەپەر يۇقىرى قاتلام مىللىي - دىنىي زات ۋىلايەت بويىچە ئېچىلىدىغان يەر ئىسلاھاتى خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىغا قاتنىشىشقا، ئىككى نەپەر دىنىي زات ۋىلايەتلىك يەر ئىسلاھاتى كومىتېتىغا قاتنىشىشقا كۆرسىتىلدى. سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب باسقۇچىغا كىرگەندىن كېيىن، جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى پوسكام ناھىيىلىك كومىتېتى قۇرۇلۇپ، ناھىيە بويىچە تەسىرى بار ۋەتەنپەرۋەر دېموكراتىك دىنىي زاتلار سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزالىقىغا، ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا قاتنىشىشقا، ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى مۇھاكىمە قىلىشقا كۆرسىتىلدى. ناھىيىلىك پارتكوم، سىياسىي كېڭەش قەرەللىك ھالدا يىغىن چاقىرىپ ھەر مىللەت، ھەر ساھەدىكى زاتلارنىڭ ناھىيىنىڭ تۈرلۈك قۇرۇلۇش ئىشلىرىنى ياخشى ئېلىپ بېرىشقا قارىتا پىكرىنى ئالغاندىن، سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزالىرىنى تەشكىللەپ ئىلگىرىكى يىللاردىكى خەلق قۇرۇلتايلىرىغا سىرتتىن قاتناشتۇرۇلغاندىن باشقا، يەنە ھەر ساھەدىكى دىنىي زاتلارنى تەشكىللەپ، ناھىيىلىك پارتكوم ھەر يىلى ئېلىپ بارىدىغان مىللەتلەر سىياسىتىنىڭ ئىجراسىنى كەڭ كۆلەمدە تەكشۈرۈشكە قاتناشتۇردى، سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزالىرى سۆھبەت يىغىنى چاقىرىپ، ناھىيىنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا پارتىيىنىڭ مىللەتلەر، دىن سىياسىتىنىڭ

ئىزچىللاشتۇرۇلۇش ۋە ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالىنى قەرەللىك ھالدا مۇزاكىرە قىلىپ، تەكشۈرۈپ، يەكۈنلەپ تۇردى، پارتىيىنىڭ سىياسىتىگە خىلاپ كېلىدىغان ئەھۋاللار، مەسىلەن، دىنىي مەكتەپ ئېچىش، ئاممىنى ئۆشرە - زاكات، ئالۋان - ياساق تاپشۇرۇشقا مەجبۇرلاش، نورمال بولمىغان خۇراپىي ھەرىكەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىش ئەھۋاللىرى كۆرۈلسە ۋاقتىدا تۈزەتتى ھەمدە سىياسىي كېڭەش ئەزالىرى ئارىسىدىكى دىنىي زاتلار ئارقىلىق جايلاردىكى دىنىي زاتلارنى تەشكىللەپ سىياسەت ئۆگىنىش گۇرۇپپىلىرى ۋە مەسچىت باشقۇرۇش گۇرۇپپىلىرىنى قۇرۇپ، پارتىيىنىڭ دىن سىياسىتىگە دائىر تەشۋىقاتىنى كۈچەيتتى. سىياسىي كېڭەش ئەزالىرى ۋە ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلارمۇ ئومۇمەن، ئاڭلىق ھالدا، ئاممىغا پارتىيىنىڭ تۈرلۈك سىياسەتلىرىنى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىشنىڭ مۇھىملىقىنى تەشۋىق قىلىپ، ئۆزىنىڭ ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنىڭ باشلامچىلىرىدىن بولدى. پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، بىرلىكسەپ تارماقلىرى خاتالىق بولسا تۈزىتىش پرىنسىپىغا ئاساسەن، تارىختىكى سىياسىي ھەرىكەتلەر داۋامىدا خاتا چارە كۆرۈلگەن يۇقىرى قاتلام مىللىي، دىنىي زاتلار، ئوڭچىلار، يەرلىك مىللەتچىلەر، گومىنداڭنىڭ ھەقىقەتكە قايتقان خادىملىرى، تەيۋەنگە كەتكەن خادىملارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنىڭ سىياسىتىنى پائال ئەمەلىيلەشتۈردى. ئومۇمىيۈزلۈك قايتا تەكشۈرۈش ئارقىلىق، 116 كىشىنىڭ مەسىلىسىنى ئادىللىق بىلەن ھەل قىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە 97 كىشىنىڭ سىياسىي جەھەتتىكى نامى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى، 18 كىشىنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتە تارتقان زىيىنى تۆلەپ بېرىلدى. بۇ كىشىلەرنىڭ بەزىلىرىنىڭ خىزمىتى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى، بەزىلىرىگە خىزمەتتىن ئايرىلىپ دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىقىش، خىزمەتتىن چېكىنىش رەسمىيىتى بېجىرىپ بېرىلدى ياكى تۇرمۇش پۇلى تارقىتىپ بېرىلدى، بۇ ئارقىلىق، ۋەتەنپەرۋەرلىك بىرلىكسەپ قوشۇنى يەنىمۇ زورايدى ۋە مۇستەھكەملەندى.

# II باب

# جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىنكى چوڭ - چوڭ ۋەقەلەردىن قىسقىچە خاتىرە

## § 1. خەلق ھاكىمىيىتىنىڭ قۇرۇلۇشى

1949 - يىل 9 - ئاينىڭ 25 -، 26 - كۈنلىرى تاۋسىيۇ، بۇرھان شەھىدى تېلېگرامما يوللاپ ھەقىقەتكە قايتتى، شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولدى، گومىنداڭ دەۋرىدىكى ھاكىم، ئىشپىيون ئابدۇراخمان جىنايىتىدىن قورقۇپ قاچتى، مۇئاۋىن ھاكىم سۇي دىڭكۈن ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئىشلىرىنى ۋەكالىتەن باشقۇردى.

1950 - يىل 3 - ئايدا شۆيىفېڭ، سوپى سەلەي، ۋۇشىڭمىن، جاۋ يۈڭجياڭ، لى سەنجى، گاۋخۇيمىڭ قاتارلىقلار يەكەن رايونلۇق ھەربىي ئىدارە قىلىش كومىتېتىنىڭ بەلگىلىشى بىلەن پوسكامغا كېلىپ، كونا ھاكىمىيەتنى ئۆتكۈزۈۋېلىپ، يېڭى ھاكىمىيەتنى قۇردى. كەڭ خەلق ئاممىسىنى پارتىيىنىڭ سىياسەتلىرىنى چۈشىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش ئۈچۈن، ھاكىمىيەت قۇرغۇچى خادىملار يېزىلارغا بېرىپ، بىر تەرەپتىن، ئاممىنى ئۆز ئارا ھەمكارلىشىپ، بىر - بىرىگە نەرسە - كېرەك ئارىيەت بېرىشكە تەشكىللەپ، نامرات دېھقانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇشىغا ياردەم بەردى؛ يەنە بىر تەرەپتىن، كەمبەغەللەردىن ھال - ئەھۋال سوراپ، ھەر قايسى تەبىقىدىكىلەرنىڭ ئىدىيىۋى ھالىتىنى كەڭ تۈردە ئىگىلەپ، سىنىپىي قوشۇن تەشكىللىدى

ئىجتىمائىي تەكشۈرۈش ئارقىلىق، ناھىيىلىك پارتكوم 1 - قېتىملىق يىغىن چاقىرىپ، پوسكام ناھىيىسىنىڭ ئىجتىمائىي ئەھۋالىنى تەھلىل قىلىپ، ئاممىنى داۋاملىق قوزغاپ، ئەكسىلئىنقىلابچى ئۇنسۇرلارنىڭ جىنايەتلىرىنى پاش قىلىش، ئاممىنى تەشكىللەپ، ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيەتنىڭ خىزمەتچى خادىملىرى ۋە خەلق ۋەكىللىرىنى غولغۇلا ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈشنى قارار قىلدى. بىر ئايدىن كۆپرەك ۋاقىت تىرىشچانلىق كۆرسىتىش ئارقىلىق، 1950-يىل 4-ئايدا پوسكام ناھىيىلىك 1 - نۆۋەتلىك ھەر مىللەت، ھەر ساھە خەلق ۋەكىللىرى يىغىنى چاقىرىلىپ، پوسكام تارىخىدا خەلق خوجايىن بولغان تۇنجى دېموكراتىك ھاكىمىيەت - پوسكام ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى سايلام ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈلدى، سوپى سەلەي ھاكىملىقنى، جىن شاڭجيې مۇئاۋىن ھاكىملىقنى ئۈستىگە ئالدى. ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن باۋ - جيا تۈزۈمىنىڭ بىكار قىلىنغانلىقى، شاڭيو، بەگ، مىڭ بېشى (باۋجاڭ)، يۈز بېشى (جيا جاڭ) نىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلغانلىقى ئېلان قىلىندى، مەمۇرىي رايونلار قايتىدىن ئايرىلىپ، پۈتۈن ناھىيە تۆت رايون، 23 يېزا، 56 مەمۇرىي كەنتكە ئايرىلدى. خەلق سايلىمى ئارقىلىق مەمۇرىي كەنتنىڭ باشلىقلىرى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈلدى؛ يېزىلىق خەلق ۋەكىللىرى يىغىنى چاقىرىلىپ، يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئەزالىرى ۋە يېزا باشلىقى سايلاپ چىقىلدى.

خەلق ھاكىمىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئەكسىيەتچى پارتىيە، ئۆمەككە قاتناشقان ئۇنسۇرلار تىزىملاندى. تەشۋىق قىلىش، سەپەرۋەر قىلىش، سىياسەتنى تاپشۇرۇش، دۈشمەن قورچاق ئارخىپىنى تەكشۈرۈش ئارقىلىق، ئۇلار مەسىلىسىنى ئىقرار قىلىپ تاپشۇرۇشقا ۋە ئۆزىنى تىزىملىتىشقا بۇيرۇلدى، تىزىملاش ئوبيېكتلىرى ئۆزىنىڭ مەسىلىلىرىنى ئارقا - ئارقىدىن تاپشۇردى. ناھىيە بويىچە تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغان گومىنداڭ ئەزاسى 700 نەپەردىن ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە شۆبە رايونلۇق پىرقىدىن يۇقىرى تايانچ ئۇنسۇر 61 نەپەر.

## § 2 . ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ، چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش

1950 - يىل 6 - ئاينىڭ 25 - كۈنى ئامېرىكا جاھانگىرلىكى چاۋشيەن دېموكراتىك جۇمھۇرىيىتىگە تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشى قوزغىدى ھەمدە دېڭىز ئارمىيىسىنى تەيۋەن بوغۇزىغا

كىرگۈزدى، ئۇ، چاۋشيەننى كۆۋرۈك قىلىپ، مەملىكىتىمىزگە تاجاۋۇز قىلىشقا ئۇرۇندى. پوسكام ناھىيىسىدىكى ھەر مىللەت خەلقى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ، چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش، يۇرت ۋە ۋەتەننى قوغداش چاقىرىقىغا قىزغىن ئاۋاز قوشۇپ، ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇش، چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش بويىچە پوسكام ناھىيىلىك شۆبە ئۇيۇشما قۇرۇپ، ئارقا ـ ئارقىدىن يىغىلىش ئۆتكۈزۈپ، ئامېرىكا جاھانگىرلىكىنىڭ تاجاۋۇزچىلىق جىنايەتلىرىنى ئەيىبلىدى، ئىقتىساد قىلىشنى يولغا قويۇپ، ئىشلەپچىقىرىشنى ئاشۇرۇشتەك ئەمەلىي ھەرىكىتى بىلەن ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ، چاۋشيەنگە ياردەم بېرىپ، يۇرت ۋە ۋەتەننى قوغدايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى ھەمدە ئاكتىپلىق بىلەن ماددىي ئەشيا ئىئانە قىلدى، قىزغىنلىق بىلەن ھەربىي سەپكە قاتناشتى. 1951-يىل 6 ـ ئايدىن 9 ـ ئاينىڭ ئاخىرىغىچە ئېلىنغان مەلۇماتقا قارىغاندا، ناھىيە بويىچە 144 نەپەر ياش ھەربىي سەپكە قاتنىشىشنى تەلەپ قىلغان، 16 مىڭ 494 نەپەر ئامما 32 مىليون 386 مىڭ يۈەن (كونا پۇل ھېسابىدا) پۇل، 16 سەر تۆت مىسقال ئالتۇن، 39 تال قاشتېشى مارجان، 401 سەر يەتتە مىسقال كۈمۈش (تەڭگە)، 39 دانە ئالتۇن ھالقا، 116 سەر يەتتە مىسقال تەڭگە، 2.5 مىسقال مەرۋايىت، ئۈچ دانە كۈمۈش ئۈزۈك، ئىككى دانە تىللا ئىئانە قىلغان.

1952 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى چاۋشيەن خەلق ئارمىيىسىنىڭ جۇڭگونى زىيارەت قىلىش ئۆمىكى ۋە جۇڭگو خەلق پىدائىي قىسىملىرىنىڭ ۋەتەنگە قايتقان ۋەكىللەر ئۆمىكى ناھىيىگە كېلىپ دوكلات بەردى، دوكلات يىغىنىدىن كېيىن، ناھىيە خەلقى ئىئانە قىلىش دولقۇنىنى يەنە بىر قېتىم قوزغاپ، نەق پۇل ھېسابىدا جەمئىي 300 مىليون 368 مىڭ 200 يۈەن (كونا پۇل ھېسابىدا) قىممەتتىكى ھەر خىل ماددىي ئەشيانى ئىئانە قىلدى، بۇنى 1 ـ قېتىمدىكىسى بىلەن قوشقاندا، پۈتۈن ناھىيە خەلقى ئىئانە قىلغان نەق پۇل جەمئىي 332 مىليون 754 مىڭ 200 يۈەن (كونا پۇل ھېسابىدا) بولۇپ، كىشى بېشىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 8116.2 يۈەن (كونا پۇل ھېسابىدا) دىن توغرا كەلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، دۇنيا تىنچلىقىنى قوغداش بويىچە ئىمزا قويۇش ھەرىكىتى قوزغالدى، ناھىيە بويىچە 20 مىڭدىن ئارتۇق ئامما ئىمزا قويۇپ، جاھانگىرلارنىڭ تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشى قوزغىشىغا قارشى تۇردى.

كەڭ دېھقانلار ئاممىسى ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ، چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش ئىشىغا يار ـ يۆلەك بولۇش ئۈچۈن، مەھسۇلاتنى ئاشۇرۇپ ئىقتىساد قىلىش بويىچە ۋەتەنپەرۋەرلىك ئەھدىنامىسىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تۈزىتىپ چىقتى، لاپقۇتلىشىش، ھەمكارلىشىش شەكلىدىكى ئىشلەپچىقىرىش پائالىيىتىگە ئاكتىپ قاتناشتى، ھەمكارلىق گۇرۇپپىسىدىن 1235 نى قۇردى. يېرىم ئاي ۋاقىت ئىچىدە 5800 مودىن كۆپرەك بەرنى ھەيدەپ، 23 مىڭ تاغاردىن ئارتۇق ئوغۇتنى ئېتىز بېشىغا توشۇپ، ئەتىيازلىق ئىشلەپچىقىرىش دولقۇنىنى تېزدىن قوزغىۋەتتى.

## §3. «ئۈچكە قارشى تۇرۇش» ھەرىكىتى

1951 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا ناھىيە بويىچە «خىيانەتچىلىككە، ئىسراپچىلىققا، بيۇروكراتلىققا

قارشى تۇرۇش» تىن ئىبارەت «ئۈچكە قارشى تۇرۇش» ھەرىكىتى قانات يايدۇرۇلدى. يۇقىرىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن، ناھىيىلىك پارتكوم مەھسۇلاتنى ئاشۇرۇپ ئىقتىساد قىلىشنى تەكشۈرۈش كومىتېتى قۇرۇپ ھەرىكەتكە رەھبەرلىك قىلدى. بۇ ھەرىكەت يېرىم يىل داۋام قىلىپ، 8 - ئاينىڭ 16 - كۈنى ئاياغلاشتى. ھەرىكەتكە 250 نەپەر ھەر خىل خادىم قاتناشتى، بۇنىڭ ئىچىدە بۆلۈم دەرىجىلىك كادىر ئون نەپەر، ئادەتتىكى كادىر 15 نەپەر، قارا خىزمەتچى 76 نەپەر، باشقا خادىم 59 نەپەر، ئۆگىنىش. سەپەرۋەر قىلىش، ئىقرار قىلىپ تاپشۇرۇش، پاش قىلىش، قايتا تەكشۈرۈپ ئېنىقلاش، دېلو تۇرغۇزۇپ بىر تەرەپ قىلىشتىن ئىبارەت بىر قانچە باسقۇچ ئارقىلىق، خىيانەتچىلىك مەسىلىسى بار 244 كىشى پاش قىلىندى، بۇ، ئۆگىنىشكە قاتناشقانلارنىڭ 97.6 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە قالدۇرۇپ ئىشلىتىلگەن ۋە ھەقىقەتكە قايتقان خادىم 181 نەپەر، بۇ، مەسىلىسى بارلارنىڭ 72.4 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. خىيانەت قىلىنغان 9 مىليون 222 مىڭ 700 يۈەن هارام پۇل (كونا پۇل بويىچە ھېسابلاندى، تۆۋەندىمۇ شۇنداق) ئېنىقلاندى، 5 مىليون 552 مىڭ 700 يۈەن هارام پۇل قايتۇرۇۋېلىندى، بۇ، خىيانەت قىلىنغان ئومۇمىي سوممىنىڭ 60.31 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. ھەرىكەتنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ خىيانەتچىلەرنى جازالاش نىزامى بويىچە، 62 نەپەر خىيانەتچى ئۇنسۇر بىر تەرەپ قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە سەككىز كىشىگە جىنايى ئىشلار جازاسى، 54 كىشىگە مەمۇرىي جازا بېرىلدى (18 كىشى خىزمەتتىن چىقىرىۋېتىلدى، 17 كىشىنىڭ ۋەزىپىسى ئېلىپ تاشلاندى، ئىككى كىشىنىڭ ۋەزىپىسى تۆۋەنلىتىلدى، 12 كىشىگە گۇناھ يېزىلدى، بەش كىشىگە ئاگاھلاندۇرۇش بېرىلدى). ھەرىكەت داۋامىدا كادىرلار بۇرژۇئازىيە ئىدىيىسىنى تەنقىد قىلىشقا تەشكىللىنىپ، كادىرلار ۋە ئامما بىر قېتىم چوڭقۇر تەربىيىگە ئىگە قىلىندى.

## § 4. يېزىلاردىكى سوتسىيالىستىك تەربىيە ھەرىكىتى

1957 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا يۇقىرىنىڭ يوليورۇقىنىڭ روھىغا ئاساسەن، ناھىيە بويىچە سوتسىيالىستىك تەربىيە ھەرىكىتى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇلدى.

يېزا ئىگىلىكىنى كوپىراتسىيىلەشتۈرۈشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش جەريانىدا، قەدەم زىيادە تېز بولۇپ كېتىپ، ئاممىنىڭ ئاڭ سەۋىيىسىدىن ھالقىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، بىر مۇنچە دېھقانلار ئىدىيە جەھەتتە بۇنداق ئۆزگىرىشكە ئۇيغۇنلىشالمىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە، يېزا ئىگىلىك كوپىراتىپلىرى دەسلەپتە بەرپا قىلىنغان مەزگىلدە، ئۇلارنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش تەجرىبىلىرى كەمچىل بولغانلىقى، خىزمەت داۋامىدا رەھبەرلىك قىلىشتا دېموكراتىك بولماسلىق، مالىيە ئىشلىرى ئاشكارا بولماسلىق، تەقسىمات مۇۋاپىق بولماسلىق، بەزى رايونلاردا ئوتتۇرا دېھقانلارنىڭ مەنپەئەتىگە زىيان يەتكۈزۈشتەك بەزى كەمچىلىكلەر ساقلانغانلىقى تۈپەيلىدىن، بەزى دېھقانلار يېزا ئىگىلىك كوپىراتىپىغا قارىتا قارشىلىشىش كەيپىياتىدا بولدى، ئاشلىقنى بىر تۇتاش سېتىۋېلىش، بىر تۇتاش سېتىش سىياسىتىگە قارشى چىقتى، ئاغدۇرۇلغان پومېشچىك، باي دېھقان، ئەكسىلئىنقىلابچى، بۇزۇق ئۇنسۇرلارمۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ھەرىكەتلىنىپ، پىتنە-ئىغۋا پەيدا قىلىپ، دېھقانلارنى ماجرا تۇغدۇرۇشقا ئاشكارا قۇتراتتى. بۇ تەتۈر ئېقىمنىڭ

زەربىسىدە، بەزى يېزا ئىگىلىك كوپىراتىپلىرىدا يەرلەرنى تارتىۋېلىپ تېرىپ، بۇغدايىنى ئۆزى يىغىۋالىدىغان ھادىسىلەر يۈز بەردى، ئايرىم رايونلاردا كوپىراتىپتىن چىقىپ كېتىش دەۋاسى قىلىش ۋەقەلىرى يۈز بەردى، بەزى ئامما يامان ئادەملەرنىڭ قۇترىتىشى بىلەن كوپىراتىپنىڭ ئاشلىقىنى بۇلاپ، تېرىلغۇ ئۇلاغلىرىنى ئېلىپ كېتىپ، يېزا ئىگىلىك كوپىراتىپلىرىنىڭ مۇستەھكەملىنىشىگە ئېغىر تەسىر يەتكۈزدى.

ناھىيىدىكى ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەر يېزا ئىگىلىكىنى كوپىراتسىيىلەشتۈرۈش ھەرىكىتىنىڭ مېۋىسىنى مۇستەھكەملەپ، دېھقانلارنىڭ سوتسىيالىزم يولىغا مېڭىش ئېتىقادىنى چىڭىتىش ئۈچۈن، يېزىلارغا، كوپىراتىپلارغا چۈشۈپ، بۆلەكلەر بويىچە ھۆددە ئېلىپ، پاكىت قويۇش، داۋلى سۆزلەش، ئىنچىكە ھېسابلاش، يېڭى جەمئىيەت بىلەن كونا جەمئىيەتنى سېلىشتۇرۇش قاتارلىق ئۇسۇللار ئارقىلىق، ئاممىنى چوڭقۇر ھەرىكەتلەندۈرۈپ، ئۆز - ئۆزىنى تەربىيىلەش ھەرىكىتى ئېلىپ باردى. ھەرىكەت داۋامىدا، ئىش ئۇسلۇبىنى رەتكە سېلىش ۋە ياخشىلاش بىلەن ئىستىل تۈزىتىشنى بىرلەشتۈرۈش، ئىستىل تۈزىتىش بىلەن ئىشلەپچىقىرىشنى بىر - بىرىگە تۈرتكە قىلىش پرىنسىپى ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، دېھقانلارنىڭ سوتسىيالىستىك ئېڭى ۋە ئىشلەپچىقىرىش ئاكتىپچانلىقى كۆرۈنەرلىك يۇقىرى كۆتۈرۈلدى، بۇنىڭ بىلەن يېزا ئاساسىي قاتلام كادىرلىرى ئىدىيە، ئىستىلدا ناھايىتى زور بۇرۇلۇش ياسىدى، ئۇلار كوللېكتىپ ئەمگەكلەرگە ئاكتىپ قاتنىشىپ، جاپادىمۇ، ھالاۋەتتىمۇ ئامما بىلەن بىللە بولۇپ، ئامما بىلەن بامەسلىھەت ئىش قىلىپ، دېھقانلارنىڭ كادىرلارغا بولغان كۆز قارىشىنى ئۆزگەرتتى. 1958 - يىل 5 - ئايدىكى مەلۇماتقا قارىغاندا، ناھىيە بويىچە يېزا خىزمىتىگە قاتناشقان 169 نەپەر يېزا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كادىرنىڭ 157 نەپىرى جىسمانىي ئەمگەككە قاتناشقان، ئۇلار ھەر خىل ئەمگەك قورال - سايمانلىرىدىن 151 نى سېتىۋالغان، بۇنىڭ ئىچىدە كەتمەن 93، ئورغاق 32، ئوتىغۇچ 11، ئوغۇت سېۋىتى 11، باشقا قورال - سايمان تۆت. ئۇلار جەمئىي 5343 نومۇر ئالغان، ئەڭ كۆپى 161 نومۇر، ئەڭ ئازلىرى 17 نومۇر ئالغان، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر بىر كىشى 46 دىن نومۇر ئالغان، بەزى كادىرلار ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكى داۋامىدا ئۆز ھاياتىدىن كېچىپ باشقىلارنى قۇتۇلدۇرۇپ، ئاممىنىڭ مەنپەئىتىنى قوغداپ، ئاممىنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى. 1 - رايون 2 - يېزا پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى توختى يۈسۈپ ئامما بىلەن بىرلىكتە ئەمگەك قىلىۋاتقاندا، ئۆستەڭنىڭ يار ئېلىپ كېتىۋاتقانلىقىنى سېزىپ قېلىپ، ھەممىنىڭ ئالدىدا ئۆستەڭگە چۈشۈپ يارنى ئېتىدى، ئۇ، پۈتۈن ئەزايى چىلىق - چىلىق ھۆل بولۇپ، توڭلاپ، تىترەپ كەتكەن بولسىمۇ، قەتئىي بەرداشلىق بېرىپ، ئامما بىلەن بىرلىكتە سۇنى باغلىۋالدى. بەزى كادىرلار ئامما ئالدىرىغاندا ئالدىراپ، ئامما ئويلىغاننى ئويلاپ، ئاممىنىڭ سىرداشى بولدى. ناھىيىلىك پارتكوم يېزا خىزمىتى بۆلۈمىنىڭ باشلىقى سۇشېن يېزىلارغا خىزمەتكە بارغاندا، گۇڭشې ئەزالىرىغا شال كۆچۈرۈشنى ئۆز قولى بىلەن ئۆگەتتى، تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى جاڭ پېيرۇڭ گۇڭشې ئەزالىرىغا يېڭى دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى ئىشلىتىشنى ئۆگەتتى. گۇڭشې ئەزالىرى كادىرلارنى ئېغىزدىن چۈشۈرمەي ماختاشتى، كادىرلار بىلەن ئاممىنىڭ مۇناسىۋىتى قويۇقلاشتى، گۇڭشې ئەزالىرى رەھبەرلىككە بويسۇنىدىغان، ئەمگەك ئىنتىزامىغا رىئايە قىلىدىغان بولدى، ئىشقا چىقىش نىسبىتى زور دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. 1 - رايون 10 - يېزىدا ئىلگىرى ئىشقا چىقىش نىسبىتى %30 ئىدى، تەربىيە ھەرىكىتى ئارقىلىق، ئىشقا چىقىش نىسبىتى %80 كە يەتتى.

سوتسىيالىستىك تەربىيە ھەرىكىتى كۆڭۈلدىكى ئەزالىرىنىڭ ئىدىيىۋى ئېڭىنى ئۆستۈردى، كادىرلارنىڭ خىزمەت ئىستىلىنى ياخشىلىدى، لېكىن ئىدىيە جەھەتتىكى «سولچىللىق» نىڭ تەسىرى تۈپەيلىدىن، بەزى ئادەتتىكى مەسىلىلەر سىنىپىي كۆرەش ياكى سىنىپىي كۆرەشنىڭ پارتىيە ئىچىدىكى ئىنكاسى دەپ قارىلىپ، بەزى ئاساسىي قاتلام كادىرلىرى ۋە كۆڭۈلدىكى ئەزالىرى خاتا ھالدا تەنقىد قىلىندى.

## § 5. پارتىيە ئىچىدىكى ئىستىل تۈزىتىش ھەرىكىتى ۋە ئوڭچىلارغا قارشى تۇرۇش كۈرىشى

1957 - يىل 6 - ئايدا مەركىزىي كومىتېتنىڭ پۈتۈن پارتىيىدە بىر قېتىم ئومۇميۈزلۈك، چوڭقۇر ھالدا بيۇروكراتلىققا، مەزھەبچىلىككە، سۇبيېكتىپچىللىققا قارشى تۇرۇش بويىچە ئىستىل تۈزىتىش ھەرىكىتىنى يېڭىباشتىن ئېلىپ بېرىش توغرىسىدىكى ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن، ناھىيە بويىچە ھەر قايسى ئورگان، كارخانا، زاۋۇت، مەكتەپلەردە ئىستىل تۈزىتىش ئۆگىنىشى قانات يايدۇرۇلدى. ناھىيىلىك پارتكومدا ئىستىل تۈزىتىشكە رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى، ساڭ باۋخې گۇرۇپپا باشلىقلىقىغا، سەمەت ئىبراھىم مۇئاۋىن گۇرۇپپا باشلىقلىقىغا، لى جىڭتۇڭ، ئابدۇرېھىم قۇدرەت، قاسىم غازىلار رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزالىقىغا تەيىنلەندى. رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ناھىيە بويىچە ئىستىل تۈزىتىش ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرۇش پىلانىنى تۈزۈپ چىقىپ، ئىستىل تۈزىتىش بىلەن ئىشلەپچىقىرىشنى ئاقىلانە ۋە بىماسلىق پرىنسىپى بويىچە «ئىتتىپاقلىق ئارزۇسىنى چىقىش قىلىپ، تەنقىد ۋە ئۆز - ئۆزىنى تەنقىد قىلىش ئارقىلىق، يېڭى ئاساستا يېڭى ئىتتىپاقلىققا يېتىش» فاڭجېنىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، خەلق ئىچىدىكى زىددىيەتنى توغرا ھەل قىلىش مەسىلىسىنى ئىستىل تۈزىتىشنىڭ مەركىزىي مەزمۇنى قىلىپ، ئۆز رايونى، ئۆز ئورنىنىڭ خىزمەتلىرىنى تەكشۈرۈش، خۇلاسىلەشتىن قول سېلىپ، خەلق ئىچىدە ساقلانغان زىددىيەتلەرنى كونكرېت تەھلىل قىلىپ، تەنقىد ۋە ئۆز ئۆزىنى تەنقىد قىلىشتىن ئىبارەت بۇ قورالدىن پايدىلىنىپ، بيۇروكراتلىق، مەزھەبچىلىك، سۇبيېكتىپچىللىقنى چوڭقۇر تەكشۈرۈش، پاش قىلىش ۋە تەنقىد قىلىشنى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، چوڭ خەنزۇچىلىق ۋە يەرلىك مىللەتچىلىكنى تەكشۈرۈپ، تەنقىد قىلىپ. پۈتۈن پارتىيىنىڭ ماركسىزملىق سەۋىيىسىنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈشنى، پارتىيىۋىلىكنى كۈچەيتىشنى، خىزمەتنى ياخشىلاش، پارتىيە بىلەن ئاممىنىڭ مۇناسىۋىتىنى قويۇقلاشتۇرۇش. سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈشنى تەلەپ قىلدى، ھەرىكەت باشلىنىش بىلەنلا. ناھىيىلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى ساڭ باۋخې ئۆگىنىشكە سەپەرۋەر قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا. ناھىيىلىك پارتكوم نامىدىن ناھىيىلىك پارتكومنىڭ خىزمەتلىرىنى تەكشۈرۈپ ئۆتتى، پارتىيە ئەزالىرى ۋە ھەر دەرىجىلىك كادىرلارنىڭ پىكىر بېرىشىنى قارشى ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ھەر دەرىجىلىك كادىرلار ۋە پارتىيە ئەزالىرى ھۆججەت ئۆگىنىش ۋە ئۇنىڭ روھىي ماھىيىتىنى ئۆزلەشتۈرۈش، تونۇشنى ئۆستۈرۈش، غەم - ئەندىشىلەرنى تۈگىتىش ئاساسىدا، پارتىيە ئالدىدا جاۋابكار بولۇش روھى بويىچە، ئېچىلىش - سايراش شەكلىدىن پايدىلىنىپ، ئوخشاش بولمىغان پىكىرلەرنى دادىل ئوتتۇرىغا قويدى. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى

«بىر تەرەپتىن ئىستىل تۈزىتىش، بىر تەرەپتىن ئۆزگەرتىش، بىر تەرەپتىن قۇرۇش» دېگەن روھ بويىچە بىر تەرەپتىن، داۋاملىق، چوڭقۇر، كەڭ كۆلەملىك كادىرلار سۆھبەت يىغىنى، دىنىي دېموكراتىك زاتلار سۆھبەت يىغىنى ئېچىشتەك ھەر خىل شەكىللەر ئارقىلىق، ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ پىكرىنى ئالدى، يەنە بىر تەرەپتىن، ئامما ئوتتۇرىغا قويغان پىكىرلەرنى ئەستايىدىل تەھلىل قىلىپ، تۈرلەرگە ئايرىپ، ۋاقتىدا تەرتىپكە سالدى ۋە تۈزەتتى. مەلۇماتقا قارىغاندا، ئىستىل تۈزىتىش ھەرىكىتى داۋامىدا، ناھىيە دەرىجىلىك ئورگانلار ئوتتۇرىغا قويغان ھەر خىل پىكىر 800 تۈرلۈكتىن ئاشقان، شۇ چاغدا تۈزىتىلگىنى 650 كە يەتكەن، كېيىن ھەل قىلىشقا قالدۇرۇلغىنى 100 دىن ئاشقان. پۈتۈن مەملىكەت خەلقى زور كۆلەملىك ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش دولقۇنىنى قوزغاشقا شارائىت يارىتىۋاتقان پەيتتە، بۇرژۇئا ئوڭچىلىرى ئىستىل تۈزىتىشتىن پايدىلىنىپ پارتىيىگە ھۇجۇم قوزغىدى. يۇقىرىنىڭ يوليورۇقىغا ئاساسەن، كادىرلار ۋە پارتىيە ئەزالىرى ئوڭچىلارغا قارشى تۇرۇش كۈرىشىگە دائىر ھۆججەت، ماقالىلەرنى ئۆگىنىشكە. ئوڭچىلارنىڭ سەپسەتىلىرىگە رەددىيە بېرىشكە تەشكىللەنگەندىن باشقا يەنە، ئامما ئۆز ئورنىدىكى ئاتالمىش ئوڭچىلىققا دائىر سۆز - ھەرىكەتلەرنى پاش قىلىشقا سەپەرۋەر قىلىندى. ئوڭچىلارغا قارشى تۇرۇش كۈرىشى بەك كېڭەيتىۋېتىلگەنلىكتىن، ناھىيە بويىچە خەنزۇ كادىرلار ئىچىدىن تۆت ئادەم «ئوڭچى ئۇنسۇر» قىلىپ ئايرىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە بىر نەپىرى ئەمگەك بىلەن تەربىيىلىنىشكە ئەۋەتىلدى، ئۈچ نەپىرى خىزمەتتىن چىقىرىلىپ، مائاشى بىر دەرىجە چۈشۈرۈلۈپ، سىناپ كۆرۈشكە قالدۇرۇلدى. 7 - ئايدا يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشى باشلاندى، بۇ كۈرەش ئىككى ئاي داۋاملاشتى؛ ئاز سانلىق مىللەتتىن بولغان كادىرلار ۋە ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئىچىدىكى 18 ئادەم «يەرلىك مىللەتچى ئۇنسۇر»، 28 ئادەم «بۇزۇق ئۇنسۇر» قىلىپ ئايرىلدى. ئۇلارغا ۋەزىپىسىنى، مائاشىنى چۈشۈرۈش، خىزمەتتىن چىقىرىپ، قالدۇرۇپ ئىشلىتىش چارىسى كۆرۈلدى، دىنىي ساھادىكىلەردىن ئۈچ ئادەم «يەرلىك مىللەتچى ئۇنسۇر» قىلىپ ئايرىلدى. «ئوڭچىلارغا قارشى تۇرۇش» كۈرىشى كېڭەيتىۋېتىلگەچكە، پارتىيىنى، سوتسىيالىزمنى سۆيىدىغان بەزى زىيالىيلارغا خاتا ھالدا ئازار بېرىلدى.

## § 6. ئاپپاراتلارنى ئىخچاملاپ، كادىرلارنى تۆۋەنگە چۈشۈرۈش

بيۇروكراتلىقنى تۈگىتىپ، ئىستىل تۈزىتىشنىڭ مېۋىلىرىنى مۇستەھكەملەپ، پارتىيىنىڭ ئاساسىي قاتلامنىڭ خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، 1958 - يىل 6-ئايدا، ناھىيە دەرىجىلىك ئورگانلاردا ئاپپارات ئىخچاملىنىپ، كادىرلار تۆۋەنگە چۈشۈرۈلدى. ئىشلەپچىقىرىشقا، خىزمەتكە پايدىلىق بولۇش پرىنسىپى بويىچە، خىزمەت خاراكتېرى يېقىن كېلىدىغان، كەسپى تەكرار بولۇپ قالغان ئاپپاراتتىن بىرى قىسقارتىلدى ۋە بىرلەشتۈرۈۋېتىلدى، 39 نەپەر كادىرنىڭ شتاتى قىسقارتىلىپ، يېزىغا قايتۇرۇلۇپ ئىشلەپچىقىرىشقا قاتنىشىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى. 1959 - يىل 4 - ئايدا يەنە بىر قېتىم 14 ئاپپارات قىسقارتىلىپ ۋە بىرلەشتۈرۈلۈپ، 68 شتات قىسقارتىلىپ، ئاساسىي قاتلام ئورۇنلىرى تولۇقلاندى. ئاساسىي

قاتلامنىڭ خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، يەنە ئىككى قېتىمدا 104 نەپەر كادىر تۆۋەنگە چۈشۈرۈلدى، بۇنىڭ ئىچىدە خەنزۇ 14 نەپەر، ئاز سانلىق مىللەتتىن بولغانلار 90 نەپەر، پارتىيە ئەزاسى 49 نەپەر، ئىتتىپاق ئەزاسى 18 نەپەر، يۇقىرىدىكىلەردىن 42 ئادەم ۋەزىپە بىلەن تۆۋەنگە چۈشۈرۈلدى، 62 ئادەم ۋەزىپىسىز چۈشۈرۈلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ناھىيە دەرىجىلىك كادىر بىر نەپەر، بۆلۈم دەرىجىلىك كادىر بەش نەپەر، رايون دەرىجىلىك كادىر يەتتە نەپەر، ئادەتتىكى كادىر 91 نەپەر. بۇ كادىرلار ئىچىدە بىر ئادەم جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنىڭ باشلىقلىقىنى، 13 ئادەم رايكومنىڭ شۇجىلىقى ۋە رايون باشلىقلىقىنى، 15 ئادەم رايون ياردەمچىلىكىنى، 27 ئادەم يېزىلىق پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىلىقىنى، 20 ئادەم يېزا باشلىقلىقىنى، تۆت ئادەم يېزىنىڭ كاتىپلىقىنى، سەككىز ئادەم يېزىلىق ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ مۇدىرلىقىنى ئۈستىگە ئېلىشقا، 24 ئادەم كونكرېت ۋەزىپە ئۆتىمەي كوپىراتىپتا ئۇزۇن مۇددەت مۇقىم تۇرۇشقا تەقسىم قىلىندى. تۆۋەنگە چۈشۈرۈلگەن كادىرلار يېزىلارغا بېرىپ خىزمەت قىلغاندىن كېيىن، رايون، يېزىلارنىڭ رەھبەرلىكى زور دەرىجىدە كۈچەيدى. 4 - رايون 2 - يېزا ئىلگىرى ئارقىدا قالغان بولۇپ، ئەكسىلئىنقىلابچىلارنىڭ بۇزغۇنچىلىقى تۈپەيلىدىن كوپىراتىپ پۈتۈنلەي ئاغدۇرۇلۇپ كېتەيلا دەپ قالغان، ئىشلەپچىقىرىش ناھايىتى زور زىيانغا ئۇچرىغانىدى، مۇئاۋىن رايون باشلىقى ئايۇپ ئەلەمشاھ بۇ يېزىغا چۈشۈپ، پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىلىقىنى ئۈستىگە ئالغاندىن كېيىن، خىزمەتنى بېرىلىپ ئىشلەپ، دېھقانلارنى تەشكىللەپ، ئاشلىق مەسىلىسى مەركەز قىلىنغان چوڭ بەس - مۇنازىرىنى ئەستايىدىل قانات يايدۇرۇپ، قالاقلىق قىياپىتىنى ناھايىتى تېزلا ئۆزگەرتتى. ئىلگىرى كوپىراتىپتىن چىقىپ كەتكەن ئامما كوپىراتىپقا قايتا كىرىشنى ئارقا - ئارقىدىن تەلەپ قىلىشتى ھەمدە قىزغىنلىق بىلەن ئاشلىق سېتىپ بېرىپ، پۈتۈن يېزىنىڭ ئاشلىق سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىنى 2158 كىلوگرام ئاشۇرۇپ ئورۇندىدى.

## § 7. چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش

1958 - يىل 5 - ئايدا پارتىيە 8 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 2 - ئومۇمىي يىغىنىدا «تولۇق غەيرەتكە كېلىپ، تىرىشىپ يۇقىرى ئۆرلەپ، كۆپ، تېز، ياخشى تېجەشلىك بىلەن سوتسىيالىزم قۇرۇش» تىن ئىبارەت باش لۇشيەن تۈزۈپ چىقىلدى، ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرىشقا ئالدىراپ كېتىش، ئالدىراڭغۇلۇق قىلىپ، قارامىلىق بىلەن ئىلگىرىلەشتىن ئىبارەت «سول» چىل خاتا ئىدىيىنىڭ تەسىرىدە، جايلاردا «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش» دولقۇنى قوزغىلىپ كەتتى، ناھىيىدىمۇ «بەيلۇڭجياڭدىن ئېشىپ كېتىمىز، خۇاڭخېدىن ئاتلاپ كېتىمىز، ئاشلىقنىڭ بىرلىك مەھسۇلاتىنى 263 كىلوگرامغا يەتكۈزۈشكە كاپالەتلىك قىلىمىز» دېگەن شوئار ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، 152 يېزا ئىگىلىك كوپىراتىپى ئىچىدە 1000 جىڭ (500 كىلوگرام) لىق كوپىراتىپنى 65 كە، 100 جىڭ (50 كىلوگرام) لىقتىن يۇقىرى كوپىراتىپنى 34 كە، 300 جىڭ (150 كىلوگرام) لىقتىن يۇقىرى كوپىراتىپنى 53 كە يەتكۈزۈش تەلەپ قىلىندى. ئاپتونوم رايونلۇق خىزمەت يىغىنى ۋە جەنۇبىي شىنجاڭ بۆلىكى بويىچە ھەمكارلىق يىغىنىدىن كېيىن، ناھىيىدە ئىلگىرى تۈزۈلگەن كۆرسەتكۈچلەرنىڭ «ۋەزىيەتنىڭ ئارقىسىدا قالغانلىق» ى بايقىلىپ، ئوتتۇرىچە بىرلىك مەھسۇلاتنى 1200 كىلوگرامغا، «سۈنئىي ھەمرا ئېتىزلىرى» نىڭ مەھسۇلاتىنى 15 مىڭ

كىلوگرامغا، ئاساسىي ئېتىزلارنىڭ مەھسۇلاتىنى 5000 كىلوگرامغا، ئادەتتىكى ئېتىزلارنىڭ مەھسۇلاتىنى 2600 كىلوگرامغا، ئومۇمىي مەھسۇلاتنى 364 مىليون كىلوگرامغا يەتكۈزۈشتىن ئىبارەت سەكرەپ ئىلگىرىلەش كۆرسەتكۈچى قايتا ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

بۇ كۆرسەتكۈچنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، بىنەم ئېچىپ، شال تېرىلغۇ كۆلىمىنى كېڭەيتىش قارار قىلىندى، «20 كۈن قاتتىق، جاپالىق ئىشلەپ، 50 مىڭ مو بىنەم يەرنى مۇنبەت ئېتىزغا ئايلاندۇرۇپ، شال بويىچە 1000 جىڭلىق ناھىيە بولۇشنى تىرىشىپ ئەمەلگە ئاشۇرۇش» شۇئارى ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشى جەھەتتە «بىر قىش، بىر ئەتىياز قاتتىق ئىشلەپ، كونا سۇغىرىش ئېرىق - ئۆستەڭلىرىنىڭ قىياپىتىنى ئۆزگەرتىپ، سۇ ئىنشائاتىنى قۇرۇلۇشلاشتۇرۇش، باشقۇرۇشنى ئىلمىيلەشتۈرۈش، سۇغىرىشنى ئېرىقلاشتۇرۇشنى ئاساسىي جەھەتتىن ئەمەلگە ئاشۇرۇش» شۇئارى ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

سانائەت جەھەتتە، ناھىيە بويىچە 5000 ئادەم ئاجرىتىلىپ، پولات - تۆمۈر ئىشلەپچىقىرىش ئۆمىكى تەشكىللىنىپ، كان رايونىغا تۆمۈر تاۋلاشقا ئاتلاندۇرۇلۇپ، 1000 توننا تۆمۈر تاۋلاش ۋەزىپىسىنى ئورۇنداش تەلەپ قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەرلىك ئۇسۇل بويىچە ئىش كۆرۈلۈپ، يەرلىك ئۇسۇل بىلەن زامانىۋى ئۇسۇل بىرلەشتۈرۈلۈپ زاۋۇت قۇرۇلۇپ، سەكرەپ ئىلگىرىلەش پىلانى تۆت قېتىم ئۆزگەرتىلىپ، دەرىجىسى قەدەممۇ قەدەم يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، ناھىيە بويىچە قۇرۇلغان زاۋۇتلارنى 38 دىن 1021 گە يەتكۈزۈش، بۇنىڭ ئىچىدە ناھىيە باشقۇرۇشىدىكى ئېلېكتر ئىستانسىسىدىن بىرنى، ئۇن زاۋۇتىدىن بىرنى، شال ئاقلاش زاۋۇتىدىن بىرنى، ياغ زاۋۇتىدىن بىرنى؛ رايون باشقۇرۇشىدىكى ئېلېكتر ئىستانسىسى، ياغ زاۋۇتى، ئۇن زاۋۇتىدىن جەمئىي تۆتنى؛ ناھىيىگە بىۋاسىتە قاراشلىق ئورۇنلار باشقۇرۇشىدىكى زاۋۇتتىن 56 نى، يېزا ئىگىلىك كوپېراتىپلىرى باشقۇرۇشىدىكى زاۋۇتتىن 957 نى قۇرۇش بەلگىلەندى.

مەدەنىيەت، مائارىپ، سەھىيە، سىياسىي - قانۇن، مالىيە - سودا قاتارلىق تارماقلارمۇ «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش» دولقۇنىغا تۇتۇش قىلىپ، «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش پىلانى» نى ئوتتۇرىغا قويدى. بىر يىلدا، ناھىيە بويىچە 150 مىڭ يۈەن مەبلەغ سەرپ قىلىنىپ، ھەر خىل شەكىلدىكى تۆز پېچ ۋە دومنا پېچتىن 5463 ى، تەبىئىي شامال ئۆتۈشىدىغان پېچتىن 216 سى ياسالدى، 2395 توننا كۆمۈر، 52 مىڭ 500 توننا رۇدا قېزىلدى، 2026 توننا تۆمۈر تاۋلاندى. «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش» دولقۇنىدا، 2 مىليون 778 مىڭ 600 ئىش كۈنى سەرپ قىلىندى، ئىككى ئۆستەڭ رېمونت قىلىنىپ رەتلەندى، بىر زەيكەش چېپىلدى، بىر سۇ ئامبىرى ياسالدى، بۇلار يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا مۇھىم رول ئوينىدى.

ئوبيېكتىپ قانۇنىيەت بويىچە ئىش قىلىنماي، تۆمۈر تاۋلاش، يۇقىرى مەھسۇلات بويىچە «سۈنئىي ھەمرا» قويۇپ بېرىش، يەرنى چوڭقۇر ئاغدۇرۇش قاتارلىق ئىشلار تۈپەيلىدىن، ناھايىتى زور زىيانلار كېلىپ چىقتى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، پۇئېتىش، يالغان سۆزلەش، مۇبالىغىچىلىك قىلىشتەك ناتوغرا ئىستىللار يامراپ كەتتى.

## § 8. ئوڭچىللىققا قارشى تۇرۇش

1959 - يىل 8 - ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى پۈتۈن پارتىيىدە ئوڭچىل ئاغمىچىلىققا قارشى تۇرۇش مەركەز قىلىنغان سوتسىيالىستىك تەربىيە ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرۇش، بۇنىڭغا بىرلەشتۈرۈپ، ئارقىدا قالغان رايونلارنى ئۆزگەرتىشنى

قارار قىلدى. بۇ ھەرىكەت ناھىيىدە 1960 ـ يىل 1 ـ ئايدا قانات يايدۇرۇلدى.

شۇ چاغدا بەزى كادىرلار ۋە ئامما «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش» ۋە «پولات ـ تۆمۈر تاۋلاش»قا قارىتا ئوخشاش بولمىغان بەزى قاراشلىرىنى ئىپادىلىگەن، خەلق گوڭشېسىنى باشقۇرۇشقا قارىتا ئوخشاش بولمىغان بەزى پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويغان ياكى خىزمەتتە يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبەرلىكنىڭ بەزى يوليورۇقلىرىنى ۋە ئۇسۇللىرىنى توسىغانىدى. «سول» ئىدىيىنىڭ تەسىرىدە، بۇ پىكىر ۋە كۆز قاراشلار باش لۇشيەن، خەلق گوڭشېسى، «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش» نى ۋە پارتىيە رەھبەرلىكىدىن گۇمانلانغانلىق، ئۇنىڭغا بۆھتان چاپلىغانلىق، قارشى تۇرغانلىق، ئۇنى چەتكە قاققانلىق دەپ قارىلىپ، ناھىيە بويىچە «ئوڭچىل كونسېرۋاتىپلىق»قا قارشى تۇرۇش كۈرىشى قانات يايدۇرۇلدى. ناھىيە دەرىجىلىك ئورگانلاردىن ئۆگىنىشكە قاتناشقان 287 نەپەر كادىرنىڭ 25 نەپىرى خاتا ھالدا تەنقىد قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە يەرلىك پارتكوم باشقۇرىدىغان تۆت نەپەر بۆلۈم دەرىجىلىك كادىر بۇرژۇئا شەخسىيەتچى ئۇنسۇر دەپ؛ ناھىيىلىك پارتكوم باشقۇرىدىغان ئىككى نەپەر كادىر ئېغىر ئوڭچىل ئاغمىچى ئۇنسۇر دەپ؛ 19 نەپەر ئادەتتىكى كادىرنىڭ توققۇز نەپىرى ئوڭچى، ئىككى نەپىرى بۇزۇق ئۇنسۇر، ئالتە نەپىرى ئايىنىپ سۈپىتى ئۆزگەرگەن ئۇنسۇر، ئىككى نەپىرى پارتىيىگە قارشى ئۇنسۇر دەپ بېكىتىلدى. يېزا كادىرلىرى ئىچىدە، 59 نەپەر كادىر تەنقىد قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە گوڭشې دەرىجىلىك كادىر بىر نەپەر، باشقۇرۇش رايونى دەرىجىلىك كادىر ئۈچ نەپەر، ئىشلەپچىقىرىش چوڭ ئەترىتى دەرىجىلىك كادىر 22 نەپەر، ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتى دەرىجىلىك كادىر 28 نەپەر؛ كوپېراتىپ (گوڭشې) ئەزالىرى ئىچىدە 593 ئادەم تەنقىد ۋە كۈرەش قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە كەمبەغەل دېھقان 96 نەپەر، تۆۋەن ئوتتۇرا دېھقان 45 نەپەر، ئوتتۇرا دېھقان 67 نەپەر، ھاللىق ئوتتۇرا دېھقان 333 نەپەر، باشقىلار 52 نەپەر. ئېغىر كاپىتالىزم ئىدىيىسى بار، دەپ بېكىتىلگەنلەر 385 نەپەر، پارتىيىنىڭ سىياسەت، فاڭجېنىغا قارشى تۇرغان، دەپ بېكىتىلگەنلەر 46 نەپەر، بۇزۇق ئۇنسۇر دەپ بېكىتىلگەنلەر 40 نەپەر، ئەكسىلئىنقىلابىي ھەرىكەت ئېلىپ بارغان دەپ بېكىتىلگەنلەر 16 نەپەر، باشقا خاراكتېردىكىلەر 106 نەپەر؛ رىجىملىق ئەمگەككە بويسۇنمىدى دەپ تەنقىد، كۈرەش قىلىنغان پومېشچىك، باي دېھقان ئۇنسۇر 203 نەپەر، ناھىيە بويىچە جەمئىي 883 نەپەر ھەر خىل ئادەم تەنقىد ۋە كۈرەش قىلىندى.

ئوڭچىللىققا قارشى كۈرەش داۋامىدا، خاراكتېرى ئوخشاش بولمىغان ئىككى خىل زىددىيەت ئارىلاشتۇرۇۋېتىلدى، نەتىجىدە، قىسمەن كادىرلار ۋە ئاممىغا خاتا ھالدا ئازار بېرىلدى. 1961-يىلى يۇقىرىنىڭ يوليورۇقىغا ئاساسەن پەرقلەندۈرۈلۈپ، خاتا تەنقىد قىلىنغان كادىرلار ۋە گوڭشې ئەزالىرىنىڭ نامى ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ، بۇ كۈرەش كەلتۈرۈپ چىقارغان زىيان قايتۇرۇۋېلىندى ۋە ئۇنىڭ ئورنى تولدۇرۇۋېلىندى.

## § 9. نۇقتىدىكى سوتسىيالىستىك تەربىيە

1965 ـ يىل 8 ـ ئايدا ناھىيىلىك پارتكوم جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ يوليورۇقىنىڭ روھىغا ئاساسەن، ناھىيە بويىچە نۇقتىدىكى سوتسىيالىستىك تەربىيە ھەرىكىتىنى قانات يايدۇردى. ئۈچ دەرىجىلىك كادىرلار يىغىنى چاقىرىپ، مەركىزىي كومىتېتنىڭ

ھوججەتنىڭ روھىنى ئۆگىنىش، ئۆزلەشتۈرۈش ئارقىلىق، يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە ئۆز - ئۆزىنى تەنقىد قىلىشنى قانات يايدۇردى. 69 نەپەر گۇڭشې دەرىجىلىكتىن يۇقىرى رەھبىرىي كادىر يىغىنغا قاتناشتى، 1160 تۈرلۈك مەسىلە ئوتتۇرىغا چۈشتى، بۇنىڭ ئىچىدە كوللېكتىپنىڭ نەرسە-كېرەكلىرىنى كۆپ يەپ، كۆپ ئىگىلىۋېلىشقا ياتىدىغان مەسىلە 294 تۈرلۈك، كوللېكتىپنىڭ مال - مۈلۈكلىرىنى ئىسراپ قىلىشقا ياتىدىغان مەسىلە 52 تۈرلۈك، پارتىيىنىڭ بىر تۇتاش سېتىۋېلىش سىياسىتىگە خىلاپلىق قىلىشقا ياتىدىغان مەسىلە 40 تۈرلۈك، قالدۇق يەرنى كېڭەيتىۋېلىش، قالدۇق چارۋىنى كۆپەيتىۋېلىشقا ياتىدىغان مەسىلە 48 تۈرلۈك، ئىشچى ياللاپ ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىشقا ياتىدىغان مەسىلە 28 تۈرلۈك، باشلامچىلىق بىلەن خۇراپىي ھەرىكەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىشقا ياتىدىغان مەسىلە14تۈرلۈك، ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتىنىڭ دەل-دەرەخلىرىنى كېسىۋېلىشقا ياتىدىغان مەسىلە 32 تۈرلۈك، مۇكاپات ئۈچۈن سېتىپ بېرىلىدىغان ماددىي ئەشيانى كۆپ ئىگىلىۋېلىشقا ياتىدىغان مەسىلە 22 تۈرلۈك، ئېغىر بيۇروكراتلىققا ياتىدىغان مەسىلە 88 تۈرلۈك، تار مەھكىمىچىلىك ۋە تارقاقچىلىققا ياتىدىغان مەسىلە 79 تۈرلۈك، باشقا مەسىلە 463 تۈرلۈك. بۇ قېتىم 31 تۇياق چارۋا، 17 مو يەر، 85 مېتر رەخت، 103 مېتر رەخت بېلىتى، 160 كىلوگرام ئاشلىق بېلىتى، 5 . 104 كىلوگرام گۆش بېلىتى، 49 كىلوگرام سۇ يېغى تۆلىتىۋېلىندى. «بىنادىن چۈشۈپ يۇيۇنۇش» (تەنقىد ۋە ئۆز - ئۆزىنى تەنقىد قىلىش) ئارقىلىق، ئىتتىپاقلىق كۈچەيتىلدى، رەھبىرىي كادىرلاردىكى تۈرمۈشتا ئالاھىدە بولۇۋېلىش، كۆپ يەپ، كۆپ ئىگىلىۋېلىش ۋە سىياسەتكە خىلاپلىق قىلىش مەسىلىلىرى ھەل قىلىندى.

ناھىيىلىك ئۈچ دەرىجىلىك كادىرلار يىغىنىدىن كېيىن، ناھىيىلىك پارتكوم نۇقتىدىكى سوتسىيالىستىك تەربىيە پىلانىنى تۈزۈپ چىقىپ، ھەر دەرىجىلىك كادىردىن 123 نى ئاجرىتىپ، نۇقتىدا سىناق قىلىش بويىچە خىزمەت ئەترىتى تەشكىللەپ، 9 - ئايدا ئاقتام گۇڭشېسىدا نۇقتىدا سىناق ئېلىپ باردى. كادىرلار «بىنادىن چۈشۈپ يۇيۇنۇش»، كەمبەغەل دېھقان، تۆۋەن ئوتتۇرا دېھقانلار قوشۇنىنى تەشكىللەش، «تۆت»نى ئېنىقلاش (ھېساباتنى، ئامبارنى، مالىيەنى، نومۇرنى ئېنىقلاش)نى قانات يايدۇرۇش، دۈشمەنگە قارشى كۈرەش قىلىش، تەشكىلىي قۇرۇلۇش، 1964-يىللىق ئىشلەپچىقىرىش پىلانى ۋە كېيىنكى بەش يىللىق ئىشلەپچىقىرىش پىلانىنى ئورۇنلاشتۇرۇش قاتارلىق باسقۇچلار ئارقىلىق، 12 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا نۇقتىدىكى سىناق خىزمىتى ئاياغلاشتۇرۇلدى. 1965 - يىل 1 - ئايدا مۇددەتكە بۆلۈپ ئېلىپ بېرىلىدىغان سوتسىيالىستىك تەربىيىگە تۇتۇش قىلىنىپ، ناھىيىدە سوتسىيالىستىك تەربىيە خىزمەت ئۆمىكى تەشكىل قىلىنىپ، كوپباغ، ئايكۆل گۇڭشېلىرىدا سوتسىيالىستىك تەربىيە خىزمىتى ئىشلەندى، بۇ خىزمەت 6 - ئايدا ئاياغلاشتۇرۇلدى. نۇقتىدىكى سوتسىيالىستىك تەربىيە خىزمىتى قانات يايدۇرۇلغان ئىككى گۇڭشېدا سىنىپىي كۈرەش تۇتقا قىلىنىپ، 35 نەپەر بۇزغۇنچىلىق ھەرىكىتى بار «تۆت خىل ئۇنسۇر» كۈرەش، تەنقىد قىلىندى، بۇ، «تۆت خىل ئۇنسۇر»لارنىڭ 12 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. كەڭ گۇڭشې ئەزالىرى كۈرەش، تەنقىد قىلىش ئارقىلىق، دۈشمەنلەرنىڭ سىياسىي جەھەتتە تىرىلدۈرۈشكە ئۇرۇنۇش، تېرىلغۇ ئۇلاغلىرىنى ئوغرىلىقچە سويۇش، ئىشلەپچىقىرىشقا بۇزغۇنچىلىق قىلىش، كوللېكتىپ ئىگىلىكىنى غۇلىتىۋېتىشكە ئۇرۇنۇشتەك جىنايى قىلمىشلىرىنى پاش قىلدى ھەمدە ئۇلاردىن ئەستايىدىل ھېساب ئالدى. يالغۇز كوپباغ گۇڭشېسىدىلا 107 نەپەر «تۆت خىل ئۇنسۇر»دىن 7109 يۈەنلىك ماددىي ئەشيا ۋە ھارام پۇل

ئېنىقلىنىپ، 6100 يۈەن پۇل، چارۋا، قايتۇرۇۋېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە كالا 24، ئېشەك يەتتە، قوي 16. كادىرلار «بىنادىن چۈشۈپ يۇيۇنۇش» ئارقىلىق، بويىنىنى تاشلاپ، «تۆتتە ئېنىقسىزلىق»نىڭ قۇيرۇقىنى كەستى، 250 تىن ئارتۇق كادىر قايتۇرغان خىيانەتچىلىك، ئوغرىلىق قىلىش، كۆپ يەپ، كۆپ ئىگىلىۋېلىشقا ياتىدىغان ھەر خىل ماددىي ئەشيانى خەلق پۇلىغا سۇندۇرغاندا قىممىتى 46 مىڭ 422 يۈەنگە يەتتى. كەمبەغەل دېھقان، تۆۋەن ئوتتۇرا دېھقانلارنىڭ ئۇستۇنلۇكىنى تىكلەش ۋە زورايتىش ئۇچۇن، «تۆتنى ئېنىقلاش»نىڭ كېيىنكى مەزگىلىدە، ھەر قايسى گۇڭشې، ئەترەتلەردە كەمبەغەل دېھقان، تۆۋەن ئوتتۇرا دېھقانلار جەمئىيىتى قۇرۇلدى، جەمئىيەتكە 3480 نەپەر ئەزا قوبۇل قىلىندى، بۇ، كەمبەغەل دېھقان، تۆۋەن ئوتتۇرا دېھقانلارنىڭ 82 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. پارتىيە، ئىتتىپاق، خەلق ئەسكەرلىرى، ئاياللار، ئامانلىق قوغداش قاتارلىق تەشكىلاتلار تەرتىپكە سېلىندى، ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرىنىڭ رەھبەرلىكى ئۆزگەرتىپ سايلاندى، «بەشتە ياخشى كادىر» ۋە «بەشتە ياخشى گۇڭشې ئەزاسى» باھالاندى، كادىرلارنىڭ ئەمگەككە قاتنىشىش تۈزۈمى بەلگىلەندى. پوسكام ناھىيىسىدىكى سوتسىيالىستىك تەربىيە ھەرىكىتى شۇ چاغدا كادىرلارنىڭ ئىستىلىنى ۋە ئىگىلىك باشقۇرۇشنى ياخشىلاش جەھەتتە مەلۇم رول ئوينىغان بولسىمۇ، لېكىن «سول» ئىدىيىنىڭ تەسىرى تۈپەيلىدىن، بارلىق مەسىلىلەر سىنىپىي كۈرەش ۋە سىنىپىي كۈرەشنىڭ پارتىيە ئىچىدىكى ئىنكاسى قىلىپ يىغىنچاقلاپ قويۇلۇپ، سىياسىي، ئىقتىسادىي جەھەتتە كېڭەيتىۋېتىلدى، ھەتتا قىسمەن ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىغا خاتا ھالدا ئازار بېرىلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن، يەرلىك پارتكومنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن، ناھىيىدە سوتسىيالىستىك تەربىيە ۋاقىتىنچە توختىتىلىپ، پوسكام ناھىيىلىك سوتسىيالىستىك تەربىيە خىزمەت ئەترىتى تەشكىل قىلىنىپ، قەشقەر كونا شەھەر، قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىلىرىگە سوتسىيالىستىك تەربىيە ئېلىپ بېرىشقا ئەۋەتىلدى.

## § 10. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»

### 1. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»نىڭ باشلىنىشى ۋە قىزىل قوغدىغۇچىلارنىڭ ئالاقە باغلىشى

1966 ـ يىل 6 ـ ئايدا كادىرلار ۋە ئوقۇتقۇچىلار «ئۈچ ئائىلىلىك كەنت» ۋە «ئۈچ قارا يىپ»نى تەنقىد قىلىشقا ئۇيۇشتۇرۇلدى. 8 ـ ئايدا ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەردە قىزىل قوغدىغۇچىلار تەشكىلاتى قۇرۇلۇپ، «تۆت كونا» (كونا ئىدىيە، كونا مەدەنىيەت، كونا يوسۇن، كونا ئادەت) نى بۇزۇپ، «تۆت يېڭى»نى تىكلەش دولقۇنى قوزغىۋېتىلدى. ئىنتايىن «سول» ئىدىيىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا، جۇڭگو ۋە چەت ئەلنىڭ بارلىق كلاسسىك ھۆسنخەت ـ رەسىملىرى ۋە فېئودالىزم، كاپىتالىزم، شيۇجېڭجۇيىغا تەئەللۇق دەپ قارالغان كىتابلار مۇسادىرە قىلىندى ۋە كۆيدۈرۈۋېتىلدى، ئىنقىلابىي ئەھمىيىتى يوق دەپ قارالغان بەزى خەت ـ بەلگىلەر، ۋىۋىسكىلار چېقىپ تاشلاندى. مەدەنىيەت يۇرتىدىلا كۆيدۈرۈلگەن كىتاب 20 مىڭدىن ئېشىپ كەتتى. 10-ئايدا 150 نەپەر قىزىل قوغدىغۇچى، 20 نەپەر ئوقۇتقۇچى 1 ـ تۈركۈمدە بېيجىڭغا بېرىپ ئالاقە باغلىدى. ئارقىدىن يەنە 150 نەپەر ئوقۇغۇچى، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ يېتەكلىشى ئارقىسىدا يەتتە

تۈركۈمگە بۆلۈنۈپ پىيادە مېڭىپ ئالاقە باغلاپ، ئاتالمىش ئىنقىلابنىڭ چېنىقتۇرۇشىنى قوبۇل قىلدى. 1967 - يىل 2 - ئايدا مەركىزىي كومىتېت ھۆججەت چۈشۈرۈپ ئالاقە باغلاشنى توختاتتى.

12 - ئاينىڭ 17 - كۈنى ناھىيىلىك پارتكوم مەركىزىي كومىتېتنىڭ يېزىلاردا «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» نى قانات يايدۇرۇش توغرىسىدىكى ھۆججىتىنى يەتكۈزدى. شۇنىڭ بىلەن، ناھىيىدە «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» رەسمىي باشلىنىپ كەتتى.

## 2. ئاممىۋى تەشكىلاتلارنىڭ ھوقۇق تارتىۋېلىشى ۋە ئىنقىلابىي كومىتېتنىڭ قۇرۇلۇشى

1966 - يىل 8 - ئايدا ناھىيە بويىچە ئورگان كادىرلىرى، ئىشچى - خىزمەتچىلەر، دېھقانلار، ئوقۇغۇچىلار «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» ھەرىكىتىگە ئاتلاندى. ھەر دەرىجىلىك مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىغا رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىلىرى ئارقا - ئارقىدىن قۇرۇلدى، ھەر خىل ناملاردىكى جەڭگىۋار ئەترەتلەر كەينى - كەينىدىن مەيدانغا چىقتى، ئارقىدىن ئاتالمىش «بۇرژۇئا ئەكسىيەتچى لۇشيەنى» نى تەنقىد قىلىش باشلاندى، «ناھىيىلىك پارتكوم تۇپقا تۇتۇلدى»، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت مەسئۇللىرى تارتىپ چىقىرىلىپ كۈرەش قىلىندى، نۇرغۇن كىشىلەر «كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان ھوقۇقدار»، «سىياسىي يانچۇقچى»، «بۇرژۇئا ئەكسىيەتچى لۇشيەنىنى جاھىللىق بىلەن ئىجرا قىلغۇچى»، «گېزەندە» دېگەن بەدناملار بىلەن كوچا ئايلاندۇرۇلۇپ سازايى قىلىندى. «ناھىيىلىك پارتكومنى قايرىپ قويۇپ ئىنقىلاب قىلايلى» دېگەن شۇئار ئوتتۇرىغا قويۇلغانلىقتىن، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت تەشكىلاتلىرى پالەچ ھالەتكە چۈشۈپ قالدى، زاۋۇتلاردا ئىش، مەكتەپلەردە دەرس توختاپ قالدى.

1967 - يىل 1 - ئاينىڭ 30 - كۈنى ناھىيىلىك ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئىسيان كۆتۈرۈش قوماندانلىق شتابى، قىزىل قوغدىغۇچىلار ئىسيان كۆتۈرۈش قوماندانلىق شتابى بىرلىشىپ، ناھىيىلىك پارتكوم ۋە ناھىيىلىك خەلق كومىتېتىدىن ھوقۇق تارتىۋالدى. 12 كۈن ئىچىدە بازار - يېزىلاردىكى ئورگان، ئورۇنلار ۋە ئىشلەپچىقىرىش چوڭ ئەترەتلىرىنىڭ ھوقۇقىمۇ ئارقا ئارقىدىن تارتىۋېلىندى، ئارقىدىن كۆز قاراشنىڭ ئوخشىماسلىقى تۈپەيلىدىن، ئىشچى - خىزمەتچىلەر، ئوقۇغۇچىلار ۋە ئامما ئارىسىدا ئىككى تەرەپ شەكىللىنىپ، ئۆز - ئارا بەس مۇنازىرە باشلاندى.

1967 - يىل 4 - ئايدا ناھىيىلىك خەلق قوراللىق بۆلۈمى يۇقىرىنىڭ يوليورۇقىغا ئاساسەن يەرلىك كادىرلارنىڭ قاتنىشىشى بىلەن ئىشلەپچىقىرىش ئىشخانىسى قۇرۇپ، پۈتۈن ناھىيىنىڭ ئىشلەپچىقىرىشىغا قوماندانلىق قىلدى. ھەربىي قىسىم ناھىيىلىك رادىئو ئۇزېلى ۋە جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى، تەپتىش مەھكىمىسى، سوت مەھكىمىسى قاتارلىق بىرنى مۇھىم تارماقلار ۋە ئورۇنلارغا قارىتا ھەربىي ئىدارە قىلىشنى يولغا قويدى.

1968 - يىل 3 - ئايدا ئىككى تەرەپتىكى ئاممىنىڭ زىددىيىتى كەسكىنلەشتى، نەتىجىدە ئۈچ قېتىم ئەلەم كۆرۈشى ۋەقەسى يۈز بېرىپ، ئۈچ نەپەر ئامما ئەلەم كۆرۈشى داۋامىدا ھاياتىدىن ئايرىلدى. مەركىزىي كومىتېتنىڭ چاقىرىقى بىلەن، ئىنچىكە ئىدىيىۋى خىزمەت ئىشلەش ئارقىلىق، ئىككى تەرەپ ئاممىۋى تەشكىلاتلار بىرلەشتى.

1969 - يىل 4 - ئاينىڭ 30 - كۈنى ئۈچ تەرەپ بىرلەشكەن پوسكام ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېتى قۇرۇلدى، پاڭ لۇڭ مۇدىرلىققا، لى فۇ، رېن ۋېنجاڭ، لى شۇەنجۇلار مۇئاۋىن مۇدىرلىققا تەيىنلەندى. ئارقىدىن ناھىيە دەرىجىلىك ئورگانلاردا، خەلق گۇڭشېلىرىدا،

ئىشلەپچىقىرىش چوڭ ئەترەتلىرىدە ئىنقىلابىي كومىتېت ياكى ئىنقىلابىي رەھبەرلىك گۇرۇپپىلىرى ئارقا - ئارقىدىن قۇرۇلدى. 7 - ئاينىڭ 17 - كۈنىگىچە ناھىيىدىكى ھەر قايسى ئورۇنلار ۋە گۇڭشېلارنىڭ ھەممىسىدە ئىنقىلابىي كومىتېت قۇرۇلدى.

## 3. سىنىپىي قوشۇننى تازىلاش ۋە «بىرگە زەربە بېرىش، ئۈچكە قارشى تۇرۇش»

1970 - يىل 7 - ئايدا «ئارمىيە تەشۋىقات ئەترىتى»، «ئىشچىلار تەشۋىقات ئەترىتى» (بىڭتۇەن ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى تەشۋىقات ئەترىتى) ناھىيە بازىرىدىكى ئورگان، مەكتەپ، زاۋۇت، كانلارغا بېرىپ، «كۆرەش قىلىش، تەنقىد قىلىش، ئۆزگەرتىش»كە رەھبەرلىك قىلدى، ئۇلار «بىرگە زەربە بېرىش، ئۈچكە قارشى تۇرۇش» (ئەكسىلئىنقىلابىي بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىگە زەربە بېرىش، خىيانەتچىلىك، ئوغرىلىققا، ھايانكەشلىككە، ئىسراپچىلىققا قارشى تۇرۇش) ھەرىكىتىنى قانات يايدۇردى. ئىنتايىن سول پىكىر ئېقىمىنىڭ تەسىرىدە، تارىختا مەسىلىسى بار دەپ قارالغانلار، ئائىلە مۇناسىۋىتى مۇرەككەپ بولغانلار، مۇنداق ياكى ئۇنداق خاتالىقى بارلار ۋە ئادەتتە گەپ - سۆزدە چەكتىن ئاشۇرۇۋەتكەنلەر ئىسمى ئاتالسىلا، باشقىلار دوس تارتىشىپ بەرسىلا، تارتىپ چىقىرىلىپ كۆرەش قىلىنندى. ھەرىكەت داۋامىدا قىستاش، مەجبۇرىي ئىقرار قىلدۇرۇش، ئىشىنىپ كېتىش بىلەن، بەزى ناھەق، يالغان، خاتا دېلولار كېلىپ چىقتى. ناھىيە بويىچە سىنىپىي قوشۇننى تازىلاش ھەرىكىتى داۋامىدا، تەنقىد، كۆرەش قىلىنغانلار 5626 گە يەتتى؛ ئاتالمىش ھەر خىل ئېغىر مەسىلىسى بارلاردىن تازىلانغانلار 3196 گە يەتتى، بۇلارنىڭ ئىچىدە قانۇن بويىچە چارە كۆرۈلگەنلەر 53 نەپەر، قالپاق كىيگۈزۈلگەنلەر 81 نەپەر، شۇ سەۋەبتىن ئۆلۈپ كەتكەنلەر ئالتە نەپەر.

## 4. لىن بياۋ ئەكسىلئىنقىلابىي گۇرۇھىنىڭ جىنايەتلىرىنى ئەيىبلەش

1972 - يىل 3 - ئاينىڭ 9 - كۈنى ناھىيىدە مەركىزىي كومىتېتنىڭ (72) 4 - نومۇرلۇق ھۆججىتىنى ئىزچىللاشتۇرۇش بويىچە ئۆگىنىش كۇرسى ئېچىلىپ، لىن بياۋ ئەكسىلئىنقىلابىي گۇرۇھىنىڭ جىنايەتلىرىنى پاش قىلىش، تەنقىد قىلىش باشلاندى. بۇ قېتىمقى ئۆگىنىش كۇرسىغا ناھىيىلىك پارتكوم، ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېتنىڭ ئەزالىرى، چوڭ ئەترەت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىلىرى، ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېت ئورگىنىدىكى چوڭ گۇرۇپپا، ئىدارە ۋە ئۇنىڭغا قاراشلىق ئورۇنلارنىڭ مەسئۇللىرى ۋە قىسمەن ئىشچى - خىزمەتچىلەر ۋەكىللىرى شۇنداقلا كەمبەغەل دېھقان، تۆۋەن ئوتتۇرا دېھقانلار ۋەكىللىرىدىن بولۇپ جەمئىي 573 كىشى قاتناشتى.

لىن بياۋ ئەكسىلئىنقىلابىي گۇرۇھىنىڭ چېكىدىن ئاشقان جىنايەتلىرىنى چوڭقۇر پاش قىلىش، تەنقىد قىلىش ئاساسىدا، يۇقىرىنىڭ يولىيورۇقىغا ئاساسەن، 1973 - يىل 7 - ئايدا ناھىيە بويىچە يەنە لىن بياۋنى تەنقىد قىلىش، ئىستىل تۈزىتىش ھەرىكىتى قانات يايدۇرۇلدى.

ناھىيىلىك پارتكومنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن، ھەر قايسى ئورگانلار كادىر، ئىشچى-خىزمەتچىلەرنى ھۆكۈمەتسىزلىك خاھىشلىرىنى ئەستايىدىل تەنقىد قىلىشقا، تەشكىلىي ئىنتىزامنى تەرتىپكە سېلىشقا تەشكىللىدى.

1976 - يىل 10 - ئاينىڭ 6 - كۈنى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى جياڭ چىڭ ئەكسىلئىنقىلابىي گۇرۇھىنى تارمار قىلدى، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دىكى ئون يىللىق مالىمانچىلىققا شۇنىڭ بىلەن خاتىمە بېرىلدى. پۈتۈن ناھىيە خەلقى خۇشال - خۇراملىق بىلەن

يىغىلىش ئۆتكۈزۈپ، بۇ تارىخىي خاراكتېرلىك ئۇلۇغ غەلىبىگە قىزغىن تەنتەنە قىلىشتى.

## § 11. يېزا ئىگىلىكىدە داجەيدىن ئۆگىنىش ھەرىكىتى

1964 - يىلى ناھىيىدە «يېزا ئىگىلىكىدە داجەيدىن ئۆگىنىش» ھەرىكىتى قانات يايدۇرۇلدى، ھەر مىللەت خەلق ئاممىسى تەشكىللىنىپ، ئاسمان بىلەن، يەر بىلەن كۆرەش قىلىشتەك ئىنقىلابىي روھ جارى قىلدۇرۇلۇپ، ئېتىز - ئېرىق، سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىلىپ، يېزا ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتى ئىلگىرى سۈرۈلدى.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلانغاندىن كېيىن، داجەي يېزا ئىگىلىك سېپىدە «سول» چىل لۇشيەننى يۈرگۈزۈشنىڭ تىپى بولۇپ قالدى، ئاتالمىش «سىنىپىي كۆرەش» سۈنئىي ھالدا پەيدا قىلىنىپ، كاپىتالىزمنىڭ قۇيرۇقى ئۈزۈلۈكسىز كېسىۋېتىلدى، قالدۇق يەرلەر ئازايتىلدى ياكى قايتۇرۇۋېلىندى، گۇڭشې ئەزالىرىنىڭ ئائىلە قوشۇمچە كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىشى، گۇڭشې، ئەترەتلەرنىڭ سانائەت، قوشۇمچە كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىشى چەكلەندى، كۆپ خىل ئىگىلىك بوغۇپ قويۇلدى، گۇڭشې ئەزالىرىنىڭ ئۆز ئارا ھاجىتىدىن چىقىش چەكلەندى، بازار-يېزىلار ئوتتۇرىسىدىكى ئىقتىسادىي ئالاقە توسۇپ قويۇلدى. كوللېكتىپنىڭ ئىقتىسادىي كىرىمىنى تەقسىم قىلىش جەھەتتە، تەڭ تەقسىماتچىلىق خاھىشى ئېغىر بولدى، بۇ، گۇڭشې ئەزالىرىنىڭ ئەمگەك ئاكتىپچانلىقىنىڭ ئۆسۈشىگە تەسىر يەتكۈزدى.

1976 - يىلى مەملىكەتلىك 2 - قېتىملىق يېزا ئىگىلىكىدە داجەيدىن ئۆگىنىش يىغىنىدا ناھىيە مەملىكەتنىڭ 1977 - يىل ئىچىدە داجەيچە ناھىيە بولۇپ قۇرۇلۇش پىلانىغا كىرگۈزۈلدى. يۇقىرىنىڭ يوليورۇقىغا ئاساسەن، ناھىيىلىك پارتكوم ئىلگىرىكى داجەيدىن ئۆگىنىش ھەرىكىتىدىكى تەجرىبە - ساۋاقلارنى تەكشۈرۈپ، يەكۈنلەپ، ئاپتونوم رايوندىن چۈشۈرۈلگەن داجەيچە گۇڭشې، ئەترەتلەرنىڭ ئالتە تۈرلۈك شەرتى بويىچە، بىر مەيدان (ئۇرۇقچىلىق مەيدانى)، 20 چوڭ ئەترەتنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋالدى ھەمدە ئۇلارغا داجەيچە مەيدان، ئەترەت دەپ نام بەردى. 3 - ئايدا «داجەيچە ناھىيە قۇرۇشقا ھەممە كىشى تۆھپە قوشۇش توغرىسىدا قارار»نى چىقىرىپ، پۈتۈن ناھىيە خەلقىنى «بايراقنى كۆتۈرۈپ، تۇتقىنى تۇتۇپ، داجەيدىن ئۆگىنىپ، بىر يىلدا داجەيچە ناھىيە قۇرۇش»قا چاقىرىپ، ھەر دەرىجىلىك كادىرلاردىن ئىنقىلابنى تۇتۇپ، ئىشلەپچىقىرىشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، جاپالىق جانپىدالىق بىلەن ئىشلەپ ئۆز تۆھپىسىنى قوشۇشنى تەلەپ قىلدى ھەمدە ئاپتونوم رايوندىكى ھەر قايسى قېرىنداش ناھىيىلەرگە تەشەببۇسنامە ئېلان قىلىپ، سوتسىيالىستىك دوستلۇق مۇسابىقىسىنى قانات يايدۇردى.

1978 - يىلى پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنى چاقىرىلىپ، قالايمىقانچىلىقنى ئوڭشاش، ئىشلارنى تۈپتىن ياخشىلاش باشلاندى، ناھىيىنىڭ يېزا ئىگىلىكىدە داجەيدىن ئۆگىنىش ھەرىكىتى شۇنىڭ بىلەن توختىتىپ قويۇلدى.

## § 12. «پاش قىلىش، تەنقىد قىلىش، ئېنىقلاش»

«جياڭ چىڭ ئەكسىلئىنقىلابىي» گۇرۇھى تار - مار قىلىنغاندىن كېيىن، مەركىزىي

كومىتېتىنىڭ يولىيورۇقى ۋە ئاپتونوم رايون، ۋىلايەتنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن، ناھىيىلىك پارتكوم ئاممىنى چوڭقۇر ھەرىكەتلەندۈرۈپ، لىن بياۋ، جياڭ چىڭ ئەكسىلئىنقىلابىي گورۇھىنىڭ پارتىيىنى چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋېلىپ، ھوقۇق تارتىۋېلىشقا ئورۇنغان جىنايەتلىرىنى چوڭقۇر پاش قىلىپ، تەنقىد قىلىپ، «ئۇرۇش، چېقىش، بۇلاش» ۋە مالىيە ئىنتىزامىغا خىلاپلىق قىلىش مەسىلىلىرىنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلىدى، بۇ ھەرىكەت 1976 - يىلى كۈزدە باشلىنىپ، 1978 - يىلى 12 - ئايدا ئاياغلاشتى. ئۇ، ئىككى باسقۇچقا بۆلۈپ ئېلىپ بېرىلدى.

1 - باسقۇچ 1976 - يىل 10 - ئايدا باشلاندى، ناھىيىلىك پارتكومنىڭ كېڭەيتىلگەن يىغىنى، تۆت دەرىجىلىك كادىرلار يىغىنى چاقىرىش، ئۆگىنىش كۇرسى ئېچىش ئارقىلىق، پۈتۈن ناھىيىدىكى كەڭ كادىرلار ۋە ئاممىنى كومىتېتىنىڭ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ھۆججەتلىرىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىشكە تەشكىللىدى ھەمدە رادىئودا ئاڭلىتىش، كۆرگەزمە ئېچىش، ھەجۋى رەسىم سىزىش، تام گېزىتى چىقىرىش، ھەر خىل ئەدەبىيات - سەنئەت نومۇرلىرىنى تەييارلاپ قويۇش قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق، جياڭ چىڭ ئەكسىلئىنقىلابىي گورۇھىنىڭ جىنايەتلىرىنى پاش قىلدى. 1977 - يىلى ناھىيە بويىچە ھەر قايسى گۇڭشې، مەيدانلاردا 51 قېتىم، چوڭ ئەترەت، ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرىدە 1045 قېتىم تەنقىد يىغىنى چاقىرىلدى، ناھىيە بويىچە تەنقىد يىغىنىغا قاتناشقانلار 280 مىڭ ئادەم (قېتىم) دىن ئاشتى، 704 قارار چوڭ تەنقىد سەھنىسى ياسالدى، 6148 پارچە چوڭ تەنقىد ماقالىسى يېزىلدى. ناھىيىلىك پارتكومدىكى ئالاقىدار تارماقلار ھەر دەرىجىلىك كادىرلار ۋە ئاممىنىڭ ئەجەللىك يەرنى تېخىمۇ ئوبدان تۇتۇپ، ماھىيىتىنى تەنقىد قىلىشىغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن، ئىجابىي ۋە سەلبىي تەرەپنى سېلىشتۇرۇش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، «تۆت كىشىلىك گورۇھ» نىڭ جىنايەتلىرىنى تەنقىد قىلىش تىزىسىنى توپلاپ بېسىپ تارقاتتى. ھەر قايسى گۇڭشې، مەيدان، ئەترەتلەر، ئورگانلار ئەمەلىيەتكە باغلاپ، قاپقاقنى ئېچىپ، مەنبەنى تەكشۈرۈش ئارقىلىق، ئۆز ئورنىدا ئۆزۈندىن بۇيان ھەل بولمىغان بەزى مەسىلىلەرنى ھەل قىلدى. 2 - گۇڭشېدا پاش قىلىش، تەنقىد قىلىش ئارقىلىق، گۇڭشې، ئەترەت رەھبەرلىك بەنزىلىرىدىكى بوشاڭلىق، ھورۇنلۇق، چېچىلاڭغۇلۇق، مەسىلىلىرى ھەل قىلىندى. 4 - گۇڭشېدا جياڭ چىڭ ئەكسىلئىنقىلابىي گورۇھىنىڭ مۇۋاپىق قائىدە - تۈزۈملەرنى يولغا قويۇشقا قارشى تۇرۇپ، ھۆكۈمەتسىزلىككە قۇتراتقان جىنايەتلىرىنى تەنقىد قىلىش ئارقىلىق، مالىيە باشقۇرۇش تۈزۈمى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈلدى. ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ ياغ زاۋۇتىدا ئىش ئورنى مەسئۇلىيەت تۈزۈمى مۇكەممەللەشتۈرۈلۈپ، ياغ ئېقىپ كېتىش ھادىسىلىرى تۈگىتىلدى.

2 - باسقۇچ 1978 - يىل 4 - ئايدا باشلاندى. بۇ باسقۇچتا، ئامما ھەرىكەتلەندۈرۈلۈپ، ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈلۈپ، «تۆت كىشىلىك گورۇھ» بىلەن چېتىشلىقى بار ئادەم ۋە ئىشلار تەكشۈرۈپ ئېنىقلاندى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» داۋامىدا خاتالىق ئۆتكۈزگەن 17 نەپەر كادىرغا مەسىلىنى ئېنىق سۆزلەش بويىچە ئۆگىنىش كۇرسى ئېچىلىپ، چارە كۆرۈلۈپ، 15 كىشى ئازاد قىلىندى، بىر كىشى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاندى، بىر كىشى جىنايى ئىشلار بويىچە تۇتۇپ تۇرۇلدى.

## § 13. خاتا ئايرىلغان ئوڭچىلارنى تۈزىتىش

1978 - يىل 5 - ئايدا ناھىيىلىك پارتكوم سىياسەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە رەھبەرلىك قىلىش گورۇپپىسى قۇرۇپ، بىر نەپەر مۇئاۋىن شۇجىنىڭ قوماندانلىقىدا، 11 نەپەر خادىم ئاجرىتىپ،

سىياسەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئىشخانىسى تەشكىللىدى. ئۈچ ئاي دېلو تۇرغۇزۇپ تەكشۈرۈش، قاراپ چىقىش ئارقىلىق، 7 - ئايدا 15 نەپەر ئوڭچى (ئىچكى ئۆلكىلەردىن كېلىپ ناھىيىدە خىزمەت قىلىۋاتقان ئوڭچىلارمۇ شۇنىڭ ئىچىدە)، يەرلىك مىللەتچىنىڭ قالپىقى ئېلىۋېتىلدى. ئىلگىرى قالپىقى ئېلىۋېتىلگەن 14 كىشىنى قوشقاندا، 1958 - يىلى خاتا ھالدا ئوڭچى، يەرلىك مىللەتچى قىلىپ ئايرىلغان 29 كىشىنىڭ ھەممىسىنىڭ قالپىقى ئېلىپ تاشلىنىپ، تۈزىتىلىپ، ھەممىسى ئورۇنلاشتۇرۇلدى، ئۇلارنىڭ ئىلگىرىكى ئىش ھەققى، خىزمىتى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى، تۇرمۇش مەسىلىلىرىمۇ مۇۋاپىق ھەل قىلىندى.

## § 14. ناھەق، يالغان، خاتا دېلولارنى ئاقلاش

مەركىزىي كومىتېتنىڭ بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن، 1978 - يىل 5 - ئايدا ناھىيە تەۋەسىدە ناھەق، يالغان، خاتا دېلولارنى ئاقلاش باشلىنىپ، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دىن بۇيان لىن بياۋنىڭ ئىنتايىن سول لۇشيەنىنىڭ تەسىرى ۋە بۇزغۇنچىلىقى بىلەن بەزى كادىر ۋە ئاممىنىڭ زىيانكەشلىككە ئۇچرىشى سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان ناھەق دېلولار قايتا تەكشۈرۈلۈپ تۈزىتىلدى، «تۆتنى ئېنىقلاش» ھەرىكىتى ۋە ئازادلىقتىن بۇيانقى بىر قانچە قېتىملىق سىياسىي ھەرىكەتتە بىر تەرەپ قىلىش مۇۋاپىق بولمىغان قالدۇق مەسىلىلەرمۇ قايتا تەكشۈرۈلدى. ئىچكى-تاشقى جەھەتتىن تەكشۈرۈش، قايتا - قايتا قاراپ چىقىش ئارقىلىق، 1983 - يىلغا قەدەر ناھىيە بويىچە 2053 پارچە ھەر خىل دېلو قايتا تەكشۈرۈلدى، بۇ دېلولار ئىچىدە ناھىيىلىك سىياسەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئىشخانىسىدىن قايتا تەكشۈرۈلگىنى 1714، بۇنىڭ ئىچىدە «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دىكىسى 1381، «تۆتنى ئېنىقلاش» داۋامىدىكىسى 66، «ئوڭچىللىقتا قارشى تۇرۇش» داۋامىدىكىسى 55، تارىخىي كونا دېلو 217؛ بۇ دېلولارغا چېتىلىدىغان خادىم 1721، بۇ خادىملار ئىچىدە كادىر 396، ئىشچى 187، يېزا ئاساسىي قاتلام كادىرى 259، باشقا كادىر 879، قايتا تەكشۈرۈش ئارقىلىق، 415 كىشىنىڭ پۈتۈنلەي خاتا بولغان دېلوسى تولۇق ئاقلاندى، 853 كىشىنىڭ قىسمەن خاتا بولغان دېلوسىنىڭ خاتا قىسمى ئاقلاندى، 336 كىشى ئۈستىدە چىقىرىلغان بۇرۇنقى يەكۈن ساقلاپ قېلىندى، بۇرۇن يەكۈن چىقىرىلمىغان 117 كىشىنىڭ دېلوسى ئۈستىدە بۇ قېتىم يەكۈن چىقىرىلدى؛ 229 كىشىنىڭ خىزمىتى، ۋەزىپىسى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى، بۇلارنىڭ 90 نەپىرى كادىر، 45 نەپىرى ئىشچى؛ 63 كىشى خىزمەتتىن چېكىندۈرۈش يولى بىلەن بىر تەرەپ قىلىندى، بۇلارنىڭ 54 نەپىرى كادىر، توققۇز نەپىرى ئىشچى؛ 25 كىشى پېنسىيىگە چىقىرىش يولى بىلەن بىر تەرەپ قىلىندى، بۇلارنىڭ 21 نەپىرى كادىر، تۆت نەپىرى ئىشچى، ئون كىشى كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىك تۈزۈمىدىكى ئورۇنلارغا قايتۇرۇپ كېلىندى. قايتا تەكشۈرۈلگەندىن كېيىن 26 كىشىگە خەلق ئىشلىرى ئىدارىسى ئۆلچەملىك ئىش ھەققىنىڭ 40 پىرسەنتى بويىچە قۇتقۇزۇش پۇلى بەردى. ناھىيىلىك سوت مەھكىمىسى 225 دېلونى قوبۇل قىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە 37 دېلو ئاقلاندى ۋە تۈزىتىلدى، ئالتە دېلونىڭ خاراكتېرى ئۆزگەرتىلىپ جىنايى جازا يېنىكلىتىلدى، ئۈچ دېلوغا دائىر جىنايى جازا كەچۈرۈم قىلىندى، ئالتە دېلونىڭ ئىلگىرىكى يەكۈنى ساقلاپ قېلىندى، بەش دېلوغا دائىر قاماق جازاسى يېنىكلىتىلدى.

سىياسەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش داۋامىدا، بۇرۇن خاتا ھالدا ئۆي، مال - مۈلۈك ئاختۇرۇش تۈپەيلىدىن كېلىپ چىققان زىيان بىردەك تۆلەپ بېرىلدى ياكى قوشۇمچە ياردەم بېرىلدى، ناھىيە بويىچە سىياسەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش قوشۇمچە ياردەم پۇلى ئۈچۈن جەمئىي 65 مىڭ يۈەن تارقىتىلدى.

## 15 §. «بەش بولۇش، تۆت گۈزەل، ئۈچنى قىزغىن سۆيۈش» پائالىيىتى

1982 - يىلى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى پۈتۈن پارتىيە ۋە خەلقنى «بەش بولۇش، تۆت گۈزەل، ئۈچنى قىزغىن سۆيۈش» (مەدەنىيەتلىك بولۇش، ئەدەبلىك بولۇش، پاكىزە بولۇش، تەرتىپلىك بولۇش، ئەخلاقلىق بولۇش؛ قەلبى گۈزەل، تىلى گۈزەل، ھەرىكىتى گۈزەل، مۇھىتى گۈزەل بولۇش؛ ۋەتەننى قىزغىن سۆيۈش، سوتسىيالىزمنى قىزغىن سۆيۈش، كوممۇنىستىك پارتىيىنى قىزغىن سۆيۈش) پائالىيىتىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، بەش يىل ئىچىدە جەمئىيەت كەيپىياتى ۋە پارتىيە ئىستىلىنىڭ تۈپتىن ياخشىلىنىشىنى قولغا كەلتۈرۈشكە چاقىردى. ناھىيىدە بەش بولۇش تۆت گۈزەل، ئۈچنى قىزغىن سۆيۈش پائالىيىتىگە رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى ۋاقتىدا قۇرۇلدى ھەمدە ئىشخانا تەسىس قىلىندى، قاتلام - قاتلامغا چوڭ يىغىن چاقىرىلىپ، تەشۋىقات ئاپتوموبىللىرى ئىشقا سېلىنىپ، مەخسۇس تۈرلەر بويىچە رادىئو پىروگراممىلىرى ئاڭلىتىلىپ، رەسىم كۆرگەزمىلىرى ئېچىلىپ، شۇئار، لوزۇنكىلار چاپلىنىپ، قارا تاختا گېزىتى چىقىرىلىپ، كەڭ تۈردە تەشۋىقات ئېلىپ بېرىلىپ، پۈتۈن ناھىيىدىكى خەلق ئاممىسى ۋە ھەر دەرىجىلىك كادىرلار پاسسىپچىلىق، قالايمىقانچىلىق، ناچارلىقنى تىزگىنلەش مەركەز قىلىنغان بەش بولۇش، تۆت گۈزەل، ئۈچنى قىزغىن سۆيۈش پائالىيىتىنى چوڭقۇر، كەڭ قانات يايدۇرۇشقا سەپەرۋەر قىلىندى. ھەر مىللەت ئىشچى - خىزمەتچىلىرى ۋە ئامما ئەلا سۈپەتلىك مۇلازىمەت، ياخشى تەرتىپ، گۈزەل مۇھىت يارىتىش بويىچە مۇسابىقىنى پائال قوزغىۋەتتى، ھەر قايسى ئورۇنلار كونكرېت ئەھۋالغا ئاساسەن، «مەدەنىيەتلىك بولۇش ئەھدىنامىسى»، «مۇلازىمەت قائىدىسى»، «بىخەتەرلىك نىزامى» ۋە تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش تۈزۈمىنى تۈزۈپ چىقتى، «مەدەنىيەتلىك، ئەدەبلىك بولۇشقا نازارەتچىلىك قىلىش ئورنى» تەسىس قىلىپ ياكى پىكىر دەپتىرى ئورۇنلاشتۇرۇپ، بۇ پائالىيەتنى تۈزۈملەشتۈردى ۋە دائىملاشتۇردى. ھەر قېتىم «مەدەنىيەتلىك، ئەدەبلىك بولۇش» ئېيى پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلغاندا، ناھىيىلىك پارتكوم، ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى، ناھىيىلىك قوراللىق بۆلۈمدىكى ئاساسلىق رەھبەرلەردىن يۈجياپېڭ، لى خۈيجۇ، توختى مەمەت تۇردى، سېلىم ماڭسۇر، جۇمىڭفاڭ، ئابلىز نىيازلار سۈپۈرگە، گۈرجەك ئېلىپ، قول ھارۋىسىنى ئىتتىرىپ كوچىلارغا چىقىپ، ھەر مىللەت ئىشچى - خىزمەتچىلىرى، ئوقۇغۇچىلار بىلەن بىرلىكتە ئەخلەتلەرنى تازىلىدى، كۆچەت تىكىپ ئورمان بەرپا قىلدى، گۈللۈكلەرنى پەرۋىش قىلدى. تولۇقسىز مەلۇماتقا قارىغاندا، ناھىيە بويىچە ئىككى يىل ئىچىدە جەمئىي 688 توننا ئەخلەت تازىلاپ يۆتكىۋېتىلگەن، 10 مىڭ 840 كۇب مېتىر توپا توشۇلۇپ ئورەك تىندۇرۇلغان، كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى ۋە قىزىل گالستۇكلۇقلار تازىلىق كوچىسىدىن 64 ى قۇرۇلغان. 174

ئورۇندىكى تازىلىق مەيدانى ھۆددىگە بېرىلگەن، 200 توننا ئوغۇت توپلانغان، 13 مىليون تۈپ كۆچەت تىكىلگەن، 4345 كۋادرات مېتىر يەرگە گۈللۈك بەرپا قىلىنغان، 176 مىڭ 929 تەشتەك گۈل ئۆستۈرۈلگەن، بۇ پائالىيەتكە قاتناشقانلار 21 مىليون 800 مىڭ 392 ئادەم (قېتىم) گە يەتكەن.

«پاسسىپلىق، قالايمىقانچىلىق، ناچارلىق»نى تىزگىنلەش داۋامىدا، كەڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر «80 - يىللاردىكى يېڭى لېي فېڭ بولۇش» ئىرادىسىنى ھەرىكىتىدە كۆرسىتىپ، لېي فېڭدىن ئۆگىنىش گۇرۇپپىلىرىنى پائال تەشكىللەپ، «ئۈچتە ئەلا بولۇش، بىردىن ئۆگىنىش»، «ئىللىقلىق يەتكۈزۈش»، «سىز ئۈچۈن خىزمەت قىلىمىز»، «تېرىلغۇغا ياردەم بېرىش ئەترىتى» قاتارلىق مەزمۇنلاردىكى خەلققە پايدىلىق پائالىيەتلەرنى قانات يايدۇرۇپ، قىزىل گۈل تاقاشنى قولغا كەلتۈرۈپ، مەدەنىيەتلىك، ئەدەبلىك بولۇش پائالىيىتىدە ئاكتىپلاردىن بولۇشنى قولغا كەلتۈرۈپ، لېي فېڭدىن، ئىلغارلاردىن ئۆگىنىپ، ياخشى ئىش قىلىش، يېڭى خىسلەت تىكلەش پائالىيىتىنى ناھىيىنىڭ ھەر بىر بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىغىچە ئومۇملاشتۇردى. 1983 - يىلدىكى مەلۇماتقا قارىغاندا، ناھىيە بويىچە تەشكىللەنگەن «لېي فېڭدىن ئۆگىنىش گۇرۇپپىسى» 785 كە، ئۇنىڭغا قاتناشقانلار 10 مىڭ 699 نەپەرگە، پائالىيەت تۈرى 217 گە، مۇلازىمەت سانى 32 مىڭدىن كۆپرەك ئادەم (قېتىم) گە يەتكەن. كەڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر بىرەر تېخنىكا جەھەتتىكى ئارتۇقچىلىقىنى جارى قىلدۇرۇپ، كۈچى يەتكەن ئىشنى قىلدى. ناھىيىلىك رېمونت قىلىش - ياساش زاۋۇتى، ناھىيىلىك پارتكوم، ئاشلىق ئىدارىسى، توك بىلەن تەمىنلەش ئورنىدىكى 50 تىن ئارتۇق ياش ئىشتىن سىرتقى ۋاقىتتىن پايدىلىنىپ، ئامما ئۈچۈن 100 دىن ئارتۇق ۋېلسىپىت، 11 دانە رادىئونى ھەقسىز رېمونت قىلىپ بەردى، 1000 مېتىردىن كۆپرەك توك سىمى تارتىپ بەردى، ھەربىي قىسىمغا 1750 كىلوگرامدىن ئارتۇق ئۇن، گۈرۈچ، ياغ يەتكۈزۈپ بەردى. 1 -، 2 - ئوتتۇرا مەكتەپلەردىكى ئوقۇغۇچىلار بازار كۈنلىرى نۇقتا قۇرۇپ، ئامما ئۈچۈن خالىسانە ۋېلسىپىت ساقلاپ بەردى. يىما گۇڭشېسىدا 25 نەپەر ياش «تېرىلغۇغا ياردەم بېرىش ئەترىتى» تەشكىللەپ، قېيىنچىلىقى بار 80 ئائىلىنىڭ 90 مو يېرىنى ھەيدەپ بەردى، 70 مو يېرىنى سۇغىرىپ بەردى.

جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى «36923» قىسمى، ناھىيىلىك خەلق قوراللىق بۆلۈمى، ناھىيىلىك قوراللىق ساقچى ئوتتۇرا ئەترىتىدىكى ئوفىتسېر جەڭچىلەر مەدەنىيەتلىك، ئەدەبلىك بولۇش پائالىيىتى داۋامىدا خەلققە پايدىلىق پائالىيەتلەرنى قانات يايدۇرغاندىن باشقا، يەنە 2 - ئوتتۇرا مەكتەپ، 1 -، 2 -، 3 - باشلانغۇچ مەكتەپلەر، شىنخۇا كىتابخانىسى، پاختا - چىگە شىركىتى، خەلق دوختۇرخانىسى، بانكا قاتارلىق ئورۇنلار ئارمىيە - خەلق قول تۇتۇشۇپ، بىرلىكتە مەدەنىيەتلىك ئورۇن بەرپا قىلىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى ھەمدە يېزىلارغا يۈزلىنىپ، گۇڭشې ئەترەتلەرنىڭ ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا ياردەم بەردى.

ناھىيىلىك خەلق قوراللىق بۆلۈمى گۈلباغ يېزىسىنىڭ يۇقىرى ئاراشور كەنتىنى ئارمىيە خەلق بىرلىكتە مەدەنىيەتلىك ئورۇن بەرپا قىلىش نۇقتىسى قىلىپ، دائىم ئادەم ئەۋەتىپ خىزمەتلەرگە ياردەملەشتى ھەمدە ئۈچ خىل ئىشلىتىلىدىغان ئېلېكترلىك پاتېفوندىن بىرنى تەقدىم قىلدى، كەنتنىڭ مەدەنىيەت ئۆيى قۇرۇلۇشىغا ياردەم بەردى. «36923» قىسىم ئۆزى تۇرۇشلۇق جايغا يېقىن بولغان ئايكۆل كەنتىنى ئارمىيە خەلق بىرلىكتە مەدەنىيەتلىك ئورۇن بەرپا قىلىش نۇقتىسى قىلىپ، «پەرىشتە قولتۇقى» قاراۋۇللۇق چازىسىنى ساقلاۋاتقان چېگرا مۇداپىئە 4 -

ليەنى ئايكۆل بىلەن قول تۇتۇشۇپ، بۇ جاينى بىرلىكتە مەدەنىيەتلىك ئورۇن قىلىپ قۇرۇپ چىقىشنى بېكىتتى. 4 - ليەندىكى كادىر، جەڭچىلەر كەنت كادىرلىرى، ئاما ۋەكىللىرى بىلەن كېلىشىم ئىمزالاپ، دېھقانلارغا يېزا ئىگىلىك ئاساسىي بىلىملىرىنى ئۆگىتىپ، دېھقانلارنىڭ ئىلمىي تېرىقچىلىق قىلىشىغا ياردەم بەردى، مەبلەغ تەييارلاپ، كەنتكە بوغداي تېرىش، كۆۋەز ئۆستۈرۈش، مېۋىلىك دەرەخلەرنى ئۇلاش، كۆچەت پەرۋىش قىلىشقا دائىر كىتابلارنى ئېلىپ بەردى، يەنە ئۇيغۇر تىلىنى بىلىدىغان جەڭچىلەرنى ئاجرىتىپ، دېھقانچىلىقنىڭ بوش ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ، كەنت ئاھالىلىرى ئۈچۈن ئىلمىي ئۇسۇلدا تېرىقچىلىق قىلىش ھەققىدە لېكسىيە ئۇيۇشتۇرۇپ، ئۇلارغا ئىلمىي ئۇسۇلدا تېرىقچىلىق قىلىش ھەققىدىكى بىلىملەرنى ئۆگەتتى. يېزا ئىگىلىك تەجرىبىسىگە ئىگە ئوفىتسېر، جەڭچىلەرنى كەنت ئاھالىلىرىگە مەسلىھەتچى قىلىپ، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ سۈپەتلىك ئۇرۇقلۇقنى تاللاپ يېتىشتۈرۈش، كېسەللىك، ھاشاراتلار زىيانداشلىقىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەش، ئېتىز پەرۋىشى قاتارلىق ئىشلىرىغا كونكرېت ياردەم بەردى ۋە يېتەكچىلىك قىلدى. ئۈچ يىل داۋامىدا ليەندۈي كەنتكە 1720 نەپەر (قېتىم) ئەمگەك كۈچى ياردەم بەردى، 57 مو يەردىكى زىرائەتنى تېرىپ، يىغىپ بەردى، چارۋىچىلارغا 115 مىڭ كىلوگرام ئوغۇت توپلىشىپ بەردى، ئۇزۇنلۇقى 300 مېتىردىن ئاشىدىغان ئۆستەڭ، 670 مېتىردىن ئاشىدىغان يولنى ياساشىپ بەردى، 873 تۈپ دەرەخ تىكىپ بەردى، ئۇزۇنلۇقى 1000 مېتىردىن ئاشىدىغان ئورمان بەلبېغىنى رەتلەپ بەردى. ئۇلار يەنە دېھقانلارنىڭ كۆپ خىل تېخنىكىۋى ئالاھىدىلىكلەرنى ئىگىلەپ، بېيىش يوللىرىنى كېڭەيتىۋېلىشىغا ياردەم بېرىپ، بىر مۇنچە كەنت ئاھالىلىرىنى ئەمگەك بىلەن بېيىشقا دائىر كەسپىي تېخنىكىلارنى ئۆگىنىۋېلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى. بۇ كەنتتىكى ھۆسىيىن ياسىن ئىلگىرى ناھايىتى نامرات ئىدى، 4 - ليەن ئۇنىڭ بېيىشىغا ياردەم بەرگەچكە ئىككى يىل جاپا - مۇشەققەتكە چىداپ تىجارەت قىلىش ئارقىلىق، ئۇ قەرزنى تۆگىتىپلا قالماي، بەلكى رادىئولۇق ئۈنئالغۇ، كىيىم تىكىش ماشىنىسى قاتارلىق ئالىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنى سېتىۋالدى، چوڭ تىكلىمە ئىشكاپ، دىۋان، شىرە قاتارلىق يېڭىچە ئۆي جاھازلىرىنى تولۇقلىۋالدى. ئاممىنىڭ سۇ ئىچىش، يورۇتۇش، كۆۋرۈك جەھەتتىكى قىيىنچىلىقلىرىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، 4 - ليەندىكى جەڭچىلەر تۆەن شتابىنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللىشى ئارقىسىدا، تۆەن مەبلەغ، ليەندۈي ئادەم كۈچى ئاجرىتىپ، ئۇزۇنلۇقى 200 مېتىردىن ئاشىدىغان سۇ تۇرۇبىسى ئورنىتىپ، تۇرۇبا سۈيىنى كەنتكىچە ئەكىلىپ بەردى؛ ئۇزۇنلۇقى 500 مېتىردىن ئاشىدىغان يۇقىرى بېسىملىق توك سىمى تارتىپ، ھەر بىر ئائىلىگىچە توك يەتكۈزۈپ بەردى. كەنت ئەتراپىدا ئۈچ مېتىردىن كەڭرەك بىر ئۆستەڭ بولۇپ، ئۆستەڭنىڭ ياغاچ كۆۋرۈكى يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن كونىراپ، ھارۋا - ماشىنىلارنىڭ ئۆتۈشى قىيىن بولۇپ قالغانىدى، ئۇلار بۇ يەرگە خىش - بېتون قۇرۇلمىلىق سېمونت كۆۋرۈكتىن بىرنى سېلىپ، ئاممىنىڭ ئۇزۇندىن بۇيان ھەل قىلالماي كەلگەن ئۈچ چوڭ قىيىنچىلىقىنى ئۇزۇل - كېسىل ھەل قىلىپ بەردى.

ليەندۈي يەنە كەنتكە ياردەملىشىپ، لېي فېڭدىن ئۆگىنىش گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ، نۇقتىلىق ياردەم بېرىش، بەنلەرگىچە ھۆددىگە بېرىش، مەسئۇلىيەتنى ئادەمگىچە بېكىتىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، كەنتتىكى قىيىنچىلىقى بار ئائىلە، «بەشتە كاپالەتلەندۈرۈلىدىغان ئائىلە»، يېتىم - يېسىر، ياشانغانلارنى غەم - ئەندىشىدىن خالاس قىلدى، ئۇلار «پەرىشتە قولتۇقى» قاراۋۇللۇق چازىسىنى چىڭ ساقلاشتەك ھېچنېمىدىن قورقمايدىغان ئىنقىلابىي روھ بىلەن كەنت ئاھالىلىرىگە ئۇلۇغۋار غايە تىكلەش، جاپا - مۇشەققەتكە چىداپ كۆرەش قىلىش روھىنى جارى

قىلدۇرۇش توغرىسىدا تەربىيە ۋە ئىلھام بەردى، كەنت ئاھالىلىرىنى تەشكىللەپ تۈەن شتابىغا ئېلىپ بېرىپ، «پولات قاراۋۇل چارىسىنىڭ شان ـ شەرەپ ئۆيى»نى ئېكسكۇرسىيە قىلدۇردى، «مۇزلۇق چوققىغا جايلاشقان قاراۋۇللۇق چارىسىدىكى قەيسەر جەڭچى» مەتتوختى نىياز غايە، ئىنتىزام، پىداكارلىق ھەققىدە سۆزلەپ بېرىشكە تەكلىپ قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، كەنتنىڭ دۆلەت ئېلان قىلغان تۈرلۈك قائىدە ـ تۈزۈملەرنى تەشۋىق قىلىشى، ئىزچىللاشتۇرۇشىغا ياردەم بەردى، كەنت ئاھالىلىرى بىلەن بىرلىكتە قانۇن ساۋاتلىرىنى ئۆگىنىپ، قانۇنغا رىئايە قىلىش، قانۇندىن پايدىلىنىش ئاڭلىقلىقىنى بىرلىكتە ئۆستۈرۈپ، قانۇن ـ ئىنتىزامغا خىلاپ تۈرلۈك قىلمىشلارغا قارشى بىرلىكتە كۈرەش قىلدى ھەمدە تۈرلۈك چارە، ئۇسۇللارنى قوللىنىپ، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ مەدەنىيەت تۇرمۇش شارائىتىنى ياخشىلاپ بەردى، كەنت ئاھالىلىرى بىلەن بىللە «بەش بولۇش، تۆت گۈزەل» پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى. كەنتكە كۆلىمى 70 كۋادرات مېتىر كېلىدىغان بىر كۆڭۈل ئېچىش ئۆيى سېلىپ بەردى. تۈەن شتابى كەنتكە 20 دىيۇملۇق رەڭلىك تېلېۋىزوردىن بىرنى، تاختا بېلىيارتتىن بىرنى، سىياسەت، ئەدەبىيات ـ سەنئەتكە دائىر كىتابتىن 400 نەچچىنى تەقدىم قىلدى، ھەربىي ئىشلار بۆلۈمچىسى، سەھىيە ئەترىتى، مۇددەتلىك ھالدا، كەنت ئاھالىلىرىگە كىنو، تېلېۋىزور، سىنئالغۇ فىلىمى قويۇپ بەردى، ئۇلارنىڭ كېسىلىنى داۋالىدى، كارانتىن قىلدى، كەنتنىڭ مەدەنىي تۇرمۇشىنى جانلاندۇردى، كەنتنىڭ تازىلىق شارائىتىنى ياخشىلىدى.

ئارمىيە ـ خەلق ئورتاق تىرىشچانلىق كۆرسەتكەنلىكتىن، كەنتنىڭ تەبىئىي قىياپىتى ۋە ئاممىنىڭ روھىي قىياپىتىدە كۆرۈنەرلىك ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كەلدى، ئىھاتە ئورمان بەلباغلىرى بوك ـ باراقسان ئۆستى، يوللار كەڭ، ئازادە، رەتلىك، پاكىزە بولدى، كەنت ئاھالىلىرى ئىناق ئۆتتى، ئارمىيە ـ خەلق مۇناسىۋىتى يەنىمۇ كۈچەيدى. ھەر قېتىم ليەندۈي ئالماشقاندا، ئامما گۈل، مېۋە ـ چېۋە، يىمەكلىك ئېلىپ كېلىپ ليەندۈيدىكىلەرنى تاغقا ئۇزىتىپ قويدى، ئۇلار تەشەببۇسكارلىق بىلەن ليەندۈيگە بېرىپ، جەڭچىلەرنىڭ يوتقان ـ كۆرپىلىرىنى يۇيۇپ تىكىپ بەردى، كىيىملىرىنى ياماپ بەردى، تازىلىقىنى قىلىپ بەردى، جەڭچىلەر بىلەن كەنت ئاھالىلىرى ئارىغا قىل سىغمايدىغان دەرىجىدە ئىناق ئۆتتى.

شىنجاڭ نېفىت باشقۇرۇش ئىدارىسى جەنۇبىي شىنجاڭ نېفىت چارلاش قوماندانلىق شتابى بازىسىدىكى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر يېقىن ئەتراپتىكى گۇڭشې، ئەترەتلەرگە ئىللىقلىق يەتكۈزۈش پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى، ئۇلار كۈيباغ يېزىسىنىڭ جىگدە جاي كەنتىگە توك يەتكۈزۈپ بەرگەندىن باشقا، دېھقانلارنىڭ 225 ئېشەك ھارۋىسىنى 110 ۋېلسىپىتىنى، بەش تراكتورىنى، توققۇز رادىئولۇق ئۈنئالغۇسىنى، ئىككى قول سائىتىنى رېمونت قىلىپ بەردى، ھەر خىل ئىچ كامىردىن 123 نى چاپلاپ بەردى، كەتمەندىن 81 نى، تىرنىدىن 29 نى، چېلەكتىن 64 نى، داستىن 52 نى، چۆگۈندىن 20 نى سۇۋاركا قىلىپ بەردى، 25 ئورغاق، 15 پالتىنى رېمونت قىلىپ بىلەپ بەردى، 164 كىشىنىڭ چېچىنى ئېلىپ قويدى، 1000 كۇب مېتىر توپا تاش قېزىپ، 500 مېتىر ئۇزۇنلۇقتا ئۆستەڭ چېپىپ بەردى، توققۇزمو يەرنىڭ ئوتىنى ئوتاپ بەردى، 3.5 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا يۇقىرى بېسىملىق توك سىمى تارتىپ بەردى، 5094 ھەر خىل كېيىم كېچەك، 513.95 يۈەن نەق پۇل، 660 كىلوگرام ئاشلىق بېلەتى ئىئانە قىلدى.

## § 16. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى

1982 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ 1 ـ شۇجىسى ۋاڭ ئېنماۋ ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ھامىدىن نىياز ناھىيىگە كېلىپ، خىزمەتلەرنى

كۆزدىن كەچۈردى، شۇجى ۋاڭ ئېنماۋ خىزمەتتىن بېرىلگەن دوكلاتنى ئاڭلىغاندىن كېيىن سەممىي ھالدا، چوڭقۇر مەنىلىك قىلىپ: «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدا نەمۇنىچى ناھىيە بولۇشۇڭلار كېرەككقۇ! ئەتراپىڭلاردىكى بىر قانچە ناھىيە ئىچىدە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى خىزمىتىنى بىر قەدەر ياخشى ئىشلەپسىلەر. بۇ خىزمەتنى تېخىمۇ ياخشى ئىشلەپ، نەمۇنىچى ناھىيە بولۇڭلار. بولامدۇ؟» دېگەنىدى. ئۇزۇن ئۆتمەي، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ئاپتونوم رايون بويىچە «پارتىيىنىڭ مىللەتلەر سىياسىتىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش توغرىسىدا مەركەزلىك ھالدا بىر تېتىم تەربىيە ئېلىپ بېرىش ھەققىدە ئۇقتۇرۇش چىقاردى، قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكوممۇ مۇناسىپ ھالدا ئورۇنلاشتۇردى. ناھىيىلىك پارتكوم شۇ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى، «ناھىيە بويىچە پارتىيىنىڭ مىللەتلەر سىياسىتىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش تەربىيىسى ئېلىپ بېرىش توغرىسىدا قارار» چىقاردى. ناھىيىلىك پارتكوم، ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى 6 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى ناھىيە بويىچە رادىئو سەپەرۋەرلىك بىرلەشمە يىغىنى چاقىردى، ناھىيىلىك پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ھاكىم سېلىم ماڭسۇر «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە نەمۇنىچى ناھىيە بولۇشنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن تىرىشىپ كۆرەش قىلايلى» دېگەن تېمىدا سەپەرۋەرلىك دوكلاتى بەردى، «قوش تەربىيە ئېيى» پائالىيىتىنى كونكرېت ئورۇنلاشتۇردى. كېيىن ناھىيىلىك پارتكوم «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە نەمۇنىچى ناھىيە بولۇشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى قولغا كەلتۈرۈش پىلانى (لايىھىسى)»نى ئىككى قېتىم تۈزۈپ چىقىپ، ناھىيىلىك 7 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 2-سانلىق يىغىنى ۋە ھەر قايسى يېزا (مەيدان)، ناھىيىگە بىۋاسىتە قاراشلىق ئورۇنلارنىڭ مۇزاكىرىسىگە سۇندى، 8-ئاينىڭ 25-كۈنى «ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىنىڭ يوليورۇقىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە نەمۇنىچى ناھىيە بولۇشنى تىرىشىپ قولغا كەلتۈرۈش توغرىسىدا قارار» چىقاردى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدا نەمۇنىچى ئورۇن بولۇشنىڭ بەش تۈرلۈك ئۆلچىمىنى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدا نەمۇنىچى ئورۇن بولۇشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ بەش تۈرلۈك تەدبىرىنى تۈزۈپ چىقىپ، ھەر قايسى يېزا، بازار، مەيدان ۋە ناھىيىگە بىۋاسىتە قاراشلىق ئورۇنلاردىن مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدا نەمۇنىچى ئورۇنلارنى تەدرىجىي قۇرۇپ چىقىشنى تەلەپ قىلدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە نەمۇنىچى ناھىيە قۇرۇش پائالىيىتى ناھىيە مىقياسىدا چوڭقۇر، پۇختا قانات يېيىپ كەتتى. ناھىيىلىك پارتكومنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن، ناھىيە بويىچە بازار ـ يېزىلاردىكى ھەر قايسى ئورگان، ئورۇنلار، مەكتەپلەر، مەھەللە ئاھالىلەر كومىتېتلىرىنىڭ 1 ـ قول رەھبەرلىرى ئۆزلىرى قوماندانلىق قىلىپ، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر، ئوقۇغۇچىلار ۋە ئاممىنى تەشكىللەپ، ماركسىزمنىڭ مىللەتلەر مەسىلىسى توغرىسىدىكى بايانلىرىنى، ئاپتونوم رايون ۋە ۋىلايەتتىن تارقىتىلغان ئۆگىنىش ماتېرىياللىرىنى ئۆگىنىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە دوكلات يىغىنى، سۆھبەت يىغىنى ئېچىش، قارا تاختا گېزىتى، تام گېزىتى چىقىرىش، رادىئو، تېلېۋىزوردا تەشۋىق قىلىش، دوست مەكتەپ، دوست سىنىپ، ئارمىيە ـ خەلق دوست سىمپىنا-گورۇپپىسى، دوست قورۇ، دوست قولۇم ـ قوشنا بەرپا قىلىش قاتارلىق مول مەزمۇندىكى تەربىيە پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇردى. ئۈچ يىل داۋامىدا، ناھىيە بويىچە جەمئىي 1050 قېتىم مەخسۇس تېمىدا ھەر خىل مۇزاكىرە يىغىنى ئۇيۇشتۇرۇلدى، ئۇنىڭغا قاتناشقانلار 6000 ئادەم (قېتىم) دىن كۆپرەككە، چىقىرىلغان قارا تاختا گېزىتى 60 ساندىن كۆپرەككە، ئىشقا سېلىنغان تەشۋىقات

ماشىنىسى 20 ماشىنا (قېتىم) دىن كۆپرەككە، ئېلىپ بېرىلغان رادىئو، تېلېۋىزور، پروجېكسىيە تەشۋىقاتى 1000 قېتىمدىن كۆپرەككە، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن ئەدەبىيات-سەنئەت كۆرىكى توققۇز قېتىمغا، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە بەرپا قىلىنغان دوست مەكتەپ 78 جۈپكە، دوست سىنىپ 213 جۈپكە، دوست سېخ ياكى سېمېنا - گۇرۇپپا 533 جۈپكە، دوست قورۇ 487 گە، دوست قولۇم - قوشنا 988 ئائىلىگە يەتتى.

ناھىيىلىك پارتكوم كونكرېت يېتەكچىلىكنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى نەزەرىيىسى ۋە مىللەتلەر سىياسىتى بويىچە ئۆگىنىش كۇرسى ئۇيۇشتۇردى. مىللەتلەر سىياسىتىنى ئۆگىنىش بويىچە 30 قارارلىق ئارتۇق ئۆگىنىش يېتەكچىلىرى يىغىنى چاقىرىپ، ناھىيىگە بىۋاسىتە قاراشلىق ئورۇنلارغا ۋە يېزا، مەيدان، بازارلارغا 1000 دىن ئارتۇق ئۆگىنىش تايانچىنى تەربىيىلەپ بەردى، پارتىيە، ناھىيىنىڭ ھۆكۈمەت مەسئۇللىرى ناھىيىگە بىۋاسىتە قاراشلىق ئورگانلاردىكى كادىرلارغا ئالتە قېتىم مەخسۇس تېمىدا چۈشەندۈرمە دوكلات بېرىشكە ئۇيۇشتۇرۇلۇپ، ئىلگىرى كېيىن بولۇپ، مىللەت ۋە پارتىيىنىڭ مىللەتلەر سىياسىتى دېگەن نېمە؟ شىنجاڭدا نېمە ئۈچۈن «ئىككى ئايرىلالماسلىق» ئالاھىدە تەكىتلىنىدۇ؟ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مەنپەئىتىنىڭ سادىق ۋەكىلى قاتارلىق مەسىلىلەر سۆزلەندى. ناھىيىلىك پارتكوم بەلگىلىمە چىقىرىپ، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ئىتتىپاق تەشكىلاتلىرىدىن تەشكىلىي تۇرمۇش ئۆتكۈزگەندە، پارتىيە، ئىتتىپاق ئەزالىرىغا تەربىيە ئېلىپ بارغاندا، پارتىيە، ئىتتىپاققا ئەزا قوبۇل قىلغاندا، ئىلغار پارتىيە، ئىتتىپاق پاچپىيكلىرىنى ۋە مۇنەۋۋەر پارتىيە، ئىتتىپاق ئەزالىرىنى، نەمۇنىچى ئورۇن ۋە ئىلغار خىزمەتچىلەرنى باھالىغاندا، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ياخشى يولغا قويۇش، مىللەتلەر سىياسىتىنى توغرا ئىجرا قىلىشنى مۇھىم شەرتلەرنىڭ بىرى قىلىشنى تەلەپ قىلدى. ناھىيىلىك پارتكوم ھەر دەرىجىلىك ئورۇنلارنىڭ رەھبەرلىرىنى قەرەللىك تۈردە يىغىپ، خىزمەتتىن بەرگەن دوكلاتنى ئاڭلاپ، تەجرىبىلەرنى ئالماشتۇرۇپ، تونۇشنى ئۆستۈرۈپ، ساقلانغان مەسىلىلەرنى ھەل قىلدى.

ناھىيىلىك پارتكوم، ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى، سىياسىي كېڭەش نەتىجىلەرنى مۇستەھكەملەپ، يېڭى ۋەزىيەت يارىتىش ئۈچۈن، 1982 - يىلدىن 1984 - يىلغىچە ئىككى قېتىم مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە ئىلغار ئورۇن ۋە ئىلغار شەخسلەرنى تەقدىرلەش چوڭ يىغىنى چاقىرىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە 87 ئىلغار كوللېكتىپ، 369 ئىلغار شەخسنى تەقدىرلىدى، ۋىلايەت ۋە ئاپتونوم رايون بويىچە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىكى ئىلغار ئورۇن، ئىلغار شەخسلەرنى تەقدىرلەش چوڭ يىغىنىغا قاتنىشىدىغان ئالتە كوللېكتىپ ۋەكىلى ۋە ئالتە شەخسلەر ۋەكىلىنى باھالاپ چىقتى.

مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش داۋامىدا، ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلار ئۆزى باشلامچى بولۇپ، ئىشنى ئۆزىدىن باشلاپ، كەڭ ئاممىغا ئۈلگە يارىتىپ بەردى. ناھىيىنىڭ ھەر قايسى يېزا - مەيدانلىرىدا خەنزۇلار ئولتۇراقلاشقان كەنت، ئەترەتلەر بولغاچقا ئىلگىرى ئېتىز - ئېرىقلارغا سۇ ئىشلىتىشتە شۇ يەردىكى ئاز سانلىق مىللەت دېھقانلىرى بىلەن خەنزۇ دېھقانلار ئوتتۇرىسىدا دائىم جېدەل يۈز بېرىپ تۇراتتى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلغاندىن كېيىن، ھاكىم سېلىم ماڭسۇر بۇ مەسىلىنى ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىپ، شىنجاڭنى تەرەققىي قىلدۇرۇش يۈكسەكلىكىگە كۆتۈرۈپ، ناھىيە بويىچە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىن ئىبارەت چوڭ ۋەزىيەتكە تەسىر كۆرسىتىدىغان مۇھىم

خىزمەت قاتارىدا تۇتۇپ، دائىم يېزا، كەنتلەردىكى ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىغا: «خەنزۇ دېھقانلارنىڭ كۆپى سۇ مەنبەسىنىڭ تۆۋەنكى ئېقىمىدا بولۇپ، بىنەم ئېچىپ تېرىقچىلىق قىلىش كېيىنرەك باشلانغان جايلارغا ئورۇنلاشقان، ئۇنۇمسىز يەر كۆپ، بىز يەرلىك ئاساسلىق مىللەت، ئۇلارغا كۆپرەك غەمخورلۇق قىلىشىمىز، ئېتىبار بېرىشىمىز كېرەك» دەيتتى. 1984 - يىلى ئەتىيازدا، قۇرغاقچىلىق ۋە سۇ قىس بولۇپ كەتتى، ھاكىم سېلىم ماڭسۇر بىر يېزىدىكى خەنزۇ كەنتىنىڭ بۇغدايلىقىغا بىر تېيىممۇ سۇ كىرمىگەنلىكىنى ئاڭلاپ، سۇ كادىرلىرىنى خەنزۇ كەنتتىكى ئاھالىلەرنىڭ يەرلىرىگە دەرھال سۇ بېرىشكە بۇيرۇيدۇ، ئارقىدىنلا ئۆزى بېرىپ تەكشۈرۈپ، قۇرغاقچىلىققا ئۇچرىغان بۇغدايلىقتا ئومۇميۈزلۈك ھالدا ئەتىيازلىق سۇ قويۇلغانلىقىنى كۆرۈپ، ئاندىن رازىمەنلىك بىلەن قايتىدۇ، خەنزۇ دېھقانلار تەسىرلىنىپ ھەممە بىر ئېغىزدىن: «سېلىم ھاكىم ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ياخشى ھاكىمى» دەپ ماختىشىدۇ.

تۆت يىللىق مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى ئارقىلىق، ناھىيىدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئىناق ئۆتتى، باراۋەرلىك ئاساسىدا ئىتتىپاقلاشتى، بىر - بىرىگە ئىشەندى، بىر - بىرىنى ھۆرمەت قىلدى، بىر - بىرىدىن ئۆگەندى، بىر - بىرىگە يول قويدى، بىر بىرىنى قوللىدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەلەپ قىلغان «ھەممە كىشىدە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ئىدىيىسى بولۇش، ھەممە كىشى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى بىلىدىغان بولۇش، ھەممە كىشى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى سۆزلەيدىغان بولۇش، ھەممە كىشى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە ياخشى ئىش قىلىش» تىن ئىبارەت ۋەزىيەت ناھىيە مىقياسىدا دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللەندى.

1986 - يىلى پوسكام ناھىيىسىگە ۋىلايەت تەرىپىدىن «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە نەمۇنىچى ناھىيە» دەپ نام بېرىلدى.

1987 - يىلى ئاپتونوم رايون تەرىپىدىن «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە نەمۇنىچى ناھىيە» دەپ نام بېرىلدى. 1988 - يىلى گوۋۇيۈەن تەرىپىدىن «مەملىكەت بويىچە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە تەرەققىياتى بويىچە ئىلغار ئورۇن» دەپ نام بېرىلدى.

# باب III

# جۇڭگو گومىنداڭنىڭ پوسكام ناھىيىلىك پىرقىسى

## § 1. تەشكىلىي پائالىيەتلىرى

1943 - يىل 7 - ئايدا پوسكام ناھىيىسىدىن ھوشۇر توخسۇن، يۇنۇس يۈسۈپ، ۋاڭ تاڭلىڭ قاتارلىقلار تۇنجى تۈركۈمدە گومىنداڭ ئەزالىقىغا قوبۇل قىلىنىپ، گومىنداڭنىڭ پوسكام ناھىيىسىدىكى شۆبە رايونلۇق پىرقىسى قۇرۇلغان، ئۇ، يەكەن ناھىيىلىك پىرقىگە قارىغانىدى.

شۆبە رايونلۇق پىرقە قۇرۇلغاندىن كېيىن، دەسلەپتە ناھىيىلىك ھۆكۈمەت، ساقچى

ئىدارىسى، باج ئىدارىسى قاتارلىق ئورۇنلاردا گومىنداڭ ئەزالىرىنى تىزىملىغان ۋە ئەزا قوبۇل قىلغان. 1945 - يىلى گومىنداڭ ئەزاسى 70 نەپەرگە يېتىپ، شۆبە رايونلۇق پىرقە رايونلۇق پىرقىگە ئۆزگەرتىلىپ، يەنىلا يەكەن ناھىيىلىك پىرقىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان. رايونلۇق پىرقىنىڭ شۇجىسى شۇ چاغدىكى ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ كاتىبى ۋاڭ تاڭلىڭ ئىدى. 1946- يىل 1 - ئايدا مىللىي ئارمىيە پوسكامنى ئىشغال قىلغان، يۇنۇس يۇسۇپنىڭ پاش قىلىشى بىلەن، بارلىق گومىنداڭ ئەزالىرىنىڭ كېيىنكىسى يىغىۋېلىنىپ كۆيدۈرۈۋېتىلگەن.

1946 - يىل 3- ئايدا ئۆلكىلىك پىرقە ئەخمەت خوجىنى پوسكامغا گومىنداڭنىڭ ناھىيىلىك پىرقىسىنى قۇرۇشنىڭ تەييارلىقىنى قىلىشقا ئەۋەتكەن. 4 - ئايدا پوسكام ناھىيىلىك پىرقە رەسمىي قۇرۇلغان، ئەخمەت خوجا شۇجىجاڭلىققا تەيىنلەنگەن. شۇجىجاڭنىڭ قول ئاستىدا بىر كاتىپ، بىر تەشكىلات گەنسىسى، بىر تەشۋىقات گەنسىسى تەسىس قىلىنغان. 1947 - يىلى ناھىيىلىك پىرقىدە رېۋىزىيە بۆلۈمى تەسىس قىلىنغان، بۇ بۆلۈم ھۆكۈمەتنىڭ يۇقىرىنىڭ مەمۇرىي پەرمانلىرىنى ئىجرا قىلىشىغا نازارەتچىلىك قىلغان. ناھىيىلىك پىرقە قۇرۇلغاندىن كېيىن، ھەر قايسى يېزا (بازار) لاردا ئەزا قوبۇل قىلىپ، رايونلۇق پىرقە ۋە شۆبە رايونلۇق پىرقىنى قۇرغان. 1946 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ناھىيە بويىچە قۇرۇلغان رايونلۇق پىرقە ئالتىگە، شۆبە رايونلۇق پىرقە 27 گە، ئۇنىڭ گۇرۇپپىسى 55 كە يەتكەن، ئۇنىڭدىن باشقا ناھىيىلىك پىرقىگە بىۋاستە قاراشلىق شۆبە رايونلۇق پىرقىدىن بىرى، بىۋاستە قاراشلىق گۇرۇپپىدىن بىرى قۇرۇلغان، گومىنداڭ ئەزاسى جەمئىي 397 نەپەرگە يەتكەن.

1947 - يىل 2 - ئايدا گومىنداڭنىڭ ناھىيىلىك تۇنجى نۆۋەتلىك ئەزالار قۇرۇلتىيى چاقىرىلغان، ئەخمەت خوجا، جاڭ يىمىن، دۇشاۋ يۈەن، ئابدۇرېھىمدىن ئىبارەت تۆت كىشى ناھىيىلىك پىرقە ئىجرائىيە كومىتېتىنىڭ ئەزالىقىغا سايلانغان. قۇرۇلتايدىن كېيىن، ناھىيىلىك پىرقە تەسىر كۈچىنى كېڭەيتىپ، سايلام رىقابىتى داۋامىدا كۆپ ئاۋازغا ئىگە بولۇش ئۈچۈن، ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلارغا كۆپلەپ ئەزا قوبۇل قىلىش توغرىسىدا يوليورۇق بەرگەن ھەمدە ۋەزىپە چۈشۈرۈپ، ناھىيە بازىرىدىكى ھەر قايسى ئورگان، تەشكىلات ۋە مەكتەپلەردىكى ھۆكۈ... خادىملىرى، ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ گومىنداڭغا كىرىش لازىملىقىنى، بولمىسا ۋەزىپىگە قويۇلمايدىغانلىقىنى تەكىتلىگەن. گومىنداڭنىڭ تەھدىتى، قىلتاق قويۇشى مەجبۇرلىشى ئارقىسىدا، ناھىيە بويىچە ھەر قايسى يېزىلارنىڭ باشلىقلىرى، كەنت باشلىقلىرى باۋجاڭلار، مەكتەپلەرنىڭ مۇدىرلىرى، ئىلمىي مۇدىرلىرى، ئورگانلاردىكى كۆپ سانلىق ھۆكۈمەت خادىملىرى گومىنداڭ تەشكىلاتىغا قاتناشقان. 1949 - يىلغا كەلگەندە، ناھىيە بويىچە گومىنداڭ ئەزاسى 700 نەپەردىن كۆپرەككە يەتكەن.

1948 - يىل 4 - ئايدا ئۆلكىلىك پىرقىنىڭ 4 - دەرىجىلىك ناھىيىلەردە گومىنداڭنىڭ ناھىيىلىك پىرقىسىنى تەسىس قىلماسلىق توغرىسىدىكى قارارىغا ئاساسەن، ناھىيىلىك پىرقە ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان، ئۇنىڭ بارلىق پائالىيەتلىرى يەكەننىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەن.

1948 - يىلنىڭ بېشىدا گومىنداڭنىڭ ئۆلكىلىك پىرقىسىنىڭ مۇدىر گەنسىسى چېن شىخاۋ پوسكامغا كېلىپ، خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈرۈپ، ھوشۇر توخسۇن، زۇنۇن خۇدابەردى، قاسىم توخسۇندىن ئىبارەت ئۈچ كىشىنى گومىنداڭنىڭ ئاخباراتچىلىقىغا قوبۇل قىلغان، ئۇلار ئۆلكىلىك پىرقىنىڭ رەھبەرلىكىنى بىۋاستە قوبۇل قىلىپ، يەرلىكتىكى ئەھۋاللارنى توپلاپ، مەخپىي ئىشپىيونلۇق ھەرىكەتلىرىنى ئېلىپ بارغان. گومىنداڭنىڭ پوسكام ناھىيىلىك پىرقىسى

قورۇلغاندىن كېيىن، ئۇ، گومىنداڭنىڭ ئەزالىرىنى تەشكىللەپ، «ئۈچ مەسلەك»نــى ۋە گومىنداڭنىڭ سىياسەت، ئەمىر - پەرمانلىرىنى ئۆگىنىپ، كوممۇنىستىك پارتىيىگە، سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى تەشۋىقات ئېلىپ بارغان، دېموكراتىك زاتلار ۋە ئىلغار ياشلارنى نازارەت ئاستىغا ئالغان ۋە ئۇلارغا زىيانكەشلىك قىلغان ھەمدە ناھىيىلىك ھۆكۈمەت ۋە ساقچى ئىدارىسى بىلەن ئۆز ئارا تىل بىرىكتۈرۈپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىش كۈرىشىنى باستۇرغان، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قاتناشقان ئاممىغا زىيانكەشلىك قىلغان.

1947 - يىل 5 - ئايدا ناھىيىلىك پىرقە ھۆكۈمەت دائىرىلىرىگە قارشى ئاتالمىش «ئاممىنىڭ نامايىشى»نى پىلانلاپ ۋە تەشكىللەپ، جىنايەت توقۇپ، قارا چاپلاپ، زىيانكەشلىك قىلىپ، دېموكراتىك ئىدىيىگە ئىگە، ئامما سايلىغان ناھىيىلىك كېڭەشمىنىڭ باشلىقى مەتمىمىن ئەيسا، ھاكىم قۇربان مۆپتىنى ئىستىپا بېرىشكە مەجبۇرلىغان. 1947 - يىل 7 - ئايدا ناھىيىلىك پىرقە گومىنداڭ يەكەن ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيسى جۇفاڭگاڭنىڭ مۇددىئاسى بويىچە، ئوقۇتقۇچىلار ئارىسىدا ئۆزىنى «ياشلار ھەرىكىتى تەشكىلاتى» دەپ ئاتىۋالغان توقماقچىلار تەشكىلاتىنى ئۇيۇشتۇرۇپ، «شەرقىي تۈركىستانچى ئۇنسۇرلار»نى تازىلاش نامى بىلەن، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قاتناشقان ئىلغار زاتلارغا قورشاپ ھۇجۇم قىلغان ھەمدە ئىنقىلابىي ياش مەمەت قۇرباننى ۋەھشىلەرچە ئۇرۇپ ئۆلتۈرگەن.

## § 2. مىنگو دەۋرىدىكى مۇھىم ۋەقەلەردىن قىسقىچە خاتىرە

**1. چىرا كەنتىدىكى خەلقنىڭ چارروسىيىنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىغا قارشى كۈرەشكە مەدەت بېرىشى** 1912 - يىلى (مىنگونىڭ 1 - يىلى) 6 - ئايدا خوتەننىڭ چىرا كەنتى (ھازىرقى چىرا ناھىيىسى) دە جۇڭگو ۋە چەت ئەلنى زىلزىلىگە سالغان روسىيە مۇھاجىرلىرىنى جازالاش ۋەقەسى پارتلىغان، بۇ، تارىختا «چىرا كەنتى ۋەقەسى» دەپ ئاتالغان.

ئۇ ۋاقىتلاردا، روسىيە مۇھاجىرلىرى بۇ كەنتنىڭ خەلقىگە خالىغانچە زىيانكەشلىك قىلغان، ئۇلارنى ئىقتىسادىي جەھەتتە تالان - تاراج قىلغانىدى، بۇ كەنتتىكى ھەر مىللەت خەلقى بۇنىڭغا چىداپ تۇرالماي، توپلىنىپ ھۇجۇم قوزغاپ، روسىيە مۇھاجىرلىرى ۋە روسىيە سودىگەرلىرىدىن 28 كىشىنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرگەن، چارروسىيىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسى بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، قاتىللارنى جازالاش، پۇل تۆلىتىۋېلىش تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويغاندىن باشقا، يەنە قەشقەرگە قوشۇن يۆتكەپ كېلىپ، ھۆكۈمەت دائىرىلىرىگە ھەيۋە قىلىپ، شىنجاڭ دائىرىلىرى ۋە يۈەنشىكەي ھۆكۈمىتىنى ئەيۋەشكە كەلتۈرۈشكە، تەلەپنى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇر قىلغان. قەشقەر دائىرىلىرى روسىيىلىكلەر بىلەن ئېلىشىپ، روسىيە قوشۇنلىرىنىڭ تەھدىتىگە قايتۇرما زەربە بېرىش ئۈچۈن، شەھەر خەلقى ۋە دېھقانلاردىن يېڭــى قوشۇن تەشكىللىگەن. بۇ چاغدا قەشقەر، يېڭىسار، يەكەن، پوسكام قاتارلىق جايلاردىكى ئاز سانلىق مىللەت ئاممىسىدىن 1000 دىن كۆپرەك كىشى بەس-بەس بىلەن قوشۇنغا كىــرگەن، ئۇلار جاپا-مۇشەققەتكە قارىماي، ئۇزۇن يوللارنى بېسىپ قەشقەرگە يىغىلىپ، بىر لو تەشكىل قىلىپ، دۈشمەننى مەملىكىتىمىزنىڭ دەرۋازىسىدىن قوغلاپ چىقىرىشقا بەل باغلىغان، بىر مەزگىل مەشىق قىلىش. سەپ بولۇپ نامايىش قىلىش ئارقىلىق، چارروسىيە ھۆكۈمىتىنى جۇڭگو دائىرىلىرىنىڭ

180 نەپەر ئەمەلدار، ئاقساقال ۋە پۇقراسىنى ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلىپ بىرىش تەلىپىدىن ۋاز كېچىشكە مەجبۇر قىلغان.

شۇنىڭدىن كېيىن چارروسىيە ھۆكۈمىتى بولدى قىلماستىن، باش قاتۇرۇپ پىلانلاش ئارقىلىق، كونا ئىشنى يېڭىباشتىن كۆتۈرۈپ چىقىپ، بېيجىڭ ھۆكۈمىتىنى بۇ دېلونى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىشقا يەنە قىستىغان، شۇ يىلى 10 - ئايدا چىرا كەنتى ۋەقەسىنىڭ 187 نەپەر شاھىتى قەشقەرگە بېرىپ سوتقا چىقىشقا چاقىرتىلغان، ئۇلار پوسكامدىن ئۆتكەندە، ھەر مىللەت ئاممىسى قىرغىن كۈتۈپ، ئۇلارغا يول كىراسى ئىئانە قىلغان، ئات - ئۇلاغلىرىنى ئالماشتۇرۇپ بەرگەن، قوندۇرۇپ ئارام ئالدۇرغان، شۇ ئارقىلىق پوسكامدىكى ھەر مىللەت خەلق ئاممىسى دۈشمەنگە بولغان غەزەپ - نەپرىتىنى، چەت ئەلنىڭ بوزەك قىلىشىغا تاقابىل تۇرۇش ئىرادىسىنى نامايان قىلغان.

## 2 . پانئىسلامىزم ئۇنسۇرلىرىنىڭ توپىلىڭى

1930 - يىلى جىن شۇرېن ھۆكۈمىتى قۇمۇل ۋاڭى شامەخسۇتنىڭ ئۆلۈپ كېتىش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، «ئەمەل ۋارىسلىقىنى بىكار قىلىپ، ئالمىشىپ تۇرىدىغان ئەمەلدار قويۇش»نى يولغا قويۇپ، قۇمۇل ۋاڭىنىڭ سۇيۇرغاللىق يەرلىرىنى قۇمۇل، بارىكۆل، ئارا تۇرۇك دەپ ئۈچ ناھىيىگە ئۆزگەرتكەن. يەرلىك ئەمەلدارلار ۋە شۇ جايدا تۇرۇشلۇق قوشۇن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ پۇقرالارنى قاقتى - سوقتى ۋە دەپسەندە قىلغان، شۇنىڭ بىلەن 1931 - يىلى ئەتىيازدا، قۇمۇلدىكى ئاممىسى قارشىلىق كۆرسىتىشكە مەجبۇر بولغان، قوزغىلاڭچىلارنىڭ باشلىقى خوجىنىياز ھاجى جىن شۇرېننىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش ئۈچۈن، گەنسۇدىكى خۇيزۇ مىللىتارىست ماجۇڭيىڭ قىسىملىرىنى شىنجاڭغا باشلاپ كىرگەن، ئۇزۇن ئۆتمەي، ئۇرۇش ئوتىنى جەنۇبىي شىنجاڭغا تۇتاشتۇرغان.

چىرىكلەشكەن، ئىقتىدارسىز جىن شۇرېن ھۆكۈمىتى پۈتۈن ئۆلكىنىڭ ۋەزىيىتىنى كونترول قىلىش ئىقتىدارىدىن تەدرىجىي مەھرۇم قالغان. 1933 - يىل 2 - ئاينىڭ 15 - كۈنى پان تۈركىست مۇھەممەت ئىمىن قەشقەرنىڭ ۋەزىيىتى قالايمىقان بولۇۋاتقان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، قاراقاشتا توپىلاڭ كۆتۈرۈپ، شۇ يەرنىڭ ھاكىمىيىتىنى تارتىۋالغان، ئۇزۇن ئۆتمەي خوتەننى ئىشغال قىلىپ، ئۆزىنى خوتەن ۋاڭى دەپ ئاتىۋالغان.

خوتەندە توپىلاڭ پارتىلىغاندىن كېيىن، پوسكاملىق سابىرخان ھاجى خوجا، ئىككىسۇلۇق ئەخمەت ھاجىلارمۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ پوسكام، ئىككىسۇدا توپىلاڭ كۆتۈرگەن، سابىرخان ھاجى خوجا ئۆزىنى مۇھەممەت پەيغەمبەرنىڭ 36 - ئەۋلادى دەپ ئاتىۋېلىپ، قاغىلىق، پوسكام ناھىيىلىرىدىكى توپىلاڭچىلارنىڭ باشلىقى بولىۋالغان.

سابىرخاننىڭ قوماندانلىقىدا، توپىلاڭغا قاتناشقان 400 دىن ئارتۇق كىشى ئىشتاچىلىق مىرامەت قازىنىڭ يېتەكلىشىدە، قولىغا توقماق ئېلىپ، ئۈچ ئوۋ مىلتىقى بىلەن، پوسكام ناھىيىلىك يامۇلنى قورشىۋالغان. شۇ چاغدا يەكەندىن ئەۋەتىلگەن بىر بەن ئەسكەر (تۆت ئۇيغۇر، ئۈچ خەنزۇ) يەتتە ئاتار قارا مىلتىق بىلەن يامۇلنى ساقلاۋاتاتتى. ئۇلار توپىلاڭچىلارنىڭ يامۇلنى قورشىۋالغانلىقىنى كۆرۈپ، تېزلىكتە سېپىل ئۈستىگە چىقىپ، توپىلاڭچىلارغا قارىتىپ ئوق چىقارغان، كېيىن، يامۇلنى ساقلاۋاتقان ئەسكەرلەر يارىلانغان، ئوق ئاۋازى شالاڭلاشقان، توپىلاڭچىلارمۇ شۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ گورىدە چىقىپ كېلىپ، ناھىيىلىك يامۇلنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا قومۇش ۋە قوناق شاخلىرىنى دۆۋىلەپ، ئوت قويۇۋەتكەن، قاراۋۇللار ئالاقزادە

بولۇپ تەرەپ - تەرەپكە قاچقان، ئارقا باغقا يوشۇرۇنىۋالغان ھاكىم ۋە ئۈچ نەپەر خەنزۇ ئەمەلدار، يامۇلنى ساقلاۋاتقان ئەسكەرلەرنىڭ ھەممىسى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈلگەن. شۇ چاغدا، ناھىيە بازىرى ئىچىدە تۆت ئائىلىلىك خەنزۇ پۇقرا بولۇپ، گۆرۈكەشلىك قىلاتتى، ئىككى ئائىلە كىشىلىرى يەكەنگە قېچىپ بېرىپ ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ قالغان، قالغان ئىككى ئائىلە كىشىلىرىمۇ ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈلگەن. ئۇلارنىڭ مال - مۈلۈكلىرى پاك - پاكىزە بولاپ كېتىلگەن.

ناھىيىلىك يامۇل ئىشغال قىلىنغاندىن كېيىن، بۇ ناھىيىنىڭ چوڭ مۆتىۋەرى ماڭسۇر ئۆزىنى بەگ دەپ ئاتىۋېلىپ، پۈتۈن ناھىيىنى ئىلكىگە ئالغان.

1933 - يىل 4 - ئايدا خوتەن پانئىسلامىزمچى قوشۇنلىرى مۇھەممەت ئىمىن ھەزرەت، ئىمىن ساھىپ قاتارلىق كىشىلەرنىڭ باشلامچىلىقىدا يەكەنگە ھۇجۇم قىلغان، ئۇلار پوسكامغا كەلگەندە ماڭسۇرنىڭ بەگلىكىنى بىكار قىلىپ، ئىسراپىل داموللىنى پوسكامنىڭ ھاكىملىقىغا تەيىنلىگەن. ئۇلار ئىلگىرىكى مو بېشىغا قاراپ ئالۋان - سېلىق، باج ئېلىش تۈزۈمىنى بىكار قىلىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا «ئۆشرە - زاكات»نى دەسسەتكەن، غالچىلارنى كەڭ تۈردە ئەۋەتىپ، تۆت يېزىدىن ئالۋان - سېلىق سۈيلىگەن، «ئۆشرە - زاكات» ئاشلىقىنى بىر مەھەل تاپشۇرالمىغانلارنىڭ ئۆيلىرى ئاختۇرۇلغاندىن باشقا، ئۇلار دەررە بىلەن ئۇرۇلۇپ ئازابلانغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە يەنە «دەررە ھەققى» تۆلىتىۋېلىنغان، بەزى ئائىلىلەر نامراتلىق دەستىدىن ھېچنېمىسى قالمىغاندا، نائىلاج تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ خۇداغا نالە قىلغان. ئاتالمىش «ئەخلاقسىز مۇسۇلمان»لارغا قارىتا «مەھكىمە شەرئى» تەسىس قىلىنىپ، دارغا ئېسىپ ئۆلتۈرۈش، كاللىسىنى ئېلىش، كالتەكلەپ ئۆلتۈرۈش، بارمىقىنى ئۈزۈۋېتىش، قولىنى كېسىش قاتارلىق جازالار يولغا قويۇلغان، پۇقرالار ئېچىنىشلىق ھالدا ناكار قىلىنغان، قوۋان ئوغرىلىق قىلغانلىقتىن، يەكەن دەرياسى بويىغا سۆرەپ ئېلىپ بېرىلىپ، ئامما ئالدىدا دارغا ئېسىپ ئۆلتۈرۈلگەن، ھېيت ماشىنىڭ بارمىقى ئۈزۈلۈپ، قولى كېسىلىپ، قازاندىكى ياغدا داغلانغان، مەرەمخان يۈزىنى ياپمىغانلىقى ئۈچۈن تۇتۇۋېلىنىپ، چىگە ئارغامچىدا توقۇلغان تورغا سېلىنىپ، بازارنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئېگىز ئېسىلىپ، ئاممىغا سازايى قىلىنغان، ئۇلار يەنە خەنزۇ ئەمەلدارلار، سودىگەرلەر نەزىر - چىراغ قىلىدىغان ۋە ئىبادەت قىلىدىغان «چېكخۇاڭ» ئىبادەتخانىسىنى چېقىۋېتىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا بىر مەسچىت سالدۇرغان.

1934 - يىلى ماجۇڭيىڭ قىسىملىرى «خوتەن ئىسلام پادىشاھلىقى»نى يوقاتقان، مۇھەممەت ئىمىن ھىندىستانغا قېچىپ كەتكەن. پانئىسلامىزم ئۇنسۇرلىرىنىڭ ھەرىكىتى شۇنىڭ بىلەن ئاياغلاشقان.

## 3 . سېڭ شىسەينىڭ بىر تۈركۈم شاڭيو، بەگلەرگە ئۆلۈم جازاسى بېرىشى

1937 - يىلى شېڭ شىسەي ماموت ۋە ماخۇسەندىن ئىبارەت تەپرىقىچى كۈچلەرنى يوقىتىپ، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۇرۇش مالىمانچىلىقىنى تىنچىتقاندىن كېيىن، «باندىتلارغا باغلانغان گۇمانلىق ئۇنسۇرلار» دېگەن نام بىلەن ئۇيغۇر پۇقرالار، ئورگان باشلىقلىرى، ھۆكۈمەت خادىملىرى ۋە ئوقۇتقۇچىلار، ئاتالمىش ئەكسىيەتچى ئۇنسۇرلارنى، شاماڭسۇر، تۆمۈر، ئوسمان، ساۋۇت داموللا، ماموت، ماخۇسەنلەرگە ئەگىشىپ توپىلاڭ كۆتۈرگەنلەر، ئادەتتە ئەنگلىيە، ھىندىستان سودىگەرلىرى بىلەن ئازراق ئالاقىسى بولغانلار ۋە يېزا باشلىقلىرى، زىيالىيلارنىڭ ھەممىسىنى ئاختۇرۇپ تۇتۇش ئوبيېكتى قاتارىغا كىرگۈزگەن، شۇ ۋاقىتتا، پوسكام ناھىيىسىدە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ بۇيرۇقىغا ئاساسەن، شاڭيو، بەگ، دىنىي زاتلاردىن بولۇپ 25 كىشى

قولغا ئېلىنىپ، يەكەنگە يالاپ ئېلىپ بېرىلىپ، ھىممىتىنىڭ سېپىدا پىلىموت بىلەن ئېتىپ ئۆلتۈرۈلگەن. 1938 - يىلى 3 - ئايدا ئاندىن جەسەت سۆڭەكلىرى بايقالغان، شۇ چاغدا بىرلا ئادەم ھايات قالغان.

ئۆلتۈرۈلگەنلەر ئىچىدىكى شاڭيو، بەگلەر ئىزچىل تۆردە يېزىنى بېشىغا كىيىپ، پۇقرالارغا زۇلۇم سېلىپ، خەلقنىڭ قاتتىق نەپرىتىگە ئۇچرىغانىدى. ئۇلار قولغا ئېلىنغاندىن كېيىن، گەرچە تەسىرى زور بولسىمۇ، لېكىن خەلق ئۇلارنى تىلغا ئېلىپمۇ قويمىغان، شېڭ شىسەينىڭ قىرغىنچىلىقى ئىنتايىن ۋەھشى بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئوبيېكتىپ جەھەتتە فېئودال كۈچلەرنى ئاجىزلاشتۇرغان.

## 4. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشقا ياردەم بېرىپ، «پوسكام» ناملىق ئايروپىلان ئىئانە قىلىش

1938 - يىلى كوممۇنىستلار رەھبەرلىك قىلغان «جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ئويۇشمىسى» پۈتۈن شىنجاڭ مىقياسىدا ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇپ، ۋەتەننى قۇتقۇزۇش بويىچە كۈچلۈك تەشۋىقات ۋە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشقا ئىئانە توپلاش ئاممىۋى ھەرىكىتى قوزغىغان. پوسكام ناھىيىسىدىكى ھەر مىللەت خەلقى تولۇپ تاشقان ۋەتەنپەرۋەرلىك قىزغىنلىقى بىلەن، كىيىم - كېچەك، يېمەك - ئىچمەكنى تېجەپ، پۇل ۋە ماددىي نەرسە ئىئانە قىلىپ، ئالدىنقى سەپكە ياردەم بەرگەن. دېموكراتىك ئىلغار ئىدىيىگە ئىگە ھاكىم مەنناپ شەخسەن ئۆزى ئاممىغا ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشقا دائىر داۋلىلارنى تەشۋىق قىلىپ، مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى كۈرەش ۋەزىيىتىنى چۈشەندۈرگەن ھەمدە ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ سەنئەت ئەترىتىنى باشلاپ، يېزىلارغا بېرىپ، «كۈرەش قىزى»، «سامساق ئاكاڭ قايىنايدۇ» قاتارلىق درامىلارنى سەييارە قويدۇرۇپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك قىزغىنلىقىنى قوزغاپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش ئۈچۈن پائال تۆردە ئىئانە توپلىغان.

ناھىيە بويىچە ئىئانە قىلىنغان پۇلغا بىر ئايروپىلان سېتىۋېلىنغان، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ «بىر ناھىيە بىردىن ئايروپىلان ئىئانە قىلىش ھەيئىتى» بۇ ئايروپىلانغا «شىنجاڭ پوسكام ناملىق ئايروپىلان» دەپ نام بەرگەن.

# IV باب

# مىنگو دەۋرىدىكى ناھىيىلىك كېڭەش

## § 1. ئاپپاراتلارنىڭ تەسىس قىلىنىشى

1946 - يىلى 1 - ئايدا پوسكام ناھىيىسىدە 11 كىشىدىن تەركىب تاپقان ۋاقىتلىق كېڭەش ھەيئىتى قۇرۇلغان، مامۇت كېڭەش باشلىقى، مەخمۇت مۇئاۋىن كېڭەش باشلىقى، قادىر، ئابدۇكېرىم، ھوشۇر، ئىمىن، ئابدۇۋايىت، تاھىرلار كېڭەش ئەزاسى، مەھەممەتنىياز توختى

كاندىدات كېڭەش ئەزاسى بولغان.

1946 ـ يىلى 8 ـ ئايدا شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت «ھەر قايسى ناھىيىلەردە ئۆلكىلىك كېڭەشنىڭ ئەزالىرى، ناھىيىلىك كېڭەشنىڭ ئەزالىرى ۋە ھاكىم سايلاش ھەيئىتى تەسىس قىلىنىدۇ، ئۇ، ناھىيىلەرنىڭ سايلامغا دائىر ئىشلىرىنى بېجىرىدۇ، ناھىيىلىك كېڭەشنىڭ ئەزالىرىنى سايلاشتا ھەر قايسى ناھىيىلەرنىڭ سايلام شۆبە ھەيئەتلىرى، ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا، ئاممىۋى يىغىنلارنى چاقىرىپ، شۇ يەردىكى ئامما ھىمايە قىلىدىغان زاتلار ئىچىدىن ئىسمىنى ئاتاپ سايلايدۇ، ھەر قايسى ناھىيىلەردە كېڭەش ھەيئىتى سايلام ئارقىلىق قۇرۇلغاندىن كېيىن، ھاكىمنى كېڭەش ھەيئىتى سايلايدۇ» دەپ بەلگىلىمە چىقارغان. 1946 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بۇرھان شەھىدى ئۆلكىلىك سايلامغا نازارەتچىلىك قىلىش گۇرۇپپىسىنى باشلاپ پوسكامغا كېلىپ، ناھىيىنىڭ سايلام خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلغان، ئۆزگەرتىپ سايلاش ئارقىلىق، مەمتىمىن ئەيسا، پەخرىدىن، مەمەتنىياز توختى، مەھەممەت توختى، سايىت ھاجى، ياسىن ھاجى، ساۋۇت ئاخۇن، توختى نىياز، ئايۇپ ھاجى، نىياز خاڭتۇ، ماڭسۇر مەمتىمىندىن ئىبارەت 11 كىشى ناھىيىلىك كېڭەشنىڭ ھەيئەت ئەزالىقىغا، مەمتىمىن ئەيسا كېڭەش ھەيئىتىنىڭ باشلىقلىقىغا، پەخرىدىن كېڭەش ھەيئىتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىقىغا، ئابدۇرېھىم ئۆلكىلىك كېڭەشنىڭ ئەزالىقىغا سايلانغان.

1947 ـ يىلى 5 ـ ئايدا كېڭەش ھەيئىتى 2 ـ قېتىم ئۆزگەرتىپ سايلانغان، مەتنىياز ئەلەم كېڭەش ھەيئىتىنىڭ باشلىقلىقىغا، ئابدۇرېھىم كېڭەش ھەيئىتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىقىغا، مامۇت مەتنىياز، خۇدابەردى قۇۋان، ياسىن ھاجى، ئېزىز بەگ، زايىت ھاجى، مەھەممەت توختى، مەمتىمىن، نىياز توختى، نىياز ھاجى، ئايۇپ خاتىپلار كېڭەشنىڭ ئەزالىقىغا، ئاتاۋۇللا سەيدىن مىللىي قۇرۇلتاي ۋەكىللىكىگە سايلانغان. 1949 ـ يىلى 2 ـ ئايدا كېڭەش ھەيئىتىنىڭ باشلىقى مەتنىياز ئەلەم ھەج قىلىش ئۈچۈن مەككىگە كەتكەندە، ئابدۇرېھىم 1949 ـ يىلى 10 ـ ئايغىچە كېڭەش ھەيئىتىنىڭ باشلىقلىق ۋەزىپىسىنى ۋەكالىتەن ئۆتىگەن.

## § 2 . كېڭەشنىڭ پائالىيەتلىرى

1946 ـ يىلى 11 ـ ئايدا ناھىيىلىك كېڭەش ھەيئىتى تۇنجى قېتىم ئۆزىنىڭ خىزمەت ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈپ ھاكىم سايلىغان. ئۇ چاغدا ھاكىمىيەت بېشىدا تۇرىۋاتقان گومىنداڭ كۈچلىرى ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىق دائىرىسىنىڭ تارىيىۋاتقانلىقىغا تەن بەرمەي، تۈرلۈك يوللار بىلەن سايلامغا توساق قۇرۇپ، بۇزغۇنچىلىق قىلىۋاتاتتى. ئۇلار يۇمشاق، قاتتىق ۋاسىتىلەرنى تەڭ ئىشقا سېلىپ، ئاممىنى ئۆزلىرى كۆرسەتكەن كىشىلەرنى سايلاشقا قىستىغانىدى، لېكىن ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بۇرھان شەھىدى باشلاپ كەلگەن سايلامغا نازارەتچىلىك قىلىش گۇرۇپپىسىنىڭ نازارەتچىلىكىدە مىللىي ئارمىيە پوسكامنى ئىشغال قىلغاندا قۇرۇلغان «پوسكام ۋاقىتلىق ئىنقىلابىي مەھكىمە» نىڭ ۋالىيلىقىغا تەيىنلەنگەن قۇربان مۇپتى ھاكىملىققا سايلانغان.

1947 ـ يىلى مىللىي بىرلەشمە ھۆكۈمەت پارچىلىنىپ، ئەكسىيەتچى كۈچلەر غالجىرانە قايتۇرما ھۇجۇم باشلىغان. ئۇلار «11 بىتىم» دە بەلگىلەنگەن سايلامنى «ئەكسىلئىنقىلابىي

سايلام» دەۋىلىپ، بىر قىسىم پومىشچىك، بەگلەرنى، خۇلىگەر - لۈكچەكلەرنى ۋە ھەقىقىي ئەھۋالنى ئېنىق بىلمەيدىغان بەزى كىشىلەرنى ئەتراپىغا توپلاپ، ھۆكۈمەتكە قارشى نامايىش قىلىشقا قۇتراتقان، بەدناملارنى توقۇپ چىقىپ، مەمتىمىن ئەيسانى تۇرمىگە تاشلاپ، قۇربان مۇپتىنى ئىستىپا بەرگۈزگەن، ئارقىدىن پارا ئارقىلىق ھاكىم سايلاش سودىسى باشلىنىپ كەتكەن. سابىق گومىنداڭ ناھىيىلىك پىرقىسىنىڭ شۇجىجاڭى ئەخمەت خوجا مېھمان چاقىرىپ، سوۋغا بېرىپ ئاۋاز توپلاشقا كىرىشكەن، سابىق مۇئاۋىن ھاكىم خۇاڭ مىيەنفۇمۇ بوش كەلمەي ھەدەپ زىياپەت بەرگەن. گومىنداڭ ئىشپىيونلىرىنىڭ كاتتىبېشى، ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ئابدۇراخمان ۋالىيلارغا ئۈزمەي سوۋغا بېرىپ، ھاكىم نامزاتى بولۇشنى قولغا كەلتۈرمەكچى بولغان، ۋالىي پاسارنىڭ قوللىشى ئارقىسىدا، ئابدۇراخمان كېڭەش ھەيئىتىنىڭ باشلىقى مەمەتنىياز ئەلەمنىڭ تۇغقىنىنى تۈرمىدىن چىقىرىپ بېرىش شەرتى بىلەن مەمەتنىياز ئەلەمنى ئۆزىنى ھاكىم قىلىپ سايلاشقا ماقۇل كەلتۈرگەن، يەنە كېڭەش ھەيئىتىنىڭ توققۇز ئەزاسىغا زىياپەت بېرىپ، ئۇلارنى ئۆزىنى ھاكىم قىلىپ سايلاشقا ماقۇل كەلتۈرگەن، يەنە كېڭەش ھەيئىتىنىڭ توققۇز ئەزاسىغا زىياپەت بېرىپ، ئۇلارنى ئۆزىنى ھاكىم قىلىپ سايلاشقا «قۇرئان» تۇتقۇزۇپ قەسەم قىلدۇرغان. يىغىن چاقىرىلغان كۈنى، كېڭەش ھەيئىتىنىڭ 11 ئەزاسى قوراللىق ساقچىلارنىڭ «مۇھاپىزىتى» ئاستىدا بېلەت تاشلىغان، ئابدۇراخمان تولۇق ئاۋاز بىلەن ھاكىملىققا سايلانغان.

# V باب

# ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، پوسكام ناھىيىسىدە خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى تەدرىجىي يولغا قويۇلدى. ئازادلىقنىڭ دەسلىپىدە، پوسكام ناھىيىسىدە جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ ئورتاق پروگراممىسىدىكى بەلگىلىمىلەر بويىچە بەش قېتىم ھەر مىللەت، ھەر ساھە خەلق ۋەكىللىرى يىغىنى چاقىرىلىپ، 1953 - يىلدىن ئىلگىرىكى ھەر يىللىق ئىشلەپچىقىرىش، قۇرۇلۇش خىزمىتى تولۇق مۇزاكىرە قىلىندى ھەمدە خەلق دېموكراتىك ھاكىمىيىتىنىڭ تۇنجى ھاكىمى، مۇئاۋىن ھاكىملىرى مۇزاكىرە قىلىنىپ ماقۇللاندى. 1954 - يىلى پوسكام ناھىيىلىك 1 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى چاقىرىلغاندىن كېيىن، ھەر مىللەت، ھەر ساھە خەلق ۋەكىللىرى يىغىنىنى ئېچىش توختىتىلدى.

ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاساسىي قانۇنى» ۋە «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ تەشكىلىي قانۇنى» دىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن، پوسكام ناھىيىسىنىڭ ئەڭ ئالىي دۆلەت ھوقۇقلۇق ئورگىنى بولدى. ئۇنىڭ ھەر نۆۋەتلىك ۋەكالەت مۇددىتى ئۈچ يىل بولدى. ۋەكىللەرنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈشتە، ۋەكىللەر 1980 - يىلدىن ئىلگىرى

ئاساسىي قاتلام خەلق قۇرۇلتايلىرى تەرىپىدىن سايلىناتتى، 1980 - يىلدىن كېيىن، سايلىغۇچىلار تەرىپىدىن بىۋاسىتە سايلىنىدىغان بولدى. ۋەكىللەرنىڭ سان تەقسىماتى شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى تەرىپىدىن يىغىن چاقىرىش، مەسىلىلەرنى مۇزاكىرە قىلىش ۋە ھەل قىلىشقا قولايلىق بولۇش ھەمدە ھەر مىللەت، ھەر قايسى جاي، ھەر قايسى تەرەپنىڭ مۇۋاپىق ساندا ۋەكىلى بولۇش پرىنسىپىغا ئاساسەن ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، ئۆزىدىن بىر دەرىجە يۇقىرى خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ تەستىقلىشىغا يوللاپ بېرىلدى. سايلام ۋاقتىدا، ۋەكىللەرنىڭ سانى ناھىيىلىك سايلام كومىتېتى تەرىپىدىن ھەر قايسى سايلام رايونلىرىغا تەقسىم قىلىپ بېرىلىپ، سايلام رايونى بويىچە سايلام ئېلىپ بېرىلدى، ۋەكىل نامزاتى سايلام رايونى ياكى سايلىغۇچى ئورۇن تەرىپىدىن يوشۇرۇن ئاۋاز بېرىش شەكلى بىلەن ئارتۇق نامزاتلىق سايلام ئارقىلىق ئىسمى ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈلدى.

1954 - يىلدىن 1984 - يىلغىچە پوسكام ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى سەككىز نۆۋەت ئۆتكۈزۈلدى. ھەر نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىدا ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى، ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى، ناھىيىلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ خىزمەت دوكلاتى، ناھىيىلىك پىلان كومىتېتىنىڭ خەلق ئىگىلىكى تەرەققىياتى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات پىلانى توغرىسىدىكى دوكلاتى، ناھىيىلىك مالىيە ئىدارىسىنىڭ يىللىق خام چوت ۋە نەق چوت توغرىسىدىكى دوكلاتى ئەستايىدىل ئاڭلاپ ئۆتۈلدى ۋە قاراپ چىقىلدى. ۋەكىللەر ھۆكۈمەتنىڭ خىزمىتىگە قارىتا پىكىرلىرىنى بەردى ھەمدە تولۇق غۇلغۇلا قىلىش، مۇزاكىرە قىلىش ئاساسىدا، ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى تەركىبىدىكى خادىملارنى، ھاكىم، مۇئاۋىن ھاكىم، سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى، تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشىنى سايلام ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كەلتۈردى.

# § 1. ھەر نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى

## 1 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى

پوسكام ناھىيىلىك 1 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 1954 - يىل 3 - ئاينىڭ 28 - كۈنى ئېچىلىپ، 4 - ئاينىڭ 3 - كۈنى يېپىلدى. قۇرۇلتايغا 55 نەپەر ۋەكىل قاتناشتى (بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر 48 نەپەر، خەنزۇ ئۈچ نەپەر، تاجىك ئۈچ نەپەر، ئۆزبېك بىر نەپەر).

قۇرۇلتاينىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى خەلق ھۆكۈمىتى قۇرۇلغان تۆت يىلدىن بۇيانقى خىزمەتلەرنى تەكشۈرۈش، خۇلاسىلەش، يېزا ئىگىلىكىدىكى ھەمكارلىق ھەرىكىتىنىڭ پىلانىنى ۋە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق پىلانىنى مۇزاكىرە قىلىش ۋە تۈزۈپ چىقىش، ھاكىم، مۇئاۋىن ھاكىم، ھۆكۈمەت ئەزالىرى ۋە ئۆلكىلىك خەلق قۇرۇلتىيىغا قاتنىشىدىغان ۋەكىللەرنى دېموكراتىك ئاساستا سايلاپ چىقىشتىن ئىبارەت بولدى.

قۇرۇلتاي مەزگىلىدە، مۇسا چاۋار ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى نامىدىن خىزمەت دوكلاتى بەردى. قۇرۇلتايغا قاتناشقان ۋەكىللەر دوكلاتنى ئەستايىدىل ئاڭلاپ، تۆت يىلدىن بۇيانقى ھۆكۈمەت خىزمىتىنى تەكشۈرۈپ، نەتىجىلەرنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، يېتەرسىزلىكلەرنى كۆرسىتىپ بېرىپ، تەنقىدىي پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. قۇرۇلتاي ئاياغلاشقاندا، ناھىيىلىك

پارتكومىنىڭ شۇجىسى سالى باۋخې خۇلاسە سۆزى قىلدى.

قۇرۇلتايدا ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ 15 نەپەر ئەزاسى سايلاندى، مۇسا چاۋار ھاكىملىققا، لى چىڭ مۇئاۋىن ھاكىملىققا سايلاندى، ئۆلكىلىك خەلق قۇرۇلتىيىغا قاتنىشىدىغان بەش ۋەكىل سايلاپ چىقىلدى.

## 2 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى

پوسكام ناھىيىلىك 2 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 1957 - يىل 2 - ئاينىڭ 14 - كۈنى ئېچىلىپ، 20 - كۈنى يېپىلدى.

قۇرۇلتاينىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى 1 - نۆۋەتلىك خەلق كومىتېتىنىڭ ئۈچ يىلدىن بۇيانقى خىزمىتىدىن بەرگەن دوكلاتىنى، ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى، خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ خىزمەت دوكلاتىنى مۇزاكىرە قىلىش، ماقۇللاش، ناھىيىنىڭ 1957 - يىللىق تۇرلۇك خىزمەتلىرىدىكى پىلان، ئورۇنلاشتۇرۇشنى مۇزاكىرە قىلىش، تۈزىتىپ چىقىش، ناھىيىلىك خەلق كومىتېتىنىڭ ئەزالىرىنى، ھاكىم، مۇئاۋىن ھاكىملار، ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى، ناھىيىلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشىنى سايلاشتىن ئىبارەت بولدى.

سەمەت ئىبراھىم خەلق كومىتېتى نامىدىن خىزمەت دوكلاتى بەردى. ناھىيىلىك پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى لى جىڭتۇڭ «پوسكام ناھىيىسىنىڭ 1957 - يىللىق خەلق ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتى توغرىسىدا تەكلىپ» دېگەن تېمىدا دوكلات بەردى. ناھىيىلىك پارتكومىنىڭ شۇجىسى سالى باۋخې قۇرۇلتاي ئاياغلاشقاندا خۇلاسە سۆزى قىلدى.

قۇرۇلتايدا سەمەت ئىبراھىم ناھىيىنىڭ ھاكىملىقىغا، لى چىڭ 1 - مۇئاۋىن ھاكىملىققا، دۆيونخې 2 - مۇئاۋىن ھاكىملىققا، توختى مەمەت تۇردى پوسكام ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقلىقىغا، ئابدۇرېھىم قۇدرەت ناھىيىلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشلىكىگە سايلاندى.

## 3 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى

پوسكام ناھىيىلىك 3 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 1958 - يىل 6 - ئاينىڭ 9 - كۈنى ئېچىلىپ، 6 - ئاينىڭ 15 - كۈنى يېپىلدى، قۇرۇلتايغا 93 نەپەر ھەر مىللەت ۋەكىلى قاتناشتى.

قۇرۇلتاي مەزگىلىدە، ئابلىكىم تاش ناھىيىلىك خەلق كومىتېتى نامىدىن «پوسكام ناھىيىسىنىڭ 1 - بەش يىللىق پىلانىنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالى توغرىسىدا دوكلات»، قەمەر ھوشۇر «ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ خىزمەت دوكلاتى»، ئېلى ياقۇپ «ناھىيىلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ خىزمەت دوكلاتى»، خەن ئېنچى «1957 - يىللىق مالىيە نەق چوتى ۋە 1958 - يىللىق مالىيە خام چوتى توغرىسىدا دوكلات» بەردى، لى چىڭ چارۋىچىلىققا سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈش مەسىلىسى توغرىسىدا سۆز قىلدى.

قۇرۇلتايدا ئابدۇرېھىم قۇدرەت، لى چىڭ، دۆيونخې، ئابلىكىم تاش، لى شۇنگاڭ، خەن ئېنچى، يۈسۈپ ئىمىن، سېيىتنىساخان، قاسىم غازى، سۇلايمان ناسىر، ئايۇپ ئەلەمشا، زىيادىن ئابدۇساتتار، ئابلىزخان موللا باخشى، مەمتىمىن ئەيسا، ياسىن ھەيدەر، توختى مەمەت تۇردىلار پوسكام ناھىيىلىك 3 - نۆۋەتلىك خەلق كومىتېتىنىڭ ئەزالىقىغا سايلاندى.

ئابدۇرېھىم قۇدرەت ھاكىملىققا، لى چىڭ، دۆيونخې، ئابلىكىم تاشلار مۇئاۋىن ھاكىملىققا، توختى مەمەت تۇردى ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقلىقىغا سايلاندى.

## 4 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى

پوسكام ناھىيىلىك 4 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 1961 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى ئېچىلىپ، 3 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى يېپىلدى. قۇرۇلتايغا 85 نەپەر ۋەكىل قاتناشتى، 11 نەپەر ۋەكىل قاتناشمىدى، ۋەكىللەر ئىچىدە ئۇيغۇر 73 نەپەر، خەنزۇ سەككىز نەپەر، تاجىك تۆت نەپەر، 13 نەپەر ۋەكىل سىرتتىن قاتناشتى.

قۇرۇلتايدا ئابدۇرېھىم قۇدرەتنىڭ ناھىيىلىك خەلق كومىتېتى نامىدىن بەرگەن «ئۈچ يىلدىن بۇيانقى خىزمەتلەردىن دوكلات»ى ۋە «1961 ـ يىللىق خەلق ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىيات پىلانى توغرىسىدا تەكلىپ» دېگەن تېمىدىكى دوكلاتى ئاڭلاپ ئۆتۈلدى ۋە ماقۇللاندى، قۇرۇلتايدا قارار چىقىرىلىپ، پۈتۈن ناھىيىدىكى ھەر مىللەت خەلقى، كەڭ ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر، ھەر ساھە، ھەر كەسىپتىكىلەر داۋاملىق تولۇق غەيرەتكە كېلىپ، پارتىيىنىڭ «يېزا ئىگىلىكى بىلەن كەڭ شۇغۇللىنىش، ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىش بىلەن كەڭ شۇغۇللىنىش»تىن ئىبارەت چاقىرىقىغا ئاكتىپ ئاۋاز قوشۇپ، تىرىشىپ ئىشلەپ، 1961 ـ يىلى يېزا ئىگىلىكىدىن زور مول ھوسۇل ئېلىشقا چاقىرىلدى.

قۇرۇلتايدا ئابدۇرېھىم قودرەت، دۈيۈنخې، توختى مەمەت تۇردى، جاڭ يۈڭجياڭ، مىجىت ئىسمائىل، ماڭسۇر ئەمەت، ساۋلىيەنجۇ، سۇلايمەن ناسىر، تۇنىسا تۇردى، گاۋ فۇيۈن، قۇۋان نىياز تۇردى، جاڭ شۇرۇڭ، خەن ئېنچى، سېلىم ماڭسۇر، ساۋۇت ناسىر، يۈسۈپ ئىمىن، رابى ھەسەن، ئايۇپ ئەلەمشا، جاڭ ياۋ گۇاڭلار پوسكام ناھىيىلىك 4 ـ نۆۋەتلىك خەلق كومىتېتىنىڭ ئەزالىقىغا سايلاندى.

ئابدۇرېھىم قۇدرەت ھاكىملىققا، دۈيۈنخې، توختى مەمەت تۇردى، جاۋيۈڭجياڭلار مۇئاۋىن ھاكىملىققا. ئابدۇكېرىم داۋۇت ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقلىقىغا سايلاندى.

جۇمە كېرەم، قەمەر ھوشۇر، ئابدۇرېھىم قۇدرەت، تۆمۈر مۇسالار ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىللىكىگە سايلاندى.

## 5 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى

پوسكام ناھىيىلىك 5 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 1 ـ سانلىق يىغىنى 1963 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى چاقىرىلىپ، 8 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى ئاياغلاشتى. يىغىنغا 93 نەپەر ۋەكىل قاتناشتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر 77 نەپەر، خەنزۇ ئون نەپەر، تاجىك ئالتە نەپەر، 30 نەپەر ۋەكىل سىرتتىن قاتناشتى.

قۇرۇلتايدا ئابدۇرېھىم قۇدرەتنىڭ ناھىيىلىك خەلق كومىتېتى نامىدىن بەرگەن «ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلات»ى، خەن ئېنچىنىڭ ناھىيىلىك خەلق كومىتېتى نامىـــدىن بەرگەن «1962ـيىللىق مالىيە نەق چوتى ۋە 1963 ـ يىللىق مالىيە خام چوتى توغرىسىدا دوكلات»ى ئاڭلاپ ئۆتۈلدى ۋە ماقۇللاندى، ناھىيىلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى ساڭ باۋخې ۋە مۇئاۋىن شۇجىسى ياڭ شوگۇاڭلار قۇرۇلتايدا مۇھىم سۆز قىلدى.

قۇرۇلتايدا دېموكراتىيە تولۇق جارى قىلدۇرۇلۇپ، ئابدۇرېھىم قۇدرەت، جاۋ يۈڭجياڭ، خەن ئېنچى، مىجىت ئىسمائىل، سادىق سىدىق، يۈسۈپ ئىمىن، ماڭسۇر ئەمەت، ئەمەر يۈسۈپ، جاڭ شۇرۇڭ، ئەمەر سۇپۇرگە، ئايۇپ ئەلەمشا، يولۋاس توختى، ۋاڭ كېشياڭ، قەمەر ھوشۇر، گاۋ فۇيۈن، مەتىمىن ھوشۇر، چېن جيەن، ساۋ ليەنجۇ، رابى ھەسەن، ھۆسىيىن ھېيت، ئەبەيدۇللا قۇربانلار 5 ـ نۆۋەتلىك ناھىيىلىك خەلق كومىتېتىنىڭ ئەزالىقىغا سايلاندى.

ئابدۇرېھىم قۇدرەت ھاكىملىقتا، جاۋيۇڭجياڭ مۇئاۋىن ھاكىملىقتا، ئابدۇكېرىم داۋۇت سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقلىقىغا سايلاندى. ئابدۇرېھىم قۇدرەت، قەمەر ھوشۇر، مەمتىمىن ئەيسا، ئەنۋەرخان بابا، بۇھەجەر مۇسا، سايىت موللىلار ئاپتونوم رايونلۇق 3 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىللىكىگە سايلاندى.

## 6 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى

پوسكام ناھىيىلىك 6 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 1965 - يىل 12 - ئاينىڭ 2 - كۈنى ئېچىلىپ، 12 - ئاينىڭ 6 - كۈنى يېپىلدى. قۇرۇلتايغا 88 نەپەر ۋەكىل قاتناشتى، 21 نەپەر ۋەكىل قاتناشمىدى، 64 نەپەر ۋەكىل سىرتتىن قاتناشتى.

قۇرۇلتايدا جاڭ جەنيىنىڭ ناھىيىلىك خەلق كومىتېتى نامىدىن بەرگەن «ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلات»ى، جاڭ ياۋ گۇاڭنىڭ «1964 - يىلدىن 1965 - يىلغىچە بولغان خەلق ئىگىلىكى پىلانىنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالى توغرىسىدا دوكلات»ى، خەن ئېنچېنىڭ «1964-يىللىق مالىيە نەق چوتى ۋە 1965 - يىللىق مالىيە خام چوتى توغرىسىدا دوكلات»ى ئاڭلاپ ئۆتۈلدى ۋە ماقۇللاندى. قۇرۇلتايدا قارار چىقىرىلىپ، پۈتۈن ناھىيىدىكى ھەر مىللەت خەلقى ماۋزېدۇڭ ئەسەرلىرىنى ئۆگىنىپ، سىياسىينى گەۋدىلەندۈرۈپ، ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈش، جاسارەت بىلەن كۈچىنىپ ئىشلەش ئىنقىلابىي روھىنى داۋاملىق جارى قىلدۇرۇپ، سېلىشتۇرۇش، ئۆگىنىش، يېتىشىۋېلىش، ياردەم بېرىش دولقۇنىنى قوزغاپ، ئۇرۇش تەييارلىقى روھى بىلەن بارلىق خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەپ، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەركەز قىلىنغان 1966 - يىللىق تۆرلۈك سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ۋەزىپىلىرىنى قەتئىي ئورۇنداشقا چاقىرىلدى.

قۇرۇلتايدا توختى مەمەت تۇردى، جاڭ جەنيى، ئابلىز نىياز، فاڭ مىڭيۈەن، مىجىت ئىسمائىل، خەن ئېنچى، ھۆسىيىن ھېيت، ۋاڭ كېشياڭ، چېڭ جيەن، سادىق سىدىق، ئەمەر سۈپۈرگە، موللەك دۆلەت، قۇدرەت ئىسمائىل، يۈسۈپ تاھىر، ھېيت ئېزىز، ئايۇپ ئەلەمشا، يولۋاس توختى، ئايشەم ياسىنلار 6 - نۆۋەتلىك خەلق كومىتېتىنىڭ ئەزالىقىغا سايلاندى.

توختى مەمەت تۇردى، جاڭ جەنيىلار مۇئاۋىن ھاكىملىقتا، ئابدۇكېرىم داۋۇت ناھىيىلىك سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقلىقىغا سايلاندى.

## 7 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى

پوسكام ناھىيىلىك 7 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 1981 - يىل 8 - ئاينىڭ 4 - كۈنى ئېچىلىپ، 8 - ئاينىڭ 8 - كۈنى يېپىلدى. قۇرۇلتايغا جەمئىي 154 نەپەر ۋەكىل، سەككىز نەپەر ئالاھىدە تەكلىپ قىلىنغان ۋەكىل قاتناشتى، 41 نەپەر ۋەكىل سىرتتىن قاتناشتى، سىياسىي مەسلىھەت كېڭشى پوسكام ناھىيىلىك 6 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ بارلىق ئەزالىرىمۇ قۇرۇلتايغا سىرتتىن قاتناشتى.

قۇرۇلتايدا سېلىم ماخسۇرنىڭ ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېت نامىدىن بەرگەن «ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلات»ى، لىيې ماۋمىڭنىڭ «1980 - يىللىق خەلق ئىگىلىكى پىلانىنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالى ۋە 1981 - يىللىق خدلق ئىگىلىكى پىلانى لايىھىسى توغرىسىدا دوكلات»ى، گۇرۇڭفۇنىڭ «1980 - يىللىق مالىيە نەق چوتى ۋە 1981 - يىللىق مالىيە خام چوتى ۋە ئۇنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالى توغرىسىدا دوكلات»ى، ئابدۇكېرىم داۋۇتنىڭ «خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ خىزمەت دوكلاتى»، ھوشۇر مەمەت ئېزىزنىڭ «خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ

خىزمەت دوكلاتى» ئاڭلاپ ئۆتتۇلدى ۋە قاراپ چىقىلدى. قۇرۇلتايدا قارار چىقىرىلىپ، پۈتۈن ناھىيىدىكى ھەر مىللەت خەلقى پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 6 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ ۋە ئىزچىللاشتۇرۇپ، ناھىيىنىڭ خەلق ئىگىلىكىنى تەڭشەش خىزمىتىنى يەنىمۇ ياخشى ئىشلەپ، پەن - مەدەنىيەت، مائارىپ، ساقلىق ساقلاش، تەنتەربىيە ئىشلىرىنى پائال راۋاجلاندۇرۇپ، ناھىيىدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ماددىي ۋە مەدەنىي تۇرمۇش سەۋىيىسىنى تەدرىجىي ئۆستۈرۈشكە چاقىرىلدى.

قۇرۇلتايدا توختى مەمەت تۇردى ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرلىقىغا، سۇلايمان ناسىر، جاڭ خۇڭيۇ، ئايۇپ ئەلەمشا، قۇۋاننىياز تۇردىلار مۇئاۋىن مۇدىرلىققا، تۇردى يۇسۇپ قۇۋان، جاڭ يۇڭشياڭ، قادىر روزىمەت، چېن شۇرۇڭ، قاسىم ئەمەت، نۇسرەت يۇنۇس، سېيىتنىساخان، ئابدۇكېرىم مەمتىمىن، جىن لياڭيۇ، جاڭ ليەنچىلار ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزالىقىغا سايلاندى.

سېلىم ماڭسۇر ھاكىملىققا، ئابلىز نىياز، ئابلەت ناسىر، سۇڭ جىچى، قىمىزخان توختىنىيازلار مۇئاۋىن ھاكىملىققا، ئابدۇكېرىم داۋۇت ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقلىقىغا، ماڭسۇر ئەمەت ناھىيىلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشلىكىگە سايلاندى.

## 8 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى

پوسكام ناھىيىلىك 8 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 1984 - يىل 8 - ئاينىڭ 6 - كۈنى ئېچىلىپ، 8 - ئاينىڭ 11 - كۈنى يېپىلدى. قۇرۇلتايغا جەمئىي 165 نەپەر ۋەكىل قاتناشتى، بۇنىڭ ئېچىدە ئۇيغۇر 125 نەپەر، خەنزۇ 31 نەپەر، تاجىك سەككىز نەپەر، خۇيزۇ بىر نەپەر، ئالاھىدە تەكلىپ قىلىنغان ۋەكىل ئۈچ نەپەر، 54 نەپەر ۋەكىل سىرتتىن قاتناشتى.

قۇرۇلتايدا توختى مەمەت تۇردىنىڭ ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى نامىدىن بەرگەن «خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ خىزمەت دوكلاتى»، سېلىم ماڭسۇرنىڭ ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى نامىدىن بەرگەن «ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلات»ى، ئابدۇكېرىم داۋۇتنىڭ «ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ خىزمەت دوكلاتى»، ماڭسۇر ئەمەتنىڭ «ناھىيىلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ خىزمەت دوكلاتى»، سۇن مىڭئاۋنىڭ «1983 - يىللىق خەلق ئىگىلىكى پىلانىنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالى ۋە 1984 - يىللىق خەلق ئىگىلىكى تەرەققىياتى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات پىلانى (لايىھە) توغرىسىدا دوكلات»ى، گۇرۇڭفۇنىڭ «1983 - يىللىق مالىيە نەق چوتى ۋە 1984 - يىللىق مالىيە خام چوتى (لايىھە) توغرىسىدا دوكلات»ى ئاڭلاپ ئۆتتۇلدى ۋە قاراپ چىقىلدۇ. قۇرۇلتاينىڭ قارارىدا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: بۇنىڭدىن كېيىنكى ئۈچ يىل پوسكامنىڭ ئىگىلىك تەرەققىياتىنىڭ ئاچقۇچلۇق مەزگىلى، ناھىيىدىكى ھەر مىللەت خەلق ئاممىسى ئىدىيىنى يەنىمۇ ئازاد قىلىپ، گوۋۇيۈەن ۋە ئاپتونوم رايون ئوتتۇرىغا قويغان تۆرلۈك ئىسلاھات تەدبىرلىرىنى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يېزا ئىگىلىكىدە مەسئۇلىيەت بىرلەشتۈرۈپ ھۆددىگە بېرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى داۋاملىق مۇقىملاشتۇرۇپ، تاكامۇللاشتۇرۇپ، كارخانىلارنى تەرتىپكە سېلىشنى ياخشى تۇتۇپ، بازار - يېزىلارنىڭ ئىگىلىكىنى جانلاندۇرۇپ، تۆرلۈك ئىشلەپچىقىرىش ئىشلىرىنى تىرىشىپ تەرەققىي قىلدۇرۇش لازىم.

قۇرۇلتايدا توختى مەمەت تۇردى ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ

مۇدىرلىقىغا، ئابلىز نىياز، جاڭ خۇڭيۇ، سۇلايمان ناسىر، ئايۇپ ئەلەمشالار مۇئاۋىن مۇدىرلىقىغا، قىمىزخان توختىنىياز، خۇاڭ شيۇگۇاڭ، چۇجىلۇڭ، تۇردى يۇسۇپ قۇۋان، جىن لياڭيو، قادىر روزىمەت، ئابدۇكېرىم مەمتىمىن، ياڭ ئەي، ھەسەن توختى، نۇسرەت يۇنۇس، تاش سابىت، جاڭ چۇەنخېلار خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزالىقىغا سايلاندى.

سېلىم ماۋسۇر ھاكىملىققا، ئابلەت ناسىر، رازىق ھوشۇر، جياڭ مىڭلار مۇئاۋىن ھاكىملىققا، ئابدۇكېرىم داۋۇت ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقلىقىغا، ھوشۇر مەمەت ئىزىز ناھىيىلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشلىكىگە سايلاندى.

# § 2 . ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى

ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ناھىيىنىڭ ئالىي دۆلەت ھوقۇقلۇق ئورگىنى يەنى ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى يىغىلىش مەزگىلىدىكى دائىمىي ئورگىنى، ئۇ، ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى يىغىلىش مەزگىلىدە، ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ خىزمەت ھوقۇقىنى يۈرگۈزىدۇ.

پوسكام ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى 1981 - يىل 8 - ئايدا ناھىيىلىك 7 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىدا سايلام ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن، دۆلەت قانۇنىدا بەلگىلەنگەن ھوقۇق چېكى ۋە مەسئۇلىيەتكە ئاساسەن، بىر قاتار خىزمەتلەرنى ئىشلىدى.

1 . ئۆز قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، ئاپپاراتلىرى قۇردى ۋە مۇكەممەللەشتۈردى. مۇدىر، مۇئاۋىن مۇدىرلار ۋە دائىمىي ئەزالار ئېنىق ئىش تەقسىم قىلىۋېلىپ، ھەر كىمنىڭ خىزمەت مەسئۇلىيىتىنى بەلگىلىدى. «پوسكام ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ناھىيە ۋە يېزىدىن ئىبارەت ئىككى دەرىجىلىك ۋەكىللەرنىڭ مەسئۇلىيىتىنى جارى قىلدۇرۇش، گۇرۇپپىلارغا بۆلۈنۈپ سايلىغۇچىلار بىلەن ئالاقە باغلاش چارىسى» نى تۈزۈپ چىقىپ، ئۇن قېتىم يېزىغا بېرىپ، ناھىيىنىڭ 139 نەپەر خەلق ۋەكىلى ۋە يېزا (بازار) لارنىڭ 975 نەپەر خەلق ۋەكىلىنى، ئايرىم - ئايرىم ھالدا، ئون ناھىيە ۋەكىلى ئالاقە باغلاش گۇرۇپپىسى، 141 ناھىيە، يېزا ۋەكىلى بىرلەشمە گۇرۇپپىسى قىلىپ تەشكىللىدى، ۋەكىللەرنىڭ دائىم خەلق ئاممىسىدىن پىكىر ئېلىپ تۇرۇش لايىھەسىنى تۈزۈپ چىقتى، ۋەكىللەرنىڭ ئامما بىلەن ئالاقە باغلاش، دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ خىزمىتىگە نازارەتچىلىك قىلىشىنىڭ كونكرېت تەدبىرلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈردى.

2 . ۋەكىللەر يىغىنى ۋە دائىمىي ئەزالار يىغىنىنى مۇددەت بويىچە چاقىرىپ، ئۆزى بىلەن تەڭ دەرىجىلىك ھۆكۈمەتنىڭ خىزمىتىگە نازارەتچىلىك قىلدى. تۆت يىلدىن بۇيان، ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيىنى جەمئىي ئىككى نۆۋەت، تۆت قېتىم چاقىرىپ، بەلگىلەنگەن تەرتىپ بويىچە ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ خىزمەت دوكلاتىنى، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ خىزمەت دوكلاتىنى، ناھىيىنىڭ خەلق ئىگىلىكى پىلانىنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلاتنى، ناھىيىنىڭ يىللىق مالىيە خام چوتى ۋە نەق چوتى توغرىسىدىكى دوكلاتنى، ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى، ناھىيىلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ خىزمەت دوكلاتىنى ئاڭلىدى ۋە مۇزاكىرە قىلدى ھەمدە مۇناسىپ ھالدا قارار چىقاردى، خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى، مۇئاۋىن مۇدىرلىرىنى، ئەزالىرىنى، ھاكىم،

مۇئاۋىن ھاكىملارنى، سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى، تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشىنى سايلىدى، خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزالىرى يىغىنىنى 24 قېتىم چاقىرىپ، ھۆكۈمەتنىڭ دۆلەت ئېلان قىلغان تۈرلۈك قانۇنلىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئىجرا قىلىش ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلاتىنى ئاڭلىدى ھەمدە مۇناسىپ قارار چىقاردى.

3. يەرلىك دۆلەت خىزمەتچى خادىملىرىنى قانۇن بويىچە ۋەزىپىگە تەيىنلىدى ۋە ۋەزىپىسىدىن قالدۇردى، تۆت يىل داۋامىدا، يەرلىك تەشكىلىي قانۇننىڭ بەلگىلىمىسى بويىچە بىر كىشىنى مۇئاۋىن ھاكىملىققا، بىر كىشىنى ناھىيىلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن باش تەپتىشلىكىگە، 33 كىشىنى ناھىيىلىك خەلق كومىتېتىنىڭ ئىدارە، كومىتېت، ئىشخانىلىرىنىڭ مەسئۇل خىزمەتچى خادىملىقىغا، ئىككى كىشىنى ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىقىغا، بىر كىشىنى ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى جىنايى ئىشلار سوت كوللېگىيىسىنىڭ مۇئاۋىن كوللېگىيە باشلىقلىقىغا، 12 كىشىنى سوتچى ياكى تەپتىشلىككە تەيىنلىدى.

4. يەرلىك خاراكتېر ئالغان بەزى قانۇن قائىدىلەرنى مۇزاكىرە قىلىپ تۈزۈپ چىقتى. 1981 - يىلى بەزى كادىرلار ھۆكۈمەتنىڭ ئالاقىدار تارماقلىرىنىڭ تەستىقىنى ئالماي، خىزمەت ھوقۇقى ياكى باشقا ۋاستىلەردىن پايدىلىنىپ، كۆپلىگەن تېرىلغۇ يەرلەرنى ئىگىلەپ، خۇسۇسىي ئۆي سېلىپ. دۆلەتنىڭ يەر باشقۇرۇش تۈزۈمىگە ئېغىر دەرىجىدە بۇزغۇنچىلىق قىلغانىدى، ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ئىنتىزامغا خىلاپ بۇ ھادىسىلەرنى توسۇش، چەكلەش ئۈچۈن، ھۆكۈمەتنىڭ تەكلىپىگە ئاساسەن، «پوسكام ناھىيىسىنىڭ دۆلەت ئىشچى - خىزمەتچىلىرىنىڭ خۇسۇسىي ئۆي سېلىش ئۈچۈن ئىگىلەيدىغان يەر كۆلىمى توغرىسىدىكى ۋاقىتلىق بەلگىلىمىسى»نى ماقۇللاپ، ناھىيە بويىچە ئىجرا قىلىش ئۈچۈن ئېلان قىلدى. يەنە ھۆكۈمەتنىڭ تەكلىپىگە ئاساسەن، 1982 - يىلى مۇزاكىرە قىلىپ ماقۇللاش ئارقىلىق، «پوسكام ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ جەمئىيەت ئامانلىقىنى قوغداش توغرىسىدىكى بىر قانچە ماددىلىق قوشۇمچە بەلگىلىمىسى»نى ئېلان قىلدى، يەنە «ناھىيە بويىچە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى ئېلىپ بېرىش توغرىسىدا قارار»نى مۇزاكىرە قىلىپ ماقۇللىدى. بۇلار ناھىيىنىڭ جەمئىيەت تەرتىپىنى مۇقىملاشتۇرۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىشتە ئىلگىرى سۈرۈش رولىنى ئوينىدى.

5. ئىشخانىنىڭ ۋەكىللەر ئوتتۇرىغا قويغان تەكلىپ - لايىھەلەرنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە ھەيدەكچىلىك قىلدى. تۆت يىل داۋامىدا خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ئىشخانىسى بىر قانچە قېتىملىق ۋەكىللەر يىغىنىدا ئوتتۇرىغا چۈشكەن 200 تۈرلۈكتىن كۆپرەك ئوخشاش بولمىغان تەكلىپ لايىھىسىنى تۈرگە ئايرىپ، رەتلەپ، ھۆكۈمەتنىڭ بېجىرىشىگە تاپشۇرۇپ بەردى. ھۆكۈمەت ھاكىملارنىڭ ئىش بېجىرىش يىغىنلىرىنى چاقىرىپ، مەخسۇس مۇزاكىرە قىلىپ ئورۇنلاشتۇردى. ئامما ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان ھەم چېتىلىش دائىرىسى كەڭ بولغان مەسىلىلەرنى ھاكىم شەخسەن ئۆزى بىر تەرەپ قىلغاندىن باشقا، قالغان تەكلىپ - لايىھەلەرنى بىردەك ھەر قايسى فۇنكسىيىلىك تارماقلارنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا تاپشۇرۇپ بەردى ھەمدە ھەل قىلىپ بولۇش ۋاقتىنى بېكىتىپ، مەسئۇل رەھبەرلەر تەكشۈرۈپ ھەيدەكچىلىك قىلىپ، قەرەللىك نورده دوكلات ئېلىپ، بارلىق تەكلىپ لايىھەلەرنىڭ نەتىجىسى بولۇش ئىمكانىيىتىنى ياراتتى. ھۆكۈمەت ئىشخانىسى يەنە تەكلىپ لايىھىسىنى بىر تەرەپ قىلىش ئەھۋالىنى ماددىغا

ئايرىپ دوكلات يېزىپ چىقتى، بۇنى خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى تەكلىپ - لايىھىسىنى ئوتتۇرىغا قويغان ۋەكىللەرگە تارقىتىپ بەردى.

6. 900 دىن ئارتۇق كادىر تەشكىللەپ، ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاساسىي قانۇنى (تۈزىتىلگەن لايىھە)» نى ۋە مەملىكەتلىك 5 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىدا رەسمىي ماقۇللانغان «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاساسىي قانۇنى» نــــى ئۆگىنىش، مۇزاكىرە قىلىشىغا رەھبەرلىك قىلدى. 200 دىن ئارتۇق تەشۋىقاتچى تەربىيىلەپ، پىلانلىق ھالدا، 575 قېتىم ئاساسىي قانۇننىڭ ماددىلىرىنى چۈشەندۈرۈپ، 62 مىڭ 400 دىن ئارتۇق ھەر مىللەت ئاممىسىنى بىر قېتىم ناھايىتى ياخشى قانۇنچىلىق تەربىيىسىگە ئىگە قىلدى.

ئۇنىڭدىن باشقا، ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى دائىمىي كومىتېتتا تۇرۇشلۇق ئەزالارنى ئاساسىي قاتلامغا بېرىپ خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈرۈشكە، ھۆكۈمەتنىڭ خىزمەت داۋامىدا كۆرۈلگەن بەزى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشىغا ياردەم بېرىشكە تەشكىللىدى. 1981 - يىلى ناھىيىدە ئىشچى ، كادىر قوبۇل قىلىش داۋامىدا يالغانچىلىق، ساختىپەزلىك قىلىش ئەھۋاللىرى كۆرۈلدى، زىيالىي ياش بولمىغان بەزى كىشىلەر ئۆزىنى زىيالىي ياش دەۋېلىپ، خىزمەتكە ئورۇنلىشىۋالدى، رەسمىيلەشتۈرۈشكە تېگىشلىك بولمىغان بەزى ۋاقىتلىق ئىشچىلار رەسمىيلىشىپ قالدى، بۇلارغا قارىتا ئاممىنىڭ پىكرى ناھايىتى كۆپ ئىدى، ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئىككى نەپەر مۇئاۋىن مۇدىرى مۇناسىۋەتلىك خــــىزمەت خادىملىرىنى باشلاپ بېرىپ تەكشۈرۈپ، بىر - بىرلەپ ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ھۆكۈمەتنــــىڭ تۈزىتىشىگە تاپشۇردى.

پوسكام ناھىيىلىك 7 -، 8 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ مۇدىرى، مۇئاۋىن مۇدىرلىرىنىڭ ئىسىملىكى

| ئىسىم - فامىلىسى | ۋەزىپىسى | مىللىتى | جىنسى | يۇرتى | ۋەزىپە ئۆتىگەن ۋاقتى |
|---|---|---|---|---|---|
| توختــى مەمەت تۇردى | مۇدىر | | | پوسكام ناھىيىسى پوسكام گۇڭشېسى | 1981 - يىل 8 - ئاي |
| جاڭ خۇڭيو | مۇئاۋىن مۇدىر | خەنزۇ | ئەر | شەنشى ئۆلكىسى زىجۇ ناھىيىسى | 1981 - يىل 8 - ئاي |
| سۇلايمان ناسىر | مۇئاۋىن مۇدىر | | | پوسكام ناھىيىسى ئايكۆل گۇڭشېسى | 1981 -يىل 8 - ئاي |
| ئايۇپ ئەلەمشا | مۇئاۋىن مۇدىر | تاجىك | ئەر | پوسكام ناھىيىسى تۇغچى گۇڭشېسى | 1981 - يىل 8 - ئاي |
| قۇۋانىياز تۇر- دى | مۇئاۋىن مۇدىر | | | پوسكام ناھىيىسى پوسكام گۇڭشېسى | 1981 - يىــل 8 - ئايدىن 1984 - يىل 4 - ئايغىچە |
| ئابلىز نىياز | مۇئاۋىن مۇدىر | | | پوسكام ناھىيىسى يىما گۇڭشېسى | 1984 - يىل 4 - ئاي |

جەنۇبىي شىنجاڭ نېفىت چارلاش قوماندانلىق شتابى بازىسىدا سۇ مەنبەسى بۇلغىنىــپ كەتكەچكە، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا تەسىر يەتكۈزۈش ئەھۋالى كۆرۈلگەنىدى، خەلق قۇرۇلتىيى

دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى، مۇئاۋىن مۇدىرلىرىدىن ئۈچ كىشى نېفىت بازىسىغا بېرىپ ئەھۋالنى كۆزدىن كەچۈرۈپ، نېفىت بازىسىنىڭ مەسئۇللىرى ۋە ھەر قايسى ناھىيىلەرنىڭ نېفىت بازىسىدا تۇرۇشلۇق مەسئۇللىرى بىلەن كېڭىشىپ، سۇ مەنبەسىنىڭ تازىلىقىنى ساقلاش تەدبىرلىرىنى تۈزۈپ چىقىپ، ئېرىق - ئۆستەڭ سۇ مەنبەلىرىنىڭ تازىلىقىغا كاپالەتلىك قىلىپ، ئاممىنىڭ پىكرىنى تۈگەتتى.

**قوشۇمچە**

9 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى، مۇئاۋىن مۇدىرلىرىنىڭ ئىسىملىكى:

مۇدىرى: توختى مەمەت تۇردى

مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: ئابدۇخالىق سادىق، شۇ خۇڭلىي، قىمىزخان توختىنىياز، خۇاڭ شيۇگۇاڭ.

## § 3. سايلام

بىر قانچە نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ ۋەكىللىرى بارلىق پۇقرالارنىڭ سايلىشى ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كەلدى. 1953 - يىل 8 - ئاينىڭ 22 - كۈنى پوسكامدا 1 - قېتىملىق ئومۇمىي خەلق سايلىمى ئۆتكۈزۈلدى.

سايلام ئىككى قارارغا بۆلۈپ ئۆتكۈزۈلدى. 1 - قارارىدا 8 - ئاينىڭ 22 - كۈندىن 10 - ئاينىڭ 20 - كۈنىگىچە ئىككى رايون، ئون يېزىنىڭ سايلام خىزمىتى ئورۇندالدى، 2 - قارارىدا11 - ئاينىڭ 9 - كۈندىن 12 - ئاينىڭ ئاخىرىغىچە ئۈچ رايون، 16 يېزىنىڭ سايلام خىزمىتى ئورۇندالدى.

سايلامنىڭ رەھبەرلىك خىزمىتىگە 186 نەپەر كادىر، قاتناشتى بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەتتىن بولغان كادىر 141 نەپەر، خەنزۇ كادىر 45 نەپەر؛ ئەر 160 نەپەر، ئايال 26 نەپەر؛ پارتىيە ئەزاسى 41 نەپەر، ئىتتىپاق ئەزاسى 59 نەپەر.

1 - قېتىملىق ئومۇمىي خەلق سايلىمى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ خوجايىنلىق ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشتىكى بىر قېتىملىق سىناق بولدى، چۈنكى ئۇ يېڭى شەيئىي بولغاچقا، ھەر مىللەت خەلقى ئومۇمىي سايلامغا دائىر سىياسەتلەرنى چۈشەنمىدى، شۇنىڭ ئۈچۈن، سايلام خىزمىتى باشلىنىشتىن ئىلگىرى، ھەر قايسى تەبىقىدىكىلەر ئىدىيە جەھەتتىن داۋالغۇپ تۇردى، بەر ئىسلاھاتتا يەر تەقسىم قىلىنغان دېھقانلار يەرنى قايتۇرۇۋېلىپ، باشقىدىن تەقسىم قىلىشتىن ئەنسىرىدى، بەزىلەر يەرلەرنى ئۆلچەپ مو سانىنى كۆپەيتىپ قويسا، سېلىق ئېغىرلىشىپ كېتەرمىكىن دەپ ئەنسىرىدى، بەزىلەر 2 - قېتىم تەقسىم قىلىشنى ئويلىدى. 1 - رايون 5 - يېزىدىكى كەمبەغەل دېھقان زايىت سايلام بولىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ، 2 - قېتىم يەر ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىلىدىغان ئوخشايدۇ دەپ قاراپ، يەر ئىسلاھاتىدا تەقسىم قىلىپ بېرىلگەن ئىككى مو يەرنى بۇغداي تېرىسام يىغىۋالالمايمەن دەپ قورقۇپ، تېرىماي تاشلىۋەتتى، 1 - رايون 5 - يېزىدىكى يالالنما دېھقان قادىر: «بۇ قېتىم كادىرلار كەلسە باي دېھقانلارنىڭ مال - مۈلكىنى مۇسادىرە قىلىدىكەن» دەپ، يەر ئىسلاھاتىدا تەقسىم قىلىپ بېرىلگەن ئىككى مو يەرنى

سېتىۋەتمەكچى بولۇپلا قالماي، بەلكى يېرىنىڭ ئەتراپىغا تىككەن دەل - دەرەخلىرىنىمۇ سېتىۋەتمەكچى بولدى. خىزمەتتىكى يېزا - كەنت كادىرلىرىدا كەڭ كۆلەمدە كادىر ئالماشتۇرۇشتىن ئەندىشە قىلىپ، بەش جەھەتتە قورقۇش، يەنى: بىرىنچى، ھازىر ئۇستىگە ئالغان ۋەزىپىسىنىڭ سايلامدا قېلىپ قېلىشىدىن قورقۇش، ئىككىنچى، «ئۇچكە قارشى تۇرۇش» تىن قورقۇش، ئۈچىنچى، خىزمەت ئەترىتى كەلسە يىغىن كۆپ بولۇپ كېتىپ، خىزمەتكە دەخلى يېتىپ قېلىشتىن قورقۇش، تۆتىنچى، ئامىمىنىڭ ئۆچ ئېلىشىدىن قورقۇش، بەشىنچى، خىزمەتتە ئىپادىسى ياخشى بولماي قالسا، ئامىمىنىڭ كۆرەش قىلىشىغا ئۇچراپ، يۈزى كېتىشتىن قورقۇش پەيدا بولدى.

خىزمەت ئەترىتى يېزىلارغا بارغاندىن كېيىن، كىشىلەرنىڭ كۆڭلىنى خاتىرجەم قىلىپ، سايلامنى ياخشى ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن، ئامىمىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش بىلەن ياخشى شوغۇللىنىشىغا ياردەم بېرىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئەھۋالنى چوڭقۇر ئىگىلەپ، ھەر خىل شەكىلدىكى يىغىنلارنى چاقىرىپ، پارتىيىنىڭ سىياسىتىنى، ئومۇمىي سايلامنىڭ ئەھمىيىتىنى تەشۋىق قىلىپ، ئامىمىنى يېڭى جەمئىيەتنىڭ ئەۋزەللىكىنى تونۇۋېلىشقا سىياسىي جەھەتتىن رىغبەتلەندۈردى، يېڭى جەمئىيەت بىلەن كونا جەمئىيەتنى سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق، ئامىمىغا يېڭى ھاكىمىيەتنىڭ خاراكتېرىنى، ھاكىمىيەتنى ياخشى قۇرۇپ چىقىش بىلەن ياخشى تۇرمۇش كەچۈرۈشنىڭ مۇناسىۋىتىنى تونۇتتى، شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ خوجايىنلىق ئاكتىپلىقىنى قوزغىدى، شۇنىڭدىن كېيىن ھەر قايسى يېزىلاردا يېزىلىق سايلام ھەيئىتى قۇرۇلدى، ئۇ، خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، پۈتۈن يېزىنىڭ سايلام خىزمىتىگە مەسئۇل بولدى.

ئامىمىنىڭ تونۇشى ئۆسكەندىن كېيىن، ئۇلار سايلام رايونلىرىغا ئايرىلدى، سايلىغۇچىلار تىزىملاندى، ئامما ئادەتتە يېشىنى خاتىرىلەپ قويۇشقا ئەھمىيەت بەرمەي كەلگەنلىكى، كۆپىنچە تەبىئەت مەنزىرىسى، پەسىلنىڭ ئۆزگىرىشى، يەنى، شاپتۇل پىشقان چاغدا، چوكانتال ۋاقتىدا، كېۋەز تېرىغان چاغدا دېگەنگە ئوخشاش سۆزلەر ئارقىلىق تۇغۇلغان ۋاقتىنى بېكىتىپ كەلگەنلىكى ئۈچۈن، بۇ، نوپۇس تىزىملاشقا، سايلام ھوقۇقىدىن بەھرىمەن بولۇشتىكى قانۇنىي يېشىنى بېكىتىشكە ئىنتايىن زور قىيىنچىلىق ئېلىپ كەلدى. خىزمەت ئەترىتى ۋە يېزا، كەنت كادىرلىرى سايلامنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، كەچكى ۋاقىتتىن پايدىلىنىپ، ئامىمىنىڭ ئائىلە سۆھبەت يىغىنلىرىنى ئېچىشىغا ياردەم بېرىپ، ئاخۇنۇم، تۇغۇت ئانىلىرىنى زىيارەت قىلىپ، زور تارىخىي ۋەقەلەرنى ياكى مەشھۇر قۇرۇلۇشلارنىڭ سېلىنغان يىللىرىنى سوراپ ھېسابلاپ ياكى تەڭ ياشلىقلار بىلەن سېلىشتۇرۇپ، ياش ئېنىقلاپ، نوپۇس تىزىملىدى.

ناھىيە بويىچە 49مىڭ ئۈچ نوپۇس تىزىملاندى (1955 - يىلى قاغىلىقتىن ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەن نوپۇسنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ)، بۇنىڭ ئىچىدە 18 ياشتىن يۇقىرىلار 31 مىڭ 561، سايلىغۇچىلارنىڭ سالاھىيىتىنى تەكشۈرۈپ تەستىقلاش ئارقىلىق، 30 مىڭ 525 نۇسخا سايلام گۇۋاھنامىسى تارقىتىلدى، سايلىغۇچى سالاھىيىتىگە ئىگە بولغانلار تىزىملانغان ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 62.1 پىرسەنتىگە يەتتى، 18 مىڭ 478 كىشىنىڭ سايلاش ھوقۇقى بولمىدى (بۇنىڭ ئىچىدە سىياسىي ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىنغانلار 900نەپەر)، روھىي كېسەللەر 91 نەپەر.

سايلىغۇچىلار تىزىملانغاندىن كېيىن، دېھقانلار ئۇيۇشمىسى، ياشلار ئىتتىپاقى، ئاياللار بىرلەشمىسى بىرلىشىپ ۋەكىل نامزاتىنى كۆرسىتىپ، سايلىغۇچىلار گۇرۇپپىسىنىڭ

مۇزاكىرىسىگە سۇندى، سايلىغۇچىلار ئۆزى سايلىماقچى بولغان ۋەكىللەرگە ئىنتايىن كەسكىن، ئەستايىدىل پوزىتسىيە تۇتتى، ئۇلار، سايلايدىغان ۋەكىللەرنى دېھقانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىشنى تەرەققىي قىلدۇرۇشىغا رەھبەرلىك قىلىدىغان تايانچىلار، دەپ قارىدى، شۇنىڭ ئۈچۈن، كۆرسىتىلگەن 574 نامزاتنى قايتا ـ قايتا مۇزاكىرە قىلدى، نەتىجىدە 132 نەپەر نامزات ئالماشتۇرۇلدى، پىكىر بىرلىككە كەلگەندىن كېيىن، ھەر قايسى يېزىلار، ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا، سايلام يىغىنلىرىنى چاقىرىپ، سايلام ئۆتكۈزدى. سايلام ۋاقتى دەل كۆزلۈك يىغىم، كۆزلۈك تېرىلغۇ ۋاقتىغا توغرا كەلدى، ئىشلەپچىقىرىشقا تەسىر يەتكۈزمەسلىك ئۈچۈن، سايلىغۇچىلار، ئومۇميۈزلۈك ھالدا، گۇرۇپپىلىشىپ، ئۆز ئارا ياردەملىشىپ، پىلان تۈزۈپ، بىر ـ بىرىگە مۇسابىقە ئېلان قىلىپ، مۇسابىقىنى قانات يايدۇردى، ئىشلەپچىقىرىش سەۋەبىدىن ئۆزىنىڭ تەنتەنىلىك سايلام ھوقۇقىدىن مەھرۇم قېلىشنى ھېچكىم خالىمىدى. 4 ـ رايون 1 ـ يېزىدىكى كەمبەغەل دېھقان نۇراخۇن سايلامدىن بۇرۇن كوممۇنىنىڭ تېخى خامانغا ئېلىپ كەلمىگەنىدى، قونىقىنى خامانغا ئېلىپ كېلىپلا بۇغداي تېرىش لازىم ئىدى، ئۇ، «سايلامغا ئۆمرۈمدە تۇنجى قېتىم قاتنىشىۋاتىمەن، كۆزلۈك يىغىم، كۆزلۈك تېرىلغۇ سەۋەبىدىن سايلامغا دەخلى يەتكۈزۈپ قويسام ھەرگىز بولمايدۇ»، دەپ ئويلاپ، باشقا بىر قانچە ئائىلىلىك دېھقان بىلەن گۇرۇپپىلىشىپ، ئۆز ئارا ياردەملىشىپ، سايلام ئۆتكۈزۈلۈشتىن ئىلگىرى كوممۇنىنىڭ ئورۇپ خامانغا ئېلىپ كېلىپلا قالماي، بەلكى تېرىماقچى بولغان ئۈچ مو كۆزگى بۇغداينىمۇ تېرىۋالدى. ئۇ، يەر ئىسلاھاتىدا تەقسىم قىلىپ بېرىلگەن چاپاننى كىيىپ، خۇشال ـ خورام، جۇشقۇن كەيپىياتتا سايلام يىغىنىغا قاتناشتى.

سايلام كۈنى دېھقانلار خۇددى ھېيت ـ بايرام بولغاندەك، ئۆيىدىكى ئەڭ يېڭى كىيىملىرىنى كىيىشىپ، ئەرەپ ـ تەرەپتىن سايلام يىغىنى مەيدانىغا كېلىشتى، قېرىپ پۇت ـ قولىنىڭ ماغدۇرى قالمىغان بەزى ياشانغان كىشىلەر ياكى بىمارلارمۇ تۇرلۇك چارە ـ ئاماللار بىلەن يىغىنغا قاتناشتى، 4 ـ رايون 2 ـ يېزىدىكى 79 ياشلىق گۈلچەرخان بىر ئېشەك ئارىيەت ئېلىپ، باشقىلارنىڭ يۆلەپ ئېلىپ بېرىشى بىلەن يىغىنغا قاتناشتى. تۇراخاننىڭ سايلام ئۆتكۈزۈلۈشتىن بەش كۈن ئىلگىرى ئۇشتۇمتۇت بويىدىن ئاجراپ كەتكەنىدى، بۇ ئايالمۇ قىزىنىڭ يۆلەپ ئېلىپ بېرىشى بىلەن يىغىنغا قاتناشتى.

سايلام قول كۆتۈرۈپ ئاۋاز بېرىش شەكلى بىلەن ئۆتكۈزۈلدى، 574 نەپەر يېزا ۋە خەلق ۋەكىلى سايلاپ چىقىلدى، سايلامدىن كېيىن دېھقانلار ئۇسسۇلغا چۈشۈپ كەتتى، بەزى دېھقانلار تېخى ۋەكىللەرگە قىزىل گۈل تاقاپ قويدى. 1 ـ رايون 1 ـ يېزىدىكى كەمبەغەل دېھقان ئوغۇلخان ئۆز يېنىدىن 7000 يۈەن (كونا خەلق پۇلى) خەجلەپ، بىر دەستە رەڭدار گۈل ياساپ، سايلانغان ۋەكىللەرگە تەقدىم قىلىپ، ئۇلارغا «سىلەر بىزنىڭ ئىشلەپچىقىرىشىمىزغا كۆپرەك كۆڭۈل بۆلۈپ، كۆپچىلىككە كۆپرەك ياخشى ئىش قىلىپ بېرىڭلار، بىزنى دۆلىتىمىزنى ياخشى قۇرۇپ چىقىشقا يېتەكلەڭلار» دەپ تاپىلىدى.

سايلام يىغىنىدىن كېيىن، ھەر قايسى يېزىلاردا خەلق قۇرۇلتايلىرى ئارقىمۇ ئارقا چاقىرىلىپ، يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ خىزمەتچى خادىملىرى سايلاپ چىقىلىپ، يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتى كومىتېتى قۇرۇلدى، ناھىيە بويىچە 23 يېزىدا يېزا باشلىقىدىن 23ى، مۇئاۋىن يېزا باشلىقىدىن 23ى، يېزىلىق ھۆكۈمەت ئەزاسىدىن 182 سى سايلاپ چىقىلدى.

1961 ـ يىل 3 ـ قېتىملىق سايلام ئۆتكۈزۈلۈپ، 44 مىڭ 288 نەپەر سايلىغۇچى تىزىملاندى، بۇ، ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 58.34 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى، ئەمەلىيەتتە 24 مىڭ 444

كىشى ئاۋاز بېرىشكە قاتناشتى، بۇ، ئومۇمىي سايلىغۇچىنىڭ 2 . 55 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. 1965 - يىلى 4 - قېتىملىق سايلام ئۆتكۈزۈلدى، بۇ قېتىم 48 مىڭ 508 سايلىغۇچى تىزىملاندى، ئەمەلىيەتتە 42 مىڭ 304 كىشى سايلامغا قاتناشتى.

1984 - يىل 8 - ئايدا 6 - قېتىملىق سايلام ئۆتكۈزۈلدى، ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى بۇ قېتىمقى نۆۋەت ئالمىشىش سايلىمىنى ياخشى ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن، 4 - ئاينىڭ باشلىرىدا يىغىن چاقىرىپ مۇزاكىرە قىلىپ، ناھىيىلىك سايلام ھەيئىتى قۇردى ھەمدە «سايلام قانۇنى»نى يولغا قويۇشنىڭ تەپسىلىي پرىنسىپلىرىدىكى بەلگىلىمىلەرگە ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ ناھىيە دەرىجىلىك ئاپپاراتلار ئىسلاھاتى، ھۆكۈمەت بىلەن گۇڭشېنى ئايرىش، يېزىلىق ھۆكۈمەت قۇرۇش توغرىسىدىكى ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن، ناھىيىلىك پارتكوم بىلەن بىرلىكتە ناھىيە بويىچە سايلام خىزمىتىنى ئورۇنلاشتۇردى، 5 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن 7 - ئاينىڭ 25 - كۈنىگىچە ناھىيە ۋەكىللىرىنى سايلاش خىزمىتىنى ئاياغلاشتۇرۇشنى، 9 - ئاينىڭ باشلىرىدىن 10 - ئاينىڭ 20 - كۈنىگىچە يېزا (بازار) لارنىڭ ۋەكىللىرىنى سايلاش خىزمىتىنى ئاياغلاشتۇرۇشنى قارار قىلدى، پۈتۈن ناھىيىنى 119 سايلام رايونىغا ئايرىپ، ناھىيە، گۇڭشېدىن ئىبارەت ئىككى دەرىجىلىك ئورگاندىن 475 كادىر (بۇنىڭ بەش نەپىرى ناھىيە دەرىجىلىك كادىر، 41 نەپىرى گۇڭشې دەرىجىلىك كادىر، 429 نەپىرى ئادەتتىكى كادىر)، بۇنىڭغا چوڭ ئەترەتلەردىكى ئىشلەپچىقىرىشتىن ئايرىلمايدىغان، 369 نەپەر كادىرنى قوشقاندا جەمئىي 844 نەپەر كادىر ئاجرىتىپ، ئون سايلام خىزمەت ئەترىتى، 119 خىزمەت گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ گۇڭشې (بازار) لارغا بېرىپ، گۇڭشې، (بازار)نى بىرلىك قىلىپ قۇرۇلغان ئون ئاساسىي قاتلام سايلام ھەيئىتى، 119 سايلام رايونى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ خىزمەتلىرىنى قانات يايدۇرۇشىغا ياردەم بەردى.

رەھبەرلىك ئەھمىيەت بەرگەنلىكى، ئۇسۇل توغرا بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇ قېتىمقى سايلام «سايلام قانۇنى»دا بەلگىلەنگەن ئاپتونوم رايوننىڭ ناھىيە دەرىجىلىكتىن تۆۋەن خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ ۋەكىللىرىنى بىۋاستە سايلاشتا يولغا قويۇلىدىغان تەپسىلىي پرىنسىپىدىكى تەلەپكە ئۇيغۇن بولدى، ھەر مىللەت خەلق ئاممىسى سايلامغا ئاكتىپ قاتنىشىپ، ئاساسىي قانۇندا ئۆزىگە بېرىلگەن ھوقۇق ۋە مەجبۇرىيەتنى ئادا قىلدى، ناھىيە بويىچە 115 مىڭ 136 نوپۇس ئىچىدە 67 مىڭ 370 ئادەم ناھىيە ۋەكىللىرىنى سايلاشقا قاتنىشىشقا تىزىملاندى، بۇنىڭ ئىچىدە سايلامغا قاتناشقانلار 63 مىڭ 803 نەپەر بولۇپ، سايلامغا قاتنىشىش نىسبىتى %7 . 94 كە يەتتى، 55 مىڭ 497 ئادەم يېزا ۋەكىللىرىنى سايلاشقا قاتنىشىشقا تىزىملاندى، بۇنىڭ ئىچىدە سايلامغا قاتناشقانلار 52 مىڭ 549 بولۇپ، سايلامغا قاتنىشىش نىسبىتى %9 . 94كە يەتتى. ئارتۇق نامزاتلىق سايلام يولغا قويۇلۇپ، ۋەكىللەرنىڭ نامزات ئىسمىلىكى بىردەك جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ھەر قايسى خەلق تەشكىلاتلىرى بىلەن بىرلىكتە ئۇلغۇلا قىلىش، كېڭىشىش ۋە سايلىغۇچىلار قانۇن بويىچە بىرلىشىپ كۆرسىتىش يولى بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇلدى، سايلام داۋامىدا ۋەكىللەرنىڭ كەڭلىكى ۋە قانۇندا بەلگىلەنگەن رەسمىيەتلەرنىڭ تولۇق بولۇشىغا ئەھمىيەت بېرىلدى. سايلام قانۇنىنىڭ بەلگىلىمىسى بويىچە، ناھىيە بويىچە 165 نەپەر ناھىيە ۋەكىلىنى سايلاشقا تېگىشلىك ئىدى، ئەمەلىيەتتە 165 ۋەكىل سايلاندى. بۇ 165 نەپەر ۋەكىلنىڭ 83 نەپىرى ئىشچى - دېھقان ئەمگەكچى خەلق ئاممىسى بولۇپ، ئومۇمىي ۋەكىللەرنىڭ 3 . 56 پىرسەنتىنى، 39 نەپىرى كادىر بولۇپ، ئومۇمىي ۋەكىللەرنىڭ 8 . 23 پىرسەنتىنى، 25 نەپىرى زىيالىي بولۇپ ئومۇمىي ۋەكىللەرنىڭ 1 . 15 پىرسەنتىنى، 15 نەپىرى ۋەتەنپەرۋەر زات بولۇپ، ئومۇمىي ۋەكىللەرنىڭ 1 . 9 پىرسەنتىنى، ئۈچ نەپىرى خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىدىن بولۇپ، ئومۇمىي ۋەكىللەرنىڭ 8 . 1 پىرسەنتىنى؛ 60 نەپىرى پارتىيىسىز زات بولۇپ، ئومۇمىي ۋەكىللەرنىڭ 4 . 36 پىرسەنتىنى؛ 38 نەپىرى ئايال بولۇپ، ئومۇمىي ۋەكىللەرنىڭ 23

پىرسەنتىنى؛ 134 نەپىرى ئاز سانلىق مىللەت (بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر 125 نەپەر، تاجىك سەككىز نەپەر، خۇيزۇ بىر نەپەر) بولۇپ، ئومۇمىي ۋەكىللەرنىڭ 81.21 پىرسەنتىنى؛ 31 نەپىرى خەنزۇ بولۇپ، ئومۇمىي ۋەكىللەرنىڭ 18.79 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى، بۇ، «سايلام قانۇنى» دىكى ۋەكىللەرنىڭ تەقسىمات نىسبىتى توغرىسىدىكى تەلەپكە ئاساسىي جەھەتتىن ئۇيغۇن كەلدى، بۇنىڭ بىلەن ھەم ناھىيىدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ خوجايىنلىق ئارزۇسى گەۋدىلەندۇرۇلدى ھەم ناھىيىدىكى خەلقىنىڭ ئىتتىپاقلىقىنىڭ يەنىمۇ كۈچەيگەنلىكى ئەكس ئەتتۈرۈلدى.

721 نەپەر يېزا (بازار) خەلق ۋەكىلىنى سايلاشقا تېگىشلىك ئىدى، ئەمەلىيەتتە 721 ۋەكىل سايلاندى. بۇ ۋەكىللەرنىڭ 661 نەپىرى ئاز سانلىق مىللەت (بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر 618 نەپەر، تاجىك 40 نەپەر، باشقا مىللەت ئۈچ نەپەر) بولۇپ، ئومۇمىي ۋەكىللەرنىڭ 91.7 پىرسەنتىنى، 60 نەپىرى خەنزۇ بولۇپ، ئومۇمىي ۋەكىللەرنىڭ 8.3پىرسەنتىنى؛ 433نەپىرى ئىشچى - دېھقان ئەمگەكچىلەر ئاممىسى بولۇپ، ئومۇمىي ۋەكىللەرنىڭ 60.1 پىرسەنتىنى، 179 نەپىرى كادىر بولۇپ، ئومۇمىي ۋەكىللەرنىڭ 24.8 پىرسەنتىنى؛ 49 نەپىرى زىيالىي بولۇپ، ئومۇمىي ۋەكىللەرنىڭ ئالتە پىرسەنتىنى، 60 نەپىرى ۋەتەنپەرۋەر دېموكراتىك زات بولۇپ، ئومۇمىي ۋەكىللەرنىڭ 8.3 پىرسەنتىنى؛ 263 نەپىرى پارتىيىسىز زات بولۇپ، ئومۇمىي ۋەكىللەرنىڭ 36.5 پىرسەنتىنى، 166 نەپىرى ئايال بولۇپ، ئومۇمىي ۋەكىللەرنىڭ 23 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى، بۇ. «سايلام قانۇنى» دىكى بەلگىلىمىلەرگە ئۇيغۇن بولدى.

ۋەكىللەر سايلىنىپ بولغاندىن كېيىن، ناھىيىدە، يېزىلاردا تەرتىپ بويىچە خەلق قۇرۇلتىيى چاقىرىلىپ، ناھىيە، يېزا دەرىجىلىك يەرلىك دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ خىزمەتچى خادىملىرى سايلاپ چىقىلدى، يەنى، بەش كىشى ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ۋە مۇئاۋىن مۇدىرلىقىغا، 12 كىشى ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزالىقىغا، بىر كىشى ھاكىملىققا، ئۈچ كىشى مۇئاۋىن ھاكىملىققا، بىر كىشى ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقلىقىغا، بىر كىشى ناھىيىلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باش تەپتىشلىكىگە، توققۇز كىشى يېزا باشلىقلىقىغا، 15 كىشى مۇئاۋىن يېزا باشلىقلىقىغا سايلاپ چىقىلىپ، نۆۋەت ئالمىشىش سايلىمى ۋە يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتىنى قۇرۇش ۋەزىپىسى ئورۇندالدى.

# VI باب

# مىنگو دەۋرىدىكى پوسكام ناھىيىلىك ھۆكۈمەت

## § 1. مىنگونىڭ 10 - يىلىدىن 25 - يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى ناھىيىلىك ھۆكۈمەت

مىنگونىڭ 10 - يىلى (1921 - يىلى) پوسكام ناھىيە بولۇپ قۇرۇلغان. ناھىيىلىك يامۇل ھازىرقى بىناكارلىق ئەترىتىنىڭ ئورنىدا ئىدى، يامۇلنىڭ ئالدى جەنۇبقا قارىتىپ سېلىنغانىدى، تولۇق نامى «پوسكامناھىيىلىك مەھكىمە» ئىدى، مەمۇرىي ئەمەلدار «ئامبال» دەپ ئاتىلاتتى.

يامۇلدا ئىككى بۆلۈم، بىر ئىشخانا يەنى خەلق ئەرز - دەۋا، ئىشلىرى بۆلۈمى، بوغالتىرلىق - ھېسابات بۆلۈمى، كاتىبات ئىشخانىسى تەسىس قىلىنغانىدى، بۆلۈمنىڭ باشلىقى «بەگ»، ئىش بېجىرگۈچىلىرى «كاتىپ» دەپ ئاتىلاتتى. يامۇلغا ئوندىن كۆپرەك چېرىك، يايى ئورۇنلاشتۇرۇلغانىدى. چېرىك باشلىقى «ياساۋۇل» دەپ ئاتىلاتتى، ئۇ، يامۇلنى قوغداشقا ۋە ناھىيە بازىرىنىڭ ئامانلىقىغا مەسئۇل ئىدى، يايى ئامبال ۋە ھەر قايسى بۆلۈم، ئىشخانىلارنىڭ بۇيرۇقى بويىچە، ئادەم سۈيلەش، يارلىق تارقىتىش، ئالۋان - سېلىق يىغىش قاتارلىق تۈرلۈك يۈگۈر - يېتىم ئىشلارنى قىلاتتى.

ئۇ چاغلاردا، پۈتۈن ناھىيە بازار ئىچى، يۇقىرىقى پوسكام، تۆۋەنكى پوسكام، مەسچىت دەپ تۆت جاڭزىغا بۆلۈنەتتى، ھەر قايسى جاڭزىلارنىڭ كاتىتبېشى «شاڭيو» دەپ ئاتىلاتتى، ئاما ئۇنى «بەگ» دەپ ئاتايتتى، جاڭزا قارىمىقىدا كەنت بولۇپ، يۈز بېشى، ئون بېشى قويۇلغانىدى، ئۇلار پۇقرالارنى بىۋاستە باشقۇراتتى، بەگلەرنىڭ قول ئاستىدا بىردىن «دورغا بېگى»، بەشتىن ئونغىچە «دورغا» (ئالۋان - سېلىق، يۈگۈر - يېتىم ئىشلىرىغا چاپىدىغان ئادەم) بار ئىدى.

ئەدلىيە ئىشلىرىنى ناھىيىنىڭ ئامبىلى قوشۇمچە باشقۇراتتى، ئۇنىڭغا بىر نەپەر كاتىپ ياردەملىشەتتى، يامۇلدا قانۇن ئىجرا قىلغۇچى يامۇل (كىچىك يامۇل دەپمۇ ئاتىلاتتى) تەسىس قىلىنغان بولۇپ، قانۇن ئىجرا قىلغۇچى بۇزرۇكۋاردىن بىرى قويۇلغانىدى، ئۇ، قاتىللىق قاتارلىق مۇھىم دېلولارنى بىر تەرەپ قىلىشقا مەسئۇل ئىدى، قانۇن ئىجرا قىلغۇچى يامۇلدا تۈرمە تەسىس قىلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭغا قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان جىنايەتچىلەر قاملاتتى.

ھەر قايسى جاڭزىلاردىكى خەلقنىڭ دەۋا ئىشلىرىغا دائىر دېلولارنى ئادەتتە شاڭيو ئاۋال تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلاتتى، قايىل بولمىغانلار يامۇلنىڭ ھۆكۈم چىقىرىشىغا يوللاپ بېرىلەتتى، ئەگەر جاۋابكار ياكى دەۋاگەر يەنىلا قايىل بولمىسا، ئامبال تەستىق سېلىپ، مەھكىمە شەرئىنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا تاپشۇرۇپ بېرەتتى، لېكىن جىنايى ئىشلار دېلولىرىنى بىردەك ئامبال تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلاتتى.

ناھىيە بازىرىدا ۋە ھەر قايسى جاڭزىلاردا بىردىن پاششاپ بار ئىدى، ئۇلار ئامبال تەرىپىدىن تەيىنلىنەتتى، ئۇنىڭ ۋەزىپىسى ئوغرى تۇتۇش، كېچىلىرى چارلاش ئېلىپ بېرىشتىن ئىبارەت ئىدى، ئۇنىڭ قول ئاستىدا بىر قانچە دورغا، حازا قوراللىرى، گۇندىخانا بار ئىدى.

1933 - يىل 3 - ئايدا خوتەن پانئىسلامىيەتچى قوشۇنلىرى پوسكامنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، ئىسلام ھاكىمىيىتى قۇرۇلۇپ، «قۇرئان»نى ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشنىڭ قانۇنى قىلىۋېلىپ، خەلقنىڭ ئۈستىدىن دىنىي ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزگەن.

ماخۇسەن خوتەنگە بېسىپ كىرگەندىن كېيىن، پوسكام پاسىل رايونى قىلىنغان، مەتنىياز بەگ مەھكىمىنىڭ ھاۋالىسى بىلەن خەلقنىڭ دەۋا ئىشلىرىنى سورىغان.

## § 2 . مىنگونىڭ 26 - يىلىدىن 33 - يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى ناھىيىلىك ھۆكۈمەت

1937 - يىلى شېڭ شىسەي سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياردىمىدە، ماجۇڭيىڭنىڭ قالدۇق

قىسىملىرىنى يوقىتىپ، جەنۇبىي شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ھەر دەرىجىلىك ھاكىمىيەتلەرنى قايتىدىن قۇردى، ناھىيىلىك يامۇل ناھىيىلىك ھۆكۈمەتكە، ئامبال ھاكىمغا ئۆزگەرتىلدى. ناھىيىلىك ھۆكۈمەتتە ئىككى بۆلۈم، بىر ئىشخانا تەسىس قىلىندى، 1 - بۆلۈم ئىچكى ئىشلار ۋە مائارىپنى، 2 - بۆلۈم مالىيە ۋە سودا - سانائەتنى باشقۇراتتى، بىر ئىشخانا - كاتىبات ئىشخانىسى ھۆججەت - ئالاقىلەرنى بىر ياقلىق قىلىش، دوكلات يېزىش، بۇيرۇق چىقىرىش قاتارلىق ئىشلارنى قىلاتتى.

ئەدلىيە ئىشلىرىنى يەنىلا ھاكىم قوشۇمچە باشقۇراتتى، ئەدلىيە ساقچىلىرى ئۇنىڭغا ياردەملىشەتتى، قانۇن ئىجرا قىلغۇچى يامۇل ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، ناھىيىلىك ھۆكۈمەتتە قاماقخانا تەسىس قىلىنىپ، بىر قاماقخانا مۇدىرى، بىر قانچە گۇندىپاي قويۇلغانىدى.

يېڭىدىن قۇرۇلغان ناھىيىلىك باجخانا ناھىيىلىك ھۆكۈمەت ۋە ئۆلكىلىك مالىيە نازارىتىنىڭ قوش رەھبەرلىكىدە ئىدى، يېڭىدىن قۇرۇلغان ناھىيىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى ئۆلكىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكىنى باشقۇرۇش باشقارمىسى ۋە ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ قوش رەھبەرلىكىدە ئىدى، ئۇ، يەرلىكنىڭ ئامانلىقى ۋە شەھەر مەمۇرىيىتى، نوپۇس باشقۇرۇشقا مەسئۇل ئىدى، ئىدارىدە تۈرمە تەسىس قىلىنغانىدى، سىياسىي دېلو ۋە پەۋقۇلئاددە جىنايى ئىشلار دېلولىرىنى جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلاتتى.

1941 - يىل ئەسلىدىكى 1 -، 2 - بۆلۈم خەلق ئىشلىرى، مالىيە، مائارىپ بۆلۈمى دەپ ئۈچ بۆلۈمگە ئۆزگەرتىلگەن، كېيىن ئىشلەپچىقىرىشنى تەرەققىي قىلدۇرۇش يۈزىسىدىن، يېزا ئىگىلىك يېتەكچىسى، چارۋىچىلىق يېتەكچىسى قاتارلىق ۋەزىپىلەر تەسىس قىلىنغان، ئاساسىي قاتلامدا ھاكىمىيەت ئاپپاراتلىرى ئىسلاھ قىلىنىپ، يېزىدىكى ئەمەلدار، شياڭيولۇق تۈزۈمى، جاڭزىلار بىكار قىلىنغان، ئۇنىڭ ئورنىغا رايون، كەنت تەسىس قىلىنغان، رايوندا رايونلۇق مەھكىمە قۇرۇلۇپ، بىر نەپەر رايون باشلىقى، بىر نەپەر مۇئاۋىن رايون باشلىقى تەسىس قىلىنغان، كەنتتە كەنت مەھكىمىسى قۇرۇلۇپ، بىر نەپەر كەنت باشلىقى تەسىس قىلىنغان.

رايون، كەنت باشلىقلىرى ئامما تەرىپىدىن دېموكراتىك يوسۇندا سايلاش ئارقىلىق ۋوجۇدقا كەلتۈرۈلگەن. رايون كەنت مەھكىمىسى خىراجەت يەرلىرىنى تېرىپ، ھوسۇلنى ئۆزى يىغىپ، كېتەرلىك خىراجەتنى ھەل قىلغان، دېھقانلارغا ئالۋان - سېلىق سېلىش مەنئى قىلىنغان.

## §3. مىنگونىڭ 33 - يىلىدىن 38 - يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى ناھىيىلىك ھۆكۈمەت

1944 - يىلى كۈزدە شېڭ شىسەي شىنجاڭدىن كېتىپ، ۋۇجۇڭشىن شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ رەئىسلىكىگە تەيىنلەنگەن، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، شىنجاڭ گومىنداڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزىدىغان دەۋرگە قەدەم قويغان.

گومىنداڭ ھاكىمىيەت بېشىدا تۇرغان مەزگىلدە، ناھىيە دەرىجىلىك ھاكىمىيەت يەنىلا ناھىيىلىك ھۆكۈمەت دەپ ئاتىلىپ، بىر ھاكىم، بىر مۇئاۋىن ھاكىم قويۇلغان. ھاكىم كۆپىنچە ئاز سانلىق مىللەتتىن، مۇئاۋىن ھاكىم كۆپىنچە خەنزۇدىن تەيىنلەنگەن.

1944 - يىلى پوسكام 4 - دەرىجىلىك ناھىيە دەپ ئايرىلىپ، يەنىلا ئۈچ بۆلۈم، بىر ئىشخانا،

يەنى. خەلق ئىشلىرى بۆلۈمى، مائارىپ بۆلۈمى، مالىيە بۆلۈمى، كاتىبات ئىشخانىسى تەسىس قىلىنغان، ئۆزىنى ئىدارە قىلىش يېتەكچىسى، ئامبار مۇدىرى، تەكشۈرگۈچى ئەمەلدار قاتارلىق ۋەزىپىلەر كۆپەيتىپ تەسىس قىلىنغان، يېزا ئىگىلىك يېتەكچىسى ۋە چارۋىچىلىق يېتەكچىسى يېزا ئىگىلىك تېخنىكى ۋە چارۋىچىلىق تېخنىكىغا، قاماقخانا مۇدىرى قاماقخانا باشلىقىغا، ئەدلىيە ساقچىسى سوتچىغا ئۆزگەرتىلگەن.

1948 - يىلى قۇرۇلۇش بۆلۈمى كۆپەيتىلگەن، ئەدلىيە خىزمىتىنى يەنىلا ھاكىم قوشۇمچە ئۈستىگە ئالغان، سوتچى، تەكشۈرگۈچى ئەمەلدارلار ئۇنىڭغا ياردەملىشىدىغان بولغان.

جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى ساقچى ئىدارىسىغا ئۆزگەرتىلگەن. ھەق - تەلەپ دەۋاسى ۋە جىنايى ئىشلار دېلولىرىنى، بىر دەك ، ئالدى بىلەن، ساقچى ئىدارىسى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلغان، قىيىن بولغان ھەق - تەلەپ دەۋا دېلولىرى مەھكىمە شەرئىنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا تاپشۇرۇلغان. مۇھىم جىنايى ئىشلار دېلولىرى ئەدلىيىنى قوشۇمچە باشقۇرۇغۇچىنىڭ ھۆكۈم چىقىرىشىغا ئەۋەتىپ بېرىلگەن، يېنىكرەك ھەق - تەلەپ دەۋاسى ۋە جىنايى ئىشلار دېلولىرى ئۈستىدە ساقچى ئىدارىسى نوختىتىپ قويۇش، جەرىمانە ئېلىش، ئەيىبلەش قاتارلىقچارىلەرنى كۆرگەن.

1943 - يىلى يەكەن دەرياسى كۆۋرۈكى پۇتكەندىن كېيىن، كۆۋرۈكنىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغداش ئۈچۈن، يەكەن دەرياسى كۆۋرۈكى ساقچى پونكىتى تەسىس قىلىنغان، كۆۋرۈكنى ساقلاش ئۈچۈن، پوسكام ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسى ئالتەساقچى ئەۋەتكەن.

باج ئىدارىسى غەللە - پاراق يىغىش ئورنىغا ئۆزگەرتىلگەن. 1948 - يىلى باج ئىشلىرى بۆلۈمىگە ئۆزگەرتىلىپ، بۇرۇنقى ۋەزىپىنى ئىجرا قىلغان.

ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيىتى جەھەتتە، 1944 - يىلدىن تارتىپ يېزا، بازار، باۋ - جيا تۈزۈمى يولغا قويۇلۇپ، پۈتۈن ناھىيە بەش يېزا، بىر بازارغا ئايرىلغان، ئۇلارغا 68باۋ، 864 جيا قارىغان، يېزا(بازار)لاردا بىر يېزا (بازار) باشلىقى، بىر مۇئاۋىن يېزا (بازار) باشلىقى، باۋدا بىر باۋجاڭ، بىر مۇئاۋىن باۋجاڭ، جيادا بىر جياجاڭ، يېزا (بازار)لاردا يېزىلىق (بازارلىق) مەھكىمە، باۋدا باۋجاڭنىڭ ئىش بېجىرىش ئورنى تەسىس قىلىنغان.

1948 - يىلى يېزا، بازارلار قىسقارتىلىپ، پۈتۈن ناھىيە ئۈچ يېزا، بىر بازار، 49 باۋ، 560 جياغا ئۆزگەرتىلگەن، تاكى 1949 - يىل10 - ئايغىچە مۇشۇ تۈزۈم داۋاملاشتۇرۇلغان.

مىنگو دەۋرىدە ھاكىم بولغانلارنىڭ ئىسملىكى

| ئىسىم - فامىلىسى | جىنسى | مىللىتى | يۇرتى | ۋەزىپە ئۆتىگەن ۋاقتى |
|---|---|---|---|---|
| جاڭ جىڭنەن | ئەر | خەنزۇ | خۇنەن | 1922 - يىلدىن<br>1924 - يىلغىچە |
| جېڭ ۋۇلىن | ئەر | خەنزۇ | خۇنەن | 1924 - يىلى ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەن |
| زۇ خەيسېن | ئەر | خەنزۇ | | 1925 - يىلى ۋەزىپىدە ئىدى |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| لى لەن | ئەر | خەنزۇ | | 1926 - يىلى ۋەزىپىدە ئىدى |
| ئەن شۈرېن | ئەر | خەنزۇ | | 1928 - يىل 1 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەن |
| جىن كۈن | ئەر | خەنزۇ | | 1929 - يىل 6 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەن |
| مادىچىڭ | ئەر | خۇيزۇ | | 1930 - يىل ۋەزىپىدەئىدى |
| ۋاڭ ۋېنچى | ئەر | خەنزۇ | | 1931 - يىلى ۋەزىپىدە ئىدى |
| چېن رۇبىن | ئەر | خەنزۇ | خۇنەن | 1932 - يىلدىن 1933 - يىلغىچە |
| مەمەت ئابدۇللا | | | شىنجاڭ ئاقسۇ | 1934 - يىل4 - ئايدىن1936- يىل 2 - ئايغىچە |
| ۋېن گودۇڭ | ئەر | | شىنجاڭ كورلا ناھىيىسى | 1936 - يىل 3 - ئايدىن1937- يىل 3 - ئايغىچە |
| جاڭ جىڭلىيۇ | ئەر | خەنزۇ | شىنجاڭ باي ناھىيىسى | 1937 - يىل 9 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەن |
| ئابدۇكېرىم | | | شىنجاڭ قەشقەر كونا شەھەر ناھىيىسى | 1938 - يىل 7 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەن |
| ئۆمەر ھېيىت | | | شىنجاڭ ئاتۇش ناھىيىسى | 1938 - يىل 12 - ئايدىن1940- يىل 3 - ئايغىچە |
| مەنناپ | ئەر | تاتار | شىنجاڭ ئۈرۈمچى شەھە- رى | 1940 - يىل 3 - ئايدىن1943- يىل 9 - ئايغىچە |
| ئەسئەت ياقۇپ | | | شىنجاڭ قەشقەر شەھىرى | 1943 - يىل 10 - ئايدىن1945- يىل 6 - ئايغىچە |
| لۇن لىمىن | ئەر | خەنزۇ | | 1945 - يىل 7 - ئايدىن1946- يىل 1 - ئايغىچە |
| ئەسەت | | | شىنجاڭ قاغىلىق ناھىيىسى | 1946 - يىل 4 - ئايدىن1946- يىل 11 - ئايغىچە |
| قۇۋان مۇپتى | | | شىنجاڭ يەكەن ناھىيىسى | 1945 - يىل 12 - ئايدىن1947- يىل 5 - ئايغىچە |
| ئابدۇراخمان | | | شىنجاڭ تۇرپان ناھىيىسى | 1947 - يىل 9 - ئايدىن1949- يىل 10 - ئايغىچە |

# VII باب

# جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىنكى ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى

## § 1. پوسكام ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى

1950 - يىل 4 - ئاينىڭ 4 - كۈنى ناھىيىدە تۇنجى نۆۋەتلىك ھەر مىللەت، ھەر ساھە خەلقىنىڭ قۇرۇلتىيى چاقىرىلىپ، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەھبىرىي ئەزالىرى سايلام ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈلدى، سوپى سەلەي پوسكام ناھىيىسىنىڭ ھاكىملىقىغا، جىن شاڭجيې مۇئاۋىن ھاكىملىققا تەيىنلىنىپ، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ دۇنياغا كەلگەنلىكىنى جاكارلىدى.

ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىدە كاتىبات ئىشخانىسى، مالىيە بۆلۈمى، مائارىپ بۆلۈمى، قۇرۇلۇش بۆلۈمى، خەلق ئىشلىرى بۆلۈمىدىن ئىبارەت تۆت بۆلۈم بىر ئىشخانا تەسىس قىلىندى، ئۇنىڭغا جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى ۋە باج ئىدارىسى بىۋاسىتە قارايدىغان بولدى. ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، يېزا، بازار، باۋ، جيا تۈزۈمىنىڭ بىكار قىلىنغانلىقى دەرھال ئېلان قىلىندى، ئەسلىدىكى ئۈچ يېزا، بىر بازار، 49 باۋ قىسقارتىلىپ، تۆت رايون، 23 يېزا قىلىندى، رايوندا رايونلۇق مەھكىمە، يېزىدا يېزىلىق ھۆكۈمەت قۇرۇلدى، ھەر بىر رايونغا بىردىن رايون باشلىقى بىردىن مۇئاۋىن رايون باشلىقى، يېزىغا بىردىن يېزا باشلىقى، بىردىن مۇئاۋىن يېزا باشلىقى قويۇلدى.

1954 - يىلى ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىدە ستاتىستىكا بۆلۈمى بىلەن سودا - سانائەت بۆلۈمى كۆپەيتىلدى.

1955 - يىلى خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ نامى ناھىيىلىك خەلق كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلدى، ناھىيىلىك خەلق كومىتېتىنىڭ قارىمىقىدا ئەسلىدىكى كاتىبات ئىشخانىسى، خەلق ئىشلىرى بۆلۈمى، مالىيە بۆلۈمى، قۇرۇلۇش بۆلۈمى، مائارىپ بۆلۈمى، ستاتىستىكا بۆلۈمى، سودا - سانائەت بۆلۈمى، جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى، باج ئىدارىسىدىن باشقا، سۇ ئىشلىرى بۆلۈمى، ئاشلىق بۆلۈمى، سەھىيە بۆلۈمى، قاتناش بۆلۈمى، پىلان كومىتېتى كۆپەيتىلدى.

1958 - يىلى خەلق گۇڭشېسى قۇرۇلۇپ، ئاساسىي قاتلامدىكى بەش رايونلۇق مەھكىمە گۇڭشې باشقۇرۇش كومىتېتىغا ئۆزگەرتىلىپ، ھۆكۈمەت بىلەن گۇڭشې بىرلەشمە ئاپپارات قىلىندى. 1961 - يىلى يەنە توققۇز گۇڭشې قىلىپ تەڭشىلىپ، توققۇز گۇڭشېدا باشقۇرۇش كومىتېتى تەسىس قىلىندى، ئەسلىدىكى 39 يېزا 115 چوڭ ئەترەتكە ئۆزگەرتىلىپ، چوڭ ئەترەت باشقۇرۇش ھەيئىتى قۇرۇلدى، ھەر بىر چوڭ ئەترەتكە بىردىن چوڭ ئەترەت باشلىقى، بىر قانچە

مۇئاۋىن چولڭ ئەترەت باشلىقى قويۇلدى.

1965 - يىل 12 - ئايدا ناھىيىلىك 6 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى چاقىرىلدى. ناھىيىلىك خەلق كومىتېتىنىڭ ئىش بېجىرىش تارماقلىرى ئىشخانا، ئارخىپخانا، مالىيە ئىدارىسى، مالىيە - ئىقتىساد - پىلان كومىتېتى، سانائەت قاتناش بۆلۈمى، مال باھاسى كومىتېتى، دېھقانچىلىق - ئورمانچىلىق - چارۋىچىلىق بۆلۈمى، سۇ ئىشلىرى بۆلۈمى، مەدەنىيەت - مائارىپ - سەھىيە بۆلۈمى، ستاتىستىكا بۆلۈمى، خەلق ئىشلىرى بۆلۈمى، كادىرلار بۆلۈمى، شتات كومىتېتى، تەنتەربىيە كومىتېتى، جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى، باج ئىدارىسى، سودا ئىدارىسى، ئاشلىق ئىدارىسى، تاشقى سودا شىركىتىدىن ئىبارەت بولدى.

1966 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق كومىتېتىنىڭ تەستىقى ئارقىلىق، پوسكام بازىرى قۇرۇلدى، ھاكىمىيەت ئاپپاراتى بازارلىق خەلق كومىتېتى دەپ ئاتالدى.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلانغاندىن كېيىن، ئاممىۋى تەشكىلاتلار ناھىيىلىك پارتكوم ۋە ناھىيىلىك خەلق كومىتېتىنىڭ ھوقۇقىنى تارتىۋالدى، خەلق كومىتېتى ئورگىنى شۇنىڭ بىلەن پالەچ ھالغا چۈشۈپ قالدى.

1969 - يىل 4 - ئاينىڭ 30 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق ئىنقىلابىي كومىتېتنىڭ تەستىقى بىلەن، پوسكام ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېت قۇرۇلدى، ئۇنىڭغا بىر مۇدىر، بىر مۇئاۋىن مۇدىر قويۇلدى، ئۇ. ئەسلىدىكى ناھىيىلىك پارتكوم ۋە ناھىيىلىك خەلق كومىتېتىنىڭ ئورنىغا دەسسىدى. ئىنقىلابىي كومىتېتنىڭ قارىمىقىدا تۆت ئىش بېجىرىش ئاپپاراتى، يەنى ئىش بېجىرىش گۇرۇپپىسى، سىياسىي خىزمەت گۇرۇپپىسى، ئىشلەپچىقىرىشقا قوماندانلىق قىلىش گۇرۇپپىسى، خەلق قوغداش گۇرۇپپىسى تەسىس قىلىندى. 1970 - يىلى ئەسلىدىكى ناھىيىگە بىۋاسىتە قاراشلىق ئورگانلار ۋە كەسپىي ئورۇنلار مالىيە - باج ئىدارىسى، سودا ئىدارىسى. سانائەت - قاتناش ئىدارىسى، ئاشلىق ئىدارىسى، يېزا ئىگىلىك مۇلازىمەت ئىدارىسى، مەدەنىيەت - مائارىپ - سەھىيە ئىدارىسى قىلىپ تەشكىللەندى.

ھەر قايسى گۇڭشې، مەيدان ۋە چوڭ ئەترەتلەرنىڭ ھاكىمىيەت ئاپپاراتى بىردەك ئىنقىلابىي كومىتېت دەپ ئاتالدى، ئۇنىڭغا بىر مۇدىر، بىر قانچە مۇئاۋىن مۇدىر قويۇلدى.

1975 - يىلى ئەسلىدىكى ئىش بېجىرىش ئاپپاراتلىرى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى، تەڭشەش، بىرلەشتۈرۈش ئارقىلىق. ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېت قارىمىقىدا ئىشخانا، پىلان كومىتېتى، جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى، خەلق ئىشلىرى ئىدارىسى، مالىيە ئىدارىسى، مەدەنىيەت-مائارىپ ئىدارىسى، سەھىيە ئىدارىسى، سانائەت قاتناش ئىدارىسى، يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش ئىدارىسى، يېزا ئىگىلىك ئىدارىسى، سودا ئىدارىسى، تاشقى سودا ئىدارىسى، ئاشلىق ئىدارىسى، سۇ - ئېلېكتر ئىدارىسى، تەنتەربىيە كومىتېتى، سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى، قول سانائەتنى باشقۇرۇش ئىدارىسى، زىيالىي ياشلار ئىشخانىسى، رېۋىزىيە ئىشخانىسى قاتارلىق ئىش بېجىرىش تارماقلىرى تەسىس قىلىندى.

1979 - يىلى ئەمگەك ئىدارىسى، گۇڭشې - ئەترەت كارخانىلىرى ئىدارىسى، 2 - يېنىك سانائەت ئىدارىسى كۆپەيتىلدى. پوسكام بازىرى ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ، ھاكىمىيەت ئاپپاراتى بازارلىق خەلق ھۆكۈمىتى دەپ ئاتالدى، ئۇنىڭغا بىر نەپەر بازار باشلىقى، بىردىن ئىككىگىچە مۇئاۋىن بازار باشلىقى قويۇلدى.

1981 - يىل 8 - ئايدا ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېت ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىگە.

ئەسلىدىكى ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى، مۇئاۋىن مۇدىرلىرى ھاكىم، مۇئاۋىن ھاكىمغا ئۆزگەرتىلدى، گۇڭشې ۋە چوڭ ئەترەت دەرىجىلىك ئىنقىلابىي كومىتېتلارمۇ باشقۇرۇش كومىتېتى دەپ ئۆزگەرتىلدى.

1984 - يىلى ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئىش بېجىرىش تارماقلىرى ئىشخانا، پىلان، كومىتېتى، مال باھاسى ئىدارىسى، ستاتىستىكا ئىدارىسى، ئىقتىساد كومىتېتى، پەن - تېخنىكا كومىتېتى، ئەمگەك - كادىرلار ئىدارىسى، شتات كومىتېتى، خەلق ئىشلىرى ئىدارىسى، شەھەر قۇرۇلۇشى ئىدارىسى، دېھقانچىلىق ئىدارىسى، ئورمانچىلىق ئىدارىسى، چارۋىچىلىق ئىدارىسى، يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش ئىدارىسى، گۇڭشې - ئەترەت كارخانىلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى (كېيىن يېزا - بازار كارخانىلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى دەپ ئۆزگەرتىلدى)، سۇ - ئېلېكتر ئىدارىسى، سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى، مالىيە ئىدارىسى، مۇپەتتىشلىك ئىدارىسى، سودا ئىدارىسى، مەدەنىيەت - مائارىپ ئىدارىسى، سەھىيە ئىدارىسى، تەنتەربىيە كومىتېتى، پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتى، جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى، ئەدلىيە ئىدارىسى، رادىئو تېلېۋىزىيە ئىدارىسى، 2 - يېنىك سانائەت ئىدارىسى، ئەرزىيەت بۆلۈمىدىن ئىبارەت بولدى.

1984 - يىلى كۈزدە، يېزا، بازار قۇرۇش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلۇپ، ناھىيە بويىچە ئەسلىدىكى توققۇز خەلق گۇڭشېسى توققۇز يېزىغا (بۇيلۇق تاجىك يېزىسى قۇرۇلۇش ئالدىدا ئىدى)، چوڭ ئەترەتلەر كەنتكە ئۆزگەرتىلدى، يېزىدا يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتى، كەنتتە كەنت ئاھالىلەر كومىتېتى قۇرۇلدى.

## § 2. پوسكام ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېت

پوسكام ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېت «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دا پوسكام ناھىيىسىدىكى ئىككى تەرەپ ئىنقىلابىي ئاممىۋى تەشكىلاتنىڭ ۋەكىللىرى 1969 - يىل 4 - ئاينىڭ 26 - كۈنى كېلىشىم ھاسىل قىلغاندىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق ئىنقىلابىي كومىتېتنىڭ ش ئى ك ت گ (69) 251 - نومۇرلۇق ھۆججىتىدىكى تەستىقى بويىچە قۇرۇلدى. 1969 - يىل 4 - ئاينىڭ 30- كۈنى ھەر مىللەت ئامما ناھىيىدىكى خەلق مەيدانىغا يىغىلىپ، پوسكام ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ قۇرۇلغانلىقى جاكارلاندى، پاڭ لۇڭ يىغىندا سۆز قىلدى، يىغىندا «رەئىس ماۋزېدۇڭغا يوللىنىدىغان ھۆرمەت تېلېگراممىسى» ماقۇللاندى.

يېڭى قۇرۇلغان ئىنقىلابىي كومىتېت 37 نەپەرئەزادىن تەركىب تاپتى، 17 نەپەر دائىمىي كومىتېت ئەزاسى تەسىس قىلىندى، پاڭ لۇڭ ئىنقىلابىي كومىتېتنىڭ مۇدىرلىقىغا، لى فۇ، چى بىڭيى، رېن ۋېنجاڭ، لى شۈەنجۇلار مۇئاۋىن مۇدىرلىققا تەيىنلەندى. 1970 - يىلى قەشقەر ۋىلايەتلىك ئىنقىلابىي كومىتېت پارتىيە يادرو گۇرۇپپىسى يەنە ئىلگىرى كېيىن بولۇپ، بارات رەخمەت، ياڭ جيەنجاڭ، سېلىم ماخسۇردىن ئىبارەت ئۈچ كىشىنى ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېتنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىقىغا تەستىقلىدى.

**قوشۇمچە:**

**1984 - يىلدىن كېيىنكى ئىككى نۆۋەتلىك ناھىيىنىڭ ھاكىمى، مۇئاۋىن ھاكىملىرىنىڭ ئىسمىلىكى**

8 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 1 - سانلىق يىغىنىدا سايلانغانلار:

ھاكىم: سېلىم ماخسۇر

## پوسكام ناھىيىسىگە ھاكىم(مۇدىر) بولغانلارنىڭ ئىسىملىكى

| ئىسىم فامىلىسى | جىنسى | مىللىتى | يۇرتى | ۋەزىپە ئۆتىگەن ۋاقتى |
|---|---|---|---|---|
| سوپى سەلەي | | | شىنجاڭ يوپۇغا ناھىيىسى | 1950 - يىل 4 - ئايدىن 1953 - يىل 10 - ئايغىچە |
| مۇساچاۋار | | | شىنجاڭ پوسكام ناھىيىسى | 1953 - يىل 10 - ئايدىن 1955 - يىل 8 - ئايغىچە |
| سەمەت ئىبراھىم | | | شىنجاڭ پوسكام ناھىيىسى | 1955 - يىل 8 - ئايدىن 1958 - يىل 6 - ئايغىچە |
| ئابدۇرېھىم قۇدرەت | | | شىنجاڭ قەشقەر كونا شەھەر ناھىيىسى | 1958 - يىل 6 - ئايدىن 1965 - يىل 4 - ئايغىچە |
| پاڭ لۇڭ | ئەر | خەنزۇ | شەنشى ئۆلكىسى لىڭشى ناھىيىسى | 1969 - يىل 4 - ئايدىن 1975 - يىل 8 - ئايغىچە |
| قاسىم غازى | | | شىنجاڭ قاغىلىق ناھىيىسى | 1979 - يىل 1 - ئايدىن 1981 - يىل 7 - ئايغىچە |
| سىلىم ماڭسۇر | | | شىنجاڭ پوسكام ناھىيىسى | 1981 - يىل 7 - ئاي |

## پوسكام ناھىيىسىگە مۇئاۋىن ھاكىم (مۇئاۋىن مۇدىر) بولغانلارنىڭ ئىسىملىكى

| ئىسىم فامىلىسى | جىنسى | مىللىتى | يۇرتى | ۋەزىپە ئۆتىگەن ۋاقتى |
|---|---|---|---|---|
| جىن شاڭجيې | ئەر | خەنزۇ | | 1950 - يىل 4 - ئايدىن 1950 - يىل 9 - ئايغىچە |
| ساڭ باۋخې | ئەر | خەنزۇ | شەندۇڭ ئۆلكىسى نىڭجى ناھىيىسى | 1952 - يىل 12 - ئايدىن 1953 - يىل 5 - ئايغىچە |
| لى چىڭ | ئەر | خەنزۇ | شەنشى ئۆلكىسى جىشىۇ ناھىيىسى | 1954 - يىل 7 - ئايدىن 1958 - يىل 12 - ئايغىچە |
| دۇيۇنخې | ئەر | خەنزۇ | خېبېي ئۆلكىسى سۇناڭ ناھىيىسى | 1957 - يىل 3 - ئايدىن 1964 - يىل 7 - ئايغىچە |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| توختى مەمەت<br>تۇردى | | | شىنجاڭ پوسكام ناھىيىسى | 1958 ـ يىل 6 ـ ئايدىن<br>1964 ـ يىل 8 ـ ئايغىچە |
| ئابلىكىم تاش | | | شىنجاڭ پوسكام ناھىيىسى | 1958 ـ يىل 6 ـ ئايدىن<br>1959 ـ يىل 8 ـ ئايغىچە |
| جاۋ يۈڭجياڭ | ئەر | خەنزۇ | شەنشى ئۆلكىسى فېنياڭ<br>ناھىيىسى | 1961 ـ يىلدىن<br>1965 ـ يىلغىچە |
| جاڭ جەنيى | ئەر | خەنزۇ | خېبېي ئۆلكىسى باشەن<br>ناھىيىسى | 1965 ـ يىل 2 ـ ئايدىن<br>1967 ـ يىل 1 ـ ئايغىچە |
| لى فۇ | ئەر | خەنزۇ | | 1969 ـ يىل 4 ـ ئايدىن<br>1971 ـ يىلغىچە |
| چى بىڭيى | ئەر | خەنزو | | 1969 ـ يىل 4 ـ ئايدىن<br>1971 ـ يىلغىچە |
| رېن ۋېنجاڭ | ئەر | خەنزۇ | گەنسۇ ئۆلكىسى مىنلې<br>ناھىيىسى | 1969 ـ يىل 4 ـ ئايدىن<br>1979 ـ يىل 1 ـ ئايغىچە |
| لى شۇەنجۇ | ئەر | خەنزۇ | شەنشى ئۆلكىسى دالى<br>ناھىيىسى | 1969 ـ يىل 4 ـ ئايدىن<br>1979 ـ يىل1 ـ ئايغىچە |
| بارات<br>رەخمەت | | | شىنجاڭ لوپ ناھىيىسى | 1970 ـ يىل 9 ـ ئايدىن<br>1977 ـ يىلغىچە |
| ياڭ جيەنجاڭ | ئەر | خەنزۇ | گەنسۇ ئۆلكىسى گەنگۇ<br>ناھىيىسى | 1970 ـ يىلدىن 1971 ـ<br>يىل<br>4 ـ ئايغىچە |
| سېلىم ماڭسۇر | | | شىنجاڭ پوسكام ناھىيىسى | 1970 ـ يىل 12 ـ ئايدىن<br>1971 ـ يىل 4 ـ ئايغىچە |
| لى خۇەيجۇ | ئەر | خەنزۇ | شەنشى ئۆلكىسى | 1975 ـ يىل 5 ـ ئايدىن<br>1979 ـ يىل 12 ـ ئايغىچە |
| ئابلىز<br>نىياز | | | شىنجاڭ پوسكام ناھىيىسى | 1973 ـ يىل 11 ـ ئايدىن<br>1984 ـ يىل 4 ـ ئايغىچە |
| قىمىزخان<br>توختىنىياز | | | شىنجاڭ پوسكام ناھىيىسى | 1975 ـ يىل 5 ـ ئايدىس<br>1984 ـ يىل 4 ـ ئايغىچە |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| سۇن شىسۇڭ | ئەر | خەنزۇ | شەنشى ئۆلكىسى ۋېيىۇەن ناھىيىسى | 1975 ـ ،يلدىن 1980 ـ يىل 12 ـئايغىچە |
| ليۇ سۇنشىن | ئەر | خەنزۇ | گەنسۇ ئۆلكىسى ۋېيىۇەن ناھىيىسى | 1976 ـ يىلدىن 1980 ـ يىلغىچە |
| جاڭ خۇڭيۇ | ئەر | خەنزۇ | شەنشى ئۆلكىسى زىجۇ ناھىيىسى | 1978 ـ يىلدىن 1981 ـ يىل 8 ـ ئايغىچە |
| سۇڭ جىچى | ئەر | خەنزۇ | خۇبېي ئۆلكىسى ئىچىڭ ناھىيىسى | 1979 ـ يىل 4 ـ ئايدىن 1983 ـ يىل 6 ـ ئايغىچە |
| جۇمىڭفاڭ | ئەر | خەنزۇ | جېجياڭ ئۆلكىسى پىڭخۇ ناھىيىسى | 1980 ـ يىل 2 ـ ئايدىن 1984 ـ يىل 4 ـ ئايغىچە |
| ئابلەت ناسىر | | | شىنجاڭ قەشقەر شەھىرى | 1980 ـ يىل 9 ـ ئايدىن 1984 ـ يىل 12 ـ ئايغىچە |
| جياڭ مىڭ | ئەر | خەنزۇ | سىچۇەن ئۆلكىسى نەنچۇەن ناھىيىسى | 1984 ـ يىل 4 ـ ئاي |
| رازىق ھوشۇر | | | شىنجاڭ پوسكام ناھىيىسى | 1984 ـ يىل 4 ـ ئاي |

مۇئاۋىن ھاكىملار: جياڭ مىڭ، ئابلەت ناسىر، رازىق ھوشۇر

2 ـ سالىق يىغىنىدا جاڭ جياچى، مەھەممەت ئېزىز، تيەن ۋېيگولار مۇئاۋىن ھاكىملىققا تولۇقلاپ سايلاندى.

9 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىدا سايلانغانلار:

ھاكىم: ئابلەت سايىت

مۇئاۋىن ھاكىملار: مەھەممەت ئېزىز، تيەن ۋېيگو، جاڭ جياچى، ئابلەت ناسىر، ياڭ يىڭچاۋ.

## § 3 . ئاساسلىق نەتىجىلەر

ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن ئۇ، ناھىيىلىك پارتكومنىڭ بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن، 1951 ـ يىلدىن 1953 ـ يىلغىچە ھەر مىللەت خەلقىگە رەھبەرلىك قىلىپ، كونا باۋ ـ جيا تۈزۈمىنى پاچاقلاپ تاشلاپ، ھەر دەرىجىلىك خەلق دېموكراتىك ھاكىمىيىتىنى قۇردى، يەر ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىپ، يەر تېرىغۇچىنىڭ يېرى بولۇشىنى ئەمەلگە ئاشۇردى. 1953 ـ يىلدىن 1956 ـ يىلغىچە ھەمكارلىق كوپېراتسىيە ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرۇپ، يېزا ئىگىلىكى، قول سانائەت ۋە خۇسۇسىي سودا ـ سانائەتكە سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈشنى ئەمەلگە ئاشۇردى. 1964 ـ يىلدىن باشلاپ، يېزىلاردا ئېتىز ـ ئېرىق، سۇ ئىنشائاتى، ئاساسىي قۇرۇلۇشنى كەڭ تۈردە ئېلىپ باردى، ئۇنىڭ رەھبەرلىكىدە 1984 ـ يىلغىچە 1786 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا 1536 رەت ئىھاتە ئورمان بەلبېغى بەرپا قىلىندى؛ 1472

كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا 1245 ئېرىق - ئۆستەڭ ئۆزگەرتىلدى ۋە يېڭىدىن چېپىلدى؛ 200 مىڭ مو ئۆلچەملىك سالا ئېتىز رەتلەندى؛ 1500 ھەر دەرىجىلىك تاشيول ياسالدى؛ 500 دىن كۆپرەك ئورۇندا ئاھالىلەر نۇقتىسى بەرپا قىلىندى، بۇنىڭ بىلەن ناھىيە بويىچە ئورمان بەلبېغى، ئېرىق - ئۆستەڭ سىستېمىسى، يول، سالا ئېتىز ئاساسىي جەھەتتىن يۈرۈشلەشتۈرۈلۈپ، ئورمان بىلەن تورلاشتۇرۇش ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى. 1981 - يىلدىن باشلاپ، مەھسۇلاتقا بىرلەشتۈرۈپ ھۆددىگە بېرىش تۈزۈمى يولغا قويۇلۇپ، تېرىقچىلىقنىڭ ئىچكى قۇرۇلمىسى يەنىمۇ ئۆزگەرتىلىپ، يېزا ئىگىلىكىنى پەن - تېخنىكىغا تايىنىپ گۈللەندۈرۈش زور كۈچ بىلەن تۇتۇلۇپ، دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىنىڭ مەھسۇلاتى ئۈزلۈكسىز ئاشۇرۇلدى. 1984 - يىلى ئومۇمىي ئاشلىق 70 مىليون 580 مىڭ كىلوگرامدىن كۆپرەككە يەتكۈزۈلدى، يەنى يىلىغا %76. 3تىن، 1949 - يىلدىكىدىن 3 .7 ھەسسە ئاشۇرۇلدى؛ ئومۇمىي پاختا 4 مىليون كىلوگرامدىن كۆپرەككە يەتكۈزۈلۈپ، يىلىغا %8 .07 تىن، 1949 - يىلدىكىدىن 15 ھەسسە ئاشۇرۇلدى؛ ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىقمۇ يېڭى تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى، دېھقانلارنىڭ كىرىمى ئۈزلۈكسىز كۆپەيدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۆز جايىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا يارىشا ئىش كۆرۈلۈپ، يەرلىك سانائەت بىلەن شۇغۇللىنىپ، يېزا - بازار كارخانىلىرى تەرەققىي قىلدۇرۇلدى. ئېلېكتر ئىستانسىسى، پاختا زاۋۇتى، ياغ زاۋۇتى، ئۇن زاۋۇتى، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى ياساش - رېمونت قىلىش زاۋۇتى، ئاپتوموبىل رېمونت زاۋۇتى، سېمونت زاۋۇتى، ماشىنىلاشقان خومدان، بىناكارلىق ماتېرىياللىرى زاۋۇتى، پاختا يىپ ئىگىرىش فابرىكىسى ئارقا - ئارقىدىن قۇرۇلۇپ، پوسكام ناھىيىسىتارىخىدىكى سانائەتتە ئاق قېلىش ۋەزىيىتى ئۆزگەرتىلىپ، سانائەت مەھسۇلات قىممىتىنىڭ سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىدە ئىگىلىگەن نىسبىتى نۆلدىن %16كە يەتكۈزۈلدى. بازار قۇرۇلۇشى پۇختا قەدەم بىلەن ئېلىپ بېرىلىپ، ناھىيە ئىچى — پوسكام بازىرىنىڭ كۆلىمى ئىلگىرىكى بىر كۋادرات كىلومېتىردىن 3 .6 كۋادرات كىلومېتىرغا يەتكۈزۈلدى، 8 .7 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا 11 يېڭى كوچا ياسالدى، 3 .5 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا سۇ تۇرۇبىسى ياتقۇزۇلدى. مەدەنىيەت، مائارىپ، داۋالاش، سەھىيە، ساقلىق ساقلاش ئىشلىرى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇلۇپ، ناھىيە بازىرىغا مەدەنىيەت يۇرتى، كۇتۇپخانا، كىتابخانا، كىنوخانا، رادىئو ئۇزېلى، تېلېۋىزىيە كۆچەيتىش ئىستانسىسى؛ يېزىلاردا مەدەنىيەت پونكىتى، كىنو ئەترىتى، رادىئو كۆچەيتىش پونكىتى قۇرۇلدى؛ 34 ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ يېڭىدىن سېلىندى، ئوقۇش يېشىدىكى %99 بالا مەكتەپكە كىرىش پۇرسىتىگە، باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ 75 پىرسەنتى يۇقىرى مەكتەپكە چىقىپ بىلىم ئېلىش پۇرسىتىگە ئىگە قىلىندى؛ داۋالاش، سەھىيە، ساقلىق ساقلاش ئاپپاراتىدىن 16سى يېڭىدىن قۇرۇلۇپ، دائىم ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش شارائىتى يارىتىلدى. يېزىلاردا 97 چوڭ قۇدۇق، 247 باسما قۇدۇق قېزىلىپ، دېھقانلارنىڭ سۇ ئىچىش شارائىتى ياخشىلاندى، بەش ئورۇندا ياشانغانلار ساناتورىيىسى قۇرۇلدى، ئىششىز قالغان ۋە ئەمگەك كۈچىدىن مەھرۇم بولغان، قىيىنچىلىقى بار 9066 ئائىلىدىكى 27 مىڭدىن كۆپرەك كىشى قۇتقۇزۇلدى، 187 مىڭ 700 يۈەن قۇتقۇزۇش پۇلى تارقىتىلدى. ئاپەت تۈپەيلىدىن زىيانغا ئۇچرىغان 4000 دىن ئارتۇق ئائىلىگە 1 مىليون 830 مىڭ يۈەن قۇتقۇزۇش پۇلى ئايرىتىپ بېرىلدى. 2 مىليون 970 مىڭ يۈەن دېھقانچىلىق بېجى قانۇن بويىچە كېمەيتىلدى ۋە كەچۈرۈم قىلىندى. سودا تور - نۇقتىسىدىن 21 ى قۇرۇلۇپ، يېزا سودا بازىرىدىن 11 ى ئېچىلىپ،

بازار - يېزا ئىگىلىكىنىڭ جانلىنىشى ئىلگىرى سۈرۈلدى.

# VIII باب

# خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى

## § 1. ئاپپاراتلارنىڭ تەسىس قىلىنىشى

جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى پوسكام ناھىيىلىك كومىتېتى 1957 - يىل 3 - ئايدا قۇرۇلغانىدى، ئۇ چاغدا ئۇنىڭ ئۈچ نەپەر مەخسۇس كادىرى، كومىتېتتا دائىم تۇرۇشلۇق بىر نەپەر ئەزاسى بار ئىدى. 1966 - يىلى سىياسىي كېڭەشنىڭ تەشكىلىي ئاپپاراتلىرى توختىتىپ قويۇلدى. 1970 - يىلى پارتىيىنىڭ بىرلىكسەپ سىياسىتى ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ ئۇنىڭ پائالىيەتلىرى يەنە ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. 1984 - يىلى سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسى ۋە مۇئاۋىن رەئىسلىرى مەخسۇس ۋەزىپىگە ئۆزگەرتىلدى، ئۇنىڭغا سەككىز نەپەر كادىر سەپلەندى، سىياسىي كېڭەشتە ئىشخانا قۇرۇلۇپ، كۈندىلىك ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلغاندىن باشقا، يەنە تەكلىپ لايىھىسى گۇرۇپپىسى، دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق گۇرۇپپىسى، دىنىي ئىشلارنى باشقۇرۇش گۇرۇپپىسى، مەدەنىيەت - مائارىپ - پەن - تېخنىكا - سەھىيە جەھەتتە مەسلىھەت بېرىش گۇرۇپپىسى قۇرۇلۇپ، تۈرلۈك خىزمەتلەر قانات يايدۇرۇلدى.

## § 2. ھەر نۆۋەتلىك كومىتېتلار

سىياسىي كېڭەش تۇنجى نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ يىغىنى 1957 - يىل 3 - ئاينىڭ 28 - كۈنى چاقىرىلىپ تۆت كۈن داۋاملاشتى، يىغىنغا شۇ نۆۋەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزالىرىدىن 33 كىشى قاتناشتى، 17 نەپەر ۋەكىل سىرتتىن قاتناشتى، يىغىننىڭ 1 - كۈنى سىياسىي كېڭەشنىڭ تەييارلىق قىلىش ھەيئىتى «تەييارلىق خىزمىتى توغرىسىدا دوكلات» بەردى، ھەر مىللەت، ھەر ساھەدىكى خەلق ۋەكىللىرى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلغانلىقى، سىياسىي كېڭەش پوسكام ناھىيىلىك كومىتېتىنىڭ قۇرۇلغانلىقى ئېلان قىلىندى، يىغىندا شۇ نۆۋەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسى، مۇئاۋىن رەئىسلىرى سايلاپ چىقىلدى، ساڭ باۋخې، سەمەت ئىبراھىم، لى شۇنگاڭ، تۇردى توختىنىياز، مەمتىمىن ئەيسا، ئابلىزخان موللا باخشى، ئەيسا قازى، ئېزىز ئىشان، نۇرمەتخان خوجا، ھەمدۇللا مۇپتى، مەمەتنىياز ھاجى، توختى مەمەت يۇسۇپلەر شۇ نۆۋەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ دائىمىي ئەزالىقىغا سايلاندى.

سىياسىي كېڭەش 2 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ يىغىنى 1960 - يىل 1 - ئاينىڭ 7 - كۈنى

چاقىرىلدى، يىغىنغا شۇ نۆۋەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزالىرىدىن 44 كىشى قاتناشتى، يىغىندا ساڭ باۋخېنىڭ سىياسىي كېڭەش 1 - نۆۋەتلىك كومىتېتى نامىدىن بەرگەن خىزمەت دوكلاتى مۇزاكىرە قىلىندى، شۇ نۆۋەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسى، مۇئاۋىن رەئىسلىرى سايلاپ چىقىلدى، ئېزىز ئىشان، نۇرمەتخان خوجا، ئابدۇساتتار خەلىپە، مەمەتنىياز ھاجى، ئابلىزخان موللا باخشى، مەمتىمىن ئەيسا، لى چىڭ، تۇردى توختىنىياز، ساڭ باۋخې، ئابدۇرېھىم قۇدرەت، چېن شۇرۇڭ، قاسىم غازى، ئابلاخان خوجا، ئابدۇقادىر مەخسۇم، توختىمەت يۈسۈپلەر شۇ نۆۋەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ دائىمىي ئەزالىقىغا سايلاندى.

سىياسىي كېڭەش 3 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ يىغىنى 1961 - يىل 3 - ئاينىڭ 18 - كۈنى چاقىرىلدى، بۇ قېتىمقى يىغىنغا شۇ نۆۋەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزالىرىدىن 47 كىشى قاتناشتى، يىغىندا خەلق گوڭشېسىغا ئالاقىدار تۈرلۈك سىياسەتلەر ئۆگىنىلگەندىن باشقا، شۇ نۆۋەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسى، مۇئاۋىن رەئىسلىرى سايلاپ چىقىلدى، ساڭ باۋخې، ئابلىزخان موللا باخشى، ئابدۇرېھىم قۇدرەت، ئېزىز ئىشان، نۇرمەتخان خوجا، ئابدۇساتتار خەلىپە، مەمەتنىياز ھاجى، مەتنىياز ئەپەندى، مەمتىمىن ئەيسا، چېن شۇرۇڭ، گاۋ فۇيۈن، قاسىم غازى، زىياۋىدىن ئابدۇساتتار، ئابلاخان خوجا، قەمەر ھوشۇر، توختىمەت يۈسۈپلەر شۇ نۆۋەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ دائىمىي ئەزالىقىغا سايلاندى.

سىياسىي كېڭەش 4 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ يىغىنى 1963 - يىل 8 - ئاينىڭ 3 - كۈنى چاقىرىلدى، يىغىنغا شۇ نۆۋەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزالىرىدىن جەمئىي 45 كىشى قاتناشتى، يىغىندا شۇ نۆۋەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسى، مۇئاۋىن رەئىسلىرى سايلاپ چىقىلدى، ساڭ باۋخې، مەمتىمىن ئەيسا، مەمەتنىياز ھاجى، مەتنىياز ئەپەندى، گاۋفۇيۈن، ئېزىز ئىشان، نۇرمەتخان خوجا، ئابدۇساتتار خەلىپە، قۇۋان مۇپتى، ئابدۇقادىر مەخسۇم، قەمەر ھوشۇر، قاسىم غازى، چېن شۇرۇڭ، ئابدۇرېھىم قۇدرەت، ئابلاخان خوجا، توختىمەت يۈسۈپلەر شۇ نۆۋەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ دائىمىي ئەزالىقىغا سايلاندى.

سىياسىي كېڭەش 5 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ يىغىنى 1965 - يىل 12 - ئاينىڭ 2 - كۈنى چاقىرىلدى. بۇ قېتىمقى يىغىنغا قاتنىششقا تېگىشلىك بولغان شۇ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ ئەزاسى 37 نەپەر ئىدى، ئەمەلىيەتتە 23 كىشى قاتناشتى، يىغىندا شۇ نۆۋەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسى ۋە مۇئاۋىن رەئىسلىرى سايلاپ چىقىلدى، ياڭ شۇ گۋاڭ، مەمتىمىن ئەيسا، ئابلىزخان موللا باخشى، ئابدۇقادىرمەخسۇم، ھاجى قۇربان، ئېزىز ئىشان، قۇۋان خاتىپ، مەمتىمىن ھوشۇر، ليۈبىڭ، قەمەر ھوشۇر، قاسىم مەھەممەت، مىجىت ئىسمائىل، ئابلىز نىياز، توختىمەت يۈسۈپلەر شۇ نۆۋەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ دائىمىي ئەزالىقىغا سايلاندى.

سىياسىي كېڭەش 6 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ يىغىنى 1981 - يىل 8 - ئاينىڭ 3 - كۈنى چاقىرىلدى، بۇ قېتىمقى يىغىنغا شۇ نۆۋەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزالىرىدىن 59 كىشى قاتناشتى. يىغىندا يېزىلاردا ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىشقا دائىر ھۆججەتلەر ئۆگىنىلدى، شۇ نۆۋەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسى، مۇئاۋىن رەئىسلىرى سايلاپ چىقىلدى. يۈجياپېڭ، ئۆمەر توختى، يۈسۈپ تاھىر، قاسىم مەھەممەت، نۇرمان، جۇمىڭفاڭ، مەھەممەت ئەخمەت، مىجىت ئىسمائىل، ئابلىزخان موللا باخشى، ئايۇپ ئەلەمشا، ئابدۇقېيۇم قارىم، ئابدۇكېرىم مەمتىمىن، ئابدۇخالىق سادىق، جاڭ پېيرۇڭ، جاڭ شۇرۇڭ، گويۈسەيلەر شۇ نۆۋەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ دائىمىي ئەزالىقىغا سايلاندى.

سىياسىي كېڭەش 7 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ يىغىنى 1984 - يىل 8 - ئاينىڭ 5 - كۈنى چاقىرىلدى. بۇ قېتىمقى يىغىنغا شۇ نۆۋەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزالىرىدىن 59 كىشى قاتناشتى. ئەزالار سىياسىي كېڭەشنىڭ ئالدىنقى نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ خىزمەت دوكلاتىنى ئاڭلاپ ۋە مۇزاكىرە قىلىپ، مۇناسىپ قارار چىقارغاندىن باشقا، 8 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىغا سىرتتىن قاتنىشىپ، ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن بېرىلگەن دوكلاتنى ئاڭلىدى، 30 تۈرلۈكتىن ئارتۇق ھەر خىل تەكلىپنى ئوتتۇرىغا قويدى. يىغىندا شۇ نۆۋەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسى، مۇئاۋىن رەئىسلىرى سايلاپ چىقىلدى. قاسىم غازى، قوۋانىياز تۇردى، جۇ جۇنفا، يۇسۇپ تاھىر. ئابلىزخان موللا باخشى، ئابدۇكېرىم مەتىمىن، ئابدۇ قېيۇم ھېيىت، ئابلىز مامۇت، تۇرۇپ بوسۇرغا، لىي ماۋمىڭ، تۇرۇپ تۇنىياز، نۇرىمان، لالاجان، ئوبۇلسېيىتخان، گويۇسەي، ئېلى مامۇت، رېھىم سايىت، جۇشاۋلەي. ئابلا نۇرلار شۇ نۆۋەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ دائىمىي ئەزالىقىغا سايلاندى.

## § 3 . ئاساسلىق پائالىيەتلەر

سىياسىي كېڭەش پوسكام ناھىيىلىك كومىتېتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، سىياسىي مەسلىھەتچىلىك، دېموكراتىك نازارەتچىلىكتىن ئىبارەت فونكسىيىلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، ھەر مىللەت، ھەر ساھەدىكى زاتلارنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، پارتىيىنىڭ مىللىي، دىنىي سىياسىتىنى ئىزچىل ئىجرا قىلىپ، ناھىيىدە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىشتە، ناھىيىنىڭ تۈرلۈك ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىشتە مۇھىم تۆھپە قوشتى.

1957 - يىلى سىياسىي كېڭەش پوسكام ناھىيىلىك كومىتېتى سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزالىرىدىن ئابلىزخان موللا باخشى، مەمەتنىياز ھاجى، ئېزىز ئىشان، ئەبەيدۇللا مۇپتى، ھەسەن قازى، مەتنىيار ئەپەندى قاتارلىقلارنى سابىق1- رايون 4 - يېزا، 3 - رايون 2 - يېزا، 4 - رايون 4 - يېزا قاتارلىق جايلارنى كۆزدىن كەچۈرۈشكە تەشكىللىدى. ئۇلار ھەر قايسى جايلارغا بارغاندىن كېيىن، يېزا ئىگىلىك كوپىراتىپلىرىغا بېرىپ، دېھقانلار بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈپ ياكى ئارام ئېلىش ۋاقىتلىرىدىن پايدىلىنىپ ئېتىز - ئېرىق بېشىدا كىچىك سۆھبەت يىغىنلىرىنى چاقىرىپ، دېھقانلارنىڭ ئىنكاس ۋە تەلەپلىرىنى ئاڭلاپ، يېزا ئىگىلىك كوپىراتىپلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالىنى ئۇقۇشۇپ، پارتىيىنىڭ ئاشلىق سېتىۋېلىش سىياسىتى ۋە يېزا ئىگىلىكىنى كوپىراتسىيەلەشتۈرۈش سىياسىتىنى تەشۋىق قىلدى. ھەمدە ئىگىلىگەن ئەھۋالنى ناھىيىلىك پارتكومغا ۋاقتىدا دوكلات قىلىپ، ناھىيىلىك پارتكومنى يېزىلارنىڭ ئەھۋالىنى ۋاقتى - ۋاقتىدا ئىگىلەپ تۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى.

1958 - يىلى سىياسىي كېڭەشنىڭ بارلىق ئەزالىرى خەلق گوڭشېسى قۇرۇش خىزمىتىگە ئاكتىپ قاتناشتى، ئۇلار ناچار ئۆرپ - ئادەتلەرنى ئۆزگەرتىش، كونا كۆز قاراشلارنى تۈگىتىپ، يېڭى خىسلەت تىكلەش، پارتىيە رەھبەرلىكىدە ئىلغارلاردىن ئۆگىنىپ ئىلغارلارغا يېتىشىۋېلىش، ئىلغارلىقنى، ئىدىيىنى، غەيرەتنى، ئېكسپلاتاتسىيىنى چۆرۈۋېتىشنى سېلىشتۇرۇش، ئەمگەككە قاتنىشىپ، ئۆز كۈچى بىلەن ياشايدىغان يېڭى كىشىلەردىن بولۇش شەرت قىلىنغان مۇسابىقە تەشەببۇسىنى مۇزاكىرە قىلىپ ئوتتۇرىغا قويۇپ. يەكەن، قاغىلىق، غەشقەر كونا شەھەر، خوتەن،

قاراقاش، گۇما، قىزىلسۇ، كۇچا، ئۈچتۇرپان، لوپ قاتارلىق ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشلەرگە مۇسابىقە ئېلان قىلدى. خەلق گوڭشېسىنى مۇستەھكەملەش باسقۇچىدا، سىياسىي كېڭەش ئۆز ئەزالىرىنى پارتىيىنىڭ سىياسەتلىرىنى ئۆگىنىش، تەشۋىق قىلىشقا تەشكىللىگەندىن باشقا، يەنە ئۇلارنى بىر قانچە قېتىملىق سوتسىيالىستىك تەربىيە ھەرىكەتلىرىگە قاتنىشىشقا تەشكىللىدى.

پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن سىياسىي كېڭەش سىياسىي مەسلىھەتچىلىك، دېموكراتىك نازارەتچىلىك رولىنى يەنىمۇ جارى قىلدۇرۇپ، ئەزالارنى ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا قاتنىشىپ، ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى مۇھاكىمە قىلىش، تۈرلۈك تەكلىپلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا پائال تەشكىللىدى. 1981 - يىلدىن 1984 - يىلغىچە دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، سۇ ئىشلىرى، چارۋىچىلىق، سانائەت - قاتناش، مالىيە - سودا، مەدەنىيەت - مائارىپ، سەھىيە، خەلق تۇرمۇشى قاتارلىق جەھەتلەرگە چېتىلىدىغان جەمئىي 200 دىن ئارتۇق ھەر خىل تەكلىپ لايىھىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى، سىياسىي كېڭەش يەنە سىياسىي كېڭەش ئەزالىرىنى قەشقەر، خوتەنلەرنى ئېكسكۇرسىيە قىلىشقا، ناھىيىنىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا بېرىپ خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈرۈشكە تەشكىللەپ، سىياسىي كېڭەش تەشكىلاتى بىلەن خەلق ئاممىسىنىڭ مۇناسىۋىتىنى قويۇقلاشتۇردى.

**قوشۇمچە:**

**ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەش 8 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ رەئىسى، مۇئاۋىن رەئىسلىرىنىڭ ئىسىملىكى**

رەئىسى: لى خۇەيجۇ (1984 - يىلدىن 1984 - يىل 3 - ئايغىچە)
جۇمىڭفاڭ (1989 - يىل)

مۇئاۋىن رەئىسلىرى: لىي ماۋمىڭ، جياڭ مىڭ، قۇۋاننىياز تۇردى، ئابلىز خان موللا باخشى، ئابدۇكېرىم مەمتىمىن.

**ھەر نۆۋەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسى، مۇئاۋىن رەئىسلىرىنىڭ ئىسىملىكى**

| ئىسىم - فامىلىسى | ۋەزىپىسى | مىللىتى | يۇرتى | ۋەزىپە ئۆتىگەن ۋاقتى |
|---|---|---|---|---|
| ساڭ باۋخې | رەئىس | خەنزۇ | شەندۇڭ ئۆلكىسى نىڭجىن ناھىيىسى | 1957 - يىلدىن 1965 - يىلغىچە |
| ياڭ شۇگۇاڭ | رەئىس | خەنزۇ | خېنەن ئۆلكىسى شىنشەن ناھىيىسى | 1965 - يىلدىن 1967 - يىل 1 - ئايغىچە |
| يۈ جياپىڭ | رەئىس | خەنزۇ | گەنسۇ ئۆلكىسى جيۇچۇەن ناھىيىسى | 1981 - يىلدىن 1984 - يىل 4 - ئايغىچە |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| قاسىم غازى | رەئىس | | شىنجاڭ قاغىلىق ناھىيىسى | 1984 - يىل 4 - ئايدىن 1984 - يىل 11 - ئايغىچە |
| مەمتىمىن ئەيسا | مۇئاۋىن رەئىس | | شىنجاڭ پوسكام ناھىيىسى | 1957 - يىلدىن 1967 - يىلغىچە |
| سىيىت موللا باخشى | مۇئاۋىن رەئىسى | تاجىك | شىنجاڭ پوسكام ناھىيىسى | 1957 - يىلدىن 1959 - يىلغىچە |
| ئابلىز خان موللا باخشى | مۇئاۋىن رەئىس | تاجىك | شىنجاڭ پوسكام ناھىيىسى | 1959 - يىلدىن 1984 - يىلغىچە |
| داۋۇت ساۋۇت | مۇئاۋىن رەئىس | | شىنجاڭ پەيزاۋات ناھىيىسى | 1981 - يىلدىن 1984 - يىل 4 -ئايغىچە |
| يۈسۈپ تاھىر | مۇئاۋىن رەئىس | | شىنجاڭ پوسكام ناھىيىسى | 1981 - يىل 8 - ئايدىن 1983 - يىلغىچە |
| قۇۋاننىياز تۇردى | مۇئاۋىن رەئىس | | شىنجاڭ پوسكام ناھىيىسى | 1984 - يىل 4 - ئاي |

# IX باب

# ئاممىۋى تەشكىلاتلار

## § 1 . مىنگو دەۋرىدىكى ئىجتىمائىي تەشكىلاتلار

### 1 . ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى

پوسكام ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى (قىسقارتىلىپ ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى دەپ ئاتىلاتتى) 1936 - يىل 12 - ئايدا قۇرۇلغان، ئۇنىڭ قارىمىقىدا كاتىبات، مەدەنىيەت، تەشۋىقات، مالىيەدىن ئىبارەت تۆت بۆلۈمچە تەسىس قىلىنغان، كېيىن يەنە رىۋىزىيە ھەيئىتى ۋە فوند ھەيئىتى قاتارلىق ئاپپاراتلار كۆپەيتىلگەن، ئەخمىنەن 20 نەپەر خىزمەتچى خادىمى بار ئىدى. ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى، ناھىيە بويىچە بازار - يېزىلاردا ناھىيە باشقۇرۇشىدىكى بىرلا باشلانغۇچ مەكتەپ بار ئىدى، ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ھەر قايسى رايون، كەنتلەردە يېڭى مەكتەپلەر قۇرۇلۇشقا باشلىدى. 1940 - يىلغا كەلگەندە، ناھىيە بويىچە تۆت رايوندا جەمئىي تۆت مەركىزىي مەكتەپ، 14 شۆبە مەكتەپ قۇرۇلدى. 1941 - يىلى ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى يەنە بىر دارىلئېتام قۇرۇپ (ئورنى سۆگەتئېرىق چوڭ ئەترىتى تەۋەسىدە ئىدى)، 100 نەچچە يېتىم بالىنى قوبۇل قىلىپ باققان

ھەمدە ئوقۇتقۇچىلارنى سەپلىگەن. بىر ئورۇندا ياشانغانلار ساناتورىيىسى قۇرۇپ، ئىگە - چاقىسىز بوۋاي - مومايدىن 70 نەچچىنى قوبۇل قىلىپ باققان. ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ تەشۋىقات بۆلۈمچىسى بىر سەنئەت ئۆمىكى قۇرۇپ، ئۇنىڭغا ئۈچ نەپەر مەخسۇس سازچى سەپلىگەن، ئارتىسلىكنى مەكتەپلەردىكى ئوقۇتقۇچىلار ئىشتىن سىرتقى ۋاقىتتا قوشۇمچە ئۈستىگە ئېلىپ، مىللىي مۇزىكا، ئۇسسۇل، كومېدىيە، دراما قاتارلىق نومۇرلارنى تەييارلاپ قويغان، سەنئەت ئۆمىكى ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ زالىدا قەرەللىك تۈردە ئويۇن قويغاندىن باشقا، يەنە دائىم يېزىلارغا بېرىپ، دېھقانلارغا سەييارە ئويۇن قويۇپ بەرگەن. ئۇ، ئاممىنى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشقا مەدەت بېرىش، ئىئانە توپلاپ ئايروپىلان تەقدىم قىلىش پائالىيەتلىرىگە قاتنىشىشقا سەپەرۋەر قىلىشتا مۇھىم رول ئوينىغان.

ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى يەنە شۇ چاغدىكى قىشلىق، يازلىق ئۆگىنىش ھەرىكەتلىرىگە ماسلىشىپ، كەچكۇرس ۋە ساۋات چىقىرىش سىنىپلىرىنى ئېچىپ، سەييارە دەرس سۆزلەش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ بازار - يېزىلاردا ساۋات چىقىرىش خىزمىتىنى قانات يايدۇرغان. ھەر يىلى دەرس ئاڭلىغان ئامما 50 - 60 مىڭ ئادەم (قېتىم) گە يەتكەن.

ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى قۇرۇلغاندىن تارتىپ 1950 - يىلغىچە، ئۆز تەرتىپى بويىچە، غازى بەگ، توختى بەگ، ئابدۇرېشىت ئىمىن، مەمەت خوجا، مەمەت روزىيېۋ، خۇدا بەردى قۇۋان، مەتيار ئەپەندى، ئەخمەتلەر ئۇيۇشمىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللۇقىنى ئۈستىگە ئالغان.

1950 - يىلى ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى «شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى» غا ئۆزگەرتىلدى، ئۇ، جۇڭگو - سوۋېت دوستلۇقى ۋە ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ، چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش بويىچە تەشۋىقات خىزمىتىنى قانات يايدۇردى. 1952 - يىلى «شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى» ئۆز قارىمىقىدىكى مەكتەپلەر، سەنئەت ئۆمىكى ۋە مال - مۈلۈكلىرىنى ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ باشقۇرۇشىغا تولۇق ئۆتكۈزۈپ بېرىپ، ئۆزىنىڭ تارقالغانلىقىنى جاكارلىدى.

## 2 . سودا - سانائەتچىلەر ئۇيۇشمىسى

ناھىيىلىك سودا - سانائەتچىلەر ئۇيۇشمىسى 1937 - يىلى قۇرۇلغان. ئۇنىڭدا كومىتېت تۈزۈمى يولغا قويۇلغان بولۇپ، دائىمىي كومىتېت، رېۋىزىيە كومىتېتى تەسىس قىلىنغان، ھەر قايسىسى 20 نەچچە ئادەمدىن تەركىب تاپقان، دائىمىي كومىتېتنىڭ رەئىسى سودا - سانائەتچىلەر ئۇيۇشمىسىنىڭ باشلىقى ئىدى، ئۇيۇشما ئەزالىرى قۇرۇلتىيى ھەر ئىككى يىلدا بىر قېتىم ئۆتكۈزۈلۈپ، دائىمىي كومىتېت ئەزالىرى ۋە رېۋىزىيە كومىتېتىنىڭ باشلىقى، مۇئاۋىن باشلىقلىرى سايلىناتتى. سودا - سانائەتچىلەر ئۇيۇشمىسىدا كاتىبات، بوغالتېرلىقتىن ئىبارەت كۆندىلىك ئىشلارنى بېجىرىدىغان ئىككى ئىشخانا تەسىس قىلىنغانىدى. ئۇلارنىڭ تۆتتىن بەشكىچە خىزمەتچى خادىمى بار ئىدى. سودا - سانائەتچىلەر ئۇيۇشمىسىنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ سىياسەت، ئەمىر - پەرمانلىرىنى ئىجرا قىلىش، سودا - سانائەتچىلەرنىڭ تىجارەت قىلىش، تىجارىتىنى ئۆزگەرتىش، تىجارىتىنى توختىتىش ئىشلىرىنى تەستىقلاش، ئۇيۇشمىغا ئەزا قوبۇل قىلىش، ئەزالىق بەدەلى يىغىش، سودا - سانائەتچىلەرنىڭ كۆندىلىك ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىش، بازار باھاسىنى ئىگىلەش، ئۆلچەم ئەسۋابلىرىنى تەكشۈرۈش، تۈزۈمگە خىلاپلىق قىلغانلارغا جەرىمانە قويۇش، ھەر ساھە، ھەر كەسىپتىكىلەرنىڭ تىجارەت قىلىدىغان، يايما ئاچىدىغان ئورنىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ بېرىش، يەر ھەققى يىغىشتىن ئىبارەت ئىدى. سودا -

سانائەتچىلەر ئۇيۇشمىسىنىڭ خىراجىتى سودا - سانائەت باشقارۇش بېجى ۋە جەرىمانە كىرىمىدىن چىقىم قىلىناتتى، ئۇنىڭ كىرىمىنىڭ كۆپى جەرىمانىدىن كېلەتتى.

سودا - سانائەتچىلەر ئۇيۇشمىسىدا قول سانائەتچىلەر ۋە سودىگەرلەر ئىچىدىكى كەسىپلەر بويىچە شۆبە ئۇيۇشما تەسىس قىلىناتتى ھەمدە شۆبە ئۇيۇشمىنىڭ ئادەم سانىنىڭ ئاز - كۆپلىكىگە قاراپ، بىردىن ئىككىگىچە رەستە بېشى (ئاقساقال دەپ ئاتىلاتتى) قويۇلاتتى. شۇ چاغدا كەسىپلەر بويىچە تەسىس قىلىنغان ياغاچچىلىق، تۆمۈرچىلىك، بابكارلىق، بوياقچىلىق، موزدۇزلۇق، گىلەمچىلىك. ئورىچىلىق، دوپپىچىلىق، تىككۈچىلىك، گەزمالچىلىق، قاسساپلىق، ناۋايلىق، ئىچىملىك - يېمەكلىك، رەۋەندىچىلىك قاتارلىق 20 نەچچە شۆبە ئۇيۇشما بار ئىدى. ھەر قايسى كەسىپلەرنىڭ رەستە بېشىلىقىنى، كۆپىنچە، شۇ كەسىپتىكىلەر ئىچىدىكى دەسمايىسى كۆپ ياكى كۈچلۈك بولغان يەرلىك بوتۇڭلار ئۈستىگە ئالاتتى. ئۇلار سودا - سانائەتچىلەر ئۇيۇشمىسىنىڭ كاتتىباشلىرى بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، ئۆز جايىنىڭ يەرلىك مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋېلىش، سىرتقى جايلارغا بىر تۇتاش سېتىش ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ، ھەربىي تەمىنات ئىشلەپچىقىرىشى ۋە ھۆكۈمەت ئورۇنلاشتۇرغان چوڭ - چوڭ تىجارەتلەرنى ئۆز ئالدىغا تارتىۋېلىپ، ساختىپەزلىك قىلىپ، ناھايىتى كۆپ پايدا ئېلىپ، قول سانائەتچىلەر ۋە سودىگەرلەرنىڭ مەنپەئەتىنى ئېغىر زىيانغا ئۇچرىتاتتى.

## 3. قۇرۇلۇش جەمئىيىتى

1948 - يىل 4 - ئايدا مىنگونىڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمىتىنىڭ بۇيرۇقىغا ئاساسەن، ناھىيىدە ھەر ساھە، ھەر قايسى كەسىپلەرنىڭ 200 دىن ئارتۇق ۋەكىلى قاتناشقان يىغىن چاقىرىلىپ، 12 نەپەر ئەزادىن تەركىب تاپقان ناھىيىلىك قۇرۇلۇش جەمئىيىتى سايلام ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈلگەن. ھاكىم ئابدۇراخمان جەمئىيەتنىڭ رەئىسلىكىنى قوشۇمچە ئۈستىگە ئالغان، ناھىيىلىك كېڭەش ھەيئىتىنىڭ باشلىقى مەتنىياز ئەلەم مۇئاۋىن رەئىسلىكنى ئۈستىگە ئالغان، ئابدۇقادىر ھوشۇر كاتىپ بولغان.

قۇرۇلۇش جەمئىيىتى ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئىچىدە بولۇپ، قۇرۇلۇش بۆلۈمى بىلەن بىرلىكتە ئىش بېجىرەتتى، ئۇنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى ئۆلكىلىك قۇرۇلۇش جەمئىيىتىنىڭ يېتەكچىلىكىدە. ناھىيىنىڭ ئاساسىي قۇرۇلۇش پىلانىنى تۈزۈپ چىقىش، قۇرۇلۇش تۈرلىرىنى بېكىتىش ھەمدە ئۇنى يولغا قويۇشقا كونكرېت تەشكىللەشتىن ئىبارەت ئىدى.

ناھىيىلىك قۇرۇلۇش جەمئىيىتى يولغا قويۇشقا تەشكىللىگەن قۇرۇلۇش تۈرلىرى مۇنۇلار:

1. قەشقەر - خوتەن تاشيولى غول لىنىيىسىنىڭ پوسكام بۆلىكىنى رەتلەپ رېمونت قىلىش، پوسكام - چىمدۇ ئارىلىقىدىكى ئاددىي تاشيولنى ياساش.

2. تاشقورغان مىللىي ئارمىيىسى پوسكامغا كىرگەندە گومىنداڭ ساقچى ئىدارىسى تەرىپىدىن زورلۇق بىلەن چېقىۋېتىلگەن ئودا مەسچىتى (ھازىرقى ناھىيىلىك 2 - باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ئورنىدا ئىدى) نى ياساش ھەمدە ئەسلىدىكى ئورنىدىن ھازىرقى ناھىيىلىك سوت مەھكىمىسىنىڭ ئورنىغا يۆتكەپ قايتىدىن سېلىش، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئۆلكىلىك كېڭەش ھەيئىتىنىڭ ئەزاسى ئابدۇرېھىمنىڭ ئىلتىماسىغا ئاساسەن، بۇ قۇرۇلۇش ئۈچۈن 8 مىليون يۈەن (تەڭگە) پۇل ئاجرىتىپ بەرگەن.

3. پوسكام كۆۋرۈكى بىلەن بەشكەنت كۆۋرۈكىنى پۇختىلاش.

4. ناھىيە باشقۇرۇشىدىكى مەركىزىي باشلانغۇچ مەكتەپنى قايتىدىن سېلىش.

# § 2 . يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىنكى ئاممىۋى تەشكىلاتلار

## 1 . ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى

پوسكام ناھىيىلىك ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنى قۇرۇشقا تەييارلىق كۆرۈش خىزمىتى 1964 - يىلى باشلانغانىدى. 1973 - يىلى ناھىيە بويىچە 11 زاۋۇت، كان، كارخانا، كەسپىي ئورۇندىكى ئاساسىي قاتلام ئىشچىلار ئۇيۇشمىلىرى تەرتىپكە سېلىندى، ئۇيۇشمىنىڭ ئەسلىدە بار ئەزالىرى قايتىدىن تىزىملاندى، بۇ چاغدا ناھىيە بويىچە جەمئىي 614 نەپەر ئۇيۇشما ئەزاسى بار ئىدى. 1973 - يىل 8 - ئاينىڭ 2 - كۈنى ناھىيىلىك 1 - نۆۋەتلىك ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى قۇرۇلتىيى چاقىرىلىپ، ناھىيىلىك باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ 1 - نۆۋەتلىك كومىتېتى سايلام ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈلدى.

1971 - يىل 5 - ئايدا ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىغا مەخسۇس رەئىس قويۇلدى. 1983 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ناھىيە بويىچە سانائەت - قاتناش، مالىيە - سودا، مەدەنىيەت - مائارىپ - سەھىيە، دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، سۇ ئىشلىرى، چارۋىچىلىق سىستېمىسى بويىچە 36 ئاساسىي قاتلام ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى قۇرۇلدى، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ئەزاسى 1759 نەپەرگە يەتتى. باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىغا بىر نەپەر مەخسۇس مۇئاۋىن رەئىس، ئۈچ نەپەر مەخسۇس كادىر قويۇلدى.

ناھىيىلىك باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۇ، پارتىيىنىڭ تۈرلۈك مەركىزىي خىزمەتلىرىگە بىرلەشتۈرۈلۈپ، كەڭ ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى ماركسىزم - لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنى، مەدەنىيەتنى، تېخنىكىنى ۋە باشقۇرۇشنى ئۆگىنىشكە، سوتسىيالىستىك ئەمگەك مۇسابىقىسى ۋە تۈرلۈك مەدەنىيەت، تەنتەربىيە پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇرۇشقا تەشكىللىدى. 1976 - يىلى ناھىيىلىك باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى زاۋۇت، كانلاردىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئارىسىدا كەشپ قىلىش، ئىجاد قىلىش، يېڭىلاش ئاساسىي مەزمۇن قىلىنغان سوتسىيالىستىك ئەمگەك مۇسابىقىسىنى، كارخانا، كەسپىي ئورۇنلاردا ئەلا سۈپەتلىك مۇلازىمەت قىلىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى. 1977 - يىلى چوڭ يىغىن چاقىرىپ، سانائەتتە داچىڭدىن ئۆگىنىش بويىچە 291 نەپەر ئىلغار شەخسنى، 19 ئىلغار كوللېكتىپنى تەقدىرلىدى. 1981 - يىلدىن باشلاپ كارخانا، كەسپىي ئورۇنلاردا ئىشچى - خىزمەتچىلەر قۇرۇلتىيى تۈزۈمىنى يولغا قويدى. 1984 - يىلغا قەدەر، يېزا ئىگىلىك بانكىسى، پوچتا - تېلېگراف ئىدارىسى قاتارلىق 28 ئورۇن، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، ئىشچى - خىزمەتچىلەر قۇرۇلتىيى چاقىرىپ، كارخانىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش - خىزمەت پىلانى، مالىيە نەق چوتى، ھۆددىگە بېرىش لايىھىسى ۋە تۈرلۈك قائىدە - تۈزۈملەرنى قاراپ چىقتى. 1984 - يىلدىن باشلاپ، ئورگان، كارخانا، كەسپىي ئورۇنلاردا «ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئائىلىسى» قۇرۇلدى. ئىككى يىل تىرىشىش ئارقىلىق، 34 ئورۇندا «ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئائىلىسى» قۇرۇپ چىقىلدى، ئۇلارنىڭ 14 ىدە قىرائەتخانا قۇرۇلۇپ، 3750 پارچە كىتاب قويۇلدى، 34 ئورۇندا كۆڭۈل ئېچىش ئۆيى قۇرۇلدى، ئون دانە تىك - تاك توپ شىرەسى، 30 دانە تاختا بېلىيارت شىرەسى، 70 دانە پەي توپ سېتكىسى، 50 شاھمات، 34 خەلقئارا شاھمات قويۇلدى، سەككىز ئورۇندا ۋاسكىتبول

مەيدانى ياسالدى، تۆت ۋاسكېتبول كوماندىسى قۇرۇلدى.

## 2 . دېھقانلار ئۇيۇشمىسى، كەمبەغەل دېھقان، تۆۋەن ئوتتۇرا دېھقانلار جەمئىيىتى

1950 ـ يىل 6 ـ ئايدا ناھىيىدە 2 ـ نۆۋەتلىك دېھقانلار قۇرۇلتىيى چاقىرىلىپ، ناھىيىلىك دېھقانلار ئۇيۇشمىسى سايلام ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈلدى. مۇسا چاۋار دېھقانلار ئۇيۇشمىسىنىڭ مۇدىرلىقىغا سايلاندى. 1950 ـ يىل 8 ـ ئايدا ناھىيە بويىچە تۆت رايون، 23 يېزا، 56 مەمۇرىي كەنتتە دېھقانلار ئۇيۇشمىسى، 210 تەبىئىي كەنتتە دېھقانلار ئۇيۇشمىسىنىڭ گۇرۇپپىلىرى قۇرۇلدى، ئۇيۇشمىغا 1659 نەپەر ئەزا قوبۇل قىلىندى. 1953 ـ يىل 5 ـ ئايغا كەلگەندە، دېھقانلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ئەزاسى 23 مىڭ 653 نەپەرگە يېتىپ، ناھىيە بويىچە كەمبەغەل دېھقان، ياللانما دېھقان، ئوتتۇرا دېھقانلارنىڭ تەخمىنەن 50 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. دېھقانلار ئۇيۇشمىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۇ، ئاممىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ، پومېشچىكلار سىنىپىغا قارشى كۈرەشنى قانات يايدۇردى، ئىجارە كېمەيتىش، زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش، يەر ئىسلاھاتى داۋامىدا مۇھىم رول ئوينىدى.

1965 ـ يىلى ناھىيىدە 1 ـ نۆۋەتلىك كەمبەغەل دېھقان، تۆۋەن ئوتتۇرا دېھقانلار قۇرۇلتىيى چاقىرىلىپ، ناھىيىلىك كەمبەغەل دېھقان، تۆۋەن ئوتتۇرا دېھقانلار جەمئىيىتى قۇرۇلدى، سېلىم ماخسۇر رەئىسلىككە تەيىنلەندى. ھەر قايسى گۇڭشې، چوڭ ئەترەتلەردىمۇ ئۇنىڭ شۆبىلىرى، ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرىدە گۇرۇپپىلىرى قۇرۇلدى. 1973 ـ يىل 6 ـ ئايدا ناھىيە بويىچە 2 ـ نۆۋەتلىك كەمبەغەل دېھقان، تۆۋەن ئوتتۇرا دېھقانلار قۇرۇلتىيى چاقىرىلىپ، 27 كىشىكەمبەغەل دېھقان، تۆۋەن ئوتتۇرا دېھقانلار جەمئىيىتىنىڭ ھەيئەت ئەزالىقىغا، پاڭ لۇڭ رەئىسلىككە سايلاندى. 1977 ـ يىل 3 ـ ئايدا ناھىيە بويىچە 3 ـ نۆۋەتلىك كەمبەغەل دېھقان، تۆۋەن ئوتتۇرا دېھقانلار قۇرۇلتىيى چاقىرىلىپ، 15 كىشى ناھىيىلىك كەمبەغەل دېھقان، تۆۋەن ئوتتۇرا دېھقانلار جەمئىيىتىنىڭ ھەيئەت ئەزالىقىغا، سېلىم ماخسۇر شۇ نۆۋەتلىك كەمبەغەل دېھقان، تۆۋەن ئوتتۇرا دېھقانلار جەمئىيىتىنىڭ رەئىسلىكىگە سايلاندى.

1984 ـ يىلى ئاپپاراتلار ئىسلاھ قىلىنىپ، كەمبەغەل دېھقان، تۆۋەن ئوتتۇرا دېھقانلار تەشكىلاتى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى.

## 3 . كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى

1951 ـ يىل 9 ـ ئايدا پوسكام ناھىيىسىدە ئىجارە كېمەيتىش، زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇشقا بىرلەشتۈرۈلۈپ، ئىتتىپاق تەشكىلاتى قۇرۇش بويىچە سىناق خىزمىتى باشلاندى. 11 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا ئىتتىپاق تەشكىلاتى قۇرۇش خىزمىتى ئومۇميۈزلۈك قانات يايدۇرۇلدى. 1952 ـ يىلىنىڭ بېشىغىچە ناھىيە بويىچە ئىتتىپاققا 163 نەپەر ئەزا قوبۇل قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە 131 نەپىرى ئەر، 32 نەپىرى ئايال، ئىتتىپاق ياچېيكىسىدىن بەشى، ئىتتىپاق گۇرۇپپىسىدىن بەشى قۇرۇلدى. 1952 ـ يىل 4 ـ ئايدا يەكەن ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ تەستىقى ئارقىلىق، جۇڭگو يېڭى دېموكراتىك ياشلار ئىتتىپاقى پوسكام ناھىيىلىك خىزمەت كومىتېتى قۇرۇلدى. ئېزىز روزى ئىتتىپاق خىزمەت كومىتېتىنىڭ مۇۋەققەت مۇئاۋىن شۇجىسى بولدى.

1954 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى پوسكام ناھىيىلىك تۇنجى نۆۋەتلىك ئىتتىپاق قۇرۇلتىيى چاقىرىلدى، قۇرۇلتايغا 93 نەپەر رەسمىي ۋەكىل قاتناشتى، بەش ۋەكىل سىرتتىن قاتناشتى،

قۇرۇلتايدا ناھىيىلىك ئىتتىپاق خىزمەت كومىتېتى قۇرۇلغان ئۈچ يىلدىن بۇيانقى خىزمەتلەر خۇلاسىلىنىپ، بارلىق ئىتتىپاق ئەزالىرى ۋە ياشلار يېزا ئىگىلىكىنى كوپىراتسىيىلەشتۈرۈش ھەرىكىتىگە ئاكتىپ قاتنىشىش ۋە بۇ ھەرىكەتنى ئىلگىرى سۈرۈشكە چاقىرىلدى. قۇرۇلتايدا شۇ نۆۋەتلىك ئىتتىپاق ناھىيىلىك كومىتېتى سايلام ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈلدى، جاڭ رۇنخې ئىتتىپاق ناھىيىلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىلىقىغا، تۇرسۇن توختى مۇئاۋىن شۇجىلىققا سايلاندى.

1955 - يىل 3 - ئاينىڭ 10 - كۈنى پوسكام ناھىيىلىك 2 - نۆۋەتلىك ئىتتىپاق قۇرۇلتىيى چاقىرىلدى، قۇرۇلتايغا 45 نەپەر رەسمىي ۋەكىل قاتناشتى، 14 ۋەكىل سىرتتىن قاتناشتى، قۇرۇلتايدا كەڭ ياشلارنى يېزا ئىگىلىكىنى كوپىراتسىيىلەشتۈرۈش ھەرىكىتىگە ئاكتىپ قاتنىشىشقا قانداق سەپەرۋەر قىلىش مۇزاكىرە قىلىنغاندىن باشقا، يەنە تۇرسۇن توختى ئىتتىپاق ناھىيىلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىلىقىغا، لىي ۋېن مۇئاۋىن شۇجىلىققا سايلاندى.

1956 - يىل 2 - ئاينىڭ 15 - كۈنى پوسكام ناھىيىلىك 3 - نۆۋەتلىك ئىتتىپاق قۇرۇلتىيى چاقىرىلدى، قۇرۇلتايغا 116 نەپەر رەسمىي ۋەكىل قاتناشتى. قۇرۇلتايدا مەملىكەتلىك سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئاكتىپلىرى يىغىنىنىڭ روھى يەتكۈزۈلدى، ئىتتىپاق ناھىيىلىك كومىتېتىنىڭ 1956 - يىلدىن 1960 - يىلغىچە بولغان خىزمەت پىلانى ئارقىلىق، ئابدۇراخمان شۇ نۆۋەتلىك ئىتتىپاق ناھىيىلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىلىقىغا، لىي ۋېن مۇئاۋىن شۇجىلىققا سايلاندى.

1957 - يىل 5 - ئايدا جۇڭگو يېڭى دېموكراتىك ياشلار ئىتتىپاقىنىڭ نامى جۇڭگو كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقىغا ئۆزگەرتىلىپ، 10 - ئاينىڭ 25 - كۈنى ناھىيىلىك ئىتتىپاق كومىتېتى پوسكام ناھىيىلىك 4 - نۆۋەتلىك ئىتتىپاق قۇرۇلتىيىنى چاقىردى. قۇرۇلتايغا 57 نەپەر ۋەكىل قاتناشتى، توققۇز نەپەر ۋەكىل سىرتتىن قاتناشتى، قۇرۇلتايدا لىي ۋېن، تۇردى توختىنىيازلار ئىتتىپاق ناھىيىلىك كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىلىقىغا سايلاندى.

1962 - يىل 6 - ئاينىڭ 5 - كۈنى پوسكام ناھىيىلىك 5 - نۆۋەتلىك ئىتتىپاق قۇرۇلتىيى چاقىرىلدى، قۇرۇلتايغا 188 نەپەر ۋەكىل قاتناشتى، ئىككى نەپەر ۋەكىل سىرتتىن قاتناشتى، قۇرۇلتايدا شۇ نۆۋەتلىك ئىتتىپاق ناھىيىلىك كومىتېتىنىڭ 13 نەپەر ئەزاسى، بەش نەپەر دائىمىي ئەزاسى سايلاپ چىقىلدى، ساۋلىيەنجۇ ئىتتىپاق ناھىيىلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىلىقىغا سايلاندى.

1971 - يىلى ئىتتىپاق تەشكىلاتلىرى بىر قېتىم ئومۇميۈزلۈك تەرتىپكە سېلىندى.

1973 - يىل 3 - ئاينىڭ 29 - كۈنى پوسكام ناھىيىلىك 6 - نۆۋەتلىك ئىتتىپاق قۇرۇلتىيى چاقىرىلدى، قۇرۇلتايغا 317 نەپەر ۋەكىل قاتناشتى، بۇنىڭ ئىچىدە قۇرۇلتايغا سىرتتىن قاتناشقان پېشقەدەم كەمبەغەل دېھقان، پېشقەدەم ئىشچى، پېشقەدەم كادىر، «قىزىل قوغدىغۇچى»، «قىزىل شاكىچەك»، تاغ ۋە يېزىلارغا بارغان زىيالىي ياشلار ۋەكىللىرى بار. قۇرۇلتايدا شۇ نۆۋەتلىك ئىتتىپاق ناھىيىلىك كومىتېتىنىڭ 21 نەپەر ئەزاسى، يەتتە نەپەر دائىمىي ئەزاسى سايلاپ چىقىلدى، ئايشەم ياسىن ئىتتىپاق ناھىيىلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىلىقىغا سايلاندى.

1979 - يىل 3 - ئاينىڭ 1 - كۈنى پوسكام ناھىيىلىك 7 - نۆۋەتلىك ئىتتىپاق قۇرۇلتىيى چاقىرىلدى، قۇرۇلتايغا 210 نەپەر ۋەكىل قاتناشتى، قۇرۇلتايدا ناھىيە بويىچە ياشلار ئارىسىدا «يېڭى ئۇزۇن سەپەرنىڭ ياش زەربىدارلىرىدىن بولۇشنى قولغا كەلتۈرۈش» توغرىسىدىكى قارار ماقۇللاندى، شۇ نۆۋەتلىك ئىتتىپاق ناھىيىلىك كومىتېتىنىڭ 18 نەپەر ئەزاسى سايلاپ چىقىلدى،

ھەسەن ئەمەت ئىتتىپاق ناھىيىلىك كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىلىقىغا سايلاندى.

1982 - يىل 3 - ئاينىڭ 5 - كۈنى پوسكام ناھىيىلىك 8 - نۆۋەتلىك ئىتتىپاق قۇرۇلتىيى چاقىرىلدى، قۇرۇلتايغا 186 نەپەر ۋەكىل قاتناشتى، قۇرۇلتايدا شۇ نۆۋەتلىك ئىتتىپاق ناھىيىلىك كومىتېتىنىڭ 17 نەپەر ئەزاسى، يەتتە نەپەر دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى سايلاپ چىقىلدى، لوجون، ئابدۇقادىر ھوشۇرلار ئىتتىپاق ناھىيىلىك كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىلىقىغا سايلاندى.

1984 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا، ناھىيە بويىچە ئىتتىپاق ئەزاسى 5525 نەپەرگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە زاۋۇت، كان، كارخانىلاردىكى ئىتتىپاق ئەزاسى 386 نەپەر، يېزا (مەيدان) دىكى ئىتتىپاق ئەزاسى 3515 نەپەر، مەكتەپتىكى ئىتتىپاق ئەزاسى 1103 نەپەر، ئورگانلاردىكى ئىتتىپاق ئەزاسى 91 نەپەر، ئاساسىي قاتلامدا ئىتتىپاق كومىتېتىدىن 11ى، باش ياچېيكىدىن يەتتىسى، ئىتتىپاق ياچېيكىسىدىن 283 ى قۇرۇلدى. ناھىيە بويىچە 11 ئوتتۇرا مەكتەپ، 31 باشلانغۇچ مەكتەپتە پىئونېرلار چوڭ ئەترىتىدىن 51ى، ئوتتۇرا ئەترەتتىن 249ى قۇرۇلدى، ئۇلارغا 301 نەپەر تەربىيىچى سەپلەندى. پىئونېرلار 10 مىڭ 639 غا يەتتى.

ھەر دەرىجىلىك كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى تەشكىلاتلىرى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۇلار پارتىيىنىڭ يولىيورۇقىنى ئىزچىل ئىجرا قىلىپ، ئىتتىپاق ئەزالىرى ۋە ھەر مىللەت ياش ئۆسمۈرلىرىنى يېزىدىكى تۈرلۈك ئىسلاھات ھەرىكەتلىرىگە پائال قاتنىشىشقا سەپەرۋەر قىلدى ۋە تەشكىللىدى. پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، ئىتتىپاق ناھىيىلىك كومىتېتى بارلىق ئىتتىپاق ئەزالىرى ۋە ياشلارنى سوتسىيالىستىك ماددىي مەدەنىيەت ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا پائال قاتنىشىشقا تەشكىللىدى. 1979 - يىلدىن ئېتىبارەن، ناھىيە بويىچە ئاپتونوم رايونلۇق ئىتتىپاق كومىتېتى تەرىپىدىن تەقدىرلەنگەن يېڭى ئۇزۇن سەپەر زاربىدارى يەتتە نەپەرگە، ۋىلايەتلىك ئىتتىپاق كومىتېتى تەرىپىدىن تەقدىرلەنگەن يېڭى ئۇزۇن سەپەر زەربىدارى 14 نەپەرگە، ئىتتىپاق ناھىيىلىك كومىتېتى تەرىپىدىن تەقدىرلەنگەن يېڭى ئۇزۇن سەپەر زەربىدارلىرى 113 نەپەرگە، ئىتتىپاق ناھىيىلىك كومىتېتى تەرىپىدىن «يېزىلاردا پەننى ئۆگىنىش، پەننى قوللىنىش بويىچە ئىلغار شەخس» دەپ نام بېرىلگەنلەر 39 نەپەرگە، مۇنەۋۋەر ئىتتىپاق ئەزاسى 19 نەپەرگە، مۇنەۋۋەر تەربىيىچى 19 نەپەرگە يەتتى.

## 4 . ئاياللار بىرلەشمىسى

1950 - يىل 4 - ئايدا ناھىيىلىك ئاياللار بىرلەشمىسىگە تەييارلىق قىلىش ھەيئىتى قۇرۇلدى. 6 - ئايدا ناھىيە، رايون، يېزىدىن ئىبارەت ئۈچ دەرىجىلىك ئاياللار بىرلەشمىسى تەشكىلاتى ئارقا - ئارقىدىن قۇرۇلۇپ، 116 نەپەر مۇدىر ۋە مۇئاۋىن مۇدىر، 368 نەپەر ھەر دەرىجىلىك ئەزا سايلاپ چىقىلدى، نۇرىمان ئىبراھىم ناھىيىلىك ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ مۇدىرلىقىغا تەيىنلەندى.

1952 - يىل 2 - ئايدا پوسكام ناھىيىلىك تۇنجى نۆۋەتلىك ئاياللار قۇرۇلتىيى چاقىرىلدى. قۇرۇلتايغا 48 نەپەر ۋەكىل قاتنىشىپ، شۇ نۆۋەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ ئەزالىرىنى سايلىدى. بۇھاشىخان توختى مۇدىر ئەزالىققا، نۇرنىسا ئىبراھىم مۇئاۋىن مۇدىر ئەزالىققا تەيىنلەندى. قۇرۇلتاي ناھىيە بويىچە ھەر مىللەت ئاياللىرىنى ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ، چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش ۋە ئىجارە كېمەيتىش، زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش ھەرىكىتىگە، ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكىگە ئاكتىپ قاتنىشىپ، ئاياللارنىڭ ئۆزۈل - كېسىل ئازادلىقى ئۈچۈن كۈرەش قىلىشقا چاقىردى.

ناھىيە بويىچە بىر قانچە يىلدىكى ئىتتىپاق ياچېيكىلىرى ۋە ئىتتىپاق ئەزالىرىغا دائىر مەلۇمات

3 ـ 9 ـ 1 ـ جەدۋەل

| يىللار | ياچېيكا | ئىتتىپاق ئەزاسى | بۇنىڭ ئىچىدە | |
|---|---|---|---|---|
| | | | ئەر | ئايال |
| 1951 | 11 | 212 | | |
| 1953 | 24 | 546 | | |
| 1956 | 131 | 1989 | | |
| 1958 | 132 | 2210 | | |
| 1963 | 170 | 3157 | 2270 | 887 |
| 1966 | 207 | 4172 | 2922 | 1250 |
| 1971 | 170 | 3026 | 2120 | 906 |
| 1976 | 216 | 5249 | 3433 | 1816 |
| 1979 | 261 | 5244 | 3372 | 1872 |
| 1981 | 260 | 4755 | 2984 | 1771 |
| 1984 | 283 | 5525 | 3721 | 1804 |

1955 ـ يىل 3ـ ئايدا پوسكام ناھىيىلىك 2 ـ نۆۋەتلىك ئاياللار قۇرۇلتىيى چاقىرىلدى، قۇرۇلتايغا 43 نەپەر ۋەكىل قاتناشتى، 54 نەپەر ۋەكىل سىرتتىن قاتناشتى، قۇرۇلتايدا شۇ نۆۋەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ 12 نەپەر ئەزاسى سايلاپ چىقىلدى، رابىيە ھەسەن مۇدىر ئەزالىققا، ھەمراھ ھوشۇر مۇئاۋىن مۇدىرلىققا تەيىنلەندى.

1960 ـ يىلدىن كېيىن، گۈلپىنىڭ، قەمەر ھوشۇرلار، ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ، ناھىيىلىك ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ مۇدىرلىقىغا تەيىنلەندى.

1973 ـ يىل 5 ـ ئايدا پوسكام ناھىيىلىك 3 ـ نۆۋەتلىك ئاياللار قۇرۇلتىيى چاقىرىلدى، قۇرۇلتايغا 135 نەپەر ۋەكىل قاتناشتى، قۇرۇلتايدا شۇ نۆۋەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ 21 نەپەر ئەزاسى، يەتتە نەپەر دائىمىي ئەزاسى سايلاپ چىقىلدى، سېيىتنىساخان مۇدىر ئەزالىققا، چاڭ لىيەنيىڭ، بېلىقىزخان سەمەتلەر مۇئاۋىن مۇدىر ئەزالىققا تەيىنلەندى، قۇرۇلتايدىن كېيىن، ناھىيە بويىچە ھەر دەرىجىلىك ئاياللار بىرلەشمىسى تەشكىلاتلىرى تەدرىجىي ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈلدى. توققۇز گۇڭشې ۋە بىر مەيداندا ئاياللار بىرلەشمىسى تەشكىلاتى قۇرۇلدى ھەم ئون نەپەر مەخسۇس ئايال كادىر سەپلەندى، 120 چوڭ ئەترەتتە ئايال ۋەكىللەر

خىزمىتى ھەيئىتى قۇرۇلۇپ، 924 نەپەر ھەيئەت ئەزاسى سايلاندى. 608 ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتىدە ئايال ۋەكىللەر خىزمىتى ھەيئىتى گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى.

1983 - يىل 4 - ئايدا پوسكام ناھىيىلىك 4 - نۆۋەتلىك ئاياللار قۇرۇلتىيى چاقىرىلدى، قۇرۇلتايغا 150 نەپەر ۋەكىل قاتناشتى، قۇرۇلتايدا شۇ نۆۋەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ 15 نەپەر ئەزاسى، بەش نەپەر دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى سايلاندى، سېيتىنىساخان مۇدىر ئەزالىققا، يوخۇڭيۇ مۇئاۋىن مۇدىر ئەزالىققا تەيىنلەندى، ئاپتونوم رايونلۇق ئاياللار قۇرۇلتىيىغا قاتنىشىدىغان تۆت نەپەر ۋەكىل سايلاپ چىقىلدى. 1984 - يىلى ئاپپارات ئىسلاھاتىدا قىمىزخان توختىنىياز قوشۇمچە ناھىيىلىك ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ مۇدىرلىقىغا، يو خۇڭيۇ مۇئاۋىن مۇدىرلىققا تەيىنلەندى.

ھەر دەرىجىلىك ئاياللار بىرلەشمىلىرى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۇلار ئاياللار ئاممىسىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ، دېموكراتىك ئىسلاھات، يېزىلاردىكى سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇشقا ئاكتىپ قاتناشتۇردى، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ نىكاھ قانۇنىنى ئىزچىل ئىجرا قىلدى، تۇغۇت قوبۇل قىلىشنىڭ يېڭى ئۇسۇلىنى ئومۇملاشتۇردى، يېزىلاردا بالىلار باغچىسى، يەسلى، ئانا - بالىلار ساقلىقىنى ساقلاش تەشكىلاتلىرىنى قۇردى، ئاياللار ۋە بالىلارنىڭ ھوقۇق - مەنپەئىتىگە كاپالەتلىك قىلدى. ھەر خىل ئۆگىنىش كۇرسلىرىنى ئېچىپ، ئاياللارنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسى ۋە ئىشلەپچىقىرىشتىكى تېخنىكا ماھارىتىنى ئۆستۈرۈپ، ئاياللارنىڭ ئىجتىمائىي ئورنىنى ئۈزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈردى. 1954 - يىلدىن بۇيان، ناھىيە بويىچە ھەر مىللەت ئاياللىرى ئاممىسى ھەر نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ نۆۋەت ئالمىشىش سايلىمىدا 20% ئەتراپىدىكى نىسبەت بىلەن ئۆزىنىڭ ۋەكىللىرىنى سايلاپ، ھەر دەرىجىلىك ھاكىمىيەتنىڭ تەشكىلىي پائالىيەتلىرىگە قاتناشتۇردى، بۇنىڭ ئىچىدە بىر مۇنچە مۇنەۋۋەرلەر ئۆزىنىڭ قابىلىيىتىنى پائال جارى قىلدۇرۇپ، تۈرلۈك قۇرۇلۇش ئىشلىرىنىڭ تەشكىلىي رەھبەرلىكىگە قاتناشتى. 1975 - يىلى بىر نەپەر تۇنجى ئايال مۇئاۋىن ھاكىم سايلاپ چىقىلدى. 1984 - يىلى بىر نەپەر ئايال كادىر ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىقىغا، ئىككى نەپەر ئايال كادىر خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزالىقىغا سايلاندى، بۆلۈم دەرىجىلىك ئايال كادىرلار ئىلگىرىكى ئىككى نەپەردىن بەش نەپەرگە يەتتى، يېزىلارنىڭ 1 - سېپىدىكى ئايال كادىرلارمۇ يىلدىن - يىلغا كۆپەيدى.

1973 - يىلى ناھىيە بويىچە يېزىلاردا گۇڭشېنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتىدىن يۇقىرى رەھبەرلىك ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان ئايال كادىر 360 نەپەرگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئىككى نەپىرى گۇڭشېنىڭ رەھبەرلىك ۋەزىپىسىنى، 57 نەپىرى چوڭ ئەترەتلەرنىڭ رەھبەرلىك ۋەزىپىسىنى، 301 نەپىرى ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرىنىڭ رەھبەرلىك ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالدى؛ 21 نەپىرى بوغالتېرلىق، كاسسىرلىقنى، 24 نەپىرى ئىتتىپاق ياچېيكىسىنىڭ شۇجىلىقىنى ئۈستىگە ئالدى. ئاياللار يەنە خەلق ئەسكەرلىرى تەشكىلاتىغا ئاڭلىق قاتنىشىپ، ئاياللارنىڭ چېگرا رايون قۇرۇلۇشىنى قوغداش جەھەتتىكى رولىنى جارى قىلدۇردى. 1973 - يىلى ناھىيە بويىچە خەلق ئەسكەرلىرى تەشكىلاتىغا قاتناشقان ياش ئاياللار 9553 نەپەرگە يېتىپ، ئوخشاش ياشتىكى ئاياللارنىڭ 80 پىرسەنتىدىن كۆپرەكىنى ئىگىلىدى. بۇنىڭ ئىچىدە 155 ئايال پەيدىن يۇقىرى رەھبەرلىك ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالدى. 1979 - يىلى ناھىيىلىك ئاياللار بىرلەشمىسى ئاياللار ئارىسىدا «8-مارت قىزىل بايراقدارى» لىرىدىن بولۇش، «8 - مارت قىزىل

بايراقدار كوللېكتىپ» ، «بەشتە ياخشى ئائىلە» بەرپا قىلىش ۋە «ياخشى قېيىنئانا» ، «ياخشى كېلىن» بولۇش پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى. شۇ يىلى 245 نەپەر ئايال «8 - مارت قىزىل بايراقدارى» ، 27 تەشكىلات «8 - مارت قىزىل بايراقدار كوللېكتىپ» ، 83 ئائىلە «بەشتە ياخشى ئائىلە» بولۇپ باھالاندى، بۇنىڭ ئىچىدە مەملىكەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسى تەرىپىدىن تەقدىرلەنگەن «8 - مارت قىزىل بايراقدارى» ئىككى نەپەر، «8 - مارت قىزىل بايراقدار كوللېكتىپ» بىر؛ ئاپتونوم رايونلۇق ئاياللار بىرلەشمىسى تەرىپىدىن تەقدىرلەنگەن «8 - مارت قىزىل بايراقدارى» ئالتە نەپەر، «8 - مارت قىزىل بايراقدار كوللېكتىپ» بىر؛ ۋىلايەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسى تەرىپىدىن تەقدىرلەنگەن «8 - مارت قىزىل بايراقدارى» 18 نەپەر، «8 - مارت قىزىل بايراقدار كوللېكتىپ» تۆت. 1980 - يىلدىن 1984 - يىلغىچە يەنە ئاياللار ساھەسى بويىچە 302 نەپەر ئىلغار شەخس، 345 ئىلغار كوللېكتىپ ئارقىمۇ - ئارقا تەقدىرلەندى، بۇنىڭ ئىچىدە مەملىكەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسى تەرىپىدىن تەقدىرلەنگەن «8 - مارت قىزىل بايراقدارى» بىر نەپەر، «بەشتە ياخشى ئائىلە» ۋەكىلى بىر نەپەر؛ ئاپتونوم رايونلۇق ئاياللار بىرلەشمىسى تەرىپىدىن تەقدىرلەنگەن «8 - مارت قىزىل بايراقدارى» تۆت نەپەر، «بەشتە ياخشى ئائىلە» ۋەكىلى تۆت نەپەر.

## 5. پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى

1960 - يىل 2 - ئايدا 13 كىشىدىن تەركىب تاپقان پوسكام ناھىيىلىك پەن - تېخنىكا جەمئىيىتىگە تەييارلىق كۆرۈش ھەيئىتى قۇرۇلدى، قاسىم غازى تەييارلىق كۆرۈش ھەيئىتىنىڭ مۇدىرلىقىغا تەيىنلەندى 3 - ئايدا دېھقانچىلىق ئىلمىي جەمئىيىتى، قاتناش - ئېلېكتر ئىلمىي جەمئىيىتى قۇرۇلدى. يېزا ئىگىلىك مايمانلىرى زاۋۇتى، قۇرۇلۇش ئەترىتى، دوختۇرخانا، رادىئو ئۆزىلى قاتارلىق ئورۇنلاردا تېخنىكا يېڭىلاش گۇرۇپپىسىدىن 16سى قۇرۇلدى. پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى بىلەن ناھىيىلىك پەن - تېخنىكا كومىتېتى بىرلىكتە ئىش بېجىردى، بىر نەپەر مەخسۇس كادىر قويۇلدى.

1964 - يىلى پەن - تېخنىكا جەمئىيىتىنىڭ تەشكىلىي نامى ساقلاپ قېلىنىپ، كەسپىنى ناھىيىلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى مەسئۇل بولۇپ بېجىردى.

1981 - يىل 7 - ئاينىڭ 13 - كۈنى ناھىيىلىك پەن - تېخنىكا جەمئىيىتى ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ، ئۈچ شتات بېرىلدى.

1983 - يىل 11 - ئاينىڭ 17 - كۈنى پوسكام ناھىيىسى بويىچە يېزا ياشلىرىنىڭ پەننى ئۆگىنىش، پەننى ئىشلىتىش بويىچە ئىلغار كوللېكتىپ، ئىلغار شەخسلەر قۇرۇلتىيى چاقىرىلدى، قۇرۇلتايدا ياشلارنىڭ پەننى ئۆگىنىشى، پەننى ئىشلىتىشى بويىچە ئون ئۈلگىلىك ئەترەت، 39 نەپەر ئۈلگە تەقدىرلەندى.

1983 - يىل 12 - ئايدىن 1984 - يىل 1 - ئايغىچە، ناھىيىلىك پەن - تېخنىكا جەمئىيىتىنىڭ يېتەكلىشى بىلەن، ناھىيىلىك دېھقانچىلىق ئىلمىي جەمئىيىتى، تىبابەتچىلىك ئىلمىي جەمئىيىتى، مال دوختۇرلۇق ئىلمىي جەمئىيىتى، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىلمىي جەمئىيىتى، ئورمانچىلىق ئىلمىي جەمئىيىتىدىن ئىبارەت بەش ئاممىۋى ئىلمىي تەشكىلات قۇرۇلدى.

دېھقانچىلىق ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى 48 نەپەرگە يەتتى. چېن رۇنشۇ جەمئىيەت باشلىقى بولدى.

تىبابەتچىلىك ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى 54 نەپەرگە يەتتى. رېن ۋېنجاڭ جەمئىيەت باشلىقى بولدى.

مال دوختۇرلۇق ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى 30 نەپەرگە يەتتى، گوپۇسەي جەمئىيەت باشلىقى بولدى.

يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى 30 نەپەرگە يەتتى، لى شۆەنجۇ جەمئىيەت باشلىقى بولدى.

ئورمانچىلىق ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى 29 نەپەرگە يەتتى، جۇشۇسېن جەمئىيەت باشلىقى بولدى.

1984 - يىل 6 - ئايدا جېڭ جۇگخۋا ناھىيىلىك پەن - تېخنىكا جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىكىگە تەيىنلەندى.

### 6 . سودا - سانائەتچىلەر ئۇيۇشمىسى (بىرلەشمىسى)

پوسكام ناھىيىلىك سودا - سانائەتچىلەر ئۇيۇشمىسى (بىرلەشمىسى) ئازادلىقتىن ئىلگىرىكى سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى ئاساسىدا، 1951 - يىلى قايتىدىن قۇرۇلغان بولۇپ، قول سانائەتچىلەر ۋە يەككە سودىگەرلەر، يايمىچىلارنىڭ ئاممىۋى تەشكىلاتىدىن ئىبارەت ئىدى. ئۇ، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى سودا - سانائەت بۆلۈمىنىڭ رەھبەرلىكىدە بولۇپ، سودا - سانائەتنى باشقۇرۇش تارماقلىرىغا ياردەملىشىپ، بازاردىكى مال باھاسىنى ئىگىلەپ، يەككە قول سانائەتچىلەر ۋە يەككە سودىگەرلەر، يايمىچىلار ئارىسىدا كۆرۈلگەن مەسىلىلەرنى كېلىشتۈرۈپ، بىر تەرەپ قىلاتتى ھەمدە ئۇلارنى ئۆگىنىشكە تەشكىللەش، دۆلەتنىڭ سىياسەت، پەرمانلىرىنى ئىجرا قىلدۇرۇشقا مەسئۇل ئىدى. ئۇنىڭ باشلىقى ئەخمەت روزى 1951 - يىلدىن 1962 - يىلغىچە ۋەزىپە ئۆتىدى.

1956 - يىلى يەككە قول سانائەت ۋە خۇسۇسىي سودا - سانائەتكە سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈش تاماملانغاندىن كېيىن، سودا - سانائەتچىلەر ئۇيۇشمىسى سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسىگە ئۆزگەرتىلدى، ئۇ، بىر ئاممىۋى تەشكىلات سۈپىتىدە، 1966 - يىلغىچە ساقلاپ قېلىندى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلانغاندىن كېيىن ئۇنىڭ خىزمىتى توختىتىلدى.

# X باب

# ئەمگەك، كادىرلار ئىشلىرى

## § 1 . كادىرلارنى باشقۇرۇش

1950 - يىلى ناھىيە بويىچە 176 نەپەر كادىر بار ئىدى، بۇنىڭ 12 نەپىرى ھاكىمىيەت قۇرۇش كادىرى بولغاندىن باشقا، قالغانلىرى قالدۇرۇپ ئىشلىتىلگەن خادىملار ئىدى. 1952 - يىلدىن

كېيىن، كادىرلار يىلمۇ يىل كۆپەيدى. 1954 ـ يىلى 305 نەپەرگە، 1965 ـ يىلى 832 نەپەرگە، 1973 ـ يىلى 1123 نەپەرگە، 1984 ـ يىلى 2700 نەپەرگە يەتتى. كادىرلارنىڭ مەنبەسى مۇنداق بولدى: 1965 ـ يىلدىن ئىلگىرىكىنىڭ كۆپىنچىسى ئىجارە كېمەيتىش، زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش. يەر ئىسلاھاتى ۋە سوتسىيالىستىك تەربىيە ھەرىكىتى داۋامىدا قوبۇل قىلىنغان دېھقان ئاكتىپلار، ھەربىي سەپتىن كەسىپ ئالماشتۇرغان كادىرلار، ئىچكى ئۆلكىلەردىن شىنجاڭنىڭ قۇرۇلۇشىغا ياردەم بېرىشكە كەلگەن خىزمەتچى خادىملار، ئاز سانلىقلىرى ئىچكى ئۆلكىلەردىكى ئالىي مەكتەپ، تېخنىكوملارنى ۋە ئاپتونوم رايوندىكى كادىرلار مەكتەپلىرىنى پۈتتۈرۈپ، تەقسىم قىلىنىپ كەلگەن ئوقۇغۇچىلار ئىدى. 1972 ـ يىلدىن كېيىن، تەقسىم قىلىنىپ كەلگەن ئوقۇغۇچىلاردىن باشقا، ئىش كۆتۈپ تۇرۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەن زور بىر تۈركۈم ئوقۇغۇچىلار ۋە جەمئىيەتتە ئىش كۈتۈپ تۇرغان ياشلار قوبۇل قىلىنىپ خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرۇلدى. 1980 ـ يىلى ئىلگىرىكى بىۋاسىتە ھالدا ئىشچىلار. دېھقانلار ئىچىدىن كادىر قوبۇل قىلىش ئۇسۇلى ئۆزگەرتىلىپ، تەشكىل كۆرسىتىش بىلەن ئىختىيارىي تىزىمغا ئالدۇرۇشنى بىرلەشتۈرۈش، مەدەنىيەت ئىمتىھانى ئېلىشتىن ئىبارەت كادىر قوبۇل قىلىش ئۇسۇلى يولغا قويۇلدى، جەمئىيەتتە ئىش كۈتۈپ تۇرغان ياشلار ۋە تەقسىم قىلىنىپ كەلگەن ئالىي مەكتەپ، تېخنىكومنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار كادىرلار قوشۇنىنى تولۇقلاشتىكى ئاساسلىق ئوبيېكت بولدى. 1980 ـ يىلدىن 1984 ـ يىلغىچە، ناھىيە بويىچە جەمئىي 25 نەپەر ئالىي تېخنىكومنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچى، 480 نەپەر تېخنىكومنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچى، 422 نەپەر ئىش كۈتۈپ تۇرغان ياش، بىر نەپەر كەسىپ ئالماشتۇرغان ھەربىي خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

كادىرلارنى قوبۇل قىلىش، ئىشلىتىشتە، ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار ۋە كادىرلار تارماقلىرى «ھەم ئەخلاقلىق، ھەم قابىلىيەتلىك بولۇش، قابىلىيىتىگە يارىشا ئىشقا قويۇش» پرىنسىپىنى ئەستايىدىل، ئىزچىل ئىجرا قىلىپ، ئالىي تېخنىكوم ۋە تېخنىكومنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنى تەقسىم قىلىشتا كەسپى ئۇيغۇن كېلىشكە، ئۆگىنىش بىلەن ئىشلىتىشنىڭ بىردەكلىكىگە، ئاساسىي قاتلامغا يۈزلەندۈرۈشكە ئەھمىيەت بەردى.

ئوخشاش بولمىغان تارىخىي دەۋرلەردە كادىر قوبۇل قىلىش ئوبيېكتى ئوخشاش بولمىغاچقا، كادىرلار قۇرۇلمىسى ئۈزلۈكسىز ئۆزگىرىپ باردى، مەدەنىيەت سەۋىيىسى يىلمۇ يىل ئۆستى، ياش قورامى جەھەتتە ياشلىشىشتىن قېرىلىشىشقا، ئاندىن كېيىن يەنە ياشلىشىشقا قاراپ يۈزلەندى. 1952 ـ يىلى ناھىيە بويىچە 202 نەپەر كادىر بار ئىدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئەر كادىر 188 نەپەر، ئايال كادىر 14 نەپەر؛ خەنزۇ كادىر 43 نەپەر، ئاز سانلىق مىللەت كادىرى 159 نەپەر؛ 25 ياشتىن تۆۋەن كادىر 61 نەپەر، 26 ياشتىن 35 ياشقىچە بولغان كادىر 135 نەپەر، 36 ياشتىن 45 ياشقىچە بولغان كادىر تۆت نەپەر، 50 ياشتىن يۇقىرى كادىر ئىككى نەپەر؛ تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتىن يۇقىرى مەلۇماتقا ئىگە كادىر 14 نەپەر، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتىن تۆۋەن مەلۇماتقا ئىگە كادىر 188 نەپەر؛ رايون، يېزا كادىرلىرىنىڭ كۆپ قىسمى ساۋاتسىز ياكى چالا ساۋات ئىدى. 1972 ـ يىلى ناھىيە بويىچە ئومۇمىي كادىر 1081 نەپەرگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئەر كادىر 897 نەپەر، ئايال كادىر 184 نەپەر، خەنزۇ كادىر 357 نەپەر، ئاز سانلىق مىللەت كادىرى 724 نەپەر، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتىن يۇقىرى مەلۇماتقا ئىگە كادىر 286 نەپەر، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتىن تۆۋەن مەلۇماتقا ئىگە كادىر 795 نەپەر؛ 25 ياشتىن

تۆۋەن كادىر 113 نەپەر، 25 ياشتىن 35 ياشقىچە بولغان كادىر 387 نەپەر، 36 ياشتىن 45 ياشقىچە بولغان كادىر 460 نەپەر، 46 ياشتىن 55 ياشقىچە بولغان كادىر 105 نەپەر، 56 ياشتىن يۇقىرى كادىر 16 نەپەر. پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن كادىرلار قوشۇنىنى ئىنقىلابىيلاشتۇرۇش، ياشلاشتۇرۇش، كادىرلارنى بىلىم ئەھلىگە، كەسىپ ئەھلىگە ئايلاندۇرۇش قۇرۇلۇشىغا ئەھمىيەت بېرىلىپ، كادىرلار قۇرۇلمىسىدا يېڭى ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كەلدى. 1984 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا، ناھىيە بويىچە ھەر دەرىجىلىك كادىر 2700 نەپەرگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئەر كادىر 1886 نەپەر، ئايال كادىر 814 نەپەر؛ خەنزۇ كادىر 544 نەپەر، ئاز سانلىق مىللەت كادىرى 2156 نەپەر؛ ئالىي تېخنىكوم مەلۇماتىغا ئىگە كادىر 149 نەپەر بولۇپ، ئومۇمىي كادىرلارنىڭ 5.14 پىرسەنتىنى، تېخنىكوم مەلۇماتىغا ئىگە كادىر 1153 نەپەر بولۇپ، ئومۇمىي كادىرلارنىڭ 42.7 پىرسەنتىنى، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ مەلۇماتىغا ئىگە كادىر 458 نەپەر بولۇپ، ئومۇمىي كادىرلارنىڭ 17 پىرسەنتىنى، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتىن تۆۋەن مەلۇماتقا ئىگە كادىر 940 نەپەر بولۇپ، ئومۇمىي كادىرلارنىڭ 30.5 پىرسەنتىنى، 25 ياشتىن تۆۋەن كادىر 727 نەپەر بولۇپ، ئومۇمىي كادىرلارنىڭ 27 پىرسەنتىنى، 26 ياشتىن 35 ياشقىچە بولغان كادىر 839 نەپەر بولۇپ، ئومۇمىي كادىرلارنىڭ 31 پىرسەنتىنى، 36 ياشتىن 45 ياشقىچە بولغان كادىر 764 نەپەر بولۇپ، ئومۇمىي كادىرلارنىڭ 26 پىرسەنتىنى، 46 ياشتىن 55 ياشقىچە بولغان كادىر 378 نەپەر بولۇپ، ئومۇمىي كادىرلارنىڭ 14 پىرسەنتىنى، 55 ياشتىن يۇقىرى كادىر 50 نەپەر بولۇپ، ئومۇمىي كادىرلارنىڭ 1.85 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. كادىرلارنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى، ياش قۇرامى نىسبىي ھالدا تۆۋەنلىدى.

كادىرلارنى باشقۇرۇشتا، پارتكوم بىر تۇتاش رەھبەرلىك قىلىش، دەرىجىگە ئايرىپ باشقۇرۇش ئۇسۇلى ئىزچىل يولغا قويۇلۇپ كەلدى. 1984 - يىلدىن ئىلگىرى، ناھىيە دەرىجىلىك كادىرلارنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش، يۆتكەشكە ۋىلايەتلىك پارتكوم ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمى مەسئۇل ئىدى، ناھىيىلىك پارتكوم بۇ كادىرلارنى ئۆستۈرۈش، يۆتكەشكە قارىتا پىكىرلا بېرەلەيتتى، بۆلۈم دەرىجىلىك كادىرلارنى ۋىلايەتلىك پارتكوم، ئادەتتىكى كادىرلارنى ناھىيىلىك پارتكوم باشقۇراتتى. 1984 - يىلى ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىغا ئۇيغۇنلىشىش ئۈچۈن، كادىرلارنى باشقۇرۇشتا، «مەمۇرىي ئورۇنلارنى ئىخچاملاش، ھوقۇقنى تۆۋەنگە چۈشۈرۈش»، «ئاز باشقۇرۇش، ياخشى باشقۇرۇش، جانلىق باشقۇرۇش» پرىنسىپىغا ئاساسەن، تەشكىلات تارماقلىرى بىر تۇتاش باشقۇرۇش بىلەن دەرىجىگە، سىستېمىلارغا ئايرىپ باشقۇرۇشنى بىرلەشتۈرۈش ئۇسۇلى يولغا قويۇلۇپ، ناھىيە دەرىجىلىك كادىرلارنى يەنىلا ۋىلايەتلىك پارتكوم باشقۇرغاندىن باشقا، بۆلۈم دەرىجىلىك كادىرلارنى ئۆستۈرۈش، ۋەزىپىگە تەيىنلەپ ئىشقا قويۇشتا، ناھىيىلىك پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمى لايىھىنى ئوتتۇرىغا قويىدىغان، ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى قانۇن بويىچە ۋەزىپىگە تەيىنلەيدىغان، مۇئاۋىن بۆلۈم دەرىجىلىك كادىرلارنى ھۆكۈمەتنىڭ ئەمگەك كادىرلار ئىدارىسى ۋەزىپىگە تەيىنلەيدىغان، بۆلۈمچە دەرىجىلىك كادىرلانى مەمۇرىيەتنى ئاساسلىق باشقۇرغۇچى تارماقلار ۋەزىپىگە تەيىنلەيدىغان بولدى. كادىرلارنى تەكلىپ قىلىش، ئىشقا قويۇش، يۆتكەش، دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىقىرىش، ئالىي مەكتەپ، تېخنىكوملارنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنى تەقسىم قىلىش، رەسمىيلەشتۈرۈش، دەرىجىسىنى بېكىتىشنى تەكشۈرۈپ تەستىقلاشنى ئەمگەك - كادىرلار ئىدارىسى بېجىرىدىغان

| ئۇنۋان دەرىجىسى | | جەمئىي | بۇنىڭ ئىچىدە بىناكارلىق سانائەت قاتناش | دېھقانچىلىق ئورمانچىلىق سۇ ئىشلىرى چارۋىچىلىق | ستاتىستىكا، ئىگىلىك باشقۇرۇش، بوغالتېرلىق | تىببىي دورىگەرلىك سەھىيە | باشقىلار |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئۇنۋان | | 17 | | 12 | 1 | 2 | 2 |
| تۆۋەن دەرىجىلىك ئۇنۋان | ياردەمچى | 90 | 7 | 31 | 13 | 22 | 17 |
| | پراكتىكانت | 96 | 4 | 20 | 15 | 47 | 10 |

بولدى.

1980 - يىلى كەسپىي تېخنىكا كادىرلىرىنى باشقۇرۇش كۈچەيتىلدى. كەسپىي تېخنىكا كادىرلىرىنىڭ ئاكتىپچانلىقىنى تولۇق ئىشقا سېلىش ئۈچۈن، ناھىيىدە پەن - تېخنىكا كادىرلىرىنىڭ تېخنىكا ئۇنۋانىنى باھالاپ بېكىتىشكە رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى، ئىككى يىلدا قاتتىق تەكشۈرۈش ئاساسىدا، 203 نەپەر كەسپىي تېخنىكا خادىمىغا ئوخشاش بولمىغان ئۇنۋان باھالاپ بېكىتىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە جەمئىي 17 نەپەر بىناكارلىق تېخنىكا خادىمى، يېزا ئىگىلىك تېخنىكا خادىمى، تىببىي خادىم، مالىيە - بوغالتېرلىق خادىمىغا، مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ تەستىقى ئارقىلىق، ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئۇنۋان، 186 نەپەر ھەر خىل كەسپىي تېخنىكا خادىمىغا ناھىيىنىڭ تەستىقى ئارقىلىق تۆۋەن دەرىجىلىك ئۇنۋان بېرىلدى. بۇنىڭ جايلىشىش قۇرۇلمىسى مۇنداق بولدى.

ناھىيىلىك ئەمگەك - كادىرلار ئىدارىسى، پەن - تېخنىكا كومىتېتى ئۇلارغا پەن - تېخنىكا ئارخىپى تۇرغۇزۇپ، ئۇلارنىڭ كەسپىكى ئەمەلىي نەتىجىسى ۋە پەن تەتقىقاتى مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى ۋاقتىدا تەكشۈرۈپ باھالاپ تۇردى.

كادىرلارنى دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىقىرىش تۈزۈمى 1979 - يىل 10 - ئايدىن باشلاپ ئىجرا قىلىندى، ئۇنىڭدىن ئىلگىرى، 15 كادىر پېنسىيىگە چىقىش رەسمىيىتىنى بېجىرگەن بولسىمۇ، لېكىن بۇ خىزمەت دائىملىق كەسىپ قاتارىدا بىر تەرەپ قىلىنمىغانىدى. 1979 - يىلى بۇ خىزمەت رەسمىي يولغا قويۇلدى. 1984 - يىلغا كەلگەندە 220 نەپەر كادىرنىڭ دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىقىش رەسمىيىتى بېجىرىپ بېرىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە خىزمەتتىن ئايرىلىپ دەم ئېلىشقا چىققان كادىر 53 نەپەر، پېنسىيىگە چىققان كادىر 167 نەپەر. ناھىيىدە پېنسقەدەم كادىرلار ئىدارىسى قۇرۇلۇپ، خىزمەتتىن ئايرىلىپ دەم ئېلىشقا چىققان كادىرلارنىڭ تۇرمۇش، ئۆگىنىش پائالىيەتلىرىنى مەخسۇس باشقۇردى. ناھىيىلىك كادىرلار ئىدارىسى پېنسىيىگە چىققان كادىرلارنىڭ ئىشلىرىنى بېجىرىشكە مەخسۇس ئادەم قويىدى.

## § 2. ئىشچى قوبۇل قىلىش ۋە ئىشچى ئىشلىتىش

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە، ھەر قايسى ئورۇنلارغا ئاز ساندىكى ئىشچى قوبۇل قىلىنىپ ئۇلار شتات ئىچىگە كىرگۈزۈلۈپ، مۇقىم ئىشچى قاتارىدا ئۇششاق - چۈششەك ئىشلارغا سېلىنغانىدى. 1958 - يىلدىن كېيىن، يەرلىك سانائەت راۋاجلىنىپ، ئادەم ئىشلىتىدىغان ئورۇنلار كۆپەيدى، ئىشچىلارنىڭ سانىمۇ كۆپەيدى، لېكىن ساپاسى تۆۋەن ئىدى، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى بازارلاردا ئىش كۆتۈپ تۇرغانلار ۋە دېھقانلار ئىدى. پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، يەرلىك سانائەت ۋە يېزا - بازار كارخانىلىرى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلاندى، ئىشچىلار قوشۇنى ئۈزلۈكسىز زورايدى، ئىشچى ئىشلىتىش شەكلىدىمۇ ئۆزگىرىش بولدى، نەتىجىدە مۇقىم ئىشچىدىن باشقا، يەنە توختاملىق ئىشچى، ۋاقىتلىق ئىشچى، نۆۋەتچى ئىشچى قاتارلىق شەكىللەر مەيدانغا كەلدى، لېكىن قايسى خىلدىكى ئىشچىنى قوبۇل قىلىپ ئىشلىتىشتىن قەتئىينەزەر، بىردەك پىلانلىق قوبۇل قىلىش، مەدەنىيەت ئىمتىھانى ئېلىش، ياخشىلىرىنى تاللاپ قوبۇل قىلىش يولغا قويۇلدى، ئىلگىرىكىدەك ئاساسىي قاتلامدىن كۆرسىتىپ بېرىدىغان، ناھىيىدىن تەستىقلايدىغان، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش مەسىلىسىنى نوقۇل ھالدا ھەل قىلىدىغان ئىشچى قوبۇل قىلىش شەكلى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى، ئىشچى قوبۇل قىلىش شەكلىدە ئۆزگىرىش بولغانلىقتىن، ئىشچىلارنىڭ مەلۇمات دەرىجىسى ۋە تېخنىكا سەۋىيىسى ئۈزلۈكسىز ئۆستى. 1979 - يىلدىن 1984 - يىلغىچە ناھىيە بويىچە يىغىندىن قوبۇل قىلىنغان ئىشچى 626 نەپەرگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە تېخنىك ئىشچىلار مەكتەپلىرىنى پۈتتۈرۈپ تەقسىم قىلىنغان ئوقۇغۇچى 39 نەپەر، تولۇق ۋە تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچى 499 نەپەر بولۇپ، ھەممىسى مەلۇم مەدەنىيەت بىلىملىرىگە ئىگە.

### قوشۇمچە: زىيالىي ياشلارنىڭ تاغ ۋە يېزىلارغا بېرىشى

1969 - يىل 6 - ئايدا قەشقەر ۋىلايىتىگە ئىنقىلابىي كومىتېت تەرىپىدىن يېزىلارغا بېرىشقا تەقسىم قىلىنغان تۇنجى تۈركۈم زىيالىي ياشتىن 79 كىشى پوسكام ناھىيىسىنىڭ ياسىدۇن ئورمانچىلىق مەيدانىغا كېلىپ، ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكى بىلەن شۇغۇللىنىپ قايتا تەربىيە ئالدى. ئارقىدىن يەنە ئۈچ تۈركۈم ئوقۇغۇچى ناھىيىگە تەقسىم قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئالىي مەكتەپ، تېخنىكۇملارنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچى 40 نەپەردىن ئاشىدۇ، ئۇلار كەلگەندىن كېيىن، جايلار ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتىنىڭ كادىرلىرى ياكى كەمبەغەل دېھقان، تۆۋەن ئوتتۇرا دېھقانلار ۋەكىللىرىنى ئۇلارنى كۈتۈۋېلىش، ئورۇنلاشتۇرۇشقا بەلگىلىدى.

1973 - يىل 4 - ئايدا ناھىيىدە تاغ ۋە يېزىلارغا بارغان زىيالىي ياشلار خىزمىتى ئىشخانىسى قۇرۇلدى، ئەترەتلەرگە چۇشۇپ ماكانلىشىش «زىيالىي ياشلار نۇقتىسى» قۇرۇشقا ئۆزگەرتىلىپ، كىچىك دائىرىدە مەركەزلەشتۈرۈلۈپ ئورۇنلاشتۇرۇش ئۇسۇلى قوللىنىلىپ،. ناھىيىلىك باغۋەنچىلىك مەيدانى، ئۇرۇقچىلىق مەيدانىدا زىيالىي ياشلار نۇقتىسى قۇرۇلدى. شۇ يىلى 8 - ئايدا ناھىيىدىن ئوقۇش پۈتتۈرگەن 72 ئوقۇغۇچى (بۇنىڭ ئىچىدە 28 نەپىرى خەنزۇ، 44 نەپىرى ئاز سانلىق مىللەت) ئۇرۇقچىلىق مەيدانىغا بېرىپ ماكانلاشتى، قەشقەردىن

ۋە ناھىيىدىن يېتەكلىگۈچى كادىر ئەۋەتىلىپ، زىيالىي ياشلارنىڭ تۇرمۇش، ئەمگىكىنى ئورۇنلاشتۇرۇشقا مەسئۇل قىلىندى، «زىيالىي ياشلار نۇقتىسى» مۇستەقىل ھېساباتنى يولغا قويۇپ، پايدا - زىيانغا ئۆزى ئىگە بولدى. 1978 - يىلى ناھىيىدە زىيالىي ياشلارنى تاغ ۋە يېزىلارغا ئەۋەتىش توختىتىلدى ھەمدە ئىشچى، كادىر قوبۇل قىلىش ۋە ئالىي مەكتەپلەرگە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش شەكلى ئارقىلىق، يېزىلارغا بارغان زىيالىي ياشلار يىلمۇ يىل قايتۇرۇپ كېلىنىپ، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

زىيالىي ياشلارنىڭ تاغ ۋە يېزىلارغا بېرىش ھەرىكىتى داۋامىدا، ناھىيە بويىچە جەمئىي 1831 نەپەر ھەر مىللەت زىيالىي ياش ئورۇنلاشتۇرۇلدى، بۇنىڭ ئىچىدە قەشقەر ۋىلايىتىگە تەۋە زىيالىي ياش 308 نەپەر، ناھىيىگە تەۋە ھەر مىللەت زىيالىي ياش 1523 نەپەر، دۆلەت 102 مىڭ 113 يۈەن ئورۇنلاشتۇرۇش خىراجىتى ئاجرىتىپ بەردى.

## § 3 . ئىش ھەققى، مۇكاپات

### 1 . ئىش ھەققى

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە، ھەربىي سەپتىن كەسىپ ئالماشتۇرغان كادىرلارغا قارىتا «تەمىنات تۈزۈمى»، قالدۇرۇپ ئىشلىتىلگەن خادىملارغا قارىتا «ئىش ھەققى تۈزۈمى» يولغا قويۇلغانىدى. 1952 - يىل 9 - ئايدا بارلىق كادىرلارنى دېموكراتىك ئۇسۇلدا باھالاش ئارقىلىق، «ئەمەلىي نەرسىگە سۇندۇرۇپ تەقسىم قىلىنغان ئىش ھەققى تۈزۈمى» يولغا قويۇلدى.

1956 - يىلى ئىش ھەققى تۈزۈمى ئىسلاھ قىلىنىپ، كارخانا ئىشچىلىرى ۋە دۆلەتنىڭ خىزمەتچى خادىملىرىغا ئىش ھەققى دەرىجىسى بېكىتىلىپ، ئىش ھەققى بىۋاستە پۇل بىلەن بېكىتىلدى ھەمدە يېڭى ئىش ھەققى دەرىجىسى بويىچە، %40 ئىشچى - خىزمەتچىنىڭ ئىش ھەققى بىر دەرىجىدىن ئۆستۈرۈلدى، نەتىجىدە ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە ئىش ھەققى ئىلگىرىكىدىن %14.5 ئۆستى. 1958 - يىلى 3 - تۈركۈمدە قىسمەن ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئىش ھەققى دەرىجىسى ئۆستۈرۈلدى، بۇنىڭ ئىچىدە سانائەت، قاتناش، ئاساسىي قۇرۇلۇش، پوچتا - تېلېگراف ۋە جامائەت ئىشلىرى ساھەسىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئىش ھەققى دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش دائىرىسى %40كە، دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، سۇ ئىشلىرى، چارۋىچىلىق، سودا، مۇلازىمەت ساھەسىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئىش ھەققى دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش دائىرىسى %5كە، سەھىيە تېخنىكا خادىملىرىنىڭ ئىش ھەققى دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش دائىرىسى %5كە يەتتى. 1961 - يىلى كان رايونى ۋە ئورمانچىلىق رايونىدىكى قىسمەن ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئىش ھەققى دەرىجىسى ئۆستۈرۈلدى، دەرىجەئۆستۈرۈش دائىرىسى جەھەتتە، كان رايونىدىكى قىسمەن ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ %30 كە، ئورمانچىلىق رايونىدىكى قىسمەن ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ %35 كە يەتتى. 1963 - يىلى دۆلەتنىڭ مالىيە ئەھۋالى ياخشىلىنىپ، يەنە بىر قېتىم ئىشچى - خىزمەتچىلەر ۋە 10 - دەرىجىدىن تۆۋەن بولغان كادىرلارنىڭ ئىش ھەققى تەڭشىلىپ، ئىش ھەققى دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش دائىرىسى %40 كە يەتكۈزۈلۈپ، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە ئىش ھەققى 1962 - يىلدىكىدىن

### پوسكام ناھىيىسىدىكى كادىرلار، ئىشچىلارنىڭ 1961 - يىلدىن 1984 - يىلغىچە بولغان يىللىق ئىش ھەققى ئومۇمىي سوممىسى ۋە يىللىق ئوتتۇرىچە ئىش ھەققى

3 ـ 10 ـ 1 - جەدۋەل بىرلىكى: 10 مىڭ يۈەن

| يىللار | ئىش ھەققى ئومۇمىي سوممىسى | ھەر بىر كىشىنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە ئىش ھەققى | يىللار | ئىش ھەققى ئومۇمىي سوممىسى | ھەر بىر كىشىنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە ئىش ھەققى |
|---|---|---|---|---|---|
| 1961 | 192.2 | 0.042 | 1973 | 191.33 | 0.045 |
| 1962 | 145 | 0.040 | 1974 | 197.10 | 0.44 |
| 1963 | 140.02 | 0.043 | 1975 | 198.40 | 0.046 |
| 1964 | 130.04 | 0.038 | 1976 | 205 | 0.047 |
| 1965 | 135.48 | 0.038 | 1977 | 211.94 | 0.047 |
| 1966 | 138 | 0.039 | 1978 | 267.63 | 0.047 |
| 1967 | 203.2 | 0.057 | 1979 | 321.40 | 0.055 |
| 1968 | 138.5 | 0.039 | 1980 | 336.08 | 0.076 |
| 1969 | 138.5 | 0.039 | 1981 | 346.25 | 0.074 |
| 1970 | 156.61 | 0.045 | 1982 | 424.31 | 0.087 |
| 1971 | 157.22 | 0.039 | 1983 | 477.49 | 0.097 |
| 1972 | 156.51 | 0.038 | 1984 | 495.87 | 0.106 |

ئىزاھات: مۇكاپات سوممىسى يىللىق ئىش ھەققى ئومۇمىي سوممىسى ئىچىگە كىرگۈزۈلدى.

%8.3 ئاشۇرۇلدى. 1971 - يىلى ئىش ھەققى تۆۋەن بولغان قىسمەن ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئىش ھەققى تەڭشەلدى، ئىش ھەققى دەرىجىسىنىئۆستۈرۈش دائىرىسى %26 بولدى. 1977 - يىلدىن كېيىن، يەنە قىسمەن ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئىش ھەققى دەرىجىسى بەش قېتىم ئۆستۈرۈلدى. 1977 - يىلى ئىش ھەققى دەرىجىسى ئۆستۈرۈلگەن ئىشچى - خىزمەتچى ئومۇمىي ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ 50.8 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن كىشى بېشىغا ھەر ئايدا يەنتە يۈەن قوشۇلدى. 1982 - يىلى ئىش ھەققى ئومۇمىيۈزلۈك تەڭشەلدى، كادىرلاردىن 799 كىشىنىڭ ئىش ھەققى بىر دەرىجە، 25 كىشىنىڭ ئىش ھەققى ئىككى دەرىجە ئۆستۈرۈلدى، ئۆسكەن ئايلىق ئىش ھەققى ئومۇمىي سوممىسى 9670.29 يۈەنگە يەتتى؛ ئىشچىلاردىن 1138 كىشىنىڭ ئىش ھەققى بىر دەرىجە ئۆستۈرۈلدى، ئۆسكەن ئايلىق ئىش ھەققى ئومۇمىي سوممىسى 9975.07 يۈەنگە يەتتى؛ 25 كىشىنىڭ ئىش ھەققى ئىككى دەرىجە ئۆستۈرۈلدى، ئۆسكەن ئايلىق

**پوسكام ناھىيىسىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ 1985 - يىلدىن 1986 - يىلغىچە بولغان ئەمگەك ئىش ھەققى ئەھۋالى**

3 - 10 - 2 - جەدۋەل

| تۈرلەر | بىرلىكى | 1985 - يىلى | 1986 - يىلى | 1987 - يىلى | 1988 - يىلى |
|---|---|---|---|---|---|
| ئومۇمىي خەلق مۇلۈكچىلىكىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىل ئاخىرىدىكى سانى | ئادەم | 4574 | 5010 | 5094 | 4790 |
| يىل ئاخىرىدىكى ئوتتۇرىچە ئادەم سانى | ئادەم | 4448 | 4778 | 5096 | 4775 |
| كوللېكتىپ مۇلۈكچىلىكىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىل ئاخىرىدىكى سانى | ئادەم | 1799 | 1809 | 2193 | 2455 |
| يىللىق ئوتتۇرىچە ئادەم سانى | ئادەم | 1868 | 1814 | 2215 | 2429 |
| ئومۇمىي خەلق مۇلۈكچىلىكىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئىش ھەققى ئومۇمىي سوممىسى | 10 مىڭ يۈەن | 688.05 | 682.72 | 888.2 | 864.7 |
| كوللېكتىپ مۇلۈكچىلىكىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئىش ھەققى ئومۇمىي سوممىسى | 10 مىڭ يۈەن | 201.6 | 199.16 | 200.81 | 295 |
| ئومۇمىي خەلق مۇلۈكچىلىكىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە ئىش ھەققى سوممىسى | يۈەن | 1546.88 | 1428.88 | 1742.94 | 1810.89 |
| كوللېكتىپ مۇلۈكچىلىكىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە ئىش ھەققى سوممىسى | يۈەن | 1079.23 | 1097.91 | 906.59 | 1214.49 |

ئىش ھەققى ئومۇمىي سوممىسى 587.65 يۈەنگە يەتتى، ئىش ھەققى دەرىجىسىنى بەش قېتىم تەڭشەش ئارقىلىق، يېڭىدىن خىزمەتكە قاتناشقان ئىشچى - خىزمەتچىلەر ۋە ئىش ھەققى بىر قەدەر يۇقىرى بولغان ئاز ساندىكى كادىرلاردىن باشقا، ئادەتتە، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئىش ھەققى بىر ياكى ئىككى دەرىجە، قىسمەنلىرىنىڭ ئۈچ دەرىجە، ئىش ھەققى تۆۋەنرەك بولغان ئىنتايىن ئاز ساندىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ تۆت دەرىجە ئۆستۈرۈلۈپ، ئىشچى -

خىزمەتچىلەرنىڭ كىرىم سەۋىيىسى كۆرۈنەرلىك يۇقىرى كۆتۈرۈلدى.

زىيالىيلارنىڭ تۇرمۇش - تەمىناتىنى ياخشىلاش، تېخىمۇ كۆپ زىيالىيلارنىڭ ئاساسىي قاتلامغا بېرىپ خىزمەت قىلىشىغا ئىلھام بېرىش ئۈچۈن، 1983 - يىل 9 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ «زىيالىيلارنىڭ خىزمەت، ئۆگىنىش ۋە تۇرمۇش شارائىتىنى ياخشىلاش توغرىسىدىكى ۋاقىتلىق بەلگىلىمە» سىگە ئاساسەن، رايون، يېزىلاردا خىزمەت قىلىۋاتقان ئالىي مەكتەپ، تېخنىكومىلارنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار ۋە تېخنىكا ئۇنۋانى ئالغان كادىرلارغا بىر دەرىجە تۇراقسىز ئىش ھەققى بېرىلىپ، بەش يىلدىن كېيىن مۇقىم ئىش ھەققىگە ئۆزگەرتىلدى. مۇقىم ئىش ھەققىگە ئۆزگەرتىلگەندىن كېيىن يەنە بىر تۇراقسىز دەرىجە بېرىلدى ھەمدە پەن - تېخنىكا كادىرلىرىغا ئايدا ئون يۈەندىن ئىش ئورنى ياردەم پۇلى ۋە يىلىغا 30يۈەندىن كىتاب - گېزىت پۇلى تارقىتىپ بېرىلدى.

1984 - يىل 7 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم «زىيالىيلار ۋە چېگرا رايوندا خىزمەت قىلىۋاتقان ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ تۇرمۇش تەمىناتىنى يەنىمۇ ياخشىلاشقا دائىر بىر قانچە مەسىلە توغرىسىدا بەلگىلىمە» چىقاردى، بۇ بەلگىلىمە بويىچە، شىنجاڭدا خىزمەت قىلغىنىغا بىر يىلدىن ئاشقان، ئالىي تېخنىكومنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار، ئۈچ يىلدىن ئاشقان، تېخنىكومنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار، 15 يىلدىن ئاشقان، تېخنىكا ئۇنۋانى بارلار ۋە ئوقۇتقۇچىلىق خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغىنىغا 15 يىلدىن ئاشقان ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرى، شۇنداقلا، شىنجاڭدا خىزمەت قىلغىنىغا 25 يىلدىن ئاشقان كادىرلارغا بىر دەرىجىدىن تۇراقسىز ئىش ھەققى بېرىلدى ھەمدە شىنجاڭدا خىزمەت قىلغىنىغا بىر يىلدىن ئاشقان ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە ئايدا ئىككى يۈەن، بەش يىلدىن ئاشقانلارغا ئايدا ئۈچ يۈەن چېگرا رايون قوشۇمچە ياردەم پۇلى قوشۇپ بېرىلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن ھەر بەش يىل توشقاندا ئۈچ يۈەندىن قوشۇلۇپ باردى.

**ناھىيىدىكى ئىدارە - ئورگان، كارخانا كەسپىي ئورۇنلارنىڭ 1980 - يىلدىن 1984 - يىلغىچە بولغان مۇكاپات تارقىتىش ئەھۋالى**

3 - 10 - 3 - جەدۋەل بىرلىكى: يۈەن

| يىللار | مۇكاپات سوممىسى | ھەر بىر كىشىگە توغرا كەلگىنى |
|---|---|---|
| 1980 | 35700 | 8.11 |
| 1981 | 96500 | 20.68 |
| 1982 | 185800 | 38.20 |
| 1983 | 213500 | 43.34 |
| 1984 | 507200 | 108.49 |

## 2 . مۇكاپات

50 - يىللاردىن باشلاپ، دۆلەت مەمۇرىي ئورگانلىرى ۋە كارخانا، كەسپىي ئورۇنلاردا مۇكاپات تۈزۈمى يولغا قويۇلۇپ، كارخانىلاردا ۋەزىپىنى ئاشۇرۇپ ئورۇندىغان ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە، دۆلەت مەمۇرىي ئورگانلىرىدا خىزمەتنى ياخشى ئىشلىگەن ئىشچى-

خىزمەتچىلەرگە ئاز مىقداردا ماددىي مۇكاپات بېرىلگەنىدى. 60 - يىللاردا ئۇ مەنئىي مۇكاپاتقا ئۆزگەرتىلدى.

1980 - يىلى ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى چوڭقۇرلاشقاندىن كېيىن، ئۇ، پۇل بىلەن مۇكاپاتلاش تۈزۈمىگە ئۆزگەرتىلدى. ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى كارخانىلاردا قالدۇرۇلغان پىرسەنتىنىڭ ئىچىدىن مەلۇم نىسبەتتە نەق پۇل ئاجرىتىلىپ، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ قوشقان تۆھپىسىنىڭ چوڭ - كىچىكلىكىگە قاراپ، ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە تارقىتىپ بېرىلدى. 1984 - يىلى پايدا ئورنىغا باج تاپشۇرۇش يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، پايدىدىن قالدۇرۇلغان پىرسەنتىنىڭ 20 پىرسەنتى مۇكاپات ئۈچۈن ئاجرىتىلدى. دۆلەت مەمۇرىي ئورگانلىرىدا مۇكاپات پۇلى ئىقتىساد قىلىنغان خىراجەتتىن چىقىم قىلىندى.

## § 4 . ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ پاراۋانلىق ئىشلىرى

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ھۆكۈمەت ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئىش ھەققى ئومۇمىي سوممىسىنىڭ بىر پىرسەنتىنى پاراۋانلىق خىراجىتى ئۈچۈن ئاجرىتىپ ئۇنى ناھىيىلىك كادىرلار پاراۋانلىقى كومىتېتىنىڭ بىر تۇتاش ئىگىلەپ ئىشلىتىشىنى بەلگىلىگەنىدى. شۇ چاغدا ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئىش ھەققى تۆۋەنرەك بولغانلىقتىن، پاراۋانلىق خىراجىتى، ئاساسەن، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئائىلىسىدىكى تۇرمۇش قىيىنچىلىقىغا قوشۇمچە ياردەم بېرىشكە ئىشلىتىلدى. 60 - يىللاردا جامائەت پاراۋانلىق ئىشلىرى تەرەققىي قىلدى، پاراۋانلىق خىراجىتىنىڭ ئاز قىسمى كادىرلارنىڭ كوللېكتىپ پاراۋانلىقىغا ئىشلىتىلدى. 1980 - يىللاردا ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى ئۆستى، پاراۋانلىق خىراجىتىنىڭ كۆپ قىسمى كوللېكتىپ پاراۋانلىققا ئىشلىتىلدى.

پاراۋانلىق خىراجىتى ئاجرىتىش ئۆلچىمىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. 1980 - يىلدىن ئېتىبارەن، مەمۇرىي، كەسپىي ئورۇنلاردا ھەر بىر كىشىدىن ھەر ئايدا 2.10 يۈەن ئۆلچەم بويىچە ئاجرىتىۋېلىندى، كارخانا ئورۇنلىرىدا 1982 - يىلدىن ئىلگىرى ئايلىق ئىش ھەققى ئومۇمىي سوممىسىنىڭ 11 پىرسەنتى بويىچە ئاجرىتىۋېلىناتتى. 1982 - يىلدىن كېيىن، كارخانىنىڭ پايدىسىدىن قالدۇرۇلغان پىرسەنت ئىچىدىن %20 ئاجرىتىۋېلىنىدىغان بولدى. ئاجرىتىۋېلىنغان خىراجەتنى ئاجرىتىۋالغان ئورۇن ئۆزى بىر تۇتاش باشقۇرۇپ ئىشلەتتى، ئىشلىتىش دائىرىسى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ تۇرمۇش قىيىنچىلىقىغا قوشۇمچە ياردەم بېرىش، كوللېكتىپ پاراۋانلىق ئىشلىرىنىڭ يېتىشمىگەن قىسمىنى تولۇقلاپ بېرىشتىن باشقا، يەنە ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ پېنسىيە پۇلىنى كۆپەيتىپ بېرىش، ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە دەپنە ھەققى، نەپىقە پۇلى، كېسەل بولغان، يارىلانغان ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە داۋالىنىش پۇلى، قوشۇمچە ئىشلەپچىقىرىشقا بېرىلىدىغان قوشۇمچە ياردەم پۇلى تارقىتىپ بېرىشكە، مەدەنىي كۆڭۈل ئېچىش، تەنتەربىيە، تەشۋىقات خىراجىتى، پىلانلىق تۇغۇتقا بېرىلىدىغان قوشۇمچە ياردەم قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلدى.

پوسكام ناھىيىسىدىكى مەمۇرىي، كەسپىي ئورۇنلارنىڭ 1982 ـ يىلدىن 1984 ـ يىلغىچە
بولغان پاراۋانلىق خىراجىتى ئاجرىتىش، ئۇنى ئىشلىتىش ئەھۋالى

3 ـ 10 ـ 4 ـ جەدۋەل

بىرلىكى: يۈەن

| يىللار / سوممىسى / ئىشلىتىش تۈرلىرى | 1982 ـ يىلى | 1983 ـ يىلى | 1984 ـ يىلى |
|---|---|---|---|
| ئاجرىتىلغان، ئىشلىتىلگەن پاراۋانلىق خىراجىتى ئومۇمىي سوممىسى | 579500 | 652900 | 728500 |
| ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىقىش خىراجىتى | 264100 | 306600 | 379400 |
| ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ دەپنە ۋە نەپىقە خىراجىتى | 37900 | 35700 | 53000 |
| ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ داۋالىنىش خىراجىتى | 100500 | 143300 | 85400 |
| ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ تۇرمۇش قىيىنچىلىقىغا بېرىلگەن قوشۇمچە ياردەم | 77900 | 56300 | 6400 |
| قوشۇمچە ئىسلەپچىقىرىشقابېرىلگەن قوشۇمچە ياردەم | 3700 | 800 | 16000 |
| مەدەنىي كۆڭۈل ئېچىش، تەنتەربىيىگە بېرىلگەن قوشۇمچە ياردەم | 2400 | 11300 | 1000 |
| كوللېكتىپ، پاراۋانلىق ئىشلىرىغا بېرىلگەن قوشۇمچە ياردەم | 16400 | 22200 | 124800 |
| كوللېكتىپ، پاراۋانلىق مۇئەسسەسىلىرىگە بېرىلگەن قوشۇمچە ياردەم | 15600 | 1300 | 3000 |
| باشقا پاراۋانلىققا بېرىلگەن قوشۇمچە ياردەم | 61000 | 75400 | 59500 |

# XI باب

# خەلق ئىشلىرى

## § 1 . قۇتقۇزۇش

مىنگونىڭ 11 - يىلى (1922 - يىلى) ناھىيىلىك ھۆكۈمەت بىر ساناتورىيە قۇرۇپ، ئىگە - چاقىسىز بوۋاي - مومايدىن ئونىنى قوبۇل قىلىپ باققانىدى. شېڭ شىسەي ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردە جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ ياردىمى بىلەن، نامرات پۇقرالارنى قۇتقۇزۇش خىزمىتى ئىشلەنگەن. 1939 - يىلى ئاشلىق توپلاش كوپىراتىپى قۇرۇلۇپ، قەرز بېرىش شەكلى بىلەن، دېھقانلارنىڭ سېرىقتال مەزگىلدىكى قىيىنچىلىقى ھەل قىلىنغان. 1941 - يىلى ناھىيىلىك ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى هازىرقى پوسكام يېزىسىنىڭ سۆگەتئېرىق كەنتىدە بىر دارىلئېتام قۇرۇپ، 100 دىن ئارتۇق يېتىم بالىنى، بىر ياشانغانلار ساناتورىيىسى قۇرۇپ، 70 تىن ئارتۇق ئىگە - چاقىسىز بوۋاي - مومايىنى قوبۇل قىلىپ باققان. تەبىئىي ئاپەت دېھقانلارغا زىيان سالغاندىن كېيىن، ناھىيىلىك ھۆكۈمەت ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە مەلۇمات يوللاپ تەستىقلاتقاندىن كېيىن، ئەھۋالىغا قاراپ، دېھقانلارنىڭ تاپشۇرۇشقا تېگىشلىك غەللە - پاراق ئاشلىقىنىمۇ كېمەيتكەن ۋە كەچۈرۈم قىلغان.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ خەلق ئىشلىرى تارماقلىرى ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش ئىشلىرىنى ئاساسلىق باشقۇردى، ئۇلار «ئىشلەپچىقىرىش ئارقىلىق ئۆزىنى قۇتقۇزۇشنى ئاساس، دۆلەتتىن بېرىلىدىغان زۆرۈرىي قۇتقۇزۇشنى قوشۇمچە قىلىش» فاڭجېنىنى ئىزچىل ئىجرا قىلىپ، ئاممىنى ئىشلەپچىقىرىش ئارقىلىق ئۆزىنى قۇتقۇزۇشقا تەشكىللىگەندىن باشقا، ئىشسىز ئاھالىلەر ۋە ئەمگەك قىلىش ئىقتىدارىدىن مەھرۇم بولغان قىيىنچىلىقى بار ئائىلىلەرگە ھەر يىلى قۇتقۇزۇش ئاشلىقى ۋە يوتقان، كۆرپە، چاپان، شىم، قولاقچا، ئاياغ كىيىم قاتارلىق ماددىي نەرسىلەرنى ۋاقتىدا تارقىتىپ بېرىپ قۇتقۇزۇپ تۇردى. 1953 - يىلدىن 1984 - يىلغىچە ناھىيە بويىچە 187 مىڭ 700 يۈەن قۇتقۇزۇش پۇلى تارقىتىلىپ، تەخمىنەن 9066 ئائىلىدىكى 27 مىڭدىن كۆپرەك ئادەم قۇتقۇزۇلدى، قۇتقۇزۇلغان ئائىلە يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 367 دىن توغرا كېلىپ، يىللىق ئوتتۇرىچە ئومۇمىي ئائىلىنىڭ ئىككى پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. تەبىئىي ئاپەت زىيان سالغاندىن كېيىن، ھۆكۈمەت قۇتقۇزدى ھەمدە دېھقانچىلىق بېجىنى قانۇن بويىچە كېمەيتتى ۋە كەچۈرۈم قىلدى. 1953 - يىلى 6 - ئايدا بوران ئاپىتى تۇپەيلىدىن، ناھىيە بويىچە 673 ئائىلىلىك دېھقان بىر تالمۇ ھوسۇل ئالالمىغانىدى، ناھىيىلىك، رايونلۇق خەلق ھۆكۈمەتلىرى دېھقانلارنى سەپەرۋەر قىلىپ، 3855 كىلوگرام بۇغداي، 10 مىڭ 145.5 كىلوگرام كۆممىقوناق، 347 كىلوگرام

زىغىر، 5 . 1025 كىلوگرام باشقا قارا ئاشلىق قەرز ئېلىپ، ئاشلىقى كەملەيدىغان ئائىلىلەرنىڭ قىيىن ئۆتكەلدىن ئۆتۈۋېلىشىغا ياردەم بەردى. 1955 - يىلى 5 - ئايدا يامغۇر ئاپىتى تۈپەيلىدىن، 10 مىڭ مودىن ئارتۇق يەردىكى كېۋەز، كۆممىقوناق زىيانغا ئۇچرىدى، ئون ئېغىز ئۆي ئۆرۈلۈپ چۈشتى، خەلق ئىشلىرى تارماقلىرى تەكشۈرگەندىن كېيىن، بىر قەدەر ئېغىر ئاپەتكە ئۇچرىغان 182 ئائىلىلىك دېھقانغا 3200 يۈەن ۋاقىتلىق قۇتقۇزۇش پۇلى تارقىتىپ بەردى. ناھىيە بويىچە 35 يىلنىڭ 25 يىلىدا ئاپەت يۈز بېرىپ تۇردى، خەلق ھۆكۈمىتى ئاھۋالغا قاراپ 1 مىليون 837 مىڭ 300 يۈەن قۇتقۇزۇش پۇلى تارقاتتى، 2 مىليون 970 مىڭ يۈەن دېھقانچىلىق بېجىنى قانۇن بويىچە كېمەيتتى ۋە كەچۈرۈم قىلدى.

خەلق ئىشلىرى تارماقلىرى قۇتقۇزۇشقا دائىر تۈرلۈك قائىدە - تۈزۈملەرنى ئورنىتىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈشكە ئەھمىيەت بەردى. 1962 - يىلى «تەمىنلەش كېنىشكىسى» تارقىتىش تۈزۈمىنى يولغا قويدى. 1964 - يىلدىن كېيىن، بەشتە كاپالەتلەندۈرۈلىدىغان ئائىلىلەرگە قارىتا «نورما بېكىتىپ ھۆددە بېرىش، مۇددەت بويىچە تەقسىم قىلىپ تارقىتىش» تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ. بەشتە كاپالەتلەندۈرۈلىدىغان ئائىلىلەرنىڭ پۈتۈن يىللىق كېتەرلىك ئاشلىقى، كىيىم - كېچىكى. يوتقان - كۆرپىسى، ئوتۇنى، گۆش - يېغى ۋە داۋالىنىش خىراجىتى، پەرزەنتلىرىنىڭ مەكتەپكە كىرىش خىراجىتى، ئۆلۈپ كەتكەنلەرنىڭ دەپنە خىراجىتىنى بېكىتىپ، ئۇلارنى يازلىق يىغىمدىكى ئەقسىمات ۋە يىل ئاخىرىدىكى نەق چوتقا بىرلەشتۈرۈپ، پەسىللەر بويىچە تارقىتىپ بەردى. قىيىنچىلىقى بار ئائىلىلەرگە قارىتا «ئىشلەپچىقىرىش ئارقىلىق ئۆزىنى قۇتقۇزۇش، كەملىگەن قىسمىغا قوشۇمچە ياردەم بېرىش» ئۇسۇلىنى1979- يىلغىچە ئىزچىل يولغا قويۇپ كەلدى.

خەلق ئىشلىرى تارماقلىرى قۇتقۇزۇش پۇلى تارقىتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئىجتىمائىي كۆچلەرنى قۇتقۇزۇش خىزمىتىنى ئورتاق ياخشى ئىشلەشكە سەپەرۋەر قىلدى. 1959 - يىلى ناھىيە بويىچە يېزىلاردا ياشانغانلار ساناتورىيىسىدىن 34ى قۇرۇلدى، بۇنىڭ ئىچىدە گۈڭشېلار قۇرغىنى ئىككى، چوڭ ئەترەتلەر قۇرغىنى 18. ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرى قۇرغىنى 14 بولۇپ، ئۇلارغا ئىگە - چاقىسىز قالغان بوۋاي - مومايدىن 363 ى قوبۇل قىلىنىپ بېقىلدى. 1960 - يىلى 9 - ئايدا ناھىيە بويىچە ياشانغانلار ساناتورىيىلىرى تەرتىپكە سېلىندى، ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرى قۇرغان ساناتورىيىلەر بىرلەشتۈرۈلۈپ، گۈڭشې ئاساس قىلىنغان ھالدا بەش ساناتورىيە قۇرۇلۇپ، ئىگە - چاقىسىز قالغان ياشانغانلاردىن 163 كىشى قوبۇل قىلىنىپ بېقىلدى. 1984 - يىلى ئىگە - چاقىسىز قالغان بوۋاي - مومايدىن 89ى قوبۇل قىلىنىپ بېقىلدى ھەمدە ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىغا ئىگە بولۇشقا توققۇز نەپەر مەخسۇس خىزمەتچى خادىم سەپلەندى.

1983 - يىلى ئىجتىمائىي قۇتقۇزۇش خىزمىتى نامراتلارغا يار - يۆلەك بولۇش يولىغا سېلىندى. ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ناھىيىلىك نامراتلارغا يار - يۆلەك بولۇشقا رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى قۇردى ھەمدە ناھىيىلىك نامراتلارغا يار - يۆلەك بولۇشقا رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى ئىشخانىسى تەسىس قىلدى. بىر قىسىم كادىر ئاجرىتىپ خىزمەت گۇرۇپپىسى تەشكىللىدى، بۇ گۇرۇپپىلار گۈڭشې مەيدانلارغا بېرىپ، ناھىيە بويىچە نامرات ئائىلە ۋە ئادەملەرنى ئىشلەپچىقىرىش شارائىتى ۋە تۇرمۇش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ، ناھىيە بويىچە جەمئىي 2082 ئائىلىلىك نامرات دېھقاننىڭ بارلىقىنى، ئۇلارنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلالماسلىقىنىڭ سەۋەبى ئائىلىسىنىڭ تەكتى ئاجىز، چارۋىسى، ئوغۇتى ئاز ياكى ئەمگەك كۈچى كەمچىل، ئىشلەپچىقىرىش

تېخنىكىسىنى ئۇقمىغانلىقىدىن ئىبارەت ئىككىنىچى ئىنقىلاپ چىقتى. 1984 - يىلى 5 - ئاينىڭ 18 - كۈنى ناھىيىدە تۈنجى قېتىملىق نامراتلارغا يار - يۆلەك بولۇش خىزمىتى يىغىنى چاقىرىلىپ، 1984 - يىلى ناھىيە بويىچە يار - يۆلەك بولۇنىدىغان ئائىلە 855 قىلىپ بېكىتىلدى، بۇ، بارلىق قىيىنچىلىقى بار ئائىلىلەرنىڭ 40 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. بۇ ۋەزىپىنى ئورۇنداشقا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك بانكىسى نامرات ئائىلىلەرگە 124 مىڭ 456 يۈەن ئۆسۈمسىز ياكى تۆۋەن ئۆسۈملۈك قەرز پۇل تارقاتتى، ناھىيە مالىيەدىن 60 مىڭ يۈەن قۇتقۇزۇش پۇلى ئاجراتتى، گۇڭشېلار ئۆزى 62 مىڭ 12 يۈەن مەبلەغ چىقاردى. ناھىيە بۇ پۇلغا 400 تونىنا نامراتلارغا يار - يۆلەك بولۇش خىمىيىۋى ئوغۇتى (ئۆلچەملىك تونىنا) سېتىۋېلىپ، نامرات ئائىلىلەرگە تارقىتىپ بەردى. گۇڭشې، ئەترەتتىن ئىبارەت ئىككى دەرىجىلىك كادىردىن 964 كىشى ناھىيە، گۇڭشېدىكى نامراتلارغا يار - يۆلەك بولۇشقا رەھبەرلىك قىلىش ئاپپاراتلىرى بىلەن نامراتلارغا يار - يۆلەك بولۇش توختىمى ئىمزالاپ، يېزىلاردا نامراتلارغا ياردەم بېرىش، يار - يۆلەك بولۇش گۇرۇپپىسىدىن 137 نى تەشكىللەپ، 1554 نامرات ئائىلىگە يار - يۆلەك بولۇپ، ئۇلارنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشنى ھۆددىگە ئالدى. بىر يىل تىرىشچانلىق كۆرسىتىش ئارقىلىق، 638 ئائىلە نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش ئۆلچىمىگە يەتتى، ئۇلارنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ئوزۇقلۇق ئاشلىقى 240 كىلوگىرامغا، ھەر ئائىلىگە توغرا كەلگەن ساپ كىرىم 492 يۈەنگە، كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ساپ كىرىم 149 يۈەنگە يەتتى، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئىشلەپچىقارغان ئومۇمىي ئاشلىقى 5000 كىلوگىرامغا يەتكەن ئائىلىدىن ئونى مەيدانغا كەلدى. نامرات ئائىلىلەرنىڭ ئۆز كۆچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشىغا ئىلھام بېرىش ئۈچۈن، 1984 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا، ناھىيىلىك تۈنجى نۆۋەتلىك نامراتلارغا يار - يۆلەك بولۇش بويىچە تەقدىرلەش يىغىنى چاقىرىلىپ، 45 نەپەر نامراتلىقتىن قۇتۇلغانلار ۋەكىلى ۋە نامراتلارغا يار - يۆلەك بولۇش بويىچە يەتتە ئىلغار كوللېكتىپ تەقدىرلەندى ۋە مۇكاپاتلاندى.

## § 2 . ئارمىيىنى ھىمايە قىلىش ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا ئېتىبار بېرىش

ھەر قېتىملىق «1 - ئاۋغۇست» ئارمىيە بايرىمى ۋە باھار بايرىمىدا ناھىيە ئارمىيىنى ھىمايە قىلىش ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا ئېتىبار بېرىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى، ياكى ئارمىيىنى ھىمايە قىلىش ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا ئېتىبار بېرىش بويىچە سۆھبەت يىغىنى چاقىردى، ياكى ئارمىيە خەلق بىرلەشمە كۆڭۈل ئېچىش كېچىلىكى ئۆتكۈزدى ۋە ياكى ئوقۇغۇچىلار، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى جەڭچىلەرگە ھال سوراش خېتى يېزىشقا سەپەرۋەر قىلىپ، ھال سوراش بۇيۇملىرىنى ئېلىپ ھەربىي لاگېرغا بېرىپ، جەڭچىلەرنىڭ يوتقان - كۆرپىلىرىنى، كىيىم - كېچەكلىرىنى يۇيۇپ بېرىپ، ئۇلاردىن ھال سوراپ تۇردى، شۇ جايدا تۇرۇشلۇق قىسىملار ئالماشقاندا ئاممىنى تەشكىللەپ، سەپ بولۇپ ئۇزىتىپ قويدى. قىسىملار قىيىنچىلىققا يولۇققاندا، ناھىيە پۈتۈن كۈچى بىلەن ئۇنى ھەل قىلىپ بەردى. 1982 - يىلى ناھىيىدە تۇرۇشلۇق «36923» قىسىم ئوتياش قىيىنچىلىقى تارتىپ قالغاندا، ناھىيە ئۇلارغا ئوتياش تېرىش ئۈچۈن 150 مو يەر، پەرزەنتلەر مەكتىپى سېلىشقا سەككىز مو يەر ئاجرىتىپ

بەردى.

ئارمىيىنى ھىمايە قىلىش ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا ئېتىبار بېرىش جەھەتتىكى تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ، ئارمىيە بىلەن ھۆكۈمەتنىڭ، ئارمىيە بىلەن خەلقنىڭ مۇناسىۋىتىنى يەنىمۇ قويۇقلاشتۇرۇش ئۈچۈن، ناھىيىدە ئىككى قېتىم ئارمىيىنى ھىمايە قىلىش، خەلقنى سۆيۈش بويىچە تەقدىرلەش يىغىنى چاقىرىلدى. 1980 - يىلى 10 - ئايدا ناھىيە بويىچە چاقىرىلغان ئارمىيىنى ھىمايە قىلىش ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا ئېتىبار بېرىش، ھۆكۈمەتنى ھىمايە قىلىش، خەلقنى سۆيۈش بويىچە ئىلغار كوللېكتىپ ۋە ئىلغار شەخسلەر ۋەكىللىرى يىغىنىدا يەرلىكتىكى ئالتە ئورۇنغا «ئارمىيىنى ھىمايە قىلىش ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا ئېتىبار بېرىش بويىچە ئىلغار كوللېكتىپ» دەپ، ھەربىي قىسىمدىكى بەش ئورۇنغا «ھۆكۈمەتنى ھىمايە قىلىش، خەلقنى سۆيۈش بويىچە ئىلغار كوللېكتىپ» دەپ، 74 كىشىگە «‹ئىككىنى ھىمايە قىلىش› بويىچە ئىلغار شەخس» دەپ نام بېرىلدى ۋە ئۇلار تەقدىرلەندى. مۇئاۋىن ھاكىم جۇمىخفاڭ، «36923» قىسىمنىڭ شتاب باشلىقى چېن جىڭفېڭ قاتارلىق توققۇز كىشىنىڭ ئارمىيىنى ھىمايە قىلىش ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا ئېتىبار بېرىش، ھۆكۈمەتنى ھىمايە قىلىش، خەلقنى سۆيۈش جەھەتتىكى ئىش ئىزلىرى گەۋدىلىك بولغانلىقتىن، ئۇلار مۇنەۋۋەر شەخس بولۇپ باھالاندى.

ئېتىبار بېرىش، نەپىقە بېرىش ئوبيېكتلىرىغا ئېتىبار بېرىلدى. 1953 - يىلدىن 1984 - يىلغىچە ناھىيە بويىچە 141 مىڭ يۈەن ئېتىبار، نەپىقە پۇلى تارقىتىلدى، بەلگىلىمە بويىچە، ئون نەپەر ئىنقىلابىي مەجرۇھ ھەربىيگە مەجرۇھلۇق نەپىقىسى تارقىتىپ بېرىلگەندىن باشقا، بەش ئائىلىلىك ئىنقىلابىي قۇربانىنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتى ۋە 20 — 40 ئائىلىلىك ھەربىيلەرنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا مەلۇم تۇرمۇش ياردەم پۇلى بېرىلدى، يېزا - كەنتلەردە ئۇلارنىڭ مەجبۇرىي ئەمگىكى ئازابتىلدى ۋە كەچۈرۈم قىلىندى. 1955 - يىلى ھەر قايسى كەنت، كوپېراتىپ، ھەمكارلىق گۇرۇپپىلىرىدا يېرى بار، لېكىن ئەمگەك كۈچى يوق ھەربىيلەرنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋە ئىنقىلابىي قۇربانلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا مەدىكار بەلگىلەپ بېرىش تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. 1956 - يىلى بارلىق ھەربىيلەرنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋە ئىنقىلابىي قۇربانلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى يېزا ئىگىلىك كوپېراتىپىغا كىردى، بۇ چاغدا ئەمگەك كۈنى جەھەتتە ئېتىبار بېرىش ئۇسۇلى ئارقىلىق، ئۇلارنىڭ ئالغان ئەمگەك ھەققى ئاز بولۇشتىن ئىبارەت بۇ قىيىنچىلىقى ھەل قىلىندى. ئەمگەك كۈنى جەھەتتە ئادەتتە 50 - 80 ئىش كۈنى ئېتىبار بېرىش بەلگىلەندى. 1958 - يىلى خەلق كوممۇنىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئېتىبار بېرىلىدىغان ۋە نەپىقە بېرىلىدىغان ئوبيېكتلارغا داۋاملىق ئەمگەك كۈنى جەھەتتە ئېتىبار بېرىش ئۇسۇلى يولغا قويۇلغاندىن باشقا، گۇڭشې، ئەترەتلەر ھەمكارلىق گۇرۇپپىلىرىنى قۇرۇپ، ئېتىبار بېرىش، نەپىقە بېرىش ئوبيېكتلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇشىغا ياردەم بەردى. 1962 - يىلى يەنە «تەمىنلەش كىنىشكىسى» تارقىتىش شەكلى ئارقىلىق، ئېتىبار بېرىش، نەپىقە بېرىش ئوبيېكتلىرىغا تارقىتىلىدىغان قوشۇمچە ياردەم پۇلى جەھەتتە كونكرېت بەلگىلىمە چىقىرىلدى. 1981 - يىلى يېزىلاردا ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى يولغا قويۇش باشلاندى. ناھىيە ۋە گۇڭشېلار بەش ئائىلىلىك ئىنقىلابىي قۇربانىنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى، 24 ئائىلىلىك ھەربىيلەر ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنىڭ غەللە - پاراق ئاشلىقى ۋە باشقا بارلىق خىراجەتلەرنى كەچۈرۈم قىلىش ھەمدە گۇڭشې، ئەترەتلەر مەلۇم مىقداردا نەق پۇل

قوشۇمچە ياردەم بېرىش، پۇلنى كۆككىشى، ئەترەتلەرنىڭ كىرىم ئەھۋالىغا قاراپ 120 — 300 يۈەن ئارىلىقىدا كونترول قىلىشنى بەلگىلىدى. ھەربىي سەپتىن قايتقان ۋە ھەربىي سەپتىن چېكىنگەنلەر ئىچىدىكى ئېتىبار بېرىش، نەپىقە بېرىش ئوبيېكتلىرىغا ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ئىشلىرى نازارىتىنىڭ بەلگىلىمىسىگە ئاساسەن، نىسبەت بويىچە مۇقىم ياردەم بېرىش ئۇسۇلى يولغا قويۇلۇپ، ھەربىي سەپتىن قايتقانلارغا 30٪، ھەربىي سەپتىن چېكىنگەنلەرگە 3 —5٪ كىچە مۇقىم ياردەم بېرىش دائىرىسى بېكىتىلدى. 1984 - يىلى ناھىيە بويىچە ھەربىي سەپتىن قايتقان تۆت كىشى، ھەربىي سەپتىن چېكىنگەن 12 كىشى مۇقىم ياردەم پۇلىدىن بەھرىمان بولدى.

## § 3. ھەربىي سەپتىن قايتقان، كەسىپ ئالماشتۇرغان ۋە چېكىنگەنلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇش

1955 - يىلى مەجبۇرىي ھەربىي خىزمەت تۈزۈمى يولغا قويۇلغاندىن تارتىپ، 1984 - يىلغىچە ناھىيە بويىچە تەخمىنەن 700 نەچچە كىشى جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىگە قاتناشتى، ھەر يىلى ھەربىي سەپتىن قايتقان ۋە چېكىنگەن بىر تۈركۈم كىشىلەر ناھىيىگە قايتتى. 1957 - يىلدىن ئىلگىرى، «ئۆزىنىڭ تەلىپى، يەرلىكنىڭ ئېھتىياجى» دېگەن پرىنسىپ بويىچە ئورۇنلاشتۇرۇلاتتى. 1958 - يىلدىن كېيىن، گوۋۇيۈەننىڭ بەلگىلىمىسىگە ئاساسەن، «قەيەردىن كەلگەن بولسا، شۇ يەرگە قايتۇرۇش» پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇلۇپ، ئۇلار ئەسلى ئورنىغا قايتۇرۇلۇپ، ئىشلەپچىقىرىشقا ۋە خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرۇلدى. 1984 - يىلنىڭ ئاخىرىغىچە ناھىيە بويىچە ھەربىي سەپتىن قايتقان ۋە چېكىنگەنلەردىن 827 كىشى (باشقا جايلاردىن قايتىپ ناھىيىگە كەلگەنلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) قوبۇل قىلىنىپ ئورۇنلاشتۇرۇلدى، بۇنىڭ ئىچىدە 541 كىشى بازارلارغا، 286 كىشى يېزىلارغا ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

ھەربىي سەپتىن قايتقان ۋە چېكىنگەنلەرنىڭ خاتىرجەم خىزمەت قىلىش ۋە ئىشلەپچىقىرىشقا قاتنىشىش ئاكتىپچانلىقىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ناھىيىدە 1976 - يىلى ھەربىي سەپتىن قايتقان ۋە چېكىنگەنلەرنىڭ تۇنجى نۆۋەتلىك ئاكتىپلار قۇرۇلتىيى چاقىرىلىپ، ھەربىي سەپتىن قايتقان ۋە چېكىنگەنلەر ئىچىدىكى سانائەت، يېزا ئىگىلىك قۇرۇلۇشىدا ئەلا نەتىجىلەرگە ئېرىشكەن، زور تۆھپە قوشقانلار تەقدىرلەندى.

## § 4. ئاپەتكە ئۇچرىغان خەلقنى ئورۇنلاشتۇرۇش

1961 - يىلى ئىچكىرىدىكى قىسمەن ئۆلكە، رايونلاردا تەبىئىي ئاپەت يۈز بېرىپ، ئاپەتكە ئۇچرىغان بىر تۈركۈم خەلق شىنجاڭغا ئۆزلۈكىدىن كەلدى. ئاپتونوم رايون ۋە ۋىلايەت ناھىيىگە ئورۇنلاشتۇرۇش ئۈچۈن ئاپەتكە ئۇچرىغان خەلقتىن 2700 كىشىنى تەقسىم قىلدى، ئەمەلىيەتتە 3865 كىشى ئورۇنلاشتۇرۇلدى. 1962 - يىلى 1356 كىشى ئورۇنلاشتۇرۇلدى، بۇنىڭدىن باشقا، چېگرا رايونغا ياردەم بېرىشكە كەلگەن ياشلاردىن توققۇز كىشى، تۆۋەنگە

چۇشۇرۇلگەن ئىشچى - خىزمەتچىدىن 112 كىشى ئورۇنلاشتۇرۇلدى، 1963 - يىلى يەنە 500 دىن ئارتۇق كىشى ئارقا - ئارقىدىن ئورۇنلاشتۇرۇلدى. 1961 - يىلى ئەتىيازدىن 1963 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، ناھىيە بويىچە «ئۈچ خىل خادىم»دىن جەمئىي 5842 كىشى ئورۇنلاشتۇرۇلدى. ئۇلار ھەر قايسى گوڭشې، مەيدانلارغا تەقسىم قىلىنىپ، مەركەزلەشتۈرۈپ ئەترەتكە ئايرىلىپ ئىشلەپچىقىرىشقا قاتناشتۇرۇلدى، بۇنىڭ ئىچىدە 1000 دىن ئارتۇق كىشى كېيىن باشقا جايلارغا كۆچۈپ كەتتى، ئەمەلىيەتتە ناھىيە تەۋەسىدە 4000 دىن ئارتۇق كىشى ئولتۇراقلاشتى.

1961 - يىل 9 - ئايدا ناھىيە قىش پەسىللىك قۇتقۇزۇش پۇلىدىن 5000 يۈەن ئاجرىتىپ، ھەر قايسى گوڭشېلاردىكى «ئۈچ خىل خادىم»لارنىڭ زۆرۈر تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرى ۋە ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرى سېتىۋېلىشى ئۈچۈن تارقىتىپ بەردى، 12 - ئايدا 1438 قۇر پاختىلىق چاپان، 2080 قۇر پاختىلىق شىم، 583 يوتقان تەييارلاپ، ئاپەتكە ئۇچرىغان خەلق ئورۇنلاشتۇرۇلغان نۇقتىلارغا تارقىتىپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ قىشتىن بىخەتەر ئۆتۈۋېلىشىغا ياردەم بەردى. ناھىيە يەنە كادىر ئەۋەتىپ، ئۇلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىشىغا ۋە يېڭى ئۆي - ماكان قۇرۇشىغا رەھبەرلىك قىلدى. 1963 - يىلى 21 مىڭ 500 يۈەن پۇل ئاجرىتىپ، شىنجاڭغا ئۆزلۈكىدىن كەلگەنلەرگە يېڭى ئۆي سېلىپ بېرىپ، پوسكام ناھىيىسىدە ماكانلاشقان، «ئۈچ خىل خادىم» لارنى خاتىرجەم ھالدا ئىشلەپچىقىرىشقا ئاتلىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى.

1963 - يىلدىن كېيىن، شىنجاڭغا ئۆزلۈكىدىن كەلگەنلەرنى گوڭشې، ئەترەتلەر ئۆزلىرى ئورۇنلاشتۇردى.

# باب X II

# سىياسىي قانۇن

## § 1. جامائەت خەۋپسىزلىكى

### 1. ئاپپارات تەسىس قىلىش

1950 - يىل 3 - ئايدا شۆيفېڭ، سوپىسەلەي قاتارلىقلار يەكەن ھەربىي ئىدارە قىلىش كومىتېتىنىڭ ئەۋەتىشى بىلەن پوسكامغا كېلىپ، گومىنداڭ ھاكىمىيىتىنى ئۆتكۈزۈۋېلىپ، سابىق ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسىغا قارىتا ھەربىي ئىدارە قىلىشنى يولغا قويدى، شۇ يىلى 6 - ئايدا، خادىملارنى ئېنىقلاش، قوشۇننى پاكلاشتۇرۇش ئارقىلىق، بىر تۈركۈم يەرلىك ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى تولۇقلىغاندىن كېيىن، ناھىيىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنى رەسمىي قۇردى، شۇ چاغدا ئىدارىدا 27 نەپەر كادىر، ساقچى بار ئىدى. 1954 - يىلى ئىدارە ئىچىدە سىياسىي قوغداش بۆلۈمچىسى، ئامانلىق ساقلاش بۆلۈمچىسى، كاتىبات بۆلۈمچىسى، قاماقخانا، جامائەت خەۋپسىزلىكى ئوتتۇرا ئەترىتى قاتارلىق ئاپپاراتلار تەسىس قىلىندى، ئاساسىي قاتلامدا

ھەر بىر رايوندا، بىر نەپەردىن جامائەت خەۋپسىزلىكى ياردەمچىسى قويۇلدى، بۇ، ناھىيىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنىڭ ۋەكالەت خادىمى بولۇپ، ناھىيىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى ۋە رايونلۇق پارتكومنىڭ قوش رەھبەرلىكىدە بولدى. 1958 - يىلى خەلق گۇڭشېسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، رايونلاردىكى جامائەت خەۋپسىزلىكى ياردەمچىلىرىنىڭ نامى جامائەت خەۋپسىزلىكى بويىچە ئالاھىدە ئەۋەتىلگۈچى خادىمغا ئۆزگەرتىلدى. 1966 - يىلى ئەتىيازدا، ئامانلىق ساقلاش خىزمىتىنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن، ئىككىسۇ جامائەت خەۋپسىزلىكى پەيچۇسوسى قۇرۇلدى، ئۇنىڭغا بىر نەپەر باشلىق، بەش نەپەر كادىر، ساقچى قويۇلدى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلانغاندىن كېيىن، جامائەت خەۋپسىزلىكى، تەپتىش، سوت ئاپپاراتلىرىغا قارىتا ھەربىي ئىدارە قىلىش يولغا قويۇلدى. 1969 - يىل 1 - ئايدا بۇ ئورۇنلار بىرلەشتۈرۈلۈپ، جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگىنىنى ھەربىي ئىدارە قىلىش گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى، ئۇنىڭ قارىمىقىدا سىياسىي خىزمەت، رازۋېتكا، سوتتىن ئىبارەت ئۈچ گۇرۇپپا تەسىس قىلىندى، جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنىڭ ئەسلىدىكى 30 نەچچە كادىر - ساقچىسى مەركەزلەشتۈرۈلۈپ ئۆگىنىش كۇرسىغا قاتناشتۇرۇلدى، ئۇنىڭدىن باشقا سابىق جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنىڭ كۆندىلىك خىزمەتلىرىنى ئىشلەشكە ئازادلىق ئارمىيىنىڭ بىر نەچچە جەڭچىسى يۆتكەپ كېلىندى. 1973 - يىل 3 - ئايدا ھەربىي ئىدارە قىلىش گۇرۇپپىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. ئىدارە ئىچىدە سىياسىي قوغداش بۆلۈمچىسى، ئامانلىق قوغداش بۆلۈمچىسى، دەسلەپكى سوت بۆلۈمچىسى، كاتىبات ئىشخانىسى، قاماقخانا تەسىس قىلىندى. 1975 - يىلى كادىر - ساقچى 36 نەپەرگە يەتتى. ھەر قايسى گۇڭشې، مەيدانلاردىكى خەلق قوغداش گەنسىلىرى جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنىڭ شتاتىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلىپ، جامائەت خەۋپسىزلىكى بويىچە ئالاھىدە ئەۋەتىلگۈچى خادىمغا ئۆزگەرتىلدى. 1976 - يىلنىڭ بېشىدا، جامائەت خەۋپسىزلىكى ئوتتۇرا ئەترىتى ناھىيىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنىڭ رەھبەرلىكىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى، شۇ يىلى ناھىيە بازىرى پەيچۇسوسى قۇرۇلدى ھەمدە ئىككىسۇ جامائەت خەۋپسىزلىكى پەيچۇسوسى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى، ئۇ، 5 -، 6 - گۇڭشېلارنىڭ ۋە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ ئامانلىق قوغداش خىزمىتىگە مەسئۇل قىلىندى، ئۇنىڭغا سەككىز شتات بېرىلدى. 1978 - يىلى ئامانلىق ساقلاش ئىشلىرى بويىچە باشقۇرۇش، جازالاش نىزامىنى يولغا قويۇش ئۈچۈن مەمۇرىي جەھەتتىن تۇنۇ- تۇرۇش ئورنى قۇرۇلدى، ئۇ، كەسىپ جەھەتتە، ئىدارىنىڭ ئامانلىق ساقلاش بۆلۈمچىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە بولدى. 1980 - يىلى كۆيباغ جامائەت خەۋپسىزلىكى پەيچۇسوسى قۇرۇلدى، ئۇ، 7 -، 8 - گۇڭشېلار، ياسىدۇن ئورمانچىلىق مەيدانى ۋە جەنۇبىي شىنجاڭ نېفىت قوماندانلىق شتابى پوسكام بازىسىنىڭ ئامانلىق ساقلاش ۋە دېلو پاش قىلىش خىزمىتىگە مەسئۇل قىلىندى. 1979 - يىلدىن كېيىن مەركەزنىڭ جامائەت خەۋپسىزلىكى قوشۇنىنىڭ قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى يوليورۇقىنىڭ روھىغا ئاساسەن، جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنىڭ شتاتى كۆپەيتىلدى. 1983 - يىلنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، ئومۇمىي كادىر - ساقچى 81 نەپەرگە يەتتى، 1981 - يىلى ۋەزىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن، جىنايى ئىشلار ساقچى ئەترىتى قۇرۇلدى، ئۇ، جىنايى ئىشلار دېلولىرىنى رازۋېتكا قىلىش، پاش قىلىش خىزمىتىگە مەخسۇس مەسئۇل قىلىندى.

ناھىيىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى قۇرۇلغاندىن بۇيان، ئەكسىيەتچىل پارتىيە،

گۇرۇھلارنىڭ ئىشپىيونلىرىنى تىزىملاش، ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى باستۇرۇش، جىنايى ئىشلار دېلولىرىنى رازۋېتكا قىلىش، پاش قىلىش، «تۆت خىل ئۇنسۇر» لارغا نازارەتچىلىك قىلىش، ئۇلارنى ئۆزگەرتىش، جەمئىيەت ئامانلىقىنى قوغداش قاتارلىق خىزمەتلەرنى ئىشلىدى.

## 2 . ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى باستۇرۇش

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە، ناھىيىلىك خەلق ھاكىمىيىتى ئەمدىلا قۇرۇلغاندا، بەزى ئەكسىيەتچىل پارتىيە - گۇرۇھلارنىڭ تايانچ ئۇنسۇرلىرى، جىنايى ھەرىكىتى ھەممىگە ئايان بولغان زومىگەرلەر پۇرسەت تېپىپ، ئالاتوپىلاڭ كۆتۈرۈپ، يېڭى ھەكىمىيەتكە قارشى تۇرۇپ، خەلق بىلەن داۋاملىق دۈشمەنلەشتى، ئۇلار كادىرلارنى ئۆلتۈرۈشنى مەخپىي پىلانلاپ، ئەكسىيەتچىل شوئارلارنى يېزىپ، چاپلاپ، مەخپىي ئالاقە باغلاپ، مۇرتىلىرىنى كۆپەيتىپ، قايتىدىن باش كۆتۈرۈپ چىقماقچى بولدى. خەلق ئاممىسى دۈشمەنلىرىنىڭ مۇنداق غالجىرانە قايتا تىرىلىش ھەرىكەتلىرىگە ئىنتايىن غەزەپلىنىپ، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتتىن ئۇلارنى قەتئىي باستۇرۇشنى ئارقا - ئارقىدىن تەلەپ قىلىشتى. ناھىيىدە 1951 - يىل 7 - ئايدا ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى باستۇرۇش ھەرىكىتى داغدۇغىلىق قانات يايدۇرۇلدى.

ئالدى بىلەن، توپلىنىپ قالغان دېلولارنى ئېنىقلاش بويىچە ناھىيىلىك خىزمەت ھەيئىتى قۇرۇلدى. 15 كادىر ئاجرىتىلىپ خىزمەت گۇرۇپپىسى تەشكىل قىلىندى. ئامما پاش قىلىش، تەكتىنى ئېنىقلاش، ئىستروي قىلىشقا سەپەرۋەر قىلىنىش ئاساسىدا، ئەكسىيەتچىل پارتىيە - گۇرۇھلارنىڭ تايانچ ئۇنسۇرلىرى، ئىشپىيونلار، قان قەرزگە بوغۇلغان زومىگەرلەردىن بولۇپ، جەمئىي 210 كىشى يىغىپ تەربىيىلەندى، گومىنداڭنىڭ يوشۇرۇن ئىشپىيونىدىن 113 كىشى، ئەكسىيەتچىل پارتىيە - گۇرۇھلارنىڭ تايانچ ئۇنسۇرلىرىدىن 61 كىشى ئېنىقلاپ چىقىلدى. جىنايىتى ھەممىگە ئايان بولغان ئەكسىلئىنقىلابچى ئۇنسۇرلاردىن 74 كىشى قولغا ئېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە قان قەرزى بارلار يەتتە نەپەر بولۇپ، ئۇلار سابىق گومىنداڭ ناھىيىلىك كېڭەش ھەيئىتىنىڭ باشلىقى، ئەكسىيەتچىل دىنىي كاتتىباش، ئىنقىلابىي ياشلارنى ئۆلتۈرگەن جاللات مەتنىياز بەگ، 4 - يېزىنىڭ بېگى ئابدۇۋايىت مامۇت، قۇۋان قاتارلىق كىشىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالدى.

7 - ئاينىڭ 9 - كۈنى ناھىيىلىك ئەكسىلئىنقىلابچى ئۇنسۇرلارنىڭ جىنايەتلىرى ئۈستىدىن شىكايەت قىلىش بويىچە 1 - قېتىملىق يىغىن چاقىرىلدى، يىغىنغا 9000 دىن ئارتۇق ئامما قاتناشتى، 50 كىشى يىغىندا ئەكسىلئىنقىلابچى ئۇنسۇرلارنىڭ جىنايەتلىرى ئۈستىدىن شىكايەت قىلدى، 120 نەپەر ئامما شۇ مەيداندىلا شىكايەتنامە تاپشۇردى، يىغىندىن كېيىن يەنە ئارقا - ئارقىدىن 1620 پارچىدىن ئارتۇق شىكايەتنامە ئەۋەتىلدى. خەلق ھۆكۈمىتى بۇ ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى قانۇن بويىچە جازالىدى. بۇلاردىن بىر كىشى ئۆلۈم جازاسىغا، قالغانلىرى ئايرىم - ئايرىم ھالدا، بىر يىللىقتىن سەككىز يىللىققىچە مۇددەتلىك قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىندى. ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى باستۇرۇشقا بىرلەشتۈرۈلۈپ، تۆت مىلتىق يىغىۋېلىندى.

1956 - يىلى ئاغدۇرۇلغان بەزى سىنىپىي دۈشمەنلەر سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش داۋامىدا يۈز بەرگەن بەزى مەسىلىلەردىن پايدىلىنىپ، جاھاننى ئۆزگەرتىش خام خىيالىدا بولدى، ئۇلار پىتنە - ئىغۋا تارقىتىپ، جېدەل تېرىپ، دېھقانلارنى كوپىراتىپتىن چىقىپ كېتىشكە قۇتراتتى، بەزى پومېشچىك، باي دېھقانلار ئەمگەككە قاتناشمىدى، ئىجىمغا بويسۇنمىدى، غەللە - پاراق تاپشۇرۇشقا قارشىلىق قىلدى، بەزىلىرى تىغ كۆتۈرۈپ كادىرلارغا تەھدىت سالدى، گۆشىنى ئەزالىرىنى ئۇردى، تىللىدى، بەزىلىرى ئەتەي ئوت قويۇپ، يېزا ئىگىلىك كوپىراتىپلىرىنىڭ

دۆۋلەتلىك پاختىلىرىنى، ئوت - چۆپلىرىنى كۆيدۈرۈۋەتتى، يېزا ئىگىلىك كوپىراتىپلىرىنىڭ تېرىلغۇ ئۇلاغلىرىنى زەھەرلەپ ئۆلتۈرۈۋەتتى، تېخىمۇ ئېغىر بولغىنى شۇكى، بەزىلىرى ئەكسىلئىنقىلابىي گۇرۇھ ئۇيۇشتۇرۇپ، توپىلاڭ كۆتۈرۈشكە ئۇرۇندى. ناھىيە بويىچە ئەكسىلئىنقىلابىي دېلودىن يەتتىسى، توپىلاڭ كۆتۈرۈشنى قەستلىگەن دېلودىن ئىككىسى يۈز بەردى.

ئاممىنى پاش قىلىشقا تولۇق ھەرىكەتلەندۈرۈش ئاساسىدا، دېلو تۇرغۇزۇپ، رازۋېتكا قىلىنىپ تەكشۈرۈلۈش ئارقىلىق، 197 نەپەر ئەكسىلئىنقىلابچى قولغا ئېلىندى، ئۇلار، جىنايىتىنىڭ ئېغىر - يېنىكلىكىگە قاراپ، ئايرىم - ئايرىم ھالدا، قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنىپ، قاماپ ئۆزگەرتىلدى.

## 3 . ئىچكى قىسىمدا ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى تازىلاش

1956 - يىل 1 - ئايدىن باشلاپ، ناھىيە بويىچە كادىرلار، ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئارىسىدا ئىچكى قىسىمدا ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى تازىلاش ھەرىكىتى قانات يايدۇرۇلدى، بۇ قېتىمقى ھەرىكەتكە پارتىيە، ئاممىۋى تەشكىلات، سىياسىي قانۇن، مەدەنىيەت - مائارىپ، سەھىيە، مالىيە - سودا، سانائەت - قاتناش، قول سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى قاتارلىق ئورۇنلاردىن 1792 نەپەر كادىر، ئىشچى - خىزمەتچى قاتناشتى. 1 - تۈركۈمى 1956 - يىل 1 - ئايدا باشلىنىپ، سەككىز ئاي داۋاملاشتى، ھەر خىل كادىردىن 713 كىشى تەكشۈرۈلدى، بۇ، ئۆگىنىشكە قاتناشقان ھەر خىل خادىملارنىڭ 39.81 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ، بۇلارنىڭ ئىچىدە خەنزۇ كادىر 157 نەپەر، ئاز سانلىق مىللەتتىن بولغان كادىر 556 نەپەر. 2 - تۈركۈمى 1958 - يىل 6 - ئايدا ئېلىپ بېرىلدى، بۇ قېتىمدا ناھىيە دەرىجىلىك ئورگانلاردىكى خىزمەتچى خادىملار ۋە رايون، يېزا كادىرلىرى قول سانائەتچىلەر بىرلەشمىسىدىكى خادىملار بولۇپ جەمئىي 809 كىشى تەكشۈرۈلدى. 3 - تۈركۈمى 1958 - يىل 8 - ئايدا باشلاندى، بۇ قېتىمدا ئوتتۇرا باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسىدىن 270 كىشى تەكشۈرۈلدى. مەركەزنىڭ «ھوشيارلىقنى ئۆستۈرۈپ، بارلىق ئەكسىلئىنقىلابچى ئۇنسۇرلارنى تازىلاش، ئېغىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش، بىرمۇ ياخشى ئادەمگە ئۇۋال قىلماسلىق» دېگەن فاڭجېنى بويىچە، ئۆگىنىشكە تەشكىللەش، ئىقرار قىلدۇرۇش، مەسىلىسىنى تاپشۇرۇش، پاش قىلىش، مەخسۇس دېلو تۇرغۇزۇپ تەكشۈرۈپ پەرقلەندۈرۈپ دېلو بېكىتىش ۋە بىر تەرەپ قىلىشتىن ئىبارەت بىر قانچە باسقۇچ ئارقىلىق، ئىقرار قىلىش، تاپشۇرۇش، پاش قىلىش بويىچە ھەر خىل ماتېرىيالدىن 439 پارچە تاپشۇرۇۋېلىندى، 23 نەپەر ئەكسىلئىنقىلابچى ئۇنسۇر، بىر بۇزۇق ئۇنسۇر ئېنىقلاپ چىقىلدى، ئۇلارغا خىزمەتتىن قوغلاش ۋە خىزمەتتىن قوغلاپ قالدۇرۇپ ئىشلىتىش چارىسى كۆرۈلدى.

ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى تازىلاش ئاساسىدا، 1956 - يىل 10 - ئايدا ۋە 1985 - يىل 7 - ئايدا يەنە 41 كادىر ئىككى تۈركۈمگە بۆلۈنۈپ، نۇقتىلىق تەكشۈرۈلۈپ، 490 پارچە ئىسپات ماتېرىيالى قولغا چۈشۈرۈلدى، 16 پارچە يەكۈن، 21 پارچە تەكشۈرۈش دوكلاتى يېزىپ چىقىلدى، بۇزۇق ئۇنسۇردىن بىرى، گومىنداڭنىڭ پارتىيە - گۇرۇھ تايانچ ئۇنسۇرىدىن ئىككىسى ئېنىقلاپ چىقىلدى.

## 4 . تۆت خىل ئۇنسۇرلارغا نازارەتچىلىك قىلىش ۋە ئۇلارنى ئۆزگەرتىش

1956 - يىلى دىكتاتۇرا ئوبيېكتلىرىغا بولغان نازارەتچىلىك ۋە ئۇلارنى ئۆزگەرتىش كۈچەيتىلىپ، ئامما باھالاش، رەھبەرلىك تەكشۈرۈش ئۇسۇلى قوللىنىلىپ، پومېشچىك، باي دېھقان، ئەكسىلئىنقىلابچىدىن ئىبارەت ئۈچ خىل ئۇنسۇرلار ئومۇميۈزلۈك بىر قېتىم باھالاپ

تەكشۈرۈلدى. ناھىيە بويىچە جەمئىي 1700 نەپەر ئۈچ خىل ئۇنسۇر باھالاپ تەكشۈرۈلۈش ئارقىلىق. ئىپادىسى ۋە پارتىيىنىڭ پەرقلىق مۇئامىلە قىلىش سىياسىتىگە ئاساسەن، ئۇلارنىڭ 1007 نەپىرى ئورۇنلاشتۇرۇلدى، بۇلارنىڭ 320 نەپىرى گوڭشېنىڭ رەسمىي ئەزاسى، 687 نەپىرى گوڭشېنىڭ كاندىدات ئەزاسى دەپ باھالاندى، 110 نەپىرى رىجىم ئاستىدا ئىشلەپچىقىرىشقا قاتناشتۇرۇلدى، 583 نەپىرى نازارەت ئاستىدا ئۆزگەرتىلدى.

1979 - يىلى جوڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ «پومېشچىك، باي دېھقانلارنىڭ قالپىقىنى ئېلىۋېتىش مەسىلىسى ۋە ئۇلارنىڭ پەرزەنتلىرىنىڭ تەركىبىي مەسىلىسى توغرىسىدا قارار» غا ئاساسەن، 618 نەپەر تۆت خىل ئۇنسۇرنىڭ قالپىقى ئېلىۋېتىلدى، بۇلارنىڭ 342 نەپىرى پومېشچىك ئۇنسۇر، 200 نەپىرى باي دېھقان ئۇنسۇر، 30 نەپىرى ئەكسىلئىنقىلابچى ئۇنسۇر، 43 نەپىرى بۇزۇق ئۇنسۇر. ناھىيە بويىچە پومېشچىك، باي دېھقان ئائىلىسىدىن كېلىپ چىققان بارلىق كىشىلەرنىڭ تەركىبى ئۆزگەرتىلدى.

## 5. جىنايى ئىشلار جىنايى ھەرىكەتلىرىگە زەربە بېرىش

1983 - يىلدىن 1984 - يىلغىچە پوسكام ناھىيىسىدە ئۈچ قېتىم مەخسۇس جىنايى ئىشلار جىنايى ھەرىكەتلىرىگە زەربە بېرىش كۈرىشى قانات يايدۇرۇلدى، ناھىيىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبىرىي ئورگانلىرىنىڭ بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن ناھىيىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى مەركەز بەلگىلىگەن «ئېغىرلىتىش ۋە تېز بولۇش، ھەممىسىنى بىراقلا تورغا چۈشۈرۈش» فاڭجېنىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، پارتىيە، ھۆكۈمەت كادىرلىرى، جامائەت خەۋپسىزلىكى كادىر - ساقچىلىرى، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى، قوراللىق ساقچىلاردىن بولۇپ 556 كىشىنى ئاجرىتىپ، 54 ئاپتوموبىلنى ئىشقا سېلىپ، تەكتىنى ئېنىقلاش، ئىستروي قىلىش، دېلو تۇرغۇزۇپ رازۋېتكا قىلىش، جىنايى پاكىتلارنى تەكشۈرۈش ئاساسىدا، ھەر خىل جىنايەتچىدىن 110 نى تۇتتى، بۇنىڭ ئىچىدە قولغا ئېلىنغىنى 107 نەپەر، قاماق جازاسى ھۆكۈم قىلىنغىنى 106 نەپەر، گۇناھسىز بولغانلىقتىن قويۇپ بېرىلگىنى بىر نەپەر.

## 6. جەمئىيەت ئامانلىقىنى باشقۇرۇش

1951 - يىلدىكى ئىجارە كېمەيتىش، زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش ھەرىكىتى داۋامىدا، ناھىيە بويىچە يېزىلىق ئامانلىق قوغداش ھەيئىتىدىن 24 ى ، ئامانلىق قوغداش گۇرۇپپىسىدىن 68ى قۇرۇلدى. 1952 - يىلدىكى يەر ئىسلاھاتى ھەرىكىتى داۋامىدا، يېزىلىق ئامانلىق قوغداش تەشكىلاتىدىن 30ى قۇرۇلدى، ئۇلارغا 290 نەپەر ئامانلىق قوغداش خادىمى قوبۇل قىلىندى، 1958 - يىلى ئامانلىق قوغداش ھەيئىتىدىن 66 سى، ئامانلىق قوغداش گۇرۇپپىسىدىن 313ى قۇرۇلدى، ئۇلارغا 1166 نەپەر ئامانلىق قوغداش خادىمى قوبۇل قىلىندى. 1973 - يىلى جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگىنىنىڭ كەسپىي جەھەتتىكى فونكسىيىسى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن، يېزىلاردىكى ئامانلىق قوغداش تەشكىلاتلىرى يېزىلاردىكى گوڭشې، ئەترەتلەرنىڭ ھەممىسىگە تارقالدى، ناھىيە دەرىجىلىك ئورگانلاردىمۇ ئامانلىق قوغداش تەشكىلاتلىرى ئارقا - ئارقىدىن قۇرۇلدى. 1984 -يىلغىچە ناھىيە بويىچە ئامانلىق قوغداش تەشكىلاتىدىن 173ى قۇرۇلدى، ئۇلارغا 781 نەپەر ئامانلىق قوغداش خادىمى قوبۇل قىلىندى.

ھەر دەرىجىلىك ئامانلىق قوغداش تەشكىلاتلىرى، جەمئىيەت ئامانلىقىنى ھەر تەرەپلىمە تۈزەش پائالىيىتى داۋامىدا، ئاممىنى ئوتتىن ۋە ئوغرىلىقتىن مۇداپىئە كۆرۈشكە تەشكىللىدى، ئۈچ ئىشنى ھۆددىگە بېرىش شەكلىنى قوللىنىپ، پومېشچىك، باي دېھقان، ئەكسىلئىنقىلابچى،

بۇزۇق ئۇنسۇرلارغا نازارەتچىلىك قىلدى ۋە ئۇلارنى ئۆزگەرتتى، ياردەم ۋە تەربىيە بېرىش تۈزۈمىنى ئورنىتىپ، قانۇنغا خىلاپلىق قىلغان، جىنايەت ئۆتكۈزگەن ياش - ئۆسمۈرلەرگە تەربىيە بەردى؛ جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگىنىنىڭ دېلو رازۋېتكا قىلىشى، پاش قىلىشىغا ياردەملەشتى. ناھىيىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى ئامانلىق قوغداش خادىملىرىنى مۇددەتكە، تۈركۈمگە بۆلۈپ نۆۋەت بىلەن تەربىيىلىدى، ھەر دەرىجىلىك ئامانلىق قوغداش تەشكىلاتلىرىنىڭ جەمئىيەت ئەھۋالىنى تەھلىل قىلىش، ئېقىپ يۈرگەنلەرنى باشقۇرۇش، جامائەت مۈلكىنى قوغداش قاتارلىق تۈرلۈك تۈزۈملەرنى ئورنىتىشىغا، مەسئۇلىيەت دائىرىسى ۋە رىئايە قىلىشقا تېگىشلىك ئىنتىزامنى ئايدىڭلاشتۇرۇشىغا ياردەملەشتى. 1983 - يىلى ئامانلىق قوغداش تەشكىلاتلىرىنىڭ فۇنكسىيىسى ۋە تۈرلۈك بەختەرلىك، مۇداپىئە تەدبىرلىرى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈلدى، ئورگان، ئورۇنلار ۋە يېزىلاردا ئامانلىق ساقلاش بويىچە مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلۇپ، نوپۇسنى ۋە ئېقىپ يۈرگەنلەرنى باشقۇرۇش. سىياسەتنى تەشۋىق قىلىش كۈچەيتىلدى ھەمدە جەمئىيەت ئامانلىقى تەرتىپىنى قالايمىقانلاشتۇرغان، ئاممىۋى تازىلىققا تۇسالغۇلۇق قىلغان، پۇقرالارنىڭ كىشىلىك ھوقۇقىغا دەخلى - تەرۇز يەتكۈزگەن، ئومۇمنىڭ ۋە شەخسلەرنىڭ مال - مۈلكىگە زىيان سالغانلاردىن قىلمىشى يەڭگىل بولۇپ، جىنايى ئىشلار جازاسى بېرىشكە توشمايدىغانلىرىغا قانۇن بويىچە ئاگاھلاندۇرۇش، جەرىمانە قويۇش، تۇتۇپ تۇرۇش توغرىسىدىكى بەلگىلىمە بويىچە ۋاقتىدا چارە كۆرۈلدى.

«خەلق ئامانلىق ئىشلىرىنى باشقۇرۇش» فاڭجېنى ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، جامائەت خەۋپسىزلىكى كادىر - ساقچىلىرىنىڭ كەسپىي ساپاسىنى ئۆستۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىلگەنلىكتىن، ناھىيە تەۋەسىدە يۈز بەرگەن دېلولارنىڭ كۆپ قىسمى ۋاقتىدا رازۋېتكا قىلىنىپ، پاش قىلىنىپ ئاياغلاشتۇرۇلدى، دېلونىڭ پاش قىلىنىش نىسبىتى 65 - 85% كە يەتتى.

## § 2 . تەپتىشلىك

ناھىيىلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسى 1955 - يىل 11 - ئايدا قۇرۇلغان، تۇنجى باش تەپتىشلىككە ئابدۇرېھىم قۇدرەت تەيىنلەنگەن، مەھكىمە قارمىقىدا ئۈچ تەپتىش، بىر پۈتۈكچى، جەمئىي بەش كىشى بار ئىدى.

1969 - يىل 1 - ئايدا جامائەت خەۋپسىزلىكى، تەپتىشلىك، سوت ئورگانلىرىغا قارىتا ھەربىي ئىدارە قىلىش يولغا قويۇلۇپ، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى پوسكام ناھىيىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگىنى ھەربىي ئىدارە قىلىش گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى، ھەربىي ئىدارە قىلىش گۇرۇپپىسىنىڭ كادىرى سىدىق ئۆمەر تەپتىشلىك خىزمىتىگە مەسئۇل قىلىندى. 1973 - يىلى ھەربىي ئىدارە قىلىش گۇرۇپپىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى، 5 - ئايدا ناھىيىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ، تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ خىزمەت ھوقۇقىنى ۋەكالىتەن يۈرگۈزدى. 1978 - يىل 10 - ئايدا ناھىيىلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى.

ناھىيىلىك تەپتىش مەھكىمىسى 1955 - يىلى قۇرۇلغاندىن تارتىپ 1968 - يىل 2 - ئايغىچە، قوبۇل قىلىنىپ بىر تەرەپ قىلىنغان ھەر خىل دېلوغا چېتىشلىق بولغان جىنايەتچى 1095 نەپەرگە

يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە جىنايى ئىشلار دېلوسىغا چېتىشلىق جىنايەتچى 937 نەپەر، ئىقتىسادىي دېلوغا چېتىشلىق جىنايەتچى 108 نەپەر، ئەكسىلئىنقىلابىي دېلوغا چېتىشلىق جىنايەتچى 50 نەپەر. 1978 ـ يىلدىن 1983 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە قوبۇل قىلىنىپ بىر تەرەپ قىلىنغان ھەر خىل دېلوغا چېتىشلىق بولغان جىنايەتچى 236 نەپەرگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە جىنايى ئىشلار دېلوسىغا چېتىشلىق جىنايەتچى 225 نەپەر، ئىقتىسادىي دېلوغا چېتىشلىق جىنايەتچى 11 نەپەر.

مەملىكەتلىك 5 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 2 ـ يىغىنىدىن بۇيان، ناھىيىلىك تەپتىش مەھكىمىسى قانۇندا بەلگىلەنگەن خىزمەت ھوقۇقىنى تولۇق يۈرگۈزۈپ، قولغا ئېلىشنى تەستىقلاش، ئەيىبلەش، رازۋېتكا، نازارەتچىلىك قىلىش، سوتلاشقا نازارەتچىلىك قىلىش، تۈرمە تەپتىشلىكى، ئىقتىسادىي تەپتىشلىك، قانۇن ـ ئىنتىزام تەپتىشلىكى قاتارلىق كەسىپلەرنى پائال يولغا قويۇپ، بىر قەدەر ياخشى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى.

## § 3 . سوت

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى، پوسكام ناھىيىسىدە سوت مەھكىمىسى يوق ئىدى، ھەق ـ تەلەپ دەۋالىرى ۋە جىنايى ئىشلار دېلولىرىنى، كۆپ ھاللاردا، ھاكىم قوشۇمچە بىر تەرەپ قىلاتتى، قىسمەن ھەق ـ تەلەپ دەۋا دېلولىرىنى مەھكىمە شەرئى بىر تەرەپ قىلاتتى.

1950 ـ يىل 3 ـ ئايدا ناھىيىدە خەلق ھاكىمىيىتى قۇرۇلدى، ناھىيىلىك سوت مەھكىمىسى شۇ يىلى 4 ـ ئايدا قۇرۇلدى. ھاكىم سوپى سەلەي سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقلىقىنى قوشۇمچە ئۈستىگە ئالدى، ئۇنىڭ قول ئاستىدا بىر سوتچى، بىر پۈتۈكچى، بىر ساقچى بار ئىدى، شۇ يىلى 6 ـ ئايدىن ئېتىبارەن دېلو قوبۇل قىلىپ بىر تەرەپ قىلىش ئىشى باشلاندى. 1956 ـ يىل 3 ـ ئايدا ئىككىسۇدا سوت كوللېگىيىسى قۇرۇلدى، ئۇنىڭدا بىر سوتچى، بىر پۈتۈكچى بار ئىدى، ئۇ، 1962 ـ يىلى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. 1965 ـ يىلى سوت مەھكىمىسىنىڭ قارىمىقىدا ھەق ـ تەلەپ دەۋا ئىشلىرى سوت كوللېگىيىسى، جىنايى ئىشلار سوت كوللېگىيىسى، ئىشخانىدىن ئىبارەت ئۈچ ئاپپارات بار ئىدى، شتاتى يەتتە نەپەر ئىدى، بۇنىڭ ئىچىدە مەھكىمە باشلىقى ۋە مۇئاۋىن مەھكىمە باشلىقى ئىككى نەپەر، سوتچى ئىككى نەپەر، قانۇن ساقچىسى بىر نەپەر، پۈتۈكچى ئىككى نەپەر.

1969 ـ يىل 1 ـ ئايدا جامائەت خەۋپسىزلىكى، تەپتىشلىك، سوت ئورگانلىرىغا قارىتا ھەربىي ئىدارە قىلىش يولغا قويۇلۇپ، پوسكام ناھىيىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگىنىنى ھەربىي ئىدارە قىلىش گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى، سوت مەھكىمىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. 1971 ـ يىلى ھەربىي ئىدارە قىلىش گۇرۇپپىسىنىڭ قارىمىقىدا سوت قىلىش گۇرۇپپىسى قۇرۇلۇپ، سابىق سوت مەھكىمىسىنىڭ خىزمەت ھوقۇقىنى يۈرگۈزدى. 1973 ـ يىل 3 ـ ئايدا ھەربىي ئىدارە قىلىش گۇرۇپپىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى، 5 ـ ئايدا سوت مەھكىمىسى ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ، سەككىز شتات بېرىلدى. 1978 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا شتاتى 11گە يەتتى. پارتىيە 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشى پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ ئەھمىيەت بېرىشى ۋە كۈچەيتىشىگە ئېرىشتى. 1983 ـ يىلى سوت

مەھكىمىسى بويىچە كادىر - ساقچى 27 نەپەرگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە مەھكىمە باشلىقى ۋە مۇئاۋىن مەھكىمە باشلىقى ئۈچ نەپەر، كوللېگىيە باشلىقى ۋە مۇئاۋىن كوللېگىيە باشلىقى ئىككى نەپەر، سوتچى ئۈچ نەپەر، ياردەمچى سوتچى سەككىز نەپەر، پۈتۈكچى سەككىز نەپەر، قانۇن ساقچىسى ئۈچ نەپەر، مەھكىمە قارىمىقىدا جىنايى ئىشلار سوت كوللېگىيىسى، ھەق - تەلەپ دەۋا ئىشلىرى سوت كوللېگىيىسى، ئىقتىسادىي ئىشلار سوت كوللېگىيىسى ۋە مەمۇرىيەت ئىشخانىسىدىن ئىبارەت تۆت ئاپپارات تەسىس قىلىندى.

1966 - يىلدىكى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دىن ئىلگىرى، سوت مەھكىمىسى پارتىيىنىڭ ھەر قايسى دەۋرلەردىكى مەركىزىي خىزمىتىنى دەۋر قىلغان ھالدا خىزمەتلەرنى قانات يايدۇرۇپ، ھەر خىل جىنايى ئىشلار دېلوسىدىن جەمئىي 1511نى، ھەق - تەلەپ دەۋا ئىشلىرى دېلوسىدىن 3345 نى قوبۇل قىلىپ بىر تەرەپ قىلىپ ئاياغلاشتۇردى. 1973 - يىلى سوت مەھكىمىسى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن، 1983 - يىلغىچە ھەر خىل جىنايى ئىشلار دېلوسىدىن 364 نى، ھەق تەلەپ دەۋا ئىشلىرى دېلوسىدىن 1170 نى قوبۇل قىلىپ بىر تەرەپ قىلىپ ئاياغلاشتۇردى.

1979 - يىلى مەركەزنىڭ يوليورۇقىغا ئاساسەن، ناھىيىلىك سوت مەھكىمىسى ناھەق، يالغان، خاتا دېلولارنى ئاقلاش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇپ، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» داۋامىدىكى ئەكسىلئىنقىلابىي دېلو ۋە جىنايى ئىشلار دېلوسىدىن 255 نى قايتا تەكشۈردى، بۇنىڭ ئىچىدە 50 پارچە ئەكسىلئىنقىلابىي دېلودىن 33 نى ئاقلاپ تۈزەتتى، ئالتىسىنىڭ خاراكتېرىنى ئۆزگەرتىپ، قاماق جازاسىنى يېنىكلەتتى، ئىككىسىنى جىنايى ئىشلار جازاسىدىن كەچۈرۈم قىلدى، ئىككىسىنىڭ ئەسلىدىكى يەكۈنىنى ساقلاپ قالدى؛ جىنايى ئىشلار دېلوسىدىن تۆتنى ئاقلاپ تۈزەتتى، بەشىنىڭ قاماق جازاسىنى يېنىكلەتتى، بىرىنى جىنايى ئىشلار جازاسىدىن كەچۈرۈم قىلدى. 1980 - يىلى يەنە يولداش ليۇشاۋچىنىڭ ناھەق دېلوسىغا چېتىلىپ قالغان ئالتە پارچە دېلونى ئۈزۈل - كېسىل ئاقلىدى ھەمدە «ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش، خاتا بولىدىكەن چوقۇم تۈزىتىش» پرىنسىپى بويىچە، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دىن ئىلگىرى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىنغان تارىخىي ئەكسىلئىنقىلابىي دېلودىن سەككىزنى، جىنايى ئىشلار دېلوسىدىن يەتتىنى ئاقلاپ تۈزەتتى.

مەملىكەتلىك 5 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 2 - يىغىنىدا قاراپ چىقىلىپ ماقۇللانغان يەتتە قانۇن ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، سوت مەھكىمىسىنىڭ خىزمىتى تەدرىجىي مۇنتىزىملىشىشقا قاراپ يۈزلەندى. 1980 - يىلى سوت ھەيئىتى ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ قۇرۇلۇپ، ئوچۇق سوت. زاسىدا تىڭشىش، كېڭەشمە سوت، ئاقلاش، يۇقىرىغا ئەرز يېزىش قاتارلىق سوت تۈزۈملىرى تەدرىجىي يولغا قويۇلۇپ، دېلو بېجىرىش سۈپىتى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى.

## § 4 . ئەدلىيە مەمۇرىيىتى

پوسكام ناھىيىلىك ئەدلىيە بۆلۈمى 1981 - يىل 1 - ئايدا قۇرۇلدى، ئۇ، پوسكام ناھىيىلىك

خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ خىزمەت تارمىقىدىن ئىبارەت بولدى. 1984 ـ يىلدىكى ئاپپارات ئىسلاھاتىدا نامى ئەدلىيە ئىدارىسىغا ئۆزگەرتىلدى، ئۇنىڭغا بىر نەپەر ئىدارە باشلىقى، تۆت نەپەر گەنسى قويۇلدى ھەمدە بىر نەپەر ئىشتىن سىرتقى ئادۋوكات، ئىككى نەپەر پراكتىكانت ئادۋوكات قوشۇمچە ۋەزىپە ئۆتەشكە تەكلىپ قىلىندى.

ئەدلىيە ئىدارىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۇ، قانۇنچىلىق تەشۋىقاتى، خەلق مۇرەسسەچىلىكى، قانۇن مەسلىھەتچىلىكى، جامائەت گۇۋاھلىقى قاتارلىق خىزمەتلەرنى قانات يايدۇردى. 1984 ـ يىلغىچە ھەر خىل جىنايى ئىشلار دەۋا دېلوسىدىن 84 نى، ھەق ـ تەلەپ دەۋا دېلوسىدىن 15نى، مەملىكەت ئىچىدىكى جامائەت گۇۋاھلىقىدىن 126 نى بېجىردى.

1983 ـ يىل 9 ـ ئايدا جىنايى ئىشلار جىنايى ھەرىكەتلىرىگە قاتتىق زەربە بېرىش ھەرىكىتى قانات يايدۇرۇلغاندا، قانۇنچىلىق تەشۋىقاتىغا دائىر 650 نۇسخا ماتېرىيالنى تۈزۈپ، بېسىپ تارقاتتى، قانۇنچىلىق تەربىيىسى ئالغانلار 18 مىڭ 27 ئادەم (قېتىم) گە يەتتى.

خەلق مۇرەسسەچىلىكى خىزمىتىگە ئىلگىرى ناھىيىلىك سوت مەھكىمىسى مەسئۇل ئىدى. 1957 ـ يىلدىن باشلاپ سوت مەھكىمىسى يېزىلار ۋە ناھىيە بازىرىدا خەلق مۇرەسسە ھەيئىتىنى پەيدىن ـ پەي قۇردى. 1959 ـ يىلغىچە ناھىيە بويىچە ئاساسىي قاتلام مۇرەسسە ھەيئىتى 38 گە، ئۇنىڭ ئەزاسى 278 نەپەرگە، مۇرەسسە گۇرۇپپىسى 117 گە، ئۇنىڭ مۇرەسسە خادىمى 361 نەپەرگە يەتتى. ئىككى يىل داۋامىدا، سوت مەھكىمىسى ھەق ـ تەلەپ ماجراسىدىن 468 نى مۇرەسسە قىلدى. 1974 ـ يىلى ئاساسىي قاتلام مۇرەسسە تەشكىلاتلىرى ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ، يېڭىباشتىن قۇرۇلدى، ناھىيە بويىچە چوڭ ئەترەتلەردە بىردەك مۇرەسسە ھەيئىتى قۇرۇلدى. ئۇنىڭغا بىر نەپەر مۇدىر، بىر نەپەر مۇئاۋىن مۇدىر، يەتتە ـ سەككىز نەپەر ئەزا سەپلەندى. ئۇ، مەمۇرىي جەھەتتە، چوڭ ئەترەت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە، كەسپىي جەھەتتە، ناھىيىلىك سوت مەھكىمىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە بولدى. 1981 ـ يىلى ناھىيىلىك ئەدلىيە بۆلۈمى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئەدلىيە بۆلۈمىنىڭ مەسئۇل بولۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. 1984 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە. ناھىيە بويىچە ئاساسىي قاتلام مۇرەسسە ھەيئىتىدىن 178 ى قۇرۇلدى، بۇنىڭ ئىچىدە يېزىلاردىكىسى 141، ئەزاسى 852 نەپەر. تۆت يىلدىن بۇيان خەلق ئارىسىدىكى ماجرادىن5479ى مۇرەسسە قىلىندى، بۇ، جەمئىيەت ئامانلىقىنى قوغداشتا مۇھىم رول ئوينىدى.

## قوشۇمچە: تىپىك دېلو مىساللىرى

### 1) ئابدۇقادىر ئاۋۇتنىڭ ئوغرىلىق، قاتىللىق دېلوسى

ئابدۇقادىر ئاۋۇت 28 ياش، يەكەن ناھىيىسى 12 ـ گۇڭشې 7 ـ چوڭ ئەترەتتىن.

جىنايەتچى ئابدۇقادىر ئاۋۇت توغرا كەسىپ بىلەن شۇغۇللانماي، ئوغرىلىققا ئادەتلەنگەن. 1960 ـ يىلدىن 1970 ـ يىلغىچە دائىم سىرتتا ئېقىپ يۈرۈپ، ئوغرىلىق قىلغان، ئۇ، جەمئىي بەش قوي، ئىككى ئېشەك، بىر كالا، 150 كىلوگىرامدىن ئارتۇق ئاشلىق، ئۇنىڭدىن باشقا كىيىم ـ كېچەك، لازىمەتلىك بولۇپ 11 خىل ماددىي ئەشيانى ئوغرىلىغان.

1964 - يىلى 5 - ئايدا مەزكۇر جىنايەتچى يەكەن ناھىيىسى 12 - گۇڭشې 7 - چوڭ ئەترەت 1 - ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتىدە 14 ياشلىق بىر نارىسىدە قىزنىڭ ئالدىنى توسۇپ باسقۇنچىلىق قىلماقچى بولۇپ، مەقسىتىگە يېتەلمىگەن، ئۇ قولغا چۈشكەندىن كېيىن، ئاما ئۇنى تەنقىد، كۆرەش قىلىپ، نازارەت ئاستىدا ئەمگەككە سېلىشقا تاپشۇرۇپ بەرگەن. لېكىــن مەزكۇر جىنايەتچىنىڭ تۈزۈە قىلىش نىيىتى بولمىغانلىقتىن، جىنايىتى تەرەققىي قىلىپ ئىككى قېتىم ئوغرىلىق، قاتىللىق قىلىش دەرىجىسىگە بېرىپ يەتكەن.

1969 - يىلى 12 - ئاينىڭ 25 - كۈنى كېچىدە، جىنايەتچى ئابدۇقادىر ئاۋۇت قولىغا تاش ئېلىپ، يەكەن ناھىيىسى 12 - گۇڭشې 10 - چوڭ ئەترەت 1 - ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتىدىكى 59 ياشلىق بەشتە كاپالەتلەندۈرۈلىدىغان تاجىخان ھېيتىنىڭ ئۆيىگە باستۇرۇپ كىرىپ ئوغرىلىق قىلغان، تاجىخان ھېيىت چۆچۈپ ئويغانغاندىن كېيىن، ئۈچ قېتىم ۋارقىراپ توسقان، مەزكۇر جىنايەتچى تاجىخاننى ئىتتىرىپ يىقىتىۋېتىپ، ئاخىرىدا ئۇنىڭ چېكىسى ۋە قۇلاق تۈۋىگە ئۇدا بىر قانچە مۇشت سالغان ھەمدە تاجىخاننىڭ گېلىنى چىچى بىلەن چىڭ بوغۇۋالغان، نەتىجىدە زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى شۇ ھامان ئۆلگەن، جىنايەتچى ئابدۇقادىر ئاۋۇت ئۆلگۈچىنىڭ ئۆيىدىن بىر پارچە كىگىز، بىر يوتقان، بىر كىشىلىك رېزىنكە ئاياغ كىيىم، تۆت كىلوگرام ئۇن قاتارلىق نەرسىلەرنى ئوغرىلاپ قېچىپ كەتكەن.

1970 - يىلى 2 - ئاينىڭ 16 - كۈنى ئاخشىمى، جىنايەتچى ئابدۇقادىر ئاۋۇت يەكەندىن پوسكام ناھىيىسىنىڭ 1 - گۇڭشې قاراباغ چوڭ ئەترىتى 1 - ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتىگە قۇتراپ بېرىپ، كەمبەغەل گۇڭشې ئەزاسى مەيىنساخان ئۇخلاپ قالغان پۇرسەتتىن پايدىلىنىــــپ، تۈڭلۈكتىن ئۆيگە چۈشۈپ ئوغرىلىق قىلىشقا تەمشەلگەندە، شۇ ھامان مەيىنساخان سېزىپ قېلىپ، «ئوغرىنى تۇتۇڭلار! » دەپ ۋارقىرىغان. جىنايەتچى ئابدۇقادىر ئاۋۇت زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىنى يەرگە بېسىپ تۇرۇپ، كانىيىنى سىقىپ، تەييارلىۋالغان تاش بىلەن ئۇنىڭ بېشىغا، چېكىسىگە بىر قانچە قېتىم قاتتىق ئۇرغان، نەتىجىدە زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى شۇ ھامان ئۆلگەن. ئاندىن كېيىن جىنايەتچى ئابدۇقادىر ئاۋۇت ئۆلگۈچىنىڭ بىر يوتقان، ئالتە شىم - چاپان، تۆت مېتىر رەخت، تۆت كىلوگرام كۆممىقوناق قاتارلىق نەرسىلىرىنى ئوغرىلاپ يەكەنگە قاچقان. 1970 - يىلى 2 - ئاينىڭ 20 - كۈنى جامائەت خەۋپسىزلىكى خادىملىرىمىزنىڭ تەرىپىدىن قولغا چۈشكەن.

1973 - يىلى 1 - ئاينىڭ 28 - كۈنى پوسكام ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېت خەلق قوغداش گۇرۇپپىسى، پوسكام ناھىيىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگىنىنى ھەربىي ئىدارە قىلىش گۇرۇپپىسى ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسىگە يوللاپ تەستىقلىتىش ئارقىلىق، ئوغرى، قاتىل جىنايەتچى ئابدۇقادىر ئاۋۇتقا ئۆلۈم جازاسى بېرىپ، دەرھال ئىجرا قىلدى.

## 2) پوسكام ناھىيىلىك سودا شىركىتى تۈرلۈك ماللار ماگىزىنىدىن قول سائىتى ئوغرىلىنىش دېلوسى

ئوغرى جىنايەتچى چېن شاۋمىڭ، ئەر، خەنزۇ، شۇ يىلى 26 ياش، سىچۈەن ئۆلكىسىنىڭ يىڭشەن ناھىيىسىدىن، مۇقىم كەسپى يوق، قولغا ئېلىنىشتىن ئىلگىرى پوسكام ناھىيىسىنىڭ 9 - گۇڭشېسى 14 - چوڭ ئەترىتىنىڭ خۇمدىنىدا ئىشلىگەن، ئىلگىرىمۇ جىنايەت ئۆتكۈزگەن.

ئوغرى جىنايەتچى ئاۋجوچاۋ، يەنە بىر ئىسمى ئاۋشاۋلىن، ئەر، خەنزۇ، شۇ يىلى 30 ياش، سىچۈەن ئۆلكىسىنىڭ گۇاڭئەن ناھىيىسىدىن، مۇقىم كەسپى يوق، قولغا ئېلىنىشتىن ئىلگىرى مارالبېشى ناھىيىلىك باغۋەنچىلىك مەيدانىدا ئىشلىگەن.

1981 - يىل 11 - ئاينىڭ 29 - كۈنى چېن شياۋمىڭ يەكەن ناھىيىسىگە بېرىپ ئاۋجوچاۋنى تېپىپ، پوسكام ناھىيىلىك سودا شىركىتى تۈرلۈك ماللار ماگىزىنىغا ئوغرىلىققا كىرىشنى پىلانلىغان ھەمدە شۇ كۈنى ئاخشىمى دېلو تۇغدۇرۇش قوراللىرى (ئەتۋىركە، ئامبۇر، قول چىرىغى قاتارلىقلار) نى ئېلىپ، خۇپىيانە پوسكامغا كەلگەن، ئالدىنقى كۈنى جىنايەتچى چېن شياۋمىڭ ماگىزىنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئىشنى پەملەپ قويغان، يېرىم كېچە بولغاندا، ئاۋجوچاۋ سىرتتا پوستا تۇرغان، چېن شياۋمىڭ ئىشىكنى بۇزۇپ كىرىپ، ماگىزىندىكى بىخەتەرلىك ئىشكابىنى قومۇرۇپ ئېچىپ، 141 دانە ھەر خىل قول سائىتى، 40 يۈەن نەق پۇل، مال جازىسىدىن ئۈچ قول چامىدىنى، بىر سومكا بولۇپ، جەمئىي 21 مىڭ 60.15 يۈەن قىممەتتىكى مالنى ئوغرىلاپ كەتكەن، چېن شياۋمىڭ، ئاۋجوچاۋ دېلو سادىر قىلغاندىن كېيىن، دەرھال يەكەنگە قاچقان، چېن شياۋمىڭ 1446 يۈەن قىممەتتىكى 13 دانە قول سائىتىنى ئاۋجوچاۋغا بۆلوپ بەرگەن. ئۇنىڭدىن كېيىن چېن شياۋمىڭ بىلەن ئاۋجوچاۋ بىللە ھارام مالنى ئېلىپ ئۈرۈمچىگە قېچىپ بارغان. چېن شياۋمىڭ 115 دانە قول سائىتى ۋە باشقا ھارام ماللارنى شىخەنزىدىكى بىر نەۋرە ئاچىسىغا ئامانەت قويۇپ، ئاۋجوچاۋ بىلەن بىللە يۇرتى سىچۈەنگە قېچىپ كەتكەن.

دېلو سادىر بولغاندىن كېيىن، ئۇ، ئاپتونوم رايونلۇق جامائەت خەۋپسىزلىكى نازارىتى تەرىپىدىن چوڭ دېلو قاتارىغا كىرگۈزۈلگەن، قەشقەر ۋىلايەتلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى باشقارمىسى پۈتۈن شىنجاڭغا ۋە غەربىي شىمالدىكى بىر قانچە ئۆلكىگە ئۇلارنى تۇتۇش بۇيرۇقى چىقارغان، كېيىن گۇما ناھىيىسىدىكى ئىسمىنى ئاشكارىلاشنى خالىمىغان، ئەھۋالنى بىلىدىغان بىر كىشى يىپ ئۇچى بىلەن تەمىنلىگەن، ناھىيىدىكى جامائەت خەۋپسىزلىكى خادىملىرى ئۇزۇن يوللارنى بېسىپ، سىچۈەن ئۆلكىسىنىڭ يىڭشەن ناھىيىسىگىچە ئىز قوغلاپ بېرىپ، شۇ جايدىكى جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگانلىرىنىڭ ياردىمى بىلەن، بۇ ئىككى جىنايەتچىنى قولغا چۈشۈرگەن.

چېن شياۋمىڭ، ئاۋجوچاۋ، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، قولغا ئېلىنغاندىن كېيىن، 132 دانە قول سائىتى، ئۈچ قول چامىدىنى، 149.75 يۈەن نەق پۇل بولۇپ، جەمئىي 19 مىڭ 899.75 يۈەن قىممەتتىكى زىيان قايتۇرۇۋېلىنغان.

جىنايەتچى چېن شياۋمىڭ قولغا ئېلىنغاندىن كېيىن، نازارەتكە بويسۇنماي، داۋاملىق جىنايەت ئۆتكۈزگەن. 1982 - يىل 5 - ئاينىڭ 7 - كۈنى تۈرمىنىڭ تېمىنى تېشىپ قېچىشقا ئۇرۇنغاندا، سېزىلىپ قېلىپ قاچالماي، ساراڭ بولىۋېلىپ، ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالماقچى بولۇپ، مەقسىتىگە يېتەلمىگەن.

1982 - يىل 7 - ئاينىڭ 20 - كۈنى پوسكام ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى جاۋابكار چېن شياۋمىڭنى ئوغرىلىق ۋە قېچىش جىنايىتى ئۈچۈن قانۇن بويىچە مۇددەتلىك 16 يىللىق قاماق جازاسىغا، جاۋابكار ئاۋجوچاۋنى ئوغرىلىق جىنايىتى ئۈچۈن، مۇددەتلىك ئىككى يىل ئالتە

ئايلىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلدى.

### 3) توختى سايىتنىڭ ئالدامچىلىق دېلوسى

ئالدامچى جىنايەتچى توختى سايىت، شۇ يىلى 33 ياش، پوسكام ناھىيىسى 7 - گۇڭشې 10 - چوڭ ئەترەت 1 - ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتىدىن، ئۇ، دېلو سادىر قىلىشتىن ئىلگىرى، يەكەن ناھىيىسى 15 - گۇڭشې بوۋاش دېھقانچىلىق مەيدانى 4 - ئەترىتىدە ئولتۇراتتى.

شېرىك جىنايەتچى ئەبلەھەت جامال، شۇ يىلى 28 ياش، پوسكام ناھىيىسى 2 - گۇڭشې 7 - چوڭ ئەترەت 3 - ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتىدىن.

شېرىك جىنايەتچى مەھەممەت قۇربان، شۇ يىلى 25 ياش، مەكىت ناھىيىسىنىڭ 7 - گۇڭشېسىدىن.

جىنايەتچى توختى سايىت 1980 - يىل 4 - ئايدىن 1981 - يىل 12 - ئايغىچە ئابلەھەت جامال، مەھەممەت قۇربان، ئابدۇمۆمىن توختى، روزى توختى، قۇدرەت مەمەت قاتارلىق كىشىلەربىلەن شېرىكلىشىپ، پوسكام، يەكەن، مەكىت، يېڭىسار، يوپۇرغا قاتارلىق جايلاردا ئېقىپ يۈرۈپ، ياغلىق دان پىششىقلاپ ئىشلەش ھۆججىتىنى ئۆزگەرتىش ۋە يالغاندىن ياساشتىن ئىبارەت پەسكەش ئۇسۇللارنى قوللىنىپ، 74 قېتىم دېلو سادىر قىلغان، ئەسلىدىكى 2340.5 كىلوگراملىق ياغلىق دان ھۆججىتىنى 22 مىڭ 512 كىلوگراملىق ھۆججەتكە ئۆزگەرتىپ، ئارىدىن 3417.5 كىلوگرام سۇ يېغى، 8103.5 كىلوگرام كۈنجۈرنى ئارتۇق ئېلىۋالغان، بۇنىڭ ئىچىدە پوسكام ياغ زاۋۇتىدىن ئالداپ ئېلىۋالغان ياغلىق دان، كۈنجۈرە قاتارلىقلار ئومۇمىي ھارام مالنىڭ يېرىمىدىن ئاشىدۇ، جىنايەتچى توختى سايىت قاتارلىقلار ئالداپ ئېلىۋالغان ھارام مالنى باشقا جايغا ئېلىپ بېرىپ يۇقىرى باھادا سېتىپ، بۇنىڭدىن 12 مىڭ 509.97 يۈەن پايدا ئالغان.

جىنايەتچى توختى سايىت قاتارلىقلار يەنە مەكىت ناھىيىسى 7 - گۇڭشېسىنىڭ نامىدا يالغان تامغا ئويدۇرۇپ، ناھىيىلىك پاختا - چىگە شىركىتىنىڭ مەسئۇلى چېن ×× (خەنزۇ) نىڭ پۈچۈركىسىنى تەقلىت قىلىپ، شۇ ناھىيىنىڭ پاختا - چىگە بۆلۈمىدىن ئىككى قېتىمدا 2500 كىلوگرامدىن ئارتۇق چىگىتنى ئالداپ سېتىۋالغان.

جىنايەتچى توختى سايىت ئالدامچىلىق بىلەن ئېرىشكەن ھارام پۇلدىن 8881.71 يۈەننى ئۆزى ئېلىپ قالغان، ئۇ، قولغا ئېلىنغاندىن كېيىن، ئاران 3397.30 يۈەننى قايتۇرغان، قالغان پۇلنى بۇزۇپ - چېچىپ تۈگىتىۋەتكەن.

شېرىك جىنايەتچى ئابلەھەت جامال جىنايەتچى توختى سايىت بىلەن تىل بېرىكتۈرۈپ، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، جىنايەتچى توختى سايىتنىڭ ياغلىق دان سېتىش، ھۆججەت ئۆزگەرتىش، سۇ يېغى ۋە كۈنجۈرنى ھايىنىغا سېتىش ھەرىكەتلىرىگە 21 قېتىم قاتناشقان ھەمدە بۇنىڭدىن 1617.20 يۈەن ھارام پۇلغا ئىگە بولغان، ئۇ، قولغا ئېلىنغاندىن كېيىن، 809.33 يۈەن ھارام پۇلنى قايتۇرغان، قالغىنىنى بۇزۇپ چېچىۋەتكەن.

شېرىك جىنايەتچى مەھەممەت قۇربان، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، جىنايەتچى توختى سايىتنىڭ ياغلىق دان سېتىش، سۇ يېغى ۋە كۈنجۈرنى يۆتكەپ ھايىنىغا سېتىش ھەرىكىتىگە 50 قېتىم قاتنىشىپ، بۇنىڭدىن 1234.91 يۈەن ھارام پۇلغا ئىگە بولغان، ئۇ، قولغا ئېلىنغاندا

بۇ پۇللارنى ئاللىقاچان بۇزۇپ - چېچىپ تۈگىتىشۈەتكەن.

پوسكام ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى 1982 - يىل 8 - ئاينىڭ 31 - كۈنى باش جىنايەتچى توختى سايىتقا مۇددەتلىك يەتتە يىللىق قاماق جازاسى، شېرىك جىنايەتچى ئابلەھەت جامالغا ئالدامچىلىق جىنايىتى ئۈچۈن ئىككى يىللىق، قاچقان جىنايىتى ئۈچۈن تۆت يىللىق، ئىككى تورلۇك جىنايىتى ئۈچۈن جەمئىي مۇددەتلىك ئالتە يىللىق قاماق جازاسى، شېرىك جىنايەتچى مەھەممەت قۇربانغا مۇددەتلىك بىر يىللىق قاماق جازاسى بەردى.

تۆتىنچى قىسىم

# ھەربىي ئىشلار

# تۆتىنچى قىسىم

## ھەربىي ئىشلار

پوسكام ناھىيىسى — قەشقەر بىلەن خوتەن ئارىلىقىدىكى مۇھىم قاتناش يولى بولۇپ، قەدىمدىن تارتىپ ھەربىي ئالىملار تالىشىپ كەلگەن جايدىن ئىبارەت. خەن سۇلالىسى دەۋرىدە بەن چاۋ ناھىيە تەۋەسىدىن نەچچە قېتىم ئۆتكەندە، مەملىكىتىمىزنىڭ بىرلىكىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن خىزمەت كۆرسەتكەن. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە مەركىزىي ھاكىمىيەت بىلەن تۇبۇتلەرنىڭ غەربىي يۇرتقا ھۆكۈمرانلىق قىلىش ھوقۇقىنى نەچچە قېتىم تالىشىشى يۈزىسىدىن بۇ ئەتراپتا ئارقا - ئارقىدىن ئۇرۇش بولغان. چىڭگىزخان تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىنى بويسۇندۇرغاندا، ئىسمائىلنى قوشۇن باشلاپ بۇيەرلەرنى چارلاشقا ئەۋەتكەن چىڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنلۇڭ 23 - يىلى (1758 - يىلى) چوڭ - كىچىك خوجىلار توپىلاڭ كۆتۈرگەندە، مەشھۇر قاراسۇ جېڭى مۇشۇ ناھىيە تەۋەسىدە بولغان. داۋگۇاڭ 10 - يىلى (1830 - يىلى) جاھانگىر خوجا توپىلاڭ كۆتۈرگەندە، چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىنىڭ سەركەردىسى خافېڭئا خوتەندىن غەربكە يۈرۈش قىلىپ، يەكەن دەرياسى كۆۋرۈكىدە دۈشمەن قوشۇنلىرى بىلەن ئۇرۇش قىلىپ، غەلىبە قىلغان. شيەنفېڭ 6 - يىلى (1857 - يىلى) ۋەلىخان تۆرىنىڭ توپىلاڭچى قوشۇنلىرى پوسكام قاتارلىق ھەربىي راباتلارغا پاراكەندىچىلىك سالغاندا، چىڭ سۇلالىسى ئەۋەتكەن قوشۇن خوتەندىن ئۆتۈشىدە يول بويى ئۇلارنىڭ ئالدىنى توسۇپ زەربە بەرگەن. مىنگونىڭ 34 - يىلى (1945 - يىلى) نىڭ ئاخىرىدىن مىنگونىڭ 35 - يىلى (1946 - يىلى) نىڭ باشلىرىغىچە، تاشقورغان مىللىي ئارمىيىسى پوسكامغا ھۇجۇم قىلىپ، ناھىيە بازىرىنى ئىشغال قىلغان. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ناھىيىلىك خەلق قوراللىق بۆلۈمى قۇرۇلۇپ، خەلق ئەسكەرلىرى خىزمىتى ۋە ھەربىي خىزمەتكە مەسئۇل بولدى. پوسكام ناھىيىسىدە تۇرۇشلۇق خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى چېگرا رايوننى قوغداش ۋە يەرلىكنىڭ قۇرۇلۇشىغا ياردەم بېرىش جەھەتتە مۇھىم تۆھپىلەرنى قوشتى.

# I باب

# ئاپپاراتلارنىڭ تەسىس قىلىنىشى

تارىختا پوسكام ناھىيىسىدىكى ھەربىي ئىشلار ئاپپاراتى توغرىلىق ئېنىق ماتېرىيال يوق. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ناھىيىلىك خەلق قوراللىق بۆلۈمى ۋە خەلق قوراللىق كومىتېتى قۇرۇلدى.

## § 1. خەلق قوراللىق بۆلۈمى

پوسكام ناھىيىلىك خەلق قوراللىق بۆلۈمى 1959 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا قۇرۇلغانىدى، ئۇنىڭ بەش شتاتى بولۇپ، ناھىيىلىك پارتكومنىڭ بىر خىزمەت تارمىقى ئىدى، ئۇ، ناھىيىلىك پارتكوم ۋە قەشقەر شۆبە ھەربىي رايوننىڭ قوش رەھبەرلىكىدە بولۇپ، ناھىيە بويىچەخەلق ئەسكەرلىرىگە سىياسىي ئىدىيۋى تەربىيە، ھەربىي تېخنىكا مەشىقى ئېلىپ بېرىش، تەشكىلىي جەھەتتىن تەرتىپكە سېلىش ۋە ھەربىي خىزمەتكە مەسئۇل ئىدى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلانغاندىن كېيىن، قوراللىق بۆلۈم «ئۈچ ياردەم، ئىككى ھەربىي» (سانائەتكە، يېزا ئىگىلىكىگە، سولچىلارغا ياردەم بېرىش، ھەربىي ئىدارە قىلىش، ھەربىي تەلىم - تەربىيە ئېلىپ بېرىش)گە مەسئۇل بولدى. 1967 - يىلدىن 1970 - يىلغىچە قوراللىق بۆلۈم، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى، تەپتىش مەھكىمىسى، سوت مەھكىمىسى، پوچتا - تېلېگراف ئىدارىسى، ھاۋارايى پونكىتى قاتارلىق ئورۇنلارغا قارىتا ھەربىي ئىدارە قىلىشنى يولغا قويدى. 1967 - يىل 1 - ئاينىڭ 30 - كۈنى ئاممىۋى تەشكىلاتلار ناھىيىلىك پارتكوم، ناھىيىلىك خەلق كومىتېتىنىڭ ھوقۇقىنى تارتىۋالغاندىن كېيىن، قوراللىق بۆلۈم يۇقىرىنىڭ يوليورۇقىغا ئاساسەن، 3 - ئايدا ئىشلەپچىقىرىش ئىشخانىسى قۇرۇپ، ناھىيە بويىچە سانائەت، يېزا ئىگىلىكى ۋە مالىيە - سودا خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلدى. 1969 - يىلى ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېت قۇرۇلغاندا، قوراللىق بۆلۈمنىڭ باشلىقى، مۇئاۋىن باشلىقلىرى، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېتنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىقىنىئۈستىگە ئالدى. 1970 - يىلى قوراللىق بۆلۈمدە ھەربىي ئىشلار بۆلۈمى ۋە سىياسىي خىزمەت بۆلۈمى تەسىس قىلىندى. 1979 - يىلى ئارقا سەپ تەمىنات بۆلۈمى كۆپەيتىلدى.

1973 - يىلى قوراللىق بۆلۈم «ئۈچ ياردەم، ئىككى ھەربىي» خىزمىتىگە قاتناشقان خادىملىرىنى ئارقا - ئارقىدىن قايتۇرۇپ كېتىپ، يەنىلا خەلق ئەسكەرلىرى خىزمىتىنى مۇھىم نۇقتا قىلدى. 1980 - يىلدىن كېيىن، ناھىيىلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى يەنىلا قوراللىق بۆلۈمنىڭ سىياسىي كومىسسارلىقىنى قوشۇمچە ئۈستىگە ئالدى.

پوسكام ناھىيىلىك خەلق قوراللىق بۆلۈمىنىڭ مەسئۇلى بولغانلارنىڭ ئىسملىكى

| ئىسىم - فامىلىسى | مىللىتى | ۋەزىپىسى | ۋەزىپە ئۆتىگەن ۋاقتى | ئىزاھات |
|---|---|---|---|---|
| چيەڭ يىليەڭ | خەنزۇ | مۇئاۋىن بۆلۈم باشلىقى | 1960 - يىلدىن 1975 - يىلغىچە | |
| ئوسمانوۋ تۇرسۇن | | بۆلۈم باشلىقى | 1960 - يىل 3 - ئاينىڭ 20 - كۈنى ۋەزىپىگە قويۇلغان | |
| ساڭ باۋخې | خەنزۇ | سىياسىي كومىسسار | 1963 - يىل 10 - ئايدىن 1965 - يىل 10 - ئايغىچە | ناھىيىلىك پارتكوم شۇجىسى (قوشۇمچە ئۆتىگەن) |
| ۋېي چىسەي | خەنزۇ | مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسار | 1963 - يىلدىن 1968 - يىلغىچە | |
| لى فۇ | خەنزۇ | بۆلۈم باشلىقى | 1968 - يىلدىن 1971 - يىلغىچە | |
| ۋاڭ يۇڭمىڭ | خەنزۇ | مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسار | 1968 - يىلدىن 1974 - يىلغىچە | |
| بارات رەخمەت | | مۇئاۋىن بۆلۈم باشلىقى | 1968 - يىلدىن 1982 - يىلغىچە | |
| چېن دىياڭ | خەنزۇ | مۇئاۋىن بۆلۈم باشلىقى | 1970 - يىلدىن 1977 - يىلغىچە | |
| جاڭ خۇيىۇ | خەنزۇ | مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسار | 1971 - يىلدىن 1978 - يىلغىچە | |
| جاڭ چىڭجياڭ | خەنزۇ | مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسار | 1973 - يىلدىن 1978 - يىلغىچە | |
| شىي جىيېچيەڭ | خەنزۇ | بۆلۈم باشلىقى | 1973 - يىلدىن 1975 - يىلغىچە | |
| داۋۇت ساۋۇت | | مۇئاۋىن بۆلۈم باشلىقى | 1975 - يىلدىن 1981 - يىلغىچە | |
| ليۇشۆشى | خەنزۇ | سىياسىي كومىسسار | 1976 - يىلدىن 1979 - يىلغىچە | |
| لى گۈيشى | خەنزۇ | مۇئاۋىن بۆلۈم باشلىقى | 1978 - يىلدىن 1979 - يىلغىچە | |
| سۈن شىۋېن | خەنزۇ | سىياسىي كومىسسار | 1978 - يىلدىن 1980 - يىلغىچە | |
| ياقۇپجان | | بۆلۈم باشلىقى | 1977 - يىلدىن 1981 - يىلغىچە | |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| ئۆمەر توختى | | بۆلۈم باشلىقى | 1981 ـ يىلدىن1984 ـ يىلغىچە | |
| يۈجياپېڭ | خەنزۇ | 1 ـ سىياسىي كومىسسار | 1982 ـ يىلدىن 1983 ـ يىلغىچە | ناھىيىلىك پارت‑كوم شۇجىسى (قوشۇمچە ئۆ‑تىگەن) |
| ئابلا يۇنۇس | | مۇئاۋىن بۆلۈم باشلىقى | 1981 ـ يىلدىن باشلاپ | |
| دۇڭ جۇنگۈي | خەنزۇ | سىياسىي كومىس‑سار | 1983 ـ يىلدىن1984 ـ يىلغىچە | |
| ئىمام مۇسا | | بۆلۈم باشلىقى | 1983 ـ يىلدىن باشلاپ | |
| ۋاڭ خېشۇ | خەنزۇ | مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسار | 1984 ـ يىلدىن باشلاپ | |

## § 2. خەلق قوراللىق كومىتېتى

خەلق قوراللىق خىزمىتىگە بولغان بىر تۇتاش رەھبەرلىكنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەننىڭ ھۆججەتلىرىنىڭ روھىغا ئاساسەن، 1963 ـ يىل 11 ـ ئايدا ناھىيىدە خەلق قوراللىق كومىتېتى قۇرۇلدى، ياڭ شۇگۇاڭ مۇدىر ئەزالىققا، جاۋ يۈگجياڭ، چېڭ يىلياڭلار مۇئاۋىن مۇدىر ئەزالىققا، مىجىت ئىسمائىل، ساۋلىيەنجۇ، فاڭ مىڭيۈەن، قەمەر ھوشۇر، ماخسۇر ئەمەتلەر ئەزالىققا تەيىنلەندى. قوراللىق كومىتېتنىڭ قارمىقىدا ئىشخانا تەسىس قىلىندى، ئۇ، خەلق قوراللىق بۆلۈمى ئىچىدە ئىش بېجىردى.

1979 ـ يىل 2 ـ ئايدا مەركەز ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، شىنجاڭ ھەربىي رايونى پارتكومىنىڭ يوليورۇقىغا ئاساسەن، ناھىيىلىك خەلق قوراللىق كومىتېتى قايتىدىن تەشكىللەندى. سېلىم ماخسۇر مۇدىر ئەزالىققا، ياقۇپجان، جاڭ خۇخيۇ، سۇن شىۋېنلار مۇئاۋىن مۇدىر ئەزالىققا، جاڭ رۇخشىن، لۇ جېپىڭ، تاڭ رۇخخۇا، چېن فۇيۈەن، يۈجېنخۇالار ئەزالىققا تەيىنلەندى.

1981 ـ يىل 12 ـ ئايدا ناھىيىلىك خەلق قوراللىق كومىتېتى يەنە بىر قېتىم تەڭشەلدى، يۈجياپېڭ مۇدىر ئەزالىققا، لى خۇيجۇ، توختى مەمەت تۇردى، سۇن شىۋېن، دۇڭ جۇنگۈي، ئىمام مۇسا، ئابلىز نىيازلار مۇئاۋىن مۇدىر ئەزالىققا تەيىنلەندى.

ناھىيىلىك خەلق قوراللىق كومىتېتى يۇقىرى دەرىجىلىك يەرلىك پارتكوملار ۋە ھەربىي ئىشلار ئورگانلىرىنىڭ ئالاقىدار يوليورۇقلىرىنى ناھىيىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرۈپ، خەلق ئەسكەرلىرى خىزمىتىدىكى بەزى زور مەسىلىلەرنى مۇزاكىرە قىلىپ ھەل قىلىپ، ھەربىي سەپتىن كەسىپ ئالماشتۇرغان، قايتقان، چېكىنگەنلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇش تەدبىرى ۋە ئۇسۇللىرىنى تۈزۈپ چىقتى؛ ھەر جەھەتتىكى كۈچلەرنى تەشكىللەپ، ماسلاشتۇرۇپ، زاپاس خەلق

ئەسكەرلىرىنى تىزىملاش، ئەسكەر قوبۇل قىلىش، ئۇرۇش ۋاقتىدىكى سەپەرۋەرلىك ۋەزىپىلىرىنى ئورۇندىدى.

ناھىيىلىك خەلق قوراللىق بۆلۈمى — ناھىيىلىك خەلق قوراللىق كومىتېتىنىڭ ئىش بېجىرىش ئورگىنى.

# II باب

# خەلق ئەسكەرلىرى قۇرۇلۇشى

## § 1. تەشكىلىي قۇرۇلۇشى

1960 - يىلى ناھىيىدە خەلق ئەسكەرلىرىنى تەشكىللەش خىزمىتى باشلاندى، ناھىيىدە خەلق ئەسكەرلىرى شىسى، گۇڭشېلاردا خەلق ئەسكەرلىرى تۇەنى، باشقۇرۇش رايونلىرىدا خەلق ئەسكەرلىرى يىڭى، ئىشلەپچىقىرىش چوڭ ئەترەتلىرىدە خەلق ئەسكەرلىرى لىيەنى، ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرىدە خەلق ئەسكەرلىرى پەي (بەن) ى، كارخانا، كەسپىي، مەمۇرىي ئورۇنلاردا خەلق ئەسكەرلىرى مۇستەقىل يىڭى قۇرۇلدى. خەلق ئەسكەرلىرى تايانچ خەلق ئەسكەرلىرى، ئادەتتىكى خەلق ئەسكەرلىرى دەپ ئىككىگە بۆلۈندى. تايانچ خەلق ئەسكەرلىرى سىياسىي جەھەتتە ئىشەنچلىك، ئىدىيىدە ئىلغار، ئەمگەكتە ئاكتىپ، تەشكىلچانلىقى كۈچلۈك، تېنى ساغلام 16 ياشتىن 30 ياشقىچە بولغان ئەر - ئايال پۇقرالاردىن تەركىب تاپتى. 1961 - يىلىنىڭ باشلىرىغىچە، تەشكىللەش خىزمىتى دەسلەپكى قەدەمدە تاماملىنىپ، ناھىيە بويىچە خەلق ئەسكەرلىرى شىسىدىن بىرى، خەلق ئەسكەرلىرى يىڭىدىن 28 ى، خەلق ئەسكەرلىرى لىيەنىدىن 131 ى قۇرۇلدى، خەلق ئەسكەرلىرى جەمئىي 22 مىڭ 893 كە يەتتى. تەرتىپكە سېلىش، ئۆزگەرتىپ تەشكىللەش ئارقىلىق، 1963 - يىلى ناھىيە بويىچە خەلق ئەسكەرلىرى بىر شى، بەش تۇەن، بىۋاسىتە قاراشلىق ئىككى يىڭ، 149 لىيەن قىلىپ تەشكىللەندى، ئومۇمىي خەلق ئەسكىرى 18 مىڭ 160 قا يەتتى.

1971 - يىلى ناھىيىدىكى خەلق ئەسكەرلىرى شىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، ناھىيە بويىچە خەلق ئەسكەرلىرى قىسقارتىلىپ بىر تۇەن، توققۇز يىڭ قىلىندى ھەمدە گۇڭشې، مەيدانلاردىكى ئون قوراللىق خەلق ئەسكەرلىرى لىيەنى ئىككى مۇستەقىل خەلق ئەسكەرلىرى يىڭى قىلىپ تەشكىللەندى، ناھىيە دەرىجىلىك ئورۇنلاردا بىر مۇستەقىل خەلق ئەسكەرلىرى لىيەنى بىر تۇتاش تەشكىل قىلىندى.

1972 - يىل 5 - ئايدا ناھىيىلىك خەلق ئەسكەرلىرى مەخسۇس شۆبە ئەترىتى قۇرۇلدى، ئۇنىڭ شتاتى 94 بولۇپ، ئاساسلىق ۋەزىپىسى دۈشمەننىڭ ھاۋادىن قىلىدىغان ھۇجۇمىدىن مۇداپىئە كۆرۈشتىن ئىبارەت بولدى.

1973 ـ يىلى ناھىيىنىڭ خەلق ئەسكەرلىرى تۈەنىنىڭ نامى خەلق ئەسكەرلىرى مۇستەقىل تۈەنگە ئۆزگەرتىلدى.

1976 ـ يىلى ناھىيە بويىچە تايانچ خەلق ئەسكەرلىرى قوراللىق تايانچ خەلق ئەسكەرلىرى تۈەنى قىلىپ تەشكىللەندى.

1981 ـ يىلى ناھىيە بويىچە خەلق ئەسكەرلىرى تەشكىلاتى تەرتىپكە سېلىندى. 126 چوڭ ئەترەتتە تايانچ خەلق ئەسكەرلىرى تەشكىلاتى قۇرۇلدى، تەشكىلات قۇرۇلۇش دائىرىسى ئومۇمىي چوڭ ئەترەتنىڭ 91.3 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. ناھىيە بويىچە خەلق ئەسكەرلىرى بىر تۈەن، ئون يىڭ، 126 ليەن، 336 پەي، 949 بەن قىلىپ تەشكىللەندى. ئادەتتىكى خەلق ئەسكىرى 6088 نەپەرگە، تايانچ خەلق ئەسكىرى 4486 نەپەرگە يەتتى.

1981 ـ يىل 8 ـ ئايدا يۈقىرىنىڭ يوليورۇقىغا ئاساسەن، گۈڭشې (مەيدان) لاردا خەلق ئەسكەرلىرى پارتىزانلار ئەترەتلىرى قۇرۇلدى. ھەر بىر ئەترەت بىر پەي تۈزۈلمىسىدە بولدى، ناھىيە بويىچە جەمئىي 11 پارتىزانلار ئەترىتى قۇرۇلدى، ئەزاسى 362 گە يەتتى. پارتىزانلار ئەترەتلىرىنىڭ ۋەزىپىسى كەلگۈسىدىكى تاجاۋۇزچىلىققا قارشى ئۇرۇشتا مۇنتىزىم قوشۇنغا ماسلىشىپ، ناھىيە تەۋەسىدە پارتىزانلىق ئۇرۇشنىڭقانات يايدۇرۇشتىن ئىبارەت بولدى.

**ئىلگىرىكى يىللاردىكى خەلق ئەسكەرلىرىنى تەرتىپكە سېلىش، تەشكىللەش ئەھۋالى**

4 ـ 2 ـ 1 ـ جەدۋەل

| ۋاقتى | شى | تۈەن | يىڭ | ليەن | پەي | ئومۇمىي خەلق ئەسكەرلىرى | بۇنىڭ ئىچىدە تايانچ خەلق ئەسكەرلىرى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1961 | 1 | 5 | 28 | 131 | | 22893 | |
| 1963 | 1 | 5 | 2 | 149 | | 18160 | 11318 |
| 1964 | 1 | 9 | 1 | 127 | | 21579 | 12140 |
| 1968 | | | 1 | 104 | 387 | 11558 | 6021 |
| 1972 | | 1 | 9 | 144 | | 24138 | 15166 |
| 1976 | | 1 | 11 | 145 | 606 | 24279 | 14131 |
| 1978 | | 1 | 11 | 141 | 683 | 23206 | 12819 |
| 1980 | | 1 | 10 | 139 | 649 | 21348 | 11817 |
| 1981 | | 1 | 10 | 126 | 336 | 10574 | 4486 |
| 1983 | | 1 | 11 | 126 | | 11077 | 4663 |
| 1984 | | 1 | 10 | 126 | 139 | 10815 | 4584 |

## § 2 . خەلق ئەسكەرلىرى مەشقى

خەلق ئەسكەرلىرى ھەربىي مەشقىنىڭ پرىنسىپى «ئەمگەك ئارقىلىق ھەربىي مەشققە مەدەت بېرىش، ئەمگەك بىلەن ھەربىي مەشقنى بىرلەشتۈرۈش»تىن ئىبارەت. مەشىق مەزمۇنى1980- يىلدىن ئىلگىرى قارىغا ئېتىش، گىرانات تاشلاش، نەيزىۋازلىق، پارتلىتىش، مۇداپىئە ئاكوپى مەشغۇلاتىدىن ئىبارەت بەش چوڭ تېخنىكىدىن ئىبارەت ئىدى. 1980 - يىلدىن كېيىن، نەيزىۋازلىق مەشقى تۈرى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، ئۈچتىن مۇداپىئە كۆرۈش، ئىككىنى ئېتىش، يەنى ئاتومدىن، خىمىيىدىن، باكتېرىيىدىن مۇداپىئە كۆرۈش، تانكىنى، ھاۋادىن چۈشىدىغان پاراشيوتچى ئەسكەرلەرنى ئېتىشتىن ئىبارەت بولدى. ئۇسۇل جەھەتتە، ئىلگىرىكى كىچىك تىپتىكى، يەرلىك، تارقاق مەشق دېھقانچىلىقنىڭ ئارىسال پەيتىدە ئېلىپ بېرىلىدىغان مەركەزلەشتۈرۈلگەن مەشققە ئۆزگەرتىلدى ھەمدە ھەربىي مەشق بويىچە مۇسابىقىنى تەكشۈرۈش، سىناش قاتارلىق ئۇسۇللار قوللىنىلىپ، مەشق نەتىجىسى مۇستەھكەملەندى ۋە يۇقىرى كۆتۈرۈلدى.

1965 - يىلى ناھىيىنىڭ خەلق ئەسكەرلىرى ۋىلايەت بويىچە ئۇيۇشتۇرۇلغان خەلق ئەسكەرلىرىنىڭ ماھارەت كۆرسىتىش مۇسابىقىسىدا 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

## § 3 . خەلق ئەسكەرلىرى خىزمىتىدىكى نەتىجىلەر

خەلق ئەسكەرلىرى تەشكىلاتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ناھىيىلىك خەلق قوراللىق بۆلۈمى ۋە ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار خەلق ئەسكەرلىرى خىزمىتىدىكى «ئۈچنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش» تەلىپىگە ئاساسەن، خەلق ئەسكەرلىرىنىڭ سىياسىي ئىدىيىۋى خىزمىتىگە ئىزچىل ئەھمىيەت بېرىپ كەلدى. تۆرلۈك سىياسىي خىزمەت تۈزۈملىرىنى ئورنىتىپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، خەلق ئەسكەرلىرى ئارىسىدا قەھرىمانلاردىن ئۆگىنىش، نەمۇنىچى بولۇش، سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش زەربىدارلىرىدىن بولۇش، «بەش بولۇش، تۆت گۈزەل، ئۈچنى قىزغىن سۆيۈش» پائالىيىتى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇپ، كەڭ خەلق ئەسكەرلىرىنىڭ ئىدىيىۋى ئېڭىنى ئۈزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرۈپ، ئۇلارنى سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشتىكى تايانچلارغا ۋە زەربىدار كۈچكە ئايلاندۇردى.

1962 - يىل 10 - ئاينىڭ 20 - كۈنى ھىندىستان قوشۇنلىرى مەملىكىتىمىزنىڭ چېگرا رايونىغا كەڭ كۆلەمدە قوراللىق ھۇجۇم قوزغىغاندا، چېگرا مۇداپىئە قىسىملىرىمىز سەۋر - تاقەت قىلىپ تۇرغىلى بولمىغان ئەھۋالدا، ئۆزىمىزنى قوغداپ قايتۇرما زەربە بېرىشكە مەجبۇر بولدى، ناھىيىدىكى ھەر مىللەت خەلق ئەسكەرلىرى «ھەممە ئىش ئالدىنقى سەپ ئۈچۈن، ھەممە ئىش

غالىبىيەت ئۈچۈن» دېگەن شۇئارنىڭ ئىلھامى بىلەن، غەربىي سەپتىكى قىسىملارنىڭ جەڭ قىلىشىغا پائال ياردەم بەردى. جەڭگە قاتناشقان قىسىملار ناھىيىدە تۇرغاندا، ناھىيە ئىچىدىكى ئورگانلاردىكى خەلق ئەسكەرلىرى ۋە سەيلى يېزىسىدىكى خەلق ئەسكەرلىرى قىسىمدىكى جەڭچىلەرگە ياتىدىغان ئۆي، ئورۇن - كۆرپىلەرنى پائال تۇردە تەييارلاپ بەردى، مەشق پائالىيىتى مەيدانلىرىنى ياسىدى، ئامىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ، تەشكىللەپ، قىسىمدىن ھال سورىدى، جەڭچىلەرنىڭ كىيىم - كېچەكلىرىنى يۇيۇپ بەردى، قىسىمنىڭ سۇ، ئوتياش قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىپ بەردى، ئۆزىمىزنى قوغداپ قايتۇرما زەربە بېرىش جېڭىنىڭ غەلىبىسىگە كاپالەتلىك قىلىشتا ئۆتەشكە تېگىشلىك مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلدى.

1969 - يىلى مەكىت ناھىيىسىدىكى روزى ھېكىم باشچىلىقىدىكى ئەكسىلئىنقىلابىي گۇرۇھ پوسكام ناھىيىسىگە يەنە بىر قېتىم پاراكەندىچىلىك سالغاندا، ناھىيە بازىرىدىكى ئورگانلاردىكى خەلق ئەسكەرلىرى بىر قوراللىق لىيەن بولۇپ تەشكىللىنىپ، ناھىيە بازىرىنى قوغدىغاندىن باشقا، يىما گۈڭشېسى بىلەن مەكىت ناھىيىسى چېگرىلىنىدىغان جايدا مۆكتۈرمە زەربە لىنىيىسى قۇرۇپ، بۇ ئەكسىلئىنقىلابىي گۇرۇھنىڭ ناھىيە بازىرىغا سالغان پاراكەندىچىلىكىنى تارمار قىلدى.

جىنايى ئىشلار جىنايى ھەرىكەتلىرىگە زەربە بېرىش، جەمئىيەت ئامانلىقىنى قوغداش داۋامىدا، جايلاردىكى خەلق ئەسكەرلىرى جامائەت خەۋپسىزلىكى تارماقلىرىغا زىچ ماسلىشىپ، ئامانلىق گۇرۇپپىسى ۋە نۆۋەتچى شۆبە ئەترەت قۇرۇپ، چارلاپ ۋەزىپە ئىجرا قىلىپ، قانۇنچىلىق تەشۋىقاتى ئېلىپ بېرىپ، قاتناش تەرتىپىنى ساقلاپ، دۆلەت، كوللېكتىپ ۋە خەلقنىڭ مال - مۈلكىنى زىيان - زەخمەتتىن ساقلاپ قالدى.

سوتسىيالىستىك ماددىي مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدا، خەلق ئەسكەرلىرى ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا ئەمگەك قىلىپ، زەربىدار ئەترەتلىك رولىنى جارى قىلدۇردى. 1975 - يىلى ناھىيە سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى قۇرغاندا، ناھىيىدىكى توققۇز خەلق ئەسكەرلىرى يېڭى 4900 دىن ئارتۇق خەلق ئەسكىرىنى تەشكىللەپ، يىڭ، لىيەن، پەي، بەنلەر بويىچە ئىش ئورنىغا ئاتلىنىپ، قىسقىغىنە ۋاقىت ئىچىدە 440 مىڭ كۇب مېتر توپا قازدى. پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، يېزىلاردا ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ئومۇميۈزلۈك قانات يايدۇرۇلدى، ھەر مىللەت خەلق ئەسكەرلىرى ھەرخىل شەكىلدىكى ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈملىرىنى پائال ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئەمگەك بىلەن بېيىشتا باشلامچى بولدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا نامراتلارغا يار - يۆلەك بولۇش، ئۆزئارا ياردەملىشىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇپ، ئورتاق بېيىش يولىغا ماڭدى. 1984 - يىلى ناھىيە بويىچە 2286 نەپەر خەلق ئەسكىرى لېي فېڭدىن ئۆگىنىش گۇرۇپپىسىدىن 227 نى، خالىسانە ياردەم بېرىش گۇرۇپپىسىدىن 285 نى تەشكىللەپ، 773 ئائىلىلىك بەشتە كاپالەتلەندۈرۈلىدىغان، قىيىنچىلىقى بارلار، ئىنقىلابىي قۇربانلار ۋە ھەربىيلەرنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا ياردەم يۈزىسىدىن 964 مو يېرىنى ھەيدەپ بەردى، 851 مو يېرىنى تۈزلەپ بەردى، 1055 مو يېرىنى تېرىپ بەردى، 1684 مو يېرىنى سۇغىرىپ بەردى.

سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلغاندىن كېيىن، ئاساسىي قاتلام خەلق ئەسكەرلىرى تەشكىلاتلىرى خەلق ئەسكەرلىرى ئائىلىسىدىن 36 نى قۇرۇپ، 8040 پارچە ھەرخىل كىتاب سېتىۋېلىپ، 170 دانە ھەرخىل مەدەنىيەت، تەنتەربىيە سايمىنى ياسىتىپ، تۈرلۈك تەنتەربىيە پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇردى، خەلق ئەسكەرلىرىنى مەدەنىيەت، پەن - تېخنىكا ئۆگىنىشكە تەشكىللەپ، خەلق ئەسكەرلىرى ئىچىدىن 1025 كىشىنى ساۋاتسىزلىق قالپىقىنى چۆرۈپ تاشلاش، 706 كىشىنى تۈرلۈك يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسىنى ئۆگىنىۋېلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى. خەلق ئەسكەرلىرى يەنە «پاسكىنچىلىق، قالايمىقانچىلىق، ناچارلىق» نى تۈزەپ، مەدەنىيەتلىك كەنت، بازار بەرپا قىلىش پائالىيىتىگە پائال قاتناشتى. 1984 - يىلى ناھىيە بويىچە خەلق ئەسكەرلىرى 44 مىڭ بەش تونna ئەخلەتنى تازىلىدى، 196 مىڭ 641 مېتر ئۇزۇنلۇقتا يول تۈزلىدى، 138 مىڭ 845 مېتر ئۇزۇنلۇقتا ئېرىق - ئۆستەڭنى راۋانلاشتۇردى، 2592 كۋادرات مېتر يەرگە گۈل تېرىدى، 12 مىليون 466 مىڭ 914 تۈپ كۆچەت تىكتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇلار كىشىلەرنىڭ روھىي قىياپىتىنى ئۆزگەرتىشكە ئەھمىيەت بېرىپ، 855 نەپەر مۇنەۋۋەر خەلق ئەسكىرىنى ئاجرىتىپ، مەدەنىيەتلىك ئائىلىلەرنى ھۆددىگە ئېلىش گۇرۇپپىسىدىن 121 نى تەشكىللەپ، يېزا - مەيدانلاردىكى 1090 ئائىلىلىك دېھقاننىڭ مەدەنىيەتلىك ئائىلە بەرپا قىلىشىغا ياردەم بېرىپ، ناھىيە بويىچە %28.7 كەنت، گۇرۇپپىنى مەدەنىيەتلىك كەنت، گۇرۇپپا قىلىپ قۇرۇپ چىقتى. خەلق ئەسكەرلىرىدىن مەھەممەت توختى، قۇدرەت مامۇت، مەھەممەت تۇرسۇن توختىلارنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدىكى نەتىجىلىرى گەۋدىلىك بولغانلىقى، سۇغا چۈشۈپ كەتكەن ئۈچ نەپەر خەنزۇ ئۆسمۈرنى جان پىدالىق بىلەن قۇتۇلدۇرۇپ مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىق، كۆيۈمچانلىق روھىنى گەۋدىلەندۈرگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇلار قەشقەر شۆبە ھەربىي رايونى ۋە ناھىيىلىك پارتكوم تەرىپىدىن ھەرقايسىسى بىر قېتىمدىن 2 - دەرىجىلىك، 3 - دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتتى دەپ ئەنگە ئېلىندى.

## § 4. خەلق ئەسكەرلىرى قۇرۇلتىيى

1963 - يىل 11 - ئاينىڭ 29 - كۈنى پوسكام ناھىيىلىك تۇنجى قېتىملىق خەلق ئەسكەرلىرى قۇرۇلتىيى چاقىرىلدى، قۇرۇلتايغا 134 نەپەر رەسمىي ۋەكىل قاتناشتى، 11 نەپەر ۋەكىل سىرتتىن قاتناشتى. قۇرۇلتايدا، ناھىيە بويىچە خەلق ئەسكەرلىرى تەشكىلاتى قۇرۇلغاندىن كېيىنكى ئۈچ يىللىق خىزمەتلەر خۇلاسىلەندى، ئىستىل تۈزىتىش، گۇڭشېلارنى تەرتىپكە سېلىشقا بىرلەشتۈرۈلۈپ، خەلق ئەسكەرلىرى تەشكىلاتلىرىنى تەرتىپكە سېلىش، خەلق ئەسكەرلىرى ئارىسىدا رەئىس ماۋزېدۇڭنىڭ ئەسەرلىرىنى ئۆگىنىش، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىدىن ئۆگىنىش پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇرۇش تەلەپ قىلىندى.

1965 - يىلى 2 - قېتىملىق خەلق ئەسكەرلىرى قۇرۇلتىيى چاقىرىلدى.

1974 - يىل 5 - ئاينىڭ 21 - كۈنى 3 - قېتىملىق خەلق ئەسكەرلىرى قۇرۇلتىيى چاقىرىلدى، قۇرۇلتايدا خەلق ئەسكەرلىرى خىزمىتىدە «ئۈچنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش» ۋە خەلق

ئەسكەرلىرى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش تەجرىبىلىرى يەكۈنلەندى ۋە ئالماشتۇرۇلدى، 17 ئورۇن خەلق ئەسكەرلىرى خىزمىتىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ قىلىپ تىكلەندى ۋە تەقدىرلەندى، بۇنىڭ ئىچىدە ليەن سەككىز، پەي يەتتە، بەن ئىككى.

1978 - يىل 5 - ئاينىڭ 29 - كۈنى ناھىيىلىك 4 - قېتىملىق خەلق ئەسكەرلىرى قۇرۇلتىيى چاقىرىلدى. قۇرۇلتايغا جەمئىي 179 نەپەر ھەر مىللەت خەلق ئەسكەرلىرى ۋەكىلى قاتناشتى، قۇرۇلتايدا يېڭى تارىخىي دەۋردىكى خەلق ئەسكەرلىرى قۇرۇلۇشىنىڭ تەجرىبىلىرى يەكۈنلەندى ۋە ئالماشتۇرۇلدى، خەلق ئەسكەرلىرى خىزمىتىدە «ئۈچنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش» بويىچە 14 ئىلغار ئورۇن، لېي فېڭدىن ئۆگىنىش بويىچە 42 ئىلغار شەخس مەيدانغا كەلتۈرۈلدى ۋە تەقدىرلەندى، ۋىلايەت بويىچە «ئۈچتىن ئۆگىنىش» يىغىنىغا قاتنىشىدىغان 16 نەپەر ۋەكىل سايلاپ چىقىلدى. 1979 - يىلى چاقىرىلغان ۋىلايەتلىك 3 - نۆۋەتلىك خەلق ئەسكەرلىرى قۇرۇلتىيىدا ناھىيىنىڭ 1 - گۇڭشې 7 - چوڭ ئەترەت خەلق ئەسكەرلىرى ليەنى، 5 - گۇڭشې 5 - چوڭ ئەترەت خەلق ئەسكەرلىرى ليەنى، دېھقانچىلىق مەيدانى خەلق ئەسكەرلىرى يېڭى قوراللىق ليەنى ئىلغار كوللېكتىپ بولۇپ، خەيرىنىسا ئىسمائىل (دېھقانچىلىق مەيدانى خەلق ئەسكەرلىرى يېڭى قوراللىق ليەنىدىن)، ئابدۇللا نىياز (ئورۇقچىلىق مەيدانى 4 - ئەترىتى خەلق ئەسكەرلىرى پەيىدىن)، روزى مەمەت (2 - گۇڭشې 14 - چوڭ ئەترەت خەلق ئەسكەرلىرى ليەنىدىن)، تۇرسۇن تۇرۇپ (2 - گۇڭشې 14 - چوڭ ئەترەت خەلق ئەسكەرلىرى ليەنىدىن)لار ئىلغار شەخسلەر ۋەكىلى بولۇپ سايلىنىپ، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ئەسكەرلىرى قۇرۇلتىيىغا قاتناشتى.

III باب

# ھەربىي خىزمەت ئۆتەش

1955 - يىلدىن باشلاپ، پوسكام ناھىيىسىدە «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ھەربىي خىزمەت ئۆتەش قانۇنى» دىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن، ھەربىي خىزمەت ئۆتەش تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. بەكەن شۆبە ھەربىي رايونى يەكەن، قاغىلىق ناھىيىلىرىدە ھەربىي خىزمەت ئۆتەش ئىدارىسى تەسىس قىلىندى. پوسكام ناھىيىسىدىن ھەربىيلىككە ئادەم تىزىملاش ۋە قوبۇل قىلىش خىزمىتىنى يەكەن ناھىيىلىك ھەربىي خىزمەت ئۆتەش ئىدارىسى قوشۇمچە باشقۇردى. 1960 - يىلدىن كېيىن، پوسكام ناھىيىسىنىڭ ھەربىي خىزمەت ئۆتەش خىزمىتىگە ناھىيىلىك قوراللىق بۆلۈم مەسئۇل بولدى، ناھىيىلىك پارتكوم، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى، ناھىيىلىك خەلق قوراللىق بۆلۈمى ئەسكەر قوبۇل قىلىشقا رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى ۋە ۋاقىتلىق ئىش بېجىرىش ئاپپاراتى تەشكىل قىلىپ خىزمەتلەرنى قانات يايدۇردى.

**پوسكام ناھىيىسىنىڭ ئىلگىرىكى يىللاردىكى ئەسكەر قوبۇل قىلىش ئەھۋالى**

4 ـ 3 ـ 1 ـ جەدۋەل

| يىللار | قوبۇل قىلىنغان ئومۇمىي ئەسكەر | ئاز سانلىق مىللەت | خەنزۇ | ئىزاھات |
|---|---|---|---|---|
| 1957 | 40 | | | 1969 ـ يىلدىن 1975 ـ يىلغىچە قوبۇل قىلىنغان ئەسكەرلەرنىڭ سانى توغرىسىدىكى ماتېرىيال تېپىلمىدى |
| 1964 | 42 | 40 | 2 | |
| 1968 | 30 | 29 | 1 | |
| 1970 | 20 | 20 | | |
| 1973 | 20 | 20 | | |
| 1976 | 43 | 40 | 3 | |
| 1977 | 20 | | | |
| 1978 | 25 | 20 | 5 | |
| 1979 | 61 | 30 | 31 | |
| 1980 | 52 | 30 | 22 | |
| 1981 | 14 | | 14 | |
| 1982 | 75 | 40 | 35 | |
| 1983 | 52 | 22 | 30 | |
| 1984 | 40 | 20 | 20 | |

# IV باب

# پوسكامدا تۇرغان قىسىملار

1950 ـ يىل 5 ـ ئايدا جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ 2 ـ جۈن 4 ـ شى 11 ـ تۈەن 2 ـ يىڭى‌پوسكام ناھىيىسىگە ئورۇنلىشىپ، 1000 مودىن كۆپرەك بىنەم يەر ئاچتى. 1954ـ يىلى يەكەنگە يۆتكەلدى.

1962 ـ يىل 8 ـ ئايدا جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ مەلۇم قىسمى پوسكامغا كىرىپ،

جۇڭگو - ھىندىستان چېگرىسىغا بېرىپ، ھىندىستاننىڭ قوراللىق ھۇجۇمىغا قارشى تۇرۇپ، ئۆزىمىزنى قوغداپ قايتۇرما زەربە بېرىش جېڭىگە قاتنىشىش بۇيرۇقىنى كۈتۈپ تۇردى، 10 - ئايدا ئالدىنقى سەپكە ئاتلىنىپ، 11 - ئايدا غەلىبە بىلەن قايتىپ كەلدى. 1965 - يىلى يەكەنگە يۆتكەلدى.

1968 - يىلى جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ قۇرۇقلۇق ئارمىيە 6 - شىسىنىڭ سۇ ئۈستى ئوتتۇرا ئەترىتى پوسكام ناھىيىسىگە يىغىلىپ بۇيرۇق كۈتتى. 1976 - يىل 11 - ئايدا شىنجاڭ ھەربىي رايونى مەلۇم قىسمىنىڭ باشقۇرىشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى.

1975 - يىل 10 - ئايدا جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ مەلۇم قىسمى پوسكام ناھىيىسىگە ئورۇنلاشتى.

# V باب

# قاراسۇ لەشكەرگاھىدىكى جەڭ

چىڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى دەۋرىدە، جۇڭغار قەبىلىسى جەنۇبىي شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلغاندىن كېيىن، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ سەردارى ئەخمەت خوجا ئىلىدا نەزەربەنت قىلىنغان. ئۇ ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئىلىدا تۇغۇلغان ئىككى ئوغلى — بۇرھانىدىن خوجا ۋە خوجا جاھان (چوڭ - كىچىك خوجىلار دەپ ئاتالغان) لار يەنىلا گۆرۈ سۈپىتىدە ئۇ يەرگە قاماپ قويۇلغان. چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى جۇڭغارلاردىن ئامۇرساناننىڭ توپىلىڭىنى تىنچىتقاندىن كېيىن، بۇرھانىدىن خوجا ۋە خوجاجاھان ئاكا - ئۇكا ئىككىسى قويۇپ بېرىلگەن، ئۇلار يەكەن، قەشقەرنى تايانچ بازا قىلىپ، چىڭ سۇلالىسىغا قارشى توپىلاڭ كۆتۈرگەن. چيەنلۇڭ 22 - يىلى (1757-يىلى) چىڭ سۇلالىسى يانداش بۇيۇرغا ئامىنداۋ 100 نەچچە كىشىلىك قوشۇن بىلەن ئۇلارنى بويسۇندۇرۇشقا ئەۋەتكەن، خوجا جاھان ئۇنىڭ سۆزىگە قۇلاق سالمايلا قالماستىن، بەلكى ئامىنداۋ قاتارلىقلارنى كۇچادا قاماپ قويغان. ئامىنداۋ قاتارلىقلار قېچىپ چىققاندا، كىچىك خوجا 300 نەچچە ئادەم ئەۋەتىپ ئامىنداۋنى قوغلاپ تۇتۇپ ئۆلتۈرگەن. بۇرھانىدىن خوجا ۋە خوجا جاھان 2000 كىشىلىكتىن ئارتۇق قوشۇن توپلاپ، ئۆزىنى «باتۇرخان» دەپ ئاتاپ، چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرىغا قارشىلىق كۆرسىتىشكە تەييارلىق كۆرگەن. چيەنلۇڭ 23 - يىلى (1758 - يىلى) چىڭ سۇلالىسى يارخاشەنى تىنچلاندۇرغۇچى سانغۇن قىلىپ تەيىنلەپ، قوشۇن باشلاپ بېرىپ چوڭ - كىچىك خوجىلانى جازالاشقا بۇيرۇغان. يارخاشەننىڭ قوماندانلىقى مۇۋاپىق بولمىغانلىقى ئۈچۈن، خوجاجاھان كۇچادىن قېچىپ كەتكەن، چيەنلۇڭ خان ۋەزىپىسىنى ئادا قىلالمىغان يارخاشەن قاتارلىق ئەمەلدارلارنى قاتتىق جازالاپ، ئۇنىڭ ئورنىغا چېگرىنى تىنچلاندۇرغۇچى سانغۇن جاۋخۇينى ئەسكەر باشلاپ بېرىپ ئۇلارنى يوقىتىشقا ئەۋەتكەن، خوجا جاھان كۇچادىن ئاقسۇغا بارغاندا، شۇ يەردىكى ئۇيغۇرلار ئۇنى شەھەرگە كىرگۈزمىگەن، كېيىن ئۇ ئۇچتۇرپانغا قوتراپ بارغاندا، يەنە ئۇچتۇرپان خەلقى تەرىپىدىن توسۇۋېلىنغان. ئۇ قول ئاستىدىكى 3000

ئادەمنى باشلاپ، ئالدى بىلەن، قەشقەرگە بېرىپ، بۇرھانىدىن خوجا بىلەن ھەربىرى بىردىن شەھەرنى ئىگىلەش، ئۆزئارا ياردەملىشىش توغرىسىدا ۋەدىلەشكەن. شۇنىڭ بىلەن، بۇرھانىدىن خوجا قەشقەرنى ساقلاپ ياتقان، خوجا جاھان يەكەنگە كىرىپ، يەكەن شەھىرىنى بېسىپ ياتقان. سانغۇن جاۋخۇي ئاقسۇنىڭ كاتتىبېشى موللاھوشۇر ۋە ئۇچتۇرپاننىڭ سەردارى خوجىس بەگنىڭ ئۆزىنىڭ ئالدىغا چىقىپ قارشى ئېلىشى بىلەن، بۇ ئىككى مۇھىم شەھەرنى ئالغاندىن كېيىن، ئورۇنباسار سانغۇن فۇدېنى قالدۇق باندىتلارنى تازىلاشقا قالدۇرۇپ قويۇپ، ئۆزى قوشۇن باشلاپ يەكەنگە يۈرۈش قىلغان، شۇنىڭ بىلەن، شىنجاڭ تارىخىدا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان قاراسۇ لەشكەرگاھىدىكى جەڭ پارتلىغان.

## § 1 . لەشكەرگاھقا ئورۇنلىشىشنىڭ جەريانى

سانغۇن جاۋخۇي قوشۇن باشلاپ ئۇچتۇرپاندىن چىقىپ، بارچۇق (مارالبېشى) ئارقىلىق، چيەنلۇڭ 23 - يىلى (1758 - يىلى) 10 - ئاينىڭ 6 - كۈنى يەكەنگە يېتىپ كەلگەن. بۇرھانىدىن خوجا 3000 ئاتلىق، 2000 پىيادە ئەسكەر بىلەن قەشقەردىن خوجا جاھانغا ياردەمگە كېلىپ، بىرلىكتە ئېگىز قوختىلارنى سالدۇرۇپ مۇداپىئەدە تۇرغان. جاۋخۇي باتلۇ مەنجۇرتۇنى، ئۇيراتلارنىڭ تەرتىپ ۋەزىرى داشچىلىڭنى ئەسكەر باشلاپ بېرىپ شەھەرنىڭ شەرقىدە جەڭ قىلىشقا، ئالدى بىلەن، ئۇلارنىڭ قوختىلىرىنى ئېلىشقا بۇيرۇغان، توپىلاڭچىلار قوشۇنى شەھەرنىڭ شەرقىي، غەربىي دەرۋازىسىغا 400 - 500 چە چەۋەندازدىن قارشى سەپ ھاسىل قىلغان. ئوتتۇرا قوشۇننىڭ تورشاۋۇلى مىڭرۇي، سول قانات قوشۇننىڭ تورشاۋۇلى ئىمبو قاتارلىق ئون كىشى قوشۇن باشلاپ ھۇجۇمغا ئۆتكەن، ئەتىگەندىن كەچ كىرگىچە جەڭ بولغان، توپىلاڭچىلار قوشۇنى ئۈچ قېتىم مەغلۇپ بولغان. كىچىك خوجىنىڭ قوشۇنى شەھەرگە چېكىنگەن. شەھەرنىڭ چوڭلۇقى ئون چاقىرىمدىن ئارتۇق كېلەتتى، تۆت ئەتراپىدا 12 دەرۋازىسى بار ئىدى. جاۋخۇي شەھەرنىڭ خەتەرلىكلىكىنى، لەشكەرلىرىنىڭ ئازلىقىنى، شەھەرنى قاپساپ ئېلىشنىڭ تەسلىكىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئەسكەرلىرىنى دەريادىن ئۆتكۈزۈپ، ھەرقايسى سەپلەردىكى قوشۇننى يىغىپ بولغاندىن كېيىن، كۈچنى توپلاپ ھۇجۇمغا ئۆتمەكچى بولۇپ تۇرغانىدى. چارلاش ئارقىلىق، شەھەرنىڭ جەنۇبىدىكى تاغدا چارۋا پادىسى بارلىقىدىن خەۋەر تېپىپ، قوشۇننى دەريادىن ئۆتكۈزۈپ، چارۋىلارنى قولغا چۈشۈرۈپ ھەربىي تەمىناتنى تولۇقلىۋالماقچى بولغان. چوڭ - كىچىك خوجىلار زەرەپشان دەرياسىنىڭ جەنۇبىي قىرغىقىغا جايلىشىۋالغانىدى. 13 - كۈنى چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى كۆۋرۈكتىن ئۆتۈپ، جەنۇبىي قىرغاققا ھۇجۇم قىلماقچى بولۇپ، 400 ئادىمى كۆۋرۈكتىن ئۆتۈپ بولۇشىغا، كۆۋرۈك تۇساتتىن چۈشۈپ كەتكەن. توپىلاڭچىلار قوشۇنى تەرەپ - تەرەپتىن ھۇجۇم قىلغان، چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى جەڭ قىلغاچ چېكىنىپ، سۇ ئۈزۈپ دەريادىن ئۆتكەن. يېرىم يولدا ئۇلار توپىلاڭچىلار قوشۇنىنىڭ زەربىسىدىن بىرنەچچىگە بۆلۈنۈپ كېتىپ، ھەركىم ئۆز ئالدىغا جەڭ قىلغان، تاڭ ئاتقاندىن تارتىپ گۇگۇم چۈشكىچە 1000 دىن ئارتۇق دۈشمەننى ئۆلتۈرگەن. چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قېلىپ، ئەسكەر بېشى ۋە ئەسكەرلىرىدىن 100 دىن ئارتۇق ئادىمى ھالاك بولغان، بىرنەچچە يۈز ئادىمى يارىدار بولغان. جاۋخۇينىڭ ئەتراپىدا توقۇنۇش يۈز بەرگەن، ئۇنىڭ ئېتىغا ئوق تېگىپ

ئۆلسە يەنە ئات يەڭگۈشلىگەن، ئورۇنباسار سانغۇن مىڭ رۇيمۇ يارىدار بولغان، باش بۆغ گاۋتىيەنشى، يانداش بۆيۈرغا سانگې، تورشاۋۇل سەردار ئۇشى. سەردار تېتۇڭئې قاتارلىقلار جەڭدە ئۆلگەن. ئەسكەرلەر ۋە ئاتلار ھېرىپ كېتىپ، ھۇجۇمغا ئۆتەلمىگەچكە، مۇداپىئەلىنىش ئۇچۇن، ئۇلار قارا سۇ دېگەن يەردە ئاكوپ كولاپ، لەشكەرگاھ قۇرغان. ئىككى خوجىنىڭ پىيادە، ئاتلىق بولۇپ 10 مىڭدىن ئارتۇق ئەسكىرى چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرىنى قورشىۋالغان. شۇ سەۋەبتىن بۇ جاي «قارا سۇ لەشكەرگاھى» دەپ ئاتالغان. توپىلاڭچىلار قوشۇنى بەش كېچە ـ كۈندۈز شىددەت بىلەن ھۇجۇم قىلغان، چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى جەڭ قىلغاچ ئىستىھكام ياسىغان، جاۋخۇي خەۋپ ئاستىدا قالغانلىقىنى مەلۇم قىلىش ئۇچۇن بەش ئەسكەرنى بىرنەچچە يولغا بۆلۈپ ئاقسۇغا ئەۋەتكەن، ئاقسۇدا تۇرۇشلۇق مەسلىھەتچى دىۋان بېگى شۇخېدې جىددىي مەلۇمات يېزىپ ماڭغۇزغان. ئۇ چاغدا ئەي لۇڭئا دەريا بويىدا ئالدى ـ كەينىدىكى دۈشمەنلەر بىلەن تىركەشكەندىن كېيىن، جاۋخۇي لەشكەرگاھتىن ئىككى سولۇن (داغۇر) نى يېقىن يول بىلەن خەۋەر يەتكۈزۈشكە ئەۋەتىپ. ئەي لۇڭئانى ئاقسۇغا تېز قايتىپ، ياردەمچى قوشۇن يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئاندىن بىرلىكتە ھۇجۇمغا ئۆتۈشكە بۇيرۇغان. يانداش بۆيۈرغا مىڭ رۇي پەرماننى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، پايتەختتكە بېرىپ، چيەنلۇڭ خانغا قاپسىلىپ قالغان ئەھۋالنى يۈز تۇرانە بايان قىلغان.

قاراسۇ لەشكەرگاھىنىڭ قەدىمكى ئورنى تۆڭگۈزلۈق بولۇپ، شىۋەلىك (شىبۇ《洗箔》) دەپمۇ ئاتىلاتتى، بۇ جاي ھازىرقى پوسكام ناھىيىسىنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى يىما يېزىسىنىڭ تۆۋەن گۈلباغ كەنتىدە. پوسكام ناھىيىسىنىڭ يەكەن ناھىيىسى بىلەن چېگرىلىنىدىغان يېرىدىكى پوسكام — مەكىت تاشيولىنىڭ غەربىي تەرىپىدىن يەكەن دەرياسىغا بىر كىلومېتىرچە كېلىدىغان يەردە ئېگىز توپا دۆۋىلىرى، ئۇنىڭ شەرقىي جەنۇب تەرىپىدە بۇلاق سۈيى بەلباغلىرى بار ئىدى، بۇ يەر ئەسلىدە سازلىق بولۇپ، غەربىي جەنۇب تەرىپىدە گۈلباغ يېزىسىنىڭ قاراكۆل دەپ ئاتىلىدىغان بىر كۆلى بار ئىدى. توپا دۆۋىلىرىنىڭ شەرق تەرىپىدىكى تېرىلغۇ يەرلەردە ۋەيران بولغان ئىمارەتنىڭ خىشلىرى ھېلىمۇ بار، بۇ جاي ئىبادەتخانىلارنىڭ ئەسلى ئورنى بولۇشى مۇمكىن، يەرلىك ئاممىا بۇ جاينى بۇرۇنقى سانغۇن مەھكىمىسىنىڭ خارابىلىكى دەپ ئاتايدۇ. ئۇنىڭ شەرقىي شىمال تەرىپىدىكى يەكەن ناھىيىسىنىڭ غازلەڭگەر كېچىكى ياكى ھازىرقى يەكەن دەرياسى كۆۋرۈكىنىڭ ئەتراپىدىكى كونا كۆۋرۈكنىڭ ئەسلى ئورنى جاۋخۇينىڭ قوشۇن باشلاپ دەريادىن ئۆتكەن جايى بولۇشى مۇمكىن.

## § 2. ئاممىنىڭ جەڭگە ياردەم بېرىشى

چوڭ ـ كىچىك خوجىلار توپىلاڭ كۆتۈرگەندە، يەكەننىڭ سەردارى ئىلىكخان خوجا ئۇلارغا بويسۇنمىغاچقا، خوجا جاھان تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن. يەكەننىڭ يەنە بىر سەردارى ھۇسەينمۇ توپىلاڭغا ئەگەشمەي، ئىنىسى پارسا ۋە جىيەنى تۇردى، مامۇتنى ئېلىپ، قىرغىز قەبىلىسىگە كۆچۈپ بېرىپ ئۆلتۈرۈاقلاشقان. خوجا جاھان قىرغىز قەبىلىسىگە ئەسكەر ئەۋەتىپ ھۇسەين قاتارلىق كىشىلەرنى چىقىرىپ بېرىشنى تەلەپ قىلغان، لېكىن مەقسىتىگە يېتەلمىگەن. سانغۇن جاۋخۇي قوشۇن باشلاپ يەكەنگە يېتىپ بارغاندىن كېيىن، ھۇسەين بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپلا، جىيەنى تۇردى ۋە قىرغىزلارنىڭ خوشچى ئېتوك قەبىلىسىنىڭ باشلىقى نارا باتۇر بىلەن ئەسكەر باشلاپ

قەشقەر، يېڭىسار قاتارلىق شەھەرلەرگە ھۇجۇم قىلغان. ئۇ چاغدا بۇرھانىدىن خوجا قەشقەردىن يەكەنگە ياردەمگە ئاتلىنىپ، چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى تۇرغان قاراسۇ لەشكەرگاھىنى ھۇجۇم بىلەن قورشىۋالماقچى ئىدى، ئۇ، قىرغىز قەبىلىسىنىڭ شەھەرلەرگە ھۇجۇم قىلغانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ، قىرغىز قەبىلىسىنىڭ چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى بىلەن ئالاقىسى بار ئىكەن دەپ گۇمان قىلىپ. ساراسىمىگە چۈشۈپ قەشقەرگە قايتقان، شۇنىڭ بىلەن توپىلاڭچىلار قوشۇنىنىڭ ئەسكىرى كۈچى بۆلۈنۈپ كەتكەن، نەتىجىدە قارا سۇ لەشكەرگاھىنى مۇھاسىرە قىلىش بېسىمى ئازايغان. چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى چوڭ - كىچىك خوجىلارنىڭ قوشۇنىنى مەغلۇپ قىلغاندىن كېيىن، ھۇسەيىن قاتارلىق كىشىلەر يەنە يەرلىكنىڭ ئەمىنلىكىنى قوغداشقا ياردەم بېرىپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكى ئۈچۈن تۆھپە قوشقان. چيەنلۇڭ خان ئۇلارنىڭ كۆرسەتكەن خىزمىتىگە قاراپ ئىنئام بېرىپ، ئايرىم - ئايرىم ھالدا، ئەمەلى ۋە مەرتىۋىسىنى ئۆستۈرگەن.

## § 3. ئۈچ ئاي بەرداشلىق بېرىش

چيەنلۇڭ 23 - يىلى (1758 - يىلى) 10 - ئاينىڭ 13 - كۈنىدىن ئېتىبارەن، جاۋخۇينىڭ قاراسۇ لەشكەرگاھى چوڭ - كىچىك خوجىلارنىڭ نۇرغۇن ئەسكەرلىرىنىڭ مۇھاسىرىسىگە چۈشۈپ قالغان، ۋەزىيەت ئىنتايىن جىددىي بولۇپ قالغانىدى. توپىلاڭچىلار قوشۇنى مۇداپىئەنىڭ قاتتىق ئىكەنلىكىنى، يىمىرىشنىڭ تەسكە چۈشىدىغانلىقىنى پەملەپ، ئاكوپ كولاپ، ئىستىھكام ۋە ئېگىز قوختىلارنى ياساپ، ئۇنىڭ ئۈستىدىن قاراسۇ لەشكەرگاھىغا قارىتىپ مىلتىق، توپ ئاتقان. ئوقلارنى ئىستىھكام ئەتراپىدىكى قېلىن ئورمانلىق توسۇپ تۇرغاچقا، چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى زىيان - زەخمەتكە ئۇچرىمايلا قالماستىن، بەلكى دەرەخلەردىن تېرىۋالغان نەچچە 10 مىڭ پاي ئوق بىلەن ئۆزىنىڭ ئوق - دورىلىرىنى تولۇقلىۋالغان. 10 - ئاينىڭ 22 - كۈنى كىچىك خوجا قوشۇنىغا دەريا سۈيىنى ئېچىۋېتىپ، چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرىنىڭ لەشكەرگاھىنى سۇغا باستۇرۇۋېتىش بۇيرۇقىنى بەرگەن. جاۋخۇي قاتارلىقلار ئاللىقاچان ئەسكەر بېشى ۋە لەشكەرلىرىنى چىقىرىپ ئېرىق - خەندەك قازدۇرۇۋالغان بولغاچقا، سۇنى دەريانىڭ تۆۋەن ئېقىمىغا باشلىۋەتكەن، بۇنىڭ بىلەن ھەم سۇدا غەرق بولۇپ كېتىشتىن ساقلىنىپ قالغان، ھەم سۇ مەنبەسىگە ئىگە بولغان. سۇ بىلەن قىلغان ھۇجۇمدىن نەتىجە چىقمىغانلىقىنى كۆرگەن خوجا جاھان، يەنە ئازگال قېزىپ يوشۇرۇنۇپ، قۇمۇش، توپا - شېغىللارنى دالدا قىلىپ، چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرىغا يوشۇرۇن ھۇجۇم قىلىپ باققان، لېكىن ئۇنىڭدىمۇ زەربە يېگەن. بۇ چاغدا چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرىنىڭ ئوزۇق - تۈلۈكى ئۈزۈلۈپ قالغان، ئۇلار گەمە ئامبارنى ئىزدەپ تېپىپ، بىر تۇركۇم ئاشلىققا ئېرىشكەن. بۇ چاغدا قىرغىزلارنىڭ سەردارى نارا باتۇر ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ سەردارى ھۇسەيىن قاتارلىقلار قوشۇن باشلاپ قەشقەر ۋە يېڭىسار قاتارلىق شەھەرلەرگە ھۇجۇم قىلغان، بۇ دەل قۇمۇل جاساق پەيزى يۈسۈپ نەۋكەرلىرىدىن بۇجەنتەيىنى قىرغىز قەبىلىلىرىدىن ئەسكەر ئېلىشقا ئەۋەتكەن چاغ ئىدى، چوڭ خوجا قىرغىزلارنى چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى بىلەن پۇتۇشۇۋاپتۇ دەپ گۇمان قىلىپ، سۈلھى قىلىشقا ئادەم ئەۋەتكەن، جاۋخۇي «ئاۋال خوجا جاھاننى باغلاپ ئەكېلىپ بېرىڭلار، ئاندىن سۈلھى ماددىلىرىنى قوبۇل قىلىمىز» دېگەن. ئۇلار يالغۇز قوشۇن بىلەن نەچچە قات مۇھاسىرە ئىچىدە قېلىپ، ئۈچ ئاي بەرداشلىق بېرەلىگەن، دۈشمەنلەر

تەئەججۈپلەنگىنىدىن ئۇلارنى ئىلاھىمدۇ دەپ قالغان.

شۇ مەزگىلدە، چيەنلۇڭ خان جاۋخۇي بىلەن فۇدېنىڭ شىنجاڭدا ئۇزۇن تۇرۇپ كەتكەنلىكىنى، سانغۇن ۋە ئەسكەرلىرىنىڭ چارچاپ قالغانلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئىككى ئاي ئىلگىرى، چېگرىنى تىنچلاندۇرغۇچى سانغۇن نامزار، مەسلىھەتچى سانگېلارنى ئۇلارنىڭ ئورنىغا ئالمىشىشقا، يەنە سولۇن، چاخار قوشۇنلىرىنى جەنۇبىي شىنجاڭغا ئاتلىنىشقا بۇيرۇغان. ئۇلار دەل يول ئۈستىدە جاۋخۇي قوشۇنىدىن ئەي لۇڭگۈئانىڭ ئاقسۇغا ياردەمچى قوشۇننى سۆيلەشكە باشلاپ كېتىۋاتقان ئەسكەرلىرىگە ئۇچراپ قالغان. ئەي لۇڭگۈئا نامزارنىڭ ئارانلا 200 دىن ئارتۇق ئاتلىق ئەسكىرى بار ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۇنى ئالغا ئىلگىرىلەشنى توختىتىشقا دەۋەت قىلغان. نامزار قاتارلىقلار دەۋەتكە قۇلاق سالمىغاچقا، يولدا خەۋپكە ئۇچراپ قازا قىلغان.

## § 4 . ياردەمگە ئېرىشىپ مۇھاسىرىنى بۆسۈپ چىقىش

ئورۇنباسار سانغۇن فۇدې قاراسۇنىڭ مۇھاسىرە ۋە خەۋپ ئىچىدە قالغانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ، جەنۇبىي شىنجاڭغا ئەمدىلا كەلگەن سولۇن، چاخار قوشۇنىنىڭ 2000 دىن كۆپرەك ئەسكىرىنى ۋە شىمالىي يولدىكى 1000 دىن كۆپرەك ئەسكەرنى باشلاپ، يېغىۋاتقان قارغا قارىماي ياردەمگە ئاتلانغان. چيەنلۇڭ 24 - يىلى (1759 - يىلى) 1 - ئاينىڭ 6 - كۈنى ئورمان (ھازىرقى مارالبېشى ناھىيىسى ئاقساقمارال يېزىسىنىڭ ئورمان كەنتى)غا يېتىپ بارغاندا، توپىلاڭچىلار قوشۇنىنىڭ 5000 ئاتلىق ئەسكىرىگە ئۇچراپ قېلىپ، ئۇرۇش قىلغاچ ئالغا ئىلگىرىلەپ، بەش كۈندۈز، تۆت كېچە جەڭ قىلغان. چۆل - جەزىرە، قۇملۇقلاردا سۇ بولمىغاچقا، ئۇسسۇزلۇقنى مۇز بىلەن قاندۇرغان. ئاتلار ھېرىپ ھالىدىن كەتسە، ئەسكەرلەرنىڭ يېرىمى پىيادە ماڭغان. 9 - كۈنى يەكەن دەرياسىدىن ئۆتۈپ، قاراسۇ لەشكەرگاھىغا 300 چاقىرىم قالغاندا، توپىلاڭچىلار قوشۇنىغا بارغانسېرى كۆپ ئۇچراپ قېلىپ، ئالغا ئىلگىرىلىيەلمىگەن. دەل شۇ پەيتتە باركۆلنىڭ مەسلىھەتچى ئامبىلى ئالىگۇن بۇيرۇققا بىنائەن 600 ئەسكەر، 2000 ئات، 1000 تۆگە بىلەن، ئەي لۇڭگۈئانىڭ 1000 دىن ئارتۇق ئەسكىرى بىلەن ئۇچرىشىپ، كېچىدە يېتىپ بارغان. ئۇن چاقىرىمدىن ئارتۇق يىراقلىقتىكى ئوت يورۇقىدىن ئۇ يەرنىڭ چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى بىلەن توپىلاڭچىلار قوشۇنى تىركەشكەن جاي ئىكەنلىكىنى بىلگەن. يەنە يولدا قاراسۇ لەشكەرگاھىدىن دۈشمەنگە تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلغىلى چىققان ئەسكەرلەرگە ئۇچراپ قېلىپ، ئۇلارنىڭ ياردەمگە جىددىي مۇھتاج ئىكەنلىكىنى بىلىپ، قوشۇننى ئىككى قاناتقا بۆلۈپ، «ھۇررا» توۋلاپ، توپا - چاڭ توزۇتۇپ، توپىلاڭچىلار قوشۇنىنىڭ ئىستىھكامىغا ئۇدۇل بۆسۈپ بارغان ۋە فۇدې بىلەن بىللە ئۈچ يولغا بۆلۈنۈپ ئىستىھكامغا كىرگەن. توپىلاڭچىلار قوشۇنى كېچىدە ئەسكەر بېشى ۋە ئەسكەرلەرنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنى بىلەلمەي، بىر - بىرىنى قىرىشىپ تىكىۋەتكەن. چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى داۋاملىق ئىلگىرىلەپ، قاراسۇ لەشكەرگاھىغا يېقىنلاشقان. جاۋخۇي لەشكەرگاھنى مۇھاسىرىگە ئېلىۋالغان توپىلاڭچىلار قوشۇنىنىڭ ئاز قالغانلىقىنى كۆرۈپ، يىراقتىن مىلتىق، توپ ئاۋازلىرىنى ئاڭلاپ، شەرقتىن توپا - چاڭ كۆتۈرۈلگەنلىكىگە، لەشكەرگاھتىكى قۇدۇقنىڭ ئۇشتۇمتۇت قۇرۇپ قالغانلىقىغا قاراپ، ياردەمچى قوشۇننىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى بىلگەن ۋە دەرھال قوشۇنلىرىنى باشلاپ مۇھاسىرىنى بۆسۈپ چىقىپ، توپىلاڭچىلار

قوشۇنىنىڭ 1000 دىن ئارتۇق ئادىمىنى ئۆلتۈرگەن، ئۇلارنىڭ ئىستىھكاملىرىنىڭ ھەممىسىنى كۆيدۈرۈۋەتكەن. كىچىك خوجا مەغلۇب بولغان قوشۇننى باشلاپ يەكەن شەھىرىگە چېكىنگەن. جاۋخۇي بىلەن فۇدې ئۇچرىشىپ، ئۆزىنى ئوڭشىۋېلىپ ئاقسۇغا قايتقان. ئۇ، قوشۇنلىرىنى تەرتىپكە سېلىش ئارقىلىق، ئاۋۋال ئەسكەر ئەۋەتىپ خوتەننى قايتۇرۇۋالغان، ئاندىن ئەسكەرلىرىنى بۆلۈپ قەشقەر ۋە يەكەنگە ھۇجۇم قىلغان. چوڭ - كىچىك خوجىلارنىڭ تەڭ كېلەلمەيدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ، شەھەرنى تاشلاپ، ئادەم ۋە مال - ۋارانلىرىنى ئېلىپ، كۆكئارتتىن ئۆتۈپ غەربكە تىكىۋەتكەن. بەدەخشان سەردارى سۇلتان شاھ ئەسكەر باشلاپ، بۇرھانىدىن خوجا ۋە خوجا جاھانلارنى ئۆلتۈرگەن ھەمدە ئۇلارنىڭ جەسىتىنى تەقدىم قىلىپ، چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرىنى قارشى ئالغان.

## § 5 . قاراسۇ لەشكەرگاھىدىكى جەڭ ھەققىدە شېئىر ۋە يادنامىلەر

### 1 . شېئىرلار

### قاراسۇ لەشكەرگاھىنىڭ مۇھاسىرىدىن قۇتۇلۇشى

ئەيسىن كورو خۇڭلى
جىماۋ (1759 - يىل) باش ياز

خاسىيەتلىك بىر جايدۇر، بۇ قاراسۇ ئېقىنى،
تاڭ دەۋرىدە بار ئىدى ئوخشاش شۇ نام - شەرىپى.
قوشۇنلارنىڭ ئۆتكەن يىل زەربە بېرىش جېڭىدە،
كۈچلۈكتى ئىرادىسى، تەڭداشسىز كۈچ - قۇۋۋىتى.

ئۇدا ئۇزمەي جەڭ قىلغاچ، پايدىسىزتى ۋەزىيەت،
توپىلاڭنىڭ ئۈستىدىن غەلبە قىلماق ئىدى تەس.
مۇھاسىرە قىلىنغاچ قوشۇنىمىز بىر مەھەل،
ياساپ ئاكۇپ - ئىستىھكام، قاراسۇدا تۇردى، بەس.

ئادەمگىلا تايىنىپ بۆسۈپ چىقماق ئاسانمۇ؟
ئۇلۇغ تەڭرى مەرتلەرنى ئالغان ئۆز پاناھىغا.
سانسىز ئۇزۇن يول بېسىپ، مىڭ رۇي ھەزرەت مۇشۇ چاغ، (1)
يېتىپ كەلدى ئاستانە - پادىشاھ ھوزۇرىغا.

يۈز تۇرانە سورىدىم، ئۈشبۇ جەڭ ئەھۋالىنى،
چۆچۈپ كەتتىم ئەنسىرەپ، شۇ ئېغىر كۈن، قىسمەتتىن.
ئوڭ - چەپتە ياۋقوشۇنى چۈمۈلىدەك يېيىلغان،
سانسىز ئەسكەر باستۇرۇپ كەلگەن ھەممە تەرەپتىن.

ئۈچ مىڭ ئەسكەر ئەشۇ چاغ، قەيسەرانە جەڭ قىلىپ،
چىڭ تىركەشكەن ياۋ بىلەن، ساقلاپ مەھكەم بازىنى.
قىيىن - مۈشكۈل پەيتلەردە، ئىگە بولۇپ ئاشلىققا،
روھى ئۇرغۇپ مىسلىسىز، ياڭراتقان جەڭ سازىنى.

چارە - ئامال ئىزدىگەن، يېمەك - ئىچمەك، ئوزۇققا،
بىكار يېتىپ - يېيىشكە ھەممە ئىدى ناقايىل.
شۇم دۈشمەننىڭ خىيالى سۇغا غەرق قىلىشتى،
ھوشيار سانغۇن - لەشكەرلەر تۇردى ئاڭا تاقابىل.②

بىت - چىت بولۇپ دۈشمەننىڭ ھاماقەتلىك پىلانى،
ئۈزۈلمىگەن ئەسكەرلەر ئىچىدىغان سۇمۇ ھەم.
بىرەر ئادەم ئوق تېگىپ، زىيان - زەخمەت تارتمىغان،
دۈشمەن ئوقى دەرەخكە تېگىپ تۇرغان دەممۇ-دەم.

تەييارلاشتا ئاش - تاماق، لازىم ئىدى ئوت يېقىش،
ئوتۇن قىلغان ئەسكەرلەر، كېسىپ داۋۇ - دەرەخنى.
سانسىزلىغان ئوقلارنى شاختىن يىغىپ جەم قىلىپ،③
جەھەننەمگە يوللىغان كۆرەڭلىگەن كەمەكنى.

لەشكەرگاھقا كىرگەندە، ئۇلار قۇدۇق كولىغان،
قورشاۋ بۆسۈش ئالدىدا قۇدۇق سۈيى قۇرۇغان.
ئاڭلاپ پۈتۈن ئەھۋالنى، خۇشال بولۇپ دىل يايراپ،
بىرلىكىگە ئەل - يۇرتنىڭ سادىقلىقنى ئويلىغان.

ئەمىر - لەشكەر ھەممىسى ھوشيار تۇرۇپ يەنىمۇ،
ۋۇجۇدىغا جەم قىلغان، ئۈمىد - ئىشەنچ، جاسارەت.
ئوقۇپ ئىززەت - ئىكرامدا ئەجدادىمىز سۆزىنى،
تاۋاپ قىلىپ يۈز يېقىپ، تاپقان ئەقىل - پاراسەت.

تەيزۇڭ خاننىڭ ۋاقتىدا خاتىرىگە يېزىلغان:
مىڭ خاقانى قوشۇنى قىلغان شۇندا ھۇجۇم - جەڭ.

ھاۋا تۇتۇق شۇ پەيتتە، كۆكنى باسقان ئىس - تۇمان،
دۈشمەننىڭ توپ ئوقىدىن كۆيگەن دەرەخ، زېمىن تەڭ.

يېتىپ بېرىپ ئالدىنقى سەپكە سانغۇن - قوماندان،
كۆزەتكەن جەڭ - ھۇجۇمنى، نەزەر سېلىپ ھەممىگە.
مەلۇم قىلغان دەرەخكە تەگكەن دۈشمەن توپ ئوقى،
كىرىش تارتىپ ئۆزگەن ئوق ھەم تەگمىگەن ئەسكەرگە.

شانلىق جەڭنىڭ غەلىبىسى كەلمىگەن ھېچ ھەيۋىدىن،
ئاتا - بوۋا روھى يار، بەرگەن مەدەت تەڭرى ھەم.
ئەجدادلارنىڭ پەزىلەت، مەرتلىك روھى كۈچ بولغاچ،
توپىلاڭنى تىنچىتقان، كۆكرەك كېرىپ قىلىپ جەڭ.

تاڭ سەھەردە ئالەمگە تارقاپ كەتكەن خۇش خەۋەر،
بىرلىك بىلەن بۈيۈك چىڭ تاپقان قۇدرەت، شان - زەپەر.

ئاپتور ئەيسىن كوروخۇڭلى (چيەنلۇڭ خان)، چىڭ سۇلالىسىنىڭ 4 - خانى، مىلادى 1735 - يىلدىن 1795 - يىلغىچە تەختتە ئولتۇرغان.

### ئەسلى ئىزاھاتى

① باتۇر، مېھرىبان ھەزرىتى مىڭ رۇي ۋاپادار خانىشىنىڭ جىيەنى ئىدى. ئۇ يولغا چىقىدىغان چاغدا ياندىش بۇيۇرغىلىققا تەيىنلەنگەن، يۇرۇش مەزگىلىدە ئۇ باشلاپ ماڭغان ئەسكەرلەر ھۇجۇمچى بولغان، قورشاۋدا قېلىش ئەھۋالىنى سۇرۇشتە قىلىش ئۈچۈن ئۇ پايتەختكە چاقىرتىلغان، يەكەندىن پايتەختكە 15 مىڭ چاقىرىم يولنى تېز بېسىپ، بىر ئايدىن ئارتۇق ۋاقىتتا يېتىپ بارغان.

② دۈشمەنلەر دەريا سۈيىنى ئېچىۋېتىپ، ئىستىھكاملىرىمىزنى سۇغا باسۇرماقچى بولغان، سانغۇن جاۋخۇي قاتارلىقلار سۇنى ئالدىنئالا چېپىلغان ئېرىق ئارقىلىق يەنە دەرياغا باشلىۋەتكەن ۋە ئۇ سۇدىن پايدىلانغان.

③ توپىلاڭچىلار ئېگىز جايدىن مىلتىق، توپ ئاتقان، ئاتقان ئوقلىرى دەل - دەرەخلەرگە تەگكەن، قوشۇنىمىز دەرەخلەرنى كېسىپ ئوتۇن قىلغان، دەرەخلەردىن نەچچە 10 مىڭ پاي ئوق تېرىۋېلىپ توپىلاڭچىلارغا قارىتىپ ئېتىپ، سانسىزلىغان توپىلاڭچىنى يوقاتقان.

## تۇڭگۇزلۇقتىكى جەڭ ھەققىدە

ئەيسىن كورو خۇڭلى
بىڭشۇ (1766 - يىل) تولۇقلىما مەدھىيە

ئەسلىسەك شۇ يىللارنى، خوجىلاردىن ئىككىسى،
قوزغاپ غەۋغا - توپىلاڭ، بېسىپ ياتقان يەكەننى.
ئىگىلىگەن يەر - زېمىن، ۋاپاسى يوق، شەپقەتسىز،
يوقاتماستىن بولامتى جىنايەتكار دۈشمەننى.

بىرى بولغاچ بەك ۋەھشى، قىلىپ ئۇر - چاپ ھەم قىرغىن،
شېرىكىگە ھېمىشە بولۇپ تۇرغان يانتاياق.
قوغداش ئۈچۈن ئۆزلىرى پايدا نەپنى، ھارامنى،
گويا ئاچكۆز بۆرىدەك تەلمۈرگەنتى ھەممە ياق.

ئۆتكەندە چوڭ دەريادىن بەش يۈز ئاتلىق سەپ تۈزۈپ،
ئىككى تۇمەن ياۋ - ئەسكەر سىقماق بولغان گېلىنى.
قاراسۇدا - قورغاندا ئىككى تەرەپ تىركەشكەن،
مەھكەم تۇرغان ئەسكەرلەر، پىدا ئەيلەپ جېنىنى.

ئەڭ ئاخىرى قورشاۋدىن بۆسۈپ چىقىپ باتۇرلار،
ياردەمچى شۇ قوشۇنغا نۇسرەت قۇچۇپ ئۇچراشقان. ①
ئەل - يۇرت ئۈچۈن جان بەرگەن باتۇرلارنى ئەسلىسەك،
ئۇزۇلمەستىن تىللاردا جاراڭلايدۇ كۈي - داستان.

**ئەسلى ئىزاھاتى**

① شۇ چاغدا ئورۇنباسار سانغۇن فۇدې بۇيرۇقىغا بىنائەن ئەسكەر باشلاپ يولدا كېتىۋاتاتتى، ئۇ بۇيرۇق بويىچە تېز ئىلگىرىلەپ ياردەمگە ئاتلانغان. شۇنىڭ بىلەن تەڭ، مەسلىھەتچى ئامبال ئالىگون توپلىغان باركۆل ئاتلىرىمۇ لەشكەرگاھقا ۋاقتىدا يېتىپ بارغان، شۇنىڭ بىلەن توپىلاڭچىلار راسا مەغلۇپ بولغان، جاۋخۇي قاتارلىقلارنىڭ پۈتۈن قوشۇنى مۇھاسىرىنى بۆسۈپ چىققان، ھېسابلاپ كۆرگەندە، قوشۇنىمىزنىڭ ئاكۇپ كولاپ مۇداپىئەدە تۇرغىنىدىن مۇھاسىرىنى بۆسۈپ چىقىشىغا 100 كۈن كەتكەن.

## يەكەن

### چۇڭجاڭ

ئاتلاندى سانغۇنلار يىراققا - جەڭگە،
بېلىنىغا ئوق - يا ۋە قىلىچلار ئېسىپ.
شۇم، ۋەھشى بۆرىگە بەرمەكچۈن سوققا،
قېنىنى ئاقتۇرۇپ، تاسمىدەك تىلىپ.

لەشكەرگاھ ئۈستىدە كۈمۈش ئاي نۇرى،
دۈبۈلغا ـ ساۋۇتلار تۇرىدۇ مۇزدەك.
قەھرىتان سوغۇقتا چۆككەن كەڭ قورغان،
ئۈستىدە تۇرىدۇ تۇغلار لەپىلدەپ. ①

ئۇچىدۇ ئوفىيالار سانسىز قۇم يەڭلىغ،
چاپىدۇ چاقماقتەك جەڭ ئاتلىرى ھەم. ②
مەۋج ئۇرار قاراسۇ كېچەيۇ ـ كۈندۈز،
قەھرىلىك دولقۇنلاپ تۇمەن يىل بەردەم.

ئەل ئۇچۇن جېنىنى تىكتى ئىككى مەرت، ③
پىداكار خىسلىتى ساقلىنار ئەستە.
تۇغ ـ ئەلەم ھەيۋەتلىك، سۆكۆتكە چۆمگەن،
ئاكۇپلار قېپ قالدى جەڭ بولغان سەپتە.

ئاپىور چۇتىڭجاڭ، چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن، چاڭجۇلۇق، يەنە بىر ئىسمى زوئېي، تەخەللۇسى يون شىن. چيەنلۇڭ زامانىسىدىكى تەشرىپدار. مەنسىپى دارىلئۇلۇمنىڭ مۇددەرىس ئۆلىمالىقىغا يەتكەن. «غەربىي يۇرتنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى»نى يازغان.

### ئەسلى ئىزاھاتى

① زور قوشۇن ئىككى خوجىنى يەكەن شەھىرىنىڭ جەنۇبىدىكى قاراسۇ دېگەن يەرگىچە قوغلاپ بېرىپ، ئۇ يەردە ئۈچ ئاي ئىستىھكام ياساپ جەڭ قىلغان.

② مەسلىھەتچى ئامبال ئالىگون ئاتلىق ئەسكەرلەر بىلەن 1000 چاقىرىملاپ يول بېسىپ كېلىپ ئۇچراشقان، شۇنىڭ بىلەن قوشۇن بىردىنلا جانلىنىپ كەتكەن.

③ قوماندان نامزار، ياىداش بۇيۇرغا سەنتىيلەر سانغۇنلۇققا، مەسلىھەتچىلىككە تەيىنلىنىپ، جاۋخۇينىڭ ئورنىغا ئالمىشىدىغان بولۇپ، يەكەنگە كەلگەندە قازا قىلغان. چىڭ سۇلالىسى ئوردىسى ئۇ ئىككىسى ئۈچۈن مەدھىيە شېئىرلىرى يازغان ۋە ساداقەتلىك ئىبادەتخانىسى سالدۇرغان.

## شىۋەلىك ①

### خې نىڭ

ئاكا ـ ئۇكا خوجىلار يوز ئۆرۈگەچ شۇ زامان،
جىن ـ ئالۋاستى قۇترىشىپ، كەلدى جاھان غەزەبكە.
چىڭ خاقانى قوشۇنى پەرمان ئېلىپ ئاتلاندى،
ئەسكەرلەردە شىجائەت، غەيرەت يەتكەچ پەلەككە.

سانغۇن ئۈچ رەت جەڭ قىلىپ ئۈچ قېتىمدا شان قۇچقان،
قارا سۇنى - جەڭگاھنى قىلسا گەركىم زىيارەت.
خۇددى سالام بەرگەندەك ئۇندا بىر تۈپ چوڭ دەرەخ،
سانغۇننىڭ قىسمىتىدىن بېرىپ تۇرار بىشارەت.

ئاپتور ھې نىڭ (؟ ـ 1821) . ئۇ ئىسمىنىڭ داۋگۇاڭ خاننىڭ ئىسمىغا ئوخشاپ قېلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ئۆز ئىسمىنى يىڭغا ئۆزگەرتكەن، ئۇنىڭ يەنە بىر ئىسمى تەي ئەن، ئىلدېت ئەۋلادىدىن. چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى موڭغۇللارنىڭ سېرىق جىيەكلىك قوشۇنىدىن. جياچىڭ11 - يىلى (1806 - يىلى) ئۇرۇمچىنىڭ قوماندانى بولغان. «ئۈچ ئايماقنى باشقۇرۇش ھەققىدە» ، «مۇسۇلمان يۇرتلىرىنىڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى» قاتارلىق ئەسەرلەرنى يازغان.

**ئەسلى ئىزاھاتى**

① شىۋەلىك (قاراسۇ لەشكەرگاھى) يەكەن شەھىرىنىڭ 70 چاقىرىم شەرقىدە.

② سانغۇن جاۋخۇي مۇشۇ جايدا مۇھاسىرىدە قالغان، يەرنى كولاپ دۈشمەننىڭ گەمە ئامبىرىدىكى ئاشلىقنى تېپىۋالغان، ئەسكەرلەر ئوزۇق - تۈلۈككە ئېرىشىپ ئىستىھكامنى مەھكەم ساقلىغان، توپىلاڭچىلارنىڭ ئوۋ مىلتىقلىرىدىن ئاتقان ئوقلىرى ساپلا دەرەخلەرگە تەگكەن. قوشۇن نەچچە 10 مىڭ پاي ئوققا ئېرىشكەن، كېيىن ياردەمچى قوشۇن يېتىپ كەلگەن، توپىلاڭچىلار پاتپاراق بولۇپ كەتكەن، قوشۇن دۈشمەننى ئىچ ۋە سىرت تەرەپتىن ئارىغا ئېلىپ ھۇجۇم قىلغان، دەرەختىكى ئوق ئىزلىرى ھېلىمۇ بار.

## يەكەن

### ساۋلىنگى

تىلغا ئالسام توپىلاڭنى تىنچىتىش جەريانىنى،
قاراسۇ ئەتراپىدا بولغان ئۇرۇش ئەسكە چۈشەر. ①
بۇ قوشۇن كۆۋرۈك تامان ئۆتكەندە تېز سۈرئەت بىلەن،
«لۇدىڭچياۋ» دىن ئۆتكىنىدەك كۆتتى زور خېيىم - خەتەر.

چىڭ قوشۇنى يەكمۈيەك، ئىچكىر كىرىپ قىلدى ئۇرۇش،
ۋە لېكىن، نەچچە قېتىم ياۋ ئەسكىرى ئالدى توسۇپ. ②
بېلىنى قىلچە بوشاتماي، ئېلىشىپ مەردلىك بىلەن،
ئادىمى ئاز، كۆپنى يەڭدى تىركىشىپ ئۈچ ئاي سوزۇپ. ③

جەڭ قىلىپ ئۇزۇن ۋاقىت ئاز قالدى قوشۇننىڭ كۈچى،
ئوق ۋە ئوقيا دەستىدىن جەڭ قىلمىقىمۇ بولدى تەس. ④

ۋە لېكىن ئۇشبۇ قوشۇن مەشىق قىلىپ تاپقاچ قۇدرەت،
يىغدى ئاشلىق، ئوق ۋە ئوقيا شۇم رەقىبنى باستى نەس. ⑤

ياۋ ئەجەللىك زەربە يەپ، چۈشتى يەرگە تۇغ ـ ئەلەم،
ھەرتامان قىلغان ھۇجۇمدىن پىتىردى ياۋ ئەسكىرى.
تېرە ـ پېرەن بولدى شۇئان ئادىمىنىڭ يېرىمى،
يېرىمى چۈشتى ئەسىرگە، قالمىدى ئەسكەرلىرى.

ئاپتور ساۋۇلنىڭ، ئەنخۇي ئۆلكىسىنىڭ گۇيچى ناھىيىسىدىن، خۇاڭمېي ناھىيىسىنىڭ ئامبىلى بولغان، چيەنلۇڭ 46 ـ يىلى مەنسىپى تۆۋەنلىتىلىپ شىنجاڭغا يۆتكىۋېتىلگەن.

**ئەسلى ئىزاھاتى**

① قاراسۇ يەكەن شەھىرىنىڭ 70 نەچچە چاقىرىم شەرقىدە.

② يەكەن شەھىرى تۇپىلاڭچى خوجىلارنىڭ ئۇۋىسى بولۇپ، شەھەرنىڭ ئەتراپىغا خەندەك قېزىلىپ مۇداپىئەگە ئەسكەر تۇرغۇزۇلغانىدى، سانغۇن جاۋخۇي شەھەرنىڭ جەنۇبىدىكى تاغدا تۇپىلاڭچىلارنىڭ چارۋا ـ ماللىرىنىڭ بارلىقىدىن خەۋەر تېپىپ، دۈشمەننىڭ تەييارلىقسىز تۇرغان ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ، مال ـ ۋارانلىرىغا ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلىپ، تەمىناتنى تولۇقلىۋېلىپ، تۇپىلاڭچىلارغا تاقابىل تۇرماقچى بولغان. 10 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى قوشۇن كۆۋرۈكتىن ئۆتۈۋاتقاندا، ئۇلار كۆۋرۈكنىڭ يېرىمىغا بارمايلا، تۇپىلاڭچىلارنىڭ پىيادە، ئاتلىق بولۇپ 10 مىڭدىن ئارتۇق ئەسكىرى ئوڭ ـ سول ئىككى ياندىن ھۇجۇم قىلىپ كەلگەن، ئۇ يەر سازلىق بولۇپ، ئادەم ۋە ئاتلارنىڭ مېڭىشى قىيىن بولغاچقا، قوشۇن شۇەلىكتە ئىستىھكام قۇرۇپ قاتتىق تىركەشكەن.

③ سانغۇن جاۋخۇي ياردەمچى قوشۇن كەلگەندىن كېيىن دۈشمەننى بىرلىكتە يوقىتىش ئۈچۈن قورغان ياساتقۇزغان ۋە ئاكۇپ كولاتقۇزغان. شۇ چاغدا 100 نەچچە گەمىدىكى ئاشلىق كولاپ چىقىرىلغان، تۇپىلاڭچىلار ئۇزۇن شوتا بىلەن ھۇجۇم قىلغان ھەمدە بۇ يەرنى سۇغا باسۇرغان، لېكىن ھېچقايسىسىدا نەتىجە قازىنالمىغان، بۇ تىركىشىش ئۈچ ئاي داۋاملاشقان، بۇ، چىڭ ئەسكەرلىرىنىڭ ئەسلىدىن ئىرادىلىك ئىكەنلىكىنى نامايان قىلغان.

④ سانغۇن جۇڭغارلارنىڭ قالدۇقلىرىنى يوقىتىش ئۈچۈن بويرۇتلار قەبىلىسىگە بېرىپ، ئۇلارنى بويسۇنۇشقا دەۋەت قىلغان، شۇنىڭ بىلەن كۈچاغا ھۇجۇم قىلغان، شايارنى مۇقىملاشتۇرغان، ئاقسۇنى تىنجىتقان، ئۈچتۇرپاننى ئالغان، خوتەننى ئىگىلىگەن، ئۇدا جەڭ قىلىش ئارقىلىق، تۇپىلاڭچىلارنىڭ 20 مىڭ كىشىلىكتىن ئارتۇق ئاتلىق قوشۇنىغا 4000 كىشىلىك قوشۇن بىلەن زەربە بەرگەن، ھەقىقەتەن، «ياغدۇردى ئوق ۋە ئوقيا» دېگەندەك بولغان.

⑤ دۇۋان بېگى شۇخېدې ئاقسۇدا شەھەرنى مۇداپىئە قىلىپ تۇرغان خىل ئەسكەرلەرنى تاللاپ، ھەرقايسى يول قوشۇنلىرىدىن ئالدىن يېتىپ كەلگەنلەرنى باشلاپ، تېزلىكتە ياردەمگە ئاتلانغان. سانغۇن فۇدې قوماندانلىق قىلغان مانجۇر، سولۇن، چاخار قوشۇنلىرى ۋە يېشىل تۇغلۇق قوشۇن يوللار بويىچە يىغىلغان. ئورمان دېگەن جايغا بارغاندا، دۈشمەننىڭ 5000 ئاتلىق

ئەسكەرلىرىگە ئۇچراپ قېلىپ، بەش كېچە - كۈندۈز جەڭ قىلغان. بۇ چاغدا مەسلىھەتچى ئالىگوننىڭ ئاتلىرى ئۆلگۈرۈپ كەلگەن، توپىلاڭچىلار بۇنى كۆرۈپ پاتپاراق بولۇپ قاچقان. ساڭغۇن جاۋخۇينىڭ قوشۇنلىرى كۆتۈرەڭگۈ روھ بىلەن، توپىلاڭچىلارغا ئالدى - ئارقىسىدىن زەربە بەرگەن، توپىلاڭچىلارنىڭ قارارگاھىدىن بىرنەچچىنى كۆيدۈرگەن، 5000 دىن ئارتۇق ئەسكىرىنى تىرىك تۇتقان، ئىچ ۋە سىرتتىن ئارىغا ئېلىپ ھۇجۇم قىلىش ئارقىلىق، دۈشمەننىڭ مۇھاسىرە چەمبىرىكى جاك - چېكىدىن بۇسۇلۇپ كەتكەن، توپىلاڭچىلارنىڭ كاتتىبېشى چوڭ خوجىنىڭ بېقىنىغا ئوق تېگىپ يارىلانغان، قالغان توپىلاڭچىلار تەرەپ - تەرەپكە قاچقان.

## 2. يادنامىلەر

## توڭگۇزلۇق ئابىدىسى

دۆلەتنىڭ چوڭ ئىشلىرى ئاتا - بوۋىلارغا، قۇربانلارغا نەزىر - چىراغ قىلىشنى ياخشى بەجا كەلتۈرۈشكە باغلىقتۇر، ھايات ۋاقتىدا چوڭ خىزمەت كۆرسەتكەن، يۇقىرى ئىناۋەت قازانغانلارغا نەزىر - چىراغ قىلماق، ئۇلارنى تاۋاپ قىلماق كېرەكتۇر. چوڭدې پادىشاھ تەڭرىنىڭ مۇددىئاسى بويىچە، بۈيۈك چىڭ دۆلىتىنى قۇرۇۋىدى، ئاتا - بوۋىلىرىمىز ۋە ئەۋلىيا - ئەنبىيالارنىڭ روھى ئەمىن تاپتى. بۈگۈنكى كۈندە، بىرلىككە كەلگەن بۈيۈك چىڭ دۆلىتىمىز چوڭدې پادىشاھنىڭ ئابرويىنى ۋە مول خىزمەت، ئۇلۇغ نەتىجىلىرىنى تولۇق نامايان قىلدى. نەزىر - چىراغ قىلىپ ئاتا - بوۋىلارنى ئۇلۇغلاشتا، سوۋغىنىڭ ئېسىل بولۇشى ۋە مۇراسىمنىڭ تەنتەنىلىك بولۇشىغا ئەھمىيەت بېرىلىدۇ، ئاسمان مۇئەككەللىكى، يەر مۇئەككەللىكىگە، ھەتتا ئەرۋاھلارغا نەزىر - چىراغ قىلمايدىغان ئادەملەر يوق، نەزىر - چىراغ بۇيۇمى بىلەن تاۋاپ قىلغاندا ۋە ئەجدادلارغا باش ئۇرۇپ تازىم قىلىش مۇراسىمى ئۆتكۈزگەندە، پادىشاھنىڭ ئاتا - بوۋىلىرىغا ئەڭ ھۆرمەت قىلماق كېرەكتۇر. تارىختىكى خان پادىشاھ، ئەۋلىيالار، چىن شىخۋاڭ، خەن ۋۇدىلارنىڭ كۆرسەتكەن خىزمەتلىرى «خەننامە»گە يېزىلغان، بۇ يەردە ۋاقتىنچە سۆزلەپ ئولتۇرمايمىز. پانىي دۇنيادا ئاسمان بىلەن زېمىن ئوتتۇرىسىدا مۇستەھكەم تۈۋرۈك ۋە ئۆزىگە تارتىدىغان نەرسە بولىدۇ، مۇبادا دۆلەتتە چوڭ ئىش يۈز بەرسە، پادىشاھنىڭ ئاتا - بوۋىلىرىنىڭ ئەرۋاھى ئۆز پاناھىدا ساقلايدۇ، بۇ ئارقىلىق ئۆز كارامىتىنى كۆرسىتىدۇ، خان - پادىشاھنىڭ ئەرۋاھى بولۇش سۈپىتىدە، ئەڭ كارغا كېلىدۇ. چيەنلۇڭ 19 - يىلى دۆلەتنى ئىدارە قىلىش سىياسىي ۋەزىيىتى ناھايىتى ياخشى، جانلىق - جۇشقۇن بولدى، خەلق ئاممىسى خۇشاللىقتا چۆمۈلۈپ، ئىناق ئۆتتى، ئىدارە قىلىشنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، غەربىي يۇرتقا باب كېلىدىغان ئەخلاق مىزانلىرى يېزىپ چىقىلدى. بۇ، قەبىلىلەرنى بىرلەشتۈردى. بىراق، جۇڭغار قەبىلىسى ئۆزىنى ئۆزى تىنچ قويماي توپىلاڭ كۆتۈردى. شۇڭا قەبىلە باشلىقى كېلىپ ئەھۋالنى مەلۇم قىلدى ھەمدە بىز بىلەن جۇڭغار توپىلىڭىنى قانداق قىلىپ مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا بېسىقتۇرۇش ھەققىدە سۆزلەشتى. پادىشاھ ئېيتتىلەركى: ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك بىلەن چېگرا رايون بىر گەۋدە. جۇڭغار قەبىلىسىنىڭ خانغا ئىنائەت قىلماي، خاننىڭ ئەمىر - پەرمانىنى كۆزگە ئىلماي كەلگىنىگە ئۇزۇن بولدى، غەربىي يۇرت تىنچلانغان تۇرسا، جۇڭغار قەبىلىسى نېمە ئۈچۈن مېنىڭ باشقۇرۇشۇمنى قوبۇل

قىلمايدىكەن؟ ئالتە يولدىكى زور قوشۇنىمىزنى يۆتكەپ، جۇڭغار توپىلىڭىنى بېسىقتۇرۇش كېرەك، ھەقىقانىي ئىشىمىزغا ئىلاھىمۇ ياردەمدە بولىدۇ. ياندۇرقى يىلى ئەتىيازدا، سانغۇنلارغا غەربكە يۈرۈش قىلىش بۇيرۇقى بېرىلدى، يۈرۈش قىلغان سانغۇن - ئەسكەرلەر جاسارەت بىلەن، روھى كۆتۈرەڭگۈ، ئاتلىرى تىمەن ھالدا ئۇچقاندەك ئىلگىرىلىدى، ھەربىي ھەرىكەتنى گويا ئىلاھ ئورۇنلاشتۇرغاندەك بولدى. ئۇلار ئىلىنى تېزلىكتە تىنچىتتى، ئاندىن ئىلىنىڭ غەربىدىكى رايونلارغا دەرھال يۈرۈش قىلدى، كىيىنىشى ۋە تۇرمۇش ئادىتى جۇڭغارلارنىڭكىگە ئوخشاشمايدىغان قازاق، بۇيرۇتلار قەبىلىسىگە قارىتا خاننىڭ نامى بىلەن نەلەپ قويۇپ، ئىشىنىپ، بارلىق قەبىلىلەرنى بويسۇندۇردى. چيەنلۇڭ 23 - يىلى 8 - ئايدا قوشۇن قارلىق تاغ، تاك چوققىلاردىن ئۆتۈپ، توپىلاڭچىلارنىڭ ئۇۋۇسىغا بىۋاسىتە قورشاپ ھۇجۇم قىلدى، ئون كۈن بولار - بولمايلا ئاقسۇ، ئۇچتۇرپان قاتارلىق شەھەرلەرنى ئالدى. توپىلاڭچىلارنىڭ كاتتىبېشى خوجا جاھان ئەسلىدە جۇڭغار قەبىلىسىگە بېقىنىپ كۈن ئۆتكۈزگەنىدى، ئۇ، بەرلىك مەھسۇلاتلارنى يىل بويى سوۋغا قىلىپ تۇرمىغانلىقى ئۈچۈن، جۇڭغار قەبىلىسى ئۇنى تۇتۇپ قامىدى. ئىلى جېڭىدە قوشۇنىمىز زور غەلىبىگە ئېرىشتى، ماددىي ئەشيانى تولۇقلىۋالدى، پەقەتلا ئارىلىقى يىراق بولغان يەكەن تىنچىتىلىشنى كۈتۈپ تۇراتتى. 10 - ئايدا قوشۇنىمىز ھۇجۇم قىلىپ يەكەن شەھىرى يېنىغا باردى. شۇ ئاينىڭ 6 - كۈنى توپىلاڭچىلار قوشۇنى 5000 ئاتلىق ئەسكەر چىقىرىپ، شەھەرنىڭ شەرقىدە جەڭ باشلىدى، دۈشمەن قاتتىق مەغلۇپ بولدى. جاۋخۇي شەھەرنىڭ خەتەرلىكلىكىنى، ئۆز ئەسكەرلىرىنىڭ ئازلىقىنى، شەھەرنى قاپساپ ئېلىشنىڭ تەسلىكىنى نەزەردە تۇتۇپ، دۈشمەننىڭ قېچىپ كېتىش يوللىرىنى ۋە يوشۇرۇنۇش ئۇۋىسىنى توسۇۋېلىش ئۈچۈن، ئەسكەرلىرىنى دەريادىن ئۆتكۈزمەكچى بولدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا. ھەرقايسى يوللاردىكى قوشۇنلارغا مۇشۇ يەردە كۈچنى يىغىپ ھۇجۇمغا ئۆتۈش ھەققىدە بۇيرۇق چۈشۈردى. كۈتۈلمىگەندە، دۈشمەن يەنە چىقىپ ئۇرۇش قىلدى، ئىككى تەرەپ تۆتكۈزلۈكتا تۇتۇشۇپ قالدى. قوشۇنىمىزدىكىلەر دۈشمەنگە جېنىنىڭ بارىچە ھۇجۇم قىلىپ، بىرى يۈزگە تېتىپ، ئۈچ كېچە - كۈندۈز جەڭ قىلىپ، توپىلاڭچىلارنىڭ ھەددى - ھېسابسىز ئەسكىرىنى قىردى، ئەسىرگە ئالدى ھەممە سەركەردە - سانغۇنلىرىنى ئۆلتۈردى. قوشۇنىمىز نەچچە مىڭ چاقىرىم يىراقلىقتىن كەلگەچكە، ئاتلىرى ھېرىپ، ئۇلاقلىرى توگەپ قالغان، غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈش قىيىن بولۇپ قالغانىدى، شۇنىڭ ئۈچۈن ئامبال - سەركەردىلەر يىغىنى چاقىرىپ، قاراسۇدا قارارگاھ قۇرۇپ، قاشا - ئىستىھكام ياساپ، دۈشمەن بىلەن تىركىشىش قارارىغا كەلدى. ئۇ چاغدا دۈشمەننىڭ 10 مىڭ ئەسكىرىگە قوشۇنىمىزنىڭ 3000 ئەسكىرى تاقابىل تۇرۇشتىن ئىبارەت زور پەرق بار ئىدى، ئىككى تەرەپنىڭ ھېرىش - چارچاش ۋە ھاردۇق ئېلىۋېلىش ئەھۋالى ئوتتۇرىسىدىكى پەرقىمۇ چوڭ ئىدى، ھەقىقەتەن، قوشۇنىمىزنى سانسىز جىددىي پەيتتە خەۋپسىز خەۋپسىزلىككە ئايلاندۇردى دېيىشكە بولاتتى. دۈشمەن ھىيلە - مىكىرلىرىنى ئىشقا سالدى. سۇ قويۇپ بېرىپ باسۇرۇۋېتەلمىدى، ئوت قويۇپ كۆيدۈرۈۋېتەلمىدى، مىلتىق، توپ ئوقلىرى كېچە-كۈندۈز توختىماي يامغۇردەك ئېتىلىپ تۇردى، دۈشمەننىڭ جەسەتلىرى سايىنىڭ تېشىدىك يېنىپ كەتتى، ئەسكەرلىرىمىزبولسا يارىلانمىدى. سوغۇق ھاۋادا كىيىمى يېپىلىنىڭ ئەسكەرلەر تەڭرىگە سەجدە - نالە قىلىشۇدى، توڭلىمىدى، سۇ تەلەپ قىلىپ ئىلاھقا دۇئا قىلىشۇدى، بۇلاق سۈيىگە ئېرىشتى، ئەگەر ئىلاھنىڭ خۇپىيانە ياردىمى بولمىغان بولسا، بىزدە تامامەن بىخەتەر ئەھۋال قانداقسىگە كۆرۈلسۇن؟ جاۋخۇي ئەتراپلىق پىلانلاش ئارقىلىق، ئۆزى قوشۇن باشلاپ

ئىچكىرىلەپ كىردى، ناھايىتى يىراق جايدا تۇرۇۋاتقان بولسىمۇ، چىڭ سۇلالىسى ئوردىسىغا ساداقەتمەن بولۇپ، كاللا ئىشلىتىپ، ھەر بىر پىلانىدا غەلىبە قازاندى، ئۇ چېگرىنى تىنچلاندۇرغۇچى ئولڭ قانات ئورۇن باسار سانغۇن فۇدېغا ھەرقايسى قوشۇنلارغا بىر تۇتاش قوماندانلىق قىلىپ كېچە - كۈندۈز ئالغا ئىلگىرىلەش ھەققىدە ئالاھىدە بۇيرۇق بەردى، مەسلىھەتچى شۇخېدېمۇ يەنە بىر يۈنۈلۈشتىن ماسلىشىپ ياردەمگە ماڭدى. چيەنلۇڭ 24 - يىلى 1 - ئايدا توپىلاڭچىلار بىرنەچچە يولغا بۆلۈنۈپ ئورمان دېگەن يەردە ياردەمچى قوشۇنىمىزغا قورشاپ ھۇجۇم قىلدى، ئۇ يەردە ئۈچ كېچە - كۈندۈز جەڭ بولدى، پوزىتسىيىنىڭ ئىچى - تېشىدىكى ئۆتەر يوللار توسۇلغان، قوشۇنىمىز دەسلەپتە بۇنىڭدىن خەۋەرسىز ئىدى. شىنماۋ كۈنى بورانلىق يېرىم كېچىدە توپىلاڭچىلار ئۇيقۇغا كەتتى، قوشۇنىمىز ئەھۋالنى ئېنىق ئۇققاندىن كېيىن، تاللاپ ئەۋەتىلگەن خىل ئەسكەرلەر شوتا ئارقىلىق توپىلاڭچىلارنىڭ قاشا - تاملىرىدىن ئۆتۈپ، دۈشمەنىنىڭ قارارگاھىغا ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلدى، شامالدىن پايدىلىنىپ ئوت قويۇپ، ئۇلارنىڭ قارارگاھى. ماددىي ئەشيا، قورال - ياراقلىرىنى كۆيدۈردى، توپىلاڭچىدىن 100 نەچچىنى ئەسىر ئالدى. قولىقىنى كېسىۋەتتى. مەسلىھەتچى ئالىگونمۇ مۇشۇ چاغدا يېتىپ كېلىپ قوشۇن بىلەن ئۇچرىشىپ دۈشمەنگە بىرلىكتە زەربە بەردى. توپىلاڭچىلار ئۈچ تەرەپتىن زەربە يەپ، تىرە - پىرەن بولۇپ قاچتى، توپىلاڭچىلارنىڭ كاتتىبېشىلا ئامان قېلىپ ئەسىرگە چۈشتى. بۇ جەڭدە، جاۋخۇي ھېچقانداق نۇقسانسىز بولۇش ۋە كۈتۈلمىگەن ئەھۋالنىڭ ئالدىنى ئېلىش تاكتىكىسى بويىچە دۈشمەنگە تاقابىل تۇردى، قوشۇنلار بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇشقا ئاساسەن، دۈشمەنگە بىردەك لەنەت - نەپرەت ياغدۇرۇپ، بىر كۆڭۈلۈك ھەل قىلغۇچ جەڭدە توپىلاڭچىلارنى تار-مار قىلدى، بۇمۇ تەڭرىنىڭ ياردەم بېرىپ ماسلاشقانلىقىنىڭ، شۇنداقلا، خاننىڭ ئاستىرتتىن تۈيدۈرماي كۆرسەتكەن كارامىتىنىڭ نەتىجىسى. 6 - ئايدا قوشۇنلار داۋاملىق ئىلگىرىلەپ، كەينى-كەينىدىن ئىككى شەھەرنى ئالدى. 9 - ئايدا ئورۇن باسار سانغۇن فۇدې قاتارلىقلارنىڭ قوشۇنى ئۇدا ئۈچ قېتىم دۈشمەن قوشۇنىنى ئېغىر زەخمىگە ئۇچرىتىپ، 10 مىڭ ئەسكىرىنى ئەل قىلدى، ئۇلارنى شىمالدا بەدەخشانغىچە قوغلاپ باردى، توپىلاڭچىلارنى قوبۇل قىلمىغان بەدەخشان قەبىلىسىدىكىلەر توپىلاڭچىلار كاتتىبېشىنىڭ كاللىسىنى ئېلىپ لاتىغا يۆگەپ، قوشۇنىمىزغا تەقدىم قىلدى، شۇنىڭ بىلەن، ئەربىي يۇرتتىكى توپىلاڭ تىنجىتىلدى، بۇ، خاننىڭ يېقىن ۋە سادىق كىشىلىرىنىڭ خانغا ۋاپادارلىق قىلىش يولىدا كۆرسىتىشكە تېگىشلىك كىچىككىنە خىزمىتى ئەمەسمۇ! ئاھ، خاننىڭ ئىلاھىي كۈچى ئاخىر زاھىر بولدى. بۈيۈك چىڭ دۆلىتىنىڭ ھەربىي ھەرىكىتى مۇۋەپپەقىيەت قازانغاندىن كېيىن، سانغۇن - ئەسكەرلەر تۆھپىكارلىقتىكى جەڭ مەيدانىنىڭ كونا ئورنىغا ئىبادەتخانا سالدۇرۇش، ئابىدە تىكلەشنى، ھەر يىلى ۋاقتىدا نەزىر - چىراغ ئۆتكۈزۈپ خاتىرىلەشنى ئۆتۈندى. چېگرىنى تىنچلاندۇرغۇچى سانغۇن جاۋخۇي قاتارلىقلار بۇ جەڭگە ئىنتايىن ئېھتىياتچانلىق بىلەن باھا بەردى ھەمدە ئابىدە ئۈچۈن شېئىر يېزىپ بەردى. شېئىردا ئېيتىدۇلەركى:

ئەي، قۇدرەتلىك. سەلتەنەتلىك بۈيۈك چىڭ سۇلالىسى،
قائىدە. قانۇن، تۈزۈمنى ئوڭۇشلۇق ئورناتتىڭىز.
تىزىپ ھەرخىل ئىلاھلارنى تاۋاپ - نەزىر قىلىش ئۈچۈن،
كىشىلەرگە ئەدەب - ئەخلاق، يوسۇنىمۇ ئۆگەتتىڭىز.

ھەققانىيەت ـ ئادالەتكە بولۇپ يۆلەك پادىشاھ،
يېقىن بىلىپ ئىشقا قويۇر ئەخلاقلىق كىشىلەرنى.
قۇللۇق قىلىپ بارچە ئالەم ئاڭا بولۇپ خىزمەتتە،
يوللاپ تۇرار كاتتا سوۋغات ھەم نازۇ ـ نېمەتلەرنى.

قىلىپ دائىم ئەسكىلىك جۇڭغارلار ـ غەۋغاچىلار،
قوزغاپ جېدەل ـ توپىلاڭ بۇزدى قانۇن ـ پەرماننى.
كېلىپ بىر توپ كىشى بىزگە مەلۇم قىلدى ئەھۋالنى،
غەۋغاچىنىڭ توپىلاڭى، جىنايەتلىك ئىشنى.

بۇنى ئاڭلاپ تەڭرىقۇت بەردى پەرمان شۇ ھامان:
سەپراس بولسۇن، يۆتكەلسۇن، سانغۇن ـ ئەسكەر رەتمۇ ـ رەت.
يىراقتىكى ـ يېقىندىكى قوشۇنلارنىڭ ھەممىسى،
بىر گەۋدە بوپ ئۇيۇشۇپ، قىلسۇن بىردەك ھەرىكەت.

ئەھۋال سوراپ راسلاندۇرۇپ بەيئەت قىلغان قوشۇننى،
ئەسكەرلەرنى تولۇقلاپ ئاشۇردى ئۆز كۈچىنى.
ھەققانىيەت قوشۇنلىرى دەل چاغدىكى يامغۇردەك،
قىلىپ يورۇش تىنچلاندۇردى ئاشۇ جۇڭغار ئەلىنى.

بوي سۇندۇردۇش يولىدا مۇسۇلمان قەبىلىنى،
رەھىمدىللىك قىلدى ھەم بۇ بۈيۈك چىڭ دۆلىتى.
تۇردى بىراق توپىلاڭچى باشلىقى قۇتراپ تېخى،
قايتىدىن باشىن كۆتۈردى مەلئۇن ـ شۇم مۇناپىقى.

چۆرۈۋەتكەچ شاپائەتنى، بىزنى شۇنچە ئۆچ كۆرۈپ،
شۇڭا ئەسكەر تېزدىن بېرىپ جازالىدى ئۇلارنى.
توسۇۋالدى دۈشمەن بىزنى ئېچكىرىلەپ كىرگەندە،
دۈشمەن بەك كۆپ، بىز بەك ئاز، دېمىدۇق مۇشۇلارنى.

تەڭرى بىزنى قوللىدى بولۇپ شۇ چاغ مەدەتكار،
چۈشۈپ قالدى دۈشمەنلەر قىيىن ـ ئەپسىز ھالەتكە.
قەپەزدىكى قۇشقاچتەك، قازاندىكى بېلىقتەك،
بارار يېرى سامانلىق بوپ، ئوخشىدى بىچارىگە.

تۇتتۇق ئاخىر توپىلاڭچى باندىتلار باشلىقىنى،
بولغاچ بىزگە يار ـ يۆلەك تەڭرى مۇشكۈل جەڭلەردە.

خاقانىمىز پاراسەتلىك، يۈكسەك - ئالىي تالانتلىق،
قىلۇر بىزنى بەھرىمەن سائادەتتىن ھەردەمدە.

ياسىدۇق بىر بۇنخانا قۇتلۇقلاپ زور غەلىبىنى،
مۇشۇ جايدا باشلىنىپتۇق نەزىر - تاۋاپ ئىشىنى.
ئىككى ياقتا بەك ئوخشاتتۇق بالىخانا - لەمپىنى،
دويلىيەن چاپلاپ بېزىتىپتۇق دەرۋازىنىڭ يېنىنى.

ئۇشبۇ نەزىر - چىراغنىڭ سىمۋولى بولسۇن ئۇ،
بىزنى قىلىپ خاتىرجەم پاناھىغا ئالسۇن ئۇن.

جاۋخۇي، فۇدې، ئالىگون، شۇخېدې، ۋۇفو، يەن شياڭشى، رۇڭ جيې، ۋېن فۇ، مىڭ رۇي. ئاڭۇي، بالۇ، فۇجىڭ، ئەي لۇڭئا، فېڭ ئەن، يۇەن ئېردالڭ، ئاخاداخلار بىرلىكتە ياساتتى.

**ئىزاھات** تۇڭگۇزلۇق ئابىدىسى ئەسلىدە پوسكام ناھىيىسى يىما يېزىسىنىڭ تۇڭگۇزلۇق دېگەن يېرىگە ئورنىتىلغانىدى، ھازىر ئۇنىڭ ئىزى قالمىدى. ئابىدە تېكىستى «مۇسۇلمان يۇرتلىرىنىڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى» دىن ئېلىندى.

## ئىبادەتخانىدىكى چوڭ دەرەخ ھەققىدە خاتىرە

بوچىڭ

يەكەن شەھىرىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى كونا قورغاندا بىر تۈپ چوڭ دەرەخ بولۇپ، يوغانلىقىدىن ئادەمنىڭ قۇچىقى يەتمەيتتى، ئۇنىڭ شاخلىرى تۈۋاقتەك ئۆسكەنىدى. بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە: بۇرۇن چېگرىنى تىنچلاندۇرغۇچى سانغۇن توپىلاڭچىلارنىڭ كاتتىبېشىغا قارشى جازا يۈرۈشى قىلغاندا، مۇشۇ يەردە قورغان ياساتقان، دەرەخنىڭ تۈۋىدە ئارام ئالغانىكەن. توپىلاڭچىلار بۇنى رازۋېتكا قىلىپ بىلىۋالغاندىن كېيىن، ئوقيا، قوراللار بىلەن ئوققا تۇتقان بولسىمۇ، ئوقلارنى دەرەخ توسۇۋالغانىكەن. شۇڭا دەرەختە ھەددى - ھېسابسىز ئوق ئىزلىرى قېلىپ قالغان، ۋاقىت ئۆزارغانسېرى تېخىمۇ ئېنىق كۆرۈنىدىغان بولغان. مەن بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ، بۇ دەرەخنىڭ ھەقىقەتەن ئادەتتىكى دەرەخ ئەمەسلىكىنى ھېس قىلدىم. ئاڭلىشىمچە، بۈيۈك چىڭ سۇلالىسى خىنىنىڭ كۆرسەتكەن خىزمىتى چەكسىز، كارامىتى زور بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇ دەرەخ چىرىمەس بولغانىكەن. قەدىمدىن ھازىرغىچە، قانچىلىغان ئوچۇق - يورۇق، ئۆزىنى ئەركىن تۇتىدىغان سىرخىللارنىڭ ھەش - پەش دېگۈچە ئۆتۈپ كەتكەنلىك خەۋىرى ئاسمان بىلەن زېمىن ئارىلىقىدا تارقالغان. كىشىلەر دائىم ئەينى چاغدىكى ھاياتى كۈچى ۋە ئىپادىسى ئۈچۈن كۆڭلىنى ئارام تاپقۇزىدۇ، ئەمما جۇشقۇن ھاياتىي كۈچىنىڭ ئۆتمۈشكە ئايلىنىپ قالغانلىقىدىن ئەيسۇسلانمايدۇ. بۇ دۇنيادىكى مۆجىزىلەرنى سېلىشتۇرۇش، تەھلىل قىلىشقا كەلسەك، ئۇزاقىچەبوشاشمايدىغانلارنى كۆپ ئۇچراتقىلى بولىدۇ، تەپەككۇر ئىقتىدارىغا ئىگە كىشىلەر

شۇنداق تۇرسا، نادان گىياھنى تىلغا ئالمايلا قويىمىز. بۇ مەسىلىگە شۇ چاغدا يۈز بەرگەن ئىشلار بويىچە باھا بېرىلىدۇ، گەۋدىلىك ئىپادىسى بولغانلاردىن قانچىسى بار؟ ھەممىسىنىڭ ئالدىدا قايتا - قايتا ئوتتۇرىغا چىقالايدىغانلار نېمە ئۈچۈن چەكلىك بولىدۇ؟ ئۇلارنىڭ ھەممىسى چاڭ - توزانغا ئايلىنىپ، كائىناتنى تازىلايدىغان سوغۇق شامال بىلەن بىرلىشىپ كەتتى. ھالبۇكى مۇشۇ چوڭ دەرەخلا ھازىرغىچە مۇشۇ يەردە ھەيۋەت بىلەن قەد كۆتۈرۈپ تۇرۇۋاتىدۇ، ئۇنىڭ شاخلىرىنىڭ قۇدرەتلىك بولۇشتا نېمىگە تايانغانلىقى ۋە تەگىرىنىڭ ئۇنى ئاپەت، بالاھ - قازادىن ساقلاپ كەلگەنلىكى سۈرۈشتە قىلىنسا، قۇدرىتى چەكسىز بولغان خۇدانىڭ ئۇنى ئۆز پاناھىدا ساقلىغانلىقى تۇرغان گەپ، ئۇ ھەرگىز تاسادىپىي ئامىللاردىن كەلگەن ئەمەس. ھالبۇكى، ئەگەر سانغۇنلارنىڭ كۆرسەتكەن خىزمىتى بۇ دۇنيانى لەرزىگە سالمىغان ۋە كارامەت ھالدا تەسىرلەندۈرمىگەن بولسا، بۇ چوڭ دەرەخ خاس نام - ئاتاققا ئېرىشىپ، ھازىرغىچە كىشىلەرنىڭ ماختاش - تەرىپلەشلىرىگە ئېرىشەلمىگەن بولاتتى. چۈنكى ئۇنىڭ سەرگۈزەشتىسى بەكمۇ ئالاھىدە! ھالبۇكى، ئون نەچچە يىللىق ئۆزگىرىش ئارقىلىق، قاراسۇ جېڭى بۇرۇنقى ئىش بولۇپ قالدى، ئۇنىڭ ئىزلىرى كونىراپ كەتتى، بىراق، كونا ئىستىھكامدىكى تاشلىنىپ قالغان قۇدۇق، خارابىلىك ۋە ئەتراپىدىكى قاقاس داللاردىن ئىلگىرىكى قان تۆكۈپ جەڭ قىلىشتەك مۇشەققەتلىك ئەھۋاللار خۇددى يېڭىدىن يۈز بەرگەن ئىشلاردەك كۆزگە تاشلىنىپ تۇرىدۇ، سانغۇنلارنىڭ كۆرسەتكەن خىزمەتلىرى گويا مۇشۇ چوڭ دەرەخ ئارقىلىق تارقىلىپ كەلگەندەك بولىدۇ! بۇ، مۇشۇ يەرگە كەلگەنلىكى كىشىلەرنى چۆچۈتىدۇ، بىزنىڭ ئالدىنقىلارنىڭ شانلىق نەتىجىلىرىنى ھۆرمەتلىشىمىز، مەدھىيىلىشىمىز ۋە جەڭ مالىمانچىلىقىدىن كېيىن پۇقرالارغا غەمخورلۇق قىلىشىمىز، ئۇلارنى خاتىرجەم قىلىشىمىز ئالدىنقىلارنىڭ كۆرسەتكەن خىزمەتلىرىگە ئەسىر - ئەۋلاد ۋارىسلىق قىلىپ، ئىگىلىك يارىتىش روھىنى جارى قىلدۇرۇپ، زەئىپلىشىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈندۇر، مۇبادا بۇ چوڭ دەرەخنىڭ ئوبرازى كىشىلەرنىڭ روھىي - دۇنياسىغا تاقالمابدۇ دېيىلسە، ئۇ مۇمكىن ئەمەس. ئۇنىڭ خىزمىتى، تۆھپىسىنىڭ قانداق ئىكەنلىكىنى ئايرىيدىغان ئادەم ئاخىر چىقىدۇ. يۇقىرىدا، چوڭ دەرەخكە ئائىت ئىشلارنى بايان قىلدىم، ئەمدى شېئىر بىلەن ئىپادىلەيمەن:

ئېگىز - ئېگىز ئاسماننىڭ چېكى يوقتۇر،
كائىناتمۇ كەڭ ھەم چوڭ، بىپاياندۇر.
بۈيۈك سانغۇن نامىدىكى بۇ دەرەخنىڭ،
ئۆمرى چەكسىز، يەنە چەكسىز ئۇزۇن بولۇر.

(چوڭ دەرەخكە ئېسىلغان ياغاچ تاختىغا مۇنداق دەپ يېزىلغان: بۇ، ئەينى چاغدا بۈيۈك سانغۇن ئۆزىنى قوغداش، دۈشمەنگە قارشى تۇرۇشتا تايانغان دەرەخ، يىل، ئايلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئوق ئىزلىرى ئۇنىڭدا قېلىپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئالاھىدە تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە غولى ئۇزاققىچە ساقلىنىشى كېرەك، شۇنىڭ ئۈچۈن، يۇقىرىدىن پەرمان چۈشۈپ، يەرلىك ئاھالىلەرگە مۇنۇلار ئۇقتۇرۇلدى: بۇ يەر كىشىلەرگە بەخت - سائادەت ئېلىپ كېلىدىغان جاي، ئۇنى كۆڭۈل قويۇپ ئاسراش، قورۇق تاملىرىنى رېمونت قىلىش كېرەك، دەرەخكە ئۆز مەيلىچە زىيان - زەخمەت يەتكۈزۈشكە بولمايدۇ، ئۇنىڭ ئۇزاق زامان ساقلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىش

لازىم، ئەمەلىيەتتە، بۇ، زور تارىخىي ۋەقەدىن قېلىپ قالغان ئىز).

**ئىزاھات** بۇ يادنامە چيەنلۇڭ 37 ـ يىلى يېزىلغان. بو چىڭ شۇ چاغدا مىرزا، ئەسكىرىي پىرقە ھەربىي مەھكىمىسىنىڭ ئاساسلىق ئىش بېجىرگۈچىسى ئىدى.

# چيەنلۇڭنىڭ مۇسۇلمان يۇرتلىرىنى تىنچىتقانلىقى ھەققىدە خاتىرە

## (قىسقارتىلمىسى)

ۋېي يۈەن

ئەينى چاغدا، سانغۇن جاۋخۇي بۇيرۇققا بىنائەن پايتەختكە كەلدى، ئۇ ئۆزى يەنىلا قوشۇندا قېلىپ، غەربىي يۇرتنىكى توپىلاڭنى تىنچىتىشنى ئۆتۈندى. پادىشاھ ئۇنىڭغا ئاق يول تىلەپ، قوشۇنلىرىنى جەنۇبقا يۆتكەشنى شۇ ھامان بۇيرۇدى، بۇ چاغدا ئىككى خوجا ئاقسۇغا قېچىپ بارغانىدى، ئاقسۇنىڭ بېگى خوجەش — يەنى ئىلگىرى داۋاچىنى تۇتۇپ ئاپىرىپبېرىپ ئەمەل ـ ئىنئامغا ئېرىشكەن كاتتىباش دەرۋازىنى تاقاتتۇرۇپ ئۇ ئىككىسىنى كىرگۈزمىدى؛ ئۇ ئىككىسى يالغان يارلىق ياساپ چىقىپ ئۇچتۇرپانغا باردى، ئۇچتۇرپاندىكىلەرمۇ ئۇلارنى كىرگۈزمىدى؛ شۇنىڭ بىلەن، كىچىك خوجا يەكەنگە، چوڭ خوجا قەشقەرگە قېچىپ باردى. جاۋخۇي ئېدۇينى ئەسكەر باشلاپ خوتەننى مۇھاپىزەت قىلىشقا بۇيرۇدى، خوجەشمۇ قوشۇن بىلەن بىللە باردى. ئۇ چاغدا ھەرقايىسى قوشۇنلار تېخى يىغىلىپ بولالمىغانىدى، جاۋخۇي ئۆزى 4000 ئەسكەرنى باشلاپ ئاۋۋال يۈرۈپ كەتتى، ئورۇن باسار سانغۇن فۇدېنى قالدۇق باندىتلارنى تازىلاشقا، چوڭ قوشۇن يىغىلىپ بولغاندىن كېيىن بىرلىكتە داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلەشكە قالدۇرۇپ قويدى. بۇ چاغدا كىچىك خوجا يەكەندە قورغان ـ ئىستىھكاملىرىنى پۇختىلاپ، تەرەپ ـ تەرەپتىن مال مولوكلەرنى يىغىپ توپلىۋېلىپ، ئېتىزدىكى زىرائەتلەرنى قويماي ئورۇدۇرۇپ، پۇقرالارنى شەھەر ئىچىگە ئېلىپ كىرىۋېلىپ، قوشۇنىمىزغا ئېرىشكۈدەك ھېچنەرسە قويمىغانىدى، ئۇلار شەھەرنىڭ بەش چاقىرىم شەرقىي شىمالىدا خەندەك كولاپ، قوختا سېلىپ، ئۇزاققىچە جاھىللىق بىلەن قارشىلىششقا، قوشۇنىمىزنى قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويۇشقا ئۇرۇندى. چوڭ خوجا بولسا قەشقەرنى بېسىپ يېتىپ، يەكەندىكى كىچىك خوجا بىلەن يىراقتىن ھە ـ ھۇ دېيىشىپ، كالا مۈڭگۈزىدەك يەنە بىر پوزىتسىيە شەكىللەندۈردى.

10 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى قوشۇن يەكەنگە يېتىپ بېرىپ، شەھەرنىڭ شەرقىدە جەڭ مەيدانى ئاچتى، ئەسكەرلەر ئىككى يولغا بۆلۈنۈپ، ئالدى بىلەن، دۈشمەننىڭ قوختىلىرىنى ئىگىلىدى. توپىلاڭچىلار شەھەرنىڭ شەرقىي، غەربىي، شىمالىي دەرۋازىلىرىدىن خىللانغان نەچچە يۈز ئاتلىق ئەسكەر چىقىرىپ قوشۇنىمىزغا ھۇجۇم قىلدى، دۈشمەن ئۈچ قېتىملىق جەڭنىڭ ھەممىسىدە مەغلۇب بولۇپ، شەھەرگە بېكىنىۋېلىپ چىقمىدى. شەھەرنىڭ چوڭلۇقى ئون نەچچە چاقىرىم ئۇزۇنلۇقتا بولۇپ، تۆت تەرىپىدە 12 دەرۋازىسى بار ئىدى، جاۋخۇي، ئەسكەرلىرى ئاز بولغاچقا، شەھەرگە ھۇجۇم قىلىشقا بولمايدىغانلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئەسكەرلىرىنى ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇمغا

ئۆتكۈزۈشكە پۇرسەت كۈتمەكچى بولدى، شۇڭا ئۇ قوشۇننى دەريا ئايرىپ تۇرىدىغان جايىدىكى سۇيى بار ئوتلاقتا ئېلىپ بېرىپ، لەشكەرگاھ قۇرۇپ ئورۇنلىشىپ، يىگانە قوشۇن بىلەن مۇداپىئەدە تۇردى. كۆكئارتنىڭ شىمالىدىكى دەريا قەشقەر شەھىرىنىڭ سىرتىدىن، كۆكئارتنىڭ جەنۇبىدىكى دەريا يەكەن شەھىرىنىڭ سىرتىدىن ئېقىپ ئۆتەتتى، يەرلىكلەر شىمالدىكى دەريانى قىزىل دەرياسى، جەنۇبتىكى دەريانى يەكەن (قاراسۇ) دەرياسى دەپ ئاتايتتى، بۇ دەريانىڭ بويىغا قۇرۇلغان قارارگاھ قاراسۇ لەشكەرگاھى دەپ ئاتالدى. جاۋخۇي ياندىش بۇيۇرغا ئەي لۇئەنى 800 ئەسكەرنى باشلاپ، دۈشمەننىڭ قەشقەرگە ياردەم بېرىشتە بېسىپ ئۆتىدىغان يوللىرىنى توسۇشقا بۇيرۇدى، رازۋېتكا ئارقىلىق، شەھەرنىڭ جەنۇبىدىكى تاغدا توپىلاڭچىلارنىڭ مال پادىلىرى بارلىقىنى بىلگەندىن كېيىن، دەريادىن ئۆتۈپ پادىلارنى تارتىۋېلىپ، قوشۇننىڭ تەمىناتىنى تولۇقلىۋېلىشنى پىلانلىدى. 13 - كۈنى قىسمەن ئەسكەرلىرىنى قاراسۇ لەشكەرگاھىنى ساقلاشقا قالدۇرۇپ قويۇپ، ئۆزى 1000 دىن ئارتۇق ئاتلىق ئەسكەرنى باشلاپ، شەرقتىن جەنۇبقا ماڭدى، 400 ئاتلىق ئەسكەر كۆۋرۈكتىن ئەمدى ئۆتۈپ بولۇشىغا، كۆۋرۈك توساتتىن چۈشۈپ كەتتى. شەھەردىكى توپىلاڭچىلار 5000 ئاتلىق ئەسكەر چىقىرىپ ھۇجۇم قىلدى، توستى، قوشۇنىمىز دۈشمەننىڭ پوزىتسىيىسىنى ئەمدى يىمىرىشكە توپىلاڭچىلارنىڭ 10 مىڭدىن ئارتۇق پىيادە ئەسكىرى ئېتىلىپ كەلدى، ئاتلىق ئەسكەرلىرى يەنە ئىككى قانات بولۇپ، قوشۇنىمىزغا كەينى تەرەپتىن قورشاپ ھۇجۇم قىلدى. قوشۇنىمىزنىڭ دەريادىن ئۆتۈپ بولغان ئەسكەرلىرى قۇتقۇزۇشقا ئامال قىلالمىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلار تۇرغان جاي سازلىق بولغاچقا، ئاتلىق ئەسكەرلەر ماڭالماي قالدى، ئۇلار جەڭ قىلغاچ چېكىنىپ، سۇ ئۈزۈپ دەريادىن ئۆتۈپ لەشكەرگاھقا قايتىپ كەلدى. يېرىم يولدا ئۇلار توپىلاڭچىلار قوشۇنىنىڭ زەربىسىدىن بىرنەچچىگە بۆلۈنۈپ كېتىپ، ھەر كىم ئۆز ئالدىغا جەڭ قىلدى، تاڭ ئاتقاندىن تارتىپ گۈگۈم چۈشكىچە 1000 دىن ئارتۇق توپىلاڭچىنى ئۆلتۈردى، قوشۇنىمىزنىڭ ئاتلىرىنىڭ تولىسى سازلىقتا پېتىپ قالدى، ئەسكەر بېشى ۋە ئەسكەرلەردىن 100 نەچچىسى ھالاك بولدى، بىرنەچچە يۈزى يارىدار بولدى، جاۋخۇينىڭ ئەتراپىدا توقۇنۇش بولدى، ئېتىغا ئوق تېگىپ ئۆلسە يەنە ئات يەڭگۈشلىدى، مىڭ رۇيمۇ يارىدار بولدى، باش بۇغ گاۋتيەنشى قاتارلىقلار جەڭدە ئۆلدى. ئارقىدىن، توپىلاڭچىلار يەنە دەريادىن ئۆتۈپ بەش كېچە - كۈندۈز ھۇجۇم قىلدى، قوشۇنىمىز جەڭ قىلغاچ ئىستىھكام ياسىدى. توپىلاڭچىلارمۇ ئۈزۈن تام سوقۇپ قوشۇنىمىزنى 17 كېچە - كۈندۈز قاپسىۋالدى. جاۋخۇي خەۋپ ئىچىدە قالغانلىقىنى مەلۇم قىلىش ئۈچۈن بەش ئەسكەرنى بىرنەچچە يولغا بۆلۈپ ئاقسۇغا ئەۋەتتى، شۇخېدې جىددىي مەلۇمات يېزىپ ماڭغۇزدى. توپىلاڭچىلار دەريانىڭ يۇقىرى ئېقىمىدىن سۇ قويۇپ بېرىپ لەشكەرگاھىمىزنى سۇغا باسۇردى، قوشۇنىمىز تۆۋەنكى ئېقىمدا ئېرىق چېپىپ سۇنى چىقىرىۋەتتى. لەشكەرگاھ ئورمانلىقتا تۇتاش ئىدى، دۈشمەننىڭ يامغۇردەك ئاتقان مىلتىق، توپ ئوقلىرى دەرەخلەرگە تەگدى، قوشۇنىمىز دەرەخلەرنى كېسىپ، نەچچە 10 مىڭ پاي ئوققا ئېرىشىپ توپىلاڭچىلارغا قارىتىپ ئاتتى. شۇ چاغدا بۇيرۇتلار قەشقەرگە ھۇجۇم قىلغانىدى، قوشۇنىمىز ھۇجۇم قوزغاپ، توپىلاڭچىلارنىڭ ئىستىھكامىنى ئوت قويۇپ كۆيدۈردى. توپىلاڭچىلار بۇيرۇتلارنى قوشۇنىمىز بىلەن پۈتۈشۈۋاپتۇ دەپ گۇمان قىلىپ، چوڭ خوجا سۈلھى قىلىشقا ئادەم ئەۋەتتى، جاۋخۇي كەلگەن ئەلچىنى قامىتىپ قويۇپ، قارشى تەرەپكە: «ئاۋۋال خوجا جاھاننى باغلاپ ئەكېلىپ بېرىڭلار، ئاندىن سۈلھى ماددىلىرىنى قوبۇل قىلىمىز» دەپ خەت يازدى. شۇ چاغدا قوشۇنىمىز لەشكەرگاھتا قۇدۇق قېزىپ سۇغا ئېرىشتى، گەمە ئامباردىكى

ئاشلىقنى كولاپ چىقىرىپ، ئۇدا ئۈچ ئاي يېمەك - ئىچمەك قىيىنچىلىقى تارتمىدى، توپىلاڭچىلار تەئەججۇپلەنگىنىدىن قوشۇنىمىزنى ئىلاھىمىدۇ دەپ قالدى. دەسلەپتە، پادىشاھ جاۋخۇي، فۇدې قوشۇنلىرىنىڭ دالىدا ئۇزۇن تۇرۇپ كەتكەنلىكىنى، سانغۇن ۋە ئەسكەرلىرىنىڭ چارچاپ قالغانلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئىككى ئاي ئىلگىرى، چېگرىنى تىنچلاندۇرغۇچى سانغۇن نامزار، مەسلىھەتچى سانگىبلارنى ئۇلارنىڭ ئورنىغا ئالمىشىشقا، يەنە سولۇن، چاخار قوشۇنلىرىنىمۇ ئۇ يەرگە ئاتلىنىشقا بۇيرۇغانىدى. دەل شۇ چاغدا، جاۋخۇي ئەي لۇڭئاغا ئەسكەر باشلاپ ئاقسۇغا ياردەمچى قوشۇننى سۆيلەشكە بېرىشنى بۇيرۇدى، ئۇلار چېگرىنى تىنچلاندۇرغۇچى سانغۇن فاتارلىقلارنىڭ يېقىن يول بىلەن كېلىۋاتقان قوشۇنلىرىغا ئۇچراپ قالدى، ئەي لۇڭئا ئۇلارنى داۋاملىق ئىلگىرىلەشنى توختىتىشقا دەۋەت قىلدى، ئۇلار دەۋەتكە قۇلاق سالمىغاچقا، خەۋپكە ئۇچراپ قارا قىلدى.

فۇدې شىمالىي يولدا قاراسۇنىڭ مۇھاسىرە ۋە خەۋپ ئىچىدە قالغانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ، يېڭىدىن يېتىپ كەلگەن سولۇن، چاخار قوشۇنىنىڭ 2000 دىن كۆپرەك ئەسكىرىنى ۋە شىمالىي يولدىكى 1000 دىن كۆپرەك ئەسكەرنى باشلاپ، يېغىۋاتقان قارغا قارىماي ياردەمگە ئاتلاندى. چيەنلۇڭ 24 - يىلى 1 - ئاينىڭ 6 - كۈنى ئورمان دېگەن يەرگە يېتىپ بارغاندا، توپىلاڭچىلار قوشۇنىنىڭ 5000 ئاتلىق ئەسكىرىگە ئۇچراپ قېلىپ، ئۇرۇش قىلغاچ ئالغا ئىلگىرىلەپ، تۆت كېچە - كۈندۈز جەڭ قىلدى. چۆل - جەزىرە، قۇملۇقلاردا سۇ بولمىغاچقا، ئۇسسۇزلۇقنى مۇز بىلەن قاندۇردى، ئاتلار ھېرىپ ھالىدىن كەتسە، ئەسكەرلەرنىڭ يېرىمى پىيادە ماڭدى. 9 - كۈنى يەكەن دەرياسىدىن ئۆتۈپ، قاراسۇ لەشكەرگاھىغا 300 چاقىرىم قالغاندا، توپىلاڭچىلار قوشۇنىغا بارغانسېرى كۆپ ئۇچراپ قېلىپ، ئالغا ئىلگىرىلىيەلمىدى. دەل شۇ پەيتتە، بارىكۆلنىڭ مەسلىھەتچى ئامبىلى ئالگون بۇيرۇققا بىنائەن 600 ئەسكەر، 2000 ئات، 1000 تۆگە بىلەن، ئەي لۇڭئانىڭ 1000 دىن ئارتۇق ئەسكىرى بىلەن ئۇچرىشىپ، كېچىدە يېتىپ باردى. ئون نەچچە چاقىرىم يىراقلىقتىكى ئوت يورۇقىدىن ئۇ يەرنىڭ قوشۇنىمىز بىلەن توپىلاڭچىلار قوشۇنى ئىركەشكەن جاي ئىكەنلىكىنى بىلدى، يەنە يولدا قوشۇنىمىزدىن دۈشمەنگە تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلغىلى چىققان ئەسكەرلەرگە ئۇچراپ قېلىپ، ئۇلارنىڭ ياردەمگە جىددىي مۇھتاج بولغانلىقىنى بىلىپ، قوشۇننى ئىككى قاناتقا بۆلۈپ، «ھۇررا» توۋلاپ، توپا - چاڭ توزۇتۇپ، توپىلاڭچىلار قوشۇنىنىڭ ئىستىھكامىغا ئۇدۇل بۆسۈپ باردى، فۇدېنىڭ قوشۇنى بىلەن بىللە ئۈچ يولغا بۆلۈنۈپ ئىلگىرىلەپ كىردى، توپىلاڭچىلار كېچىدە ئەسكەر بېشى ۋە ئەسكەرلەرنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنى بىلەلمەي، بىر - بىرىنى قىرىشىپ تىكىۋەتتى. قوشۇنىمىز ئارقىدىنلا تىزلىكتە قوغلاپ زەربە بەردى، قاراسۇ لەشكەرگاھىغا ئون چاقىرىم قالغان يەردە يەنە نۇرغۇن دۈشمەننى مەغلۇپ قىلدى. جاۋخۇي لەشكەرگاھنى مۇھاسىرە قىلىۋاتقان توپىلاڭچىلارنىڭ ئاز قالغانلىقىنى كۆرۈپ، يىراقتىن مىلتىق، توپ ئاۋازلىرىنى ئاڭلاپ، شەرقتىن توپا - چاڭ كۆتۈرۈلگەنلىكىگە، لەشكەرگاھتىكى قۇدۇقنىڭ ئۇشتۇمتۇت قۇرۇپ قالغانلىقىغا قاراپ، ياردەمچى قوشۇننىڭ يېقىنلىپ بولغانلىقىنى بىلدى. ئۇنىڭ بۇيرۇقى بىلەن ئەسكەرلەر مۇھاسىرىنى بۆسۈپ چىقىپ، 1000 دىن ئارتۇق توپىلاڭچىنى ئۆلتۈردى، ئۇلارنىڭ ئىستىھكاملىرىنىڭ ھەممىسىنى كۆيدۈرۈۋەتتى، توپىلاڭچىلار قاتتىق مەغلۇپ بولۇپ شەھەرگە قېچىپ كىرىۋالدى. ئىككى قوشۇن ئۇچرىشىپ، ئۆزىنى ئوڭشىۋېلىپ ئاقسۇغا قايتتى. ياندۇرقى يىلى 4 - ئايدا سانغۇن جاۋخۇي ئاۋۋال قوشۇن ئەۋەتىپ خوتەنگە ياردەم بەردى، ئاندىن كېيىن، توپىلاڭچىلارنىڭ قولىغا

چۇشۇپ قالغان ئىككى شەھەر (قەشقەر، قاغىلىق شەھەرلىرى) گە ياردەم بەردى. 6 - ئايدا جەمئىي 20 مىڭ ئەسكەر، 30 مىڭ ئات، 10 مىڭ تۆگە ئاقسۇغا يىغىلدى، بۇ چاغدا، شۇ يەردە تۇرۇشلۇق قوشۇنلارنىڭ تەكلىپى بىلەن، رەختكە ئاشلىق - تۇلۇك تېگىشىلدى، بۇنىڭ بىلەن 300 مىڭ تەڭگە كىرا پۇلى تېجەپ قېلىندى. مۇشۇ ئاساستا، قوشۇن قايتىدىن ئىككى يولغا بۆلۈنۈپ جەڭگە چىقتى: جاۋخۇي ئۇچتۇرپاندىن قەشقەرگە، فۇدې خوتەندىن يەكەنگە قاراپ يولغا چىقتى. ھەر بىر يولدا 15 مىڭدىن ئەسكەر بار ئىدى. ئىككى خوجا ئۆتكەن يىلى قىشتىن تارتىپ چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرىنىڭ ئاۋۋال نەچچە 10 مىڭ توپىلاڭچى ئۇستىدىن 400 ئەسكەر بىلەن غەلىبە قىلغانلىقىنى، ئاندىن كېيىن لەشكەرگاھنى 3000 ئەسكەر بىلەن بىرنەچچە ئاي چىڭ ساقلىغانلىقىنى كۆرۈپ، پادىشاھنىڭ ۋە چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرىنىڭ قۇدرىتىدىن چۆچۈدى. شۇنىڭ بىلەن، ساقلاۋاتقان شەھەرلەرنى تاشلاپ، ئادىمى، مال - ۋارانلىرىنى ئېلىپ، كۆكئارتتىن ئۆتۈپ، غەربكە قېچىپ كەتتى.

ئەينى يىللاردا، ئىككى خوجا ئىلىدا ئۇزاق تۇرغانىدى، ئۇ ئىككىسى ئىلىدا بوز يەر ئېچىپ دېھقانچىلىق قىلىدىغان نەچچە مىڭ ئۇيغۇر بىلەنلا باردى - كەلدى قىلالايتتى، خەلق ئۇ يەردە ئۇزاق مۇددەت ئولتۇراقلىشىپ، بىر - بىرىگە تايىنىپ ياشايتتى. ئۇ ئىككىسى قايتقاندا، ئەسلىدە ئۇلارنىڭ باشقۇرۇشىدىكى 100 مىڭ ئائىلىلىك ئاما ئۇ ئىككىسىنىڭ ئاتا - بوۋىلىرىنىڭ ئىناۋىتى ۋە كۆرستىشىگە تايىنىپ ھوقۇق - كۈچكە ئىگە بولغانلىقىنى ئويلىدى، بولۇپمۇ، كىچىك خوجىنىڭ پۇقرالارنى خارلىشى، قۇل قىلىشىدىن، ئېكسپىلاتاتسىيىنى ئېغىرلىتىشىدىن، قاتتىق جازالارنى كەلسە - كەلمەس ئىشلىتىشىدىن قورقتى، شۇڭلاشقا ئىلىدىن ئۇنىڭ بىلەن بىللە كەلگەن ئاز ساندىكى مۇرتلار ۋە يېڭىدىن ئۇنىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئاتقان ئۇيرات ئەسكەرلەرنى ئۆزىنىڭ يېقىنلىرى قىلغاندىن باشقا، ئەسلىدىكى قول ئاستىدىكىلىرى پۈتۈنلەي پارچىلاندى، ئۇلار نوپىلاڭ كۆتۈرۈپ قاچقاندا، بۇرۇنقى قول ئاستىدىكىلىرىدىن ئۇلارغا ئەگىشىدىغانلار ناھايىتى ئاز چىقتى. توپىلاڭچىلارنىڭ باشلىقى بولغان بۇ ئاكا - ئۇكا ئىككىسى مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن بەدەخشانغا قاچماقچى بولدى، مۇرتلىرى قوقەنتكە ئۆزىنى ئاتماقچى بولدى. ھەرقايسىسى ئەلچى ئەۋەتكەنىدى، قوقەنتتىن خەۋەر كەلمىدى، شۇنىڭ بىلەن يەنىلا بەدەخشانغا قاچتى. مىڭ رۇي ھۇجۇمچى قوشۇنىدىن 1000 نەچچە ئاتلىق ئەسكەر باشلاپ قوغلاپ باردى، قوشقۇلاقتا جىددىي جەڭ قىلىپ، توپىلاڭچىلارنىڭ 500 ئادىمىنى ئۆلتۈردى. بۇ جاي كۆكئارتنىڭ ئۇستى ئىدى، ئۇ يەردە قاراكۆل بار ئىدى، ئەتراپى نەچچە يۈز چاقىرىم كېلەتتى، 7 - ئاينىڭ 7 - كۈنى، قوشۇنىمىزنىڭ 4000 دىن ئارتۇق ئاتلىق ئەسكىرى ئالچور تېغىغىچە قوغلاپ باردى. توپىلاڭچىلار ئۆزلىرىنىڭ ماددىي ئەشيا ۋە ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنى تاشلىۋېتىپ، خىللانغان 6000 ئەسكىرى بىلەن جىلغا ئېغىزىدا پىستىرما قۇرۇپ، قوشۇنىمىزنى ئۆزلىرىنىڭ مۇھاسىرە چەمبىرىكىگە يوشۇرۇن ئۇسۇل بىلەن ئالداپ كىرگۈزمەكچى بولدى. قوشۇنىمىز ئالدىقاچان تەييارلىق كۆرۈپ قويغانىدى. فۇدې مىلتىقلىق خىللانغان قوشۇننى باشلاپ ئوتتۇرىدا تۇردى، مىڭ رۇي، ئاگۇي باشلىغان قوشۇن سول قاناتتا، ئالىگۇن، بالۇ باشلىغان قوشۇن ئوڭ قاناتتا تۇردى، بۇنىڭدىن باشقا، خىللانغان زەربىدارلار قوشۇنىدىن ئىككىسى، ياردەمچى قوشۇندىن ئىككىسى تەشكىللەندى، بۇ تۆت قوشۇن ۋاقتىنچە چوڭ قوشۇننىڭ كەينىگە قويۇلدى، ھەممە قوشۇن پۇختىلىق ۋە ئىشەنچ بىلەن، سېپىلدەك ھەيۋەتلىك ئالغا ئىلگىرىلىدى. زەربىدارلار قوشۇنى ئاۋۋال دۈشمەننىڭ قولىدىكى سول ۋە ئوڭ تاغنى ئىگىلەپ، ئاندىن تاغ باغرىغا ھۇجۇم قىلدى، توپىلاڭچىلارنىڭ

پوزىتسىيىسى قالايمىقانلىشىپ كەتتى، ئەسكەرلىرىمىز پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئۈچ تەرەپتىن ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، دۈشمەننى 20نەچچە چاقىرىم يەرگىچە قوغلاپ زەربە بېرىپ، 1000دىن ئارتۇق توپىلاڭچىنى ئۆلتۈردى، ئۇلارنىڭ سەركەردىسى ئابدۇللا قاتارلىقلارنىڭ كاللىسىنى ئالدى، ھەددى-ھېسابسىز دۇبۇلغا - ساۋۇت، تۇغ - ئەلەم، قورال - ياراقلارنى غەنىمەت ئالدى، قوشۇنىمىزدىن بىرلا ئەسكەر يارىدار بولدى. يەنە ئۈچ كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، ئىسسىقنۇر دەرياسىغىچە قوغلاپ باردى، بۇ يەر بەدەخشان تاغلىرى چېگرىسى بولۇپ، ئىككى تەرىپى تاغ ئىدى، بۇ چوققا رىخىشجۇق چوققىسى ئىدى. چوڭ خوجا ئاۋۋال ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ئارقىلىق دەريانىڭ غەربىدىكى چوققىنى مۇھاپىزەت قىلدى، ئۇ قېچىپ كېتىش پىلانىنى تۈزگەنىدى. كىچىك خوجا شىمالدىكى تاغنى ۋە ئۇ تاغقا نۇتىشىدىغان شەرق تەرەپتىكى چوققىلارنى 10 مىڭ ئەسكىرى بىلەن ئىگىلەپ، ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلماقچى بولدى. فۇدې ئاۋۋال ئالىگۈن قاتارلىقلارغا جەنۇبىي قىرغاق تەرەپتىن غەربىي چوققىنى ئىگىلەشنى بۇيرۇدى، ئۆزى قوشۇن باشلاپ شەرقىي چوققىدىكى توپىلاڭچىلارغا ھۇجۇم قىلدى. ئۇدۇلدىن ھۇجۇم قىلىپ چوققىنى ئالالمىدى، ئۇ تاللىغان نەچچە ئون مەرگەن دۈشمەننىڭ ئارقا تەرىپىدىكى تاغنىڭ شىمالىدىكى چوققىدىن پەسكە قارىتىپ ئوق ئاتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئالىگۈن قوشۇنىمۇ جەنۇبىي قىرغاقتىكى تاغدىن مىلتىقلار بىلەن تاغنىڭ شىمالىدىكى توپىلاڭچىلارغا ئوق ئاتتى. دۈشمەن ئىگىلىگەن تاغ ئېتىكىدىكى جىلغا ھەم تار ھەم سۇغا يېقىن بولۇپ، ئۇ يەردىن ئاتلىقلار بىر - بىرلەپ ئۆتەلەيتتى، توپىلاڭچىلارنىڭ ماددىي - ئەشيا ھارۋىلىرى ۋە پىيادە ماڭغان ئائىلە تاۋابىئاتلىرى قىستىلىشىپ، جىلغىغا كەپلىشىپ قالدى، ئىككى قوشۇنىمىز ئۇلارنىڭ مېڭىش يولىنىڭ ئىككى بېشىنى ئايرىم - ئايرىم ئىگىلەپ ساقلىغانىدى، توپىلاڭچىلارنىڭ قاچىدىغان يېرى قالمىدى. ئېدۇي ۋە خوجىسلارغا ئىككى خوجىدىن غەنىيمەت ئېلىنغان تۇغ - ئەلەملەرنى قاداپ، ئۈنلۈك ۋارقىراپ، دۈشمەننى ئەل بولۇشقا ئۈندەش ھەققىدە بۇيرۇق بېرىلدى، ئەل بولغۇچىلار تاغقا توشۇپ كېتىپ، تاغ ئۈستىدىن پەسكە يۈگۈردى، ئۇلارنىڭ قىيقاس - چوقانلىرى گۈلدۈرمامىدەك ئاڭلاندى، كىچىك خوجا ئەل بولغۇچىلارنى ئۆز قولى بىلەن قىرىپمۇ توسۇۋالالمىدى. ئەل بولغانلار جەمئىي 12 مىڭغا يەتتى، كورمىڭ مال - ھارۋا غەنىيمەت ئېلىندى، ئىككى خوجا خوتۇن-بالىلىرى، بۆرۈنقى چاكارلىرىدىن 300 — 400 چە ئادەمنى ئېلىپ بەدەخشانغا قېچىپ كەتتى. ئۇ چاغدا، كىچىك خوجا ئادەملىرىنى ئېلىپ غەربكە بارغاندا، ئالدامچىلىق ۋاستىسى ئارقىلىق، بەدەخشان قەبىلە دۆلىتىنى ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم بىلەن ئىگىلىۋېلىش سۇيىقەستىدە بولغانىدى. ئىككى خوجا بەدەخشاننىڭ سەردارى بىزنى قارشى ئېلىشقا ئالدىمىزغا چىقمىدى دېگەننى باھانە قىلىپ، غەزىپىدىن بەدەخشان ئەلچىسىنىڭ كاللىسىنى ئالدى، ئۇلار ئەتراپتىكى قەبىلىلەر بىلەن مەخپىي پۈتۈشۈپ بەدەخشانغا پاراكەندىچىلىك سالدى. شۇڭا بەدەخشان سەردارى ئەسكەر چىقىرىپ تاقابىل تۇرۇپ، ئارغۇندا جەڭ قىلىپ، چوڭ - كىچىك خوجىنى ئاخىر قولغا چۈشۈردى. سانغۇنلار خوجىنىڭ كاللىسىنى ئەكەلدۈرۈپ، ھەربىي دەرۋازىغا ئاستۇرۇپ سازايى قىلدى.

ئاپتور ۋېي يۈەن، چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى مۇتەپەككۇر، تارىخشۇناس، ئەدىب، داۋگۇاڭ زامانىسىدىكى تەشرىپدار، بۇ يادنامە ئۇ يازغان «زەپەرنامە» دىن ئېلىندى.

## ئەسلى ئىزاھاتى:

شۇ يىلى، خوجا جاھاننىڭ كاللىسىلا سازايى قىلىنغان، بۇرھانىدىن خوجىنىڭ جەسىتى ئوغرىلاپ كېتىلگەن. چيەنلۇڭ 28 - يىلىغا كەلگەندە، بەدەخشان قەبىلە دۆلىتى بۇرھانىدىن

خوجىنىڭ جەسىتىنى تېپىپ، ئۇنىڭ خوتۇنى بىلەن بىللە چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىگە تەقدىم قىلغان.

## قارا سۇ لەشكەرگاھىنىڭ ئىزىنى تېپىش

شۇ سۇڭ

ھەزرىتى جاۋخۇي قارارگاھىنى شەھەرنىڭ شەرقىگە يۆتكەپ، دۈشمەننىڭ كونتروللۇقىدىكى جەنۇبىي رايونغا ھۇجۇم قىلغان، توپىلاڭچىلار زەرەپشان دەرياسىنىڭ جەنۇبىي قىرغىقىنى ساقلاۋاتاتتى، جاۋخۇي قوشۇنىنىڭ يېرىمى كۆۋرۈكتىن ئۆتۈشىگە، كۆۋرۈك چۇشۇپ كەتكەن، توپىلاڭچىلار سول، ئوڭ ئىككى قانات بولۇپ قوشۇنىمىزغا ھۇجۇم قىلغان. باش بۇغ گاۋتيەنشى، يانداش بۇيۇرغا سانگې، تورشاۋۇل سەردار ئۇشى، سەردار تېتۇڭئې ھالاك بولغان، قوشۇنىمىز شەرقىي شىمالغا قاراپ ئىلگىرىلەپ، قاراسۇنىڭ جەنۇبىغا بارغاندا ئۇ يەرنى لەشكەر گاھ قىلىپ چىڭ ساقلىغان. بىز ئېيتىۋاتقان قارا سۇدا مۇھاسىرىدىن قۇتۇلۇش جېڭى مانا مۇشۇ يەردە بولغان، بۇ يەر تۆڭگۈزلۈق دېيىلىدۇ، شىۋەلىك دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ياندۇرقى يىلى 1 - ئايدا ھەزرىتى شۇخېدې، ھەزرىتى فۇدې بارچۇقتىن يېتىپ كەلگەن ھەممە مۇھاسىرىدىن قۇتۇلغان قوشۇنلار بىلەن بىللە ئاقسۇغا قايتقان. يەنە بىر يىل ئالتە ئاي ئۆتكەندىن كېيىن، ھەزرىتى فۇدې خوتەننى تىنچىتقان، ئارقىدىنلا يەكەننى ھۇجۇم بىلەن ئالغان، كەبىسە يىلى 6 - ئاينىڭ 2 - كۈنى خوجا جاھان يەكەن شەھىرىنى تاشلاپ قېچىپ كەتكەن. بۇ شەھەرنىڭ كونا بېگى شەھەرنى تەقدىم قىلىپ ئەل بولغان. 7 - ئايدا ھەزرىتى جاۋخۇي قەشقەردىن بۇ يەرگە كەلگەن.

زەرەپشان دەرياسىنىڭ شەرقىي شىمالىدا توختاۋسۇ ئازگال - ئويمانلىرى بار بىر جاي، يەنى شىۋەلىك (يەكەن شەھىرىنىڭ 70 چاقىرىم شەرقىي جەنۇبىدا ئىدى) دېگەن جاي بار ئىدى، بۇ جايدا سۇمۇ، ئوت - چۆپمۇ بار ئىدى. بۇ ئاقمايدىغان قاراسۇلار يىغىلىدىغان يەر ئىدى، مانا بۇ «قاراسۇ» ئىدى، شۇڭا يەرلىك مۇسۇلمانلار بۇ يەرنى قاراسۇ دەپ ئاتايتتى. ھەزرىتى جاۋخۇي مۇھاسىرىدە قالغاندا، توپىلاڭچىلار قاراسۇغا سۇ قويۇپ بېرىپ لەشكەرگاھىمىزنىــــى سۇغا باسۇرغان، قوشۇنىمىز لەشكەرگاھتىكى ئېرىقلار ئارقىلىق سۇنى ۋاقتىدا چىقىــــرىۋەتكەن، لەشكەرگاھىنىڭ يېنىدا دەل - دەرەخلەر بار ئىدى. توپىلاڭچىلار ئاتقان ئوقلار دەرەخلەرگە تەگكەن، قوشۇنىمىز ئۇ ئوقلارغا ئېرىشىپ ئوق - دورىلىرىنى تولۇقلىۋالغان. ئۈچ ئايدا قوشۇنىمىز مۇھاسىرىدىن قۇتۇلغان. مەن بۇ يەردە قاراسۇ لەشكەرگاھىنىڭ قالدۇق ئىزىنى تېپىشقا كەلدىم، يەكەن دەرياسىنىڭ سۈپسۈزۈك سۇلىرى كۆزۈمگە تاشلاندى. قىرغاقتىكى قۇملار كۈمۈشتەك پارقىراپ تۇراتتى، دەريادا بېلىقلار دولقۇنغا ئەگىشىپ ئۈزۈشەتتى، سۇ بويلىرىدا ئوت - چۆپلەر بولۇق ئۆسكەنىدى. دەريادىن ئۆتۈپ جەنۇبقا ماڭغاندا، 4 - ئايدا جىگدىلەر چېچەكلەيتتى، خۇشپۇراقلار ئارىسىدا 20 چاقىرىم يۈرگەندىن كېيىن شىۋەلىككە يېتىپ بارغىلى بولاتتى، ئۇنىڭ يېنىغا ئىبادەتخانا سېلىنغانىدى. شىمالىدا ئىبادەتخانا بار ئىدى، ئىبادەتخانا يېنىدىكى دەرەخكە ئون نەچچە ئادەمنىڭ قۇچىقى ئاران يېتەتتى، دەرەخنىڭ شاخلىرى قۇرۇپ كەتكەنىدى، دەرەخنىڭ ئەتراپىغا خىشتىن تام سوقۇلغانىدى، مانا بۇ ئەينى چاغدىكى ئوقلار تەگكەن ئەشۇ چوڭ دەرەخ ئىدى.

ئارمىيە چېكىنىپ چىققان.

## 2 § . پوسكامنى ئىشغال قىلىش

1946 - يىل 1 - ئاينىڭ 2 - كۈنى تاشقورغان مىللىي ئارمىيىسى قاغىلىق ناھىيىسىنى ئىشغال قىلغان، 1 - ئاينىڭ 3 - كۈنى پوسكام ناھىيىسىدىكى گومىنداڭنىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە، ساقچى ئورگانلىرى يەكەنگە چېكىنگەن.

1 - ئاينىڭ 4 - كۈنى مىللىي ئارمىيىنىڭ ئاتلىق 5 - تۈەنىدىن 500 كىشى تۈەنجاڭ ھېكىم بەگ (قىرغىز) نىڭ باشلامچىلىقىدا، پوسكامغا كىرگەن. گومىنداڭ پوسكام ناھىيىلىك ھۆكۈمىتىنىڭ ھاكىمى لۇڭ لىمىن ۋەھىمىگە چۈشۈپ، ئادەم ئەۋەتىپ ھۆججەت - ماتېرىياللارنى كۆيدۈرتۈپ، يەكەنگە قېچىپ كەتكەن، كېيىن ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلانغان.

1 - ئاينىڭ 5 - كۈنى مىللىي ئارمىيە ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ كۇلۇبىدا ئاممىۋى يىغىن ئېچىپ، پوسكام ناھىيىلىك ئىنقىلابىي ھۆكۈمەتنىڭ قۇرۇلغانلىقىنى، چوڭ ئاخۇن قۇربان مۇپتىنىڭ ھاكىملىقتا، مەھەممەت روزىيوۋنىڭ مۇئاۋىن ھاكىملىقتا (كېيىن بۇ ۋەزىپىنى تۇرسۇن قارى ئۆتكۈزۈۋالغان) تەيىنلەنگەنلىكىنى ئېلان قىلغان. تەشۋىقات ئېلىپ بېرىش ۋە سەپەرۋەر قىلىش ئارقىلىق، ناھىيە بازىرىدىكى ۋە يېزىلاردىكى ياشلار، ئوقۇتقۇچىلار، دېھقانلار، ھۆكۈمەت خىزمەتچىلىرىدىن بولۇپ 350 كىشى ئارمىيىگە قاتناشقان، ئۇلار بىر لىيەن قىلىپ تەشكىللەنگەن، ئۇ «مىللىي ئارمىيىنىڭپوسكام لىيەنى» دەپ ئاتىلىپ، مىللىي ئارمىيە5-تۈەنىنىڭ قارىمىقىدا بولغان. مەھەممەت روزىيوۋ لىيەنجاڭلىقتا تەيىنلەنگەن.

يېڭىدىن تەشكىل قىلىنغان پوسكام ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتى ھەر مىللەت ئاممىسىنى مىللىي ئارمىيىگە پۈتۈن كۈچى بىلەن ياردەم بېرىشكە سەپەرۋەر قىلغان، كونا ھۆكۈمەت ۋە ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ ئاشلىق ئامبىرىدىن12 مىڭ چارەكتىن كۆپرەك ئاشلىقنى ئېلىپ چىقىپ، مىللىي ئارمىيىنىڭ قوشراپ، ئاراتاش، قىزىلتاغ، تاشقورغان قاتارلىق تايانچ بازىلىرىغا يەتكۈزۈپ بەرگەن. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە مىللىي ئارمىيىگە 100دىن ئارتۇق ئات يىغىپ بەرگەن. 1946 - يىل 1 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، مىللىي ئارمىيىنىڭ 5 - تۈەنى ۋە تاجىك ئاتلىق تۈەنى بۇيرۇققا بىنائەن يەكەنگە ھۇجۇم قىلغان، پوسكام لىيەنى بىرلىكتە ئاتلانغان، مىللىي ئارمىيە جەڭچىلىرىنىڭ روھى كۆتۈرەڭگۈ ئىدى، ئۇلار گومىنداڭ قوشۇنلىرىنى ئارقا - ئارقىدىن مەغلۇپ قىلىپ چېكىندۈرگەن، گومىنداڭ قوشۇنلىرىدىن نۇرغۇن ئادەم ئۆلگەن، يارىدار بولغان، گومىنداڭ قوشۇنى ئاخىر ناھىيە بازىرىغا كىرىۋېلىپ، جاھىللىق بىلەن قارشىلىق قىلغان، مىللىي ئارمىيە يەكەن ناھىيە بازىرىغا كۆپ قېتىم ھۇجۇم قوزغىغان بولسىمۇ، لېكىن ئاخىر ئوق - دورا يېتىشمىگەنلىكى، ئارقىسىدىن كېلىدىغان ياردەمچى قوشۇن بولمىغانلىقى ئۈچۈن، ناھىيە بازىرىنى ئالالمىغان، ئىككى كۈندىن كېيىن، مىللىي ئارمىيە پوسكامغا چېكىنگەن.

ئۇزۇن ئۆتمەي، گومىنداڭنىڭ يەكەندە تۇرۇشلۇق قىسمى پوسكامغا ھۇجۇم قىلغان، پوسكام لىيەنى بۇيرۇققا بىنائەن قوشراپقا بېرىپ، تەرتىپكە سېلىش، تەربىيىلەش، قورال - ياراق، ئوق-دورا تولۇقلاش ئىشلىرىنى قىلغان. يېرىم ئايدىن كېيىن، پوسكامنى مۇھاپىزەت قىلىشقا قالدۇرۇلغان مىللىي ئارمىيىنىڭ 5 - تۈەنى پوسكامدىن قوشراپقا چېكىنگەن، گومىنداڭ

قوشۇنلىرى پوسكامنى قايتىدىن ئىشغال قىلىۋالغان. مىللىي ئارمىيىنىڭ پوسكامنى ئىشغال قىلغان ۋاقتىدىن چېكىنگەن ۋاقتىغىچە 25 كۈن كەتكەن.

1946 - يىل 5 - ئايدا تاغلىق رايونىنى ساقلاۋاتقان مىللىي ئارمىيە ئۆزگەرتىپ تەشكىللەنگەن. پوسكام لىيەنى كېڭەيتىلىش ئارقىلىق مىللىي ئارمىيىنىڭ 16 - تۇەنى قىلىنغان.

1946 - يىل 6 - ئايدا ئىسھاقبەگ ئىلىدىن تاشقورغانغا كېلىپ، ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرى بىلەن گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ سۆھبەت ئۆتكۈزگەنلىكى ھەمدە «11 ماددىلىق تىنچلىق بىتىمى» ئىمزالىغانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەرنى يەتكۈزگەن، تاشقۇرغان مىللىي ئارمىيىسىنىڭ تارقىتىۋېتىلگەنلىكىنى ئېلان قىلغان. 7 - ئايدا پوسكام لىيەنى ئاساس قىلىنىپ كېڭەيتىلگەن مىللىي ئارمىيىنىڭ 16 - تۇەنى قورال - ياراق، ئوق - دورىلىرىنى يىغىپ، قۇربان مۇپتى باشچىلىقىدىكى 80 كىشىنىڭ ھىمايىسىدە تاشقورغان ناھىيىسىگە ئاپىرىپ بەرگەن. شۇنىڭدىن كېيىن، مىللىي ئارمىيىنىڭ جەڭچىلىرى «بىتىم» دىكى بەلگىلىمە بويىچە، ئۆز يۇرتلىرىغا قايتقان.

لېكىن، گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ «بىتىم» نى ئىجرا قىلىش سەمىمىيىتى يوق ئىدى، شىنجاڭ مىللىي بىرلەشمە ھۆكۈمىتى پارچىلىنىپ كەتكەندىن كېيىن، گومىنداڭ ھۆكۈمىتى تېخىمۇ ھەددىدىن ئېشىپ، مىللىي ئارمىيىگە قاتناشقان جەڭچىلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىدىن ئۆچ ئالغان، مەھەممەت روزىيوۋ پوسكامغا قايتىپ كەلگەن 2 - كۈنى گومىنداڭ ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن تۇرمىگە تاشلانغان، ئۇنىڭ بىلەن بىرلا ۋاقىتتا قولغا ئېلىنغان مىللىي ئارمىيە جەڭچىلىرىدىن يەنە 28 كىشى بار ئىدى، ئۇلاردىن 18 كىشى 1948 - يىل 9 - ئايدا قويۇپ بېرىلگەن، تايانچ ئۇنسۇرلار دەپ قارالغان تۆت كىشى 1949 - يىل 10 - ئايدا ئازادلىق ئارمىيە پوسكامغا كىرگەندىن كېيىن ئاندىن قويۇپ بېرىلدى.

## بەشنچی قـسـم

# مەدەنـیەت

# بەشىنچى قىسىم

# مەدەنىيەت

«مەدەنىيەت» قىسمىنى بايان قىلىش دائىرىسى مائارىپ، پەن - تېخنىكا، ئەدەبىيات - سەنئەت، مەدەنىيەت خىزمىتى، كىنو - تېلېۋىزىيە، رادىئو - ئاخبارات، كىتاب - ژۇرنال، ئارخىپ، تەنتەربىيە، سەھىيە قاتارلىق جەھەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

پوسكام ناھىيىسى قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى مەدەنىيەتكە دائىر تارىخىي ماتېرىياللار يەكەن، قاغىلىقنىڭ ئالاقىدار ماتېرىياللىرى ئىچىدە بولۇپ، ئۇنى ئايرىش قىيىن. مىڭگو دەۋرىدە پوسكام ناھىيىسىدە ھەم يېڭىدىن بارلىققا كەلگەن باشلانغۇچ مەكتەپ خەلق مائارىپى، ھەم كونىچە دىنىي مائارىپ بار ئىدى. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئوتتۇرا مەكتەپ مائارىپى ۋە چوڭلار مائارىپى تەدرىجىي تەرەققىي قىلدى، باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپى ئومۇملاشتۇرۇلدى، ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش خىزمىتىدە كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. 1984 - يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ ئارىلاپ ئىمتىھان ئېلىشىدا ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش بويىچە لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى 98% كە يېتىپ، ناھىيە ئاپتونوم رايون تەرىپىدىن «ئىشتىن سىرتقى مائارىپنى ئومۇملاشتۇرغان ناھىيە» دېگەن نامغا ئېرىشتى. تىببىي داۋالاش، ساقلىق ساقلاش ئىشلىرىدا، مىڭگو دەۋرىدىن ئىلگىرى، ئاساسەن مىللىي تىبابەتچىلىك دورىلىرى ئىشلىتىلەتتى، مىڭگو دەۋرىدە ناھىيە تەۋەسىدە خەلق ئاممىسى ئېغىر كېسەل بولۇپ قالسا، يەكەن، قەشقەر قاتارلىق جايلارغا ئېلىپ بېرىپ داۋالىتىلاتتى، مۇشۇ ئەسىرنىڭ 50 - يىللىرىدىن كېيىن، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت خەلق ئاممىسىغا كۆڭۈل بۆلۈپ، تىببىي داۋالاش، ساقلىق ساقلاش ئىشلىرىنى زور كۈچ بىلەن يولغا قويۇپ، ناھىيە، يېزا كەنتتىن ئىبارەت ئۈچ دەرىجىلىك ئالدىنى ئېلىش، داۋالاش بىرلەشتۈرۈلگەن تورلارنى تەدرىجىي شەكىللەندۈردى، يەرلىك كېسەللىك ۋە كۆپ كۆرۈلىدىغان كېسەللىكلەر ناھىيىدە ئۈنۈملۈك داۋالاپ ساقايتىلىپ، بىمارلارنىڭ ئوتتۇرىچە ئۆمرى ئۇزارتىلدى، بوۋاقلارنىڭ ئۆلۈش نىسبىتى تۆۋەنلىتىلدى. ئەدەبىيات - سەنئەت، مەدەنىيەت، تەنتەربىيە ئىشلىرىدا ئاممىۋى خاراكتېرلىك ئىشتىن سىرتقى ئىجادىيەت ۋە مىللىي پائالىيەت ئاساس قىلىنىپ، خەلقنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشى بېيىتىلدى. مەكتەپ تەنتەربىيىسىدە خۇشاللىنارلىق ئۇتۇقلار قولغا كەلتۈرۈلدى، قەشقەر ۋىلايىتى بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن ياشلار - ئۆسمۈرلەر تەنھەرىكەت مۇسابىقىلىرىدا بىر قەدەر ياخشى نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. ھازىرقى زامان كىنو - تېلېۋىزىيە سەنئىتى ۋە ئاخبارات - رادىئو ئىشلىرى تېز تەرەققىي قىلىپ، خەلقنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىغا سىڭىپ كىردى. مەخسۇس ئارخىپ ئاپپاراتى قۇرۇلۇپ، ھەرخىل ئالاقە

ماتېرىياللىرى مۇۋاپىق ساقلىنىدىغان بولدى. دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، ئورمانچىلىق، سۇ ئىشلىرى، سانائەت، قاتناش، پوچتا - تېلېگراف قاتارلىق تارماقلارنىڭ تېخنىكا كۈچى كۈچەيدى، بولۇپمۇ 80 - يىللاردىن بۇيان، ناھىيىنى پەن - تېخنىكىغا تايىنىپ گۈللەندۈرۈش كەڭ كادىر ۋە ئاممىنىڭ ئورتاق تونۇشىغا ئايلاندى، پەن - تېخنىكىنى ئىشلەپچىقىرىش كۈچىگە ئايلاندۇرۇش قەدىمى تېزلىتىلىپ، ناھىيە بويىچە ئىجتىمائىي ئىقتىسادنىڭ تەرەققىياتى كۈچلۈك ئىلگىرى سۈرۈلدى. يوسكام ناھىيىسىنىڭ ئەسلىدىكى مەدەنىيەت ئاساسى ئاجىزراق بولغاچقا، مائارىپ سەۋىيىسىنى داۋاملىق ئۆستۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ، پۈتكۈل مەدەنىيەت ئىشلىرى سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشنىڭ ئېھتىياجىغا ئۇيغۇنلىشالمايدۇ، ناھىيىنى مائارىپ، پەن - تېخنىكىغا تايىنىپ گۈللەندۈرۈش يولىغا مېڭىش ئۈچۈن، يەنە كۆپلىگەن ئۇل خىزمىتىنى ئىشلەشكە توغرا كېلىدۇ.

# باب I

# مائارىپ

## § 1. دىنىي مەكتەپ تەربىيىسى

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى، دىنىي مەكتەپلەردە دىنىي تەربىيە يولغا قويۇلغانىدى. دىنىي مەكتەپ باشلانغۇچ سىنىپ ۋە ئالىي سىنىپ دەپ ئىككىگە بۆلۈنەتتى. باشلانغۇچ سىنىپ دىنىي مەكتەپ، ئالىي سىنىپ مەدرىس دەپ ئاتىلاتتى، ئۇلار دىنىي زاتلار تەرىپىدىن باشقۇرۇلاتتى، ئوقۇغۇچىلارغا بىلىم ئۆگىتىلەتتى. دىنىي مەكتەپكە بالىلار قوبۇل قىلىناتتى، ئاتا - ئانىلار ئىككى چارەك ئاشلىقنىڭ پۇلى ياكى توققۇز نان چىقارسىلا بالىلىرى ئوقۇشقا كىرەلەيتتى. ئۆگىنىش مەزمۇنى جەھەتتە، دەسلەپتە «ئەرەب ئېلىپبەسى» ئۆگىتىلەتتى. ئاندىن كېيىن ئىمان كەلىمىلىرى، «قىسسەسۇل ئەنبىيا»، «ھەدىس»، «قۇرئان» قاتارلىق كىتابلار ئۆگىتىلەتتى. بالىلار بەش يىلدا بۇ كىتابلارنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن مەدرىسكە كىرىپ ئوقۇيتتى. دىنىي مەكتەپلەر، كۆپىنچە، دىنىي زاتلارنىڭ ئائىلىسىدە، ناھايىتى ئاز ساندىكىلىرى مەسچىت ياكى مازارلاردا ئىدى. مىنگونىڭ 38 - يىلى (1949 - يىلى) ناھىيە بويىچە 300 دىن كۆپرەك دىنىي مەكتەپ، 1950 - يىلى ئالتە دىنىي مەكتەپ، 295 تالىپ بار ئىدى.

مەدرىسكە دىنىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن تالىپلار قوبۇل قىلىناتتى، مەدرىسنىڭ مەقسىتى دىنىي زاتلارنى تەربىيىلەشتىن ئىبارەت ئىدى. 1580-يىلى يوسكام ناھىيىسىدە تۇنجى مەدرىس— شەيدان مازار مەدرىسى قۇرۇلغان. 1583 - يىلى قوقەن، زەيسان، ئەرەبىستاندىن كەلگەن دىنىي زاتلار، ئىلگىرى كېيىن بولۇپ، ئۈچتۇما، ياسىدۇن مازار، گۈلباغلاردا ئۈچ مەدرىس قۇرغان. يوسكام ناھىيىسىدىكى دىنىي زاتلار ئايكۆل، توزاقچىلاردىمۇ ئىككى مەدرىس قۇرغان. 1750 - يىلدىن كېيىن، يوسكام بازىرى شەكىللىنىپ، ئۈچ مەسچىت سېلىنغان، ئۇنىڭ قارىمىقىدا ئۈچ

مەدرىس سېلىنغان. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، يىما، گۈلباغ قاتارلىق جايلاردىكى دىنىي زاتلار قىزىل مەسچىت مەدرىسى، قىتات مەدرىسى، ئاراشور مەدرىسى، سۆگەتئېرىق مەدرىسىنى سالدۇرغان. چىڭ سۇلالىسىنىڭ جىياچىڭ ۋە شيەنفېڭ يىللىرىدا، ناھىيىدىكى دىنىي زات ئابدۇۋايىت ھاجى، ئىسراپىل داموللا قاتارلىق كىشىلەر ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بۇخارا، ھىندىستان كونتروللۇقىدىكى كەشمىردە ئوقۇپ قايتىپ كېلىپ شەيدان قاتارلىق مەدرىسلەرنى باشقۇرۇپ، مەدرىسنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە تەرەققىياتىنى تېزلەتكەن، ئازادلىق ھارپىسىغىچە، ناھىيە بويىچە جەمئىي 18 چوڭ ـ كىچىك مەدرىس بار ئىدى. بۇ مەدرىسلەرنىڭ كۆپى مەسچىت ۋە ئاتاقلىق مازارلارغا تەسىس قىلىنغان بولۇپ، كۆلىمى چوڭ ئىدى، مەدرىستە دەرسخانا، ياتاق، باغ، كۆل قاتارلىقلار بار ئىدى، مەدرىستە مۇدەررىس ۋە تالىپلار ئولتۇراقلاشقانىدى. كۆلىمى ئادەتتە نەچچە ئون مودىن 100 موغىچە كېلەتتى.

مەدرىسنە بېرىلىدىغان دەرسنىڭ مەزمۇنى جەھەتتە بىرقەدەر چوڭقۇر بولغان تەفسىر كىتابلىرىدىن «شەرھى موللا»، «مۇختەسەر ۋاقايە»، «شەرھى ۋاقايە»، «ھىدايە»، «فارائىز»، «تەۋزەھ»، «تەلقىس»، «ھاشىيە»، «شەمسىيە» قاتارلىقلار ۋە ئىسلام شەرىئىتى بار ئىدى، بۇ كىتابلار ئەرەب تىلى گراماتىكىسى، لوگىكا، پەلسەپە بىلىملىرىدىن ئىبارەت ئىدى. تالىپلار 10 -- 15 يىلدا بۇ كىتابلارنى ئوقۇپ بولۇپ، دىنىي ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئېلىش سالاھىيىتىگە ئىگە بولاتتى. شۇڭا مەدرىسلەرگە قوبۇل قىلىنىدىغان تالىپلار ئانچە كۆپ ئەمەس ئىدى، ئادەتتە 30 — 50 ئادەم قوبۇل قىلىناتتى. شەيدان مەدرىسگە ئوخشاش چوڭ مەدرىسلەرگىلا كۆپرەك قوبۇل قىلىناتتى، قوبۇل قىلىنغان ئادەم تەخمىنەن 100 گە يېتەتتى.

مەدرىسنىڭ خىراجىتىنىڭ كېلىش مەنبەسى جەھەتتە، تالىپلاردىن ئوقۇش خىراجىتى يىغىشتىن باشقا (تالىپلار مەدرىسكە كىرگەندە مۇددەررىسكە بىر قوي تاپشۇرغاندىن كېيىن، ھەر ھەپتىدە مەلۇم مىقداردا ئاشلىق تاپشۇراتتى)، ئاساسەن، ۋەخپە يەرنىڭ كىرىمىگە تايىنىلاتتى. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى، ناھىيە بويىچە مەسچىت، مازارلارغا قاراشلىق ۋەخپە يەر 11 مىڭ 76. 769 مو ئىدى، ھەر يىلى ئىجارىدىن يىغىۋېلىنىدىغان ئاشلىق 249 مىڭ 16. 803 كىلوگرامغا يېتەتتى، ئۇ، مەدرىسنىڭ تۇرلۇك خىراجەتلىرىگە چىقىم قىلىناتتى.

دىنىي مەكتەپلەرنىڭ ئېچىلىشى پەن ـ مەدەنىيەت بىلىملىرىنىڭ تارقىلىشىغا تەسىر يەتكۈزگەچكە، 1952 ـ يىلى بۇ مەكتەپلەر پۈتۈنلەي ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى.

## قوشۇمچە: سۆگەتئېرىق دىنىي مەكتىپىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

بۇ مەكتەپ سۆگەتئېرىق مەسچىتىنىڭ ئىمامى ھوشۇر ئاخۇنۇمنىڭ ئائىلىسىدە بولۇپ، 1930ـيىلى قۇرۇلغان، مەكتەپنىڭ خەلپىتى ھوشۇر ئاخۇنۇم ئىدى، مەكتەپتە دائىم ئوقۇيدىغان تالىپ 40 ئىدى. مەكتەپنىڭ مۇئەسسەسلىرىدىن ئىككى ئېغىز ئۆي بار ئىدى، ئۇنىڭ ئىچىگە ئىككى لاي ئوقۇر ياسالغان، ئۇنىڭدا تالىپلار ئولتۇراتتى، لايدىن ياسالغان مۇنبەردە خەلپەت تالىپلارنىڭ ئوقۇشىغا نازارەتچىلىك قىلاتتى، بىر تاختىپەر بولۇپ، ئۇنىڭغا تالىپلارنى جازالايدىغان كويزا، ئىشكەل، سىرتماق، دەررە، پالاق قاتارلىق قورallar قويۇلاتتى.

تالىپلار مەكتەپكە كىرگەندە، ئاتا ـ ئانىلار بالىلىرىنى ئاخۇنۇمنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بېرىپ، ئاخۇنۇمغا سالام بېرىپ، ئىككى چارەك كۆممىقوناقنىڭ پۇلى (بىر چارەك 16 جىڭغا سوندۇرۇلاتتى)نى ئاخۇنۇمنىڭ ئالدىغا قوياتتى، ئاخۇنۇم دۇئا قىلاتتى، شۇنىڭ بىلەن بالا

مەكتەپكە كىرگەن ھېسابلىناتتى.

دەرس باشلانغاندىن كېيىن، تالىپلار ئوقۇرنىڭ ئىچىدە ئولتۇرۇپ، ئاخۇنۇمنىڭ كالىنىڭ تاغاق سۆڭىكىگە يېزىپ بەرگەن ئەرەب ئېلىپبەسىنى يادلايتتى ياكى ئاخۇنۇمنىڭ يېتەكچىلىكىدە ھەرپلەرنى قوشۇپ يازاتتى، ئاخۇنۇم مۇنبەردە ئولتۇرۇپ ئۆگىنىشكە يېتەكچىلىك قىلاتتى. تالىپلار بىر يىلدا ھەرپلەرنى قوشۇپ ئوقۇشنى ئۆگىنىۋالغاندىن كېيىن، بەلگىلەنگەن كىتابلارنىڭ خېتىنى تونۇشنى باشلايتتى. ئەگەر تالىپلار يېرىم يولدا ئوقۇشتىن چېكىنسە، مەلۇم مىقداردا ھەق تۆلەيتتى (ئادەتتە بۇ ھەقنىڭ ئورنىغا ماددىي نەرسە ياكى بىر چارەك گۈرۈچ ۋە ياكى ئىككى چارەك بۇغداي تاپشۇراتتى). تالىپلار كۆڭۈل قويۇپ ئوقۇمىسا، ئاخۇنۇم خالىغانچە جازالايتتى. بىر قېتىم، ئاخۇنۇم باشقىلارنىڭ ئۆيىگە خەتمە ـ قۇرئان قىلغىلى كەتكەندە، تالىپلار پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ جېدەل ـ ماجرا پەيدا قىلغان، ئاخۇنۇم بۇ ئىشنى ئۇقۇپ قېلىپ ئۇلارنى قاتتىق ئۇرغان. ئاخۇنۇم تالىپ زايىتنىڭ قىمار ئويناشقا قاتناشقانلىقىنى ئۇقۇپ قېلىپ، ئۇنى يەردە ياتقۇزۇپ، ھالقىلىق سىرتماق سېلىپ قاتتىق ئۇرغان. تالىپ ئۆمەر باشقىلارنىڭ ئۆرۈكىنى ئوغرىلىغاندا، ئاخۇنۇم باشقىلارنى بۇيرۇپ ئۇنىڭ شىمىنى سالدۇرۇپ، ئۇنى يەردە ياتقۇزۇپ، شوخلىق تاياق بىلەن ناھايىتى قاتتىق ئۇرغان، ئاندىن كېيىن پۇتىغا ئىشكەل سېلىپ ئۆيگە سولاپ، ئون كۈن نەزەربەنت قىلغان. تالىپلار جازالانغاندىن كېيىن يەنىلا ياخشى ئوقۇمىسا، ئاخۇنۇم ئۇلارنى مەكتەپتىن قوغلىغانلىقىنى ئېلان قىلاتتى. ئاتا ـ ئانىلار بالىلىرىنىڭ مەكتەپتىن قوغلانغانلىقىنى ئۆزلىرىنىڭ يۈزىنى تۆككەنلىك، ئۆزىنىڭ ئاخىرەتتىكى گۇناھىنى ئېغىرلاشتۇرغانلىق دەپ قارىغاچقا، بالىلىرىنى ئەيىبلىگەندىن باشقا، ئۇلارنى مەكتەپتە ئېلىپ قېلىش ھەققىدە ئاخۇنۇمغا يالۋۇراتتى. مۇشۇنداق بولغانلىقتىن، تالىپلار ئادەتتە ئەدەبلىك، ياۋاشلىق بىلەن ئوقۇيتتى، ئۇلار بەش يىل جاپا چېكىپ ئوقۇغاندىن كېيىن ئوقۇش پۈتتۈرەتتى. 1949 ـ يىلغىچە بۇ دىنىي مەكتەپ 160 نەپەردىن ئارتۇق باشلانغۇچ مەلۇماتلىق تالىپنى ئوقۇتۇپ چىقارغان. بۇلار ئىچىدىكى بىرمۇنچە تالىپلار كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئوقۇمۇشلۇق ئاخۇن بولۇپ قالغان.

## § 2 . باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپى

### 1 . چىڭ سۇلالىسى ۋە مىنگو دەۋرىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپى

چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۈ 33 ـ يىلى (1907 ـ يىلى) قاغىلىق ناھىيىسىنىڭ ئامبىلى پوسكام بازىرىدا ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىدىكى 3 ـ باشلانغۇچ مەكتەپ (شۆتاڭ) نى سالدۇرغان، بۇ، ناھىيىنىڭ ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىدىكى مائارىپىنىڭ باشلىنىشى ئىدى. ئەينى چاغدا پوسكام قاغىلىقنىڭ باشقۇرۇشىغا قارايتتى. شۈەنتۇڭ 2 ـ يىلى (1910 ـ يىلى) قاغىلىق ناھىيىسىنىڭ ئامبىلى پوسكام بازىرىدا يەنە 8 ـ، 11 ـ خەنزۇ مەكتەپنى، ئىككىسۇ بازىرىدا، 7 ـ، 12 ـ خەنزۇ مەكتەپنى سالدۇرغان، بۇ مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇش مۇددىتى ئۈچ يىل بولۇپ، ئۇلارغا بايلارنىڭ پەرزەنتلىرى قوبۇل قىلىناتتى، لېكىن بەزى باي ئائىلىلەر بالىلىرىنىڭ خەنزۇچە ئۆگىنىشىنى خالىمىغانلىقى، ئەمەلدارلارنىڭ تەقسىماتىنى رەت قىلالمىغانلىقى ئۈچۈن، ئىلاجىسىز 40 تەڭگە

بەدەل تۆلەپ، كەمبەغەللەرنىڭ پەرزەنتلىرىنى ياللىۋېلىپ، ئۆز پەرزەنتلىرىنىڭ ئورنىغا سەپلەپ بېرەتتى، ئۇ چاغدا ياللىۋېلىنغان بۇ باللار «چاكار ئوقۇغۇچى» دەپ ئاتىلاتتى، كەمبەغەللەرنىڭ پەرزەنتلىرى، تۇرمۇشى نامرات بولغاچقا، دائىم دەرستىن قالاتتى، شۇ سەۋەبتىن بۇ مەكتەپلەر ئوقۇشتىن توختىتىلغانىدى. شۈەنتۇڭ 3 - يىلى (1911 - يىلى) قاغىلىق ئەمەلدارلار مەھكىمىسى ئىككىسۇدا يەنە ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىدىكى 4 - باشلانغۇچ مەكتەپنى سالدۇرۇپ، شەنشىنىڭ تەييالىڭ دېگەن يېرىدىن خەن رۇياڭنى ئايلىق مائاشىغا 12 سەر ساپ تەڭگە بېرىپ ئوقۇتقۇچىلىققا تەكلىپ قىلىپ، خەنزۇ مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلاردىن 30 نەپەرنى قوبۇل قىلغان، ئۇلار چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئېلان قىلغان ئاددىي خەت تونۇش نىزامىدا بەلگىلەنگەن دەرسلىك كىتاب بويىچە دۆلەت تىلى، ھېساب، چوت، تارىخ، جۇغراپىيە قاتارلىق دەرسلەرنى ئۆتكەن. «خانغا سادىق بولۇش»، «كۆڭزىغا ھۆرمەت قىلىش»، «ۋاپادار، سەمىمىي، سادىق بولۇش» قاتارلىق تەربىيىلىنىش يوللىرىنى ئۆگەتكەن. يەنە پوسكام بازىرى لېكسىيە سۆزلەش ئورنىدا خەنزۇ مەكتەپ تەسىس قىلىنىپ، 16 نەپەر ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىنغان، ياردەمچى ئوقۇغۇچى ياڭ فۇتاڭ خەنزۇ كونا ئورتاق تىلىدا لېكسىيە سۆزلىگەن، خەنزۇ كونا ئورتاق تىلىدا ئۆزى دەرسلىك تۈزۈپ دەرس ئۆتكەن. شىنخەي ئىنقىلابىدىن كېيىن، ھەممە يەرنى ۋەھىمە بېسىپ كەتكەن، ئەمەلدارلار ئۆزىنى قوغداش بىلەن بولۇپ كېتىپ، مەكتەپلەرگە قارىيالمىغان، نەتىجىدە مەكتەپلەر تاقىلىپ قالغان.

مىنگونىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە ياڭ زېڭشىن جايلارغا مەكتەپ تەسىس قىلىش ھەققىدە بۇيرۇق چۈشۈرگەن. مىنگونىڭ 5 - يىلى (1916 - يىلى) قاغىلىقنىڭ ئامبىلى ئىككىسۇدا قايتىدىن باشلانغۇچ مەكتەپ تەسىس قىلدۇرغان، بۇ مەكتەپ ئۈچ يىلغا بارمايلا يەنە تاقىلىپ قالغان.

مىنگونىڭ 12 - يىلى (1923 - يىلى) پوسكام ناھىيىسىنىڭ ئامبىلى پوسكام بازىرىدا قايتىدىن خەنزۇ مەكتەپ، ئۇنىڭدىن باشقا باشلانغۇچ مەكتەپ تەسىس قىلدۇرغان، ئۇنىڭغا 40 نەپەر ئوقۇغۇچى (بۇنىڭ ئىچىدە خەنزۇ ئىككى نەپەر، ئۇيغۇر 38 نەپەر) قوبۇل قىلىنغان، خەنزۇلاردىن لى مۇئەللىم، ئۇيغۇرلاردىن ئىسمائىل مۇئەللىم دۆلەت تىلى، ھېساب، تارىخ، جۇغراپىيە دەرسلىرىنى ئۆتكەن ھەمدە ئاخۇن تەكلىپ قىلىنىپ، ئوقۇغۇچىلارغا دىنىي ساۋاق بېرىلگەن.

مىنگونىڭ 17 - يىلى (1928 - يىلى) شىنجاڭدا ئۇشتۇمتۇت ئۇرۇش مالىمانچىلىقى يۈز بېرىپ، پانئىسلامىزمچىلار جەنۇبىي شىنجاڭنى كونترول قىلىۋالغان، شۇنىڭ بىلەن ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىدىكى مائارىپ توختىتىپ قويۇلغان.

مىنگونىڭ 24 - يىلى (1935 - يىلى) تۆۋەن پوسكام جاڭزىسىنىڭ شاڭيوسى مەتنىياز بەگ ئامىمىنىڭ تەكلىپىگە جاۋابەن، ئابدۇللا قازىنى ناھىيىنىڭ باشلانغۇچ مەكتىپىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە مەسئۇل قىلغان، مەكتەپكە 26 نەپەر ئوقۇتقۇچى تەكلىپ قىلىنغان، 154 نەپەر ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىنغان، ئۇلار 11 ئورۇنغا بۆلۈنۈپ، 23 سىنىپ تەشكىل قىلىنىپ، ئوقۇغۇچىلارغا دىنىي ساۋاق بېرىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، پەن - مەدەنىيەت بىلىملىرى ئۆگىتىلگەن. مىنگونىڭ 25 - يىلى (1936 - يىلى) 9 - ئايدا باشلانغۇچ مەكتەپ ناھىيە باشقۇرۇشىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپكە ئۆزگەرتىلگەن. ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى تىنچلىق بازىرىدا باشلانغۇچ مەكتەپ ئاچقان، شۇنىڭ بىلەن، ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىدىكى مائارىپ

ۋەزىيىتى يېڭىباشتىن شەكىللەنگەن.

مىنگونىڭ 26 ـ يىلى (1937 ـ يىلى) ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى يۇقىرىقى پوسكام جاڭزىسىدا ئۇيۇشما قارىمىقىدىكى 1 ـ ، 2 ـ باشلانغۇچ مەكتەپلەرنى ئېچىپ، ئون سىنىپ تەسىس قىلىپ، 1656 نەپەر ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلغان، بىر دارىلئېتام ئېچىپ، 65 نەپەر ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلغان.

مىنگونىڭ 27 ـ يىلىدىن 28 ـ يىلىغىچە (1938 ـ يىلدىن 1939 ـ يىلغىچە) ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى «خەلق هاياتى» يېزىسى، «غالىبىيەت» يېزىسىدا ئۇيۇشما قارىمىقىدىكى 3 ـ ، 4 ـ باشلانغۇچ مەكتەپلەرنى ئېچىپ، 12 سىنىپ تەسىس قىلىپ، 1815 نەپەر ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلغان.

بۇ مەكتەپلەرنىڭ خىراجىتى (ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئىش هەققىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى يىغىۋالىدىغان ئۆشرە ـ زاكات ۋە مازارلارنىڭ ۋەخپە يەرلىرىنىڭ كىرىمىدىن چىقىم قىلىناتتى (ئۆشرە ـ زاكات ئەسلىدە دىنىي باج ـ سېلىق بولۇپ، شىڭ شىسەي جەنۇبىي شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن، بۇ باج ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ يىغىۋېلىشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلىپ، ئۇنىڭ پائالىيەت خىراجىتى قىلىنغان، يىغىۋېلىش ئۇسۇلى جەھەتتە، ئوندىن بىرى ياكى قىرىقتىن بىرى ئېلىناتتى).

مىنگونىڭ 29 ـ يىلى (1940 ـ يىلى) مەنناپ هاكىم بولغاندىن كېيىن، ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىغا ئۇيۇشما قارىمىقىدىكى مەكتەپلەرنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش توغرىسىدا بۇيرۇق بەرگەندىن باشقا، يەنە ئىجتىمائىي كۈچلەرنى مەبلەغ توپلاپ مەكتەپ قۇرۇپ بېرىشكە ياكى خالىسانە ئىش كۈنى سەرپ قىلىپ ئۆي، ياتاق سېلىپ بېرىشكە، پارتا ـ ئورۇندۇق ياساپ بېرىشكە سەپەرۋەر قىلغان. ناهىيىدىكى ئوقۇمۇشلۇق يۇرت مۆتىۋەرلىرىدىن ماڭسۇربەگ قاتارلىق ئۈچ كىشى ئۆزلۈكىدىن مەبلەغ توپلاپ، ناهىيە بازىرىنىڭ جەنۇبىي دەرۋازىسىنىڭ سىرتىدىكى 15 مو ۋەخپە يەرگە 12 ئېغىز ئۆي سېلىپ، مەكتەپ ئۆيى سۈپىتىدە هۆكۈمەتكە ئىئانە قىلغان. هۆكۈمەتنىڭ تەشەببۇسى، پۇقرالارنىڭ ياردىمى بىلەن، ئىلگىرى قۇرۇلغان مەكتەپلەر مۇستەهكەملەنگەن. مىنگونىڭ 33 ـ يىلى (1944 ـ يىلى)غىچە ناهىيە بويىچە ئۇيۇشما قارىمىقىدىكى مەكتەپ 18 گە، جۈملىدىن مەركىزىي مەكتەپ تۆتكە، شۆبە مەكتەپ 14 كە، تەسىس قىلىنغان سىنىپ 47 گە، بۇنىڭ ئىچىدە باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ يۇقىرى سىنىپى 17 گە، تۆۋەن سىنىپى 30 غا، ئوقۇغۇچى 1091 نەپەرگە، ئوقۇتقۇچى، ئىشچى ـ خىزمەتچى 59 نەپەرگە يەتكەن. ناهىيە باشقۇرۇشىدىكى مەكتەپ بەشكە، ئوقۇتۇش سىنىپى 23 كە، جۈملىدىن باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ يۇقىرى سىنىپى تۆتكە، تۆۋەن سىنىپى 19 غا، ئوقۇتقۇچى 39 نەپەرگە، ئوقۇغۇچى 842 نەپەرگە، بالىلارنىڭ مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى تەخمىنەن %6 كە يەتكەن.

مىنگونىڭ 35 ـ يىلى (1946 ـ يىلى) ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى ئۇيۇشما قارىمىقىدىكى مەركىزىي مەكتەپتىن ئۈچنى كۆپەيتىپ تەسىس قىلىپ، ئۇيۇشما باشقۇرۇشىدىكى مەركىزىي مەكتەپنى يەتتىگە يەتكۈزگەن.

مەكتەپلەردە ئۈچ مەسلەك، دۆلەت تىلى، هېساب، ئۇيغۇر تىل ـ ئەدەبىياتى، جۇغراپىيە، تارىخ، ئومۇمىي ساۋات، دىن دەرسى، مۇزىكا، ئەمگەك، تەنتەربىيە قاتارلىق دەرسلەر بىر تۇتاش ئۆتۈلگەن. ئۇ چاغلاردا دەرسلىك كىتابلار ئۆلكىلىك هۆكۈمەت تەرىپىدىن تۈزۈلۈپ بېسىپ تارقىتىلاتتى، ئوقۇش مۇددىتى تۆت يىل ئىدى. ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ساپاسى تۆۋەن، ئۆگىنىش

شارائىتى ناچار، پارتا - ئورۇندۇق، ئوقۇش لازىمەتلىكلىرى كەمچىل (قېرىنداش، سىياھ بولمىغاچقا، ئادەتتە ياغاچ قەلەم، قازان كۈيىسى ئىشلىتىلەتتى) بولغانلىقتىن، ئوقۇغۇچىلارنىڭ سىنىپتىن كۆچۈش نىسبىتى تۆۋەن ئىدى. مىنگونىڭ 29 - يىلى (1940 - يىلى) ناھىيىدە ئوقۇغۇچىلارنى بىر دەرىجە يۇقىرى مەكتەپلەرگە بىلىم ئېلىشقا ئەۋەتىش ئىشى باشلانغان، مىنگونىڭ 33 - يىلى (1944 - يىلى) غىچە يۇقىرى مەكتەپلەرگە جەمئىي 75 ئوقۇغۇچى ئەۋەتىپ بېرىلگەن.

**1940 - يىلدىن 1944 - يىلغىچە پوسكام ناھىيىسىدىن تېخنىكوملارغا قوبۇل قىلىنغان ئوقۇغۇچى**

5 - 1 - 1 - جەدۋەل

| تۈرى / سانى / يىللار | ئىمتىھان بېرىپ كىرگەن مەكتەپ | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| | ئۆلكىلىك شىفەن | قەشقەر شىفەن | قەشقەر لىكسىيە ئۆيۈشمىسى | قەشقەر ئوقۇتقۇچىلار كۇرسى | يەكەن شىفەن | يەكەن ئوقۇتقۇچىلار كۇرسى |
| مىنگونىڭ 29 - يىلى | 4 | 4 | 4 | | | |
| مىنگونىڭ 30 - يىلى | 8 | 6 | | 15 | | |
| مىنگونىڭ 31 - يىلى | | | | | | |
| مىنگونىڭ 32 - يىلى | | | | | | 7 |
| مىنگونىڭ 33 - يىلى | | | | | 12 | 15 |

مىنگونىڭ 35 - يىلى (1946 - يىلى) ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى ئۆشرە - زاكات ئاشلىقىنى يىغىۋالالماي، ھەممە مەكتەپنىڭ خىراجىتىنى ئۈستىگە ئېلىشقا مادارى يەتمىگەنلىكتىن، ئۈچ مەكتەپنى ھۆكۈمەتكە ئۆتكۈزۈپ بەرگەن ھەمدە باشقا مەكتەپلەرگە قوبۇل قىلىنىدىغان ئوقۇغۇچىلارنى ئازايتقان، ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ مائاشىغا پۇل تارقىتىشنى ماددىي نەرسە، ئاشلىق بېرىشكە ئۆزگەرتىپ، مائاش دەرىجىسى بويىچە ئاشلىققا سۇندۇرۇپ، كۈزلۈك يىغىمدىن كېيىن بىر قېتىمدىلا بېرىدىغان بولغان. كۆپ مائاش ئالىدىغانلارغا 12 چارەك، ئاز مائاش ئالىدىغانلارغا تۆت چارەك ئاشلىق بېرىلگەن. ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىدىكى مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ مائاشىغىمۇ پۇل تارقىتىش ماددىي نەرسە بېرىش (مائاش دەرىجىسى بويىچە مىقدارى ئوخشاش بولمىغان ھالدا رەخت بېرىش) كە ئۆزگەرتىلگەن، نەتىجىدە ئوقۇتقۇچىلار تۇرمۇشىنى ئورۇنلاشتۇرۇشقا ئامالسىز قالغان. تۇرمۇشتىكى يوقسۇللۇق تۈپەيلىدىن، بەزى ئوقۇتقۇچىلار ئىلاجىسىز ئوقۇغۇچىلاردىن ئېھتىياجلىق تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى شىلىۋالغان، يەنى، مەكتەپتە ئوقۇيالمايدىغان بەزى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئاتا - ئانىلىرى ماددىي نەرسە (ئاشلىق، چارۋا، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرى) تاپشۇرۇپ، ئوقۇتقۇچىلارنى بۇ نەرسىلەرنى پەرزەنتلىرىنىڭ دەرستىن قالغان ۋاقتىغا سۇندۇرۇپ ھېسابلاشقا ئۈندىگەن، نەتىجىدە مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلار زور دەرىجىدە

ئازىيىپ كەتكەن.

مىنگونىڭ 37 - يىلى (1948 - يىلى) پوسكام ناھىيىسىدە ناھىيە باشقۇرۇشىدىكى مەكتەپتىن بىرى كۆپەيتىپ تەسىس قىلىنغان (مەكتەپنىڭ ئورنى قۇلغان كەنتىدە ئىدى). مىنگونىڭ 38 - يىلى (1949 - يىلى) ناھىيە بويىچە جەمئىي 13 مەكتەپ بار ئىدى، بۇنىڭ ئىچىدە ناھىيە باشقۇرۇشىدىكى مەكتەپ توققۇز، ئۇيۇشما باشقۇرۇشىدىكى مەكتەپ تۆت، ئوغۇللار مەكتىپى 12، قىزلار مەكتىپى بىر، بۇنىڭدىن باشقا يەنە بىر دارىلئېتام بار ئىدى؛ ئوقۇتۇش سىنىپىدىن 73 ى جۇملىدىن تۆۋەن سىنىپتىن 55 ى، يۇقىرى سىنىپتىن 18 ى؛ 122 نەپەر ئوقۇتقۇچى، 3021 نەپەر ئوقۇغۇچى بار ئىدى، بۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىچىدە ئوقۇش يېشىدىكى بالا 1400 نەپەر بولۇپ، ئۇلار مەكتەپتىكى ئومۇمىي ئوقۇغۇچىلارنىڭ 46.34 پىرسەنتىنى، ناھىيە بويىچە ئوقۇش يېشىدىكى بالىلارنىڭ 19 پىرسەنتىنى ئىگىلەيتتى، قالغانلىرى يېشى ئېشىپ كەتكەن بالىلار، كۆپىنچىسى بايلارنىڭ پەرزەنتلىرى ئىدى. بۇ مەكتەپنىڭ ئوقۇتۇش سۈپىتى يۇقىرى ئەمەس ئىدى، ئۈچ يىلدا 33 نەپەر ئوقۇغۇچى سىرتقى جايلارغا بىلىم ئېلىشقا ئەۋەتىلگەن.

## 2. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى دەۋرىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپى

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، پوسكام ناھىيىسىدە ئادەتتىكى مائارىپ ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، تەدرىجىي ھالدا، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ كۈندىلىك ئىشلار كۈن تەرتىپىگە كىرگۈزۈلدى. 1950 - يىلى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت مائارىپ نازارىتى تارقاتقان «نۆۋەتتىكى شىنجاڭ مائارىپىنى ئىسلاھ قىلىش توغرىسىدا يوليورۇق» نىڭ روھىغا ئاساسەن، جۇمھۇرىيىتىمىز قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى قۇرۇلغان ھەر خىل مەكتەپلەر تۈرلەرگە ئايرىلىپ تەرتىپكە سېلىندى. ئالدى بىلەن، ئەسلىدىكى 13 مەكتەپ بىرلەشتۇرۇلۇپ توققۇز مەكتەپ قىلىندى (بۇنىڭ ئىچىدە ناھىيە باشقۇرۇشىدىكى مەكتەپ بەش، ئۇيۇشما باشقۇرۇشىدىكى مەكتەپ تۆت)، سىنىپلارنىڭ ھەددىدىن ئارتۇق مەركەزلىشىپ قېلىش ئەھۋالى تۈزىتىلىپ، چوڭلىرى كىچىكلىتىلىپ، سىنىپلار كۆپەيتىلىپ 76 گە يەتكۈزۈلدى، ئوقۇغۇچىلار ئىچىدىكى يېشى چوڭىيىپ كەتكەن بالىلار شاللاپ چىقىرىۋېتىلىپ، ئومۇمىي ئوقۇغۇچى 3061 نەپەرگە چۈشۈرۈلدى. ئاندىن كېيىن، ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى تەرتىپكە سېلىنىپ، مەكتەپلەرنىڭ تۈزۈلمىسى ئىسلاھ قىلىنىپ، بارلىق كونا قائىدە - تۈزۈملەر ۋە مەكتەپلەردە يولغا قويۇلغان دىنىي تەربىيە ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، سىنىپ مۇدىرلىق خىزمەت تۈزۈمى يولغا قويۇلۇپ، يېڭى دەرسلىك قوللىنىلىپ، مەكتەپ مائارىپى دەسلەپكى قەدەمدە سوتسىيالىزم يولىغا سېلىندى.

1952 - يىلى ئىتتىپاق باشقۇرۇشىدىكى تۆت مەكتەپ ھۆكۈمەت باشقۇرۇدىغان قىلىپ ئۆزگەرتىلدى. 1953 - يىلى ئۆلكىلىك 1 - نۆۋەتلىك مائارىپ مەمۇرىيىتى يىغىنى چاقىرىلىپ، يېڭى تىپتىكى سوتسىيالىستىك مائارىپ ئىشلىرىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇش قارار قىلىندى. پوسكام ناھىيىسىنىڭ ئوقۇش يېشىدىكى بالىلار كۆپ بولۇش، ئۇلارنىڭ مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى تۆۋەن بولۇش، ئوقۇش مۇددىتى مۇكەممەل بولماسلىق ئەھۋالىغا ئاساسەن، باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپىنى زور كۈچ بىلەن ئومۇملاشتۇرۇش ئىشى باشلاندى. يېڭىدىن ئىككى مەكتەپ سېلىنىپ، باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ يۇقىرى سىنىپلىرى كۆپەيتىپ تەسىس قىلىندى.

باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ تۆت يىللىق مائارىپ تۈزۈمى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇلدى. شۇ يىلى ناھىيە بويىچە سىنىپ 96 گە، ئوقۇغۇچى 4809 نەپەرگە، ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچى 145 نەپەرگە، جۈملىدىن ئوقۇتقۇچى 117 نەپەرگە يەتتى.

1954 - يىلى مەكتەپلەردە باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ يۇقىرى سىنىپى تەسىس قىلىنىپ، ناھىيە بويىچە باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ ھەممىسى مۇكەممەل باشلانغۇچ مەكتەپكە ئايلاندۇرۇلدى. بىر قىسىم چەت رايونلاردىكى ئوقۇش يېشىدىكى بالىلارنىڭ مەكتەپكە كىرىشى قىيىن بولۇش ئەھۋالىغا ئاساسەن، 30 شۆبە باشلانغۇچ مەكتەپ تەسىس قىلىندى، ئەسلىدىكى 14 مەكتەپ مەركىزىي مەكتەپ سۈپىتىدە ئۇلارنى باشقۇرۇشقا مەسئۇل قىلىندى ھەمدە 14 مەركىزىي مەكتەپكە مۇدىر ۋە ئىلمىي مۇدىر سەپلەندى، تۈرلۈك قائىدە - تۈزۈملەر (مەسىلەن، دەرس تەييارلاش، تاپشۇرۇق تەكشۈرۈش، سىنىپتا ئوقۇتۇش، سىنىپ كۆچۈرۈش، سىنىپتىن قالدۇرۇش، ئىمتىھان ئېلىش قاتارلىق تۈزۈملەر) ئورنىتىلىپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈلۈپ، ئىلگىرىكىدەك ئەمەل قىلىدىغان قائىدە، رىئايە قىلىدىغان تۈزۈم بولماسلىقتەك قالايمىقان ۋەزىيەت ئۆزگەرتىلىپ، ئوقۇش تەرتىپى مۇقىملاشتۇرۇلدى.

1955 - يىلى ناھىيە بويىچە يېڭىدىن ئالتە مەكتەپ سېلىندى، سىنىپ 43 كە يەتتى، ئۇلارغا 2067 نەپەر ئوقۇغۇچى كۆپەيتىپ قوبۇل قىلىندى، ئوقۇش يېشىدىكى بالىلارنىڭ 60 پىرسەنتى مەكتەپكە كىرىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، مائارىپ مىنىستىرلىكى تارقاتقان «ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتۇش پىلانى» ۋە «باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى قائىدىسى» ئىزچىللاشتۇرۇلدى، ئوقۇتۇش ئىسلاھاتى داۋاملىق ئېلىپ بېرىلدى، ئىمتىھان ئېلىش ۋە سىنىپ كۆچۈرۈش، سىنىپتىن قالدۇرۇش تۈزۈمى چىڭىتىلدى، ئوقۇغۇچىلارغا قارىتىلغان سىياسىي - ئىدىيىۋى تەربىيە خىزمىتى كۈچەيتىلدى، مەكتەپ ئىستىلى ۋە ئۆگىنىش ئىستىلى ئۆزگەرتىلدى، ئوقۇتۇش سۈپىتى كۆرۈنەرلىك ئۆستى. ناھىيە بويىچە 778 نەپەر ئوقۇغۇچى باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتتۈردى، ئۇلارنىڭ 80 پىرسەنتى ئوقۇش پۈتتۈرۈش گۇۋاھنامىسى ئالدى. 106 نەپەر ئوقۇغۇچى باشقا جايلارغا ئوقۇشقا باردى، بۇلار ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ 13.6 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. شۇ يىلى مەركەزنىڭ ئوقۇش مۇددىتىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش قارارىغا ئاساسەن، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ تۆت يىللىق تۈزۈمى بەش يىللىق تۈزۈمگە ئۆزگەرتىلدى.

1958 - يىلى يۇقىرىنىڭ يوليورۇقىغا ئاساسەن، ناھىيە بويىچە، بىر يېرىم ئاي ۋاقىت ئىچىدە، خەلق باشقۇرۇشىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپتىن 41 ى سېلىنىپ، 52 سىنىپ تەسىس قىلىندى، بۇنىڭغا دۆلەت باشقۇرۇشىدىكى 24 باشلانغۇچ مەكتەپنى قوشقاندا، سىنىپ 282 گە يەتتى، بۇ مەكتەپلەرگە 13 مىڭ 713 نەپەر ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىندى. بۇنىڭ بىلەن ناھىيە بويىچە ئوقۇش يېشىدىكى بالىلارنىڭ 94 پىرسەنتى مەكتەپكە كىرىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىندى.

1961 - يىلى ناھىيە بويىچە يېزا مەكتەپلىرىنىڭ جايلاشتۇرۇلۇشى تەڭشىلىپ، ئىلگىرى ئەترەتلەر قۇرغان باشلانغۇچ مەكتەپلەر ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، پۈتۈن كوللېكتىپ تۈزۈمدىكى باشلانغۇچ مەكتەپ سىنىپلىرىنىڭ سىغىم مىقدارى كۆپەيتىلىپ، ناھىيە بويىچە مەكتەپتىكى بالىلارنىڭ ھەممىسى ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىدىكى مەكتەپلەرگە ئۆتكۈزۈۋېلىندى، شۇ يىلى ناھىيە بويىچە 1198 نەپەر ئوقۇغۇچى باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتتۈردى، بۇنىڭ 500 نەپىرى ئوتتۇرا

مەكتەپكە چىقتى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ سىنىپ كۆچۈش نىسبىتى 41.7% بولدى. باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتۇش سۈپىتى قەدەممۇ قەدەم يۇقىرى كۆتۈرۈلدى.

1966 - يىلى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلىنىپ، نورمال ئوقۇتۇش تەرتىپى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى. 1976 - يىلدىن ئېتىبارەن، ئوقۇتۇش تۈزۈمى تەدرىجىي ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈلۈپ، نورمال ئوقۇتۇش تەرتىپى ئورنىتىلدى. 1979 - يىلى ناھىيە بويىچە 120 باشلانغۇچ مەكتەپ بىرلەشتۈرۈلۈپ، 38 گە قىسقارتىلىپ، ئىلگىرى يولغا قويۇلغان مەركىزىي مەكتەپ تۈزۈمى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى.

1981 - يىلدىن كېيىن، تارىختا خاتا چارە كۆرۈلگەن ئوقۇتقۇچىلار ئاقلاندى. نەچچە قېتىم تەقدىرلەش يىغىنى چاقىرىلىپ، ئوقۇتۇش خىزمىتىدە نەتىجىسى كۆرۈنەرلىك بولغان 700نەپەردىن ئارتۇق ئوقۇتقۇچى تەقدىرلەندى. مەكتەپلەردە «لېي فېڭدىن ئۆگىنىش، يېڭى خىسلەت تىكلەش، ئۈچتە ياخشى بولۇش» ۋە «بەش بولۇش، تۆت گۈزەل، ئۈچنى قىزغىن سۆيۈش» پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى. خەلق ئوقۇتقۇچىلىرى ۋاقتىدا رەسمىيلەشتۈرۈلۈپ، ئۇلارنىڭ مەسئۇلىيەت ئېتىمىزى ۋە ئەمگەك ۋەزىپىسى بىكار قىلىنىپ، ئۇلارغا تۇرمۇش ياردەم پۇلى تارقىتىپ بېرىلدى، بۇنىڭ بىلەن ئوقۇتۇش سەۋىيىسىنىڭ ئۈزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشى ئىلگىرى سۈرۈلدى.

1984 - يىلى پوسكام ناھىيىسى يۇقىرىدىن چۈشۈرۈپ بەرگەن باشلانغۇچ مائارىپنى ئومۇملاشتۇرۇش ۋەزىپىسىنى ئورۇنداپ، ئاپتونوم رايون تەرىپىدىن تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشتا لاياقەتلىك بولغانلىق گۇۋاھنامىسىغا ئېرىشتى. بىر دانە «شەرق شامىلى» ماركىلىق ئاپتوموبىل بىلەن مۇكاپاتلاندى. يىل ئاخىرىدىكى مەلۇماتقا قارىغاندا، ناھىيە بويىچە مۇكەممەل باشلانغۇچ مەكتەپ 32 گە، مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى 14 مىڭ 312 نەپەرگە يەتكەن، ئوقۇش يېشىدىكى بالىلارنىڭ مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى 99%، مۇستەھكەملىنىش نىسبىتى 99.1%، ئوقۇش پۈتتۈرۈش نىسبىتى 94.6%، بەش ياشتىن 12 ياشقىچە بولغان بالىلار ۋە ئۆسمۈرلەر مائارىپىنىڭ ئومۇملىشىش نىسبىتى 98% بولغان.

**پوسكام ناھىيىسىنىڭ باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپىنىڭ 1950 - يىلدىن 1984 - يىلغىچە بولغان تەرەققىيات ئەھۋالى**

5 - 1 - 2 - جەدۋەل

| تۈرى / سانى / يىللار | مەكتەپ | سىنىپ | ئوقۇغۇچى | ئىشچى - خىزمەتچى |
|---|---|---|---|---|
| 1950 | 9 | 76 | 3061 | 96 |
| 1951 | 12 | 76 | 3121 | 96 |
| 1952 | 12 | 90 | 3793 | 129 |
| 1953 | 14 | 96 | 4809 | 145 |
| 1954 | 14 | 97 | 4821 | 145 |
| 1955 | 20 | 140 | 6516 | 203 |
| 1956 | 20 | 175 | 8530 | 230 |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| 245 | 8947 | 183 | 20 | 1957 |
| 340 | 13713 | 282 | 24 | 1958 |
| 302 | 12280 | 251 | 24 | 1959 |
| 320 | 12457 | 256 | 24 | 1960 |
| 294 | 10685 | 247 | 24 | 1961 |
| 312 | 10465 | 246 | 24 | 1962 |
| 342 | 10845 | 265 | 26 | 1963 |
| 369 | 11330 | 298 | 26 | 1964 |
| 423 | 12476 | 351 | 70 | 1965 |
| 386 | 12286 | 355 | 80 | 1966 |
| 432 | 10812 | 300 | 35 | 1967 |
| 432 | 10939 | 277 | 35 | 1968 |
| 402 | 11149 | 265 | 35 | 1969 |
| 426 | 11179 | 270 | 35 | 1970 |
| 514 | 13033 | 383 | 59 | 1971 |
| 526 | 13023 | 451 | 104 | 1972 |
| 552 | 13551 | 470 | 111 | 1973 |
| 583 | 13274 | 474 | 112 | 1974 |
| 576 | 13657 | 513 | 113 | 1975 |
| 642 | 13706 | 521 | 117 | 1976 |
| 642 | 13419 | 511 | 122 | 1977 |
| 667 | 13109 | 481 | 120 | 1978 |
| 733 | 13701 | 521 | 38 | 1979 |
| 782 | 13470 | 520 | 39 | 1980 |
| 791 | 22986 | 519 | 38 | 1981 |
| 837 | 13169 | 531 | 38 | 1982 |
| 852 | 13368 | 541 | 30 | 1983 |
| 887 | 14312 | 557 | 32 | 1984 |

# § 3. ئوتتۇرا مەكتەپ مائارىپى

1956 ـ يىلى ناھىيىلىك 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ قۇرۇلۇپ 16 نەپەر ئوقۇتقۇچى سەپلەندى، بەش سىنىپ تەسىس قىلىنىپ، 199 نەپەر ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن، ناھىيىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار شۇ ناھىيىدە ئوتتۇرا مەكتەپكە چىقىپ ئوقۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدى.

ناھىيىنىڭ مائارىپنى ئاساسلىق باشقۇرغۇچى تارمىقى ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلارنى «ئومۇميۈزلۈك يېتىلدۈرۈش»، «قىزىللىشىش ۋە ئىختىساسلىشىش» قاتارلىق مەسىلىلەرنى دەۋر قىلغان ھالدا مۇزاكىرىنى قانات يايدۇرۇشقا، ئەخلاقىي تەربىيە بىلەن ئەقلىي تەربىيىنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشقا تەشكىللەپ، مائارىپنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكىدىن، ئەمەلىيەتتىن، سىياسىيدىن ئايرىلىپ قېلىش خاھىشىنى دەسلەپكى قەدەمدە ھەل قىلىپ، ئوقۇتقۇچىلارنى ئىدىيىۋى سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، ئوقۇغۇچىلارنى كوممۇنىستىك ئەخلاق كۆز قارىشىنى دەسلەپكى قەدەمدە تىكلەش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى. 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى ھاشىخان مەخسۇت 8000 يۈەن نەق پۇلنىڭ چېكىنى تېپىۋېلىپ، شۇ ھامان جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىغا تاپشۇرۇپ بېرىپ، جەمئىيەتتىكى جامائەتچىلىكنىڭ مەدھىيىلىشىگە سازاۋەر بولدى.

1958 ـ يىلى مەركەزنىڭ ئومۇمىي خەلق مائارىپ بىلەن شۇغۇللىنىش توغرىسىدىكى يولىيورۇقى ئىجرا قىلىنىپ، ناھىيە بويىچە 34 يېزا ئىگىلىك ئوتتۇرا مەكتىپى قۇرۇلدى، بۇ مەكتەپلەرگە باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىدىن 1734 نەپەر قوبۇل قىلىندى. مەكتەپلەر «مائارىپنى پرولېتارىيات سىياسىيسى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش، ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكى بىلەن بىرلەشتۈرۈش لازىم» دېگەن فاڭجېننى ئىجرا قىلىپ، ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلارنى ئەمگەككە قاتنىشىشقا سەپەرۋەر قىلىپ، 153 مو بىنەم ئېچىپ تېرىقچىلىق قىلىپ، 32 مىڭ 706 كىلوگرام ھەرخىل ئاشلىق ئالدى، 44 مىڭ 510 تۈپ كۆچەت تىكتى، ئىشتىن سىرتقى ۋاقىتتىن پايدىلىنىپ، 255 مىڭ 450 دانە كېسەك قۇيۇپ، 391 ئېغىز مەكتەپ ئۆينى رېمونت قىلدى. ئون ھاجەتخانا سالدى، 100 دىن ئارتۇق پارتا ـ ئورۇندۇقنى رېمونت قىلدى، بۇنىڭ بىلەن دۆلەتكە جەمئىي 3900 يۈەندىن ئارتۇق مەبلەغ تېجەپ بەردى، لېكىن مەدەنىيەت ئۆگىنىش نەتىجىسى كۆرۈنەرلىك بولۇپ كېتەلمىدى.

1959 ـ يىلى «تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەپ، ئىقتىسادچىللىق بىلەن ئوقۇش» شۇئارى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇلدى، مەكتەپلەر گۇڭشې، ئەترەتلەر بىلەن ئالاقىلىشىپ، ئاجرىتىپ بېرىلگەن 256 مو يەرنى تېرىپ، 5500 يۈەندىن ئارتۇق كىرىم قىلدى. مەكتەپ باشقۇرۇشىدا زاۋۇت قۇرۇپ، 6186.6 يۈەن كىرىم قىلدى، ئوقۇغۇچىلارنى مەكتەپ ئىچىدىكى ھەرخىل رېمونت قىلىش، ياساش پائالىيەتلىرىگە قاتنىشىشقا سەپەرۋەر قىلىپ، دۆلەتكە 11 مىڭ 850 يۈەن تېجەپ بەردى. لېكىن ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەمگىكى ھەددىدىن زىيادە كۆپ، ئەمگەك مىقدارى بەك ئېغىر بولۇپ كەتكەنلىكى، بولۇپمۇ پولات تاۋلاشتا كۈنلەپ، ئايلاپ دەرس توختىتىپ ئەمگەك قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئوقۇغۇچىلارنىڭ يۈكى ئېغىرلىشىپ كەتتى، ئوقۇتۇش تەرتىپى

قالايمىقانلىشىپ، ئوقۇتۇش سۈپىتى بەك تۆۋەنلەپ كەتتى.

1960 ـ يىلى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم «ھەر دەرىجىلىك مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتۇشى، ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكى، تۇرمۇشىنى ئومۇميۈزلۈك ئورۇنلاشتۇرۇش توغرىسىدا بەلگىلىمە»نى تارقىتىپ، ئىلگىرىكى پۈتۈن كۈنلۈك تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ قائىدە ـ تۈزۈملىرىگە دائىر بەزى قارارلارنى قايتا تەكىتلىدى. پوسكام ناھىيىسىدە، بۇ بەلگىلىمىگە ئاساسەن، پۈتۈن كۈنلۈك تۈزۈمدىكى مەكتەپلەرنىڭ يىللىق دەرس ئۆتۈش ۋاقتىنىڭ 40 ھەپتىدىن 42 ھەپتىگىچە بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىنىپ، مەكتەپلەرنىڭ نورمال ئوقۇتۇش تەرتىپى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى.

1961 ـ يىلى «پۈتۈن كۈنلۈك تۈزۈمدىكى ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەر خىزمىتىنىڭ ۋاقىتلىق نىزامى» ئىزچىللاشتۇرۇلدى، ناھىيە بويىچە يېزا مەكتەپلىرىنىڭ جايلاشتۇرۇلۇشى يەنە بىر قېتىم تەڭشىلىپ، چوڭ ئەترەتلەر قۇرغان يېزا ئىگىلىك ئوتتۇرا مەكتەپلىرى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. ئوقۇتۇش ئىسلاھاتى كۈچەيتىلدى، ئوقۇتۇش سۈپىتى شۇنىڭغا ماس يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. شۇ يىلى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچى 216 نەپەرگە، سىنىپ كۆچكەن ئوقۇغۇچى 162 نەپەرگە، ئوقۇغۇچىلارنىڭ سىنىپ كۆچۈش نىسبىتى %75 كە يەتتى.

گوڭشېلار قۇرغان «قىزىللىشىش، ئىختىساسلىشىش» مەكتەپلىرى تەرتىپكە سېلىنىپ، «قىزىللىشىش، ئىختىساسلىشىش» مەكتەپلىرى يېزا ئىگىلىك ئوتتۇرا مەكتەپلىرىگە ئۆزگەرتىلدى، يېزا ئىگىلىك ئوتتۇرا مەكتەپلىرى خەلق باشقۇرۇش، دۆلەت ياردەم بېرىش، يېرىم ئىشلەپ، يېرىم ئوقۇش خاراكتېرىدە بولۇش، ئوقۇش مۇددىتى ئۈچ يىل بولۇش، ئۇلارغا باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتتۈرگەن، ئوقۇغۇچىلارنى ياكى شۇنىڭغا تەڭ ئوقۇش تارىخىغا ئىگە 18 ياشتىن تۆۋەن يېزا ئاكتىپلىرىنى قوبۇل قىلىش بېكىتىلدى. بۇ مەكتەپلەردە تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ تىل ـ ئەدەبىيات، ماتېماتىكا، سىياسەت ساۋاتى، يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسى قاتارلىق دەرسلەر تەسىس قىلىنىپ، يېزىلارغا مەدەنىيەتلىك، تېخنىكىنى بىلىدىغان، ئىختىساسلىق خادىملار يېتىشتۈرۈپ بېرىلىدىغان بولدى. شۇ يىلى ناھىيە بويىچە يېزا ئىگىلىك ئوتتۇرا مەكتىپىدىن بەشى تەرتىپكە سېلىنىپ، 280 نەپەر ئوقۇغۇچى يېڭىدىن قوبۇل قىلىندى. ناھىيىدىن 44 نەپەر ئوقۇتقۇچى يۆتكەپ بېرىلدى، گوڭشېلار 786 مو يەر ئاجرىتىپ بەردى، بۇ مەكتەپلەردە يېرىم كۈن ئوقۇش پرىنسىپى بويىچە، ئوقۇتۇش پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى. بۇ مەكتەپلەر1968ـيىلى توختىتىۋېتىلدى.

1966 ـ يىلى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلىنىپ، نورمال ئوقۇتۇش تەرتىپى يەنە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى. 1976 ـ يىلى مەكتەپلەردە پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ رەھبەرلىكىدىكى مەكتەپ مۇدىرى مەسئۇلىيەت تۈزۈمى ۋە ئىلگىرى ئورنىتىلغان تۈرلۈك تۈزۈملەر ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ، ئوقۇتۇش يەنە ئۆز ئىزىغا سېلىندى. 1979 ـ يىلى مەركەز ئوتتۇرىغا قويغان «تەرتىپكە سېلىش، ئىسلاھ قىلىش، تولۇقلاش، ئۆستۈرۈش» فاڭجېنى ئىزچىللاشتۇرۇلدى، مائارىپ مىنىستىرلىكى تۈزۈپ تارقاتقان تۈرلۈك نىزاملارغا ئاساسەن، ناھىيە بويىچە مەكتەپلەر يەنە بىر قېتىم تەرتىپكە سېلىنىپ، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئوقۇتۇش شەرتىگە ئۇيغۇن بولمىغان ئۈچ ئوتتۇرا مەكتەپتىكى تولۇق ئوتتۇرا سىنىپ قىسقارتىلىپ، ناھىيىلىك 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپكە قوشۇۋېتىلدى، گوڭشې ئوتتۇرا مەكتەپلىرىدىكى تولۇقسىز سىنىپلار كېڭەيتىلدى ھەمدە مائارىپ مىنىستىرلىكى تارقاتقان ئوقۇتۇش پروگراممىسىغا ئاساسەن دەرس ئۆتۈلدى. 1981 ـ يىلدىن كېيىن، پارتىيىنىڭ زىيالىيلار سىياسىتى ئەستايىدىل ئىزچىل ئىجرا قىلىنىپ، تارىختا خاتا

چارە كۆرۈلگەن ئوقۇتقۇچىلار ئاقلاندى. ناھىيە مىقياسىدا مائارىپ خىزمىتى بويىچە ئۈچ قېتىم ئۈچ دەرىجىلىك كادىرلار يىغىنى چاقىرىلىپ، ئادەتتىكى مائارىپنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ لايىھىلىرى مۇزاكىرە قىلىنىپ تۈزۈپ چىقىلدى، ھەم مەكتەپكە كىرىش نىسبىتىگە ئەھمىيەت بېرىلدى، ھەم ئوقۇتۇش سۈپىتىگە ئەھمىيەت بېرىلدى، مەكتەپكە كىرىش نىسبىتىگىلا ئېتىبار بېرىپ، ئىختىساسلىق خادىملارنى يېتىشتۈرۈشكە سەل قاراشتەك شەكىلۋازلىق تۈگىتىلدى. ناھىيە بويىچە بەش قېتىم نەمۇنىچى ئوقۇتقۇچىلارنى تەقدىرلەش يىغىنى چاقىرىلىپ، خىزمەتتە كۆرۈنەرلىك نەتىجە ياراتقان ئوقۇتقۇچىلار تەقدىرلەندى ھەمدە جەمئىيەتتە زور داغدۇغا پەيدا قىلىنىپ. ئوقۇتقۇچىلارنى ھۆرمەتلەيدىغان ياخشى كەيپىيات تۇرغۇزۇلدى، ئوقۇتقۇچىلارنى ھاقارەتلەش، ئۇرۇش - تىللاش ۋەقەلىرى كەسكىن بىر تەرەپ قىلىندى؛ ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئولتۇراق ئۆي قىيىنچىلىقى. پارتىيىگە كىرىشى قىيىن بولۇش مەسىلىسى ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى، پەرزەنتلىرىنىڭ بازار نوپۇسى، ئاشلىق مۇناسىۋىتى ھەل قىلىنىپ، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئاكتىپچانلىقى ئىشقا سېلىندى.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، مائارىپ مىنىستىرلىكىنىڭ «ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ سىياسىي - ئىدىيىۋى خىزمىتىنى كۈچەيتىش توغرىسىدا قارار»ى ئەستايىدىل، ئىزچىل ئىجرا قىلىنىپ، ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلار «ئوقۇغۇچىلار قائىدىسى»نى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇشقا تەشكىللەندى. مەكتەپلەردە «لېي فېڭدىن ئۆگىنىش، يېڭى خىسلەت تىكلەش، ئۈچتە ياخشى بولۇش». «بەش بولۇش، تۆت گۈزەل، ئۈچنى قىزغىن سۆيۈش» پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلۇپ، ئۈچتە ياخشى ئوقۇغۇچىلار، مۇنەۋۋەر ئوقۇغۇچىلار باھالاپ چىقىلىپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلىدىغان ئۇلۇغۋار غايىنى تىكلىشى، ئۆگىنىش ئىستىلىنى، مەكتەپ ئىنتىزامىنى ئۆزگەرتىشى ئىلگىرى سۈرۈلۈپ، ئوقۇتۇش سۈپىتىنىڭ ئۈزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىگە كاپالەتلىك قىلىندى. 1978 - يىلدىن 1984 - يىلغىچە ناھىيە بويىچە 28 مىڭ 255 نەپەر ئۈچتە ياخشى ئوقۇغۇچى باھالاپ چىقىلدى، بۇنىڭ 844 نەپىرى ناھىيە تەرىپىدىن، 80 نەپىرى ۋىلايەت تەرىپىدىن، 14 نەپىرى ئاپتونوم رايون تەرىپىدىن تەقدىرلەندى.

1984 - يىلى ناھىيە بويىچە ئوتتۇرا مەكتەپ 11 گە، مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى 3348 نەپەرگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ 50.9 پىرسەنتى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ۋە تېخنىكومىلارغا، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ 20.6 پىرسەنتى ئالىي مەكتەپلەرگە قوبۇل قىلىندى.

مەكتەپلەرنىڭ ئۈسكۈنە شارائىتى يىلمۇ يىل ياخشىلاندى، 85% خەتەرلىك ئۆي رېمونت قىلىندى، 6650 كۋادرات مېتىر مەكتەپ ئۆيى قايتىدىن سېلىندى. ئوقۇتۇش شارائىتى كۈندىن-كۈنگە ياخشىلاندى. 20 نەچچە يىلدىن بۇيان، دۆلەت ئاجرىتىپ بەرگەن 591 مىڭ 600 يۈەن مەخسۇس پۇلغا مەكتەپلەرگە 23 مىڭ 318 دانە ھەرخىل تەجرىبە سايمىنى سېتىۋېلىندى. 1982-يىلدىن كېيىن مەكتەپلەردە ئۈسكۈنىلىرى تولۇق، ئوقۇتۇشقا قولايلىق تەجرىبىخانىدىن 11 ى سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە 2 - ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ تەجرىبىخانىسى ئاپتونوم رايوننىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشى ئارقىلىق، شىنجاڭ بويىچە 2 - خىل 1 - دەرىجىلىك تەجرىبىخانا قاتارىغا كىرگۈزۈلدى ھەمدە ئۇنىڭغا لاياقەتلىك گۇۋاھنامىسى ۋە نەق پۇل مۇكاپاتى تارقىتىپ بېرىلدى. ئوقۇتۇش ئۈسكۈنىلىرى ئۈزلۈكسىز تولۇقلاندى. 1984 - يىلى ناھىيە بويىچە مەكتەپلەردە 13 دانە كىنو ئاپپاراتى، توققۇز دانە گېنېراتور، 22 دانە ئاۋاز كۈچەيتكۈچ، 35 دانە ئۈنئالغۇ،

ئالتە دانە فوتو سۈرەت ئاپپاراتى، 43 دانە پروېكسىيە ئاپپاراتى، 60 دانە رادىئو، 20 دانە تېلېۋىزور، 170 دانىدىن كۆپرەك باشقا ئۈسكۈنە بار بولدى. مەكتەپلەرنىڭ ئۈسكۈنىسى ۋە ئوقۇتۇش شارائىتىنى ياخشىلاش جەريانىدا، يېزا - بازارلار ۋە كەنت ئاھالىلەر كومىتېتلىرى مەركەزنىڭ ئومۇمىي خەلق مەكتەپ باشقۇرۇش پرىنسىپىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ناھايىتى زور تۆھپە قوشتى. ئۇلار مەكتەپلەرگە ئۆي سېلىش ئۈچۈن 224 مو، باغ قىلىش ئۈچۈن 147 مو يەرنى ھەقسىز ئاجرىتىپ بەردى، 7219 خالىسانە ئەمگەك كۈچى چىقاردى، 106 مىڭ 800 تۈپ كۆچەتنى ھەقسىز تىكىپ بەردى، يەنە مەكتەپلەرگە 7 مىليون 499 مىڭ 100 يۈەنلىك ھەرخىل لازىمەتلىكلەرنى ئېلىپ بەردى.

ئوقۇتۇش سۈپىتى يىلمۇ يىل يۇقىرى كۆتۈرۈلگەنلىكتىن، 50 - يىللاردىن بۇيان، پوسكام ناھىيىسىدىن ھەر يىلى ئوقۇش پۈتتۈرگەن مەلۇم ساندىكى ئوقۇغۇچى ئالىي مەكتەپ ۋە تېخنىكۇملارغا قوبۇل قىلىندى. سىرتقى جايلارغا بېرىپ بىلىم ئالغان بۇ ئوقۇغۇچىلار ئوقۇش پۈتتۈرۈپ ناھىيىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئۆزلىرىنىڭ كەسپىي ئالاھىدىلىكىنى جارى قىلدۇرۇپ، ناھىيىنىڭ تۈرلۈك قۇرۇلۇش ئىشلىرىغا ئاكتىپ قاتناشتى. 1980-يىلدىن 1984-يىلغىچە ئالىي تېخنىكۇمنى پۈتتۈرگەن مۇشۇ يەرلىك ئوقۇغۇچىدىن 51 ى، تېخنىكۇمنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىدىن 110 ى مۇشۇ ناھىيىگە تەقسىم قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە باكلاۋىرلىق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەنلەر 11 نەپەر، بىر مەزگىل چېنىقىش ئارقىلىق، ئۇلارنىڭ ئىچىدە بىر كىشى ياردەمچى ئىنژېنېرلىق ئۇنۋانىغا، ئىككى كىشى ياردەمچى ئاگرونوملۇق ئۇنۋانىغا، ئىككى كىشى ۋراچلىق ئۇنۋانىغا ئېرىشتى. بۇلار خىزمەت ئورنىدا بېرىلىپ ئىشلەپ، كەسپىي تايانچلاردىن بولۇپ قالدى. ۋراچ ئەبەيدۇللا ئەسلىدە ناھىيىلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچىسى ئىدى، ئۇ، 1976 - يىلى شىنجاڭ تىببىي شۆيۈەننى پۈتتۈرۈپ، ناھىيىلىك دوختۇرخانىغا خىزمەتكە كەلگەندىن كېيىن، تىرىشىپ ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈپ، داۋالاش تېخنىكىسىنى ئۆستۈرۈپ، تايانچ دوختۇرلاردىن بولۇپ قالدى. ليۇجيەنگاڭ ئەسلىدە 2 - ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچىسى ئىدى، ئۇ. «1 - ئاۋغۇست» يېزا ئىگىلىك شۆيۈەنىنىڭ سۇچىلىق فاكۇلتېتىغا قوبۇل قىلىنىپ، تۆت يىل ئوقۇپ باكلاۋىرلىق ئۇنۋانى ئېلىپ، ناھىيىگە قايتىپ كېلىپ، بىر يىل خىزمەت قىلغاندىن كېيىن، ياردەمچى ئىنژېنېرلىق ئۇنۋانى ئالدى. ئۇ، ئۆگەنگەن بىلىملىرى ئاساسىدا، ناھىيىگە ئەڭ زور بېلىق كۆلچىكى قوشۇمچە سۇ ئۈستى باغچىسىنى لايىھىلەپ بەردى ھەمدە يەكەن دەرياسى ئېقىنىدىن ھەر تەرەپلىمە پايدىلىنىش ئىشىنى لايىھىلەش خىزمىتىگە قاتناشتى.

## § 4 . بالىلار مائارىپى

1958 - يىلى ناھىيە بازىرىدىكى ئورگانلاردا يەسلى قۇرۇلدى، ھەرقايسى گوڭشې، چوڭ ئەترەتلەردە، «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش» ۋەزىيىتىگە ئۇيغۇنلىشىش ئۈچۈن، ئومۇمىيۈزلۈك ھالدا، يەسلى قۇرۇلدى، شۇنىڭ بىلەن ناھىيىدە بالىلار مائارىپى باشلاندى. دەسلەپتە ناھىيە بازىرى ياكى يېزىلاردا بولسۇن، بالىلار پەقەتلا بېقىلاتتى، تەربىيىلەش كەمچىل ئىدى. 1962-يىلى يېزىلاردىكى يەسلىلەر ئۆزلۈكىدىن تارقىلىپ كېتىپ، ناھىيىلىك يەسلىلا ساقلىنىپ قالدى. كېيىن ناھىيە يەسلىگە بولغان رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، ئۈچ شتات كۆپەيتىپ بەردى.

پوسكام ناھىيىسىدە ئىلگىرىكى يىللاردا ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلاردىن ئالىي مەكتەپ، تېخنىكۇملارغا قوبۇل قىلىنغانلار

5 ـ 1 ـ 3 ـ جەدۋەل

| سانى / تۈرى / يىللار | تېخنىكۇملارغا قوبۇل قىلىنغانلار | ئالىي مەكتەپنىڭ تولۇق كۇرسلىرىغا قوبۇل قىلىنغانلار | ئوقۇغۇچىلارنىڭ مىللەت تەركىبى | |
|---|---|---|---|---|
| | | | ئاز سانلىق مىللەت | خەنزۇ |
| 1956 | | 1 | | 1 |
| 1961 | 12 | 4 | 16 | |
| 1962 | 10 | 8 | 18 | |
| 1963 | 16 | 6 | 22 | |
| 1964 | 14 | 3 | 17 | |
| 1965 | 5 | 11 | 16 | |
| 1966 | 11 | 8 | 19 | |
| 1967 | 12 | 4 | 16 | |
| 1968 | 20 | 16 | 36 | |
| 1969 | 21 | 13 | 34 | |
| 1970 | 23 | 15 | 38 | |
| 1971 | 25 | 17 | 42 | |
| 1972 | 16 | 20 | 36 | |
| 1973 | 14 | 8 | 22 | |
| 1974 | 19 | 5 | 24 | |
| 1975 | 23 | 15 | 38 | |
| 1976 | 32 | 15 | 44 | |
| 1977 | 32 | 10 | 28 | 14 |
| 1978 | 34 | 2 | 35 | 1 |
| 1979 | 121 | 3 | 99 | 25 |
| 1980 | 142 | 31 | 164 | 9 |
| 1981 | 53 | 13 | 52 | 14 |
| 1982 | 44 | 23 | 45 | 22 |
| 1984 | 70 | 50 | 80 | 40 |

## پوسكام ناھىيىسىنىڭ 1956 ـ يىلدىن 1984 ـ يىلغىچە بولغان ئوتتۇرا مەكتەپ مائارىپىنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالى

5 ـ 1 ـ 4 ـ جەدۋەل

| تۈرى / سانى / يىللار | مەكتەپ | سىنىپ | | ئوقۇغۇچى | | ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچى |
|---|---|---|---|---|---|---|
| | | تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ | تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ | تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ | تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ | |
| 1956 | 1 | 5 | | 199 | | 16 |
| 1957 | 1 | 9 | | 489 | | 26 |
| 1958 | 1 | 20 | | 1053 | | 47 |
| 1959 | 2 | 38 | 2 | 1814 | 100 | 70 |
| 1960 | 3 | 43 | 4 | 2013 | 188 | 108 |
| 1961 | 3 | 33 | 6 | 1338 | 234 | 134 |
| 1962 | 3 | 22 | 5 | 920 | 183 | 79 |
| 1963 | 3 | 20 | 4 | 802 | 158 | 80 |
| 1964 | 3 | 21 | 4 | 872 | 203 | 83 |
| 1965 | 3 | 23 | 4 | 1021 | 196 | 78 |
| 1966 | 3 | 24 | 5 | 1098 | 325 | 75 |
| 1967 | 3 | 29 | 6 | 819 | 325 | 120 |
| 1968 | 3 | 16 | 4 | 384 | 325 | 120 |
| 1969 | 5 | 41 | 2 | 739 | 80 | 127 |
| 1970 | 5 | 36 | 6 | 1283 | 362 | 139 |
| 1971 | 9 | 36 | 13 | 1824 | 506 | 200 |
| 1972 | 10 | 52 | 6 | 1620 | 206 | 195 |
| 1973 | 10 | 43 | 16 | 1620 | 662 | 170 |
| 1974 | 10 | 50 | 16 | 1848 | 631 | 187 |
| 1975 | 10 | 63 | 25 | 2474 | 970 | 206 |
| 1976 | 10 | 81 | 24 | 3005 | 943 | 259 |
| 1977 | 10 | 94 | 36 | 3346 | 1339 | 315 |

| | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| 1978 | 11 | 104 | 24 | 4200 | 899 | 314 |
| 1979 | 11 | 91 | 18 | 3505 | 655 | 323 |
| 1980 | 11 | 79 | 13 | 2815 | 489 | 349 |
| 1981 | 11 | 70 | 18 | 2685 | 721 | 398 |
| 1982 | 11 | 60 | 17 | 2438 | 699 | 369 |
| 1983 | 11 | 70 | 15 | 2416 | 628 | 375 |
| 1984 | 11 | 76 | 16 | 2637 | 711 | 397 |

1964 ـ يىلى سىنىپلارغا ئايرىپ دەرس ئۆتۈش باشلىنىپ، بالىلارغا ھەر كۈنى ئىككى سائەت خەنزۇچە خەت ئۆگىتىلدى. 1972 ـ يىلى خادىملار سەككىز نەپەرگە يەتكۈزۈلدى، ئۈچ نەپەر مەخسۇس ئوقۇتقۇچى سەپلىنىپ، بالىلار چوڭ، ئوتتۇرا، كىچىك سىنىپ دەپ ئايرىلىپ، تىل-ئەدەبىيات، ھېساب، مۇزىكا قاتارلىق دەرسلەر ئۆتۈلدى. 1973 ـ يىلى يەسلى ناھىيىلىك مەركىزىي بالىلار باغچىسىغا ئۆزگەرتىلدى. شۇنىڭ بىلەن بالا بېقىش بالا تەربىيىلەشكە، پۈتۈنلەي بېقىش يېرىم بېقىشقا ئۆزگەرتىلدى. تۇرلۇك قائىدە ـ تۈزۈملەر ئورنىتىلىپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈلۈپ، مۇنتىزىم ئوقۇتۇش خىزمىتى باشلاندى. 1982 ـ يىلى سەككىز ئوقۇتقۇچى شتاتى كۆپەيتىلدى، باغچىغا 176 نەپەر بالا قوبۇل قىلىندى، شۇنىڭ بىلەن بالىلار باغچىسى ناھىيىنىڭ باشلانغۇچ مائارىپىنىڭ تەركىبىي قىسمىغا ئايلاندى.

**پوسكام ناھىيىسىنىڭ 1958 ـ يىلدىن 1984 ـ يىلغىچە بولغان بالىلار مائارىپى ئەھۋالى**

5 ـ 1 ـ 5 ـ جەدۋەل

| سانى / تۈرى / يىللار | شتاتتىكى خادىم | يەسلىگە كىرگەن بالا | | | باشقۇرۇدىغان ئارماق |
|---|---|---|---|---|---|
| | | خەنزۇ | ئاز سانلىق مىللەت | جەمئىي | |
| 1958 | 2 | 20 | | 20 | خەلق ئىشلىرى ئىدارىسى |
| 1961 | 3 | 50 | | 50 | خەلق ئىشلىرى ئىدارىسى |
| 1964 | 3 | 90 | | 90 | خەلق ئىشلىرى ئىدارىسى |
| 1965 | 2 | 90 | | 90 | خەلق ئىشلىرى ئىدارىسى |
| 1966 | 3 | 81 | | 81 | مەدەنىيەت ـ مائارىپ ئىدارىسى |
| 1967 | 3 | 85 | | 85 | مەدەنىيەت ـ مائارىپ ئىدارىسى |
| 1970 | 3 | 65 | | 65 | مەدەنىيەت ـ مائارىپ ئىدارىسى |
| 1971 | 4 | 64 | | 64 | مەدەنىيەت ـ مائارىپ ئىدارىسى |

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| 1972 | 8 | 65 | | 65 | مەدەنىيەت ـ مائارىپ ئىدارىسى |
| 1975 | 8 | 67 | | 67 | مەدەنىيەت ـ مائارىپ ئىدارىسى |
| 1977 | 7 | 52 | | 52 | مەدەنىيەت ـ مائارىپ ئىدارىسى |
| 1978 | 7 | 50 | | 50 | مەدەنىيەت ـ مائارىپ ئىدارىسى |
| 1979 | 7 | 45 | | 45 | مەدەنىيەت ـ مائارىپ ئىدارىسى |
| 1980 | 7 | 40 | | 40 | مەدەنىيەت ـ مائارىپ ئىدارىسى |
| 1981 | 7 | 40 | | 40 | مەدەنىيەت ـ مائارىپ ئىدارىسى |
| 1982 | 13 | 106 | 70 | 176 | مەدەنىيەت ـ مائارىپ ئىدارىسى |
| 1983 | 16 | 110 | 70 | 180 | مەدەنىيەت ـ مائارىپ ئىدارىسى |
| 1984 | 19 | 110 | 80 | 190 | مەدەنىيەت . مائارىپ ئىدارىسى |

# § 5 . ئىشتىن سىرتقى مائارىپ

## 1 . ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش

ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش مائارىپى 1940 ـ يىلى (مىنگونىڭ 29 ـ يىلى) باشلانغان. شۇ يىلى ھاكىم مەنناپ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ پەرمانىغا بىنائەن، قىشلىق، يازلىق ئۆگىنىش ھەرىكىتىنى كېڭەيتىش ھەيئىتى تەشكىللەپ، ئورگان، مەكتەپلەرنى كەچكۈرس ئېچىشقا، دېھقانلارنى كەچكۈرسقا كىرىپ ساۋات چىقىرىشقا سەپەرۋەر قىلغان. تۆت يىل داۋامىدا، تۈرلۈك كەچكۈرستىن 26 سى ئېچىلىپ، جەمئىي 9676 نەپەر ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىنغان، بۇنىڭ ئىچىدە ئەر 8593 نەپەر، ئايال 1083 نەپەر. گومىنداڭ شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلغاندىن كېيىن، قىشلىق ئۆگىنىش ھەرىكىتى توختىتىپ قويۇلغان. خەلق ھۆكۈمىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش يېزىلارنىڭ ئىشتىن سىرتقى مائارىپىدىكى مەركىزىي خىزمەت قاتارىدا تۇتۇلدى. 1952 ـ يىلى ناھىيىلىك ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش ھەيئىتى قۇرۇلدى، ئۇنىڭ قارىمىقىدا ئىشخانا تەسىس قىلىندى، ئۇ، ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىشكە بولغان تەشكىلىي رەھبەرلىكنى كونكرېت تۇتتى. 1955 ـ يىلى يەنە ناھىيىلىك دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ ئىشتىن سىرتقى ئۆگىنىشىگە رەھبەرلىك قىلىش ھەيئىتى قۇرۇلۇپ، ناھىيىنىڭ ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش پىلانى تۈزۈپ چىقىلدى، مەكتەپلەردىكى ئوقۇتقۇچىلار ۋە يېزىلاردىكى ساۋاتلىقلار تەشكىللىنىپ، ساۋات چىقىرىش سىنىپى، كەچكۈرس ئېچىلىپ، قىش پەسلىدىكى بوش ۋاقىتتىن پايدىلىنىلىپ، دېھقانلار ساۋات چىقىرىشقا يېتەكلەندى. 1957 ـ يىلىنىڭ بېشىغىچە 11 مىڭ 60 كىشى ساۋات چىقاردى. بۇنىڭغا ئازادلىقنىڭ دەسلەپىدە ساۋات چىقارغان 2623 كىشىنى قوشقاندا، ناھىيە بويىچە ساۋاتلىق بولغان ياش، ئوتتۇرا ياشلىقلار 13 مىڭ 683 نەپەرگە يېتىپ، ناھىيە بويىچە

ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 16.1 پىرسەنتىنى، ياش، ئوتتۇرا ياشلىقلارنىڭ 22.88 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. 14 ياشتىن يۇقىرى، 45 ياشتىن تۆۋەن بولغان ئەر، ئايال ساۋاتسىز ياش ۋە ئوتتۇرا ياشلىقلاردىن يەنە 46 مىڭ 100 كىشى بار بولۇپ، ئۇلار ناھىيە بويىچە ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 53.61 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى.

1957 ـ يىلى 3 ـ ئايدا قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمە ھەر دەرىجىلىك كادىرلارنىڭ ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش خىزمىتىگە بولغان تونۇشىنى ئۆستۈرۈشنى، قىشتىكى بوش ۋاقىتتىن پايدىلىنىپ ساۋات چىقىرىشنى دائىملىق ساۋات چىقىرىشقا ئۆزگەرتىشنى، ئومۇمىيۈزلۈك تەشكىللەپ، ئۇقتىلىق ھالدا بۆسۈپ ئۆتۈشنى تەلەپ قىلدى. پوسكامدا بىر يىلدا ساۋات چىقىرىش سىنىپىدىن 530 ى، ئىشتىن سىرتقى خەلق مەكتىپىدىن 193 ى تەشكىللىنىپ، 23 مىڭ 124 نەپەر دېھقان قوبۇل قىلىنىپ ئۆگىنىشكە قاتناشتۇرۇلدى، شۇنىڭ بىلەن 2060 نەپەر دېھقان ساۋاتسىزلىقتىن قۇتۇلدى، 15 مىڭ 396نەپەر دېھقان چالا ساۋات دەرىجىسىگە يەتتى. 1960ـ يىلى ناھىيىلىك ئىشتىن سىرتقى مائارىپ ھەيئىتى قۇرۇلۇپ، ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىك يەنىمۇ كۈچەيتىلىپ، ئىلگىرى قۇرۇلغان ساۋات چىقىرىش سىنىپلىرى تەرتىپكە سېلىندى، ھەرقايسى رايونلاردا ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش خىزمىتىنىڭ تەكشى بولماسلىق ئەھۋالىغا ئاساسەن، يېڭىدىن مەدەنىيەت ئۆگىنىش سىنىپىدىن 650 ى قايتىدىن قۇرۇلۇپ، ئۆگىتىشنى ھۆددىگە ئالىدىغان 724 نەپەر ئوقۇتقۇچى تەكلىپ قىلىنىپ، 33 مىڭ 825 نەپەر ياش ۋە ئوتتۇرا ياشلىقلار قوبۇل قىلىنىپ ئۆگىنىشكە قاتناشتۇرۇلدى، ئامما ھەرىكەتلەندۈرۈلۈپ، «1000 كىشى ئۆگىتىش، 10 مىڭ كىشى ئۆگىنىش»تىن ئىبارەت ئۆگىتىش، ئۆگىنىش ھۆددىگەرلىك ھەرىكىتى قانات يايدۇرۇلدى، «ساۋاتلىقلار ئۆگىتىش، ساۋاتسىزلار ئۆگىنىش» شۇئارى ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، پەرزەنتلىرى ئاتا-ئانىلىرىنى، ئېرى خوتۇنىنى، كادىرلار كادىرلارنى، پارتىيە، ئىتتىپاق ئەزالىرى ئاممىنى، ياش، ئوتتۇرا ياشلىقلار ياشانغانلارنى ھۆددىگە ئېلىشتىن ئىبارەت ھۆددىگەرلىك تۈزۈمى يولغا قويۇلۇپ، ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش خىزمىتىدە كۆرۈنەرلىك ئۈنۈم ھاسىل قىلىندى. 1964-يىلى ناھىيە بويىچە يەنە 18 مىڭ 214 كىشى ساۋات چىقاردى، شۇنىڭ بىلەن ياش، ئوتتۇرا ياشلىق ساۋاتلىقلار 31 مىڭ 897 نەپەرگە يېتىپ، ياش، ئوتتۇرا ياشلىقلارنىڭ 53.35 پىرسەنتىنى، ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 37 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى، ساۋاتسىزلار 16 مىڭ 825 نەپەرگە چۈشۈپ، ياش، ئوتتۇرا ياشلىقلارنىڭ 28.14 پىرسەنتىنى، ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 19.56 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. پارتىيە 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، يېزىلاردىكى ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلاندى، ئىلمىي ئۇسۇلدا تېرىقچىلىق قىلىش كىشىلەرنىڭ مول ھوسۇل ۋە يۇقىرى ھوسۇلنى قولغا كەلتۈرۈشنى كۆزلەشتىكى مۇھىم ۋاستىگە ئايلاندى. بۇ ۋەزىيەتكە ئۇيغۇنلىشىش ئۈچۈن، ناھىيىلىك پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى يېڭى تەدبىرلەرنى ۋاقتىدا قوللىنىپ، دېھقانلارنىڭ ئىشتىن سىرتقى مائارىپنى كۈچەيتىپ، مەدەنىيەت، مائارىپ، تەشۋىقات، بىرلىكسەپ، قوراللىق قاتارلىق بۆلۈم قاتارلىق تارماقلار ۋە ئىتتىپاق كومىتېتى، ئاياللار بىرلەشمىسى قاتناشقان ناھىيىلىك مائارىپنى ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتىگە رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى قۇرۇپ، كادىر ئەۋەتىپ ناھىيە بويىچە ساۋاتسىزلارنىڭ تارقىلىش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ ئىگىلىدى ۋە تەكتىنى ئېنىقلىدى، مائارىپ بويىچە ئۈچ دەرىجىلىك كادىرلار يىغىنى چاقىرىپ، ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش پىلانىنى ئەمەلىيلەشتۈردى، ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش

بويىچە «ئۈچنى مۇقىملاشتۇرۇش تۈزۈمى» (ئوبيېكتنى، ئوقۇتقۇچىنى، ۋاقىتنى مۇقىملاشتۇرۇش)نى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويدى ھەمدە قەرەللىك تۈردە زەربىدارلىق بىلەن ئىشلىدى. 1984 - يىلى ساۋاتسىزلىق ئاساسىي جەھەتتىن تۈگىتىلدى. ئاپتونوم رايوننىڭ ئاربلاپ تەكشۈرۈش ئىمتىھانىدا، لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى 98% كە يېتىپ، ناھىيە ئاپتونوم رايون بويىچە «ئىشتىن سىرتقى مائارىپنى ئومۇملاشتۇرغان ناھىيە» دېگەن شەرەپلىك نامغا ئېرىشتى ھەمدە ئىشتىن سىرتقى مائارىپ بويىچە ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىشتە لاياقەتلىك گۇۋاھنامىسى ئالدى، ناھىيىگە ئىشتىن سىرتقى مائارىپنى راۋاجلاندۇرۇش خىراجىتى قىلىش ئۈچۈن 170 مىڭ يۈەن نەق پۇل مۇكاپات بېرىلدى.

## 2. ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئىشتىن سىرتقى مائارىپى

1956 - يىلى ناھىيىدە ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئىشتىن سىرتقى سىياسىي مەكتىپى قۇرۇلۇپ، ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە سىستېمىلىق تۈردە نەزەرىيىۋى تەربىيە ئېلىپ بېرىش باشلاندى. خىزمەتتىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەر سىياسىي ئىقتىساد ساۋاتىغا دائىر ئوقۇشلۇق، پەلسەپە ساۋاتى قاتارلىق زۆرۈر دەرسلىكلەرنى ئۆگىنىشكە ئۇيۇشتۇرۇلدى ھەمدە مەدەنىيەت ئۆگىنىش سىنىپى تەسىس قىلىنىپ، ھەربىي قىسىمدىن كەسىپ ئالماشتۇرغان 30 نەچچە كادىر مەدەنىيەت دەرسى تولۇقلاش جەھەتتىن تەربىيىلەندى.

1969 - يىلى ناھىيىلىك مەدەنىيەت - مائارىپ ئىدارىسى ئۈچ قارار ئۇيغۇر يېڭى يېزىقنى ئۆگىنىش كۇرسى ئېچىپ، خىزمەتتىكى ئىشچى - خىزمەتچىدىن 120 نەچچىنى يېڭى يېزىق ئۆگىنىشكە تەشكىللىدى.

1982 - يىلى مەدەنىيەت - مائارىپ ئىدارىسى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ مەدەنىيەت بىلىملىرىنى تولۇقلاش كۇرسى ئېچىپ، 67 ئوقۇتقۇچى تەكلىپ قىلىپ، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» داۋامىدا ئوقۇش پۈتتۈرگەن 1139 نەپەر تولۇق ئوتتۇرا ۋە تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسىغا دەرس تولۇقلاپ، تولۇق ئوتتۇرا ۋە تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ دەرسلىرىنى سىستېمىلىق ئۆتۈپ بەردى، ئىككى يىللىق ئۆگىنىش ئارقىلىق، 667 نەپەر ئوقۇغۇچىغا لاياقەتلىك گۇۋاھنامىسى تارقىتىپ بەردى.

# § 6. ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىنى تەربىيىلەش

1950 - يىلى ناھىيە بويىچە 96 نەپەر ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچى بار ئىدى، بۇنىڭ 77 نەپىرى ئوقۇتقۇچى ئىدى. 1955 - يىلى 501 نەپەرگە، جۈملىدىن ئوقۇتقۇچى 467 نەپەرگە يەتتى. 1984 - يىلى 1266 نەپەرگە، جۈملىدىن ئوقۇتقۇچى 1130 نەپەرگە، بۇنىڭ ئىچىدە باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى 823 نەپەرگە، ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى 357 نەپەرگە يەتتى. ھەرخىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، ناھىيە بويىچە ئوقۇتقۇچىلارنىڭ سەۋىيىسى ئىزچىل تۈردە ناھايىتى تۆۋەن بولۇپ، جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىۋاتقان تۈرلۈك قۇرۇلۇش ئىشلىرىنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرالمىدى. 1950 - يىلدىكى 96 نەپەر ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچىنىڭ كۆپ ساندىكىلىرى باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ ئوقۇتقۇچىلىق قىلغانلار ئىدى، تولۇقسىز شىفەننى پۈتتۈرگەنلەر ئاران ئون نەپەردىن ئاشاتتى.

1958 ـ يىلى ئوقۇتقۇچى، ئىشچى ـ خىزمەتچى 340 نەپەرگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئالىي تېخنىكومدىن يۇقىرى مەكتەپلەرنى پۈتتۈرگەنلەر ئۈچ نەپەر، ئوتتۇرا شىفەننى پۈتتۈرگەنلەر 41 نەپەر، قالغانلىرى تولۇقسىز شىفەن ياكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ، باشلانغۇچ مەكتەپ مەلۇماتىغا ئىگە ئىدى. 1979 ـ يىلغىچە ناھىيە بويىچە ئوتتۇرا مەكتەپ 11 گە، باشلانغۇچ مەكتەپ 38 گە، ئوقۇتقۇچى، ئىشچى ـ خىزمەتچى 1056 نەپەرگە يەتتى، لېكىن مەدەنىيەت قۇرۇلمىسىدا يەنىلا زور ئۆزگىرىش بولمىدى، 630 نەپەر باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى ئىچىدە، ئوتتۇرا شىفەننى پۈتتۈرگەنلەر ئاران 354 نەپەر ئىدى، باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتتۈرگەن 29 كىشى يەنىلا ئوقۇتقۇچىلىق قىلىۋەردى. ناھىيىلىك مائارىپ مەمۇرىيىتى تارمىقى ئوقۇتۇش سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، ھەرخىل شەكىللەرنى قوللىنىپ، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ سىياسىي ۋە كەسپىي ئۆگىنىشىنى كۈچەيتتى. 1950 ـ يىلدىن ئېتىبارەن، ناھىيە بويىچە مەكتەپلەر بەش بۆلەككە ئايرىلدى. مەركىزىي مەكتەپلەر مەسئۇل بولۇپ، ھەر ھەپتىدە ئىككى قېتىم يېرىم كۈندىن ۋاقىت چىقىرىپ، ئوقۇتقۇچىلارنى سىياسىي ۋە كەسپىي ئۆگىنىشكە ئۇيۇشتۇردى ھەمدە ئۆگىنىشكە يېتەكچىلىك قىلىش پونكىتىدىن بەشنى قۇرۇپ، ئوقۇتقۇچىلارنى بەش باشلانغۇچ مەكتەپ سىنىپى، بىر ئوتتۇرا مەكتەپ سىنىپىغا ئايرىپ، ئوقۇتۇش تەلىپى بويىچە، ئوقۇتقۇچىلارنى دەرسلىك ماتېرىياللارنى ئۆگىنىشكە بىر تۇتاش تەشكىللىدى. تەتىل مەزگىلىدە ئوقۇتقۇچىلارنى ئون كۈن ياكى يېرىم ئاي يىغىپ، ئوقۇتۇش خىزمىتىنى تەكشۈرۈش، خۇلاسىلەش، تەتقىق قىلىشقا، ئوقۇتۇش پىلانىنى تۈزۈشكە، ئوچۇق دەرس ئاڭلاشقا، تەجرىبە ئالماشتۇرۇشقا تەشكىللىدى.

1959 ـ يىلى ناھىيىلىك مەدەنىيەت ـ مائارىپ بۆلۈمىدە ئوقۇتۇش تەتقىقاتى ئىشخانىسى ۋە ماتېرىيال ئارقىلىق ئوقۇتۇش پونكىتى قۇرۇلدى، ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ ئۆگىنىشى پىلانچانلىققا تېخىمۇ يۈزلەندى. ماتېرىيال ئارقىلىق ئوقۇتۇش پونكىتىنىڭ مەسئۇللۇقىدا، گۇڭشېلار بىرلىك قىلىنىپ، توققۇز ئۆگىنىش پونكىتى قۇرۇلۇپ، ئوتتۇرا شىفەننىڭ تىل ـ ئەدەبىيات، ماتېماتىكا دەرسى، تولۇقسىز شىفەننىڭ تىل ـ ئەدەبىيات، ماتېماتىكا دەرسى قاتارلىقلار بويىچە 18 سىنىپ تەسىس قىلىندى، مەكتەپلەر بىرلىك قىلىنىپ 26 ئۆگىنىش گۇرۇپپىسى قۇرۇلۇپ، 451 نەپەر ئوقۇتقۇچى سىنىپ، گۇرۇپپىلارغا ئايرىلىپ ئۆگىنىشكە تەشكىللەندى. ئۇلار بىر تەرەپتىن ئوقۇتۇش ماتېرىيالىنى تەتقىق قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئوقۇتۇش بىلەن شۇغۇللاندى. ئۇنىڭدىن باشقا، ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ تىل ـ ئەدەبىيات، ماتېماتىكا، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ تىل ـ ئەدەبىيات، ماتېماتىكا سىنىپلىرىنى تەسىس قىلىپ، 58 نەپەر لاياقەتسىز ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسىنى يىغىپ، خىزمەتتىن ئايرىپ ئۆگىنىشكە تەشكىللىدى. بەش يىل سىستېمىلىق تەربىيىلەش ئارقىلىق، 1964 ـ يىلغا كەلگەندە، ناھىيە بويىچە بىر تۇتاش ئىمتىھان ئېلىندى، 39 نەپەر ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى لاياقەتلىك گۇۋاھنامىسى ئالدى. بۇ، ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ 45 . 34 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. 91 نەپەر باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى لاياقەتلىك گۇۋاھنامىسى ئالدى، بۇ، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ 24 . 7 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلانغاندىن كېيىن، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ بىلىم ئاشۇرۇشى توختىتىپ قويۇلدى.

1977 ـ يىلى ناھىيىلىك ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇرۇش پونكىتى قۇرۇلۇپ،

ئوقۇتقۇچىلارنىڭ بىلىم ئاشۇرۇش ۋە ئوقۇتۇش تەتقىقاتى پائالىيەتلىرى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. تەكتىنى ئېنىقلاش، ئىستىروي قىلىش ئاساسىدا، «قايسى پەننى ئۆتسە، شۇ پەننى ئۆگىنىش» پرىنسىپى بويىچە، 60 نەپەر ئوقۇتقۇچى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ دەرسىنى ئۆگىنىشكە، 190 نەپەر ئوقۇتقۇچى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ دەرسىنى ئۆگىنىشكە، 612 نەپەر ئوقۇتقۇچى باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ يۇقىرى سىنىپلىرىنىڭ دەرسىنى ئۆگىنىشكە تەشكىللەندى. ناھىيىلىك1- ئوتتۇرا مەكتەپ يەكەن شەھىرىنىڭ ھاۋالىسى بويىچە ئۈچ قارار شەھەر سىنىپى ئېچىپ، ناھىيىگە 120 نەپەر باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى تەربىيىلەپ بەردى.

1980 - يىلى ناھىيىلىك ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇرۇش مەكتىپى قۇرۇلدى، ئۇ، ئوقۇتقۇچىلارنى بىلىم ئاشۇرۇشقا تەشكىللەشكە مەسئۇل بولدى، بەش يىل داۋامىدا 72 نەپەر ئوقۇتقۇچىنى تەشكىللەپ، شىنجاڭ رادىئو شەھەر داشۆسىنىڭ ماتېرىيال ئارقىلىق ئوقۇتۇش ئۆگىنىشىگە قاتناشتۇرغاندى، ئۇلارنىڭ 32 نەپىرى ئوقۇش پۈتتۈرۈش گۇۋاھنامىسى ئالدى. ئۇنىڭدىن باشقا، 42 نەپەر ئوقۇتقۇچىنى خىزمەتتىن ئايرىپ مەركىزىي مىللەتلەر شۆيۈەنى، شىنجاڭ داشۆسى، قەشقەر مائارىپ شۆيۈەنى، قەشقەر شەھەر شۆيۈەنىگە بىلىم ئاشۇرۇشقا ئەۋەتكەندى، ئۇلار ئالىي تېخنىكۇمنى پۈتتۈرۈش گۇۋاھنامىسى ئالدى. 155 نەپەر ئوقۇتقۇچى يۇقىرى دەرىجىلىك ئورۇنلار ھەرخىل كەسىپلەر بويىچە ئاچقان بىلىم ئاشۇرۇش كۇرسلىرىغا قاتناشتى، 201 نەپەر ئوقۇتقۇچى شىنجاڭ ژۇرنال ئارقىلىق ئوقۇتۇش داشۆسىنىڭ ئۆگىنىشىگە قاتناشتى. ناھىيىلىك بىلىم ئاشۇرۇش مەكتىپىمۇ توققۇز قارار قىسقا مۇددەتلىك تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىپ، 454 نەپەر باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسىنى تەربىيىلىدى.

بارلىق ئوقۇتقۇچىلار كەسىپىي جەھەتتىن پىلانلىق تۈردە بىلىم ئاشۇرغاچقا، ئۇلارنىڭ مەدەنىيەت بىلىم قۇرۇلمىسىدا كۆرۈنەرلىك ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كەلدى. 1984 - يىلغىچە ناھىيە بويىچە 1266 نەپەر ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسىنىڭ 17 نەپىرى داشۆنىڭ تولۇق كۇرسىنى، 72 نەپىرى داشۆنىڭ مەخسۇس كۇرسىنى، 476 نەپىرى ئوتتۇرا شەھەرنى، 185نەپىرى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەنلىك گۇۋاھنامىسى ئالدى. تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەنلەردىن 376 كىشى، باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتتۈرگەنلەردىن 54كىشى قالدى. 1984- يىلى شىنجاڭ بويىچە ئېلىنغان ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ دەرسلىك، مېتود ئۆتكىلىدىن ئۆتۈش ئىمتىھانىغا ناھىيىدىن قاتناشقان ئوقۇتقۇچىلار ئاران 480 نەپەر بولۇپ، ئومۇمىي ئوقۇتقۇچىلارنىڭ 67. 40 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. باشقا ئوقۇتقۇچىلار ئىمتىھاننى كەچۈرۈم قىلىش شەرتىگە ئۇيغۇنلاشتى . ئىمتىھانغا قاتناشقان ئوقۇتقۇچىلارنىڭ 4. 69 پىرسەنتى لاياقەتلىك گۇۋاھنامىسى ئالدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئىمتىھانغا قاتناشقان ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى 116 نەپەر، لاياقەتلىك بولغانلار 74 نەپەر، بۇ، ئىمتىھانغا قاتناشقان ئوقۇتقۇچىلارنىڭ 8. 63 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ؛ ئىمتىھانغا قاتناشقان باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى 364 نەپەر، بۇنىڭ ئىچىدە لاياقەتلىك بولغىنى 259 نەپەر بولۇپ، ئىمتىھانغا قاتناشقان ئوقۇتقۇچىلارنىڭ 15. 71 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ.

## § 7 . مائارىپ خىراجىتى

35 يىلدىن بۇيان، پوسكام ناھىيىسىنىڭ مائارىپ خىراجىتى ئۈچۈن دۆلەت 24 مىليون 595 مىڭ يۈەن، يەرلىك مالىيە 1 مىليون 134 مىڭ يۈەن پۇل ئاجرىتىپ بەردى.

**يۇسكام ناھىيىسىنىڭ 1950 - يىلدىن 1984 - يىلغىچە بولغان مائارىپ خىراجىتى ئەھۋالى**

5 - 1 - 6 - جەدۋەل بىرلىكى: 1000 يۈەن

| يىللار | دۆلەت ئاجرىتىپ بەرگەن پۇل (1000 يۈەن) | يەرلىك مالىيەدىن ئاجرىتىپ بېرىلگەن پۇل (1000 يۈەن) | يىللار | دۆلەت ئاجرىتىپ بەرگەن پۇل (1000 يۈەن) | يەرلىك مالىيەدىن ئاجرىتىپ بېرىلگەن پۇل (1000 يۈەن) |
|---|---|---|---|---|---|
| 1950 | 9 | | 1969 | 366 | 144 |
| 1951 | 16 | | 1970 | 376 | 139 |
| 1952 | 47 | | 1971 | 557 | 60 |
| 1953 | 110 | | 1972 | 809 | 57 |
| 1954 | 122 | | 1973 | 862 | 50 |
| 1955 | 152 | | 1974 | 856 | 28 |
| 1956 | 267 | | 1975 | 922 | 152 |
| 1957 | 282 | | 1976 | 948 | |
| 1958 | 254 | | 1977 | 1127 | 35 |
| 1959 | 304 | | 1978 | 1308 | |
| 1960 | 406 | | 1979 | 1318 | |
| 1961 | 324 | | 1980 | 1554 | 76 |
| 1962 | 308 | | 1981 | 1656 | 44 |
| 1963 | 334 | | 1982 | 1946 | 43 |
| 1964 | 443 | | 1983 | 2058 | 301 |
| 1965 | 442 | | 1984 | 2579 | |
| 1966 | 515 | | | | |
| 1967 | 565 | | | | |
| 1968 | 453 | | | | |

يۇقىرىدىكى پۇل تۈرى بىلەن مەكتەپلەرنىڭ نورمال خىراجىتىگە كاپالەتلىك قىلىنغاندىن باشقا، 86 مىڭ كۋادرات مېتىر مەكتەپ ئۆيى سېلىنىدى، بۇنىڭ ئىچىدە خىش - ياغاچ قۇرۇلمىلىق ئۆي 3600 كۋادرات مېتىر؛ 7700 يۈرۈش پارتا - ئورۇندۇق سېتىۋېلىندى، بۇنىڭ بىلەن

ئوقۇتۇش ئېھتىياجى ئاساسەن قاندۇرۇلدى. مەكتەپلەر تىرىشچانلىق، ئىقتىسادچىللىق بىلەن مەكتەپ باشقۇرۇپ، چىقىمنى تېجەپ، مەبلەغ توپلىدى، 14 مەكتەپ تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەپ ئىقتىسادچىللىق بىلەن ئوقۇشتىن توپلىغان مەبلىغىگە 11 ئاپتوموبىل، تۆت تراكتور سېتىۋالدى.

# § 8 . ئاساسلىق مەكتەپلەرنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇش

## ناھىيىلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ

ناھىيىلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ ناھىيە بويىچە ئەڭ بۇرۇن قۇرۇلغان پۈتۈن كۈنلۈك تولۇقسىز ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپ. ئۇ، 1956 - يىلى قۇرۇلغان، شۇ يىلى ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىنىپ دەرس باشلانغانىدى. بۇ مەكتەپ ئۇيغۇر تىل - يېزىقى بويىچە ئوقۇتۇش بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. 1958 - يىلدىن ئىلگىرى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئىدى، 1959 - يىلى تولۇق ئوتتۇرا سىنىپى تەسىس قىلىنىپ، دەرىجىسى مۇكەممەل ئوتتۇرا مەكتەپكە كۆتۈرۈلدى. 28 يىل داۋامىدا، بۇ مەكتەپتىكى سىنىپ بەشتىن 15 كە، ئوقۇغۇچى 199 نەپەردىن 757 نەپەرگە، ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچى 16 نەپەردىن 66 نەپەرگە يەتتى. بۇ مەكتەپ جەمئىيەتكە تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىدىن 4225 نەپەرنى، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىدىن 4324 نەپەرنى تەربىيىلەپ بەردى. 147 نەپەر ئوقۇغۇچىنى ھەرخىل تېخنىكومغا، 107 نەپەر ئوقۇغۇچىنى ھەرخىل ئالىي مەكتەپلەرگە ئەۋەتىپ بەردى.

مەكتەپنىڭ كۆلىمى يىلدىن - يىلغا كېڭەيدى. قۇرۇلۇش كۆلىمى ئەسلىدىكى 800 نەچچە كۋادرات مېتىردىن 14 مىڭ 850 كۋادرات مېتىرغا يەتتى، مەكتەپتە 19 سىنىپ، ئون ئىشخانا، بىر مەجلىسخانا، بىر قىرائەتخانا بار، قىرائەتخانىغا 3000 پارچىدىن ئارتۇق كىتاب قويۇلغان، بىر تەجرىبىخانا بىناسى بار. ئۇنىڭدىن باشقا، تۇرمۇشقا ئىشلىتىلىدىغان يۈك ئاپتوموبىلىدىن بىرى، كىچىك تۆت چاقلىق تراكتوردىن ئىككىسى بار. مەكتەپ قارىمىقىدا 25 مو يەرنى ئىگىلىگەن بىر دېھقانچىلىق مەيدانى بار.

مەكتەپتە مەمۇرىيىتى (مەكتەپ ئىشلىرى ھەيئىتى)، پارتىيە ياچېيكىسى، ئىتتىپاق كومىتېتى، ئىلمىي بۆلۈم ۋە خوجىلىق بۆلۈمى، تىل - ئەدەبىيات، ماتېماتىكا، فىزىكا-خىمىيە، خەنزۇ تىلى، تارىخ - جۇغراپىيە، سىياسەت، تەنتەربىيە - مۇزىكا - گۈزەل سەنئەتتىن ئىبارەت يەتتە ئوقۇتۇش تەتقىقاتى گۇرۇپپىسى بار. بارلىق ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ خىزمەت ئاكتىپچىللىقى تولۇق جارى قىلدۇرۇلغانلىقتىن، خىزمەتتە كۆرۈنەرلىك نەتىجە يارىتىلدى. بۇ مەكتەپ ئاپتونوم رايون بويىچە ياش - ئۆسمۈرلەرنىڭ كۆچەت تىكىپ ئورمان بەرپا قىلىشىدىكى نەمۇنىچى ئورۇن، ۋىلايەت بويىچە ئوقۇتقۇچىلارنىڭ بىلىم ئاشۇرۇشىدا نەمۇنىچى ئورۇن، ۋىلايەت بويىچە ئارمىيىنى ھىمايە قىلىش ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا ئېتىبار بېرىشتە نەمۇنىچى ئورۇن، ناھىيە بويىچە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدا نەمۇنىچى ئورۇن بولۇپ باھالاندى. بۇ مەكتەپنىڭ مۇدىرى بۇرھان دالىموۋ ئاپتونوم رايون بويىچە نەمۇنىچى ئوقۇتقۇچى، ئىلغار خىزمەتچى بولۇپ باھالاندى، ئوقۇتقۇچى قەمبەردىن سەيپىدىن ئاپتونوم رايون بويىچە «بەش بولۇش، تۆت گۈزەل» پائالىيىتىدە نەمۇنىچى ئوقۇتقۇچى، تۇرۇپ تۇردى مەملىكەت بويىچە نەمۇنىچى سىنىپ مۇدىرى بولۇپ باھالاندى.

## ناھىيىلىك 2 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ

بۇ مەكتەپ 1972 ـ يىل 2 ـ ئايدا ناھىيىلىك 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپتىن ئايرىپ چىقىلىپ تەسىس قىلىنغان. ئۇ، خەنزۇ تىل ـ يېزىقى بويىچە ئوقۇتۇش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئادەتتىكى ئوتتۇرا مەكتەپ. 1969 ـ يىلى ناھىيىلىك 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپتە خەنزۇچە تولۇقسىز ئوتتۇرا سىنىپتىن ئۈچى، تولۇق ئوتتۇرا سىنىپتىن بىرى تەسىس قىلىنغانىدى، ئۇنىڭ 140 نەپەردىن ئارتۇق ئوقۇغۇچىسى، يەتتە نەپەر ئوقۇتقۇچىسى بار ئىدى. ئوقۇغۇچىلار يىلدىن ـ يىلغا كۆپىيىپ، باشقۇرۇش قولايسىز بولۇپ قالغانلىقتىن، ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېت خەنزۇ ئوتتۇرا مەكتەپنى ئايرىم سېلىشنى قارار قىلىپ، ئورنىنى ھازىرقى 3 ـ باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ئورنىغا بېكىتكەنىدى. 1975 ـ يىلى ھازىرقى ئورنىغا كۆچۈرۈلۈپ 10 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ دەپ ئاتالدى. 1979 ـ يىلى نامى ھازىرقى 2 ـ ئوتتۇرا مەكتەپكە ئۆزگەرتىلدى. 1984 ـ يىلى مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى 549 نەپەرگە يەتتى، بۇ مەكتەپ دەسلەپتە قۇرۇلغان چاغلار دەل جىياڭ چىڭ ئەكسىلئىنقىلابىي گۇرۇھى زورلۇق ـ زومبۇلۇق قىلىۋاتقان پەيتكە توغرا كەلدى، جەمئىيەتتە ھۆكۈمەتسىزلىك پىكىر ئېقىمى ۋە «ئوقۇش ئەسقاتمايدۇ نەزەرىيىسى» نىڭ تەسىرى ئېغىر ئىدى، لېكىن بۇ مەكتەپ مەكتەپنى قاتتىق تۈزەپ، يۇرەكلىك باشقۇرغاچقا، ئوقۇتۇش تەرتىپى بىرقەدەر ياخشى بولدى.

1977 ـ يىلى ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىغا قاتناشقان 100 نەچچە نەپەر خەنزۇ ئوقۇغۇچىدىن ئىككىسى قوبۇل قىلىندى. 1978 ـ يىلى مەكتەپ رەھبەرلىك بەنزىسى يەنىمۇ كۈچەيتىلدى، ئۇلار سىرتقى جايلارنىڭ مەكتەپ باشقۇرۇشتىكى ئىلغار تەجرىبىلىرىنى كەمتەرلىك بىلەن ئۆگىنىپ، مەكتەپتىكى بارلىق ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلارنى يېتەكلەپ، مائارىپ مىنىستىرلىكى تارقاتقان «ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ خىزمەت نىزامى (لايىھە)»، «ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى قائىدىسى» نى ئەستايىدىل ئىزچىل ئىجرا قىلىپ، ئىدىيىۋى تەربىيە خىزمىتىنى چوڭقۇر، ئىنچىكە ئىشلىدى، پۈتۈن مەكتەپتىكى ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا مەدەنىيەتلىك، ئەدەبلىك بولۇش پائالىيىتىدە مەيدانغا كەلگەن ياخشى ئادەم، ياخشى ئىش 3333 كە، دۆلەتنىڭ ئەنگوشتىرى — چوڭ مۈشۈك ئېيىقنى قۇتقۇزۇۋېلىش ئۈچۈن ئىئانە قىلىنغان پۇل 256.56 يۈەنگە يەتتى. ئۇلار كوچىلارغا چىقىپ ۋەزىپە ئۆتەپ، جەمئىيەت ئامانلىقىنى قوغدىدى، رەھبىرىي ئورگانلار ۋە ئادىمى ئاز، كۈچى يېتىشمەيدىغان بەزى ئورۇنلارنىڭ تازىلىقىنى قىلىپ بەردى، ئەخلەتلەرنى تازىلاپ بەردى، تېنى ئاجىز، كېسەلچان، ياشانغان كىشىلەرگە ياردەملىشىپ، ماددىي نەرسىلەرنى سېتىۋېلىپ ئەكىلىپ بەردى، بۇ ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ ماختىشىغا سازاۋەر بولدى، ئۆگىنىش نەتىجىسىمۇ ئۈزلۈكسىز ئۆستى. 1978 ـ يىلدىن ئىلگىرى، مەكتەپ بويىچە ئوتتۇرىچە ئىمتىھان نەتىجىسى 50 ئىدى، 1979 ـ يىلى 63 كە، 1983 ـ يىلى 65 كە، يىللىق ئوتتۇرىچە لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى %60 تىن كۆپرەككە يەتتى. 1979 ـ يىلدىن 1984 ـ يىلغىچە 133 نەپەر ئوقۇغۇچى تېخنىكومغا، 11 نەپەر ئوقۇغۇچى ئالىي مەكتەپكە قوبۇل قىلىندى.

كۆلىمى 4000 كۋادرات مېتىردىن ئاشىدىغان مەكتەپ ئۆي ـ ئىمارىتى، 735 كۋادرات مېتىر كېلىدىغان جەمئىي 15 سىنىپ، 240 كۋادرات مېتىر كېلىدىغان بىر تەجرىبىخانا، قىممىتى 40 مىڭ يۈەنلىكتىن ئاشىدىغان 20 نەچچە مىڭ ھەرخىل تەجرىبە سايمىنى بار؛ 60 كۋادرات مېتىر كېلىدىغان كۇتۇپخانا بار، ئۇنىڭغا 2000 پارچىدىن ئارتۇق كىتاب قويۇلغان؛ 55 نەپەر ئوقۇتقۇچى بار، بۇنىڭ ئىچىدە داشۆنىڭ تولۇق كۇرسىنى پۈتتۈرگەنلەر بەش نەپەر، مەخسۇس كۇرسىنى

پۈتتۈرگەنلەر 15 نەپەر، تېخنىكۇمنى پۈتتۈرگەنلەر 30 نەپەر. بۇ مەكتەپ، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، ناھىيە بويىچە ئىلغار تەلىم - تەربىيە ئورنى، مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدا نەمۇنىچى ئورۇن بولۇپ باھالاندى. ئوقۇتقۇچى دۆلەت شۈيۈەن ۋىلايەت بويىچە نەمۇنىچى ئوقۇتقۇچى، ياڭ يىچۈن مەملىكەت بويىچە «8 - مارت قىزىلبايراقدارى» بولۇپ باھالاندى.

## ناھىيىلىك 1 - باشلانغۇچ مەكتەپ

بۇ، پوسكام ناھىيىسىدە ئەڭ بۇرۇن قۇرۇلغان مەكتەپ، ئۇنىڭ تەكتى مىنگونىڭ 25 - يىلى (1936 - يىلى) قۇرۇلغان ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى باشقۇرۇشىدىكى مەكتەپ ئىدى. مىنگونىڭ 28 - يىلى (1939 - يىلى) ناھىيە باشقۇرۇشىدىكى مەكتەپكە ئۆزگەرتىلگەن. مىنگونىڭ 33 - يىلى (1944 - يىلى) مەركىزىي «گومىن» مەكتىپى دەپ ئاتالغان. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، بۇ مەكتەپ ناھىيە باشقۇرۇشىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپكە قوشۇۋېتىلدى. 1961 - يىلى ناھىيە باشقۇرۇشىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپتىن ئايرىپ چىقىلىپ قۇلغان مەكتەپكە قوشۇۋېتىلدى، دەرىجىسى مەركىزىي مەكتەپكە كۆتۈرۈلدى، شۇ چاغدا ئۆتەڭ مەكتەپ دەپ ئاتىلاتتى. 1971 - يىلى قايتىدىن 3 - باشلانغۇچ مەكتەپ بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈپ، «قىزىل قوغدىغۇچىلار» مەكتىپى دەپ ئاتالدى، 1978 - يىلى نامى ھازىرقى 1 - باشلانغۇچ مەكتەپكە ئۆزگەرتىلدى. بۇ مەكتەپنىڭ قۇرۇلغان ۋاقتى گەرچە ئۇزۇن بولسىمۇ، لېكىن تەرەققىياتى ئاستا بولدى. مەكتەپ قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە 120 نەپەر ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىنىپ، ئۈچ سىنىپ تەسىس قىلىنغانىدى، ئوقۇتقۇچىلار كەمچىل بولغاچقا، دەرس تولۇق ئۆتۈلمەيتتى، دىنىي دەرس ئۆتۈلىدىغان دەرسنىڭ يېرىمىنى ئىگىلىگەن بولۇپ، ئەمەلىيەتتە دىنىي مەكتەپ ئىدى. 1940 - يىلدىن باشلاپ تىل - ئەدەبىيات، ھېساب، ساۋات قاتارلىق دەرسلەر تەسىس قىلىنغان. 1941 - يىلى ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ مەبلەغ ياردەم بېرىشى بىلەن، بۇ مەكتەپ يەتتە ئېغىز ئۆي سېلىپ، بەزى پارتا - ئورۇندۇقلارنى ياسىتىپ، مەكتەپنى دەسلەپكى كۆلەمگە ئىگە قىلغان. شۇ يىلى بۇ مەكتەپتە 1 - يىللىقتىن 4 - يىللىقچە بولغان ئالتە سىنىپ تەسىس قىلىنىپ، 160 نەپەر ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىنغان. 1942 - يىلى بۇ مەكتەپ دىنىي دەرسكە خاتىمە بەرگەن، شۇ يىلى 35 نەپەر ئوقۇغۇچى ئوقۇش پۈتتۈرگەن. 1943 - يىلى ئوقۇش مۇددىتى تۆت يىلدىن ئالتە يىلغا ئۆزگەرتىلىپ، تارىخ، جۇغراپىيە، تەبىئەت، بىئولوگىيە، مەدەنىيەت - تەنتەربىيە، مۇزىكا قاتارلىق دەرسلەر كۆپەيتىلگەن. 1945 - يىلى ئۇرۇش مالىمانچىلىقى يەنە يۈز بېرىپ ۋەزىيەت قالايمىقانلاشقان، ئوقۇتقۇچىلار چېچىلىپ كەتكەن، نەتىجىدە نورمال ئوقۇتۇش تەرتىپى بۇزۇلغان. 1949 - يىلى مەكتەپ بويىچە جەمئىي ئالتە سىنىپ تەسىس قىلىنغان، مەكتەپتە 204 نەپەر ئوقۇغۇچى، ئالتە نەپەر ئوقۇتقۇچى بار ئىدى.

1950 - يىلدىن كېيىن، بىرقانچە قېتىملىق تەرتىپكە سېلىش ئارقىلىق، مەكتەپنىڭ قىياپىتى ئۆزگەردى. بۇ مەكتەپ شۆبە مەكتەپ بولۇپ تۇرغان مەزگىلدە (1950-يىلدىن1961-يىلغىچە) ھەريىلى ئۈچتىن بەشكىچە سىنىپ تەسىس قىلىناتتى، مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى 150 نەپەر ئەتراپىدا بولاتتى. دەرىجىسى مەركىزىي مەكتەپكە كۆتۈرۈلگەندىن كېيىن، گەرچە ھەرخىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن (مەسىلەن، 1961 - يىلى مەكتەپنىڭ ئۆيلىرى ئىگىلىۋېلىنغان) ئوقۇشقا تەسىر يەتكەن بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا نورمال ئوقۇتۇش تەرتىپى ساقلاپ قېلىندى. پارتىيە11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، ئوقۇتۇش سۈپىتى يىلمۇ يىل يۇقىرى كۆتۈرۈلدى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ سىنىپ كۆچۈش نىسبىتى ھەر يىلى

‎%95 تىن يۇقىرى بولۇپ كەلدى. بۇ مەكتەپ، توققۇز يىل داۋامىدا، ئوتتۇرا مەكتەپكە 663 نەپەر ئوقۇغۇچى يەتكۈزۈپ بەردى ھەمدە ھەر يىلى ناھىيە بويىچە ئىلغار مەكتەپ دېگەن نامغا ئېرىشىپ كەلدى. 1982 - يىلى ۋىلايەت ۋە ناھىيە بويىچە «ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدا نەمۇنىچى ئورۇن» دېگەن نامغا ئېرىشتى. 1984 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە «ئۆسمۈرلەر خىزمىتىدە ئىلغار ئورۇن» دېگەن نامغا ئېرىشتى. ئىلمىي مۇدىر تۇردىخان ئاپتونوم رايون بويىچە ئىلغار مائارىپچى بولۇپ باھالاندى، ئوقۇتقۇچى تۇرسۇن ئېلىغا ئاپتونوم رايونلۇق ئىتتىپاق كومىتېتى تەرىپىدىن «مۇنەۋۋەر تەربىيىچى» دەپ نام بېرىلدى، ھەمراخان سادىق ئاپتونوم رايون بويىچە «8 - مارت قىزىل بايراقدارى» بولۇپ باھالاندى.

1984 - يىلى بۇ مەكتەپتىكى سىنىپ 13 كە، ئوقۇغۇچى 513 نەپەرگە، ئوقۇتقۇچى 32 نەپەرگە يەتتى، مەكتەپ ناھىيە بويىچە نۇقتىلىق باشلانغۇچ مەكتەپ قاتارىغا كىرگۈزۈلدى.

## ناھىيىلىك 2 - باشلانغۇچ مەكتەپ

بۇ، پوسكام ناھىيىسىدىكى ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىدىكى بىردىنبىر خەنزۇ باشلانغۇچ مەكتەپ، بۇ مەكتەپ 1960 - يىل 8 - ئايدا قۇرۇلغان بولۇپ، خەنزۇ باشلانغۇچ مەكتەپ دەپ ئاتالغان. 1966 - يىلى «ئىشچى - دېھقان - ئەسكەرلەر باشلانغۇچ مەكتىپى» دەپ ئۆزگەرتىلگەن. 1979- يىلى نامى ھازىرقى 2 - باشلانغۇچ مەكتەپكە ئۆزگەرتىلدى.

بۇ مەكتەپ قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى، ناھىيىدىكى خەنزۇ كادىرلار پەرزەنتلىرىنىڭ بىر قىسمى قەشقەردىكى جەنۇبىي شىنجاڭ باشلانغۇچ مەكتىپى (ھازىرقى قەشقەر شەھەرلىك 10 - باشلانغۇچ مەكتەپ) كە، يەنە بىر قىسمى يەكەن 5 - باشلانغۇچ مەكتەپكە بېرىپ ئوقۇيتتى. بۇ، ناھىيىدە خىزمەت قىلىۋاتقان خەنزۇ كادىرلارغا ناھايىتى كۆپ قولايسىزلىقلارنى كەلتۈرگەنىدى. مەكتەپ قۇرۇلغان يىلى ئىككى سىنىپقا 45 نەپەر ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىنغان.

1965 - يىلى خەنزۇ باشلانغۇچ مەكتەپ بىلەن بىكتۈەن بىناكارلىق - قۇرۇلۇش 3 - شىسى 23 - تۈەنىنىڭ پەرزەنتلەر مەكتىپى بىرلەشتۈرۈلدى، بۇنىڭ بىلەن سىنىپ ئونغا، ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچى 20 گە، ئوقۇغۇچى 300 نەپەردىن كۆپرەككە يەتتى. 1966 - يىلى خەنزۇ باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ قارىمىقىدا بىر تولۇقسىز ئوتتۇرا سىنىپى تەسىس قىلىندى، يىل ئاخىرىدا بۇ مەكتەپ 23 - تۈەندىن ئايرىۋېتىلدى. 1969 - يىلى سىنىپ توققۇزغا، جۈملىدىن تولۇقسىز ئوتتۇرا سىنىپى ئۈچكە، باشلانغۇچ مەكتەپ سىنىپى ئالتىگە، ئوقۇغۇچى 260 نەپەردىن كۆپرەككە يەتتى. ئوقۇتقۇچى يېتىشمىگەچكە، ئاساسلىق باشقۇرغۇچى تارماق ئۇنىڭ ئوتتۇرا مەكتەپ قىسمىنى ئايرىۋەتتى.

1979 - يىلدىن كېيىن، مەكتەپنىڭ كۆلىمى يىلدىن - يىلغا كېڭەيدى، كۆلىمى 1000 كۋادرات مېتىر كېلىدىغان ئوقۇتۇش بىناسىدىن بىرى سېلىندى. سىنىپ توققۇزغا، ئوقۇتقۇچى 20 نەپەرگە، ئوقۇغۇچى 308 نەپەرگە يەتتى. 1984 - يىلدىكى باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ دەرسلىك، مېتود جەھەتتە ئۆتكەلدىن ئۆتۈش ئىمتىھانىدا، ئىمتىھانغا قاتناشقان توققۇز نەپەر ئوقۇتقۇچىنىڭ ھەممىسى لاياقەتلىك بولدى. يەتتە نەپەر ئوقۇتقۇچى خىزمەتنى تىرىشىپ ئىشلەپ، ئوقۇتۇشتا ئەلا نەتىجە ياراتقانلىقتىن، ئاپتونوم رايون، ۋىلايەت، ناھىيىدىكى ئالاقىدار تارماقلارنىڭ مۇكاپاتلىشىغا ئېرىشتى. ئوقۇتقۇچى خۇاڭ كېخۇاغا 1983 - يىلى ئاپتونوم رايون تەرىپىدىن «پىئونېرلار ئەترىتىنىڭ مۇنەۋۋەر تەربىيىچىسى» دېگەن شەرەپلىك نام بېرىلدى ھەمدە ئۇ ۋىلايەت بويىچە نەمۇنىچى ئوقۇتقۇچى بولۇپ باھالاندى. ئىشچى چاڭ سۇۋېن

ھەر مىللەت كىيسەللىرىنىڭ سۆڭەك زەخمىسىنى قىزغىنلىق بىلەن داۋالاپ، بارلىق كۆچمەن مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا بېغىشلاپ، ۋىلايەت بويىچە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدا نەمۇنىچى بولۇپ باھالاندى. مەكتەپ قۇرۇلغان 23 يىل داۋامىدا، خەنزۇ ئوتتۇرا مەكتەپكە 1949 نەپەر ئوقۇغۇچى يەتكۈزۈپ بەردى.

## ناھىيىلىك 3 - باشلانغۇچ مەكتەپ

بۇ مەكتەپ 1978 - يىل 8 - ئايدا قۇرۇلغان، ئۇنىڭ تەكتى مىنگونىڭ 25 - يىلى (1936-يىلى) قۇرۇلغان ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى باشقۇرۇشىدىكى تولۇقسىز باشلانغۇچ مەكتەپ ئىدى. مىنگونىڭ 31 - يىلى (1942 - يىلى) ناھىيە باشقۇرۇشىدىكى قىزلار مەكتىپىگە ئۆزگەرتىلگەن مىنگونىڭ 33 - يىلى (1944 - يىلى) ناھىيە باشقۇرۇشىدىكى «گومىن» 1 - قىزلار مەكتىپىگە ئۆزگەرتىلگەن. 1956 - يىلى ئوغۇللار مەكتىپى بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈپ، بازار باشلانغۇچ مەكتىپى دەپ ئاتالدى. 1961 - يىلى بۇ مەكتەپ ئايرىپ چىقىلىپ، بازار مەركىزىي باشلانغۇچ مەكتىپى دەپ ئاتالدى. 1971 - يىلى يەنە 1 - باشلانغۇچ مەكتەپ بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈپ، «قىزىل قوغدىغۇچىلار باشلانغۇچ مەكتىپى» دەپ ئاتالدى. 1973 - يىلى يەنە ئايرىپ چىقىلىپ، نامى ھازىرقى 3 - باشلانغۇچ مەكتەپ دېگەن نام بىلەن ئاتالدى.

مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى 1978 - يىلدىكى 355 نەپەردىن 1984 - يىلى 473 نەپەرگە، ئوقۇتقۇچى 15 نەپەردىن 20 نەپەرگە، ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچى 531 نەپەرگە يەتتى، ئوتتۇرا مەكتەپكە 525 نەپەر لاياقەتلىك ئوقۇغۇچى يەتكۈزۈپ بېرىلدى.

بۇ مەكتەپ ھەر يىلى ناھىيە بويىچە ئىلغار مەكتەپ بولۇپ باھالىنىپ كەلدى، ئۆسمۈرلەرنىڭ تەنتەربىيە خىزمىتىگە ئەھمىيەت بېرىپ، مەكتەپنىڭ ئۆسمۈرلەر پۇتبول كوماندىسىنى دۆلەت بەلگىلىگەن ئۆسمۈرلەر پۇتبول مۇسابىقىسىغا قاتناشتۇردى. 1982 - يىلى «مەملىكەتلىك ناھىيە، شەھەرلەر بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن ئۆسمۈرلەر پۇتبول مۇسابىقىسى»دا مائارىپ مىنىستىرلىكى، دۆلەت تەنتەربىيە كومىتېتى، ئىتتىپاق مەركىزىي كومىتېتى بىرلىشىپ تارقاتقان 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى، ئوقۇتقۇچى بۇزۆھرە ئوسمان ئۆسمۈرلەر، باللار خىزمىتىنى بېرىلىپ ئىشلىگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇنىڭغا ئاپتونوم رايونلۇق ئىتتىپاق كومىتېتى تەرىپىدىن «مۇنەۋۋەر تەربىيىچى» دەپ نام بېرىلدى. ئوقۇتقۇچى دۆلەتگۈل ئەبەيگە ئاپتونوم رايونلۇق ئىتتىپاق كومىتېتى تەرىپىدىن «مەدەنىيەتلىك، ئەدەبلىك بولۇش نەمۇنىچىسى» دەپ نام بېرىلدى. ئوقۇتقۇچى ئوبۇل قاۋۇلغا ۋىلايەت تەرىپىدىن «مۇنەۋۋەر مائارىپچى» دەپ نام بېرىلدى.

# § 9. ئىلغار ئوقۇتقۇچىلار، نەمۇنىچى سىنىپ مۇدىرلىرىنىڭ ئىسملىكى

ئابدۇخالىق سادىق، 1954 - يىلى قەشقەر شىفەننى پۈتتۈرۈپ، پوسكام ناھىيىسىگە ئوقۇتقۇچىلىققا تەقسىم قىلىنغان، كېيىن مائارىپ ئىدارىسىغا يۆتكەلگەن. 1959 - يىلدىن كېيىن، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، ۋىلايەت، ئاپتونوم رايون بويىچە مائارىپ سېپىدىكى ئىلغار خىزمەتچى بولۇپ باھالىنىپ، كۆپ قېتىم مۇكاپاتلانغان. 1984 - يىلى مەدەنىيەت - مائارىپ

ئىدارىسىنىڭ باشلىقلىقىغا تەيىنلەندى.

توختى روزى، ئىلگىرى باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى ئىدى، كېيىن مەدەنىيەت - مائارىپ ئىدارىسىگە يۆتكەلگەن. ئۇنىڭغا 1983 - يىلى ۋىلايەت تەرىپىدىن «مۇنەۋۋەر باغۋەن» دەپ نام بېرىلدى.

ئابدۇكېرىم ئابلىكىم، ئىلگىرى ئوقۇتقۇچى ئىدى، كېيىن مەدەنىيەت - مائارىپ ئىدارىسىگە يۆتكەلگەن. ئۇ، 1982 - ۋە 1983 - يىللىرى ۋىلايەت، ئاپتونوم رايون بويىچە مائارىپ سېپىدىكى ئىلغار خىزمەتچى بولۇپ باھالاندى.

ئېلى مۇھەممەت، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى، ئۇنىڭغا 1965 - يىلى ۋىلايەتلىك ئىتتىپاق كومىتېتى تەرىپىدىن «نەمۇنىچى تەربىيىچى» دەپ نام بېرىلگەن.

تۇرسۇن ئېلى، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى، ئۇنىڭغا 1982 - ۋە 1983 - يىللىرى ۋىلايەتلىك ئىتتىپاق كومىتېتى تەرىپىدىن «نەمۇنىچى يېتەكچى» دەپ نام بېرىلگەندى. 1984-يىلى ئاپتونوم رايونلۇق ئىتتىپاق كومىتېتى تەرىپىدىن «مۇنەۋۋەر يېتەكچى» دەپ نام بېرىلدى.

قۇربان نىياز، باشلانغۇچ مەكتەپ مۇدىرى. ئۇ، 1964 - يىلى ۋىلايەتنىڭ مەدەنىيەت - مائارىپ سېپى بويىچە ئىلغار خىزمەتچى بولۇپ باھالانغان.

توختى مۇھەممەت، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى. ئۇ، 1965 - يىلى ۋىلايەت بويىچە مۇنەۋۋەر يېتەكچى بولۇپ باھالانغان.

ئۆمەر مەھەممەت ئېزىز، ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى. ئۇ، 1984 - يىلى ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇرۇش مەكتىپىنىڭ مۇدىرلىقىغا تەيىنلەندى. ئۇنىڭغا 1959 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق ئىتتىپاق كومىتېتى تەرىپىدىن «مۇنەۋۋەر يېتەكچى» دەپ نام بېرىلگەن.

ئابلەھەت يۈسۈپ، ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى، ئۇنىڭغا 1984 - يىلى ۋىلايەت تەرىپىدىن «نەمۇنىچى ئوقۇتقۇچى» دەپ نام بېرىلدى.

بۇرھان دالىموۋ، 1 - ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ مۇدىرى، ئۇنىڭغا 1965 - يىلى ئاپتونوم رايون تەرىپىدىن «نەمۇنىچى ئوقۇتقۇچى» دەپ نام بېرىلگەن.

قەمەرىدىن سەيپىدىن، ئەر، خۇيزۇ، 1 - ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى. ئۇ، 1981-يىلى ۋىلايەت بويىچە ئىلغار ئوقۇتقۇچى، نەمۇنىچى سىنىپ مۇدىرى بولۇپ باھالانغان. 1984-يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە نەمۇنىچى سىنىپ مۇدىرى ۋە «بەش بولۇش، تۆت گۈزەل، ئۈچنى قىزغىن سۆيۈش» بويىچە نەمۇنىچى ئوقۇتقۇچى بولۇپ باھالاندى.

تۇرۇپ تۇردى، 1 - ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى، ئۇ مەسئۇل بولغان تولۇق ئوتتۇرا ئوقۇش پۈتتۈرۈش سىنىپىنىڭ نەتىجىسى گەۋدىلىك بولغانلىقى ئۈچۈن، 1984 - يىلى مەملىكەت بويىچە نەمۇنىچى سىنىپ مۇدىرى بولۇپ باھالاندى.

ھەسەن ئەيسا، 1 - ئوتتۇرا مەكتەپ خوجىلىق بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى، ئۇ، ئىلگىرى ئوقۇتقۇچى، ئىتتىپاق كادىرى بولغان، ئىتتىپاق خىزمىتىنى بېرىلىپ ئىشلىگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇنىڭغا 1963 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق ئىتتىپاق كومىتېتى تەرىپىدىن «ئىلغار كادىر» دەپ نام بېرىلگەن.

دۇڭ شۈيۈەن، ئايال، خەنزۇ، 2 - ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى، ئۇ، خىزمەتتە ئاكتىپ. قىزغىن بولۇپ، ئىككى قېتىم ۋىلايەت بويىچە نەمۇنىچى ئوقۇتقۇچى بولۇپ باھالانغان، ئۇنىڭغا 1984 - يىلى ئاپتونوم رايون تەرىپىدىن «مۇنەۋۋەر باغۋەن» دەپ نام بېرىلدى.

قۇربانىنياز مۇھەممەت، پوسكام يېزىلىق ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ مۇدىرى، ئۇنىڭغا ۋىلايەت تەرىپىدىن «مەدەنىيەت - مائارىپ بويىچە ئىلغار خىزمەتچى» دەپ نام بېرىلگەن.

ئاتاۋۇللا ئىمىن، يىما يېزىلىق ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى، ئۇنىڭغا 1979 - يىلى ۋىلايەت تەرىپىدىن «نەمۇنىچى سىنىپ مۇدىرى» دەپ نام بېرىلگەن.

مېھرىگۈل توختىنىياز، يىما يېزىلىق ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى، ئۇنىڭغا 1979 - يىلى ۋىلايەت تەرىپىدىن «نەمۇنىچى سىنىپ مۇدىرى» دەپ نام بېرىلگەن.

تۇرسۇن بارات، گۈلباغ يېزىلىق ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ مۇدىرى، ئۇنىڭغا 1980 - يىلى ۋىلايەت تەرىپىدىن «ئىلغار مائارىپچى» دەپ نام بېرىلدى.

ئابلەت ھاشىم، ئىككىسۇ يېزىلىق ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى. ئۇ، 1980 - يىلى ۋىلايەت تەرىپىدىن ئىلغار خىزمەتچى بولۇپ باھالاندى.

ھۆرنىسا ساتتار، 1 - باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى، ئۇنىڭغا 1980 - يىلى ۋىلايەت تەرىپىدىن «مۇنەۋۋەر تەربىيىچى» دەپ نام بېرىلدى.

تۇردىخان ناسىر، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى. ئۇ، 1980 - ۋە 1982 - يىللىرى ۋىلايەت بويىچە ئىلغار مائارىپچى بولۇپ باھالاندى.

خۇاڭ كېخۇا، ئايال، خەنزۇ، 2 - باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى. ئۇ، 1980 - يىلى ۋىلايەت بويىچە نەمۇنىچى ئوقۇتقۇچى، 1983 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە پىئونېرلارنىڭ مۇنەۋۋەر يېتەكچىسى بولۇپ باھالاندى.

دۆلەتگۈل ئەبەي، 3 - باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى. ئۇ، 1984 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە «بەش بولۇش، تۆت گۈزەل» پائالىيىتىدە نەمۇنىچى ئوقۇتقۇچى بولۇپ باھالاندى.

ئوبۇل قاۋۇل، 3 - باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى، ئۇنىڭغا 1979 - يىلى ۋىلايەت تەرىپىدىن «مۇنەۋۋەر مائارىپچى» دەپ نام بېرىلگەن.

زايىت سايىت، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى. ئۇ، 1956 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە نەمۇنىچى ئوقۇتقۇچى بولۇپ باھالانغان.

ئىخپالە ئەمەت، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى. ئۇ، 1984 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە نەمۇنىچى سىنىپ مۇدىرى بولۇپ باھالاندى.

تالىپ سېيىت، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى، ئۇ، 1983 - يىلى ۋىلايەت بويىچە «بەشتە ياخشى» مەكتەپ قۇرۇلۇشى ئاكتىپى بولۇپ باھالاندى.

ھەمراھ قادىر، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى. ئۇ، 1984 - يىلى ۋىلايەت بويىچە مۇنەۋۋەر تەربىيىچى بولۇپ باھالاندى.

سەمەت ھېكىم، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى. ئۇ، 1960 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئىلغار خىزمەتچى بولۇپ باھالانغان.

ئەلا راخمان، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى. ئۇ، 1983 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە نەمۇنىچى سىنىپ مۇدىرى بولۇپ باھالاندى.

رەمتىللا ھوشۇر، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتفۇچىسى. ئۇ، 1982 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە مۇنەۋۋەر يېتەكچى بولۇپ باھالاندى.

جامال ھوشۇر، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى. ئۇ، 1983 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە نەمۇنىچى سىنىپ مۇدىرى بولۇپ باھالاندى.

تۇرسۇن زىرىپ، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى. ئۇ، 1983 - يىلى ۋىلايەت بويىچە تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەپ، ئىقتىسادچىللىق بىلەن ئوقۇشتىكى نەمۇنىچى خىزمەتچى بولۇپ باھالاندى.

كامىل ئەخمەت، ئەر، تاجىك، ئۇ، 1979 - يىلى ۋىلايەت بويىچە مۇنەۋۋەر يېتەكچى بولۇپ باھالانغان.

ئابدۇسەمەت قادىر، ئۇ، 1960 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئىلغار خىزمەتچى بولۇپ باھالانغان.

تۇخان توختى، باشلانغۇچ مەكتەپ مۇدىرى. ئۇ، 1982 - يىلى ۋىلايەت بويىچە ئىلغار خىزمەتچى بولۇپ باھالاندى.

ھۆسىيىن ئەمەت، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى، ئۇنىڭغا 1983 - يىلى ۋىلايەتلىك ئىتتىپاق كومىتېتى تەرىپىدىن «يېڭى ئۇزۇن سەپەر زەربىدارى» دەپ نام بېرىلدى.

## § 10. مائارىپ باشقۇرۇش ئاپپاراتلىرى

مىنگونىڭ 26 - يىلى (1937 - يىلى) ناھىيىلىك ھۆكۈمەتتە تەسىس قىلىنغان 1 - بۆلۈم ئىچكى ئىشلار ۋە مائارىپنى ئاساسلىق باشقۇرغان، مىنگونىڭ 30 - يىلى (1941-يىلى) 1-بۆلۈمنىڭ نامى مائارىپ بۆلۈمىگە ئۆزگەرتىلگەن. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، مەدەنىيەت - مائارىپ ئىدارىسى، ئىشچى - دېھقانلار مائارىپى ھەيئىتى ئارقا - ئارقىدىن قۇرۇلۇپ، مائارىپ خىزمىتىنى باشقۇردى.

### 1 . مەدەنىيەت - مائارىپ ئىدارىسى

بۇ ئىدارە 1950 - يىلى قۇرۇلغان، ئۇ چاغدا مەدەنىيەت - مائارىپ بۆلۈمى دەپ ئاتىلاتتى. دەسلەپتە ئۇنىڭغا تۆت شتات بېرىلىپ، بىرنەپەر بۆلۈم باشلىقى، ئۈچ نەپەر بۆلۈم ئەزاسى تەسىس قىلىنغان، ئۇ، ناھىيە بويىچە مەكتەپ مائارىپى، ئىشتىن سىرتقى مائارىپ ۋە مەدەنىيەت خىزمىتىنى ئاساسلىق باشقۇرغاندى. 1965 - يىلى مەدەنىيەت - مائارىپ، سەھىيە بىرلىشىپ ئىش بېجىرىدىغان بولدى، شۇنىڭ بىلەن مەدەنىيەت - مائارىپ، سەھىيە بۆلۈمى قۇرۇلدى. 1969-يىلى نامى مەدەنىيەت - مائارىپ، سەھىيە ئىدارىسىگە ئۆزگەرتىلدى. 1975 - يىلى مەدەنىيەت - مائارىپ، سەھىيە ئايرىلىپ، مەدەنىيەت-مائارىپ ئىدارىسى تەسىس قىلىندى. 1984-يىلى مەدەنىيەت - مائارىپ ئىدارىسىنىڭ شتاتى بېكىتىلىپ كادىرلار، مالىيە، ئاساسىي قۇرۇلۇش، پىلان - ستاتىستىكا، مائارىپنى ئومۇملاشتۇرۇش گۇرۇپپىلىرى، ئىشلەپچىقىرىش-مۇلازىمەت شىركىتى، مەدەنىيەت گۇرۇپپىسى، ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش ئىشخانىسى تەسىس قىلىندى، خىزمەتچى خادىمى 34 نەپەرگە يەتتى. رەھبەرلىكنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، ھەرقايسى يېزىلاردا 1954 - يىلى شتات بېكىتىلگەن، خىزمەتچى خادىمى مەدەنىيەت-مائارىپ ياردەمچىسى دەپ ئاتالغاندى، گوڭشې قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۇ، مەدەنىيەت - مائارىپ بۆلۈمى باشلىقى دەپ ئاتالدى، يېزا - بازار تۈزۈمى يولغا قويۇلغاندىن كېيىن مەدەنىيەت - مائارىپ گەنسىسى دەپ ئاتالدى.

مەدەنىيەت - مائارىپ ئىدارىسىنىڭ قارىمىقىدىكى ئاپپاراتلار مۇنۇلار:

**ئوقۇتۇش تەتقىقاتى ئىشخانىسى** بۇ ئىشخانا 1959 - يىلى قۇرۇلغان بولۇپ، ئىككى شتات بېرىلگەندى. ئۇ، ناھىيە بويىچە ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتۇش خىزمىتىگە

يېتەكچىلىك قىلىپ كەلدى.

**ئوقۇتۇش سايمانلىرى بىلەن تەمىنلەش پونكىتى** بۇ پونكىت 1984 - يىلى قۇرۇلدى، ئۇنىڭغا بىر شتات بېرىلدى، ئۇ، ئاساسلىقى، مەكتەپلەرنى ئوقۇتۇش تەجرىبە سايمانلىرى بىلەن تەمىنلەشكە، تەجرىبە قىلىشقا يېتەكچىلىك قىلىشقا مەسئۇل قىلىندى.

**ئېلېكترلەشكەن ئوقۇتۇشقا يېتەكچىلىك قىلىش پونكىتى** بۇ پونكىت 1984 - يىلى قۇرۇلدى، ئۇنىڭغا بىر شتات بېرىلدى، ئۇ، ئاساسلىقى، مەكتەپلەرنىڭ ئېلېكترلەشكەن ئوقۇتۇشىغا يېتەكچىلىك قىلىش خىزمىتىگە مەسئۇل قىلىندى.

## 2. ئىشچى - دېھقانلار مائارىپى ھەيئىتى

بۇ ھەيئەت 1952 - يىلى قۇرۇلغان بولۇپ، ئەسلىدە ناھىيىلىك ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش ھەيئىتى دەپ ئاتىلاتتى، ئۇنىڭ قارمىقىدا ئىشخانا قۇرۇلغان بولۇپ، ئۇ، مەدەنىيەت - مائارىپ بۆلۈمى بىلەن بىرلىكتە ئىش بېجىرگەن، ئۇنىڭ بىرنەپەر مەخسۇس كادىرى بار ئىدى. 1960-يىلى نامى ناھىيىلىك ئىشتىن سىرتقى مائارىپ ھەيئىتى دەپ ئۆزگەرتىلدى. 1988 - يىلى نامى ھازىرقى ئىشچى - دېھقانلار مائارىپى ھەيئىتىگە ئۆزگەرتىلدى، خادىمى ئۈچكە يەتتى. بۇ ھەيئەت ناھىيە بويىچە دېھقانلار، ئىشچىلار، خىزمەتچىلەر مەدەنىيەت - مائارىپنى ئومۇملاشتۇرۇش ۋە ئۇلارنىڭ سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئىشىغا مەسئۇل قىلىندى.

# باب II

# پەن - تېخنىكا

## § 1. پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش پائالىيىتى

1940 - يىلى مەنناپ ھاكىملىققا تەيىنلەنگەن چاغدا سوۋېت ئىتتىپاقىدىن قوش چاقلىق، قوش چىشلىق ساپاندىن بەشى، ئۇرۇق تاللاش ماشىنىسىدىن بىرى كىرگۈزۈلۈپ، دېھقانلارنىڭ يەرلىرى ھەيدىلىپ، ئۇرۇقلىرى تۇجۇپىلەپ تاللاپ بېرىلگەن. گومىنداڭ شىنجاڭدا ھاكىمىيەت بېشىدا تۇرغان مەزگىلدە، ئىلگىرى كىرگۈزۈلگەن بەزى دېھقانچىلىق سايمانلىرى بۇزۇلۇپ تاشلىۋېتىلگەن.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، پەن - تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتى يىلدىن - يىلغا كۈچەيتىلدى. 1960 - يىلغىچە 1500 دىن ئارتۇق يېڭىچە يېزا ئىگىلىك سايمىنى كېڭەيتىلدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، يېزىلاردا كۆممىقوناقنى چاسا شەكىلدە كاتەك ئېچىپ تېرىش، كېۋەزنى چاتاش، ئۈچىنى ئۈزۈش قاتارلىق تېخنىكىلار كېڭەيتىلدى. سۇ ئىنشائاتى جەھەتتە، كىچىك چۆنەكلەر بويىچە سۇغىرىش كېڭەيتىلدى. 1960- يىلدىن1963- يىلغىچە كۆچ تەشكىللەش، ئاپپارات قۇرۇش ئارقىلىق، ئىلمىي ئۇسۇلدا تېرىقچىلىق قىلىش

توغرىسىدىكى تەشۋىقات كۈچەيتىلدى. ناھىيىلىك پارتكومىنىڭ بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە، تېخنىكا خادىملىرى يېزىلارغا ئەۋەتىلىپ، دېھقانلارنىڭ تەجرىبە ئېتىزى ۋە مول ھوسۇل ئېتىزلىرىنى تېرىشقا يېتەكچىلىك قىلىنغان ۋە يېڭى تېخنىكا كېڭەيتىلگەندىن باشقا، ئالاقىدار ئورۇنلار، ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ، 12 قېتىم ئىلىم ـ پەن ئاساسىي بىلىملىرىنى ئۆگىنىش كۇرسى ئېچىپ، يېزىلار ئۈچۈن 1410 نەپەر تېخنىك تەربىيىلەپ بەردى ھەمدە بۇ تېخنىكلارغا تايىنىپ، گۇڭشې (مەيدان)لاردا 100 دىن ئارتۇق يېزا ئىگىلىك ئوتتۇرا مەكتىپى ۋە تەجرىبە گۇرۇپپىسى (بۇنىڭ ئىچىدە يېزا ئىگىلىك ئوتتۇرا مەكتىپى 11)نى قۇردى، يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسى، كېسەللىك، ھاشارات زىيانداشلىقىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەش، پىلىچىلىك مەشغۇلاتى تېخنىكىسىغا دائىر بىراشورىدىن 1440 نۇسخىدىن كۆپرەك بېسىپ يېزىلارغا تارقاتتى. كۆك پىت بۇغدايغا زىيان سالغاندا، ئىككى قېتىم خەلق ئاۋئاتسىيىسى تارماقلىرىنى تەكلىپ قىلىپ، كۆك پىتنى ئايرۇپىلان ئارقىلىق دورا چېچىپ يوقاتتى. دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، سۇ ئىشلىرى، چارۋىچىلىق پەن ـ تېخنىكا خادىمى 1960 ـ يىلدىكى 84 نەپەردىن، 1984 ـ يىلى 218 نەپەرگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئالىي تېخنىكۇمنى پۈتتۈرگەنلەر 23 نەپەر، ئوتتۇرا تېخنىكۇمنى پۈتتۈرگەنلەر 138 نەپەر (بۇنىڭ ئىچىدە ئازسانلىق مىللەتتىن بولغان پەن ـ تېخنىكا خادىمى %1.66 نى ئىگىلەيدۇ)، ھەرقايسى گۇڭشې ـ مەيدانلاردا يېزا ئىگىلىك تېخنىكا پونكىتلىرى ۋە پەن تەتقىقات گۇرۇپپىلىرى ئارقا ـ ئارقىدىن قۇرۇلۇپ، بىردىن ئىككىگىچە كەسپىي تېخنىكا كادىرى سەپلەندى. پەن تەتقىقات پائالىيەتلىرى تەدرىجىي جانلىنىپ، تەجرىبە ئېتىزى، ئۈلگە كۆرسىتىش ئېتىزى يىلدىن ـ يىلغا ئېشىپ باردى ھەمدە زور كۆلەم بويىچە مول ھوسۇل ئېلىندى، ئەلا سورتلار تېز كېڭەيتىلدى، «باقىبۇق»، «قەشقەر 1 ـ نومۇرلۇق»، «تاڭشەن 6898» قاتارلىق بۇغداي سورتلىرى، تەدرىجىي، بۇرۇنقى قىزىل كۆزگى بۇغداينىڭ ئورنىنى ئالدى. «ۋۇدەنزاۋ»، «تەيخاڭ ئاق كۆممىقونىقى» قاتارلىق چاڭلىشىش ئۈستۈنلۈكىگە ۋە مەھسۇلاتنى كۆرۈنەرلىك ئاشۇرۇش ئۇنۇمىگە ئىگە كۆممىقوناق سورتلىرى، تەدرىجىي، ئىلگىرىكى «ئالتۇن خانىش»، «ئات چىشلىق ئاق كۆممىقوناق»نىڭ ئورنىنى ئالدى. «نىڭشى2 — 3نومۇرلۇق»، «ئەيفېڭ 1 ـ نومۇرلۇق»، «جۇڭگېڭ 129» قاتارلىق شال سورتلىرى تەدرىجىي كېڭەيتىلدى. ئورمانچىلىقتا تېرەكنى جىنسىسىز كۆپەيتىپ ئۆستۈرۈش تېخنىكىسى كېڭەيتىلدى. چارۋىچىلىقتا يەرلىك پاكار ئېشەكنى يېڭىلاش ـ كۆپەيتىش، سۈنئىي ئۇرۇقلاندۇرۇش ئارقىلىق كالا نەسلىنى ياخشىلاش، ئېشەك بىلەن ئاتنى چېتىشتۇرۇپ، خېچىرنى كۆپەيتىش قاتارلىق تېخنىكىلار كېڭەيتىلدى. سانائەت ئىشلەپچىقىرىشىدا تېخنىكا خادىملىرى ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىشقا ئۇيۇشتۇرۇلۇپ، ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ، دان ئايرىش، شال ئاقلاش ماشىنىلىرى سىناق قىلىنىپ ياسىلىپ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىلدى. پەن ـ تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش تەشۋىقاتى تېخىمۇ جانلاندى، ئاممىنىڭ ئىلىم پەن ئۆگىنىش، ئىلىم ـ پەننى ئىشلىتىش تەلىپىگە ئۇيغۇنلىشىش ئۈچۈن، پەن ـ تېخنىكا تارماقلىرى بىلەن دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىققا ئالاقىدار ئورۇنلار ماسلىشىپ، 1978 ـ يىلدىن 1984 ـ يىلغىچە 9550 پارچىدىن ئارتۇق پەن ـ تېخنىكىغا دائىر ئۆگىنىش ماتېرىيالىنى بېسىپ تارقاتتى، 18 قېتىم ھەرخىل ئۆگىنىش كۇرسى ئېچىپ، 9509 نەپەر دېھقان تېخنىكنى تەربىيىلەپ، ئۇلارغا پەۋقۇلئاددە تۆۋەن مىقداردا دورا چېچىپ ئۆسۈملۈك ئاسراش تېخنىكىسى، قاشقا بىدە، يۇلغۇن، كەندىر قاتارلىق يېشىل ئوغۇتلارنى تېرىش تېخنىكىسى، يۇقىرى تېمپېراتۇرىدا ئوغۇت سېستىش تېخنىكىسىنى

ئۆگەتتى ۋە كېڭەيتتى. پارتىيە 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، يېزىلاردىكى ئىقتىسادىي ئىسلاھات تەدرىجىي چوڭقۇرلاشتى، ئىلىم ـ پەننى تەكىتلەش، ئىلىم ـ پەن ئۆگىنىش، ئىلىم ـ پەننى ئىشلىتىش كەيپىياتى تەدرىجىي شەكىللەندى. تەرەققىيات ۋەزىيىتىگە ئۇيغۇنلىشىش ئۈچۈن، 1981 ـ يىلدىن 1983 ـ يىلغىچە ناھىيىدىكى دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، تىببىي داۋالاش ئورۇنلىرىدا دېھقانچىلىق ئىلمىي جەمئىيىتى، يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش ئىلمىي جەمئىيىتى، چارۋىچىلىق ئىلمىي جەمئىيىتى، ئورمانچىلىق ئىلمىي جەمئىيىتى، تىبابەتچىلىك ئىلمىي جەمئىيىتى ئارقا ـ ئارقىدىن قۇرۇلۇپ، ھەرقايسى پەنلەردە مەلۇم تۆھپە ياراتقان 76 نەپەر پەن ـ تېخنىكا خادىمى جەمئىيەت ئەزالىقىغا قوبۇل قىلىندى، كۆپچىلىكنىڭ ئەقىل ـ پاراستى ئىشقا سېلىنىپ، ھەرقايسى پەنلەر بويىچە تەتقىقات پائالىيىتى پىلانى تۈزۈپ چىقىلىپ، پەن تەتقىقات پائالىيىتى كۈچەيتىلدى. پەن ـ تېخنىكا خادىملىرى يېزىلارغا يۈزلىنىپ، گۆڭشې، ئەترەتلەر بىلەن ئالاقە ئورنىتىپ، 52 تۈرلۈك تېخنىكا كېڭەيتىش توختامى ئىمزالىدى (بۇ توختاملار بۇغداي، كېۋەز ئۆستۈرۈش، پەرۋىش قىلىش، سۇلياۋ يوپۇق يېپىپ كېۋەز ئۆستۈرۈش تەجرىبىسى قاتارلىق تۈرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان)، تېخنىكا ھۆددىگەرلىكىنى يولغا قويۇپ، پەن تەتقىقات بىلەن ئىشلەپچىقىرىش ئەمەلىيىتىنى بىرلەشتۈرۈپ، ئىقتىسادىي ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك بولغان نۇرغۇن پەن ـ تېخنىكا مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى قولغا كەلتۈردى. 1982 ـ يىلى ئاپتونوم رايون ۋە ۋىلايەتنىڭ مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن پەن تەتقىقات مۇۋەپپەقىيىتى ۋە كېڭەيتىلگەن تۈر يەتتىگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە بۇغداي ئۆستۈرۈش بويىچە ئۆلگە كۆرسىتىلگەن چوڭ كۆلەملىك (100 مولۇق) بۇغداي ئېتىزلىرىنىڭ بىرلىك مەھسۇلاتىدا 527 كىلوگراملىق مول ھوسۇل رېكوردى ياراتتى، گۇڭشېنىڭ بۇغداي مەھسۇلاتىنى %46 ئاشۇردى. مەھەللىۋى ئوغۇت بىلەن خىمىيىۋى ئوغۇتنى مۇۋاپىق ئىشلىتىش لايىھىسىنى يەكۈنلەپ ئوتتۇرىغا قويۇپ، تۇپراقنى ياخشىلاش، تۇپراقنىڭ قۇۋۋىتىنى ساقلاش، مەھسۇلاتنى مۇقىم ئاشۇرۇش، ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى يۇقىرى كۆتۈرۈشنى نەزەرىيىۋى ئاساس ۋە كونكرېت تەدبىر بىلەن تەمىنلىدى. ئورۇقچىلىق مەيدانى پەن تەتقىقات گۇرۇپپىسى ئاپتونوم رايون ۋە ۋىلايەتنىڭ كۈزگى بۇغداينى رايونلاشتۇرۇش سىنىقىنى ئۈستىگە ئېلىپ، ئون يىلنى بىر كۈندەك ئۆتكۈزۈپ، جاپا ـ مۇشەققەتكە چىداپ ئىزدىنىپ، پوسكام ناھىيىسىگە كېڭەيتىلىدىغان ئىككى خىل ئەلا سورتنى بېكىتىپ بېرىپ، ئاپتونوم رايون، ۋىلايەت ۋە ناھىيىنىڭ پەن تېخنىكا مۇكاپاتىغا ۋە ئىلغار كوللېكتىپ مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. ھەرمىللەت پەن ـ تېخنىكا خىزمەتچىلىرى يېزىلارغا بېرىپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، ئىلمىي تەھلىل يۈرگۈزۈپ، «پوسكام ناھىيىسىنىڭ يېزا ئىگىلىكىنى رايونلاشتۇرۇش دوكلاتى» ۋە «تۇپراقنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش دوكلاتى» نى يېزىپ چىقتى.

ھەرقايسى ئىلمىي جەمئىيەتلەر، ئىلىم ـ پەننى ئومۇملاشتۇرۇش جەھەتتە، يەنىمۇ يېڭى ۋەزىيەت يارىتىش ئۈچۈن، پەن ـ تېخنىكا تەشۋىقاتى ۋە تېخنىكا ئۆگىتىشنى كۈچەيتتى. 1981 ـ يىلدىن 1983 ـ يىلغىچە ھەرقايسى ئىلمىي جەمئىيەتلەر 33 قېتىم ھەرخىل تىپتىكى ئۆگىنىش كۇرسلىرىنى ئېچىپ، دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق بويىچە 8376 نەپەر دېھقان تېخنىكىنى تەربىيىلىدى، ئىككى قېتىم تېخنىكا لېكسىيىسى ئۇيۇشتۇردى (سىرتقى جايلاردىن مۇتەخەسسىس تەكلىپ قىلىنىپ دەرس ئۆتتۈلدى)، لېكسىيىنى ئاڭلىغانلار 120 دىن ئاشتى. 1000 نۇسخىدىن ئارتۇق ھەرخىل ئۆگىنىش ماتېرىيالىنى بېسىپ تارقاتتى.

**پوسكام ناھىيىسىنىڭ 1978 - يىلدىن 1984 - يىلغىچە بولغان ئاپتونوم رايون ۋە ۋىلايەتنىڭ مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن پەن تەتقىقات مۇۋەپپەقىيەتلىرى**

5 - 2 - 1 - جەدۋەل

| تۈرى | مۇكاپاتلانغان تۈر نامى | مۇكاپاتلانغان ئورۇن | دەرىجىسى | مۇكاپاتلىغان ئورۇن |
|---|---|---|---|---|
| تۇپراق | تۇپراقنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش دوكلاتى | تۇپراقنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش ئىشخانىسى | 1 | ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمە پەن - تېخنىكا كومىتېتى |
| يېزا ئىگىلىك | يېزا ئىگىلىكىنى ئومۇملاشتۇرۇپ رايونلارغا ئايرىش توغرىسىدا دوكلات | رايونلاشتۇرۇش ئىشخانىسى | 1 | ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمە پەن - تېخنىكا كومىتېتى |
| سۇ - ئېلېكتر | سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسىنى قىشتا سۇ بىلەن ماڭدۇرۇش تېخنىكا تەدبىرلىرى | سۇ - ئېلېكتر ئىدارىسى | 2 | ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمە پەن - تېخنىكا كومىتېتى |
| چارۋىچىلىق | كالىنىڭ فتور ئامىدتىن زەھەرلىنىشى | مال دوختۇرلۇق پونكىتى | 3 | ۋىلايەتلىك پەن - تېخنىكا كومىتېتى |
| چارۋىچىلىق | كالىنىڭ قورسىقىنى يېرىپ موزاي ئېلىش | مال دوختۇرلۇق پونكىتى | 3 | ۋىلايەتلىك پەن - تېخنىكا كومىتېتى |
| ئۆستۈرۈش | بۇغداي ئۆستۈرۈپ يۇقىرى ھوسۇل ئېلىش تېخنىكىسى (بىرلىك مەھسۇلاتى 457.5 كىلوگرام) | دېھقانچىلىق تېخنىكا پونكىتى | 2 | ۋىلايەتلىك دېھقانچىلىق باشقارمىسى تېخنىكا كېڭەيتىش باش پونكىتى |
| تۇپراق، ئوغۇت | 9 - گۇڭشېنىڭ يېشىل ئوغۇتنى كېڭەيتىش توغرىسىدىكى خۇلاسىسى | دېھقانچىلىق تېخنىكا پونكىتى | 2 | ۋىلايەتلىك دېھقانچىلىق باشقارمىسى تېخنىكا كېڭەيتىش باش پونكىتى |
| ئۆستۈرۈش | 150 مىڭ مو يەردىكى «تاڭشەن 6898»، «قەشقەر 1 - نومۇرلۇق» بۇغداي سورتى | ئۇرۇقچىلىق شىركىتى | 3 | ۋىلايەتلىك ئۇرۇقچىلىق شىركىتى |
| ئۆستۈرۈش | 100 مو يەردىكى بۇغداينىڭ بىرلىك مەھسۇلاتى جەھەتتە 527 كىلوگرام يۇقىرى مەھسۇلات ئېلىش بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىش سىنىقى | دېھقانچىلىق تېخنىكا پونكىتى | 1 | ئاپتونوم رايونلۇق دېھقانچىلىق نازارىتى |
| تۇپراق، ئوغۇت | مەھەللىۋى ئوغۇتنى كۆپ قويۇش، خىمىيىۋى ئوغۇتنى مۇۋاپىق ئىشلىتىش | دېھقانچىلىق تېخنىكا پونكىتى | 2 | ئاپتونوم رايونلۇق دېھقانچىلىق نازارىتى |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| باغۋەنچىلىك | 100 مو يەردىكى كىشمىش ئۈزۈم ئانىلىق كۆچەتلىكىدىكى كۆچەتنىڭ تۇتۇش نىسبىتىنى 86.5% كە يەتكۈزۈش | دېھقانچىلىق ئىدارىسى | 3 | ئاپتونوم رايونلۇق دېھقانچىلىق نازارىتى |
| باغۋەنچىلىك | سۇلياۋ يوپۇق بىپىپ يېتىشتۈرۈلگەن كىشمىش ئۈزۈم كۆچىتىنىڭ تۇتۇش نىسبىتىنى 53 % — 62 % كە يەتكۈزۈش | دېھقانچىلىق ئىدارىسى | 2 | ئاپتونوم رايونلۇق دېھقانچىلىق نازارىتى |
| ئۆستۈرۈش | 1600 مولۇق ئوتتۇرا مەھسۇلاتلىق بۇغداينى يۇقىرى ھوسۇللۇق بۇغدايغا ئايلاندۇرۇپ بىرلىك مەھسۇلاتىنى 350 كىلوگرامغا يەتكۈزۈش | دېھقانچىلىق تېخنىكا پونكىتى | 2 | ئاپتونوم رايونلۇق دېھقانچىلىق نازارىتى |
| ئۆستۈرۈش | ناھىيە بويىچە 2700 مو مول ھوسۇللۇق بۇغداي ئېتىزىنىڭ بىرلىك مەھسۇلاتى 350 كىلوگرام بولدى | دېھقانچىلىق تېخنىكا پونكىتى | 2 | ئاپتونوم رايونلۇق دېھقانچىلىق نازارىتى |
| تىببىي ئىلىم | ئىنچىكە ئۈچەي يەل خالتىسى ئىششىقىغا دائىر 50 مىسالدىن خۇلاسە | دوختۇرخانا | 1 | ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمە پەن - تېخنىكا كومىتېتى |
| تۇپراق، ئوغۇت | خىمىيۋى ئوغۇتنى مۇۋاپىق ئىشلىتىش تېخنىكىسىدىن خۇلاسە | دېھقانچىلىق تېخنىكا پونكىتى | 2 | ئاپتونوم رايونلۇق دېھقانچىلىق نازارىتى |
| ئۆستۈرۈش | «828» تەجرىبىسى تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش نەتىجىلىرى | دېھقانچىلىق مەيدانى | 2 | ئاپتونوم رايونلۇق دېھقانچىلىق نازارىتى |
| تۇپراق، ئوغۇت | شورلۇق، تۆۋەن ھوسۇللۇق ئېتىزلارنىڭ قىياپىتىنى ئومۇملاشتۇرۇپ تىزگىنلەش ۋە ئۆزگەرتىش | دېھقانچىلىق تېخنىكا پونكىتى تۇپراق، ئوغۇت گۇرۇپپىسى | 2 | ئاپتونوم رايونلۇق دېھقانچىلىق نازارىتى تېخنىكا كېڭەيتىش باش پونكىتى |
| ئۆسۈملۈك ئاسراش | ئايرۇپىلان بىلەن مۇداپىئە كۆرۈش ئەترىتىنى تەشكىللەش | ئۆسۈملۈك ئاسراش شىركىتى | 3 | ئاپتونوم رايونلۇق دېھقانچىلىق نازارىتى تېخنىكا كېڭەيتىش باش پونكىتى |
| ئۆستۈرۈش | بۇغداينىڭ تۆۋەن ھوسۇلىنى ئوتتۇراھال ھوسۇلغا ئايلاندۇرۇش (ۋىلايەت بويىچە مۇسابىقىگە قاتناشقان) | دېھقانچىلىق تېخنىكا پونكىتى | 2 | ئاپتونوم رايونلۇق دېھقانچىلىق نازارىتى تېخنىكا كېڭەيتىش باش پونكىتى |
| ئۆستۈرۈش | بۇغداينىڭ تۆۋەن ھوسۇلىنى ئوتتۇراھال ھوسۇلغا ئايلاندۇرۇش (ۋىلايەت بويىچە مۇسابىقىگە قاتناشقان) | 2 - گوڭشې دېھقانچىلىق تېخنىكا پونكىتى | 3 | ئاپتونوم رايونلۇق دېھقانچىلىق نازارىتى تېخنىكا كېڭەيتىش باش پونكىتى |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| ئۆستۈرۈش | 30 مىڭ مو يەردىكى سۇلياۋ يوپۇق يېپىپ تېرىلغان كېۋەزنىڭ ئوتتۇرىچە بىرلىك ھوسۇلىنى 80 كىلوگرامغا يەتكۈزۈش | دېھقانچىلىق تېخنىكا پونكىتى | 2 | ئاپتونوم رايونلۇق دېھقانچىلىق نازارىتى تېخنىكا كېڭەيتىش باش پونكىتى |
| باغۋەنچىلىك | يۇقىرى ئۈنۈملۈك، ئەلا سۈپەتلىك كىشمىش ئۈزۈم كۆچىتى يېتىشتۈرۈش | باغۋەنچىلىك مەيدانى | 3 | ئاپتونوم رايونلۇق دېھقانچىلىق نازارىتى تېخنىكا كېڭەيتىش باش پونكىتى |
| ئۆستۈرۈش | سۇلياۋ يوپۇق يېپىپ كېۋەز تېرىش تەجرىبىسىدىن خۇلاسە | دېھقانچىلىق تېخنىكا پونكىتى | 2 | ئاپتونوم رايونلۇق دېھقانچىلىق نازارىتى تېخنىكا كېڭەيتىش باش پونكىتى |
| چارۋىچىلىق | يەرلىك پاكار ئېشەكتىن پايدىلىنىپ ئېشەك خېچىرى كۆپەيتىش سىنىقى توغرىسىدا دوكلات | مال دوختۇرلۇق پونكىتى | 1 | ئاپتونوم رايونلۇق پەن - تېخنىكا كومىتېتى |
| ئۆستۈرۈش | «قەشقەر 1 - نومۇرلۇق» بۇغدايىنىڭ ئەسلى ئۇرۇقلۇقىدىن ئەلا سۈپەتلىك ئۇرۇق يېتىشتۈرۈش | ئۇرۇقچىلىق مەيدانى | 1 | ئاپتونوم رايونلۇق ئۇرۇقچىلىق شىركىتى ئۆلچەملەشتۈرۈش باش ئىدارىسى |
| ئۆستۈرۈش | ئەلا سۈپەتلىك «تاڭشەن 6898» ئۇرۇقلۇقى | ئۇرۇقچىلىق مەيدانى | 2 | ئاپتونوم رايونلۇق ئۇرۇقچىلىق شىركىتى ئۆلچەملەشتۈرۈش باش ئىدارىسى |
| ئۆستۈرۈش | ئۇرۇقنى تۈجۈپىلەپ تاللاش | ئۇرۇقچىلىق مەيدانى | 3 | ئاپتونوم رايونلۇق ئۇرۇقچىلىق شىركىتى ئۆلچەملەشتۈرۈش باش ئىدارىسى |
| ئۆستۈرۈش | تۆۋەن ھوسۇلدىن ئوتتۇراھال ھوسۇلغا ئايلاندۇرۇلغان 100 مو بۇغدايىنىڭ بىرلىك مەھسۇلاتىنى 1983 - يىلدىكىدىن %106 ئاشۇرۇپ گۆشى بويىچە مەھسۇلاتىنىڭ %46 ئېشىشىغا تۈرتكە بولۇش | دېھقانچىلىق تېخنىكا پونكىتى | 2 | قەشقەر ۋىلايەتلىك دېھقانچىلىق باشقارمىسى تېخنىكا كېڭەيتىش باش پونكىتى |
| ئۆستۈرۈش | 100 مو بۇغدايىنىڭ بىرلىك مەھسۇلاتىنى %54 ئاشۇرۇپ، گۆشى بويىچە مەھسۇلاتىنىڭ %25.3 ئېشىشىغا تۈرتكە بولۇش | دېھقانچىلىق تېخنىكا پونكىتى | 2 | قەشقەر ۋىلايەتلىك دېھقانچىلىق باشقارمىسى تېخنىكا كېڭەيتىش باش پونكىتى |
| ئۆستۈرۈش | 100 مو بۇغدايىنىڭ بىرلىك مەھسۇلاتىنى %22.3 ئاشۇرۇپ، گۆشى بويىچە مەھسۇلاتىنىڭ %25.3 ئېشىشىغا تۈرتكە بولۇش | دېھقانچىلىق تېخنىكا پونكىتى | 3 | قەشقەر ۋىلايەتلىك دېھقانچىلىق باشقارمىسى تېخنىكا كېڭەيتىش باش پونكىتى |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| ئۆستۈرۈش | 1500 مو بوغداينىڭ بىرلىك مەھسۇلاتىنى 966 جىڭغا يەتكۈزۈپ، 1983 - يىلدىكىدىن 15% ئاشۇرۇپ، گۆشى بويىچە مەھسۇلاتىنىڭ 25.3% ئېشىشىغا تۆرتكە بولۇش | دېھقانچىلىق تېخنىكا پونكىتى | 3 | قەشقەر ۋىلايەتلىك دېھقانچىلىق باشقارمىسى تېخنىكا كېڭەيتىش باش پونكىتى |
| ئۆستۈرۈش | 50 مىڭ مو مول ھوسۇللۇق يەرنىڭ بىرلىك مەھسۇلاتىنى 341.5 كىلوگرامغا يەتكۈزۈپ، ناھىيە بويىچە بوغداينىڭ بىرلىك مەھسۇلاتىنى 226.5 كىلوگرامغا يەتكۈزۈپ، مەھسۇلاتىنى 36% ئاشۇرۇشقا تۆرتكە بولۇش | دېھقانچىلىق تېخنىكا پونكىتى | 1 | قەشقەر ۋىلايەتلىك دېھقانچىلىق باشقارمىسى تېخنىكا كېڭەيتىش باش پونكىتى |
| ئۆستۈرۈش | يوپۇرمىقى كونترول قىلىنىپ باشقۇرۇلغان 2000 مو بوغداينىڭ يوپۇرمىقىنى كونترول قىلىش تېخنىكىسىنى كېڭەيتىپ، بىرلىك مەھسۇلاتىنى 1983 - يىلدىكىدىن 40% ئاشۇرۇش | دېھقانچىلىق تېخنىكا پونكىتى | 2 | قەشقەر ۋىلايەتلىك دېھقانچىلىق باشقارمىسى، تېخنىكا كېڭەيتىش باش پونكىتى |
| ئۆستۈرۈش | ئوتتۇراھال ھوسۇللۇقتىن يۇقىرى ھوسۇللۇققا ئۆزگەرتىلگەن 800 مو يەردىكى ئادەتتىكى كېۋەزنىڭ ھەر موسىدىن 67.7 كىلوگرام پاختا ئېلىپ 1983 - يىلدىكىدىن 21.7% ئاشۇرۇش | دېھقانچىلىق تېخنىكا پونكىتى | 2 | قەشقەر ۋىلايەتلىك دېھقانچىلىق باشقارمىسى، تېخنىكا كېڭەيتىش پونكىتى |
| ئۆستۈرۈش | 800 مو يەرنىڭ بىرلىك مەھسۇلاتىنى 511 كىلوگرامغا يەتكۈزۈپ 1983 - يىلدىكىدىن 56.4% ئاشۇرۇش | دېھقانچىلىق تېخنىكا پونكىتى | 2 | قەشقەر ۋىلايەتلىك دېھقانچىلىق باشقارمىسى تېخنىكا كېڭەيتىش باش پونكىتى |
| ئۆستۈرۈش | تۆۋەن ھوسۇللۇقتىن ئوتتۇراھال ھوسۇللۇققا ئايلاندۇرۇلغان 500 مو يەردىكى ئادەتتىكى كېۋەزنىڭ ھەر موسىدىن 46.5 كىلوگرام پاختا ئېلىپ، 1983 - يىلدىكىدىن 63% ئاشۇرۇش | دېھقانچىلىق تېخنىكا پونكىتى | 3 | قەشقەر ۋىلايەتلىك دېھقانچىلىق باشقارمىسى تېخنىكا كېڭەيتىش باش پونكىتى |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| ئۆستۈرۈش | تۆۋەن ھوسۇللۇقتىن ئوتتۇراھال ھوسۇللۇققا ئايلاندۇرۇلغان 10 مىڭ مو يەردىكى ئادەتتىكى كېۋەزنىڭ ھەر موسىدىن 61 كىلوگرام پاختا ئېلىپ، 1983 ـ يىلدىكىدىن 72 % ئاشۇرۇش | دېھقانچىلىق تېخنىكا پونكىتى | 2 | قەشقەر ۋىلايەتلىك دېھقانچىلىق باشقارمىسى تېخنىكا كېڭەيتىش باش پونكىتى |
| ئۆستۈرۈش | 100 مو يەردىكى بۇغداينىڭ بىرلىك مەھسۇلاتىنى 54 % ئاشۇرۇپ، گۆشنى بويىچە مەھسۇلاتىنىڭ 3 % . 25 ئېشىشىغا تۆرتكە بولۇش | دېھقانچىلىق تېخنىكا پونكىتى | 2 | قەشقەر ۋىلايەتلىك دېھقانچىلىق باشقارمىسى تېخنىكا كېڭەيتىش باش پونكىتى |
| يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش | يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇشنى رايونلاشتۇرۇش توغرىسىدىكى دوكلات | يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش ئىدارىسىدىن ۋاڭ شىخماۋ | 3 | ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمە پەن ـ تېخنىكا كومىتېتى |
| ئورمانچىلىق | ئورمانچىلىقنى رايونلاشتۇرۇش توغرىسىدىكى دوكلات | ئورمانچىلىق ئىدارىسىدىن جۇشۇشېن | 3 | ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمە پەن ـ تېخنىكا كومىتېتى |
| ئورمانچىلىق | سىرتتىن چىنار ئۇرۇقى كەلتۈرۈپ تېرىپ كۆچەت يېتىشتۈرۈش تېخنىكىسى | جۇشۇشېن، پىڭ چىنپېي | 3 | ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمە پەن ـ تېخنىكا كومىتېتى |
| ئورمانچىلىق | پىندىق ياڭىقىنى تېرىپ كۆچەت يېتىشتۈرۈش تېخنىكىسى | پىڭ چىنپېي | 3 | ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمە پەن ـ تېخنىكا كومىتېتى |

# § 2 . پەن ـ تېخنىكا مۇۋەپپەقىيەتلىرى

قوشۇمچە

## 1 . تۇپراقنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش نەتىجىسى توغرىسىدا

1956 ـ يىلى پوسكام ناھىيىسىدە تۇپراق 1 ـ قېتىم ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈلدى. 1980ـ يىلدىن 1981 ـ يىلغىچە تۇپراق 2 ـ قېتىم ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈلدى. ناھىيىلىك پارتكوم، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەھبەرلىكىدە، 87 كىشى ئاجرىتىلىپ، بەش گۇرۇپپا تەشكىللىنىپ، توققۇز گۇڭشې، تۆت مەيدان، 151 چوڭ ئەترەت، 666 ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتى، 1 مىليون 385 مىڭ 700 مو يەر (بۇنىڭ ئىچىدە تېرىلغۇ يەر 674 مىڭ مو، بىنەم يەر 145 مىڭ

مو) ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈلدى. تەكشۈرۈشتە ئاساسلىق كەسمە يۈزدىن 1072 سى قېزىلدى، 1072 قۇتا تۇپراق ئەۋرىشكىسى، 1025 دېھقانچىلىق تۇپراقلىرىنىڭ خىمىيىۋى ئەۋرىشكىسى، 4300 تۇپراق ئەۋرىشكىسى، 57 سۇ ئەۋرىشكىسى، 340 سىغىمچانلىق، ئېغىرلىق ئەۋرىشكىسى، 104 مىكرو ئېلېمېنتلار تۇپرىقى ئەۋرىشكىسى ئېلىندى، تەجرىبىخانىدا 1020 دېھقانچىلىق تۇپراقلىرىنىڭ خىمىيىۋى ئەۋرىشكىسى، 812 تۇز تەركىبى ئەۋرىشكىسى جەمئىي 19 مىڭ 558 تۈر (قېتىم) ئانالىز قىلىنىپ ۋە خىمىيىلىك تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلىپ، يەتتە تۈرلۈك نەتىجە قولغا كەلتۈرۈلدى، ناھىيىنىڭ 1:50000، 1:200000 ماسشتابلىق تۇپراق تىپى، تۇپراقنىڭ تارقىلىش كۆلىمى خەرىتىسى، تۇپراقتىكى ئورگانىك ماددا، تولۇق ئازوت، ئىشقاردا ئېرىيدىغان ئازوت، ئۈنۈملۈك فوسفور، كالىي مىقدارى خەرىتىسى ۋە بەش خىل ئوزۇقلۇق تەركىبى خەرىتىسى، ھەر خىل تۇپراقلارنىڭ فىزىكىلىق، خىمىيىلىك خۇسۇسىيىتى، ئىشلەپچىقىرىش ئالاھىدىلىكى، يۇقىرى ھوسۇللۇق ئېتىزلارنىڭ تۇپراق شارائىتى، تۆۋەن ھوسۇللۇق ئېتىزلارنىڭ كۆلىمى ۋە ئاساسلىق توسالغۇ بولىدىغان ئامىللارنى دەرىجىگە ئايرىش خەرىتىسى، تۇپراقنى ياخشىلاش، ئىشلىتىش، رايونلارغا ئايرىش خەرىتىسى قاتارلىق 250 پارچە خەرىتە سىزىپ چىقىلدى. ناھىيە بويىچە ھەر قايسى گۇڭشې، مەيدانلارنىڭ ۋە ناھىيىنىڭ تۇپراق تەكشۈرۈش دوكلاتىدىن 14 نۇسخا يېزىپ چىقىلدى، كەسىپ ۋە خىزمەت خۇلاسىسىغا دائىر مەخسۇس تېمىدىكى دوكلاتتىن بەش نۇسخا يېزىپ چىقىلدى. ناھىيە بويىچە تۇپراق بايلىق مەنبەسى ئېنىقلاندى، تۇپراقتىن مۇۋاپىق پايدىلىنىش، تۇپراققا قاراپ تېرىقچىلىق قىلىش، تۇپراققا قاراپ ئوغۇتلاش، تۇپراققا قاراپ ياخشىلاش، تۇپراققا قاراپ سۇغىرىش ئىلمىي ئاساس بىلەن تەمىن ئېتىلدى. ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا، «تەتبىق قىلىش» ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش خىزمىتىنىڭ مۇھىم بىر مەزمۇنى قىلىندى، ئۈرۈمچىلىق مەيدانىدا مەھسۇلاتقا قاراپ ئوغۇت بېكىتىش بويىچە تەتبىق قىلىش نەتىجىسى تەجرىبىسى ئېلىپ بېرىلىپ، سىناق خۇلاسىسى بويىچە بىر نۇسخا دوكلات يېزىپ چىقىلدى. تۇپراقنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش دوكلاتى ۋە خەرىتىسىنى ناھىيىلىك پارتكوم، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى تەكشۈرۈپ بېكىتتى، دالا مەشغۇلاتى خىزمىتى ۋە ئىچكى مەشغۇلات خىزمىتى دوكلاتى، ئاپتونوم رايون ۋە ۋىلايەتلىك تۇپراقنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش ئىشخانىسى مەسلىھەتچىلەر گۇرۇپپىسى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش ئارقىلىق، سۈپەت جەھەتتە لاياقەتلىك بولۇپ چىقتى. «تۇپراقنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش دوكلاتى» 1981 - يىل 12 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق تۇپراقنى 4 - قېتىم ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش خىزمىتى يىغىنىدا 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. 1983 - يىلى قەشقەر ۋىلايەتلىك پەن - تېخنىكا يىغىنىدا 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى (مەمۇرىي مەھكىمە پەن-تېخنىكا كومىتېتى مۇكاپاتلىدى).

## 2. يېزا ئىگىلىكىنى رايونلارغا ئايرىش نەتىجىسى توغرىسىدا

پوسكام ناھىيىسىدە يېزا ئىگىلىكىنى رايونلارغا ئايرىش 1981 - يىلى 5 - ئايدا باشلاندى، ناھىيىلىك پارتكوم ۋە ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەھبەرلىكىدە، ھاكىمنىڭ مۇدىر ئەزالىقىدا، يېزا ئىگىلىكىنى رايونلارغا ئايرىش ھەيئىتى قۇرۇلۇپ، دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، سۇ ئىشلىرى، چارۋىچىلىق ۋە يېزا ئىگىلىكى قاتارلىق ئالاقىدار تارماقلاردىكى پەن - تېخنىكا كەسپىي كادىرلىرى ۋە خىزمەتچى خادىملىرىدىن 40 تىن ئارتۇق ئادەم ئاجرىتىلىپ رايونلارغا ئايرىش ئەترىتى تەشكىللەندى، ئۇلار يېزىلارغا بېرىپ، ناھىيە بويىچە ئېكولوگىيىلىك تەبىئىي

بايلىق مەنبەلىرىنى تەكشۈردى، بەش ئاي نەق مەيداندا خىزمەت ئىشلەش ئارقىلىق، كىلىمات بايلىق مەنبەسى، يەر بايلىقى مەنبەسى، سۇ بايلىقى مەنبەسى، بىئولوگىيىلىك بايلىق مەنبەسى ۋە يېزا ئىگىلىك قۇرۇلمىسى، يېزا ئىگىلىكىنى باشقۇرۇش، يېزا ئىقتىسادى قاتارلىق تارىخىي ماتېرىياللارنى رەتلەپ چىقتى.

1982 ـ يىلىنىڭ بېشىدا يېزا ئىگىلىكىنى ئونىۋېرسال رايونلارغا ئايرىش ھەققىدە 10نەچچە مىڭ خەتلىك دوكلات يېزىپ چىقىلدى. 1:50000، 1:200000 ماسشتابلىق مەخسۇس خەرىتىدىن46 سى سىزىپ چىقىلدى، كەسپىي، تارىخىي، ماتېرىياللار جەدۋىلىدىن 12 نۇسخا يېزىپ چىقىلدى، ھەر قايسى كەسپلەر بويىچە رايونلارغا ئايرىش ھەققىدە 50 مىڭ خەتلىكتىن ئارتۇق دوكلات يېزىپ چىقىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە، تېرىقچىلىق، چارۋىچىلىق، ئورمانچىلىق، تۇپراقچىلىق، سۇ ئىشلىرى، يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش، پىلىچىلىك، باغۇەنچىلىك، ھاۋارايى، يېزا ئىقتىسادى، گۆشخىي ـ ئەترەت كارخانىلىرى قاتارلىق كەسپلەر بويىچە مەخسۇس رايونلارغا ئايرىش دوكلاتى بار، بۇ دوكلاتلاردا ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇق، ئىقتىسادىي ئۈنۈم، ساقلانغان مەسىلە قاتارلىق جەھەتتە، ناھىيە بويىچە كەسپلەرنى رايونلارغا ئايرىشنىڭ ھازىرقى ھالىتى، ئالاھىدىلىكى، يېقىنقى مەزگىللىك تەڭشەشنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى، بۇنىڭدىن كېيىنكى تەرەققىيات فاڭجېنى، تەرەققىيات پىلان تەسەۋۋۇرى ۋە ئىشلەپچىقىرىشنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ ئاساسلىق تېخنىكا تەدبىرى قاتارلىقلار بايان قىلىنغان، يېزا ئىگىلىكىنىڭ «سەككىز سۆزلۈك ئاساسىي قانۇنى» ، كىلىمات، ئېكولوگىيىلىك بايلىق مەنبەسى قاتارلىقلار دەۋر قىلىنغان ھالدا يەرنى قۇۋۋەتلەندۈرۈش، ئوغۇت بەرپا قىلىش، بېدىنى كېڭەيتىپ تېرىش، يېشىل ئوغۇتنى نۆۋەتلەشتۈرۈپ تېرىش، سۇ مەنبەلىرىنى ئېچىش ـ سۇ تېجەش، زەي سۈنى چىقىرىۋېتىپ شورنى تىزگىنلەش، تۇپراقنى ياخشىلاش، ئىلمىي ئۇسۇلدا تېرىقچىلىق قىلىش، ئورمان تورلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى، يوللارنى ئورمان بىلەن تورلاشتۇرۇش، مېۋىلىك دەرەخ تۈرى ۋە سورتى، مېۋىلىك دەرەخ بايلىق مەنبەسى، پىلە ـ ئۈجمە بايلىق مەنبەسى ۋە ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالى، ئوتلاقنى، چارۋا نەسلىنى ياخشىلاش، بېقىلىدىغان چارۋىنى ئوت ـ چۆپكە قاراپ بېكىتىش، چارۋىچىلىقتا قولدىن چىقىرىش نىسبىتى ۋە چارۋىنىڭ تاۋارغا ئايلىنىش نىسبىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، كۆپ خىل ئىگىلىكنى يولغا قويۇش، كارخانىلارنى راۋاجلاندۇرۇش، يېزا ئىقتىسادىنى باشقۇرۇش قاتارلىق جەھەتتە ھەر قايسى كەسپلەرنى رايون، بۆلەكلەرگە ئايرىپ تەرەققىي قىلدۇرۇش يۈنىلىشى ئىلمىي يوسۇندا ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

بۇ كەسپلەر بويىچە رايونلارغا ئايرىش دوكلاتى ۋە يېزا ئىگىلىكىنى ئۇنىۋېرسال رايونلارغا ئايرىش دوكلاتى 1981 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنىدىن 3 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىگىچە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى پوسكام ناھىيىلىك كومىتېتى، ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى، ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەش بىرلىشىپ چاقىرغان، 50 نەچچە كىشى قاتناشقان تەكشۈرۈپ بېكىتىش يىغىنىدا تەكشۈرۈپ ماقۇللاندى ھەمدە 1982ـيىل 3 ـ ئايدا تۈزىتىش كىرگۈزۈلدى. شۇ يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق يېزا ئىگىلىكىنى رايونلارغا ئايرىش كومىتېتى ۋە قەشقەر ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىكىنى رايونلارغا ئايرىش كومىتېتى تەكشۈرۈپ بېكىتىپ، ئوخشاش خىلدىكى يېزا ئىگىلىكىنى ئۇنىۋېرسال رايونلارغا ئايرىش دوكلاتى بويىچە 1 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشىدىغان تۈر قىلىپ باھالىدى. 1982 ـ يىلى يەنە قەشقەر ۋىلايەتلىك پەن ـ تېخنىكا يىغىنىدا 1 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

### 3 . پوسكام ناھىيىلىك ئۆرۈقچىلىق مەيدانىدا كېڭەيتىلگەن تۆرلەر ۋە مۇكاپاتلانغان تۆرلەرنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇش

ئۆرۈقچىلىق مەيدانى 1974 - يىلدىن بۇيان ئاپتونوم رايون ۋە ۋىلايەتنىڭ كۆزگى بۇغداينى رايونلاشتۇرۇش تەجرىبىسىنى ئۈستىگە ئېلىپ، ئۇدا 11 يىل ئۆزمەي تەجرىبە قىلدى. تەجرىبە قىلىش ئارقىلىق، بۇغداي سورتىنىڭ ماسلىشىشچانلىقى، مول ھوسۇللۇقلۇقى ۋە تاقابىلچانلىقى ئۈستىدە ئىزدىنىپ، سورتنىڭ پايدىلىنىش قىممىتىنى بېكىتىپ، پوسكام ناھىيىسى ئۇچۇن «قەشقەر 1 - نومۇرلۇق» ۋە «تاڭشەن 6898» دىن ئىبارەت ئىككى خىل ئەلا سورتنى كېڭەيتىشنى بەلگىلەپ بەردى.

ئۆرۈقچىلىق مەيدانى پەن تەتقىقات گۇرۇپپىسى بۇ ئىككى خىل سورتنى كېڭەيتكەندىن باشلاپ، «قەشقەر 1 - نومۇرلۇق» ۋە «تاڭشەن 6898»نى ساپلاشتۇرۇپ، يېڭىلاپ، جەمئىي توققۇز قېتىم ئاپتونوم رايون ۋە قەشقەر ۋىلايىتى، پوسكام ناھىيىسىنىڭ پەن تەتقىقات مۇكاپاتى ۋە ئىلغار كوللېكتىپ مۇكاپاتىغا جۈملىدىن ئالتە قېتىم ۋىلايەت ۋە ئاپتونوم رايونىنىڭ مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

1983 - يىل 10 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق ئۆرۈقچىلىق شىركىتى چاقىرغان بۇغداينى رايونلاشتۇرۇش تەجرىبىسى بويىچە خۇلاسە يىغىنىدا، پەن تەتقىقات گۇرۇپپىسى ئىلغار ئورۇن بولۇپ تىكلەندى.

1980 - يىل 12 - ئايدا ئاپتونوم رايون چاقىرغان شىنجاڭ بويىچە ئۆرۈقچىلىق شىركەتلىرىنىڭ كۆزگى بۇغداينى رايونلاشتۇرۇش تەجرىبىلىرىنى خۇلاسىلەش يىغىنىدا، ئۆرۈقچىلىق مەيدانى پەن تەتقىقات گۇرۇپپىسى 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

1981 - يىل 6 - ئايدا قەشقەر ۋىلايەتلىك ئۆرۈقچىلىق شىركىتى چاقىرغان كۆزگى بۇغداي ئۆرۈقلۇقىنى رايونلاشتۇرۇش تەجرىبىسى خىزمەت يىغىنىدا، پەن تەتقىقات گۇرۇپپىسى ئىلغار كوللېكتىپ مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

1983 - يىل 11 - ئاينىڭ ئاخىرىدا، پەن تەتقىقات گۇرۇپپىسى قەشقەر ۋىلايىتى بويىچە «ياشلارنىڭ پەننى ئۆگىنىش، پەننى ئىشلىتىش يىغىنى»غا قاتناشقان ئىلغار كوللېكتىپ بولۇپ تەقدىرلەندى.

1983 - يىلى پەن تەتقىقات گۇرۇپپىسى تەمىنلىگەن بۇغداي سورتى ئەلا سورتلار بويىچە ئاپتونوم رايونىنىڭ 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئەلا سورتلار بويىچە («تاڭشەن 6898» ئەسلى ئۆرۈقلۇقى) ئاپتونوم رايونىنىڭ 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتىغا، ئۆرۈقنى توجۇپىلەپ تاللاش تېخنىكىسى 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

## § 3 . پەن - تېخنىكا قوشۇنى

1944 - يىلى ناھىيە بويىچە ئىككى نەپەر دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق تېخنىكا خادىمى بار ئىدى. 1956 - يىلى ھەر خىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى 293 نەپەرگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئوقۇتقۇچى 246 نەپەر، يېزا ئىگىلىك تېخنىكا خادىمى 15 نەپەر، مال دوختۇرى بىر نەپەر، بوغالتىر 21 نەپەر. 1966 - يىلى ھەر خىل كەسپىي تېخنىكا خادىمى 488 نەپەرگە يەتتى، بۇنىڭ

ئىچىدە ئوقۇتقۇچى 369 نەپەر، دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق سۇ ئىشلىرى كەسپىي تېخنىكا خادىمى 24 نەپەر، بوغالتىر 45 نەپەر. 1983 - يىلى تېخنىكا خادىملىرىغا ئۇنۋان بېرىلگەندىن كېيىن، 1984 - يىلغىچە، كەسپىي - تېخنىكا خادىمى 1257 نەپەرگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئىنژېنېر تۆت نەپەر، ياردەمچى ئىنژېنېر 13 نەپەر، تېخنىك سەككىز نەپەر؛ ئاگرانوم سەككىز نەپەر، ياردەمچى ئاگرانوم 26 نەپەر، دېھقانچىلىق تېخنىكى 33 نەپەر، مەسئۇل چارۋىچىلىق تېخنىكى بىر نەپەر، ياردەمچى مەسئۇل چارۋىچىلىق تېخنىكى ئىككى نەپەر، چارۋىچىلىق تېخنىكى 17 نەپەر؛ ئوقۇتقۇچى 931 نەپەر؛ مەسئۇل بوغالتىر بىر نەپەر، ياردەمچى مەسئۇل بوغالتىر 12 نەپەر، بوغالتىر 15 نەپەر.

1980 - ۋە 1982 - يىللىرى ناھىيىدە ئىككى قېتىم پەن - تېخنىكا يىغىنى چاقىرىلىپ، 50 نەچچە تۈرلۈك پەن تەتقىقات نەتىجىسى كېڭەيتىلدى؛ پەن تەتقىقات پائالىيىتىدە كۆرۈنەرلىك نەتىجە ياراتقان 33 نەپەر پەن - تېخنىكا خىزمەتچىسى تەقدىرلەندى ۋە مۇكاپاتلاندى، 43 تۈرلۈك پەن تەتقىقات نەتىجىسى ئاپتونوم رايون ۋە ۋىلايەتنىڭ مۇكاپات باھالىشىغا قاتناشتۇرۇلۇش ئۈچۈن كۆرسىتىپ بېرىلدى. غازى ئۆلۈغ مەملىكەت بويىچە ئاز سانلىق مىللەتتىن بولغان ئىلغار پەن - تېخنىكا خىزمەتچىسى، گويۇسەي، يەن شىڭشىلار ئاپتونوم رايون بويىچە ئىلغار پەن - تېخنىكا خىزمەتچىسى بولۇپ باھالىنىپ، مەملىكەتلىك ۋە ئاپتونوم رايونلۇق ئىلغار پەن - تېخنىكا خىزمەتچىلىرىنى مۇكاپاتلاش يىغىنىغا قاتناشتى.

## § 4 . پەن - تېخنىكا ئاپپاراتى

1941 - يىلى ناھىيىلىك ھۆكۈمەتتە دېھقانچىلىققا يېتەكچىلىك قىلغۇچى، چارۋىچىلىققا يېتەكچىلىك قىلغۇچى تەسىس قىلىنغان. 1944 - يىلى نامى دېھقانچىلىق تېخنىكى، چارۋىچىلىق تېخنىكى دەپ ئۆزگەرتىلگەن. 1948 - يىلى قۇرۇلۇش بۆلۈمى تەسىس قىلىنىپ، دېھقانچىلىق چارۋىچىلىق تېخنىكىسىغا يېتەكچىلىك قىلىش خىزمىتىنى ئاساسلىق باشقۇرغان.

1951 - يىلدىن باشلاپ، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، دېھقانچىلىق تېخنىكا پونكىتى، مال دوختۇرلۇق پونكىتى، ئۆلچەم پونكىتى، ئۇرۇقچىلىق پونكىتى، ھاۋارايى پونكىتى قۇرۇلۇپ، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق تېخنىكىسىنى كېڭەيتىپ، سۈپەتلىك ئۇرۇقلۇقلارنى كىرگۈزۈپ، كۆپەيتىپ، بېزا ئىگىلىك ھاۋارايىدىن ئالدىن مەلۇمات بېرىپ، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلدى. پەن - تېخنىكىنى ئاساسلىق باشقۇرغۇچى ئاپپارات ناھىيىلىك پەن - تېخنىكا كومىتېتىدىن ئىبارەت بولدى. ناھىيىلىك پەن - تېخنىكا كومىتېتى 1960 - يىلى قۇرۇلغان بولۇپ، ئۇ چاغدا شتاتى بېكىتىلمىگەن، كەسپىي قانات بايدۇرۇلمىغانىدى. 1973 - يىلى بۇ كومىتېت قايتىدىن قۇرۇلۇپ بىر نەپەر مۇئاۋىن مۇدىر، ئىككى نەپەر گەنسى سەپلەندى. 1983 - يىلى شتاتى ئالتىگە يەتتى، ئۇ. ناھىيە بويىچە پەن - تېخنىكا ئەھۋالىنى ئالماشتۇرۇش، پەن - تېخنىكا ئارخىپىنى باشقۇرۇش، پەن - تېخنىكا كىرگۈزۈش، كېڭەيتىش، تەجرىبە قىلىپ ئۈلگە كۆرسىتىش، پەن تەتقىقات نەتىجىلىرىنى ۋە كىرگۈزۈلگەن پەن - تېخنىكا تۈرلىرىنى باھالاپ بېكىتىش قاتارلىق خىزمەتلەرگە مەسئۇل بولۇپ كەلدى.

## پوسكام ناهىيىسى بويىچە ئىنژېنېرلىق، ئاگرانوملۇق ئۇنۋانى ئالغانلار

| ئىسىم - فامىلىسى | جىنسى | مىللىتى | ئۇنۋانى | پۈتتۈرگەن مەكتىپى | هازىرقى ۋەزىپىسى |
|---|---|---|---|---|---|
| چۇجىلۇڭ | ئەر | خەنزۇ | ئىنژېنېر | ۋۇخەن سۇ ئىشلىرى مەكتىپى | ناهىيىلىك پارتكوم يېزا خىزمىتى بۆلۈمىنىڭ باشلىقى |
| گويۇسەي | ئەر | خەنزۇ | مەسئۇل چارۋىچىلىق تېخنىكى | گەنسۇ يېزا ئىگىلىك داشۆسى | چارۋىچىلىق ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى |
| جۇشۇشېن | ئەر | خەنزۇ | ئىنژېنېر | نەنجىڭ ئورمانچىلىق شۆيۈەنى | ئورمانچىلىق ئىدارىسىنىڭ باشلىقى |
| ئېزىز يۇنۇس | | | ئاگرانوم | قەشقەر يېزا ئىگىلىك تېخنىكومى | پەن - تېخنىكا كومىتېتىنىڭ گەنسىسى |
| ئابدۇسەمەت | | | ئاگرانوم | قەشقەر يېزا ئىگىلىك تېخنىكومى | تېخنىك |
| جاڭ جياچى | ئەر | خەنزۇ | ئىنژېنېر | «1 - ئاۋغۇست» يېزا ئىگىلىك شۆيۈەنى | سۇ - ئېلېكتىر ئىدارىسىنىڭ باشلىقى |
| جاڭ لېەنچى | ئەر | خەنزۇ | ئاگرانوم | جېجياڭ يېزا ئىگىلىك شۆيۈەنى | ئۇجمە - پىلىچىلىك كادىرى |
| پېي يۆخۇا | ئايال | خەنزۇ | ئاگرانوم | نەنجىڭ ئۇجمە - پىلىچىلىك تېخنىكومى | ئۇجمە - پىلىچىلىك كادىرى |
| دۇيۈن رۇڭتىڭ | ئەر | خەنزۇ | ئاگرانوم | شىنجاڭ داشۆسى | دېهقانچىلىق تېخنىكا پونكىتىنىڭ كادىرى |
| جۇشياۋلەي | ئەر | خەنزۇ | ئاگرانوم | ئوتتۇرا جۇڭگو يېزا ئىگىلىك شۆيۈەنى | دېهقانچىلىق تېخنىكا پونكىتىنىڭ كادىرى |
| يەن شىڭشى | ئەر | خەنزۇ | ئاگرانوم | غەربىي شىمال يېزا ئىگىلىك شۆيۈەنى | پەن - تېخنىكا كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى |
| چېن رۇنشۇ | ئەر | خەنزۇ | ئاگرانوم | «1 - ئاۋغۇست» يېزا ئىگىلىك شۆيۈەنى | ئۇرۇقچىلىق شىركىتىنىڭ تېخنىكى |
| ۋاڭ شىڭماۋ | ئەر | خەنزۇ | ئىنژېنېر | سىچۈەن يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى شۆيۈەنى | يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش ئىدارىسىنىڭ كادىرى |
| رېن ۋېنجاڭ | ئەر | خەنزۇ | مەسئۇل ۋراچ | ئۈرۈمچى شەھەرلىك تېببىي مەكتەپ | سەھىيە ئىدارىسىنىڭ باشلىقى |
| لى يۇڭفۇ | ئەر | خەنزۇ | مەسئۇل ۋراچ | شىنجاڭ ھەربىي رايونى كادىرلار مەكتىپى | دوختۇرخانىنىڭ باشلىقى |
| گو رۇڭفۇ | ئەر | خەنزۇ | مەسئۇل بوغالتېر | | مالىيە ئىدارىسىنىڭ باشلىقى |

# Ⅲ باب

# مەدەنىيەت ـ سەنئەت

پوسكام ناھىيىسىدىكى ئۇيغۇر، تاجىك ئاممىسى ناخشا ـ ئۇسسۇلغا ئامراق ۋە ماھىر، ھەر قېتىملىق توي ـ تۆكۈن، ھېيت ـ بايراملاردا، كۆپىنچە، «مەشرەپ» ئۇيۇشتۇرىدۇ. پوسكامدا تىياتىر 1936 ـ يىلى مەيدانغا كەلگەن، ئۇ چاغدا ناھىيىلىك ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى سەنئەت ئۆمىكى قۇرۇپ، «غېرىپ ـ سەنەم»، «تاھىر ـ زۆھرە»، «رابىيە ـ سەئىدىن»، «قانلىق داغ»، «شاڭخەي كېچىسى»، «كۆرەش قىزى»، «سامساق ئاكاڭ قايىنايدۇ» قاتارلىق دراما، ئوپېرالارنى تەييارلىتىپ، ئويناتقۇزغان، چالغۇ ئەسۋابلىرىنى سېتىۋېلىپ، مەدەنىيەت ـ سەنئەت گۇرۇپپىلىرىنى قۇرغان، ياشلارنى ساز چېلىشنى ئۆگىنىشكە قوبۇل قىلغان. ئۇلارغا مەدەنىيەت ـ سەنئەت نومۇرلىرىنى تەييارلاتقان ھەمدە مەبلەغ توپلاپ 1000 دىن ئارتۇق تاماشىبىن سىغىدىغان كۇلۇب سالدۇرغان. 1942 ـ يىلى قەشقەر كىنو قويۇش ئەترىتى ناھىيىگە كېلىپ بىر قېتىم كىنو قويۇپ بەرگەن، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، مەخسۇس مەدەنىيەت ـ سەنئەت ئىشلىرى ئاپپاراتى تەسىس قىلىنىپ ئاممىۋى مەدەنىي كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرى ۋە ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىجادىيىتى قانات يايدۇرۇلدى، كىنو، كىتاب تارقىتىش، ئاخبارات، رادىئو ئىشلىرى راۋاجلاندۇرۇلدى.

## § 1 . ئاممىۋى مەدەنىيەت

### 1 . ئاممىۋى تەشۋىقات

1956 ـ يىل 4 ـ ئايدا پوسكام ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتى قۇرۇلدى، مەدەنىيەت يۇرتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، يېزىلاردا قۇرۇلغان 66 كۇلۇبنى بازا قىلىپ، قارا تاختا گېزىتى، يەرلىك كاناي، رەسىم ـ سۈرەت، پىروېكسىيە فىلىمىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، كەڭ ئاممىغا ئېقىم مەسىلىلىرى، سىياسەت تەشۋىقاتى، سوتسىيالىستىك ۋە كوممۇنىستىك ئىدىيىۋى تەربىيە ئېلىپ باردى، پەن ـ مەدەنىيەت ۋە سەھىيە بىلىملىرىنى ئومۇملاشتۇردى. 1956 ـ يىلى مەدەنىيەت يۇرتى 30 قېتىم رەسىم ـ سۈرەت كۆرگەزمىسى ئۆتكۈزدى، 48 سان قارا تاختا گېزىتى چىقاردى. ئۇنى 50 مىڭ ئادەم (قېتىم) كۆردى. يېزىلاردىكى كۇلۇبلار جەمئىي 396 سان قارا تاختا گېزىتى چىقاردى.

1957 ـ يىلى يېزا كۇلۇبلىرى مۇستەھكەملىنىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، پىروېكسىيە پونكىتىدىن 18 ى قۇرۇلۇپ، 32 مەيدان سەييارە پىروېكسىيە فىلىمى قويۇلدى.

1958 ـ يىلى كۇتۇبخانا ۋە مەدەنىي كۆڭۈل ئېچىش ئۆيى ئېچىلىپ، 3100 نەپەردىن ئارتۇق

كىتابخان ئاكتىپ كۆتۈۋېلىندى، 51 قېتىم رەسىم - سۈرەت كۆرگەزمىسى ئۆتكۈزۈلدى، كۆرگەزمىنى 10 مىڭ 200 ئادەم (قېتىم) كۆردى.

1959 - يىلى مەدەنىيەت يۇرتى خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى ئاممىۋى ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيىتىنى تۇتۇشقا قويۇلدى، تۆت كىشى ناھىيە بازىرىدا خىزمەت ئىشلىدى، ئىككى كىشى ئۇزۇن مەزگىل يېزىلارغا بېرىپ كۇلۇبلارنىڭ پائالىيەتلەرنى قانات يايدۇرۇشىغا ياردەم بەردى.

1975 - يىلى مەدەنىيەت يۇرتى قايتىدىن قۇرۇلۇپ، ئۇنىڭ كەسپى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى، 1984 - يىلغىچە يېزىلاردا مەدەنىيەت پونكىتىدىن 13 ى قۇرۇلدى، 13 كۇتۇبخانا قۇرۇلۇپ، 1009 پارچە كىتاب سېتىۋېلىندى، 6824 نۇسخا ھەر خىل گېزىتكە، 611 خىل، 6606 پارچە ژۇرنالغا مۇشتىرى بولۇندى. مەدەنىي كۆڭۈل ئېچىش ئۆيىدىن 13 ى قۇرۇلدى، ئۇلارغا تىكتاك توپ شىرەسىدىن 101 ى، دامكىدىن 134 ى، خەلقئارا شاھماتتىن 98 ى، تاختا بىليارتتىن 181 ى، گالمادىن 45 ى، پەي توپتىن 58 ى، ئېلېكترونلۇق ئويۇن ئاپپاراتىدىن ئۈچى قويۇلدى. تېلېۋىزور قويۇش ئۆيىدىن سەككىزى قۇرۇلدى، ئۇلارغا سەككىز تېلېۋىزور قويۇلدى. يەنە دائىم رەسىم - سۈرەت كۆرگەزمىسى ئۆتكۈزۈلۈپ، ۋەتىنىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشىدىكى يېڭى مۇۋەپپەقىيەتلەر تەشۋىق قىلىندى. ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتى 42 قېتىم چوڭ تىپتىكى رەسىم-سۈرەت كۆرگەزمىسى، 14 قېتىم فوتو سۈرەت كۆرگەزمىسى، ئىككى قېتىم ھۆسنخەت كۆرگەزمىسى ئۆتكۈزۈپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، «بەش بولۇش، تۆت گۈزەل، ئۈچنى قىزغىن سۆيۈش» پائالىيىتى بويىچە ئىلغار ئىشلارنى تەشۋىق قىلدى ۋە تونۇشتۇردى.

## 2 . مەدەنىيەت - سەنئەت پائالىيىتى

1956 - يىلى مەدەنىيەت يۇرتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۇ، ھەر قايسى رايونلارنىڭ ئىشتىن سىرتقى سەنئەت ئەترىتى (گۇرۇپپىسى)، مەركىزى كۇلۇبلارنى قۇرۇشقا ياردەملەشتى، كۇرس ئېچىپ، رايونلار ئۈچۈن چالغۇچى، ئىشلىگۈچى - رېژىسسورلارنى تەربىيىلەپ بەردى. 1957 - يىلغىچە يېزىلاردا مەركىزى كۇلۇبتىن يەتتىسى، ئىشتىن سىرتقى سەنئەت ئەترىتى (گۇرۇپپىسى) دىن يەتتىسى، يېزا كۇلۇبىدىن 66 سى قۇرۇلدى، يېزىلاردىكى خەلق سەنئەتكارلىرى تايانچ قىلىنغان ئىشتىن سىرتقى سەنئەت ئەترەت (گۇرپپا) لىرى قۇرۇلغاندىن كېيىن، دەرھال سەنئەت نومۇرلىرى تەييارلىنىپ ئاممىغا قويۇپ بېرىلدى. 1956 - يىلدىلا، يېزىلاردىكى ئىشتىن سىرتقى سەنئەت ئەترەتلىرى ھەر خىل سەنئەت نومۇردىن 330 نى تەييارلاپ، ئاممىغا 80 مەيدان (قېتىم) ئويۇن قويۇپ بەردى. ناھىيىلىك ئىشتىن سىرتقى سەنئەت ئۆمىكىمۇ پائال تۈردە نومۇر تەييارلاپ ئاممىغا قويۇپ بەردى. ئۇلار ئورۇندىغان 40 نەچچە نومۇر ئىچىدە ناخشا - ئۇسسۇل، يەنە «پىچاق»، «چىت»، «تىرىشچانلىق، ئىقتىسادچىللىق بىلەن ئائىلە باشقۇرۇش» قاتارلىق دراما، ئوپېرالار بار.

1957 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق 2 - نۆۋەتلىك ئەلنەغمە كۆرىكى ئۆتكۈزۈلگەندە، پوسكام ناھىيىسىدىن ئىسمائىل باخشى كۆرەككە قاتناشتۇرۇلدى.

1959 - يىلى مەدەنىيەت يۇرتى ناھىيە بازىرىدا ئاممىۋى مەدەنىيەت - تەنتەربىيە مەيدانىدىن بىرنى ياسىدى، بىر ئېغىز مەدەنىي كۆڭۈل ئېچىش ئۆيى تەسىس قىلىپ، ئۈچ دانە تىكتاك توپ شىرەسى ۋە تاختا بىليارت قويدى ھەمدە سەنئەت ئۆمىكىنى نومۇر تەييارلاپ يېزىلارغا بېرىپ ئويۇن قويۇشقا تەشكىللىدى، ئاممىۋى مەدەنىي كۆڭۈل ئېچىش پائالىيىتىگە يېتەكچىلىك قىلدى، شۇ يىلى، سەنئەت ئۆمىكى ناھىيە بازىرى ۋە يېزىلاردا 280 مەيدان ئويۇن قويدى. بۇنىڭ ئىچىدە

ناخشا ـ ئۇسسۇلدىن باشقا، يەنە ئۇيغۇرچە ئوپېرا «غۇنچەم»، دراما «باي ۋە مالاي»، «قانلىق داغ»، «بىراقتىكى ئۇچقۇنلار»، «ئۆتمۈشنى ئۇنۇتمايلى» قاتارلىقلار بار. «تامغىنى تارتىۋېلىش» دېگەن كىنونى ئۇيغۇرچە درامىغا ئۆزگەرتىپ ئىشلىدى. تاماشىبىن 189 مىڭ 800 ئادەم (قېتىم)گە، بۇنىڭدىن قىلىنغان كىرىم 8000 يۈەندىن كۆپرەككە يەتتى.

1961 ـ يىلى ناھىيىلىك سەنئەت ئۈمىكى ۋەزىيەت تەربىيىسىگە زىچ ماسلىشىپ، «جياڭ جيېشى يىغلىماقتا» دېگەن درامىنى ئوينىدى. ناھىيە دەرىجىلىك ئورگانلاردىكى خەنزۇ كادىرلار «قومۇشلۇقتىكى چوغ» دېگەن ئوپېرانى ئوينىدى. 1971 ـ يىلى ناھىيىدە بىر قېتىم زور تىپتىكى ئەدەبىيات ـ سەنئەت كۆرىكى تەشكىللىنىپ، 140 نومۇر ئورۇندالدى، تاماشىبىن 10 مىڭ ئادەم (قېتىم)دىن ئاشتى، باھالاش ئارقىلىق، 28 مۇنەۋۋەر ئارتىست تاللاپ چىقىلدى. 13 كىشى ۋىلايەتلىك ئەدەبىيات ـ سەنئەت كۆرىكىگە قاتنىشىشقا تاللاندى، ئىككى كىشى مۇكاپاتلاندى. قايتا تەربىيە ئېلىۋاتقان خەنزۇ زىيالىي ياشلار كىچىك تىپتىكى گاچا تىياتىر «ئىجارە يىغىش قورۇسى»نى تەييارلاپ ئوينىدى. 1975 ـ يىلى يېزىلاردا مەدەنىيەت پونكىتلىرى (ئۆيلىرى) قۇرۇلدى. 12 مەدەنىيەت پونكىتى، 90 مەدەنىيەت ئۆيىنىڭ ھەممىسى ئىشتىن سىرتقى سەنئەت ئەترىتى (گۇرۇپپىسى)نىڭ پائالىيىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، پات ـ پات نومۇر تەييارلاپ ئاممىغا ئويۇن قويۇپ بەردى ياكى «مەشرەپ» كېچىلىكى ئۇيۇشتۇرۇپ تۇردى.

1981 ـ يىلى ناھىيىدە 3 ـ نۆۋەتلىك ئاممىۋى ئەدەبىيات ـ سەنئەت كۆرىكى ئۆتكۈزۈلدى. گۇڭشې، مەيدان، مەكتەپلەردىن 170 نەچچە ئارتىست 200 دىن ئارتۇق ھەر خىل نومۇر ئورۇندىدى.

1983 ـ يىلى ناھىيىدىكى ئالاقىدار تارماقلار ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ئىشتىن سىرتقى ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەترىتى تەشكىللەپ، ۋىلايەتلىك ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ ئىشتىن سىرتقى ئەدەبىيات ـ سەنئەت كۆرىكىگە قاتناشتۇردى. ئالتە نومۇر مۇكاپاتقا ئېرىشتى، بۇنىڭ ئىچىدە بىر نومۇر 1 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، ئىككى نومۇر 2 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، ئۈچ نومۇر 3 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

## 3 . ئىشتىن سىرتقى ئىجادىيەت

1959 ـ يىلدىن كېيىن، ناھىيىدە ئىشتىن سىرتقى ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىجادىيىتى قوشۇنى تەدرىجىي شەكىللىنىپ، ئىشتىن سىرتقى شېئىر، قوشاق، ھېكايە، نەسىر ئىجادىيەتچىلىرى ۋە فوتو سۈرەت، گۈزەل سەنئەت، ھۆسنخەت ھەۋەسكارلىرى مەيدانغا كەلدى. مەمتىمىن پازىل ئەسلىدە 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى ئىدى، ئۇ، شېئىر يېزىشقا ھېرىسمەن بولغاچقا، 1956 ـ يىلى مەدەنىيەت يۇرتىغا يۆتكىلىپ، مەخسۇس ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللاندى ۋە ئاممىنىڭ ئىشتىن سىرتقى ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىجادىيىتىگە يېتەكچىلىك قىلدى. ئۇ ھېسسىياتقا باي، تىلى ئىخچام شېئىرلارنى يازدى ھەمدە «دوستۇمغا» دېگەن شېئىرى بىلەن پۈتۈن ناھىيىدە داڭق چىقاردى. شائىر تۇرۇپ ھەسەننىڭ شېئىرلىرى 1971 ـ يىلدىن ئېتىبارەن ئېلان قىلىنىشقا باشلىغانىدى. ئۇ، 1974 ـ يىلى جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ئەزالىقىغا قوبۇل قىلىندى. بىر قانچە يىلدىن بۇيان، ئۇنىڭ 129 پارچە شېئىرى گېزىت، ژۇرناللاردا ئېلان قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە بىر پارچە شېئىرى «شىنجاڭ گېزىتى»نىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىجادىيىتى مۇكاپاتىغا، يەنە بىر پارچە شېئىرى «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ شېئىرىيەت ئىجادىيىتى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. ئۇنىڭ «خەير خوش! تەنتەك ياشلىق» دېگەن

شېئىرىدا پېشقەدەم ئىنقىلابچىلارنىڭ شانلىق تۆھپىلىرى تولۇپ ـ تاشقان قايناق ھېسسىيات بىلەن مەدھىيىلەنگەن، شائىرنىڭ ياشلارنىڭ ئالدىنقىلارغا ۋارىسلىق قىلىپ، كېيىنكىلەرگە يول ئېچىشىغا بولغان چەكسىز چوڭقۇر ھېسسىياتى ئىپادىلەنگەن. شائىر ئەخمەت مۇساق قەشقەر ۋىلايەتلىك ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ ئەزاسى، ئۇ، 1972 ـ يىلى «مەن ئۆزۈمنى بەختىيار سەزدىم» دېگەن شېئىرى بىلەن ئەدەبىيات سەھنىسىگە كىرىپ كەلگەن. كېيىن ئۇنىڭ 50 تىن ئارتۇق شېئىرى «قەشقەر ئەدەبىياتى»، «شىنجاڭ گېزىتى»، «شىنجاڭ ئەدەبىيات ـ سەنئىتى» قاتارلىق گېزىت ـ ژۇرناللاردا ئارقا ـ ئارقىدىن ئېلان قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدىكى ئىككى شېئىرى ئەدەبىيات نەشرىياتى نەشر قىلغان «مەدھىيە ناخشىلىرى بېيجىڭغا ئۇچماقتا» دېگەن شېئىرلار توپلىمىغا كىرگۈزۈلدى. 1980 ـ يىلدىن كېيىن، ئۇ پوۋېست، ھېكايە ئىجادىيىتىگە كىرىشتى، ئۇنىڭ «ئەپەندىنىڭ يېڭى لەتىپىلىرى»، «تونۇشۇش»، «جىلغىدىكى بىر كېچە»، «ئايبۇلاق» قاتارلىق پوۋېست، ھېكايىلىرى ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ، «قەشقەر ئەدەبىياتى»، «تارىم» قاتارلىق ژۇرناللاردا ئېلان قىلىندى. خەنزۇ كادىر لى گۋاڭجۇننىڭ ئىشتىن سىرتقى ۋاقىتتىن پايدىلىنىپ يازغان «پۇشايمان» دېگەن ھېكايىسى «قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىدا، «يۈرتۈمدىكى كۆۋرۈك» دېگەن نەسرى «قەشقەر گېزىتى» دە ئېلان قىلىندى. چىن يۈنخۇەن يازغان «جەم بولۇش»، «مەن مۇكاپاتلىنىشقا تېگىشلىكمۇ؟» دېگەن ھېكايىلەر «قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىندى.

ھۆسنخەت ھەۋەسكارى يۈمىن ھۆسنخەت يېزىش، رەسىم سىزىش، ئويما ئويۇش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىگە ماھىر. 1972 ـ يىلى ئۇ «قەدىردان رەئىس ماۋزېدۇڭ» دېگەن چوڭ ھۆسنخېتى بىلەن ئاپتونۇم رايون بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن ھۆسنخەت كۆرگەزمىسىدە كىشىلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ خەتتاتلار قاتارىدىن ئورۇن ئالدى. ئۇنىڭ ئويما خەت شەكلىدە يازغان مارشال يې جيەنيىڭنىڭ «ئۆتكەلگە ھۇجۇم» دېگەن شېئىرى «شىنجاڭ ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىندى. 1983 ـ يىلى قەشقەر ۋىلايىتى بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن ھۆسنخەت مۇسابىقىسىدا، ئۇ، بەش يېرىم سائەتتە رەئىس ماۋزېدۇڭنىڭ 20 پارچە شېئىرىنى كىچىك باسمىچە خەت، ھۆسنخەت شەكلىدە يېزىپ چىقىپ، 2 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. مەرھۇم ھۆسنخەت ھەۋەسكارى جىڭ جىمىن قەشقەر ۋىلايىتى بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن ھۆسنخەت مۇسابىقىلىرىدا نەچچە قېتىملاپ مۇكاپاتقا ئېرىشىپ، قەشقەر ۋىلايەتلىك رەسساملار جەمئىيىتىنىڭ ئەزالىقىغا قوبۇل قىلىندى. ھۆسنخەت ھەۋەسكارى، قەشقەر ۋىلايەتلىك رەسساملار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى مەتقاسىم ئىبراھىمنىڭ ئەسەرلىرى گېزىت ـ ژۇرناللارغا دائىم بېسىلغاندىن باشقا، يەنە قەشقەر مائارىپ شۆيۈەنى ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى ئۆرنەك قىلىپ ھۆسنخەت دەرسلىكىگە كىرگۈزدى.
جۆڭگو فوتو سۈرەتچىلەر جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ئەزاسى، قەشقەر ۋىلايەتلىك فوتو سۈرەتچىلەر جەمئىيىتىنىڭ مۇدىرىيەت ئەزاسى تۇرسۇن تۇردى جاپا چېكىشتىن باش تارتماي، ۋەتىنىمىزنىڭ چېگرا رايونىنىڭ مەنزىرىسىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان سۈرەتلەرنى كۆڭۈل قويۇپ تارتتى، ئۇنىڭ سۈرەتلىرى كۆپ قېتىم ئاپتونوم رايون، قەشقەر ۋىلايىتى ۋە ناھىيە بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن فوتو سۈرەت، گۈزەل سەنئەت كۆرگەزمىسىگە تاللاندى. 1983 ـ يىلى ئۇ تارتقان ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئەھۋالىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان تۆت پارچە گۈزەل سەنئەت سۈرىتى بېيجىڭغا تاللاپ ئەۋەتىلىپ، بېيجىڭ شەھەرلىك ۋە قەشقەر شەھەرلىك رەسساملار جەمئىيىتى بىرلىشىپ ئۆتكۈزگەن «قەشقەر مەنزىرىسى» ناملىق گۈزەل سەنئەت، فوتو سۈرەت

كۆرگەزمىسىگە قاتناشتۇرۇلدى.

ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىش ئاكتىپلىقىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، ناھىيىلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى، ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتى بىرلىشىپ، 1980 ـ يىلى «پوسكام ئەدەبىياتى» (شاپىگراپتا بېسىلغان) نى نەشر قىلدى. ئۇنىڭ 1 ـ سانىغا مەمتىمىن پازىل، تۇرسۇن تۇردى، تۇرسۇن ئېلى، ھەبىبۇللا ئابدۇللا قاتارلىقلارنىڭ يەتتە پارچە شېئىرى، ئەخمەت مۇساق قاتارلىقلارنىڭ بەش پارچە ھېكايىسى ۋە مەھەممەت بارات قاتارلىقلار يازغان چۆچەك، لەتىپە، ئېيتىشىشلار بېسىلدى. خىراجەت يېتىشمىگەچكە، بۇ ژۇرنال ئىككى سان چىقىرىلىپلا توختىتىپ قويۇلدى.

## § 2. كىنو قويۇش

1955 ـ يىلى يەكەن ۋالىي مەھكىمىسى كىنو قويۇش 2 ـ ئەترىتىنى ناھىيىگە سەييارە كىنو قويۇشقا ئەۋەتتى. 1956 ـ يىل 6 ـ ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتى كىنو قويۇش 42 ـ ئەترىتىنى پوسكامدا ئۇزۇن مۇددەت تۇرۇپ كىنو قويۇشقا ئەۋەتتى.

1957 ـ يىلى ناھىيە ئېلىپ مېڭىشقا ئەپلىك 35 مىللىمېترلىق كىنو قويۇش ئاپپاراتىدىن يۇرۇشى بويىچە ئىككى دانە سېتىۋېلىپ 600 نەچچە كۋادرات مېترلىق بىر ئاددىي كىنوخانا سېلىپ، ئۇزۇن مۇددەت نۇقتا بېكىتىپ كىنو قويدى. 1960 ـ يىلى ئىككىسۇ يېزىسى 16 مىللىمېترلىق كىنو قويۇش ئاپپاراتىدىن بىرنى سېتىۋېلىپ، يېزا باشقۇرۇشىدىكى كىنو قويۇش ئەترىتىنى تەشكىللىدى، بۇ ئەترەت يېزا سالغان قىشلىق كىنوخانىدا كىنو قويدى. 1967 ـ يىلىنىڭ بېشىدا ناھىيە 16 مىللىمېترلىق كىنو قويۇش ئاپپاراتىدىن بىرنى سېتىۋېلىپ، ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىدىكى كىنو قويۇش 2 ـ ئەترىتىنى تەشكىللىدى، بۇ ئەترەت پوسكام، ئايكۆل، يىما، گۈلباغلاردا سەييارە كىنو قويدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، كۆلىمى تەخمىنەن 1000 كۋادرات مېتر كېلىدىغان، 2780 ئورۇندۇقلۇق يازلىق كىنوخانا سېلىنىپ، «يېڭى تاڭ نۇرى» ماركىلىق 35 مىللىمېترلىق كىنو قويۇش ئاپپاراتى سېتىۋېلىنىپ، نۇقتا بېكىتىلىپ، كىنو قويۇلدى. 1971 ـ يىلى ئاقتام، سەيلى، يىما، كۆيباغ، گۈلباغ قاتارلىق يېزىلار 16 مىللىمېترلىق كىنو قويۇش ئاپپاراتىدىن بىردىن سېتىۋېلىپ، يېزا باشقۇرۇشىدىكى كىنو قويۇش ئەترەتلىرىنى تەشكىللىدى، بۇ ئەترەتلەر ئۆز يېزىسى تەۋەسىدە سەييارە كىنو قويدى. 1975 ـ يىلى يىما، گۈلباغ، تۇغچى، دېھقانچىلىق مەيدانى، سەيلى قاتارلىق يېزا ـ مەيدانلاردا بەش يازلىق كىنوخانا سېلىندى، ئېلېكتر ئىستانسىسى، كۆمۈر كان، ئورمانچىلىق مەيدانلىرىدىمۇ كىنو قويۇش ئەترىتى قۇرۇلدى. 1980 ـ يىل 10 ـ ئايدا ئىككىسۇ يېزىسى 35 مىللىمېترلىق كىنو قويۇش ئاپپاراتىدىن بىر يۇرۇش سېتىۋالدى ھەمدە كۆلىمى 700 كۋادرات مېتردىن ئاشىدىغان بىر يازلىق كىنوخانا سالدى، كۆيباغ، يىما، گۈلباغ يېزىلىرىدا بىردىن قىشلىق كىنوخانا سېلىندى، ناھىيە بازىرىدىمۇ 1200 ئورۇندۇقلۇق بىر قىشلىق كىنوخانا سېلىندى. 1984 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا ناھىيە بويىچە كىنو قويغۇچى 56 نەپەرگە، كىنو قويغۇچى ئورۇن 18 گە، ھەر خىل كىنو قويۇش ئاپپاراتى 22 گە، جۈملىدىن 16 مىللىمېترلىق كىنو قويۇش ئاپپاراتى 16 (بۇنىڭ ئىچىدە تېخنىكىسى ئىلغار بولغان كسېنون لامپا يورۇقلۇق مەنبەسى قىلىنىدىغان كىنو قويۇش ئاپپاراتى ئالتە) گە، 35 مىللىمېترلىق كىنو قويۇش ئاپپاراتى ئۈچ يۇرۇش ئالتە (بۇنىڭ ئىچىدە 35 مىللىمېترلىق كسېنون لامپا يورۇقلۇق مەنبەسى قىلىنىدىغان چوڭ ئاپپارات ئىككى يۇرۇش تۆت) گە، كىچىك تىپتىكى، يۆتكىگىلى بولىدىغان بېنزىن گېنېراتورى 20 گە، كىنو قويۇش

رايونى 16 گە، كىنو قويۇش نۇقتىسى 135 كە يەتتى، بۇنىڭ بىلەن ناھىيىنىڭ ھەر قايسى بۇلۇڭ ـ پۇشقاقلىرىدىكى ئاممىا كىنو كۆرەلەيدىغان بولدى. كىنو قويۇش نۇقتىلىرى كۆپەيگەنلىكتىن، ناھىيە بويىچە كىنو قويۇش ۋەزىپىسى، 1973 ـ يىلدىن 1976 ـ يىلغىچە بولغان ۋاقىتنى ھېسابقا ئالمىغاندا، باشقا يىللاردا ئاساسىي جەھەتتىن ھەر يىلى ئاشۇرۇپ ئورۇندالدى.

**1960 ـ يىلدىن 1984 ـ يىلغىچە بولغان كىنو قويۇش ئەھۋالى**

5 ـ 3 ـ 1 ـ جەدۋەل

| تۈرلەر | ۋىلايەتتىن چۈشۈرۈلگەن ۋەزىپە | ئەمەلىيەتتە ئورۇندالغىنى |
|---|---|---|
| مەيدان (قېتىم) | 30255 | 39717 |
| تاماشىبىن (ئادەم-قېتىم) | 18726538 | 24837203 |
| فىلىم تارقىتىش ـ قويۇش كىرىمى (يۈەن) | 218350 | 207942.80 |

# § 3. كىتاب تارقىتىش

چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى مەكتەپلەرنىڭ بىر تۈركۈم دەرسلىكىنى ھەقسىز تارقاتقانىدى. شېڭ شىسەي دەۋرىدە، شىنجاڭ سوۋېت ئىتتىپاقى تاشكەنتتىن ئۇيغۇرچە بىر تۈركۈم دەرسلىك سېتىۋېلىپ، ئۇنى ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئاساسلىق باشقۇرغۇچى تارماقلىرى دەرس بېرىدىغان ئوقۇتقۇچىلارنىڭ سانىغا ئاساسەن ئەكىلىپ ئوقۇتقۇچىلارغا تارقىتىپ بەرگەن. گومىنداڭ دەۋرىدە شىنجاڭدا يەنىلا تاشكەنتتە بېسىلغان دەرسلىك ئاساسىدا دەرس ئۆتۈلگەن. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1952 ـ يىلغا قەدەر ناھىيىدە كىتاب تارقىتىدىغان ئاپپارات يوق ئىدى، بۇ چاغدا يەكەن شىنخۇا كىتابخانىسى بىر سەييارە گۇرۇپپا (بىر هارۋا، بىر ئات)نى كىتاب بىلەن سەييارە تەمىنلەش ئۈچۈن بۇ ناھىيىگە ئەۋەتكەنىدى. بىر يىلدا ئىككى ـ ئۈچ قېتىم كىتاب تارقىتىلاتتى، تارقىتىلىش مىقدارى كۆپ ئەمەس ئىدى. باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ دەرسلىكى بىلەن ساۋات چىقىرىش دەرسلىكىنى ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مەدەنىيەت ـ مائارىپ بۆلۈمى يەكەن شىنخۇا كىتابخانىسىغا ۋەكالىتەن تارقىتاتتى. 1953 ـ يىلى يەكەن شىنخۇا كىتابخانىسى ئىككى كىشىنى پوسكامدا مۇقىم تۇرۇپ كىتاب تارقىتىش خىزمىتىنى يولغا قويۇشقا ئەۋەتتى. 1954 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ھەر يىلى 10 مىڭدىن 15 مىڭغىچە كىتاب ۋە دەرسلىك تارقىتىلدى، كىتاب سېتىش سوممىسى 2000 يۈەندىن 3000 يۈەنگىچە بولدى. 1955 ـ يىلى يەكەن شىنخۇا كىتابخانىسىنىڭ پوسكام كىتاب تارقىتىش پونكىتى قۇرۇلدى، كىتاب سېتىش سوممىسى تەخمىنەن 4000 يۈەنگە يەتتى. 1956 ـ يىلى كىتاب تارقىتىش پونكىتى بازاردا ئاددىي بىر كىتاب دۇكىنى ئېچىپ، مۇقىم تىجارەت قىلدى، بۇ دۇكاننىڭ يىللىق تارقاتقان كىتابى 4000 غا، سېتىش سوممىسى تەخمىنەن 8000 يۈەنگە

يەتتى.

1957 ـ يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ تەستىقلىشى بىلەن، قەشقەر شىنخۇا كىتابخانىسى ناھىيە بازىرىدا بىر كىتاب دۇكىنى ئاچتى، بۇ دۇكان بىر يىلدا ساتقان ھەر خىل كىتاب 49 مىڭ 307 گە، سېتىش سوممىسى 12 مىڭ 270 يۈەنگە يەتتى. 1958 ـ يىلى بۇ دۇكان شىنخۇا كىتابخانىسىنىڭ پوسكام تارماق كىتابخانىسىغا ئۆزگەرتىلدى، ئۇ، بىر يىلدا ساتقان ھەر خىل كىتاب 51 مىڭ 292 گە، سېتىش سوممىسى 14 مىڭ 766 يۈەنگە يەتتى. 1959 ـ يىلى پوسكام تارماق كىتابخانىسى ناھىيىلىك شىنخۇا كىتابخانىسىغا ئۆزگەرتىلدى، يىما، گۈلباغ، ئىككىسۇ گۈڭشېلىرىدا بىردىن گۈڭشې كىتابخانىسى سېلىنىپ، نۇقتا بېكىتىپ تەمىنلەش، سەييارە تارقىتىش يولغا قويۇلدى. 1965 ـ يىلى ھەر خىل كىتابلارنى ۋەكالىتەن سېتىش تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپلىرىغا ھاۋالە قىلىندى. 1964 ـ يىلدىن 1984 ـ يىلغىچە بولغان كىتاب تارقىتىش ئەھۋالى تۆۋەندىكى جەدۋەلدە كۆرسىتىلدى:

**پوسكام ناھىيىسىنىڭ 1964 ـ يىلدىن 1984 ـ يىلغىچە بولغان كىتاب تارقىتىش ئەھۋالى**

5 ـ 3 ـ 2 ـ جەدۋەل

| يىللار | كىرگۈزۈلگىنى | | سېتىلغىنى | |
|---|---|---|---|---|
| | كىتاب سانى | سوممىسى (يۈەن) | كىتاب سانى | سوممىسى (يۈەن) |
| 1964 | 97232 | 28763 | 78854 | 24130 |
| 1965 | 163541 | 28791 | 102704 | 22701 |
| 1966 | 347556 | 42870 | 254185 | 36105 |
| 1967 | 608606 | 67920 | 468049 | 50118 |
| 1968 | 668899 | 111280 | 516762 | 69294 |
| 1969 | | 68557 | | 56454 |
| 1970 | 300538 | 59963 | 514519 | 61769 |
| 1971 | 188054 | 42917 | 170125 | 32194 |
| 1972 | 93504 | 20240 | 61950 | 12364 |
| 1973 | 180175 | 35987 | 68111 | 17849 |
| 1974 | 154968 | 29835 | 118711 | 22992 |
| 1975 | 201274 | 41380 | 209770 | 41238 |
| 1976 | 159883 | 39436 | 181024 | 32213 |
| 1977 | 179588 | 60099 | 139601 | 37394 |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| 53429 | 174094 | 47801 | 162177 | 1978 |
| 61518 | 190725 | 74379 | 215728 | 1979 |
| 93946 | 283782 | 100471 | 239568 | 1980 |
| 109162 | 312446 | 113070 | 242499 | 1981 |
| 123213 | 308670 | 120839 | 315729 | 1982 |
| 138878 | 379965 | 144136 | 387995 | 1983 |
| 176476 | 507651 | 190274 | 520626 | 1984 |

كىتاب كىرگۈزۈشتە قارىغۇلۇق ئېغىر بولغانلىقتىن، زور مىقداردىكى كىتابلار سېتىلماي بېسىلىپ قېلىپ، مەبلەغ ئوبوروتىغا تەسىر يېتىپ، زىيان كۆرۈلدى. 1958 ـ يىلدىن 1979 ـ يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا، ئايرىم يىللارنى ھېسابقا ئالمىغاندا، قالغان يىللارنىڭ ھەممىسىدە زىيان كۆرۈلدى، زىيان يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 4123.33 يۈەندىن توغرا كەلدى. 1979 ـ يىلدىن كېيىن، شىنجاڭ نېفىت باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭ نېفىت چارلاش بىرلەشمە جېڭى قوماندانلىق شتابىنىڭ بازىسى پوسكامغا ئورۇنلاشتى، شۇنىڭ بىلەن كىتاب تارقىتىش تور نۇقتىلىرى كۆپەيدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە تىجارەت شەكلى ئۆزگەرتىلىپ، ئوبيېكتقا قاراپ كىتاب زاكاز قىلىش، ئوبيېكتقا قاراپ تارقىتىش ئىشقا ئاشۇرۇلۇپ، قارىغۇلارچە ئىش كۆرۈش ئازايتىلدى، زىيان تارتىش ھالىتى پايدا ئېلىشقا ئۆزگەرتىلدى.

**1978 ـ يىلدىن 1984 ـ يىلغىچە پوسكام ناھىيىسىدە كىتاب تارقىتىشتىن ئېلىنغان پايدا**

5 ـ 3 ـ 3 ـ جەدۋەل

| پايدا سوممىسى (يۈەن) | يىللار | پايدا سوممىسى (يۈەن) | يىللار |
|---|---|---|---|
| 9810 | 1983 | 8748 | 1978 |
| 7175 | 1984 | 2451 | 1979 |
| | | 6400 | 1980 |
| | | 6946 | 1981 |
| | | 100711 | 1982 |

پارتىيە 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، سەھەر، يېزىلاردا ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلىشىپ، پەن ئۆگىنىش، پەننى ئىشلىتىش كەيپىياتى تەدرىجىي قويۇقلاشتى، پەن ـ تېخنىكا كىتابلىرىنىڭ سېتىلىش مىقدارى زور دەرىجىدە كۆپەيدى. 1979 ـ يىلى ناھىيە بويىچە سېتىلغان ھەر خىل پەن ـ تېخنىكا كىتابى

5351 گە يېتىپ، 1978 ـ يىلدىكىدىن %30 كۆپەيدى، 1984 ـ يىلى 507 مىڭ 651 كىتاب سېتىلدى، ئۇنىڭ سوممىسى 176 مىڭ 476 يۈەنگە يەتتى.

## § 4 . خەلق ئەدەبىياتى

### 1 . خەلق چۆچەكلىرى ۋە لەتىپىلەر

پوسكام خەلقى ئارىسىدا كۆپلىگەن چۆچەك ۋە لەتىپىلەر تارقالغان، ئۇلارنىڭ بەزىلىرىدە ئىشچانلىق، باتۇرلۇق، سەمىمىيلىك، ئاق كۆڭۈللۈك مەدھىيىلەنسە، بەزىلىرىدە چىن دوستلۇق ۋە كوللېكتىپنىڭ كۈچى مەدھىيىلەنگەن؛ بەزىلىرىدە مەغرۇرلۇق، قانائەتچانلىق ۋە هورۇنلۇق تەنقىد قىلىنسا، بەزىلىرىدە ساختىپەزلىك، مەككارلىق مەسخىرە قىلىنغان، بەزىلىرىدە زوراۋانلارنىڭ ياۋۇزلۇقى، زەهەرخەندىلىكى، ئۇستىلىق بىلەن قىلغان تالان ـ تاراجى ۋە ئاچكۆزلۈكى، ئەخمەقلىقى قامچىلانغان ھەم پاش قىلىنغان، دېمەك، بۇلارنىڭ ھەممىسىدە ئەمگەكچى خەلقنىڭ راستچىللىقى، ئاق كۆڭۈللۈكى، گۈزەللىككە بولغان ئىنتىلىشى، يالغانچىلىق، رەزىللىك، چاكىنىلىققا بولغان تەنقىدى تولۇق گەۋدىلەندۈرۈلگەن. تۆۋەندە چۆچەك، لەتىپىدىن ئۈچ مىسال ئېلىندى:

#### ماشنى قىيامەتتە ئال

قاۋۇل ئۇششۇقنىڭ دادىسى ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭغا يەر تېرىش خۇش ياقماي، يەرلىرى پۇتۇنلەي ئاق قاپتۇ، ئۇ يوقسىزلىقتىن قازان ئاسالماي، ناھايىتى تىت ـ تىت بوپتۇ، شۇ يىلى ئەتىيازدا، كىشىلەر ئەتىيازلىق زىرائەتلىرىنى تېرىپ بوپتۇ، ئۇنىڭ يېرى يەنىلا تېرىلماپتۇ. 7 ـ ئايغا كەلگەندە، ئۇ، ئاندىن يەرلىرىنى ئوسا قىلىپ، ھاپىلا ـ شاپىلا 50 مو يەرگە ماش تېرىپتۇ. لېكىن مايسا ناھايىتى شالاڭ بولغاچقا، يەردىن ھېچنىمە ئالالماپتۇ، ئالتۇن كۈز يېتىپ كېلىشى بىلەن باشقىلار ئاشلىقنى خامانغا ئاپىرىپتۇ، ئۇنىڭ يېرىنى ئوت بېسىپ كەتكەچكە، بىر تال دانمۇ ئالالماپتۇ. بېشى قاتقان قاۋۇل غەم قىلىپ تۇرغاندا، باشقىلارنىڭ قويىنىڭ ئۆز يېرىدە ئوتلاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قاپتۇ، شۇ ھامان ئۇنىڭ قورسىقىغا جىن كىرىپتۇ. ئۇ، ھەر كۈنى يېرىنىڭ بېشىدا ئولتۇرۇپ، يېرىگە كىرىپ ئوتلىغان قويلارنىڭ سانى ۋە قوي ئىگىلىرىنىڭ ئىسمىنى بىر ـ بىرلەپ خاتىرىلىۋاپتۇ. 12 ـ ئايغا كەلگەندە، قويلىرى ئۇنىڭ يېرىگە كىرىپ ئوتلىغان ئادەم 17 گە يېتىپتۇ، قاۋۇل خۇشاللىقىدىن قىن ـ قىنىغا پاتماي، مەتنىياز بەگنىڭ ئالدىغا بېرىپ:

— مېنىڭ 50 مو يەردىكى مېشىمنى بۇ 17 ئادەم قويلىرىغا يەدۈرۈپ تۈگەتتى، بېگىم ئۆزلىرى ئادىلچىلىق قىلىپ، ئۇلاردىن زىيىنىمنى تۆلىتىپ بەرسىلە، — دەپ ئەرز قىلىپتۇ.

پارىخور بەگ بۇ 17 دېھقاننى دەرھال چاقىرتىپ سوراققا تارتىپتۇ ۋە ئۇلارنى قاۋۇلغا بىر يىلدا 17 قوي، ئۈچ يىلدا جەمئىي 51 قوي تۆلەپ بېرىشكە بۇيرۇپتۇ، نامرات دېھقانلار زار-زار يىغلاپتۇ، قاۋۇل بولسا تېخىمۇ كۆرەڭلەپ، خۇدىنى يوقىتىپتۇ.

قاۋۇل ئۇدا تۆت ـ بەش يىل بەگ بىلەن يەك ئىچىدە سودىلىشىپ، دېھقانلارنىڭ 80 نەچچە

قويىنى تارتىۋاپتۇ.

بىر يىلى، ئابلىكىم دېگەن كىشى قازى بوپتۇ، قاۋۇل يەنە ئۇنىڭغا:

— دېھقانلارنىڭ چارۋىلىرى 50 مو يەردىكى مېشىمنى يەپ كەتتى، — دەپ ئەرز قىلىپتۇ. ئابلىكىم ئۇنىڭدىن:

— بۇ گېپىڭ راستمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ. ئۇ تەپتارتماستىن:

— راست، — دەپتۇ. ئابلىكىم شۇئان جاۋابكارلارنى چاقىرتىپ سوراق قىلىپتۇ:

— سىلەر نېمە ئۈچۈن قاۋۇلنىڭ يېرىدە قوي باقتىڭلار؟

— قازى ئاخۇنۇم، ئۇنىڭ يېرىدە بىر تالمۇ زىرائەت يوق ئىدى، ھوسۇلنى 12 ـ ئايدىمۇ يىغمىدى، ھەممە يەرنى قار قاپلىغاندا، ئېتىزدا نەدىمۇ ئاشلىق بولسۇن؟ ئېنىقكى، ئۇ يۇقىرىنى ئالداپ، تۆۋەننى بېسىپ، پۇقرالارنى بوزەك قىلماقچى، — دەپتۇ جاۋابكارلار.

ئابلىكىم دېھقانلارنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، قاۋۇلنىڭ ئەرزىگە رەددىيە بېرىپتۇ.

قاۋۇلنىڭ ئەرۋاھى قىرىق گەز ئۇچۇپتۇ ۋە:

— بوپتۇ، زېمىنمنى قىيامەتتىكى سوراقتا خۇدانىڭ ئالدىدا ئالاي — دەپتۇ. قازى قاۋۇلدىن:

— ئۇنداق بولسا سەن يىغىۋالمىغان ماشلىرىڭنىمۇ قىيامەتتە ئالامسەن؟ — دەپ سوراپتۇ. قاۋۇل ئاچچىقىدا:

— ئەلۋەتتە شۇنداق قىلىمەندە، جانابى قازى ئاخۇنۇم — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

— ئۇنداق بولسا، — دەپتۇ قازى كۈلۈپ تۇرۇپ: — قىيامەتتە كەمبەغەللەر يېرىڭدىكى تەييار ماشنى ئېلىپ ساڭا قايتۇرۇپ بەرسە بولىدىكەنغۇ.

بۇنى ئاڭلىغان قاۋۇلنىڭ زۇۋانى تۇتۇلۇپتۇ — دە، ئۇن ـ تىنسىز كېتىپ قاپتۇ.

## توغرا ئىش قىلغانلىقىم ئۈچۈن

بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا، بىر قاسساپ بار ئىكەن، ئۇ بىر گۆش دۇكىنى ئېچىپتۇ، بەگ، باي، ئەمەلدارلار گۆش ئالغىلى كەلسە، ئۇلارغا گۆشنى توغرا تارتىپ، ئارتۇق بېرىدىكەن، پۇقرالار گۆش ئالغىلى كەلسە، ئۇلارغا كەم تارتىپ بېرىدىكەن. بۇنى كۆرگەن خالايىقنىڭ ئاچچىقى كەپتۇ —يۇ، لېكىن ئۇنىڭغا گەپ قىلىشقا پېتىنالماپتۇ. بىر يىلى، ئابلىكىم دېگەن كىشى شۇ قاسساپقا شاگىرت بوپتۇ، ئۇ، يۇرتداشلىرىنىڭ ئادەتتە ئاچچىق يۇتۇپ يۈرگەنلىكىنى ئويلاپ، قاسساپتىن ئۆچ ئېلىش قارارىغا كەپتۇ. بىر كۈنى، قاسساپ بىر ئىش بىلەن سىرتقا چىقىپ كېتىپتۇ، ئابلىكىم ئۆزى يالغۇز گۆش سېتىپتۇ، ئۇ ئىلگىرى يۇرتداشلىرىغا كەم بېرىلگەن گۆشنى، تولۇقلاپ بەرگەندىن باشقا، ئۇلارنى قاقتى ـ سوقتى قىلىپ كەلگەن تارازىنى ئوڭشاپ قويۇپتۇ. بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن، قاسساپ بۇ ئەھۋالنى سېزىپ قېلىپ، قەھرى ـ غەزەب بىلەن ئابلىكىمنى ئىككى شاپىلاق ئۇرۇپ ئۇنىڭدىن:

— سەن نېمە ئۈچۈن تاياق يېگىنىڭنى بىلەمسەن؟— دەپ سوراپتۇ.

— توغرا ئىش قىلغانلىقىم ئۈچۈن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئابلىكىم تەمكىنلىك بىلەن.

## هوشۇرنىڭ ئۆيىگە ئوغرى كىرگەنلىكى

قۇتاي كەنتىدىكى هوشۇر هاجى داڭلىق بېخىل ئىكەن، ئۇ هەمىشە كىشىلەرگە:

-- مېنىڭ سەككىز غالجىر ئىتىم بار، هەر قانداق پەملىك ئوغرىمۇ مال - مۈلكۈمگە تېگەلمەيدۇ، -- دەيدىكەن.

ئۇنىڭ قورۇسىنىڭ تاملىرى ئېگىز، پۇختا، ئامبار ئۆيىمۇ ئىنتايىن يوشۇرۇنكەن. لېكىن ئون كۆلكىنىڭ بىر يىغىسى بار دېگەندەك، ئويلىمىغان يەردىن، ئۇنىڭ ئۆيىگە ئوغرى كىرىپتۇ.

بىر كۈنى كەچتە، تۆت ئوغرى شەپە چىقارماي ئۇنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا كەپتۇ، ئۇلار ئالدىن كۆرۈۋالغان يول بىلەن مېڭىپ، تەييارلاپ قويغان تاغارنى تامنىڭ تۈۋىدىكى سۆڭگۈچنىڭ ئاغزىغا ئۇدۇل ئېچىپ تۇرۇپ، ئاندىن شەپە چىقىرىپ ئىتلارنى قىلتاققا جەلب قىپتۇ، ئىتلار شەپىنى ئاڭلاپ، سۆڭگۈچتىن ئېتىلىپ چىقىمەن دەپ بىر - بىرلەپ تاغارغا كىرىپ كېتىپتۇ، ئوغرىلار تاغارنىڭ ئاغزىنى چىڭ بوغۇپ، شاللىقنىڭ بويىدىكى لايلىققا تاشلىۋېتىپ، خاتىرجەم، يۈرەكلىك هالدا ئامبارغا كىرىپ، بارلىق مال - مۈلۈكلەرنى ئوغرىلاپ كېتىپتۇ.

ئەتىسى، هوشۇر ئامبىرىدىكى ئالتۇن، كىيىم - كېچەكلەرنىڭ يوقالغانلىقىنى، ئىتلىرىنىڭمۇ قاۋىمىغانلىقىنى بىلىپ، هەيران بوپتۇ ۋە ئالدىراپ - تېنەپ ئۆيىدىكىلەرنى مال - مۈلۈكلەرنى ئىزدەشكە بۇيرۇپتۇ. ئۇلار سەككىز ئىتنىڭ ئۆلۈكىنى لايلىقتىن سۈزىۋاپتۇ، باشقا نەرسىلىرىنىڭ ئىز - دېرىكى چىقماپتۇ. هوشۇر «ئاھ . . . . . خۇدا!» دەپ ناله قىلىپ، هوشىدىن كېتىپ يىقىلىپتۇ. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، هوشۇرنىڭ مەنمەنلەرچە قاتتىق كۈلكىسى ئاڭلانماس بوپتۇ.

### 2 . خەلق قوشاقلىرى

خەلق قوشاقلىرى هەر مىللەت خەلقىنىڭ ئېغىز ئىجادىيىتى بولۇپ، خەلق ئارىسىدا كەڭ تارقالغان. تۆۋەندە، كونا خەلق قوشاقلىرىدىن ئۈچ پارچە، يېڭى خەلق قوشاقلىرىدىن بىر پارچە مىسال ئېلىندى:

#### دىلبەرنىڭ ئەرزى

ئول خۇدايىم تىڭشىغايمۇ بىر يېتىمنىڭ ئەرزىنى،
هەزرەتلىرىگە بار ئىدى، مەلۇم قىلاي دەردىمنى،
چاقىقان ئالۋاننى ئەردىم، سەبسە تۆلەيمەن هەر كۈنى.
يۈز بېشىم توختى خوجا، مىڭ بېشىم مۇسا ئىدى،
كەلگەن ئالۋانغا تەخىرسىز، ئۇشبۇ سائەتتە بېگىم.

بەگلىرىم كەلسىلە تۇرارمەن ئالدىلىرىدا قول باغلاپ،
گۆش بىلەن چاي قويۇرمەن ئاغزىنى ئوبدان ياغلاپ،
بەزىدە كاۋاب قىلۇرمەن كېلىشلىرىنى ئاڭلاپ،

يانچۇقۇمنىڭ ئاغزى ئوچۇق، ئۆزى ئالدۇ چاغلاپ،
بەللىرىم يا دەك ئېگىلدى بۇ خۇشامەتتە بېگىم.

پادىشاھىم قويىدۇ پاشىغا پىلنىڭ يۈكىنى،
كۆتۈرەلمەيدۇ بېگىم ئول پاشا پىلنىڭ تۈكىنى،
ھەر كۈنى ئالۋانغا ساتارمەن تېرىلغان ئاشنىڭ كۆكىنى،
ھېچ ئىلاج قىلالماي ئەرز قىلدىم بىر كۈنى،
بۇ مېنىڭ يىغلىمىقىم ئۇشبۇ ھالەتتە بېگىم.

ئۆيۈمدە بارنى يۈز بېشى ئالۋانغا ئالدى،
ئارقىدىن ئون كۈن ئۆتمەي قازان ـ داڭقاننى ئالدى،
ئۆي ئىچىدە ماڭا قالدى بىر كەتمەن بىلەن پالتا،
ئالۋان بېرىپ گاداي بولدۇق، بىزنى ئالۋان يانچىدى،
شەپقەتلىرىدىن ئۈمىدىم بار ئۇشبۇ ھالەتتە بېگىم.

ئۆيىمىزدە خوتۇنۇمنىڭ خوپمۇ قابىل ئېپى بار،
تۆشىدە كۆينىكى يوق، ئىككى قومۇشتا يىپى بار،
خام توقۇپ كۆينەك كىيدۇرىمەن دەيدىغان بىر گېپى بار.
ھېچنىمە قالمىدى ئۆيدە، دەيدىغان مىننىتىمۇ بار،
ئەمدى سەن خېتىمنى بەر دەپ، بۇ قىيامەتتە بېگىم.

## تېپىلماس

كۆڭۈل خۇرسەندىلىكتە تولادۇر دوستلىرىڭ،
بېشىڭغا چۈشكەندە مۈشكۈل، بىر دوست تېپىلماس.
ئۆيۈڭدە بولمىسا بىر نان، يېرىم نان،
بۇ جاھان توقچىلىق بىر نان تېپىلماس.

مال ـ دۇنيا تېپىلۇر، دۇنيادا يار تېپىلماس،
يار تېپىلسىمۇ ياخشى ۋاپادار تېپىلماس.
يېنىڭدا بولمىسا بىر پۇڭ ـ يېرىم پۇڭ،
دوست تۇگۇل تۇغقان تېپىلماس.

بۇ پانىي جاھاندا سېنىڭ دەردىڭ تولادۇر،
ئۆزۈڭ ئىزدىمىسەڭ دەردىڭگە داۋا تېپىلماس.
كۆپ بولسا پۇلۇڭ، دۈشمەنمۇ كېلىپ دوست بولۇر،
لېكىن ئىشەنمە شېرىن سۆزگە، ھەقىقىي دىلدار تېپىلماس.

## ياخشى

ئون مىڭ تەڭگە نېسىدىن ئالتە پۇللۇق نەق ياخشى،
هارامدىن كەلگەن پۇلدىن ئىشلەپ تاپقان پۇل ياخشى.
يارامسىز بىر ئارغىماقتىن كىچىككىنە تاي ياخشى،
ئىسسىقى يوق كاڭدىن چاقىقانغىنە كارىۋات ياخشى.

ۋاپاسى يوق تۇغقاندىن،
ۋاپادار يات كىشى ياخشى.
كىشىنىڭ بېغىدىكى ئالما، ئاناردىن،
ئۆزۈڭنىڭ بېغىدىكى ئاچچىق ئۆرۈك ياخشى.

بۇ ئالەمدە نېمە ياخشى، ئاتا بىلەن ئانا ياخشى،
ۋاپاسى يوق قېرىنداشتىن ۋاپادار ئاشنا ياخشى.
ئېچىلمىغان قىزىل گۈلدىن ئېچىلغان تىكەن ياخشى،
ئاتالغان بېخىل بايدىن ساخاۋەتلىك گاداي ياخشى.

## پوسكامغا مەدھىيە

مەدھىيلەيمەن ناخشامدا،
ئېزىز يۇرتۇم پوسكامنى.
خۇش هاۋالىق بېغى بار،
گۈل چىمەنزار بوستاننى.

مىسلى جەننەت بۇ ماكان،
هۆسنى خۇددى باهاردەك.
خەلقى باتۇر، ئەمگەكچان،
مەڭزى قىزىل ئانارەدەك.

تۈگمەيدۇ سۆزلىسەم،
ناخشا، قوشاق قاتقانغا.
سەندە تولا يېڭىلىق،
سىغماس قانچە داستانغا.

## 3 . يۇمۇرلار

### باجنى خۇدادىن ئال

قەھرىتان قىش كۈنلىرىنىڭ بىرىدە، ئابلىكىمنىڭ 80 قويى توڭلاپ قاپتۇ. توڭلاپ قالغان قويلىرىغا قاراپ، ئۇنىڭ ئىچى ئېچىشىپ، نېمە قىلارىنى بىلەلمەي قاپتۇ، باشقىلارنىڭ يول كۆرسىتىشى بىلەن، ئۇ قويلارنىڭ تېرىسىنى سويۇۋېلىپ قويۇپ قويۇپتۇ. كۈتۈلمىگەندە باجگىر باج يىغقىلى كېلىپ، ئۇنىڭ 80 قويىنىڭ تېرىسىنى تېپىۋاپتۇ — دە، ئۇنى باج تاپشۇرۇشقا قىستاپتۇ. ئابلىكىم دەر غەزەپ بولۇپ:

— مەن باج تاپشۇرمايمەن، چۈنكى بۇ 80 قويىنى خۇدا ئۆزى سويغان، باجنى خۇدادىن ئال، گۆشىنى ئىت يېگەن، يەتمىسە ئىتتىن ئال، — دەپتۇ.

### دەپتەر بىلەن قەلەمنىلا تۇتۇۋالدىم

جياڭ چىڭ ئەكسىلئىنقىلابىي گۇرۇھى زورلۇق - زومبۇلۇق قىلغان چاغلاردا، ناھىيىگە تەشۋىقات ئەترىتىنىڭ بىر ئەزاسى دوكلات بەرگىلى كەپتۇ، ئەپەندىمۇ دوكلات ئاڭلىغىلى كەپتۇ، دوكلات بەرگۈچى بىر تالاي سۆزلەپتۇ، ئەپەندىم پۈتۈن دىققىتىنى يىغىپ ئاڭلىغان بولسىمۇ، ھېچنىمىنى چۈشەنمەپتۇ، يىغىن باشقۇرغۇچى ئەپەندىمدىن:

— سىز دوكلاتتىن نېمىنى تۇتۇۋالدىڭىز؟— دەپ سوراپتىكەن، ئەپەندىم:

— دوكلات بەرگۈچى بىر تالاي سۆزلىدى، ھېچنىمىنى تۇتۇۋالالماي، ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ دەپتەر بىلەن قەلەمنىلا تۇتۇۋالدىم،— دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

# § 5 . خەلق سەنئىتى

## 1 . مۇزىكا

ناھىيە تەۋەسىدە خەلق مۇزىكىلىرىدىن، ئاساسلىقى، «دولان مۇقامى» ، «قەشقەر مۇقامى» تارقالغان. «دولان مۇقامى» تېخىمۇ كەڭ تارقالغان.

مۇقام ساتار، قالۇن، راۋاب، داپ، ساپايى، تەمبۇر قاتارلىق چالغۇ ئەسۋابلىرى ئارقىلىق ئورۇندىلىدۇ. ئاھاڭ جەھەتتە، «قەشقەر مۇقامى» سوزۇپ تەمكىن ئېيتىلىدۇ، «دولان مۇقامى» خەلق ناخشىلىرى ئۇسلۇبىغا ئىگە بولۇپ، جۇشقۇن، مەردانە ئېيتىلىدۇ.

مۇقام تېكىستلىرى ئىچىدە مۇھەببەت مەزمۇن قىلىنغىنى %56 نى، دىنىي ۋائىزلىق مەزمۇن قىلىنغىنى %35 نى، ماقال - تەمسىل، ھېكمەتلىك سۆزلەر مەزمۇن قىلىنغىنى %4.5 نى، لىرىك ھېكايىلەر مۇزمۇن قىلىنغىنى %4 نى، باشقا مەزمۇندىكىلىرى %0.5 نى ئىگىلەيدۇ.

مۇقام بۇنىڭدىن 200 يىل ئىلگىرى پوسكام ناھىيىسىگە تارقىلىشقا باشلىغان. دولان ئۆستىڭى (ھازىرقى كۆكۈمەت ئۆستىڭى) ناھىيە تەۋەسىدىن ئېقىپ ئۆتكەچكە، دولانلىقلار دائىم مۇشۇ ناھىيە تەۋەسىگە ئۆستەڭ چاپقىلى كېلىپ، پات - پات مەشرەپ ئۆتكۈزۈپ تۇراتتى. تارىختا

ناھىيە تەۋەسىدە «مۇقام»نى تولۇق ئېيتالايدىغانلار بولغان ئەمەس، لېكىن سازنى قىسمەن مۇقامغا چالالايدىغانلار بار، ئۇلار سوگەتئېرىقتىكى روزى پولاق، ھاجى پولاق، ئىبراھىم ئاخۇن؛ ئايكۆلدىكى رەخمەت ئاخۇن؛ قالغىئېرىقتىكى مەھەممەت ھاجى؛ باغئېرىقتىكى توختىمەت ئاخۇن؛ يۇقىرى گۈلباغدىكى ھوشۇر ئاخۇن؛ ئالاغىردىكى توختىمەمەت ئاخۇن؛ ناھىيە بازىرىدىكى سەيدەمەت، تۇرۇپ توختى، باقى؛ ئاچمىدىكى ئىمىن ئاخۇن قاتارلىقلاردىن ئىبارەت، بۇلارنىڭ ئىچىدە روزى پولاق «12 مۇقام»غا كۆپ خىل چالغۇ ئەسۋابلىرىنى چالالىغانلىقى ئۈچۈن، پۈتۈن يۇرتتا داڭق چىقارغان.

## 2 . ئۇسسۇل

ناھىيە تەۋەسىدىكى خەلق مەشرەپنى ياخشى كۆرىدۇ.

مەشرەپ مۇقامنىڭ ئەۋجگە كۆتۈرۈلگەن قىسمى، شۇڭا، ئۇ، ھەمىشە خەلق ئارىسىدا كوللېكتىپ كۆڭۈل ئېچىش شەكلىدە مۇستەقىل ئويۇشتۇرۇلىدۇ. نەچچە يۈز يىلدىن بۇيان، ناھىيە تەۋەسىدىكى ئۇيغۇر خەلقى مەيلى توي - تۆكۈندە ياكى ھېيت - بايراملارنى تەبرىكلەشتە بولسۇن، «دولان مەشرىپى» ئۆتكۈزۈپ كەلدى. بىر قالۇن، بىر راۋاب، بىر داپ، بىر ساپايى بولسىلا، «دولان مۇقامى»غا چالغىلى بولىدۇ. كىشىلەر لەرزان ئۇسسۇلغا چۈشۈپ كېتەلەيدۇ. مۇقام «چەكتىمەن»، «سەنەم»، «سەلىقىس»، «سېرىلما» دىن ئىبارەت نەغمە تەرتىپى بويىچە، ئاستىلىقتىن - تېزلىككە قاراپ، تەدرىجى يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلىدۇ. مەشرەپ باشلانغاندا، ئالدى بىلەن بىر كىشى يۇقىرى ئاۋاز بىلەن مۇقەددىمە ئېيتىدۇ، تەبىئىي ناخشا ئاۋازى پات - پات چىقىۋاتقان «ھوي. . . . ھوي. . . .» ئاۋازىغا قوشۇلۇپ، كىشىلەرگە «يىغىلىش»نىڭ باشلانغانلىقىدىن بىشارەت بېرىدۇ. ئاندىن كېيىن داپ چېلىنىش بىلەن، مەشرەپ باشقۇرغۇچى مەيدانغا چۈشۈپ، ئوڭ قولىنى كۆكسىگە ئېلىپ، تازىم بەجا كەلتۈرۈپ، كىشىلەرگە سالام بېرىدۇ، ئاندىن كېيىن ئۇسسۇلچىلار مەيدانغا چۈشۈپ ئۆز جۈپلىرىنى تەكلىپ قىلىپ، جۈپ - جۈپى بىلەن ئۇسسۇل ئوينايدۇ.

ئۇسسۇل شەكلى يالغۇز كىشىلىك ئۇسسۇل، ئىككى كىشىلىك ئۇسسۇل، كوللېكتىپ ئۇسسۇللاردىن ئىبارەت. ئىككى كىشىلىك ئۇسسۇلنى ئەر - ئايال جۈپ بولۇپ ئوينىسىمۇ، ئوخشاش جىنسلىقلار جۈپ بولۇپ ئوينىسىمۇ بولىدۇ، ئۇسسۇل ئوينىغاندا، «سەكرەش»، «تاقلاش»، «پۈتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەش»، «بارمىقىدىن قاس چىقىرىش»، «بېقىشىش»، «ئايلىنىش» قاتارلىق ھەرىكەتلەر ئورۇندىلىدۇ، ئۇسسۇلنى ھەر بىر كىشى ئۆز ماھارىتىنىڭ يۇقىرى - تۆۋەنلىكىگە قاراپ، ئەركىن ئوينىسا بولىۋېرىدۇ، لېكىن بىر - بىرىنى سوقۇۋېتىشكە بولمايدۇ، ئۇسسۇلنىڭ قايسى بىر شەكلى بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ھەممىسى ئۆزگىچە مەزمۇنغا ئىگە بولىدۇ. ئۇسسۇلدا يا رەقىبلەر ئۇچرىشىپ قېلىپ، ئېلىشىش - تۇتۇشۇش، گاھ ئىلگىرىلەش، گاھ چېكىنىش، بىر - بىرىنى قوغلاش، ئاخىرىدا غەلىبە قىلىش مەنزىرىسى ئىپادىلىنىدۇ، يا ئوۋ ئوۋلاشنىڭ باش - ئاخىرى، تەبىئەتنى بويسۇندۇرۇشتىكى خۇشاللىق ھېسسىيات ئىپادىلىنىدۇ. بولۇپمۇ كوللېكتىپ ئۇسسۇلنىڭ مەنىسى تېخىمۇ چوڭقۇر، كىشىلەر «چەكتىمەن» رېتىمى بويىچە ئۇسسۇلغا چۈشكەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ھەرىكىتى خۇددى ياۋايى ھايۋانلارنى ئىزدەۋاتقاندەك، ئەرلەر غۇلاچ تاشلاپ، ئوڭ - سولغا ئايلىنىپ، دەرەخلىكلەرنى ئاختۇرۇۋاتقاندەك، ئاياللار بىر قولىنى ئارقىسىغا تۇتۇپ، بىر قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ خۇددى

مەشئەل تۇتۇپ ئەرلەرگە يورۇق چۇشۇرۇپ بېرىۋاتقاندەك تۇس ئالىدۇ، ئاندىن كېيىن، نەغمە جىددىي ھەم چاقال ئوينىلىدىغان «سەنەم»گە يۆتكىلىدۇ، ئۇسسۇل ئۇنىڭغا قاراپ تېزلىشىدۇ، قەدەم رىتىملىق ئالماشتۇرۇلىدۇ، ئادەم ئوڭ ـ سولغا ئايلىنىپ، ئىككى قولى بىلەن ياۋايى ھايۋانلارنى ئۇرۇشقا ئېتىلىپ كېلىۋاتقاندەك ھەر خىل ھەرىكەتلەرنى ئىپادىلەيدۇ. ئاخىرىدا، نەغمە «سەلىقىس»قا يۆتكىلىدۇ، ئۇسسۇلچىلار ئىككى كىشىلىك ئۇسسۇلنى دۇگىلەك ئۇسسۇلغا ئۆزگەرتىپ، خۇددى ياۋايى ھايۋانلارنى قورشىۋېلىپ، بار كۈچى بىلەن ھۇجۇمغا ئۆتكەندەك ھالەتنى ئىپادىلەيدۇ. نەغمە «سىرىلما»غا يۆتكەلگەندىن كېيىن، ئەر ئايال ئۇسسۇلچىلار كۆتۈرەڭگۈ ئاھاڭغا ئەگىشىپ، ئۆز ئورنىدا توختىماي ئايلىنىپ، ئوۋچىلارنىڭ خۇشاللىق تەنتەنىسىنى ئىپادىلەيدۇ. بۇ چاغدا كىم ئاخىرىغىچە ئايلىنالىسا، شۇ ئۇسسۇل ماھىرى بولۇپ، كىشىلەرنىڭ مەدھىيىلەش ئوبيېكتىغا ئايلىنىدۇ.

مەشرەپ ئاخىرىدا كۆڭۈل ئېچىش باسقۇچى باشلىنىدۇ، ئۇنىڭ مەزمۇنى مول ھەم قىزىقارلىق بولىدۇ، دائىم ئۇچرايدىغىنى چاي تۇتۇش، بېيىت ئېيتىششتىن ئىبارەت.

چاي تۇتقاندا، ئالدى بىلەن، مەشرەپ باشقۇرغۇچى لىق چاي قۇيۇلغان ئىككى پىيالىنى پەتنۇسقا قويۇپ، ئۆزى خالىغان بىر كىشىنى چاينى ئېلىشقا تەكلىپ قىلىدۇ، چاينى ئالغۇچى ئىككى پىيالىنى بىر قولىدا كۆتۈرۈپ، ئاغزىغا تەگ ئاپىرىپ چاينى ئىچىدۇ، ئەگەر ئېھتىياتسىزلىقتىن چاي تۆكۈلۈپ كەتسە، ئۇنىڭ بەدىلىگە بىر نومۇر ئورۇنداپ بېرىدۇ ياكى چاينى ئالغۇچى لىق چاي قۇيۇلغان پىيالە قويۇلغان پەتنۇسنى بېشىغا ئېلىپ ئۇسسۇل ئويناپ بېرىدۇ، ئەگەر چاي تۆكۈلۈپ كەتسە، ئۇنىڭ بەدىلىگىمۇ بىر نومۇر ئورۇنداپ بېرىدۇ.

بېيىت ئېيتىشقاندا، مەشرەپ باشقۇرغۇچى لىق چاي قۇيۇلغان پىيالىنى پەتنۇسقا قويۇپ، ئالدى بىلەن، بىر كۇبلېت بېيىت ئېيتىدۇ. ئاندىن كېيىن، ئۆزى خالىغان بىر كىشىنى چاينى ئېلىشقا تەكلىپ قىلىدۇ، چاينى ئالغۇچى بىر ئايلىنىپ، ئۇنىڭغا جاۋابەن بىر كۇبلېت بېيىت ئېيتىدۇ. ئەگەر چاينى ئالغۇچى بېيىت ئېيتىشنى بىلمىسە، ئۇنىڭ بەدىلىگە بىر نومۇر ئورۇنداپ بېرىدۇ. بىر مەيدان مەشرەپ تۆت ـ بەش سائەت ئوينىلىدۇ، بەزىدە ھەتتا تاڭ ئاتقىچە داۋاملىشىدۇ.

مەشرەپنىڭ تارقالغان ۋاقتى ئۇزۇن، تۈرىمۇ كۆپ، ھېيت ـ ئايەم مەشرىپى، توي ـ تۆكۈن، قۇتلۇق مەشرىپىدىن باشقا يەنە كوللېكتىپ مەشرەپ، مېھمان چاقىرىش مەشرىپى، ئاداۋەتنى تۈگىتىش مەشرىپى، يارىشىش مەشرىپى بار. بۇلاردىن باشقا، ناھىيە تەۋەسىدە يەنە سەيلىگاھ مەشرىپى تارقالغان، ھەر يىلى ئەتىياز يېتىپ كېلىشى بىلەن، ئامما دالىدا چېدىر تىكىپ، ساغاردى باغلاپ، خالىغانچە ساز چېلىپ، ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئويناپ تاماشا قىلىشىدۇ. قارلىق تاشلاش مەشرىپى، ھەر يىلى قىشتا تۇنجى قار ياغقاندا، قارلىق تاشلاپ، قۇتلۇق قارنىڭ مول ھوسۇلدىن دېرەك بېرىدىغانلىقىنى تەبرىكلەشنى تېما قىلغان ھالدا ئۆتكۈزۈلىدىغان مەشرەپتىن ئىبارەت. بۇ خىل مەشرەپتە، ئالدى بىلەن، بۇ مەشرەپنى پىلانلىغۇچى تۆۋەندىكىدەك بىر پارچە قارلىقنامە يېزىپ، قارلىقنىڭ بېشىدىلا كۆڭلىنى ئىزھار قىلىدۇ.

قاردا قارلىق تاشلىدۇق،
يامغۇردا ياغلىق تاشلىدۇق.
كۆڭلىمىزنىڭ خۇشلۇقىدىن،
بۇ ئويۇننى باشلىدۇق.

تاپالىسىلا گۈل كەلتۈرەرلا،
تاپالمىسىلا بىر باش پىياز.
تاپالىسىلا قوي سويارلا،
تاپالمىسىلا چۆجە ـ خوراز.

ئاندىن كېيىن تەلەپنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

ئۇل خۇدانىڭ رەھمىتىدىن يەر يۈزىگە ياغدى قار،
بۇ خاسىيەتلىك قارنى تەبرىكلەش ھەر جايدا بار.
قاردا قارلىق تاشلىماق،
مىللىتىمىزنىڭ رەسىم ـ قائىدىسىدە بار.

ئەگەر قارلىق تاشلىغۇچىنى تۇتالىسىلا،
يۈزىگە قارا سۈرتۈپ ئەدەپ ـ جازاسىنى بىرەرلا.
مۇبادا قارلىق تاشلىغۇچىنى تۇتالمىسىلا،
مول نازۇ ـ نېمەت بىلەن بىزنى مېھمان قىلارلا.

بىزنىڭ تەلىپىمىز ئانچە يۇقىرى ئەمەس،
بىر قوي، 30 جىڭ گۈرۈچ، ئىككى جام ھاراق، باشقىسى لازىم ئەمەس.
ئايان بولۇر بۇ مەيدان زىياپەتتىن،
بېخىللىق ياكى سېخىلىقلىرى، كۆپ سۆزلەش ھاجەت ئەمەس.

ئۇنىڭدىن كېيىن، ئادەم ئەۋەتىپ قارلىق تاشلىنىدۇ. قارلىق تاشلاش ئوبيېكتى، ئادەتتە، ئۇرۇق ـ تۇغقان، يارۇ ـ بۇرادەرلەر، مەلۇم سالاھىيەتكە ئىگە كىشىلەر بولىدۇ. قارلىق تاشلىغۇچى كەلگەندە، قارلىق تاپشۇرۇۋالغۇچى ئىشىكنىڭ ئالدىغا چىقىپ قارشى ئېلىپ، بىر تەرەپتىن قارلىقنى ئالسا، يەنە بىر تەرەپتىن قارلىق تاشلىغۇچىنى تۇتۇۋېلىشقا تەييارلىنىدۇ، بۇ چاغدا قائىدە بويىچە، قارلىق تاشلىغۇچى «قاردا قارلىق تاشلىدۇق، كۆڭۈلنىڭ خۇشلۇقىدىن بۇ ئويۇننى باشلىدۇق» دەپ ئۈنلۈك توۋلايدۇ، ئاندىن كېيىن، ئارقىغا بۇرۇلۇپلا ئاتقا مىنىپ قاچىدۇ. قارلىق تاپشۇرۇۋالغۇچى مۇبادا قارلىق تاشلىغۇچىنى نەق مەيداندىلا تۇتۇۋالالىسا، قارلىق تاشلىغۇچى تەرەپ ئۆزى مەشرەپ ئۆتكۈزۈپ بېرىدۇ. ئەگەر تۇتالمىسا، قارلىق تاپشۇرۇۋالغۇچى مەشرەپ ئۆتكۈزۈپ بېرىدۇ.

ئادەتتە قارلىق تاشلىغۇچىنى تۇتۇۋېلىش ناھايىتى ئاز ئۇچرايدۇ، چۈنكى قارلىق تاشلاشقا زېرەك، چاققان كىشىلەر تاللىنىدۇ.

«ئوغلاق تارتىشىش مەشرىپى» بۇ، ئوغلاق تارتىش مۇسابىقىسىدا، ئوغلاقنى تارتىۋالغۇچى ئوغلاقنى باشقىلارنىڭ ئۆيىگە تاشلىغاندىن كېيىن، ئوغلاق تارتىششىنىڭ غەلىبىسىنى تەبرىكلەش يۈزىسىدىن ئۆتكۈزۈلىدىغان مەشرەپتىن ئىبارەت. بۇ خىل مەشرەپ ئادەتتە كۈزدە ئۆتكۈزۈلىدۇ.

# § 6 . مەدەنىيەت ئاپپاراتلىرى

ناھىيىلىك مەدەنىيەت ئىدارىسى 1989 ـ يىلى قۇرۇلدى. ئۇنىڭدىن ئىلگىرى، مەدەنىيەت خىزمىتىنى مەدەنىيەت ـ مائارىپ ئىدارىسىدا تەسىس قىلىنغان مەدەنىيەت گۇرۇپپىسى باشقۇراتتى. ئۇنىڭ قارمىقىدىكى ئاپپاراتلار مۇنۇلار:

## 1 . مەدەنىيەت يۇرتى

مەدەنىيەت يۇرتى 1956 ـ يىل 6 ـ ئايدا قۇرۇلغان بولۇپ، دەسلەپتە بەش شتاتى بار ئىدى. 1959 ـ يىلى شتاتى ئالتىگە يەتتى. مەدەنىيەت يۇرتى ئاجرىتىپ بېرىلگەن 4000 يۈەن پائالىيەت خىراجىتىگە 5000 كىتاب سېتىۋېلىپ، بىر قىرائەتخانا تەسىس قىلدى، پىروېكسىيە ئاپپاراتىدىن ئىككىنى سېتىۋېلىپ پىروېكسىيە فىلىملىرىنى دائىم قويۇپ تۇردى ھەمدە ئاممىنى ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىشقا تەشكىللىدى. 1968 ـ يىلى مەدەنىيەت يۇرتى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى، 1975 ـ يىلى قايتىدىن قۇرۇلدى. خىراجىتى يىلدىن ـ يىلغا كۆپەيدى، 1982 ـ يىلى شتاتى سەككىزگە يەتتى. ئۇ، ئاپتونوم رايون ئاجرىتىپ بەرگەن پۇلغا ئىككى قەۋەتلىك بىر بىنا سېلىپ، كۇتۇپخانا، قىرائەتخانا، مەدەنىي كۆڭۈل ئېچىش ئۆيى، كىنو قويۇش ئۆيى تەسىس قىلدى، ھازىر ئامباردا 21 مىڭ 600 كىتاب، 70 نەچچە خىل 1200 دىن كۆپرەك ژۇرنال، 27 خىل گېزىت ساقلىنىۋاتىدۇ.

ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتىنىڭ 1977 ـ يىلدىن 1984 ـ يىلغىچە بولغان خىراجىتىگە دائىر مەلۇمات

5 ـ 3 ـ 4 ـ جەدۋەل

| يىللار | خىراجەت (يۈەن) | يىللار | خىراجەت (يۈەن) |
|---|---|---|---|
| 1977 | 14000 | 1982 | 30000 |
| 1978 | 16000 | 1983 | 39000 |
| 1979 | 20000 | 1984 | 43000 |
| 1980 | 20000 | | |
| 1981 | 20000 | | |

## 2 . سەنئەت ئۆمىكى

بۇ ئۆمەك 1956 ـ يىل 4 ـ ئايدا قۇرۇلغان بولۇپ، دەسلەپتە ئىشتىن سىرتقى خاراكتېردە ئىدى. 19 ئارتىست بار ئىدى، كېيىن مەبلەغنى ئۆزى ھەل قىلىدىغان، پايدا ـ زىيانغا ئۆزى ئىگە بولىدىغان كەسپىي سەنئەت تەشكىلاتىغا ئۆزگىرىپ، دائىم يېزىلاردا سەييارە ئويۇن قويدى. 1959 ـ يىلى خادىمى 21 نەپەرگە يەتتى. ئۇلار ناخشا ـ ئۇسسۇل نومۇرلىرىنى ئورۇنداشتىن باشقا، يەنە ئېپىزوت، ئوپېرالارنى ئوينىدى، يىللىق ئويۇن قويۇش مىقدارىنى 200 مەيداندىن

كۆپرەككە، يىللىق ئوتتۇرىچە كىرىمنى تەخمىنەن 4000 يۈەنگە يەتكۈزدى. 1960 ـ يىلى بۇ سەنئەت ئۆمىكى ۋىلايەتلىك ئەدەبىيات ـ سەنئەت كۆرىكىگە قاتناشتى، ئارتىست ئابدۇرۇسۇلجان، زورىخانلار مۇنەۋۋەر ئارتىست بولۇپ باھالىنىپ، ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات ـ سەنئەت كۆرىكىگە قاتناشتى. 1961 ـ يىلى سەنئەت ئۆمىكى تارقىتىۋېتىلدى. 1962 ـ يىل 3 ـ ئايدا قايتىدىن تەشكىللىنىپ، ناھىيىلىك سوتسىيالىستىك تەربىيە خىزمەت ئۆمىكىنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت تەشۋىقات ئەترىتى سۈپىتىدە مەركىزىي خىزمەتكە دائىم قاتناشتى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلانغاندىن كېيىن، «ئۈچ قارا يىپ» تۇتۇلۇپ، ئۆمەكنىڭ 11 نەپەر ئەزاسى تازىلىۋېتىلدى، سەنئەت ئۆمىكى تارقىتىۋېتىلدى. 1984 ـ يىلى يەنە قايتىدىن تەشكىللەندى، خادىمى 20 نەپەردىن ئاشتى.

### 3 . شىنخۇا كىتابخانىسى

بۇ كىتابخانا 1958 ـ يىلى قۇرۇلغان بولۇپ، تۆت شتاتى، كۆلىمى 40 كۋادرات مېتىر كېلىدىغان بىر ماگىزىنى، ئىككى ئېغىز ئامبىرى بار ئىدى، ئۇ، مەكتەپلەرنى دەرسلىك بىلەن تەمىنلەشنى ئاساسلىق كەسىپ قىلدى. تىجارەت دائىرىسى تار بولغاچقا، 1975 ـ يىلغا قەدەر كۆپىنچە يىللاردا زىيان تارتتى. 1979 ـ يىلى زىيان تارتىشتىن پايدا ئالىدىغان بولدى، خادىمى يەتتە نەپەرگە يەتتى، يېڭىدىن 200 كۋادرات مېترلىق بىر ماگىزىن سېلىندى، بۇ كىتابخانىنىڭ ھەر يىلى دۆلەتكە تاپشۇرۇدىغان پايدىسى 2000 يۈەندىن ئاشتى. ئۇ، ۋەزىپىنى ئورۇندىشى ياخشى بولغانلىقتىن، ھەر يىلى ناھىيە بويىچە ئىلغار ئورۇن بولۇپ باھالاندى. 1981 ـ يىلى بۇ كىتابخانىنىڭ سەييارە كىتاب سېتىش گۇرۇپپىسى ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسى سىستېمىسى بويىچە ئىلغار كوللېكتىپ بولۇپ باھالاندى.

### 4 . كىنو ـ فىلىم تارقىتىش شىركىتى

بۇ شىركەت 1981 ـ يىلى قۇرۇلغان (ئەسلىدە كىنو قويۇش، باشقۇرۇش پونكىتى بولۇپ، 1971 ـ يىلى قۇرۇلغان) بولۇپ، يەتتە شتاتى بار. بۇ شىركەت كىنو ـ فىلىم تارقىتىش، باشقۇرۇش، كىنو تەشۋىقاتى، كىنو قويۇش ئاپپاراتى ۋە ئەسۋاب ـ ئۈسكۈنىلەرنى رېمونت قىلىش، ئۇنىڭ بىلەن تەمىنلەش، كىنوقويغۇچى خادىملارنى تەربىيىلەش ئىشلىرىغا مەسئۇل بولۇپ كەلدى، پايدا ـ زىيانغا ئۆزى ئىگە بولدى.

## § 7 . ئارخىپ

1959 ـ يىلى ناھىيىلىك ئارخىپخانا قۇرۇلۇپ، بىر نەپەر مەخسۇس كادىر سەپلەندى، ئارخىپخانا يۇقىرى دەرىجىلىك كەسپىي تارماقلارنىڭ يېتەكچىلىكىدە، بىر تەرەپتىن ، يازما ئارخىپ تۇزۇمى تۇرغۇزۇپ، ئارخىپ ئامبىرى، ئارخىپ ئىشكابى تەسىس قىلدى، يەنە بىر تەرەپتىن، ھەر قايسى ئورۇنلاردا شەكىللەنگەن ھۆججەت ئارخىپلىرىنى يىغىپ، ئارخىپ خىزمىتىنى ئۆز ئىزىغا سالدى. 1964 ـ يىلغا قەدەر، ناھىيىلىك ئارخىپخانىدا بىر ئېغىز ئامبار، بىر ئېغىز قىرائەتخانا تەسىس قىلىنىپ، 488 ئارخىپ يىغىۋېلىندى.

ناھىيىلىك ئارخىپخانا ھۆججەتلەرنى رەتلەش، يىغىش ـ ساقلاش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئارخىپ كەسپىي بويىچە ئۆگىنىش كۇرسى، تەجرىبە ئالماشتۇرۇش يىغىنى چاقىرىپ، ھەر دەرىجىلىك

ئارخىپ خىزمىتى كادىرىدىن 30 نەپەرنى تەربىيىلىدى، ھەر قايسى ئورۇنلارغا ياردەم بېرىپ، 33 ئارخىپ ئىشكابى تۇرغۇزدى، 600 دىن ئارتۇق ئارخىپ يىغدى.

1979 - يىلى ناھىيىلىك پارتكوم خادىم ئاجرىتىپ، مەخسۇس بەنزە تەشكىللەپ، ناھىيە بويىچە ئارخىپلارنى بىر قېتىم ئومۇميۈزلۈك ئېنىقلىدى ۋە باھالاپ بېكىتتى. 1982 - يىلغا قەدەر جەمئىي 10 مىڭ نۇسخىدىن ئارتۇق ھەر خىل ھۆججەتنى ئېنىقلىدى، 1000 نەچچە ھۆججەتنى كۆرۈۋېلىدى. تەلەپ بويىچە ساقلاش مۇددىتىنى بېكىتىپ، مۇندەرىجە تۈزۈپ چىقتى ھەمدە ھەر خىل تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، ئامبارنىڭ «بەشتىن خالىي بولۇش»نى يەنى، قۇرت يەپ كېتىشتىن، نەم تارتىپ قېلىشتىن، سېسىپ بۇزۇلۇشتىن، قالايمىقانچىلىقتىن، مەخپىيەتلىكنىڭ ئاشكارىلىنىپ قېلىشىدىن خالىي بولۇشنى ئىشقا ئاشۇردى.

1982 - يىلى ناھىيىلىك ئارخىپخانىنىڭ شتاتى ئىككىگە، مەخسۇس ئارخىپ كادىرى تۆت نەپەرگە يەتتى. 1984 - يىلى يەنە ناھىيىلىك ئارخىپ بۆلۈمى قۇرۇلدى، ئۇ، ئارخىپخانا بىلەن بىرلىكتە ئىش بېجىردى، خادىمى بەش نەپەرگە يەتتى، ئۇ، ناھىيە بويىچە 102 ئورۇن تاپشۇرغان پۈتۈن يۈرۈشلۈك ئارخىپنى باشقۇردى. ئارخىپ خىزمىتىنىڭ كۈچىيىشىگە ئەگىشىپ، ئارخىپخانىنىڭ ئۈسكۈنىلىرى يىلمۇ يىل كۆپەيدى. 1984 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە پۈتۈن يۈرۈشلۈك 26 ئارخىپ بويىچە 4486 ئارخىپ ساقلاندى، بۇنىڭ ئىچىدە كونا ھاكىمىيەتكە دائىر ئارخىپ ئون پۈتۈن يۈرۈش بويىچە188؛ جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن بۇيانقى نەق ھۆججەت ئارخىپى 16 پۈتۈن يۈرۈش بويىچە 4298، بۇنىڭ ئىچىدە مەڭگۈلۈك ئارخىپ 2187، ئۇزۇن مۇددەتلىك ئارخىپ 1714، قىسقا مۇددەتلىك ئارخىپ 397، ئۇنىڭدىن باشقا، شەخسلەر كارتىسى 29، بوغالتېرلىق ئارخىپى 290، ھەر خىل ماتېرىيال 1853 خىل، جەمئىي 4733، بۇنىڭ ئىچىدە ھەر خىل كىتاب 2178، مۇشۇ جايغا دائىر ماتېرىيال 149، يۇقىرى دەرىجىلىك ئورگانلار ھۆججەتلىرى توپلىمى 1511، يىغىۋېلىنغان پەن - تېخنىكا ئارخىپى 49 خالتا (نۇسخا)، سۈرەت ئارخىپى 658، ئۈنئالغۇ لېنتىسى ئارخىپى 32، چېرتيوژ 21، يىغىن خاتىرىسى 204، ھەر خىل گېزىت توپلىمى 409.

ئارخىپخانا ئارخىپ ماتېرىياللىرى بىلەن تەمىنلەش، ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش، ئۇنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن، ئارخىپ مۇندەرىجىسى، ئارخىپ مەزمۇنى مۇندەرىجىسى، ئومۇمىي مۇندەرىجە قاتارلىق تەكشۈرۈپ تېپىش قوراللىرىدىن 36 نۇسخا تۈزۈپ چىقتى ھەمدە ئارخىپتىن پايدىلىنىپ 72 خىل، جەمئىي 72 نۇسخا، 216 مىڭ خەتلىك ماتېرىيال تۈزۈپ چىقتى، بۇنىڭغا ھەر نۆۋەتلىك پارتىيە قۇرۇلتىيى ۋە خەلق قۇرۇلتىيىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇش، ئىلگىرىكى يىللاردىكى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، سانائەت، قاتناش، مالىيە، سودا، مەدەنىيەت - مائارىپ، سەھىيە ئەھۋالى توغرىسىدا ئومۇمىي بايان، ئىلغار شەخسلەرنىڭ ئىسىملىكى، كونا ئارخىپلارنىڭ كۆتىكى قاتارلىقلار كىرگۈزۈلدى، بۇ ئارقىلىق ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەر ۋە ئالاقىدار تارماقلارنىڭ ماتېرىياللارنى تەكشۈرۈپ كۆرۈشى ئۈچۈن قولايلىق يارىتىلدى. 1982 - ۋە 1983 - يىللاردىلا ئارخىپخانا كۆتۈۋالغان ماتېرىيالدىن پايدىلانغۇچى 281 ئادەم (قېتىم)گە، يەتكۈزۈپ بېرىلگەن ئارخىپ 817 (قېتىم)گە يەتتى. ناھىيە تەزكىرىسىنى تۈزۈش خىزمىتى باشلانغاندىن كېيىن، ناھىيىلىك ئارخىپخانا ماتېرىيال بىلەن تەمىنلەپ، كۆپ جەھەتتىن قولايلىق يارىتىپ بېرىپ، ناھىيە تەزكىرىسىنى تۈزۈش ئۈچۈن تۆھپە قوشتى.

# IV باب

# رادىئو، ئاخبارات، تېلېۋىزىيە

## § 1. رادىئو

1952 - يىلى 11 - ئايدا شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى بىر دانە تۆت لامپىلىق، تۇراقلىق توكلۇق رادىئو قوبۇللىغۇچ، ئىككى نەپەر رادىست (ئۇيغۇر بىر نەپەر، خەنزۇ بىر نەپەر)نى ناھىيىگە رادىئو قوبۇل قىلىش پونكىتى قۇرۇشقا ئەۋەتتى. ئۇ چاغلاردا رادىئو قوبۇل قىلىش پونكىتىنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى خەۋەرنى كۆچۈرۈۋېلىپ رەھبەرلەرنىڭ كۆرۈپ چىقىشىغا يەتكۈزۈپ بېرىش، قوشۇمچە ئاز مىقداردىكى ئاممىنى خەۋەر ياكى ئەدەبىيات - سەنئەت نومۇرلىرىنى ئاڭلاشقا تەشكىللەشتىن ئىبارەت ئىدى.

1956 - يىلى 10 - ئايدا ناھىيىلىك رادىئو ئۈزىلى قۇرۇشقا تەييارلىق كۆرۈلدى، بۇنىڭغا ناھىيە ئۈچ كادىر ئاجراتتى، ئۇلار پوسكام يېزىسىنىڭ 250 كۋادرات مېتىرلىق بىر ئېغىز ئۆيىنى ئارىيەت ئېلىپ، ئۇنى موتورخانا، ئاڭلىتىش ئۆيى، ئاپپاراتخانا قىلدى، ئاپتونوم رايون سەپلەپ بەرگەن، شاڭخەيدە ئىشلەنگەن بىر يۈرۈش 500 ۋاتلىق ئاۋاز كۈچەيتكۈچ ۋە بىر دانە بېنزىن گېنېراتورى (4500 ۋاتلىق)نى قۇراشتۇردى، تۆت كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا رادىئو سىمى تارتىپ، تىللىق كانايدىن 300 نەچچىنى، يۇقىرى ئاۋازلىق كانايدىن تۆتنى ئورنىتىپ، رەسمىي ئاڭلىتىشنى باشلىدى. ئارقىدىنلا پوچتا - تېلېگراف تارماقلىرىنىڭ قوشۇلىشى بىلەن، 68 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى تېلېفون سىم يولىدىن پايدىلىنىپ، رايون، يېزىلارغا سىملىق رادىئو ئاڭلىتىشى بەردى. 1958 - يىلى يەنە 96 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا مەخسۇس رادىئو سىمى تارتىپ، 350 كاناي ئورناتتى. 1964 - يىلى مەخسۇس رادىئو سىمى 370 كىلومېتىرغا يېتىپ، ناھىيە بويىچە توققۇز گۇڭشې، بىر دېھقانچىلىق مەيدانى، %68 چوڭ ئەترەت، %38 ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتىگە رادىئو ئاڭلىتىشى يەتكۈزۈلدى، جەمئىي 620 دانە تىللىق كاناي، 130 دانە يۇقىرى ئاۋازلىق كاناي ئورنىتىلدى.

1968 - يىلى 9 - ئايدا رادىئو ئۈزىلىدا يېڭىدىن ئاپپاراتخانا، ئاڭلىتىش ئۆيى سېلىندى، ئىككى دانە بېنزىن گېنېراتورى (ئون كىلوۋاتلىق)، ئىككى دانە 601 تىپلىق ئۈنئالغۇ، ئىككى دانە 430 تىپلىق سىگنال قوبۇللىغۇچ، ئىككى دانە 275 ۋاتلىق ئاۋاز كۈچەيتكۈچ، 5000 دانە بېسىم زەرەتلىك كاناي ئورنىتىلدى. 1970 - يىلى ناھىيە بويىچە يېزا سىملىق رادىئو تورى ئومۇملاشتۇرۇلۇپ، توققۇز گۇڭشې، تۆت مەيداندا رادىئو كۈچەيتىش ئۈزىلى قۇرۇلدى، 1050 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا مەخسۇس رادىئو سىمى تارتىلدى، گۇڭشې ئەزالىرىنىڭ ئۆيلىرىگە 16 مىڭ 391 دانە ھەر خىل تىپلىق كاناي

ئورنىتىلدى. 1974 - يىلغىچە كاناي ئورنىتىلغان ئائىلە %70 كە يەتتى.

80 - يىللاردا يېزىلاردا ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلدى، بۇنىڭ بىلەن دېھقانلار تۇرمۇشىنى جانلاندۇرۇش، بىلىمنى ئاشۇرۇپ، ئىشلەپچىقىرىشنى ياخشىلاش ئۈچۈن رادىئو ئاڭلاشنى تېخىمۇ ئارزۇ قىلىدىغان بولدى. ناھىيىلىك رادىئو ئۆزېلى ئامىمنىڭ تەلپىگە ئۇيغۇنلىشىش ئۈچۈن ناھىيە بويىچە %43 ئەترەتتە رادىئو كۆچەيتىش ئۆيى قۇرۇپ، %72.3 تىن كۆپرەك چوڭ ئەترەت، %84.9 تىن كۆپرەك ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتى ۋە ئاھالىلەر گۇرۇپپىسىغا رادىئو ئاڭلىتىشنى يەتكۈزدى. ناھىيە بويىچە رادىئونىڭ ئومۇمىي قۇۋۋىتى 17 مىڭ 880 ۋاتقا يەتتى. 1984 - يىلى رادىئو ئۆزېللىرىدىكى خادىم 54 كە يەتتى، رادىئو ئۆزېللىرىدا تۆت دانە سىگنال قوبۇللىغۇچ، ئالتە دانە 275 ۋاتلىق ئاۋاز كۆچەيتكۈچ، بىر دانە 50 ۋاتلىق چاستوتا تەڭشەپ تارقىتىش ئاپپاراتى ئورنىتىلدى ھەمدە سىمسىز رادىئو ئاڭلىتىش باشلاندى.

رادىئو قۇۋۋىتىنىڭ زورىيىشىغا ئەگىشىپ، رادىئو تەشۋىقاتى يىلدىن - يىلغا كۈچەيدى. 1974 - يىلدىن ئىلگىرى، رادىئو ئۆزېلى ھەر كۈنى ئىككى قېتىم ئاڭلىتىش بېرەتتى، ئۇنىڭدا يۇقىرى دەرىجىلىك رادىئو ئىستانسىسىلىرىنىڭ پروگراممىلىرى ئۇلاپ ئاڭلىتىلاتتى. 1974 - يىلدىن كېيىن، قەرەلسىز ھالدا، ئۆزى ئىشلىگەن خەۋەر ۋە ئۆگىنىش پروگراممىلىرىنى ئاڭلىتىدىغان بولدى. 1981 - يىلى مۇخبىرلار قوشۇنى تەشكىللەش، تەھرىر، دىكتورلارنى مۇقىملاشتۇرۇش ئاساسىدا، پروگرامما ۋاقىت جەدۋىلى تۈزۈپ، «ناھىيە خەۋەرلىرى»، «بىلىم ۋە تۇرمۇش»، «ئۆگىنىش ماقالىلىرىدىن تەرمىلەر»، «پەن - تېخنىكا»، «بازار ئۇچۇرى»، «باغۋەن ۋە غۇنچە»، «ئۆسمۈرلەر ئۈچۈن ئاڭلىتىش» قاتارلىق ئون پروگراممىنى مۇقىم ھالدا ئۆزى ئىشلەپ ئاڭلىتىدىغان بولدى. پروگراممىلارنىڭ سۈپىتى ئۈزلۈكسىز ئۆستى، بىر مۇنچە پروگراممىلار ۋىلايەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ مۇكاپاتىغا ئېرىشتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1981 - يىللىق ئۇيغۇرچە خەۋەرلەر ۋىلايەتنىڭ 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتىغا، 1982 - يىللىق ئۇيغۇرچە ماقالىلەر ۋىلايەتنىڭ 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتىغا، 1983 - يىللىق يېزىلارغا بېرىلگەن ئۇيغۇرچە ئاڭلىتىش ۋە ماقالىلەر 2 - ۋە 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە ئوبزور 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى، 1984 - يىللىق خەنزۇچە خەۋەرلەر 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، «ئۆسمۈرلەر ئۈچۈن ئاڭلىتىش» ۋە ماقالىلەر 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، تەھرىر تاڭ چېڭفېڭ يازغان «ياسىدۇن ئورمانچىلىق مەيدانىنىڭ 41 نەپەر ئۇيغۇر ئىشچىسى ئۆز پۇلىغا ئاپتوموبىل ھۆددە ئېلىپ قەشقەر قاتارلىق جايلارغا بېرىپ ساياھەت ۋە ئېكسكۇرسىيىدە بولدى» دېگەن ماقالە شىنجاڭ بويىچە 1984 - يىللىق مۇنەۋۋەر رادىئو پروگرامما خەۋەرلىرى ئارا 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

## § 2 . ئاخبارات

1954 - يىلى ناھىيىلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى ناھىيە ئىچىدىكى ئاخبارات - خەۋەرچىلىكنى تەشكىللەشكە، ئۇنىڭغا رەھبەرلىك قىلىشقا مەسئۇل بولۇپ، خەۋەرچىلىك گۇرۇپپىسىدىن ئىككىنى قۇردى، ئون نەچچە ئىختىيارىي مۇخبىر يېتىشتۈردى، لېكىن بۇ چاغدا ماقالە ناھايىتى ئاز يېزىلدى. 1956 - يىلدىن كېيىن ئاخبارات - خەۋەرچىلىك پارتىيىنىڭ

تەشۋىقات خىزمىتىنىڭ مۇھىم ئىشلار كۈن تەرتىپىگە كىرگۈزۈلدى، خەۋەرچىلىك گۇرۇپپىسى بەشكە، ئىختىيارىي مۇخبىر 25 نەپەرگە، ھەر ئايدا ئەۋەتىلگەن ماقالە 30 نەچچە پارچىگە، تاللاپ ئىشلىتىلگەن ماقالە ئون نەچچە پارچىگە يەتتى. 1979 - يىلدىن كېيىن ناھىيىلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى ۋە رادىئو - تېلېۋىزىيە ئىدارىسى ئىختىيارىي مۇخبىرلارنى قەرەللىك تۈردە ئۆگىنىشكە ئۇيۇشتۇردى، ھەر يىلى يىغىن ئېچىپ، خەۋەرچىلىك خىزمىتىنى ئەستايىدىل خۇلاسىلەپ، مۇنەۋۋەر ئىختىيارىي مۇخبىرلارنى تەقدىرلىدى، بۇنىڭ بىلەن ئاخبارەت - خەۋەرچىلىك خىزمىتى تېخىمۇ جانلىنىشقا قاراپ يۈزلەندى. 1979 - يىلدىن 1983 - يىلنىڭ ئاخىرىغىچە بولغان مەلۇماتقا قارىغاندا، ناھىيە بويىچە ھەر دەرىجىلىك ئاخبارەت ئورۇنلىرىغا يوللانغان خەۋەر 2430 پارچىگە، تاللاپ ئىشلىتىلگەن خەۋەر 1811 پارچىگە يەتكەن، بۇنىڭ ئىچىدە بىر مۇنچە ماقالىلەر گېزىتخانا تەرىپىدىن مۇنەۋۋەر ماقالە بولۇپ باھالانغان. 1981 - يىلدىن ئېتىبارەن، ناھىيىدىكى 150 نەپەر ئىختىيارىي مۇخبىردىن يەتتىنى ھەر دەرىجىلىك گېزىتخانىلار ئالاھىدە ئىختىيارىي مۇخبىرلىققا تەكلىپ قىلدى (ئۇيغۇر بەش نەپەر، خەنزۇ ئىككى نەپەر)، 41 كىشى مۇنەۋۋەر ئىختىيارىي مۇخبىر بولۇپ باھالاندى، بۇنىڭ ئىچىدە ھەر يىلى ئۇدا مۇكاپاتلانغانلار 28 نەپەر.

## § 3 . تېلېۋىزىيە

1984 - يىلى پوسكام ناھىيىلىك تېلېۋىزىيە كۆچۈرۈپ تارقىتىش ئىستانسىسى قۇرۇلدى، بۇ ئىستانسىدا 50 ۋاتلىق كۆچۈرۈپ تارقىتىش ئاپپاراتىدىن بىرى، 100 ۋاتلىق كۆچۈرۈپ تارقىتىش ئاپپاراتىدىن بىرى بولۇپ، نېفىت بازىسىنىڭ تېلېۋىزىيە پروگراممىلىرى ئۇلاپ كۆرسىتىلدى. بۇ ئىستانسا 1988 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا سىنئالغۇغا ئېلىپ كۆچۈرۈپ تارقىتىش ئىستانسىسىغا ئۆزگەرتىلدى، ئۇنىڭغا تېلېكامېرادىن ئىككىسى، سىنئالغۇدىن ئالتىسى، سىنقويغۇدىن بەشى، ئوتتۇرا چاستوتا مودۇلياتورىدىن بىرى، 10 — B. T تىپلىق چاستوتىلىق تەسۋىر يېيىش ئەسۋابىدىن بىرى، 500 قاپ سىنئالغۇ لېنتىسى كۆپەيتىپ بېرىلدى، ئۆزى ئىشلىگەن پروگراممىلار بارلىققا كەلدى. تېلېۋىزىيىنىڭ قاپلاش نىسبىتى %45 كە يەتتى.

# V باب

# سەھىيە

1947 - يىلدىن ئىلگىرى ناھىيە بويىچە دۆلەت باشقۇرۇشىدا بىرمۇ داۋالاش، سەھىيە ئاپپاراتى يوق ئىدى، شەخسلەرنىڭ كېسەل كۆرۈش ئورنىمۇ يوق ئىدى، تىبابەتچىلىكتىن ئاز-تولا خەۋىرى بار بەش نەپەر دىنىي زات ناھىيە بازىرىدا يايما يېيىپ، ئاممىنىڭ كېسىلىنى يەرلىك

رېتسېپتىن پايدىلىنىپ داۋالايتتى، كېسەل كۆرسىتىدىغانلار ئىنتايىن ئاز ئىدى، نەڭ ئاما كېسەل بولۇپ قالسا، كۆپ ساندىكى كىشىلەر باخشىلارغا ئوقۇتۇپ، ئەپسۇن يۇتتۇرۇپ جىن - ئالۋاستىنى ياكى قۇش سالدۇرۇپ ئېزىتقۇنى قوغلاتقۇزاتتى.

دوختۇر، دورا كەمچىل بولغانلىقتىن، خولېرا، چۇما، چېچەك، قىزىل، كېزىك، تولغاق قاتارلىق ھەر خىل يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر پات - پات تارقىلىپ تۇراتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە كونا ئۇسۇلدا تۇغۇت قوبۇل قىلىش ئەۋج ئالغانلىقتىن، ئاياللاردا چىللە مەزگىلىدە يۇقۇملىنىش كۆرۈلەتتى، بوۋاقلاردا تېتانوس كېسەللىكىمۇ ناھايىتى كۆپ ئىدى.

1947 - يىلى چېچەك تارقىلىپ كەتكەچكە ناھىيىلىك ھۆكۈمەت كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاش ئۈچۈن، يەكەننىڭ ۋالىيسىغا ناھىيىگە دوختۇر ئەۋەتىشنى ئىلتىماس قىلىپ ئالاقە يوللىغان، سابىق شىنجاڭ ئۆلكىسى يەكەن 11 - دوختۇرخانىسى بۇيرۇققا بىنائەن ئىككى كىشىنى ئىككى قۇتا چېچەك ۋاكسىنىسى بىلەن ناھىيىگە ئەۋەتكەن. 1948 - يىلى داۋالاش ئورنىدىن بىرى تەسىس قىلىنغان بولسىمۇ، شارائىت چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن، بۇ ئورۇن ھېچ ئىشنى بىر باشقا ئېلىپ چىقالمىغان.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت داۋالاش، سەھىيە ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشقا ئەھمىيەت بەردى، ناھىيىنىڭ داۋالاش، سەھىيە ئىشلىرى تېز راۋاجلاندى.

## § 1. سەھىيە قوشۇنى

1948 - يىلى ناھىيە بويىچە ئىككى نەپەر تىببىي خادىم بار ئىدى. 1950 - يىلى تىببىي خادىم تۆت نەپەرگە، 1960 - يىلى 54 نەپەرگە، 1970 - يىلى 69 نەپەرگە، 1984 - يىلى 262 نەپەرگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە مەسئۇل ۋراچ ئىككى نەپەر، ۋراچ 24 نەپەر. فې… (سېستىرا) 127 نەپەر. ئىلگىرىكى بىر نەچچە يىلدىن بۇيان ناھىيىلىك دوختۇرخانىدىن 65 ئادەم (قېتىم)، ناھىيىلىك يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش پونكىتىدىن 20 ئادەم (قېتىم)، گوڭشې شىپاخانىلىرىدىن 48 ئادەم (قېتىم) سىرت جايلارغا بېرىپ بىلىم ئاشۇردى. ناھىيىدە تۆت قارار ھەر خىل تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىلدى، بۇنىڭ بىر قارارى ئىككى يىللىق مۇددەتتىكى يېرىم دېھقانچىلىق، يېرىم داۋالاش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كۇرس بولۇپ، تېخنىكۇم مەلۇماتىغا ئىگە 50 نەپەر دوختۇر، سېستىرا يېتىشتۈرۈلدى، بىر قارارى بىر يىللىق مۇددەتتىكى يېزا دوختۇرلىرىنى تەربىيىلەش كۇرسى بولۇپ، 126 نەپەر يېزا سەھىيە خادىمى يېتىشتۈرۈلدى، بىر قارارى رېنتگىندە تەكشۈرۈشنى ئۆگىنىش كۇرسى بولۇپ، توققۇز نەپەر رېنتگىن خادىمى يېتىشتۈرۈلدى، ئۇنىڭدىن باشقا، ناھىيىلىك دوختۇرخانا يەنە گوڭشېلارغا 60 نەپەر دوختۇر، سېستىرا، تۇغۇت دوختۇرى يېتىشتۈرۈپ بەردى.

ھەرقايسى گوڭشې شىپاخانىلىرى كونا، يېڭى سەھىيە خادىملىرىنى مۇددەتكە، تۈركۈمگە بۆلۈپ تەربىيىلەپ، ئۇلارنىڭ 70 پىرسەنتىنى مۇداپىئە ۋاكسىنىسى ئەملەش ۋە ئادەتتە كۆپ پەيدا بولىدىغان كېسەللىكلەرنى داۋالاش تېخنىكىسىنى ئىگىلىۋېلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى.

# § 2 . داۋالاش

## 1 . ناھىيىگە قاراشلىق داۋالاش ئاپپاراتلىرى

ناھىيىگە قاراشلىق داۋالاش ئاپپاراتلىرىدىن ناھىيىلىك خەلق دوختۇرخانىسى ۋە ناھىيىلىك ئۇيغۇر تىبابەت شىپاخانىسى بار.

ناھىيىلىك خەلق دوختۇرخانىسى ناھىيىلىك شىپاخانا ئاساسىدا تەرەققىي قىلغان. 1951 - يىلى يەكەن ۋالىي مەھكىمىسى ئاز مىقداردىكى دورا بىلەن تۆت نەپەر تىببىي خادىمنى ناھىيىگە ئەۋەتتى، ئۇلار بىر ھۆكۈمەت ئۆيىگە ئورۇنلىشىپ ناھىيىلىك شىپاخانا قۇردى. 1953 - يىلى بۇ شىپاخانىنىڭ خادىمى يەتتە نەپەرگە يەتتى، دۆلەتنىڭ مەبلەغ سېلىشى بىلەن 350 كۋادرات مېترلىق بىر ئامبۇلاتورىيە يېڭىدىن سېلىندى، شىپاخانىنىڭ ئۈسكۈنىلىرى ئاددىي بولغانلىقى، كېسەلخانا بولمىغانلىقى ئۈچۈن، 1957 - يىلغىچە ئادەتتە كېسەلخانىدا يېتىشقا تېگىشلىك كېسەللەر يەكەنگە ئېلىپ بېرىلىپ داۋالاندى. 1958 - يىلى 540 كۋادرات مېترلىق ئامبۇلاتورىيە كېسەلخانىسى يېڭىدىن سېلىندى، تىببىي خادىم 19 نەپەرگە يەتتى، 15 كېسەل كارىۋىتى تەسىس قىلىندى. 1959 - يىلى دۆلەت ئاددىي ئوپېراتسىيە كارىۋىتىدىن بىرنى، تاشقى كېسەللىكلەر بۆلۈمىنىڭ ئوپېراتسىيە بولىقىدىن بىرنى ئاجرىتىپ بەردى، ئاپتونوم رايونلۇق داۋالاش ئەترىتىنىڭ ياردىمىدە، قورساقنىڭ تۆۋەنكى قىسمىنى ئوپېراتسىيە قىلىش (سوقۇر ئۈچەينى ئېلىۋېتىش، چۇقۇقنى تۈزەش، توسۇلۇپ قالغان ئۈچەينى ۋە چات ئارىلىقىنى يېرىش) نى باشلىدى 1960 - يىلى دۆلەت يەنە 30MAلىق رېنتگېن ئاپپاراتىدىن بىرنى، مىكروسكوپتىن بىرنى بەردى، بۇنىڭ بىلەن كۆكرەك بىلەن قورساقنى بىر تۇتاش تەكشۈرۈش، قان ۋە تەرەتنى ئۈچ چوڭ قائىدە بويىچە لابوراتورىيىلىك تەكشۈرۈش دەسلەپكى قەدەمدە يولغا قويۇلدى، كېيىن ناھىيىلىك شىپاخانا ناھىيىلىك خەلق دوختۇرخانىسىغا ئۆزگەرتىلدى. 1966 - يىلى تىببىي خادىم 29 نەپەرگە يەتتى، لابوراتورىيە ۋە رېنتگېن بۆلۈمى تەسىس قىلىندى. 1976 - يىلى تىببىي خادىم 70 نەپەرگە يەتتى، تاشقى كېسەللىكلەر ۋە ئاياللار بۆلۈمى، ئىچكى كېسەللىكلەر ۋە باللار بۆلۈمى تەسىس قىلىندى ھەمدە دۆلەتنىڭ مەبلەغ ئاجرىتىپ بېرىشى بىلەن 1300 كۋادرات مېترلىق كېسەلخانا سېلىندى، كېسەل كارىۋىتى 70 كە يەتتى. 1979 - يىلدىن كېيىن، دوختۇرخانا يەنىمۇ كېڭەيتىلدى. 1982 - ۋە 1984 - يىللىرى، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، 2500 كۋادرات مېترلىق دورا ياساش بىناسى ۋە تاشقى كېسەللىكلەر بىناسى سېلىندى، تىببىي خادىم 100 نەپەردىن ئاشتى (بۇنىڭ ئىچىدە ئالىي تېخنىكۇمنى پۈتتۈرگەنلەر سەككىز نەپەر) ، كېسەل كارىۋىتى 104 كە يەتتى، ئۈسكۈنىلەرمۇ يېڭىلاندى، دوختۇرخانىدا بىر 200MA لىق رېنتگېن ئاپپاراتى، بىر ئېلېكتروكاردىئوگراما، بىر ئۇلترا دولقۇنلۇق تەكشۈرۈش ئەسۋابى، بىر يۇقىرى چوڭايتقۇچى مىكروسكوپ، بىر تۈز ئۈچەي - مەقئەت ئەينىكى، بىر تېمپېراتۇرا تۇراقلاشتۇرغۇچ، بىر قۇرۇتقۇچ، بىر توڭلاتقۇ بار، ھەر قايسى بۆلۈملەرنىڭ دائىملىق ئەسۋاب-ئۈسكۈنىلىرى ئاساسىي جەھەتتىن تولۇقلاندى.

داۋالاش تۈرلىرى

**1. تاشقى كېسەللىكلەر بۆلۈمى**

ئومۇملاشقان تاشقى كېسەللىكلەر جەھەتتە، قالقانسىمان بەزنى ئېلىۋېتىش ئوپېراتسىيىسى، ئۆت خالتىسىنى ئېلىۋېتىش ئوپېراتسىيىسى، ئاشقازاننىڭ كۆپ قىسمىنى ئېلىۋېتىش ئوپېراتسىيىسى، توسۇلۇپ قالغان ھەر خىل ئۈچەينى ئېلىۋېتىپ ئۇلاش ئوپېراتسىيىسى، تۇغما پۇتەي مەقئەتنى ئېچىش ئوپېراتسىيىسى، ھەر خىل چۇقۇقنى تۈزەش ئوپېراتسىيىسى قىلىنىدۇ. كۆكرەك تاشقى كېسەللىكلىرى جەھەتتە قىزىلئۆڭگەچنى تۆپتىن داۋالاش ئوپېراتسىيىسى، يىرىڭ، قان، يەل بىلەن ئېتىلىپ قالغان كۆكرەكنىڭ يېپىقىنى ئاققۇزۇش ئوپېراتسىيىسى، كۆكرەك ئارقىلىق دىئافىراگما چۇقۇقىنى تۈزەش ئوپېراتسىيىسى، سۇنغان قوۋۇرغىنى مۇقىملاشتۇرۇش ئوپېراتسىيىسى قىلىنىدۇ.

سۈيدۈك يوللىرى كېسەللىكلىرى جەھەتتە، بۆرەك جامىنى يېرىپ تاش ئېلىش ئوپېراتسىيىسى، بۆرەكنى قىسمەن ئېلىۋېتىش ئوپېراتسىيىسى، دوۋساقتىن سۈيدۈك ماڭدۇرۇش ئوپېراتسىيىسى، سۈيدۈك يولىدىكى تاشنى ئېلىۋېتىش ئوپېراتسىيىسى، سۈيدۈك يولى ئارىلىقى ئوپېراتسىيىسى قىلىنىدۇ.

**سۆڭەك تاشقى كېسەللىكلىرى**

بۇ جەھەتتە، سۇنغان سۆڭەكنى يېرىپ ئىچىدىن مۇقىملاشتۇرۇش ئوپېراتسىيىسى، سىرتقى زەخىمدىن بولغان پالەچنىڭ بېسىمىنى ئازايتىش ئوپېراتسىيىسى، ھەر خىل سۆڭەك سۇنۇقلىرىنى سوزۇش ئوپېراتسىيىسى قىلىنىدۇ.

زەخىم تاشقى كېسەللىكلىرى جەھەتتە، تارتۇقنى ئېلىۋېتىپ تۈزەش ئوپېراتسىيىسى، كۆيۈككە تېرە كۆچۈرۈش ئوپېراتسىيىسى قىلىنىدۇ.

مېڭە تاشقى كېسەللىكلىرى جەھەتتە، سىرتتىن زەخىملەنگەن قاتتىق پەردە سىرتى ۋە ئىچىدىكى قانلىق ئىششىقنى تازىلاش ئوپېراتسىيىسى، سۇنغان باش سۆڭىكىنى جايىغا چۈشۈرۈش ئوپېراتسىيىسى قىلىنىدۇ.

**2. بەش ئەزا، ئېغىز بوشلۇقى كېسەللىكلىرى بۆلۈمى**

كاتاراكىتنى ئېلىۋېتىش ئوپېراتسىيىسى، توشقان كالپۇكنى تۈزەش ئوپېراتسىيىسى، نەپەس يولىنى يېرىش ئوپېراتسىيىسى قىلىنىدۇ.

**3. ئاياللار ۋە تۇغۇت بۆلۈمى**

تۇغۇت بۆلۈمىدە قورساقنى يېرىپ تۇغدۇرۇش، قورساق ئارقىلىق بالىياتقۇنى ئېلىپ تاشلاش ئوپېراتسىيىسى، بالىياتقۇ بوينى مۇسكۇلى ئۆسمىسىنى ئېلىۋېتىش ئوپېراتسىيىسى، بالىياتقۇ بوينىدىكى ھالقىنى ئېلىۋېتىش ئوپېراتسىيىسى، ھامىلىنى پارچىلاپ چۈشۈرۈش ئوپېراتسىيىسى، بالا ھەمرىيىنى ئاجرىتىۋېتىش ئوپېراتسىيىسى قىلىنىدۇ.

ئاياللار كېسەللىكلىرى جەھەتتە، دائىم ئۇچرايدىغان ۋە كۆپ پەيدا بولىدىغان كېسەللىكلەرنى دىئاگنوز قويۇپ داۋالاش تۈرى بار.

**4. ئىچكى كېسەللىكلەر بۆلۈمى**

بۇ بۆلۈمدە دائىم ئۇچرايدىغان كېسەللىكلەرنى دىئاگنوز قويۇپ داۋالاش، زەھەرلىنىشتىن بولغان ئۆپكە ياللۇغى، يۇقىرى قان بېسىمدىن بولغان مېڭە كېسەللىكلىرى، مېڭە قاناشنى جىددىي قۇتقۇزۇش، زىيادە سېزىمچانلىق، يۇقۇملىنىش خاراكتېرلىك شوكنى جىددىي قۇتقۇزۇش تۈرلىرى بار.

### 5 . تىببىي تېخنىكا بۆلۈم ئۆيلىرى

لابوراتورىيە ئۆيىدە 1 ) كىلىنىكا جەھەتتە، سۈيدۈك، قان شېكىرى، كۆكرەك، قورساقتا چۈشكەن سۇنى مۇنتىزىم لابوراتورىيىلىك تەكشۈرۈش؛ 2 ) بىئو خىمىيە جەھەتتە، جىگەرنىڭ خىزمىتى، كاربون ( Ⅳ ) ئوكسىدى بىرىكمىسى، قان شېكىرى، پانكىرىئاتىننى ئۆلچەپ بېكىتىش تۈرلىرى تەسىس قىلىندى.

رېنتىگىندە دىئاگنوز قويۇش جەھەتتە، رېنتىگىندە تەكشۈرۈش، سۈرەتكە تارتىش، ئۆت خالتىسى، بۆرەك جامى، بالىياتقۇنى سايىلاندۇرۇپ سۈرەتكە تارتىش تۈرلىرى تەسىس قىلىندى.

ئۇلترا دولقۇنلۇق تەكشۈرۈش جەھەتتە، ئېلېكترو كاردىئوگراممىنى كېلىنىكىغا ماسلاشتۇرۇپ داۋالاش تۈرى تەسىس قىلىندى.

دورا ياساش ئۆيى دوختۇرخانىنىڭ سۇيۇق دورا ۋە كىچىك ياسالمىلارغا بولغان ئېھتىياجىنى قاندۇردى.

### 6 . جۇڭگوچە داۋالاش

1971 - يىلى بىر بۆلۈم، دورىخانا تەسىس قىلىنىپ داۋالاش باشلانغانىدى، بۇ بۆلۈمدە ئىككى نەپەر دوختۇر، بىر دورىگەر، 200 خىلدىن ئارتۇق كۆپ ئىشلىتىلىدىغان دورا بار ئىدى.

يېقىنقى بىر قانچە يىلدىن بۇيان، تېخنىكا كۈچى ئاشقانلىقى، بەزى ئوتتۇرا ياشلىق تىببىي خادىملار يەن تەتقىقات پائالىيىتىگە ئاكتىپ قاتناشقانلىقى، داۋالاش سەۋىيىسى يۇقىرى كۆتۈرۈلگەنلىكى ئۈچۈن، كېسەللەرنىڭ ئۆلۈش نىسبىتى %1 ئەتراپىغا چۈشتى، ساقىيىش نىسبىتى %86 تىن ئاشتى، كېسەل كارىۋىتىدىن پايدىلىنىش نىسبىتى %85 كە يەتتى.

## 2 . يېزا ( مەيدان ) لاردىكى داۋالاش ئاپپاراتلىرى

1956 - يىلى ئۈچ رايوندا شىپاخانا قۇرۇلغانىدى. 1958 - يىلى خەلق گۇڭشېسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، بەش گۇڭشېدا سەھىيە - داۋالاش ئاپپاراتى قۇرۇلۇپ، گۇڭشې شىپاخانىسى دەپ ئاتالدى. 1966 - يىلغىچە گۇڭشې ( مەيدان ) شىپاخانىسى 13 كە يېتىپ، ھەر بىر گۇڭشې ( مەيدان ) دا بىردىن شىپاخانا بولۇش ئىشقا ئاشۇرۇلدى. 1976 - يىلى گۇڭشې داۋالاش ئاپپاراتلىرىنىڭ ئۈسكۈنىلىرى كۆپەيدى، ئاددىي كېسەلخانىلار سېلىندى، شۇنىڭ بىلەن نامى گۇڭشې دوختۇرخانىسىغا ئۆزگەرتىلدى، خادىمى 118 نەپەرگە، جۈملىدىن تىببىي خادىم 101 نەپەرگە، كېسەل كارىۋىتى 286 گە يەتتى، بۇ دوختۇرخانىدا ئادەتتە دائىم ئۇچرايدىغان، كۆپ پەيدا بولىدىغان كېسەللىكلەر دىئاگنوز قويۇلۇپ داۋالانغاندىن باشقا، 2 -، 3 -، 4 -، 5 -، 9 - گۇڭشېلاردا رېنتىگىندە تەكشۈرۈش، لابوراتورىيىلىك تەكشۈرۈش قاتارلىق تۈرلەر يولغا قويۇلدى ھەمدە تۆت چوڭ قائىدە بويىچە تەكشۈرۈش ئىشقا ئاشۇرۇلدى.

## 3 . مىللىي تىبابەتچىلىك

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى، ناھىيە بويىچە بەش مىللىي تېۋىپ يايما يېيىپ تېۋىپلىق قىلاتتى. 50 - ۋە 60 - يىللاردا، مىللىي تېۋىپلار تارقاق ھالدا تېۋىپلىق قىلدى.

1979 - يىلى ناھىيە بازىرىدا مىللىي تىبابەتچىلىك بويىچە داۋالاش ئورنى تەشكىللەندى ۋە دۆلەتنىڭ قوللىشى بىلەن داۋالاش پائالىيىتى يولغا قويۇلدى. 1985 - يىلى ناھىيىلىك ئۇيغۇر تىبابەت شىپاخانىسى قۇرۇلۇپ، بەش نەپەر دوختۇر - سېستىرا سەپلەندى، 16 كارىۋات تەسىس قىلىندى، بۇ شىپاخانا بىر يىلدا قوبۇل قىلىدىغان كېسەل 6000 دىن ئاشىدۇ.

**پوسكام ناھىيىسىنىڭ 1951 - يىلدىن 1984 - يىلغىچە بولغان سەھىيە ئىشلىرىنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالى**

5 - 5 - 1 - جەدۋەل

| يىللار | ئاپپارات سانى | كارىۋات (دانە) | ئومۇمىي خادىم (نەپەر) | سەھىيە تېخنىكا خادىمى (نەپەر) | يىللار | ئاپپارات سانى | كارىۋات (دانە) | ئومۇمىي خادىم (نەپەر) | سەھىيە تېخنىكا خادىمى (نەپەر) |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1951 | 1 | | 4 | 4 | 1970 | 12 | 180 | 85 | 69 |
| 1952 | 2 | | 6 | 6 | 1971 | 12 | 199 | 98 | 84 |
| 1953 | 3 | | 11 | 10 | 1972 | 12 | 256 | 132 | 111 |
| 1954 | 3 | | 14 | 12 | 1973 | 13 | 287 | 143 | 114 |
| 1955 | 3 | | 15 | 13 | 1974 | 13 | 304 | 142 | 111 |
| 1956 | 5 | 10 | 23 | 20 | 1975 | 13 | 290 | 141 | 114 |
| 1957 | 5 | 12 | 26 | 22 | 1976 | 15 | 285 | 90 | 155 |
| 1958 | 5 | 15 | 31 | 25 | 1977 | 15 | 321 | 192 | 160 |
| 1959 | 5 | 35 | 40 | 33 | 1978 | 15 | 397 | 230 | 189 |
| 1960 | 6 | 60 | 69 | 54 | 1979 | 18 | 320 | 233 | 194 |
| 1961 | 6 | 60 | 63 | 52 | 1980 | 16 | 396 | 282 | 238 |
| 1962 | 9 | 57 | 74 | 58 | 1981 | 17 | 388 | 295 | 250 |
| 1963 | 9 | 62 | 77 | 61 | 1982 | 17 | 409 | 301 | 249 |
| 1964 | 12 | 81 | 82 | 67 | 1983 | 20 | 390 | 320 | 256 |
| 1965 | 12 | 110 | 97 | 76 | 1984 | 22 | 372 | 320 | 262 |
| 1966 | 13 | 99 | 92 | 71 | | | | | |
| 1967 | 12 | 94 | 84 | 64 | | | | | |
| 1968 | 12 | 146 | 92 | 74 | | | | | |
| 1969 | 12 | 146 | 92 | 74 | | | | | |

## § 3 . دورا بىلەن تەمىنلەش

ناھىيىلىك دورا شىركىتى 1976 - يىلى قۇرۇلغان بولۇپ، ئون نەپەر ئىشچى - خىزمەتچىسى

بار ئىدى، بۇ شىركەت ناھىيە بويىچە ئادەم ۋە چارۋىلاردا بولىدىغان كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاشقا كېرەكلىك دورا ۋە دورا سايمانلىرى بىلەن تەمىنلەش خىزمىتىنى ئۈستىگە ئالدى.

ناھىيىلىك دورا شىركىتىنىڭ ئىلگىرىكى يىللاردىكى تۈرلۈك ئىقتىسادىي كۆرسەتكۈچلەرنى ئورۇنداش ئەھۋالى

5 ـ 5 ـ 2 ـ جەدۋەل

| يىللار | سېتىۋېلىنغان تاۋارلار | سېتىلغان تاۋارلار | ئېلىنغان پايدا | خىراجەت | ئوبوروت قىلىنغان خىراجەت % | مەبلەغ ئوبوروتى (قېتىم) | يىل ئاخىرىدىكى ئامبار قالدۇقى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1976 | 152577 | 237428. | 3314 | 19839 | 7 | 1.6 | 209393 |
| 1977 | 298415 | 292023 | 3563 | 17237 | 5.9 | 1.6 | 150281 |
| 1978 | 254124 | 292256 | 4280 | 17160 | 5.5 | 2 | 190375 |
| 1979 | 240688 | 284611 | 4212 | 20606 | 7.4 | 1.9 | 1595644 |
| 1980 | 299325 | 277809 | 4398 | 21109 | 7.6 | 1.9 | 153351 |
| 1981 | 245063 | 277200 | 3200 | 17970 | 6.4 | 2 | 122786 |
| 1982 | 269000 | 287000 | 3300 | 17494 | 6.2 | 2.2 | 133511 |
| 1983 | 315655 | 334097 | 3820 | 19429 | 6 | 2.4 | 126016 |

## § 4 . ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق ھەرىكىتى

### 1 . تۆت زىيانداشنى يوقىتىپ، تازىلىققا رىئايە قىلىش

1954 ـ يىلدىن ئېتىبارەن «تۆت زىيانداشنى يوقىتىش (چاشقان، قۇشقاچ، چىۋىن، پاشىنى يوقىتىش)، تازىلىققا رىئايە قىلىش» مەركەز قىلىنغان ئاممىۋى ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق ھەرىكىتى قانات يايدۇرۇلدى. 1961 ـ يىلدىن 1964 ـ يىلغىچە سۇ مەنبەسى ۋە ھاجەتخانىنى باشقۇرۇشنى ياخشىلاش ئاساس قىلىنغان تازىلىقنى تۈپتىن ياخشىلاش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلۇپ، ناھىيە بويىچە 1000 دىن ئارتۇق ھاجەتخانا سېلىندى، 10 مىڭدىن ئارتۇق ئائىلە ھاجەتخانىسى ئۆزگەرتىلدى. 700 دىن ئارتۇق كۆل تۈزەشتۈرۈلدى. 1976 ـ يىلدىن كېيىن ئاممىۋى تازىلىقنى باشقۇرۇش ۋە تەكشۈرۈش كۈچەيتىلدى. «بەش بولۇش، تۆت گۈزەل، ئۈچنى قىزغىن سۆيۈش» پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلغاندىن كېيىن، ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق ھەرىكىتى دائىملاشتۇرۇلدى، تۈزۈملەشتۈرۈلدى. 1987 ـ يىلى سەيلى يېزىسىدا كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش، سۇ مەنبەسىنى ياخشىلاش نۇقتىدا سىناق قىلىنىپ، باسما قۇدۇقتىن 247 سى قېزىلدى، نەتىجىدە يېزا بويىچە 57% ئاھالە قۇدۇق سۈيى ئىشلىتىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدى. 1988 ـ يىلى باشقا يېزىلاردا 97 چوڭ قۇدۇق قېزىلدى.

پوسكام ناھىيىسىنىڭ بىر قانچە يىلدىكى «ئۈچنى باشقۇرۇش، بىرنى يوقىتىش» ئەھۋالىغا دائىر مەلۇمات

5 ـ 5 ـ 3 ـ جەدۋەل

| يىللار | «ئۈچنى باشقۇرۇش، بىرنى يوقىتىش» ئەھۋالى | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | سۇ مەنبەسىنى باشقۇرۇش | | | | گەندىنى باشقۇرۇش | | چىۋىن يوقىتىش | | | |
| | كۆل | قۇدۇق | دېزىنفېكسىيە قىلىنغان كۆل | دېزىنفېكسىيە قىلىنغان قۇدۇق | ھاجەتخانا | يېڭىدىن سېلىنغان ھاجەتخانا | دورا بىلەن چىۋىن ئۆلتۈرۈش قېتىم سانى | ئىشلىتىلگەن چىۋىن دورىسى (كىلوگرام) | دورا چاچقان ئائىلە | ئۆزى ئىشلىگەن چىۋىن ئۆلتۈرۈش قەغىزى (دانە) |
| 1973 | 444 | | 265 | | 13323 | 8000 | 4 | 4000 | 32000 | 30000 |
| 1974 | 886 | | 471 | | 21486 | 8163 | | | 23120 | 23100 |
| 1975 | | | | | 18200 | | | | | |
| 1976 | 527 | 9 | | | 18200 | 9931 | | | | |
| 1977 | | | | | | | 5 | 300 | | |
| 1978 | | | | | | | | | | |
| 1979 | | | | | | | | | 30000 | 32000 |
| 1980 | | | | | | | | | | |
| 1981 | | | | | | 46 | | | 23150 | 20000 |
| 1982 | 280 | 270 | 126 | 140 | 17000 | 1600 | 6 | 700 | 20000 | 20000 |
| 1983 | 270 | 272 | 120 | 110 | 17021 | 2500 | 3 | 651 | 11000 | 12000 |
| 1984 | 270 | 250 | 200 | 100 | 18000 | 3680 | 4 | 893 | 3900 | 390000 |

## 2 . يېمەكلىك تازىلىقى

1980 ـ يىلدىن ئېتىبارەن ناھىيە بازىرىدا يېمەك ـ ئىچمەك كەسپى بويىچە يېمەكلىكلەرنى تەكشۈرۈش باشلاندى. بىر قانچە يىلدىن بۇيان، سوغۇق ئىچىملىك، ھاراق تۈرلىرى، جياڭيۇ تۈرلىرى قاتارلىقلار نازارەت قىلىنىپ تەكشۈرۈلگەندىن باشقا، تاماقخانا، ئاشخانا تازىلىقىنى تۈپتىن ياخشىلاش، دېزىنفېكسىيە قىلىش ۋە ئاشپەز، زابخوزلارنىڭ جىسمانىي تازىلىقىنى تەكشۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىلىپ، بەلگىلىمىگە ئۇيغۇن بولمىغانلىرىنىڭ تىجارىتى بۇيرۇق بىلەن توختىتىپ قويۇلدى، ئىش تۈرى ئالماشتۇرۇۋېتىلدى. 1982 ـ يىلدىن 1984 ـ يىلغىچە ناھىيە بويىچە يېمەك ـ ئىچمەك مۇلازىمىتى كەسپى بىلەن شۇغۇللانغان خادىملارنىڭ سالامەتلىكى

تەكشۈرۈلۈپ، ئۇلارغا سالامەتلىك گۇۋاھنامىسى ۋە تازىلىق ئىجازەتنامىسى تارقىتىپ بېرىلدى، بۇ ئەھۋال تۆۋەندىكى جەدۋەلدە كۆرسىتىلدى.

**1982 ـ يىلدىن 1984 ـ يىلغىچە ناھىيە بويىچە يېمەك ـ ئىچمەك مۇلازىمىتى كەسپى بىلەن شۇغۇللانغان خادىملارنىڭ سالامەتلىكىنى تەكشۈرۈش، ئۇلارغا سالامەتلىك گۇۋاھنامىسى ۋە تازىلىق ئىجازەتنامىسى تارقىتىپ بېرىشكە دائىر مەلۇمات**

| يىللار | يېمەك ـ ئىچمەك مۇلازىمەتچىسى | سالامەتلىكى تەكشۈرۈلگەنلەر | سالامەتلىك تەكشۈرۈش نىسبىتى (%) | يۇقۇملۇق كېسەللىككە گىرىپتار بولغانلار | كېسەللىككە گىرىپتار بولۇش نىسبىتى (%) | سالامەتلىك گۇۋاھنامىسى ئالغانلار | گۇۋاھنامە ئالغانلارنىڭ نىسبىتى (%) | يېمەك ـ ئىچمەك مۇلازىمىتى كەسپىي ئورۇنلىرى | تازىلىق ئىجازەتنامىسى ئالغان ئورۇن |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1982 | 241 | 144 | 59.8 | 4 | 2.8 | 140 | 58.1 | 98 | |
| 1983 | 500 | 486 | 97.2 | 20 | 4.1 | 466 | 93.2 | 282 | |
| 1984 | 701 | 663 | 94.6 | 17 | 2.6 | 646 | 92.2 | 333 | 170 |

# § 5. يەرلىك كېسەللىكلەر ۋە يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاش

## 1. يەرلىك كېسەللىكلەر

پوسكامدىكى ئامما دەريا سۈيى ئىچىشكە ئادەتلەنگەن، لېكىن ناھىيىنىڭ سۈيىدە يود بەكمۇ كەمچىل بولغاچقا، نۇرغۇن ئاممىدا قالقانسىمان بەز ئىششىقى پەيدا بولۇش ئېغىر يەرلىك كېسەللىكلەرنىڭ بىرى ھېسابلىناتتى. 1958 ـ يىلدىكى تەكشۈرۈشكە قارىغاندا، ناھىيە بويىچە 69.89% ئامما مۇشۇ كېسەللىككە گىرىپتار بولغان. يەكەن دەرياسى بويىدىكى غوگرات، يىما، چاقا قاتارلىق جايلاردا بۇ كېسەللىككە گىرىپتار بولۇش نىسبىتى تېخىمۇ يۇقىرى ئىدى، نۇرغۇن

ئاما بويىندا يەتتە ـ سەككىز جىلىك كېلىدىغان گۆش ئۆسمىنى ساڭگىلىتىپ يۈرەتتى، بۇ، ھەم ئوزۇقلىنىش، يېتىپ ـ قوپۇشقا تەسىر يەتكۈزەتتى، ھەم ھەرىكەت قىلىش ئەپسىز بولۇپ، ئادەم ئازراق ھەرىكەت قىلسىلا ھاسىراپ كېتەتتى. ئاپتونوم رايونلۇق يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاش ئورنىدىن ۋاڭ ليەنفاڭ، ۋاڭ خۇمېن قاتارلىقلارنىڭ 1958 ـ يىلدىكى تەكشۈرۈشىگە قارىغاندا، قالقانسىمان بەز ئىششىقى كېسەللىكىگە گىرىپتار بولغانلارنىڭ ئوتتۇرىچە ئەمگەك كۈنى %5 . 62، ساغلام كىشىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە ئەمگەك كۈنى %85 بولغان، قالقانسىمان بەز ئىششىقى كېسەللىكىگە گىرىپتار بولغانلارنىڭ ئىشقا چىقىش نىسبىتى ساغلام كىشىلەرنىڭ ئىشقا چىقىش نىسبىتىنىڭ 53 . 73 پىرسەنتىگە، ئەمگەك ئۈنۈمى 8 . 71 پىرسەنتىگە تەڭ بولغان. بۇ كېسەللىك كېيىنكى ئەۋلادلارنىڭ ئەقلىي، جىسمانىي جەھەتتىن نورمال ئۆسۈپ يېتىلىشىگىمۇ ئېغىر تەسىر يەتكۈزەتتى، قالقانسىمان بەز ئىششىقى كرېتىنىزىم كېسەللىكىگە ئايلانغاندىن كېيىن، تۇغۇلغان كېيىنكى ئەۋلادلار گاس، گاچا، ھاڭۋاقتى، ھەتتا بويى پاكار، ئۆمرى قىسقا بولۇپ قالاتتى. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، پارتىيە ۋە خەلق ھۆكۈمىتى يەرلىك كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاش خىزمىتىگە ئىنتايىن ئەھمىيەت بەردى. 1958 ـ ۋە 1971 ـ يىللىرى ئاپتونوم رايون ناھىيىدىكى يەرلىك قالقانسىمان بەز ئىششىقىنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا ۋە ئۇنى داۋالاشقا ئىككى قېتىم داۋالاش ئەترىتى ئەۋەتتى، ئۇلار تۇزلۇق قاپاقفا يود سېلىش، ئۇنغا يود قوشۇش ئۇسۇلى ئارقىلىق، بۇ كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئالدى ۋە ئۇنى داۋالىدى، كېسىلى ئېغىر كىشىلەرنى ئوپېراتسىيە قىلدى. 1982 ـ، 1983 ـ يىللىرى 80 مىڭ 36 كىشىگە يودېپىن ئوكۇلى سېلىندى، كىشىلەرنىڭ بۇ كېسەللىككە گىرىپتار بولۇش نىسبىتى يىلمۇ يىل تۆۋەنلىدى، بۇ كېسەللىككە گىرىپتار بولۇش نىسبىتى 1978 ـ يىلى %6 . 30 كە، 1980 ـ يىلى %4 . 20 كە چۈشتى. 1982 ـ يىلى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈلگەندە، ناھىيە بويىچە 100 مىڭ ئاھالە ئىچىدە يەنە 13 مىڭ 469 كىشىدە قالقانسىمان بەز ئىششىقى بارلىقى، بۇ كېسەللىككە گىرىپتار بولۇش نىسبىتى %3 . 16، كرېتىنىزىم كېسەللىكىگە گىرىپتار بولۇش نىسبىتى %8 . 0 بولغانلىقى بايقالدى. ئالاقىدار تارماقلار داۋاملىق پائال تەدبىر قوللىنىپ، بۇ كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئالدى ۋە ئۇنى داۋالىدى.

1979 ـ يىلى ناھىيە بازىرىدىكى ئاھالە تۇرۇبا سۈيى ئىچىشكە باشلىدى، بۇنىڭغا ئەگىشىپ فتور چىش دېغى كېسەللىكى پەيدا بولدى. 1982 ـ يىلى تەكشۈرۈلگەن 9725 نەپەر ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى ئىچىدە، بۇ خىل كېسەللىككە گىرىپتار بولغانلار 4636 گە، كېسەللىككە گىرىپتار بولۇش نىسبىتى %6 . 37 كە يەتكەنلىكى بايقالدى، ئالاقىدار تارماقلارمۇ پائال تۈردە بۇ كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئالدى ۋە ئۇنى داۋالىدى.

## 2 . يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر

1974 ـ يىلدىن بۇيان، ئۇچەي يولى يۇقۇملۇق كېسەللىكلىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىش مۇھىم نۇقتا قىلىنىپ، كېزىك، تولغاق، جىگەر ياللۇغى، B تىپلىق مېڭە پەردە ياللۇغى، باش تەمرەتكىسى، تاناسىل كېسەللىكلىرى قاتارلىقلارنىڭ ئومۇملاشتۇرۇلۇپ ئالدى ئېلىندى ۋە ئۇ داۋالاندى، ناھىيىلىك يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش پونكىتى ھەر يىلى پۈتۈن كۈچ بىلەن تەكشۈرۈپ، كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئالدى ۋە ئۇنى داۋالىدى، گۆڭشې دوختۇرخانىلىرىدىمۇ ئىككى نەپەردىن تۆت نەپەرگىچە تىببىي خادىم ئاجرىتىلىپ، چوڭ ئەترەتلەردىكى سەھىيە خادىملىرى يېتەكلىنىپ ۋە تەشكىللىنىپ، ئۇزاق مۇددەت كېسەللىكلەرنىڭ ئالدى ئېلىندى،

بۇنىڭ بىلەن. كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش بويىچە پۇختا بولغان ئۈچ دەرىجىلىك تور شەكىللىنىپ، جىددىي خاراكتېرلىك يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ يامراپ كېتىشى ئۈنۈملۈك تىزگىنلەندى.

**پوسكام ناھىيىسىدە 1980 - يىلدىن 1984 - يىلغىچە جىددىي خاراكتېرلىك يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ يۈز بېرىش ئەھۋالى**

5 - 4 - 5 . جەدۋەل

| يىللار / تۈرلەر | 1980 | 1981 | 1982 | 1983 | 1984 |
|---|---|---|---|---|---|
| كېسەلنىڭ كۆرۈلگەن ئادەم | 5380 | 6417 | 5138 | 6804 | 3176 |
| كېسەللىك كۆرۈلۈش نىسبىتى % | 5.20 | 6.20 | 4.40 | 5.80 | 2.70 |

يېقىنقى يىللاردىن بېرى كېسەللىكلەرنى ئالدىنى ئېلىش، تۈرلۈك يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنى داۋالاش ئىشلىرى ئالغا قاراپ ئىلگىرىلىگەن. رىپىنى يېنىكرەك بولغان سوزۇلما خاراكتېرلىك يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر قەرەللىك تۈردە ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈلۈپ، ئۇلارنىڭ قەنتىي بوشاشماي پائال تۈردە ئالدى ئېلىنىدى ۋە ئۇلار داۋالاندى.

باش تەمرەتكىسى 1983 - يىلى بىر قېتىم ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈلگەندە، 41 مىڭ 724 ئادەمدىن 1988 كىشىنىڭ مۇشۇ كېسەللىككە گىرىپتار بولغانلىقى بايقالدى، ئۇلار گرىزېئوفۇلۋىن بىلەن داۋالىنىپ پۈتۈنلەي ساقايتىلدى. تاناسىل كېسەللىكلىرى 1958 - يىلى بىر قېتىم ئومۇمىيۈزلۈك داۋالاندى. 1982 -، 1983 - يىللىرى يەنە ئىككى قېتىم ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈلگەندە، 5380 ئادەمدىن 388 كىشىدە مۇسبى تاناسىل كېسەللىكىنىڭ بارلىقى بايقالدى، بۇنىڭدىن 267 كىشى داۋالاپ ساقايتىلدى.

# § 6 . ئانا - بالىلار ساقلىقىنى ساقلاش

1964 - يىلدىن باشلاپ ئانا - بالىلار ساقلىقىنى ساقلاش بويىچە ئۈچ دەرىجىلىك تور بەرپا قىلىنغانىدى. 1984 - يىلغىچە ناھىيە، يېزا، كەنتلەرنىڭ ھەممىسىدە ئانا - بالىلار ساقلىقىنى ساقلاش تەشكىلاتلىرى قۇرۇلدى. ناھىيە، يېزىدا ئانا - بالىلار ساقلىقىنى ساقلاش پونكىتى، كەنتلەردە يېڭى ئۇسۇلدا تۇغۇت قوبۇل قىلىش پونكىتلىرى قۇرۇلدى. ناھىيە بويىچە يېزىلارغا 300 نەپەردىن ئارتۇق ئانا - بالىلار ساقلىقىنى ساقلاش خادىمى يېتىشتۈرۈپ بېرىلىپ، يېڭى ئۇسۇلدا تۇغۇت قوبۇل قىلىش يىلمۇ يىل كېڭەيتىلدى. 1979 - يىلى ناھىيە بويىچە يېڭى ئۇسۇلدا تۇغۇت قوبۇل قىلىش نىسبىتى %59.9 ئىدى، 1984 - يىلى %90 كە يەتتى. تۇغۇتلۇق ئاياللار ۋە بوۋاقلارنىڭ ئۆلۈپ كېتىش نىسبىتى يىلدىن - يىلغا تۆۋەنلىدى. 1980 - يىلى تۇغۇتلۇق ئاياللارنىڭ ئۆلۈپ كېتىش نىسبىتى ‰7.0، بوۋاقلارنىڭ ئۆلۈپ كېتىش نىسبىتى %2.1

بولدى، بىر نەچچە يىلدىن بۇيان يېزا، كەنتلەردىكى ئانا ـ بالىلار ساقلىقىنى ساقلاش خادىملىرى 15 — 30 كۈنلۈك مۇددەت بىلەن كەسىپىي تېخنىكا بويىچە تەربىيىلەنگەنلىكى، ئۇلارنىڭ كەسپىي تېخنىكا سەۋىيىسى ئۈزلۈكسىز ئۆسكەنلىكى ئۈچۈن، 1984 ـ يىلغىچە تۇغۇت قوبۇل قىلىش ياكى تۇغۇتنى تېزلىتىش ئۇسۇلى توغرا بولماسلىق سەۋەبىدىن كېلىپ چىقىدىغان تۇغۇتلۇق ئاياللارنىڭ ئۆلۈپ كېتىش ھادىسىلىرى قايتا كۆرۈلمىدى، بوۋاقلارنىڭ ئۆلۈپ كېتىش نىسبىتىمۇ 1% كە چۈشتى، تۇغۇتلۇق ئاياللارنىڭ تۇغۇتتىن كېيىنكى يۇقۇملىنىشى، بوۋاقلاردا بولىدىغان تېتانۇس كېسەللىكلىرىمۇ تىزگىنلەندى. داۋالاش تارماقلىرى ۋە ئانا ـ بالىلار ساقلىقىنى ساقلاش تەشكىلاتلىرى، بالىلارنىڭ سالامەتلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، 1981 ـ يىلدىن باشلاپ، ھەر يىلى بالىلارنىڭ كېسىلىنى تەكشۈرۈش، ۋاكسىنا ئەملەش خىزمىتىنى قەتئىي داۋاملاشتۇردى، قان ئازلىق، راخىت، ئۈچەي پارازىت قۇرتى كېسەللىكلىرىگە گىرىپتار بولغان بالىلارنى پائال تۇردە، ئومۇميۈزلۈك تەكشۈردى ۋە داۋالىدى. 1980 ـ، 1981 ـ يىللىق مەلۇماتقا قارىغاندا، ناھىيە بويىچە 7036 بالا تەكشۈرۈلۈپ، 1010 بالىنىڭ ئۈچەي سازاڭ مەددە كېسەللىكىگە، 32 بالىنىڭ قان ئازلىق كېسەللىكىگە، 18 بالىنىڭ راخىت كېسەللىكىگە گىرىپتار بولغانلىقى بايقالغان، كېسەل بالا جەمئىي 1060 نەپەر بولۇپ، داۋالاش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ 849 نەپىرى ساقايتىلدى.

**1981 ـ يىلدىن 1984 ـ يىلغىچە بولغان بالىلار كېسەللىكىنى تەكشۈرۈش ۋە ۋاكسىنا ئەملەش ئەھۋالى**

5 ـ 5 ـ 5 ـ جەدۋەل

| تۈرلەر / يىللار | ئۈچ بىرلەشمە ۋاكسىنا | | قىزىل | | شىكەر ياللىتىلغان كۆمۈلاچ | | كېزىك | كالمېت ـ گۆھېرىن ۋاكسىنىسى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | ئەملەشكە تېگىشلىك بالا | ئەمەلىيەتتە ئەملەنگىنى | ئەملەشكە تېگىشلىك بالا | ئەمەلىيەتتە ئەملەنگىنى | دورا تارقىتىشقا تېگىشلىك بالا | ئەمەلىيەتتە دورا تارقىتىلغان بالا | ئەملەنگەن بالا | ئەملەنگەن بالا |
| 1981 | ئۈچ قېتىم | | | 19500 | 16500 | 28000 | 11000 | 10300 |
| 1982 | 16500 | 72000 | 16500 | 19500 | 16500 | 32200 | | |
| 1983 | 20650 | 60000 | | 17364 | 19850 | 19650 | 10000 | |
| 1984 | 20000 | 7636 | | 11242 | | 8012 | | |

بالىياتقۇ چىقىپ قېلىش ۋە سۈيدۈك ئاقمىسى ئاياللاردا دائىم كۆرۈلىدىغان كېسەللىك. 1979 ـ يىلدىن 1982 ـ يىلغىچە ئالاقىدار تارماقلار 35 مىڭ 200 نەپەر ئايالنى تەكشۈردى، بۇنىڭ ئىچىدە 947 نەپەر ئايالنىڭ بالىياتقۇ چىقىپ قېلىش كېسەللىكىگە گىرىپتار بولغانلىقى بايقالدى، كۆپ تەرەپلىمە داۋالاش ئارقىلىق، 1984 ـ يىلغا قەدەر 654 ئايال ساقايدى. خاتا دىئاگنوز قويۇلۇپ قالغان ياكى كۆچۈپ كېتىش، ياشىنىپ قېلىش، ئۆلۈپ كېتىش سەۋەبىدىن داۋالىنالمىغان 266 نەپەر ئايالنى ھېسابقا ئالمىغاندا، 27 لا ئايال ساقىيالمىدى.

سۈيدۈك ئاقمىسىغا گىرىپتار بولغان ئايال توققۇز نەپەر بولۇپ، بۇلارنىڭ ئۈچ نەپىرى داۋالاپ ساقايتىلدى، ئۈچ نەپىرى سۈيدۈك يىغىش نەيچىسى بىلەن داۋالاندى.

## § 7. داۋالاش تۈزۈمى

### 1. ھۆكۈمەت خىراجىتى بىلەن داۋالىنىش

1953 - يىلى دۆلەت خىزمەتچى خادىملىرىغا نىسبەتەن ھۆكۈمەت خىراجىتى بىلەن داۋالىنىش يولغا قويۇلدى. دۆلەت ئورگانلىرى، مەكتەپلەردىكى كادىرلار، ئىشچى - خىزمەتچىلەر كېسەل بولۇپ دورا ئىشلەتسە ياكى كېسەلخانىدا يېتىپ داۋالانسا پۈتۈنلەي ھەق ئېلىنمىدى، زاۋۇت، كان، كارخانىلاردىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە نىسبەتەن قانچە پۇللۇق داۋالانسا، شۇنچە پۇلنى ئاتچوت قىلىپ بېرىش يولغا قويۇلدى. 1979 - يىلى قىسمەن كارخانا، كەسپىي ئورۇنلاردا ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغىمۇ ئېتىبار بېرىلىپ، داۋالىنىش ۋە دورا پۇلىنىڭ 50 پىرسەنتىنى ئاتچوت قىلىپ بېرىش يولغا قويۇلدى.

### 2. يېزىلاردىكى ھەمكارلىشىپ داۋالىنىش

بۇ تۈزۈم 1958 - يىلدىن باشلاپ يولغا قويۇلدى، ھەر قايسى گۇڭشې، ئەترەتلەر كوللېكتىپنىڭ كۆچىگە تايىنىپ، ئائىلە، نوپۇس بويىچە ھەمكارلىشىپ داۋالىنىش فوندى (ھەر بىر كىشى ئۈچۈن 0.80 يۈەندىن) يىغىۋېلىپ، ھەمكارلىشىپ داۋالىنىشنى يولغا قويغانىدى. 1961 - يىلى بىرىنچىدىن تەڭشەش، ئىككىنچىدىن يۆتكەشتىن ئىبارەت مۇلۇكنى ئومۇمنىڭ قىلىۋېتىش شامىلى تۈزىتىلگەندە، ھەمكارلىشىپ داۋالىنىش توختىتىپ قويۇلدى. 1962 - يىلى گۇڭشې بىرلىك قىلىنغان ھالدا ھەمكارلىشىپ داۋالىنىش يەنە ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. يېزىلاردا ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، ھەمكارلىشىپ داۋالىنىش «داشقازاننىڭ تامىقى»نى يېگەنلىك دەپ قارىلىپ، تەدرىجىي بۇزۇۋېتىلدى. 1984 - يىلنىڭ ئاخىرىغىچە كۆيباغ يېزىسىدىن باشقا يېزىلاردا بۇ تۈزۈم يولغا قويۇلمىدى، 1988 - يىلى يەنە ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى.

## § 8. ئاپپاراتلارنىڭ تەسىس قىلىنىشى

### 1. ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق ھەرىكىتى ھەيئىتى

بۇ ھەيئەت 1954 - يىلى قۇرۇلغانىدى. 1975 - يىلى دائىمىي ئاپپارات بولدى، ئىلگىرى ئۇنىڭ مۇدىر ئەزالىقىنى ناھىيىلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى قوشۇمچە ئۈستىگە ئېلىپ كەلگەنىدى. 1981 - يىلى بىر نەپەر مەخسۇس كادىر سەپلىنىپ، ئىشخانا تەسىس قىلىندى، بۇ ئىشخانا ناھىيە بويىچە بازار - يېزىلارنىڭ مۇھىت تازىلىقى خىزمىتىنى ئاساسلىق باشقۇرۇپ كەلدى.

### 2. سەھىيە ئىدارىسى

1950 - يىلى ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، مەدەنىيەت - مائارىپ

بۆلۈمدە بىر بۆلۈم ئەزاسى قويۇلغانىدى، ئۇ سەھىيە خىزمىتىنى مەخسۇس باشقۇرغانىدى. 1965-يىلى سەھىيە بۆلۈمى قۇرۇلۇپ، دوختۇرخانا بىلەن بىرلىكتە ئىش بىجىردى. ئۇنىڭغا ئىككى شتات سەپلەندى. 1969 - يىلى سەھىيە بۆلۈمى مەدەنىيەت - مائارىپ بۆلۈمى بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈپ، مەدەنىيەت - مائارىپ - سەھىيە ئىدارىسى دەپ ئاتالدى. 1974 - يىلى سەھىيە ئىدارىسى يەنە ئايرىم ئىدارە بولدى. 1983 - يىلى شتاتى 11 گە يەتتى.

**3 . يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش پونكىتى**

بۇ پونكىت 1973 - يىل 2 - ئايدا قۇرۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭ بەش شتاتى بار ئىدى، ئۇزلۇكسىز تولۇقلاش، كېڭەيتىش ئارقىلىق، بىر قەدەر مۇكەممەل بولغان يۇقۇملۇق كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش، تەكشۈرۈش ئۈسكۈنىلىرى ئورنىتىلدى، ئادەتتىكى لابوراتورىيىلىك تەكشۈرۈش ئەسۋابلىرى سەپلەنگەندىن باشقا، يەنە كىچىك تىپتىكى توڭلاتقۇ، تېمپېراتۇرا تۇراقلاشتۇرغۇچ، قۇرۇتقۇچ، تىك شەكىللىك، يۇقىرى بېسىملىق پار قازىنى، ئانالىز تارازىسى، يۇقىرى چوڭايتقۇچى مىكروسكوپ قاتارلىقلار سەپلەندى. 1983 - يىلى خادىمى 25 نەپەرگە يەتتى.

**4 . ئانا - بالىلار ساقلىقىنى ساقلاش پونكىتى** بۇ پونكىت 1974 - يىلى قۇرۇلغان بولۇپ، ئۈچ شتاتى بار.

# باب VI

# تەنتەربىيە

## § 1 . مىنگو دەۋرىدىكى تەنتەربىيە ھەرىكىتى

مىنگونىڭ 28 - يىلى (1939 - يىلى) مەنناپ ھاكىملىقتا تەيىنلەنگەندىن كېيىن، تۈرلۈك تەنتەربىيە پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇرغان، ھەر يىلى «12 - ئاپرېل» دا تۈرلۈك مۇسابىقىلەرنى ئۆتكۈزگەن ھەمدە مەخسۇس پۇل ئاجرىتىپ، كۆلىمى بەش موچە كېلىدىغان تەنتەربىيە مەيدانى، ۋاسكىتبول، ۋالىبول مەيدانى ياساتقان، مەكتەپلەردە تەنتەربىيە دەرسى تەسىس قىلدۇرغان، تەنھەرىكەتچىلەرنى قەشقەر، يەكەنلەردە ئۆتكۈزۈلگەن تەنھەرىكەت مۇسابىقىلىرىغا قاتناشتۇرغان. 1939 - يىلى ناھىيىدىن تاللاپ ئەۋەتىلگەن ئۈچ نەپەر ئوقۇغۇچى قەشقەر مەمۇرىي رايونلۇق 4-نۆۋەتلىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىغا قاتنىشىپ، ئەلا نەتىجىگە ئېرىشىپ، بىر كۈمۈش قوتا مۇكاپات ئالغان. 1941 - يىلى ئون نەپەر ئوقۇغۇچى قەشقەر مەمۇرىي رايونلۇق 5 - نۆۋەتلىك تەنھەرىكەت يىغىنىغا قاتناشتۇرۇلغان. 1943 - يىلى سەككىز نەپەر ئەر، تۆت نەپەر ئايال ماھىر يەكەن مەمۇرىي رايونلۇق 7 - نۆۋەتلىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىغا قاتنىشىپ، ئەلا نەتىجىگە ئېرىشىپ، بىر لەۋھە بىلەن مۇكاپاتلانغان. 1944 - يىلدىن كېيىن، كەينى - كەينىدىن ئۇرۇش بولۇپ، تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى قايتا ئۆتكۈزۈلمىگەن.

# §2. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى دەۋرىدىكى تەنتەربىيە ھەرىكىتى

50 ـ يىللاردىن بۇيان ئورگان، مەكتەپلەردە ۋاسكىتبول، ۋالىبول مەيدانلىرى ئارقا ـ ئارقىدىن ياسىلىپ، توپ كوماندىلىرى تەشكىللىنىپ، دائىم دوستلۇق مۇسابىقىلىرى قانات يايدۇرۇلدى. 1955 ـ يىلى ناھىيىدە 1 ـ نۆۋەتلىك توپ، يېنىك ئاتلېتكا تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى، 100 دىن ئارتۇق ئىشچى ـ خىزمەتچى ۋە ئوقۇغۇچى مۇسابىقىغا قاتناشتى. مۇسابىقە ئارقىلىق تاللانغان 24 نەپەر تەنھەرىكەتچىدىن تەركىب تاپقان تەنتەربىيە ۋەكىللەر كوماندىسى يەكەن ۋىلايەتلىك 1 ـ نۆۋەتلىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىغا قاتناشتۇرۇلدى. تەنھەرىكەتچى توختى ئەرلەرنىڭ ئېگىزگە سەكرىشى بويىچە 1 ـ لىككە ئېرىشتى، ئۇ، ۋىلايەتلىك كوماندىغا تاللىنىپ، جەنۇبىي شىنجاڭ بۆلىكى بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن مۇسابىقىغا قاتنىشىپ، 6 ـ لىككە ئېرىشتى. 1956ـيىلدىن باشلاپ تەنتەربىيىنى ئىتتىپاقكومىتېتى ئاساسلىق باشقۇردى. ھەر يىلى«1ـماي»، «1 ـ ئۆكتەبىر» دە توپ مۇسابىقىلىرى ئۆتكۈزۈپ تۇرۇلدى. 1965 ـ يىلى ناھىيىلىك تەنتەربىيە كومىتېتى قۇرۇلدى. ئۇنىڭغا بىر نەپەر مەخسۇس مۇئاۋىن مۇدىر سەپلىنىپ، تۈرلۈك تەنتەربىيە پائالىيەتلىرى پىلانلىق قانات يايدۇرۇلدى. مەكتەپلەردە تەنتەربىيە دەرسى تەسىس قىلىنىپ، تەنتەربىيە ئوقۇتقۇچىلىرى سەپلەندى، ئوقۇغۇچىلار توپ، يېنىك ئاتلېتكا ھەرىكەتلىرىنىڭ قائىدىلىرى بويىچە مەشق قىلدۇرۇلدى. 1973 ـ يىلدىن كېيىن مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا ئەمگەككە تەييارلىنىش ۋە ۋەتەننى قوغداش تۈزۈمى بويىچە چېنىقىش قانات يايدۇرۇلدى، بەزى مەكتەپلەر ياكى ئورگانلاردا ئىشتىن سىرتقى تەنتەربىيە مەشق ئەترەتلىرى قۇرۇلۇپ، مەشق قىلىندى ۋە مۇسابىقە ئۆتكۈزۈلدى. تەنتەربىيە كومىتېتى ئىشتىن سىرتقى تەنتەربىيە مەكتىپى قۇرۇپ، مەكتەپلەرگە تەنتەربىيە تايانچىلىرىنى يېتىشتۈرۈپ بەردى ھەمدە مەخسۇس تەنتەربىيە مەيدانى ياساپ، پىلانلىق ھالدا توپ مۇسابىقىسى ئۆتكۈزدى. 1984 ـ يىلى ناھىيە بويىچە ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ 69 پىرسەنتى، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ 61 پىرسەنتى تەنتەربىيە مەشقى بويىچە ئۆلچەمگە يەتتى، ناھىيىلىك تەنتەربىيە كومىتېتى ئالتە قېتىم تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ئۆتكۈزدى، تەخمىنەن 1000 نەپەر تەنھەرىكەتچى توپ، يېنىك ئاتلېتكا بويىچە مۇسابىقىغا قاتناشتى. كەسپىي تەنتەربىيە خادىمى 1973 ـ يىلدىكى بىر نەپەردىن 34 نەپەرگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 ـ دەرىجىلىك تېرىنېر بىر نەپەر، 2 ـ دەرىجىلىك تېرىنېر ئىككى نەپەر، 3 ـ دەرىجىلىك تېرىنېر 11 نەپەر، ناھىيىلىك تەنتەربىيە كومىتېتى ھەر خىل توپ، يېنىك ئاتلېتكا، چېلىشىش، قارىغا ئېتىش بويىچە ۋەكىللەر كوماندىسى تەشكىللەپ، ۋىلايەت، ئاپتونوم رايون بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن ھەر خىل مۇسابىقىلەرگە 20 قېتىم قاتناشتۇردى.

پوسكام ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ۋەكىللەر كوماندىسىنىڭ ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر مۇسابىقىسىغا قاتنىشىپ ئېرىشكەن نام تەرتىپى تۆۋەندىكىچە:

1959 ـ يىلى قەشقەر ۋىلايەتلىك 2 ـ نۆۋەتلىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدا، ئەرلەر ۋاسكىتبولدا 4 ـ لىككە ئېرىشتى، بىر نەپەر ئېغىرلىق كۆتۈرۈش تەنھەرىكەتچىسى شىنجاڭنىڭ ئېغىرلىق كۆتۈرۈش رېكوردىنى بۇزۇپ تاشلىدى. 1965 ـ يىلى قەشقەر ۋىلايەتلىك ئىشچى ـ

خىزمەتچىلەر يېنىك ئاتلېتكا تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدا، كوللېكتىپ ئومۇمىي نومۇردا 6 ـ لىككە ئېرىشتى، بىر نەپەر تەنھەرىكەتچى ۋىلايەتنىڭ رېكوردىنى ئىككى قېتىم بۇزۇپ تاشلىدى.

1972 ـ يىلى ۋىلايەتلىك ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر توپ مۇسابىقىسىدا، ئەرلەر كوماندىسى تىك-تاك توپتا 3 ـ لىككە، پۇتبولدا 3 ـ لىككە ئېرىشتى. 1977 ـ يىلى ۋىلايەتلىك ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ۋاسكىتبول مۇسابىقىسىدا، ئاياللار كوماندىسى 1 ـ لىككە، ئەرلەر كوماندىسى 4-لىككە ئېرىشتى.

1984 ـ يىلى ۋىلايەتلىك ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ۋالىبول مۇسابىقىسىدا، ئاياللار كوماندىسى 4 ـ لىككە ئېرىشتى.

پوسكام دېھقان ۋەكىللەر كوماندىسىنىڭ دېھقان ـ چارۋىچىلار تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىغا قاتنىشىپ ئېرىشكەن نام تەرتىپى تۆۋەندىكىچە:

1974 ـ يىلى ۋىلايەتلىك دېھقان ـ چارۋىچىلار ۋالىبول مۇسابىقىسىدا، ئەرلەر كوماندىسى 6 ـ لىككە، ئاياللار كوماندىسى 8 ـ لىككە ئېرىشتى.

پوسكام ئوقۇغۇچىلار ۋەكىللەر كوماندىسىنىڭ ئوقۇغۇچىلار تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىغا قاتنىشىپ ئېرىشكەن نام تەرتىپى تۆۋەندىكىچە:

1973 ـ يىلى ۋىلايەتلىك ئوقۇغۇچىلار توپ مۇسابىقىسىدا، ئوغۇللار كوماندىسى ۋاسكىتبولدا 2 ـ لىككە، پۇتبولدا 2 ـ لىككە، قىزلار كوماندىسى ۋالىبولدا 1 ـ لىككە ئېرىشتى.

1974 ـ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ۋالىبول مۇسابىقىسىدا 2 ـ لىككە ئېرىشتى.

1975 ـ يىلى ۋىلايەت بويىچە ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ توپ مۇسابىقىسىدا، ئوغۇللار كوماندىسى ۋاسكىتبولدا 2 ـ لىككە، قىزلار كوماندىسى ۋالىبولدا 3 ـ لىككە، ئوغۇللار كوماندىسى ۋالىبولدا 3 ـ لىككە، پۇتبولدا 6 ـ لىككە ئېرىشتى.

1978 ـ يىلى ۋىلايەت بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ۋالىبول مۇسابىقىسىدا، قىزلار كوماندىسى 2 ـ لىككە، ئوغۇللار كوماندىسى 3 ـ لىككە ئېرىشتى. بەش نەپەر كوماندا ئەزاسى (ئىككى نەپەر قىز، ئۈچ نەپەر ئوغۇل) ۋىلايەتنىڭ ۋەكىللەر كوماندىسىغا تاللىنىپ ئاپتونوم رايون بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ۋالىبول مۇسابىقىسىغا قاتناشتى. تۆت نەپەر كوماندا ئەزاسى ئاپتونوم رايوننىڭ ۋەكىللەر كوماندىسىغا تاللىنىپ، مەملىكەت بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ۋالىبول مۇسابىقىسىغا قاتناشتى.

1979 ـ يىلى ۋىلايەت بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ توپ مۇسابىقىسىدا، ئوغۇللار كوماندىسى ۋاسكىتبولدا 3 ـ لىككە، قىزلار كوماندىسى ۋالىبولدا 2 ـ لىككە، ئوغۇللار كوماندىسى ۋالىبولدا 3 ـ لىككە، پۇتبولدا 4 ـ لىككە، تىك ـ تاك توپ كوللېكتىپ مۇسابىقىسىدا 2 ـ لىككە ئېرىشتى.

1980 ـ، 1982 ـ يىللىرى ۋىلايەت بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ يېنىك ئاتلېتكا مۇسابىقىسىدا كوللېكتىپ ئومۇمىي نومۇردا 2 ـ لىككە ئېرىشتى، ئىككى نەپەر كوماندا ئەزاسى ۋىلايەتنىڭ ۋەكىللەر كوماندىسىغا تاللىنىپ، ئاپتونوم رايون بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ يېنىك ئاتلېتكا مۇسابىقىسىغا قاتناشتى.

1983 ـ يىلى ۋىلايەت بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ۋالىبول

مۇسابىقىسىدا، قىزلار كوماندىسى 2 ـ لىككە، ئوغۇللار كوماندىسى 3 ـ لىككە ئېرىشتى.

1984 ـ يىلى ۋىلايەت بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن بالىلار پۇتبول مۇسابىقىسىدا ۋىلايەت بويىچە 1ـ لىككە ئېرىشتى، ئۈچ نەپەر كوماندا ئەزاسى ۋىلايەتنىڭ ۋەكىللەر كوماندىسىغا تاللىنىپ، ئاپتونوم رايون بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن بالىلار پۇتبول مۇسابىقىسىغا قاتناشتى، بىر نەپەر كوماندا ئەزاسى ئاپتونوم رايونلۇق تەنتەربىيە كومىتېتىنىڭ كەسپىي كوماندىسىغا تاللاندى. ۋىلايەت بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ۋالىبول مۇسابىقىسىدا، قىزلار كوماندىسى2ـ لىككە، ئوغۇللار كوماندىسى 3 ـ لىككە ئېرىشتى.

ۋىلايەت پوسكام ناھىيىسىدە بىر قېتىم ۋىلايەت خاراكتېرلىك ۋاسكېتبول ئايلانما مۇسابىقىسى، بىر قېتىم پۇتبول مۇسابىقىسى تەشكىللىدى. ناھىيىلىك ئىشتىن سىرتقى تەنتەربىيە مەكتىپى مەشقىدە ۋاسكېتبول، ۋالىبول، پۇتبولنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، 1975 ـ يىلدىن 1984 ـ يىلغىچە ھەر خىل توپ تۈرى بويىچە 400 نەپەر تەنھەرىكەتچىنى، 40 نەپەردىن ئارتۇق يېنىك ئاتلېتكا تەنھەرىكەتچىسىنى تەربىيىلىدى، ۋىلايەت ۋە ئاپتونوم رايونغا سەككىز نەپەر مۇنەۋۋەر تەنھەرىكەتچى يەتكۈزۈپ بەردى. خەلق ئارىسىدىكى تەنتەربىيە پائالىيەتلىرى بويىچە 1984ـيىلى ئىككى قېتىم چېلىشىش، ئات بەيگىسى ئۆتكۈزۈلدى.

## قوشۇمچە

**پوسكام ناھىيىسىنىڭ 1985 ـ يىلدىن 1988 ـ يىلغىچە بولغان مەدەنىيەت، مائارىپ، پەن ـ تېخنىكا، سەھىيە ئىشلىرىنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالى**

5 ـ 6 ـ 1 ـ جەدۋەل

| تۈرى | | ھېسابات بىرلىكى | 1985 | 1986 | 1987 | 1988 |
|---|---|---|---|---|---|---|
| مائارىپ ئىشلىرى | مەكتەپ سانى | | 49 | 49 | 54 | 54 |
| | بۇنىڭ ئىچىدە: ئوتتۇرا مەكتەپ | | 11 | 11 | 12 | 12 |
| | باشلانغۇچ مەكتەپ | | 38 | 38 | 42 | 42 |
| | مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى | نەپەر | 18931 | 20378 | 21052 | 20371 |
| | بۇنىڭ ئىچىدە: ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى | نەپەر | 4179 | 4638 | 4861 | 4679 |
| | باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى | نەپەر | 14752 | 15740 | 16191 | 15690 |
| | ئوقۇتقۇچى، ئىشچى ـ خىزمەتچى | نەپەر | 1355 | 1512 | 1506 | 1501 |
| | بۇنىڭ ئىچىدە: مەخسۇس ئوقۇتقۇچى | نەپەر | 1008 | 1118 | 1130 | 1201 |

| | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| | ئالىي ئوقۇتقۇچى: ئوتتۇرا مەكتەپ | نەپەر | | | | 8 |
| | باشلانغۇچ مەكتەپ | | | | | |
| | ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئوقۇتقۇچى: ئوتتۇرا مەكتەپ | نەپەر | | | | 100 |
| | باشلانغۇچ مەكتەپ | نەپەر | | | | 78 |
| | تۆۋەن دەرىجىلىك ئوقۇتقۇچى: ئوتتۇرا مەكتەپ | نەپەر | | | | 177 |
| | باشلانغۇچ مەكتەپ | نەپەر | | | | 486 |
| | ئوقۇش يېشىدىكى بالىلارنىڭ مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى | % | 99.6 | 99.4 | 99.5 | 99.6 |
| | شۇ يىلى ئالىي مەكتەپ، تېخنىكوم، تېخنىك ئىشچىلار مەكتەپلىرىگە قوبۇل قىلىنغانلار | نەپەر | 132 | 148 | 121 | 139 |
| سەھىيە ئىشلىرى | دوختۇرخانا | | 1 | 1 | 1 | 1 |
| | شىپاخانا (پونكىت) | | 11 | 11 | 11 | 11 |
| | يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش پونكىتى | | 1 | 1 | 1 | 1 |
| | كېسەل كارىۋىتى | | 391 | 372 | 372 | 380 |
| | كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن كېسەل كارىۋىتى | | 33.5 | 30.2 | 29.7 | 29.8 |
| | سەھىيە تېخنىكا خادىمى | نەپەر | 230 | 240 | 243 | 249 |
| | بۇنىڭ ئىچىدە: ئالىي دەرىجىلىك سەھىيە تېخنىكا خادىمى | نەپەر | | | | 1 |
| | ئوتتۇرا دەرىجىلىك سەھىيە تېخنىكا خادىمى | نەپەر | | | | 33 |
| | تۆۋەن دەرىجىلىك سەھىيە تېخنىكا خادىمى | نەپەر | | | | 171 |

| | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| 19 | 17 | 16 | 16 | | كىنو قويۇش ئورنى | مەدەنىيەت ئىشلىرى |
| 17 | 15 | 15 | 15 | | كىنو قويۇش ئەترىتى | |
| 3414 | 2646 | 1790 | 2701 | مەيدان | قويۇلغان كىنو | |
| 214 | 148.5 | 96 | 153.6 | 10 مىڭ ئادەم (قېتىم) | تاماشىبىن | |
| 18 | 13 | 15 | 15 | قېتىم | ھەر بىر كىشى يىلىغا كۆرگەن كىنونىڭ ئوتتۇرىچە قېتىم سانى | |
| 1 | 1 | 1 | 1 | | سەنئەت ئۆمىكى | |
| 1 | 1 | 1 | 1 | | مەدەنىيەت يۇرتى | |
| 1 | 1 | 1 | 1 | | كۇتۇپخانا | |
| 5 | | | | | سىنئالغۇ قويۇش ئورنى | |
| 9 | 12.7 | 43 | 44.4 | 10 مىڭ | سېتىلغان كىتاب | |
| 5 | 5 | 5 | 5 | نەپەر | ئىشچى - خىزمەتچى | تەنتەربىيە ئىشلىرى |
| 5 | 5 | 5 | 5 | نەپەر | بۇنىڭ ئىچىدە: مەخسۇس تېرىنېر | |
| 17 | 10 | 18 | 7 | قېتىم | ئۆتكۈزۈلگەن تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى | |
| 2221 | 1501 | 2365 | 1122 | نەپەر | تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىغا قاتناشقان تەنھەرىكەتچى | |
| 2 | 2 | 2 | 1 | نەپەر | دەرىجىگە ئايرىلغان تېرىنېر: 2 - دەرىجىلىكلەر | |
| 20 | 15 | 10 | 8 | نەپەر | 3 - دەرىجىلىكلەر | |
| 53.4 | 42.2 | | | 10 مىڭ يۈەن | پوچتا - تېلېگراف كەسپىنىڭ ئومۇمىي تىجارەت سوممىسى | |
| 1 | 1 | 1 | 1 | | رادىئو ئىستانسىسى (ئۆزلىكى) | رادىئو - تېلېۋىزىيە ئىشلىرى |
| 1 | 1 | 1 | 1 | | تېلېۋىزىيە كۆچۈرۈپ تارقىتىش ئىستانسىسى | |
| | | | | | سۈنئىي ھەمرادىن قوبۇل قىلىش پونكىتى | |
| 10 | 10 | 10 | 10 | | يېزا (مەيدان) كۆچەيتىش پونكىتى | |
| 87 | 85 | 85 | 70 | % | رادىئو كانىيىنىڭ ئۆيلەرگە كىرىش نىسبىتى | |
| 100 | 100 | 100 | 70 | % | تېلېۋىزىيىنىڭ قاپلاش نىسبىتى | |

ئالتىنچى قىسىم

# ئىجتىمائىيەت

# ئالتىنچى قىسىم

# ئىجتىمائىيەت

پوسكام ناھىيىسى قەدىمدىن تارتىپ كۆپ مىللەت ئولتۇراقلاشقان جاي، ئۇزاق مۇددەتلىك ئورتاق ئەمگەك بۇ مول، گۈزەل باغۇ — بوستانلىقنى بىنا قىلدى، دەۋرنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ، بەزى مىللەتلەر كۆچۈپ كەتتى، بەزى مىللەتلەر كۆچۈپ كەلدى، يەنە بەزى مىللەتلەر ئۇزاق مۇددەتلىك ئىشلەپچىقىرىش جەريانىدا باشقا مىللەتلەر بىلەن قوشۇلۇپ كەتتى، ئۇيغۇرلار تەدرىجىي ھالدا بۇ يەردىكى ئاساسلىق مىللەت بولۇپ قالدى. 1949 - يىلغىچە ناھىيە تەۋەسىدە ئۇيغۇرلاردىن باشقا، خەنزۇ، تاجىك، خۇيزۇ، قازاق، ئۆزبېك مىللەتلىرى ئولتۇراقلاشقانىدى. 1984 - يىلى ئۇيغۇر، خەنزۇ، تاجىك، خۇيزۇ، جۇاڭزۇ، تۇجيا قاتارلىق 15 مىللەت ئولتۇراقلىشىپ كەلدى.

تارىختا مىللەتلەر ئارىسىدا زىددىيەت ۋە توقۇنۇشلار بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئىناق بىللە ئۆتۈش ئاساسىي ئېقىم بولۇپ كەلدى. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، پارتىيىنىڭ مىللەتلەر سىياسىتى ئەستايىدىل ئىجرا قىلىنىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ئۈزلۈكسىز كۈچەيدى، تورلۇك قۇرۇلۇش ئىشلىرى كۈنسايىن ئۆزگىرىپ باردى. 1986 - يىلى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى قەشقەر ۋىلايەتلىك كومىتېتى، قەشقەر ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمە ناھىيىگە «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدا نەمۇنىچى ناھىيە» دەپ نام بەردى. 1987 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى «ئاپتونوم رايون بويىچە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدا نەمۇنىچى ناھىيە» دەپ نام بەردى. ناھىيە 1988 - يىلى مەملىكەت بويىچە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەرەققىياتىدا ئىلغار كوللېكتىپ بولۇپ باھالاندى.

تارىختا پوسكام ناھىيىسىگە مانى دىنى، نېستۇرى دىنى، بۇددا دىنى تارقالغانىدى، مىلادى X ئەسىردىن كېيىن، ناھىيىدىكى ئۇيغۇر، تاجىكلار ئارقا - ئارقىدىن ئىسلام دىنىغا كىرگەن.

كەڭ خەلق ئاممىسى جاپا - مۇشەققەتلەرنى باشتىن كەچۈردى، كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىدىلا ئۇلارنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى ئۈزلۈكسىز ئۆستى، روھىي قىياپىتىدە تۈپتىن ئۆزگىرىش بولدى، ۋەتەنپەرۋەرلىك، كوللېكتىۋىزملىق روھى كەڭ جارى قىلدۇرۇلدى.

# I باب

# مىللەت

## § 1 . مىللەتلەرنىڭ تارقىلىشى

مۇشۇ ئەسىرنىڭ 80 - يىللىرىدا ناھىيە تەۋەسىدە ئۇيغۇر، خەنزۇ، تاجىك، خۇيزۇ، قىرغىز، ئۆزبېك، مانجۇ، قازاق، موڭغۇل، جۇاڭزۇ، تۇجيا، دۇڭشياڭ، ياۋزۇ، باۋئەن، زاڭزۇدىن ئىبارەت 15 مىللەت ئولتۇراقلىشىپ كەلمەكتە.

1982 - يىلى ناھىيە بويىچە ئومۇمىي نوپۇس 113 مىڭ 543 كە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇرلار 95 مىڭ 816 بولۇپ، ناھىيە ئومۇمىي نوپۇسىنىڭ 84.38 پىرسەنتىنى، خەنزۇلار 14 مىڭ 423 بولۇپ، %12.7 نى، تاجىكلار 2865 بولۇپ، %2.52 نى، خۇيزۇلار 322 بولۇپ، %0.28 نى، باشقا مىللەتلەر 117 بولۇپ، %0.12 نى ئىگىلىدى.

ئۇيغۇرلار ناھىيىنىڭ ھەممە يېرىگە تارقالغان. خەنزۇلارنىڭ يېرىمى ناھىيە بازىرى ۋە يېزا، مەيدانلاردا ئولتۇراقلاشقان، كۆپىنچىسى بىر جايغا مەركەزلەشكەن بولۇپ، دېھقانچىلىق، باغۋەنچىلىك ياكى قوشۇمچە كەسىپ ئىشلەپچىقىرىشى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ، يېرىمى كۆيباغ يېزىسى ۋە نېفىت بازىسى، كۆيباغ بازىرىدا ئولتۇراقلاشقان، ئۇلار يېزا - بازار كارخانىلىرى ۋە نېفىت بازىسىنىڭ ئىشچىلىرىدىن ئىبارەت. خۇيزۇلار كۆيباغ يېزىسى ۋە ناھىيە بازىرىدا مەركەزلىك ئولتۇراقلاشقان، ئۇلارنىڭ بىر قىسمى زاۋۇت - كانلارنىڭ ئىشچى - خىزمەتچىسى، كۆپىنچىسى دېھقان. تاجىكلار بۇيلۇق مىللىي يېزىسىدا ۋە ئايكۆل يېزىسىنىڭ تالقىچى كەنتى، ئاقتام يېزىسىنىڭ ئاچچىقيار كەنتى، ئىككىسۇ يېزىسىنىڭ جايتوغراق كەنتىدە توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان بولۇپ، دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ، باشقا مىللەتلەر ناھىيىنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا تارقاق ئولتۇراقلاشقان.

## § 2 . ئۇيغۇر، تاجىك، خەنزۇ، خۇيزۇ قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

### 1 . ئۇيغۇرلار

ئۇيغۇرلار ھەر قايسى تارىخىي دەۋرلەردە خەنزۇچە «袁纥» (يۈەنخې)، «回纥» (خۇيخې)، «回鹘» (خۇيگۇ)، «畏兀儿» (ۋېيۋۇئېر) دەپ ئاتىلىپ كەلگەن. مىنگونىڭ

## پوسكام ناھىيىسى بويىچە مىللەتلەرنىڭ 1984 - يىلدىكى تارقىلىش ئەھۋالى

6 - 1 - 1 - جەدۋەل

| ئورۇنلار | ئومۇمىي ئائىلە | ئومۇمىي نوپۇس | بۇنىڭ ئىچىدە | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | | ئۇيغۇر | خەنزۇ | تاجىك | خۇيزۇ | باشقىلار |
| پوسكام يېزىسى | 2961 | 10611 | 10249 | 343 | | 18 | 1 |
| يىما يېزىسى | 4056 | 13358 | 13138 | 212 | 3 | 5 | |
| گۈلباغ يېزىسى | 3483 | 11957 | 11895 | 56 | | | 6 |
| سەيلى يېزىسى | 3212 | 10412 | 9862 | 521 | 18 | 2 | 9 |
| ئىككىسۇ يېزىسى | 3670 | 13669 | 12630 | 745 | 281 | 13 | |
| تۇغچى يېزىسى | 2499 | 9159 | 7432 | 381 | 1338 | 7 | 1 |
| كۆيباغ يېزىسى | 2259 | 10062 | 7901 | 1875 | 18 | 212 | 56 |
| ئاقتام يېزىسى | 1341 | 4894 | 4200 | 214 | 484 | | |
| ئايكۆل يېزىسى | 2225 | 8468 | 7265 | 498 | 704 | | 1 |
| پوسكام بازىرى | 3061 | 11029 | 7638 | 3321 | 21 | 33 | 16 |
| نېفت بازىسى | 969 | 6278 | 1890 | 4340 | | 42 | 6 |
| ئورۇقچىلىق مەيدانى | 469 | 1385 | 1293 | 92 | | | |
| باغۋەنچىلىك مەيدانى | 157 | 542 | 268 | 273 | | | 1 |
| دېھقانچىلىق مەيدانى | 857 | 3043 | 2519 | 493 | 13 | 18 | |
| ئورمانچىلىق مەيدانى | 54 | 265 | 243 | 5 | 17 | | |
| جەمئىي | 31273 | 115136 | 98423 | 13369 | 2897 | 350 | 97 |

23 - يىلى (1934 - يىلى) خەنزۇچىدا «维吾尔» (ۋېيۋۇئېر) دەپ ئاتاش رەسمىي بېكىتىلگەن.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى ئىلگىرى موڭغۇلىيە ئېگىزلىكىدە ئولتۇراقلاشقان، بۇ ناھىيىگە كۆچۈپ كەلگىنىگە ناھايىتى ئۇزاق زامانلار بولدى. ئۇلار ئىچكى ئۆلكىلەردىن ئۆگەنگەن ئىلغار دېھقانچىلىق تېخنىكىسى ۋە ھەر جەھەتتىكى ئۇستونلۇكى بىلەن، ئۇدۇن، ئىران تىللىرىنى قوللىنىدىغان يەرلىك خەلقلەرگە تەسىر كۆرسىتىشكە ۋە ئۇلارنى ئاسسىمىلياتسىيە قىلىشقا باشلىغان. مىلادى X ئەسىردە قاراخانىيلار سۇلالىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئىسلام دىنى تارقىلىپ، بۇنداق ئاسسىمىلياتسىيە جەريانىنى تېخىمۇ تېزلىتىۋەتكەن، ئىككى ئەسىرگە يېقىن بىر - بىرىگە قوشۇلۇپ كېتىشتەك ئۆتكۈنچى دەۋر ئارتىلىق، ئۇيغۇرلار ئۇزلۇكسىز زورىيىپ، پۈتۈن ناھىيە ئومۇمىي نوپۇسى ئىچىدە ناھايىتى زور نىسبەتنى ئىگىلىگەن.

تارىختا پوسكامدىكى ئۇيغۇر خەلقى ۋەتىنىمىزنىڭ بىرلىكىنى قوغداشقا مۇھىم تۆھپىلەرنى قوشقان، چىڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنلۇڭ 23 - يىلى (1758 - يىلى) چوڭ - كىچىك خوجىلار - بۇرھانىدىن خوجا ۋە خوجاجاھان قەشقەر بىلەن يەكەننى ئىگىلەپ، توپىلاڭ كۆتۈرۈپ، ئۆزىنى «خان» دەپ ئاتىۋېلىپ، ئەسكەر چىقىرىپ، چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى تۇرغان قاراسۇ لەشكەرگاھىنى قورشىۋالغاندا، ناھىيىدىكى ئامما چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرىغا پائال تۈردە ئاشلىق، يەم - بوغۇز يەتكۈزۈپ بېرىپ، كۆز - قۇلاق بولۇپ، خەۋەر يەتكۈزۈپ، ئۇلارنىڭ مۇھاسىرىدىن قۇتۇلۇشىغا ياردەم بەرگەن، كېيىن ياردەمچى قوشۇن يېتىپ كەلگىچە، توپىلاڭچىلار قوشۇنى قېچىپ كەتكەندە، ناھىيىدىكى ئامما چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرىغا ماسلىشىپ توپىلاڭچىلارغاقوغلاپ زەربە بەرگەن. چىڭ سۇلالىسىنىڭ شيەنفېڭ 6 - يىلى (1857 - يىلى) ۋەلىخان تۆرە توپىلاڭ قوزغىغاندىمۇ ناھىيىدىكى خەلق ئاممىسى چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرىغا پائال ماسلىشىپ، توپىلاڭچىلارغا قوغلاپ زەربە بەرگەن، توپىلاڭچىلار قوشۇنىنىڭ كاتتىبېشى كىچىك خوجىنى گۈلباغ تەۋەسىدە ئېتىپ ئۆلتۈرگەن.

مىنگونىڭ 35- يىلى (1946 - يىلى) ناھىيە بويىچە ئۇيغۇرلارنىڭ نوپۇسى 45 مىڭ 932 ئىدى، مىنگونىڭ 38 - يىلى (1949 - يىلى) 46 مىڭ 355 كە يېتىپ، ئۈچ يىلدا ئاران 423 ئادەم كۆپەيگەن، ناھىيە بويىچە نوپۇسنىڭ تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ‰0.47 بولغان. 1949 - يىلدىن كېيىن ئۇيغۇر خەلق ئاممىسى قەد كۆتۈرۈپ ئازاد بولدى، سالامەتلىك سەۋىيىسى ئۆستى، تۇرمۇشى كۆرۈنەرلىك ياخشىلاندى، ناھىيەبويىچە ئۇيغۇرلار 1956 - يىلدىكى 82 مىڭ 541 دىن 98 مىڭ 423 كە يەتتى (1984 - يىلدىكى مەلۇمات، بۇ، 1955 - يىلى قاغىلىقتىن ئايرىپ بېرىلگەن نوپۇسنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ).

## 2 . تاجىكلار

تاجىكلارنىڭ تىلى ھىندى - ياۋروپا تىل سىستېمىسىدىكى ئىران تىل ئائىلىسىنىڭ شەرقىي ئىران تىل تارمىقىغا كىرىدۇ. ئۇلار ئەسلىدە تاجىك تىلىنىڭ سەرىقول ۋە ۋاخان شىۋىسىنى قوللىناتتى، مىللەتلەر ئارىسىدىكى باردى - كەلدى كۆپەيگەچكە، بۇ جايدىكى تاجىكلارنىڭ ئىنتايىن ئاز ساندىكى ياشانغانلىرىدىن باشقىلىرى، پۈتۈنلەي ئۇيغۇر تىلى ۋە ئۇيغۇر يېزىقىنى قوللىنىدىغان بولدى.

تاجىكلار مىلادىدىن ئىلگىرى شىنجاڭنىڭ نۇرغۇن رايونلىرىغا تارقالغان. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، زەرەپشان دەرياسى ۋادىسىتاجىكلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان جاي بولۇپ، تارىختا بولۇپ ئۆتكەن ئۇرۇش مالىمانچىلىقى ۋە تاقابىل تۇرۇپ بولمايدىغان تەبىئىي ئاپەتلەر تۈپەيلىدىن، ئۇلارنىڭ نوپۇسى تەدرىجىي ئازىيىپ كەتكەن. مىلادىدىن ئىلگىرىكى I ئەسىردە غەربىي خەن سۇلالىسى شىنجاڭدا «غەربىي يۇرت قورۇقچىبېگى» تەسىس قىلغان، پامىرنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى ئىران تىلىنى قوللىنىدىغان ھەر مىللەت خەلقى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك خاندانلىقىغا تەۋە بولغاندىن كېيىن، تاجىكلار ئارقا - ئارقىدىن شەرققە كۆچكەن، مىلادى XI ئەسىردىن XVI ئەسىرگىچە، تاجىكلار تاشقورغاندا ۋە شىنجاڭنىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى باشقا رايونلاردا ئولتۇراقلاشقان، ناھىيىدىكى تاجىكلارنىڭ ئەجدادلىرىنىڭ بىر قىسمى، قەدىمدىن تارتىپ، زەرەپشان دەرياسى بويلىرىدا تىرىكچىلىك قىلغان ۋە كۆپەيگەن، يەنە بىر قىسمى ئافغانىستان ياكى پاكىستاننىڭ چىترال، گىلگىت دېگەن جايلىرىدىن كۆچۈپ كەلگەن، يەنە بەزىلىرى سەرىقول (ھازىرقى تاشقورغان) دىن كۆچۈپ كەلگەن.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى، تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، تاجىكلارنىڭ نوپۇسى ئىنتايىن ئاز قالغان. مىنگونىڭ 35 - يىلى (1946 - يىلى) ناھىيە بويىچە 260 تاجىك بار ئىدى، مىنگونىڭ 37 - يىلى (1948 - يىلى) 434كە، مىنگونىڭ 38 - يىلى (1949 - يىلى) 490 گە يەتكەن. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، مىللەتلەر باب - باراۋەر بولۇش سىياسىتى، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە يولغا قويۇلدى، تاجىكلارنىڭ سەھىيە - ساقلىقنى ساقلاش شارائىتى ياخشىلاندى. 1955 - يىلى بۇيىلۇق، ئاقتاملار پوسكام ناھىيىسىگە ئايرىپ بېرىلدى، تاجىكلارنىڭ نوپۇسى تېز كۆپىيىپ، 1958 - يىلى2710 غا، 1984 - يىلى 2897 گە يەتتى.

## 3 . خەنزۇلار

خەن سۇلالىسىنىڭ ۋۇدىخان زامانىسىدا، يەكەننىڭ جەنۇبىدا بوز يەر ئېچىلغاندا، خەنزۇلارنىڭ ئەجدادلىرى پوسكامغا كەلگەن. كېيىنكى ھەر قايسى سۇلالىلەردە كەلگەن خەنزۇلارمۇ بار ئىدى، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى باشقا مىللەتلەرگە قوشۇلۇپ كەتكەن . چيەنلۇڭ 23 - يىلى (1758 - يىلى) چىڭ سۇلالىسى چوڭ - كىچىك خوجىلارنىڭ توپىلىڭىنى تىنچىتقاندىن كېيىن، ئاز ساندىكى خەنزۇلار پوسكامغا كېلىپ ئولتۇراقلاشقان، كۆچۈپ كېلىش - كېتىشلەر بىر قەدەر كۆپەيگەن. 1919 - يىلى قاغىلىق ناھىيىلىك ھۆكۈمەت ناھىيىگە بىر خەنزۇ تەكشۈرگۈچى ئەۋەتكەن، ئارقىدىن سەككىز خەنزۇ سودىگەر كەلگەن، كېيىن بەزى خەنزۇ خىزمەتچىلەر ئارقا - ئارقىدىن كەلگەن. مىنگونىڭ 35 - يىلى (1946 يىلى) غىچە خەنزۇلار 40 قا، مىنگونىڭ 38 - يىلى (1949 - يىلى) 42 گە يەتكەن.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى ئىچىدىن بىر تۈركۈم خەنزۇ كوماندىر - جەڭچىلەرنى ناھىيىگە كېلىپ خىزمەت قىلىشقا ئاجراتتى، يەنە ئىچكى ئۆلكىلەردىن ئالىي مەكتەپ، تېخنىكوملارنى پۈتتۈرگەن نۇرغۇنلىغان ئوقۇغۇچىلار ۋە ھەر خىل كەسپىي كادىرلار ناھىيىگە كېلىپ، تۈرلۈك قۇرۇلۇش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىشقا يۆتكەلدى، خەنزۇلارنىڭ نوپۇسى يىلمۇ يىل كۆپەيدى. 1953 - يىلى 110 خەنزۇ بار ئىدى. 1961 - يىلى 4194 كە يەتتى. 1979 - يىلى جەنۇبىي شىنجاڭ نېفىت چارلاش قوماندانلىق شتابىنىڭ بازىسى پوسكامغا ئورۇنلاشتى، بۇنىڭ بىلەن خەنزۇلارنىڭ نوپۇسى 9248 گە يەتتى. 1984 - يىلى 13 مىڭ 369 غا يەتتى.

## 4 . خۇيزۇلار

خۇيزۇلارنىڭ كۆپىنچىسى مىنگونىڭ 38 - يىلى (1949 - يىلى) دىن كېيىن كۆچۈپ كەلگەن، بۇنىڭدىن ئىلگىرى ئون نەچچىلا خۇيزۇ بولۇپ، ھەممىسى خىزمەتچىلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ئىدى، ئۇلارنىڭ ئەسلى يۇرتى شەنشى، گەنسۇ، نىڭشيادىن ئىبارەت ئىككى ئۆلكە، بىر ئاپتونوم رايون ئىدى، ئۇلار ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە ئىككى تىلنى بىلگەچكە، ھۆكۈمەتنىڭ تەكلىپى بىلەن ناھىيىگە خىزمەتكە كەلگەن.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، قالدۇرۇپ ئىشلىتىلگەن خادىملار ئۆز يۇرتلىرىغا قايتۇرۇلدى، شۇنىڭ بىلەن خۇيزۇلاردىن تۆتلا كىشى قالدى. 1953 - يىلى ھۆكۈمەت بەزى خۇيزۇ خىزمەتچىلەرنى ناھىيىگە خىزمەتكە ئەۋەتتى، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار 34 كە يەتتى. 1961 - يىلى گەنسۇ، نىڭشيا، چىڭخەيدىن بەزى خۇيزۇ پۇقرالار ناھىيىگە كۆچۈپ كېلىپ ئولتۇراقلاشتى، شۇنىڭ بىلەن خۇيزۇلارنىڭ نوپۇسى 301گە يەتتى. 1984 - يىلى 350كە يەتتى.

## § 3 . مىللەتلەر مۇناسىۋىتى

پوسكام ناھىيىسى تارىخىدا مىللەتلەر مۇناسىۋىتى ئانچە مۇرەككەپ ئەمەس. ئومۇمىي نوپۇسىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنى تەشكىل قىلغان ئۇيغۇر خەلقى باشقا مىللەتلەرنى چەتكە قېقىپ باققان ئەمەس. ھەر قايسى مىللەتلەر ئىناق بىللە ئۆتۈپ، يېقىن قوشنا بولۇشۇپ، دوست تۇتۇشۇپ، بىر ئۆستەڭنىڭ سۈيىنى تەڭ ئىچىشىپ، بىر پارچە يەرنى بىرلىكتە تېرىپ، پوسكامدىن ئىبارەت بۇ بوستانلىقنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن بىرلىكتە تۆھپە قوشتى. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ھەر نۆۋەتلىك ناھىيىلىك پارتكوم ۋە ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى پارتىيىنىڭ مىللەتلەر باب - باراۋەر بولۇش سىياسىتىنى ئەستايىدىل، ئىزچىل ئىجرا قىلىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسىنى كۈچەيتتى، ھەر مىللەت خەلقى سوتسىيالىستىك يېڭى پوسكامنى گۈللەندۈرۈش جەريانىدا چوڭقۇر دوستلۇق ئورناتتى.

سابىق 4 - رايون 2 - يېزا (بۈيلۈق تاجىك مىللىي يېزىسى) ئۇيغۇرلار بىلەن تاجىكلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايون بولۇپ، ئىلگىرى ئىككى مىللەت ئوتتۇرىسىدا بەزى زىددىيەتلەر پات - پات يۈز بېرىپ تۇراتتى. پارتىيىنىڭ مىللەتلەر ۋە دىن سىياسىتى تەشۋىق قىلىنىپ، ئىزچىل ئىجرا قىلىنغاندىن كېيىن، تاجىكلارنىڭ مىللىي، دىنىي ئۆرپ - ئادەتلىرىگە ھۆرمەت قىلىنىدىغان بولدى، ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي ئورنى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. ئۇلار خۇشال بولغان ھالدا: «شىنجاڭ ئازاد بولۇپ، ئۇيغۇر خەلقى باش كۆتۈرۈپلا قالماستىن، بىزمۇ باش كۆتۈردۇق، بۇلارنىڭ ھەممىسى كوممۇنىستىك پارتىيە ۋە رەئىس ماۋزېدۇڭنىڭ شەپقىتى، بۇنى بىزنىڭ ئاتا-بوۋىلىرىمىز ئويلاپمۇ باقمىغان» دېيىشتى، ئىككى مىللەت ئاممىسى ئىشلەپچىقىرىش داۋامىدا ئۆز ئارا ياردەملەشتى، تۇرمۇشتا بىر - بىرىگە غەمخورلۇق قىلدى، بىر- بىرىنىڭ ھالىغا يەتتى، بىر-بىرىنىڭ دىنىي ئادەتلىرىگە ھۆرمەت قىلدى، قېرىنداشلارچە دوستلۇق ئورناتتى. 1955 - يىلى بۇ يېزا تاجىك مىللىي يېزىسىغا ئۆزگەرتىلدى. تاجىك خەلقى سايلىغان ۋەكىللەر ھەر دەرىجىلىك ھاكىمىيەتنىڭ باشقۇرۇش خىزمەتلىرىگە قاتناشتى، يۇقىرى قاتلام زاتلارمۇ مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇلدى، ئۈچ نەپەر ئىشان ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزالىقىغا، جۈملىدىن بىر نەپەر ئىشان ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزالىقىغا ۋە ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىكىگە سايلاندى.

خەنزۇلار بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ مۇناسىۋىتىدىمۇ تۈپ ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كەلدى. كەڭ خەنزۇ كادىرلار پارتىيىنىڭ مىللەتلەر، دىن سىياسىتىنى ئاڭلىق، ئىزچىل ئىجرا قىلىپ، يەرلىك ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرىگە ھۆرمەت قىلىپ، ئاز سانلىق مىللەتلەر ئاممىسىنىڭ ئومۇميۈزلۈك ھۆرمىتى ۋە ئىشەنچىسىگە ئېرىشتى. 50 - يىللاردا يەرلىك ئاز سانلىق مىللەت ئاممىسى خەنزۇ يولداشلارنى ئىنتايىن يېقىن كۆرگەن ھالدا «ئاكا» دەپ ئاتايتتى. ئىجارە كېمەيتىش - زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش، يەر ئىسلاھاتى مەزگىللىرىدە، ئۇلار خەنزۇ كادىرلارنىڭ يامان ئادەملەرنىڭ سۈيىقەستىگە ئۇچراپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن خەنزۇ كادىرلار ئۈچۈن پوستتا تۇردى. يولدا ئۇچرىشىپ قالسا، قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپ، ھال - ئەھۋال سورىشىپ ئۆتتى ھەمدە خەنزۇ كادىرلارنى ئۆيلىرىدە قىزغىن قارشى ئېلىپ مېھمان

قىلدى.

60 - يىللارغا قەدەم قويغاندىن كېيىن، خەنزۇلارنىڭ نوپۇسى كۆپەيدى، بەزى خەنزۇ ئاممىسى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرىنى چۈشەنمىگەچكە، چوشقا بېقىشقا ئورۇن تاللىماسلىقتەك مەسىلىلەر كېلىپ چىقتى. ناھىيىلىك پارتكوم ۋە ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى مىللەتلەر سىياسىتىنىڭ ئىجراسىنى بىر قانچە قېتىم تەكشۈرۈپ، ساقلانغان مەسىلىلەرنى ئەستايىدىل ھەل قىلدى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسىنى كۈچەيتتى، ئۇيغۇرلار بىلەن خەنزۇلارنىڭ مۇناسىۋىتى ئىنتايىن ئىناق بولدى. ئىچكى ئۆلكىلەردىن بۇ ناھىيىگە كەلگەن 4000 دىن ئارتۇق خەنزۇ دېھقان پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ غەمخورلۇقىدا، يەرلىك خەلق ئاممىسىنىڭ قىزغىن ياردەم بېرىشى بىلەن يۇرت - ماكان قۇرۇۋالدى.

خەنزۇ ئاممىسى يەرلىك خەلق ئاممىسىنىڭ قىلغان غەمخورلۇقىدىن تەسىرلىنىپ، جاسارەت بىلەن كۈچ چىقىرىپ ئىشلەپ، قاقاس جاڭگاللارنى بوستانلىققا ئايلاندۇرۇپ، نۇرغۇن باغۋەنچىلىك بازىلىرىنى بەرپا قىلدى.

1969 - يىلى مەكتىلىك روزى ھېكىم ئەكسىلئىنقىلابىي گۇرۇھى پوسكامغا ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلغاندا، ھەر مىللەت خەلقى دۈشمەنگە بىردەك نەپرەت ياغدۇرۇپ، قوراللىق ليەن تەشكىللەپ، ناھىيە تەۋەسىنىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغدىدى. 1980 - يىلى بەزى خەنزۇ ئاممىسى پىتنە - ئىغۋالاردىن قايمۇقۇپ، ئۆز يۇرتلىرىغا قايتىپ كېتىشكە تەييارلانغاندا، يەرلىك ئۇيغۇر ئاممىسى ۋە كادىرلار ئۇلارغا خىزمەت ئىشلەپ، ئۇلارنى كەتمەي مۇشۇ يەردە قېلىپ شىنجاڭنى ئورتاق گۈللەندۈرۈش، تەرەققىي قىلدۇرۇشقا دەۋەت قىلدى. پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ قارارى ئىزچىللاشتۇرۇلغاندىن كېيىن، پارتىيىنىڭ مىللەتلەر، دىن سىياسىتى يەنىمۇ ئەمەلىيلىشىپ، يېڭى ۋەزىيەت بارلىققا كەلدى.

1982 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ ئېنماۋ پوسكام ناھىيىسىگە كېلىپ خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈرۈپ، پوسكام ناھىيىسىنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى خىزمىتىنىڭ ياخشى ئىشلەنگەنلىكىنى تەقدىرلەپ، پوسكام ناھىيىسىنى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە نەمۇنىچى ناھىيە قىلىپ قۇرۇپ چىقىشنى ئۈمىد قىلدى، ناھىيە رەھبەرلىرى ئۈچ يىلدا پوسكام ناھىيىسىنى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە نەمۇنىچى ناھىيە قىلىپ قۇرۇپ چىقىشنى تىرىشىپ قولغا كەلتۈرۈش توغرىسىدا قارار چىقاردى، ئىككى يىل ۋاقىت ئىچىدە ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەر ئۆزى ئۈلگە بولۇپ، ناھىيىدىكى خەلقنى پارتىيىنىڭ مىللەتلەر سىياسىتىنى يەنىمۇ ئۆگىنىشكە، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتىگە بولغان تونۇشىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشقا، «ئىككى ئايرىلالماسلىق» ئىدىيىسىنى مۇستەھكەم تىكلەشكە، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش ئاڭلىقلىقىنى ئۆستۈرۈشكە يېتەكلىدى ۋە تەشكىللىدى، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى تەربىيىلەش ۋە تاللاپ ئۆستۈرۈشكە ئەھمىيەت بەردى، يۇقىرى قاتلام مىللىي، دىنىي زاتلار خىزمىتىنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىغا ئوبدان ئېتىبار بەردى، خەنزۇ كادىرلار ۋە ئاممىغا ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ -ئادەتلىرىگە ھۆرمەت قىلىش توغرىسىدا تەربىيە بەردى، ناھىيە مىقياسىدا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە نەمۇنىچى ئورۇن، دوست مەكتەپ، دوست سېخ، دوست قورۇ، دوست كەنت، دوست مەھەللە بەرپا قىلىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش ئاكتىپلىقىنى ھەر قايسى جەھەتلەردىن ئىشقا سېلىپ، ھەممە ئادەمنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا تۆھپە قوشۇشىنى ئىلگىرى

سوردى، شۇنىڭ بىلەن، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى يەنىمۇ كۈچەيدى. ھەر مىللەت خەلقى ئارىسىدا ئۆز ئارا ئىتتىپاقلىشىپ، قول تۇتۇشۇپ بىرلىكتە ئالغا بېسىش، ئۆز ھاياتىدىن كېچىپ باشقىلارنى قۇتقۇزۇش، ياشانغانلارنى ھۆرمەتلەپ، كىچىكلەرنى ئىززەتلەش، ھاياتتا بىر - بىرىگە تايىنىپ ياشاشتەك كىشىنى تەسىرلەندۈرەرلىك ئىش - ئىزلار كۆپلەپ مەيدانغا كەلدى.

1982 - يىلدىن 1984 - يىلغىچە بولغان تولۇقسىز مەلۇماتقا قارىغاندا، ناھىيە بويىچە ھەر مىللەت خەلقى ئارىسىدىكى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە ياخشى ئادەم، ياخشى ئىش 17 مىڭ 700 دىن ئاشقان، كىشىنى تەسىرلەندۈرىدىغان بۇ ئىش - ئىزلارنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەنلەر ئىچىدە، پارتىيىۋىلىكتە چىڭ تۇرۇپ، ھەققانىيەتنى قوغدىغان، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا زىيان يەتكۈزۈش ھادىسىلىرىگە قارشى كۆرەش قىلىشقا جۈرئەت قىلغان ھۆكۈمەت ئىشخانىسىنىڭ تەرجىمانى ئەخەت روزى، 20 نەچچە يىلدىن بۇيان، ھەر مىللەت ئاممىسى ئۈچۈن خالىسانە سۆڭەك داۋالىغان. ناھىيىلىك 2 - باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ئىشچىسى چاڭ سۇۋېن، كۆپ قېتىملىق خەۋپلىك قاتناش ۋەقەسىنى مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىپ، مىللىي ماجرا تۇغۇلۇشىنىڭ ئالدىنى ئالغان قاتناش ساقچىسى سەيدى ئەمەت ھوشۇر، نەچچە يىلدىن بۇيان خۇيزۇ تۇل مومايغا سۇ ئەكىرىپ، ئوتۇن يېرىپ، ئائىلە ئىشلىرىغا قارىشىپ بېرىشنى قەتئىي داۋاملاشتۇرغان ناھىيىلىك 2 - ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى جۇ شياۋرۇڭ، ئۆزىنىڭ بالىسىنىڭ كېسىلىنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ، ئايالىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ، روھىي كېسەللىككە گىرىپتار بولغان خەنزۇ كان ئىشچىسى جاڭ جىيىڭنىڭ يېڭى تۇغۇلغان بالىسىنى بېقىشقا ياردەملىشىش تۈپەيلىدىن ئۆزىنىڭ بالىسى كېسەل بولۇپ ئۆلۈپ كەتكەن كۆمۈركان ئىشچىسى مەمتىمىن قاسىم، ئۆزىنىڭ خەۋپكە ئۇچرىشىغا قارىماي، شەرقىي ئۇستەڭنىڭ جىددىي ئېقىنىغا ئۈچ قېتىم پىداكارانە سەكرەپ چۈشۈپ، سۇغا چۈشۈپ كەتكەن خەنزۇ بالىنى باتۇرلۇق بىلەن قۇتقۇزغان خەلق ئەسكىرى مەمەت توختى قاتارلىقلار بار. ئۇلار پۈتۈن ناھىيە خەلقىنىڭ ئۆگىنىش ئۈلگىسى بولۇپ، ئاممىنىڭ ماختىشىغا سازاۋەر بولدى. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى خىزمىتىنىڭ نەتىجىلىرى كۆرۈنەرلىك بولغاچقا، 1986 - يىلى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى قەشقەر ۋىلايەتلىك كومىتېتى، قەشقەر مەمۇرىي مەھكىمە پوسكام ناھىيىسىگە ۋىلايەت بويىچە «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدا نەمۇنىچى ناھىيە» دەپ نام بەردى. 1987 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى پوسكام ناھىيىسىگە ئاپتونوم رايون بويىچە «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدا نەمۇنىچى ناھىيە» دەپ نام بەردى. 1988 - يىلى مەملىكەت بويىچە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە تەرەققىياتىدا ئىلغار كوللېكتىپ بولۇپ باھالاندى.

# II باب

# دىن

ئۇيغۇرلار X ئەسىردىن ئىلگىرى مانى، نېستورى ۋە بۇددا دىنلىرىغا ئېتىقاد قىلاتتى. X

ئەسىردە ئىسلام دىنى جەنۇبىي شىنجاڭغا تارقالغاندىن كېيىن، تەدرىجىي ھالدا، ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان بولغان.

تاجىك، خۇيزۇ، قازاق، ئۆزبېك، قىرغىز، دۇڭشياڭ، باۋئەن مىللەتلىرى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ، مانجۇلار شامان دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ، موڭغۇللار ئىلگىرى شامان دىنىغا ئېتىقاد قىلاتتى، X Ⅲ ئەسىردىن كېيىن لاما دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان بولغان. خەنزۇلارنىڭ بىرلىككە كەلگەن دىنىي ئېتىقادى يوق، قىسمەن ئاما بۇددا، كاتولىك، خىرىستىيان دىنلىرىغا ئېتىقاد قىلىدۇ، جۇاڭزۇ، تۇجيا مىللەتلىرى كۆپ خۇدالىق دىنغا ئېتىقاد قىلىدۇ، ئىلاھقا، ئاتا - بوۋىلىرىغا چوقۇنىدۇ، ناھىيە تەۋەسىدىكى ئاھالىلەر، ئاساسەن ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ، باشقا دىنىنىڭ تەسىرى زور ئەمەس.

## § 1. ئىسلام دىنىنىڭ تارقىلىشى

مىلادى 960 - يىلى قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ ئاتاقلىق خانى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان ئىسلام دىنىغا كىرگەندىن كېيىن، ئۇ، ئىسلام دىنىنىڭ كۈچلۈك ئىجراچىسى بولۇپ قالغان، ئارسلانخان مۇسا تەختتە ئولتۇرغاندىن كېيىن، ئىسلام دىنىنى دۆلەت دىنى دەپ ئېلان قىلىپ، خانلىقنى ئىسلاملاشتۇرۇشنى باشلىغان، ئۇ، دىن تارقاتقۇچىلارنى جايلارغا دىن تارقىتىشقا كۆپلەپ ئەۋەتكەن، شۇ يىلى تۆت نەپەر دىن تارقاتقۇچى پوسكامغا كەلگەن، ئۇلار ھەممىلا يەرگە بېرىپ، ۋەز ئېيتىپ ئېغىزلىرىنى ئۇپراتقان بولسىمۇ، ئۇنۇمى زور بولمىغان، يەرلىك ئاممىنى «قارىغۇلار» دەپ ئەيىبلىگەن. يۈسۈپ قىدىرخان تەختتە ئولتۇرغاندىن كېيىن، قورال كۈچى بىلەن بويسۇندۇرۇشقا ئۆتكەن، ناھىيە تەۋەسىدىكى قىتات، مىڭلىق، پايناپ، ئارا مەھەللە، قىزىلبېغى، قۇلغان، شەيدان، ياسىدۇن قاتارلىق جايلاردا ئىسلام دىنىغا بويسۇندۇرغۇچىلارنىڭ ئىزلىرى قېلىپ قالغان، مىلادى 986 - يىلى يۈسۈپ قىدىرخاننىڭ قوشۇنلىرى يەكەن دەرياسىدىن ئۆتۈپ، قەدىمكى يىپەك يولىنى بويلاپ، قىتات ئارقىلىق مىڭلىققا كېلىپ، 1 - قېتىم جەڭ قىلغاندا، 1000 دىن ئارتۇق ئادىمى ئۆلۈپ، مۇشۇ يەرگە دەپنە قىلىنغان، ئۇزۇن ئۆتمەي، 2 - قېتىملىق جەڭ قوزغالغان. مىلادى 1001 - يىلى قاراخانىيلار سۇلالىسى ئەڭ ئاخىرىدا خوتەننى مەغلۇپ قىلغاندىن كېيىن، يەكەن دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىمىنىڭ جەنۇبى، تىزناپ دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىمىنىڭ شىمالىي رايونلىرىدىكى خەلقنى ئاخىر ئىسلام دىنىغا كىرگۈزگەن.

## § 2. ئىسلام دىنىدىكى مەزھەبلەر

قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىرى ئەڭ دەسلەپتە سۈننى مەزھىبىگە ئېتىقاد قىلغان، پوسكام ناھىيىسىگە ئەڭ دەسلەپتە ئېقىپ كىرگىنىمۇ ئىسلام دىنىنىڭ سۈننى مەزھىبى ئىدى.

**سۈننى مەزھىبى** سۈننى مەزھەبىدىكىلەر ئۆزىنى ئىسلام دىنىنىڭ ئەنئەنىچىلىرى دەپ ئاتىشىدۇ، ئۇلار ئەبۇ بەكرى، ئۆمەر، ئوسمان ۋە ئەلىنى مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ قانۇنلۇق

تۇرغۇزۇشنىڭ ئاساسى قىلىدۇ، لېكىن فىقھەدىكى ئىختىلاپلار تۈپەيلىدىن، ئۇلار ھەنەفىيە، شافىيە، مالىكىيە، ھەنبەلىيە دەپ تۆت چوڭ فىقھە ئىلمىي ئېقىمىغا بۆلۈنۈپ كەتكەن.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى، پوسكام ناھىيىسىدە ئىسلام دىنىنىڭ سۈننى مەزھىپىدە ئەلەم، مۇپتى، قازى، رەئىس دەپ تۆت ئۆلىما قويۇلغان، ئۇلار پۈتۈن ناھىيىنىڭ دىنىي ئىشلىرىنى باشقۇراتتى، ئۇلارنىڭ ئىش تەقسىماتى مۇنداق ئىدى:

**ئەلەم** ئۇ، پۈتۈن ناھىيىدىكى دىنىي ئىشلارنىڭ ئەڭ يۇقىرى باشلىقى بولۇپ، باش ھوقۇقنى تۇتاتتى، ئۇ، «چوڭ ئاخۇن» دەپ ئاتىلاتتى.

**مۇپتى** ئۇ، دىنىي ئەقىدىلەرنى چۈشەندۈرۈشكە، شەرىئەتكە خىلاپ ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىشنى قارار قىلىشقا مەسئۇل ئىدى، ئۇ، «2 - ئاخۇن» دەپ ئاتىلاتتى.

**قازى** ئۇ، شەرىئەتكە خىلاپ دېلو سادىر قىلغۇچىلارنى سوتلاشقا مەسئۇل ئىدى، ئۇ «3 - ئاخۇن» دەپ ئاتىلاتتى.

**رەئىس** ئۇ، جىنايى ئىشلار جازا قانۇنىنى باشقۇراتتى، شەرىئەتكە خىلاپلىق قىلغانلىكى يۇقىرىلارنى قازى سوتلىغاندىن، مۇپتى جىنايىتىنى بېكىتكەندىن، ئەلەم تەكشۈرۈپ چىققاندىن كېيىن، رەئىس ئادەم تەشكىللەپ ئۇلارغا بېرىلگەن جازانى ئىجرا قىلغۇزاتتى، يېنىكلىرىگە جەرىمانە قويۇلاتتى، ئېغىرلىرىغا ھەم دەررە ئۇرۇلاتتى، ھەم جەرىمانە قويۇلاتتى، بىر دەررە ئۇرۇلسا، بىر تىزىق داچەن (16 تىزىق داچەن بىر تەڭگىگە سۇندۇرۇلاتتى)، 16 دەررە ئۇرۇلسا، بىر تەڭگە جەرىمانە قويۇلاتتى، 41 دەررە ئۇرۇلغاندا، جەرىمانە قويۇلغاندىن باشقا، كوچا ئايلاندۇرۇلۇپ سازايى قىلىناتتى.

كەنت، بازارلاردىكى مەسچىتلەرگە خاتىپ، ئىمام، مەزىن قويۇلاتتى، خاتىپ مەسچىتنىڭ ئىشلىرىنى باشقۇرۇش جەھەتتە تولۇق ھوقۇقلۇق بولۇپ، مۇسۇلمانلارنىڭ جۈمە نامىزى ۋە ھېيت نامىزى ئوقۇشىغا باشلامچىلىق قىلاتتى. ئىمام خاتىپنىڭ ياردەمچىسى بولۇپ، ئادەتتىكى چاغلاردا جامائەتنىڭ ناماز ئوقۇشىغا باشلامچىلىق قىلاتتى، مەزىن مەخسۇس ئەزان توۋلاپ، جامائەتنى ناماز ئوقۇشقا چاقىرىشقا مەسئۇل ئىدى.

بۇ دىنىي كەسپدارلار ۋە مەسچىتلەرنىڭ خىراجىتى ۋەخپە يەرنىڭ كىرىمىدىن چىقىم قىلىناتتى، ئۇنىڭدىن باشقا، مەسچىت يەنە ئۆشرە - زاكات يىغاتتى. مۇسۇلمانلار دېھقانچىلىق كىرىمىنىڭ ئوندىن بىر قىسمىنى ۋە سانائەت، سودا كىرىمى، ئات، كالا، قوي، ساقلىغان ئالتۇن، كۈمۈش، مال - دۇنيا، كىيىم - كېچەكلەرنىڭ قىرىقتىن بىر قىسمىنى مەسچىتكە تاپشۇراتتى، مەسچىت ئۇنى ئاخۇنلارغا تارقىتىپ بېرەتتى، كەمبەغەللەرگە قۇتقۇزۇش بېرەتتى. بۇلاردىن باشقا، مۇسۇلمانلار توي - تۆكۈن ئۆتكۈزگەندە، ئۆلۈملۈك بولغاندا، خەتنە قىلغاندا، بالىسىغا ئات قويغاندا، ئاخۇنلارنى قۇرئان تىلاۋەت قىلىشقا تەكلىپ قىلاتتى، ئۇلارغا مەلۇم نەرسە سوۋغا قىلاتتى.

ناھىيە تەۋەسىدىكى مۇسۇلمانلار ئىچىدىكى خۇيزۇ ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ كۆپ قىسمى سۈننى مەزھىپىنىڭ ھەنەفىيە ئېقىمىغا ئېتىقاد قىلىدۇ، ئاز بىر قىسمى سىرلىق تۈس ئالغان سوپىزىم، يەنى ئىشانلىق مەزھىپىگە ئېتىقاد قىلىدۇ، بەزىلىرى ۋاھابىلار مەزھىپىگە ئېتىقاد قىلىدۇ.

ئىشانلىق مەزھىپى بىر - بىرىگە بېقىنمايتتى، ئۇلارنىڭ ئۆز ئالدىغا دىنىي كەسپدارلىرى، ئىشان، خەلىپە، سوپى، ھاپىز، بۇۋىلىرى بار ئىدى. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى، ناھىيە بويىچە ئىشانلىق مەزھىپىدە 62 نەپەر دىنىي كەسپدار بار ئىدى، بۇنىڭ ئىچىدە

ئىشان بەش نەپەر، خەلىپە55 نەپەر، بۇۋى ئىككى نەپەر ئىدى، ئۇلۇغمىڭلىق نىياز ئىشان، گۈلباغلىق نۇرمۇھەممەت ئىشان، قالغىرىقلىق ئىزىز ئىشانلار بۇ ناھىيىدىكى ئىشانلىق مەزھىپىدىكى ئۇيغۇر مۇرىتلىرىنىڭ ئاتاقلىق باشچىلىرى ئىدى، ئۇلارنىڭ قول ئاستىدا 8136 نەپەر مۇرىتى بار ئىدى، ئۇلارنىڭ 79 ئورۇندا پائالىيەت سورۇنى - خانىقاسى بولۇپ، كۆپى مازارلىق (قەبرىستانلىق) تا ئىدى. خانىقا ئەسلىدە ئىشانلار ئىش بېجىرىدىغان جاي ئىدى، كېيىن مۇرىتلارنىڭ پائالىيەت سورۇنى بولۇپ قالغانىدى.

**ئىسمائىلىيە مەزھىپى** بۇ، ئىسلام دىنىنىڭ يەنە بىر تارمىقى بولۇپ، يەتتە ئىمامچىلار دەپمۇ ئاتىلىدۇ، ئۇنىڭغا بۇ ناھىيىدىكى تاجىك ئاممىسى ئېتىقاد قىلىدۇ. ئاتاقلىق دىنىي زاتلاردىن موللا باخشى، ياقۇپ شاھ، ئوبول سېيىتخانلار بار.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، دىنىي تۈزۈم ئىسلاھ قىلىنىپ، سىياسىي، دىنىي ئىشلار ئايرىۋېتىلدى، دىن قانۇنغا، مائارىپقا، نىكاھ ئىشلىرىغا ئارىلاشتۇرۇلمايدىغان بولدى، دىنىي تەشكىلاتلارمۇ شۇنىڭغا ئەگىشىپ ئاددىيلاشتۇرۇلدى، مەھكىمە شەرئى ۋە ئېغىر دىنىي ئالۋان - سېلىقلار پۈتۈنلەي ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى، مەسچىتلەردە ئومۇميۈزلۈك مەسچىت باشقۇرۇش گۇرۇپپىلىرى قۇرۇلۇپ، مۇرىتلار ئىچىدىن سايلانغان ۋەكىللەر ئىمامنىڭ باشقۇرۇش ئىشلىرىغا ياردەملىشىدىغان بولدى.

## § 3. مەسچىتلەر

1950 - يىلدىن ئىلگىرى، ناھىيە بويىچە چوڭ - كىچىك مەسچىتتىن 783 ى بار ئىدى، مەسچىت ئۆزىنىڭ رولى ۋە خاراكتېرىگە قاراپ، ئادەتتىكى مەسچىت ۋە جۈمە مەسچىتى دەپ ئايرىلاتتى، ئادەتتىكى مەسچىتتىن 403 ى بار ئىدى، ئۇلاردا مۇرىتلار ھەر كۈنى بەش ۋاق ناماز ئوقۇيتتى، جۈمە مەسچىتى، يەنى جامە دىن 380 ى بار ئىدى، بۇلاردا مۇرىتلار جۈمە نامىزى ئوقۇيتتى ۋە مۇھىم دۇئا - تەكبىر، دىنىي مۇراسىملارنى ئۆتكۈزەتتى.

بۇ مەسچىتلەردە جەمئىي 208 نەپەر دىنىي زات بار ئىدى، بۇلارنىڭ ئىچىدە بىر نەپەر ئەلەم، تۆت نەپەر قازى، 96 نەپەر خاتىپ، 499 نەپەر ئىمام، 369 نەپەر مەزىن، 239 نەپەر باشقا زات بار ئىدى.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، قىسمەن مەسچىتلەر كوللېكتىپ تەرىپىدىن ئىگىلىۋېلىندى. 1966 - يىلى ناھىيە بويىچە 491 مەسچىت بار ئىدى، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دا، «سول» ئىدىيىنىڭ تەسىرى تۈپەيلىدىن بىر قىسىم مەسچىتلەر چېقىۋېتىلدى، 1979 - يىلى ناھىيە بويىچە ئاران 11 مەسچىت قالغانىدى. پارتىيىنىڭ دىن سىياسىتى ئەمەلىيلەشتۈرۈلگەندىن كېيىن، 1983 - يىلغا قەدەر 491 مەسچىت ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى، بۇ مەسچىتلەرگە 491 نەپەر دىنىي زات قويۇلدى، بۇنىڭ ئىچىدە 18 نەپەر خاتىپ، 154 نەپەر ئىمام، 69 نەپەر مەزىن، 250 نەپەر باشقا زات بار، بۇنىڭدىن باشقا، يەنە مەلۇم ساندا پائالىيەت نۇقتىلىرى بار.

# § 4 . مازارلار

مازارنىڭ ئەسلى مەنىسى دەرگاھ بولۇپ، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان جامائەت ئۇنى ئەۋلىيالارنىڭ ئۇرۇق - ئەۋلادلىرى دەپنە قىلىنىدىغان جاي دەپ قارىغان، ئۇنى ئىشانلارنىڭ مۇرىتلىرى دائىم دىنىي پائالىيەت ئۆتكۈزۈلىدىغان سورۇن قىلىپ كەلگەنىدى، ھازىر مۇسۇلمانلار ئۆلۈپ كەتكەنلىرىنى دەپنە قىلىدىغان قەبرىستانلىقنى مازار دەپ ئاتايدۇ، ناھىيە بويىچە بىرقەدەر داڭلىق مازاردىن بەشى بار:

شەيدان مازىرىبۇ مازار ئايكۆل يېزىسىنىڭ شەيدان كەنتىگە جايلاشقان، ئېيتىلىشىچە، بۇ مازار دىن تارقاتقۇچىلاردىن ئىمام مۇھەممەت مىرەك باقى، مۇھەممەت سادىق دېگەن ئىككى كىشىنىڭ ۋە ئۇلار بىلەن بىللە كېلىپ غازاتتا مۇشۇ جايدا شېھىت بولغانلارنىڭ قەبرىستانلىقى ئىكەن. 1580 - يىلى دىن تارقاتقۇچى ئىسھاق خوجا بۇخارا دائىرىلىرى تەرىپىدىن سۈرگۈن قىلىنىپ مۇشۇ يەرگە كېلىپ ئولتۇراقلاشقان، ئۇ، كىشىلەرگە بۇ يەردە خۇدا بار دەپ، كىشىلەرنى تۇغ - ئەلەم قاداپ، مەسچىت -خانىقالارنى سېلىشقا دالالەت قىلغان. ئۇنىڭ كۆپ تەرەپلىمە تەشۋىقات - تەرغىباتلىرى ئارقىلىق، بۇ يەر مۇرىتلار چوقۇنىدىغان مۇقەددەس جايغا ئايلىنىپ قالغان، ھەر يىلى ھىجرىيە كالىندارى بويىچە1 - ، 7 - ، 8- ئايلاردا، يەنى، مۇھەررەم، رەجەپ، شەئبان ئايلىرىدا، بۇ يەرگە پوسكام، يەكەن، مەكىت، ھەتتا خوتەن ، قەشقەر، ئاقسۇدىن دىنىي مۇرىتلار دائىم تاۋاپ قىلغىلى كېلىپ تۇراتتى، ئۇلار تەقۋادارلىق ئارزۇسى بىلەن، تارتۇقلايدىغان كالا، قوي لىرىنى يېتىلەپ، نەزىر - چىراغقا ئىشلىتىدىغان ئۇن، گۈرۈچلىرىنى يۈدۈپ، پەيشەنبە كۈنى كېلىپ، جۈمە كۈنى كېتەتتى، بەزىلىرى بىر كەلسە بىر ئايدىن كۆپرەك تۇراتتى. ئۇلار ئاخۇنلارنىڭ باشلامچىلىقىدا خەتمە - قۇرئان، دۇئا - تەكبىر قىلىپ، خۇدانىڭ ئۆزلىرىنى ئۆز پاناھىدا ساقلىشىنى تىلەيتتى، بۇ ئۈچ ئايدا، مازارنى باشقۇرغۇچىلار بىر - ئىككى كالا، يەتتە - سەككىز قوي، 20 - 30 توخۇ، 40 - 50 چارەك ئۇن، گۈرۈچ يىغىۋالاتتى. يىغىۋېلىنغان بۇ نەرسىلەر تاۋاپ قىلغىلى كەلگەنلەرگە شۇ كۈنى نەزىر قىلىپ بېرىلگەندىن باشقا، ئېشىپ قالغان نەرسىلەرنىڭ ئوندىن يەتتە قىسمى مازار باشقۇرغۇچى شەيخ، مۇتىۋەللى، قارى، جەرىپلەرگە تەقسىم قىلىپ بېرىلەتتى، ئوندىن ئۈچ قىسمى مازارلىقتا ئىشلىتىشكە قالدۇرۇلاتتى، بىر قانچە يىل باشقۇرۇش ئارقىلىق، مىنگونىڭ 38 - يىلى(1949- يىلى)شەيدان مازىرى 2800 مو ۋەخپە يەرگە ئىگە بولغان(بۇ يەرلەر يەكەن، قاغىلىق، پوسكامدىن ئىبارەت ئۈچ ناھىيىگە تارقالغان بولۇپ، ھەر يىلى يەر ئىجارىسى ئۈچۈن 3000 - 4000 چارەك ئاشلىق يىغىۋالغىلى بولاتتى) ، بۇ يەردە جۈمە مەسچىتىدىن بىرى بولۇپ، ئورنى 200 كۋادرات مېتر كېلەتتى، بىر مەدرىس بولۇپ، 50 ئېغىزدىن ئارتۇق ئۆيى بار ئىدى، ئون مو كېلىدىغان بىر بېغى بار ئىدى، ئۇنى 20 نەچچە كىشى باشقۇراتتى.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، سىياسەت، بەلگىلىمىلەر بويىچە، ۋەخپە يەرلەر دېھقانلارغا تەقسىم قىلىپ بېرىلدى، مازارلىقنى باشقۇرغۇچىلارمۇ دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بولدى. 1980 - يىلدىن كېيىن، تاۋاپ قىلىش شامىلى قايتىدىن پەيدا بولدى.

ياسىدۇن مازىرى بۇ مازار كۆيباغ يېزىسىنىڭ ياسىدۇن كەنتىگە جايلاشقان. ئېيتىلىشىچە،

مىلادى 987 ـ يىلى 6 ـ ئايدا ھەزرىتى سىيىت ئوسمان باتۇرىدىن باشچىلىقىدىكى دىنغا بويسۇندۇرغۇچىلار ياسىدۇن رايونىغا كېلىپ، بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان يەرلىك خەلقلەرگە قارىتا غازات قوزغىغان، بىر يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن كېيىن، ئاندىن بۇ جاينى بويسۇندۇرغان، لېكىن بويسۇندۇرغۇچىلاردىنمۇ نۇرغۇنى ئۆلۈپ، مۇشۇ يەرگە دەپنە قىلىنغان، يىراقتا سەپەر قىلغۇچىلار قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ قەبرىسىنى يۆتكەپ كېتىشنى قۇۋۋەتلىگەن، لېكىن شۇ مەيداندىكىلەر «مۇشۇ يەردە ياتقاندىكىن خاتىرجەم ياتسۇن» دېيىشكەن، سىيىت ھىبۇل باقى مۇشۇ يەردە مازارنى ساقلاشقا قالدۇرۇپ قويۇلغان، زامانلار ئۆتۈپ، XIX ئەسىرنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە، ئۇنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرىدىن قوشقار شەيخ بۇ مازارنى باشقۇرغاندا، ئاممىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ مازارنى قايتىدىن ياساتقان، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن بۇ مازار مەلۇم كۆلەمگە ئىگە بولۇپ، پوسكام، قاغىلىق، يەكەندىن ئىبارەت ئۈچ ناھىيىنىڭ قىسمەن رايونلىرىدىكى دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنىڭ تاۋاپ قىلىش مەركىزىگە ئايلانغان.

**ئۇچتۇما مازىرى** بۇ، دىن تارقاتقۇچى ئۇچتۇما دېگەن كىشى دەپنە قىلىنغان جاي، ئۇ، ئايكۆل يېزىسىنىڭ ئۇچتۇما كەنتىگە جايلاشقان.

**پىيا مازىرى** بۇ، ئىرانلىق سودىگەر سۇلتان ۋەلى ئەھدىدىن دەپنە قىلىنغان جاي، ئۇ، كۆيباغ يېزىسىنىڭ پىيا كەنتىگە جايلاشقان.

**خوجا كىرىمان مازىرى** بۇ دىن تارقاتقۇچى خوجا كىرىمان دەپنە قىلىنغان جاي، ئۇ يىما يېزىسىنىڭ قارا يۇلغۇن كەنتىگە جايلاشقان.

# III باب

# خەلقنىڭ ئۆرپ ـ ئادەتلىرى

## § 1. ئۆرپ ـ ئادەت

### 1. ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتى

ئۇيغۇرلار ئەر ـ خوتۇن مۇناسىۋىتىنى ئاساس قىلىپ، ئوخشاش بولمىغان كىچىك ئائىلىلەرنى تەشكىل قىلىپ، بىۋاسىتە ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى بولغان ئاتا ـ ئانىسى، پەرزەنتلىرى بىلەن بىللە ئولتۇرىدۇ.

**نىكاھ ئىشلىرى** كونا جەمئىيەتتە، نىكاھ ئىشلىرىغا كۆپىنچە، ئاتا ـ ئانىلار چات كىرىۋالاتتى، ئاخۇنلار گۇۋاھلىق بېرەتتى، ئوغۇل ـ قىزلار بىر قەدەر كىچىك تۇرۇپ توي قىلاتتى (بولۇپمۇ قىزلار شۇنداق قىلاتتى)، قىزلار، ئادەتتە 14 ـ 15 يېشىدا ياتلىق قىلىناتتى، ئەر-ئايال ئىككى تەرەپنىڭ مەلۇم مۇھەببەت ئاساسى بولمىغاچقا، ئاجرىشىپ كېتىش ھادىسىلىرى بىر قەدەر كۆپ ئىدى.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، «نىكاھ قانۇنى» دىكى نىزاملار ئىجرا قىلىنىدى، يىگىت ـ قىزلارنىڭ كۆپىنچىسى ئەركىن مۇھەببەت باغلايدىغان، نىكاھ ئىشىغا ئۆزى ئىگە بولىدىغان بولدى، بالدۇر توي قىلىش ھادىسىلىرى ئازايدى، توي قىلىدىغان، ئاجرىشىدىغان، يارىشىدىغانلار بىردەك ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىغا بېرىپ رەسمىيەت ئۆتەيدىغان، نىكاھتىن ئاجرىشىشقا دائىر بەزى دېلولار ئۈستىدە خەلق سوت مەھكىمىسى ھۆكۈم چىقىرىدىغان بولدى.

**توي مۇراسىمى** توي مۇراسىمى داغدۇغىلىق بولىدۇ، بەك قىزىيدۇ، توي ئىككى كۈن بولىدۇ، 1 ـ كۈنى كۈيئوغۇل قىزنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، توي كۆچۈرۈش مۇراسىمى ئۆتكۈزىدۇ ھەمدە مېھمان چاقىرىدۇ، مېھمانلار تولۇق كېلىپ بولغاندىن كېيىن، ئوغۇل تەرەپ ئېلىپ كەلگەن تويلۇقنى (ئادەتتە تۆت قۇر كىيىم) ئوغۇلنىڭ بىر ئايال تۇغقىنى (ئەردىن ئاجراشمىغان) بېشىغا ئېلىپ، ئايال مېھمانلارغا بىر بىرلەپ كۆرسىتىدۇ، كۆپچىلىكنىڭ تەرىپلىشىدىن ئۆتكەندىن كېيىن تويلۇق يىغىشتۇرۇلىدۇ، ئاندىن كېيىن يىگىت بىلەن قىز باشقا ـ باشقا جايدا تۇرىدۇ، ئاخۇن نىكاھ ئوقۇيدۇ. كۈيئوغۇل بىلەن كېلىن ئېلىش ـ تېگىشكە رازىلىق بىلدۈرگەندىن كېيىن، ئاخۇن تۇزغا چىلانغان ئىككى پارچە ناننى يىگىت بىلەن قىز تەرەپنىڭ ۋەكىللىرىگە بېرىدۇ، ئۇلار ناننى كۈيئوغۇل بىلەن كېلىنگە بېرىپ ئۇلارنى مۇبارەكلەيدۇ، ئارقىدىن، قىزنىڭ ئانىسى تەييارلاپ قويغان بىر قۇر كىيىم ۋە دوپپىنى كۈيئوغۇللۇق قىلىدۇ، مۇراسىم شۇنىڭ بىلەن ئاياغلىشىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن مېھمان كۈتۈلىدۇ، ئالدى بىلەن قىز تەرەپ تەييارلىغان نان ۋە قورۇما قويۇلىدۇ، ئاندىن ئوغۇل تەرەپ تەييارلىغان پولۇ قويۇلىدۇ. تاماق يېيىلىپ بولغاندىن كېيىن مەشرەپ ئۆتكۈزۈلىدۇ، ئەر ـ ئايال مېھمانلار ئىشتىياق بىلەن ئۇسسۇلغاچۈشۈپ كېتىدۇ. چۈشتىن كېيىن قىز كۆچۈرۈلىدۇ، قىزنىڭ ئاتا ـ ئانىسى قىزىغا دۇئا قىلىپ بەخت تىلىگەندىن كېيىن، قىزنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى كېلىننى كىگىز ياكى گىلەم ئۈستىگە ئولتۇرغۇزۇپ، ئاپتوموبىل (ھارۋا) غا چىقىرىپ ياكى ئاتقا مىندۈرۈپ (توپا يۇقتۇرمايدۇ)، ئوغۇلنىڭ ئۆيىگە ئېلىپ بارىدۇ، يولدا يول توسۇپ سوۋغا ئالىدىغانلار ئۇچراپ تۇرىدۇ، كۈيئوغۇل بىلەن كېلىن ئۇلارغا تەييارلىۋالغان رەخت ياكى پۇللارنى بېرىدۇ. ئوغۇلنىڭ ئۆيىگە بارغاندا، كېلىن گۈلخاننىڭ ئەتراپىنى ئۈچ قېتىم ئايلىنىپ (كۆز تەگمىسۇن دەپ شۇنداق قىلىدۇ) يېڭى ئۆيگە كىرىدۇ. قىزنىڭ قىز كۆچۈرۈپ كەلگەن ئۇرۇق ـ تۇغقان، دوست — بۇرادەرلىرىنى ئوغۇل تەرەپ مېھمان قىلىپ ئۇزىتىپ قويىدۇ.

كەچتە قېيىنئانا تەرەپ پەزىلەتلىك ئايالدىن بىرنى تاللاپ كۈيئوغۇل بىلەن كېلىنگە ئورۇن-چۇشەك سالدۇرۇپ بېرىدۇ. ئەتىسى قىز تەرەپنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقان، دوست ـ بۇرادەرلىرى ئوغۇلنىڭ ئۆيىگە چايغا بارىدۇ، قىزنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى كۈيئوغۇل بىلەن كېلىنگە ئىسسىقلىق ئېلىپ بېرىپ، ئۇلارغا بولغان غەمخورلۇقىنى ئىپادىلەيدۇ. چۈشتىن كېيىن يۈز ئاچقۇ مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلىدۇ، كېلىن قىز دوستلىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا مېھمانخانىغا كىرىپ بېشىنى چوڭ رومال بىلەن پۈركەپ، بىر تەرەپتە ئولتۇرىدۇ، يىگىت ۋە قىز تەرەپنىڭ مېھمانلىرى دۇئا قىلىدۇ، ئاندىن ئوغۇل تەرەپنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقان، دوست ـ بۇرادەرلىرىدىن بىر كىشى كېلىننىڭ بېشىدىكى رومالنى ئېلىۋېتىدۇ، بۇ، كېلىننىڭ يۈزى مۇشۇ كۈندىن ئېتىبارەت ئوچۇق دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

تويىنىڭ 3 ـ كۈنى چىللاشقۇ قىلىنىدۇ، يىگىت ۋە قىز تەرەپ بىر ـ بىرىنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقان،

قولۇم - قوشنا، دوست - بۇرادەرلىرىنى مېھمانغا چاقىرىدۇ ھەمدە ئۆز ئارا سوۋغا تەقدىم قىلىشىدۇ.

**ئۆلۈم - يېتىم ئىشلىرى** ئۆلۈم - يېتىم ئىشلىرى ئىسلام دىنى قائىدىلىرى بويىچە ئېلىپ بېرىلىدۇ، جەسەت يەرگە دەپنە قىلىنىدۇ، مېيىت شۇ كۈنىلا يەرلىككە قويۇلىدۇ. كېسەل جان ئۈزۈش ئالدىدا، ئاخۇن تەكلىپ قىلىنىپ، خەتمە - قۇرئان ئوقۇلۇپ دۇئا - تەكبىر قىلىنىدۇ. ئادەم ئۆلگەندىن كېيىن ئاخۇن تەكلىپ قىلىنىپ خەتمە - قۇرئان قىلىنىپ، ياغ پۇرىتىلىدۇ، جەسەت ئەرگە تۆت، ئايالغا ئۈچ بۆلۈش قائىدىسى بويىچە يۇيۇلۇپ كېپەنگە ئورالغاندىن كېيىن جىنازىغا سېلىنىپ، قەبرىستانلىققا ئېلىپ بېرىلىپ دەپنە قىلىنىدۇ، مېيىت ئۇزىتىلغاندا، ئاياللارنىڭ قەبرىستانلىققا بېرىشىغا، ئۇن سېلىپ يىغلىشىغا بولمايدۇ، يەرلىكنىڭ چوڭقۇرلۇقى تۇپراققا قاراپ بەلگىلىنىدۇ، يەرلىكنىڭ ئوڭ تېمىدىن بىر ئىچ يەرلىك ئېلىنىدۇ، جەسەتنى دەپنە قىلىشتىن ئىلگىرى ئاخۇن خەتمە - قۇرئان قىلىپ، ناماز چۈشۈرۈلىدۇ، ئاندىن كېيىن جەسەتنىڭ بېشى شىمالغا، پۇتى جەنۇبقا، يۈزى قىبلىگە قىلىنىپ، ئىچ يەرلىككە قويۇلىدۇ، ئىچ يەرلىكنىڭ ئاغزى كېسەك بىلەن ئېتىلىدۇ، يەرلىك ئۈستىگە توپا دۆۋىلىنىپ، بىر تال دەرەخ شېخى قاداپ بەلگە قىلىپ قويۇلىدۇ.

مېيىت ئۇزىتىلىپ ئۈچى، يەتتىسى، يىگىرمىسى، قىرىقى ۋە يىلى توشقاندا، مەرھۇمنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى پولۇ ئېتىپ نەزىر - چىراغ ئۆتكۈزۈپ، ئۇرۇق - تۇغقان، دوست - بۇرادەرلىرىنى چاقىرىپ دۇئا - تەكبىر قىلىپ، مەرھۇمنىڭ ئاخىرىتىگە بەخت تىلەيدۇ.

**كىيىم - كېچەكلىرى** ئەرلەرنىڭ ئەنئەنىۋى تاشقى كىيىمى چاپان دەپ ئاتىلىدۇ، ئۇزۇنلۇقى تىزدىن ئاشىدۇ، چاپان كەڭ يەڭلىك، ياقىسىز، تۈگمىسىز بولۇپ، ئۇنى كىيگەن كىشىلەر بېلىنى ئۇزۇن بەلباغ بىلەن باغلىۋالىدۇ، ئىچ كۆينىكى ياقىسىز، ئۇزۇن يەڭلىك بولۇپ، ئالدى ئېچىلمايدۇ. ئاياللار، كۆپىنچە، ئۇزۇن كۆينەك كىيىدۇ، تېشىغا ئاددىي كىيىم كىيىدۇ، ئۇلار قاشلىق ئېتىشنى، تىرنىقىغا خېنە يېقىشنى، ھالقا، ئۈزۈك، بىلەيزۈك سېلىشنى، ھېلىلە ياغلىق، داكا رومال سېلىشنى ياخشى كۆرىدۇ. 50 - يىللاردىن 70 - يىللارغىچە جۇڭشەنفۇ، ھەربىيچە كىيىم ئەرلەرنىڭ ئورتاق كىيىمى بولغانىدى. 80 - يىللاردا كاستيۇم - بۇرۇلكا تارقالدى. ئاياللار دوپپا تۇماق كىيىشكە ئامراق، ئەر - ئاياللار ئۆتۈك، بەتىنكە، چورۇق كىيىشنى ياخشى كۆرىدۇ.

**يېمەك - ئىچمىكى** يېمەك - ئىچمەك جەھەتتە، سۈيۈقئاش، پولۇ، مانتا، چۆچۈرە، جۇۋاۋا، ھورنان، يوتازا، ئۇماچ، موندىلەك، زاڭ، نان قاتارلىقلار بار بولۇپ، تاماق خىللىرى كۆپ، لېكىن نان، لەغمەن، پولۇ، مانتا ئاساسلىق يېمەكلىك ھېسابلىنىدۇ. ئىلگىرى ئۇيغۇرلار ئۇزاق مەزگىلگىچە ئۇماچ، موندىلەك، زاڭ ئىستېمال قىلغانىدى، يېزا ئىقتىسادىي تۈزۈلمىسى ئۆزگەرگەندىن كېيىن، دېھقانلارنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى ئۆستى، ئۇلار بۇنداق تائاملارنى ئاز ئىستېمال قىلىدىغان بولدى. گۆش يېمەكلىكلىرى، ئاساسەن كالا، قوي، توخۇ گۆشىدىن ئىبارەت، چوشقا، ئېشەك، ئىت گۆشى ۋە قېنى چىقمىغان بارلىق چارۋا - قۇشلارنىڭ گۆشىنى يېيىش مەنئى قىلىنىدۇ.

**كىشىلەرگە مۇئامىلە قىلىشى** ئۇيغۇرلار ئەدەب - ئەخلاققا ئەھمىيەت بېرىدۇ، چوڭلارنى ھۆرمەتلەيدۇ. يول يۈرگەندە چوڭلار ئالدىدا ماڭىدۇ، گەپنى چوڭلار باشلاپ بېرىدۇ، ئولتۇرغاندا چوڭلار تۆرگە چىقىدۇ، ئورۇندىن قوزغالغاندا چوڭلار بۇرۇن ئورنىدىن تۇرىدۇ، ئۇرۇق -

تۇغقان، دوست ـ بۇرادەرلەر ئۇچراشقاندا قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپ تىنچلىق ـ ئامانلىق سورىشىدۇ، «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم»، «ۋە ئەلەيكۇم ئەسسالام» دەپ سالاملىشىدۇ.

ئۆيدە ئولتۇرغاندا، ئومۇمەن، يۈكۈنۈپ ئولتۇرىدۇ، ئىككى پۇتىنى سۇنۇپ، تاپىنىنى كىشىلەرگە قارىتىپ ئولتۇرۇش مەنئى قىلىنىدۇ، ساھىبخان چاي تۇتقاندا مېھمان ئىككى قوللاپ ئالىدۇ. كىشىلەر بىلەن سۆزلىشىۋاتقاندا تۈكۈرۈش، مىشقىرىش، ئەسنەش، ئوسۇرۇش مەنئى قىلىنىدۇ.

**ھېيت ـ ئايەملىرى** بۇ جەھەتتە روزى ھېيت، قۇربان ھېيت، مىئىراج بايرىمى، شەبئىي باراتقا ئەھمىيەت بېرىلىدۇ.

روزى ھېيت ھەر يىلى ھىجرىيە شەۋۋال (10 ـ ئاي) نىڭ 1 ـ كۈنى يەنى روزى ۋاقتى توشقاندىن كېيىن ئۆتكۈزۈلىدۇ.

قۇربان ھېيت ھەر يىلى ھىجرىيە زۇلھەججە (12 ـ ئاي) نىڭ 10 ـ كۈنى، يەنى روزى ھېيتتىن 70 كۈن كېيىن ئۆتكۈزۈلىدۇ.

بۇ ئىككى ھېيت ناھايىتى داغدۇغىلىق بولىدۇ. ھېيت كۈنى ئۇيغۇر خەلقى يېڭى كىيىملىرىنى كىيىشىدۇ، يۇيۇنۇپ تارىنىدۇ، ساقال ـ بۇرۇتلىرىنى ئالىدۇ، ساڭزا، بوغۇرساق، قەنت ـ گېزەك، يېڭى مېۋە، يېڭى گۆش قاتارلىق ھېيتلىق يېمەكلىكلەرنى تەييارلايدۇ، ھېيت نامىزىنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، بىر ـ بىرىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ ھېيتلىشىپ، ئامان ـ ئېسەنلىك تىلىشىپ، ھېيتلىرىنى مۇبارەكلىشىدۇ.

قىز چىقىرىش، ئوغۇل ئۆيلەش، ئات تويى، خەتنە تويىمۇ مۇبارەك كۈنلەر قاتارىغا كىرگۈزۈلۈپ، مېھمان چاقىرىپ تەبرىكلىنىدۇ.

## 2. تاجىكلارنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتى

تاجىكلارنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتىنىڭ نۇرغۇن تەرەپلىرى ئۇيغۇرلارنىڭكىگە ئوخشاپ كېتىدۇ. تاجىكلار ناخشا ـ ئۇسسۇلغا ماھىر، كەشتە تىكىشكە ئۇستا بولۇپلا قالماستىن، بەلكى قىزغىن، مېھماندوست كېلىدۇ، يىراقتىن مېھمان ۋە ئۇرۇق ـ تۇغقان، دوست ـ بۇرادەرلىرى يوقلاپ كەلسە، ئائىلە ئىقتىسادىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇلارنى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ئەڭ ئوبدان يېمەكلىكلەر بىلەن مېھمان قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، چوڭلارغا ھۆرمەت قىلىدۇ، قانداق سورۇن بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، كىچىكلەر ئالدى بىلەن چوڭلاردىن تىنچلىق ـ ئامانلىق سوراپ، چوڭلارنىڭ ئالقىنىغا سۆيۈپ، چوڭلارغا بولغان ھۆرمىتىنى ئىپادىلەيدۇ، چوڭلارمۇ كىچىكلەرنىڭ مەڭزىگە سۆيۈپ، ئۇلارغا بولغان ئىززىتىنى ئىپادىلەيدۇ، ياشلار دوست ـ بۇرادەرلىرى بىلەن كۆرۈشكەندە، يىگىتلەر ئۆز ئارا قول ئېلىشىدۇ ھەمدە قارشى تەرەپنىڭ قولىنىڭ دۈمبىسىگە سۆيىدۇ، قىزلار بىر ـ بىرى بىلەن كۆرۈشكەندە، قۇچاقلىشىپ سۆيۈشىدۇ، تەڭ دېمەتلىك ئەر ـ ئاياللار كۆرۈشكەندە، ئايال ئەرنىڭ قولىنىڭ ئالقىنىغا سۆيىدۇ.

نىكاھ ئىشلىرى تونۇشتۇرغۇچىنىڭ سۆزى، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ بۇيرۇقى بويىچە بولىدۇ، باشقا مىللەتلەر بىلەن توي قىلمايدۇ. توي مۇراسىمى داغدۇغىلىق، ئۆزگىچە ئۆتكۈزۈلىدۇ، تويدىن ئىككى كۈن ئىلگىرى، يىگىت ۋە قىز تەرەپ مېھمان چاقىرىشقا باشلايدۇ، 1 ـ كۈنى ئالدى بىلەن شۇ كەنتتىكى ئائىلىسىدە بەختسىزلىك يۈز بەرگەن كىشىلەر چاقىرىلىپ، قىزغىن كۈتۈۋېلىنىدۇ ۋە ئۇلارغا تەسەللىي بېرىلىدۇ، ئۇلارنىڭ قايغۇلۇق كۆز يېشىنى سۈرتىۋېتىپ، ياشلارغا بەخت تىلىشى ئۈمىد قىلىنىدۇ ھەمدەئۇلار داپ چېلىپ، توي مۇراسىمىنى باشلاپ بېرىشكە تەكلىپ

قىلىنىدۇ.

توي مۇراسىمى باشلانغاندا، كېلىن رەڭگى ئوچۇق، مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە كىيىملەرنى كىيىدۇ، پۇتىغا ئېگىز قونچىلىق ئۆتۈك، بېشىغا ئۆزى تۇجۇپىلەپ كەشتىلەپ چىققان «كولتا» كىيىدۇ، يۈزىنى نېپىز رومال بىلەن پۈركەيدۇ. كۈيئوغۇل يېڭى كىيىم كىيىپ، بېشىغا سەللە (قىزىل، ئاق ئىككى خىل رەڭدىكى تاۋاردا) يۆگەيدۇ، كېلىن بىلەن كۈيئوغۇل بىر چەتتە ئولتۇرىدۇ، نىكاھ ئوقۇغۇچى ئەنئەنىۋى ئادەت بويىچە نىكاھ ئوقۇيدۇ، ئاندىن ئالدىن تەييارلاپ قويۇلغان تۇز سۈيىنى كۈيئوغۇل بىلەن كېلىنگە بىر يۇتۇمدىن ئىچكۈزىدۇ، بۇ، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئىككىيلەننىڭ بىرقازاننىڭ تامىقىنى يېسە بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

ئۆلۈم - يىتىم ئىشلىرى ئۇيغۇرلارنىڭكىگە ئوخشايدۇ.

**ھېيت - بايراملىرى** تاجىكلاردا روزى ھېيت، قۇربان ھېيت، شەبئىي باراتتىن باشقا، يەنە ئۆز مىللىتىنىڭ «نورۇز بايرىمى» دەپ ئاتىلىدىغان باھار بايرىمى بار، بۇ بايرام مىلادىيە يىل ھېسابى بويىچە 3 - ئايدا ئۆتكۈزۈلىدۇ. بايرام مەزگىلىدە، ھەممە ئائىلىلەر ئۆزۈل - كېسىل چوڭ تازىلىق قىلىدۇ، ئالدى بىلەن، تۈڭلۈكنى، كېيىن تامنىڭ بۇلۇڭلىرىنى، يەر يۈزىنى تازىلاشتەك كونا ئادىتى بويىچە ئۆينى پاك - پاكىزە تازىلايدۇ. ئەتىسى ئەتىگەندە، تامغا ئازراق ئۇن سېپىپ قويىدۇ، بۇ، يېڭى يىلدا مول ھوسۇل ئېلىشنى تىلەيدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ، ئاندىن كېيىن ئۆز ئارا ھېيتلىشىپ، بايراملىق مۇبارەكلىشىدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا «تېغىم زۇۋاسىت بايرىمى» بار، بۇ، «تېرىلغۇ بايرىمى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بايرام كۈنى ھەممە ئائىلىدىكىلەر ئېتىزغا بېرىپ سىمۇۋول خاراكتېرلىك ئەمگەك قىلىدۇ.

گۆش يېمەكلىكلىرى جەھەتتە قوي، كالا گۆشى ئاساس قىلىنىدۇ، قېرىپ قالغان، يېتىپ ئورنىدىن تۇرغاندا ئالدى پۇتى بىلەن دەسسەپ قوپىدىغان چارۋىلارنىڭ گۆشىنى يېيىش مەنئى قىلىنىدۇ.

خەنزۇلار، خۇيزۇلارنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرى باشقا جايلارنىڭكىگە ئوخشاش.

## § 2 . پوسكام ناھىيىسىدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ كىشى ئىسىملىرى

ئۇيغۇر، تاجىك، قىرغىز خەلقى ئۇزۇندىن بۇيان ئاتا - بالا قوش ئىسىملىك تۈزۈمنى قوللىنىپ كەلدى، بۇنداق ئاتا - بالا قوش ئىسىملىك تۈزۈمدە، ئۆزىنىڭ ئىسمى ئالدىدا، ئاتىسىنىڭ ئىسمى كەينىدە كېلىدۇ، قوش ئىسىمنىڭ كەينىدە كەلگەن ئاتىسىنىڭ ئىسمىنى گەرچە فامىلە قىلىشقا بولسىمۇ، لېكىن ئۇنى 3 - ئەۋلادقا قوشۇشقا بولمايدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسمىنىڭ مەزمۇنى مول، دائىرىسى كەڭ بولۇپ، ھەيۋاناتلار، ئۆسۈملۈكلەر، مىنېرال ماددىلار، بۇلتۇزلار ۋە پەلسەپىۋى قائىدىلار قاتارلىق تەرەپلەردىكى سۆزلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ھايۋان ۋە قۇشلارنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان ئىسىملار: بۇلبۇلقىز، زەينەپخان، يولۋاس، قۇندۇز قاتارلىقلار.

ئۆسۈملۈك ۋە گۈللەرنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان ئىسىملار: ئانارگۈل، تاجىگۈل، سامساق قاتارلىقلار.

مېتال ياكى مىنېرال ماددىلارنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان ئىسىملار: تۆمۈر، پولات، تاش قاتارلىقلار.

كۈن، ئاي، يۇلتۇز، ئاسمان ھادىسىلىرى، پەسىللەرنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان ئىسىملار: ئايخان، ئايگۈل، ئاينۇر، باھار قاتارلىقلار.

ئاي، كۈن نامى بىلەن ئاتالغان ئىسىملار: سەپەر، بارات، رەجەپ، جۈمە قاتارلىقلار.

پەلسەپىۋى قائىدىلەر ئۇقۇمى بىلەن ئاتالغان ئىسىملار: ئازاد، ئەركىن، سائادەت، دۆلقۇن، كۈرەش، ئادىل، سادىق قاتارلىقلار. ئۇنىڭدىن باشقا، تۇرسۇن، توختى، تۇردى، خۇدا بەردى قاتارلىقلار بار.

«قۇرئان» دىكى كىشى ئىسىملىرى بىلەن ئاتالغان ئىسىملار: مالىك، ئوسمان، ئىسمائىل، يۇنۇس، مۇھەممەت قاتارلىقلار.

بۇ ئىسىملارنىڭ مەنىسىدە بۇ ناھىيىدىكى ئاز سانلىق مىللەت خەلقىنىڭ تۇرمۇشقا بولغان قىزغىنلىقى، پەرزەنتلىرىدىن كۈتكەن ئۈمىدى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

ئاز سانلىق مىللەت ئاممىسىنىڭ ئىسمى كۆپ تەكرارلىنىدۇ.

## 3 §. ناچار ئۆرپ ـ ئادەتلەرنى ئۆزگەرتىش

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى، پوسكام ناھىيىسىدىكى خەلق ئاممىسى ئارىسىدا نۇرغۇن كىشىلەر نەشە چېكەتتى، كىشىلەر ئۇلارنى «بەڭگى» دەپ ئاتايتتى، بەزىلەر ئۆزىنى قەستەن سىرلىق كۆرسىتىپ، ئاممىنىڭ مال ـ مۈلكىنى ئالداپ ئېلىۋالاتتى. 1950 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى مەلۇماتقا قارىغاندا، ناھىيە بويىچە زەھەرلىك چېكىملىك چەككۈچىلەر 1000 دىن ئاشقان. خۇراپىي ھەرىكەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئاممىنىڭ مال ـ مۈلكىنى ئالداپ ئېلىۋالغانلار 36 غا يەتكەن، خەلق ھۆكۈمىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، نەشە ياساش ۋە چېكىش مەنئى قىلىندى ھەمدە دىنىي ئىسلاھات ئارقىلىق، رەم سېلىپ پېرىخونلۇق قىلىش ھەرىكەتلىرى مەنئى قىلىنىپ، جەمئىيەت كەيپىياتى كۆرۈنەرلىك ياخشىلاندى، خەلق ئاممىسىنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى ۋە ئىدىيىۋى ئېڭىنىڭ ئۈزلۈكسىز ئۆسۈشىگە، پەن ـ مەدەنىيەت بىلىمىنىڭ ئېشىشىغا ئەگىشىپ، مەدەنىيەتلىك، ئىلغار بولغان جەمئىيەت كەيپىياتى تەدرىجىي شەكىللەندى، خۇراپاتلىقنى ئىنكار قىلىپ، پەن ـ تېخنىكىغا ئىشىنىدىغان، قىمارنى چەكلەش كىشىلەرنىڭ ئاڭلىق ھەرىكىتىگە ئايلاندى.

ئىلگىرى بىما گۇڭشېسىدا مامۇت قارى ئىسىملىك بىر باخشى بولۇپ، ئۇ ئۆزىنى رەمچى دەپ ئاتىۋالغان، بىر قېتىم، ئۇ قۇرۇق قاپاقنىڭ ئىچىگە بىر كىرپىنى سېلىپ، ئاغزىنى مەھكەم ئېتىپ، كىشىلەرنىڭ ئالدىغا قويۇپ بىر تەرەپتىن ئەپسۇن ئوقۇغاچ، بىر تەرەپتىن قاپاقنى ئۇيان ـ بۇيان مىدىرلاتقان. ئۇ «سۇف» دەپ: «ئالۋاستىنى تۇتۇپ، قاپاققا سالدىم» دېگەن. ئاندىن قاپاقنى يەرگە قويۇپ، كىشىلەرگە كۆرسەتكەن، قاپاق ئىچىدىكى كىرپە مىدىرلىسا، قاپاقمۇ تەڭ مىدىرلىغان، كىشىلەر ئۇنىڭ ئالدامچىلىقىنى بۇرۇنلا ئاشكارىلىۋېتىشنى كۆڭلىگە پۈككەن بولغاچقا قاپاقنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ، كىرپىنى قويۇۋەتكەن. باخشى ئۆزىنى قويارغا يەر تاپالماي قالغان، ئۇ شۇنىڭدىن ئېتىبارەن غايىپ بولغان.

ناچار ئۆرپ ـ ئادەتلەرمۇ زور دەرىجىدە ئۆزگەردى. ئىلگىرى ئاياللار سىرتقا چىقسا يۈزىنى

ياپاتتى، ئەگەر يۈزىنى ياپمىسا، دىنىي زاتلار كۆرۈپ قالسىلا قامچىلايتتى. ھازىر ئاياللار سىرتقا چىقسا يۈزىنى ياپمايدىغان بولدى، ئىلگىرى ئەرلەر «ئۈچ تالاق» دېۋەتسىلا ئايالىنى قويۇۋېتەلەيتتى، ھازىر «تالاق» دېگەن سۆز قانۇنىي كۈچكە ئىگە ئەمەس، نىكاھتىن ئاجرىشىشتا قانۇن بويىچە ھۆكۈم چىقىرىلىدىغان بولدى. ئىلگىرى قىزلار ئوغۇللار بىلەن بىر مەكتەپتە ئوقۇيالمايتتى، ھازىر بىر سىنىپتا ئوقۇيالايدىغان بولدى.

## Ⅳ باب

# ئىجتىمائىي كەيپىيات

ياشانغانلارنى ھۆرمەتلەش، كىچىكلەرنى ئىززەتلەش، باشقىلارغا ياردەم بېرىشنى خۇشاللىق دەپ بىلىش ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ گۈزەل ئەخلاقى. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ۋەتەنپەرۋەرلىك، كوللېكتىپچىللىق، سوتسىيالىستىك ئىدىيە كىشىلەر قەلبىدە چوڭقۇر ئورۇن ئالدى، پۈتۈن ۋۇجۇدىنى ئومۇمغا بېغىشلايدىغان، ئادالەت يولىدا پىداكارلىق كۆرسىتىدىغان، ئالتۇن تېپىۋالسىمۇ كۆز قىرىنى سالمايدىغان، ئىتتىپاق، دوستانە ئۆتىدىغان روھ كەڭ تۈردە جارى قىلدۇرۇلدى.

## بەس - بەس بىلەن ۋەتەنپەرۋەرلىك غەللە - پاراق ئاشلىقى تاپشۇرۇش

ناھىيە بازىرىنىڭ ئەتراپىدىكى پوسكام يېزىسىنىڭ 3 - كەنتى ئازادلىقنىڭ دەسلەپىدە پوسكام ناھىيىسى 1 - رايونىنىڭ 2 - يېزىسى ئىدى. 1950 - يىلى ئامېرىكا ئۇرۇش ئوتىنى يالۇجياڭ دەرياسى بويىغىچە تۇتاشتۇردى. ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ، چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش ، ۋەتەننى قوغداش ئۈچۈن، 2 - يېزىدىكى ئۇيغۇر دېھقانلار كىچىك قىزىل بايراقلارنى كۆتۈرۈپ، راۋاب چېلىپ، ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئويناپ، ۋەتەنپەرۋەرلىك غەللە - پاراق ئاشلىقىنى يۈدۈپ، ھارۋىغا بېسىپ ، ئېشەككە ئارتىپ ، ناھىيە بازىرىغا يەتكۈزۈپ بەردى. 1951 - يىلى 2 - يېزا ئازكەم 5000 كىلوگرام ۋەتەنپەرۋەرلىك غەللە - پاراق ئاشلىقى تاپشۇرۇپ، پوسكامدىكى يېزىلار بويىچە 1 - بولۇپ، مەركىزىي مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ تەقدىرلىشىگە ئېرىشتى.

30 نەچچە يىل ئۆتۈپ كەتتى، بۇ كەنتتىكى ئۇيغۇر خەلقى شەرەپلىك ئەنئەنىگە ۋارىسلىق قىلىپ، ۋەتەن ئۈچۈن تېخىمۇ زور تۆھپىلەرنى قوشتى. 1978 - يىلدىن 1984 - يىلغىچە كەنت بويىچە ئاشلىق بىر قاتلاندى، پاختا ئىككى قاتلاندى، كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ئوتتۇرىچە كىرىم بىر قاتلاندى. ئىشلەپچىقىرىش راۋاجلاندى، خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى ئۆستى، 3 - كەنتتىكى

خەلق دۆلەتنىڭ مەنپەئىتىنى باشتىن - ئاخىر 1 - ئورۇنغا قويۇپ كەلدى، ئۈچ يىلدا ئۇلار دۆلەتكە 280 مىڭ 500 كىلوگرام ئاشلىق تاپشۇردى، 100 مىڭ كىلوگرامدىن ئارتۇق پاختا سېتىپ بەردى. 3 - كەنتنىڭ يېرى ئاز، نوپۇسى كۆپ بولسىمۇ، بۇ كەنتتىكى دېھقانلار: «زاۋۇتنى ئاسمانغا قۇرغىلى بولمايدۇ!» دەپ قاراپ، يېقىنقى ئۈچ يىلدىن بۇيان، ناھىيىلىك سېمونت زاۋۇتى، توقۇمىچىلىق فابرىكىسى قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ قۇرۇلۇشىغا پائال ياردەم بېرىپ، ئاز كەم 200 مو يېرىنى ئاجرىتىپ بەردى.

# گۇڭشې شۇجىسىنىڭ خەنزۇ دېھقانلارنى ئېلىپ قېلىشى

1980 - يىل 10 - ئايدا پوسكام ناھىيىسى پوسكام گۇڭشېسىدىكى ياشىنىپ قالغان ئىككى خەنزۇ دېھقان ئۆزى باققان بورداق قويلارنى ناھىيە بازىرىغا ئېلىپ كىرىپ 20 - 30 يۈەنلىك تۆۋەن باھادا باھا تالاشتۇرۇپ ساتماقچى بولىدۇ، خېرىدارلار قويلارنى بەس - بەستە ئورىۋېلىپ، سېتىۋېلىشنىڭ كويىغا چۈشىدۇ، دەل شۇ چاغدا، گۇڭشې پارتكومىنىڭ شۇجىسى قۇربانىنياز تۇردى يېتىپ كېلىدۇ.

ئۇ، ئىككى بوۋاينىڭ شۇنچە كۆپ ، شۇنچە ياخشى، سېمىز قويلارنى ئەشۇنداق ئەرزان باھادا سېتىۋەتمەكچى بولغانلىقىنى كۆرۈپ، كۆڭلىگە گۇمان چۈشىدۇ - دە، بىر بوۋاينى ئاستا بىر چەتكە تارتىپ، بۇ ئىشنىڭ سەۋەبىنى بوش ئاۋازدا سورايدۇ.

- ھەي! — دەيدۇ بوۋاي بىر ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ، - كۆپ پۇلغا سېتىشنى كىم ئويلىمايدۇ؟ بىراق بىز ساقلاپ تۇرالمايمىز، بالدۇراق قولىمىزدىن چىقىرىپ بالدۇر كەتكىنىمىز تۈزۈك!

- كېتىمىز؟ نەگە كېتىشنى دەۋاتىسىز؟

- شۇجى، سىز تېخى بىلمىدىڭىزمۇ؟ بەزى خەنزۇ دېھقانلار ئۆي - مۈلۈكلىرىنى سېتىۋېتىپ، ئائىلىسى بويىچە ئىچكىرىگە كەتمەكچى بولۇۋاتىدۇ، بىزمۇ كەتمەكچى بولۇۋاتىمىز.

قۇربانىنياز تۇردى بۇ گەپنى ئاڭلاپ تەئەججۇبلىنىدۇ. ئۇ، «بۇ خەنزۇ دېھقانلار ئەمگەكچان ئىككى قولى بىلەن بۇ يەردە گۈزەل يۇرت - ماكان قۇرغان، پوسكامنىڭ زېمىنىدا قان - تەر ئاققۇزغان، ھازىر نېمە سەۋەبتىن كېتىدىغان بولۇپ قالغاندۇ؟ بۇ يەردە جەزمەن بىر گەپ بار. بەزىلەر ماجىرا تۇغدۇرغان بولۇشى مۇمكىن» دەپ ئويلايدۇ ۋە مەسىلىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش قارارىغا كېلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئەتراپتىكىلەرگە:

— مەن سىلەرگە ئېيتىپ قوياي، بۇ قويلارنىڭ بىرىمۇ سېتىلمايدۇ، مەن مۇشۇ قوي ئىگىلىرى تۇرغان گۇڭشېنىڭ شۇجىسى، ئەسلىدە قوي سېتىش- ساتماسلىق ئۇلارنىڭ ئۆز ئىختىيارىدىكى ئىش ئىدى، بىراق بۇ قېتىم مەن ئۇلارنىڭ ئورنىغا بۇ قويلارغا ئىگە بولىمەن، كەچۈرۈڭلار — دەپلا ئىككى بوۋاينى قويلىرى بىلەن بازاردىن ئېلىپ چىقىپ كېتىدۇ.

قۇربانىنياز تۇردى گۇڭشېغا قايتىپ بارغاندىن كېيىن، ئىچكىرىگە قايتىپ كېتىشنى تەلەپ قىلغان خەنزۇ دېھقانلارغا تونۇشتۇرۇش يېزىپ بەرمەسلىكنى گۇڭشې كادىرلىرىغا ئالاھىدە تاپىلايدۇ. ئاندىن كېيىن تېزدىن خەنزۇ دېھقانلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان كەنتكە قاراپ ماڭىدۇ، يېزىنىڭ توپا يولىدا كېتىۋېتىپ، سۇلار ئېقىۋاتقان رەت - رەت ئېرىق - ئۆستەڭلەرنى،

قاتار ـ قاتار كەتكەن رەتلىك ئورمان بەلباغلىرىنى، خوش پۇراق چېچىپ تۇرغان نەشپۈتلۈك، ئالمىلىقلارنى كۆرگەندە قۇربانىنىياز تۇردى ئۆتكەنكى ئىشلارنى يادىغا ئالىدۇ: ئۇ مۇشۇ گۇڭشېدا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن كادىربولۇپ، 1950 ـ يىلى يەر ئىسلاھاتى خىزمىتىگە قاتناشقان، 1962 ـ يىلى گۇڭشې پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، 1976 ـ يىلى شۇجىسى بولغان، بۇ ئېرىق ـ ئۆستەڭلەرنى ئۇيغۇر، خەنزۇ، تاجىك قاتارلىق مىللەتلەر قىشنىڭ قاتتىق سوغۇقلىرىغا قارىماي، كەتمەن ۋە گۈرجەك بىلەن چاپقان. بۇ تېرەك ۋە مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ كۆپىنچىسى خەنزۇ دېھقانلار تۇپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان باغۋەنچىلىك مەيدانى يەتكۈزۈپ بەرگەن كۆچەتلەردىن بەرپا قىلىنغان. باغۋەنچىلىك مەيدانىدا ۋە ئىككى خەنزۇ كەنتىدە ئاران 500 دەك ئادەم بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ياردىمى ۋە قوللىشى ئارقىسىدا، پۈتۈن گۇڭشېغا ۋە پۈتۈن ناھىيىگە ناھايىتى زور تۆھپىلەرنى قوشقان، ئۇلارنىڭ گۇڭشېغا يەتكۈزۈپ بەرگەن جامائەت فوندى ۋە پاراۋانلىق فوندى ئەڭ كۆپ. ناھىيە بازىرىنى تەمىنلىگەن قوغۇن ـ تاۋۇز، مېۋە ـ چېۋە، ئوتياشلىرىمۇ ئەڭ كۆپ، يېزا ئىگىلىكىدە ئۇلارنىڭ تەجرىبىسى، تېخنىكىسى بار، دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىنىڭ مو بېشى مەھسۇلاتى گۇڭشې بويىچە ھەممىشە ئالدىنقى قاتاردا تۇرۇپ كەلگەن. ئىلگىرى گۇڭشې ھەممىشە ئۇلارنى ئىشلەپچىقىرىش جەھەتتىكى قىزىل بايراق قىلىپ، ئاممىنى ئۇلاردىن ئۆگىنىشكە چاقىرىپ، شۇ ئارقىلىق خىزمەتلەرنى ئىلگىرى سۈرگەنىدى. ھازىر ئۇلار كەتمەكچى بولۇۋېتىپتۇ، بۇ نېمە ئۈچۈندۇ؟

تەكشۈرۈش ـ ئىگىلەش ئارقىلىق، ھەقىقىي ئەھۋال ئايدىڭلاشتى، ئەسلىدە بۇ خەنزۇ دېھقانلار پىتنە ـ ئىغۋالاردىن قايمۇقۇپ قالغانىكەن، قۇربانىنىياز تۇردى گۇڭشې ئەزالىرى يىغىنى چاقىرىپ مۇنداق دەيدۇ: «سىلەر كوچا خەۋەرلىرىگە ھەرگىز ئىشەنمەڭلار، سىلەر ئويلاپ بېقىڭلار، سوتسىيالىستىك يېڭى شىنجاڭ قۇرۇش يولىدا مۇشەققەتلىك ۋەزىپىنى ھېچقايسى مىللەت مۇستەقىل ئۈستىگە ئالالمايدۇ، ئۇ ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ئورتاق ئۈستىگە ئېلىشىغا مۇھتاج، مەن كۆپچىلىكنىڭ پارتىيىنىڭ ئىزچىل سىياسىتىگە ئىشىنىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. . . » . ئۇ، كەنت ئاھالىلىرى يىغىنىنى ئېچىپ بولغاندىن كېيىن، كەنت كادىرلىرىنى ئېلىپ قېلىپ مۇنداق دەيدۇ: «مانا مۇشۇ پەيتتە سىلەر ئىككىلەنمەسلىكىڭلار، تەۋرەنمەسلىكىڭلار كېرەك، سىلەر باشلامچىلىق بىلەن قېلىپ قېلىپ، ئۈلگە كۆرسىتىڭلار، مەۋسۇم ئەدەمگە باقمايدۇ، دەرھال كۈزگى بۇغداي تېرىش لازىم. بىر پەسىلنى قولدىن بېرىپ قويساق، بىر يىلنى قولدىن بېرىپ قويىمىز» .

قۇربانىنىياز تۇردى خەنزۇلار ئولتۇراقلاشقان ئىككى كەنتتىكى ۋە باغۋەنچىلىك مەيدانىدىكى دېھقانلارغا يىغىن ئېچىپ، كادىرلار بىلەن سۆزلەشكەندىن كېيىن، ئۆيمۇ ـ ئۆي كىرىپ خەنزۇ دېھقانلارنىڭ نەرسىلىرىنى سېتىۋالغان گۇڭشې ئەزالىرىنى تېپىپ، ئەھۋالنى سەۋرچانلىق بىلەن چۈشەندۈرۈپ، ئۇلارنى سېتىۋالغان نەرسىلەرنى قايتۇرۇپ بېرىشكە دەۋەت قىلىدۇ. ئۇ، گۇڭشېغا قايتىپ بارغاندىن كېيىن، تازا خاتىرجەم بولالماي، گۇڭشې پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسىنى بىر تەرجىمان بىلەن خەنزۇ كەنتكە ۋە باغۋەنچىلىك مەيدانىغا خىزمەت ئىشلەشكە ئەۋەتىدۇ.

ئىنچىكە خىزمەت ئىشلەش ئارقىلىق، پوسكام گۇڭشېسى قايتىدىن تىنچلىنىدۇ، خەنزۇ دېھقانلارنىڭ بىرىمۇ كەتمەيدۇ، ياندۇرقى يىلى ئۇلار يېزا ئىگىلىكىدىن يەنە مول ھوسۇل ئالىدۇ.

# چاڭ سۇۋېننىڭ مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى مېھر- مۇھەببەتنى ئالتۇندىنمۇ قىممەت بىلگەنلىكى

چاڭ سۇۋېن پوسكام ناھىيىلىك 2 - باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ پېنسىيىگە چىققان ئىشچىسى، ئۇ، كىچىكىدىن تارتىپ ئانىسى ۋە ھامىسىدىن سۇنغان سۆڭەكنى ئۇلاش، چىقىپ كەتكەن پۇت-قولنى جايىغا چۈشۈرۈشتىن ئىبارەت داۋالاش تېخنىكىسىنى ئۆگەنگەن. 1957 - يىلى ئۇ شەندۇڭدىكى يۇرتىدىن پوسكام ناھىيىسىگە كېلىپ، ھەر مىللەت ئاممىسى ئۈچۈن سۇنغان سۆڭەكنى ئۇلاش، چىقىپ كەتكەن پۇت - قولنى جايىغا چۈشۈرۈش ئىشىنى باشلىۋەتكەنىدى. ئېرىنىڭ خىزمەتدىشى رازىق ھەسەننىڭ قىزىنىڭ قولى سۇنۇپ كەتكەندە، ئۇ، قىزنىڭ قولىنى ساقايتتى، كېيىن ئۇ يەنە ئىككى كىشىنىڭ سۆڭەك زەخمىسىنى ساقايتتى، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئۇنىڭ نامى سىرتقا تارقىلىپ، داۋالانغۇچىلار ئۇنىڭ ئالدىغا ئۈزۈلمەي كېلىپ تۇرىدىغان بولدى.

چاڭ سۇۋېن باشقىلارنىڭ چىقىپ كەتكەن پۇت - قولىنى جايىغا چۈشۈرۈش، سۇنغان سۆڭىكىنى ئۇلاش جەريانىدا ئەزەلدىن بىر سىنتىمۇ ھەق ئالمىدى. قىلغان ئىشىغا مىننەتمۇ قىلمىدى. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «دېھقانلارنىڭ ناھىيە بازىرىغا كىرىپ كېسەل كۆرسىتىشى ئاسانغا چۈشمەيدۇ، دوختۇرخانىدا ئىشقا چۈشۈش، ئىشتىن چۈشۈش ۋاقتى بولىدۇ، تېخى نومۇر ئېلىشقا توغرا كېلىدۇ، شۇڭا ئاۋارىچىلىق كۆپرەك. مەن ئۆيدە ئۇلارنى داۋالاپ قويسام، ئوخشاش ئەمەسمۇ؟» ئۇ يەنە مۇنداق دەيدۇ: «مەن پەقەتلا قولۇمنى ئىشقا سېلىپ، ئۇياق - بۇياق قايرىپ ئۇۋۇلاپ قويىمەن، بىر سىنتىمۇ پۇل سەرپ قىلمايمەن، نېمە دەپ پۇل ئالغۇدەكمەن! ئەگەر مەن پۇل ئالسام، مېھر - مۇھەببەت يوققا چىقىدۇ، مەن شۇنداق دەيمەنكى، ئاز سانلىق مىللەتلەر ئاممىسى ئۈچۈن كۆپرەك ئىش قىلىپ بەرسەم، مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدا مېھر- مۇھەببەت بارلىققا كەلسە، مانا بۇ ھەممىدىن قىممەتلىك».

چاڭ سۇۋېن ئاممىنىڭ سۇنغان سۆڭىكىنى ئۇلاش، چىقىپ كەتكەن پۇت - قولىنى جايىغا چۈشۈرۈشتە زادىلا ۋاقىت، ئورۇن ئايرىمىدى، كېسەلنى كوچىدا ئۇچرىتىپ قالسا، ئۇنى بىر چەتكە تارتىپلا داۋالىدى، تاماق يەۋاتقاندا كېسەل كېلىپ قالسا، يەۋاتقان تامىقىنى قويۇپ تۇرۇپ ئاۋال كېسەلنى داۋالىدى. ئۆيدىكىلەر ئۇنى تاماق يەۋېلىپ ئاندىن داۋالاپ قويۇشقا ئۈندىگەندە ئۇ: «ئۆزىمىزنىڭ ئىشىنى قاچان قىلساق قىلىۋالغىلى بولىدۇ، ئاز سانلىق مىللەت قېرىنداشلىرىمىزنى داۋالاشقا دەخلى يەتكۈزۈشكە بولمايدۇ» دەيدۇ.

1983 - يىلى يازنىڭ بىر كېچىسى، چاڭ سۇۋېن تاتلىق ئۇخلاۋاتاتتى. توساتتىن ئىشىكنىڭ ئەنسىز قېقىلغان ئاۋازى ئاڭلىنىدۇ، چاڭ سۇۋېن چۆچۈپ ئويغىنىپ، كارىۋاتتىن چۈشۈپ ئىشىكنى ئاچىدۇ - دە، موتسىكلىت مىنىپ ئېھتىياتسىزلىقتىن يىقىلىپ چۈشۈپ ئوقۇرەك سۆڭىكى سۇنۇپ كەتكەن بىر ئۇيغۇر يىگىتنىڭ ئىشىك ئالدىدا ياتقانلىقىنى كۆرىدۇ، يىگىتنىڭ پۈتۈن ئەزايى قانغا بويالغان بولۇپ، جاراھىتى ناھايىتى ئېغىر ئىدى، چاڭ سۇۋېن گەپ - سۆز قىلمايلا، يىگىتنى ئۆيگە ئېلىپ كىرىپ، ئەھۋالىنى قىسقىچە سورايدۇ ۋە سۇنغان سۆڭەكنى ئۇلاشقا كىرىشىپ كېتىدۇ، سۆڭەكنى ھەربىر مىدىرلاتقاندا يىگىت ئاغرىق دەستىدىن ئۇيان - بۇيان تولغىنىپ كېتىدۇ، بىردەمدىلا چاڭ سۇۋېن چىلىق - چىلىق تەرگە چۆمىلىدۇ. ئۇ، ئۈچ سائەت

ئەجىر سىڭدۈرۈش ئارقىلىق، ئاخىر زەخمىلەنگۈچىنىڭ سۇنغان ئوقۇرەك سۆڭىكىنى جايىغا چۈشۈرىدۇ، يىگىت قايتىپ كېتىدۇ، بىراق چاڭ سۇۋېن ئۇنى ئېسىدىن چىقارمايدۇ ۋە ئۇنىڭ ئەھۋالىنى ئوقۇشۇپ باققۇسى كېلىدۇ، ئەمما چاڭ سۇۋېن ئۇنىڭ قەيەرلىك، ئىسمىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتى، بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن، ھېلىقى يىگىت كېلىپ چاڭ سۇۋېنغا سۇنۇقنىڭ ساقىيىپ كەتكەنلىكىنى، ئۆزىنىڭ 7 - گۇڭشېدا تراكتور ھەيداۋاتقانلىقىنى، ئىشقا چۈشۈپ بولغانلىقىنى ئېيتىدۇ. بۇنى ئاڭلىغان چاڭ سۇۋېن خوشاللىقىدىن كۈلۈپ كېتىدۇ.

ئاممىنىڭ سۇنغان سۆڭىكىنى ئۇلاش ، چىقىپ كەتكەن پۇت - قولىنى جايىغا چۈشۈرۈش داۋامىدا چاڭ سۇۋېن كېسەللەرگە ئۆزىنىڭ تۇغقىنىدەك مۇئامىلە قىلىدۇ، زەخمىلەنگۈچىلەر ئۇنىڭ ئۆيىگە كەلسىلا، ئۇ ئۇلارنىڭ ھالىدىن كۆڭۈل قويۇپ خەۋەر ئالىدۇ ۋە ئۇلارنى داۋالايدۇ. بىر قېتىم، بىر ئۇيغۇر دېھقانىنىڭ پۇتى زەخىملىنىدۇ، چاڭ سۇۋېن سۆڭەكنى ئۇلاشتىن بۇرۇن، ئۇنىڭ پۇتىنى ئىسسىق سۇ بىلەن يۇيۇشقا تۇتۇش قىلىدۇ، ئوغلى ئانىسىنىڭ بەك ھېرىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ ئورنىدا ئۆزى يۇيماقچى بولىدۇ، لېكىن چاڭ سۇۋېن ئوغلىنىڭ قولىنىڭ قوپاللىقىدىن كېسەلنى ئازابلاپ قويۇشتىن ئەنسىرەپ، ئۇنىڭ يۇيۇشىغا ئۇنىمايدۇ. يەنە بىر قېتىم يىراق جايدىن بېلىكىنىڭ سۆڭىكى ئۆتۈشۈپ كېتىپ، سۆڭىكى گۆش ۋە تېرىنى تېشىپ چىققان بىر ئۇيغۇر دېھقان كېلىدۇ، ۋاقتىدا داۋالانمىغانلىقى ئۈچۈن، جاراھەت ئېغىزى يىدە بولۇپ كەتكەنىدى. چاڭ سۇۋېن ئۇنىڭ بىلىكىنى ئىنچىكىلىك بىلەن داۋالايدۇ، ئۇنى ئۆيىدە ياتقۇزۇپ ئۇنىڭغا قۇۋۋەتلىك تاماقلارنى ئېتىپ بېرىدۇ. چاڭ سۇۋېن ئۇيغۇر ئاممىسىنىڭ غېمىنى يەيدۇ، ئۇيغۇر ئاممىسىمۇ ئۇنى ھەر ۋاقىت ئېسىدىن چىقارمايدۇ، ئۇ، تۇرمۇشتا ئازا قىينالغان ئەشۇ بىر نەچچە يىلدا، بەزىلەر دائىم ئۇنىڭغا ئوتياش، كۆمۈر ئەكىلىپ بېرىدۇ. لېكىن ئۇ قەتئىي ئالغىلى ئۇنىمايدۇ، ئاما نائىلاج كېچىلىرى ئادەم كۆرمەيدىغان چاغلاردا ئوتياش، كۆمۈرنى ئۇنىڭ ئىشىكى ئالدىغا قويۇپ قويىدۇ.

## سۇپۇرگە نىيازنىڭ خويزۇ يېتىم بالىنى بېقىۋالغانلىقى

1967 - يىلى قىشنىڭ قاش قارايغان بىر كەچقۇرۇنلۇقى ئىدى، پوسكام ناھىيە بازىرىنىڭ كوچىلىرىدا ئادەم شالاڭ بولۇپ، كوچىلار چۆلدەرەپ قالغاندەك كۆرۈنەتتى، يول ياقىسىدىكى ماگىزىنلار تاقىلىپ كەتكەن، پەقەت بىر كىچىك ئاشخانىدىن غۇۋا چىراغ نۇرى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. 3- گۇڭشې 11 - چوڭ ئەترەتنىڭ ئەزاسى سۇپۇرگە نىياز قورسىقىنى تويغۇزۇۋېلىپ ئۆيىگە كەتمەكچى بولۇپ ئاشخانىغا كىرىدۇ. ئۇ، توساتتىن ئۇستى - بېشى جۇل - جۇل، رەڭگى سارغايغان، ياداڭغۇ بىر بالىنىڭ تام تۈۋىدە دىر - دىر تىترەپ، ئاچلىقتىن ناماق شىرەسىگە تەلمۈرۈپ تۇرغانلىقىنى كۆرىدۇ، ئۇ بۇ بىچارە بالىغا ئىچ ئاغرىتىپ، ئۇنى قۇچىقىغا ئېلىپ، جۇۋىسىغا چىڭ يۆگەپ، بالىدىن.

– ئۆيۈڭ قەيەردە؟ - دەپ سورايدۇ.

– مېنىڭ . . . مېنىڭ ئۆيۈم يوق!

– نەچچە ياشقا كىردىڭ؟ داداڭ، ئاناڭ قېنى؟

- يەتتە ياشقا كىردىم، دادام، ئانام ئۆلۈپ كەتكەن، - دەپ يىغلاپ سالىدۇ ھېلىقى بالا.
- ھەي، يىغلىما بالام، مېنىڭ بالام يوق، ماڭا بالا بولغىن بولامدۇ؟
- . بولىدۇ، سىز بىلەن بىللە كېتەي.

بۇ خوپىز ۇ يېتىم بالا ماخۇاكۆي ئىدى. ئۇ، بەش يېشىدا دادىسىدىن، ئالتە يېشىدا ئانىسىدىن ئايرىلىپ قالغان بولۇپ، ئۆگەي دادىسىنىڭ، ئۆگەي ئانىسىنىڭ خارلىشىغا چىدىيالمىغانلىقى ئۈچۈن، ئۆيىدىن قېچىپ چىقىپ، يەكەندىن پوسكامغا سەرگەردان بولۇپ كېلىپ قالغانىكەن. شۇ كۈندىن باشلاپ ماخۇاكۆي سوپۇرگە نىياز بوۋاينىڭ ئوغلى بولىدۇ، بوۋاي ئۇنىڭ ئىسمىنى ئەركىن دەپ ئۆزگەرتىدۇ.

ئەركىننىڭ ئاشقازان كېسىلى بولغاچقا، سوپۇرگە نىيازنىڭ ئۆيىگە بارغان دەسلەپكى چاغلاردا، تاماق يېيىلا ياندۇراتتى، سوپۇرگە نىياز ئۆيىدىكى توخۇملارنىڭ ھەممىسىنى ئۇنىڭغا يېگۈزىدۇ، يەنە دائىم ياۋا ئۆردەك تۇتۇپ كېلىپ ئۇنى قۇۋۋەتلەندۈرىدۇ، ئەركىن كۈندىن - كۈنگە قاۋۇل چوڭ بولىدۇ. 1973 - يىلى ئەركىن ئوتتۇرا مەكتەپكە چىقىدۇ، سوپۇرگە نىياز ۋاقىت چىقىرىپ بېلىق تۇتۇپ، تۇز كولاپ سېتىپ، ئەركىنگە بىر ۋېلسىپىت ئېلىپ بېرىدۇ، ئەركىن دائىم: «مېنىڭ بۇ دادام بولمىغان بولسا، مەن بۇرۇنلا تۈگىشىپ كەتكەن بولاتتىم! مەن بۇ دادامنىڭ قىلغىنىنى ئۆمرۈم بويى ياندۇرۇپ بولالمايمەن» دەيدۇ. 1979 - يىلى ئەركىن ناھىيىلىك تەرجىمانلار كۇرسىغا ئوقۇشقا كۆرسىتىلىدۇ، ئۇ، ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن، ناھىيىلىك باج ئىدارىسىغا خىزمەتكە تەقسىم قىلىنىدۇ، ئۇ، دادىسىنىڭ شەپقىتىنى ئۇنتۇپ قالماي، دادىسىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ تۇرىدۇ، ھەر ئايدا ئىش ھەققى ئالغاندا ئاۋۋال دادىسىغا تۇرمۇش پۇلى بېرىپ تۇرىدۇ ھەمدە دادىسىغا بىر ئېشەك ھارۋىسى ئېلىپ بېرىدۇ، يەنە دائىم ئايالى بىلەن بىللە ھەر خىل يېمەكلىكلەرنى ئېلىپ دادىسىنى يوقلاپ تۇرىدۇ. قان - قېرىنداشتىنمۇ ئېشىپ چۈشىدىغان مۇنداق مېھر - مۇھەببەت پوسكامدا قىزىق داستان بولۇپ تارقىلىدۇ.

## ۋەقەنى تىنچىتقان سەمەت قۇربان

1982 - يىل 3 - ئاينىڭ 9 - كۈنى سەمەت قۇربان ئاچما ئۆستىڭىنى چېپىشقا ئادەم ئېلىپ كېتىۋېتىپ، يولدا بىر ئاپتوموبىل ھادىسىسىنى ئۇچرىتىپ قالىدۇ، بىر ھەربىي ئاپتوموبىل بىر نەپەر گۇڭشې ئەزاسىنى بېسىپ ئۆلتۈرۈپ قويغانىدى، ئايرىم كىشىلەر پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ غەۋغا كۆتۈرۈپ، ۋەقەنى كېڭەيتمەكچى بولۇۋاتاتتى. ئەھۋال جىددىي ئىدى، سەمەت قۇربان كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقىپ، كىشىلەرنى سەبىر-تاقەت بىلەن توسۇپ، كەيپىياتنى پەسەيتىدۇ، بۇ چاغدا قاغىلىق تەرەپتىن يەنە بىر ئاپتوموبىل كېلىدۇ، ئاپتوموبىلدىكى بىر نەچچە كىشى قەستەن ئوتقۇيرۇقلۇق قىلىپ: «سىلەر پوسكاملىقلار ئەجەبمۇ جىگەرسىز ئىكەنسىلەر، ئۇلار سىلەرنىڭ بىر ئادىمىڭلارنى ماشىنىغا باستۇرۇپ ئۆلتۈرگەندىكىن سىلەرمۇ ئۇلارنىڭ بىر ئادىمىنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرمەمسىلەر؟» دەپ جار سالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بەزى ئەزالار شوپۇرغا قول سالماقچى بولىدۇ. سەمەت قۇربان بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ ۋاقىراپ ئۇلارنى توختىتىۋالىدۇ، ئۇ، ئوتقۇيرۇقلۇق قىلغان ھېلىقى بىر نەچچە يولۇچىنى قاتتىق تەنقىد قىلىپ: «ئۇلار»، «بىز» دېگەن نېمە ئۇ؟

ئېيتىڭلارچۇ، سىلەر نېمە قىلماقچى؟ بۇ يەردىكى ئىشقا سىلەرنىڭ ئارىلىشىشىڭلارنىڭ ھاجىتى يوق! چاپسان يولۇڭلارغا مېڭىڭلار! دەيدۇ، ئارقىدىنلا ئۇ بۇ ئىشنى جامائەت خەۋپسىزلىكى تارمىقىنىڭ قانۇن بويىچە بىر تەرەپ قىلىشىغا تاپشۇرۇپ بېرىش ھەققىدە ئاممىنى سەۋرچانلىق بىلەن قايىل قىلىپ، بىر مەيدان توقۇنۇشنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ.

# مېنى ئوسمان ئېلى ئاكا قۇتقۇزدى

1982 - يىل 6 - ئاينىڭ 24 - كۈنى چۈشتىن كېيىن، پوسكام نېفىت بازىسى قۇرۇلۇشىغا قاتنىشىۋاتقان جەنۇبىي شىنجاڭ بىناكارلىق شىركىتى 6 - ئەترىتىنىڭ خەنزۇ ئىشچىسى شيۇڭ ۋېنجۇ ۋېلىسىپىت مىنىپ كېتىۋېتىپ ئېھتىياتسىزلىقتىن شەرقىي كەلكۈن باشلاش ئۆستىڭىگە چۈشۈپ كېتىدۇ، سۇ ئۇنى ئالاچاچباغ كەنتىگە ئېقىتىپ بارىدۇ، تۈگمەنگە كېتىۋاتقان 2 - ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتىنىڭ بوغالتېرى ئوسمان ئېلى بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ تاغىرىنى يەردە قويۇپ ئۇنى قوغلىغاچ «قۇتقۇزۇڭلا!» دەپ ۋارقىرايدۇ، گۈڭشې ئەزاسى رەخمەت موللامەمەت بۇنى ئاڭلاپ، دەرھال چوڭ ئارغامچا ئېلىپ يۈگرەپ كېلىدۇ. ئوسمان ئېلى ئارغامچىنى ئېلىپ ئۆستەڭگە تاشلايدۇ، ئۇدا ئىككى قېتىم تاشلىغان بولسىمۇ، شيۇڭ ۋېنجۇ ئارغامچىنى تۇتالمايدۇ، 3 - قېتىمدا شيۇڭ ۋېنجۇ ئارغامچىنى ئاخىرى تۇتۇۋالىدۇ، ئوسمان ئېلى بىلەن تۆردى لېتىپ قاتارلىق كىشىلەر ئۇنى تارتىپ قىرغاققا چىقىرىدۇ، شيۇڭ ۋېنجۇ بىر ئاز دەم ئېلىۋالغاندىن كېيىن، ئوسمان ئېلى ئۇنى ۋېلىسىپىتكە ئولتۇرغۇزۇپ ئىش ئورنىغا ئاپىرىپ قويۇدۇ، شيۇڭ ۋېنجۇ تەسىرلەنگەن ھالدا: «مېنى ئوسمان ئېلى ئاكا قۇتقۇزدى» دەيدۇ.

# ئىككى كەنت دېھقانلىرىنىڭ قەلبى تۇتاش

1981 - يىلى باھار بايرىمىنىڭ 1 - كۈنى خەنزۇ دېھقانلار مەركەزلىك ئولتۇراقلاشقان تۇغچى يېزىسى ئودىناق كەنتىنىڭ يېنىدىكى كەڭ دالىدا ئادەم توپى مىغىلدىماقتا، خۇشاللىق سادالىرى ياڭرىماقتا، تۇلپارلار كىشنىمەكتە ئىدى، قويۇق مىللىي تۈسكە ئىگە ئوغلاق تارتىشـــش مۇسابىقىسى جىددىي ئېلىپ بېرىلىۋاتاتتى. كەنت ئىچىدە بولسا ئۇيغۇر بوۋايلار ۋە ئاياللار خەنزۇ دېھقانلىرىنىڭ ئۆيلىرىدە پولۇ يەۋاتاتتى. خەنزۇ يولداشلارنىڭ خۇشال - خۇرام ئۆتكۈزۈلۇدىغان باھار بايرىمىغا ئوغلاق تارتىشىش مۇسابىقىسىنىڭ مەزمۇنى قانداقسىگە قىستۇرۇلۇپ قالدى؟ ئەسلىدە خەنزۇ كەنتىدىكى 100 دىن ئارتۇق ئائىلە پۇل چىقىرىپ قوي سېتىۋېلىپ، قوشنا كەنتتىكى ئۇيغۇر دېھقانلارنى خۇش قىلىۋاتاتتى. بۇ، خەنزۇ كەنتى بىلەن قوشنا بولغان ئوقۇرتام كەنتىنىڭ كۆپ يىللاردىن بۇيانقى ئۆزگىچە خاس ئويۇن تۈرى بولۇپ قالغانىدى. خەنزۇ كەنتىدىكى دېھقانلار قوشنا كەنتتىكى قېرىنداش مىللەتلەرنى بايرام خۇشاللىقىدىن تەڭ بەھرىمەن قىلىپ كەلدى.

بۇ ئىككى كەنتتىكى دېھقانلارنىڭ قوشنا بولۇپ ئۆتكىنىگە 20 نەچچە يىل بولدى. ئۇلار زىچ ھەمكارلىشىپ، ئىتتىپاقلىق ئۇرۇقىنى ئورتاق چېچىپ، ئىتتىپاقلىق مېۋىسىنى ئورتاق يىغىپ، بىلىق بىلەن سۇدەك چوڭقۇر مۇھەببەت ئورناتتى.

ئىككى كەنت بىر ئۆستەڭدىن تەڭ پايدىلىناتتى، خەنزۇ كەنتى يۇقىرى ئېقىمدا بولۇپ، سۇ ئىشلىتىشى قولايسىز ئىدى. ئۇيغۇر كەنتى تۆۋەن ئېقىمدا بولۇپ، يەر تۈزلۈكى پەس بولغاچقا، چۈشۈرگىنىڭ قاپقىقىنى سەل كۆتۈرۈپ قويسىلا، سۇنى قويۇۋەتكىلى بولاتتى. بىراق ئىككى كەنت ئوتتۇرىسىدا سۇغىرىش ئىشى توغرىلىق زادىلا ماجرا يۈز بېرىپ باقمىدى. ئەتىيازدا سۇ قىس بولغان چاغلاردا، ئۇلار سۇنى بىر بىرىگە ئۆتۈندى، كەلكۈن كەلگەن چاغلاردا، بىر - بىرىگە غەمخورلۇق قىلدى. ئۆستەڭ بىر قۇم دۆۋىسىدىن ئايلىنىپ ئۆتىدىغان بولغاچقا، ۋاقىت ئىسراپ بولاتتى، قۇم دۆۋىسىنىڭ يېنىدىكى خەنزۇ كەنتىدىكى دېھقانلار بۇ قۇم دۆۋىسىنى يۆتكىۋېتىپ، ئۆستەڭنى ئۇدۇللاشنى بۇرۇنلا ئويلىغان بولسىمۇ، لېكىن ئەمگەك كۈچى ئاز بولغاچقا، بۇ ئىشقا تۇتۇش قىلالماي كەلگەنىدى. قوشنا كەنتتىن ياردەم سوراي دېسە، ئېغىز ئېچىشتىن خىجىل بولغانىدى. 1983 - يىلى ئەتىيازدا ئوقۇرتام كەنتى پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى راخمان ھاشىم ئۆستەڭنى ئۆزگەرتىش پىلانىنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇۋىدى، خەنزۇ كەنتىدىكى ئاممىا بۇنىڭدىن ئىنتايىن خۇشال بولدى. بىر نەچچە كۈندىن كېيىن، راخمان ھاشىم 60 نەچچە قاۋۇل ئەمگەك كۈچىنى باشلاپ، توپا ئىتتىرىش ماشىنىسىدىن بىرنى ئېلىپ، سۇ قۇرۇلۇشى ئىش مەيدانىغا ئاتلاندى. بىر ھەپتە ۋاقىت ئىچىدىلا، ئۇلار خەنزۇ كەنتىدىكى دېھقانلار بىلەن بىرلىكتە قۇم دۆۋىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن بىر يېرىم كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى تۈز ئۆستەڭدىن بىرنى چاپتى.

ئىككى كەنتتىكى دېھقانلار بىر - بىرىگە مەدەت بېرىپ ۋە ياردەملىشىپ، ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئورتاق راۋاجلىنىشىنى ۋە تۇرمۇش سەۋىيىسىنىڭ ئۆسۈشىنى ئىلگىرى سۈردى. ئىلگىرى بۇ ئىككى كەنت ناھايىتى نامرات ئىدى، ھازىر كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ئاشلىق 600 كىلوگرامدىن ئاشتى. كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن كىرىم ئالدىنقى بىر قانچە يىلدىكى 100 نەچچە يۈەندىن 400 نەچچە يۈەنگە يەتتى.

1982 - يىلىنىڭ باشلىرىدا ئودىناق كەنتىدىكى خەنزۇ دېھقانلار ئارتا - ئارقىدىن ئېچكىرىدىكى تۇغقانلىرىدىن كەلگەن خەتلەرنى تاپشۇرۇۋالدۇ، خەتتە ئۇلارنىڭ يۇرتىدىكى يېڭى ئۆزگىرىشلەرنى كۆرۈپ كېلىشى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئېچكىرىدىكى ئۇرۇق - تۇغقان، دوست - بۇرادەرلىرى بىلەن جەم بولۇش ئارىمى ئۆتكۈزۈشى تەۋسىيە قىلىنغانىدى. نەتىجىدە، 40 نەچچە دېھقان ئېچكىرىگە تۇغقان يوقلىغىلى بېرىشقا نەرەددۇت قىلىدۇ، ئۇلار مەسلىھەتلىشىپ، بىرلىكتە مېڭىش قارارىغا كېلىدۇ.

خەنزۇ كەنتىدىكى40 نەچچە كىشى ئېچكىرىگە قايتماقچى بوپتۇ دېگەن خەۋەر قوشنا كەنت-- ئوقۇرتام كەنتىگە يېتىپ بارغاندا، ئۇيغۇر دېھقانلار ئولتۇرالماي قالىدۇ. ئۇلار شۇنچىۋالا كۆپ ئادەمنىڭ نېمە ئۈچۈن بىرلىكتە ئېچكىرىگە قايتماقچى بولغانلىقىنىڭ تېگىگە يېتەلمەي، ئۆزلىرى بىلەن ئىناق ئۆتكەن بۇ خەنزۇ دېھقانلارنىڭ قايتىپ كەتسە يېنىپ كەلمەي قېلىشىدىن ئەنسىرەيدۇ. كەنت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى راخمان ھاشىم خەنزۇ كەنتىنىڭ باشلىقى ۋاڭ جىۋېنى ئۆيىگە چاقىرىپ، قورۇما قورۇتۇپ، ھاراق قۇيۇپ بېرىدۇ ۋە:

- نېمە ئۈچۈن شۇنچىۋالا كۆپ ئادەم قايتماقچى بولۇپ قالدىڭلار؟ -- دەپ سورايدۇ.

- يۇرتىمىزدىن چىقىپ كەتكىنىمىزگە ئۇزۇن بولدى، كۆپچىلىكنىڭ يۇرتىنى كۆرۈپ كەلگۈسى كەلدى، -- دەپ جاۋاب بېرىدۇ ۋاڭ جىۋېن.

- ھازىر جەمئىيەتتە بەزىلەر خەنزۇ يولداشلار ئېچكىرىگە قايتىپ كېتىدىكەن دەۋاتىدۇ،

سىلەر بۇ گەپنى ئاڭلاپ قايتىپ كەلمەسلىكنىڭ قارىنىنى ئېسىۋاتامسىلەر - يە؟ - دەپ سورايدۇ يەنە راخمان ھاشىم.

- مەن بۇنداق گەپلەرگە ئەزەلدىن ئىشەنگەن ئەمەس، بىز ئىككى كەنتنىڭ مۇناسىۋىتى شۇنچە ياخشى تۇرسا، بىز نېمە ئۈچۈن قايتىپ كەلمەيدىكەنمىز؟ — دەيدۇ ۋاڭ جۈېن. راخمان ھاشىم بۇ گەپتىن شاتلىنىپ بىر رومكا ھاراقنى ۋاڭ جۈېننىڭ ئالدىغا قويۇپ:

- ئۇنداق بولسا مەن خاتىرجەم بولدۇم. بۇ بىر رومكا ھاراقنى ئىچمۈېتىڭ، سەپىرىڭىزگە ئاق يول تىلەيمەن ۋە بالدۇراق قايتىپ كېلىشىڭىزگە تەشنامەن. - دەيدۇ، ھاراق ئىچىلىپ بولغاندىن كېيىن راخمان ھاشىم، ۋاڭ جۈېنغا يېڭىسار پىچىقىدىن ئىككىنى يوللۇق تۇتىدۇ. ئەتىسى ۋاڭ جۈېنمۇ يېڭىدىن ياساتقان كىچىك يۇمىلاق شىرەدىن ئىككىنى جاۋابەن ھەدىيە قىلىدۇ.

ئۇدا بىر نەچچە كۈن ئوقۇرتام كەنتى قىزىپ كېتىدۇ، بۇ كەنتتىكى ئۇيغۇر دېھقانلار ياخشى ئۆتكەن خەنزۇ دوستلىرىنى ئارقا - ئارقىدىن ئۆيلىرىگە چاقىرىپ مېھمان قىلىدۇ، خەنزۇ دېھقانلارنىڭ چېگرا رايوندىكى ئاز سانلىق مىللەت خەلقىنىڭ دوستلۇقىنى ئالغاچ كېتىشى ئۈچۈن، ئۇلار ئۇدىناق كەنتىدىن تۇغقان يوقلىغىلى بارىدىغان خەنزۇ دېھقانلارغا ئىككى تاغار ياڭاق يوللۇق تۇتىدۇ.

بولغا چىقىدىغان كۈنى ئەتىگەندە، ئوقۇرتام كەنتى پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى ۋە كەنت ئاھالىلىرى كېلىپ خەنزۇ يولداشلارنى ئۇزىتىپ قويىدۇ. ئۇلار خەنزۇ دېھقانلارنىڭ قولىنى چىڭ تۇتۇپ تۇرۇپ، بۇ قېرىنداشلارنىڭ خىمىيىۋى ئوغۇت، سوپەتلىك ئۇرۇق ياردەم قىلغانلىقىنى، ئۇلارغا ئوتياش تېرىشنى ئۆگەتكەنلىكىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرىدۇ. ئۇلار كۆزىگە ياش ئېلىپ، خەنزۇ دېھقانلارغا: «سىلەر چوقۇم قايتىپ كېلىڭلار جۇمۇ!» دەيدۇ. خەنزۇ دېھقانلارمۇ ئۇيغۇر [illegible] ئۈسسەڭ چېپىش، شال تېرىش ئىشلىرىدا بەرگەن ياردىمىنى ئەسكە ئالىدۇ، ئۇلار ھاياجانلانغان ھالدا: «بىز چوقۇم قايتىپ كېلىمىز» دەيدۇ.

تۇغقان يوقلىغىلى بارىدىغانلار كەتكەندىن كېيىن، كەنتتە ياشانغانلار ۋە باللار قالغانىدى. ئوقۇرتام كەنتىدىكى يولداشلار ئۇلارنى دائىم يوقلاپ تۇرىدۇ، باھار بايرىمى مەزگىلىدە، ئاۋالقىدەكلا بېرىپ ھېيتلايدۇ. باھار بايرىمى ئۆتۈپلا، تۇغقان يوقلىغىلى كەتكەنلەر ئارقا - ئارقىدىن قايتىپ كېلىدۇ. ۋاڭ جۈېن گەنسۇدىن ئېلىپ كەلگەن 50 جىڭ سوپەتلىك ماش ئۇرۇقىنى راخمان ھاشىمغا سوۋغا قىلىدۇ. 1984 - يىلى ئوقۇرتام كەنتىنىڭ ماش تېرىلغۇ كۆلىمى 1000 مودىن ئاشىدۇ.

# لېي فېڭچە ياخشى باللار

1984 - يىل 3 - ئاينىڭ 25 - كۈنى ناھىيە بازىرىدا بىر موماي خۇددى بىر نېمە ئىزدەۋاتقاندەك، ئالدىراپ - تېنەپ كىشىلەر ئارىسىدىن ئۆتۈپ، ئۇياق - بۇياققا قاراۋاتاتتى. پوچتا - تېلېگراف ئىدارىسىنىڭ ئىشىكى ئالدىدا ئولتۇرغان بىر نەپەر باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى تىت - تىت بولۇپ تۇرغان بۇ مومايىنى كۆرۈپ ئالدىغا بارىدۇ ۋە:

- ئانا، كىمنى ئىزدەيسىز؟ - دەپ سورايدۇ.

- مەن سالام خەت يېزىپ بېرىدىغان باللارنى ئىزدەيتتىم.

ـ سالام خەت يېزىپ بېرىدىغانلار مانا بىز.

ـ ھەر نېمە بولسا سىلەرنى تاپتىم، ئۇھ! ـ دەيدۇ موماي ئۇلۇق ـ كىچىك تىنىپ.

ئەسلىدە، بۇ موماي سەيلى يېزىسى 9 ـ چوڭ ئەترىتىنىڭ ئەزاسى بولۇپ، ئىسمى ئالىمخان ئىدى، ئۇ . سالام خەت يېزىپ بېرىدىغان بىر توپ باشلانغۇچ مەكتەپ بالىلىرى بار ئىكەن دەپ ئاڭلاپ، بۇ ياخشى بالىلارغا ئىككى پارچە سالام خەت يازدۇرۇش ئۈچۈن كەلگەنىدى، بىر پارچە خەتنى قاراماي چارۋىچىلىق فېرمىسىدىكى ئوغلىغا يەنە بىر پارچە خەتنى پەيلۇ دېھقانچىلىق مەيدانىدا قاماق مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىۋاتقان كۈيئوغلىغا ئەۋەتمەكچى ئىدى، بولۇپمۇ ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىلىۋاتقىنىغا ئىككى يىل بولغان كۈيئوغلىغا دەيدىغان نۇرغۇن گەپلىرى بار ئىدى، خەتتە ئۇنىڭ ئۆيىدىن ئەنسىرىمەي، ئوبدان ئۆزگىرىشىنى، بولۇپمۇ ھازىر يۇرتتا، چوڭ ھۆددىگەرلىكنىڭ يولغا قويۇلغانلىقىنى، پارتىيىنىڭ سىياسىتىنىڭ ناھايىتى ياخشى ئىكەنلىكىنى، ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ تۇرمۇشى، سالامەتلىكىنىڭ ياخشى ئىكەنلىكىنى، ئايالىنىڭ نىيىتىنىڭ ھەرگىز ئۆزگەرمەيدىغانلىقىنى، ئۇ گۇناھىغا تۆۋە قىلىدىغانلا بولسا، ئايالىنىڭ ئۇنى چوقۇم ساقلايدىغانلىقىنى دېمەكچى ئىدى. پوچتا ـ تېلېگراف ئىدارىسىنىڭ ئىشىكى ئالدىدا تۇرۇپ ھەر مىللەت ئاممىسى ئۈچۈن مەخسۇس مۇلازىمەت قىلىدىغان ناھىيىلىك1ـ باشلانغۇچ مەكتەپ 4ـ يىللىق 3 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىلىرىدىن تۇرۇپ ۋە ئايگۈل بۇ مومايىنىڭ بايانلىرىنى ئاڭلاپ، مومايغا دەرھال سالام خەت يېزىپ بەردى. ئالىمخان موماي بۇ ئوماق، ياخشى بالىلارغا قاراپ، خۇشاللىقىدىن ئۇلارنى «لېي فېڭچە ياخشى بالىلار ئىكەن» دېدى.

## ئۇ ئىللىق ئائىلىگە ئىگە بولدى

ناھىيىلىك 2 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ 60 تىن ئارتۇق ئوقۇتقۇچى، ئىشچى ـ خىزمەتچىسى بارخەنزۇ مەكتەپ. مەكتەپ قورۇسىدا، كىشىلەر كۆزى يوغان، ئىڭىكى ئۈچلۈق، كۈنبويى خۇشال يۈرىدىغان بىر ئۇيغۇر بوۋاينى دائىم ئۇچرىتىپ تۇرىدۇ، بۇ بوۋاينىڭ ئىسمىنى ھېچكىم بىلمەيدۇ. كىشىلەر ئۇنىڭ پۇت ـ قولىنى چاققان قىلىپ ئەتىگەندىن كەچكىچە بىكار تۇرمايدىغانلىقىنى كۆرىدۇ. ئۇ ئەتىيازدا دەل ـ دەرەخلەرنىڭ شاخلىرىنى چاتايدۇ، يازدا مەكتەپ ئىچىگە سۇ سېپىدۇ، دەل ـ دەرەخلەرنى سۇغىرىدۇ، كۈزدە مەكتەپ قورۇسىدىكى غازاڭلارنى سۈپۈرۈپ ئادالايدۇ، قىشتا ئىشخانا ۋە سىنىپلارغا ئوتۇن يېرىپ، كۆمۈر ئەكىرىپ بېرىدۇ، مەكتەپتىكى مۇئەللىملەر ئۇنى «ئىشچان گاچا بوۋاي» دەپ ئاتىشىدۇ، بۇ گاچا بوۋاينىڭ پەرزەنتى يوق ئىدى. 1983 ـ يىلى ئۇ ناھىيىلىك 2 ـ ئوتتۇرا مەكتەپكە ئىش ئىزدەپ كېلىدۇ. ئۇ چاغدا مەكتەپ رەھبەرلىكى «بۇ 50 ياشتىن ئاشقان ئادەم ئىكەن، ھەممىشە ئۇياق ـ بۇياققا قاتراپ يۈرۈدىكەن، مۇبادا ئاغرىپ قالسا قارايدىغان ئادىمى يوق ئىكەن، ئۇزاق مۇددەت بۇنداق كېتىۋەرسە ياخشى بولمايدۇ، ئۇنىڭغا ئۆز تۇغقىنىمىزدەك قارىشىمىز كېرەك» دەپ ئويلايدۇ ۋە گاچا بوۋاينى مەكتەپكە ئۇزۇن مۇددەتلىك مەدىكارلىققا ئېلىپ قېلىشنى قارار قىلىدۇ. مەكتەپ ئۇنىڭغا مەخسۇس بىر ئېغىز ئۆينى بىكار قىلىپ بېرىدۇ ھەمدە تاماقنى مەكتەپ ئاشخانىسىغا ئورۇنلاشتۇرىدۇ، قىشتا ئىسسىنىش ئۈچۈن ئۇنى كۆمۈر بىلەن ھەقسىز تەمىنلەيدۇ، ھەر ئايدا 50 نەچچە يۈەن ئىش ھەققى بېرىدۇ، گاچا بوۋاي بۇ يەرنى راھەت ـ ئىللىق ھېس قىلىپ، خاتىرجەم بولىدۇ.

گاچا بوۋاي 2 - ئوتتۇرا مەكتەپكە يېڭىدىن كەلگەن يىلى قىشتا ئۇشتۇمتۇت ئېغىر كېسەل بولۇپ، ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالىدۇ. بۇ ئىش مەكتەپ رەھبەرلىكىنى تىت - تىت قىلىۋېتىدۇ، ئۇلار دوختۇر تېپىپ كېلىپ ئۇنىڭ كېسىلىنى داۋالاتقاندىن باشقا دائىم يىمەكلىك ئېلىپ كېلىپ ئۇنى يوقلاپ تۇرىدۇ. مۇئەللىملەرمۇ دائىم ۋاقىت چىقىرىپ ئۇنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ تۇرىدۇ. بىر ئايدىن كېيىن بوۋاينىڭ سالامەتلىكى ئەسلىگە كېلىدۇ، ئۇ، ئىنتايىن تەسىرلىنىپ، مەكتەپنى ئۆزىنىڭ ئائىلىسى، ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلارنى ئۆزىنىڭ يېقىن تۇغقىنى دەپ قاراپ، مەكتەپكە تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئىشلەپ بېرىدۇ. ئۇ ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولىدۇ، كۆپچىلىك ئۇنىڭغا يېقىن تۇغقىنى قاتارىدا مۇئامىلە قىلىدۇ. ئۇ گەپ قىلالمىسىمۇ، لېكىن چىرايىدىن چىقىپ تۇرغان تەبەسسۇم ئۇنىڭ ئىللىق ئائىلىگە ئىگە بولغانلىقىدىن خۇرسەن ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەپ تۇرىدۇ.

## گو يۇسەينىڭ ئاز سانلىق مىللەت ئىختىساس ئىگىلىرىنى يېتىشتۈرۈشنى ئۆز ۋەزىپەم دەپ بىلىشى

گو يۇسەي 1962 - يىلى گەنسۇ يېزا ئىگىلىك داشۆسىنىڭ مال دوختۇرلۇق فاكۇلتېتىنى پۈتتۈرۈپ پوسكام ناھىيىسىگە خىزمەتكە تەقسىم قىلىنغانىدى. ئۇ ئەمدىلا پوسكامغا كەلگىنىدە، ناھىيىلىك مال دوختۇرلۇق پونكىتىدا ئاران يەتتە نەپەر ئۇيغۇر ئىشچى - خىزمەتچى بار ئىدى، ئۇلار نەسىللىك چارۋىلارنىڭ سۈپىتى تۆۋەنلەپ كەتسە، قانداق قىلىپ ياخشىلاشنى بىلمەيتتى، مال پادىلىرىدا يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر كۆرۈلسە، زور تۈركۈمدىكى مالنىڭ ئۆلۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ تۇرۇپمۇ قىلچە ئامال قىلالمايتتى، بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن گويۇسەي بۇ يەرنىڭ تېخنىكا خادىملىرىغا ھەقىقەتەن مۇھتاج ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىدۇ. مال دوختۇرلۇق پونكىتىدا غازى ئۇلۇغ ئىسىملىك بىر ئۇيغۇر يىگىت بار ئىدى، ئۇ تىرىشچان، سوراپ ئۆگىنىدىغان، ئىش قىلىشتا پۇختا ئىدى، گويۇسەي دائىم ئۇنى بىللە ئېلىپ يۈرۈپ، ئۇنىڭغا مال دوختۇرلۇق جەھەتتىكى بىلىملەرنى ئۆگىتىدۇ، نەسىللىك چارۋىلارنى تاللاپ يېتىشتۈرۈش، نەسىل ياخشىلاش ئىشلىرىنى بىرلىكتە ئىشلەپ، ئۇنىڭ تېخنىكا سەۋىيىسىنى ناھايىتى تېز ئۆستۈرىدۇ. 1975 - يىلى يەرلىكتە چوڭ چارۋىلار ئاز بولۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، گويۇسەي غازى ئۇلۇغنى يېتەكلەپ، سۈنئىي ئۇسۇلدا ئۇرۇقلاندۇرۇش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، يەرلىك ئېشەك بىلەن ئاتنى چېتىشتۈرۈپ خېچىر كۆپەيتىش سىنىقى ئېلىپ بارىدۇ. شالغۇتلاشتۇرۇشنىڭ مۇئەييەن قىيىنلىق دەرىجىسى بار ئىدى، بىراق ئۇلار قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، يىراقتىكى گۇلباغ يېزىسىدا ئۇدا تۆت يىل تۇرۇپ، ئاخىر مۇۋەپپەقىيەت قازىنىدۇ. 1979 - يىلغا كەلگەندە، تەن قۇرۇلۇشى ياخشى، ئۆزى تەمبەل خېچىردىن 100 نەچچىنى يېتىشتۈرۈپ، كەنت كادىرلىرىنىڭ ۋە ئاممىنىڭ ماختىشىغا سازاۋەر بولىدۇ.

ئۇنىڭدىن كېيىن، گويۇسەي يەنە غازى ئۇلۇغ بىلەن بىرلىكتە ئىككى يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپ، پۈتۈن ناھىيىدىكى قوي ۋە توخۇلاردا بولىدىغان پارازىت قۇرت كېسەللىكلىرىنىڭ يۈز بېرىش ئەھۋالىنى ئومۇميۈزلۈك ، ئىنچىكە تەكشۈرۈپ، زور مىقداردىكى بىرىنچى قول ماتېرىيالنى ئىگىلەيدۇ.

غازى ئۇلۇغ گويۇسەينىڭ ياردىمىدە، تېخىمۇ سەۋىيىسىنى كۆرۈنەرلىك ئۆستۈردۇ. ئۇ، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، بەش پارچە ئىلمىي ماقالە يازدۇ. 1983 - يىلى مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرى بويىچە مۇنەۋۋەر پەن - تېخنىكا خىزمەتچىسى بولۇپ باھالىنىدۇ.

گۈلباغ يېزىسىدىكى ھېيت روزى بۇرۇن چوڭ ئەترەتنىڭ مال - دوختۇرى ئىدى، ئۇ، چارۋىلاردىكى كىچىك كېسەللىكلەرنىلا كۆرەلەيتتى. گويۇسەي بۇ يېزىدا نۇقتىلىق سىناق ئېلىپ بارغان چاغلىرىدا، ھېيت روزى بىلەن ياخشى دوستلاردىن بولۇپ قالغانىدى، ھېيت روزى ناھىيە بازىرىغا كىرسىلا گويۇسەيدىن بىلىم ئۆگىنەتتى، گويۇسەي يېزىغا بارسىلا ئۇنىڭ چىگىش مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشىغا تەشەببۇسكارلىق بىلەن ياردەم بېرەتتى، مانا مۇشۇنداق قىلىپ، ھېيت روزى ناھايىتى تېز ئۆسۈپ يېتىلدۇ. ئۇ، 1970 - يىلى يېزىلىق مال دوختۇرلۇق پونكىتىغا يۆتكىلىدۇ، ئىشلارنى ئۆز ئالدىغا باشقۇرالايدىغان بولىدۇ ھەمدە ناھايىتى زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرىدۇ. ئۇ، 1984 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە نەمۇنىلىك پەن - تېخنىكا خىزمەتچىسى بولۇپ باھالىنىپ 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشىدۇ.

20 نەچچە يىلدىن بۇيان گويۇسەي زور بىر تۈركۈم ئاز سانلىق مىللەت پەن - تېخنىكا خىزمەتچىلىرىنى يېتىشتۈرۈپ چىقتى، ئۇنىڭ دەرسىنى ئاڭلىغانلار 2000 ئادەم (قېتىم) دىن ئاشتى، ئۇ، ناھىيە بويىچە ھەر قايسى يېزىلاردا كۇرس ئاچتى.

1981 - يىلى گويۇسەي ناھىيىلىك چارۋىچىلىق ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىقىغا تەيىنلەندى، ئۇنىڭ بىلەن ئۇزاق مۇددەت بىللە ئىشلىگەن ھېيت روزى ئىدارە باشلىقلىقىغا تەيىنلەندى، لېكىن ئۇ بۇ ئىش توغرىلىق جار سېلىپ كەتمىدى، ئۇ، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى يېتىشتۈرۈش خەنزۇ يولداشلارنىڭ مەسئۇلىيىتى دەپ قارىدى. ئۇ: «بىز ئاز سانلىق مىللەتتىن بولغان يولداشلارغا تېخىمۇ ئۆگىتىش جەريانىدا، ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتتۇق، دوستلۇقنى كۈچەيتتۇق، مانا بۇ ئەڭ قىممەتلىكتۇر» دەيدۇ.

# قولۇم - قوشنىلارنىڭ ئىناقلىقى ئالتۇندىنمۇ قىممەتلىك

ۋاڭ جىڭۋېن پوسكام بازارلىق ئاھالىلەر كومىتېتىنىڭ ئادىمى، ئۇنىڭ ئائىلىسىنىڭ ئەتراپىدا ئون نەچچە ئائىلىلىك ئۇيغۇر دېھقان ئولتۇرىدۇ، ئالدىنقى يىللاردا، كەنتتە بىرمۇ قۇدۇق يوق ئىدى، يەرلىك ئاھالىلەر يازدا كۆلنىڭ سۈيىنى ئىچەتتى، قىشتا يىراق يوللارنى بېسىپ دەريادىن سۇ ئېلىپ كېلەتتى، ۋاڭ جىڭۋېن يازدا كۆلنىڭ سۈيىنى ئادەممۇ، ئۇلاغمۇ تەڭ ئىچىدىغانلىقىنى، بۇنداق بولغاندا سۇنىڭ پاكىز بولمايدىغانلىقىنى، قىشتا ھاۋا سوغۇق، يول يىراق بولغاچقا، سۇ ئېلىپ كېلىشنىڭ بەك قىيىن ئىكەنلىكىنى بايقاپ، ئۆزى يىغقان بىر نەچچە يۈز يۈەن پۇلنى سەرپ قىلىپ، ئۆزىنىڭ ھويلىسىغا بىر باسما قۇدۇق كولاتقۇزىدۇ، ئەتراپتىكى ئۇيغۇر يۇرتداشلار بۇ ئىشتىن بەك خۇشال بولىدۇ، ئۇلار ۋاڭ جىڭۋېننىڭ ھويلىسىدىن سۇ ئېلىپ چىقىدىغان بولىدۇ، قېرىلار، بالىلار سۇغا كەلسە، ۋاڭ جىڭۋېن بىلەن ئايالى ئۇلارغا ياردەملىشىپ سۇ تارتىشىپ بېرىدۇ، بەزى چاغلاردا سۇنى ئۇلارنىڭ ئۆيلىرىگە ئاپىرىشىپ بېرىدۇ، بەزىلەر ئۇنىڭدىن: «سۇغا كېلىدىغان ئادەم بەك كۆپ ئىكەن، ھويلاڭلارنىڭ ئىشىكىنىمۇ قۇلۇپلىيالمايدىكەنسىلەر، بۇنىڭدىن زېرىكمىدىڭلارمۇ؟» دەپ سورىسا، ۋاڭ جىڭۋېن: «ھەممىمىز

يۇرتداشلار تۇرساق، نېمىدىن زېرىكەتتىم؟ مەن كۆپچىلىككە قۇلايلىق يارىتىپ بېرىشنى كۆزدە تۇتىمەن» دەيدۇ.

چوڭ ھۆددىگەرلىكتىن ئىبارەت ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، ۋاڭ جىڭۋېن كەنتنىڭ تراكتورىنى ھۆددىگە ئالدى، بىر نەچچە يىلدىن بۇيان، ئۇ ھەمىشە باشقىلارنى نائۇمىد قويمايدۇ، ئەتىيازدا ئۇيغۇر يۇرتداشلىرىنىڭ يېرىنى ھەيدەپ، تېرىپ بېرىدۇ، يازدا ئورمىسىنى ئوروپ، خامىنىنى تېپىپ بېرىدۇ.

1984 - يىلى قىشتا ئۇنىڭ ئۇيغۇر قوشنىسى ئوسماننىڭ ئايالى ئۆلۈپ كېتىدۇ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆرپ - ئادىتى بويىچە، كەنتتىكى كىشىلەر مەرھۇمنىڭ ئانىسىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ مۇسىبەت ئىشىغا قاتنىشىشى لازىم ئىدى، بىراق تراكتورنى نەدىن تېپىش كېرەك؟ بۇ چاغدا ئوسمان ۋاڭ جىڭۋېننى ئېسىگە ئالىدۇ - دە، ئەھۋالنى ئۇنىڭغا ئېيتىدۇ، ۋاڭ جىڭۋېن ماقۇل بولۇپ، كىشىلەرنى مەرھۇمنىڭ ئانىسىنىڭ ئۆيىگە — كۆيباغ يېزىسىغا ئېلىپ بارىدۇ، بىر قېتىم بېرىپ - كېلىشتە 40 كىلومېتىر يول باسىدۇ، قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئوسمان ۋاڭ جىڭۋېنغا پۇل تەڭلىگەندە ۋاڭ جىڭۋېن رەخمەت ئېيتىپ ئالغىلى ئۇنىمايدۇ.

## سائەت دۇكىنىدىكى مىللەتلەر مېھر - مۇھەببىتى

ناھىيىلىك 2 - يېنىك سانائەت ئىدارىسىنىڭ سائەت رېمونت دۇكىنىدىكى گاۋبىڭشېن ئۇستام تۇرسۇنخان ئىسىملىك بىر ئۇيغۇر قىزنى شاگىرتلىققا ئالىدۇ.

تۇرسۇنخان دۇكانغا كىرگەندە 19 ياشتا ئىدى، ئۇنىڭ ئايىغى يېنىك ئىدى، ئۇ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەنىدى، يەنە كېلىپ ئۇ سائەت رېمونت قىلىش كەسپىگە بەك ئامراق ئىدى، بىراق ئۇ خەنزۇ تىلىنى بىلمەيتتى، گاۋبىڭشېن ئۇيغۇر تىلىنى ئازراق بىلەتتى، ئۇ تۇرسۇنخانغا ھۈنەر ئۆگەتكەندە ئىككى خىل تىلنى تەڭ ئىشلىتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن تۇرسۇنخان ھەم تېخنىكىنى، ھەم خەنزۇ تىلىنى ئۆگىنىۋالىدۇ.

تۇرسۇنخان كىچىكىدىلا ئاتا - ئانىسىدىن يېتىم قالغانىدى. گاۋ ئۇستام ئۇنىڭغا ئۆز قىزىدەك مۇئامىلە قىلىدۇ، ئۇنىڭ تۇرمۇشىغا دائىم كۆڭۈل بۆلۈپ تۇرىدۇ. 1984 - يىلى تۇرسۇنخان يېزىلىق ئىتتىپاق كومىتېتىنىڭ شۇجىسى بىلەن تونۇشۇپ دوست بولىدۇ. گاۋ ئۇستام ئەھۋال ئىگىلەيدۇ ۋە ئۇ يىگىتنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ پەزىلىتىنىڭ يامان ئەمەسلىكىنى بىلىپ، تۇرسۇنخانغا ئۆزىنىڭ قارىشىنى ئېيتىدۇ. تۇرسۇنخان توي قىلغاندىن كېيىن، تۇرمۇشى ناھايىتى بەختلىك ئۆتىدۇ. ئۇمۇ ئۇستىسىغا ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلىدۇ، ئۇستىسى كېسەل بولۇپ قالغاندا، ئۇ ئاغزىغا تېتىغۇدەك ئوگرە ئېتىپ ئاپىرىپ بېرىدۇ، بەزىدە ئۇستىسىنىڭ كىرلىرىنى يۇيۇپ بېرىدۇ.

گاۋ ئۇستامنىڭ كۆڭۈل قويۇپ تەربىيىلىشى بىلەن تۇرسۇنخان ئىسمى - جىسمىغا لايىق سائەت رېمونت ئۇستىسى بولۇپ قالىدۇ.

## جەڭچىلەر مەدەنىيەت ئۆيى قۇرۇشقا ياردەم بەردى

دېھقانچىلىقنىڭ ئارىسال بىر كۈنى شۇ يەردە تۇرۇشلۇق مەلۇم قىسىمغا قوشنا بولغان ئايكۆل

گۆڭشېسى ئايكۆل چولڭ ئەترىتىنىڭ 3 ـ ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتى قىزىپ كەتكەنىدى. ئەر ـ ئايال، قېرى ـ ياشلار كۈلكە ـ چاقچاقلار بىلەن كەنتنىڭ مەركىزىدىكى خىشتىن سېلىنغان بىر كورپۇس ئۆيگە كېتىپ باراتتى. ئەسلىدە بۇ، ئازادلىق ئارمىيىدىكى يولداشلار ياردەملىشىپ سېلىپ بەرگەن مەدەنىيەت ئۆيى ئىدى، ئۇلار بۇ كۈنى يۇرتداشلىرىغا تاللانغان سىنئالغۇ فىلىملىرىنى قويۇپ بېرىپ، مەدەنىيەت ئۆيىنىڭ دۇنياغا كەلگەنلىكىنى بىرلىكتە تەبرىكلىمەكچى بولغانىدى.

بۇ ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتىدە ئىلگىرى مەدەنىيەت ئۆي بولمىغاچقا، دېھقانلار ئاممىسىنىڭ مەدەنىيەت تۇرمۇشى بەكمۇ كەمچىل ئىدى، ئۇلار قىسىم قويۇپ بەرگەن كىنونى تاسادىپىي كۆرەلىگەندىن باشقا، دائىم كەچلىك تاماقنى يەپ بولۇپلا قاراڭغۇ چۈشۈشى بىلەن ئۇخلايتتى. ياشلار زېرىكىپ، ئويان ـ بۇيان لاغايلىشىپ يۈرەتتى، بەزىلىرى هاراق ئىچىپ غەۋغا تېرىپ سوقۇشاتتى، جەمئىيەت تەرتىپى ياخشى ئەمەس ئىدى. شۇ سەۋەبتىن شۇ يەردە تۇرۇشلۇق مەلۇم قىسىمنىڭ كوماندىر ـ جەڭچىلىرى يۇرتداشلارغا ياردەملىشىپ مەدەنىيەت ئۆيى سېلىپ بېرىپ، ساغلام، ئىلغار پائالىيەتلەرنى قانات يايدۇرۇپ، ياشلارنىڭ ئىشتىن سىرتقى مەدەنىيەت تۇرمۇشىنى بېيىتىش قارارىغا كېلىدۇ. ئۇلار 1983 ـ يىلى ئەتىيازدا ئۆي سېلىشنى باشلايدۇ، خىش بولمىسا، قىسىم ۋاقتىدا خىش يەتكۈزۈپ بېرىدۇ، كەنتتە ئادەم يېتىشمىسە، قىسىم بىر تۈركۈم جەڭچىلەرنى تاللاپ تامچىلىققا ئەۋەتىدۇ، ئارمىيە بىلەن خەلقنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىقى ئارقىسىدا، خىشتىن سېلىنغان بىر كورپۇس يەتتە ئېغىزلىق ئۆي ناھايىتى تېز پۈتتۈرۈلىدۇ. يۇرتداشلار ئىككى يېغىزلىق چولڭ، ئازادە، يورۇق يەتتە ئۆينى كۆرۈپ، «ئازادلىق ئارمىيە ياخشى ئىكەن» دەپ ئاغزىدىن چۈشۈرمەي ماختىشىدۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي، قىسىم مەدەنىيەت ئۆيىگە 400 پارچىدىن ئارتۇق پەن ـ تېخنىكا ۋە يېزا ئىگىلىك بىلىملىرى، مەدەنىيەت ـ سەنئەتكە دائىر ئۇيغۇرچە كىتاب ۋە 20 دىيۇملۇق رەڭلىك تېلېۋىزوردىن بىرنى ئېلىپ بېرىدۇ. كەنتتە مەدەنىيەت ئۆيى بولغاچقا، كەچتە ۋە دېھقانچىلىقنىڭ ئارىسال ۋاقتىدا، ئازادلىق ئارمىيىدىكى يولداشلار قەرەللىك هالدا مۇلازىملىق قىلىدۇ، ئۇلار يا ئاممىنى مەدەنىيەت ئۆگىنىشكە ئۇيۇشتۇرىدۇ، يا كۆپچىلىككە سىنئالغۇ فىلىمى قويۇپ بېرىدۇ. 3 ـ ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتىدىكى ئۇيغۇر دېھقانلار ئاممىسى خۇشال بولغان هالدا: «ئازادلىق ئارمىيە بىزگە ياردەم قىلىپ مۇشۇنداق ياخشى تۇرمۇش يارىتىپ بەردى» دېيىشىدۇ.

# دامبىنى باتۇرلۇق بىلەن خەۋپتىن قۇتۇلدۇرۇش

1978 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن بېيجىڭ ۋاقتى سائەت توققۇزدىن 30 مىنۇت ئۆتكەندە، بۇ ناھىيىدىكى قەھرىمانلار سۇ ئامبىرىنىڭ دامبىسىنىڭ شەرقىي جەنۇبىي بۇرجىكىدىن ئەسلىدىكى 1 ـ گۇڭشېنىڭ 5 ـ، 6 ـ چولڭ ئەترەتلىرى ئىشلەپ تۇتاشتۇرغان قىسىمنىڭ ئىككى مېتىر چوڭقۇر جايىدىن سۇ سىزىپ، هەش ـ پەش دېگىچە بىر كۇب مېترچە سۇ دامبىدىن تۆت مېتر كەڭلىكتە يار ئېلىپ كېتىدۇ. سۇ ئامبىرى دامبا گومۇرلۇپ چۈشۈشتىن ئىبارەت ئېغىر خەۋپكە دۇچ كېلىدۇ، يار ۋاقتىدا ئېتىۋېلىنمىسا، ناھىيىنىڭ 3 ـ، 4 ـ گۇڭشېلىرى ۋە يەكەن ناھىيىسىنىڭ 15 ـ گۇڭشېسىدىكى خەلق ئاممىسىنىڭ هاياتى ۋە مال ـ مۈلكى خەۋپ ئىچىدە قالاتتى.

مۇشۇنداق ئىنتايىن جىددىي پەيتتە، سۇ باشقۇرۇش پونكىتىنىڭ باشلىقى تۇنىياز توختى (كومپارتىيە ئەزاسى) دامبا قوغدىغۇچى خەلق ئىشچىسى، 4 - گۇڭشې 6 - چوڭ ئەترەتنىڭ ئەزاسىئابدۇكېرىم نىيازنىڭ دوكلاتىنى تاپشۇرۇۋېلىپ، سۇ ئامبىرى باشقۇرۇش پونكىتىنىڭ كادىر، ئىشچىلىرى، خەلق ئىشچىلىرى ۋە دامبا قوغداشقا كەلگەن گۇڭشې ئەزالىرىنى دەرھال تەشكىللەپ، دامبىنى خەۋپتىن قۇتۇلدۇرۇشقا باتۇرلۇق بىلەن ئاتلىنىدۇ. شۇ كېچىسى بەك قاراڭغۇ، سۇ چوڭقۇر بولغاچقا، يارنى ئېنىق پەرق ئەتكىلى بولمايتتى. تۇنىياز توختى ئىشچىلارنى دامبىنىڭ ئۈستىنى ماي بىلەن ئوت يېقىپ يورۇتۇپ، كاۋاكنى تېزلىكتە تەكشۈرۈپ ئېنىقلاشقا بۇيرۇيدۇ. ئاندىن كېيىن ئۇ ئىشچىلىرىنى ۋە خەلق ئىشچىلار تۆت تال ياغاچنى قاتار قىلىپ يار ئېغىزىغا بېسىپ، يارنى زاپاس چېدىر بىلەن ئېتىشتەك ئەپچىل چارىنى قوللىنىشقا جىددىي ئۇيۇشتۇرىدۇ، ئارقىدىن باشلامچىلىق بىلەن سۇغا چۈشۈپ، يارنىڭ ئالدىغا دامبا سوقۇپ كاۋاكنى ئېتىۋالىدۇ.

بۇ چاغدا ھاۋا ۋە سۇ سوغۇق ئىدى، ئۇلار پىداكارلىق بىلەن سۆڭەكتىن ئۆتىدىغان سوغۇق سۇدا كۆرەش قىلىپ، ئاخىر ئەتىسى ئەتىگەن سائەت بەشتىن 30 مىنۇت ئۆتكەندە يارنى توختىتىۋالىدۇ. دامبىنى خەۋپتىن قۇتقۇزۇش داۋامىدا، تۇنىياز توختى، ئابدۇكېرىم نىياز، مەتقاسىم قاۋۇل (ئىتتىپاق ئەزاسى)، تۇرۇپ ھېيىت (ئىتتىپاق ئەزاسى) تىن ئىبارەت تۆت كىشى دۆلەت ۋە خەلقنىڭ مال - مۈلكىنىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغداش يولىدا پىداكارلىق كۆرسەتكەچكە، ناھىيىلىك پارتكوم تۇنىياز توختى، ئابدۇكېرىم نىيازنى 1 - دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتتى دەپ، مەتقاسىم قاۋۇل، تۇرۇپ ھېيىتنى 2 - دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتتى دەپ ئەنگە ئېلىشنى ھەمدە ئۇلارغا تەقدىرنامە تارقىتىپ بېرىشنى، ناھىيە بويىچە ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ تەقدىرلەشنى قارار قىلىدۇ.

# V باب

# خەلق تۇرمۇشى

## § 1 . دېھقانلارنىڭ تۇرمۇشى

كونا جۇڭگودا، پوسكام ناھىيىسىدىكى دېھقانلارنىڭ يىلدا كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن كىرىمى 30 يۈەن (خەلق پۇلىغا سۇندۇرۇلدى)، يىلدا كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ئاشلىق 270 نەچچە جىڭ ئىدى. كۆپ سانىدىكى دېھقانلار قورسىقى تويغۇدەك تاماققا، ئۇچىسى ئىللىغۇدەك كىيىمگە ئېرىشەلمەيتتى، ئۆزلىرى توقۇغان خامنى ئىشلىتەتتى.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن بۇيان، ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ساپ كىرىم ئۈزلۈكسىز كۆپەيدى. 1956 - يىلى ناھىيە

بويىچە كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ساپ كىرىم 56 يۈەنگە، 1966 - يىلى 75.68 يۈەنگە، 1978 - يىلى 90.31 يۈەنگە، 1981 - يىلى 115 يۈەنگە، 1984 - يىل 315 يۈەنگە يەتتى، يېزىلاردىكى قىيىنچىلىقى بار ئائىلىلەر بارغانسېرى ئازايدى. 1984 - يىلى قاراسا كەنتىنى تەكشۈرۈشكە قارىغاندا، بۇ كەنتتە 1984 - يىلى كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ساپ كىرىم 401 يۈەنگە يېتىپ، 1978 - يىلدىكىدىن 284 يۈەنگە كۆپەيدى، كەنت بويىچە ئوتتۇرىچە كىرىم 401 يۈەندىن ئاشىدىغان ئائىلە 22 بولۇپ، پۈتۈن كەنتتىكى ئومۇمىي ئائىلىنىڭ 36 پىرسەنتىنى، 200يوەندىن ئاشىدىغان ئائىلە 33 بولۇپ، %54 نى، 200 يۈەندىن تۆۋەن قىيىنچىلىقى بار ئائىلە ئالتە بولۇپ، %3 . 9نى ئىگىلىگەن. دېھقانلارنىڭ ئوزۇقلۇق ئاشلىقى ئۆلچىمى 1956 - يىلدىن 1979 - يىلغىچە 170 ـ 210 كىلوگرام بولغان، بۇنىڭ ئىچىدە قارا ئاشلىق %75 نى ئىگىلىگەن. سۇ يېغى كىشى بېشىغا ھەر ئايدا 200 گرامدىن توغرا كەلگەن. 1982 - يىلدىن كېيىن كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ئوزۇقلۇق ئاشلىق 300 كىلوگرامغا يەتكەن، بۇنىڭ ئىچىدە ئاق ئاشلىق %85 نى ئىگىلىگەن، سۇ يېغى كىشى بېشىغا ھەر ئايدا 500 گرامدىن توغرا كەلگەن. دېھقانلارنىڭ ماددىي ۋە مەدەنىيەت تۇرمۇشى يىلدىن - يىلغا ياخشىلانغان. 1986 - يىلى قاراسا كەنتىدىكى 90 ئائىلىلىك دېھقانىنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن تۇرمۇش ئىستېمال چىقىمى 289.74 يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە تۇرمۇش ئىستېمال بۇيۇملىرى چىقىمى 267.93 يۈەن بولۇپ، %5 . 92 نى، مەدەنىيەت مۇلازىمىتى چىقىمى 99 . 8 يۈەن بولۇپ، %2 . 3نى ئىگىلىدى، ئولتۇراق ئۆي خىراجىتى كىشى بېشىغا 12.82 يۈەندىن توغرا كېلىپ، %4 نى ئىگىلىدى. يېمەكلىك جەھەتتە ئاساسلىق يېمەكلىك چىقىمى كىشى بېشىغا 116.35 يۈەندىن، قوشۇمچە يېمەكلىك چىقىمى 49.83 يۈەندىن توغرا كەلدى. 1988 - يىلى 90 ئائىلىلىك دېھقانىنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن تۇرمۇش ئىستېمال چىقىمى ئىچىدە يېمەكلىك 272 يۈەن بولۇپ، %68 نى ئىگىلىدى. يېمەكلىك ئىچىدە ئاساسلىق يېمەكلىك چىقىمى كىشى بېشىغا 138 يۈەندىن، قوشۇمچە يېمەكلىك چىقىمى 134 يۈەندىن توغرا كېلىپ، ھەر قايسىسى يېرىمىنى ئىگىلىدى. كىيىم - كېچەك چىقىمى كىشى بېشىغا 64 يۈەندىن توغرا كېلىپ، %16نى، ئولتۇراق ئۆي چىقىمى كىشى بېشىغا 23 يۈەندىن توغرا كېلىپ، %9 . 3 نى، يېقىلغۇ چىقىمى كىشى بېشىغا 29 يۈەندىن توغرا كېلىپ، %1 . 7 نى، كۈندىلىك بۇيۇملار چىقىمى كىشى بېشىغا 11 يۈەندىن توغرا كېلىپ، %8 . 2 نى، مەدەنىيەت تۇرمۇش مۇلازىمىتى چىقىمى كىشى بېشىغا توققۇز يۈەندىن توغرا كېلىپ، %1 . 2 نى ئىگىلىدى. يىلدا كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن سۇ يېغى سەككىز كىلوگرام، گۆش 5 . 11 كىلوگرام، تۇخۇم ئۈچ كىلوگرام، ئوتياش 188 كىلوگرام، مېۋە - چېۋە 69 كىلوگرام، قەنت - شېكەر ئىككى كىلوگرام، سۈت ئىككى كىلوگرام بولدى. پۈتۈن ناھىيىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، 1958 - يىلى دېھقانلارنىڭ تۇرمۇش بۇيۇملىرى سېتىۋېلىشقا سەرپ قىلغان چىقىمى ساپ كىرىمنىڭ 53 پىرسەنتىنى ئىگىلىگەندى، 1966 - يىلى %71 كە، 1984 - يىلى %4 . 75 كە يەتتى. دېھقان ئائىلىلىرىنىڭ ئىستېمال قۇرۇلمىسىدا كۆرۈنەرلىك ئۆزگىرىشلەر بولدى. بۇرۇن يېمەك - ئىچمەك، كىيىم - كېچەك، لازىمەتلىكلەردىن باشقا، دېھقانلارنىڭ باشقا ھەۋەسلىرى ناھايىتى ئاز ئىدى. ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلۇپ، كىرىم كۆپەيگەندىن كېيىن، ئالىي دەرىجىلىك تاۋارلار دېھقان ئائىلىلىرىگە ئارقا - ئارقىدىن كىردى. 1981 - يىلدىن 1984 - يىلغىچە ناھىيە بويىچە 39 مىڭ 87 مېتىر يۇڭ رەخت، 1 مىليون 590 مىڭ مېتىر تاۋار - دۇردۇن سېتىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە 11 مىڭ 726 مېتىر يۇڭ

رەخت، 477 مىڭ مېتر تاۋار - دۇردۇننى دېھقانلار سېتىۋالدى. بەزى ماشىنا - ئېلېكتر مەھسۇلاتلارمۇ دېھقانلارنىڭ ئائىلىسىدىكى كۈندىلىك بۇيۇمغا ئايلاندى. 1982 - يىلى ناھىيە بويىچە دېھقانلارنىڭ قولىدىكى رادىئولۇق ئۈنئالغۇ 163كە، رادىئو 1076 گە، قول سائىتى 887گە، ۋېلىسىپىت 1530غا، كىيىم تىكىش ماشىنىسى 662 گە، موتسىكلىت 14كە، قول تراكتورى 19 غا، چوڭ تراكتور ئۈچكە يەتكەنىدى. 1984 - يىلى دېھقانلارنىڭ قولىدىكى تېلېۋىزور 89 غا، رادىئولۇق ئۈنئالغۇ 3793كە، رادىئو 2892 گە، كىيىم تىكىش ماشىنىسى 4460 قا، قول سائىتى 4033 كە، ۋېلىسىپىت 8282گە، موتسىكلىت 31 گە، ھەر خىل دېھقانچىلىق ماشىنىلىرىدىن چوڭ تراكتور 42 گە، قول تراكتورى 34كە، ئاشلىق، كېۋەز، ياغلىق دان پىششىقلاپ ئىشلەش ماشىنىسى 275كە، ھەر خىل ئېلېكتروماتور، دىزېل ماتور 91گە، ئاپتوموبىل 21 گە يەتتى، يېزىلاردا بانكىغا ئامانەت قويۇلغان پۇل يىلدىن - يىلغا كۆپەيدى. 1958 - يىلى بانكىغا ئامانەت قويۇلغان پۇل 180 مىڭ يۈەن ئىدى، 1984 - يىلى 10 مىليون 380 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1958 - يىلدىكىدىن 549 ھەسسە كۆپەيدى. دېھقانلار يېمەك - ئىچمەك، كىيىم - كېچەك، لازىمەتلىك ئولتۇراق ئۆيدىن غەم قىلمايدىغان بولدى.

## § 2 . ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ تۇرمۇشى

1949 - يىلى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلۇش ھارپىسىدا، پوسكام ناھىيىسى بويىچە 170 نەپەردىن ئارتۇق خىزمەتچى، مائارىپچى بار ئىدى، ئۇلارنىڭ ئىش ھەققى بولسىمۇ، لېكىن پۇل پاخاللىقىنىڭ تەسىرى بىلەن، تۇرمۇش بىر قەدەر نامرات ئىدى.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئىش ھەققى ئۈزلۈكسىز ئۆستى. 1956 - يىلى ناھىيە بويىچە ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە ئىش ھەققى 262.30 يۈەن ئىدى، 1966-يىلى 390 يۈەن، 1979- يىلى 556 يۈەن بولدى، 1984 - يىلى 1060.70 يۈەنگە يەتتى. 1979 - يىلدىن ئېتىبارەن، مەملىكەت ئىچىدە پارچە سېتىلىدىغان مال باھاسىنىڭ ئومۇمىي كۆرسەتكۈچ سانى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر يىلى %2.5 ئۆستى، لېكىن ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ كىرىمىنىڭ كۆپىيىش دەرىجىسى مال باھاسىنىڭ ئۆسۈش دەرىجىسىدىن زور بولدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە، ھۆكۈمەت ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ تۇرمۇشىغا بىۋاستە تەسىر كۆرسىتىدىغان بەزى ماددىي بۇيۇم ئۈچۈن قوشۇمچە ياردەم پۇلىنى ۋاقتىدا تارقىتىپ تۇردى، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئەمەلىي تۇرمۇش سەۋىيىسى تەسىرگە ئۇچرىمىدى، ئىستېمال سەۋىيىسى ئۈزلۈكسىز ئۆستى.

1968 - يىلى ئۈچ نوپۇس بار ئوتتۇرا سەۋىيىدىكى بىر ئىشچى - خىزمەتچى ئائىلىسىنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە كىرىمى 588 يۈەن، چىقىمى 512 يۈەن ئىدى، بۇنىڭ ئىچىدە تۇرمۇش ئىستېمال بۇيۇملىرى چىقىمى 482 يۈەن، گۆش، يېمەكلىك چىقىمى 221 يۈەن، كىيىم - كېچەك چىقىمى 132 يۈەن، يېقىلغۇ چىقىمى 60 يۈەن، باشقا چىقىم 69 يۈەن، مەدەنىيەت تۇرمۇش مۇلازىمىتى چىقىمى 30 يۈەن ئىدى، كىرىم - چىقىمنى بالانس قىلغاندىن كېيىن، 76 يۈەن قالاتتى. 1984 - يىلى بەش نوپۇس بار ئوتتۇراھال سەۋىيىدىكى بىر ئىشچى - خىزمەتچى

ئائىلىسىنىڭ يىللىق كىرىمى 1753 يۈەن، چىقىمى 1585 يۈەن بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە تۇرمۇش ئىستېمال بۇيۇملىرى چىقىمى 1415 يۈەن، گۆش، يېمەكلىك چىقىمى 856 يۈەن (ئاساسلىق يېمەكلىك چىقىمى 581 يۈەن)، كىيىم - كېچەك چىقىمى310 يۈەن، يېقىلغۇ چىقىمى 105 يۈەن، باشقاچىقىم 144يۈەن، مەدەنىيەت تۇرمۇش مۇلازىمىتى چىقىمى170يۈەن بولدى. كىرىم - چىقىمنى بالانىسقىلغاندىن كېيىن، 168 يۈەن قالدى. ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئولتۇراق ئۆي شارائىتى ئۈزلۈكسىز ياخشىلاندى. 1958-يىلدىن ئىلگىرى ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ كىشى بېشىغا2.5 كۋادرات مېتردىن ئولتۇراق ئۆي توغرا كېلەتتى، 1978-يىلى 2.7 كۋادرات مېترغا، 1986- يىلى 10.22 كۋادرات مېترغا يەتتى. بەزى ئالىي دەرىجىلىك تاۋارلار ئارقا - ئارقىدىن ئائىلىلەرگە كىردى. 1979 - يىلى ناھىيە ئورگانلىرىدىكى كادىرلاردا ئۈچ ئۇنئالغۇ بار ئىدى، 1984 - يىلى 312 گە، 1988 - يىلى 2000 دىن كۆپرەككە يەتتى. 1984 - يىلى ئورگان كادىرلىرىدا تېلېۋىزور يوق ئىدى، 1988 - يىلى تېلېۋىزور 700دىن كۆپرەككە يەتتى. بازارلاردا بانكىغا ئامانەت قويۇلغان پۇلمۇ تۇز سىزىق بويىچە كۆپەيدى. 1951 - يىلى ناھىيە بويىچە بازارلاردىكى بانكىغا ئامانەت قويۇلغان پۇل 4000 يۈەن ئىدى، 1956 - يىل 97 مىڭ يۈەنگە، 1966 - يىلى 562 مىڭ يۈەنگە، 1981 - يىلى 2 مىليون 518 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 1984 - يىلى 4 مىليون 610 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1951 - يىلدىكىدىن 1150 ھەسسە كۆپەيدى.

یەتتینچی قیسیم

# شەخسلەر

# يەتتىنچى قىسىم

# شەخسلەر

پوسكامنىڭ ناھىيە بولۇپ قۇرۇلغىنىغا ئاران 60 يىلدىن ئاشتى. ئىلگىرى مۇشۇ جايدا ئۆتكەن مەشھۇر شەخسلەرنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ يۇرتى يەكەن، قاغىلىق دەپ كۆرسىتىلگەن. نۇرغۇنلىغان ئوقۇمۇشلۇق زاتلار ۋەتىنىنىڭ بىرلىكىنى قوغداش، مىللەتلەر ئارا ئالاقىنى كۈچەيتىش. ئىجتىمائىي ئىگىلىك تىكلەشتە مۇھىم تۆھپىلەرنى قوشقان، بۇلار تارىخىي كىتابلاردا خاتىرىلەنگەن بولسىمۇ، بۇلارنىڭ ئىچىدە قايسىسىنىڭ يۇرتى پوسكام ئىكەنلىكىنى ئايرىش قىيىن، شۇنداقتىمۇ مىسال كەلتۈرمەي بولمىدى. خەلق ئارىسىدىكى ھۈنەرۋەن - كاسىپلارنىڭ نەتىجىلىرى پەقەت ئاڭلىغانلىرىمىز ئاساسىدا بايان قىلىندى، بۇ جەھەتتە يازما ماتېرىيال كەمچىل بولغاچقا، كۆپ قېتىم زىيارەت قىلىش، خاتىرە قالدۇرۇش ئارقىلىق، چوڭراق مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشكەنلەر تاللاپ تەرجىمىھال تۈرغۈزۈلدى. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرۇلۇشى پوسكام ناھىيىسىنىڭ ئىجتىمائىي ئىگىلىك تەرەققىياتىنىڭ يېڭى سەھىپىسىنى ئاچتى. ھەر مىللەت خەلقى سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش جەريانىدا ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىپ، كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرنى ياراتتى، بۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپ ساندىكىلىرى تا ھازىرغىچە يەنىلا تۈرلۈك ئىشلاردا جانلانماقتا، ھايات كىشىلەرگە تەرجىمىھال تۈرغۈزماسلىق پرىنسىپى بويىچە، ئالەمدىن ئۆتكەن مۇنەۋۋەر شەخسلەرگىلا تەجىمىھال تۈرغۈزۈلدى. قەھرىمان - نەمۇنىچىلار، خىزمەتتىن ئايرىلىپ دەم ئېلىشقا چىققان پېشقەدەم كادىرلار، ئۆزى پوسكاملىق، ئەمما باشقا جايلاردا خىزمەت قىلىۋاتقان ناھىيە (باشقارما) دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كادىرلار جەدۋەلگە كىرگۈزۈلدى. تۈرلۈك ئىشلاردا نەتىجىسى كۆرۈنەرلىك بولغانلار ياكى زور تەسىرى بارلار ئالاقىدار باب، پاراگرافلاردا بايان قىلىندى.

ئەسكىلىكى ھەممىگە ئايان بولغان ئاز ساندىكى ئۇنسۇرلار خەلق ئاممىسىنىڭ قارشى تەرىپىدە تۇرغۇچىلاردۇر، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ناھىيە مىقياسىدا ئەسكىلىكتە ئۇچىغا چىققانلار تاللىنىپ، ئۇلارغا تەرجىمىھال تۈرغۈزۈلدى، بۇنىڭ تارىخىي تەرەققىيات مۇساپىسىنى چۈشىنىش ئۈچۈن بەلكىم پايدىسى بولۇپ قالار.

# I باب

# شەخسلەرنىڭ تەرجىمىھالى

## ئابلىكىم تەتۈر

ئابلىكىم تەتۈر (1811 — 1876)، ئەر، تاجىك، ئەسلى يۇرتى قاغىلىق ناھىيىسىنىڭ شامالباغ جاڭزىسى. «تەتۈر» دادىسىدىن ئۇنىڭغا قېلىپ قالغان لەقەم. ئۇ كىچىك چاغلاردا ئۇنىڭ ئائىلىسى نامراتلىقتا ئۆتكەن. دادىسى ئابلىز تەتۈر ياش ۋاقتىدا يەكەندە سەرگەردانلىقتا تۇرمۇش كەچۈرگەن، كېيىن قاغىلىق ناھىيىسىنىڭ شامالباغ جاڭزىسىغا بېرىپ پىداخان ھەزرەت خوجىنىڭ ئۆيىدە يىللىقچى بولۇپ ئىشلىگەن، ئۇ، خوجايىنىنىڭ خورلىشىغا چىدىماي، ھازىرقى پوسكام ناھىيىسىنىڭ بۇيلۇق تاجىك مىللىي يېزىسىغا كۆچۈپ كەلگەن.

ئابلىكىم تەتۈر يەتتە ياشقا كىرگەندە شامالباغ مەدرىسىگە كىرىپ ئوقۇغان، كېيىن يەكەن ناھىيىسىدىكى خەنزۇ مەكتەپتە ئوقۇغان. ئۇ، ئەقىللىق، تىرىشچان، تۇتۇۋېلىش قابىلىيىتى يۇقىرى بولغاچقا، خەنزۇ يېزىقى، خەنزۇ تىلىنى تۆت يىلدا ئۆزلەشتۈرۈۋالغان. ئۇنىڭ پەۋقۇلئاددە خەنزۇ مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ۋاقتى جايلاردىكى يەر ئېنىقلاش، باج تەكشۈرۈش ئىشىغا توغرا كەلگەن. ئابلىكىم تەتۈر ئىككى خىل تىل ۋە يېزىقنى ئوبدان بىلگەچكە، يامۇلغا قوبۇل قىلىنىپ، ئىش تۇگمىگەنگە قەدەر تۆت يىل ئىشلىگەن، شۇ سەۋەبتىن ئۇ ئەمەلدارلار سورۇنىنىڭ ئىچكى سىرىنى، يامۇلنىڭ ئىللەتلىرىنى بىلىۋالغان.

ئەينى چاغدا ئۇنىڭ يۇرتى بۇيلۇق كەنتى خوخا - تىكەنلەر ئۆسۈدىغان چۆللۈك بولۇپ، ئېچىشقا بولىدىغان بوز يەر ناھايىتى كۆپ ئىدى، لېكىن سۇ بولمىغاچقا، تېرىغىلى بولمايتتى. ئۇ، ئۆستەڭ چېپىپ بۇيلۇققا سۇ باشلاپ كېلىش ئۈچۈن، چوڭ قوغۇندىن ئىككىنى ئېلىپ، تونۇش - بىلىشلىرىنىڭ يول كۆرسىتىشى بىلەن، ئەينى چاغدىكى يەكەن خان ئامبىلىنىڭ ئالدىغا سالامغا بېرىپ، يۇرتىدا سۇ قىس بولۇۋاتقانلىقى ھەققىدە دەرد تۆككەن، ئاخىردا خان ئامبال كۆكۆمەتتىن بۇيلۇققا ئۆستەڭ چېپىپ سۇ باشلاشقا قوشۇلغان. ئىش باشلانغاندا، ئۇ، ئۆستەڭ بېشىغا بىر بايراق قاداپ قويغان، ئۆستەڭ پۈتكەندىن كېيىن كىشىلەر ئۇنىڭ نەتىجىسىنى خاتىرىلەش ئۈچۈن، ئۆستەڭ بېشىنىڭ نامىنى «بايراق ئېغىزى» دەپ ئاتىغان، بۇ نام ھازىرغىچە قوللىنىلىپ كەلمەكتە.

ئۆستەڭ پۈتكەندىن كېيىن، بىر نەچچە يىللىق جاپالىق ئەمگەك ئارقىلىق، ئابلىكىم تەتۈرنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر بۇيلۇقتا 30 نەچچە مو بوز يەر ئاچقان، باغ بەرپا قىلغان، لېكىن بەگلەرنىڭ قاتمۇ قات ئېكسپىلاتاتسىيىسى، كۆپلەپ شىلىۋېلىشى دەستىدىن، ئۇنىڭ تۇرمۇشى ئىنتايىن مۇشەققەتتە ئۆتكەن. ئۇ، زاماندىن بىزار بولۇپ، جۇۋىنى تەتۈر كىيىپ يۈرگەن. بۇنى

كۆرگەنلەر ئۇنىڭغا جۇۋىنى تەتۈر كىيىۋاپلىغۇ دېسە، ئۇ: «جۇۋام تەتۈر ئەمەس، بۇ زامان تەتۈر» دېگەن. ئۇ، چىگە ئارغامچىدىن ياسالغان سەت ئىگەر توقۇلغان ئاتقا مىنىپ تەرەپ - تەرەپكە مېڭىپ يۈرگەن. كىشىلەر ئۇنىڭغا باشقا ئىگەر يەڭگۈشلەشنى تەۋسىيە قىلغاندا ئۇ: «زامان شۇنداق تۇرسا، يەڭگۈشلىگەننىڭ نېمە پايدىسى؟» دېگەن. ئۇ، ئۆزىنىڭ يۇمۇرلۇق سۆزلىرى ۋە «تەتۈر» لۈك ھەرىكەتلىرى ئارقىلىق، ئەينى چاغدىكى زۇلمەتلىك ئىجتىمائىي رېئاللىقنى قامچىلىغان ۋە مەسخىرە قىلغان.

كېيىن كەنت ئاھالىلىرى چىداپ تۇرالماي، ئابلىكىم تەتۈرنى ئىلى سانغۇنىغا خەت يېزىپ، قاغىلىق بېگى ئۇستىدىن ئەرز قىلىشقا كۆرسەتكەن، نەتىجىدە بۇ بەگ مەنسىپىدىن قالدۇرۇلۇپ، تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىنغان، ئابلىكىم تەتۈرنىڭمۇ شۇ سەۋەبتىن داڭقى چىققان. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ئەمەلدار، بەگلەرنىڭ كەلسە - كەلمەس باج - ئالۋان ئالغانلىقى قاتارلىق قىلمىش - ئەتمىشلىرىنى تەتۈر كىيگەن جۇۋىسىغا يېزىپ، ھەر قېتىم يامۇلغا بارغاندا ئەرز بايان قىلىپ تۇرغان، ئۇنىڭ سۆزلىرىنىڭ ئاساسى بولغاچقا، يەرلىك ئەمەلدارلار ۋە شاڭيولار ئۇنىڭ ئەرز قىلىشىدىن قورقۇپ، بۇيىلۇقتا كەلسە - كەلمەس باج - سېلىق ئېلىشقا پېتىنالماس بولۇپ قالغان، شۇنىڭ بىلەن يېزا خەلقى ئاسايىشلىققا چىقىپ قالغان.

پوسكام ناھىيىسىنىڭ يېزىلىرىدا تېرىلىۋاتقان نۇرغۇن زىغىر سورتلىرى ئىچىدە «ئابلىكىم تەتۈر زىغىرى» دەپ ئاتىلىدىغان بىر خىل چىلگە سورت بار، بۇ سورتنى ئابلىكىم تەتۈر بايقىغان ۋە كېڭەيتكەن. بۇ زىغىر ھەر يىلى 3 - ئايدا تېرىلسا، 6 - ئايدا پىشىپ يىغىۋېلىنىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بىر قېتىم ئابلىكىم تەتۈر ئۆزىنىڭ ئوتياشلىقىـــدا باشقا سورتلارغا ئوخشىمايدىغان بىر تۈپ چىلگە زىغىرنى تاسادىپىي بايقاپ قېلىپ ئۇزۇۋېلىپ ساقلاپ قويغان. ياندۇرقى يىلى ئۇ بۇ زىغىرنى ئۆزىنىڭ يېرىدە تەجرىبە قىلىپ تېرىشقا باشلىغان، ئۇ، تەجرىبىنى تۈپ - توغرا سەككىز يىل داۋاملاشتۇرۇپ، ئاخىر 80 چارەك ئۇرۇقلۇق يىغقان. شۇ چاغدىلا ئۇ خالايىققا ئۆزىنىڭ تەجرىبىسىنى ئېلان قىلغان ھەمدە كىشىلەرنى بۇ ئۇرۇقنى تېگىشىپ ئاپىرىپ تېرىشقا دالالەت قىلغان. كېيىن كىشىلەر ئۇنى خاتىرىلەش ئۈچۈن، بۇ زىغىرنى «ئابلىكىم تەتۈر زىغىرى» دەپ ئاتىغان. بۇ زىغىر سورتى ھازىرغا قەدەر پوسكام ناھىيىسىدە يەنىلا مەلۇم كۆلەمدە تېرىلىپ كەلمەكتە.

1876 - يىلى ئابلىكىم تەتۈر بۇيىلۇقتا 65 يېشىدا كېسەل بىلەن ئالەمدىن ئۆتكەن. ئۇ ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن، «تەتۈر» دېگەن لەقەمگە ئۇنىڭ ئۇرۇق - ئەۋلادلىرى داۋاملىق ۋارىسلىق قىلىپ كەلگەن. ئۇنىڭ نەۋرىسى ھازىر ھايات، كىشىلەر ئۇنى «ئابدۇقەييۇم تەتۈر» دەپ ئاتىشىدۇ.

## مەششاھ ھاجى

مەششاھ ھاجى (1850 — 1930)، پوسكام ناھىيىسىنىڭ سۆگەتئېرىق كەنتىدىن، ناھىيە بويىچە بوياقچىلىق كەسپىنىڭ پېشۋاسى. ئۇنىڭ ئەجدادلىرى دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەن، ئۇنىڭ دادىسىغا كەلگەندە ئائىلىسى ھاللىق سەۋىيىگە يەتكەن ۋە دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللانغاندىن باشقا، قوشۇمچە بوياقچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان.

مەششاھ ھاجى دادىسىنىڭ ئۆگىتىشى بىلەن، ياش ۋاقتىدىلا بوياقچىلىق ھۈنىرىنى پىششىق

ئىگىلىگەن. چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا، ئۇ پوسكامدا تۇنجى بوياقچىلىق دۇكىنى ئاچقان، بۇ دۇكاننىڭ ئورنى ناھىيە ئىچىدىكى بازار مەسچىتىنىڭ يېنىدا بولۇپ، دۇكاننىڭ ئون نەچچە ئېغىز ئۆيى، سەككىز چوڭ بوياق كۆپى، 12 ئىشچى - خىزمەتچىسى بار ئىدى. ئازادلىق ھارپىسىغا كەلگەندە، ناھىيە بازىرىدىكى بوياقچىلىق دۇكىنى ئون نەچچىگە يەتكەن، لېكىن ئۇنىڭ دۇكىنى ئەڭ چوڭ، ئىشچىلىرى ئەڭ كۆپ ئىدى.

مەشاھ ھاجىنىڭ دۇكىنىنىڭ تىجارەت دائىرىسى بىرىنچىدىن، كىشىلەرنىڭ ماتېرىيالىنى پىششىقلاپ ئىشلەپ بېرىش، دېھقانلار ئەكېلىپ بەرگەن خاملارنى ئۇلارنىڭ تەلىپى بويىچە ھەر خىل رەڭدە بوياش، ئۇنىڭغا ھەر خىل گۈللەرنى بېسىش، ئىككىنچىدىن، دېھقانلارنىڭ ساتىدىغان خاملىرىنى توپى بىلەن سېتىۋېلىپ، تۈركۈملەپ بوياپ، ھەر خىل گۈللەرنى بېسىپ سېتىشتىن ئىبارەت ئىدى. مەشاھ ھاجى بوياش سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، چەت ئەللىك سودىگەرلەر ئارقىلىق ھىندىستاندىن «نىل» دەيدىغان بوياق رەڭگىنى تۇراقلاشتۇرغۇچى دورا سېتىۋېلىپ، ئۇنى يەرلىك بوياق بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ ئىشلەتكەن، بۇنىڭ بىلەن رەڭ پۇختا بولۇپ، ئۇزاققىچە ئۆڭمەيلا قالماستىن، بەلكى پارقىراق، جۇلالىق بولۇپ، ئىشلەتكۈچىلەرنىڭ قارشى ئېلىشىغا سازاۋەر بولغان. ئۇنىڭ مەھسۇلاتلىرى يەكەن، پوسكام، قاغىلىق قاتارلىق جايلاردا ئىتتىك سېتىلغان، ئەينى چاغدا بازارلاردا ئىمپورت قىلىنغان رەختلەر سېتىلغان بولسىمۇ، لېكىن مىقدارى ئاز، باھاسى بەك قىممەت ئىدى. تۆت مېتر كاجى تەخمىنەن 20 چارەك بۇغدايغا ئالماشتۇرۇلاتتى، بۇنىڭدىن كۆپىنچە كاتتىلار ۋە باي - بەگلەر بەسىرىمەن بولاتتى، ئادەتتىكى پۇقرالار كۆپىنچە خامدىن كىيىم كىيەتتى، شۇنىڭ ئۈچۈن خامنىڭ سېتىلىش مىقدارى بەك كۆپ ئىدى. مەشاھ ھاجىنىڭ كۆڭلى تۈز ئىدى، باشقىلارغا خۇشامەتچىلىك، تەخسىكەشلىك قىلىشنى خالىمايتتى، ئۇ، دۇكان ئاچقان كۈندىن تارتىپ تاكى ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە ئىككى ئوغلى بىلەن ئىشچىلارغا قوشۇلۇپ دۇكاندا ئىشلىگەنىدى.

مەشاھ ھاجى 1930 - يىلى كېسەللىك سەۋەبىدىن سۆگەتئېرىقتا 80 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن.

## سادىق ھاجى

سادىق ھاجى ئاقساقال (1848 — 1931)، ئەسلى ئىسمى سادىق ھاجى، ئاقساقال - ئۇنىڭ كېيىنكى كۈنلەردىكى ھۆرمەت نامى. ئۇ، پوسكام ناھىيىسىنىڭ يىما يېزىسى توغراق كەنتىدىن. پوسكام ناھىيىسى بويىچە يىپەكچىلىك كەسپىنىڭ پېشۋاسى، مىنگونىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا، سادىق ھاجى مەبلەغ توپلاپ سۆگەتئېرىق كەنتىدە بىر يىپەك توقۇمىچىلىق دۇكىنى قۇرغان، دۇكانغا يىپەك تارتىدىغان چوڭ قازاندىن ئۈچى، يىپەك تارتىش چاقىدىن (دىئامېترى بەش مېتىردىن ئارتۇق) بىرى، يىپەك رەخت توقۇش ماشىنىسىدىن تۆتى ئورۇنلاشتۇرۇلغانىدى، ئون نەچچە ئىشچى ياللىنىپ ئىشلەيتتى. يىپەكنىڭ خام ئەشياسى شۇ يەردىكى دېھقانلاردىن سېتىۋېلىناتتى. ئەينى چاغدا ھۆكۈمەت تەشەببۇس قىلغانلىقتىن، يېزىلاردا ئۈجمە تىكىپ پىلە بېقىش ئەۋج ئالغان، پىلە غوزىسىمۇ خېلى ئوبدان چىقاتتى. دۇكاندا مەشۇت، ئەتلەس، بەقەسەم، شايى، قوچۇ قاتارلىقلار ئىشلەپچىقىرىلاتتى. 1 - دەرىجىلىك مەشۇتنىڭ كۆپىنچىسى ھىندىستانلىق سودىگەرلەرگە ۋە ئەرەبىستانغا ھەج - تاۋاپ قىلىش ئۈچۈن بارىدىغانلارغا سېتىپ بېرىلەتتى، 2 -

دەرىجىلىكلىرىدىن ھەر خىل يىپەك توقۇلما توقۇلۇپ سېتىلاتتى. سادىق ھاجىنىڭ دۇكىنىدا ئىشلەپچىقىرىلغان تاۋارلار سۈپىتىنىڭ ياخشىلىقى، تېگىنىڭ چىڭلىقى، رەڭگىنىڭ ئوچۇقلۇقى بىلەن داڭق چىقارغانىدى. كېيىن ئۇنىڭ ئائىلىسىنىڭ تىجارەت دائىرىسى بارغانسېرى كېڭىيىپ، ناھىيە ئىچى ۋە سىرتىدا داڭق چىقارغان، ئىش باشقۇرغۇچى بەگلەر باشقا قول سانائەتچىلەردىن پەرقلەندۇرۇش ئۈچۈن، ئۇنىڭغا «ئاقساقال» دېگەن ھۆرمەت نامىنى بەرگەن.

سادىق ھاجى ئاقساقال 1931 - يىلى سۆگەتئېرىقتا 83 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن.

ئۇ ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئايالى ئەرەبىستاندا ئوقۇۋاتقان ئوغلىنى قايتۇرۇپ كېلىش ئۈچۈن، دۇكاننى بازاردىكى ھوشۇر موللىغا گۆرۈگە بېرىۋەتكەن. 1947 - يىلى خام ئەشيا قىس بولۇش، تىجارەتتە زىيان چىقىش قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، 40 نەچچە يىللىق بۇ دۇكان ئىشتىن توختىتىۋېتىلگەن.

## مەتنىياز بەگ

مەتنىياز بەگ (1867 — 1937)، پوسكام ناھىيىسىنىڭ گۈلباغ يېزىسى ئاچما كەنتىدىن. ئۇنىڭ بوۋىسى مىڭبىرى بەگ ئەسلىدە قۇمۇللۇق ئىدى، كېيىن ئۇ ھەربىي سەپتە خىزمەت كۆرسەتكەچكە، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن پوسكامنىڭ بەگلىكىگە تەيىنلەنگەن. يىمايېزىسىنىڭ گۈلباغ كەنتى تەۋەسىدىكى گۈلباغ مەدرىسىنى ئۇ ئۆزى سالدۇرغان. ناھىيىنىڭ قۇلغان كەنتىدە «بەگ ھويلا» دەپ ئاتىلىدىغان بىر ھويلا بار، ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ، ئەشۇ بەگنىڭ ئىش بېجىرىش ئورنى ئىكەن. مىڭبىرى بەگ ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئوغلى ئىبراھىم قازى بەگ ئۇنىڭ ئەمەلىگە ۋارىسلىق قىلغان.

مەتنىياز بەگ كىچىكىدە يەكەندىكى خەنزۇ مەكتەپتە ئوقۇغان، 14 يېشىدا يەكەن يامۇلىدا ئىشلىگەن، 15 يېشىدا قارا قۇم جاڭزىسىنىڭ شاڭيولۇقىغا تەيىنلەنگەن. ئۇزۇن ئۆتمەي، يوقىرىقى ۋە تۆۋەنكى پوسكام جاڭزىلىرىنىڭ شاڭيولۇقىغا تەيىنلەنگەن. مىنگونىڭ 10 - يىلى پوسكام ناھىيە بولۇپ قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۇ يەنىلا مۇشۇ ئىككى جاڭزىنىڭ شاڭيولۇق ۋەزىپىسىنى داۋاملىق ئۆتەپ، ئەمەلىي ھوقۇقنى كونترول قىلغان، ئۇنىڭ ئايالىنىڭ ئېيتىپ بېرىشىچە، ئۇ دائىم ئۇزۇن چاچ قويىدىكەن، ئۇ، چىڭ سۇلالىسى ئۇنىڭغا ئىنئام قىلغان تاج ۋە تونىنى ساقلاپ يۈرگەن، ھەر قېتىم زىياپەتكە قاتناشقاندا ياكى مۇھىم مېھمانلارنى قوبۇل قىلغاندا شۇ كىيىمنى كىيىپ كۆز - كۆز قىلىدىكەن، بۇ ئادەتنى تاكى ئۆلگىچە داۋاملاشتۇرغان.

مەتنىياز بەگ ھوقۇق - كۈچىگە تايىنىپ، يېزىدا زورلۇق - زومبۇلۇق قىلغان، بىر قانچە ئەۋلاد ئىگىلىك باشقۇرۇش ئارقىلىق، كىشىنى ھەيران قالدۇرغىدەك مال - دۇنيا توپلىغان. ئەڭ كۆپ بولغاندا، يېرى 36 مىڭ موغا، تۆگىسى 42 تاشقا، سوقىسى 12 گە، قورۇقى 22 گە، چارۋىسى ئاز كەم 10 مىڭ تۇياققا يەتكەن. ئۇ، كۆپلىگەن يەرلەرنى ئىگىلەپلا قالماستىن بەلكى يەنە بەشكەنت ئۆستىڭىنىڭ سۈيىنىمۇ ئىگىلىۋالغان. ھەر يىلى ئەتىيازلىق تېرىلغۇ، يازلىق يىغىم، كۈزلۈك تېرىم مەزگىللىرىدە يېزىدىكى پۇقرالار ئاۋۋال مەتنىياز بەگنىڭ يېرىنى تېرىپ بولۇپ، ئاندىن ئۆزلىرىنىڭ يەرلىرىنى تېرىيالايتتى، كىم بۇنىڭغا خىلاپلىق قىلسا، ئۇ شۇ كىشىگە بىر يىل سۇ بەرمەيتتى.

مەتنىياز بەگ ھوقۇق - كۈچىگە ۋە مال - دۇنياسىغا تايىنىپ ئەيشى - ئىشرەتلىك، كەيىپ

ساپا، نومۇسسىز تۇرمۇش كەچۈرگەن. ئۇ، ئۆمرىدە ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ، 60 نەچچە خوتۇن ئالغان، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى پۇقرالارنىڭ قىزلىرى بولۇپ مەجبۇرىي ئېگىلىۋېلىنغان. شۇ سەۋەبتىن ئابدۇرېھىم رەئىس قاتارلىقلار بىرلىشىپ، شىنجاڭنىڭ باش مۇپەتتىشىگە ئۇنىڭ ئۈستىدىن ئەرز قىلغان. ئۇ، ئۆزى ئۈچۈن ھەشەمەتلىك بىر قورۇق سالدۇرغان، قورۇقنىڭ ئىچىدە راۋاق، سۇپا، شىپاڭ، پەشتاقلار بىر ـ بىرىگە تۇتىشىپ كەتكەن، ئاجايىپ ـ غارايىپ گۈللەر ۋە دەل ـ دەرەخلەر بەرپا قىلىنغان. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئەينى چاغدا قەشقەردىكى ماتىتەيىنىڭ خانىمى بۇ قورۇقنى كۆرۈپ خۇرسىنغان ھالدا: «مەن نۇرغۇن جايلارغا بارغان، بۇنداق نەپىس، ھەشەمەتلىك ئىمارەتنى كۆرۈپ باقماپتىكەنمەن» دېگەن. شۇ چاغلاردا ئاممىا ئارىسىدا مۇنداق بىر كۇبلېت قوشاق تارقالغان: «مەتنىياز بەگ سوراقچى، مەششاھ ھاجى بوياقچى، پۇلى بارنىڭ گېپى ئوڭ، پۇلى يوقنىڭ گېپى توڭ». بۇ قوشاقتا ئۇنىڭ قەبىھ قىلمىشلىرى رەھىمسىزلىك بىلەن ئېچىپ تاشلانغان.

1933 ـ يىلدىن كېيىن ئۇ بىر•مەزگىل پوسكام ناھىيىسىنىڭ ئاغلاقچىسى بولغان. مەتنىياز بەگ 1937 ـ يىلى 70 يېشىدا ئۆيىدە كېسەللىك بىلەن ئۆلگەن.

## مەمەت قۇربان نىياز

مەمەت قۇربان نىياز (1924 — 1947)، پوسكام ناھىيىسىنىڭ پوسكام يېزىسى سۆگەتئېرىق كەنتىدىن. ئۇ، كىچىكىدىن باشلاپلا ئەقىللىق، تىرىشچان، ئىرادىلىك ئىدى. يەتتە يېشىدا پوسكام ناھىيىسى باشقۇرۇشىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپكە ئوقۇشقا كىرگەن. 13 يېشىدا قەشقەر ئوقۇتقۇچى تەربىيىلەش كۇرسىغا قاتناشقان. ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن، ناھىيىگە قايتىپ كېلىپ، ئۇجمەئېرىق باشلانغۇچ مەكتىپىدە ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان، ئىككى يىلدىن كېيىن، ئۈرۈمچىدىكى ئۆلكىلىك شىفەنگە بىلىم ئاشۇرۇشقا بارغان. بۇ، دەل جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى بىلەن شېڭ شىسەي ھاكىمىيىتى بىرلەشكەن چاغلار ئىدى، بۇ چاغدا نۇرغۇن كوممۇنىستلار تەكلىپ بويىچە شىنجاڭغا كېلىپ خىزمەت ئىشلىگەنىدى، ئۈرۈمچىدە مەدەنىيەت، مائارىپ، ئاخبارات ساھەسىدىكىلەرنىڭ ئىنقىلابىي كەيپىياتى ناھايىتى قويۇق ئىدى. مەمەت قۇربان نىياز مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىۋاتقان كومپارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئىنقىلابىي تەشۋىقاتلىرىنى كۆپ قېتىم بىۋاسىتە ئاڭلاپ، ماركسىزم ـ لېنىنىزم ھەققىدىكى كۆپلىگەن كىتاب ـ ژۇرناللارنى ئوقۇپ، چوڭقۇر تەربىيىگە ئىگە بولۇپ، دۆلەت ۋە مىللەتنىڭ ئازادلىق ئىشلىرى ئۈچۈن ئۆمۈرۋايەت كۈرەش قىلىشتىن ئىبارەت ئىنقىلابىي ئېتىقادنى دەسلەپكى قەدەمدە تىكلىگەن.

1943 ـ يىلى كۈزدە، مەمەت قۇربان نىياز ئۆلكىلىك شىفەننى پۈتتۈرۈپ، شىنجاڭ ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش باش ئۇيۇشمىسىغا خىزمەتكە تەقسىم قىلىنغان. ئۇ، شېڭ شىسەينىڭ فاشىستىك ھۆكۈمرانلىقىدىن نارازى بولۇپ، ئىنقىلابىي كىتابلارنى ئوقۇشتا چىڭ تۇرغانلىقى ئۈچۈن، ھۆكۈمەت دائىرىلىرى تەرىپىدىن «خەۋپلىك ئۇنسۇر» دەپ قارىلىپ تۈرمىگە تاشلانغان. 1944 ـ يىلى كۈزدە شېڭ شىسەي شىنجاڭدىن كەتكەندىن كېيىن ، ئۇ قويۇپ بېرىلگەن.

1945 ـ يىل 2 ـ ئايدا مەمەت قۇربان نىياز يەكەن ۋىلايىتىگە خىزمەتكە تەقسىم قىلىنغان. ئۇ، ئاقسۇدىن ئۆتۈشىدە لۇتپۇللا مۇتەللىپ قاتارلىق ئىنقىلابىي ئىرادىلىك كىشىلەر بىلەن

يىغىلىشلاردا بىللە بولغانلىقى ئۈچۈن، ئاقسۇ ساقچى ئىدارىسى تەرىپىدىن تۇتۇپ تۇرۇلۇپ تەكشۈرۈلگەن ھەمدە بۇ ئەھۋال تېلېگراممىا ئارقىلىق يەكەن ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسىغا ئۆتكۈزۈلگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى يەكەنگە كېلىشىگىلا گومىنداڭ دائىرىلىرى تەرىپىدىن نەزەر بەنت قىلىنغان، كېيىن ئۇ يەكەن ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىغا خىزمەتكە تەقسىم قىلىنغان. 1945 ـ يىل 8 ـ ئايدا تاشقورغان ئىنقىلابى پارتلاپ ئۆزۈن ئۆتمەي ئىنقىلابىي ئارمىيە قاغىلىق، پوسكام قاتارلىق جايلاردا پائالىيىتىنى كۈچەيتكەن، مەمەت قۇربان نىياز ئىنقىلابىي ۋەزىيەتتىن ئىلھام ئېلىپ، ئۆزىنىڭ خەۋپ ـ خەتەرگە ئۇچرىشىغا قارىماي، ماقالە يېزىپ، گومىنداڭنىڭ زۇلمەتلىك ھۆكۈمرانلىقىنى پاش قىلىپ، خەلقنى قوزغىلىپ ئىنقىلابنى كۈتۈۋېلىشقا چاقىرغان. 1945 ـ يىل 11 ـ ئايدا يەنە گومىنداڭ تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىپ تۈرمىگە تاشلانغان. 1946 ـ يىل 6 ـ ئايدا تىنچلىق بىتىمى ئىمزالانغاندىن كېيىن قويۇپ بېرىلگەن.

1946 ـ يىل 7 ـ ئايدا يېڭىدىن قۇرۇلغان شىنجاڭ ئۆلكىلىك مىللىي بىرلەشمە ھۆكۈمەت شىنجاڭ بويىچە كېڭەش باشلىقى ۋە ھاكىملارنى دېموكراتىك يوسۇندا سايلاش خىزمىتىنى ئىشلەشنى قارار قىلغان. 11 ـ ئايدا شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بۇرھان شەھىدى سايلامغا نازارەتچىلىك قىلىش گۇرۇپپىسىنى باشلاپ يەكەن ۋىلايىتىگە كېلىپ سايلامغا نازارەتچىلىك قىلغان، مەمەت قۇربان نىياز بۇرھان شەھىدىنىڭ قوللىشى ئارقىسىدا، ئىلغار كۈچلەرنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، ئاممىنى كەڭ تۈردە سەپەرۋەر قىلىپ، گومىنداڭنىڭ ناھىيىلىك پىرقىسىنىڭ ۋە ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئاممىنى ئەخمەق قىلىپ، سايلامنى چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋېلىشقا ئۇرۇنغان سۇيىقەستىنى پاش قىلىپ، دېموكراتىك ئىدىيىگە ئىگە مەتتىمىن ئەيسانى ناھىيىلىك كېڭەشنىڭ باشلىقلىقىغا، قۇربان مۇپتىنى ھاكىملىققا سايلىغان. شۇنىڭدىن كېيىن مەمەت قۇربان نىياز ناھىيىلىك كېڭەشنىڭ كاتىپلىقىغا، ناھىيىلىك ھۆكۈمەت مائارىپ بۆلۈمىنىڭ مۇپەتتىشلىكىگە تەيىنلەنگەن.

1947 ـ يىلى ئەتىيازدا شىنجاڭ ئۆلكىلىك مىللىي بىرلەشمە ھۆكۈمەت پارچىلانغان، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى «شەرقىي تۈركىستانچى ئۇنسۇرلار» نى تازىلاشنى باھانە قىلىپ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قاتناشقان ۋە ئۇنى قوللىغان تەرەققىيپەرۋەر زاتلارغا غالجىرلىق بىلەن زىيانكەشلىك قىلغان. گومىنداڭ پوسكام ناھىيىلىك ھۆكۈمىتى «تەرتىپكە سېلىش، تەربىيىلەش» نامى بىلەن، پۈتۈن ناھىيىدىكى ئوقۇتقۇچى، خىزمەتچىلەرنى يىغىپ، توقماقچىلار تەشكىلاتى قۇرۇپ، ئۇنى ئۆزلىرىنىڭ ياللانما قورالى ۋە چوماقچىسى قىلىپ، مەمەت قۇربان نىياز قاتارلىق كىشىلەرگە ھەدەپ ھاقارەت قىلغان ۋە قورشاپ ھۇجۇم قىلغان، لېكىن مەمەت قۇربان نىياز ئۇلارنىڭ قورشاپ ھۇجۇم قىلىشلىرى ۋە قىيناشلىرى ئالدىدا مەيۇسلەنمىگەن، ئۇ، قائىدە سۆزلەپ مۇنازىرىلىشىپ، قىلچە تىز پۈكمىگەن. 1947 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى كېچىدە گومىنداڭنىڭ ناھىيىلىك پىرقىسى ۋە ساقچى ئىدارىسىنىڭ مەخپىي پىلانلىشى بىلەن، مەمەت قۇربان نىياز زوراۋانلار تەرىپىدىن ساقچى ئىدارىسىنىڭ كەينى (ھازىرقى مال بازىرى) دىكى يولغا سۆرەپ ئاپىرىلىپ ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋېتىلگەن. ئەتىسى ساقچى ئىدارىسى ئۇنىڭ جەسىتىنى يەكەنگە ئېلىپ بېرىپ تۆھپىسىنى مەلۇم قىلغان.

مەمەت قۇربان نىياز زىيانكەشلىككە ئۇچرىغاندا ئاران 23 ياشتا ئىدى، ئۇنىڭ جەسىتى يەكەن ناھىيىسىدىكى ھەزرىتى پىر مازارلىقىغا دەپنە قىلىنغان.

## چاۋار يۇسۇپ

چاۋار يۇسۇپ (1886 — 1952)، تولۇق ئىسمى چاۋار سوپۇرگە ھاجى، يەنە بىر ئىسمى چاۋار بەگ. ئۇ، پوسكام ناھىيىسىنىڭ پوسكام يېزىسى قۇلغان كەنتىدىن، ئۇنىڭ دادىسى سوپۇرگە ھاجى ئەسلىدە پوسكام ئەتراپىدىكى كاتتا باي بولۇپ، ئىگىلىگەن يېرى 18 مىڭ مودىن ئاشاتتى، ئۇ، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، يەتتە قېتىم مەككىگە بېرىپ ھەج - تاۋاپ قىلغان، ئۇنىڭ ئانىسى ھاشىخان ئىسلامىۇ ئەينى چاغدا ساڭ كەنتى بويىچە باي ئائىلىنىڭ قىزى ئىدى.

چاۋار بەگ بالىلىق چاغلىرىدا ئۆز كەنتىدىكى دىنىي مەكتەپتە ئوقۇغان، كېيىن ساڭ مەدرىسىدە بىلىم ئاشۇرغان، 30 يېشىدا قاغىلىق ناھىيىسىدىكى مامۇتخان خوجا تەرىپىدىن خەلىپىلىككە قويۇلۇپ، ئۆز كەنتىنىڭ دىنىي ھوقۇقىنى ئىگىلىگەن، كېيىن سېيىت ھاجى، قەمبەربەگ باي ھاجى قاتارلىق كىشىلەرنىڭ كۆرسىتىشى بىلەن، قاغىلىق ناھىيىسىنىڭ ئامبىلى تەرىپىدىن ئىككىسۇ جاڭزىسىنىڭ شاڭيولۇقىغا تەيىنلەنگەن ۋە جاڭزىغا قاراشلىق 60 نەچچە كەنتنى ئالتە يىل سورىغان. شۇ جەرياندا ئۇ قاغىلىق، پوسكام، يەكەن قاتارلىق جايلاردىكى بەگ - غوجىلار داڭدار بايلار بىلەن تونۇشۇپ، شۇ ئەتراپتىكى نامى چىققان شەخسكە ئايلانغان. ئۇنىڭ دادىسى ئۆلۈپ كېتىش ئالدىدا ئۇنىڭغا خېلى كۆپ مىراس قالدۇرغان، كېيىن ئۇ، نەچچە ئون يىللىق باشقۇرۇش ئارقىلىق، ئازادلىق ھارپىسىغىچە، 13 مىڭ مودىن كۆپرەك يەر، يەتتە قوروق، توققۇز قېرما، بەش تاش تۈگمەن، تۆت سوقا، 12 مىڭ تۇياقتىن ئارتۇق چارۋىغا ئىگە بولغان. ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى بەش غوجىدار ئۇنىڭغا ۋەكالىتەن جايلاردىكى مۈلۈكلىرىنى باشقۇرغان، يىللىقچى ۋە مەدىكارلارنى ئەمگەككە سالغان، ئىجارە يىغقان. ئۇنىڭ ئۆيىدە يىل بويى ئىشلەمچىلىك قىلىدىغان، ئات، كالا، قوي باقىدىغان، تاماق ئېتىدىغان، كىر - قات يۇيىدىغان. بالا باقىدىغان چاكار ۋە يىللىقچى 50 تىن ئاشاتتى.

نامرات - جاپاكەش دېھقانلارغا قارىتىلغان دەھشەتلىك سىياسىي زۇلۇم ۋە ئېغىر ئىقتىسادىي ئېكسپىلاتاتسىيىگە تايانغان چاۋار بەگ ئائىلىسى ئەيشى - ئىشرەتلىك. كەيپ - ساپا تۇرمۇش كەچۈرگەن، ئۇنىڭ قورۇقى ھەشەمەتلىك ئىدى، ئۇنىڭ ھوزۇرلىنىشى ئۈچۈن، قورۇسىنىڭ ئارقىسىدىكى گۈللۈكتە ھەر خىل ئەتىۋارلىق قۇشلار، ئاجايىپ - غارايىپ ھايۋانلار بېقىلاتتى. چاۋار بەگ ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرى كۈنبويى بىكار يۈرەتتى، يا ئوۋ ئوۋلايتتى، ياكى ئىت تالاشتۇرۇپ، توخۇ سوقۇشتۇرۇپ كۆڭلىنى ئاچاتتى. چاۋار بەگ چوڭ قىمارۋاز بولۇپ، ئۆيىگە دائىم 20 نەچچە قىمارۋازنى يىغىۋېلىپ، كېچىچە قىمار ئوينايتتى. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، بىر قېتىم مەكىتلىك تاش چولاق ئىسىملىك بىر قىمارۋاز ئالاھىدە پوسكامغا كېلىپ چاۋار بەگ بىلەن قىمار ئوينىغان، نەتىجىدە چاۋار بەگ بىر قېتىمدىلا 37 مىڭ تەڭگە ئۇتتۇرۇۋەتكەن، تاش چولاق ئۇنىڭ بەدىلىگە چاۋار بەگنىڭ توققۇز ئارغىمىقىنى ئېلىپ كەتكەن.

1933 - يىلى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى خەلق قوزغىلىڭىدا، چاۋار بەگ ئۆز ئائىلىسىدىكىلەرنى يىغىپ، ئامىنى قۇترىتىپ، مىرەھمەت قازى، غوپۇر باي قاتارلىقلار بىلەن شېرىكلىشىپ، ناھىيىلىك يامۇلغا ھۇجۇم قىلىپ، ناھىيىنىڭ ئامبىلى چېن رۇبىننى ۋە 20 دىن ئارتۇق بىگۇناھ ئامىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن، ناھىيىلىك يامۇلنىڭ مال - مۈلۈك، پۇل، ئاشلىقلىرىنى قويماي بۇلاپ كەتكەن.

چاۋار بەگ ئاچكۆز، دىلى زەھەر ئىدى. قولغاندىكى دېھقانلار ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا ئۇنىڭ ئانىلىسىنىڭ ئېكسپىلاتاتسىيىسىگە ئۇچرىغان، نۇرغۇن كىشىلەر ئۆمۈر بويى ئۇنىڭغا يىللىقچى بولۇپ ئىشلەپمۇ، ئۇنىڭ ئائىلىسىگە بوغۇلغان ئەزرائىل قەرزىنى تۈگىتەلمىگەن. نۇرغۇن كىشىلەر ئۇنىڭ يېرىنى تېرىپ، ئىلىكلىرى ئۇزۇلۇپ قالغان. مەلۇماتلارغا قارىغاندا، ئۇ، بىۋاسىتە ياكى ۋاستىلىق ھالدا ئالتە ئادەمنى ئۆلتۈرگەن. ئۇ، ھوقۇق - كۈچىگە تايىنىپ، ئۆز ئالدىغا 9500 دىن كۆپرەك كىشىنى ھاشارغا ئىشلەتكەن، يەنە يېقىن ئەتراپتىكى دېھقانلارنىڭ 1000 مودىن ئارتۇق يېرىنى، 400 دىن ئارتۇق قويىنى، 6000 چارەكتىن ئارتۇق ئاشلىقىنى مەجبۇرىي تارتىۋالغان.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، چاۋار بەگ يەنىلا باش ئېگىپ جىنايىتىنى تونۇماي، يېڭىدىن دۇنياغا كەلگەن خەلق دېموكراتىك ھاكىمىيىتىگە ۋە پارتىيىنىڭ سىياسەتلىرىگە غالجىرلارچە ھۇجۇم قىلىپ، ئاممىنىڭ غەزىپىنى قوزغىدى. 1952 - يىلى خەلق ھۆكۈمىتىمىز تەرىپىدىن قانۇن بويىچە ئېتىلدى.

## توختىھاجى

توختىھاجى (1836 — 1952)، پوسكام ناھىيە بازىرىدىن. ئۇ، كىچىك چاغلىرىدا ئائىلىسى غۇربەتچىلىكتە ئۆتكەن. 15 يېشىدىن تارتىپ دادىسى بىلەن بىللە باشقىلارغا مەدىكار بولۇپ ئىشلىگەن. 25 ياشقا كىرگەندە يەكەندىكى داۋۇت خەلپە (كىشىلەر «خەلپە ئاقساقال» دەپ ئاتىشاتتى) نىڭ ماشئۇگرە دۇكىنىدا ئون يىل نىمكارلىق قىلغان.

1881 - يىلى ئۇ پوسكامغا قايتىپ كېلىپ، ئاز دەسمايە بىلەن بىر ماتاڭخانا ئاچقان، ئۇ، پوسكام ناھىيىسىدە ماتاڭ ئىشلەش كەسپىنىڭ باشلىنىشى ئىدى. ئۇ، ئاقئۇششاقنى خام ئەشيا، ئارپىنى خېمىرتۇرۇچ قىلىپ، 100 جىڭ ئاقئۇششاققا سەككىز جىڭ ئارپا قوشۇپ، 30 جىڭ ماتاڭ چىقىراتتى. ئۇ ئەتكەن ماتاڭ چۇرۇك، تاتلىق، ئۆزگىچە بولۇپ، بەكمۇ قارشى ئېلىناتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ «توختىھاجى ماتاڭچى» دېگەن نامغا ئېرىشكەن. ماتاڭ دۇكىنى ئېچىپ بەش يىلدىن كېيىن، ئۇ يەنە ئاچچىقسۇ دۇكىنى ئاچقان، ئۇ، ئاچچىقسۇنىڭ سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، گەرچە ئاچچىقسۇ دۇكىنى پوسكام ئۆستىڭىگە يىراق بولمىسىمۇ، ئاچچىقسۇ دۇكىنىغا ئىشلىتىش ئۈچۈن بىر قۇدۇق قازغان. دەسلەپتە ئاچچىقسۇ دۇكىنى يېڭى ئاچچىقسۇلا ئىشلەپچىقىراتتى، كېيىن ئاچچىقسۇنى زاپاس ساقلاش ۋە سىرتقا سېتىش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، ساپ ئاچچىقسۇ ئىشلەپچىقىرىشنى باشلىغان، ئىشلەپچىقىرىلغان ساپ ئاچچىقسۇنى قاپاققا ئېلىپ، ئاغزىنى ئېتىپ ساقلىغان، بۇنداق قىلغاندا ئاچچىقسۇ ئۇزاققىچە بۇزۇلۇپ قالمايتتى. ئۇنىڭ دۇكىنىدا ئىشلەپچىقىرىلغان ئاچچىقسۇنىڭ رەڭگى سۈزۈك، تەمى ئۆتكۈر بولغاچقا، قەشقەر، خوتەن تەرەپلەردە ئىتتىك سېتىلاتتى. شۇ چاغدا جەنۇبىي شىنجاڭ تەرەپلەردىكى ھىندىستانلىق سودىگەرلەر مەخسۇس ئۇ ئىشلەپچىقارغان ساپ ئاچچىقسۇنى ئىشلىتەتتى، قەشقەرنىڭ دوتىيىمۇ مەخسۇس ئالاقە ئەۋەتىپ، توختىھاجىنىڭ دۇكىنىنىڭ ئاچچىقسۇيىنى تەلەپ قىلاتتى. ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇ يەنە ماشئۇگرە دۇكىنى قۇرۇپ، ماشئۇگرە ۋە ماش ئۇنى ئىشلەپچىقارغان، كۈنىگە 100 كىلوگرامدىن ئارتۇق ماشئۇگرە ئىشلەپچىقىرىپ، پارچە ساتقاندىن باشقا، كۆپىنچىسىنى باشقا جايلارغا ئېلىپ بېرىپ ساتاتتى. شۇ چاغدا يەكەن،

پوسكام ئەتراپىدا تۇرۇپ ھاجى ئىسىملىك بىر كىشى ناھايىتى چوڭ بىر تاشقى سودا كارۋىنىنى باشقۇراتتى، توختىھاجىنىڭ دۇكىنىدا ئىشلەپچىقىرىلغان ماشئۇگرە ۋە ساپ ئاچچىقسۇنىڭ ناھايىتى كۆپ قىسمىنى ئەشۇ كىشى سېتىۋېلىپ، ئافغانىستان، ھىندىستان قاتارلىق دۆلەتلەرگە ئېلىپ بېرىپ ساتاتتى.

توختىھاجى ئىگىلىك باشقۇرۇشقا ماھىر ئىدى. ئۇ، دۇكاندىن چىققان قوشۇمچە مەھسۇلات - ئاچچىقسۇ نىرىپى ۋە ماشئۇگرە تىرىپىدىن پايدىلىنىپ، بورداقچىلىق فىرمىسى قۇرغان بولۇپ، ھەر يىلى 20 دىن ئارتۇق كالا، 100 دىن ئارتۇق قوي بورداپ، باشقا جايلارغا ئېلىپ بېرىپ ساتاتتى. توختىھاجى 1952 - يىل 4 - ئايدا ئۆيىدە 117 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتتى.

## سادىق ئاقساقال

سادىق ئاقساقال (1893 — 1954)، ئۇ، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى پوسكامدىكى داڭلىق ياغاچچى ئىدى. ئەسلى يۇرتى قەشقەر شەھىرى. ئۇ، مىنگونىڭ 10 - يىلى (1921 - يىلى) پوسكام ناھىيە بولۇپ قۇرۇلغاندا، تەكلىپكە بىنائەن ناھىيىگە كېلىپ، ناھىيىلىك يامۇلنىڭ شىرە، ئورۇندۇق، ئۇزۇن ئورۇندۇق قاتارلىق خىزمەت لازىمەتلىكلىرىنى ياساپ بەرگەن. ئۇنىڭ كامالەتكە يەتكەن ھۈنىرى ناھىيىنىڭ تۇنجى ئامبىلى جاڭ جىڭنەنگە ياراپ قالغان، ئۇ، ئىشنى تۈگەتكەندىن كېيىن، يىما يېزىسىنىڭ سېرىقئۆي كەنتىدە ئولتۇراقلىشىپ قالغان.

1937 - يىلى ئۇ، ناھىيىلىك سودا - سانائەتچىلەر ئۇيۇشمىسى ياغاچچىلىق شۆبىسىنىڭ ئاقساقاللىقىغا سايلانغان، شۇنىڭدىن كېيىن كىشىلەر ئۇنى «سادىق ئاقساقال» دەپ ئاتىغان.

شېڭ شىسەي شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىللەردە ھەر يىلى 4 - ئاينىڭ 12 - كۈنى جايلار ئاتنا تەبرىكلەش پائالىيىتى ئۆتكۈزەتتى، ھەر قايسى كەسىپتىكى ئۇستىلار ئۆزىنىڭ كەسپى ۋە ماھارىتىنى نامايان قىلىدىغان بۇيۇملىرىنى يىغىلىشقا قاتناشتۇراتتى. 1938 - يىلى ئۆمەر بەگ (ۋېن گودۇڭ) ھاكىم بولغاندا، سادىق ئاقساقال ئېگىزلىكى 15 مېتىر كېلىدىغان، 30 ئادەمنى سىغدۇرۇپ ئايلاندۇرغىلى بولىدىغان بىر ساغاردىنى لايىھىلەپ ياساپ چىققان، بۇ، شۇ يىللىق تەبرىكلەش يىغىنىدا كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى ئەڭ جەلپ قىلغان مەھسۇلات بولۇپ قالغان. ئۇيغۇرلاردىكى ساغاردى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى تەنتەربىيە تۈرى. بۇنىڭدا ئون نەچچە مېتىر ئېگىزلىكتىكى بىر تال تىك تۈۋرۈكنىڭ ئۇچىغا پاراللېل ئايلىنىدىغان چاق ئورنىتىلىدۇ، چاققا ئون نەچچە تال ئارغامچا باغلىنىدۇ، كۆڭۈل ئاچقۇچىلار ئارغامچىنى تۇتۇپ ئاۋۋال يەردە تېز سۈرئەتتە يۈگرەيدۇ، مەركەزدىن قاچما كۈچ ھاسىل بولغاندىن كېيىن، كىشىلەر ھاۋا بوشلۇقىغا كۆتۈرۈلۈپ ئايلىنىدۇ، سۈرئەتنىڭ ئۇزلۇكسىز تېزلىشىگە ئەگىشىپ، كىشىلەر بارغانسېرى ئېگىزگە ئۆرلەيدۇ. ناھىيە بازىرىدىكى ئاھالىلەرنىڭ ئادەتتىكى چاغلاردا كۆڭۈل ئېچىشىغا قولايلىق يارىتىش ئۈچۈن، يىغىندىن كېيىن، سادىق ئاقساقال ئۆزىنىڭ ياردەمچىسى قارىغاتلىق ساۋۇت ئاخۇن بىلەن ھەمكارلىشىپ، 16 كىشى بىرلا ۋاقىتتا كۆڭۈل ئاچالايدىغان چوڭ تىپتىكى، تىك شەكىللىك ساغاردىنى ياساپ چىققان، بۇ ساغاردى ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئالدىدىكى مەيدان (ھازىرقى تاشقى سودا شىركىتىنىڭ ئورنى) غا ئورنىتىلغان. ئارىلىقتا ئۇ باي تەسەۋۋۇرى ۋە يۇقىرى ھۈنىرى بىلەن، ياغاچ ئات، ياغاچ ئاپتوموبىل قاتارلىق قول ھۈنەر - سەنئەت بۇيۇملىرىنى

ياساپ چىققان، بۇ ھۇنەر - سەنئەت بۇيۇملىرىنىڭ ئىچىگە موتور ئورنىتىلغان، كىشىلەر ئۇنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇپ موتورنى ئوت ئالدۇرسا، ياغاچ ئات ياكى ياغاچ ئاپتوموبىل ئالدىغا قاراپ ماڭاتتى، بۇنى كۆرگەنلەر ھەيران قالغانىدى.

كېيىن ئۇ يەنە ساۋۇت ئاخۇن قاتارلىق كىشىلەر بىلەن ھەمكارلىشىپ، ناھىيە باشقۇرۇشىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپنى سېلىش قۇرۇلۇشىغا قاتناشقان ھەمدە ئەشۇ قۇرۇلۇش داۋامىدا، ھازىرقىدەك يېڭىچە ئىشىك - دېرىزىلەرنى سىناق تەرىقىسىدە ياساپ ۋە قۇراشتۇرۇپ، ئىشىك - دېرىزىلەرنىڭ كونا نۇسخىسىنى ئۆزگەرتكەن.

1941 - يىلدىن ئېتىبارەن سادىق ئاقساقال يەكەن دەرياسى كۆۋرۈكىنى سېلىشقا قاتنىشىشقا ئەۋەتىلگەن. بۇ كۆۋرۈك پۈتۈنلەي ياغاچتىن سېلىنغان، ئۇنىڭ ئۇلى قاتار قېقىلغان 3000 تالدىن ئارتۇق ياغاچ قوزۇقتىن تەركىب تاپقان. لايىھەدىكى تەلەپتە ياغاچ قوزۇقنىڭ دىئامېترى 35 سانتىمېتر ئەتراپىدا، ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 15 مېتر بولۇشى كېرەك دېيىلگەنىدى، ئەشۇنداق توملۇقتىكى قوزۇقلارنى شېغىل - تاشلىق دەريا تېگىگە 11 مېتر چوڭقۇرلۇقتا قېقىپ كىرگۈزۈش ئەينى چاغدا ھەرگىز ئاسان ئىش ئەمەس ئىدى. بۇ قىيىن مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، كۆۋرۈك سېلىش ھەيئىتى قاراقاش دەرياسى كۆۋرۈكىنى سېلىشقا قاتناشقان سوۋېت ئىنژېنېرىنى تەكلىپ قىلغان، شۇ ئىنژېنېرنىڭ لايىھىلىشى بىلەن، سادىق ئاقساقال قوزۇق قېقىشقا ئىشلىتىلىدىغان ياغاچ تاختىپەر ياساپ چىققان، بۇنداق ياغاچ تاختىپەرنىڭ ئېگىزلىكى 20 مېتر، ئايلانمىسى بىر كۋادرات مېتر كېلەتتى، بۇ تاختىپەر تۆت تال تىك تۈۋرۈك ۋە سانسىزلىغان توغرا ياغاچلاردىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ئۈستىگە غالتەكلىك ئاسما زەنجىر ئورنىتىلغان، تېگى ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان چوڭ تېپتىكى ئايلانما تەخسە ئىدى، زەنجىرنىڭ بىر ئۇچى مۇشۇ ئايلانما تەخسىگە مۇقىملاشتۇرۇلغانىدى، ئىشقا كىرىشكەندە، 12 ئەمگەكچى ئايلانما تەخسىنى بىرلا ۋاقىتتا ھەرىكەتلەندۈرسە، 400 نەچچە كىلوگرام ئېغىرلىقتىكى تۆمۈر بولقا زەنجىر تەرىپىدىن 20 مېتر ئېگىزلىككە ئاستا - ئاستا كۆتۈرۈلۈپ، ۋىكلىيۇچاتىل ئېچىۋېتىلگەندىن كېيىن پەسكە قاتتىق ئۇرۇلاتتى. بۇ ياغاچ تاختىپەرنىڭ كۆرۈنۈشى قوپال بولسىمۇ، لېكىن ئۇنى ياساشتىكى تېخنىكا تەلىپى ناھايىتى يۇقىرى ئىدى. سادىق ئاقساقال ئالاھىدە يۇقىرى تېخنىكىسى بىلەن بۇ ۋەزىپىنى كۆرۈنەرلىك ئورۇنداپ، سوۋېت ئىنژېنېرىنىڭ ۋە كۆۋرۈك سېلىش ھەيئىتىنىڭ ماختىشىغا سازاۋەر بولغان. سادىق ئاقساقال ئۆمرىدە يېڭىلىق يارىتىشنى خۇشاللىق دەپ بىلگەن، ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدىمۇ، ئۇ، كونىچە ئۆي جاھازلىرىنى ئىسلاھ قىلىش ئۈستىدە ئىزدەنگەن.

سادىق ئاقساقال 1954 - يىلى سېرىقئۆيدا 61 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتتى.

## ئوبۇل سېيىتخان

ئوبۇل سېيىتخان (1890 — 1958)، ئەر، تاجىك، ئۇ، مەملىكىتىمىز تاجىكلىرى ئىچىدىكى ئاتاقلىق دىنىي زاتلارنىڭ بىرى. ئۇ، 1890 - يىلى پاكىستاندا تۇغۇلغان، ئۈچ يېشىدا دادىسى سېيىت ھەسەن شاھ بىلەن بىللە تاشقورغانغا كۆچۈپ كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ قالغان. يەتتە يېشىدىن تارتىپ تاشقورغاندىكى قۇربان ئەلەمدىن ئەرەب، پارس يېزىقى، ئەدەبىيات، ئىسلام تارىخى، ئەدەب - ئەخلاق تەلىماتى، پەلسەپە قاتارلىق دەرسلەرنى بەش يىل ئۆگەنگەن. 12 يېشىدا

دادىسى بىلەن بىللە پوسكامغا كۆچۈپ كېلىپ، ئايكۆل يېزىسىنىڭ تالقىچى كەنتىدە ئولتۇراقلاشقان.

ئوبۇل سېيىتخان دېموكراتىك ئىدىيىگە ئىگە دىنىي زات. 1945 - يىل 8 - ئايدا تاشقورغان ئىنقىلابى پارتلىغاندىن كېيىن، ئۇ، ئىنتايىن روھلانغان، يىل ئاخىرىدا مىللىي ئارمىيە پوسكامغا كىرگەندە، ئۇ ئىنىسى پەيدۇنشاھنىڭ مىللىي ئارمىيىگە قاتنىشىشىنى قوللىغان ھەمدە مىللىي ئارمىيىگە ئىككى ئات ئىئانە قىلغان.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئوبۇل سېيىتخان پارتىيە رەھبەرلىكىنى ھىمايە قىلدى، پارتىيىنىڭ چاقىرىقلىرىغا ئاۋاز قوشتى، ئۇ، ئۆزىنىڭ تاجىكلار ئاممىسى ۋە دىنىي زاتلار ئارىسىدىكى تەسىرىدىن پايدىلىنىپ، دۆلەتكە، خەلققە پايدىلىق نۇرغۇن ياخشى ئىشلارنى قىلدى. 1951 - يىلى ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ، چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش بويىچە ئىئانە توپلاش پائالىيىتىدە، ئىككى ئۇي، بىر يامبۇ ئىئانە قىلىپ، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەقدىرلىشىگە ئېرىشتى، كېيىن ئىجارە كېمەيتىش، زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش، يەر ئىسلاھاتى ۋە يېزا ئىگىلىكىنى كوپېراتسىيىلەشتۇرۇش ھەرىكەتلىرىدە، ئۇ تۇرلۇك ئىجتىمائىي ئىسلاھاتلارغا باشلامچىلىق بىلەن قاتنىشىپلا قالماستىن، بەلكى يەنە خىزمەت گۇرۇپپىسىغا ماسلىشىپ، كەڭ ئاممىغا ۋە دىنىي زاتلارغا تەشۋىقات ئېلىپ باردى. 1957 - يىلى قىسمەن تاجىك كوپېراتىپ ئەزالىرى كوپېراتىپتىن چىقىپ كېتىش غەۋغاسى قىلغاندا، ئۇ ئۆزىنىڭ ياشىنىپ قالغانلىقىغا، تېنىنىڭ ئاجىزلىقىغا قارىماي، تەرەپ - تەرەپكە چېپىپ يۈرۈپ، تەشۋىق قىلىپ، چۈشەندۈرۈپ، پارتىيە ۋە خەلق ھۆكۈمىتى ئۈچۈن كۆپلىگەن خىزمەتلەرنى ئىشلىدى.

1957 - يىلى ئوبۇل سېيىتخان سىياسىي كېڭەش شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتىنىڭ ئەزالىقىغا سايلاندى ھەمدە سىياسىي كېڭەشنىڭ يىغىنلىرىغا كۆپ قېتىم قاتناشتى.

1958 - يىل 1 - ئاينىڭ 5 - كۈنى ئوبۇل سېيىتخان تاشقۇرغانغا تۇغقان يوقلىغىلى بارغاندا، كېسەللىك سەۋەبى بىلەن 68 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتتى.

## روزى پۇلاڭ

روزى پۇلاڭ (1878 — 1958)، ئەسلى ئىسمى روزى توختى، پوسكام ناھىيىسىنىڭ پوسكام بېرىسى سۆگەتئېرىق كەنتىدە بىر سازەندە ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئۇنىڭ دادىسى توختى قالۇن قالۇن چېلىش بىلەن داڭق چىقارغان. روزى پۇلاڭ كىچىكىدىن تارتىپلا ئائىلىسىنىڭ ياخشى نەسىرىنى قوبۇل قىلغان. ئۇ، سەككىز يېشىدىلا چاڭ، دۇتار، تەمبۇر قاتارلىق سازلارنى چېلىشنى ئۆگەنگەن. 15 ياشقا كىرگەندە، قەشقەر سەنىمى، دولان مۇقامىنىڭ بارلىق ئاھاڭلىرىغا پىششىق چالالايدىغان بولغان، «غېرىپ - سەنەم»، «تاھىر - زۆھرە» قاتارلىق ئوپېرالار ۋە دولان سەنىمى. قاغىلىق سەنىمى، قەشقەر سەنىمى، ئاتۇش سەنىمى قاتارلىق ئۇسسۇللارغا كوڭۇلدىكىدەك تەڭكەش قىلالايدىغان بولغان. روزى پۇلاڭ چاڭ چېلىشقا ناھايىتى ئۇستا ئىدى، ھەر قېتىم چاڭ چېلىپ ئەۋجىگە كەلگەندە، ئۇنىڭ بېشىمۇ قولىغا ماسلىشىپ پۇلاڭلاپ كېتەتتى، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭغا «پۇلاڭ» دېگەن لەقەم سىڭىپ قالغان. ئەينى چاغدا، بەگ - بايلار زىياپەت ئۆتكۈزگەندە. توي - تۆكۈن، جۇۋان تويى قىلغاندا، ئۇنى ساز چېلىپ بېرىشكە چاقىراتتى. ئادەتتىكى

پۇقرالارنىڭ ئۇنى ساز چېلىپ بېرىشكە تەكلىپ قىلىشى تېخىمۇ دائىملىق ئىش بولۇپ قالغانىدى. ئەينى چاغدا، زىياپەت ياكى مەشرەپلەردە روزى پۇلاڭ كۆرۈنمىسە، ئۇنىڭ سازى ئاڭلانمىسا، قەدەم تەشرىپ قىلغۇچىلار بەك ئۈمىدسىزلىنەتتى، سورۇنمۇ قىزىمايتتى، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنى تەكلىپ قىلغۇچىلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيتتى، روزى پۇلاڭ تەلەپلەرنى قاندۇراتتى، ئۇنىڭ زادىلا بوش ۋاقتى يوق ئىدى.

روزى پۇلاڭ ئۇيغۇرلارنىڭ مۇزىكا ۋە نەغمىلىرىگە كامىل بولۇپلا قالماستىن، خەنزۇ ئاممىسى ياخشى كۆرىدىغان جىڭجۇ تىياتىرى ئاھاڭلىرىغىمۇ قىزىقاتتى. مىنگونىڭ 10 - يىلى (1921 - يىلى) پوسكام ناھىيە بولۇپ قۇرۇلغاندا، ناھىيىنىڭ تۇنجى ئامبىلى جاڭ جىڭنەن ئىچكىرىدىن تىياتىر ئۆمىكى تەكلىپ قىلىپ، تەبرىك ئويۇنى قويدۇرغان، زورى پۇلاڭ تىياتىر ئۆمىكىنىڭ ئۆزگىچە ئۇسلۇبقا ئىگە نەزمىلىرىگە مەپتۇن بولغان، كېيىن بۇ تىياتىر ئۆمىكىگە كۆپ يىل ئەگىشىپ يۈرۈپ، جىڭجۇ تىياتىرىنىڭ ئاھاڭلىرىنى ئۇيغۇر مۇزىكىلىرى بىلەن چېلىش ماھارىتىنى ئىگىلەپ، ساز چېلىش ماھىرىتىنى بېيىتىپ، ئۆزگىچە ئۇسلۇبنى شەكىللەندۈرگەن، كېيىن ساز چالغان چاغلاردا، ھەمىشە بىردەم مىللىيچە نەغمە قىلغاندىن كېيىن، ئۇلاپلا سازنى جىڭجۇ تىياتىرىنىڭ «ئېرخۇاڭ» ياكى «شىپى» ئاھاڭلىرىغا يۆتكەپ، ئاخىرىغا يەنە مىللىيچە مۇزىكا رېتىملىرىنى ئۇلايتتى، شۇ ئارقىلىق ئاڭلىغۇچىلارغا يېڭىلىق ھېس قىلدۇرۇپ، ئۇلارنىڭ نەزەر دائىرىسىنى ئاچاتتى. ئۇنىڭ ئوغلى تۇرۇپ پۇلاڭ دادىسىنىڭ تەسىرى بىلەن، جىڭجۇ تىياتىرىغا ئالاھىدە قىزىققان. ئۇنىڭ ئۆيى چېگرا مۇداپىئە مەلۇم قىسمى تۇرۇشلۇق جايغا يېقىن بولۇپ، قىسىم جىڭجۇ تىياتىرىغا دائىر كىنولارنى قويغاندا، تۇرۇپ پۇلاڭمۇ بېرىپ، هوزۇرلىنىپ كۆرۈپ تۇراتتى.

روزى پۇلاڭ كىشىلەرگە تۈز مۇئامىلە قىلاتتى، ۋەتەنپەرۋەرلىك روھقا ۋە مىللىي غورۇرغا باي ئىدى. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدە، ئۇ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇپ ۋەتەننى قۇتقۇزۇش بويىچە تەشۋىقات پائالىيەتلىرىگە پائال قاتناشقان، دائىم ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكى بىلەن بىللە سەييارە ئويۇن قويۇپ، قىلغان كىرىمىنى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئالدىنقى سەپكە ئىئانە قىلغان. ئۇنىڭ تەڭكەش قىلىشى بىلەن ئورۇنلانغان، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش ئەكس ئەتتۈرۈلگەن هازىرقى زامان تىياتىرلىرىدىن «كۈرەش قىزى»، «ئۆگەي ئانا»، «سامساق ئاكاڭ قايناپدۇ» قاتارلىقلار بار ئىدى. ئۇيغۇر مۇزىكا سەنئىتى ئىز باسارلىرىنىڭ بولۇشى ئۈچۈن، ئۇ، 20 نەچچە شاگىرت يېتىشتۈرگەن، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى كېيىن ناھىيىنىڭ مۇزىكا تايانچلىرى بولۇپ قالغان.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى، روزى پۇلاڭ كىشىنى مەھلىيا قىلىدىغان نەغمە ساداسى بىلەن، كىشىلەرگە شاد - خوراملىق ۋە ئۈمىد بەخش ئەتكەنىدى، لېكىن ئۇنىڭغا نامراتلىق ۋە خورلۇق ئەگىشىپلا يۈرگەچكە، ئۇ، ئاچ - توق كۈن ئۆتكۈزگە، دائىم بەگ ۋە بايلارنىڭ ھاقارىتىگە ئۇچراپ تۇرغان. 1945 - يىلىنىڭ بىر كۈنى، يىمىلىق هوشۇر لوزۇڭ بىلەن كوچا تېرەكلىك ئېزىز بەگ ئۇنى ئۆزلىرىنىڭ ئۆيىدە نەغمە قىلىپ بېرىشكە تالىشىپ قېلىپ، ئۇنىڭ ساتارىنى چېقىۋېتىپ، ئىككى شاپىلاق ئۇرغان. 1946 - يىلى گومىنداڭ خەلق قوزغىلىڭىغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن، ساقچى ئىدارىسىنىڭ ئالدى - كەينىدىكى خەلقنىڭ 100 نەچچە ئېغىز ئۆيىنى چاقتۇرۇۋەتكەندە، روزى پۇلاڭنىڭ ئۆيىمۇ چېقىۋېتىلگەن، شۇنىڭ بىلەن ئۇ، ئۆي - ماكانسىز قېلىپ، كوچىدا تەمتىرەپ يۈرگەن.

ئازادلىقتىن كېيىن، روزى پۇلاڭ قەد كۆتۈرۈپ، يەر ـ زېمىنغا ئېرىشتى. ئۇنىڭ سەنئەت ھاياتىمۇ ياشلىق باھارىنى ئۇرغۇتتى، ئىجارە كېمەيتىش ـ زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش، يەر ئىسلاھاتى ۋە يېزا ئىگىلىكىنى كوپېراتسىيەلەشتۈرۈش ھەرىكەتلىرىدە، روزى پۇلاڭ ۋەزىيەتكە ماسلىشىپ، ئامما ياقتۇرىدىغان نومۇرلارنى ئىجاد قىلىپ، ئۆزى ئورۇنداپ، مۇزىكا ۋە ناخشا ساداسى ئارقىلىق، پومېشچىكلار سىنىپىنىڭ جىنايەتلىرى ئۈستىدىن شىكايەت قىلىپ، دېھقانلارنىڭ يەر ـ زېمىنغا ئېرىشكەندىن كېيىنكى خۇشاللىقىنى ئىپادىلەپ، سوتسىيالىزم يولىنىڭ ئەۋزەللىكىنى تەشۋىق قىلىپ، دېموكراتىك ئىسلاھات ۋە سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش ھەرىكىتىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە پائال رول ئوينىدى. 1954 ـ يىلى ئۇ قەشقەردە ئۆتكۈزۈلگەن «مىللىي ئەلنەغمە كۆرىكى»گە قاتنىشىپ، ياخشى باھاغا ئېرىشتى.

روزى بۇلاڭ 1958 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى كېسەللىك سەۋەبى بىلەن ئۆز ئۆيىدە 80 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتتى.

## سېيىت مەۋلا باخشى ھاكىرى

سېيىت مەۋلا باخشى (1865 — 1959)، ئەر، تاجىك، ئۇ، پوسكام ناھىيىسىنىڭ ئىككىسۇ يېزىسى جايتوغراق كەنتىدە تۇغۇلغان بولۇپ، مەملىكىتىمىز تاجىكلىرى ئىچىدىكى ئاتاقلىق ئىشانلارنىڭ بىرى ئىدى. ئۇ، تاجىك خەلقى ئارىسىدا بىر قەدەر يۇقىرى ئابرويغا ۋە كەڭ تەسىرگە ئىگە ئىدى. مەۋلا باخشى سەككىز يېشىدا تۇغچى يېزىسىدىكى ئېلى نازىر ئاخۇندا ئوقۇغان. ئون يېشىدا يەكەن مەدرىسىگە ئوقۇشقا كىرگەن. ئۇزۇن ئۆتمەي دادىسى كېسەللىك بىلەن ئالەمدىن ئۆتكەن، مەۋلا باخشى بوۋىسى سېيىت شاھ قاسىمنىڭ ياردىمىدە، تۆت يىل داۋاملىق ئوقۇغان.

1879 ـ يىلى سېيىت مەۋلا باخشى دادىسىنىڭ دىنىي ئەمىلىگە ۋارىسلىق قىلغان. 1938 ـ يىلى سېيىت مەۋلا باخشىنىڭ ئائىلىسىدىكى 20 نەچچە كىشى شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن چېگرىدىن قوغلاپ چىقىرىلغان.

1938 ـ يىلدىن 1947 ـ يىلغىچە بولغان ئون يىلدا، سېيىت مەۋلا باخشى ئائىلىسىدىكىلەر پاكىستاننىڭ كانجۇت، گىلگىت قاتارلىق جايلىرىدا ماكانلاشقان ۋە بىر نەچچە قېتىم كۆچكەن، ئايالى ۋە ئوغلى يولدا ئارقا ـ ئارقىدىن ئۆلۈپ كەتكەن. 1947 ـ يىل 10 ـ ئايدا مەۋلا باخشىنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر ئاخىر ۋەتەنگە قايتىش پاسپورتىغا ئېرىشىپ، ئايرىلغىنىغا ئون يىل بولغان يۇرتى — تۇغچى يېزىسىنىڭ گۈلباغ كەنتىگە قايتىپ كەلگەن.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، سېيىت مەۋلا باخشى پارتىيە رەھبەرلىكىنى ھىمايە قىلىپ، پارتىيىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا بويسۇنۇپ، سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش داۋامىدا پائال رول ئوينىدى. 1958 ـ يىلى چارۋىچىلىقتا سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈلگەندە، ئۇ پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ چاقىرىقىغا باشلامچىلىق بىلەن ئاۋاز قوشۇپ تاجىك ئاممىسىغا ئۈلگە بولدى. ئۇ، ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا، ئۆز كەچۈرمىشلىرى ئارقىلىق، پەرزەنتلىرىگە پارتىيىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ مەڭگۈ پارتىيىگە ئەگىشىپ مېڭىش ھەققىدە تەربىيە بەردى.

1957 ـ يىلى سىياسىي كېڭەش پوسكام ناھىيىلىك كومىتېتى قۇرۇلغاندا، ئۇ سىياسىي

كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىكىگە سايلاندى. 1959 - يىل 5 - ئاينىڭ 25 - كۈنى سېيىت مەۋلا باخشى ھاكىرى ئۆز يۇرتى تۇغچى گۆڭشېسىدا 94 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتتى.

## توختىمەمەت يۇسۇپ

توختىمەمەت يۇسۇپ (1884 — 1966)، پوسكام ناھىيىسىنىڭ پوسكام يېزىسى قۇتچى كەنتىدىن. ئۇنىڭ ئاتا - ئانىسى بالدۇرلا ئالەمدىن ئۆتكەن، ئۇنى تاغىسى ئەيسا ئاخۇن بېقىپ چوڭ قىلغان. ئەيسا ئاخۇن پوسكام ناھىيىسى بويىچە دىنىي ساھەدىكىلەرنىڭ رەئىسى بولغان، ئۇ، بىلىملىك، قابىلىيەتلىك بولۇپ، ئەرەب، پارس تىل - يېزىقىنى پۇختا بىلىپلا قالماستىن، ئەرەبچە تىبابەتچىلىك ئەسەرلىرىنىمۇ كۆپلەپ تەتقىق قىلغان. توختىمەمەت يۇسۇپ تاغىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، ياش ۋاقتىدىلا ئەرەب ۋە پارس تىل - يېزىقلىرىنى ئىگىلىگەن ھەمدە ئەرەبچە تىبابەتچىلىككە دائىر ئەسەرلەرنى ئوقۇغان.

توختىمەمەت يۇسۇپ تاغىسى ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن تىرىكچىلىك قىلىش ئۈچۈن، قىيىنئاتىسىنىڭ ياردىمىدە، بىر كىچىك دورىخانا ئاچقان، ئۇ، ئۆسۈملۈك دورىلىرى تىجارىتى قىلغاچ، تىبابەتچىلىكنى ئۆگەنگەن، بىر مەزگىل ئىزدىنىش ئارقىلىق، كىشىلەرنىڭ كېسىلىنى كۆرۈشكە، دورا بېرىشكە باشلىغان. ئۇ، تېۋىپلىق قىلىش جەريانىدا، ئۆزىنىڭ تىبابەتچىلىك ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، تاغىسىدىن قالغان «دەستۇرى ئىلاج»، «ئەخرەتتىـــل بەگ»، «مەسنى ئەدۋى» قاتارلىق تىبابەتچىلىككە دائىر كىلاسسىك ئەسەرلەرنى ئەستايىدىل بېرىلىپ ئوقۇغان ھەمدە ئۆزىنىڭ كېسەلگە دىئاگنوز قويۇشتا پايدىلىنىشى ئۈچۈن، ئۇ ئەسەرلەرنىڭ مۇھىملىرىنى تاللاپ، تەرجىمە قىلىپ رەتلىگەن. ئۇ رەتلىگەن تىبابەتچىلىك توپلىمى ھازىر نەشىر قىلىنغان ئوخشاش خىلدىكى ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكى ئەسەرلىرىدىن 50 نەچچە يىل بالدۇر نەشىر قىلىنغان، ئۇنىڭدا يېزىلغان نۇرغۇن ئاددىي رېتسېپ، غەيرىي رەسمىي رېتسېپ، تەجرىبىدىن ئۆتكەن رېتسېپلار بىر قەدەر يۇقىرى پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە.

توختىمەمەت يۇسۇپ كىشىلەرگە تۈز مۇئامىلە قىلاتتى، ھوقۇق - كۈچتىن قورقمايتتى، پۇل، مال - دۇنيانى كۆزلىمەيتتى، ئۇ، ئالدىغا داۋالىنىشقا كەلگەنلەرنىڭ باي - كاتتا ياكى نامرات يوقىرا بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ھەممىسىگە ئوخشاش مۇئامىلە قىلاتتى. ئۇنىڭ خىـــزمەت پوزىتسىيىسى كەسكىن، ئەستايىدىل ئىدى، ھەر قېتىم دىئاگنوز قويغاندا، كېسەللەرنىڭ يېمەك - ئىچمەك، يېتىپ - قوپۇشلىرىنى، كېسەل تارىخىنى تەپسىلىي سوراپ، تومۇرىنى ئەستايىدىل تۇتۇپ كۆرۈپ، كېسەلگە قاراپ دورا بېرەتتى، زادىلا بىپەرۋالىق قىلمايتتى. خەۋپلىك، ئېغىر كېسەللەرنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ئۇنى ئۆيىگە چاقىرىپ كەلسە، ئۇ ئۇلارنىڭ تەلىپىنى چوقۇم قاندۇراتتى، چەت - يىراق تاغلىق رايونلاردىكى چىمدۇ، قوشراپ قاتارلىق جايلاردىمۇ ئۇنىڭ تىبابەتچىلىك ئىزلىرى قېلىپ قالغانىدى. ئۇ، ئاياللار كېسەللىكلىرى ۋە ئۆپكە كېسەللىكلىرىنىڭ ئەھلى ئىدى، بۇ خىل كېسەللەرنى ساقايتىش نىسبىتى ناھىيىتى يۇقىرى ئىدى.

توختىمەمەت يۇسۇپ يەنە دائىم كىشىلەرنىڭ يېشىنى، مۆچىلىنى ھېسابلاپ بېرەتتى، دېھقانلارنى مەۋسۇمدىن خەۋەردار قىلىپ، ئۇلارنىڭ ۋاقتىدا تېرىقچىلىق قىلىشىغا ھەيدەكچىلىك قىلاتتى.

1940 - يىلى مەنناپ پوسكامغا ھاكىم بولغاندا، توختىمەمەت يۇسۇپ يۇقىرىقى پوسكام

جاڭزىسىنىڭ شاڭيولۇقىغا تەيىنلەنگەن، ئاما، ئادەت تىلىدا شاڭيونى «بەگ» دەپ ئاتىغاچقا، ئۇ «تۆپ توختى بەگ» دېگەن ھۆرمەت نامىغا ئېرىشكەن. 1943 ـ يىلدىن 1949 ـ يىلغىچە ئۇ ناھىيىلىك ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى، مالىيە سودا مۇپەتتىشى، مۇدىر بوغالتىر بولغان.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، توختىمەمەت يۇسۇپ ئىسھاق ئاخۇن، ئابدۇقادىر مەخسۇم قاتارلىق تېۋىپلار بىلەن بىرلىشىپ، ئۇيغۇر تىبابەتچىلىك شىپاخانىسى قۇرۇپ، داۋاملىق تۈردە ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ كېسىلىنى داۋالىدى.

1957 ـ يىلدىن 1966 ـ يىلغىچە ئۇ سىياسىي كېڭەش پوسكام ناھىيىلىك 1 ـ، 2 ـ، 3 ـ، 4 ـ، 5 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتلىرىنىڭ ئەزاسى، دائىمىي ئەزاسى بولدى.

1966 ـ يىلى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلانغاندىن كېيىن، مىللىي تىبابەتچىلىك بىر مەھەل بەزى كىشىلەر تەرىپىدىن «تۆت كونا» دەپ قارىلىپ ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى، توختىمەمەت يۇسۇپمۇ ئادالەتسىز تەنقىدكە ئۇچرىدى. 1966 ـ يىل 7 ـ ئايدا توختىمەمەت يۇسۇپ كېسەللىك سەۋەبى بىلەن 82 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتتى.

## ناسىرجان

ناسىرجان (1884 — 1972)، ئەر، ئۆزبېك، ئەسلى يۇرتى سوۋېت ئىتتىپاقى ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيىتى ئەنجان شەھىرىنىڭ ئەسقەر رايونى ئىدى. ئۇ، ئون يېشىدا تاغىسى ئىلياس بايدىن ياغاچچىلىقنى ئۆگەنگەن. 16 يېشىدا مۇستەقىل ھۈنەر قىلالايدىغان بولۇپ، شۇ يەرنىڭ داڭلىق ياغاچچىسى بولۇپ قالغان.

1927 ـ يىلى ناسىرجان ئۆيىدىن چىقىپ كېتىپ، قەشقەرگە كېلىپ، ياغاچچىلىق قىلىپ تۇرمۇش كەچۈرگەن. 1930 ـ يىلدىن تارتىپ ياغاچچىلىقنى تاشلاپ سودىگەرلىك قىلىپ، قەشقەر، خوتەن قاتارلىق جايلاردا گەزمال سودىسى بىلەن شۇغۇللانغان. 1934 ـ يىلى ئۇرۇش مالىمانچىلىقى يۈز بەرگەنلىكى، ئالۋان ـ ياساقلارنىڭ ئېغىرلىقى تۈپەيلىدىن، ناسىرجان سودىدا زىيان تارتقان، ئۇلۇغئېرىق كەنتىدىكى سۇلتان باي (ئۆزبېك) نىڭ نەسىھەت قىلىپ ئېلىپ قېلىشى بىلەن، شۇ كەنتتە ئولتۇراقلىشىپ، دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىشنى ئاساس، ياغاچچىلىقنى قوشۇمچە قىلغان.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ناسىرجان شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى بىلەن بىرلىكتە يېڭى ھاياتقا ئېرىشتى، ئۇ، ئەقىل ـ پاراسىتىنى نامايان قىلىش پۇرسىتىگە ئىگە بولدى. 1954 ـ يىلدىن باشلاپ، ئۇ، پوسكام ناھىيىسىدە سۇ كۈچى بىلەن ماڭىدىغان پاختا چىقىرىش ماشىنىسى، ياغ تارتىش ماشىنىسى، كۆپ قاتارلىق سوقا، ئاتقا سۆرىتىلىدىغان ئورۇش ـ يىغىش ماشىنىسى، بەش قۇرلۇق بۇغداي سىيالكىسى، خامان سورۇيدىغان شامالدۇرغۇچ قاتارلىق كۆپ خىل، يېڭىچە دېھقانچىلىق سايمانلىرى ۋە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش ئۈسكۈنىلىرىنى ياساپ چىقتى. بۇ ئۈسكۈنىلەرنىڭ قۇرۇلمىسى ئاددىي، ئىشلىتىش قولايلىق، ئىش ئۈنۈمى كونىچە دېھقانچىلىق سايمانلىرىنىڭكىدىن بىر نەچچە ھەسسە، ھەتتا بىر نەچچە ئون ھەسسە يۇقىرى بولدى. ئۇ ياسىغان پاختا چىقىرىش ماشىنىسىنى ئىككى ئادەم باشقۇراتتى، ھەر كۈنى 100 نەچچە كىلوگرام پاختا چىقارغىلى بولاتتى. ئۇنىڭدىن بۇرۇن ناھىيە

تەۋەسىدىكى دېھقانلار كونىچە چىغرىق بىلەن پاختا چىقىراتتى، بىر ئادەم بىر كۈندە ئاران بىر كىلوگرام پاختا چىقىرالايتتى. ئۇ ياسىغان ياغ تارتىش ماشىنىسىنىڭ ئىش ئۈنۈمى ئىپتىدائىي جۇۋازنىڭكىدىن تۆت ھەسسە يۇقىرى بولدى، ئۇ، ئۇن خىلدىن ئارتۇق كونىچە دېھقانچىلىق سايمىنىنى ئۆزگەرتتى، ئالدى بىلەن، ياغاچ ھارۋىغا ساقىلىق قازان ئورنىتىپ، ترانسپورت ئۈنۈمىنى ئۆستۈردى.

ناسىرجان يېڭىلىق يارىتىش روھىغا باي بىر ياغاچچى بولۇپلا قالماستىن، ئۇستا باغۋەن ۋە ماھىر پاختىكار ئىدى. ئۇ، پوسكام ناھىيىسىدە ئولتۇراقلاشقاندىن كېيىن، بەشكەنت ئۆستىڭىنىڭ بويىدا ئىككى مو باغ بەرپا قىلىپ، سىرتقى جايلاردىن 20 نەچچە خىل مېۋىلىك دەرەخنىڭ يېڭى سورتى - قەشقەر ئەنجۈرى، قاغىلىق ئانىرى ۋە قەغەز ياڭىقى، خوتەننىڭ قارا يوپۇرماقلىق ئۆرۈكى، چىلگە شاپتۇلى، ئالمىسى قاتارلىقلارنى كەلتۈرۈپ ئۆستۈردى. ئۈزۈم سورتلىرىدىن جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا ئۆستۈرۈلىدىغان 12 خىل سورتنىڭ ھەممىسى بار ئىدى، قاپاق ئۈزۈم ئۈزۈملەرنىڭ ئالىي سورتى ئىدى. بۇ سورت بالدۇر پىشىدۇ (8 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا پىشىدۇ)، دانىسى چوڭ (كەپتەر تۇخۇمىدەك)، ئۇرۇقى ئاز، تەملىك، بۇ يېڭى سورتنى جايلاردا ئىقلىملاشتۇرۇش ئۈچۈن، ئۇ جايلاردىكى ئاممىنى كۆپ مىقداردىكى كۆچەت بىلەن تەمىنلىدى ھەمدە ئۇنى ئۆستۈرۈش تېخنىكىسىنى ئۆگىتىپ قويىدى.

1958 - يىلى ناسىرجان قېتىرقىنىپ تەتقىق قىلىش ۋە قايتا - قايتا تەجرىبە قىلىش ئارقىلىق، كېۋەزنى چۈنەك تارتىپ ئۆستۈرۈش تېخنىكىسىنى پوسكامدا تۇنجى قېتىم قوللىنىپ، ئۆزى تۇرۇشلۇق ئۇلۇغئېرىق كەنتىنى كېۋەزدىن زور كۆلەمدە مول ھوسۇل ئېلىش، بىرلىك مەھسۇلاتىنى ئىلگىرىكى تەخمىنەن ئون كىلوگرامدىن 40 نەچچە كىلوگرامغا يەتكۈزۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى. ئۇنىڭ بۇ تېخنىكا نەتىجىسىنى ئېكسكۇرسىيە قىلىش، ئۆگىنىشكە ئاپتونوم رايونلۇق دېھقانچىلىق نازارىتى ۋە شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى ئادەم تەشكىللىدى.

ناسىرجاننىڭ يېڭىلىق يارىتىش روھى ۋە كۆرۈنەرلىك ئەمگەك نەتىجىسى پارتىيە ۋە خەلق ئاممىسىنىڭ يۇكسەك باھاسىغا ئېرىشتى. 1957 - يىلى ئۇ ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزالىقىغا سايلاندى. 1958 - يىلدىن 1960 - يىلغىچە ئۇ ھەر يىلى ئەمگەك نەمۇنىچىسى بولۇپ باھالىنىپ، كۆپ قېتىم ناھىيىلىك پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەقدىرلىشى ۋە مۇكاپاتلىشىغا ئېرىشتى.

1959 - يىلى ناھىيىلىك پارتكوم بىرلىكسەپ بۆلۈمى ئۇلۇغئېرىق چوڭ ئەترىتىدە نەق مەيدان يىغىنى چاقىرىپ، پۈتۈن ناھىيىدىكى كادىرلار، گوڭشې ئەزالىرى ئاممىسى، دېموكراتىك زاتلار، دىنىي زاتلارنى ناسىرجاندىن ئۆگىنىشكە چاقىردى.

ناسىرجان 1972 - يىلى ئۇلۇغئېرىقتا 88 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتتى.

## مەمتىمىن ئەيسا قازى

مەمتىمىن ئەيسا قازى (1894 — 1972)، پوسكام ناھىيىسىنىڭ يىما يېزىسى باغئېرىق كەنتىدىن، ئەسلى ئىسمى مەمتىمىن ئەيسا، «قازى» ئۇنىڭ دىنىي ۋەزىپە نامى.

مەمتىمىن ئەيسا قازى يەتتە يېشىدىن تارتىپ باغئېرىق كەنتىدىكى يۇسۇپ ئاخۇندىن دىنىي

تەلىم ئالغان، ئۈچ يىلدىن كېيىن يەكەن سەيشەنبە بازاردىكى ئىسلام قازىدىن ئەرەب ۋە پارس تىل - يېزىقلىرىنى ئۆگەنگەن، پوسكامغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئابدۇرېھىم رەئىس قاتارلىق كىشىلەردىن فىقھە، ئىسلام تارىخى، ئاسترونومىيە، پەلسەپىگە دائىر بىلىملەرنى ئۆگىنىپ، شۇ يەردىكى مەشھۇر ئەرباپ بولۇپ قالغان.

1922 - يىلى مەمتىمىن ئەيسا بازار مەسچىتىنىڭ ئىمامى بولغان. 1937 - يىلى پوسكام ناھىيىلىك مەھكىمە شەرئىنىڭ قازىلىقىغا ئۆستۈرۈلگەن. ئۇ، 1946 - يىلغىچە مۇشۇ ۋەزىپىدە بولغان.

مەمتىمىن ئەيسا قازى دېموكراتىك ئىدىيىگە ئىگە دىنىي زات ئىدى. 1946 - يىلىنىڭ بېشىدا تاشقورغان مىللىي ئىنقىلابىي ئارمىيىسى پوسكامنى ئىشغال قىلغان مەزگىلدە، ئۇ، مىللىي ئارمىيىنىڭ رەھبەرلىرىدىن ھېكىم قۇل ۋە قادىرقۇل قاتارلىق كىشىلەر بىلەن تونۇشۇپ، مىللىي ئارمىيىنىڭ مەخپىي ئالاقىچىلىقىغا تەيىنلىنىپ، پوسكامدىن دامىسى (مىللىي ئارمىيىنىڭ قوماندانلىق شتابى تۇرغان جاي) غىچە بولغان ئارىلىقتىكى ئاخبارات خىزمىتىگە مەسئۇل بولغان. 1946 - يىلى كېڭەش باشلىقى ۋە ھاكىمنى دېموكراتىك يوسۇندا سايلاش ۋاقتىدا، مەمتىمىن ئەيسا قازى پوسكام ناھىيىلىك كېڭەشنىڭ باشلىقلىقىغا سايلانغان. 1947 - يىلىنىڭ بېشىدا گومىنداڭ ئەكسىيەتچى دائىرىلىرى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قاتناشقان ۋە مەدەت بەرگەن تەرەققىيپەرۋەر ياشلار ۋە دېموكراتىك زاتلارغا غالجىرلارچە زىيانكەشلىك قىلغان، مەمتىمىن ئەيسانىڭ كېڭەش باشلىقلىق ۋەزىپىسىنى ئېلىپ تاشلىغان ھەمدە 1947 - يىل 8 - ئايدا ئۇ پوسكام ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسى تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىپ تۈرمىگە تاشلانغان. ئۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە 70 نەچچە نەپەر تەرەققىيپەرۋەر زات قولغا ئېلىنغان. ئۇ تۈرمىدە قاتتىق قىيىن - قىستاققا ئېلىنغان، كېيىن يەكەندىكى ئىمام ھاجى مۇپتىنىڭ ئارىغا ئادەم قويۇشى ئارقىلىق، ئۇ ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ قالغان. 1949 - يىل 4 - ئايدا قويۇپ بېرىلگەن.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، مەمتىمىن ئەيسا قازى پارتىيە رەھبەرلىكىنى ھىمايە قىلىپ، دىنىي زاتلار ۋە دىنغا ئېتىقاد قىلغۇچى ئاممىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، دېموكراتىك ئىسلاھات ۋە سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىشتە پائال رول ئوينىدى.

1952 - يىلدىكى يەر ئىسلاھاتى ۋاقتىدا، شۇ چاغدىكى سىياسەت، بەلگىلىمە بويىچە، جايلاردىكى مەسچىتلەرگە قاراشلىق ۋەخپە يەرلەرنى قايتۇرۇۋېلىش - قايتۇرۇۋالماسلىق مەسىلىسىنى ھۆكۈمەت بىلەن شۇ جايدىكى دىنىي زاتلار كېڭىشىپ ھەل قىلىش كېرەك ئىدى. مەمتىمىن ئەيسا قازى ناھىيىلىك يەر ئىسلاھاتى كومىتېتىنىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن، بىر نەچچە ئاخۇن بىلەن بىرلىكتە بىر خىزمەت گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ، ھەر قايسى مەسچىتلەرگە بېرىپ تەشۋىق قىلىپ، دىنىي ئىمتىيازنى بىكار قىلىشنىڭ قائىدىلىرىنى چۈشەندۈردى، نەتىجىدە ناھىيە بويىچە ھەر قايسى مەسچىتلەرنىڭ ۋەخپە يەرلىرى ئوڭۇشلۇق ھالدا قايتۇرۇۋېلىنىپ، ھەممىسى قەد كۆتۈرگەن دېھقانلار ئاممىسىغا تەقسىم قىلىپ بېرىلدى.

1955 - يىلى ئارا مەھەللە چوڭ ئەترىتىدە كوپېراتىپ ئەزالىرىنىڭ كوپېراتىپتىن چىقىپ كېتىش ۋەقەسى يۈز بەردى، غەۋغا كۆتۈرگەن ئاما خاماندىكى بۇغدايلارنى بۆلدى. مەمتىمىن ئەيسا قازى پارتىيىنىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن، خىزمەت گۇرۇپپىسى قارىمىقىدا بۇ چوڭ ئەترەتكە كېلىپ، كوپېراتىپ ئەزالىرى ئاممىسىغا سەۋرچانلىق بىلەن، ئىنچىكە تەشۋىقات - تەربىيە خىزمىتى ئىشلەپ، بۆلۈپ كېتىلگەن بۇغدايلارنى قايتۇرۇۋالدى. 1957 - يىلى ئۇ يەنە ئوبۇل

سېپىتخان قاتارلىقلار بىلەن بىرلىكتە، تاجىك ئەزالارنىڭ كوپىراتىپتىن چىقىپ كېتىش غەۋغاسى كۆتۈرگەنلىك مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، جاپالىق، ئىنچىكە خىزمەتلەرنى ئىشلىدى.

1957 - يىلى ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەش قۇرۇلغاندىن تارتىپ، ئۇ ئۇدا بەش نۆۋەتلىك سىياسىي كېڭەش پوسكام ناھىيىلىك كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىكىگە سايلاندى. 1954 - ۋە 1957 - يىللىرى شىنجاڭ ئېكسكۇرسىيە ئۆمىكى تەركىبىدە ئىچكى ئۆلكىلەرگە ئىككى قېتىم ئېكسكۇرسىيە ۋە ئۆگىنىشكە باردى.

مەمتىمىن ئەيسا قازى 1972 - يىلى ئۆز ئۆيىدە 78 يېشىدا كېسەل سەۋەبى بىلەن ئالەمدىن ئۆتتى.

## چېن جيەن

چېن جيەن (1918 - 1973)، ئەر، خەنزۇ، خۇنەن ئۆلكىسىنىڭ شىمېن ناھىيىسىدىن، ئائىلە كېلىپ چىقىشى كەمبەغەل دېھقان. ئۇ، 1951 - يىلى جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ قوبۇل قىلىشى ۋە تەكلىپى بىلەن شىنجاڭغا خىزمەتكە كېلىپ، جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رايونى ئارقا سەپ تەمىنات بۆلۈمى تىببىي دورىگەرلىك ساقلىق ساقلاش ئورنىنىڭ دوختۇر ياردەمچىسى، جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رابونى ئارقا سەپ تەمىنات بۆلۈمى ئامبۇلاتورىيىسىنىڭ دوختۇرى، جەنۇبىي شىنجاڭ رايونلۇق پارتكوم ئامبۇلاتورىيىسىنىڭ دوختۇرى. قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكوم ئامبۇلاتورىيىسىنىڭ باشلىقى قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولغان. 1962 - يىل 10 - ئايدا پوسكام ناھىيىسىگە يۆتكىلىپ، ناھىيىلىك خەلق دوختۇرخانىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولغان.

چېن جيەن ناھىيىگە كەلگەن دەسلەپكى چاغلاردا، ناھىيىلىك دوختۇرخانىدا ئارانلا 20 نەچچە دوختۇر - سېستىرا بار ئىدى، ئۇ چاغدا ناھىيىلىك يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش پونكىتى تېخى قۇرۇلمىغانىدى، ھەر قايسى گۇڭشې، مەيدان شىپاخانىلىرىمۇ مۇكەممەل ئەمەس ئىدى، ناھىيىلىك دوختۇرخانا پۈتۈن ناھىيىنىڭ داۋالاش، يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئانا - بالىلار ساقلىقىنى ساقلاش قاتارلىق خىزمەتلىرىنى ئۈستىگە ئالغانىدى. ئادەم ئاز، ئىش كۆپ بولغان ئەھۋالدا، چېن جيەن كۈچنى مۇۋاپىق تەڭشەپ، ھەر يىلى ئۈچتىن بىر قىسىم دوختۇر - سېستىرانى ئاجرىتىپ، ئۇلارغا ئۆزى يېتەكچىلىك قىلىپ يېزىلارغا بېرىپ سەييارە كېسەل داۋالىدى، يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق ھەرىكىتىنى قانات يايدۇردى. ئۇ، دوختۇرخانىنىڭ خىزمەتلىرىنى ياخشىلاش ئۈچۈن، سېستىرالار تۈزۈمى، دوختۇرلارنىڭ كېسەلخانىلارنى تەكشۈرۈش تۈزۈمى، كېسەللەرنى دەرىجىگە ئايرىپ كۈتۈش تۈزۈمى، كېسەلخانىدا ياتقۇچىلار رىئايە قىلىشقا تېگىشلىك قائىدىلەرنى شەخسەن ئۆزى تۈزۈپ چىقتى ھەمدە ئۇنىڭ ئىجرا قىلىنىشىغا قاتتىق نازارەتچىلىك قىلدى، شۇنىڭ بىلەن ناھىيىلىك دوختۇرخانىنىڭ ئىلگىرىكى باشقۇرۇش قالايمىقان بولۇش، ئەمەل قىلىنىدىغان قائىدە - تۈزۈم بولماسلىق ئەھۋالى ناھايىتى تېزلا ئۆزگەردى.

چېن جيەن خېلى يۇقىرى تىببىي تېخنىكىغا ۋە يۈكسەك تىببىي ئەخلاققا ئىگە ئىدى. ئۇ، يەرلىك ئۇسۇل بىلەن زامانىۋى ئۇسۇلنى بىرلەشتۈرۈش چارىسىنى كۆپ قېتىم قوللىنىپ، ئامما ئارىسىدىكى دائىم ئۇچرايدىغان كېسەللىكلەرنى داۋالاپ، ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشتى. ئۇ، بالىلاردا

بولىدىغان جاھىل كېسەل — كۆكيۆتەلنى قوينىڭ جىگىرىگە ئۆت قوشۇپ داۋالىدى. 1969 - يىلى جاپا - مۇشەققەتلەرنى بېشىدىن كەچۈرگەن چېن جيەن ناھىيىلىك دوختۇرخانا دورىخانىسىنىڭ خىزمىتىگە مەسئۇل قىلىندى، ئۇ، ناھىيىدىكى جۇڭيى دورا ئۆسۈملۈك بايلىقلىرىدىن پايدىلىنىپ، كۆپ قېتىم تەجرىبە قىلىش ئارقىلىق، ياشانغانلاردا بولىدىغان كاناي ياللۇغىنى داۋالايدىغان ئۇۋاق دورا ۋە باشقا بىر قانچە خىل جۇڭيى دورىسىنى ياسىدى. ئۇ، ھەر بىر خىل دورىنى ياسىغاندىن كېيىن، ئاۋۋال ئۆزى سىناپ كۆرۈپ، ئەكس تەسىرى يوقلۇقىنى مۇقىملاشتۇرغاندىن كېيىن، ئاندىن ئىشلەپچىقارغۇزۇپ، دوختۇرخانىنىڭ ئىشلىتىشىگە بەردى. 1970 - يىلى چېن جيەن كۆكرەك قىسمىنىڭ تاۋى يوقلۇقىنى ھېس قىلىشقا باشلىدى. 1971 - يىلى ناھىيىلىك دوختۇرخانا ئۇنىڭغا ئۆپكە راكى دەپ دىئاگنوز قويدى، شۇ يىلى كۈزدە ئۇ شاڭخەي، خۇنەن قاتارلىق جايلارغا ئېلىپ بېرىلىپ داۋالىتىلدى. 1973 - يىل 9 - ئايدا پوسكام ناھىيىلىك دوختۇرخانىدا 55 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتتى.

## توختىمەت ئۆمەر

توختىمەت ئۆمەر (1949 - 1975)، پوسكام ناھىيىسىنىڭ ئاقتام گۇڭشېسى ھازاتام چوڭ ئەترىتىدىن، ئۇ، ئالتە يېشىدا ئاقتام باشلانغۇچ مەكتىپىگە ئوقۇشقا كىرگەن. 13 ياشقا كىرگەندە ئىمتىھان ئارقىلىق قەشقەر تىببىي تېخنىكومىغا قوبۇل قىلىنغان، بىر يىلدىن كېيىن مەكتەپتە دەرس توختىتىلغاچقا، قەشقەر ۋىلايەتلىك تراكتور پونكىتىغا خىزمەتكە تەقسىم قىلىنىپ، تۇرسۇن ئاخۇن ئۇستامدىن ستانوك باشقۇرۇشنى ئۆگەنگەن. ئۇ، 1964 - يىلى قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىلىك تراكتور پونكىتىدا تراكتور رېمونت قىلىش ۋە ھەيدەشنى ئۆگەنگەن. ئۇ، ئەستايىدىل، بېرىلىپ ئۆگەنگەچكە، تراكتور ھەيدەش ۋە ئادەتتىكى رېمونتچىلىق تېخنىكىسىنى ئىككى يىلدىلا ئىگىلىۋېلىپ، «شەرق قىزاردى — 54» تىپلىق زەنجىر تاپان تراكتورنى ھەيدەشكە تەقسىم قىلىنغان. ئۇ، ھەر يىلى ئەتىيازلىق ۋە كۈزلۈك تېرىلغۇ مەۋسۇملىرىدە، دېھقانلار ئالدىرىغانغا ئالدىراپ، كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ يەر ھەيدەيتتى، يەكشەنبە كۈنلىرىمۇ ناھايىتى ئاز ئارام ئالاتتى، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر يىلى 30 مىڭ مودىن ئارتۇق يەر ھەيدەيتتى. ئۇ، ئادەتتىكى چاغلاردا، تراكتورنى ئاسراشقا ئەھمىيەت بېرەتتى، ئۇ ئىشلەتكەن تراكتوردىن تۆت يىلغىچە چوڭ چاتاق چىقمىغانىدى. خىزمىتى جاپالىق، ئائىلە تۇرمۇشى قىيىن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ دېھقانلارغا ھەرگىز ئاۋارىچىلىق كەلتۈرمەيتتى، ئۇلاردىن نەرسە - كېرەك تەلەپ قىلمايتتى، شۇڭا ئامما كۆپ قېتىم ناھىيىلىك تراكتور پونكىتىغا خەت يېزىپ، ئۇنى تەقدىرلىگەنىدى. 1970 - يىلى تراكتور پونكىتىنىڭ باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى ئىسلاھ قىلىنغاچقا، ئۇ زەمىن گۇڭشېسى تراكتور پونكىتىغا تەقسىم قىلىنىپ، «تۆمۈر ئۆكۈز — 55» تىپلىق تراكتورنى ھەيدەپ ترانسپورت بىلەن شۇغۇللانغانىدى.

توختىمەت ئۆمەر كىچىككىدىنلا كىشىلەرگە ياردەم بېرىشنى خۇشاللىق دەپ بىلىدىغان ياخشى پەزىلەتكە ئادەتلەنگەن، ھەققانىيەت ۋە ھېسداشلىق تۇيغۇسىغا باي ئىدى. ئۇ، تراكتورچى بولغاندىن كېيىن، يولدا ياشانغان، ئاجىز، كېسەلچان كىشىلەر قول ئىشارىسى قىلسا، تراكتورنى توختىتىپ ئۇلارنى ئېلىۋالاتتى، كەسپداشلىرىنىڭ تراكتورى بۇزۇلۇپ قالسا ياكى پاتقاققا پېتىپ قالسا، ئۇ، دائىم كۈچىنىڭ بارىچە ياردەم بېرەتتى.

1974 - يىلى ئۇ پوسكام ناھىيىسىنىڭ ئاقتام سۇ ئامبىرىنى ياساشقا قاتناشقاندا، گۇگشىي ئەزالىرى ئامىسىنىڭ 100 دىن ئارتۇق ئىشەك ھارۋىسى ۋە ۋېلسىپىتىنى ھەقسىز رېمونت قىلىپ بەرگەندى.

1968 - يىلى قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى موللاق ئىسلام تارتىپ چىقىرىلىپ كۈرەش قىلىنىپ، ناھىيىلىك تراكتور پونكىتىغا چۈشۈرۈلۈپ، توختىمەت ئۆمەرگە سۇ ئەكىلىپ بېرىدىغان، ئۇنىڭ تراكتورىغا ماي قاچىلايدىغان ئېغىر ئىشلارنى قىلىپ بېرىدىغان ياردەمچىلىككە تەقسىم قىلىنىدۇ. توختىمەت ئۆمەر يەنىلا ئۇنىڭغا ھۆرمەت قىلغان ۋە كۆڭۈل بۆلگەندى، كېيىن بۇ ئىدارە باشلىقىمۇ تراكتور ھەيدەشنى ئۆگىنىۋالغان، بۇ جەرياندا ئۇ ئىككىسى سىرداش دوستلاردىن بولۇپ قالغانىدى.

1973 - يىل 11 - ئايدا توختىمەت ئۆمەر پوسكام ناھىيىسىنىڭ ئاقتام گۇڭشېسىغا يۆتكىلىپ گۇگشىي تراكتور پونكىتىدا رېمونتچىلىق قىلدى. ئۇ چاغدا، پونكىتتا 55 تىپلىق تراكتوردىن بىرى بار ئىدى، ئۇ تراكتوردىن ئېغىر چاتاق چىققاچقا، ئىشلىتىلىشتىن توختىتىلغىنىغا ئىككى يىل بولغانىدى، ئۇنى ناھىيىلىك رېمونت زاۋۇتىغا ئېلىپ بارسا 5000 يۈەندىن كۆپرەك پۇل كېتەتتى، تراكتور پونكىتى ئۇنچىۋالا كۆپ پۇلنى بىراقلا چىقىرالمايتتى. ئۇ، ئەھۋالنى ئۇققاندىن كېيىن، جەسۇرلۇق بىلەن بۇ تراكتورنى رېمونت قىلىش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالدى. بۇ دەل قاتتىق سوغۇق بولىۋاتقان قاپاق ياردى مەزگىلى ئىدى، ئۇ، ئىسسىتىش ئۈسكۈنىسى بولمىغان تراكتور ئۆيىدە بىر ئايدىن كۆپرەك كۈرەش قىلىپ، باشقا يولداشلارنىڭ ماسلىشىشى ئارقىسىدا، ئاخىرى بۇ تراكتورنى رېمونت قىلىپ تراكتور پونكىتىغا زور چىقىمنى تېجەپ بەردى.

1975 - يىل 11 - ئاينىڭ 28 - كۈنى لەپىلدەپ قار يېغىۋاتاتتى، توختىمەت ئۆمەر تراكتورنى ھەيدەپ ناھىيىلىك كۆمۈر كانىغا كۆمۈر ئېلىپ كېلىشكە بارىدۇ. ئۇ، كۆمۈرنى قاچىلاپ بولۇپ، تراكتورنى ھەيدەپ چىمدۇ ئەتراپىغا كېلىپ، بىر دۆڭگە ئاستا چىقىۋاتقاندا، توساتتىن ئالدى تەرەپتىن بىر توپ ئېشەك ۋە بىر نەچچە نەپەر گۇگشىي ئەزاسىنىڭ يۈگرەپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالىدۇ. يولنىڭ ئوڭ تەرىپى تىك قىيا، سول تەرىپى نەچچە ئون مېتر چوڭقۇرلۇقتىكى جىلغا بولۇپ، يول تار ئىدى، گۇگشىي ئەزالىرى ئۆزىنى قاچۇرۇشقا ئۈلگۈرەلمىدى، قىل ئۈستىدە تۇرغان شۇ پەيتتە، ئۇ تراكتورنى قاتتىق تورمۇزلىۋالىدۇ، گۇگشىي ئەزالىرى ئامىسىنىڭ ھاياتى، مال - مۈلكى ساقلاپ قېلىنىدۇ، لېكىن ئۇ تراكتور بىلەن بىللە ئاغدۇرۇلۇپ جىلغىغا چۈشۈپ كېتىپ، ياش ھاياتىنى تەقدىم قىلىدۇ.

1975 - يىل 3 - ئاينىڭ 28 - كۈنى كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى پوسكام ناھىيىلىك كومىتېتى توختىمەت ئۆمەرنى «نەمۇنىچى كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى ئەزاسى» دەپ تونۇش توغرىسىدا قارار چىقاردى.

## ئىسھاق ئاخۇن

ئىسھاق ئاخۇن (1895 — 1976) ، پوسكام ناھىيىسىنىڭ پوسكام گۇڭشېسىدىن، پوسكام ناھىيىسىدىكى ئاتاقلىق مىللىي تېۋىپ. ئۇ، كىچىكىدە ئاتا - ئانىسىدىن يېتىم قېلىپ، ئاكىسى ئىبراھىم ئاخۇننىڭ تەربىيىسىدە چوڭ بولغان، ئالتە يېشىدا ئەرەب تىل - يېزىقىنى ئۆگەنگەن. 15 ياشقا كىرگەندە بازاردىكى توختىھاجىنىڭ ماتاڭ - ماشئۇگرە دۇكىنىدا بوغالتېر بولغان، ئۇ،

ئىش قىلىشنى ئەستايىدىل بولغاچقا، دۇكان خوجايىنى توختىھاجىنىڭ ئەتىۋارلىشىغا ئېرىشكەن. 20 ياشقا كىرگەندە، توختىھاجى ئۇنى كۈيئوغۇل قىلىۋالغان، لېكىن ئۇنىڭ پىششىقلاپ ئىشلەش كەسپى بىلەن ئۆمۈرۋايەت شۇغۇللىنىش نىيىتى بولمىغاچقا، قېيىنئاتىسىنىڭ دۇكانىنى باشقۇرۇشىغا ياردەملەشكەچ، ۋاقىت چىقىرىپ ھوشۇر ئەلەم ئاخۇنۇم داۋاملىق تۇردە ماتېماتىكا، تىبابەتچىلىك نەزەرىيىلىرىنى بېرىلىپ ئۆگەنگەن. ئۇ، جەمئىيەتتە تولغاق، چېچەك، سىبىلىس، باش تەمرەتكىسى، پوقاق قاتارلىق كېسەللىكلەرنىڭ تارقالغانلىقىنى، ئاممىنىڭ داۋالىنىشقا چارىسىز قالغانلىقىنى كۆرۈپ، دوختۇر - تېۋىپ بولۇپ، ئاممىنى ئازابتىن قۇتۇلدۇرۇشقا بەل باغلىغان. ئىسھاق ئاخۇن جۇڭيى دورا ئۈسۈملۈكلىرىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنى ئىگىلەشتىن قول سېلىپ، ئۇزلۇكسىز ئىزدىنىپ، كېسەلگە مىللىي تىبابەتچىلىك ۋە جۇڭيى تىبابەتچىلىكى بويىچە دىئاگنوز قويۇش، رېتسىپ يېزىش قاتارلىق تېخنىكىلارنى ناھايىتى تېز ئىگىلىۋالغان. 30 ياشقا كىرگەندە، يېراق - يېقىنغا داڭلىق مىللىي تېۋىپ بولۇپ قالغان، بولۇپمۇ تەمرەتكە، قىچىشقاق قاتارلىق تېرە كېسەللىكلىرىنى داۋالاشتا ئالاھىدە كۆزگە كۆرۈنگەن. سەيلى يېزىسىنىڭ مىڭلىق كەنتىدىكى بىر دېھقاننىڭ ئوڭ قۇلىقىدىن توختىماي يىرىڭ ئېقىپ، چوڭ بىر تۆشۈك ئېچىلىپ قالغانىدى. ئۇ دېھقان بەكمۇ ئازابلىنىپ، تەرەپ - تەرەپكە بېرىپ داۋالانغان بولسىمۇ، ئۈنۈمى بولمىغانىدى، ئاخىر ئىسھاق ئاخۇن ئۇنى يەرلىك رېتسىپ بىلەن ساقايتقان.

1930 - يىلى ھوشۇر ئەلەم ئاخۇنۇمنىڭ كۆرسىتىشى بىلەن، ئىسھاق ئاخۇن مەسچىتنىڭ ئىمامى بولغان. ئۇ، ئىماملىق قىلغاندىن باشقا، داۋاملىق تۇردە تىبابەتچىلىك بىلەن شۇغۇللانغان.

ئازادلىقتىن كېيىن، ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكى خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ غەمخورلۇقىدا يېڭى تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى. 1956 - يىلدىكى سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش ھەرىكىتىدە، ئىسھاق ئاخۇن توختىمەمەت يۈسۈپ، ئابدۇقادىر مەخسۇم قاتارلىق بىر نەچچە مىللىي تېۋىپ بىلەن بىرلىشىپ. پوسكام ناھىيىسى تارىخىدىكى تۇنجى ئۇيغۇر تىبابەتچىلىك شىپاخانىسىنى قۇردى، ئۇنىڭ تىبابەتچىلىك ئەخلاقى يۇكسەك، تىبابەتچىلىك تېخنىكىسى يۇقىرى بولغاچقا، كېسەل كۆرسەتكۈچىلەر ئايىغى ئۈزۈلمەي كېلىپ تۇردى. 1975 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق سەھىيە نازارىتىنىڭ نازىرى ئىسھاقجان پوسكامغا خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈرۈشكە كەلگەندە: «ئىسھاق ئاخۇن شىنجاڭ بويىچە داڭلىق مىللىي تېۋىپ، ئۇ، ئاپتونوم رايونلۇق سەھىيە نازارىتىدە ئەنگە ئېلىنغان» دېدى.

1976 - يىل 5 - ئاينىڭ 11 - كۈنى كىشىلەرنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغان بۇ داڭلىق ئۇيغۇر تېۋىپ يۈرەك كېسىلى ئۇشتۇمتۇت قوزغىلىش سەۋەبى بىلەن 81 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتتى.

## شۆيىفېڭ

شۆيىفېڭ (1921 - 1978)، ئەر، خەنزۇ، شەنشى ئۆلكىسى زىجۇ ناھىيىسىنىڭ پېيجياۋەن دېگەن يېرىدىن. كىچىكىدە ئۇنىڭ ئائىلىسى نامراتلىقتا ئۆتكەن. ئۇ، 1943 - يىل 1 - ئايدا ئىنقىلابقا قاتناشقان، شۇ يىلى 8 - ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە كىرگەن. ئۇ، يېزىنىڭ كاتىپى، يېزا باشلىقى، رايوننىڭ كاتىپى، رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولغان. 1947 - يىل 10 - ئايدا جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىگە

قاتنىشىپ، 2 ـ جوْن 4 ـ شى ساپيورلارليەننىڭ سياسىي يېتەكچىسى، شى سياسىي بۆلۈمىنىڭ تەشۋىقات گەنسىسى بولغان. 1949 ـ يىلى شىنجاڭغا كېلىپ، 4 ـ شى ئارقا سەپ تەمىنات بۆلۈمىنىڭ بۆلۈم ئەزاسى ۋە ئارقا سەپ تەمىنات بۆلۈمىنىڭ سياسىي يېتەكچىسى قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولغان.

1950 ـ يىلدىن كېيىن يەرلىك ئورۇنغا ئالمىشىپ، پوسكام ناھىيىلىك پارتكومىنىڭ تۇنجى شۇجىلىقىنى ئۈستىگە ئالغان، كېيىن يەكەن ناھىيىلىك پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى، يەكەن ۋىلايەتلىك پارتكوم ئىشلەپچىقىرىش ھەمكارلىق بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، قاغىلىق ناھىيىلىك پارتكومىنىڭ شۇجىسى، قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكوم يېزا خىزمىتى بۆلۈمىنىڭ باشلىقى، شىنجاڭ «قىزىل بايراق» ماشىنىسازلىق زاۋۇتى پارتكومىنىڭ شۇجىسى قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولغان.

1950 ـ يىل 3 ـ ئايدا ئۇ سوپى سەلەي قاتارلىق بەش كىشى بىلەن بىللە، يەكەن ۋىلايەتلىك ھەربىي ئىدارە قىلىش كومىتېتىنىڭ ئەۋەتىشى بىلەن، پوسكامغا كېلىپ گومىنداڭ ھاكىمىيىتىنى ئۆتكۈزۈۋېلىپ، يېڭى ھاكىمىيەتنى قۇرۇش خىزمىتىنى قانات يايدۇرغان. ئىنتايىن قىيىن ئەھۋالدا. شۆيفېڭ ۋە خىزمەت گۇرۇپپىسىدىكى يولداشلار ئاممىنى چوڭقۇر ھەرىكەتلەندۈرۈپ، سىنىپىي قوشۇن تەشكىللەپ، خىزمەتنى ناھايىتى تېز قانات يايدۇرغان. ئۇلارنىڭ بىر ئايدىن كۆپرەك تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى ئارقىسىدا، 1950 ـ يىل 4 ـ ئايدا ناھىيىلىك 1 ـ نۆۋەتلىك ھەر مىللەت، ھەر ساھەدىكىلەرنىڭ خەلق ۋەكىللىرى يىغىنى چاقىرىلىپ، تارىختا خەلق خوجايىن بولغان تۇنجى دېموكراتىك ھاكىمىيەت ـ پوسكام ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى سايلام ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈلگەن، ئاندىن بازار ـ يېزىلاردا باۋ ـ جيا تۈزۈمى بىكار قىلىنىپ، ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيەتلىرى قۇرۇلغان. شۆيفېڭ ۋە خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى ئارقىلىق، 1950 ـ يىل 5 ـ ئايدا ناھىيىلىك تۇنجى نۆۋەتلىك دېھقانلار قۇرۇلتىيى چاقىرىلىپ، ناھىيىلىك دېھقانلار جەمئىيىتى سايلام ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈلگەن، يېزا، كەنتلەردە شۆبە جەمئىيەتلەر قۇرۇلغان، بۇ ئارقىلىق ئىجارە كېمەيتىش ـ زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش، يەر ئىسلاھاتى ئۈچۈن ئاساس سېلىنغان. 1950 ـ يىل 8 ـ ئايدا شۆيفېڭ بۇيرۇققا بىنائەن پوسكام ناھىيىسىدىن يۆتكەلگەن. ئۇ، ئاممىنىڭ دەرد ـ ئەلەملىرىگە كۆڭۈل بۆلگەنلىكى، بارلىق ناچار ھادىسىلەرگە قارشى كۈرەش قىلىشقا جۈرئەت قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ كېتىدىغان چاغدا، نۇرغۇنلىغان ئامما يول بويىدا ساقلاپ تۇرۇپ، پېشىگە ئېسىلىپ، ئايرىلىشقا كۆزى قىيمىغانلىقىنى ئىپادىلىگەن.

شۆيفېڭ 1978 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى ئۈچەي راكىغا گىرىپتار بولۇپ، كۆپ تەرەپلىمە داۋالاش ئۈنۈم بەرمەي، كورلا شەھىرىدىكى شىنجاڭ «قىزىل بايراق» ماشىنىسازلىق زاۋۇتىدا 58 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتتى.

## تاڭ رۇڭخۇا

تاڭ رۇڭخۇا (1928 — 1979)، ئەر، خەنزۇ، سىچۈەن ئۆلكىسى تۇڭنەن ناھىيىسىنىڭ بەيجاڭ رايونى جۈجيا يېزىسىدىن، ئائىلە كېلىپ چىقىشى ئىجارىكەش ئوتتۇرا دېھقان. ئۇ، سەككىز يېشىدا جۈجيا يېزىسىدىكى خۇسۇسىي مەكتەپتە ئوقۇغان، كېيىن دادىسى بىلەن بىرلىكتە

دېھقانچىلىق قىلغان.

1949 - يىل 5 - ئايدا تاڭ رۇڭخۋا شەنشىدىكى جىنياڭ ئۇرۇشىدا جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىگە قاتناشقان، ئۇ 2 - جۇن 6 - شى 17 - تۇەن 3 - يىڭدا مۇئاۋىن بەنجاڭ، 2 - جۇن تەلىم - تەربىيە تۇەنىدە ئوقۇغۇچى، بەنجاڭ بولغان. 1949 - يىل 12 - ئايدا پارتىيىگە كىرگەن.

1952 - يىل 6 - ئايدا تاڭ رۇڭخۋا قىسىمدىن كەسىپ ئالماشتۇرۇپ، پوسكام ناھىيىسىگە خىزمەتكە تەقسىم قىلىنغان، ئۇ، پوسكام ناھىيىلىك يەر ئىسلاھاتى خىزمەت ئەترىتىنىڭ مۇئاۋىن سىياسىي يېتەكچىسى، پوسكام ناھىيىلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ گەنسىسى، ناھىيىلىك تەمىنات - سودا كوپېراتىپىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، مۇدىرى، ناھىيىلىك پارتكوم مالىيە - سودا بۆلۈمىنىڭ باشلىقى، ناھىيىلىك خەلق كومىتېتى سودا - سانائەت بۆلۈمىنىڭ باشلىقى، ناھىيىلىك سودا ئىدارىسىنىڭ باشلىقى، ناھىيىلىك پارتكوم مالىيە - سودا ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولغان.

تاڭ رۇڭخۋا 1955 - يىلدىن باشلاپ، ئىزچىل تۈردە، ناھىيىلىك مالىيە - سودا سىستېمىسىدا رەھبەرلىك خىزمىتىنى ئۆتەپ كەلگەن. ئۇزۇندىن بۇيان، ئۇ مەدەنىيەت سەۋىيىسى تۆۋەن بولۇشتەك قىيىنچىلىقنى يېڭىپ، پارتىيىنىڭ مالىيە - سودا خىزمىتىگە دائىر فاڭجېن - سىياسەتلىرىنى تەتقىق قىلىپ، خىزمەتتە ئەستايىدىل بولغان، تەكشۈرۈش - تەتقىق قىلىشقا ئەھمىيەت بەرگەن. ئۇ ئۆزى شەخسەن قەلەم تەۋرىتىپ يېزىپ چىققان، ئەھۋالمۇ، كۆز قاراشمۇ، تەھلىلمۇ بولغان تەكشۈرۈش دوكلاتى ناھىيىلىك پارتكومنىڭ مالىيە - سودا خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلىشى، تەدبىر تۈزۈپ چىقىشىنى مۇھىم ئاساسلار بىلەن تەمىنلىگەن.

تاڭ رۇڭخۋانىڭ ئىنقىلابىي ئىشچانلىقى ۋە خىزمەتتىكى مەسئۇلىيەتچانلىقى، خىزمەت قىزغىنلىقى ناھايىتى كۈچلۈك ئىدى. 1960 - يىلى ناھىيە بويىچە مالىيە - سودا خىزمىتى يىغىنى چاقىرىلغاندا، ئۇنىڭ كېسىلى قوزغىلىپ ھوشىدىن كەتكەن، ئۇ ھوشىغا كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن، دوختۇرخانىدا يېتىپ، خەت شەكلى ئارقىلىق يىغىنغا يېتەكچىلىك قىلىپ، يىغىننى ئېچىپ بولغىچە قەتئىي بەرداشلىق بەرگەن. 1961 - يىلى ئۇ كېسەلخانىدا ياتقان مەزگىلدە، ناھىيىلىك پارتكوم مالىيە - سودا بۆلۈمىگە خىزمەتلەرگە يېتەكچىلىك قىلىشقا ئائىت ئون پارچىدىن ئارتۇق يازما پىكىر ئەۋەتكەن.

ئۇ، خىزمەت داۋامىدا، مۇلاھىزىگە ماھىر ئىدى، گەپنى زادىلا يوشۇرمايتتى. 1957 - يىلدىن كېيىن ئۇ ئەينى چاغدىكى بەزى «سول» چىل خاتا ئۇسۇللارغا پىكىر بەرگەن ھەمدە ئۇنى قۇربىتى يەتكەن دائىرىدە توسقانىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن 1959 - يىلى قانات يايدۇرۇلغان ئوڭچىللىققا قارشى تۇرۇش ھەرىكىتىدە، ئۇ خاتا تەنقىدكە ئۇچرىغان. 1962 - يىلى پەرقلەندۈرۈلگەن.

1979 - يىل 6 - ئايدا تاڭ رۇڭخۋا قەشقەردە يىغىنغا قاتنىشىۋېتىپ، كېسەلخانىدا يېتىپ قېلىپ، 6 - ئاينىڭ 26 - كۈنى قەشقەردە 51 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتتى.

## جاڭ شۇرۇڭ

جاڭ شۇرۇڭ (1927 - 1982)، ئەر، خەنزۇ، سەنشى ئۆلكىسىنىڭ فېنياڭ ناھىيىسىدىن. كىچىكىدە ئۇنىڭ ئائىلىسى نامراتلىقتا ئۆتكەن، ئۇ توققۇز ياشقا كىرگەندە فېنياڭ بازىرىدىكى

تىككۈچىلىك كارخانىسىغا شاگىرتلىققا كىرگەن، ئىككى يىلدىن كېيىن، ئۇنىڭ ئانىسى خورلۇققا چىدىمىغاچقا، ئۇنى تىككۈچىلىك كارخانىسىدىن قايتۇرۇپ چىققان، شۇنىڭ بىلەن ئۇ دادىسىغا ئەگىشىپ دېھقانچىلىق قىلغان. 1943 - يىلى 16 ياشلىق جاڭ شۇرۇڭ ئۆز كەنتىدىكى بەش نەپەر ياش بىلەن بىرلىكتە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى پارتىزانلار ئەترىتىگە قاتناشقان، كېيىن بۇ ئەترەت 8 - ئارمىيە لۇلياڭ ھەربىي رايونى فېنيۈەن تارماق ئەترىتىگە ئۆزگەرتىلگەن. جاڭ شۇرۇڭ تارماق ئەترەتتە، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، خەۋەرچى، مۇھاپىزەتچى، رازۋېتچىك قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولغان. ئازادلىق ئۇرۇشى مەزگىلىدە، ئۇ ئارمىيە بىلەن بىللە غەربىي شىمالغا يۆتكىلىپ، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، 2 - جۈن 4 - شى 11 - تۈەن 2 - يىڭ پىلىموتچىلار لىيەنىدە خەۋەرچى، بەنجاڭ، پەيجاڭ، قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولغان. 1947 - يىلى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە كىرگەن. 1949 - يىل 10 - ئايدا ئارمىيە بىلەن بىللە شىنجاڭغا كەلگەن. 1950 - يىلى ھەقىقەتكە قايتقان قىسىملار ئاتلىق 8 - شىسى ئېغىر پىلىموتچىلار يېڭى 2 - لىيەنىگە يۆتكىلىپ سىياسىي يېتەكچى بولغان. 1951 - يىلى يەرلىك ئورۇنغا خىزمەتكە ئالمىشىپ، مەكىت ناھىيىلىك يەر ئىسلاھاتى خىزمەت ئەترىتىنىڭ باشلىقى، 5 - رايوننىڭ پارتكوم شۇجىسى، ناھىيىلىك پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى بولغان. 1957 - يىلى پوسكام ناھىيىسىگە يۆتكىلىپ، ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ باشلىقى، سودا ئىدارىسىنىڭ باشلىقى، پوسكام گۇڭشېسى پارتكومىنىڭ شۇجىسى، ناھىيىلىك خەلق دوختۇرخانىسىنىڭ باشلىقى، گۈلباغ گۇڭشېسى پارتكومىنىڭ شۇجىسى، ناھىيىلىك خەلق بانكىسىنىڭ باشلىقى قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولغان. 1981 - يىلى سىياسىي كېڭەش پوسكام ناھىيىلىك 6 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ ئەزالىقىغا سايلانغان. جاڭ شۇرۇڭ، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، سەنشىدىكى شىنجۇ جېڭى، فېنشياۋ جېڭى ۋە يەنئەننى قوغداش جېڭىدە ئۈچ قېتىم خىزمەت كۆرسىتىپ مۇكاپاتلانغان. ئۇ، كۆپ قېتىم يارىلانغان، 12 يېرى ئېغىر يارىلانغان، ئۇ ئالەمدىن ئۆتكەندە، ئۇنىڭ بەدىنىدە يەنە ئىككى پارچە ئوق پارچىسى قېلىپ قالغان، بىر پارچە ئوق يۈرىكىگە ناھايىتى يېقىن جايدا توختاپ قالغان، ئۇنىڭ ئوڭ قولىقىغا ئوق پارچىسى تېگىپ يارىلانغاندىن كېيىن، ئاڭلاش ئىقتىدارىنى يوقاتقان.

ئۇ، گومىنداڭدىن ھەقىقەتكە قايتقان قىسىمدا خىزمەت قىلغان مەزگىلدە، گومىنداڭنىڭ جاھىل ئۇنسۇرلىرىنىڭ ئاسىيلىق قىلىشنى مەخپىي پىلانلىغانلىقىنى سېزىپ قېلىپ، بۇ ئەھۋالنى يۇقىرىغا ۋاقتىدا دوكلات قىلىپ، قىسىمنى مۇستەھكەملەش نەمۇنچىسى بولۇپ باھالىنىپ، بىر قېتىم 1 - دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتتى دەپ ئەنگە ئېلىنغان.

ئۇ، يەرلىك ئورۇنغا خىزمەتكە ئالماشقاندىن كېيىن، ئىنقىلابىي ئۇرۇش يىللىرىدىكى پىداكارانە ئىنقىلابىي روھىنى جارى قىلدۇرغان، سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشتا كۆپ قېتىم بەشتە ياخشى كادىر ۋە ئىلغار خىزمەتچى بولۇپ باھالانغان، ئاپتونوم رايون ۋە قەشقەر ۋىلايىتى بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن قەھرىمانلار ئۇچرىشىش يىغىنىغا بىر نەچچە قېتىم قاتناشقان. ئۇ، ئەزەلدىن خىزمەت كۆرسەتتىم دەپ مەغرۇرلانمىغان، ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ ئۆز كۆمىچىگە چوغ تارتمىغان. 1962 - يىلى ئۇ، ناھىيىلىك سودا ئىدارىسىنىڭ باشلىقى بولغاندا، دەل خەلق ئىگىلىكى قىيىنچىلىققا ئۇچرىغان مەزگىل ئىدى، ئاپپاراتلارنى ئىخچاملاش، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى تۆۋەنگە چۈشۈرۈشتە، ئۇ، ئايالى چېن يۈمېينى چېكىنىشكە باشلامچىلىق بىلەن سەپەرۋەر قىلىپ، باشقا ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە ئۈلگە تىكلەپ بەرگەن.

جاڭ شۈرۈڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا ئەھمىيەت بېرەتتى، خىزمەت جەريانىدا ئاز سانلىق مىللەت خادىملار بىلەن چوڭقۇر دوستلۇق ئورناتقان. ئۇ، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دا، ئۆزىنىڭ ئامان ـ ئېسەنلىك ۋە خەۋپ ـ خەتەرگە ئۇچرىشىغا قارىماي، پايدا ـ زىيان بىلەن ھېسابلاشماي. كۈرەش قىلىنغان، تەنقىدكە ئۇچرىغان مىللىي كادىرلار ئۇچۇن كۆپ قېتىم مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالغان ھەمدە ئامال قىلىپ ئۇلارنى ئىسيانچىلارنىڭ كۈرەش، تەنقىد قىلىشىدىن قوغداپ قالغان. پوسكام گۇڭشېسىنىڭ سابىق مۇئاۋىن باشلىقى ئايشەم ياسىن «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»نىڭ دەسلىپىدە «ئىسيانچىلار» تەرىپىدىن ئۇرۇپ يارىلاندۇرۇلغاندا، جاڭ شۈرۈڭ ئۇنى ئۆيىگە ئېلىپ كېلىپ، يېرىم ئايدىن كۆپرەك باققان. جاڭ شۈرۈڭ گۇڭشې باشلىقى قۇربان نىيازنىڭ «قىزىل قوغدىغۇچىلار» تەرىپىدىن كۆپ قېتىم كۈرەش، تەنقىد قىلىنىپ. بەك ئازابلانغانلىق ئەھۋالىنى ئۇقۇپ، ئامال قىلىپ ئۇنى يەكەن ناھىيىلىك خەلق دوختۇرخانىسىغا ئېلىپ بېرىپ، كېسەل داۋالىتىش نامى بىلەن قوغداپ قالغان.

1973 ـ يىلدىن كېيىن جاڭ شۈرۈڭ دىئابىت كېسەللىكى، يۈرەك كېسەللىكى، جىگەر قېتىشىش قاتارلىق كۆپ خىل كېسەللىكلەرگە گىرىپتار بولۇپ، سالامەتلىك ئەھۋالى بارغانسېرى ياماناشقان. تەشكىل ئۇنى كۆپ قېتىم ئارام ئېلىشقا ئورۇنلاشتۇرغان بولسىمۇ، ئۇ پارتىيىنىڭ خىزمىتىنى ھەرگىز ئۇنتۇپ قالمىغان، بىر قانچە قېتىم كېسىلى خەۋپلىك بولۇپ قالغان بولسىمۇ، خەۋپتىن قۇتۇلۇپلا يەنە خىزمەتكە كىرىشىپ كەتكەنىدى.

جاڭ شۈرۈڭ 1982 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى كېسىلى ئېغىرلىشىپ، قۇتقۇزۇش ئۈنۈم بەرمەي ناھىيىلىك دوختۇرخانىدا 55 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتتى.

## تۇرۇپ ھۆسىيىن

تۇرۇپ ھۆسىيىن (1936 — 1983)، پوسكام ناھىيىسىنىڭ يىما يېزىسى بادامئېرىق كەنتىدىن، ئائىلە كېلىپ چىقىشى كەمبەغەل دېھقان. ئۇ، كىچىكىدە دىنىي مەكتەپتە ئوقۇغان. 1945 ـ يىلى مېرپىغىل باشلانغۇچ مەكتىپىگە يۆتكىلىپ ئوقۇغان. 1952 ـ يىلى ئىمتىھان ئارقىلىق يەكەن شەھىرىنىڭ تېز پۈتتۈرۈش سىنىپىغا كىرگەن. ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن، پوسكام ناھىيىسىنىڭ پىچانچى باشلانغۇچ مەكتىپىگە ئوقۇتقۇچىلىققا تەقسىم قىلىنغان. 1955 ـ يىلى كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقىغا كىرگەن، كېيىن دەپسەڭ، قۇمئېرىق، مېرپىغىل، ئارا مەھەللە باشلانغۇچ مەكتەپلىرىدە ئوقۇتقۇچى، ئىلمىي مۇدىر بولغان. 1979 ـ يىلى مەركىزىي باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ خىزمىتىنى كۆچەيتىش ئۇچۇن، ئۇ، ئارا مەھەللە مەركىزىي باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ مۇدىرلىقىغا تەيىنلەنگەن. ئۇ، 1981 ـ يىل 6 ـ ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە كىرگەن.

تۇرۇپ ھۆسىيىن ئازادلىقتىن كېيىن پارتىيىمىز يېتىشتۈرگەن ئۇيغۇر مائارىپچى. ئۇ، 17 يېشىدىن تارتىپ تاكى 1983 ـ يىلى ئالەمدىن ئۆتكەنگە قەدەر مائارىپ خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان، يېزا مائارىپى سېپىدە 30 يىل ئىشلەپ، زېھنىنى بىر ئۆمۈر مائارىپ ئىشلىرىغا بېغىشلىغان.

ئۇ، پارتىيىنىڭ مائارىپ ئىشلىرىغا سادىق، خىزمەتتە ئەستايىدىل، مەسئۇلىيەتچان ئىدى، چاپا ـ مۇشەققەت ۋە تاپا ـ تەنىلەرگە قارىماي ئىشلەيتتى، ئۇ، مەكتەپنىڭ رەھبەرلىك ۋەزىپىسىنى

ئۇستىگە ئالغاندىن كېيىن، ئۆزىئۆلگە بولاتتى، پاك - دىيانەتلىك ئىدى، خىزمەتتە يېڭىلىق يارىتىش روھىغا باي بولۇپ، مەكتەپتىكى ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلارنىڭ چوڭقۇر ھۆرمىتىگە سازاۋەر ئىدى. ئۇ، 1953 - يىلدىن 1979 - يىلغىچە، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، 19 قېتىم ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىك تارماقلىرىنىڭ تەقدىرلىشىگە ۋە مۇكاپاتلىشىغا ئېرىشكەن.

تۇرۇپ ھۆسىيىن 1983 - يىل 6 - ئاينىڭ 9 - كۈنى ھاردۇق يېتىپ ئاغرىقچان بولۇپ قالغانلىقى، كېيىن ئۇنىڭ ئۆپكە كېسىلى ئېغىرلىشىپ كەتكەنلىكى سەۋەبىدىن 47 يېشىدا بەختكە قارشى ئالەمدىن ئۆتتى.

## جىڭ جىمىن

جىڭ جىمىن (1922 — 1984)، ئەر، خەنزۇ، گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ مىنچىن ناھىيىسىدىن، ئۇنىڭ دادىسى جىڭ شۇتيەن ئۆز يۇرتىدا خەتتات ئىدى. جىڭ جىمىن دادىسىنىڭ تەسىرىدە، كىچىكىدىن تارتىپلا خەتتاتلىق سەنئىتىگە ئىشتىياق باغلىغانىدى. ئۇ سەككىز يېشىدا مىنچىن ناھىيىسىدىكى ئۇستا خەتتات لۇخەيفېڭدىن خەتتاتلىقنى ئۆگەنگەن، يەن جېنچىڭنىڭ خەت شەكلىنى ئالتە يىل تەقلىدىي يېزىپ مەشق قىلغان، 20 ياشقا كىرگەندە كۆزگە كۆرۈنۈشكە باشلىغان. ئۇ، دائىم كىشىلەرگە تەكلىپ بويىچە دۇيلىيەن ۋە بېغىشلىما يېزىپ بېرەتتى.

1942 - يىلى ئۇ گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ لىنتاۋ ناھىيىسىدىكى خەتتات جاۋ بونيەننى ئۇستاز تۇتۇپ. ۋاڭ شىجىنىڭ «لەنتىڭ مۇقەددىمىسى»نى كۆپ يىل تەقلىدىي يېزىپ ئۆگەنگەن ھەمدە ليۇگۇڭچۈەن، يەن جېنچىڭ، ئاۋ ياڭشۇن، جاۋ جىچيەنلەرنىڭ خەت شەكلىنى قوشۇمچە ئۆگەنگەن. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، خەتتاتلىق نەزەرىيىسىنى قېتىرقىنىپ تەتقىق قىلغان. 30 ياشقا كىرگەندە ئۆز ئۇسلۇبىنى شەكىللەندۈرگەن، ئۇنىڭ خەتتاتلىق قۇرۇلمىسى مۇكەممەل، ،اۋرۇس، قەلەم قۇۋۋىتى جانلىق، پۇختا ئىدى. 1982 - يىلدىن كېيىن ئۇنىڭ ھۆسنخەت ئەسەرلىرى ئۇدا ئىككى يىل قەشقەر ۋىلايەتلىك خەتتاتلىق مۇسابىقىسىدا 1 - لىككە ئېرىشكەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ داڭقى چىققان، ئۇنىڭدىن ئۆگەنگۈچىلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمىگەن، ئۇنىڭ تەكلىپ بويىچە يېزىپ بەرگەن ھۆسنخەت ئەسىرى 1000 پارچىدىن ئاشقان. ئۇ، 1983 - يىلى قەشقەر ۋىلايەتلىك گۈزەل سەنئەتچىلەر جەمئىيىتىنىڭ ئەزالىقىغا قوبۇل قىلىنغان.

جىڭ جىمىن 1949 - يىلى ئىنقىلابقا قاتناشقان، يەكەن ۋىلايەتلىك پارتكومىنىڭ ئورگان گېزىتى — «يەكەن ئاممىۋى گېزىتى»نىڭ مۇخبىرى، تەھرىرى، يەكەن ۋىلايەتلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ كاتىپى، قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ كاتىپى بولغان. 1962 - يىلى پوسكام ناھىيىسىگە يۆتكىلىپ كېلىپ، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، ناھىيىلىك پارتكوم تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئىشخانىسىنىڭ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغۇچىسى، ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتىنىڭ باشلىقى قوشۇمچە سەنئەت ئۆمىكىنىڭ باشلىقى قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولغان. 1966 - يىل 10 - ئايدا ئىنتايىن «سول» لۇشيەننىڭ تەسىرى تۈپەيلىدىن، ناھىيىلىك ئورۇقچىلىق مەيدانىغا چۈشۈرۈۋېتىلىپ، 12 يىل ئەمگەككە سېلىنغان. 1978 - يىلى

سىياسىتى ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ، خىزمىتى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن. 1982 - يىلى ناھىيىلىك تەزكىرە ئىشخانىسىغا يۆتكەلگەن. 1984 - يىلىنىڭ بېشىدا ئۇنىڭ جىگەر كېسىلى تۇيۇقسىز قوزغىلىپ قالغان، ئۇنىڭغا جىگەر راكىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلى دەپ دىئاگنوز قويۇلغانىدى. ئۇ ساقايماس كېسەلگە گىرىپتار بولغانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن، ھايات - ماماتىنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ، ئۆزىگە تەقسىم قىلىنغان «پوسكام ناھىيىسى تەزكىرىسى» نىڭ ئومۇمىي ئەھۋال قىسمىنى يېزىش ۋەزىپىسىنى ئاخىرقى نەپسىگىچە كېسەل كارىۋىتىدا ئورۇندىغان. جىلى جىمىن 1984 - يىل 3 - ئاينىڭ 8 - كۈنى 62 يېشىدا بەختكە قارشى ئالەمدىن ئۆتتى.

«شىنجاڭ تەزكىرىسى» (خەنزۇچە) ژورنىلىنىڭ 1984 - يىللىق 3 - سانىدا ئۇنىڭ كېسەل تۆرۈپ تەزكىرە تۈزگەنلىكىدىن ئىبارەت كىشىنى تەسىرلەندۈرۈدىغان ئىش - ئىزلىرى «تەزكىرە تۈزۈش يولىدا قەيسەرانە ئىلىشىش» دېگەن تېمىدا تونۇشتۇرۇلدى. ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى باش تەھرىر بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى جۇڭ يىڭ ئالاھىدە شېئىر يېزىپ تەزىيە بىلدۈردى، شېئىرنىڭ تولۇق تېكىستى تۆۋەندىكىچە:

## يولداش جىلى جىمىنغا مەرسىيە

**1**

زەرەپشان بويىدە ماتەملىك سادا،
بولدى ئۇ، ئارىدىن ئاستىلا غايىپ.
ئەقلىنىڭ بۇلىقى تىندى، كەتتى ئۇ،
دىللاردا ئىش - ئىزى قالدى ئاجايىپ.

2

پايتەختتە بىكارغا كەتمىگەن ئەجرى،
جاپالىق ئاي - يىللار چاچقان يورۇق - نۇر.
كۆينەكلەر ھۆل بولغان ئاققان ساپ تەردىن،
پارلىغان ئۇنچىدەك ھەر خېتى، ھەر قۇر.

3

باش باھار، شاخلارمۇ بىخ چىقارماستا،
بولدى مول، كارىۋاتتا ئۇنىڭ يازغىنى.
«ئومۇمىي ئەھۋال» غا سىڭگەن قان - ئەجرى،
ئادەمگە ھەق باھا، ھايات مەنزىلى.

4

تەزكىرە جانلانغان، چېگرا شەھەردە،
يوڭ قەلەم، سىيالار خۇشپۇراق چاچقان.
تۆھپىسى نۇرغۇنتى، چىققاندا تومىلار،
ئۇ يورەر جەننەتتە، قايتاركىن قاچان؟

## قاسىم غازى

قاسىم غازى (1926 — 1984)، قاغىلىق ناھىيىسىنىڭ چاسا مەسچىت يېزىسىدىن. ئۇ، 1950 - يىلى خىزمەتكە قاتناشقان. 1953 - يىلى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە كىرگەن. يېزىلىق پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى، يېزىنىڭ باجگىرى، يەر ئىسلاھاتى شۆبە ئەترىتىنىڭ باشلىقى، يەكەن ۋىلايەتلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ كادىرى، يەكەن ۋالىي مەھكىمىسى خەلق ئىشلىرى بۆلۈمىنىڭ ئەزاسى بولغان. 1955 - يىلى يەكەن ۋالىي مەھكىمىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلغاندىن كېيىن، پوسكام ناھىيىسىگە يۆتكىلىپ ناھىيىلىك ھۆكۈمەت خەلق ئىشلىرى بۆلۈمىنىڭ باشلىقى بولغان. 1960 - يىلى ناھىيىلىك پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىلىقىغا ئۆستۈرۈلگەن. 1966 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم يېزا خىزمىتى بۆلۈمى 2 - باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىقىغا يۆتكەلگەن. 1970 - يىلى قەشقەر ۋىلايىتىگە يۆتكىلىپ، يېزا ئىگىلىك باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولغان. 1972 - يىلى قەشقەر ۋىلايەتلىك ئىنقىلابىي كومىتېت سىياسىي خىزمەت گۇرۇپپىسى بىرلىكسەپ گۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولغان. 1974 - يىلى قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولغان، كېيىن ۋەزىپە بىلەن تۆۋەنگە چۈشۈپ پوسكام ناھىيىلىك پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىلىقىنى قوشۇمچە ئۆتىگەن. 1976 - يىلى ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى بولغان. 1981 - يىلى قەشقەر ۋىلايەتلىك خەلق ھاۋا مۇداپىئەسى ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىقىغا يۆتكەلگەن. 1984 - يىل 4 - ئايدا پوسكامغا قايتىپ كېلىپ، ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسى بولغان.

قاسىم غازى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنى قىزغىن سۆيەتتى، پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى ھىمايە قىلاتتى، تەشكىلنىڭ تەقسىماتىغا بويسۇناتتى، ئۆزىگە يۇقىرى ئۆلچەم، قاتتىق تەلەپ قوياتتى، يۇقىرىغىمۇ چىقالايتتى، تۆۋەنگىمۇ چۈشەلەيتتى. ئۇ خىزمەت قىلغان 30 نەچچە يىلدا كۆپ قېتىم يۆتكەلگەن بولسىمۇ، ئەزەلدىن ھېچقانداق شەرت قويۇپ باقمىغانىدى. ئۇ، قايسى خىزمەتنى ئىشلەشتىن قەتئىينەزەر، ھەممىسى ئىنقىلابنىڭ ئېھتىياجى، پارتىيە نېمە قىل دېسە شۇنى قىلىش كېرەك، دەپ قارايتتى. 1966 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ئۇنى ئورۇمچىگە خىزمەتكە يۆتكىگەندە، ئۇ تەشكىلنىڭ يۆتكىشىگە قىلچە ئىككىلەنمەي بويسۇنغانىدى. ئۇرۇمچىدە تۆت يىل خىزمەت قىلغاندىن كېيىن، قەشقەرگە يۆتكىگەندە، ئۇ يەنە تەشكىلنىڭ قارارىغا قەتئىي بويسۇنۇپ، ئائىلىسىنى جەنۇبقا كۆچۈرۈپ كەلگەن.

1956 ـ يىلى قاسىم غازى ئەمدىلا خەلق ئىشلىرى بۆلۈمىنىڭ باشلىقى بولغاندا، يېزا ئىگىلىك كوپېراتىپلىرىدا ئەمگەككە قاراپ ھەق ئېلىش پرىنسىپى ئىجرا قىلىنغاچقا، ئېتىبار، نەپەقە بېرىلىدىغان نورغۇن ئوبيېكتلار بېرىلىدىغان ئېتىباردىن مەھرۇم قالغانىدى. ئۇ، يېزىلارغا بېرىپ، خەلق ئىشلىرى خىزمىتى ئوبيېكتلىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈپ، كەڭ تۈردە پىكىر ئېلىش ئاساسىدا، ئېتىبار ئەمگەك كۈنى، مۇقىم ياردەم قاتارلىق تەدبىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ھەربىيلەر ۋە ئىنقىلابىي قۇربانلار ئائىلە تاۋابىئاتلىرى، قىيىنچىلىقى بار ئائىلىلەرنىڭ تۇرمۇشىنىڭ ئادەتتىكى ئامىنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىدىن تۆۋەن بولۇپ قالماسلىقىغا كاپالەتلىك قىلغان. 1958 ـ يىلى قاسىم غازى ناھىيىلىك سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشى قوماندانلىق شتابىنىڭ قوماندانى بولغاندا، سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشىنىڭ 1 ـ سېپىدە دائىم يۈگرەپ يۈرۈپ يېتىپ ـ قوپۇشتا، تاماقتا ئەمگەكچىلەر بىلەن بىللە بولغان، كۈندۈزى ئەمگەكچىلەر بىلەن بىللە ئەمگەك قىلىپ، ئۆزىنىڭ تاش ـ توپا توشۇش ۋەزىپىسىنى يالغۇز ئورۇندىسا، كەچتە ئەمگەكچىلەرنىڭ كەپىلىرىگە بېرىپ ئۇلار بىلەن سىردىشىپ، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشتىكى قىيىنچىلىقلىرىنى ھەل قىلىپ بەرگەن. بۇ، زىمىستان قىش ئىدى، نۇرغۇن ئەمگەكچىلەرنىڭ كىيىم ـ كېچەكى، يوتقان ـ كۆرپىسى يېلىڭ ئىدى، قاسىم غازى كەپىلەرنى بىر ـ بىرلەپ تەكشۈرۈپ، يوتقان ـ كۆرپىسى يېتىشمەيدىغانلارنى بايقىغاندا، ئەمگەكچىلەرنى ئۆز ئارا ياردەملىشىپ قىيىن ئۆتكەلدىن تەڭ ئۆتۈشكە سەپەرۋەر قىلغان. كېسەللەرنى ئۇچراتقاندا، داۋالاشقا ئورۇنلاشتۇرغان، ئاشپەزلەرگە كېسەللەر ئۈچۈن تاماق ئېتىپ بېرىشنى تاپىلىغان. قاسىم غازى ئەمگەكچىلەر بىلەن ھەمنەپەس بولۇپ، جاپانى تەڭ تارتقاچقا، ئەمگەكچىلەر ئۇنى «سىردىشىمىز» دەپ ئاتىغان. ئۇنىڭ يېتەكلىشى بىلەن، توسما ياساش ۋەزىپىسى ناھايىتى تېز ئورۇندالغان. 1960 ـ يىلى قاسىم غازى ناھىيىلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىلىقىغا ئۆستۈرۈلۈپ، يېزا خىزمىتىگە مەسئۇل قىلىنغانىدى. ئۇ، ئەتىيازلىق تېرىلغۇ مەزگىلىدە، 7 ـ گۇڭشېغا بېرىپ نۇقتىدا تۇرۇپ، نۇرغۇن ئامىنىڭ ئوزۇقلۇق ئاشلىقىنىڭ كەملىگەنلىكىنى، بۇنىڭ سەۋەبىنىڭ ئاشلىقنى ھەددىدىن ئارتۇق سېتىۋالغانلىق ئىكەنلىكىنى بايقاپ، ئەھۋالنى ناھىيىلىك پارتكومغا ۋاقتىدا ئىنكاس قىلغان، ناھىيىلىك پارتكوم مۇزاكىرە قىلىش ئارقىلىق، بىر قىسىم ئاشلىقنى دېھقانلارغا قايتۇرۇپ سېتىپ بېرىپ، گۇڭشې ئەزالىرىنىڭ ئاشلىق جەھەتتىكى سىرىقتاللىق قىيىنچىلىقنى ھەل قىلغان.

قاسىم غازى چىقىشقاق، يولداشلار بىلەن ئىتتىپاقلىشىشقا ماھىر ئىدى. 1976 ـ يىلى ئۇ، ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېتنىڭ مۇدىرى بولغاندىن كېيىن، ھەر يىلى ھېيت ـ بايراملاردا ئىشخانا مۇدىرلىرىغا ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرگە ھېيت ـ بايراملىق لازىمەتلىك بۇيۇملارنى تەييارلاپ بېرىشنى تاپىلاپ تۇرغان. ئۇ، خەنزۇ ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ تۇرمۇشىغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلەتتى، خەنزۇ ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر يۇرتىدىن ئايرىلىپ شىنجاڭغا خىزمەتكە كېلىپ، چېگرا رايوننىڭ قۇرۇلۇشىغا ياردەم بېرىۋاتىدۇ، بۇ، پارتىيىنىڭ ئاز سانلىق مىللەت خەلق ئامىسىغا

قىلغان غەمخورلۇقى، بۇ جايدىكى ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىغا كۆڭۈل بۆلۈپ، ئۇلارنى چېگرا رايوندىكى ھەر مىللەت خەلقى ئۈچۈن تېخىمۇ ياخشى خىزمەت قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش كېرەك، دەپ قارايتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ھېيت - بايراملاردا، ئۇ، خەنزۇ كادىرلارنىڭ ئۆيلىرىگە بېرىپ ھېيتلاپ، ئۇلاردىن ھال - ئەھۋال سوراپ، ئۇلارنى چېگرا رايوندا يىلتىز تارتىپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بەختلىك تۇرمۇش كەچۈرۈشى ئۈچۈن كۆپرەك تۆھپە قوشۇشقا ئىلھاملاندۇرۇپ تۇراتتى. ئادەتتە خەنزۇ كادىرلارنىڭ خىزمىتىنى قوللاشقا ئەھمىيەت بېرەتتى.

قاسىم غازى پرىنسىپتا چىڭ تۇراتتى، تەنقىد ۋە ئۆز ئۆزىنى تەنقىدنى قانات يايدۇرالايتتى. 1979 - يىلى ئىش ھەققى تەكشۈرۈشتە، ئۇ، دېھقانچىلىق تېخنىكا پونكىتىدىكى بىر كادىرنىڭ ئەھۋالىنى يالغان مەلۇم قىلغانلىقىنى ئاڭلاپ، شۇ چاغدىلا ئۇنى يىغىندا تەنقىد قىلغانىدى، لېكىن ئەھۋال ئۇقۇشۇش ئارقىلىق، پاكىتنىڭ ئۇنداق ئەمەسلىكىنى سەزگەندىن كېيىن، بۇ كادىر ئۇنىڭغا ئەھۋالنى چۈشەندۇرگەندە، ئۇ دەرھال بۇ كادىر ئالدىدا ئۆزىنى تەكشۈرگەن.

قاسىم غازى ئۇزاق مۇددەتلىك ئىنقىلابىي خىزمەتتە هاردۇق يېتىپ كېسەلچان بولۇپ قالغانىدى، ئۇ، يۇقىرى قان بېسىمى، دىئابىت كېسەللىكىگە گىرىپتار بولغان بولسىمۇ، ئوكۇل ئۇردۇرۇپ دورا يېگەچ، خىزمەتنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇپ، چەكلىك ۋاقىتتا پارتىيە ۋە خەلق ئۈچۈن كۆپرەك خىزمەت قىلىشنى قولغا كەلتۇرگەنىدى.

قاسىم غازى 1984 - يىل 11 - ئاينىڭ 3 - كۈنى 58 يېشىدا كېسەل بىلەن ئالەمدىن ئۆتتى.

## ئابدۇكېرىم داۋۇت

ئابدۇكېرىم داۋۇت (1927 — 1986) ، مەكىت ناھىيىسىدىن، ئائىلە كېلىپ چىقىشى كەمبەغەل دېھقان. ئۇ، 1950 - يىلى خىزمەتكە قاتناشقان. 1957 - يىلى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە كىرگەن، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ، مەكىت ناھىيىسى 3 - رايون 1 - يېزىنىڭ باشلىقى، مەكىت ناھىيىلىك سوت مەھكىمىسىنىڭ سوتچىسى، پوسكام ناھىيىلىك سوت مەھكىمىسىنىڭ سوتچىسى، باش سوتچىسى، سوت مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، باشلىقى، پارتگۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى، ياچېيكا شۇجىسى قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولغان.

ئابدۇكېرىم داۋۇت سىياسىي - قانۇن سېپىدە 30 يىل بېرىلىپ ئىشلەپ، قانۇننى ئادىللىق بىلەن ئىجرا قىلىپ، 18 قېتىم ئىلغار خىزمەتچى، مۇنەۋۋەر پارتىيە ئەزاسى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى نەمۇنىچىسى بولۇپ باھالىنىپ، ئاپتونوم رايون، قەشقەر ۋىلايىتى، پوسكام ناھىيىلىك پارتكوم ۋە ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەقدىرلىشى ۋە مۇكاپاتلىشىغا ئېرىشكەن. 1985 - يىلى مەملىكەت بويىچە سوت مەھكىمىسى سىستېمىسىدىكى ئىلغار خىزمەتچى بولۇپ باھالىنىپ، مەملىكەت بويىچە سوت مەھكىمىسىنىڭ ئىلغار كوللېكتىپ، ئىلغار خىزمەتچىلەرنى تەقدىرلەش يىغىنىغا قاتناشقان. ئابدۇكېرىم داۋۇت 1955 - يىلى پوسكامغا يۆتكىلىپ كەلگەندە، پوسكام ناھىيىلىك سوت مەھكىمىسىدە ئاران بەش نەپەر خىزمەتچى خادىم بار ئىدى، ئۇ، ھەم

سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقىغا ياردەملىشىپ كۆپلىگەن جىنايى ئىشلار دېلولىرىنى بىر تەرەپ قىلغان، ھەم نىكاھتىن ئاجرىشىش دېلولىرىنى بېجىرگەن، ھەق - تەلەپ دەۋالىرىنى مۇرەسسە قىلغان. 1960 - يىلى ئۇ، سوت مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىقىغا ئۆستۈرۈلگەندىن كېيىن، ھەق - تەلەپ ماجرالىرىنى مۇرەسسە قىلىشقا تېخىمۇ ئەھمىيەت بېرىدىغان بولغان. مەيلى ئورگاندا ياكى يېزىغا چۈشكەندە بولسۇن، بىرەرسى ئۇنى ئىزدەپ كەلسىلا، ئۇ، سەۋرچانلىق بىلەن قوبۇل قىلاتتى. 1984 - يىلى «قاتتىق زەربە بېرىش» كۈرىشى باشلانغاندىن كېيىن، سوتچىلارنىڭ كۆچى يېتىشمىگەن ئەھۋالدا، ئۇ، چوڭ، مۇھىم، قىيىن دېلولارنى شەخسەن ئۆزى بېجىرىپ، پاكىت ئۆتكىلى، خاراكتېر بېكىتىش ئۆتكىلى، جازا ئۆلچەش ئۆتكىلىنى ياخشى ئىگىلىگەن. بىر دېلودا تەپتىش ئورگىنى بىر ئايالنى ئىپپەت - نومۇسىنى ساتتى دېگەن جىنايەت بىلەن ئەيىبلەپ سوت مەھكىمىسىگە يوللىغاندا، ئابدۇكېرىم داۋۇت دېلو بېجىرگۈچى خادىملاردىن دېلو ئەھۋالىنى ئوقۇشۇپ، جاۋابكارنىڭ مەسىلىسىنىڭ پايدا - نەپ ئېلىشنى مەقسەت قىلىش بولماستىن، بەلكى ئادەتتىكى تۇرمۇش ئىستىلى مەسىلىسى ئىكەنلىكىنى بايقىغان، كۆپچىلىكنىڭ مۇزاكىرىسى ئارقىلىق، ئاخىرىدا ھېلىقى ئايال ئۇستىدە گۇناھسىز دەپ ھۆكۈم چىقىرىلىپ، خاتا دېلو يۈز بېرىشنىڭ ئالدى ئېلىنغان. زىيانكەشلىك قىلىپ ئۆلۈشكە سەۋەبچى بولدى، دېيىلگەن يەنە بىر دېلودىكى جىنايەتچى دەسلەپتە ئاران مۇددەتلىك ئىككى يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغانىدى، ئابدۇكېرىم داۋۇت جازا ئۆلچەشنىڭ مۇۋاپىق بولمىغانلىقىنى بايقاپ، سوت نازارەتچىلىكى تەرتىپى بويىچە، ھۆكۈمنى قانۇن بويىچە مۇددەتلىك ئون يىللىق قاماق جازاسىغا ئۆزگەرتكەن. 1 - قېتىملىق «قاتتىق زەربە بېرىش» تە، سوت مەھكىمىسى بويىچە جەمئىي 77 پارچە جىنايى ئىشلار دېلوسى، 109 نەپەر جاۋابكار بىر تەرەپ قىلىنغان، بۇنىڭ ئىچىدە ئابدۇكېرىم داۋۇت 21 پارچە دېلو، 24 نەپەر جاۋابكارنى شەخسەن ئۆزى بىر تەرەپ قىلغان، بۇ، سوت مەھكىمىسى بويىچە بىر تەرەپ قىلىنغان جىنايى ئىشلار دېلوسىنىڭ 27.3 پىرسەنتىنى، جاۋابكارلارنىڭ 21 پىرسەنتىنى ئىگىلىگەن. ئۇ، قانۇن نازارەتچىلىكى تەرتىپى بويىچە، خاراكتېر بېكىتىش جايىدا، جازا ئۆلچەش مۇۋاپىق بولمىغان 38 پارچە دېلونى تۈزەتكەن. 1985 - يىل 8 - ئايدا جىنايى ئىشلار سوت كوللېگىيىسىنىڭ باشلىقى پېنسىيىگە چىقىپ كېتىپ، مۇئاۋىن كوللېگىيە باشلىقى سىرتقا كېتىپ قېلىپ، جىنايى ئىشلار سوت كوللېكىيىسىگە مەسئۇل بولىدىغان ئادەم يوق بولۇپ قالغاندا، ئۇ، «قاتتىق زەربە بېرىش» كۈرىشىگە تەسىر يەتكۈزمەسلىك ئۈچۈن، جىنايى ئىشلار سوت گوللېگىيىسىنىڭ خىزمىتىگە شەخسەن ئۆزى رىياسەتچىلىك قىلغان. ئۇ، بەك چارچاپ كەتكەچكە، يۈرەك كېسىلى قايتا قوزغىلىپ قالغان، يولداشلار ئۇنى ئارام ئېلىشقا دەۋەت قىلغاندا، ئۇ يەنىلا خىزمەت ئورنىدا چىڭ تۇرغان، كېسىلى بەك ئېغىرلىشىپ كەتكەندىن كېيىنلا، ئاندىن كېسەلخانىدا يېتىپ داۋالانغان، لېكىن كېسىلى تېخى ساقايماي تۇرۇپ كېسەلخانىدىن چىقىپ جىنايى ئىشلار سوت كوللېگىيىسىنىڭ خىزمىتىگە داۋاملىق رىياسەتچىلىك قىلغان.

ئابدۇكېرىم داۋۇت ئىش بېجىرىش جەريانىدا، ئىزچىل تۇردە، قانۇننى ئادىللىق بىلەن ئىجرا قىلاتتى، يۈز - خاتىرە قىلمايتتى. بىر رەھبىري كادىرنىڭ ئوغلى لۈكچەكلىك، ئوغرىلىق،

قىمارۋازلىق جىنايىتى بىلەن قولغا ئېلىنغاندىن كېيىن، بەزى يولداشلار مۇشكۈللۈك ھېس قىلغاندا، ئۇ، قىلچە ئىككىلەنمەي بۇ دېلونى قوبۇل قىلىپ، شەخسەن ئۆزى بىر تەرەپ قىلغان، ئۇ، پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇپ، كاشىلىلارنى تۈگىتىپ، بۇ جىنايەتچىنى قانۇن بويىچە مۇددەتلىك ئالتە يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلغان، بۇنىڭ ئۈچۈن ئامما چاۋاك چېلىپ ئالقىشلىغان.

ئابدۇكېرىم داۋۇت دېلو بېجىرىش جەريانىدا، «سوۋغا قوبۇل قىلماسلىق، مېھماندارچىلىققا چاقىرسا بارماسلىق، ئارىغا ئادەم قويۇلسا تەۋرىنىپ قالماسلىق»تا چىڭ تۇراتتى. بەزى جىنايەتچىلەرنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى نۇرغۇن سوۋغاتلارنى ئېلىپ كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئابدۇكېرىم داۋۇتنىڭ پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇپ، دېلونى قانۇن بويىچە بېجىرىدىغانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن، سوۋغاتنى چىقىرىشقا جۈرئەت قىلالمايتتى. بەزى جىنايەتچىلەرنىڭ ئائىلە - تاۋابىئاتلىرى ئۇنى مېھماندارچىلىققا چاقىرسا ياكى ئارىغا ئادەم قويسا، ئۇ كەسكىن ھالدا رەت قىلاتتى.

ئابدۇكېرىم داۋۇت ھەر جەھەتتىكى ئىتتىپاقلىقنى ياخشىلاشقا ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرەتتى، سوت مەھكىمىسىنىڭ رەھبەرلىرى ئىچىدە ئۇيغۇرمۇ، خەنزۇمۇ بار ئىدى، ئۇ، بىر بەن ئادەمنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن، چوڭ مەسىلىلەرنى كوللېكتىپنىڭ مۇزاكىرىسىگە قوياتتى، كىچىك مەسىلىلەرنى كىم مەسئۇل بولۇپ بىر تەرەپ قىلغانلىقىدىن قەتئىينەزەر، ئىشتىن كېيىن مەسئۇلىيەتنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئۆز ئۈستىگە ئالاتتى، ئۆزىگە ھەرگىز مەن 1 - باشلىق دەپ تەمەننا قويمايتتى. بەزىدە ئۆزىنىڭ پىكرى ئىنكار قىلىنسا، يىغىنىنىڭ قارارىنى خۇشاللىق بىلەن ئىجرا قىلاتتى. ئۇ، كۆڭلى - كۆكسى كەڭ، خۇشخۇي ئادەم ئىدى. ئايرىم كادىرلار ئۇنىڭ بىلەن تاكاللاشسا، خىزمەت ئورۇنلاشتۇرۇشىغا بويسۇنمىسا، ئۇ، ئېغىر - بېسىق بولۇپ، ئۇلار بىلەن سىردىشىپ، ئۇلارنى خىزمەت ۋەزىپىسىنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلىدىغان قىلاتتى.

ئابدۇكېرىم داۋۇت دۆلەتنىڭ قانۇن، ئەمىر - پەرمانلىرىنى نەمۇنىلىك بىلەن ئىجرا قىلىپ ۋە قوغداپ، پۇقرالارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئىتىنى ھەقىقىي تۈردە قوغدايتتى. سوت خىزمىتىدە قىستاش، مەجبۇرىي ئىقرار قىلدۇرۇش، ئىشىنىپ كېتىش بىلەن شۇغۇللانمايتتى، كادىرلار ئارىسىدىكى قانۇنغا خىلاپ ھەرىكەتلەرنى بايقىسا، يۈز - خاتىرە قىلماستىن ۋاقتىدا بىر تەرەپ قىلاتتى. 1983 - يىلى 8 - ئايدا سوت مەھكىمىسىدىكى بىر كادىرنىڭ كوچىدا ئادەم ئۇرغانلىقىنى ئۇققاندىن كېيىن، دەرھال يىغىن ئېچىپ، تاياق يېگۈچىنى يىغىنغا قاتناشتۇرۇپ، ئادەم ئۇرغان كادىرنى ئۆزىنى تەكشۈرۈشكە بۇيرۇغان.

ئابدۇكېرىم داۋۇت خىزمەت، تۇرمۇش ئىسنىلىدا ناھايىتى ئېھتىياتچان ئىدى، جاپا - مۇشەققەتتە ئالدىدا، ھالاۋەتتە كەينىدە تۇراتتى. ئورگاندا كۆمۈر، ئوتياش تەقسىم قىلىنسا، ئۇ، دائىم ياخشىسىنى، قولايلىقىنى باشقىلارغا ئۆتۈنۈپ بېرەتتى. ئۇ، ئىش ۋاقتىغا قاتتىق رىئايە قىلاتتى، خىزمەت ۋاقتىدا خۇسۇسىي ئىش قىلمايتتى، ئورگاننىڭ ئەمگەكلىرىگە ئاكتىپ قاتنىشاتتى. 1984 - يىلى 2 - ئايدا ئۇ، قەشقەردە يىغىنغا قاتنىشىپ قايتىپ كېلىپلا، ئورگانلاردىكى كادىرلارنىڭ ئېلېكتر ئىستانسىسىغا مۇز چاققىلى مېڭىشىغا ئۇلگۇرۇپ قالدۇ، ئۇ، ھارغىنىغا قارىماي، ئورگاندىكى كادىرلار بىلەن بىرلىكتە ئېلېكتر ئىستانسىسىغا بېرىپ، باشلامچىلىق بىلەن سۇغا كىرىپ مۇز سۇزۇپ، كۆپچىلىكنى ۋەزىپىنى مۇددەتتىن بۇرۇن ئورۇنداشقا يېتەكلەيدۇ.

ئابدۇكېرىم داۋۇت، 1986 - يىل 2 - ئاينىڭ 26 - كۈنى مېڭىسىگە قان چۈشۈش سەۋەبىدىن 59 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتتى.

## رېن ۋېنجاڭ

رېن ۋېنجاڭ (1931 — 1986)، ئەر، خەنزۇ، گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ مىنلې ناھىيىسىدىن، ئائىلە كېلىپ چىقىشى دېھقان. ئۇ، 1954 - يىل 1 - ئايدا خىزمەتكە قاتناشقان. 1956 - يىل 12 - ئايدا پارتىيىگە كىرگەن. پوسكام ناھىيىلىك خەلق دوختۇرخانىسىنىڭ سېستراسى، دورىگىرى، فىلدېشىرى، دوختۇرى، دوختۇرخانا پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى سەھىيە بۆلۈمىنىڭ ئەزاسى، ناھىيىلىك سەھىيە ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، باشلىقى بولغان.

رېن ۋېنجاڭ پوسكامغا ئەمدىلا كەلگەندە، دوختۇرخانىدا سېسترا بولغانىدى. ئۇ چاغدا كېسەلخانىدا ياتىدىغان كېسەللەر ئاز بولغاچقا، ئۇنىڭ خىزمەت مىقدارى كۆپ ئەمەس ئىدى، ئۇ، بىر كۈنلۈك خىزمەت ۋەزىپىسىنى ئورۇنداپ بولۇپ، باشقىلارنىڭ خىزمىتىگە ياردەم بېرەتتى، دورىخانىغا بېرىپ دارا ئەكېلىشىپ بېرەتتى، دوختۇرلارغا ئەگىشىپ كېسەل كۆرەتتى ياكى كىتاب كۆرۈپ ئۆگىنەتتى. ئۇ، جاپا - مۇشەققەتكە چىداپ قېتىرقىنىپ ئۆگەنگەچكە، 1958 - يىلغا كەلگەندە ئىسمېنىــــغا چۈشۈپ كېسەل كۆرەلەيدىغان سەۋىيىــــگە يېتىــــپ، دوختۇرلۇققا كۆتۈرۈلگەنىدى. ئۇ چاغدا دوختۇرخانىدا تاشقى كېسەللىكلەر دوختۇرى بولمىغاچقا، ئوپېراتسىيە قىلىشقا تېگىشلىك كېسەللەرنىڭ ھەممىسى يەكەن دوختۇرخانىسىغا تونۇشتۇرۇپ بېرىلەتتى. كېسەللەرنىڭ ئاغرىققا چىدىيالمىغان ئېچىنىشلىق ئەھۋالىنى كۆرگەن رېن ۋېنجاڭ ئۆزى شارائىت يارىتىپ، تاشقى كېسەللىكلەر بۆلۈمى قۇرۇشقا بەل باغلاپ، تاشقى كېسەللىكلەر ئوپېراتسىيىسىگە دائىر نەزەرىيىلەرنى ئۆگەنگەچ، دوختۇرخانا رەھبەرلىكىنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈپ، يۇقىرىدىن تاشقى كېسەللىكلەر ئوپېراتسىيىسىگە ئىشلىتىدىغان ئاددىي ماشىنا - ئۈسكۈنىلەرنى ئاجرىتىپ بېرىشنى تەلەپ قىلغان. كېيىن ئاپتونوم رايونلۇق داۋالاش ئەترىتىدىكى تاشقى كېسەللىكلەر دوختۇرىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، چۇقۇق، سازاڭسىمان ئۆسۈكچىنى ئوپېراتسىيە قىلىشنى ئۆگەنگەن. 1958 - يىل 8 - ئايدىن 1960 - يىل 3 - ئايغىچە جەمئىي 41 چۇقۇق، سازاڭسىمان ئۆسۈكچىنى ئوڭۇشلۇق ئوپېراتسىيە قىلىپ، پوسكام ناھىيىسى بويىچە تاشقى كېسەللىكلەر ئوپېراتسىيىسىدە يول ئاچقۇچى بولۇپ قالغان. رېن ۋېنجاڭ كېسەل داۋالاش جەريانىدا تېخنىكىسىنى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرگەن، زادىلا قانائەتلىنىپ قالمىــــغان. ئۇ، ئوپېراتسىيىنى ئەمدىلا باشلىغاندا، بىر قېتىملىق ئوپېراتسىيىگە ئۈچ سائەت كېتەتتى، ئۇ، بىر مەزگىل ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق، ۋاقىتنى بىر سائەتكە قىسقارتقان. ئۇ، يىڭنە سانچىپ ھۇشسىزلاندۇرۇشنى سىناق تەرىقىسىدە قوللانغان، كاتاراكتا، ئاشقازان يارىسى، جىددىي ۋە سوزۇلما خاراكتېرلىك سازاڭسىمان ئۆسۈكچە ياللۇغى، باللاردا بولىدىغان ئىچ سۆرۈش قاتارلىق كېسەللىكلەرنى يىڭنە بىلەن داۋالاپ، ناھايىتى ياخشى ئۈنۈم ھاسىل قىلغان. ئۇ، كىشىلەر ئالدىرىغانغا ئالدىراپ، كىشىلەرنىڭ تەرىپلىشىگە ئېرىشكەن. 1960 - يىلى ئۇ يېرىم كېچىدە قاغىلىق ئەتراپىدىكى چارلاش ئەترىتىگە ۋېلىسىپىت بىلەن بېرىپ، تۇشتۇمتۇت قوزغالغان جىددىي خاراكتېرلىك كېسەلگە گىرىپتار بولغان بىر كېسەلگە دىئاگنوز قويۇپ، كېسەلنىڭ

ئېغىرلىقىنى بايقاپ، ئۇنى دەرھال قاغىلىق ناھىيىلىك دوختۇرخانىغا ئېلىپ بارغان.

1962 - يىلى دوختۇرخانىدا دورا ئامبىرى يوق ئىدى، باشقۇرۇش مۇۋاپىق بولمىغاچقا، كۆپلىگەن دورىلار ئۇنۇمىنى يوقىتاتتى. ئۇ، دورا ئامبىرىنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن قوشۇمچە باشقۇرۇپ، ھەر خىل دورىلارنى خاراكتېرى بويىچە تەرتىپلىك تىزىپ، ئامال قىلىپ كۆن نۇرىدىن نېرى قىلىش، نەملىشىپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئىسسىقلىق ساقلاش، سوغۇق ساقلاش، شامال ئۆتۈشتۈرۈش قاتارلىقلارنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، دورىلارنىڭ ئۇنۇمىنى يوقىتىش ئەھۋالىنىڭ ئالدىنى ئالغان.

1969 - يىلدىن كېيىن، ئۇ، ناھىيىلىك سەھىيە ئىدارىسىنىڭ رەھبەرلىك ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان. ئۇ، دېھقانلارنىڭ ئېشەك ھارۋىلىرىنى ھەيدەپ، ناھىيە بازىرىغا كېسەل كۆرسىتىشكە كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، يېزىلارنىڭ دوختۇر، دورا كەمچىل بولۇش ھالىتىنى ئۆزگەرتىشكە بەل باغلىغان، يۇقىرىدىن ئاجرىتىپ بېرىلگەن سەھىيە كەسپى خىراجىتىنىڭ كۆپ قىسمىنى گۇڭشې دوختۇرخانىلىرىغا كېسەلخانا سېلىش، داۋالاش ئۈسكۈنىلىرى سېتىۋېلىشقا يىلمۇ يىل تەقسىم قىلىپ بەرگەن ھەمدە پىلانلىق تۈردە دوختۇرلارنى سىرتقى جايلارغا بىلىم ئاشۇرۇشقا ئەۋەتىپ، ئۇلارنىڭ ماھارىتىنى ئۆستۈرگەن. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، يېزىلاردا «ئۇچنى باشقۇرۇش، بىرنى يوقىتىش» پائالىيىتىنى كەڭ قانات يايدۇرغان. ئۇ، ئۆز ئەمەلىيىتىدىن ئۆتكۈزۈپ، ئۆزى قول سېلىپ ئىشلەپ، دېھقانلارغا ئاددىي ھاجەتخانا سېلىپ بەرگەن. ئۇ، تىرىشىپ ئۆلگە تىكلەپ، تېپلار ئارقىلىق ئومۇمىي دائىرىنى يېتەكلىگەن. ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق ھەرىكىتى ياخشى ئېلىپ بېرىلغانلىقى، يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش خىزمىتىدە نەتىجە گەۋدىلىك بولغانلىقى ئۈچۈن، پوسكام ناھىيىسى بىر نەچچە قېتىم، ئاپتونوم رايون ۋە ۋىلايەتنىڭ تەقدىرلىشىگە ئېرىشكەن. رېن ۋېنجاڭمۇ خىزمەت نەتىجىسى گەۋدىلىك بولغاچقا، بىر نەچچە قېتىم، ناھىيىلىك قەھرىمانلار ئۇچرىشىش يىغىنى، قەشقەر ۋىلايەتلىك قەھرىمانلار ئۇچرىشىش يىغىنىنىڭ ۋەكىلى بولۇپ باھالىنىپ، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ تەقدىرلىشىگە ئېرىشكەن. ئۇ، 1981 - يىلى سەھىيە تېخنىكا باشقۇرۇشى بويىچە مەسئۇل ۋراچ بولۇپ باھالانغان.

رېن ۋېنجاڭ ئۇزاق مۇددەت جاپالىق ئىشلەپ، ھاردۇق يېتىپ كېسەلچان بولۇپ قالغان، ئۇ، بەختكە قارشى جىگەر راكىغا گىرىپتار بولۇپ، 1986 - يىل 5 - ئاينىڭ 30 - كۈنى 54 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتتى.

## ئابلىز نىياز

ئابلىز نىياز (1931 — 1988) ، پوسكام ناھىيىسىنىڭ يىما يېزىسى سېرىقئۆي كەنتىدىن، ئائىلە كېلىپ چىقىشى دېھقان، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ مەلۇماتىغا ئىگە. ئۇ، 1952 - يىل 12 - ئايدا خىزمەتكە قاتناشقان. 1955 - يىل 10 - ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە كىرگەن. ئۇ، خىزمەتكە قاتناشقاندىن بۇيان، پوسكام ناھىيىلىك يەر ئىسلاھاتى خىزمەت ئەترىتىدە گۇرۇپپا باشلىقى، مۇئاۋىن گۇڭشې باشلىقى، گۇڭشې پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ناھىيىلىك قول سانائەتنى باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، ناھىيىلىك تەمىنات - سودا

كوپېراتىپىنىڭ مۇئاۋىن .مۇدىرى، ئايكۆل گۇڭشېسىنىڭ باشلىقى، ناھىيىلىك سەھىيە ئىدارىسىنىڭ باشلىقى، ناھىيىلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، ناھىيىنىڭ مۇئاۋىن ھاكىمى، ناھىيىلىك 8 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولغان.

ئابلىز نىياز كىشىلەرگە تۈز مۇئامىلە قىلاتتى، ئۇنىڭ ئىستىلى توغرا، خىزمەتتە ئاكتىپ ئىدى، پۇختا، بىجانىدىل، چاپا ـ مۇشەققەتكە چىداپ ئىشلەيتتى. ئۇ، مالىيە ـ سودا خىزمىتى بىلەن ئۇزۇن مۇددەت شۇغۇللانغان، ناھىيىنىڭ رەھبەرلىك خىزمىتىنى ئۇستىگە ئالغاندىن كېيىن، مەدەنىيەت، مائارىپ، سەھىيە ئىشلىرىنى ئاساسلىق باشقۇرغان، ئۇ، پۈتۈن ناھىيىنىڭ تەمىنات ـ سودا ۋە مەدەنىيەت، مائارىپ، سەھىيە ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا مەلۇم تۆھپىلەرنى قوشقان. ئۇ، تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپىدا ئىشلىگەن مەزگىلدە، دائىم ئاساسىي قاتلام كوپېراتىپلىرىغا بېرىپ، تەكشۈرۈپ ئەھۋال ئىگىلەپ، ئاساسىي قاتلام كوپېراتىپلىرىنىڭ تۈرلۈك تۈزۈملەرنى ئورنىتىشىغا، مۇكەممەللەشتۈرۈشىگە، يوچۇقلارنى ئېتىپ، زىيان تارتىشتىن پايدا ئالىدىغان بولۇشقا ياردەم بەرگەن. ئۇ، مەدەنىيەت، مائارىپ، سەھىيە خىزمىتىنى ئاساسلىق باشقۇرغاندىن كېيىن، پارتىيىنىڭ مائارىپ فاڭجېنىنى قەتئىي تەۋرەنمەي ئىزچىل ئىجرا قىلىپ، ئوقۇغۇچى ـ ئوقۇتقۇچىلارغا تايىنىپ، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دا بۇزۇۋېتىلگەن نورمال ئوقۇتۇش تەرتىپىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، ئوقۇتۇش سۈپىتىنى تىرىشىپ ئۆستۈرۈپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ سىنىپتىن كۆچۈش نىسبىتىنى ئۈزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرگەن. ئۇ، يەنە مەكتەپلەرگە ئەقىل كۆرسىتىپ، تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەپ ئىقتىسادچىللىق بىلەن ئوقۇش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇپ، گۇڭشې، ئەترەتلەرنى مەكتەپلەرگە يەر ئاجرىتىپ بېرىشكە، خالىسانە ئىشلەپ بېرىشكە، ماددىي نەرسىلەرنى ئىئانە قىلىشقا سەپەرۋەر قىلىپ، مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتۇش مۇئەسسەسلىرىنى ياخشىلاپ بەرگەن، بىر مۇنچە مەكتەپلەرنىڭ خەتەرلىك ئۆيلىرىنى، چاقتۇرۇۋېتىپ، يېڭى ئۆي سالدۇرۇپ بەرگەن. ئۇ، يەرلىك كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاش مەزگىلىدە، تىببىي خادىملارنى باشلاپ يېزىلارغا بېرىپ، قالقانسىمان بەز ئىششىقى، باش تەمرەتكىسىنىڭ تارقىلىش ئەھۋالىنى نەق مەيداندا ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرگەن، دېھقان ئائىلىلىرىگە كىرىپ، كېسەللىك يۈز بېرىشنىڭ سەۋەبلىرىنى تەكشۈرۈپ، ئاممىغا تازىلىققا رىئايە قىلىپ، كېسەللىكلەرنى يوقىتىپ، سالامەتلىك سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش توغرىسىدا تەربىيە بەرگەن. ئۇ، ئەمەلىي ئەھۋالنى تەكشۈرگەندىن كېيىن، تىببىي خادىملارنى يېزىلارغا بېرىپ كېسەل داۋالاشقا ئۇيۇشتۇرغان، ئۆزىمۇ گۇڭشېلارغا بېرىپ خىزمەتلەرنى شەخسەن ئورۇنلاشتۇرۇپ، تەكشۈرۈپ، گۇڭشې، ئەترەتلەردىن باش تەمرەتكىسى كېسەللىكى بارلار ئىشلىتىدىغان لۇڭگە، سوپۇنلارنى ھەل قىلىپ بېرىشنى، شۇ ئارقىلىق باش تەمرەتكىسى كېسەللىكىنىڭ داۋاملىق تارقىلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشنى تەلەپ قىلغان. بىر يىل تىرىشچانلىق كۆرسىتىش ئارقىلىق، ناھىيە بويىچە باش تەمرەتكىسى كېسەللىكىگە گىرىپتار بولغان 7500 كىشى ئاساسىي جەھەتتىن داۋالاپ ساقايتىلغان.

ئابلىز نىياز پاك ـ دىيانەتلىك ئىدى، ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ ئۆز كۆمىچىگە چوغ تارتمايتتى. ئۇ، مۇئاۋىن ھاكىم بولغان مەزگىلدە، ئۇنىڭ ئىككى نەپەر يېقىن تۇغقىنى ناھىيىلىك مائارىپ ئىدارىسىنىڭ ئۆزلىرىنى يېزىدىن ناھىيە بازىرىغا يۆتكەپ قويۇشنى تەلەپ قىلغاندا، ئابلىز نىياز بۇ ئىككى نەپەر تۇغقىنىنى ئۆيىگە چاقىرتىپ، ئۇلارغا سەۋرچانلىق بىلەن تەربىيە بېرىپ، ئۇلارنى

يېزىدا خاتىرجەم ئىشلەيدىغان قىلغان. ھەر يىلى ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانى مەزگىلىدە، نومۇرى نومۇر چېكىگە يەتمىگەن نۇرغۇن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئاتا - ئانىلىرى ئۇنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، ئۆزلىرىنىڭ پەرزەنتلىرىنى قوبۇل قىلدۇرماقچى بولغاندا، ئۇ: «مەن دۆلەتكە لاياقەتلىك ئوقۇغۇچى يەتكۈزۈپ بېرىش پرىنسىپىنىلا ئىجرا قىلالايمەن، باشقا ئىشنى ئويلىشالمايمەن» دەپلا رەت قىلغان. بىر مەزگىل، ناھىيە دەرىجىلىك ئورگانلار مەكتەپلەردىن ئوقۇتقۇچى يۆتكىمەكچى بولغاندا، ئۇ، بۇ ئىشنى ئۇقۇپ، مەركەزنىڭ ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىنى مۇقىملاشتۇرۇش توغرىسىدىكى ھۆججىتىنى ئېلىپ، ناھىيىلىك پارتكومغا بېرىپ، ئالاقىدار رەھبەرلەرنى تېپىپ، ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىنى مۇقىملاشتۇرۇشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ئېنىق ئېيتىپ، ئوقۇتقۇچىلارنى يۆتكەشكە قوشۇلمىغان. كۆپچىلىك: «ئابلىز ھاكىم نوچىلارغا تېگىشكە جۈرئەتلىك ئىكەن، پرىنسىپتا چىڭ تۇرىدىكەن، يۈز - خاتىرە قىلمايدىكەن، ئۇ، ھەقىقەتەن پارتىيىنىڭ ياخشى كادىرى ئىكەن» دېيىشتى.

مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلغاندىن كېيىن، ئابلىز نىياز خەنزۇ تىلىنى باشلامچىلىق بىلەن ئۆگەنگەن. ئۇ، مەكتەپلەرگە بېرىپ ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلارغا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنىڭ زور ئەھمىيىتىنى سۆزلەپ، مەكتەپلەرنى دوستلۇق پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇشقا ئۈندىشتۈرغان، ئۆسمۈر بالىلارغا كىچىكىدىن تارتىپ ئىتتىپاقلىققا ئەھمىيەت بېرىش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە ياخشى ئىشلارنى كۆپرەك قىلىش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە نەمۇنىچى ناھىيە قورۇشقا تۆھپە قوشۇش ھەققىدە تەربىيە بەرگەن.

ئابلىز نىياز كېسەللىك سەۋەبى بىلەن1988 - يىل 8 - ئايدا پېنسىيىگە چىققانىدى، 1988 - يىل 11 - ئاينىڭ 2 - كۈنى 57 يېشىدا دوختۇرخانىدا ئالەمدىن ئۆتتى.

## قادىر روزى مەمەت

قادىر روزى مەمەت (1925 — 1988) ، پوسكام ناھىيىسىنىڭ سەيلى يېزىسى ئۇلۇغئېرىق كەنتىدىن. ئۇ، 1954 - يىل 10 - ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە كىرگەن. 1955 - يىل 4 - ئايدا خىزمەتكە قاتناشقان. ئۇ، چوڭ ئەترەت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى، گۇڭشې باشقۇرۇش رايونىنىڭ مۇدىرى، گۇڭشې پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، گۇڭشې پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، گۇڭشې باشلىقى، گۇڭشې ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، مۇدىرى، يېزىلىق پارتكومىنىڭ شۇجىسى قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولغان.

ئۇ، يېزا ئىگىلىكىنى كوپېراتسىيىلەشتۈرۈش ھەرىكىتىدە، 20 نەچچە ئائىلىلىك دېھقانىنى ئاۋۋال تەشكىللەپ، سەيلى يېزىسى بويىچە تۇنجى باشلانغۇچ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش كوپېراتىپىنى قۇرغان، كېيىن يەنە يېقىن ئەتراپتىكى بىر قانچە باشلانغۇچ كوپېراتىپنى بىرلەشتۈرۈپ، ئالىي يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش كوپېراتىپى قۇرغان. ئىگىلىك باشقۇرۇشى جايىدا بولغانلىقى، كوپېراتىپ ئەزالىرىنىڭ دارامىتى كۆپەيگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇ، ناھىيە تەرىپىدىن ئىلغار تىپ بولۇپ باھالانغان.

ئۇ، 1960 - يىلى گۇڭشېنىڭ رەھبەرلىك ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغاندىن كېيىن، دائىم نۇقتىدا تۇرۇپ، جاپا - مۇشەققەتكە چىداپ ئىشلىگەن. ئۇ چاغدا ئۇلۇغئېرىق چوڭ ئەترىتىنىڭ ئىشلەپچىقىرىشى تەرەققىي قىلمىغانىدى، گۇڭشې ئەزالىرىنىڭ ھەر يىلى قايتۇرۇپ سېتىۋېلىپ

يەيدىغان ئاشلىقى 27 مىڭ 500 كىلوگىرامدىن ئاشاتتى. ئۇ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن، بۇ چولڭ ئەترەتتە نۇقتىدا تۇرغان، ئۇ، بۇ چولڭ ئەترەتكە بارغاندىن كېيىن، مەھەللە ۋە ئائىلىلەرنى ئارىلاپ، ئاممىدىن كەڭ تۈردە پىكىر ئالغان ۋە ئۇلارنى جاپا - مۇشەققەتكە چىداپ ئىگىلىك يارىتىشقا رىغبەتلەندۇرگەن. دېھقانلارنى ئۇيۇشتۇرۇپ، دېھقانچىلىقنىڭ ئارىسال ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ، بەش ئۆستەڭ، توققۇز زەيكەش چاپتۇرغان، ئاممىنى كۆپلەپ چارۋا - مال بېقىپ، ئوغۇت مەنبەسىنى ئېچىشقا ھەرىكەتلەندۇرگەن، ياغاچچىلارنى ئوغۇت توشۇيدىغان غالتەك ياساشقا تەشكىللىگەن، كادىرلارنى مول ھوسۇللۇق ئېتىز تېرىشقا سەپەرۋەر قىلغان. ئۇ، ئۆزى 1.5 مو مول ھوسۇللۇق ئېتىزغا بۇغداي تېرىپ، مو بېشى مەھسۇلاتىنى 5.610 كىلوگىرامغا، ئىككى مو مول ھوسۇللۇق ئېتىزغا كۆممىقوناق تېرىپ، مو بېشى مەھسۇلاتىنى 536 كىلوگىرامغا يەتكۈزگەن.

1981 - يىلى قادىر روزى مەمەت گۈلباغ گۇڭشېسىنىڭ باشلىقلىقىغا، پارتكومىنىڭ شۇجىلىقىغا يۆتكەلگەن. ئۇ، بۇ گۇڭشېغا ئەمدىلا بارغاندا، گۇڭشېنىڭ يەرلىرى ئېغىر دەرىجىدە شورلىشىپ كەتكەنلىكى، دائىم سۇ قىس بولغانلىقى ئۈچۈن، ئاشلىق زىرائەتلىرىنىڭ بىرلىك مەھسۇلاتى ئاران 135 كىلوگىرام، پاختىنىڭ بىرلىك مەھسۇلاتى ئاران 18.5 كىلوگىرام، كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن يىللىق كىرىم 75 يۈەن بولغانىدى، %35 دېھقان ئائىلىسى قايتۇرۇپ سېتىپ بېرىلگەن ئاشلىقنى يەيتتى. ئۇ، دېھقانلارنى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە تېز بېيىتىش ئۈچۈن، ئاممىنى ھەرىكەتلەندۇرۇپ، دېھقانچىلىقنىڭ ئارىسال ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ، ئېتىز - ئېرىق ئاساسىي قۇرۇلۇشى بىلەن كەڭ شۇغۇللانغان، ئالتە يىلدا 11 مىڭ 800 مو يەرنى رەتلىگەن، كىچىك سۇ ئامبىرىدىن بەشنى ياسىغان، 58 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا چوڭ - كىچىك ئېرىق - ئۆستەڭ، 21 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا زەيكەش چاپتۇرغان، يەتتە كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا سۇ سىڭمەس ئۆستەڭ ياساتقان. ئۇ، ھەر يىلى يېزا ئىگىلىك تېخنىكا خادىملىرىنى تېخنىكا تايانچىلىرىنى تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىشقا تەشكىللەپ، دېھقانلارنى بۇغداي، كېۋەز ئۆستۈرۈش - پەرۋىش قىلىش تېخنىكىسىنى سىستېمىلىق ئۆگىنىش، ئىلمىي ئۇسۇلدا تېرىقچىلىق قىلىشنى يولغا قويۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلغان. ئۇ، كادىرلار، پارتىيە ئەزالىرى، ئىتتىپاق ئەزالىرى، ھاللىق دېھقانلارنى قىيىنچىلىقى بار ئائىلىلەرگە يار - يۆلەك بولۇشقا سەپەرۋەر قىلغان ھەمدە ئورگان كادىرلىرى، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى ھەرىكەتلەندۇرۇپ، 19 مىڭ 800 يۈەن ئىئانە تۈپلاپ، نامرات ئائىلىلەرگە 25 ئۆي، 17 ئېشەك، يەتتە هارۋا، 430 قوي ئېلىپ بەرگەن. بەنە ھاللىق ئائىلىلەرنى ھەرىكەتلەندۇرۇپ، 42 مىڭ تۈپ كۆچەت، 5700 كىلوگىرام كۆنجۈرە، 3600 كىلوگىرام سۈپەتلىك ئۇرۇقلۇق، 11 توننا خىمىيىۋى ئوغۇت ئىئانە توپلاپ، نامرات ئائىلىلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇشىغا ياردەم بەرگەن.

قادىر روزى مەمەت دېھقانلارنى جاپا - مۇشەققەتكە چىداپ ئىگىلىك يارىتىشقا يېتەكلىگەنلىكى ئۈچۈن، 1986 - يىلغا كەلگەندە، گۈلباغ يېزىسىنىڭ قىياپىتىدە زور ئۆزگىرىشلەر بولۇپ، ئاشلىقنىڭ بىرلىك مەھسۇلاتى 200 كىلوگىرامدىن كۆپرەككە، كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن كىرىم 547 يۈەنگە يېتىپ، ناھىيە تەرىپىدىن «ئىككى مەدەنىيەت» قۇرۇلۇشىدىكى ئىلغار ئورۇن بولۇپ باھالانغان.

قادىر روزى مەمەت ئاشقازان كېسىلى ۋە ئۆپكە كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ، 1988 - يىل 11 - ئاينىڭ 28 - كۈنى 63 يېشىدا بىز بىلەن مەڭگۈ ۋىدالاشتى.

# II باب شەخسلەر جەدۋىلى

## 1. پوسكام ناھىيىسىدىكى خىزمەتتىن ئايرىلىپ دەم ئېلىشقا چىققان كادىرلار

(1984 - يىل 9 - ئايغىچە)

7 — 2 — 1 - جەدۋەل

| ئىسىم - فامىلىسى | ئەسلىدىكى خىزمەت ئورنى ۋە ۋەزىپىسى | جىنسى | مىللىتى | تۇغۇلغان ۋاقتى | يۇرتى | پارتىيىگە كىرگەن ۋاقتى | خىزمەتكە قاتناشقان ۋاقتى | خىزمەتتىن ئايرىلىپ دەم ئېلىشقا چىققان ۋاقتى | ئەسكەرتىش |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| سۇن جىخەن | ناھىيىلىك پارتكوم ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى | ئەر | خەنزۇ | 1916 - يىل | خۇنەن ئۆلكىسى لىڭلىڭ ناھىيىسى | 1948 - يىل 6 - ئاي | 1947 - يىل 6 - ئاي | 1979 - يىل 12 - ئاي | |
| جاڭ رۇڭشىن | خەلق ئىشلىرى بۆلۈمىنىڭ باشلىقى | ئەر | خەنزۇ | 1927 - يىل | سەنشى ئۆلكىسىنىڭ لىنشىيەن ناھىيىسى | 1946 - يىل 12 - ئاي | 1945 - يىل 6 - ئاي | 1981 - يىل 4 - ئاي | |
| سۇشىن | ناھىيىلىك پارتكوم پارتىيە مەكتىپىنىڭ مۇدىرى | ئەر | خەنزۇ | 1924 - يىل | گەنسۇ ئۆلكىسى خۇيشيەن ناھىيىسى | 1948 - يىل 10 - ئاي | 1948 - يىل 2 - ئاي | 1983 - يىل 3 - ئاي | |
| لى زولياڭ | 2 - يېزىلىق سانائەت ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى | ئەر | خەنزۇ | 1914 - يىل | سەنشى ئۆلكىسىنىڭ پىڭياۋ ناھىيىسى | 1948 - يىل | 1943 - يىل 8 - ئاي | 1981 - يىل 1 - ئاي | |
| لى يۇڭفۇ | زىيالىي ياشلار ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى | ئەر | خەنزۇ | 1933 - يىل | ئەنخۇي ئۆلكىسى شۇچېڭ ناھىيىسى | 1960 - يىل | 1949 - يىل 3 - ئاي | 1981 - يىل | |
| يەن شىچېڭ | تاشقى سودا ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى | ئەر | خەنزۇ | 1926 - يىل | شەندۇڭ ئۆلكىسى فېيچېڭ ناھىيىسى | 1943 - يىل 8 - ئاي | 1942 - يىل 1 - ئاي | 1981 - يىل 3 - ئاي | |
| فاڭ مىڭيۇەن | ناھىيىلىك باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ مۇدىرى | ئەر | خەنزۇ | 1922 - يىل | سىچۇەن ئۆلكىسى نەنخۇي ناھىيىسى | 1948 - يىل 9 - ئاي | 1947 - يىل 3 - ئاي | 1983 - يىل 6 - ئاي | |
| لى چۇنماۋ | ناھىيىلىك پارتكوم مېھمانخانىسىنىڭ باشلىقى | ئەر | خەنزۇ | 1919 - يىل | خېبېي ئۆلكىسى | 1946 - يىل | 1942 - يىل | 1977 - يىل 12 - ئاي | |

| | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| ۋاڭ جيەنباڭ | ئورمانچىلىق پونكىتىنىڭ باشلىقى | ئەر | خەنزۇ | 1923 - يىل | گەنسۇ ئۆلكىسى لۇڭشى ناھىيەسى | 1950 - يىل | 1949 - يىل 9 - ئاي | 1981 - يىل | |
| خۋاڭ تەيگۇاڭ | نېفىت شىركىتىنىڭ مۇئاۋىن جىڭلىسى | ئەر | خەنزۇ | 1919 - يىل | خېبېي ئۆلكىسى جېشيەن ناھىيىسى | 1949 - يىل 6 - ئاي | 1948 - يىل | 1981 - يىل 5 - ئاي | |
| لى سەنجى | نېفىت شىركىتى نېفىت ئايرىش زاۋۇتىنىڭ باشلىقى | ئەر | خەنزۇ | 1922 - يىل | سەنشى ئۆلكىسى جىڭلې ناھىيىسى | 1947 - يىل 11 - ئاي | 1944 - يىل | 1979 - يىل | |
| دوگۇمىن | يىما يېزىلىق ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى | ئەر | خەنزۇ | 1927 - يىل | خېنەن ئۆلكىسى شىپىڭ ناھىيىسى | 1956 - يىل | 1949 - يىل 9 - ئاي | 1981 - يىل 12 - ئاي | |
| ۋۇ يۈنفا | ئاشلىق ئىدارىسى پىششىقلاپ ئىشلەش بۆلۈمچىسىنىڭ باشلىقى | ئەر | خەنزۇ | 1920 - يىل | خېنەن ئۆلكىسى شىشيەن ناھىيىسى | 1948 - يىل 8 - ئاي | 1948 - يىل | 1981 - يىل 7 - ئاي | |
| لۇ جىنرۇڭ | ئاشلىق ئىدارىسى ئامبىرىنىڭ مۇدىرى | ئەر | خەنزۇ | 1920 - يىل | خېنەن ئۆلكىسى يېياڭ ناھىيىسى | 1948 - يىل | 1948 - يىل 8 - ئاي | 1980 - يىل 12 - ئاي | |
| گاۋ چاڭيۇ | يېزا ئىگىلىك ماشىنىلاشتۇرۇش شىركىتىنىڭ كادىرى | ئەر | خەنزۇ | 1916 - يىل | سەنشى ئۆلكىسى يۈنچېڭ ناھىيىسى | 1948 - يىل 9 - ئاي | 1947 - يىل 12 - ئاي | 1979 - يىل 9 - ئاي | |
| لىن فۇچۈن | يىمەكلىك شىركىتىنىڭ كادىرى | ئەر | خەنزۇ | 1919 - يىل | سىچۈەن ئۆلكىسى شىفاڭ ناھىيىسى | | 1947 - يىل 8 - ئاي | 1981 - يىل 7 - ئاي | |
| لى زوڭگېن | پاختا - چىگە شىركىتىنىڭ يېتەكچىسى | ئەر | خەنزۇ | 1922 - يىل | سىچۈەن ئۆلكىسى جيەنياڭ ناھىيىسى | 1948 - يىل 7 - ئاي | 1947 - يىل 6 - ئاي | 1981 - يىل 1 - ئاي | |
| لىن جۇنشياڭ | يەرلىك مەھسۇلاتلار شىركىتىنىڭ كادىرى | ئەر | خەنزۇ | 1928 - يىل | سەنشى ئۆلكىسى لىنشيەن ناھىيىسى | 1948 - يىل | 1945 - يىل 8 - ئاي | 1980 - يىل 8 - ئاي | |

| | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| لى فاشياۋ | يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش شىركىتىنىڭ كادىرى | ئەر | خەنزۇ | 1920 - يىل | سەنشى ئۆلكىسى جۇڭياڭ ناھىيىسى | | 1946 - يىل 11 - ئاي | 1978 - يىل | |
| ۋاڭ ئىنگاۋ | ناھىيىلىك يول ئاسراش ئەترىتىنىڭ يېتەكچىسى | ئەر | خەنزۇ | 1924 - يىل | سەنشى ئۆلكىسى شياۋيى ناھىيىسى | 1945 - يىل 5 - ئاي | 1944 - يىل | 1983 - يىل 6 - ئاي | |
| گاۋ فۇيۈن | سودا - سانائەت ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى | ئەر | خەنزۇ | 1928 - يىل | خېنەن ئۆلكىسى لوياڭ شەھىرى | 1949 - يىل | 1948 - يىل 8 - ئاي | 1983 - يىل 6 - ئاي | |
| ياڭ يىجى | رادىئو ئۇزېلىنىڭ كادىرى | ئەر | خەنزۇ | 1918 - يىل | سىچۇەن ئۆلكىسى گۇەنشەن ناھىيىسى | | 1948 - يىل 4 - ئاي | 1979 - يىل 9 - ئاي | 1984 - يىل ئالەمدىن ئۆتتى |
| تيەن شىڭمېي | قوش بېكىتىش زاۋۇتىنىڭ زاپخوزى | ئەر | تۇجيا | 1914 - يىل | سىچۇەن ئۆلكىسى شىياڭ ناھىيىسى | 1948 - يىل 8 - ئاي | 1949 - يىل 6 - ئاي | 1980 - يىل 12 - ئاي | |
| لى فېڭدې | تۇرۇبا سۈيى شىركىتىنىڭ ئامبارچىسى | ئەر | خەنزۇ | 1922 - يىل | خېنەن ئۆلكىسى مېڭجىن ناھىيىسى | | 1948 - يىل | 1983 - يىل 6 - ئاي | |
| مېي چىجۇن | 2 - يېنىك سانائەت ئىدارىسىنىڭ كاتىپى | ئەر | خەنزۇ | 1929 - يىل | خۇبېي ئۆلكىسى يىڭشەن ناھىيىسى | 1979 - يىل | 1949 - يىل 4 - ئاي | 1983 - يىل 7 - ئاي | |
| ئوسمانجان | يېمەكلىك شىركىتى فېرمىسىنىڭ باشلىقى | | | 1920 - يىل | شىنجاڭ يەكەن ناھىيىسى | | 1945 - يىل | 1982 - يىل 7 - ئاي | |
| لى جۇنخەي | تاشقى سودا ئىدارىسىنىڭ باشلىقى | ئەر | خەنزۇ | 1924 - يىل | خېنەن ئۆلكىسى شىشيەن ناھىيىسى | 1949 - يىل 5 - ئاي | 1948 - يىل | 1983 - يىل 9 - ئاي | |
| جاڭ شېڭلەن | ئاشلىق ئىدارىسى ئامبىرىنىڭ مۇدىرى | ئەر | خەنزۇ | 1923 - يىل | سەنشى ئۆلكىسى يۈڭخې ناھىيىسى | 1949 - يىل 5 - ئاي | 1946 - يىل 7 - ئاي | 1981 - يىل | 1982 - يىلى ئالەمدىن ئۆتتى |
| جاڭ فېڭخۇا | جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى يىغىۋېلىش ئورنىنىڭ باشلىقى | ئەر | خەنزۇ | 1911 - يىل | شەندۇڭ ئۆلكىسى يۈچېڭ ناھىيىسى | 1949 - يىل 2 - ئاي | 1948 - يىل 3 - ئاي | 1977 - يىل | 1983 - يىلى ئالەمدىن ئۆتتى |

| | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| موللايوۋ مەمەت | پاختا - جىگە شىركىتىنىڭ ئامبارچىسى | | | 1918 - يىل | شىنجاڭ ئاتۇش ناھىيىسى | | 1945 - يىل | 1982 - يىل 7 - ئاي | |
| ياقۇپجان | ناھىيىلىك دېھقانچىلىق تېخنىكا پونكىتىنىڭ تەرجىمانى | | | 1926 - يىل | شىنجاڭ پوسكام ناھىيىسى | | 1949 - يىل 9 - ئاي | 1981 - يىل 4 - ئاي | |
| ئۆمەر توختى | ئورمانچىلىق پونكىتىنىڭ كادىرى | | | 1923 - يىل | شىنجاڭ پوسكام ناھىيىسى | | 1949 - يىل 9 - ئاي | 1982 - يىل 10 - ئاي | |
| ماموت ئىبراھىم | ناھىيىلىك دوختۇرخانىنىڭ كادىرى | | | 1923 - يىل | شىنجاڭ قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسى | | 1944 - يىل 11 - ئاي | 1983 - يىل 6 - ئاي | |
| قۇربان جۇمە | خەلق ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى | | | 1921 - يىل | شىنجاڭ خوتەن ناھىيىسى | 1957 - يىل 3 - ئاي | 1949 - يىل 9 - ئاي | 1983 - يىل 9 - ئاي | |
| ياڭ فۇشياڭ | يېمەكلىك شىركىتىنىڭ تەرجىمانى | ئەر | خەنزۇ | 1918 - يىل | شىنجاڭ يېڭىسار ناھىيىسى | | 1949 - يىل 9 - ئاي | 1979 - يىل 4 - ئاي | 1983 - يىل 6 - ئايدا ئالەمدىن ئۆتتى |
| سامساق توختى | ئىككىسۇ يېزىلىق تەمىنات - سودا كوپېراتىپىنىڭ كادىرى | | | 1926 - يىل | شىنجاڭ قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسى | | 1949 - يىل 9 - ئاي | 1979 - يىل 12 - ئاي | |
| ياڭ يىليەن | سودا شىركىتىنىڭ كادىرى | ئەر | خەنزۇ | 1930 - يىل | بېيجىڭ شەھىرى | | 1949 - يىل 12 - ئاي | 1983 - يىل 9 - ئاي | |
| جاڭ ياۋگۇاڭ | ھۆكۈمەت ستاتىستىكا بۆلۈمىنىڭ باشلىقى | ئەر | خەنزۇ | 1931 - يىل | شەنسى ئۆلكىسى خۇشيەن ناھىيىسى | 1954 - يىل 12 - ئاي | 1949 - يىل 7 - ئاي | 1983 - يىل 6 - ئاي | |
| جاڭ يۇڭشياڭ | ناھىيىلىك پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى | ئەر | خەنزۇ | 1932 - يىل | گەنسۇ ئۆلكىسى لىنتاۋ ناھىيىسى | 1953 - يىل 10 - ئاي | 1949 - يىل 8 - ئاي | 1984 - يىل 5 - ئاي | |
| جاڭ پېيرۇڭ | ناھىيىلىك پارتكوم بىرلىكسەپ بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى | ئەر | خەنزۇ | 1924 - يىل | سەنشى ئۆلكىسى پىڭلو ناھىيىسى | 1950 - يىل | 1949 - يىل 9 - ئاي | 1984 - يىل 5 - ئاي | |

| | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| چېن شۇرۇڭ | ناھىيىلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى | ئەر | تۇجيا | 1926 - يىل | خۇبېي ئۆلكىسى ئېنشى شەھىرى | 1949 - يىل | 1948 - يىل | 1984 - يىل 5 - ئاي | |
| دى شۇچۇ | رادىئو ئۇزىلىسىنىڭ كادىرى | ئەر | خەنزۇ | 1930 - يىل | خېبېي ئۆلكىسى جىشيەن ناھىيىسى | | 1949 - يىل 3 - ئاي | 1984 - يىل 5 - ئاي | |
| سادىق رازىق | سودا - سانائەت ئىدارىسىنىڭ تەرجىمانى | | | 1927 - يىل | شىنجاڭ پوسكام ناھىيىسى | | 1949 - يىل 9 - ئاي | 1984 - يىل 5 - ئاي | |
| گو يۇشەن | سودا - سانائەت ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى | ئەر | خەنزۇ | 1926 - يىل | خۇبېي ئۆلكىسى جۇڭشياڭ ناھىيىسى | 1950 - يىل | 1949 - يىل 9 - ئاي | 1984 - يىل 5 - ئاي | |
| جاۋ جىگو | پاختا - چىگە شىركىتىنىڭ مۇئاۋىن جىڭلىسى | ئەر | خەنزۇ | 1923 - يىل | خېنەن ئۆلكىسى شياڭچېڭ ناھىيىسى | 1948 - يىل | 1948 - يىل 2 - ئاي | 1984 - يىل 7 - ئاي | |
| لىي ۋېن | تەمىنات - سودا كوپېراتىپىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى | ئەر | خەنزۇ | 1931 - يىل | شەنشى ئۆلكىسى ۋۇگۇڭ ناھىيىسى | 1954 - يىل 4 - ئاي | 1949 - يىل 7 - ئاي | 1984 - يىل 6 - ئاي | |
| ئوسمان يولداش | ئاقتام يېزىلىق باج پونكىتىنىڭ باشلىقى | | | 1922 - يىل | شىنجاڭ ئاقتو ناھىيىسى | | 1949 - يىل 9 - ئاي | 1984 - يىل 6 - ئاي | |
| چېن زېشېن | پوسكام بازىرىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى | ئەر | خەنزۇ | 1926 - يىل | خېنەن ئۆلكىسى جياشيەن ناھىيىسى | 1947 - يىل 10 - ئاي | 1947 - يىل 5 - ئاي | 1984 - يىل 8 - ئاي | |
| ۋاڭ كېشياڭ | ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى | ئەر | خەنزۇ | 1927 - يىل | شەنشى ئۆلكىسى لەنتيەن ناھىيىسى | 1980 - يىل | 1949 - يىل 9 - ئاي | 1984 - يىل 8 - ئاي | |
| سادىق قادىر | پوسكام يېزىسىنىڭ تەرجىمانى | | | 1926 - يىل | شىنجاڭ پوسكام ناھىيىسى | 1981 - يىل | 1949 - يىل 9 - ئاي | 1984 - يىل 6 - ئاي | |
| فېڭ چېڭ | پوچتا - تېلېگراف ئىدارىسىنىڭ يېزا تېلېفونى باشقۇرغۇچىسى | ئەر | خەنزۇ | 1928 - يىل | سىچۇەن ئۆلكىسى باشيەن ناھىيىسى | 1949 - يىل 9 - ئاي | 1948 - يىل 10 - ئاي | 1984 - يىل 9 - ئاي | |
| ۋاڭ دۇڭ | شىنخۇا كىتابخانىسىنىڭ جىڭلىسى | ئەر | خەنزۇ | 1921 - يىل | شەنشى ئۆلكىسى چىڭشۇ ناھىيىسى | 1947 - يىل | 1946 - يىل | 1984 - يىل 7 - ئاي | |

## 2. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن بۇيان مەركەز ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ تەقدىرلىشىگە ئېرىشكەن ئەمگەك نەمۇنىچىلىرى، ئىلغار خىزمەتچىلەرنىڭ ئىسىملىكى

7 — 2 — 2 - جەدۋەل

| ئىسىم - فامىلىسى | جىنسى | مىللىتى | خىزمەت ئورنى ۋە ۋەزىپىسى | شەرەپ نامى | مۇكاپاتلىغان ئورۇن ۋە ۋاقىت |
|---|---|---|---|---|---|
| ئېلى ئاۋۇت | | | پوسكام يېزىسىدىن، دېھقان | سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئاكتىپى | ئىتتىپاق مەركىزىي كومىتېتى، 1954 - يىلى |
| لى چۇەنخەي | ئەر | خەنزۇ | تاشقى سودا شىركىتىنىڭ جىڭلىسى (دەم ئېلىشقا چىققان) | ئىلغار خىزمەتچى | ئاپتونوم رايونلۇق باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى، 1959 - يىلى |
| قۇپى توختى | | | سۇ - ئېلېكتر ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى | ئىلغار خىزمەتچى | ئاپتونوم رايونلۇق باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى، 1959 - يىلى |
| مەمەتئېلى ئەمەت | | | ناھىيىلىك قول سانائەتچىلەر - بىرلەشمىسى بىناكارلىق كوپىراتىپىنىڭ ياچېيكا شۇجىسى | ئىلغار خىزمەتچى | ئاپتونوم رايونلۇق باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى، 1960 - يىلى |
| مۇسا ھوشۇر | | | سەيلى يېزىلىق ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ مۇدىرى | ئىلغار خىزمەتچى | ئاپتونوم رايونلۇق باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى، 1960 - يىلى |
| ئابدۇسەمەت قادىر | | | سەيلى يېزىسىنىڭ مەدەنىيەت - مائارىپ گەنسى | ئىلغار خىزمەتچى | ئاپتونوم رايونلۇق باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى، 1960 - يىلى |
| خەيرىنىسائەمەت | | | يىما گۈڭشېسى 4 - چوڭ ئەترەت باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى (1966 - يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن) | ئىلغار خىزمەتچى | ئاپتونوم رايونلۇق باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى، 1960 - يىلى |
| جاڭ يۇڭ | ئەر | خەنزۇ | ناھىيىلىك تەمىنات - سودا كوپىراتىپىنىڭ كادىرى | سانائەتتە داچىڭدىن ئۆگىنىشتىكى ئىلغار شەخس | ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى، 1977 - يىلى |
| گو يۇسەي | ئەر | خەنزۇ | ناھىيىلىك چارۋىچىلىق ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى | ئاپتونوم رايون بويىچە ئىلغار پەن - تېخنىكا خىزمەتچىسى | ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى، 1978 - يىلى |
| ھەمراخان تۇردى | | | پوسكام يېزىسى پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى | «8 - مارت قىزىل بايراقدارى» | ئاپتونوم رايونلۇق ئاياللار بىرلەشمىسى، 1979 - يىلى |
| تۇخان ئاۋۇت | | | سەيلى يېزىلىق دوختۇرخانىنىڭ سېستراسى | «8 - مارت قىزىل بايراقدارى» | ئاپتونوم رايونلۇق ئاياللار بىرلەشمىسى، 1981 - يىلى |

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| خۇاڭ كېخۇا | ئايال | خەنزۇ | ناھىيىلىك 2 - باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى | مۇنەۋۋەر يېتەكچى | ئاپتونوم رايونلۇق ئىتتىپاق كومىتېتى، 1981 - يىلى |
| تۇرسۇن ئېلى | | | ناھىيىلىك 1 - باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى | مۇنەۋۋەر يېتەكچى | ئاپتونوم رايونلۇق ئىتتىپاق كومىتېتى، 1981 - يىلى |
| ياڭ يىچۇن | ئايال | خۇيزۇ | ناھىيىلىك 2 - ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى | مەملىكەتلىك ۋە ئاپتونوم رايونلۇق «8-مارت قىزىل بايراقدارى» | مەملىكەتلىك ۋە ئاپتونوم رايونلۇق ئاياللار بىرلەشمىسى، 1982 - يىلى |
| زۆھرىخان يۈسۈپ | | | ناھىيىلىك رادىئو ئۈزىلىنىڭ تەھرىرى | مەملىكەتلىك ۋە ئاپتونوم رايونلۇق «بەشتە ياخشى» ئائىلىلەر ۋەكىلى | مەملىكەتلىك ۋە ئاپتونوم رايونلۇق ئاياللار بىرلەشمىلىرى، 1982 - يىلى |
| مەرەمنىساخان يۇنۇس | | | پوسكام يېزىسى ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئائىلە - تاۋابىئاتلىرى ئەترىتىنىڭ باشلىقى | «8 - مارت قىزىل بايراقدارى» | ئاپتونوم رايونلۇق ئاياللار بىرلەشمىسى، 1982 - يىلى |
| ۋاڭ يۈلەن | ئايال | خەنزۇ | رېمونت قىلىش - ياساش زاۋۇتىنىڭ ئىشچىسى | «8 - مارت قىزىل بايراقدارى» | ئاپتونوم رايونلۇق ئاياللار بىرلەشمىسى، 1982 - يىلى |
| ھەمراخان سادىق | | | ناھىيىلىك 1 - باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى | «بەشتە ياخشى» ئائىلىلەر ۋەكىلى | ئاپتونوم رايونلۇق ئاياللار بىرلەشمىسى، 1982 - يىلى |
| مېڭ شاڭفاڭ | ئايال | خەنزۇ | ناھىيىلىك ئاشلىق ئىدارىسىنىڭ ئاشپىزى | «بەشتە ياخشى» ئائىلىلەر ۋەكىلى | ئاپتونوم رايونلۇق ئاياللار بىرلەشمىسى، 1982 - يىلى |
| ئوسمان ئەيسا | | | يىما يېزىسى 1 - چوڭ ئەترىتى پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى | «بەشتە ياخشى» ئائىلىلەر ۋەكىلى | ئاپتونوم رايونلۇق ئاياللار بىرلەشمىسى، 1982 - يىلى |
| قاۋۇز قادىر | | | گۈلباغ يېزىسى ئىتتىپاق ياچېيكىسىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى | يېڭى ئۇزۇن سەپەر زەربىدارى | ئاپتونوم رايونلۇق ئورمانچىلىق نازارىتى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق ئىتتىپاق كومىتېتى |
| غازى ئۇلۇغ | | | مال دوختۇرلۇق پونكىتىنىڭ دوختۇرى | مەملىكەت بويىچە ئاز سانلىق مىللەت مۇنەۋۋەر پەن - تېخنىكا خىزمەتچىسى | دۆلەت پەن - تېخنىكا كومىتېتى ۋە دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى، 1984 - يىلى |
| يەن شىڭشى | ئەر | خەنزۇ | ناھىيىلىك پەن - تېخنىكا كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى | ئاپتونوم رايون بويىچە مۇنەۋۋەر پەن - تېخنىكا خىزمەتچىسى | ئاپتونوم رايونلۇق پەن - تېخنىكا كومىتېتى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى، 1984 - يىلى |
| سەمەت قۇربان | | | يىما يېزىلىق سۇ پونكىتىنىڭ كادىرى | مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىكى ئىلغار شەخس | ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى |

## 3 . ئۆزى پوسكام ناھىيىسىدىن لېكىن باشقا جايلاردىكى پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە ئورگانلىرىدا ناھىيە، تۇەن دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان كادىرلارنىڭ ئىسىملىكى

7 ـ 2 ـ 3 ـ جەدۋەل

| ئىسىم ـ فامىلىسى | يۇرتى | خىزمەت ئورنى | ۋەزىپىسى |
|---|---|---|---|
| قادىر ھوشۇر | يىما يېزىسى | ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمى | مۇئاۋىن بۆلۈم باشلىـقى |
| مۇسا چاۋار | پوسكام يېزىسى | ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش سىياسىي ـ قانۇن گۇرۇپپىسى | مۇئاۋىن گۇرۇپپا باشلىقى |
| سەمەت ئىبراھىم | يىما يېزىسى | قەشقەر كونا شەھەر ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى | مۇدىر |
| تۇرسۇن يۇنۇس | ئاقتام يېزىسى | ئاپتونوم رايونلۇق ناخشا ـ ئۇسسۇل ئۆمىكى | مۇئاۋىن ئۆمەك باشلىقى |
| مەھەممەت ئەخمەت | پوسكام يېزىسى | ئۈرۈمچى ساقچى مەكتىپى | سىياسىي بۆلۈمنىڭ مۇدىرى |
| تۇرسۇن توختى | يىما يېزىسى | ئاپتونوم رايونلۇق تەنتەربىيە كومىتېتى سىياسىي بۆلۈمى | مۇئاۋىن مۇدىر |
| ئاقايىت روزى | پوسكام يېزىسى | جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رايونى ئامىنۇي ئالاقە باشقارمىسى | باشقارما باشلىقى |
| مەھەممەت نىياز | گۈلباغ يېزىسى | ئاپتونوم رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسى | تەپتىش |
| سابىر لېتىپ | ئىككىسۇ يېزىسى | شىنجاڭ توقۇمىچىلىق سانائىتى باش شىركىتى قوغداش باشقارمىسى | مۇئاۋىن باشقارما باشلىقى |
| مامۇت ھاشىم | تۇغچى يېزىسى | ئاپتونوم رايونلۇق ئەمگەك ـ كادىرلار نازارىتى | مۇئاۋىن باشقارما باشلىقى |
| ئەمەت يۈسۈپ | گۈلباغ يېزىسى | ئاپتونوم رايونلۇق تاشقى سودا شىركىتى | مۇئاۋىن جىڭلى |

# قوشۇمچە

# قوشۇمچە

# تارىخىي ماتېرىياللار

## 1 . «قۇرۇقلۇق ئارمىيىنىڭ ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلىنغان ئاتلىق قىسىم 4 - لۇيىنىڭ پوسكام ناھىيىسىدىكى مۇھىم ھەربىي جايى تەزكىرىسى» مىڭگونىڭ 37 - يىلى 2 - ئايدا يېزىلغان

### 1) جۇغراپىيىۋى ئەھۋالى ۋە نوپۇسى

(1) جۇغراپىيىۋى ئەھۋالى بۇ ناھىيە يەكەننىڭ 30 كىلومېتىرچە جەنۇبىغا جايلاشقان. شىمالدا يەكەن بىلەن، جەنۇبتا قاغىلىق بىلەن چېگرىلىنىدۇ، كۆلىمى تەخمىنەن 1600 كۋادرات كىلومېتىر.

(2) نوپۇسى ناھىيە بويىچە 22 مىڭ 914 ئەر، 19 مىڭ 995 ئايال بار. ئۇيغۇرلار ئەڭ كۆپ، ئۆزبېك، قىرغىز، تاجىكلار 2 - ئورۇندا تۇرىدۇ، ئەرلەر دېھقانچىلىق بىلەن، ئاياللار يىپ ئىگىرىش بىلەن تىرىكچىلىك قىلىدۇ.

### 2) يوللىرى

(1) ناھىيىگە قاراشلىق تاشيول (قەشقەر —خوتەن تاشيولى) بۇ يول يەكەن دەرياسىنىڭ جەنۇبىي قىرغىقىدىن باشلىنىپ، قاغىلىق ناھىيىسى تەۋەسىدىكى ئىككىسۇغىچە بارىدۇ، ئۇ، مۇشۇ ناھىيىدىكى تىنچلىق بازىرىنى بېسىپ ئۆتۈپ، جەنۇبتا قاغىلىققىچە، شىمالدا يەكەنگىچە بارىدۇ، يولنىڭ ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 140 كىلومېتىر، كەڭلىكى سەككىز مېتىر، يول يۈزى ئالتە مېتىر كېلىدۇ، يولغا شېغىل ياتقۇزۇلغان، يولنىڭ ئۇلى پۇختا، ئاپتوموبىل - هارۋا قاتناشقا ئىنتايىن قولايلىق.

(2) قەشقەر - خوتەن يولى بۇ يول يەكەن دەرياسىنىڭ جەنۇبىي قىرغىقىدىن باشلىنىپ، قاغىلىق تەۋەسىدىكى ئىككىسۇغىچە بارىدۇ، يولنىڭ ئۇزۇنلۇقى 140 كىلومېتىر، كەڭلىكى بەش مېتىر كېلىدۇ، يول ئۇلى قۇم - توپا، بۇ يول ناھىيە بازىرىدىكى پوسكام كۆۋرۈكى (ياغاچ كۆۋرۈك) دىن ئۆتىدۇ. يول ياقىسى تۈز كەتكەن ئېكىنزارلىق، يولدا ئاپتوموبىل - هارۋا قاتنىيالايدۇ.

(3) ئىگەرچى يولى بۇ يول مۇشۇ ناھىيىدىن باشلىنىپ، يەكەننىڭ ئىگەرچى بازىرىغا بارىدۇ، مۇشۇ ناھىيىنىڭ «خەلق هاياتى» يېزىسىنى بېسىپ ئۆتىدۇ، يولنىڭ ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 20 كىلومېتىر، كەڭلىكى تەخمىنەن ئالتە مېتىر كېلىدۇ، يولنىڭ ئۇلى قۇم - توپا، يول ياقىسىنىڭ ئەهۋالى ۋە قاتناش ئەهۋالى 2 - ماددىدىكىگە ئوخشايدۇ.

3 ) مۇھىم بازارلىرى

بۇ ناھىيىنىڭ بىرلا ناھىيە بازىرى بار، دائىرىسى كىچىك، سېپىلـــــى يوق، بازار ئىچى قاتنىشىدا قەشقەر — خوتەن تاشيولىنىڭ بېسىپ ئۆتىدىغان بۆلىكىدىن پايدىلىنىلىدۇ. مىللەتلەر ئىچىدە ئۇيغۇرلار ئەڭ كۆپ، ئىنتايىن ئاز ساندىكى خەنزۇلاردىن تاشقىرى، باشقا مىللەتلەرنىڭ ھەممىسى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ. مائارىپى ئىنتايىن قالاق. يەرلىك ئورۇننىڭ قورال كۈچى جەمئىي 50 ساقچى، 30 مىلتىق بار، باشقا قورال كۈچى يوق. بۇ ناھىيىنىڭ سۇ مەنبەسى ناھايىتى مول بولۇپ، ئېتىزلىقلارنى سۇغىرىشقا تولىمۇ پايدىلىق.

4 ) دەريا، ئۆستەڭلىرى

(1) يەكەن دەرياسى بۇ دەريا پامىر ئېگىزلىكىدىن باشلىنىپ، مارالبېشىغىچە بارىدۇ، ئۇ، ناھىيىنىڭ «قۇرۇلۇش»، «خەلق ھاياتى» قاتارلىق يېزىلىرىدىن ئۆتىدۇ، دەريانىڭ كەڭلىكى تەخمىنەن 1350 مېتر كېلىدۇ، ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 1000 كىلومېتردىن ئاشىدۇ، سۇ يۈزىنىڭ كەڭلىكى 1300 مېتر، سۇنىڭ ئوتتۇرىچە چوڭقۇرلۇقى تۆت مېتر كېلىدۇ. ھەر سېكۇنتتىكى ئېقىش سۈرئىتى ئىككى مېتردىن ئۈچ مېترغىچە. ياز، كۈزدە سۇ چوڭقۇر، قىشتا سۇ تېيىز بولىدۇ. دەريانىڭ تېگى شېغىل، ئىككى قىرغىقىغا زىرائەت تېرىلىدۇ، دەريادىن ئۆتىدىغان جاي ۋە كېچىك ئورنى ئىگەرچى ۋە پايناپقا، يەكەن دەرياسى كۆۋرۈكى يەكەن بىــلەن پوسكام چېگرىلىنىدىغان جايغا جايلاشقان. ئەگەر دەريانىڭ لاي - لاتقىلىرى ئادالانسا، تاشقورغاندىن باشلاپ پوسكام، يەكەن ئارقىلىق مارالبېشىغىچە كېمە قاتنىيالايدۇ.

(2) پوسكام دەرياسى بۇ دەريا يەكەن دەرياسىدىن باشلىنىپ يەكەنگىچە بارىدۇ، «قۇرۇلۇش»، «مەدەنىيەت»، «خەلق ھاياتى» قاتارلىق يېزىلاردىن ئۆتىدۇ. دەريانىڭ كەڭلىكى 25 مېتر، ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 40 كىلومېتر، سۇ يۈزىنىڭ كەڭلىكى تەخمىنەن 20 مېتر، سۇنىڭ چوڭقۇرلۇقى تەخمىنەن ئىككى مېتر كېلىدۇ، ھەر سېكۇنتتىكى ئېقىش سۈرئىتى بىر مېتردىن ئىككى مېترغا يېتىدۇ. يازدا سۇ چوڭقۇر، ئەتىياز، قىشتا سۇ تېيىز بولىدۇ، دەريانىڭ تېگىدە ئۇششاق تاش بار، ئىككى ياقىسىغا زىرائەت تېرىلىدۇ، كۆۋرۈك مۇشۇ ناھىيە بازىرىنىڭ شىمالىدا بولۇپ، ئۇ. پوسكام كۆۋرۈكىدىن ئىبارەت.

(3) بەشكەنت ئۆستىڭى بۇ ئۆستەڭ يەكەن دەرياسىدىن باشلىنىپ، يەكەنگىچە بارىدۇ، «غالىبىيەت»، «گۈللىنىش» قاتارلىق يېزىلاردىن ئۆتىدۇ، ئۆستەڭنىڭ كەڭلىكى تەخمىنەن25 مېتر، ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 100 كىلومېتر، سۇ يۈزىنىڭ كەڭلىكى 20 مېتر، سۇنىڭ چوڭقۇرلۇقى ئىككى مېتر كېلىدۇ، ئېقىش سۈرئىتى، پەسىللىك ئۆزگىرىشى، دەريا تېگىنىڭ خاراكتېرى 2 - ماددىدىكىگە ئوخشايدۇ، كۆۋرۈك قۇلغان دېگەن يەرگە جايلاشقان.

5 ) يەرلىكنىڭ ترانسپورت كۈچى

بىر قانچە يۈز ئات ھارۋىسىدىن باشقا ترانسپورت كۈچى يوق.

6 ) مەھسۇلاتى

گۈرۈچ 2100 دادەن، بۇغداي 9725 دادەن، كۆممىقوناق 14 مىڭ دادەن. ئات 670، كالا 1076، قوي 38 مىڭ 278، ئېشەك 8686، تۆگە 29، ئۆچكە 7668 (ئاشلىق يىللىق مەھسۇلات بويىچە، چارۋا نەق سان بويىچە ھېسابلاندى).

7 ) كىلىماتى

(1) ئەتىياز تېمپېراتۇرا 6.2°C بولىدۇ، ئوتتۇرىچە شامال سۈرئىتى سېكۇنتىغا تەخمىنەن

بىر مېترغا يېتىدۇ، غەربىي شىمال شامىلى چىقىدۇ، 3 - ئاي يامغۇر مەزگىلى ھېسابلىنىدۇ، ياندۇرقى يىلى 2 - ئاي توك يېنىش مەزگىلى ھېسابلىنىدۇ.

(2) ياز تېمپېراتۇرا 22°C بولىدۇ، ئوتتۇرىچە شامال سۈرئىتى سېكۇنتىغا تەخمىنەن بىر مېترغا يېتىدۇ، غەربىي جەنۇب شامىلى چىقىدۇ، 6 - ئاي يامغۇر مەزگىلى ھېسابلىنىدۇ.

(3) كۈز تېمپېراتۇرا 3°C . 9 بولىدۇ، ئوتتۇرىچە شامال سۈرئىتى سېكۇنتىغا ئىككى مېترغا يېتىدۇ، غەربىي شىمال شامىلى چىقىدۇ، 9 - ئاي يامغۇر مەزگىلى ھېسابلىنىدۇ.

(4) قىش تېمپېراتۇرا 3°C . 8 - بولىدۇ، ئوتتۇرىچە شامال سۈرئىتى سېكۇنتىغا ئىككى مېترغا يېتىدۇ، شەرقىي شىمال شامىلى چىقىدۇ، 11 - ئاي قار يېغىش ۋە مۇز تۇتۇش مەزگىلى ھېسابلىنىدۇ.

**8) سانائەت - سودىسى**

بۇ ناھىيىنىڭ سانائەت - سودىسى گۈللەنمىگەن، بازار كۈنلىرى كوچىلارغا مىلىچمال، ئۆتوك، تۇماق، مىس - تۇنىكىدىن ياسالغان قاچا - قۇچىلار تىزىلغاندىن باشقا، ئادەتتىكى كۈنلەردە سودا - سېتىق ناھايىتى ئاز بولىدۇ.

**9) پوچتا - تېلېگراف**

ناھىيىدە پوچتا ۋەكالەتخانىسى تەسىس قىلىنغان، ئۇ، يەكەن پوچتا - تېلېگراف ئىدارىسىغا قارايدۇ.

## 2. «قاغىلىق ناھىيىسىدىن پوسكام ناھىيىسىگە ئۈلۈغئېرىق قاتارلىق توققۇز كەنتنىڭ ئايرىپ بېرىلگەنلىكى توغرىسىدىكى پاسىلنامە»

تەكشۈرۈشىمىزچە، قاغىلىق ناھىيىسىگە قاراشلىق ئۈلۈغئېرىق قاتارلىق توققۇز كەنت قاغىلىققا يىراق بولۇپ، ئاما غەللە - پاراق تاپشۇرۇشتا، ھەر خىل باج - ئالۋان يەتكۈزۈپ بېرىشتە قولايسىزلىق ھېس قىلىنغان، باشقۇرۇشمۇ قىيىن بولغان. خەلقنىڭ بۇ قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىش يۈزىسىدىن، ۋالىي مەھكىمىسى ئارقىلىق ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ تەستىقى ئېلىنىپ، بۇ جايلار پوسكام ناھىيىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. قاغىلىق، پوسكام ناھىيىلىرىنىڭ ھاكىملىرى كۆك چىڭيۇەن، يۈجۇنمىن، ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى پېي تاۋ، قاغىلىق ساقچى ئىدارىسىنىڭ ۋەكىلى ئىگەمبەردى، قاغىلىق ناھىيىسىنىڭ قازىسى ئەبەيدۇللا ھوشۇر، ئۇيۇشما باشلىقى مۇھەممەت، باش رايون باشلىقى ھېيت، مۇئاۋىن رايون باشلىقى ئۆمەر، پوسكام ناھىيىسىنىڭ قازىسى مەتنىياز، ئۇيۇشما باشلىقى ھوشۇر، رايون باشلىقى ئىمىن قاتارلىقلار ۋە ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ ئەزالىرى دەي ياچېن، جياڭ زېنەن پاسىل ئايرىشقا نازارەتچىلىك قىلدى. ئۇلار مۇشۇ يىل 11 - ئاينىڭ 5 - كۈنى ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ 11 - ئاينىڭ 3 - كۈنىدىكى پەرمان يولىيورۇقىغا بىنائەن، ئۈلۈغئېرىق قاتارلىق توققۇز كەنتكە بېرىپ، پاسىلنى ئەمەلىي تەكشۈرۈپ ئايرىدى. ئىشتاچى، چامغۇرچى، قۇلغان، ئۈلۈغئېرىق، سەيلى، يىما، سېرىققۇلاقتىن ئىبارەت يەتتە كەنت ئەسلىدىكى كەنت چېگرىسى بويىچە پوسكام ناھىيىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا پۈتۈنلەي ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەندىن باشقا، قوزىمال كەنتىنىڭ 580 مو تېرىلغۇ يېرى توغراق ئۆستىڭىنىڭ جەنۇبىدا بولغاچقا، باشقۇرۇشقا قولايلىق بولۇش، سۇ ماجىراسىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، يەنىلا قاغىلىق ناھىيىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا بېرىلدى. بۇ كەنتٴ 3500 مو تېرىلغۇ يېرىنى توغراق ئۆستىڭىنىڭ سۈيى بىلەن سۇغىرىدىغان بولغاچقا، يەنىلا بۇرۇنقى لايىھە بويىچە ئەسلىدىكى

سۇنى ئىشلىتمۇېرىدۇ. توپچاركەنتىنىڭ 7047 مو تېرىلغۇ يېرى ئىلگىرى تىزناپ دەرياسىنىڭ سۈيى بىلەن سۇغىرىلىدىغان بولغاچقا، سۇ ماجراسىنى تەلتۆكۈس توگىتىش ئۈچۈن، ئۇ يەرلەر يەنىلا قاغىلىق ناھىيىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا بېرىلدى. يەكەن دەرياسىنىڭ سۈيى بىلەن سۇغىرىلىدىغان 2200 مو تېرىلغۇ يەر پوسكام ناھىيىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا بېرىلدى. ئىككى ناھىيىدىكىلەر ئۇچراشتى ھەمدە ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ ئەزالىرىنىڭ نازارەتچىلىكىدە پاسىل ئېنىق ئايرىپ بېرىلدى، سۇ ماجراسى ۋە باشقا ماجرالار كۆرۈلمىدى. يۇقىرىدىكى چارىلەر يۇقىرىغا يوللانغاندىن باشقا، بۇ مەكتۇب بېزىپ چىقىلدى، بۇ، ئايرىم - ئايرىم ھالدا ساقلىنىدۇ.

| | |
|---|---|
| يەكەن ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ ئەزالىرى | دەي ياچېن |
| | جياڭ زېنەن |
| قاغىلىق ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى | كىزڭ چىڭيۈەن |
| پوسكام ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى | يۆجۇنمىن |

## 3. «قاغىلىق ناھىيىسىنىڭ 6 -، 10 - رايونلىرىنىڭ پوسكام ناھىيىسىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەنلىكى توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش»

### «شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى خەلق ئىشلىرى نازارىتىنىڭ ئۇقتۇرۇشى»

(54) خەلق ئىشلىرى 122 - نومۇرلۇق

ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ھۆكۈمەت ئىشخانىسى ئارقىلىق چىقارغان 163 - نومۇرلۇق ئوقتۇرۇشىغا بىنائەن، ئۆلكىلىك 1- نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 1- قېتىملىق يىغىنىنىڭ 65- نومۇرلۇق تەكلىپ لايىھىسى (ئەسلىدىكى لايىھە ئۈچ) نى تەكشۇرۇپ بېجىردۇق، مۇزاكىرە قىلىش ئارقىلىق، تۆۋەندىكىچە پىكرىمىزنى ئوتتۇرىغا قويىمىز:

. . . يەكەن ناھىيىسىنىڭ تېرىم يېزىسى، قاغىلىق ناھىيىسىنىڭ 6 -، 10 - رايونلىرى مەزكۇر ناھىيىلەرگە ھەقىقەتەن بەك يىراق بولۇپ، مەمۇرىي رەھبەرلىككە ۋە ئاممىنىڭ ئىش بېجىرىشىگە قولايسىز بولسا ھەمدە ئۇلار يوپۇغا، پوسكام ناھىيىلىرىگە يېقىن بولسا، يۇقىرىدىكى ئىككى ناھىيىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلسە بولىدۇ، لېكىن ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇشقا پايدىلىق بولۇش پرىنسىپىغا ئەھمىيەت بېرىش ھەمدە يەرلىك ئاممىنىڭ ماقۇللىقىنى ئېلىش كېرەك. . .

نازىر ئابدۇراخمان مۇھىتى

مۇئاۋىن نازىر سۇۋەنجاڭ

1955 - يىل 12 - ئاينىڭ 22 - كۈنى

# «پوسكام ناھىيىسى تەزكىرىسى»نى تۈزۈشكە دائىر ھۆججەتلەر

## 1. ج ك پ پوسكام ناھىيىلىك كومىتېتىنىڭ ھۆججىتى

### ج ك پ پوسكام ناھىيىلىك كومىتېتىنىڭ ناھىيىلىك پارتكوم ئىشخانىسىنىڭ «كۆچ ئۇيۇشتۇرۇپ، پوسكام ناھىيىسى تەزكىرىسىنى تۈزۈشكە دائىر مەسىلىلەر توغرىسىدىكى يوليورۇق سوراش دوكلاتى»نى تەستىقلىغانلىقى ھەققىدىكى ئۇقتۇرۇشى

گۇڭشې، مەيدان پارتكوملىرىغا، ناھىيە دەرىجىلىك ئالاقىدار ئورۇنلارغا:

ناھىيىلىك پارتكوم ئىشخانىسىنىڭ «كۆچ ئۇيۇشتۇرۇپ، پوسكام ناھىيىسى تەزكىرىسىنى تۈزۈشكە دائىر مەسىلىلەر توغرىسىدىكى يوليورۇق سوراش دوكلاتى»نى سىلەرگە تارقاتتۇق، ئەستايىدىل كۆرۈپ چىقىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمىز. ناھىيىمىزنىڭ تەزكىرىسىنى تۈزۈش خىزمىتى مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ مۇھىم بىر مەزمۇنى سۈپىتىدە، تارىخىي يوسۇندا، كېچىكتۈرگىلى بولمايدىغان ھالدا ئالدىمىزغا قويۇلدى، خىزمەتلىرىمىز ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇش، خەلقنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشىلاش، دۆلەتكە كۆپرەك تۆھپە قوشۇش جەھەتتە ئالغا ئىلگىرىلەپلا قالماستىن، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مەدەنىيەت - سەنئىتىنى راۋاجلاندۇرۇش، مەدەنىيەت مىراسلىرىنى رەتلەش جەھەتتىمۇ ئۆزگىچە تۆھپە قوشۇشى كېرەك، ئەگەر ھازىر بۇ خىزمەتنى ياخشى ئىشلەشكە ئەھمىيەت بەرمىسەك، بىز مۇشۇ بىر ئەۋلادكىشىلەر ئادا قىلىشقا تېگىشلىك تارىخىي مەسئۇلىيەتنى ئادا قىلمىغان بولىمىز، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، يۈكسەك مەدەنىيەتكە ئىگە كېيىنكى ئەۋلادلارنىڭ نەپرىتىگە ئۇچراپ قالىمىز.

رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، ناھىيە تەزكىرىسىنى تۈزۈش خىزمىتىنى ئەستايىدىل، ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن، ناھىيىلىك پارتكوم مۇنۇلارنى قارار قىلدى:

1. پوسكام ناھىيىلىك تەزكىرە كومىتېتى قۇرۇلىدۇ، ئۇنىڭ مۇدىر ئەزالىقىنى يولداش توختى مەمەت تۇردى، مۇئاۋىن مۇدىر ئەزالىقىنى سېلىم ماڭسۇر. لى خۇەيجۇلار ئۈستىگە ئالىدۇ، كومىتېت قارىمىقىدا ئىشخانا تەسىس قىلىنىدۇ. يولداش ليۇكېيى ئىشخانىنىڭ مۇدىرلىقىنى ئۈستىگە ئالىدۇ، ئاۋۋال زېڭ سۇڭلىڭ، توختى يۈسۈپ تۇردى، جىڭ جىمىن قاتارلىق يولداشلار ئاجرىتىلىپ خىزمەت باشلىنىدۇ. تۈزۈش خىزمىتى ئومۇمىيۈزلۈك قانات يايدۇرۇلغاندىن كېيىن، تۈزۈش خىزمىتىگە ئالاقىدار خادىملار ئارقا - ئارقىدىن ئاجرىتىلىدۇ، ئىش ئورنى ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتىدا بولىدۇ.

2 . پۈتۈن ناھىيىدىكى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت تەشكىلاتلىرى، ئالاقىدار ئورۇنلار ۋە تارماقلار تەزكىرە ئىشخانىسىنىڭ خىزمىتىگە زور كۈچ بىلەن مەدەت ۋە ياردەم

بېرىشى، ئۇنى ئېھتىياجلىق ماتېرىياللار بىلەن تەمىن ئېتىشى، ناھىيىلىك ئارخىپخانا، مەدەنىيەت يۇرتى تارىخ - تەزكىرە خىزمىتىنى ئۆز خىزمىتىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى قىلىشى، ئۇنىڭغا پۈتۈن كۈچى بىلەن ماسلىشىشى كېرەك.

3. ناھىيىلىك مالىيە بۆلۈمى بۇ يىللىق تارىخ - تەزكىرە خىزمىتىگە كېتەرلىك خىراجەت ئۈچۈن 2000 يۈەن ئاجرىتىپ بېرىدۇ.

ئالاھىدە ئۇقتۇرۇش قىلىندى

ج ك پ پوسكام ناھىيىلىك كومىتېتى

1982 - يىل 7 - ئاينىڭ 27 - كۈنى

## پوسكام ناھىيىلىك پارتكوم ئىشخانىسىنىڭ كۈچ ئۇيۇشتۇرۇپ، پوسكام ناھىيىسى تەزكىرىسىنى تۈزۈشكە دائىر مەسىلىلەر توغرىسىدىكى يوليورۇق سوراش دوكلاتى

ناھىيىلىك پارتكومغا:

تەزكىرە تۈزۈش — جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ شەرەپلىك ئەنئەنىسى، ئۇ، 2000يىلدىن كۆپرەك تارىختا ئىگە، ناھىيە تەزكىرىسى—بىر ناھىيىنىڭ ئىنقىلابىي كۈرىشى، ئىشلەپچىقىرىش-قۇرۇلۇشى ۋە پەن - مەدەنىيەت تەرەققىياتى تارىخىنىڭ ھەقىقىي خاتىرىسى، شىنجاڭدا ئۇ ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشى، ۋەتەننىڭ چېگرا رايونىنى ئورتاق گۈللەندۈرۈشى ۋە قوغدىشىدىكى تارىخىي خاتىرە. ناھىيە تەزكىرىسىنىڭ مۇھىم رولى شۇكى، ئۇ، بىزنى تارىختىكى ئىجابىي، سەلبىي جەھەتلەردىكى تەجرىبىلەرنى ئەينەك قىلىپ، تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا توغرا يېتەكچىلىك قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىپلا قالماستىن، بەلكى كېيىنكى ئەۋلادلارغا ئىنتايىن قىممەتلىك تارىخىي ماتېرىياللارنى قالدۇرىدۇ.

پوسكام ناھىيىسى 1921 - يىلى قاغىلىق ناھىيىسىدىن ئايرىپ چىقىلىپ ناھىيە بولۇپ قۇرۇلغاندىن بۇيان، 60 نەچچە يىللىق تارىختا ئىگە بولدى، لېكىن تارىخ - تەزكىرە خىزمىتى ئاق پېتى قېلىۋەردى. ئازادلىقتىن بۇرۇنقى تارىخ سىستېمىلىق خاتىرىلەنمەيلا قالماستىن، بەلكى ئازادلىقتىن كېيىنكى 32 يىللىق تارىخمۇ ئەستايىدىل رەتلەنمىدى، بۇ، ھەقىقەتەن، ئەپسۇسلىنارلىق ئىش.

بۇلتۇر 9 - ئايدا ۋىلايەتلىك پارتكوم ۋە مەمۇرىي مەھكىمە ئاچقان ئىشخانا يىغىنىدا، ۋىلايەتلىك پارتكومدىكى رەھبىرىي يولداشلار ناھىيىلەردىن ناھىيە تەزكىرىسىنى تۈزۈش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنى تەلەپ قىلغانىدى، بۇ يىل ق ئا (82) 38 - نومۇرلۇق ھۆججەتتە بۇ مەسىلە يەنە قايتا تەكىتلەندى، نۇرغۇن قېرىنداش ناھىيە، شەھەرلەر بۇ خىزمەتكە كىرىشىپ كەتتى.

تارىخ - تەزكىرىچىلىك خىزمىتىنىڭ ئەڭ چوڭ ئالاھىدىلىكى ئۇنىڭ ۋاقىتىدا ۋە دەل بولۇشىدا، ۋاقىت ئۆتۈپ كېتىپ ئەھۋالدا ئۆزگىرىش بولسا، تارىخىي ماتېرىياللارنى توپلاش ۋە

رەتلەشكە قولايسىز بولۇپلا قالماستىن، بەلكى كۆپ ھاللاردا، ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كەلمەسلىك ۋە چۈشۈپ قېلىش ئەھۋالى كېلىپ چىقىدۇ. ھازىر ناھىيىمىزنىڭ ئەھۋالىنى بىلىدىغان، ناھىيىمىزنىڭ تارىخىنى، بولۇپمۇ ئازادلىقتىن بۇرۇنقى تارىخىنى ئۇقىدىغان پېشقەدەم يولداشلار ئاز قېلىۋاتىدۇ، بۇ خىزمەتنى ئارقىغا سۈرگەنسېرى قىيىنچىلىق شۇنچە چوڭىيىدۇ، ھەتتا ئورنىنى تولدۇرۇۋالغۇسىز زىيان كېلىپ چىقىشى مۇمكىن. شۇنىڭ ئۈچۈن كۈچىنى ئىمكانقەدەر تېز ئۇيۇشتۇرۇپ، تارىخ - تەزكىرىچىلىك خىزمىتىنى ۋاقتىدا قانات يايدۇرۇش نۆۋەتتىكى جىددىي ۋەزىپە بولۇپ قالدى.

پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدا پارتىيىمىزنىڭ ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشتىن ئىبارەت ئېسىل ئەنئەنىسى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 6 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ قارارىدا، پارتىيىمىزنىڭ دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيانقى زور مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىش يۈزىسىدىن يەكۈن چىقىرىلىپ، قالايمىقانچىلىقلارنى ئوڭشاشتىن ئىبارەت تارىخىي ۋەزىپە ئورۇندالدى، مانا بۇلار ناھىيە تەزكىرىسى تۈزۈش خىزمىتىنى ئىنتايىن پايدىلىق شارائىت بىلەن تەمىن ئەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز مۇنۇلارنى تەكلىپ قىلىمىز:

1. پوسكام ناھىيىلىك تەزكىرە كومىتېتى قۇرۇلسا، كومىتېت قارىمىقىدا ناھىيە تەزكىرىسى ئىشخانىسى تەسىس قىلىنسا، ناھىيىلىك پارتكوم ئىشخانىسى، ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ئىشخانىسى، ھۆكۈمەت ئىشخانىسى، ئارخىپخانا، مەدەنىيەت يۇرتى ئاساس قىلىنغان ھالدا، ناھىيىمىزنىڭ ئەھۋالىنى بىلىدىغان ۋە مەلۇم يېزىقچىلىق قابىلىيىتىگە ئىگە بىر تۈركۈم يولداشلار تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتىنى ئۈستىگە ئېلىشقا ئاجرىتىلسا، ئاجرىتىلغان خادىملار مۇشۇ ئىشنى مەخسۇس قىلسا، ئەسلىدىكى ئورنىنىڭ خىزمەتلىرىنى قوشۇمچە ئۈستىگە ئالمىسا، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، بىر قىسىم پېشقەدەم كادىرلار مەسلىھەتچىلىككە تەكلىپ قىلىنسا.

2. ناھىيە تەزكىرىسى تۈزۈش — يېڭى خىزمەت، قايسى مەزمۇنلارنى يېزىش، ئۇنى قانداق يېزىش توغرىلىق تېخى تەييار تەجرىبە يوق. شۇنىڭ ئۈچۈن پۈتكۈل خىزمەت قانات يايدۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى، خادىملار سىرتقى جايلارغا بېرىپ تەجرىبە ئۆگىنىشكە تەشكىللەنسە، ئۇلار قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ناھىيىمىزنىڭ كونكرېت ئەھۋالىغا ئاساسەن، تەزكىرە تۈزۈش پىلانى ۋە مەزمۇن تېزىسى تۈزۈپ چىقىلسا، پۈتكۈل خىزمەتنى ئىككى يىل ئىچىدە تاماملاپ بولۇش تىرىشىپ قولغا كەلتۈرۈلسە.

3. ناھىيە تەزكىرىسى تۈزۈش خىزمىتىنىڭ چېتىلىش دائىرىسى كەڭ، ئېھتىياجلىق ماتېرىياللار ناھايىتى كۆپ، تەزكىرە ئىشخانىسىغىلا تايىنىپ قالساق، بۇ ئۇلۇغۋار ۋەزىپىنى ئورۇنداش ناھايىتى قىيىنغا چۈشىدۇ، بۇنىڭ ئۈچۈن پۈتۈن ناھىيىدىكى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت تەشكىلاتلىرى ۋە ئالاقىدار تارماقلارنىڭ پائال مەدەت بېرىشىگە توغرا كېلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، پېشقەدەم كادىرلار ۋە ھەر مىللەت، ھەر ساھەدىكى مەشھۇر زاتلارنى ئەسلىمە يېزىپ بېرىش، تارىخىي ماتېرىيال ۋە يىپ ئۇچى بىلەن تەمىنلەشكە سەپەرۋەر قىلىش ۋە ئۇيۇشتۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ، شۇنداق قىلغاندىلا ناھىيە تەزكىرىسىنى ياخشى تۈزۈپ چىققىلى بولىدۇ، شۇڭا ناھىيىلىك پارتكوم ئالاقىدار تارماقلارنى بۇ خىزمەتكە ياردەملىشىشكە بۇيرۇسا، ئەگەر مۇمكىن بولسا ئاپتونوم رايون، ۋىلايەتتىكى ئالاقىدار ئورۇنلار ۋە قېرىنداش ناھىيە، شەھەرلەرنىڭ يېتەكچىلىكى ۋە ياردىمى قولغا كەلتۈرۈلسە.

4. تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتىگە كېتەرلىك خىراجەت ھەل قىلىپ بېرىلسە، دەسلەپكى

قەدەمدە مۇنداق ئويلاشتۇق: ئاجرىتىلغان خادىملارنىڭ سىرتقا بېرىپ ئۆگىنىش، تەكشۈرۈش چىقىمىنىئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا، بۇ يىل ئاۋۋال 2000 يۈەن ئاجرىتىپ بېرىلسە، مالىيە بەلگىلىمىسى بويىچە مەخسۇس پۇل مەخسۇس ئىشلىتىلسە.

يۇقىرىدىكى دوكلاتىمىز مۇۋاپىقمۇ - يوق، تەستىق يوليورۇق بېرىلسە.

پوسكام ناھىيىلىك پارتكوم ئىشخانىسى

1982 - يىل 6 - ئاينىڭ 15 - كۈنى

## ج ك پ پوسكام ناھىيىلىك كومىتېتىنىڭ پوسكام ناھىيىلىك تەزكىرە كومىتېتى تەركىبىدىكى خادىملار توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشى

گۇڭشې (مەيدان) پارتكوملىرىغا، ناھىيە بازىرىدىكى ئورگانلار، كارخانا، كەسپىي ئورۇنلارنىڭ پارتىيە ياچېيكا (باش ياچېيكا) لىرىغا، ناھىيىلىك پارتكوم، خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، خەلق ھۆكۈمىتى، سىياسىي كېڭەشنىڭ بۆلۈم، كومىتېت، ئىدارە، ئىشخانىلىرىغا:

ئاپتونوم رايوننىڭ (83) 36 - نومۇرلۇق ھۆججىتى — «ئاپتونوم رايونىمىزدا جايلار تەزكىرىسى تۈزۈش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇش توغرىسىدىكى قارار» نىڭ روھىغا ئاساسەن، ناھىيىمىزنىڭ تەزكىرىچىلىك خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكنى يەنىمۇ كۈچەيتىش ئۈچۈن، مۇزاكىرە قىلىش ئارقىلىق، ناھىيىمىزنىڭ ئەسلىدىكى تەزكىرە كومىتېتىنى تەرتىپكە سېلىش ۋە تولۇقلاش قارار قىلىندى، يېڭىدىن تەشكىل قىلىنغان پوسكام ناھىيىلىك تەزكىرە كومىتېتىنىڭ ئەزالىرى تۆۋەندىكىچە:

مۇدىر: قادىر ھەسەن

مۇئاۋىن مۇدىرلار: جۇمىڭفاڭ، جياڭ مىڭ ، ئابلىز نىياز .

ئەزالار: قاسىم غازى ، لوجۇن، چۇجىلۇڭ، گۇرۇڭفۇ، ئابدۇخالىق سادىق، خې رۇڭخۇي، ياڭ شىگيۇن، جۇمە ئېزىز، چيۇلۇەنچىڭ، ۋاڭ خېشۇ، جاڭ شىپېي، ليۇكېيى، لۇجىپىڭ.

پوسكام ناھىيىلىك تەزكىرە كومىتېتىنىڭ ۋەزىپىسى:

1. يىغىن ئېچىش، ھۆججەت - ئۇقتۇرۇش تارقىتىش، ناھىيىمىزنىڭ تەزكىرىچىلىك ۋە ناھىيە تەزكىرىسىگە ماتېرىيال توپلاش خىزمىتىنى تەشكىللەش ۋە ئىلگىرى سۈرۈش؛

2. تەزكىرىچىلىك خىزمىتىنىڭ پىلانىنى قاراپ چىقىش، ناھىيە تەزكىرىسىنىڭ مۇندەرىجىسىنى تەكشۈرۈپ بېكىتىش؛

3. ناھىيە تەزكىرىسىنىڭ دەسلەپكى ئورىگىنالىنى كۆرۈپ چىقىپ، تۈزىتىش كىرگۈزۈش پىكىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇش؛

4. ناھىيە تەزكىرىسى تەھرىر ئىشخانىسىنىڭ خىزمەت دوكلاتىنى ۋاقتىدا ئاڭلاش،

خىزمەتتىكى قىيىن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا ياردەم بېرىش، تەزكىرىچىلىك خىزمىتىنىڭ ئۆز قەرەلىدە ئورۇندىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىش.

ئالاھىدە ئۇقتۇرۇش قىلىندى

ج ك پ پوسكام ناھىيىلىك كومىتېتى

1984 - يىل 7 - ئاينىڭ 28 - كۈنى

## 2. پوسكام ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ھۆججىتى

### پوسكام ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ناھىيە تەزكىرىسىنى تۈزۈشكە دائىر ماتېرىياللارنى توپلاش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشى

مەملىكەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ جايلار تەزكىرىسى تۈزۈش توغرىسىدىكى يوليورۇقىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇش ئۈچۈن، ناھىيىمىز نۇقتىئىنەزىرى توغرا، تارىخىي ماتېرىياللىرى تەپسىلىي ۋە ئېنىق، مەزمۇنى تولۇق، تۈزۈلۈشى مۇكەممەل، مىللىي ئالاھىدىلىككە ۋە يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە پوسكام ناھىيىسى تەزكىرىسىنى ئىمكانقەدەر تېز تۈزۈپ چىقىشنى قارار قىلدى. بۇ، ناھىيىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ سىياسىي ھاياتىدىكى زور ئىش، شۇنداقلا ناھىيە قۇرۇلغان 62 يىلدىن بۇيانقى تۇنجى نامايەندە. يۇقىرى سۈپەتلىك ناھىيە تەزكىرىسىنى تۈزۈپ چىقىشنىڭ ئەھمىيىتى ئىنتايىن زور. ئۇ، تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈشكە، بەخت - سائەدەتلىك ۋەتەننىڭ چېگرا رايوننى گۈللەندۈرۈشكە، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە، كېيىنكى ئەۋلادلارنىڭ بۇنىڭدىن تەربىيە ئېلىشىغا پايدىلىق. شۇنىڭ ئۈچۈن پۈتۈن ناھىيىدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ۋە ناھىيىدە بۇرۇن ئىشلىگەن يولداشلارنىڭ ناھىيە تەزكىرىسىنى تۈزۈش ئۈچۈن ماتېرىيال يەتكۈزۈپ بېرىشىنى، بۇ ئىنتايىن جىددىي، مۇھىم ۋەزىپىنى بىر نىيەتتە ھەمكارلىشىپ ئورۇندىشىنى سورايمىز.

**1) ماتېرىيال توپلاش دائىرىسى:**

ناھىيىمىز تېررىتورىيىسىنىڭ ئۆزگىرىش ئەھۋالى ۋە جۇغراپىيە، سىياسەت، ئىقتىساد، ھەربىي ئىشلار، مەدەنىيەت، مائارىپ، مىللەت، شەخسلەر، دىن، قەدىمكى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى قاتارلىق جەھەتلەرگە دائىر تارىخىي ماتېرىياللارلا بولىدىكەن، ھەممىسى توپلاش دائىرىسىگە كىرىدۇ. مەسىلەن:

(1) ناھىيىمىزنىڭ تارىخىي تەرەققىيات ئەھۋالى، زېمىن تەۋەلىكىنىڭ ۋە مەمۇرىي رايونلىرىنىڭ ئۆزگىرىشىگە دائىر ماتېرىياللار؛

(2) ناھىيىمىزدىكى مىللەت، نوپۇس، ئۆرپ - ئادەت، دىنىي ئېتىقاد ۋە دىنىي پائالىيەت قاتارلىقلارغا دائىر ماتېرىياللار؛

(3) ناھىيىمىزنىڭ يەر شەكلى، يەر تۈزۈلۈشى، سۇ سىستېمىسى، دەريا - ئېقىنى، ھاۋارايى، ناھىيە تەۋەسىدە يۈز بەرگەن ئاپەت قاتارلىقلارغا دائىر ماتېرىياللار؛

(4) ناھىيە قۇرۇلغاندىن تارتىپ ئازادلىق ھارپىسىغىچە بولغان ھەر نۆۋەتلىك ھۆكۈمەتنىڭ ناھىيىمىزدىكى ھاكىمىيەت تۈزۈلمىسى، ئاساسلىق شەخسلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئۆزگىرىش ئەھۋالىغا دائىر ماتېرىياللار؛

(5) ناھىيىمىز تارىخىدىكى ئىقتىسادىي پائالىيەتلەر، مەسلەن، ھەر قايسى تارىخىي مەزگىللەردىكى يېزا ئىگىلىك شارائىتى ۋە تەرەققىيات سەۋىيىسى، باج، غەللە - پاراق، سودا ۋە چەت ئەللىك سودىگەرلەرنىڭ ناھىيىمىزدىكى پائالىيىتى قاتارلىقلارغا دائىر ماتېرىياللار؛

(6) ناھىيىمىز خەلقىنىڭ جاھانگىرلىك، فېئودالىزم، بىيوروكرات كاپىتالىزمغا ۋە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى كۆرەشلىرى، بولۇپمۇ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مىللىي ئارمىيىسىنىڭ ناھىيىمىزدىكى پائالىيەتلىرىگە دائىر ماتېرىياللار؛

(7) جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ناھىيىمىزدىكى پائالىيەتلىرىگە دائىر ماتېرىياللار؛

(8) ناھىيە قۇرۇلغاندىن تارتىپ ئازادلىق ھارپىسىغىچە بولغان ھەرقايسى ئاممىۋى تەشكىلاتلارنىڭ، مەسلەن، ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى، قۇرۇلۇش ئۇيۇشمىسى، سودا - سانائەتچىلەر ئۇيۇشمىسى قاتارلىقلارنىڭ ناھىيىمىزدىكى پائالىيەتلىرىگە دائىر ماتېرىياللار؛

(9) ئازادلىقتىن ئىلگىرىكى گومىنداڭ ۋە ئۇنىڭغا قاراشلىق ئەكسىيەتچىل تەشكىلات ۋە دۈشمەن - ئىشپىيون تەشكىلاتلىرىنىڭ ناھىيىمىزدىكى پائالىيەتلىرىگە دائىر ماتېرىياللار؛

(10) ناھىيىمىز تارىخىدا ۋە يېقىنقى زاماندا تەسىرى بار ئىجابىي ۋە سەلبىي شەخسلەرگە دائىر ماتېرىياللار؛

(11) ناھىيىمىزنىڭ مائارىپى، مەدەنىيىتى، سەنئىتى قاتارلىقلارغا دائىر ماتېرىياللار؛

(12) ناھىيىمىزدىكى مەشھۇر ئاسار - ئەتىقىلەر، قەدىمكى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى، يەر ناملىرىنىڭ تەكشۈرۈلۈشى قاتارلىقلارغا دائىر ماتېرىياللار؛

(13) جاھانگىرلارنىڭ ناھىيىمىزگە قىلغان سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت، ھەربىي تاجاۋۇزچىلىقىغا دائىر تارىخىي ماتېرىياللار.

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان مەزمۇنلارغا چېتىلىدىغانلىكى كىتاب، گېزىت - ژۇرنال، ئالاقە، ئەسەر، كۈندىلىك خاتىرە، خاتىرە، خەت - چەك، پۈتۈم، بېلەت - كىنىشكا، ھېسابات دەپتىرى، ئائىلە تارىخى، ئائىلە نەسەبنامىسى، فوتو سۈرەت، رەسىم، خەرىتە، ئويما خەت ئۈلگىسى ۋە باشقا مۇناسىۋەتلىك مەدەنىي يادىكارلىقلارنىڭ ھەممىسى توپلاش مەزمۇنىغا كىرىدۇ.

**2) توپلاش چارىسى:**

(1) ماقالە ئەۋەتكۈچىلەر يۇقىرىدا بايان قىلىنغان تارىخىي ماتېرىياللارنى تەقدىم قىلىشنى خالىسا، مەنىۋى جەھەتتىن شەرەپ مۇكاپاتى بېرىلىدۇ ھەمدە ئەھۋالغا قاراپ ھەق بېرىلىدۇ.

(2) ماقالە ئەۋەتكۈچىلەر يۇقىرىدا بايان قىلىنغان تارىخىي ماتېرىياللارنى سېتىپ بېرىشنى خالىسا، باھا قويۇپ سېتىۋېلىنىدۇ.

(3) ماقالە ئەۋەتكۈچىلەر ساقلىغان ماتېرىياللىرىنى پايدىلىنىش ئۈچۈن بېرىپ تۇرۇشنى خالىسا، مەنىۋى جەھەتتىن شەرەپ مۇكاپاتى بېرىلىدۇ.

(4) يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ماتېرىياللارنى توپلاش ئۈچۈن يىپ ئۇچى بىلەن تەمىن

ئەتكۈچىلەرگە شەرەپ مۇكاپاتى بېرىلىدۇ.

(5) يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ماتېرىياللار بىلەن تەمىن ئېتىش ئۈچۈن يېزىلغان، رەتلەنگەن ماقالىلەرنىڭ قىممىتى ۋە سانىغا قاراپ قەلەم ھەققى بېرىلىدۇ.

(6) ئەۋەتىلىدىغان بارلىق ماتېرىياللارنى ماقالە ئەۋەتكۈچىلەر پوسكام ناھىيىسىدە بولسا، ئۇلارنىڭ ناھىيىلىك تەزكىرە ئىشخانىسىغا ئەكېلىپ بېرىشىنى سورايمىز، باشقا جايلاردا بولسا، پوچتىخانا ئارقىلىق ئەۋەتىپ بەرسە بولىدۇ، پوچتىدىن ئەۋەتىشكە قولايسىز بولسا، قانداق ئەۋەتىش توغرىسىدىكى چارىنى كېڭىشىپ بېكىتىشكە قولايلىق بولسۇن ئۈچۈن، بىزگە خەت يېزىپ ئالاقىلىشىشنى سورايمىز.

ئالاقىلىشىش ئادرېسى: پوسكام ناھىيىلىك تەزكىرە ئىشخانىسى (ۋاقىتلىق ئورنى ناھىيىلىك پارتكوم قورۇسى ئىچىدە).

پوسكام ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى

1983 - يىل 10 - ئاينىڭ 26 - كۈنى

# «پوسكام ناھىيىسى تەزكىرىسى» نى تۈزگۈچى، ئورىگىنال تەكشۈرگۈچى خادىملارنىڭ ئىسىملىكى

## پوسكام ناھىيىلىك تەزكىرە كومىتېتىنىڭ ئەزالىرى

(1987 ـ يىلى تەشكىللەنگەندىن كېيىنكى خادىملار)

مۇدىرى: جۇ مىڭفاڭ
مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: سېلىم ماڭسۇر، ليۇكېيى، تيەن ۋېيگو
ئەزالىرى: لوجۇن، ئابدۇخالىق سادىق، خې رۇڭخۇي، ياڭ شىڭيۇن، جۇمە ئېزىز، تۇرۇپ ھەسەن، جاڭ شىيېي، ياڭ ئەي، چيۇلۇەنچىڭ، لۇجېيىڭ، ۋاڭ خېشۇ، ھوشۇر مەمەت ئېزىز، ئىمىنجان.

# پوسكام ناھىيىلىك تەزكىرە تەھرىر ئىشخانىسى

مۇدىرى: ليۇكېيى (ۋەزىپە ئۆتىگەن ۋاقتى 1982 ـ يىلدىن 1985 ـ يىلغىچە)
ياڭ ئەي (ۋەزىپە ئۆتىگەن ۋاقتى 1988 ـ يىلدىن كېيىن)
مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: ياڭ ئەي (ۋەزىپە ئۆتىگەن ۋاقتى 1985 ـ يىل 10 ـ ئايدىن1988ـ يىلغىچە)
توختىميۇسۇپ تۇردى (ۋەزىپە ئۆتىگەن ۋاقتى 1982 ـ يىلدىن 1987 ـ يىلغىچە)
خىزمەتچى خادىملار: ۋاڭ فېڭشى، ھاۋاخان بارات.
جىڭ جىمىن ، تيەن شىلۇ

# ھەر قايسى قىسىملارنى يېزىش بويىچە ئىش تەقسىماتى

«شەخسلەر» قىسمى، «سىياسەت» قىسمى (قىسمەن باب، پاراگرافلىرى) : ليۇكېيى

«ئومۇمىي بايان»، «چوڭ ئىشلار»، «سىياسەت» قىسمى (قىسمەن باب، پاراگرافلىرى)، «مەدەنىيەت» قىسمى، «ئىجتىمائىيەت» قىسمى، «شەخسلەر» قىسمى (قىسمەن باب، پاراگرافلىرى): ياڭ ئەي

«جۇغراپىيە» قىسمى: ياڭ ئەي، جىاڭ جىمىن

«ئىقتىساد» قىسمى: ۋاڭ فېڭشى

فوتوگرافلار: رېن لىشىن، جاۋ شىخەي، چېن رۇنشۇ، جاڭ لىيەنچى، تۇرسۇن تۇردى

خەرىتە ئىشلىگۈچى، سىزىشتۇرغۇچى ئورۇن: ئاپتونوم رايونلۇق كارتوگرافىيە ئىدارىسى كارتوگرافىيە 2 ـ چوڭ ئەترىتى خەرىتە ئىشلەش شۆبە ئەترىتى

سان ـ سىفىرلارنى سېلىشتۇرغۇچى: ۋاڭ يۇجاڭ

# ماتېرىيال بىلەن تەمىنلىگەن ئورۇنلار

مالىيە ئىدارىسى، سودا ئىدارىسى، يېزا ئىگىلىك بانكىسى، سەھىيە ئىدارىسى، سودا ـ سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى، كىنو ـ فىلىم تارقىتىش شىركىتى، يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش ئىدارىسى، ستاتىستىكا ئىدارىسى، ئىقتىساد كومىتېتى، ئاشلىق ئىدارىسى، چاي ـ چارۋا مەھسۇلاتلىرى شىركىتى، ماددىي ئەشيا بىلەن تەمىنلەش شىركىتى، مائارىپ ئىدارىسى، جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى، سوت مەھكىمىسى، تەپتىش مەھكىمىسى، دورا شىركىتى، يېزا ـ بازار كارخانىلىرى ئىدارىسى، تەمىنات ـ سودا كوپىراتىپى، پوچتا ـ تېلېگراف ئىدارىسى، ئېلېكتر ئىستانسىسى، خەلق قوراللىق بۆلۈمى، شىنخۇا كىتابخانىسى، ئەمگەك ـ كادىرلار ئىدارىسى، خەلق ئىشلىرى ئىدارىسى، مۇپەتتىشلىك ئىدارىسى، پىلان كومىتېتى، مال باھاسى ئىدارىسى، يېمەكلىك شىركىتى، رادىئو ـ تېلېۋىزىيە ئىدارىسى، ئۆلچەملەشتۈرۈش پونكىتى، چارۋىچىلىق ئىدارىسى، دېھقانچىلىق ئىدارىسى، پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتى، سودا ـ سانائەت بانكىسى، ئەمگەك مۇلازىمەت شىركىتى، سۇ ئېلېكتر ئىدارىسى، ئارخىپخانا، ھاۋارايى ئىدارىسى

# ماقالە بىلەن تەمىنلىگۈچىلەر

گۇر ۋېفۇ، لى جۇنجاڭ، دۇڭ جاۋرۇ، رېن ۋېنجاڭ، لى شۇەنجۇ، ياڭ يىڭچاۋ، جۇگۇاڭئى،

پەن جۇڭلى، ياڭ فۇشەن، ئېزىز يۇنۇس، ئابدۇقادىر ھوشۇر، چىن يۇنخۇەن، جاڭ شۇنگۋاڭ، جاڭ يەن، ليۇكېلى، جياڭ يىفېڭ، دۇڭ جيەنشېڭ، جاڭ جيې، ليۇسەي، ۋاڭ جىڭ، گويۇسەي، تاڭ چىڭفېڭ، شياڭ شىخۇەي، جۇزۇڭيەن، پېي يۆخۇا، قۇربان نىياز، سۇڭ يىڭتاڭ، خۇاڭ جيەنشىن، چايۇەنلىن، چېن چياڭ، ليۇباۋجېن، گاۋپېيشىن.

# ئورىگىنال تەكشۈرگۈچىلەر

يۇجياپېڭ، جۇمىڭفاڭ، رازىق ھوشۇر، تيەنۋېيگو، ئابدۇخالىق سادىق، جاڭپېيرۇڭ، چېنشۇرۇڭ، گاۋ فۇيۇن، جاڭيۇڭشياڭ، جاڭ يۆگۋاڭ، جاڭشىپېي، لوجۇن، جياڭ مىڭ، لى خۇەيجۇ، گۇرۇڭفۇ، لۇجىپىڭ، خې رۇڭخۇي، ۋاڭ خېشۇ، ياڭ شىڭيۇن، ياڭ شىخاڭ، گويۇسەي، ياڭ يىڭچاۋ، مۇجىراڭ، لى جىگاڭ، يەن شىڭشى، جېڭ جۇڭخۇا، جۇشۇشېن، لى پېينەن، ماۋ باۋئەن، ھوشۇر ئىمىن، ماجىكۇي، لى شۇەنجۇ، چيۇ لۇەنچىڭ، جۇمە ئېزىز، تۇرۇپ ھەسەن، ئۆمەر مەمەت ئېزىز، ئىمىنجان، لېي ماۋمىڭ، جۇجۇنفا، تۇڭ دېيىڭ، شۇجېنخۇا، جاۋفۇشياڭ، تيەن ۋېيجۇڭ، گاۋ چاڭمىن، سۇن مىڭئاۋ، ئەن سىجۇڭ، جۇڭ يىڭ، جۇڭ شىڭچى، ۋۇيې، لياڭ چاڭسۇڭ، جياڭ زۇڭيۇ، لى ديەنچىڭ.

# ئورىگىنال تەكشۈرگۈچى ئورۇنلار

ج ك پ پوسكام ناھىيىلىك كومىتېتى
پوسكام ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى
قەشقەر ۋىلايەتلىك تەزكىرە كومىتېتى

# تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋالغۇچى ئورۇن

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى

# تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋالغۇچىلار

جۇڭ يىڭ، جۇڭ شىڭچى، ۋۇيې

# ئاخىرقى سۆز

«پوسكام ناھىيىسى تەزكىرىسى» تۆت يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت سەرپ قىلىنىپ تۈزۈلۈش، تۈزىتىش كىرگۈزۈلۈش ئارقىلىق، ئاخىر مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا دۇنياغا كەلدى. بۇ، ناھىيە قۇرۇلغان 63 يىلدىن بۇيانقى تۇنجى تەزكىرە كىتابى، شۇنداقلار پوسكامنىڭ مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ئىشلىرىدىكى مۇھىم نەتىجىلىرىنىڭ بىرى.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، پارتىيە ۋە دۆلەت تەزكىرىچىلىك خىزمىتىگە ئىنتايىن ئەھمىيەت بەردى. 50 - يىللارنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە، تەزكىرىچىلىك بەنزىسى ئۈيۈشتۈرۈلۈپ، خادىم ئاجرىتىلىپ، ناھىيە تەزكىرىسىنىتۈزۈشكە تۇتۇش قىلىنغانىدى. 1960 - يىلغا كەلگەندە، قىسمەن قول يازمىلار يېزىپ چىقىلغان بولسىمۇ، خىلمۇ - خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، تەزكىرىچىلىك خىزمىتى داۋاملىشالماي قالغانىدى.

پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنى چاقىرىلغاندىن كېيىن، مەركەزدىكى رەھبىرىي يولداشلارنىڭ تەشەببۇس قىلىشى بىلەن، مەملىكەت بويىچە «دەۋر گۈللەنگەندە تەزكىرە تۈزۈش»تىن ئىبارەت چوڭ ياخشى ۋەزىيەت بارلىققا كەلدى. 1982 - يىل 7 - ئايدا ج ك پ پوسكام ناھىيىلىك كومىتېتى ناھىيىلىك پارتكوم ئىشخانىسىنىڭ «كۆچ ئۇيۇشتۇرۇپ، پوسكام ناھىيىسى تەزكىرىسىنى تۈزۈشكە دائىر مەسىلىلەر توغرىسىدا يوليورۇق سوراش دوكلاتى»نى تەستىقلاپ تارقىتىپ، ناھىيىلىك تەزكىرە كومىتېتى قۇرۇپ، ئۇنىڭ قارمىقىدا ئىشخانا تەسىس قىلىپ «پوسكام ناھىيىسى تەزكىرىسى»نى تۈزۈشنى باشلاشنى قارار قىلدى. بۇ ئارىلىقتا تېزىس - مۇندەرىجە تۈزۈش، ماتېرىيال توپلاش، مەركەزلەشتۈرۈپ يېزىش، پىكىر ئېلىش، قايتا - قايتا تۈزىتىش كىرگۈزۈش قاتارلىق بىر نەچچە باسقۇچ بېسىپ ئۆتۈلدى. تۆت يىلدىن بۇيان تەزكىرىچى خادىملار پارتىيە، خەلق ئالدىدا يۈكسەك دەرىجىدە جاۋابكار بولۇش روھى بىلەن، يۇقىرىدا رەھبەرلىككە، تۆۋەندە ئاممىغا تايىنىپ، قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، ئىشنى پۇتتۇرمىگىچە بولدى قىلماي، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، يەتتە چوڭ، ئوتتۇرا شەھەر، سەككىز قېرىنداش ناھىيە، مۇشۇ ناھىيىدىكى ئون يېزا، تۆت مەيدان، ئىككى بازاردىكى كادىر، ئاممىدىن 450 ئادەم (قېتىم)نى زىيارەت قىلىپ، 150 خىلدىن ئارتۇق ئالاقىدار كىتابلارنى كۆرۈپ چىقىپ، 4000 پارچىدىن ئارتۇق دېلو، ئارخىپنى كۆرۈپ، سىياسەت، ئىقتىساد، مەدەنىيەت، ھەربىي ئىشلار قاتارلىق جەھەتلەرگە دائىر 3 مىليون580 مىڭ خەتلىك ماتېرىيال، جۈملىدىن 2 مىليون خەتلىك قول يازما ماتېرىيال توپلاپ، 3150 پارچە كارتا تولدۇرۇپ، تەزكىرىچىلىك ئۈچۈن پۇختا ئاساس سالدى. تەزكىرە تۈزۈش جەريانىدا، تەزكىرىچى خادىملار تېخىمۇ جان كۆيدۈرۈپ باش چۆكۈرۈپ جاپالىق ئىشلەپ، توپلانغان ماتېرىياللارنى ئەستايىدىل تەتقىق قىلىپ، تەھلىل قىلىپ، ئېنىقلاپ، دەلىللەپ، دەۋر خاراكتېرىنى، خەلقچىللىقىنى، يەرلىك

ئالاھىدىلىكنى، ماتېرىيالچانلىقنى گەۋدىلەندۇرۇشكە، شۇ ئارقىلىق تەزكىرە كىتابىنى ئىلمىي ھوججەتكە ئايلاندۇرۇشقا تىرىشتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇدۇللۇق يېزىپ، ئۇدۇللۇق بېسىپ، ئۇدۇللۇق تارقىتىپ، ھەر قايسى تەرەپلەردىن ۋاقتىدا پىكىر ئېلىپ، ناھىيىدىكى ئالاقىدار تەرەپلەرنىڭ ماسلىشىشى بىلەن، 700 نەچچە مىڭ خەتلىك تەزكىرە ئورىگىنالىنى ئاخىر پۈتكۈزدى.

ناھىيىلىك پارتكوم ۋە ھۆكۈمەتنىڭ رەھبەرلىرى تەزكىرە كىتابىنىڭ سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، تەزكىرە ئورىگىنالىنى تەكشۈرۈشكە ئىنتايىن ئەھمىيەت بەردى، بولۇپمۇ بۇ خىزمەتكە مەسئۇل شۇجىلاردىن لى خۇەيجۇ، جۇمىڭفاڭ، تيەن ۋېيگو قاتارلىق يولداشلار تەزكىرە تۈزۈش داۋامىدا كۆرۈلگەن مەسىلىلەرنى ۋاقتىدا ھەل قىلىپ بەردى، ئورىگىنال باھالاش يىغىنلىرىغا ئاكتىپ قاتناشتى، يەنە قىسمەن تەزكىرە ئورىگىنالىغا تۈزىتىش كىرگۈزۈپ بەردى، بۇنىڭ بىلەن تەزكىرە كىتابىنىڭ نۇقتىئىينەزىرىنىڭ ۋە ماتېرىيالىنىڭ توغرىلىقىغا كاپالەتلىك قىلىندى.

تەزكىرە تۈزۈش جەريانىدا، مەركىزىي مىللەتلەر شۆيۈەنى كۇتۇپخانىسى، خۇبېي ئۆلكىلىك كۇتۇپخانا، گەنسۇ ئۆلكىلىك كۇتۇپخانا، لەنجۇ داشۆسى كۇتۇپخانىسى، ئاپتونوم رايونلۇق ئارخىپخانا، قەشقەر ۋىلايەتلىك ئارخىپخانا، ناھىيىلىك ئارخىپخانا بىزنى قىزغىن قوللىدى. ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى ۋىلايەت - ناھىيە - شەھەر تەزكىرىسى خىزمىتى تەھرىر بۆلۈمى، قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكوم تارىخ - تەزكىرە ئىشخانىسى بىزگە كونكرېت يېتەكچىلىك قىلدى. ناھىيىدىكى ئورۇنلار ماتېرىيال بىلەن پائال تەمىنلىدى، بۇ ئارقىلىق تەزكىرە ئورىگىنالىنىڭ ئۆز قەرەلىدە پۈتىشىگە كاپالەتلىك قىلىندى. ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، ئالىي مۇھەررىر جۇڭ يىڭ، كاندىدات ئالىي مۇھەررىر جۇڭ شىڭچى، جېڭ دۇڭخۇي، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىنىڭ كاندىدات ئالىي مۇھەررىرى ۋۇيې، قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكوم تارىخ - تەزكىرە ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى لياڭ چاڭسۇڭ، مۇھەررىرلىرى جياڭ زۇڭيو، لى ديەنچىڭلار تەزكىرە ئورىگىنالىنى خەتمۇ - خەت، جۈملىمۇ - جۈملە تەكشۈرۈپ چىققاچقا، تەزكىرە ئورىگىنالىنىڭ سۈپىتىگە تېخىمۇ كاپالەتلىك قىلىندى. بولۇپمۇ كاندىدات ئالىي مۇھەررىر جۇڭ شىڭچى ئالاقىدار تارىخىي بايانلار ۋە ھاكىمىيەت تۈزۈلمىسىنىڭ ئۆزگىرىش ئەھۋالىغا تۈزىتىش كىرگۈزدى، «قارا سۇ لەشكەر گاھىدىكى جەڭ» دېگەن بابنى تولۇقلاپ بەردى. بۇ يەردە بىز سەمىمىي تەشەككۈر بىلدۈرىمىز.

سەۋىيىمىز چەكلىك بولغاچقا، تەزكىرە كىتابىدا چۈشۈپ قالغان ۋە نامۇۋاپىق جايلار، ھەتتا خاتالىقلار بولۇشى مۇمكىن، تەنقىدىي يوسۇندا كۆرسىتىپ بېرىشىڭىزلارنى سورايمىز.

# ئۇيغۇرچە نەشرىگە ئاخىرقى سۆز

سوتسىيالىستىك يېڭى تەزكىرىلەردىن «پوسكام ناھىيىسى تەزكىرىسى» نىڭ ئۇيغۇرچىسى نەشىردىن چىقىپ كەڭ جامائەتچىلىك بىلەن يۈز كۆرۈشتى. بۇ، پوسكام خەلقىنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىدىكى زور خۇشاللىق ئىش.

«پوسكام ناھىيىسى تەزكىرىسى» نىڭ خەنزۇچىسى 1992 - يىل 3 - ئايدا رەسمىي نەشر قىلىنىپ تارقىتىلغاندىن كېيىن، دەرھال ئۇنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىش ئىشىغا تۇتۇش قىلدۇق. تۆۋەندە ئۇيغۇرچە نۇسخىسىنىڭ نەشر قىلىنىشى توغرىسىدا كىتابخانلارغا ئاز - تولا ئىزاھات بەرمەكچىمىز.

1. «پوسكام ناھىيىسى تەزكىرىسى» نى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىپ نەشر قىلىشتا پوسكام ناھىيىلىك پارتكوم، پوسكام ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشىگە ۋە قوللىشىغا ئېرىشتۇق. بولۇپمۇ ناھىيىلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى ليۇكېيى بۇ ئىشقا ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلدى. ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى نۇرمۇھەممەت دۆلەتى مەزكۇر تەزكىرىنى تەرجىمە - نەشر قىلىش جەريانىدىكى ئىشلارنى ئورۇنلاشتۇرۇشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەردى ۋە بىۋاسىتە يېتەكچىلىك قىلدى. 1993 - يىل 6 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى تەھرىر - تەرجىمە بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى غوجا ئەخمەت يۇنۇس، تەھرىر - تەرجىمە بۆلۈمىنىڭ تەھرىرى ئابدۇرۇپ ئېلى پوسكام ناھىيىسىگە كېلىپ، ناھىيىلىك تارىخ - تەزكىرە ئىشخانىسىنىڭ مەسئۇللىرى بىلەن «پوسكام ناھىيىسى تەزكىرىسى» نى تەرجىمە - نەشر قىلىشقا دائىر مەسىلىلەر ئۈستىدە مەسلىھەتلەشتى. ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتىنىڭ ماقۇللۇقىنى ئالغاندىن كېيىن، مەزكۇر كىتابنىڭ تەرجىمىسىنى ئىشخانىمىزنىڭ تەھرىرى ھاۋاخان باراتنىڭ تەرجىمە قىلىشىغا تاپشۇردۇق، شېئىرلارنى ئۇچقۇنجان ئۆمەر تەرجىمە قىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتىنىڭ ھاۋالىسى بىلەن، تەرجىمىنىڭ 1 - تەكشۈرۈشىنى قەشقەر ۋىلايەتلىك تارىخ - تەزكىرە ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، كاندىدات ئالىي تەرجىمان مۇھەممەت ئابدۇللا ئۈستىگە ئالدى. 1 - تەكشۈرۈشكە يەنە سۇلايمان ھابىلمۇ قاتناشتى. 1 - تەكشۈرۈش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، تەكشۈرۈلگەن نۇسخىنى ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتىنىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىغا يوللىدۇق ھەمدە كىتابنى نەشر قىلىشقا دائىر كېيىنكى ئىش - ھالقىلارنى مەزكۇر كومىتېتنىڭ تەھرىر - تەرجىمە بۆلۈمىگە ھاۋالە قىلدۇق. ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى تەرجىمىنى قايتا تەكشۈرۈپ بېكىتىشكە ۋە باش مۇھەررىرلىكنى ئۈستىگە ئېلىشقا ئابدۇرۇپ ئېلىنى، مەسئۇل مۇھەررىرلىكنى ئۈستىگە ئېلىشقا ئابلىز ئورخۇننى تەيىنلىدى. تەرجىمىنىڭ ئاخىرقى نۇسخىسىنى ئەسلىدە ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى نۇرمۇھەممەت دۆلەتى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشى كېرەك ئىدى. ئەمما نۇرمۇھەممەت دۆلەتى تۇيۇقسىز كېسەل بولۇپ قالغانلىقى ئۈچۈن تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش ئىشىنى ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتىنىڭ مەخسۇس ئەزاسى قادىر ھاپىز، تەھرىر - تەرجىمە بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى غوجا ئەخمەت يۇنۇسلارغا ھاۋالە قىلدى. تەرجىمىنىڭ سۈپەتلىك بولۇشىغا مۇھەممەت ئابدۇللا قاتارلىق يولداشلار ئالاھىدە كۈچ چىقاردى. بىز يۇقىرىدىكى يولداشلارنىڭ جاپالىق ئەمگىكىگە ئالاھىدە رەھمەت ئېيتىمىز.

2. ئۇيغۇرچە نەشر قىلىش جەريانىدا، كىتابنىڭ خەنزۇچە نۇسخىسىدا دىققەتسىزلىكتىن كېتىپ قالغان بەزى بىر خاتالىقلار تۈزىتىۋېلىندى.

3. ئادەم ئىسمى، يەر - جايناملىرى قاتارلىقلارنىڭ توغرا بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، ئاخىرقى بەت نۇسخىسىنى پوسكام ناھىيىلىك تارىخ - تەزكىرە ئىشخانىسىنىڭ تەھرىرى ھاۋاخان بارات ئوقۇپ چىقتى.

تەھرىر - تەرجىمە ئىشىدا مەلۇم سەۋەنلىكلەر بولۇشى مۇمكىن، كۆپچىلىكنىڭ تەنقىدىي پىكىر بېرىشىنى قىزغىن قارشى ئالىمىز.

**پوسكام ناھىيىلىك تارىخ - تەزكىرە ئىشخانىسى**

# جەدۋەللەر ئاچقۇچى

1 - 1 - 1 - جەدۋەل يېزا، بازار ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرى ...... 75
1 - 1 - 2 - جەدۋەل يېزا، بازارلاردىكى كەنتلەرنىڭ نامى ...... 76
1 - 1 - 3 - جەدۋەل پوسكام ناھىيىسى يېزىلىرىنىڭ 1985- يىلدىن 1988- يىلغىچە بولغان ئاساسىي ئەھۋالى ...... 77
1 - 2 - 1 - جەدۋەل پوسكام ناھىيىسىنىڭ تۆت پەسلىنى پەرق ئېتىشكە دائىر مەلۇمات ...... 102
1 - 2 - 2 - جەدۋەل پوسكام ناھىيىسىنىڭ ھەر قايسى ئايلاردىكى ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسىغا دائىر مەلۇمات ...... 102
1 - 2 - 3 - جەدۋەل پوسكام ناھىيىسىنىڭ ھەر قايسى ئايلاردىكى ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسىنىڭ كۈنلۈك سېلىشتۇرما پەرقى ...... 103
1 - 2 - 4 - جەدۋەل پوسكام ناھىيىسىنىڭ يىللىق يۇقىرى، تۆۋەن تېمپېراتۇرىسىنىڭ كۈن سانى ...... 104
1 - 2 - 5 - جەدۋەل بىر يىلنىڭ ھەر قايسى ئايلىرىدىكى كۈن نۇرىنىڭ چۈشۈش ۋاقتى ۋە نىسبىتى ...... 105
1 - 2 - 6 - جەدۋەل پوسكام ناھىيىسىدىكى ئاساسلىق دەرەخ تۈرلىرىنىڭ ئىقلىمى ...... 107
1 - 2 - 7 - جەدۋەل پوسكام ناھىيىسىنىڭ ئاساسلىق زىرائەتلىرىنىڭ ئۆسۈش مەزگىلىدىكى ھاۋارايى شارائىتىغا دائىر مەلۇمات ...... 108
1 - 2 - 8 - جەدۋەل پوسكام ناھىيىسىنىڭ دېھقانچىلىق پائالىيەتلىرىگە دائىر مەلۇمات ...... 109
1 - 3 - 1 - جەدۋەل پوسكام ناھىيىسىنىڭ ئىلگىرىكى يىللاردىكى نوپۇسىنىڭ ئۆزگىرىش ئەھۋالى ...... 126
1 - 3 - 2 - جەدۋەل 1979 - يىلدىن 1984 - يىلغىچە پوسكام ناھىيىسىدىكى نوپۇسنىڭ تەبىئىي كۆپىيىش ئەھۋالى ...... 130
1 - 3 - 3 - جەدۋەل پوسكام ناھىيە بازىرىدىكى خەنزۇلارنىڭ 1980 - يىلدىن 1984 - يىلغىچە بولغان پىلانلىق تۇغۇت ئەھۋالى ...... 131
1 - 3 - 4 - جەدۋەل پوسكام ناھىيىسىدىكى ئائىلە ۋە نوپۇسنىڭ 1985 - يىلدىن 1988- يىلغىچە بولغان ئەھۋالى ...... 132
2 - 0 - 1 - جەدۋەل پوسكام ناھىيىسىنىڭ ئىلگىرىكى يىللاردىكى سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنىڭ ئورۇندىلىش ئەھۋالى ...... 136

2 ـ 1 ـ 1 ـ جەدۋەل پوسكام ناھىيىسىنىڭ يېزىلىرىدا ھەر قايسى تەبىقىدىكىلەرنىڭ يەر ئىگىلەش ئەھۋالى ………… 143

2 ـ 1 ـ 2 ـ جەدۋەل پوسكام ناھىيىسىنىڭ يېزىلىرىدا ئېلىپ بېرىلغان يەر ئىسلاھاتىدا يەر، مال ـ مۈلۈكلەرنىڭ تەقسىم قىلىنىش ئەھۋالى ………… 144

2 ـ 1 ـ 3 ـ جەدۋەل پوسكام ناھىيىسىنىڭ 1954 ـ يىلدىكى كوپېراتىپ، ھەمكارلىق گۇرۇپپىسى، يەككە ئىشلىگەن ئائىلىلەرنىڭ مەھسۇلاتىنىڭ سېلىشتۇرمىسى ………… 147

2 ـ 2 ـ 1 ـ جەدۋەل بىر قانچە يىلدىكى تېرىقچىلىق قۇرۇلمىسى ئەھۋالى ………… 168

2 ـ 2 ـ 2 ـ جەدۋەل 1980 ـ يىلدىن 1984 ـ يىلغىچە بولغان ئاق ئاشلىق بىلەن قارا ئاشلىقنىڭ سېلىشتۇرمىسى ………… 169

2 ـ 2 ـ 3 ـ جەدۋەل 1949 ـ يىلدىن 1984 ـ يىلغىچە بولغان تېرىقچىلىق ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى ………… 169

2 ـ 2 ـ 4 ـ جەدۋەل مىنگو دەۋرىدىكى بىر قانچە يىلدىكى دېھقانچىلىق زىرائەتلىرى مەھسۇلاتىنىڭ مىقدارى ………… 182

2 ـ 2 ـ 5 ـ جەدۋەل 1943 ـ يىلدىكى دېھقانچىلىق زىرائەتلىرى مەھسۇلاتىنىڭ مىقدارى ………… 182

2 ـ 2 ـ 6 ـ جەدۋەل 1943 ـ يىلدىكى ئىقتىسادىي زىرائەتلەرنىڭ مەھسۇلات مىقدارى ………… 183

2 ـ 2 ـ 7 ـ جەدۋەل پوسكام ناھىيىسىنىڭ ئىلگىرىكى يىللاردىكى دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات مىقدارى ………… 185

2 ـ 2 ـ 8 ـ جەدۋەل پوسكام ناھىيىسى بويىچە ئىلگىرىكى يىللاردىكى كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ئاشلىق، پاختا، ياغلىق دان، چارۋا ………… 187

2 ـ 2 ـ 9 ـ جەدۋەل پوسكام ناھىيىسىنىڭ ئىلگىرىكى يىللاردىكى يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتىنىڭ ئەھۋالى ………… 190

2 ـ 2 ـ 10 ـ جەدۋەل پوسكام ناھىيىسىنىڭ بىر قانچە يىلدىكى يېزا ئىگىلىك كىرىمى ۋە يېزا ئىگىلىك خىراجىتىنىڭ سېلىشتۇرمىسى ………… 192

2 ـ 2 ـ 11 ـ جەدۋەل پوسكام ناھىيىسىنىڭ يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ تاۋارغا ئايلىنىش نىسبىتى ………… 192

2 ـ 2 ـ 12 ـ جەدۋەل پوسكام ناھىيىسىدىكى يېزا خەلق گۇڭشېلىرىنىڭ ئاساسىي ھېساباتبىرلىكى جەھەتتىكى كىرىم ـ چىقىم ئەھۋالى ………… 193

2 ـ 2 ـ 13 ـ جەدۋەل پوسكام ناھىيىسىدىكى يېزا خەلق گۇڭشېلىرىنىڭ ئاساسىي ھېساباتبىرلىكى بويىچە دارامەت تەقسىمات ئەھۋالى ………… 195

2 ـ 3 ـ 1 ـ جەدۋەل پوسكام ناھىيىسىنىڭ ئىلگىرىكى يىللاردىكى يېزا ئىگىلىك ماشىنا ـ سايمانلىرىنىڭ ئەھۋالى ………… 203

2 ـ 3 ـ 2 ـ جەدۋەل پوسكام ناھىيىسىنىڭ بىر قانچە يىلدىكى ئېتىز ـ ئېرىق مەشغۇلاتىنىڭ ماشىنىلىشىش دەرىجىسىگە دائىر مەلۇمات ………… 208

2 ـ 4 ـ 1 ـ جەدۋەل پوسكام ناھىيىسى بويىچە 1948 ـ يىلدىكى ھەر خىل مېۋىلىك

دەرەخلەرگە دائىر مەلۇمات .................................... 215

2 ـ 4 ـ 2 ـ جەدۋەل پوسكام ناھىيىسى بويىچە باغ كۆلىمى، مېۋە ـ چىۋە مىقدارى ........................................................................ 216

2 ـ 4 ـ 3 ـ جەدۋەل پوسكام ناھىيىسىنىڭ ئىلگىرىكى يىللاردىكى قوغۇن ـ تاۋۇز تېرىش كۆلىمىگە دائىر مەلۇمات ................................ 224

2 ـ 4 ـ 4 ـ جەدۋەل 1981 ـ يىلدىن 1984 ـ يىلغىچە ئېلىنغان قوغۇن ـ تاۋۇز مىقدارىغا دائىر مەلۇمات ........................................ 225

2 ـ 4 ـ 5 ـ جەدۋەل 1981 ـ يىلدىن 1984 ـ يىلغىچە بولغان ئوتياش كۆلىمى ۋە مەھسۇلات مىقدارىغا دائىر مەلۇمات ................................ 226

2 ـ 5 ـ 1 ـ جەدۋەل پوسكام ناھىيىسىنىڭ ئىلگىرىكى يىللاردىكى ئورمانچىلىق مەھسۇلات قىممىتىگە دائىر مەلۇمات .................................... 237

2 ـ 5 ـ 2 ـ جەدۋەل پوسكام ناھىيىسىدىكى دەل ـ دەرەخ ۋە چاتقال تۈرلىرىنى تەك ـ شۈرۈشكە دائىر مەلۇمات ............................................ 239

2 ـ 5 ـ 3 ـ جەدۋەل پوسكام ناھىيىسى بويىچە ئىلگىرىكى يىللاردا كۆچەت يېتىشتۈ ـ رۈلگەن يەر كۆلىمى ........................................................ 242

2 ـ 5 ـ 4 ـ جەدۋەل پوسكام ناھىيىسى بويىچە ئىلگىرىكى يىللاردىكى پارچە ـ پۇرات يەرلەرگە كۆچەت تىكىش ئەھۋالى .......................................... 245

2 ـ 5 ـ 5 ـ جەدۋەل پوسكام ناھىيىسىنىڭ بۆلەكلەر بويىچە ئورمان بەرپا قىلىش ئەھۋالى .................................................................... 247

2 ـ 5 ـ 6 ـ جەدۋەل 1982 ـ يىلدىكى دەرەخ تۈرلىرىنىڭ تەركىبى............ 250

2 ـ 5 ـ 7 ـ جەدۋەل پوسكام ناھىيىسىنىڭ 1949 ـ يىلدىن 1984 ـ يىلغىچە ياغاچ ماتېرىيالى كېسىش ئەھۋالى ................................................ 250

2 ـ 6 ـ 1 ـ جەدۋەل پوسكام ناھىيىسىنىڭ ئىلگىرىكى يىللاردىكى چارۋىچىلىق مەھ ـ سۇلات قىممىتىگە دائىر مەلۇمات ........................................ 253

2 ـ 6 ـ 2 ـ جەدۋەل يەم ـ بوغۇز مەنبەسى ۋە چارۋا سىغدۇرۇش ئىقتىدارىغا دائىر تەخمىنىي ھېسابات ئەھۋالى ............................................ 255

2 ـ 6 ـ 3 ـ جەدۋەل 1949 ـ يىلدىن 1984 ـ يىلغىچە بولغان چارۋىغا دائىر مەلۇمات ........................................................................ 262

2 ـ 6 ـ 4 ـ جەدۋەل 1981 ـ يىلدىن 1984 ـ يىلغىچە ناھىيە بويىچە چارۋىنىڭ ئاۋۇش، ئەي بولۇش، قولدىن چىقىرىلىش، تاۋارغا ئايلىنىش نىسبىتى ........ 264

2 ـ 6 ـ 5 ـ جەدۋەل ئازادلىقتىن ئىلگىرىكى بىر قانچە يىلدىكى چارۋىغا دائىر مەلۇ ـ مات .................................................................. 264

2 ـ 7 ـ 1 ـ جەدۋەل 1980 ـ يىلدىن 1985 ـ يىلغىچە بولغان توخۇ بېقىش ئەھۋالى ........................................................................ 269

2 ـ 8 ـ 1 ـ جەدۋەل ناھىيە بويىچە سۇ ئىنشائاتىغا مەبلەغ سېلىش جەھەتتىكى تو ـ لۇقلىما ياردەم پۇلى .................................................. 275

2 ـ 8 ـ 2 ـ جەدۋەل يەكەن دەرياسىنىڭ ئىلگىرىكى يىللاردىكى كەلكۈن پەللىسىنىڭ

ئېقىم مىقدارى .................... 278

2 ـ 8 ـ 3 ـ جەدۋەل پوسكام ناھىيىسىنىڭ 1973 ـ يىلدىن 1984 ـ يىلغىچە كەل ـ كۆندىن مۇداپىئە كۆرۈش ئەھۋالىغا دائىر مەلۇمات .................... 280

2 ـ 10 ـ 1 ـ جەدۋەل پوسكام ناھىيىسىنىڭ 1943 ـ يىلدىكى خۇسۇسىيلار ئىگىلىكىدىكى يەككە قول سانائىتىنى تەكشۈرۈشكە دائىر مەلۇمات .................... 293

2 ـ 10 ـ 2 ـ جەدۋەل پوسكام ناھىيىسىنىڭ 1948 ـ يىلدىكى قول سانائىتىنى تەكشۈرۈشكە دائىر مەلۇمات .................... 295

2 ـ 10 ـ 3 ـ جەدۋەل پوسكام ناھىيىسىنىڭ ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى .................... 308

2 ـ 10 ـ 4 ـ جەدۋەل پوسكام ناھىيىسىنىڭ 1958 ـ يىلدىن 1984 ـ يىلغىچە بولغان سانائەت كارخانىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى ئەھۋالى .................... 311

2 ـ 10 ـ 5 ـ جەدۋەل پوسكام ناھىيىسىنىڭ 1981 ـ يىلدىن 1984 ـ يىلغىچە بولغان ئاساسلىق سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارىغا دائىر مەلۇمات .................... 313

2 ـ 11 ـ 1 ـ جەدۋەل يېزا ـ بازار كارخانىلىرىنىڭ 1978 ـ يىلدىن 1984 ـ يىلغىچە بولغان ئاساسىي ئەھۋالى .................... 316

2 ـ 11 ـ 2 ـ جەدۋەل يېزا ـ بازار كارخانىلىرىنىڭ 1984 ـ يىلدىكى ئاساسىي ئەھۋالى .................... 316

2 ـ 11 ـ 3 ـ جەدۋەل پوسكام ناھىيىسىدىكى يېزا ـ بازار كارخانىلىرىنىڭ 1984 ـ يىلدىكى ئاساسلىق مەھسۇلاتلىرى .................... 318

2 ـ 11 ـ 4 ـ جەدۋەل پوسكام ناھىيىسىنىڭ 1984 ـ يىلدىكى ئاساسلىق يېزا ـ بازار كارخانىلىرىنىڭ ئىسمىلىكى .................... 323

2 ـ 12 ـ 1 ـ جەدۋەل پوسكام ناھىيىسىنىڭ ئىلگىرىكى يىللاردىكى موتورلۇق قاتناش ۋاستىلىرىغا دائىر مەلۇمات .................... 331

2 ـ 12 ـ 2 ـ جەدۋەل پوسكام ناھىيىسىنىڭ بىر قانچە يىلدىكى پوچتا قورال ـ سايمانلىرىغا دائىر مەلۇمات .................... 333

2 ـ 12 ـ 3 ـ جەدۋەل 1979 ـ يىلدىن 1984 ـ يىلغىچە بولغان ئاساسلىق تېلېگراف ئۆسكۈنىلىرى .................... 336

2 ـ 13 ـ 1 ـ جەدۋەل چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا پوسكامدا تۇرغان چەتئەل سودىگەرلىرى .................... 341

2 ـ 13 ـ 2 ـ جەدۋەل پوسكام ناھىيىسى بويىچە مىنگو دەۋرىدىكى ئاساسلىق سودىگەرلەر .................... 342

2 ـ 13 ـ 3 ـ جەدۋەل بازارلاردىكى خۇسۇسىي سودىنىڭ 1955 ـ يىلدىكى ئەھۋالى .................... 344

2 ـ 13 ـ 4 ـ جەدۋەل 1955 ـ يىلدىكى خۇسۇسىيلار ئىگىلىكىدىكى يېمەك ـ ئىچمەك كەسپىنىڭ 1955 ـ يىلدىكى ئەھۋالى .................... 345

2 ـ 13 ـ 5 ـ جەدۋەل پوسكام ناھىيىلىك سودا ـ شىركىتىنىڭ بىر قانچە يىلدىكى

تىجارەت ئەھۋالى ...... 349

2 - 13 - 6 - جەدۋەل پوسكام ناھىيىسى كان رايونلۇق سودا شىركىتىنىڭ 1982- يىلدىن 1988 - يىلغىچە بولغان تىجارەت ئەھۋالى ...... 350

2 - 13 - 7 - جەدۋەل پوسكام ناھىيىلىك يېمەكلىك شىركىتىنىڭ 1971 - يىلدىن 1985 - يىلغىچە بولغان تىجارەت ئەھۋالى ...... 351

2 - 13 - 8 - جەدۋەل پوسكام ناھىيىلىك نېفىت شىركىتىنىڭ بىر ·قانچە يىلدىكى تىجارەت ئەھۋالى ...... 352

2 - 13 - 9 - جەدۋەل پوسكام ناھىيىلىك مېتال بۇيۇملار شىركىتىنىڭ1981 - يىلدىن 1984 - يىلغىچە بولغان تىجارەت ئەھۋالى ...... 353

2 - 13 - 10 - جەدۋەل پوسكام ناھىيىسىنىڭ بىر قانچە يىلدىكى پاختا سېتىۋېلىش باھاسى ...... 354

2 - 13 - 11 - جەدۋەل پوسكام ناھىيىسى 1954 - يىلدىن 1984 - يىلغىچە سېتىۋالغان پاختىنىڭ مىقدارى ۋە سۈپىتى ...... 354

2 - 13 - 12 -جەدۋەل پوسكام ناھىيىسىنىڭ بىر قانچە يىلدىكى ئاساسلىق يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى بىلەن تەمىنلەش ئەھۋالى ...... 355

2 - 13 - 13 - جەدۋەل پوسكام ناھىيىلىك پاختا - چىگە شىركىتىنىڭ بىر قانچە يىلدىكى تىجارەت ئەھۋالى ...... 357

2 - 13 - 14 - جەدۋەل پوسكام ناھىيىسىنىڭ بىر قانچە يىلدىكى يەرلىك مەھسۇلات، كۈندىلىك بۇيۇملار ۋە مېۋە - چېۋە تىجارىتى ئەھۋالى ...... 358

2 - 13 - 15 - جەدۋەل پوسكام ناھىيىسىنىڭ1981 - يىلدىن 1988 - يىلغىچە بولغان ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى تىجارىتى ئەھۋالى ...... 359

2 - 13 - 16 - جەدۋەل پوسكام ناھىيىسىنىڭ1948 - يىلدىكى بازارلىرىنىڭ ئەھۋالى ...... 360

2 - 13 - 17 - جەدۋەل 1980 -يىلى پوسكام ناھىيىسىنىڭ يېزىلىرىدىكى بازارلاردا پۈتۈشۈلگەن سودا سوممىسى ئەھۋالى ...... 361

2 - 13 - 18 - جەدۋەل 1984 -يىلى پوسكام ناھىيىسىنىڭ يېزىلىرىدىكى بازارلاردا پۈتۈشۈلگەن سودا سوممىسى ئەھۋالى ...... 366

2 - 13 - 19 - جەدۋەل پوسكام ناھىيىسىنىڭ بىر قانچە يىلدىكى ماددىي ئەشيا سېتىش ئەھۋالى ...... 373

2 - 13 - 20 - جەدۋەل پوسكام ناھىيىسىنىڭ بىر قانچە يىلدىكى ئاساسلىق بىناكارلىق ماتېرىياللىرىنى سېتىش ئەھۋالى ...... 373

2 - 13 - 21 - جەدۋەل پوسكام ناھىيىسىنىڭ بىر قانچە يىلدىكى ئاساسلىق مېتال ، ماشىنا ۋە ئېلېكتر ئۈسكۈنىلىرى، يېنىك سانائەت ۋە خىمىيە سانائىتى ماتېرىياللىرىنى سېتىش ئەھۋالى ...... 374

2 - 13 - 22 - جەدۋەل پوسكام ناھىيىسىنىڭ بىر قانچە يىلدىكى ئاساسلىق نېفىت مەھسۇلاتلىرىنى سېتىش ئەھۋالى ...... 375

2 ـ 13 ـ 23 ـ جەدۋەل پوسكام ناھىيىسى بويىچە كۆمۈرنىڭ بىر قانچە يىلدىكى سېتىلىش ئەھۋالى ...... 375
2 ـ 13 ـ 24 ـ جەدۋەل پوسكام ناھىيىسىنىڭ 1971 ـ يىلدىن 1984 ـ يىلغىچە بولغان تاشقى سودا تىجارىتى ئەھۋالى ...... 376
2 ـ 13 ـ 25 ـ جەدۋەل پوسكام ناھىيىسىنىڭ 1958 ـ يىلدىن 1984 ـ يىلغىچە بولغان ئاساسلىق چارۋا مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋېلىشقا دائىر مەلۇمات ...... 377
2 ـ 13 ـ 26 ـ جەدۋەل پوسكام ناھىيىسىنىڭ 1971 ـ يىلدىن 1984 ـ يىلغىچە بولغان بىر قانچە خىل يەرلىك ئالاھىدە مەھسۇلاتنى ئېكسپورت قىلىش ئەھۋالى ...... 378
2 ـ 14 ـ 1 ـ جەدۋەل پوسكام ناھىيىسىنىڭ ئىلگىرىكى يىللاردىكى ئاشلىق، ياغلىق دان سېتىۋېلىش ئەھۋالى ...... 387
2 ـ 14 ـ 2 ـ جەدۋەل پوسكام ناھىيىسىنىڭ 1953 ـ يىلدىن 1984 ـ يىلغىچە بولغان ئاشلىق، ياغ سېتىش ئەھۋالى ...... 389
2 ـ 14 ـ 3 ـ جەدۋەل پوسكام ناھىيىسىنىڭ 1981 ـ يىلدىن 1984 ـ يىلغىچە بولغان ئاشلىق، ياغنى كېلىشىم باھادا سېتىۋېلىش ۋە سېتىش ئەھۋالى ...... 390
2 ـ 14 ـ 4 ـ جەدۋەل پوسكام ناھىيىسىنىڭ ئىلگىرىكى يىللاردىكى يەم ـ بوغۇز ئاشلىقى ۋە قوشۇمچە مەھسۇلاتلارنى سېتىش ئەھۋالى ...... 391
2 ـ 14 ـ 5 ـ جەدۋەل يەم ـ بوغۇز شىركىتىنىڭ 1985 ـ يىلدىن 1988 ـ يىلغىچە بولغان ئاساسىي ئەھۋالى ...... 393
2 ـ 14 ـ 6 ـ جەدۋەل پوسكام ناھىيىسىنىڭ 1953 ـ يىلدىن 1984 ـ يىلغىچە سىرتقا ئاشلىق، ياغ يۆتكەش ئەھۋالى ...... 393
2 ـ 14 ـ 7 ـ جەدۋەل پوسكام ناھىيىسىنىڭ 1953 ـ يىلدىن 1984 ـ يىلغىچە بولغان ئاشلىق، ياغ ساقلاش ئەھۋالى ...... 395
2 ـ 15 ـ 1 ـ جەدۋەل 1944 ـ يىلى ئەمەلىي يىغىۋېلىنغان باج سوممىسى ...... 400
2 ـ 15 ـ 2 ـ جەدۋەل پوسكام ناھىيىسىنىڭ 1950 ـ يىلدىن 1984 ـ يىلغىچە بولغان باج ئەھۋالى ...... 401
2 ـ 15 ـ 3 ـ جەدۋەل پوسكام ناھىيىسى بويىچە سودا ـ سانائەت جەھەتتىكى باج تاپشۇرۇلىدىغان ئاساسلىق تۈرلەر ۋە باج نىسبىتىنىڭ ئۆزگىرىش ئەھۋالى ...... 404
2 ـ 15 ـ 4 ـ جەدۋەل 1985 ـ يىلدىن 1988 ـ يىلغىچە بازار ـ يېزىلاردىكى كەسىپلەر بويىچە باج كەچۈرۈم قىلىش ئەھۋالى ...... 405
2 ـ 16 ـ 1 ـ جەدۋەل پوسكام ناھىيىسىنىڭ ئىلگىرىكى يىللاردىكى مالىيە كىرىمى ئەھۋالى ...... 410
2 ـ 16 ـ 2 ـ جەدۋەل پوسكام ناھىيىسىنىڭ ئىلگىرىكى يىللاردىكى دېھقانچىلىق بېجى يىغىۋېلىش ئەھۋالى ...... 411
2 ـ 16 ـ 3 ـ جەدۋەل پوسكام ناھىيىسىنىڭ ئىلگىرىكى يىللاردىكى مالىيە چىقىمى ئەھۋالى ...... 414
2 ـ 16 ـ 4 ـ جەدۋەل پوسكام ناھىيىسىنىڭ ئىلگىرىكى يىللاردىكى يەرلىك زاپاس

مالىيەكۆچىنىڭ كىرىم - چىقىم ئەھۋالى ........................ 418
2 - 17 - 1 - جەدۋەل پوسكام ناھىيىسىنىڭ 1950 - يىلدىن 1984 - يىلغىچە بولغان ئۇنىۋېرسال كىرىمدىتىنىڭ قالدۇقى (مەبلەغ مەنبەسى) ........................ 425
2 - 17 - 2 - جەدۋەل پوسكام ناھىيىسىنىڭ 1950 - يىلدىن 1984 - يىلغىچە بولغان ئۇنىۋېرسال كىرىمدىتىنىڭ قالدۇقى (مەبلەغنىڭ ئىشلىتىلىشى) ........................ 426
2 - 17 - 3 - جەدۋەل پوسكام ناھىيىسىنىڭ 1950 - يىلدىن 1958 - يىلغىچە بولغان زايوم تارقىتىش ئەھۋالى ........................ 428
2 - 17 - 4 - جەدۋەل پوسكام ناھىيىسىنىڭ 1981 - يىلدىن 1984 - يىلغىچە بولغان دۆلەت خەزىنە چېكى تارقىتىش ئەھۋالى ........................ 428
2 - 18 - 1 - جەدۋەل پوسكام ناھىيە بازىرىدىكى ئومۇم ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان بىنالار ........................ 438
2 - 19 - 1 - جەدۋەل پوسكام ناھىيىسىنىڭ بىر قانچە يىلدىكى پىلانىنى ئىجرا قىلىش ئەھۋالى ........................ 442
2 - 19 - 2 - جەدۋەل پوسكام ناھىيىسىنىڭ 6 - بەش يىللىق پىلانىنى ئىجرا قىلىش ئەھۋالى ........................ 448
2 - 19 - 3 - جەدۋەل يەكەن ۋىلايىتىنىڭ بازارلىرىدىكى مال باھاسىنىڭ 1951 - يىلدىن 1955 - يىلغىچە ئۆرلەش، چۈشۈش نىسبىتىنىڭ سېلىشتۇرمىسى ........................ 457
2 - 19 - 4 - جەدۋەل بىر قانچە يىلدىكى ئاساسلىق يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىۋېلىنىش باھاسى ۋە كۆرسەتكۈچ سانى ........................ 458
2 - 19 - 5 - جەدۋەل بىر قانچە يىلدىكى ئاساسلىق يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىلىش باھاسى ........................ 459
2 - 19 - 6 - جەدۋەل بىر قانچە يىلدىكى ئاھالىلەر ئېھتىياجلىق سانائەت بۇيۇملىرىنىڭ باھاسى ۋە كۆرسەتكۈچ سانى ........................ 460
2 - 19 - 7 - جەدۋەل 1981 - يىلدىن 1984 - يىلغىچە يەككە سودا - سانائەتچىلەرگە تارقىتىلغان كېنىشكىغا دائىر مەلۇمات ........................ 467
2 - 19 - 8 - جەدۋەل ناھىيە بويىچە 1981 -يىلدىن 1984 - يىلغىچە يېزا - بازار كارخانىلىرىغا تارقىتىلغان كېنىشكىغا دائىر مەلۇمات ........................ 467
2 - 19 - 9 - جەدۋەل 1984 - يىلدىن 1988 -يىلغىچە بولغان مۇپەتتىشلىك خىزمىتى ئەھۋالى ........................ 469
2 - 20 - 1 - جەدۋەل پوسكام ناھىيىسىنىڭ 1985 - يىلدىن 1988 - يىلغىچە بولغان تېرىلغۇ يەر كۆلىمى ۋە مەھسۇلات مىقدارى ........................ 470
2 - 20 - 2 - جەدۋەل پوسكام ناھىيىسىنىڭ 1985 - يىلدىن 1988 - يىلغىچە بولغان خەلق ئىگىلىكى تەرەققىياتى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات ئەھۋالى ........................ 471
2 - 20 - 3 - جەدۋەل پوسكام ناھىيىسىنىڭ 1985 - يىلدىن 1988 - يىلغىچە كىشى بېشىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن توغرا كەلگەن ئاشلىق، پاختا، ياغلىق دان، چارۋا ........................ 476

3 ـ 1 ـ 1 ـ جەدۋەل پوسكام ناھىيىسىدىكى پارتىيە تەشكىلاتلىرى ۋە پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئەھۋالىغا دائىر مەلۇمات(1) ........ 484
3 ـ 1 ـ 2 ـ جەدۋەل پوسكام ناھىيىسىدىكى پارتىيە تەشكىلاتلىرى ۋە پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئەھۋالىغا دائىر مەلۇمات(2) ........ 486
3 ـ 1 ـ 3 ـ جەدۋەل پوسكام ناھىيىسىدىكى پارتىيە تەشكىلاتلىرى ۋە پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئەھۋالىغا دائىر مەلۇمات(3) ........ 487
3 ـ 9 ـ 1 ـ جەدۋەل ناھىيە بويىچە بىر قانچە يىلدىكى ئىتتىپاق ياچېيكىلىرى ۋە ئىتتىپاق ئەزالىرىغا دائىر مەلۇمات........ 569
3 ـ 10 ـ 1 ـ جەدۋەل پوسكام ناھىيىسىدىكى كادىرلار، ئىشچىلارنىڭ 1961 ـ يىلدىن 1984 ـ يىلغىچە بولغان يىللىق ئىش ھەققى ئومۇمىي سوممىسى ۋە يىللىق ئوتتۇرىچە ئىش ھەققى........ 578
3 ـ 10 ـ 2 ـ جەدۋەل پوسكام ناھىيىسىدىكى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ 1985 ـ يىلدىن 1988 ـ يىلغىچە بولغان ئەمگەك ئىش ھەققى ئەھۋالى ........ 579
3 ـ 10 ـ 3 ـ جەدۋەل ناھىيىدىكى ئورگان، كارخانا، كەسپىي ئورۇنلارنىڭ 1980ـ يىلدىن 1984 ـ يىلغىچە بولغان مۇكاپات پۇلى تارقىتىش ئەھۋالى ........ 580
3 ـ 10 ـ 4 ـ جەدۋەل پوسكام ناھىيىسىدىكى مەمۇرىي، كەسپىي ئورۇنلارنىڭ 1982 ـ يىلدىن 1984 ـ يىلغىچە بولغان پاراۋانلىق خىراجىتى ئاجرىتىش، ئۇنى ئىشلىتىش ئەھۋالى ........ 582
4 ـ 2 ـ 1 ـ جەدۋەل ئىلگىرىكى يىللاردىكى خەلق ئەسكەرلىرىنى تەرتىپكە سېلىش، تەشكىللەش ئەھۋالى........ 608
4 ـ 3 ـ 1 ـ جەدۋەل پوسكام ناھىيىسىنىڭ ئىلگىرىكى يىللاردىكى ئەسكەر قوبۇل قىلىش ئەھۋالى ........ 613
5 ـ 1 ـ 1 ـ جەدۋەل 1940 ـ يىلدىن 1944 ـ يىلغىچە پوسكام ناھىيىسىدىن تېخنىكوملارغا قوبۇل قىلىنغان ئوقۇغۇچى ........ 649
5 ـ 1 ـ 2 ـ جەدۋەل پوسكام ناھىيىسىنىڭ باشلانغۇچ مەكتەپ مائارىپىنىڭ 1950 ـ يىلدىن 1984 ـ يىلغىچە بولغان تەرەققىيات ئەھۋالى........ 652
5 ـ 1 ـ 3 ـ جەدۋەل پوسكام ناھىيىسىدە ئىلگىرىكى يىللاردا ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلاردىن ئالىي مەكتەپ، تېخنىكوملارغا قوبۇل قىلىنغانلار ........ 658
5 ـ 1 ـ 4 ـ جەدۋەل پوسكام ناھىيىسىنىڭ 1956 ـ يىلدىن 1984 ـ يىلغىچە بولغان ئوتتۇرا مەكتەپ مائارىپىنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالى ........ 659
5 ـ 1 ـ 5 ـ جەدۋەل پوسكام ناھىيىسىنىڭ 1958 ـ يىلدىن 1984 ـ يىلغىچە بولغان بالىلار مائارىپى ئەھۋالى ........ 660
5 ـ 1 ـ 6 ـ جەدۋەل پوسكام ناھىيىسىنىڭ 1950 ـ يىلدىن 1984 ـ يىلغىچە بولغان مائارىپ خىراجىتى ئەھۋالى........ 666
5 ـ 2 ـ 1 ـ جەدۋەل پوسكام ناھىيىسىنىڭ 1978 ـ يىلدىن1984 ـ يىلغىچە بولغان ئاپتونوم رايون ۋە ۋىلايەتنىڭ مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن پەن تەتقىقات مۇۋەپپەقىيەتلىرى... 678

5 ـ 3 ـ 1 ـ جەدۋەل 1960 ـ يىلدىن 1984 ـ يىلغىچە بولغان كىنو قويۇش ئەھۋالى ........ 693

5 ـ 3 ـ 2 ـ جەدۋەل پوسكام ناھىيىسىنىڭ 1964 ـ يىلدىن1984 ـ يىلغىچە بولغان كىتاب تارقىتىش ئەھۋالى ........ 694

5 ـ 3 ـ 3 ـ جەدۋەل 1978 ـ يىلدىن 1984 ـ يىلغىچە پوسكام ناھىيىسىدە كىتاب تارقىتىشتىن ئېلىنغان پايدا ........ 695

5 ـ 3 ـ 4 ـ جەدۋەل ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتىنىڭ 1977 ـ يىلدىن1984 ـ يىلـ غىچە بولغان خىراجىتىگە دائىر مەلۇمات ........ 705

5 ـ 5 ـ 1 ـ جەدۋەل پوسكام ناھىيىسىنىڭ 1951 ـ يىلدىن1984 ـ يىلغىچە بولغان سەھىيە ئىشلىرىنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالى ........ 715

5 ـ 5 ـ 2 ـ جەدۋەل ناھىيىلىك دورا شىركىتىنىڭ ئىلگىرىكى يىللاردىكى تۈرلۈك ئىقتىسادىي كۆرسەتكۈچلەرنى ئورۇنداش ئەھۋالى........ 716

5 ـ 5 ـ 3 ـ جەدۋەل پوسكام ناھىيىسىنىڭ بىر قانچە يىلدىكى «ئۇچنى باشقۇرۇش، بىرنى يوقىتىش» ئەھۋالىغا دائىر مەلۇمات........ 717

5 ـ 5 ـ 4 ـ جەدۋەل پوسكام ناھىيىسىدە 1980 ـ يىلدىن1984 ـ يىلغىچە جىددىي خاراكتېرلىك يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ يۈز بېرىش ئەھۋالى ........ 720

5 ـ 5 ـ 5 ـ جەدۋەل 1981 ـ يىلدىن1984 ـ يىلغىچە بولغان بالىلار كېسەللىكىنى تەكشۈرۈش ۋە ۋاكسىنا ئەملەش ئەھۋالى........ 721

5 ـ 6 ـ 1 ـ جەدۋەل پوسكام ناھىيىسىنىڭ 1985 ـ يىلدىن1988 ـ يىلغىچە بولغان مەدەنىيەت، مائارىپ، پەن ـ تېخنىكا، سەھىيە ئىشلىرىنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالى ........ 726

6 ـ 1 ـ 1 ـ جەدۋەل پوسكام ناھىيىسى بويىچە مىللەتلەرنىڭ1984ـ يىلدىكى تارقىـ لىش ئەھۋالى ........ 733

7 ـ 2 ـ 1 ـ جەدۋەل پوسكام ناھىيىسىدىكى خىزمەتتىن ئايرىلىپ دەم ئېلىشقا چىققان كادىرلار ........ 807

7 ـ 2 ـ 2 ـ جەدۋەل جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن بۇيان مەركەز ۋە ئاپ تونوم رايوننىڭ تەقدىرلىشىگە ئېرىشكەن ئەمگەك نەمۇنىچىلىرى، ئىلغار خىزمەتـ چىلەرنىڭ ئىسىملىكى ........ 812

7 ـ 2 ـ 3 ـ جەدۋەل ئۆزى پوسكام ناھىيىسىدىن لېكىن باشقا جايلاردىكى پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە ئورگانلىرىدا ناھىيە، تۇەن دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ۋەزىپە ئۆ- تەۋاتقان كادىرلارنىڭ ئىسىملىكى........ 814

[General Information]
书名=泽普县志 （维吾尔文）
作者=泽普县志编纂委员会编
页数=842
SS号=10302844
DX号=
出版日期=1994年04月第1版
出版社=新疆人民出版社